# مۇقەددەس كىتاب

# تەۋرات، زەبۇر، ۋە پەيغەمبەرلەر

## كونا ئەھدە

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

مۇقەددەس كىتاب

# دەسلەپتە

## ئالەمنىڭ يارىتىلىشى

1

# دەسلەپتە
# ئالەمنىڭ يارىتىلىشى

## مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
## (تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

## 1-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# دەسلەپتە
# ئالەمنىڭ يارىتىلىشى

## خۇدانىڭ ئاسمان بىلەن يەرنى يارىتىشى

1 خۇدا دەسلەپتە ئاسمان بىلەن يەرنى ياراتتى.
[2] يەر بولسا بىكار خالىي تۇرۇپ، چوڭقۇر سۇنىڭ ئۈستىدە قاراڭغۇلۇق ئىدى. ئەمما
خۇدانىڭ روھى سۇلارنىڭ يۈزىدە ھەرىكەت قىلاتتى.

[3] خۇدا بۇيرۇپ: «يورۇقلۇق بولسۇن» دەپ ئېيتسا، يورۇقلۇق بولدى. [4] خۇدا ئۆزى
يورۇقلۇقنىڭ ياخشى بولغىنىنى كۆرۈپ يورۇقلۇقنى قاراڭغۇلۇقتىن ئايرىدى. [5] ئايرىپ، خۇدا
يورۇقلۇقنى كۈندۈز دەپ ئاتاپ، قاراڭغۇلۇقنى كېچە دەپ ئاتىدى. بۇ تەرىقىدە ئاخشام بىلەن
ئەتىگىنى بولۇپ ئاۋۋالقى كۈن پۈتتى.

[6] خۇدا سۆز قىلىپ: «سۇلارنى سۇلاردىن ئايرىماق ئۈچۈن سۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پاسىل
بولسۇن» دەپ ئېيتتى. [7] شۇنى دەپ خۇدا كۆكنىڭ گۈمبىزىنى يارىتىپ، كۆكنىڭ ئاستىدىكى
سۇلارنى كۆكنىڭ ئۈستىدىكى سۇلاردىن ئايرىدى. [8] ئايرىپ بولغىنىدا خۇدا كۆكنىڭ گۈمبىزىنى
«ئاسمان» دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاخشام بىلەن ئەتىگىنى بولۇپ، ئىككىنچى كۈن پۈتتى.

[9] خۇدا سۆز قىلىپ: «قۇرۇق يەر كۆرۈنسۇن دەپ، ئاسمانىنىڭ ئاستىدىكى سۇلار بىر يەرگە
يىغىلسۇن» دېسە، شۇنداق بولدى. [10] خۇدا ئۆزى قۇرۇقلۇقنى يەر دەپ ئاتاپ، يىغىلغان
سۇلارنىڭ ئۆزىنى دېڭىز دەپ ئاتىدى. شۇنداق قىلىپ، خۇدا بۇنىڭ ياخشى بولغىنىنى كۆردى.
[11] خۇدا يەنە سۆز قىلىپ: «يەر بولسا ئوت بىلەن ئۇرۇقلايدىغان ئوتياشنى ئۈندۈرسۇن ۋە ئۇرۇقى
ئىچىدە بولۇپ، ئۆز تۈرىگە مۇۋاپىق مېۋە كەلتۈرىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەر يەردە ئۈنسۇن»
دېسە، شۇنداق بولۇپ، [12] يەر ئۆزى ئوت بىلەن ئۆز تۈرىگە مۇۋاپىق ئۇرۇقلايدىغان ئوتياشلارنى
ئۈندۈرۈپ، ئۆز جىنسىغا مۇۋاپىق ئۇرۇقى ئىچىدە بولغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى چىقاردى. خۇدا
بۇنىڭ ياخشى بولغىنىنى كۆردى. [13] بۇ تەرىقىدە ئاخشام بىلەن ئەتىگىنى بولۇپ، ئۈچىنچى
كۈن پۈتتى.

[14] خۇدا سۆز قىلىپ: «كۈندۈزنى كېچىدىن ئايرىپ، ۋاقىت بىلەن كۈن ۋە يىللارنى پەرق
ئېتىدىغان بەلگىلەر بولۇشقا ئاسمانىنىڭ گۈمبىزىدە نۇر چىراغلىرى بولۇپ، [15] ئاسمانىنىڭ
گۈمبىزىدە تۇرۇپ، يەر يۈزىگە يورۇقلۇق بېرىدىغان نۇر بولسۇن» دېسە، شۇنداق بولدى.

[16] چۈنكى خۇدا ئىككى چوڭ چىراغنى يارىتىپ، چوڭراقىنى كۈندۈزگە سەلتەنەت قىلىپ، كىچىكرەكىنى كېچىگە سەلتەنەت قىلغىلى قويۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يۇلتۇزلارنىمۇ پەيدا قىلدى. [17] خۇدا بۇلارنىڭ ئۆزىنى ئاسماننىڭ گۇمبىزىدە قويۇپ، يەرگە يورۇقلۇق بېرىپ، [18] كۈندۈز بىلەن كېچىگە سەلتەنەت قىلىپ، يورۇقلۇقنى قاراڭغۇلۇقتىن ئايرىسۇن دەپ، توختىتىپ قويدى. خۇدا بۇنىڭ ياخشى بولغىنىنى كۆردى. [19] بۇ تەرىقىدە ئاخشام بىلەن ئەتىگىنى بولۇپ، تۆتىنچى كۈن پۈتتى.

[20] خۇدا سۆز قىلىپ: «سۇلار بولسا مىدىرلايدىغان تىرىك جانىۋارلارنى نۇرغۇن چىقىرىپ، ئۇچارقاناتلار يەرنىڭ ئۈستىدە ھاۋادا ئۇچسۇن» دەپ ئېيتتى. [21] شۇنى دەپ، خۇدا چوڭ-چوڭ سۇ مەخلۇقلىرىنى پەيدا قىلىپ، سۇدا بولۇپ مىدىرلاپ يۈرىدىغان نۇرغۇن جانىۋارلارنى ئۆز جىنسلىرىغا مۇۋاپىق ئاپىرىدە قىلىپ، ھەر خىل قاناتلىق ئۇچارقاناتلارنى ئۇلارنىڭ جىنسلىرىغا مۇۋاپىق ياراتتى. خۇدا بۇنىڭ ياخشى بولغىنىنى كۆردى. [22] ئاندىن كېيىن خۇدا ئۇلارنى بەرىكەتلەپ: «سىلەر ئۆرۈقلاپ ئاۋۇپ دېڭىزلارنىڭ سۇلىرىنى تولدۇرۇڭلار، ئۇچارقاناتلارمۇ يەر يۈزىدە ئاۋۇسۇن» دەپ ئېيتتى. [23] بۇ تەرىقىدە ئاخشام بىلەن ئەتىگىنى بولۇپ، بەشىنچى كۈن پۈتتى.

[24] خۇدا سۆز قىلىپ: «يەر بولسا تىرىك جانىۋارلارنى ئۆز جىنسلىرىغا مۇۋاپىق چىقىرىپ، چارۋا مال بىلەن ئۆمىلەيدىغان جانىۋار ۋە ياۋا ھايۋانلار ئۆز جىنسلىرىغا مۇۋاپىق پەيدا قىلسۇن» دېسە، شۇنداق بولدى. [25] چۈنكى خۇدا يەرنىڭ ياۋا ھايۋانلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆز جىنسلىرىغا مۇۋاپىق پەيدا قىلىپ، چارۋا ماللىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆز جىنسلىرىغا مۇۋاپىق ئاپىرىدە قىلىپ، يەردە ئۆمىلەيدىغان جانىۋارلارنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز جىنسلىرىغا مۇۋاپىق ياراتتى. خۇدا بۇنىڭ ياخشى بولغىنىنى كۆردى. [26] خۇدا يەنە سۆز قىلىپ: «بىزگە ئوخشىسۇن دەپ، ئادەمنى ئۆز سۈرىتىمىزدە يارىتايلى! ئۇلار بولسا دېڭىزدىكى بېلىق بىلەن ھاۋادىكى ئۇچارقاناتلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، چارۋا مال بىلەن پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆمىلەيدىغان ھەممە جانىۋارلارغا خوجىلىق قىلسۇن» دېدى. [27] شۇنى دەپ، خۇدا ئادەمنى ئۆز سۈرىتىدە پەيدا قىلىپ، ئۇنى خۇدانىڭ سۈرىتىنىڭ ئۆزىدە قىلىپ ياساپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئەر ۋە خوتۇن ياراتتى. [28] يارىتىپ، خۇدا ئۇلارنى بەرىكەتلەپ: «سىلەر بولساڭلار، ئۆرۈقلاپ تولا بولۇپ، يەرنى تولدۇرۇپ ئۇنى بويسۇندۇرۇپ، دېڭىزدىكى بېلىق بىلەن ھاۋادىكى ئۇچارقاناتلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، يەردە مىدىرلايدىغان ھەممە جانىۋارلارغا خوجىلىق قىلىڭلار» دەپ خۇدا ئۇلارغا ئېيتتى. [29] ئاندىن خۇدا يەنە سۆز قىلىپ: «مانا مەن بولسام پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ئۇرۇقلۇق ئوتياش بىلەن ئۇرۇقى ئىچىدە بولغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى تائام بولسۇن دەپ، سىلەرگە بېرىمەن. [30] يەرنىڭ ھەممە جانىۋارلىرى بىلەن ھاۋانىڭ ھەممە ئۇچارقاناتلىرى ۋە يەردە ئۆمىلەيدىغان بارلىق تىرىك جانىۋارلارغا غىزا بولسۇن دەپ، بارچە كۆك گىياھلارنى ئۇلارغا ئاتا قىلىمەن» دەپ ئېيتسا، شۇنداق بولدى. [31] خۇدا ئۆزى ھەممە قىلغىنىغا سەپسېلىپ باقسا، مانا بۇنىڭ تولا ياخشى بولغىنىنى كۆردى. بۇ تەرىقىدە ئاخشام بىلەن ئەتىگىنى بولۇپ، ئالتىنچى كۈن پۈتتى.

2
1 بۇنىڭ بىلەن ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئۆزى بارچە مەۋجۇداتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يارىتىلىپ
پۈتتى. 2 خۇدا بولسا قىلغان ئىشنى يەتتىنچى كۈنى تامام قىلىپ، قىلغان بارچە ئىشىدىن
يەتتىنچى كۈننىڭ ئۆزىدە راھەت قىلدى. 3 بۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا يەتتىنچى كۈننى مۇبارەكلەپ،
قىلغان بارچە يارىتىش ئىشلىرىدىن ئۇ كۈنى راھەت ئالغاچ، ئۇنى مۇقەددەس قىلدى.

## ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىنىڭ يارىتىلىشى

4 رەب خۇدا ئاسمان بىلەن يەرنى ياراتقان ۋاقتىدا، ئاسمان بىلەن يەردە يارىتىلغان نەرسىلەرنىڭ
بايانى شۇدۇر. 5 ئۇ ۋاقىت زېمىندە تېخى ھېچ دەرەخ بولماي، رەب خۇدانىڭ ئۆزى يەر يۈزىگە
يېغىن ياغدۇرماي، يەرگە ئىشلىگىلى ئادەممۇ بولمىغاچ، يەردە ھېچ گىياھ ئۈنمىگەنىدى.
6 ئەمما يەردىن ھور چىقىپ، پۈتۈن يەر يۈزىنى سۇغاردى.
7 ئاندىن رەب خۇدا ئۆزى ئادەمنى يەرنىڭ تۇپرىقىدىن ياساپ، ھايات نەپەسىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا
پۈۋلىدى. پۈۋلىسە، ئادەم تىرىك جان بولدى.
8 ئاندىن كېيىن رەب خۇدا شەرق تەرىپىدە ئېدەندە بىر باغ قىلىپ، ياسىغان ئادەمنى ئاندا
قويدى. 9 رەب خۇدا بولسا يەرنىڭ ئۆزىدە كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ يېيىشكە ياخشى بولغان
ھەر خىل دەرەخلەرنى ئۈندۇرۇپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىرىكلىكنىڭ دەرىخى بىلەن ياخشى-
ياماننىقنى بىلدۈرىدىغان ئىلىمنىڭ دەرىخىنى ئۈندۇرۇپ چىقارغانىدى.
10 باغنى سۇغارماق ئۈچۈن ئېدەندىن بىر دەريا چىقىپ، ئاندىن بۆلۈنۈپ تۆت ئايرىش بولدى.
11 ئاۋۋالقىسىنىڭ ئىسمى پىشون بولۇپ، ئالتۇن چىقىدىغان پۈتۈن خاۋىلا يۇرتىنى ئايلىنىپ
ئاقىدۇ. 12 بۇ يۇرتنىڭ ئالتۇنى بولسا ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئاندا مەرۋايىت بىلەن ھېقىقمۇ
تېپىلىدۇ. 13 ئىككىنچى دەريانىڭ ئىسمى گىخون بولۇپ، پۈتۈن كۇش يۇرتىنى ئايلىنىپ
ئاقىدۇ. 14 ئۈچىنچى دەريانىڭ ئىسمى دىجلە بولۇپ ئاسسۇرنىڭ شەرق تەرەپكە ئاقىدۇ.
تۆتىنچى دەريانىڭ ئىسمى فىرات ئىدى.
15 رەب خۇدا ئۆزى ئادەمنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئىشلەپ پەرۋىش قىلسۇن دەپ، ئېدەن بېغىدا
قويۇپ قويدى. 16 رەب خۇدا ئادەمگە ئەمر قىلىپ: «باغدىكى ھەممە دەرەخلەردىن خالىغىنىڭنى
يېگەيسەن. 17 ئەمما ياخشى-ياماننىقنى بىلدۈرىدىغان ئىلىم دەرىخىدىن يېمىگىن، چۈنكى
ئۇنىڭدىن يېگەن كۈنۈڭدە جەزمەن ئۆلىسەن» دېدى.
18 ئاندىن كېيىن رەب خۇدا يەنە سۆز قىلىپ: «ئادەمنىڭ يالغۇز بولمىقى ياخشى ئەمەس. مەن
ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىر ياردەم بەرگۈچىنى ئۇنىڭغا پەيدا قىلىپ بېرەي» دېدى.
19 ئەمما رەب خۇدا سەھرانىڭ جانىۋارلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن ھاۋانىڭ ھەممە ئۇچارقاناتلىرىنى
تۇپراقتىن ياسىغاندىن كېيىن، ئادەم ئۇلارغا نېمە ئات قويىدۇ دەپ، ئۇلارنى ئۇنىڭ قېشىغا
كەلتۈردى. ئادەم ئۆزى ھەر تىرىك جانىۋارغا نېمە ئات قويغان بولسا، ئۇنىڭ ئېتى شۇ بولۇپ
قالدى. 20 بۇنىڭ بىلەن ئادەم ھەممە چارۋا مال بىلەن ھاۋانىڭ ئۇچارقاناتلىرى ۋە سەھرانىڭ
ھەممە جانىۋارلىرىغا ئات قويدى. ئەمما ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ھېچبىر ياردەم
بەرگۈچىسى يوق ئىدى.

[21] ئۇ ۋاقىت رەب خۇدا ئادەمگە بىر ئېغىر ئۇيقۇ سالدى. ئۇ ئۆزى ئۇخلاپ قالسا، ئۇ ئۇنىڭ
قوۋۇرغىلىرىدىن بىرىنى چىقىرىۋېلىپ، ئورنىنى ئەت بىلەن تولدۇردى. [22] ئاندىن رەب خۇدا
ئادەمدىن ئالغان قوۋۇرغىدىن بىر خوتۇننى ياساپ، ئۇنى ئادەمنىڭ قېشىغا كەلتۈردى. [23] ئادەم
ئۆزى سۆز قىلىپ: «بۇ ئەمدى سۆڭەكلىرىمدىن سۆڭەك بولۇپ، ئېتىمدىن ئەت بولغاچ ئايال
دەپ ئاتالسۇن، چۈنكى ئادەمدىن ئېلىنغاندۇر» دېدى. [24] بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم ئۆز ئاتا-
ئانىسىنى قويۇپ، ئۆز خوتۇنى بىلەن بىر بولۇپ، ئىككىلىسى بىر بەدەن بولىسۇن. [25] ئەمما
ئادەم بىلەن خوتۇنى بولسا ئىككىلىسى يالىڭاچ بولۇپ تۇرۇپ، ئۇياتمايتتى.

## بىرىنچى گۇناھ

3 [1] ئەمما يىلاننىڭ ئۆزى يەر يۈزىدە رەب خۇدا ياراتقان جانىۋارلارنىڭ ھەممىسىدىن
ھىيلىگەررەك بولۇپ، خوتۇنغا ئېيتتىكى: «راستتىنلا، خۇدا: ‹ باغدىكى دەرەخلەرنىڭ
ھېچقايسىسىنىڭ مېۋىسىدىن يېمەڭلار› دېدىمۇ؟ [2] خوتۇن يىلانغا جاۋاب بېرىپ: «باغدىكى
دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىدىن يەيمىز. [3] ئەمما باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخنىڭ مېۋىسى
توغرىسىدا خۇدا سۆز قىلىپ: ‹ بۇنىڭدىن يېمەڭلار، قولمۇ تەگكۈزمەڭلار، بولمىسا ئۆلۈپ
قالىسىلەر› دەپ ئېيتتى» دېدى. [4] يىلان خوتۇنغا سۆز قىلىپ: «ھەرگىز ئۆلمەيسىلەر. [5] بەلكى
قايسى كۈنى بۇنىڭدىن يېسەڭلار، كۆزلىرىڭلار ئېچىلىپ، ياخشى-يامانلىقنى بىلىشتە خۇدادەك
بولۇپ، قېلىشىڭلارنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ» دېدى.
[6] بۇنى ئاڭلاپ، خوتۇن ئۆزى دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ ياخشى بولۇپ، كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ،
ئەقىل بېرىدىغان جەھەتتىن ئوبدان دەرەخ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مېۋىسىدىن ئېلىپ يەپ،
ئۇنىڭدىن ئېرىگىمۇ بەرسە، ئۇ ھەم يېدى. [7] يەپ، ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ،
ئۆزىنىڭ يالىڭاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، ئەنجۈر ياپراقلىرىدىن ئۆزلىرىگە ياپقۇچ قىلىپ
تارتتى. [8] كۈن سالقىن بولغىنىدا ئۇلار رەب خۇدانىڭ باغدا ماڭغان شەپىسىنى ئاڭلاپ قېلىپ،
ئادەم خوتۇنى بىلەن رەب خۇدانىڭ ھۇزۇرىدىن قېچىپ، باغدىكى دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا
يوشۇرۇنۇۋالدى.
[9] ئەمما رەب خۇدا ئادەمگە خىتاب قىلىپ ئۇنىڭغا: «نە يەردىسەن؟» دەپ ئېيتتى. [10] ئۇ
جاۋاب بېرىپ: «مەن باغدا شەپەڭنى ئاڭلاپ، يالىڭاچ تۇرغىنىم ئۈچۈن قورقۇپ كېتىپ،
يوشۇرۇنۇۋالدىم» دېدى. [11] خۇدا سوراپ: «يالىڭاچ ئىكەنلىكىڭنى ساڭا كىم بىلدۈردى؟
راستتىنلا مەن ساڭا يېمىگىن دەپ، ئەمر قىلغان دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېدىڭمۇ؟» دېدى.
[12] ئادەم جاۋاب بېرىپ: «سەن ماڭا ھەمراھ بولغىلى بەرگەن خوتۇن دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن
ماڭا بەردى، مەن يېدىم» دېدى. [13] رەب خۇدا خوتۇنغا: «بۇ قىلغىنىڭ نېمىدۇر؟» دېدى. خوتۇن
جاۋاب بېرىپ: «يىلان مېنى ئازدۇردى، مەن يېدىم» دېدى.
[14] رەب خۇدا يىلانغا ئېيتتىكى:

«سەن بۇنى قىلغىنىڭ ئۈچۈن ھەممە چارۋا مال بىلەن
سەھرانىڭ بارلىق جانىۋارلىرىنىڭ ئارىسىدا مەلئۇن بولۇپ،
قورسىقىڭ بىلەن يۆرۈپ،
ئۆمرۈڭنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە تۇپراق يەيسەن.

15 مەن سەن بىلەن خوتۇننىڭ ئارىسىغا،
سېنىڭ نەسلىڭ بىلەن خوتۇننىڭ نەسلىنىڭ ئارىسىغا دۈشمەنلىك سالىمەن.
ئۇ ئۆزى سېنىڭ بېشىڭنى دەپسەندە قىلىپ يانجىيدۇ. سەن بولساڭ،
ئۇنىڭ تاپىنىنى چاقىسەن»
دېدى.

16 ئاندىن كېيىن خوتۇنغا ئېيتتىكى:

«ھامىلدارلىقىڭنىڭ مۇشەققىتىنى ناھايىتى زىيادە قىلىمەن.
سەن بولساڭ دەرد بىلەن بالا تۇغۇپ، تېخى ئېرىڭگە ئىشتىياق باغلايسەن.
ئۇ بولسا ئۈستۈڭدىن خوجىلىق قىلىدۇ»
دېدى.

17 ئاندىن كېيىن ئادەمگە ئېيتتىكى:

«سەن بولساڭ، خوتۇنۇڭنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ،
مەن ساڭا ئۇنىڭدىن يېمىگىن دەپ،
ئەمر قىلغان دەرەختىن يېگەندىن كېيىن،
يەر سەن ئۈچۈن مەلئۇن بولۇپ،
ئۆمرۈڭنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە مۇشەققەت چېكىپ ئۇنىڭدىن يەيسەن.

18 ئۇ ساڭا تىكەن بىلەن يانتاق ئۈندۈرىدۇ
ۋە سەن يەرنىڭ گىياھلىرىنى يەپ،

19 يەرگە يانغۇچىلىك يۈزۈڭنىڭ تەرى بىلەن نان يەيسەن،
چۈنكى سەن يەردىن ئېلىنىپ، ئەسلىڭ تۇپراق بولغاچ، يەنە تۇپراققا يانىسەن»
دېدى.

20 ئادەم ئۆزى خوتۇنىغا بارچە تىرىكنىڭ ئانىسى بولىدىغىنى ئۈچۈن ھاۋا دەپ ئات قويدى.

[21] رەب خۇدا بولسا ئادەم بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىغا تېرىدىن ئىگىن قىلىپ، ئۇلارنى كىيدۈرۈپ
قويدى. [22] رەب خۇدا سۆز قىلىپ: «مانا، ئادەم بولسا ياخشى-يامانلىقنى بىلىشتە بىزنىڭ
بىرىمىزدەك بولۇپ قالدى. ئەمدى قولىنى ئۇزىتىپ، تىرىكلىكنىڭ دەرىخىدىن يەۋېلىپ، ئەبەدكىچە
تىرىك قالمىسۇن» دېدى. [23] ئۇنىڭ ئۈچۈن رەب خۇدا ئۆزى ئۇنى ئېدەن بېغىدىن چىقىرىۋەتتى.
ئۆزى ئېلىنغان تۇپراقتا ئىشلەيدىغان قىلىپ قويدى. [24] ئادەمنى چىقىرىپ بولۇپ، تىرىكلىكنىڭ
دەرىخىگە بارىدىغان يولنى توسماق ئۈچۈن، ئېدەن بېغىنىڭ شەرق تەرىپىدە كېرۇبلارنىڭ ئۆزى
بىلەن ھەر تەرەپكە يېنىپ تۇرىدىغان يالقۇنلۇق بىر قىلىچنى قويۇپ قويدى.

## قايىن بىلەن ھابىل

4 [1] ئادەم ئۆز خوتۇنى ھاۋاغا يېقىنلىق قىلسا، ئۇ ھامىلدار بولۇپ قايىننى تۇغۇپ: «خۇداۋەندىنىڭ
ياردىمى بىلەن بىر ئادەم تاپتىم» دەپ ئېيتتى. [2] ئاندىن كېيىن قايىننىڭ ئىنىسى بولغان
ھابىلنى تۇغدى. ھابىل بولسا قوي باققۇچى ئىدى، ئەمما قايىن ئۆزى دېھقان ئىدى.
[3] بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ۋەقە بولدىكى، قايىن يەرنىڭ ھوسۇلىدىن خۇداۋەندىگە
ھەدىيە كەلتۈردى. [4] ھابىلمۇ قويلىرىنىڭ تۇنجىلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ يېغىدىن
ھەدىيە كەلتۈردى. كەلتۈرسە، خۇداۋەندە ھابىلنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ھەدىيەسىنى قوبۇل
قىلدى. [5] ئەمما قايىن بىلەن ئۇنىڭ ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قايىننىڭ
تولا ئاچچىقى كېلىپ، چىرايى بۇزۇلدى. [6] ئۇ ۋاقىتتا خۇداۋەندە قايىنغا سۆزلەپ: «نېمىشقا
ئاچچىقلىنىسەن؟ نېمە ئۈچۈن چىرايىڭ بۇزۇلۇپ قالدى؟ [7] ئەگەر كۆڭلۈڭ ياخشى بولسا،
يۈزۈڭ ئوچۇق كۆرۈنەتتى. لېكىن ئەگەر كۆڭلۈڭ بۇزۇلغان بولسا، مانا گۇناھ ئىشىكتە تۇرۇپ،
ساڭا ئىشتىياق باغلايدۇ. ئەمما سېنىڭ ئۇنىڭغا غالىب بولمىقىڭ كېرەك» دېدى. [8] قايىن
ئىنىسى بىلەن گەپ قىلىپ، سەھرادا بولغىنىدا ۋەقە بولدىكى، قايىن ھابىلغا زىت قوپۇپ
ئۇنى ئۆلتۈردى.
[9] ئۇ ۋاقىتتا خۇداۋەندە قايىنغا سۆز قىلىپ: «ئىنىڭ ھابىل نە يەردىدۇر؟» دەپ سورىدى.
ئۇ جاۋاب بېرىپ: «بىلمەيمەن. مەن ئىنىمنىڭ باققۇچىسىمۇ؟» دېدى. [10] خۇدا ئېيتتىكى:
«سەن نېمە قىلدىڭ؟ مانا، ئىنىڭنىڭ قېنى يەردىن ماڭا پەرياد قىلىدۇ. [11] ئەمدى قولۇڭدىن
ئىنىڭنىڭ قېنىنى قوبۇل قىلغىلى ئاغزىنى ئاچقان يەردىن سەن قوغلىنىپ، مەلئۇن بولىسەن.
[12] سەن يەرگە ئىشلىسەڭمۇ، ئۇ مۇندىن كېيىن ساڭا قۇۋۋىتىنى بەرمەي تۇرۇۋېلىپ، يەر يۈزىدە
سەرسان-سەرگەردان بولۇپ يۈرىسەن» دېدى. [13] بۇنى ئاڭلاپ قايىن خۇداۋەندىگە ئەرز قىلىپ:
«مېنىڭ جازايىم بولسا كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىردۇر. [14] مانا بۇ كۈن سەن مېنى يەر يۈزىدىن
قوغلىدىڭ. مەن ئەمدى سېنىڭ يۈزۈڭدىن يوشۇرۇنۇپ، يەر يۈزىدە سەرسان-سەرگەردان بولۇپ
يۈرىمەن. شۇنداق بولىدۇكى، كىم مېنى تاپسا، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېدى. [15] خۇداۋەندە ئۇنىڭغا
جاۋاب بېرىپ: «ياق، بەلكى كىمكى قايىننى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭدىن يەتتە ھەسسە ئىنتىقام
ئېلىنىدۇ» دېدى. شۇنى دەپ، خۇداۋەندە ئۆزى قايىنغا ئۇچراشقان كىشىنىڭ ھېچبىرى ئۇنى
ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا بىر بەلگە قىلىپ بەردى.

## قايىننىڭ ئەۋلادلىرى

[16]ئاندىن كېيىن قايىن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ كېتىپ، ئېدەننىڭ شەرق تەرىپىدىكى نود دېگەن يۇرتتا ئولتۇرۇپ قالدى. [17]قايىن ئۆز خوتۇنىغا يېقىنلىق قىلسا، ئۇ ھامىلىدار بولۇپ، خانوقنى تۇغدى. ئۇ ۋاقىت قايىن بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئوغلىنىڭ ئىسمىدا شەھەرنىڭ ئېتىنى خانوك قويدى. [18]خانوقنىڭ ئۆزىدىن ئىراد تۆرەلدى. ئىراددىن مەخۇيائەل تۆرەلدى. مەخۇيائەلدىن مەتۇشائەل تۆرەلدى. مەتۇشائەلدىن لامەك تۆرەلدى. [19]لامەك بولسا ئۆزىگە ئىككى خوتۇن ئالدى. بىرىنىڭ ئىسمى ئادا، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى زىللا ئىدى. [20]ئادانىڭ ئۆزى يابالنى تۇغدى. بۇ ئۆزى چېدىردا ئولتۇرغۇچىلار بىلەن مال باققۇچىلارنىڭ بوۋىسى بولدى.
[21]ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىسمى يۇبال ئىدى. بۇ ئۆزى چاڭ ۋە نەي چالغۇچىلارنىڭ بوۋىسى بولدى.
[22]زىللا بولسا تۇبال-قايىن دېگەن بىر ئوغۇلنى تۇغدى. بۇ ئۆزى مىس تۆمۈر كېسىدىغان ھەر خىل ئەسۋابلارنى سوققۇچى بولدى. تۇبال قايىننىڭ نائەما دەپ بىر ھەمشىرىسى بار ئىدى.
[23]ئەمما لامەك خوتۇنلىرىغا سۆز قىلىپ: «ئەي ئادا بىلەن زىللا، سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار! ئەي لامەكنىڭ خوتۇنلىرى، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار! ھەربىر زەخمىم ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ھەربىر يارام ئۈچۈن بىر يىگىتنى قاتىللىق قىلدىم. [24]ئەگەر قايىننىڭ جازاسى يەتتە ھەسسە بولغان بولسا، ئەلۋەتتە لامەكنىڭ يەتمىش يەتتە ھەسسە بولىدۇ» دېدى.

## شېتنىڭ تۇغۇلۇشى

[25]ئادەم بولسا ئۆز خوتۇنىغا يەنە يېقىنلىق قىلدى. خوتۇننىڭ ئۆزى بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭغا شېت دەپ ئات قويۇپ: «قايىن ئۆلتۈرگەن ھابىلنىڭ ئورنىغا خۇدا ماڭا باشقا بىر بالىنى بەردى» دەپ ئېيتتى. [26]شېتنىڭ ئۆزىگە ھەم بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. تۇغۇلسا، ئۇ ئۇنىڭغا ئېنوش دەپ ئات قويدى. ئۇ ۋاقىتتىن تارتىپ، ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىغا دۇئا قىلغىلى تۇردى.

## ئادەم ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرى

5 [1]بۇ ئۆزى ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبنامىسىدۇر. خۇدا ئادەمنى ياراتقان كۈندە ئۇنى خۇدانىڭ سۈرىتىدە قىلدى. [2]ئۇ بولسا ئۇلارنى ئەر ۋە خوتۇن يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بەرىكەتلەپ، يارىتىلغان كۈندە ئۇلارنى «ئادەم» دەپ ئاتىدى.
[3]ئادەم ئۆزى بىر يۈز ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۆز سۈرىتىدەك بولغان بىر ئوغۇل تۆرەلدى. ئۇ ئۇنىڭغا شېت دەپ ئات قويدى. [4]شېت تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئادەم سەككىز يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى. [5]ئادەم بولسا توققۇز يۈز ئوتتۇز يىل پۈتۈن ئۆمۈر كۆرۈپ، ۋاپات تاپتى.
[6]شېت ئۆزى بىر يۈز بەش ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن ئېنوش تۆرەلدى. [7]ئېنوش تۇغۇلغاندىن كېيىن، شېت سەككىز يۈز يەتتە يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى. [8]شېت

بولسا توققۇز يۈز ئون ئىككى يىل پۈتۈن ئۆمۈر كۆرۈپ، ۋاپات تاپتى.
9 ئېنوش ئۆزى توقسان ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن قېنان تۆرەلدى. 10 قېنان تۇغۇلغاندىن
كېيىن، ئېنوش سەككىز يۈز ئون بەش يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى.
11 ئېنوش بولسا توققۇز يۈز بەش يىل پۈتۈن ئۆمۈر كۆرۈپ، ۋاپات تاپتى.
12 قېنان ئۆزى يەتمىش ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن ماھالالئەل تۆرەلدى. 13 ماھالالئەل
تۇغۇلغاندىن كېيىن، قېنان سەككىز يۈز قىرىق يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل-قىزلار
تۆرەلدى. 14 قېنان بولسا توققۇز يۈز ئون يىل پۈتۈن ئۆمۈر كۆرۈپ، ۋاپات تاپتى.
15 ماھالالئەل ئۆزى ئاتمىش بەش ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن يارەد تۆرەلدى. 16 يارەد تۇغۇلغاندىن
كېيىن، ماھالالئەل سەككىز يۈز ئوتتۇز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى.
17 ماھالالئەل بولسا سەككىز يۈز توقسان بەش يىل پۈتۈن ئۆمۈر كۆرۈپ، ۋاپات تاپتى.
18 يارەد ئۆزى بىر يۈز ئاتمىش ئىككى ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن خانوق تۆرەلدى. 19 خانوق
تۇغۇلغاندىن كېيىن، يارەد سەككىز يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى.
20 يارەد بولسا توققۇز يۈز ئاتمىش ئىككى يىل پۈتۈن ئۆمۈر كۆرۈپ، ۋاپات تاپتى.
21 خانوق ئۆزى ئاتمىش بەش ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن مەتۇشەلاھ تۆرەلدى. 22 مەتۇشەلاھ
تۇغالغاندىن كېيىن، خانوق ئۈچ يۈز يىلغىچە خۇدا بىلەن بىر يولدا يۈرۈپ ياشاپ، ئوغۇل-
قىزلار تاپتى. 23 خانوقنىڭ پۈتۈن ئۆمرى بولسا ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش يىل ئىدى. 24 خانوق
ئۆزى خۇدا بىلەن بىر يولدا يۈرۈپ ياشاپ، خۇدا ئۇنى ئېلىپ كەتكەچ، غايىب بولۇپ كەتتى.
25 مەتۇشەلاھ ئۆزى بىر يۈز سەكسەن يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن لامەك تۆرەلدى.
26 لامەك تۇغۇلغاندىن كېيىن، مەتۇشەلاھ يەتتە يۈز سەكسەن ئىككى يىل ئۆمۈر كۆرۈپ،
ئۇنىڭدىن ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى. 27 مەتۇشەلاھ بولسا توققۇز يۈز ئاتمىش توققۇز يىل پۈتۈن
ئۆمۈر كۆرۈپ، ۋاپات تاپتى.
28 لامەك ئۆزى بىر يۈز سەكسەن ئىككى ياشقا كىرگەندە بىر ئوغۇل تېپىپ، 29 ئۇنىڭ ئېتىنى
نۇھ دەپ ئاتاپ: «بۇ بولسا خۇدا ئۆزى مەلئۇن قىلغان يەردە ئىشلىسەك، قوللىرىمىزنىڭ
مۇشەققىتىدە بىزگە تەسەللى بېرىدۇ» دەپ ئېيتتى. 30 نۇھ تۇغۇلغاندىن كېيىن، لامەك بەش
يۈز توقسان بەش يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى. 31 لامەك بولسا يەتتە
يۈز يەتمىش يەتتە يىل پۈتۈن ئۆمۈر كۆرۈپ، ۋاپات تاپتى.
32 نۇھ ئۆزى بەش يۈز ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن شېم بىلەن خام ۋە ياپەت تۆرەلدى.

## ئىنسانلارنىڭ يامانلىقى

6 1 ئەمما ئادەملەر يەر يۈزىدە غولدىغلى تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىزلىرى پەيدا بولغاندا، 2
خۇدانىڭ ئوغۇللىرى ئادەملەرنىڭ قىزلىرىنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن
ئۆزى خالىغىنىچە خوتۇنلار ئالدى. 3 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە سۆز قىلىپ: «ئىنسانلار بولسا ئەت
بولغاچ، مېنىڭ روھۇم ھەمىشە ئۇلارنىڭ ئىچىدە قالمايدۇ. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئاران بىر
يۈز يىگىرمە ياشقىچە يېتىدۇ» دېدى.

[4]ئۇ ۋاقىت بىلەن كېيىنكى كۈنلەردە خۇدانىڭ ئوغۇللىرى ئادەملەرنىڭ قىزلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلاردىن باللار تاپقىنىدا دېۋدەك زالىملار يەر يۈزىدە پەيدا بولدى. بۇلار بولسا قەدىمكى ۋاقىتنىڭ كۈچلۈك داڭلانغان پالۋانلىرى ئىدى. [5] خۇداۋەندە بولسا يەر يۈزىدە ئىنسانىنىڭ يامانلىقى چوڭقىيىپ كېتىپ، كۆڭلىنىڭ خىياللىرى كۈندىن-كۈنگە يامان بولغىنىنى كۆردى. [6] شۇنى كۆرۈپ، خۇداۋەندە ئۆزى يەر يۈزىدە ئادەم پەيدا قىلغىنىغا پۇشايمان بولۇپ، كۆڭلىدە ئەپسۇسلاندى. [7] بۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە سۆزلەپ: «مەن ئۆزۈم ئۇلارنى ياراتقىنىمغا پۇشايمان بولغاچ، ئۆزۈم ياراتقان ئىنساننى چارۋا مال بىلەن ئۆملەيدىغان جانىۋارلارغا قوشۇپ، هاۋادىكى ئۇچارقاناتلارغىچە يەر يۈزىدىن يوقىتاي» دەپ ئېيتتى. [8] لېكىن نۇھ بولسا خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە ئىلتىپات تاپقاندى.

## نۇھ پەيغەمبەر ۋە توپان بالاسى

[9]نۇھنىڭ نەسىل نامىسى بولسا شۇدۇر. نۇھ خۇدا بىلەن بىر يولدا يۈرۈپ، ئۆز زامانىدا ئادىل ۋە توغرا بىر كىشى ئىدى. [10] نۇھتىن شىم، هام ۋە ياپەت دېگەن ئۈچ ئوغۇل تۆرەلدى. [11]لېكىن دۇنيا بولسا خۇدانىڭ ئالدىدا بۇزۇلۇپ كېتىپ، يەر ئۆزى زۇلۇمدىن تولۇپ قالغاندى. [12]خۇدا يەر يۈزىگە نەزەر سېلىپ قارىسا، مانا يەر ئۆزى بۇزۇلۇپ قالغاندى، چۈنكى هەر تىرىك جان يەر يۈزىدە ئۆز يولىنى بۇزغاندى.
[13]خۇدا نۇھقا ئېيتتىكى: «مانا، هەممە تىرىك جانلىرىنىڭ ئاخىرى كەلدى دەپ قارار قىلدىم، چۈنكى دۇنيا ئۇلارنىڭ زۇلۇمىدىن تولۇپ كەتتى. مانا مەن ئۇلارنى يەر بىلەن قوشۇپ، هالاك قىلىمەن. [14]ئەمدى سەن ئۆزۈڭگە گوفەر ياغىچىدىن بىر كېمىنى ياساپ، كېمىنىڭ ئىچىدە هۇجرىلار قىلىپ، ئىچى-سىرتىغا موم سۈركىگىن. [15]سەن ئۇنى شۇنداق قىلغايسەنكى، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ يۈز گەز، كەڭلىكى ئەللىك گەز ۋە ئېگىزلىكى ئوتتۇز گەز بولسۇن. [16]كېمىگە بىر پەنجىرىمۇ ياساپ، ئۇنى ئۆگزىدىن بىر گەز ئېگىز قىلىپ پۈتكۈزگىن ۋە كېمىنىڭ يان تەرىپىگە ئىشىك قويغىن. كېمىنىڭ ئۆزىنى ئۇنىڭ تۆۋەن، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قەۋىتى بولغۇدەك تەرىقىدە ياسىغىن. [17]چۈنكى مانا مەن ئۆزۈم ئاسماننىڭ ئاستىدىكى هاياتلىق نەپىسى بار هەر خىل جىسىمنى هالاك قىلىدىغان توپاننى يەر يۈزىگە كەلتۈرىمەن. بۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدە هەممىسى ئۆلۈپ قالىدۇ. [18]ئەمما سەن بىلەن ئەهدەمنى تۈزىمەن. سەن بولساڭ، ئوغۇللىرىڭنىڭ ئۆزى بىلەن خوتۇنۇڭ ۋە ئوغۇللىرىڭنىڭ خوتۇنلىرىنى ئېلىپ، كېمىگە كىرىپ، [19]ئۆزۈڭ بىلەن تىرىك قالمىقى ئۈچۈن جىنى بار جانىدارلارنىڭ هەممىسىدىن ئېلىپ، هەر جىنستىن بىر جۈپ ئەركەك-چىشىنى كىرگۈزگىن. [20]ئۇچارقاناتلارنىڭ جىنسلىرى بولسۇن ۋە يا چارۋا مالنىڭ جىنسلىرى بولسۇن، يا يەردە ئۆملەيدىغان هەممە جانىۋارلارنىڭ جىنسلىرى بولسۇن، تىرىك قالمىقى ئۈچۈن هەربىر جىنستىن بىر جۈپ قېشىڭغا كىرسۇن. [21]ئۆزۈڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يېگۈلۈكى ئۈچۈن يەيدىغان هەر خىل ئوزۇقتىن ئېلىپ، يېنىڭغا يىغىپ قويغىن» دېدى. [22]نۇھ بولسا شۇنداق قىلىپ، خۇدا ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇغاننىڭ هەممىسىنى بەجا كەلتۈردى.

7 1 خۇدا نۇھقا ئېيتتىكى: «سەن ھەممە ئەھلى بەيتىڭ بىلەن كېمىگە كىرگىن، چۈنكى
سېنى بۇ دەۋردە ئالدىمدا ئادىل كۆردۈم. 2 ھەممە ھالال ھايۋانلاردىن ئەركەك-چىشى
يەتتە جۈپتىن، ھارام ھايۋانلاردىن ئەركەك-چىشى بىر جۈپتىن ئېلىپ، 3 شۇنداق ھەم
ھاۋادىكى ئۇچارقاناتلاردىن ئەركەك-چىشى يەتتە جۈپتىن ئېلىپ، پۈتۈن يەر يۈزىدە ئۇرۇقىنى
تىرىك ساقلىماق ئۈچۈن ئۆزۈڭ بىلەن ئالغىن. 4 چۈنكى يەتتە كۈندىن كېيىن قىرىق
كېچە-كۈندۈزگىچە يەر يۈزىگە يامغۇر ياغدۇرۇپ، ئۆزۈم قىلغان ھەممە جانلارنى يەر يۈزىدىن
يوقىتىمەن» دېدى. 5 شۇنى ئاڭلاپ، نۇھ ئۆزى خۇداۋەندە ئۇنىڭغا بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىنى
بەجە كەلتۈردى.
6 يەرگە توپان كەلگىنىدە نۇھ ئالتە يۈز ياشتا ئىدى. 7 ئۇ ۋاقىت نۇھ ئۆزى ئوغۇللىرى بىلەن
خوتۇنىنى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ خوتۇنلىرىنى ئېلىپ، توپان سۈيىدىن قۇتۇلماق ئۈچۈن كېمىگە
كىردى. 8 ھالال ھايۋان بىلەن ھارام ھايۋانلار بولسۇن، ئۇچارقانات بىلەن يەردە ئۆمىلەيدىغان
ھەر خىل جاندار بولسۇن، 9 ئىككىدىن ئىككىدىن ئەركەك-چىشى بولۇپ، خۇدا ئۆزى نۇھقا
بۇيرۇغاندەك كېمىگە نۇھنىڭ قېشىغا كىردى. 10 يەتتە كۈندىن كېيىن يەر يۈزىگە توپاننىڭ
سۈيى كەلگىلى باشلىدى. 11 نۇھنىڭ ئۆمرىنىڭ ئالتە يۈزىنچى يىلى ئىككىنچى ئايىدا ئاينىڭ
ئون يەتتىنچى كۈنى، چوڭ چوڭقۇرلارنىڭ بۇلاقلىرى تېشىلىپ، ئاسماننىڭ پەنجىرىلىرى
ئېچىلىپ كېتىپ، 12 قىرىق كېچە-كۈندۈزگىچە يەر يۈزىگە يامغۇر يېغىپ تۇردى. 13 توپان
باشلىغان كۈننىڭ ئۆزىدە نۇھنىڭ ئۆزى بىلەن نۇھنىڭ شىم، خام ۋە ياپەت دېگەن ئوغۇللىرى
ۋە نۇھنىڭ خوتۇنى بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ ئۈچ خوتۇنى كېمىگە كىردى. 14 ھەر خىل ياۋا ھايۋان
بىلەن ھەر خىل چارۋا مال بولسۇن، ھەر خىل يەردە ئۆمىلەيدىغان جانىۋار بىلەن ھەر خىل
قاناتلىق جانىۋار ۋە ھەر خىل ئۇچارقانات بولسۇن، 15 جېنى بار جاندارلارنىڭ ھەممىسىدىن
ئىككىدىن-ئىككىدىن بولۇپ، كېمىگە نۇھنىڭ قېشىغا كىردى. 16 كىرگەنلەر بولسا خۇدانىڭ
بۇيرۇغىنىدەك ھەر خىل جانداردىن جۈپ-جۈپ كىردى. ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۆزى ئىشىكنى
تاقاپ قويدى. 17 قىرىق كۈنگىچە يەر يۈزىگە توپان كېلىپ، سۇ تولۇپ كېتىپ، كېمىنى كۆتۈرسە،
يەردىن كۆتۈرۈلۈپ لەيلەپ قالدى. 18 سۇ ئۆرلەپ كېتىپ، يەر يۈزىدە تولا بولغىنىدا، كېمە سۇنىڭ
يۈزىدە لەيلەپ قالدى. 19 يەر يۈزىدە سۇنىڭ تولا ئۆرلەپ كەتكىنىدىن ئاسماننىڭ تېگىدىكى
ئېگىز تاغلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنمەي قالدى. 20 سۇلار بولسا ئون بەش گەز تېخى ئېگىز چىقىپ
كېتىپ، تاغلارنى قاپلاپ كەتتى. 21 بۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدە ھەرىكەت قىلىدىغان ھەممە جاندار
خاھى ئۇچارقانات بولسۇن، خاھى چارۋا مال بولسۇن، خاھى ياۋا ھايۋان بولسۇن، خاھى يەردە
ئۆمىلەيدىغان ھەممە قۇرت-قوڭغۇز بولسۇن، خاھى ھەممە ئادەملەر بولسۇن، ھەممىسى ئۆلۈپ
كەتتى. 22 قۇرۇقلۇقتا يۈرۈپ بۇرنىدا ھاياتلىق نەپىسى بار بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى.
23 شۇنداقكى، يەر يۈزىدىكى جېنى بار بولغانلارنىڭ ھەممىسى، خاھى ئىنسان خاھى چارۋا مال
بولسۇن، خاھى ئۆمىلەيدىغان جانىۋار خاھى ھاۋادىكى ئۇچارقاناتلار بولسۇن، ھەممىسى ھالاك
بولۇپ يەردىن يوق بولۇپ كەتتى. يالغۇز نۇھ ۋە كېمىدە ئۇنىڭ بىلەن تۇرغانلارنىڭ ئۆزى قۇتۇلۇپ
قالدى. 24 سۇ بولسا يەر يۈزىدە بىر يۈز ئەللىك كۈنگىچە ئۆرلەپ تۇرغانىدى.

8 [1] ئاندىن كېيىن خۇدا نۇھنى ياد قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بولغان ھەممە جانىۋار بىلەن بارچە چارۋا مالنى خاتىرىسىگە كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، خۇدا يەر يۈزىگە شامال چىقارسا، سۇلار تارتىلىپ كەتكىلى تۇردى. [2] چوڭقۇرنىڭ بۇلاقلىرى بىلەن ئاسماننىڭ پەنجىرىلىرى بولسا ئېتىلىپ، ئاسماننىڭ يامغۇرى توختاپ قېلىپ، [3] بارغانسېرى سۇلار يەر يۈزىدىن يېنىپ، بىر يۈز ئەللىك كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كېمىيىپ قالغىلى تۇردى. [4] يەتتىنچى ئاينىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى، كېمە ئارارات تاغلىرىغا چۈشۈپ قالدى. [5] سۇ بولسا ئونىنچى ئايغىچە پەسلەپ تۇرۇپ، ئونىنچى ئاينىڭ ئاۋۋالقى كۈنى تاغلارنىڭ چوققىلىرى كۆرۈنگىلى باشلىدى.
[6] قىرىق كۈندىن كېيىن نۇھ ئۆزى كېمىگە قويغان پەنجىرىنى ئېچىپ، [7] بىر قۇزغۇننى چىقىرىپ ئەۋەتتى. ئۇ چىقىپ، يەر يۈزىدىن سۇ تارتىلمىغۇچىلىك، ئۇچۇپ يۈردى. [8] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى: «سۇ يەر يۈزىدىن تارتىلدىمۇ، كۆرەي» دەپ بىر كەپتەرنى چىقىرىپ ئەۋەتتى.
[9] ئەمما كەپتەر بولسا پۈتۈن يەر يۈزىدە سۇ بولغاچ، پۇتىنى قويغىلى يەر تاپالماي، ئۇنىڭ قېشىغا كېمىگە يېنىپ كەلدى. يېنىپ كەلسە، ئۇ ئۆز قولىنى سۇنۇپ، ئۇنى تۇتۇپ، قېشىغا ئېلىپ، كېمىدە قويدى. [10] يەتتە كۈن توختاپ، بۇ كەپتەرنى كېمىدىن يەنە چىقىرىپ ئەۋەتتى.
[11] ئەۋەتسە، كەپتەر ئاخشامدا ئۇنىڭغا يېنىپ كەلگىنىدە، مانا تۇمشۇقىدا زەيتۇننىڭ ئۈزۈۋالغان بىر ياپرىقى بار ئىدى. بۇنى كۆرۈپ، نۇھ ئۆزى يەردە سۇنىڭ تارتىلغىنىنى بىلدى. [12] تېخى يەتتە كۈن توختاپ، بۇ كەپتەرنى يەنە چىقىرىپ ئەۋەتتى، ئەمما بۇ نۆۋەت ئۇنىڭغا يېنىپ كەلمىدى.
[13] ئالتە يۈز بىرىنچى يىلى، ئاۋۋالقى ئايى، ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدە، سۇ يەردىن قۇرۇغانىدى. ئۇ ۋاقىت نۇھ كېمىنىڭ ئۈستىنى ئېچىپ، قاراپ، يەرنىڭ قۇرۇغىنىنى كۆردى. [14] ئىككىنچى ئايى، ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى، يەر تامامەن قۇرۇغانىدى.
[15] ئۇ ۋاقىت خۇدا نۇھقا سۆز قىلىپ: [16] «سەن بولساڭ، خوتۇنۇڭ بىلەن ئوغۇللىرىڭ ۋە ئوغۇللىرىڭنىڭ خوتۇنلىرىنى ئېلىپ، كېمىدىن چىقىپ، [17] ئۆزۈڭ بىلەن بىللە بولغان جىمى بار ھەر خىل جاندارلارنى، خاھى ئۇچارقانات بولسۇن، خاھى چارۋا مال بولسۇن، خاھى يەردە ئۆمىلەيدىغان قۇرت-قوڭغۇز بولسۇن، ھەممىسىنى ئۆزۈڭ بىلەن قوشۇپ، كېمىدىن چىقارغىن. ئۇلار بولسا يەردە يېيىلىپ ئۇرۇقلاپ، زېمىندە ئاۋۇسۇن» دېدى. [18] بۇنى ئاڭلاپ، نۇھ ئۆزى ئۆز خوتۇنى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن بىللە قوشۇلۇپ تاشقىرى چىقتى. [19] ھەممە جانىۋارلارنىڭ ئۆزى، خاھى ئۆمىلەيدىغان جاندار بولسۇن، خاھى ئۇچارقانات بولسۇن، خاھى يەردە مىدىرلايدىغاننىڭ ھەرقايسىسى بولسۇن، ھەممىسى كېمىدىن چىقتى.
[20] ئۇ ۋاقىت نۇھ خۇداۋەندىگە بىر قۇربانگاھنى ياساپ، ھەر خىل ھالال جانىۋار بىلەن ھەر خىل ئۇچارقاناتتىن ئېلىپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزدى.
[21] ئۆتكۈزسە، خۇداۋەندە خۇش بۇيىنى پۇرىدى. پۇراپ خۇداۋەندە كۆڭلىدە ئېيتتىكى: «ئادەمنىڭ كۆڭلىنىڭ نىيىتى بولسا كىچىكلىكىدىن تارتىپ، يامان بولغان بولسىمۇ، مەن ئادەم ئۈچۈن يەرگە يەنە لەنەت قىلمايمەن ۋە ئەمدى قىلغىنىمدەك ھەممە جاندارنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيمەن.
[22] بەلكى يەر مەۋجۇت تۇرغۇچىلىك تېرىم تېرىش بىلەن ئورما ئورۇش، سوغۇق بىلەن ئىسسىق، ياز بىلەن قىش، كۈندۈز بىلەن كېچە توختاپ قالمايدۇ» دېدى.

## خۇدانىڭ نۇھ بىلەن ئەھدە تۈزۈشى

9 [1]خۇدا نۇھ بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى بەرىكەتلەپ، ئۇلارغا ئېيتتىكى: «سىلەر
بولساڭلار، ئۇرۇقلاپ تولا بولۇپ، يەرنى تولدۇرۇڭلار. [2] يەردىكى ھەممە جانىۋار بىلەن
ھاۋادىكى ئۇچارقاناتنىڭ ئۈستىگە قورقۇنچۇڭ ۋە ۋەھىمەڭلار چۈشسۇن. بۇلار بىلەن يەردە
مىدىرلايدىغاننىڭ ھەممىسى سۇدىكى بارچە بېلىقلارغا قوشۇلۇپ، قوللىرىڭلارغا تاپشۇرۇلغاندۇر.
[3] ھەر مىدىرلايدىغان جاندارنى سىلەرگە تائام بولسۇن. مەن سىلەرگە كۆكەرگەن گىياھنى
بەرگەندەك، ئەمدى بۇنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە بەردىم. [4] ئەمما جېنى، يەنى قېنى بار گۆشنى
يېمەڭلار. [5] مەن بولسام، جېنىڭلاردىكى قاننى تەلەپ قىلىپ، ھەر ھايۋاننىڭ ئىلكىدىن ئۇنى
ئىستەپ، بىر ئادەمدىنمۇ يەنە بىر ئادەمنىڭ قېنىنى تەلەپ قىلىمەن. [6] كىمكى ئادەم قېنىنى
تۆكسە، ئۇنىڭ قېنىمۇ ئادەم قولىدىن تۆكۈلىدۇ. چۈنكى خۇدا ئادەمنى ئۆز سۈرىتىدە قىلغاندۇر.
[7] ئەمدى سىلەر بولساڭلار، ئۇرۇقلاپ تولا بولۇپ، يەردە ئاۋۇپ غولداپ تۈرۈڭلار» دېدى.
[8] ئاندىن خۇدا نۇھ بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [9] «مانا سىلەر ۋە سىلەردىن
كېيىن كېلىدىغان ئەۋلادلىرىڭلار بولسۇن، [10] سىلەر بىلەن بولغان ھەر تىرىك جانىۋار ۋە يا
ئۇچارقانات بولسۇن، چارۋا مال ۋە يا ھەر ياۋا ھايۋان بولسۇن. ھەرقايسى جاندار كېمىدىن
چىقسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر ھايۋاننى قويماي، ھەممەڭلار بىلەن مەن ئۆز ئەھدەمنى باغلايمەن.
[11] شۇنداقكى، ھەممە جاندار يەنە توپاننىڭ سۈيى بىلەن يوقىتىلمايدۇ ۋە يا توپان كېلىپ، يەرنى
خاراب قىلمايدۇ دەپ، سىلەر بىلەن ئەھدەمنى ساقلايمەن». [12] خۇدا ئېيتتىكى: «مەن ئۆزۈم
سىلەر بىلەن قېشىڭلاردىكى ھەممە تىرىك جانىۋارلارغا باغلايدىغان ئەبەدىي ئەھدەم ئۈچۈن
بىر بەلگە توختىتىپ، [13] مېنىڭ ئۆزۈم بىلەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئالامەت بولسۇن دەپ،
ھەسەن-ھۈسەنىمنى بۇلۇتلاردا قويۇپ قويىمەن. [14] قاچانكى مەن يەرنىڭ ئۈستىگە بۇلۇت
چىقىرىپ، ھەسەن-ھۈسەنىم كۆرۈنسە، [15] ئۆزۈم سىلەر بىلەن جېنى بار ھەممە جاندارلارغا
قىلغان ئەھدەمنى ياد قىلىمەن. بۇنىڭ بىلەن توپان ئىككىنچى كېلىپ، ھەممە جاندارلارنى
ھالاك قىلمايدۇ. [16] ھەرقاچان بۇلۇتنىڭ ئۆزىدە ھەسەن-ھۈسەننى كۆرسەم، مەن خۇدا بىلەن
يەر يۈزىدىكى جېنى بار ھەممە جاندارلار بىلەن تۈزگەن ئەبەدىي ئەھدىنى ياد قىلاي» دېدى.
[17] شۇنى دەپ، خۇدا نۇھقا سۆزلەپ: «بۇ بولسا مەن ئۆزۈم بىلەن يەر يۈزىدىكى بارلىق جاندارلار
بىلەن تۈزگەن ئەھدەمنىڭ بىر بەلگىسى بولسۇن» دېدى.

## نۇھنىڭ ئوغۇللىرى

[18] نۇھنىڭ كېمىدىن چىققان ئوغۇللىرى بولسا شېم، خام ۋە ياپەت ئىدى. خام ئۆزى قانائاننىڭ
ئاتىسى بولىدۇ. [19] مەزكۇر ئۈچەيلەن نۇھنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ نەسلىدىن پۈتۈن
يەر يۈزى ئاۋات بولدى. [20] نۇھ بولسا دېھقانچىلىق قىلغىلى باشلاپ، ئۈزۈمزارلىق باغ قىلىپ،
[21] شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ، ئۆز چېدىرىدا يالىڭاچ يېتىپ قالدى. [22] يېتىپ قالسا،
قانائاننىڭ ئاتىسى بولغان خام كېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرۈپ، تاشقىرى چىقىپ،
ئىككى بۇرادىرىگە خەۋەر بەردى. [23] ئۇ ۋاقىت شېم بىلەن ياپەت قويۇپ، بىر يېپىنچىنى ئېلىپ،

ئۆشنىلىرىگە سىلىشىپ، ئارقىلىرىچە مېڭىپ كىرىپ، ئاتىسىنىڭ ئەۋرىتىنى يېپىپ قويدى. ئۇلارنىڭ يۈزى ئارقىغا بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرمىدى. [24] نۇھ شارابنىڭ مەستلىكىدىن ئويغانسا، كىچىك ئوغلىنىڭ ئۇنىڭغا نېمە قىلغىنىنى بىلىپ قويۇپ، [25] «قانائان مەلئۇن بولۇپ، بۇرادەرلىرىنىڭ قۇلىنىڭ قۇلى بولسۇن» دەپ قارغىدى. [26] ئاندىن كېيىن يەنە سۆزلەپ: «شېمنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن، ئەمما قانائان شېمنىڭ قۇلى بولسۇن. [27] خۇدا ياپەتنى ئاۋۇتۇپ، ئۇ شېمنىڭ چېدىرىدا ماكان تۇتسۇن، ئەمما قانائان بولسا ئۇلارنىڭ قۇلى بولسۇن» دېدى. [28] نۇھ بولسا توپاندىن كېيىن ئۈچ يۈز ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆردى. [29] بۇ تەرىقىدە نۇھ ئۆزى توققۇز يۈز ئەللىك يىل پۈتۈن ئۆمۈر كۆرۈپ، ۋاپات تاپتى.

## شېم، ھام ۋە ياپەتنىڭ ئەۋلادلىرى

10 [1] نۇھنىڭ ئوغۇللىرى بولغان شېم، خام ۋە ياپەتنىڭ توپاندىن كېيىن تۆرەلگەن نەسلىنىڭ بايانى شۇدۇر.
[2] ياپەتنىڭ ئوغۇللىرى بولسا گومەر، ماگوگ، مادايى، ياۋان، تۇبال، مەشەك ۋە تىراس ئىدى. [3] گومەرنىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئاشكىناز، رىفات ۋە توگارما ئىدى. [4] ياۋاننىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئېلىشا بىلەن تارشىش، كىتتىم بىلەن دودانىم ئىدى. [5] تائىپىلەرنىڭ ئاراللارنىڭ خەلقى بولسا بۇلاردىن تارقىلىپ چىقىپ، ھەرقايسى ئۆز يۇرتىدا ئۆز زۇۋانى بىلەن قەبىلىلىرىگە قاراپ باشقا-باشقا قوۋم بولۇپ قالدى.
[6] خامنىڭ ئوغۇللىرى بولسا كۇش بىلەن مىسىر، پۇت بىلەن قانائان ئىدى. [7] كۇشنىڭ ئوغۇللىرى بولسا سېبا، خاۋىلا، سابتا، رائاما ۋە سابتىكا ئىدى. رائامانىڭ ئوغۇللىرى بولسا شېبا بىلەن دېدان ئىدى. [8] كۇشنىڭ ئۆزىدىن نىمرود تۆرەلدى. بۇ ئۆزى يەر يۈزىدە جاھانگىرلىكنى باشلاپ، [9] خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا چوڭ شىكارچى بولغاچ، «پالان كىشى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا نىمرودتەك چوڭ شىكارچى ئىكەن» دەيدىغان تەمسىل چىقىپ قالدى. [10] ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئېپتىداسى شىنار يۇرتىدىكى بابىل بىلەن ئېرەك، ئاككاد بىلەن كالنە دېگەن جايلاردىن باشلاپ، [11] ئۇ ئۆزى بۇ يۇرتتىن ئاسسۇرغا چىقىپ، نىنەۋە، رەخوبوت-ئىر ۋە كالاھنى ياساپ، [12] چوڭ شەھەر دېگەن نىنەۋە بىلەن كالاھنىڭ ئارىسىدا رېسەن شەھىرىنىمۇ بىنا قىلدى. [13] مىسىرنىڭ ئۆزىدىن لۇدىي بىلەن ئانامىيلار، لېھابىي بىلەن نافتۇھىيلار، [14] پاتروسىيلارنىڭ ئۆزى بىلەن فىلىستىنىيلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بولغان كاسلۇھىي ۋە كافتورىيلار پەيدا بولدى. [15] قانائاننىڭ ئۆزىدىن ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى بولغان سىدوننىڭ ئۆزى بىلەن خىت، [16] يەبۇسىي، ئامورىي ۋە گىرگاشىيلار، [17] خىۋىيلار، ئارقىيلار ۋە سىنىيلار، [18] ئارۋادىي، زېمارىي ۋە خاماتىيلار پەيدا بولدى. شۇ تەرىقىدە قانائاننىڭ قەبىلىلىرى يېيىلغىلى تۇردى. [19] قانائانىيلارنىڭ يۇرتى بولسا گەرار تەرىپى سىدوندىن تارتىپ، گازاغىچە چىقىپ، سودوم بىلەن گوموررا، ئادما بىلەن زىبوييم تەرىپى لاشاغىچە يېتىپ باردى. [20] مەزكۇرلار بولسا خامنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، ئۆز قەبىلىلىرى بىلەن زۇۋانلىرىغا مۇۋاپىق قوۋم-قوۋم بولۇپ، ئۆز يۇرتلىرىدا ماكانلاشتى.

[21] ياپەتنىڭ ئاكىسى بولۇپ، ھەممە بەنى-ئەبەرنىڭ ئاتا-بوۋىسى بولغان شېمنىڭ ئۆزىگىمۇ ئوغۇللار تۇغۇلدى. [22] شېمنىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئېلام، ئاسسۇر، ئارپاخشاد، لۇد ۋە ئارام ئىدى. [23] ئەمما ئارامنىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئۇز بىلەن ھۇل، گەتەر بىلەن ماش ئىدى. [24] ئارپاخشاد بولسا ئۇنىڭدىن شالاھ تۆرەلدى. شالاھتىن ئەبەر تۆرەلدى. [25] لېكىن ئەبەردىن ئىككى ئوغۇل پەيدا بولۇپ، بىرىنىڭ ئىېتى پەلەگ ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ۋاقتىدا يەر ئۆزى تەقسىم قىلىندى. ئۇنىڭ بۇرادىرى بولسا يوقتان دەپ ئاتالدى. [26] يوقتاننىڭ ئۆزىدىن ئالموداد بىلەن شەلەف، خازارماۋەت بىلەن يېراھ، [27] ھادورام، ئۇزال ۋە دىقلا، [28] ئوبال بىلەن ئابىمائەل، شېبا بىلەن ئوفىر، خاۋىلا بىلەن يوباب تۆرەلدى. [29] بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقتاننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. [30] ئۇلارنىڭ ئولتۇرغان جايلىرى بولسا مېشادىن تارتىپ، سېفار تەرىپى كۈن چىقىشتىكى تاغقىچە يېتىپ تۇتاشتى. [31] مەزكۇرلار بولسا شېمنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، ئۆز قەبىلىلىرى بىلەن زۇۋانلىرىغا مۇۋاپىق قوۋم-قوۋم بولۇپ، ئۆز يۇرتلىرىدا ماكانلاشتى.

[32] بۇلارنىڭ ئۆزى ئۆز خاندان بىلەن قەبىلىلىرىگە مۇۋاپىق نۇھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ نەسىللىرى ئىدى. توپاندىن كېيىنكى خەلقلەر بۇلارنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ، يەردە تارقالدى.

## بابىلنىڭ مۇنارى

11 [1] ئۇ زاماندا پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ تىلى بىلەن سۆزى بىر ئىدى. [2] لېكىن ئۇلار شەرق تەرىپىگە سەپەر قىلىپ يۈرسە، شىنار يۇرتىدا بىر تۈزلەڭلىكنى تېپىپ، ئاندا ئولتۇرۇپ قالدى. [3] بىر-بىرىگە سۆزلەپ: «كېلىڭلار، بىز كېسەك قۇيۇپ، ئوتتا پىشۇرايلى» دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تاش ئورنىغا خىش، لاي ئورنىغا قارىماي ئىشلەتتى. [4] ئۇلار يەنە سۆزلىشىپ: «كېلىڭلار، ئەمدى ئۆزىمىزگە بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇچى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بىر مۇنارنى ياساپ، مۇندا ئۆز نامىمىزنى چىقىرايلى. بولمىسا، پۈتۈن يەر يۈزىگە تارقاپ كېتىپ قالارمىزمىكىن» دېيىشتى. [5] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئادەم باللىرىنىڭ بىنا قىلىپ تۇرغان شەھەر بىلەن مۇنارىنى كۆرگىلى چۈشتى. [6] كۆرۈپ، خۇداۋەندە ئېيتتىكى: «مانا بۇلار بولسا بىر خەلق بولۇپ ھەممىسىنىڭ تىلىمۇ بىر ئەمەسمۇ؟ ھېلى ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى شۇدۇر. لېكىن مۇندىن كېيىن ھەرنېمىنى قىلغىلى نىيەت قىلسا، ئۇلارغا نامۇمكىن كەلمەيدى. [7] بۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ تىلىنى ئۇقالمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ تىللىرىنى باشقا-باشقا قىلايلى» دېدى. [8] شۇنى دەپ، خۇداۋەندە ئۇلارنى ئۇ جايدىن پۈتۈن يەر يۈزىگە تارىتىۋەتتى. بۇ تەرىقىدە ئۇلار ئۆزى شەھەرنى ياساشتىن توختاپ قالدى. [9] خۇداۋەندە ئاندا يەر يۈزىنىڭ تىلىنى باشقا-باشقا قىلىۋەتكەچ، ئۇ جاينىڭ ئىسمى بابىل دەپ ئاتالدى. ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە ئۇلارنى پۈتۈن يەر يۈزىگە تارىتىۋەتتى.

## شېمنىڭ ئەۋلادلىرى

10 شېمنىڭ نەسەبنامىسى بولسا شۇدۇر. شېم ئۆزى يۈز ياشقا كىرگەندە، توپان ئۆتۈپ ئىككى
يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئارپاخشاد تۆرەلدى. 11 ئارپاخشاد تۇغۇلغاندىن كېيىن، شېم ئۆزى
بەش يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل قىزلار تۆرەلدى.
12 ئارپاخشاد ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن شالاھ تۆرەلدى. 13 شالاھ تۇغۇلغاندىن
كېيىن، ئارپاخشاد تۆت يۈز ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل قىزلار تۆرەلدى.
14 شالاھ ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن ئەبەر تۆرەلدى. 15 ئەبەر تۇغۇلغاندىن كېيىن، شالاھ
تۆت يۈز ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل قىزلار تۆرەلدى.
16 ئەبەر ئوتتۇز تۆت ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن پەلەگ تۆرەلدى. 17 پەلەگ تۇغۇلغاندىن كېيىن،
ئەبەر تۆت يۈز ئوتتۇز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل قىزلار تۆرەلدى.
18 پەلەگ ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن رائۇ تۆرەلدى. 19 رائۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن، پەلەگ
ئىككى يۈز توققۇز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل-قىزلار تۆرەلدى.
20 رائۇ ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن سېرۇخ تۆرەلدى. 21 سېرۇخ تۇغۇلغاندىن
كېيىن، رائۇ ئىككى يۈز يەتتە يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل قىزلار تۆرەلدى.
22 سېرۇخ ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن ناھور تۆرەلدى. 23 ناھور تۇغۇلغاندىن كېيىن،
سېرۇخ ئىككى يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل قىزلار تۆرەلدى.
24 ناھور يىگىرمە توققۇز ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن تەراھ تۆرەلدى. 25 تەراھ تۇغۇلغاندىن
كېيىن، ناھور بىر يۈز ئون توققۇز يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل قىزلار تۆرەلدى.
26 تەراھ يەتمىش ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدىن ئابرام، ناھور ۋە ھاران تۆرەلدى.

27 تەراھنىڭ نەسەبنامىسى بولسا شۇدۇر. تەراھنىڭ ئۆزىدىن ئابرام، ناھور ۋە ھاران تۆرەلدى.
ئەمما ھاراننىڭ ئۆزىدىن لوت تۆرەلدى. 28 لېكىن ھاران بولسا ئۆز ۋەتىنى بولغان كالدانىيلارنىڭ
زېمىنىدىكى ئۇردا ئاتىسى تەراھنىڭ ئالدىدا ئۆلدى. 29 ئابرام بىلەن ناھور بولسا ئۆزلىرىگە خوتۇن
ئالدى. ئابرامنىڭ خوتۇنى ساراھ دەپ ئاتىلىپ، ناھورنىڭ خوتۇنى بولسا ھاراننىڭ قىزى بولۇپ
مىلكا دەپ ئاتالدى. ھاران ئۆزى مىلكا بىلەنيىسكاھنىڭ ئاتىسى ئىدى. 30 لېكىن ساراھ تۇغماس
بولغاچ، ھېچ بالىسى يوق ئىدى. 31 ئەمما تەراھ بولسا ئوغلى ئابرامنى، يەنە بىر ئوغلى ھاراننىڭ
بالىسى بولغان نەۋرىسى لوتنى ۋە ئوغلى ئابرامنىڭ خوتۇنى بولغان ئۆز كېلىنى ساراھنى ئېلىپ،
قانائان يۇرتىغا بارماق ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن كالدانىيلارنىڭ زېمىنىدىكى ئۇردىن چىقىپ كەتتى.
ئەمما ئۇلار ھاران دېگەن جايغا بېرىپ يەتكەندە، ئاندا ئولتۇرۇپ قالدى. 32 تەراھنىڭ ئۆمرى
ئىككى يۈز بەش ياشقا يەتكەندە، تەراھ ئۆزى ھاراندا ۋاپات تاپتى.

## خۇدا ئابرامنى چاقىردۇ

12 1 ئەمما خۇداۋەندە ئابرامغا ئېيتقان ئىدىكى: «سەن بولساڭ، ئۆز يۇرتۇڭ بىلەن
خانىدانىڭنى تاشلاپ، ئاتاڭنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، مەن ساڭا كۆرسىتىدىغان يۇرتقا
بارغىن. 2 ئۇنداق قىلساڭ، مەن سېنى چوڭ بىر قوۋم قىلىپ، ساڭا بەرىكەت بېرىپ، ئىسمىڭنى
ئۇلۇغ قىلىمەن. شۇنداقكى، سەن بەرىكەتكە سەۋەب بولىسەن. 3 كىمكى سېنى مۇبارەكلىسە،
مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى مۇبارەكلەيمەن. كىمكى ساڭا لەنەت ئوقۇسا، مەن ئۇنىڭغا لەنەت قىلىمەن.
سېنىڭ ۋاستەڭ بىلەن دۇنيادىكى ھەممە قەبىلىلەر بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ» دېدى.
4 ئۇ ۋاقىت ئابرام ئۆزى خۇداۋەندە ئۇنىڭغا ئېيتقاندەك، قوپۇپ كەتسە، لوتمۇ ئۇنىڭ بىلەن
بىللە راۋاب بولدى. ئابرام ئۆزى ھاراندىن چىققىنىدا يەتمىش بەش ياشتا ئىدى. 5 ئابرام بولسا
ئۆز خوتۇنى ساراھ بىلەن ئۆز بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلى لوتنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ يىغقان بارچە
ماللىرىنى قوشۇپ، هاراندا تاپقان ئادەملەرنى بىللە قېتىپ، قانائان يۇرتىغا بارماق ئۈچۈن
يولغا چىقىپ، قانائان يۇرتىغا يېتىپ كەلدى. 6 ئابرام بولسا بۇ يۇرتنى كېزىپ، شەكەم
دېگەن جايدىكى مورەھنىڭ دۇب دەرىخىگە يېتىپ باردى. ئۇ ۋاقىت يۇرت ئىچىدە قانائانىيلار
ئولتۇراقلىق ئىدى. 7 ئەمما خۇداۋەندە ئابرامغا كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە: «مەن بۇ يۇرتنى
سېنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىڭغا بېرىمەن» دېدى. ئۇ ۋاقىت ئۇ ئۆزى ئۆزىگە كۆرۈنگەن خۇداۋەندىگە
بىر قۇربانگاھنى سالدى.
8 ئاندىن كېيىن ئۇ بۇ يەردىن يۆتكىلىپ، بەيتەلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغ تەرەپكە باردى.
بەيتەلنى غەرب تەرىپىگە ئېلىپ، هاي دېگەن جاينى شەرق تەرىپىگە ئېلىپ، چېدىرىنى تىكىپ،
ئاندا خۇداۋەندىگە بىر قۇربانگاھنى ياساپ، خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ دۇئا قىلدى.
9 ئاندىن كېيىن ئابرام قوپۇپ، كۆچۈپ يۈرۈپ، جەنۇب تەرىپىگە ماڭدى.

## ئابرامنىڭ مىسىرغا چۈشۈشى

10 لېكىن يۇرتقا ئاچارچىلىق چۈشۈپ قالغاچ، ئابرام ئۆزى ئاندا ئولتۇراي دەپ، مىسىرغا چۈشۈپ
ماڭدى. چۈنكى يۇرتنىڭ ئۆزىدە ئاچارچىلىق قاتتىق ئىدى. 11 ئەمما ئۇ ئۆزى مىسىرغا يېقىنلاشقىلى
تۇرغىنىدا ئۆز خوتۇنى ساراھقا سۆزلەپ: «مانا مەن سېنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن.
12 قاچانكى مىسىرلىقلار سېنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ ئۇنىڭ خوتۇنى ئىكەن دەپ، بىلىپ قالسا، ئۇلار
مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، سېنى تىرىك ئېلىپ قالماقچى بولىدۇ. 13 ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن سۆزلەپ:
‹ مەن ئۇنىڭ ھەمشىرىسىدۇرمەن› دەپ ئېيتقىن. شۇنداق قىلساڭ، مەن سېنىڭ سەۋەبىڭدىن
ياخشىلىق تېپىپ، سېنىڭ ۋاستەڭ بىلەن تىرىك قالىمەن» دېدى.
14 ئابرام مىسىرغا كىرگەندە مىسىرلىقلار خوتۇنىنىڭ تولا چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆردى.
15 فىرەۋنىنىڭ ئەمىرلىرىمۇ ئۇنى كۆرۈپ، فىرەۋنگە تەرىپ قىلسا، خوتۇن ئۆزى فىرەۋنىنىڭ
ئۆيىگە كەلتۈرۈلدى. 16 فىرەۋن بولسا ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئابرامغا ئىلتىپات قىلغاچ، بۇ ئۆزى
قوي، بۇقا ۋە ھاڭگا ئېشەكلەرنى تېپىپ، قۇل بىلەن دېدەكلەر، مادا ئېشەك بىلەن تۆگىلەرگە
ئىگە بولدى. 17 ئەمما خۇداۋەندە فىرەۋن بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىنى ئابرامنىڭ خوتۇنى ساراھنىڭ

سەۋەبىدىن چوڭ بالالارغا مۇپتىلا قىلدى. [18]ئۇ ۋاقىت فىرەۋن ئابرامنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «ماڭا بۇ نېمە قىلغىنىڭدۇر؟ نېمىشقا ئۆز خوتۇنۇڭ ئىكەنلىكىنى ماڭا ئېيتمىدىڭ؟ [19]نېمىشقا ‹ ئۇ مېنىڭ ھەمشىرەمدۇر› دەپ، ماڭا ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالغىلى سەۋەب بولدۇڭ؟ مانا ئەمدى خوتۇنۇڭنى ئېلىپ كەتكىن!» دېدى. [20]فىرەۋن ئۆز ئادەملىرىگە ئۇنىڭ توغرىسىدا ئەمر قىلغاندىن كېيىن، بۇلار ئۇنىڭ ئۆزىگە خوتۇنى بىلەن پۈتۈن بارلىقىنى قوشۇپ، يولغا سالدى.

## ابرام بىلەن لوتنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى

13 [1]ئابرام بولسا مىسىردىن چىقىپ، خوتۇنى بىلەن پۈتۈن بارلىقىنى ئېلىپ، لوت بىلەن بىللە جەنۇب يۇرتىغا ماڭدى. [2]ئابرام ئۆزى چارۋا مال بىلەن ئالتۇن-كۈمۈشكە تولا باي ئىدى. [3]ئۇ ئۆزى كۆچۈپ يۈرۈپ، جەنۇب يۇرتىدىن بەيتەلگە يېتىپ، بەيتەل بىلەن ھاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزى ئىلگىرى چېدىر تىكىپ، [4]قۇربانگاھ ياسىغان جايغا كەلدى. كېلىپ، ئابرام ئۆزى ئاندا خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ دۇئا قىلدى. [5]لېكىن ئابرام بىلەن ماڭغان لوتنىڭمۇ قوي، كالا ۋە چېدىرلىرى بار ئىدى. [6]يۇرت ئۆزى تارلىق قىلغاچ، ئۇلار بىللە ئولتۇرالمىدى، چۈنكى ماللىرىنىڭ توللىقىدىن بىللە قوشۇلۇپ تۇرالمىدى. [7]بۇ سەۋەبتىن ئابرامنىڭ پادىچىلىرى بىلەن لوتنىڭ پادىچىلىرىنىڭ ئارىسىدا جېدەل چىقتى. ئۇ ۋاقىت يۇرتنىڭ ئۆزىدە قانائانىي بىلەن پەرىززىيلەر ئولتۇراقلىق ئىدى. [8]ئابرام بولسا لوتقا سۆزلەپ: «بىز بولساق، تۇغقان بولغاچ، سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا، مېنىڭ پادىچىلىرىم بىلەن سېنىڭ پادىچىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا جېدەل چىقمىسۇن. [9]مانا، پۈتۈن يۇرت سېنىڭ ئالدىڭدا ئەمەسمۇ؟ ئەمدى سەن مەندىن ئايرىلغىن. ئەگەر سەن چەپ تەرەپكە بارساڭ، مەن ئوڭ تەرەپكە باراي. ئەگەر سەن ئوڭ تەرەپكە بارساڭ، مەن چەپ تەرەپكە باراي» دېدى.

[10]ئۇ ۋاقىت لوت نەزەر سېلىپ قارىسا، مانا بارچە ئىئوردان سەھراسىنىڭ ھەممىسى سۇلۇق بولۇپ، ئۆزى خۇداۋەندە سودوم بىلەن گومورراني خاراب قىلماستىن ئىلگىرى خۇداۋەندىنىڭ جەننىتىگە ئوخشاپ، زوئار دېگەن جايغا يەتكۈچىلىك مىسىر يۇرتىدەك ئىدى. [11]شۇنى كۆرۈپ، لوت ئۆزىگە پۈتۈن ئىئوردان تۈزلەڭلىكىنى ئىلغىۋالدى. ئاندىن لوت ئۆزى شەرق تەرىپىگە كۆچۈپ بارغاچ، ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى.

[12]ئابرام ئۆزى قانائان يۇرتىدا ئولتۇرۇپ قالدى. لوت بولسا تۈزلەڭلىكتىكى شەھەرلەردە ئولتۇرۇپ، سودومغىچە چېدىرلىرىنى تىكتى. [13]ئەمما سودومنىڭ خەلقى خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە تولا يامان بولۇپ، گۇناھكار ئىدى. [14]لوت ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، خۇداۋەندە ئابرامغا سۆزلەپ: «سەن كۆزلىرىڭنى ئېچىپ، ئۆزۈڭ تۇرغان جايدىن تارتىپ، شىمال بىلەن جەنۇب شەرق بىلەن غەرب تەرىپىگە نەزەر سېلىپ قارىغىن. [15]چۈنكى مەن بولسام سەن ئەمدى كۆرگەن بۇ يۇرتنىڭ ھەممىسىنى سەن بىلەن نەسلىڭگە ئەبەدكىچە بېرىپ، [16]سېنىڭ نەسلىڭنى يەردىكى تۇپراقتەك ئاۋۇتىمەن. شۇنداقكى، ئەگەر بىر كىشى يەردىكى تۇپراقنى سانىيالىسا، سېنىڭ نەسلىڭنىڭمۇ سانىلىشى مۇمكىن بولىدۇ. [17]سەن ئەمدى قوپۇپ، بۇ يۇرتنىڭ بويى-توغرىسىنى كەزگىن، چۈنكى مەن ئۇنى ساڭا بېرىمەن» دېدى. [18]ئۇ ۋاقىت ئابرام

چېدىرلىرىنى يىغىپ كۆتۈرۈپ، خېبروننىڭ يېنىدىكى مامرەنىڭ دۇب دەرەخلىكىگە بېرىپ، ئولتۇرۇپ، ئاندا خۇداۋەندىگە بىر قۇربانگاھنى ياسىدى.

## ئابرامنىڭ لوتنى قۇتقۇزۇشى ۋە مەلكىسادىق بىلەن ئۇچرىشىشى

14 [1] شىنارنىڭ پادىشاھى ئامرافەل بىلەن ئەللاسارنىڭ پادىشاھى ئارىيوك ۋە ئېلامنىڭ پادىشاھى كېدورلائومەر بىلەن گويىمنىڭ پادىشاھى تىدالنىڭ كۈنلىرىدە ۋەقە بولدىكى، [2] بۇلار بولسا سودومنىڭ پادىشاھى بېرا بىلەن گوموررانىڭ پادىشاھى بىرشا ۋە ئادمانىڭ پادىشاھى شىناب بىلەن زېبويىمنىڭ پادىشاھى شەمېبەر ۋە بېلا دەپ ئاتالغان زوئارنىڭ پادىشاھىغا قارشى قوپۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە جەڭ باشلىدى. [3] بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇز دېڭىزى بولۇپ قالغان سىددىم ۋادىسىدا يىغىلدى. [4] بۇلار بولسا ئون ئىككى يىلغىچە كېدورلائومەرگە تەۋە بولۇپ تۇرۇپ، ئون ئۈچىنچى يىلى ئۇنىڭ ئۈستىگە باش تارتىپ قويغانىدى. [5] ئون تۆتىنچى يىلى كېدورلائومەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان پادىشاھلار كېلىپ، رېفائىيلارنى ئاشتاروت-قارنايىمدا ئۇرۇپ، زۇزىيلارنى ھامدا سوقۇپ، ئېمىيلارنى شاۋەھ-قىرياتايىمدا تارمار قىلدى. [6] خورىيلارنى ھەم ئۆزىنىڭ تېغى بولغان سېئىردا چۆلنىڭ يېنىدىكى ئەل-پارانغىچە سۈرۈپ بېرىپ، مەغلۇپ قىلدى. [7] ئاندىن كېيىن ئۇلار يېنىپ، ئېن-مىشپات دەپ ئاتالغان قادىشقا كېلىپ، ئامالەكىيلەرنىڭ ھەممە يۇرتىنى بېسىپ، خازازون-تاماردا ئولتۇراقلىق ئامورىيلارنى تارمار قىلدى.

[8] ئۇ ۋاقىت سودومنىڭ پادىشاھى بىلەن گوموررانىڭ پادىشاھى ۋە ئادمانىڭ پادىشاھى بىلەن زېبويىمنىڭ پادىشاھى ۋە بېلا دەپ ئاتالغان زوئارنىڭ پادىشاھى چىقىپ كېلىپ، سىددىم ۋادىسىدا ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلغىلى سەپ تىزىپ، [9] ئېلامنىڭ پادىشاھى كېدورلائومەر بىلەن گويىمنىڭ پادىشاھى تىدال، شىنارنىڭ پادىشاھى ئامرافەل بىلەن ئەللاسارنىڭ پادىشاھى ئارىيوك دېگەنلەرگە قارشى تىزىلدى. شۇنداقكى، تۆت پادىشاھ بىر تەرەپ بولۇپ، بەش پادىشاھ يەنە بىر تەرەپ ئىدى. [10] لېكىن سىددىم ۋادىسىدا تولا قارىمايىنىڭ ئورىلىرى بار ئىدى. بۇ سەۋەبتىن سودوم بىلەن گوموررانىڭ پادىشاھلىرى قېچىپ كېتىپ بارغىنىدا ئاندا چۈشۈپ كەتتى. ئەمما قالغانلار بولسا تاغقا قېچىپ كەتتى. [11] غالىب كەلگەنلەرنىڭ ئۆزى سودوم بىلەن گوموررانىڭ ھەممە مېلى بىلەن بارچە ئوزۇق-تالقانلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، [12] ئابرامنىڭ بىرتۇغقىنىنىڭ ئوغلى بولۇپ، سودومدا ئولتۇرۇپ قالغان لوتنىمۇ ماللىرى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كەتتى.

[13] لېكىن قۇتۇلۇپ قالغان بىر كىشى بېرىپ، بۇنى ئەشكول بىلەن ئانەرنىڭ بۇرادىرى بولغان ئاموريي مامرەنىڭ دۇب دەرەخلىكىدە ئولتۇرۇپ قېلىپ، ئىبرانيي بولغان ئابرامغا خەۋەر بەردى. بۇ كىشىلەر بولسا ئابرام بىلەن ئەھدە باغلاشقانىدى. [14] ئەمما ئابرام ئۆزى تۇغقىنىنىڭ ئەسىر بولۇپ كەتكىنىنى ئاڭلىغاندا، ئۆز ئۆيىدە تۇغۇلغان ھەممىدىن ئىشەنچلىك قۇللىرىدىن ئۈچ يۈز ئون سەككىز ئادەمنى ئېلىپ چىقىپ، دۈشمەنلەرنى دانغىچە قوغلاپ باردى. [15] بېرىپ،

كېچىسى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئادەملىرى توپ-توپ بۆلۈپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ يېڭىپ،
ئۇلارنى دەمەشقنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ھوبا دېگەن جايغىچە سۈرۈپ بېرىپ، [16] ھەممە مالنى
تارتىۋېلىپ، ئۆز تۇغقىنى لوتنىمۇ قۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ مېلى بىلەن خوتۇنلارنى ۋە ئادەملىرىنى
ياندۇرۇپ كەلدى.
[17] ئۇ ئۆزى كېدورلائومەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان پادىشاھلارنى مەغلۇپ قىلىپ يېنىپ
كېلىۋاتقىنىدا سودومنىڭ پادىشاھى ئۆزى شاۋەھ ۋادىسى دەپ ئاتالغان پادىشاھ ۋادىسىغىچە
ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. [18] سالېمنىڭ پادىشاھى مەلكىسادىق بولسا نان بىلەن شاراب چىقاردى.
بۇ ئۆزى خۇداتائالانىڭ كاھىنى بولغاچ، [19] ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئايىخەير قىلىپ: «ئابرام بولسا
ئاسمان بىلەن يەرنى ياراتقان ئالالاتائالانىڭ تەرىپىدىن مۇبارەكلەنسۇن! [20] دۈشمەنلىرىڭنى
قولۇڭغا بەرگەن ئالالاتائالاغا ھەمدۇسانا بولسۇن» دەپ ئېيتتى. ئۇ ۋاقىت ئابرام ئۆزى ئۇنىڭغا
ھەممە نەرسىنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى بەردى.
[21] ئەمما سودومنىڭ پادىشاھى ئابرامغا سۆزلەپ: «خەلقنى ماڭا بەرگىن، ئەمما مالنى ئۆزۈڭ
ئالغىن» دېدى. [22] لېكىن ئابرام سودومنىڭ پادىشاھىغا جاۋاب بېرىپ: «مەن بولسام، ئاسمان
بىلەن يەرنى ياراتقان خۇداۋەندە ئالالاتائالاغا قول كۆتۈرۈپ قەسەم قىلىمەنكى، [23] مەن بولسام
سەندىن بىر يىپ يا چورۇقنىڭ بىر بوغقۇچىنى ۋە يا باشقا نەرسەڭنى ئالمايمەن. بولمىسا، سەن
ئۆزۈڭ: ‹ مەن ئابرامنى باي قىلىپ قويدۇم› دەپ ئېيتىسەنمىكىن. [24] بۇنىڭ ئۈچۈن يىگىتلەرنىڭ
يېگىنى بىلەن ماڭا ھەمراھ بولغان ئانەر بىلەن ئەشكول ۋە مامرەنىڭ ھەسسىسىدىن باشقا بىر
نېمىنى ئالمايمەن. ئۇلار بولسا ئۆز تېگىشلىكىنى ئالسۇن» دېدى.

## خۇدانىڭ ئابرام بىلەن ئەھدە تۈزۈشى

15 [1] بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن روھىي كۆرۈنۈشتە خۇداۋەندىنىڭ سۆزى ئابرامغا كېلىپ: «ئەي
ئابرام قورقمىغىن، مەن ئۆزۈم سىپرىڭ بولىمەن. ئىنئامىڭ بولسا ناھايىتى چوڭ
بولىدۇ» دېدى. [2] ئابرام سۆز قىلىپ: «ئەي رەب خۇداۋەندە، ماڭا نېمە بېرىسەن؟ مانا مەن
بولسام بالىسىز بولۇپ قېلىپ، دەمەشقلىق ئېلىيەزەر ئۆزى ئۆيۈمگە ئىگە بولىدۇ» دېدى. [3]
ئابرام يەنە سۆز قىلىپ: «سەن ماڭا ئەۋلاد بەرمىدىڭ. مانا، ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ بىرى ماڭا ۋارىس
بولىدۇ» دېدى. [4] ئۇ ھامان خۇداۋەندىنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا كېلىپ: «بۇ كىشى بولسا ساڭا ۋارىس
بولماي، بەلكى ئۆز پۇشتۇڭدىن كېلىدىغاننىڭ ئۆزى ساڭا ۋارىس بولىدۇ» دېدى. [5] شۇنى دەپ،
ئۇ ئۇنى تاشقىرى ئېلىپ چىقىپ: «ئەمدى ئاسمانغا قاراپ، يۇلتۇزلارنى سانىيالىساڭ، ئۇلارنى
سانىغىن» دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «سېنىڭ نەسلىڭمۇ شۇنداق بولىدۇ» دەپ ئېيتتى.
[6] ئابرام بولسا خۇداۋەندىگە ئىشەندى. خۇداۋەندە بۇنى ئۇنىڭ ھەققىدە ئادالەت ساناپ،
[7] ئۇنىڭغا: «بۇ يۇرتنى مىراسىڭ بولماق ئۈچۈن ساڭا بېرەي دەپ، سېنى كالدانىيلارنىڭ
زېمىنىدىكى ئۇردىن چىقىرىپ كەلگەن خۇداۋەندە ئۆزۈمدۇرمەن» دېدى. [8] شۇنى دېسە، ئابرام
سۆزلەپ: «ئەي رەب خۇداۋەندە، مەن ئۇنى ئالىمىقىمنى نېمىدىن بىلىمەن؟» دېدى. [9] ئۇ ئۇنىڭغا:

«مەن ئۈچۈن ئۈچ ياشلىق بىر غۇنىجىن، ئۈچ ياشلىق بىر ئۆچكە، ئۈچ ياشلىق بىر قوچقار، بىر پاختەك ۋە بىر باچكىنى ئېلىپ كەلگىن» دېدى. [10] ئۇ ئۆزى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىپ، ھەربىر پارچىنى يەنە بىر پارچىسىنىڭ ئۇتتۇرىدا قويۇپ قويدى، ئەمما ئۇچارقاناتلارنى پارچىلىمىدى. [11] قۇشلار كېلىپ، بۇ جەسەتلەرگە چۈشكىلى باشلىسا، ئابرام ئۇلارنى ئۈركۈتۈۋەتكىلى تۇردى. [12] لېكىن كۈن پاتقان ۋاقىتتا ئابرامغا ئېغىر بىر ئۇيقۇ كەلدى ۋە مانا، ئۇنىڭ ئۆزىگە قورقۇنچلۇق چوڭ قاراڭغۇلۇق چۈشتى. [13] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئابرامغا سۆزلەپ: «شەكسىز بىلگەيسەنكى، سېنىڭ نەسلىڭ ئۆزى ئۆزىنىڭكى بولمىغان يۇرتتا مۇساپىر بولۇپ، ئۇنىڭ خەلقىگە قۇل بولۇپ قېلىپ، بۇ خەلق ئۆزى ئۇلارغا تۆت يۈز يىلغىچە زۇلۇم سالىدۇ. [14] لېكىن مەن ئۇلار خىزمەت قىلىدىغان تائىپىگە ھەم ھۆكۈم قىلىمەن. ئاندىن كېيىن ئۇلار تولا مال ئالغاچ چىقىدۇ. [15] ئەمما سەن بولساڭ، ئامانلىق بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قوشۇلۇپ، قېرىلىقىڭنىڭ كامالىدا دەپنە قىلىنىسەن. [16] لېكىن نەسلىڭ تۆت ئەۋلاد ئۆتۈپ، بۇ يەرگە يېنىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئامورىيلارنىڭ گۇناھىنىڭ ئۆلچىمى تېخى تولمىغان» دېدى. [17] كۈن پېتىپ تامامەن قاراڭغۇ بولغاندا، تۈتۈن چىقىپ تۇرغان تونۇر كۆرۈنۈپ، يالقۇنلۇق ئوت بۇ پارچىلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. [18] ئۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە خۇداۋەندە ئابرام بىلەن ئەھدە قىلىپ ئېيتتىكى: «مەن سېنىڭ نەسلىڭگە بۇ يۇرتنى، مىسىرنىڭ دەرياسىدىن تارتىپ فىرات دېگەن چوڭ دەرياغىچە بېرىپ، [19] قېنىي، قېنىزىي ۋە قادمونىيلارنىڭكىنى، [20] خىتتىي، پەرىززىي ۋە رېفائىيلارنىڭكىنى، [21] ئامورىي بىلەن قانائانىيلارنىڭكىنى، گىرگاشىي بىلەن يەبۇسىيلارنىڭ يۇرتىنى ئاتا قىلىمەن».

## ھاگار بىلەن ئىسمائىل

16 [1] ئەمما ئابرامنىڭ خوتۇنى ساراھ ئۇنىڭغا ھېچ بالا تۇغمىدى. لېكىن ساراھنىڭ ھاگار دېگەن مىسىرلىق بىر دېدەكى بار ئىدى. [2] ئۇ ئۆزى ئابرامغا سۆزلەپ: «مانا، خۇداۋەندە مېنى تۇغماس قىلىپ قويغان. ئەمدى سەن مېنىڭ دېدەكىمنىڭ قېشىغا كىرگىن. بۇنىڭ بىلەن ئەۋلادىم بولسا كېرەك» دېدى. ئابرام بولسا ساراھنىڭ سۆزىگە ئۇنىدى. [3] ئابرام ئۆزى قانائان يۇرتىدا ئون يىل ئولتۇرغاندىن كېيىن ئابرامنىڭ خوتۇنى ساراھ مىسىرلىق دېدەكى ھاگارنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆز ئېرى ئابرامغا خوتۇنلۇققا بەردى. [4] بەرگەندە، ئۇ ئۆزى ھاگارنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇ ئۆزى ھامىلدار بولدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولغىنىنى كۆرگەندە، ئۆز خانىمىنى خار كۆردى. [5] ئۇ ۋاقىت ساراھ ئابرامغا سۆزلەپ: «ماڭا بولغان زۇلۇم سېنىڭ گەدىنىڭگە بولىدۇ. مەن بولسام، ئۆز دېدەكىمنى قۇچىقىڭغا سېلىپ بەردىم. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولغىنىنى كۆرگەندە، مەن ئۇنىڭ نەزىرىدە خار كۆرۈندۈم. خۇداۋەندە ئۆزى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا ھۆكۈم قىلسۇن» دېدى. [6] ئەمما ئابرام ئۆزى ساراھقا: «مانا دېدەكىڭ بولسا ئۆز قولۇڭدىدۇر. نېمىنى خالىساڭ، ئۇنىڭغا قىلغىن» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، ساراھ ئۇنىڭغا قاتتىقلىق قىلغىلى تۇرسا، ئۇ ئۇنىڭ قېشىدىن قېچىپ كەتتى.

7 ئەمما خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا چۆلدىكى قۇدۇقنىڭ يېنىدا ئۇچراپ، شۇر يولىنىڭ ئۈستىدىكى بۇلاقنىڭ ئۆزىدە يولۇقۇپ، 8 «ئەي ساراھنىڭ دېدىكى بولغان ھاگار، نە يەردىن كەلدىڭ، نە يەرگە بارىسەن؟» دەپ سورىسا، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مەن بولسام، ئۆز خانىمىم ساراھنىڭ قېشىدىن قېچىپ كەلدىم» دېدى. 9 خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا: «خانىمىڭنىڭ قېشىغا يېنىپ بېرىپ، قولىنىڭ ئاستىدا بويۇن سۇنغىن» دېدى. 10 خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا يەنە سۆزلەپ: «سېنىڭ نەسلىڭنى شۇنداق ئاۋۇتىمەنكى، تولىلىقىدىن ئۇنى سانىغىلى بولمايدۇ» دېدى. 11 ئاندىن خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا: «مانا، سەن ھامىلىدار بولدۇڭ، ئەمدى بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭغا ئىسمائىل دەپ ئات قويىسەن. چۈنكى خۇداۋەندە سېنىڭ جاپايىڭنى ئاڭلىدى. 12 بۇ ئوغۇل ئۆزى ياۋا ئېشەكتەك بولۇپ، ئۇنىڭ قولى ھەر كىشىگە قارشى ئۇزىتىلىسمۇ، ھەر كىشىنىڭ قولىمۇ ئۇنىڭغا قارشى بولىدۇ. ئۆزى ھەممە بۇرادەرلىرىنىڭ ئۇتتۇرىدا ئولتۇرىدۇ» دېدى. 13 ھاگار بولسا ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەن خۇداۋەندىگە ئات قويۇپ: «سەن مېنى كۆرگۈچى خۇدادۇرسەن» دەپ ئاتاپ، «مەن مۇندامۇ مېنى كۆرگۈچىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى كۆردۈم» دېدى. 14 بۇ سەۋەبتىن ئۇ قۇدۇقنىڭ ئۆزىگە بەرلاھايروي دەپ ئات قويۇلدى. بۇ ئۆزى قادىش بىلەن بەرەدنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. 15 ھاگار بولسا ئابرامغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. ئابرام ئۆزى ھاگار ئۇنىڭغا تۇغۇپ بەرگەن ئوغلىغا ئىسمائىل دەپ ئات قويدى. 16 ھاگار ئابرامغا ئىسمائىلنى تۇغۇپ بەرگىنىدە، ئابرام ئۆزى سەكسەن ئالتە ياشتا ئىدى.

## ئەھدە بەلگىسى - خەتنە

17 1 ئابرام توقسان توققۇز ياشقا كىرگەندە، خۇداۋەندە ئابرامنىڭ ئۆزىگە كۆرۈنۈپ ئېيتتىكى: «مەن ئۆزۈم قادىر خۇدادۇرمەن. سەن مېنىڭ ئالدىمدا يۈرۈپ كامىل بولغىن. 2 مەن بولسام، ئۆزۈم بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا ئەھدەمنى باغلاپ، سېنى ناھايىتى غولدىتىمەن» دېدى. 3 ئۇ ۋاقىت ئابرام يۈز تۆۋەن يىقىلدى. خۇدا ئۇنىڭغا يەنە سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: 4 «مانا، مېنىڭ سەن بىلەن قىلىدىغان ئەھدەم شۇدۇركى، سەن بولساڭ، تولا قوۋملارغا ئاتا بولىسەن. 5 ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن مۇندىن كېيىن ئابرام دەپ ئاتالماي، بەلكى ئىسمىڭ ئىبراھىم بولىدۇ. چۈنكى مەن سېنى تولا قوۋملارغا ئاتا قىلىپ تىكلىدىم. 6 مەن سېنى ناھايىتى غولدىتىمەن. شۇنداقكى، سەندىن تولا قوۋملار پەيدا بولۇپ، پۇشتۇڭدىن پادىشاھلار چىقىدۇ. 7 مەن بولسام، سېنىڭ ئۆزۈڭ بىلەن سەندىن كېيىن كېلىدىغان نەسلىڭنىڭ تەڭرىسى بولاي دەپ، ئۆزۈم بىلەن سېنىڭ ۋە سەندىن كېيىن كېلىدىغان نەسلىڭنىڭ ئارىسىدا بىر ئەبەدىي ئەھدە بولماق ئۈچۈن، ئۆز ئەھدەمنى باغلايمەن. 8 سەن بىلەن سەندىن كېيىن كېلىدىغان نەسلىڭگە ئۆزۈڭ مۇساپىر بولۇپ تۇرغان يۇرتنى ئاتا قىلىپ، ھەممە قانائان يۇرتىنىڭ ئۆزىنى ئەبەدىي مۈلۈك قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەڭرىسى بولىمەن» دېدى. 9 ئاندىن كېيىن خۇدا ئىبراھىمغا يەنە سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: «سەن بولساڭ، مېنىڭ ئەھدەمنى ساقلىغىن، سەندىن كېيىن كېلىدىغان نەسلىڭمۇ پۇشتىتىن

پۇشتقا بۇنى ساقلىسۇن. [10] مەن بىلەن سىلەرنىڭ ۋە سەندىن كېيىن كېلىدىغان نەسلىڭنىڭ ئارىسىدا ساقلىنىدىغان ئەھدەم شۇكى، ئاراڭلاردىكى ھەر ئەركەك خەتنە قىلىنسۇن. [11] شۇنداقكى، خەتنىلىك ئەتلىرىڭلارنى كەسكەيسىلەر. بۇ ئۆزى مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەھدىنىڭ بەلگىسى بولسۇن. [12] نەسلدىن نەسلگە ئاراڭلاردا ھەرقايسى سەككىز كۈنلۈك ئوغۇل بولسا ھەربىر ئەركەكنىڭ ئۆزى خاھى ئۆيدە تۇغۇلغان بولسۇن، خاھى ئەۋلادىڭدىن بولماي، ياتلاردىن پۇلغا ئېلىنغان بالا بولسۇن، خەتنە قىلىنىسۇن. [13] ئۆيۈ»ڭدە تۇغۇلغان بىلەن پۇلغا ئېلىنغاننىڭ ئىككىلىسى زۆرۈر خەتنە قىلىنىسۇن. بۇ تەرىقىدە مېنىڭ ئەھدەم بەدىنىڭلاردا ئەبەدىي بىر ئەھدە بولسۇن. [14] لېكىن خەتنىلىك ئېتى بولۇپ خەتنە قىلىنمىغان خەتنىسىز ھەربىر ئەركەك بولسا مېنىڭ ئەھدەمنى سۇندۇرغاچ، ئۆز قوۋمىمدىن كېسىلسۇن» دېدى.

## ئىسھاقنىڭ تۇغۇلۇشى توغرىسىدىكى ۋەدە

[15] خۇدا ئىبراھىمغا يەنە سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: «خوتۇنۇڭ ساراھ بولسا ئۇنى ساراھ دەپ ئاتىماي، بەلكى ئىسمىنى سارە دەپ ئاتىغىن. [16] مەن ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ساڭا بىر ئوغۇل بېرىمەن. دەرۋەقە مەن ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىمەن. شۇنداقكى، ئۇ ئۆزى قوۋملارنىڭ ئانىسى بولۇپ، خەلقلەرنىڭ پادىشاھلىرى ئۇنىڭدىن چىقىدۇ» دېدى. [17] ئۇ ۋاقىت ئىبراھىم يۈز تۆۋەن يىقىلىپ كۈلۈپ: «راستتىنلا يۈز ياشقا كىرگەن ئادەمنىڭ بالىسى بولۇپ، توقسان ياشقا كىرگەن سارە بالا تۇغىدۇمۇ؟» دەپ ئۆز كۆڭلىدە ئېيتتى. [18] ئىبراھىم خۇداغا: «كاشكى ئىسمائىل سېنىڭ ئالدىڭدا ياشىسا ئىدى» دەپ ئېيتتى. [19] ئۇ ۋاقىت خۇدا سۆز قىلىپ: «شەكسىز خوتۇنۇڭ سارە ساڭا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ. سەن ئۇنىڭغا ئىسھاق دەپ ئات قويغىن. مەن بولسام، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان نەسلگە ئەھدەمنى باغلايمەن. بۇ ئەبەدىي بىر ئەھدە بولىدۇ. [20] ئەمما ئىسمائىل توغرىسىدىمۇ دۇئايىڭنى ئاڭلىدىم. مانا مەن ئۇنى بەرىكەتلەپ، ئۇرۇقلۇق قىلىپ ناھايىتى ئاۋۇتىمەن. ئۇنىڭ پۇشتىدىن ئون ئىككى ئەمىر تۇرالايدۇ. مەن ئۇنى چوڭ بىر قوۋم قىلىمەن. [21] ئەمما ئەھدەمنىڭ ئۆزىنى سارە كېلىدىغان يىل بۇ ۋاقىتتا ساڭا تۇغۇپ بېرىدىغان ئىسھاق بىلەن باغلايمەن» دېدى. [22] خۇدا ئىبراھىمغا سۆز قىلىپ بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن يۇقىرى چىقىپ كەتتى.

[23] ئاندىن كېيىن ئىبراھىم ئۆز ئوغلى ئىسمائىل بىلەن ئۆيىدە تۇغۇلغانىنىڭ ھەممىسىنى ۋە پۇلغا ئالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئۆز ئۆيىدىكى ھېچ ئەر كىشىنى قويماي، خۇدا ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇغاندەك ئۇ كۈنى ئۇلارنىڭ خەتنىلىكىنى كېسىپ خەتنە قىلدى. [24] ئىبراھىم بولسا ئۇنىڭ خەتنىلىكى كېسىلىپ خەتنە قىلىنغىنىدا، توقسان توققۇز ياشقا كىرگەنىدى. [25] ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنىڭ خەتنىلىك ئېتى خەتنە قىلىنغىنىدا، بۇ ئۆزى ئون ئۈچ ياشتا ئىدى. [26] ئىبراھىم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل بولسا شۇ بىر كۈننىڭ ئۆزىدە خەتنە قىلىندى. [27] شۇنداق ھەم ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە ئەر كىشى بىلەن ئۆيىدە تۇغۇلغان ۋە يا ياتتىن پۇلغا ئېلىنغانلار بولسا ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە خەتنە قىلىندى.

## خۇدا ئىسھاق توغرىسىدىكى ۋەدە تەكرارلايدۇ

18 [1]ئىبراھىم ئۆزى كۈنىنىڭ ئىسسىق ۋاقتىدا ئۆز چېدىرىنىڭ ئىشىكىدە ئولتۇرسا،
مامرە دۇب دەرەخلىكىدە خۇداۋەندە ئۇنىڭغا كۆرۈندى. [2] ئۇ ئۆز كۆزلىرىنى ئېچىپ
قارىسا، مانا ئالدىدا ئۈچ كىشى تۇرۇپتۇ. ئۇلارنى كۆرگەندە، چېدىرىنىڭ ئىشىكىدىن قوپۇپ،
ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ، يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلىپ: [3] «ئەي خوجام، ئەگەر مەن
نەزىرىڭدە ئىلتىپات تاپقان بولسام، ئىلتىماس قىلىمەنكى، قۇلۇڭنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ
كەتمىگەن. [4] ئازغىنا سۇ كەلتۈرۈلسۇن. سىلەر پۇتلىرىڭلارنى يۇيۇپ، دەرەخنىڭ تېگىدە
راھەت ئېلىڭلار. [5] سىلەر بولساڭلار، ئۆز قۇلۇڭلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەچ، مەن ئۆزۈم ئاز-ماز نان
ئېلىپ كېلەي. سىلەر كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپتۇرۇپ، ئاندىن كېيىن ئۆتۈپ كەتكەيسىلەر»
دېدى. ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «ئېيتقىنىڭدەك قىلغىن» دېسە،
[6]ئىبراھىم چېدىرىغا سارەنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا: «ئۈچ كۈرە تاسقىغان ئۇن
ئېلىپ، ئىتتىك يۇغۇرۇپ، توقاچ ئەتكىن» دېدى. [7] شۇنى دەپ، ئىبراھىم پادىغا يۈگۈرۈپ
بېرىپ، بىر ئوبدان سېمىز موزايىنى ئېلىپ، قۇلغا بەرسە، بۇ ئۆزى ئۇنى ئىلدام تەييار قىلدى.
[8]ئاندىن ئىبراھىم سېرىقماي بىلەن سۈتنى تەييار قىلىپ، موزاينىڭ ئېتى بىلەن بىللە ئېلىپ
كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قويۇپ، ئۆزى دەرەخنىڭ تېگىدە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرسا، ئۇلار
يېگىلى تۇردى. [9] ئۇلار ئۇنىڭدىن: «خوتۇنۇڭ سارە قەيەردىدۇر؟» دەپ سورىسا، ئۇ جاۋاب
بېرىپ: «مانا، چېدىردىدۇر» دېدى. [10] ئۇ زات سۆزلەپ: «شەكسىز كېلىدىغان يىل بۇ ۋاقىتتا
مەن قېشىڭغا يېنىپ كېلىمەن. مانا ئۇ ۋاقىت خوتۇنۇڭ سارەنىڭ بىر ئوغلى بولىدۇ» دېدى.
ئەمما سارە بۇنى ئۇنىڭ كەينىدىكى چېدىرنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ، ئاڭلاپ قالدى. [11] ئىبراھىم
بىلەن سارە بولسا ئىككىلىسى ياشىنىپ قېرىپ كەتكەچ، سارەنىڭ ئۆزىدىن خوتۇن كىشىنىڭ
ئادەت كۆرۈشى توختاپ قالغانىدى. [12] ئۇنىڭ ئۈچۈن سارە ئۆز ئىچىدە كۈلۈپ: «راستتىنلا
مەن مۇنداق قېرىپ كەتكەندىن كېيىن، لەززەت تاپىمەنمۇ؟ خوجايىنىم بولسا ئۇ ھەم قېرىپ
كەتتى ئەمەسمۇ؟» دەپ خىيال قىلدى. [13] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئىبراھىمغا سۆزلەپ: «سارە
بولسا: ‹ مەن قېرىپ قالغاندا راستتىنلا بالا تۇغىمەنمۇ؟› دەپ نېمىشقا كۈلدى؟ [14] راستتىنلا
خۇداۋەندىگە بىر ئىش تەس كېلەمدۇ؟ كېلىدىغان يىل بۇ ۋاقىت بىلەن يېنىپ كېلىمەن. ئۇ
ۋاقىت سارەنىڭ بىر ئوغلى بولىدۇ» دېدى. [15] ئەمما سارە ئۆزى قورقۇپ كەتكەچ: «كۈلمىدىم»
دەپ ئىنكار قىلدى. لېكىن ئۇ ئۆزى: «شەكسىز كۈلدۇڭ» دېدى.

## ئىبراھىم خۇداغا سودوم ئۈچۈن يالۋۇرىدۇ

[16]ئاندىن كېيىن بۇ كىشىلەر ئۇ جايدىن قوپۇپ، سودومغا يۈزلەندى. ئىبراھىممۇ ئۇلارنى
ئۇزاتقىلى ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى. [17] خۇداۋەندە ئېيتتىكى: «راستتىنلا قىلىدىغان ئىشىمنى
ئىبراھىمدىن پىنھان تۇتايمۇ؟ [18] ئىبراھىمدىن چوڭ قۇۋۋەتلىك بىر قوۋم چىقىپ، يەر
يۈزىدىكى بارچە نەسىللەر ئۇنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن مۇبارەكلىك تاپىدۇ ئەمەسمۇ؟ [19] چۈنكى
مەن، ئۇنى، ئۆز ئوغۇللىرى بىلەن ئەۋلادلىرىگە خۇداۋەندىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئادالەت بىلەن

راستلىقنى ئەمەلگە كەلتۈرۈشنى ئۆگەتسۇن دەپ، ئىلغىدىم. بۇنىڭ بىلەن مەن خۇداۋەندە ئىبراھىمغا قىلغان ۋەدەمنى بەجا كەلتۈرىمەن» دېدى. [20] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە سۆز قىلىپ: «سودوم بىلەن گوموررانىڭ پەريادى تولا بولۇپ، گۇناھلىرى ئېغىرلاشقىنى ئۈچۈن، [21] مەن ئەمدى چۈشۈپ، قىلغان ئىشلىرى ماڭا يەتكەن پەريادىغا مۇۋاپىقمۇ ياكى يوقمۇ دەپ، كۆرۈپ بىلەي» دېدى. [22] ئۇ ھامان بۇ كىشىلەر ئۇ يەردىن قوزغىلىپ، سودومغا قاراپ ماڭغىلى تۇردى. ئەمما ئىبراھىم بولسا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالدى. [23] ئۇ ۋاقىت ئىبراھىم ئۆزى يېقىنراق بېرىپ، ئېيتتىكى: «راستتىنلا سەن ئادىلنى يامان بىلەن قوشۇپ ھالاك قىلامسەنمۇ؟ [24] شەھەردە ئەللىك ئادىل كىشى بار بولسا، راستتىنلا ئۇ جاينى ئانداكى ئەللىك كىشىنىڭ خاتىرىسىدىن ساقلىماي، ئۇنى خاراب قىلامسەنمۇ؟ [25] ياق ھەرگىز! ئادىلنى يامان كىشىگە قوشۇپ ھالاك قىلىپ، ئادىلنى يامان كىشى بىلەن تەڭ كۆرۈش ساڭا ياراشمايدۇ. ياق ھەرگىز. پۈتۈن جاھاننىڭ ھاكىمى بولغان زاتىنىڭ ئۆزى ئادالەت قىلمىسا بولامدۇ؟» دېدى. [26] خۇداۋەندە جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر مەن سودوم شەھىرىدە ئەللىك ئادىلنى تاپسام، ئۇلارنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن پۈتۈن جاينى ساقلاپ قالىمەن» دېدى. [27] ئۇ ۋاقىت ئىبراھىم جاۋاب بېرىپ: «مانا مەن تۇپراق بىلەن كۈلدەك بولسام، خۇداۋەندە بىلەن سۆزلەشكىلى جۈرئەت قىلدىم. [28] مۇبادا ئەللىك ئادىلدىن بەش كىشى كەم بولسا، راستتىنلا سەن بۇ بەش كىشىنىڭ كەم بولغىنى ئۈچۈن پۈتۈن شەھەرنى يوقىتىسەنمۇ؟» دېدى. ئۇ سۆزلەپ: «ئەگەر مەن ئاندا قىرىق بەشنى تاپسامۇ، ئۇنى خاراب قىلمايمەن» دېدى. [29] ئۇ ئۇنىڭغا يەنە سۆز قىلىپ: «مۇبادا ئاندا قىرىق كىشى تېپىلسىچۇ؟» دېسە، خۇداۋەندە سۆزلەپ: «بۇ قىرىقنىڭ خاتىرىسىدىن ئۇنى خاراب قىلمايمەن» دېدى. [30] ئۇ يەنە سۆز قىلىپ: «خۇداۋەندە خاپا بولمىسا، مەن بىر ئەرز قىلاي. مۇبادا ئاندا ئوتتۇزى تېپىلسىچۇ؟» دېدى. ئۇ سۆزلەپ: «ئەگەر مەن ئاندا ئوتتۇزنى تاپسامۇ، ئۇنى خاراب قىلمايمەن» دېدى. [31] ئۇ يەنە سۆز قىلىپ: «مانا ئەمدى مەن خۇداۋەندە بىلەن سۆزلەشكىلى جۈرئەت قىلدىم. مۇبادا ئاندا يىگىرمىسى تېپىلسىچۇ؟» دېدى. خۇداۋەندە سۆز قىلىپ: «بۇ يىگىرمىنىڭ خاتىرىسىدىن ئۇنى خاراب قىلمايمەن» دېدى. [32] ئۇ سۆزلەپ: «خۇداۋەندە خاپا بولمىسا، پەقەت يەنە بىر قېتىم ئەرز قىلاي. مۇبادا ئاندا ئونى تېپىلسىچۇ؟» دېسە، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مەن ئونىنىڭ خاتىرىسىدىن ئۇنى خاراب قىلمايمەن» دېدى. [33] خۇداۋەندە ئىبراھىم بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، يولىغا راۋان بولدى. ئىبراھىم بولسا ئۆز جايىغا ياندى.

## لوتنىڭ سودوم خاراپ قىلىنغان ۋاقىتتا قۇتقۇزۇلۇشى

19 [1] ئىككى پەرىشتىنىڭ ئۆزى ئاخشامدا سودومغا يېتىپ كەلسە، لوت سودومنىڭ دەرۋازىسىدا ئولتۇرغانىدى. لوتنىڭ ئۆزى ئۇلارنى كۆرگىنىدە قوپۇپ، ئالدىغا چىقىپ، يۈزى يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلىپ: [2] «مانا ئەي خوجىلىرىم، قۇلۇڭلارنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ قونۇپ، پۇتلىرىڭلارنى يۇيۇپ، ئاندىن سەھەر قوپۇپ يولۇڭلارغا كېتىڭلار» دېسە، بۇلار سۆزلەپ: «ياق، بىز بولساق، كوچىدا كەچلەيمىز» دېدى. [3] ئەمما ئۇ ئۇلارنى تولا زورلىسا، ئۇلار ئۇنىڭ

بىلەن بىرىپ ئۆيىگە كىردى. ئۇ ئۆزى ئۇلارغا تائام تەييار قىلىپ، پېتىر نان ئېتىپ بەرسە، ئۇلار يېگىلى تۇردى.
[4]ئەمما ئۇلار ياتماستا، شەھەرنىڭ كىشىلىرى سودومنىڭ ئادەملىرى ئۆزى ھەرقايسى مەھەللىنىڭ خەلقى بولسا، ياش ياكى قېرى بولسۇن، ھەممىسى ئۆينى قورشىۋېلىپ، [5]لوتنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە: «بۇ كېچىدە سېنىڭكىگە كىرگەن كىشىلەر نە يەردىدۇر؟ ئۇلارنى بىزگە چىقىرىپ بەرگىن. بىز ئۇلارغا يېقىنلىق قىلايلى» دېدى. [6]ئۇ ۋاقىت لوت دەرۋازىغا، ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ، كەينىدىن ئىشىكنى تاقاپ، [7]ئېيتتىكى: «ئەي بۇرادەرلىرىم، مۇنداق يامانلىقنى قىلماڭلار. [8]مانا تېخى ھېچ ئەر بىلەن ياتمىغان ئىككى قىزىم بار. ئۇلارنى سىلەرگە چىقىرىپ بېرەي. ئۇلار بىلەن خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار. ئەمما بۇ ئادەملەر ئۆگزەمنىڭ سايىسى ئاستىغا كىرگەچ، ئۇلارغا ھېچ نەرسە قىلماڭلار» دېدى. [9]لېكىن ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «سەن نېرى تۇر! مۇندا تۇرغىلى كەلگەن بۇ مۇساپىر ئۆزى ھاكىم بولغىلى خالايدۇ. ئەمدى ساڭا ئۇلاردىن يامانراق ئىش قىلايلى» دەپ لوتنى ناھايىتى قىستاپ، ئىشىكنى سۇندۇرغىلى يېقىن كەلدى. [10]ئەمما ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ئۆزى قوللىرىنى ئۇزىتىپ، لوتنى ئۆيگە ئۆز قېشىغا تارتىۋېلىپ، ئىشىكنى تاقاپ، [11]ئۆي ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى ئادەملەرنى، كىچىكىدىن تارتىپ چوڭىغىچە كورلۇقتا مۇپتىلا قىلدى. شۇنداقكى، بۇلار ئىشىكنى ئىزدەپ-ئىزدەپ ھېرىپ كەتتى. [12]ئاندىن كېيىن ئۇ ئىككى كىشى لوتقا ئېيتتىكى: «مۇندا بىرەر كىمىڭ بارمۇ؟ كۈيئوغلۇڭ، ئوغۇل-قىزلىرىڭ ۋە شەھەردە باشقا كىملىرىڭ بولسا ئۇلارنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كەتكىن. [13]چۈنكى بىز بۇ يەرنى خاراب قىلىمىز. ئۇلارنىڭ پەريادى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغاچ، خۇداۋەندە بىزنى ئۇنى خاراب قىلغىلى ئەۋەتتى» دەپ ئېيتتى.
[14]ئۇ ۋاقىت لوتنىڭ ئۆزى تاشقىرىغا چىقىپ قىزلارنى ئالىدىغان كۈيئوغۇللىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ سۆز قىلىپ: «ئەمدى قوپۇپ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭلار، چۈنكى خۇداۋەندە بۇ شەھەرنى خاراب قىلماقچى بولدى» دېدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى كۈيئوغۇللىرىغا ھەزىل قىلىدىغاندەك كۆرۈندى. [15]تاڭ ئاتقاندا پەرىشتىلەر لوتنى ئالدىرىتىپ: «ئەمدى قوپۇپ، ئۆز خوتۇنۇڭ بىلەن قېشىڭدىكى ئىككى قىزىڭنى ئالغىن. بولمىسا شەھەرنىڭ بۇزۇقچىلىقى بىلەن ھالاك بولىسەن» دېدى. [16]ئەمما ئۇ ھايال قىلسا، ئۇ ئىككى كىشى لوتنىڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ قولى ۋە ئىككى قىزىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، خۇداۋەندە لوتنى ئايىغىلى خالىغاچ، ئۇنى چىقىرىپ شەھەرنىڭ سىرتىدا قويۇپ قويدى. [17]ئۇلارنى چىقارغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ بىرىسى: «سەن جېنىڭ ئۈچۈن قېچىپ، ھالاك بولمىغايمەن دەپ، كەينىڭگە قارىماي، ھېچ يەردىمۇ توختىماي، تاغقا قاچقىن» دېدى. [18]لوت ئۇلارغا ئېيتتىكى: «يوقسۇ، ئەي خوجام، ئۇنداق بولمىسۇن. [19]مانا قۇلۇڭ بولسا كۆزلىرىڭدە ئىلتىپات تېپىپ، جېنىمنى قۇتقۇزۇپ، ماڭا چوڭ مەرھەمەت قىلدىڭ. ئەمما مەن بولسام تاغقا قاچالمايمەن. مۇبادا ماڭا يامانلىق يېتىپ، ئۆلۈپ كېتەرمەنمىكىن. [20]مانا بۇ شەھەر بولسا قېچىشقا يېقىن. ئۆزىمۇ كىچىك بولغاچ، ئىجازەت بەرسەڭ، ئاندا قېچىپ كېتەي. ئۇ كىچىك ئەمەسمۇ؟ ئاندا جېنىم قۇتۇلۇپ قالامدۇ؟» دېدى. [21]پەرىشتە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «خەير، بۇ توغرىسىدا ھەم مەن سېنىڭ خاتىرەڭنى قىلىپ، سەن ئېيتقان شەھەرنى يوقاتماي قويا‌ي. [22]ئەمدى ئۇ يەرگە

ئىلدام قېچىپ كەتكىن، چۈنكى مەن بولسام سەن ئاندا يېتىپ بولمىغۇچىلىك ھېچ ئىش قىلالمايمەن» دېدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شەھەرنىڭ ئىسمى زوئار بولدى. [23] يەر يۈزىگە كۈن چېچىلغاندا لوت زوئارغا كىردى.
[24] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۆز تەرىپىدىن ئاسماندىن سودوم بىلەن گوموررانىڭ ئۈستىگە گۈڭگۈرت بىلەن ئوت ياغدۇرۇپ، [25] بۇ شەھەرلەر بىلەن پۈتۈن تۈزلەڭلىكنى خاراب قىلىپ، شەھەرلەرنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىنى يەردىن ئۈنگەن نەرسىلىرى بىلەن قوشۇپ يوقىتىۋەتتى. [26] لېكىن لوتنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان خوتۇنى ئۆزى كەينىگە قاراپ، تۇز تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى.

[27] ئەتىسى سەھەر ئىبراھىم قوپۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئىلگىرى تۇرغان جايغا چىقتى. [28] سودوم بىلەن گوموررانىڭ تەرىپىگە نەزەر سېلىپ، تۈزلەڭلىكنىڭ پۈتۈن يېرىگە قارىسا، مانا يەردىن خۇمداننىڭ تۈتۈنىدەك بىر تۈتۈننىڭ چىقىپ تۇرغىنىنى كۆردى. [29] ئەمما خۇدا ئۇ تۈزلەڭلىكنىڭ شەھەرلىرىنى خاراب قىلغىنىدا، خۇدا ئۆزى ئىبراھىمنى يادىغا يەتكۈزۈپ، لوت ئولتۇرغان شەھەرلەرنى خاراب قىلغان ۋاقتىدا لوتنى بۇ بالانىڭ ئىچىدىن قۇتقۇزدى.

## لوت ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى

[30] ئەمما لوت بولسا زوئاردا ئولتۇرغىلى قورققاچ، زوئارنىڭ ئۆزىدىن كېتىپ تاغقا چىقىپ، ئىككى قىزى بىلەن ئاندا ماكانلىشىپ، ئۆزى بىلەن ئىككى قىزى بىر غاردا ئولتۇرۇپ قالدى. [31] چوڭ قىزى كىچىككىگە سۆز قىلىپ: «ئاتىمىز بولسا قېرىپ كەتتى. پۈتۈن دۇنيانىڭ رەسمىگە مۇۋاپىق بىزنىڭ قېشىمىزغا كىرگىلى يۇرتتا ھېچ ئەر كىشى قالمىدى. [32] كەلگىن، بىز ئەمدى ئاتىمىزدىن ئۇرۇق تاپايلى دەپ، ئاتىمىزغا شاراب ئىچۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ياتايلى» دېدى. [33] شۇنى دەپ، ئۇلار ئۇ كېچىدە ئاتىسىغا شاراب ئىچۈرۈپ قويۇپ، چوڭى كىرىپ ئاتىسى بىلەن ياتتى. لېكىن لوت بولسا ئۇنىڭ قاچان كىرىپ يېتىپ، قاچان قوپۇپ كەتكىنىنى بىلمىدى. [34] ئەتىسى چوڭى كىچىككىگە سۆزلەپ: «مەن بولسام، ئۆتكەن كېچە ئاتام بىلەن ياتتىم. بۇ كېچىمۇ ئۇنىڭغا يەنە شاراب ئىچۈرۈپ قويۇپ، ئاتىمىزدىن ئۇرۇق تاپايلى دەپ، سەن كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ياتقىن» دېدى. [35] شۇنى دەپ، ئۇلار ئۇ كېچىدىمۇ ئاتىسىغا شاراب ئىچۈرۈپ، كىچىكى قوپۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ياتتى. ئەمما لوت بولسا ئۇنىڭ قاچان كېلىپ يېتىپ، قاچان قوپۇپ كەتكىنىنى بىلمىدى. [36] بۇ تەرىقىدە لوتنىڭ ئىككىلا قىزى ئۆز ئاتىسىدىن ھامىلدار بولۇپ قالدى. [37] چوڭى بولسا بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئېتىنى موئاب قويدى. بۇ ئۆزى بۇ كۈنگىچە موئابىيلارنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالماقتا [38] كىچىكىمۇ بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئېتىنى بەن-ئاممى قويدى. بۇ ئۆزى بۇ كۈنگىچە بەنى-ئاممونىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالماقتا

## ئىبراھىم بىلەن گەرارنىڭ پادىشاھى ئابىمالىك

20 [1] ئەمما ئىبراھىم ئۇ يەردىن قوپۇپ، جەنۇبقا كۆچۈپ، قادەش بىلەن شۇرنىڭ ئارىسىدا
ئولتۇرۇپ، بىر ۋاقىتقىچە گەرارىدا تۇرۇپ قالدى. [2] ئۇ ۋاقىت ئىبراھىم ئۆز خوتۇنى
سارە توغرىسىدا: «ئۇ ئۆزى ھەمشىرەم بولىدۇ» دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن گەرارنىڭ پادىشاھى
ئابىمالىك كىشى ئەۋەتىپ، سارەنى ئېلىۋالدى. [3] لېكىن كېچىسى خۇدا ئابىمالىكنىڭ ئۆزىگە
چۈشىدە كېلىپ، ئۇنىڭغا: «مانا سەن ئۆزۈڭ ئېلىۋالغان خوتۇننىڭ سەۋەبىدىن ئۆلىسەن، چۈنكى
ئۇ بولسا ئەرلىك خوتۇندۇر» دېدى. [4] ئەمما ئابىمالىك تېخى ئۇنىڭغا يېقىنلىق قىلمىغانىدى. ئۇ
ئۆزى سۆز قىلىپ: «ئەي خۇداۋەندە، ئادىل خەلقنى ھالاك قىلامسەن؟ [5] راستتىنلا ئۇ ئۆزىمۇ ماڭا:
‹ بۇ ئۆزى مېنىڭ ھەمشىرەم› دەپ ئېيتمىدىمۇ؟ بۇ خوتۇن بولسا ھەم، ئۇنى ‹ مېنىڭ ئاكامدۇر›
دەپ ئېيتقانىدى. مەن بولسام، كۆڭلۈمنىڭ ساپلىقى بىلەن، قولۇمنىڭ پاكىزلىقىدىن بۇنى قىلدىم»
دېدى. [6] خۇدا چۈشىدە ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «بۇنى كۆڭلۈڭنىڭ ساپلىقى بىلەن قىلغىنىڭنى بىلىمەن.
بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنى ماڭا گۇناھ قىلىشتىن توسۇپ، سېنى ئۇنىڭغا يېقىن كەلگىلى قويمىدىم.
[7] ئەمدى سەن ئۇ ئادەمگە خوتۇننى ياندۇرۇپ بەرگىن. چۈنكى ئۇ بىر پەيغەمبەر بولغاچ، سېنىڭ
ھەققىڭدە دۇئا قىلسا، تىرىك قالىسەن. ئەگەر ئۇنى ياندۇرۇپ بەرمىسەڭ، بىلگىنكى، شەكسىز سەن
ئۆزۈڭنىڭ ھەممە كىشىلىرىگە قوشۇلۇپ ئۆلىسەن» دېدى. [8] ئابىمالىك ئەتىگەن سەھەر قوپۇپ،
ھەممە قۇللىرىنى قىچقىرىپ، بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا سالسا، ئادەملىرى ناھايىتى
قورقۇپ كەتتى. [9] ئاندىن كېيىن ئابىمالىك ئىبراھىمنى قىچقارتىپ، ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «بىزگە بۇ نېمە
قىلغىنىڭ؟ مەن ساڭا نېمە گۇناھ قىلدىم؟ سەن بولساڭ، مەن بىلەن مەملىكىتىمنىڭ ئۈستىگە چوڭ
گۇناھنى كەلتۈرۈپ، ماڭا قىلمىغۇلۇق ئىشنى قىلدىڭ ئەمەسمۇ؟» دېدى. [10] ئابىمالىك ئىبراھىمغا
يەنە سۆزلەپ: «سەن بولساڭ، نېمە خىيال بىلەن بۇ ئىشنى قىلغان ئىدىڭ؟» دېدى. [11] ئىبراھىم
جاۋاب بېرىپ: «مەن بولسام، بۇ يەردە ھېچكىم خۇدادىن قورقمايدىكەن، ئۇلار مېنى خوتۇنۇمنىڭ
سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇمىكىن دەپ، خىيال قىلدىم. [12] ئۇ بولسا ئانامنىڭ قىزى بولمىغىنى
بىلەن، ئاتامنىڭ قىزى بولغىنى ئۈچۈن راست مېنىڭ ھەمشىرەم بولۇپ، كېيىن مېنىڭ خوتۇنۇم
بولغانىدى. [13] لېكىن خۇدا مېنى ئاتامنىڭ ئۆيىدىن مۇساپىرلىققا چىقارغىنىدا مەن خوتۇنۇمغا
سۆزلەپ: ‹ بىز قەيەرگە بارساق، سەن ماڭا مېھرىبانلىق قىلىپ، مەن توغرۇلۇق: «بۇ مېنىڭ ئاكام
بولىدۇ» دەپ ئېيتقىن› دەپ ئېيتىپ قويغان ئىدىم» دېدى. [14] ئۇ ۋاقىت ئابىمالىك ئىبراھىمغا
قوي بىلەن كالا، قۇل بىلەن دېدەكلەر بېرىپ، خوتۇنى سارەنىمۇ ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ بەردى. [15] ئاندىن
ئابىمالىك سۆز قىلىپ: «مانا مېنىڭ يۇرتۇم بولسا ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ. كۆزۈڭگە خۇش كۆرۈنگەن
يەردە ئولتۇرغىن» دەپ ئېيتىپ، [16] سارەگە: «مانا مەن ئاكاڭغا مىڭ پارچە كۈمۈش بەردىم. بۇ ئۆزى
سېنىڭ چۈرەڭدىكى ھەممە خەلقنىڭ ئالدىدا سەن ئۈچۈن ئارىلىق بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا
سېنى ئاقلانغان بولسۇن» دېدى. [17] ئىبراھىم ئۆزى خۇداغا دۇئا قىلسا، خۇدا ئابىمالىككە شىپا
بېرىپ، خوتۇنى بىلەن كېنىزەكلىرىنى بېجىرىم قىلغاچ، ئۇلار يەنە بالا تۇغدى. [18] چۈنكى خۇداۋەندە
بولسا ئىبراھىمنىڭ خوتۇنى سارەنىڭ سەۋەبىدىن ئابىمالىكنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە خوتۇنلارنىڭ
قورسىقىنى ئېتىپ قويغانىدى.

## ئىسھاقنىڭ تۇغۇلۇشى

21 [1] ئەمدى خۇداۋەندە ئۆزى ۋەدە قىلغىنىدەك سارەنى يوقلىدى. خۇداۋەندە ئۆزى سارەگە
دېگىنىدەك قىلدى. [2] سارە بولسا ھامىلدار بولۇپ، ئىبراھىمغا قېرىلىقىدا، خۇدانىڭ
ئۇنىڭغا دەپ بەرگەن تايىن ۋاقتىدا، بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. [3] ئىبراھىم بولسا ئۆزى تېپىپ
سارە ئۇنىڭغا تۇغۇپ بەرگەن ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئىسھاق قويدى. [4] ئاندىن ئىبراھىم ئۆزى،
خۇدا ئۇنىڭغا بۇيرۇغىنىدەك، ئۆز ئوغلى ئىسھاقنى سەككىز كۈنلۈك بولغىنىدا خەتنە
قىلدى. [5] ئىبراھىم بولسا ئىسھاق تۇغۇلغاندا يۈز ياشتا ئىدى. [6] ئەمما سارەنىڭ ئۆزى
سۆزلەپ: «شەكسىز خۇدا مېنىڭ كۈلكەمنى كەلتۈردى. ھەركىم بۇنى ئاڭلىسا، مەن بىلەن
كۈلۈشىدۇ» دېدى. [7] ئۇ يەنە سۆزلەپ: «سارە ئۆزى بالا ئېمىتىدىغان بولىدۇ دەپ، ئىبراھىمغا
كىم ئېيتالايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ قېرىغاندا ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردىم» دېدى.

## ھاگار بىلەن ئىسمائىلنىڭ ھەيدىلىشى

[8] بۇ بالا ئۆزى يوغىناپ ئەمچەكتىن ئايرىلدى. ئىسھاق ئەمچەكتىن ئايرىلغان كۈنىنىڭ ئۆزىدە
ئىبراھىم ئۆزى چوڭ بىر زىياپەت قىلدى. [9] ئەمما سارە ئۆزى مىسىرلىق ھاگارنىڭ ئىبراھىمغا
تۇغۇپ بەرگەن ئوغۇلنىڭ مەسخىرىۋازلىق قىلغىنىنى كۆرگەندە، [10] ئۇ ئىبراھىمغا سۆزلەپ:
«بۇ دېدەكنىڭ ئۆزى بىلەن ئوغلىنى ھەيدىۋەتكىن، چۈنكى بۇ دېدەكنىڭ ئوغلى بولسا مېنىڭ
ئوغلۇم ئىسھاق بىلەن ۋارىس بولمىسۇن» دېدى. [11] ئەمما بۇ سۆز بولسا ئوغلىنىڭ سەۋەبىدىن
ئىبراھىمغا تولا ئېغىر كەلدى. [12] لېكىن خۇدا ئىبراھىمغا سۆزلەپ: «بۇ سۆز بولسا ئوغلۇڭ
بىلەن دېدىكىڭ توغرىسىدا ئېغىر كەلمىسۇن. سارە ساڭا ھەرنېمە دېسە، ئۇنىڭغا قۇلاق
سالغىن. چۈنكى سېنىڭ نەسلىڭ ئىسھاقتىن چىقىدۇ. [13] لېكىن دېدەكنىڭ ئوغلىدىن ھەم
سېنىڭ نەسلىڭ بولغىنى ئۈچۈن، بىر قوۋم پەيدا قىلىمەن» دېدى. [14] ئەتىسى ئىبراھىم سەھەر
قوپۇپ، نان بىلەن بىر تۇلۇم سۇنى ئېلىپ، ھاگارغا بېرىپ، ئۆشنىسىگە ئېسىپ قويۇپ، ئۇنى
بالىسى بىلەن يولغا سالدى. بۇ تەرىقىدە ئۇ چىقىپ كېتىپ، بەرشېبانىڭ چۆلىدە قاڭقىپ
يۈرەتتى. [15] ئەمما تۇلۇمدىكى سۇ تۈگەپ كەتكەندە، ئۇ ئۆزى بالىنى بىر دەرەخنىڭ تېگىدە
تاشلاپ قويۇپ، [16] بالىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرمەي دەپ، بىر ئوق ئېتىمچە يىراق يەرگە بېرىپ،
ئۇتتۇرىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۇتتۇرىدا ئولتۇرۇپ، پەرياد قىلىپ يىغلىغىلى تۇردى. [17] ئەمما خۇدا
ئوغۇلنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالدى. شۇنداقكى، خۇدانىڭ پەرىشتىسى ئاسمان تەرىپىدىن ھاگارنى
قىچقىرىپ: «ئەي ھاگار، ساڭا نېمە بولدى؟ قورقمىغىن، چۈنكى خۇدا ئوغۇلنىڭ ئاۋازىنى
ياتقان يېرىدىن ئاڭلىدۇ. [18] ئەمدى قوپۇپ، ئوغۇلنى ئېلىپ، قولۇڭ بىلەن ئۇنى يۆلىگىن،
چۈنكى مەن ئۇنى چوڭ بىر قوۋم قىلىمەن» دېدى. [19] ئاندىن كېيىن خۇدا ئۇنىڭ كۆزلىرىنى
ئاچسا، ئۇ بىر بۇلاقنى كۆرۈپ، قوپۇپ بېرىپ، تۇلۇمغا سۇ تولدۇرۇپ، ئوغۇلغا ئىچۈردى.
[20] خۇدا ئۇ ئوغۇلغا يار ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۆسۈپ، چۆلدە تۇرۇپ، مەرگەن بولۇپ قېلىپ، [21] پاران
چۆلىنىڭ ئۆزىدە ئولتۇردى. ئانىسى بولسا مىسىر يۇرتىدىن ئۇنىڭغا بىر خوتۇن ئېلىپ بەردى.

## ئىبراھىمنىڭ ئابىمالىك بىلەن ئەھدە قىلىشى

[22] ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئابىمالىك بىلەن ئۇنىڭ لەشكەربېشى بولغان فىكول كېلىپ، ئىبراھىمغا
سۆز قىلىپ: «سەن ھەرنېمە قىلساڭ، خۇدا ساڭا يار. [23] ئەمدى سەن مۇندا نە ماڭا، نە بالامغا
ۋە نە نەۋرەمگە خىيانەت قىلماسلىقىڭ ئۈچۈن، خۇدا بىلەن قەسەم قىلىپ بەرگىن. مەن ساڭا
قىلغاندەك، سەنمۇ مېنىڭ ئۆزۈم بىلەن سەن ھازىر ئولتۇرغان يۇرتقا ياخشىلىق قىلغايسەن»
دېدى. [24] ئىبراھىم ئۆزى: «قەسەم قىلاي» دېدى. [25] ئاندىن ئىبراھىم ئابىمالىكنىڭ قۇللىرى
تارتىۋالغان بىر قۇدۇق توغرىسىدا ئابىمالىكنىڭ ئۆزىنى ئەيىبكە بۇيرۇدى. [26] ئابىمالىك جاۋاب
بېرىپ: «بۇ ئىشنى قىلغان كىشىنى بىلمەيمەن. سەن بولساڭ، ماڭىمۇ خەۋەر بەرمىدىڭ. مەن بۇ
كۈنگىچە بۇنى ئاڭلىمىدىم» دېدى. [27] ئۇ ۋاقىت ئىبراھىم قوي بىلەن كالا ئېلىپ، ئابىمالىككە
بېرىپ، ئىككىلىسىنىڭ ئۆزى ئەھدە قىلىشتى. [28] ئەمما ئىبراھىم پادىدىن يەتتە چىشى قوزىنى
ئايرىپ قويدى. [29] ئابىمالىك ئىبراھىمدىن: «سەن ئايرىپ قويغان بۇ يەتتە چىشى قوزا نېمە
ئۈچۈندۇر؟» دەپ سورىسا، [30] ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مېنىڭ بۇ قۇدۇقنى كولىغىنىمغا گۇۋاھلىق
بولۇشقا بۇ يەتتە چىشى قوزىنى قولۇمدىن ئالغايسەن» دېدى. [31] بۇ ئىككىلىسى ئاندا قەسەم
قىلغاچ، ئۇ جاي بەرشىبا دەپ ئاتالدى. [32] شۇنداق قىلىپ ئۇلار بەرشىبادا ئەھدە قىلىشقاندىن
كېيىن، ئابىمالىك بىلەن ئۇنىڭ لەشكەربېشى بولغان فىكول قوپۇپ، فىلىستىنىيلەرنىڭ
يۇرتىغا يېنىپ كەتتى. [33] ئەمما ئىبراھىم بەرشىبادا بىر تۈۋ يۇلغۇننى سېلىپ، ئاندا ئەبەدىي
تەڭرى بولغان خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ دۇئا قىلدى. [34] ئىبراھىم بولسا ئۇزۇن ۋاقىتقىچە
فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

## خۇدانىڭ ئىبراھىمنى سىنىشى

22

[1] بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن خۇدا ئىبراھىمنى سىناپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە: «ئەي ئىبراھىم» دەپ
ئېيتتى. ئۇ ئۆزى: «مانا مەن» دەپ جاۋاب بەرسە، [2] ئۇ سۆزلەپ: «سەن ئەمدى سېنىڭ
ئامراق يالغۇز ئوغلۇڭ ئىسھاقنى ئېلىپ، مورىيا يۇرتىغا بارغىن. ئاندا مەن ساڭا ئېيتىپ
بېرىدىغان تاغلارنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىدە ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزگىن» دېدى.
[3] ئەتىسى ئىبراھىم سەھەر قوپۇپ، ئېشەكىنى توقۇپ، ئىككى يىگىت بىلەن ئىسھاقنى بىللە
ئېلىپ، كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق ئۈچۈن ئوتۇن يېرىپ، خۇدا ئۇنىڭغا ئېيتقان يەرگە ماڭدى.
[4] ئۈچىنچى كۈنى ئىبراھىم كۆزىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، يىراقتىن ئۇ يەرنى كۆردى. [5] ئۇ
ۋاقىت ئىبراھىم يىگىتلىرىگە سۆزلەپ: «سىلەر ئېشەك بىلەن مۇندا تۇرۇڭلار. مەن ئۆزۈم بۇ
ئوغۇل بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ، سەجدە قىلىپ، كېيىن قېشىڭلارغا يېنىپ كېلەيلى» دېدى.
[6] شۇنى دەپ، ئىبراھىم ئۆزى كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ ئوتۇننى ئېلىپ، ئوغلى ئىسھاققا
كۆتۈرتۈپ، ئوت بىلەن پىچاقنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ئىككىلىسى بىللە يۈردى. [7] ئىسھاق بولسا
ئاتىسى ئىبراھىمغا سۆزلەپ: «ئەي ئاتام» دېسە، ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ھە ئوغلۇم»
دېدى. ئۇ ئۇنىڭدىن: «مانا ئوت بىلەن ئوتۇنغۇ بار، ئەمما كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدىغان

قوزا قېنى؟» دەپ سورىسا، [8] ئىبراھىم جاۋاب بېرىپ: «ئەي ئوغلۇم، خۇدا ئۆزى ئۆزىنىڭ
كۆيدۈرمە قۇربانلىقى ئۈچۈن قوزىنى جايلايدۇ» دەپ ئېيتىپ، ئىككىلىسى توختىماي ماڭدى.
[9] ئۇلار ئۆزى خۇدا ئىبراھىمغا دەپ بەرگەن جايغا يەتكىنىدە، ئۇ ئۆزى بىر قۇربانگاھنى ياساپ،
ئۈستىدە ئوتۇننى تىزىپ قويۇپ، ئاندىن ئوغلى ئىسھاقنى باغلاپ، ئۇنى قۇربانگاھتىكى
ئوتۇننىڭ ئۈستىدە قويدى. [10] قويۇپ، ئىبراھىم قولىنى ئۇزىتىپ، ئوغلىنى بوغۇزلىغىلى
پىچاقنى ئالدى. [11] ئەمما خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئاسمان تەرىپىدىن قىچقىرىپ: «ئەي
ئىبراھىم، ئەي ئىبراھىم» دەپ ئېيتتى. ئۇ ئۆزى: «مانا مەن» دېسە، [12] ئۇ سۆز قىلىپ: «سەن
بولساڭ، ئوغۇلغا خاھى قول تەگكۈزمىگىن، خاھى ئۇنىڭغا بىر نېمە قىلمىغىن. چۈنكى مەن
بولسام سېنىڭ خۇدادىن قورقۇپ، ئۆز يالغۇز ئوغلۇڭنى مەندىن ئايىمىغىنىڭنى بىلدىم»
دېدى. [13] ئىبراھىم كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، مانا مۈڭگۈزلىرى شاخقا چىرمىشىپ قالغان
بىر قوچقارنى ئارقىسىدا تۇرغىنىنى كۆردى. ئۇ ۋاقىت ئىبراھىم بېرىپ، قوچقارنى ئېلىپ،
ئۇنى ئوغلىنىڭ ئورنىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ سۇندى. [14] ئەمما ئىبراھىم بۇ جاينىڭ
ئۆزىگە ياھۋەھ-يىرەھ دەپ ئات قويدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن: ‹ خۇداۋەندە تاغدا جايلايدۇ› دېگەن بىر
تەمسىل بۇ كۈنگىچە ئېيتىلماقتا. [15] لېكىن خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئاسمان تەرىپىدىن
ئىبراھىمنى يەنە قىچقىرىپ، [16] خۇداۋەندە ئېيتتىكى: «سەن ئۆز يالغۇز ئوغلۇڭنى ئايىماي،
بۇ ئىشنى قىلغاندىن كېيىن، مەن ئۆز زاتىم بىلەن قەسەم قىلدىمكى، [17] مەن سېنى تولا
بەرىكەتلەپ، نەسلىڭنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك نۇرغۇن قىلىپ، دېڭىزنىڭ ساھىلىدىكى
قۇمدەك غولدىتىمەن. ئەۋلادىڭ بولسا دۈشمەنلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىغا ئىگە بولىدۇ. [18] سەن
مېنىڭ ئاۋازىمغا قۇلاق سالغىنىڭ ئۈچۈن، نەسلىڭنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەر يۈزىدىكى بارچە
خەلقلەر بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ» دېدى. [19] ئاندىن كېيىن ئىبراھىم يىگىتلەرنىڭ قېشىغا
يېنىپ بېرىپ، ھەممىسى قوشۇلۇپ بەرشېباغا باردى. ئىبراھىم بولسا بەرشېبادا ئولتۇرۇپ
قالدى. [20] بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن ئىبراھىمنىڭ ئۆزىگە: «مانا مىلكا ئۆزى سېنىڭ بىرتۇغقىنىڭ
ناھورغا ئوغۇللار تۇغۇپ بېرىپتۇ» دېگەن خەۋەر يەتتى. [21] بۇ بالىلار بولسا ئۇنىڭ تۇنجىسى ئۇز،
ئۇنىڭ ئۇكىسى بۇز ۋە ئارامنىڭ ئاتىسى ئاتالغان كەمۇئەل بولۇپ، [22] بۇلاردىن باشقا كەسەد،
خازو، پىلداش، يىدلاف ۋە بېتۇئەل دېگەن ئوغۇللىرىمۇ بار ئىدى. [23] بېتۇئەلنىڭ ئۆزىدىن رىبقا
تۆرەلدى. بۇ مەزكۇر سەككىزەيلەن بولسا ئۇلارنى مىلكانىڭ ئۆزى ئىبراھىمنىڭ بىرتۇغقىنى
ناھورغا تۇغۇپ بەردى. [24] ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالغان رەئۇما دېگەن كېنىزىكىدىنمۇ تېباھ، گاھام،
تاھاش ۋە مائاكا دېگەنلەر تۇغۇلدى.

## سارەنىڭ ۋاپاتى ۋە دەپنە قىلىنىشى

23 [1] سارە بولسا بىر يۈز يىگىرمە يەتتە ياشقا يەتتى. سارەنىڭ ئۆمرىنىڭ يىللىرىنىڭ
ئۆزى شۇنچىلىك ئىدى. [2] قانائاننىڭ يۇرتىدىكى خېبرون دەپ ئاتالغان
قىريات-ئاربانىڭ ئۆزىدە سارە ۋاپات تاپتى. ئىبراھىم بولسا سارە ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ

يىغلىغىلى ئاندا باردى. [3] ئىبراھىم ئۆزى ئۆلۈكنىڭ يېنىدىن قوپۇپ، بەنى-خىتقا سۆز قىلىپ: [4] «مەن بولسام، ئاراڭلاردا مۇساپىر بولۇپ مېھماندۇرمەن. سىلەر ئەمدى ئاراڭلاردا ماڭا بىر گۆرىستانلىق يەر بېرىڭلار. مەن بۇ ئۆلۈكنى نەزىرىمدىن ئېلىپ بېرىپ، دەپنە قىلاي» دېدى. [5] ئۇ ۋاقىت بەنى-خىت ئىبراھىمغا جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭغا: [6] «ئەي خوجام، بىزدىن ئاڭلىغىن. سەن بولساڭ، ئارىمىزدا خۇدا تەرىپىدىن بىر ئەمىردۇرسەن. ئارىمىزدىكى ئەۋزەل قەبرىلىك يەرلەردىن بىرىنى تاللاپ، شۇ يەردە ئۆلۈكۈڭنى دەپنە قىلغىن. ئۆلۈكۈڭنى دەپنە قىلماق ئۈچۈن، ھېچقايسىمىز ئۆز قەبرىلىك يېرىنى سەندىن ئايىمايدۇ» دېدى. [7] شۇنى دېسە، ئىبراھىم قوپۇپ، ئۇ يۇرتنىڭ خەلقى بولغان بەنى-خىتنىڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ، [8] ئۇلار بىلەن گەپلىشىپ: «ئەگەر ئۆلۈكۈمنى نەزىرىمدىن ئېلىپ بېرىپ، دەپنە قىلىشىمنى راۋا كۆرسەڭلار، سۆزۈمنى ئاڭلاپ، مەن ئۈچۈن زوخارنىڭ ئوغلى ئەفرونغا ئىلتىماس قىلىپ، [9] ئۇنىڭ ئېتىزىنىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭكى بولغان ماكپېلا دېگەن غارنى پۈتۈن نەرختە ماڭا بەرگۈزۈڭلار. بۇ ئۆزى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مېنىڭ گۆرىستانىم بولسۇن» دېدى. [10] شۇنى دېگەندە ئەفرون ئۆزى بەنى-خىتنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغانىدى. ئۇ ۋاقىت خىتتىي بولغان ئەفروننىڭ ئۆزى بەنى-خىتنىڭ ئالدىدا شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگۈچىلەرگە روبىرو تۇرۇپ، ئىبراھىمغا جاۋاب بېرىپ: [11] «يوقسۇ ئەي خوجام، مەندىن ئاڭلىغىن. مەن بولسام، بۇ ئېتىزلىق بىلەن ئانداكى غارنى ساڭا بېرىپ، ئۇنى ئۆز قوۋمىمنىڭ خەلقىنىڭ ئالدىدا سېنى ئۆز ئۆلۈكىنى دەپنە قىلسۇن دەپ، بەخشەندە قىلىپ بەردىم» دېدى. [12] ئۇ ۋاقىت ئىبراھىم قوپۇپ، يۇرتنىڭ خەلقىگە تەزىم قىلىپ، [13] ئەفرون بىلەن يۇرت خەلقىنىڭ ئالدىدا سۆزلەپ: «ئەگەر شۇنداق قىلماقچى بولساڭ، ئىلتىماسىمغا قۇلاق سالغىن. مەن يەرنىڭ باھاسىنى ساڭا بېرەي ئۇنى مەندىن قوبۇل قىلغىن. ئۇنداق قىلساڭ، ئۆلۈكۈمنى ئاندا دەپنە قىلاي» دېدى. [14] ئەفرون ئۆزى ئىبراھىمغا جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭغا: [15] «ئەي خوجام، ماڭا قۇلاق سالغىن. يەرنىڭ باھاسى بولسا تۆت يۈز شېقەل كۈمۈش بولىدۇ. بۇ ئۆزى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامىدا نېمىدۇر؟ سەن ئۆلۈكۈڭنى دەپنە قىلغىن» دېدى. [16] ئىبراھىم ئەفروننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بەنى-خىتنىڭ ئالدىدا ئەفروننىڭ ئۆزىگە كۈمۈشنى تاپشۇرۇپ، سودىدا ئۆتىدىغان تۆت يۈز شېقەل كۈمۈشنىڭ ئۆزىنى تارتىپ بەردى. [17] بۇ تەرىقىدە مامرەنىڭ ئۇتتۇرىدىكى ماكپېلانىڭ يېنىدا بولۇپ ئەفروننىڭكى بولغان ئېتىزلىق بولسا، خاھى ئېتىزلىقنىڭ ئۆزى بولسۇن خاھى ئانداكى غار بولسۇن خاھى ئېتىزلىقتىكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دەرەخلەر بولسۇن، [18] ھەممىسى بەنى-خىتنىڭ كۆز ئالدىدا ئىبراھىمغا تاپشۇرۇلۇپ، ئەفروننىڭ شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ مۈلكى قىلىندى. [19] مۇندىن كېيىن ئىبراھىم خوتۇنى سارەنى قانائان يۇرتىدا بولۇپ، خېبرون دەپ ئاتالغان مامرەنىڭ ئۇتتۇرىدىكى ماكپېلانىڭ ئېتىزلىقىدىكى غاردا دەپنە قىلدى. [20] بۇ تەرىقىدە ئۇ ئېتىزلىق بىلەن ئانداكى غارنىڭ ئۆزى بەنى-خىت تەرىپىدىن ئىبراھىمغا گۆرىستان بولسۇن دەپ، تايىن قىلىندى.

## ئىسھاك بىلەن رىبقا

24 1ئىبراھىم بولسا قېرىپ كېتىپ ياشاندى. ئەمما خۇداۋەندە ئىبراھىمغا ھەممە
نەرسىدە بەرىكەت بەرگەنىدى. 2 ئىبراھىم ئۆزى ھەممە مال بىلەن مۈلكىنىڭ ئۈستىدە
تۇرغان ئۆيىدىكى ھەممىدىن ياشانغان قۇلىغا سۆز قىلىپ: «سەن قولۇڭنى يوتامنىڭ ئاستىغا
قويغىن. 3 مەن سېنى ئاسماننىڭ تەڭرىسى بىلەن يەرنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇداۋەندە بىلەن
قەسەم قىلدۇرىمەنكى، سەن ئۆزۈڭ مەن ئارىسىدا ئولتۇرغان قانائانىيلارنىڭ قىزلىرىدىن
ئوغلۇمغا خوتۇن ئېلىپ بەرمەي، 4 بەلكى يۇرتۇمغا ئۆز تۇغقانلىرىمنىڭ قېشىغا بېرىپ،
ئوغلۇم ئىسھاققا خوتۇن ئېلىپ بەرگەيسەن» دېدى. 5 قۇل ئۆزى ئۇنىڭغا: «مۇبادا ئۇ خوتۇن
مەن بىلەن بۇ يۇرتقا كەلگىلى ئۇنىمىسا، سەن چىقىپ كەلگەن يۇرتقا ئوغلۇڭنى ياندۇرۇپ
بارايمۇ؟» دېدى. 6 ئىبراھىم ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئوغلۇمنى ھەرگىز ئاندا ياندۇرۇپ
بارمىغىن. 7 مېنى ئاتامنىڭ ئۆيى بىلەن تۇغۇلغان يۇرتۇمدىن چىقىرىپ كېلىپ ماڭا سۆز
قىلىپ: ‹ سېنىڭ ئەۋلادىڭغا بۇ يۇرتنى بېرىمەن› دەپ، ماڭا قەسەم قىلىپ بەرگەن ئاسماننىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۆزى ئۆز پەرىشتىسىنى ئالدىڭدا ئەۋەتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەن ئوغلۇمغا
ئۇ يەردىن خوتۇن ئېلىپ كېلىپ بېرەلىگەيسەن. 8 ئەگەر خوتۇن سەن بىلەن بۇ يەرگە كەلگىلى
ئۇنىمىسا، سەن مېنىڭ بۇ قىلدۇرغان قەسىمىمدىن قۇتۇلۇپ قالىسەن. ئەمما ئوغلۇمنى
ئۇ يەرگە ھەرگىز ياندۇرۇپ بارمىغىن» دېدى. 9 ئۇ ۋاقىت قۇل ئۆزى ئۆز قولىنى خوجىسى
ئىبراھىمنىڭ يوتىسىنىڭ ئاستىغا قويۇپ تۇرۇپ، بۇ توغرىدا ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ بەردى.
10 ئاندىن كېيىن قۇل ئۆزىنىڭ قولىدا خوجىسىنىڭ ھەممە مېلى بولغاچ، خوجىسىنىڭ
تۆگىلىرىدىن ئون تۆگىنى ئېلىپ، يولغا چىقىپ ئارام-ناھارايىمدىكى ناھورنىڭ شەھىرىگە
بېرىپ، 11 شام ۋاقتىدا قىزلارنىڭ سۇ تارتقىلى كېلىدىغان چېغىدا شەھەرنىڭ تاشقىرىدا بىر
قۇدۇقنىڭ يېنىدا تۆگىلىرىنى چۆكتۈردى. 12 چۆكتۈرۈپ ئۇ ئۆزى: «ئەي خوجام، ئىبراھىمنىڭ
تەڭرىسى بولغان خۇداۋەندە يالۋۇرىمەنكى، بۇ كۈن ئىشىمنى توغرىلاپ خوجام ئىبراھىمغا
ئىلتىپات قىلغىن. 13 مانا مەن بولسام مۇندا بۇلاقنىڭ بېشىدا تۇرىمەن. شەھەر خەلقىنىڭ
قىزلىرى بۇ يەرگە سۇ تارتقىلى كېلىدۇ. 14 ئەمدى شۇنداق بولسۇنكى، مەن قايسى قىزغا: ‹
كوزاڭنى چۈشۈرگىن. مەن سۇ ئىچەي› دەپ ئېيتسام، ئۇ جاۋاب بېرىپ: ‹ مانا ئىچكىن. مەن
تۆگىلىرىڭنىمۇ سۇغىرىپ قوياي› دەپ ئېيتسا، ئۇ قىزنىڭ ئۆزى سەن بەندەڭ ئىسھاققا نېسىپ
قىلغىنىڭنىڭ ئۆزى بولسۇن. بۇنىڭ بىلەن خوجام ئىبراھىمغا سېنىڭ مەرھەمەت قىلغىنىڭنى
بىلەي» دېدى.
15 ئۇ تېخى سۆزىنى تۈگەتمەستە، مانا ئىبراھىمنىڭ بىرتۇغقىنى ناھورنىڭ خوتۇنى مىلكادىن
تۇغۇلغان ئوغلى بېتۇئەلنىڭ قىزى رىبقا ئۆزى كوزىسىنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ، چىقىپ
كەلدى. 16 بۇ قىزنىڭ ئۆزى كۆرۈنۈشكە تولا چىرايلىق بولۇپ، ھېچ ئەر كىشىنى بىلمىگەن
پاك قىز ئىدى. ئۇ ئۆزى بۇلاقنىڭ بويىغا چۈشۈپ، كوزىسىنى تولدۇرۇپ چىقسا، 17 قۇل ئالدىغا
يۈگۈرۈپ بېرىپ: «كوزاڭدىن ماڭا ئازغىنا سۇ ئىچۈرۈپ قويغىن» دېدى. 18 شۇنى دېسە،
ئۇ جاۋاب بېرىپ: «ئىچكىن، ئەي خوجام» دەپ كوزىسىنى قولىغا ئىلدام ئېلىپ، ئۇنىڭغا
سۇ ئىچۈرۈپ قويىدى. 19 ئۇ ئۇنىڭغا سۇ ئىچۈرۈپ بولغىنىدا سۆز قىلىپ: «تۆگىلىرىڭگىمۇ

تويغۇدەك سۇ ئىچۈرۈپ قويايۋ» دەپ، [20] دەرھال كوزىسىنى ئوقۇرغا بىكارلاپ، يەنە بۇلاققا سۇ تارتقىلى يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ ھەممە تۆگىلىرى ئۈچۈن سۇ تارتىپ قويىدى. [21] ئەمما ئۇ ئادەم جىمجىت تۇرۇپ: خۇداۋەندە يولۇمنى ئاق قىلدىمۇ، قىلمىدىمۇ دەپ، بىلگۈسى كەلدى.

[22] تۆگىلەر سۇ ئىچىپ بولغاندا بۇ كىشى ۋەزنى يېرىم شېقەل بولغان بىر ئالتۇن ھالقا بىلەن ۋەزنى ئون شېقەل بولغان ئىككى ئالتۇن بىلەزۈكنى چىقىرىپ: [23] «سەن كىمنىڭ قىزى بولىسەن؟ ئىلتىپات قىلىپ، ماڭا دەپ بەرگىن. ئاتاڭنىڭ ئۆيىدە بىزگە قونغىلى جاي بارمۇ؟» دەپ سورىدى. [24] ئۇ ئۇنىڭغا: «مەن بولسام، مىلكانىڭ ئۆزى ناھورغا تۇغۇپ بەرگەن ئوغلى بېتۇئەلنىڭ قىزى بولىمەن» دېدى. [25] شۇنى دەپ، ئۇنىڭغا يەنە سۆزلەپ: «بىزنىڭكىدە سامان بىلەن بوغۇز كەڭرى بولۇپ، ساڭا قونغىلى جايمۇ بار» دېدى. [26] ئۇ ۋاقىت بۇ ئادەم ئېڭىشىپ خۇداۋەندىگە سەجدە قىلىپ: [27] «خوجامدىن ئۆز مەرھەمىتى بىلەن ۋاپادارلىقىنى ئايىماي، خوجام ئىبراھىمنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن! مەن بولسام، خۇداۋەندە مېنى يولدا خوجامنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى» دېدى.

[28] ئەمما قىزنىڭ ئۆزى يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بۇنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردى.

[29] لېكىن رىبقانىڭ لابان دېگەن بىر بىرتۇغقىنى بار ئىدى. بۇ لابان ئۆزى بۇلاققا ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. [30] چۈنكى ئۇ ئۆزى ھالقا بىلەن ھەمشىرىسىنىڭ قوللىرىدىكى بىلەزۈكنى كۆرۈپ، ھەمشىرىسىنىڭ ‹ بۇ ئادەم ماڭا شۇنداق دېدى› دەپ ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا بارسا، مانا بۇ ئۆزى بۇلاقنىڭ يېنىدا تۆگىلەرنىڭ قېشىدا تۇرغانىدى. [31] لابان سۆز قىلىپ: «ئەي خۇداۋەندىنىڭ بەخت-بەرىكىتى ئاتا قىلىنغان ئادەم، كىرگىن. نېمىشقا مۇنداق تاشقىرى تۇرىسەن؟ مەن ئۆينى تەييار قىلىپ، تۆگىلەرگىمۇ جاي راستلىدىم» دېسە، [32] ئۇ ئادەم ئۆيگە كىردى. لابان بولسا تۆگىلەردىن يۈكنى چۈشۈرۈپ، تۆگىلەرنىڭ ئۆزىگە سامان بىلەن بوغۇز بېرىپ، ئۇ كىشى بىلەن بىللە كەلگەنلەرنىڭ پۇتلىرىنى يۇغىلى سۇ ئېلىپ كەلدى. [33] ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا تائام قويىدى. ئەمما ئۇ ئۆزى: «مەن ئەرزىمنى ئېيتمىغۇچە تائام يېمەيمەن» دېدى. لابان جاۋاب بېرىپ: «ئېيتقىن» دېدى.

[34] ئۇ ئېيتتىكى: «مەن بولسام، ئىبراھىمنىڭ قۇلىدۇرمەن. [35] خۇداۋەندە ئۆزى خوجامغا تولا بەرىكەت بەرگەچ، ئۇ ئۆزى چوڭ بىر كىشى بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە قوي-كالا، كۈمۈش-ئالتۇن، قۇل-دېدەك، تۆگە ۋە ئېشەكلەر بەردى. [36] خوجامنىڭ خوتۇنى سارە بولسا قېرىلىقىدا خوجامغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنىدى. بۇنىڭ ئۆزىگە خوجام پۈتۈن بارلىقىنى بەردى. [37] خوجام ئۆزى مېنى قەسەم قىلدۇرۇپ: ‹ سەن ئۆزۈڭ مەن ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئولتۇرغان قانائانىيلارنىڭ قىزلىرىدىن ئوغلۇمغا خوتۇن ئېلىپ بەرمەي، [38] بەلكى ئاتامنىڭ ئۆيىگە ئۆز تۇغقانلىرىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئوغلۇم ئىسھاققا خوتۇن ئېلىپ كېلىپ بەرگەيسەن› دېدى. [39] ئۇ ۋاقىت مەن خوجامغا سۆز قىلىپ: ‹ ئۇ خوتۇن مەن بىلەن كەلگىلى ئۇنىماسمىكىن› دېسەم، [40] ئۇ ماڭا جاۋاب بېرىپ: ‹ مەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا يۈرگەن خۇداۋەندە ئۆزى ئۆز پەرىشتىسىنى سەن بىلەن ئەۋەتىپ، يولۇڭنى ئاق قىلىدۇ. بۇ تەرىقىدە سەن ئاتامنىڭ ئۆيىدىن بولغان تۇغقانلىرىمنىڭ ئىچىدىن ئوغلۇمغا خوتۇن ئېلىپ بەرگىن. [41] شۇنداق قىلىپ تۇغقانلىرىمنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغىنىڭدا، مەن سېنى قىلدۇرغان قەسەمدىن ئازاد بولۇپ، ئۇلار ساڭا ئۇنى بەرمىسىمۇ،

قەسەمدىن قۇتۇلۇپ قالىسەن› دېگەنىدى. [42] بۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ كۈن بۇ بۇلاقنىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹ ئەي مېنىڭ خوجام ئىبراھىمنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇداۋەندە، ئەگەر سەن بۇ سەپىرىمنى ئاق يوللۇق قىلغىلى خالىغان بولساڭ، [43] مانا مەن بۇلاقنىڭ يېنىدا تۇرغىنىمدا سۇ تارتقىلى كەلگەن بىر قىزغا: ‹ كوزاڭدىن ماڭا ئازغىنا سۇ ئىچۈرۈپ قويغىن› دېسەم، [44] ئۇ ماڭا: ‹ سەن ئىچكىن تۆگىلىرىڭگىمۇ سۇ تارتىپ قوياي› دەپ جاۋاب بەرسە، بۇ قىزنىڭ ئۆزى خۇداۋەندە ئۆز خوجامنىڭ ئوغلى ئۈچۈن ئىلغىغان خوتۇن بولسۇن› دەپ ئېيتقان ئىدىم. [45] مەن كۆڭلۈمدە شۇنى دەپ تۇرسام، مانا رىبقا كوزىسىنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇلاقنىڭ بويىغا بېرىپ، سۇ تارتتى. مەن ئۇنىڭغا: ‹ ئىلتىپات قىلىپ ماڭا سۇ ئىچۈرگىن› دېسەم، [46] ئۇ دەرھال كوزىسىنى مۈرىسىدىن چۈشۈرۈپ: ‹ ئىچكىن. تۆگىلىرىڭنىمۇ سۇغىرىپ قوياي› دېدى. شۇنى دېسە، مەن ئىچتىم. ئۇ تۆگىلىرىمنىمۇ سۇغىرىپ قويدى. [47] ئاندىن مەن: ‹ كىمنىڭ قىزى بولىسەن؟› دەپ سورىسام، ئۇ جاۋاب بېرىپ: ‹ مەن بولسام، ناھورنىڭ مىلكادىن تۇغۇلغان ئوغلى بېتۇئەلنىڭ قىزى بولىمەن› دېدى. ئۇ ۋاقىت مەن ئۇنىڭ بۇرنىغا زىرە، قوللىرىغا بىلەزۈك سېلىپ قويۇپ، [48] ئېڭىشىپ خۇداۋەندىگە سەجدە قىلىپ، خوجامنىڭ تۇغقىنىنىڭ قىزىنى ئۇنىڭ ئوغلى ئۈچۈن ئېلىپ كەتكىلى مېنى راست يولغا باشلاپ، خوجامنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا ئېيتتىم. [49] ئەمدى سىلەر خوجامغا مەرھەمەت قىلىپ، ئىلتىپات كۆرسەتمەكچى بولساڭلار، بۇنى ماڭا دەپ بېرىڭلار. بولمىسا، مېنىڭ ئوڭ ياكى چەپ تەرەپكە كەتمىكىم ئۈچۈن بىر ئۇچۇر بېرىڭلار» دېدى. [50] شۇنى ئاڭلاپ، لابان بىلەن بېتۇئەل جاۋاب بېرىپ: «بۇ ئىش ئۆزى خۇداۋەندە تەرىپىدىن بولغاچ، ساڭا ياخشى يامان دەپ ئېيتالمايمىز. [51] مانا رىبقا بولسا ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ. ئۇنى ئېلىپ كەتكىن. بۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق ئۆز خوجاڭنىڭ ئوغلىغا خوتۇن بولسۇن» دېدى.

[52] ئىبراھىمنىڭ قۇلى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا يەرگە ئېڭىشىپ خۇداۋەندىگە سەجدە قىلدى. [53] ئاندىن كېيىن قۇل ئۆزى ئالتۇن بىلەن كۈمۈش جابدۇقلىرىنى ئېلىپ ئېگىنلەرنى چىقىرىپ، رىبقاغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىرتۇغقىنى بىلەن ئانىسىغىمۇ قىممەت باھا ھەدىيەلەر بەردى. [54] ئاندىن ئۇ ئۆزى ھەمراھلىرى بىلەن بىللە يەپ-ئىچىپ، ئاندا قونۇپ، ئەتىسى سەھەر قوپۇپ، ئۆزى ئۇلارغا: «مېنى خوجامنىڭ قېشىغا يولغا سېلىڭلار» دېسە، [55] قىزنىڭ بىرتۇغقىنى بىلەن ئانىسى ئۇنىڭغا: «قىز ئۆزى بىر ئاز ۋاقىت، يەنى ئون كۈنچە قېشىمىزدا تۇرۇپ، كېيىن بارسۇن» دېدى. [56] ئەمما ئۇ ئۇلارغا: «خۇداۋەندە مېنىڭ سەپىرىمنى ئاق يوللۇق قىلغاچ، مېنى ھايال قىلماي، خوجامنىڭ قېشىغا بارمىقىم ئۈچۈن ماڭا رۇخسەت بېرىڭلار» دېدى. [57] ئۇلار ئۇنىڭغا: «بىز بولساق، قىزنىڭ ئۆزىنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن سورايمىز» دەپ، [58] رىبقانى قىچقىرىپ ئۇنىڭدىن: «بۇ ئادەم بىلەن بارامسەن؟» دەپ سورىسا، ئۇ ئۆزى: «بارىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. [59] ئۇ ۋاقىت ئۇلار ھەمشىرىسى رىبقانى ئۇنىڭ ئىنىكئانىسىغا قوشۇپ ئىبراھىمنىڭ قۇلى بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرىنى يولغا سالدى. [60] ئۇ ھامان ئۇلار رىبقاغا دۇئايىخەير ئوقۇپ: «ئەي ھەمشىرىمىز، سەن بولساڭ، تۈمەنمىڭلارنىڭ ئانىسى بولۇپ، نەسلىڭ ئۆزى دۈشمەنلىرىنىڭ دەرۋازىلىرىغا ئىگە بولسۇن» دېدى. [61] ئۇ ۋاقىت رىبقا بىلەن ئۇنىڭ دېدەكلىرى قوپۇپ، تۆگىلەرگە مىنىپ، ئۇ كىشى بىلەن راۋان بولسا، بۇ قۇل ئۆزى رىبقانى ئېلىپ يولغا يۈردى.

[62]ئىسھاق بولسا جەنۇبىي يۇرتىدا ئولتۇرغاچ بەرلاھايروي دېگەن جايدىن كېلىۋاتقانىدى. [63]كېلىۋېتىپ، ئىسھاق خىياللىنىپ يۈرۈپ ئاخشام ۋاقتىدا سەھراغا بېرىپ، كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، مانا تۆگىلەر كېلىۋاتىدۇ. [64]رىبقا كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىسھاقنى كۆرگەندە دەرھال تۆگىدىن چۈشۈپ، [65]قۇلنىڭ ئۆزىدىن: «ئاندا سەھرادا بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىۋاتقان كىم ئىكەن؟» دەپ سورىدى. قۇل ئۆزى: «بۇ ئۆزى خوجامدۇر» دېسە، رىبقا دەرھال ئاق پەرەنجىنى ئېلىپ ئۆزىنى ياپتى. [66]ئەمما قۇلنىڭ ئۆزى ئىسھاققا ھەممە قىلغان ئىشنى دەپ بەردى. [67]ئۇ ۋاقىت ئىسھاق رىبقانى ئانىسى سارەنىڭ چېدىرىغا باشلاپ كىردى. باشلاپ كىرىپ، ئۇنى خوتۇن قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئامراق بولدى. بۇ تەرىقىدە ئىسھاق ئانىسىنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا ئۆزىگە تەسەللى تاپتى.

## ئىبراھىمنىڭ باشقا ئەۋلادلىرى

25 [1]ئىبراھىم بولسا قېتۇرا دېگەن يەنە بىر خوتۇننى ئۆزىگە ئالدى. [2]بۇ ئۆزى ئۇنىڭغا زىمران، يوقشان، مېدان، مىدىيان، ئىشباق ۋە شۇئاھنى تۇغۇپ بەردى. [3]يوقشاننىڭ ئۆزىدىن شېبا بىلەن دېدان تۆرەلدى. ئەمما دېداننىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئاسسۇرىي، لېتۇشىي ۋە لېئۇممىيلار ئىدى. [4]مىدىياننىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئېفا، ئېفەر، خانوق، ئابىدا ۋە ئەلدائاھ ئىدى. بۇ ھەممىسى قېتۇرانىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. [5]ئەمما ئىبراھىم پۈتۈن بارلىقىنى ئىسھاققا بەردى. [6]لېكىن كېنىزەكلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئىبراھىم ھەدىيەلەر بېرىپ، ئۆزى تېخى ھايات ئىكەنلىكىدە ئۇلارنى ئوغلى ئىسھاقتىن ئايرىپ، كۈن چىقىش تەرەپكە، شەرقىي زېمىنغا ئەۋەتتى. [7]ئىبراھىمنىڭ ياشىغان ئۆمرىنىڭ كۈنلىرى بولسا بىر يۈز يەتمىش يىل ئىدى. [8]بۇ تەرىقىدە ئىبراھىم تولا ياشىنىپ، كۈنلىرى توشۇپ، ئاخىرقى نەپەسىنى تارتىپ ۋاپات بولۇپ، ئۆز خەلقىگە بېرىپ قوشۇلدى. [9]ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىسھاق بىلەن ئىسمائىل ئۇنى مامرەنىڭ ئۇتتۇرىدا بولۇپ خەتتىي زوخارنىڭ ئوغلى ئەفروننىڭ ئېتىزلىقىدا بولغان ماكپېلا دېگەن غارغا دەپنە قىلدى. [10]بۇ ئېتىزلىق بولسا ئىبراھىم ئۆزى ئۇنى بەنى-خەتتىن سېتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزىدە ئىبراھىم بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى سارە دەپنە قىلىندى.
[11]ئىبراھىم ۋاپات تاپقاندىن كېيىن، خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسھاقنى بەرىكەتلىدى. ئىسھاق بولسا بەرلاھايروينىڭ يېنىدا ئولتۇراقلىق ئىدى.

[12]لېكىن سارەنىڭ مىسىرلىق دېدەكى ھاگاردىن ئىبراھىمغا تۇغۇلۇپ ئىبراھىمنىڭ ئوغلى بولغان ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى بۇدۇر: [13]ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرى بولسا ئۆز نەسەبنامىسى بىلەن قەبىلىلىرىگە مۇۋاپىق شۇ، يەنى ئىسمائىلنىڭ تۇنجى ئوغلى نەبايوت بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا قېدار، ئادبەئەل، مىبسام، [14]مىشما، دۇما ۋە ماسسا، [15]خادار، تېما، يېتۇر، نافىش ۋە قېدەما ئىدى. [16]بۇلارنىڭ ئۆزى ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، مەزكۇر ئىسىملار بىلەن ئاتىلىپ، ئۆز كەنت بىلەن چېدىرگاھلىرىدا قەبىلىلىرىگە مۇۋاپىق ئون ئىككى

ئەمىر ئىدى. [17]ئىسمائىلنىڭ ئۆمرىنىڭ يىللىرى بولسا بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە يىل بولۇپ، ئۆزى ئاخىرقى نەپىسىنى تارتىپ ۋاپات تېپىپ، ئۆز خەلقىگە بېرىپ قوشۇلدى. [18]ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا خاۋىلادىن تارتىپ شۇرغىچە مىسىرنىڭ ئۇتتۇرىدا بولغان يەرلەردە ئولتۇراقلىق بولۇپ، ئۆزى بۇرادەرلىرىنىڭ ئۇتتۇرىغا چۈشۈۋالدى.

## ياقۇپ ۋە ئەساۋ

[19]ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسھاقنىڭ نەسلىنىڭ بايانى بولسا شۇدۇر: ئىبراھىمدىن ئىسھاق تۆرەلدى. [20]ئىسھاق ئۆزى قىرىق ياشقا كىرگىنىدە پادان-ئارامدا ئولتۇراقلىق ئاررامىي بېتۇئەلنىڭ قىزى بولۇپ ئاررامىي لابانىنىڭ ھەمشىرىسى بولغان رىبقانى خوتۇنلۇققا ئالدى. [21]ئەمما رىبقا بولسا تۇغماس بولغاچ، ئىسھاق ئۆزى خوتۇنى ئۈچۈن خۇداۋەندىگە دۇئا قىلسا، خۇداۋەندە ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىدى. شۇنداقكى، ئۇنىڭ خوتۇنى رىبقا ھامىلدار بولدى. [22]ئەمما ئۇنىڭ قورسىقىدىكى ئىككى بالا بىر-بىرى بىلەن ئېلىشقىلى تۇردى. ئۇ ۋاقىت رىبقا: «مۇنداق بولسا، مەن قانداق تىرىك تۇرالايمەن؟» دەپ خۇداۋەندىدىن سورىغىلى باردى. [23]خۇداۋەندە ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «سېنىڭ قورسىقىڭدا ئىككى قوۋم بار. ئىچىڭدىن ئىككى قەبىلە چىقىپ، باشقا-باشقا بولۇپ بىر قەبىلىنىڭ ئۆزى يەنە بىر قەبىلىگە غالىب كېلىپ، چوڭى كىچىكىگە خىزمەت قىلىدۇ» دېدى. [24]ئۇنىڭ تۇغۇت كۈنلىرى يېقىنلاشقاندا، مانا ئۇنىڭ قورسىقىدا قوشكېزەك بالا بار ئىدى. [25]ئاۋۋال تۇغۇلغىنى قىزىل بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى تۈكلۈك جۇۋىدەك ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەساۋ قويدى. [26]ئاندىن كېيىن ئىنىسى ئۆز قولى بىلەن ئەساۋنىڭ تاپىنىنى تۇتۇقلۇق كەينىدىن تۇغۇلدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئىسمى ياقۇپ قويۇلدى. ئۇلار تۇغۇلغاندا ئىسھاق ئاتمىش ياشتا ئىدى.

## ئەساۋ بىلەن ياقۇپ

[27]بۇ باللار يوغىناپ ئۆسكەندە ئەساۋنىڭ ئۆزى ئۇستا مەرگەن بولۇپ، جاڭگالدا يۈرگىلى تۇردى. لېكىن ياقۇپ بولسا ساددا بىر كىشى بولۇپ، چېدىردا ئولتۇراتتى. [28]ئىسھاق بولسا ئەساۋنىڭ قىلغان شىكار گۆشىدىن يەپ تۇرغاچ، ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. لېكىن رىبقانىڭ ئۆزى ياقۇپقا ئامراق ئىدى. [29]بىر مەرتىۋە ياقۇپ بىر تائام پىشۇرغاندا، ئەساۋ سەھرادىن ھېرىپ ئېچىرقاپ كەلدى. [30]ئەساۋ ياقۇپقا سۆزلەپ: «بۇ قىزىل ئاشتىن ماڭا يېگىلى بەرسەڭ بولىدۇ. چۈنكى مەن ھېرىپ ئېچىرقاپ كەتتىم» دېدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئېتى ئېدوم بولدى. [31]لېكىن ياقۇپ جاۋاب بېرىپ: «ئۇنداق بولسا، سەن ئەمدى تۇنجىلىق ھەققىڭنى ماڭا سېتىپ بەرگىن» دېدى. [32]ئەساۋ سۆز قىلىپ: «مانا مەن ئۆلگىلى تۇرسام، بۇ تۇنجىلىق ھەققىمنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى بار؟» دېدى. [33]ياقۇپ ئۆزى: «ئەمدى ماڭا قەسەم قىلغىن» دېسە، ئۇ ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ، تۇنجىلىق ھەققىنى ياقۇپقا سېتىپ بەردى. [34]ئۇ ۋاقىت ياقۇپ ئەساۋغا نان

بىلەن ماش تائامنى بەردى. بۇ ئۆزى يەپ-ئىچىپ، قوپۇپ كەتتى. ئەساۋ بولسا ئۆز تۇنجىلىق ھەققىنى شۇنچە خار كۆرگەنىدى.

## ئىسھاقنىڭ گەراردا تۇرۇشى

26 [1]يۇرتنىڭ ئۆزىدە ئىبراھىمنىڭ ۋاقتىدىكى ئاۋۋالقى ئاچارچىلىقتىن باشقا بىر ئاچارچىلىق بولغاندا، ئىسھاق ئۆزى گەرارغا فىلىستىنىيلەرنىڭ پادىشاھى ئابىمالىكنىڭ قېشىغا باردى. [2] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ ئېيتتىكى: «سەن مىسىرغا چۈشمەي، بەلكى مەن ساڭا دەپ بېرىدىغان يۇرتتا تۇرغىن. [3] بۇ يۇرتنىڭ ئۆزىدە مۇساپىر بولۇپ ئولتۇرساڭ، مەن ساڭا يار بولۇپ، ساڭا بەرىكەت بېرىمەن، چۈنكى سەن بىلەن ئەۋلادىڭغا بۇ يۇرتلارنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ، ئاتاڭ ئىبراھىمغا قىلىپ بەرگەن قەسىمىمنى پۈتكۈزۈپ، [4] ئەۋلادىڭنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك تولا قىلىپ، نەسلىڭنىڭ ئۆزىگە بۇ يۇرتلارنىڭ ھەممىسىنى بېرىمەن. يەر يۈزىدىكى ھەممە نەسىللەر بولسا سېنىڭ نەسلىڭنىڭ ۋاستىسى بىلەن بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ. [5] چۈنكى ئىبراھىم بولسا مېنىڭ ئاۋازىمغا قۇلاق سېلىپ، بۇيرۇقۇمنى تۇتۇپ ئەھكاملىرىمنى ساقلاپ، قانۇن-پەرمانلىرىمنى بەجا كەلتۈردى» دېدى. [6] بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسھاق ئۆزى گەراردا تۇرۇپ قالدى.
[7]ئەمما ئۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ خوتۇنى توغرىسىدا ئۇنىڭدىن سورىسا، ئۇ ئۆزى: «بۇ مېنىڭ ھەمشىرەم بولىدۇ» دەپ ئېيتتى. چۈنكى رىبقا كۆرۈنۈشكە چىرايلىق بولغاچ، ئىسھاق ئۆزى: «بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ دېسەم، بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى رىبقانىڭ سەۋەبىدىن مېنى ئۆلتۈرەرمىكىن» دەپ قورقتى. [8] لېكىن ئۇ يەردە ئۇزۇن ۋاقىت ئولتۇرغاندىن كېيىن، فىلىستىنىيلەرنىڭ پادىشاھى ئابىمالىك پەنجىرىدىن قارىسا، مانا ئىسھاق ئۆز خوتۇنى رىبقا بىلەن ئويىنىشىپ تۇرىدۇ. [9] ئۇ ۋاقىت ئابىمالىك ئىسھاقنى قىچقىرىپ: «مانا بۇ ئۆزى شەكسىز سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئىكەن. نېمە ئۈچۈن سەن: ‹ ئۇ ھەمشىرەمدۇر› دەپ ئېيتتىڭ» دېدى. ئىسھاق ئۇنىڭغا: «ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلمىگەيمەن دەپ، شۇنداق دېگەن ئىدىم» دېدى.
[10]ئابىمالىك سۆز قىلىپ: «بىزگە بۇ نېمە قىلغىنىڭدۇر؟ بۇنىڭ بىلەن تېخى خەلقنىڭ ئىچىدىن بىركىم خوتۇنۇڭ بىلەن يېتىۋالغىلى تاس قالماسمىدى؟ بۇ تەرىقىدە بىزنى گۇناھقا چۈشۈرەتتىڭ ئەمەسمۇ؟» دېدى. [11] ئاندىن كېيىن ئابىمالىك ئۆزى ھەممە خەلققە بۇيرۇپ: «كىمكى بۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ياكى خوتۇنىغا تەگسە، چوقۇم ئۆلتۈرۈلسۇن» دەپ ھۆكۈم بەردى.
[12]ئىسھاق بولسا ئۇ يۇرتتا دېھقانچىلىق قىلغىلى تۇردى. خۇداۋەندە ئۇنى بەرىكەتلىگەچ، ئۇ يىلى بىرگە يۈز ھەسسە ھوسۇل ئالدى. [13] بۇ تەرىقىدە بۇ كىشى باش كۆتۈرۈپ، بارغانسېرى راۋاج تېپىپ، تولا چوڭ بولۇپ كەتتى. [14] ئۇنىڭ قوي بىلەن كالا ۋە قۇللىرى تولا بولۇپ كەتكەچ فىلىستىنىيلەر ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغىلى تۇردى. [15] بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئاتىسى ئىبراھىمنىڭ ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ قۇللىرى كولىغان قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسىنى فىلىستىنىيلەرنىڭ ئۆزى تىندۇرۇپ توپا بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. [16] ئابىمالىك بولسا ئىسھاققا: «سەن بىزدىن زىيادە

كۆچلىنىپ كەتكەچ، ئەمدى بىزدىن كەتكىن» دېدى. [17] ئۇ ۋاقىت ئىسھاق ئۇ يەردىن كېتىپ، گەرار ۋادىسىدا چېدىر تىكىپ، ئاندا ئولتۇرۇپ قالدى. [18] ئاندىن ئىسھاق ئۆزى ئاتىسى ئىبراھىمنىڭ ۋاقتىدا كولىنىپ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن فىلىستىنىيلەرنىڭ ئۆزى تىندۇرۇۋەتكەن قۇدۇقلارنى يەنە كولىتىپ، ئۇلارغا ئاتىسى ئىلگىرى قويۇپ قويغان ئىسىملىرىنى يەنە قويۇپ قويدى. [19] ئىسھاقنىڭ قۇللىرى بولسا ۋادىدا كولاپ-كولاپ يۈرگىنىدە بىر ئېقىن بۇلاقنىڭ قۇدۇقىنى تېپىۋالدى. [20] لېكىن گەرارنىڭ پادىچىلىرى ئىسھاقنىڭ پادىچىلىرى بىلەن تالىشىپ قېلىپ: «بۇ سۇ بولسا بىزنىڭكىدۇر» دەپ ئېيتتى. ئۇلار بۇنىڭ توغرىسىدا سوقۇشقاچ، ئىسھاق ئۆزى بۇ قۇدۇقنى ئېسەك دەپ ئاتىدى. [21] بۇلار يەنە باشقا بىر قۇدۇقنى كولىسا، ئۇلار بۇنىڭ توغرىسىدىمۇ تالىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسھاق بۇنىڭ ئىسمىنى سىتنا دەپ ئاتىدى. [22] ئاندىن كېيىن ئۇ يەردىن كېتىپ، باشقا يەرگە بېرىپ، ئاندامۇ بىر قۇدۇقنى كولىدى، لېكىن بۇنىڭ توغرىسىدا تالاش قىلىشمىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۇنىڭ ئېتىنى رەخوبوت قويۇپ: «ئەمدى خۇداۋەندە بىزگە جاي بەرگەندىن كېيىن، بۇ يۇرتتا ئۇرۇقلۇق بولالايمىز» دېدى. [23] ئەمما ئۇ ئاندىن كېتىپ بەرشېباغا بارغاندا،
[24] خۇداۋەندە ئۇ كېچىسى ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ ئۇنىڭ ئۆزىگە: «مەن بولسام، ئاتاڭ ئىبراھىمنىڭ تەڭرىسىدۇرمەن. سەن قورقمىغىن، چۈنكى مەن ساڭا يار بولۇپ، ساڭا بەرىكەت بېرىپ، ئەۋلادىڭنى بەندەم ئىبراھىم ئۈچۈن تولا قىلىمەن» دېدى. [25] ئۇ ۋاقىت ئۇ ئاندا بىر قۇربانگاھنى ياساپ، خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىغا دۇئا قىلىپ، ئۇ يەرنىڭ ئۆزىدە چېدىرىنى تىكتى. ئاندىن كېيىن ئىسھاقنىڭ قۇللىرى ئۇ يەردە بىر قۇدۇقنى كولاپ قويدى. [26] ئەمما ئابىمالىك ئۆز ئاغىنىسى ئاخۇززات بىلەن لەشكەربېشى فىكولنى ئۆزىگە قوشۇپ، گەراردىن كېتىپ، ئۇنىڭ قېشىغا باردى. [27] لېكىن ئىسھاق ئۇلارغا: «مېنى يامان كۆرۈپ، ئاراڭلاردىن قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ قېشىمغا كەلدىڭلار؟» دېدى. [28] ئۇلار سۆز قىلىپ: «بىز بولساق، خۇداۋەندىنىڭ سەن بىلەن بولغىنىنى تايىن كۆرۈپ، سەن توغرۇلۇق: ‹ ئۇ بولسا ۋە بىز بولساق، بىر-بىرىمىزگە قەسەم بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەھدە قىلىشىپ، بىز ئۇنىڭغا قول تەگكۈزمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ياخشىلىقتىن باشقا بىر نېمىنى قىلماي، ئۇنى ئامان-ئېسەن كەتكۈزگەندەك، [29] ئۇمۇ بىزگە زەرەر قىلمىسۇن دەپ توختىتايلى› دەپ خىيال قىلدۇق. چۈنكى سەن بولساڭ، خۇداۋەندىنىڭ بەخت-بەرىكىتى ئاتا قىلىنغان ئادەمدۇرسەن» دېدى. [30] ئۇ ۋاقىت ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بىر زىياپەت قىلىپ بەردى. ئۇلار بولسا يەپ-ئىچىپ، [31] ئەتىسى سەھەر قوپۇپ، قەسەم قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئىسھاق ئۇلارنى يولغا سالسا، ئۇلار ئۇنىڭ قېشىدىن تىنچ-ئامان كەتتى.
[32] ئۇ كۈنى ئىسھاقنىڭ قۇللىرى كېلىپ، ئۇلار كولىغان قۇدۇق توغرىسىدىن خەۋەر بېرىپ: «بىز سۇ تاپتۇق» دەپ ئۇنىڭغا ئېيتتى. [33] ئاندىن ئۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى شىبا قويدى. بۇ سەۋەبتىن بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى بۇ كۈنگىچە بەرشېبا دەپ ئاتالماقتا

## ئەساۋنىڭ خوتۇنلىرى

34 ئەساۋ قىرىق ياشقا كىرگەندە ختتىي بولغان بەئەرىنىڭ قىزى يەھۇدىت بىلەن ختتىي
بولغان ئېلوننىڭ قىزى باسماتنى خوتۇنلۇققا ئالدى. 35 ئەمما بۇلار بولسا ئىسھاق بىلەن
رىبقانىڭ كۆڭۈل خاپىلىقىغا سەۋەب بولدى.

## ياقۇپنىڭ ئاتىسىنى ئالدىشى

27 1 ئىسھاق بولسا قېرىپ كېتىپ كۆزلىرى كۆرمەي قالدى. ئۇ ئۆزى چوڭ ئوغلى
ئەساۋنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا: «ئەي ئوغلۇم» دەپ ئېيتتى. ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:
«مانا مەن» دېدى. 2 ئۇ ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «مانا مەن ئەمدى قېرىپ كەتتىم، ئەمما ئۆلىدىغان
كۈنۈمنى بىلمەيمەن. 3 سەن بولساڭ ياراغ جابدۇقلىرىڭنى ئېلىپ، ساداق بىلەن يايىڭنى
كۆتۈرۈپ جاڭگالغا چىقىپ، مەن ئۈچۈن بىر ئوۋ ئوۋلاپ كېلىپ، 4 مەن سۆيۈنگۈدەك ياخشى
بىر تائامنى پىشۇرۇپ، ماڭا كەلتۈرگىن. مەن ئۇنى يەپ، ئۆلمەستىن ئىلگىرى كۆڭلۈم بىلەن
ساڭا دۇئايىخەير قىلاي» دېدى. 5 لېكىن رىبقا ئۆزى ئىسھاقنىڭ ئۆز ئوغلى ئەساۋغا ئېيتقان
سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى. ئەساۋ بولسا ئوۋ ئوۋلاپ كەلگىلى جاڭگالغا چىقىپ كەتتى. 6 ئۇ ۋاقىت
رىبقا ئۆزى ئوغلى ياقۇپقا سۆز قىلىپ: «مانا مەن بولسام ئاتاڭنىڭ ئاكاڭ ئەساۋنىڭ ئۆزىگە: 7
‹ ماڭا ئوۋ ئېلىپ كېلىپ، مەززىلىك بىر تائامنى ئەتكىن. مەن ئۇنى يەپ، ئۆلمەستىن ئىلگىرى
خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ساڭا دۇئايىخەير قىلاي› دەپ ئېيتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. 8 ئەمدى سەن
ئەي ئوغلۇم، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، بۇيرۇيدىغىنىمنى قىلغىن. 9 سەن دەرھال پادىغا بېرىپ،
ئۆچكىلەرنىڭ ئىچىدىن ياخشى ئىككى ئوغلاقنى ماڭا ئېلىپ كەلگىن. مەن ئۇلارنى ئېلىپ،
ئاتاڭ سۆيۈنىدىغان مەززىلىك بىر تائامنى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييار قىلاي. 10 سەن ئۇنى ئاتاڭنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ كىرگىن. ئۇ يەپ، ئۆلمەستىن ئىلگىرى ساڭا دۇئايىخەير قىلغاي» دېدى. 11 ئۇ
ۋاقىت ياقۇپ ئانىسى رىبقاغا سۆزلەپ: «مانا ئاكام ئەساۋ بولسا تۈكلۈك بىر كىشى بولۇپ، مەن
ئۆزۈم تۈكسىز كىشى ئەمەسمۇ؟ 12 ئاتام مېنى تۇتۇپ باقسا، مەن ئۇنىڭ نەزىرىدە ئالدامچى
بولۇپ، بەرىكەت ئورنىغا لەنەت تاپارمەنمىكىن؟» دېدى. 13 ئانىسى ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «ئەي
ئوغلۇم ساڭا تېگىدىغان لەنەت ماڭا تەگسۇن. ئەمما سەن سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، بېرىپ
ئوغلاقلارنى ماڭا كەلتۈرگىن» دېدى.
14 ئۇ ۋاقىت ئۇ بېرىپ، ئۇلارنى ئېلىپ كېلىپ ئانىسىغا بەرسە، ئانىسى ئۇنىڭ ئاتىسى
سۆيۈنگۈدەك مەززىلىك بىر تائامنى تەييار قىلدى. 15 ئاندىن كېيىن رىبقا ئۆزى تۇنجى ئوغلى
ئەساۋنىڭكى بولۇپ، ئۆيدە ئۇنىڭ يېنىدا بار ئەڭ ياخشى ئېگىنلىرىنى ئېلىپ، كىچىك
ئوغلى ياقۇپقا كىيدۈرۈپ، 16 ئوغلاقلارنىڭ تېرىسىنى ئۇنىڭ قوللىرى بىلەن بوينىنىڭ تۈكسىز
جايلىرىغا چاپلاپ، 17 ئۆزى ئەتكەن مەززىلىك تائام بىلەن ناننى ئوغلى ياقۇپنىڭ قولىغا بەردى.
18 بەرسە، ئۇ ئۆزى ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ: «ئەي ئاتام» دېدى. ئۇ سۆز قىلىپ: «مانا مەن،
سەن كىمدۇرسەن، ئەي ئوغلۇم» دېسە، 19 ياقۇپ ئاتىسىغا جاۋاب بېرىپ: «مەن چوڭ ئوغلۇڭ

ئەساۋدۇرمەن. ماڭا ئېيتقىنىڭدەك قىلدىم. ئەمدى قوپۇپ ئولتۇرۇپ، ئوۋۇمنىڭ گۆشىدىن يەپ، كۆڭلۈڭ بىلەن ماڭا دۇئايىخەير قىلغىن» دېدى. [20] ئۇ ۋاقىت ئىسھاق ياقۇپقا: «ئەي ئوغلۇم، قانداق بولۇپ ئۇنى شۇنچە ئىلدام تاپتىڭ؟» دېسە، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئىشىمنى ئاسان قىلدى» دېدى. [21] ئاندىن ئىسھاق ياقۇپقا سۆزلەپ: «ئەي ئوغلۇم، يېقىنراق كەلگىن. مەن سېنى راست ئوغلۇم ئەساۋمۇ، ئەمەسمۇ دەپ، سىلاپ باقاي» دېدى. [22] شۇنى دېسە، ياقۇپ ئاتىسى ئىسھاقنىڭ قېشىغا يېقىن باردى. ئۇ ئۇنى سىلاپ بېقىپ: «قول بولسا ئەساۋنىڭ قولىدەك بولغىنى بىلەن ئاۋاز ئۆزى ياقۇپنىڭ ئاۋازىدۇر» دەپ ئېيتىپ، [23] ئۇنىڭ قوللىرى بولسا ئاكىسى ئەساۋنىڭ قوللىرىدەك تۈكلۈك بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى تونۇيالماي قېلىپ، ئۇنىڭغا دۇئايىخەير قىلىپ قويدى. [24] ئەمما ئۇ ئۆزى: «سەن راست ئوغلۇم ئەساۋمۇسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مەندۇرمەن» دېدى. [25] ئۇ سۆز قىلىپ: «تائامنى ئېلىپ كەلگىن. مەن ئوغلۇمنىڭ ئوۋۇنىڭ گۆشىدىن يەپ، كۆڭلۈم بىلەن ساڭا دۇئايىخەير قىلاي» دېدى. ياقۇپ بۇنى ئۇنىڭغا كەلتۈرسە، ئۇ يەپ، شارابنىمۇ كەلتۈرسە، ئۇ ئىچتى. [26] ئاندىن ئاتىسى ئىسھاق ئۇنىڭغا: «ئەي ئوغلۇم، ئەمدى كېلىپ، مېنى سۆيگىن» دېسە، [27] ئۇ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى سۆيدى. ئاتىسى ئۇنىڭ ئېگىنىنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ، ئۇنىڭغا دۇئايىخەير قىلىپ ئېيتتىكى: «مانا ئوغلۇمنىڭ پۇرىقى بولسا خۇداۋەندە بەرىكەتلىگەن سەھرانىڭ پۇرىقىغا ئوخشاشتۇر. [28] خۇدا ساڭا ئاسماننىڭ شەبنىمى بىلەن يەرنىڭ سېمىزلىكىدىن ئاتا قىلىپ، ئاشلىق بىلەن شارابنى تولا بەرگەي. [29] قوۋملار ساڭا خىزمەت قىلىپ، تائىپىلەر ساڭا ئېگىلسۇن. سەن ئۆز بۇرادەرلىرىڭگە خوجا بولغايسەن. ئاناڭنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆزى ساڭا ئېگىلسۇن، ساڭا لەنەت ئوقۇغانلارنىڭ ھەربىرى مەلئۇن بولۇپ، ساڭا دۇئايىخەير قىلغانلار مۇبارەك بولسۇن» دېدى.

[30] ئەمما ئىسھاق ياقۇپقا دۇئايىخەير قىلىپ بولۇپ، ياقۇپ ئۆزى ئاتىسى ئىسھاقنىڭ قېشىدىن چىقىپ بولغان ھامان ئاكىسى ئەساۋ ئوۋدىن يېنىپ كەلدى. [31] ئۇمۇ مەززىلىك بىر تائامنى ئېتىپ، ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىپ، ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە: «ئاتام قوپۇپ، ئۆز ئوغلىنىڭ ئوۋۇنىڭ گۆشىدىن يەپ، ئۆز كۆڭلى بىلەن ماڭا دۇئايىخەير قىلسۇن» دېدى. [32] ئاتىسى ئىسھاق ئۇنىڭغا: «سەن كىمدۇرسەن؟» دېدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مەن چوڭ ئوغلۇڭ ئەساۋدۇرمەن» دېسە، [33] ئىسھاق ناھايىتى تىترەپ كېتىپ: «ئۇنداق بولسا، ئىلگىرى ئوۋ ئوۋلاپ، ئېلىپ كەلگەننىڭ ئۆزى كىم ئىدى؟ سەن كەلمەستە مەن ھەممىسىدىن يەپ، ئۇنىڭغا دۇئايىخەير قىلدىم. ھەرقانداق بولسا، ئۇ ئۆزى بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ» دەپ ئېيتتى. [34] ئەساۋ ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا ئۈنلۈك ئاچچىق پىغان بىلەن پەرياد قىلىپ ئاتىسىغا: «ئەي ئاتام، ماڭا ھەم دۇئايىخەير قىلغىن» دېدى. [35] ئۇ ئۆزى سۆز قىلىپ: «سېنىڭ ئۇكاڭ ھىيلە بىلەن ساڭا تېگىدىغان دۇئايىخەيرىڭنى ئېلىپ كېتىپتۇ» دېدى. [36] ئۇ ئېيتتىكى: «راست ئۇنىڭ ئېتى ياقۇپ ئەمەسمۇ؟ ئەمدى ئۇ مېنى ئىككى مەرتىۋە پاچىقىمدىن تارتقان. ئاۋۋال تۇنجىلىق ھەققىمنى ئېلىۋالدى. مانا ئەمدى ماڭا تېگىدىغان دۇئايىخەيرىمنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ» دەپ ئېيتىپ: «مەن ئۈچۈن دۇئايىخەيرىڭ قالمىدىمۇ؟» دېدى. [37] ئىسھاق جاۋاب بېرىپ، ئەساۋغا ئېيتتىكى: «مانا مەن ئۇنى ساڭا خوجا قىلىپ، ھەممە بۇرادەرلىرىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قۇل

قىلىپ بېرىپ، ئاشلىق ۋە شاراب بىلەن ئۇنى قۇۋۋەتلەندۈردۈم. ئەمدى ئەي ئوغلۇم، ساڭا
نېمە قىلاي؟» دېدى. 38 ئەساۋ ئاتىسىغا سۆز قىلىپ: «ئەي ئاتام، يالغۇز بىر دۇئايىخەيرىڭ
بار ئىدىمۇ؟ ئەي ئاتام، ماڭا ھەم دۇئايىخەير قىلغىن» دېدى. شۇنى دەپ، ئەساۋ ئۈنلۈك ئاۋاز
بىلەن يىغلىدى. 39 ئاتىسى ئىسھاق ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «مانا، ئولتۇراق جايىڭ
يەرنىڭ سېمىزلىكىدىن نېرى بولۇپ، ئۈستىدىكى ئاسماننىڭ شەبنىمىدىن يىراق بولسۇن.
40 سەن بولساڭ، قىلىچىڭ بىلەن ئوقەت قىلىپ ئۇكاڭغا خىزمەت قىلىسەن. لېكىن كۈچ
تاپقىنىڭدا ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى بوينۇڭدىن ئېلىپ سۇندۇرىسەن» دېدى.
41 ئەمما ئەساۋ بولسا ئاتىسى ئۇنىڭغا قىلغان دۇئايىخەيرنىڭ سەۋەبىدىن ياقۇپقا ئاداۋەت
قىلىدىغان بولدى. شۇنداقكى، ئەساۋ ئۆز كۆڭلىدە: «ئاتامنىڭ ماتەم كۈنلىرى يېقىنلىشىپ
قالدى. كېيىن مەن ئۇكام ياقۇپنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ خىيال قىلدى. 42 لېكىن رىبقاغا
چوڭ ئوغلى ئەساۋنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ خەۋىرى يەتكىنىدە، ئۇ ئۆزى كىچىك ئوغلى ياقۇپنى
قىچقارتىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «مانا ئاكاڭ ئەساۋ سېنى ئۆلتۈرۈشنىڭ نىيىتى بىلەن ئۆزىگە
تەسەللى بېرىپ تۇرىدۇ. 43 ئەمدى ئەي ئوغلۇم، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، قوپۇپ ھارانغا
بىرتۇغقىنىم لابانىنىڭ قېشىغا قېچىپ كېتىپ، 44 ئاكاڭنىڭ غەزىپى بېسىلغۇچىلىك ئۇنىڭ
قېشىدا تۇرۇپ، 45 ئاكاڭ ئاچچىقىدىن يېنىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغىنىڭنى ئۇنتۇغۇچىلىك
بىرنەچچە كۈن ئاندا تۇرۇپ تۇرغىن. ئاندىن كېيىن مەن كىشى ئەۋەتىپ، سېنى ئۇ يەردىن
ئالدۇرۇپ كېلىمەن. نېمە ئۈچۈن بىر كۈندە ئىككىلەڭلاردىن مەھرۇم قالاي» دېدى. 46 ئەمما
رىبقا ئۆزى ئىسھاققا سۆزلەپ: «مەن بولسام، خىتتىي بولغان قىزلارنىڭ سەۋەبىدىن جېنىمدىن
تويۇپ كەتتىم. ئەگەر ياقۇپ خىتتىيلارنىڭ قىزلىرىدىن بۇ يۇرتتىكى شۇ قىزلاردەك بىر خوتۇننى
ئالسا، تىرىكلىكىمنىڭ نېمە پايدىسى بار» دېدى.

## ياقۇپنىڭ قېچىشى

28 1 ئۇ ۋاقىت ئىسھاق ياقۇپنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا دۇئايىخەير قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە
جېكىلەپ: «سەن بولساڭ قانائانىيلارنىڭ قىزلىرىدىن خوتۇن ئالماي، 2 بەلكى قوپۇپ
پادان-ئارامغا ئاناڭنىڭ ئاتىسى بېتۇئەلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن ئاناڭنىڭ بىرتۇغقىنى
لابانىنىڭ قىزلىرىدىن خوتۇن ئالغىن. 3 قادىر-مۇتلەق خۇدا ئۆزى ساڭا بەرىكەت بېرىپ، سېنى
ئاۋۇتۇپ، تولا قوۋم سەندىن چىققۇدەك سېنى غولدىتىپ، 4 ئىبراھىمنىڭ بەرىكىتىنى ساڭا ۋە
سەن بىلەن نەسلىڭگە بەرگەي. شۇنداقكى، خۇدا ئىبراھىمغا بېرىپ، ئۆزۈڭ مۇساپىر بولۇپ
تۇرغان بۇ يۇرتنى مىراس ئالغايسەن» دېدى. 5 شۇنى دەپ، ئىسھاق ياقۇپنى يولغا سالسا،
بۇ ئۆزى پادان-ئارامغا مېڭىپ، ئاررامىي بېتۇئەلنىڭ ئوغلى بولۇپ، ياقۇپ بىلەن ئەساۋنىڭ
ئانىسى رىبقانىڭ بىرتۇغقىنى بولغان لابانىنىڭ قېشىغا باردى.
6 لېكىن ئەساۋنىڭ ئۆزى ئىسھاقنىڭ ياقۇپقا دۇئايىخەير قىلىپ، ئۇنى پادان-ئارامغا خوتۇن
ئالماق ئۈچۈن ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا دۇئايىخەير قىلغىنىدا جېكىلەپ: «سەن قانائانىيلارنىڭ

قىزلىرىدىن خوتۇن ئالمىغىن» دەپ ئېيتقىنىنى ئۇقۇپ قېلىپ، [7] ياقۇپنىڭمۇ ئۆز ئاتا-ئانىسىغا
ئىتائەت قىلىپ، پادان-ئارامغا كەتكىنىنى كۆرگىنىدە، [8] ئەساۋ ئۆزى: «قانائانىيلارنىڭ
قىزلىرى بولسا ئاتامنىڭ نەزىرىدە يامان كۆرۈنەر ئىكەن» دەپ بىلىپ قېلىپ، [9] ئىسمائىلنىڭ
قېشىغا بېرىپ، بار خوتۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنىڭ قىزى بولۇپ،
نەبايوتنىڭ ھەمشىرىسى بولغان ماھالاتنى خوتۇنلۇققا ئالدى.
[10] ياقۇپ بولسا بەرشېبادىن چىقىپ، ھاران تەرەپكە مېڭىپ، [11] بىر يەرگە يېتىپ، كۈن پېتىپ
كەتكەچ ئاندا قونماقچى بولۇپ، شۇ يەردىكى تاشلاردىن بىر تاشنى ئېلىپ، بېشىنىڭ ئاستىغا
قويۇپ، ئاندا ئۇخلىغىلى ياتتى. [12] ئۇ ئۆزى چۈشىدە كۆرسە، مانا ئۇچى ئاسمانغا يەتكەن بىر
شوتا يەردە تىكلىنىپ، خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى ئۇنىڭدىن چىقىپ-چۈشۈپ تۇراتتى. [13] مانا
خۇداۋەندە ئۇنىڭ تۆپىسىدە تۇرۇپ، سۆز قىلىپ: «مەن بولسام، ئاتاڭ ئىبراھىمنىڭ تەڭرىسى
بىلەن ئىسھاقنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇداۋەندىدۇرمەن. مەن ئۆزۈم سەن ياتقان بۇ يۇرتنى سەن
بىلەن ئەۋلادىڭغا بېرىمەن. [14] نەسلىڭ بولسا يەرنىڭ تۇپرىقىدەك تولا بولۇپ، سەن ئۆزۈڭ
غەرب بىلەن شەرققە، شىمال بىلەن جەنۇبقا يېيىلىپ، سەن بىلەن نەسلىڭنىڭ ۋاسىتىسى
بىلەن يەردىكى بارچە قەبىلىلەر بەخت-بەرىكەت تاپىدۇ. [15] مانا مەن سەن بىلەن بولۇپ،
قەيەرگە بارساڭ، سېنى ساقلاپ، بۇ يۇرتقا سېنى ياندۇرۇپ كېلىپ، ساڭا ئېيتقان سۆزۈمنى
پۈتكۈزمىگۈچىلىك سېنى تاشلىمايمەن» دەپ تۇرغان ئىكەن. [16] ئاندىن ياقۇپ ئويغىنىپ:
«شەكسىز خۇداۋەندە بۇ يەردىدۇر، لېكىن مەن بىلمىگەن ئىكەنمەن» دەپ، [17] قورقۇپ كېتىپ:
«بۇ قانداق مۇقەددەس بىر يەر ئىكەن! بۇ ئۆزى خۇدانىڭ بەيتى بىلەن ئاسماننىڭ دەرۋازىسىدىن
باشقا بىر نېمە ئەمەستۇر» دەپ ئېيتتى.
[18] ياقۇپ ئەتىگەندە سەھەر قوپۇپ، بېشىنىڭ ئاستىغا قويغان تاشنى ئېلىپ، بەلگە بولسۇن
دەپ، تىكلەپ، ئۈستىگە ياغ قۇيۇپ قويۇپ، [19] ئۇ جاينىڭ ئىسمىنى بەيتەل دەپ ئاتىدى. ئەمما
ئىلگىرى ئۇ جاينىڭ ئېتى لۇز ئىدى. [20] ئاندىن ياقۇپ بىر ۋەدە قىلىپ: «ئەگەر خۇدا مېنىڭ
بىلەن بولۇپ، بۇ سەپىرىمدە مېنى ساقلاپ، يېگىلى نان، كىيگىلى ئېگىن بېرىپ تۇرۇپ، [21] مەن
ئاتامنىڭ ئۆيىگە ئامان-ئېسەن يېنىپ بارسام، خۇداۋەندە مېنىڭ تەڭرىم بولۇپ، [22] مەن بەلگە
بولسۇن دەپ، تىكلەپ قويغان بۇ تاشنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ بەيتى بولسۇن. سەن ماڭا بېرىدىغان
نەرسىلەرنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى ساڭا بېرىپ تۇرىمەن» دېدى.

## ياقۇپنىڭ لابان بىلەن تۇرۇشى ۋە ئائىلە قۇرۇشى

29 [1] ئاندىن ياقۇپ كېتىپ، يۇرۇپ شەرق يۇرتىغا يەتتى. [2] ئۇ قارىسا، مانا سەھرادا بىر
قۇدۇق بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئۈچ توپ قوي تۇرىدۇ، چۈنكى خەلق بۇ قۇدۇقنىڭ
ئۆزىدىن پادىلىرىنى سۇغىراتتى. قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا چوڭ بىر تاش قويۇقلۇق بولۇپ، [3]
ھەرقاچان پادىلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەرگە يىغىلسا، كىشىلەر قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىكى تاشنىڭ
ئۆزىنى يۇمىلىتىۋېتىپ، قويلارنى سۇغىرىپ، ئاندىن تاشنى يەنە قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا ئۆز ئورنىغا

قوياتتى. 4 ياقۇپ ئادەملەرگە سۆز قىلىپ: «ئەي بۇرادەرلىرىم، نە يەرلىك ئىكەنسىلەر؟» دېدى. ئۇلارنىڭ ئۆزى: «بىز هارانلىقتۇرمىز» دەپ ئېيتتى. 5 ئۇ ئۇلاردىن: «سىلەر ناهورنىڭ ئوغلى لاباننى تونۇمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «تونۇيمىز» دېدى. 6 ئۇ ئۇلاردىن: «ئۇ ئۆزى سالامەتمۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ. مانا قىزى راھىلە ئۇنىڭ قويلىرى بىلەن كېلىۋاتىدۇ» دېدى. 7 ئۇ ئۆزى: «مانا كۈن تېخى ئېگىز بولۇپ، مال يىغىلىدىغان ۋاقىت تېخى بولمىدى. قويلارنى سۇغىرىپ، بېرىپ بېقىڭلار» دېدى. 8 ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «ياق، مۇنداق قىلمايمىز. ئاۋۋال ھەممە پادىلارنى يىغىپ، تاشنى قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىن يۇمىلىتىۋېتىپ، كېيىن قويلارنى سۇغىرىمىز» دېدى.

9 ئۇ تېخى ئۇلار بىلەن گەپلىشىپ تۇرغىنىدا، راھىلە ئۆزى ئاتىسىنىڭ قويلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. چۈنكى ئۇ بولسا ئۇلارنى باقاتتى. 10 ياقۇپ ئانىسىنىڭ بىرتۇغقىنى لاباننىڭ قىزى راھىلەنىڭ ئۆزى بىلەن ئانىسىنىڭ بىرتۇغقىنى لاباننىڭ قويلىرىنى كۆرگەندە، ئۇ ئۆزى قوپۇپ بېرىپ، قۇدۇقنىڭ ئاغزىدىن تاشنى يۇمىلىتىۋېتىپ، ئانىسىنىڭ بىرتۇغقىنى لاباننىڭ قويلىرىنى سۇغاردى. 11 ئاندىن ياقۇپ راھىلەنى سۆيۈپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن يىغلىغىلى تۇردى. 12 ياقۇپ ئۆزى راھىلەگە: «مەن بولسام، ئاتاڭنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، رىبقانىڭ ئوغلى بولىمەن» دېسە، ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئاتىسىغا خەۋەر بەردى.

13 لابان ئۆز ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ياقۇپنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ئاندىن ياقۇپ ئۆزى لابانغا ئۆتكەن ۋەقەلىرىنى دەپ بەرسە، 14 لابان ئۇنىڭغا: «سەن بولساڭ، مېنىڭ سۆڭەك بىلەن گۆشۈمدۇرسەن» دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭ قېشىدا بىر ئايچە توختاپ قالدى. 15 ئاندىن لابان ياقۇپقا سۆزلەپ: «سەن بولساڭ، مېنىڭ تۇغقىنىم بولغاچ، ماڭا بىكارغا خىزمەت قىلىسەنمۇ؟ ئەمدى نېمە ئىش ھەققى ئېلىشىڭنى ماڭا دەپ بەرگىن» دېدى. 16 ئەمدى لاباننىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئېتى لېيا، كىچىكىنىڭ ئېتى راھىلە ئىدى. 17 لېكىن لېيانىڭ كۆزلىرىنىڭ رەڭگى سۇسراق ئىدى، راھىلە بولسا چىرايلىق ۋە كېلىشكەن ئىدى. 18 ياقۇپنىڭ ئۆزى راھىلەگە ئاشىق بولغاچ، لابانغا: «مەن سېنىڭ كىچىك قىزىڭ راھىلە ئۈچۈن ساڭا يەتتە يىل خىزمەت قىلاي» دېدى. 19 لابان جاۋاب بېرىپ: «ئۇنى باشقا كىشىگە بەرگىنىمدىن ساڭا بەرگىنىم ياخشى بولىدۇ. ئەمدى مېنىڭكىدە تۇرغىن» دېدى.

20 ياقۇپ بولسا راھىلە ئۈچۈن يەتتە يىل خىزمەت قىلدى. ئەمما ئۇ ئۇنى تولا ياخشى كۆرگەچ، بۇ يىللار ئۇنىڭغا بىرنەچچە كۈندەك كۆرۈندى. 21 ئاندىن ياقۇپ لابانغا سۆزلەپ: «مانا كۈنلىرىم بولسا پۈتتى. ئەمدى خوتۇنۇمنى ماڭا بەرگىن. مەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرەي» دېسە، 22 لابان يۇرتتىكى ھەممە ئادەملەرنى يىغىپ، زىياپەت قىلدى. 23 لېكىن ئاخشام بولغاندا ئۇ ئۆزى چوڭ قىزى لېيانى ئېلىپ كېلىپ، ياقۇپقا كەلتۈردى. كەلتۈرسە، ئۇ ئۇنىڭ قېشىغا كىردى. 24 لابان ئۆزى دېدەكى زىلپانى قىزى لېياغا دېدەك قىلىپ بەردى. 25 لېكىن ئەتىسى ياقۇپ نەزەر سېلىپ قارىسا، مانا لېيا تۇرىدۇ! ئۇ ئۆزى لابانغا سۆز قىلىپ: «بۇ ماڭا نېمە قىلغىنىڭ؟ ئەجەبا مەن راھىلە ئۈچۈن ساڭا خىزمەت قىلمىدىممۇ؟ مېنى نېمىشقا شۇنداق ئالدىدىڭ؟» دېدى. 26 لابان ئۆزى: «بىزنىڭ يۇرتىمىزدا كىچىكىنى چوڭىدىن ئىلگىرى بېرىش رەسىم ئەمەس. 27 ئەمدى

سەن بۇنىڭ ھەپتىسىنى تامام قىلغىن. كېيىن يەنە بىرىنىمۇ ساڭا بېرەيلى. ئەمما يەنە يەتتە يىل ماڭا خىزمەت قىلمىقىڭ لازىم بولىدۇ» دېدى. [28]ياقۇپ بولسا ماقۇل بولۇپ، لېيانىڭ ھەپتىسىنى قىلغاندا، لابان ئۆز قىزى راھىلەنىمۇ ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەردى. [29]ئۇ ۋاقىت لابان ئۆز دېدەكى بىلھانى قىزى راھىلەگە دېدەك قىلىپ بەردى. [30]بۇ تەرىقىدە ياقۇپ راھىلەنىڭ قېشىغىمۇ كىرىپ، راھىلەنىڭ ئۆزىنى لېيادىن زىيادە ياخشى كۆردى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى يەنە يەتتە يىل لابانغا خىزمەت قىلدى.

## ياقۇپنىڭ باللىرى

[31]ئەمما خۇداۋەندە لېيانىڭ خار كۆرۈنگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى تۇغۇتلىق قىلىپ قويدى. لېكىن راھىلەنىڭ ئۆزى تۇغماس ئىدى. [32]لېيا ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى رۇبەن قويۇپ: «خۇداۋەندە زەخمىتىمنى كۆردى. ئەمدى ئېرىم ماڭا ئامراق بولىدۇ» دەپ ئېيتتى. [33]ئۇ يەنە ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ: «خۇداۋەندە مېنىڭ خار كۆرۈنگىنىمنى ئاڭلاپ، بۇنى ھەم ماڭا بەردى» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى شىمون قويدى. [34]ئۇ يەنە ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ: «ئەمدى بۇ مەرتىۋە ئېرىم ماڭا چاپلىشىدۇ، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەردىم ئەمەسمۇ؟» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى لاۋىي قويدى. [35]ئۇ يەنە ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ: «ئەمدى مەن خۇداۋەندىگە ھەمدە ئېيتاي دەپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى يەھۇدا قويۇپ قويدى. ئاندىن كېيىن ئۇ تۇغۇتتىن توختاپ قالدى.

30 [1]ئەمما راھىلە ئۆزىنىڭ ياقۇپقا بالا تۇغۇپ بېرەلمىگىنىنى كۆرگەندە، راھىلە ئۆزى ھەمشىرىسىگە ھەسەت قىلىپ، ياقۇپقا: «ماڭا بالا بەرگىن، بولمىسا ئۆلىمەن» دېدى.
[2] ئۇ ۋاقىت ياقۇپنىڭ ئاچچىقى راھىلەگە تۇتىشىپ: «مەن بولسام، خۇدانىڭ ئورنىدا بولۇپ قورسىقىڭنىڭ ئۆرۈقىنى توسۇپ قويىدۇممۇ؟» دېدى. [3] راھىلە سۆزلەپ: «مانا دېدەكىم بىلھا ھازىردۇر. سەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرگىن. ئۇ مېنىڭ قۇچىقىمغا تۇغسۇن. ئۇنىڭ بالىسى بىلەن مەن ئەۋلادلىق بولۇپ قالاي» دېدى. [4] شۇنى دەپ ئۇ ئۆزى دېدەكى بىلھانى ئۇنىڭغا خوتۇن قىلىپ بەرسە، ئۇ ئۇنىڭ قېشىغا كىردى. [5] بىلھا ھامىلىدار بولۇپ، ياقۇپقا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرسە، [6] راھىلە سۆزلەپ: «خۇدا مېنىڭ توغرامدا ھۆكۈم چىقىرىپ، پەريادىمنى ئاڭلاپ، ماڭا بىر ئوغۇل بەردى» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى دان قويۇپ قويدى. [7] راھىلەنىڭ دېدەكى بىلھا يەنە ھامىلىدار بولۇپ، ياقۇپقا ئىككىنچى ئوغۇلنى تۇغۇپ بەرسە، [8] راھىلە سۆزلەپ: «مەن بولسام، ئاچام بىلەن كۆرەش-چېلىش قىلىپ، غالىب بولدۇم» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى نافتالى قويۇپ قويدى.
[9]لېيا ئۆزى ئۆزىنىڭ تۇغۇتتىن توختاپ قالغىنىنى كۆرگىنىدە، ئۆز دېدەكى زىلپانى ياقۇپقا خوتۇن قىلىپ بەردى. [10]لېيانىڭ دېدەكى زىلپا ياقۇپقا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرسە، [11]لېيا سۆزلەپ: «بەختىم ئېچىلدى» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى گاد قويۇپ قويدى. [12]لېيانىڭ دېدەكى

زىلپا ئۆزى ياقۇبقا ئىككىنچى ئوغۇلنى تۇغۇپ بەرسە، [13] لېيا سۆزلەپ: «مەن خۇشالدۇرمەن. دەرۋەقە قىزلار مېنى خۇشال دەپ ئېيتىدۇ» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاشەر قويۇپ قويدى. [14] ئورما ۋاقتىدا رۇبەن چىقىپ ئېتىزلىقتا بارسا، جاڭگالدا دۇداي مېۋىسىنى تېپىۋېلىپ، بۇنى ئانىسى لېيانىڭ قېشىغا كەلتۈرسە، راھىلە لېياغا: «ئىلتىپات قىلىپ، ئوغلۇڭنىڭ دۇداي مېۋىسىدىن بىرنەچچىنى ماڭا بەرگىن» دېدى. [15] شۇنى دېسە، ئۇ ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «ئېرىمنى ئېلىۋالغىنىڭ يەتمەمدۇ؟ ئەمدى ئوغلۇمنىڭ دۇداي مېۋىسىدىن ھەم ئېلىۋالغىلى خالامسەن؟» دېدى. راھىلە جاۋاب بېرىپ: «ئۇنداق بولسا، ئۇ ئۆزى ئوغلۇڭنىڭ دۇداي مېۋىسى ئۈچۈن بۈگۈن كېچە سەن بىلەن ياتسۇن» دېدى. [16] ئاخشىمى ياقۇب سەھرادىن كەلسە، لېيا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «مېنىڭ قېشىمغا كىرگىن، چۈنكى مەن ئوغلۇمنىڭ دۇداي مېۋىسىنى بېرىپ، سېنى ئىجارىگە ئالدىم» دېدى. شۇنى دېسە، ئۇ بۇ كېچە ئۇنىڭ بىلەن ياتتى. [17] ئەمما خۇدا لېيانىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىغاچ، بۇ ئۆزى ھامىلدار بولۇپ، ياقۇبقا بەشىنچى ئوغۇلنى تۇغۇپ بەردى. [18] ئۇ ۋاقىت لېيا سۆز قىلىپ: «دېدەكىمنى ئېرىمگە بەرگىنىم ئۈچۈن خۇدا مېنىڭ ھەققىمنى بەردى» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىسساكار قويۇپ قويدى. [19] لېيا يەنە ھامىلدار بولۇپ، ياقۇبقا ئالتىنچى ئوغۇلنى تۇغۇپ بەردى. [20] ئۇ ۋاقىت لېيا سۆزلەپ: «خۇدا ماڭا ياخشى ھەدىيە بەردى. ئەمدى ئېرىم مەن بىلەن تۇرماقچى بولىدۇ، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئالتە ئوغۇلنى تۇغۇپ بەردىم» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى زەبۇلۇن قويۇپ قويدى. [21] ئاندىن كېيىن ئۇ بىر قىز تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى دىنا قويدى.

[22] ئەمما خۇدا راھىلەنى ياد قىلىپ، ئۆزى دۇئاسىنى ئاڭلاپ ئۇنى تۇغۇتلىق قىلغاچ، [23] ئۇ ھامىلدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپ: «خۇدا مېنىڭ ھاقارىتىمنى كەتكۈزدى» دەپ ئېيتىپ، [24] «خۇداۋەندە ماڭا يەنە بىر بالا بەرسۇن» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى يۇسۇپ قويۇپ قويدى.

## ياقۇب بىلەن لابانىڭ ئارىسىدىكى كېلىشىم

[25] راھىلە يۇسۇپنى تۇغقاندىن كېيىن، ياقۇب لابانغا سۆزلەپ: «مېنى ئۆز ۋەتىنىمدىكى ئۆيۈمگە يانغىلى قويغىن. [26] مەن ئۇلار ئۈچۈن ساڭا خىزمەت قىلغان خوتۇنلىرىم بىلەن بالىلىرىمنى ماڭا بەرگىن. مەن كېتەي، چۈنكى ساڭا قىلغان خىزمىتىمنى ئۆزۈڭ بىلىسەن» دېدى. [27] لابان ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «كۆزلىرىڭدە ئىلتىپات تاپسام، ئوبدان بولىدۇ. مەن بولسام، خۇداۋەندىنىڭ سېنىڭ خاتىرەڭدىن ماڭا بەرىكەت بەرگىنىنى سىناپ بىلىپ قالدىم» دەپ ئېيتىپ: [28] «ماڭا ئىش ھەققىڭنى توختاتقىن. مەن ساڭا بېرىپ تۇراي» دېدى. [29] ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «مەن ساڭا قانداق خىزمەت قىلىپ، مېنىڭ ۋاقتىمدا ماللىرىڭنىڭ قانداق تۇرغىنىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. [30] چۈنكى مەن كەلمەستە مېلىڭ ئاز ئىدى، ئەمدى ناھايىتى تولا بولۇپ قالدى. قەيەرگە مېنىڭ قەدىمىم يەتسە، خۇداۋەندە ساڭا بەرىكەت بەردى. ئەمدى مەن قاچانغىچە ئۆز ئۆيۈم ئۈچۈن ئىشلىمەيمەن» دېدى. [31] ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مەن ساڭا نېمە قىلاي» دېسە، ياقۇب سۆزلەپ: «سەن ماڭا ھېچنېمە بەرمىگىن. لېكىن ماڭا يالغۇز بىر ئىشنى قىلساڭ، مەن يەنە سېنىڭ قويلىرىڭنى بېقىپ ئۇلاردىن خەۋەر ئالاي. [32] مەن بۈگۈن ھەممە

مېلىڭنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن قانچە چار، ئالا ياكى قارا قوي بولسا ئۇلارنى
ئايرىپ، ئۆچكىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ چار بىلەن ئالىسىنى ئايرىپ قوياي. بۇلار ئۆزى مېنىڭ ئىش
ھەققىم بولسۇن. [33] سەن كېلىدىغان كۈنلەردە ئىش ھەققىمنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن چارلىغىلى
كەلسەڭ، راستلىقىم ماڭا گۇۋاھ بولۇپ، مەندىكى چار بىلەن ئالا بولمىغان ھەممە ئۆچكە ياكى
قارا بولمىغان قويلارنىڭ ھەممىسى ئوغرىلانغان قوي سانالسۇن» دېدى. [34] ئۇ ۋاقىت لابان:
«ماقۇل، دېگىنىڭدەك بولسۇن» دېدى.
[35] ئۇ كۈنى ئۇ ئۆزى تاغىل تېكە بىلەن ئالا تېكىلەرنى، ھەممە چار ئۆچكە بىلەن ئالا ئۆچكىلەرنى
ئايرىپ، ئاز-ماز ئاقى بار ھەممە مال بىلەن ھەممە قارا قويلارنىمۇ ئايرىپ چىقىپ، ئۆز
ئوغۇللىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى. [36] ئۇ ئۆزى بىلەن ياقۇپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ كۈنلۈك
يەرنى پاسىل قىلىپ توختىتىپ قويىدى. بۇ تەرىقىدە ياقۇپ ئۆزى لاباننىڭ قالغان پادىلىرىنى
باقىدىغان بولدى.
[37] لېكىن ياقۇپ بولسا تېرەك، بادام ۋە چىنار دەرەخلىرىدىن كۆك تاياقلارنى ئېلىپ، ئۇلارنى
يوللۇق قىلىپ يونۇپ ئاق جىجىقلارنى تارتىپ قويۇپ، [38] ئۇلارنى مال سۇ ئىچىدىغان نور
بىلەن ئوقۇرلارغا تاشلاپ مالنىڭ ئالدىدا قويىدى. ئۇلار سۇ ئىچكىلى كېلىپ جۈپلەشسە، [39] مال
ئۆزى بۇ ئالا تاياقلارنىڭ ئالدىدا بوغۇز بولغاندا تاغىل، چار ۋە ئالا قوزىلارنى قوزىلىغىلى
تۇردى. [40] ئاندىن كېيىن ياقۇپ قوزىلارنى ئايرىپ قويۇپ، لاباننىڭ پادىسىنىڭ يۈزلىرىنى بۇ
ھەممە تاغىل بىلەن قارا قوزىلارنىڭ تەرىپىگە قىلىپ قويۇپ، ئۆز مېلىنى لاباننىڭ مېلىغا
قوشماي، بۆلەك قويىاتتى. [41] قاچان كۈچلۈكرەك مال جۈپلەشمەكچى بولسا، تاياقلارنىڭ ئالدىدا
بوغۇز بولسۇن دەپ، ياقۇپ تاياقلارنى مالنىڭ ئالدىدا ئوقۇرلاردا قويىاتتى. [42] لېكىن ئاجىزراق
مال جۈپلەشمەكچى بولسا، تاياقلارنى قويمايتتى. بۇ تەرىقىدە ئاجىزلىرى لاباننىڭكى بولۇپ،
كۈچلۈكرەكلىرى ياقۇپنىڭكى بولۇپ قالدى. [43] بۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى ناھايىتى تولا باي
بولۇپ، مېلى، دېدەكلىرى، قۇللىرى، تۆگىسى ۋە ئېشەكلىرى تولا بولدى.

## ياقۇپنىڭ لاباننىڭ يېنىدىن قېچىشى

31 [1] ئەمما ئۇ ئۆزى لاباننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ: «ياقۇپ بولسا ئاتىمىزنىڭ پۈتۈن بارلىقىنى
ئېلىۋالغاچ، ئاتىمىزنىڭ تەئەللۇقىدىن بۇ ھەممە دۆلەتنى تاپتى» دەپ ئېيتقىنىنى
ئاڭلاپ قالدى. [2] ياقۇپ لاباننىڭ چىرايىغىمۇ قارىسا، ئۇمۇ تونۇگۈن ئۈلۈشكۈنكىدەك ئەمەس
ئىدى. [3] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ياقۇپقا: «سەن بولساڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ يۇرتىغا يۈزلىنىپ،
تۇغقانلىرىڭنىڭ قېشىغا يېنىپ كەتكىن. مەن ساڭا يار بولىمەن» دېدى. [4] ئۇنىڭ ئۈچۈن ياقۇپ
كىشى ئەۋەتىپ، راھىلە بىلەن لېيانى پادىسى تۇرغان سەھراغا قىچقارتىپ كەلتۈرۈپ، [5] ئۇلارغا
سۆزلەپ: «مانا مەن ئاتاڭلارنىڭ چىرايىغا قارىسام، ماڭا تونۇگۈن ئۈلۈشكۈنكىدەك كۆرۈنمەيدۇ.
ئەمما ئاتامنىڭ تەڭرىسى ماڭا يار بولدى. [6] سىلەر بولساڭلار، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئاتاڭلارغا
قىلغان خىزمىتىمنى بىلىسىلەر. [7] ئەمما ئاتاڭلار بولسا مېنى گوللاپ ئون مەرتىۋە ئىش

ھەققىمنى يەڭگۈشلىدى. لېكىن خۇدا ئۇنى ماڭا زىيان يەتكۈزگىلى قويمىدى. [8] ئۇ ئۆزى:
‹ ئالا قوزىلار ئىش ھەققىڭ بولسۇن› دېسە، ھەممە مال ئالا قوزا قوزىلىغىلى تۇردى. ئۇ ئۆزى:
‹ تاغىل قوزىلار ئىش ھەققىڭ بولسۇن› دېسە، ھەممە مال تاغىل قوزا قوزىلىغىلى تۇردى. [9] بۇ
تەرىقىدە خۇدا ئاتاڭلارنىڭ مېلىنى ئېلىپ، ماڭا بەردى. [10] ماللار بوغوز بولغان ۋاقىتدا چۈش
كۆرسەم، مانا ماللارغا چاچراپ تۇرغان قوچقار-تېكىلەرنىڭ ھەممىسى تاغىل، ئالا ۋە چىپار
ئىكەن. [11] خۇدانىڭ پەرىشتىسى چۈشۈمدە ماڭا: ‹ ئەي ياقۇپ› دېسە، مەن جاۋاب بېرىپ:
‹ مانا مەن› دېدىم. [12] ئۇ سۆزلەپ: ‹ ئەمدى كۆزلىرىڭنى كۆتۈرۈپ قارىغىن. مانا ماللارغا
چاچراپ تۇرغان قوچقار-تېكىلەرنىڭ ھەممىسى تاغىل، ئالا ۋە چىپاردۇر، چۈنكى مەن بولسام
لاباننىڭ ساڭا ھەممە قىلغىنىنى كۆردۈم. [13] مەن ئۆزۈم بەيتەلدە ساڭا كۆرۈنگەن خۇدادۇرمەن.
سەن ئاندا بىر تىكلەپ قويغان تاشنى ياغلاپ، ماڭا بىر ۋەدە قىلدىڭ ئەمەسمۇ؟ ئەمدى سەن
قوپۇپ، بۇ يۇرتتىن چىقىپ، ۋەتىنىڭگە يانغىن› دېدى» دەپ ئېيتتى. [14] ئۇ ۋاقىت راھىلە بىلەن
لېيا جاۋاب بېرىپ ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «تېخى ئاتىمىزنىڭ ئۆيىدە بىزگە تېگىشلىك نېسىۋە
ياكى مىراس قالدىمۇ؟ [15] بىز بولساق، ئۇنىڭغا بىگانىدەك كۆرۈنمىدۇقمۇ؟ چۈنكى ئۇ بىزنى
سېتىپ، پۇلىنىمۇ يەپ كەتتى ئەمەسمۇ؟ [16] شۇنداق بولغاندىن كېيىن خۇدا ئاتىمىزدىن ئالغان
بۇ دۆلەتنىڭ ھەممىسى بىزنىڭكى بىلەن بالىلىرىمىزنىڭكى بولسۇن. ئەمدى سەن خۇدانىڭ
ساڭا ئېيتقىنىدەك قىلغىن» دېيىشتى.
[17] ئۇ ۋاقىت ياقۇپ قوپۇپ، بالىلىرى بىلەن خوتۇنلىرىنى تۆگىلەرگە مىندۈرۈپ، [18] ھەممە مېلى
بىلەن بار يوقىنى ئېلىپ، پادان-ئارامدا تاپقان تەئەللۇق ماللىرىنى ئاتىسى ئىسھاقنىڭ يۇرتىغا
ئېلىپ بارماق ئۈچۈن قانائان يۇرتىغا ھەيدەپ ماڭدى. [19] لابان ئۆزى قويلىرىنى قىرقىتقىلى
كەتكىنىدە راھىلە ئۆز ئاتىسىنىڭ بۇتلىرىنى ئوغرىلىۋالغانىدى. [20] ياقۇپ بولسا ئاررامىي
لاباننىڭ قېشىدىن ئوغرىلىقچە كېتىپ ئۆزىنىڭ قېچىشىنى ئۇقتۇرماي، [21] پۈتۈن بارلىقىنى
ئېلىپ، قوپۇپ قېچىپ، دەريادىن ئۆتۈپ، گىلىياد تېغى تەرەپكە يۈزلەنگەنىدى.
[22] ئەمما ئۈچىنچى كۈنى لابانغا ياقۇپنىڭ قاچقىنى توغرىسىدا خەۋەر يەتتى. [23] ئۇ ۋاقىت ئۆزى
تۇغقانلىرىنى بىللە ئېلىپ، يەتتە كۈنلۈك يولغىچە كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، گىلىياد تېغىدا
ئۇنى تاپتى. [24] لېكىن كېچىسى خۇدا ئاررامىي لاباننىڭ چۈشىگە كىرىپ، ئۇنىڭغا سۆزلەپ:
«سەن بولساڭ، ياقۇپقا ياخشى-يامان گەپ قىلىشتىن ئېھتىيات قىلغىن» دېدى. [25] لابان
ياقۇپنىڭ قېشىغا يېتىپ بارسا، ياقۇپ ئۆز چېدىرىنى تاغنىڭ ئۈستىدە تىككەنىدى. لابانمۇ
تۇغقانلىرى بىلەن گىلىياد تېغىنىڭ ئۈستىدە چېدىر تىكتى. [26] ئۇ ۋاقىت لابان ياقۇپقا سۆزلەپ:
«بۇ ئۆزى نېمە قىلغىنىڭ؟ سەن بولساڭ، مەندىن ئوغرىلىقچە كېتىپ، قىزلىرىمنى قىلىچ
بىلەن ئالغان ئەسىرلەردەك ئېلىپ كەتتىڭ. [27] نېمىشقا پىنھاندا قېچىپ، مەندىن ئوغرىلىقچە
كېتىپ، ماڭا خەۋەر بەرمىدىڭ؟ بولمىسا، مەن خۇشلۇق قىلىپ، غەزەل ئوقۇپ، داپ بىلەن چاڭ
چېلىپ، سېنى يولغا سالاتتىم ئەمەسمۇ؟ [28] مېنى ئۆز بالىلىرىم بىلەن قىزلىرىمنى سۆيگىلىمۇ
قويمىدىڭ. بۇ ئىشتا ئەخمەقلىق قىلدىڭ. [29] سىلەرگە يامانلىق قىلغىلى قولۇمنىڭ كۈچى بار،
لېكىن تۈنۈگۈن كېچە ئاتاڭنىڭ تەڭرىسى چۈشۈمدە ماڭا سۆزلەپ: ‹ سەن بولساڭ، ياقۇپقا
ياخشى-يامان گەپ قىلىشتىن ئېھتىيات قىلغىن› دېدى. [30] ئەمدى سەن ئاتاڭنىڭ ئۆيىنى تولا

سىغىنغاچ كەتكىلى خالىغان بولساڭ، نېمىشقا مېنىڭ بۇتلىرىمنى ئوغرىلاپ كەلدىڭ؟» دېدى.
[31] ئۇ ۋاقىت ياقۇپ جاۋاب بېرىپ، لابانغا: «مەن سېنى قىزلىرىنى مەندىن تارتىۋالىدۇمىكىن
دەپ خىيال قىلىپ قورققان ئىدىم. [32] ئەمدى كىمنىڭ قېشىدا سېنىڭ بۇتلىرىڭ تېپىلسا، ئۇ
ئۆزى تىرىك قالمىسۇن. مەندە ھەرنېمەڭ بولسا تۇغقانلىرىڭنىڭ ئالدىدا بۇنى تونۇۋالغىن»
دېدى. چۈنكى راھىلەنىڭ بۇ بۇتلارنى ئوغرىلاپ كەلگىنى ياقۇپقا مەلۇم ئەمەس ئىدى.
[33] ئۇ ۋاقىت لابان ياقۇبنىڭ چېدىرىغا كىرىپ، لېيانىڭ چېدىرىغا داخىل بولۇپ، ئىككى
دېدەكنىڭ چېدىرىنىمۇ ئاختۇرۇپ، ھېچنېمە تاپالماي، لېيانىڭ چېدىرىدىن چىقىپ، راھىلەنىڭ
چېدىرىغا كىردى. [34] ئەمما راھىلە بولسا بۇتلارنى ئېلىپ، بۇلارنى تۆگىنىڭ چومىنىڭ ئىچىگە
سېلىپ قويۇپ، ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالغانىدى. لابان ئۆزى پۈتۈن چېدىرىنى ئاختۇرۇپ، ھېچنېمە
تاپالمىدى. [35] ئۇ ۋاقىت راھىلە ئاتىسىغا سۆزلەپ: «ئەي خوجام، ئالدىڭدا قوپالمىغىنىم ئۈچۈن
خاپا بولمىغىن. چۈنكى مەن بولسام خوتۇنلارنىڭ ئاي كۆرىدىغان ھالىتىدە ئىكەنمەن» دېدى.
بۇ تەرىقىدە ئۇ قانچە ئىزدىسىمۇ، بۇتلارنى تاپالمىدى. [36] ئۇ ھامان ياقۇپ ئاچچىقلاپ، لابانغا
تۈۋلىغىلى تۇردى. ياقۇپ لابانغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: «سەن مېنى كەينىمدىن مۇنچە قاتتىق
قوغلاپ كەلگىلى مېنىڭ نېمە خاتام بولۇپ، نېمە گۇناھىم باردۇر؟ [37] سەن ئەمدى ھەممە مال-
جابدۇقلىرىمنى ئاختۇرۇپ باققىنىڭدا ئۆي جابدۇقلىرىڭدىن بىر نېمە تاپتىڭمۇ؟ ئەگەر بىر نېمە
بولسا، مېنىڭ تۇغقانلىرىم بىلەن سېنىڭ تۇغقانلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئۇنى قويغىن. ئۇلار بولسا
بىز ئىككىلىمىزنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلسۇن. [38] مەن بولسام، يىگىرمە يىل قېشىڭدا تۇردۇم.
تۇرسام، ھېچقاچان قوي بىلەن ئۆچكىلىرىڭ بالا تاشلىۋەتمىدى ۋە يا مېلىڭنىڭ قوچقارلىرىنى
يەپ كەتمىدىم. [39] يىرتىلغانلىرى بولسا قېشىڭغا ئېلىپ كەلمەي، ئۇنى ئۆزۈم تۆلىدىم. كېچىسى
ياكى كۈندۈزى ئوغرى ئالغان مال بولسا ئۇنى سەن مەندىن تۆلىتىۋالدىڭ. [40] مەن بولسام،
كۈندۈزى ئىسسىقتىن، كېچىسى سوغۇقتىن قىينىلىپ، كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قېچىپ كەتكەنىدى.
[41] بۇ تەرىقىدە مەن يىگىرمە يىلغىچە سېنىڭ ئۆيۈڭدە تۇرۇپ، ئون تۆت يىل ئىككى قىزىڭ
ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئالتە يىل مېلىڭ ئۈچۈن ساڭا خىزمەت قىلدىم. ئەمما ئون مەرتىۋە
ئىش ھەققىمنى يەڭگۈشلىۋەتتىڭ. [42] مۇبادا ئاتامنىڭ تەڭرىسى بولۇپ ئىبراھىمنىڭ خۇدايى
ئاتىلىپ، ئىسھاقنىڭ قورقۇنچىسى بولغاننىڭ ئۆزى مەن بىلەن بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە سەن
مېنى قۇرۇق قول قىلىپ ياندۇراتتىڭ. ئەمما خۇدا ئۆزى مېنىڭ زەخمىتىم بىلەن قوللىرىمنىڭ
مۇشەققىتىنى كۆرۈپ، تۈنۈگۈن كېچە سېنى قورقۇتۇپ قويدى ئەمەسمۇ؟» دەپ ئېيتتى.
[43] ئۇ ۋاقىت لابان جاۋاب بېرىپ ياقۇپقا سۆزلەپ: «بۇ قىزلار بولسا مېنىڭ قىزلىرىم، بۇ بالىلار
بولسا مېنىڭ بالىلىرىم، بۇماللار بولسا مېنىڭ ماللىرىم بولۇپ، ساڭا كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسى
مېنىڭكىدۇر. ئەمدى مەن بۇ كۈن ئۆز قىزلىرىمغا ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقان بالىلىرىغا نېمە ئىش
قىلاي؟ [44] ئەمدى كەلگىن، ئەھدە باغلىشايلى. بۇ ئۆزى مەن بىلەن سېنىڭ ئوتتۇراڭدا بىر
گۇۋاھ بولسۇن» دېدى. [45] ئۇ ۋاقىت ياقۇپ بىر تاشنى ئېلىپ تىكلىدى. [46] تىكلەپ قويۇپ،
ياقۇپ تۇغقانلىرىغا: «تاش يىغىڭلار» دېسە، ئۇلار تاشلارنى ئېلىپ كېلىپ، دۆۋىلەپ قويۇپ،
ئاندا بۇ دۆۋىنىڭ ئۈستىدە تائام يېيىشتى. [47] لابان بۇ جاينىڭ ئۆزىنى يېگار-ساخادۇتا دەپ
ئاتىدى. ياقۇپ ئۇنىڭغا گال-ئېد دەپ ئات قويدى. [48] لابان سۆزلەپ: «بۇ دۆۋە بولسا بۇ كۈن

سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا گۇۋاھ بولسۇن» دېدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئېتى گال-ئېد قويۇلدى.
49 لېكىن مۇندىن باشقا بۇ جاي ئۆزى مىسپاھ دەپ ھەم ئاتالدى، چۈنكى لابان سۆزلەپ: «بىز بىر-بىرىمىزنىڭ قېشىدا بولمىغىنىمىزدا، خۇداۋەندە سەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا قاراۋۇلچى بولۇپ تۇرسۇن. 50 ئەگەر سەن قىزلىرىمغا خاپىلىق سېلىپ، قىزلىرىمنىڭ ئۈستىگە باشقا خوتۇن ئالساڭ، بىر كىشى ھازىر بولمىسىمۇ، مەن بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا خۇدانىڭ گۇۋاھ بولغىنىنى بىلگىن» دەپ ئېيتقاندىن كېيىن، 51 لابان ياقۇپقا يەنە سۆزلەپ: «مانا بۇ دۆۋىگە قاراپ مەن ئۆزۈم ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا تىكلەپ قويغان بۇ تاش تۈۋرۈكنىڭ ئۆزىگىمۇ نەزەر سالغىن. 52 بۇ دۆۋىنىڭ ئۆزى گۇۋاھ بولۇپ، بۇ تۈۋرۈكمۇ گۇۋاھ بولسۇن. خاھى مەن بولسام يامان نىيەت بىلەن بۇ دۆۋىدىن سەن تەرەپكە ئۆتمىگەيمەن، خاھى سەن بولساڭمۇ، يامان نىيەت قىلىپ بۇ دۆۋىدىن ئېشىپ، بۇ تۈۋرۈكنىڭ بۇ يېنىغا مەن تەرەپكە ئۆتمىگەيسەن.
53 ئىبراھىمنىڭ خۇدايى بولۇپ ناھورنىڭ تەڭرىسى ئاتىلىپ بۇ ئىككىلىسىنىڭ ئاتىسىغىمۇ، تەڭرى بولغانىنىڭ ئۆزى ئارىمىزدا ھاكىم بولسۇن» دېگەنىدى. ياقۇپ بولسا ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسھاقنىڭ قورقۇنچىسى بولغان زات بىلەن قەسەم قىلدى. 54 ئاندىن كېيىن ياقۇپ تاغنىڭ ئۈستىدە سويۇم قۇربانلىق ئۆتكۈزۈپ: «مەن بىلەن تائام يەڭلار» دەپ ئۆز تۇغقانلىرىنى قىچقارسا، ئۇلار تائام يەپ، كېچىسى تاغدا قوندى.

## ياقۇبنىڭ ئەساۋ بىلەن ئەپلەشتۇرۇلۇشى

32 1 لېكىن ئەتىسى لابان سەھەر قوپۇپ، نەۋرىلىرى بىلەن قىزلىرىنى سۆيۈپ، ئۇلارنى مۇبارەكلەپ قويۇپ، راۋان بولۇپ ئۆز ئۆيىگە ياندى. 2 ئەمما ياقۇپ ئۆز يولىغا كېتىپ بارسا، خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى ئۇنىڭغا ئۇچرىدى. 3 ياقۇپ ئۇلارنى كۆرگەندە: «بۇلار بولسا خۇدانىڭ قوشۇنى ئىكەن» دەپ بۇ جاينىڭ ئېتىنى ماخانائىم قويدى. 4 ياقۇپ ئۆز ئالدىدا ئېدوم ۋىلايىتىدىكى سېئىر يۇرتىغا ئاكىسى ئەساۋنىڭ قېشىغا خەۋەرچىلەر ئەۋەتىپ، 5 ئۇلارغا جېكىلەپ: «سىلەر خوجام ئەساۋغا سۆز قىلىپ: ‹ قۇلۇڭ ياقۇپ بولسا: «مەن ئۆزۈم لابانىنىڭ قېشىدا مۇساپىر بولۇپ، بۇ دەمگىچە ئاندا تۇرغان ئىدىم. 6 ئەمدى مېنىڭ كالا، ئېشەك ۋە قويلىرىم بولۇپ، قۇل بىلەن دېدەكلىرىممۇ بار. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىلتىپات تاپارمەنمىكىن دەپ، خوجامنىڭ قېشىغا خەۋەر ئەۋەتكىلى خالىدىم» دەپ ئېيتتى› دەڭلار» دېدى.
7 خەۋەرچىلەر بولسا ياقۇبنىڭ قېشىغا يېنىپ كېلىپ: «بىز بولساق، ئاكاڭ ئەساۋنىڭ قېشىغا باردۇق. ئۇ ئۆزى تۆت يۈز كىشىنى ئېلىپ، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئېيتتى. 8 ئۇ ۋاقىت ياقۇپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپ، بىئارام بولۇپ قېلىپ، ئۆز ئادەملىرىنى قوي، كالا ۋە تۆگىلىرىگە قوشۇپ، ئىككى توپقا بۆلۈپ قويۇپ: 9 «ئەگەر ئەساۋ كېلىپ، بىر توپنى ئۇرسىمۇ، يەنە بىر توپ قۇتۇلۇپ قالىدۇ» دەپ خىيال قىلدى. 10 ئاندىن ياقۇپ سۆزلەپ: «ئەي سەن، ئاتام ئىبراھىمنىڭ تەڭرىسى بىلەن ئاتام ئىسھاقنىڭ تەڭرىسى بولۇپ، ماڭا سۆزلەپ: ‹ سەن ئۆز يۇرتۇڭغا تۇغقانلىرىڭنىڭ قېشىغا يېنىپ كەتكىن. مەن ساڭا ياخشىلىق قىلىمەن› دەپ

ئىبىتقان خۇداۋەندە! 11 مەن بولسام، سىنىڭ ئۆز بەندەڭگە كۆرسەتكەن ھەممە مەرھەمەت
بىلەن بارچە ۋاپادارلىقىڭنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەسمەن. چۈنكى مەن بولسام بۇ ئىئوردانىدىن
ئۆتكىنىمدە يالغۇز بىر تايىقىم بار ئىدى. ئەمدى مەن ئىككى توپ بولدۇم. 12 مەن ساڭا
يالۋۇرىمەنكى، سەن مېنى ئاكام ئەساۋنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغايسەن، چۈنكى ئۇ كېلىپ، مەن
بىلەن خوتۇن بالا-چاقامنى ئۇرارمىكىن دەپ قورقىمەن. 13 سەن بولساڭ: ‹ شەكسىز مەن
ساڭا تولا ياخشىلىق قىلىپ، سېنىڭ نەسلىڭنى توللىقىدىن سانىيالمايدىغان دەريا قۇمىدەك
قىلىمەن› دەپ ئېيتقان ئىدىڭ ئەمەسمۇ؟» دېدى.

14 ئۇ ئۆزى ئۇ كېچىسى ئاندا قونۇپ، قول ئىلكىدىكى ماللاردىن ئېلىپ، ئاكىسى ئەساۋغا
سوۋغا راستلاپ، 15 ئىككى يۈز ئۆچكە، يىگىرمە تېكە، ئىككى يۈز ساغلىق، يىگىرمە قوچقار،
16 تايلاقلىرى بىلەن قوشۇپ ئوتتۇز سېغىن تۆگە، قىرىق ئىنەك، ئون بۇقا، يىگىرمە مادا ئېشەك،
ئون ھاڭگا ئېشەكنىڭ ئۆزىنى جايلاپ، 17 بۇلارنى باشقا-باشقا توپ قىلىپ، خىزمەتكارلىرىغا
تاپشۇرۇپ ئۇلارغا جېكىلەپ: «سىلەر بولساڭلار، مەندىن ئىلگىرى مېڭىپ، ھەر توپنى باشقا-
باشقا قىلىپ ئۈزۈن-ئۈزۈندىن ئارىلىق قويۇپ ھەيدەڭلار» دەپ ئېيتتى. 18 ئۇ ئالدى توپنى
ھەيدىگۈچىگە ھۆكۈم قىلىپ: «ئاكام ئەساۋ ساڭا ئۇچراپ سەندىن: ‹ كىمنىڭكىسەن؟ قەيەرگە
بارىسەن؟ ئالدىڭدىكى جانىۋار كىمنىڭكىدۇر؟› دەپ سورىسا، 19 سەن جاۋاب بېرىپ: ‹ بۇلار ئۆزى
قۇلۇڭ ياقۇپنىڭكى بولۇپ، خوجام ئەساۋغا ئەۋەتىلگەن سوۋغىدۇر. مانا ئۇ ئۆزىمۇ كەينىمىزدىن
كېلىۋاتىدۇ› دەپ ئېيتقىن» دېدى. 20 بۇ تەرىقىدە ئۇ ئۆزى ئىككىنچىسى بىلەن ئۈچىنچىسى ۋە
بارچە قالغان توپلارنى ھەيدىگۈچىلەرگىمۇ ھۆكۈم بېرىپ: «ئەساۋ سىلەرگە ئۇچرىسا، سىلەرمۇ
ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ ئېيتىپ: 21 ‹ مانا قۇلۇڭ ياقۇپ ئۆزىمۇ ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ› دەڭلار»
دېدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى: «مەن ئالدىمدا بارغان سوۋغا بىلەن ئۇنى يۇمشىتىپ، كېيىن يۈزىنى
كۆرسەم، ماڭا يۈز-خاتىرە قىلارمىكىن» دەپ خىيال قىلغانىدى.

22 بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋغىلار ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مېڭىپ كەتتى. ئەمما ئۆزى ئۇ كېچىسى
چۈشكەن جايدا قونۇپ قالدى.

23 لېكىن ئۇ شۇ كېچىسى قوپۇپ، ئىككى خوتۇنى، ئىككى دېدىكى ۋە ئون بىر ئوغلىنى ئېلىپ،
ياببوق كېچىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. 24 ئۇ ئۇلارنى ئېقىندىن ئۆتكۈزۈپ، ھەممە تەئەللۇقىنىمۇ
ئۇ قاتقا ئېلىپ، ئۆتكۈزۈپ قويدى.

25 ئەمما بۇ قاتتا ياقۇپ ئۆزى يالغۇز قالسا، بىر كىشى كېلىپ، ئاندا ئۇنىڭ بىلەن تاڭ
ئاتقۇچىلىك چېلىشتى. 26 لېكىن بۇ كىشى ئۇنىڭغا غالىب بولالمايدىغىنىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ
يانپىشىنى تۇتتى. شۇنداقكى، ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ تۇرغىنىدا ياقۇپنىڭ يوتىسى ئورنىدىن
چىقىپ كەتتى. 27 ئۇ كىشى سۆزلەپ: «مېنى قويۇپ بەرگىن، چۈنكى تاڭ ئاتقىلى باشلىدى»
دېسە، ئۇ ئۆزى جاۋاب بېرىپ: «سەن مېنى بەرىكەتلىمىگۈچە سېنى قويۇپ بەرمەيمەن» دېدى.
28 ئۇ ئۇنىڭدىن: «ئېتىڭ نېمىدۇر؟» دەپ سورىسا، ئۇ: «ئېتىم ياقۇپ» دېدى. 29 ئۇ سۆز قىلىپ:
«سەن يەنە ياقۇپ دەپ ئاتالماي، بەلكى ئىسرائىل دەپ ئاتىلىسەن. چۈنكى سەن بولساڭ، خۇدا
ۋە ئىنسان بىلەن چېلىشىپ، غالىب بولدۇڭ» دېدى. 30 ئۇ ۋاقىت ياقۇپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:
«ئېتىڭنى ماڭا دەپ بەرگىن» دېسە، ئۇ: «نېمىشقا مېنىڭ ئىسمىمنى سورايسەن؟» دەپ ئۇنى

ئۇ يەردە مۇبارەكلەپ قويدى. [31] لېكىن ياقۇپ: «خۇدانى يۈزمۇيۈز كۆرۈپ، جېنىم قۇتۇلۇپ
قالدى» دەپ ئۇ جاينىڭ ئىتىنى پېنىيەل قويدى. [32] ئۇ ئۆزى پېنىيەلدىن ئۆتۈپ كەتكىنىدە
كۈن چىقتى. ئەمما ئۇنىڭ يوتىسى ئاقساق ئىدى. [33] بۇ سەۋەبتىن بەنى-ئىسرائىل بۇ كۈنگىچە
يانپاشتىكى پەيىنى يېمەيدۇ، چۈنكى مەزكۇر زات ياقۇپنىڭ يانپىشىدىكى پەيىنى تولغىغانىدى.
33 [1] ياقۇپ كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، مانا ئەساۋ تۆت يۈز كىشى بىلەن كېلىۋاتاتتى.
دەرھال ئۇ ئۆزى بالىلىرىنى لېيا، راھىلە ۋە ئىككى دېدىكىگە بۆلۈپ بەردى. [2] ئۇ
ئىككى دېدەك بىلەن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ھەممىدىن ئىلگىرى تۇرغۇزۇپ، ئاندىن لېيا بىلەن
ئۇنىڭ بالىلىرىنى تۇرغۇزۇپ، ھەممىدىن كېيىن راھىلە بىلەن يۈسۈپنى تۇرغۇزۇپ، ھەممىنى
ماڭدۇرۇپ، [3] ئۆزى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يۈرۈپ ئاكىسىنىڭ قېشىغا يەتكىلى تۇرغاندا،
يەتتە مەرتىۋە يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلدى. [4] ئەساۋ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ، ئۇنى قۇچاقلاپ
بويىنىغا گىرە سېلىپ، ئۇنى سۆيۈپ ئىككىلىسى يىغلاشقىلى تۇردى. [5] ئاندىن ئەساۋ كۆزلىرىنى
كۆتۈرۈپ قاراپ، خوتۇنلار بىلەن بالىلارنى كۆرۈپ: «بۇلار سېنىڭ نېمەڭدۇر؟» دەپ سورىسا، ئۇ
جاۋاب بېرىپ: «بۇلار بولسا خۇدا مەرھەمەت قىلىپ قۇلۇڭغا بەرگەن بالىلاردۇر» دېدى. [6] ئۇ
ۋاقىت ئىككى دېدەك بىلەن بالىلىرى يېقىن بېرىپ، ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى، [7] ئاندىن لېيا بىلەن
ئۇنىڭ بالىلىرى يېقىن بېرىپ، تەزىم قىلدى. ئاخىرىدا يۈسۈپ بىلەن راھىلە يېقىن بېرىپ،
تەزىم قىلدى. [8] ئەساۋ سۆز قىلىپ: «ماڭا ئۇچرىغان بۇ ھەممە توپلار نېمە ئۈچۈندۇر؟» دېسە، ئۇ
جاۋاب بېرىپ: «بۇ ئۆزى خوجامنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تاپمىقىم ئۈچۈندۇر» دېدى. [9] ئۇ ۋاقىت
ئەساۋ: «ئەي بۇرادىرىم، مەندە يەتكۈدەك بار. سېنىڭكى ئۆزۈڭگە بولسۇن» دېدى. [10] ئەمما
ياقۇپ سۆزلەپ: «يوقسۇ، ئەگەر مەن كۆزلىرىڭدە ئىلتىپات تاپقان بولسام، ھەدىيەمنى
قولۇمدىن قوبۇل قىلغىن. چۈنكى سەن مەندىن رازى بولۇپ، يۈزۈڭنى كۆرگىنىمدە، خۇدانىڭ
يۈزىنى كۆرگەندەك بولدۇم. [11] ئەمدى مېنىڭ ساڭا كەلتۈرگەن ھەدىيەمنى قوبۇل قىلىپ
ئالغىن. خۇدا ماڭا مەرھەمەت قىلغاچ، ھەممە نەرسىلىرىم باردۇر» دەپ ئۇنى زورلىسا، ئۇ
قوبۇل قىلدى.
[12] ئاندىن ئەساۋ سۆز قىلىپ: «ئەمدى بىز قوزغىلىپ يۈرەيلى. مەن ئالدىڭدا ماڭاي» دېسە،
[13] ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «مېنىڭ خوجام بولسا بالىلارنىڭ كىچىك بولۇپ، قېشىمدا
ئېمىتىدىغان قوي بىلەن كالىلارنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر مەن بۇلارنى بىر كۈن زىيادە
ھەيدىسەم، پۈتۈن پادا ئۆلۈپ كېتىدۇ. [14] بۇنىڭ ئۈچۈن خوجام ئۆز قۇلىدىن ئىلگىرى كەتسۇن.
مەن بولسام، ئالدىمدىكى پادا بىلەن بالىلارنىڭ مېڭىشىغا قاراپ ئاستا-ئاستا مېڭىپ، ئۆز
خوجامنىڭ قېشىغا سېئىرغا يېتىپ باراي» دېدى. [15] ئۇ ۋاقىت ئەساۋ سۆزلەپ: «ئۇنداق
بولسا، مەن ئۆزۈم بىلەن كەلگەن كىشىلەردىن بىرنەچچىنى قېشىڭدا قويۇپ كېتەي» دېدى.
لېكىن ئۇ جاۋاب بېرىپ: «بۇ لازىم كەلمەيدۇ. يالغۇز خوجامنىڭ كۆزلىرىدە ئىلتىپات تاپسام،
ماڭا يېتىدۇ» دېسە، [16] ئۇ كۈنى ئەساۋ سېئىرغا يېنىپ كەتتى.
[17] ئەمما ياقۇپ سەپەر قىلىپ، سۇككوت دېگەن جايغا كېلىپ ئۆزىگە بىر ئۆينى ياساپ ماللىرى
ئۈچۈن سايىۋەن قىلىپ بۇ يەرنى سۇككوت دەپ ئاتىدى. [18] ياقۇپ ئۆزى پادان-ئارامدىن
قانائان يۇرتىدىكى شەكەم دېگەن شەھەرگە تىنچ-ئامان كەلدى. ئۇ شەھەرنىڭ ئالدىدا چېدىر

تىكىپ، [19] ئۆزى چېدىر تىككەن يەرنىڭ بىر پارچىسىنى شەكەمنىڭ ئاتىسى بولغان خامورنىڭ باللىرىدىن يۈز كۈمۈش تەڭگىگە سېتىۋالدى. [20] ئاندا بىر قۇربانگاھنى ياساپ، ئېتىنى ئەل-ئەلوھىي-ئىسرائىل قويۇپ قويدى.

## شەكەمنىڭ دىنانىڭ نومۇسىغا تېگىشى

34 [1] ئەمما لېيانىڭ ياقۇپقا تۇغۇپ بەرگەن قىزى دىنا يۇرتنىڭ قىزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى چىقسا، [2] ئۇ يۇرتنىڭ ئەمىرى بولغان خىۋىي خامورنىڭ ئوغلى شەكەم ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېتىپ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى كەتكۈزدى. [3] ئۇنىڭ كۆڭلى ياقۇپنىڭ قىزى دىناغا چۈشۈپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەتلىك سۆز قىلغىلى تۇردى. [4] ئۇنىڭ ئۈچۈن شەكەم ئۆز ئاتىسى خامورغا گەپ قىلىپ: «بۇ قىزنى ماڭا خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەرگىن» دېدى. [5] ياقۇپ بولسا ئۆز قىزى دىنانىڭ ئابرويىسىز قىلىنغىنىنى ئاڭلاپ قالدى. ئەمما ئوغۇللىرىنىڭ ئۆزى مالللىرى بىلەن سەھرادا بولغاچ، ياقۇپ ئۇلار كەلگۈچىلىك شۈك تۇرۇپ تۇردى. [6] ئۇ ۋاقىت شەكەمنىڭ ئاتىسى خامور ياقۇپنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكىلى چىقتى. [7] ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى بۇنى ئاڭلىغاندا سەھرادىن كەلدى. ئۇلار بولسا شەكەمنىڭ ئۆزى ياقۇپنىڭ قىزى بىلەن يېتىپ، ئىسرائىل ئىچىدە قىلمىغۇلۇق بولغان بىر يامان ئىشنى قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن رەنجىدە بولۇپ، ناھايىتى ئاچچىقلانغانىدى. [8] خامور ئۆزى ئۇلارغا سۆزلەپ: «ئوغلۇم شەكەم بولسا قىزىڭلارغا ئىشتىياق باغلايدۇ. ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بېرىپ، [9] بىز بىلەن قۇدا-باجا بولۇپ، قىزلىرىڭلارنى بىزگە بېرىپ، بىزنىڭ قىزلىرىمىزنى سىلەر ئېلىپ، [10] بىز بىلەن ئولتۇرۇپ، ئالدىڭلاردا بولغان بۇ يۇرتتا ماكان تۇتۇپ، ئوقەت قىلىپ، جاي-ئوتاق ئېلىڭلار» دېدى. [11] شەكەم بولسا قىزنىڭ ئاتىسى بىلەن بۇرادەرلىرىگە سۆزلەپ: «كۆزلىرىڭلاردا ئىلتىپات تاپسام، ماڭا نېمە دېسەڭلار، ئۇنى بېرەي. [12] دەرۋەقە مەندىن قانچە جىق تويلۇق بىلەن ھەدىيەلەر سورىساڭلار، ماڭا ئېيتقىنىڭلارچە بېرەي. لېكىن بۇ قىزنى ماڭا خوتۇنلۇققا بېرىڭلار» دېدى. [13] ئۇ ۋاقىت ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى بولسا شەكەم ئۇلارنىڭ ھەمشىرىسى دىنانى ئابرويىسىز قىلغاچ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئاتىسىغا ھىيلە بىلەن جاۋاب بېرىپ، [14] ئۇلارغا سۆزلەپ: «بىز بولساق، ھەمشىرىمىزنى خەتنىسىز بىر كىشىگە بەرگىلى ماقۇل دېيەلمەيمىز، چۈنكى بۇ بىزگە ئەيىب بولىدۇ. [15] لېكىن سىلەرمۇ بىزدەك بولۇپ، ئاراڭلاردىكى ھەربىر ئەر كىشى خەتنە قىلىنسا، بۇ شەرت بىلەن بىز ماقۇل بولۇپ، [16] قىزلىرىمىزنى سىلەرگە بېرىپ، سىلەرنىڭ قىزلىرىڭلارنى بىز ئېلىپ، ئاراڭلاردا ئولتۇرۇپ، بىر قوۋم بولۇپ قالىمىز. [17] ئەمما ئەگەر خەتنە قىلىنىشقا ئۇنىمىساڭلار، بىز قىزىمىزنى ئېلىپ كېتىمىز» دېدى. [18] ئۇلارنىڭ سۆزلىرى خامورنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى شەكەمگە خۇش كەلدى. [19] بۇ يىگىتنىڭ ئۆزى مۇنداق قىلغىلى ھايال قىلمىدى، چۈنكى ئۇ بولسا ياقۇپنىڭ قىزىغا ئىشتىياقلىق بولۇپ، ئۆز ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە ھەممىدىن ئەزىزرەكى ئىدى.

[20] ئۇ ۋاقىت خامورنىڭ ئۆزى ئوغلى شەكەم بىلەن شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ، شەھەرنىڭ
كىشىلىرى بىلەن گەپلىشىپ ئېيتتىكى: [21] «بۇ ئادەملەر بولسا بىز بىلەن تىنچلىقتىدۇر. ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇلار يۇرتتا ئولتۇرۇپ، ئاندا ئوقەت قىلىپ تۇرسۇن. مانا يۇرت ئۆزى ئۇلارغا يەتكۇدەك
كەڭرىدۇر. بىز بولساق، ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، بىزنىڭ قىزلىرىمىزنى
ئۇلارغا بېرەيلى. [22] لېكىن پەقەت ئارىمىزدىكى ھەممە ئەركەكنى ئۇلار خەتنە قىلىنغاندەك
خەتنە قىلساق، ئۇ ئادەملەر ئارىمىزدا ئولتۇرۇپ، بىز بىلەن بىر خەلق بولغىلى ئۇنايدىكەن.
[23] بۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ مال تەئەللۇقى بىلەن ھەممە چارۋا ماللىرى بىزنىڭكى بولمامدۇ؟ بىز
ئۇلارغا يالغۇز ماقۇل دېسەك، ئۇلار ئارىمىزدا ئولتۇرىدۇ» دېدى. [24] ئۇ ۋاقىت شەھەر دەرۋازىسىدىن
كىرىپ چىقىدىغانلارنىڭ ھەممىسى خامور بىلەن ئوغلى شەكەمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ،
شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ چىقىدىغانلارنىڭ ھەممىسى خەتنە قىلىندى. [25] ئەمما
ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار ئاغرىق ياتقىنىدا، دىنانىڭ ئاكىلىرى بولۇپ ياقۇبنىڭ شىمون بىلەن
لاۋىي دېگەن ئىككى ئوغلىنىڭ ھەرقايسىسى بىردىن قىلىچىنى ئېلىپ غەيرەت بىلەن شەھەرنى
بېسىپ، ھەممە ئەركەكنى ئۆلتۈرۈپ، [26] خامور بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى شەكەمنىمۇ قىلىچنىڭ
بىسى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، دىنانى شەكەمنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەتتى. [27] ياقۇبنىڭ ئوغۇللىرى
بولسا ھەمشىرىمىزنى ئابرويسىز قىلدى دەپ، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئۈستىگە كېلىپ شەھەرنى
بۇلاپ، [28] ئۇلارنىڭ قوي، كالا ۋە ئېشەكلىرىنى تارتىۋېلىپ، شەھەر بىلەن ئېتىزلىقتىكى پۈتۈن
بارلىقىنى ئېلىۋېلىپ، [29] ئۇلارنىڭ پۈتۈن دۆلىتىنى بۇلاپ تالاپ، خوتۇن بالا-چاقىلىرىنىمۇ
ئۆي ئىچىدىكى بارچە نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كەتتى. [30] لېكىن ياقۇب ئۆزى شىمون
بىلەن لاۋىيغا سۆزلەپ: «سىلەر بولساڭلار، مېنى بالاغا تىقىپ، مېنى يۇرتنىڭ خەلقى بولغان
قانائانىي بىلەن پەرىززىيلەرنىڭ ئالدىدا يىرگىنچ قىلدىڭلار. مەن بولسام، خەلقىم ئازدۇر.
ئەمدى ئۇلار ئۇستۇمگە يىغىلىپ كېلىپ، مېنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ تەرىقىدە مەن ئۆزۈم خانىدانىم
بىلەن يوق بولۇپ كېتىمەن» دېدى. [31] ئەمما ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «ئەجەبا، ھەمشىرىمىزنى بىر
جالاپ قىلىپ قويسا بولامدۇ؟» دېدى.

## ياقۇبنىڭ بەيتەلگە بېرىشى

35 [1] ئاندىن كېيىن خۇدا ياقۇبقا سۆز قىلىپ: «سەن قوپۇپ، بەيتەلگە چىقىپ، ئاندا
ئولتۇرۇپ، ئۆزۈڭ ئاكاڭ ئەساۋدىن قېچىپ كېتىپ بارغىنىڭدا ساڭا كۆرۈنگەن خۇداغا
بىر قۇربانگاھنى سالغىن» دېدى. [2] ئۇ ۋاقىت ياقۇب ئۆز ئۆيىدىكىلەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆزى
بىللە بولغانلارغا سۆزلەپ: «سىلەر بولساڭلار، ئاراڭلاردىكى يات تەڭرىلەرنى چىقىرىۋېتىپ،
پاكىزلىنىپ ئېگىنلىرىڭلارنى يەڭگۈشلەڭلار. [3] ئاندىن قوپۇپ، بىز بەيتەلگە چىقايلى. مەن
ئاندا تەڭلىك ۋاقتىمدا دۇئايىمنى قوبۇل قىلىپ، يۈرگەن يولۇمدا مەن بىلەن بولغان خۇداغا
بىر قۇربانگاھنى سالاي» دېدى. [4] شۇنى دېسە، ئۇلار قوللىرىدىكى ھەممە يات تەڭرى بىلەن
قۇلاقلىرىدىكى زىرىلىرىنى چىقىرىپ، ياقۇبقا بەردى. ياقۇب بۇلارنى شەكەمدىكى دۇب دەرىخىنىڭ

تۈۋىگە كۆمۈپ قويدى. [5] ئاندىن كېيىن ئۇلار كۆچۈپ ماڭدى. ئەمما چۆرىسىدىكى شەھەرلەرگە خۇدا تەرىپىدىن بىر قورقۇنچ كەلگەچ، ئۇلار ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرىنى قوغلىمىدى. [6] بۇ تەرىقىدە ياقۇپ بولسا ئۆزى بىللە بولغان خەلق بىلەن قانائان يۇرتىدىكى بەيتەل دەپ ئاتالغان لۇز دېگەن جايغا يېتىپ كېلىپ، [7] ئاندا بىر قۇربانگاھنى سېلىپ، ئۇ ئۆزى ئاكىسىدىن قېچىپ كېتىپ بارغىنىدا، خۇدا ئاندا ئۇنىڭغا كۆرۈنگەچ بۇ جاينىڭ ئىسمىنى ئەل-بەيتەل قويدى.
[8] ئەمما رىبقانىڭ ئىنىكئانىسى دېبورا ئۆلۈپ كېتىپ، بەيتەلنىڭ تۆۋىنىدە بىر دۇب دەرىخىنىڭ تۈۋىدە دەپنە قىلىندى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا يىغىنىڭ دۇبى دەپ ئات قويۇلدى. [9] لېكىن ياقۇپ ئۆزى پادان-ئارامدىن يېنىپ كەلگىنىدە، خۇدا ئۇنىڭغا يەنە كۆرۈنۈپ ئۇنى مۇبارەكلىدى. [10] خۇدا ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ: «سېنىڭ ئېتىڭ ياقۇپتۇر. ئەمما مۇندىن كېيىن سەن ياقۇپ دەپ ئاتالماي، بەلكى ئېتىڭ ئىسرائىل بولىدۇ» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىسرائىل قويۇپ قويدى. [11] ئاندىن خۇدا ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «مەن ئۆزۈم قادىر خۇدادۇرمەن. سەن ئۇرۇقلۇق بولۇپ ئاۋۇغىن. بىر قوۋم، بەلكى نۇرغۇن قوۋملار سەندىن پەيدا بولۇپ، پادىشاھلار سېنىڭ پۇشتۇڭدىن چىقىدۇ. [12] مەن ئىبراھىم بىلەن ئىسھاققا بەرگەن بۇ يۇرتنى ساڭا بېرىپ، سەندىن كېيىنكى نەسلىڭگىمۇ بۇ يۇرتنى بېرىمەن» دېدى. [13] شۇنى دەپ، خۇدا ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشكەن جاينىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ ئالدىدىن يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى. [14] ئۇ ۋاقىت ياقۇپ ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشكەن جايدا بىر تاش تۈۋرۈكنى، خاتىرە تاش قىلىپ تىكلەپ، ئۈستىگە ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى تۆكۈپ ئۈستىگە ياغ قۇيۇپ قويدى. [15] شۇنى قىلىپ بولۇپ، ياقۇپ ئۆزى خۇدا ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشكەن جاينىڭ ئېتىنى بەيتەل قويۇپ قويدى.

## راھىلەنىڭ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىشى

[16] ئاندىن كېيىن ئۇلار بەيتەلدىن مېڭىپ كېتىپ، ئەفراتاغا يەتكىلى ئازغىنا يول قالغىنىدا راھىلەنى تولغاق تۇتۇپ قېلىپ، دەردى قاتتىق بولۇپ قالدى. [17] ئەمما دەردى ناھايىتى قاتتىقلاشقىنىدا، تۇغۇت ئانىسى ئۇنىڭغا: «قورقمىغىن. بۇ نۆۋەت يەنە بىر ئوغۇل تۇغدۇڭ» دېدى. [18] لېكىن راھىلە ئاخىرقى نەپىسىگە يېتىپ ئۆلگىلى تۇرغىنىدا، ئۇنىڭغا بەن-ئونى دەپ ئات قويۇپ قويدى، ئەمما ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنى بەنيامىن دەپ ئاتىدى. [19] بۇ تەرىقىدە راھىلە ۋاپات بولۇپ، بەيتلەھەم دەپ ئاتالغان ئەفراتانىڭ يولىدا دەپنە قىلىندى. [20] ياقۇپ ئۇنىڭ قەبرىسىگە بىر تاش تۈۋرۈك تىكلەپ قويدى. بۇ ئۆزى بۇ كۈنگىچە «راھىلەنىڭ قەبرىسىنىڭ تاش تۈۋرۈكى» دەپ ئاتالماقتا.

## ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى

[21] ئاندىن ئىسرائىل كۆچۈپ ئېدار مۇنارىنىڭ ئۇ تەرىپىدە چېدىرىنى تىكتى. [22] لېكىن ئىسرائىل ئۇ يۇرتتا ئولتۇرۇپ تۇرغىنىدا، رۇبەن بېرىپ ئۆز ئاتىسىنىڭ كېنىزىكى بىلھا بىلەن ياتتى ۋە ئىسرائىل بۇنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ۋاقىت ياقۇپنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بار ئىدى.

## ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى - ئىسھاقنىڭ ۋاپاتى

[23] لېيادىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى بولسا ياقۇپنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبەن، شىمون، لاۋىي، يەھۇدا، ئىسساكار ۋە زەبۇلۇن ئىدى. [24] راھىلەدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى يۈسۈپ بىلەن بىنيامىن ئىدى. [25] راھىلەنىڭ دېدەكى بىلھادىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى دان بىلەن نافتالى ئىدى. [26] لېيانىڭ دېدەكى زىلپادىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى گاد بىلەن ئاشىر ئىدى. بۇلار بولسا ياقۇپنىڭ ئۆزىگە پادان-ئارامدا تۇغۇلغان ئوغۇللىرى ئىدى.

## ئىسھاقنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى

[27] ياقۇپ ئۆزى ئاتىسى ئىسھاقنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئىبراھىم بىلەن ئىسھاق مۇساپىر بولۇپ ئولتۇرغان كىريات-ئاربا، يەنى خېبروندىكى مامرەنىڭ ئۆزىگە كەلدى. [28] ئىسھاقنىڭ ئۆمرى بولسا بىر يۈز سەكسەن يىل ئىدى. [29] بۇ تەرىقىدە ئىسھاقنىڭ ئۆزى قېرىلىقىدا كۈنلىرى توشۇپ، ئاخىرقى نەپەسىنى تارتىپ، ۋاپات بولۇپ ئۆز خەلقىگە قوشۇلدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئەساۋ بىلەن ياقۇپ ئۇنى دەپنە قىلدى.

## ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرى

36 [1] بۇ ئۆزى ئېدوم دەپ ئاتالغان ئەساۋنىڭ نەسلىنىڭ بايانىدۇر. [2] ئەساۋ بولسا ئۆز خوتۇنلىرىنى قانائانىيلارنىڭ قىزلىرىدىن تېپىپ، خىتتىي بولغان ئېلوننىڭ قىزى ئادا بىلەن خىۋىي بولغان زىبوننىڭ نەۋرىسى بولۇپ ئاناھنىڭ قىزى بولغان ئوھولىباما ئالدى. [3] مۇندىن باشقا ئىسمائىلنىڭ قىزى بولۇپ، نەبايوتنىڭ ھەمشىرىسى بولغان باسىماتنىمۇ ئالغانىدى. [4] ئادانىڭ ئۆزىدىن ئەساۋغا ئېلىفاز تۇغۇلدى. باسىمات بولسا رېھۇئەلنى تۇغدى. [5] ئوھولىبامانىڭ ئۆزى يەئۇش، يالام ۋە قوراھنى تۇغدى. بۇلار بولسا قانائان يۇرتىدا ئەساۋنىڭ ئۆزىگە تۇغۇلغان ئوغۇللار ئىدى.

[6] ئەساۋ بولسا ئۆز خوتۇنلىرى بىلەن ئوغۇل قىزلىرىنى ئۆيىدىكى ھەممە كىشىلىرىگە قوشۇپ چارۋا مال بىلەن بارلىق ئۇلاغلىرىنى قېتىپ، قانائان يۇرتىدا تاپقان بارچە تەئەللۇقىنى ئېلىپ، ئۆكىسى ياقۇپتىن ئايرىلىپ باشقا بىر يۇرتقا كەتتى. [7] چۈنكى ئۇلارنىڭ تەئەللۇقلىرى تولا بولغاچ، بىر يەردە ئولتۇرالماي، مال پادىلىرىنىڭ تولىلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىق جايى تەڭچىلىك قىلدى. [8] بۇنىڭ ئۈچۈن ئېدوم دەپ ئاتالغان ئەساۋنىڭ ئۆزى سېئىر تېغىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

[9] سېئىر تېغىدىكى ئېدومىيلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى بولغان ئەساۋنىڭ نەسلىنىڭ بايانى شۇدۇر.
[10] ئەساۋنىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئەساۋنىڭ خوتۇنى ئادانىڭ ئوغلى ئېلىفاز دەپ ئاتىلىپ، ئەساۋنىڭ خوتۇنى باسىماتنىڭ ئوغلى رېھۇئەل دەپ ئاتالدى.

[11] ئېلىفازنىڭ ئوغۇللىرى بولسا تېمان، ئومار، زېفو، گاتام ۋە قېناز ئىدى.
[12] ئەساۋنىڭ ئوغلى ئېلىفازنىڭ كېنىزىكى تىمنا ئۆزى ئېلىفازغا ئامالەكنى تۇغۇپ بەردى. بۇلار بولسا ئەساۋنىڭ خوتۇنى ئادانىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.
[13] رېھۇئەلنىڭ ئوغۇللىرى بولسا ناھات، زېراھ، شامما ۋە مىززا ئىدى. بۇلارنىڭ ئۆزى ئەساۋنىڭ خوتۇنى باسماتنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.
[14] لېكىن ئۆزى زىبوننىڭ ئاناھ دېگەن ئوغلىنىڭ قىزى بولۇپ ئەساۋنىڭ خوتۇنى بولغان ئوھولىبامانىڭ ئەساۋغا تۇغۇپ بەرگەن ئوغۇللىرى بولسا يەئۇش، يالام ۋە قوراھ ئىدى.

[15] ئەساۋنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىدىن چىققان ئەمىرلەر بولسا شۇ،
يەنى ئەساۋنىڭ تۇنجى ئوغلى ئېلىفازنىڭ ئوغۇللىرى بولغان ئەمىر تېمان، ئەمىر ئومار، ئەمىر زېفو، ئەمىر قېناز، [16] ئەمىر قوراھ، ئەمىر گاتام ۋە ئەمىر ئامالەك ئىدى. بۇلار ئۆزى ئېدوم يۇرتىدىكى ئېلىفازدىن پەيدا بولغان ئەمىرلەر بولۇپ، ئادانىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.
[17] ئەساۋنىڭ ئوغلى رېھۇئەلنىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئەمىر ناھات، ئەمىر زېراھ، ئەمىر شامما ۋە ئەمىر مىززا ئىدى. بۇلار ئۆزى ئېدوم يۇرتىدىكى رېھۇئەلدىن پەيدا بولۇپ ئەساۋنىڭ خوتۇنى باسماتنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.
[18] ئەساۋنىڭ خوتۇنى ئوھولىبامانىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئەمىر يەئۇش، ئەمىر يالام ۋە ئەمىر قوراھ ئىدى. ئۆزى ئاناھنىڭ قىزى بولۇپ ئەساۋنىڭ خوتۇنى بولغان ئوھولىبامادىن پەيدا بولغان ئەمىرلەر بۇلار ئىدى. [19] مەزكۇرلار بولسا ئېدوم دەپ ئاتالغان ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ ئېدومىيلارنىڭ ئەمىرلىرى ئىدى.

[20] خورىي بولغان سېئىرنىڭ يۇرتتا ئولتۇراقلىق ئوغۇللىرى بولسا لوتان، شوبال، زىبون، ئاناھ، دىشون، ئەزەر ۋە دىشان ئىدى. [21] بۇلار ئۆزى خورىي ئەمىرلەر بولۇپ، ئېدوم يۇرتىدىكى سېئىرنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. [22] لوتاننىڭ ئوغۇللىرى خورى بىلەن ھېمام ئىدى. تىمنا بولسا لوتاننىڭ ھەمشىرىسى ئىدى. [23] شوبالنىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئالۋان، ماناھات، ئېبال، شېفو ۋە ئونام ئىدى. [24] زىبوننىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئاياھ بىلەن ئاناھ ئىدى. بۇ بولسا ئاتىسى زىبوننىڭ ئېشەكلىرىنى بېقىپ تۇرغىنىدا، چۆلدە ئىسسىق بۇلاقلارنى تېپىۋالغان ئاناھ دېگەننىڭ ئۆزى شۇ ئىدى. [25] دىشون بولسا ئاناھنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئوھولىباما ئاناھنىڭ قىزى ئىدى. [26] دىشوننىڭ ئوغۇللىرى بولسا خەمدان، ئەشبان، يىتران ۋە كەران ئىدى.
[27] ئەزەرنىڭ ئوغۇللىرى بولسا بىلھان، زائاۋان ۋە ئاقان ئىدى. [28] دىشاننىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئۇز بىلەن ئاران ئىدى.

[29] خورىيلارنىڭ ئەمىرلىرى بولسا ئەمىر لوتان، ئەمىر شوبال، ئەمىر زىبون ۋە ئەمىر ئاناھ،
[30] ئەمىر دىشون، ئەمىر ئەزەر ۋە ئەمىر دىشان ئىدى. بۇلار بولسا خورىي ئەمىرلەر بولۇپ، سېئىر يۇرتىدا ئۆز ئەمىرلىكىدە تۇردى.

31 بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە ھېچ پادىشاھ تېخى سەلتەنەت قىلماستا، ئېدوم يۇرتىدا
سەلتەنەت قىلغان پادىشاھلار بولسا شۇ، يەنى: 32 بېئورنىڭ ئوغلى بېلانىڭ ئۆزى ئېدومدا
سەلتەنەت قىلىپ شەھىرىنىڭ ئىسمى دىنھابا دەپ ئاتالغانىدى. 33 بېلا ئۆلگەندە بوزرادىن
كەلگەن زېراھنىڭ ئوغلى يوباب ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. 34 يوباب ئۆلگەندە تېمانىيلارنىڭ
يۇرتىدىن كەلگەن خۇشام ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. 35 خۇشام ئۆلگەندە بېدادنىڭ
ئوغلى ھاداد ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. بۇ ئۆزى موئابنىڭ يۇرتىدا مىدىيانىيلارنى تارمار
قىلغانىدى. ئۇنىڭ شەھىرىنىڭ ئۆزى ئاۋىت دەپ ئاتالدى. 36 ھاداد ئۆلگەندە شەرقتىن كەلگەن
ساملا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. 37 ساملا ئۆلگەندە دەريانىڭ بويىدىكى رەخوبوتتىن
كەلگەن شائۇل ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. 38 شائۇل ئۆلگەندە ئاكبورنىڭ ئوغلى بائال-
خانان ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. 39 ئاكبورنىڭ ئوغلى بائال-خانان ئۆلگەندە ھادار ئۇنىڭ
ئورنىدا پادىشاھ بولدى. ئۇنىڭ شەھىرىنىڭ ئىسمى پائۇ بولۇپ، خوتۇنى مەھېتابەل دەپ
ئاتىلىپ، مېزاھابنىڭ قىزى بولغان ماترەدنىڭ قىزى ئىدى.
40 ئەساۋدىن يېيىلغان ئەمىرلەرنىڭ ئات-ئىسىملىرى بولسا ئۇلارنىڭ خانىدانى بىلەن جايلىرىغا
مۇۋاپىق شۇ، يەنى ئەمىر تىمنا، ئەمىر ئالۋا ۋە ئەمىر يەتەت، 41 ئەمىر ئوھولىباما، ئەمىر ئېلا،
ئەمىر پىنون، 42 ئەمىر قېناز، ئەمىر تېمان، ئامىر مىبسار، 43 ئەمىر ماگدىيەل ۋە ئەمىر ئىرام
ئىدى. بۇلار بولسا قېلىنغان يۇرتىدا ئولتۇرغان جايلىرىغا قاراپ، ئېدومدا بولغان ئەمىرلەر
ئىدى. مەزكۇر ئەساۋنىڭ ئۆزى ئېدومىيلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى ئىدى.

## يۇسۇپنىڭ مىسىرغا سېتىلىشى

**37** 1 لېكىن ياقۇپنىڭ ئۆزى قانائان يۇرتىدا ئاتىسى مۇساپىر بولۇپ تۇرغان يەردە ئولتۇرۇپ
قالدى.
2 ياقۇپنىڭ نەسلىنىڭ بايانى شۇدۇر. يۇسۇپ ئۆزى ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە، بۇرادەرلىرى
بىلەن قوشۇلۇپ قويلارنى بېقىپ يۈرۈپ، يىگىتلىكىدە ئاتىسىنىڭ بىلھا بىلەن زىلپا دېگەن
خوتۇنلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بىللە تۇراتتى. بىللە تۇرۇپ، يۇسۇپ ئۇلارنىڭ يامان
ئىشلىرىنى ئاتىسىغا خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. 3 ئىسرائىل بولسا يۇسۇپنى قېرىلىقىدا تاپقان
بالىسى بولغاچ، باشقا ھەممە ئوغۇللىرىدىن ياخشى كۆرەتتى. شۇنداقكى، ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە
بىر ئالا توننى تىكتۈرۈپ بەردى. 4 ئەمما بۇرادەرلىرى ئاتىسىنىڭ ئۇنى ھەممە بۇرادەرلىرىدىن
ياخشى كۆرگىنىنى بىلگىنىدە، ئۇنى يامان كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا سىلىق گەپ قىلمايتتى.
5 بۇنىڭ ئۈستىگە يۇسۇپ بىر چۈش كۆرۈپ، ئۇنى بۇرادەرلىرىگە دەپ بەرسە، ئۇلار ئۇنى تېخى
يامان كۆرگىلى تۇردى. 6 يۇسۇپ ئۇلارغا سۆز قىلىپ: «مېنىڭ كۆرگەن چۈشۈمنى ئاڭلاڭلار»
دېدى. 7 مانا بىز بولساق ئېتىزلىقتا تۇرۇپ، ئۆنچە باغلاۋاتقان ئىكەنمىز. قارىسام، مېنىڭ
ئۆنچەم قوپۇپ، ئۆرە تۇردى. ئۆرە تۇرسا، سىلەرنىڭ ئۆنچىلىرىڭلار چۆرىسىدە تۇرۇپ، مېنىڭ
ئۆنچەمگە تەزىم قىلدى» دېدى. 8 ئۇ ۋاقىت بۇرادەرلىرى ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «ئەجەبا، سەن

راستتىنلا بىزگە سەلتەنەت قىلىپ، ئۈستىمىزگە خوجا بولامسەن؟» دەپ، ئۇنىڭ چۈش بىلەن سۆزلىرى ئۈچۈن ئۇنى تېخى يامان كۆرگىلى تۇردى. [9] ئاندىن ئۇ يەنە بىر چۈش كۆرۈپ، ئۆز بۇرادەرلىرىگە دەپ بېرىپ: «مانا مەن يەنە بىر چۈشنى كۆردۈم. قارىسام، كۈن، ئاي ۋە ئون بىر يۇلتۇز ماڭا تەزىم قىلدى» دېدى. [10] ئۇ بۇنى ئاتىسى بىلەن بۇرادەرلىرىگە دەپ بەرسە، ئاتىسى ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ: «بۇ كۆرگىنىڭ نېمە چۈشتۇر؟ ئەجەبا، مەن، ئاناڭ ۋە بۇرادەرلىرىڭ بولساق، كېلىپ ساڭا يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلىمىزمۇ؟» دېدى. [11] بۇرادەرلىرى بولسا ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ تۇردى. ئەمما ئاتىسى شۇ سۆزنى يادىدا ساقلىدى.

[12] يۈسۈپنىڭ بۇرادەرلىرى ئاتىسىنىڭ قويلىرىنى باققىلى شەكەمگە كەتكەندە، [13] ئىسرائىل يۈسۈپكە سۆزلەپ: «بۇرادەرلىرىڭ شەكەمدە پادا باقىدۇ ئەمەسمۇ؟ كەلگىن، مەن سېنى ئۇلارنىڭ قېشىغا ئەۋەتەي» دېسە، ئۇ ئۇنىڭغا: «مەن تەييار» دەپ ئېيتتى. [14] ئۇ ئۇنىڭغا: «ئەمدى سەن بېرىپ، بۇرادەرلىرىڭنىڭ ئامانلىقى بىلەن قويلارنىڭ تىنچلىقىنى كۆرۈپ، ماڭا خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگىن» دەپ ئۇنى خېبرون ۋادىسىدىن ئەۋەتسە، ئۇ شەكەمگە باردى. [15] ئۇ ئۆزى سەھرادا قاڭقىپ يۈرسە، بىر ئادەم ئۇنى كۆرۈپ، بۇ ئادەم ئۇنىڭدىن: «نېمە ئىزدەيسەن؟» دەپ سورىسا، [16] ئۇ ئۇنىڭغا: «مەن بولسام، بۇرادەرلىرىمنى ئىزدەيمەن. ئۇلارنىڭ قەيەردە پادا بېقىشىنى ماڭا دەپ بەرگىن» دېدى. [17] ئۇ ئادەم جاۋاب بېرىپ: «ئۇلار بولسا بۇ يەردىن كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ: ‹ يۈرۈڭلار مۇندىن دوتانغا كېتەيلى› دەپ ئېيتقىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېسە، يۈسۈپ ئۆزى بۇرادەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇلارنى دوتاندا تاپتى.

[18] ئۇلار ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ، تېخى ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلمەستە ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرگىلى مەسلىھەت قىلىشىپ، [19] بىر-بىرىگە كۇسۇلدىشىپ: «مانا چۈش كۆرگۈچىنىڭ ئۆزى كېلىۋاتىدۇ. [20] كېلىڭلار، ئەمدى بىز ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ: ‹ ۋەھشىي بىر ھايۋان ئۇنى يەپ كېتىپتۇ› دەپ ئېيتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ چۈشلىرىنىڭ نېمە بولۇشىنى كۆرەيلى» دېدى. [21] ئەمما رۇبەن بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن قۇتقۇزغىلى خالاپ: «ئۇنى ئۆلتۈرمەيلى» دەپ ئېيتتى. [22] رۇبەن ئۇلارغا يەنە سۆزلەپ: «سىلەر بولساڭلار، قان تۆكمەي، ئۇنى چۆلدىكى بۇ قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا قول تەگكۈزمەڭلار» دەپ ئۇنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا سالامەت يەتكۈزگىلى خالىدى.

[23] يۈسۈپ ئۆزى بۇرادەرلىرىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار ئۇنىڭ كىيىكلىك ئالا تونىنى سالدۇرۇۋېلىپ، [24] يۈسۈپنى تۇتۇپ، قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتى. لېكىن قۇدۇق ئۆزى خالىي بولۇپ، سۇيى يوق ئىدى. [25] ئاندىن كېيىن ئۇلار تائام يېگىلى ئولتۇردى. ئولتۇرغىنىدا كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، مانا ئىسمائىلىيلارنىڭ بىر توپ كارۋىنى گىلئياد تەرەپتىن كېلىۋېتىپ، ئۇلار تۆگىلىرىگە دورا-دەرمەك، خۇشپۇراق ياغ ۋە مۇرمەككى يۈكلەپ مىسىر تەرەپكە كېتىپ بارىدۇ.

[26] ئۇ ۋاقىت يەھۇدا ئۆز بۇرادەرلىرىگە سۆزلەپ: «بىزگە ئۆز ئۇكىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى يوشۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟ [27] كېلىڭلار، ئۇنى ئىسمائىلىيلارغا ساتايلى. ئۇ ئۆزى بىزنىڭ ئۇكىمىز بىلەن گۆشىمىز بولغاچ، ئۇنىڭغا قول كۆتۈرمەيلى» دېسە، بۇرادەرلىرى بۇنىڭغا ئۇناپ، [28] مىديانلىق سودىگەرلەر ئاندىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسا، ئۇلار يۈسۈپنى قۇدۇقتىن تارتىۋېلىپ، ئۇلارغا يىگىرمە شېقەل كۈمۈشكە ساتتى. بۇلار بولسا يۈسۈپنى مىسىرغا ئېلىپ كەتتى.

[29] رۇبەن قۇدۇققا يېنىپ كەلسە، يۈسۈپ قۇدۇقتا بولمىغىنىنى كۆرۈپ، ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتىپ، [30] بۇرادەرلىرىنىڭ قېشىغا يېنىپ كېلىپ: «بالا يوقتۇر. ئەمدى مەن قەيەرگە باراي؟» دېدى. [31] ئەمما ئۇلار بولسا يۈسۈپنىڭ تونىنى ئېلىپ، بىر تېكىنى بوغۇزلاپ، تونىنىڭ ئۆزىنى قانغا پۇچىلاپ، [32] بۇ ئالا تونىنى ئەۋەتىپ، ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ: «بۇنى بىز تېپىۋالدۇق. بۇ ئۆزى ئوغلۇڭنىڭ تونىمۇ ئەمەسمۇ؟ ئۆزۈڭ كۆرۈپ باققىن» دېدى. [33] ئۇ ئۇنى تونۇپ قېلىپ: «بۇ ئۆزى ئوغلۇمنىڭ تونى ئىكەن. بىر ۋەھشىي هايۋان ئۇنى يەپ كەتكەنگە ئوخشايدۇ. شەكسىز يۈسۈپ يىرتىلىپتۇ» دېدى. [34] ئاندىن ياقۇپ ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتىپ، بېلىگە پالاس باغلاپ، نەچچە كۈنگىچە ئوغلى ئۈچۈن ماتەم تۇتتى. [35] ئۇنىڭ ھەممە ئوغۇل بىلەن قىزلىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگىلى قوپسا، ئۇ تەسەللى تاپقىلى ئۇنىماي: «مەن بولسام، ماتەم تۇتۇپ گۆرگە چۈشۈپ، ئوغلۇمنىڭ قېشىغا بارىمەن» دېدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا شۇنچە ماتەم تۇتتى.

[36] ئەمما مىدىيانىيلار يۈسۈپنى مىسىرغا ئېلىپ بېرىپ، فىرەۋنىنىڭ مەھرىمى بولۇپ، ئۇنىڭ خاس پاسىبانلىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان پوتىفارغا ساتتى.

## يەھۇدا بىلەن تامار

38 [1] ئۇ ۋاقىت يەھۇدا ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ قېشىدىن كېتىپ، ئادۇللامدىكى خىرا دېگەن بىر كىشىنىڭكىدە چۈشتى. [2] ئاندا يەھۇدا شۇئا ئىسىملىق بىر قانائانىي ئادەمنىڭ قىزىنى كۆرۈپ ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ قېشىغا كىرسە، [3] ئۇ ھامىلدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ ئۇنىڭغا ئېر ئات قويدى. [4] ئۇ يەنە ھامىلدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ ئۇنىڭغا ئونان ئات قويدى. [5] ئاندىن يەنە ھامىلدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپ ئۇنىڭغا شېلا ئات قويدى. ئۇ تۇغۇلغاندا يەھۇدا كېزىبتا ئىدى. [6] يەھۇدا ئۆز تۇنجى ئوغلى ئېرغا تامار دېگەن بىر خوتۇننى ئېلىپ بەردى. [7] لېكىن يەھۇدانىڭ تۇنجى ئوغلى ئېر بولسا خۇداۋەندىنىڭ كۆزىدە يامان بولغاچ، خۇداۋەندە ئۇنى ئۆلتۈردى. [8] ئۇ ۋاقىت يەھۇدا ئونانغا سۆزلەپ: «سەن بولساڭ، ئۆز ئاكاڭنىڭ خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، ئاكاڭ ئۈچۈن نەسىل پەيدا قىلغىن» دېدى. [9] ئەمما ئونان بولسا: بۇ نەسىل مېنىڭكى بولماس ئىكەن دەپ بىلىپ، ئاكامغا نەسىل تېپىپ بەرمەي دەپ، ھەرقاچان ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرسە، ئۆزىنىڭ مەنىيسىنى يەرگە تۆكەتتى. [10] لېكىن ئۇنىڭ بۇ قىلغان ئىشى خۇداۋەندىنىڭ كۆزىدە يامان كۆرۈنگەچ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى.

[11] ئۇ ۋاقىت يەھۇدا كېلىنى تامارغا سۆزلەپ: «ئوغلۇم شېلا چوڭ بولغۇچىلىك سەن ئاتاڭنىڭ ئۆيىدە تۇل ئولتۇرۇپ تۇرغىن» دېدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى: بۇمۇ ئاكىلىرىغا ئوخشاش ئۆلۈپ كېتەرمىكىن دەپ قورقتى. شۇنى دېسە، تامار بېرىپ ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى.

[12] شۇئانىڭ قىزى بولۇپ يەھۇداغا تەگكەن خوتۇن بولسا ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئۆلدى. يەھۇدا تەسەللى تاپقاندىن كېيىن، ئادۇللامىي بولغان دوستى خىرا بىلەن بىللە قويلىرىنىڭ

قىرقىغۇچىلىرىنىڭ قېشىغا بارماق ئۈچۈن تىمناھقا چىقتى. 13 تامارغا: «قېيناتاڭ قويلىرىنى
قىرقىغىلى تىمناھقا چىقماقچى بولدى» دەپ خەۋەر يەتتى. 14 ئۇ ئۆزى تۇللۇق ئېگىنلىرىنى
سېلىۋېتىپ، پەرەنجە كىيىپ يۆگىنىپ، تىمناھ يولىنىڭ ئۈستىدە ئەنائىم دەرۋازىسىغا بېرىپ
ئولتۇردى. چۈنكى ئۇ ئۆزى: «شېلا چوڭ بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىلمىدىم» دەپ
كۆرگەنىدى. 15 يەھۇدا ئۇنى يۈزى يېپىقلىق كۆرۈپ، بۇ بىر جالاپ ئىكەن دەپ خىيال قىلىپ،
16 يولدىن قايرىلىپ ئۇنىڭ تەرىپىگە بېرىپ، ئۆز كېلىنى ئىكەنلىكىنى بىلمەي: «كەلگىن مەن
ساڭا يېقىنچىلىق قىلاي» دېدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ: «ماڭا يېقىنچىلىق قىلساڭ، ماڭا نېمە
بېرىسەن؟» دېدى. 17 ئۇ ئۇنىڭغا: «پادامنىڭ ئىچىدىن بىر ئوغلاقنى ساڭا ئەۋەتىپ بېرەي»
دېدى. خوتۇن ئۆزى: «سەن ئۇنى ئەۋەتكۈچىلىك ماڭا بىر گۆرۈ بېرىسەنمۇ؟» دەپ سورىسا،
18 ئۇ ئۆزى: «ساڭا نېمە گۆرۈ بېرەي» دېدى. خوتۇن سۆزلەپ: «ئۆز مۆھۈرۈڭ بىلەن زۇننارىڭنى
قولۇڭدىكى ھاساڭغا قوشۇپ، گۆرۈ بەرگىن» دېسە، ئۇ بۇنى بېرىپ، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق
قىلسا، خوتۇن ئۇنىڭدىن ھامىلىدار بولۇپ قالدى. 19 ئاندىن ئۇ قوپۇپ كېتىپ، پەرەنجىنى
سېلىۋېتىپ، تۇللۇق ئېگىنى كىيىۋالدى.

20 يەھۇدا بولسا، خوتۇننىڭ قولىدىكى گۆرۈنى ياندۇرۇپ كەلسۇن دەپ، ئۆزىنىڭ ئادۇللامىي
بولغان دوستىدىن ئوغلاقنى ئەۋەتتى. ئەمما ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى تاپالماي، 21 ئۇ جايدىكى
ئادەملەردىن: «ئەنائىم يولىنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان جالاپ قەيەردىدۇر؟» دەپ سورىسا،
ئۇلارنىڭ ئۆزى: «بۇ يەردە ھېچبىر جالاپ يوق ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى. 22 بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ
ئۆزى يەھۇدانىڭ قېشىغا يېنىپ بېرىپ: «مەن ئۇنى تاپالمىدىم. ئۇ جايدىكى خەلقمۇ: ‹ بۇ يەردە
ھېچبىر جالاپ يوق ئىدى› دېدى» دەپ ئېيتتى. 23 يەھۇدا سۆزلەپ: «خەير، بۇنى ئۇ تۇتسۇن.
بىز بولساق، خىجالەت بولمايلى. ھەرقانداق بولسا، مەن ئوغلاقنىغۇ ئەۋەتتىم. لېكىن سەن ئۇ
خوتۇننى تاپالمىدىڭ ئەمەسمۇ؟» دېدى.

24 ئۈچ ئايچە ئۆتكەندىن كېيىن يەھۇداغا: «سېنىڭ كېلىنىڭ تامار زىنا قىلىپ، بۇنىڭ ئۈستىگە
زىنادىن ھامىلىدارمۇ بولۇپ قېلىپتۇ» دېگەن خەۋەر يەتتى. ئۇ ۋاقىت يەھۇدا: «ئۇنى ئېلىپ
چىقىڭلار، كۆيدۈرۈلسۇن» دېدى. 25 لېكىن ئۇ چىقىرىلغىنىدا، ئۆز قېيناتىسىغا خەۋەر
ئەۋەتىپ ئېيتقۇزۇپ: «مەن بولسام، شۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئادەمدىن ھامىلىدار
بولۇپ قالدىم. ئەمدى سەن تەپتىش قىلىپ، بۇ مۆھۈر، زۇننار ۋە ھاسىنىڭ ئۆزى كىمنىڭ
ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باققىن» دېدى. 26 يەھۇدا بولسا بۇ نەرسىلەرنى تونۇپ قېلىپ: «مەن
بولسام، ئۇنى ئوغلۇم شېلاغا ئېلىپ بەرمىگەچ، ئۇ ماڭا نىسبەتەن ئادىلراقتۇر» دەپ ئېيتتى.
ئەمما مۇندىن كېيىن ئۇ ئۇنىڭغا يەنە يېقىنچىلىق قىلمىدى.

27 ئۇنىڭ تۇغىدىغان ۋاقتى كەلگەندە مانا قورسىقىدا قوشكېزەك ئىدى. 28 تۇغىدىغان ۋاقتىدا
بىرىسى قولىنى چىقارسا، تۇغۇت ئانىسى دەرھال بىر توق يىپنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا چىگىپ
قويۇپ: «بۇ ئاۋۋال چىقتى» دەپ ئېيتتى. 29 لېكىن ئۇ قولىنى يەنە ئىچىگە تىقىۋالسا، مانا
ئۇنىڭ بىرتۇغقىنى تۇغۇلدى. ئۇ ۋاقىت تۇغۇت ئانىسى سۆزلەپ: «سەن قانداق قىلىپ قىستاپ
چىقتىڭ؟» دېدى. 30 بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمى پەرەز دەپ ئاتالدى. ئاندىن كېيىن قولىغا
توق قىزىل يىپ چىگىلگەن بىرتۇغقىنى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئىسمى زەراھ دەپ ئاتالدى.

## يۈسۈپ پوتىفارنىڭ ئۆيىدە

**39** [1]يۈسۈپ مىسىرغا كەلتۈرۈلگىنىدە، فىرەۋننىڭ مەھرىمى بولۇپ، ئۇنىڭ خاس پاسىبانلىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان پوتىفار ئۆزى ئاندا ئۇنى ئېلىپ كەلگەن ئىسمائىلىيلارنىڭ قولىدىن ئالدى. [2] لېكىن خۇداۋەندە يۈسۈپ بىلەن بولغاچ، ئۇ ئۆزى راۋاجلىق كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ مىسىرلىق خوجىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. [3] ئۇنىڭ خوجىسى بولسا خۇداۋەندە ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ، ئۆزى نېمە ئىش قىلسا، خۇداۋەندىنىڭ ئۇنىڭ قولىغا روناق كەلتۈرۈپ بەرگىنىنى كۆردى.

[4]ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈسۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىلتىپات تېپىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. خوجىسى ئۇنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئۈستىگە توختىتىپ قويۇپ، بارچە تەئەللۇقىنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇردى. [5] ئۇ ئۇنى ئۆيى بىلەن بارچە تەئەللۇقىنىڭ ئۈستىگە قويغاندىن تارتىپ، خۇداۋەندە بۇ مىسىرلىقنىڭ ئۆيىگە يۈسۈپنىڭ سەۋەبىدىن بەرىكەت بەرگەچ، خۇداۋەندىنىڭ بەرىكىتى ئۆيىدىكى بىلەن سەھرادىكى پۈتۈن بارلىقىغا كەلگىلى تۇردى. [6] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزى پۈتۈن بارلىقىنى يۈسۈپنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى يەيدىغان نېنىدىن باشقا نەرسە بىلەن كارى يوق ئىدى. لېكىن يۈسۈپ بولسا كېلىشكەن بولۇپ كۆرۈنۈشكە چىرايلىق ئىدى.

[7] بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ خوجىسىنىڭ خوتۇنى يۈسۈپكە كۆز سېلىپ: «مەن بىلەن ياتقىن» دېدى. [8] ئەمما ئۇ ئۇنىماي، خوجىسىنىڭ خوتۇنىغا سۆز قىلىپ: «مانا خوجام بولسا ئۆيىدىكى مېنىڭ قولۇمدا بولغان نەرسىلەر بىلەن كارى يوق. ئۇ ئۆزى پۈتۈن بارلىقىنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرۇپ قويىدى. [9] بۇ ئۆيدە مەندىن چوڭ كىشى يوق. سەندىن باشقا ھېچبىر نەرسىنى مەندىن ئايىمىدى، چۈنكى سەن ئۇنىڭ خوتۇنىدۇرسەن. ئۇنداق بولسا، مەن قانداقمۇ شۇنداق يامانلىقنى قىلىپ، خۇداغا گۇناھ قىلاي؟» دېدى. [10] ئەمما ئۇ ھەر كۈنى يۈسۈپكە گەپ قىلسىمۇ، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن يېتىپ، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىدىغان گەپكە ئۇنىمايتتى.

[11]كۈنلەردە بىر كۈن ئۆي ئىچىدىكىلەردىن ئاندا ھېچكىم يوق ۋاقتىدا، يۈسۈپ ئۆز ئىشى ئۈچۈن ئۆيگە كىرسە، [12]بۇ خوتۇن ئۇنىڭ يېپىنچىسىنى تۇتۇۋېلىپ: «مەن بىلەن ياتقىن» دەپ ئېيتتى. ئۇ ۋاقىت ئۇ ئۆز يېپىنچىسىنى ئۇنىڭ قولىدا تاشلاپ قېچىپ، تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. [13]خوتۇن بولسا ئۇ ئۆز يېپىنچىسىنى مېنىڭ قولۇمدا تاشلاپ، تاشقىرىغا قېچىپ كەتتى دەپ كۆرگەندە، [14]ئۆيىدىكى خەلقىنى قىچقىرىپ ئۇلارغا: «قاراڭلار، ئېرىم بولسا ئىبرانىي بولغان بىر ئادەمنى بىز بىلەن ئوينىسۇن دەپ، بىزگە ئېلىپ كەلدىمۇ؟ بۇ ئادەم قېشىمغا كىرىپ، مەن بىلەن ياتقىلى قويغاندا، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن چىرقىرىغىلى تۇردۇم. [15] ئۇ مېنىڭ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن چىرقىرىغىنىمنى كۆرگەندە ئۆز يېپىنچىسىنى قولۇمدا قويۇپ، قېچىپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى» دەپ ئېيتتى. [16]ئۇ ئۇنىڭ يېپىنچىسىنى خوجىسى ئۆيىگە يېنىپ كەلگۈچىلىك يېنىدا ساقلاپ قويۇپ، [17]ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق گەپ قىلىپ: «سەن ئېلىپ كەلگەن ئىبرانىي غۇلامىنىڭ ئۆزى مەن بىلەن ئويناشقىلى قېشىمغا كىردى. [18]لېكىن مەن ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن چىرقىرىسام، ئۇ ئۆز يېپىنچىسىنى قېشىمدا تاشلاپ، تاشقىرىغا قېچىپ كەتتى» دېدى. [19]ئۇنىڭ خوجىسى ئۆز خوتۇنىدىن: «سېنىڭ قۇلۇڭ بولسا ماڭا ئۇنداق-

مۇنداق قىلدى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغىنىدا، ئاچچىقى ئۆتتەك تۇتاشتى. [20]بۇنىڭ ئۇچۇن خوجىسى يۈسۈپنى تۇتۇپ، پادىشاھنىڭ گۇندىسىغا چۈشكەنلەرنىڭ سولانغان جايىغا سولاپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاندا سولاقتا يېتىپ قالدى.

## يۈسۈپنىڭ سولاقتا يېتىشى

[21]لېكىن خۇداۋەندە يۈسۈپ بىلەن بولۇپ، ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، گۇندىپاينىڭ نەزىرىدە ئىلتىپات تاپتۇردى. [22]شۇنداقكى، گۇندىپاينىڭ ئۆزى گۇندىخانىدىكى گۇندىغا چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يۈسۈپنىڭ قولىغا بەردى. ئاندا ھەرنېمە قىلىنماقچى بولسا، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن قىلىنىدى. [23]گۇندىپاي بولسا ئۇنىڭ قولىدىكى ھېچ ئىشتىن ئەندىشە قىلماتتى، چۈنكى خۇداۋەندە ئۇنىڭ بىلەن بولغاچ، ھەر ئىش قىلسا، خۇداۋەندە ئۇنى ئوڭۇشلۇق قىلاتتى.

## يۈسۈپ ئىككى چۈشلەرنىڭ تەبىرىنى بېرىدۇ

40 [1]بىر ۋاقىتتىن كېيىن مىسىر پادىشاھىنىڭ ساقىيى بىلەن ناۋىيى ئۆز خوجىسى بولغان مىسىر پادىشاھىغا گۇناھ قىلدى. [2]بۇ سەۋەبتىن فىرەۋنىنىڭ ئۆزى ساقىيلارنىڭ چوڭى بىلەن ناۋايلارنىڭ چوڭى بولغان بۇ ئىككى مەنسەپدارىغا غەزەپلىنىپ، [3]ئۇلارنى خاس پاسىبانلارنىڭ سەردارىنىڭ ئۆيىدە، يۈسۈپ سولاقلىق تۇرغان گۇندىخانىغا سولاپ قويدى. [4]ئۇ ۋاقىت پاسىبانلارنىڭ سەردارى ئۆزى يۈسۈپنى ئۇلارغا خىزمەت قىلغىلى تەيىنلەپ قويدى. ئۇلار بولسا بىر ۋاقىتقىچە سولاقتا يېتىپ قالدى. [5]مىسىر پادىشاھىنىڭ ساقىيى بىلەن ناۋىيىنىڭ ئۆزى گۇندىخانىدا سولاقلىق تۇرغىنىدا، ئىككىلىسى بىر كېچىدە ھەربىرى ئۆزىگە يارىشا تەبىرى بار بىردىن-بىردىن چۈش كۆردى.

[6]ئەتىگىنى يۈسۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرسە، ئۇلارنىڭ غەمكىن ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، [7]ئۆزى بىلەن بىللە خوجىسىنىڭ ئۆيىدە سولاقلىق تۇرۇپ، فىرەۋنىنىڭ مەنسەپدارلىرى بولغان بۇ ئىككىيلەندىن: «بۈگۈن نېمىشقا چىرايىڭلار سۆرۈن؟» دەپ سورىدى. [8]ئۇلار ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «بىز بولساق بىر چۈش كۆردۇق، ئەمما ئۇنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرىدىغان كىشى يوقتۇر» دېدى. يۈسۈپ ئۇلارغا: «تەبىر بېرىشكە خۇدانىڭ قۇدرىتى يوقمۇ؟ چۈشنى ماڭا ئېيتىڭلار» دېدى.

[9]ئۇ ۋاقىت ساقىيلارنىڭ چوڭى يۈسۈپكە ئۆز چۈشىنى ئېيتىپ بېرىپ: «چۈشۈمدە كۆرسەم، ئالدىمدا بىر ئۈزۈم تېلى تۇرغان ئىكەن. [10]بۇ ئۈزۈم تېلىنىڭ ئۈچ شېخى بار ئىكەن. مانا بۇ ئۆزى چىقىپ، كۆكلەپ چېچەكلەپ، ساپاقلىرىدا ئۈزۈم پىشىپ ساڭگىلاپ تۇرغان ئىكەن. [11]فىرەۋنىنىڭ جامىنى قولۇمدا تۇتۇپ، ئۈزۈملەرنى ئېلىپ فىرەۋنىنىڭ جامىغا سىقىپ، بۇ جامنى ئۇنىڭ قولىغا بەردىم» دېدى. [12]يۈسۈپ ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ: «چۈشىنىڭ تەبىرى بۇدۇركى: بۇ ئۈچ شاخ بولسا ئۆزى ئۈچ كۈندۇر. [13]ئۈچ كۈن ئىچىدە فىرەۋن ساڭا ئىززەت بېرىپ، ئۆز

مەنسىپىڭدە سېنى قويۇپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەن، بالدۇر ئۇنىڭغا ساقىي بولغاندەك، فىرەۋننىڭ قولىغا جامنى بېرىدىغان بولىسەن. [14] لېكىن ساڭا ياخشىلىق يەتكەندە، مېنى يادىڭغا يەتكۈزۈپ ماڭا ياخشىلىق قىلغىن. فىرەۋننىڭ ئالدىدا مەن توغرۇلۇق گەپ قىلىپ، مېنى بۇ ئۆيدىن چىقارتقىن. [15] چۈنكى مەن بولسام ئىبرانىيلارنىڭ يۇرتىدىن ناھەق تەرىقىدە كەلتۈرۈلدۈم. مۇندا مېنى زىندانغا سالغۇدەك بىر ئىش قىلمىدىم» دېدى.
[16] ناۋايلارنىڭ چوڭى بولسا يۈسۈپنىڭ ياخشى تەبىر بەرگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «مەنمۇ بىر چۈشنى كۆردۈم. مانا، بېشىمدا ئاق نان بار ئۈچ تەۋاق بار ئىكەن. [17] ئۈستۈندىكى تەۋاقتا فىرەۋن يەيدىغان نانلار بار ئىكەن. لېكىن ئۇچارقاناتلار بېشىمدىكى تەۋاقتىن ئۇلارنى يەر ئىكەن» دېدى. [18] ئۇ ۋاقىت يۈسۈپ سۆز قىلىپ: «چۈشنىڭ تەبىرى بۇدۇركى: بۇ ئۈچ تەۋاق بولسا ئۈزى ئۈچ كۈندۇر. [19] ئۈچ كۈن ئىچىدە فىرەۋن سېنىڭ بېشىڭنى كېسىپ، سېنى ياغاچقا ئاسىدۇ. ئۇ ۋاقىت ئۇچارقاناتلار كېلىپ، گۆشۈڭنى يەيدىغان بولىدۇ» دېدى.
[20] ئۈچىنچى كۈنى فىرەۋننىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاچ، ئۇ ئۆزى ھەممە خىزمەتكارلىرى ئۈچۈن بىر زىياپەت قىلىپ، ئۆز خىزمەتكارلىرىنىڭ ئارىسىدا ساقىيلارنىڭ چوڭى بىلەن ناۋايلارنىڭ چوڭىنى ياد قىلىپ، [21] ساقىيلارنىڭ چوڭىنى يەنە ئۆز مەنسىپىگە قويۇپ قويدى. شۇنداقكى، ئۆزى جامنى فىرەۋننىڭ قولىغا يەنە بېرىدىغان بولدى. [22] لېكىن ناۋايلارنىڭ چوڭىنى يۈسۈپنىڭ ئۆزى تەبىر بەرگەندەك ئېسىۋەتتى. [23] ئەمما ساقىيلارنىڭ چوڭى بولسا يۈسۈپنى ياد قىلماي، ئۇنى ئۇنتۇپ قالدى.

## فىرەۋننىڭ چۈشى

41 [1] پۈتۈن ئىككى يىل ئۆتۈپ بولغاندا فىرەۋن بىر چۈش كۆردى. مانا ئۇ ئۆزى دەريانىڭ بويىدا تۇرغان ئىكەن. [2] قارىسا، دەريادىن يەتتە چىرايلىق سېمىز كالا چىقىپ، قومۇشلۇقتا ئوتلىغىلى تۇرغان ئىكەن. [3] ئاندىن كېيىن باشقا يەتتە سەت ۋە ئورۇق كالا دەريادىن چىقىپ، ئىلگىرىكى كالىلارنىڭ يېنىدا دەريانىڭ بويىدا تۇرغان ئىكەن. [4] بۇ سەت ۋە ئورۇق كالىلار بولسا ئۇ يەتتە چىرايلىق سېمىز كالىنى يەپ كېتىپتۇ. ئۇ ۋاقىت فىرەۋن ئويغىنىپ كەتتى.
[5] يەنە ئۇخلاپ، ئىككىنچى مەرتىۋە چۈش كۆردى. كۆرسە، بىر بېغىشتىن يەتتە تولۇق ۋە چىرايلىق باش چىقىپتۇ. [6] ئاندىن كېيىن شەرقنىڭ شامىلى بىلەن سولىشىپ قالغان يەتتە دانە ئورۇق ۋە سەت باش چىقىپتۇ. [7] بۇ ئورۇق باشلار بولسا ئۇ يەتتە سېمىز تولۇق باشنى يۇتۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن فىرەۋن ئويغىنىپ كۆرسە، مانا بۇ ئۆزى چۈش ئىدى.
[8] ئەتىگىنى ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ، مىسىردىكى ھەممە جادۇگەر بىلەن بارچە دانىشمەنلەرنى قىچقىرىپ كەلتۈردى. فىرەۋن ئۆز چۈشىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەرسە، ھېچكىم فىرەۋنگە تەبىرىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. [9] ئۇ ۋاقىت ساقىيلارنىڭ چوڭى فىرەۋنگە سۆزلەپ: «بۇ كۈن خاتالىرىم يادىمغا كەلدى. [10] فىرەۋن ئۆز قۇللىرىغا ئاچچىقلىنىپ، مەن بىلەن ناۋاينىڭ

چوڭىنى پاسىبانلارنىڭ سەردارىنىڭ ئۆيىدە سولاقتا سالدۇرۇپ قويغاندا، [11] ئۇنىڭ بىلەن مەن
بىر كېچىدە بىردىن-بىردىن چۈش كۆردۇق، ئەمما ھەرقايسىمىز كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرى
باشقا-باشقا ئىدى. [12] ئاندا بىز بىلەن بىللە پاسىبانلارنىڭ سەردارىنىڭ قۇلى بولغان ئىبرانىي
بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇنىڭغا چۈشلىرىمىزنى ئېيتساق، ئۇ بىزنىڭ چۈشلىرىمىزنىڭ تەبىرىنى
بايان قىلىپ، ھەربىرىمىزنىڭ كۆرگەن چۈشىگە قاراپ تەبىر بەرگەنىدى. [13] ئۇنىڭ بەرگەن
تەبىرى ئېيتقىنىدەك چىقىپ مەن بولسام ئۆز مەنسىپىمگە ياندۇرۇلۇپ باشقىسىنىڭ ئۆزى
دارغا ئېسىلدى» دېدى.

## يۈسۈپ فىرەۋننىڭ چۈشىنىڭ تەبىرىنى بېرىدۇ

[14] ئۇ ۋاقىت فىرەۋن كىشى ئەۋەتىپ، يۈسۈپنى قىچقارتسا، ئۇلار دەرھال ئۇنى گۇندىخانىدىن
چىقاردى. ئۇ ھامان يۈسۈپ چاچ-ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ، ئېگىن يەڭگۈشلەپ، فىرەۋننىڭ
ئالدىغا كىردى. [15] فىرەۋن يۈسۈپكە سۆزلەپ: «مەن بولسام، چۈش كۆردۈم، ئەمما ھېچكىم
ئۇنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. سەن توغرۇلۇق: ‹ بىر چۈشنى ئاڭلىسا، تەبىرىنى
بېرەلەيدۇ› دەپ ئاڭلىدىم» دېدى. [16] يۈسۈپ فىرەۋنگە جاۋاب بېرىپ: «مېنىڭ قۇدرىتىم يوق،
لېكىن خۇدا فىرەۋنگە ياخشى جاۋاب بېرىدۇ» دېدى. [17] ئۇ ۋاقىت فىرەۋن يۈسۈپكە سۆزلەپ:
«مەن بولسام، چۈشۈمدە دەريانىڭ لېۋىدە تۇرغان ئىكەنمەن. [18] قارىسام، دەريادىن يەتتە سېمىز
چىرايلىق كالا چىقىپ، قومۇشلۇقتا ئوتلاپ يۈرگەن ئىكەن. [19] مانا ئۇلاردىن باشقا يەتتە ئاجىز
تولا ۋە سەت ئورۇق كالا چىقىپتۇ. مەن بولسام، مىسىر يۇرتىدا ئۇنداق سەت كالا كۆرگەن
ئەمەسمەن. [20] بۇ ئورۇق ۋە سەت كالىلار بولسا ئاۋۋالقى يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتىپتۇ.
[21] ئۇلارنى يەپ بولسىمۇ، قورسىقىغا بىر نېمە كىرگەنىدەك مەلۇم بولماي، بەلكى بالدۇرقىدەك
سەت ھالىدا تۇرغان ئىكەن. ئاندىن مەن ئويغىنىپ كېتىپ، [22] يەنە چۈش كۆرسەم، مانا بىر
بېغىشتىن يەتتە تولۇق ۋە چىرايلىق باش چىقىپتۇ. [23] ئاندىن كېيىن شەرقنىڭ شامىلى بىلەن
سولىشىپ قۇرۇپ كەتكەن يەتتە دانە ئورۇق باش چىقىپ، [24] بۇ ئورۇق باشلارنىڭ ئۆزى يەتتە
چىرايلىق باشنى يەپ كېتىپتۇ. مەن ئۆزۈم بۇنى جادۇگەرلەرگە دەپ بەرسەم، ماڭا تەبىرىنى
ئېيتىپ بېرىدىغان ھېچ كىشى چىقمىدى» دېدى.
[25] يۈسۈپ فىرەۋنغا ئېيتتىكى: «فىرەۋننىڭ چۈشلىرىنىڭ مەنىسى بىردۇر. خۇدا ئۆزى
قىلىدىغىنىنى فىرەۋنگە بىلدۈرۈپتۇ. [26] بۇ يەتتە ياخشى كالا بولسا ئۆزى يەتتە يىل بولۇپ،
بۇ يەتتە ياخشى باشمۇ يەتتە يىل بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ئوخشاش بىر چۈشتۇر. [27] ئۇلاردىن
كېيىن چىققان يەتتە ئورۇق ۋە سەت كالا بولسا يەتتە يىل بولۇپ، شەرقنىڭ شامىلى بىلەن
سولىشىپ قالغان يەتتە ئورۇق باشمۇ شۇنداق بولۇپ، ئاچارچىلىقنىڭ يەتتە يىلىدۇر. [28] مەن
فىرەۋنگە: ‹ خۇدا ئۆزى قىلىدىغىنىنى فىرەۋنگە بىلدۈرۈپتۇ› دېگەن سۆزۈمنىڭ مەنىسى
شۇدۇر. [29] مانا پۈتۈن مىسىر يۇرتىدا يەتتە تولا يىلغىچە توقچىلىق بولىدۇ. [30] ئاندىن كېيىن
يەتتە يىلغىچە ئاچارچىلىق بولىدۇ. شۇنداقكى، مىسىر يۇرتىدا توقچىلىق تامامەن ئۇنتۇلۇپ
كېتىپ، ئاچارچىلىقنىڭ ئۆزى يۇرتنى خاراب قىلىدىغان بولىدۇ. [31] كېلىدىغان ئاچارچىلىقنىڭ

سەۋەبىدىن يۇرتتا ئۆتكەن توقچىلىق ياد قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئاچارچىلىق بولسا تولا قاتتىق بولىدۇ. [32] لېكىن چۈشنىڭ ئۆزى ياندۇرۇلۇپ، فىرەۋنگە ئىككى مەرتىۋە كۆرۈنگەنىنىڭ مەنىسى شۇكى: بۇ ئىش بولسا خۇدا تەرىپىدىن توختىتىلغان بولۇپ، خۇدا ئۇنى ھەم پات كەلتۈرىدۇ.
[33] ئەمدى فىرەۋن ئۆزى بىر ئەقىللىق دانا كىشىنى تېپىپ، مىسىر يۇرتىنىڭ ئۈستىگە قويسۇن.
[34] فىرەۋن مۇنداق قىلسۇنكى، توقچىلىق يەتتە يىل ئىچىدە مىسىر يۇرتىنىڭ ئاشلىقىنىڭ بەشتىن بىرىنى يىغىۋېلىپ ئالسۇن دەپ، يۇرتقا نازارەتچىلەر قويسۇن. [35] بۇلار بولسا ئۇ كېلىدىغان ياخشى يىللاردا ھەممە ئاشلىقنى يىغىپ، شەھەر-شەھەردە بۇغداينى فىرەۋنىنىڭ قول ئاستىغا جەم قىلىپ، يېمەكلىك بولسۇن دەپ، ساقلاپ قويسۇن. [36] بۇ ئاشلىق بولسا يۇرتىنىڭ ئۆزى ئاچارچىلىقتىن ھالاك بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، مىسىر يۇرتىغا كېلىدىغان يەتتە يىللىق ئاچارچىلىق ئۈچۈن دۆۋىلەنسۇن» دېدى.
[37] بۇ سۆز بولسا فىرەۋن بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىغا خۇش كەلدى.

## يۇسۇپنىڭ مىسىر ئۈستىگە باش ۋەزىر قىلىنىشى

[38] بۇنىڭ ئۈچۈن فىرەۋن ئۆز خىزمەتكارلىرىغا سۆزلەپ: «ئەجەبا بۇ كىشىدەك ئىچىدە خۇدانىڭ روھى بار كىشى بىزگە تېپىلامدۇ؟» دېدى. [39] ئاندىن فىرەۋن يۇسۇپكە سۆزلەپ: «خۇدا ساڭا بۇنىڭ ھەممىسىنى بىلدۈرگەچ، ھېچكىم سەندەك ئەقىللىق دانا بولمايدۇ. [40] ئەمدى سەن مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئۈستىگە توختىتىلىپ، پۈتۈن خەلقىم بولسا سېنىڭ ئاغزىڭغا قارىسۇن. مەن يالغۇز تەختىنىڭ ئىگىسى بولغاچ، سەندىن چوڭراق بولاي» دېدى. [41] شۇنى دەپ، فىرەۋن يۇسۇپكە يەنە سۆزلەپ: «مەن سېنى پۈتۈن مىسىر يۇرتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدۇم» دېدى. [42] ئۇ ۋاقىت فىرەۋن ئۆز قولىدىن مۆھۈر ئۈزۈكىنى چىقىرىپ، يۇسۇپنىڭ قولىغا سېلىپ، ئۇنىڭغا نەپىس كاناپلىق لىباسنى كىيدۈرۈپ، بوينىغا بىر ئالتۇن زۇننارنى ئېسىپ، [43] ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ھارۋىسىغا مىندۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدا جارقىرىتىپ: «تىز پۈكۈڭلار! فىرەۋن بولسا ئۇنى پۈتۈن مىسىر يۇرتىنىڭ ئۈستىگە تىكلەپ قويدى» دەپ ئېيتقۇزدى. [44] ئاندىن فىرەۋن يۇسۇپكە سۆزلەپ: «فىرەۋن دېگەن مەن ئۆزۈمدۇرمەن. پۈتۈن مىسىر يۇرتىدا سەندىن جاۋابسىز كىشى قول پۇتىنى مىدىرلاتمىسۇن» دېدى. [45] فىرەۋن بولسا يۇسۇپكە زافنات-پائانىياھ دەپ ئات قويۇپ قويۇپ، ئوننىڭ كاھىنى بولغان پوتىفېرانىڭ قىزى ئاسىناتنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەردى. ئۇ ۋاقىتتىن تارتىپ، يۇسۇپ ئۆزى مىسىر يۇرتىنى ئارىلىغىلى تۇردى. [46] يۇسۇپ ئۆزى مىسىرنىڭ پادىشاھى فىرەۋنىنىڭ ئالدىغا توغرا بولغىنىدا ئوتتۇز ياشتا ئىدى. ئەمما يۇسۇپ بولسا فىرەۋنىنىڭ قېشىدىن چىقىپ پۈتۈن مىسىر يۇرتىنى ئارىلاپ،

[47] توقچىلىق يەتتە يىل ئىچىدە ئاشلىق تولا بولغاچ، [48] ئۇ ئۆزى بۇ يەتتە يىل ئىچىدە مىسىر يۇرتىدا پەيدا بولغان ھەر خىل يېگۈلۈكنى شەھەر-شەھەرگە يىغىپ، ھەر شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئاشلىقنى ئۇ شەھەرنىڭ ئۆزىگە جۇغلاپ قويۇپ كەتتى. [49] بۇ تەرىقىدە يۇسۇپ ئۆزى دېڭىزنىڭ قۇمىدەك ناھايىتى تولا ئاشلىقنى يىغىپ بىھېساب بولغاچ، ھېساب قىلىشنى تاشلىدى.

## يۇسۇپنىڭ ئائىلىسى

[50]ئاچارچىلىق يىللار كەلمەستىن ئىلگىرى، يۇسۇپكە ئىككى ئوغۇل تۇغۇلدى. بۇلارنىڭ
ئۆزىنى ئوننىڭ كاھىنى بولغان پوتىفېرانىڭ قىزى ئاسىنات ئۇنىڭغا تۇغۇپ بەردى. [51] «خۇدا
ماڭا ھەممە مۇشەققىتىم بىلەن ئاتامنىڭ پۈتۈن ئۆيىنى ئۇنتۇلدۇردى» دەپ يۇسۇپ ئۆز تۇنجى
ئوغلىغا ماناسسە ئات قويۇپ، [52] «مۇشەققىتىمنىڭ يۇرتىدا خۇدا مېنى ئۇرۇقلۇق قىلدى» دەپ
ئىككىنچىسىگە ئەفرائىم ئات قويدى.

## ئاچارچىلىقنىڭ باشلىنىشى

[53] **ئە**مما مىسىر يۇرتىدا بولغان بۇ يەتتە توقچىلىق يىل ئۆتۈپ كەتتى.

## ئاچارچىلىق مىسىرنى باسدۇ

[54]ئاندىن كېيىن يۇسۇپنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئاچارچىلىقنىڭ يەتتە يىلى باشلاندى. ئۇ ۋاقىت
ھەممە يۇرتلاردا ئاچارچىلىق بولدى، لېكىن مىسىرنىڭ يۇرتىدا ھەر يەردە نان بار ئىدى.
[55]مىسىر يۇرتىنىڭ ھەممىسى ئاچلىق تارتىپ، خەلقىنىڭ ئۆزى نان ئۈچۈن فىرەۋنگە پەرياد
قىلسا، فىرەۋن ھەممە مىسىرلىقلارغا: «يۇسۇپنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇ سىلەرگە نېمە دېسە،
ئۇنى قىلىڭلار» دېدى. [56]پۈتۈن يەر يۈزىدە ئاچارچىلىق بولغاندا، يۇسۇپ ھەممە ساڭلارنى
ئېچىپ، مىسىرلىقلارغا ئاشلىق ساتاتتى. لېكىن مىسىر يۇرتىدىكى ئاچارچىلىق قاتتىق
بولغىلى تۇردى. [57]باشقا ھەممە يۇرتلاردىنمۇ خەلق، ئاشلىق ئالايلى دەپ، مىسىرغا يۇسۇپنىڭ
قېشىغا كېلەتتى، چۈنكى ئاچارچىلىق بولسا ھەممە يۇرتلاردا قاتتىق بولغىلى تۇرغانىدى.

## يۇسۇپنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ مىسىرغا بىرىنچى قېتىم بېرىشى

42 [1] ياقۇپ مىسىردا ئاشلىق بارلىقىنى بىلگىنىدە، ئۇ ئۆزى ئوغۇللىرىغا: «نېمىشقا بىر-
بىرىڭلارغا قارىشىپ تۇرىسىلەر؟» دېدى. [2] ئاندىن يەنە سۆزلەپ: «مانا ئاڭلىسام،
مىسىردا ئاشلىق بار ئىمىش. ئۇ يەرگە بېرىپ، ئاندىن بىزگە ئاشلىق ئېلىپ كېلىڭلار. بۇنىڭ
بىلەن ئۆلۈپ كەتمەي، تىرىك قالايلى» دېدى. [3] ئۇ ۋاقىت يۇسۇپنىڭ ئون بۇرادىرى ئاشلىق
ئالغىلى مىسىرغا باردى. [4] ئەمما ياقۇب يۇسۇپنىڭ ئۇكىسى بەنيامىننى ئۇنىڭ ئۆزىگە بىر
بالايىئاپەت بولمىسۇن دەپ، ئاكىلىرى بىلەن بىللە ئەۋەتمىدى. [5] بۇ تەرىقىدە قانائان يۇرتىدا
ئاچارچىلىق بولۇپ قالغاچ، باشقىلار ئاشلىق ئالغىلى كەلسە، ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىمۇ كەلدى.
[6] ئۇ ۋاقىت يۇسۇپ ئۆزى يۇرتنىڭ ۋالىيسى بولۇپ، خەلقنىڭ ھەممىسىگە ئاشلىق سېتىپ
تۇرغانىدى. يۇسۇپنىڭ بۇرادەرلىرى بولسا كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا يۈزلىرى يەرگە تەگكۈدەك
تەزىم قىلدى. [7] يۇسۇپ بۇرادەرلىرىنى كۆرۈپ ئۇلارنى تونۇدى، ئەمما تونۇشلۇق بەرمەي، ئۇلارغا
قاتتىقلىق بىلەن گەپ قىلىپ: «نە يەردىن كەلدىڭلار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار جاۋاب بېرىپ:

«قانائان يۇرتىدىن ئاشلىق ئالغىلى كەلدۇق» دېدى. 8 يۇسۇپ بۇرادەرلىرىنى تونۇسىمۇ، ئۇلار
ئۇنى تونۇمىدى. 9 يۇسۇپ بولسا ئۆزى ئۇلار توغرىسىدا كۆرگەن چۈشلىرىنى يادىغا يەتكۈزۈپ،
ئۇلارغا: «سىلەر جاسۇس بولۇپ، يۇرتنىڭ ئوچۇق يەرلىرىنى كۆرگىلى كەلدىڭلار» دېدى.
10 ئەمما ئۇلار ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «يوقسۇ، ئەي خوجام، بەلكى قۇللىرىڭ ئاشلىق ئالغىلى
كەلدى. 11 ھەممىمىز بىر كىشىنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، توغرا ئادەملەردۇرمىز. قۇللىرىڭ بولسا
جاسۇس ئەمەستۇر» دېدى. 12 لېكىن ئۇ ئۇلارغا سۆز قىلىپ: «ئۇنداق ئەمەس، بەلكى يۇرتنىڭ
ئوچۇق يەرلىرىنى كۆرگىلى كەلدىڭلار» دېدى. 13 ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «قۇللىرىڭ بولسا ئون
ئىككى بۇرادەر بولۇپ، قانائان يۇرتىدىكى بىر ئادەمنىڭ ئوغۇللىرىدۇر. لېكىن كىچىكىنىڭ
ئۆزى ئەمدى ئاتىمىزنىڭ قېشىدا قېلىپ، يەنە بىرىسى يوق بولۇپ كەتتى» دېدى. 14 ئەمما
يۇسۇپ ئۇلارغا سۆز قىلىپ: «سىلەرگە ئېيتقىنىمدەك جاسۇستۇرسىلەر. 15 لېكىن بۇنىڭ
بىلەن سىلەرنى سىناپ باقاي: فىرەۋنىنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كىچىك ئۇكاڭلار بۇ
يەرگە كەلمىگۈچىلىك سىلەر بۇ يەردىن چىقىپ كەتمەيسىلەر. 16 ئۇكاڭلارنى ئېلىپ كەلگىلى
بىرىڭلارنى ئەۋەتىڭلار. سىلەر بولساڭلار، سولاقلىق تۇرىسىلەر. بۇنىڭ بىلەن ئېيتقىنىڭلار
راستمۇ دەپ سىناپ باقاي، بولمىسا فىرەۋنىنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شەكسىز
جاسۇس ئىكەنسىلەر» دەپ، 17 ھەممىسىنى ئۈچ كۈنگىچە سولاپ قويدى.
18 ئۈچىنچى كۈنى يۇسۇپ ئۇلارغا سۆز قىلىپ: «مەن بولسام، خۇدادىن قورقىمەن. تىرىك
قالمىقىڭلار ئۈچۈن يالغۇز بىر ئىشنى قىلىڭلار. 19 ئەگەر توغرا ئادەملەر بولساڭلار،
بۇرادەرلىرىڭلاردىن بىرى سىلەر سولانغان ئۆيدە سولاقلىق تۇرسۇن. قالغانلىرىڭلار بولسا
ئۆيلىرىڭلارنىڭ ئاچارچىلىقى ئۈچۈن ئاشلىق ئېلىپ كېتىپ، 20 كىچىك ئۇكاڭلارنى قېشىمغا
ئېلىپ كېلىڭلار. ئەگەر سۆزلىرىڭلار راست چىقسا، ئۆلمەي قالىسىلەر» دېسە، ئۇلار شۇنداق
قىلىدىغان بولدى. 21 ئۇلار بىر-بىرىگە سۆزلىشىپ: «شەكسىز بىز بولساق، بۇرادىرىمىزگە
قىلغان ئىشىمىز بىلەن گۇناھكار بولۇپ قالدۇق. ئۇ ئۆزى بىزگە يالۋۇرسىمۇ، ئۇنىڭ تەڭلىكىنى
كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىغان ئىدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەڭلىك ئۈستىمىزگە
چۈشتى» دېيىشتى. 22 ئۇ ۋاقىت رۇبەن سۆزلەپ: «مەن سىلەرگە: ‹ بۇ بالىغا زۇلۇم قىلماڭلار›
دېگىنىمدە، ئۇنىمىدىڭلار ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى ئۇنىڭ قېنى تەلەپ قىلىنىدۇ» دېدى. 23 ئەمما
يۇسۇپ ئۇلارغا تەرجىمان بىلەن گەپ قىلغاچ، ئۇلار يۇسۇپنىڭ گەپنى ئۇقۇپ تۇرغىنىنى بىلمىدى.
24 ئۇ بولسا ئۇلاردىن ئۆزىنى ياقىغا تارتىپ يىغلىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ قېشىغا يېنىپ كېلىپ،
ئۇلارغا سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن شىمۇننى تۇتۇپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا باغلاپ قويدى.
25 ئاندىن كېيىن يۇسۇپ: «ئۇلارنىڭ تاغارلىرىغا ئاشلىق تولدۇرۇپ، ھەربىرىنىڭ پۇلىنى ياندۇرۇپ
تاغىرىغا سېلىپ قويۇپ، يولغا ئوزۇقمۇ بەرسۇن» دەپ بۇيرۇسا، ئۇلارغا شۇنداق قىلىندى. 26 ئۇلار
بولسا ئاشلىقنى ئېشەكلىرىگە يۈكلەپ، ئاندىن كەتتى.
27 ئەمما مەنزىلگە چۈشكىنىدە، ئۇلارنىڭ بىرى ئېشىكىگە بوغۇز بەرگىلى تاغىرىنى ئاچسا،
تاغىرىنىڭ ئاغزىدا پۇلىنى كۆرۈپ، 28 ئۆز بۇرادەرلىرىگە: «مېنىڭ پۇلۇم ياندۇرۇلۇپتۇ. مانا،
بۇ ئۆزى تاغىرىمدا تۇرىدۇ» دېدى. شۇنى دېسە، ئۇلارنىڭ ھوشى ئۇچۇپ كېتىپ، تىترىشىپ
بىر-بىرىگە: «خۇدانىڭ بىزگە بۇ نېمە قىلغىنىدۇر؟» دەپ ئېيتىشتى. 29 ئۇلار بولسا

قانائان يۇرتىغا، ئاتىسى ياقۇپنىڭ قېشىغا كېلىپ، ھەممە ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىپ:
[30] «يۇرتنىڭ خوجىسى بولغان كىشى بىزگە قاتتىق گەپ قىلىپ، بىزنى يۇرتقا كەلگەن جاسۇس
خىيال قىلدى. [31] ئەمما بىز ئۇنىڭغا: ‹ بىز بولساق، توغرا ئادەملەر بولۇپ، جاسۇس ئەمەسمىز.
[32] بىز ئون ئىككى بۇرادەر بولۇپ، بىر ئاتىنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز. بىرىمىز يوق بولۇپ كېتىپ،
كىچىكىمىز بولسا ھېلى قانائان يۇرتىدا ئاتىمىزنىڭ قېشىدا قالدى› دېسەك، [33] ئۇ يۇرتنىڭ
خوجىسى بولغان كىشى بىزگە سۆزلەپ: ‹ توغرا ئىكەنلىكىڭلارنى شۇنىڭدىن بىلەيكى،
بۇرادەرلىرىڭلارنىڭ بىرىنى مېنىڭ قېشىمدا قويۇپ، ئۆيۈڭلارنىڭ ئاچارچىلىقى ئۈچۈن ئاشلىق
ئېلىپ كېتىپ، [34] ئاندىن كىچىك ئۇكاڭلارنى قېشىمغا ئېلىپ كەلسەڭلار، مەن سىلەرنىڭ
جاسۇس بولماي، توغرا ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىپ، بۇرادىرىڭلارنى سىلەرگە ياندۇرۇپ بېرەي.
ئاندىن كېيىن يۇرتتا ئوقەت قىلساڭلار بولىدۇ› دەپ ئېيتتى» دېدى. [35] ئەمما ئۇلار تاغارلىرىنى
بوشاتقىنىدا، مانا ھەربىرىنىڭ چىگىكلىك پۇلى تاغىرىدا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن
ئاتىسى چىگىكلىك پۇللارنى كۆرگەندە قورقۇپ كەتتى.
[36] ئاتىسى ياقۇپ ئۇلارغا: «مېنى بالىسىز قىلدىڭلار. يۈسۈپ بولسا يوق بولدى، شىمونمۇ يوق،
ئەمدى بەنيامىنىنمۇ ئېلىپ كەتمەكچى بولدۇڭلارمۇ؟ مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۈستۈمگە
كەلدى» دېدى. [37] ئۇ ۋاقىت رۇبەن ئۆز ئاتىسىغا سۆز قىلىپ: «ئەگەر مەن ئۇنى قېشىڭغا
ياندۇرۇۋېلىپ كەلمىسەم، مېنىڭ ئىككى ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن. ئەمدى ئۇنى مېنىڭ
قولۇمغا تاپشۇرغىن. مەن ئۇنى قېشىڭغا ياندۇرۇۋېلىپ كېلەي» دېسە، [38] ئۇ جاۋاب بېرىپ:
«ئوغلۇمنىڭ ئۆزى سىلەر بىلەن بارمىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ ئاكىسى ئۆلۈپ كېتىپ، بۇ ئۆزى
يالغۇز قالدى. مۇبادا يولدا كېتىپ بارغىنىڭلاردا ئۇنىڭغا بىر بالايىئاپەت يەتسە، مېنىڭ ئاق
چاچلىرىمنى غەم بىلەن گۆرگە يەتكۈزىسىلەر» دېدى.

## يۈسۈپنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ مىسىرغا ئىككىنچى قېتىم بېرىشى

43 [1] ئەمما يۇرتتا ئاچارچىلىق قاتتىق ئىدى. [2] بۇ سەۋەبتىن ئۇلار مىسىردىن ئېلىپ
كەلگەن ئاشلىقنى يەپ بولغاندا، ئاتىسى ئۇلارغا: «يەنە بېرىپ، بىزگە ئازغىنا ئاشلىق
ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. [3] لېكىن يەھۇدا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇ كىشى بولسا بىزگە
تەكىتلەپ: ‹ ئۇكاڭلار سىلەر بىلەن بولمىسا، يۈزۈمنى كۆرەلمەيسىلەر› دەپ ئېيتقانىدى. [4]
ئەگەر ئۇكىمىزنى بىز بىلەن ئەۋەتسەڭ، بىز بېرىپ، ساڭا ئاشلىق ئېلىپ كېلىمىز. [5] ئەمما
ئۇنى ئەۋەتكىلى ئۇنىمىساڭ، بىز بارمايمىز. چۈنكى ئۇ كىشى ئۆزى: ‹ ئۇكاڭلار سىلەر بىلەن
بولمىسا، يۈزۈمنى كۆرەلمەيسىلەر› دەپ ئېيتقانىدى» دېدى. [6] ئۇ ۋاقىت ئىسرائىل سۆزلەپ:
«نېمە ئۈچۈن ماڭا يامانلىق قىلىپ، ئۇ كىشىگە: ‹ يەنە بىر ئۇكىمىزمۇ بار› دەپ ئېيتتىڭلار؟»
دېدى. [7] ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى بىز بىلەن خاندانىمىزنىڭ ئەھۋالىنى كولاپ
سوراپ: ‹ ئاتاڭلار ھازىر ھاياتمۇ؟ يەنىمۇ بۇرادىرىڭلار بارمۇ؟› دەپ سورىسا، بىز ئۇنىڭ سوئالىغا
مۇۋاپىق جاۋاب بەردۇق. شەكسىز بىز بولساق، ئۇنىڭ بىزگە: ‹ ئۇكاڭلارنى ئېلىپ كېلىڭلار›

دەيدىغىنىنى قانداق بىلەتتۇق؟» دېدى. [8] يەھۇدا ئاتىسى ئىسرائىلغا سۆز قىلىپ: «ئوغۇلنى
مەن بىلەن ئەۋەتسەڭ، بىز قوپۇپ بارىمىز. بۇنىڭ بىلەن خاھى بىز بولساق، خاھى سەن
بولساڭ، خاھى بالىلىرىمىز بولسا ئۆلمەي تىرىك قالىمىز. [9] مەن ئۇنىڭغا كېپىل بولىمەن.
سەن ئۇنى مېنىڭ قولۇمدىن تەلەپ قىلغىن، ئەگەر مەن ئۇنى سېنىڭ قېشىڭغا ياندۇرۇۋېلىپ
كېلىپ، ئالدىڭدا تۇرغۇزۇپ قويمىسام. پۈتۈن ئۆمرۈمدە گۇناھكار بولاي. [10] چۈنكى ئەگەر
هايال بولمىغان بولساق، ھېلىغىچە ئىككىنچى مەرتىۋە يېنىپ كېلەتتۇق» دېدى.
[11] ئۇ ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئىسرائىل ئۇلارغا سۆزلەپ: «ئۇنداق بولسا، مۇنداق قىلىڭلاركى، ئۇ
كىشىگە سوۋغا بولسۇن دەپ، تاغارلىرىڭلارغا بۇ يۇرتنىڭ ھەممىدىن ياخشى مېۋىلىرىدىن ئېلىپ،
ئازغىنا خۇشپۇراق ياغ بىلەن ئاز-ماز ھەسەل، دورا-دەرمەك بىلەن مۇرمەككى، پىستە بىلەن بادام
جايلاپ، [12] قولۇڭلاردا ئىككى ھەسسە پۇلنى ئېلىپ، تاغارلىرىڭلارنىڭ ئاغزىدىكى ياندۇرۇلغان پۇلنىمۇ
ئالغاچ بېرىڭلار. ئېھتىمالكى، بۇ ئىش سەۋەنلىك بىلەن بولغان بولسا كېرەك. [13] ئۇكاڭلارنىمۇ بىللە
ئېلىپ قوپۇپ، ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا يەنە بېرىڭلار. [14] قادىر خۇدا ئۆزى سىلەرگە ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا
مەرھەمەت تاپتۇرسۇن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى يەنە بىر بۇرادىرىڭلار بىلەن بەنيامىننى سىلەرگە قوشۇپ
ياندۇرۇپ ئەۋەتەرمىكىن. بولمىسا بالىسىز بولغىنىم بولغان» دېدى.
[15] ئۇ ۋاقىت بۇ كىشىلەر مەزكۇر سوۋغىنى ئېلىپ، قوللىرىغا ئىككى ھەسسە پۇلنى جايلاپ،
بەنيامىننى ئېلىپ قوپۇپ، مىسىرغا بېرىپ، يۈسۈپنىڭ ئالدىغا ھازىر بولدى. [16] يۈسۈپنىڭ
ئۆزى بەنيامىننى ئۇلار بىلەن بىللە كۆرگىنىدە، ئۆز ئۆي باشقۇرغۇچىسىغا بۇيرۇپ: «بۇ
ئادەملەرنى ئۆيۈمگە باشلاپ كىرىپ، مال سويۇپ تائام تەييار قىلغىن، چۈنكى بۇ كىشىلەر
بولسا چۈشلۈك ئاشنى مەن بىلەن يېسۇن» دېدى. [17] ئۇ كىشى ئۆزى يۈسۈپنىڭ بۇيرۇغىنىنى
قىلىپ، بۇ ئادەملەرنى يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىردى. [18] ئۇلار بولسا يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە
كىرگۈزۈلگەندە قورقۇشۇپ كېتىپ، سۆزلىشىپ: «ئاۋۋالقى مەرتىۋە تاغارلىرىمىزدا
ياندۇرۇلغان پۇلنىڭ سەۋەبىدىن بىز ئۆيگە كىرگۈزۈلدۇق. ئەمدى ئۇ بىزلەرگە ھۇجۇم قىلىپ،
ئۈستىمىزگە چۈشۈپ، بىزنى قۇل قىلىپ، ئېشەكلىرىمىزنى تارتىۋالىدىغانغا ئوخشايدۇ» دەپ
ئېيتىشتى. [19] ئۇلار يۈسۈپنىڭ ئۆي باشقۇرغۇچىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىدا
تۇرۇپ، [20] ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «ئەي خوجام بىز بولساق، ئىلگىرىمۇ مۇندا ئاش ئالغىلى كەلگەن
ئىدۇق. [21] بىز مەنزىلگە كېلىپ، ئۆز تاغارلىرىمىزنى ئاچساق، مانا ھەر كىشىنىڭ پۇلى ئۆز
تاغىرىنىڭ ئاغزىدا تېپىپ، پۇلىمىزنىڭ ئۆزى تارتىلغىنىچە ئىدى. بىز بۇنى ياندۇرۇش ئۈچۈن،
قولىمىزدا ئېلىپ كەلدۇق. [22] ئاشلىق ئالغىلى قولىمىزدا باشقا پۇلمۇ ئېلىپ كەلدۇق، ئەمما
تاغارلىرىمىزغا پۇلنى كىمنىڭ سېلىپ قويغىنىنى بىلمىدۇق» دېدى. [23] ئۇ ئۇلارغا: «خاتىرجەم
بولۇپ قورقماڭلار. سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بولۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى بولغاننىڭ
ئۆزى تاغارلىرىڭلاردا سىلەرگە خەزىنە بەرگەنگە ئوخشايدۇ. پۇلۇڭلار ماڭا تەگدى» دېدى. كېيىن
شىمونىنى ئۇلارنىڭ قېشىغا ئېلىپ چىقتى. [24] ئۇ كىشى بولسا ئۇلارنى يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە
باشلاپ كىرىپ، ئۇلارغا پۇتلىرىنى يۇغىلى سۇ بېرىپ، ئېشەكلىرىگە بوغۇز بەردى. [25] ئاندىن
ئۇلار يۈسۈپ چۈش ۋاقتىدا كەلگۈچىلىك سوۋغىلارنى راستلاپ قويدى، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ
ئاندا نان يەيدىغىنىنى ئاڭلىغانىدى.

[26] يۈسۈپ ئۆيگە كەلگەندە، ئۇلار قوللىرىدىكى سوۋغىلارنى ئۆيگە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كىرىپ، بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى. [27] ئۇ بولسا ئۇلاردىن تىنچلىق سوراپ:
«سىلەر گېپىنى قىلغان قېرى ئاتاڭلار سالامەتمۇ؟ ئۇ ھازىر ھاياتمۇ؟» دەپ ئېيتتى. [28] ئۇلار
جاۋاب بېرىپ: «قۇلۇڭ ئاتىمىز بولسا سالامەت تۇرۇپ، ھازىر ھاياتتۇر» دەپ ئېگىلىپ تەزىم
قىلدى. [29] ئاندىن ئۇ كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ، بىر ئانىدىن بولغان ئۆز ئۇكىسى بەنيامىننى كۆرۈپ:
«سىلەر ماڭا گېپىنى قىلغان كىچىك ئۇكاڭلار شۇمۇ؟» دەپ سوراپ: «ئەي ئوغلۇم، خۇدا ساڭا
مەرھەمەت قىلسۇن» دېدى. [30] شۇنى دەپ، ئۆز ئۇكىسىغا كۆڭلى تېشىپ كەتكەچ، خىلۋەتكە
بېرىپ يىغلاي دەپ، يۈسۈپ ئالدىراپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ، ئاندا يىغلىغىلى تۇردى. [31] ئاندىن
يۈزىنى يۇيۇپ چىقىپ ئۆزىنى توختىتىپ: «تائام تىزىڭلار» دەپ ئېيتسا، [32] خىزمەتكارلار ئۇنىڭ
ئۆزى بىلەن ئۇلارغا باشقا-باشقا قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مىسىرلىقلارغىمۇ باشقا-باشقا جايدا
تائام قويدى. چۈنكى مىسىرلىقلار بولسا ئىبرانىيلار بىلەن تائام يېمەكنى يىرگىنچلىك كۆرگەچ،
ئۇلار بىلەن يېمەيتتى. [33] يۈسۈپنىڭ بۇرادەرلىرى بولسا ئۇنىڭ ئۇتتۇرىدا تۇنجىسى تۇنجىلىقىغا
يارىشا كىچىكى كىچىكلىكىگە يارىشا ئولتۇرغۇزۇلغاچ، بۇلارنىڭ ئۆزى ھەيران قېلىشىپ بىر-
بىرىگە قاراشتى. [34] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى ئالدىدىكى تائامدىن ئېلىپ، ئۈلەشتۈرۈپ بەرگىلى
تۇردى. ئەمما بەنيامىننىڭ ھەسسىسى بولسا باشقىلارنىڭ ھەربىرىنىڭكىدىن بەش ھەسسە
ئوشۇق ئىدى. ئۇلار بولسا شاراب ئىچىپ ئۇنىڭ بىلەن خۇشلۇق قىلدى.

## يۈسۈپ بۇرادەرلىرىنى سىنايدۇ

44 [1] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى ئۆي باشقۇرغۇچىسىغا بۇيرۇپ: «بۇ كىشلەرنىڭ تاغارلىرىغا
كۆتۈرەلىشىچە ئاشلىق تولدۇرۇپ، ھەر ئادەمنىڭ پۇلىنى تاغىرىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ
قويۇپ، [2] مېنىڭ جامىم بولغان كۈمۈش جامنى ئاشلىقىنىڭ پۇلى بىلەن بىللە كىچىكىنىڭ
تاغىرىنىڭ ئاغزىغا تىقىپ قويغىن» دېدى. شۇنى دېسە، ئۇ ئۆزى يۈسۈپنىڭ دېگىنىدەك قىلدى.
[3] ئەتىسى يورۇغاندا بۇ كىشلەر ئېشەكلىرىنى ئېلىپ ماڭدى. [4] لېكىن ئۇلار شەھەردىن چىقىپ،
ئازغىنا ماڭغاندا، يۈسۈپ ئۆز ئۆي باشقۇرغۇچىسىغا: «سەن قوپۇپ، بۇ ئادەملەرنىڭ كەينىدىن
قوغلاپ، يېتىپ بېرىپ، ئۇلارغا: ‹ نېمىشقا ياخشىلىقنىڭ ئورنىغا يامانلىق قىلدىڭلار؟ [5]
ئەجەبا بۇ بولسا ئۇنىڭدا خوجام شاراب ئىچىپ، ھەم پال باقىدىغان جام ئەمەسمۇ؟ مۇنداق
قىلغىنىڭلار بىلەن يامان ئىش قىلدىڭلار› دەپ ئېيتقىن» دېدى.
[6] بۇ كىشى ئۇلارنىڭ كەينىدىن يېتىپ، ئۇلارغا بۇ سۆزنى قىلغىنىدا، [7] ئۇلار ئۇنىڭغا جاۋاب
بېرىپ: «خوجىمىز بولسا نېمىشقا مۇنداق گەپ قىلىدۇ؟ قۇللىرىڭ بولسا مۇنداق ئىشنى
ھەرگىز قىلمايدۇ. [8] مانا بىز بولساق، تاغارلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىكى ئۇچرىغان پۇلنىمۇ قانائان
يۇرتىدىن سېنىڭ قېشىڭغا ياندۇرۇپ كەلدۇق. ئۇنداق بولسا، قانداق خوجاڭنىڭ ئۆيىدىن
كۈمۈش ۋە يا ئالتۇن ئوغرىلايمىز؟ [9] قۇللىرىڭنىڭ ئىچىدىن كىمدە بۇ جام تېپىلسا، ئۇ
ئۆزى ئۆلتۈرۈلۈپ، بىزمۇ خوجىمىز ئۈچۈن قۇل بولايلى» دېدى. [10] ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ:

«شەكسىز ئېيتقىنىڭلاردەك بولۇپ، بۇ ئۆزى كىمنىڭ قېشىدا چىقىپ قالسا، ئۇ كىشى قۇلۇم
بولۇپ قېلىپ، قالغانلىرىڭلار بىگۇناھ بولسۇن» دېدى. [11] شۇنى دېسە، ئۇلار ئالدىراپ ھەربىرى
ئۆز تاغىرىنى يەرگە چۈشۈرۈپ، ھەر كىشىنىڭ ئۆزى تاغىرىنى ئېچىپ بەردى. [12] ئۇ ئۆزى
چوڭىنىڭكىدىن باشلاپ كىچىكىگىچە ئاختۇرسا، جامنىڭ ئۆزى بەنيامىنىنىڭ تاغىرىدىن
چىقىپ قالدى.
[13] ئۇ ۋاقىت ئۇلار ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتىپ، ھەربىرى ئېشىكىگە يۈكنى ئارتىپ، شەھەر تەرەپكە
ياندى. [14] يەھۇدا بىلەن بۇرادەرلىرى يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە كەلسە، ئۇ تېخى ئاندا ئىدى. ئۇلار
ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆز-ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. [15] يۈسۈپ ئۇلارغا سۆز قىلىپ: «سىلەرنىڭ
بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ مېنىڭدەك كىشى راست پال ئاچالايدىغىنىمنى بىلمىدىڭلارمۇ؟» دېسە،
[16] يەھۇدا جاۋاب بېرىپ: «بىز بولساق، خوجىمىزغا نېمە-نېمە سۆزلەپ، نېمە گەپ قىلىپ،
قانداق ئۆزىمىزنى ئاق قىلايلى؟ خۇدا ئۆزى قۇللىرىڭنىڭ گۇناھىنى ئاشكارا قىلدى. مانا بىز
بىلەن قولىدىن جام تېپىلغاننىڭ ئۆزى، ھەممىمىز قوشۇلۇپ خوجىمىزغا قۇل بولايلى» دېدى.
[17] لېكىن ئۇ سۆز قىلىپ: «ھەرگىز مۇنداق قىلمايمەن، بەلكى جام كىمنىڭ قولىدا تېپىلغان
بولسا، يالغۇز بۇ كىشى مېنىڭ قۇلۇم بولسۇن. قالغانلىرىڭلار ئامان-ئېسەن ئاتاڭلارنىڭ
قېشىغا كېتىڭلار» دېدى.
[18] ئۇ ۋاقىت يەھۇدا ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ، ئېيتتىكى: «ئەي خوجام، ماڭا قۇلاق سېلىپ،
خوجامنىڭ قۇلىقىغا بىر گەپ قىلغىلى ئىجازەت بەرگىن. غەزىپىڭ بولسا قۇلۇڭنىڭ ئۈستىگە
تۇتاشمىسۇن، چۈنكى سەن بولساڭ، فىرەۋننىڭ ئۆزىدەكتۇرسەن. [19] مانا خوجام ئۆز قۇللىرىدىن:
‹ ئاتاڭلار ياكى ئۇكاڭلار بارمۇ؟› دەپ سورىغىنىدا، [20] بىز خوجىمىزغا جاۋاب بېرىپ: ‹ بىزنىڭ بىر
قېرى ئاتىمىز بار. ئۇ ئۆزى قېرىلىقىدا تاپقان بىر ياش بالىسىمۇ بار. بۇ بالىنىڭ ئاكىسى ئۆلۈپ
كېتىپ، ئۆزى بىر ئانىدىن يالغۇز قالغاچ، ئاتىسى ئۇنى تولا ياخشى كۆرىدۇ› دەپ ئېيتساق.
[21] سەن ئۆز قۇللىرىڭغا: ‹ ئۇنىڭ ئۆزىنى قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار. مەن ئۇنى كۆرەي› دېدىڭ.
[22] بىز خوجىمىزغا جاۋاب بېرىپ: ‹ ئوغۇل بولسا ئاتىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەگەر ئاتىسىدىن
ئايرىلسا، ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ› دېسەك، [23] سەن ئۆز قۇللىرىڭغا سۆزلەپ: ‹ ئەگەر كىچىك
ئۇكاڭلار سىلەر بىلەن بىللە كەلمىسە، يەنە يۈزۈمنى كۆرەلمەيسىلەر› دېگەن ئىدىڭ. [24] ۋەقە
بولدىكى، بىز قۇلۇڭ بولغان ئاتىمىزنىڭ قېشىغا بارغاندا، خوجامنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا
ئېيتىپ بەردۇق. [25] ئاتىمىز بولسا: ‹ يەنە بېرىپ، بىزگە ئاز-ماز ئاشلىق ئېلىپ كېلىڭلار›
دېگەندە، [26] بىز جاۋاب بېرىپ: ‹ بىز بارالمايمىز. ئەگەر كىچىك ئۇكىمىز بىز بىلەن بولسا،
بارالايمىز. چۈنكى كىچىك ئۇكىمىز بىز بىلەن بولمىسا، ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەيمىز›
دەپ ئېيتساق، [27] سېنىڭ قۇلۇڭ بولغان ئاتىمىز بىزگە سۆزلەپ: ‹ سىلەر بىلىسىلەركى،
خوتۇنۇم ماڭا ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنىدى. [28] بىرى مەندىن يوق بولۇپ كەتتى. مەن
بولسام، شەكسىز ئۇ يارىپ ئېتىلگەندۇر دەپ خىيال قىلىپ، ئۇنى يەنە كۆرمىدىم. [29] ئەمدى
سىلەر بۇنىمۇ مېنىڭ قېشىمدىن ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا بىر بالايىئاپەت يېتىپ قالسا،
سىلەر مېنىڭ ئاق چاچلىرىمنى غەم بىلەن گۆرگە يەتكۈزىدىغان بولىسىلەر› دەپ ئېيتقانىدى.
[30] ئەمدى مەن ئۆزۈم قۇلۇڭ بولغان ئاتامنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئوغۇل بىز بىلەن بولمىسا،

ئۇنىڭ جېنى ئوغۇلنىڭ جېنىغا باغلانغان بولغاچ، 31 ئۇ ئۆزى ئوغۇلنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندە،
شەكسىز ئۆلۈپ كېتىپ، قۇللىرىڭ بولسا قۇلۇڭ بولغان ئاتىمىزنىڭ ئاق چاچلىرىنى غەم
بىلەن گۆرگە يەتكۈزىدىغان بولىدۇ. 32 مۇندىن باشقا مەن قۇلۇڭ بولسام، ئۆز ئاتامغا ئوغۇل
ئۈچۈن كېپىل بولۇپ: ‹ ئەگەر مەن ئۇنى قېشىڭغا ياندۇرۇۋېلىپ كەلمىسەم، پۈتۈن ئۆمرۈمدە
ئاتامنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولاي› ئېيتقان ئىدىم. 33 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىمەنكى،
مەن قۇلۇڭ بۇ ئوغۇلنىڭ ئورنىدا خوجامنىڭ قېشىدا قۇل بولۇپ تۇراي. لېكىن ئوغۇل ئۆزى
بۇرادەرلىرى بىلەن بىللە كەتسۇن. 34 چۈنكى ئوغۇل مەن بىلەن بارمىسا، مەن قانداق ئاتامنىڭ
قېشىغا بارالايمەن؟ بولمىسا، ئاتامغا كېلىدىغان جاپلىقنى ئۆزۈم كۆرىدىغان بولىمەن» دېدى.

## يۈسۈپ ئۆزىنى بۇرادەرلىرىگە ئاشكارىلايدۇ

45 1 ئۇ ۋاقىت يۈسۈپ ھەممە ھازىر تۇرغانلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى توختىتالماي:
«ھەممىسىنى ئالدىمدىن چىقارغىن» دەپ قىچقاردى. يۈسۈپ ئۆز-ئۆزىنى بۇرادەرلىرىگە
ئاشكارا قىلغىنىدا، ھېچكىم ئۇنىڭ قېشىدا تۇرمىدى. 2 ئۇ بولسا مىسىرلىقلارنىڭ ئۆزى
بىلەن فىرەۋنىنىڭ ئۆي خەلقى ئاڭلىغۇدەك ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن يىغلىغىلى تۇردى. 3 يۈسۈپ
ئۆز بۇرادەرلىرىگە: «مەن ئۆزۈم يۈسۈپ بولىمەن. ئاتام ھازىر ھاياتمۇ؟» دەپ ئېيتتى. ئەمما
بۇرادەرلىرى ئۇنىڭدىن قورققاچ، ئۇنىڭغا ھېچ جاۋاب بېرەلمەي قالدى. 4 لېكىن يۈسۈپ ئۆز
بۇرادەرلىرىگە: «ماڭا يېقىن كېلىڭلار» دېدى. ئۇلار يېقىن كەلسە، ئۇ سۆز قىلىپ: «مەن بولسام،
سىلەر ئۇنى سېتىپ مىسىرغا ئەۋەتكەن بۇرادىرىڭلار يۈسۈپ بولىمەن. 5 سىلەر بولساڭلار، مېنى
سېتىپ بۇ يەرگە ئەۋەتكىنىڭلارغا ئەمدى غەمكىن بولۇشۇپ، پەرىشانلىق تارتىشماڭلار. چۈنكى
خۇدا ئۆزى جانلىرىڭلارنى قۇتقۇزماق ئۈچۈن، مېنى سىلەردىن ئىلگىرى بۇ يەرگە ئەۋەتكەن. 6
ھېلى يۇرتتا ئىككى يىل ئاچارچىلىق بولدى، تېخى بەش يىل ھېچ تېرىممۇ بولمايدۇ، ئورمىمۇ
ئورۇلمايدۇ. 7 سىلەرنىڭ نەسلىڭلارنى دۇنيادا ساقلاپ چوڭ نىجات بېرىپ، سىلەرنى تىرىك
قويماق ئۈچۈن، خۇدا مېنى سىلەردىن ئىلگىرى بۇ يەرگە ئەۋەتتى. 8 ئۇنداق بولغاندىن كېيىن،
سىلەر ئەمەس، بەلكى مېنى ئەۋەتكەننىڭ ئۆزى خۇدادۇر. ئۇ ئۆزى مېنى فىرەۋنگە ئاتا قىلىپ،
ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆيىگە خوجا تىكلەپ، پۈتۈن يۇرتىغا ئەمىر قىلىپ قويدى. 9 ئەمدى سىلەر ئىلدام
ئاتامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە: ‹ ئوغلۇڭ يۈسۈپ مۇنداق ئېيتىدۇكى، خۇدا مېنى
پۈتۈن مىسىرغا ئەمىر قىلىپ قويدى. سەن بولساڭ، ھايال قىلماي مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ،
10 گوشەن يۇرتىدا ئولتۇرۇپ، بالا-نەۋرىلىرىڭنى، قوي-كالا ۋە ھەممە ماللىرىڭنى ئېلىپ
كېلىپ، ماڭا يېقىن تۇرغىن. 11 ئۆزۈڭ، ئۆي ئىچىڭ ۋە ھەممە تەئەللۇقىڭنى يېقىرچىلىق
بېسىۋالمىسۇن دەپ، مەن سېنى ئاندا پەرۋىش قىلاي، چۈنكى تېخى بەش يىل ئاچارچىلىق
باردۇر› دەڭلار. 12 مانا سىلەرنىڭ ئۆز كۆزلىرىڭلار بىلەن ئۇكام بەنيامىننىڭ كۆزلىرى بولسا
سىلەرگە گەپ قىلىپ تۇرغان ئاغزىمنى كۆردى. 13 سىلەر بولساڭلار، ئاتامغا مېنىڭ بۇ مىسىردا
تاپقان ھەممە شەرىپىم بىلەن بارچە كۆرگىنىڭلارنى ئېيتىپ بېرىپ، ئاتامنى ئىلدام بۇ يەرگە

ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. [14] شۇنى دەپ، ئۇ ئۆزى ئۇكىسى بەنيامىننىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ
يىغلىسا، بەنيامىنمۇ ئۇنىڭ بوينىغا يۆلىنىپ يىغلىدى. [15] ئاندىن يۇسۇپ ھەممە بۇرادەرلىرىنى
سۆيۈپ، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىسا، بۇرادەرلىرى ئۇنىڭغا گەپ قىلغىلى باشلىدى.
[16] يۇسۇپنىڭ بۇرادەرلىرى كەلدى، دېگەن خەۋەر فىرەۋننىڭ ئوردىسىغا يەتكىنىدە فىرەۋننىڭ
ئۆزى بىلەن خىزمەتكارلىرى خۇش بولدى. [17] فىرەۋننىڭ ئۆزى يۇسۇپكە سۆزلەپ: «سەن
بولساڭ، بۇرادەرلىرىڭگە مۇنداق قىلغىلى بۇيرۇپ، ئۇلارغا: ‹ سىلەر ئەمدى ئۇلاغلىرىڭلارغا
يۈك ئارتىپ، قانائان يۇرتىغا بېرىپ، [18] ئاتاڭلار بىلەن خانىدانىڭلارنى ئېلىپ، مېنىڭ قېشىمغا
كېلىڭلار. مىسىر يۇرتىدىكى ھەممىدىن ياخشى جاينى سىلەرگە بېرەي. سىلەر بۇ يۇرتنىڭ ياخشى
نەرسىلىرىدىن يەڭلار› دەپ ئېيتتىڭ. [19] ئۇلارنىڭ ئۆزىگە مۇنداق قىلغىلى جېكىلەپ، ئۇلارغا: ‹
بالىلىرىڭلارنىڭ ئۆزى بىلەن خوتۇنلىرىڭلار ئۈچۈن بۇ مىسىر يۇرتىدىن ھارۋىلار ئېلىپ بېرىپ،
ئاتاڭلارنى بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ كېلىڭلار. [20] بارچە مىسىر يۇرتىنىڭ ياخشىسى سىلەرنىڭكى
بولغاچ، مال-جابدۇقلىرىڭلار توغرىسىدا ئەندىشە قىلماڭلار› دەپ بۇيرۇغايسەن» دېدى.
[21] ئۇ ۋاقىت ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرى شۇنداق قىلىدىغان بولدى. يۇسۇپ بولسا فىرەۋننىڭ
بۇيرۇقىغا قاراپ، ئۇلارغا ھارۋىلار تاپشۇرۇپ، يولى ئۈچۈن ئوزۇق بېرىپ، [22] ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە
بىردىن يېڭى ئېگىن ئىنئام قىلدى. لېكىن بەنيامىننىڭ ئۆزىگە ئۈچ يۈز پارچە كۈمۈش بىلەن
بەش يېڭى ئېگىن بەردى. [23] ئۇ ئۆزى ئاتىسىغىمۇ ھەدىيەلەر ئەۋەتىپ، مىسىرنىڭ ياخشى
نەرسىلىرى ئارتىلغان ئون ئېشەكنى ئەۋەتىپ، ئاشلىق بىلەن نان ۋە ئاتىسىغا يول ئۈچۈن
ئوزۇق ئارتىلغان ئون مادا ئېشەكنىمۇ ئەۋەتىپ، [24] بۇرادەرلىرىنى يولغا سالدى. ئۇلار ماڭسا،
ئۇ ئۇلارغا: «يولدا گەپ تالاشماڭلار» دەپ ئېيتتى. [25] ئۇلار مىسىردىن چىقىپ، قانائان يۇرتىغا
ئاتىسى ياقۇبنىڭ قېشىغا بېرىپ، [26] ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ: «يۇسۇپ بولسا ھازىر ھايات بولۇپ،
پۈتۈن مىسىر يۇرتىغا ئەمىر ئىكەن» دېدى. ئەمما ئۇ ئۇلارغا ئىشەنمىگەچ، يۈرىكى قېتىپ
قالدى. [27] لېكىن ئۇلار يۇسۇپنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئېيتقان سۆزىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا
دەپ بېرىپ، ئۇ ئۆزى يۇسۇپنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ كەلمەك ئۈچۈن ئەۋەتكەن ھارۋىلارنىمۇ
كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ياقۇبنىڭ جېنىغا جان كىردى. [28] ئۇ ۋاقىت ئىسرائىلنىڭ ئۆزى:
«ئەمدى بولدى! ئوغلۇم يۇسۇپ ھازىر ھاياتتۇر. مەن ئۆلمەستە بېرىپ، ئۇنى كۆرەي» دېدى.

## ياقۇب پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن مىسىرغا بېرىشى

46 [1] ئۇ ۋاقىت ئىسرائىل ھەممە تەئەللۇقىنى ئېلىپ، كۆچۈپ بەرشېباغا كېلىپ، ئاتىسى
ئىسھاقنىڭ خۇدايىغا قۇربانلىقلار ئۆتكۈزدى. [2] كېچىسى خۇدا ئىسرائىلغا روھىي
كۆرۈنۈشتە سۆزلەپ: «ئەي ياقۇب، ئەي ياقۇب» دېسە، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مانا مەن» دېدى.
[3] ئۇ سۆز قىلىپ: «ئاتاڭنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇدا مەندۇرمەن. سەن بولساڭ، مىسىرغا
بېرىشتىن قورقمىغىن، چۈنكى مەن سېنى ئاندا چوڭ بىر قوۋم قىلىمەن. [4] دەرۋەقە مەن سەن
بىلەن مىسىرغا بېرىپ، يەنە سېنى ياندۇرۇپ كېلىمەن. يۇسۇپ بولسا ئۆز قولى بىلەن سېنىڭ
كۆزۈڭنى يۇمدۇرىدۇ» دېدى.

[5] ئاندىن ياقۇپ بەرشىبادىن كۆچسە، ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرى ئۆز ئاتىسى ياقۇپ بىلەن ئۇنىڭ
بالا-چاقىلىرىنى فىرەۋن ئۇنى ئېلىپ كەلمەك ئۈچۈن ئەۋەتكەن ھارۋىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ،
[6] چارۋا مېلى بىلەن قانائان يۇرتىدا تاپقان تەئەللۇقىنى ئېلىپ ماڭدى. بۇ تەرىقىدە ياقۇپ
بىلەن ھەممە ئەۋلادلىرى مىسىرغا كەلدى. [7] ئۇ ئۆزى ئوغۇللىرى بىلەن ئوغۇل نەۋرىلىرىنى ۋە
قىزلىرى بىلەن قىز نەۋرىلىرىنى يىغىپ، ھەممە ئەۋلادىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ، مىسىرغا
كەلدى.

## ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى

[8] ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، مىسىرغا كەلگەن بۇ ئىسرائىلىيلارنىڭ ئىسىملىرى بۇدۇر:
ياقۇپنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبەن ئىدى.
[9] رۇبەننىڭ ئوغۇللىرى بولسا خانوق، پاللۇ، خەزرون ۋە كارمى ئىدى.
[10] شىموننىڭ ئوغۇللىرى بولسا يېمۇئەل، يامىن، ئوھاد، ياكىن، زوخار ۋە قانائانلىق خوتۇندىن
بولغان شائۇل ئىدى.
[11] لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى بولسا گەرشون، قېھات ۋە مەرارى ئىدى.
[12] يەھۇدانىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئېر، ئونان، شېلا، پەرەز ۋە زېراھ ئىدى. ئەمما ئېر بىلەن ئونان
بولسا قانائان يۇرتىدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. پەرەسنىڭ ئوغۇللىرى بولسا خەزرون بىلەن خامۇل
ئىدى.
[13] ئىسساكارنىڭ ئوغۇللىرى بولسا تولاھ ، پۇۋا، ياشۇب ۋە شىمرون ئىدى.
[14] زەبۇلۇننىڭ ئوغۇللىرى بولسا سېرەد، ئېلون ۋە ياھلىيەل ئىدى.
[15] بۇلارنىڭ ئۆزى لېيانىڭ ياقۇپقا پادان-ئارامدا تۇغۇپ بەرگەن ئوغۇللىرى ئىدى. ئوغۇل بىلەن
قىزلار، قىزى دىنا بىلەن جەمى ئوتتۇز ئۈچ جان ئىدى.

[16] گادنىڭ ئوغۇللىرى بولسا زىفيون، خاگگى، شۇنىي، ئەزبون، ئېرى،ارودى ۋە ئارېلى ئىدى.
[17] ئاشەرنىڭ ئوغۇللىرى بولسا يىمنا، يىشۋا، يىشۋى ۋە بەرىيا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ
ئۆزى سېراخ دەپ ئاتالدى. بەرىيانىڭ ئوغۇللىرى بولسا خېبەر بىلەن مالكىيەل ئىدى.
[18] بۇلارنىڭ ئۆزى لابان ئۆز قىزى لېياغا دېدەك قىلىپ بەرگەن زىلپانىڭ ياقۇپقا تۇغۇپ بەرگەن
ئوغۇللىرى بولۇپ، جەمى ئون ئالتە جان ئىدى.
[19] ياقۇپنىڭ خوتۇنى راھىلەنىڭ ئوغۇللىرى بولسا يۈسۈپ بىلەن بەنيامىن ئىدى.
[20] مىسىر يۇرتىدا يۈسۈپنىڭ ئۆزىگە تۇغۇلغان ئوغۇللىرى بولسا ماناسسە بىلەن ئەفرائىم ئىدى.
بۇلارنىڭ ئۆزىنى ئوننىڭ كاھىنى بولغان پوتىفىرانىڭ قىزى ئاسىنات ئۇنىڭغا تۇغۇپ بەردى.
[21] بەنيامىننىڭ ئوغۇللىرى بولسا بېلا، بېكەر، ئاشبەل، گېرا، نائامان، ئېخى، روش، مۇپپىم،
خۇپپىم ۋە ئارد ئىدى.
[22] بۇلارنىڭ ئۆزى راھىلەنىڭ ياقۇپقا تۇغۇپ بەرگەن ئوغۇللىرى بولۇپ، جەمى ئون تۆت جان
ئىدى.

[23] داننىڭ ئوغلى خۇشىم ئىدى.
[24] نافتالىنىڭ ئوغۇللىرى بولسا ياخسىيەل، گۇنى، يېسەر ۋە شىللەم ئىدى.
[25] بۇلارنىڭ ئۆزى لابان ئۆز قىزى راھىلەگە دېدەك قىلىپ بەرگەن بىلھانىڭ ياقۇپقا تۇغۇپ
بەرگەن ئوغۇللىرى بولۇپ، جەمى يەتتە جان ئىدى.

[26] ياقۇپنىڭ پۇشتىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن مىسىرغا كەلگەنلەر جەمى ياقۇپنىڭ كېلىنلىرىدىن
باشقا ئاتمىش ئالتە جان ئىدى. [27] يۇسۇپنىڭ مىسىردا تۇغۇلغان ئوغۇللىرى ئىككى ئىدى.
ياقۇپنىڭ خانىدانىدىن بولۇپ مىسىرغا كەلگەنلەر جەمى يەتمىش جان ئىدى.

## ياقۇپنىڭ مىسىرغا يېتىپ كېلىشى

[28] ياقۇپ بولسا ئۇنى گوشەنگە باشلاپ بارسۇن دەپ، ئۆز ئالدىدا يەھۇدانى يۇسۇپنىڭ قېشىغا
ئەۋەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇلار گوشەن يۇرتىغا كېلىپ چۈشتى. [29] ئۇ ۋاقىت يۇسۇپ ئۆز
ھارۋىسىنى قوشۇپ، ئاتىسى ئىسرائىلنىڭ ئالدىغا گوشەنگە چىقىپ، ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ
كەلگەندە، ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئۇزۇنغىچە يىغلىدى. [30] ئۇ ۋاقىت
ئىسرائىل يۇسۇپكە سۆزلەپ: «مەن سېنى تىرىك تېپىپ، يۈزۈڭنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەمدى
ئۆلۈپ قالساممۇ ھېچ گەپ يوق» دېدى. [31] ئاندىن كېيىن يۇسۇپ ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆزى
بىلەن ئاتىسىنىڭ ئۆيي خەلقىگە سۆزلەپ: «مەن بولسام، ھازىر بېرىپ فىرەۋنگە خەۋەر بېرىپ:
‹ قانائان يۇرتىدا ئولتۇراقلىق بۇرادەرلىرىمنىڭ ئۆزى بىلەن ئاتامنىڭ ئۆيي خەلقى قېشىمغا
كەلدى. [32] بۇ كىشىلەر بولسا پادىچى بولۇپ ئىلگىرىدىن مال بېقىپ كەلگەچ، قوي-كاللىرى
بىلەن ھەممە ماللىرىنى ئېلىپ كەلدى› دەپ ئېيتاي. [33] ئەمدى فىرەۋن سىلەرنى قىچقىرىپ
سىلەردىن: ‹ نېمە ئوقەتتىڭلار بار؟› دەپ سورىسا، [34] سىلەر جاۋاب بېرىپ: ‹ بىز قۇللىرىڭ
بولساق، كىچىكلىكىمىزدىن تارتىپ ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئوخشاش پادا بېقىپ كەلگەن
ئىكەنمىز› دەڭلار. شۇنداق دېسەڭلار، گوشەن يۇرتىدا ئولتۇرۇپ قالىسىلەر. چۈنكى پادىچىلار
بولسا مىسىرلىقلارغا يىرگىنچلىك كۆرۈنىدۇ» دېدى.

## ياقۇپنىڭ گوشەن يۇرتىدا ئولتۇرۇشى

47 [1] يۇسۇپ بولسا فىرەۋننىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئاتام بىلەن بۇرادەرلىرىم ئۆزى قوي-
كاللىرى بىلەن ھەممە ماللىرىنى بىللە ئېلىپ، قانائان يۇرتىدىن كېلىپ، ھازىر
گوشەن يۇرتىغا چۈشتى» دەپ خەۋەر بېرىپ، [2] بۇرادەرلىرىنىڭ ئىچىدىن بەش كىشىنى ئېلىپ
بېرىپ، فىرەۋننىڭ ئالدىغا ھازىر قىلدى. [3] فىرەۋن ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىدىن: «نېمە ئوقەتتىڭلار
بار؟» دەپ سورىسا، ئۇلار فىرەۋنگە جاۋاب بېرىپ: «بىز قۇللىرىڭ بولساق، كىچىكلىكىمىزدىن
تارتىپ ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ئوخشاش پادا بېقىپ كەلگەن ئىكەنمىز» دېدى. [4] ئاندىن ئۇلار

فىرەۋنگە ئىلتىماس قىلىپ: «بىز بولساق، بۇ يۇرتتا مۇساپىر بولۇپ ئولتۇرغىلى كەلدۇق. قانائان يۇرتىدا قاتتىق ئاچارچىلىق بولۇپ قالغاچ، قۇللىرىڭنىڭ پادىلىرىغا يايلاق تېپىلمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇللىرىڭنى گوشەن يۇرتىدا ئولتۇرغىلى قويغىن» دېدى. [5] ئۇ ۋاقىت فىرەۋن يۈسۈپكە سۆزلەپ: «ئاتاڭ بىلەن بۇرادەرلىرىڭ سېنىڭ قېشىڭغا كەلگەن بولسا، [6] مانا مىسىر يۇرتى سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ. ئاتاڭ بىلەن بۇرادەرلىرىڭنى يۇرتنىڭ ياخشى يېرىدە ئولتۇرغۇزغىن. ئۇلار بولسا گوشەن يۇرتىدا ئولتۇرسۇن. ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قابىل كىشىلەرنى بىلسەڭ، ئۇلارنى مېنىڭ پادىلىرىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغىن» دېدى. [7] ئاندىن يۈسۈپ ئاتىسى ياقۇپنى ئېلىپ كىرىپ، فىرەۋننىڭ ئالدىغا ھازىر قىلسا، ياقۇپ فىرەۋنگە دۇئايىخەير قىلدى. [8] فىرەۋن ياقۇپتىن: «ئۆمرۈڭنىڭ يىللىرى نەچچىگە يەتتى؟» دەپ سورىسا، [9] ياقۇپ فىرەۋنگە جاۋاب بېرىپ: «مۇساپىرلىقىمنىڭ يىللىرى بولسا بىر يۈز ئوتتۇز يىلغا يېتىپ، ئۆمرۈمنىڭ يىللىرى ئۆزى تەڭلىك بىلەن ئۆتۈپ، ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ مۇساپىرلىق ئۆمرىنىڭ يىللىرىغا تېخى يەتمىدى» دېدى. [10] شۇنى دەپ، ياقۇپ فىرەۋنگە دۇئايىخەير ئوقۇپ، قېشىدىن چىقىپ كەتتى.

[11] يۈسۈپ بولسا ئاتىسى بىلەن بۇرادەرلىرىگە مىسىر يۇرتىدا جاي بېرىپ، يۇرتنىڭ ياخشى يېرىدە، فىرەۋننىڭ بۇيرۇغىنىدەك، رامسەس دېگەن جايدا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى. [12] يۈسۈپ ئۆزى ئاتىسى بىلەن بۇرادەرلىرىنى ۋە ئاتىسىنىڭ ھەممە ئۆي خەلقىنى ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنىڭ سانىغا قاراپ ئاشلىق يەتكۈزۈپ باققۇزاتتى.

## يۈسۈپنىڭ ئاچارچىلىق ۋاقتىتىكى ئالغان تەدبىرلىرى

[13] ئەمدى ئاچارچىلىق تولا قاتتىق بولغاچ، يۇرتنىڭ ھېچ يېرىدە نان تېپىلماي، مىسىر يۇرتى بىلەن قانائان يۇرتى ئاچارچىلىقتىن خاراب بولغانىدى. [14] يۈسۈپ بولسا ئاشلىق سېتىپ، مىسىر يۇرتى بىلەن قانائان يۇرتىدىكى بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالدى. ئاندىن يۈسۈپ بۇ پۇلنى فىرەۋننىڭ ئوردىسىغا يەتكۈزۈپ بەردى. [15] مىسىر يۇرتى بىلەن قانائان يۇرتىنىڭ پۇلى تۈگەپ كەتكەندە، مىسىرلىقلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «بىزگە نان بەرگىن. پۇل تۈگەپ كەتتى. نېمىشقا سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆلىمىز؟» دېدى. [16] يۈسۈپ جاۋاب بېرىپ: «پۇل قالمىغان بولسا، چارۋا ماللىرىڭلارنى بېرىڭلار، مەن ماللىرىڭلارنىڭ ئورنىغا سىلەرگە نان بېرىمەن» دېدى. [17] بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز چارۋا ماللىرىنى يۈسۈپنىڭ قېشىغا كەلتۈرگىلى تۇردى. يۈسۈپ بولسا ئۇلارنىڭ ئات، قوي، كالا ۋە ئېشەكلىرىنىڭ ئورنىغا نان بەرگىلى تۇرۇپ، ئۇ يىلى ماللىرىنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا نان بېرىپ باقتى.

[18] ئۇ يىل تامام بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى يىلى ئۇلار ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «بىز بولساق، خوجىمىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرمايمىز. پۇلىمىز بولسا تۈگىدى. چارۋا ماللىرىمىز بولسا خوجىمىزنىڭكى بولدى. ئەمدى خوجىمىزنىڭ ئالدىدا بەدەنلىرىمىز بىلەن يېرىمىزدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىدى. [19] نېمىشقا بىز كۆزۈڭنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كېتىپ، يېرىمىز بىكار بولسۇن. ئەمدى سەن ئۆزىمىز بىلەن يېرىمىزنى نانغا سېتىۋالغىن. ئۆزىمىز

بىلەن يېرىمىز فىرەۋنىڭكى بولۇپ، ئۇنىڭغا قۇل بولايلى. بىز ئۆلۈپ كەتمەي، تىرىك تۇرۇپ، يېرىمىزمۇ ۋەيران بولماسلىقى ئۈچۈن، بىزگە ئۇرۇق بەرگىن» دېدى.
[20] بۇ تەرىقىدە يۈسۈپ مىسىرنىڭ پۈتۈن يېرىنى فىرەۋن ئۈچۈن سېتىۋالدى. چۈنكى مىسىرلىقلارنىڭ ھەربىرى ئاچارچىلىق ئۇلارغا قاتتىق بولغاچ، ئۆز يېرىنى سېتىپ بەرگىنى بىلەن يەر ئۆزى فىرەۋنىڭكى بولۇپ قالدى. [21] خەلق بولسا مىسىرنىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە شەھەرلەرگە كۆچۈرۈلىدىغان بولدى. [22] لېكىن كاھىنلارنىڭ يېرى بولسا ئۇنى ئالمىدى. كاھىنلارغا فىرەۋن تەرىپىدىن تايىن ئەجىر تېگىپ تۇرغاچ، ئۇلار ئۆزى فىرەۋن تەرىپىدىن بېرىلگەن ئۆز تېگىشلىكىنى يەپ تۇرۇپ، ئۆز يەرلىرىنى ساتمىغانىدى. [23] ئۇ ۋاقىت يۈسۈپ خەلققە سۆزلەپ: «مانا مەن بولسام بۇ كۈن ئۆزۈڭلار بىلەن يەرلىرىڭلارنى فىرەۋن ئۈچۈن سېتىۋالدىم. مانا، سىلەرگە ئۇرۇق! ئەمدى تېرىم قىلىڭلار. [24] ئەمما چىققان ھوسۇلدىن بەشتىن بىرىنى فىرەۋنگە بېرىپ، قالغان تۆت ھەسسىسى ئۆزۈڭلارغا قېلىپ، يەرگە ئۇرۇقلۇق بولۇپ، ئۆزۈڭلاردىكىلەرگە تائام قىلىنىپ، بالىلىرىڭلارغا يېگۈلۈك بولسۇن» دېدى. [25] ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «سەن جېنىمىزنى قۇتقۇزدۇڭ. خوجىمىز رازى بولسۇن. فىرەۋنىڭ قۇللىرى بولۇپ تۇرايلى» دېدى. [26] يۈسۈپ بولسا بەشنىڭ بىرىنى فىرەۋنگە بېرىلسۇن دەپ، بۇ كۈنگىچە كەلگەن بۇ قانۇننى مىسىرنىڭ يۇرتىدا يۈرگۈزۈپ قويغانىدى. يالغۇز كاھىنلارنىڭ يېرىگىنە فىرەۋنىڭكى بولماي قالدى.

## ياقۇبنىڭ ئاخىرقى يىللىرى

[27] ئىسرائىل بولسا مىسىر يۇرتىدا گوشەن ئۆلكىسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلار ئاندا يەرلىك بولۇپ، ئاۋۇپ تولا بولۇپ كەتتى. [28] ياقۇب ئۆزى مىسىر يۇرتىدا ئون يەتتە يىل ئۆمۈر كۆردى. بۇنىڭ بىلەن ياقۇبنىڭ ئۆمرى بىر يۈز قىرىق يەتتە يىلغا يەتكەنىدى. [29] ئىسرائىلنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشقاندا، ئۆزى ئوغلى يۈسۈپنى قىچقارتىپ ئۇنىڭغا جېكىلەپ: «ئەگەر نەزىرىڭدە ئىلتىپات تاپقان بولسام، قولۇڭنى يوتامنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ماڭا ئىلتىپات بىلەن راستلىق كۆرسىتىپ، مىسىردا مېنى دەپنە قىلماي، [30] بەلكى مېنى، ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن ياتسۇن دەپ، مېنى مىسىردىن ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ گۆرىستانىغا دەپنە قىلغىن» دېسە، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «ئېيتقىنىڭدەك قىلاي» دېدى. [31] ئۇ ئۇنىڭغا: «ماڭا قەسەم قىلىپ بەرگىن» دېسە، ئۇ ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ بەردى. ئاندىن كېيىن ئىسرائىل ياتقان ئورنىنىڭ باش تەرىپىدە سەجدىگە باش قويدى.

## ياقۇب يۈسۈپنىڭ ئوغۇللىرىغا دۇئا-بەخىت تىلەيدۇ

48 [1] بىر ۋاقىتتىن كېيىن يۈسۈپكە: «مانا ئاتاڭ كېسەل ئىكەن» دەپ خەۋەر يەتسە، ئۇ ئۆز ئىككى ئوغلى ماناسسە بىلەن ئەفرائىمنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ باردى. [2] «مانا ئوغلۇڭ يۈسۈپ قېشىڭغا كەلدى» دەپ ياقۇبقا خەۋەر بېرىلسە، ئىسرائىل ئۆزى كۈچىنى يىغىپ، ياتقان

ئورنىدا قوپۇپ ئولتۇردى. [3] ياقۇپ ئۆزى يۈسۈپكە سۆز قىلىپ: «قادىر خۇدا ماڭا قانائان
يۇرتىدىكى لۇز دېگەن جايدا كۆرۈنۈپ، مېنى بەرىكەتلەپ، [4] ماڭا سۆزلەپ: ‹ مانا مەن سېنى
ئۇرۇقلۇق قىلىپ غولدىتىپ، سەندىن تولا خەلق چىقىرىپ، بۇ يۇرتنى سەندىن كېيىنكى
ئەۋلادلىرىڭغا ئەبەدىي مىراس قىلىپ بېرىمەن› دەپ ئېيتقانىدى. [5] ئەمدى مەن مىسىرغا
كەلمەستە، مىسىر يۇرتىدا تۇغۇلغان سېنىڭ ئىككى ئوغلۇڭ ئەفرائىم بىلەن ماناسسە بولسا
رۇبەن بىلەن شىمونغا ئوخشاش ئىككىلىسى مېنىڭ ئوغۇللىرىم بولسۇن. [6] لېكىن ئۇلاردىن
كېيىن تاپقان باللىرىڭ بولسا ئۆزۈڭنىڭكى بولۇپ بۇرادەرلىرىنىڭ مىراسىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ
ئىسمىنى كۆتۈرسۇن. [7] مەن ئۆزۈم پادانىدىن كېلىۋاتقىنىمدا، راھىلە ئۆزى قانائان يۇرتىدا
يولنىڭ ئۆزىدە ئەفراتاغا يەتكىلى ئازغىنا قالغاندا، مېنى قويۇپ، ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۇنى ئاندا،
بەيتلەھەم دەپ ئاتالغان ئەفراتانىڭ يولىدا، دەپنە قىلغان ئىدىم» دېدى. [8] ئاندىن كېيىن ئىسرائىل
يۈسۈپنىڭ ئوغۇللىرىنى كۆرۈپ: «بۇلار كىمدۇر؟» دەپ سورىسا، [9] يۈسۈپ ئاتىسىغا جاۋاب بېرىپ:
«بۇلار بولسا خۇدا ماڭا بۇ يەردە بەرگەن ئوغۇللىرىمدۇر» دېدى. ئۇ سۆز قىلىپ: «ئۇلارنى قېشىمغا
يېقىن كەلتۈرگىن. مەن ئۇلارغا دۇئايىخەير قىلاي» دېدى. [10] ئەمما ئىسرائىلنىڭ كۆزلىرى بولسا
قېرىلىقىدىن غۇۋالىشىپ قېلىپ، كۆرەلمەيتتى. يۈسۈپ ئۇلارنى ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن كەلتۈرسە،
ئۇ ئۇلارنى سۆيۈپ قۇچاقلىدى. [11] ئاندىن ئىسرائىل يۈسۈپكە سۆزلەپ: «مەن سېنىڭ يۈزۈڭنى
كۆرىمەن دەپ، ئويلىمىغان ئىدىم، لېكىن خۇدانىڭ ئۆزى سېنىڭ باللىرىڭنىمۇ ماڭا كۆرسەتتى»
دېدى. [12] ئۇ ۋاقىت يۈسۈپ ئۇلارنى ئۇنىڭ تىزىنىڭ ئارىلىقىدىن ئېلىپ چىقىرىپ، يۈزى يەرگە
تەگكۈدەك تەزىم قىلدى. [13] ئاندىن يۈسۈپ بۇ ئىككەيلەننى ئېلىپ، ئەفرائىمنى ئوڭ قولى
بىلەن تۇتۇپ، ئىسرائىلنىڭ چەپ قولىنىڭ ئۇتتۇرىدا تۇرغۇزۇپ، ماناسسەنى چەپ قولى بىلەن
تۇتۇپ، ئىسرائىلنىڭ ئوڭ قولىنىڭ ئۇتتۇرىدا تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى ئۇنىڭغا يېقىن كەلتۈرسە، [14]
ئىسرائىل ئۆزى ئوڭ قولىنى ئۇزىتىپ، كىچىكى بولغان ئەفرائىمنىڭ بېشىغا قويۇپ، سول
قولىنى ماناسسەنىڭ بېشىغا قويدى. ماناسسە تۇنجىسى بولسىمۇ، ئۇ ئۆزى قوللىرىنى قەستەن
شۇنداق قويغانىدى. [15] ئۇ ئۆزى يۈسۈپكە دۇئايىخەير ئوقۇپ: «ئاتىلىرىم ئىبراھىم بىلەن ئىسھاق
ئۇنى خۇدا بىلىپ، ئالدىدا يۈرۈپ، مېنى پۈتۈن ئۆمرۈمدە بۇ كۈنگىچە پەرۋىش قىلغان خۇدا بولسا
[16] ھەممە يامانلىقتىن مېنى قۇتقۇزغان پەرىشتە بولسا بۇ ئىككى ئوغۇلنى بەرىكەتلىسۇن. ئۇلار
بولسا مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئاتىلىرىم بولغان ئىبراھىم ۋە ئىسھاقنىڭ ئىسمىلىرىنى كۆتۈرۈپ،
يەر يۈزىدە تولا ئاۋۇپ كەتكەي» دېدى.
[17] يۈسۈپ بولسا ئاتىسىنىڭ ئوڭ قولىنى ئەفرائىمنىڭ بېشىغا قويغىنىنى كۆرۈپ، خاپا بولۇپ
ئاتىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئەفرائىمنىڭ بېشىدىن ئېلىپ، ماناسسەنىڭ بېشىغا يۆتكەپ
قويماقچى بولدى. [18] يۈسۈپ ئاتىسىغا سۆزلەپ: «ئەي ئاتام، مۇنداق قىلمىغىن. مانا تۇنجىسى
بۇدۇر. ئوڭ قولۇڭنى بۇنىڭ ئۈستىگە قويغىن» دېسە، [19] ئاتىسى ئۇنىماي: «مەلۇم! ئەي ئوغلۇم،
مېنىڭ ئۆزۈمگە مەلۇم. بۇنىڭدىنمۇ بىر قوۋم چىقىپ، بۇ ئۆزىمۇ چوڭ بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ
كىچىكى بولسا ئۇنىڭدىن تېخى چوڭراق بولۇپ، نەسلىدىن تولا خەلق پەيدا بولىدۇ» دەپ
ئېيتتى. [20] شۇنى دەپ، ئۇ ئۆزى بۇ ئىككىلىسىگە ئۇ كۈنى دۇئايىخەير ئوقۇپ: «ئىسرائىلىيلار
بولسا دۇئايىخەير ئوقۇغىنىدا: ‹ خۇدا سېنى ئەفرائىم بىلەن ماناسسەدەك قىلسۇن› دەپ

ئېيتىدىغان بولىدۇ» دېدى. بۇ تەرىقىدە ئۇ ئۆزى ئەفرائىمنى ماناسسەنىڭ يۇقىرىسىدا قويدى.
[21] ئاندىن كېيىن ئىسرائىل يۈسۈپكە سۆزلەپ: «مەن ئۆزۈم ئۆلۈپ كېتىپ بارىمەن، لېكىن
خۇدا ئۆزى سىلەر بىلەن بولۇپ، سىلەرنى ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ يۇرتىغا ياندۇرۇپ بارىدۇ. [22] مەن
بولسام، ئۆزى بۇرادەرلىرىڭنىڭكىدىن زىيادە بولۇپ، ئۆزۈم قىلىچ بىلەن يايىمنى ئىشلىتىپ،
ئامورىيلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ئېگىزلىكتىكى يەرنى ساڭا بەردىم» دېدى.

## ياقۇپ ئوغۇللىرىغا دۇئايىخەير ئوقۇيدۇ

49 [1] ئاندىن كېيىن ياقۇپ ئۆز ئوغۇللىرىنى قىچقىرىپ ئېيتتىكى: «جەم بولۇڭلار. مەن
سىلەرگە كېيىنكى كۈنلەردە بولىدىغان ۋەقەلەرنى ئۆزۈڭلارغا ئېيتىپ بېرەي. [2] ئەي
ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى يىغىلىپ كېلىپ ئاڭلاپ، ئاتاڭلار ئىسرائىلغا قۇلاق سېلىڭلار.
[3] ئەي رۇبەن، سەن مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇم بولۇپ، كۈچۈم بىلەن قۇۋۋىتىمنىڭ بىرىنچى مېۋىسى
بولغاچ، دەبدەبە بىلەن قۇدرەتتە ئەۋزەل بولساڭمۇ، [4] قايناپ تېشىپ كەتكەن سۇدەك بولۇپ
تۇرۇپ، بىرىنچى بولالمايسەن. چۈنكى سەن ئاتاڭنىڭ ئورنىغا چىقىپ، ئۇنى پاسكىنا قىلدىڭ
ئەمەسمۇ؟ ئۇ بولسا مېنىڭ ئورنۇمغا چىقتى.
[5] شىمون بىلەن لاۋىي، بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا بولسا ئۇلارنىڭ قىلىچلىرى زۇلۇمنىڭ
ئەسۋابلىرىدۇر. [6] ئەي جېنىم، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە كىرمىگىن! ئەي ئىززىتىم، ئۇلارنىڭ
مەجلىسىگە قوشۇلمىغىن! چۈنكى ئۇلار بولسا ئۆز ئاچچىقىدا ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز
يوغانلىقىدا بۇقىلارنىڭ پەيىنى كەستى ئەمەسمۇ؟ [7] ئۇلارنىڭ ئىتتىك ئاچچىقى بىلەن قاتتىق
غەزىپى مەلئۇن بولسۇن. مەن ئۇلارنى ياقۇپنىڭ ئىچىدە تارقىتىۋېتىپ، ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە
پاراكەندە قىلارمەن.
[8] ئەي يەھۇدا، بۇرادەرلىرىڭ سېنى ماختاپ، قولۇڭ بولسا دۈشمەنلىرىڭنىڭ گەجگىسىدە بولۇپ،
ئاتاڭنىڭ ئوغۇللىرى ساڭا تەزىم قىلار. [9] يەھۇدا بولسا بىر ياش شىردەكتۇر. ئەي ئوغلۇم، سەن
شىكار قىلىپ چىقتىڭ. دەرۋەقە ئۇ ئۆزى شىردەك، بەلكى بىر چىشى شىردەك ماراپ يېتىۋالسا،
كىم ئۇنى قوزغىيالايدۇ؟ [10] شىلوھ كەلمىگۈچىلىك يەھۇدادىن ھۆكۈمەت كېتىپ قالماي، ئۇنىڭ
نەسلىدىن سەلتەنەت ھاسىسى يوق بولماي تۇرۇپ، خەلق ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلار. [11] ئۇ
ئۆزى مادا ئېشەكنى ئۈزۈم تېلىغا باغلاپ، مادا ئېشەكنىڭ تەخيىنى سەرخىل ئۈزۈم تېلىغا باغلاپ
قويار. ئۇ ئۆزى لىباسىنى شارابتا يۇيۇپ، ئۆز ئېگىنلىرىنى ئۈزۈم سۈيىدا يۇيار. [12] ئۇنىڭ كۆزلىرى
شارابتىن قىزىرىپ كېتىپ، چىشلىرىنىڭ ئۆزى سۈتنىڭ سەۋەبىدىن ئاپئاق تۇرار.
[13] زەبۇلۇن بولسا دېڭىزنىڭ كانارىدا ئولتۇرۇپ، كېمىلەرنىڭ پورتى بولۇپ، چېگرىسى
سىدونغىچە يەتەر.
[14] ئىسساكار بولسا قوتانلارنىڭ ئارىسىدا ياتىدىغان كۈچلۈك بىر ئېشەكتەك بولۇپ،
[15] ئارامگاھنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە قاراپ، يۇرتنىڭ ئوبدانلىقىنى كۆرۈپ، يۈك كۆتۈرمەك
ئۈچۈن مۈرىسىنى ئېگىپ، ئالۋاننىڭ تېگىدە قۇل بولۇپ قالدى.

[16] دان بولسا ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ تۇرۇپ، ئۆز خەلقىگە ھۆكۈم قىلار.
[17] دان بولسا يول ئۈستىدىكى يىلان بولۇپ، چىغىر يول ئۈستىدە تۇرۇپ، ئاتنىڭ پاچىقىنى
چېقىپ، مىنگۈچىنى ئارقىسىغا موللاق ئاتقۇزىدىغان زەھەرلىك يىلاندۇر. [18] ئەي خۇداۋەندە،
مەن بولسام نىجاتىڭغا كۆز تىكىمەن.
[19] گاد بولسا ئۇنىڭ ئۆزىگە بىر قوشۇن ھۇجۇم قىلار، لېكىن ئۇ ئۆزى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
ھۇجۇم قىلار.
[20] ئاشەر بولسا نېنى ياغلىق بولۇپ، ئۆزى پادىشاھلىق لەززەتلىك تائاملارنى تەمىنلەر .
[21] نافتالى بولسا چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، ئۆزى بوش قويۇلغان كىيىكتەكتۇر.
[22] يۈسۈپ بولسا مېۋىلىك دەرەختەك بولۇپ، ئۆزى سۇ بۇلىقىنىڭ لېۋىدە يېيىلىپ، شاخلىرى
تامغا چاپلىشىپ كەتكەن مېۋىلىك پۇتاقتەكتۇر. [23] يا ئاتقۇچىلارنىڭ ئۆزى ئۇنى رەنجىتىپ،
ئۇنىڭغا ئوق ئېتىپ بىئارام قىلىسىمۇ، [24] ئۇنىڭ ياسى مۇستەھكەم تۇرۇپ، قوللىرىنىڭ
بىلەكلىرى بولسا ياقۇبنىڭ قادىر-مۇتلەق خۇدايى بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ قورام تېشى ئاتالغان
پادىچىنىڭ قولى بىلەن مەھكەم قىلىنار. [25] سەن بولساڭ، ساڭا ياردەم بېرىپ تۇرۇپ، ئاتاڭنىڭ
تەڭرىسى بولۇپ، يۇقىرىدىن ساڭا ئاسماننىڭ بەركەتلىرىنى بېرىپ، تۆۋەندە چوڭقۇرنىڭ
بەركەتلىرىنى ئاتا قىلىپ، ئەمچەك بىلەن قورساقنىڭ بەركىتىنى بەرگۈچى بولغان قادىر-
مۇتلەق خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن قۇۋۋەتلىنەرسەن. [26] سېنىڭ ئاتاڭنىڭ بەركىتى بولسا ئاتا-
بوۋىلىرىمنىڭ بەركىتىدىن زىيادە بولۇپ، ئەبەدىي دۆڭلۈكلەرنىڭ چېتىگىچە تاقىشار. بۇ
بەركەتنىڭ ئۆزى يۈسۈپنىڭ بېشىغا كېلىپ، ئۆز بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلغاننىڭ چوققىسىغا
نازىل بولسۇن.
[27] بەنيامىن بولسا يىرتقۇچى بۆرە بولۇپ، ئەتىگەندە شىكارنى يەپ، ئاخشامدا ئولجىنى تەقسىم
قىلار» دېدى.
[28] بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسى بولۇپ، مەزكۇر سۆزلەر بولسا
ئاتىسىنىڭ ئۇلارغا دۇئايىخەير قىلغىنىدا ئېيتقان سۆزلىرىدۇر. ئۇ ئۆزى ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە
خاس بولغان بىر بەركەت بىلەن ئۇلارغا دۇئايىخەير قىلغانىدى. [29] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۇلارغا
بۇيرۇدىكى: «مەن بولسام، ئەمدى خەلقىمگە قوشۇلىمەن. سىلەر مېنى ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ
يېنىدا، خىتتىي بولغان ئەفروننىڭ ئېتىزلىقىدىكى غارنىڭ ئۆزىدە دەپنە قىلىڭلار. [30] ئۇ
غارنىڭ ئۆزى قانائان يۇرتىدا مامرەنىڭ ئۇتتۇرىدىكى ماكپېلانىڭ ئېتىزلىقىدا بار ئىكەن.
ئىبراھىم بولسا ئۇنى گۆرىستان قىلاي دەپ، بۇ ئېتىزلىقنىڭ ئۆزىنى خىتتىي بولغان ئەفروندىن
سېتىۋالغانىدى. [31] ئاندا ئىبراھىم بىلەن خوتۇنى سارە دەپنە قىلىنىپ، ئاندا ئىسھاق بىلەن
خوتۇنى رىبقامۇ دەپنە قىلىندى. ئاندىن مەن بولسام ئاندا لېيانى دەپنە قىلدىم. [32] بۇ ئېتىزلىق
بىلەن غار بولسا خىتنىڭ ئەۋلادىدىن سېتىۋېلىنغانىدى» دېدى.
[33] ياقۇب ئۆزى ئوغۇللىرىغا بۇ ۋەسىيەتنى تامام قىلىپ بولغاندا، ئورنىدا پۇتلىرىنى يىغىپ،
نەپەس ئۈزۈپ، ئۆز خەلقىگە قوشۇلدى.

## ياقۇپنىڭ دەپنە قىلىنىشى

50 [1]ئۇ ۋاقىت يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ يۈزىگە يىقىلىپ، ئۇنىڭغا يىغلاپ، ئۇنى سۆيدى. [2]
ئاندىن يۇسۇپ ئۆز خىزمىتىدىكى تېۋىپلارغا ئاتىسىنى مومىيالىغلى بۇيرۇسا، تېۋىپلار
ئىسرائىلنىڭ ئۆزىنى مومىيالىدى. [3] بۇنى قىلىشقا قىرىق كۈن كەتتى، چۈنكى مومىيالاشقا
شۇنچە كۈن كېتەتتى. مىسىرلىقلار بولسا ئۇنىڭغا يەتمىش كۈنگىچە ماتەم تۇتتى. [4] ئۇنىڭغا
يىغلايدىغان كۈنلەر ئۆتۈپ بولغاندا، يۇسۇپ پىرەۋننىڭ ئۆي خەلقىگە سۆزلەپ: «ئەگەر مەن
نەزىرىڭلاردا ئىلتىپات تاپقان بولسام، سىلەر پىرەۋنگە ئىلتىماس قىلىپ، [5] مەن توگرىلىق:
‹ ئۇ ئۆزى: «ئاتام ماڭا قەسەم بېرىپ: ‹ مانا ئۆلۈپ كېتىپ بارىمەن. سەن مېنى مەن ئۆزۈم
قانائان يۇرتىدا ئۆزۈم ئۈچۈن كولاپ قويغان گۆردە دەپنە قىلغىن› دېگەنىدى. ئەمدى ماڭا
ئىجازەت بېرىلسە، مەن بېرىپ ئاتامنى دەپنە قىلىپ يېنىپ كېلەي» دەپ ئېيتىڭ› دەڭلار»
دېدى. [6] پىرەۋن جاۋاب بېرىپ: «سەن بېرىپ، ئاتاڭ قەسەم بەرگەندەك ئۇنى دەپنە قىلغىن»
دېدى.
[7]ئۇ ۋاقىت يۇسۇپ ئاتىسىنى دەپنە قىلغىلى ماڭدى. ماڭسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە پىرەۋننىڭ
ھەممە خىزمەتكارلىرى بىلەن ئوردىنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە مىسىر يۇرتىنىڭ ھەممە
ئاقساقاللىرى، [8] يۇسۇپنىڭ ھەممە ئۆي خەلقى بىلەن ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى ۋە ئاتىسىنىڭ ئۆي
خەلقى ئەگىشىپ ماڭدى. ئەمما ئۇلار كىچىك بالىلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن قوي كاللىرىنى گوشەن
يۇرتىدا قويۇپ كەتتى. [9] ھارۋىلار بىلەن ئاتلىقلار بولسا بۇلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپ
ئەگەشكەن قوشۇننىڭ ئۆزى ناھايىتى تولا ئىدى. [10]ئۇلار يۇرۇپ ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى
ئاتادنىڭ خامىنىغا يەتكەندە، ئاندا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن قاتتىق پەرياد قىلىپ يىغلاشتى. يۇسۇپ
بولسا يەتتە كۈنگىچە ئاتىسى ئۈچۈن ماتەم تۇتتى. [11]ئۇ يۇرتنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى بولغان
قانائانىيلارنىڭ ئۆزى ئاتادنىڭ خامىنىدا بولغان بۇ ماتەمنى كۆرگەندە: «مىسىرلىقلارنىڭ
بۇ تۇتقان ماتىمى قاتتىق ئىكەن» دېيىشكەنىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ جاينىڭ ئېتى ئابەل-
مىزرايىم دەپ ئاتالدى. بۇ جاي ئۆزى ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىدۇر. [12]ياقۇپنىڭ ئوغۇللىرى
بولسا ئۇنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۇلارغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى. [13] شۇنداقكى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنى
قانائان يۇرتىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۆزى مامرەنىڭ ئۇتتۇرىدا بولۇپ، ئۇنى قەبرىستان قىلاي دەپ،
ئىبراھىمنىڭ ئۆزى ئۇنى خىتتىي بولغان ئەفروندىن سېتىۋالغان ماكپېلادىكى ئېتىزلىقىدا
بولغان غاردا دەپنە قىلدى. [14] بۇ تەرىقىدە يۇسۇپ ئاتىسىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئاتىسىنى
دەپنە قىلماق ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققان بۇرادەرلىرى بىلەن بارچە خەلقنى ئېلىپ،
مىسىرغا يېنىپ كەلدى.
[15]ئەمما يۇسۇپنىڭ بۇرادەرلىرى ئاتىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى كۆرگەندە: «ئەمدى يۇسۇپ
بىزگە دۈشمەن بولۇپ، بىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ھەممە يامانلىقىمىزنى ئۈستىمىزگە
ياندۇرارمىكىن؟» دەپ خىيال قىلىشىپ، [16] يۇسۇپنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتىپ: «ئاتاڭ بولسا
ئۆلمەستىن ئىلگىرى بىزگە ۋەسىيەت قىلىپ: [17] ‹ سىلەر يۇسۇپكە سۆزلەپ: «سەن ئەمدى ئۆز
ئاكىلىرىڭنىڭ خاتا بىلەن گۇناھىدىن ئۆتۈپ، ئۇلار ساڭا يامانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنى
كەچۈرگىن» دەپ ئېيتىڭلار› دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى سەن ئاتاڭنىڭ تەڭرىسىنىڭ

قۇللىرىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكىن» دەپ ئېيتقۇزدى. بۇنى ئۇنىڭغا ئېيتقۇزسا، يۇسۇپ ئاچچىق يىغلىغىلى باشلىدى. [18] ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىمۇ ئۆزى كېلىپ، ئالدىغا يىقىلىپ: «بىز بولساق، سېنىڭ قۇللىرىڭدۇرمىز» دەپ ئېيتسا، [19] يۇسۇپ ئۇلارغا: «قورقماڭلار! مېنى خۇدادەك سانايسىلەرمۇ؟ [20] سىلەر ماڭا يامانلىقنى قەستلىگەن ئىدىڭلار، لېكىن خۇدا ئۆزى ئەمدى بولغاندەك تولا خەلقنىڭ جېنىنى قۇتقۇزماق ئۇچۇن، بۇ ئىشنى ياخشىلىققا ئايلاندۇردى. [21] بۇنىڭ ئۇچۇن قورقماڭلار. مەن بولسام، بالا-چاقاڭلارنى بېقىپ تۇرىمەن» دەپ ئۇلارغا يۇمشاق گەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى.
[22] يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ ئۆز ئۆي خەلقى بىلەن مىسىردا تۇرۇپ قالدى. يۇسۇپ بولسا بىر يۈز ئون يىلغىچە ئۆمۈر كۆردى. [23] بۇ تەرىقىدە يۇسۇپ ئەفرائىمنىڭ ئۇچىنچى نەسلىنى كۆرۈپ، ماناسسەنىڭ ئوغلى ماكىرنىڭ باللىرىنىمۇ ئۆز قۇچىقىغا ئالغىلى نېسىپ تاپتى.

## يۇسۇپنىڭ ۋاپاتى

[24] ئەمما يۇسۇپ ئۆز بۇرادەرلىرىگە سۆز قىلىپ: «مەن بولسام، ئۆلۈپ كېتىپ بارىمەن. لېكىن خۇدا سىلەرنى ياد قىلىپ، سىلەرنى بۇ يۇرتتىن چىقىرىپ، ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇبقا قەسەم قىلىپ بەرگىلى ۋەدە قىلغان يۇرتنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزىدۇ» دېدى. [25] ئاندىن يۇسۇپ بەنى-ئىسرائىلغا قەسەم قىلدۇرۇپ: «خۇدا سىلەرنى يوقلىغاندا، بۇ يەردىن مېنىڭ سۆڭەكلىرىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار» دېدى. [26] يۇسۇپ بولسا بىر يۈز ئون ياشقا كىرىپ ۋاپات تاپتى. ئۇلار ئۇنى مومىيالاپ، مىسىردا بىر ساندۇققا سېلىپ قويدى.

مۇقەددەس كىتاب

# مىسىردىن

# چىقىش

2

# مىسىردىن چىقىش

مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
(تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

2-قىسىم

1950-يىلدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى هازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# مىسىردىن چىقىش

## ئىسرائىلىيلارنىڭ مىسىردا قۇللۇقتا بولۇشى

1 [1] ھەربىر كىشى ئۆز بالا-چاقىلىرىنى ئالغاچ كېلىپ، ياقۇپ بىلەن بىللە مىسىرغا يېتىپ كەلگەن
بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىسىملىرى بۇ يەنى:
[2] رۇبەن، شىمون، لاۋىي، يەھۇدا، [3] ئىسساكار، زەبۇلۇن، بەنيامىن، [4] دان، نافتالى، گاد ۋە ئاشىر
ئىدى. [5] ياقۇپنىڭ پۇشتىدىن چىققان ھەممىسى يەتمىش جان ئىدى. يۈسۈپ بولسا بالدۇرراق
مىسىرغا كەلگەنىدى. [6] ئەمما يۈسۈپ بىلەن بۇرادەرلىرى ئۆلۈپ ھەممە زامانداشلىرى ۋاپات بولدى.
[7] لېكىن بەنى-ئىسرائىل ئۆسۈپ ئاۋۇپ چوڭىيىپ، ئۇلارنىڭ تولىلىقىدىن يۇرت تولغانىدى.

[8] ئۇ ۋاقىتتا يۈسۈپنى بىلمىگەن يېڭى بىر پادىشاھ مىسىردا قوپتى. [9] ئۇ ئۆز خەلقىگە ئېيتتىكى:
«مانا، بەنى-ئىسرائىلنىڭ خەلقى بىزدىن زىيادە ئاۋۇپ كۆپلىنىپ كەتتى. [10] ئەمدى بىز
ئەقىللىق تەرىقىدە ئۇلار بىلەن ئىش تۇتايلى. بولمىسا ئۇلار تېخى زىيادە ئاۋۇپ كېتىپ، مۇبادا
بىر جەڭ چىقىپ قالسا، دۈشمەنلىرىمىزگە قوشۇلۇپ بىز بىلەن ئۇرۇشۇپ يۇرتتىن چىقىپ
كەتسە كېرەك» دېدى. [11] شۇنى دېگەندە، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەمگەك نازارەتچىلىرى قويۇپ
ئۇلارنى قۇللۇقتا تۇتۇپ، قاتتىق ئىشلارغا سالغىلى تۇرۇشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار فىرەۋن ئۈچۈن
پىتوم بىلەن رامسەس دېگەن خەزىنە شەھەرلىرىنى ياسايدىغان بولدى. [12] لېكىن ئۇلارنى قانچە
قاتتىق ئىشقا سالسىمۇ، بۇلار تېخى زىيادە ئۆسۈپ ئاۋۇپ كەتكىلى تۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇلار بەنى-ئىسرائىلدىن ئەنسىرەتتى [13] بۇ خىيال بىلەن مىسىرلىقلار بەنى-ئىسرائىلغا زۇلۇم
قىلىپ، تېخى قاتتىق ئىشلەتكىلى باشلاپ، [14] ئۇلارنى لاي ئېتىپ، خىش قۇيغىلى سېلىپ،
ئېتىزلارنىڭ ھەر خىل ئىشىنى قىلدۇرۇپ، ئىشنىڭ قاتتىقلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ تىرىكلىكىنى
ئاچچىق قىلاتتى، چۈنكى ئۇلاردىن ئىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئىشلار ئىدى.
[15] مىسىر پادىشاھىنىڭ ئۆزى بىرى شىفرا يەنە بىرى پۇئا دەپ ئاتىلىپ، تۇغۇت ئىشىنى بىلىدىغان
ئىككى ئىبرانىي خوتۇنغا سۆز قىلىپ: [16] «قاچانكى ئىبرانىي خوتۇنلارنى تۇغدۇرساڭلار،
سەپسىلىپ بېقىپ، ئوغۇل تۇغۇلسا ئۆلتۈرۈپ، قىز تۇغۇلسا تىرىك قويۇڭلار» دەپ ئېيتتى.
[17] لېكىن تۇغۇت ئانىلىرى خۇدادىن قورقۇپ، مىسىرنىڭ پادىشاھى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئېيتقانىدەك
قىلماي، بەلكى بالىلارنى تىرىك قويدى. [18] بۇنى ئاڭلاپ، مىسىرنىڭ پادىشاھى تۇغۇت ئانىلىرىنى
قىچقارتىپ، ئۇلاردىن: «نېمىشقا مۇنداق قىلىپ، بالىلارنى تىرىك قويدۇڭلار؟» دەپ سورىدى.
[19] تۇغۇت ئانىلىرى فىرەۋنگە جاۋاب بېرىپ: «ئىبرانىي خوتۇنلار بولسا مىسىرلىق خوتۇنلاردەك
بولماي، بەلكى كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن تۇغۇت ئانىسى ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلمەستە

ئۆزى تۇغۇۋېتىدۇ» دەپ ئېيتتى. [20] ئەمما خۇدا تۇغۇت ئانىلىرىغا مەرھەمەت قىلىپ بەرىكەتلىدى. خەلق بولسا ئۆسۈپ ناھايىتى تولا بولۇپ ئاۋۇدى. [21] تۇغۇت ئانىلىرى خۇدادىن قورققىنى ئۈچۈن ئۇ ئۆزى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاۋات قىلدى.
[22] ئاندىن كېيىن فىرەۋن ئۆز خەلقىنىڭ ھەممىسىگە بۇيرۇپ: «يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بالىلارنىڭ ھەممىسىنى نىل دەرياسىغا تاشلىۋېتىپ، ھەممە قىز بالىلارنى تىرىك قويۇڭلار» دەپ ئېيتتى.

## مۇسانىڭ تۇغۇلۇشى

2 [1] لاۋىينىڭ خانىدانىدىن بولغان بىر كىشى بېرىپ، لاۋىينىڭ نەسلىدىن بولغان بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالدى. [2] بۇ خوتۇن ھامىلىدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپ، چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىدە ئۇنى ئۈچ ئايغىچە يوشۇرۇپ ساقلىدى. [3] ئۇنى يەنە يوشۇرالماسلىقىنى بىلگىنىدە، قومۇشتىن بىر ساندۇق ياساپ، موم ۋە قارىماي بىلەن سۇۋاپ بالىنى ئىچىگە سېلىپ، نىل دەرياسىنىڭ كانارىدىكى قومۇشلۇقتا قويۇپ قويدى. [4] ئەمما بالىنىڭ ئاچىسى ئۇنى قانداق قىلاركىن دەپ، نېرىدا قاراپ تۇرغانىدى.
[5] ئۇ ۋاقىت سۇغا چۈشمەك ئۈچۈن فىرەۋنىنىڭ قىزى دەريا تەرەپكە چۈشۈپ كېلىپ، دېدەكلىرى دەريانىڭ لېۋىدە مېڭىپ يۈرسە، ئۇ ئۆزى قومۇشلۇقنىڭ ئارىسىدىكى ساندۇقنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆز دېدىكىگە: «ئۇنى ئېلىپ كەل» دەپ ئەۋەتتى. [6] ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا، يىغلاپ تۇرغان بىر ئوغۇل بالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ: «بۇ ئۆزى ئىبرانىيلارنىڭ بالىلىرىدىن بىرى ئىكەن» دەپ ئېيتتى. [7] ئۇ ۋاقىت بالىنىڭ ئاچىسى فىرەۋنىنىڭ قىزىدىن: «سەن ئۈچۈن بالىنى ئېمىتىپ باقىدىغان بىر ئىبرانىي ئانا ساڭا تېپىپ كېلەيمۇ؟» دەپ سورىدى. [8] فىرەۋنىنىڭ قىزى ئۇنىڭ ئۆزىگە: «بېرىپ ئېلىپ كەلگىن» دېگەندە ئۇ بېرىپ، بالىنىڭ ئانىسىنى قىچقىرىپ كەلدى. [9] فىرەۋنىنىڭ قىزى بۇنىڭغا: «بۇ بالىنى ئېلىپ، مەن ئۈچۈن ئېمىتىپ چوڭ قىلساڭ، ساڭا ئىش ھەققىڭنى بېرەي» دەپ ئېيتتى. خوتۇن ئۆزى بالىنى ئېلىپ، ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلدى. [10] ئەمما بالا چوڭ بولغاندا ئۇنى فىرەۋنىنىڭ قىزىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. بۇ ئۆزى ئۇنى ئۆز بالىسىدەك قوبۇل قىلىپ: «سۇدىن ئۇنى تارتىۋالدىم» دەپ، ئۇنىڭغا مۇسا دەپ ئات قويدى.

## مۇسانىڭ بىر مىسىرلىقنى ئۆلتۈرۈشى ۋە قېچىشى

[11] مۇسا چوڭ بولغان ۋاقىتتا شۇنداق بولدىكى، ئۇ ئۆز بۇرادەرلىرىگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ قاتتىق ئىشلىرىغا سەپسېلىپ باقتى. قارىسا، بىر مىسىرلىق ئادەم ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى ئىبرانىيلاردىن بولغان بىر ئادەمنى ئۇرۇۋاتاتتى. [12] شۇنى كۆرۈپ، ھەر تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قاراپ، بىر كىشى يېقىن بولمىغىنىنى كۆرسە، مىسىرلىقنى ئۆلتۈرۈپ قۇمدا ئۇنى يوشۇرۇپ كۆمدى. [13] ئەتىسى ئۇ يەنە چىقىپ قارىسا، ئىككى ئىبرانىي ئادەم بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆزى ناھەق

قىلغان كىشىگە: «ئۆز بۇرادىرىڭنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟» دەپ ئېيتتى. [14] ئۇ جاۋاب بەردىكى:
«كىم سېنى ئۈستىمىزگە ھاكىم ياكى سوراقچى قىلىپ قويدى؟ مىسىرلىقنى ئۆلتۈرگىنىڭدەك
مېنىمۇ ئۆلتۈرگىلى خالامسەن؟» شۇنى دېسە، مۇسا قورقۇپ: «شەكسىز بۇ سىر ئاشكارا بولۇپ
قالدى» دەپ پىكىر قىلدى.
[15] فىرەۋن ھەم بۇ ئىشنى ئاڭلاپ قېلىپ، مۇسانى ئۆلتۈرگىلى قەستلىدى. لېكىن مۇسا
فىرەۋنىنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كېتىپ، مىدىيانىنىڭ يۇرتىدا توختاپ، ئاندا بىر قۇدۇقنىڭ يېنىدا
ئولتۇرۇپ قالدى.

## مۇسا مىدىيانىنىڭ كاھىنىنىڭكىدە ئولتۇرۇشى

[16] مىدىيانىنىڭ كاھىنىنىڭ يەتتە قىزى بار ئىدى. بۇلار كېلىپ، سۇ تارتىپ، ئاتىسىنىڭ
قويلىرىنى سۇغارماق ئۈچۈن ئوقۇرلارنى توشتۇرغىلى تۇردى. [17] ئۇ ۋاقىت پادىچىلار كېلىپ،
ئۇلارنى ھەيدىۋەتكىلى تۇرسا، مۇسا قوپۇپ قىزلارغا ياردەم بېرىپ، قويلىرىنى سۇغىرىپ بەردى.
[18] ئۇلار ئۆز ئاتىسى رېھۇئەلنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلسە، ئۇ ئۆزى: «نېمىشقا بۈگۈن شۇنداق
پات يېنىپ كەلدىڭلار؟» دەپ سورىدى. [19] ئۇلار جاۋاب بەردىكى: «بىر مىسىرلىق ئادەم بىزنى
پادىچىلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ، بىزنىڭ ئورنىمىزغا سۇ تارتىپ قويلارنى سۇغىرىپ بەردى»
دېدى. [20] ئۇ ئۆز قىزلىرىغا: «ئۇ كىشى نە يەردە قالدى؟ ئۇنى نېمىشقا تاشلاپ كەلدىڭلار؟
ئۇنى تائام يېگىلى قىچقىرىڭلار» دەپ ئېيتتى. [21] مۇسا بولسا ئۇ كىشى بىلەن تۇرۇشقا رازى
بولغىنىدا، بۇ كىشى ئۆز قىزى زىپپورانى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بەردى.
[22] شۇ ئۆزى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغقاندا، مۇسا ئۇنىڭ ئىسمىنى گەرشوم دەپ ئاتاپ: «مەن يات
يۇرتتا مۇساپىردۇرمەن» دەپ ئېيتتى.
[23] ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، مىسىرنىڭ پادىشاھى ئۆلدى. لېكىن بەنى-
ئىسرائىل ئۆز قۇللۇق ھالىتىدە ئاھ ئۇرۇپ پەرياد قىلغىنىدا، ئۇلار قۇللۇقى ئۈچۈن قىلغان
پەرياد خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا يەتتى. [24] شۇنداقكى، خۇدا ئۇلارنىڭ نالىسىنى ئاڭلىسا، خۇدا ئۆزى
ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپقا قىلغان ئەھدىسىنى يادىغا كەلتۈردى. [25] ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا
بەنى-ئىسرائىلغا قارىدى، دەرۋەقە خۇدا ئۇلاردىن خەۋەر ئالدى.

## خۇدانىڭ مۇسانى چاقىرىشى

3 [1] ئەمما مۇسا ئۆزى مىدىيانىنىڭ كاھىنى بولغان ئۆز قېيناتىسى يېترونىڭ قويلىرىنى
باقاتتى. باققاندا قويلارنى چۆلنىڭ ئارقىسىغا ھەيدەپ خۇدانىڭ تېغى خورېبنىڭ يېنىغا
كەلدى. [2] ئاندا بىر تىكەنلىك چاتقالدىن چىقىپ قوپۇپ تۇرغان ئوت يالقۇنىدا خۇداۋەندىنىڭ
پەرىشتىسى ئۇنىڭغا كۆرۈندى. قارىسا، مانا ئازغان كۆيۈپ تۇرىدۇ، لېكىن چاتقال ئۆزى كۆيۈپ

كەتمەيدۇ. 3 مۇسا ئۆزى: «مەن ئاندا چىقىپ، بۇ ئاجايىپ مەنزىرىگە سەپسېلىپ بېقىپ،
تىكەنلىك چاتقالنىڭ نېمىشقا كۆيۈپ كەتمەيدىغىنىنى كۆرەي» دەپ خىيال قىلدى. 4 خۇداۋەندە
ئۇنىڭ بۇنى كۆرگىلى بارغىنىنى كۆرگىنىدە، خۇدا تىكەنلىك چاتقال ئىچىدىن ئۇنىڭغا: «ئەي
مۇسا، ئەي مۇسا» دەپ قىچقاردى. ئۇ ئۆزى: «مانا مەن» دەپ جاۋاب بەردى. 5 ئۇ ئېيتتىكى:
«مۇندا كەلمەي تۇرۇپ، ئۆزۈڭ تۇرغان جاي مۇقەددەس يەر بولغاچ، پۇتلىرىڭدىن چورۇقلىرىڭنى
سالغىن» 6 ۋە يەنە: «مەن ئاتاڭنىڭ تەڭرىسى بولۇپ، ئىبراھىمنىڭ تەڭرىسى، ئىسھاقنىڭ
تەڭرىسى ۋە ياقۇبنىڭ تەڭرىسىدۇرمەن» دېدى. شۇنى دېگەندە مۇسا خۇداغا قارىماقتىن
قورقۇپ، ئۆز يۈزىنى يوشۇرۇۋالدى.
7 خۇداۋەندە ئېيتتىكى: «شەكسىز مەن مىسىردا تۇرغان قوۋمىمنىڭ زەخمىتىنى كۆرۈپ، ئەمگەك
نازارەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمى ئۈچۈن قىلغان پەريادىنى ئاڭلاپ، تەڭلىك تارتقىنىنى بىلىمەن.
8 ئەمدى نازىل بولۇپ، ئۇلارنى مىسىرلىقلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ ئۇ يۇرتتىن چىقىرىپ،
ياخشى كەڭ بىر يۇرت بولۇپ، سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان بىر يۇرتقا، يەنى قانائانىي بىلەن
خىتتىيلار، ئامورىي بىلەن پەرىززىيلەر، خىۋۋىي بىلەن يەبۇسىيلارنىڭ يۇرتىغا ئېلىپ بارىمەن.
9 مانا ئەمدى شۇنداقكى، بەنى-ئىسرائىلنىڭ پەريادى ماڭا يېتىپ، مىسىرلىقلار ئۆزى ئۇلارغا
قىلغان زۇلۇمنى كۆردۈم. 10 ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئەمدى كەلگىن. مەن سېنى فىرەۋننىڭ قېشىغا
ئەۋەتىمەن، چۈنكى مېنىڭ قوۋمىم ئىسرائىلنى مىسىردىن چىقارىسەن» دېدى.
11 لېكىن مۇسا خۇداغا ئېيتتىكى: «مەن كىمدۇرمەنكى، فىرەۋننىڭ قېشىغا بېرىپ، بەنى-
ئىسرائىلنى مىسىردىن چىقىرىپ كېلەلىگەيمەن؟» دېدى. 12 ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مەن ساڭا
يار بولۇپ، ئۆزۈم سېنى ئەۋەتكىنىمنىڭ ئالامىتى شۇ بولىدۇكى، سەن قوۋمنى مىسىردىن
چىقارغاندىن كېيىن، بۇ تاغدا خۇداغا ئىبادەت قىلىسىلەر» دېدى. 13 مۇسا خۇداغا ئېيتتىكى:
«مەن بەنى-ئىسرائىلنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارغا: ‹ ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى مېنى
قېشىڭلارغا ئەۋەتتى› دېگىنىمدە ئۇلار مەندىن: ‹ ئۇنىڭ ئىسمى نېمىدۇر؟› دەپ سورىسا،
ئۇلارغا نېمە جاۋاب بېرەي؟» دېدى. 14 خۇدا مۇساغا: «ھەمىشە بار بولغۇچىنىڭ ئۆزى
مەندۇرمەن» دەپ ئېيتتى. ئاندىن يەنە سۆزلەپ: «‹ ھەمىشە بار بولغۇچىنىڭ ئۆزى مېنى
قېشىڭلارغا ئەۋەتتى› دەپ بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتقىن» دېدى. 15 خۇدا مۇساغا يەنە سۆز قىلىپ:
«بەنى-ئىسرائىلغا مۇنداق ئېيتقىنكى: ‹ ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى بولۇپ ئىبراھىمنىڭ
تەڭرىسى، ئىسھاقنىڭ تەڭرىسى ۋە ياقۇبنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇداۋەندە مېنى قېشىڭلارغا
ئەۋەتىپ: «ئەبەدكىچە بۇ مېنىڭ ئىسمىم بولۇپ، نەسىلدىن نەسىلگىچە مېنى شۇنداق دەپ
ئەسلىنىيدىغان بولىمەن» دەپ ئېيتىدۇ› دېگىن. 16 ئەمدى بېرىپ، ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىنى
يىغىپ ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ‹ ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى ئاتىلىپ، ئىبراھىمنىڭ تەڭرىسى،
ئىسھاقنىڭ تەڭرىسى ۋە ياقۇبنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇداۋەندە ماڭا كۆرۈنۈپ: «مەن سىلەرگە
قاراپ، مىسىردا سىلەرگە نېمە ۋەقە بولغىنىنى كۆردۈم» دەپ ئېيتتى. 17 «ئۇنىڭ ئۈچۈن سۆزۈم
شۇدۇركى، مەن سىلەرنى مىسىردىكى زۇلۇمدىن چىقىرىپ قانائان بىلەن خىتتىيلار، ئامورىي

بىلەن پەرىززىيلەر، خىۋىي بىلەن يەبۇسىيلارنىڭ يۇرتى بولۇپ، سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان
يۇرتقا ئېلىپ بارىمەن»› دېسەڭ، [18] ئۇلار سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدىغان بولىدۇ. ئۇ ۋاقىت
سەن ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن بىللە مىسىر پادىشاھىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: ‹
ئىبرانىيلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە بىزلەرگە كۆرۈندى. ئەمدى ساڭا يالۋۇرىمىزكى، سەن بىزگە
ئۈچ كۈنلۈك يول چۆل ئىچىگە بېرىپ تەڭرىمىز خۇداۋەندىگە قۇربانلىق قىلىشقا ئىجازەت
بەرگەيسەن› دەپ ئېيتىڭلار. [19] لېكىن مىسىرنىڭ پادىشاھى مېنىڭ كۈچلۈك قولۇمنى تۇيسا
ھەم، سىلەرنى قويۇپ بەرمەيدىغىنىنى بىلىمەن. [20] ئەمما مەن ئۆز قولۇمنى ئۇزىتىپ، يۇرت
ئىچىدە قىلىدىغان ھەر خىل مۆجىزە بىلەن مىسىرنى ئۇرغاندىن كېيىن، ئۇ سىلەرنى قويۇپ
بېرىدۇ. [21] بۇ قوۋمغا مىسىرلىقلارنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تاپتۇرىمەن. شۇنداقكى، سىلەر قۇرۇق
قول كەتمەي، [22] بەلكى ھەربىر خوتۇن ئۆز ھەقەمسايە خوتۇن بىلەن ئۆز ئۆيىدە ئولتۇراقلىق
يات خوتۇندىن ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ زىرە-مونچاقلىرى بىلەن كىيىم سورىسۇن. بۇ نەرسىلەرنى ئۆز
ئوغۇل بىلەن قىزلىرىڭلارغا كىيدۈرۈپ مىسىرلىقلاردىن ئولجا ئالىدىغان بولىسىلەر» دېدى.

## خۇدا مۇسانى مىسىرغا ئەۋەتىدۇ

4 [1] مۇسا جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «مانا ئۇلار ماڭا ئىشەنمەي تۇرۇپ، سۆزۈمگە قۇلاق
سالماي، بەلكى: ‹ خۇداۋەندە ساڭا كۆرۈنمىدى› دەپ ئېيتارمىكىن؟» دېدى. [2] خۇداۋەندە
ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «بۇ قولۇڭدىكى نېمىدۇر؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئۆزى: «بىر ھاسىدۇر» دەپ
جاۋاب بەردى. [3] ئۇ: «ئۇنى يەرگە تاشلىغىن» دەپ ئېيتتى. ئۇنى يەرگە تاشلىسا، بىر يىلان
بولۇپ قېلىپ، مۇسا ئۇنىڭدىن قاچتى. [4] ئەمما خۇداۋەندە مۇساغا: «قولۇڭنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ
قۇيرۇقىنى تۇتقىن» دېگەندە، قولىنى ئۇزىتىپ ئۇنى تۇتتى. تۇتسا، ئۇ ئۇنىڭ قولىدا يەنە ھاسا
بولۇپ قالدى. [5] خۇداۋەندە ئېيتتىكى: «بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى
ئاتىلىپ ئىبراھىمنىڭ تەڭرىسى، ئىسھاقنىڭ تەڭرىسى ۋە ياقۇبنىڭ تەڭرىسى بولغان
خۇداۋەندە ساڭا كۆرۈنگىنىگە ئىشىنىدۇ» دېدى.
[6] خۇداۋەندە ئۇنىڭغا: «ئۆز قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن» دەپ ئېيتقىنىدا، ئۇ ئۆز قولىنى
قوينىغا سېلىپ چىقارسا، مانا پېسەلىكتىن قاردەك ئاقىرىپ قالغان ئىكەن. [7] ئاندىن ئۇنىڭغا:
«قولۇڭنى يەنە قوينۇڭغا سالغىن» دەپ ئېيتسا، قولىنى قوينىغا سالدى. ئۇنى قوينىدىن يەنە
چىقارسا، مانا ئەسلىگە يېنىپ باشقا بەدىنىدەك بولغان ئىكەن. [8] خۇداۋەندە ئېيتتىكى: «ئەگەر
ئۇلار ساڭا ئىشەنمەي تۇرۇپ، ئاۋۋالقى مۆجىزىگە قارىمىسا، ئىككىنچى مۆجىزىگە ئىشەنسۇن.
[9] لېكىن ئۇلار بۇ ئىككى مۆجىزىگە ئىشەنمىسە ۋە يا سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىمىسا، نىل
دەرياسىنىڭ سۈيىدىن ئېلىپ، قۇرۇق يەرگە سەپكىن. شۇنداق قىلساڭ، سەن نىل دەرياسىدىن
ئالغان سۇنىڭ ئۆزى قۇرۇق يەر ئۈستىدە قانغا ئايلىنىدۇ» دېدى.

[10] ئۇ ۋاقىت مۇسا خۇداۋەندىگە ئېيتتىكى: «ئەي خۇداۋەندە، مەن گەپكە ئۇستا ئەمەسمەن.
بۇ ئىش بولسا، خاھى تۈنۈگۈندىن، خاھى ئەمدى سەن بەندەڭ بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن
بولماي، بەلكى گېپىم كەمتۈك، تىلىم ئېغىر بىر ئادەم ئىكەنمەن» دېدى. [11] خۇداۋەندە ئۇنىڭغا
ئېيتتىكى: «كىم ئادەمنىڭ ئاغزىنى ياراتتى ۋە يا گاچا بىلەن گاسنى كىم پەيدا قىلىپ كۆرگۈچى
بىلەن كورنى كىم ياراتتى؟ ئەجەبا مەن خۇداۋەندە بۇلارنى قىلمىدىممۇ؟ [12] ئەمدى سەن بارغىن.
مەن ئۆزۈم سېنىڭ ئاغزىڭنى ساقلاپ، نېمە سۆزلەيدىغىنىڭنى ساڭا ئۆگىتىپ تۇرىمەن» دېدى.
[13] لېكىن ئۇ: «ئەي خۇداۋەندە، ساڭا يالۋۇرىمەنكى، سەن خالىغان باشقا كىشىنى ئەۋەتىپ،
ئۇنىڭ قولى بىلەن بۇ ئىشنى قىلغىن» دېدى. [14] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى مۇساغا
تۇتىشىپ: «ئەجەبا لاۋىيلاردىن بولغان بۇرادىرىڭ ھارۇن بار ئەمەسمۇ؟ بىلىمەنكى، ئۇ گەپنى
ئوبدان قىلالايدۇ. مانا ئۇ ئەمدى سېنىڭ ئالدىڭغا چىقىپ، سېنى كۆرگەندە كۆڭلى تولا خۇش
بولىدۇ. [15] سەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ، سۆزلەرنى ئاغزىغا سالىسەن. مەن ئۆزۈم سەن بىلەن
ئۇنىڭ ئاغزىنى ساقلاپ، نېمە قىلىدىغىنىڭلارنى سىلەرگە ئۆگىتىپ تۇرىمەن. [16] ھارۇن سېنىڭ
تەرىپىڭدىن خەلققە سۆزلەپ، سەن ئۇچۇن ئېغىزدەك بولسۇن. سەن بولساڭ ئۇنىڭغا خۇدادەك
بولغىن. [17] بۇ ھاسىنى قولۇڭدا تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مۆجىزە كۆرسىتىسەن» دېدى.

## مۇسانىڭ مىسىرغا قايتىشى

[18] ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆز قېيناتىسى يېترونىڭ قېشىغا يېنىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە: «ماڭا
ئىجازەت بەرگىن. مىسىردىكى ئۆز بۇرادەرلىرىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلار ھاياتمۇ ئەمەسمۇ،
كۆرەي» دەپ ئېيتتى. يېترو مۇساغا: «تىنچ-ئامان بارغىن» دېدى. [19] خۇداۋەندە مىدىياندا
مۇساغا ئېيتتىكى: «مىسىرغا يېنىپ بارغىن، چۈنكى سېنىڭ جېنىڭنى ئىزدىگەن كىشىلەر
ئۆلۈپ كەتتى».
[20] ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆز خوتۇنى بىلەن ئوغۇللىرىنى ئېلىپ، بىر ئېشەككە مىندۈرۈپ، مىسىرغا
يېنىپ باردى. بارغاندا مۇسا خۇدانىڭ ھاسىسىنى ئالغاچ كەتتى. [21] خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى:
«مىسىرغا يېنىپ بارغىنىڭدا سەن ئاگاھ بولۇپ، مەن ساڭا قىلغىلى قۇدرەت بەرگەن مۆجىزىلەرنى
فىرەۋننىڭ ئالدىدا قىلغىن. لېكىن مەن ئۇ ئۆزى قوۋمنى قويۇپ بەرمىگۇدەك ئۇنىڭ كۆڭلىنى
قاتتىق قىلىمەن. [22] ئۇ ۋاقىت سەن فىرەۋنگە سۆز قىلىپ: ‹ خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى:
«ئىسرائىل مېنىڭ تۇنجى ئوغلۇم بولىدۇ. [23] ئۇنىڭ ئۇچۇن مەن ساڭا: «ئوغلۇم ئىبادەت قىلماق
ئۇچۇن ئۇنى قويۇپ بەرگىن» دەپ ئېيتقان بولساممۇ، سەن ئۇنى قويۇپ بەرمىدىڭ. بۇ سەۋەبتىن
مەن ئەمدى سېنىڭ تۇنجى ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرىمەن› دەپ دېگىن» دېدى.

[24] ئەمما مۇسا سەپەر قىلغىنىدا خۇداۋەندە بىر مەنزىلدە ئۇنىڭغا ئۇچراپ ئۇنى ئۆلتۈرگىلى
خالىدى. [25] ئۇ ۋاقىت زىپورا بىر ئىتتىك چاقماق تېشىنى ئېلىپ، ئۆز ئوغلىنىڭ خەتنىلىك

ئېتىنى كېسىپ، ئۇنى ئۇنىڭ پۇتىغا ئېتىپ: «سەن مېنىڭ قانلىق ئېرىم بولىسەن» دەپ
ئېيتتى. [26] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۇنى قويۇپ بەردى. قويۇپ بەرگەندە، خوتۇن: «خەتنىنىڭ
سەۋەبىدىن سەن مېنىڭ قانلىق ئېرىم بولدۇڭ» دەپ ئېيتتى.

[27] خۇداۋەندە ھارۇنغا: «باياۋانغا بېرىپ، مۇساغا ئۇچرىغىن» دەپ ئېيتقىنىدا، ئۇ بېرىپ خۇدانىڭ
تېغىدا ئۇنىڭغا ئۇچراپ ئۇنى سۆيدى. [28] مۇسا ئۆزى خۇداۋەندە ئۇنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا قىلغان
سۆزنىڭ ھەممىسى بىلەن قىلغىلى بۇيرۇغان مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھارۇنغا دەپ بەردى.
[29] ئاندىن كېيىن مۇسا بىلەن ھارۇن بېرىپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرىنى
يىغدى. [30] يىغسا، ھارۇن قوپۇپ خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا ئېيتقان ھەممە سۆزنى بايان قىلىپ
بېرىپ، خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتى. [31] بۇنى كۆرۈپ، خەلق ئىشىنىپ،
خۇداۋەندىنىڭ بەنى-ئىسرائىلنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ تەڭلىكىگە قارىغىنىنى ئاڭلىغىنىدا،
ئېڭىشىپ سەجدىگە يىقىلدى.

## مۇسا بىلەن ھارۇن فىرەۋننىڭ قېشىغا بارىدۇ

5 [1] ئاندىن كېيىن مۇسا بىلەن ھارۇن فىرەۋننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «‹ ئۇلار
بېرىپ، چۆلدە ماڭا ھېيت قىلماق ئۈچۈن قوۋمىمنى قويۇپ بەرگىن› دەپ ئىسرائىلنىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندە ئېيتىدۇ» دېدى. [2] لېكىن فىرەۋن جاۋاب بېرىپ: «مەن ئۇنىڭ بۇيرۇقى
بىلەن ئىسرائىلنى قويۇپ بېرىدىغان خۇداۋەندە كىم بولىدۇ؟ مەن ئۇ خۇداۋەندىنى تونۇمايمەن ۋە
يا ئىسرائىلنىمۇ قويۇپ بەرمەيمەن» دېدى. [3] ئۇلار سۆز قىلىپ: «ئىبرانىيلارنىڭ تەڭرىسى بىزگە
كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە چۆل ئىچىگە ئۈچ كۈنلۈك يول بېرىپ، ئۇستىمىزگە ۋابا ياكى
قىلىچ ئەۋەتمىسۇن دەپ، تەڭرىمىز خۇداۋەندىگە قۇربانلىق قىلغىلى ئىجازەت بەرگىن» دېدى. [4]
لېكىن مىسىرنىڭ پادىشاھى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «ئەي مۇسا بىلەن ھارۇن، نېمىشقا خەلقنى
ئىشلىرىدىن تارتىسىلەر؟ ئىشىڭلارغا بېرىڭلار» دېدى. [5] فىرەۋن يەنە سۆزلەپ: «مانا خەلق يۇرتتا
زىيادە ئاۋۇپ كېتىپتۇر. سىلەر بولساڭلار ئۇلارنى ئىشلىرىدىن بىكار قىلغىلى خالايسىلەر» دېدى.
[6] شۇ كۈنى فىرەۋن ئۆزى خەلقنىڭ ئەمگەك نازارەتچىلىرى بىلەن ھەيدەكچىلىرىگە بۇيرۇپ
ئېيتتىكى: [7] «خەلققە ئىلگىرىكىدەك خىش قۇيغىلى سامان بەرمەي، بەلكى ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە
سامان تاپسۇن. [8] لېكىن ئىلگىرىدىن قانچىلىك خىش قۇيۇپ كەلگەن بولسا، ھېلى ھەم
كەم قىلماي، شۇنچىلىك خىش قۇيدۇرۇڭلار. چۈنكى ئۇلار بولسا ھۇرۇن بولۇپ قېلىپ: ‹
تەڭرىمىزگە قۇربانلىق ئۆتكۈزمەك ئۈچۈن بىزنى كەتكىلى قويغىن› دەپ ۋارقىرىشىپ تۇرىدۇ.
[9] ئەمدى ئۇلار ئىشقا مەشغۇل بولۇپ، يالغان گەپلەرگە قۇلاق سالمىسۇن دەپ، بۇ ئادەملەرنىڭ
ئۇستىگە قاتتىق ئىش قويۇلسۇن» دېدى.

[10] شۇنى دېگەندە، خەلقنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئەمگەك نازارەتچىلىرى بىلەن ھەيدەكچىلەر
چىقىپ، خەلققە سۆزلەپ: «فىرەۋن مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ ئەمدى مەن سىلەرگە سامان
بەرمەيدىغان بولدۇم. [11] ئۆزۈڭلار ئۇچۇن بېرىپ قەيەردىن سامان تاپالساڭلار، ئېلىپ كېلىڭلار
لېكىن قىلىدىغان ئىشلىرىڭلار بولسا قىلدەكمۇ كېمەيتىلمەيدى› دېدى» دېيىشتى. [12] بۇنىڭ
بىلەن خەلق ئۆزى پۈتۈن مىسىرنىڭ يۇرتىدا تارىلىپ، سامان ئورنىغا قۇرۇق پاخاللارنى
يىغقىلى تۇردى. [13] ئەمگەك نازارەتچىلىرى بولسا ئۇلارنى ئالدىرىتىپ: «سىلەرگە سامان
بېرىلگەن چاغدىكىدەك ھەر كۈنلۈك ئىشنى شۇ كۈنى ھېلى ھەم قىلىڭلار» دەپ ئېيتتى.
[14] فىرەۋن قويغان ئەمگەك نازارەتچىلىرىنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ، بەنى-ئىسرائىلدىن بولغان
ھەيدەكچىلەر تاياقتا بېسىلىپ: «نېمىشقا كۈندىكىدەك توشتۇرۇپ خىش قۇيدۇرمىدىڭلار» دەپ
سوراق قىلىنىپ ئۇرۇلدى. [15] ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىلدىن بولغان ھەيدەكچىلەر فىرەۋننىڭ
ئالدىغا بېرىپ: «نېمىشقا ئۆز قۇللىرىڭغا مۇنداق قىلىسەن. [16] ئۇلار ئۆز قۇللىرىڭغا سامان
بەرمىسىمۇ: ‹ خىش قۇيدۇرۇڭلار› دەپ بىزلەرگە بۇيرۇپ تۇرىدۇ. مانا تاياقنى ئۆز قۇللىرىڭ
يەيدۇ، ئەمما گۇناھ سېنىڭ ئادەملىرىڭدە بولىدۇ» دەپ پەرياد قىلىشتى. [17] لېكىن ئۇ ئېيتتىكى:
«ھۇرۇن ئىكەنسىلەر، شەكسىز ھۇرۇن بولغىنىڭلار ئۇچۇن: ‹ بىز بېرىپ، خۇداۋەندىگە
قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزگىلى بىزگە ئىجازەت بەرگىن› دەپ ئېيتىسىلەر. [18] ئەمدى بېرىپ،
ئىشىڭلارنى قىلىڭلار. سىلەرگە سامان بېرىلمەيدۇ، لېكىن خىشنىڭ ساننىڭ ھېسابىنى
ئاۋۋالقىدەك بەرمىكىڭلار لازىم بولىدۇ» دېدى.
[19] ھەر كۈنلۈكى قويۇلىدىغان خىشلىرىڭلاردىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدى» دەپ ئېيتىلغىنىدا،
بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەيدەكچىلىرى ئۆزىنىڭ قانداق بىر بالاغا سېپىلىپ قالغىنىنى بىلىشتى.
[20] ئۇلار فىرەۋننىڭ قېشىدىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىدا، ئۇلار بىلەن ئۇچراشماق ئۇچۇن كېلىپ
ئاندا ساقلاپ تۇرغان مۇسا ۋە ھارۇن بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىپ، [21] ئۇلارغا: «سىلەر بىزنى فىرەۋن
بىلەن خىزمەتكارلىرىنىڭ كۆزلىرىدە يامان كۆرسىتىپ، بىزنى ئۆلتۈرگىلى ئۇلارنىڭ قولىغا
قىلىچنى تۇتقۇزغىنىڭلار ئۇچۇن، خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرنى يوقلاپ ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ
ئېيتىشتى.

## خۇدا ئىسرائىلىيلارنى قۇتقۇزۇشقا ۋەدە قىلىدۇ

[22] ئۇ ۋاقىت مۇسا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىغا يېنىپ بېرىپ، ئېيتتىكى: «ئەي خۇداۋەندە، نېمىشقا
بۇ خەلقنى بالاغا سالدىڭ؟ ئۇنداق بولسا، نېمە ئۇچۇن مېنى ئەۋەتتىڭ؟ [23] مەن فىرەۋننىڭ
قېشىغا كېلىپ، سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن سۆز قىلغىنىمدىن تارتىپ، ئۇ ئۆزى بۇ خەلقنىڭ
ئۈستىگە تېخى زىيادە ئازاب قىلغىلى تۇردى. ئەمما سەن بولساڭ ئۆز قوۋمىڭنى ھېچ
قۇتقۇزمىدىڭ» دېدى.

6 [1] لېكىن خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «ئەمدى فىرەۋنگە قىلىدىغىنىمنى كۆرىسەن.
چۈنكى ئۇ بىر كۈچلۈك قولدىن زورلىنىپ، ئۇلارنى كەتكىلى قويۇپ، بىر قۇدرەتلىك
قولنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلارنى ئۆز يۇرتىدىن ھەيدىۋېتىدىغان بولىدۇ» دېدى. [2] ئاندىن كېيىن
خۇدا مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: «مەن خۇداۋەندىدۇرمەن. [3] ئىبراھىم بىلەن ئىسھاق ۋە
ياقۇپقا قادىر-مۇتلەق خۇدادەك كۆرۈندۈم، لېكىن ياھۋەھ دېگەن ئىسمىم بىلەن ئۇلارغا ئاشكارا
بولمىدىم. [4] مەن ئۇلار بىلەن بىر ئەھدە باغلىشىپ: ‹ سىلەر مۇساپىردەك ئولتۇرغان يۇرتنى،
يەنى قانائان يۇرتىنى سىلەرگە بېرىمەن› دەپ ئۇلارغا ۋەدە قىلدىم. [5] ئەمدى بەنى-ئىسرائىلنىڭ:
‹ مىسىرلىقلار بىزنى قۇللۇقتا تۇتىدۇ› دەپ پەرياد قىلغىنىنى ئاڭلاپ، قىلغان ئەھدەمنى ياد
قىلدىم. [6] ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ تەرىپىمدىن بەنى-ئىسرائىلغا سۆز قىلىپ: ‹ مەن خۇداۋەندە
ئۆزۈم سىلەرنى مىسىرلىقلارنىڭ يۈكلىرى ئاستىدىن چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد
قىلىپ، بىلىكىمنى ئۇزىتىپ ئۇلارغا چوڭ بالالار ئەۋەتىپ، سىلەرنى قۇتقۇزىمەن. [7] سىلەرنى ئۆز
قوۋمىم بولۇشقا قوبۇل قىلىپ، ئۆزۈم تەڭرىڭلار بولىمەن. ئۇ ۋاقىت مەن تەڭرىڭلار خۇداۋەندە
بولۇپ، سىلەرنى مىسىرلىقلارنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتقۇزغىنىمنى بىلىسىلەر. [8] مەن قول كۆتۈرۈپ
ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپقا ۋەدە قىلغان يۇرتقا سىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى سىلەرگە مىراس
قىلىپ بېرىمەن، چۈنكى مەن خۇداۋەندىدۇرمەن› دەپ ئېيتتى دېگىن» دېدى. [9] بۇ دېگەنىنىڭ
ھەممىسىنى مۇسا بەنى-ئىسرائىلغا دەپ بەردى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئىشتىن خاپا
بولغاچ، ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىدى.
[10] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [11] «بېرىپ، مىسىرنىڭ پادىشاھى
فىرەۋنگە: ‹ بەنى-ئىسرائىلنى ئۆز يۇرتۇڭدىن چىققىلى قويغىن› دەپ ئېيتقىن» دېدى. [12] لېكىن
مۇسا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا سۆز قىلىپ: «مانا بەنى-ئىسرائىل ماڭا قۇلاق سالمىغان بولسا،
قانداق فىرەۋن ئۆزى مەندەك خەتنىسىز لەۋلىرى بار بىر ئادەمگە قۇلاق سالالايدۇ؟» دېدى.
[13] ئەمما خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆزلەپ: «بەنى-ئىسرائىل مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىلسۇن»
دەپ بەنى-ئىسرائىل بىلەن مىسىرنىڭ پادىشاھى فىرەۋن ئۈچۈن ئۇلارغا ئەمر بەردى.

## رۇبەن، شىمون ۋە لاۋىينىڭ ئەۋلادلىرى

[14] ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىنىڭ باشلىرى شۇ ئىدى. ئىسرائىلنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبەنىنىڭ
ئوغۇللىرى بولسا: خانوق بىلەن پاللۇ، خەزرون بىلەن كارمى ئىدى. بۇلارنىڭ ئۆزى رۇبەنىنىڭ
نەسىللىرى ئىدى.
[15] شىمونىنىڭ ئوغۇللىرى بولسا: يېمۇئەل بىلەن يامىن، ئوھاد بىلەن ياكىن، زوخار بىلەن
قانائانلىق خوتۇننىڭ ئوغلى شائۇل ئىدى. بۇلارنىڭ ئۆزى شىمونىنىڭ نەسىللىرى ئىدى.
[16] لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى نەسەبنامىلىرىگە مۇۋاپىق: گەرشون،
قېھات ۋە مەرارى ئىدى. لاۋىي ئۆزى بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە يىل ئۆمۈر كۆردى.

[17] گەرشوننىڭ ئوغۇللىرى ئۆز نەسىللىرىگە مۇۋاپىق: لىبنى بىلەن شىمېي ئىدى.
[18] قېھاتنىڭ ئوغۇللىرى ئامرام بىلەن يىزھار، خېبرون بىلەن ئۇززىيەل ئىدى. قېھات ئۆزى بىر يۈز ئوتتۇز ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆردى.
[19] مەرارىنىڭ ئوغۇللىرى ماخلى بىلەن مۇشى ئىدى. بۇلار نەسەبنامىلىرىگە مۇۋاپىق لاۋىينىڭ نەسىللىرى ئىدى.

[20] ئامرام بولسا ئۆز ئاتىسىنىڭ ھەمشىرىسى يوكەبەدنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ھارۇن بىلەن مۇسا تۇغۇلدى. ئامرام بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە يىل ئۆمۈر كۆردى.
[21] يىزھارنىڭ ئوغۇللىرى قوراھ، نېفەگ ۋە زىكرى ئىدى.
[22] ئۇززىيەلنىڭ ئوغۇللىرى مىشائەل، ئېلزافان ۋە سىترى ئىدى.
[23] ھارۇن بولسا ناھشوننىڭ ھەمشىرىسىنى، يەنى ئامىنادابنىڭ قىزى بولغان ئېلىشېبانى خوتۇنلۇققا ئالدى. شۇ ئۆزى ئۇنىڭغا ناداب بىلەن ئابىھۇ، ئېلىئازار بىلەن ئىتامارنى تۇغۇپ بەردى.
[24] قوراھنىڭ ئوغۇللىرى ئاسسىر، ئەلقانا ۋە ئابىياساف ئىدى. بۇلار ئۆزى قوراھىيلارنىڭ نەسىللىرى ئىدى.

[25] ھارۇننىڭ ئوغلى ئېلىئازار ئۆزى پۇتىيەلنىڭ قىزلىرىنىڭ بىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭغا پىنىخاس تۇغۇلدى. بۇلار ئۆزى ئۆز نەسىللىرىگە مۇۋاپىق لاۋىيلارنىڭ خانىدانلىرىنىڭ باشلىرى ئىدى.

[26] «بەنى-ئىسرائىلنى ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىغا مۇۋاپىق مىسىردىن چىقىرىڭلار» دەپ
خۇداۋەندىدىن ئەمر تاپقان ھارۇن بىلەن مۇسا مەزكۇر كىشىلەر بولۇپ، [27] مىسىرنىڭ پادىشاھى
فىرەۋنگە سۆز قىلىپ: «بەنى-ئىسرائىلنى مىسىردىن چىقىرىمىز» دەپ ئېيتقان كىشىلەرنىڭ
ئۆزى بۇلار ئىدى. [28] خۇداۋەندە مىسىرنىڭ يۇرتىدا مۇساغا سۆز قىلغىنىدا، [29] ئۇ مۇسانىڭ
ئۆزىگە: «مەن خۇداۋەندىدۇرمەن. ساڭا ئېيتىدىغىنىمنىڭ ھەممىسىنى مىسىرنىڭ پادىشاھى
فىرەۋنگە دەپ بەرگىن» دەپ ئېيتتى. [30] لېكىن مۇسا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئېيتتىكى: «ئايا
مەندەك لەۋلىرى خەتنىسىز بىر كىشىگە فىرەۋننىڭ ئۆزى قانداقمۇ قۇلاق سالسۇن؟» دېدى.

## مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ يەنە فىرەۋننىڭ ئالدىغا بېرىشى

7 [1] لېكىن خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «مانا مەن سېنى فىرەۋنگە تەڭرى قىلىپ قويدۇم.
بۇرادىرىڭ ھارۇن بولسا سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ بولسۇن. [2] مەن ساڭا بۇيرۇغىنىمنىڭ

ھەممىسىنى دەپ بەرگەيسەن. ئاندىن كېيىن بۇرادىرىڭ ھارۇن ئۆزى فىرەۋنگە ئۇنىڭ بەنى-
ئىسرائىلنى قويۇپ بېرىدىغىنى توغرىسىدا سۆز قىلسۇن. [3] لېكىن مەن فىرەۋنىنىڭ كۆڭلىنى
قاتتىق قىلىپ، مىسىر يۇرتىدا تولا ئالامەت بىلەن مۆجىزىلەر كۆرسىتىمەن. [4] شۇنداق بولسىمۇ،
فىرەۋن سىلەرگە قۇلاق سالمايدۇ. ئەمما مەن مىسىرنىڭ ئۈستىگە قولۇمنى ئۇزىتىپ، چوڭ
بالالار ئەۋەتىپ، قوشۇنلىرىم بولغان ئۆز قوۋمىم بەنى-ئىسرائىلنى يۇرتىدىن چىقىرىمەن. [5] ئۆز
قولۇمنى مىسىرنىڭ ئۈستىگە ئۇزىتىپ، بەنى-ئىسرائىلنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقارغىنىمدا
مىسىرلىقلار مېنىڭ خۇداۋەندە ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ.
[6] مۇسا بىلەن ھارۇن شۇنداق قىلىپ، خۇداۋەندە ئۇلارغا بۇيرۇغاندەك ئەمەل قىلدى. [7] فىرەۋن
بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقىتتا مۇسا سەكسەن ياشتا بولۇپ، ھارۇن سەكسەن ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى.
[8] خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [9] «فىرەۋن سىلەرگە سۆز قىلىپ: ‹ بىر
مۆجىزە كۆرسىتىڭلار› دېسە، سەن ھارۇنغا: ‹ ھاساڭنى ئېلىپ، فىرەۋنىنىڭ ئالدىغا تاشلىغىن›
دەپ ئېيتقىن. شۇنداق قىلمىقىڭلار بىلەن ھاسىنىڭ ئۆزى بىر يىلان بولىدۇ» دېدى. [10] شۇنى
ئاڭلاپ، مۇسا بىلەن ھارۇن فىرەۋنىنىڭ قېشىغا بېرىپ، خۇداۋەندە بۇيۇرغاندەك قىلىپ، ھارۇن
ئۆز ھاسىسىنى فىرەۋن بىلەن خىزمەتكارلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلىسا، ئۇ ئۆزى بىر يىلان بولۇپ
قالدى. [11] ئۇ ۋاقىت فىرەۋن ئۆزى دانىشمەن بىلەن جادۇگەرلەرنى قىچقارتىپ كەلتۈردى.
مىسىرنىڭ جادۇگەرلىرىمۇ ئۆز جادۇسى بىلەن شۇنداق قىلىپ، [12] ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز
ھاسىسىنى تاشلىغىنىدا بۇلار يىلان بولدى. لېكىن ھارۇنىنىڭ ھاسىسى ئۇلارنىڭ ھاسىلىرىنى
يۇتۇپ كەتتى. [13] ئەمما فىرەۋنىنىڭ كۆڭلى قېتىپ قېلىپ، ئۇ خۇداۋەندە ئېيتقاندەك ئۇلارغا
قۇلاق سالمىدى.

## توققۇزتا بالا

[14] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «فىرەۋنىنىڭ كۆڭلى قېتىپ قالغىنى ئۈچۈن
قوۋمنى قويۇپ بەرمەيدۇ. [15] ئەمدى سەن ئەتە سەھەر فىرەۋن دەرياغا چىققىنىدا ئۇنىڭ قېشىغا
بېرىپ، ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ، نىل دەرياسىنىڭ لېۋىدە تۇرۇپ، ئىلگىرى يىلان بولغان
ھاسىنى قولۇڭدا تۇتۇپ تۇرۇپ، [16] ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى: ‹ ئىبرانىيلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە
ئۆزى مېنى سېنىڭ قېشىڭغا ئەۋەتىپ: «ئۇلار چۆلدە ماڭا ئىبادەت قىلمىقى ئۈچۈن قوۋمىمنى
قويۇپ بەرگىن» دەپ ئېيتقۇزدى. لېكىن مانا، بۇ ۋاقىتقىچە ئاڭلىمىدىڭ. [17] ئۇنىڭ ئۈچۈن
خۇداۋەندە تەرىپىدىن كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خۇداۋەندە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئالامىتى
شۇ بولىدۇكى، مەن قولۇمدىكى ھاسا بىلەن نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئۇرسام، بۇ سۇنىڭ ئۆزى
قانغا ئايلىنىدۇ. [18] دەريانىڭ بېلىقلىرى بولسا ئۆلۈپ كېتىپ، دەريانىڭ سۈيىنىڭ ئۆزى سېسىپ
كېتىپ، مىسىرلىقلارنىڭ كۆڭلىمۇ ئاينىپ قېلىپ، ئۇلار دەريانىڭ سۈيىدىن ئىچەلمەيدىغان
بولىدۇ› دەپ ئېيتقىن» دېدى. [19] شۇنى دەپ، خۇداۋەندە مۇساغا يەنە ئېيتتىكى: «سەن ھارۇنغا:

‹ ئۆز ھاساڭنى ئېلىپ، مىسىرلىقلارنىڭ سۇلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۇزىتىپ، ئېقىن بىلەن ئۆستەڭلىرى، كۆل بىلەن تۇرغۇن سۇلىرىنىڭ ئۈستىگە شىلتىغىن. شۇنداق قىلساڭ، ئۇلار قانغا ئايلىنىپ، پۈتۈن مىسىر يۇرتىدىكى ياغاچ بىلەن تاش قاچىلىرىنىڭ سۈيى ھەم قانغا ئايلىنىدۇ› دەپ ئېيتقىن» دېدى.
[20] مۇسا بىلەن ھارۇن خۇداۋەندە بۇيرۇغاندەك قىلىپ، ھارۇن ئۆزى فىرەۋن بىلەن خىزمەتكارلىرىنىڭ ئالدىدا ھاسىنى كۆتۈرۈپ، نىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئۇرغىنىدا دەريانىڭ ھەممە سۈيى قانغا ئايلىنىپ كەتتى. [21] دەريانىڭ بېلىقلىرى بولسا ئۆلۈپ كېتىپ، دەريانىڭ سۈيى بولسا سېسىپ كېتىپ، مىسىرلىقلار دەريانىڭ سۈيىدىن ئىچەلمەيدىغان بولۇپ، مىسىرنىڭ پۈتۈن يۇرتى قاندىن تولدى. [22] لېكىن مىسىرلىق جادۇگەرلەر ئۆز جادۇسى بىلەن ھەم شۇنداق قىلدى. بۇ سەۋەبتىن فىرەۋننىڭ كۆڭلى قېتىپ قېلىپ، خۇداۋەندە ئېيتقاندەك ئۇلارغا قۇلاق سالمىدى. [23] بەلكى فىرەۋن ئۆيىگە يېنىپ كېتىپ، بۇنىڭغا ھېچ كۆڭۈل قويمىدى.
[24] دەريانىڭ سۈيىنى ئىچەلمىگىنى ئۈچۈن، مىسىرلىقلارنىڭ ھەممىسى نىل دەرياسىنىڭ چۆرىسىدە ئىچىدىغان سۇ ئۈچۈن قۇدۇق كولىدى. [25] خۇداۋەندە نىل دەرياسىنى ئۇرغاندىن تارتىپ يەتتە كۈن بۇ تەرىقىدە ئۆتتى.

[26] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «فىرەۋننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى: ‹ ماڭا ئىبادەت قىلماق ئۈچۈن ئۆز قوۋمىمنى قويۇپ بەرگىن› دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ. [27] لېكىن ئۇلارنى قويۇپ بەرمىسەڭ، پاقا ئەۋەتىپ، يۇرتۇڭنى ئۇرىمەن. [28] نىل دەرياسىدا نۇرغۇن پاقا پەيدا بولۇپ چىقىپ، سېنىڭ ھويلاڭغا داخىل بولۇپ، ياتماق ھۇجراڭغا كىرىپ، ئورنۇڭغا چىقىۋېلىپ، خىزمەتكارلىرىڭنىڭ ئۆيلىرىگە ھەم بېسىپ، خەلقىڭنى خاپا قىلىپ، تونۇر بىلەن خېمىر كاساڭلىرىڭغا يامىشىپ كىرىۋالىدۇ. [29] ئۆزۈڭ بىلەن خەلقىڭگە ۋە ھەممە خىزمەتكارلىرىڭنىڭ ئۈستىگە پاقىلار ھۇجۇم قىلىپ چىقىۋالىدۇ› دېگىن» دېدى.

8 [1] خۇداۋەندە مۇساغا يەنە ئېيتتىكى: «سەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ: ‹ پاقىلار مىسىر يۇرتىنىڭ ئۈستىگە چىقماق ئۈچۈن ئۆز قولۇڭنى ئۇزىتىپ، ھاساڭنى ئېقىن بىلەن ئۆستەڭلەر ۋە كۆللەرنىڭ ئۈستىگە شىلتىغىن› دەپ ئېيتقىن» دېدى. [2] ئۇ ۋاقىت ھارۇن ئۆز قولىنى مىسىر يۇرتىنىڭ سۈيىنىڭ ئۈستىگە ئۇزاتتى. شۇنداق قىلسا، پاقىلار چىقىپ مىسىر يۇرتىنى باستى. [3] لېكىن جادۇگەرلەر ھەم ئۆز جادۇسى بىلەن شۇنداق قىلسا، پاقىلار چىقىپ، مىسىر يۇرتىنى بېسىۋالدى. [4] ئۇ ۋاقىت فىرەۋن ئۆزى مۇسا بىلەن ھارۇننى قىچقارتىپ: «پاقىلارنى مەن بىلەن خەلقىمدىن چىقارماق ئۈچۈن خۇداۋەندىگە دۇئا قىلىڭلار. شۇنداق بولسا، خۇداۋەندىگە قۇربانلىق قىلسۇن دەپ، خەلقنى قويۇپ بېرىمەن» دەپ ئېيتتى. [5] مۇسا فىرەۋنگە ئېيتتىكى:

«يالغۇز نىل دەرياسىدا پاقىلار قېلىپ، ئۆزۈڭ بىلەن ئۆيلىرىڭدىن كەتسۇن دەپ، سەن بىلەن
خىزمەتكارلىرىڭ ۋە خەلقىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان ۋاقىتمنى تەيىنلىسەڭ بولىدۇ» دېدى. [6]
ئۇ ئۆزى: «ئەتىگىچە بولسۇن» دەپ جاۋاب بەردى. مۇسا ئېيتتىكى: «تەڭرىمىز خۇداۋەندىگە
ئوخشاش ھېچكىم بولمىغىنىنى بىلگەيسەن دەپ، سېنىڭ ئېيتقىنىڭدەك بولسۇن. [7] پاقىلار
بولسا سەن بىلەن ئۆيلىرىڭدىن، خىزمەتكارلىرىڭ بىلەن خەلقىڭدىن چىقىپ كېتىپ، يالغۇز
نىل دەرياسىدا قالىدۇ». [8] شۇنى دەپ، مۇسا بىلەن ھارۇن فىرەۋننىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتتى.
ئەمما مۇسا ئۆزى فىرەۋننىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىلگەن پاقىلار توغرىسىدىن خۇداۋەندىگە پەرياد
قىلدى. [9] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە مۇسانىڭ تىلىگىنىدەك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پاقىلار ئۆلۈپ،
ئۆي، ھويلا ۋە ئېتىزلاردىن يوق بولۇپ كەتتى. [10] خەلق ئۇلارنى يىغىپ دۆۋە-دۆۋە قىلىپ،
پۈتۈن يۇرت سېسىقچىلىقتىن تولدى. [11] لېكىن فىرەۋن ئاسايىشلىق بولغىنىنى كۆرگەندە ئۆز
كۆڭلىنى قاتۇرۇپ، خۇداۋەندە ئېيتقىنىدەك ئۇلارغا قۇلاق سالمىدى.

[12] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «سەن ھارۇنغا: ‹ ھاساڭنى ئۇزىتىپ يەرنىڭ
توپىسىنى ئۇرغىن. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مىسىر يۇرتى پاشىدىن تولىدۇ› دەپ ئېيتقىن» دېدى.
[13] ئۇلار شۇنداق قىلدى. ھارۇن ئۆز قولىنى ئۇزىتىپ ھاسىسى بىلەن يەرنىڭ توپىسىنى ئۇرسا،
ئادەم بىلەن ھايۋانلارنى پاشا بېسىپ كېتىپ، پۈتۈن مىسىر يۇرتىدىكى ھەممە يەرنىڭ توپىسى
پاشا بولۇپ قالدى. [14] جادۇگەرلەر ئۆز جادۇسى بىلەن پاشا پەيدا قىلغىلى تىرىشسا، ئۇلارنى
پەيدا قىلالمىدى. پاشىلار بولسا، ھەم ئادەملەرگە، ھەم ھايۋانلارغا يامىشىپ تۇرغانىدى. [15] ئۇ
ۋاقىت جادۇگەرلەر فىرەۋنگە: «بۇ ئۆزى خۇدانىڭ بارمىقىنىڭ قىلغىنى» دەپ ئېيتتى. لېكىن
فىرەۋن ئۆز كۆڭلىنى قاتۇرۇپ، خۇداۋەندە ئېيتقىنىدەك ئۇلارغا قۇلاق سالمىدى.

[16] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «ئەتە سەھەر قوپۇپ، فىرەۋن دەرياغا چىققىنىدا
ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا: ‹ خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: «ماڭا ئىبادەت قىلماق
ئۈچۈن ئۆز قوۋمىمنى قويۇپ بەرگىن. [17] ئەگەر قوۋمىمنى قويۇپ بەرمىسەڭ، مانا ئۆزۈڭ بىلەن
خىزمەتكارلىرىڭ، خەلقىڭ بىلەن ئۆيلىرىڭگە چىۋىن قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىمەن. شۇنداقكى،
مىسىرلىقلارنىڭ ئۆيلىرى بىلەن ئۇلار تۇرغان زېمىنىنىڭ ئۆزى چىۋىن قوشۇنلىرىدىن تولۇپ
قالىدۇ. [18] لېكىن ئۇ كۈندە ئۆز قوۋمىم ئولتۇراقلىق گوشەن يۇرتىنى ئايرىپ قويىمەن.
شۇنداقكى، ئاندا چىۋىن قوشۇنلىرى تېپىلمايدۇ. ئۇ ۋاقىت بىلىسەنكى، يالغۇز مەن بۇ
يۇرتتا خۇداۋەندىدۇرمەن. [19] بۇ تەرىقىدە ئۆز قوۋمىمنى سېنىڭ خەلقىڭدىن پەرق ئېتىمەن.
بۇ ئالامەتنىڭ ئۆزى ئەتە ۋەقە بولىدۇ» دېدى› دەپ ئېيتقىن» دېدى. [20] خۇداۋەندە مۇنداق
قىلغاندا، فىرەۋن بىلەن خىزمەتكارلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە چىۋىن قوشۇنلىرى كىرىۋېلىپ، پۈتۈن
مىسىر يۇرتى چىۋىن قوشۇنلىرىدىن خاراب بولدى. [21] ئۇ ۋاقىت فىرەۋن ئۆزى مۇسا بىلەن
ھارۇننى قىچقارتىپ كېلىپ ئۇلارغا: «بېرىپ، شۇ يۇرتتا خۇدايىڭلارغا قۇربانلىق ئۆتكۈزۈڭلار»

دېدى. [22] لېكىن مۇسا جاۋاب بەردىكى: «بىزگە شۇنداق قىلغىلى ئوبدان كەلمەيدۇ. بىز بولساق
تەڭرىمىز خۇداۋەندە ئۈچۈن مىسىرلىقلارنىڭ ئۆزى يامان كۆرگەن نەرسىنى ئۆتكۈزگىلى
خالايمىز. ئەمدى ئەگەر بىز مىسىرلىقلارنىڭ كۆز ئالدىدا يامان كۆرۈنگەن نەرسىنى قۇربانلىق
قىلساق، ئۇلار بىزنى چالما-كېسەك قىلىشۋەتمەمدۇ؟ [23] بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۈچ كۈنلۈك يول
چۆل ئىچىگە يىراق بېرىپ، تەڭرىمىز خۇداۋەندە بىزگە بۇيرۇغىنىدەك ئۇنىڭغا قۇربانلىق
ئۆتكۈزگىلى خالايمىز» دېدى. [24] فىرەۋن ئېيتتىكى: «سىلەرنى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۈچۈن
چۆلدە قۇربانلىق ئۆتكۈزگىلى بارغىلى قويىمەن. لېكىن بەك يىراق كېتىپ قالماي، مەن ئۈچۈن
دۇئا قىلىڭلار» دېدى. [25] مۇسا جاۋاب بەردىكى: «مانا مەن سېنىڭ قېشىڭدىن چىققىنىمدا: ‹
ئەتە چىۋىن قوشۇنلىرى فىرەۋن بىلەن خىزمەتكارلىرى ۋە خەلقىدىن چىقىپ كەتسۇن› دەپ
خۇداۋەندىدىن تىلەيمەن. لېكىن فىرەۋن بولسا يەنە مىكىر قىلىپ خەلقنى خۇداۋەندىگە
قۇربانلىق قىلغىلى بېرىشتىن توسمىسۇن» دەپ [26] مۇسا فىرەۋندىن كېتىپ، خۇداۋەندىگە
دۇئا قىلدى. [27] خۇداۋەندە ئۆزى مۇسا تىلىگىنىدەك قىلىپ، فىرەۋن بىلەن خىزمەتكارلىرى
ۋە خەلقتىن چىۋىن قوشۇنلىرىنى چىقىرىۋەتتى. شۇنداقكى، بىر چىۋىنمۇ قالمىدى. [28] لېكىن
فىرەۋن بۇ نۆۋەت ھەم ئۆز كۆڭلىنى قاتۇرۇپ قوۋمنى قويۇپ بەرمىدى.

9 [1] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «فىرەۋننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا
سۆزلەپ: ‹ ئىبرانىيلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ماڭا ئىبادەت قىلماق
ئۈچۈن ئۆز قوۋمىمنى قويۇپ بەرگىن. [2] ئەگەر ئۇلارنى قويۇپ بەرمەي تۇتۇپ تۇرساڭ، [3] مانا،
خۇداۋەندىنىڭ قولى ئېتىزلىقتىكى چارۋا ماللارنىڭ ئۈستىگە، يەنى ئات، ئېشەك، تۆگە، كالا ۋە
قويلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، قاتتىق ۋابا كەلتۈرىدۇ. [4] شۇنداق قىلىپ، خۇداۋەندە ئىسرائىلنىڭ
چارۋىلىرىنى مىسىرلىقلارنىڭ چارۋىلىرىدىن پەرق ئېتىدۇ. بۇ تەرىقىدە ئىسرائىلنىڭ چارۋىلىرىدىن
ھېچبىرى ئۆلمەيدۇ› دېگىن» دەپ ئېيتىپ، [5] خۇداۋەندە بىر ۋاقىتنى توختىتىپ: «ئەتە خۇداۋەندە
بۇ يۇرتتا مۇنداق قىلىدۇ» دەپ ئېيتتى. [6] ئەتىسى خۇداۋەندە شۇنداق قىلسا، مىسىرلىقلارنىڭ
ھەممە چارۋىلىرى ئۆلۈپ كەتتى، لېكىن بەنى-ئىسرائىلنىڭ چارۋىلىرىدىن بىرسىمۇ ئۆلمىدى.
[7] فىرەۋن ئۆزى كىشى ئەۋەتىپ مەلۇم قىلدۇرسا، مانا ئىسرائىلنىڭ چارۋىلىرىدىن ھېچبىرى
ئۆلمىگەن ئىكەن. لېكىن فىرەۋننىڭ كۆڭلى قېتىپ قېلىپ، قوۋمنى قويۇپ بەرمىدى.
[8] ئاندىن خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇنغا ئېيتتىكى: «خۇمداننىڭ كۈلىدىن سىقىم-سىقىم
ئېلىڭلار. ئاندىن كېيىن مۇسا ئۇنى فىرەۋننىڭ كۆز ئالدىدا ئاسمان تەرەپكە چاچسۇن.
[9] شۇنداق قىلمىقى بىلەن پۈتۈن مىسىرنىڭ يۇرتىدا غۇبار ئۆرلەپ، بۇنىڭدىن پۈتۈن مىسىر
يۇرتىدىكى ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ بەدىنىگە ھۆررەك-ھۆررەك چىقىپ يىرىڭلىق چاقا
چىقىپ قالىدۇ» دېدى. [10] ئۇ ۋاقىت ئۇلار خۇمداندىن كۈل ئېلىپ، فىرەۋننىڭ قېشىغا
بېرىپ توختاپ تۇرۇپ، مۇسا ئۇنى ئاسمان تەرىپىگە چاچقىنىدا ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ

بەدىنىگە ھۆررەك-ھۆررەك چىقىپ يىرىڭلىق چاقا چىقىپ قالدى. [11] جادۇگەرلەر بولسا
چاقىنىڭ دەستىدىن مۇسانىڭ ئالدىدا توختىيالماي قالدى. چۈنكى باشقا مىسىرلىقلارغا
چىققاندەك جادۇگەرلەرنىڭ بەدىنىگە ھەم چاقا چىقىپ قالغانىدى. [12] لېكىن خۇداۋەندە
فىرەۋننىڭ كۆڭلىنى قاتۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن، خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتقىنىدەك ئۇلارغا
قۇلاق سالمىدى.

[13] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «ئەتە سەھەر قوپۇپ بېرىپ فىرەۋننىڭ ئالدىدا
تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى: ‹ ئىبرانىيلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: «ماڭا
ئىبادەت قىلماق ئۈچۈن قوۋمىمنى قويۇپ بەرگىن. [14] بولمىسا ئەمدى بۇ نۆۋەت ھەممە بالالىرىمنى
ئۆزۈڭ بىلەن خىزمەتكارلىرىڭ ۋە خەلقىڭنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يەر
يۈزىدە مەندەك ھېچكىم بولمىغىنىنى بىلىسەن. [15] چۈنكى مەن ئۆز قولۇمنى ئۇزىتىپ ئۆزۈڭ
بىلەن قوۋمىڭنى ۋابا بىلەن ئۇرغان بولسام ئىدى، بۇ ۋاقىتقىچە سەن يەر يۈزىدىن يوق بولۇپ
كېتەتتىڭ. [16] لېكىن ئۆز قۇدرىتىمنى ساڭا كۆرسىتىپ، ئىسمىمنى پۈتۈن يەر يۈزىدە مەشھۇر
قىلماق ئۈچۈن سېنى ئاياپ قويدۇم. [17] تېخى ھەم سەن قوۋمىمغا چوڭلۇق قىلىپ، ئۇلارنى
قويۇپ بەرمەيسەن. [18] مانا ئەتە بۇ ۋاقىت بىلەن مىسىر يۇرتى بىنا بولغاندىن تارتىپ ئەمدىگىچە
ھېچ ياغمىغان بىر قاتتىق مۆلدۈر ياغدۇرىمەن. [19] ئۇنىڭ ئۈچۈن كىشى ئەۋەتىپ، ھايۋان
بىلەن ئېتىزدا بار ھەممە ماللىرىڭنى يىغىپ ئىچكىرى سولىغىن. چۈنكى ئۆيگە يىغىلماي
تاشقىرى يەردە قالغان ئادەم بىلەن ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى مۆلدۈرنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ
قالىدۇ» دەيدۇ› دەپ ئېيتقىن» دېدى. [20] بۇنى ئاڭلاپ، فىرەۋننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئىچىدىن
خۇداۋەندىنىڭ سۆزىدىن قورققان ھەر كىشى ئۆز خىزمەتكار بىلەن ماللىرىنى قاچۇرۇپ
ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەلدى. [21] لېكىن كىمكى خۇداۋەندىنىڭ سۆزىدىن قورقمىغان بولسا، ئۆز
خىزمەتكار بىلەن ماللىرىنى تاشقىرىدا قويۇپ قويدى. [22] خۇداۋەندە مۇساغا: «مىسىردىكى
ئادەم بىلەن ماللارنىڭ ئۈستىگە ۋە ئېتىزدىكى ھەممە كۆكتاتنىڭ ئۈستىگە مۆلدۈر ياغسۇن
دەپ، ئاسمان تەرىپىگە قولۇڭنى كۆتۈرگىن» دېدى. [23] ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆز ھاسىسىنى ئاسمان
تەرىپىگە كۆتۈردى. مۇنداق قىلسا، خۇداۋەندە ھاۋانى گۈلدۈرلىتىپ مۆلدۈر ياغدۇرۇپ، يەرگە
ئوت چاقتۇرغىلى تۇردى. بۇ تەرىقىدە خۇداۋەندە مىسىر يۇرتىغا مۆلدۈر ياغدۇردى. [24] دەرۋەقە
مۆلدۈر يېغىپ تۇرۇپ، ئوت مۆلدۈر ئارىسىدا چېقىپ، مىسىر يۇرتى ئاۋات بولغاندىن تارتىپ
ئاندا ئۇنداق قاتتىق مۆلدۈر يېغىشى ھېچ بولغان ئەمەس ئىدى. [25] مۆلدۈر بولسا پۈتۈن
مىسىر يۇرتىدا يېغىپ، يەردىكى خاھى ئىنسان بولسۇن، خاھى ھايۋان بولسۇن، ھەممىسىنى
ئۇرۇۋەتتى. مۆلدۈر يەرنىڭ ھەممە كۆك دېتىنى چۈشۈرۈپ، يەرنىڭ ھەممە دەرەخلىرىنى ئۇرۇپ
سۇندۇردى. [26] يالغۇز بەنى-ئىسرائىل ئولتۇراقلىق گوشەن يۇرتىدا مۆلدۈر ياغمىغانىدى.
[27] ئۇ ۋاقىت فىرەۋن كىشى ئەۋەتىپ، مۇسا بىلەن ھارۇننى قىچقارتىپ، ئۇلارغا ئېيتتىكى:
«مەن ئەمدى گۇناھ قىلدىم. خۇداۋەندە ئۆزى ئادىلدۇر، لېكىن مەن ئۆزۈم بىلەن خەلقىم

ياماندۇرمىز. 28 ئەمدى بولدى. يەنە قاتتىق گۈلدۈرلەش بىلەن مۆلدۈر بولمىسۇن دەپ،
خۇداۋەندىگە يالۋۇرساڭلار، سىلەرنى قويۇپ بېرەي. مۇندا يەنە تۇرمىقىڭلار لازىم كەلمەيدۇ»
دېدى. 29 مۇسا ئۇنىڭغا جاۋاب بەردىكى: «مەن شەھەردىن چىقىپ كەتكەندە خۇداۋەندىنىڭ
تەرىپىگە قوللىرىمنى كۆتۈرەي. بۇنىڭ بىلەن گۈلدۈرلەش ئۆزى تۈگەپ، مۆلدۈر يەنە ياغمايدۇ.
يۇرت ئۆزى خۇداۋەندىنىڭكىدۇر دەپ بىلمىكىڭ ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ. 30 لېكىن سەن ئۆزۈڭ
بىلەن خىزمەتكارلىرىڭ تېخى رەب خۇدادىن قورقمايدىغىنىڭلارنى بىلىمەن» دېدى. 31 زىغىر
بىلەن ئارپا بولسا مۆلدۈردىن ئۇرۇلدى، چۈنكى ئارپا باش چىقىرىپ، زىغىر غۇنچىلىغانىدى.
32 لېكىن بۇغداي بىلەن داغال بۇغداينىڭ ئۆزى ئېگىز ئۆسمىگەچ، ئۇرۇلماي قالدى. 33 ئەمما
مۇسا فىرەۋننىڭ قېشىدىن كېتىپ شەھەردىن چىقىپ، خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىگە قوللىرىنى
كۆتۈردى. شۇنداق قىلسا، گۈلدۈرلەش بىلەن مۆلدۈر توختاپ، يامغۇر يەرگە تامماي قالدى.
34 ئەمما فىرەۋن يامغۇر، مۆلدۈر ۋە گۈلدۈرلەشنىڭ توختىغىنىنى كۆرگەندە، ئۇ ئۆزى بىلەن
خىزمەتكارلىرى گۇناھ قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز كۆڭلىنى قاتتىق قىلدى. 35 بۇ تەرىقىدە فىرەۋننىڭ
كۆڭلى قاتتىق تۇرۇپ، خۇداۋەندە مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقاندەك بەنى-ئىسرائىلنى
قويۇپ بەرمىدى.

10 1 ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «فىرەۋننىڭ قېشىغا بارغىن،
چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇ ئالامەتلەرنى كۆرسەتمىكىم ئۈچۈن فىرەۋن بىلەن
خىزمەتكارلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى قاتۇرۇپ قويدۇم. 2 بۇ تەرىقىدە مەن مىسىرلىقلارنىڭ ئارىسىدا
قىلغان چوڭ ئەمەللىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىمنى سەن
ئوغلۇڭ بىلەن نەۋرەڭگە ئېيتىپ بەرگەيسەن. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ خۇداۋەندە ئىكەنلىكىمنى
بىلىسىلەر» دېدى. 3 ئۇ ۋاقىت مۇسا بىلەن ھارۇن فىرەۋننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا
ئېيتتىكى: «ئىبرانىيلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ قاچانغىچە سەن ماڭا
بويۇن ئېگىشتىن گەدەن تولغايسەن؟ ماڭا ئىبادەت قىلماق ئۈچۈن قوۋمىمنى قويۇپ بەرگىن.
4 ئەگەر سەن قوۋمىمنى قويۇپ بەرمىسەڭ، مانا مەن ئەتە سېنىڭ يۇرتۇڭغا چېكەتكە ئەۋەتىمەن.
5 ئۇلار يەر يۈزىنى زېمىن كۆرۈنمىگۈدەك يېپىۋېلىپ، سىلەرنىڭ مۆلدۈردىن ئېشىپ قالغان
نەرسىلىرىڭلارنى يەپ كېتىپ، سەھرادا ئۈنگەن ھەممە دەرەخلىرىڭلارنى يەپ يالاپ كېتىدۇ.
6 ئۆيلىرىڭ ئۇلار بىلەن تولۇپ خىزمەتكارلىرىڭنىڭ ئۆيلىرى بىلەن ھەممە مىسىرلىقلارنىڭ
ئۆيلىرى ھەم ئۇلاردىن تولۇپ قالىدۇ. شۇنداقكى، ئاتا-بوۋىلىرىڭمۇ يەر يۈزىدە پەيدا بولغاندىن
تارتىپ بۇ ۋاقىتقىچە مۇنداق ۋەقەنى كۆرمىگەن› دەيدۇ» دەپ قويۇپ فىرەۋننىڭ قېشىدىن
يېنىپ كەتتى. 7 لېكىن فىرەۋننىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېيتتىكى: «قاچانغىچە
بۇ كىشى بىزگە بىر تۇزاق بولسۇن؟ ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلماق ئۈچۈن
ئادەملەرنى قويۇپ بەرگىن. مىسىرنىڭ خاراب بولغىنىنى تېخى كۆرمىدىڭمۇ؟» دېدى. 8 ئۇ

ۋاقىت فىرەۋن مۇسا بىلەن ھارۇننى قىچقارتىپ، ئۇلارغا: «تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە ئىبادەت
قىلماق ئۈچۈن بېرىڭلار. لېكىن بارىدىغانلار كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلەي» دەپ ئېيتتى. 9
مۇسا جاۋاب بېرىپ: «ياشلىرىمىز بىلەن قېرى-چۆرىلىرىمىز، ئوغۇل بىلەن قىزلىرىمىز، قوي
بىلەن كالىلىرىمىز، ھەممىمىز قوشۇلۇپ بارىمىز، چۈنكى خۇداۋەندىنىڭ ھېيتىنى تۇتايلى»
دېدى. 10 ئۇ ئۇلارغا ئېيتتىكى: «خۇداۋەندە سىلەر بىلەن بولسۇن دەپ، سىلەرنى بالا-چاقاڭلار
بىلەن قوشۇپ قويۇپ بېرەرمەنمىكىن؟ مانا، سىلەردە يامانلىق بار! 11 يوقسۇ، ھەرگىز شۇنداق
بولمايدۇ! خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلماق ئۈچۈن يالغۇز ئەر-كىشىلەر بارسۇن. سىلەرنىڭ
خاھىشىڭلار شۇ ئەمەسمىدى؟» دەپ ئېيتقىنىدا ئۇلارنى فىرەۋننىڭ قېشىدىن چىقىرىۋەتتى.
12 ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە مۇساغا: «مىسىر يۇرتىنىڭ ئۈستىگە قولۇڭنى ئۇزاتقىن. شۇنداق
قىلساڭ، مىسىر يۇرتىنى چېكەتكىلەر بېسىپ، مۆلدۈردىن ئېشىپ قالغان يۇرتتىكى ھەر خىل
كۆكتاتلارنى يەپ يالاپ كېتىدۇ» دېدى.
13 مۇسا ئۆز ھاسىسىنى مىسىر يۇرتىنىڭ ئۈستىگە ئۇزاتتى. ئۇزاتقىنىدا خۇداۋەندە پۈتۈن
ئۇ كۈن بىلەن كېچىسى يۇرت ئۈستىگە شەرق تەرەپتىن بوران چىقاردى. ئەتىسى يورۇغىلى
تۇرغاندا شەرق بورىنى چېكەتكىلەرنى ئېلىپ كەلدى. 14 چېكەتكىلەر بولسا پۈتۈن مىسىر
يۇرتىدا يېيىلىپ، مىسىر پۈتۈن زېمىنىدا شۇنداق غولداپ كەتتىكى، مۇندىن ئىلگىرى ئۇنداق
تولا چېكەتكە بولمىغانىدى ۋە يا مۇندىن كېيىن بۇنىڭدەك بولمايدۇ. 15 ئۇلار يەر يۈزى قاراڭغۇ
بولۇپ كەتكۈدەك زېمىننى يېپىپ، مۆلدۈردىن ئېشىپ قالغان يۇرتتىكى ھەممە كۆكتات بىلەن
دەرەخلەرنىڭ ھەممە مېۋىسىنى يەپ كەتتى. شۇنداقكى، دەرەخ بىلەن دالىدىكى گىياھلىرىنىڭ
ھېچ كۆكى قالمىدى. 16 ئۇ ۋاقىت فىرەۋن مۇسا بىلەن ھارۇننى قىچقارتىپ ئۇلارغا ئېيتتىكى:
«مەن ھەم تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە، ھەم سىلەرگە گۇناھ قىلدىم. 17 ئەمدى يالغۇز بۇ نۆۋەت مېنىڭ
گۇناھىمدىن ئۆتۈپ، تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدىن: ‹ فىرەۋننى يالغۇز شۇ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغىن› دەپ
تىلەڭلار» دېدى. 18 ئۇ ۋاقىت مۇسا فىرەۋننىڭ قېشىدىن چىقىپ، خۇداۋەندىگە دۇئا قىلدى.
19 دۇئا قىلسا، خۇداۋەندە غەرب تەرەپتىن بىر قاتتىق بوران ئەۋەتتى. شۇ ئۆزى چېكەتكىلەرنى
يىغىپ ئۈچۈرۈپ كېتىپ، قىزىل دېڭىزغا ئېلىپ بېرىپ تاشلىدى. شۇنداقكى، پۈتۈن مىسىر
زېمىنىدا بىر چېكەتكىمۇ قالمىدى. 20 لېكىن خۇداۋەندە فىرەۋننىڭ كۆڭلىنى قاتۇرۇپ قويغىنى
ئۈچۈن بەنى-ئىسرائىلنى قويۇپ بەرمىدى.

21 ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە مۇساغا: «قولۇڭنى ئاسمانغا ئۇزاتقىن. شۇنداق قىلساڭ، سىلاپ
تۇيۇلغۇدەك قاتتىق قاراڭغۇلۇق مىسىر يۇرتىنى باسىدۇ» دېدى. 22 ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆز قولىنى
ئاسمانغا ئۇزاتتى. شۇنى قىلسا، قاتتىق قاراڭغۇلۇق مىسىر يۇرتىنى ئۈچ كۈنگىچىلىك بېسىپ
تۇردى. 23 شۇنداقكى، ئۈچ كۈن داۋامىدا بىرى يەنە بىرىنى كۆرەلمىدى ۋە يا ھېچكىم ئۆز جايىدىن
يۆتكىلەلمىدى. لېكىن بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ئولتۇرغان يەرلىرىدە يورۇقلۇق ئىدى. 24 ئۇ
ۋاقىت فىرەۋن مۇسانى قىچقارتىپ ئېيتتىكى: «كېتىپ، خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلىڭلار. يالغۇز

قوي بىلەن كالالىرىنى ئېلىپ، بالىلىرىڭلار سىلەر بىلەن بارسۇن» دېدى. 25 لېكىن مۇسا ئېيتتىكى:
«تەڭرىمىز خۇداۋەندىگە قۇربانلىق قىلماق ئۈچۈن بىزگە سوْيۇم قۇربانلىق بىلەن كۆيدۈرىدىغان
قۇربانلىق ھايۋانلار بەرمىكىڭ لازىم بولىدۇ. 26 ئۆز مېلىمىز ھەم بىز بىلەن كېتىپ، ھېچبىر
تۇياقمۇ قالمىسۇن. چۈنكى تەڭرىمىز خۇداۋەندىگە قۇربانلىق ئۆتكۈزىدىغىنىمىزنى بۇنىڭدىن
ئېلىپ، ئۇ يەرگە يەتمەستە خۇداۋەندىگە نېمە قۇربانلىق قىلىدىغىنىمىزنى بىلمەيمىز» دېدى.
27 لېكىن خۇداۋەندە فىرەۋننىڭ كۆڭلىنى قاتتۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى قويۇپ بەرگىلى
خالىمىدى. 28 فىرەۋن مۇساغا ئېيتتىكى: «مەندىن كېتىپ، يەنە بىر مەرتىۋە مېنىڭ قېشىمغا
كېلىشتىن ئېھتىيات قىلغىن. چۈنكى مېنىڭ قېشىمغا كەلگەن كۈندە ئۆلتۈرۈلىسەن» دېدى.
29 مۇسا ئېيتتىكى: «راست ئېيتتىڭ، مەن سېنىڭ قېشىڭغا يەنە كەلمەيمەن» دېدى.

11

1 ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «تېخى بىر بالانى فىرەۋن بىلەن
مىسىرنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن. ئاندىن كېيىن ئۇ سىلەرنى بۇ يەردىن كەتكىلى
قويىدۇ، بەلكى سىلەرنى قويۇپ بەرگىنىدە سىلەرنى بۇ يەردىن تامامەن ھەيدىۋېتىدۇ. 2 ئەمدى
سەن خەلققە سۆزلەپ: ‹ ھەربىرىڭلار خاھى ئەر كىشى بولسۇن، خاھى خوتۇن بولسۇن، ئۆز
ھەققەمسايىسىدىن ئالتۇن زىرە-مونچاق بىلەن كۈمۈش زىرە-مونچىقىنى تىلىسۇن› دېگىن»
دېدى. 3 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۆزى خەلققە مىسىرلىقلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىلتىپات تاپتۇردى.
دەرۋەقە مۇسا ئاتالغان زات ئۆزى مىسىر يۇرتىدا، خاھى فىرەۋننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ كۆزىدە
بولسا، خاھى خەلقنىڭ كۆزىدە بولسا، ناھايىتى ئۇلۇغ ئىدى. 4 مۇسا سۆز قىلىپ: «خۇداۋەندە
مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ مەن يېرىم كېچە بىلەن چىقىپ مىسىرنى كېزىپ چىقىمەن. 5 ئۇ ۋاقىت
تەختتە ئولتۇراقلىق فىرەۋننىڭ تۇنجى ئوغلىدىن تارتىپ، يارغۇنچاق تارتىپ تۇرغان دېدەكنىڭ
تۇنجى ئوغلى بىلەن ھەممە چارۋىلارنىڭ تۇنجىلىرىغىچە مىسىرنىڭ ھەممە تۇنجىلىرى ئۆلىدۇ.
6 بۇ سەۋەبتىن پۈتۈن مىسىر يۇرتىدا چوڭ پەرياد چىقىدۇ. شۇنداقكى، ئۇنىڭدەك ئىلگىرى
بولمىغانىدى ۋە يا مۇندىن كېيىنمۇ بولمايدۇ. 7 لېكىن بەنى-ئىسرائىل بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن،
خاھى بىر ئادەمگە، خاھى بىر ھايۋانغا بىر ئىتمۇ قاۋاپ قويمايدۇ. بۇنى كۆرۈپ خۇداۋەندىنىڭ
مىسىرلىق بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق ئەتكىنىنى بىلىسىلەر›. 8 ئۇ ۋاقىت ھەممە
خىزمەتكارلىرىڭ قېشىمغا كېلىپ، ئالدىمدا تەزىم قىلىپ: ‹ ئۆزۈڭ بىلەن ساڭا ئەگەشكەن ھەممە
قوۋم چىقىڭلار› دەپ ئېيتقاندىن كېيىن، چىقىپ كېتىمەن دەيمەن» دەپ چوڭ ئاچچىقى بىلەن
فىرەۋننىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتتى.
9 لېكىن خۇداۋەندە مۇساغا: «مىسىردا مېنىڭ مۆجىزىلىرىم تولا بولمىقى ئۈچۈن، فىرەۋن
سىلەرگە قۇلاق سالمايدۇ» دەپ ئېيتتى. 10 مۇسا بىلەن ھارۇن بولسا ھەممە بۇ مۆجىزىلەرنى
فىرەۋننىڭ ئالدىدا كۆرسىتىپ تۇردى. لېكىن خۇداۋەندە فىرەۋننىڭ كۆڭلىنى قاتتۇرۇپ قويغىنى
ئۈچۈن بەنى-ئىسرائىلنى ئۆز يۇرتىدىن كەتكىلى قويمىدى.

## پاسخا ھېيتى توغرىسىدىكى قائىدىسى

12 [1] خۇداۋەندە مىسىر يۇرتىدا مۇسا بىلەن ھارۇنغا ئېيتتىكى: [2] «بۇ ئاي ئۆزى
ئايلىرىڭلارنىڭ ئاۋۋالقىسى بولۇپ، يىل ئايلىرىنىڭ ئېپتىداسى بولسۇن. [3] ئەمدى
ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتىگە ئېيتىڭلاركى: ‹ بۇ ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى ھەربىر كىشى ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ خاندانلىرى ئۈچۈن توختىتىلغانغا مۇۋاپىق بىر قوزىنى ئالسۇن. شۇنداقكى، ھەر
ئۆيگە بىر قوزا قويۇلسۇن. [4] ئەگەر خاندان ئۆزى بىر قوزىغا زىيادە ئاز كەلسە، ئۆي ئىگىسى
بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ھەقەمسايىسى كىرىشىپ بىر قوزىنى ئالسۇن. شۇنداقكى،
كىشىلەرنىڭ سانىغا مۇۋاپىق ھەربىر كىشىنىڭ يېمىكىنى تەيىنلەپ، قوزىنىڭ ھېسابىنى
قىلىڭلار. [5] سىلەر ئىلغايدىغان قوزىنىڭ ئۆزى قوي ۋە يا ئۆچكىلەردىن خىللىنىپ، بىر ياشقا
كىرىپ ئەيىبسىز بولسۇن. [6] ئەمما ئۇنى بۇ ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنىگىچە ساقلاڭلار. ئۇ
ۋاقىت ئىسرائىلنىڭ جامائىتىنىڭ ھەممە كىشىلىرى جەم بولۇپ ئاخشىمى ئۇنى سويۇپ، [7]
ئۇنىڭ قېنىدىن ئېلىپ، ئۇنى يېگەن ئۆي ئىشىكلىرىنىڭ بېشى بىلەن ئىككى يان ياغىچىغا
سۈركەپ، [8] شۇ كېچىسى گۆشىنى يېسۇن. گۆشنىڭ ئۆزى كاۋاپ قىلىنىپ پېتىر نان بىلەن
ئاچچىق ئوتياشقا قوشۇلۇپ يېيىلسۇن. [9] لېكىن بۇنىڭدىن خام ۋە يا سۇدا پىشۇرغان بىر
نېمىنى يېمەي، بەلكى ئۇنى باش، پۇت ۋە ئىچ قېرىنلىرى بىلەن ئوتتا قورۇپ يەپ، [10] ئۇنىڭ
ھېچنېمىسىنى ئەتىگىچە قويماڭلار. ئەگەر بىر نېمىسى ئەتىگىچە ئېشىپ قالغان بولسا، ئۇنى
ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار. [11] ئۇنى يېگەن ۋاقىتتا بەللىرىڭلارنى باغلاپ ئاياغلىرىڭلارغا
چورۇق كىيىپ، قولۇڭلاردا ھاسا تۇتۇپ، خۇداۋەندىنىڭ پاسخاسى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى
ئالدىراشلىق بىلەن يەڭلار. [12] چۈنكى مەن ئۇ كېچىسى مىسىر يۇرتىنى كېزىپ، ئانداكى
ھەممە تۇنجىلارنى، خاھى ئىنساننىڭكى بولسۇن، خاھى ھايۋاننىڭكى بولسۇن، ئۆلتۈرۈپ
ئۆزۈم خۇداۋەندە بولغاچ، مىسىرنىڭ ھەممە بۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈم قىلىمەن. [13] ئەمما
قان ئۆزى سىلەر ئولتۇرغان ئۆيلەردە سىلەرگە نىجات يەتكۈزىدىغان بەلگە بولسۇن، چۈنكى
قاننى كۆرسەم، سىلەردىن ئۆتۈپ كېتىمەن. بۇ تەرىقىدە مىسىر يۇرتىنى ئۇرغىنىمدا، سىلەرگە
خارابلىق كەلتۈرىدىغان بالا تەگمەيدۇ. [14] ئۇ كۈن بولسا سىلەرگە بىر خاتىرە كۈنى بولۇپ،
ئۇنى خۇداۋەندىنىڭ ھېيتى پەملەپ، نەسلىدىن نەسلىگە بۇ ھېيتنىڭ رەسمىنى تۇتۇڭلار. [15]
يەتتە كۈن پېتىر نان يەپ تۇرۇپ، ئاۋۋالقى كۈندىن تارتىپ ئۆيلىرىڭلاردىن خېمىرتۇرۇچنى
چىقىرىۋېتىڭلار. چۈنكى كىمكى ئاۋۋالقى كۈندىن تارتىپ يەتتىنچى كۈنگىچە ئۆرلىتىلگەن
نان يېسە، بەنى-ئىسرائىلدىن كېسىلسۇن. [16] ئەمما ئاۋۋالقى كۈندە سىلەرنىڭ مۇقەددەس
مەجلىسىڭلار بولۇپ، يەتتىنچى كۈندە ھەم شۇنداق بىر مۇقەددەس مەجلىسىڭلار قۇرۇلسۇن.
بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ھېچ ئىش قىلىنمىغاي، يالغۇز ھەر ئادەم يەيدىغان تائامى توغرىسىدىكى
ئىشنىلا قىلسۇن. [17] مەن شۇ كۈندە قوشۇنلىرىڭلارنى مىسىر يۇرتىدىن چىقارغىنىم ئۈچۈن،

سىلەر پىتىر نان ھېيتىنى تۇتۇپ، نەسىلدىن نەسىلگە ئۇ كۈننىڭ رەسمىنى تۇتۇڭلار. 18
ئاۋۋالقى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئاخشامدىن تارتىپ، شۇ ئاينىڭ يىگىرمە بىرىنچى
كۈنى ئاخشامغىچە پېتىر نان يەڭلار. 19 يەتتە كۈن ئىچىدە ئۆيلىرىڭلاردا ھېچ خېمىرتۇرۇچ
بولمىسۇن. چۈنكى يات كىشى بولسۇن ۋە يا يۇرتلۇق كىشى بولسۇن، ھەركىمكى ئۆرلىگەن
بىر نېمىنى يېسە، ئىسرائىلنىڭ جامائىتىدىن كېسىلسۇن. 20 سىلەر ھېچ ئۆرلىگەن نەرسىنى
يېمەي، قەيەردە ئولتۇرساڭلار پېتىر نان يەڭلار›».

21 مۇسا ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرىنى قىچقىرىپ ئۇلارغا ئېيتتىكى: «بېرىپ،
خانىدانلىرىڭلارغا مۇۋاپىق ئۆزۈڭلار ئۈچۈن بىر قوزىنى ئېلىپ، پاسخا قوزىسىنى سويۇڭلار.
22 ئاندىن بىر تۇتام زۇپانى ئېلىپ، ئۇنى قاچىدىكى قانغا تۆگۈرۈپ، قاچىنىڭ قېنىنى ئىشىكنىڭ
بېشى بىلەن ئىككى يان ياغىچىغا سۈركەڭلار. ئەمما سىلەردىن ھېچبىرى ئەتىگىچە ئۆز ئۆي
ئىشىكىدىن چىقمىسۇن. 23 چۈنكى خۇداۋەندە مىسىرنى ئۇرماق ئۈچۈن كېزىپ ئۆتىدىغان
بولىدۇ. لېكىن ئىشىكنىڭ بېشى بىلەن يان ياغىچىدىكى قاننى كۆرۈپ، خۇداۋەندە ئۆتۈپ
كېتىپ، خاراب قىلغۇچىنى ئۆيلىرىڭلارغا كىرىپ، سىلەرنى ئۇرغىلى قويمايدۇ. 24 سىلەرگە
بۇ رەسمىنى ئۆزۈڭلار بىلەن بالىلىرىڭلار ئۈچۈن ئەبەدكىچە بىر قائىدىدەك تۇتمىقىڭلار لازىم
بولۇپ، 25 خۇداۋەندە ئۆز ۋەدىسىگە مۇۋاپىق سىلەرگە بېرىدىغان يۇرتقا كىرگىنىڭلاردا بۇ
ئىبادەتنى قىلىپ، 26 بالىلىرىڭلار سىلەردىن: ‹ بۇ ئىبادىتىڭلار نېمە ئىكەن؟› دەپ سورىسا:
27 ‹ مىسىرنى ئۇرغىنىدا بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزنى ئاياپ، مىسىردا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۆيلىرىدىن
ئۆتۈپ كەتكەن خۇداۋەندىگە بىر پاسخا قۇربانلىقى بولىدۇ› دەپ ئېيتىڭلار». شۇنى دېگەندە
خەلق ئېگىلىشىپ سەجدە قىلدى. 28 ئاندىن بەنى-ئىسرائىل بېرىپ، خۇداۋەندە ئۆزى مۇسا
بىلەن ھارۇنغا بۇيرۇغىنىدەك ئىشلەپ، شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئىش قىلدى.

## ئونىنچى بالا

29 ئەمما يېرىم كېچىسى خۇداۋەندە تەختتە ئولتۇراقلىق فىرەۋننىڭ تۇنجىسىدىن تارتىپ،
زىنداندا ئولتۇراقلىق مەھبۇسنىڭ تۇنجىسىغىچە، مىسىر يۇرتىدىكى ھەممە تۇنجىلارنى
ئۇرۇپ، مالدىن ئاۋۋالقى تۇغۇلغان ھەممىسىنىمۇ ئۆلتۈردى.
30 بۇنىڭ ئۈچۈن فىرەۋن بىلەن ھەممە خىزمەتكارلىرى ۋە مىسىرلىقلارنىڭ ھەممىسى كېچىدە
قوپۇپ، كىشى ئۆلمىگەن ھېچ ئۆي قالمىغاچ، مىسىردا چوڭ بىر پەرياد چىقتى. 31 ئۇ ۋاقىت
فىرەۋن كېچىسى مۇسا بىلەن ھارۇننى قىچقارتىپ ئېيتتىكى: «سىلەر ئۆزۈڭلار بەنى-
ئىسرائىل بىلەن بىللە مېنىڭ خەلقىمنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۆزۈڭلار ئېيتقانىدەك
بېرىپ، خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلىپ، 32 دېگىنىڭلاردەك قوي بىلەن كالىلىرىڭلارنى ئالغاچ،
كېتىپ ماڭا دۇئايىخەير ئوقۇڭلار» دېدى. 33 ئۇ ۋاقىت مىسىرلىقلار قوۋمنى يۇرتتىن ئىتتىك

چىقارماق ئۈچۈن ئۇلارنى قىستاپ: «ھەممىمىز ئۆلمىسەك بولىدۇ» دەپ ئېيتىشتى. [34] ئەمما خەلق بولسا خېمىرى ئۆرلىمەستە ئۇنى ئېلىۋېلىپ، خېمىر كاساڭلىرىنى كىيىملىرىدە يۆگەپ، مۈرىلىرىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ كەتتى. [35] بەنى-ئىسرائىل ئۆزى مۇسا بۇيرۇغاندەك قىلىپ، مىسىرلىقلاردىن كۈمۈش بىلەن ئالتۇن مونچاقلىرى ۋە ئېگىن تىلىگەنىدى. [36] خۇداۋەندە ئۆزى قوۋمغا مىسىرلىقلارنىڭ كۆزلىرىدە ئىلتىپات تاپتۇرغىنى ئۈچۈن بۇلار ئۇلارنىڭ ئۆزىگە سورىغىنىنچە بەردى. بۇ تەرىقىدە ئۇلار مىسىرلىقلاردىن ئولجا ئالغانىدى.

[37] ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۆزى، باللاردىن باشقا، ئالتە يۈز مىڭچە ئادەم بولۇپ، رامسەستىن چىقىپ سۇككوتكىچە پىيادە باردى. [38] ئارىلاش گۇرۇھ ئۇلارغا ھەم قوشۇلۇپ، ناھايىتى تولا قوي، كالا ۋە مال ئۇلار بىلەن بىللە چىقتى. [39] مىسىردىن ئالغاچ چىققان خېمىردىن ئۇلار پېتىر نان ئېتىپ قويدى. چۈنكى ئۇلار مىسىردا ھايال بولالماي، ھەيدەلگىنى ئۈچۈن خېمىر ئۆرلىمىگەنىدى. ئۇلار ھەم ئۆزى ئۈچۈن يول تائامىنى تەييار قىلالمىغانىدى. [40] بەنى-ئىسرائىل مىسىردا ئولتۇرغان ۋاقىت ئۆزى تۆت يۈز ئوتتۇز يىل ئىدى. [41] ئەمما بۇ تۆت يۈز ئوتتۇز يىل تامام بولغان كۈنىدە خۇداۋەندىنىڭ ھەممە قوشۇنلىرى مىسىر يۇرتىدىن چىقىپ كەتتى. [42] ئۇ ئۆزى ئۇلارنى مىسىر يۇرتىدىن چىقارغىنى ئۈچۈن، بۇ كېچە خۇداۋەندىگە ئاتاپ ئۆتكۈزۈش كېرەك بولغان ھېيت بولۇپ، بۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ كېچىسى بولغاچ، نەسىلدىن نەسىلگە ھەممە بەنى-ئىسرائىلغا ھېيت بولىدۇ.

## پاسئخا ھېيتى ۋە مۇساپىرلار

[43] خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇنغا ئېيتتىكى: «پاسئخا قوزىسى توغرىسىدىكى قائىدە شۇ بولسۇنكى، ھېچ غەيرىي يۇرتلۇق ئادەم ئۇنىڭدىن يېمىسۇن. [44] لېكىن بىركىمنىڭ پۇلغا ئېلىنغان قۇلى بولسا سەن ئۇنى خەتنە قىلغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن يېسۇن. [45] ئەمما مۇساپىر بىلەن مەدىكار بۇنىڭدىن يېمىسۇن. [46] ئۇنى باشقا بىر ئۆيگە يۆتكىمەيسەن، بەلكى ئوخشاش بىر ئۆيدە يېيىلىپ، ئۇنىڭ ھېچبىر سۆڭىكى سۇندۇرۇلمىسۇن. [47] ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى شۇنى تۇتسۇن. [48] ئەگەر سەن بىلەن بىر مۇساپىر ئولتۇرۇشۇپ، خۇداۋەندىنىڭ پاسئخا ھېيتىنى تۇتقىلى خالىسا، ئۇنىڭ ھەممە ئەركەكلىرى خەتنە قىلىنسۇن. ئاندىن كېلىپ ھېيتنى تۇتۇپ، ئۆزى يۇرتلۇق كىشىدەك سانالسۇن. لېكىن خەتنىسىز ئادەم بۇنىڭدىن يېمىسۇن. [49] يۇرتلۇق كىشى ئۆزى بىلەن ئاراڭلاردا ئولتۇراقلىق مۇساپىر ئۈچۈن ئوخشاش قائىدە بولسۇن» دېدى. [50] ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى خۇداۋەندە ئۆزى مۇسا بىلەن ھارۇنغا بۇيرۇغاندەك قىلدى. [51] شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە خۇداۋەندە بەنى-ئىسرائىلنى ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىغا مۇۋاپىق مىسىر يۇرتىدىن چىقاردى.

## تۇنجى تۇغۇلغانلارنى خۇداغا بېرىش

13 [1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [2] «بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا تۇغۇلۇپ
باليياتقۇنى ئاچقان ھەر تۇنجىنى، خاھى ئىنسانىنىڭكى بولسۇن، خاھى ھايۋانىنىڭكى
بولسۇن، ماڭا ئاتا قىلغىن، چۈنكى مېنىڭكىدۇر» دېدى. [3] مۇسا قوۋمغا ئېيتتىكى: «سىلەر
مىسىردىن چىقىپ، ئۇ قۇللۇق ئۆيىدىن كەتكەن بۇ كۈننى ياد قىلىڭلار، چۈنكى خۇداۋەندە
سىلەرنى بۇ يەردىن قۇدرەتلىك قولى بىلەن چىقاردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ ئۆرلىگەن نەرسە
يېيىلمىسۇن. [4] ئابىب ئايىنىڭ بۇ كۈنىدە چىقىدىغان بولدۇڭلار. [5] ئەمدى خۇداۋەندە ساڭا
بەرگىلى ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قەسەم قىلىپ، سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان يۇرتقا، يەنى
قانائانىيلار، خىتتىيلار، ئامورىيلار، خىۋۋىيلار ۋە يەبۇسىيلارنىڭ يۇرتىغا سېنى يەتكۈزگىنىدە
بۇ ئايدا شۇ ئىبادەتنى قىلغايسەن. [6] يەتتە كۈنگىچە پېتىر نان يەپ، يەتتىنچى كۈندە
خۇداۋەندىنىڭ ھېيتىنى تۇتقايسەن. [7] يەتتە كۈن پېتىر نان يېيىلىپ، سەن بىلەن ئۆرلىتىلگەن
نان تېپىلمىسۇن ۋە يا ئۆپچۆرەڭ بىلەن پۈتۈن يۇرتۇڭدا ھېچ خېمىرتۇرۇچ كۆرۈنمىسۇن. [8] ئۇ
كۈنى سەن ئۆز ئوغلۇڭغا: ‹ مىسىردىن چىققىنىمدا خۇداۋەندە ماڭا قىلغان ئىلتىپاتنى ياد
قىلىپ، شۈكۈر كەلتۈرمەك ئۈچۈن بۇنى قىلىمەن› دەپ ئېيتىپ بەرگىن. [9] خۇداۋەندىنىڭ
قانۇن-پەرمانلىرى ئاغزىڭدا بولۇشى ئۈچۈن بۇ ئۆزى قولۇڭدا بىر بەلگىدەك تۇرۇپ، كۆزلىرىڭ
ئالدىدا بىر يادىكاردەك بولسۇن. چۈنكى خۇداۋەندە سېنى قۇدرەتلىك قولى بىلەن مىسىردىن
چىقاردى. [10] ئەمدى بۇ قائىدىنى تايىن ۋاقتىدا يىلدىن يىلغا تۇتقايسەن. [11] خۇداۋەندە سەن
بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قىلغان قەسىمىگە مۇۋاپىق قانائانىيلارنىڭ يۇرتىنى ساڭا بېرىپ، ئاندا
سېنى يەتكۈزگىنىدە، [12] باليياتقۇنى ئاچقان ھەممىسىنى خۇداۋەندىگە بەرگەيسەن، شۇنداقلا
مېلىڭنىڭ ھەممە تۇنجى ئەركەكلىرىمۇ خۇداۋەندىنىڭكى بولسۇن. [13] ئەمما ئېشەكلەرنىڭ
ھەممە تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىغا بىردىن قوي بەرگىن. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىغا بىر نەرسە بەرمىسەڭ،
ئۇنىڭ بوينىنى سۇندۇرۇۋەتكىن. ئەمما ئىنسانىنىڭ ھەممە تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىغا بەدەل
بېرىلگەچ ئوغۇللىرىڭنىڭ تۇنجىلىرى ئۈچۈن بەدەل بەرگەيسەن. [14] كېيىنكى كۈنلەردە ئوغلۇڭ
سەندىن: ‹ بۇنىڭ مەنىسى نېمىدۇر؟› دەپ سورىسا، سەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ‹ خۇداۋەندە
قۇدرەتلىك قولى بىلەن بىزنى مىسىردىن چىقىرىپ، ئۇ قۇللۇق ئۆيىدىن ئازاد قىلىپ قويدى.
[15] چۈنكى فىرەۋن بوينى قاتتىق قىلىپ، بىزنى قويۇپ بەرگىلى ئۇنىمىغاندا، خۇداۋەندە مىسىر
يۇرتىدىكى خاھى ئىنسانىنىڭكى بولسۇن، خاھى مالنىڭكى بولسۇن، ھەممە تۇنجىلارنى
ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن مالنىڭ باليياتقۇنى ئاچقان ھەممە تۇنجىلىرىنى خۇداۋەندىگە
قۇربانلىق قىلىپ، ئوغۇللىرىمنىڭ ھەممە تۇنجىلىرى ئۈچۈن بەدەل بېرىمەن› دەپ ئېيتقىن.
[16] بۇ ئۆزى قولۇڭدا بىر بەلگىدەك تۇرۇپ، پېشانەڭدە بىر قاشقا بولسۇن. چۈنكى خۇداۋەندە
قۇدرەتلىك قولى بىلەن بىزنى مىسىردىن چىقاردى» دېدى.

## قىزىل دېڭىزدىن ئۆتۈش

17 ئەمما فىرەۋن قوۋمنى كەتكىلى قويغاندىن كېيىن، فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتىدىن ئۆتىدىغان
يولى يېقىنراق بولسىمۇ، خۇدا ئۇلارنى بۇ يول بىلەن باشلىمىدى. چۈنكى خۇدا: «خەلق
ئۆزى جەڭگە ئۇچرىسا، قورقۇپ پۇشايمان قىلىپ، مىسىرغا يېنىپ كەتمىسۇن» دەپ خىيال
قىلدى. 18 بۇ سەۋەبتىن خۇدا خەلقنى قىزىل دېڭىز تەرىپىدىكى چۆلنىڭ يولى بىلەن ئېلىپ
باردى. بەنى-ئىسرائىل ئۆزى مىسىردىن چىققىنىدا قوراللىق ئىدى. 19 ئەمما مۇسا يۇسۇپنىڭ
سۆڭەكلىرىنى بىللە ئېلىۋالغاچ كەتتى. چۈنكى يۇسۇپ ئۆزى بەنى-ئىسرائىلدىن قەسەم
ئېلىپ: «خۇدا سىلەرگە قارىغىنىدا مېنىڭ سۆڭەكلىرىمنى مۇندىن بىللە ئېلىپ كېتىڭلار»
دەپ ئېيتقانىدى. 20 ئاندىن ئۇلار سۇككوتتىن چىقىپ، چۆلنىڭ چېتىدىكى ئېتامغا چۈشتى.
21 ئەمما خۇداۋەندە ئۇلارغا يول كۆرسەتمەك ئۈچۈن كۈندۈزى بىر بۇلۇت تۈۋرۈكىدە، كېچىسى
يورۇقلۇق بەرمەك ئۈچۈن ئوت تۈۋرۈكىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈرەتتى. بۇ سەۋەبتىن
ئۇلار كېچە-كۈندۈز يۈرەلەيتتى. 22 بۇلۇت تۈۋرۈكى بولسا كۈندۈزى ۋە ئوت تۈۋرۈكى كېچىسى
خەلقتىن ئايرىلماي، ئالدىدا يۈرەتتى.

14 1 خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: 2 «سەن بەنى-ئىسرائىلغا: ‹ سىلەر يېنىپ، مىگدول
بىلەن دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پىھاخىروتنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، بائال-زېفوننىڭ
ئۇتتۇرىدا دېڭىزنىڭ كانارىدا چېدىر تىكىڭلار› دەپ ئېيتقىن. 3 لېكىن فىرەۋن ئۆزى: ‹
بەنى-ئىسرائىل يۇرتتا ئېزىقىپ كېتىپ، چۆلدە سولىنىپ قالدى› دەپ خىيال قىلسۇن.
4 ئۇلارنى قوغلىسۇن دەپ، مەن ئۆزۈم فىرەۋننىڭ كۆڭلىنى قاتۇرۇپ قويۇپ، مىسىرلىقلار مېنىڭ
خۇداۋەندە ئىكەنلىكىمنى بىلمىكى ئۈچۈن فىرەۋن بىلەن پۈتۈن قوشۇنىنىڭ ئۈستىگە ئۆز
ئۇلۇغلۇقۇمنى ئاشكارا قىلىمەن» دەپ ئېيتقىنىدا ئۇلار شۇنداق قىلدى.
5 «قوۋم قېچىپ كەتتى» دەپ مىسىرنىڭ پادىشاھىغا خەۋەر بېرىلگىنىدە، فىرەۋن بىلەن
خىزمەتكارلىرىنىڭ كۆڭلى قوۋمغا قارشى بۇزۇلۇپ: «بەنى-ئىسرائىلنى خىزمىتىمىزدىن
قۇتۇلۇپ كەتكىلى قويغىنىمىز بىلەن قانداق بىر بولمايدىغان ئىشنى قىلدۇق» دەپ ئېيتىشتى.
6 دەرھال ئۇ ئۆزى ھارۋىسىنى قوشتۇرۇپ، ئۆز خەلقىنى بىللە ئېلىپ، 7 ئالتە يۈز خىللانغان
ھارۋا، شۇنداقلا پۈتۈن مىسىردىكى ھارۋىلارنى يىغدۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە باھادۇر
پالۋانلارنى ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ماڭدى. 8 چۈنكى خۇداۋەندە مىسىرنىڭ پادىشاھى فىرەۋننىڭ
كۆڭلىنى قاتۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن، بەنى-ئىسرائىل غۇلاچ كېرىشىپ چىقىپ كەتكىنىدە،
ئۇ ئۆزى بەنى-ئىسرائىلنى قوغلىغىلى تۇردى. 9 مىسىرلىقلار قوپۇپ، فىرەۋننىڭ ھەممە ئات
ھارۋىسى بىلەن ئاتلىقلىرى چىقىپ، ئۇنىڭ ھەممە قوشۇنى بىلەن بىللە مېڭىپ ئۇلارنى قوغلاپ

بېرىپ، ئۇلار دېڭىزنىڭ كانارىغا چۈشۈپ پىھاخىروتنىڭ يېنىدا بائال-زېفوننىڭ ئۇتتۇرىدا چېدىر تىككەن جايدا ئۇلارنى تاپتى. [10] فىرەۋننىڭ ئۆزى يېقىنلىشىپ تۇرغىنىدا، بەنى-ئىسرائىل كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، مانا مىسىرلىقلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتىدۇ! شۇنى كۆرگەندە بەنى-ئىسرائىل تولا قورقۇپ كېتىپ، خۇداۋەندىگە پەرياد قىلدى. [11] ئۇلار مۇساغا ئېيتتىكى: «ئەجەبا بىزنى چۆلدە ئۆلمەك ئۈچۈن مۇندا ئېلىپ كەلمىسەڭمۇ، مىسىردا گۆرىستان تېپىلمايتتىمۇ؟ بىزنى مىسىردىن چىقىرىپ كەلگىنىڭ بۇ ئۆزى نېمە قىلغان ئىشىڭ ئىدى؟ [12] مىسىردا تۇرغاندا ساڭا: ‹ بىزنى مىسىرلىقلارغا خىزمەت قىلغىلى قويغىن› دەپ ئېيتمىدۇقمۇ؟ مىسىرلىقلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش چۆلگە كېلىپ ئۆلگىنىمىزدىن ئوبدانراق بولاتتى» دېدى. [13] ئۇ ۋاقىت مۇسا خەلققە ئېيتتىكى: «قورقماي شۈك تۇرساڭلار، خۇداۋەندىنىڭ سىلەرگە بېرىدىغان نىجاتىنى كۆرىسىلەر. چۈنكى سىلەر بۈگۈن كۆرگەن مىسىرلىقلارنى يەنە ئەبەدكىچە ھەرگىز يەنە كۆرمەيسىلەر. [14] خۇداۋەندە سىلەر ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ. لېكىن سىلەر بولساڭلار شۈك تۇرۇڭلار» دېدى.

[15] خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «نېمىشقا ماڭا پەرياد قىلىسەن؟ ‹ مېڭىڭلار› دەپ بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتقىن. [16] لېكىن سەن بولساڭ ھاساڭنى كۆتۈرۈپ قولۇڭنى دېڭىزنىڭ ئۈستىگە شىلتاپ، ئۇنى ئىككى قىسىمغا بۆلگىن. شۇنداقكى، بەنى-ئىسرائىل دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇق يەردىن مېڭىپ ئۆتۈپ كەتسۇن. [17] مانا بۇلار ئۇلارنى قوغلىسۇن دەپ، مىسىرلىقلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى قاتتىق قىلىپ، فىرەۋن بىلەن ھەممە قوشۇنى، ئۇنىڭ ھارۋا بىلەن ئاتلىقلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۆز ئۇلۇغلۇقۇمنى ئاشكارا قىلىمەن. [18] مەن ئۆز ئۇلۇغلۇقۇمنى فىرەۋن ۋە ئۇنىڭ ھارۋا بىلەن ئاتلىقلىرىنىڭ ئۈستىگە ئاشكارا قىلغىنىمدا، مىسىرلىقلار مېنىڭ خۇداۋەندە ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ» دېدى. [19] ئىسرائىلنىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىدا يۈرگەن خۇدانىڭ پەرىشتىسى ئەمدى ئۇلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭغان بۇلۇت تۈۋرۈكى ھەم ئۇلارنىڭ كەينىگە يۆتكىلىپ، [20] مىسىرلىقلارنىڭ قوشۇنى بىلەن ئىسرائىلنىڭ قوشۇنىنىڭ ئارىلىقىدا تۇردى. بۇ بۇلۇتنىڭ ئۆزى بىر تەرەپكە قاراڭغۇلۇق بېرىپ، يەنە بىر تەرەپكە كېچىنى يورۇتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن كېچىدە بىر قوشۇن يەنە بىرىگە يېقىن كېلەلمىدى. [21] ئەمما مۇسا ئۆز قولىنى دېڭىزنىڭ ئۈستىگە شىلتىغىنىدا، خۇداۋەندە پۈتۈن كېچىدە شەرق تەرەپتىن قاتتىق بىر بوران چىقىرىپ، دېڭىزنىڭ سۈيىنى كەينىگە ياندۇرغىنى بىلەن دېڭىزنى قۇرۇق يەر قىلىپ، سۇنى ئىككى قىسىمغا بۆلدى. [22] بۇ تەرىقىدە بەنى-ئىسرائىل دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇق يەردىن مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى. سۇ بولسا ئۇلارنىڭ ئوڭ يېنى بىلەن چەپ يېنىدا تامدەك بولۇپ، توختاپ تۇرغانىدى. [23] ئەمما مىسىرلىقلار ئۇلارنى قوغلاپ، فىرەۋننىڭ ئات، ھارۋا بىلەن ئاتلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ كەينىدىن دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە باردى. [24] لېكىن تاڭ ئاتقاندا خۇداۋەندە ئوت بىلەن بۇلۇت تۈۋرۈكىدىن مىسىرلىقلارنىڭ قوشۇنىغا قاراپ، مىسىرلىقلارنىڭ ئارىسىغا بىر قالايمىقانچىلىق سېلىپ، [25] ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرىنىمۇ چىقىرىۋەتتى. شۇنداقكى، ئۇلارنىڭ مېڭىشى مۇشكۇل بولدى. ئۇ ۋاقىت مىسىرلىقلار:

«يۈرۈڭلار، ئىسرائىل ئالدىدىن قاچايلى. چۈنكى خۇداۋەندە ئۆزى ئۇلار ئۈچۈن مىسىرلىقلارغا
قارشى جەڭ قىلغىلى قوپتى» دەپ ئېيتىشقىلى تۇردى. [26] لېكىن خۇداۋەندە مۇساغا: «سۇ
ئۆزى يېنىپ مىسىرلىق بىلەن ئۇلارنىڭ هارۋا ۋە ئاتلىقلىرىنىڭ ئۈستىگە ئاقسۇن دەپ،
قولۇڭنى دېڭىزنىڭ ئۈستىگە ئۇزاتقىن» دەپ ئېيتتى. [27] مۇسا قولىنى دېڭىزنىڭ ئۈستىگە
ئۇزاتسا، تاڭ ئاتقاندا دېڭىزنىڭ سۈيى يەنە ئۆز هالىغا يېنىپ كەلدى. قاچقان مىسىرلىقلار
ئۇنىڭغا ئۇچرىغاندا خۇداۋەندە مىسىرلىقلارنى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پاراكەندە قىلدى. [28] سۇ
ئۆزى يېنىپ كېلىپ، هارۋا بىلەن ئاتلىقلارنى، دەرۋەقە ئىسرائىلنى قوغلاپ دېڭىزغا كىرگەن
فىرەۋننىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى غەرق قىلدى. شۇنداقكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىمۇ قۇتۇلمىدى.
[29] لېكىن بەنى-ئىسرائىل دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇق يەردىن مېڭىپ چىقىپ كەتتى.
سۇ ئۆزى ئۇلارنىڭ ئوڭ يېنى بىلەن چەپ يېنىدا تامدەك بولۇپ توختاپ تۇرغانىدى. [30] بۇ
تەرىقىدە خۇداۋەندە ئۇ كۈنى بەنى-ئىسرائىلنى مىسىرلىقلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدى. قارىسا،
ئىسرائىلىيلار مىسىرلىقلارنىڭ دېڭىزنىڭ كانارىدا ئۆلۈك ياتقىنىنى كۆردى. [31] ئىسرائىل
بولسا خۇداۋەندىنىڭ مىسىرلىقلارنىڭ ئۈستىگە قىلغان هەممە چوڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ،
خۇداۋەندىدىن قورقۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ بەندىسى مۇساغا ئىشەندى.

## مۇسانىڭ خۇداغا مەدھىيە ئوقۇشى

15 [1] ئۇ ۋاقىت مۇسا بىلەن بەنى-ئىسرائىل خۇداۋەندىگە مەدھىيە ئوقۇپ ئېيتتىكى:
«خۇداۋەندە ئۇلۇغدۇر دەپ ئوقۇي. ئۇ ئۆزى ئات بىلەن مىنگۈچىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتى.
[2] خۇداۋەندە مېنىڭ كۈچۈم بىلەن شېئىرىم بولۇپ، ئۆزى مېنىڭ نىجاتىم بولغاندۇر. ئۇ مېنىڭ
خۇدايىم دەپ، ئۇنىڭغا ئىززەت قىلاي. ئۇ ئاتامنىڭ تەڭرىسىدۇر دەپ، ئۇنى ئۇلۇغلاندۇراي.
[3] خۇداۋەندە جەڭ قىلغۇچى بولۇپ، ياهۋەھ ئۇنىڭ ئىسمىدۇر. [4] فىرەۋننىڭ هارۋا بىلەن
قوشۇنلىرىنى دېڭىز ئىچىگە تاشلىسا، بۇنىڭ خىللانغان پالۋانلىرى قىزىل دېڭىزدا غەرق
قىلىندى. [5] سۇنىڭ مەۋجى ئۇلارنى ياپسا، ئۇلار تاشلاردەك دېڭىزنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ كەتتى.
[6] ئەي خۇداۋەندە، ئوڭ قولۇڭ قۇدرىتى بىلەن شان-شەرەپ تاپتى. ئەي خۇداۋەندە، سېنىڭ ئوڭ
قولۇڭ دۈشمەننى ئېزىپ تارمار قىلدى. [7] ئۆز ئۇلۇغلۇقۇڭدا تولا چوڭ بولۇپ، دۈشمەنلىرىڭنى
نابۇت قىلدىڭ. غەزىپىڭنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ساماندەك كۆيدۈردۈڭ. [8] قەهرىڭنىڭ بورىنىدىن
سۇلار جۇغلىشىپ، دولقۇنلار دۆۋىدەك تىكلىشىپ، سۇنىڭ مەۋجى دېڭىزنىڭ چوڭقۇرىدا
قاتۇرۇپ قالدى. [9] دۈشمەننىڭ ئۆزى ئېيتتىكى: ‹ مەن ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇپ. ئولجا ئېلىپ
ئۈلەشتۈرۈپ، ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىپ يۈرىكىمنى سوۋۇتاي، دەرۋەقە قىلىچىمنى سۇغۇرۇپ،
ئۆز قولۇم بىلەن ئۇلارنى يوقىتاي› دېدى. [10] ئۇ ۋاقىت سەن ئۇلارغا پۈۋلىسەڭ دېڭىز ئۇلارنى
ياپتى. ئۇلار بولسا چوڭقۇر سۇدا قوغۇشۇندەك شۇڭغۇپ كەتتى. [11] ئەي خۇداۋەندە، تەڭرىلەرنىڭ

ئارىسىدا ساڭا ئوخشاش كىم بار؟ ئەي مۆجىزە قىلىپ، شەۋكەتلىك بولۇپ، داڭلانغاننىڭ ئۆزى شان-شەرەپ بىلەن پاك-مۇقەددەسلىكتە ساڭا ئوخشايدىغان كىم بار؟ [12] سەن ئوڭ قولۇڭنى ئۇزاتساڭ، يەر ئۆزى ئۇلارنى يۇتۇپ كەتتى. [13] لېكىن ئۆزۈڭ قۇتقۇزغان قوۋمنى ئۆز رەھىمدىللىكىڭ بىلەن يېتەكلەپ، ئۇلارنى ئۆز مۇقەددەس ماكانىڭغا قۇدرىتىڭ بىلەن باشلىدىڭ. [14] بۇنى ئاڭلاپ، خەلقلەر تىترىشىپ فىلىستىيەنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى دەھشەتكە چۈشۈپ، [15] ئېدومنىڭ ئەمىرلىرى ھەيران قېلىشىپ، موئابنىڭ پالۋانلىرىغا تىترەك ئېلىشىپ قانائاننىڭ ھەممە ئولتۇرغۇچىلىرىنىڭ يۈرىكى ئېرىپ كېتىپ، [16] ۋەھىمە بىلەن دەھشەت ئۇلارنى بېسىۋالدى. ئەي خۇداۋەندە، ئۇلار سېنىڭ قوۋمىڭ چىقىپ كېتىپ، ئۆز ئىلغانغان خەلقىڭنىڭ ئۆزى ئۆتۈپ بولغۇچىلىك، سېنىڭ بىلىكىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن بېسىلىپ تاشتەك تەۋرەنمەي تۇردى. [17] سەن قوۋمىڭنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز مىراسىڭ بولغان تاغدا كۆچەتتەك سالىسەن. ئەي خۇداۋەندە، ئۇلارنى ئۆز ماكانىڭ بولۇشقا تەييار قىلغان مۇقەددەس خانىغا ئېلىپ بارىسەن. [18] خۇداۋەندە ئۆزى ھەمىشە پادىشاھ بولۇپ، ئەبەدكىچە سەلتەنەت قىلىدۇ.
[19] چۈنكى فىرەۋننىڭ ئات بىلەن ھارۋىلىرىنىڭ ئۆزى ئاتلىقلىرى بىلەن بىللە دېڭىزغا كىرىپ بولغاندا، خۇداۋەندە دېڭىزنىڭ سۈيىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياندۇردى. لېكىن بەنى-ئىسرائىل بولسا دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇق يەردىن مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

[20] ئۇ ۋاقىت ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى مەريەم ئايال پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى قولىغا بىر داپنى ئالسا، ھەممە خوتۇنلار قولىغا داپ ئېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. [21] مەريەم بولسا شېئىر ئوقۇپ، ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «خۇداۋەندە تولا ئۇلۇغدۇر، دەپ كۈيلەڭلار. ئۇ ئۆزى ئات بىلەن مىنگۈچىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتى» دەپ ئوقۇدى.

## مارا بىلەن ئېلىم

[22] ئاندىن كېيىن مۇسا بەنى-ئىسرائىلنى قىزىل دېڭىزدىن يۆرگۈزۈپ، شۇرنىڭ چۆلىگە ئېلىپ باردى. ئۈچ كۈن ئۇلار چۆلدە يۈرۈپ، سۇ تاپالمايتتى. [23] ئاندىن ئۇلار ماراغا كەلسە، سۈيى ئاچچىق بولغىنى ئۈچۈن مارانىڭ سۈيىنى ئىچەلمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جاينىڭ ئېتى مارا قويۇلدى. [24] ئۇ ۋاقىت خەلق: «نېمە ئىچىمىز» دەپ مۇساغا غوتۇلداشقىلى تۇردى. [25] لېكىن ئۇ خۇداۋەندىگە پەرياد قىلغىنىدا، خۇداۋەندە ئۇنىڭغا بىر دەرەخنى كۆرسەتتى. ئۇ ئۇنى ئېلىپ سۇغا تاشلىسا، سۇ تاتلىق بولدى. ئۇ يەرنىڭ ئۆزىدە خۇداۋەندە ئۇلارغا قانۇن بىلەن بەلگىلىمىلەر توختىتىپ ئۇلارنى سىنىدى. [26] ئۇ ئېيتتىكى: «ئەگەر سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭ كۆزىدە ياخشى بولغىنىنى قىلىپ، ھۆكۈملىرىنى ئاڭلاپ پەرزلىرىنى تۇتساڭ، مەن مىسىرلىقلارنىڭ ئۈستىگە سالغان كېسەللىكلەردىن ھېچبىرىنى ئۈستۈڭگە كەلتۈرمەيمەن، چۈنكى مەن خۇداۋەندە سېنىڭ تېۋىپىڭدۇرمەن. [27] ئاندىن كېيىن ئېلىمغا

يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە ئون ئىككى سۇ بۇلىقى بىلەن يەتمىش خورما دەرىخى بار ئىدى. ئاندا
ئۇلار سۇنىڭ يېنىدا چېدىر تىكتى.

## خۇدا ئاسماندىن ماننا ياغدۇردۇ

16 [1]ئاندىن كېيىن بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى ئېلىمدىن كېتىپ مىسىر
يۇرتىدىن چىققىنىنىڭ ئىككىنچى ئايىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنىدە ئېلىم بىلەن
سىنايىنىڭ ئارىسىدىكى سىن چۆلىگە يېتىپ كەلدى. [2] ئەمما بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە
جامائىتى چۆلدە مۇسا بىلەن ھارۇنغا غوتۇلدىغىلى تۇردى. [3] بەنى-ئىسرائىل ئۇلارغا سۆز
قىلىپ: «كاشكى خۇداۋەندىنىڭ قولى بىزنى مىسىر يۇرتىدا ئۆلتۈرگەن بولسا ئىدى. ئاندا بىز
گۆش قازانلىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تويغۇدەك نان يېمەمدۇقمۇ؟ لېكىن سىلەر بۇ جامائەتنىڭ
ھەممىسىنى ئاچلىق بىلەن ئۆلتۈرگىلى بۇ چۆلگە ئېلىپ كەلدىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى. [4]
ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «مانا مەن ئاسماندىن سىلەرگە نان ياغدۇرىمەن.
شۇنداقكى، خەلق ئۆزى ھەر كۈن چىقىپ، بىر كۈنلۈك لازىملىقىنى يىغىۋالسۇن. بۇ تەرىقىدە
ئۇلارنى مېنىڭ قانۇنۇمغا مۇۋاپىق يۈرگىلى خالامدۇ ياكى ئەمەسمۇ دەپ سىناپ كۆرىمەن.
[5] ئەمما ئالتىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ يىغىپ كەلگەن نەرسىلىرى باشقا كۈنلەردىكىدىن ئىككى
ھەسسە زىيادە بولسۇن» دېدى.
[6] ئۇ ۋاقىت مۇسا بىلەن ھارۇن ھەممە بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتتىكى: «بۇ ئاخشام سىلەر ئۆزۈڭلارنى
مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگىنىنىڭ ئۆزى خۇداۋەندە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، [7] ئەتە
خۇداۋەندىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرىسىلەر. مانا خۇداۋەندە ئۆزى سىلەر ئۇنىڭغا غوتۇلدىغىنىڭلارنى
ئاڭلىغاندۇر. چۈنكى سىلەر ئۇستىمىزگە غوتۇلداشقىلى بىز كىمدۇرمىز» دېدى. [8] مۇسا يەنە
سۆز قىلىپ: «بۇ ئاخشام خۇداۋەندە سىلەرگە يېگىلى گۆش بېرىپ، ئەتىگەندە تويغۇدەك نان
بېرىدۇ، چۈنكى خۇداۋەندە ئۆزى سىلەر ئۇنىڭغا غوتۇلدىغىنىڭلارنى ئاڭلىدى. بىز نېمىدۇرمىز؟
سىلەرنىڭ غوتۇلداشقىنىڭلار بىزلەرگە بولماي، بەلكى خۇداۋەندىنىڭ ئۇستىگە بولدى»
دېدى. [9] ئاندىن كېيىن مۇسا ھارۇنغا ئېيتتىكى: «بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتىگە:
‹ خۇداۋەندىنىڭ قېشىغا كېلىڭلار، چۈنكى ئۇ ئۆزى غوتۇلداشقىنىڭلارنى ئاڭلىدى› دەپ
ئېيتقىن» دېدى. [10] ھارۇن ئۆزى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتىگە سۆزلەپ تۇرغىنىدا
ئۇلار چۆلنىڭ تەرىپىگە قارىسا، خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى بۇلۇتتا زاھىر بولغىنىنى كۆردى.

[11] خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: [12] «مەن بەنى-ئىسرائىلنىڭ غوتۇلداشقىنىنى ئاڭلىدىم ئەمدى
ئۇلارغا: ‹ بۇ ئاخشام سىلەر گۆش يەپ ئەتىگەندە ناندىن تويۇپ، مەن تەڭرىڭلار خۇداۋەندە
ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر› دەپ ئېيتقىن» دېدى.

13 ئاخشام بولغاندا چېدىرگاھنى يېپىۋالغۇدەك بۆدۈنلەر كېلىپ، ئەتىگەندە چېدىرگاھنىڭ
چۆرىسىدە شەبنەم چۈشۈپ قالغانىدى. 14 لېكىن شەبنەم قۇرۇغاندا، مانا چۆلدە كىچىك-
كىچىك يۇمىلاق-يۇمىلاق مۆلدۈرنىڭ دانىسىدەك نەرسىلەر يەردە تۇرىدۇ. 15 بەنى-ئىسرائىل
شۇنى كۆرگەندە ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن: «بۇ نېمە ئىكەن؟» دېيىشتى.
ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۇلارغا ئېيتتىكى: «خۇداۋەندە سىلەرگە تائام قىلىپ بەرگەن نان ئۆزى شۇدۇر.
16 خۇداۋەندە ئۆزى: ‹ سىلەردىن ھەربىرى ئۆز يېگۈلۈكىگە قاراپ ئۇنىڭدىن يىغىۋالسۇن.
ئۆي كىشىلىرىنىڭ سانىغا قاراپ ھەربىر كىشى ئۈچۈن بىر ئومەر مىقدارىنى يىغقايسىلەر.
شۇنداقكى، ھەر ئادەم ئۆز چېدىرىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن يىغىۋالسۇن› دەپ بۇيرۇدى» دېدى.
17 ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىل شۇنداق قىلىپ بەزىسى جىقراق بەزىسى ئازراق يىغىۋالدى.
18 لېكىن ئۇلار ئۇنى ئومەر مىقدارى بىلەن تارتىپ كۆرسە، جىقراق يىغقان كىشىنىڭكىدىن بىر
نېمە ئوشۇق چىقماي، ئازراق يىغقان كىشىنىڭكىدىنمۇ بىر نېمە كەم چىقمىدى. ھەربىر كىشى
ئۆز يېگۈلۈكىگە يەتكۈدەك يىغقانىدى. 19 مۇسا ئۇلارغا: «سىلەردىن ھېچبىرى بۇنىڭدىن
بىر نېمىنى ئەتىگىچە ساقلىمىسۇن» دېدى. 20 شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار مۇسانىڭ سۆزىگە
ئۇنىمىدى، بەلكى بەزىسى ئۇنىڭدىن ئاز-ماز نەرسىنى ئەتىسىگىچە ساقلاپ قويدى. شۇنداق
قىلسا، بۇ نەرسە قۇرتلاپ پۇراپ قالدى. بۇ ئىش ئۈچۈن مۇسا ئۇلارغا خاپا بولۇپ ئاچچىقلاندى.
21 بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھەر ئەتىگەن ئۆز يېگۈلۈكىگە قاراپ يىغىۋېلىپ، قالغىنى
بولسا ئاپتاپ چىققاندا ئېرىپ كېتەتتى.
22 لېكىن ئالتىنچى كۈنى ئۇلار كۈنلۈك نانىنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى جەملەپ، ھەربىر كىشى
ئۈچۈن ئىككى ئومەر مىقدارىنى يىغىۋالدى. يىغىپ كېلىپ جامائەتنىڭ ھەممە سەردارلىرى
بۇنى مۇساغا ئېيتىپ قويدى. 23 ئۇ ئۇلارغا ئېيتتىكى: «ئەتە راھەت كۈنى بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ
مۇقەددەس شابات كۈنى بولغاچ، پىشۇرىدىغىنىڭلارنى پىشۇرۇپ، قاينىتىدىغىنىڭلارنى
قاينىتىۋېلىپ، ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەتىگىچە ساقلاپ قويۇڭلار› دەپ
خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇغىنىدۇر» دېدى. 24 ئۇلار مۇسا بۇيرۇغاندەك ئۇنى ئەتىسىگىچە ساقلاپ
قويسىمۇ، خاھى پۇرىماي، خاھى قۇرتلىماي، ساق تۇردى. 25 مۇسا ئېيتتىكى: «بۈگۈن بۇنى
يەڭلار، چۈنكى بۈگۈن خۇداۋەندىنىڭ شابات كۈنى بولغىنى ئۈچۈن بۇ كۈن يەردە ھېچنېمە
تاپالمايسىلەر. 26 ئالتە كۈن ئىچىدە بۇنىڭدىن يىغىڭلار، لېكىن يەتتىنچى كۈن شابات بولغىنى
ئۈچۈن ئۇ كۈندە ھېچنېمە تېپىلمايدۇ» دېدى. 27 ھەرقانداق بولسا، خەلقنىڭ بىرنەچچىسى
يەتتىنچى كۈنى يېگۈلۈك يىغقىلى چىقىپ، ھېچنېمە تاپالمىدى. 28 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە
مۇساغا ئېيتتىكى: «سىلەر قاچانغىچە مېنىڭ قانۇن بىلەن ئەمرلىرىمنى تۇتماي، بوينۇڭلار
قاتتىق قىلىسىلەر؟ 29 مانا خۇداۋەندە سىلەرگە شابات كۈنىنى بەرگىنى ئۈچۈن، ھەربىرىڭلار
ئۆز جايىدا ئولتۇرۇپ، يەتتىنچى كۈنى ھېچكىم ئۆز ئۆيىدىن تاشقىرىغا چىقمىسۇن دەپ،
ئىككى كۈنلۈك يېگۈلۈكنى ئالتىنچى كۈنى بەردى ئەمەسمۇ؟» دېدى. 30 ئۇنىڭ ئۈچۈن قوۋم

يەتتىنچى كۈنى ئارام ئالدى.
[31]بەنى-ئىسرائىل بۇ يېگۈلۈكنىڭ ئىسمىنى ماننا قويۇپ قويدى. بۇ ئۆزى يۇمغاقسۈت
ئۇرۇقىدەك ئاق بولۇپ، ئۇنىڭ تېتىقى ھەسەلدە يۇغۇرغان قۇيماقتەك ئىدى. [32]مۇسا
ئېيتتىكى: «‹ بۇنىڭدىن بىر ئومەر مىقدارىنى توشتۇرۇۋېلىپ، ئۇلار مەن سىلەرنى مىسىردىن
چىقىرىپ كەلگەندە سىلەرگە چۆلدە يېگىلى بەرگەن ناننى كۆرسۇن دەپ، بۇنى كېلىدىغان
نەسىللىرىڭلار ئۈچۈن قويۇپ قويۇڭلار› دەپ خۇداۋەندە بۇيرۇدى» دېدى. [33]مۇسا ھارۇنغا:
«قاچىنى ئېلىپ، بىر ئومەر مىقدارى ماننا ئۇنىڭغا سېلىپ، كېلىدىغان نەسىللىرىڭلار ئۈچۈن
ساقلانسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا قويۇپ قويغىن» دېدى. [34]ئۇ ۋاقىت ھارۇن ئۆزى
خۇداۋەندە مۇساغا بۇيرۇغاندەك ساقلانسۇن دەپ، ئۇنى شاھادەت ساندۇقىنىڭ ئالدىدا قويۇپ
قويدى. [35]بۇ تەرىقىدە بەنى-ئىسرائىل ئولتۇراقلاشقان يۇرتىغا يېتىپ كەلگۈچىلىك، قىرىق
يىل داۋامىدا ماننا يەپ تۇردى. ئۇلار قانائان يۇرتىنىڭ چېگرىسىغا يەتكۈچىلىك ماننا يېدى.
[36]بىر ئومەر مىقدارى بولسا ئېفانىڭ مىقدارىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىغا باراۋەر ئىدى.

## ماسسا ۋە مەرىبا

17 [1]ئاندىن كېيىن بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى قوپۇپ، سىن چۆلىدىن چىقىپ،
خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق سەپەر قىلىپ يۈرۈپ، رەفىدىم دېگەن يەرگە كېلىپ
چۈشتى. ئەمما ئاندا خەلققە ئىچكىلى سۇ يوق ئىدى. [2]ئۇ ۋاقىت خەلق ئۆزى مۇسا بىلەن
ئېيتىشىپ: «بىزگە ئىچەيلى سۇ بەرگىن» دېدى. لېكىن مۇسا ئۇلارغا: «نېمىشقا مەن بىلەن
ئېيتىشىپ، نېمىشقا خۇداۋەندىنى سىناپ تۇرىسىلەر» دەپ جاۋاب بەردى. [3]لېكىن خەلق
سۇ ئۈچۈن ئۇسساپ تۇرۇپ، مۇساغا غوتۇلدىشىپ: «نېمىشقا سەن بىز بىلەن باللىرىمىز ۋە
مېلىمىزنى ئۇسسۇزلىق بىلەن ئۆلتۈرگىلى بىزنى مىسىردىن چىقىرىپ كەلدىڭ» دېدى. [4]ئۇ
ۋاقىت مۇسا خۇداۋەندىگە پەرياد قىلىپ: «بۇ قوۋمغا نېمە قىلاي؟ ئۇلار مېنى چالما-كېسەك
قىلغىلى ئاز قالدى» دەپ ئېيتتى. [5]خۇداۋەندە مۇساغا جاۋاب بەردىكى: «سەن ئىسرائىلنىڭ
ئاقساقاللىرىدىن بىرنەچچىسىنى ئۆزۈڭ بىلەن ئېلىپ، خەلقنىڭ ئالدىدا بېرىپ، نىل
دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئۇرغىنىڭدا ئىشلەتكەن ھاساڭنى قولۇڭدا تۇتۇپ چىققىن. [6]مانا مەن
ئاندا بولۇپ، خورېبتىكى قورام تېشىنىڭ ئۈستىدە سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرىمەن. سەن بولساڭ
قورام تاشقا ئۇرغىن. بۇنىڭ بىلەن خەلققە ئىچكىلى ئۇنىڭدىن سۇ چىقىدۇ» دېدى. مۇسا ئۆزى
ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىدا شۇنداق قىلىپ، [7]بەنى-ئىسرائىل ئاندا ئېيتىشىپ:
«خۇداۋەندە ئارىمىزدا بارمۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ خۇداۋەندىنى سىنىغىنى ئۈچۈن ئۇ يەرنى ماسسا
ۋە مەرىبا دەپ ئاتىدى.

## ئامالەك بىلەن جەڭ قىلىش

[8] ئاندىن كېيىن ئامالەك كېلىپ، رەفىدىمدە ئىسرائىل بىلەن سوقۇشقىلى تۇردى. [9] ئۇ ۋاقىت
مۇسا يەشۇئاغا ئېيتتىكى: «ئۆزىمىز ئۈچۈن ئادەملەر خىللاپ، ئامالەك بىلەن سوقۇشقىلى
چىققىن. مەن بولسام، ئەتە خۇدانىڭ ھاسىسىنى قولۇمدا تۇتۇپ، ئېگىزلىكنىڭ چوققىسىدا
تۇرۇپ تۇرىمەن» دېدى. [10] يەشۇئانىڭ ئۆزى مۇسا بۇيرۇغىنىدەك قىلىپ، ئامالەك بىلەن
سوقۇشقىلى باشلىدى. لېكىن مۇسا، ھارۇن ۋە خۇر ئۆزى ئېگىزلىكنىڭ چوققىسىغا چىقتى.
[11] مۇسا ئۆز قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچىلىك، ئىسرائىل كۈچلۈك تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ قولى
پەس بولۇپ چۈشسە، ئامالەك كۈچلۈك بولدى. [12] مۇسانىڭ قوللىرى ئېغىر بولغاندا ئۇلار بىر
تاش ئېلىپ، ئۇنىڭ تېگىدە قويىدى. ئۇ ئۆزى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھارۇن
بىلەن خۇر – بىرى بىر تەرىپىدە يەنە بىرى باشقا تەرىپىدە – ئۇنىڭ قوللىرىنى يۆلەپ تۇردى.
بۇ تەرىقىدە ئۇنىڭ قوللىرى كۈن چۈشكۈچىلىك كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. [13] شۇنداق قىلىپ،
يەشۇئا ئۆزى ئامالەك بىلەن ئۇنىڭ خەلقىنى قىلىچ بىسى بىلەن ئۇردى. [14] خۇداۋەندە مۇساغا
ئېيتتىكى: «بۇنى بىر يادىكار بولماق ئۈچۈن بىر كىتابتا يېزىپ، يەشۇئانىڭ خاتىرىسىغا
كەلتۈرگىن. چۈنكى مەن ئامالەكنىڭ يادىكارىنى ئۇنداق يوقىتىمەنكى، ئاسماننىڭ تېگىدە
ھەرگىز قالمايدۇ» دېدى. [15] مۇسا ئۆزى بىر قۇربانگاھنى ياساپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى «خۇداۋەندە
تۇغۇمدۇر» دەپ ئېيتىپ: [16] «خۇداۋەندە نەسلىدىن نەسلگە ئامالەككە قارشى جەڭ قىلىدۇ
دەپ، قولۇمنى خۇداۋەندىنىڭ تەختىگە كۆتۈرىمەن» دېدى.

## يېترو مۇسانىڭ قېشىغا كېلىشى

18 [1] مۇسانىڭ قېيناتىسى بولغان مىدىيانىنىڭ كاھىنى يېترو ئۆزى: «خۇداۋەندە ئىسرائىلنى
مىسىردىن چىقاردى» دەپ ئىشىتىپ، خۇدانىڭ مۇسا بىلەن ئۆز قوۋمى ئىسرائىلغا
قىلغان ھەممىسىنى ئاڭلاپ قالدى. [2] ئۇ ۋاقىت مۇسانىڭ قېيناتىسى يېترونىڭ ئۆزى مۇسانىڭ
ئاندا ئەۋەتىپ قويۇپ قويغان خوتۇنى زىپورا بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆزى بىلەن بىللە
ئېلىپ، يولغا چىقتى. [3] بۇلارنىڭ بىرىگە گەرشوم دەپ ئات قويۇلغانىدى، چۈنكى مۇسا: «مەن
يات يۇرتتا مۇساپىردۇرمەن» دەپ ئېيتقانىدى. [4] يەنە بىرىگە ئېلىيەزەر دەپ ئات قويۇلغانىدى،
چۈنكى مۇسا: «ئاتامنىڭ تەڭرىسى مېنىڭ ياردىمىم بولۇپ، مېنى فىرەۋننىڭ قىلىچىدىن
قۇتقۇزدى» دەپ ئېيتقانىدى. [5] مۇسانىڭ قېيناتىسى يېترو ئۆزى مۇسانىڭ ئوغۇللىرى بىلەن
خوتۇننى ئالغاچ، مۇسا چۆلدە خۇدانىڭ تېغىنىڭ يېنىدا چېدىر تىككەن يەرگە يېتىپ كېلىپ،
ئۇنىڭغا: [6] «مەن سېنىڭ قېيناتاڭ يېترو، ئۆز خوتۇنۇڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى قېشىڭغا
ئالغاچ كەلدىم» دەپ ئېيتقۇزدى. [7] ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆز قېيناتىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، تەزىم
قىلىپ ئۇنى سۆيدى. ئۇلار بىر-بىرىدىن ھال ئەھۋال سورىشىپ چېدىرغا كىرگەندىن كېيىن،

[8] مۇسا قېيناتىسىغا خۇداۋەندە ئىسرائىلنىڭ جەھىتىدىن فىرەۋن بىلەن مىسىرلىقلارغا قىلغان ھەممە ئىشنى دەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ يولدا تارتقان ھەممە جەبرىنى بايان قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئۇلارنى قانداق قۇتقۇزغىنىنى ئېيتىپ بەردى. [9] يېترو بولسا خۇداۋەندە ئۆزى ئىسرائىلنى مىسىرلىقلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارغا قىلغان ھەممە ياخشىلىقنى ئاڭلاپ خۇش بولدى. [10] يېترو ئېيتتىكى: «سىلەرنى مىسىرلىق بىلەن فىرەۋننىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ، بۇ قوۋمنى مىسىرلىقلارنىڭ قولىدىن خالاس قىلغان خۇداۋەندىنىڭ ئۆزى مۇبارەكتۇر. [11] ئۇلار بۇلارنىڭ ئۆزىگە يوغانلىق قىلغىنىدا، ئۇنىڭ ئۆزى كۆرسەتكەن بۇ ئىشلاردىن خۇداۋەندىنىڭ ھەممە تەڭرىلەردىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم» دېدى. [12] ئاندىن كېيىن مۇسانىڭ قېيناتىسى يېترو خۇداغا بىر كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن بىرنەچچە سويۇم قۇربانلىقنى كەلتۈرگىنىدە، ھارۇن بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرى مۇسانىڭ قېيناتىسى بىلەن بىللە خۇدانىڭ ھۇزۇرىدا تائام يېيىشكە كەلدى.

[13] ئەتىسى مۇسا قوۋمغا ھۆكۈم قىلغىلى ئولتۇرسا، خەلق ئۆزى ئەتىگەندىن تارتىپ ئاخشامغىچە مۇسانىڭ چۆرىسىدە تۇراتتى. [14] مۇسانىڭ قېيناتىسى ئۇنىڭ خەلقى ئۈچۈن قىلغان ھەممە ئىشنى كۆرگەندە ئېيتتىكى: «سېنىڭ قوۋمغا قىلىدىغان بۇ ئىشىڭ نېمە بولىدۇ؟ نېمىشقا يالغۇز ئولتۇرىسەن؟ خەلق ئۆزى ئەتىگەندىن تارتىپ ئاخشامغىچە سېنىڭ چۆرەڭدە ئولتۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟» دېدى. [15] مۇسا ئۆز قېيناتىسىغا جاۋاب بېرىپ: «خەلق ئۆزى خۇدادىن سورىماق ئۈچۈن مېنىڭ قېشىمغا چىقىپ، [16] قاچانكى ئۇلارنىڭ بىر دەۋاسى بولسا، ماڭا كېلىدۇ. مەن بولسام ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلىپ، ئۇلارغا خۇدانىڭ قانۇن بىلەن ئەمرلىرىنى بىلدۈرۈپ تۇرىمەن» دېدى. [17] مۇسانىڭ قېيناتىسى ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «سەن ياخشى تەرىقىدە ئىشلىمەيسەن. [18] سەن ئۆزۈڭ بىلەن چۆرەڭدىكى خەلق بولسا ھېرىپ كېتەمەدۇ؟ بۇ ئىش ساڭا زىيادە ئېغىر بولىدۇ. سەن ئۇنى يالغۇز قىلالمايسەن. [19] ئەمدى مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن. خۇداۋەندە سەن بىلەن بولسۇن. مەن ساڭا بىر مەسلىھەت سالاي: سەن ئۆزۈڭ خۇدانىڭ ئالدىدا قوۋمنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەۋالىرىنى خۇدانىڭ ئالدىغا سېلىپ، [20] ئۇلارغا قانۇن بىلەن ئەمرلەرنى بىلدۈرۈپ ماڭىدىغان يولنى كۆرسىتىپ، نېمە قىلىدىغىنىنى ئۇقتۇرۇپ قويغايسەن. [21] لېكىن سەن ھەممە قوۋمنىڭ ئارىسىدىن خۇدادىن قورقۇپ، ناھەق پايدا تېپىشنى يامان كۆرىدىغان تاقىتى بار ئىشەنچلىك كىشىلەرنى ئىلغاپ، خەلقنىڭ ئۈستىگە باش قىلغايسەن. بەزىسىنى مىڭبېشى، بەزىسىنى يۈزبېشى، بەزىسىنى ئەللىكبېشى، بەزىسىنى ئونبېشى تىكلەپ قويغايسەن. [22] بۇلار ھەمىشە خەلققە ھۆكۈم قىلسۇن. ئەگەر بىر زۆرۈررەك دەۋا چىقىپ قالسا، بۇنى ساڭا تاپشۇرسۇن. لېكىن ھەممە كىچىك-كىچىك دەۋالارنى ئۇلار ئۆزى جايلىسۇن. ئۇلار بۇ تەرىقىدە سېنىڭ يۈكۈڭنى كۆتۈرۈشۈپ بەرمىكى بىلەن ساڭا يېنىكرەك بولىدۇ. [23] ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، خۇدا بۇيرۇسا، ئۆزۈڭ چىدىيالايسەن. بۇ خەلقنىڭ ھەممىسىمۇ تىنچ-ئامان ئۆز جايىغا بارالايدۇ» دېدى.

[24]مۇسا ئۆز قېيناتىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، دېگىنىنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. [25]مۇسانىڭ ئۆزى ھەممە ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدىن قابىل ئادەملەرنى ئىلغاپ، ئۇلارنى خەلقنىڭ ئۈستىگە باش قىلىپ، بەزىسىنى مىڭبېشى، بەزىسىنى يۈزبېشى، بەزىسىنى ئەللىكبېشى، بەزىسىنى ئونبېشى قىلىپ قويدى. [26]بۇلار ھەمىشە قوۋمغا ھۆكۈم قىلىپ تۇرۇپ، ئېغىرراق دەۋالار بولسا مۇسانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، كىچىك-كىچىك دەۋالار بولسا ئۇلار ئۆزى ھۆكۈم قىلاتتى. [27]ئاندىن كېيىن مۇسا ئۆز قېيناتىسىنى يولغا سېلىپ قويىمىقى بىلەن بۇ ئۆزى يۇرتىغا يېنىپ كەتتى.

## سىناي تېغىدا

19 [1]بەنى-ئىسرائىل مىسىر يۇرتىدىن چىققانىنىڭ ئۈچىنچى ئايى باشلىنغان كۈنىدە ئۇلار سىناي چۆلىگە يېتىپ كەلدى. [2]چۈنكى ئۇلار رەفىدىمدىن چىقىپ سىناي چۆلىگە يېتىپ كېلىپ، چۆلدە چېدىر تىكتى. ئاندا ئىسرائىل ئۆزى تاغنىڭ ئۇتتۇرىدا چۈشۈپ توختىدى. [3]مۇسا خۇدانىڭ قېشىغا چىقسا، خۇداۋەندە تاغ تەرىپىدىن ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ ئېيتتىكى: «سەن ياقۇبنىڭ خانىدانىغا مۇنداق ئېيتىپ، بەنى-ئىسرائىلغا شۇ خەۋەرنى بەرگىنكى: [4]‹ مەن مىسىرلىقلارغا نېمە قىلغىنىمنى ئۆزۈڭلار كۆردۈڭلار. مەن سىلەرنى بۈركۈت قاناتلىرىغا مىندۈرۈپ، قېشىمغا ئېلىپ كەلمىدىممۇ؟ [5]ئەمدى سىلەر مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئەھدەمنى تۇتساڭلار، باشقا ھەممە تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدىن ماڭا خاس بىر قوۋم بولىسىلەر، چۈنكى پۈتۈن يەر مېنىڭكىدۇر. [6]سىلەر بولساڭلار مەن ئۈچۈن كاھىنلاردىن ئىبارەت بىر پادىشاھلىق ۋە مۇقەددەس بىر قوۋم بولىسىلەر› دېگەن سۆزلەرنى بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتقايسەن» دېدى.
[7]ئۇ ۋاقىت مۇسا يېنىپ كېلىپ، قوۋمنىڭ ئاقساقاللىرىنى قىچقارتىپ، خۇداۋەندە ئۇنىڭغا بۇيرۇغان شۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا بايان قىلدى. [8]قوۋمنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىز بىلەن جاۋاب بېرىپ: «خۇداۋەندە بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىنى قىلىمىز» دەپ ئېيتقىنىدا مۇسا قوۋمنىڭ ئۈچۈرىنى ئېلىپ خۇداۋەندىنىڭ قېشىغا باردى.
[9]خۇداۋەندە مۇساغا: «مانا مەن ساڭا سۆز قىلغىنىمدا خەلق ئۆزى بۇنى ئاڭلاپ ھەمىشە ساڭا ئىشەنسۇن دەپ، بىر قارا بۇلۇتتا ساڭا كېلىمەن» دەپ ئېيتتى. مۇسامۇ قوۋمنىڭ ئۈچۈرىنى خۇداۋەندىگە ئاڭلاتتى. [10]خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «سەن قوۋمنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۈگۈن بىلەن ئەتە ئۇلارنى پاك قىلىپ، ئېگىنلىرىنى يۇدۇرغىن. [11]ئۇلار ئۈچۈنچى كۈنگىچە تەييار تۇرسۇن، چۈنكى ئۈچۈنچى كۈن ھەممە قوۋمنىڭ كۆز ئالدىدا خۇداۋەندە سىناي تېغىغا چۈشىدۇ. [12]سەن خەلق ئۈچۈن ئۇنىڭ چۆرىسىگە بىر پاسىل بەلگىلەپ بېرىپ: ‹ سىلەر ئېھتىيات قىلىپ، خاھى تاغقا چىقماي، خاھى ئۇنىڭ يېنىغا بارماڭلار. كىمكى تاغقا تەگسە، ئۆلتۈرۈلسۇن. [13]ئۇنىڭغا قول تەگكۈزۈلمەي، بەلكى چالما-كېسەك قىلىنسۇن ياكى

ئېتىلسۇن. خاھى ھايۋان، خاھى ئىنسان بولۇپ مۇنداق قىلسا، تىرىك قويۇلمىسۇن› دەپ
ئېيتقىن. لېكىن كاناي ئۇزۇن ئاۋاز بىلەن چېلىنسا، ئۇلار تاغقا چىقسۇن» دېدى.
[14] مۇسا ئۆزى تاغدىن چۈشۈپ قوۋمنىڭ قېشىغا بېرىپ، خەلقنى پاك قىلىپ ئۇلارنىڭ
ئېگىنلىرىنى يۇدۇردى. [15] ئاندىن خەلققە: «ھېچكىم بىر خوتۇنغا يېقىن بارماي،
ئۆگۈنلۈككە تەييار تۇرۇپ تۇرۇڭلار» دېدى. [16] ئۈچىنچى كۈنى بولغاندا يورۇغان زامان ھاۋا
گۈلدۈرلىگىلى باشلاپ، چېقىن چېقىپ، قارا بىر بۇلۇت تاغنى يېپىپ، كانايىنىڭ قاتتىق
بىر ئاۋازى چىقتى. بۇنى كۆرۈپ، چېدىرگاھتىكى ھەممە خەلق قورقۇنچىدىن تىترىگىلى
تۇردى. [17] مۇسا قوۋمنى خۇدانىڭ ئالدىدا ھازىر قىلماق ئۈچۈن چېدىرگاھتىن ئېلىپ
چىقتى. ئۇلار كېلىپ تاغنىڭ تۈۋىدە تۇردى. [18] پۈتۈن سىناي تېغى بولسا خۇداۋەندە ئوتتا
ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشكىنى ئۈچۈن تۈتۈندىن يېپىلغانىدى. شۇنداقكى، بىر خۇمداندىن
تۈتۈن چىققاندەك تۈتۈن ئۈستىگە ئۆرلەپ، پۈتۈن تاغ قاتتىق تەۋرەنگىلى باشلىدى. [19] كاناي
ئۈنى بولسا بارغانسېرى ئۆرلەنگىلى تۇردى. مۇسا ئۆزى سۆز قىلسا، خۇدا ئاڭلاپ ئۈنلۈك
ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەرگىلى تۇردى. [20] خۇداۋەندە سىناي تېغىنىڭ چوققىسىغا چۈشتى.
ئاندىن خۇداۋەندە ئۆزى مۇسانى تاغنىڭ چوققىسىغا قىچقارسا، مۇسا دەرھال تاغقا چىقتى.
[21] خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «سەن چۈشۈپ، خەلققە نەسىھەت بېرىپ: ‹ خۇداۋەندىنى
كۆرمەك ئۈچۈن قىستىۋالماڭلار. ئۇنداق قىلساڭلار، سىلەردىن تولا كىشى ئۆلىدۇ› دەپ
ئېيتقىن. [22] خۇداۋەندە ئۇلارغا ھالاكەت يەتكۈزمىسۇن دەپ، خۇداۋەندىگە يېقىن بارالايدىغان
كاھىنلارمۇ ئۆزىنى مۇقەددەس قىلسۇن» دېدى. [23] لېكىن مۇسا خۇداۋەندىگە ئېيتتىكى:
«خەلق ئۆزى سىناي تېغىغا چىقالمايدۇ. چۈنكى سەن ئۆزۈڭ بىزگە نەسىھەت بېرىپ: ‹
تاغنىڭ چۆرىسىگە بىر پاسىل بەلگىلەپ، ئۇنى مۇقەددەس قىلغىن› دەپ ئېيتمىدىڭمۇ؟»
دېدى. [24] خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «ئاندا چۈشۈپ ھارۇننى ئالغاچ، يېنىپ چىققىن.
لېكىن كاھىنلار بىلەن خەلق بولسا ئۇلارغا ھالاكەت يەتكۈزۈلمىسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ
قېشىغا كەلمەك ئۈچۈن پاسىلدىن ئۆتمىسۇن» دېدى. [25] ئۇ ۋاقىت مۇسا خەلقنىڭ قېشىغا
چۈشۈپ، ئۇلارغا بۇنى دەپ بەردى.

## ئون ئەمر

20
[1] خۇدا مۇساغا بۇ ھەممە سۆزلەرنى قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «مەن سېنى قۇللۇقۇڭ ئۆيى بولغان مىسىردىن چىقىرىپ كەلگەن رەب
خۇدايىڭدۇرمەن.
[3] مەندىن باشقا تەڭرىلىرىڭ بولمىسۇن. [4] ئۆزۈڭ ئۈچۈن بۇت ياسىمىغىن، خاھى يۇقىرىدا
ئاسماندا، خاھى تۆۋەندە يەردە، خاھى يەر ئاستىدا سۇدا بولغان نەرسىلەردىن ھېچبىرىنىڭ

سۈرىتىنى ياسىمىغىن. [5] مۇنداقلارغا خاھى سەجدە قىلماي، خاھى ئىبادەت قىلمىغىن. چۈنكى مەن تەڭرىڭ خۇداۋەندە بولسام، بىر غەيرەتلىك خۇدا بولۇپ، كىمكى مېنى يامان كۆرسە، بالىلىرىدىن ئۈچىنچى، دەرۋەقە تۆتىنچى نەسلىگىچە ئاتا-بوۋىلىرى قىلغان گۇناھلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن. [6] لېكىن كىمكى مېنى دوست تۇتۇپ، مېنىڭ ئەمرلىرىمنى تۇتسا، مىڭ نەسلىگىچە مەرھەمەت كۆرسىتىمەن.

[7] رەب خۇدايىڭنىڭ ئىسمىنى بىھۇدە ئىشلەتمىگىن، چۈنكى خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئىسمىنى بىھۇدە ئىشلەتكۈچىگە جازا بەرمەي قويمايدۇ.

[8] شابات كۈنىنى مۇقەددەس تۇتقىلى يادىڭدا ساقلىغىن. [9] ئالتە كۈن ئىشلەپ، ھەممە ئەمەللىرىڭنى قىلغايسەن. [10] لېكىن يەتتىنچى كۈنى تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ شابات كۈنى بولغاچ، ئۇ كۈندە خاھى ئۆزۈڭ، خاھى ئوغلۇڭ، خاھى قىزىڭ، خاھى قۇلۇڭ، خاھى دېدىكىڭ، خاھى ئۇلىغىڭ، خاھى دەرۋازىلىرىڭ ئىچىدىكى مۇساپىر ھېچ ئىش قىلمىسۇن. [11] چۈنكى ئالتە كۈن ئىچىدە خۇداۋەندە ئۆزى ئاسمان بىلەن يەرنى، دېڭىز بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە بارىنى ياراتتى، لېكىن يەتتىنچى كۈنىدە راھەت ئالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە شابات كۈنىنى بەرىكەتلەپ، ئۇنى مۇقەددەس قىلدى.

[12] ئاتاڭ بىلەن ئاناڭغا ھۆرمەت قىلغىن. شۇنداق قىلساڭ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بېرىدىغان يۇرتتا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن.

[13] قاتىللىق قىلمىغىن.

[14] زىنا قىلمىغىن.

[15] ئوغرىلىق قىلمىغىن.

[16] ھەقەمسايەڭ ئۈستىدە يالغان گۇۋاھلىق بەرمىگىن.

[17] ھەقەمسايەڭنىڭ ئۆيىدىن تەمە قىلمىغىن ۋە يا ھەقەمسايەڭنىڭ خوتۇنىدىن يا خىزمەتكارىدىن يا دېدىكىدىن يا ئۆيىدىن يا ئېشىكىدىن يا ھەقەمسايەڭنىڭ باشقا بىر نەرسىسىدىن تەمە قىلمىغىن».

[18] خەلقنىڭ ھەممىسى ھاۋا گۈلدۈرلىشى بىلەن چېقىن چېقىپ، كانايىنىڭ ئاۋازى چىقىپ، تاغدىن تۈتۈن ئۆرلىگىنىنى كۆرگەندە قورقۇنچىدىن تىترىشىپ نېرى تۇرۇپ، [19] مۇساغا: «سەن يالغۇز بىزگە سۆز قىلساڭمۇ، ئاڭلايمىز، لېكىن خۇدا ئۆزى بىزگە سۆز قىلمىسۇن. چۈنكى ئۇنداق قىلسا، ئۆلىمىز» دېدى. [20] لېكىن مۇسا خەلققە ئېيتتىكى: «قورقماڭلار، چۈنكى خۇدا سىلەرنىڭ توغراڭلاردا: مېنىڭ قورقۇنچۇم ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بولۇپ، گۇناھ قىلمىسۇن دەپ، سىلەرنى سىنىغىلى كەلدى» دېدى. [21] شۇنداق بولسىمۇ، خەلق نېرىدا تۇردى. لېكىن مۇسا خۇدا بار قاراڭغۇ بۇلۇتنىڭ قېشىغا يېقىن باردى.

## قۇربانلىقلار ۋە قۇربانگاھ توغرىسىدا

[22]ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «سەن بېرىپ، بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ: ‹ مېنىڭ
سىلەرگە ئاسماندىن سۆز قىلغىنىم سىلەرگە مەلۇم بولمىدىمۇ؟ [23] سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن مېنىڭ
ئورنۇمدا تەڭرى دەپ، بۇتلار ياسىماڭلار، دەرۋەقە ئۆزۈڭلار ئۈچۈن خاھى كۈمۈشتىن، خاھى
ئالتۇندىن بۇتلار ياسىماڭلار› دەپ ئېيتقىن. [24] سەن بولساڭ مەن ئۈچۈن لايدىن بىر قۇربانگاھنى
ياساپ، ئاندا كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن شۈكۈر قۇربانلىقلىرىڭنى، قوي بىلەن كالىلىرىڭنى
ئۆتكۈزگىن. قەيەردە ئۆز ئىسمىم ئۈچۈن بىر يادىكار قىلىپ قويسام، ئاندا ساڭا كېلىپ سېنى
مۇبارەكلەيمەن. [25]ئەگەر مەن ئۈچۈن تاشتىن قۇربانگاھ ياسىماقچى بولساڭ، يونۇلغان تاشتىن
ياسىمىغىن، چۈنكى سەن ئۇنىڭغا ئەسۋابىڭنى تەگكۈزسەڭ، ئۇنى ناپاك قىلىسەن. [26]ئۇنىڭ
ئالدىدا ئەۋرىتىڭ كۆرۈنۈپ قالمىسۇن دەپ، قۇربانگاھىمغا پەلەمپەي بىلەنمۇ چىقمىغىن.

## قۇللار توغرىسىدىكى نىزاملار

21 [1]سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويىدىغان ئەھكاملار شۇ بولسۇنكى، [2] ئەگەر سەن بىر
ئىبرانىي قۇلنى پۇلغا ئالساڭ، ئالتە يىلغىچە خىزمەت قىلىپ، يەتتىنچى يىلى خالىس
ئازاد بولۇپ كەتسۇن. ئۇ يالغۇز كەلگەن بولسا، يالغۇز كەتسۇن. [3] خوتۇن ئېلىپ كەلگەن
بولسا، خوتۇنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتسۇن. [4] ئەگەر خوجىسى ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ
بېرىپ، شۇنىڭ ئۇنىڭدىن ئوغۇل قىزلىرى پەيدا بولغان بولسا، بۇ خوتۇن باللىرى بىلەن
خوجىسىغا قېلىپ، ئەر يالغۇز كەتسۇن. [5] لېكىن ئەگەر قۇل ئۆزى: ‹ مەن خوجام بىلەن خوتۇن
بالا-چاقامغا مۇھەببىتىم بولغىنى ئۈچۈن ئازاد بولۇپ كەتمەيمەن› دېسە، [6] ئۇنىڭ خوجىسى
ئۇنى خۇدانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئىشىك يان ياغىچىنىڭ يېنىدا تۇرغۇزسۇن. شۇنى
قىلىپ خوجىسى بىر مىخ بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىنى تەشسۇن. ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى ھەمىشە
ئۇنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ.
[7]ئەگەر بىركىم ئۆز قىزىنى دېدەك قىلىپ ساتسا، شۇ ئۆزى قۇللار ئازاد قىلىنغاندەك ئازاد
قىلىنمىسۇن.
[8]خوجىسى ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ئالغان بولسا ۋە ئۇ خوجىسىغا ياقماي قالسا، ئۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن
بەدەل تۆلىنىپ ئازاد قىلىنىشىغا يول قويسۇن. ئەمما ئۇنىڭغا بىۋاپالىق قىلغىنى ئۈچۈن،
ئۇنى يات خەلققە ساتقىلى ئۇنىڭ ھوقۇقى بولمايدۇ. [9]لېكىن ئۇ ئۇنى ئۆز ئوغلى ئۈچۈن
ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۆز قىزلىرىدەك ھەق بەرسۇن. [10]ئەگەر ئۇ باشقا بىر خوتۇن ئالسا،
ئىلگىرىكىسىنىڭ تائام بىلەن كىيىمى ۋە يا ئەر-خوتۇنچىلىق ۋەزىپىسىنى كېمەيتمىسۇن.
[11]لېكىن ئەگەر ئۇ ئۇنىڭغا شۇ ئۈچ ئىشنى قىلمىسا، بەدەل تۆلەنمەي، ئۇ ئازاد بولىدۇ.

# ئۆزگىگە زىيان كەلتۈرۈش توغرىسىدا

[12]كىمكى بىر كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە، ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرۈلسۇن. [13]لېكىن ئەگەر ئۇ كىشى
ئۇنىڭ جېنىنى قەستلىگەن بولماي، بەلكى خۇدا ئۆلگۈچىنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغان بولسا،
مەن ئۆزۈم ئۇنىڭغا قاچىدىغان جاينى ئېيتىپ بېرىمەن. [14]ئەگەر بىركىم ئۆز ھەققەمسايىسىنى
ھىيلە بىلەن ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھىجۇم قىلسا، ئۇ ئۆلتۈرۈلسۇن دەپ، قۇربانگاھىمدا
بولسىمۇ، ئۇنى تۇتقىن.
[15]كىمكى ئۆز ئاتىسى ياكى ئانىسىنى ئۇرسا، ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرۈلسۇن.
[16]كىمكى بىر ئادەمنى ئوغرىلىسا، خاھى ئۇنى ساتقان بولسۇن، خاھى ئۇنى ساقلىغان بولسۇن،
ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرۈلسۇن.
[17]كىمكى ئۆز ئاتىسى ياكى ئانىسىغا لەنەت ئوقۇسا، ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرۈلسۇن.
[18]ئەگەر ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىرى يەنە بىرىنى تاش ياكى مۇشتى بىلەن ئۆلمەي،
بەلكى يېتىپ قالغۇدەك ئۇرسا، [19]ئەمما ئۇ قوپۇپ ھاسىغا تايىنىپ تاشقىرىغا چىققۇدەك
بولسا، ئۇنى ئۇرغان كىشى ئۆزى جازادىن ئازاد بولۇپ، يالغۇز ئۇنىڭغا ۋاقىت جەھەتتىكى
زىيىنىنى تۆلەپ بەرسۇن ۋە ئۇنى داۋالاتسۇن.
[20]ئەگەر بىركىم ئۆز قۇلى ياكى دېدىكىنى تاياق بىلەن شۇنداق ئۇرسىكى، ئۇ ئۇنىڭ قول
ئاستىدا ئۆلسە، ئۇنىڭغا جازا بېرىلسۇن.
[21]لېكىن ئەگەر تاياق يېگۈچى بىر ياكى ئىككى كۈن تىرىك تۇرسا، خوجىسىنىڭ ئۆز پۇلى
بولغاچ، ئۇنىڭغا جازا بېرىلمىسۇن.
[22]ئەگەر كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىر ئېغىر ئاياغ خوتۇننى شۇنداق ئۇرۇپ
سالسىكى، بالىسى چۈشۈپ كېتىپ، باشقا زەخىملىنىش بولمىسا، خوتۇننىڭ ئېرى تەلىپى
بويىچە ھاكىمنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئېلىپ بېرىلسۇن. [23]لېكىن ئەگەر باشقا زەخىملىنىش
بولسا، جان ئورنىغا جان، [24]كۆز ئورنىغا كۆز، چىش ئورنىغا چىش، قول ئورنىغا قول، پۇت
ئورنىغا پۇت، [25]كۆيدۈرۈش ئورنىغا كۆيدۈرۈش، زەخىم ئورنىغا زەخىم، كۆك ئورنىغا كۆك
بېرىلسۇن.
[26]ئەگەر بىركىم ئۆز قۇل ياكى دېدىكىنىڭ كۆزىنى ئۇرۇپ كور قىلسا، كۆزنىڭ ئورنىغا ئۇنى
ئازاد قىلسۇن. [27]شۇنداق ھەم بىركىم ئۆز قۇلى ياكى دېدىكىنىڭ چىشىنى ئۇرۇپ سۇندۇرسا،
چىشىنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئازاد قىلسۇن.
[28]ئەگەر بىر ئۆي بىر ئەر ياكى خوتۇن كىشىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرسە، ئۆي ئۆزى چالما-كېسەك
قىلىنىپ گۆشى يېيىلمىسۇن. لېكىن ئۆينىڭ ئىگىسىگە گۇناھ دەپ ھېسابلانمايدۇ. [29]لېكىن
بۇ ئۆينىڭ ئىلگىرىدىن ئۈسكەك ئادىتى بولغاچ، ئىگىسى ئاگاھ قىلىپ قويۇلغان بولسا، لېكىن
بۇ ئۆزى ئۇنى باغلاپ قويمىغىنى ئۈچۈن بىر ئەر ياكى خوتۇن كىشىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرسە، ئۆي
ئۆزى چالما-كېسەك قىلىنىپ، ئىگىسىمۇ ئۆلتۈرۈلسۇن. [30]لېكىن ئۇنىڭدىن خۇن باھاسى
تەلەپ قىلىنسا، ئۆز جېنىنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭغا قانچىلىك قويۇلغان بولسا، بەرسۇن. [31]ئۆيدىن

ئۈسۈلگەن كىشى ئوغۇل ياكى قىز بالا بولسا ھەم، شۇ قانۇنغا مۇۋاپىق بولسۇن. [32] لېكىن ئۇي بىر قۇل ياكى دېدەكنى ئۈسكەن بولسا، ئىگىسى ئۈسۈلگەن كىشىنىڭ خوجىسىغا ئوتتۇز شېقەل كۈمۈش بەرسۇن، ئەمما ئۇي ئۆزى چالما-كېسەك قىلىنسۇن.
[33] ئەگەر بىركىم بىر قۇدۇق ئېچىپ ياكى ئورا كولاپ، ئاغزىنى ياپماي قويغىنى ئۈچۈن بىر ئۇي ياكى ئېشەك ئۇنىڭغا چۈشۈپ كەتسە، [34] قۇدۇقنىڭ ئىگىسى ھايۋاننىڭ ئىگىسىگە تۆلەم بېرىپ ئۆلۈكنى ئۆزى ئالسۇن.
[35] ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئۇيى يەنە بىرىنىڭ ئۇيىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرسە، تىرىك قالغان ئۇي سېتىلىپ پۇلنى باراۋەر بۆلۈشۈپ ئۆلۈك ئۇيمۇ ئۆلەشسۇن. [36] لېكىن ئۇينىڭ ئىلگىرىدىن ئۈسكەكلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرۇپ، ئىگىسى باغلاپ قويمىغان بولسا، ئۇينىڭ ئورنىغا ئۇي بېرىپ، ئۆلۈك ئۇينى ئۆزى ئالسۇن. [37] ئەگەر بىركىم بىر ئۇي ياكى بىر قوينى ئوغرىلاپ ئۇنى سويسا ياكى ساتسا، بىر ئۇينىڭ ئورنىغا بەش ئۇي بېرىپ، بىر قوينىڭ ئورنىغا تۆت قوي بەرسۇن.

## ئۆزگىنىڭ مېلى توغرىسىدىكى نىزاملار

22 [1] ئوغرى ئۆزى تېشىپ تۇرغىنىدا تۇتۇلۇپ قېلىپ، تاياق يەپ ئۆلۈپ قالسا، ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ئۈستىگە خۇن جازاسى كەلمىسۇن. [2] لېكىن شۇ ۋەقە بولغان ھامان كۈن چىقىپ قالغان بولسا، خۇن جازاسى كەلسۇن. ئەمما ئوغرى بولسا ئوغرىلىغىنىنى تۆلەپ بەرسۇن. ئۇنىڭدا بىر نېمە بولمىسا، ئوغرىلىغىنىنىڭ ئورنىغا ئۆزى سېتىلسۇن. [3] ئەگەر ئوغرىلىغان مال ئۇي، ئېشەك ياكى قوي بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىدا تىرىك تېپىلسا، ئۇنىڭ ئىككى ھەسسە قىممىتىنى تۆلەپ بەرسۇن.
[4] ئەگەر بىركىم يەنە بىرىنىڭ زىرائەت يا ئۈزۈمزارلىقىنى يېگۈزۈۋەتسە يا ئۆز ماللىرىنى زىرائەتنى يېسۇن دەپ، قويۇپ بەرگەن بولسا، ئۆز ئېتىزلىقى يا ئۈزۈمزارلىقىنىڭ ئەڭ ئېسىل مەھسۇلاتىدىن ئۇنىڭغا زىياننى تۆلەپ بەرسۇن.
[5] ئەگەر ئوت ياندۇرۇلۇپ تىكەنلەرگە تۇتىشىپ كېتىپ، ئۆنچىلەرنى يا كۆك زىرائەتنى يا پۈتۈن ئېتىزلىقنى كۆيدۈرۈۋەتسە، ئوت قالىغان كىشى بارلىق زىياننى تۆلەپ بەرسۇن.
[6] ئەگەر بىركىم ئۆز ھەقەمسايىسىگە كۈمۈش ياكى مال ئامانەت بېرىپ، بۇنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلىنىپ كېتىپ، ئوغرى تېپىلسا، ئۇ ئۇنىڭ ئىككى ھەسسە قىممىتىنى تۆلەپ بەرسۇن.
[7] لېكىن ئوغرى تېپىلمىسا، ئۆي ئىگىسى ھەقەمسايىسىنىڭ مېلىغا قول تەگكۈزگەن يا تەگكۈزمىگەنلىكى مەلۇم بولسۇن دەپ، ھاكىمنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلسۇن.
[8] ھەرقانداق خىيانەت بولسا، خاھى ئۇي-ئېشەك توغرىسىدا بولسۇن، خاھى قوي-ئېگىن توغرىسىدا بولسۇن ياكى باشقا بىر نەرسە توغرىسىدا بولسۇن، بۇنىڭ توغرىسىدا بىركىم: ‹بۇ خىيانەت بولۇپ› دېسە، ھەر ئىككىلىسى ھاكىمنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپ، قايسىنىڭ ئۈستىگە

گۇناھ توختىتىلسا، ئۇ ئۆزى ھەقەمسايىسىگە ئىككى ھەسسە قىممىتىنى تۆلەپ بەرسۇن.
9 ئەگەر بىركىم ئۆز ھەقەمسايىسىگە ئېشەك، ئۇي يا قوي يا باشقا بىر جانىۋار ئامانەت بېرىپ،
بۇ ئامانەت مېلى كىشى كۆرمەستىن ئۆلۈپ كەتسە يا زەخىم يېسە يا ئوغرىلىنىپ كەتسە،
10 ھەقەمسايىسىنىڭ مېلىغا قول تەگكۈزگەن يا تەگكۈزمىگەنلىكى مەلۇم بولسۇن دەپ،
خۇداۋەندىنىڭ قەسىمى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويۇلسۇن. بۇ قەسەمنىڭ ئۆزىگە مال ئىگىسى
ئۇناپ، ھەقەمسايىسى ئۇنىڭغا تۆلەپ بەرمىسۇن. 11 لېكىن مال ئۇنىڭدىن ئوغرىلىنىپ
كەتسە، ئۇنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرسۇن. 12 ئەگەر ئۇنى ۋەھشىي ھايۋان يىرتىۋەتكەن بولسا،
يىرتىلغان ھايۋاننى گۇۋاھلىق ئۈچۈن كۆرسىتىپ، ئۇنى تۆلەپ بەرمىسۇن.
13 ئەگەر بىركىم ئۆز ھەقەمسايىسىدىن بىر ھايۋاننى ئۆتنە ئېلىپ، ھايۋان ئۆزى ئۇنىڭ ئىگىسى
ھازىر بولمىغان ۋاقىتتا ئۆلۈپ قالسا، ئۆتنە ئالغۇچى تۆلەپ بەرسۇن. 14 لېكىن ئەگەر ئىگىسى
ھازىر بولسا، ئۇنى تۆلەپ بەرمىسۇن. ئەگەر ھايۋان ئۆزى كىراغا ئېلىنغان بولسا، زىيان ئۆز
كىراسىغا كەلدى.

## جىسمانىي ھەم روھىي بۇزۇقچىلىق توغرىسىدىكى نىزاملار

15 ئەگەر بىر ئادەم سۆز سالدۇرمىغان بىر قىزنى ئازدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلسا، ئۇنىڭ
تويلۇقىنى بېرىپ، ئۆزى ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالسۇن. 16 لېكىن ئەگەر قىزنىڭ ئاتىسى ئۇنى ئۇنىڭغا
بەرگىلى ئۇنىمىسا، زىنا قىلغۇچى پاك قىزلارنىڭ تويلۇقىغا باراۋەر ئۇنىڭغا پۇل بەرسۇن.
17 جادۇگەر خوتۇننى تىرىك قويمىغىن.
18 كىمكى بىر ھايۋان بىلەن يېتىپ مۇناسىۋەت قىلسا، ئۆلتۈرۈلسۇن.
19 كىمكى يېگانە خۇداۋەندىدىن باشقا تەڭرىلەرگە قۇربانلىق ئۆتكۈزسە، ئۆلتۈرۈلسۇن.

## ئاجىزلار توغرىسىدىكى نىزاملار

20 بىر مىسىردا مۇساپىر بولۇپ تۇرغان ئىدۇق دەپ، مۇساپىر كىشىگە ناھەقلىق ۋە يا زۇلۇم
قىلماڭلار.
21 تۇل خوتۇن بىلەن يېتىملەرنى ئاغرىتماڭلار. 22 سەن ئۇلارنى ئاغرىتساڭ، ئۇلار ماڭا پەرياد
قىلغىنىدا مەن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، 23 غەزىپىم تۇتىشىپ، سىلەرنى قىلىچ بىلەن
ئۆلتۈرىمەن. شۇنداقكى، ئۆز خوتۇنلىرىڭلار تۇل قىلىنىپ باللىرىڭلار يېتىم بولۇپ قالىدۇ.
24 ئەگەر سەن مېنىڭ قوۋمىمنىڭ ئىچىدىن ساڭا ھەقەمسايە بولغان كەمبەغەلگە قەرز بەرسەڭ،
ئۇنىڭغا جازانىخورەدەك مۇئامىلە قىلمىغىن. سىلەر ئۇنىڭدىن پايدا ئالماڭلار.
25 ئەگەر سەن ھەقەمسايەڭنىڭ چاپىنىنى گۆرۈگە ئالساڭ، كۈن ئولتۇرماستا ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ
بەرگىن. 26 چۈنكى چاپان ئۆزى ئۇنىڭ يالغۇز يېپىنچىسى بولۇپ بەدىنىنىڭ ئېگىنى شۇدۇر.

بۇ بولمىسا، نېمىدە يېپىنىپ ئۇخلايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ماڭا پەرياد قىلىدىغان بولسا، رەھىملىك بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ پەريادىنى ئاڭلايمەن.

## ھۆرمەت ۋە ئىبادەت توغرىسىدىكى نىزاملار

[27] خۇداغا كۇپۇرلۇق قىلمىغىن ۋە يا قوۋمىڭنىڭ ھاكىمىغا لەنەت ئوقۇمىغىن.
[28] خامىنىڭنىڭ ھوسۇلى بىلەن سىققۇچۇڭنىڭ شەربىتىدىن ماڭا كەلتۈرىدىغان ھەدىيەڭنى ھايال قىلمىغىن. سەن ئوغۇللىرىڭنىڭ تۇنجىسىنى ماڭا بەرگەيسەن. [29] ئۆي بىلەن قويلىرىڭدىن ھەم شۇنداق ھەدىيە كەلتۈرگىن. بالا ئۆزى يەتتە كۈنگىچە ئۆز ئانىسى بىلەن تۇرسۇن، ئەمما سەككىزىنچى كۈنى ئۇنى ماڭا بەرگىن.
[30] سىلەر ماڭا بىر مۇقەددەس قوۋم بولۇپ، يەردە يىرتىلىپ قالغان بىر ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېمەي، بەلكى ئۇنى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىڭلار.

## ئۆزگە بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدىكى نىزاملار

23 [1] يالغان گەپنى يايمىغىن ۋە يا يالغان گۇۋاھ بولۇپ، يامان كىشىگە يان باسمىغىن.
[2] يامان ئىش قىلىشقا تولىلارغا ئەگەشمىگىن ۋە يا بىر دەۋادا تولىلارغا يۈز قويۇپ ئادالەتنى يىتتۈرۈشكە سۆزلىمىگىن.
[3] كەمبەغەلگىمۇ ئۇنىڭ دەۋاسىدا يان باسمىغىن.
[4] سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ ئۆي ياكى ئېشىكى ئېزىقىپ كېتىپ، ساڭا ئۇچراپ قالسا، ئۇنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىپ بەرگىن. [5] ئەگەر سەن دۈشمىنىڭنىڭ ئېشىكىنى يۈكىنىڭ ئاستىدا ياتقىنىنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىلى كۆڭلۈڭ تارتمىسىمۇ، زۆرۈر ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن.
[6] قېشىڭدىكى كەمبەغەلنىڭ دەۋاسىدا ھەقنى تولغىمىغىن.
[7] يالغان ئىشتىن نېرى تۇرۇپ، بىگۇناھ بىلەن ئادىلنى ئۆلتۈرمىگىن، چۈنكى يامانىنى ئادىل سانىمايمەن. [8] ئارىلىق ئالمىغىن، چۈنكى ئارىلىق بولسا كۆرىدىغانلارنى كور قىلىپ، ئادىللارنىڭ سۆزىنى تولغايدۇ.
[9] بىر مۇساپىر كىشىگە زۇلۇم قىلمىغىن، چۈنكى ئۆزۈڭلار مىسىر يۇرتىدا مۇساپىر بولۇپ تۇرغاچ، مۇساپىرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىسىلەر.
[10] ئالتە يىلغىچە ئۆز يېرىڭنى تېرىپ، ئاشلىقىڭنى يىغقىن. [11] لېكىن يەتتىنچى يىلى قوۋمىڭنىڭ كەمبەغەللىرى ئۇنىڭدىن يەپ، ئۇلاردىن ئېشىپ قالغاننى جاڭگالنىڭ ھايۋانلىرى يېسۇن دەپ، يەرگە ئارام بېرىپ بىكار قويغىن. ئۆز ئۈزۈمزارلىقىڭ بىلەن زەيتۇنلۇق بېغىڭ

توغرىسىدا ھەم شۇنداق قىلغىن.
[12] ئالتە كۈن ئىچىدە ئۆز ئىشىڭنى قىلىپ، يەتتىنچى كۈنى ئارام قىلغىن. بۇنىڭ بىلەن ئۆي ئېشەكلىرىڭ راھەت تېپىپ، دېدەكىڭنىڭ ئوغلى بىلەن مۇساپىر كىشى دېمىنى ئالسۇن.

## خۇدانىڭ ئېيتقىنىنى ساقلاش كېرەك

[13] مەن سىلەرگە ئېيتقىنىمنىڭ ھەممىسىنى ساقلاپ، باشقا تەڭرىلەرنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلماڭلار يا ئاغزىڭغا ئالمىغىن.
[14] يىلدا ئۈچ مەرتىۋە مەن ئۈچۈن ھېيت قىلغىن. [15] پېتىر نان ھېيتىنى تۇتۇپ، ساڭا بۇيرۇغىنىمدەك ئابىب ئايىدا يەتتە كۈنگىچە پېتىر ناننى يېگىن. چۈنكى ئۇ ئايدا مىسىردىن چىققان ئىدىڭ. لېكىن ھېيتتا ھېچ كىشى ئالدىمغا قۇرۇق قول كەلمىسۇن. [16] سەن مېھنەت بىلەن تېرىغان زىرائىتىڭنىڭ تۇنجى ھوسۇلىنى ئورغاندا ئورما ھېيتىنى تۇتقىن. شۇنداق ھەم سەن مېھنەت بىلەن يەردە تېرىغان ھوسۇلۇڭنى يىلنىڭ ئاخىرىدا يىغىدىغان بولساڭ، ھوسۇل يىغىش ھېيتىنى تۇتقايسەن. [17] يىلدا ئۈچ مەرتىۋە ھەممە ئەركەكلىرىڭ رەب خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىغا كەلسۇن.
[18] سەن ماڭا قىلىدىغان سويۇم قۇربانلىقىنىڭ قېنىنى ئۆرلىگەن نان بىلەن ئۆتكۈزمىگىن. ھېيت قۇربانلىقىنىڭ يېغى بولسا بىر كېچە قونۇپ قالمىسۇن.
[19] زېمىنىڭنىڭ تۇنجى ھوسۇلىنى رەب خۇدايىڭنىڭ بەيتىگە كەلتۈرگىن. بىر ئوغلاق بولسا ئۆنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە پىشۇرمىغىن.
[20] مانا مەن بىر پەرىشتىنى سېنى يولدا ساقلاپ، مەن تەييارلىغان يەرگە سېنى ئېلىپ بارسۇن دەپ، ئالدىڭدا ئەۋەتىمەن. [21] سەن ئۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇپ، گېپىگە ئۇناپ، ئۇنى خاپا قىلمىغىن. چۈنكى مېنىڭ ئىسمىم ئۇنىڭدا بولغاچ، ئۇ ئۆزى گۇناھلىرىڭلاردىن ئۆتمەيدۇ.
[22] لېكىن ئەگەر سەن ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، مېنىڭ بۇيرۇغىنىمنىڭ ھەممىسىنى قىلساڭ، مەن سېنىڭ دۇشمەنلىرىڭگە دۇشمەن بولۇپ، ساڭا زىت تۇرغۇچىلارغا زىت تۇرىمەن.
[23] چۈنكى مېنىڭ پەرىشتەم ئالدىڭدا يۈرۈپ، سېنى ئامورىي بىلەن خىتتىيلار، پەرىززىي بىلەن قانائانىيلار، خىۋۋىي بىلەن يەبۇسىيلارنىڭ يۇرتىغا باشلاپ بارغاندا مەن بۇلارنى يوقىتىمەن.
[24] سەن بولساڭ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا باش ئېگىپ ئىبادەت قىلمىغىن ۋە يا ئۇلار قىلغاندەك قىلماي، بەلكى ئۇلارنى ئۆرۈۋېتىپ، تۈۋرۈكلىرىنى سۇندۇرغىن. [25] لېكىن تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ئۇ ئۆزى نان بىلەن ئىچكۈلۈكۈڭلارغا بەرىكەت بېرىدۇ. كېسەللىك بولسا ئاراڭلاردىن چىقىرىمەن. [26] بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ يۇرتۇڭدا ھېچبىر خوتۇننىڭ بالىسى چۈشۈپ كەتمەي ۋە يا ھېچبىرى تۇغماس بولمايدۇ. ئۆمرۈڭنىڭ كۈنلىرىنى پۈتۈن قىلىمەن. [27] سېنىڭ ئالدىڭدا ھەيۋىتىمنى ئەۋەتىپ، سەن بارىدىغان ھەممە تائىپىلەرنى پاراكەندە قىلىپ، ھەممە دۇشمەنلىرىڭنى كەينىگە ياندۇرۇپ، [28] خىۋۋىي، قانائانىي

ۋە خىتتىيلارنى ئالدىڭدىن قاچۇرماق ئۈچۈن ھەرىلەرنى ئەۋەتىمەن. [29] ئەمما يۇرت چۆل بولۇپ
قېلىپ، ۋەھشىي ھايۋانلار ئاۋۇپ كېتىپ، ساڭا زىيان يەتكۈزمىسۇن دەپ، ئۇلارنى بىر يىل ئىچىدە
ئالدىڭدىن ھەيدىۋەتمەي، [30] بەلكى سەن ئاۋۇپ، يۇرتنى مىراس ئېلىپ بولغۇچىلىك ئۇلارنى
ئاز-ئازدىن چىقىرىپ تۇرىمەن. [31] سېنىڭ يۇرتۇڭنىڭ چېگرىلىرىنى قىزىل دېڭىزدىن تارتىپ،
فىلىستىنىيلەرنىڭ دېڭىزىغىچە، شۇنىڭدەك چۆلدىن تارتىپ فىرات دەرياسىغىچە توختىتىمەن.
چۈنكى سىلەر ئۇلارنى ھەيدىۋەتكەيسىلەر دەپ، يۇرتنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىنى قولۇڭلارغا بېرىمەن.
[32] سەن ئۇلار بىلەن ياكى ئىلاھلىرى بىلەن ھەرگىز ئەھدە تۈزمىگىن. [33] ئۇلار سېنى ئازدۇرۇپ
گۇناھ قىلدۇرمىسۇن دەپ، سېنىڭ يۇرتۇڭدا تۇرمىسۇن. مۇبادا سەن ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا
ئىبادەت قىلىپ تاشلىساڭ، بۇ ئۆزى ساڭا بىر تۇزاق بولىدۇ.

## خۇدانىڭ ئىسرائىل خەلقى بىلەن باغلىغان ئەھدە

24 [1] ئۇ مۇساغا ئېيتتىكى: «سەن بېرىپ، ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ھارۇن، ناداب، ئابىھۇ ۋە بەنى-
ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىدىن يەتمىش ئاقساقال كىشىنى ئېلىپ كېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ
ھۇزۇرىغا چىقىپ يىراقتىن سەجدە قىلىڭلار. [2] يالغۇز مۇسا خۇداۋەندىنىڭ قېشىغا كەلسۇن،
لېكىن باشقىلار يېقىن كەلمىسۇن. خەلق بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۈستىگە چىقمىسۇن» دېدى.
[3] مۇسا بېرىپ، خۇداۋەندىنىڭ ھەممە سۆزى بىلەن بۇيرۇقلىرىنى خەلققە دەپ بەرگىنىدە، ھەممە
خەلق بىر ئېغىز بولۇپ: «خۇداۋەندىنىڭ ھەممە ئېيتقىنىنى بەجا كەلتۈرىمىز» دەپ جاۋاب بەردى.
[4] ئاندىن كېيىن مۇسا ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھەممە سۆزىنى پۈتۈۋېلىپ، ئەتىسى سەھەر قوپۇپ،
تاغنىڭ تۈۋىدە بىر قۇربانگاھنى ياساپ، ئاندا ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىنىڭ سانىغا
مۇۋاپىق ئون ئىككى تۈۋرۈكنى تەييارلىدى. [5] ئۇ بەنى-ئىسرائىلنىڭ بىرنەچچە يىگىتلىرىنى
ئەۋەتسە، بۇلار بېرىپ كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق ئۆتكۈزۈپ، خۇداۋەندىگە شۈكۈر قۇربانلىقى
بولسۇن دەپ، بۇقىلار سويۇپ قۇربانلىق قىلدى. [6] ئاندىن كېيىن مۇسا قاننىڭ يېرىمىنى ئېلىپ،
قاچىلارغا قويۇپ قويۇپ، يەنە يېرىمىنى قۇربانگاھقا چېچىپ، [7] ئەھدە كىتابىنى ئېلىپ، خەلققە
ئوقۇپ بەردى. ئۇلار: «خۇداۋەندىنىڭ ھەممە ئېيتقىنىغا قۇلاق سېلىپ ئىتائەت قىلىمىز»
دەپ ئېيتتى. [8] ئۇ ۋاقىت مۇسا قاننى ئېلىپ، خەلققە چېچىپ: «مانا بۇ ئۆزى خۇداۋەندە شۇ
سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق، سىلەر بىلەن باغلىغان ئەھدىنىڭ قېنىدۇر» دەپ ئېيتتى.
[9] ئاندىن كېيىن مۇسا، ھارۇن، ناداب، ئابىھۇ ۋە بەنى-ئىسرائىلدىن يەتمىش ئاقساقال كىشى
تاغ ئۈستىگە چىقىپ، [10] ئىسرائىلنىڭ خۇداينى كۆردى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ تېگىدە ئاسماننىڭ
سۈزۈكلۈكىگە ئوخشاش كۆك ياقۇتتىن ياسالغان پاياندازدەك بىر جىسىم بار ئىدى. [11] لېكىن ئۇ
ئۆزى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۇلۇغلىرىنىڭ ئۈستىگە قولىنى ئۇزاتمىغاچ، ئۇلار خۇدانى كۆرسىمۇ،
يەپ-ئىچىپ تۇرالىدى.

[12] خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «تاغ ئۈستىگە قېشىمغا چىقىپ، مۇندا تۇرغىن. مەن ساڭا تاش
تاختىلىرىنى بېرىپ، سەن ئۇنى ئۇلارغا ئۆگەتكىلى ئۆزۈم تەلىم ئۈچۈن يېزىپ قويغان قانۇن
بىلەن ئەمرلىرىمنى ساڭا تاپشۇرىمەن» دېدى. [13] ئۇ ۋاقىت مۇسا قوپۇپ، ئۆز خىزمەتكارى
يەشۇئانى ئالغاچ باردى. شۇنداق قىلىپ، مۇسا ئۆزى خۇدانىڭ تېغىغا چىقىپ، [14] ئاقساقاللارغا:
«بىز سىلەرگە يېنىپ كەلگۈچىلىك مۇندا بىزگە ساقلاپ تۇرۇڭلار. مانا، ھارۇن بىلەن خۇر
سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا قالىدۇ. ئەگەر بىركىمنىڭ ئىشى بولسا، ئۇلارنىڭ قېشىغا بارسۇن» دېدى.
[15] ئەمما مۇسا تاغنىڭ ئۈستىگە چىققىنىدا، بۇلۇتنىڭ ئۆزى تاغنى ياپتى. [16] ئۇ ۋاقىت
خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى سىناي تېغىنىڭ ئۈستىگە توختاپ، بۇلۇتنىڭ ئۆزى ئۇنى ئالتە
كۈنگىچە سايە قىلىپ ياپتى. لېكىن يەتتىنچى كۈنى خۇداۋەندە بۇلۇت تەرىپىدىن مۇسانى
قىچقاردى. [17] ئەمما خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى بەنى-ئىسرائىلىنىڭ كۆز ئالدىدا تاغنىڭ
چوققىسىدا ھەممىنى يۇتقۇچى ئوتتەك كۆرۈندى. [18] مۇسا بولسا بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى. چىقىپ، مۇسا ئۆزى قىرىق كېچە-كۈندۈز تاغدا تۇردى.

## ئىبادەت چېدىرىنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى نىزاملار

25 [1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [2] «‹ ماڭا بىر ھەدىيە يىغىپ بېرىڭلار›
دەپ بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتقىن. خوش دىل بىلەن بېرىدىغان ھەر كىشىدىن ھەدىيەم
يىغىۋالغايسىلەر. [3] سىلەر ئۇلاردىن ئالىدىغان ھەدىيە شۇ، يەنى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، [4] كۆك،
سۆسۈن ۋە قىرمىز رەڭلىك رەخت، نەپىس كاناپ، ئۆچكە يۇڭى، [5] قوچقارنىڭ قىزىل رەڭلىك
تېرىسى، تاخاش تېرىسى، ئاكاتسىيە ياغىچى، [6] چىراغ يېغى، ياغلاش ئۈچۈن خۇشبۇي ياغ،
كۆيدۈرىدىغان خۇشبۇي دورا-دەرمەك، [7] ھېقىق تاشلىرى ۋە ئېفود تونى بىلەن كۆكرەكلىككە
ئورنىتىلىدىغان تاشلار بولسۇن.

[8] ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ماكان تۇتمىقىم ئۈچۈن ئۇلار ماڭا بىر مۇقەددەس خاننى ياسىسۇن.
[9] ئىبادەت چېدىرى بىلەن ھەممە ئەسۋابلىرى بولسا مەن ساڭا كۆرسىتىدىغان نەمۇنىگە
مۇۋاپىق ياساڭلار.
[10] ئۇلار ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بىر ساندۇقنى ياسىسۇن. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى يېرىم گەز
بولۇپ، كەڭلىكى بىر يېرىم گەز، ئېگىزلىكى بىر يېرىم گەز بولسۇن. [11] سەن ئۇنى ساپ
ئالتۇندىن قاپلاپ، ئىچى-سىرتىنى يۆگەپ، ئۇنىڭ ئۈستۈن چېتىنىڭ چۆرىسىگە ئالتۇندىن
گىرۋەك ياساپ، [12] ئالتۇندىن تۆت ھالقىنى قۇيدۇرۇپ، ئۇنىڭ تۆت پۇتىغا قادىغىن. ئىككى
ھالقا بىر تەرىپىدىن، يەنە ئىككى ھالقا باشقا تەرىپىدە بولسۇن. [13] سەن ھەم ئاكاتسىيە
ياغىچىدىن ئىككى بالداقنى ياساپ، ئىككىلىسىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىغىن. [14] ساندۇق ئۇلار

بىلەن كۆتۈرۈلسۇن دەپ، بۇ بالداقلارنى ساندۇقنىڭ ئىككى يېنىدىكى ھالقىلاردىن تىقىپ
ئۆتكۈزگىن. [15] لېكىن بالداقلار بولسا ساندۇقتىكى ھالقىلاردا تۇرۇپ، ئاندىن چىقىرىلمىسۇن.
[16] بۇ ساندۇقتا مەن ساڭا بېرىدىغان شاھادەتنامىنى قويغايسەن. [17] بۇنىڭدىن باشقا، سەن
ئالتۇندىن ئۇزۇنلۇقى ئىككى بىر يېرىم گەز، كەڭلىكى بىر يېرىم گەز بولغان بىر مەرھەمەت
تەختىنى ياساپ، [18] ئىككى كېرۇبنىمۇ ئالتۇندىن سوقۇپ ئېتىپ، مەرھەمەت تەختىنىڭ ئىككى
چېتىدە قويۇپ، [19] بىر كېرۇبنى بىر چېتىدە، يەنە بىر كېرۇبنى باشقا چېتىدە قويماق ئۈچۈن
ياسىغىن. ئىككى چېتىدىكى كېرۇبلار بىلەن مەرھەمەت تەختى ئۆزى بىر پارچىدىن ياسالسۇن.
[20] كېرۇبلار بولسا قاناتلىرى بىلەن مەرھەمەت تەختىنى ياپسۇن دەپ، ئۆز قاناتلىرىنى يېيىپ
كۆتۈرۈپ، يۈزلىرىنى بىر-بىرىنىڭ تەرىپىگە يۈزلىنىپ تۇرسۇن. شۇنداقكى، كېرۇبلارنىڭ
يۈزلىرى مەرھەمەت تەختىنىڭ تەرىپىگە قارىسۇن. [21] سەن مەرھەمەت تەختىنى شاھادەت
ساندۇقىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ مەن ساڭا بېرىدىغان شاھادەتنامىنى ساندۇقنىڭ ئىچىدە
قويغىن. [22] ئاندا مەن ئۆزۈمنى ساڭا ئاشكارا قىلىمەن. مەرھەمەت تەختىدىن، يەنى شاھادەت
ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى كېرۇبنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايدىن، سېنىڭ ۋاستەڭ بىلەن
بەنى-ئىسرائىلغا بېرىدىغان ھەممە ئەمرلىرىم توغرىسىدا ساڭا سۆز قىلىمەن.
[23] سەن ھەم ئۇزۇنلۇقى ئىككى گەز بولۇپ، توغرىسى بىر گەز، ئېگىزلىكى بىر يېرىم گەز
بولغان بىر جوزىنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئېتىپ، [24] ئۇنى ساپ ئالتۇندىن قاپلاپ، ئۇنىڭ
ئۈستۈن چېتىنىڭ چۆرىسىگە ئالتۇندىن بىر گىرۋەك ياسىغىن. [25] بۇنىڭدىن باشقا سەن
جوزىنىڭ چۆرىسىگە تۆت بارماق كەڭ بىر پەۋاز قىلىپ، ئۇ پەۋازنىڭ چۆرىسىگە ئالتۇندىن
بىر گىرۋەك ياسىغىن. [26] ئۇ جوزىغا سەن ئالتۇندىن تۆت ھالقا ئېتىپ، بۇ ھالقىلارنى تۆت
پۇتنىڭ ئۇتتۇرىدىكى تۆت بۇلۇڭىغا قادىغايسەن. [27] جوزىنى كۆتۈرمەك ئۈچۈن ئۇلاردىن
بالداقلار ئۆتكۈزۈلسۇن دەپ، ھالقىلار ئۆزى پەۋازنىڭ ئۇتتۇرىدا توختىتىلسۇن. [28] بالداقلىرى
بولسا سەن ئۇلارنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئېتىپ ئالتۇن بىلەن قاپلىغايسەن. ئۇلار بىلەن جوزا
ئۆزى كۆتۈرۈلسۇن. [29] جوزا ئۈچۈن ئاياق بىلەن قاچىلار، تاۋاق بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى
قۇيۇلىدىغان پىيالىلەرنى ساپ ئالتۇندىن تەييارلاپ ئەتكەيسەن.
[30] مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا بولماق ئۈچۈن سەن ھەمىشە ئۇ جوزىدا نان قويۇپ قويغايسەن.
[31] سەن ھەم ساپ ئالتۇندىن بىر شامداننى ياسىغىن. ئۇ شامدان بولسا سوقۇلۇپ ئېتىلىپ،
ئۇنىڭ پۇتى بىلەن غولى، قاچا، تۈگۈن ۋە گۈللىرى بىر پارچىدىن بولسۇن. [32] شامداننىڭ
يانلىرىدىن ئالتە شاخ چىقىپ، بىر يېنىدىن ئۈچ شاخ، يەنە بىر يېنىدىن ئۈچ شاخ چىقسۇن.
[33] بىر شاختا بادام گۈلىگە ئوخشاش ئۈچ قاچا بولۇپ، ھەربىرى بىر تۈگۈن بىلەن بىر گۈلدىن
ئىبارەت قىلىنىپ، باشقا شاختا ھەم بادام گۈلىگە ئوخشىغان ئۈچ قاچا بولۇپ، ھەربىرى
بىر تۈگۈن بىلەن بىر گۈلدىن ئىبارەت قىلىنسۇن. شامداندىن چىقىرىلغان ئالتىلا شېخى
شۇنداق بولسۇن. [34] لېكىن شامداننىڭ ئۆزىدە بادام گۈلىگە ئوخشاپ تۈگۈن بىلەن گۈلى
بار تۆت قاچا بولسۇن. [35] بىر تۈگۈن ئۆزى شامداندىن چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر بولغان

ئاۋۋالقى بىر جۈپ شاخنىڭ تېگىدە تۇرۇپ، يەنە بىر تۇگۈن شامداندىن چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر بولغان يەنە بىر جۈپ شاخنىڭ تېگىدە تۇرۇپ، ئۈچىنچى تۇگۈن شامداندىن چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر بولغان ئۈچىنچى جۈپ شاخنىڭ تېگىدە تۇرسۇن. شامداندىن چىققان ئالتە شاختا شۇنداق بولسۇن. [36] شۇنداق بولسۇنكى، ئۇلارنىڭ تۇگۈن بىلەن شاخلىرى شامدان بىلەن بىر بولۇپ، ساپ ئالتۇندىن ئىتىلىپ بىر پارچىدىن ياسالسۇن. [37] بۇنىڭدىن باشقا سەن يەتتە چىراغنى ياسىغايسەن. شۇ چىراغلار ئۇنداق تەرىقىدە قويۇلسۇنكى، ئۇتتۇرىدىكى جايغا يورۇق بېرەلىسۇن. [38] ئۇنىڭ پىلىك قىسقاچلىرى بىلەن كۈلدانلىرى بولسا ساپ ئالتۇندىن ئىتىلسۇن. [39] ئۆزى بىلەن ھەممە ئەسۋابلىرى بىر تالانت ساپ ئالتۇندىن ئىتىلسۇن. [40] ئاگاھ بولۇپ، ئۆزۈم ساڭا تاغدا كۆرسەتكەن نەمۇنىدەك ئۇلارنى ياسىغايسەن.

# 26

[1] ئىبادەت چېدىرى بولسا سەن ئۇنى تاللانغان ئاق كاناپ يىپ بىلەن كۆك رەڭلىك يىپ، سۆسۈن رەڭلىك بىلەن قىرمىز رەڭلىك يىپتىن بولغان‹ئون دانە رەخت پەردىسىدىن› ياساپ، ئۇنىڭدا ئۇستا-ھۈنەرۋەننىڭ قولى بىلەن كېرۇبلارنىڭ سۈرىتىنى توقۇتۇپ چىقارغايسەن. [2] ھەر پەردىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە سەككىز گەز، توغرىسى تۆت گەز بولۇپ، ھەربىر پەردە بىر ئۆلچەمدە بولسۇن. [3] پەردىلەرنىڭ بەشى بىر-بىرى بىلەن ئۇلىنىپ، قالغان پەردىلەر ھەم بىر-بىرى بىلەن ئۇلانسۇن. [4] سەن بىر چېتىدىكى پەردىنىڭ يەنە بىرىگە تۇتىشىدىغان يان تەرىپىگە كۆك رەڭلىك ئىزمە قاداپ، باشقا بىر چېتىدىكى پەردىنىڭمۇ يەنە بىرىگە تۇتىشىدىغان يان تەرىپىگە شۇنداق قىلغايسەن. [5] بىر پەردىگە ئەللىك ئىزمە قاداپ، ئىزمىلەر بولسا بىر-بىرىنىڭ ئوتتۇرىدا بولسۇن دەپ، باشقا پەردىنىڭمۇ تۇتىشىدىغان يان تەرىپىگە ئەللىك ئىزمە قادىغىن. [6] ئىبادەت چېدىرى پۈتۈن بولسۇن دەپ، ئالتۇندىن ئەللىك ئىلمەك ياساپ پەردىلەرنى بۇ ئىلمەكلەر بىلەن بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرغىن.

[7] ئىبادەت چېدىرىنى ياپماق ئۈچۈن ‹ئۆچكە يۇڭىدىن› يوپۇقلار ياسىغىن. شۇنداق يوپۇقلاردىن ‹ئون بىر دانە› بولسۇن. [8] ھەر مۇنداق پەردىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز گەز، توغرىسى تۆت گەز بولۇپ، ئون بىر پەردىنىڭ ھەممىسى بىر ئۆلچەمدە بولسۇن. [9] پەردىلەرنىڭ بەشىنى سەن بىر پارچىغا ئۇلاپ، قالغان ئالتە پەردىنىمۇ بىر پارچىغا ئۇلاپ، ئالتىنچى پەردىسى بولسا ئۇنى ئىككىگە قاتلاپ، چېدىرنىڭ ئالدى تەرىپىدە قويۇپ قويغىن. [10] سەن بىر ئۇلاشقان پەردىنىڭ چېتىدىكى پارچىسىنىڭ يان تەرىپىگە ئەللىك ئىزمە قاداپ، يەنە باشقا ئۇلاشقان پەردىدە بولۇپ ئۇنىڭغا ياندىشقان پارچىسىغىمۇ ئەللىك ئىزمە قادىغىن. [11] سەن ھەم مىستىن ئەللىك ئىلمەك ئېتىپ، ئۇلارنى ئىزمىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، يېپىنچىنى ئۇلاپ پۈتۈن قىلغىن. [12] لېكىن چېدىر يېپىنچىسىنىڭ ئېشىپ قالغان قىسمى بولسا يەنى ئېشىپ قالغان يېرىم پەردە چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىدە ساڭگىلاپ تۇرسۇن. [13] چېدىر يېپىنچىسىنىڭ پەردىلىرىنىڭ بويىدىن ئېشىپ قالغان قىسمى بولسا ئۇ تەرەپتىن بىر گەز بۇ تەرەپتىن بىر گەز چېدىرنى ياپماق ئۈچۈن ئۇنىڭ

ئىككى تەرىپىدىن ساڭگىلاپ تۇرسۇن.
14 بۇنىڭدىن باشقا سەن قىزىل بويالغان قوچقار تېرىلىرى بىلەن چېدىر يوپۇقىنى قاپلاپ ئۇنىڭ
ئۈستىدىنمۇ تاخاش تېرىلىرى بىلەن قاپلىغىن.
15 ئىبادەت چېدىرىنىڭ تاختىلىرى بولسا سەن ئۇلارنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئىتىپ
تىكلىگىن. 16 ھەر تاختىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون گەز بولۇپ، توغرىسى بىر يېرىم گەز بولسۇن.
17 ھەربىر تاختىنىڭ ئىككى پۇتى بولۇپ، قىرى بىلەن بىر-بىرىگە تۇتاشسۇن. چېدىرنىڭ ھەممە
تاختىلىرىنى شۇنداق قىلغايسەن. 18 چېدىرنىڭ تاختىلىرى بولسا يىگىرمىسىنى جەنۇبقا
قارىتىپ، جەنۇب تەرىپىدە قويغىن. 19 بۇ يىگىرمە تاختىنىڭ تېگىگە كۈمۈشتىن قىرىق
تەگلىك ياساپ، ھەربىر تاختىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ تېگىدە ئىككىدىن تەگلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ
قويغىن. 20 شۇنىڭغا ئوخشاش چېدىرنىڭ باشقا يېنىدا، يەنى شىمال تەرىپىدە يىگىرمە
تاختىنى قويۇپ، 21 ئۇلار ئۈچۈن ھەم كۈمۈشتىن قىرىق تەگلىك ياساپ، ھەربىر تاختىنىڭ
تېگىگە ئىككىدىن-ئىككىدىن تەگلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىن. 22 لېكىن چېدىرنىڭ كەينى
تەرىپىدە غەربكە قاراشلىق ئالتە تاختىنى قويغىن. 23 چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئىككى
بۇلۇڭدا ئىككى تاختىنى قويغىن. 24 بۇلارنىڭ ھەربىرى تۆۋەن تەرىپىدىن قوشۇلۇپ، ئۈچىغىچە
قوشۇلۇپ چىقىپ، بىر ھالقا بىلەن تۇتاشسۇن. ئىككىلىسى شۇنداق بولۇپ، ئىككى بۇلۇڭدا
قويۇلسۇن. 25 بۇ تەرىقىدە سەككىز تاختا بولۇپ، ھەربىر تاختىنىڭ تېگىگە قويغىلى ئىككىدىن
تەگلىك ھېسابىدا ئون ئالتە دانە كۈمۈش تەگلىك بولسۇن. 26 بۇنىڭدىن باشقا سەن ئاكاتسىيە
ياغىچىدىن توغرا بالداقلار ياساپ، بەشنى چېدىرنىڭ بىر يېنىدىكى تاختىلار ئۈچۈن ئىتىپ،
27 چېدىرنىڭ باشقا يېنىدىكى تاختىلار ئۈچۈن بەش دانە توغرا بالداق ياساپ چېدىرنىڭ كەينى
تەرىپىدىكى غەربكە قاراشلىق تاختىلار ئۈچۈن ھەم بەش بالداقنى تەييارلىغىن. 28 تاختىلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ئوتتۇرا بالداق بولسا بۇ ئۇچىدىن يەنە بىر ئۇچىغىچە يەتسۇن.
29 تاختىلارنىڭ ئۆزىنى سەن ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، بالداقلار كىرىدىغان ھالقىلارنى ئالتۇندىن
ياساپ، بالداقلارنىمۇ ئالتۇن بىلەن قاپلىغىن. 30 چېدىر بولسا سەن ئۇنى مەن ساڭا تاغدا
كۆرسەتكەن نۇسخا بويىچە ياسىغىن.
31 سەن كۆك رەڭلىك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك يىپتىن قىرمىز رەڭلىك بىلەن ئاق كاناپ يىپتىن
بىر پەردىنى ياساپ ئۇنىڭدا كېرۇب سۈرەتلىرىنى نەپىس قىلىپ توقۇتۇپ، 32 ئۇنى ئاكاتسىيە
ياغىچىدىن ياسالغان تۆت تۈۋرۈككە ئېسىپ قويغايسەن. بۇ تۈۋرۈكلەر بولسا ئالتۇن بىلەن
قاپلىنىپ، ئالتۇندىن ئىلمەكلىرى بولۇپ، كۈمۈشتىن ياسالغان تۆت تەگلىكنىڭ ئۈستىدە
ئورناشتۇرۇلسۇن. 33 ئۇ پەردىنى سەن ئىلمەكلەرنىڭ ئاستىدىن ساڭگىلىتىپ، شاھادەت
ساندۇقىنى ئاندا كەلتۈرۈپ، پەردىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرگىن. بۇ پەردە ئۆزى سىلەر ئۈچۈن
مۇقەددەس خانا بىلەن ھەممىدىن مۇقەددەس خانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توسالغۇ بولسۇن.
34 مۇندىن كېيىن سەن ھەممىدىن مۇقەددەس خانىدا مەرھەمەت تەختىنى شاھادەت ساندۇقىنىڭ
ئۈستىدە قويغىن.

35 لېكىن جوزىنىڭ ئۆزىنى پەردىنىڭ سىرتىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شامدانىنى جوزىنىڭ ئۇتتۇرىدا چېدىرنىڭ جەنۇب تەرىپىدە قويۇپ، جوزىنى شىمال تەرىپىدە قويغىن.
36 بۇنىڭدىن باشقا سەن چېدىرنىڭ دەرۋازىسى ئۈچۈن كۆك رەڭلىك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك يىپتىن، قىرمىز رەڭلىك بىلەن ئاق كاناپ يىپتىن بىر پەردىنى ياسىتىپ، ئۇستىگە گۈل توقۇتقىن. 37 بۇ پەردە ئۈچۈن ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بەش تۈۋرۈكنى ياساپ، ئۇلارنى ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، ئىلمەكلىرىنى ئالتۇندىن ئېتىپ، ئۇلارنىڭ تېگىگە قويىدىغان بەش دانە تەگلىكنى مىستىن قويۇپ تەييارلىغىن.

27 1 سەن ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بىر قۇربانگاھنى ياسىغىن. قۇربانگاھ ئۆزى تۆت چاسا بولسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش گەز، توغرىسىمۇ بەش گەز بولۇپ ئېگىزلىكى بولسا ئۈچ گەز قىلىنسۇن. 2 ئۇنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا قويۇلىدىغان مۈڭگۈزلەرنى ياسىغىن. مۈڭگۈزلەر بولسا قۇربانگاھ بىلەن بىر پارچىدىن بولسۇن. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مىس بىلەن قاپلاپ قويغىن. 3 قۇربانگاھنىڭ كۈلىنى ئالماق ئۈچۈن كۈلدان بىلەن بەلچىسىنى ياساپ، قاچا، لاخشىگىر ۋە ئوتدانلىرىنى ئېتىپ ئۇنىڭ ھەممە ئەسۋابلىرىنى مىستىن ياسىغىن. 4 بۇنىڭدىن باشقا سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن مىستىن بىر تورنى ياساپ، تورنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت دانە مىس ھالقا بېكىتىپ قويغىن. 5 بۇ تورنىڭ ئۆزىنى قۇربانگاھنىڭ ئاستىن تەرىپىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەتكۈزۈپ قادىغىن. 6 بۇنىڭدىن باشقا سەن قۇربانگاھ ئۈچۈن ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئىككى بالداقنى ياساپ، بۇلارنى مىس بىلەن قاپلاپ، 7 قۇربانگاھنى كۆتۈرگەندە بالداقلار ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا تېپىلسۇن دەپ، ئۇلارنى ھالقىلارغا تىقىپ قويغىن. 8 قۇربانگاھنىڭ ئۆزىنى كاۋاك قىلىپ، شالدىن ياساپ، ئۆزۈم تاغدا ساڭا كۆرسەتكەن نەمۇنىدەك تەييار قىلغىن.

9 ئىبادەت چېدىرى ئۈچۈن بىر ھويلا قىلغايسەن. ئۇ ھويلا ئۈچۈن جەنۇب تەرىپىگە قاراشلىق جەنۇب تەرىپىدە ئاق كاناپ يىپتىن توقۇلۇپ، ئۇزۇنلۇقى يۈز گەز بولغان پەردىلەر بولسۇن. بۇنىڭ ھەممىسى بۇ يېنى ئۈچۈن بولغاي. 10 پەردىلەر ئۈچۈن يىگىرمە تۈۋرۈك ئېتىلىپ، ئۇلارنىڭ تېگىگە قويغىلى يىگىرمە دانە مىس تەگلىكى ياسالسۇن. لېكىن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئىلمەك بىلەن چەمبەرلىرى بولسا كۈمۈشتىن ئېتىلسۇن. 11 شۇنداق ھەم شىمال تەرىپىدە بويىغا تۇتۇلۇپ، ئۇزۇنلۇقى يۈز گەز كېلىدىغان پەردىلەر بولسۇن. بۇ پەردىلەر ئۈچۈن يىگىرمە دانە تۈۋرۈك ياسىلىپ، ئۇلارنىڭ تېگىگە قويغىلى يىگىرمە دانە مىس تەگلىكى ياسالسۇن. لېكىن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئىلمەك بىلەن چەمبەرلىرى بولسا كۈمۈشتىن بولسۇن. 12 ھويلىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى توغرا يېنىدا ئەللىك گەزلىك پەردىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ئون تۈۋرۈك ياسىلىپ، ئۇلارنىڭ تېگىگە قويغىلى ئون دانە تەگلىك ئېتىلسۇن. 13 ھويلىنىڭ توغرىسى بولسا شەرق تەرىپىگە كۈن چىقىشقا قاراپ ئەللىك گەز بولسۇن. 14 ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە ئۈچ

تەگلىكى بار، ئۈچ دانە تۆۋرۈك بىلەن ئون بەش گەزلىك پەردىلەر بولسۇن. [15] يەنە بىر تەرىپىدە
ھەم ئۈچ تەگلىكى بار، ئۈچ دانە تۆۋرۈك بىلەن ئون بەش گەزلىك پەردىلەر بولسۇن. [16] ھويلىنىڭ
دەرۋازىسى ئۈچۈن ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە گەز بولغان بىر پەردە ئېتىلسۇن. ئۇ ئۆزى كۆك رەڭلىك
بىلەن سۆسۈن رەڭلىك يىپتىن، قىرمىز رەڭلىك بىلەن ئاق كاناپ يىپتىن توقۇلۇپ، گۈل
سېلىنىپ، ئۇنىڭغا تۆت تەگلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۆت تۆۋرۈك ياسالسۇن. [17] ھويلىنىڭ
چۆرىسىدىكى ھەممە تۆۋرۈكلەرنىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان چەمبەر بىلەن كۈمۈشتىن ئېتىلگەن
ئىلمەكلىرى بولسۇن، لېكىن تەگلىكلىرى مىستىن ياسالسۇن. [18] ھويلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈز
گەز بولۇپ، توغرىسى ھەر تەرەپتىن ئەللىك گەز كېلىپ، ئىھاتە قىلىدىغان پەردە ئۆزى ئاق
كاناپ يىپتىن توقۇلۇپ، ئېگىزلىكى بەش گەز قىلىنسۇن. تۆۋرۈكلەرنىڭ تەگلىكلىرى بولسا
مىستىن ياسالسۇن.

[19] چېدىرنىڭ ئىشىدا ئىشلىتىدىغان ھەممە قاچىلىرى بىلەن مىخلىرى ۋە ھويلىنىڭ ھەممە
مىخلىرىنىڭ ئۆزى مىستىن بولسۇن.

[20] چىراغ ھەمىشە يېنىپ تۇرسۇن دەپ، ياندۇرماق ئۈچۈن سىنىڭ قېشىڭغا زەيتۇندىن
چىقىرىلغان ساپ ياغ كەلتۈرۈشكە بەنى-ئىسرائىلغا بۇيرۇغىن. [21] جامائەت چېدىرىنىڭ ئىچىدە
شاھادەت ساندۇقىنىڭ ئۈتتۈرىدىكى پەردىنىڭ تاشقىرىدا ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى
ئاخشامدىن تارتىپ ئەتىگەنگىچە خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا شامدانىنى يورۇتسۇن. شۇ ئىش ئۆزى
نەسىلدىن-نەسىلگە بەنى-ئىسرائىلغا بىر قانۇن بولۇپ قالسۇن.

28 [1] سەن بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن ئۆز بۇرادىرىڭ بولغان ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرىنى
ئۆز قېشىڭغا كەلتۈرگىنكى، ھارۇن ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ناداب، ئابىھۇ، ئېلىئازار ۋە
ئىتامار دېگەن ئوغۇللىرى ماڭا كاھىنلار بولغاي.
[2] سەن ئۆز بۇرادەرىڭ ھارۇننىڭ ئىززەت ۋە زىننىتى ئۈچۈن مۇقەددەس كىيىملەر تەييارلاپ،
[3] مەن ھېكمەت روھى بىلەن كۆڭۈللىرىنى تولدۇرغان ھەممە ئۇستا كىشىلەرگە ھارۇننىڭ
مۇقەددەس قىلىنىپ ماڭا كاھىن بولمىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېگىنلەر تىكىشكە بۇيرۇغىن.
[4] ئۇلار تىكىدىغان ئېگىنلەر بولسا كۆكرەكلىك بىلەن ئېفود تونى، سىرتقى تون بىلەن
كاتەكچە كۆينەك، سەللە بىلەن كەمەر بولسۇن. ھارۇن ماڭا كاھىن بولسۇن دەپ، ئۇلار
بۇرادىرىڭ ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا مۇقەددەس ئېگىنلەر تىكىپ، [5] بۇنىڭغا ئالتۇن
بىلەن كۆك، سۆسۈن ۋە قىرمىز رەڭلىك يىپ بىلەن ئاق كاناپ يىپىنى ئىشلەتسۇن. [6] ئېفود
تونى بولسا ئۇلار ئۇنى ئالتۇندىن، كۆك، سۆسۈن ۋە قىرمىز رەڭلىك يىپ بىلەن ئاق كاناپ
يىپتىن تەييارلاپ، ياخشى ئۇستىنىڭ قولىدىن چىققان رەختتىن تىكسۇن. [7] ئۇنىڭ ئىككى

دولىسى بولۇپ، ئىككىلا ئۇچى بىر-بىرى بىلەن تۇتاشسۇن دەپ، مۇرىسىدە چاپلانسۇن. [8] ئېفود
تونىنىڭ ئۇستىگە باغلايدىغان كەمەر بولسا ئۇنىڭ ئۆز رەختىدىن بولۇپ ئۇنىڭغا ئوخشاش
ئىشلىنىپ ئالتۇندىن كۆك رەڭلىك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك يىپتىن، قىرمىز رەڭلىك بىلەن
ئاق كاناپ يىپتىن تەييارلانسۇن. [9] سەن ئىككى دانە ئاق ھېقىقنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىگە
ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئويدۇرغىن. [10] ئىسىملارنىڭ ئالتىسى بىر تاشتا
ئويۇلۇپ، قالغان ئالتىسى بولسا يەنە بىر تاشتا ئويۇلۇپ، ھەممىسى تۇغۇلغىنىغا مۇۋاپىق
پۈتۈلسۇن. [11] تاش ئويغۇچىلارنى تېپىپ، مۆھۈر ئويدۇرغاندەك ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ
ئىسىملىرىنى ئىككىلا تاشقا ئويدۇرۇپ، ئۇلارنى ئالتۇندىن ياسالغان كۆزلۈككە قادىتىپ،
[12] ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ يادىكارى بولسۇن دەپ، ئىككىلا تاشنى ئېفود تونىنىڭ ئىككى
مۈرىسىگە قاداپ قويغىن. ھارۇن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنىدا
يادىدا تۇتۇش ئۇچۇن ئۆز مۈرىلىرىدە كۆتۈرگەي. [13] بۇنىڭدىن باشقا سەن ئالتۇندىن ئىككى
كۆزلۈكنى ياساپ، [14] ساپ ئالتۇندىن بولۇپ، شوينىدەك ئېشىلىپ ئېتىلگەن ئىككى زەنجىرنى
تەييارلاپ، بۇ ئېشىلمە زەنجىرلەرنى كۆزلۈكلەرگە بېكىتكىن.
[15] سەن ئۇستا ھۈنەرۋەننىڭ قولى بىلەن بىر ھۆكۈم كۆكرەكلىكىنى ياسىتىپ، بۇنى ھەم ئېفود
تونىغا ئوخشاش ئالتۇندىن، كۆك رەڭلىك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك يىپتىن، قىرمىز رەڭلىك
بىلەن ئاق كاناپ يىپتىن تەييار قىلدۇرغىن. [16] بۇ ئۆزى ئىككى قاتلىق تۆت چاسا بولۇپ،
ئۇزۇنلۇقى بولسا بىر غېرىچ بولۇپ، توغرىسى ھەم بىر غېرىچ بولسۇن. [17] ئۇنىڭ ئۇستىگە
تۆت قاتار قىلىپ، جاۋاھىر تاشلىرىنى قادىغىن. شۇنداقكى، بىرىنچى قاتاردا بىر قىزىل ياقۇت،
بىر توپاز ۋە بىر زۇمرەت بولسۇن. [18] ئىككىنچى قاتاردا بىر كۆك قاشتاش، بىر كۆك ياقۇت
ۋە بىر ئالماس بولۇپ، [19] ئۇچىنچى قاتاردا بىر سۆسۈن ياقۇت، بىر ھېقىق ۋە بىر سۆسۈن
كۋارتس بولۇپ، [20] تۆتىنچى قاتاردا بىر خرىزولىت، ئاق ھېقىق ۋە بىر يېشىل قاشتاش بولۇپ،
بۇنىڭ ھەممىسى ئالتۇن كۆزلۈكلىرىنىڭ ئىچىدە ئورنىتىلسۇن. [21] بۇ جاۋاھىر تاشلىرى بولسا
ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرىغا مۇۋاپىق ئون ئىككى دانە بولۇپ، مۆھۈر ئويغاندەك
ھەربىر تاشقا ئون ئىككى قەبىلىنىڭ بىرىدىن-بىرىدىن ئىسمى پۈتۈلسۇن. [22] كۆكرەكلىككە
ئېشىلگەن شوينىغا ئوخشاش ساپ ئالتۇندىن زەنجىرلەر ياسىغىن. [23] بۇنىڭدىن باشقا سەن
كۆكرەكلىك ئۇچۇن ئالتۇندىن ئىككى ھالقا ئېتىپ، بۇلارنى كۆكرەكلىكنىڭ ئىككى بېشىغا
بېكىتىپ، [24] ئۆزى ئالتۇندىن بولۇپ ئېشىلىپ ياسالغان ئىككى زەنجىرنى كۆكرەكلىكنىڭ
ئىككى بېشىغا بېكىتىلگەن ھالقىلاردىن ئۆتكۈزۈپ، [25] بۇ ئېشىلگەن زەنجىرلەرنىڭ قالغان
ئىككى ئۇچىنى ئىككى كۆزلۈكلەرگە قاداپ، بۇلارنى ئېفود تونىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئىككى
مۈرىسىگە ئېسىپ قويغىن. [26] بۇنىڭدىن بۆلەك، سەن ئالتۇندىن ئىككى ھالقا ئېتىپ، ئېفود
تونىنىڭ ئىچ تەرىپىگە كەلگەن كۆكرەكلىكنىڭ يەنە ئىككى بېشىغا بېكىتكىن. [27] مۇندىن
ئۆزگە سەن ئالتۇندىن ئىككى ھالقا ياساپ، ئېفود تونىنىڭ ئىككى دولىسىنىڭ ئاستىدا ئۇنىڭ
تۇتاشقان جايىنىڭ ئالدىغا كەمەرنىڭ ئۇستىگە ئاسقىن. [28] كەمەردىن ئېگىز تۇرۇپ، ئېفودتىنمۇ

جۇدا بولمىسۇن دەپ، كۆكرەكلىك ئۆزى ھالقىلاردىن ئۆتكۈزۈلگەن كۆك رەڭلىك يىپ بىلەن ئېفودنىڭ ھالقىلىرىغا باغلانسۇن. [29] ھارۇن ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا، يادىدا تۇتسۇن دەپ، ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان ھۆكۈم كۆكرەكلىكىنى كۆكسىگە قاداپ بارسۇن. [30] ھارۇن ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا ئۇرىم بىلەن تۇمىم ئۇنىڭ كۆكسىدە بولسۇن دەپ، بۇلارنى ھۆكۈم كۆكرەكلىكىنىڭ ئىچىدە قويغىن. بۇنىڭ بىلەن ھارۇن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھۆكۈمىنى ھەمىشە ئۆز كۆكسىدە كۆتۈرىدىغان بولىدۇ.

[31] ئېفود تونى بولسا سەن ئۇنى تامام كۆك رەڭلىك رەختتىن قىلغايسەن. [32] ئۇنىڭ باش تۆشۈكى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۇزىنىڭ يىرتىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ساۋۇتنىڭ ياقىسىغا ئوخشاش بۇنىڭ ياقىسىنىڭ چۆرىسىدە توقۇلغان قاسقىنى بولسۇن. [33] ئۇنىڭ ئېتىكىنىڭ چۆرىسىدە ھەممە تەرىپىگە كۆك رەڭلىك، سۆسۈن ۋە قىرمىز رەڭلىك يىپتىن ياسالغان ئانارلارنى سېلىپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەممە تەرىپىگە ئالتۇن قوڭغۇراقلىرىنى ئېسىپ قويغىن. [34] شۇنداقكى، تونىنىڭ ئېتىكىنىڭ پۈتۈن چۆرىسىدە بىر ئالتۇن قوڭغۇراق، ئاندىن كېيىن بىر ئانار، ئاندىن يەنە بىر ئالتۇن قوڭغۇراق، ئاندىن كېيىن يەنە بىر ئانار بولسۇن. [35] بۇ تونىنىڭ ئۆزىنى ھارۇن خىزمەت قىلىدىغان ۋاقىتتا كىيسۇن. بۇنىڭ بىلەن ھارۇن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، مۇقەددەس خانىغا كىرىپ-چىقىشتا تونىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرغاچ، ئۇ ئۆزى ئۆلۈپ كەتمەگەي.

[36] مۇندىن كېيىن سەن ساپ ئالتۇندىن بىر تاختىنى ياساپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۆھۈر ئويغاندەك: ‹ خۇداۋەندە ئۈچۈن مۇقەددەس قىلىندى› دەپ ئويۇپ، [37] ئۇنى كۆك رەڭلىك يىپ بىلەن سەللىسىگە چىگىپ، سەللىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ساڭگىلاتقىن. [38] ئۇ ئۆزى ھارۇننىڭ پېشانىسىدا تۇرسۇن. بۇنىڭ بىلەن ھارۇننىڭ ئۆزى بەنى-ئىسرائىلنىڭ مۇقەددەس قىلىپ كەلتۈرگەن مۇقەددەس ھەدىيەلىرىگە چاپلاشقان يامانلىقنى كۆتۈرىدىغان بولىدۇ. ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا مەقبۇل بولسۇن دەپ، ئۆزى ئۇنىڭ پېشانىسىدا ھەمىشە تۇرسۇن.

[39] بۇنىڭدىن باشقا نەپىس كاناپ يىپتىن بولۇپ كاتەكچىلىك توقۇلغان بىر كۆينەكنى ئېتىپ، نەپىس كاناپ يىپتىن بىر سەللە تەييارلاپ، بىر رەڭمۇرەڭ بەلۋاغمۇ راستلىغايسەن. [40] ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئۇلار ئۈچۈنمۇ كۆينەك تەييار قىلىپ، بەلۋاغلار راستلاپ، ئۇلارنىڭ ئىززەت بىلەن زىننىتى ئۈچۈن دوپپىلار قىلغىلار. [41] بۇنىڭ ھەممىسىنى سەن بۇرادىرىڭ ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا كىيدۈرۈپ، ئۇلار مېنىڭ ئالدىمدا كاھىن بولمىقى ئۈچۈن ئۇلارنى مەسىھلەپ، خاس تەرىقىدە مۇقەددەس قىلغىن. [42] ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى يېپىلسۇن دەپ، ئۇلار ئۈچۈن كاناپ يىپتىن تامبىل قىلغىن. بۇ ئۆزى بەلدىن تارتىپ يوتىغىچە يەتسۇن. [43] ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى جامائەت چېدىرىغا كىرمەكچى بولسا ياكى مۇقەددەس خانىدا خىزمەت قىلماق ئۈچۈن قۇربانگاھقا يېقىن بارماقچى بولسا، ئۇلار: گۇناھكار بولۇپ ئۆلۈپ كەتمەگەيمىز دەپ، بۇلارنى كىيسۇن. بۇ قائىدە بولسا ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كېلىدىغان نەسىللىرى ئۈچۈن ھەمىشە بىر قانۇن بولسۇن.

29 [1] ماڭا كاھىن بولۇشقا ئۇلارنى پاكىز قىلماق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەققىدە قىلىدىغان
ئىشىڭ شۇ بولسۇنكى، سەن بىر ياش بۇقا بىلەن ئەيىبسىز ئىككى قوچقارنى ئېلىپ،
[2] بۇغداي ئۇنىدىن قىلىنغان پېتىر نان بىلەن ياغلانغان پېتىر توقاچلىرىنى ياغ سۈرتۈلگەن
پېتىر ھەمەكلەر بىلەن بىللە تەييارلاپ، [3] ئۇلارنى بىر سېۋەتكە سېلىپ، بۇ سېۋەتنى بۇقا
بىلەن ئىككى قوچقارغا قوشۇپ ھەدىيە قىلىپ كەلتۈرگىن. [4] ئاندىن كېيىن سەن ھارۇن
بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى سۇ بىلەن
يۇيۇپ، [5] ئېگىنلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ھارۇنغا كۆينەك بىلەن ئەفود تونىنى كىيدۈرۈپ، شۇنداقلا
ئەفودنىڭ ئۆزى بىلەن كۆكرەكلىكنى كىيدۈرۈپ ئەفودنىڭ بەلۋېغى بىلەن بېلىنى باغلاپ، [6]
بېشىغا سەللىنى قويۇپ، سەللىگە مۇقەددەس ئوتۇغاتنى قاداپ، [7] مەسىھلەش يېغىنى ئېلىپ،
بېشىغا قويۇپ ئۇنى مەسىھلىگىن. [8] ئاندىن كېيىن سەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى كەلتۈرۈپ،
ئۇلارغا كۆينەكلەرنى كىيدۈرۈپ، [9] ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرى بولغانلارنىڭ بەللىرىنى باغلاپ،
دوپپىلىرىنى كىيدۈرۈپ، ھەممىشە كاھىنلىق قىلغىلى ھەقدار بولسۇن دەپ، ھارۇن بىلەن
ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى خاس تەرىقىدە تەيىنلىگىن.
[10] ئاندىن سەن بۇقىنى جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگىن. ئېلىپ كەلگىنىڭدە
ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۆز قوللىرىنى بۇقىنىڭ بېشىغا قويسۇن. [11] كېيىن سەن
بۇ بۇقىنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا بوغۇزلاپ،
[12] بۇقىنىڭ قېنىدىن ئاز-ماز ئېلىپ، ئۆز بارمىقىڭ بىلەن ئۇنى قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە
سۈرتۈپ، قالغان قاننىڭ ھەممىسىنى قۇربانگاھنىڭ تۈۋىگە تۆكۈپ قويغىن. [13] ئىچ يېغى
بىلەن جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى چاۋا ۋە ئىككى بۆرەك بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ياغ بولسا
ھەممىسىنى قۇربانگاھتا كۆيدۈرگىن. [14] لېكىن بۇقىنىڭ گۆشى، تېرە ۋە تېزىكى بولسا
چېدىرگاھتىن تاشقىرى چىقىرىپ ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتكىن. بۇ ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى بولىدۇ.
[15] ئاندىن كېيىن سەن قوچقارلارنىڭ بىرىنى ئېلىپ كەلگىن. كەلتۈرگىنىڭدە ھارۇن بىلەن
ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۆز قوللىرىنى قوچقارنىڭ بېشىغا قويسۇن. [16] كېيىن سەن بۇ قوچقارنى
بوغۇزلاپ ئۇنىڭ قېنىنى ئېلىپ، قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىگە چېچىپ قويۇپ، [17] قوچقارنىڭ
ئۆزىنى پارچىلاپ، ئۇنىڭ ئۈچەي-باغىرلىرى بىلەن پاچاقلىرىنى يۇيۇپ ئۇنىڭ پارچىلىرى بىلەن
كالللىسىغا قوشۇپ، [18] بۇ پۈتۈن قوچقارنى قۇربانگاھتا كۆيدۈرگىن. بۇ ئۆزى خۇداۋەندىگە
كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بولىدۇ. مانا بۇ خۇش بۇي بولۇپ، خۇداۋەندىگە بىر ئاتەش-قۇربانلىقى
بولسۇن. [19] شۇنى قىلىپ بولۇپ، سەن ئىككىنچى قوچقارنى ئېلىپ كەلگىن. كەلتۈرگىنىڭدە
ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۆز قوللىرىنى قوچقارنىڭ بېشىغا قويسۇن.
[20] كېيىن سەن بۇ قوچقارنى بوغۇزلاپ قاندىن ئاز-ماز ئېلىپ، ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ
ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا سۈرتۈپ، ئۇلارنىڭ ئوڭ قوللىرىنىڭ چوڭ بارمىقى بىلەن ئوڭ
پۇتلىرىنىڭ چوڭ بارمىقىغا سۈۋاپ، قالغان قاننى قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىگە چېچىپ قويغىن.
[21] ئاندىن كېيىن قۇربانگاھتىكى قان بىلەن مەسىھلەش يېغىدىن ئاز-ماز ئېلىپ، ھارۇن بىلەن

ئىگىسىگە چىچىپ ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىگىنلىرىگىمۇ چاچقىن. شۇنداق قىلساڭ،
ئۇ ئۆزى بىلەن ئىگىنلىرى مۇقەددەس بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىگىنلىرىمۇ
مۇقەددەس بولىدۇ. [22] ئاندىن كېيىن سەن قوچقارنىڭ تاش يېغى، قۇيرۇق ۋە ئىچ يېغىنى
چىقىرىپ، جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى چاۋا، ئىككىلا بۆرەك ۋە ئۇلارنىڭ يېغى ۋە ئوڭ يوتىسىنى
ئالغىن، چۈنكى بۇ ئۆزى خىزمەتكە ئاجرىتىلىش قۇربانلىقى ئۈچۈن ئاتالغاندۇر. [23] بۇنىڭدىن
باشقا سەن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا قويۇلغان پېتىر نېنىنىڭ سېۋىتىدىن بىر گىردە، بىر ياغ
سۈرتۈلگەن توقاچ ۋە بىر خەمەك نېنىنى ئېلىپ، [24] بۇنىڭ ھەممىسىنى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ
ئوغۇللىرىنىڭ قوللىرىغا قويۇپ، بۇ ئۆزى پۇلاڭلاتما قۇربانلىق بولسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ
ھۇزۇرىدا پۇلاڭلاتقىن. [25] ئاندىن كېيىن بۇنى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن ئېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ
ئالدىدا خۇشبۇي پۇرىسۇن دەپ، قۇربانگاھتىكى كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقنىڭ ئۈستىدە قويۇپ
كۆيدۈرگىن. بۇ ئۆزى خۇداۋەندىگە بىر ئاتەش قۇربانلىقى بولسۇن. [26] سەن ھارۇننىڭ خىزمەتكە
ئاجرىتىلىش قۇربانلىقى قوچقىرىنىڭ تۆشنى ئېلىپ، پۇلاڭلاتما قۇربانلىق بولسۇن دەپ،
خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا پۇلاڭلاتقىن. بۇ ئۆزى ساڭا تېگىشلىك ھەسسەڭ بولىدۇ. [27] بۇ تەرىقىدە
سەن خىزمەتكە ئاجرىتىلىش قۇربانلىقى بولغان قوچقىرىنىڭ پۇلاڭلىتىلىدىغان تۆشى بىلەن
ھەدىيە ئۈچۈن كۆتۈرۈلىدىغان يوتىسىنى ئېلىپ، ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭكى بولغان
شۇ ھەسسىلەرنى مۇقەددەس قىلغىن. [28] بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزى كۆتۈرۈلىدىغان ھەدىيە بولغاچ،
بەنى-ئىسرائىل تەرىپىدىن ھەمىشە ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەققى بولسۇن. بۇ ئۆزى
بەنى-ئىسرائىلنىڭ تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان شۈكۈر قۇربانلىقىنىڭ كۆتۈرۈلىدىغان ھەدىيەسى
بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرىپىدىن خۇداۋەندىگە كۆتۈرۈلسۇن.
[29] ھارۇننىڭ مۇقەددەس ئىگىنلىرى ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇللىرىغا قالسۇن. ئۇلار بۇلارنى
كىيىپ، مەسىھلىنىپ، خاس تەرىقىدە مۇقەددەس قىلىنغاي. [30] ئوغۇللىرىنىڭ قايسىسى ئۇنىڭ
ئورنىدا كاھىن بولۇپ، جامائەت چېدىرىغا كىرىپ مۇقەددەس خانىدا خىزمەت قىلىدىغان
بولسا، يەتتە كۈنگىچە بۇ ئىگىنلەرنى كىيىپ يۈرسۇن.
[31] سەن خىزمەتكە ئاجرىتىلىش قۇربانلىقى بولغان قوچقارنى ئېلىپ، ئۇنىڭ گۆشىنى
مۇقەددەس جايدا پىشۇرغىن. [32] قوچقارنىڭ گۆشى بىلەن سېۋەتتىكى نان بولسا ھارۇن بىلەن
ئۇنىڭ ئوغۇللىرى جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىدا يەپ، [33] ئۇلار خاس تەرىقىدە مۇقەددەس
قىلىنىپ، كاپارەتكە ئىشلىتىلگەن نەرسىلىرىنىمۇ يېسۇن. لېكىن بۇ ئۆزى مۇقەددەس بولغاچ،
بىگانە كىشى بۇنىڭدىن ھېچنېمىنى يېمىسۇن. [34] ئەگەر خىزمەتكە ئاجرىتىلىش قۇربانلىقى
گۆشى ياكى ناندىن بىر نەرسە ئەتىگىچە ئېشىپ قالسا، قالغان نەرسە ئوتتا كۆيدۈرۈلسۇن. بۇ
ئۆزى مۇقەددەس بولغاچ، ھېچ كىشى ئۇنىڭدىن يېمىسۇن.
[35] بۇ تەرىقىدە سەن ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن مېنىڭ بۇيرۇغىنىمنىڭ ھەممىسىنى
بەجا كەلتۈرۈپ، يەتتە كۈنگىچە ئۇلارنى خاس تەرىقىدە مۇقەددەس قىلىپ تۇرغىن. [36] ھەر كۈن
سەن كاپارەت قىلىنىشقا بىر بۇقىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، قۇربانگاھ ئۈچۈن

كاپارەت كەلتۈرۈش بىلەن ئۇنى پاك قىلىپ، مۇقەددەس قىلىنسۇن دەپ، ئۇنى ياغلىغىن. [37] يەتتە كۈنگىچە سەن قۇربانگاھ ئۈچۈن كاپارەت ئۆتكۈزۈپ ئۇنى مۇقەددەس قىلغايسەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى ھەممىدىن مۇقەددەس بولۇپ، ئۇنىڭغا تەگكەن ھەممە نەرسە مۇقەددەس بولىدۇ. [38] ھەممىشە سەن ھەر كۈنى بىر ياشقا كىرگەن ئىككى قوزىنى قۇربانگاھقا كەلتۈرۈپ ئۆتكۈزگىن. [39] بۇنىڭ بىرىنى ئەتىگەندە، يەنە بىرىنى ئاخشامدا قۇربانلىق قىلغايسەن. [40] ئاۋۋالقى قوزا بولسا سەن ئۇنىڭ ئۆزىگە بىر ھىن مىقدارىنىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر كېلىپ سىقىلغان ياغ قوشۇلغان بىر ئەفا مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىگە باراۋەر كەلگۈدەك بۇغداي ئۇننى قوشۇپ، ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر ھىن مىقدارىنىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر كەلگۈدەك شاراب بەرگىن. [41] ئىككىنچى قوزا بولسا ئۇنى ئاخشام ۋاقتىدا قۇربانلىق قىلىپ، ئەتىگەن قۇربانلىقىدىكىدەك يېگۈلۈك ھەدىيە بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ بەرگىن. بۇ ئۆزى خۇش بۇي بولۇپ، خۇداۋەندىگە ئاتەش قۇربانلىقى بولسۇن. [42] بۇ تەرىقىدە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق ئۆزى نەسىلدىن نەسىللىرىڭلارغىچە جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىدا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرسۇن. ئاندا مەن سىلەرگە ئاشكارا بولۇپ، ساڭا سۆز قىلىمەن. [43] شۇنىڭدەك مەن ئاندا بەنى-ئىسرائىلغا ئۆزۈمنى ئاشكارا قىلغىنىمدا، ئۇ جاي ئۆزى مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن مۇقەددەس بولىدۇ. [44] مەن ئۆزۈم جامائەت چېدىرى بىلەن قۇربانگاھنى مۇقەددەس قىلىپ، ماڭا كاھىن بولماق ئۈچۈن ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى مۇقەددەس قىلىپ، [45] ئۆزۈم بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا ماكان تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تەڭرىسى بولىمەن. [46] ئۇ ۋاقىت ئۇلار ئۆزى مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ماكان تۇتماق ئۈچۈن ئۇلارنى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن تەڭرىسى خۇداۋەندە مەن ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە مەندۇرمەن.

# 30

[1] ئاندا خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرماق ئۈچۈن سەن بىر قۇربانگاھنى تەييارلاپ، ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياسىغىن. [2] ئۇ ئۆزى تۆت چاسا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر گەز، توغرىسى بىر گەز كېلىپ، ئېگىزلىكى ئىككى گەز بولسۇن. ئۇنىڭ مۈڭگۈزلىرى بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىر پارچىدىن بولسۇن. [3] سەن ئۇنىڭ ئۆزىنى تورۇسى، چۆرىسىدىكى تاملىرى ۋە مۈڭگۈزلىرىنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، ئۇنىڭ چۆرىسىگە بىر ئالتۇن گىرۋەكنى قاداپ، [4] ئالتۇندىن ئىككى ھالقىنى ئېتىپ، ئۇلارنى گىرۋەكنىڭ ئاستىدا قۇربانگاھنىڭ ئىككى يېنىغا بېكىتكىن. قۇربانگاھنى كۆتۈرىدىغان ئىككى بالداقنى ساپماق ئۈچۈن بۇلارنى قۇربانگاھنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىن. [5] بالداقلارنىڭ ئۆزىنى سەن ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئېتىپ، ئالتۇن بىلەن قاپلىغايسەن. [6] قۇربانگاھ بولسا سەن ئۇنى شاھادەت ساندۇقىنىڭ ئالدىدىكى پەردىنىڭ ئۇتتۇرىدا قويغىن. شۇنداقكى، ئۇ ئۆزى مەن ساڭا ئۆزۈمنى ئاشكارا قىلىدىغان جاي بولغان شاھادەت ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىكى مەرھەمەت تەختىنىڭ ئالدىدا تۇرسۇن. [7] ھارۇن

ئۆزى شۇنىڭ ئۈستىدە خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرۇپ، ھەر ئەتىگەن چىراغلارنى راستلايدىغان ۋاقىتتا خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرسۇن. [8] شۇنىڭغا ئوخشاش ھارۇن ئاخشامدا چىراغلارنى يورۇتقىنىدا خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرسۇن. بۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا نەسىلدىن نەسىلگە ھەمىشە كۆيدۈرۈلىدىغان خۇشبۇي ئىسرىق قۇربانلىقى بولسۇن. [9] سىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە خاھى يات خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرماي، خاھى كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق يا يېگۈلۈك قۇربانلىقى ئۆتكۈزمەي، خاھى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى تۆكمەڭلار. [10] يىلدا بىر مەرتىۋە ھارۇن قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرى ئۈچۈن كاپارەت كەلتۈرۈپ، كاپارەت ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان گۇناھ قۇربانلىقىنىڭ قېنى بىلەن يىلدا بىر مەرتىۋە نەسىلدىن-نەسىلگە ئۇنىڭ ئۈچۈن كاپارەت بەرسۇن. بۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ھەممىدىن مۇقەددەستۇر.

[11] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [12] «سەن ئۇلارنىڭ سانىنى بىلمەك ئۈچۈن بەنى-ئىسرائىلنى سانىغىنىڭدا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بالا كەلمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ساناق ۋاقتىدا خۇداۋەندىگە ئۆز جېنىنىڭ كافارەت بەدىلىنى بەرسۇن. [13] كىمكى ساناقتىن ئۆتۈپ سانالغانلارغا قوشۇلسا، ئۇ ئۆزى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا يېرىم شېقەل بەرسۇن. بۇ يېرىم شېقەل ئۆزى خۇداۋەندىگە ھەدىيە بولىدۇ. بىر شېقەل بولسا يىگىرمە گېراھقا باراۋەر كېلىدۇ. [14] كىمكى ساناقتىن ئۆتۈپ سانالغانلارغا قوشۇلۇپ، يىگىرمە ياكى بۇنىڭدىن ئوشۇق ياشقا كىرگەن بولسا، خۇداۋەندىگە شۇ ھەدىيەنى بەرسۇن. [15] ئۆز كاپارىتىڭلار ئۈچۈن خۇداۋەندىگە ھەدىيە بەرگىنىڭلاردا، باي كىشى زىيادە ۋە يا كەمبەغەل كىشى يېرىم شېقەلدىن كەم بەرمىسۇن. [16] كاپارەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل بولسا سەن بۇنى بەنى-ئىسرائىلدىن جامائەت چېدىرىنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئىشلەتكىن. بەنى-ئىسرائىل خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ياد قىلىنىپ، سىلەرگە كاپارەت كەلتۈرۈلسۇن دەپ، مۇنداق بولسۇن.

[17] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [18] «سەن يۇيىدىغان ئىش ئۈچۈن مىستىن بىر داسنى تەييارلاپ تەگلىكىنىمۇ مىستىن ئېتىپ، بۇنى جامائەت چېدىرى بىلەن قۇربانگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىچىگە سۇ توشتۇرۇپ قويغىن. [19] ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ سۈيىدا ئۆز پۇت قوللىرىنى يۇسۇن. [20] ئۇلار جامائەت چېدىرىغا كىرگەندە ئۆلمىگەيمىز دەپ، سۇ بىلەن ئۆزىنى يۇيۇپ، خىزمەت قىلماق ئۈچۈن قۇربانگاھقا يېقىن بېرىپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۆتكۈزمەكچى بولسىمۇ، [21] ئۆلمىگەيمىز دەپ، پۇت-قوللىرىنى يۇسۇن. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئەۋلادلىرى ئۈچۈن نەسىلدىن-نەسىلگە دائىمىي قائىدە بولسۇن.

[22] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [23] «سەن ھەممىدىن ياخشى خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەردىن تايىن مىقدارنى ئېلىپ، ئۆزى چىققان مۇرمەككىدىن مۇقەددەس خانىنىڭ

شىقەلنىڭ ھېسابىدا بەش يۈز شېقەل، دارچىندىن ئىككى يۈز ئەللىك شېقەل، شىرىن ئېگىردىن ئىككى يۈز ئەللىك شېقەل، [24] قوۋزاقدارچىندىن بەش يۈز شېقەل ئېلىپ، زەيتۇن يېغىدىنمۇ بىر ھىن مىقدارى ئېلىپ، [25] بۇ دورا-دەرمەكلەردىن مەسھلەش ئۈچۈن بىر مۇقەددەس ياغ قىلىپ، ئەترچى تەييار قىلغاندەك خۇشبۇي ياغ چىقارغىن. بۇ ئۆزى مەسھلەش ئۈچۈن بىر مۇقەددەس ياغ بولسۇن. [26] سەن بۇنى ئىشلىتىپ، جامائەت چېدىرى بىلەن شاھادەت ساندۇقىنى، [27] جوزىنىڭ ئۆزى بىلەن قاچىلىرىنى، شامدان بىلەن ئۇنىڭ ئەسۋابلىرىنى ۋە ھەم خۇشبۇي ئىسرىق قۇربانگاھىنى، [28] كۆيدۈرمە قۇربانگاھى بىلەن ئۇنىڭ ھەممە ئەسۋابلىرىنى، داسنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ تەگلىكىنى ياغلاپ مەسھلەپ، [29] ھەممىدىن مۇقەددەس بولغۇدەك ئۇلارنى مۇقەددەس قىلغىن. كىمكى بۇ نەرسىلەرگە تەگسە، مۇقەددەس بولىدۇ. [30] ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولسا مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا كاھىنلار بولماق ئۈچۈن سەن ئۇلارنى مەسھلەپ مۇقەددەس قىلغىن. [31] بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۆزىگە سۆز قىلىپ ئېيتقىنكى: ‹ بۇ ياغنىڭ ئۆزى نەسلدىن نەسلگىچە مەسھلىمەك ئۈچۈن مېنىڭ مۇقەددەس يېغىم بولغاچ، [32] باشقا كىشىنىڭ بەدىنىگە قۇيۇلمىسۇن ۋە يا بۇنىڭ تەركىبىدە باشقا ياغ قىلىنمىسۇن. ئۇ ئۆزى مۇقەددەس بولغاچ، سىلەرگىمۇ مۇقەددەس بولسۇن. [33] كىمكى مۇنداق ياغ تەييار قىلىپ ۋە يا بۇنىڭدىن ئېلىپ بىگانە كىشىگە سۈۋسا، ئۆز قوۋمىدىن كېسىلىپ كەتسۇن».

[34] خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «سەن خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەر، يەنى خۇشبۇي يېلىم، دېڭىز قۇلۇلىسى ۋە ئاق دېۋىرقاي ئېلىپ، بۇلارغا باراۋەر ۋەزىندە ساپ مەستىكى كەلتۈرۈپ، [35] ئۇلارنى تۇزلاپ، ئەترچى ياغ چىقارغاندەك پاكىز مۇقەددەس بۇي سالىدىغان دورا-دەرمەكنى تەييارلىغىن. [36] بۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ، ئوبدان ئۇۋاپ، جامائەت چېدىرىدىكى مەن سىلەرگە ئۆزۈمنى ئاشكارا قىلىدىغان جاي بولغان شاھادەت ساندۇقىنىڭ ئالدىدا قويغىن. بۇ ئۆزى سىلەرگە ھەممىدىن مۇقەددەس بولسۇن. [37] بۇ خۇشبۇي دورا-دەرمىكىنى راستلىغان تەركىبدە ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يەنە باشقىنى تەييار قىلماڭلار. بۇ ئۆزى سەن ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا مۇقەددەس بولسۇن. [38] كىمكى پۇرىغىلى ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر نېمىنى ياسىسا، ئۆز قوۋمىدىن كېسىلىپ كەتسۇن.

31 [1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [2] «مانا مەن ئۆزۈم يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان بېزالەل بەن-ئۇرى بەن-خۇرنىڭ ئىسمىنى تۇتۇپ ئۇنى قىچقىرىپ، [3] خۇدانىڭ روھى بىلەن تولدۇرۇپ، ھېكمەت، ئەقىل ۋە بىلىشلىك ئۇنىڭغا بېرىپ، ھەر خىل ھۈنەرۋەنلىككە ئىگىلەندۈردۈم. [4] شۇنداقكى، ئۇ ئۆزى يېڭى ھۈنەرلەرنى چىقىرىپ، ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن مىس ئىشلىرىنى قىلىپ، [5] كۆز قويماق ئۈچۈن تاشنى ئويۇپ، ياغاچنى كېسىپ، ھەر خىل ھۈنەر ئىشلىرىنى قاملاشتۇرالايدىغان قىلدىم. [6] مانا مەن ئۇنىڭ ئۆزىگە دانىنىڭ قەبىلىسىدىن

بولغان ئاھىساماقنىڭ ئوغلى ئوھولىيابنى مەدەتكار قىلىپ قويۇپ، ئۆزۈم ساڭا بۇيرۇغان
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلار ئېتەلىسۇن دەپ، ھەممە ئۇستا كىشىلەرگە ھېكمەت بەردىم.
7 شۇنداقلا ئۇلار جامائەت چېدىرى بىلەن شاھادەت ساندۇقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مەرھەمەت
تەختى بىلەن جامائەت چېدىرىنىڭ ھەممە ئەسۋابلىرىنى ياساپ، 8 جوزا بىلەن ئۇنىڭ قاچىلىرىنى،
ئالتۇن شامدان بىلەن ئۇنىڭ ھەممە ئەسۋابلىرىنى ئېتىپ، خۇشبۇي ئىسرىق قۇربانگاھىنى
راستلاپ، 9 كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ قۇربانگاھى بىلەن ئۇنىڭ ھەممە ئەسۋابلىرىنى، داس بىلەن
تەگلىكىنى تەييارلاپ، 10 توقۇلغان ئېگىن، يەنى ھارۇن كاھىنىنىڭ مۇقەددەس ئېگىنلىرى ۋە
ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كاھىنلىق ئېگىنلىرىنى تىكىپ، 11 مەسىھلەش يېغى بىلەن مۇقەددەس
خانىنىڭ كۆيدۈرىدىغان خۇشبۇي دورا-دەرمەكلىرىنى تەييار قىلىپ، بۇ ھەممە ئىشنى ساڭا
ئېيتقىنىمدەك بەجا كەلتۈرىدۇ».

12 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: 13 «سەن بەنى-ئىسرائىلغا بۇيرۇپ ئېيتقىنكى: ‹
مېنىڭ شابات كۈنلىرىمنى تۇتۇڭلار، چۈنكى بۇلارنىڭ ئۆزى، سىلەرنى مۇقەددەس قىلىدىغان
خۇداۋەندە مەن ئىكەنلىكىمنى بىلگەيسىلەر دەپ، نەسىلدىن نەسىلگە مەن بىلەن سىلەرنىڭ
ئوتتۇراڭلاردا بىر بەلگە بولۇپ تۇرىدۇ. 14 شابات كۈنى سىلەرگە مۇقەددەس بولغىنى ئۈچۈن
ئۇنى تۇتۇڭلار. كىمكى ئۇنى بۇزسا، ئۆلۈم جازاسىنى تېپىپ، كىمكى ئۇ كۈندە بىر ئىش قىلسا،
ئۆز قوۋمىدىن كېسىلىپ كەتسۇن. 15 ئالتە كۈن ئىچىدە ئىش قىلىنسۇن، لېكىن يەتتىنچى
كۈنى خۇداۋەندىنىڭ مۇقەددەس كۈنى بولغاچ، راھەت ئۈچۈن شابات كۈنى بولسۇن. كىمكى
شابات كۈنىدە بىر ئىش قىلسا، ئۆلۈم جازاسىنى تاپسۇن. 16 بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۆزى شاباتنى
تۇتۇپ، بىر ئەبەدىي ئەھدە ئۈچۈن نەسىلدىن نەسىلگە تۇتسۇن. 17 بۇ ئۆزى مەن بىلەن بەنى-
ئىسرائىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئەبەدىي بەلگە بولسۇن، چۈنكى ئالتە كۈن ئىچىدە خۇداۋەندە
ئاسمان بىلەن يەرنى يارىتىپ، يەتتىنچى كۈندە ئارام ئېلىپ، راھەت تاپقانىدى. 18 ئۇ ئۆزى
سىناي تېغىدا مۇساغا بۇ سۆزنى قىلىپ بولغاندا، شاھادەتنىڭ ئىككى تاختىسىنى ئۇنىڭغا
بەردى. بۇ تاختىلار بولسا تاشتىن بولۇپ، خۇدانىڭ بارمىقى بىلەن ئۇلارغا خەت يېزىلغانىدى.

## ئالتۇن موزاي

32 1 خەلق ئۆزى مۇسا تاغدىن چۈشمەي، يېنىپ كەلگىلى ھايال بولغىنىنى كۆرگىنىدە،
ھارۇنىنىڭ قېشىغا يىغىلىپ ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «سەن قوپۇپ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا
ماڭىدىغان بىر تەڭرىنى بىزگە ئېتىپ بەرگىن. چۈنكى بىزنى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ
كەلگەن مۇسا ئىسىملىق ئادەمگە نېمە بولغىنىنى بىلمەيمىز» دېدى. 2 ھارۇن ئۇلارغا:
«خوتۇنلىرىڭلار بىلەن ئوغۇل قىزلىرىڭلارنىڭ قۇلاقلىرىدىكى ئالتۇن زىرە مونچاقلىرىنى

چىقىرىپ، مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. [3] شۇنى ئاڭلاپ، خەلقنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدىكى ئالتۇن زىرە مونچاقلىرىنى چىقىرىپ، ھارۇننىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. [4] ئۇ ئۆزى ئۇلاردىن ئالتۇننى ئېلىپ، بىر موزاينى قويۇپ، سۇرىتىنى بىر ئىسكىنە بىلەن راستلاپ قويدى. ئۇ ۋاقىت ئۇلار: «ئەي ئىسرائىل، سېنى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن تەڭرىڭلار بۇدۇر» دەپ ئېيتىشتى. [5] ھارۇن بۇنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قۇربانگاھنى ياساپ: «ئەتە خۇداۋەندە ئۈچۈن بىر ھېيت بولىدۇ» دەپ ئېلان قىلدى. [6] ئەتىسى ئۇلار سەھەر قوپۇپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن شۈكۈر قۇربانلىقنى كەلتۈرۈپ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، خەلقنىڭ ئۆزى ئولتۇرۇپ، يەپ-ئىچىپ قوپۇپ ئوينىغىلى تۇردى.

[7] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «پەسكە چۈشكىن، چۈنكى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن قوۋمىڭ بولسا بۇزۇلۇپ كەتتى. [8] مەن ئۇلارغا بۇيرۇغان يولدىن ئۇلار ئىتتىك يېنىپ كېتىپ، ئۆزى ئۈچۈن قۇيۇلغان بىر موزاينى ياساپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ قۇربانلىق كەلتۈرۈپ، بۇنىڭ ئۈستىگە: ‹ ئەي ئىسرائىل، سېنى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن تەڭرىڭ ئۆزى شۇدۇر› دەپ ئېيتىشتى» دېدى. [9] خۇداۋەندە مۇساغا يەنە ئېيتتىكى: «مانا بۇ خەلقنىڭ بوينى قاتتىقلىكىنى كۆرىمەن. [10] ئەمدى مېنى قويغىنكى، مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە غەزىپىمنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنى يوقاتقايمەن. ئەمما سەن بولساڭ، مەن سېنى چوڭ بىر قوۋم قىلىمەن» دېدى.

[11] لېكىن مۇسا ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يالۋۇرۇپ ئېيتتىكى: «ئەي خۇداۋەندە، سەن ئۆزۈڭ چوڭ قۇۋۋەت ۋە كۈچلۈك قول بىلەن مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن قوۋمىڭنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ غەزىپىڭ نېمىشقا تۇتاشسۇن؟ [12] نېمىشقا مىسىرلىقلارغا ئۇلارنى بالاغا چۈشۈرۈپ، تاغلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلتۈرۈپ، يەر يۈزىدىن يوقاتماق ئۈچۈن تەڭرىسى ئۇلارنى چىقىرىپ كەتتى› دەپ ئېيتقىلى سەۋەب بېرىلسۇن؟ ئۆز قەھ- غەزىپىڭدىن يېنىپ، ئۆز قوۋمىڭغا يامانلىق كەلتۈرىدىغان خىيالنى تاشلىغىن. [13] سەن ئۆز بەندىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ئىسرائىلنى ياد قىلغىن. ئۇلارغا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلىپ: ‹ نەسلىڭلارنى ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىدەك ئاۋۇتۇپ ئۆزۈم توغرىسىدا سۆزلىگەن بۇ ھەممە يۇرتنى نەسلىڭلارغا ئەبەدكىچە مىراس قىلىپ بېرىمەن› دەپ ئېيتمىدىڭمۇ؟» دېدى.

[14] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۆز قوۋمىنىڭ ئۈستىگە قىلماقچى بولغان يامانلىقتىن پۇشايمان بولۇپ ياندى. [15] مۇسا ئۆزى شاھادەتنىڭ ئىككى تاختىسىنى قولىدا ئالغاچ، كەينىگە يېنىپ تاغدىن چۈشتى. بۇ تاختىلار بولسا ئۇ تەرەپ بۇ تەرەپ ئىككىلا يۈزىگە خەت يېزىلغانىدى. [16] بۇ تاختىلارنى خۇدا ئۆزى ياساپ، خۇدانىڭ ئۆز خېتى تاختىلاردا يېزىلىپ ئويۇلغانىدى. [17] يەشۇئا خەلقنىڭ ۋارقىرىشىنى ئاڭلاپ، مۇساغا: «چېدىرگاھتىن جەڭنىڭ خىتابى چىقىپ كېلىدۇ» دېدى. [18] لېكىن ئۇ جاۋاب بېرىپ: «ئاڭلانغان ئاۋازنىڭ ئۆزى خاھى نۇسرەت تاپقانلارنىڭ نەرىسى، خاھى ئېزىلگەنلەرنىڭ پەريادى بولماي، بەلكى شېئىر ئوقۇشنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايمەن» دېدى. [19] مۇسا چېدىرگاھقا يېقىن كېلىپ، موزاي بىلەن ئۇسسۇل ئويناشنى كۆرگەندە،

ئاچچىقى كېلىپ، ئۆز قولىدىكى تاختىلارنى تاشلاپ تاغنىڭ تۈۋىدە سۇندۇرۇۋەتتى. [20] ئاندىن كېيىن ئۇلار ياسىغان موزاينى ئوتقا سېلىپ كۆيدۇرۇپ، يۇمشاق ئېزىپ، ئۇندەك قىلىپ ئۇنى سۇغا چىلاپ، بەنى-ئىسرائىلغا ئىچۈرۈۋەتتى. [21] ئاندىن كېيىن مۇسا ھارۇنغا: «خەلق ساڭا نېمە قىلدىكى، سەن ئۇلارنى مۇنداق چوڭ گۇناھقا باشلىدىڭ؟، دەپ ئېيتتى. [22] ھارۇن جاۋاب بەردىكى: «خوجامنىڭ ئاچچىقى تۇتاشمىسۇن. بۇ خەلقنىڭ يامانلىقىنى بىلمەمسەن؟ [23] ئۇلار ماڭا: ‹ بىزنىڭ ئالدىمىزدا ماڭىدىغان تەڭرىنى بىزگە ئېتىپ بەرگىن، چۈنكى بىزنى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن مۇسا ئىسىملىق ئادەمگە نېمە بولغىنىنى بىلمەيمىز» دەپ ئېيتتى. [24] مەن ئۇلارغا: ‹ كىمدە ئالتۇن بولسا، شۇنى چىقىرىپ بەرسۇن› دېسەم، ئۇلار ماڭا ئالتۇننى تاپشۇرۇپ بەردى. مەن ئۇنى ئوتقا سالسام، بۇ موزاي تەييار بولۇپ چىقتى» دېدى.

[25] مۇسا ئۆزى خەلقنىڭ ھارۇن ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ ئارىسىدا كۈلكە بولغۇدەك يۈگەنسىز قويۇپ بەرگىنى ئۈچۈن بىباش بولغىنىنى كۆرگەندە، [26] چېدىرگاھنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ تۇرۇپ: «كىمكى خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىگە بولسا مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن» دېدى. شۇنى دېسە، بەنى-لاۋىينىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قېشىغا يىغىلدى. [27] ئۇ ئۇلارغا ئېيتتىكى: «ھەربىر كىشى ئۆز قىلىچىنى بېلىگە ئېسىپ، چېدىرگاھنىڭ ئىچىدە دەرۋازىدىن-دەرۋازىغا چارلاپ يۈرۈپ، خاھى ئۆز بۇرادىرى، خاھى ئۆز دوستى، خاھى ئۆز تۇغقىنى بولسۇن، كىمكى ئۇچرىسا، ئۆلتۈرسۇن دەپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ئېيتىدۇ» دېدى. [28] بەنى-لاۋىي ئۆزى مۇسا بۇيرۇغاندەك قىلدى. شۇنداقكى، ئۇ كۈندە خەلقنىڭ ئىچىدىن ئۈچ مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلدى. [29] مۇسا ئېيتتىكى: «ئەمدى ھەربىرىڭلار ئۆز ئوغۇل بىلەن بۇرادىرىگە زىت تۇرۇپ، خۇداۋەندىگە ئۆزۈڭلارنى خاس تەرىقىدە مۇقەددەس قىلىڭلار. بۇنىڭ بىلەن بۈگۈن ئۇنىڭ بەرىكىتى ئۈستۈڭلارغا كېلىدۇ» دېدى.

[30] ئەتىسى مۇسا خەلققە: «سىلەر بولساڭلار چوڭ گۇناھ قىلدىڭلار. ئەمدى مەن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ، گۇناھىڭلار ئۈچۈن كاپارەت تاپتۇرالارمەنمىكىن» دېدى. [31] شۇنى دەپ مۇسا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا يېنىپ بېرىپ ئېيتتىكى: «بۇ قوۋم بولسا چوڭ گۇناھ قىلىپ، ئۆزى ئۈچۈن ئالتۇندىن بىر تەڭرى ياسىدى. [32] ئەمدى ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغىن، بولمىسا مېنىڭ ئىسمىمنى ئۆزۈڭ يازغان كىتابىڭدىن ئۆچۈرۈۋەتكىن» دېدى. [33] خۇداۋەندە مۇساغا جاۋاب بېرىپ: «كىمكى ماڭا گۇناھ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئېتىنى ئۆز كىتابىمدىن ئۆچۈرۈۋېتىمەن. [34] ئەمدى سەن بېرىپ، مەن ساڭا ئېيتقان جايغا خەلقنى باشلاپ بارغىن. مانا مېنىڭ پەرىشتەم ئالدىڭدا ماڭىدۇ. لېكىن جازا بېرىدىغان كۈنۈم كەلگەندە، ئۇلارغا گۇناھى ئۈچۈن جازا بېرىمەن» دېدى. [35] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە قوۋمغا ئۇلار ھارۇننىڭ قولى بىلەن ئەتكۈزۈپ موزاينى ياسىغىنى ئۈچۈن جازا بەردى.

33 [1] خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «سەن قوپۇپ، ئۆزۈڭ مىسىر يۇرتىدىن ئېلىپ كەلگەن
قوۋم بىلەن بىللە مۇندىن كېتىپ: ‹ مەن سېنىڭ نەسلىڭگە ئۇنى بېرىمەن› دەپ قەسەم
قىلىپ ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپقا ۋەدە قىلغان يۇرتقا بارغىن. [2] سېنىڭ ئالدىڭدا بارغىلى
ئۆز پەرىشتەمنى ئەۋەتىپ، قانائانىي بىلەن ئامورىيلارنى، خىتتىي بىلەن پەرىززىيلەرنى، خىۋۋىي
بىلەن، يەبۇسىيلارنى چىقىرىۋېتىپ، [3] سېنى سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان يۇرتقا كەلتۈرىمەن.
ئۆزۈڭ بوينى قاتتىق بىر قوۋم بولغاچ، يولدا سېنى ھالاك قىلمىغايمەن دەپ، ئۆزۈم سەن بىلەن
بىللە چىقمايمەن» دېدى. [4] خەلق بۇ قاتتىق سۆزنى ئاڭلىغاندا، غەمكىن بولۇپ ھېچبىرى ئۆز
زىننەتلىك نەرسىلىرىنى كىيمىدى. [5] خۇداۋەندە مۇساغا سۆزلەپ: «سەن بەنى-ئىسرائىلغا بېرىپ:
‹ سىلەر بوينى قاتتىق بىر قوۋم ئىكەنسىلەر. ئەگەر مەن يالغۇز بىر دەم سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا
بولۇپ ماڭسام، سىلەرنى يوقىتاتتىم. ئەمدى سەن ئۆز زىننەتلىك نەرسىلىرىڭنى سېلىپ قويساڭ،
ساڭا نېمە قىلىشىمنى كۆرەي» دېدى› دەپ ئېيتقىن» دېدى. [6] بۇنىڭ ئۈچۈن بەنى-ئىسرائىل ئۆز
زىننەتلىك نەرسىلىرىنى سېلىۋېتىپ، خورىب تېغىدىن تارتىپ ئۇلارنى كىيمىدى.

[7] لېكىن مۇسا چېدىرنى ئېلىپ، چېدىرگاھنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭدىن نېرىراق جايدا تىكىپ،
ئۇنى جامائەت چېدىرى دەپ ئاتىدى. كىمكى خۇداۋەندىنى ئىزدىمەكچى بولسا، چېدىرگاھنىڭ
سىرتىدىكى جامائەتنىڭ چېدىرىغا باراتتى. [8] قاچانكى مۇسا چېدىر تەرىپىگە چىقىپ بارسا،
ھەممە خەلق قوپۇپ ھەربىرى ئۆز چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىدا ئۆرە تۇرۇپ، مۇسانىڭ كەينىدىن ئۇ
ئۆزى چېدىرغا كىرىپ بولغۇچە قارىشىپ تۇراتتى. [9] قاچانكى مۇسا چېدىرغا كىرىپ كەتسە،
بۇلۇت تۈۋرۈكى چۈشۈپ، چېدىرنىڭ دەرۋازىسىدا توختاپ تۇرۇپ، خۇداۋەندە ئۆزى مۇسا بىلەن
سۆزلىشەتتى. [10] ھەممە خەلق ئۆزى بۇلۇت تۈۋرۈكىنىڭ جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىدا
توختاپ تۇرغىنىنى كۆرەتتى. كۆرگىنىدە خەلقنىڭ ھەممىسى قوپۇپ، ھەربىرى ئۆز چېدىرىنىڭ
دەرۋازىسىدا تۇرۇپ، سەجدە قىلاتتى.

[11] بىر كىشى ئۆز دوستى بىلەن گەپلەشكەندەك خۇداۋەندە يۈزمۇيۈز مۇسا بىلەن سۆزلىشەتتى.
ئاندىن كېيىن مۇسا چېدىرگاھقا يېنىپ كېلەتتى. لېكىن ئۇنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ نۇننىڭ
ئوغلى بولغان يەشۇئا ئىسىملىق ياش يىگىت چېدىردىن تاشقىرى چىقمايتتى.

## خۇدانىڭ شان-شەرىپى

[12] مۇسا خۇداۋەندىگە ئېيتتىكى: «مانا سەن ماڭا: ‹ بۇ خەلقنى ئېلىپ چىققىن› دېدىڭ، لېكىن
ئۆزۈڭ ماڭا: ‹ مەن سېنى ئىسمىڭ بىلەن تونۇيمەن، شۇنىڭدەك كۆزلىرىمنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات
تاپتىڭ› دېگەن بولساڭ، بۇنىڭ بىلەن كىمنى ئەۋەتىشىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرمىدىڭ. [13] ئەگەر
مەن سېنىڭ كۆزلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تاپقان بولسام، سېنىڭ كۆزلىرىڭنىڭ ئالدىدا

ئىلتىپات تېپىپ، سېنى تونۇمىقىم ئۈچۈن ماڭا ئۆز يولۇڭنى كۆرسىتىپ، بۇ خەلق سېنىڭ ئۆز
قوۋم بولغىنىنى نەزىرىڭدە ساقلىغىن» دېدى. [14]ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مەن ئۆزۈم بىللە بېرىپ،
ساڭا ئارام بېرىمەن» دېدى. [15]مۇسا ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «ئەگەر سەن بىللە يۈرمىساڭ، بىزنى
بۇ يەردىن چىقارمىغىن. [16]چۈنكى مەن بىلەن سېنىڭ قوۋمىڭ كۆزلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات
تاپقىنىمىزنى قانداق بىلىنىدۇ؟ ئەجەبا سېنىڭ بىز بىلەن يۈرۈشۈڭدىنمۇ شۇنى بىلىنمەمدۇ؟ بۇ
تەرىقىدە مەن بىلەن سېنىڭ قوۋمىڭ يەر يۈزىدىكى ھەممە تائىپىلەردىن پەرقلىنىپ ئىززەتلىكرەك
بولىمىز» دېدى. [17]خۇداۋەندە مۇساغا: «مۇشۇ سورىغىنىڭنىمۇ قىلىمەن، چۈنكى سەن بولساڭ
كۆزلىرىمنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تېپىپ، ئۆزۈم سېنى ئىسمىڭ بىلەن تونۇيمەن» دەپ ئېيتتى.
[18]ئۇ ۋاقىت مۇسا: «ئۆز شان-شەرىپىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. [19]ئۇ ئېيتتىكى: «مەن ئۆز
ھەممە گۈزەللىكىمنى سېنىڭ تۇرغان جايىڭدىن ئۆتكۈزۈپ، ئالدىڭدا خۇداۋەندە دېگەن ئىسمىمنى
جاكارلايمەن. كىمگە مېھرىبانلىق قىلماقچى بولسام، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىپ، كىمگە
رەھىم كۆرسەتمەكچى بولسام، ئۇنىڭغا رەھىم كۆرسىتىمەن» دېدى. [20]شۇنى دەپ: «سەن يۈزۈمنى
كۆرەلمەيسەن، چۈنكى ھېچ ئادەمزات مېنى كۆرۈپ تىرىك تۇرالمايدۇ» دېدى. [21]ئاندىن كېيىن
خۇداۋەندە ئېيتتىكى: «مانا ماڭا يېقىن بىر جاي باردۇر. ئۇ يەردىكى قورام تاشنىڭ ئۈستىدە
تۇرغىن. [22]مېنىڭ شان-شەرىپىم ئۆتۈپ بولغۇچە، مەن سېنى بۇ قورام تاشنىڭ كاۋىكىغا تىقىپ
قويۇپ، ئۆزۈم ئۆتۈپ بولمىغۇچە سېنى قولۇم بىلەن يېپىپ تۇرىمەن. [23]ئاندىن كېيىن قولۇمنى
كۆتۈرسەم، ئالغۇز مېنىڭ ئارقامنى كۆرىسەن، لېكىن يۈزۈم كۆرۈنمەيدۇ» دېدى.

## ئىككى يېڭى تاش تاختا

34 [1]خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «سەن ئاۋۋالقىسىدەك ئۆزۈڭ ئۈچۈن تاشتىن ئىككى
تاختىنى ياسىغىن. مەن بۇ تاختىلارغا سەن ئىلگىرى سۇندۇرۇۋەتكەن تاختىلاردىكى
سۆزلەرنى يېزىپ قويىمەن. [2]ئەتىگەنگىچە تەييار بولۇپ، سەھەردە سىناي تېغىغا چىقىپ،
ئاندا تاغنىڭ چوققىسىدا مېنىڭ قېشىمغا ھازىر بولغىن. [3]لېكىن ھېچ كىشى سەن بىلەن
چىقمىسۇن ۋە يا تاغنىڭ ھېچ يېرىدە باشقا كىشى كۆرۈنمىسۇن. مانا قوي-كالا بولسىمۇ، تاغقا
يېقىن ئوتلىمىسۇن» دېدى.
[4]مۇسا ئۆزى ئاۋۋالقىسىدەك تاشتىن ئىككى تاختىنى ياساپ، ئەتىسى سەھەر قوپۇپ بۇ ئىككى
تاش تاختىسىنى قولىدا ئالغاچ، خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇغىنىغا مۇۋاپىق سىناي تېغىغا چىقتى.
[5]ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە بۇلۇت تۈۋرۈكىدە نازىل بولۇپ، ئاندا ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، خۇداۋەندە
دېگەن ئىسمىنى جاكارلىدى. [6]خۇداۋەندە ئاندا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، جاكارلىدىكى:
«خۇداۋەندە، خۇداۋەندە، رەھىم-مېھرىبانلىق بولۇپ، غەزىپى كەچ، شەپقەت بىلەن ۋاپاسى
كەڭرى بىر تەڭرىدۇر. [7]ئۇ ئۆزى مىڭلارغىچە مەرھەمەت كۆرسىتىپ، خاتا بىلەن ئىسيانىنى

كەچۈرۈپ گۇناھتىن ئۆتكۈچىدۇر. لېكىن گۇناھكارغا جازا بەرگۈسىز قويماي، بەلكى ئاتا-
بوۋىلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى باللىرى بىلەن نەۋرىلىرىگىچە، شۇنداقلا ئۈچىنچى بىلەن
تۆتىنچى نەسلىگىچە بېرىدۇ» دېدى.
8 ئۇ ۋاقىت مۇسا دەرھال يەرگە يىقىلىپ، سەجدە قىلىپ، 9 ئېيتتىكى: «ئەي خۇداۋەندە، ئەگەر
مەن كۆزلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تاپقان بولسام، سەن ئەي خۇداۋەندە ئوتتۇرىمىزدا مېڭىپ،
بۇ قوۋمنىڭ بوينى قاتتىق بولسىمۇ، سەن ئۆزۈڭ خاتا بىلەن گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈپ بىزنى
مىراس ئالغىن» دېدى. 10 ئۇ ئېيتتىكى: «مانا مەن بىر ئەھدە قىلىپ باغلاپ، سېنىڭ ھەممە
قوۋمىڭنىڭ ئالدىدا ھېچبىر يۇرتتا ۋە يا ھېچبىر خەلقنىڭ ئارىسىدا قىلىنمىغان مۆجىزىلەرنى
قىلىمەن. شۇنداقكى، سەن ئارىسىدا بولغان خەلقنىڭ ھەممىسى خۇداۋەندىنىڭ ئىشىغا قاراپ،
مېنىڭ ساڭا قىلىدىغان ئىشىمنىڭ ھەيۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرىدىغان بولىدۇ. 11 مەن بۇ
كۈن ساڭا بېرىدىغان ئەمرلىرىمنى تۇتقىن. مانا مەن ئامورىي بىلەن قانائانىيلارنى، ختتىي
بىلەن پەرىززىيلەرنى، خىۋۋىي بىلەن يەبۇسىيلارنى سېنىڭ ئالدىڭدىن چىقىرىمەن. 12 ئەمدى
خەۋەردار بولۇپ، سەن بارىدىغان يۇرتنىڭ خەلقى بىلەن ئەھدە باغلاشمىغىن. بولمىسا، ئۇلار ساڭا
قىسماق بولۇشى مۇمكىن. 13 بەلكى سىلەر بولساڭلار ئۇلارنىڭ قۇربانگاھلىرىنى يىقىتىپ،
بۇت تۈۋرۈكلىرىنى سۇندۇرۇپ ئاشەراھ بۇتلىرىنى پارە-پارە قىلىڭلار. 14 خۇداۋەندىنىڭ ئىسمى
غەيرەتمەن دەپ ئاتىلىپ، ئۆزى غەيرەتلىك بىر تەڭرى بولغىنى ئۈچۈن، سەن باشقا تەڭرىگە
سەجدە قىلماي، 15 ئۇ يۇرتنىڭ خەلقى بىلەن ھېچ ئەھدىمۇ باغلاشمىغىن. بولمىسا، ئۇلار ئۆز
تەڭرىلىرىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ، بۇزۇقچىلىق قىلىپ، ئۆز تەڭرىلىرى ئۈچۈن قۇربانلىق
ئۆتكۈزۈپ سېنى قىچقارسا، ئۇلارنىڭ قۇربانلىقلىرىدىن يەپ سالىسەن. 16 بۇنىڭدىن باشقا،
سەن ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئوغۇللىرىڭ ئۈچۈن خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەرسەڭ، بۇ قىزلىرى
ئۆز تەڭرىلىرىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ بۇزۇقچىلىق قىلىپ، سېنىڭ ئوغۇللىرىڭنىمۇ ئۆز
تەڭرىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگۈزۈپ بۇزۇقچىلىق قىلدۇرىدۇ. 17 ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئويما بۇتلار
ياسىمىغىن.
18 پېتىر نان ھېيتىنى تۇتۇپ، ئابىب ئايىدا مىسىر يۇرتىدىن چىققىنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ
بۇيرۇغىنىمدەك ئابىب ئايىنىڭ تايىن ۋاقتىدا يەتتە كۈن پېتىر نان يېگىن.
19 بالىياتقۇنى ئاچقاننىڭ ھەممىسى مېنىڭكى بولۇپ، چارۋا ماللىرىڭنىڭ ئىچىدىن دەسلەپ
تۇغۇلغان ئەركەكلەر، خاھى ئۇي، خاھى قوي بولسا ھەممىسى مېنىڭكى بولسۇن. 20 لېكىن
ئېشەكلەرنىڭ تۇنجى تەخەيلىرىنىڭ ئورنىغا قوي بەرمەك لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئورنىغا قوي
بەرمىسەڭ، ئۇنىڭ گەدىنىنى سۇندۇرۇۋەتكىن. ئوغۇللىرىڭنىڭ ھەربىر تۇنجىسى ئۈچۈن بەدەل
بەرگىن. ھېچ كىشى مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا قۇرۇق قول كەلمىسۇن.
21 سەن ئالتە كۈنگىچە ئىش قىلىپ، يەتتىنچى كۈندە راھەت ئېلىپ، خاھى يەر ھەيدەش ۋاقتى
بولسۇن، خاھى ئورما ۋاقتى بولسۇن، راھەت كۈنىنى تۇتقىن.
22 يېڭى بۇغدايىنىڭ ئورمىسىدا ھەپتە ھېيتىنى تۇتۇپ، يىلنىڭ ئاخىرىدا ھوسۇل يىغىش

ھېيتنى تۇتقىن.
[23] سېنىڭ ھەممە ئەر كىشىلىرىڭ يىلدا ئۈچ مەرتىۋە ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى بولغان رەب خۇداۋەندىنىڭ ئالدىغا ھازىر بولسۇن. [24] مەن بولسام تائىپىلەرنى ئالدىڭدىن ھەيدىۋېتىپ، سېنىڭ زېمىنىڭنى كەڭرىتىمەن. دەرۋەقە سەن يىلدا ئۈچ مەرتىۋە رەب خۇدايىڭنىڭ ئالدىغا ھازىر بولماق ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ بارساڭ، ھېچكىم يۇرتۇڭغا كۆز تىكەلمەيدۇ.
[25] سويۇم قۇربانلىقىم بولسا ئۇنىڭ قېنىنى ئۆرلىگەن نان بىلەن بىللە ئۆتكۈزمىگىن ۋە يا پاسخا ھېيتىنىڭ قۇربانلىقىدىن بىر نېمىنى ئەتىسىگىچە قويمىغىن.
[26] زېمىنىڭنىڭ تۇنجى ھوسۇلىنى رەب خۇدايىڭنىڭ بەيتىگە كەلتۈرگىن. ئوغلاقنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە پىشۇرمىغىن.

[27] خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا: «بۇ سۆزلەرنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن يېزىۋالغىن، چۈنكى بۇ سۆزلەرگە مۇۋاپىق مەن سېنىڭ ئۆزۈڭ بىلەن ئىسرائىلغا بىر ئەھدە باغلىدىم» دېدى. [28] ئۇ ۋاقىت مۇسا ئاندا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا قىرىق كېچە-كۈندۈز، خاھى نان يېمەي، خاھى سۇ ئىچمەي تۇردى. ئاندا ئۇ تاختىلارغا ئەھدىنىڭ سۆزلىرى بولغان ئون ئەمرنى يازدى.

[29] مۇسا سىناي تېغىدىن چۈشىۋاتقاندا شاھادەتنىڭ ئىككى تاختىسىنى قولىدا ئالغاچ، تاغدىن چۈشكىنىدە، خۇداۋەندە بىلەن سۆزلەشكىنى ئۈچۈن ئۆزى يۈزىنىڭ پارقىراپ قالغىنىنى بىلمىدى. [30] ئەمما ھارۇن بىلەن بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى مۇسانىڭ يۈزىنىڭ پارقىراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يېقىن بېرىشتىن قورقتى. [31] لېكىن مۇسا ئۇلارنى قىچقارغىنىدا، ھارۇن بىلەن جامائەتنىڭ ھەممە باشلىرى ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. كەلگەندە، مۇسا ئۇلارغا سۆز قىلغىلى تۇردى. [32] ئاندىن كېيىن بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى يېقىن كەلدى. ئۇ ۋاقىت مۇسا خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئۆزىگە سىناي تېغىدا سۆز قىلغىنىدا بەرگەن ھەممە ئەمرلەرنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردى. [33] مۇسا ئۇلارغا سۆزلەپ بولغاندا، يۈزىگە نىقاب تارتىۋالدى. [34] لېكىن قاچانكى مۇسا خۇداۋەندە بىلەن سۆزلەشمەك ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارسا، يېنىپ چىققۇچىلىك نىقابنى ئېلىۋېتەتتى. يېنىپ چىققاندا نېمىكى ھۆكۈم بېرىلگەن بولسا، بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتىپ بېرەتتى. [35] بەنى-ئىسرائىل بولسا مۇسانىڭ يۈزىنىڭ پارقىراپ تۇرغىنىنى كۆرەتتى. شۇڭا مۇسا يەنە، خۇداۋەندە بىلەن سۆزلەشكىلى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارمىغۇچىلىك، يۈزىگە نىقاب تارتىپ يۈرەتتى.

# ئىبادەت چېدىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەييارگەرلىك

35 [1]مۇسا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتىنى يىغىپ ئۇلارغا ئېيتتىكى: «خۇداۋەندە
سىلەرگە قىلغىلى بۇيرۇغان ئەمرلەر شۇدۇركى: [2] ئالتە كۈنگىچە ئىش قىلىنسۇن،
لېكىن يەتتىنچى كۈن سىلەر ئۈچۈن شابات كۈنى بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ مۇقەددەس راھەت
كۈنى بولسۇن. ھەركىم ئۇ كۈندە بىر ئىش قىلسا، ئۆلتۈرۈلسۇن. [3] قەيەردە ئولتۇرساڭلار
شابات كۈنىدە ئوت ياندۇرماڭلار.»

[4]مۇسا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتىگە ئېيتتىكى: «خۇداۋەندە بۇيرۇپ ئېيتقان ئەمر
شۇدۇركى، [5] ئۆزۈڭلارنىڭ تەرىپىدىن خۇداۋەندە ئۈچۈن ھەدىيە كەلتۈرگەيسىلەر. شۇنداقكى،
ھەركىمنىڭ كۆڭلى تارتسا، خۇداۋەندە ئۈچۈن ھەدىيە قىلىپ: ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، [6]كۆك
بىلەن سۆسۈن رەڭلىك، قىرمىز رەڭلىك بىلەن ئاق كاناپ يىپ، ئۆچكە يۇڭى، [7] قىزىل بويالغان
قوچقار تېرىسى، تاخاش تېرىسى، ئاكاتسىيە ياغىچى [8] شامدان ئۈچۈن ياغ، مەسىھلەيدىغان
ياغ بىلەن كۆيدۈرىدىغان خۇشبۇي ئىسرىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دورا-دەرمەكلەر، [9] ھېقىق
تاشلىرى ۋە ئېفود تونى بىلەن كۆكرەكلىككە قويۇلىدىغان تاشلار كەلتۈرسۇن. [10] ئاراڭلاردىكى
ھەممە ھۈنەرۋەن ئۇستا كىشىلەر كېلىپ خۇداۋەندە بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىنى ياساپ:
[11] ئىبادەت چېدىرى بىلەن ئۇنىڭ يوپۇقىنى، ئۇنىڭ ئىلمەك بىلەن تاختىلىرىنى، ئوتتۇرا بالداق
بىلەن تۈۋرۈكلىرى ۋە تەگلىكلىرىنى راستلاپ، [12] ئەھدە ساندۇقى بىلەن ئۇنىڭ بالداقلىرىنى،
مەرھەمەت تەختى بىلەن ئالدىدىكى پەردىنى، [13] جوزا بىلەن ئۇنىڭ بالداقلىرىنى، ئۇنىڭ
ھەممە قاچىلىرى بىلەن تەقدىم نانلىرىنى، [14] شامدان بىلەن ئۇنىڭ ئەسۋابلىرىنى، ئۇنىڭ
چىراغلىرى بىلەن ياندۇرىدىغان يېغىنى، [15] خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرىدىغان قۇربانگاھ بىلەن
ئۇنىڭ بالداقلىرىنى، مەسىھلەيدىغان ياغ بىلەن كۆيدۈرىدىغان خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەرنى
راستلاپ، ئىبادەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىدىكى پەردىنى تەييارلاپ، [16]كۆيدۈرمە قۇربانگاھى
بىلەن ئۇنىڭ مىس تورىنى، بالداقلىرى بىلەن ھەممە ئەسۋابلىرىنى، داس بىلەن ئۇنىڭ
تەگلىكىنى، [17] ھويلىنىڭ پەردىلىرى بىلەن ئۇنىڭ تۈۋرۈكلىرى ۋە تەگلىكلىرىنى ئېتىپ
ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىكى پەردىنىمۇ تەييار قىلىپ، [18] ئىبادەت چېدىرىنىڭ قوزۇقلىرى بىلەن
ھويلىنىڭ قوزۇق تانىلىرىنى ياساپ، [19] مۇقەددەس خانىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان
ئېگىنلەرنى توقۇپ، ھارۇن كاھىننىڭ مۇقەددەس ئېگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ
كاھىنلىق ئېگىنلىرىنىمۇ تەييار قىلسۇن.» [20] ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى
مۇسانىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتتى.

[21] ئاندىن كېيىن كۆڭلى تارتقانلارنىڭ ھەربىرى يېنىپ كېلىپ، ھەركىمنىڭ روھى قىزىتسا،
جامائەت چېدىرىنىڭ ياسىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ۋە مۇقەددەس كىيىملەر ئۈچۈن
خۇداۋەندىگە بىر ھەدىيە كەلتۈرگىلى تۇردى. [22] شۇنداقكى، ئۇلار خاھى ئەر، خاھى خوتۇن

بولسۇن، كېلىپ ھەربىرى ئۆز كۆڭلى تارتقاندەك ھەدىيە كەلتۈرۈپ، بىلەزۈك، زىرە، ئۈزۈك، زۇننار ۋە ئالتۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ھەركىم خۇداۋەندىگە ئالتۇن ھەدىيە بېرەلىسە، ئالتۇن بېرىپ، 23 ھەركىمنىڭ ئاسمان رەڭلىك ۋە يا سۆسۈن رەڭلىك، قىرمىز رەڭلىك ۋە يا ئاق كاناپ يىپى، ئۆچكە يۇڭى ۋە يا قىزىل بويالغان قوچقار تېرىسى ۋە يا تاخاش تېرىسى بولسا ئۇنى ئېلىپ كەلدى. 24 كىمكى كۈمۈش ياكى مىستىن ھەدىيە كەلتۈرەلىسە، شۇنى خۇداۋەندىگە ھەدىيە كەلتۈردى. كىمنىڭ قېشىدا مۇقەددەس خانىنىڭ ئىشىغا يارىغۇدەك ئاكاتسىيە ياغىچى بولسا، ئۇنى ئېلىپ كەلدى.

25 ھەممە ئۇستا خوتۇنلار بولسا ئۆز قوللىرى بىلەن چاق ئېگىرىپ، ئېگىرگەن يىپتىن كۆك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك، قىرمىز رەڭلىك بىلەن ئاق كاناپ يىپ كەلتۈردى. 26 يۇڭ ئېگىرىشكە ئۇستا بولۇپ، كۆڭلى تارتقان خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۆچكە يۇڭىنى ئېگىردى.

27 چوڭ كىشىلەر بولسا ئېفود تونى بىلەن كۆكرەكلىككە قادىماق ئۈچۈن ھېقىق تېشى بىلەن ئورنىتىلىدىغان تاشلار، 28 ئەتىر بىلەن كۆيدۈرىدىغان ياغ، مەسىھلەش يېغى بىلەن كۆيدۈرىدىغان خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەر كەلتۈردى.

29 بۇ تەرىقىدە بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئەر خوتۇنلىرى بولسا ھەركىمنىڭ خۇداۋەندە مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇيرۇغان ئىشىدىن قايسى بىر ئىش ئۈچۈن بىر نېمىنى بەرگىلى كۆڭلى تارتسا، ئېلىپ كېلىپ، خۇشلۇق بىلەن خۇداۋەندىگە ھەدىيە بەردى.

30 مۇسا بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتتىكى: «مانا خۇداۋەندە يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان بېزالەل بەن-ئۇرى بەن-خۇرنىڭ ئىسمىنى تۇتۇپ ئۇنى قىچقىرىپ، 31 خۇدانىڭ روھى بىلەن تولدۇرۇپ، ھېكمەت، ئەقىل ۋە بىلىشلىك بېرىپ، ھەر خىل ھۈنەرۋەنلىككە ئىگىلەندۈردى. 32 شۇنداقكى، ئۇ ئۆزى يېڭى ھۈنەرلەرنى چىقىرىپ، ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن مىس ئىشلىرىنى قىلىپ، 33 كۆز قويماق ئۈچۈن تاشنى ئويۇپ ياغاچنى كېسىپ، ھەر خىل ھۈنەر ئىشلىرىنى قاملاشتۇرغىلى قابىل بولدى. 34 ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋە ھەم دان قەبىلىسىدىن بولغان ئاھىساماقنىڭ ئوغلى ئوھولىيابقا ھۈنەر ئۆگەتكىلى ھەدىيە بېرىپ، 35 ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ھېكمەت بىلەن تولدۇردى. شۇنداقكى، ئۇلار ھەر خىل نەقىش ئويىدىغان ئىش بىلەن چىرايلىق توقۇيدىغان ئىشنى قىلىپ، كۆك رەڭلىك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك، قىرمىز رەڭلىك بىلەن ئاق كاناپ يىپتىن گۈل توقۇش بىلەن باشقا رەخت توقۇش ئىشلىرىنى ئەمەلگە كەلتۈرۈپ، ھەر خىل ھۈنەر بىلەن ھەرقانداق يېڭى ئىش بولسا قىلىشقا قابىل بولدى.

36 1 خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق مۇقەددەس خانىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ قىلسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن ھېكمەت بىلەن پەم تاپقان بارچە باشقا ھۈنەرۋەن كىشىلەرمۇ بېزالەل بىلەن ئوھولىيابنىڭ ئۆزىگە قوشۇلۇپ بۇ ئىشنى قىلسۇن» دېدى. 2 ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆزى بېزالەل بىلەن ئوھولىيابنى قىچقىرىپ، خۇداۋەندە ئۆزى

ھېكمەتتىن كۆڭۈللىرىنى تولدۇرغان ھەممە ھۈنەرۋەن كىشىلەرنىڭ ئۆزى بىلەن بۇ ئىشنى قىلىشقا كۆڭلى تارتقانلارنىڭ ھەممىسىنىمۇ قېشىغا كەلگىلى قىچقاردى.

[3] بۇلار كېلىپ، مۇقەددەس خانىنى ياسايدىغان ئىش ئۈچۈن بەنى-ئىسرائىل ئېلىپ كەلگەن ھەممە ھەدىيەلەرنى مۇسادىن تاپشۇرۇۋالدى. ئەمما خەلق بولسا ئۆز خۇشلۇقى بىلەن ھەر ئەتىگەن مۇساغا ھەدىيە كەلتۈرۈپ تۇراتتى. [4] شۇنى كۆرۈپ، مۇقەددەس خانىنىڭ ھەممە ئىشىنى قىلىپ تۇرغان ئۇستىلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزى قىلىپ تۇرغان ئىشىنى تاشلاپ كېلىپ، [5] مۇساغا: «خەلق ئۆزى خۇداۋەندە بىزگە قىلغىلى بۇيرۇغان ئىشىنى پۈتكۈزۈشكە لازىم بولىدىغاندىن زىيادە نەرسىلەرنى كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ» دەپ ئېيتىشتى. [6] ئۇ ۋاقىت مۇسا بۇيرۇپ، چېدىرگاھتا: «مانا ھېچ كىشى، خاھى ئەر بولسۇن، خاھى خوتۇن بولسۇن مۇقەددەس خانىغا بىر نىمىنى بەرمەك ئۈچۈن يەنە ھەرىكەت قىلمىسۇن» دەپ جاكارلاتتى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئۆزى يەنە ھەدىيەلەر كەلتۈرۈشتىن توختىدى. [7] چۈنكى يىغقان نەرسىلەر قىلىنىدىغان ئىش ئۈچۈن يېتىپ ئاشقۇدەك ئىدى.

[8] ياساش ئىشىنى قىلىپ تۇرغان ئۇستا ھۈنەرۋەن كىشىلەر ئۆزى ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئون پەردىسىنى تاللانغان ئاق كاناپ يىپ بىلەن كۆك رەڭلىك يىپ، سۆسۈن بىلەن قىرمىز رەڭلىك يىپتىن ياساپ، ئۇستا ھۈنەرۋەنلىك بىلەن ئۈنىڭدا كېرۇۋبلارنىڭ سۈرىتىنى توقۇپ چىقاردى. [9] ھەر پەردىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە سەككىز گەز، توغرىسى تۆت گەز بولۇپ، ھەممە پەردىلەر بىر ئۆلچەمدە ئىدى. [10] بۇ پەردىلەرنىڭ بەشى بىر-بىرىگە چېتىلىپ، يەنە بەشىمۇ بىر-بىرىگە چېتىلغان ئىدى. [11] بىر پەردىنىڭ چېتىدە يەنە بىرىگە تۇتىشىدىغان لېۋىگە كۆك رەڭلىك ئىزمە قادىلىپ، باشقا پەردىنىڭمۇ يەنە بىرىگە تۇتىشىدىغان لېۋىگە ئىزمە قادالغانىدى. [12] شۇنداقكى، بىر پەردىنىڭ لېۋىگە ئەللىك ئىزمە قادىلىپ، يەنە بىر پەردىنىڭ تۇتىشىدىغان لېۋىگە ئەللىك ئىزمە قادىلىپ، بۇ ئىزمىلەر بولسا بىر-بىرىنىڭ ئۇتتۇرىدا ئورناشتۇرۇلغانىدى. [13] ئالتۇندىن ئەللىك ئىلمەك ئېتىلىپ، بۇ ئىلمەكلەر بىلەن پەردىلەر بىر-بىرىگە ئۇلاشتۇرۇلۇپ، ئىبادەت چېدىرى پۈتۈن قىلىنىدى.
[14] ئىبادەت چېدىرىنى ياپماق ئۈچۈن ئۆچكە يۇڭىدىن يېپىنچىلار ياسىلىپ، بۇ يېپىنچىلارنىڭ ئۆزى ئون بىر ئىدى. [15] ھەربىر يېپىنچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز گەز، توغرىسى تۆت گەز بولۇپ، ئون بىر يېپىنچىنىڭ ھەممىسى بىر ئۆلچەمدە ئىدى. [16] بۇ يېپىنچىلارنىڭ بەشى چېتىلىپ بىر قىلىپ، قالغان ئالتىسىمۇ چېتىلىپ بىر قىلىنغان ئىدى. [17] تۇتاشتۇرۇلغان يېپىنچىلارنىڭ ياقىسىدىكى يېپىنچىنىڭ لېۋىگە ئەللىك ئىزمە قادىلىپ، يەنە باشقا تۇتاشتۇرۇلغان يېپىنچىلارنىڭ ياقىسىدىكى يېپىنچىنىڭ لېۋىگىمۇ ئەللىك ئىزمە قادالغانىدى. [18] يېپىنچىنى تۇتاشتۇرۇپ پۈتۈن قىلماق ئۈچۈن، مىستىن ئەللىك ئىلمەك ئېتىلدى.
[19] شۇنىڭدىن باشقا قىزىل بويالغان قوچقار تېرىسىدىن يېپىنچىنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدىغان

بىر يوپۇق ياسىلىپ بۇنىڭمۇ ئۈستىگە يېپىلىدىغان بىر ئىككىنچى يوپۇق تاخاش تېرىسىدىن
ياسالدى.
[20]ئۇ بادەت چېدىرىنىڭ تاختىلىرى بولسا ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئېتىلىپ تىك قويۇلدى.
[21]تاختىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون گەز بولۇپ، توغرىسى بىر يېرىم گەز ئىدى. [22]ھەربىر تاختىنىڭ
ئىككى پۇتى بولۇپ، قىرى بىلەن بىر-بىرىگە تۇتاشقانىدى. چېدىرنىڭ ھەممە تاختىلىرى شۇنداق
قىلىنغانىدى. [23]چېدىرنىڭ تاختىلىرى بولسا يىگىرمىسى جەنۇبقا قاراپ جەنۇب تەرىپىگە
قويۇلغانىدى. [24]بۇ يىگىرمە تاختىنىڭ تېگىگە كۈمۈشتىن قىرىق تەگلىك ياسىلىپ، ھەربىر
تاختىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ تېگىدە ئىككىدىن تەگلىك قويۇلغانىدى. [25]شۇنىڭغا ئوخشاش
چېدىرنىڭ باشقا يېنىدا، يەنى شىمال تەرىپىدە يىگىرمە تاختا قويۇلۇپ، [26]بۇلار ئۈچۈن ھەم
كۈمۈشتىن قىرىق تەگلىك ياسىلىپ، ھەربىر تاختىنىڭ تېگىگە ئىككىدىن ئىككىدىن تەگلىك
ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغانىدى. [27]لېكىن چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىدە غەربكە قاراشلىق ئالتە
تاختا قويۇلغانىدى. [28]چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىدىكى بۇلۇڭىدا ئىككى تاختا قويۇلغانىدى.
[29]بۇلارنىڭ ھەربىرى تۆۋەن تەرىپىدىن قوشقان بولۇپ، ئۈچىغىچە قوشۇلۇپ چىقىپ، بىر
ھالقا بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئىككىلىسى شۇنداق بولۇپ ئىككى بۇلۇڭىدا قويۇلغانىدى.
[30]بۇ تەرىقىدە سەككىز تاختا بولۇپ، ھەربىر تاختىنىڭ تېگىگە قويغىلى ئىككىدىن تەگلىك
ھېسابىدا ئون ئالتە دانە كۈمۈش تەگلىك قىلىنغانىدى. [31]بۇنىڭدىن باشقا ئاكاتسىيە
ياغىچىدىن توغرا بالداقلار ياسىلىپ، بەشى چېدىرنىڭ بىر يېنىدىكى تاختىلار ئۈچۈن ئېتىلىپ،
[32]چېدىرنىڭ باشقا يېنىدىكى تاختىلار ئۈچۈنمۇ بەش دانە توغرا بالداق ياسىلىپ، چېدىرنىڭ
كەينى تەرىپىدىكى غەربكە قاراشلىق تاختىلار ئۈچۈن ھەم بەش دانە بالداق تەييارلانغانىدى.
[33]تاختىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ئوتتۇرا بالداق بولسا بۇ ئۆزى بىر تەرىپىدىن يەنە بىر
تەرىپىگە يېتەتتى. [34]تاختىلار ئۆزى ئالتۇن بىلەن قاپلىنىپ، بالداقلار كىرىدىغان ھالقىلار
بولسا ئالتۇندىن ياسىلىپ، بالداقلار ئۆزى ئالتۇندىن قاپلانغانىدى.
[35]كۆك رەڭلىك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك يىپ، قىرمىز رەڭلىك بىلەن ئاق كاناپ يىپتىن بىر پەردە
ياسىلىپ، ئۇنىڭدا كېرۇب سۈرەتلىرى نەپىس قىلىپ توقۇلغانىدى. [36]ئۇنى ئاسماق ئۈچۈن
ئاكاتسىيە ياغىچىدىن تۆت تۈۋرۈك ياسىلىپ، ئالتۇن بىلەن قاپلىنىپ، ئىلمەكلىرى بولسا
ئالتۇندىن ئېتىلىپ، بۇ تۈۋرۈكلەر ئۈچۈن كۈمۈشتىن تۆت دانە تەگلىك قۇيۇپ ياسالغانىدى.
[37]چېدىرنىڭ دەرۋازىسى ئۈچۈن كۆك رەڭلىك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك يىپ، قىرمىز رەڭلىك
بىلەن ئاق كاناپ يىپتىن بىر گۈللۈك پەردە توقۇلغانىدى. [38]بۇ پەردە ئۈچۈن بەش تۈۋرۈك
ئىلمەكلىرى بىلەن ياسىلىپ بۇلارنىڭ باشلىرى بىلەن چەمبەرلىرى ئالتۇندىن قاپلىنىپ،
ئۇلارنىڭ تېگىگە قويۇلىدىغان بەش دانە تەگلىكى مىستىن تەييارلانغانىدى.

37 [1]بېزالەلنىڭ ئۆزى ئەھدە ساندۇقىنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياساپ، ئۇزۇنلۇقىنى ئىككى يېرىم گەز، ئېگىزلىكىنى بىر يېرىم گەز، توغرىسىنى بىر يېرىم گەز قىلىپ، [2] ئۇنىڭ ئىچى-سىرتىنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، چۆرىسىگە ئالتۇندىن گىرۋەك قىلىپ، [3] ئالتۇندىن تۆت ھالقىنى قۇيۇپ، ئۇنىڭ تۆت پۇتىغا قاداپ ئىككى ھالقىنى بىر تەرىپىدە، يەنە ئىككى ھالقىنى يەنە تەرىپىدە قويدى. [4] مۇندىن باشقا ئۇ ئۆزى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئىككى بالداقنى ياساپ، ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، [5] ساندۇقنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بالداقلارنى ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىكى ھالقىلاردىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. [6] ئۇ ھەم ساپ ئالتۇندىن بىر مەرھەمەت تەختىنى ياساپ، ئۇزۇنلۇقىنى ئىككى يېرىم گەز، توغرىسىنى بىر يېرىم گەز قىلىپ، [7] ئالتۇندىن ئىككى كېرۇب سۈرىتىنى سوقۇپ ياساپ، ئۇلارنى مەرھەمەت تەختىنىڭ ئىككى بېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، [8] بىر كېرۇبنى بىر چېتىدە، يەنە بىر كېرۇبنى باشقا چېتىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئىككى چېتىدىكى كېرۇب سۈرەتلىرىنىڭ ئۆزىنى مەرھەمەت تەختىنىڭ ئۆز پارچىسىدىن ئېتىپ قويدى. [9] كېرۇبلار بولسا قاناتلىرى بىلەن مەرھەمەت تەختىنى ياپسۇن دەپ، ئۆز قاناتلىرىنى يېيىپ كۆتۈرۈپ، يۈزلىرىنى بىر-بىرىنىڭ تەرىپىگە يۈزلىنىپ تۇرغۇزۇلغانىدى. شۇنداقكى، كېرۇبلارنىڭ يۈزلىرى مەرھەمەت تەختىنىڭ تەرىپىگە قاراقلىق ئىدى.

[10]ئۇ ھەم جوزىنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياساپ، ئۇزۇنلۇقىنى ئىككى گەز، توغرىسىنى بىر گەز، ئېگىزلىكىنى بىر يېرىم گەز قىلىپ، [11]ئۇنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، چۆرىسىگە ئالتۇندىن بىر گىرۋەك ياسىدى. [12] بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى جوزىنىڭ چۆرىسىگە تۆت بارماق كەڭ بىر پەۋاز قىلىپ، ئۇ پەۋازنىڭ چۆرىسىگە ئالتۇندىن بىر گىرۋەك ياساپ قويدى. [13]ئۇ ئۆزى جوزا ئۈچۈن ئالتۇندىن تۆت ھالقىنى قۇيۇپ، بۇ ھالقىلارنى تۆت پۇتىنىڭ ئۇتتۇرىدىكى تۆت بۇلۇڭغا قادىدى. [14]جوزىنى كۆتۈرمەك ئۈچۈن ئۇلاردىن بالداقلار ئۆتكۈزۈلسۇن دەپ، ھالقىلار ئۆزى پەۋازنىڭ ئۇتتۇرىدا توختىتىلغانىدى. [15]ئۇ ئۆزى جوزىنى كۆتۈرىدىغان بالداقلارنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ئېتىپ، ئۇلارنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. [16]بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى جوزا ئۈچۈن ئاياق بىلەن قاچىلار، تاۋاق بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى قويۇلىدىغان پىيالىلەرنى ساپ ئالتۇندىن تەييارلاپ ئەتتى.

[17]ئۇ ئۆزى ساپ ئالتۇندىن شامداننى ياسىدى. بۇ شامدان بولسا سوقۇلۇپ ئېتىلىپ، ئۇنىڭ غولى بىلەن پۇتى، قاچا، تۈگۈن ۋە گۈللىرى بولسا ھەممىسى بىر پارچىدىن ياسالغانىدى. [18]شامداننىڭ ئىككى يېنىدىن ئالتە شاخ چىقىپ، ئۈچى بىر تەرىپىدىن ،يەنە ئۈچ شېخى يەنە بىر تەرەپتىن چىقىرىلغانىدى. [19]بىر شېخىدا بادام گۈلىگە ئوخشاش ئۈچ قاچا بولۇپ، ھەربىرى بىر تۈگۈن بىلەن بىر گۈلدىن ئىبارەت قىلىنىپ، باشقا شېخىدا ھەم بادام گۈلىگە ئوخشاش ئۈچ قاچا بولۇپ، ھەربىرى بىر تۈگۈن بىلەن بىر گۈلدىن ئىبارەت قىلىنغانىدى. شامداندىن چىقىرىلغان ئالتىلا شېخىنىڭ ئۆزى شۇنداق ئىدى. [20]لېكىن شامداننىڭ ئۆزىدە بادام گۈلىگە ئوخشاپ، تۈگۈن بىلەن گۈلى بار تۆت قاچا ياسالغانىدى. [21]بىر تۈگۈن ئۆزى

شامداندىن چىقىرىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر بولغان بىر جۈپ شاخنىڭ تېگىدە تۇرۇپ، يەنە بىر تۈگۈن شامداندىن چىقىرىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر بولغان يەنە بىر جۈپ شاخنىڭ تېگىدە تۇرۇپ، ئۈچىنچى تۈگۈن شامداندىن چىقىرىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر بولغان ئۈچىنچى جۈپ شاخنىڭ تېگىدە قويۇلغاندى. شۇنداقكى، شامداندىن چىقىرىلغان ئالتە شاخنىڭ ئۆزىگە مۇنداق قىلىنغانىدى. [22] تۈگۈن بىلەن شاخلىرى بولسا شامدان بىلەن بىر بولۇپ، ساپ ئالتۇندىن ئېتىلىپ بىر پارچىدىن ياسالغانىدى. [23] بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن يەتتە چىراغنى ياساپ، ئۇنىڭ پىلىك قىسقاچلىرى بىلەن كۈلدانلىرىنى ساپ ئالتۇندىن تەييار قىلدى. [24] شۇنىڭدەك شامدان بىلەن ئۇنىڭ ھەممە ئەسۋابلىرىنى بىر تالانت ساپ ئالتۇندىن راستلىدى.

[25] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بىر خۇشبۇي ئىسرىق قۇربانگاھىنى ياسىدى. ئۇ ئۇزۇنلۇقىنى بىر گەز، توغرىسىنى بىر گەز قىلىپ، تۆت چاسا ياساپ ئېگىزلىكىنى ئىككى گەز قىلىپ، مۈڭگۈزلىرىنى ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ ياساپ، [26] ئۇنىڭ تورۇسى بىلەن چۆرىسىدىكى تاملىرى بولسۇن ۋە يا مۈڭگۈزلىرى بولسۇن ھەممىسىنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، چۆرىسىگە ئالتۇندىن بىر گىرۋەك ياساپ، [27] قۇربانگاھنى كۆتۈرگەندە بالداقلارنى ساپماق ئۈچۈن ئالتۇندىن ئىككى ھالقىنى ياساپ، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا گىرۋەكنىڭ تېگىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، [28] بالداقلارنىڭ ئۆزىنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.

[29] ئۇ ھەم مەسىھلىمەك ئۈچۈن مۇقەددەس ياغنى تەييارلاپ، ئەتىرچى تەييار قىلغاندەك ساپ كۆيدۈرىدىغان خۇشبۇي دورا-دەرمەكنى راستلىدى.

38 [1] بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن كۆيدۈرمە قۇربانگاھىنى ياساپ، ئۇزۇنلۇقىنى بەش گەز، توغرىسىنى بەش گەز قىلىپ، چاسا ياساپ ئېگىزلىكىنى ئۈچ گەز قىلىپ، [2] ئۇنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا مۈڭگۈزلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۈڭگۈز بىلەن قۇربانگاھنى بىر پارچىدىن ياساپ مىس بىلەن قاپلاپ، [3] قۇربانگاھنىڭ ھەممە ئەسۋابلىرىنى راستلاپ، كۈلدان، بەلچە، قاچا، قىسقاچ ۋە ئوتدانلارنى تەييارلاپ، ھەممىسىنى مىستىن ئەتتى. [4] ئۇ ھەم قۇربانگاھ ئۈچۈن مىستىن بىر تورنى ياساپ، ئۇنى قۇربانگاھنىڭ ئاستىن كانارىدىن تارتىپ ئوتتۇرىسىغا يەتكۈزۈپ قاداپ، [5] بالداقلارنى ئۆتكۈزمەك ئۈچۈن مىس تورنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت دانە قۇيما ھالقىنى بېكىتتى. [6] بالداقلار بولسا ئۇلارنى ئاكاتسىيە ياغىچىدىن ياساپ، مىس بىلەن قاپلاپ، [7] قۇربانگاھنى كۆتۈرمەك ئۈچۈن بالداقلارنىڭ ئۆزىنى قۇربانگاھنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ھالقىلاردىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. قۇربانگاھ بولسا ئىچىنى كاۋاك قىلىپ، شالدىن ياسىدى.

[8]بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىدا خىزمەت قىلغىلى جۇغلاشقان خوتۇنلارنىڭ ئەينەكلىرىنىڭ مىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر مىس داس بىلەن ئۇنىڭ مىس تەگلىكىنى ياسىدى.

[9]ئا ندىن كېيىن ھويلىنى راستلاپ، جەنۇب تەرىپىگە قاراشلىق جەنۇب تەرىپىدە ھويلا ئۈچۈن ئاق كاناپ يىپتىن توقۇلغان يۈز گەزلىك پەردىلەرنى تەييار قىلدى. [10]پەردىلەرنىڭ تۈۋرۈكلىرى بولسا يىگىرمە بولۇپ، بۇلار ئۈچۈن مىستىن يىگىرمە دانە تەگلىك ئېتىلدى. لېكىن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئىلمەك بىلەن چەمبەرلىرى كۈمۈشتىن ئىدى. [11]شىمال تەرىپىدىكى پەردىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ يۈز گەز ئىدى. ئۇلارنىڭ تۈۋرۈكلىرى يىگىرمە بولۇپ، بۇلار ئۈچۈن مىستىن يىگىرمە دانە تەگلىك ياسالدى. لېكىن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئىلمەك بىلەن چەمبەرلىرى كۈمۈشتىن ئىدى. [12]غەرب تەرىپىدىكى پەردىلەر بولسا ئەللىك گەز ئۇزۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ تۈۋرۈكلىرى ئون بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن مىستىن ئون دانە تەگلىك ياسالدى. لېكىن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئىلمەك بىلەن چەمبەرلىرى كۈمۈشتىن ئىدى. [13]شەرققە قاراشلىق ئالدى تەرىپىدىكى پەردىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەللىك گەز ئىدى. [14]دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپىدىكى پەردىلەر بولسا ئون بەش گەز ئۇزۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ تۈۋرۈكلىرى ئۈچ بولۇپ، بۇلار ئۈچۈن ئۈچ دانە تەگلىك ياسالدى. [15]ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى پەردىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ ئون بەش گەز ئىدى. شۇنداقكى، ئۇ تەرىپى بىلەن بۇ تەرىپىدىكى پەردىلەر ئوخشاش ئىدى. ئۇلارنىڭ تۈۋرۈكلىرى ئۈچ بولۇپ، بۇلار ئۈچۈن ئۈچ دانە تەگلىك ياسالدى. [16]ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى پەردىلەرنىڭ ھەممىسى ئاق كاناپ يىپتىن توقۇلغانىدى. [17]تۈۋرۈكلەرنىڭ تەگلىكلىرى بولسا مىستىن ياسالدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىلمەك بىلەن چەمبەرلىرى كۈمۈشتىن ئېتىلىپ باشلىرى كۈمۈش بىلەن قاپلانغانىدى. ھويلىنىڭ ھەممە تۈۋرۈكلىرى بولسا كۈمۈشتىن ئېتىلگەن ھالقىلىرى بار ئىدى. [18]ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىكى پەردىنىڭ ئۆزى كۆك رەڭلىك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك يىپتىن، قىرمىز رەڭلىك بىلەن ئاق كاناپ يىپتىن توقۇلۇپ گۈل سېلىنىپ، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە گەز قىلىنىپ، ئېگىزلىكى بولسا ھويلىنىڭ پەردىلەرنىڭ توغرىسىغا باراۋەر بولۇپ، بەش گەز ئىدى. [19]ئۇنىڭ ئۈچۈن مىستىن تۆت تۈۋرۈك بىلەن تۆت تەگلىك ياسالدى. لېكىن بۇلارنىڭ ئىلمەكلىرى كۈمۈشتىن ئېتىلىپ، باشلىرى كۈمۈش بىلەن قاپلىنىپ، چەمبەرلىرى بولسا كۈمۈشتىن ئېتىلدى. [20]ئىبادەت چېدىرىنىڭ بىلەن ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى قوزۇقلارنىڭ ھەممىسى مىستىن ياسالغانىدى.

[21]شاھادەت چېدىرى دېگەن چېدىر ئۈچۈن، مۇسانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھارۇننىڭ ئوغلى ئىتامار ئۈستىدە تۇرۇپ، لاۋىيلار قىلىدىغان ئەشيالارنىڭ ھېسابى شۇدۇر: [22]يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان بېزالەل بەن-ئۇرى بەن-خۇرنىڭ ئۆزى خۇداۋەندە مۇساغا بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىنى قىلدى. [23]دان قەبىلىسىدىن بولغان ئاھىساماقنىڭ ئوغلى ئوھولىياب ئۇنىڭ شېرىكى بولۇپ

بۇ ئۆزى نەقىش قىلىش بىلەن گۈل توقۇشقا ئۇستا بولۇپ، كۆك رەڭلىك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك يىپ، قىزىل رەڭلىك بىلەن ئاق كاناپ يىپتىن رەخمۇرەڭ رەخت توقۇشنى بىلەتتى. [24] مۇقەددەس خانىنىڭ ياسىشىغا ئىشلىتىلگەن ئالتۇن، يەنى ھەدىيەگە كەلتۈرۈلگەن ئالتۇننىڭ ھەممىسى، مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا يىگىرمە توققۇز تالانت يەتتە يۈز ئوتتۇز شېقەل ئىدى. [25] جامائەت ئىچىدىن ساناقتىن ئۆتكەن خەلقنىڭ كەلتۈرگەن ھەدىيە كۈمۈشى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا يۈز تالانت بىر مىڭ يەتتە يۈز يەتمىش بەش شېقەل ئىدى. [26] كىمكى يىگىرمە ياش ياكى ئۇنىڭدىن ئوشۇق بولۇپ ساناقتىن ئۆتۈپ سانالغانلارغا قوشۇلسا، ئۇنىڭدىن بىر بېكا، يەنى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا يېرىم شېقەل ئېلىنغانىدى. بۇلار بولسا ئالتە يۈز ئۈچ مىڭ بەش يۈز ئەللىك كىشى ئىدى. [27] مەزكۇر يۈز تالانت كۈمۈشتىن مۇقەددەس خانىنىڭ تەگلىكلىرى بىلەن ئوتتۇرىدىكى پەردىنىڭ تەگلىكلىرى قۇيۇلۇپ، يۈز تالانتتىن يۈز تەگلىك ياسىلىپ، ھەربىر تەگلىك ئۈچۈن بىر تالانت ئىشلىتىلدى. [28] ئۇ بىر مىڭ يەتتە يۈز يەتمىش بەش شېقەل بولسا تۈۋرۈكلەرنىڭ ئىلمەكلىرىگە ئىشلىتىلىپ باشلىرىنىڭ قاپلىنىشى بىلەن چەمبەرلىرىنىڭ ئېتىلىشىگە ئىشلىتىلدى. [29] ھەدىيە ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسنىڭ ئۆزى يەتمىش تالانت ئىككى مىڭ تۆت يۈز شېقەل چىقتى. [30] بۇنىڭدىن جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ تەگلىكلىرى تەييارلىنىپ، مىس قۇربانگاھى بىلەن مىس تورى ۋە قۇربانگاھنىڭ ھەممە ئەسۋابلىرى ئېتىلىپ، [31] ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى تەگلىكلىرى قۇيۇلۇپ، چېدىرنىڭ قوزۇقلىرى بىلەن ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى قوزۇقلارنىڭ ھەممىسى ياسالدى.

39 [1] ئۇلار مۇقەددەس خانىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن كۆك، سۆسۈن ۋە قىزىل رەڭلىك رەخت توقۇپ، خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك ھارۇن ئۈچۈن مۇقەددەس ئېگىنلەرنى تەييار قىلدى.
[2] ئېفود تونى بولسا ئۇلار ئۇنى ئالتۇندىن، ئاسمان رەڭلىك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك يىپتىن، قىزىل رەڭلىك بىلەن ئاق كاناپ يىپتىن تەييارلاپ، [3] ئالتۇن سوقۇپ نېپىز قىلىپ، ئۇنى كېسىپ يىپ قىلىپ، بۇنى كۆك رەڭلىك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك يىپنىڭ، قىزىل رەڭلىك بىلەن ئاق كاناپ يىپنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ رەخمۇرەڭ رەخت توقۇدى. [4] ئۇلار ئېفود تونىغا ئىككى دولىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر-بىرىگە تۇتاشسۇن دەپ، ئىككى بېشىنى بىر قىلىپ چېگىپ قويدى. [5] ئۇنىڭ ئۈستىگە باغلايدىغان كەمەر بولسا ئېفودنىڭ ئۆز رەختىدىن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلىنىپ، ئالتۇندىن، كۆك رەڭلىك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك يىپتىن، قىزىل رەڭلىك بىلەن ئاق كاناپ يىپتىن توقۇلۇپ، خۇداۋەندە مۇساغا بۇيرۇغاندەك تەييار قىلىنغانىدى.
[6] ئۇلار ھېقىق تاشلىرىنى ياساپ، ئالتۇن كۆزلۈكلەرگە قويۇپ، مۆھۈر ئويغاندەك ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئويۇپ، [7] بۇلارنى خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك بەنى-

ئىسرائىلنىڭ يادلىنىش تېشى بولسۇن دەپ، ئېفود تونىنىڭ ئىككى مۈرىسىگە قاداپ قويىدى.
[8]ئۇلار كۆكرەكلىكنى ئۇستا ھۈنەرۋەننىڭ قولى بىلەن توقۇتۇپ، بۇنى ھەم ئېفود تونىغا ئوخشاش ئالتۇندىن، كۆك بىلەن سۆسۈن رەڭلىك يىپتىن، قىرمىز رەڭلىك بىلەن ئاق كاناپ يىپتىن ياساپ تەييار قىلدى. [9]ئۇلار بۇنى ئىككى قاتلىق تۆت چاسا قىلىپ، ئۇزۇنلۇقىنى بىر غېرىچ، توغرىسىنى بىر غېرىچ قىلىپ، [10]ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆت قاتار قىلىپ، جاۋاھىر تاشلىرىنى قادىدى. شۇنداقكى، بىرىنچى قاتاردا بىر قىزىل ياقۇت، بىر توپاز ۋە بىر زۇمرەت تېشى بار ئىدى. [11]ئىككىنچى قاتاردا بىر كۆك قاشتاش، بىر كۆك ياقۇت ۋە بىر ئالماس، [12]ئۈچىنچى قاتاردا بىر سۆسۈن ياقۇت، بىر ھېقىق ۋە بىر سۆسۈن كۋارتس تېشى، [13]تۆتىنچى قاتاردا بىر خىرىزولىت، بىر ئاق ھېقىق ۋە بىر يېشىل قاشتاش بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقا-باشقا ئالتۇن كۆزلۈكلەرنىڭ ئىچىگە قويۇلۇپ ئورناشتۇرۇلغانىدى. [14]بۇ جاۋاھىر تاشلىرى بولسا ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرىغا مۇۋاپىق ئون ئىككى دانە بولۇپ، مۆھۈر ئويغاندەك ھەربىر تاشقا ئون ئىككى قەبىلىنىڭ ئىسمى بىردىن-بىردىن ئويۇلغانىدى. [15]ئۇلار كۆكرەكلىككە ئېشىلگەن شوينىغا ئوخشاش ساپ ئالتۇن زەنجىرلەرنى ياساپ، [16]كۆكرەكلىك ئۈچۈن ئالتۇندىن ئىككى ھالقىنى ئېتىپ، بۇلارنى كۆكرەكلىكنىڭ ئىككى بېشىغا بېكىتىپ، [17]ئۆزى ئالتۇندىن بولۇپ ئېشىلىپ ياسالغان ئىككى زەنجىرنى كۆكرەكلىكنىڭ ئىككى بېشىغا بېكىتىلگەن ئىككى ھالقىدىن ئۆتكۈزۈپ، [18]بۇ ئېشىلگەن زەنجىرلەرنىڭ قالغان ئىككى ئۇچىنى ئىككى كۆزلۈكلەرگە قاداپ، بۇلارنى ئېفود تونىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئىككى مۈرىسىگە ئېسىپ قويىدى. [19]مۇندىن بۆلەك، ئالتۇندىن ئىككى ھالقىنى ئېتىپ، ئېفود تونىنىڭ ئىچ كانارىغا كەلگەن كۆكرەكلىكنىڭ ئىككى بېشىغا بېكىتىپ قويىدى. [20]مۇندىن باشقا ئالتۇندىن ئىككى ھالقىنى ياساپ، ئېفود تونىنىڭ ئىككى دولىسىنىڭ ئاستىدا ئۇنىڭ تۇتاشقان جايىنىڭ ئالدىغا كەمەردىن ئېگىز ئېسىپ قويۇپ، [21]كەمەردىن ئېگىز تۇرۇپ، ئېفودتىنمۇ جۇدا بولمىسۇن دەپ، كۆكرەكلىكنىڭ ئۆزىنى ھالقىلاردىن ئۆتكۈزۈلگەن كۆك رەڭلىك يىپ بىلەن ئېفودنىڭ ھالقىلىرىغا باغلاپ قويۇپ، ھەممىسىنى خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا بۇيرۇغاندەك بەجا كەلتۈردى.
[22]ئېفود تونى بولسا كۆك رەڭلىك يىپتىن توقۇلۇپ تەييار قىلىنغانىدى. [23]ئۇنىڭ باش تۆشۈكى بولسا ساۋۇتنىڭ ياقىسىدىكىدەك ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، يىرتىلىپ كەتمىسۇن دەپ، چۆرىسىگە قاسقان تۇتۇلغانىدى. [24]ئۇلار ئۇنىڭ ئېتىكىنىڭ چۆرىسىگە كۆك، سۆسۈن ۋە قىرمىز رەڭلىك يىپتىن ياسالغان ئانارلارنى سېلىپ، [25]بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەممە تەرىپىگە ساپ ئالتۇندىن ئېتىلگەن قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ قويىدى. [26]شۇنداقكى، خىزمەتتە كىيىلىدىغان تونىنىڭ ئېتىكىنىڭ پۈتۈن چۆرىسىدە بىر ئالتۇن قوڭغۇراق، ئاندىن كېيىن بىر ئانار، ئاندىن يەنە بىر ئالتۇن قوڭغۇراق، ئاندىن يەنە بىر ئانارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇنىڭ ھەممىسىنى خۇداۋەندە مۇساغا بۇيرۇغاندەك راستلىدى.
[27]ئۇلار ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن نەپىس كاناپ يىپتىن توقۇلغان كۆينەكلەرنى

تەييار قىلىپ، [28]ئاق كاناپ يىپتىن سەللىنى توقۇپ ياساپ، زىننەت ئۈچۈن تەيىنلەنگەن دوپپىلارنىمۇ ئاق كاناپ يىپتىن ئېتىپ، تامبىللىرى بولسا ئۇلارنى ئاق كاناپ يىپتىن توقۇپ تەييار قىلدى. [29]بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار ئاق كاناپ يىپ بىلەن كۆك رەڭلىك يىپتىن. سۆسۈن بىلەن قىرمىز رەڭلىك يىپتىن توقۇلغان رەڭمۇرەڭ رەختتىن بەلۋاغنى تەييارلاپ، ھەممىسىنى خۇداۋەندە مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى.
[30]مۇقەددەس ئوتۇغات بولسا ئۇلار ئۇنىڭ تۇنىكىسىنى ساپ ئالتۇندىن ئېتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۆھۈر ئويغاندەك: «خۇداۋەندە ئۈچۈن مۇقەددەس قىلىنىدى» دەپ ئويۇپ، [31]ئۇنى كۆك رەڭلىك يىپ بىلەن سەللىگە چىگىپ، ھەممىسىنى خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى.

## مۇسانىڭ ئىبادەت چېدىرى ۋە جابدۇقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشى

[32]بۇ تەرىقىدە جامائەتنىڭ ئىبادەت چېدىرىنىڭ ھەممە ئىشى تەييار بولدى. بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۆزى ئۇنى بەجا كەلتۈرۈپ، ھەر تەرىقىدە خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى.
[33]ئۇلار چېدىرنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ يوپۇقىنى، ئۇنىڭ ھەممە ئەسۋاب بىلەن ئىزمىلىرىنى، ئۇنىڭ تاختا بىلەن توغرا بالداقلىرىنى، ئۇنىڭ تۈۋرۈك بىلەن تەگلىكلىرىنى مۇسانىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپ، [34]شۇنىڭدەك قىزىل بويالغان قوچقار تېرىسىدىن ياسالغان يېپىنچا بىلەن تاخاش تېرىسىدىن ياسالغان يېپىنچىنى ۋە ھەم ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا قويۇلىدىغان پەردىنى، [35]ئەھدە ساندۇقى بىلەن ئۇنىڭ بالداقلىرى ۋە مەرھەمەت تەختىنى، [36]جوزىنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ھەممە ئەسۋابلىرى ۋە تەقدىم نانلىرىنى، [37]ئالتۇن شامدان بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قويۇلىدىغان چىراغلارنى، ئۇنىڭ ھەممە ئەسۋابلىرى بىلەن ياندۇرىدىغان يېغىنى، [38]ئالتۇندىن قاپلانغان قۇربانگاھ بىلەن مەسىھلەش يېغى ۋە كۆيدۈرىدىغان خۇشبۇي دورا-دەرمەكنى، چېدىرنىڭ دەرۋازىسىدا قويۇلىدىغان پەردىنى، [39]مىس قۇربانگاھى بىلەن ئۇنىڭ مىس تورىنى، ئۇنىڭ بالداق بىلەن ھەممە ئەسۋابلىرىنى، داس بىلەن ئۇنىڭ تەگلىكىنى، [40]ھويلىنىڭ پەردىلىرى بىلەن ئۇنىڭ تۈۋرۈك ۋە تەگلىكلىرىنى، ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ پەردىسى بىلەن ئۇنىڭ تانا ۋە قوزۇقلىرىنى، جامائەتنىڭ ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئىشىغا ئىشلىتىلىدىغان ھەممە ئەسۋابلارنى، [41]مۇقەددەس خانىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن تىكىلگەن ئېگىنلەرنى، ھارۇن كاھىنىنىڭ مۇقەددەس ئېگىنلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كاھىنلىق ئېگىنلىرىنى ئېلىپ كەلدى. [42]بەنى-ئىسرائىل ئۆزى ھەر تەرىقىدە خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك ھەممە ئىشنى قىلغانىدى. [43]مۇسا ئىشنىڭ ھەممىسىگە سەپسېلىپ بېقىپ، ئۇلارنىڭ ئۇنى پۈتكۈزۈپ خۇداۋەندە ئۆزى بۇيرۇغانغا مۇۋاپىق قىلغىنىنى كۆردى. بۇنى كۆرۈپ مۇسا ئۇلارنى بەرىكەتلىدى.

## مۇسانىڭ ئىبادەت چېدىرىنى تىكلىشى

40
[1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [2] «ئاۋۋالقى ئاي باشلىغاندا سەن ئاينىڭ
ئاۋۋالقى كۈنىدە جامائەتنىڭ ئىبادەت چېدىرىنى تىكىپ، [3] ئۇنىڭ ئىچىدە شاھادەت
ساندۇقىنى قويۇپ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا پەردىنى ئېسىپ، [4] جوزىنى ئىچىگە كىرگۈزۈپ،
ئۇنىڭ ئۈستىدە قويۇلىدىغان نەرسىلەرنى ئاندا قويۇپ، شامدانىنىمۇ كىرگۈزۈپ، ئۈستىگە
چىراغلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، [5] ئالتۇن بىلەن قاپلانغان خۇشبۇي ئىسرىق قۇربانگاھىنى شاھادەت
ساندۇقىنىڭ ئالدىدا قويۇپ، چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىغا پەردىنى ئېسىپ قويغىن. [6] كۆيدۈرمە
قۇربانگاھى بولسا سەن ئۇنى جامائەتنىڭ ئىبادەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا قويۇپ،
[7] داسنى جامائەت چېدىرى بىلەن قۇربانگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىچىگە سۇ
توشتۇرۇپ، [8] ھويلىنىڭ چۆرىسىگە ئىھاتە قىلىپ، ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا پەردىسىنى ئېسىپ،
[9] مەسىھلەش يېغىنى ئېلىپ، ئىبادەت چېدىرى بىلەن ئىچىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى مەسىھلەپ
مۇقەددەس بولسۇن دەپ، بۇ تەرىقىدە ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ھەممە ئەسۋابلىرىنى مۇقەددەس
قىلغىن. [10] كۆيدۈرمە قۇربانگاھى بولسا سەن ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ھەممە ئەسۋابلىرىنى
مەسىھلەپ مۇقەددەس قىلغىن. بۇنىڭ بىلەن قۇربانگاھ ئۆزى ھەممىدىن مۇقەددەس بولىدۇ.
[11] بۇنىڭدىن باشقا سەن داس بىلەن تەگلىكىنى مەسىھلەپ مۇقەددەس قىلغىن. [12] شۇنى
قىلىپ بولۇپ، ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلتۈرۈپ.
ئۇلارنى سۇ بىلەن يۇيۇپ، [13] ھارۇنغا مۇقەددەس ئېگىنلەرنى كىيدۈرۈپ، ماڭا كاھىن بولمىقى
ئۈچۈن ئۇنى مەسىھلەش بىلەن مۇقەددەس قىلىپ، [14] ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا
كۆينەكلىرىنى كىيدۈرۈپ، [15] ئۇلارنىڭ ئاتىسىنى مەسىھلىگەندەك ماڭا كاھىنلار بولمىقى
ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ مەسىھلىگىن. بۇ مەسىھلىنىشى بولسا ئۇلار ئۈچۈن نەسىلدىن نەسىلگە
ھەمىشە كاھىنلىقنىڭ بەلگىسى بولغاي.

[16] مۇسا شۇنى بەجا كەلتۈرۈپ، ھەر تەرىقىدە خۇداۋەندىنىڭ ئۇنىڭغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى.

[17] ئىككىنچى يىلنىڭ ئاۋۋالقى ئايىدا ئاينىڭ ئاۋۋالقى كۈنىدە ئىبادەت چېدىرى تىكلەندى.
[18] ئۇ ۋاقىت مۇسا چېدىرنى تىكىپ، تەگلىكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاختىلىرىنى تىزىپ،
ئوتتۇرا بالداقلىرىنى تىقىپ، تۈۋرۈكلىرىنى تىكلەپ، [19] چېدىرىنىڭ ئۈستىگە يوپۇقنى
يېپىپ، يوپۇقنىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى يوپۇقنى يېپىپ. ھەممىسىنى خۇداۋەندىنىڭ
مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى. [20] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى شاھادەتنامىنى ئېلىپ، ساندۇققا
سېلىپ، بالداقلارنى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، مەرھەمەت تەختىنى
ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، [21] ئەھدە ساندۇقنى ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ
كىرىپ، ئوتتۇرىغا پەردىنى تارتىپ، ئەھدە ساندۇقنى پەردىنىڭ ئىچىدە قويۇپ، ھەممىسىنى
خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى. [22] ئۇ ئۆزى جوزىنى جامائەت چېدىرىغا ئېلىپ

كىرىپ، ئىبادەت چېدىرىنىڭ شىمال تەرىپىدە پەردىنىڭ سىرتىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ،[23] ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا تەقدىم نانلىرىنى تىزىپ قويۇپ، ھەممىسىنى خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى.[24] شۇنى قىلىپ، ئۇ ئۆزى شامداننى جامائەت چېدىرىنىڭ ئىچىدىكى جوزىنىڭ ئۇتتۇرىدا ئىبادەت چېدىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە قويۇپ،[25] چىراغلارنى خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ھەممىسىنى خۇداۋەندە مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى.[26] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان قۇربانگاھنى جامائەت چېدىرىغا ئېلىپ كىرىپ، پەردىنىڭ ئۇتتۇرىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ،[27] خۇداۋەندە مۇساغا بۇيرۇغاندەك ئۈستىدە كۆيدۈرىدىغان خۇشبۇي دورا-دەرمەكنى ياندۇرۇپ،[28] ئىبادەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىغا پەردىنى تارتتى.[29] كۆيدۈرمە قۇربانگاھى بولسا ئۇ ئۇنى جامائەتنىڭ ئىبادەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن قويۇپ، خۇداۋەندە مۇساغا بۇيرۇغاندەك ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرىدىغان قۇربان بىلەن يېگۈلۈك قۇربانلىقنى ئۆتكۈزۈپ،[30] داسنى جامائەت چېدىرى بىلەن قۇربانگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويۇپ، يۇماق ئۈچۈن ئىچىگە سۇ توشقۇزۇپ قويدى.[31] ئۇنىڭ سۈيىدا مۇسا ئۆزى ۋە ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۆز قوللىرىنى يۇيۇپ،[32] ھەرقاچان جامائەت چېدىرىغا كىرسە ياكى قۇربانگاھقا يېقىن بارسا، خۇداۋەندە مۇساغا بۇيرۇغاندەك ئۆزىنى يۇياتتى.[33] بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ئىبادەت چېدىرى ۋە قۇربانگاھ ھويلىسىنىڭ چۆرىسىگە ئىھاتە قىلىپ، ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا پەردىسىنى تارتتى. بۇ تەرىقىدە مۇسا ئىشنىڭ ھەممىسىنى پۈتكۈزدى.

[34] ئۇ ۋاقىت بۇلۇتنىڭ ئۆزى جامائەت چېدىرىنى يېپىپ، خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى ئىبادەت چېدىرىنى تولدۇردى.[35] شۇنداقكى، بۇلۇت ئۇنىڭ ئۈستىگە سايە سېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى ئىبادەت چېدىرىنى تولدۇرغىنى ئۈچۈن مۇسا جامائەت چېدىرىغا كىرەلمىدى. [36] ھەرقاچان بۇلۇتنىڭ ئۆزى جامائەت چېدىرىدىن كۆتۈرۈلسە، بەنى-ئىسرائىل ماڭغىلى قوپتى. شۇنىڭدەك ئۇلار سەپەر قىلغان ھەممە ۋاقىتىدا شۇنداق قىلاتتى.[37] لېكىن بۇلۇت كۆتۈرۈلمىسە، ئۇلار ماڭغىلى قوپماي، بەلكى ئۇنىڭ كۆتۈرۈلىدىغان كۈنىگىچە توختاپ تۇراتتى.[38] كۈندۈزى خۇداۋەندىنىڭ بۇلۇتى ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، كېچىسى ئۇنىڭدا ئوت كۆرۈنەتتى. شۇنىڭدەك ھەممە بەنى-ئىسرائىلنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇلارنىڭ سەپەر قىلغان ھەممە ۋاقىتىدا شۇنداق كۆرۈنەتتى.

مۇقەددەس كىتاب

# لاۋىيلار

# لاۋىيلار

## مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
## (تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

## 3-قىسىم

1950-يىلدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# لاۋىيلار

## قۇربانلىقلار

1 1 خۇداۋەندە مۇسانى قىچقىرىپ، جامائەت چېدىرىدىن ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: 2
«سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى:

ئەگەر سىلەردىن بىرى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىغا بىر قۇربانلىقنى كەلتۈرگىلى خالىسا، ئۇنى چارۋا
مالدىن ئېلىپ، كالىلاردىن ياكى ئۇششاق ماللاردىن قۇربانلىقىڭلارنى ئېلىپ كەلمىكىڭلار
كېرەكتۇر.

## كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرى

3 ئەگەر ئۇنىڭ كالىلاردىن ئېلىنغان قۇربانلىقى ئۆزى كۆيدۈرىدىغان قۇربان بولسا، ئۇ ئۆزى
ئەيىبسىز بولغان بىر ئەركەك ھايۋاننى كەلتۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا مەقبۇل بولماق
ئۈچۈن ئۇنى جامائەت چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا قۇربانلىق قىلىپ: 4 مەقبۇل
بولۇپ مەن ئۈچۈن كاپارەت كەلتۈرسۇن دەپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدىغان ھايۋاننىڭ
بېشىغا ئۆز قولىنى قويۇپ، 5 ئاندىن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا بۇقىنى بوغۇزلىسۇن. ھارۇننىڭ
ئوغۇللىرى بولغان كاھىنلار ئۆزى قاننى ئېلىپ جامائەت چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىدىكى
قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىگە چاچسۇن. 6 ئاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلغۇچى ئۆزى كۆيدۈرمە
قۇربانلىق بولغان ھايۋاننىڭ تېرىسىنى سويۇپ، ئۇنى پارچىلىسۇن. 7 ھارۇن كاھىننىڭ
ئوغۇللىرى بولسا قۇربانگاھتا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئوتنىڭ ئۈستىدە ئوتۇن تىزىپ قويسۇن.
8 ئاندىن كېيىن ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى بولغان كاھىنلار ئۆزى گۆش پارچىلىرىنى كاللا بىلەن
ئېلىپ، يېغى بىلەن قوشۇپ، قۇربانگاھتىكى ئوتنىڭ ئۈستىدىكى ئوتۇننىڭ ئۈستىگە تىزىپ
قويسۇن. 9 لېكىن ئۈچەي بىلەن پاچاقلار سۇدا يۇيۇلغاندىن كېيىن، كاھىن ھەممىسىنى
ئېلىپ، بۇ قۇربانلىق ئۆزى ئوتتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولۇپ خۇداۋەندىنىڭ
ئالدىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن.
10 ئەگەر ئۇنىڭ قۇربانلىقى قوي ياكى ئۆچكە بولسا ئۇ ئۆزى ئۇششاق ماللىرىدىن ئېلىنغان قوي ياكى ئۆچكە بولسا ئۇ ئۆزى
ئەيىبسىز بولغان بىر جانىۋارنى كەلتۈرۈپ، 11 قۇربانگاھنىڭ شىمال تەرىپىدە خۇداۋەندىنىڭ
ھۇزۇرىدا بوغۇزلىسۇن. ئاندىن كېيىن ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى بولغان كاھىنلار ئۆزى قاننى
ئېلىپ، قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىگە چاچسۇن. 12 قۇربانلىق قىلغۇچى بولسا گۆشنى پارچىلاپ،
كاللا بىلەن ياغنى كېسىپ ئايرىسۇن. ئاندىن كاھىن ئۆزى بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ قۇربانگاھتىكى

ئوتنىڭ ئۈستىدىكى ئوتۇننىڭ ئۈستىدە تىزىپ قويسۇن. [13] لېكىن ئۇچەي بىلەن پاچاقلار سۇدا يۇيۇلغاندىن كېيىن، كاھىن ھەممىسىنى ئېلىپ، بۇ قۇربان ئۆزى ئوتتىن ئۆتكۈزۈلۈپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولۇپ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن.
[14] ئەگەر ئۇ ئۆزى خۇداۋەندە ئۈچۈن ئۇچارقاناتلاردىن كۆيدۈرمە قۇربانلىق كەلتۈرگىلى خالىسا، پاختەك ۋە يا كەپتەر باچكىلىرىدىن قۇربانلىق كەلتۈرسۇن. [15] كاھىن ئۇنى قۇربانگاھقا ئېلىپ كېلىپ، گەدىنىنى تولغاپ ئۈزۈپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. قېنى بولسا قۇربانگاھنىڭ تېمىغا سىقىپ سېپىلسۇن. [16] لېكىن تاشلىقىنى ئىچىدىكى نەرسىلىرى بىلەن قوشۇپ، قۇربانگاھنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كۈللۈككە تاشلىۋەتسۇن. [17] قۇربانلىق قىلغۇچى بولسا قۇربانلىقنى ئۈزۈۋەتمەي، ئۇنىڭ ئىككىلا قانىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ قويسۇن. ئاندىن كېيىن كاھىن بۇنى ئېلىپ، بۇ قۇربانلىق ئۆزى ئوتتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاتەش قۇربانلىقى بولۇپ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، قۇربانگاھتىكى ئوتنىڭ ئۈستىدىكى ئوتۇننىڭ ئۈستىگە قويۇپ كۆيدۈرسۇن.

## يېگۈلۈك قۇربانلىقلىرى

2 [1] ئەگەر بىرىكىم خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىغا يېگۈلۈك قۇربانلىقى كەلتۈرگىلى خالىسا، ئۆز قۇربانلىقى ئۈچۈن ئاق ئۇن كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ياغ قۇيۇپ ئۈستىگە مەستىكى سېلىپ، [2] ئۇنى ئېلىپ، ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى بولغان كاھىنلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلسۇن. ئاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى ئۇنىڭغا چاڭگال سېلىپ، ياغ ئېلىشقان ئۇن بىلەن ھەممە مەستىكىنى سىقىملاپ ئېلىپ، بۇ يادلىنىش قۇربانلىقى ئۆزى ئوتتىن ئۆتكۈزۈلۈپ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، قۇربانگاھتا كۆيدۈرسۇن. [3] ئەمما بۇ يېگۈلۈك قۇربانلىقىدىن ئېشىپ قالغان نەرسىلەر بولسا ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تەگسۇن. بۇ بولسا خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش قۇربانلىقلىرىنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۇقەددەس بولىدۇ.
[4] ئەگەر سەن تونۇردا پىشۇرۇلغان نەرسىدىن يېگۈلۈك قۇربانلىقى كەلتۈرگىلى خالىساڭ، بۇ ئۆزى ياغ ئىلەشتۈرۈلگەن ئاق ئۇندىن ئېتىلگەن توقاچ ياكى ياغ بىلەن ياغلانغان پېتىر ھەمەك نان بولسۇن.
[5] ئەگەر سېنىڭ كەلتۈرىدىغان قۇربانلىقىڭ ئۆزى تاۋىدا قورۇلغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسا ياغ ئىلەشتۈرۈلگەن ئاق ئۇندىن ئېتىلگەن پېتىر بولسۇن. [6] سەن بولساڭ ئۇنى پارچىلاپ، ئۈستىگە ياغ قۇيغىن. بۇ ئۆزى يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن.
[7] لېكىن سېنىڭ كەلتۈرىدىغان قۇربانلىقىڭ ئۆزى قازاندا پىشۇرۇلغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسا ئۇ ئۆزى ئۇن بىلەن ياغدىن ئېتىلسۇن. [8] مەزكۇر تەرىقىلەردە تەييار قىلىنغان يېگۈلۈك

قۇربانلىقنىڭ ئۆزىنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ، كاھىنغا بەرگىن. ئۇ ئۇنى
قۇربانگاھقا كەلتۈرسۇن. [9]كاھىن بولسا يېگۈلۈك قۇربانلىقىدىن يادلىنىش ھەسسىسىنى
ئېلىپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. بۇ ئۆزى ئوتتىن ئۆتكۈزۈلىدىغان قۇربان بولۇپ،
خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن. [10]لېكىن يېگۈلۈك قۇربانلىقىدىن ئېشىپ
قالغان نەرسە بولسا ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تەگسۇن. بۇ بولسا خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش
قۇربانلىقلىرىنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۇقەددەس بولىدۇ.
[11]ئەمما سىلەر خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسا ھېچبىرى
خېمىرتۇرۇچ بىلەن تەييارلانمىسۇن. چۈنكى خاھى خېمىرتۇرۇچتىن خاھى ھەسەلدىن ئېتىلگەن
بىر نەرسىنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئاتەش قۇربانلىقى قىلىپ كۆيدۈرمەڭلار.
[12]مۇنداقنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا تۇنجى ھوسۇل قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرسەڭلار بولىدۇ.
لېكىن خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرۈلمىسۇن.
[13]سىنىڭ ھەممە يېگۈلۈك قۇربانلىقلىرىڭ بولسا بۇلارنى تۇز بىلەن تۇزلاپ يېگۈلۈك
قۇربانلىقىڭنى تەڭرىڭنىڭ ئەھدە تۇزىدىن مەھرۇم قويماي، ھەممە قۇربانلىقلىرىڭنى تۇز بىلەن
تۇزلىغىن.
[14]ئەگەر سەن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا تۇنجى ھوسۇلدىن قۇربانلىق كەلتۈرگىلى خالىساڭ،
زىرائەتنىڭ كۆك بېشىنى ئېلىپ، ئوتتا قورۇغان دانلارنى ئېزىپ، تۇنجى ھوسۇل قۇربانلىقى
ئۈچۈن كەلتۈرۈپ، [15]ئۈستىگە ياغ قۇيۇپ، تۆپىسىگە مەستىكى سالغىن. بۇ ئۆزى يېگۈلۈك
قۇربانلىقى بولسۇن. [16]كاھىن بولسا قورۇلغان دان بىلەن ياغدىن يادلىنىش ھەسسىسىنى
ئېلىپ ھەممە مەستىكى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرسۇن. بۇ ئۆزى خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتەش
قۇربانلىقى بولسۇن.

## شۈكۈر قۇربانلىقلىرى

3 [1]ئەگەر بىركىم بىر شۈكۈر قۇربانلىقى كەلتۈرىدىغان بولۇپ، بۇنى كالىلاردىن ئالغىلى
خالىسا، ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا بىر ئەيىبسىز ئەركەك ياكى چىشى ھايۋاننى
كەلتۈرۈپ،
[2]ئۆزى قۇربانلىق قىلىدىغان بۇ ھايۋاننىڭ بېشىغا ئۆز قولىنى قويۇپ، ئاندىن ئۇنى جامائەت
چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بوغۇزلىسۇن. ئاندىن كېيىن ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى
بولغان كاھىنلارنىڭ ئۆزى قېنىنى قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىگە چېچىپ قويسۇن. [3]بۇ شۈكۈر
قۇربانلىقنىڭ ئۆزىدىن ئۈچەي-باغىرلىرىنى يۆگەپ تۇرغان ياغ بىلەن قالغان ئىچ يېغىنى ئېلىپ،
[4]ئىككىلا بۆرەك بىلەن ئۈستىدىكى ئىككى يانپېشىدا تۇرغان ياغنى ئاجرىتىپ، جىگەرنىڭ
ئۈستىدىكى چاۋىنى بۆرەك بىلەن قوشۇپ كېسىۋېلىپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىقى قىلىپ

ئۆتكۈزسۇن. [5] ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى بولسا بۇ نەرسىلەرنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستىگە كەلتۈرۈپ،
ئوت ئۈستىگە قويۇلغان ئوتۇننىڭ ئۈستىدىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. بۇ
ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا خۇش بۇي كەلتۈرىدىغان ئاتەش قۇربانلىقى بولسۇن.
[6] ئەگەر بىركىم ئۇششاق مالدىن ئېلىپ، خۇداۋەندىگە بىر شۈكۈر قۇربانلىقى كەلتۈرگىلى
خالىسا، ئۇ ئۆزى ئەيىبسىز ئەركەك ياكى چىشى ھايۋاننى ئۆتكۈزسۇن.
[7] ئەگەر ئۇنىڭ قۇربانلىقى بىر قوي بولسا ئۇنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ، [8] ئۆزى
قۇربانلىق قىلىدىغان بۇ ھايۋاننىڭ بېشىغا ئۆز قولىنى قويۇپ، ئاندىن ئۇنى جامائەت
چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بوغۇزلىسۇن. ئاندىن كېيىن ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى
قېنىنى ئېلىپ، قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىگە چېچىپ قويسۇن. [9] بۇ شۈكۈر قۇربانلىقىنىڭ
ئۆزىدىن ئۇنىڭ ياغلىق قۇيرۇقىنى ئومۇرتقىدىن پۈتۈن ئاجرىتىۋېلىپ، ئۈچەي-باغىرلىرىنى
يۆگەپ تۇرغان ياغ بىلەن قالغان ئىچ يېغىنىمۇ ئېلىپ، [10] ئىككىلا بۆرەك بىلەن ئۈستىدىكى
ئىككى يانپېشىدا تۇرغان يېغىنى ئاجرىتىپ، جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى چاۋىنى بۆرەك بىلەن
قوشۇپ كېسىۋېلىپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزسۇن. [11] كاھىن ئۆزى
بۇ نەرسىلەرنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. بۇ يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسا خۇداۋەندە
ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىقى بولسۇن.
[12] ئەگەر بىركىم ئۆچكە قۇربانلىق قىلغىلى خالىسا، بۇنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ،
[13] ئۇنىڭ بېشىغا ئۆز قولىنى قويۇپ، ئاندىن ئۇنى جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىدا بوغۇزلىسۇن.
ئاندىن كېيىن ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى قېنىنى ئېلىپ قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىگە چېچىپ قويسۇن.
[14] قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆزى بۇ قۇربانلىقتىن ئۈچەي-باغىرلىرىنى يۆگەپ تۇرغان ياغ بىلەن
قالغان ئىچ يېغىنى ئېلىپ، [15] ئىككىلا بۆرەك بىلەن ئۈستىدىكى ئىككى يانپاشتا تۇرغان
ياغنى ئاجرىتىپ، جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى چاۋىنى بۆرەك بىلەن قوشۇپ كېسىۋېلىپ، خۇداۋەندە
ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزسۇن. [16] كاھىن ئۆزى بۇ نەرسىلەرنى قۇربانگاھنىڭ
ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. بۇ يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسا خۇش بۇي كەلتۈرىدىغان ئاتەش قۇربانلىقى
بولۇپ، ياغنىڭ ھەممىسى خۇداۋەندىنىڭكى بولسۇن. [17] سىلەر قەيەردە ئولتۇرساڭلار، ياغ ۋە قان
يېمىگەيسىلەر دەپ، بۇ ئۆزى سىلەر ئۈچۈن نەسىلدىن نەسىلگە ئەبەدىي بىر قانۇن بولسۇن».

## گۇناھ قۇربانلىقلىرى

4 [1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى: بىركىم بىلمەسلىكتە خۇداۋەندىنىڭ قىلمىغىن
دەپ بۇيرۇپ توسقان ئىشلىرىنىڭ بىرىنى قىلىپ سېلىپ، گۇناھقا چۈشۈپ قالسا، تۆۋەنكى
قانۇنغا ئەمەل قىلسۇن.

3 ئەگەر مەسىھلەنگەن بىر كاھىننىڭ ئۆزى خەلقنى گۇناھقا تىقىپ قويىدىغان بىر گۇناھنى
قىلسا، ئۇ ئۆزى بۇ قىلغان گۇناھى ئۈچۈن بىر ئەيىبسىز ياش بۇقىنى ئېلىپ كېلىپ،
خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرۈپ، 4 بۇقىنىڭ ئۆزىنى جامائەت
چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىغا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ، ئۆز قولىنى
ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ، ئاندىن بۇقىنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا بوغۇزلىسۇن. 5 ئاندىن كېيىن
مەسىھلەنگەن كاھىن ئۆزى بۇقىنىڭ قېنىدىن ئازغىنا ئېلىپ جامائەت چېدىرىغا كەلتۈرۈپ،
6 ئاندا كاھىننىڭ ئۆزى بارمىقىنى قانغا چىلاپ يەتتە مەرتىۋە قاننىڭ ئۆزىنى مۇقەددەس
خانىنىڭ پەردىسىنىڭ ئالدىدا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا چاچسۇن. 7 شۇنى قىلىپ بولۇپ، كاھىن
ئۆزى قاندىن ئېلىپ جامائەت چېدىرىدا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغان خۇشبۇي ئىسرىق
قۇربانگاھىنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە سۈرتسۇن. لېكىن بۇقىنىڭ قالغان ھەممە قېنى بولسا ئۇ ئۇنى
جامائەت چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى كۆيدۈرمە قۇربانگاھىنىڭ پۇتىغا تۆكۈپ
قويۇپ، 8 گۇناھ قۇربانلىقى بولغان بۇقىنىڭ ئىچىدىن ھەممە يېغىنى چىقىرىپ، خاھى ئۈچەي-
باغىرلىرىنى يۆگەپ تۇرغان ياغ بىلەن قالغان ئىچ يېغى بولسۇن، 9 خاھى ئىككىلا بۆرەكنىڭكى
بىلەن ئۈستىدىكى ئىككى يانپاشتا تۇرغان ياغ بولسۇن، خاھى جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى چاۋا
بىلەن بۆرەك بولسۇن، 10 شۈكۈر قۇربانلىقى قىلىنىپ كەلتۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭكىدەك ياغنى
چىقىرىپ بولۇپ، كاھىن ئۆزى ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانگاھىنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. 11 لېكىن
بۇقىنىڭ تېرىسى بىلەن ھەممە گۆشى، باش بىلەن پاچاقلىرى، ئۈچەي-باغىرلىرى بىلەن
تېزىكى بولسا 12 بۇقىنىڭ قالغان ھەممىسىنى ئۇ ئۆزى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا چىقىرىپ،
كۈل تۆكۈلىدىغان پاك يەرگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئوتۇننىڭ ئۈستىدە ئوتتا كۆيدۈرسۇن. مانا بۇ
نەرسىلەر ئۆزى كۈل تۆكۈلىدىغان يەرنىڭ ئۆزىدە كۆيدۈرۈلۈۋېتىلسۇن.
13 بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى بولسا جامائەت ئۆزى تۇيماي، خۇداۋەندىنىڭ قىلمىغىن
دەپ بۇيرۇپ توسقان ئىشلىرىنىڭ بىرىنى بىلمەسلىكتە قىلىپ سېلىپ گۇناھقا چۈشۈپ
قالسا، 14 جامائەتنىڭ ئۆز قىلغان گۇناھى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزى گۇناھ
قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر ياش بۇقىنى قۇربانلىق قىلىپ، ئۇنى جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا
كەلتۈرسۇن. 15 كەلتۈرۈپ جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا بۇقىنىڭ بېشىغا
ئۆز قوللىرىنى قويۇپ، ئاندىن بۇقىنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا بوغۇزلىسۇن. 16 مەسىھلەنگەن
كاھىن ئۆزى بۇقىنىڭ قېنىدىن ئازغىنا ئېلىپ، جامائەت چېدىرىغا ئېلىپ كىرسۇن. 17 ئاندىن
كېيىن ئۇ كاھىن ئۆزى بارمىقىنى قانغا چىلاپ، يەتتە مەرتىۋە قاننىڭ ئۆزىنى پەردىنىڭ ئالدىدا
خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا چېچىپ، 18 ئاندىن جامائەت چېدىرىدا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغان
قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە سۈرتسۇن. لېكىن قالغان ھەممە قېنى بولسا ئۇ ئۆزى ئۇنى
جامائەت چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى كۆيدۈرمە قۇربانگاھنىڭ پۇتىغا تۆكۈپ
قويۇپ، 19 بۇقىنىڭ ئىچىدىن ھەممە يېغىنى چىقىرىپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرۈپ،
20 گۇناھ قۇربانلىقى بولغان ئىلگىرىكى بۇقىغا قىلغىنىدەك، بۇ بۇقىغىمۇ شۇنداق قىلسۇن. بۇ

تەرىقىدە كاھىن ئۆزى ئۇلار ئۈچۈن كاپارەت بەرسە، شۇ گۇناھ ئۇلاردىن كەچۈرۈلىدۇ. [21] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى ئىلگىرىكى بۇقىغا قىلغىنىدەك، بۇ بۇقىنى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا چىقىرىپ كۆيدۈرسۇن. بۇ ئۆزى جامائەت ئۈچۈن گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن.

[22] ئەگەر بىر باش بولغان كىشى بىلمەسلىكتە ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ قىلمىغىن دەپ بۇيرۇپ توسقان ئىشلىرىدىن بىرىنى قىلىپ سېلىپ، خاتا قىلىپ گۇناھقا چۈشۈپ قېلىپ، [23] ئاندىن ئۆزى قىلغان گۇناھىنى بىركىمدىن ئۇقۇپ قالسا، ئۆزىگە قۇربانلىق قىلماق ئۈچۈن ئەيىبسىز بىر تېكىنى كەلتۈرۈپ، [24] ئۆز قولىنى تېكىنىڭ بېشىغا قويۇپ، ئاندىن ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدىغان ھايۋاننى بوغۇزلايدىغان جايغا ئېلىپ بېرىپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا بوغۇزلىسۇن. بۇ ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن. [25] ئاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى بولغان ھايۋاننىڭ قېنىدىن ئازغىنا بارمىقى بىلەن ئېلىپ، ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە سۈرتۈپ قويسۇن. لېكىن قالغان قېنى بولسا ئۇ ئۆزى ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانگاھنىڭ پۇتىغا تۆكۈپ قويۇپ، [26] شۈكۈر قۇربانلىقى بولىدىغان ھايۋاننىڭ يېغىنى كۆيدۈرگەندەك، بۇنىڭ ھەممە يېغىنى قۇربانگاھتا كۆيدۈرسۇن. بۇ تەرىقىدە كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن كاپارەت بەرسە، شۇ گۇناھ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ.

[27] ئەگەر ئاۋام خەلقتىن بىركىم بىلمەسلىكتە خۇداۋەندىنىڭ قىلمىغىن دەپ بۇيرۇپ توسقان ئىشلىرىنىڭ بىرىنى قىلىپ سېلىپ، خاتا قىلىپ گۇناھقا چۈشۈپ قېلىپ، [28] ئاندىن ئۆزى قىلغان گۇناھىنى بىركىمدىن ئۇقۇپ قالسا، ئۆزى قىلغان گۇناھى ئۈچۈن قۇربانلىق ئۆتكۈزگىلى ئەيىبسىز ئۆچكىنى كەلتۈرۈپ، [29] گۇناھ قۇربانلىقى بولىدىغان ھايۋاننىڭ بېشىغا ئۆز قولىنى قويۇپ، ئاندىن گۇناھ قۇربانلىقى بولغان بۇ ھايۋاننى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ بوغۇزلىنىدىغان جايىغا ئېلىپ بېرىپ بوغۇزلىسۇن. [30] ئاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ قاندىن ئازغىنا بارمىقى بىلەن ئېلىپ، ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە سۈرتۈپ قويسۇن. لېكىن قالغان ھەممە قېنى بولسا ئۇنى قۇربانگاھنىڭ پۇتىغا تۆكۈپ قويۇپ، [31] شۈكۈر قۇربانلىقى بولىدىغان ھايۋاننىڭ يېغىنى ئىچىدىن چىقارغاندەك، بۇنىڭمۇ ھەممە يېغىنى چىقىرىپ كاھىن ئۆزى ئۇنى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا خۇش بوي كەلتۈرسۇن دەپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرسۇن. بۇ تەرىقىدە كاھىن ئۇنىڭغا كاپارەت بەرسە، شۇ گۇناھ ئۇنىڭ ئۆزىدىن كەچۈرۈلىدۇ. [32] ئەگەر بىركىم گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر قوزا كەلتۈرگىلى خالىسا، ئەيىبسىز بىر چىشى قوزىنى كەلتۈرۈپ، [33] گۇناھ قۇربانلىقى بولغان قوزىنىڭ بېشىغا ئۆز قولىنى قويۇپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدىغان ھايۋانلار بوغۇزلىنىدىغان جايغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ بوغۇزلىسۇن. [34] ئاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى بولغان ھايۋاننىڭ قېنىدىن ئازغىنا بارمىقى بىلەن ئېلىپ، كۆيدۈرمە قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە سۈرتۈپ قويسۇن. لېكىن ئۇنىڭ قالغان ھەممە قېنى بولسا ئۇنى قۇربانگاھنىڭ پۇتىغا تۆكۈپ قويۇپ، [35] شۈكۈر قۇربانلىقى بولىدىغان قوزىنىڭ يېغىنى ئىچىدىن چىقارغىنىدەك بۇنىڭمۇ ھەممە يېغىنى چىقىرىپ، كاھىن ئۆزى ئۇنى قۇربانگاھتا

خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش قۇربانلىقىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ كۆيدۈرسۇن. بۇ تەرىقىدە كاھىن ئۆزى ئۈنىڭ قىلغان گۇناھى ئۈچۈن كاپارەت بەرسە، شۇ گۇناھ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ.

5 [1] ئەگەر بىرىكىم گۇۋاھ بولۇپ، ئۇنىڭغا قەسەم بۇيرۇلغىنىدا، كۆرۈپ بىلگىنىنى دەپ بەرمىسە، گۇناھ قىلىپ ئۆز گۇناھىنى كۆتۈرىدۇ.
[2] ئەگەر بىرىكىم تۇيۇماي بىر ناپاك نەرسىگە تېگىپ قىلىپ، خاھى بىر ناپاك ۋەھشىي ھايۋاننىڭ ئۆلۈكى ياكى مالنىڭ ئۆلۈكى بولسۇن، خاھى ئۆمىلىگۈچى مالنىڭ ئۆلۈكى ۋە يا بىر خىل ناپاك ئۆمىلىگۈچى جانىۋار بولسۇن، قايسىسىغا تېگىپ قالسا، ناپاك سانىلىپ گۇناھكار بولىدۇ.
[3] شۇنداق ھەم ئەگەر ئۇ ئۆزى تۇيۇماي بىر ئادەمنىڭ نىجاسىتىگە تېگىپ قىلىپ، مەيلى بۇ ئۆزى قانداق نىجاسەت بولسۇن، بۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە تېگىپ قالسا، بۇنى بىلىپ قالغان چاغدا ناپاك بولىدۇ.
[4] ئەگەر بىرىكىم تۇيۇماي بىخەستەلىك بىلەن يامان ياكى ياخشى بىر نىمە توغرىسىدا قەسەم قىلىپ، مەيلى ئۇ ئۆزى بىخەستەلىك بىلەن نىمە توغرىسىدا قەسەم قىلغان بولسىمۇ، بۇنى تۇيۇپ: پالان ئىش ئۈچۈن گۇناھكار بولدۇم، دەپ بىلىپ قالسا،
[5] ئۇ ئۆزى گۇناھكار بولغاندىن كېيىن، پالان گۇناھ قىلدىم، دەپ ئىقرار قىلىپ، [6] ئۆزى قىلغان گۇناھىنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا ئۇششاق مېلىدىن بىر چىشى قوي ۋە يا بىر ئۆچكىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرسۇن. ئاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى ئۇنى گۇناھىدىن پاك بولسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كاپارەت كەلتۈرسۇن.
[7] ئەمما ئەگەر ئۇ مۇنداق ھايۋاننى كەلتۈرەلمىسە، ئۇ ئۆزى قىلغان گۇناھى ئۈچۈن ئىككى پاختەك ۋە يا ئىككى باچكىنى ئېلىپ كېلىپ، بىرىسىنى گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرسۇن.
[8] بۇلارنى كاھىنىنىڭ قېشىغا كەلتۈرگەندە ئۇ ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقىغا تەيىنلەنگەننى ئاۋۋال قۇربانلىق قىلىپ، گەدىنىنى ئۈزمەي، بېشىغا يېقىن جايىدىن تولغاپ، [9] ئاندىن گۇناھ قۇربانلىقى بولغان جانىۋارنىڭ قېنىدىن ئازغىنا ئېلىپ، قۇربانگاھنىڭ تېمىغا چاچسۇن. لېكىن قالغان قېنى بولسا قۇربانگاھنىڭ پۇتىغا سىقىپ سىپىلسۇن. بۇ ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن. [10] ئەمما يەنە بىر كەپتەر بولسا ئۇنى بۇيرۇلغان تەرىقىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزسۇن. بۇ تەرىقىدە كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ قىلغان گۇناھى ئۈچۈن كاپارەت بەرسە، شۇ گۇناھ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ. [11] ئەمما ئەگەر ئۇ ئۆزى ئىككى پاختەك ۋە يا ئىككى باچكىنى كەلتۈرەلمىسە، ئۆزى قىلغان گۇناھىنىڭ قۇربانلىقى ئۈچۈن ئاق ئۇندىن بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئېلىپ، گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، بۇ ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى بولغاچ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغ تۆكمەي، تۈپىسىگە مەستىكىمۇ سالماي، [12] كاھىنىنىڭ قېشىغا كەلتۈرسۇن. كەلتۈرسە، كاھىن ئۆزى بۇنىڭدىن بىر چاڭگال ئېلىۋېلىپ، يادلىنىش ھەسسىسى

بولسۇن دەپ، بۇنى خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش قۇربانلىقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كۆيدۈرسۇن. بۇ ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن. [13] بۇ تەرىقىدە كاھىن بولسا كىشى ئۆزى مەزكۇر گۇناھلىرىدىن قايسىسىنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن كاپارەت كەلتۈرىدۇ ۋە شۇ گۇناھ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ. يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن قىلىنغاندەك قالغان ھەسسىسى كاھىنغا تەگسۇن».

## خاتا قۇربانلىقلىرى

[14] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [15] «ئەگەر بىركىم بىلمەسلىكتە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ خۇداۋەندىگە ئاتالغان نەرسىلىرىگە نىسبەتەن گۇناھ قىلسا، ئۇ ئۆز گۇناھى ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ ئالدىغا ئۆششاق مالدىن سەن ئۆزۈڭ مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ۋەزنىگە قاراپ قىممىتى شۇنچە شېقەل كۈمۈش بولسۇن دەپ، باھاسىنى توختاتقان ئەيىبسىز بىر قوچقارنى كەلتۈرۈپ، [16] مۇقەددەس خانىغا بەرمەي تۇتۇپ تۇرغانىنىڭ بەدىلىنى بېرىپ، شۇنىڭغا باھاسىنىڭ بەشتىن بىرىنى قوشۇپ بۇنى كاھىنغا بەرسۇن. بۇ تەرىقىدە كاھىن ئۆزى خاتا قۇربانلىقى بولغان قوچقارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن كاپارەت بەرسە، شۇ گۇناھ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ. [17] ئەگەر بىركىم تۆيماي خۇداۋەندىنىڭ قىلمىغىن دەپ بۇيرۇپ توسقان ئەمرلىرىنى بۇزسا، گۇناھكار بولۇپ ئۆز خاتاسىنى كۆتۈرىدۇ، [18] ئۇ ئۆششاق مالدىن سەن باھاسىنى توختاتقان ئەيىبسىز قوچقارنى خاتا قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرسۇن. بۇ تەرىقىدە كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ تۆيماي بىلمەسلىكتە قىلغان گۇناھى ئۈچۈن كاپارەت بەرسە، شۇ گۇناھ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ. [19] بۇ ئۆزى ئۇنىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولغىنى ئۈچۈن خاتا قۇربانلىقى بولسۇن».

[20] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:

[21] «ئەگەر بىركىم گۇناھ قىلىپ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ناھەق ئىش ئۆتكۈزۈپ، ھەقەمسايىسى ئۆزى ئۇنىڭغا ئامانەت بەرگەن نەرسى ياكى زورلۇق قىلىپ ئېلىۋالغان نەرسە توغرىسىدا يالغان گاپ قىلسا ياكى ئۆز ھەقەمسايىدىن ناھەق تەرىقىدە بىر نەرسىنى تارتىۋالغان بولسا، [22] ياكى يىتىپ كەتكەن بىر نەرسىنى تېپىپ، شۇنىڭدىن تانسا ياكى بىر ئىش توغرىسىدا يالغان ئانت ئىچسە ياكى بىر كىشى ھەرقايسى ئىشنىڭ ئىچىدە گۇناھ قىلغان بولسا،

[23] خاتا قىلىپ گۇناھكار بولغان كىشى ئۆزى زورلۇق قىلىپ تارتىۋالغان نەرسە بولسۇن يا ئۇنىڭ ئۆزىگە ئامانەت بېرىلگەن نەرسە بولسۇن يا يىتىپ كېتىپ ئۆزى تېپىۋالغان نەرسە بولسۇن، [24] يا ئۆزى توغرىسىدا يالغان ئانت ئىچكەن ھەرقايسى نەرسە بولسۇن، ھەممىسىنى تەڭشەپ. پۈتۈن باھاسىنى ياندۇرۇپ بېرىپ، شۇنىڭغا بەشتىن بىرىنى قوشۇپ بېرىپ، خاتا قۇربانلىقىنى كەلتۈرگەن كۈندە بۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرسۇن.

[25] چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىگە خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىغا ئۆز خاتا قۇربانلىقىنى كەلتۈرۈش لازىم بولغاچ، ئۆششاق مالدىن سەن ئۆزۈڭ قىممىتىنى توختاتقان ئەيىبسىز بىر قوچقارنى گۇناھ

قۇربانلىقى قىلىپ، كاھىنىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلسۇن. [26] بۇ تەرىقىدە كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا كاپارەت كەلتۈرسە، قايسى ئىشنى قىلىپ گۇناھكار بولغان بولسىمۇ، شۇ گۇناھ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ».

## كۆيدۈرمە قۇربانلىقى توغرىسىدىكى قانۇن

6 [1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «سەن بولساڭ ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرىغا كۆيدۈرمە قۇربانلىق توغرىسىدا مۇنداق بۇيرۇپ ئېيتقىنكى: كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسا پۈتۈن كېچە تاڭ ئاتقۇچىلىك قۇربانگاھنىڭ ئوچىقىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، قۇربانگاھنىڭ ئوتى ئۆزى تېگىدە كۆيۈپ تۇرسۇن.
[3] كاھىن بولسا كاناپلىق لىباس كىيىپ، قوڭغىمۇ كاناپتىن ئېتىلگەن تامبىل كىيىپ تۇرۇپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدىكى ئوت ئۆزى كۆيدۈرۈۋەتكەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ كۈلىنى ئېلىپ بېرىپ، قۇربانگاھنىڭ بىر تەرىپىدە قويۇپ، [4] ئاندىن ئۆز ئېگىنىنى سېلىۋېتىپ، باشقا ئېگىن كىيىپ كېلىپ، كۈلنىڭ ئۆزىنى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، پاكىز بىر جايدا قويسۇن.
[5] ئەمما قۇربانگاھنىڭ ئوتى بولسا ھېچ ۋاقىت ئۆچۈپ قالماي، ھەمىشە يېنىپ تۇرسۇن. كاھىن ئۆزى ھەر ئەتىگەندە ئۇنىڭغا ئوتۇن تاشلاپ كۆيدۈرۈپ، ئۈستىگە كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى تىزىپ، شۈكۈر قۇربانلىقنىڭ يېغىنى ئۈستىگە قويۇپ كۆيدۈرسۇن. [6] قۇربانگاھنىڭ ئوتى بولسا ھېچ ۋاقىت ئۆچۈپ قالماي، ھەمىشە كۆيۈپ تۇرسۇن.

## يېگۈلۈك قۇربانلىقى توغرىسىدىكى قانۇن

[7] يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسا ئۇنىڭ توغرىسىدىكى قانۇن شۇدۇركى، ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى ئۆزى ئۇنى قۇربانگاھنىڭ ئالدىغا، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرسۇن.
[8] كەلتۈرسە، كاھىن ئۆزى يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولغان ئاق ئۇنغا چاڭگىلىنى سېلىپ، ئۈستىدىكى ھەممە مەستىكىنى قوشۇپ، ئۇن بىلەن ياغدىن بىر سىقىم ئېلىپ، بۇ ئۆزى ئۇنىڭ يادلىنىش ھەسسىسى بولسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرمەك ئۈچۈن قۇربانگاھتا كۆيدۈرسۇن. [9] ئېشىپ قالغان نەرسىلەر بولسا ئۇنى ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرى يېسۇن. پېتىر يېگۈلۈك بولسا مۇقەددەس جايدا يېيىلسۇن دەپ، ئۇلار ئۇنى جامائەت چېدىرىنىڭ ھويلىسىدا يېسۇن. [10] ئۇ ئۆزى خېمىرتۇرۇچ بىلەن پىشۇرۇلمىسۇن. مەن بولسام، بۇنى ئاتەش قۇربانلىقلىرىمنىڭ ئىچىدىن ئۇلارنىڭ ھەسسىسى قىلىپ بەردىم. بۇ ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى بىلەن خاتا قۇربانلىقىغا ئوخشاش ھەممىدىن مۇقەددەس بولىدۇ. [11] ھارۇننىڭ ئەۋلادىدىن بولغان

ئەر كىشىنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن يەپ، نەسلىڭلاردىن نەسلىڭلارغا ھەممىشە خۇداۋەندىنىڭ
ئاتەش قۇربانلىقىدىن بۇ ئۇزى ئۇلارنىڭ ھەققى بولسۇن. كىمكى ئۇنىڭغا قول تەگكۈزسە،
مۇقەددەس بولىدۇ».

[12] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[13] «قايسى كۈنى ھارۇن ياكى ئوغۇللىرىنىڭ بىرى مەسىھلەنسە، ئۇ كۈنى ئۇلار ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ
ھۇزۇرىغا ئاق ئۇندىن بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىنى يېگۈلۈك قۇربانلىقى قىلىپ، ھەممىشە
يېرىمىنى ئېتىگېندا، يەنە بىر يېرىمىنى ئاخشامدا ئۆتكۈزۈپ تۇرسۇن. [14] بۇ ئۆزى تاۋىدا ياغ بىلەن
ئېتىلىپ، ئۆزى پىشۇرۇلغاندىن كېيىن سەن ئۇنى كىرگۈزۈپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقىنىڭ پارچىلىرىنىڭ
ئۆزىنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ ئۆتكۈزگىن. [15] ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ
قايسىسى ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرماق ئۈچۈن مەسىھلەنسە، ئۇ ئۆزىمۇ شۇنداق قىلسۇن. بۇ بۇيرۇق ئۆزى
ھەممىشە بىر قانۇن بولۇپ قالسۇن. خۇداۋەندە ئۈچۈن بۇ ئۆزى كۆيدۈرۈلۈپ، بىر پۈتۈن قۇربانلىق
بولسۇن. [16] چۈنكى كاھىننىڭ يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسا ھەممىشە پۈتۈن كۆيدۈرۈلۈپ، ھەرگىز
يېيىلمىسۇن».

## گۇناھ قۇربانلىقى توغرىسىدىكى قانۇن

[17] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[18] «سەن بولساڭ ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرىغا سۆزلەپ، گۇناھ قۇربانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇپ
ئېيتقىنكى: كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولغان ھايۋاننىڭ ئۆزى بوغۇزلىنىدىغان جايدا گۇناھ
قۇربانلىقى بولىدىغان ھايۋانمۇ ئاندا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا بوغۇزلانسۇن. بۇ قۇربان ئۆزى
ھەممىدىن مۇقەددەس بولىدۇ. [19] گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزگەن كاھىن ئۆزى ئۇنى
يېسۇن. ئۇ قۇربان بولسا جامائەت چېدىرىنىڭ ھويلىسىدا مۇقەددەس جايدا يېيىلسۇن.
[20] كىمكى ئۇنىڭغا قول تەگكۈزسە، مۇقەددەس بولىدۇ. شۇنداق ھەم، ئەگەر قاندىن ئازغىنا
بىركىمنىڭ ئېگىنىگە چاچراپ قالسا، چېچىلغان جاي ئۆزى مۇقەددەس يەردە يۇيۇلسۇن.
[21] قايسى بىر سېغىز قازاندا پىشۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆزى سۇندۇرۇلسۇن. لېكىن ئەگەر مىس
قازىنىدا پىشۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆزى سۈرتۈلۈپ، سۇ بىلەن يۇيۇلسۇن. [22] كاھىنلاردىن
بولغان ئەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن يېسۇن. بۇ ئۆزى ھەممىدىن مۇقەددەس بولىدۇ.
[23] لېكىن مۇقەددەس خانىدا كاپارەت بەرمەك ئۈچۈن جامائەت چېدىرىغا قېنى كەلتۈرۈلگەن
گۇناھ قۇربانلىقى بولسا ھەرگىز يېيىلمەي، بەلكى كۆيدۈرۈلسۇن.

## خاتا قۇربانلىقى توغرىسىدىكى قانۇن

7 [1] خاتا قۇربانلىقى بولسا ھەممىدىن مۇقەددەس بولۇپ ئۇنىڭ توغرىسىدىكى قانۇن شۇكى، [2] كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولغان ھايۋاننىڭ ئۆزى بوغۇزلىنىدىغان جايدا گۇناھ قۇربانلىقى بولىدىغان ھايۋانمۇ بوغۇزلىنىپ، قېنى قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىگە چېچىلىپ، [3] يېغىنىڭ ھەممىسى قۇربانلىق قىلىنىپ، قۇيرۇقى بىلەن ئۈچەي-باغىرلىرىنى يۆگەپ تۇرغان ياغنىڭ ئۆزى، [4] ئىككىلا بۆرەك بىلەن ئىككى يانپاشقا يېقىن تۇرغان ياغ، جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى چاۋا ۋە بۆرەكلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئۆتكۈزۈلسۇن. [5] كاھىن بۇنى قۇربانگاھتا كۆيدۈرۈپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزسۇن. بۇ ئۆزى خاتا قۇربانلىقى بولىدۇ. [6] كاھىنلاردىن بولغان ئەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى يېسۇن. بۇ ئۆزى ھەممىدىن مۇقەددەس بولغاچ، مۇقەددەس جايدا يېيىلسۇن. [7] گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن توختىتىلغان قائىدە بولسا خاتا قۇربانلىقىغىمۇ ئىشلەپ، ئىككىلىسىنىڭ قانۇنى بىر بولۇپ، بۇنىڭ ئۆزى ئۇنى كاپارەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن كاھىننىڭ ئۆزىگە تەگسۇن. [8] ئەگەر بىر كاھىن ئۆزى بىركىمنىڭ تەرىپىدىن كۆيدۈرمە قۇربان ئۆتكۈزسە، كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋاننىڭ تېرىسى كاھىننىڭ ئۆزىگە تەگسۇن. [9] بىر يېگۈلۈك قۇربانلىقى تونۇردا پىشۇرۇلغان بولسا ۋە يا قازاندا يا تاۋىدا ئېتىلگەن بولسا، ئۇنى كەلتۈرگەن كاھىننىڭكى بولسۇن. [10] ئەمما قايسى يېگۈلۈك قۇربانلىقى ياغلانغان بولسا ۋە يا قۇرۇق كەلتۈرۈلگەن بولسا، بۇ ئۆزى ھارۇننىڭ ھەممە ئوغۇللىرىنىڭ ھەربىرىگە باراۋەر تەگسۇن.

## شۈكۈر قۇربانلىقى توغرىسىدىكى قانۇن

[11] ئەمما خۇداۋەندىگە كەلتۈرۈلىدىغان شۈكۈر قۇربانلىقى بولسا ئۇنىڭ قانۇنى شۇكى، [12] ئەگەر بىركىم شۇنى ھەمد قۇربانلىقى بولۇپ كەلتۈرگىلى خالىسا، ھەمد قۇربانلىقى بولىدىغان ھايۋان بىلەن بىللە ياغ سۈرتۈلگەن پېتىر توقاچ بىلەن ياغلانغان پېتىر ھەمەك نان ۋە ياغ ئىلەشتۈرۈلۈپ يۇغۇرۇلغان ئاق ئۇننىڭ توقاچلىرىنىمۇ كەلتۈرسۇن. [13] شۇ نەرسىلەردىن باشقا ھەمد قۇربانلىقى بولۇپ، شۈكۈر قۇربانلىقى قىلىنىدىغان ھايۋان بىلەن بىللە خېمىرتۇرۇچ سېلىنغان گىردە نانلارنىمۇ قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، [14] مەزكۇر قۇربانلىقلارنىڭ ھەر قىسمىدىن بىر نېمىنى ئېلىپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن ھەدىيە قىلىپ كەلتۈرسۇن. بۇ ئۆزى شۈكۈر قۇربانلىقى قىلىنغان ھايۋاننىڭ قېنىنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستىگە چاچقان كاھىننىڭ ئۆزىگە تەگسۇن. [15] ھەمد قۇربانلىقى بولۇپ، شۈكۈر قۇربانلىقى قىلىنىپ كەلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ گۆشى بولسا قۇربانلىق قىلىنغان كۈنى يېيىلىپ، تاڭ ئاتقۇچىلىك ھېچنېمىسى قالمىسۇن.

[16] ئەگەر بىركىمنىڭ كەلتۈرگەن قۇربانلىقى ئۆزى قەسەم يۈزىسىدىن كەلتۈرۈلگەن ياكى ئىختىيار بىلەن كەلتۈرۈلگەن قۇربانلىق بولسا ھايۋاننىڭ گۆشى قۇربانلىق قىلىنغان كۈندە يېيىلىپ،

ئېشىپ قالغىنى بولسا ئەتىسىمۇ يېيىلسۇن. [17] لېكىن ئەگەر بۇ قۇربانلىق گۆشىدىن بىر نېمە
ئېشىپ قېلىپ، ئۈچىنچى كۈنگىچە قالسا، بۇ ئۆزى ئوتتا كۆيدۈرۈلسۇن. [18] ئەمما بىركىم
شۈكۈر قۇربانلىقى قىلىنغان ھايۋاننىڭ گۆشىدىن ئۈچىنچى كۈنى يەپ قالسا، قۇربانلىق ئۆزى
مەقبۇل بولماي، كەلتۈرگۈچىنىڭ ياخشىلىقىغىمۇ سانالماي، بەلكى يىرگىنچلىك بولىدۇ.
كىمكى ئۇنىڭدىن يېسە، ئۆز گۇناھىنى كۆتۈرىدۇ. [19] شۇنداق ھەم ناپاك نەرسىگە تېگىپ
قالغان گۆش ئۆزى يېيىلمەي، بەلكى ئوتتا كۆيدۈرۈلسۇن. گۆش بولسا ھەركىمكى پاك بولسا
ئۇنىدىن يېسۇن. [20] لېكىن كىمكى ناپاك بولۇپ خۇداۋەندىنىڭ شۈكۈر قۇربانلىقىدىن يېسە، ئۆز
قوۋمىدىن كېسىلىپ كەتسۇن. [21] كىمكى ناپاك بىر نەرسىگە تېگىپ قالسا، خاھى ئادەمنىڭ
ناپاكلىكى بولسۇن، خاھى ھارام ھايۋان بولسۇن، خاھى ھەرقايسى ناپاكلىق بولسۇن ۋە
شۇنداقلا خۇداۋەندىنىڭ شۈكۈر قۇربانلىقىدىن يېسە، ئۆز قوۋمىدىن كېسىلىپ كەتسۇن».

## ياغ ۋە قان يېماسلىك توغرىسىدىكى قانۇن

[22] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[23] «سەن بولساڭ بەنى-ئىسرائىلغا سۆز قىلىپ ئېيتقىنكى: كالا مېلى، قوي ۋە ئۆچكىنىڭ
يېغى بولسا ئۇنى ھەرگىز يېمەڭلار. [24] ئۆزى ئۆلگەن ۋە يا يىرتىلغان ھايۋاننىڭ يېغى بولسا
ھەر نەرسىگە ئىشلىتىلسۇن، لېكىن ئۇنىڭدىن ھەرگىز يېمەڭلار. [25] چۈنكى بۇ ئۆزى خۇداۋەندە
ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن بىر نېمىنى ئېلىپ
ئۆتكۈزگەن ھايۋانلار بولسا بۇنىڭ يېغىدىن يېگۈچىنىڭ ھەرقايسىسى بولسا ئۆز قوۋمىدىن
كېسىلىپ كەتسۇن. [26] سىلەر بولساڭلار ئۆيلىرىڭلاردا، خاھى ئۇچارقاناتلارنىڭكى بولسۇن،
خاھى چارۋا ماللىنىڭكى بولسۇن قېنىنى ھەرگىز يېمەڭلار. [27] كىمكى قان يېسە، ئۆز قوۋمىدىن
كېسىلىپ كەتسۇن».

## شۈكۈر قۇربانلىقلىرىدىن كاھىنلارغا بېرىلىدىغان قىسمى

[28] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[29] «سەن بولساڭ بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى: كىمكى خۇداۋەندىگە بىر شۈكۈر
قۇربانلىقى كەلتۈرگىلى خالىسا، ئۇ ئۆزى بۇ شۈكۈر قۇربانلىقىدىن ئېلىپ، خۇداۋەندە
ئۈچۈن تەيىنلەنگەن ھەدىيەسىنى كەلتۈرۈپ، [30] ئۆز قوللىرى بىلەن خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش
قۇربانلىقىنى كەلتۈرۈپ، ياغ بىلەن تۆشنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ، تۆشنىڭ ئۆزىنى پۇلاڭلاتما
قۇربانلىق قىلىپ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنى پۇلاڭلاتسۇن. [31] ئاندىن كاھىن ئۆزى ياغنى
قۇربانگاھتا كۆيدۈرۈۋەتسۇن. لېكىن تۆش بولسا ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تەگسۇن.
[32] شۈكۈر قۇربانلىقى قىلىنغان ھايۋاننىڭ ئوڭ يوتىسى بولسا سىلەر ئۇنى كۆتۈرمە قۇربانلىق

بولسۇن دەپ، كاھىنغا بېرىڭلار. 33 ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىدىن قايسىسى شۈكۈر قۇربانلىقى
قىلىنغان ھايۋاننىڭ قېنى بىلەن يېغىنى ئۆتكۈزسە، ئوڭ يوتىنى ئۆزى ئالسۇن. 34 چۈنكى
مەن بولسام بەنى-ئىسرائىلنىڭ شۈكۈر قۇربانلىقىدىن پۇلاڭلاتما قۇربانلىق بولغان تۆش
بىلەن كۆتۈرمە قۇربانلىق بولغان يوتىنى ئېلىپ، ھەممىشە بەنى-ئىسرائىل تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ
ھەققى بولسۇن دەپ، ھارۇن كاھىن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا بەردىم. 35 ھارۇننىڭ ئۆزى
بىلەن ئوغۇللىرى خۇداۋەندىنىڭ كاھىنلىرى بولماق ئۈچۈن ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلگەن كۈنىدە
خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش قۇربانلىقىدىن ئۇلارغا بەرگەن كاھىنلىق مەنسىپىنىڭ ھەققى شۇدۇر.
36 خۇداۋەندە ئۇلارنى مەسىھلىگەن كۈنىدە بۇ ھەسسە ئۆزى بەنى-ئىسرائىل تەرىپىدىن ئۇلارغا
تېگىپ، نەسىلگە ھەممىشە ئۇلارنىڭ ھەققى بولسۇن دەپ بۇيرۇغانىدى. 37 كۆيدۈرمە قۇربانلىق
بىلەن يېگۈلۈك قۇربانلىقى، گۇناھ قۇربانلىقى بىلەن خاتا قۇربانلىقى، خىزمەتكە ئاجرىتىلىش
قۇربانلىقى بىلەن شۈكۈر قۇربانلىقى توغرىسىدىكى قانۇن ئۆزى شۇدۇر». 38 بۇنىڭ ئۆزىنى
خۇداۋەندە بەنى-ئىسرائىلغا: «سىلەر سىنايىنىڭ باياۋانىدا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا قۇربانلىق
ئۆتكۈزۈڭلار» دەپ بۇيرۇغان كۈنىدە سىناي تېغىدا مۇساغا دەپ بۇيرۇغانىدى.

## ھارۇن ۋە ئوغۇللىرىنىڭ كاھىنلىققا تىكلىنىشى

8 1 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
2 «سەن بولساڭ ھارۇننى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئوغۇللىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئېگىنلىرى
بىلەن مەسىھلەش يېغىنى، گۇناھ قۇربانلىقى بولىدىغان بۇقا بىلەن ئىككى قوچقارنى پېتىر
نانلار بار سېۋەت بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ، 3 ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتىنى جامائەت
چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىغا يىغىپ جەم قىلغىن» دېدى.
4 مۇسا بولسا خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇغىنىدەك قىلغاچ، جامائەت ئۆزى جامائەت
چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ كەلدى. 5 ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆزى جامائەتكە:
«خۇداۋەندە ماڭا قىلغىلى بۇيرۇغان ئىش شۇ» دېدى.
6 شۇنى دەپ، مۇسا ئۆزى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى سۇ
بىلەن يۇيۇپ، 7 ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆينەك كىيدۈرۈپ، بەلۋاغ باغلاپ، تونىنى كىيدۈرۈپ، ئۈستىگە
ئېفودنى يېپىپ، ئېفود تونىنىڭ كەمىرىنى باغلاپ، ئېفودنى ئۇنىڭغا تاقاپ قويۇپ، 8 ئۇنىڭغا
كۆكرەكلىكنى باغلاپ، كۆكرەكلىكنىڭ ئىچىگە ئۇرىم بىلەن تۇممىنى سېلىپ، 9 ئۇنىڭ بېشىغا
سەللە يۆگەپ، خۇداۋەندە ئۇنىڭغا بۇيرۇغىنىدەك سەللىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئالتۇن تاختىلىق
مۇقەددەس ئوتتۇغاتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.
10 ئاندىن كېيىن مۇسا ئۆزى مەسىھلەش يېغىنى ئېلىپ، ئىبادەت چېدىرى بىلەن ئىچىدىكى
ھەممە نەرسىنى مەسىھلەپ، ھەممىسىنى مۇقەددەس قىلىپ، 11 مەسىھلەش يېغىدىن ئېلىپ،

قۇربانگاھقا يەتتە مەرتىۋە چېچىپ، قۇربانگاھ بىلەن ئۇنىڭ بارچە قاچىلىرىنى، داس بىلەن
تەگلىكىنى ياغلاپ مۇقەددەس قىلىپ، 12 ھارۇننىڭ بېشىغا مەسىھلەش يېغىدىن قۇيۇپ
مەسىھلەپ، ئۇنى مۇقەددەس قىلدى. 13 شۇنى قىلىپ بولۇپ، مۇسا ئۆزى ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىنى
ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا كۆينەك كىيدۈرۈپ، بەللىرىگە كەمەر باغلاپ، خۇداۋەندە ئۇنىڭغا
بۇيرۇغىنىدەك ئۇلارغا دوپپا كىيدۈرۈپ قويدى.
14 ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى بولىدىغان بۇقىنى كەلتۈرسە، ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ
ئوغۇللىرى گۇناھ قۇربانلىقى بولىدىغان بۇقىنىڭ بېشىغا ئۆز قوللىرىنى قويدى. 15 بوغۇزلاپ
بولۇپ، مۇسا ئۆزى قاندىن ئېلىپ، ئۆز بارمىقى بىلەن قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە چۆرىسىگە
سۈرتۈپ، قۇربانگاھنى پاكلاپ، قالغان قاننىڭ ئۆزىنى قۇربانگاھنىڭ پۇتىغا تۆكۈپ، مۇقەددەس
بولسۇن دەپ، ئۇنىڭغا كاپارەت كەلتۈردى. 16 ئاندىن ئۈچەي-باغىرلىرىنى يۆگەپ تۇرغان
ياغنىڭ ھەممىسى ۋە جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى چاۋا، ئىككىلا بۆرەك ۋە ئۇلارنىڭ يېغى بىلەن
قوشۇۋېلىپ، ئۇنى مۇسا ئۆزى قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈردى. 17 لېكىن بۇقىنىڭ تېرىسى،
گۆشى ۋە تېزىكى بولسا خۇداۋەندە ئۇنىڭغا بۇيرۇغىنىدەك مۇسا ئۆزى شۇلارنى چېدىرگاھنىڭ
تاشقىرىدا ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتتى.
18 ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدىغان قوچقارنى كەلتۈرسە، ھارۇن بىلەن
ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۆز قوللىرىنى قوچقارنىڭ بېشىغا قويدى. 19 بوغۇزلاپ بولۇپ، مۇسا قاننى
ئېلىپ، قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىگە چېچىپ قويۇپ، 20 قوچقارنى پارچىلاپ كەستى. ئاندىن
كېيىن مۇسا ئۆزى باش، ياغ ۋە پارچىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، 21 ئۈچەي-باغىرلىرى بىلەن پاچاقلىرى
بولسا سۇدا يۇدى. يۇيۇپ بولۇپ، مۇسا پۈتۈن قوچقارنى قۇربانگاھتا كۆيدۈردى. بۇ بولسا
خۇش بۇي كەلتۈرىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك
خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش قۇربانلىقى ئىدى.
22 ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى خىزمەتكە ئاجرىتىلىش قۇربانلىقىنىڭ قوچقىرى بولىدىغان
ئىككىنچى قوچقارنى كەلتۈرسە، ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۆز قوللىرىنى قوچقارنىڭ
بېشىغا قويدى. 23 بوغۇزلاپ بولۇپ، مۇسا ئۇنىڭ قېنىدىن ئېلىپ، ھارۇننىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ
يۇمشىقى بىلەن ئوڭ قولىنىڭ چوڭ بارمىقىغا سۈرتۈپ، ئوڭ پۇتىنىڭ چوڭ بارمىقىغىمۇ
سۈۋاپ قويدى. 24 ئاندىن كېيىن مۇسا ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىنى كەلتۈرۈپ، قاندىن ئېلىپ،
ئۇلارنىڭ ئوڭ قۇلاقلىرىنىڭ يۇمشىقى بىلەن ئوڭ قوللىرىنىڭ چوڭ بارماقلىرىغا سۈرتۈپ،
ئۇلارنىڭ ئوڭ پۇتلىرىنىڭ چوڭ بارماقلىرىغىمۇ سۈۋاپ قويدى. لېكىن قالغان قاننىڭ ئۆزىنى
مۇسا قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىگە تۆكۈپ قويدى. 25 شۇنى قىلىپ بولۇپ، ئۇ ئۆزى ياغ بىلەن
قۇيرۇقنى ئېلىپ، ئۈچەي-باغىرلىرىنى يۆگەپ تۇرغان ھەممە ياغ ۋە جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى
چاۋا بىلەن ئىككىلا بۆرەك ۋە ئۇلارنىڭ يېغى بىلەن قوشۇپ چىقىرىپ، ئوڭ يوتىسىنىمۇ
كېسىپ، ھەممىسىنى ئېلىپ، 26 خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تۇرغان پېتىر ناننىڭ سېۋىتىدىن بىر
پېتىر گىردە، بىر ياغلانغان توقاچ ۋە بىر دانە ھەممەك ناننى ئېلىپ، ياغ بىلەن ئوڭ يوتىنىڭ

ئۇستىدە قويۇپ، 27 بۇنىڭ ھەممىسى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ،
بۇ نەرسىلەرنى پۇلاڭلاتما قۇربانلىق بولسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا پۇلاڭلىتىپ قويدى.
28 ئاندىن كېيىن مۇسا بۇ نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن ئېلىپ، قۇربانگاھتا كۆيدۇرمە
قۇربانلىقنىڭ ئۇستىدە قويۇپ كۆيدۇردى. بۇ ئۆزى خۇش بۇي كەلتۇرىدىغان خىزمەتكە
ئاجرىتىلىش قۇربانلىقى بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش قۇربانلىقى ئىدى. 29 ئاندىن كېيىن
مۇسا تۆشنى ئېلىپ، پۇلاڭلاتما قۇربانلىق بولسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا پۇلاڭلىتىپ
قويدى. مۇسا بولسا خۇداۋەندە ئۇنىڭغا بۇيرۇغىنىدەك خىزمەتكە ئاجرىتىلىش قۇربانلىقىنىڭ
قوچقىرىدىن يالغۇز بۇ تۆشنى ئۆزىگە ئالدى.
30 ئاندىن كېيىن مۇسا مەسىھلەش يېغى بىلەن قۇربانگاھنىڭ ئۇستىدىكى قاندىن ئاز-ماز
ئېلىپ، ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئىگىنىگە ۋە ھەم ئوغۇللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىگىنلىرىگە
چېچىپ، ھارۇن بىلەن ئىگىنىنى، ئوغۇللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىگىنلىرىنى مۇقەددەس قىلدى.
31 شۇنى قىلىپ بولۇپ، مۇسا ئۆزى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ئېيتتىكى: «ئەمدى بۇ
گۆشنى جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىدا پىشۇرۇپ، ئاندا ئولتۇرۇپ خىزمەتكە ئاجرىتىلىش
قۇربانلىقى بار سېۋەتتىكى نان بىلەن قوشۇپ، بۇنى ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرى يېسۇن دەپ،
سىلەرگە بۇيرۇغىنىمدەك ئۇنى يەڭلار. 32 لېكىن گۆش بىلەن ناندىن بىر نېمە ئېشىپ قالسا،
بۇنى ئوتتا كۆيدۇرۇۋېتىڭلار. 33 ئەمما سىلەر بولساڭلار يەتتە كۈن جامائەت چېدىرىغا كىرىدىغان
دەرۋازىدىن كەتمەي، بەلكى خىزمەتكە ئاجرىتىلىدىغان كۈنلىرىڭلار تامام بولغۇچىلىك ئاندا
قېلىڭلار. چۈنكى خىزمەتكە ئاجرىتىلىدىغان ۋاقتىڭلار بولسا يەتتە كۈن بولىدۇ. 34 سىلەرگە
كاپارەت كەلتۈرۈلسۇن دەپ، بۇ كۈن قىلىنغاندەك مۇندىن كېيىن ھەم قىلىنسۇن دەپ،
خۇداۋەندە بۇيرۇدۇ. 35 سىلەر بىز ئۆلمەيلى دەپ، خۇداۋەندىنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ، جامائەت
چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا كېچە-كۈندۈز يەتتە كۈن توختاپ تۇرغايسىلەر، چۈنكى
ماڭا شۇنداق بۇيرۇلدى» دېدى. 36 ئۇ ۋاقىت ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ
مۇسانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بۇيرۇغىنىنىڭ ھەممىسىنى قىلغىلى تۇردى.

## بىرىنچى قۇربانلىقلار - خۇدانىڭ شان-شەرىپى كۆرۈندۇ

9 1 سەككىزىنچى كۈندە مۇسا ئۆزى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئىسرائىلنىڭ
ئاقساقاللىرىنى قىچقىرىپ، 2 ھارۇنغا ئېيتتىكى: «سەن گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر
ئەيىبسىز موزاينى، كۆيدۇرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر ئەيىبسىز قوچقارنى، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئېلىپ،
خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ، 3 بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى: ‹ سىلەر بولساڭلار
گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكىنى ئېلىپ كېلىپ، كۆيدۇرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر ياشقا
كىرگەن ئەيىبسىز بىر موزاي بىلەن بىر ياشقا كىرگەن ئەيىبسىز بىر قوزىنى كەلتۈرۈپ، 4

شۈكۈر قۇربانلىقى قىلىپ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزمەك ئۈچۈن بىر بۇقا بىلەن بىر
قوچقارنى ئېلىپ، ياغ ئىلەشتۈرۈلگەن يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن بىللە كەلتۈرۈڭلار، چۈنكى
بۈ كۈن خۇداۋەندە ئۆزى ئۆزىنى سىلەرگە ئاشكارا قىلىدۇ› دېگىن» دېدى.
[5] ئۇلار مۇسانىڭ بۇيرۇغان نەرسىلىرىنى جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلسە،
جامائەتنىڭ ھەممىسى ھازىر بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا توختاپ تۇردى.
[6] ئۇ ۋاقىت مۇسا سۆزلەپ: «مانا بۇ بولسا خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇغان ئىشىدۇر. بۇنى قىلساڭلار،
خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى سىلەرگە ئاشكارا بولىدۇ» دېدى.
[7] ئاندىن كېيىن مۇسا ھارۇنغا ئېيتتىكى: «سەن ئۆزۈڭ قۇربانگاھقا يېقىن بېرىپ، گۇناھ
قۇربانلىقىڭ بىلەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقىڭنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزۈڭ بىلەن قوۋم ئۈچۈن كاپارەت
كەلتۈرگىن. ئاندىن خەلقنىڭ قۇربانلىقىنى ئۆتكۈزۈپ خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇغىنىدەك ئۇلارنىڭ
ھەققىدە كاپارەت كەلتۈرگىن». [8] شۇنى دېسە، ھارۇن ئۆزى قۇربانگاھقا يېقىن بېرىپ، گۇناھ
قۇربانلىقى ئۈچۈن كەلتۈرگەن موزىيىنى بوغۇزلىدى. [9] ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى قاننى ئۇنىڭ
قېشىغا ئېلىپ بارسا، ئۇ ئۆزى بارمىقىنى قانغا چىلاپ، ئۇنى قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە
سۈرتۈپ قويۇپ، قالغان قاننى قۇربانگاھنىڭ پۇتىغا تۆكۈپ قويدى. [10] ئەمما گۇناھ قۇربانلىقى
بولغان ھايۋاننىڭ يېغى، ئىككىلا بۆرەك ۋە جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى چاۋىنى ئېلىپ، خۇداۋەندە
ئۆزى مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك بۇ نەرسىلەرنى قۇربانگاھقا كەلتۈرۈپ كۆيدۈردى. [11] ئەمما گۆش
بىلەن تېرىسى بولسا بۇنى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا چىقىرىپ ئوتتا كۆيدۈردى.
[12] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدىغان ھايۋاننى بوغۇزلىغىنىدا ھارۇننىڭ
ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا قاننى تەڭلىسە، ئۇ بۇنى قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىگە چېچىپ قويدى.
[13] كېيىن ئۇلار ئۇنىڭغا پارچىلانغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق ھايۋان بىلەن بېشىنى سۇنۇپ بەرسە،
ئۇ بۇنى قۇربانگاھتا كۆيدۈرۈپ، [14] ئۈچەي-باغىرلىرى بىلەن پاچاقلىرىنى يۇيۇپ، بۇلارنى
قۇربانگاھتا كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كۆيدۈردى.
[15] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى قوۋمنىڭ قۇربانلىقىنى كەلتۈرۈپ، قوۋمنىڭ گۇناھ قۇربانلىقى
بولىدىغان تېكىنى ئېلىپ بوغۇزلاپ، ئىلگىرىكى ھايۋاننى ئۆتكۈزگەندەك گۇناھ قۇربانلىقى
قىلىپ ئۆتكۈزۈپ،
[16] كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدىغان ھايۋاننى كەلتۈرۈپ، بۇنىمۇ بۇيرۇلغانغا مۇۋاپىق ئۆتكۈزدى.
[17] ئاندىن كېيىن يېگۈلۈك قۇربانلىقىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بىر چاڭگال ئېلىپ، ئەتىگەنلىك
كۆيدۈرمە قۇربانلىقتىن باشقا بۇنى ھەم قۇربانگاھتا كۆيدۈردى.
[18] شۇنى قىلىپ بولۇپ، قوۋمنىڭ تەرىپىدىن شۈكۈر قۇربانلىقى بولىدىغان بۇقا بىلەن قوچقارنى
بوغۇزلىدى. بوغۇزلىغىنىدا كاھىنىڭ ئوغۇللىرى قېنىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ بەرسە، ئۇ بۇنى
قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىگە چېچىپ قويدى. [19] ئەمما بۇقىنىڭ يېغى، قوچقارنىڭ قۇيرۇقى،
ئۈچەي-باغىرلىرىنى يۆگەپ تۇرغان نەرسە بىلەن ئىككىلا بۆرەك ۋە جىگەرنىڭ ئۈستىدىكى
چاۋا بولسا [20] بۇ ياغ پارچىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۇلار ئىككى تۆشنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ئۇنىڭغا

بەرسە، ئۇ ئۆزى بۇ نەرسىلەرنى قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈردى. [21] لېكىن ئىككى تۆش
بىلەن ئوڭ يوتا بولسا ھارۇن بۇنى پۇلاڭلاتما قۇربانلىق بولسۇن دەپ، مۇسانىڭ بۇيرۇغىنىدەك
خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا پۇلاڭلاتتى.
[22] ئاندىن كېيىن ھارۇن ئۆزى قولىنى خەلقنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ئۇلارنى بەرىكەتلەپ، گۇناھ
قۇربانلىقى، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ۋە شۈكۈر قۇربانلىقىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، قۇربانگاھتىن
چۈشتى. [23] ئەمما مۇسا بىلەن ھارۇن بولسا جامائەت چېدىرىغا كىرىپ، يەنە چىقىپ خەلقنى
بەرىكەتلىگىنىدە خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى قوۋمنىڭ ھەممىسىگە كۆرۈنۈپ، [24] خۇداۋەندە
تەرىپىدىن ئوت چىقىپ قۇربانگاھتىكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ياغ پارچىلىرىنى يالاپ
كەتتى. قوۋمنىڭ ھەممىسى شۇنى كۆرۈپ، شادلىق قىلىپ يۈز تۆۋەن يىقىلدى.

## ناداب بىلەن ئابىھۇنىڭ ئۆلۈمى

10 [1] ئەمما ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى ناداب بىلەن ئابىھۇ بولسا ھەر ئىككىلىسى ئۆز
ئىسرىقدېنى ئېلىپ، ئۇنىڭدا ئوت قويۇپ ئۈستىگە خۇشبۇي دورا-دەرمەك چېچىپ،
خۇداۋەندە ئۇلارغا بۇيرۇمىغان يات ئوتنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرگىنىدە، [2] خۇداۋەندە تەرىپىدىن
ئوت چىقىپ، ئۇلارنى يەپ كەتتى. شۇنداقكى، ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا يىقىلىپ ئۆلدى.
[3] ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆزى ھارۇنغا سۆزلەپ: «خۇداۋەندە سۆز قىلىپ: ‹ مەن بولسام ماڭا يېقىن
تۇرغانلارغا ئۆزۈمنى مۇقەددەس كۆرسىتىپ، بارچە قوۋمنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئۇلۇغلايمەن› دەپ
ئېيتمىدىمۇ؟» دېدى. شۇنى دېسە، ھارۇن شۈك تۇرۇپ قالدى. [4] ئەمما مۇسا ئۆزى ھارۇننىڭ
تاغىسى ئۇززىيەلنىڭ ئوغۇللىرى بولغان مىشائەل بىلەن ئېلىزافاننى قىچقىرىپ، ئۇلارغا:
«سىلەر كېلىپ، ئۆز تۇغقانلىرىڭلارنى مۇقەددەس خانىنىڭ ئالدىدىن كۆتۈرۈپ، چېدىرگاھنىڭ
تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىڭلار» دېسە، [5] ئۇلار كېلىپ بۇلارنى كىيىكلىك كۆينىكى بىلەن كۆتۈرۈپ،
مۇسانىڭ بۇيرۇغىنىدەك چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى. [6] ئاندىن كېيىن مۇسا ئۆزى
ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولغان ئېلئازار بىلەن ئىتامارغا ئېيتتىكى: «سىلەر بولساڭلار
باشلىرىڭلارنى ئاچماي، ئېگىنلىرىڭلارنىمۇ يىرتماڭلار. بولمىسا ئۆزۈڭلار ئۆلۈپ كېتىپ، بارچە
جامائەتنىڭ ئۈستىگە غەزەپ كەلتۈرىسىلەر. لېكىن بۇرادەرلىرىڭلار بولغان ئىسرائىلنىڭ
ھەممە خانىدانى بولسا خۇداۋەندىنىڭ ئۆزى تۇتاشتۇرغان ئوت ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ يىغلىسۇن.
[7] ئەمما سىلەر بولساڭلار خۇداۋەندىنىڭ مەسىھلەش يېغى ئۈستۈڭلارغا سۈۋالغاچ، ئۆلۈپ
كەتمەيلى دەپ، جامائەت چېدىرىنىڭ تاشقىرىغا چىقماڭلار» دېدى. شۇنى دېسە، ئۇلار مۇسانىڭ
بۇيرۇغىنىدەك ئىش قىلدى.

## شاراب-هاراقنىڭ كاهىنلارغا چەكلىنىشى

[8] خۇداۋەندە هارۇنغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [9] «سەن ئۆزۈڭ ۋە يا ئوغۇللىرىڭلار بولسا شاراب ۋە
يا هاراق ئىچىپ، جامائەت چېدىرىغا هەرگىز كىرمەڭلار. بولمىسا ئۆلۈپ كېتىسىلەر. بۇ بولسا
سىلەر ئۈچۈن نەسىلدىن نەسىلگە ئەبەدىي بىر قانۇن بولسۇن. [10] سىلەر بولساڭلار مۇقەددەس
بىلەن مۇقەددەس بولمىغاننىڭ ئارىسىدا پەرق ئېتىپ، هالال بىلەن هارامنى ئاجرىتىپ تونۇپ،
[11] خۇداۋەندىنىڭ ئۆزى مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇيرۇغان هەممە قانۇنلارنى بەنى-ئىسرائىلغا
ئۆگەتكەيسىلەر.

## ئېلىئازا بىلەن ئىتامار

[12] مۇسا ئۆزى هارۇن بىلەن ئۇنىڭ تىرىك قالغان ئوغۇللىرى ئېلىئازار بىلەن ئىتامارغا
ئېيتتىكى: «سىلەر بولساڭلار خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش قۇربانلىقىدىن ئېشىپ قالغان يېگۈلۈك
قۇربانلىقنى ئېلىپ، بۇ ئۆزى هەممىدىن مۇقەددەس بولغاچ ئۇنى قۇربانگاهنىڭ يېنىدا
خېمىرتۇرۇچسىز يەڭلار. [13] بۇ ئۆزى سەن بىلەن ئوغۇللىرىڭنىڭ هەسسىسى بولسۇن دەپ،
خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش قۇربانلىقىدىن ئېلىنغاچ ئۇنى مۇقەددەس جايدا يەڭلار، چۈنكى ماڭا
شۇنداق بۇيرۇلغاندۇر. [14] ئەمما پۇلاڭلاتما قۇربانلىق قىلىنغان تۆش بىلەن كۆتۈرمە قۇربانلىق
قىلىنغان يوتا بولسا سەن ئۆزۈڭ ئوغۇل-قىزلىرىڭنى ئۆزۈڭگە قوشۇپ، بۇنى بىر پاك يەردە
يەڭلار. چۈنكى بۇ بولسا ئۆزۈڭ بىلەن ئوغۇللىرىڭغا تەگسۇن دەپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ شۈكۈر
قۇربانلىقلىرىدىن بېرىلگەن بىر هەسسەڭ بولۇپ، [15] بۇنىڭدىن باشقا ئاتەش قۇربانلىقى
قىلىنىدىغان ياغ پارچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەلتۈرۈلۈپ، كۆتۈرمە قۇربانلىق قىلىنىدىغان
يوتا ۋە پۇلاڭلاتما قۇربانلىق قىلىنىدىغان تۆش بولسا پۇلاڭلاتما قۇربانلىق بولسۇن دەپ،
خۇداۋەندىنىڭ هوزۇرىدا پۇلاڭلىتىلىپ، بۇنىڭ ئىككىلىسى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇغىنىدەك
ئەبەدكىچە سەن بىلەن ئوغۇللىرىڭنىڭ هەققى بولسۇن» دېدى.
[16] ئاندىن كېيىن مۇسا ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى بولغان تېكىنى سورىسا، ئۇ كۆيدۈرۈلۈپ
بولغانىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆزى هارۇننىڭ تىرىك قالغان ئىككى ئوغلى ئېلىئازار بىلەن
ئىتامارغا ئاچچىقلىنىپ ئېيتتىكى: [17] «نېمىشقا سىلەر ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىنىپ
مۇقەددەس يەردە يېيىلىدىغان هايۋاننىڭ گۆشىنى يېمىدىڭلار؟ بۇ ئۆزى هەممىدىن مۇقەددەس
ئەمەسمۇ؟ سىلەرنى جامائەتنىڭ گۇناهىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلار ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ هوزۇرىدا
كاپارەت كەلتۈرسۇن دەپ، خۇدا شۇنى سىلەرگە بەرمىدىمۇ؟ [18] مانا، ئۇنىڭ قېنى بولسا
مۇقەددەس خانىنىڭ ئىچىگە كەلتۈرۈلمىدى. ئەسلىدە مەن بۇيرۇغاندەك سىلەر ئۇنى مۇقەددەس
جايدا يېيىشىڭلار كېرەك ئىدى» دېدى. [19] لېكىن هارۇن مۇساغا ئېيتتىكى: «مانا ئۇلار بولسا
بۈگۈن ئۆز گۇناھ قۇربانلىقى بىلەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقنى خۇداۋەندىنىڭ هوزۇرىدا ئۆتكۈزدى.
ئەمما ماڭا نېمە خاپىلىق يەتكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر مەن بۈگۈن گۇناھ قۇربانلىقنىڭ

گۆشىنى يېگەن بولسام، خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە ئوبدان بولاتتىمۇ؟» دېدى. [20] مۇسا بۇنى
ئاڭلاپ رازى بولدى.

## ھالال ۋە ھارام جانىۋارلار

11
[1] خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ ئۇلارغا ئېيتتىكى:
[2] «بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئېيتىڭلاركى: ‹ يەر يۈزىدىكى ھەممە چارۋا ھايۋانلارنىڭ
ئىچىدىن سىلەرگە يېگىلى جايىز بولغان ھايۋانلار شۇ، يەنى [3] تۇياقلىرى پۈتۈن ئاچىماق بولۇپ،
كۆشەيدىغان ھەممە چارۋا ھايۋانلاردىن يېسەڭلار بولىدۇ.
[4] لېكىن كۆشەيدىغان ھايۋانلار ياكى ئاچىماق تۇياقلىق ھايۋانلار بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن
سىلەرگە يېگىلى جايىز بولمىغان ھايۋانلارنىڭ بىرى تۆگە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى كۆشىگىنى
بىلەن تۇيىقى يوقتۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سىلەرگە ھارام بولسۇن. [5] تاغ توشقىنى دېگەن جانىۋارمۇ
كۆشىگىنى بىلەن ئاچىماق تۇيىقى بولمىغاچ سىلەرگە ھارام بولسۇن. [6] ياۋا توشقان بولسا
بۇمۇ كۆشىگىنى بىلەن ئاچىماق تۇيىقى بولمىغاچ سىلەرگە ھارام بولسۇن. [7] تۇڭگۇز بولسا
ئاچىماق تۇيىقى بولغىنى بىلەن، كۆشىمىگىنى ئۈچۈن سىلەرگە ھارام بولسۇن. [8] مەزكۇر
ھايۋانلارنىڭ گۆشىدىن يېمەي، ئۇلارنىڭ ئۆلۈك بەدەنلىرىگىمۇ تەگمەڭلار. ئۇلار بولسا سىلەرگە
ھارامدۇر.
[9] سۇدا يۈرىدىغان جانىۋارلار بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قاناتلىق بولۇپ تېرە ئورنىدا قاسىرقى
بولۇپ، سۇدا يۈرۈپ دەريا بىلەن ئېقىنلاردا بولغان جانىۋارلاردىن يېسەڭلار بولىدۇ. [10] ئەمما
سۇدا يۈرۈپ سۇ ئىچىدە تىرىكچىلىك قىلىدىغان ھەممە جانىۋارلارنىڭ ئىچىدىن قانىتى بىلەن
قاسىرقى بولماي، سۇ ئىچىدە دېڭىز بىلەن ئېقىنلاردا يۈرىدىغان جانىۋارلار بولسا سىلەرگە
يىرگىنچلىك بولسۇن. [11] مەزكۇر جانىۋارلارنىڭ ئۆزى سىلەرگە يىرگىنچلىك بولسۇن.
سىلەر ئۇلارنىڭ گۆشىدىن يېمەي، ئۆلۈك بەدەنلىرىنى يىرگىنچلىك كۆرۈڭلار. [12] سۇدىكى
جانىۋارلارنىڭ ئىچىدىن قانىتى بىلەن قاسىرقى بولمىغان جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە
يىرگىنچلىك بولسۇن.

[13] ئۇچارقاناتلارنىڭ ئارىسىدا ناپاك بولۇپ، سىلەرگە يىرگىنچلىك بولغان جانىۋارلار شۇ، يەنى
قارىقۇش، بېلىقچىقۇش ۋە دېڭىز بۈركۈتى، [14] سار، شۇڭقار ۋە ئۇنىڭ خىللىرى، [15] ھەممە
قاغىلار قايسى خىلدىن بولسا، [16] تۆگىقۇش، كاككۇك، چايكا بىلەن قارچىغا ۋە ئۇنىڭ خىللىرى،
[17] مۈشۈكياپىلاق، قاشقالداق ۋە ھۇۋقۇش، [18] ئاققۇ، ساقىيقۇش ۋە قۇماي، [19] لەيلەك بىلەن
قوتان ۋە ئۇنىڭ خىللىرى، ھۆپۈپ بىلەن شەپەرەك دېگەنلەر ھارام سانالسۇن.

20 بۇنىڭدىن باشقا تۆت پۇتتا مېڭىپ ئۇچىدىغان ئۇششاق جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە
ھارامدۇر.
21 ھەرقانداق بولسا تۇرۇپ، پۇتتا مېڭىپ ئۇچىدىغان بۇ ئۇششاق جانىۋارلارنىڭ يەردە
سەكرەپ يۈرەلىسۇن دەپ، پۇتلىرىنىڭ يۇقىرىدا ئىككى پاچىقى بار خىللىرىدىن يېسەڭلار
بولىدۇ. 22 بۇلارنىڭ ئىچىدىن سىلەرگە يېگىلى جايىز بولغانلار شۇ، يەنى چېكەتكە بىلەن
ئۇنىڭ خىللىرى، چوڭ چېكەتكە بىلەن ئۇنىڭ خىللىرى، تومۇزغا بىلەن ئۇنىڭ خىللىرى،
چاقچىقىز دېگەن چېكەتكە بىلەن ئۇنىڭ خىللىرى بولىدۇ. 23 لېكىن تۆت پۇتلۇق بولۇپ
ئۆمىلەپ ئۇچىدىغان ھەممە باشقا جانىۋارلار بولسا سىلەرگە يىرگىنچلىك بولسۇن.

24 بۇ جانىۋارلاردىن ناپاك بولىسىلەر. بىركىم ئۇلارنىڭ ئۆلۈك بەدەنلىرىگە تەگسە، ئاخشامغىچە
ناپاك تۇرىدۇ. 25 كىمكى بۇلارنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرسە، ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ ئاخشامغىچە
ناپاك تۇرسۇن. 26 تۇياقلىرى ئاچىماق بولماي، ئۆزى كۆشىمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى
بولسا سىلەرگە ھارام بولۇپ، ھەركىم ئۇلارغا تەگسە، ناپاك سانالسۇن. 27 تۆت پۇتى بىلەن
يۈرىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن پەنجىسى بىلەن ماڭىدىغانلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە ناپاك
بولۇپ، ھەركىم ئۇلارنىڭ ئۆلۈك بەدەنلىرىگە تەگسە، ئاخشامغىچە ناپاك تۇرسۇن. 28 كىمكى
ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرسە، ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ ئاخشامغىچە ناپاك تۇرسۇن. بۇ ھايۋانلار
بولسا سىلەرگە ھارامدۇر.

29 يەردە يۈرىدىغان ئۇششاق جانىۋارلارنىڭ ئىچىدىن سىلەرگە ھارام بولغان جانىۋارلار بۇ يەنى
لاتچا بىلەن چاشقان، تاشپاقا بىلەن ئۇنىڭ خىللىرى، 30 سالما بىلەن كىلە دېگەن جانىۋار،
پاتمىچۈق بىلەن سىكىنىك كەسلەنچۈكى دېگەن جانىۋار ۋە خامېلېئوننىڭ ئۆزى بولىدۇ. 31 يەردە
يۈرىدىغان ھەممە ئۇششاق جانىۋارلارنىڭ ئىچىدىن بۇلار سىلەرگە ناپاك بولۇپ، ھەركىم
ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىگە تەگسە، ئاخشامغىچە ناپاك تۇرسۇن. 32 ھەرنېمىگە بۇ جانىۋارلارنىڭ بىر
ئۆلۈكى چۈشۈپ قالسا، بۇ نېمە ئۆزى ناپاك بولۇپ قېلىپ، خاھى ياغاچ قاچا بولسۇن، خاھى
ئېگىن بولسۇن، خاھى تېرە بولسۇن، خاھى تاغار بولسۇن، خاھى ھەرقانداق ئىشلىتىلىدىغان
ئەسۋاب بولسۇن، سۇغا تاشلىنىپ ئاخشامغىچە ناپاك تۇرۇپ، كېيىن پاك سانالسۇن. 33 قايسى
كوزىغا ئۇلارنىڭ بىرى چۈشۈپ قالسا، كوزا ئۆزى سۇندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرنېمە
بولسا ناپاك سانالسۇن. 34 ئەگەر ئۇنىڭ ئىچىدە سۇلۇق بىر خىل تائام بولسا، بۇ ئۆزى ناپاك
سانالسۇن. شۇنداق ھەم ئەگەر مۇنداق بىر كوزا ئىچىدە بىر ئىچىدىغان نەرسە بولسا، بۇ ئۆزى
ناپاك سانالسۇن. 35 ھەرنېمىگە ئۇنداق ئۆلۈك بەدەن چۈشۈپ قالسا، ناپاك سانالسۇن. ئەگەر
بىر تونۇر ۋە يا بىر ئوچاق بولسا، ناپاك بولدى دەپ، خاراب قىلىنىپ سىلەرگە ھارام بولسۇن.
36 لېكىن سۇ يىغىلىپ تۇرغان بۇلاق ۋە يا كۆل بولسا پاكلىقىدا قالىدۇ. ئەمما ئەگەر بىركىم
ئۆلۈك بەدىنىنىڭ ئۆزىگە تەگسە، ناپاك بولىدۇ.

[37] ئەگەر ئۇنداق ئۆلۈك بىر بەدەن ئۆزى تېرىيدىغان بىر خىل دانغا چۈشۈپ قالسا، بۇ ئۆزى
پاكلىنقىدا قالىدۇ. [38] لېكىن ئەگەر داننىڭ ئۈستىگە سۇ قۇيۇلغاندىن كېيىن ئۇنداق بىر ئۆلۈك
چۈشۈپ قالسا، بۇ دان ئۆزى سىلەرگە ناپاك سانالسۇن.
[39] ئەگەر سىلەرگە يېگىلى جايىز بولغان ھايۋانلاردىن بىر چارۋا ئۆلۈپ قالسا، ئۇنىڭ بەدىنىگە
تەگكەن كىشى ئۆزى ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. [40] كىمكى ئۇنداق ئۆلۈك بىر بەدىنىنىڭ
گۆشىدىن يېسە، ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. شۇنداق ھەم ئۇنىڭ
ئۆلۈكىنى كۆتۈرگەن كىشى ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن.
[41] يەردە يۈرىدىغان ھەممە ئۈششاق جانىۋارلار بولسا يىرگىنچلىك سانىلىپ، ھەرگىز يېيىلمىسۇن.
[42] خاھى قورسىقى بىلەن ئۆمىلەيدىغان جانىۋار بولسۇن، خاھى يەردە يۈرۈپ تۆت پۇتى ۋە
يا بۇنىڭدىن زىيادە پۇتلىرى بىلەن ماڭىدىغان جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى بولسا يىرگىنچلىك
بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى ھەرگىز يېمەڭلار. [43] سىلەر بولساڭلار مۇنداق جانىۋارنىڭ سەۋەبىدىن
ئۆزۈڭلارنى يىرگىنچلىك قىلىپ ناپاك قىلماڭلار. بولمىسا ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ناپاك بولۇپ
قالىسىلەر. [44] چۈنكى مەن بولسام تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدۇرمەن. مەن ئۆزۈم مۇقەددەس بولغاچ،
سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى مۇقەددەس تۇتۇپ، پاك بولۇپ، ھېچ تەرىقىدە ئۆزۈڭلارنى يەردە يۈرىدىغان
ئۈششاق جانىۋارلارنىڭ سەۋەبىدىن ناپاك قىلماڭلار. [45] تەڭرىڭلار بولاي دەپ، سىلەرنى مىسىر
يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مەندۇرمەن. مەن ئۆزۈم مۇقەددەس بولغاچ،
سىلەرمۇ مۇقەددەس بولۇڭلار.
[46] چارۋا بىلەن ئۇچارقانات، سۇدا يۈرىدىغان ھەممە جانىۋار بىلەن يەردە يۈرىدىغان ھەممە
ئۈششاق جانىۋارلار توغرىسىدىكى قانۇن ئۆزى شۇدۇر. [47] بۇنىڭ بىلەن ھارام ھالالنى ئۇقۇپ،
يېيىلىدىغان ھايۋان بىلەن يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارنى پەرق ئەتكەيسىلەر».

## تۇغۇتتىن كېيىنكى پاكلىنىش

12 [1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى: ئەگەر بىر ھامىلىدار خوتۇن ئوغۇل تۇغسا،
ھەيز كۈنلىرىدىكىدەك يەتتە كۈنگىچە ناپاك سانالسۇن. [3] سەككىزىنچى كۈنى ئوغۇلنىڭ
ئۆزى خەتنە قىلىنسۇن. [4] ئاندىن كېيىن خوتۇن ئۆزى ئوتتۇز ئۈچ كۈنگىچە ئۆز پاكلىنىش
قېنىدا تۇرۇپ، پاكلىنىش كۈنلىرى تامام بولمىغۇچىلىك ھېچبىر مۇقەددەس نەرسىگە تەگمەي،
مۇقەددەس خانىغىمۇ كىرمەي، ئۆيدە تۇرسۇن. [5] لېكىن ئەگەر قىز بالىنى تۇغسا، ھەيز
كۈنلىرىدىكىدەك ئىككى ھەپتىگىچىلىك ناپاك تۇرۇپ، ئاندىن ئاتمىش ئالتە كۈنگىچىلىك
پاكلىنىش قېنىدا ئولتۇرۇپ ئۆيدە تۇرسۇن. [6] ئەمما ئۇنىڭ ئوغۇل ياكى قىز تۇغقىنى ئۈچۈن
ئۆتكۈزمەكچى بولغان پاكلىنىش كۈنلىرى تامام بولغاندىن كېيىن، ئۇ خوتۇن ئۆزى بىر ياشقا

كىرگەن قوزىنى ئېلىپ كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ، گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر باچكا
بىلەن پاختەكنى ئېلىپ، جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كاھىنىنىڭ قېشىغا كەلتۈرسۇن.
[7]كەلتۈرگىنىدە كاھىن ئۇنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭ تەرىپىدىن كاپارەت
بەرسە، ئۆز پاكلىنىش خۇنىدىن پاك بولىدۇ. قايسى بىر خوتۇن ئوغۇل ۋە يا قىز تۇغسا، ئۇنىڭ
توغرىسىدىكى قانۇن شۇدۇر. [8]ئەگەر ئۇ ئۆزى قوزا كەلتۈرەلمىسە، ئىككى پاختەك ياكى ئىككى
باچكا ئېلىپ، بىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن، يەنە بىرىنى گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن
كەلتۈرسۇن. بۇ تەرىقىدە كاھىن ئۇنىڭ تەرىپىدىن كاپارەت بەرسە، ئۇ ئۆزى پاك بولىدۇ.

## پېسە كېسەللىكى ئېكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئەنىقلاش

13 [1]خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2]«بىركىمنىڭ بەدىنىنىڭ تېرىسىدە بىر ئىششىق يا تەمرەتكە ۋە يا ئاق بىر داغ
بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن بەدىنىنىڭ تېرىسىدە پېسە كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن
بولسا، ئۇ كىشى ھارۇن كاھىنىنىڭ ۋە يا ئۇنىڭ كاھىن بولغان ئوغۇللىرىنىڭ بىرىنىڭ قېشىغا
كەلتۈرۈلسۇن. [3]ئەگەر كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ كېسەل جايىغا قارىغىنىدا كېسەل
بولغان جاينىڭ تۈكى ئاقىرىپ قېلىپ، ئۇ كېسەل جاي ئۆزى بەدىنىنىڭ قالغان تېرىسىدىن
چوڭقۇرراق بولغان بولسا، بۇ ئۆزى پېسە كېسەللىكتۇر. كاھىن ئۆزى ئۇنى كۆرگەندىن
كېيىن ئۇنىڭ ناپاك ئېكەنلىكىنى جاكارلىسۇن. [4]لېكىن ئەگەر ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ تېرىسىدىكى
كۆرۈنگەن ئاق داغ قالغان جاينىڭ تېرىسىدىن چوڭقۇر كۆرۈنمەي، تۈكىمۇ ئاقىرىپ قالغان
بولمىسا، كاھىن ئۆزى بۇ كېسەل كىشىنى يەتتە كۈنگىچە سولاپ قويسۇن. [5]يەتتىنچى كۈنى
كاھىن ئۆزى ئۇنى كۆرگىنىدە كېسەل جايى ئوخشاش تۇرۇپ، تېرىسىدە كەڭرىپ كەتمىگەن
بولسا، كاھىن ئۇنى يەنە يەتتە كۈنگىچە سولاپ قويسۇن. [6]يەتتىنچى كۈن كاھىن ئۇنى يەنە
كۆرگىنىدە كېسەل جاينىڭ رەڭگى سۇسلاشقان بولۇپ، تېرىسىدە كەڭرىپ كەتمىگەن بولسا، بۇ
ئۆزى يالغۇز تەمرەتكە ئىكەن دەپ، كاھىن ئۇنىڭ پاك ئېكەنلىكىنى جاكارلىسۇن. ئاندىن كېسەل
كىشى ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ پاك سانالسۇن. [7]لېكىن ئەگەر بۇنى كاھىن كۆرۈپ، ئۇنىڭ
پاك ئېكەنلىكىنى جاكارلىغاندىن كېيىن تەمرەتكە ئۆزى تېرىسىدە كەڭرىپ قالسا، ئىككىنچى
مەرتىۋە كاھىنغا كۆرسىتىلسۇن. [8]كاھىن ئۇنى كۆرۈپ تەمرەتكىنىڭ ئۇنىڭ تېرىسىدە كەڭرىپ
كەتكىنىنى بىلسە، بۇ پېسە ئىكەن دەپ، ئۇنىڭ ناپاك ئېكەنلىكىنى جاكارلىسۇن.

[9]ئەگەر بىركىم پېسە بولۇپ قالسا، كاھىنىنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلسۇن. [10]كاھىن ئۇنىڭغا
سەپسېلىپ بېقىپ، تېرىسىدە ئاق بىر ئىششىقنى تېپىپ، تۈكىنىڭ ئاقىرغىنىنى كۆرۈپ،
ئىششىق جاينىڭ گۆشىنىڭ ئۆلۈك ئەت بولۇپ قالغىنىنى بىلسە، [11]بۇ ئۆزى ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ

تېرىسىگە چۈشكەن كونا پېسەلىك بولغاچ، كاھىن ئۇنىڭ ناپاك ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ قويۇپ،
ناپاك بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى سولاپ قويمىسۇن. [12] ئەگەر پېسەلىك ئۆزى تېرىسىگە يېيىلىپ
كېتىپ، باشتىن ئاياغقىچە پېسەلىك بېسىپ كېتىپ، كاھىن كۆرگەن جايلارنىڭ ھەممە تېرىسىنى
تۇتۇپ كەتكەن بولسا، [13] كاھىن بۇنىڭغا سەپسېلىپ بېقىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنىڭ پېسە
بېسىپ قالغىنىنى كۆرسە، كېسەل كىشىنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ
ھەممە بەدىنى ئاقىرىپ قالغاچ پاك سانالسۇن. [14] لېكىن قاچانكى ئۇنىڭدا ئۆلۈك ئەت گۆش
كۆرۈنۈپ قالسا، ئۇ كىشى ناپاك سانالسۇن. [15] كاھىن ئۆزى مۇنداق ئۆلۈك ئەتنى كۆرسە، ئۇ
كىشىنىڭ ناپاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن، چۈنكى ئۆلۈك ئەت ناپاك بولۇپ، ئۆزى پېسەلىكتۇر.
[16] ئەگەر ئۆلۈك ئەت كېيىن ئاقىرىپ قالسا، ئۇ كىشى كاھىننىڭ قېشىغا كەلسۇن. [17] كاھىن
ئۇنىڭغا سەپسېلىپ بېقىپ، كېسەل جاينىڭ ئاقىرىپ قالغىنىنى كۆرسە، كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ
پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن. بۇ ئۆزى پاك سانىلىدۇ.
[18] ئەگەر بىركىمنىڭ بەدىنىنىڭ تېرىسىگە چاقا چىقىپ، ساقىيىپ كېتىپ، [19] چاقىنىڭ ئورنىدا
ئاق ئىششىق ياكى قىزغۇچ ئاق داغ توختاپ قالغان بولسا، كاھىنغا كۆرستىلسۇن. [20] كاھىن
ئۇنىڭغا سەپسېلىپ بېقىپ، داغنىڭ جايىنىڭ قالغان تېرىدىن چوڭقۇر بولۇپ قېلىپ، تۈكىنىڭ
ئاقىرىپ قالغىنىنى كۆرسە، كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ ناپاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن، چۈنكى بۇ
ئۆزى چاقىدىن چىقىپ يېيىلغان پېسەلىكتۇر. [21] لېكىن كاھىن سەپسېلىپ باققىنىدا ئۇنىڭ
جايىدىكى تۈكى ئاقىرىپ قالمىغان، ئۆزىمۇ باشقا جايىنىڭ تېرىسىدىن چوڭقۇر بولۇپ قالماي،
رەڭگى ھەم سۇسراق بولغان بولسا، كاھىن ئۇنى يەتتە كۈنگىچە سولاپ قويسۇن. [22] لېكىن
ئەگەر داغ تېرىسىگە يېيىلىپ كەتسە، كاھىن ئۇنىڭ ناپاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن، چۈنكى
بۇ ئۆزى پېسەلىكتۇر. [23] ئەمما ئەگەر داغ ئۆزى جايىدا توختاپ قېلىپ يېيىلمىغان بولسا، بۇ
ئۆزى چاقىنىڭ تاتۇقى ئىكەن دەپ، كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن.
[24] ئەگەر بىركىمنىڭ بەدىنىنىڭ تېرىسىنىڭ بىر جايى كۆيۈپ قېلىپ، كۆيگەن جايىنىڭ ئورنى
قىزغۇچ ئاق ياكى تامامەن ئاق داغ بولۇپ قالسا، [25] كاھىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ بېقىپ،
داغدىكى تۈكنىڭ ئاقىرىپ قېلىپ قالغان جايىنىڭ تېرىسىدىن داغنىڭ چوڭقۇر بولۇپ قالغىنىنى
كۆرسە، بۇ ئۆزى كۆيۈكتىن چىقىپ يېيىلغان پېسەلىك ئىكەن دەپ، كاھىن ئۇنىڭ ناپاك
ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن، چۈنكى بۇ ئۆزى پېسەلىكتۇر. [26] لېكىن ئەگەر كاھىن سەپسېلىپ
باققىنىدا داغنىڭ ئورنىدىكى تۈكى ئاقىرىپ قالماي، ئۆزىمۇ باشقا جايىنىڭ تېرىسىدىن
چوڭقۇر بولۇپ قالماي، رەڭگى سۇسراق بولسا، كاھىن ئۇنى يەتتە كۈنگىچە سولاپ قويسۇن.
[27] يەتتىنچى كۈنى كاھىن ئۇنى يەنە كۆرگىنىدە داغ ئۆزى تېرىسىدە كەڭرىپ كەتكەن بولسا،
كاھىن ئۇنىڭ ناپاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن، چۈنكى بۇ ئۆزى پېسەلىكتۇر. [28] ئەمما ئەگەر
داغ ئۆزى جايىدا توختاپ قېلىپ يېيىلماي، رەڭگى سۇسراق بولۇپ قالسا، بۇ ئۆزى كۆيۈكتىن
پەيدا بولغان بىر ئىششىق ئىكەن دەپ، كاھىن ئۇنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن، چۈنكى
يالغۇز كۆيۈكتىن قالغان بىر تاتۇقى.

[29] ئەگەر بىر ئەر كىشىنىڭ ۋە يا بىر خوتۇننىڭ بېشى ياكى ئەڭىكىگە بىر داغ چۇشۇپ قالسا،
[30] كاھىن كېسەل جايىغا سەپسېلىپ باققىنىدا، ئۇنىڭ قالغان جايىنىڭ تېرىسىدىن چوڭقۇر
بولغىنىنى تېپىپ، ئۇستىدە شالاڭ سېرىق تۈكى بار ئىكەنلىكىنى كۆرسە، كاھىن ئۇنىڭ
ناپاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن، چۇنكى بۇ ئۆزى باش ياكى ئەڭەكنىڭ قوتۇر پېسەلىكى
دېگەن بىر خىل پېسەلىكتۇر. [31] لېكىن ئەگەر كاھىن قوتۇر جايىغا سەپسېلىپ باققىنىدا، ئۇنىڭ
قالغان جايىنىڭ تېرىسىدىن چوڭقۇر بولۇپ قالماي، قارا تۈكمۇ بولمىغىنىنى كۆرسە، كاھىن بۇ
كېسەل كىشىنى يەتتە كۇنگىچە سولاپ قويسۇن. [32] لېكىن ئەگەر يەتتىنچى كۇنى كاھىن ئۆزى
قوتۇر جايىغا سەپسېلىپ بېقىپ، قوتۇرنىڭ كەڭرىپ كەتمەي، ئۇستىدىمۇ سېرىق تۈك بولماي،
قوتۇرنىڭ ئۆزى قالغان جايىنىڭ تېرىسىدىن چوڭقۇر بولمىغىنىنى كۆرسە، [33] قوتۇر جايىنى
قويۇپ باشقا جايلارنىڭ تۈكىنى چۇشۇرۇۋېتىپ، كاھىن ئۆزى قوتۇر كىشىنى يەنە يەتتە كۇنگىچە
سولاپ قويسۇن. [34] لېكىن ئەگەر يەتتىنچى كۇنى كاھىن قوتۇر كىشىگە سەپسېلىپ بېقىپ،
قوتۇرنىڭ تېرىدە كەڭرىپ كەتمىگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنىڭ تېرىنىڭ قالغان جايىدىن
چوڭقۇر بولۇپ قالمىغىنىنى بىلسە، كاھىن ئۇنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن. ئاندىن
كېيىن ئۇ ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ پاك سانالسۇن. [35] لېكىن ئەگەر ئۇنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى
جاكارلىغاندىن كېيىن قوتۇرلۇق ئۆزى تېرىدە كەڭرىپ كەتسە، [36] كاھىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ
بېقىپ، قوتۇرلۇقنىڭ تېرىدە كەڭرىپ كەتكىنىنى كۆرگىنىدە، سېرىق تۈكى بارمۇ دەپ، كاھىنغا
سۈرمەك لازىم كەلمەيدۇ، چۇنكى بۇ كىشى ئۆزى ناپاكتۇر. [37] لېكىن ئەگەر قوتۇرلۇق ئۆزى ئۆز
جايىدا تۇرۇپ قېلىپ، ئۇستىدىن قارا تۈك ئۇنۇپ چىققان بولسا، قوتۇرلۇق ساقىيىپ، كىشى
ئۆزى پاك بولغاچ كاھىن ئۇنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن.
[38] ئەگەر ئەر كىشىنىڭ ۋە يا بىر خوتۇننىڭ بەدىنىنىڭ تېرىسىدە داغ چىقىپ قېلىپ، بۇ داغ ئۆزى
ئاق بولسا، [39] كاھىن سەپسېلىپ باقسۇن. ئەگەر بەدەننىڭ تېرىسىدىكى داغ ئۆزى قارامتۇل ئاق
بولسا، بۇ ئۆزى تېرىدىن چىققان يالغۇز بىر خىل داغ بولغاچ، بۇ كىشى ئۆزى پاك سانالسۇن.
[40] ئەگەر بىركىمنىڭ بېشىنىڭ تۈكى چۇشۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئۆزى پايىنەك باش بولغىنى بىلەن
پاك سانالسۇن. [41] ئەگەر بىركىمنىڭ بېشىنىڭ تۈكى پېشانە تەرىپىدىن چۇشۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ
ئۆزى ئايدىڭ باش بولغىنى بىلەن پاك سانالسۇن. [42] لېكىن ئەگەر پايىنەك بىلەن ئايدىڭ باشلىق
بولغان جايىدا قىزغۇچ ئاق داغ كۆرۈنسە، بۇ ئۆزى پايىنەكلىك بىلەن ئايدىڭ باشلىقتىن چىقىپ قالغان
پېسەلىكتۇر. [43] كاھىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ بېقىپ، ئۇنىڭ پايىنەك ۋە يا ئايدىڭ بېشىدىكى داغنىڭ
ئۆزىنى پېسە توغرىسىدىكى داغدەك قىزغۇچ ئاق بولغىنىنى كۆرسە، [44] پېسەلىك ئۇنىڭ بېشىغا
چۇشۇپ، ئۆزى پېسە بولۇپ قېلىپ، ناپاك بولغاچ كاھىن ئۇنىڭ ناپاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن.

[45] كىمكى پېسەلىككە گىرىپتار بولغان بولسا، يىرتىق ئېگىنلەر كىيىپ، بېشىنى ئوچۇق
قويۇپ، بۇرۇتىنى يېپىپ: «ناپاك، ناپاك» دەپ توۋلاپ يۇرسۇن. [46] قاچانغىچە پېسەلىكتە
تۇرسا، ناپاك بولغىنى ئۇچۇن ناپاك سانىلىپ، يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئولتۇرىدىغان جايى

چېدىرگاھنىڭ سىرتىدا بولسۇن.
[47] ئەگەر بىر ئېگىن خاھى يۇڭدىن بولسۇن، خاھى كاناپ يىپتىن بولسۇن، ئۇنىڭدا پېسەلىك
بولسا [48] يا يۇڭ بىلەن كاناپ ئېگىنىنىڭ ئارقاق-ئۇرۇشىدا بولسا، ۋە يا تېرە بىلەن تېرىدىن
ئېتىلگەن نەرسىلەرنىڭ بىر قايسىسىغا پېسەلىك چۈشۈپ قالسا، [49] ئېگىنىنىڭ ئارقاق-
ئۇرۇشىغا ياكى تېرە بىلەن ئۇنىڭدىن ئېتىلگەن نەرسىلەرگە چۈشۈپ قالغان پېسەلىكنىڭ
ئۆزى يېشىلراق ياكى قىزغۇچ بولسا، بۇ ئۆزى پېسەنىڭ دېغى بولغاچ كاھىنغا كۆرسىتىلسۇن.
[50] كاھىن بۇنىڭغا سەپسېلىپ بېقىپ، پېسەلىك چۈشۈپ قالغان نەرسىنى يەتتە كۈنگىچىلىك
ساقلاپ قويسۇن. [51] يەتتىنچى كۈنى دېغى بار جايغا قاراپ باقسا، پېسەلىك ئۆزى ئېگىنىنىڭ
ئارقاق-ئۇرۇشىدا ياكى تېرە بىلەن تېرىدىن توقۇلغان نەرسىلەرنىڭ قايسى بىرىدىن كەڭرىپ
كەتكەن بولسا، بۇ ئۆزى يەپ كېتىدىغان پېسەلىك ئىكەن دەپ، ناپاك سانالسۇن. [52] ئۇنىڭ
ئۈچۈن كاھىن ئۆزى ئارقىقى ياكى ئۇرۇشىغا مۇنداق داغ چۈشۈپ قالغان ئېگىنىنى كۆيدۈرۈپ،
تېرىدىن ئېتىلگەن ھەرنېمىدە مۇنداق دېغى بولسا بۇنىمۇ كۆيدۈرىۋەتسۇن، چۈنكى بۇ ئۆزى
يامان خىل پېسەلىك بولغاچ مۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرمەك كېرەكتۇر.
[53] لېكىن ئەگەر كاھىن بۇنىڭغا سەپسېلىپ باققىنىدا، بۇ داغنىڭ ئېگىنىنىڭ ئارقاق-ئۇرۇشىدا
ۋە يا تېرىدىن ئېتىلگەن بىر نېمىدە كەڭرىمىگىنىنى كۆرسە، [54] كاھىن ئۆزى دېغى بار نەرسە
يۇيۇلسۇن دەپ بۇيرۇپ، ئىككىنچى مەرتىۋە ئۇنى يەتتە كۈنگىچە ساقلىسۇن. [55] بۇ داغ
يۇيۇلغاندىن كېيىن كاھىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ باققىنىدا، ئۇنىڭ رەڭگى ئۆزگەرمەي، كەڭرىپ
كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزى ناپاكتۇر. بۇ داغ ئۆزى، خاھى ئۇنىڭ ئىچ يۈزىدە بولسۇن، خاھى
تاش يۈزىدە بولسۇن، يەپ كېتىدىغان بالا بولغاچ ئېگىن ئۆزى كۆيدۈرۈلسۇن. [56] لېكىن ئەگەر
يۇيۇلغاندىن كېيىن كاھىن سەپسېلىپ باققىنىدا، داغنىڭ رەڭگى سۇسلىشىپ كەتكەن بولسا،
ئۇ بۇنى ئېگىنىنىڭ ئارقاق-ئۇرۇشىدىن ياكى تېرىدىن يىرتىۋېلىپ تاشلىۋەتسۇن. [57] ئەگەر بۇ
داغ ئۆزى تېخى ئېگىنىنىڭ ئارقاق-ئۇرۇشىدا ۋە يا تېرىدىن ئېتىلگەن نەرسىدە كۆرۈنسە، بۇ
ئۆزى يېيىلىدىغان بالا ئىكەن دەپ، بالا چاپلاشقان ئېگىن كۆيدۈرۈۋېتىلسۇن. [58] لېكىن ئەگەر
داغ ئۆزى ئېگىنىنىڭ ئارقاق-ئۇرۇشىدىن ياكى تېرىدىن ئېتىلگەن نەرسىدىن يۇيۇلماق بىلەن
كېتىپ قالسا، بۇ ئېگىن ئۆزى ئىككىنچى مەرتىۋە يۇيۇلۇپ پاك سانالسۇن. [59] يۇڭ يا كاناپ
ئېگىنىنىڭ ئارقاق-ئۇرۇشىدا ۋە يا تېرىدىن ئېتىلگەن بىر نەرسىدە پېسەلىكنىڭ دېغى چۈشۈپ
قالغان بولسا، ئۇنى پاك ياكى ناپاك ساناش ئۈچۈن توختىتىلغان قانۇن ئۆزى شۇدۇر».

## پېسە كېسەللىكىدىن پاك بولۇش

14 [1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «پېسە بولغان كىشى پاك قىلىنىدىغان ۋاقىتتا قانداق قىلغىلى كۆرسىتىدىغان
قانۇن شۇدۇركى، ئۇ ئۆزى كاھىننىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلسۇن. [3] كاھىن بولسا چېدىرگاھنىڭ

تاشقىرىغا چىقىپ، ئۆزى پېسە بولغان كىشىگە سەپسېلىپ باققىنىدا پېسە كېسىلىنىڭ ئۆز
پېسەلىكىدىن ساقىيىپ قالغىنىنى كۆرسە، 4 كاھىن ئۆزى: ‹ پاك قىلىنىدىغان كىشى ئۈچۈن
ئىككى پاك بولغان تىرىك ئۈچارقانات، كېدىر ياغىچى، قىرمىزى يىپ ۋە زۇپا كەلتۈرۈلسۇن› دەپ
بۇيرۇسۇن. 5 ئاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى: ‹ ئۈچارقاناتلارنىڭ بىرىنى تازا سۇ بار بىر كوزىنىڭ
ئۈستىدە بوغۇزلاڭلار› دەپ بۇيرۇپ، 6 تىرىك ئۈچارقانات بىلەن كېدىر ياغىچىنى قىرمىزى يىپ
بىلەن زۇپانى ئېلىپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزى بىلەن تىرىك ئۈچارقاناتنى تازا سۇنىڭ ئۈستىدە
بوغۇزلانغان ئۈچارقاناتنىڭ قېنىغا چىلاپ، 7 پېسەلىكتىن پاك قىلىنىدىغان كىشىگە يەتتە
مەرتىۋە چېچىپ، ئۇنى پاك قىلغاندىن كېيىن تىرىك ئۈچارقاناتنى سەھراغا قويۇپ بەرسۇن.
8 پېسەلىكتىن پاك قىلىنىدىغان كىشى بولسا ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، چېچىنى چۈشۈرۈپ،
ئۆزىنى سۇدا يۇغاندىن كېيىن، پاك بولۇپ چېدىرگاھقا كىرگىلى ئىجازەت تاپسۇن. ھەرقانداق
بولسا، يەتتە كۈنگىچە ئۆز چېدىرىنىڭ سىرتىدا توختاپ تۇرسۇن.
9 يەتتىنچى كۈنى ھەممە تۈكىنى چۈشۈرۈپ، خاھى باشىنىڭ چېچى بولسۇن، خاھى ساقال ۋە
يا قاش بولسۇن، ھەممىسىنى چۈشۈرسۇن. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزى چېچىنىڭ ھەممىسىنى
چۈشۈرۈپ، ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، سۇدا ئۆز بەدىنىنى يۇسا، پاك بولىدۇ.
10 سەككىزىنچى كۈنى ئۇ ئۆزى ئىككى ئەيىبسىز بولغان ئەركەك قوزا بىلەن بىر ياشقا كىرگەن
چىشى كۆزىنى، بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمىغا باراۋەر ياغ ئىلەشتۈرۈلگەن ئاق
ئۇن بىلەن بىر لوگ مىقدارى ياغنى يېگۈلۈك قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرسۇن. 11 بۇ رەسمىنى
ئۆتكۈزىدىغان كاھىن ئۆزى پاك قىلىنىدىغان كىشى بىلەن مەزكۇر نەرسىلەرنى جامائەت
چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغۇزۇپ قويسۇن. 12 ئاندىن
كېيىن كاھىن ئۆزى ئەركەك قوزىلارنىڭ بىرىنى ئېلىپ، خاتا قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزۈپ،
ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەزكۇر بىر لوگ مىقدارى ياغنىمۇ كەلتۈرۈپ، پۇلاڭلاتما قۇربانلىق قىلماق
ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا پۇلاڭلاتسۇن. 13 بۇ قوزا بولسا مۇقەددەس خانىنىڭ ئىچىدە
گۇناھ قۇربانلىقى بىلەن كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلار بوغۇزلىنىدىغان جايدا
بوغۇزلانسۇن. چۈنكى خاتا قۇربانلىقى بولسا گۇناھ قۇربانلىقىدەك كاھىنغا تېگىپ، ھەممىدىن
مۇقەددەس سانالسۇن. 14 كاھىن ئۆزى خاتا قۇربانلىقى قىلىنغان ھايۋاننىڭ قېنىدىن ئېلىپ،
پاك قىلىنىدىغان كىشىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا سۈرتۈپ، ئوڭ قولىنىڭ چوڭ بارمىقى
بىلەن ئوڭ پۇتىنىڭ چوڭ بارمىقىغىمۇ سۈۋاپ قويسۇن. 15 ئاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى
مەزكۇر بىر لوگ مىقدارى ياغدىن ئازغىنا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ چەپ قولىنىڭ ئالىقىنىغا قۇيسۇن.
16 قويۇپ، كاھىن ئۆزى ئوڭ بارمىقىنى چەپ قولىدىكى ياغقا چىلاپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا
يەتتە مەرتىۋە بارمىقى بىلەن ياغنى چاچسۇن. 17 ئاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى قولىدىكى قالغان
ياغدىن ئېلىپ، پاك قىلىنىدىغان كىشىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن ئوڭ قولى ۋە
ئوڭ پۇتىنىڭ چوڭ بارماقلىرىدىكى سۈۋالغان خاتا قۇربانلىقىنىڭ قېنىنىڭ ئۈستىگە سۈۋاپ
قويسۇن. 18 سۈۋاپ بولۇپ، كاھىن ئۆزى قولىدىكى ئېشىپ قالغان ياغنى پاك قىلىنىدىغان

كىشىنىڭ بېشىغا قۇيۇپ قويسۇن. بۇ تەرىقىدە كاھىن ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا
كافارەت بەرسۇن. [19] ئاندىن كېيىن كاھىن گۇناھ قۇربانلىقىنى ئۆتكۈزۈپ، پاك قىلىنىدىغان
كىشى ئۆزى ناپاكلىقىدىن پاك بولسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كافارەت بېرىپ، كېيىن كۆيدۈرمە
قۇربانلىق بولىدىغان ھايۋاننى بوغۇزلىسۇن. [20] بوغۇزلاپ، كاھىن ئۆزى كۆيدۈرمە قۇربانلىق
بىلەن يېگۈلۈك قۇربانلىقنى قۇربانگاھتا ئۆتكۈزسۇن. بۇ تەرىقىدە كاھىن ئۇنىڭ ئۈچۈن
كافارەت بەرسە، ئۇ كىشى پاك بولىدۇ.
[21] لېكىن ئەگەر ئۇ كەمبەغەللىكتىن مۇنچە كەلتۈرەلمىسە، يالغۇز بىر ئەركەك قوزىنى خاتا
قۇربانلىقى قىلىپ پۇلاڭلىتىپ، ئۆز تەرىپىدىن كافارەت بېرىپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر
ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىگە باراۋەر ياغ ئىلەشتۈرۈلگەن ئاق ئۇن بىلەن بىر لوگ مىقدارى
ياغ كەلتۈرۈپ، [22] ئۆزىگە يارىشا ئىككى پاختەك ۋە يا ئىككى باچكىمۇ ئېلىپ كېلىپ، بىرىنى
گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن تەييارلاپ، [23] سەككىزىنچى
كۈنى بۇ نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ پاك قىلىنىشى ئۈچۈن جامائەت چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىغا
ئېلىپ كېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا كاھىننىڭ قېشىغا كەلتۈرسۇن. [24] كەلتۈرگىنىدە،
كاھىن ئۆزى خاتا قۇربانلىقى بولىدىغان قوزا بىلەن مەزكۇر بىر لوگ مىقدارى ياغنى ئېلىپ،
پۇلاڭلاتما قۇربانلىق بولسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا پۇلاڭلاتسۇن. [25] خاتا قۇربانلىقى
قىلىنغان قوزا بوغۇزلانغاندىن كېيىن، كاھىن خاتا قۇربانلىقى قىلىنغان ھايۋاننىڭ قېنىدىن
ئېلىپ، پاك قىلىنىدىغان كىشىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى، ئوڭ قولىنىڭ چوڭ بارمىقى
ۋە ئوڭ پۇتىنىڭ چوڭ بارمىقىغا سۈرتۈپ قويسۇن. [26] ئاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى ياغدىن
ئازغىنا ئېلىپ، چەپ قولىنىڭ ئالىقىنىغا قۇيسۇن. [27] شۇنى قىلىپ بولۇپ، كاھىن ئوڭ
بارمىقى بىلەن چەپ قولىدىكى ياغدىن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا يەتتە مەرتىۋە چاچسۇن.
[28] ئاندىن كاھىن ئۆزى قولىدىكى ياغدىن ئېلىپ، پاك قىلىنىدىغان كىشىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ
يۇمشىقىغا سۈرتۈپ، ئوڭ قولىنىڭ چوڭ بارمىقى بىلەن ئوڭ پۇتىنىڭ چوڭ بارمىقىغىمۇ خاتا
قۇربانلىقى بولغان ھايۋاننىڭ قېنىنىڭ ئۈستىگە سۈۋىسۇن. [29] كاھىننىڭ قولىدىكى ياغنىڭ
قالغىنىنى ئۇ ئۆزى، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭغا كافارەت بېرەي دەپ، پاك قىلىنىدىغان
كىشىنىڭ بېشىغا قۇيۇپ، [30] ئۇ كىشى كەلتۈرەلىگىنىگە قاراپ پاختەكلەرنىڭ بىرى ۋە يا
باچكىلارنىڭ بىرىنى ئۆتكۈزۈپ، [31] ئۇنىڭ كەلتۈرەلىگىنىگە مۇۋاپىق بىرىنى گۇناھ قۇربانلىقى
قىلىپ، يەنە بىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن بىللە ئۆتكۈزسۇن.
بۇ تەرىقىدە كاھىن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا پاك قىلىنىدىغان كىشى ئۈچۈن كافارەت بەرسۇن.
[32] پېسە بولۇپ پاك قىلىنىشى ئۈچۈن ۋاجىپ بولىدىغان نەرسىلەرنى كەلتۈرەلمىگەن كىشى
توغرىسىدىكى قانۇن ئۆزى شۇدۇر».

[33] خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[34] «سىلەر مەن ئۆزۈڭلارغا مىراس قىلىپ بېرىدىغان قانائان يۇرتىغا كىرگەندىن كېيىن، مەن

سىلەرگە مىراس قىلىپ بېرىدىغان يۇرتنىڭ بىر ئۆيىگە پېسەلىك ئەۋەتسەم، [35] ئۆينىڭ
ئىگىسى كاھىننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇنى دەپ بېرىپ: ‹ مېنىڭ ئۆيۈم پېسەلىككە
گىرىپتار بولغاندەك كۆرۈنىدۇ› دەپ ئېيتسۇن. [36] شۇنى دېسە، كاھىن ئۆزى: ‹ ئۆيدىكى
ھەممە نەرسىلەر ناپاك بولمىسۇن دەپ، مەن بېرىپ، بۇ بالاغا سەپسېلىپ باقماستا ئۆينى بىكار
قىلىڭلار› دەپ بۇيرۇسۇن. ئاندىن كېيىن كاھىن كىرىپ، ئۆيگە سەپسېلىپ باقسۇن. [37] بۇ
بالاغا گىرىپتار بولغان جايغا سەپسېلىپ باققىنىدا، ئۆينىڭ تاملىرىغا يۇقۇپ قالغان داغلار
كاۋاك بولۇپ يېشىلراق ۋە يا قىزغۇچ كۆرۈنۈپ، تامنىڭ قالغان جايىدىن چوڭقۇر بولسا،
[38] كاھىن ئۆزى ئۆيدىن چىقىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، ئۆينىڭ ئۆزىنى يەتتە كۈنگىچىلىك
ئېتىپ قويسۇن. [39] ئەگەر كاھىن ئۆزى يەتتىنچى كۈنى يېنىپ كېلىپ، سەپسېلىپ
باققىنىدا، ئۆينىڭ تاملىرىدىكى داغلارنىڭ كەڭرىپ كەتكىنىنى كۆرسە، كاھىن ئۆزى: [40] ‹
بالا يۇققان تاشلارنى چىقىرىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر ناپاك جايغا تاشلىۋېتىڭلار›
دەپ بۇيرۇسۇن. [41] لېكىن ئۆينىڭ ئۇستى بىلەن ئىچىنى قىردۇرۇپ، قىرىلغان توپا بولسا
شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر ناپاك جايغا تاشلانسۇن. [42] ئەمما ئىلگىرىكى تاشلارنىڭ ئورنىدا
باشقا تاشلار قويۇلۇپ، لاي يەنە ئېتىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆي ئۆزى سۇۋالسۇن. [43] لېكىن
ئەگەر تاشلار چىقىرىلىپ بولۇپ، ئۆي ئۆزى قىرىلىپ سۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆيدە بىر داغ يەنە
چىقىپ قالسا، [44] كاھىن ئۆزى كىرىپ، بۇنىڭغا سەپسېلىپ باقسۇن. سەپسېلىپ باققىنىدا
داغنىڭ ئۆيدە كەڭرىپ كەتكىنىنى كۆرسە، بۇ ئۆزى ئۆيگە يۇققان يامان خىل پېسەلىك
بولغاچ ئۆي ئۆزى ناپاكتۇر. [45] بۇ سەۋەبتىن ئۆينىڭ تاش بىلەن ياغىچى ۋە خىشلىرىنىڭ
بارچىسىنى چۇشۇرۇپ، ھەممىسىنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر ناپاك جايغا كەلتۈرسۇن.
[46] ئۆي ئۆزى تاقاقلىق بولغان ۋاقىتتا بىركىم ئۇنىڭغا كىرگەن بولسا، ئۇ ئۆزى ئاخشامغىچە
ناپاك سانالسۇن. [47] ئەگەر بىركىم ئۆينىڭ ئۆزىدە ياتقان بولسا، ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇسۇن
ۋە ئەگەر بىركىم ئۆيدە تائام يېگەن بولسا، ئۇمۇ ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇسۇن. [48] لېكىن
ئەگەر كاھىن ئۆزى كىرىپ ئۆيگە سەپسېلىپ باققىنىدا، داغنىڭ ئۆي ئۆزى سۇۋىلغاندىن
كېيىن ئۇنىڭدا كەڭرىپ كەتمىگىنىنى كۆرسە، بالا ئۆزى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچ، ئۆينىڭ
پاك ئىكەنلىكىنى جاكارلىسۇن. [49] ئەمما ئۆينىڭ پاك قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇ ئۆزى ئىككى
ئۇچارقانات، كېدىر ياغىچى، قىرمىز يىپ ۋە زۇپا ئېلىپ، [50] ئۇچارقاناتلارنىڭ بىرىنى تازا سۇ
بار بىر كوزىنىڭ ئۇستىدە بوغۇزلاپ، [51] ئاندىن كېدىر ياغىچى، زۇپا ۋە قىرمىز يىپنى ئېلىپ،
تىرىك ئۇچارقاناتقا قوشۇپ، ھەممىسىنى بوغۇزلانغان ئۇچارقاناتنىڭ قېنى بىلەن تازا سۇغا
چىلاپ، ئۆيگە يەتتە مەرتىۋە چاچسۇن. [52] بۇ تەرىقىدە ئۇ ئۆزى ئۇچارقاناتنىڭ قېنى بىلەن
تازا سۇنى، تىرىك ئۇچارقانات بىلەن كېدىر ياغىچىنى، زۇپا بىلەن قىرمىز يىپنى ئىشلىتىپ
ئۆينى پاك قىلسۇن. [53] ئەمما تىرىك ئۇچارقانات بولسا ئۇنى ئۇ ئۆزى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى
سەھرادا قويۇپ بەرسۇن. ئۇ شۇنداق قىلىپ، ئۆي ئۈچۈن كاپارەت بەرسە، ئۆي پاك بولىدۇ.
[54] بۇ قانۇن ئۆزى پېسە قوتۇرلۇقىغا گىرىپتار بولغان ھەممىسى توغرىسىدا

بۇيرۇلۇپ، [55] ئېگىسى بىلەن ئۆيگە يۇققان پېسەلنىڭ توغرىسىدا ئەمر قىلىنىپ، [56] تېرىدىكى
ئىششىق، قوتۇرلۇق ۋە ئاق داغلار توغرىسىدا توختىتىلىپ،
[57] ناپاك بىلەن پاك توغرىسىدا تەلىم بېرىدىغان قانۇندۇر. بۇ ئۆزى پېسەلنىڭ توغرىسىدىكى
قانۇندۇر».

## ئەر-خوتۇنلارنىڭ ھەرخىل ئاقمىسى توغرىسىدا

15 [1] خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «بەنى-ئىسرائىلغا سۆز قىلىپ ئېيتىڭلاركى: ‹ ئەگەر بىر ئەركەك كىشىنىڭ تېنىدىن
ئاقما چىقسا، شۇنداق كىشى ئاقما سەۋەبىدىن ناپاك سانالسۇن. [3] قاچانغىچە كىشى ئاقمىغا
گىرىپتار بولۇپ تۇرسا، ئۇنىڭ ناپاكلىقى توغرىسىدا توختىتىلغان ھۆكۈم شۇكى، خاھى ئاقما
بەدىنىدىن ئېقىپ تۇرسا، خاھى ئېقىشتىن توختىتىلغان بولسا، كىشى ئۆزى ناپاك سانالسۇن.
[4] مۇنداق كېسەل كىشى قايسى نەرسىنىڭ ئۈستىدە ياتسا، بۇ نەرسە ناپاك بولۇپ، قايسى
نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسا، بۇ نەرسىمۇ ناپاك بولىدۇ. [5] كىمكى ئۇنىڭ ياتقان نەرسىسىگە
تەگسە، ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، سۇغا چۆمۈلۈپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. [6] كىمكى
مۇنداق كېسەلنىڭ ئولتۇرغان نەرسىسىدە ئولتۇرسا، ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، سۇغا
چۆمۈلۈپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. [7] كىمكى ئاقمىغا گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ
بەدىنىگە تەگسە، ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، سۇغا چۆمۈلۈپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن.
[8] ئەگەر ئاقما كېسەللى بار كىشى پاك بولغان بىركىمگە تۈكۈرسە، ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ،
سۇغا چۆمۈلۈپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. [9] قايسى بىر ئېگەر-توقۇمنىڭ ئۈستىگە ئاقما
كېسەللى بار كىشى مىنسە، بۇ نەرسە ئۆزى ناپاك سانالسۇن. [10] كىمكى ئۇنىڭ تېگىدە قويۇلغان
قايسى نەرسىگە تەگسە، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن ۋە كىمكى مۇنداق نەرسىنى كۆتۈرسە،
ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، سۇغا چۆمۈلۈپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. [11] ئاقما كېسەللى
بار كىشى قولىنى يۇماستىن بىركىمگە تەگكۈزسە، بۇ كىشى ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، سۇغا
چۆمۈلۈپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. [12] قايسى بىر ساپال قاچىنى ئاقما كېسەللى بار
كىشى تۇتۇپ سالسا، شۇ قاچا سۇندۇرۇلسۇن، ياغاچ قاچا بولسا سۇدا يۇيۇلسۇن.
[13] قاچانكى ئاقما بار كىشى ئاقما كېسەلدىن ساقايسا، پاك بولمىقى ئۈچۈن يەتتە كۈننى
ھېسابلاپ ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، ئېقىن سۇغا چۆمۈلسە پاك سانالسۇن.
[14] سەككىزىنچى كۈنى ئىككى پاختەك ۋە يا ئىككى باچكا ئېلىپ، جامائەت چېدىرىغا
كىرىدىغان دەرۋازىغا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ، كاھىنغا تاپشۇرسۇن. [15] كاھىن ئۆزى
بىرىنى گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن ئۆتكۈزسۇن. بۇ
تەرىقىدە كاھىن ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ ئاقما كېسەللى ئۈچۈن كاپارەت بەرسۇن.

[16] ئەگەر بىر ئەر كىشىنىڭ مەنىيسى چىقىپ كەتكەن بولسا، پۈتۈن بەدىنىنى سۇدا يۇيۇپ ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. [17] قايسى ئېگىن ۋە يا تېرىگە مەنىي يۇقۇپ قالسا، سۇدا يۇيۇلۇپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. [18] ئەگەر بىر خوتۇن كىشى بىلەن ئەر كىشى يېتىپ مۇناسىۋەت قىلىپ، مەنىيسى چىقسا، ئىككىلىسى سۇغا چۆمۈلۈپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن.

[19] ئەگەر بىر خوتۇن كىشىنىڭ ئادەت كېلىش ھالىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەيزنىڭ قېنى كەلسە، يەتتە كۈنگىچە ناپاك تۇرۇپ، كىمكى ئۇنىڭغا تەگسە، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. [20] قايسى بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە ھەيز ۋاقتىدا ياتقان بولسا، بۇ نەرسە ناپاك سانىلىپ، قايسى نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغان بولسا، بۇمۇ ناپاك سانالسۇن. [21] ئەگەر بىركىم ياتقان نەرسىسىگە تەگسە، ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، سۇغا چۆمۈلۈپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. [22] كىمكى ئۇنىڭ ئولتۇرغان نەرسىسىگە تەگسە، ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. [23] ئەگەر بىركىم ئۇنىڭ ياتقان ۋە يا ئولتۇرغان جايىدا قويۇلغان نەرسىگە تەگسە، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. [24] ئەگەر بىر ئەر كىشى مۇنداق خوتۇن بىلەن يېتىپ مۇناسىۋەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھەيز قېنى مۇنىڭغا يۇقۇپ قالسا، ئۇ ئۆزى يەتتە كۈنگىچە ناپاك تۇرۇپ، ھەرنېمىنىڭ ئۈستىدە ياتسا، بۇمۇ ناپاك سانالسۇن. [25] ئەگەر بىر خوتۇننىڭ ھەيز كۈنلىرىدىن باشقىمۇ تولا كۈنگىچە قېنى كېلىپ تۇرسا ياكى ھەيزدىن توختىماي ئېقىپ تۇرسا، بۇ ناپاك قان ئېقىپ تۇرغان كۈنلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھەيز كۈنلىرىدە تۇرغاندەك تۇرسۇن. چۈنكى ئۇ ئۆزى ناپاكتۇر. [26] قان ئاققان كۈنلەرنىڭ ئىچىدە قايسى بىر نېمىنىڭ ئۈستىگە ياتسا، بۇ نەرسە ئۆزى ھەيزنىڭ تۆشىكىدەك ناپاك بولۇپ، قايسى بىر نېمىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغان بولسا، بۇ نەرسە ھەيزنىڭ نىجاسىتىدەك ناپاك سانالسۇن. [27] بىركىم بۇ نەرسىلەرگە تەگسە، ئۆزى ناپاك بولۇپ، ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، سۇغا چۆمۈلۈپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. [28] قاچانكى مۇنداق خوتۇن ئاقمىدىن ساقايسا، يەتتە كۈننى ھېسابلاپ ئۆتكۈزۈپ بولغاندا ئۆزى پاك سانىلىدۇ. [29] سەككىزىنچى كۈنى ئۇ ئۆزى ئىككى پاختەك ۋە يا ئىككى باچكىنى ئېلىپ، جامائەت چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىغا كاھىننىڭ قېشىغا كەلتۈرسۇن. [30] كاھىن ئۆزى بۇنىڭ بىرىنى گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن ئۆتكۈزسۇن. بۇ تەرىقىدە كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ ناپاك ئاقما قېنىدىن پاك بولۇشىغا ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدىكى كاپارەت بەرسۇن.
[31] سىلەر بولساڭلار بۇ تەرىقىدە بەنى-ئىسرائىلنى ناپاكلىقىدىن ئاجرىتىڭلار. بولمىسا ئۆز ئارىسىدا بولغان مېنىڭ ماكانىمنى ناپاك قىلىپ سېلىپ، ناپاكلىقىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. [32] ئاقما كېسىلى بار كىشى بىلەن مەنىيسى ئېقىپ كېتىپ ناپاك بولغان كىشى توغرىسىدا توختىتىلىپ، [33] ھەيز كۆرگەن خوتۇن، ئاقما كېسىلى بار ئەر ياكى خوتۇن ۋە ناپاك خوتۇن بىلەن يېتىپ مۇناسىۋەت قىلغان ئەر توغرىسىدا كەلگەن قانۇن ئۆزى شۇدۇر».

## كاپارەت كۈنى

16 1 ھارۇننىڭ ئىككى ئوغلى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا يېقىن بارمىقى بىلەن ئۆلۈپ
كەتكەندىن كېيىن، خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلدى. 2 خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى:
«سەن ئۆز بۇرادىرىڭ ھارۇنغا ئېيتقىنكى، ئۇ ئۆزى: مەن ئۆلۈپ كەتمەي دەپ، پەردىنىڭ
ئىچىدىكى مۇقەددەس جايدا قويۇلغان ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىكى مەرھەمەت تەختىنىڭ
ئالدىغا ھەر ۋاقىت كىرمىسۇن. چۈنكى مەن بولسام بۇلۇتتا كېلىپ، مەرھەمەت تەختىنىڭ
ئۈستىدە ئاشكارا بولىمەن. 3 ھارۇن مۇقەددەس خانىغا كىرىدىغان بولسا، گۇناھ قۇربانلىقى
ئۈچۈن بىر ياش بۇقىنى ئېلىپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر قوچقارنى ئېلىپ كېلىپ،
4 ئۆزى كاناپتىن بولغان مۇقەددەس كۆينەكنى كىيىپ، بەدىنىنى ياپىدىغان كاناپتىن بولغان
ئىشتاننىمۇ كىيىپ، بېلىگە كاناپتىن بولغان بىر بەلۋاغنى باغلاپ، بېشىغا كاناپتىن ئېتىلگەن
بىر سەللىنى يۆگەپ كەلسۇن. بۇ ئۆزى مۇقەددەس ئېگىن بولغاچ كىيىمەستىن ئىلگىرى
بەدىنىنى سۇدا يۇسۇن. 5 بەنى-ئىسرائىل جامائىتىدىن ئۇ ئۆزى گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن
ئىككى تېكىنى، كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن بىر قوچقارنى قوبۇل قىلسۇن. 6 ئۇ ۋاقىت
ھارۇن گۇناھ قۇربانلىقى بولىدىغان ئۆز بۇقىسىنى كەلتۈرۈپ، ئۆزى بىلەن ئۆز ئۆيى ئۈچۈن
كاپارەت بېرىپ، 7 ئاندىن ئۇ ئىككى تېكىنى ئېلىپ، ئۇلارنى جامائەت چېدىرىغا كىرىدىغان
دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغۇزسۇن. 8 ئاندىن كېيىن ھارۇن بۇ
ئىككى تېكە توغرىسىدا چەك تاشلاپ، بىر چەكنى خۇداۋەندە ئۈچۈن، يەنە بىر چەكنى ئازازەل
ئۈچۈن تاشلىسۇن. 9 چىققان چەككە مۇۋاپىق خۇداۋەندىگە تېگىدىغان تېكە بولسا ھارۇن
ئۇنى كەلتۈرۈپ، گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزسۇن. 10 لېكىن چىققان چەككە مۇۋاپىق
ئازازەلگە تېگىدىغان تېكە بولسا ئۇ ئۆزى ئازاد قويۇلۇپ، چۆلدىكى ئازازەلنىڭ قېشىغا كەتمەك
ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىگە كاپارەت بېرىلسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا تىرىك تۇرغۇزۇلسۇن.
11 ئەمما ھارۇن بولسا گۇناھ قۇربانلىقى بولىدىغان ئۆز بۇقىسىنى كەلتۈرۈپ، ئۆزى بىلەن ئۆز
ئۆيى ئۈچۈن كاپارەت بېرىپ، گۇناھ قۇربانلىقى قىلىنىغان بۇ بۇقىسىنى بوغۇزلاپ،
12 ئاندىن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدىكى قۇربانگاھتىن ئېلىنىغان چوغ بىلەن تولغان بىر
ئىسرىقدانىنى ئېلىپ، قوللىرىنى خۇشبۇي دورا-دەرمەكتىن تولدۇرۇپ، بۇنى پەردىنىڭ
ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىپ، 13 مەن ئۆلمەي دەپ، ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئۈستىدىكى مەرھەمەت
تەختىنى ياپىدىغان ئىسرىق بۇلۇتى پەيدا بولماق ئۈچۈن، خۇشبۇي دورا-دەرمەكنىڭ ئۆزىنى
خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئوتنىڭ ئۈستىگە قويسۇن. 14 ئاندىن بۇقىنىڭ قېنىدىن ئېلىپ،
ئۆز بارمىقى بىلەن مەرھەمەت تەختىنىڭ ئالدى تەرىپىگە چېچىپ، مەرھەمەت تەختىنىڭ
ئالدىغىمۇ ئۆز بارمىقى بىلەن قاندىن ئېلىپ يەتتە مەرتىۋە چاچسۇن. 15 ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى
خەلقنىڭ گۇناھ قۇربانلىقى قىلىنىغان تېكىسىنى بوغۇزلاپ، قېنىنى پەردىنىڭ ئىچكىرىگە
كەلتۈرۈپ، بۇقىنىڭ قېنى بىلەن قىلغاندەك بۇنىڭ قېنى بىلەن قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئېلىپ
مەرھەمەت تەختىنىڭ ئۆزىگە چېچىپ، مەرھەمەت تەختىنىڭ ئالدىغىمۇ چېچىپ،

[16] بۇ تەرىقىدە مۇقەددەس خانا ئۇچۇن كاپارەت بېرىپ، بەنى-ئىسرائىل ھەرنېمە گۇناھ قىلغان
بولسىمۇ، مۇقەددەس خانىنىڭ ئۆزىنى ئۇلارنىڭ بۇزۇقلۇقى بىلەن خاتالىرىدىن پاك قىلىپ،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جاي تېپىپ، ناپاكلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان جامائەت چېدىرىنىمۇ
شۇنداق قىلسۇن.
[17] ئەمما ئۇ ئۆزى كاپارەت بەرمەك ئۇچۇن مۇقەددەس خانىغا كىرگەندىن تارتىپ چىققۇچىلىك،
ھېچبىر كىشى جامائەت چېدىرىدا تۇرمىسۇن. بۇ تەرىقىدە ئۇ ئۆزى ئۆزى بىلەن ئۆز ئۆيى
ۋە ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى ئۇچۇن كاپارەت بەرسۇن. [18] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى
خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدىكى قۇربانگاھقا چىقىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇنمۇ كاپارەت بېرىپ، بۇقىنىڭ
قېنى بىلەن تېكىنىڭ قېنىدىن ئېلىپ، قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىدىكى مۈڭگۈزلەرگە سۈرتۈپ،
[19] بارمىقى بىلەن قاندىن ئېلىپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىگە يەتتە مەرتىۋە چېچىپ ئۇنى بەنى-
ئىسرائىلنىڭ ناپاكلىقىدىن پاك قىلىپ مۇقەددەس قىلسۇن. [20] ئۇ ئۆزى مۇقەددەس خانا،
جامائەت چېدىرى ۋە قۇربانگاھ ئۇچۇن كاپارەت بېرىپ بولغاندىن كېيىن تىرىك تېكىنى
كەلتۈرسۇن. [21] كەلتۈرۈپ، ھارۇن ئۆزى تىرىك تېكىنىڭ بېشىغا ئىككى قولىنى قويۇپ تۇرۇپ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە بەنى-ئىسرائىل ھەرنېمە گۇناھ قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممە يامانلىقى
بىلەن بارلىق خاتالىرىنى ئىقرار قىلىپ تېكىنىڭ بېشىغا ئارتىپ، بۇنى بىركىمنىڭ ۋاسىتىسى
بىلەن چۆلگە ئەۋەتىۋەتسۇن. [22] بۇ تەرىقىدە تېكە ئۆزى ئۇلارنىڭ ھەممە يامانلىكىنى ئۆز
ئۈستىگە كۆتۈرۈپ، چۆلگە ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن تېكە چۆلگە قويۇپ بېرىلسۇن.
[23] ئاندىن كېيىن ھارۇن جامائەت چېدىرىغا كىرىپ، مۇقەددەس خانىغا كىرىدىغان ۋاقىتتا
كىيگەن كاناپلىق ئېگىنلىرىنى سېلىپ، ئاندا قويۇپ قويۇپ، [24] مۇقەددەس يەردە ئۆز بەدىنىنى
سۇدا يۇيۇپ، ئۆز ئېگىنلىرىنى كىيىپ، تاشقىرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقى
بىلەن خەلقنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى بىلەن قوۋم ئۇچۇن كاپارەت بېرىپ،
[25] گۇناھ قۇربانلىقى بولغان ھايۋاننىڭ يېغىنى قۇربانگاھتا كۆيدۈرسۇن.
[26] لېكىن ئازازەل ئۇچۇن تېكىنى ئېلىپ بېرىپ قويۇپ بەرگەن كىشى بولسا ئۆز ئېگىنلىرىنى
يۇيۇپ، سۇغا چۆمۈلسۇن، ئاندىن چېدىرگاھقا كىرسۇن.
[27] ئەمما كاپارەت بەرمەك ئۇچۇن مۇقەددەس خانىغا كەلتۈرۈلۈپ، گۇناھ قۇربانلىقى قىلىنغان بۇقا
بىلەن گۇناھ قۇربانلىقى قىلىنغان تېكىنى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ
تېرىسى، گۆش ۋە تېزەكلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرسۇن. [28] لېكىن كىمكى ئۇلارنى كۆيدۈرسە، ئۆز
ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، سۇغا چۆمۈلسۇن، ئاندىن چېدىرگاھقا كىرسۇن.
[29] يەتتىنچى ئايى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدە سىلەر بولساڭلار ئۆز نەپسىڭلارنى تارتىپ، خاھى
يەرلىك ئادەم خاھى ئاراڭلاردا تۇرغان مۇساپىر بولسۇن، ئۇ كۈندە ھېچ ئىش قىلماڭلار. بۇ ئۆزى
سىلەرگە بىر ئەبەدىي قانۇن بولسۇن. [30] چۈنكى سىلەرنىڭ تۇغراڭلاردا: خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا
ھەممە گۇناھلىرىدىن پاك بولسۇن دەپ، سىلەرنى پاك قىلغىلى ئۇ كۈندە سىلەر ئۇچۇن كاپارەت
بېرىلىدۇ. [31] بۇ سىلەرگە بىر راھەت كۈنى بولۇپ، نەپسىڭلارنى تارتقايسىلەر دەپ، ئەبەدىي

بىر قانۇن بولسۇن. [32]كىمكى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا كاھىن بولماق ئۈچۈن مەسىھلىنىپ مۇقەددەس قىلىنغان كاھىن بولسا ئۆزى كاناپتىن ئىتىلگەن مۇقەددەس ئىگىنىنى كىيىپ تۇرۇپ، كاپارەتنى بىرىدۇ. [33]ئۇ ھەممىدىن مۇقەددەس خانا ئۈچۈن كاپارەت بىرىپ، جامائەت چېدىرى بىلەن قۇربانگاھ ئۈچۈنمۇ كاپارەت بىرىپ، قالغان كاھىنلار بىلەن خەلقنىڭ بارچە جامائىتى ئۈچۈن ھەم كاپارەت بەرسۇن. [34]بۇ بولسا سىلەرنىڭ بەنى-ئىسرائىل تەرىپىدىن ئۆلارنىڭ بارچە گۇناھلىرى ئۈچۈن يىلدا بىر مەرتىۋە كاپارەت بەرمىكىڭلارغا ئەبەدىي بىر قانۇن بولسۇن». شۇنى دىسە، ئۇ خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى.

## قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان بىردىنبىر جاي

17 [1]خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2]«ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسىگە سۆزلەپ ئېيتقىنكى خۇداۋەندە سىلەرگە بۇيرۇغان ھۆكۈم شۇكى، [3]ھەركىمكى ئىسرائىلنىڭ خاندانىدىن بولۇپ، چېدىرگاھىنىڭ تاشقىرىدا كالا يا قوي ۋە يا ئۆچكىنى بوغۇزلاپ، [4]بۇنى خۇداۋەندە ئۈچۈن ھەدىيە بولسۇن دەپ، جامائەت چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىغا، خۇداۋەندىنىڭ ماكانىنىڭ ئالدىغا كەلتۇرمىسە، ئاققان قان شۇ كىشىنىڭ گەدىنىگە ئارتىلىپ، بۇ ئادەم قان تۆكتى دەپ، ئۆز قوۋمىدىن كېسىلسۇن. [5]ئۇنىڭ ئۈچۈن بەنى-ئىسرائىل ئۆزى ئىلگىرى سەھرادا بوغۇزلاپ يۈرگەن ھايۋانلارنىڭ ئۆزىنى جامائەت چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىغا، خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىغا كەلتۇرۇپ، كاھىنغا تاپشۇرۇپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن شۈكۈر قۇربانلىقى قىلىپ، ئاندا بوغۇزلىسۇن. [6]كاھىن بولسا قاننى ئېلىپ، جامائەت چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىنىڭ ئۈستىگە چېچىپ قويۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۇرسۇن دەپ، ياغىنى كۆيدۇرسۇن. [7]ئۇلار بولسا مۇندىن تارتىپ ئۆز قۇربانلىقلىرىنى ئۆتكۈزسە، بۇزۇقلۇق قىلىپ، كەينىدىن ئەگەشكەن يامان روھلار ئۈچۈن ئۆتكۈزمىسۇن. بۇ ئۆزى ئۇلار ئۈچۈن نەسلىدىن نەسلىگە ئەبەدىي بىر قانۇن بولسۇن. [8]سەن ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىسرائىلنىڭ خاندانىدىن بولغان بىر كىشى ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان مۇساپىرلارنىڭ بىرىسى بىر كۆيدۈرمە قۇربانلىقى ياكى بىر سويۇم قۇربانلىقنى ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ، [9]ئۇنى خۇداۋەندە ئۈچۈن ئۆتكۈزەي دەپ، جامائەت چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلتۇرمىسە، ئۇ كىشى ئۆز قوۋمىدىن كېسىلسۇن.

## قان يېماسلىك توغرىسىدا

[10]ئەگەر ئىسرائىلنىڭ خاندانىدىن بولغان بىر كىشى ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان مۇساپىرلارنىڭ بىرىسى قان يېسە، مەن ئۆز يۈزۈمنى قاننى يېگەن كىشىگە قارشى قىلىپ،

ئۇنى ئۆز قوۋمىدىن يوقىتىۋېتىمەن. [11] چۈنكى ھەر جىسىم بولسا ئۇنىڭ جېنى قاندىدۇر. مەن
ئۇنى جانلىرىڭلار ئۈچۈن قۇربانگاھ ئۈستىدە كاپارەت كەلتۈرۈشكە بەردىم ئەمەسمۇ؟ مانا قان
ئۆزى ئۇنىڭ ئىچىدە بار جاننىڭ ۋاستىسى بىلەن كاپارەت كەلتۈرىدۇ. [12] بۇ سەۋەبتىن بەنى-
ئىسرائىلغا ئېيتىمەنكى، سىلەرنىڭ ھېچبىرى قان يېمەڭ. ئاراڭلاردا ئولتۇرغان مۇساپىرمۇ قان
يېمىسۇن. [13] ئەگەر بەنى-ئىسرائىلدىن بولغان بىر كىشى ۋە يا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان
مۇساپىرلارنىڭ بىرىسى يېيىلىشكە جايىز بولغان بىر چارۋا ھايۋان ۋە يا بىر ئۇچارقاناتنى
شىكار قىلىپ تۇتسا، قېنىنى ئېقىتىپ، ئۇنى توپا بىلەن يېپىپ قويسۇن. [14] چۈنكى بۇ ئۆزى
ھەر جىسىمنىڭ جېنىدۇر. ئۇنىڭ جېنى قېنىدا بولغاچ بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتىمەنكى، سىلەر
بولساڭلار ھېچبىر گۆشنىڭ قېنىنى يېمەڭلار، چۈنكى قان ئۆزى ھەر جىسىمنىڭ جېنىدۇر.
كىمكى ئۇنى يېسە، يوقىتىلسۇن. [15] كىمكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ياكى يىرتىلغان بىر ھايۋاننى
يېسە، ئۇ ئۆزى يەرلىك ئادەم ياكى مۇساپىر بولسۇن، ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، سۇغا چۆمۈلۈپ،
ئاخشامغىچە ناپاك تۇرۇپ، ئاندىن پاك سانالسۇن. [16] لېكىن ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ سۇغا
چۆمۈلمىسە، ئۆز گۇناھىنى كۆتۈرسۇن».

## مەنئى قىلىنغان جىنسىي مۇناسىۋەتلەر

18 [1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى: [3] سىلەرنىڭ تەڭرىڭلار
خۇداۋەندە مەندۇرمەن. سىلەر ئىلگىرى ئولتۇرغان مىسىر يۇرتىنىڭ ئىشلىرىدەك ئىشى
قىلماڭلار ۋە يا مەن سىلەرنى ئېلىپ بارىدىغان قانائان يۇرتىنىڭ ئىشلىرىدەك ئىش قىلماي،
ئۇلارنىڭ رەسىملىرىگە مۇۋاپىق ھەم يۈرمەڭلار، [4] بەلكى مېنىڭ ھۆكۈملىرىمگە ئەمەل قىلىپ،
قانۇنلىرىمنى تۇتۇپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق يۈرۈڭلار. تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مەندۇرمەن. [5] دەرۋەقە
سىلەر مېنىڭ قانۇن بىلەن ئەھكاملىرىمنى تۇتۇڭلار، چۈنكى كىم ئۇلارغا مۇۋاپىق ئەمەل
قىلسا، ئۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ياشايدۇ. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن.
[6] سىلەردىن ھېچكىم ئۆزىگە يېقىن تۇغقان بولغان خوتۇنغا يېقىنلىق قىلىپ، ئەۋرىتىنى
ئاچمىسۇن. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن.
[7] سەن بولساڭ ئاناڭنىڭ ئەۋرىتىنى بىلەن ئاتاڭنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچمىغىن. چۈنكى ئۇ ئۆزى
سېنىڭ ئاناڭ بولغاچ ئۇنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچقىلى بولمايدۇ. [8] ئاتاڭنىڭ خوتۇنىنىڭ ئەۋرىتىنىمۇ
ئاچمىغىن، چۈنكى شۇنداق قىلساڭ، ئاتاڭنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچقاندەك بولىدۇ. [9] سەن
ھەمشىرەڭ، خاھى بىر ئاتىدىن بولۇپ، خاھى بىر ئانىدىن بولۇپ، خاھى ئۆيدە تۇغۇلۇپ،
خاھى تاشقىرىدا تۇغۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچمىغىن. [10] سەن ئۆز ئوغلۇڭنىڭ
قىزى ۋە يا قىزىڭنىڭ قىزىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچمىغىن، چۈنكى بۇلار بولسا ئۆز بەدىنىڭ

ئەمەسمۇ؟ [11] سەن ئاتاڭنىڭ خوتۇنىنىڭ قىزىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچمىغىن. چۈنكى ئۇ ئۆزى
ئاتاڭنىڭ تۇغقىنى بولغاچ ھەمشىرەڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ [12] سەن ئاتاڭنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ
ئەۋرىتىنىمۇ ئاچمىغىن. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئاتاڭنىڭ بىرتۇغقىنى ئەمەسمۇ؟ [13] سەن ئاناڭنىڭ
ھەمشىرىسىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچمىغىن. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئاناڭنىڭ بىرتۇغقىنى ئەمەسمۇ؟
[14] سەن خوتۇنىغا يېقىنلىق قىلىش بىلەن ئاتاڭنىڭ بىرتۇغقىنىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچمىغىن،
چۈنكى ئۇ خوتۇن بولسا سېنىڭ ھاماڭ ئەمەسمۇ؟ [15] سەن كېلىنىڭنىڭ ئەۋرىتىنى
ئاچمىغىن، چۈنكى بۇ ئۆزى سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ خوتۇنى بولغاچ ئۇنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچقىلى
بولمايدۇ. [16] سەن ئۆز بىرتۇغقانىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچمىغىن، چۈنكى مۇنداق
قىلساڭ، ئۆز بىرتۇغقىنىڭنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچقىنىڭدەك بولىدۇ. [17] سەن ئەۋرىتىنى ئاچقان
خوتۇننىڭ قىزىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچماي، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قىزى بىلەن قىزىنىڭ قىزىنىمۇ
خوتۇنلۇققا ئېلىپ ئەۋرىتىنى ئاچمىغىن. ئۇلار بىر-بىرىگە يېقىن تۇغقان بولغاچ مۇنداق
ئىش يىرگىنچلىكتۇر. [18] سەن بىر خوتۇننىڭ يېنىغا ئۇنىڭ ھەمشىرىسىنىمۇ خوتۇنلۇققا
ئالمىغىن. ئۇنداق قىلساڭ، ئاۋۋالقىسىنىڭ ھاياتلىقىدا ھەم بىرىنىڭ ھەم يەنە بىرىنىڭ
ئەۋرىتىنى ئاچساڭ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك چىقىرىسەن. [19] سەن بىر خوتۇننىڭ
ھەيزدىن ناپاك بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا ئەۋرىتىنى ئاچمىغىن. [20] سەن ئۆز ھەقەمسايەڭنىڭ
خوتۇنى بىلەن يېتىپ مۇناسىۋەت قىلىپ، ئۆزۈڭنى ناپاك قىلمىغىن. [21] سەن ئۆز ئەۋلادىڭدىن
ھېچبىرىنى مولوخ دېگەن بۇت ئۈچۈن ئوتقا سېلىپ، قۇربانلىق قىلمىغىن. ئۇنداق قىلساڭ،
ئۆز تەڭرىڭنىڭ ئىسمىنى ناپاك قىلىسەن. مەن ئۆزۈم خۇداۋەندىدۇرمەن. [22] مۇندىن باشقا
سەن خوتۇن بىلەن قىلغاندەك ئەر كىشى بىلەن يېتىپ مۇناسىۋەت قىلمىغىن. بۇ ئىش
ئۆزى يىرگىنچلىكتۇر. [23] سەن بىر ھايۋان بىلەن يېتىپ مۇناسىۋەت قىلىپ ئۆزۈڭنى ناپاك
قىلمىغىن. شۇنداق ھەم خوتۇن كىشى يېتىپ مۇناسىۋەت قىلدۇرماق ئۈچۈن بىر ھايۋاننىڭ
قېشىغا بارمىسۇن. بۇ ئىش بولسا يىرگىنچلىكتۇر. [24] سىلەر بولساڭلار بۇ ئىشلارنى قىلىپ،
ناپاك بولۇپ قالماڭلار، چۈنكى مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىن چىقىرىۋېتىدىغان تائىپىلەر بولسا
شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ، ناپاك بولۇپ،

[25] ئۇلارنىڭ يۇرتىمۇ ناپاك بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن يۇرتنىڭ گۇناھىنىڭ جازاسىنى
بېرىمەن. شۇنداقكى، يۇرت ئۆزى ئۆز ئولتۇرغۇچىلىرىنى قۇسۇپ چىقىرىۋېتىدۇ. [26] بۇ
سەۋەبتىن سىلەر بولساڭلار مېنىڭ قانۇن بىلەن ھۆكۈملىرىمنى تۇتۇپ، سىلەردىن ھېچبىرى،
خاھى يەرلىك ئادەم، خاھى ئاراڭلاردا ئولتۇراقلىق مۇساپىر بولسا، بۇ يىرگىنچلىك ئىشلاردىن
ھېچبىرىنى قىلمىسۇن. [27] چۈنكى بۇ يۇرتنىڭ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن خەلقى بولسا بۇ
ھەممە يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلغاچ، يۇرت ئۆزى ناپاك بولۇپ قالدى. [28] يۇرت ئۆزى بىزدىن
ئىلگىرى ئۆتكەن تائىپىلەرنى قۇسۇپ چىقارغاندەك بىزنى قۇسۇپ چىقارمىسۇن دەپ، ئۇنى
ناپاك قىلماڭلار. [29] چۈنكى ھەركىم بۇ ھەممە يىرگىنچلىك ئىشلارنىڭ بىرىنى قىلسا، دەرۋەقە

مۇنداق ئىش قىلغان ھەربىر كىشى بولسا ئۆز قوۋمىدىن كېسىلسۇن. [30]بۇنىڭ ئۈچۈن مەن
سىلەرگە قىلغىلى بۇيرۇغىنىمنى قىلىپ، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر تۇتقان رەسىملەرگە
مۇۋاپىق ئىشلار قىلمىقىڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارنى ناپاك قىلماڭلار. مەن ئۆزۈم تەڭرىڭلار
خۇداۋەندىدۇرمەن».

## ھەرقانداق ئادەملەرنى ئەزىزلەش ۋە ھۆرمەتلەش كېرەك

19 [1]خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2]«سەن بەنى-ئىسرائىلنىڭ بارچە جامائىتىگە سۆزلەپ ئۇلارغا ئېيتقىنكى، مەن
تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مۇقەددەس بولغاچ سىلەرمۇ مۇقەددەس بولۇڭلار. [3]سىلەرنىڭ ھەربىرى
ئانا بىلەن ئاتىسىدىن قورقسۇن. مېنىڭ شابات كۈنلىرىم بولسا ئۇلارنى تۇتۇڭلار. مەن ئۆزۈم
تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدۇرمەن. [4]سىلەر بولساڭلار بۇتلارغا چېتىلىپ، قويما بۇتسۇرەتلىرىنى
ياسىماڭلار. مەن ئۆزۈم تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدۇرمەن. [5]سىلەر خۇداۋەندىگە بىر شۈكۈر
قۇربانلىقى كەلتۈرگىلى خالىساڭلار، قوبۇل قىلىنغۇدەك تەرىقىدە ئۇنى ئۆتكۈزۈڭلار. [6]سىلەر
ئۇنى ئۆتكۈزگەن كۈنى ۋە ئەتىسى يېيىلسۇن، لېكىن ئۈچىنچى كۈنگىچە قالغىنى ئوتتا
كۆيدۈرۈلسۇن. [7]ئەگەر مۇنداق نەرسە ئۈچىنچى كۈنى يېيىلسە، يىرگىنچلىك بولۇپ قوبۇل
قىلىنماس. [8]كىمكى ئۇنىڭدىن يېسە، ئۆز گۇناھىنى كۆتۈرۈپ، خۇداۋەندىگە مۇقەددەس
قىلىنغان نەرسىنى ناپاك قىلغىنى ئۈچۈن ئۆز قوۋمىدىن كېسىلسۇن.
[9]سىلەر يۇرتۇڭلارنىڭ ھوسۇلىنى ئورۇپ يىغساڭلار، سەن ئېتىزىڭنىڭ تامام چېتىگىچە ئورماي،
ھوسۇلۇڭنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن باشنىمۇ تېرىۋالمىغىن. [10]ئۈزۈمزارلىقىڭ بولسا ئۇنىڭ
پاساڭىنى يىغماي، ئۈزۈمزارلىقىڭنىڭ چۈشكەن ئۈزۈملىرىنىمۇ تېرىماي، بەلكى بۇنى كەمبەغەل
بىلەن مۇساپىرغا قويغايسەن. مەن ئۆزۈم تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدۇرمەن. [11]سىلەر ئوغرىلىق
قىلماي، يالغان سۆزلىمەي، بىر-بىرىڭلارنىمۇ گوللىماڭلار. [12]مېنىڭ ئىسمىم بىلەن يالغان ئانت
ئىچمەڭلار، چۈنكى مۇنداق قىلساڭ، تەڭرىڭنىڭ ئىسمىنى ناپاك قىلىسەن. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن.
[13]ئۆز ھەقەمسايەڭگە زۇلۇم قىلىپ بۇلىمىغىن. مەدىكارنىڭ ئىش ھەققىنى قېشىڭدا ئەتىگىچە
توختاتمىغىن. [14]گاس كىشىنى تىللىمەي، كور كىشىنىڭ ئالدىدا پۇتلاشتۇرىدىغان نەرسىنىمۇ
قويماي، بەلكى ئۆز تەڭرىڭدىن قورققىن. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن. [15]ھۆكۈم قىلغىنىڭلاردا
ناھەقلىق قىلماڭلار. سەن بولساڭ كەمبەغەلگە يان باسماي، بايغا يۈز-خاتىرىمۇ قىلماي، بەلكى
راستلىق بىلەن ئۆز ھەقەمسايەڭگە ھۆكۈم قىلغىن. [16]ئۆز خەلقىڭنىڭ ئارىسىدا گەپ توشۇپ
يۈرمىگىن. ھەقەمسايەڭنىڭ قېنىنىمۇ قەستلىمىگىن. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن.
[17]سەن كۆڭلۈڭدە ئۆز بۇرادىرىڭگە ئاداۋەت ساقلىمىغىن. ھەرقانداق بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن
بېشىمغا گۇناھ كېلىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت بەرگىن. [18]سەن ئىنتىقام ئالماي،

ئۆز قوۋمىڭنىڭ نەسلىگە ئاداۋەتمۇ تۇتماي، بەلكى ھەقەمسايەڭنى ئۆزۈڭدەك دوست تۇتقىن.
مەن خۇداۋەندىدۇرمەن. [19] سىلەر مېنىڭ قانۇنلىرىمنى تۇتۇڭلار. سەن بولساڭ ئۆز چارۋا
ماللىرىڭنى باشقا نەسىللەر بىلەن چېپىشتۇرماي ، ئۆز ئېتىزىڭغا ئىككى خىل ئۇرۇق سالماي،
ئىككى خىل يىپتىن توقۇلغان ئېگىنىنىمۇ كىيمىگىن.
[20] ئەگەر بىركىم بىر كىشىنىڭ دېدەكى بىلەن يېتىپ مۇناسىۋەت قىلسا ۋە ئۇ باشقا بىرىگە سۆز
سالدۇرۇلغان بولسا، لېكىن بۇ دېدەكنىڭ ئېلىنغان پۇلى ياندۇرۇلۇپ بېرىلمىگەن بولسا ۋە
يا ئازادمۇ قىلىنمىغان بولسا، بۇنىڭ ئىككىلىسىگە جازا بېرىلسۇن. لېكىن خوتۇن ئۆزى ئازاد
بولمىغاچ ئىككىلىسى ئۆلتۈرۈلمىسۇن. [21] ئەمما ئەر كىشى بولسا ئۆز خاتا قۇربانلىقى ئۈچۈن
جامائەت چېدىرىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىغا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا خاتا قۇربانلىقى
بولسۇن دەپ، بىر قوچقارنى كەلتۈرسۇن. [22] كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ خاتا قۇربانلىقى ئۈچۈن
كەلتۈرگەن قوچقارنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قىلغان گۇناھى ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا كاپارەت
بەرسە، ئۇنىڭ قىلغان گۇناھى ئۇنىڭدىن كەچۈرۈلىدۇ.
[23] سىلەر ئۇ يۇرتقا كىرىپ ھەر خىل يەيدىغان مېۋىلىك دەرەخ سالساڭلار، مېۋىلىرىنى خەتنىسىز
پەملەپ، ئۈچ يىلغىچە بۇنى خەتنىسىز ساناپ يېمەڭلار. [24] لېكىن تۆتىنچى يىلى ئۇلارنىڭ
ھەممە مېۋىلىرى خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن مۇقەددەس قىلىنسۇن. [25] ئاندىن كېيىن
بەشىنچى يىلدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ مېۋىلىرىدىن يېگىلى باشلاڭلار. شۇنداق قىلساڭلار،
سىلەرگە زىيادە كەلتۈرۈلىدۇ. مەن ئۆزۈم تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدۇرمەن.
[26] سىلەر بولساڭلار قېنى ئىچىدە توختاپ قالغان نەرسىنى يېمەڭلار. پالچىلىق بىلەن
جادۇگەرلىك قىلماڭلار. [27] سىلەر بېشىڭلارنىڭ چۆرىسىنى چۈشۈرۈپ، تۈكىنى يۇملاق قىلماي،
ساقالىنىڭ ئۇچىنىمۇ بۇزماڭلار. [28] سىلەر ئۆلۈك ئۈچۈن بەدىنىڭلارغا زەخىم يەتكۈزمەي،
ئۆزۈڭلارغا ھېچبىر سۇرەت ۋە يا بەلگە چەكماڭلار. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن. [29] سەن قىزىڭنى
جالاپلىققا سېلىپ ناپاك قىلمىغىن. بولمىسا يۇرتتا جالاپچىلىق يېيىلىپ پۈتۈن يۇرتنىڭ ئۆزى
بۇزۇقچىلىقتىن تولۇپ قالىدۇ. [30] سىلەر مېنىڭ شابات كۈنلىرىمنى تۇتۇپ، مۇقەددەس خانامنىڭ
ئۆزىنى ئىززەتلىك ساناڭلار. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن. [31] سىلەر جىنكەش بىلەن جادۇگەرنىڭ
كەينىدىن يۈرۈپ، ئۆزۈڭلارنى ناپاك قىلماڭلار. مەن ئۆزۈم تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدۇرمەن.
[32] ئاق چاچلىق كىشىنىڭ ئالدىدا قوپۇپ تۇرۇپ، قېرى كىشىنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ،
تەڭرىڭدىن قورقۇپ تۇرغىن. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن. [33] بىر مۇساپىر ئاراڭلاردا ئولتۇرغان
بولسا، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلماي، [34] بەلكى ئاراڭلاردا ئولتۇرغان مۇساپىرنى يەرلىك كىشىدەك
پەملەپ، ئۆزۈڭلاردەك دوست تۇتۇڭلار. چۈنكى سىلەر مىسىر يۇرتىدا مۇساپىر بولغانىدىڭلار
ئەمەسمۇ؟ مەن ئۆزۈم تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدۇرمەن. [35] سىلەر ھۆكۈم قىلىشتا ۋە يا ئۇزۇنلۇك،
ئېغىرلىق ياكى ھەجىم ئۆلچەشتە ناھاقلىق قىلماي، [36] باراۋەر تارازا تۇتۇپ، باراۋەر تارازا
تاشلىرى ساقلاپ، ساق ئېفا كەمچىنى بىلەن تۈزۈك ھىن كەمچىنىنى ئىشلىتىڭلار. سىلەرنى
مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مەندۇرمەن.

37 ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ھەممە قانۇن بىلەن بارچە ئەھكاملىرىمنى تۇتۇپ، بۇنىڭغا مۇۋاپىق
ئەمەل قىلىڭلار. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن».

## يىرگىنچلىك ئىشلار توغرىسىدىكى قانۇنلار

20 1 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
2 «سەن بولساڭ بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى: ئەگەر بەنى-ئىسرائىلنىڭ بىرى
ۋە يا ئىسرائىلنىڭ يۇرتىدا ئولتۇراقلىق مۇساپىرلارنىڭ بىرى مولوخ دېگەن بۇتقا ئەۋلادلىرىنىڭ
بىرىنى بەرسە، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، يۇرت خەلقى ئۇنى چالما-كېسەك قىلسۇن.
3 مەن بولسام، ئۆز يۈزۈمنى بۇ كىشىگە قارشى قىلىمەن. ئۇ ئۆزى ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ بىرىنى
مولوخ بۇتىغا بېرىپ مۇقەددەس خانامنى نىجىس قىلىپ، مېنىڭ ئىسمىمنى ناپاك قىلغىنى
ئۈچۈن ئۇنى ئۆز قوۋمىدىن يوقىتىۋېتىمەن. 4 ئەگەر يۇرتنىڭ خەلقى بۇ كىشىگە يۈز-خاتىرە
قىلىپ، ئۇ ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ بىرىنى مولوخ بۇتىغا بەرگىنىدە ئۇنى ئۆلتۈرمىسە، 5 مەن ئۆزۈم
يۈزۈمنى بۇ كىشى بىلەن ئۇنىڭ نەسلىگە قارشى قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
بۇزۇقلۇق قىلىپ، مولوخ بۇتىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قوۋمىدىن
يوقىتىۋېتىمەن.
6 ئەگەر بىركىم جىنكەش بىلەن جادۇگەرلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ، بۇزۇقلۇق قىلىپ،
ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرسە، مەن ئۆز يۈزۈمنى ئۇنىڭغا قارشى قىلىپ، ئۇنى ئۆز قوۋمىدىن
يوقىتىۋېتىمەن.

7 مەن تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مۇقەددەس بولغاچ سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى پاك تۇتۇپ مۇقەددەس
بولۇپ، 8 قانۇنلىرىمنى تۇتۇپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلىڭلار. سىلەرنى مۇقەددەس قىلغۇچى
خۇداۋەندە مەندۇرمەن.

9 ئەگەر بىركىم ئۆز ئاتا يا ئانىسىنى قارغىسا، ئۆلۈم جازاسىنى تارتسۇن. چۈنكى ئۆز ئاتا-
ئانىسىنى قارغىغىنى ئۈچۈن ئۆز قېنى ئۆز گەدىنىگە بولىدۇ. 10 ئەگەر بىركىم باشقا ئادەمنىڭ
خوتۇنى بىلەن يېتىپ مۇناسىۋەت قىلسا، شۇنداقلا ئۆز ھەقەمسايىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن زىنا
قىلسا، زىنا قىلغان ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ئىككىلىسى ئۆلۈم جازاسىنى تارتسۇن. 11 ئەگەر بىركىم
ئاتىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن ياتسا، ئۆز ئاتىسىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچقىنى ئۈچۈن ئىككىلىسى
ئۆلۈم جازاسىنى تارتىپ، ئۆز قېنى ئۆز گەدىنىگە بولسۇن. 12 ئەگەر بىركىم ئۆز كېلىنى بىلەن
ياتسا، ئىككىلىسى يىرگىنچلىك ئىش قىلغىنى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىنى تارتىپ، ئۆز قېنى ئۆز
گەدىنىگە بولسۇن. 13 ئەگەر بىركىم خوتۇن كىشى بىلەن ياتقاندەك ئەر كىشى بىلەن ياتسا،

ئىككىلىسى يامان ئىش قىلغىنى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىنى تارتىپ ئۆز قېنى ئۆز گەدىنىگە بولسۇن. [14] ئەگەر بىركىم قىز بىلەن ئانىسىنى قوشۇپ خوتۇنلۇققا ئالسا، يىرگىنچلىك ئىش قىلغىنى ئۈچۈن ئەر بىلەن ئىككىلا خوتۇن ئوتتا كۆيدۈرۈلسۇن. يىرگىنچلىك ئىش ئارىمىزدا قالمىسۇن دەپ، شۇنداق قىلىڭلار. [15] ئەگەر بىركىم بىر ھايۋان بىلەن يېتىپ مۇناسىۋەت قىلسا، ئۆزى ئۆلۈم جازاسىنى تارتسۇن، ھايۋاننىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. [16] ئەگەر بىر خوتۇن بىر ھايۋاننىڭ قېشىغا بېرىپ يېتىپ مۇناسىۋەت قىلدۇرسا، خوتۇن بىلەن ھايۋاننىڭ ئىككىلىسى ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۆز قېنى ئۆز گەدىنىگە بولسۇن. [17] ئەگەر بىركىم ئاتىسىدىن يا ئانىسىدىن بولغان ھەمشىرىسىنى تۇتۇپ ئەۋرىتىنى كۆرسە، بۇ قىزمۇ ئۇنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرسە، ئۇياتلىق ئىش قىلغىنى ئۈچۈن ئىككىلىسى ئۆز قوۋمىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرۈلسۇن، چۈنكى ئۆزى ھەمشىرىسىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچقاچ ئۆز گۇناھىنى تارتسۇن. [18] ئەگەر بىركىم بىر خوتۇن ھەيز كۆرگەندە ئۇ بىلەن يېتىپ مۇناسىۋەت قىلىپ، ئەۋرىتىنى يالىڭاچ قىلىپ ئۇنىڭ قۇدۇقىنى ئېچىپ، خوتۇنمۇ قان قۇدۇقىنى ئېچىپ بەرسە، ئىككىلىسى ئۆز قوۋمىدىن كېسىلسۇن. [19] سەن ئۆز ئاناڭنىڭ ھەمشىرىسى بىلەن ئاتاڭنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچمىغىن، چۈنكى كىمكى شۇنداق قىلسا، يېقىن تۇغقاننىڭ ئەۋرىتىنى ئاچقىنى ئۈچۈن ئۆز گۇناھىنى تارتسۇن. [20] ئەگەر بىركىم تاغىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن ياتسا، ئۆز تاغىسىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچقىنى ئۈچۈن ئىككىلىسى ئۆز گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتىپ، ئەۋلادسىز ئۆلسۇن. [21] ئەگەر بىركىم ئۆز بىرتۇغقىنىنىڭ خوتۇنىنى ئالسا، يىرگىنچلىك بىر ئىش بولىدۇ. ئۇ ئۆز بىرتۇغقىنىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچقىنى ئۈچۈن ئىككىلىسى ئەۋلادسىز تۇرسۇن.

[22] بۇ تەرىقىدە سىلەر مېنىڭ ھەممە قانۇن بىلەن بارچە ئەھكاملىرىمنى تۇتۇپ، بۇنىڭغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلىڭلار. بولمىسا مەن سىلەرنى ئېلىپ بېرىپ ئولتۇرغۇزىدىغان يۇرت ئۆزى سىلەرنى قۇسۇپ چىقىرىۋېتىدۇ. [23] سىلەر بولساڭلار مەن ئالدىڭلاردىن ھەيدىۋېتىدىغان تائىپىلەرنىڭ قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق يۈرمەڭلار. چۈنكى ئۇلار ئۆزى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغىنى ئۈچۈن مەن ئۇلاردىن بىزار بولدۇم. [24] ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە: ‹ سىلەر ئۇلارنىڭ يۇرتىنى مىراس ئالىسىلەر، چۈنكى سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان يۇرتىنى سىلەرگە بېرىمەن› دەپ ئېيتمىدىممۇ؟ سىلەرنى باشقا قوۋملاردىن ئايرىغان تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مەندۇرمەن. [25] ئەمدى سىلەر پاك-ناپاك چارۋىلارنى پەرق ئېتىپ، پاك-ناپاك ئۇچارقاناتلارنى تونۇپ، مەن سىلەرگە ناپاك قىلىپ توختىتىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ئېچىدىن، خاھى چارۋا، خاھى ئۇچارقانات، خاھى يەردە ئۆمىلەيدىغان جانىۋار بولسا ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بىلەن ئۆزۈڭلارنى ناپاك قىلماڭلار. [26] مەن خۇداۋەندە ئۆزۈم مۇقەددەس بولغىنىم ئۈچۈن سىلەر مېنىڭ ئالدىمدا پاك تۇرۇڭلار. مەن بولسام، سىلەرنى مېنىڭكى بولسۇن دەپ، باشقا قوۋملاردىن ئايرىمىدىممۇ؟ [27] ئەگەر بىر ئەر كىشى ۋە يا بىر خوتۇن كىشى جىنكەش ۋە يا جادۇگەر بولسا، قېنى گەدىنىگە قويۇلۇپ، ئۆلۈم جازاسىنى تارتسۇن دەپ، خەلق ئۇنى چالما-كېسەك قىلىنىۋەتسۇن».

## كاھىنلارنىڭ پاك بولۇپ قېلىش كېرەكلىكى

21

[1] خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «سەن ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى بولغان كاھىنلارغا سۆز
قىلىپ ئېيتقىنكى: بىر كاھىن بولسا ئۆز قوۋمىنىڭ ئارىسىدىكى ئۆلۈكلەرنىڭ
سەۋەبىدىن ئۆزىنى ناپاك قىلمىسۇن. [2] يالغۇز ئۆز يېقىن تۇغقانلىرى بولغان ئانا بىلەن ئاتىسى،
ئوغۇل بىلەن قىز ۋە بۇرادىرىنىڭ ئۆلۈكى سەۋەبىدىن ئۆزىنى ناپاك قىلسۇن. [3] بۇنىڭدىن باشقا
ئەگەر ھەمشىرىسى ئەرگە تەگمەي، پاك قىز قېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇراقلىق
بولسا، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىنى ناپاك قىلسا بولىدۇ. [4] چۈنكى كاھىن بولسا ئۆز
قوۋمىنىڭ ئارىسىدا خوجا بولغاچ ئۆزىنى نىجىس ۋە يا ناپاك قىلمىسۇن.
[5] كاھىنلار ئۆزى بېشىنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرمەي، ساقىلىنىڭ ئۇچىنى ھەم بۇزماي،
بەدىنىگىمۇ بىر زەخىم يەتكۈزمىسۇن،
[6] بەلكى ئۆز تەڭرىسى ئۈچۈن مۇقەددەس تۇرۇپ، تەڭرىسىنىڭ ئىسمىنى ناپاك قىلمىسۇن.
خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش قۇربانلىقىنى كەلتۈرۈپ، ئۆز تەڭرىسىنىڭ نېنىنى قۇربانلىق ئۆتكۈزگەچ
ئۇلار مۇقەددەس بولسۇن.
[7] ئۇلارنىڭ ھېچبىرى پاھىشە ۋە يا بەدنام بىر خوتۇننى خوتۇنلۇققا ئالماي، ئېرىدىن قويۇپ
بېرىلگەن خوتۇننىمۇ ئالمىسۇن. چۈنكى كاھىن بولسا ئۆز تەڭرىسىگە مۇقەددەس قىلىنغاندۇر.
[8] ئۇ ئۆزى تەڭرىڭنىڭ يېگۈلۈك قۇربانلىقىنى ئۆتكۈزگىنى ئۈچۈن، ئۇنى مۇقەددەس سانىغىن.
مەن سىلەرنى مۇقەددەس قىلغۇچى خۇداۋەندە ئۆزۈم مۇقەددەس بولغاچ، ئۇمۇ ساڭا مۇقەددەس
كۆرۈنسۇن. [9] ئەگەر بىر كاھىننىڭ قىزى جالاپلىق قىلىپ ئۆزىنى ناپاك قىلسا، ئۆز ئاتىسىنى
ناپاك قىلغىنى ئۈچۈن ئوتتا كۆيدۈرۈلسۇن.
[10] بېشىنىڭ ئۈستىگە مەسھەلەش يېغى تۆكۈلۈپ، مۇقەددەس ئېگىننى كىيىشكە مۇقەددەس
قىلىنىپ، ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇلۇغ كاھىن بولغان كىشى ئۆز بېشىنى ئاچماي،
ئېگىنلىرىنىمۇ يىرتماي، [11] ئۆزى بىر ئۆلۈكنىڭ قېشىغا بەرمەي، ئاتىسى ۋە يا ئانىسى
بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىنى ناپاك قىلمىسۇن. [12] تەڭرىمنىڭ مۇقەددەس
خانىسىنى ناپاك قىلماي دەپ، مۇقەددەس خانىدىن ھەرگىز چىقمىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ
خۇدايىنىڭ مۇقەددەس يېغى ئۇنىڭ بېشىدا باردۇر. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن. [13] ئۇ ئۆزى پاك
قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، [14] تۇل ۋە يا ئەردىن قويۇپ بېرىلگەن خوتۇن ۋە يا بەدنام ۋە يا بىر
پاھىشە خوتۇننى ئالماي، بەلكى ئۆز قوۋمىدىن بولغان بىر پاك قىزنى خوتۇنلۇققا ئالسۇن.
[15] بولمىسا قوۋمىنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئۇرۇق-ئەۋلادىنى ناپاك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنى مۇقەددەس
قىلغۇچى خۇداۋەندە مەندۇرمەن».

[16] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [17] «سەن ھارۇنغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى: سېنىڭ
نەسلىڭدىن بولغان ئەۋلادلىرىڭنىڭ ئىچىدە بىركىم ئەيىبناق بولسا، خۇدانىڭ يېگۈلۈك
قۇربانلىقىنى ئۆتكۈزمەك ئۈچۈن يېقىن بارمىسۇن. [18] دەرۋەقە ئەيىبناق بولغان ھېچ كىشى

يېقىن بارمىسۇن، خاھى كور، خاھى توكۇر، خاھى پاناق، خاھى بىر ئەزاسى زىيادە بولۇپ قالغان بىرى، [19] خاھى پۇتى يا قولى سۇنۇق، [20] خاھى دوك، خاھى پاكىنەك بىرى، خاھى كۆزىگە ئاق چۈشكەن بىرى، خاھى قىچىشقاق باسقان بىرى، خاھى قوتۇر بىرى، خاھى ئۇرۇقدېنى ئېزىلگەن بىرى، [21] ھارۇن كاھىننىڭ نەسلىدىن بولۇپ ئەيىبناق بولغان كىشىلەرنىڭ ھېچبىرى خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش قۇربانلىقىنى كەلتۈرمەك ئۈچۈن يېقىن بارمىسۇن. ئۇنداق بىر كەمچىلىكى بار كىشى ئۆز تەڭرىسىنىڭ يېگۈلۈك قۇربانلىقىمۇ ئۆتكۈزگىلى يېقىن بارمىسۇن. [22] لېكىن ئۇ ئۆز تەڭرىسىنىڭ نېنىنى، خاھى ھەممىدىن مۇقەددەسى بولسۇن، خاھى مۇقەددەسى بولسۇن، ئىككىلىسىدىن يېسۇن. [23] ئەمما ئەيىبناق بولغىنى ئۈچۈن پەردىنىڭ ئىچىگە كىرمەي، قۇربانگاھقىمۇ يېقىن بارمىسۇن. بولمىسا مېنىڭ مۇقەددەس جايىمنى بىھۆرمەتلىك قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنى مۇقەددەس قىلغۇچى خۇداۋەندە مەندۇرمەن».

[24] بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇسا ئۆزى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسىگە ئېيتىپ بەردى.

## 22

[1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [2] «سەن ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى، ئۇلار بولسا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ماڭا ئاتىغان پاك نەرسىلىرىدىن ئۆزىنى ساقلاپ، مېنىڭ ئىسمىمنى ناپاك قىلمىسۇن. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن. [3] ئۇلارغا ئېيتقىنكى: سىلەرنىڭ نەسلىڭلاردىن بولغان ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ئىچىدە بىركىم بەنى-ئىسرائىل خۇداۋەندىگە ئاتىغان پاك نەرسىلەرنىڭ قېشىغا ناپاك ھالىتىدە بارسا، ئۇنداق كىشى ئۆز ھوزۇرۇمدىن كېسىلىپ كەتسۇن. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن. [4] ئەگەر ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بىرى پېسەلىك ۋە يا ئاقمىغا گىرىپتار بولغان بولسا، پاك بولمىغۇچە مۇقەددەس نەرسىلەردىن يېمىسۇن. بىركىم ئۆلۈكنىڭ سەۋەبىدىن ناپاك بولغان بىركىمگە ۋە يا مەنىيسى چۈشۈپ كەتكەن كىشىگە تېگىپ كەتسە [5] ۋە يا ناپاك قىلىدىغان ئۆمىلىگۈچى بىر جانىۋارغا تەگسە ياكى ھەرقانداق يۇقۇپ قالىدىغان ناپاكلىقى بار بىر ئادەمگە تېگىپ كەتسە، [6] مۇنداق نەرسىلەرگە تەگكەن كىشى ئۆزى ئاخشامغىچە ناپاك تۇرۇپ، سۇغا چۆمۈلمىگۈچە مۇقەددەس نەرسىلەردىن يېمىسۇن. [7] لېكىن كۈن ئولتۇرغاندا پاك سانىلىپ، ئۆزىنىڭ تائامى بولغان مۇقەددەس نەرسىلەردىن يېسۇن. [8] ئۆزى ئۆلگەن ۋە يا يىرتىلغان بىر ھايۋاننى يېيىش بىلەن ئۆزىنى ناپاك قىلمىسۇن. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن. [9] بۇنى بىھۆرمەت قىلمىقىمىز بىلەن گۇناھ بېشىمىزغا تېگىپ ئۆلۈپ كەتمەيلى دەپ، ئۇلار مېنىڭ قانۇنلىرىمنى تۇتسۇن. ئۇلارنى مۇقەددەس قىلغۇچى خۇداۋەندە مەندۇرمەن.

[10] ھېچبىر مۇساپىر مۇقەددەس نەرسىلەردىن يېمىسۇن. كاھىننىڭ مېھمىنى ۋە يا مەدىكارى بولسا ئۇلارمۇ مۇقەددەس نەرسىلەردىن يېمىسۇن. [11] لېكىن كاھىننىڭ ئۆز پۇلىغا سېتىۋالغان قۇلى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان كىشى بولسا ئۇنىڭدىن يېيەلەيدۇ. [12] ئەگەر كاھىننىڭ

قىزى يات كىشىگە تەگكەن بولسا، ئۇمۇ ھەدىيە بولۇپ بېرىلگەن نەرسىلەردىن يېمىسۇن. [13] لېكىن ئەگەر كاھىننىڭ قىزى تۇل بولۇپ قېلىپ ياكى قويۇپ بېرىلىپ، بالىسىز بولۇپ كىچىكلىكىدىكىدەك ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كېلىپ، ئاندا ئولتۇرغان بولسا، ئاتىسىنىڭ تائامىدىن يېيەلەيدۇ. ئەمما بىر يات كىشى بولسا ئۇنىڭدىن يېمىسۇن. [14] ئەگەر بىركىم بىلمەسلىكتە مۇقەددەس نەرسىلەردىن يەپ قالسا، شۇنىڭغا بەشتىن بىرىنى ئۆز تەرىپىدىن قوشۇپ، مۇقەددەس نەرسە ئۈچۈن كاھىنغا ياندۇرۇپ بەرسۇن. [15] كاھىنلار بولسا بەنى-ئىسرائىلنىڭ خۇداۋەندىگە ئاتىغان نەرسىلىرىنى ناپاك قىلمىسۇن. [16] بولمىسا ئۇلار مۇقەددەس ھەدىيەلەردىن يېگىنى بىلەن خەلقنىڭ گەدىنىگە گۇناھ ئارتىپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇلارنى مۇقەددەس قىلغۇچى خۇداۋەندە مەندۇرمەن».

## ئىختىيارىي قۇربانلىقلار

[17] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[18] «سەن ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسىگە سۆز قىلىپ ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ئەگەر ئىسرائىلنىڭ خانىدانىدىن بىرى ۋە يا ئىسرائىل يۇرتىدا ئولتۇراقلىق مۇساپىرلارنىڭ بىرى بىر قۇربانلىق ئۆتكۈزگىلى خالاپ، خاھى ۋەدە قۇربانلىقى، خاھى ئۆز خۇشلۇقىدىن قۇربانلىق ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى خۇداۋەندە ئۈچۈن كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، [19] مەقبۇل بولايلى دەپ، كالا يا قوي ۋە يا ئۆچكىلەردىن بىر ئەيىبسىز ئەركەكنى ئېلىپ كەلتۈرۈڭلار. [20] لېكىن ئەيىبناق بولغان بىر ھايۋاننى قۇربانلىق قىلماڭلار، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن مەقبۇل بولمايسىلەر.
[21] ئەگەر بىركىم ئۆز ۋەدەمنى ئادا قىلاي دەپ، ياكى كۆڭۈل خۇشلۇقۇمدىن ھەدىيە كەلتۈرەي دەپ، خۇداۋەندىگە شۈكۈر قۇربانلىقى كەلتۈرگىلى خالىسا، قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن كالا ۋە يا قويلاردىن ئېلىنغان ھايۋان ئۆزى كامىل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەيىب تېپىلمىسۇن. [22] كور ۋە يا سۇنۇق، مېيىپ ۋە يا يىرىڭلىق زەخىمدار بولۇپ، قىچىشقاق ۋە يا قوتۇر بېسىپ قالغان ھايۋاننىڭ ئۆزىنى خۇداۋەندە ئۈچۈن قۇربانلىق قىلماي، مۇنداقنىمۇ ئاتەش قۇربانلىقى قىلىپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن قۇربانگاھتا ئۆتكۈزمەڭلار.
[23] بىر بۇقا ۋە يا بىر قوينىڭ ئەزالىرى زىيادە ياكى كەم بولغان بولسا، مۇنداقنى ئىختىيارىي قۇربانلىق بولۇپ، ئۆتكۈزسەڭ بولىدۇ، لېكىن ۋەدە قۇربانلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمايدۇ. [24] - سىلەر بولساڭلار خۇداۋەندە ئۈچۈن ئۇرۇقدېنى سوقۇلۇپ يا ئېزىلىپ يا سۇنۇپ يا كېسىلگەن بىر ھايۋاننى قۇربانلىق قىلماڭلار. مۇنداق ئىشنى ئۆز يۇرتۇڭلاردا ھەرگىز قىلماڭلار. [25] يات كىشىنىڭ قولىدىن مۇنداق ھايۋانلارنى قوبۇل قىلىپ، تەڭرىڭلارنىڭ يېگۈلۈك قۇربانلىقى ئۈچۈن ئۆتكۈزمەڭلار، چۈنكى ئۇلار زەخىملىنىپ ئەيىبناق بولغاچ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەقبۇل بولمايسىلەر».

26 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
27 «بىر موزاي يا بىر قوزا يا بىر ئوغلاق تۇغۇلسا، يەتتە كۈنگىچە ئانىسىنى ئەمسۇن. لېكىن
سەككىزىنچى كۈندىن تارتىپ خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىق ھەدىيەسى بولۇشقا يارايدۇ.
28 كالا ۋە يا ئۇششاق ماللاردىن بولغان بىر ھايۋاننى ئۇنىڭ بالىسى بىلەن قوشۇپ بىر كۈندە
بوغۇزلىماڭلار. 29 سىلەر خۇداۋەندىگە بىر ھەمد قۇربانلىقى ئۆتكۈزگىلى خالىساڭلار، قوبۇل
قىلىنايلى دەپ، لايىق تەرىقىدە ئۆتكۈزۈڭلار. 30 ئۇ ئۆزى ئوخشاش كۈندە يېيىلىپ، ئۇنىڭدىن
ھېچنېمە ئەتىگىچە ساقلانمىسۇن. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن.

31 سىلەر بولساڭلار مېنىڭ ئەمرلىرىمنى تۇتۇپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلىڭلار. مەن
خۇداۋەندىدۇرمەن. 32 مېنىڭ مۇقەددەس ئىسمىمنى ناپاك قىلماڭلار، چۈنكى بەنى-ئىسرائىلنىڭ
ئارىسىدا مۇقەددەس تۇرغۇم بار. مەن سىلەرنى مۇقەددەس قىلغۇچى خۇداۋەندە بولۇپ،
33 تەڭرىڭلار بولاي دەپ، سىلەرنى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلدىم. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن».

23 1 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
2 «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆز قىلىپ ئېيتقىنكى: خۇداۋەندىنىڭ ھېيتلىرى بولسا
سىلەر ‹ مۇقەددەس يىغىلىش بولسۇن› دەپ ئېلان قىلىدىغان ھېيتلىرى شۇدۇر. 3 ئالتە كۈن
ئىچىدە ئىش قىلىنسۇن. لېكىن يەتتىنچى كۈن ئۆزى راھەتنىڭ شاباتى بىلەن مۇقەددەس
يىغىلىشنىڭ كۈنى بولغاچ، ئۇنىڭدا ھېچ ئىش قىلماڭلار. قەيەردە ئولتۇرساڭلار بۇ ئۆزى
خۇداۋەندىنىڭ شابات كۈنى بولسۇن.

4 سىلەر تايىن ۋاقىتلاردا ئېلان قىلىدىغان خۇداۋەندىنىڭ ھېيتلىرى بولغان مۇقەددەس
يىغىلىش كۈنلەر شۇدۇر.
5 ئاۋۋالقى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئاخشام ۋاقتىدا خۇداۋەندىنىڭ پاسئخا ھېيتى بولىدۇ.
6 شۇ ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىدە خۇداۋەندىنىڭ پېتىر نان ھېيتى بولىدۇ. ئۇ ۋاقىت يەتتە
كۈنگىچە پېتىر نېنى يەپ تۇرۇڭلار. 7 ئاۋۋالقى كۈندە سىلەر مۇقەددەس يىغىلىش قىلىپ،
ھېچ ئىش قىلماڭلار. 8 سىلەر بولساڭلار يەتتە كۈنگىچە خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىقى
ئۆتكۈزۈپ تۇرۇڭلار. يەتتىنچى كۈندە بىر مۇقەددەس يىغىلىش بولغاچ، ئۇ كۈندە ھېچبىر ئىش
قىلماڭلار».

9 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
10 «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئۇلارغا ئېيتقىنكى: سىلەر مەن ئۆزۈڭلارغا بېرىدىغان
يۇر تقا كىرىپ، ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يىغقىنىڭلاردا ھوسۇلۇڭلارنىڭ تۇنجىسى بولغان بىر
ئۆنچىنى كاھىننىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار. 11 ئۇ ئۆزى سىلەرنى مەقبۇل بولسۇن دەپ، ئۇنى

خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا پۇلاڭلاتسۇن. كاھىن ئۇنى شاباتنىڭ ئەتىسى پۇلاڭلاتسۇن. [12] ئۇنى
پۇلاڭلاتقان كۈنۈڭلارنىڭ ئۆزىدە سىلەر بىر ياشقا كىرگەن ئەيىبسىز بىر قوزىنى خۇداۋەندە ئۈچۈن
كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈڭلار. [13] ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ئۈچۈن
ياغ بىلەن ئىلەشتۈرۈلگەن ئاق ئۇندىن بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىنى خۇداۋەندىنىڭ
ئاتەش قۇربانلىقى قىلىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ ئۆتكۈزۈپ، بۇنىڭغا
قوشۇلىدىغان ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى ئۈچۈن شارابتىن بىر ھىن مىقدارىنىڭ تۆتتىن بىرىنىمۇ
ئۆتكۈزۈڭلار. [14] سىلەر تەڭرىڭلار ئۈچۈن بۇ ھەدىيەنى كەلتۈرگەن كۈندىن ئىلگىرى يېڭى
ھوسۇلدىن ھېچنېمىنى، خاھى نان، خاھى قوماچ، خاھى كۆك باش بولسۇن، يېمەڭلار. بۇ ئۆزى
سىلەر ئۈچۈن قەيەردە ئولتۇرساڭلار نەسلىدىن نەسلىگە ئەبەدىي بىر قانۇن بولسۇن.

[15] ئاندىن كېيىن سىلەر بۇ شاباتنىڭ ئەتىسىدىن ھېساب قىلىپ، ئۆنچىنى پۇلاڭلاتما قۇربانلىق
قىلىپ ئۆتكۈزگەن كۈنۈڭلاردىن تارتىپ، يەتتە تولۇق شابات ساناڭلار. [16] يەتتىنچى شاباتنىڭ
ئەتىسىگىچە ئەللىك كۈن ساناپ، ئاندىن يېڭى ھوسۇلدىن خۇداۋەندە ئۈچۈن بىر ھەدىيە
كەلتۈرۈڭلار. [17] سىلەر ئۆزۈڭلار ئولتۇرغان جايلاردىن بىر ئېفا ئاق ئۇننىڭ ئوندىن ئىككىسىدىن
ئېتىلگەن ئىككى ناننى ئېلىپ كېلىپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن بىر تۇنجى ھوسۇل پۇلاڭلاتما
قۇربانلىقى بولسۇن دەپ كەلتۈرۈپ، [18] ناندىن باشقا يەنە بىر ياشقا كىرگەن يەتتە ئەيىبسىز
قوزا، بىر ياش بۇقا ۋە ئىككى قوچقارنى خۇداۋەندىگە كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ، قوشۇلىدىغان
يېگۈلۈك بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ، بۇ بىر ئاتەش قۇربانلىقى
بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ بېرىڭلار. [19] بۇنىڭدىن باشقا سىلەر
گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكىنى، شۈكۈر قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر ياشقا كىرگەن ئىككى
قوزىنى كەلتۈرۈڭلار. [20] كەلتۈرسەڭلار، كاھىن ئۆزى بۇلارنى پۇلاڭلاتما قۇربانلىق قىلىپ، بۇ
ئىككى قوزا بىلەن كەلتۈرۈلگەن تۇنجى ھوسۇلنىڭ نانلىرىغا قوشۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا
ئۆتكۈزسۇن. بۇلار بولسا خۇداۋەندە ئۈچۈن مۇقەددەس قىلىنىپ، كاھىنغا تەگسۇن. [21] ئۇ كۈن
توغرىسىدا: ‹ بىز بولساق مۇقەددەس بىر يىغىلىش ئۈچۈن جەم بولايلى› دەپ ئېلان قىلىپ،
ئۇ كۈندە ھېچ ئىش قىلماڭلار. بۇ ئۆزى سىلەر ئۈچۈن قەيەردە ئولتۇرساڭلار ئەبەدىي بىر قانۇن
بولسۇن.
[22] سىلەر يۇرتۇڭلارنىڭ ھوسۇلىنى ئورۇپ يىغساڭلار، سەن ئېتىزىڭنىڭ تامام چېتىگىچە ئورۇپ
ئالماي، ھوسۇلۇڭنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن باشلارنىمۇ تېرىۋالماي، بەلكى بۇنى كەمبەغەل
بىلەن مۇساپىرغا قويۇپ قويغايسەن. مەن ئۆزۈم تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدۇرمەن».

[23] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[24] «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى: سىلەر بولساڭلار يەتتىنچى ئاينىڭ ئاۋۋالقى
كۈنىدە شابات راھىتىنى قىلىپ، كاناي چېلىنىشى بىلەن خاتىرە ھېيتىنى تۇتۇپ، مۇقەددەس

يىغىلىشقا جەم بولۇپ، [25]ئۇ كۈندە ھېچ ئىش قىلماي، خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىقى
ئۆتكۈزۈڭلار».
[26]خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[27]«لېكىن يەتتىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى بولسا كاپارەت كۈنى بولىدۇ. ئۇ كۈن سىلەر
مۇقەددەس يىغىلىشقا جەم بولۇپ نەپسىڭلارنى تارتىپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىقى
ئۆتكۈزۈپ، [28]ئۇ كۈننىڭ ئۆزىدە ھېچ ئىش قىلماڭلار. چۈنكى ئۇ ئۆزى كاپارەتنىڭ كۈنى بولۇپ،
ئۇنىڭ ئۆزىدە سىلەر ئۈچۈن تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا كاپارەت بېرىلىدۇ. [29]كىمكى
ئۇ كۈننىڭ ئۆزىدە نەپسىنى تارتمىسا، ئۆز قوۋمىدىن كېسىلىدۇ. [30]كىمكى ئۇ كۈننىڭ ئۆزىدە
بىر ئىش قىلسا، ئۇنى مەن ئۆز قوۋمىدىن يوقىتىمەن. [31]ئۇ كۈن ھېچ ئىش قىلمىغايسىلەر.
بۇ ئۆزى سىلەر ئۈچۈن قەيەردە ئولتۇرساڭلار، نەسىلدىن نەسىلگە بىر ئەبەدىي قانۇن بولسۇن.
[32]ئۇ كۈن بولسا سىلەر ئۆز نەپسىڭلارنى تارتىدىغان راھەت شابات كۈنۈڭلار بولىدۇ. بۇ شابات
راھىتىڭلارنىڭ ئۆزىنى ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈننىڭ ئاخشىمىدا شامدىن تارتىپ ئەتىسى
شامغىچە تۇتقايسىلەر».

[33]خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[34]«سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى: ‹ يەتتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىدە
يەتتە كۈنگىچىلىك خۇداۋەندىنىڭ سايىۋەن ھېيتى بولىدۇ. [35]ئاۋۋالقى كۈنى بىر مۇقەددەس
يىغىلىش بولغاچ، ئۇ كۈن ھېچ ئىش قىلماي، [36]يەتتە كۈنگىچىلىك خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتەش
قۇربانلىقى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ، سەككىزىنچى كۈندە مۇقەددەس يىغىلىش ئۈچۈن جەم بولۇپ،
خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىقى ئۆتكۈزگەيسىلەر. بۇ ئۆزى مۇقەددەس يىغىلىش بولغاچ ئۇ
كۈن ھېچ ئىش قىلماڭلار.
[37]سىلەر ئۆزۈڭلار ‹ بۇلار مۇقەددەس يىغىلىش بولىدۇ› دەپ ئېلان قىلىنىدىغان خۇداۋەندىنىڭ
ھېيتلىرى بۇلار بولىدۇ. بۇ كۈنلەرنىڭ ئىچىدە ھەر كۈن ئۇ كۈننىڭ ئۆزىگە تەيىنلەنگەن
قۇربانلىقلارنى كەلتۈرۈپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىقى، يەنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق
بىلەن يېگۈلۈك قۇربانلىقى، سويۇم قۇربانلىق بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى ئۆتكۈزگەيسىلەر.

[38]بۇنىڭدىن باشقا خۇداۋەندىنىڭ شابات كۈنلىرىنى تۇتۇپ، قالغان ھەدىيەلىرىڭلارنى بېرىپ،
ۋەدە قۇربانلىقلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلىپ، خۇداۋەندىگە ئۆتكۈزىدىغان ئىختىيارىي
قۇربانلىقلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئادا ئۆتكۈزمىكىڭلار كېرەك [39]لېكىن سىلەر يۇرتنىڭ
ھوسۇلىنى يىغىپ بولۇپ، يەتتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈندىن باشلاپ يەتتە كۈنگىچىلىك
خۇداۋەندىنىڭ ھېيتىنى قىلىڭلار. ئاۋۋالقى كۈندە شابات راھىتى بولۇپ، سەككىزىنچى كۈنىدىمۇ
شابات راھىتى بولىدۇ. [40]ئاۋۋالقى كۈنىدە سىلەر ھەممىدىن ياخشى دەرەخلىرىڭلاردىن مېۋە
ئېلىپ، خورما دەرەخ بىلەن قويۇق يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى كېسىپ، جىلغا

سۆگىتى چىۋىقلىرىنى ئېلىپ، تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا يەتتە كۈنگىچىلىك شادلىق
قىلىپ، [41] ھەر يىلى خۇداۋەندە ئۈچۈن يەتتە كۈنگىچىلىك بۇ ھېيتنى تۇتۇڭلار. بۇ ئۆزى سىلەر
ئۈچۈن نەسىلدىن نەسىلگە ئەبەدىي بىر قانۇن بولسۇن. بۇ ھېيتنىڭ ئۆزىنى يەتتىنچى ئايدا
تۇتۇپ، [42] يەتتە كۈنگىچە سايىۋەنلەردە ئولتۇرۇڭلار. شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن
بولغانلارنىڭ ھەممىسى سايىۋەنلەردە ئولتۇرسۇن. [43] بۇنىڭ بىلەن مەن بەنى-ئىسرائىلنى مىسىر
يۇرتىدىن چىقارغىنىمدا ئۇلارنى سايىۋەنلەردە ئولتۇرغۇزغىنىمنى ئەۋلادلىرىڭلار بىلسۇن. مەن
ئۆزۈم تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدۇرمەن». [44] شۇنداق قىلىپ مۇسا ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ توختاتقان
ھېيتلىرى توغرىسىدا بەنى-ئىسرائىلغا دەپ بەردى.

## چىراغدان ۋە تەقدىم نان توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر

24 [1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «ئىسرائىلغا بۇيرۇپ: ‹ چىراغلار ھەمىشە ياندۇرۇلۇپ تۇرسۇن دەپ، زەيتۇندىن
سىقىپ چىقىرىلغان ساپ ياغنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار› دەپ بۇيرۇغىن. [3] ھارۇن
بولسا ئۇلارنى جامائەت چېدىرىنىڭ ئىچىدە شاھادەت ساندۇقىنىڭ ئالدىدىكى پەردىنىڭ
سىرتىدا ئاخشامدىن ئەتىگىچە خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا جايى جايىدا قويۇپ، خەۋەر ئالسۇن.
بۇ ئۆزى سىلەر ئۈچۈن نەسىلدىن نەسىلگە ئەبەدىي بىر قانۇن بولسۇن. [4] ھارۇن ئۆزى ھەمىشە
خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا بۇ چىراغلارنى پاك ئالتۇن شامدانىنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويسۇن.
[5] سەن ئاق ئۇندىن ئېلىپ، شۇنىڭدىن ئون ئىككى توقاچنى ئەتكىن. ھەربىر توقچا ئۆزى بىر
ئېفانىڭ ئوندىن ئىككىسىگە باراۋەر بولسۇن. [6] ئاندىن سەن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئالتۇن
جوزىسىنىڭ ئۈستىدە ئالتىدىن ئالتىدىن ئىككى قاتار قىلىپ تىزىپ، [7] بىر يادلىنىش قۇربانلىقى
قىلىنىپ، خۇداۋەندىنىڭ بىر ئاتەش قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ھەربىر قاتارنىڭ ئۈستىگە ساپ
مەستىكى قويۇپ قويغايسەن. [8] بۇلار ئۆزى شاباتتىن شاباتقا ھەمىشە خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا
قويۇلۇپ، بەنى-ئىسرائىل تەرىپىدىن بىر ئەبەدىي ئەھدىنىڭ ھەدىيەسى بولۇپ، [9] ئۆزى ھارۇن
بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تېگىپ، مۇقەددەس جايدا يېيىلسۇن. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ھەممىدىن
مۇقەددەس بولغاچ، ئەبەدىي قانۇنغا مۇۋاپىق خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش قۇربانلىقلىرىدىن ئېلىنىپ،
ھارۇنغا تەگسۇن.

## خۇدانىڭ نامىغا كۇپۇرلۇق قىلىش گۇناھىنىڭ جازاسى

[10] ئانىسى ئىسرائىلىي بولۇپ، ئاتىسى مىسىرلىق بولغان بىر ئادەم بەنى-ئىسرائىلنىڭ
ئارىسىغا چىقتى. بۇ ئىسرائىلىي خوتۇننىڭ ئوغلى ئۆزى چېدىرگاھتا بىر ئىسرائىلىي ئادەم

بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. [11] ئۇرۇشۇپ، ئىسرائىللىي خوتۇننىڭ ئوغلى ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىغا كۇپۇرلۇق قىلىپ تىللىسا، ئۇلار ئۇنى مۇسانىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇ كىشىنىڭ ئانىسى بولسا دان قەبىلىسىدىن بولغان دىبرىنىڭ قىزى بولۇپ شېلومىت دەپ ئاتالغانىدى.
[12] ئاندىن كېيىن ئۇلار ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق ئۇنىڭ جازاسى توختىتىلسۇن دەپ، ئۇ كىشىنى سولاپ قويدى. [13] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[14] «كۇپۇر ئېيتقۇچىنى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا چىقىرىڭلار. چىقىرىپ بولۇپ، ئۇنىڭ كۇپۇر ئېيتقىنىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قوللىرىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ، ئاندىن جامائەت بىر بولۇپ ئۇنى چالما-كېسەك قىلسۇن. [15] سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆز قىلىپ ئېيتقىنكى: [16] ئەگەر بىركىم ئۆز تەڭرىسىگە كۇپۇر ئېيتسا، ئۆز گۇناھىنى كۆتۈرسۇن. ئەگەر بىركىم خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىغا كۇپۇرلۇق قىلسا، ئۆلۈم جازاسىنى تارتسۇن. جامائەت ئۆزى بىر بولۇپ ئۇنى چالما-كېسەك قىلسۇن. خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىغا كۇپۇرلۇق قىلغان كىشى ئۆزى، خاھى مۇساپىر، خاھى يەرلىك ئادەم بولسا ئۆلتۈرۈلسۇن.

[17] ئەگەر بىركىم بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۆلۈم جازاسىنى تارتسۇن. [18] كىمكى بىر مال ھايۋاننى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ ئورنىدا جانغا جان بەرسۇن.
[19] ئەگەر بىركىم ئۆز ھەقەمسايىسىنى ئەيىبناق قىلسا، ئۆزى قىلغاندەك ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ قىلىنىپ، [20] سۇندۇرۇلغان ئەزانىڭ ئورنىغا ئەزا سۇندۇرۇلۇپ، كۆز ئورنىغا كۆز، چىش ئورنىغا چىش بېرىلىپ، باشقا كىشىنى قانداق ئەيىبناق قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ھەم شۇنداق قىلىنسۇن.
[21] كىمكى بىر مال ھايۋاننى ئۆلتۈرسە، ئۇنى تۆلەپ بەرسۇن. لېكىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن كىشى ئۆزى ئۆلتۈرۈلسۇن.
[22] سىلەر ئۈچۈن بۇ قانۇن توختىتىلىپ، مۇساپىر بىلەن يەرلىك ئادەمگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىنسۇن، چۈنكى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مەندۇرمەن».

[23] مۇسا ئۆزى بەنى-ئىسرائىلغا بۇنى دەپ بەرسە، ئۇلار كۇپۇر ئېيتقۇچىنى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا چىقىرىپ، چالما-كېسەك قىلدى. شۇنداق قىلىپ، بەنى-ئىسرائىل ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىنى بەجا كەلتۈردى.

## شابات يىلى ۋە شادلىق يىلى

25 [1] خۇداۋەندە سىناي تېغىدا مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى: مەن سىلەرگە بېرىدىغان يۇرتقا كىرگىنىڭلاردا ئۇ يۇرتنىڭ زېمىنىمۇ خۇداۋەندىنىڭ شابات راھىتىنى تاپسۇن. [3] سەن بولساڭ

ئالتە يىل ئىچىدە زېمىنىڭنى تېرىپ تىكىپ، ئۈزۈمزارلىقىڭنىمۇ ئالتە يىل ئىچىدە قىرىپ
چېتىپ، ھوسۇللىرىنى يىغقايسەن. [4] لېكىن يەتتىنچى يىلى زېمىن ئۆزى ئارام ئېلىپ،
خۇداۋەندىنىڭ شابات راھىتىنى تاپسۇن. ئۇ ۋاقىت سەن ئۆزۈڭ زېمىنىڭنى تېرىپ تىكمەي،
ئۆز ئۈزۈمزارلىقلىرىڭنىمۇ قىرىپ چاتىماي، [5] خاھى ئۆزىچە ئۈنۈپ قالغان ھوسۇلنى كەسمەي،
خاھى چاتالمىغان ئۈزۈم تېلىڭنىڭ ئۈزۈملىرىنى يىغمىغىن، چۈنكى بۇ يىل بولسا يەرنىڭ
راھەت ئالىدىغان يىلىدۇر. [6] لېكىن ھەرقانداق بولسا، يۇرتىنىڭ شاباتىدا چىققان ھوسۇل ئۆزى
سىلەرگە تائام بولۇپ، سەن ئۆزۈڭ بىلەن خىزمەتكار ۋە دېدىكىڭ، مەدىكار بىلەن سېنىڭكىدە
ئولتۇرغان مۇساپىرىڭ شۇنىڭدىن تىرىكچىلىك قىلىپ، [7] مېلىڭ بىلەن يۇرتۇڭدىكى ياۋا
ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭ ھەممە ھوسۇلىدىن غىزا تاپسۇن.

[8] بۇنىڭدىن باشقا سەن يەتتە شابات يىلىنىڭ دەۋرىنى ھېساب قىلىپ، يەتتە مەرتىۋە يەتتە يىل
سانىغىن. شۇنداق قىلساڭ، يەتتە شابات يىلىنىڭ دەۋرى ئۆزى قىرىق توققۇز يىل چىقىدۇ.
[9] شۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ بولغاندا يەتتىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدە شادلىق كانىيىنى چېلىپ،
پۈتۈن يۇرتۇڭلاردا ئۇ كاپارەت كۈنىنىڭ ئۆزىدە كاناي چالغىلى تۇرۇپ، [10] ئەللىكىنچى يىلىنى
مۇقەددەس بىلىپ، يۇرتىنىڭ ھەممە ئولتۇرغۇچىلىرىغا ئازادلىقنى جاكارلاڭلار. بۇ ئۆزى سىلەرگە
شادلىق يىلى بولغاچ ھەربىر كىشىگە ئۆز تەئەللۇقىنى ياندۇرۇپ بېرىپ، ھەر كىشىنى ئۆز
خانىدانىغا قايتىپ قويغايسىلەر. [11] دەرۋەقە بۇ ئەللىكىنچى يىلى بولسا سىلەرگە شادلىق
يىلى بولسۇن. ئۇ ۋاقىت بىر نېمىنى تېرىماي، ئۆزىچە ئۈنۈپ قالغان ھوسۇلنىمۇ ئورماي،
چاتالمىغان تاللىرىڭلارنىڭ ئۈزۈملىرىنىمۇ يىغمىغىن. [12] چۈنكى بۇ ئۆزى شادلىق يىلى بولغاچ
سىلەرگە مۇقەددەس بولسۇن. ئۇنىڭ ھوسۇلى بولسا ئۇنى يەر زېمىنىدىن تېپىپ يەيسىلەر.
[13] شادلىق يىلى بولسا ئاراڭلاردىكى ھەربىر كىشى ئۆز تەئەللۇقىنى ياندۇرۇۋالسۇن. [14] ئەگەر
سىلەر ھەقەمسايەڭلارغا بىر نېمىنى سېتىپ بېرىپ ياكى ھەقەمسايەڭلاردىن بىر نېمىنى
سېتىۋالساڭلار، بىر-بىرىڭلارغا ناھەقلىق قىلماي، [15] شادلىق يىلىدىن كېيىن نەچچە يىل
ئۆتكەن بولسا، شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھېساب قىلىپ ھەقەمسايەڭگە پۇل بېرىپ، ئۇنى سېتىۋالغىن.
ئۇ ئۆزى يىللارنىڭ سانىغا قاراپ ھوسۇللارنى ھېسابلاپ ساڭا ساتسۇن. [16] يىللار ئۆزى قانچە
زىيادە بولغان بولسا، شۇنىڭغا مۇۋاپىق باھاسىنى كۆتۈرگىن. يىللار قانچە كەم قالغان بولسا،
شۇنچە باھاسىنى كېمەيتكىن. چۈنكى ئۇ ئۆزى يىللارنىڭ سانىغا قاراپ ئۇلارنىڭ ھوسۇلىنى
ساڭا ساتىدۇ ئەمەسمۇ؟ [17] سىلەر بىر-بىرىڭلارغا ناھەقلىق قىلماي، بەلكى تەڭرىڭلاردىن
قورقۇپ تۇرۇڭلار، چۈنكى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مەندۇرمەن.

[18] سىلەر مېنىڭ قانۇنلىرىمنى تۇتۇپ، ھۆكۈملىرىمنى ساقلاپ، شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئەمەل
قىلساڭلار، يۇرتتا تىنچ-ئامان ئولتۇرىسىلەر. [19] زېمىن بولسا كەڭرى ھوسۇل بەرگەچ سىلەر

تويغۇدەك يەپ، ئاندا تىنچ-ئامان ئولتۇرىسىلەر. [20] ئەگەر سىلەر: ‹بىزگە تېرىپ، ھوسۇلىمىزنى يىغقىلى ئىجازەت بېرىلمىسە، يەتتىنچى يىلى نېمە يەيمىز؟› دەپ سورىساڭلار، [21] سىلەرگە مەلۇم بولسۇنكى، ئۈچ يىللىق ھوسۇل بەرسۇن دەپ، ئالتىنچى يىلىدا ئۈستۈڭلارغا بەرىكىتىمنى ئەۋەتىمەن. [22] شۇنداق بولىدۇكى، سىلەر سەككىزىنچى يىلىدا تېرىغىنىڭلاردا تېخى سىلەرگە يېگىلى كونا ھوسۇلدىن ئېشىپ قېلىپ، توققۇزىنچى يىلىنىڭ ھوسۇلىنى يىغىپ بولغۇچىلىك كونا ئاشلىقتىن يەپ تۇرىسىلەر.

[23] يەر سېتىلسا، ئەبەدكىچە سېتىلمىسۇن، چۈنكى يۇرت ئۆزى مېنىڭكى بولۇپ، سىلەر بولساڭلار مېنىڭ قېشىمدا مۇساپىر بىلەن مېھماندەك تۇرمايسىلەرمۇ؟ [24] سىلەرگە بېرىلىدىغان يۇرتنىڭ ھەر يېرىدە بولسا سېتىلغان زېمىننى ياندۇرۇۋالمىقىڭلار جايىزدۇر. [25] ئەگەر بۇرادىرىڭ كەمبەغەل بولۇپ قېلىپ، ئۆز مىراس يېرىنى سېتىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنى كېلىپ، بۇرادىرى ئۆزى ساتقان يەرنى ياندۇرۇۋالسۇن. [26] ئەگەر ئۇنىڭ تۇغقىنى بولمىسا، لېكىن ئۇ ئۆزى ياندۇرۇۋېلىشقا لازىم بولىدىغان پۇلنى تاپالىسا، [27] ساتقىنىمىغا نەچچە يىل كەتتى دەپ ساناپ، شادلىق يىلىغىچە قالىدىغان يىللار ئۈچۈن سېتىۋالغان كىشىگە پۇل بېرىپ، ئۆز يېرىنى ياندۇرۇۋالسۇن. [28] لېكىن ئەگەر ياندۇرۇۋېلىشقا لازىم بولىدىغان پۇلنى تاپالمىسا، ئۆزى سېتىپ بەرگەن يەر شادلىق يىلىغىچە ئالغۇچىنىڭ قولىدا تۇرسۇن. لېكىن شادلىق يىلى كەلگەندە يەر ئۆزى خالىس ئاجراپ ساتقان كىشىنىڭ قولىغا يېنىپ كېلىدۇ.

[29] ئەگەر بىركىم سېپىللىك شەھەرنىڭ ئىچىدىكى بىر ئولتۇرىدىغان ئۆيىنى ساتقان بولسا، سېتىلىپ بىر يىل ئۆتمەستە ئۇنى ياندۇرۇۋالالايدۇ. يىل توگەپ بولغۇچىلىك ئۇنى ياندۇرۇۋالغىلى ھەققى باردۇر. [30] لېكىن پۈتۈن يىل ئۆتمەستىن ياندۇرۇۋېلىنمىسا، سېپىللىك شەھەرنىڭ ئىچىدە بولغان بۇ ئۆي ئۆزى نەسلىدىن نەسلىگە ئالغان كىشىنىڭ قولىدا قېلىپ، شادلىق يىلى كەلسىمۇ، ياندۇرۇلمايدۇ. [31] لېكىن سېپىلسىز كەنتلەرنىڭ ئۆيلىرى بولسا يۇرتنىڭ زېمىنىدەك سانىلىپ، ئۇلارنى ياندۇرۇۋالغىلى ھەققى باردۇر ۋە شادلىق يىلى كەلگەندە ئۆزى ياندۇرۇلىدۇ. [32] لېكىن لاۋىي شەھەرلىرىدە بولسا لاۋىيلار ئۆزى ئۆز مىراسى بولغان شەھەرلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ھەرقاچان خالىسا، ياندۇرۇۋالالايدۇ. [33] ئەگەر لاۋىيلاردىن بولغان باشقا بىر كىشى ئۆز مىراسى بولغان شەھىرىدە بىر ئۆيىنى ئالسىمۇ، شادلىق يىلى كەلگەندە ياندۇرۇلىدۇ. چۈنكى لاۋىي شەھەرلىرىنىڭ ئۆيلىرى بولسا لاۋىيلارنىڭ بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدىكى مىراسى بولىدۇ. [34] شۇنداق ھەم بۇلارنىڭ شەھەرلىرىنىڭ چۆرىسىدىكى تەئەللۇق يەرلىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئەبەدىي مىراسى بولغاچ سېتىلمىسۇن.

[35] ئەگەر بۇرادىرىڭ كەمبەغەل بولۇپ سەن بىلەن تۇرۇپ، بارىنى يىتتۈرسە، سەن ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنى سېنىڭكىدە بىر مۇساپىر ۋە يا بىر مېھماندەك ئولتۇرغىلى قويۇپ،

[36] ئۇنىڭدىن جازانە ۋە يا پايدا ئالماي، بەلكى تەڭرىڭدىن قورقۇپ بۇرادىرىڭنى قېشىڭدا ئولتۇرغىلى قويغىن. [37] پۇلۇڭنى ئۇنىڭغا جازانىغا بەرمەي، ئاشلىقىڭنىمۇ پايدا ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆتنە بەرمىگىن. [38] تەڭرىڭلار بولۇپ، قانائان يۇرتىنى سىلەرگە بېرەي دەپ، سىلەرنى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مەندۇرمەن.

[39] ئەگەر بۇرادىرىڭ سەن بىلەن تۇرۇپ، كەمبەغەل بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنى ساڭا ساتسا، ئۇنى قۇللۇق ئىشىغا سالمىغىن. [40] بەلكى ئۇ ئۆزى بىر مەدىكار بىلەن مۇساپىردەك قېشىڭدا تۇرۇپ، شادلىق يىلىغىچە ساڭا خىزمەت قىلىپ تۇرۇپ، [41] ئاندىن ئازاد بولۇپ، ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ بالىلىرى سېنىڭ قېشىڭدىن چىقىپ، ئۆز خاندانىغا يېنىپ كېتىپ، ئاتىسىنىڭ تەئەللۇقىغا قايتىپ بارسۇن. [42] چۈنكى ئۇلار مەن ئۆزۈم مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن بەندىلىرىم بولغاچ قۇلدەك سېتىلمىسۇن. [43] سەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قاتتىقلىق بىلەن خوجىلىق قىلماي، بەلكى تەڭرىڭدىن قورققىن. [44] لېكىن ئەگەر سەن، راست بىر قۇل ياكى دېدەكنى تاپاي دېسەڭ، مۇنداق قۇل ياكى دېدەكنى چۆرەڭلاردىكى تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدىن پۇلغا ئالغىن. [45] بۇلاردىن باشقا قېشىڭلاردا ئولتۇرغان مۇساپىرلىرىڭلارنىڭ بالىلىرى بىلەن يۇرتۇڭلاردا تۇغۇلۇپ سىلەرنىڭكىدە ئولتۇرغان تۇغقانلىرىدىن قۇللار سېتىۋېلىڭلار. شۇنداقلار سىلەرنىڭ تەئەللۇقىڭلار بولۇپ قالىدۇ. [46] بۇ تەرىقىدە سىلەر ئۇلارغا ئىگە بولۇپ، ئۆزۈڭلاردىن كېيىن بالىلىرىڭلارغا مىراس قىلىپ بېرىپ، ئەبەدكىچە ئۇلارنى قۇلدەك ساقلىساڭلار بولىدۇ. لېكىن بۇرادەرلىرىڭلار بولغان بەنى-ئىسرائىلىنىڭ ئارىسىدىن ھېچكىمگە قاتتىقلىق بىلەن خوجىلىق قىلماڭلار.

[47] ئەگەر بىر مۇساپىر ياكى ياقا يۇرتلۇق سەن بىلەن ئولتۇرۇپ، باي بولۇپ قېلىپ، بۇرادىرىڭ ئۇنىڭكىدە تۇرۇپ، كەمبەغەل بولۇپ قېلىپ، ئۆز-ئۆزىنى قېشىڭدا ئولتۇرغان مۇساپىرغا ۋە يا بۇ مۇساپىرنىڭ تۇغقانلىرىغا ساتسا، [48] سېتىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ياندۇرۇلالايدۇ. ئۇنىڭ بىرتۇغقانلىرىنىڭ بىرى ئۇنى سېتىۋېلىپ ياندۇرالايدۇ. [49] بولمىسا تاغىسى يا تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋە يا خاندانىدىن بولغان يېقىن تۇغقىنى ئۇنى سېتىۋېلىپ ياندۇرالايدۇ ياكى بولمىسا كۈچى يەتسە، پۇلنى بېرىپ ئۆز-ئۆزىنى ياندۇرالايدۇ. [50] ئۇ ئۆزى خوجىسى بىلەن گەپلىشىپ سېتىلغان يىلدىن تارتىپ شادلىق يىلىغىچە قانچىلىك قالدى دەپ، ھېسابلىشىپ سېتىلغان قىممىتىنى يىللارنىڭ سانىغا تەقسىم قىلىپ، ئىشلەپ بەرگەن كۈنلىرىنى ھېساب قىلىپ پۇل سوقۇپ، [51] شادلىق يىلىغا تېخى تولا يىل قالغان بولسا، شۇنى ھېساب قىلىپ، ئازاد بولماق ئۈچۈن سېتىلغان پۇلنىڭ ئوشۇقىنى قايتۇرۇپ بەرسۇن. [52] ئەگەر شادلىق يىلىغا ئاز يىللار قالغان بولسا، ئۇنى ھېساب قىلىپ قالغان يىللارغا مۇۋاپىق پۇلنى ياندۇرۇپ بېرىپ، [53] يىللىق مەدىكاردەك ئۇ خوجىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، خوجىسى سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا ئۇنىڭغا قاتتىقلىق بىلەن خوجىلىق قىلمىسۇن. [54] لېكىن ئەگەر ئۇ ئۆزى مەزكۇر تەرىقىلەردە ئازاد بولالمىسا، شادلىق يىلى كەلگەندە قويۇپ بېرىلىپ، ئۆزى بالىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئازاد بولسۇن.

55 چۈنكى بەنى-ئىسرائىل ئۆزى مېنىڭ بەندىلىرىم بولىدۇ. ئۇلار مەن ئۆزۈم مىسىر يۇرتىدىن
چىقىرىپ كەلگەن بەندىلىرىمدۇر. تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مەندۇرمەن».

## بەرىكەت ۋە لەنەت

26 1 «سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن بۇت ياسىماي، ئويما سۈرەت ۋە يا تۈۋرۈك سۈرىتىمۇ
تۇرغۇزماي، ئۇلارغا باش ئەگەيلى دەپ ئويۇلغان سۈرەتلىرى بار تاشلارنى يۇرتۇڭلاردا
ھەرگىز تىكلىمەڭلار. چۈنكى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مەندۇرمەن.
2 مېنىڭ شابات كۈنلىرىمنى تۇتۇپ، مۇقەددەس خانامغا ھۆرمەت قىلىڭلار. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن.
3 ئەگەر سىلەر مېنىڭ قانۇنلىرىمغا مۇۋاپىق يۈرۈپ، ئەمرلىرىمنى تۇتۇپ ئۇلارغا ئەمەل قىلساڭلار،
4 مەن ئۆزۈم، يەر ئۆزى ھوسۇلىنى بېرىپ، سەھرانىڭ دەرەخلىرى بولسا مېۋىسىنى كەلتۈرسۇن
دەپ، راست ۋاقتىدا يامغۇر ئەۋەتىمەن. 5 شۇنداقكى، ئۇزۇم يىغقۇچىلىك خامانلىرىڭلار
تېپىلىپ تۇرۇپ، ئۈزۈمۈڭلار بولسا يېڭى تېرىمغىچە يىغىلىپ تۇرۇپ، ئۆزۈڭلار نان يەپ
تويۇپ، يۇرتتا تىنچ-ئامان ئولتۇرىسىلەر. 6 مەن سىلەرنى ئارامدا يېتىپ ھېچكىمدىن قورقماي
ئۇخلىسۇن دەپ، يۇرتقا ئامانلىقنى بېرىپ، يىرتقۇچى ھايۋانلارنى يۇرتتىن يوقىتىۋېتىمەن.
قىلىچ بولسا يۇرتۇڭلاردا چۆرۈلمەيدۇ. 7 لېكىن سىلەر ئۆز دۈشمەنلىرىڭلارنى قوغلىغىنىڭلاردا
ئۇلار ئالدىڭلاردا قىلىچتىن چۈشىدۇ. 8 سىلەردىن بەش كىشى يۈز كىشىنى قوغلاپ، يۈز كىشى
ئون مىڭنى قاچۇرۇپ، دۈشمەنلىرىڭلار بولسا ئالدىڭلاردا قىلىچتىن چۈشىدۇ. 9 مەن سىلەرگە
يۈزۈمنى قارىتىپ، سىلەرنى ئۇرۇقلىتىپ ئاۋۇتۇپ، سىلەر بىلەن باغلىغان ئەھدەمنى مەھكەم
قىلىمەن. 10 سىلەر بولساڭلار ئۇزۇن ۋاقىتتىن يىغىلىپ قالغان كونا ئاشلىقنى يەپ تۇرۇپ،
يېڭى ئاشلىق چىققاندا، كونىسىنى يەپ تۈگىتەلمەي چىقىرىۋېتىسىلەر. 11 مەن ئۆزۈم ئاراڭلاردا
ماكانىمنى تۇتۇپ، روھۇم بولسا سىلەرگە سەل قارىماي، 12 ئۆزۈم ئاراڭلاردا يۈرۈپ، تەڭرىڭلار
بولىمەن. سىلەر بولساڭلار مېنىڭ قوۋمىم بولىسىلەر. 13 ئاندا قۇل بولۇپ تۇرمىغايسىلەر
دەپ، سىلەرنى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ، بويۇنتۇرۇقۇڭلارنى سۇندۇرۇپ، بوينۇڭلارنى راستلاپ
قويغان تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مەندۇرمەن.

14 لېكىن ئەگەر سىلەر ماڭا قۇلاق سالماي، بۇ ئەمرلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلماي، 15 مېنىڭ
قانۇنلىرىمنى تاشلاپ، جانلىرىڭلار بولسا ھۆكۈملىرىمنى يامان كۆرۈپ، ھەممە بۇيرۇقلىرىمنى
تۇتماي، ئەھدەمنى سۇندۇرساڭلار، 16 مەنمۇ سىلەرگە شۇنداق قىلىپ، ئۇستۇڭلارغا
قورقۇنچ سېلىپ، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ، جېنىڭلارنى ھالاكەتكە سالىدىغان كېسەللىك
بىلەن تەپنى ئۇستۇڭلارغا ئەۋەتىمەن. سىلەر تېرىپ تىككىنىڭلار بىلەن پايدىسى بولماي،
بەلكى دۈشمەنلىرىڭلار ئۇنى يەپ كېتىدۇ. 17 مەن يۈزۈمنى سىلەرگە قارشى قىلغاچ سىلەر

دۈشمەنلىرىڭلاردىن ئۇرۇلىسىلەر. سىلەرنى يامان كۆرگەن كىشىلەر ئۈستۈڭلارغا ھۆكۈمرانلىق
قىلىدۇ. ھېچكىم سىلەرنى قوغلىمىسىمۇ، قېچىپ كېتىسىلەر. 18 شۇنداق خاپىلىق تارتىپ
تۇرۇپ، تېخى ماڭا قۇلاق سالمىساڭلار، مەن سىلەرگە گۇناھىڭلار ئۈچۈن يەتتە ھەسسە
زىيادە جازا بېرىپ، 19 كۈچۈڭلارنىڭ پەخرىنى سۇندۇرۇپ، ئاسمانىڭلارنى تۆمۈردەك قىلىپ،
يېرىڭلارنى مىستەك قىلىۋېتىمەن. 20 يېرىڭلار ھوسۇل بەرمەي تۇرۇپ، سەھرانىڭ دەرەخلىرى
مېۋە كەلتۈرمىگەچ، قىلغان مۇشەققىتىڭلار بىكار بولىدۇ.
21 شۇنداق خاپىلىقنى تارتىپ تۇرۇپ، تېخى ماڭا قۇلاق سالمىساڭلار، مەن گۇناھلىرىڭلارغا
لايىق تەرىقىدە سىلەرنى يەتتە ھەسسە زىيادە ئۇرۇپ، 22 ئاراڭلاردا ياۋايى ھايۋانلارنى قويۇۋېتىمەن، ئۇلار بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ،
چارۋا ماللىرىڭلارنى يوقىتىپ، يوللىرىڭلار خالىي بولۇپ قالغۇدەك تەرىقىدە سىلەرنى
كېمەيتىدىغان يىرتقۇچى ھايۋانلارنى ئەۋەتىمەن.
23 شۇنداق خاپىلىقنى تارتىپ تۇرۇپ، تېخى بۇ ئەۋەتكىنىمدىن ئىبرەت ئالماي، ماڭا قارشى
يۈرۈپ تۇرساڭلار، 24 مەنمۇ سىلەرگە قارشى يۈرۈپ، ئۆزۈم سىلەرنى گۇناھىڭلار ئۈچۈن يەتتە
ھەسسە زىيادە ئۇرۇپ، 25 ئەھدە سۇندۇرغاننىڭ ئىنتىقامىنى ئالماق ئۈچۈن ئۈستۈڭلارغا قىلىچ
ئەۋەتىمەن. ئەۋەتسەم، سىلەر شەھەرلەرگە يىغىلغىنىڭلاردا ئاراڭلارغا ۋابا ئەۋەتىمەن. بۇنىڭ
بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىسىلەر. 26 مەن ئۆزۈم رىسقىڭلارنى كەسكىنىمدە ئون
خوتۇن بىرلىشىپ بىر تونۇردا نان يېقىپ نانلىرىڭلارنى سىلەرگە تارتىپ بېرىدۇ، ئەمما بۇنى
يېگىنىڭلار بىلەن تويمايسىلەر. 27 بۇنىڭ بىلەن سىلەر تېخى ماڭا قۇلاق سالماي، ماڭا قارشى
يۈرسەڭلار، 28 مەنمۇ ئاچچىق بىلەن سىلەرگە قارشى يۈرۈپ، گۇناھلىرىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى يەتتە
ھەسسە زىيادە ئۇرىمەن. 29 شۇنداقكى، سىلەر ئوغۇللىرىڭلارنىڭ گۆشى بىلەن قىزلىرىڭلارنىڭ
گۆشىنى يەيسىلەر. 30 شۇنداقلا مەن قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىڭلارنى ۋەيران قىلىپ، كۈن
سۈرەتلىرىڭلارنى پارە-پارە قىلىپ، ئۆلۈكلىرىڭلارنى سۇنۇق بۇتلىرىڭلارنىڭ ئۈستىگە
تاشلىۋېتىمەن، چۈنكى مېنىڭ روھۇم سىلەردىن بىزار بولۇپ قالىدۇ. 31 مەن شەھەرلىرىڭلارنى
ۋەيران قىلىپ، مۇقەددەس خانىلىرىڭلارنى بۇزۇۋېتىپ، ئىسرىق قۇربانلىقىڭلارنىڭ خۇش
پۇرىقىنى يەنە پۇرىمايمەن. 32 مەن ئۆزۈم ئولتۇرغان دۈشمەنلىرىڭلار ھەيران قالغۇدەك تەرىقىدە
يۇرتنى ۋەيران قىلىۋېتىپ،
33 سىلەرنى تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا پاراكەندە قىلىپ، كەينىڭلاردىن قىلىچنى سۇغۇرۇپ
قوغلايمەن. بۇ تەرىقىدە يۇرتۇڭلار ۋەيران بولۇپ، شەھەرلىرىڭلار خاراب قىلىنىدۇ. 34 ئۇ ۋاقىت
يۇرت ئۆزى بىكار تۇرۇپ، سىلەر دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ يۇرتىدا تۇرغاچ ئۆز شابات كۈنلىرىدىن
سۆيۈنىدۇ. شۇنداقلا ئۇ زاماننىڭ ئۆزىدە يۇرت راھەت قىلىپ ئۆز شاباتلىرىدىن سۆيۈنۈپ،
35 ئۆزى بىكار تۇرغۇچىلىك راھەت ئالىدۇ. چۈنكى سىلەر ئاندا ئولتۇرغان ۋاقىتتا شابات
كۈنلىرىڭلاردا راھەت تاپمىغانىدى.
36 قۇتۇلۇپ قالغانلىرىڭلار بولسا ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ يۇرتىدا تۇرغىنىدا مەن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە
قورقۇنچاقلىق ئەۋەتىمەن. شۇنداقكى، ئۇلار چۈشكەن يوپۇرماقنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىسا،

قىلىچتىن قاچقاندەك قېچىپ، ھېچكىم ئۇلارنى قوغلىمىسىمۇ، يىقىلىپ چۈشىدۇ. 37 ھېچكىم
ئۇلارنى قوغلىمىسىمۇ، قىلىچتىن يىقىتىلغاندەك بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىشىپ چۈشىدۇ.
شەكسىز شۇنداق بولۇپ، سىلەر دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى تۇرغىلى كۈچ تاپماي، 38 تائىپىلەرنىڭ
ئارىسىدا ھالاك بولىسىلەر. دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ يۇرتى سىلەرنى يەپ كېتىدۇ.
39 قۇتۇلۇپ قالغانلىرىڭلار بولسا ئۆز يامانلىقى ئۈچۈن دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ يۇرتىدا سۇسلىشىپ
قېلىپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يامانلىقىدا يۈرۈپ، بۇلار ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ.

40 شۇندا ئۆزى قىلغان يامانلىقى بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ماڭا بىۋاپالىق كۆرسىتىپ گۇناھ
قىلغىنىنى ئىقرار قىلىپ، 41 ‹ بىزنىڭ ساڭا قارشى يۈرگىنىمىز ئۆزى سېنىڭ بىزگە قارشى
يۈرۈپ بىزنى دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قولىغا تاپشۇرغىنىڭنىڭ سەۋەبى بولدى› دەپمۇ ئىقرار
قىلسا، شۇنىڭدەك ئۇ ۋاقىت ئۇلارنىڭ خەتنىسىز كۆڭۈللىرى پەس بولۇپ، ئۇلار بولسا ئۆز
يامانلىقىنىڭ جازاسىنى قوبۇل قىلسا، 42 ئۇنداقتا مەن ياقۇپ بىلەن باغلاشقان ئەھدەمنى ياد
قىلىپ، ئىسھاق بىلەن باغلاشقان ئەھدەمنى يادىمغا كەلتۈرۈپ، ئىبراھىم بىلەن باغلاشقان
ئەھدەمنىمۇ خاتىرەمگە كەلتۈرۈپ، يۇرتنى ياد قىلىمەن.
43 چۈنكى يۇرت ئۆزى ئۇلاردىن تاشلىنىپ، ئۇلار يوق بولغىنىدا بىكار تۇرۇپ، شابات كۈنلىرىدىن
سۆيۈنىدۇ. ئەمما ئۇلار بولسا ئۆز يامانلىقى ئۈچۈن جازا تارتىپ، مېنىڭ ئەھكاملىرىمنى
تاشلىغىنى ئۈچۈن جازا تېپىپ، جانلىرى قانۇنلىرىمغا سەل قارىغاچ جازاغا گىرىپتار بولىدۇ.
44 لېكىن ھەرقانداق بولسا، مەن ئۇلارنى ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ يۇرتىدا تۇرغان ۋاقتىدا
يوقىتىپ، ئۇلار بىلەن باغلاشقان ئەھدەمنى بۇزغۇدەك تەرىقىدە ئۇلارنى تاشلىۋېتىپ سەل
قارىمايمەن. چۈنكى مەن ئۆزۈم ئۇلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىدۇرمەن. 45 لېكىن مەن بولسام
ئۇلارنىڭ تەڭرىسى بولاي دەپ، تائىپىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن
ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن باغلاشقان ئەھدەمنى ئۇلارنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن ياد قىلىمەن. مەن
خۇداۋەندىدۇرمەن».
46 خۇداۋەندە مۇسانى ۋاستە قىلىپ، سىناي تېغىدا ئۆزى بىلەن بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا
توختاتقان ھۆكۈم بىلەن قانۇنلار بولسا شۇ ئىدى.

## بىركىمنىڭ ۋەدە قىلغىنىنىڭ ئورنىغا پۇل بېرىشى

27 1 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
2 «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ئەگەر بىر كىشى بىر ۋەدە بەجا
كەلتۈرگىنىدە ساڭا خۇداۋەندىگە بېرىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ قىممىتىنى توختاتقىلى لازىم
كېلىپ، 3 يېشى يىگىرمە بىلەن ئاتمىشنىڭ ئارىلىقىدا بولغان ئەر كىشىنىڭ قىممىتىنى

توختىتىدىغان ئىشلىق بولسا سەن مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ۋەزنىگە قاراپ ئۇنىڭ قىممىتىنى ئەللىك شېقەل كۈمۈشكە توختىتىپ، [4] خوتۇن كىشى بولسا ئۇنىڭ قىممىتىنى ئوتتۇز شېقەلگە توختاتقايسەن.
[5] ئەگەر يېشى بەش بىلەن يىگىرمىنىڭ ئارىلىقىدا بولغان بىركىم بولسا، توختىتىدىغان قىممىتىڭ ئەركەك ئۈچۈن يىگىرمە شېقەل بولۇپ، خوتۇن كىشى ئۈچۈن ئون شېقەل بولسۇن.
[6] ئەگەر يېشى بىر ئاي بىلەن بەش ياشنىڭ ئارىلىقىدا بولغان بىركىم بولسا، توختىتىدىغان قىممىتىڭ ئوغۇل بالا ئۈچۈن بەش شېقەل كۈمۈش بولۇپ، قىز بالا ئۈچۈن ئۈچ شېقەل كۈمۈش بولسۇن. [7] ئەگەر ئاتمىش ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق ياشقا كىرگەن كىشى بولسا، سەن توختىتىدىغان قىممىتىڭ ئەر كىشى ئۈچۈن ئون بەش شېقەل بولۇپ، خوتۇن كىشى ئۈچۈن ئون شېقەل بولسۇن.

[8] ئەگەر بىركىم سەن توختاتقان قىممىتىنى بەرگىلى ئاجىز كەلسە، ئۇ ئۆزى كاھىنىنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇلۇپ، كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ قىممىتىنى توختاتسۇن. شۇنى قىلىپ كاھىن ئۆزى ۋەدە قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى تەيىنلەپ بەرسۇن.
[9] ئەگەر بىركىم خۇداۋەندە ئۈچۈن كەلتۈرىدىغان ھايۋان بولسا، شۇنداقىنىڭ ھەربىرىسى خۇداۋەندىگە ئاتالسا، مۇقەددەس سانىلىپ، [10] خاھى ئەسكىنىڭ ئورنىغا ياخشىنى، خاھى ياخشىنىڭ ئورنىغا ئەسكىنى تېگىشمەك ئۈچۈن ھەرگىز يەڭگۈشلىمىسۇن. مۇبادا بىر ھايۋاننىڭ ئورنىغا يەنە بىر ھايۋاننى يەڭگۈشلىگەن بولسا، ئاۋۋالقىسى بىلەن ئورنىغا كەلتۈرۈلگەن ھەر ئىككىلىسى مۇقەددەس سانالسۇن.
[11] ئەگەر ھايۋان ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا ئۆتكۈزگىلى بولمايدىغان بىر ناپاك ھايۋان بولسا، بۇ ئۆزى كاھىنىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىنسۇن. [12] ئاندىن كاھىن ئۆزى ئۇنىڭ ياخشى-ياماىلىقىغا قاراپ قىممىتىنى توختاتسۇن. كاھىن قىممىتىنى قانچە توختاتقان بولسا، شۇنداق بولسۇن.
[13] ئەگەر ئىگىسى بەدەل بېرىپ، ھايۋاننى ياندۇرۇۋالاي دېسە، سەن توختاتقان قىممىتىگە يەنە ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى قوشۇپ بەرسۇن.
[14] ئەگەر بىركىم، ئۆيىۇم خۇداۋەندىگە مۇقەددەس بولسۇن دەپ، ئۆيىنى مۇقەددەس قىلسا، كاھىن ئۇنىڭ ياخشى-ياماىلىقىغا قاراپ، قىممىتىنى توختاتسۇن. كاھىن قىممىتىنى قانچا توختاتقان بولسا، شۇ بولسۇن. [15] ئەگەر بىركىم ئۆز ئۆيىنى مۇقەددەس قىلىپ بولۇپ، ئۇنى ياندۇرۇۋالغىلى خالاپ، سەن توختاتقان قىممىتىگە ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى قوشۇپ بەرسە، ئۆيى ئۆزىنىڭكى بولىدۇ.
[16] ئەگەر بىركىم ئۆز مىراسى بولغان ئېتىزلىقىنىڭ بىر ھەسسىسىنى خۇداۋەندە ئۈچۈن مۇقەددەس قىلسا، سەن ئۇرۇق كېتىشىگە قاراپ بېقىپ، قىممىتىنى توختاتقىن. شۇنداقكى، بىر خومەر مىقدارى ئارپا ئۇرۇقى كېتىدىغان يەر بولسا، ئۇنىڭ قىممىتى ئەللىك شېقەل كۈمۈشكە

توختىتىلسۇن. [17] ئەگەر بىركىم شادلىق يىلىدىن تارتىپ ئۆز ئېتىزلىقىنى مۇقەددەس قىلسا،
سەن قىممىتىنى قانچا توختاتساڭ، شۇ بولسۇن. [18] لېكىن ئەگەر بىركىم شادلىق يىلىدىن
كېيىن ئۆز ئېتىزلىقىنى مۇقەددەس قىلغان بولسا، كاھىن ئۆزى كېلىدىغان شادلىق يىلىغىچە
قانچىلىك قالدى دەپ ھېساب قىلىپ، قىممىتىنى توختاتسۇن. ئۆتۈپ كەتكەن يىللارغا قاراپ
ھەسسىسىنى توختىتىلغان قىممىتىدىن كېمەيتىلسۇن. [19] ئەگەر بىركىم ئۆز ئېتىزلىقىنى
مۇقەددەس قىلغاندىن كېيىن، بەدەل بېرىپ ئۇنى ياندۇرۇۋالاي دېسە، سەن توختاتقان قىممىتىگە
يەنە ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى قوشۇپ بەرسە، ئېتىزلىق ئۆزىنىڭكى بولىدۇ.
[20] ئەگەر ئۇ ئۆزى بەدەل بېرىپ ئېتىزلىقىنى ياندۇرۇۋالماي، باشقا كىشىگە سېتىپ بەرسە،
كېيىن ئېتىزلىقنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ، [21] بەلكى شادلىق يىلى كەلگەندە ئېتىزلىق
ئۆزى ئۆزىچە ياندۇرۇلۇپ كېتىپ، بېغىشلانغان يەرگە ئوخشاش خۇداۋەندە ئۈچۈن مۇقەددەس
قىلىنىپ، مىراس يېرى ئۆزى كاھىنغا تېگىپ كېتىدۇ.
[22] ئەگەر بىركىم ئۆز مىراسى بولماي سېتىۋېلىنغان يېرىنى خۇداۋەندە ئۈچۈن مۇقەددەس قىلغان
بولسا، [23] كاھىن ئۆزى شادلىق يىلىغا قانچە يىل قالدى دەپ، ھېساب قىلىپ قىممىتىنى
توختاتسۇن. ئۇ كۈندە كىشى ئۆزى سەن توختاتقان قىممىتىنى خۇداۋەندە ئۈچۈن مۇقەددەس
قىلىپ، كەلتۈرۈپ بەرسۇن. [24] لېكىن شادلىق يىلى كەلگەندە ئېتىزلىق ئۆزى كىمنىڭ
مىراس يېرى بولۇپ، كىمدىن ئېلىنغان بولسا، ئۇنىڭغا ياندۇرۇلۇپ بېرىلسۇن. [25] سېنىڭ
توختىتىدىغان قىممىتىڭ بولسا ھەممىشە مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا بولۇپ،
بىر شېقەل ئۆزى يىگىرمە گېراھقا باراۋەر بولسۇن.
[26] لېكىن چارۋا مالنىڭ تۇنجى بالىسى بولسا تۇنجىلىقىدىن خۇداۋەندىنىڭكى بولۇپ قالغاچ،
خاھى كالا، خاھى ئۆچكە، قوي بولسۇن، ھېچكىم ئۇنى مۇقەددەس قىلمىسۇن، چۈنكى ئەسلىدە
خۇداۋەندىنىڭكى ئەمەسمۇ؟ [27] لېكىن ئەگەر بۇ ئۆزى ناپاك بىر ھايۋاننىڭ بالىسى بولسا، كىشى
ئۆزى سەن توختاتقان قىممىتىگە يەنە ئۇنىڭ بەشتىن بىرىنى قوشۇپ بېرىپ، ياندۇرۇۋالسۇن.
لېكىن ئەگەر بەدەل بەرگىلى خالىمىسا، بۇ ھايۋان ئۆزى سەن توختاتقان قىممەتكە سېتىلسۇن.
[28] ئەگەر بىركىم خۇداۋەندە ئۈچۈن ئۆز مېلىدىن بىر نېمىنى بېغىشلىغان بولسا، بۇ ئۆزى، خاھى
ئادەم بولسۇن، خاھى ھايۋان بولسۇن، خاھى مىراس يېرى بولسۇن، ئۇنداق نەرسە ھەرگىز
يېتىلمىسۇن ۋە يا بەدەل بەرمەك بىلەنمۇ ياندۇرۇلمىسۇن. خۇداۋەندە ئۈچۈن بېغىشلانغان ھەر
نەرسە بولسا ھەممىدىن مۇقەددەس بولۇپ، خاس خۇداۋەندىنىڭكىدۇر. [29] ئەگەر بىر ئادەم ھارام
قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل بېرىلىپ ھەرگىز ياندۇرۇلماي، بەلكى ئۆلتۈرۈلسۇن.
[30] يەردىن چىققان ھەممە ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرى بولسا، خاھى بىرنىڭ ئاشلىقى بولسۇن،
خاھى دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى بولسۇن، خۇداۋەندىنىڭكى بولۇپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن مۇقەددەس
قىلىنسۇن. [31] ئەگەر بىركىم ئۇنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشى ئۈچۈن بەدەل بېرىپ، ياندۇرۇۋالغىلى
خالىسا، شۇنىڭغا يەنە ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ بەشتىن بىرىنى قوشۇپ بېرىپ ياندۇرۇۋالسۇن.
[32] پادىنىڭ ھەممە كالا بىلەن ئۇششاق مالنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى بولسا پادىچى

ھاسىسىنىڭ تېگىدىن ئۆتكەن ھەر ئونىنچى ھايۋان خۇداۋەندە ئۈچۈن مۇقەددەس قىلىنسۇن.
[33] ھېچكىم ئۇنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا قاراپ باقمىسۇن ۋە يا ئۇنى تېگىشىۋالمىسۇن. ئەگەر
ئۇنى تېگىشكەن بولسا، ئاۋۋالقىسى بىلەن ئورنىغا كەلتۈرۈلگەن ھەر ئىككىلىسى مۇقەددەس
سانىلىپ، ئۇنىڭغا بەدەل بېرىلىپ ھەرگىز ياندۇرۇۋېلىنمىسۇن».
[34] خۇداۋەندە سىناي تېغىدا مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن بەنى-ئىسرائىلغا بەرگەن ئەمرلەر شۇ
ئىدى.

مۇقەددەس كتاب

# چۆل-باياۋاندىكى سەپەر

# چۆل-باياۋاندىكى سەپەر

مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
(تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

4-قىسىم

1950-يىلدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# چۆل-باياۋاندىكى سەپەر

## ئىسرائىلىلارنىڭ ساناقتىن ئۆتكۈزۈلۈشى

١ [1]بەنى-ئىسرائىل مىسىر يۇرتىدىن چىققاننىڭ ئىككىنچى يىلىنىڭ ئىككىنچى ئايىنىڭ بىرىنچى
كۈنىدە خۇداۋەندە سىناي باياۋانىدا جامائەتنىڭ چېدىرىدا مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:

[2]«بەنى-ئىسرائىلنىڭ بارچە جامائىتىنىڭ سانىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ نەسىل خانىدانلىرىغا
مۇۋاپىق ھەر ئىسمىنى تايىن ھېساب قىلىپ، ھەربىر ئەر كىشىنى ئايرىپ ساناپ، [3]سەن ھارۇن
بىلەن بىرگە ئىسرائىلنىڭ يىگىرمە ياش ۋە يا ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ، جەڭگە چىقالايدىغان ھەممە
ئەر كىشىلەرنى، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىغا قاراپ ساناقتىن ئۆتكۈزۈڭلار. [4]شۇنى قىلغىنىڭلاردا ھەر
قەبىلىدىن بىردىن ئېلىنىپ ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانىغا باش بولغان
كىشىلەر سىلەر بىلەن بىللە تۇرسۇن. [5]سىلەرگە ياردەم بېرىشىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ
ئىسىملىرى بولسا رۇبەن قەبىلىسىدىن:
شېدېئۇرنىڭ ئوغلى ئېلىزۇر بولسۇن،
[6]شىمون قەبىلىسىدىن زۇرىشادداينىڭ ئوغلى شېلۇمىيەل،
[7]يەھۇدا قەبىلىسىدىن ئاممىنادابنىڭ ئوغلى ناھشون،
[8]ئىسساكار قەبىلىسىدىن زۇئارنىڭ ئوغلى نەتانەل،
[9]زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن خېلوننىڭ ئوغلى ئېلىئاب بولسۇن،
[10]يۈسۈپنىڭ ئىككى ئوغلى بولسا ئەفرائىمنىڭ قەبىلىسىدىن ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشاما،
ماناسسەنىڭ قەبىلىسىدىن پېداھسۇرنىڭ ئوغلى گامالىيەل بولسۇن،
[11]بىنيامىن قەبىلىسىدىن گىدونىنىڭ ئوغلى ئابىدان،
[12]دان قەبىلىسىدىن ئاممىشادداينىڭ ئوغلى ئاخىئەزەر،
[13]ئاشىر قەبىلىسىدىن ئوكراننىڭ ئوغلى پاگىيەل،
[14]گاد قەبىلىسىدىن دېئۇئەلنىڭ ئوغلى ئەلياساف،
[15]نافتالى قەبىلىسىدىن ئېناننىڭ ئوغلى ئاخىرا بولسۇن» دېدى.
[16]بۇلار بولسا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانىنىڭ چوڭى بولۇپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ مىڭلىرىغا
باش بولغان كىشىلەر ئىدى.
[17]ئۇ ۋاقىتتا مۇسا بىلەن ھارۇن بىر بولۇپ مەزكۇر كىشىلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ،
[18]ئىككىنچى ئاينىڭ ئاۋۋالقى كۈنىدە ھەممە جامائەتنى جەم قىلىپ، يىگىرمە ياش بىلەن
ئۇنىڭدىن چوڭ بولغانلارنى ئىسىملىرى بىلەن ئايرىپ ساناپ، ئۇلارنىڭ نەسىل خانىدانلىرىغا
قاراپ نەسەبنامىلىرىنى خەتلىۋېلىپ،

[19] خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلىپ، ئۇلارنى سىناي باياۋانىدا ساناقتىن ئۆتكۈزدى.
[20] ئىسرائىلنىڭ تۇنجى ئوغلى رۇبەنىنىڭ نەسلىدىن بولغان خەلقنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ، جەڭگە يارايدىغان ھەربىر ئەر كىشى بولسا ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئايرىلىپ سانالدى. [21] بۇ تەرىقىدە رۇبەن قەبىلىسىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا قىرىق ئالتە مىڭ بەش يۈز كىشى چىقتى.
[22] شىمونىنىڭ نەسلىدىن بولغان خەلقنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ، جەڭگە يارايدىغان ھەربىر ئەر كىشى بولسا ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئايرىلىپ سانالدى. [23] بۇ تەرىقىدە شىمون قەبىلىسىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا ئەللىك توققۇز مىڭ ئۈچ يۈز كىشى چىقتى.
[24] گادنىڭ نەسلىدىن بولغان خەلقنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ، جەڭگە يارايدىغان ھەربىر ئەر كىشى بولسا ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئايرىلىپ سانالدى. [25] بۇ تەرىقىدە گاد قەبىلىسىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا قىرىق بەش مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك كىشى چىقتى.
[26] يەھۇدانىڭ نەسلىدىن بولغان خەلقنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ، جەڭگە يارايدىغان ھەربىر ئەر كىشى بولسا ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئايرىلىپ سانالدى. [27] بۇ تەرىقىدە يەھۇدا قەبىلىسىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا يەتمىش تۆت مىڭ ئالتە يۈز كىشى چىقتى.
[28] ئىسساكارنىڭ نەسلىدىن بولغان خەلقنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ، جەڭگە يارايدىغان ھەربىر ئەر كىشى بولسا ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئايرىلىپ سانالدى. [29] بۇ تەرىقىدە ئىسساكار قەبىلىسىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا ئەللىك تۆت مىڭ تۆت يۈز كىشى چىقتى.
[30] زەبۇلۇننىڭ نەسلىدىن بولغان خەلقنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ، جەڭگە يارايدىغان ھەربىر ئەر كىشى بولسا ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئايرىلىپ سانالدى. [31] بۇ تەرىقىدە زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا ئەللىك يەتتە مىڭ تۆت يۈز كىشى چىقتى.
[32] يۈسۈپنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بىرى بولغان ئەفرائىمنىڭ نەسلىدىن بولغان خەلقنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ، جەڭگە يارايدىغان ھەربىر ئەر كىشى بولسا ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئايرىلىپ سانالدى. [33] بۇ تەرىقىدە ئەفرائىم قەبىلىسىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا قىرىق مىڭ بەش يۈز كىشى چىقتى. [34] ئۇنىڭ يەنە بىر ئوغلى ماناسسەنىڭ نەسلىدىن بولغان خەلقنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ، جەڭگە يارايدىغان ھەربىر ئەر كىشى بولسا ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئايرىلىپ سانالدى. [35] بۇ تەرىقىدە ماناسسە قەبىلىسىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا ئوتتۇز ئىككى مىڭ ئىككى يۈز كىشى چىقتى.

[36]بەنيامىننىڭ نەسلىدىن بولغان خەلقنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ
بولۇپ جەڭگە يارايدىغان ھەربىر ئەر كىشى بولسا ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئايرىلىپ
سانالدى. [37]بۇ تەرىقىدە بەنيامىن قەبىلىسىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا ئوتتۇز بەش مىڭ
تۆت يۈز كىشى چىقتى.
[38]داننىڭ نەسلىدىن بولغان خەلقنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ،
جەڭگە يارايدىغان ھەربىر ئەر كىشى بولسا ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئايرىلىپ
سانالدى. [39]بۇ تەرىقىدە دان قەبىلىسىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا ئاتمىش ئىككى مىڭ
يەتتە يۈز كىشى چىقتى.

[40]ئاشەرنىڭ نەسلىدىن بولغان خەلقنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ،
جەڭگە يارايدىغان ھەربىر ئەر كىشى بولسا ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئايرىلىپ سانالدى.
[41]بۇ تەرىقىدە ئاشەر قەبىلىسىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا قىرىق بىر مىڭ بەش يۈز كىشى چىقتى.
[42]نافتالىنىڭ نەسلىدىن بولغان خەلقنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ
بولۇپ، جەڭگە يارايدىغان ھەربىر ئەر كىشى بولسا ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئايرىلىپ
سانالدى. [43]بۇ تەرىقىدە نافتالى قەبىلىسىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا ئەللىك ئۈچ مىڭ
تۆت يۈز كىشى چىقتى.
[44]مەزكۇر كىشىلەر بولسا مۇسا بىلەن ھارۇن ئۆزى ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ بەنى-ئىسرائىلنىڭ
ئىچىدىن ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانىغا باش بولغان ئون ئىككى سەردار بىلەن بىللە تۇرۇپ
سانىغان كىشىلەر ئىدى. [45]بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ
بولۇپ جەڭگە يارايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تامام سانىلىپ، [46]ھەممىسىنىڭ سانى ئالتە
يۈز ئۈچ مىڭ بەش يۈز ئەللىك كىشى چىقتى.
[47]لېكىن لاۋىيلار بولسا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانىدا تۇرۇپ، ئۆزگىلەر بىللە سانالمىدى. [48]چۈنكى
خۇداۋەندە مۇساغا ئىلگىرى بۇيرۇپ: [49]«سەن بولساڭ لاۋىيلارنىڭ قەبىلىسىنى سانىماي، ئۇلارنىڭ
سانىنى قالغان بەنى-ئىسرائىلغىمۇ قوشماي، [50]بەلكى لاۋىيلارنى شاھادەت چېدىرى بىلەن ئۇنىڭ
بارچە ئەسۋابلىرىنى باققىلى قويۇپ، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىلىرىگە مەسئۇل قىلىپ قويغىن. ئۇلار
بولسا ئىبادەت چېدىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈپ خىزمەت قىلىپ، ئىبادەت چېدىرىنىڭ
چۆرىسىدە ئولتۇرسۇن. [51]ئىبادەت چېدىرىنى ئېلىپ ماڭىدىغان ۋاقتىدا لاۋىيلار ئۇنى سۆكۈپ
يىغىپ، ئىبادەت چېدىرىنى تىكىدىغان ۋاقىت كەلسە، لاۋىيلار ئۇنى تىكسۇن. ئەگەر بىر يات كىشى
ئىبادەت چېدىرىغا يېقىن كەلسە، ئۆلتۈرۈلسۇن. [52]قالغان بەنى-ئىسرائىل بولسا ئۆز قوشۇنلىرىغا
قاراپ ھەربىرى ئۆز جايىدا ئۆز ئەلەمىنىڭ تېگىدە چېدىرىنى تىكسۇن. [53]لېكىن لاۋىيلار بولسا
بەنى-ئىسرائىلنىڭ جامائىتىنىڭ ئۈستىگە خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى كېلىپ قالمىسۇن دەپ، شاھادەت
چېدىرىنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزى شاھادەت چېدىرىنى باقسۇن» دېگەنىدى.
[54]بەنى-ئىسرائىل بولسا ھەر ئىشتا خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىنى قىلىپ بەجا كەلتۈردى.

# بەنى-ئىسرائىلنىڭ جامائەت چېدىرىنىڭ چۆرىسىدە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

2
[1] خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەربىرى ئۆز ئەلەمنىڭ تېگىدە چېدىر تىكىپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ
خاس بايراقلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە تۇتۇپ، جامائەت چېدىرىنىڭ ئۆتتۇرىدا بولغۇدەك تەرىقىدە
سەل يىراقراق ئۇنىڭ چۆرىسىدە چېدىر تىكسۇن.
[3] يەھۇدا قەبىلىسى بولسا ئۆز ئەلەمنىڭ تېگىدە ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، شەرىققە قاراقلىق
ئالدى تەرىپىدە چېدىر تىكسۇن. ئاممىنادابنىڭ ئوغلى ناھشون ئۆزى بەنى-يەھۇدانىڭ سەردارى
بولۇپ، [4] ساناقتىن ئۆتۈپ سانى يەتمىش تۆت مىڭ ئالتە يۈز بولغان قوشۇنى ئۇنىڭ بىلەن
بىللە تۇرسۇن.
[5] ئۇنىڭ يېنىدا ئىسساكار قەبىلىسى چېدىر تىكسۇن. زۇئارنىڭ ئوغلى نەتانەل ئۆزى بەنى-
ئىسساكارنىڭ سەردارى بولۇپ، [6] ساناقتىن ئۆتۈپ سانى ئەللىك تۆت مىڭ تۆت يۈز بولغان
قوشۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسۇن.
[7] ئاندىن زەبۇلۇن قەبىلىسى چېدىر تىكسۇن. خېلوننىڭ ئوغلى ئېلىياب ئۆزى بەنى-زەبۇلۇننىڭ
سەردارى بولۇپ، [8] ساناقتىن ئۆتۈپ سانى ئەللىك يەتتە مىڭ تۆت يۈز بولغان قوشۇنى ئۇنىڭ
بىلەن بىللە تۇرسۇن.

[9] يەھۇدانىڭ چېدىرگاھىدا بولۇپ، ئۆز قوشۇنلىرىغا مۇۋاپىق ساناقتىن ئۆتۈپ سانى بىر يۈز
سەكسەن ئالتە مىڭ تۆت يۈز بولغان كىشىلەر ئۆزى، كۆچكىنىدە ئالدىدا ماڭسۇن.
[10] رۇبەن قەبىلىسى بولسا ئۆز ئەلەمنىڭ تېگىدە قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، جەنۇب تەرىپىدە چېدىر
تىكسۇن. شېدېئۇرنىڭ ئوغلى ئېلىزۇر ئۆزى بەنى-رۇبەننىڭ سەردارى بولۇپ، [11] ساناقتىن
ئۆتۈپ سانى قىرىق ئالتە مىڭ بەش يۈز بولغان قوشۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسۇن.
[12] ئۇنىڭ يېنىدا شىمون قەبىلىسى چېدىر تىكسۇن. زۇرىشادداينىڭ ئوغلى شېلۇمىيەل ئۆزى
بەنى-شىموننىڭ سەردارى بولۇپ، [13] ساناقتىن ئۆتۈپ سانى ئەللىك توققۇز مىڭ ئۈچ يۈز
بولغان قوشۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسۇن.
[14] ئاندىن كېيىن گاد قەبىلىسى چېدىر تىكسۇن. رېھۇئەلنىڭ ئوغلى ئەلياساف ئۆزى بەنى-
گادنىڭ سەردارى بولۇپ، [15] ساناقتىن ئۆتۈپ سانى قىرىق بەش مىڭ ئالتە يۈز ئەللىك بولغان
قوشۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسۇن.
[16] رۇبەننىڭ چېدىرگاھىدا بولۇپ ئۆز قوشۇنلىرىغا مۇۋاپىق ساناقتىن ئۆتۈپ سانى بىر يۈز ئەللىك بىر
مىڭ تۆت يۈز ئەللىك بولغان كىشىلەر ئۆزى، كۆچكىنىدە ئىككىنچى قاتاردا ماڭسۇن.

[17] جامائەت چېدىرى يۆتكەلمەكچى بولسا، باشقا چېدىرگاھلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزگە يېقىن
بولغان لاۋىيلارنىڭ چېدىرگاھى بىلەن بىللە يۆتكىلىپ، چېدىر تىككىنىدىكى تەرتىپكە قاراپ
كۆچكەن ۋاقتىدا ھەر كىشى ئۆز ئەلەمنىڭ تېگىدە ئۆز جايىدا ماڭسۇن.

18 ئەفرائىم قەبىلىسى بولسا ئۆز ئەلىمىنىڭ تۇغى ئاستىدا قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، غەرب تەرىپىدە چېدىر
تىكسۇن. ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشاما ئۆزى بەنى-ئەفرائىمنىڭ سەردارى بولۇپ، 19 ساناقتىن
ئۆتۈپ سانى قىرىق مىڭ بەش يۈز بولغان قوشۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسۇن.
20 ئۇنىڭ يېنىدا ماناسسە قەبىلىسى چېدىر تىكسۇن. پېداھسۇرنىڭ ئوغلى گامالىيەل ئۆزى
بەنى-ماناسسەنىڭ سەردارى بولۇپ، 21 ساناقتىن ئۆتۈپ سانى ئوتتۇز ئىككى مىڭ ئىككى يۈز
بولغان قوشۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسۇن.
22 ئاندىن كېيىن بەنيامىن قەبىلىسى چېدىر تىكسۇن. گىدونىنىڭ ئوغلى ئابىدان ئۆزى بەنى-
بەنيامىننىڭ سەردارى بولۇپ، 23 ساناقتىن ئۆتۈپ سانى ئوتتۇز بەش مىڭ تۆت يۈز بولغان
قوشۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسۇن.
24 ئەفرائىمنىڭ چېدىرگاھىدا بولۇپ، ئۆز قوشۇنلىرىغا مۇۋاپىق ساناقتىن ئۆتۈپ سانى بىر يۈز
سەككىز مىڭ بىر يۈز بولغان كىشىلەر ئۆزى، كۆچكىنىدە ئۈچىنچى قاتاردا ماڭسۇن.
25 دان قەبىلىسى بولسا ئۆز ئەلىمىنىڭ تۇغى ئاستىدا قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، شىمال تەرىپىدە چېدىر
تىكسۇن. ئاممىشادايىنىڭ ئوغلى ئاخىئەزەر ئۆزى بەنى-داننىڭ سەردارى بولۇپ، 26 ساناقتىن
ئۆتۈپ سانى ئاتمىش ئىككى مىڭ يەتتە يۈز بولغان قوشۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسۇن.
27 ئۇنىڭ يېنىدا ئاشىر قەبىلىسى چېدىر تىكسۇن. ئوكراننىڭ ئوغلى پاگىيەل ئۆزى بەنى-
ئاشەرنىڭ سەردارى بولۇپ، 28 ساناقتىن ئۆتۈپ سانى قىرىق بىر مىڭ بەش يۈز بولغان قوشۇنى
ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسۇن.
29 ئاندىن كېيىن نافتالى قەبىلىسى چېدىر تىكسۇن. ئېناننىڭ ئوغلى ئاخىرا ئۆزى بەنى-
نافتالىنىڭ سەردارى بولۇپ، 30 ساناقتىن ئۆتۈپ سانى ئەللىك ئۈچ مىڭ تۆت يۈز بولغان
قوشۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسۇن.
31 داننىڭ چېدىرگاھىدا بولۇپ، ساناقتىن ئۆتۈپ سانى بىر يۈز ئەللىك يەتتە مىڭ ئالتە يۈز
بولغان كىشىلەر ئۆزى، كۆچكىنىدە ئۆز ئەلىمىنىڭ تۇغى ئاستىدا بولۇپ ھەممىنىڭ كەينىدە ماڭسۇن.

32 مەزكۇرلار بولسا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن ساناقتىن ئۆتۈپ ھەممە چېدىرگاھلاردا ئۆز
قوشۇنلىرىغا مۇۋاپىق سانىلىپ، تولۇق سانى ئالتە يۈز ئۈچ مىڭ بەش يۈز ئەللىك كىشى
چىقتى.
33 ئەمما لاۋىيلار بولسا خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قالغان بەنى-ئىسرائىل بىلەن
سانالمىدى.
34 بەنى-ئىسرائىل بولسا بۇ تەرىقىدە ئەمەل قىلىپ خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىنى بەجا
كەلتۈرۈپ، ئۆز ئەلىملىرىنىڭ تۇغى ئاستىدا چېدىر تىكىپ، ھەربىرى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ نەسىل
خانىدانىغا مۇۋاپىق كۆچۈپ ماڭاتتى.

## ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى

3 1 خۇداۋەندە سىناي تېغىدا مۇسا بىلەن سۆزلەشكەن كۈنلەردە ھارۇن بىلەن مۇسانىڭ
ئەۋلادلىرى شۇ ئىدى. 2 ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرى بولسا تۇنجىسى بولغان
ناداب بىلەن ئابىھۇ، ئېلىئازار بىلەن ئىتامار ئىدى. 3 ھارۇننىڭ ئوغۇللىرىدىن كاھىن بولسۇن
دەپ، مەسىھلىنىپ كاھىنلىق خىزمىتى ئۈچۈن مۇقەددەس قىلىنغانلارنىڭ ئىسىملىرى
شۇ ئىدى. 4 لېكىن ناداب بىلەن ئابىھۇ بولسا سىناي باياۋاندا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا
يات بىر ئوتنى كەلتۈرگىنىدە خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ
قالمىغانىدى. ئاندىن كېيىن ئېلىئازار بىلەن ئىتامار ئىككىلىسى ئاتىسى ھارۇننىڭ ئالدىدا
كاھىنلىق قىلاتتى.

## لاۋىيلارنىڭ خىزمىتى

5 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
6 «سەن لاۋىي قەبىلىسىنى يېقىن كەلگىلى قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خىزمەت قىلسۇن دەپ،
ئۇلارنى ھارۇن كاھىننىڭ قېشىدا تۇرغۇزغىن. 7 ئۇلار بولسا ئۇنىڭ تەرىپىدىن ۋە يا ھەممە
جامائەت تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىدا قايسى ئىش قىلغىلى
تاپشۇرۇلسا، شۇنى قىلىپ، ئىبادەت چېدىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرۇپ، 8 جامائەت
چېدىرىنىڭ ئەسۋابلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئامانىتىنى ساقلاپ، ئىبادەت
چېدىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرسۇن. 9 سەن لاۋىيلارنى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا
تەقسىملەپ بەرگەيسەن. ئۇلار ئۆزى بەنى-ئىسرائىل تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن ھەدىيەدەك
بولسۇن. 10 لېكىن ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولسا سەن ئۇلارنى كاھىنلىق مەنسىپىنى
تۇتقىلى ئىلغىغىن. ئەگەر يات بىر كىشى شۇنىڭغا يېقىن كەلسە، ئۆلتۈرۈلسۇن».
11 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: 12 «مانا مەن ئۆزۈم بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن
لاۋىيلارنى ئاجرىتىپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ بالىياتقۇنى ئاچقان ھەممە تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىدا
مېنىڭكى بولسۇن دەپ، لاۋىيلارنى تەيىنلىۋالدىم. 13 چۈنكى ھەممە تۇنجىلار بولسا مېنىڭكىدۇر.
مەن مىسىر يۇرتىدا ھەممە تۇنجىلارنى ئۇرغان كۈنۈمدە بەنى-ئىسرائىلنىڭ، خاھى ئىنسان،
خاھى ھايۋاننىڭ ھەممە تۇنجىلىرىنى مېنىڭكى بولسۇن دەپ، مۇقەددەس قىلمىدىممۇ؟ دەرۋەقە
ئۇلار مېنىڭكى بولسۇن. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن».

## لاۋىيلارنىڭ ساناقتىن ئۆتكۈزۈلۈشى

14 خۇداۋەندە سىناي باياۋاندا مۇساغا سۆز قىلىپ:
15 «سەن بەنى-لاۋىينى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدان نەسلىگە مۇۋاپىق ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر

ئايلىق ۋە يا ئۇنىڭدىن ئوشۇق بولغان ھەممە ئوغۇل بالىنى سانالغىن» دېدى.[16] ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق قىلىپ، بۇيرۇغىنىدەك ئۇلار سانىدى.

[17] لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: گەرشون، قېھات ۋە مەرارى ئىدى.
[18] گەرشوننىڭ نەسىللىرىنى يايغان ئىككى ئوغلى بولسا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: لىبنى بىلەن شىمېي ئىدى.
[19] قېھاتنىڭ نەسىللىرىنى يايغان ئوغۇللىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: ئامرام بىلەن يىزھار، ھېبرون بىلەن ئۇززىيەل ئىدى.
[20] مەرارىنىڭ نەسىللىرىنى يايغان ئىككى ئوغۇل بولسا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: ماخلى بىلەن مۇشى ئىدى. لاۋىيلارنىڭ نەسىللىرى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق بولاتتى.

[21] گەرشوننىڭ ئۆزىدىن لىبنىيلارنىڭ نەسلى بىلەن شىمېيلارنىڭ نەسلى پەيدا بولدى. بۇلار ئۆزى گەرشونىيلارنىڭ نەسىللىرى ئىدى.[22] بۇلارنىڭ ئىچىدىن ساناقتىن ئۆتۈپ، بىر ئايلىق بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولغان ھەممە ئوغۇل باللارنى ساناپ كۆرسە، سانالغانلارنىڭ سانى ئۆزى يەتتە مىڭ بەش يۈز چىقتى.[23] گەرشونىيلارنىڭ نەسىللىرى بولسا ئىبادەت چېدىرىنىڭ كەينىدە، غەرب تەرىپىدە ئۆز چېدىرلىرىنى تىكەتتى.[24] لائەلنىڭ ئوغلى ئەلياساف ئۆزى گەرشونىيلارنىڭ خانىدانىغا باش ئىدى.[25] گەرشوننىڭ ئوغۇللىرى بولسا جامائەت چېدىرىدا تۇرۇپ، ئىبادەت چېدىرى بىلەن ئۇنىڭ تاش يوپۇقىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچ يوپۇقى بىلەن جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىدىكى پەردىنى ساقلاپ،[26] ئىبادەت چېدىرىنى ۋە قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىنى قورشىۋالغان ھويلىنىڭ پەردىلىرى بىلەن ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ پەردىلىرىنى بېقىپ تۇرۇپ، ئىشقا لازىم بولىدىغان ھەممە تانىلىرىنىمۇ ساقلاش ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.

[27] قېھاتنىڭ ئۆزىدىن ئامرامىيلارنىڭ نەسلى بىلەن يىزھارىيلارنىڭ نەسلى پەيدا بولۇپ، ھېبرونىيلارنىڭ نەسلى بىلەن ئۇززىيەلىيلارنىڭ نەسلى يېيىلدى. بۇلار ئۆزى قېھاتىيلارنىڭ نەسىللىرى ئىدى.[28] بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئايلىق بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولغان ھەممە ئوغۇل باللار ساناقتىن ئۆتۈپ سانالسا، سانى سەككىز مىڭ ئالتە يۈز چىقتى. بۇ نەسىللەر بولسا ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى مۇقەددەس نەرسىلەردىن خەۋەر ئېلىش ئىدى.[29] بەنى-قېھاتنىڭ نەسىللىرى بولسا ئىبادەت چېدىرىنىڭ يېنىدا جەنۇب تەرىپىدە ئۆز چېدىرلىرىنى تىكەتتى.[30] ئۇززىيەلنىڭ ئوغلى ئېلىزافان ئۆزى قېھاتىيلارنىڭ خانىدانىغا باش ئىدى.[31] بۇلار بولسا ئۇلارنىڭ ۋازىپىسى ئەھدە ساندۇقى بىلەن جوزىدىن خەۋەر ئېلىپ، شامدان بىلەن قۇربانگاھلارنى بېقىپ، ئىبادەت ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان مۇقەددەس نەرسىلەر بىلەن پەردىنى ساقلاپ، ئۇنىڭ قالغان ھەممە ئىشلىرىنى قىلىش ئىدى.[32] ھارۇن كاھىننىڭ ئوغلى ئېلىئازار بولسا لاۋىيلارنىڭ سەردارلىرىغا باش بولۇپ ،مۇقەددەس نەرسىلەردىن خەۋەر ئالىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۈستىدە نازارەتچى ئىدى.

[33] مەرارىنىڭ ئۆزىدىن ماخلىيلارنىڭ نەسلى بىلەن مۇشىيلارنىڭ نەسلى پەيدا بولدى. بۇلار
ئۆزى مەرارىيلارنىڭ نەسىللىرى ئىدى. [34] بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئايلىق بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ
بولغان ھەممە ئوغۇل باللار ساناقتىن ئۆتۈپ سانالسا، سانى ئالتە مىڭ ئىككى يۈز چىقتى.
[35] ئابىخايىلنىڭ ئوغلى زۇرىيەل ئۆزى مەرارىيلارنىڭ نەسىل خانىدانىغا باش ئىدى. بۇلارنىڭ
چېدىرگاھى ئىبادەت چېدىرىنىڭ يېنىدا، شىمال تەرىپىدە ئىدى. [36] مەرارىنىڭ ئوغۇللىرى
بولسا ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىبادەت چېدىرىنىڭ تاختىلىرى بىلەن بالداقلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ،
تۈۋرۈك بىلەن تەگلىكلىرىنى بېقىپ ھەممە ئەسۋابلىرىنى ساقلاپ ئۇنىڭ قالغان ھەممە
ئىشلىرىنى قىلىپ، [37] ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى تۈۋرۈكلەر بىلەن تەگلىكلىرىنى مىخ بىلەن
تانىلىرىنى ساقلاش ئىدى.

[38] ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئالدىدا كۈن چىقىش تەرىپىدە جامائەت چېدىرىنىڭ ئۇتتۇرىدا مۇسا
بىلەن ھارۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ چېدىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا بەنى-
ئىسرائىلنىڭ ئورنىدا مۇقەددەس خانىنى ساقلاش ئىدى. چۈنكى ئەگەر بىر يات كىشى ئۇنىڭغا
يېقىن بارسا، ئۆلتۈرۈلەتتى.
[39] لاۋىيلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئايلىق بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولغانلارنى مۇسا بىلەن ھارۇن
ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ساناپ، خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا قاراپ ساناقتىن ئۆتكۈزسە،
ئۇلارنىڭ جەم سانى يىگىرمە ئىككى مىڭ چىقتى.
[40] خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە بىر ئايلىق بىلەن ئۇنىڭدىن
چوڭ بولغان ھەممە تۇنجى ئوغۇللىرى ئىسمى بىلەن ساناپ، [41] بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە
تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىدا لاۋىيلارنى ماڭا ئىلغاپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە چارۋا ماللىرىنىڭ
تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىدا لاۋىيلارنىڭ چارۋا ماللىرىنى مەن ئۈچۈن ئالغىن، چۈنكى مەن
خۇداۋەندىدۇرمەن». [42] شۇنى دېسە، مۇسا ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق بەنى-
ئىسرائىلنىڭ ھەممە تۇنجىلىرىنى ساندى. [43] بىر ئايلىق بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ تۇنجى ئوغۇل
باللىرىنى تايىن ئىسمى بىلەن سانىسا، ئۇلارنىڭ سانى يىگىرمە ئىككى مىڭ ئىككى يۈز
يەتمىش ئۈچ چىقتى.

[44] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[45] «سەن بېرىپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىدا لاۋىيلارنى ئىلغىۋېلىپ،
ئۇلارنىڭ چارۋا ماللىرىنىڭ ئورنىدا لاۋىيلارنىڭ چارۋا ماللىرىنى ئالغىن. بۇ تەرىقىدە لاۋىيلار
مېنىڭكى بولسۇن. مەن خۇداۋەندىدۇرمەن. [46] لاۋىيلارنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتكەن بەنى-
ئىسرائىلنىڭ ئىككى يۈز يەتمىش ئۈچ تۇنجىسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەققىدە بەدەل بەرگىلى
[47] سەن ئۆزۈڭ ھەربىر كىشى ئۈچۈن مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا بەش شېقەل
ئالغىن. ھەربىر شېقەل ئۆزى يىگىرمە گېراھقا باراۋەر بولسۇن. [48] ئوشۇق چىقىپ قالغانلارنىڭ

تەرىپىدىن بەدەل ئالغان بۇ پۇلنى سەن ئۆزۈڭ ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا بەرگىن» دېدى.
[49] ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆزى لاۋىيلاردىن ئوشۇق چىقىپ قالغان ئىسرائىلىيلارنىڭ تەرىپىدىن
بەدەلگە كۈمۈش ئالدى. [50] بەنى-ئىسرائىلنىڭ تۇنجىلىرىنىڭ تەرىپىدىن ئېلىنغان بۇ پۇلنىڭ
ھېسابى بولسا مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش
شېقەل ئىدى. [51] مۇسا ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھۆكۈمىگە مۇۋاپىق بەدەلنىڭ پۇلىنى ئېلىپ،
خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا قاراپ بۇنى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

## قېھاتىيلارنىڭ خىزمىتى

4 [1] خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «بەنى-لاۋىينىڭ ئىچىدىن قېھاتنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۆلارنىڭ نەسىل خاندانلىرىغا
مۇۋاپىق ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ، [3] ئوتتۇز ياش ۋە يا ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ ئەللىك ياشقا يېتىپ،
جامائەت چېدىرىدا ئىش قىلماق ئۈچۈن خىزمەتكە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سانىغىن.
[4] قېھاتنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا جامائەت چېدىرىنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۇقەددەس نەرسىلەردىن
خەۋەر ئالسۇن. [5] چېدىرگاھنىڭ كۆچۈرۈلىدىغان ۋاقتىدا ھارۇن بىلەن ئوغۇللىرى كىرىپ،
ئوتتۇرىدىكى پەردىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن شاھادەت ساندۇقىنى يېپىپ قويۇپ،
[6] بۇنىڭ ئۈستىگە تاخاش تېرىسىدىن ئېتىلگەن بىر يوكپۇقنى يېپىپ قويۇپ، يەنە بۇنىڭ
ئۈستىگە كۆك رەڭلىك بىر رەختنى يېپىپ قويۇپ، ئاندىن بالداقلىرىنى سېپىپ قويۇپ،
[7] تەقدىم نېنىنىڭ جوزىسىنىڭ ئۈستىگە كۆك رەڭلىك رەختنى سېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە جاۋۇر
بىلەن تەخسىلەرنى، جام بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقىنىڭ پىيالىلىرىنى تىزىپ قويۇپ ئاندا
ھەمىشە تۇرىدىغان نانىمۇ ئۈستىدە قويسۇن. [8] شۇنى قىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قىرمىز رەڭلىك
بىر رەختنى يېپىپ قويۇپ يەنە بۇنىڭ ئۈستىگە تاخاش تېرىسىدىن ئېتىلگەن بىر يوپۇقنى
يېپىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن بالداقلىرىنى سېپىپ قويسۇن. [9] ئاندىن كېيىن كۆك رەڭلىك
بىر رەختنى ئېلىپ، شامدان بىلەن چىراغلىرىنى، پىلىك قىسقاچلىرى بىلەن كۈلدانلىرىنى ۋە
ھەم چىراغ يېغىغا ئىشلىتىلىدىغان ھەممە قاچىلارنى يۆگەپ قويۇپ، [10] ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن
ھەممە قاچىلىرىنى تاخاش تېرىسىدىن ئېتىلگەن بىر يوپۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ھەممىسىنى
بىر زەمبىلگە سالسۇن. [11] ئالتۇن قۇربانگاھى بولسا ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆك رەڭلىك بىر
رەختنى يېپىپ، يەنە ئۈستىدىن تاخاش تېرىسىدىن ئېتىلگەن بىر يوپۇقنى يېپىپ قويۇپ،
ئاندىن كېيىن بالداقلىرىنى سېپىپ قويسۇن. [12] مۇقەددەس خانىنىڭ ئىچىدە ئىشلىتىدىغان
قاچىلارنىڭ ھەممىسىنى كۆك رەڭلىك بىر رەختكە يۆگەپ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى تاخاش
تېرىسىدىن ئېتىلگەن بىر يوپۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ، زەمبىلگە سالسۇن. [13] ئاندىن كېيىن
ئۇلار ئۆزى قۇربانگاھنىڭ ھەممە كۈلىنى ئېلىۋېتىپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىگە سۆسۈن رەڭلىك

بىر رەختنى يېپىپ قويۇپ، [14] ئۇنىڭ خىزمىتىگە ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلارنى يىغىپ، ئاتەشدان بىلەن لاخشىگىرلارنى، بەلچە بىلەن قاچىلارنى، شۇنداقلا قۇربانگاھنىڭ ھەممە ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە تاخاش تېرىسىدىن ئېتىلگەن يوپۇقنى يېپىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن بالداقلارنى سېپىپ قويسۇن.
[15] چېدىرگاھنىڭ كۆچۈرۈلىدىغان ۋاقتىدا ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇقەددەس نەرسىلەرنى بىلەن مۇقەددەس خانىنىڭ ئەسۋابلىرىنى سېپىپ بولغاندىن كېيىن، قېھاتنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنى كۆتۈرگىلى كەلسۇن، لېكىن ئۆلۈپ كەتمەيلى دەپ، مۇقەددەس نەرسىلەرگە تەگمىسۇن. جامائەت چېدىرىنىڭ ئىچىدىن بەنى-قېھاتنىڭ كۆتۈرىدىغان نەرسىلىرى ئۆزى شۇدۇر.
[16] ھارۇن كاھىنىنىڭ ئوغلى ئېلىئازار بولسا شامداننىڭ يېغى بىلەن خۇشبۇي دورا-دەرمەكنى، ھەر كۈنىنىڭ يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن مەسىھلەش يېغىنى بېقىپ، ئۆزى پۈتۈن ئىبادەت چېدىرى بىلەن ئانداكى ھەممە نەرسىلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ، مۇقەددەس نەرسىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئەسۋابلىرىنى ساقلىسۇن».
[17] خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[18] «قېھاتىيلارنىڭ نەسىل خانداننى لاۋىيلارنىڭ قەبىلىسىدىن كېسىلمەي، [19] بەلكى ئۇلار ئۆلمەي ياشىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ھەممىدىن مۇقەددەس نەرسىلەرگە يېقىن بارسا، ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە نېمە قىلىپ، نېمە كۆتۈرىدىغىنىنى كۆرسىتىپ بەرسۇن. [20] لېكىن ئۇلار ئۆزى كىرىپ، مۇقەددەس نەرسىلەرگە بىر دەممۇ قارىمىسۇن، چۈنكى ئەگەر مۇنداق قىلسا، ئۆلىدۇ».

## گەرشونىيلارنىڭ خىزمىتى

[21] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[22] «گەرشوننىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلارنىڭ خاندان بىلەن نەسىللىرىگە مۇۋاپىق ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ، [23] ئوتتۇز ياش ۋە يا ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ ئەللىك ياشقىچە يېتىپ، جامائەت چېدىرىدا ئىش قىلماق ئۈچۈن خىزمەتكە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سانىغىن. [24] گەرشونىيلارنىڭ ئەۋلادلىرى قىلىدىغان ئىش بىلەن كۆتۈرىدىغان نەرسىلەر بولسا [25] ئۇلار ئۆزى چېدىرنىڭ پەردىلىرى بىلەن جامائەت چېدىرىنىڭ ئۆزىنى ئۇنىڭ يوپۇقى بىلەن بۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، تاخاش تېرىسىدىن ئېتىلگەن تاش يوپۇقىنى جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىدىكى پەردىنىمۇ قوشۇپ كۆتۈرسۇن. [26] بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار ئىبادەت چېدىرىنى ۋە قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىنى قورشىۋالغان ھويلىنىڭ پەردىلىرى بىلەن بۇ ھويلىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ پەردىسىنى، بۇلارنىڭ تانىلىرى بىلەن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈپ، بۇنىڭغا لازىم بولىدىغان ئىشنى قىلسۇن.

[27]بۇ تەرىقىدە ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى گەرشونىيلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نىمە قىلىپ، نىمە كۆتۈرىدىغىنىنى تەيىنلەپ بەرسۇن. سىلەر بولساڭلار ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە نىمە كۆتۈرىدىغىنىنى تەيىنلەپ بېرىڭلار. [28]بەنى-گەرشوننىڭ نەسىللىرىنىڭ جامائەت چېدىرىدا قىلىدىغان ئىشلىرى شۇدۇر. ئۇلار ئۆزى ھارۇن كاھىننىڭ ئوغلى ئىتامارنىڭ قول ئاستىدا تۇرۇپ، ئىش قىلسۇن.

## مەرارىيلارنىڭ خىزمىتى

[29]سەن ئۆزۈڭ مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلارنىڭ نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ، [30]ئوتتۇز ياش ۋە يا ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ ئەللىك ياشقىچە يېتىپ، چېدىرىدا ئىش قىلماق ئۈچۈن خىزمەتكە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سانىغىن. [31]ئۇلارنىڭ جامائەت چېدىرىدا قىلىدىغان ھەممە ئىش بىلەن كۆتۈرىدىغان نەرسىلىرى بولسا ئۇلار ئۆزى ئىبادەت چېدىرىنىڭ تاختىلىرى بىلەن بالداقلىرىنى، تۈۋرۈك بىلەن تەگلىكلىرىنى، [32]چۆرىسىدىكى ھويلىنىڭ تۈۋرۈكلىرى بىلەن تەگلىكلىرىنى، قوزۇق بىلەن تانىلىرىنى ھەممە ئەسۋابلىرىغا قوشۇپ كۆتۈرۈپ، بۇنىڭغا لازىم بولىدىغان ھەممە ئىشنى قىلسۇن. سىلەر بولساڭلار ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە كۆتۈرگىلى تەيىنلەنگەن نەرسىلەرنى بىردىن-بىردىن ئېتى بىلەن ساناپ، ئۇلارغا توشۇتۇپ بېرىڭلار. [33]مەرارى نەسىللىرىنىڭ قىلىدىغان خىزمىتى بىلەن جامائەت چېدىرىدا قىلىدىغان ئىشى شۇ بولۇپ، شۇ ئىش ئۆزى ھارۇن كاھىننىڭ ئوغلى ئىتامارنىڭ قول ئاستىدا قىلىنسۇن» دېدى.

## لاۋىيلارنىڭ سانىلىشى ۋە خىزمەتكە تەيىنلىنىشى

[34]ئۇ ۋاقىت مۇسا بىلەن ھارۇن ۋە جامائەتنىڭ سەردارلىرى ئۆزى قېھاتنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلارنىڭ نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ، [35]ئوتتۇز ياش ۋە يا ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ ئەللىك ياشقىچە يېتىپ، جامائەت چېدىرىدا ئىش قىلماق ئۈچۈن خىزمەتكە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ساناىدى. [36]ئۆز نەسىللىرىگە مۇۋاپىق ساناقتىن ئۆتكەنلەرنىڭ سانى بولسا ئىككى مىڭ يەتتە يۈز ئەللىك ئىدى. [37]قېھاتىيلارنىڭ خانىدانىدىن بولۇپ، جامائەت چېدىرىدا ئىش قىلىپ، مۇسا بىلەن ھارۇن ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىغا قاراپ ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ سانىغانلارنىڭ سانى شۇنچىلىك ئىدى.

[38]گەرشوننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ساناقتىن ئۆتۈپ، [39]ئوتتۇز ياش ۋە يا ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ، جامائەت چېدىرىدا ئىش قىلماق ئۈچۈن كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى سانىلىپ، [40]ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق سانالغانلارنىڭ

سانى بولسا ئىككى مىڭ ئالتە يۈز ئوتتۇز ئىدى. 41 بەنى-گەرشوننىڭ خانىدانىدىن بولۇپ،
ساناقتىن ئۆتۈپ جامائەت چېدىرىدا خىزمەت قىلىپ، مۇسا بىلەن ھارۇن ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ
بۇيرۇغىنىغا قاراپ ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ سانىغانلارنىڭ سانى شۇنچىلىك ئىدى.

42 مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ،ۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ساناقتىن ئۆتۈپ، 43 ئوتتۇز
ياش ۋە يا ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ، جامائەت چېدىرىدا ئىش قىلماق ئۈچۈن كىرگەنلەرنىڭ
ھەممىسى سانىلىپ، 44 ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق سانالغانلارنىڭ سانى بولسا
ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز ئىدى. 45 بەنى-مەرارىنىڭ خانىدانىدىن بولۇپ ساناقتىن ئۆتۈپ مۇسا
بىلەن ھارۇن ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ مۇسانىڭ ئۆزىگە بۇيرۇغىنىغا قاراپ ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ
سانىغانلارنىڭ سانى شۇنچىلىك ئىدى.
46 لاۋىيلاردىن بولۇپ، مۇسا بىلەن ھارۇن ۋە ئىسرائىلنىڭ سەردارلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن
ئۆز نەسىل خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ساناقتىن ئۆتۈپ، 47 ئوتتۇز ياش ۋە يا ئۇنىڭدىن چوڭ
بولۇپ، ئەللىك ياشقىچە يېتىپ، جامائەت چېدىرىدا ئىش قىلىپ، يۈك كۆتۈرمەك ئۈچۈن
كىرگەنلەر سانىلىپ، 48 جەم سانالغانلارنىڭ سانى بولسا سەككىز مىڭ بەش يۈز سەكسەن
ئىدى. 49 بۇلار بولسا خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن سانىلىپ،
ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە قىلىدىغان ئىش بىلەن كۆتۈرىدىغان يۈكى تەيىنلەندى. بۇ تەرىقىدە ئۇلار
ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن سانالدى.

## ناپاكلارنى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا چىقىرىش كېرەك

5 1 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
2 «ئۆزۈڭ بەنى-ئىسرائىلغا: ‹ سىلەر بولساڭلار ھەربىر پېسە بىلەن ئاقما كېسەللى بار كىشىنى
ۋە ئۆلۈكنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىنى ناپاك قىلغان كىشىنى چېدىرگاھتىن چىقىرىۋېتىڭلار›
دەپ بۇيرۇغىن. 3 شۇنداق بىر ئەر ۋە يا خوتۇن كىشىنى ھەيدەپ، چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا
چىقىرىۋېتىڭلار. بولمىسا، ئۇ ئۆزى ئۇلارنىڭ چېدىرگاھىنى ناپاك قىلىپ سالىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا ماكان تۇتتۇم ئەمەسمۇ؟» دېدى.
4 بۇنى ئاڭلاپ، بەنى-ئىسرائىل شۇنداق قىلىپ، مۇنداقلارنى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا
چىقىرىۋەتتى. شۇنداقلا بەنى-ئىسرائىل بولسا خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى.

## يەتكۈزگەن زىياننى تۆلەش توغرىسىدىكى نىزام

5 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
6 «سەن بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتقىنكى: ئەگەر بىر ئەر ياكى خوتۇن كىشى ھەرقانداق گۇناھ
قىلماق بىلەن خۇداۋەندىگە خىيانەت قىلىپ، گۇناھكار بولسا، 7 ئۆزى قىلغان گۇناھىنى ئىقرار
قىلىپ، يەتكۈزگەن زىياننى پۈتۈن تۆلەپ، بۇنىڭغا زىياننىڭ بەشتىن بىرىنىمۇ قوشۇپ، ئۆزى
زىيان يەتكۈزگەن كىشىگە بەرسۇن.
8 لېكىن ئەگەر بۇ ئۆزى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇ كىشىنىڭ يەتكۈزگەن زىيىنى ئۈچۈن بېرىلىدىغان
پۇلنى تاپشۇرۇۋالغىلى ئۆزىگە تۇغقان بولغان بىر كىشىسى بولمىسا، تۆلەپ بېرىلىدىغان پۇل
ئۆزى گۇناھكار بولغان كىشىنىڭ كاپارىتىگە بېرىلىدىغان قوچقارغا قوشۇلۇپ، خۇداۋەندە
ئۈچۈن بېرىلىپ، كاھىنغا تەگسۇن. 9 بۇنىڭدىن باشقا بەنى-ئىسرائىل ئۆزى ھەدىيە بولسۇن
دەپ، كاھىنغا كەلتۈرىدىغان مۇقەددەس نەرسە بولسا ئۇنىڭ ئۆزىگە تېگىپ، 10 ھەممە
كىشىنىڭ مۇقەددەس ھەدىيەلىرى ئۆزى ئۇنىڭكى بولۇپ، بىركىم ئۆزىچە كاھىنغا بىر نېمە
بەرسە، بۇمۇ ئۇنىڭغا تەگسۇن».

## رەشك توغرىسىدىكى نىزام

11 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
12 «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ئەگەر بىركىمنىڭ خوتۇنى كۆڭلى
قارىلىق قىلىپ، ئۆز ئېرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، 13 ئېرىگە بىلدۈرمەي، باشقا كىشى بىلەن
يېتىپ مۇناسىۋەت قىلىپ، ئۆزى ناپاك بولغان بولسىمۇ، ئاشكارا بولماي تۇرۇپ، زىنا قىلىپ
تۇرغان ھالىتىدە تۇتۇلمىغاچ گۇۋاھى بولمىسا، 14 لېكىن ئېرىنىڭ رەشكى قوزغاپ كېتىپ،
ئۆز خوتۇنىدىن گۇمان قىلغىنىدا بۇ خوتۇنىنىڭ زىنا قىلغىنى راست بولغان بولسا، ۋە يا
ئۇنىڭ رەشكى قوزغاپ كېتىپ، ئۆز خوتۇنىدىن گۇمان قىلغىنىدا بۇ خوتۇنىنىڭ زىنا قىلغىنى
راست بولمىغان بولسا، 15 ئۇ كىشى ئۆز خوتۇنىنى كاھىنىنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ
تەرىپىدىن قۇربانلىق بېرىش ئۈچۈن بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىگە باراۋەر بولۇپ ياغ
بىلەن مەستىكى سېلىنمىغان ئارپا ئۇننى ئېلىپ كەلسۇن. چۈنكى بۇ ئۆزى رەشك قۇربانلىقى
بولۇپ، يامانلىقنى يادقا كەلتۈرىدىغان يادلىنىش قۇربانلىقى بولىدۇ.
16 ئاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى بۇ خوتۇننى يېقىن كەلتۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغۇزۇپ
قويۇپ، 17 تۇرغۇزغاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى بىر ساپال قاچىغا مۇقەددەس سۇنى ئېلىپ،
ئىبادەت چېدىرىنىڭ تېگىنىڭ توپىسىدىن ئېلىپ، بۇ سۇغا سالسۇن. 18 ئاندىن كېيىن كاھىن
ئۆزى بۇ خوتۇننى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، خوتۇننىڭ چېچىنى بوشىتىۋېتىپ،
رەشك قۇربانلىقى دەپ ئاتالغان يادلىنىش قۇربانلىقىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ،
كاھىن ئۆز قولىغا لەنەت كەلتۈرىدىغان بالا سۈيىنى ئالسۇن. 19 ئاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى

بۇ خوتۇنغا قەسەم بېرىپ ئېيتسۇنكى: ‹ ئەگەر سەن بىلەن بىركىم يېتىپ مۇناسىۋەت قىلماي،
ئېرىڭنىڭ قولىدا تۇرۇپ، يامان ئىشقا مايىل بولمىغان بولساڭ، لەنەت كەلتۈرىدىغان بۇ بالا
سۇيىدىن سەن قۇتۇلۇپ قالغىن. [20] لېكىن ئەگەر سەن ئېرىڭنىڭ قولىدا تۇرۇپ، كۆڭلى
قارىلىق قىلىپ، باشقا كىشى بىلەن يېتىپ مۇناسىۋەت قىلىپ، ئۆزۈڭنى ناپاك قىلغان
بولساڭ، [21] خۇداۋەندە ئۆز قوۋمىڭنىڭ ئىچىدە سېنى بىر ئىبرەت قىلسۇن. خۇداۋەندە يوتاڭنى
سېسىتىپ، قورسىقىڭنى ئىششىتىپ، سېنى لەنەت-مالامەتكە تۇتۇپ بەرسۇن. [22] لەنەت
كەلتۈرىدىغان بۇ سۇ ئۆزى سېنىڭ ئۈچەيلىرىڭگە بېرىپ، قورسىقىڭنى ئىششىتىپ، يوتاڭنى
سېسىتىۋەتسۇن› دەپ، كاھىن ئۆزى بۇ خوتۇنغا لەنەتنىڭ قەسىمىنى بېرىپ، مۇنداق دېگىنىدە
خوتۇن ئۆزى: ‹ ئامىن ئامىن› دەپ ئېيتسۇن.
[23] ئاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى بۇ لەنەتلەرنى بىر كىتابقا يېزىۋېلىپ خەتنى بالا سۇيىغا چېلىپ،
[24] لەنەت كەلتۈرىدىغان بۇ سۇ ئۆزى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگەندە خوتۇنغا بالا كەلتۈرسۇن دەپ،
لەنەت كەلتۈرىدىغان بالا سۇيىنىڭ ئۆزىنى بۇ خوتۇنغا ئىچۈرسۇن. [25] شۇنداق قىلىپ، كاھىن
رەشك قۇربانلىقىنى خوتۇننىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئۇنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا پۇلاڭلىتىپ،
قۇربانگاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈرسۇن. [26] شۇنى قىلىپ بولۇپ، كاھىن ئۆزى قۇربانلىقتىن
يادىكار بولسۇن دەپ، بىر سىقىم ئېلىپ قۇربانگاھتا كۆيدۈرۈپ، ئاندىن كېيىن خوتۇنغا
سۇنى ئىچۈرسۇن. [27] بۇ سۇنى ئۇنىڭغا ئىچۈرگىنىدە خوتۇن ئۆزى ناپاك بولۇپ، ئۆز ئېرىگە
ۋاپاسىزلىق قىلغىنى راست بولسا، لەنەت كەلتۈرىدىغان بۇ سۇ ئۆزى ئۇنىڭ قورسىقىغا
كىرگەن ھامان ئاچچىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ قورسىقى ئىششىپ كېتىپ، يوتىسى سېسىپ
كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ خوتۇن ئۆزى قوۋمىنىڭ ئىچىدە لەنەتكە گىرىپتار بولىدۇ. [28] لېكىن
بۇ خوتۇن ئۆزى پاك تۇرۇپ، ناپاك بولمىغان بولسا، ساق قېلىپ، بالا يۈزى كۆرەلەيدۇ.
[29] بۇ ئۆزى رەشك توغرىسىدىكى قانۇن بولۇپ، بىر خوتۇن ئېرىنىڭ قولىدا تۇرۇپ، كۆڭلى
قارىلىق قىلىپ، ئۆزىنى ناپاك قىلسا، [30] يا ئەر كىشىنىڭ رەشكى قوزغاپ كېتىپ، ئۆز
خوتۇنىدىن گۇمان قىلسا، نېمە قىلىشىنى كۆرسىتىدىغان قانۇندۇر. ئۇنداق بىر ۋەقە بولسا
كاھىن ئۆزى خوتۇننى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا توختىتىپ قويۇپ، بۇ قانۇننىڭ ھەممىسىنى
ئۇنىڭ ھەققىدە بەجا كەلتۈرسۇن. [31] بۇنىڭ بىلەن ئەر كىشى گۇناھتىن قۇتۇلۇپ، خوتۇن ئۆزى
ئۆز گۇناھىنى كۆتۈرىدۇ.

## ۋزىنى خۇداغا ئاتىغان كىشى توغرىسىدىكى قانۇن

6 [1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ئەگەر بىر ئەر ۋە يا خوتۇن كىشى
خاس خۇداۋەندىنىڭكى بولاي دەپ، ئۆزىنى ئاتاپ ۋەدە قىلسا، [3] ئۇ ئۆزى شاراب بىلەن مەست

ئىچكۈلۈكتىن ئۆزىنى ساقلاپ، شاراب بىلەن هاراقتىن ئېتىلگەن سىركىنىمۇ ئىچمىسۇن.
شۇنداق ھەم ئۈزۈمنىڭ شىرنىسىنى ئىچمەي، خاھى ھۆل خاھى قۇرۇق ئۈزۈمنىمۇ يېمىسۇن.
[4] ئۆزىنى ئاتىغان كۈنلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۈزۈم تېلىدىن چىققان ھېچ نەرسىنى يېمەي،
ئۇرۇقىدىن پوستىغىچە پەرھىز قىلسۇن.
[5] ئۆزىنى ئاتىغان كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە بېشىغا ئۇستىرا سالدۇرماي، خاس خۇداۋەندىنىڭكى
بولاي دەپ، ئاتىغان كۈنلىرى ئۆتۈپ بولمىغۇچىلىك مۇقەددەس تۇرۇپ، بېشىنىڭ چېچىنى
ئۆزۈن ئۆستۈرسۇن. [6] بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى خاس خۇداۋەندىنىڭ بولۇپ تۇرغان كۈنلىرىنىڭ
ھەممىسىدە بىر ئۆلۈككە يېقىن بارمىسۇن. [7] ئاتا-ئانىسى ۋە يا بۇرادەر-سىڭلىسى ئۆلۈپ
قالسا، ھەم خاس خۇدانىڭكى بولاي دەپ قىلغان ۋەدىسىنىڭ بەلگىسى بېشىدا بولغاچ، ئۇلار
ئۈچۈن ئۆزىنى ناپاك قىلىپ سالماي،
[8] بەلكى خاس خۇداۋەندىنىڭكى بولاي دەپ، ئۆزىنى ئاتىغان كۈنلىرىنىڭ ھەممىسىدە خۇداۋەندە
ئۈچۈن مۇقەددەس بولۇپ تۇرسۇن. [9] لېكىن ئەگەر بىركىم ئۇنىڭ قېشىدا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ
قېلىپ، خاس خۇداۋەندىنىڭكى بولاي دەپ قىلغان ۋەدىسىنىڭ بەلگىسى بار بېشىنى ناپاك
قىلىپ سالسا، ئۇ ئۆزى پاك بولىدىغان كۈنىدە چېچىنى ئالدۇرسۇن، يەتتىنچى كۈنىنىڭ
ئۆزىدىمۇ بېشىنى چۈشۈرۈپ، [10] سەككىزىنچى كۈنى ئىككى پاختەك ياكى ئىككى باچكىنى
ئېلىپ، جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كاھىنىنىڭ قېشىغا كەلتۈرسۇن. [11] كاھىن ئۆزى
بۇنىڭ بىرىنى گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ،
ئۆلۈكنىڭ سەۋەبىدىن چۈشۈپ قىلغان گۇناھى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققىدە كاپارەت بېرىپ، ئۇ
كۈننىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ بېشىنى مۇقەددەس قىلسۇن. [12] ئاندىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى خاس
خۇداۋەندىنىڭكى بولاي دەپ، ئىلگىرىكىدەك يەنە ئۆزىنى ئاتاپ، يېڭىۋاشتىن ئاتىغان كۈنلىرىنى
باشلاپ، بىر ياشلىق ئەركەك قوزىنى كەلتۈرۈپ، خاتا قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزسۇن. ئەمما
ئۇ ئۆزىنى ئاتىغان ۋاقتىدا ئۆزىنى ناپاك قىلىۋەتكىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاتاپ تۇرغان
ئىلگىرىكى كۈنلىرى ھېسابقا ئېلىنمىسۇن.
[13] ئۆزىنى ئاتىغان كىشى توغرىسىدا توختىتىلغان قانۇن بۇدۇركى، ئۇنىڭ ئاتالغان كۈنلىرى
ئۆتۈپ كەتكىنىدە ئۇ ئۆزى جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلتۈرۈلسۇن. [14] ئاندا ئۇ ئۆزى
خۇداۋەندە ئۈچۈن ئەيىبسىز بولغان بىر ياشلىق ئەركەك قوزىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ،
ئەيىبسىز بولغان بىر ياشلىق چىشى قوزىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ، ئەيىبسىز بىر قوچقارنى
شۈكۈر قۇربانلىقى قىلىپ، [15] ئاق ئۇندىن ئېتىلىپ ياغلانغان پېتىر گىردە نانلىرى بار بىر
سېۋەت بىلەن ياغلانغان پېتىر ھەمەك نانلارنى كەلتۈرۈپ، بۇ نەرسىلەرگە قوشۇلۇپ بېرىلىدىغان
يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقىنىمۇ تەقدىم قىلىپ كەلتۈرسۇن.
[16] كەلتۈرسە، كاھىن ئۆزى بۇنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۇناھ قۇربانلىقى
بىلەن كۆيدۈرمە قۇربانلىقىنى ئۆتكۈزۈپ، [17] قوچقارنىڭ ئۆزى بىلەن پېتىر نانلىرى بار سېۋەتنى
شۈكۈر قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزسۇن. ئاندىن كېيىن كاھىن ئۆزى مەزكۇر نەرسىلەرگە

قوشۇلۇپ بېرىلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقىنىمۇ ئۆتكۈزسۇن.
[18] ئۆزىنى ئاتىغان كىشى جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىدا خاس خۇداۋەندىنىڭكى بولاي دەپ قىلغان ۋەدىسىنىڭ بەلگىسى بار بېشىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ ئاتالغان بەلگىسى بولغان چېچىنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ، ئۇنى شۈكۈر قۇربانلىقىنىڭ تېگىدە كۆيۈپ تۇرغان ئوتقا سالسۇن.
[19] كاھىن پىشۇرۇلغان قوچقارنىڭ تۆشى بىلەن سېۋەتنىڭ بىر پېتىر گىردىسىنى ئېلىپ، بىر پېتىر ھەمەك نانىنىمۇ قولىغا ئېلىپ، بۇ ئاتالغان كىشى چېچىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قولىغا بەرسۇن. [20] ئاندىن كېيىن كاھىن ئۇلارنى بۇنى پۇلاڭلاتما قۇربانلىق قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا پۇلاڭلاتسۇن. بۇ ئۆزى بىلەن پۇلاڭلاتما قۇربانلىق قىلىنغان تۆش ۋە قۇربان ھەدىيەسى بولغان بوقا بولسا كاھىن ئۈچۈن مۇقەددەس قىلىنسۇن. شۇ ئىشلار قىلىنىپ بولغاندا بۇ ئاتالغان كىشىگە شاراب ئىچكىلى ئىجازەت بېرىلسۇن.
[21] بۇ ئۆزى خاس خۇداۋەندىنىڭكى بولاي دەپ ۋەدە قىلغان كىشى توغرىسىدىكى قانۇن بولۇپ، كىشىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئاتىغان ۋەدىسىگە مۇۋاپىق خۇداۋەندىگە نېمە قۇربانلىق ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن توختىتىلغان قائىدە بولىدۇ. كىشى ئۆزى قىلغان ۋەدىسىگە مۇۋاپىق ئىشلەپ تۇرۇپ، ئۆز-ئۆزىنى ئاتىغان توغرىسىدىكى قانۇنغا قاراپ ئەمەل قىلسۇن».

## كاھىنلارنىڭ بەنى-ئىسرائىلنى بەرىكەتلىشى

[22] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[23] «سەن ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى: سىلەر بەنى-ئىسرائىلنى بەرىكەتلىگىنىڭلاردا ئۇلارغا مۇنداق ئېيتىڭلار:

[24] ‹ خۇداۋەندە سېنى مۇبارەكلەپ ساقلىغاي.

[25] خۇداۋەندە يۈزىنى سېنىڭ ئۈستۈڭگە يورۇتۇپ، ساڭا مەرھەمەتلىك بولغاي.

[26] خۇداۋەندە ساڭا يۈزىنى قارىتىپ ئامانلىق بەرگەي›.

[27] سىلەر بۇ تەرىقىدە مېنىڭ ئىسمىمنى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە كەلتۈرسەڭلار، مەن ئۇلارنى بەرىكەتلەيمەن».

## سەردارلار قۇربانگاھ خۇداغا ئاتاش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ھەدىيەلەر

7 [1] مۇسا ئۆزى ئىبادەت چېدىرىنى تىكىپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى
مەسىھلەپ ياغلاپ مۇقەددەس قىلىپ، قۇربانگاھ بىلەن ئۇنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى تىكلەپ،
بۇنىمۇ مەسىھلەپ ياغلاپ مۇقەددەس قىلىپ بولغاندا، [2] ساناقتىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئۈستىدە
تۇرۇپ خانىدانلىرىنىڭ باشلىرى بولۇپ، قەبىلىلەرنىڭ سەردارلىرى قىلىنغان ئىسرائىلنىڭ
ئەمىرلىرىنىڭ تەرىپىدىن ھەدىيەلەر كەلتۈرۈلدى. [3] ئۇلار ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا ئالتە
يېپىلغان ھارۋا بىلەن ئون ئىككى ئۆيىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىككى سەردار بىر بولۇپ بىر ھارۋىنى
كەلتۈرۈپ، ھەربىر سەردار ئۆزى بىر ئۆيىنى ئېلىپ كېلىپ، بۇلارنى ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا
كەلتۈرۈپ قويدى.
[4] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ:
[5] «سەن بۇ نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قوبۇل قىلىپ، جامائەت چېدىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن
ئىشلىتىپ، لاۋىيلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قىلىدىغان خىزمەتكە قاراپ ئۇلارغا تاپشۇرغىن» دېدى. [6] شۇنى
دېسە، مۇسا ئۆزى ھارۋا بىلەن ئۆيلارنى قوبۇل قىلىپ، لاۋىيلارغا بەردى. [7] ئىككى ھارۋا بىلەن تۆت
ئۆيىنى گەرشوننىڭ ئەۋلادلىرىغا، بۇلارنىڭ خىزمىتىگە مۇۋاپىق بېرىپ، [8] تۆت ھارۋا بىلەن سەككىز
ئۆيىنى مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرىغا، بۇلار ئۆزى ھارۇن كاھىنىنىڭ ئوغلى ئىتامارنىڭ قول ئاستىدا قىلغان
خىزمىتىگە مۇۋاپىق تاپشۇرۇپ بەردى. [9] لېكىن قېھاتنىڭ ئەۋلادلىرىغا بۇلار ئۆزى مۈرىلىرىدە
كۆتۈرۈلىدىغان مۇقەددەس نەرسىلەردىن خەۋەر ئېلىش ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بولغاچ ھېچنېمە بەرمىدى.

[10] سەردارلار بولسا قۇربانگاھ ئۆزى مەسىھلەنگەن كۈنىدە ئۇنى خۇداغا ئاتاش ئۈچۈن ھەدىيەلەر
ئېلىپ كەلدى. ئېلىپ كەلسە، سەردارلار ئۆزى ھەدىيەلىرىنى قۇربانگاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ
قويدى. [11] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ: «سەردارلار بولسا بىردىن-بىردىن ھەربىرى
ئۆز كۈنىدە ھەدىيەلىرىنى كەلتۈرسۇن» دېدى.
[12] ئاۋۋالقى كۈندە يەھۇدا قەبىلىسىدىن بولغان ئامىنادابنىڭ ئوغلى ناھشۇن ئۆز ھەدىيەسىنى
كەلتۈردى. [13] ئۇنىڭ ھەدىيەسى ئۆزى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا ۋەزنى بىر
يۈز ئوتتۇز شېقەل بولغان بىر كۈمۈش جاۋۇر بىلەن ۋەزنى يەتمىش شېقەل بولغان بىر كۈمۈش
قاچا بولۇپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككىلىسى ياغلانغان ئاق ئۇندىن تولۇقلۇق
ئىدى. [14] بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ۋەزنى ئون شېقەل بولۇپ، خۇشبۇي دورا-دەرمەك بىلەن
تولۇقلۇق بىر ئالتۇن پىيالىنى كەلتۈرۈپ، [15] كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن دەپ، بىر ياش
بۇقا بىلەن بىر قوچقارغا بىر ياشلىق قوزىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ، [16] بىر تېكىنى گۇناھ
قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرۈپ، [17] شۈكۈر قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككى بۇقا بىلەن بەش
قوچقارنى، بەش تېكە بىلەن بەش بىر ياشلىق قوزىنى كەلتۈردى. بۇ ئۆزى ئامىنادابنىڭ ئوغلى
ناھشۇننىڭ ھەدىيەسى ئىدى.

18 ئىككىنچى كۈندە ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ سەردارى بولۇپ زۇئارنىڭ ئوغلى بولغان نەتانەل
ئۆزى ھەدىيە ئېلىپ كەلسە، 19 مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا بىر يۈز ئوتتۇز
شېقەل بولغان بىر كۈمۈش جاۋۇر بىلەن ۋەزنى يەتمىش شېقەل بولغان بىر كۈمۈش قاچىنى
ھەدىيە قىلىپ كەلتۈرۈپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككىلىسى ياغلانغان ئاق
ئۇندىن تولۇقلۇق ئىدى. 20 بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ۋەزنى ئون شېقەل بولۇپ، خۇشبۇي
دورا-دەرمەك بىلەن تولۇقلۇق بىر ئالتۇن پىيالىنى كەلتۈرۈپ، 21 كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن
دەپ، بىر ياش بۇقا بىلەن بىر قوچقارغا بىر ياشلىق قوزىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ، 22 بىر
تېكىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرۈپ، 23 شۈكۈر قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككى بۇقا
بىلەن بەش قوچقارنى، بەش تېكە بىلەن بەش بىر ياشلىق قوزىنى كەلتۈردى. بۇ ئۆزى زۇئارنىڭ
ئوغلى نەتانەلنىڭ ھەدىيەسى ئىدى.
24 ئۈچىنچى كۈندە بەنى-زەبۇلۇننىڭ سەردارى بولۇپ خېلوننىڭ ئوغلى بولغان ئېلىياب ئۆزى
ھەدىيە كەلتۈردى. 25 ئۇنىڭ ھەدىيەسى ئۆزى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا ۋەزنى
بىر يۈز ئوتتۇز شېقەل بولغان بىر كۈمۈش جاۋۇر بىلەن ۋەزنى يەتمىش شېقەل بولغان بىر
كۈمۈش قاچا بولۇپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككىلىسى ياغلانغان ئاق ئۇندىن
تولۇقلۇق ئىدى. 26 بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ۋەزنى ئون شېقەل بولۇپ، خۇشبۇي دورا-دەرمەك
بىلەن تولۇقلۇق بىر ئالتۇن پىيالىنى كەلتۈرۈپ، 27 كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن دەپ، بىر
ياش بۇقا بىلەن بىر قوچقارغا بىر ياشلىق قوزىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ، 28 بىر تېكىنى گۇناھ
قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرۈپ، 29 شۈكۈر قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككى بۇقا بىلەن بەش
قوچقارنى، بەش تېكە بىلەن بەش بىر ياشلىق قوزىنى كەلتۈردى. بۇ ئۆزى خېلوننىڭ ئوغلى
ئېلىيابنىڭ ھەدىيەسى ئىدى.
30 تۆتىنچى كۈندە بەنى-رۇبەننىڭ سەردارى بولۇپ شېدېئۇرنىڭ ئوغلى بولغان ئېلىزۇر ئۆزى
ھەدىيە كەلتۈردى. 31 ئۇنىڭ ھەدىيەسى ئۆزى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا ۋەزنى
بىر يۈز ئوتتۇز شېقەل بولغان بىر كۈمۈش جاۋۇر بىلەن ۋەزنى يەتمىش شېقەل بولغان بىر
كۈمۈش قاچا بولۇپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككىلىسى ياغلانغان ئاق ئۇندىن
تولۇقلۇق ئىدى. 32 بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ۋەزنى ئون شېقەل بولۇپ، خۇشبۇي دورا-دەرمەك
بىلەن تولۇقلۇق بولغان بىر ئالتۇن پىيالىنى كەلتۈرۈپ، 33 كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن دەپ،
بىر ياش بۇقا بىلەن بىر قوچقارغا بىر ياشلىق قوزىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ، 34 بىر تېكىنى
گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرۈپ، 35 شۈكۈر قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككى بۇقا بىلەن
بەش قوچقارنى، بەش تېكە بىلەن بەش بىر ياشلىق قوزىنى كەلتۈردى. بۇ ئۆزى شېدېئۇرنىڭ
ئوغلى ئېلىزۇرنىڭ ھەدىيەسى ئىدى.
36 بەشىنچى كۈندە بەنى-شىموننىڭ سەردارى بولۇپ، زۇرىشادايىنىڭ ئوغلى بولغان شېلۇمىيەل
ئۆزى ھەدىيە كەلتۈردى. 37 ئۇنىڭ ھەدىيەسى ئۆزى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا
ۋەزنى بىر يۈز ئوتتۇز شېقەل بولغان بىر كۈمۈش جاۋۇر بىلەن ۋەزنى يەتمىش شېقەل بولغان

بىر كۈمۈش قاچا بولۇپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككىلىسى ياغلانغان ئاق ئۇن
بىلەن تولۇقلۇق ئىدى. 38 بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ۋەزنى ئون شېقەل بولۇپ، خۇشبۇي دورا-
دەرمەك بىلەن تولۇقلۇق بولغان بىر ئالتۇن پىيالىنى كەلتۈرۈپ، 39 كۆيدۈرمە قۇربانلىق
بولسۇن دەپ، بىر ياش بۇقا بىلەن بىر قوچقارغا بىر ياشلىق قوزىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ،
40 بىر تېكىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرۈپ، 41 شۈكۈر قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككى
بۇقا بىلەن بەش قوچقارنى، بەش تېكە بىلەن بەش بىر ياشلىق قوزىنى كەلتۈردى. بۇ ئۆزى
زۇرىشادايىنىڭ ئوغلى شېلۇمىيەلنىڭ ھەدىيەسى ئىدى.
42 ئالتىنچى كۈندە بەنى-گادنىڭ سەردارى بولۇپ، دەيۇئەلنىڭ ئوغلى بولغان ئەلياساف ئۆزى
ھەدىيە كەلتۈردى. 43 ئۇنىڭ ھەدىيەسى ئۆزى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا ۋەزنى
بىر يۈز ئوتتۇز شېقەل بولغان بىر كۈمۈش جاۋۇر بىلەن ۋەزنى يەتمىش شېقەل بولغان بىر
كۈمۈش قاچا بولۇپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككىلىسى ياغلانغان ئاق ئۇندىن
تولۇقلۇق ئىدى. 44 بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ۋەزنى ئون شېقەل بولۇپ، خۇشبۇي دورا-دەرمەك
بىلەن تولۇقلۇق بىر ئالتۇن پىيالىنى كەلتۈرۈپ، 45 كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن دەپ، بىر
ياش بۇقا بىلەن بىر قوچقارغا بىر ياشلىق قوزىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ، 46 بىر تېكىنى گۇناھ
قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرۈپ، 47 شۈكۈر قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككى بۇقا بىلەن بەش
قوچقارنى، بەش تېكە بىلەن بەش بىر ياشلىق قوزىنى كەلتۈردى. بۇ ئۆزى دەيۇئەلنىڭ ئوغلى
ئەلياسافنىڭ ھەدىيەسى ئىدى.
48 يەتتىنچى كۈندە بەنى-ئەفرائىمنىڭ سەردارى بولۇپ، ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى بولغان ئەلىشاما
ئۆزى ھەدىيە كەلتۈردى. 49 ئۇنىڭ ھەدىيەسى ئۆزى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا
ۋەزنى بىر يۈز ئوتتۇز شېقەل بولغان بىر كۈمۈش جاۋۇر بىلەن ۋەزنى يەتمىش شېقەل بولغان بىر
كۈمۈش قاچا بولۇپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككىلىسى ياغلانغان ئاق ئۇن بىلەن
تولۇقلۇق ئىدى. 50 بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ۋەزنى ئون شېقەل بولغان بىر كۈمۈش پىيالىنى
كەلتۈرۈپ، 51 كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن دەپ، بىر ياش بۇقا بىلەن بىر قوچقارغا بىر ياشلىق
قوزىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ، 52 بىر تېكىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرۈپ، 53 شۈكۈر
قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككى بۇقا بىلەن بەش قوچقارنى، بەش تېكە بىلەن بەش بىر ياشلىق
قوزىنى كەلتۈردى. بۇ ئۆزى ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشامانىڭ ھەدىيەسى ئىدى.
54 سەككىزىنچى كۈندە بەنى-ماناسسەنىڭ سەردارى بولۇپ، پېداھسۇرنىڭ ئوغلى بولغان
گاملىيەل ئۆزى ھەدىيە كەلتۈردى. 55 ئۇنىڭ ھەدىيەسى ئۆزى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ
ھېسابىدا ۋەزنى بىر يۈز ئوتتۇز شېقەل بولغان بىر كۈمۈش جاۋۇر بىلەن ۋەزنى يەتمىش شېقەل
بولغان بىر كۈمۈش قاچا بولۇپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككىلىسى ياغلانغان
ئاق ئۇندىن تولۇقلۇق ئىدى. 56 بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ۋەزنى ئون شېقەل بولۇپ، خۇشبۇي
دورا-دەرمەك بىلەن تولۇقلۇق بىر ئالتۇن پىيالىنى كەلتۈرۈپ، 57 كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن
دەپ، بىر ياش بۇقا بىلەن بىر قوچقارغا بىر ياشلىق قوزىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ، 58 بىر

تېكىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرۈپ، [59] شۈكۈر قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككى بۇقا بىلەن بەش قوچقارنى، بەش تېكە بىلەن بەش بىر ياشلىق قوزىنى كەلتۈردى. بۇ ئۆزى پېداھسۇرنىڭ ئوغلى گامىلىيەلنىڭ ھەدىيەسى ئىدى.

[60] توققۇزىنچى كۈندە بەنى-بەنيامىننىڭ سەردارى بولۇپ، گىدوننىنىڭ ئوغلى بولغان ئابىدان ئۆزى ھەدىيە كەلتۈردى. [61] ئۇنىڭ ھەدىيەسى ئۆزى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا ۋەزنى بىر يۈز ئوتتۇز شېقەل بولغان بىر كۈمۈش جاۋۇر بىلەن ۋەزنى يەتمىش شېقەل بولغان بىر كۈمۈش قاچا بولۇپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككىلىسى ياغلانغان ئاق ئۇن بىلەن تولۇقلۇق ئىدى. [62] بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ۋەزنى ئون شېقەل بولۇپ، خۇشبۇي دورا-دەرمەك بىلەن تولۇقلۇق بىر ئالتۇن پىيالىنى كەلتۈرۈپ، [63] كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن دەپ، بىر ياش بۇقا بىلەن بىر قوچقارغا بىر ياشلىق قوزىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ، [64] بىر تېكىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرۈپ، [65] شۈكۈر قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككى بۇقا بىلەن بەش قوچقارنى، بەش تېكە بىلەن بەش بىر ياشلىق قوزىنى كەلتۈردى. بۇ ئۆزى گىدوننىنىڭ ئوغلى ئابىداننىڭ ھەدىيەسى ئىدى.

[66] ئونىنچى كۈندە بەنى-داننىڭ سەردارى بولۇپ ئامىشادايىنىڭ ئوغلى بولغان ئاخىئەزەر ئۆزى ھەدىيە كەلتۈردى. [67] ئۇنىڭ ھەدىيەسى ئۆزى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا ۋەزنى بىر يۈز ئوتتۇز شېقەل بولغان بىر كۈمۈش جاۋۇر بىلەن ۋەزنى يەتمىش شېقەل بولغان بىر كۈمۈش قاچا بولۇپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككىلىسى ياغلانغان ئاق ئۇن بىلەن تولۇقلۇق ئىدى. [68] بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ۋەزنى ئون شېقەل بولۇپ، خۇشبۇي دورا-دەرمەك بىلەن تولۇقلۇق بىر ئالتۇن پىيالىنى كەلتۈرۈپ، [69] كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن دەپ، بىر ياش بۇقا بىلەن بىر قوچقارغا بىر ياشلىق قوزىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ، [70] بىر تېكىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرۈپ، [71] شۈكۈر قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككى بۇقا بىلەن بەش قوچقارنى، بەش تېكە بىلەن بەش بىر ياشلىق قوزىنى كەلتۈردى. بۇ ئۆزى ئامىشادايىنىڭ ئوغلى ئاخىئەزەرنىڭ ھەدىيەسى ئىدى.

[72] ئون بىرىنچى كۈندە بەنى-ئاشەرنىڭ سەردارى بولۇپ، ئوكراننىڭ ئوغلى بولغان پاگىيەل ئۆزى ھەدىيە كەلتۈردى. [73] ئۇنىڭ ھەدىيەسى ئۆزى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا ۋەزنى بىر يۈز ئوتتۇز شېقەل بولغان بىر كۈمۈش جاۋۇر بىلەن ۋەزنى يەتمىش شېقەل بولغان بىر كۈمۈش قاچا بولۇپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككىلىسى ياغلانغان ئاق ئۇن بىلەن تولۇقلۇق ئىدى. [74] بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ۋەزنى ئون شېقەل بولۇپ، خۇشبۇي دورا-دەرمەك بىلەن تولۇقلۇق بىر ئالتۇن پىيالىنى كەلتۈرۈپ، [75] كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن دەپ، بىر ياش بۇقا بىلەن بىر قوچقارغا بىر ياشلىق قوزىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ، [76] بىر تېكىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرۈپ، [77] شۈكۈر قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككى بۇقا بىلەن بەش قوچقارنى، بەش تېكە بىلەن بەش بىر ياشلىق قوزىنى كەلتۈردى. بۇ ئۆزى ئوكراننىڭ ئوغلى پاگىيەلنىڭ ھەدىيەسى ئىدى.

[78]ئون ئىككىنچى كۈندە بەنى-نافتالىنىڭ سەردارى بولۇپ، ئېناننىڭ ئوغلى بولغان ئاخىرا
ئۆزى ھەدىيە كەلتۈردى. [79]ئۇنىڭ ھەدىيەسى ئۆزى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا
ۋەزنى بىر يۈز ئوتتۇز شېقەل بولغان بىر كۈمۈش جاۋۇر بىلەن ۋەزنى يەتمىش شېقەل بولغان
بىر كۈمۈش قاچا بولۇپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككىلىسى ياغلانغان ئاق ئۇن
بىلەن تولۇقلۇق ئىدى. [80]بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى ۋەزنى ئون شېقەل بولۇپ، خۇشبۇي دورا-
دەرمەك بىلەن تولۇقلۇق بىر ئالتۇن پىيالىنى كەلتۈرۈپ، [81]كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن
دەپ، بىر ياش بۇقا بىلەن بىر قوچقارغا بىر ياشلىق قوزىنى قوشۇپ ئېلىپ كېلىپ، [82]بىر
تېكىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرۈپ، [83]شۈكۈر قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئىككى بۇقا
بىلەن بەش قوچقارنى، بەش تېكە بىلەن بەش بىر ياشلىق قوزىنى كەلتۈردى. بۇ ئۆزى ئېناننىڭ
ئوغلى ئاخىرانىڭ ھەدىيەسى ئىدى.

[84]قۇربانگاھنىڭ مەسىھلىنىپ ياغلانغان كۈنىدە ئىسرائىلنىڭ سەردارلىرى ئۇنى خۇداغا ئاتاش
ئۈچۈن كەلتۈرگەن ھەدىيەلەر شۇ، يەنى ئون ئىككى دانە كۈمۈش جاۋۇر، ئون ئىككى دانە
كۈمۈش قاچا ۋە ئون ئىككى دانە ئالتۇن پىيالە بولۇپ،
[85]ھەربىر كۈمۈش جاۋۇرنىڭ ۋەزنى بىر يۈز ئوتتۇز شېقەل چىقىپ، ھەر قاچىنىڭ ۋەزنى يەتمىش
شېقەل ئىدى. بۇ قاچىلارنىڭ جەم كۈمۈشى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا ئىككى
مىڭ تۆت يۈز شېقەل ئىدى.
[86]خۇشبۇي دورا-دەرمەك بىلەن تولۇقلۇق ئون ئىككى دانە ئالتۇن پىيالە بولسا ئۇلارنىڭ
ۋەزنى مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىنىڭ ھېسابىدا ئون شېقەلدىن بولۇپ، ھەممە پىيالىلەرنىڭ
ئالتۇنىنىڭ ۋەزنى ئۆزى بىر يۈز يىگىرمە شېقەل ئىدى.
[87]كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن چارۋا مال بولسا ئون ئىككى بۇقا، ئون ئىككى
قوچقار ۋە ئون ئىككى بىر ياشلىق قوزا بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا شۇنىڭغا قوشۇلىدىغان
يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن ئون ئىككى تېكە بار ئىدى.
[88]شۈكۈر قۇربانلىقى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن چارۋا ماللىرى بولسا ئۇلارنىڭ جەم سانى يىگىرمە
تۆت بۇقا، ئاتمىش قوچقار، ئاتمىش تېكە، بىر ياشلىق ئاتمىش قوزا ئىدى. قۇربانگاھنىڭ
مەسىھلىنىپ خۇداغا ئاتاش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن ھەدىيەلەر شۇ ئىدى.

[89]مۇسا ئۆزى خۇداۋەندە بىلەن سۆزلەشكىلى جامائەت چېدىرىغا كىرسە، شاھادەت ساندۇقىنىڭ
ئۈستىدە قويۇلغان مەرھەمەت تەختىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى كېرۇب سۈرىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن
ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتتى. ئۇ يەردە ئۇ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەتتى.

## شامدان بىلەن چىراغلىرىنىڭ تىكلىنىشى

8 1 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
2 «سەن ھارۇنغا سۆزلەپ: ‹ سەن ئۆزۈڭ چىراغلارنى ياندۇرماقچى بولساڭ، يەتتىلە چىراغنى
شامدانىنىڭ ئالدى تەرىپىگە يورۇق بەرگۈدەك تەرىقىدە يېقىپ قويغىن› دەپ ئۇنىڭغا ئېيتقىن»
دېدى.
3 ھارۇن ئۆزى شۇنداق قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك چىراغلارنى شامدانىنىڭ
ئالدى تەرىپىگە يورۇق بەرگۈدەك تەرىقىدە يېقىپ قويدى. 4 شامدانىنىڭ ئېتىلىشى بولسا
پاچىقىدىن تارتىپ گۈللىرىگىچە بىر پارچە ئالتۇندىن ياسىلىپ، خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا
كۆرسىتىپ بەرگەن تەرىقىدە ئۇ ئۆزى بۇ شامداننى ياساتقانىدى.

## لاۋىيلارنىڭ خۇدانىڭ خىزمىتىگە ئاتاپ پاكلىنىپ ئايرىلىشى

5 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
6 «سەن بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن لاۋىيلارنى ئىلغىۋېلىپ، ئۇلارنى مۇقەددەس قىلغىن.
7 سەن ئۇلارنى مۇقەددەس قىلساڭ، كاپارەت سۈيىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چېچىپ قويغىن.
ئاندىن كېيىن ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەممە بەدىنىگە ئۈستىرا سالدۇرۇپ، ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، ئۆزىنى
پاك قىلسۇن. 8 شۇنى قىلىپ بولۇپ، ئۇلار ئۆزى بىر ياش بۇقا بىلەن يېگۈلۈك قۇربانلىقى
ئۈچۈن ياغلانغان ئاق ئۇن كەلتۈرسۇن. بۇنىڭدىن باشقا سەن گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن
باشقا بىر ياش بۇقىنى كەلتۈرۈپ، 9 لاۋىيلارنى جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا يىغىپ، بەنى-
ئىسرائىلنىڭ بارچە جامائىتىنىمۇ جەم قىلغىن. 10 سەن لاۋىيلارنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا
يىغقىنىڭدا بەنى-ئىسرائىل كېلىپ، ئۆز قوللىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قويسۇن. 11 ئاندىن
كېيىن ھارۇن ئۆزى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن لاۋىيلارنى ئېلىپ، پۇلاڭلاتما قۇربانلىقتەك
خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرسۇن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن
تەيىنلىنىدۇ. 12 ئاندىن كېيىن لاۋىيلار ئۆز قوللىرىنى بۇقىلارنىڭ ئۈستىگە قويسۇن. ئۇ ۋاقىت
سەن بۇنىڭ بىرىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىرىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق
قىلىپ، لاۋىيلار ئۈچۈن كاپارەت بولسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزگىن. 13 شۇنى
قىلىپ بولۇپ، سەن ئۆزۈڭ لاۋىيلارنى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ،
خۇداۋەندە ئۈچۈن ھەدىيە قىلغىن. 14 لاۋىيلار ئۆزى مېنىڭكى بولماق ئۈچۈن سەن بۇ تەرىقىدە
ئۇلارنى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن ئىلغىۋالغىن.
15 سەن لاۋىيلارنى مۇقەددەس قىلىپ ھەدىيە قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزى جامائەت چېدىرىدا
خىزمەت قىلماق ئۈچۈن كىرسۇن. 16 چۈنكى ئۇلار بولسا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا تۇنجى
بولۇپ بالىياتقۇنى ئاچقان ھەممىسىنىڭ ئورنىدا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن ماڭا ھەدىيەدەك
بېرىلگەندۇر. 17 مەن ئۆزۈم مىسىر يۇرتىدىكى ھەممە تۇنجىلارنى ئۇرغىنىمدا تۇنجىنى ئۆزۈم

ئۇچۇن مۇقەددەس قىلغىنىم ئۈچۈن، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىكى ھەممە تۇنجىلار، خاھى
ئىنسانىنىڭكى بولسۇن، خاھى ھايۋانىنىڭكى بولسۇن، مېنىڭكى بولمىدىمۇ؟ [18]ئەمدى مەن
بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدىكى تۇنجىلارنىڭ ئورنىدا لاۋىيلارنى ئىلغۇۋېلىپ، [19]بەنى-
ئىسرائىل بولسا مۇقەددەس خانىغا يېقىن بېرىش بىلەن ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىسۇن
دەپ، لاۋىيلارنىڭ ئۆزىنى جامائەت چېدىرىدا بەنى-ئىسرائىلنىڭ قىلىدىغان خىزمىتىنى
قىلغىلى قويۇپ، ئۇلارنى ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا بەردىم.
[20]ئۇ ۋاقىت مۇسا بىلەن ھارۇن ۋە ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى ئۆزى لاۋىيلارنى شۇنداق
قىلغىلى تۇردى. دەرۋەقە بەنى-ئىسرائىل ھەممە نەرسىدە خۇداۋەندە ئۆزى ئۇلار توغرىسىدا مۇساغا
بۇيرۇغىنىدەك لاۋىيلارغا قىلدى. [21]لاۋىيلار ئۆزىنى مۇقەددەس قىلىپ ئېگىنلىرىنى يۇغاندىن
كېيىن، ھارۇن ئۆزى ئۇلارنى ھەدىيە قىلىپ خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزى ئۇلار ئۈچۈن
كاپارەت كەلتۈرۈپ ئۇلارنى مۇقەددەس قىلدى. [22]ئاندىن كېيىن لاۋىيلار كىرىپ، ھارۇن بىلەن
ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قولى ئاستىدا جامائەت چېدىرىدا خىزمەت قىلغىلى تۇردى. بۇ تەرىقىدە بەنى-
ئىسرائىل بولسا خۇداۋەندە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە لاۋىيلار توغرىسىدا بۇيرۇغىنىدەك ئۇلارنى قىلدى.

## لاۋىيلارنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇددىتى

[23]خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [24]«لاۋىيلار توغرىسىدىكى ھۆكۈم شۇدۇركى، كىمكى
يىگىرمە بەش ياش ۋە يا ئۇنىڭدىن چوڭراق بولسا، كىرىپ جامائەت چېدىرىنىڭ خىزمىتىنى
قىلىپ تۇرسۇن. [25]لېكىن لاۋىيلاردىن بولغان كىشى ئۆزى ئەللىك ياشقا كىرگەندىن تارتىپ،
خىزمەت قىلىشتىن ئازاد بولۇپ، يەنە ئىشلىمەي، [26]بەلكى جامائەت چېدىرىدا ئۆز بۇرادەرلىرىگە
خەۋەر ئالغىلى ياردەم بېرىشىپ، تايىن بىر ئىش قىلمىسۇن. لاۋىيلارنىڭ قىلىدىغان خىزمىتى
بولسا ئۇلارنى شۇنداق قىلغايسەن.

## سىناي باياۋانىدا پاسخا ھېيتىنى ئۆتكۈزۈش

9 [1]بەنى-ئىسرائىل مىسىر يۇرتىدىن چىققىنىنىڭ ئىككىنچى يىلىنىڭ ئاۋۋالقى ئايىدا
خۇداۋەندە ئۆزى سىناي باياۋانىدا مۇساغا سۆز قىلىپ،
[2]ئېيتتىكى: «بەنى-ئىسرائىل بولسا پاسخا ھېيتىنى تايىن ۋاقتىدا تۇتسۇن. [3]سىلەر ئۇنى
بۇ ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئاخشام ۋاقتىدا تۇتۇپ، تايىن ۋاقتىتىن ئاگاھ بولۇپ، ئۇنىڭ
توغرىسىدىكى ھەممە قانۇن بىلەن قائىدىلەرگە قاراپ تۇتۇڭلار».
[4]ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆزى بەنى-ئىسرائىلغا: «سىلەر پاسخا ھېيتىنى تۇتۇڭلار» دەپ بۇيرۇدى.
[5]بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزى ئاۋۋالقى ئايدا ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئاخشام ۋاقتىدا سىناي

باياۋاندا پاسئخا ھېيتىنى تۇتتى. بەنى-ئىسرائىل بولسا ھەر ئىشتا خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى.
[6] لېكىن ئۆلۈكنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىنى ناپاك قىلىپ، ئۇ كۈنى پاسئخا ھېيتىنى تۇتالمايدىغان بىرنەچچە كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار ئۆزى ئۇ كۈندە مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ قېشىغا كەلدى. [7] كېلىپ، بۇ كىشىلەر مۇساغا: «مانا بىز بىر ئۆلۈك ئادەمنىڭ سەۋەبىدىن ناپاك بولدۇق. ئەمدى بۇ ئىش ئۈچۈن بىزگە بەنى-ئىسرائىل بىلەن بىللە خۇداۋەندىنىڭ ھەدىيەسىنى كەلتۈرگىلى جايىز بولمامدۇ؟» دەپ سورىدى. [8] مۇسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «مۇندا تۇرۇپ تۇرۇڭلار. خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرنىڭ توغراڭلاردا نېمە بۇيرۇيدىغىنىنى ئاڭلاپ باقاي» دېدى.
[9] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[10] «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى: ئەگەر سىلەردىن ۋە يا ئەۋلادلىرىڭلاردىن بىركىم ئۆلۈكنىڭ سەۋەبىدىن ناپاك بولغان بولسا، ۋە يا ئۇزۇن سەپەردە بولۇپ تۇرۇپ، خۇداۋەندىنىڭ پاسئخا ھېيتىنى تۇتقىلى خالىسا، [11] ئۇ ئۆزى ئۇنى ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئاخشام ۋاقتىدا تۇتسۇن. ئەمما پاسئخا قوزىسى بولسا پېتىر نان ۋە ئاچچىق ئوتياش بىلەن بىللە يېيىلىپ، [12] ئەتىسىگىچە ئۇنىڭدىن ھېچنېمە ساقلانماي قېلىپ، ئۇنىڭ ھېچ سۆڭىكى سۇندۇرۇلمىسۇن. پاسئخا ھېيتى ئۆزى ئۇنىڭ توغرىسىدا توختىتىلغاندەك تۇتۇلسۇن. [13] لېكىن ئەگەر بىركىم پاك بولۇپ سەپەرمۇ قىلماي، پاسئخا ھېيتىنى تۇتمىسا، ئۇ ئۆزى تايىن ۋاقتىتا خۇداۋەندىنىڭ ھەدىيەسىنى كەلتۈرمىدى دەپ، ئۇنداق كىشى ئۆز قوۋمىدىن كېسىلىپ كېتىپ، ئۆز گۇناھىنى كۆتۈرسۇن. [14] ئەگەر بىر مۇساپىر ئاراڭلاردا ئولتۇرۇپ، خۇداۋەندىنىڭ پاسئخا ھېيتىنى تۇتقىلى خالىسا، ئۇنى پاسئخا ھېيتى توغرىسىدا توختىتىلغان قانۇنغا مۇۋاپىق تۇتسۇن. سىلەردىن، خاھى مۇساپىر، خاھى يەرلىك ئادەم بولسۇن، ئىككىلىسىگە ئوخشاش بىر قانۇن بولسۇن.

## خۇداۋەندىنىڭ بەنى-ئىسرائىلنى بۇلۇت بىلەن يېتەكلىشى

[15] جامائەت چېدىرىنىڭ تىكىلگەن كۈنىدە جامائەت چېدىرىنى، يەنى شاھادەت چېدىرىنى بۇلۇت بېسىپ، ئاخشام ۋاقتىدىن تارتىپ يورۇغۇچلىك ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە ئوت كۆرۈنۈپ تۇردى. [16] شۇنداقلا ھەمىشە ئۇنىڭ ئۈستىنى بۇلۇت بېسىۋېلىپ، كېچىسى ئوت كۆرۈنۈپ تۇراتتى، [17] قاچانكى بۇلۇت ئۆزى ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدىن يۆتكىلىپ كەتسە، بەنى-ئىسرائىل قوپۇپ كۆچۈپ، بولۇپ بېرىپ قەيەردە توختىسا، ئاندا بەنى-ئىسرائىل چۈشۈپ چېدىر تىكەتتى. [18] شۇنداقكى، بەنى-ئىسرائىل ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كۆچۈپ مېڭىپ، خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چېدىر تىكىپ، قاچانغىچە بۇلۇت ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە توختاپ تۇرسا، بۇلارمۇ ئۆز چېدىرلىرىدا شۇك ئولتۇراتتى. [19] قاچان بۇلۇت ئۆزى ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە تولا كۈنلەرگىچە توختاپ قالسا، بەنى-ئىسرائىلمۇ خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا ئۇناپ كۆچۈپ كەتمەيتتى.

[20] بەزىدە بۇلۇت ئۆزى يالغۇز بىرنەچچە كۈنگىچە ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە قالسا، ئۇلارمۇ خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا قاراپ توختاپ تۇرۇپ، خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كۆچۈپ ماڭاتتى. [21] قاچانكى بۇلۇت ئاخشامدىن يورۇغۇچە تۇرۇپ، سەھەر ۋاقتىدا بۇ ئۆزى يۆتكىلىپ كەتسە، ئۇلارمۇ كۆچۈپ ماڭاتتى. قاچانكى بۇلۇت ئۆزى كېچە-كۈندۈز توختاپ تۇرغاندىن كېيىن يۆتكىلىپ كەتسە، ئۇلارمۇ كۆچۈپ ماڭاتتى. [22] ئەگەر بۇلۇت ئۆزى ئىككى كۈن يا بىر ئاي يا بىر يىل يا قاچانغىچە ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئۈستىدە توختاپ تۇرسا، بەنى-ئىسرائىلمۇ چېدىرلىرىدا توختاپ تۇرۇپ، كۆچۈپ ماڭماي، بۇلۇت ئۆزى يۆتكەلگىنىدە ئۇلارمۇ كۆچۈپ مېڭىپ، [23] خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چۈشۈپ چېدىر تىكىپ، خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كۆچۈپ مېڭىپ، خۇداۋەندە تەرىپىدىن مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن بېرىلگەن بۇيرۇقنى تۇتۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۆكۈمىگە ئۇنايتتى.

## كانايلارنىڭ چېلىنىشى

10 [1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن كۈمۈشتىن ئىككى كاناي سوقۇپ ياسىتىپ، ئۇلارنى جامائەتنى قىچقىرىدىغان ۋاقىت بىلەن چېدىرگاھنى كۆچۈرىدىغان ۋاقىتتا ئىشلەتكىن.
[3] قاچانكى ئىككىلىسى چېلىنسا، جامائەتنىڭ ھەممىسى جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ، قېشىڭغا يىغىلسۇن.
[4] لېكىن ئەگەر يالغۇز بىرى چېلىنسا، ئىسرائىلنىڭ مىڭلىرىغا باش بولغان سەردارلار قېشىڭغا يىغىلسۇن.
[5] قاچانكى سىلەر قاتتىق ئاۋاز بىلەن چالساڭلار، شەرق تەرىپىگە چۈشكەنلەر ئۆزى كۆچكىلى باشلىسۇن.
[6] قاچانكى سىلەر ئىككىنچى مەرتىۋە بۇنىڭدىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن چالساڭلار، جەنۇب تەرىپىگە چۈشكەنلەر ئۆزى كۆچكىلى باشلىسۇن. بۇ تەرىقىدە ئۇلارنى كۆچۈرمەك ئۈچۈن قاتتىق ئاۋاز بىلەن چالسۇن.
[7] لېكىن ئەگەر جامائەتنى يىغىشلىق لازىم كەلسە، قاتتىق ئاۋازىنى چىقارماي، كاناي چېلىڭلار.
[8] كاناي چېلىش بولسا ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى بولغان كاھىنلار ئۆزى شۇنى قىلسۇن. بۇ ئۆزى سىلەر ئۈچۈن نەسىلدىن نەسىلگە بىر ئەبەدىي قانۇن بولسۇن.
[9] ئەگەر سىلەر ئۆز يۇرتۇڭلاردا سىلەرگە خاپىلىق سالغان دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشقىلى چىقىدىغان بولساڭلار، قاتتىق ئاۋاز بىلەن كاناي چېلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، سىلەر تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ياد قىلىنىپ، دۈشمەنلىرىڭلاردىن قۇتۇلىسىلەر. [10] بىر خۇشلۇق كۈنىڭلار كەلسە ياكى سىلەر ھېيت بىلەن يېڭى ئايلىرىڭلارنى تۇتۇپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭلار بىلەن

شۈكۈر قۇربانلىقلىرىڭلارنى ئۆتكۈزسەڭلار، خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا، ئۇ بىزنى ياد قىلىدۇرسۇن
دەپ، كانايلارنىمۇ چالغايسىلەر. مەن تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدۇرمەن».

## بەنى-ئىسرائىلنىڭ سىناي باياۋاندىن چىقىشى

[11] ئىككىنچى يىلنىڭ ئىككىنچى ئايى ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنىدە بۇلۇت ئۆزى شاھادەت
چېدىرىدىن كۆتۈرۈلدى. [12] ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىل قوپۇپ، سىناي باياۋاندىن چىقىپ سەپەر
قىلىپ يۈرسە، بۇلۇت ئۆزى پاران باياۋاندا توختىدى. [13] ئەمما ئۇلار ئاۋۋالقى نۆۋەت خۇداۋەندە
ئۆزى مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن بەرگەن بۇيرۇقىغا قوپۇپ كۆچسە،
[14] ھەممىدىن ئىلگىرى بەنى-يەھۇدا قوپۇپ، چېدىرلىرىنى يىغىپ، ئۆز ئەلىمىنىڭ تېگىدە
قوشۇن-قوشۇن بولۇپ ماڭدى. بۇ قوشۇننىڭ سەردارى بولسا ئامىنادابنىڭ ئوغلى ناھشۇن
ئىدى. [15] ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى بولسا زۇئارنىڭ ئوغلى نەتانەل بولۇپ،
[16] زەبۇلۇن قەبىلىسىنىڭ سەردارى بولسا خېلوننىڭ ئوغلى ئېلىياب ئىدى.

[17] ئاندىن كېيىن ئىبادەت چېدىرى يىغىلىپ بولغاندا بەنى-گەرشون بىلەن بەنى-مەرارى قوپۇپ،
ئىبادەت چېدىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى.

[18] ئاندىن كېيىن رۇبەنىيلەر قوپۇپ، چېدىرلىرىنى يىغىپ، ئۆز ئەلىمىنىڭ تېگىدە قوشۇن-
قوشۇن بولۇپ ماڭدى. بۇ قوشۇننىڭ سەردارى بولسا شېدېئۇرنىڭ ئوغلى ئېلىزۇر ئىدى.
[19] بەنى-شىمون قەبىلىسىنىڭ قوشۇننىڭ سەردارى بولسا زۇرىشادداينىڭ ئوغلى شېلۇمىيەل
بولۇپ، [20] بەنى-گاد قەبىلىسىنىڭ قوشۇننىڭ سەردارى بولسا دەيۇئەلنىڭ ئوغلى ئەلياساف
ئىدى.

[21] ئاندىن كېيىن قېھاتىيلار قوپۇپ، مۇقەددەس نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كۆچۈپ مېڭىپ يېتىپ
بارغۇچىلىك باشقىلار ئىبادەت چېدىرىنى تىكىپ بولاتتى.

[22] ئاندىن كېيىن بەنى-ئەفرائىم قوپۇپ، چېدىرلىرىنى يىغىپ، ئۆز ئەلىمىنىڭ تېگىدە قوشۇن-
قوشۇن بولۇپ ماڭدى. بۇ قوشۇننىڭ سەردارى بولسا ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشاما ئىدى.
[23] بەنى-ماناسسە قەبىلىسىنىڭ قوشۇننىڭ سەردارى بولسا پېداھسۇرنىڭ ئوغلى گاملىيەل
بولۇپ، [24] بەنى-بەنيامىن قەبىلىسىنىڭ قوشۇننىڭ سەردارى بولسا گىدونىنىڭ ئوغلى
ئابىدان ئىدى.
[25] ئاندىن كېيىن بەنى-دان قوپۇپ، ئۆز چېدىرلىرىنى يىغىپ، ھەممىسىنىڭ كەينىدىن ئۆز
ئەلىمىنىڭ تېگىدە قوشۇن-قوشۇن بولۇپ ماڭدى. بۇ قوشۇننىڭ سەردارى بولسا ئامىشادداينىڭ

ئوغلى ئاخىئەزەر ئىدى. [26] بەنى-ئاشەر قەبىلىسىنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى بولسا ئوكراننىڭ
ئوغلى پاگىيەل بولۇپ، [27] بەنى-نافتالى قەبىلىسىنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى بولسا ئېناننىڭ
ئوغلى ئاخىرا ئىدى.
[28] بۇ تەرتىقدە بەنى-ئىسرائىل ئۆزى قوپۇپ كۆچكىنىدە قوشۇن-قوشۇن بولۇپ ماڭدى.

[29] ئەمما مۇسا ئۆزى ئۆز قېيناتىسى بولغان مىدىيانلىق رېھۇئەلنىڭ ئوغلى خوبابغا سۆزلەپ:
«ئەمدى بىز خۇداۋەندە ئۇنىڭ توغرىسىدا: ‹ ئۇنى سىلەرگە بېرىمەن› دەپ ۋەدە قىلغان يۇرتقا
كېتىپ بارىمىز. سەنمۇ بىز بىلەن بارساڭ، ساڭا ياخشىلىق قىلىمىز، چۈنكى خۇداۋەندە ئۆزى
ئىسرائىلغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋەدە قىلغان» دېسە، [30] ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «يوقسۇ
مەن بارماي، بەلكى يۇرتۇمغا يېنىپ كېتىپ، تۇغقانلىرىمنىڭ قېشىغا بارىمەن» دېدى. [31] شۇنى
دېسە، مۇسا ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «سەن بىزنى تاشلىمىغىن، چۈنكى سەن بولساڭ بىزنىڭ باياۋاندا
قەيەردە چېدىر تىكىشىمىزنى ئوبدان بىلگەچ بىزلەر ئۈچۈن كۆزدەك بولغايسەن. [32] ئەگەر سەن
بىز بىلەن بارساڭ، خۇداۋەندە ئۆزى بىزگە قىلىدىغان ياخشىلىقنىڭ ئۆزىگە بىز سېنى شېرىك
قىلىمىز» دېدى.

[33] ئاندىن كېيىن ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ تېغىدىن قوپۇپ، ئۈچ كۈنگىچە يول ماڭدى. ماڭسا،
خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى ئۈچ كۈنگىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ، ئۇلار ئۈچۈن جاي
ئىزدىدى. [34] قاچانكى ئۇلار چېدىرگاھتىن ماڭسا، خۇداۋەندىنىڭ بۇلۇتى پۈتۈن كۈندە ئۇلارنىڭ
ئۈستىگە سايە سېلىپ تۇراتتى. [35] قاچانكى ئەھدە ساندۇقى يۆتكەلسە، مۇسا ئۆزى: «ئەي
خۇداۋەندە قوپقىن. سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ پاراكەندە بولۇپ، سېنى يامان كۆرگەنلەر بولسا
ئالدىڭدىن قېچىپ كەتسۇن» دەپ ئېيتىپ، [36] قاچانكى ئەھدە ساندۇقى بىر جايدا قويۇلسا، ئۇ
ئۆزى: «ئەي خۇداۋەندە ئىسرائىلنىڭ تۈمەنمىڭلىرىگە يېنىپ كەلگىن» دەپ ئېيتاتتى.

## خۇداۋەندىنىڭ ئوتى

11
[1] قوۋمنىڭ غوتۇلدىشىپ تۇرغاندا بۇنى خۇداۋەندىنىڭ قۇلىقىغا يامان ئىشىتىلىپ،
خۇداۋەندە ئۆزى بۇنى ئاڭلىغىنىدا ئۇنىڭ ئاچچىقى تۇتىشىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئوتى
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆيگىلى باشلاپ، چېدىرگاھنىڭ چېتىدىكىلەرنى يالاپ كەتكىلى تۇردى. [2]
قوۋم ئۆزى بۇنىڭ ئۈچۈن مۇساغا پەرياد قىلسا، مۇسا خۇداۋەندىگە دۇئا قىلدى. ئۇ ۋاقىت ئوت
ئۆزى پەسلەپ قالدى. [3] خۇداۋەندىنىڭ ئوتى ئاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆيۈپ تۇرغىنى ئۈچۈن ئۇ
جاينىڭ ئۆزىگە تابېرا دەپ ئات قويۇلدى.

## خۇدا بۆدۈنىلەرنى چۈشۈردۇ

4 ئەمما ئۇلارغا ئەگىشىپ تۇرغان خەلقنىڭ ئارىلاش گۇرۇھى ئىشتىھانىڭ نەپسىدىن تۇتۇلسا،
بەنى-ئىسرائىلمۇ يىغلىشىپ: «ئەمدى بىزگە گۆش بەرگىلى كىم بار؟ 5 مانا بىز مىسىردا بىكاردىن
يەپ تۇرغان بېلىق بىلەن خاڭگانى، قوغۇن بىلەن گۇدىنى، پىياز بىلەن سامساقنى ياد قىلىمىز
ئەمەسمۇ؟ 6 لېكىن مۇندا بىر نېمە يېگىلى تېپىلماي، ماننادىن باشقا بىر نېمە كۆرۈنمىگەچ
بىزنىڭ جانلىرىمىز قۇرۇپ كەتمىدىمۇ؟» دەپ ئېيتىشتى. 7 ماننا بولسا يۇمغاقسۇتكە ئوخشاپ،
رەڭگى مەرۋايىتتەك ئىدى. 8 خەلق ئۆزى بۇنى يىغىپ يۈرۈپ، بەزىدە يارغۇنچاقتا تارتىپ، بەزىدە
ھاۋانچىدا سوقۇپ، ئۇنى قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپ نان ئېتەيتتى. ئۇنىڭ تېتىقى بولسا ياغلىق
توقاچنىڭ تېتىقىدەك ئىدى. 9 شەبنەم ئۆزى كېچىسى چېدىرگاھنىڭ ئۈستىگە چۈشكەندە
ماننا مۇندا چۈشەتتى. 10 ئەمما مۇسا ئۆزى خەلقنىڭ ھەربىرى قايسى خانىدانىدىن بولسا
ئۆز چېدىرىنىڭ ئىشىكىدە يىغلىغىنىنى ئاڭلىدى. ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ ئاچچىقى زىيادە
تۇتىشىپ مۇسامۇ نارازى بولدى. 11 بۇ سەۋەبتىن مۇسا خۇداۋەندىگە ئېيتتىكى: «نېمىشقا سەن
ئۆز بەندەڭنى تەڭلىككە سېلىپ، نېمىشقا نەزىرىڭدە ئىلتىپات تاپمىدىم؟ بولمىسا بۇ ھەممە
خەلقنىڭ يۈكىنى گەدىنىمگە قويمايتتىڭ. 12 مەن بولسام بۇ ھەممە خەلقنىڭ ئانىسى ۋە يا
ئاتىسىمۇ؟ بولمىسا نېمىشقا سەن ماڭا: ‹ مەن ئۆزۈم ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا قەسەم بىلەن
ۋەدە قىلغان يۇرتىغا ئۇلارنى بىر ئېمىپ تۇرغان بالىدەك ئۆز قۇچىقىڭدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ
بارغىن› دەپ ئېيتىسەن. 13 بۇ ھەممە خەلققە نە يەردىن گۆش تېپىپ بېرەلەيمەن. ئۇلار ماڭا
يىغلىشىپ: ‹ بىزگە يېگىلى گۆش بەرگىن› دەپ تۇرۇۋالدۇ ئەمەسمۇ؟ 14 مەن يالغۇز بۇ ھەممە
خەلقنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيمەن. بۇ ئىش ئۆزى ماڭا زىيادە ئېغىر بولدۇ. 15 ئەگەر سەن بۇ
تەرىقىدە مەن بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، ماڭا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ بۇ
تەڭلىكىمدىن قۇتقۇزغىن» دېدى.
16 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «سېنىڭ بىلىشىڭدە قوۋمنىڭ ئاقساقاللىرى بولۇپ،
ئۇلارغا سەردار تۇرۇپ، ئۆزى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بولغان يەتمىش كىشىنى
يىغىپ، ئۇلارنى ئۆزۈڭ بىلەن تۇرماق ئۈچۈن جامائەت چېدىرىغا كەلتۈرگىن. 17 ئاندا مەن
نازىل بولۇپ، سەن بىلەن سۆزلىشىپ، سېنىڭ ئۈستۈڭدىكى روھتىن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ
ئۈستىگە تۆكىمەن. ئاندىن كېيىن ئۇلار بولسا يالغۇز كۆتۈرۈش ساڭا لازىم كەلمىسۇن
دەپ، قوۋمنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشتە ساڭا ياردەم بېرىشىپ تۇرغاي. 18 لېكىن قوۋمنىڭ
ئۆزىگە ئېيتقايسەنكى: ‹ سىلەر ئەتىگىچە ئۆزۈڭلارنى مۇقەددەس قىلساڭلار، يېگىلى گۆش
تاپىسىلەر. سىلەر بولساڭلار خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يىغلىشىپ: «ئەمدى بىزگە گۆش بەرگىلى
كىم بار؟ مىسىردا تۇرغىنىمىزدا خۇش ئىدۇق ئەمەسمۇ؟» دەپ ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن
خۇداۋەندە ئەمدى سىلەرگە يېگىلى گۆش بېرىدۇ. 19 سىلەر بولساڭلار بىر-ئىككى كۈن ۋە
يا بەش-ئون كۈن ۋە يا يىگىرمە كۈن ئەمەس، 20 بەلكى بۇرۇنلىرىڭلاردىن چىقىپ، سىلەر
ئۇنىڭدىن ھۆ بولغۇچىلىك پۈتۈن بىر ئايغىچە گۆش يەيسىلەر، چۈنكى سىلەر ئاراڭلاردا

بولغان خۇداۋەندىنى تاشلاپ: «بىز مىسىردىن نېمىشقا چىقىپ كەلدۇق؟» دەپ ئۇنىڭ ئالدىدا
يىغلاشتىڭلار ئەمەسمۇ؟› دېگىن» دېدى.
[21] شۇنى دېسە، مۇسا ئۆزى سۆزلەپ: «مېنىڭ چۆرەمدىكى قوۋم بولسا ئالتە يۈز مىڭ پىيادىلىق
ئەركەك چىقىدۇ. ئەمما سەن بولساڭ: ‹ پۈتۈن بىر ئاي يەپ تۇرغۇچىلىك ئۇلارغا گۆش بېرىمەن›
دەپ ئېيتتىڭ ئەمەسمۇ؟ [22] ئۇلارغا سويۇپ بېرىشكە يېگۈدەك قوي بىلەن كالا تېپىلامدۇ؟ ۋە
يا ئۇلارغا يەتسۇن دەپ، ئۇلار ئۈچۈن دېڭىزنىڭ ھەممە بېلىقلىرىنى يىغماق لازىممۇ؟» دېدى.
[23] خۇداۋەندە مۇساغا جاۋاب بېرىپ: «خۇداۋەندىنىڭ قولى قىسقا بولۇپ قاپتىمۇ؟ مانا مەن ساڭا
ئېيتقىنىمنىڭ بەجا كەلتۈرۈلەمدۇ-يوق؟ ئەمدى كۆرىسەن» دېدى.
[24] ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆزى تاشقىرىغا چىقىپ، خۇداۋەندە نېمە ئېيتقىنىنى قوۋمغا ئېيتىپ بېرىپ،
قوۋمنىڭ ئاقساقاللىرىدىن يەتمىش كىشىنى يىغىپ، ئۇلارنى ئىبادەت چېدىرىنىڭ چۆرىسىدە
تۇرغۇزۇپ قويدى. [25] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە بۇلۇتتا چۈشۈپ كېلىپ، مۇسا بىلەن سۆزلىشىپ
ئۇنىڭ ئۈستىدىكى روھتىن ئېلىپ، بۇنى بۇ يەتمىش ئاقساقالنىڭ ئۈستىگە تۆكتى. شۇنداقكى،
روھ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ھامان پەيغەمبەرلىك قىلغىلى تۇردى. لېكىن كېيىنكى
ۋاقىتتا ئۇلار ئۇنداق قىلالمىدى.
[26] ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەلداد بىلەن مېداد ئىسىملىق ئىككى كىشى چېدىرگاھتا
قالغانىدى. ئۇلار ئۆزى ئىبادەت چېدىرىغا چىقمىغان بولسىمۇ، خەتلەنگەنلەردىن بولغاچ
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھەم روھ چۈشكىنى ئۈچۈن چېدىرگاھتا پەيغەمبەرلىك قىلغىلى تۇردى.
[27] ئۇ ۋاقىت بىر يىگىت مۇسانىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ: «ئەلداد بىلەن مېداد دېگەن
كىشىلەر چېدىرگاھتا ئولتۇرۇپ، پەيغەمبەرلىك قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئېيتتى. [28] بۇنى ئاڭلاپ،
مۇسانىڭ ياش خىزمەتكارلىرىنىڭ بىرى بولۇپ نۇننىڭ ئوغلى بولغان يەشۇئا قوپۇپ: «ئەي
خوجام مۇسا، سەن ئۇلارنى توسقىن» دەپ ئېيتتى. [29] لېكىن مۇسا جاۋاب بېرىپ: «نېمىشقا
مەن ئۈچۈن مۇنداق ئەندىشە قىلىسەن. كاشكى خۇداۋەندىنىڭ ھەممە قوۋمى پەيغەمبەر بولۇپ،
خۇداۋەندە ئۆز روھىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سالسا ئىدى» دېدى.

[30] شۇنى دەپ، مۇسا ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن بىللە چېدىرگاھقا يېنىپ باردى.
[31] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن قاتتىق بىر بوران چىقىپ، دېڭىزنىڭ تەرىپىدىن بۆدۈنىلەرنى
ئۆچۈرتۈپ ئېلىپ كېلىپ، چېدىرگاھنىڭ چۆرىسىگە تاشلاپ، ئۇ تەرەپ بۇ تەرەپ بىر كۈنلۈك
يولغىچە يەرنىڭ ئۈستىگە ئىككى گەزچە كەلگۈدەك چۈشۈرۈپ دۆۋىلىۋەتتى. [32] خەلق بولسا
قوپۇپ، پۈتۈن ئۇ كۈن بىلەن پۈتۈن كېچىسى بۆدۈنىلەرنى يىغقىلى تۇرۇپ، ئەتىسىمۇ پۈتۈن
كۈن بۇلارنى يىغىپ يۈرۈپ، ھەممىدىن ئاز يىغقان كىشى ئون خومەرنىڭ مىقدارىنى يىغدى.
يىغىپ بولغاندا ئۇلار بۆدۈنىلەرنى چېدىرگاھنىڭ چۆرىسىگە يېيىپ قويدى. [33] لېكىن گۆش
ئۆزى چىشلىرىدا بولۇپ تېخى چاينىيالماستا، خۇداۋەندىنىڭ ئاچچىقى خەلقنىڭ ئۈستىگە
تۇتىشىپ، خۇداۋەندە خەلقنىڭ ئۆزىنى قاتتىق ۋابا بىلەن ئۇردى. [34] ئۇ جاي بولسا ئاندا نەپسى

يامان كىشىلەر دەپنە قىلىنغاچ، ئۇنىڭغا قىبرۇت-ھاتاۋە دەپ ئات قويۇلدى. 35 ئەمما خەلق ئۆزى
قىبرۇت-ھاتاۋەدىن قوپۇپ كېتىپ، خازىروتقا بېرىپ خاسىروتنىڭ ئىچىدە توختاپ قالدى.

## مەريەمنىڭ پېسە بولۇپ قېلىشى

12 1 مۇسا ھەبەشلىك بىر خوتۇننى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ ئالغىنى ئۈچۈن مەريەم بىلەن
ھارۇن بۇ ھەبەشلىك خوتۇننىڭ سەۋەبىدىن مۇسانىڭ ئۈستىدىن يامان گەپ قىلىپ:
2 «ئەجەبا خۇداۋەندە بولسا يالغۇز مۇسا بىلەن سۆزلىشىپ، بىز بىلەن سۆزلەشمەپتىمۇ؟» دەپ
ئېيتتى. لېكىن خۇداۋەندە بۇنى ئاڭلىدى. 3 ئەمما مۇسا بولسا يەر يۈزىدىكى ھەممە ئادەملەردىن
ياۋاش بىر كىشى ئىدى. 4 دەرھال خۇداۋەندە ئۆزى مۇسا بىلەن ھارۇن ۋە مەريەمنى قىچقىرىپ:
«سىلەر ئۈچەيلەننىڭلار چىقىپ، جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇڭلار» دېدى. شۇنى
ئاڭلاپ بۇ ئۈچەيلەن ئاندا چىقتى. 5 چىقسا، خۇداۋەندە بۇلۇت تۈۋرۈكىدە چۈشۈپ كېلىپ،
ئىبادەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ، ھارۇن بىلەن مەريەمنى قىچقاردى. ئۇلار بولسا ئۇنىڭ
قېشىغا كەلدى. 6 ئۇ ئۆزى سۆزلەپ: «مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار. ئاراڭلاردا بىركىم پەيغەمبەر
بولسا مەن خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئۆزىگە روھىي كۆرۈنۈشتە كۆرۈنۈپ، چۈشىدە سۆز قىلىمەن. 7
لېكىن بەندەم مۇسا بولسا مېنىڭ پۈتۈن ئۆيۈمدە ماڭا ئىشەنچلىك بولغاچ ئۇنىڭ بىلەن
ئۇنداق قىلماي، 8 بەلكى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشسەم، ئۇتتۇر تۇرۇپ، تېپىشماق ئېيتماي، ئاشكارا
گەپ قىلىپ، ئۆزى مەن خۇداۋەندىنىڭ دىدارىنى كۆرەلىگۈدەك تەرىقىدە ئۇنىڭغا كۆرۈنىمەن.
ئۇنداق بولسا، بەندەم مۇسانىڭ ئۈستىدىن يامان گەپ قىلىشتىن قورقمىدىڭلارمۇ؟» دېدى.
9 خۇداۋەندىنىڭ ئاچچىقى ئۇلارغا تۇتىشىپ، ئۆزى ئۇلارنى تاشلاپ كەتتى. 10 ئەمما بۇلۇت ئۆزى
ئىبادەت چېدىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ھامان مەريەم پېسەلىكتىن قاردەك ئاق بولۇپ قالدى.
ھارۇن ئۆزى مەريەمنىڭ تەرىپىگە بۇرۇلۇپ قارىسا، ئۇنىڭ پېسە بولۇپ قالغىنىنى كۆردى.
11 ئۇ ۋاقىت ھارۇن مۇساغا سۆز قىلىپ: «ئەي خوجام، بىز نادانلىقىمىزدا قىلغان گۇناھىنىڭ
يۈكىنى بىزگە ئارتىپ قويمىغىن. 12 ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆز ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چىققىنىدا
يېرىم بەدىنى خاراب بولۇپ، ئۆلۈك تۇغۇلغان بالىدەك قىلىپ قويمىغىن» دېدى. 13 شۇنى
دېسە، مۇسا خۇداۋەندىگە پەرياد قىلىپ: «ئەي خۇدا ساقايتقىن» دېدى. 14 خۇداۋەندە مۇساغا
جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر ئاتىسى ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەن بولسا، ئۇ ئۆزى يەتتە كۈنگىچە
ئولتۇرۇپ، خىجالەت تارتقان بولاتتى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى ئۇ ئۆزى يەتتە كۈنگىچە چېدىرگاھنىڭ
تاشقىرىدا سولاقلىق ئولتۇرۇپ، ئاندىن كېيىن يېنىپ كەلسۇن» دېدى. 15 بۇنىڭ بىلەن مەريەم
ئۆزى يەتتە كۈنگىچە چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىدا سولاقلىق تۇرۇپ، خەلق بولسا مەريەم يېنىپ
كەلگۈچىلىك كۆچۈپ ماڭمىدى. 16 ئاندىن كېيىن خەلق ئۆزى قوپۇپ خازىروتتىن چىقىپ،
پاران باياۋانىغا چۈشۈپ چېدىر تىكتى.

# ئون ئىككى جاسۇسلۇق قىلغۇچى

13 [1]خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [2]«سەن بولساڭ مەن بەنى-ئىسرائىلغا
بېرىدىغان يۇرتتا جاسۇسلۇق قىلماق ئۈچۈن بىرنەچچە كىشىنى ئەۋەتكىن. ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ ھەربىر قەبىلىسىدىن بىر كىشىنى ئىلغاپ ئەۋەتىڭلار. ئەۋەتىلىدىغان كىشىلەر
بولسا ھەربىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەردار بولغان بولسۇن» دېدى. [3]ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆزى
خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق پاران باياۋانىدىن بەنى-ئىسرائىلنىڭ سەردارلىرى بولغان
بىرنەچچە كىشىنى ئەۋەتتى. [4]بۇلارنىڭ ئىسىملىرى شۇ، يەنى رۇبەن قەبىلىسىدىن زاككۇرنىڭ
ئوغلى شامۇئا، [5]شىمون قەبىلىسىدىن خورىنىڭ ئوغلى شافات ئىدى.
[6]يەھۇدا قەبىلىسىدىن يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالەب،
[7]ئىسساكار قەبىلىسىدىن يۈسۈپنىڭ ئوغلى يىگال ئىدى.
[8]ئەفرائىم قەبىلىسىدىن نۇننىڭ ئوغلى ھوشىيا،
[9]بەنى-بەنيامىن قەبىلىسىدىن رافۇنىڭ ئوغلى پالتى ئىدى.
[10]زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن سودىنىڭ ئوغلى گاددىيەل ئىدى.
[11]ماناسسە قەبىلىسى ئاتالغان يۈسۈپ قەبىلىسىدىن سۇسىنىڭ ئوغلى گاددى،
[12]دان قەبىلىسىدىن گېماللىنىڭ ئوغلى ئامىيەل ئىدى.
[13]ئاشەر قەبىلىسىدىن مىكائەلنىڭ ئوغلى سەتۇر،
[14]نافتالى قەبىلىسىدىن ۋوپسىنىڭ ئوغلى ناخبى،
[15]گاد قەبىلىسىدىن ماكىنىڭ ئوغلى گېئۇيەل ئىدى.
[16]يۇرتتا جاسۇسلۇق قىلسۇن دەپ، مۇسا ئەۋەتكەن كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى شۇ ئىدى. ئەمما
مۇسا ئۆزى نۇننىڭ ئوغلى ھوشىيانى يەشۇئا دەپ ئاتىغانىدى.

[17]مۇسا ئۆزى بۇلارنى قانائان يۇرتىدا جاسۇسلۇق قىلماق ئۈچۈن ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ئېيتتىكى:
«سىلەر بۇ يەردىن جەنۇب تەرىپىگە بېرىپ، تاغ يۇرتىغا چىقىپ، [18]يۇرتنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى
بىلىپ، ئاندا ئولتۇرغۇچىلارنى كۈچلۈكمۇ ياكى ئاجىزمۇ دەپ ئۇقۇپ، ئازمۇ تولىمۇ دەپ
ئاڭقىرىپ بېقىپ، [19]ئۇلار ئولتۇرغان يۇرت ئوبدانمۇ ياكى ئەسكىمۇ دەپ سەپسېلىپ بېقىپ،
ئولتۇرغان شەھەرلىرى بولسا چېدىرگاھلىقمۇ ياكى سېپىللىكمۇ دەپ تەپتىش قىلىپ، [20]ئۇ
يۇرت ئۆزى سېمىزمۇ ياكى ئورۇقمۇ دەپ بىلىپ، دەرەخ بارمۇ ياكى يوقمۇ دەپ سىناپ بېقىپ،
جۈرئەتلىك بولۇپ يۇرتنىڭ مېۋىسىدىن ئالغاچ كېلىڭلار» دېدى، چۈنكى ئۇ كۈنلەر بولسا
ئۈزۈم پىشقان كۈنلىرى ئىدى. [21]ئۇلار بولسا قوپۇپ چىقىپ، زىن باياۋانىدىن تارتىپ خامات
يولىدىكى رەخوبقىچە يۇرتتا جاسۇسلۇق قىلىپ، [22]جەنۇب تەرىپىگە چىقىپ، خېبرونغا باردى.
ئاندا ئاناقنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئاخىمان، شېشاي ۋە تالماي دېگەن كىشىلەر ئولتۇرغۇلۇق
ئىدى. ئەمما خېبرون بولسا مىسىردىكى زوئاندىن يەتتە يىل ئىلگىرى ياسالغانىدى. [23]ئاندىن
كېيىن ئۇلار ئۆزۈم ۋادىسىغا كېلىپ، ئاندا بىر ساپاق ئۈزۈمى بار بىر شاخنى كېسىۋېلىپ، ئۇنى

بىر بالداقتا ئېسىپ، ئىككى ئادەم كۆتۈرۈپ، مۇندىن باشقا بىرنەچچە ئانار بىلەن ئەنجۈرمۇ ئالغاچ كەلدى. [24] بەنى-ئىسرائىل ئاندىن كېسىپ كەلگەن ئۈزۈم ساپىقىنىڭ سەۋەبىدىن ئۇ جاينىڭ ئېتى ئۈزۈم ۋادىسى دەپ ئاتالدى.

[25] ئەمما ئۇلار بولسا يۇرتتا جاسۇسلۇق قىلىپ، قىرىق كۈندىن كېيىن يېنىپ كېلىپ، [26] پاران باياۋاندىكى قادەشقا يېتىپ بېرىپ، مۇسا بىلەن هارۇن ۋە بارچە بەنى-ئىسرائىلنىڭ جامائىتىنىڭ قېشىغا كېلىپ، مۇسا بىلەن هارۇن ۋە ھەممە جامائەتكە خەۋەر بېرىپ يۇرتنىڭ مېۋىسىنى ئۇلارغا كۆرسەتتى. [27] مۇساغا خەۋەر بېرىپ ئېيتتىكى: «سەن بىزنى ئەۋەتكەن يۇرتقا بېرىپ كۆرسەك، دېگەندەك ئاندا سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان بىر يۇرت ئىكەن. مانا بۇ ئۇنىڭ مېۋىسىدۇر. [28] لېكىن ئاندا ئولتۇرغان خەلق بولسا كۈچلۈك بولۇپ، شەھەرلىرى ئۆزى چوڭ-چوڭ بولۇپ سېپىللىكتۇر. ئاندا ئاناقنىڭ ئەۋلادلىرىنىمۇ كۆردۇق. [29] يۇرتنىڭ جەنۇب تەرىپى بولسا ئاندا ئامالەكىيلەر ئولتۇرۇپ، خىتتىي، يەبۇسىي ۋە ئامورىيلار ئۆزى تاغلاردا ماكان تۇتۇپ، قانائانىيلار بولسا دېڭىزنىڭ لېۋى بىلەن ئىئوردانىنىڭ كانارىدا ئولتۇراقلىق ئىكەن» دېدى. [30] ئۇ ۋاقىت كالەب ئۆزى مۇسانىڭ ئالدىدا خەلقنى پەسلەتكىلى خالاپ: «ئەمدى بىز چىقىپ، ئۇ يۇرتنى ئالمىقىمىز كېرەك، چۈنكى بىز بولساق ئۇنىڭ ئۈستىگە غالىب كېلىمىز» دېدى. [31] لېكىن ئۇنىڭ بىلەن چىققان ئادەملەر ئۆزى: «بىز ئۇ قوۋمغا قارشى چىقالمايمىز. ئۇلار بولسا بىزگە زىيادە كۈچلۈك كېلىدۇ» دەپ، [32] ئۆزى ئاندا جاسۇسلۇق قىلغان يۇرت توغرىسىدا بەنى-ئىسرائىلغا يامان گەپ قىلىپ: «بىز ئۆزىمىز كېزىپ تەپتىش قىلغان يۇرت بولسا ئۆز ئولتۇرغۇچىلىرىنى يەپ كېتىدىغان بىر يۇرت بولۇپ، بىز ئاندا كۆرگەن خەلق ئۆزى ئېگىز بويلۇق ئادەملەر ئىكەن. [33] بىز ئاندا گىگانتلاردىن بولغان بەنى-ئاناقنى كۆرسەك، بىز ئۆزىمىز ئۆز كۆزلىرىمىزدە چېكەتكىدەك كۆرۈنۈپ، ئۇلارمۇ بىزنى شۇنداق كۆردى» دېدى.

## بەنى-ئىسرائىلنىڭ يۇرتنىڭ خەلقىدىن قورقۇپ كېتىشى

14 [1] ئۇ ۋاقىت جامائەتنىڭ ھەممىسى پەرياد قىلىپ توۋلاپ، ئۇ كېچىسى خەلق ئۆزى يىغلاپ تۇرۇپ، [2] بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى مۇسا بىلەن هارۇنغا قارشى غوتۇلدىشىپ، ھەممە جامائەت ئۇلارغا سۆزلەپ: «كاشكى بىز مىسىردا ئۆلۈپ قالغان بولساق ئىدى ۋە يا مۇندا چۆلنىڭ ئىچىدە ئۆلگەن بولساق ئىدى. [3] نېمە ئۈچۈن خۇداۋەندە ئۆزى بىزنى قىلىچ بىلەن ئۆلسۇن دەپ، بۇ يۇرتقا ئېلىپ كېلىدۇ؟ ئۇنداق بولسا، خوتۇن بالا-چاقىمىز بۇلاڭغا چۈشۈپ كەتمەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن مىسىرغا يېنىپ كەتمىكىمىز ياخشى ئەمەسمۇ؟» دەپ [4] بىر-بىرى بىلەن دېيىشىپ: «بىز قوپۇپ، ئۆزىمىز ئۈچۈن بىر باشلىغۇچىنى ئىلغاپ، مىسىرغا يېنىپ كېتەيلى» دېدى.

5 ئۇ ۋاقىت مۇسا بىلەن ھارۇن ئۆزى بەنى-ئىسرائىلنىڭ يىغىلغان ھەممە جامائىتىنىڭ ئالدىدا
يۈز تۆۋەن يىقىلىپ، 6 يۇرتنىڭ ئىچىدە جاسۇسلۇق قىلغانلارنىڭ ئارىسىدا بولغان يەشۇئا
بەن-نۇن بىلەن كالەب بەن-يەفۇننە بولسا ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتىپ، 7 بەنى-ئىسرائىلنىڭ
ھەممە جامائىتىگە سۆزلەپ: «بىز كېزىپ تەپتىش قىلغان يۇرت ئۆزى ناھايىتى ياخشى يۇرت
ئىكەن. 8 ئەگەر خۇداۋەندە بىزدىن رازى بولسا، بىزنى سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان بىر
يۇرت بولغان بۇ يۇرتنىڭ ئۆزىگە باشلاپ كىرگۈزىدۇ. 9 لېكىن سىلەر بولساڭلار خۇداۋەندىگە
خىيانەت قىلماي تۇرۇپ، يۇرتنىڭ خەلقىدىن قورقمىغىڭلار لازىم كەلمەيدۇ. چۈنكى پاناھى
ئۇلاردىن كېتىپ، خۇداۋەندە بىز بىلەن بولغاچ ئۇلار بىزگە ناننىڭ بىر لوقمىسىدەك بولىدۇ.
ئۇلاردىن ھېچ قورقماڭلار» دېدى.
10 لېكىن جامائەتنىڭ ھەممىسى توۋلىشىپ: «ئۇلارنى چالما-كېسەك قىلىڭلار» دەپ
قىچقىرىشىپ تۇرسا، خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى جامائەت چېدىرىدىن بەنى-ئىسرائىلنىڭ
ھەممىسىگە كۆرۈندى.
11 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ: «قاچانغىچە بۇ خەلق ئۆزى مېنى خار كۆرسۇن؟
قاچانغىچە ئۇلار مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىلغان مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ماڭا ئىشەنمەي
تۇرسۇن؟ 12 ئەمدى مەن ئۇلارنى ۋابا بىلەن ئۇرۇپ، ئۇلارنى يوقىتىۋېتىپ، سېنىڭ ئۆزۈڭنى
ئۇلارنىڭكىدىن زىيادە بولۇپ، كۈچلۈكرەك بولغان بىر قوۋم قىلىمەن» دېدى. 13 ئەمما مۇسا
خۇداۋەندىگە ئېيتتىكى: «مىسىرلىقلار بولسا سېنىڭ ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن بۇ قوۋمنى ئۇلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدىن ئاجرىتىپ چىقىرىپ كەلگىنىڭنى ئاڭلاپ، 14 بۇنى بۇ يۇرتنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىغا
دەپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇلار سەن خۇداۋەندە بۇ قوۋمنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، دەرۋەقە
سەن خۇداۋەندە ئۇلارغا يۈزمۇيۈز كۆرۈنۈپ، سېنىڭ بۇلۇتۇڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايە سېلىپ،
ئۆزۈڭنىڭ كۈندۈزى بۇلۇت تۈۋرۈكىدە، كېچىسى ئوت تۈۋرۈكىدە ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ
تۇرغىنىڭنى ئىشىتىپ قالىدۇ. 15 ئەگەر سەن ئەمدى بۇ خەلقنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرسەڭ،
سەن توغرۇلۇق بۇنى ئاڭلايدىغان تائىپىلەر ئۆزى سۆز قىلىپ: 16 ‹ خۇداۋەندە ئۆزى، مەن
ئۇلارغا بېرىمەن دەپ، قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغان يۇرتقا بۇ قوۋمنى يەتكۈزەلمەي، ئۇلارنى چۆلدە
ئۆلتۈرۈۋەتتى› دەپ قالىدۇ. 17 ئۇنداق بولماي، بەلكى ئەمدى خۇداۋەندەمنىڭ قۇدرىتى ئاشكارا
بولۇپ، سەن ئۆزۈڭ سۆزلەپ: 18 ‹ خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى كەچ، شەپقىتى كەڭرى بولۇپ،
ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ گۇناھى ئۇچۇن بالىلىرىغا ئۈچىنچى، بەلكى تۆتىنچى نەسلىگىچە جازا
بېرىپ، ھېچكىمنى جازاسىز قويمىسىمۇ، گۇناھ بىلەن خاتانى كەچۈرىدۇ› دەپ ئېيتقىنىڭدەك
بولسۇن. 19 سەن ئۆزۈڭ بۇ قوۋمنى مىسىردىن تارتىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگۈچىلىك كەچۈرۈپ
كەلگەنىڭدەك، ھېلىمۇ بۇ قوۋمنى كەچۈرگىن» دېدى.
20 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئېيتتىكى: «مەن سېنىڭ دۇئايىڭغا قاراپ ئۇلارنى كەچۈردۈم. 21 لېكىن
ئۆز تىرىكلىكىم بىلەن قەسەم قىلىپ، يەر يۈزىنى تولدۇرغان شان-شەرىپىم بىلەن ئانت
ئىچىمەنكى، 22 مېنىڭ شان-شەرىپىمنى كۆرۈپ، مىسىر بىلەن باياۋاندا قىلغان مۆجىزىلىرىمنى

كۆرۈپ تۇرۇپ، تېخى مېنى ئۇن مەرتىۋە سىناپ بېقىپ، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بولسا، [23] مەن ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلىپ بەرمەكچى بولغان يۇرتنى ھەرگىز كۆرمىسۇن. دەرۋەقە مېنى خار كۆرگەنلەردىن ھېچكىمگە ئۇنى كۆرۈش نېسىپ بولمىسۇن. [24] لېكىن بەندەم كالەب بولسا ئۇنىڭدا باشقا بىر روھ بولۇپ، كامىل تەرىقىدە ماڭا ئەگەشكەچ، مەن ئۇنى ئۆزى بېرىپ كەلگەن يۇرتقا كىرگۈزىمەن. ئەۋلادلىرى بولسا ئۇنى مىراس ئالىدۇ. [25] ئەمما ئامالەكىي بىلەن قانائانىيلار ئۆزى ۋادىدا ئولتۇراقلىق بولغاچ، سىلەر ئەتە بۇرۇلۇپ، قىزىل دېڭىزنىڭ يولى بىلەن جۇل تەرىپىگە مېڭىڭلار» دېدى.

[26] خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [27] «قاچانغىچە بۇ يامان جامائەتنىڭ ئۇستۇمگە غوتۇلداشقىنىنى كۆتۈرىمەن، چۈنكى مەن بولسام بەنى-ئىسرائىلنىڭ ماڭا قارشى غوتۇلدىشىپ قىلغان شىكايىتىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. [28] ئەمدى ئۇلارغا ئېيتىڭلاركى: ‹ خۇداۋەندە سۆزلەپ: «مەن ئۆز تىرىكلىكىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر ماڭا غوتۇلدىشىپ ئېيتقان سۆزۈڭلارغا مۇۋاپىق مەنمۇ سىلەرگە قىلىمەن. [29] مانا ئۆلۈكلىرىڭلار بولسا چۆلدە قېلىپ، مېنىڭ ئۇستۇمگە غوتۇلداشقىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرنىڭ ساناقتىن ئۆتۈپ سانالغانلىرىڭلارنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش ۋە يا ئۇنىڭدىن چوڭ بولغانلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى بولسا [30] مەن قەسەم بىلەن ۋەدە قىلىپ سىلەرنى ئاندا ئولتۇرغۇزماقچى بولغان يۇرتقا كالەب بەن-يەفۇننە بىلەن يەشۇئا بەن-نۇندىن باشقا ھېچقايسىڭلار كىرەلمەيسىلەر. [31] ئەمما سىلەر ئۇلار توغرىسىدا: ‹ بۇلاڭغا چۈشۈپ كېتەرمىكىن› دەپ ئېيتقان بالا-چاقاڭلار بولسا سىلەر خار كۆرگەن يۇرتنىڭ ھەقىقىتىنى بىلسۇن دەپ، مەن ئۇلارنى ئۇ يۇرتقا باشلاپ كىرگۈزىمەن. [32] لېكىن سىلەر بولساڭلار ئۆلۈكلىرىڭلار بۇ چۆلدە تاشلىنىپ قېلىپ، [33] بالىلىرىڭلار ئۆزى چۆلنىڭ ئىچىدە پادىچىلاردەك يۈرۈپ، ئۆلۈكلىرىڭلار چۆلدە چىرىپ كەتكۈچىلىك بۇزۇق ۋاپاسىزلىقىڭلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىدۇ. [34] سىلەر قىرىق كۈن يۇرتنىڭ ئۆزىدە جاسۇسلۇق قىلغىنىڭلاردەك ھەربىر كۈننى بىر يىل ساناپ، قىرىق يىل يامانلىقىڭلارنى كۆتۈرگىنىڭلاردا، مەن ئۆز قولۇمنى سىلەردىن تارتىۋالغىنىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالىسىلەر. [35] مەن خۇداۋەندە بۇ سۆزنى قىلىپ، ماڭا قارشى بىرلىشىپ يىغىلغان ھەممە بۇ يامان جامائەتكە شەكسىز شۇنداق قىلىمەن. چۆلنىڭ ئىچىدە ئۇلار ھالاك بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئۆلىدۇ» دېدى.

[36] ئەمما مۇسانىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۇرتتا جاسۇسلۇق قىلىپ، يېنىپ كېلىپ مەزكۇر يۇرت توغرىسىدا يامان گەپ قىلىپ، جامائەتنىڭ ھەممىسىنى مۇسانىڭ ئۇستىگە غوتۇلدىشىغا ئالداتقان كىشىلەر بولسا [37] يۇرت توغرىسىدا يامان گەپ قىلغان بۇ كىشىلەر ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا بالاغا گىرىپتار بولۇپ ئۆلدى. [38] ھەرقانداق بولسا، يۇرتتا جاسۇسلۇق قىلماق ئۈچۈن بارغان كىشىلەردىن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا بىلەن يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالەب ئۆزى ئۆلمەي تىرىك قالدى.

[39] مۇسا مەزكۇر سۆزلەرنى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسىگە دەپ بەرگەندە، خەلق ئۆزى تولا
غەمكىن بولۇپ، [40] ئەتىسى ئۇلار، ئۇستۇن تاغلىق يۇرتىغا چىقايلى دەپ، سەھەر قوپۇپ:
«مانا ئەمدى بىز خۇداۋەندە ئۇنىڭ توغرىسىدا سۆزلىگەن يۇرتقا بارايلى. بىز بولساق گۇناھ
قىلغان ئىكەنمىز» دەپ ئېيتتى. [41] لېكىن مۇسا ئېيتتىكى: «نېمىشقا سىلەر مۇنداق تەرىقىدە
خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقىپ كېتىسىلەر؟ بۇ ئىش ئۆزى راۋاج تاپالمايدۇ. [42] خۇداۋەندە
سىلەر بىلەن ئەمەستۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەرگە چىقماڭلار، بولمىسا دۈشمەنلىرىڭلاردىن
ئۇرۇلۇپ مەغلۇپ بولىسىلەر. [43] چۈنكى ئامالەكىي بىلەن قانائانىيلار ئاندا سىلەرگە
ئۇچراشقىنىدا قىلىچتىن يىقىلىسىلەر. سىلەر بولساڭلار خۇداۋەندىدىن يۈز ئۆرۈپ كەتكەچ،
خۇداۋەندىمۇ سىلەر بىلەن بولمايدۇ ئەمەسمۇ؟» دېدى. [44] ھەرقانداق بولسا، ئۇلار يوغانلىق
قىلىپ، ئۇستۇن تاغلىق يۇرتىغا چىقتى. لېكىن خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى كۆچۈرۈلمەي
قېلىپ، مۇسامۇ چېدىرگاھتىن چىقمىدى. [45] ئۇ ۋاقىت تاغلىق يۇرتىدا ئولتۇراقلىق بولغان
ئامالەكىي بىلەن قانائانىيلار چۈشۈپ، ئۇلارنى ئۇرۇپ پاراكەندە قىلىپ، خورماھقىچە قوغلاپ
باردى.

## ھەرخىل ئەتەش قۇربانلىقلىرى توغرىسىدىكى نىزاملار

15 [1] خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [2] «بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئۇلارغا
ئېيتقىنكى: ئەگەر سىلەر مەن ئۆزۈڭلارغا ئولتۇرغىلى بېرىدىغان يۇرتقا كىرىپ
بولغىنىڭلاردا، [3] خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا كالا ياكى ئۇششاق چارۋا مالىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن
ئۇنىڭغا خۇش بۇي كەلتۈرەيلى دەپ، خۇداۋەندىگە بىر كۆيدۈرمە قۇربانلىق ياكى سويۇم
قۇربانلىقى بولغان ئاتەش قۇربانلىقىنى، خاھى قەسەم قىلغاندىن كېيىن بىر ۋەدە بەجا
كەلتۈرىدىغان قۇربانلىق بولسۇن، خاھى ئۆز خۇشلۇقىدىن كەلتۈرىدىغان قۇربانلىق بولسۇن،
خاھى ھېيت قۇربانلىقلىرىڭلار بولسۇن كەلتۈرگىلى خالىساڭلار، [4] مۇنداق بىر قۇربانلىقنى
خۇداۋەندىگە ئۆتكۈزىدىغان بىر كىشى ئۆزى يەنە، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، بىر
ئېفانىڭ مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىگە باراۋەر بولۇپ بىر ھىن مىقدارىنىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر
ياغ قوشۇلغان ئاق ئۇننى ئۆتكۈزسۇن. [5] ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى ئۆتكۈزىدىغان ئىش بولسا
سەن ھەربىر قوزا ئۈچۈن، خاھى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولسۇن، خاھى سويۇم قۇربانلىق
بولسۇن، بىر ھىن مىقدارىنىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر شاراب ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۆتكۈزگىن. [6]
لېكىن ھەربىر قوچقار ئۈچۈن بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن ئىككى قىسمىغا باراۋەر بولۇپ،
بىر ھىن مىقدارىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر ياغ بىلەن ياغلانغان ئاق ئۇننى ئۇنىڭغا قوشۇپ،
يېگۈلۈك قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، [7] خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ،
بىر ھىن مىقدارىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر بولغان شارابنى ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى قىلىپ

ئۆتكۆزگىن. [8] ئەگەر سەن: ‹ مەن ئۆزۈم ۋەدەمنى بەجا كەلتۈرەي ۋە يا خۇداۋەندىگە بىر شۈكۈر قۇربانلىقى كەلتۈرەي دەپ، بىر ياش بۇقىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق ياكى سويۇم قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۆزسەڭ، [9] ئۇ ياش بۇقىغا بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمىغا باراۋەر بولۇپ، يېرىم ھىن مىقدارى ياغ بىلەن ياغلانغان ئاق ئۇننى قوشۇپ ئۆتكۆزۈپ، [10] ئاتەش قۇربانلىقى بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، يېرىم ھىن مىقدارىغا باراۋەر بولغان شارابمۇ ئۆتكۆزگىن. [11] مەزكۇر ئىش بولسا ھەربىر بۇقىغا، ھەر قوچقارغا، ھەربىر ئۇششاق چارۋا مالغا، خاھى قوي، خاھى ئۆچكە بولسۇن، قوشۇلۇپ قۇربانلىق قىلىنسۇن. [12] سىلەر بولساڭلار قۇربانلىق قىلغىلى كەلتۈرگەن ھايۋانلارنىڭ سانىغا قاراپ ھەربىرىگە شۇنداق قىلىڭلار. [13] ھەربىر يەرلىك ئادەم ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، ئاتەش قۇربانلىقى كەلتۈرگىلى خالىسا، مەزكۇر تەرىقىدە ئۆتكۆزسۇن. [14] ئەگەر يېنىڭلاردىن ئاراڭلاردا ئولتۇرغان بىر مۇساپىر ۋە يا ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ئاراڭلاردا ئولتۇرۇپ كەلگەن كىشى ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، ئاتەش قۇربانلىقى ئۆتكۆزگىلى خالىسا، سىلەرنىڭ قۇربانلىق قىلغىنىڭلاردەك ئۇمۇ شۇنداق قىلسۇن. [15] جامائەت ئىچىدە سىلەر بىلەن ئاراڭلاردا ئولتۇرغان مۇساپىر ئۈچۈن ئوخشاش قائىدە بولۇپ، نەسىلدىن نەسىلگە ئەبەدىي بىر قانۇن بولسۇن، چۈنكى سىلەر بولساڭلار ۋە يا مۇساپىر كىشى بولسا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئوخشاش سانىلىسىلەر. [16] سىلەر بىلەن ئاراڭلاردا ئولتۇرغان مۇساپىر ئۈچۈن قانۇن بىر بولۇپ ئوخشاش بىر قائىدە بولسۇن».

## يېڭى ئۇندىن تەييارلانغان نان ھەدىيەسى توغرىسىدىكى نىزام

[17] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [18] «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئۇلارغا ئېيتقىنكى: مەن سىلەرنى باشلاپ بارىدىغان يۇرتقا كىرىپ بولۇپ، [19] يۇرتنىڭ نېنىدىن يېگىنىڭلاردا ئۇنىڭدىن خۇداۋەندە ئۈچۈن بىر ھەدىيە كەلتۈرگەيسىلەر. [20] ئۇنىڭلارنىڭ يېڭىلىقى بولسا ئۇنىڭدىن بىر ناننى ھەدىيە قىلىپ كەلتۈرۈپ، خامىنىڭلاردىن ھەدىيە بەرگىنىڭلاردەك بۇنىڭ ئۆزىنى بەرگەيسىلەر. [21] ئۇنىڭلارنىڭ يېڭىلىقىدىن نەسىلدىن نەسىلگىچە خۇداۋەندە ئۈچۈن ھەدىيە قىلىپ بېرىڭلار.

## بىلمەسلىكتە قىلغان گۇناھ

[22] ئەگەر سىلەر بىلمەسلىكتە گۇناھ قىلىپ، خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا بۇيرۇغان ئەمرلىرىنىڭ بىرىنى بەجا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، [23] خۇداۋەندە ئۆزى ئۆز ئەمرلىرىنى بەرگەن كۈندىن تارتىپ كېيىنكى ۋاقىتقىچە، خۇداۋەندە نەسىلدىن نەسىلگىچە قانۇن قىلىپ توختىتىپ، مۇسانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن سىلەرگە بۇيرۇغاندىن بىر نېمىنى قىلماي، [24] بەلكى جامائەتنىڭمۇ بىلمەس

هالىتىدە سەۋەنلىك تۈپەيلى گۇناھ قىلىپ قويساڭلار، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، پۈتۈن جامائەت ئۆزى بىر ياش بۇقىنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ، بۇنىڭغا يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقىنى قوشۇپ بۇيرۇلغان تەرىقىدە ئۆتكۈزۈپ، گۇناھ قۇربانلىقى ئۈچۈن بىر تېكىنىمۇ ئۆتكۈزسۇن. [25] كاھىن ئۆزى بۇ تەرىقىدە بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائەت ئۈچۈن كاپارەت بەرسە، گۇناھى ئۆزى بىلمەسلىكتە قىلىنىپ، ئۇلار بولسا خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئۆز قۇربانلىقىنى كەلتۈرۈپ سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن ئۆتكۈزگەن گۇناھى ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا گۇناھ قۇربانلىقىنى ئېلىپ كەلگەچ ئۇلاردىن كەچۈرۈلىدۇ. [26] بۇ تەرىقە بىلەن بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراقلىق مۇساپىر كەچۈرۈلىدۇ، چۈنكى ھەممە قوۋم سەۋەنلىك تۈپەيلى گۇناھقا شېرىك ئەمەسمۇ؟

[27] ئەگەر يالغۇز بىر ئادەم بىلمەسلىكتە گۇناھ قىلسا، بىر ياشلىق ئۆچكىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈرسۇن. [28] ئاندىن كېيىن سەۋەنلىك تۈپەيلى گۇناھ قىلىپ گۇناھكار بولغان كىشى ئۈچۈن كاھىن ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا كاپارەت بەرسە، ئۇنىڭغا كاپارەت بولۇپ، گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ. [29] بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدىكى يەرلىك ئادەم بولسۇن ياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراقلىق مۇساپىر بولسۇن كىمكى بىلمەسلىكتە گۇناھ قىلسا، ھەربىرى ئۈچۈن ئوخشاش بىر قانۇن بولسۇن.

## بىلىپ تۇرۇپ قىلغان گۇناھ

[30] لېكىن كىمكى بىلىپ تۇرۇپ، گۇناھ قىلسا، خۇداۋەندىنى مەسخىرە قىلغاچ مۇنداق كىشىلەر، خاھى يەرلىك ئادەم، خاھى مۇساپىر بولسۇن، ئۆز قوۋمىدىن كېسىلىپ كەتسۇن. [31] چۈنكى ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى خار كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمىنى سۇندۇرغاچ ئاياپالماي يوقىتىلىپ، ئۆز گۇناھى ئۆز بېشىغا تەگسۇن.

[32] بەنى-ئىسرائىل باياۋاندا تۇرغان كۈنلىرىدە بىر كىشى ئۆزى شابات كۈنى ئوتۇن يىغىپ تۇرغان هالىتىدە تۇتۇلۇپ قالدى. [33] ئوتۇن يىغىپ تۇرغىنىدا ئۇنى تۇتۇۋالغان كىشىلەر ئۇنى مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ ۋە بارچە جامائەتنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. [34] ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭغا نېمە قىلىشىنى تېخى بىلمىگەچ ئۇلار ئۇنى سولاقتا سېلىپ قويدى. [35] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە مۇساغا سۆزلەپ: «بۇ ئادەم ئۆزى ئۆلۈمنىڭ جازاسىنى تارتسۇن دەپ، جامائەت ئۆزى چېدىرگاھنىڭ سىرتىدا ئۇنى چالما-كېسەك قىلسۇن» دېدى. [36] شۇنى دېسە، خۇداۋەندىنىڭ ئۆزى مۇساغا بۇيرۇغىنىغا مۇۋاپىق جامائەتنىڭ ھەممىسى ئۇنى چېدىرگاھنىڭ سىرتىغا ئېلىپ بېرىپ، چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## ئېگىنلارغا چۇچا تۇتۇش نىزامى

[37] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[38] «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ‹ سىلەر بىلەن كېيىنكى نەسىللىرىڭلار
بولسا ئېگىنلىرىڭلارنىڭ چۆرىسىگە چۇچا تۇتۇپ، ئېتەكنىڭ چۇچىسىغا كۆك رەڭلىك
شوينا تىكىپ قويۇڭلار. [39] بۇ چۇچا بولسا بىر يادىكارلىق بولۇپ، ئۇنى كۆرگىنىڭلاردا
خۇداۋەندىنىڭ ھەممە بۇيرۇقلىرىنى ياد قىلىپ ئەمەلگە كەلتۈرۈپ، ئىلگىرى بۇزۇقلۇق قىلىپ
يۈرگىنىڭلاردەك، ئەمدى كۆڭۈل بىلەن كۆزۈڭلارنىڭ شەھۋىتىگە ئەگەشمەي، [40] بەلكى مېنىڭ
بۇيرۇقلىرىمنى ياد قىلىپ ئەمەلگە كەلتۈرۈپ، ئۆز تەڭرىڭلارنىڭ مۇقەددەسلىرى بولغايسىلەر.
[41] مەن ئۆزۈم تەڭرىڭلار بولاي دەپ، سىلەرنى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن تەڭرىڭلار
خۇداۋەندىدۇرمەن. تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مەندۇرمەن، دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ› دېگىن».

## كوراھ، داتان ۋە ئابىرامنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى

16 [1] لېكىن قوراھ بەن-يىزھار بەن-قېھات بەن-لاۋىي بىلەن رۇبەنىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن
بولۇپ ئېلىيابنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولغان داتان بىلەن ئابىرام ۋە پېلەتنىڭ ئوغلى ئون
بولسا ئۆزىگە خەلقنى يىغىۋېلىپ، [2] بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن سەردار بولۇپ، جامائەتنىڭ
ئىلغانغان ئىككى يۈز ئەللىك دانە مۆتىۋەر كىشىسىنى ئىلغىۋېلىپ، مۇساغا قارشى قوپۇپ، [3]
مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ قېشىغا يىغىلىپ، ئۇلارغا گەپ قىلىپ: «ئەمدى بولدى، ھەددىڭلاردىن
ئاشماڭلار! خۇداۋەندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغاچ جامائەتنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس ئەمەسمۇ؟
ئۇنداق بولسا، نېمىشقا سىلەر ئىككەيلىنىڭلار خۇداۋەندىنىڭ جامائىتىنىڭ ئۈستىگە
ئۆزۈڭلارنى چوڭ قىلغىلى خالايسىلەر؟» دېدى.
[4] شۇنى ئاڭلاپ مۇسا ئۆزى يۈز تۆۋەن يىقىلىپ، [5] قوراھ بىلەن ئۇنىڭ گۇرۇھىغا سۆزلەپ:
«كىم ئۇنىڭكى بولۇپ، كىم مۇقەددەس سانىلىپ ئۇنىڭغا يېقىن بارالايدىغاننى خۇداۋەندە
ئۆزى ئەتە كۆرسىتىدۇ. كىمنى ئىلغىسا، ئۇنىڭغا يېقىن بارغىلى ئىجازەت بېرىدۇ. [6] ئەمدى
مۇنداق تەرىقىدە قىلىڭلار، ئەي قوراھ سەن بىلەن ئۆز ھەممە گۇرۇھۇڭدىكىلەر بولسا
ئىسرىقدانلىرىڭلارنى ئېلىپ، [7] ئەتە ئۇلارغا ئوت قويۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇش بۇي
ياندۇرغايسىلەر. خۇداۋەندە ئۇ ۋاقىت كىمنى ئىلغىسا، مۇقەددەس كىشى ئۇ ئۆزى بولىدۇ.
ئەي لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى سىلەر ھەددىڭلاردىن ئاشتىڭلار» دېدى. [8] مۇسا ئۆزى قوراھقا يەنە
ئېيتتىكى: «ئەي لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى ئاڭلاڭلار. [9] ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى ئۆزى سىلەرنى
خۇداۋەندىنىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىنى قىلىپ، جامائەت ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا خىزمەت قىلسۇن
دەپ، سىلەرنى ئىسرائىل جامائىتىنىڭ ئىچىدىن ئىلغىۋېلىپ، ئۆزىگە يېقىن كەلگىلى سىلەرگە
ئىجازەت بەرگىلى كىچىك بىر ئىش كۆرۈنەمدۇ؟ [10] سەندىن باشقا لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى بولغان

ھەممە بۇرادەرلىرىڭنى ئۆزۈڭگە قوشۇپ، ئۆزىگە يېقىن بېرىشىنى سىلەرگە نېسىپ قىلغان
بولسا ھەم، ئەمدى كاھىنلىقنى ھەم ئالغىلى خالايسەنمۇ؟ [11] بۇ خاھىش ئۈچۈن سەن بىلەن
ھەممە گۇرۇھۇڭدىكىلەر خۇداۋەندىگە قارشى يىغىلىپ قوپتۇڭلار، چۈنكى ھارۇن بولسا ئۇ
نېمىدۇركى، سىلەر ئۇنىڭغا غوتۇلداشقايسىلەر؟
[12] ئاندىن كېيىن مۇسا ئۆزى ئېلىيابنىڭ ئوغۇللىرى بولغان داتان بىلەن ئابىرامنى قىچقارسا،
ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «بىز بارمايمىز. [13] سەن بىزنى سۈت بىلەن ھەسەل ئاققان يۇرتتىن
چىقىرىپ، باياۋاندا ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ كەلگىنىڭ يەتمەي، بۇنىڭ ئۈستىگە ئۈستىمىزگە
خوجا بولۇۋالىسەنمۇ؟ [14] سەن بولساڭ بىزنى سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان يۇرتقا ئېلىپ
بارماي، بىزگە ئېتىز بىلەن ئۈزۈمزارلىقنىمۇ مىراس قىلىپ بەرمىدىڭ. ئەجەبا، ئەمدى سەن
بۇ ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىنى چانىقىدىن چىقىرىۋەتكىلى خالايسەنمۇ؟ ھەرقانداق بولسا، بىز
بارمايمىز» دېدى.
[15] ئۇ ۋاقىت مۇسا تولا ئاچچىقلىنىپ، خۇداۋەندىگە سۆزلەپ: «سەن ئۇلارنىڭ ھەدىيەسىگە
قارىمىغىن. مەن بولسام، ئۇلاردىن بىر ئېشەكمۇ ئالمىدىم ۋە يا ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە نۇقسان
يەتكۈزمىدىم» دېدى.
[16] ئاندىن كېيىن مۇسا قوراھقا سۆزلەپ: «سەن بىلەن ھەممە گۇرۇھۇڭدىكىلەر بولسا
خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ھازىر بولۇپ، ئەتە سەن بىلەن ئۇلار ۋە ھارۇن ئاندا يىغىلىپ،
[17] ھەربىرىڭلار ئۆز ئىسرىقدېنىنى ئېلىپ، ئۈستىگە خۇشبۇي ئىسرىق سېلىپ، ھەربىرىڭلار
ئۆز ئىسرىقدېنىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى يۈز ئەللىك دانە ئىسرىقداننى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا
كەلتۈرسۇن. سەن بىلەن ھارۇن بولسا سىلەرمۇ ھەربىرىڭلار ئۆز ئىسرىقدېنىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار»
دېدى. [18] شۇنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئىسرىقدېنىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئوت سېلىپ،
ئۈستىگە خۇشبۇي ئىسرىق قويۇپ، جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ، مۇسا بىلەن
ھارۇنغا قوشۇلۇپ توختاپ تۇردى. [19] قوراھ بولسا مۇسا بىلەن ھارۇنغا قارشى ھەممە جامائەتنى
يىغىپ، جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىغا جۇغلىدى. ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى
جامائەتنىڭ ھەممىسىگە كۆرۈندى.

[20] كۆرۈنۈپ، خۇداۋەندە ئۆزى مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆزلەپ ئېيتتىكى: [21] «سىلەر ئىككەيلىنىڭلار
ئۆزۈڭلارنى بۇ جامائەتتىن جۇدا قىلىڭلار. مەن بولسام بۇلارنى بىر دەمدە يوقىتىمەن» دېدى.
[22] ئۇ ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى يۈز تۆۋەن يىقىلىپ: «ئەي خۇدا، ئەي ھەممە تىرىك
جانلارنىڭ روھىنىڭ تەڭرىسى، ئەجەبا بىر ئادەمنىڭ گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن ھەممە جامائەتكە
ئاچچىقلىسەنمۇ؟» دېدى.
[23] شۇنى دېسە، خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا سۆزلەپ: [24] «سەن بەنى-ئىسرائىلغا: ‹ سىلەر ئۆزۈڭلار
قوراھ، داتان ۋە ئابىرامنىڭ چېدىرگاھىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىن نېرى چىقىپ كېتىڭلار› دەپ
ئېيتقىن» دېدى. [25] ئۇ ۋاقىت مۇسا قوپۇپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئۆزىگە

ئەگەشتۇرۇپ، داتان بىلەن ئابىرامنىڭ قېشىغا بېرىپ، [26] جامائەتكە سۆزلەپ: «سىلەر بولساڭلار ئۇلارنىڭ ھەممە گۇناھىنىڭ سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتمەيلى دەپ، بۇ يامان ئادەملەرنىڭ چېدىرگاھلىرىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ھېچنېمىسىگە تەگمەڭلار» دېدى. [27] شۇنى ئاڭلاپ، خەلق ئۆزى قوراھ، داتان ۋە ئابىرامنىڭ چېدىرلىرىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىن نېرى كەتتى. ئەمما داتان بىلەن ئابىرام بولسا ئۆز خوتۇنلىرى بىلەن چوڭ-كىچىك باللىرىنى ئېلىپ، ئۆز چېدىرلىرىنىڭ دەرۋازىسىدا توختاپ قالدى. [28] ئۇ ۋاقىت مۇسا سۆز قىلىپ: «بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلمىقىم ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ ئۆزى مېنى ئەۋەتىپ، بۇ ئىشلارنى ئۆز تەرىپىمدىن بولمىغىنىنى شۇنىڭدىن بىلىڭلاركى، [29] ئەگەر بۇلارمۇ باشقا ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلۈپ كېتىپ، ھەممە ئادەملەرگە يەتكەن بالامۇ ئۇلارغا ئوخشاش تەگسە، شەكسىز خۇداۋەندە مېنى ئەۋەتمىدى. [30] لېكىن خۇداۋەندە ئۆزى بىر يېڭى ئىشنى پەيدا قىلىپ، يەر ئۆز ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇلار بىلەن ھەممە مېلىنى يۇتۇپ كېتىپ، ئۇلار ئۆزى تىرىك تۇرۇپ ئالەم دوزاخىغا چۈشۈپ كەتسە، شەكسىز بىلىڭلاركى، بۇ خەلق ئۆزى خۇداۋەندىنى خار كۆرگەن ئىكەن» دېدى.
[31] شۇ سۆزنى قىلىپ بولغان ھامان ئۇلارنىڭ تېگىدىن يەر يېرىلىپ، [32] يەر ئۆزى ئاغزىنى ئېچىپ ئۇلارنى ئۆيلىرى بىلەن يۇتۇپ، قوراھ بىلەن ھەممە ئادەملىرىنى ھەممە مېلى بىلەن قوشۇپ دەم تارتىپ كەتتى. [33] شۇنداقكى، ئۇلارنىڭ ئۆزى پۈتۈن بارلىقى بىلەن قوشۇلۇپ تىرىك تۇرۇپ، دوزاخقا چۈشۈپ كېتىپ، يەر ئۆزى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە يېپىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جامائەتنىڭ ئارىسىدىن كېسىلىپ كەتتى. [34] ئەمما ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە تۇرغان ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ پەريادىنى ئاڭلاپ، بىزنى يەر يۇتۇپ كەتمىسۇن دەپ، قېچىپ كەتتى.
[35] لېكىن خۇداۋەندە تەرىپىدىن ئوت چىقىپ خۇشبۇي ئىسرىقنى كەلتۈرگەن ئىككى يۈز ئەللىك ئادەمنى يالىڭۋالدى.

## بالانىڭ باشلىنىشى ۋە ھارۇننىڭ كاپارەت بېرىشى بىلەن توختىتىلىشى

17 [1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [2] «سەن ھارۇن كاھىنىنىڭ ئوغلى ئېلىئازارغا بۇيرۇغىنكى، ئىسرىقدانلار مۇقەددەس بولغاچ ئۇ ئۆزى ئۇلارنى ئوتنىڭ ئىچىدىن تارتىۋېلىپ، ئىچىدىكى ئوتنى نېرى تاشلىغىن. [3] قىلغان گۇناھى ئۈچۈن ئۆز جانلىرىنى يەتتۈرگەن كىشىلەرنىڭكى بولغان بۇ ئىسرىقدانلار بولسا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلۈپ مۇقەددەس بولغاچ، قۇربانگاھنىڭ ئۈستىنى قاپلانسۇن دەپ، سوقۇلۇپ تۈنىكە قىلىنىپ، بەنى-ئىسرائىل ئۈچۈن بىر ئالامەت بولسۇن». [4] ئۇ ۋاقىت ئېلىئازار كاھىن ئۆزى كۆيۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ كەلتۈرگەن مىس ئىسرىقدانلىرىنى ئېلىپ، قۇربانگاھنى قاپلاتماق ئۈچۈن بۇلارنى تۈنىكە قىلىپ سوقتۇرۇپ، [5] «ھارۇننىڭ نەسلىدىن بولماي، يات

كىشى بولغان ھېچكىم خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرماق ئۈچۈن يېقىن بارمىسۇن، بولمىسا قوراھ بىلەن ئۇنىڭ گۇرۇھىغا تەگكەن ئىش ئۇنىڭغىمۇ تېگىدۇ» دەپ، بەنى-ئىسرائىل ئۈچۈن بۇنى بىر يادىكار قىلىپ قويۇپ، خۇداۋەندە مۇساغا بۇيرۇغىنىنىڭ ھەممىسىگە قاراپ ئىش قىلدى.
[6] لېكىن ئەتىسى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى مۇسا بىلەن ھارۇنغا غوتۇلدىشىپ: «سىلەر بولساڭلار خۇداۋەندىنىڭ قوۋمىنى ئۆلتۈردۈڭلار» دەپ ئېيتىپ، [7] ھەممە جامائەت ئۆزى مۇسا بىلەن ھارۇنغا قارشى يىغىلسا، بۇ ئىككىلىسى جامائەت چېدىرىنىڭ تەرىپىگە يۈزلىنىپ بۇلۇت ئۆزى ئۇنى ياپقىنىنى كۆردى. قارىسا، خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى كۆرۈنۈپ تۇردى. [8] ئەمما مۇسا بىلەن ھارۇن ئۆزى جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىغا بارسا،
[9] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ: [10] «سەن بۇ جامائەتتىن چىقىپ كەتكىن. مەن بىر دەمدە ئۇلارنى يوقىتاي» دېدى. ئۇ ۋاقىت ئۇلار يۈز تۆۋەن يىقىلدى. [11] ئەمما مۇسا ئۆزى ھارۇنغا سۆز قىلىپ: «سەن ئۆز ئىسرىقدېنىڭنى ئېلىپ، قۇربانگاھتىن ئوت كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇشبۇي ئىسرىق قويۇپ، ئىتتىك جامائەتنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلار ئۈچۈن كاپارەت بەرگىن، چۈنكى خۇداۋەندە تەرىپىدىن قەھر چىقىپ كېلىپ، بالا ئۆزى باشلاندى» دېدى. [12] شۇندا ھارۇن مۇسا ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇغان نەرسىنى ئېلىپ، ئىتتىك جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارسا، بالا ئۆزى قوۋمنىڭ ئارىسىدا باشلانغىنىنى كۆرۈپ، ئىتتىك خۇشبۇي ئىسرىقنى ئوتقا سېلىپ، قوۋم ئۈچۈن كاپارەت بەردى. [13] ئۇ ئۆزى ئۆلۈك بىلەن تىرىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان چاغدا بالا توختاپ قالدى. [14] لېكىن بالانىڭ سەۋەبىدىن ھالاك بولغانلارنىڭ سانى، قوراھنىڭ سەۋەبىدىن ھالاك بولغانلاردىن باشقا ئون تۆت مىڭ يەتتە يۈز كىشى ئىدى. [15] ئاندىن كېيىن ھارۇن ئۆزى جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىغا مۇسانىڭ قېشىغا يېنىپ كەلدى. كەلگىنىدە بالا ئۆزى توختاپ قالغانىدى.

## ھارۇننىڭ ھاسىسىنىڭ چېچەكلىشى

[16] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [17] «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەبىلە خانىدانلىرىغا باش بولغانلاردىن ھەربىر قەبىلە خانىدانىدىن بىردىن ھاسا ھېساب قىلىپ، جەمئىي ئون ئىككى ھاسىنى ئېلىپ، ھەربىر كىشىنىڭ ھاسىسىغا ئۇنىڭ ئېتىنى پۈتكىن. [18] لاۋىينىڭ ھاسىسى بولسا ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارۇننىڭ ئىسمىنى پۈتكىن، چۈنكى ئۇ قەبىلىنىڭ خانىدانلىرىنىڭ چوڭىنىڭ تايىن بىر ھاسىسى بولسۇن. [19] ئاندىن كېيىن سەن بۇ ھاسىلارنى جامائەت چېدىرىدىكى شاھادەت ساندۇقىنىڭ ئالدىدىكى مەن ئۆزۈمنى سىلەرگە ئاشكارا قىلىدىغان جاينىڭ ئۆزىدە قويۇپ قويغايسەن. [20] قويساڭ، شۇنداق بولىدۇكى، مەن ئۆزۈم ئىلغىغان كىشىنىڭ ھاسىسى كۆكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ سىلەرگە قىلغان غوتۇلدىشىدىن ئارام تاپاي دەپ، بۇ تەرىقدە بەنى-ئىسرائىلنىڭ غوتۇلدىشىنى تۈگىتىمەن» دېدى. [21] مۇسا

ئۆزى بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلىسە، ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرىگە باش بولغان كىشىلەرنىڭ ھەربىرى بىردىن ھاسا ھېسابىدا ئون ئىككى ھاسىنى تاپشۇرۇپ بەردى. ھارۇننىڭ ھاسىسىمۇ ئۇلارنىڭ ھاسىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىدى. [22] ئاندىن مۇسا ھاسىلارنى شاھادەت چېدىرىدا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا قويۇپ قويدى. [23] ئەتىسى مۇسا شاھادەت چېدىرىغا كىرسە، مانا لاۋىي خانىدانىنىڭ، ئىسمى يېزىلىپ ھارۇننىڭكى بولغان ھاسىنىڭ كۆكلەپ، چېچەكلەپ، بادام كەلتۈرگىنىنى كۆردى. [24] ئاندىن كېيىن مۇسا ئۆزى بۇ ھاسىلارنىڭ ھەممىسىنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدىن ئېلىپ چىقىپ، بارچە بەنى-ئىسرائىلنىڭ قېشىغا كەلتۈردى. ئۇلار بولسا سەپسېلىپ بېقىپ، ھەربىرى ئۆز ھاسىسىنى ئالدى.
[25] خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «سەن بولساڭ ھارۇننىڭ ھاسىسىنى شاھادەت ساندۇقىنىڭ ئالدىغا ياندۇرۇپ بارغىن. ئاندا ئۇ ئۆزى بوينى قاتتىق بولغانلارغا بىر ئالامەت بولسۇن. ئۇلار ئۆلۈپ كەتمىسۇن دەپ، بۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ غوتۇلدىشىنى مەندىن نېرى قىلغىن» دېدى. [26] مۇسا ئۆزى شۇنداق قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئۇنىڭغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى. [27] ئەمما بەنى-ئىسرائىل بولسا مۇساغا پەرياد قىلىپ: «مانا بىز ھالاك بولۇپ، يوقىلىپ ھەممىمىز تۈگەپ كېتىمىز. [28] كىمكى خۇداۋەندىنىڭ چېدىرىنىڭ ئۆزىگە يېقىن بارسا، ئۆلۈپ قالىدۇ. ئەمدى بىز ھەممىمىز يوق بولۇپ كېتىمىزمۇ؟» دېدى.

## كاھىنلار ۋە لاۋىيلارنىڭ ۋەزىپىلىرى

18 [1] خۇداۋەندە ھارۇنغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: «مۇقەددەس خانا توغرىسىدىكى گۇناھ بولسا سەن بىلەن ئوغۇللىرىڭ ئۇنى كۆتۈرىسىلەر. ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ خانىدانىمۇ ساڭا قوشۇلۇپ ئۇنى كۆتۈرىدۇ. كاھىنلىق مەنسىپىڭلار توغرىسىدىكى گۇناھ بولسا سەن بىلەن ئوغۇللىرىڭ بىر بولۇپ، ئۇنى كۆتۈرىسىلەر. [2] لېكىن ئاتاڭ لاۋىينىڭ قەبىلىسىدىن بولۇپ تۇغقانلىرىنى بولغان كىشىلەر ئۆزى سەن بىلەن بىللە كىرگىلى ئىجازەت تېپىپ، ساڭا يېقىن تۇرۇپ، سەن بىلەن ئوغۇللىرىڭ شاھادەت چېدىرىدا خىزمەت قىلىشىپ تۇرغىنىڭلاردا ساڭا ئىشتا ياردەم بېرىشىپ تۇرسۇن. [3] ئۇلار سېنىڭ تەرىپىڭدىن نېمە بۇيرۇلۇپ، پۈتۈن چېدىردا قايسى ئىشلار ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان بولسا شۇنى قىلسۇن. لېكىن مۇقەددەس ئەسۋابلارغا ۋە يا قۇربانگاھقا يېقىن كەلمىسۇن. بولمىسا، خاھى ئۇلار بولسا، خاھى سىلەر بولساڭلار، ئۆلۈپ كېتىسىلەر. [4] ئۇلار ئۆزى ساڭا يېقىن تۇرۇپ، ئۆزى چېدىردا قىلىدىغان ھەر ئىشنى قىلىپ، جامائەت چېدىرىنىڭ قايسى ئىشى ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان بولسا، قىلىپ تۇرسۇن. لېكىن يات كىشى بولسا سىلەرگە يېقىن كەلمىسۇن. [5] ئەمما سىلەر بولساڭلار، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە غەزەپ كەلمىسۇن دەپ، مۇقەددەس خانا بىلەن قۇربانگاھ توغرىسىدا بۇيرۇلغان ئىشنى قىلغايسىلەر. [6] مانا مەن بولسام بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن

بۇرادەرلىرىڭلار بولغان لاۋىيلارنى ئىلغىۋالدىم. ئۇلار بولسا سىلەرگە بىر ئىنئامدەك تېگىپ، جامائەت چېدىرىدا خىزمەت قىلسۇن دەپ، خۇداۋەندە ئۇچۇن بېرىلدى. [7] لېكىن سىلەر بىلەن ئوغۇللىرىڭلار بولسا بىر بولۇپ، كاھىنلىق مەنسىپىڭلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ، قۇربانگاھتىكى بىلەن پەردىنىڭ ئىچكىرىدىكى ھەممە نەرسىلەردىن خەۋەر ئېلىپ خىزمەت قىلغايسىلەر دەپ، كاھىنلىقىڭلارنى سىلەرگە ئىنئامدەك بەردىم. لېكىن ئەگەر بىر يات كىشى شۇنىڭغا يېقىن بارسا، ئۆلتۈرۈلسۇن».

[8] خۇداۋەندە ھارۇنغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: «كۆچۈرۈلمەي ئېلىپ قېلىنسۇن دەپ، ماڭا بېرىلىدىغان ھەدىيەلەرنى ساڭا بېرىپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە مۇقەددەس ھەدىيەلىرىدىن بۇنى ئاجرىتىۋېلىپ، ئەبەدىي ھەققىڭلار بولسۇن دەپ، سەن بىلەن ئوغۇللىرىڭلارغا ئۇنى مەنسەپ ئىنئامىڭلار قىلىپ بەردىم. [9] ئەمما ئوتقا سېلىنمايدىغان ھەممىدىن مۇقەددەس ھەدىيەلەرنىڭ ئىچىدىن ساڭا تېگىدىغان نەرسىلەر بۇ، يەنى: خەلقنىڭ ماڭا كەلتۈرگەن ھەممە يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن ھەممە گۇناھ قۇربانلىقى ۋە ھەممە خاتا قۇربانلىقىنىڭ ئۆزى ھەممىدىن مۇقەددەس بولۇپ، سەن بىلەن ئوغۇللىرىڭغا تېگىپ، [10] بۇنىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن مۇقەددەس خانىدە يېگەيسەن. بۇ ئۆزى ساڭا مۇقەددەس بولۇپ، ھەممە ئەركەك بولسا بۇنىڭدىن يېسۇن.

[11] بەنى-ئىسرائىلنىڭ كەلتۈرىدىغان ھەممە پۇلاڭلاتما قۇربانلىقلىرىنىڭ ئىچىدىن ساڭا تېگىپ ئەبەدىي ھەققىڭلار بولۇپ، كىمكى ئۆيۈڭدە پاك تۇرسا، ئۇنىڭدىن يېيەلەپ، سەن بىلەن ئوغۇل ۋە قىزلىرىڭغا مېنىڭ تەرىپىمدىن بېرىلىدىغان نەرسىلەر شۇ، يەنى:

[12] ئۇلار خۇداۋەندە ئۇچۇن كەلتۈرۈپ ياغنىڭ ياخشىسى بىلەن شاراب ۋە بۇغدايىنىڭ ياخشىسىنىڭ تۇنجى ھوسۇلى بولغان ھەممە ھەدىيەلەر سېنىڭكى بولۇپ، بۇنىڭ ئۆزىنى ساڭا بەردىم. [13] ئۆز يۇرتىدا ئۈنۈپ، ئۇلار خۇداۋەندە ئۇچۇن كەلتۈرگەن ھەر نەرسىنىڭ تۇنجى ھوسۇلى ساڭا تېگىپ، كىمكى ئۆيۈڭدە پاك تۇرسا، ئۇنىڭدىن يېسۇن.

[14] بۇنىڭدىن باشقا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىكى ئاتالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭكى بولسۇن. [15] ئۇلار خۇداۋەندىگە كەلتۈرىدىغان جانلىق تۇنجىلار بولسا، خاھى ئىنسان، خاھى چارۋا مال بولسۇن، ھەممىسى سېنىڭكى بولغاي. ھەرقانداق بولسا، ئادەمنىڭ تۇنجىسى بىلەن ناپاك ھايۋانلارنىڭ تۇنجىلىرىنىڭ ئورنىغا ساڭا بەدەل ئالغىلى لازىم كېلىدۇ. [16] ئورنىغا بەدەل بېرىلىدىغان ھايۋانلار بولسا ئۇلار بىر ئايلىق بولغاندا ئۆزۈڭ توختاتقان قىممەتكە قاراپ، يىگىرمە گېراھقا باراۋەر بولغان مۇقەددەس خانىنىڭ شېقەلىگە مۇۋاپىق بەش شېقەل ئۇلارنىڭ ئورنىغا بەدەل ئالغايسەن. [17] لېكىن كالا، قوي ۋە ئۆچكە بولسا تۇنجىلىرى مۇقەددەس بولغاچ بۇلارنىڭ ئورنىغا بەدەل ئالماي، ئۇلارنىڭ قېنىنى قۇربانگاھقا تۆكۈپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، ياغلىرىنى ئاتەش قۇربانلىقى قىلىپ كۆيدۈرگىن. [18] ئەمما ئۇلارنىڭ گۆشى بولسا سېنىڭكى بولۇپ، پۇلاڭلاتما قۇربانلىق بولغان تۆش بىلەن ھەدىيە ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن ئوڭ يوتىغا ئوخشاش ساڭا تەگسۇن. [19] بەنى-ئىسرائىل ئۆزى خۇداۋەندە ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىپ كەلتۈرىدىغان ھەممە مۇقەددەس ھەدىيەلىرىنى ساڭا ئاتا قىلىپ،

سىنىڭ ئۆزۈڭ بىلەن ئوغۇل-قىزلىرىڭغىمۇ ئەبەدىي ھەققىڭلار بولسۇن دەپ بەردىم. بۇ ئۆزى
خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا سەن بىلەن ئۆز نەسلىڭ ئۈچۈن تۇز يۇزىدىن قىلغان بىر ئەبەدىي
ئەھدە بولغاي.
20 خۇداۋەندە ئۆزى ھارۇنغا ئېيتتىكى: «سەن بولساڭ ئۇلارنىڭ يۇرتىدا مىراس ئالماي، ئۇلارنىڭ
ئارىسىدىمۇ نېسىپ تاپماي، بەلكى مەن ئۆزۈم بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا سىنىڭ نېسىپىڭ
بولىمەن. 21 مانا مەن بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىكى ھەممە ئوندىن بىر ئۈلۈشنى لاۋىيغا
ئاتا قىلىپ، ئۇلار جامائەت چېدىرىدا ئىشلەپ خىزمەت قىلغىنى ئۈچۈن بۇنى ئۇلارغا بەردىم.
22 لېكىن بەنى-ئىسرائىلنىڭ قالغانلىرى بولسا مۇندىن كېيىن جامائەت چېدىرىغا يېقىن
كەلمىسۇن. بولمىسا ئۇلار گۇناھقا گىرىپتار بولۇپ ئۆلىدۇ. 23 بەلكى لاۋىيلار ئۆزى جامائەت
چېدىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئۆتكەن خاتالىرىنى كۆتۈرسۇن. بۇ ئۆزى سىلەر ئۈچۈن
نەسىلدىن نەسىلگە بىر ئەبەدىي قانۇن بولسۇن. ئۇلار بولسا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا ھېچ
مىراس ئالمىسۇن. 24 چۈنكى بەنى-ئىسرائىل خۇداۋەندە ئۈچۈن ھەدىيە قىلىپ بەرگەن ئوندىن
بىر ئۈلۈشنىڭ ئۆزىنى لاۋىيلارغا مىراس قىلىپ بەردىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارغا: ‹ بەنى-
ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا مىراسىڭلار بولمىسۇن› دەپ ئېيتتىم».
25 خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
26 «سەن لاۋىيلارغا سۆزلەپ ئېيتقىنكى: ئۇلارنىڭ تەرىپىدىن ئالىدىغان مىراسىڭلار شۇ دەپ،
ئۆزۈم توختاتقان ئوندىن بىر ئۈلۈشنى بەنى-ئىسرائىلدىن ئالغىنىڭلاردا سىلەر ئوندىن بىر
ئۈلۈشنىڭ ئوندىن بىرىنى خۇداۋەندە ئۈچۈن بېرىڭلار. 27 بۇ ھەدىيەڭلار بولسا باشقىلار ئۆزى
خاماندىن ئاشلىق، سىققۇچتىن شاراب بەرگىنىدەك سانالسۇن. 28 بۇ تەرىقىدە سىلەر بەنى-
ئىسرائىل تەرىپىدىن ئالىدىغان ھەممە ئوندىن بىر ئۈلۈشتىن خۇداۋەندە ئۈچۈن بىر ھەدىيە
بېرىپ، ئوندىن بىر ئۈلۈشتىن چىقىپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن بېرىلىدىغان بۇ ھەدىيەنىڭ ئۆزىنى
ھارۇن كاھىنغا بەرگەيسىلەر. 29 سىلەر تاپشۇرۇۋالغان ھەممە ھەدىيەلەردىن خۇداۋەندىگە
تېگىدىغان ھەسسىسىنى ئۇنىڭغا پۈتۈن بېرىپ، ھەممىدىن ياخشىسىدىن ئېلىپ، مۇقەددەس
ھەدىيەگە يارىغۇدەك نەرسىنى بېرىڭلار دېگىن.
30 بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارغا ئېيتقىنكى: سىلەر بۇ تەرىقىدە نەرسىلەرنىڭ ھەممىدىن ياخشىسىنى
ھەدىيە قىلىپ بەرسەڭلار، لاۋىيلارنىڭ بۇ ھەدىيەسى ئۆزى باشقىلارنىڭ خامان بىلەن
سىققۇچتىن چىققان نەرسىلەردىن ئېلىپ كەلتۈرگىنىدەك بولۇپ سانالسۇن. 31 سىلەر بىلەن
بالا-چاقاڭلار بولسا بۇنى ھەر يەردە يېگىلى ھەققىڭلار بار، چۈنكى بۇ ئۆزى جامائەت چېدىرىدا
قىلغان خىزمىتىڭلارنىڭ ھەققى بولىدۇ. 32 سىلەر بۇ تەرىقىدە ھەممىدىن ياخشى نەرسىلەردىن
ھەدىيە قىلىپ كەلتۈرسەڭلار، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىدىن گۇناھكار بولماي، بەنى-ئىسرائىلنىڭ
مۇقەددەس ھەدىيەلىرىنى ناپاك قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئۆلۈمگە گىرىپتار بولمايسىلەر».

## پاكلىنىش سۈيى

19 1 خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: 2 «خۇداۋەندە ئۆزى بۇيرۇغان
بۇ قانۇن-بەلگىلىمىنى بەنى-ئىسرائىلغا دەپ بېرىپ ئېيتقىنكى: سىلەر بولساڭلار
دېغى بولماي، رەڭگى قىزىل بولۇپ، ئۇستىگە بويۇنتۇرۇق سېلىنمىغان، ئەيىبى يوق بىر
ئىنەكنى ئېلىپ كېلىپ، 3 ئۇنى ئېلىئازار كاھىنغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. ئاندىن كېيىن ئۇلار
ئۇنى چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، كاھىنىنىڭ كۆز ئالدىدا بوغۇزلىسۇن. 4
ئۇ ۋاقىت ئېلىئازار كاھىن ئۆز بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ قېنىدىن ئازغىنا ئېلىپ، بۇ قاننى
يەتتە مەرتىۋە جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە چاچسۇن. 5 ئاندىن كېيىن ئىنەك
ئۆزى كاھىنىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆيدۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ تېرىسى بىلەن گۆشى بولسۇن، قېنى
بىلەن تېزىكى بولسۇن، ھەممىسى كۆيدۈرۈلسۇن. 6 ئەمما كاھىن ئۆزى كېدىر ياغىچى،
زۇپا ۋە قىرمىز يىپنى ئېلىپ، ئىنەك ئۆزى كۆيدۈرۈلگەن ئوتقا تاشلىسۇن. 7 شۇنى قىلىپ
بولۇپ، كاھىن ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، سۇغا چۆمۈلۈپ، ئاندىن چېدىرگاھقا كىرگىلى
ئىجازەت تاپسۇن. ھەرقانداق بولسا، كاھىن ئۆزى ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن. 8 ئىنەكنى
كۆيدۈرۈۋەتكەن كىشىمۇ ئۆز ئېگىنلىرىنى سۇدا يۇيۇپ، ئۆزى سۇغا چۆمۈلۈپ، ئاخشامغىچە
ناپاك سانالسۇن. 9 ئەمما پاك بولغان بىر كىشى ئىنەكنىڭ كۈلىنى يىغىۋېلىپ، ئۇنى
چېدىرگاھنىڭ سىرتىدىكى بىر پاك جايدا قويسۇن. ئاندا بۇ كۈل ئۆزى بەنى-ئىسرائىلنىڭ
جامائىتى ئۈچۈن ساقلىنىپ پاكلىنىش سۈيىدەك ئىشلىتىلسۇن. بۇ گۇناھنى پاكلىغۇچىدۇر.
10 ئىنەكنىڭ كۈلىنى يىغقان كىشىمۇ ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ، ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن.
بۇ ئۆزى بەنى-ئىسرائىل بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراقلىق مۇساپىرغا ئەبەدىي قانۇن
بولسۇن.

11 كىمكى بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈك بەدىنىگە تېگىپ قالسا، يەتتە كۈنگىچە ناپاك سانىلىپ،
12 پاك بولماق ئۈچۈن ئۈچىنچى بىلەن يەتتىنچى كۈنى ئۇ كۈل بىلەن ئۆزىنى پاكلىسا، پاك
سانىلىدۇ. لېكىن ئەگەر ئۇ ئۆزى ئۈچىنچى بىلەن يەتتىنچى كۈنى ئۆزىنى پاكلىمىسا، پاك
سانالمايدۇ. 13 كىمكى ئۆلگەن بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈك بەدىنىگە تېگىپ قېلىپ، ئۆزىنى پاك
قىلمىسا، خۇداۋەندىنىڭ چېدىرىنى ناپاك قىلغاچ ئىسرائىلدىن كېسىلىپ كېتىپ، پاكلىنىش
سۈيى ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆكۈلمىگەچ ناپاك سانىلىپ، بۇ ناپاكلىقلىرى ھەمىشە ئۇنىڭ ئۆزىگە
چاپلاشلىق تۇرىدۇ.
14 قانۇن شۇنداقكى، بىر كىشى بىر چېدىرىنىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ چېدىرىنىڭ
ئۆزىگە كىرگەن ھەربىر كىشى بىلەن چېدىردا تۇرغان ھەربىر كىشى ئىككىلىسى يەتتە
كۈنگىچە ناپاك سانىلىپ، 15 ئوچۇق قويۇلۇپ يېپىلمىغان ھەممە قاچىلارمۇ ناپاك سانالسۇن.
16 كىمكى سەھرادا يۈرۈپ، قىلىچتىن يىقىلغان بىرىگە يا باشقا تەرىقىدە ئۆلگەن ئۆلۈككە يا
ئادەم سۆڭىكى ۋە يا بىر گۆرگە تېگىپ قالسا، ئۇ ئۆزى يەتتە كۈنگىچە ناپاك سانالسۇن.

[17] ئەمما بۇ تەرىقىدە ناپاك بولغان كىشىنى پاك قىلماق ئۈچۈن كۆيدۈرۈلگەن گۇناھ
قۇربانلىقىنىڭ كۈلىدىن ئازغىنا ئېلىنىپ، قاچىغا قويۇلۇپ، ئۈستىگە سۇ تۆكۈلسۇن.
[18] ئاندىن كېيىن پاك تۇرغان بىر كىشى زۇپا ئېلىپ ئۇنى بۇ سۇغا چىلاپ، چېدىر بىلەن ھەممە
جابدۇق ۋە ئاندا بولغان كىشىلەرگە چېچىپ، ئادەم سۆڭىكىگە يا ئۆلتۈرۈلگەن ئۆلۈككە يا
باشقا تەرىقىدە ئۆلگەن ئۆلۈككە ۋە يا بىر گۆرگە تېگىپ قالغان كىشى بولسا ئۇنىڭ ئۈستىگە
چاچسۇن. [19] پاك تۇرغان كىشى ئۆزى ئۈچىنچى بىلەن يەتتىنچى كۈنى ناپاك بولغان كىشىنىڭ
ئۈستىگە بۇ سۇدىن چېچىپ، يەتتىنچى كۈنى ئۇنى پاكىزلاپ بولغاندا ئۆز ئېگىنلىرىنى يۇيۇپ،
سۇغا چۆمۈلۈپ پاك سانالسۇن. [20] لېكىن بىركىم ناپاك بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنى پاك قىلمىسا،
ئۇنداق كىشى جامائەتتىن كېسىلسۇن، چۈنكى ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ مۇقەددەس خانىنى ناپاك
قىلىپ پاكلىنىش سۈيى ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلمىگەچ ناپاك سانالسۇن.
[21] بۇ ئۆزى ئۇلار ئۈچۈن ئەبەدىي بىر قانۇن بولسۇن. پاكلىنىش سۈيىنى چاچقان كىشى ئۆزى
ئېگىنلىرىنى يۇسۇن. ئەگەر بىركىم پاكلىنىش سۈيىغا تېگىپ قالسا، ئاخشامغىچە ناپاك
سانالسۇن. [22] ناپاك بولغان كىشى ئۆزى قايسى نەرسىگە تېگىپ قالسا، ئۇ نەرسە ناپاك بولۇپ
قېلىپ، كىمكى بۇ نەرسىگە تېگىپ كەتسە، بۇمۇ شۇنداق بولۇپ ئاخشامغىچە ناپاك سانالسۇن.»

## مەريەمنىڭ ۋاپات بولۇشى

20 [1] ئاۋۋالقى ئايدا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى زىن چۆلگە يېتىپ كېلىپ،
خەلق ئۆزى قادېشتا توختاپ قالدى. ئاندا مەريەم ئۆلۈپ قېلىپ، ئۇ يەرنىڭ ئۆزىدە
دەپنە قىلىندى.

## مەرىبانىڭ سۈيى

[2] ئەمما جامائەتنىڭ سۈيى بولمىغاچ، ئۇلار مۇسا بىلەن ھارۇنغا قارشى يىغىلىپ كەلدى.
[3] خەلق بولسا مۇسا بىلەن ئېيتىشىپ: «كاشكى بىزمۇ بۇرادەرلىرىمىز خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا
ئۆلگىنىدە ئۆلسەك ئىدى. [4] نېمىشقا بىزنى، بۇلار ئۆزى چارۋا مېلى بىلەن قوشۇلۇپ مۇندا
ئۆلسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ جامائىتىنى بۇ چۆلگە ئېلىپ كەلدىڭلار؟ [5] نېمىشقا سىلەر بىزنى
مىسىردىن ئېلىپ چىقىرىپ، خاھى ئاشلىق، خاھى ئەنجۈر، خاھى ئۈزۈم، خاھى ئانار ئۈنمەي،
ئىچكىلى سۇمۇ تېپىلمىغان بۇ يامان يەرگە ئېلىپ كەلدىڭلار؟» دېدى.
[6] لېكىن مۇسا بىلەن ھارۇن جامائەتنىڭ قېشىدىن كېتىپ، جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىغا
بېرىپ، ئاندا يۈز تۆۋەن يىقىلدى. ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى ئۇلارغا كۆرۈنۈپ،
[7] خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [8] «سەن ھاسىنى ئېلىپ ئۆزۈڭ بىلەن

بۇرادىرىڭ ھارۇن ئىككەيلەن بىر بولۇپ جامائەتنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا قورام تاشقا سۆز قىلغىن. شۇنداق قىلساڭلار، ئۇ ئۆزى سۇ چىقىرىدۇ. بۇ تەرىقىدە سەن ئۇلارغا قورام تاشتىن سۇ چىقىرىپ، جامائەتنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ چارۋا ماللىرىغا ئىچۈرىسەن» دېدى.
[9] ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆزى خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇغىنىدەك ھاسىنى ئۇنىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا قويۇلغان جايىدىن ئېلىپ كەلدى. [10] ئاندىن كېيىن مۇسا بىلەن ھارۇن جامائەتنى قورام تاشنىڭ ئالدىغا يىغىپ، ئۇلارغا: «ئەي ئاسىيلار، ئاڭلاڭلار. بۇ قورام تاشتىن سىلەرگە سۇ چىقىرىمىزمۇ؟» دېدى. [11] شۇنى دەپ، مۇسا ئۆز قولىنى كۆتۈرۈپ، ھاسىسى بىلەن قورام تاشقا ئىككى قېتىم ئۇرسا، ئۇنداق تولا سۇ چىقتىكى، جامائەت بىلەن ئۇلارنىڭ چارۋا ماللىرىمۇ ئىچكىلى تاپتى.
[12] ئەمما خۇداۋەندە ئۆزى مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆزلەپ: «سىلەر ماڭا ئىشەنمەي، بەنى-ئىسرائىلنىڭ كۆز ئالدىدا مېنى مۇقەددەس سانىمىغىنىڭلار ئۈچۈن بۇ جامائەتنى مەن ئۇلارغا بەرگەن يۇرتقا باشلاپ بارالمايسىلەر» دېدى.
[13] بۇ ئۆزى مەرىبانىڭ سۈيى دەپ ئاتالدى. ئاندا بەنى-ئىسرائىل خۇداۋەندە بىلەن ئېيتىشقىنىدا ئۇ ئۆزى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

## ئېدوم بەنى-ئىسرائىلنىڭ يۇرتىدىن ئۆتۈشىگە يول قويمايدۇ

[14] ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆزى قادېشتىن ئېدوم پادىشاھىنىڭ قېشىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ: «بۇرادىرىڭ ئىسرائىل ئەرز قىلىپ: سەن بولساڭ بىزنىڭ تارتىپ تۇرغان ھەممە تەڭلىكىمىزنى بىلىسەن. [15] ئاتا-بوۋىلىرىمىز بولسا مىسىرغا چۈشۈپ بېرىپ، بىز ئۇ مىسىرنىڭ ئۆزىدە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قېلىپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۆزى مىسىرلىقلاردىن ئازاب تارتىپ تۇردى ئەمەسمۇ؟ [16] ئەمما بىز خۇداۋەندىگە پەرياد قىلغىنىمىزدا ئۇ ئۆزى ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ، پەرىشتىسىنى ئەۋەتىپ، بىزنى مىسىردىن چىقىرىپ كەلدى. ھېلى بىز بولساق سېنىڭ يۇرتۇڭنىڭ چېگرىسىدىكى قادېش دېگەن شەھەرگە يېتىپ چۈشتۇق. [17] ئەمدى سەن بىزگە ئۆز يۇرتۇڭدىن ئۆتۈپ كەتكىلى ئىجازەت بەرگىن. بىز بولساق ئېتىز بىلەن ئۈزۈمزارلىقلاردىن ماڭماي، قۇدۇقلارنىڭ سۈيىنىمۇ ئىچمىۋالماي، يالغۇز خان يولى بىلەن مېڭىپ يۈرۈپ، سېنىڭ چېگراڭدىن چىقىپ كەتمىگۈچە، خاھى ئوڭ، خاھى چەپكە قاراپ باقماي، ئۆتتۈر كېتىمىز» دېدى.
[18] لېكىن ئېدوم پادىشاھى ئۇنىڭغا ئېيتقۇزۇپ: «سەن بولساڭ مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ ئىچىدىن ئۆتەلمەيسەن. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، ساڭا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپ چىقىمەن» دېدى. [19] ئەمما بەنى-ئىسرائىل ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «بىز بولساق يالغۇز چوڭ يول بىلەن ماڭىمىز. ئەگەر بىز ئۆزىمىز ۋە يا ماللىرىمىز سۈيۈڭدىن ئىچىپ كەتسەك، ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىمىز. يالغۇز مېڭىپ ئۆتۈپ كەتمەكتىن باشقا ھېچ ئەرزىمىز يوقتۇر» دېدى.

[20] لېكىن ئۇ جاۋاب بېرىپ: «سەن ھەرگىز ئۆتەلمەيسەن» دەپ ئېيتقاندىن كېيىن، ئېدوم ئۆزى تولا خەلقنى ئېلىپ، چوڭ كۈچ بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. [21] ئېدوم ئۆزى بۇ تەرىقىدە بەنى-ئىسرائىلنى ئۆز يۇرتىدىن ئۆتكىلى قويمىسا، ئىسرائىل ئۇنىڭدىن قايرىلىپ كەتتى.

## ھارۇننىڭ ۋاپاتى

[22] ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى قادەشتىن مېڭىپ ھور تېغىغا كەلدى. [23] ئەمما خۇداۋەندە ئۆزى ئېدوم يۇرتىنىڭ چېگرىسىدىكى ھور تېغىدا مۇسا بىلەن ھارۇنغا سۆزلەپ: [24] «ھارۇن بولسا ۋاپات تېپىپ، ئۆز خەلقىگە بېرىپ قوشۇلىدۇ. ئۇ مەن بەنى-ئىسرائىلغا بەرگەن يۇرتقا كىرەلمەيدۇ، چۈنكى مەرىبا سۈيىنىڭ قېشىدا مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى تۇتمىدىڭلار ئەمەسمۇ؟ [25] ئەمدى سەن ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئېلىئازارنى ئېلىپ، ھور تېغىغا چىقىپ، [26] ھارۇننىڭ ئېگىننى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئېلىئازارغا كىيدۈرگىن. چۈنكى ھارۇن بولسا ئاندا ۋاپات تېپىپ، ئۆز خەلقىگە بېرىپ قوشۇلىدۇ» دېدى.
[27] ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلدى. ئۇلار بولسا بارچە جامائەتنىڭ كۆز ئالدىدا ھور تېغىغا چىقىپ كەتتى. [28] چىققاندىن كېيىن مۇسا ئۆزى ھارۇننىڭ ئېگىنلىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئېلىئازارغا كىيدۈردى. ئەمما ھارۇن بولسا تاغنىڭ ئۈستىدە ۋاپات بولۇپ ئۆلدى. لېكىن مۇسا بىلەن ئېلىئازار تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. [29] جامائەتنىڭ ھەممىسى ھارۇننىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلىغىنىدا ئىسرائىل خاندانىنىڭ ھەممىسى ھارۇننىڭ ئۈستىگە ئوتتۇز كۈنگىچە ماتەم تۇتۇپ يىغلىدى.

## ئاراد پادىشاھىنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى

21 [1] قانائانلىق بولۇپ جەنۇب يۇرتىدا ئولتۇراقلىق ئاراد پادىشاھى ئۆزى ئىسرائىلنىڭ ئاتارىم يولى بىلەن كەلگىنىنى ئاڭلىغىنىدا، ئۇلار بىلەن سوقۇشقىلى باشلاپ ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسىنى ئەسىر قىلدى.
[2] ئۇ ۋاقىت ئىسرائىل خۇداۋەندىگە بىر ۋەدە قىلىپ: «ئەگەر سەن قوۋمنى قولىمىزغا بەرسەڭ، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتەيلى» دەپ ئېيتتى. [3] خۇداۋەندە ئۆزى ئىسرائىلنىڭ پەريادىنى ئاڭلاپ، قانائانىيلارنى ئۇلارنىڭ قولىغا بەرسە، بۇلار ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ يەرنىڭ ئۆزىگە خورماھ دەپ ئات قويۇلدى.

## مىس يىلان

[4] ئاندىن كېيىن ئۇلار ھور تېغىدىن چىقىپ كېتىپ، ئېدومنىڭ يۇرتىنى ئايلىنىپ ئۆتەيلى
دەپ، قىزىل دېڭىزنىڭ يولى بىلەن ماڭدى. ماڭسا، خەلق ئۆزى يولدا تولا بىئارام بولدى.
[5] خەلق بولسا خۇدا بىلەن مۇساغا قارشى غوتۇلدىشىپ: «نېمىشقا بىزنى باياۋاندا ئۆلسۇن
دەپ، مىسىر يۇرتىدىن ئېلىپ چىقتىڭلار؟ بۇ جايدا، خاھى نان، خاھى سۇ تېپىلماي،
كۆڭلىمىز بولسا بۇ يامان تائامدىن ھۆ بولىدۇ» دېدى.
[6] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۆزى قوۋمىنىڭ ئۈستىگە زەھەرلىك يىلانلارنى ئەۋەتتى. ئۇلار كېلىپ
خەلقنى چاقسا، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن تولا خەلق ئۆلۈپ كەتتى. [7] بۇ سەۋەبتىن خەلق
ئۆزى مۇسانىڭ قېشىغا كېلىپ: «بىز بولساق خۇداۋەندە بىلەن ساڭا قارشى غوتۇلدىشىپ گۇناھ
قىلدۇق. ئەمدى سەن بىزنىڭ توغرىمىزدا: ‹ بۇلاردىن يىلانلارنى كەتكۈزگىن› دەپ خۇداۋەندىگە
دۇئا قىلغىن» دېدى. شۇنى دېسە، مۇسا ئۆزى خەلق ئۈچۈن خۇداۋەندىگە دۇئا قىلدى.
[8] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن بىر يىلان سۈرىتىنى ياساپ،
ئۇنى بىر ياغاچقا ئېسىپ قويغىن. يىلان چاققان كىشى ئۇ سۈرەتكە قاراپ تىرىك قالسۇن»
دېدى. [9] شۇنى ئاڭلاپ، مۇسا ئۆزى مىستىن بىر يىلان ئېتىپ، ئۇنى ياغاچقا ئېسىپ قويدى.
قاچانكى يىلان چاققان كىشى ئۇ مىس يىلان سۈرىتىگە قارىسا، تىرىك قالدى.

## ئوبوتتىن پىسگاغا بېرىش

[10] ئاندىن كېيىن بەنى-ئىسرائىل قوپۇپ كۆچۈپ، ئوبوتقا بېرىپ چۈشتى. [11] ئوبوتتىنمۇ كۆچۈپ
كېتىپ، شەرق تەرىپىدە بولۇپ موئاب يۇرتىنىڭ ئالدىدىكى چۆلدە بولغان ئىيە-ئابارىم دېگەن
جايدا چېدىر تىكتى. [12] ئاندىن كېيىن ئۇلار ئۇ يەردىن كۆچۈپ مېڭىپ، زارەد ۋادىسىغا بېرىپ
چۈشتى. [13] ئۇ يەردىنمۇ چىقىپ مېڭىپ، ئۆزى ئاموريلارنىڭ يۇرتىدىن چىقىپ، باياۋان بىلەن
ئېقىپ تۇرغان ئارنون دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە چېدىر تىكتى. چۈنكى ئارنون بولسا موئابنىڭ
چېگرىسى بولۇپ موئاب بىلەن ئاموريلارنىڭ يۇرتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىغلىق ئىدى. [14] بۇ
سەۋەبتىن خۇداۋەندىنىڭ جەڭ نامىسىدە شۇنداق پۈتۈلگەنكى:

سۇفادىكى ۋاھەب بىلەن ئارنون جىلغىلىرى بولسا
[15] ئېقىنلىرى ئۆزى موئابنىڭ چېگرىسىغا يانىدىشىپ
ارنىڭ ئولتۇرۇشلۇق جايلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ.

[16] ئاندىن كېيىن ئۇلار بۇ جايدىن قوپۇپ مېڭىپ، خۇداۋەندە ئۇنىڭ توغرىسىدا مۇساغا سۆزلەپ:
«خەلقنى مۇندا يىغقىن. مەن ئۇلارغا سۇ بېرەي» دەپ ئېيتقان بەئەر دېگەن قۇدۇقنىڭ قېشىغا
چۈشتى. [17] ئىسرائىل بولسا شېئىر ئوقۇشۇپ:

«ئەي قۇدۇق قايناپ چىققىن.
ئەمدى سىلەر ئۇنى داڭلاپ:

[18] ‹بۇ قۇدۇقنى ئەمىرلەرنىڭ ئۆزى ياساپ،
خەلقنىڭ چوڭلىرى ھاسا تاياقلىرى بىلەن كولىغان›
دەپ ئېيتىڭلار» دەپ دېيىشكەندى.

[19] ئاندىن ئۇلار ئۇ چۆلدىن قوپۇپ، ماتانا دېگەن جايغا بېرىپ، ماتانادىن قوپۇپ ناخالىيەلگە بېرىپ، ناخالىيەلدىن چىقىپ، باموتقا يېتىپ، [20] باموتتىن چىقىپ، موئابنىڭ يۇرتىدا بولۇپ، چۆل تەرىپىگە قاراپ تۇرغان پىسگا چوققىسىنىڭ يېنىدىكى ۋادىغا يېتىپ باردى.

## سىخون ۋە ئوگنىڭ مەغلۇپ قىلىنىشى

[21] ئۇ ۋاقىت ئىسرائىل ئۆزى ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىخوننىڭ قېشىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ ئېيتقۇزدىكى:
[22] «ئەمدى سەن بىزگە ئۆز يۇرتۇڭدىن ئۆتۈپ كەتكىلى ئىجازەت بەرگىن. بىز بولساق يولدىن، خاھى ئوڭ، خاھى چەپكە قايرىلىپ، ئېتىز بىلەن ئۈزۈمزارلىقلارغا كىرمەي، قۇدۇقلاردىن سۇمۇ ئىچمەي، سېنىڭ يۇرتۇڭدىن ئۆتۈپ بولغۇچىلىك خان يولى بىلەن ئۇتتۇر ماڭايلى» دېدى.
[23] لېكىن سىخون ئۆزى ئىسرائىلنى ئۆز يۇرتىدىن ئۆتكىلى قويماي، بەلكى ھەممە خەلقىنى يىغىپ، ئىسرائىل بىلەن ئۇچراشاي دەپ، چۆلنىڭ ئىچىدە ياھازغىچە چىقىپ، ئىسرائىل بىلەن سوقۇشقىلى تۇردى. [24] لېكىن ئىسرائىل ئۇنى قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ، ئارنوندىن تارتىپ ياببوققىچە ئۇنىڭ يۇرتىنى ئېلىپ، بەنى-ئاممونىنىڭ چېگرىسىغىچە چىقىپ، بەنى-ئاممونىنىڭ چېگرىسى ئۆزى مەھكەم بولغاچ ئاندا توختىدى. [25] ئىسرائىل بولسا ئانداكى ھەممە شەھەرلەرنى ئالدى. ئالغاندىن كېيىن ئىسرائىل ئۆزى ئامورىيلارنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، خېشبون بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە يەرلىرىدە ماكانلاشتى. [26] خېشبون بولسا ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىخوننىڭ شەھىرى بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى موئابنىڭ ئىلگىرىكى پادىشاھى بىلەن سوقۇشۇپ، ئارنونغىچە ئۇنىڭ ھەممە يۇرتىنى تارتىۋالغانىدى.
[27] شۇ سەۋەبتىن شائىرلار ئېيتقانكى:

«خېشبونغا كېلىڭلار!
مانا سىخوننىڭ شەھىرى ئۆزى قۇرۇلۇپ مەھكەم قىلىنسۇن.

28 چۈنكى خېشبوننىڭ ئۆزىدىن بىر ئوت چىقىپ،
سىخوننىڭ شەھىرىدىن بىر يالقۇن يالقۇنلاپ تۇرۇپ،
موئابتىكى ئارنى يالاپ كېتىپ،
ئارنوننىڭ ئېگىزلىكلىرىدە ئولتۇرغانلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

29 ۋاي ساڭا ئەي موئاب! ئەي كېموشنىڭ ئۇممىتى، ھالاك بولدۇڭلار!
چۈنكى ئۇلار ئۆز ئوغۇللىرىنى قېچىشقا تاپشۇرۇپ،
قىزلىرىنى ئەسىرلىككە بېرىپ، ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىخوننىڭ قېشىغا ئەۋەتتى.

30 بىز ئۇلارنى ئېتىۋەتكەچ خېشبون ئۆزى دىبونغىچە ھالاك بولدى.
بىز ھەتتا مەدىباغا تۇتاشقان نوفاھقىچە يۇرتنى ۋەيران قىلىۋەتتۇق»
دېدى.

31 ئەمما ئىسرائىل بولسا ئاندىن كېيىن ئامورىيلارنىڭ يۇرتىدا ئولتۇرۇۋالدى. 32 لېكىن مۇسا
ئۆزى يازەردە جاسۇسلۇق قىلماق ئۈچۈن كىشىلەر ئەۋەتكەندىن كېيىن ئۇلار ئۇنىڭغا تەۋە
يەرلىرىنى ئېلىپ، ئامورىيلارنى ئاندىن چىقىرىۋەتتى.

33 شۇنى قىلىپ بولۇپ، ئۇلار ئۆزى قايرىلىپ، باشاننىڭ يولىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ۋاقىت
باشاننىڭ پادىشاھى ئوگ ئۆزى ئۇلار بىلەن ئەدرەي دېگەن جايدا ئۇرۇشماق ئۈچۈن ھەممە
خەلقىنى يىغىپ چىقتى. 34 لېكىن خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ: «ئۇنىڭدىن قورقمىغىن،
چۈنكى مەن بولسام ئۇنى ھەممە خەلقى بىلەن قوشۇپ، قولۇڭغا تاپشۇرۇپ، يۇرتىنىمۇ ساڭا
بېرىمەن. سەن بولساڭ ئۆزى خېشبوندا ئولتۇراقلىق بولۇپ ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى بولغان
سىخونغا قىلغاندەك بۇنىڭغىمۇ قىلىسەن» دېدى. 35 ئۇلار بولسا ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى
ۋە ھەممە خەلقىنى ئۇرۇپ، ھېچكىمنى قويماي، ئۇنىڭ يۇرتىنى ئىگىلىۋالدى.

## موئاب پادىشاھى بالاق بىلئامنى بەنى-ئىسرائىلنى لەنەت قىلىشقا قىچقىرىدۇ

22 1 ئاندىن كېيىن بەنى-ئىسرائىل كۆچۈپ بېرىپ، ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ، موئابنىڭ
تۈزلەڭلىكىدە يېرىخونىڭ ئۇتتۇرىدا چېدىر تىكتى. 2 ئەمما زىپورنىڭ ئوغلى بالاق ئۆزى
ئىسرائىلنىڭ ئامورىيلارغا نىمە قىلغىنىنى كۆرگەنىدى. 3 موئابىيلار بولسا بۇ خەلق نۇرغۇن
ئىكەن دەپ، تولا قورقۇپ كېتىپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلار ئۆزى دەھشەت ئىدى.

[4]ئۇنىڭ ئۈچۈن موئابىيلار ئۆزى مىدىيانىنىڭ ئاقساقاللىرىغا سۆزلەپ: «ئەمدى بۇ ئادەملەر
توپى بولسا سەھرانىڭ ئوتىنى ئۆي يالاپ كەتكەندەك چۆرىمىزدە ھېچنېمىنى قويماي، يالاپ
كەتمەكچى بولىدۇ» دېدى. ئۇ كۈنلەردە زىپورنىڭ ئوغلى بالاق موئابنىڭ پادىشاھى ئىدى. [5]ئۇ
ئۆزى تۇغقانلىرىنىڭ يۇرتىدىكى دەريانىڭ لېۋىدە بولغان پېتور دېگەن جايغا بېئورنىڭ ئوغلى
بىلئامنىڭ قېشىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ئۇنى قىچقارتىپ ئېيتقۇزدىكى: «مانا مىسىردىن بىر
خەلق قوۋم چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تولىلىقىدىن يەر يۈزى يېپىلىپ قېلىپ، ئۇلار بولسا ھېلى
كېلىپ، ماڭا قارشى قادىلىپ تۇرۇپ، [6]ئۇلار ئۆزى مەندىن زىيادە كۈچلۈك بولغاچ ئەمدى سەن
كېلىپ، مەن ئۈچۈن بۇ قوۋمغا لەنەت ئوقۇغىن. شۇنداق قىلساڭ، بىز ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ،
مەن ئۇلارنى يۇرتتىن چىقىرىۋەتەلەيمەن كېرەك. چۈنكى مەن ئۆزۈم سەن كىمنى بەرىكەتلىسەڭ،
بەرىكەت تېپىپ قېلىپ، كىمگە لەنەت ئوقۇساڭ، مەلئۇن بولۇپ قېلىشىنى بىلىمەن» دېدى.
[7]ئۇ ۋاقىت موئابنىڭ ئاقساقاللىرى مىدىيانىنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن قوشۇلۇپ، پال
ئېچىشنىڭ ھەققىنى ئالغاچ بېرىپ، بىلئامنىڭ قېشىغا يېتىپ، بالاقنىڭ سۆزىنى ئۇنىڭغا
ئاڭلاتتى. [8]ئاڭلاتسا، ئۇ ئۆزى ئۇلارغا: «بۇ كېچە مۇندا قونساڭلار، مەن ئۆزۈم خۇداۋەندە ماڭا
ئېيتقاندەك سىلەرگە جاۋاب بېرەي» دېدى. شۇنى دېسە، موئابنىڭ ئەمىرلىرى بىلئامنىڭكىدە
قونۇپ قالدى. [9]ئەمما خۇدا بىلئامغا سۆزلەپ: «سېنىڭكىدە بار كىشلەر كىم ئىكەن» دېدى.
[10]بىلئام خۇداغا جاۋاب بېرىپ: «موئابنىڭ پادىشاھى بالاق بەن-زىپور ماڭا خەۋەر ئەۋەتكەنكى:
[11]‹ مانا مىسىردىن بىر خەلق قوۋم چىقىپ كېلىپ، ئۇنىڭ تولىلىقىدىن يەر يۈزى يېپىلىپ
قالدى. ئۇلار ئۆزى مەندىن زىيادە كۈچلۈك بولغاچ ئەمدى سەن كېلىپ، مەن ئۈچۈن بۇ قوۋمغا
لەنەت ئوقۇغىن. شۇنداق قىلساڭ، مەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ يۇرتتىن چىقىرىۋەتەلەيمەن
كېرەك› دەپ ئېيتقۇزدى» دېدى. [12]ئۇ ۋاقىت خۇدا بىلئامغا: «سەن ئۇلار بىلەن بارمىغىن. بۇ
قوۋم ئۆزى مۇبارەك بولۇپ تۇرغاچ، سەن ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇمىغايسەن» دېدى.
[13]ئەتىسى بىلئام قوپۇپ، بالاقنىڭ ئەمىرلىرىگە سۆزلەپ: «ئۆز يۇرتۇڭلارغا يېنىپ كېتىڭلار.
چۈنكى خۇداۋەندە ئۆزى مېنى سىلەر بىلەن بارغىلى قويمايدۇ» دېدى. [14]شۇنى دېسە، موئابنىڭ
ئەمىرلىرى بالاقنىڭ قېشىغا يېنىپ بېرىپ: «بىلئام بىز بىلەن كەلگىلى ئۇنىمىدى» دەپ
ئېيتتى.

[15]لېكىن بالاق يەنە بىر مەرتىۋە بالدۇرقىلاردىن تولا بولۇپ ئىززىتى چوڭراق بولغان ئەمىرلەرنى
ئەۋەتتى. [16]ئۇلار بولسا بىلئامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە سۆزلەپ: «مانا زىپورنىڭ
ئوغلى بالاق سۆز قىلىپ: ‹ ئەمدى ھېچنېمە سېنى مېنىڭ قېشىمغا كېلىشتىن توسمىسۇن.
[17]چۈنكى مەن بولسام ساڭا زىيادە ئىززەت كۆرسىتىپ، ھەرنېمە دېسەڭ، ساڭا قىلىمەن. ئەمدى
كېلىپ، مەن ئۈچۈن بۇ خەلققە لەنەت ئوقۇغىن› دەپ ئېيتتى» دېدى.
[18]ئۇ ۋاقىت بىلئام جاۋاب بېرىپ، بالاقنىڭ خىزمەتكارلىرىغا ئېيتتىكى: «ئەگەر بالاق ئۆزى
ئالتۇن كۈمۈش بىلەن تولۇقلۇق ئۆيىنى ماڭا بەرسىمۇ، مەن ئۆز تەڭرىم خۇداۋەندىنىڭ

بۇيرۇقىدىن چىقىپ، ئۇنىڭدىن كەم-زىيادە قىلالمايمەن.[19] لېكىن ئەمدى سىلەرمۇ بۇ كېچە مۇندا قونۇپ قېلىڭلار. مەن ئۆزۈم خۇداۋەندىنىڭ ماڭا يەنە نېمە سۆز قىلىشىنى كۆرۈپ باقاي» دېدى.[20] ئەمما خۇدا ئۆزى كېچىسى بىلئامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «بۇ كىشىلەر سېنى قىچقارغىلى كەلگەن بولسا، سەن قوپۇپ ئۇلار بىلەن بارغىن، لېكىن مەن نېمە دېسەم ياڭغۇز شۇنى قىلىشىڭ كېرەكتۇر» دېدى.[21] ئۇنىڭ ئۈچۈن بىلئام ئۆزى ئەتىسى سەھەر قوپۇپ، ئېشىكىنى توقۇپ، موئابنىڭ ئەمىرلىرى بىلەن بىللە ماڭدى.

[22] لېكىن ئۇنىڭ ماڭغىنىدا خۇدانىڭ غەزىپى تۇتىشىپ، بىلئام ئۆزى ئېشەككە مىنىپ ئىككى خىزمەتكارى بىلەن كېتىپ بارسا، خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئۇنى توسقىلى يولدا تىكلىنىشىپ تۇردى.[23] ئېشەك بولسا خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسىنىڭ يولدا تۇرۇپ، ئۆز قولىدا بىر سۇغۇرۇلغان قىلىچنى تۇتۇپ تۇرغىنىنى كۆرگىنىدە يولدىن قايرىلىپ، ئېتىزلىققا كىرىپ كەتتى. لېكىن بىلئام، يولغا ئېلىپ كېلەي دەپ، ئېشەكنى ئۇردى.
[24] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئۆزى ئىككى تەرىپىدە تېمى بولۇپ ئۈزۈمزارلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان بىر تار كوچىدا توختاپ تۇردى.[25] ئېشەك ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسىنى كۆرۈپ قالغىنىدا تامغا چاپلىشىۋېلىپ، بىلئامنىڭ پۇتىنى تامغا چىقىپ قىستىدى. قىستىسا، بىلئام ئۇنى يەنە ئۇردى.
[26] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئالدىدا بېرىپ، خاھى ئوڭ، خاھى چەپكە قايرىلغىلى بولمايدىغان بىر تار جايدا توختاپ تۇردى.[27] ئېشەك ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسىنى يەنە كۆرگىنىدە بىلئامنىڭ تېگىدە يېتىۋالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىلئامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ھاسىسى بىلەن ئېشەكنى ئۇردى.
[28] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۆزى ئېشەكنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتكەچ ئېشەك بىلئامغا سۆزلەپ: «سەن مېنى ئۈچ مەرتىۋە ئۇرغىلى مەن ساڭا نېمە گۇناھ قىلدىم؟» دېدى.[29] بىلئام ئۆزى ئېشەككە جاۋاب بېرىپ: «سەن مېنى بوزەك قىلدىڭ ئەمەسمۇ؟ كاشكى قولۇمدا بىر قىلىچ بولسا ئىدى، دەرھال سېنى ئۆلتۈرەتتىم» دېدى.[30] لېكىن ئېشەك ئۆزى بىلئامغا سۆزلەپ: «مەن بولسام سېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈڭدە مىنىپ يۈرگەن ئېشىكىڭ ئەمەسمۇ؟ مۇندىن ئىلگىرى ساڭا شۇنداق قىلغان ئىدىممۇ؟» دېسە، بىلئام ئۆزى: «ياق» دەپ جاۋاب بەردى.[31] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە بىلئامنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ قويغاچ، ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسىنىڭ قولىدا سۇغۇرۇلغان بىر قىلىچنى تۇتۇپ يولدا تۇرغىنىنى كۆرگىنىدە ئېگىلىپ يۈز تۆۋەن يىقىلدى.[32] ئەمما خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «نېمىشقا سەن ئېشىكىڭنى ئۈچ مەرتىۋە ئۇردۇڭ؟ مانا سېنىڭ بۇ يولۇڭ كۆزلىرىمدە توغرا بولمىغاچ مەن سېنى توسقىلى كەلدىم.[33] ئېشەك بولسا مېنى كۆرۈپ، ئۈچ مەرتىۋە ئالدىمدىن قايرىلدى. ئەگەر ئالدىمدىن قايرىلمىغان بولسا، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۇنى تىرىك قويياتتىم» دېدى.[34] ئۇ ۋاقىت بىلئام ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسىگە سۆزلەپ: «سېنىڭ يولدا مېنى توسۇپ تۇرغانلىقىڭنى

بىلمەي، خاتاغا چۈشۈپتىمەن. ئەگەر بۇ سەپەر كۆزۈڭدە يامان كۆرۈنسە، ئەمدى يېنىپ كېتەي»
دېدى. [35] لېكىن خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى بىلئامغا جاۋاب بېرىپ: «سەن بۇ كىشىلەر بىلەن
بارغىن، لېكىن مەن نېمە دېسەم يالغۇز شۇنى قىلمىقىڭ كېرەكتۇر» دېسە، بىلئام ئۆزى
بالاقنىڭ ئەمىرلىرى بىلەن بىللە كەتتى.

[36] ئەمما بالاق ئۆزى بىلئامنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، موئابنىڭ چەت
چېگرىسىغا بېرىپ، ئارنونىنىڭ كانارىدىكى بىر شەھەرگە يېتىپ باردى. [37] ئۇ ۋاقىت بالاق ئۆزى
بىلئامغا سۆزلەپ: «مەن سېنى قىچقارغىلى كىشى ئەۋەتمىدىممۇ؟ نېمىشقا كەلگىلى ئۇنىمىدىڭ؟
ئەجەبا مەن ساڭا يەتكۈدەك ئىززەت كۆرسىتەلمەيتتىممۇ؟» دېدى. [38] بىلئام بولسا بالاققا جاۋاب
بېرىپ: «مانا ھېلى سېنىڭ قېشىڭغا كەلدىم! لېكىن ئۆزۈمدىن ھېچنېمە سۆزلىيەلمەي، بەلكى
خۇدا ئۆزى مېنىڭ ئاغزىمغا نېمە سالسا، شۇنى دېمىكىم كېرەك» دېدى. [39] ئاندىن كېيىن بىلئام
ئۆزى بالاق بىلەن بىللە بېرىپ، ئىككىلىسى قىريات-خۇسوت دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە،
[40] بالاق ئۆزى كالا بىلەن قوي بوغۇزلاپ بىلئام بىلەن ئۇنىڭ بىللە بولغان ئەمىرلىرىگە ئەۋەتىپ
بەردى. [41] ئەتىسى سەھەر بالاق بىلئامنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ، قوۋمىنىڭ چەتتىكى قىسمىنى
كۆرسۇن دەپ، ئۇنى باموت-بائال دېگەن ئېگىزلىككە ئېلىپ چىقتى.

## بىلئام بەنى-ئىسرائىلنى بەرىكەتلەيدۇ

23 [1] ئەمما بىلئام ئۆزى بالاققا سۆزلەپ: «مۇندا مەن ئۈچۈن يەتتە قۇربانگاھنى ياساپ،
بۇ يەرگە يەتتە بۇقا بىلەن يەتتە قوچقارنى ماڭا كەلتۈرگىن» دېدى. [2] بالاق بولسا
بىلئامنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلغاندىن كېيىن، بالاق بىلەن بىلئام ھەر قۇربانگاھتا بىر بۇقا بىلەن
بىر قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى. [3] شۇنى قىلىپ بولۇپ، بىلئام ئۆزى بالاققا سۆزلەپ: «سەن
بولساڭ ئۆز كۆيدۈرمە قۇربانلىقىڭنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تۇرغىن. ئەمما مەن بېرىپ، خۇداۋەندە
ئۆزى ماڭا كۆرۈنۈپ قالارمىكىن دەپ بېقىپ، ئۇ ئۆزى ھەرنېمىنى ئاشكارا قىلسا، ساڭا دەپ
بېرەي» دەپ، بىر خالىي دۆڭلۈككە چىقتى.
[4] ئاندا خۇداۋەندە ئۆزى بىلئامغا كۆرۈنسە، بىلئام ئۇنىڭغا: «مانا مەن ئۇ يەتتە قۇربانگاھنى
ياساپ بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئۈستىدە بىر بۇقا بىلەن بىر قوچقارنى قۇربانلىق قىلدىم» دېدى.
[5] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۆزى بىلئامنىڭ نېمە ئېيتىشىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە:
«سەن بالاققا يېنىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا پالان-پالان سۆزنى دېگىن» دېدى.
[6] ئۇ ئۆزى يېنىپ كېلىپ، بالاقنىڭ ئۆزى موئابنىڭ ھەممە ئەمىرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۆز
كۆيدۈرمە قۇربانلىقىنىڭ يېنىدا تۇرغىنىنى كۆردى. [7] كۆرسە، ئۇ قوشىقىنى قوشۇپ ئېيتتىكى:

«بالاق بولسا مېنى ئارام دېگەن جايدىن كەلتۈرۈپ،
ئۇ موئابنىڭ پادىشاھى ئۆزى مېنى شەرق تاغلىرىدىن ئېلىپ كېلىپ:
‹ سەن كېلىپ مەن ئۈچۈن ياقۇپقا لەنەت ئوقۇپ،
ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە دۇئايىبەت ئوقۇغىن› دېدى.

[8] خۇدا ئۆزى لەنەت قىلمىغان بىرىگە
مەن قانداق قىلىپ لەنەت ئوقۇپ،
خۇداۋەندە ئۆزى قارغىمىغان بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە
قانداق قىلىپ دۇئايىبەت ئوقۇيالىمەن؟

[9] مەن ئەمدى ئۇلارنى قورام تاشلارنىڭ چوققىلىرىدىن كۆرۈپ،
ئېگىزلىكلەردىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە نەزەر سالىمەن.
مانا بۇلار ئۆزى يالغۇز ئولتۇرىدىغان بىر قوۋم بولۇپ،
باشقا مىللەتلەرنىڭ قاتارىدا سانالمىسۇن.

[10] تولىلىقىدا توپىدەك بولغان ياقۇپنى كىم ھېسابلاپ،
ئىسرائىلنىڭ تۆتتىن بىرىنى كىم سانىيالايدۇ؟
كاشكى مەن ئادىللارنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلۈپ،
مېنىڭ ئاخىرىم ئۆزى ئۇلارنىڭ ئاخىرىدەك بولسا ئىدى»
دېدى.

[11] ئۇ ۋاقىت بالاق ئۆزى بىلئامغا: «سەن ماڭا نېمە قىلدىڭ؟ سېنى مېنىڭ دۈشمەنلىرىمگە لەنەت ئوقۇسۇن دەپ قىچقارسام، سەن ئەمدى ئۇلارنى بەرىكەتلىدىڭ ئەمەسمۇ؟» دېدى.
[12] لېكىن ئۇ جاۋاب بېرىپ: «ئەجەبا مەن بولسام خۇداۋەندە ئۆزى مېنىڭ ئاغزىمغا سالغاندىن ئاگاھ بولۇپ، بۇنى دەپ بەرمەيمەنمۇ؟» دېدى. [13] ئەمما بالاق بولسا ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ: «ئەمدى سەن مەن بىلەن بىللە باشقا بىر يەرگە بارغىن. ئاندىن ئۇلارنى كۆرىسەن. مۇندا سەن يالغۇز ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈپ، ھەممىسىنى كۆرەلمەيسەن. ئەمما سەن ئۇ يەردىن مەن ئۈچۈن ئۇلارغا لەنەت ئوقۇغايسەن دەپ،
[14] ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ، پىسگانىڭ چوققىسىدىكى زوفىم دېگەن دالاسىغا باشلاپ چىقىپ، ئاندا يەتتە قۇربانگاھنى ياساپ، ھەربىر قۇربانگاھتا بىر بۇقا بىلەن بىر قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى. [15] ئاندىن كېيىن بىلئام ئۆزى بالاققا: «سەن بولساڭ ئۆز كۆيدۈرمە قۇربانلىقىڭنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تۇرساڭ، ماڭا بىر نېمە كۆرۈنەرمىكىن دەپ، مەن نېرىراق يەرگە باراي» دېدى. [16] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۆزى بىلئامغا كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا نېمە ئېيتىشىنى ئۇنىڭ

ئاغزىغا سېلىپ قويۇپ: «سەن بالاقنىڭ قېشىغا يېنىپ بېرىپ، پالان-پالان سۆزنى ئېيتقىن» دېدى.
[17] ئۇ ئۇنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلسە، مانا ئۇ ئۆزى كۆيدۈرمە قۇربانلىقىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، موئابنىڭ ئەمىرلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇراتتى. بالاق ئۇنىڭدىن: «خۇداۋەندە ئۆزى نېمە سۆز قىلدى؟» دەپ سورىدى.
[18] ئۇ ۋاقىت ئۇ ئۆزى قوشىقىنى قوشۇپ ئېيتتىكى:

«ئەي بالاق، سەن قوپۇپ ئاڭلىغىن،
ئەي زىپپورنىڭ ئوغلى ماڭا قۇلاق سالغىن.

[19] خۇدا دېگەن يالغان ئېيتقىلى ئىنسانمۇ؟
ئەجەبا ئۇ ئۆزى پۇشايمان قىلغىلى ئادەمنىڭ بالىسىمۇ؟
ياكى بىر نېمىنى ئېيتسا، قىلماي قالامدۇ
ۋە يا بىر نېمىنى سۆزلىسە، بەجا كەلتۈرمەي قالامدۇ؟

[20] مانا ماڭا: ‹ مۇبارەكلىگىن› دەپ ھۆكۈم بېرىلدى.
ئۇ ئۆزى بەرىكەتلىگەندىن كېيىن مەن بۇنى قانداق ياندۇرالايمەن؟

[21] ياقۇبتا ھېچ مۇسىبەت تېپىلماي،
ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە ھېچ بالا كۆرۈنمەيدۇ.
ئۇنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۇنىڭ بىلەن بولغاچ
پادىشاھلىق دەبدەبىسى ئۇنىڭدا باردۇر.

[22] خۇدا ئۆزى ئۇلارنى مىسىردىن چىقىرىپ كېلىۋەتكەچ،
ئۇلارنىڭ كۈچى ياۋا كالىنىڭكىدەكتۇر.

[23] بۇنىڭ ئۈچۈن ياقۇبنىڭ ئۈستىگە جادۇ چىشلىمەي،
ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە پالمۇ ئىشلىمەيدۇ.
ئەمدى ياقۇب بىلەن ئىسرائىل توغرىسىدا ھەيران قىلىپ:
‹ خۇدا نېمە-نېمە قىلىپ بەرگەن!›
دەپ ئېيتماق لازىم كېلىدۇ.

[24] مانا بۇ قوۋم بولسا بىر چىشى شىردەك قوپۇپ،
ئەركەك شىردەك قەددىنى رۇسلاپ ئۆرە تۇرۇپ،

ئۆز ئۈۋىنى يەپ ئۆلتۈرگەن
نەرسىسىنىڭ قېنىنى ئىچمىگۈچىلىك
يانمايدۇ» دېدى.

25 ئۇ ۋاقىت بالاق ئۆزى بىلئامغا سۆزلەپ: «ئۇنداق بولسا، سەن ئەمدى، خاھى ئۇلارغا لەنەت
ئوقۇماي، خاھى ئۇلارنى بەرىكەتلىمىگىن» دېدى.
26 لېكىن بىلئام جاۋاب بېرىپ بالاققا سۆزلەپ: «‹ خۇداۋەندە ماڭا نېمە دېسە مېنىڭ شۇنى
قىلمىقىم كېرەكتۇر› دەپ ساڭا ئېيتمىدىممۇ؟» دېدى.
27 ئۇ ۋاقىت بالاق ئۆزى بىلئامغا سۆزلەپ: «ئۇنداق بولسا، كەلگىن. سېنى باشقا بىر يەرگە
ئېلىپ باراي. سەن ئاندا تۇرۇپ، مەن ئۈچۈن ئۇلارغا لەنەت ئوقۇشۇڭغا خۇدا ئۇنارمىكىن»
دېدى. 28 شۇنى دەپ بالاق ئۆزى بىلئامنى باشلاپ، پېئورغا يامىشىپ، باياۋانغا قاراشلىق
چوققىسىغا ئېلىپ چىقتى. 29 ئاندىن كېيىن بىلئام ئۆزى بالاققا سۆزلەپ: «مۇندا مەن ئۈچۈن
يەتتە قۇربانگاھنى ياساپ، بۇ يەرگە يەتتە بۇقا بىلەن يەتتە قوچقارنى ماڭا كەلتۈرگىن» دېدى.
30 بالاق بولسا بىلئامنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلىپ، ھەر قۇربانگاھتا بىر بۇقا بىلەن بىر قوچقارنى
قۇربانلىق قىلدى.

## بىلئامنىڭ بېشارەت سۆزلىرى

24 1 بىلئام ئۆزى: «ئىسرائىلنى بەرىكەتلىمىكىم خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە ياخشى
كۆرۈنەر ئىكەن دەپ بىلىپ، بۇ مەرتىۋە ئاۋۋالقىدەك ئالامەت كۆرگىلى بارماي، بەلكى
يۈزىنى باياۋان تەرىپىگە قاراتتى. 2 بىلئام ئۆزى كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، ئىسرائىلنىڭ ئۆز
قەبىلىلىرىگە مۇۋاپىق چېدىر تىككىنىنى كۆرگىنىدە خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلدى.
3 كەلسە، ئۇ ئۆزى قوشىقىنى قوشۇپ ئېيتتىكى:

«بېئورنىڭ ئوغلى بىلئام ۋەھيي كەلتۈرۈپ،
كۆزلىرى ئېچىلغان ئادەم ئۆزى ئىلھام تېپىپ،

4 خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇچى سۆز قىلىپ،
سەجدىدە يىقىلىپ، كۆزى ئوچۇق يېتىپ تۇرۇپ،
قادىر-مۇتلەق خۇدانىڭ تەرىپىدىن روھىي كۆرۈنۈش كۆرگەن
بۇ كىشى ئۆزى سۆز قىلىپ ئېيتىدۇكى:

[5] «ئەي ياقۇپ سېنىڭ چېدىرلىرىڭ قانداق ياخشى بولۇپ،
ئەي ئىسرائىل سېنىڭ ماكانلىرىڭ قانداق چىرايلىقتۇر.

[6] ئۇلار بولسا ۋادىلاردەك كەڭرى بولۇپ يېيىلىپ،
دەريانىڭ كانارىدىكى باغلارغا ئوخشاش خۇداۋەندە ئۆزى سالغان
سەبرە دەرەخلىرىدەك بولۇپ،
سۇلارنىڭ لېۋىدىكى كېدىر دەرەخلىرىدەكتۇر.
[7] ئۇنىڭ سوغىسىدىن سۇ ئېقىپ تۇرۇپ،
ئۇرۇقى بولسا كەڭرى سۇ تېپىپ،
ئۇنىڭ پادىشاھى ئۆزى ئاگاگتىن چوڭ بولۇپ،
سەلتەنىتى ئۇلۇغلىنىپ كېتىدۇ.

[8] خۇدا ئۆزى ئۇنى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كېلىۋەتكەچ ئۇنىڭ كۈچى ياۋا كالىنىڭكىدەك
بولۇپ،
ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان تائىپىلەرنى يەپ كېتىپ،
ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىپ
ئۆز ئوقيالىرى بىلەن ئۇلارنى تېشىۋېتىدۇ.

[9] ئۇ ئۆزى يېتىۋېلىپ بىر شىردەك ماراپ تۇرۇپ،
چىشى شىردەك يېتىۋالسا،
كىم ئۇنى ئويغىتىدۇ؟
كىمكى سېنى بەرىكەتلىسە، ئۆزى مۇبارەك بولىدۇ.
كىمكى ساڭا لەنەت ئوقۇسا،
ئۆزى مەلئۇن بولىدۇ»
دېدى.

[10] ئۇ ۋاقىت بالاق ئۆزى بىلئامغا ئاچچىقلىنىپ، قولىنى قولىغا ئۇردى. ئاندىن كېيىن بالاق
بىلئامغا سۆز قىلىپ: «سېنى مېنىڭ دۈشمەنلىرىمگە لەنەت ئوقۇسۇن دەپ قىچقاردىم،
لېكىن مانا ئەمدى سەن ئۇلارنى ئۈچ مەرتىۋە بەرىكەتلىدىڭ. [11] ئەمدى ئۆز جايىڭغا يېنىپ
كەتكىن. سەن توغرۇلۇق: ‹ ئۇنىڭغا چوڭ ئىززەت كۆرسىتەي› دەپ خىيالىم بار ئىدى.
لېكىن مانا خۇداۋەندە سەندىن ئىززەتنى توسۇپ قويدى» دېدى.
[12] بىلئام ئۆزى بالاققا جاۋاب بەردىكى: «مەن بولسام، سەن مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتكەن
ئەلچىلەرگە سۆز قىلىپ: [13] ‹ ئەگەر بالاق ئۆزى ئالتۇن كۈمۈش بىلەن تولۇقلۇق ئۆيىنى ماڭا

بەرسىمۇ، مەن خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقىپ، ئۆز خىيالىم بىلەن، خاھى ياخشى بىر ئىشنى قىلالماي، بەلكى خۇداۋەندە نېمە ئېيتسا، شۇنى دەپ بەرمىكىم لازىمدۇر› دەپ ئېيتمىدىممۇ؟
14 مانا مەن ئەمدى ئۆز خەلقىمگە يېنىپ كېتىمەن. لېكىن كەلگىن، مەن بۇ قوۋم ئۆزى كېلىدىغان كۈنلەردە سېنىڭ خەلقىڭگە نېمە قىلىشىدىن سېنى ئاگاھ قىلىپ قوياي» دېدى.
15 شۇنى دەپ، ئۇ ئۆزى قوشىقىنى قوشۇپ ئېيتتىكى:

«بېئورنىڭ ئوغلى بىلئام ۋەھىي كەلتۈرۈپ
كۆزلىرى ئېچىلغان ئادەم ئۆزى ئىلھام تېپىپ،

16 خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەقتائالادىن ئۆز بىلىشلىكىنى ئاڭلىغۇچى سۆز قىلىپ سەجدىدە يىقىلىپ، كۆزى ئوچۇق يېتىپ تۇرۇپ، قادىر-مۇتلەق خۇدانىڭ تەرىپىدىن روھىي كۆرۈنۈش كۆرگەن بۇ كىشى ئۆزى سۆز قىلىپ ئېيتىدۇكى:

17 ‹ مەن ئۇنى كۆرىمەن، لېكىن بۇ ۋاقىتلاردا ئەمەس.
ئۇ ماڭا كۆرۈنىدۇ، لېكىن بۇ يېقىندا ئەمەس.
ياقۇپتىن بىر يۇلتۇز چىقىپ،
ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن بىر سەلتەنەت ھاسىسى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ،
موئابنىڭ ياڭاقلىرىنى سۇندۇرۇپ،
شېتنىڭ ھەممە ئوغۇللىرىنى ھالاك قىلىدۇ.

18 ئۇنىڭغا دۈشمەن بولغان ئېدوم بىلەن سېئىر بولسا ئۇنىڭ مىراسى بولىدۇ.
بۇ تەرىقىدە ئىسرائىل ئۆزى كۈچ-قۇۋۋىتىنى كۆرسىتىدۇ.

19 ياقۇپنىڭ نەسلىدىن بىر سەلتەنەت قىلغۇچى چىقىپ،
شەھەرلەرنىڭ قالغان خەلقلىرىنى يوقىتىۋېتىدۇ»
دېدى.

20 ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى ئامالەكنى كۆرۈپ قېلىپ،
قوشاق قوشۇپ ئېيتتىكى:
«ئامالەك ئۆزى تائىپىلەرنىڭ تۇنجىسى بولسىمۇ،
ئۇنىڭ ئاخىرى ھالاكەت بولىدۇ»
دېدى.

21 ئاندىن كېيىن قېنىيلارنى كۆرۈپ، قوشاق قوشۇپ ئېيتتىكى:

«سېنىڭ ماكانىڭ بولسا مۇستەھكەم بولۇپ،
ئۇۋىيۇڭ قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ياسالغان بولسىمۇ،

22 ئەي قېنىيلار، ۋەيران قىلىنىپ،
ئاسسۇر سېنى ئەسىر قىلىپ، ئېلىپ كېتىدۇ»
دەپ،

23 يەنە قوشاق قوشۇپ ئېيتتىكى:
«ۋاي، خۇدا بۇنى قىلغاندا كىم تىرىك تۇرالايدۇ؟

24 مانا كىتتىمنىڭ تەرەپلىرىدىن كېمىلەر كېلىپ، ئاسسۇرغا جاپا سېلىپ،
ئەبەرگە جازا بېرىدۇ.
ئاندىن كېيىن كىتتىممۇ ئۆزى ھالاك بولىدۇ»
دېدى.
25 شۇنى دەپ، بىلئام قوپۇپ ئۆز جايىغا يانغىلى ماڭسا، بالاقمۇ ئۆز يولىغا كەتتى.

## بەنى-ئىسرائىلنىڭ موئاب قىزلىرى بىلەن زىنا قىلىشى

25 1 ئىسرائىل ئۆزى شىتتىمدا تۇرغان ۋاقىتتا خەلق بولسا موئاب قىزلىرى بىلەن
زىنا قىلغىلى تۇردى. 2 بۇ خوتۇنلار ئۆزى بۇ خەلقنى ئۆز تەڭرىلىرىنىڭ قۇربانلىق
زىياپەتلىرىگە قىچقارسا، 3 خەلق كېلىپ يەپ، ئۇلارنىڭ بۇت تەڭرىلىرىگە سەجدە قىلاتتى. بۇ
تەرىقىدە ئىسرائىل ئۆزى بائال-پېئورغا مايىل بولۇپ كەتكىنى ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى
ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە تۇتاشتى.
4 خۇداۋەندە مۇساغا سۆزلەپ: «سەن بولساڭ خۇداۋەندىنىڭ غەزىپىنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدىن
يانسۇن دەپ، خەلقنىڭ ھەممە سەردارلىرىنى تۇتۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ ئاپتاپتا
ئېسىپ قويغىن» دېدى. 5 ئۇ ۋاقىتتا مۇسا ئۆزى ئىسرائىلنىڭ ھاكىملىرىغا بۇيرۇپ: «سىلەرنىڭ
ئادەملىرىڭلاردىن كىمكى بائال-پېئورغا مايىل بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېدى.
6 بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى جامائەت چېدىرىنىڭ ئالدىدا يىغلىشىپ تۇرغىنىدا بەنى-
ئىسرائىلدىن بولغان بىر ئادەم مۇسا بىلەن بارچە جامائەتنىڭ كۆز ئالدىدا بۇرادەرلىرىنىڭ
قېشىغا مىدىيانلىق بىر خوتۇننى ئېلىپ كەلدى. 7 پىنىخاس بەن-ئېلىئازار بەن-ھارۇن كاھىن

بۇنى كۆرگەندە، ئۆزى جامائەتنىڭ ئارىسىدىن قوپۇپ، قولىغا بىر نەيزىنى ئېلىپ، [8] ئىسرائىلىي كىشىنىڭ كەينىدىن بېرىپ چېدىرغا كىرىپ، بۇ ئىسرائىلىي ئادەم بىلەن خوتۇنغا نەيزە تىقىپ، ئىككىلىسىنىڭ قورسىقىنى يېرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىكى ۋابا توختاپ قالدى. [9] ئەمما بۇ ۋابادىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى بولسا يىگىرمە تۆت مىڭ ئىدى.
[10] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [11] «پىنىخاس بەن-ئېلىئازار بەن-هارۇن كاهىن بولسا ئۆزۈم غەيرەت قىلغاندەك، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە ئۇمۇ غەيرەت قىلىپ، مەن توغرۇلۇق: غەيرىتىگە كېلىپ، بەنى-ئىسرائىلنى يوقىتىۋەتمىسۇن دەپ، بەنى-ئىسرائىلدىن غەزىپىمنى ياندۇردى. [12] بۇنىڭ ئۈچۈن سەن سۆز قىلىپ: ‹ مانا مەن ئۇنىڭ بىلەن ئامانلىق ئەهدەمنى باغلىدىم. [13] ئۇ ئۆزى تەڭرىسى توغرىسىدا غەيرەت قىلىپ، ئىسرائىل ئۈچۈن كاپارەت بەرگەچ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كېيىن كېلىدىغان نەسىللىرىگە ئەبەدىي كاهىنلىقنىڭ مەنسىپى تېگىدۇ› دەپ ئېيتقىن» دېدى.
[14] ئۇ مىدىيانلىق خوتۇن بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەن ئىسرائىلىي ئادەمنىڭ ئىسمى زىمرى دەپ ئاتىلىپ، ئۆزى سالۇنىڭ ئوغلى بولۇپ، شىمون قەبىلىسىنىڭ ئىچىدە بىر خاندانىنىڭ سەردارى ئىدى. [15] بۇ ئۆلتۈرۈلگەن مىدىيانلىق خوتۇن بولسا كوزبى دەپ ئاتىلىپ، مىدىيانىنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ بىر خاندانىغا سەردار بولغان تىر دېگەن كىشىنىڭ قىزى ئىدى.

[16] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [17] «مىدىيانلىقلارغا هۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ئۇرۇڭلار، [18] چۈنكى ئۇلار بولسا، خاھى پېئورنىڭ ئىشىدا بولسۇن، خاھى سىلەر پېئورنىڭ سەۋەبىدىن جازا تارتقان كۈندە ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ هەمشىرىسى بولۇپ مىدىيانلىق ئەمىرنىڭ قىزى بولغان كوزبىنىڭ ئىشىدا بولسۇن، هىيلا-مىكىر ئىشلىتىپ سىلەرگە هۇجۇم قىلدى.

## ئىسرائىلىيلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم ساناقتىن ئۆتكۈزۈلۈشى

26 [1] مەزكۇر ۋابا تۈگەپ كەتكەندە خۇداۋەندە مۇسا بىلەن هارۇن كاهىننىڭ ئوغلى ئېلىئازارغا سۆز قىلىپ:
[2] «سىلەر بولساڭلار بەنى-ئىسرائىلنىڭ هەممە جامائىتىنىڭ سانىنى خاندانلىرىغا مۇۋاپىق ساناپ، يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ جەڭگە ياراپ ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە بار هەممە ئەر كىشىلەرنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈڭلار» دېدى. [3] ئۇ ۋاقىت مۇسا بىلەن ئېلىئازار كاهىن موئابنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە ئىئوردانىنىڭ ئۇتتۇرىدىكى يېرىخونىڭ يېنىدا خەلققە سۆز قىلىپ، [4] خۇداۋەندە ئۆزى مۇسا بىلەن مىسىر يۇرتىدىن چىققان بەنى-ئىسرائىلغا ئەمر قىلغاندەك ئۇلارغا بۇيرۇپ:

«يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭراق بولغان كىشىلەر ساناقتىن ئۆتسۇن» دەپ ئېيتتى.

[5] رۇبەن بولسا ئىسرائىلنىڭ تۇنجىسى ئىدى. رۇبەنىنىڭ ئەۋلادلىرى شۇ، يەنى خانوقنىڭ نەسلىدىن بولغان خانوقىيلارنىڭ خاندانى بىلەن پاللۇنىڭ نەسلىدىن بولغان پاللۇيلارنىڭ خاندانى،
[6] خەزرونىنىڭ نەسلىدىن بولغان خەزرونىيلارنىڭ خاندانى بىلەن كارمىنىڭ نەسلىدىن بولغان كارمىيلارنىڭ خاندانى ئىدى.
[7] بۇلار ئۆزى رۇبەنىيلەرنىڭ خاندانلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساناقتىن ئۆتكەنلەرنىڭ سانى بولسا قىرىق ئۈچ مىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز ئىدى.
[8] پاللۇنىڭ ئوغلى ئېلىياب بولۇپ،
[9] ئېلىيابنىڭ ئوغۇللىرى بولسا نېمۇئەل، داتان ۋە ئابىرام ئىدى. بۇ ئىككەيلەن بولسا قوراھنىڭ گۇرۇھى خۇداۋەندىنىڭ ئۆزىگە قارشى چىققىنىدا جامائەت تەرىپىدىن ئىلغىنىپ، قوراھنىڭ گۇرۇھىغا ئېرىپ قوشۇلۇپ، مۇسا بىلەن هارۇنغا قارشى چىققان داتان بىلەن ئابىرام دېگەن كىشىلەر ئۆزى شۇ ئىدى. [10] ئوت چىقىپ ئىبرەت بولسۇن دەپ، ئىككى يۈز ئەللىك كىشىنى يەپ يالاپ، قوراھنىڭ گۇرۇھىنى تۈگىتىۋاتقىنىدا يەر ئۆز ئاغزىنى ئېچىپ، بۇ ئىككىلىسىنى قوراھ بىلەن قوشۇپ يۇتۇپ كەتكەنىدى. [11] لېكىن قوراھنىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئۆلمەي قالغانىدى.

[12] شىمئوننىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۆز خاندانلىرىغا مۇۋاپىق شۇ، يەنى نېمۇئەلنىڭ نەسلىدىن نېمۇئەلىيلەرنىڭ خاندانلىرى، يامىننىڭ نەسلىدىن بولغان يامىنىيلارنىڭ خاندانلىرى، ياكىننىڭ نەسلىدىن بولغان ياكىنىيلارنىڭ خاندانلىرى، [13] زېراھنىڭ نەسلىدىن بولغان زېراھىيلارنىڭ خاندانلىرى ۋە شائۇلنىڭ نەسلىدىن بولغان شائۇلىيلارنىڭ خاندانلىرى ئىدى.
[14] بۇلار ئۆزى شىمئونىيلارنىڭ خاندانلىرى بولۇپ، سانى يىگىرمە ئىككى مىڭ ئىككى يۈز ئىدى.

[15] گادنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۆز خاندانلىرىغا مۇۋاپىق شۇ، يەنى زېفوننىڭ نەسلىدىن بولغان زېفونىيلارنىڭ خاندانلىرى، خاگگىنىڭ نەسلىدىن بولغان خاگگىيلارنىڭ خاندانلىرى، شۇنىينىڭ نەسلىدىن بولغان شۇنىيلارنىڭ خاندانلىرى، [16] ئوزنىنىڭ نەسلىدىن بولغان ئوزنىيلارنىڭ خاندانلىرى، ئېرىنىڭ نەسلىدىن بولغان ئېرىيلارنىڭ خاندانلىرى، [17] ئارودىنىڭ نەسلىدىن بولغان ئارودىيلارنىڭ خاندانلىرى ۋە ئارېلىنىڭ نەسلىدىن بولغان ئارېلىيلارنىڭ خاندانلىرى ئىدى. [18] بۇلار ئۆزى بەنى-گادنىڭ خاندانلىرى بولۇپ، سانالغان سانى بولسا قىرىق مىڭ بەش يۈز كىشى ئىدى.

[19] يەھۇدانىڭ ئېر بىلەن ئونان دېگەن ئوغۇللىرى قانائان يۇرتىدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. [20] يەھۇدانىڭ قالغان ئەۋلادلىرى شۇ، يەنى شېلانىڭ نەسلىدىن بولغان شېلايلارنىڭ خاندانلىرى، پەرەزنىڭ نەسلىدىن بولغان پەرەسىيلەرنىڭ خاندانلىرى ۋە زېراھنىڭ نەسلىدىن بولغان زېراھىيلارنىڭ خاندانلىرى ئىدى.

[21] پەرەزنىڭ ئەۋلادلىرى شۇ، يەنى خەزروننىڭ نەسلىدىن بولغان خەزرونىيلارنىڭ خاندانلىرى بىلەن خامۇلنىڭ نەسلىدىن بولغان خامۇلىيلارنىڭ خاندانلىرى ئىدى. [22] بۇلار ئۆزى يەھۇدانىڭ خاندانلىرى بولۇپ، سانالغانلارنىڭ سانى بولسا يەتمىش ئالتە مىڭ بەش يۈز كىشى ئىدى.

[23] ئىسساكارنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۆز خاندانلىرىغا مۇۋاپىق شۇ، يەنى تولاھنىڭ نەسلىدىن بولغان تولاھىيلارنىڭ خاندانلىرى، پۇۋانىڭ نەسلىدىن بولغان پۇۋايلارنىڭ خاندانلىرى، [24] ياشۇبنىڭ نەسلىدىن بولغان ياشۇبىيلارنىڭ خاندانلىرى بىلەن شىمروننىڭ نەسلىدىن بولغان شىمرونىيلارنىڭ خاندانلىرى ئىدى. [25] بۇلار ئۆزى ئىسساكارنىڭ خاندانلىرى بولۇپ، سانالغانلارنىڭ سانى بولسا ئاتمىش تۆت مىڭ ئۈچ يۈز كىشى ئىدى.

[26] زەبۇلۇننىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۆز خاندانلىرىغا مۇۋاپىق شۇ، يەنى سېرەدنىڭ نەسلىدىن بولغان سېرەدىيلەرنىڭ خاندانلىرى، ئېلوننىڭ نەسلىدىن بولغان ئېلونىيلارنىڭ خاندانلىرى ۋە ياھلىيەلنىڭ نەسلىدىن بولغان ياھلىيەلىيلەرنىڭ خاندانلىرى ئىدى. [27] بۇلار ئۆزى زەبۇلۇنىيلارنىڭ خاندانلىرى بولۇپ، سانالغانلارنىڭ سانى بولسا ئاتمىش مىڭ بەش يۈز كىشى ئىدى.

[28] يۈسۈپنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۆز خاندانلىرىغا مۇۋاپىق ماناسسە بىلەن ئەفرائىم ئىدى.
[29] ماناسسەنىڭ ئەۋلادلىرى شۇ، يەنى ماكىرنىڭ نەسلىدىن بولغان ماكىرىيلارنىڭ خاندانلىرى ئىدى. ماكىرنىڭ ئۆزىدىن گىلېياد تۆرەلدى. گىلېيادنىڭ ئۆزىدىن گىلېيادىيلارنىڭ خاندانلىرى پەيدا بولدى.
[30] گىلېيادنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا شۇ، يەنى ئىيئەزەرنىڭ نەسلىدىن بولغان ئىيئەزەرىيلارنىڭ خاندانلىرى، خېلەكنىڭ نەسلىدىن بولغان خېلەكىيلەرنىڭ خاندانلىرى، [31] ئاسرىيەلنىڭ نەسلىدىن بولغان ئاسرىيەلىيلەرنىڭ خاندانلىرى، شېكەمنىڭ نەسلىدىن بولغان شېكەمىيلەرنىڭ خاندانلىرى، [32] شەمىدانىڭ نەسلىدىن بولغان شەمىدايلارنىڭ خاندانلىرى ۋە خەفەرنىڭ نەسلىدىن بولغان خەفەرىيلەرنىڭ خاندانلىرى ئىدى.
[33] لېكىن خەفەرنىڭ ئوغلى زېلوفخاد بولسا ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولماي، يالغۇز قىزلىرى بار ئىدى. زېلوفخاد بولسا ئۇنىڭ قىزلىرىنىڭ ئىسىملىرى شۇ، يەنى ماخلا، نوئا، خوگلا، مىلكا ۋە تىرزا ئىدى.
[34] مەزكۇرلار بولسا ماناسسەنىڭ خاندانلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سانالغانلارنىڭ سانى ئەللىك ئىككى مىڭ يەتتە يۈز كىشى ئىدى.

[35] ئەفرائىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۆز خاندانلىرىغا مۇۋاپىق شۇ، يەنى شۇتېلاھنىڭ نەسلىدىن بولغان شۇتېلاھىيلارنىڭ خاندانلىرى، بېكەرنىڭ نەسلىدىن بولغان بېكەرىيلارنىڭ خاندانلىرى

ۋە تاخاننىڭ نەسلىدىن تاخانىيلارنىڭ خاندانلىرى ئىدى.
36 لېكىن شۇتىلاھنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا شۇ، يەنى ئېراننىڭ نەسلىدىن بولغان ئېرانىيلارنىڭ
خاندانلىرى ئىدى.
37 بۇلار ئۆزى ئەفرائىمنىڭ خاندانلار بولۇپ، سانالغانلارنىڭ سانى بولسا ئوتتۇز ئىككى مىڭ
بەش يۈز كىشى ئىدى. مەزكۇرلار بولسا بەنى-يۈسۈپنىڭ نەسىللىرى ئىدى.

38 بەنيامىننىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۆز خاندانلىرىغا مۇۋاپىق شۇ، يەنى بېلانىڭ نەسلىدىن
بولغان بېلايلارنىڭ خاندانلىرى، ئاشبەلنىڭ نەسلىدىن بولغان ئاشبەلىيلەرنىڭ خاندانلىرى،
ئاخىرامنىڭ نەسلىدىن بولغان ئاخىرامىيلارنىڭ خاندانلىرى، 39 شۇپپامنىڭ نەسلىدىن بولغان
شۇپپامىيلارنىڭ خاندانلىرى ۋە خۇپپامنىڭ نەسلىدىن بولغان خۇپپامىيلارنىڭ خاندانلىرى
ئىدى.
40 ئەمما بېلانىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئارد بىلەن نائامان ئىدى. ئىئوردانىڭ نەسلىدىن ئاردىيلارنىڭ
خاندانى چىقىپ، نائامان بولسا ئۇنىڭ نەسلىدىن نامانىيلارنىڭ خاندانلار پەيدا بولسا،
41 بۇ خاندانلار ئۆزى بەنيامىننىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سانالغانلارنىڭ سانى
قىرىق بەش مىڭ ئالتە يۈز كىشى ئىدى.

42 داننىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۆز خاندانلىرىغا مۇۋاپىق شۇ، يەنى شۇخامنىڭ نەسلىدىن بولغان
شۇخامىيلارنىڭ خاندانلىرى ئىدى. بۇ خاندانلار ئۆزى داننىڭ نەسىللىرى ئىدى.
43 شۇخامىيلارنىڭ خاندانلىرىنىڭ ئىچىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا ئاتمىش تۆت مىڭ
تۆت يۈز كىشى ئىدى.

44 ئاشەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۆز خاندانلىرىغا مۇۋاپىق شۇ، يەنى يىمنانىڭ نەسلىدىن
بولغان يىمنايلارنىڭ خاندانلىرى، يىشۋىنىڭ نەسلىدىن بولغان يىشۋىيلارنىڭ خاندانلىرى ۋە
بەرىيانىڭ نەسلىدىن بولغان بەرىيايلارنىڭ خاندانلىرى ئىدى.
45 بەرىيانىڭ ئەۋلادلىرىدىن شۇ، يەنى خېبەرنىڭ نەسلىدىن بولغان خېبەرىيلەرنىڭ خاندانلىرى
بىلەن مالكىيەلنىڭ نەسلىدىن بولغان مالكىيەلىيلەرنىڭ خاندانلىرى ئىدى. 46 ئاشەرنىڭ
قىزى بولسا سېراخ دەپ ئاتالدى.
47 بۇلار ئۆزى بەنى-ئاشەرنىڭ خاندانلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سانالغانلارنىڭ سانى
بولسا ئەللىك ئۈچ مىڭ تۆت يۈز كىشى ئىدى.

48 نافتالىنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۆز خاندانلىرىغا مۇۋاپىق شۇ، يەنى ياخسىيەلنىڭ نەسلىدىن
بولغان ياخسىيەلىيلەرنىڭ خاندانلىرى، گۇنىنىڭ نەسلىدىن بولغان گۇنىيلارنىڭ خاندانلىرى،
49 يىسەرنىڭ نەسلىدىن بولغان يىسەرىيلەرنىڭ خاندانلىرى ۋە شىللەمنىڭ نەسلىدىن بولغان

شىللەمىيلەرنىڭ خاندانلىرى ئىدى.
[50] بۇلار ئۆزى بەنى-نافتالىنىڭ خاندانلىرى بولۇپ، ئىچىدىن سانالغانلارنىڭ سانى بولسا
قىرىق بەش مىڭ تۆت يۈز كىشى ئىدى.

[51] مەزكۇرلار بولسا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن سانىلىپ، ئۇلارنىڭ جەم سانى ئالتە يۈز بىر
مىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز كىشى ئىدى.

[52] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[53] «يۇرت ئۆزى بۇلارغا مىراس تېگىپ، كىشىلەرنىڭ سانىغا مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنسۇن.
[54] شۇنداقكى، سەن چوڭراق قەبىلىگە چوڭراق ھەسسە بېرىپ، كىچىكرەك قەبىلىگە
كىچىكرەك ھەسسە بەرگەيسەن. ھەربىر قەبىلىگە ساناقتىن ئۆتكەنلىرىنىڭ سانىغا مۇۋاپىق
مىراس بېرىلسۇن. [55] لېكىن يۇرت بولسا چەك تاشلاش بىلەن تەقسىم قىلىنىپ، ئاتا-
بوۋىلىرىدىن تارتىپ قەبىلىلەرگە قويۇلغان ئىسىملىرىغا مۇۋاپىق قاراپ ئۇلار ئۆز مىراس
ھەسسىلىرىنى تېپىپ، [56] چەكنىڭ چىقىشىغا مۇۋاپىق ھەربىر قەبىلە، خاھى چوڭ، خاھى
كىچىك بولسۇن، مىراس ئالسۇن.

[57] ئەمما لاۋىي قەبىلىسىدىن بولغانلار بولسا ئۆز خاندانلىرىغا مۇۋاپىق ساناقتىن ئۆتكەنلەرنىڭ
ئۆزى شۇ، يەنى گەرشونىيلارنىڭ نەسلىدىن بولغان گەرشونىيلارنىڭ خاندانلىرى بىلەن قېھاتنىڭ
نەسلىدىن بولغان قېھاتىيلارنىڭ خاندانلىرى، مەرارىنىڭ نەسلىدىن بولغان مەرارىيلارنىڭ
خاندانلىرى ئىدى. [58] لاۋىيلارنىڭ خاندانلىرى بولسا شۇ، يەنى لىبنىيلارنىڭ خاندانى،
خېبرونىيلارنىڭ خاندانى، ماخلىيلارنىڭ خاندانى، مۇشىيلارنىڭ خاندانى ۋە قوراھىيلارنىڭ
خاندانى ئىدى. لېكىن قېھاتنىڭ ئۆزىدىن ئامرام تۆرەلدى. [59] ئامرامنىڭ خوتۇنى بولسا
لاۋىينىڭ قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ مىسىردىكى ۋاقتىدا تۇغۇلۇپ، يوكەبەد دەپ ئاتالدى. ئۇ ئۆزى
ئامرامغا ھارۇن بىلەن مۇسا ۋە ئۇلارنىڭ ھەمشىرىسى مەريەمنى تۇغۇپ بەردى. [60] ھارۇننىڭ
ئۆزىدىن ناداب بىلەن ئابىھۇ ۋە ئېلىئازار بىلەن ئىتامار تۆرەلدى. [61] لېكىن ناداب بىلەن ئابىھۇ
بولسا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا يات ئوتنى كەلتۈرگىنىدە ئۆلۈپ كەتتى. [62] ئۇلارنىڭ ئىچىدىن
ساناقتىن ئۆتۈپ بىر ئايلىق بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ ئەركەك بولغان ھەممىسى بولسا
ئۇلارنىڭ سانى يىگىرمە ئۈچ مىڭ كىشى ئىدى. بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا ئۇلارغا مىراس
بېرىلمىگەچ ئۇلار ئۆزى قالغان بەنى-ئىسرائىل بىلەن بىللە ساناقتىن ئۆتمىگەنىدى.
[63] مۇسا بىلەن ئېلىئازار كاھىن ئۆزى موئابنىڭ تۈزلەڭلىكىدە ئىئوردانىنىڭ ئۇتتۇرىدىكى
يېرىخونىڭ يېنىدا بەنى-ئىسرائىلنى ساناقتىن ئۆتكۈزگىنىدە سانالغان كىشىلەرنىڭ ئۆزى
مەزكۇرلار ئىدى. [64] ئەمما مۇسا بىلەن ھارۇن ئىلگىرى بەنى-ئىسرائىلنى سىناي باياۋانىدا
ساناقتىن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا سانالغانلاردىن ھېچبىرى بۇلارنىڭ ئارىسىدا يوق ئىدى. [65] چۈنكى

ئۇلار توغرىسىدا خۇداۋەندە ئۆزى سۆز قىلىپ: «ئۇلار چۆلدە ئۆلسۇن» دەپ ئېيتقانىدى. بۇ
سەۋەبتىن يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالەب بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئادىن باشقا ئۇلارنىڭ ھېچبىرى
قالمىغانىدى.

## زەلوفىخادنىڭ قىزلىرى

# 27

[1] ئەمما يۇسۇپنىڭ ئوغلى ماناسسەنىڭ خانىدانلىرىدىن بولغان زەلوفىخاد بەن-خەفەر
بەن-گىلىياد بەن-ماكىر بەن-ماناسسەنىڭ ماخلا، نوئا، خوگلا، مىلكا ۋە تىرزا دېگەن
قىزلىرى ھازىر بولۇپ، [2] جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مۇسا بىلەن
ئېلىئازار كاھىن ۋە سەردارلار بىلەن ھەممە جامائەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئېيتتىكى: [3] «بىزنىڭ
ئاتىمىز بولسا چۆلنىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ قالدى. لېكىن ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىگە قارشى يىغىلىپ،
قوراھنىڭ خەلقى بولغان گۇرۇھىدا بولماي، بەلكى ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ئۆلدى. ئەمما ئۇنىڭ
ئوغۇللىرى يوق ئىدى. [4] ئەجەبا ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغىنى ئۈچۈن ئاتىمىزنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ
خانىدانىدىن ئۆچۈرۈلسۇنمۇ؟ ئەمدى ئاتىمىزنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدا بىزگە مىراس
ھەسسىنى بەرگىن» دېدى.
[5] مۇسا بولسا ئۇلارنىڭ ئەرزىنى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. [6] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە
ئۆزى مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [7] «زەلوفىخادنىڭ قىزلىرى بولسا ھەقلىق بىلەن سۆز
قىلدى. سەن بولساڭ ئۇلارغا ئۆز ئاتىسىنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدا مىراس ھەسسىسىنى
بېرىپ، ئاتىسىنىڭ مىراس ھەسسىسىنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ، [8] بەنى-ئىسرائىلغا سۆز قىلىپ
ئېيتقىنكى: ‹ ئەگەر بىركىم ئوغۇل يۈزى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ مىراس ھەسسىسىنى
ئۇنىڭ قىزىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەيسىلەر. [9] لېكىن ئەگەر ئۇنىڭ قىزى بولمىسا، مىراس
ھەسسىسىنى ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىگە بېرىڭلار. [10] ئەگەر ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىمۇ بولمىسا، مىراس
ھەسسىسىنى ئۇنىڭ تاغىلىرىغا بېرىڭلار. [11] لېكىن ئەگەر ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ بۇرادەرلىرى
بولمىسا، مىراس ھەسسىسىنى ئۇنىڭ خانىدانىدىكى ھەممىدىن يېقىن تۇغقىنىغا بېرىڭلار.
ئۇ ئۆزى ئۇنىڭغا مىراس بولسۇن. بۇ ئۆزى خۇداۋەندە مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك بەنى-ئىسرائىل
ئۈچۈن بىر تۇتىدىغان قانۇن بولسۇن› دەپ ئېيتقىن» دېدى.

## مۇسانىڭ ئىزباسارى يەشۇئا بولىدۇ

[12] خۇداۋەندە مۇساغا ئېيتتىكى: «سەن بولساڭ بۇ ئاباريم تېغىغا چىقساڭ، مەن بەنى-
ئىسرائىلغا بەرگەن يۇرتنى كۆرىسەن. [13] ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆز بۇرادىرىڭ ھارۇن بېرىپ،
ئۆز قوۋمىغا قوشۇلغاندەك، سەنمۇ بېرىپ، ئۆز قوۋمىڭغا قوشۇلىسەن. [14] سىلەر ئىككىلەڭلار

زىن باياۋانىدا جامائەت ئۆزى مەن بىلەن ئېيتىشىپ تۇرسا، خەلققە سۇ چىقارماق بىلەن مېنى مۇقەددەس كۆرسىتىشكىلار كېرەك بولغاندا مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا ئۇنىمىغىنىڭلار ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ» دېدى. [15]ئۇ ۋاقىت مۇسا خۇداۋەندىگە سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [16]«ھەممە تىرىك جاننىڭ روھىنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇداۋەندە ئۆزى جامائەتنىڭ ئۈستىگە بىر كىشىنى قويۇپ، [17]خۇداۋەندىنىڭ جامائىتى پادىچىسى يوق بىر پادىدەك بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ باشلىغۇچىسى بولۇپ، چىقىش-كىرىشلىرىدىن خەۋەر ئالالايدىغان بىر ئادەمنى تىكلىسۇن» دېدى.
[18]خۇداۋەندە مۇساغا جاۋاب بەردىكى: «ئوبدان روھلۇق بولغان يەشۇئا بەن-نۇننى ئۆز قېشىڭغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇڭنى قويغاندىن كېيىن، [19]ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېلىئازار كاھىن بىلەن ھەممە جامائەتنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆز مەنسىپىگە تىكلەپ، [20]بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز ھەيۋىتىڭدىن سالغىن. [21]ئۇ بولسا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇرىم دېگەن نەرسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سوئال قىلىدىغان ئېلىئازار كاھىننىڭ قېشىغا بېرىپ تۇرۇپ، ئۆزى بىلەن بارچە بەنى-ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن جامائىتى بىرلىشىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق چىقىش-كىرىش قىلىپ تۇرسۇن» دېدى.
[22]ئۇ ۋاقىت مۇسا خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇغىنىدەك قىلىپ، يەشۇئانى كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئېلىئازار كاھىن بىلەن بارچە جامائەتنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ، [23]كاھىن ئۆز قوللىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، خۇداۋەندە مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقاندەك ئۇنى ئۆز مەنسىپىگە تىكلەپ قويدى.

## كۈنلۈك قۇربانلىق

28 [1]خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [2]«سەن بەنى-ئىسرائىلغا ئەمر قىلىپ، ئۇلارغا مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، ئۆتكۈزۈلىدىغان يېگۈلۈك بىلەن ئاتەش قۇربانلىقلىرىم بولسا ئۇلاردىن ئاگاھ بولۇپ، ماڭا تايىن ۋاقىتلاردىن ئۆتكۈزمەكنى ئۈچۈن جىكىلەپ، [3]ئۇلارغا ئېيتقىنكى: سىلەر خۇداۋەندىگە ئۆتكۈزىدىغان ئاتەش قۇربانلىقىڭلار بولسا توختىماي، ھەر كۈن ئەيىبسىز بولغان ئىككى دانە ئەركەك قوزىنى كۈيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈپ تۇرۇڭلار. [4]بىر قوزىنى ئەتىگەندە ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىر قوزىنى ئاخشام ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈپ، [5]بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىگە باراۋەر بولۇپ، بىر ھىن مىقدارىنىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر سوقۇپ چىقىرىلغان ياغ قوشۇلغان ئاق ئۇننى ئۆتكۈزگىن. [6]خۇش بۇي كەلتۈرۈپ، خۇداۋەندىگە ئاتەش قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، سىناي تېغىدا ھەر كۈن ئۈچۈن توختىتىلغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۆزى شۇدۇر. [7]بۇنىڭغا

قوشۇلىدىغان ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى بولسا سەن ئاۋۋالقى قوزىغا بىر ھىن مىقدارىنىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر شاراب قوشۇپ ئۆتكۈزگىن. ئەمما خۇداۋەندە ئۈچۈن تۆكۈلىدىغان بۇ ئىچكۈلۈك شاراب قۇربانلىقنىڭ بولسا مۇقەددەس خانىنىڭ ئىچىدە تۆكۈلسۇن. [8] ئىككىنچى قوزا بولسا سەن ئۇنى ئاخشام ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈپ، ئەتىگەنكىدەك ئۇنىڭغا يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقىنى قوشۇپ ئۆتكۈزۈپ، ئۇ ئۆزى ئاتەش قۇربانلىقى بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، قۇربانلىق قىلغايسەن.

## شابات كۈنى كەلتۈرىدىغان قۇربانلىقلار

[9] لېكىن شابات كۈنىدە سەن ئىككى دانە ئەيىبسىز بىر ياشلىق ئەركەك قوزىنى كەلتۈرۈپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، بىر ئېفا مىقدارىنىڭ بەشتىن بىرىگە باراۋەر بولۇپ ياغ ئىلەشتۇرۇلگەن ئاق ئۇن بىلەن قوشۇپ ئۆتكۈزۈپ، ئىچكۈلۈك قۇربانلىقىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەيسەن. [10] بۇ بولسا ھەر كۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە قوشۇلىدىغان ئىچكۈلۈك قۇربانلىقىدىن باشقا يالغۇز ھەر شابات كۈنىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدۇ.

## ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى كەلتۈرىدىغان قۇربانلىق

[11] يېڭى ئايلىرىڭلارنىڭ بېشىدا ئىككى ياش بۇقا، بىر قوچقار ۋە يەتتە دانە بىر ياشلىق ئەيىبسىز ئەركەك قوزىنى كەلتۈرۈپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، [12] بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمىغا باراۋەر بولۇپ ياغلانغان ئاق ئۇننى ھەربىر بۇقىغا قوشۇپ، بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن ئىككى قىسمىغا باراۋەر بولۇپ ياغلانغان ئاق ئۇننى قوچقارغا قوشۇپ، [13] بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىگە باراۋەر بولۇپ ياغلانغان ئاق ئۇننى ھەربىر قوزىغا قوشۇپ، يېگۈلۈك قۇربانلىقى قىلىپ خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا ئاتەش قۇربانلىقى بولۇپ، خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈڭلار. [14] بۇلارغا قوشۇلىدىغان ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرى بولسا ھەربىر بۇقا بېشىغا يېرىم ھىن مىقدارى شاراب كەلتۈرۈپ، قوچقار ئۈچۈن بىر ھىن مىقدارىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر شاراب ئېلىپ كېلىپ، ھەر قوزىغا بىر ھىن مىقدارىنىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر شاراب قوشۇپ ئۆتكۈزۈڭلار. بۇ بولسا يىل ئىچىدىكى ھەر ئاينىڭ بېشىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولىدۇ. [15] ھەر كۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە قوشۇلىدىغان ئىچكۈلۈك قۇربانلىقىدىن باشقا سىلەر خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا بىر تېكىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزۈڭلار.

## پاسئخا قۇربانلىقى ۋە پېتىر نان

[16] ئاۋۋالقى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى خۇداۋەندىنىڭ پاسئخا ھېيتى باشلاپ، [17] بۇ ئاينىڭ ئون
بەشىنچى كۈنىدە ھېيت قىلىنىپ، يەتتە كۈنگىچە پېتىر نان يېيىلىپ، [18] ئاۋۋالقى كۈنىدە بىر
مۇقەددەس يىغىلىش بولۇپ، ھېچقايسىڭلار بىر ئىش قىلمىسۇن.
[19] ئاتەش قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، ئەيىبسىز بولغان ئىككى ياش بۇقا، بىر قوچقار ۋە يەتتە دانە
بىر ياشلىق ئەركەك قوزىنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈپ،
[20] بۇلار بىلەن بىللە يېگۈلۈك قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، بۇقا بېشىغا بىر ئېفا مىقدارىنىڭ
ئوندىن ئۈچ قىسمىغا باراۋەر ياغلانغان ئاق ئۇننى كەلتۈرۈپ، بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن
ئىككى قىسمىغا باراۋەر بولغان ئاق ئۇنى قوچقارغا قوشۇپ، [21] يەتتە قوزىنىڭ ھەربىرىگە
بىر ئېفانىڭ ئوندىن بىرىگە باراۋەر ئاق ئۇننى قوشۇپ ئۆتكۈزۈڭلار. [22] بۇنىڭدىن باشقا بىز
ئۈچۈن كاپارەت بەرسۇن دەپ، بىر تېكىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزۈڭلار. [23] ھەر كۈن
كۆيدۈرۈلۈپ ئەتىگەنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولغان قۇربانلىقتىن باشقا بۇنى ئۆتكۈزۈپ،
[24] ئاتەش قۇربانلىقى بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، يەتتە كۈن
ئىچىدە ئوخشاش قۇربانلىق كەلتۈرۈپ، ھەر كۈنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىقتىن باشقا شۇنى
قۇربانلىق قىلىپ، بۇلارنىڭ ئۆزىگە قوشۇلىدىغان ئىچكۈلۈك قۇربانلىقىنىمۇ ئۆتكۈزسۇن.
[25] يەتتىنچى كۈنى بىر مۇقەددەس يىغىلىش ئۈچۈن جەم بولۇڭلار. ئۇ كۈنى ھېچقايسىڭلار بىر
ئىش قىلمىسۇن.

## يېڭى ھوسۇلنىڭ ھەدىيىلىرى

[26] سىلەر ھەپتە ھېيتىڭلاردا يېڭى ھوسۇلدىن خۇداۋەندە ئۈچۈن تۇنجى ھوسۇل
ھەدىيەڭلارنى كەلتۈرگىنىڭلاردا بىر مۇقەددەس يىغىلىش بولۇپ، ھېچقايسىڭلار بىر ئىش
قىلماڭلار. [27] كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن
دەپ، سىلەر ئىككى ياش بۇقا، بىر قوچقارنى ۋە يەتتە دانە بىر ياشلىق قوزىنى ئۆتكۈزۈڭلار.
[28] بۇنىڭغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ئۈچۈن ياغلانغان ئاق ئۇنىمۇ ئۆتكۈزۈپ،
بۇقا بېشىغا بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمىغا باراۋەر ئۇننى قوشۇپ، قوچقارنىڭ
ئۆزىگە بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن ئىككى قىسمىغا باراۋەر ئاق ئۇننى قوشۇپ، [29] يەتتە
دانە قوزىنىڭ ھەربىرىگە بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىگە باراۋەر ئۇننى قوشۇپ
قۇربانلىق قىلىپ، [30] سىلەر ئۈچۈن كاپارەت بەرسۇن دەپ، بۇنىڭدىن باشقا بىر تېكىنىمۇ
ئۆتكۈزۈڭلار. [31] ھەر كۈنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، بۇنىڭغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك
قۇربانلىقى ۋە ئىچكۈلۈك قۇربانلىقىدىن باشقا بۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار. ھايۋانلار بولسا
ئەيىبسىز بولسۇن.

## كاناي چېلىش ھېيتىدىكى قۇربانلىقلار

29 1 سىلەر بولساڭلار يەتتىنچى ئاينىڭ ئاۋۋالقى كۈنىدە بىر مۇقەددەس يىغىلىش ئۈچۈن جەم بولۇپ، ئۇ كۈن ئۆزى سىلەر ئۈچۈن كاناي چالىدىغان بىر كۈن بولغاچ ھېچ ئىش قىلماڭلار. 2 سىلەر كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، بىر ياش بۇقا، بىر قوچقار ۋە يەتتە دانە بىر ياشلىق ئەيىبسىز قوزىنى ئۆتكۈزۈپ،
3 بۇنىڭغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ئۈچۈن ياغلانغان ئاق ئۇن كەلتۈرۈپ، بۇقىغا بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمىغا باراۋەر ئۇننى قوشۇپ، قوچقارنىڭ ئۆزىگە بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن ئىككى قىسمىغا باراۋەر ئۇننى قوشۇپ، 4 يەتتە دانە قوزىنىڭ ھەربىرىگە بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىگە باراۋەر ئۇننى قوشۇپ ئۆتكۈزۈڭلار. 5 سىلەر ئۈچۈن كاپارەت بەرسۇن دەپ، بىر تېكىنىمۇ گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ ئۆتكۈزۈڭلار. 6 بۇ قۇربانلىقلار بولسا يېڭى ئاينىڭ بېشىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە ھەر كۈنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە مەزكۇر ئىككىسىگە قوشۇلۇپ بۇيرۇلغان تەرىقىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرىدىن باشقا ئۆتكۈزۈلۈپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتەش قۇربانلىقى بولۇپ، خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، قۇربانلىق قىلىنسۇن.

## كاپارەت كۈنى كەلتۈرىدىغان قۇربانلىقلار

7 شۇ يەتتىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدىمۇ سىلەر مۇقەددەس يىغىلىش ئۈچۈن جەم بولۇپ نەپسىڭلارنى تارتىپ، ھېچ ئىش قىلماڭلار. 8 سىلەر كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، ئەيىبسىز بولغان بىر ياش بۇقا، بىر قوچقار ۋە يەتتە دانە بىر ياشلىق قوزىنى ئۆتكۈزۈپ، 9 بۇلارغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ئۈچۈن ياغلانغان ئاق ئۇننى كەلتۈرۈپ، بۇقىغا بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمىغا باراۋەر ئۇننى قوشۇپ، قوچقارنىڭ ئۆزىگە بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن ئىككى قىسمىغا باراۋەر ئۇننى قوشۇپ، 10 يەتتە دانە قوزىنىڭ ھەربىرىگە بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىگە باراۋەر ئۇننى قوشۇپ ئۆتكۈزۈپ، 11 گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، بىر تېكىنىمۇ قۇربانلىق قىلىڭلار. بۇ قۇربانلىقلار بولسا كاپارەت ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان گۇناھ قۇربانلىقى، ھەر كۈنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە ئىككىلىسىگە قوشۇلىدىغان ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرى بىللە ئۆتكۈزۈلسۇن.

## سايىۋەن ھېيتىدىكى قۇربانلىقلار

12 يەتتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىدە سىلەر بىر مۇقەددەس يىغىلىش ئۈچۈن جەم بولۇپ، ھېچقايسىڭلار بىر ئىش قىلماي، يەتتە كۈنگىچە خۇداۋەندىنىڭ ھېيتىنى تۇتۇپ، 13 كۆيدۈرمە

قۇربانلىق بولۇپ، ئاتەش قۇربانلىقى قىلىنىپ، خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، ئەيىبسىز بولغان ئون ئۈچ ياش بۇقا. ئىككى قوچقار ۋە ئون تۆت دانە بىر ياشلىق قوزىنى ئۆتكۈزۈپ، [14] بۇلارغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ئۈچۈن ياغلانغان ئاق ئۇن كەلتۈرۈپ، ئون ئۈچ بۇقىدىن بۇقا بېشىغا بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمىغا باراۋەر ئۇننى قوشۇپ، ھەربىر قوچقار بېشىغا بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئوندىن ئىككى قىسمىغا باراۋەر ئۇننى قوشۇپ، [15] ئون تۆت قوزىدىن قوزا بېشىغا بىر ئېفا مىقدارىنىڭ ئون ھەسسىسىگە باراۋەر ئۇننى قوشۇپ ئۆتكۈزۈپ، [16] گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، بىر تېكىنىمۇ ئۆتكۈزۈڭلار. بۇ قۇربانلىقلار بولسا ھەر كۈنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى بىللە ئۆتكۈزۈلسۇن.

[17] ئىككىنچى كۈنى ئون ئىككى ياش بۇقا، ئىككى قوچقار ۋە ئون تۆت دانە بىر ياشلىق ئەيىبسىز قوزىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، [18] بۇلارغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرى بولسا مەزكۇر بۇقا، قوچقار ۋە قوزىلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇلارنى بۇيرۇلغان تەرىقىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، [19] گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، بۇنىڭدىن باشقا بىر تېكە ھەم ئۆتكۈزۈلسۇن. بۇ قۇربانلىقلار بولسا ھەر كۈنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى بىللە ئۆتكۈزۈلسۇن.

[20] ئۈچىنچى كۈنى ئون بىر بۇقا، ئىككى قوچقار ۋە ئون تۆت دانە بىر ياشلىق ئەيىبسىز قوزا ئۆتكۈزۈلۈپ، [21] بۇلارغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرى بولسا مەزكۇر بۇقا، قوچقار ۋە قوزىلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇلارنى بۇيرۇلغان تەرىقىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، [22] گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، بۇنىڭدىن باشقا بىر تېكە ھەم ئۆتكۈزۈلسۇن. بۇ قۇربانلىقلار بولسا ھەر كۈنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى بىللە ئۆتكۈزۈلسۇن.

[23] تۆتىنچى كۈنى ئون بۇقا، ئىككى قوچقار ۋە ئون تۆت دانە بىر ياشلىق ئەيىبسىز قوزا ئۆتكۈزۈلۈپ، [24] بۇلارغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرى بولسا مەزكۇر بۇقا، قوچقار ۋە قوزىلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇلارنى بۇيرۇلغان تەرىقىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، [25] گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، بۇنىڭدىن باشقا بىر تېكە ھەم ئۆتكۈزۈلسۇن. بۇ قۇربانلىقلار بولسا ھەر كۈنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى بىللە ئۆتكۈزۈلسۇن.

[26] بەشىنچى كۈنى توققۇز بۇقا، ئىككى قوچقار ۋە ئون تۆت دانە بىر ياشلىق ئەيىبسىز قوزا ئۆتكۈزۈلۈپ، [27] بۇلارغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرى بولسا مەزكۇر بۇقا، قوچقار ۋە قوزىلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇلارنى بۇيرۇلغان تەرىقىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، [28] گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، بۇنىڭدىن باشقا بىر تېكە ھەم ئۆتكۈزۈلسۇن. بۇ قۇربانلىقلار بولسا ھەر كۈنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى بىللە ئۆتكۈزۈلسۇن.

[29]ئالتىنچى كۈنى سەككىز بۇقا، ئىككى قوچقار ۋە ئون تۆت دانە بىر ياشلىق ئەيىبسىز قوزا ئۆتكۈزۈلۈپ، [30]بۇلارغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرى بولسا مەزكۇر بۇقا، قوچقار ۋە قوزىلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇلارنى بۇيرۇلغان تەرىقىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، [31]گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، بۇنىڭدىن باشقا بىر تېكە ھەم ئۆتكۈزۈلسۇن. بۇ قۇربانلىقلار بولسا ھەر كۈنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى بىللە ئۆتكۈزۈلسۇن.
[32]يەتتىنچى كۈنى يەتتە بۇقا، ئىككى قوچقار ۋە ئون تۆت دانە بىر ياشلىق ئەيىبسىز قوزا ئۆتكۈزۈلۈپ، [33]بۇلارغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرى بولسا مەزكۇر بۇقا، قوچقار ۋە قوزىلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇلارنى بۇيرۇلغان تەرىقىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، [34]گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، بۇنىڭدىن باشقا بىر تېكە ھەم ئۆتكۈزۈلسۇن. بۇ قۇربانلىقلار بولسا ھەر كۈنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە ئىچكۈلۈك قۇربانلىقى بىللە ئۆتكۈزۈلسۇن.
[35]سەككىزىنچى كۈنى سىلەر مۇقەددەس يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ جەم بولۇپ، ھېچقايسىڭلار بىر ئىش قىلماڭلار. [36]سىلەر كۆيدۈرمە قۇربانلىق بولۇپ ئاتەش قۇربانلىقى قىلىنىپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇش بۇي كەلتۈرسۇن دەپ، بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە يەتتە دانە بىر ياشلىق ئەيىبسىز قوزىنى ئۆتكۈزۈپ، [37]بۇلارغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرى بولسا سىلەر مەزكۇر بىر بۇقا، بىر قوچقار ۋە قوزىلارنىڭ سانىغا قاراپ ئۇلارنى بۇيرۇلغان تەرىقىدە ئۆتكۈزۈپ، [38]گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن دەپ، بۇنىڭدىن باشقا بىر تېكىنى ھەم ئۆتكۈزۈڭلار. بۇ قۇربانلىقلار بولسا ھەر كۈنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرى بىللە ئۆتكۈزۈلسۇن.
[39]مەزكۇر قۇربانلىقلار بولسا سىلەر ھېيتلىرىڭلاردا قەسەم يۈزىسىدىن كەلتۈرۈلگەن قۇربانلىق بىلەن ھەدىيە قۇربانلىقلىرىڭلاردىن، كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن يېگۈلۈك قۇربانلىقلىرىڭلاردىن، ئىچكۈلۈك قۇربانلىق بىلەن شۈكۈر قۇربانلىقلىرىڭلاردىن باشقا كەلتۈرۈپ خۇداۋەندىگە ئۆتكۈزۈڭلار».

## قەسەم قىلىش نىزامى

30 [1]مۇسا بولسا خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېيتقىلى بۇيرۇغىنىدەك بۇنى بەنى-ئىسرائىلغا دەپ بەردى. [2]ئەمما مۇسا ئۆزى قەبىلىلەرنىڭ باشلىرىغا ئىسرائىل توغرىسىدا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: «خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇغىنى شۇكى: [3]ئەگەر بىر كىشى خۇداۋەندىگە بىر ۋەدە قىلىپ، قەسەم بىلەن ئۆز-ئۆزىگە بىر نېمە توختاتقان بولسا، ئۆز ۋەدىسىنى سۇندۇرماي، بەلكى ھەممە نەرسىدە ئۆز ئاغزىدىن چىققاندەك قىلسۇن.

[4]ئەگەر بىر خوتۇن ئۆز ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، تېخى ياش بولغان ۋاقتىدا خۇداۋەندىگە
بىر ۋەدە قىلىپ، ئۆز-ئۆزىگە بىر نېمىنى توختاتقان بولسا، [5]ئەمما ئاتىسى ئۇنىڭ ۋەدىسىنى
ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇستىگە توختاتقان نەرسە توغرىسىدا ئىشتىپ قالغىنىدا ئاتىسى
گەپ قىلماي شۈك تۇرسا، ئۇنىڭ قىلغان ۋەدىسى ۋەدە بولۇپ، ئۆز-ئۆزىنىڭ ئۇستىگە
توختاتقىنىنىڭ ھەممىسى بەرقارار تۇرىدۇ. [6]لېكىن ئەگەر ئۇنىڭ ئاتىسى بۇنى ئاڭلىغان كۈندە
ئۇنى توسسا، ئۇنىڭ ۋەدىسى ۋەدە بولماي، ئۆز-ئۆزىنىڭ ئۇستىگە توختاتقاننىڭ ھەممىسى
بەرقارار تۇرمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرمىگەچ خۇداۋەندە خوتۇننى ئەپۇ
قىلىدۇ.
[7]ئەگەر ئۇ ئۆزى ئەرنىڭ قولىدا تۇرۇپ، ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە قىلىپ ئاغزىدىن بىخەستەلىك بىلەن
چىققان سۆزگە ئۆزىنى باغلىغان بولسا، [8]ئەمما ئۇنىڭ ئېرى بۇنى ئاڭلىغان كۈنى شۈك تۇرۇپ،
ھېچنېمە دېمىسە، خوتۇننىڭ ۋەدىلىرى ۋەدە بولۇپ، ئۆز-ئۆزىنىڭ ئۇستىگە توختاتقىنىنىڭ
ھەممىسى بەرقارار تۇرىدۇ. [9]لېكىن ئەگەر ئۇنىڭ ئېرى بۇنى ئاڭلىغان كۈندە ئۇنى توسقان
بولسا، خوتۇننىڭ ۋەدىسى ۋەدە بولماي، بىخەستەلىك قىلىپ ئاغزى بىلەن سۆزلەپ، ئۆز-
ئۆزىنىڭ ئۇستىگە توختاتقان نەرسىسى بىكار بولۇپ كېتىپ، خۇداۋەندە ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ.

[10]ئەمما بىر تۇل ۋە يا ئېرى قويۇپ بەرگەن خوتۇننىڭ ۋەدىسى بولسا ۋەدە بولۇپ، ئۆز-ئۆزىنىڭ
ئۇستىگە توختاتقاننىڭ ھەممىسى بەرقارار تۇرىدۇ. [11]ئەگەر بىر خوتۇن ئېرىنىڭ ئۆيىدە
ئولتۇراقلىق تۇرۇپ، بىر ۋەدە قىلسا ياكى ئۆز-ئۆزىگە بىر نېمىنى قەسەم بىلەن توختاتسا،
[12]ئەمما ئۇنىڭ ئېرى بۇنى ئاڭلاپ شۈك تۇرۇپ، ئۇنى توسمىسا، ئۇنىڭ قىلغان ھەممە ۋەدىلىرى
ۋەدە بولۇپ ئۆز-ئۆزىگە توختاتقاننىڭ ھەممىسى بەرقارار تۇرىدۇ. [13]لېكىن ئەگەر ئۇنىڭ ئېرى
بۇنى ئاڭلىغان كۈندە ئۇنىڭ ۋەدىسىنى بۇزۇۋەتسە، خوتۇننىڭ ئاغزىدىن چىققان ۋەدىلىرىنىڭ
ھەممىسى بۇزۇلۇپ كېتىپ، ئۆز-ئۆزىگە توختاتقان نەرسىلەر بىكار بولۇپ كېتىپ، ئېرى ئۇنىڭ
ۋەدىلىرىنى بۇزۇۋەتكەچ خۇداۋەندە خوتۇننى ئەپۇ قىلىدۇ.
[14]خوتۇن ئۆزى ۋەدە قىلىپ، ئۆز نەپسىنى تارتاي دەپ، قەسەم بىلەن ئۆز-ئۆزىگە توختاتقان
نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى بولسا ئېرى بۇنى خالىسا، قويۇپ قويۇپ خالىسا، بۇزۇۋەتەلەيدۇ.
[15]لېكىن ئەگەر ئۇنىڭ ئېرى ئەتىسىگىچە ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمەي شۈك تۇرسا، خوتۇننىڭ
قىلغان ھەممە ۋەدىلىرى بىلەن ئۆز-ئۆزىگە توختىتىۋالغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر قارار
قويغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى بۇنى ئاڭلىغان كۈندە خوتۇنغا بىر نېمە دېمەي شۈك تۇرغىنى
ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋەدىلىرىنى بىر قارار قويغان بولىدى. [16]لېكىن ئەگەر ئېرى بۇنى ئاڭلاپ ۋاقتى
ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەدىسىنى بۇزۇۋەتسە، خوتۇننىڭ گۇناھىنى ئۇ ئۆزى كۆتۈرىدۇ.
[17]بۇ قائىدىلەر بولسا ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇتۇلۇپ، قىز ياش ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ
ئۆيىدە ئولتۇرغىنىدا ئاتا بىلەن قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەمەلگە كەلتۈرۈلسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ
مۇساغا بۇيرۇغان قانۇنلىرىدۇر.

## مىدىيانلىقلار بىلەن جەڭ قىلىش

31 [1]خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [2]«سەن بەنى-ئىسرائىل ئۈچۈن
مىدىيانلىقلاردىن ئىنتىقام ئالغىن. شۇنى قىلىپ بولۇپ، سەن بېرىپ ئۆز قوۋمىڭغا
قوشۇلىسەن» دېدى.
[3]ئۇ ۋاقىت مۇسا خەلققە ئېيتتىكى: «بەزىلىرىڭلار جەڭگە قوراللىنىپ، مىدىيانلىقلارغا قارشى
چىقىپ، مىدىيانىنىڭ ئۆزىدىن خۇداۋەندىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالسۇن. [4]ئىسرائىلنىڭ ھەممە
قەبىلىلىرىنىڭ ھەربىرىدىن مىڭ ئادەمنى ئېلىپ، جەڭگە ئەۋەتىڭلار» دېدى. [5]شۇنى دېيسە،
ئىسرائىلنىڭ مىڭلىرىدىن كىشىلەر چىقىرىلىپ، ھەربىر قەبىلىدىن مىڭ ئادەم تاپشۇرۇلۇپ،
جەمئىي ئون ئىككى مىڭ كىشى قوراللىنىپ جەڭگە تەييارلاندى.
[6]ئاندىن كېيىن مۇسا ئۇلارنى سوقۇشقا چىقىرىپ، ھەر قەبىلىدىن مىڭنى ماڭدۇرۇپ، مۇقەددەس
ئەسۋابلار بىلەن قاتتىق ئاۋازلىق كانايلارنى كۆتۈرتۈپ، ئېلىئازار كاھىنىنىڭ ئوغلى پىنىخاسنى
ئۇلارغا قوشۇپ جەڭگە ئەۋەتتى. [7]ئۇلار بولسا خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك
مىدىيانلىقلار بىلەن سوقۇشقىلى چىقىپ، ھەممە ئەر كىشىلەرنى ئۆلتۈردى. [8]ئۇلارنىڭ قولى
بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئېۋى، رېقەم، تىر، خۇر ۋە رېبا دېگەن بەش مىدىيان پادىشاھى
ھەم ئۆلتۈرۈلدى. بېئورنىڭ ئوغلى بىلئام بولسا ئۇلار ئۇنىمۇ قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى.
[9]ئاندىن بەنى-ئىسرائىل مىدىيانىنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كېتىپ،
ئۇلارنىڭ ھەممە ئۇلاغ، ھەممە پادا ۋە باشقا ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئولجا قىلىپ ئېلىپ،
[10]ئۇلارنىڭ ئولتۇرغان ھەممە شەھەرلىرىگە ئوت يېقىپ، بارچە لەشكەرگاھلىرى بىلەن قوشۇپ
كۆيدۈرۈۋەتتى. [11]ئۇلار ھەممە ئالغان ئولجا بىلەن ھەممە تالىغان مالنى، خاھى ئىنسان،
خاھى ھايۋان بولسۇن، ئۆزى بىلەن ئېلىپ، [12]ئەسىرلەرنىڭ ئۆزى بىلەن تالىغان مال ۋە
ئولجىنى ئىئوردانىنىڭ ئۇتتۇرىدىكى يېرىخونىڭ يېنىدا بولغان موئابنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدىكى
چېدىرگاھقا ئېلىپ كېلىپ، مۇسا بىلەن ئېلىئازار كاھىن ۋە بەنى-ئىسرائىلنىڭ جامائىتىنىڭ
قېشىغا كەلتۈردى. [13]ئۇ ۋاقىت مۇسا بىلەن ئېلىئازار كاھىن ۋە جامائەتنىڭ ھەممە ئەمىرلىرى
ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقماق ئۈچۈن چېدىرگاھنىڭ تاشقىرىغا چىقتى.
[14]لېكىن مۇسا ئۆزى جەڭدىن يېنىپ كەلگەن يۈز بىلەن مىڭلارغا باش بولۇپ لەشكەرنىڭ
سەردارى بولغانلارغا ئاچچىقلىنىپ، [15]ئۇلارغا ئېيتتىكى: «سىلەر خوتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى
تىرىك قويدۇڭلارمۇ؟ [16]مانا بۇلار بولسا بىلئامنىڭ مەسلىھەتىگە كىرىپ، پېئور توغرىسىدىكى
ئىشتا بەنى-ئىسرائىلنى خۇداۋەندىگە ۋاپاسىزلىق قىلدۇرغاچ خۇداۋەندىنىڭ جامائىتىنىڭ
ئۈستىگە ۋابا كەلدى ئەمەسمۇ؟ [17]ئەمدى ھەممە ئوغۇل بالا بىلەن ئەر كىشىنى تونۇپ قېلىپ،
ئەركەك بىلەن يېتىپ باققان ھەممە خوتۇنلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. [18]لېكىن ئەركەك بىلەن
يېتىپ باقمىغان ھەممە قىز بالىلارنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن تىرىك قويۇڭلار.
[19]ئەمدى سىلەر يەتتە كۈنگىچە چېدىرگاھنىڭ سىرتىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزۈڭلار بىلەن
ئەسىرلىرىڭلاردىن كىمكى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولسا ياكى كىمكى بىر ئۆلتۈرۈلگەن

ئۆلۈككە تېگىپ قالغان بولسا، ئۇچىنچى كۈنى بىلەن يەتتىنچى كۈنى ئۆزىنى پاك قىلىپ، [20] ئۆزۈڭلار ھەممە ئېگىن بىلەن تېرىدىن ئېتىلگەن بارچە نەرسىلەرنى، ئۆچكە يۇڭىدىن ئېتىلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ياغاچتىن ئېتىلگەن نەرسىلەرنىڭ بارچىسىنى پاك قىلىڭلار» دېدى.
[21] ئېلېئازار كاھىن بولسا جەڭگە بېرىپ كەلگەن ئەسكەرلەرگە سۆزلەپ: «خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا بۇيرۇغان قانۇن-بەلگىلىمە شۇدۇركى، [22] ئالتۇن بىلەن كۈمۈش، مىس بىلەن تۆمۈر، قەلەي بىلەن قوغۇشۇندەك [23] ئوتقا چۈشۈپ تۈگەپ كەتمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوتقا سالساڭلار، پاك بولىدۇ. ھەرقانداق بولسا ئۇستىگە پاكلىنىش سۈيىنى چاچماق لازىم كېلىدۇ. ئەمما ئوتقا چىدىمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سۇغا سېلىڭلار. [24] شۇنداق قىلىپ يەتتىنچى كۈنى ئېگىنلىرىڭلارنى يۇساڭلار، پاك بولۇپ چېدىرگاھقا كىرەلەيسىلەر» دېدى.

[25] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[26] «سەن ئۆزۈڭ ئېلېئازار كاھىن بىلەن جامائەتنىڭ خانىدانلىرىنىڭ سەردارلىرىنى بىللە ئېلىپ تۇرۇپ، ئولجىغا چۈشۈپ كەلگەن ئادەم بىلەن ھايۋانلارنى سانىغىن. [27] ساناپ بولۇپ، سەن ئولجىنى ئىككى قىسمىغا بۆلۈپ، بىر قىسمىنى جەڭگە بېرىپ كەلگەنلەرگە، يەنە بىر قىسمىنى قالغان ھەممە جامائەتكە بېرىپ، [28] خۇداۋەندىگە ھەدىيە بولسۇن دەپ، جەڭگە بېرىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭكىدىن، خاھى ئادەم، خاھى كالا بولسۇن، خاھى ئېشەك، خاھى قوي بولسۇن، ھەربىر بەش يۈزدىن بىرىنى ئالغايسەن. [29] ئۇلارغا تېگىدىغان يېرىمىدىن سەن شۇنچىلىكنى ئېلىپ خۇداۋەندىگە ھەدىيە قىلىپ ئېلېئازار كاھىنغا بەرگەيسەن. [30] لېكىن قالغان بەنى-ئىسرائىلغا تېگىدىغان يېرىمىدىن سەن ئۆزۈڭ ئەللىكتىن بىرىنى ئېلىپ، خاھى ئادەم، خاھى كالا بولسۇن، خاھى ئېشەك، خاھى قوي بولسۇن، ھەرقانداق چارۋا مال بولسۇن شۇنچىلىكنى ئېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىنى قىلىپ تۇرغان لاۋىيلارغا بەرگەيسەن» دېدى.
[31] ئۇ ۋاقىت مۇسا بىلەن ئېلېئازار كاھىن خۇداۋەندە مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلدى. [32] ئەمما غەنىيمەت بولۇپ، ئەسكەرلەر ئۆزى ئالغان ئولجىنىڭ قالغىنى شۇ، يەنى: قويدىن ئالتە يۈز يەتمىش بەش مىڭ، [33] كالىدىن يەتمىش ئىككى مىڭ، [34] ئېشەكتىن ئاتمىش بىر مىڭ ئىدى.
[35] ئىنساندىن بولسا ئەركەك بىلەن يېتىپ باقمىغان خوتۇنلارنىڭ جەم سانى ئوتتۇز ئىككى مىڭ كىشى ئىدى.
[36] جەڭگە بېرىپ كەلگەن كىشىلەرگە تەگكەن يېرىم ھەسسىدە قويدىن بولسا ئۈچ يۈز ئوتتۇز يەتتە مىڭ بەش يۈز دانە بولۇپ، [37] بۇنىڭ ئىچىدىن خۇداۋەندىگە بېرىدىغان ھەدىيە ئۆزى ئالتە يۈز يەتمىش بەش قوي ئىدى. [38] كالىدىن بولسا ئوتتۇز ئالتە مىڭ دانە بولۇپ، بۇنىڭدىن خۇداۋەندىگە بېرىدىغان ھەدىيە ئۆزى يەتمىش ئىككى كالا ئىدى. [39] ئېشەكتىن بولسا ئوتتۇز مىڭ بەش يۈز دانە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن خۇداۋەندىگە بېرىدىغان ھەدىيە ئۆزى ئاتمىش بىر دانە ئېشەك ئىدى. [40] ئىنساندىن بولسا ئون ئالتە مىڭ كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن

خۇداۋەندىگە بېرىلىدىغان ھەدىيە ئۆزى ئوتتۇز ئىككى كىشى ئىدى.
[41]لېكىن خۇداۋەندىگە ھەدىيە بولسۇن دەپ، توختىتىلغان ھەسسە بولسا مۇسا ئۆزى خۇداۋەندە تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بۇيرۇلغاندەك بۇنى ئېلىئازار كاھىنغا بەردى.

[42]ئەمما ئۇلجىنىڭ قالغان يېرىمى بولسا مۇسا ئۇنى ئەسكەرلەرنىڭكىدىن ئاجرىتىپ بەنى-ئىسرائىلنىڭ قالغانلىرىغا بەرگەنىدى. [43]ئۇلجىنىڭ يېرىمى بولۇپ جامائەتكە تەگكەن بۇ ھەسسىنىڭ سانى شۇ، يەنى قويدىن بولسا ئۈچ يۈز ئوتتۇز يەتتە مىڭ بەش يۈز ئىدى.
[44]كالىدىن بولسا ئوتتۇز ئالتە مىڭ، [45]ئېشەكتىن بولسا ئوتتۇز مىڭ بەش يۈز ئېشەك ئىدى.
[46]ئىنساندىن بولسا ئون ئالتە مىڭ كىشى ئىدى.
[47]ئۇلجىنىڭ يېرىمى بولۇپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ قالغانلىرىغا تەگكەن بۇ ھەسسىنىڭ ئۆزىدىن مۇسا ھەر ئەللىكتىن بىرىنى ئېلىپ، خاھى ئىنسان، خاھى چارۋا مال بولسۇن، شۇنچىلىكىنى ئاجرىتىپ ھەر ئىشتا خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇغاندەك خۇداۋەندىنىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىنى قىلىپ تۇرغان لاۋىيلارغا بەردى.

[48]ئۇ ۋاقىت يۈز بېشى مىڭلارغا باش بولۇپ قوشۇندىكى مىڭلارنىڭ سەردارى بولغان كىشىلەر مۇسانىڭ قېشىغا كېلىپ، [49]ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «بىز قۇللىرىڭ بولساق، قول ئاستىمىزدىكى ئەسكەرلەرنى سانىساق، ئۇلاردىن ھېچبىرى كەم ئەمەس. [50]ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەمدى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا جانلىرىمىز ئۈچۈن كاپارەت بېرىلسۇن دەپ، ھەربىرىمىز تۇتۇۋالغان ئالتۇن زىرە-مونچاق بىلەن پۈت زەنجىرى، بىلەزۈك بىلەن ئۈزۈكلەر، زىرە بىلەن مارجانلارنىڭ ھەممىسىنى خۇداۋەندىگە ھەدىيە قىلىپ كەلتۈردۇق» دېدى. [51]شۇنى دېسە، مۇسا بىلەن ئېلىئازار كاھىن ئۆزى ئۇلاردىن بۇ ئالتۇن ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالدى. [52]يۈز بىلەن مىڭلارنىڭ ئۈستىگە سەردار بولغانلارنىڭ تەرىپىدىن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا ھەدىيە قىلىپ كەلتۈرۈلگەن ئالتۇننىڭ مىقدارى بولسا ئون ئالتە مىڭ يەتتە يۈز ئەللىك شېقەل ئىدى.
[53]چۈنكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىرى ئۇلجا ئالغاچ كەلگەنىدى. [54]ئەمما مۇسا بىلەن ئېلىئازار كاھىن بولسا يۈز بىلەن مىڭلارغا باش بولغانلاردىن ئالغان ئالتۇننى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا بەنى-ئىسرائىل ئۈچۈن يادىكارلىق بولسۇن دەپ، جامائەت چېدىرىغا ئېلىپ كەلدى.

## رۇبەن بىلەن گاد قەبىلىسىنىڭ تەلىپى

32 [1]بەنى-رۇبەن بىلەن بەنى-گاد بولسا ئۇلارنىڭ چارۋا ماللىرى تولا ئىدى. ئۇلار ئۆزى يازەر يۇرتى بىلەن گىلىياد يۇرتىنى كۆرۈپ، بۇ يۇرتتا ئوبدان يايلاق بار ئىكەن دەپ، [2]بەنى-گاد بىلەن بەنى-رۇبەن ئۆزى مۇسا بىلەن ئېلىئازار كاھىن ۋە جامائەتنىڭ سەردارلىرىنىڭ

قېشىغا كېلىپ، سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [3] «ئاتاروت، دىبون، يازەر، نىمرا، خېشبون، ئېلئالە، شېبام، نېبو ۋە بەئون دېگەن يۇرتلار بولسا [4] خۇداۋەندە ئۆزى بەنى-ئىسرائىلنىڭ جامائىتىنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ قىلىپ بەرگەن يۇرت بولۇپ، يېرى ئۆزى چارۋا مال ئۈچۈن ئوبدان يارىشىدۇ. قۇللىرىڭ بولسا ماللىرىمىز تولا ئەمەسمۇ؟ [5] ئەگەر بىز كۆزلىرىڭدە ئىلتىپات تاپقان بولساق، سەن بۇ يۇرتنى قۇللىرىڭغا مىراس قىلىپ بېرىپ، بىزنى ئىئورداندىن ئۆتكۈزۈۋەتمىگىن» دەپ ئېيتتى.

[6] لېكىن مۇسا ئۆزى بەنى-گاد بىلەن بەنى-رۇبەنگە ئېيتتىكى: «بۇرادەرلىرىڭلار جەڭگە بارسا، سىلەر مۇندا ئولتۇرۇپ قالىسىلەرمۇ؟ [7] نېمە ئۈچۈن دەريادىن ئۆتۈپ، خۇداۋەندە ئۇلارغا بەرگەن يۇرتقا كىرىشتىن بەنى-ئىسرائىلنىڭ كۆڭۈللىرىنى سوۋۇتىسىلەر؟ [8] سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭلارمۇ مەن ئۇلارنى قادېش-بارنېئادىن يۇرتتا جاسۇسلۇق قىلىڭلار دەپ ئەۋەتكىنىمدە شۇنداق قىلىپ، [9] ئۆزى ئۇزۇم ۋادىسىغا چىقىپ يۇرتنى كۆرگەندىن كېيىن بەنى-ئىسرائىلنىڭ كۆڭۈللىرىنى سوۋۇتۇپ، خۇداۋەندە ئۇلارغا بەرگەن يۇرتقا بېرىشتىن ئۇلارنى توسقانىدى. [10] بۇ سەۋەبتىن ئۇ كۈندە خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى تۇتىشىپ قەسەم قىلىپ: [11] ‹ مىسىردىن چىقىپ كەلگەن كىشىلەر بولسا ئۇلار ماڭا پۈتۈن ئەگەشمىگىنى ئۈچۈن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولغانلارنىڭ ھېچقايسىسى مەن «سىلەرگە بېرىمەن» دەپ ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇبقا قەسەم قىلىپ ۋەدە قىلغان يۇرتنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمەيدۇ. [12] يالغۇز يەفۇننە قىزىنىڭ ئوغلى كالەب بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا ئۆزى خۇداۋەندىگە پۈتۈن ئەگەشكىنى ئۈچۈن ئۇ يۇرتنى كۆرىدۇ› دەپ ئېيتقانىدى. [13] بۇ تەرىقىدە خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە تۇتىشىپ، ئۇلارنى باياۋاندا سەرگەردانلىقتا يۈرگۈزۈپ، خۇداۋەندىنىڭ كۆز ئالدىدا گۇناھ قىلغان نەسىل ئۆزى تۈگەپ بولغۇچىلىك ئۇلارنى ئاندا قىرىق يىلغىچە ئاۋارە قىلدى. [14] مانا سىلەر ئەمدى گۇناھكارلارنىڭ ئەۋلادى بولغاچ خۇداۋەندىنىڭ غەزىپىنى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە كەلتۈرمەك ئۈچۈن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ ئورنىدا قوپتۇڭلارمۇ؟ [15] ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىساڭلار، ئۇ ئۆزى بۇ قوۋمنى باياۋاندا تېخى ئۇزۇنراق قويمايدىغان بولىدۇ. بۇ تەرىقىدە سىلەر بۇ قوۋمنىڭ ئۈستىگە ھالاكەت كەلتۈرىسىلەر» دېدى.

[16] ئۇ ۋاقىت ئۇلار ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېيتتىكى: «ئاۋۋال بىز چارۋا ماللىرىمىز ئۈچۈن قوتان راستلاپ، بالىلىرىمىز ئۈچۈن شەھەرلەر ياسايلى. [17] ئاندىن كېيىن بىز ئىتتىك قوراللىنىپ، بەنى-ئىسرائىلنى ئۆز جايلىرىغا باشلاپ بولغۇچىلىك ئۇلارنىڭ ئالدىدا بارغايمىز. بالىلىرىمىز بولسا مەھكەم شەھەرلەردە ئولتۇرغاچ يۇرتنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىدىن پاناھ تاپىدۇ. [18] ئەمما بىز بولسا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەربىرى ئۆز مىراسىنى تاپمىغۇچە يېنىپ كەلمەيمىز. [19] چۈنكى بىزنىڭ مىراسىمىز بولسا ئىئوردانىنىڭ بۇ شەرق تەرىپىدە بىزگە تەگكەچ، بىز ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى نېرىراق يەردە مىراس ئالمايلى» دېدى.

[20] مۇسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «ئەگەر سىلەر ئېيتقىنىڭلاردەك قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا جەڭ ئۈچۈن قوراللىنىپ چىقىپ، [21] قوراللانغان ئادەملىرىڭلارنىڭ ھەممىسى ئىئورداندىن ئۆتۈپ، خۇداۋەندە ئۆز ئالدىدىن دۈشمەنلىرىنى قوغلىۋەتكۈچىلىك

ئاندا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قىلىپ، [22] سىلەر بولساڭلار يۇرت ئۆزى خۇداۋەندىگە تەۋە
بولمىغۇچىلىك يېنىپ بارمىساڭلار، خۇداۋەندە بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا ئەيىبسىز بولۇپ،
خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا بۇ يۇرتنى مىراس ئالىسىلەر.
[23] لېكىن ئەگەر مۇنداق قىلمىساڭلار، شەكسىز خۇداۋەندىگە گۇناھ قىلىپ، گۇناھىڭلار
سىلەرنى تۇتقان چاغدا ئۇنى تۇيىسىلەر. [24] ئەمدى بالىلىرىڭلار ئۈچۈن شەھەرلەر ياساپ، چارۋا
ماللىرىڭلار ئۈچۈن قوتانلار راستلاپ، ئاغزىڭلارنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلىڭلار» دېدى.
[25] ئۇ ۋاقىت بەنى-گاد بىلەن بەنى-رۇبەن مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: «سېنىڭ قۇللىرىڭ
ئۆز خوجىمىز بۇيرۇغاندەك قىلماقچى بولۇپ، [26] بالا بىلەن خوتۇنلىرىمىز، چارۋا مال بىلەن
ئۇلاغلىرىمىز بولسا گىلىيادنىڭ شەھەرلىرىدە قالسۇن. [27] لېكىن بىز قۇللىرىڭ قانچىمىز
جەڭگە قوراللانغان بولساق، ئاندا ئۆتۈپ خوجىمىز بۇيرۇغاندەك خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا
سوقۇشىمىز» دېدى،
[28] ئاندىن كېيىن مۇسا ئۇلار توغرىسىدا ئېلىئازار كاھىن بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا ۋە
ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىدىكى خانىدانلارنىڭ سەردارلىرىغا بۇيرۇپ، [29] ئۇلارغا ئېيتتىكى: «ئەگەر
بەنى-گاد بىلەن بەنى-رۇبەننىڭ ھەربىرى قوراللىنىپ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا جەڭ قىلماق
ئۈچۈن سىلەر بىلەن بىللە ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ بارسا، بارغىنىڭدا يۇرت قولۇڭلارغا
چۈشسە، گىلىياد يۇرتىنى ئۇلارغا مىراس قىلىپ بېرىڭلار. [30] لېكىن ئۇلار قوراللىنىپ سىلەر
بىلەن ئۆتۈپ بارمىسا، ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە قانائان يۇرتىدا مىراس تاپسۇن» دېدى. [31] ئۇ
ۋاقىت بەنى-گاد بىلەن بەنى-رۇبەن جاۋاب بېرىپ: «بىز بولساق خۇداۋەندە ئۆزى قۇللىرىڭغا
بۇيرۇغىنىدەك قىلىپ، [32] خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا قوراللىنىپ، ئىئوردانىنىڭ بۇ تەرىپىدە
مىراس تاپايلى دەپ، قانائان يۇرتىغا ئۆتۈپ چىقىمىز» دېدى.

[33] ئاندىن كېيىن مۇسا ئۆزى ئاموريىلارنىڭ پادىشاھى سىخوننىڭ يۇرتى بىلەن باشاننىڭ پادىشاھى
ئوگنىڭ يۇرتىنى ئەتراپىدىكى شەھەرلىرى بىلەن قوشۇپ، چۆرىسىدىكى چېگرىسىغىچە يۆگەپ،
بەنى-گاد، بەنى-رۇبەن ۋە يۇسۇپنىڭ ئوغلى ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىگە بەردى. [34] بەنى-گاد
بولسا دىبون بىلەن ئاتاروت، ئاروئەر بىلەن [35] ئاتاروت-شوفان، يازەر بىلەن يوگبېھا، [36] بەيت-
نىمرا بىلەن بەيت-ھاران دېگەن مەھكەم شەھەرلەرنى ياساپ، قوتانلارمۇ راستلىدى. [37] بەنى-
رۇبەن بولسا خېشبون، ئېلئالە ۋە قىرياتايىمنى بىنا قىلىپ، [38] نېبو بىلەن بائال-مېئوننىڭ
ئىسمىنى يۆتكەپ، بۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن شىبمانى ياساپ، ياسىغان شەھەرلەرگە باشقا ئات
قويدى.
[39] ماناسسەنىڭ ئوغلى ماكىرنىڭ ئەۋلادلىرى بېرىپ، گىلىيادنى ئېلىپ ئاندا ئولتۇراقلىق
ئاموريىلارنى چىقىرىۋەتتى. [40] ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆزى گىلىيادنى ماناسسەنىڭ ئوغلى
ماكىرغا بەردى. بەرسە، ئۇ ئاندا ئولتۇرۇپ قالدى. [41] ئەمما ماناسسەنىڭ ئوغلى يائىر
ئۆزى بېرىپ، ئۇنىڭ كەنتلىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى يائىر كەنتلىرى دەپ ئاتىدى.

42 نوباھ بولسا بېرىپ، قېنات بىلەن كەنتلىرىنى ئېلىپ، ئۆز ئىسمى بىلەن ئۇنى نوباھ
دەپ ئاتىدى.

## مىسىردىن كانائان زېمىنىنىڭ چېگرىسىغىچە بولغان سەپەر

33 1 بەنى-ئىسرائىل ئۆزى قوشۇن-قوشۇن بولۇپ، مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ قول ئاستىدا
يۈرۈپ، مىسىر يۇرتىدىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىدا چۈشكەن مەنزىللىرى بولسا 2 مۇسا
ئۆزى خۇداۋەندە بۇيرۇغىنىدەك قىلىپ، ئۇلارنىڭ سەپەر ئەھۋالىنى چۈشكەن مەنزىللىرىگە
مۇۋاپىق خەتلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ كۆچۈپ بارغان مەنزىللىرىنى يېزىپ قويغانىدى. 3 ئۇلار
بولسا ئاۋۋالقى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىدە رامسەس دېگەن جايدىن كۆچۈپ چىقىپ، پاسخا
ھېيتىنىڭ ئەتىسى بەنى-ئىسرائىل ئۆزى بارچە مىسىرلىقلارنىڭ كۆز ئالدىدىن غەيرەت بىلەن
چىقتى. 4 مىسىرلىقلار ئۆزى خۇداۋەندە تەرىپىدىن ئۇرۇلغان تۇنجىلىرىنى كۆمۈپ تۇرغىنىدا،
ئۇلار راۋان بولدى. خۇداۋەندە مىسىرلىقلارنىڭ تەڭرىلىرىگىمۇ ھۆكۈم چۈشۈردى.
5 بۇ تەرىقىدە بەنى-ئىسرائىل رامسەستىن چىقىپ، سۇككوتقا بېرىپ چېدىر تىكتى.
6 ئاندىن كېيىن ئۇلار سۇككوتتىن كۆچۈپ چىقىپ، چۆل تەرىپىدىكى ئېتامغا بېرىپ چېدىر
تىكتى. 7 ئاندىن كېيىن ئېتامدىن كۆچۈپ قايرىلىپ، بائال-زېفوننىڭ ئۇتتۇرىدىكى پىھاخىروت
ئاغزى دېگەن جايغا بۇرۇلۇپ بېرىپ، مىگدولنىڭ ئالدىدا چېدىر تىكتى. 8 ئاندىن كېيىن ئۇلار
پىھاخىروتتىن كۆچۈپ چىقىپ، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، چۆل ئىچىگە مېڭىپ ئېتام
چۆلىنى ئۈچ كۈنگىچە كېزىپ يۈرۈپ، مارادا چېدىر تىكتى. 9 ئاندىن كېيىن مارادىن كۆچۈپ
چىقىپ، ئېلىمغا كەلدى. ئەمما ئېلىمنىڭ ئۆزىدە ئون ئىككى بۇلاق بىلەن يەتمىش تۈپ خورما
دەرىخى بولغاچ ئاندا چېدىر تىكتى.
10 ئاندىن كېيىن ئۇلار ئېلىمدىن كۆچۈپ، قىزىل دېڭىزنىڭ بويىغا بېرىپ چېدىر تىكتى.
11 ئاندىن كېيىن قىزىل دېڭىزدىن كۆچۈپ چىقىپ، سىن باياۋانىغا بېرىپ چېدىر تىكتى.
12 ئاندىن كېيىن سىن باياۋانىدىن كۆچۈپ چىقىپ، دوفقاغا بېرىپ چېدىر تىكتى. 13 ئاندىن
كېيىن ئۇلار دوفقادىن كۆچۈپ چىقىپ، ئالۇشقا بېرىپ چېدىر تىكتى.
14 ئاندىن كېيىن ئالۇشتىن كۆچۈپ چىقىپ، رەفىدىمگە بېرىپ چېدىر تىكتى. لېكىن ئاندا
خەلققە ئىچكىلى سۇ يوق ئىدى. 15 ئاندىن كېيىن ئۇلار رەفىدىمدىن كۆچۈپ چىقىپ، سىناي
باياۋانىغا بېرىپ چېدىر تىكتى.

16 ئاندىن كېيىن سىناي باياۋانىدىن كۆچۈپ چىقىپ، قىبروت-ھاتاۋەگە بېرىپ چېدىر تىكتى.
17 ئاندىن كېيىن ئۇلار قىبروت-ھاتاۋەدىن كۆچۈپ چىقىپ، خازېروتقا بېرىپ چېدىر تىكتى.
18 ئاندىن كېيىن خازېروتتىن كۆچۈپ چىقىپ، رىتماغا بېرىپ چېدىر تىكتى. 19 ئاندىن كېيىن
ئۇلار رىتمادىن كۆچۈپ چىقىپ، رىممون-پەرەزگە بېرىپ چېدىر تىكتى. 20 ئاندىن كېيىن

ريممون-پەرەزدىن كۆچۈپ چىقىپ، لىبناغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [21]ئاندىن كېيىن لىبنادىن كۆچۈپ چىقىپ، رىسساغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [22]ئاندىن كېيىن رىسسادىن كۆچۈپ چىقىپ، قېھېلاتاغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [23]ئاندىن كېيىن ئۇلار قېھېلاتادىن كۆچۈپ چىقىپ، شافەر تېغىنىڭ يېنىغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [24]ئاندىن كېيىن شافەر تېغىدىن چىقىپ، خاراداغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [25]ئاندىن كېيىن خارادادىن كۆچۈپ چىقىپ، ماقھېلوتقا بېرىپ چېدىر تىكتى. [26]ئاندىن كېيىن ئۇلار ماقھېلوتتىن كۆچۈپ چىقىپ، تاخاتقا بېرىپ چېدىر تىكتى. [27]ئاندىن كېيىن تاخاتتىن كۆچۈپ چىقىپ، تەراھقا بېرىپ چېدىر تىكتى. [28]ئاندىن كېيىن تەراھتىن كۆچۈپ چىقىپ، مىتقاغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [29]ئاندىن كېيىن ئۇلار مىتقادىن كۆچۈپ چىقىپ، خاشموناغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [30]ئاندىن كېيىن خاشمونادىن كۆچۈپ چىقىپ، موسېروتقا بېرىپ چېدىر تىكتى. [31]ئاندىن كېيىن موسېروتتىن كۆچۈپ چىقىپ، بەنى-يائاقان دېگەن جايغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [32]ئاندىن كېيىن ئۇلار بەنى-يائاقاندىن كۆچۈپ چىقىپ، خور-ھاگگىدگادقا بېرىپ چېدىر تىكتى. [33]ئاندىن كېيىن خور-ھاگگىدگادتىن كۆچۈپ چىقىپ، يوتباتاغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [34]ئاندىن كېيىن يوتباتادىن كۆچۈپ چىقىپ، ئېبروناغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [35]ئاندىن كېيىن ئېبرونادىن كۆچۈپ چىقىپ، ئەسيون-گېبەرگە بېرىپ چېدىر تىكتى. [36]ئاندىن كېيىن ئەسيون-گېبەردىن كۆچۈپ چىقىپ، زىن باياۋانىغا، يەنى قادېشقا بېرىپ چېدىر تىكتى.

[37]ئاندىن كېيىن ئۇلار قادېشتىن كۆچۈپ چىقىپ، ئېدوم يۇرتىنىڭ چېگرىسىدا بولغان ھور تېغىنىڭ يېنىغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [38]ئۇ ۋاقىت ھارۇن كاھىن ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق ھور تېغىغا چىقىپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ مىسىر يۇرتىدىن چىققىنىنىڭ قىرىقىنچى يىلىنىڭ بەشىنچى ئايىنىڭ ئاۋۋالقى كۈنى ئاندا ئۆلدى. [39]ھارۇن ئۆزى ھور تېغىدا ۋاپات بولغان ۋاقىتتا بىر يۈز يىگىرمە ئۈچ ياشتا ئىدى.

[40]ئەمما قانائانلىق بولۇپ، قانائان يۇرتىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئولتۇراقلىق ئاراد پادىشاھى ئۆزى بەنى-ئىسرائىلنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

[41]ئۇ ۋاقىت ئۇلار ھور تېغىدىن كۆچۈپ چىقىپ، زالموناغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [42]ئاندىن كېيىن زالمونادىن كۆچۈپ چىقىپ، پۇنونغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [43]ئاندىن كېيىن پۇنوندىن كۆچۈپ چىقىپ، ئوبوتقا بېرىپ چېدىر تىكتى. [44]ئاندىن كېيىن ئۇلار ئوبوتتىن كۆچۈپ چىقىپ، موئابنىڭ چېگرىسىدىكى ئىيە-ئابارىمغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [45]ئاندىن كېيىن ئىيە-ئابارىمدىن كۆچۈپ چىقىپ، دىبون گادقا بېرىپ تىكتى. [46]ئاندىن كېيىن دىبون گادتىن كۆچۈپ چىقىپ، ئالمون-دىبلاتايىمغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [47]ئاندىن كېيىن ئالمون-دىبلاتايىمدىن چىقىپ، نېبونىڭ ئالدىدىكى ئابارىم تاغلىرىغا بېرىپ چېدىر تىكتى. [48]ئاندىن كېيىن ئۇلار

ئابارىم تاغلىرىدىن كۆچۈپ چىقىپ، يېرىخونىڭ ئۇتتۇرىدا ئىئوردانىنىڭ كانارىدىكى موئاب
تۈزلەڭلىكلىرىگە بېرىپ چېدىر تىكتى. [49] ئىئوردانىنىڭ كانارىدىكى تىككەن چېدىرگاھى بولسا
موئابنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە يېيىلىپ، بەيتىيشىموتتىن تارتىپ ئابەل-شىتتىمغىچە بارغانىدى.

## قانائان يۇرتىنى ئىگىلىۋېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق

[50] خۇداۋەندە ئۆزى يېرىخونىڭ ئۇتتۇرىدا ئىئوردانىنىڭ كانارىدىكى موئاب تۈزلەڭلىكلىرىدە
مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [51] «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئۇلارغا ئېيتقىنكى:
سىلەر ئۆزۈڭلار ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ، قانائان يۇرتىغا كىرىپ بولغىنىڭلاردا، [52] يۇرتنىڭ ھەممە
ئولتۇرغۇچىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ بارچە ئويما سۈرەتلىرىنى بۇزۇپ، ھەممە قۇيما
بۇتلىرىنى سۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بارلىق قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىنى يىقىتىۋېتىپ، [53] يۇرتنى
ئىگىلەپ ئېلىڭلار. مەن بۇ يۇرتنىڭ ئۆزىنى سىلەرگە مىراس قىلىپ بەرگەچ، سىلەر ئاندا
ئولتۇرۇپ، [54] چەك تاشلاش بىلەن يۇرتنىڭ ئۆزىنى خاندانلىرىڭلارغا مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ
ئېلىپ، چوڭ قەبىلىگە چوڭراق، كىچىك قەبىلىگە كىچىكرەك مىراس بېرىپ، ھەركىم ئۈچۈن
ئۇنىڭ چېكى چىققان جايدىن ھەسسە بېرىپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ قەبىلىلىرىگە مۇۋاپىق
ئۈلىشىۋېلىڭلار. [55] لېكىن ئەگەر سىلەر يۇرتنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىنى چىقىرىۋەتمىسەڭلار،
يۇرتتا قويۇپ قويغان كىشىلەر ئۆزى كۆزلىرىڭلارغا تىكەن بولۇپ، بىقىنلىرىڭلارغا شوخا
بولۇپ، قادىلىپ ئولتۇرغان يۇرتۇڭلاردا سىلەرنى قىيىن-قىستاققا سالىدۇ. [56] مۇندىن باشقا
مەنمۇ ئۇلارغا بەرمەكچى بولغان جازانى ياندۇرۇپ، سىلەرگە بېرىمەن» دېدى.

## قانائان زېمىنىنىڭ چېگراسى

34 [1] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [2] «سەن بەنى-ئىسرائىلغا بۇيرۇپ
ئېيتقىنكى: سىلەر قانائان يۇرتىغا كىرگىنىڭلاردا مانا بۇ يۇرت بولسا سىلەرگە مىراس
تېگىپ، قانائان يۇرتىنىڭ ئۆزى چېگرىسىغىچە سىلەرنىڭكى بولىدۇ.
[3] بۇ يۇرتۇڭلار بولسا جەنۇب تەرىپىدە زىن باياۋانىدىن تارتىپ ئېدوم يۇرتىنى ياقىلاپ، جەنۇبىي
چېگراڭلار بولسا شور دېڭىزنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ شەرق تەرىپىگە چىقىپ، [4] ئاندىن چېگراڭلار
ئۆزى ‹ سېرىق ئېشەك› داۋىنىنىڭ جەنۇب تەرىپى بىلەن قايرىلىپ، زىندىن ئۆتۈپ، قادەش-
بارنېئانىڭ جەنۇب تەرىپىگە چىقىپ، خازار-ئاددار بىلەن مېڭىپ ئاسمونغا يەتسۇن. [5] ئاندىن
كېيىن بۇ چېگرا ئۆزى ئاسموندىن قايرىلىپ مېڭىپ، مىسىرنىڭ دەرياسىغا چىقىپ، ئۇچى
دېڭىزغا بېرىپ تۈگىسۇن.

[6] لېكىن غەرب چېگرىسى بولسا چوڭ دېڭىزنىڭ ئۆزى چېگرائڭلار بولسۇن. بۇ ئۆزى غەرب
تەرىپىدىكى چېگرائڭلار بولسۇن.

[7] شىمال تەرىپىدىكى چېگرائڭلار بولسا چوڭ دېڭىزدىن تارتىپ ھور تېغىغىچە سىزىلسۇن.
[8] ھور تېغىدىن تارتىپ ئۇتتۇر خامات يولىغىچە چېگرائڭلارنى توختىتىڭلار. چېگرىنىڭ ئۇچى
بولسا زەدادىغا بېرىپ يەتسۇن. [9] ئاندىن بۇ چېگرا ئۆزى زىفرونغا چىقىپ، خازار-ئېنانغا بېرىپ
تۈگىسۇن. بۇ ئۆزى شىمال تەرىپىدىكى چېگرائڭلار بولسۇن.

[10] شەرق چېگرائڭلار بولسا سىلەر ئۇنى خازار-ئېناندىن تارتىپ ئۇتتۇر شېپامغىچە توختىتىڭلار.
[11] شېپامدىن بۇ چېگرا ئۆزى ئايىننىڭ شەرق تەرىپىدىكى رىبلاغا چۈشۈپ، ئاندىن پەسكە
مېڭىپ، كىننەرەت دېڭىزىنى ياقلاپ شەرق تەرىپىگە چىقسۇن. [12] ئاندىن بۇ چېگرا ئۆزى
ئىئوردانغا چۈشۈپ، ئۇچى شور دېڭىزغا بېرىپ تۈگىسۇن. بۇلار بولسا سىلەرگە بېرىلىدىغان
يۇرتنىڭ چۆرىسىدىكى چېگرىلار بولىدۇ».
[13] مۇسا ئۆزى بەنى-ئىسرائىلغا بۇيرۇپ ئېيتتىكى: «مانا بۇ بولسا سىلەر ئۇنى چەك تاشلاش
بىلەن ئۈلىشىۋېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىچە توققۇز يېرىم قەبىلىگە بېرىلىدىغان يۇرت
ئۆزى شۇدۇر. [14] چۈنكى بەنى-رۇبەننىڭ قەبىلىسى بولسا ئۆز خاندانلىرىغا مۇۋاپىق مىراس
تېپىپ، بەنى-گاد قەبىلىسىمۇ ئۆز خاندانلىرىغا مۇۋاپىق مىراس ئېلىپ، بەنى-ماناسسەنىڭ
يېرىم قەبىلىسى ھەم ئۆز ھەسسىسىنى ئېلىپ بولدى. [15] شۇنداقكى، بۇ ئىككى يېرىم قەبىلە
بولسا يېرىخونىڭ ئۇتتۇرى، ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپى، شەرق تەرىپىدە كۈن چىقىشتا ئۆز مىراس
ھەسسىسىنى تېپىپ بولدى» دېدى.

[16] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[17] «بۇ يۇرتنىڭ ئۆزىنى سىلەرگە مىراس قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىغان بىرىنەچچە كىشىلەر
بولسا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى
ئېلىئازار كاھىن بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا بولسۇن. [18] مۇندىن باشقا يۇرتنى ئۈلەشتۈرمەك
ئۈچۈن ھەر قەبىلىدىن بىر سەردارنى ئىلغىۋېلىڭلار.
[19] بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى شۇ،
يەنى يەھۇدا قەبىلىسىدىن يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالەب بولۇپ،
[20] بەنى-شىمون قەبىلىسىدىن ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى شەمۇئەل بولسۇن.
[21] بەنيامىن قەبىلىسىدىن كىسلوننىڭ ئوغلى ئېلىداد بولۇپ،
[22] بەنى-داننىڭ قەبىلىسىدىن يوگلىنىڭ ئوغلى بۇققى دېگەن سەردار بولسۇن.
[23] يۇسۇپنىڭ ئوغۇللىرى بولسا بەنى-ماناسسەنىڭ قەبىلىسىدىن ئېفودنىڭ ئوغلى خاننىيەل
سەردار بولۇپ،

[24] بەنى-ئەفرائىمنىڭ قەبىلىسىدىن شىفتاننىڭ ئوغلى كەمۇئەل سەردار بولسۇن.
[25] بەنى-زەبۇلۇننىڭ قەبىلىسىدىن پارناكنىڭ ئوغلى ئېلىزافان سەردار بولۇپ،
[26] بەنى-ئىسساكارنىڭ قەبىلىنىڭ ئاززاننىڭ ئوغلى پالتىيەل سەردار بولسۇن.
[27] بەنى-ئاشەرنىڭ قەبىلىسىدىن شېلومىنىڭ ئوغلى ئاخىھۇد سەردار بولۇپ،
[28] بەنى-نافتالىنىڭ قەبىلىسىدىن ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى پېداھەل سەردار بولسۇن».
[29] بۇلار بولسا قانائان يۇرتىدا بەنى-ئىسرائىلغا مىراسنى ئۈلەشتۈرۈپ بەرسۇن دەپ، خۇداۋەندە
تەرىپىدىن بۇيرۇق تاپقانلار ئىدى.

## لاۋىيلارنىڭ شەھەرلىرى

35 [1] خۇداۋەندە ئۆزى يېرىخونىڭ ئۇتتۇرىدا ئىئوردانىنىڭ كانارىدىكى موئابنىڭ
تۈزلەڭلىكلىرىدە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «سەن بەنى-ئىسرائىلغا بۇيرۇپ: ‹ سىلەر مىراس تېپىۋالىدىغان ھەسسىلىرىڭلاردا لاۋىيلارغا
ئولتۇرغىلى شەھەرلەر بېرىپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ چۆرىسىدىكى شەھەرگە تەۋە يەرلەرنىمۇ ئۇلارغا
تاپشۇرۇپ بېرىڭلار› دەپ ئېيتقىن. [3] شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە ئۇلار ئۆزى ئولتۇرسۇن، لېكىن
تەۋە يەرلىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئۇلاغ بىلەن كالا ۋە قالغان ھايۋانلىرى ئۈچۈن بولسۇن. [4] سىلەر
لاۋىيلارغا بېرىدىغان شەھەرنىڭ تەۋە يەرلىرى بولسا شەھەرنىڭ سېپىلىدىن تارتىپ ھەر
تەرىپىگە مىڭ گەزگىچە ئۇزارسۇن. [5] شەھەرنىڭ تاشقىرىدا سىلەر شەرق تەرىپىدە ئىككى مىڭ
گەز، غەرب تەرىپىدە ئىككى مىڭ گەز، جەنۇب تەرىپىدە ئىككى مىڭ گەز ۋە شىمال تەرىپىدە
ئىككى مىڭ گەزدىن ئۆلچەڭلار. شەھەر ئۆزى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۇلارغا تەگكەن شەھەرلەرنىڭ
چۆرىسىدە شۇنچە-شۇنچە يەر بولسۇن. [6] سىلەر لاۋىيلارغا بېرىدىغان شەھەرلەر بولسا ئۇلارنىڭ
ئىچىدىن ئالتىسى پاناھگاھ شەھەرلىرى بولسۇن. كىمكى ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، ئاندا قېچىپ
كەتسۇن. مۇندىن باشقا يەنە قىرىق ئىككى شەھەر ئۇلارغا بېرىڭلار.
[7] شۇنداقكى، سىلەر لاۋىيلارغا بېرىدىغان شەھەرلەر بولسا جەمئىي قىرىق سەككىز شەھەر بولۇپ،
چۆرىسىدە تەۋە جايلىرىمۇ بولسۇن. [8] بۇ شەھەرلەر ئۆزى بەنى-ئىسرائىلنىڭ مىراس ھەسسىسىدىن
چىقىرىلىپ، چوڭ قەبىلىدىن چوڭراق ئېلىنىپ، كىچىكتىن كىچىكرەك ئېلىنىپ، ھەر قەبىلە
ئۆزى تاپقان مىراس ھەسسىسىگە مۇۋاپىق لاۋىيلارغا شەھەرلەر ئايرىپ بەرسۇن».

## پاناھلىق شەھەرلىرى

[9] خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [10] «سەن بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلەپ ئۇلارغا
ئېيتقىنكى: سىلەر ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ، قانائان يۇرتىغا كىرگىنىڭلاردە، [11] ئۆزۈڭلار ئۈچۈن

پاناھگاھ شەھەرلىرى بولۇپ، بىركىم بىلمەسلىكتە ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، ئاندا قېچىپ
كەتسۇن دەپ، بىرنەچچە شەھەرلەرنى ئىلغاڭلار. [12] بۇ شەھەرلەر بولسا ئادەم ئۆلتۈرگەن
كىشى جامائەتنىڭ ئالدىدا سوراقفا تارتىلىپ ھۆكۈم قىلىنمىغۇچىلىك ئۆلتۈرۈلمىسۇن
دەپ، ئىنتىقام ئالغۇچىدىن سىلەرگە پاناھگاھ بولسۇن. [13] پاناھگاھ شەھەرلىرى بولۇشقا
چىقىرىلغان شەھەرلىرىڭلار بولسا ئالتە شەھەر بولۇپ،
[14] ئۈچ شەھەر ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بېرىلىپ، باشقا ئۈچ شەھەر بولسا قانائان يۇرتىدىن
بېرىلىپ، پاناھگاھ شەھەرلىرى بولسۇن. [15] بۇ ئالتە شەھەر بولسا بەنى-ئىسرائىل بىلەن
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان مۇساپىر ئۈچۈن پاناھگاھ بولۇپ، كىمكى بىلمەسلىكتە ئادەم
ئۆلتۈرگەن بولسا، ئاندا قېچىپ كەتسۇن.
[16] لېكىن ئەگەر بىركىم تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن بىر ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ ئۆزى
قاتىللىق قىلغۇچى بولغاچ ئۆلۈم جازاسىنى تاپسۇن. [17] ئەگەر بىركىم ئادەم ئۆلتۈرگىلى
بولىدىغان بىر تاشنى قولىغا ئېلىپ، بىر ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، بۇ ئۆزى قاتىللىق
قىلغۇچى بولغاچ ئۆلۈم جازاسىنى تاپسۇن. [18] يا بىركىم ئادەم ئۆلتۈرگىلى بولىدىغان ياغاچنى
قولىغا ئېلىپ، بىر كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، بۇ ئۆزى قاتىللىق قىلغۇچى بولغاچ ئۆلۈم
جازاسىنى يېسۇن. [19] قان ئىنتىقامىنى ئالغۇچى ئۆزى قان تۆككۈچىنى ئۆلتۈرۈپ، قەيەردە
تاپسا، ئۇنى ئۆلتۈرسۇن.
[20] ئەگەر بىركىم ئاداۋەت قىلىپ، بىر كىشىنى ئىتتىرىۋەتسە ياكى قەستەن ئۇنىڭغا بىر نېمە
ئېتىپ ئۆلتۈرسە، [21] يا دۈشمەنلىك قىلىپ ئىتتىپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇرغان كىشىنىڭ ئۆزى
قاتىللىق قىلغۇچى بولغاچ ئۆلۈم جازاسىنى تاپسۇن. قان ئىنتىقامىنى ئالغۇچى ئۆزى ئۇنى
قەيەردە تاپسا، ئۆلتۈرسۇن.
[22] لېكىن ئەگەر بىركىم بىر كىشىنى ئاداۋەت قىلماي، بىلمەسلىكتە ئىتتىرىۋەتسە ياكى
بىلمەسلىكتە ئۈستىگە بىر نېمىنى تاشلىسا [23] يا ئۇنى كۆرمەي، ئادەم ئۆلگۈدەك تاشنى
ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ سېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ، ئۇنىڭ دۈشمەن بولماي، ئۇنى ئۆلتۈرگىلى
قەستلىمىگەن بولسا، [24] جامائەت ئۆزى مۇنداق قان تۆككۈچى بىلەن قان ئىنتىقامىنى
ئالغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇ ئەھكاملارغا مۇۋاپىق ھۆكۈم قىلسۇن. [25] شۇنداقكى، جامائەت
ئۆزى قان تۆككۈچىنى قان ئىنتىقامىنى ئالغۇچىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى
قېچىپ كەتكەن پاناھگاھ شەھىرىگە ياندۇرۇپ بەرسۇن. ئاندا بۇ كىشى ئۆزى مۇقەددەس ياغ
بىلەن مەسىھلەنگەن ئۇلۇغ كاھىن ئۆلۈپ كەتكۈچىلىك تۇرۇپ تۇرسۇن. [26] لېكىن ئەگەر قان
تۆككۈچى ئۆزى قېچىپ بېرىپ ئالغان پاناھگاھ شەھەرنىڭ چېگرىسىدىن تاشقىرى چىقىپ
قالغىنىدا، [27] قان ئىنتىقامىنى ئالغۇچى ئۇنى تېپىپ، شەھەرنىڭ ھۇدۇدىنىڭ سىرتىدا قان
تۆككۈچىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، [28] ئۇنىڭغا قان گۇناھى توختاتمىسۇن. چۈنكى قان
تۆككۈچى بولسا ئۇلۇغ كاھىن ئۆلۈپ كەتكۈچىلىك ئۆز پاناھگاھ شەھىرىدە تۇرۇپ تۇرۇشى
كېرەك. ئۇلۇغ كاھىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۆز مىراس جايىغا يېنىپ كەتسە بولىدۇ. [29] بۇ ئۆزى

سىلەر ئۇچۇن قەيەردە ئولتۇرساڭلار نەسىلدىن نەسىلگە بىر قانۇن بولسۇن.
[30]ئەگەر بىركىم باشقا بىركىمنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، قاتىللىق قىلغۇچى ئۆزى گۇۋاھلارنىڭ گۇۋاھلىقىغا قاراپ ئۆلتۈرۈلسۇن. ئەمما يالغۇز بىر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بىركىم ئۆلتۈرۈلمىسۇن. [31]بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قاتىللىق قىلغان ئادەم بولسا ئۇنىڭ جېنى ئۇچۇن بەدەل ئالماڭلار، بەلكى ئۇ ئۆزى ئۆلۈم جازاسىنى تاپسۇن. [32]شۇنىڭغا ئوخشاش سىلەر بولساڭلار كاھىن ئۆزى ئۆلۈپ كەتمەستىن ئىلگىرى يېنىپ كېتىپ يۇرتتا ئولتۇرسۇن دەپ، بىر پاناھ شەھىرىگە قېچىپ كەلگەن بىر كىشى ئۇچۇن بەدەلمۇ ئالماي،
[33]ئۆزۈڭلار ئولتۇرغان يۇرتنى ناپاك قىلماڭلار. يۇرت بولسا قان بىلەن ناپاك بولىدۇ. قان تۆككۈچىنىڭ ئۆز قېنى بىلەن بولمىسا، ئۇنىڭ ئىچىدە تۆكۈلگەن قان ئۇچۇن يۇرتنىڭ ئۆزىگە كاپارەت قىلىنمايدۇ. [34]مەن ئاندا ماكان تۇتۇپ، ئۆزۈڭلار ئولتۇرغان يۇرتنى ناپاك قىلماڭلار، چۈنكى مەن خۇداۋەندە بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا ماكان تۇتىمەن».

## زېلوفخادنىڭ قىزلىرىغا تەۋە بولغان مىراس

36 [1]يۇسۇپنىڭ نەسىللىرىدىن بولغان گىلياد بەن-ماكىر بەن-ماناسسەنىڭ خانىدانلىرىغا باش بولغان كىشىلەر كېلىپ، مۇسا بىلەن بەنى-ئىسرائىلنىڭ خانىدانلىرىغا باش بولغان ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سۆز قىلىپ، [2]ئېيتتىكى: «خۇداۋەندە ئۆزى بىزنىڭ خوجىمىزغا: ‹ سەن چەك تاشلاش بىلەن يۇرتنى بەنى-ئىسرائىلغا ئۈلەشتۈرۈپ مىراس قىلىپ بەرگىن› دەپ بۇيرۇغاندىن باشقا، خۇداۋەندىمۇ ساڭا بۇرادىرىمىز زېلوفخادنىڭ مىراسىنى ئۇنىڭ قىزلىرىغا بەرگىلى بۇيرۇدى. [3]لېكىن ئەگەر بۇلار بەنى-ئىسرائىلنىڭ باشقا بىر قەبىلىدىن بولغان بىر كىشىگە تەگسە، ئۇلارنىڭ مىراس ھەسسىسى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مىراس ھەسسىسىدىن ئاجرىتىلىپ كېتىپ، ئۇلار قوشۇلغان قەبىلىنىڭ مىراس ھەسسىسى چوڭراق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مىراسىمىزنىڭ بىر ھەسسىسى كېتىپ، [4]بەنى-ئىسرائىلنىڭ شادلىق يىلى كەلسە، ئۇلارنىڭ مىراس ھەسسىسى قوشۇلغان قەبىلىسىنىڭ مىراسىغا قېتىلىپ، ئۇلارنىڭ مىراس ھەسسىسى بولسا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبىلىسىنىڭ مىراسىدىن ئېلىنىپ كېتىدۇ» دېدى.
[5]ئۇ ۋاقىت مۇسا ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ھۆكۈمىگە قاراپ ئېيتتىكى: «بەنى-يۇسۇپنىڭ قەبىلىسى بولسا راست سۆز قىلدى. [6]خۇداۋەندە ئۆزى زېلوفخادنىڭ قىزلىرى توغرىسىدا مۇنداق بۇيرۇپ ئېيتتىكى: ‹ ئۇلار بولسا يالغۇز ئۆز خانىدانىدىن بولۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبىلىسىدىن بولغان بىر كىشىگە تەگسە، كىمگە خالىسا تەگسۇن. [7]چۈنكى بەنى-ئىسرائىلنىڭكى بولغان مىراس ھەسسىسى بولسا بىر قەبىلىدىن باشقا قەبىلىگە ئۆتمەي، بەلكى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەربىرى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ مىراس ھەسسىسىنى تۇتسۇن. [8]بەنى-ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ

بىرىنىڭ ئىچىدە مىراس تاپقان بىر خوتۇن ئۆزى ئەرگە تەگسە، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەربىرى
ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ مىراس ھەسسىسىنى تۇتسۇن دەپ، ئۆز خانىدانىدىن بولۇپ، ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ قەبىلىسىدىن بولغان بىر كىشىگە تەگسۇن. 9 چۈنكى ھېچ مىراس ھەسسىسى
بىر قەبىلىدىن باشقا بىر قەبىلىگە ئۆتمەي، بەلكى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەربىرى ئۆز مىراس
ھەسسىسىنى تۇتسۇن› دەپ ئېيتتى» دېدى.
10 زېلوفخادنىڭ قىزلىرى بولسا خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا بۇيرۇغاندەك قىلىپ، 11 ماخلا، تىرزا،
خوگلا، مىلكا ۋە نوئا دەپ ئاتىلىپ، زېلوفخادنىڭ قىزلىرى بولغانلارنىڭ ئۆزى ئۆز تاغىلىرىنىڭ
ئوغۇللىرىغا تېگىپ، 12 يۈسۈپنىڭ ئوغلى ماناسسەنىڭ نەسىل خانىدانلىرىنىڭ ئىچىدە
نىكاھلانغاچ، ئۇلارنىڭ مىراس ھەسسىسى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدان قەبىلىسىنىڭ ئىچىدە
قالدى.
13 بۇ قائىدىلەر بولسا خۇداۋەندە ئۆزى مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن يېرىخونىڭ ئۇتتۇرىدا
ئىئوردانىنىڭ يېنىدىكى موئابنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە بەنى-ئىسرائىلغا بەرگەن ھۆكۈم بىلەن
قانۇنلار بولىدۇ.

مۇقەددەس كىتاب

# قانۇن شەرھى

# قانۇن شەرھى

مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
(تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

5-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# قانۇن شەرھى

## مۇسانىڭ بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەسلەپ نۇتۇق قىلىشى

1 1 بۇ سۆزلەر بولسا مۇسانىڭ ئۆزى ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چۆلدە سۇفنىڭ ئۇتتۇرىدا
پاران، توفەل، لابان، خازېروت ۋە دى-زاھابنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، 2 خورېبتىن ئون
بىر كۈنلۈك يول نېرى تۇرۇپ، سېئىر تېغىنىڭ يولىدا قادېش-بارنېئا تەرىپىدە بولغىنىدا،
ھەممە بەنى-ئىسرائىلغا شۇلارنى دەپ بېرىپ ئېيتتى. 3 قىرىقىنچى يىلىنىڭ ئون بىرىنچى
ئايىنىڭ ئاۋۋالقى كۈنى مۇسانىڭ ئۆزى خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئۆزىگە بەنى-ئىسرائىلغا سۆزلىگىلى
بۇيرۇغىنىدەك ئۇلارغا سۆزلىگىلى تۇردى. 4 بۇ بولسا مۇسا ئۆزى ئامورىيلارنىڭ خېشبوندا
ئولتۇراقلىق پادىشاھى سىخون بىلەن باشانىڭ ئەدرەيدىكى ئاشتاروتتا ئولتۇراقلىق پادىشاھى
ئوگنى ئۇرۇپ مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ۋەقە بولدى. 5 مۇسا ئۆزى ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى
موئابنىڭ يۇرتىدا بۇ قانۇننى بايان قىلغىلى باشلاپ ئېيتتىكى:

6 «تەڭرىڭلار خۇداۋەندە خورېبتا بىزگە سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: ‹ يەتكۈدەك ۋاقىت بۇ تاغدا تۇرۇپ
قالدىڭلار. 7 ئەمدى قوپۇپ، باشقا تەرەپكە قايرىلىپ، ئامورىيلارنىڭ تاغلىرىغا مېڭىپ، ئۇلارنىڭ
ھەقەمسايە خەلقلىرى بولۇپ تۈزلەڭلىك بىلەن تاغلاردا، پەس يۇرتى بىلەن جەنۇب يۇرتى ۋە
دېڭىزنىڭ كانارىدا ئولتۇراقلىق ھەممە تائىپىلەرگە بېرىپ، قانائانلىقلارنىڭ يۇرتىغا كىرىپ،
لىۋانغا چىقىپ، فىرات دەرياسى دېگەن چوڭ دەرياغىچە كېتىپ بېرىڭلار. 8 مانا مەن ئۆزۈم
يۇرتنى قولۇڭلارغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئەمدى سىلەر بېرىپ، خۇداۋەندە ئۆزى ئاتا-بوۋىلىرىڭلار
بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇبقا قەسەم قىلىپ: «سىلەر بىلەن سىلەردىن كېيىن
كېلىدىغان نەسلىگە ئۇنى بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغان يۇرتنى ئىگىلىۋېلىڭلار› دەپ ئېيتتى.
9 ئۇ ۋاقىت مەن سىلەرگە سۆز قىلىپ ئېيتتىمكى: ‹ مەن يۈكۈڭلارنى يالغۇز كۆتۈرەلمەيمەن.
10 مانا تەڭرىڭلار خۇداۋەندە بولسا سىلەرنى ئاۋۇتقاچ، سىلەر ئەمدى ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىدەك
تولا بولۇپ قالدىڭلار. 11 ئۇ ئۆزى سىلەرگە ئېيتقىنىدەك ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى
بولغان خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرنى تېخى مىڭ مەرتىۋە ئوشۇقراق ئاۋۇتۇپ بەرىكەتلىگەي.
12 لېكىن مەن بولسام يۈكۈڭلارنى يالغۇز قانداق كۆتۈرۈپ، جاپالىرىڭلارنى تارتىپ، تالاش-
تارتىشىڭلارغا قانداق چىدىيالايمەن؟ 13 بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆز قەبىلىلىرىڭلاردىن دانا بىلەن
ئەقىلدار، مەشھۇر بولغان كىشىلەرنى ئىلغاپ كەلتۈرسەڭلار، مەن ئۇلارنى ئۈستۈڭلارغا باش
قىلىپ قويىمەن› دېسەم، 14 سىلەر ماڭا جاۋاب بېرىپ: ‹ سېنىڭ ئېيتقىنىڭدەك قىلىنسا،
ياخشى بولىدۇ› دەپ ئېيتقان ئىدىڭلار. 15 ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزۈم قەبىلىلىرىڭلارنىڭ
ئىچىدىن دانا ۋە مەشھۇر كىشىلەرنى ئېلىپ، ئۇلارنى مىڭبېشى، يۈزبېشى، ئەللىك بېشى ۋە

ئۇنبېشى بولسۇن دەپ، ئۇستۇڭلارغا باش قىلىپ، قەبىلىلىرىڭلارغا سەردار قىلىپ قويدۇم.
[16] مەن ھاكىملىرىڭلارغا بۇيرۇپ ئېيتتىمكى: ‹ سىلەر بولساڭلار بۇرادەرلىرىڭلارنىڭ دەۋاسىنى
ئاڭلاپ، خاھى بىر كىشى ئۆز بۇرادىرى بىلەن دەۋاسى بولسۇن، خاھى ئۇنىڭكىدە ئولتۇرغان
مۇساپىر بىلەن دەۋاسى بولسۇن، ئارىسىدا ھەقلىق بىلەن ھۆكۈم سۈرۈپ، [17] ھۆكۈم سۈرۈشتە
ھېچ كىشىگە يۈز-خاتىرە قىلماي، چوڭ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندەك كىچىكنىڭكىنىمۇ
ئاڭلاپ، ئادالەت ئۆزى خۇدانىڭكى بولغاچ ھېچكىمنىڭ يۈزىدىن قورقماڭلار. لېكىن ئەگەر بىر
دەۋا ئۇستۇڭلارغا تەس كۆرۈنسە، مېنى ئاڭلىسۇن دەپ، قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار› دەپ [18] ئۇ
ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سىلەرگە قىلىدىغان ئىشلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى بۇيرۇغانىدىم.

[19] ئاندىن كېيىن بىز ئۆزىمىز تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق خورەبتىن كۆچۈپ
چىقىپ، سىلەر ئۆزۈڭلار ئامورىيلارنىڭ تاغلىق يۇرتىنىڭ يولىدا كۆرگەن قورقۇنچلۇق چوڭ
چۆلنىڭ ھەممىسىنى كېزىپ، قادىش-بارنېئاغا يېتىپ كەلدۇق. [20] ئۇ ۋاقىت مەن سىلەرگە: ‹
ئەمدى سىلەر بولساڭلار ئۆزى ئامورىيلارنىڭكى بولۇپ، تەڭرىمىز خۇداۋەندە بىزلەرگە بېرىدىغان
تاغلىق يۇرتقا كەلدىڭلار. [21] مانا بۇ يۇرتنىڭ ئۆزىنى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئالدىڭدا قويدى.
ئەمدى سەن چىقىپ، جۈرئەتلىك بولۇپ ھېچ قورقماي، ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە
ئۆزى ساڭا ئېيتقىنىدەك ئۇنى ئىگىلىۋالغىن› دېسەم، [22] ھەممەڭلار قېشىمغا كېلىپ: ‹ بىز
بېرىشتىن ئىلگىرى يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ، بىز بېرىدىغان يول بىلەن كىرىدىغان
شەھەرلەر توغرىسىدا خەۋەر ئېلىپ كەلسۇن دەپ، ئاندا ئىلگىرى كىشىلەر ئەۋەتىلسۇن› دەپ
ئېيتتىڭلار. [23] بۇ سۆز ماڭا خۇش كەلگەچ مەن ئۆزۈم ھەر قەبىلىدىن بىردىن ئادەم ئېلىپ،
ئاراڭلاردىن ئون ئىككى كىشىنى ئىلغىسام، [24] ئۇلار بېرىپ، تاغ يۇرتىغا چىقىپ، ئۈزۈم
ۋادىسىغا چۈشۈپ، يۇرتتا جاسۇسلۇق قىلىپ، [25] يۇرتنىڭ مېۋىسىدىن ئاز-ماز ئۆزى بىلەن
قېشىمىزغا ئېلىپ كېلىپ، بىزگە خەۋەر بېرىپ: ‹ مانا تەڭرىمىز خۇداۋەندە بىزگە بېرىدىغان
يۇرت بولسا ياخشى ئىكەن› دەپ ئېيتتى.
[26] لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، سىلەر ئاندا چىققىلى خالىماي، بەلكى تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ
بۇيرۇقىنىڭ ئۆزىگە قارشى چىقىپ، [27] چېدىرلىرىڭلاردا ئولتۇرۇپ غوتۇلدىشىپ: ‹ خۇداۋەندە
بىزنى يامان كۆرگەچ بىزنى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ، ئامورىيلارنىڭ قولىغا تۇتۇپ
بېرىپ، بىزنى ھالاك قىلغىلى خالايدۇ. [28] نە يەرگە بارايلى؟ بۇرادەرلىرىمىز بولسا بىزنىڭ
كۆڭۈللىرىمىزنى ئېزىپ: «ئانداكى خەلق بولسا بىزلەردىن چوڭ-چوڭ، ئېگىز-ئېگىز بولۇپ،
شەھەرلىرى بولسا چوڭ-چوڭ بولۇپ، سېپىللىرى ئاسمانغا تاقىشىپ، بەنى-ئاناقمۇ ئاندا بار
ئىكەن» دەپ ئېيتتى› دېدىڭلار. [29] ئۇ ۋاقىت مەن سىلەرگە جاۋاب بېرىپ: ‹ سىلەر جۈرئەتلىك
بولۇپ، ئۇلاردىن قورقماڭلار. [30] تەڭرىڭلار خۇداۋەندە بولسا كۆز ئالدىڭلاردا سىلەر ئۈچۈن
مىسىردا قىلغاندەك ھېلىمۇ ئالدىڭلاردا مېڭىپ، سىلەرنىڭ تەرىپىڭلاردىن جەڭ قىلىدۇ.
[31] ئەجەبا ئىنسان ئۆزى ئۆز ئوغلىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەندەك، تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنى بۇ يەرگە

يەتكۈچىلىك ھەممە يۈرگەن يوللىرىڭدا چۆلدە كۆتۈرۈپ يۈرگىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ [32] لېكىن
شۇنداق بولسىمۇ، ئۆز تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە ئىشەنمىدىڭلار. [33] ئۇ ئۆزى چۈشىدىغان
جايىڭلارنى تەيىنلىمەك ئۈچۈن يولدا ئالدىڭلاردا مېڭىپ، ماڭىدىغان يولۇڭلارنى كۆرسەتمەك
ئۈچۈن كېچىسى ئوت، كۈندۈزى بۇلۇت بىلەن يۈرمىدىمۇ؟› دەپ ئېيتتىم. [34] ئەمما خۇداۋەندە
سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلىغىنىدا غەزەپلىنىپ قەسەم قىلىپ: ‹ [35] شەكسىز بۇ يامان نەسلدىكى
ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى مەن قەسەم قىلىپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا بەرگىلى ۋەدە قىلغان
يۇرتنى كۆرمەيدۇ. [36] يالغۇز يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالەب ئۇنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىگە
كامىل تەرىقىدە ئەگەشكەچ، ئۆزى كىرگەن يۇرتنى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بالىلىرىغا بېرىمەن› دەپ
ئېيتتى. [37] سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن خۇداۋەندە ماڭا غەزەپلىنىپ: ‹ سەنمۇ ئاندا كىرمەيسەن.
[38] ئەمما خىزمەتكارىڭ بولغان يەشۇئا بەن-نۇن ئاندا كىرىدۇ. ئۇ ئۆزى جۈرئەتلىك بولسۇن دەپ،
ئۇنى قۇۋۋەتلەندۈرگىن، چۈنكى ئۇ بولسا يۇرتنى بەنى-ئىسرائىلغا مىراس قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ
بېرىدۇ. [39] لېكىن سىلەر ئۇلار توغرىسىدا: «ئۇلار دۈشمەننىڭ ئولجىسى بولىدۇ» دەپ ئېيتىپ
تېخى ياخشى بىلەن يامانىنىڭ ئارىسىدا پەرق ئېتىشنى بىلمىگەن بالىلىرىڭلار بولسا ئاندا
كىرىپ، مەن ئۇلارغا يۇرتنى بەرگەچ ئۇنى مىراس قىلىپ ئالىدۇ. [40] لېكىن سىلەر بولساڭلار،
ئەمدى قوپۇپ باشقا تەرەپكە قايرىلىپ، قىزىل دېڭىزنىڭ يولى بىلەن چۆلنىڭ ئىچىگە بېرىڭلار›
دەپ ئېيتتى. [41] ئۇ ۋاقىت سىلەر جاۋاب بېرىپ، ماڭا سۆزلەپ: ‹ بىز بولساق خۇداۋەندىگە
گۇناھ قىلدۇق. ئەمدى بىز چىقىپ، تەڭرىمىز خۇداۋەندە بىزگە بۇيرۇغاندەك جەڭ قىلايلى›
دەپ ئېيتىپ، بەل باغلاپ، ھەربىرىڭلار قوراللىنىپ، تاغ يۇرتىغا بارغىلى تەييار بولدۇڭلار.
[42] لېكىن خۇداۋەندە ماڭا سۆزلەپ: ‹ سەن ئۇلارغا: «سىلەر ئۇ يەرگە چىقىپ جەڭ قىلماڭلار،
چۈنكى مەن ئاراڭلاردا ئەمەسمەن. ئۇنداق قىلماڭلار، بولمىسا دۈشمەنلىرىڭلاردىن ئۈزۈلۈپ
مەغلۇپ بولىسىلەر» دەپ ئېيتقىن› دېدى. [43] مەن ئۇ ۋاقىت سىلەرگە گەپ قىلسام، سىلەر
بۇنىڭغا قۇلاق سالماي، بەلكى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىپ، ئۆز بېشىمچىلىق
قىلىپ تاغ يۇرتىغا چىقتىڭلار. [44] ئەمما ئۇ تاغلىق يۇرتتا ئولتۇرغان ئامورىيلار سىلەرگە قارشى
چىقىپ، ھەرىلەردەك سىلەرنى قوغلاپ، سېئىردا سىلەرنى ئۇرۇپ پاراكەندە قىلىپ، خورماھقىچە
قوغلىغىلى تۇردى. [45] ئۇ ۋاقىت سىلەر يېنىپ كېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يىغلىدىڭلار.
لېكىن خۇداۋەندە بولسا پەريادىڭلارغا قۇلاق سالماي تۇرۇپ، سىلەرنى تىڭشىمىدى. [46] بۇنىڭ
بىلەن سىلەر قادېشتا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قېلىپ، تولا كۈنلەرگىچە ئولتۇرۇپ قالدىڭلار.

2 [1] ئاندىن كېيىن بىز باشقا تەرەپكە قايرىلىپ، خۇداۋەندە ماڭا بۇيرۇغىنىدەك قىزىل
دېڭىزنىڭ يولى بىلەن باياۋانغا كېلىپ، ئۇزۇن ۋاقىتقىچە سېئىر تېغىنىڭ ئەتراپىدا
ئايلىنىپ يۈردۇق. [2] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ماڭا سۆزلەپ: ‹ [3] سىلەر بولساڭلار بۇ تاغنىڭ
ئەتراپىدا يەتكۈدەك ۋاقىت ئايلىنىپ يۈرۈپ قالدىڭلار. ئەمدى شىمال تەرىپىگە قايرىلىڭلار.

4 سەن خەلققە بۇيرۇپ: «ئەمدى سىلەر سېئىردا ئولتۇراقلىق بۇرادەرلىرىڭلار بولغان بەنى-
ئەساۋنىڭ زېمىنىدىن ئۆتىسىلەر. ئۆتكىنىڭلاردا ئۇلار سىلەردىن قورقۇپ قالىدۇ، ئەمما
سىلەر ئېھتىيات قىلىپ، 5 ئۇلار بىلەن سوقۇشماڭلار، چۈنكى سېئىرنىڭ تاغلىق يۇرتىنى
ئەساۋغا مىراس قىلىپ بەرگىنىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن پۇت قويغۇچىلىك جاي سىلەرگە
بەرمەيمەن. 6 يەيدىغان تائامىڭلار بولسا ئۇلاردىن پۇلغا ئېلىپ، ئىچىدىغان سۇيىڭلارنىمۇ
ئۇلاردىن پۇلغا ئېلىڭلار. 7 مانا تەڭرىڭ خۇداۋەندە بولسا قولۇڭنىڭ ھەممە ئىشىغا بەرىكەت
بېرىپ، بۇ چوڭ باياۋاندا قىلغان سەپىرىڭدىن خەۋەر ئېلىپ، بۇ قىرىق يىل تەڭرىڭ خۇداۋەندە
سەن بىلەن بولغاچ ھېچنېمەڭ كەم بولمىدى» دەپ ئېيتقىن› دېدى.
8 بۇنىڭ ئۈچۈن بىز بولساق سېئىردا ئولتۇراقلىق بۇرادەرلىرىمىز بەنى-ئەساۋنىڭ يېنىدىن
قايرىلىپ، تۇزلەڭلىك يولى بىلەن مېڭىپ ئېلات بىلەن يۇرۇپ، ئەسيون-گېبەردىن ئۆتۇپ،
ئاندىن قايرىلىپ موئاب باياۋانىنىڭ يولىغا چۈشۈپ ماڭدۇق. 9 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ماڭا
ئېيتتىكى: ‹ سەن بولساڭ موئابقا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلار بىلەن سوقۇشمىغىن، چۈنكى مەن
ئۆزۈم ئار يۇرتىنى لوتنىڭ ئەۋلادلىرىغا مىراس قىلىپ بەرگىنىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن
ساڭا ھېچ مىراس بەرمەيمەن» دېدى.

10 ئىلگىرى ئۇ يۇرتتا ئېمىيلار ئولتۇراقلىق ئىدى. ئۇلار بولسا ئاناقىيلارغا ئوخشاش چوڭ-چوڭ
ئېگىز-ئېگىز بولۇپ، سانى تولا ئىدى. 11 ئاناقىيلارغا ئوخشاش ئۇلارمۇ گىگانتلارنىڭ قاتارىدا
سانالدى. لېكىن موئابىيلار بولسا ئۇلارنى ئېمىيلار دەپ ئاتىدى. 12 قەدىمكى ۋاقىتتا سېئىرنىڭ
ئۆزىدە خورىي دېگەن بىر قوۋم ئولتۇراقلىق ئىدى. لېكىن ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇلارنى
ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۆز ئالدىدىن يوقىتىۋېتىپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۆزى خۇداۋەندە ئۇلارغا
مىراس قىلىپ بەرگەن يۇرتقا بېرىپ ئولتۇرغاندەك، بۇلارمۇ ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئولتۇرۇۋالغانىدى.

13 ‹ ئەمدى قوپۇپ، زارەد جىلغىسىدىن ئۆتۈڭلار› دەپ خۇداۋەندە دېسە، بىز قوپۇپ زارەد
جىلغىسىدىن ئۆتۇپ كەتتۇق. 14 بىز ئۆزىمىز قادېش-بارنېئادىن چىقىپ، زارەد جىلغىسىدىن
ئۆتۇپ بولغۇچىلىك ئوتتۇز سەككىز يىل ئۆتۇپ كېتىپ، بۇ ۋاقىت ئىچىدە خۇداۋەندىنىڭ
قىلغان قەسىمىگە مۇۋاپىق چېدىرگاھتىكى بۇ نەسلىنىڭ جەڭگە لايىق كىشىلىرىنىڭ
ھەممىسى ئۆلۇپ كەتتى. 15 ئۇلار ئۆلۇپ تۈگەپ بولمىغۇچىلىك، خۇداۋەندىنىڭ قولى
چېدىرگاھتا ئۇلارنى يوقىتىشتىن يىغىلمىغانىدى.

16 جەڭگە لايىق بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۇپ، قوۋمنىڭ ئىچىدىن تۈگەپ بولغىنىدا،
17 خۇداۋەندە ماڭا سۆز قىلىپ:
18 ‹ بۇ كۈن سەن موئابنىڭ چېگرىسىدىكى ئار شەھىرىدىن ئۆتكىن. 19 ئۆتۇپ، بەنى-ئاممونغا
يېقىن بارغىنىڭدا سەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلار بىلەن سوقۇشمىغىن، چۈنكى مەن بولسام

بەنى-ئاممونىنىڭ يۇرتىنى لوتنىڭ ئەۋلادلىرىغا مىراس قىلىپ بەرگەچ، ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى ساڭا مىراس قىلىپ بەرمەيمەن› دېدى.

[20] قەدىمكى ۋاقىتتا گىگانتلار ئاندا ئولتۇرغاچ بۇ يۇرتمۇ گىگانتلارنىڭ يۇرتىدەك سانالدى، لېكىن ئاممونىيلارنىڭ ئۆزى ئۇلارنى زامزۇممىيلار دەپ ئاتىغانىدى. [21] ئۇلار بولسا ئاناقىيلارغا ئوخشاش چوڭ-چوڭ بولۇپ سانى تولا، بويى ئېگىز بىر خەلق بولغانىدى. لېكىن خۇداۋەندە ئۇلارنى بەنى-ئاممونىنىڭ ئالدىدىن ۋەيران قىلغاچ بۇلار ئۇلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ، يۇرتىدا ئولتۇرۇۋالغانىدى. [22] شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇ سېئىردا ئولتۇرغان بەنى-ئەساۋ ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن خورىيلارنى ۋەيران قىلغانىدى. بەنى-ئەساۋ بولسا ئۇلارنى چىقىرىۋېتىپ يۇرتىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، بۇ كۈنگىچە ئاندا ئولتۇرماقتا. [23] شۇنىڭدىنمۇ گازاغىچە بار كەنتلەردە ئولتۇرغان ئاۋۋىيلارنىڭ ئۆزى كافتورىيلاردىن ۋەيران قىلىندى. بۇلار كافتوردىن چىقىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئولتۇرۇۋالدى.

[24] ‹ ئەمدى سىلەر قوپۇپ چىقىپ، ئارنون جىلغىسىدىن ئۆتۈڭلار. مانا مەن ئۆزۈم خېشبوننىڭ پادىشاھى ئاموريي سىخوننىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ يۇرتىنى قولۇڭغا بەردىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سەن قوپۇپ، يۇرتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشقىلى باشلىغىن. [25] بۇ كۈندىن تارتىپ ئاسماننىڭ تېگىدىكى ھەممە خەلقلەرنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ قورقۇنچۇڭنى ئەۋەتىمەن. شۇنداقكى، ئۇلار سېنىڭ خەۋىرىڭنى ئاڭلىسا، سەندىن تىترەپ، دەھشەتكە چۈشىدۇ› دەپ خۇداۋەندە ئېيتتى.
[26] ئۇ ۋاقىت مەن قادېموت چۆلىدىن خېشبوننىڭ پادىشاھى سىخوننىڭ قېشىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ سالام ئېيتقۇزۇپ: [27] ‹ يۇرتۇڭدىن ئۆتكىلى ماڭا ئىجازەت بەرگىن. مەن بولسام، يول بىلەن ئۆتتۇر مېڭىپ، خاھى ئوڭغا، خاھى چەپكە قايرىلمايمەن. [28] يەيدىغان تائامىم بولسا ماڭا پۇلغا سېتىپ بېرىپ، ئىچىدىغان سۈيىمنىڭ ئۆزىنىمۇ ماڭا پۇلغا سېتىپ بەرگىن. پەقەت پىيادە ئۆتۈپ بارغۇم بار. [29] سېئىردا ئولتۇراقلىق بەنى-ئەساۋ بىلەن ئاردا ئولتۇراقلىق موئابىيلارنىڭ ئۆزى ماڭا شۇنداق ئىجازەت بەردى. مەن بولسام، ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ تەڭرىمىز خۇداۋەندە بىزگە بېرىدىغان يۇرتقا كىرمەكچىدۇرمەن› دەپ ئېيتقۇزدۇم.
[30] لېكىن خېشبوننىڭ پادىشاھى سىخون بولسا بىزنى ئۆز يۇرتىدىن ئۆتكىلى قويمىدى. چۈنكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۇنىڭ زېھنىنى قاتتۇرۇپ، ئەمدى بولغانىدەك ئۇنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرماق ئۈچۈن كۆڭلىنى قاتتىق قىلدى. [31] خۇداۋەندە ئۆزى ماڭا سۆز قىلىپ: ‹ مانا مەن ئەمدى سىخوننىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ يۇرتىنى قولۇڭغا بەرگىلى باشلىدىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىگىلىۋالغىلى قەدەم قويغىن. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ يۇرتىنى مىراس قىلىپ ئالىسەن› دېدى.
[32] ئۇ سىخوننىڭ ئۆزى ھەممە خەلقىنى ئېلىپ كېلىپ، بىز بىلەن سوقۇشقىلى ياھازغىچە چىقتى.
[33] لېكىن تەڭرىمىز خۇداۋەندە ئۇنى قولىمىزغا بەرگەچ بىز ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە ھەممە خەلقىنى ئۇرۇپ مەغلۇپ قىلىپ، [34] ئۇنىڭ بارچە شەھەرلىرىنى ئېلىپ، ھەممە شەھەرلىرىدىكى

ئەر بىلەن خوتۇن كىشى ۋە بالىلارنى يوقىتىپ، ھېچبىرىنى قويماي، [35]يالغۇز چارۋا مالنىڭ ئۆزى بىلەن ئىگىلىۋالغان شەھەرلەرنىڭ غەنىيمەتىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئولجا قىلىپ ئالدۇق. [36]شۇنداقكى، ئارنون جىلغىسىنىڭ يېنىدىكى ئاروئەر بىلەن ۋادىدىكى شەھەردىن تارتىپ گىلىيادقىچە سېپىللىرى بىزگە ئېگىز كەلگەن شەھەر تېپىلماي، بەلكى تەڭرىمىز خۇداۋەندە ھەممىسىنى قولىمىزغا بەردى. [37]لېكىن سەن بولساڭ بەنى-ئاموننىڭ يۇرتى بىلەن ياببوق جىلغىسىنىڭ يېنىدىكى ھەممە يەرلەر ۋە تاغلاردىكى شەھەرلەرگە قول تەگكۈزمەي ئۆتۈپ، تەڭرىمىز خۇداۋەندە بىزگە مەنئى قىلغان ھېچنېمىنى ئالمىدىڭ.

3 [1]ئاندىن بىز باشقا تەرەپكە قايرىلىپ، يول مېڭىپ باشانغا چىقتۇق. ئەمما باشاننىڭ پادىشاھى ئوگ ئۆزى ھەممە خەلقىنى ئالغاچ چىقىپ، بىز بىلەن سوقۇشقىلى ئەدرەيگە باردى. [2] لېكىن خۇداۋەندە ماڭا سۆزلەپ: ‹ سەن ئۇنىڭدىن ھېچ قورقمىغىن، چۈنكى مەن بولسام ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەممە خەلقى ۋە يۇرتى بىلەن قوشۇپ سېنىڭ قولۇڭغا بەردىم. سەن ئۆزۈڭ ئۆزى خېشبوندا ئولتۇرۇپ ئاموريلارنىڭ پادىشاھى بولغان سىخونغا قىلغىنىڭدەك ئۇنىڭغىمۇ قىلىسەن» دېدى.
[3]دېگىنىدەك تەڭرىمىز خۇداۋەندە ئۆزى باشاننىڭ پادىشاھى ئوگنىمۇ ھەممە خەلقى بىلەن قوشۇپ قولىمىزغا بەرگىنىدە بىز ئۇنى ئۇرۇپ، ئۇلاردىن ھېچكىمنى قويماي، [4]ئۇنىڭ ھەممە شەھەرلىرىنىمۇ ئېلىپ. ئۇلاردىن ئالمىغان ھېچ شەھەر قالمىدى. بۇ تەرىقىدە ئاتمىش شەھەر ئېلىنىپ، باشاندىكى ئوگنىڭ مەملىكىتى بولغان ئارگوب يۇرتىنىڭ ھەممىسى ئىگىلەندى. [5]بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى بولسا مەھكەم قىلىنىپ، سېپىللىرى ئېگىز-ئېگىز بولۇپ، دەرۋازىلىرى بالداقلانغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا سېپىلسىز تولا شەھەرلەرنىمۇ ئېلىپ، [6]خېشبوننىڭ پادىشاھى سىخونغا قىلغىنىمىزدەك قىلىپ، ئۇلارنى يوقىتىپ، ھەممە شەھەرلەردىكى ئەر بىلەن خوتۇن كىشى ۋە بالىلارنى يوقىتىۋەتتۇق. [7]ئەمما ھەممە چارۋا مال بىلەن شەھەرلەرنىڭ غەنىيمەتلىرىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئولجا قىلىپ ئالدۇق. [8]بۇ تەرىقىدە بىز ئارنوننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاموريلارنىڭ ئىككىلا پادىشاھىنىڭ قولىدىن ئارنون جىلغىسىدىن تارتىپ خەرمون تېغىغىچە يۇرتىنى ئېلىۋالدۇق. [9]ئىلگىرىكى ۋاقىتتا سىدونىيلار ئۆزى بۇ خەرموننى سىريون دەپ ئاتاپ، ئاموريلار بولسا ئۇنىڭغا سېنىر دەپ ئات قويغانىدى. [10]بىز بولساق تۈزلەڭلىكتىكى ھەممە شەھەرلەرنى ئىگىلەپ، سالكا بىلەن ئەدرەيگىچە چىقىپ ھەممە گىلىياد بىلەن باشاننى ئېلىپ، باشاندىكى ئوگنىڭ مەملىكىتىنىڭ شەھەرلىرىنى ئىگىلىدۇق.
[11]باشاننىڭ پادىشاھى ئوگ بولسا گىگانتلارنىڭ نەسلىدىن يالغۇز ئۆزى قالغانىدى. ياتقان ئورنى ئۆزى تۆمۈردىن ياسىلىپ، ئۇزۇنلۇقى ئادەم گېزىدە توققۇز گەز توغرىسى تۆت گەز بولۇپ، بەنى-ئاموننىڭ رابىا دېگەن شەھىرىدە قويۇلغاندۇر ئىمىش.

[12]بىز مەزكۇر يۇرتنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئارنون جىلغىسىنىڭ يېنىدىكى ئاروئەر بىلەن گىلىيادنىڭ تاغلىق يۇرتى يېرىمىنى شەھەرلىرى بىلەن قوشۇپ، رۇبەنىي بىلەن گادىيلارغا بەردىم. [13]ئەمما گىلىيادنىڭ قالغان ھەسسىسى بىلەن ئوگنىڭ مەملىكىتى بولغان باشاننىڭ ھەممىسىنى، يەنى گىگانتلارنىڭ يۇرتى دەپ ئاتىلىپ، پۈتۈن ئارگوب يۇرتى بولغان باشاننىڭ ھەممىسىنى ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىگە بەردىم. [14]ماناسسەنىڭ ئوغلى يائىر بولسا گەشۇرىي بىلەن مائاكايلارنىڭ چېگرىلىرىغىچە ئارگوبنىڭ ھەممە يۇرتىنى ئېلىپ، باشان يۇرتىنى بۇ كۈنگىچە ئاتالغاندەك ئۆز ئىسمىدا يائىر كەنتلىرى دەپ ئاتىدى. [15]لېكىن ماكىرنىڭ ئۆزىگە مەن گىلىيادنى بېرىپ،
[16]رۇبەنىي بىلەن گادىيلارغا گىلىيادتىن تارتىپ ئارنون جىلغىسىغىچە يۇرتنى بېرىپ، جىلغىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى چېگرا توختىتىپ، بەنى-ئاممونىنىڭ چېگرىسى بولغان ياببوق جىلغىسىغىچە ئۇلارغا بەردىم. [17]بۇنىڭدىن باشقا تۈزلەڭلىكنى چېگرا بولغان ئىئوردانغا قوشۇپ، كىننەرەتتىن تارتىپ شەرق تەرىپىدە بولۇپ پىسگانىڭ تۆۋىنىدە يېيىلغان تۈزلەڭلىكتىكى شور دېڭىزغىچە ئۇلارغا بەردىم.

[18]ئۇ ۋاقىت مەن سىلەرگە بۇيرۇپ ئېيتتىمكى: ‹ تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرگە بۇ يۇرتنى مىراس قىلىپ بەردى، لېكىن قانچەڭلار جەڭگە لايىق بولساڭلار، بۇرادەرلىرىڭلار بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا قوراللىنىپ مېڭىڭلار. [19]لېكىن خوتۇن بىلەن بالا ۋە تولا بولغان چارۋا ماللىرىڭلار بولسا مەن سىلەرگە بەرگەن شەھەرلەردە قېلىپ، [20]خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرگە ئارام بەرگەندەك بۇرادەرلىرىڭلارگىمۇ ئارام بېرىپ، ئۇلار ئۆزى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۇلارغا بېرىدىغان يۇرتنى مىراس قىلىپ ئالغۇچىلىك ئاندا تۇرۇپ تۇرسۇن. ئاندىن كېيىن سىلەر مەن ئۆزۈڭلارغا بەرگەن مىراس ھەسسىلىرىڭلارغا يېنىپ بېرىپ، ھەربىرىڭلار ئۆز مىراسىغا يانسۇن› دېدىم. [21]ئۇ ۋاقىت مەن يەشۇئاغا بۇيرۇپ ئېيتتىمكى: ‹ سەن بولساڭ تەڭرىڭلار خۇداۋەندە بۇ ئىككى پادىشاھقا نېمە قىلغىنىنى ئۆز كۆزلىرىڭ بىلەن كۆردۈڭ. سەن قەيەرگە چىقساڭ، خۇداۋەندە مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق قىلىدۇ. [22]ئۇلاردىن ھېچ قورقماڭلار، چۈنكى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرنىڭ تەرىپىڭلاردىن جەڭ قىلىدۇ› دېدىم.
[23]ئۇ زامان مەن خۇداۋەندىگە دۇئا قىلىپ ئېيتتىمكى: [24]‹ ئەي رەب خۇداۋەندە، سەن ئۆز بەندەڭگە ئۇلۇغلۇقۇڭ بىلەن قۇدرەتلىك قولۇڭنى كۆرسەتتىڭ. چۈنكى سەندەك، ئەمەل قىلىپ چوڭ ئىشلار كۆرسەتكەندەك ئاسماندا ۋە يا يەردە ئەمەل قىلالايدىغان تەڭرى بارمۇ؟ [25]ئەمدى مېنى ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئىئوردانىنىڭ يېنىدىكى ياخشى يۇرتنى كۆرۈپ، ئۇ ياخشى تاغلىق يۇرتنىڭ ئۆزى بىلەن لىۋانغا بىر قاراشقا نېسىپ قىلغىن› دېدىم. [26]لېكىن خۇداۋەندە سىلەر ئۈچۈن ماڭا غەزەپلەنگەچ ماڭا قۇلاق سالماي، بەلكى ماڭا ئېيتتىكى: ‹ ئەمدى بولدى. بۇ ئىش توغرىسىدا ماڭا يەنە سۆز قىلمىغىن. [27]سەن پىسگانىڭ چوققىسىغا چىقىپ كۆزلىرىڭنى غەرب بىلەن شىمال تەرىپىگە، جەنۇب بىلەن شەرق تەرىپىگە تىكىپ قارىۋالغىن، چۈنكى بۇ

ئىئوردانىنىڭ ئۆزىدىن ئۆتمەيسەن. [28] ئەمما يەشۇئانى ئۆز مەنسىپىگە سېلىپ: «جۈرئەتلىك
بولۇپ قورقمىغىن» دەپ ئۇنى قۇۋۋەتلەندۈرگىن. چۈنكى ئۇ ئۆزى بۇ قوۋمنىڭ ئالدىدا بېرىپ،
سەن كۆرگەن يۇرتنى ئۇلارغا مىراس قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ› دېدى.
[29] ئۇ ۋاقىت بىز بەيت-پېئورنىڭ ئۇتتۇرىدىكى ۋادىدا توختاپ قالدۇق.

## مۇسانىڭ خەلققە خۇدانىڭ ئەھدىسىگە چىڭ تۇتۇشقا جېكىلەيدىغان بايانى

4 [1] ئەمدى ئەي ئىسرائىل، مەن سىلەرگە بىلدۈرىدىغان قانۇن بىلەن ئەھكاملىرى ئاڭلاپ
ئەمەل قىلساڭلار، ھاياتلىق تېپىپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە سىلەرگە
بېرىدىغان يۇرتقا كىرىپ، ئۇنى ئىگىلىۋالىسىلەر. [2] سىلەر بولساڭلار مەن سىلەرگە بۇيرۇغانغا
ھېچنېمىنى قوشماي، بۇنىڭدىن ھېچنېمىنىمۇ كېمەيتمەي، تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن
بولۇپ مەن سىلەرگە بۇيرۇغان ئەمرلەرنى تۇتۇڭلار. [3] خۇداۋەندىنىڭ ئۆزى بائال-پېئورنىڭ
سەۋەبىدىن نېمە قىلغىنىنى ئۆز كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرمىدىڭلارمۇ؟ تەڭرىڭلار خۇداۋەندە
بولسا بائال-پېئورغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاراڭلاردىن يوقىتىۋەتتى ئەمەسمۇ؟ [4]
لېكىن سىلەر، تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە چاپلىشىپ تۇرغانلار بولساڭلار، ھەممەڭلار بۈگۈنگىچە
تىرىك قالدىڭلار. [5] مانا مەن بولسام تەڭرىم خۇداۋەندىنىڭ ماڭا بۇيرۇغىنىدەك سىلەر ئاندا
بېرىپ، ئۇنى مىراس ئالىدىغان يۇرتقا كىرگىنىڭلاردا ئۇلارغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلغايسىلەر
دەپ، قانۇن بىلەن ئەھكاملارنى سىلەرگە ئۆگەتتىم. [6] ئەمدى سىلەر ئۇلارغا مۇۋاپىق ئەمەل
قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، تائىپىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا دانىشمەنلىك بىلەن ئەقىلدارلىقىڭلار
ئاشكارا بولۇپ، ئۇلار بۇ ھەممە قانۇنلارنى ئاڭلىغىنىدا: ‹ مانا بۇ چوڭ قوۋم بولسا شەكسىز
تولا دانا بولۇپ، ئەقىلدار بولغان بىر قوۋم ئىكەن› دەپ ئېيتىدۇ. [7] چۈنكى تەڭرىمىز خۇداۋەندە
ئۆزى دۇئا قىلغىنىمىزدا بىزگە يېقىن بولغاندەك، تەڭرىسى ئۆزىگە يېقىن بولغان باشقا بىر
چوڭ قوۋم قەيەردە بار؟ [8] مەن ئۆزۈم بۇ كۈن ئالدىڭلاردا قويغان بۇ قانۇننىڭ ھەممىسىگە
ئوخشاش راست بەلگىلىمىلەر بىلەن ئەھكاملىرى بار چوڭ بىر قوۋم قەيەردە تېپىلىدۇ؟
[9] لېكىن سەن ئاگاھ بولۇپ ئېھتىيات قىلىپ، خاھى كۆزلىرىڭنىڭ كۆرگىنىنى ئۇنتۇپ
قالماي، خاھى ھەممە ھايات كۈنلىرىڭدە يادىڭدىن چىقارماڭلار. بەلكى ئۇنى باللىرىڭ بىلەن
نەۋرىلىرىڭگە تەلىم بېرىپ،
[10] سىلەر خورىبىنىڭ يېنىدا تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تۇرغان كۈنۈڭدە خۇداۋەندە ماڭا
سۆز قىلىپ: ‹ ئۇلار بولسا يەر يۈزىدە ھايات تۇرغۇچىلىك مەندىن قورقۇپ تۇرۇپ، شۇنىمۇ ئۆز
باللىرىغا ئۆگىتىپ قويسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە سۆزلىرىمنى ئاڭلاتمىقىم ئۈچۈن خەلق
ماڭا يىغدۇرۇپ قويغىن› دەپ ئېيتقىنىنى ئۇلارغا ئۆگەتكىن. [11] ئۇ ۋاقىت سىلەر ھازىر بولۇپ

تاغنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ قىلىپ، تاغ ئۆزى ئاسمانغىچە يېتىدىغان ئوتتا كۆيۈپ تۇرۇپ، ئاندا
قاراڭغۇلۇق، بۇلۇت ۋە زۇلمەت كۆرۈنگەن چاغدا،
[12] خۇداۋەندە سىلەرگە ئوت ئىچىدىن سۆز قىلغىلى تۇردى. سىلەر بولساڭلار سۆزلەرنى ئاڭلاپ،
ھېچ شەكىلنى كۆرمەي، يالغۇز ئاۋازنى ئاڭلىدىڭلار. [13] ئۇ ئۆزىنىڭ سىلەرگە تۇتقىلى بۇيرۇغان
ئەھدىسىنى، يەنى ئون ئەمرنى ئۆزۈڭلارغا بايان قىلىپ، بۇلارنى ئىككى تاش تاختىسىغا يېزىپ
بەردى. [14] ئۇ ھامان خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرنىڭ توغراڭلاردا: ‹ ئۇلار ئۇنى ئىگىلىۋالماق ئۈچۈن
چىقىدىغان يۇرتتا ئۇلارنى تۇتسۇن دەپ، قانۇن بىلەن ئەھكاملارنى ئۆگەتكىن› دەپ ماڭا
بۇيرۇدى.

[15] خۇداۋەندە ئۆزى خورېبتا ئوت ئىچىدىن سىلەرگە سۆز قىلغان كۈندە سىلەر ھېچ شەكىلنى
كۆرمىگەچ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئاگاھ بولۇپ، [16] بۇزۇلۇشتىن ئېھتىيات قىلىڭلار. ئۆيما بۇتسۇرەتنى
ئەتمەي، خاھى ئەر كىشىنىڭكى خاھى خوتۇن كىشىنىڭ سۈرىتى بولسۇن، [17] خاھى يەر
يۈزىدىكى چارۋىنىڭكى، خاھى ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرۈپ قاناتلىق بولغان ئۇچارقاناتنىڭ سۈرىتى
بولسۇن، [18] خاھى يەردە ئۆمىلەيدىغان جانىۋارنىڭكى، خاھى يەر ئاستىدا سۇدا بولغان
بېلىقنىڭكى بولسۇن، ھېچ بۇتسۇرەتنى ياسىمىغىن. [19] سەن ئاسمان تەرىپىگە كۆزلىرىڭنى
كۆتۈرۈپ، كۈن بىلەن ئاي ۋە ئاسماننىڭ ھەممە قوشۇنى بولغان يۇلتۇزلارنى كۆرسەڭ، ئۇلارغا
باش ئېگىپ ئىبادەت قىلغىلى ئالدانماغىن، چۈنكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى پايدىسى يەتسۇن
دەپ، بۇلارنى ئاسماننىڭ تېگىدىكى ھەممە خەلقلەرگە بەردى. [20] لېكىن سىلەر بولساڭلار ئەمدى
بولغىنىڭلاردەك خۇداۋەندە ئۆزى: ‹ ئۇلار مېنىڭ مىراس قوۋمىم بولسۇن دەپ، سىلەرنى تۆمۈر
تونۇرى بولغان مىسىردىن چىقىرىپ كەلدى.
[21] ئەمما خۇداۋەندە سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن مېنىڭ ئۈستۈمگە ئاچچىقلىنىپ: ‹ سەن
بولساڭ ئىئوردانىدىن ئۆتمەي، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا مىراس قىلىپ بېرىدىغان ياخشى
يۇرتقا كىرمەيسەن» دەپ قەسەم قىلدى. [22] بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىئوردانىدىن ئۆتمەي، بۇ يۇرتتا
ئۆلىمەن. لېكىن سىلەر بولساڭلار ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ، ئۇ ياخشى يۇرتنى ئىگىلىۋالىسىلەر.
[23] ئۇنداق بولغاندىن كېيىن سىلەر تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ سىلەر بىلەن باغلىغان ئەھدىسىنى
ئۇنتۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ، تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا زىت تۇرۇپ، ئۆزۈڭلار
ئۈچۈن ئۆيما بۇتسۇرەتنى بىلەن باشقا بىر نەرسىنىڭ سۈرىتىنى ياسىماڭلار. [24] چۈنكى تەڭرىڭ
خۇداۋەندە بولسا غەيرەتلىك بىر تەڭرى بولۇپ، يەپ كېتىدىغان بىر ئوتتەكتۇر.

[25] ئەگەر سىلەر ئۇ يۇرتتا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ، بالا بىلەن نەۋرە كۆرگەندىن كېيىن بۇزۇلۇپ، بىر
نەرسىنىڭ ئۆيما سۈرىتىنى بۇت قىلىپ ياساپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغاننى
قىلىپ، ئاچچىقىنى كەلتۈرسەڭلار، [26] مەن بۇ كۈن ئۈستۈڭلارغا ئاسمان بىلەن يەرنى گۇۋاھ
قىلىپ تۇرۇپ ئېيتىمەنكى، سىلەر ئىتتىك ھالاك بولۇپ، ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ ئاندا كىرىپ

ئېگىلىشۋالىدىغان يۇرتتىن كېسىلىپ كېتىپ، ئاندا ئۇزۇن ھايات كۆرمەي، شەكسىز يوق
قىلىنىپ كېتىسىلەر. [27] خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرنى تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا پاراكەندە قىلىپ،
ئارىسىغا ھەيدىۋەتكەن تائىپىلەرنىڭ ئىچىدە خۇداۋەندە سىلەرنى كىچىك بىر قالدۇق قىلىپ
قويىدۇ. [28] سىلەر ئاندا تۇرۇپ، ئادەم قولى بىلەن ياسىلىپ ياغاچ بىلەن تاشتىن ئېتىلىپ،
خاھى ئاڭلىماي، خاھى كۆرەلمەي، خاھى يېمەي، خاھى پۇرايالمايدىغان تەڭرىلەرگە ئىبادەت
قىلىدىغان بولىسىلەر.
[29] لېكىن ئەگەر سىلەر ئاندا تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنى تەلەپ قىلىپ، پۈتۈن كۆڭۈل ۋە پۈتۈن
جان بىلەن ئىزدىسەڭلار، ئۇنى تاپىسىلەر. [30] سەن كېلىدىغان كۈنلەردە تەڭلىككە چۈشۈپ، بۇ
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈستۈڭگە كەلگىنىدە ئۆز تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە يېنىپ كېلىپ، ئۇنىڭ
سۆزىنى ئاڭلايسەن. [31] چۈنكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە بولسا رەھىمدىل خۇدا بولغاچ ئۆزى سېنى
تاشلاپ ھالاك قىلماي، قەسەم بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا قىلغان ئەھدىسىنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ.

[32] خۇدا ئۆزى يەر يۈزىدە ئىنساننى پەيدا قىلغاندىن تارتىپ سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن زامانلار
توغرىسىدا سوراپ باقساڭ، ئەجەبا ئاسماننىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە مۇنداق
بىر چوڭ ۋەقە بولۇپ بۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش ئاڭلانغانمۇ؟ [33] سەن خۇدانىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلىغىنىڭدەك ھېچبىر قوۋم ئوتنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تىرىك قالغانمۇ؟
[34] ياكى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە سىلەر ئۈچۈن مىسىردا كۆز ئالدىڭلاردا قىلغىنىنىڭ ھەممىسىدەك
ھېچبىر تەڭرى ئۆز قوۋمىنى يەنە بىر قوۋمنىڭ ئارىسىدىن چىقارماق ئۈچۈن بالا ئەۋەتىپ،
ئالامەت بىلەن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ، جەڭ چىقىرىپ، كۈچلۈك قولى بىلەن بەلەن
بىلىكىنى ئۇزىتىپ، چوڭ ھەيۋەتلىك ۋەھىملەرنى كۆرسەتكەنمۇ؟ [35] يالغۇز خۇداۋەندە ئۆزى
تەڭرى بولۇپ ئۇنىڭدىن باشقىسى يوقتۇر دەپ بىلمىكىڭلار ئۈچۈن، بۇنىڭ ھەممىسى ساڭا
كۆرسىتىلدى. [36] ساڭا تەلىم بەرمەك ئۈچۈن ئۇ ئۆزى ئاۋازىنى ئاسماندىن ساڭا ئاڭلىتىپ، يەردە
ئۆزىنىڭ چوڭ ئوتىنى ساڭا كۆرسەتكىنىدە سەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئوتنىڭ ئىچىدىن ئاڭلىدىڭ.
[37] ئۇ ئۆزى سېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭنى ياخشى كۆرگەچ ئۇلارنىڭ نەسلىلىرىنى ئىلغاپ، سەن
بىلەن بولۇپ، چوڭ قۇۋۋىتى بىلەن سېنى مىسىردىن چىقىرىپ كېلىپ، [38] سەندىن چوڭ
بولۇپ قۇدرەتلىكرەك بولغان قوۋملارنى ئالدىڭدىن ھەيدىۋېتىپ، سېنى ئۇلارنىڭ يۇرتىغا
كىرگۈزدى. ئەمدى بولغاندەك ئۇنى ساڭا مىراس قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، [39] سەن ئۆزۈڭ
خۇداۋەندىنىڭ يۇقىرىدا، ئاسماندا تەڭرى بولۇپ، يەر يۈزىدە ئۇنىڭدىن باشقا بولمىغىنىنى بۇ
كۈن بىلىپ، كۆڭلۈڭگە ئېلىپ، [40] سەن ئۆزۈڭ بىلەن سەندىن كېيىنكى باللىرىڭغا ياخشى
بولۇپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئەبەدكىچە ساڭا بېرىدىغان يۇرتتا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمىكىڭ ئۈچۈن
مەن بۇ كۈن ساڭا بېرىدىغان قانۇن بىلەن ئەمرلىرىنى تۇتقايسەن» دېدى.

## ئىئوردان دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى پاناھلىق شەھەرلىرى

[41]ئۇ ۋاقىتتا مۇسا ئۆزى ئىئوردانىنىڭ ئۇ يېقى بولغان شەرق تەرىپىدە ئۈچ شەھەرنى ئاجرىتىپ، [42]بىر كىشى ئۇنىڭغا ئاداۋەت قىلماي، بىلمەسلىكتە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ بۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە قېچىپ كېتىپ تىرىك قالسۇن دەپ، [43]رۇبەن قەبىلىسى ئۈچۈن چۆلنىڭ تۈزلەڭلىكىدىكى بېزەر، گاد قەبىلىسى ئۈچۈن گىلېيادتىكى راموت ۋە ماناسسە قەبىلىسى ئۈچۈن باشاندىكى گولان دېگەن شەھەرلەرنى تەيىنلىدى.

## مۇقەددەس قانۇن، جۈملىدىن «ئون ئەمر»نى ئەسلەش

[44]مۇسا ئۆزى بەنى-ئىسرائىلغا شۇ قانۇننى بۇيرۇپ، [45]ئۇلار مىسىردىن چىققاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى بۇ شاھادەت بىلەن قانۇن ۋە ئەھكاملارنى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۆزىگە ئەمر قىلغان ئىدى. [46]مۇسا، بۇرۇن خېشبوندا ئولتۇرۇپ ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى بولغان سىخوننىڭ يۇرتىدىكى بەيت-پېئورنىڭ ئۇتتۇرىدا، ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ۋادىدا بۇنى بۇيرۇغانىدى. چۈنكى بەنى-ئىسرائىل مىسىردىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئامورىيلارنى ئۇرغانىدى. [47]ئۇلار مەزكۇر پادىشاھنىڭ يۇرتى بىلەن باشاننىڭ پادىشاھى ئوگنىڭ يۇرتىنى ئېلىپ، ئىئوردانىنىڭ ئۇ يېقى بولغان شەرق تەرىپىدىكى ئامورىيلارنىڭ بۇ ئىككى پادىشاھىنىڭ يۇرتلىرىنى ئىگىلەپ، [48]ئارنون جىلغىسىنىڭ يېنىدىكى ئاروئەردىن تارتىپ سىيئون تېغى، يەنى خەرمونغىچە بېرىپ، [49]ئىئوردانىنىڭ ئۇ يېقى بولغان شەرق تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىك يۇرتىنى ئېلىپ، پىسگانىڭ تۈپىدىكى تۈزلەڭلىك دېڭىزىغىچە ئىگىلىۋالغانىدى.

5 [1]ئەمما مۇسا ئۆزى ئىسرائىلنىڭ ھەممىسىنى جەم قىلىپ، ئۇلارغا ئېيتتىكى: «ئەي ئىسرائىل، مەن بۇ كۈن سىلەرگە بۇيرۇيدىغان قانۇن بىلەن ئەھكاملارنى ئاڭلاپ، بەجا كەلتۈرۈپ تۇتماق ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆگىنىڭلار. [2]تەڭرىمىز خۇداۋەندە ئۆزى خورىبتا بىز بىلەن بىر ئەھدە باغلىدى. [3]بۇ ئەھدىنىڭ ئۆزىنى خۇداۋەندە بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىلەن باغلىماي، بەلكى بىز تېخى ھايات بولۇپ، بۇ كۈن مۇندا تۇرغانلار بىلەن باغلىدى. [4]خۇداۋەندە ئۆزى تاغدا ئوت ئىچىدىن يۈزمۇيۈز سىلەرگە سۆز قىلدى. [5]سىلەر ئوتتىن قورقۇپ تاغقا چىقمىغاچ، مەن بولسام سىلەرگە خۇداۋەندىنىڭ نېمە سۆزلىگىنى ئېيتىپ بەرمەك ئۈچۈن خۇداۋەندە بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تۇردۇم. ئۇ ئېيتتىكى:

[6]‹ مەن سېنى قۇللۇقنىڭ ئۆيى بولغان مىسىردىن چىقىرىپ كەلگەن رەب خۇدايىڭدۇرمەن. [7]مەندىن باشقا تەڭرىلىرىڭ بولمىسۇن. [8]ئۆزۈڭ ئۈچۈن بۇت ياسىمىغىن، خاھى يۇقىرىدا ئاسماندا، خاھى تۆۋەندە يەردە، خاھى يەر ئاستىدا سۇدا بولغان نەرسىلەردىن ھېچبىرىنىڭ

سۈرىتىنى ياسىمىغىن. [9] مۇنداقلارغا، خاھى سەجدە قىلماي، خاھى ئىبادەت قىلمىغىن، چۈنكى
مەن تەڭرىڭ خۇداۋەندە بولسام، بىر غەيرەتلىك تەڭرى بولۇپ، كىمكى مېنى يامان كۆرسە،
بالىلىرىدىن، ئۈچىنچى، دەرۋەقە تۆتىنچى نەسلىگىچە ئاتا-بوۋىلىرى قىلغان گۇناھلىرىنىڭ
ئىنتىقامىنى ئالىمەن. [10] لېكىن كىمكى مېنى دوست تۇتۇپ، مېنىڭ ئەمرلىرىمنى تۇتسا،
ئۇنىڭغا مىڭ نەسلىگىچە مەرھەمەت كۆرسىتىمەن.
[11] رەب خۇدايىڭنىڭ ئىسمىنى بىھۇدە ئىشلەتمىگىن، چۈنكى خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئىسمىنى بىھۇدە
ئىشلەتكۈچىگە جازا بەرمەي قويمايدۇ.
[12] رەب خۇدايىڭ ساڭا بۇيرۇغىنىدەك شابات كۈنىنى تۇتۇپ مۇقەددەس ساقلىغىن. [13] ئالتە كۈن
ئىشلەپ، ھەممە ئەمەللىرىڭنى قىلغايسەن. [14] لېكىن يەتتىنچى كۈن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ
شابات كۈنى بولغاچ ئۇ كۈندە، خاھى ئۆزۈڭ، خاھى ئوغلۇڭ، خاھى قىزىڭ، خاھى قۇلۇڭ،
خاھى دېدىكىڭ، خاھى ئۇيۇڭ، خاھى ئېشىكىڭ، خاھى ئۇلىغىڭنىڭ ھېچبىرى، خاھى
دەرۋازىلىرىڭنىڭ ئىچىدىكى مۇساپىر ھېچ ئىش قىلمىسۇن. چۈنكى قۇل بىلەن دېدەكلىرىڭ
بولسا سەندەك راھەت تاپسۇن. [15] ئۆزۈڭنىڭ مىسىر يۇرتىدا بىر قۇل بولۇپ تۇرۇپ، تەڭرىڭ
خۇداۋەندىنىڭ كۈچلۈك قول ۋە ئۇزىتىلغان بىلىكى بىلەن سېنى ئاندىن چىقىرىپ كەلگىنىنى
يادىڭدا ساقلىغىن. بۇنىڭ ئۈچۈن تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا شابات كۈنىنى تۇتقىلى بۇيرۇدى.
[16] تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ساڭا بۇيرۇغىنىدەك ئاتاڭ بىلەن ئاناڭغا ھۆرمەت قىلغىن. شۇنداق
قىلساڭ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بېرىدىغان يۇرتتا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ياخشىلىق تاپىسەن.
[17] قاتىللىق قىلمىغىن.
[18] زىنا قىلمىغىن.
[19] ئوغرىلىق قىلمىغىن.
[20] ھەقەمسايەڭنىڭ ئۈستىدە يالغان گۇۋاھلىق بەرمىگىن. [21] ھەقەمسايەڭنىڭ خوتۇنىدىن
تەمە قىلمىغىن ۋە يا ھەقەمسايەڭنىڭ ئۆيىدىن يا زىرائىتىدىن يا قۇلىدىن يا دېدىكىدىن يا
ئۇيىدىن يا ئېشىكىدىن ۋە يا ھەقەمسايەڭنىڭ باشقا بىر نەرسىسىدىن تەمە قىلمىغىن.

[22] بۇ سۆزلەر بولسا خۇداۋەندە ئۇلارنى تاغدا ئوت، بۇلۇت ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدىن ئۈنلۈك
ئاۋاز بىلەن ھەممە جامائىتىڭلارغا سۆزلەپ، باشقا بىر نېمە دېمەي، بۇ سۆزلەرنى ئىككى دانە
تاش تاختىسىغا يېزىپ ماڭا بەردى. [23] سىلەر بولساڭلار قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدىن ئاۋازنى
ئاڭلاپ، تاغنىڭ يېنىپ تۇرغىنىنى كۆرگىنىڭلاردا قەبىلىلىرىڭلارنىڭ ھەممە سەردارى بىلەن
ئاقساقاللىرىڭلار قېشىمغا كېلىپ، [24] ئېيتتىڭلاركى: ‹ مانا تەڭرىمىز خۇداۋەندە ئۆزى ئۆز
شان-شەرىپى بىلەن ئۇلۇغلۇقىنى بىزگە كۆرسىتىپ، ئاۋازىنى ئوتنىڭ ئىچىدىن ئاڭلاتتى. بىز
بولساق خۇدا ئۆزى ئىنسانغا سۆز قىلىپ، ئۇنى تىرىك قويغىنىنى بۇ كۈن كۆردۇق. [25] لېكىن
ئەمدى بىز نېمىشقا ئۆلەيلى؟ ئەگەر بىز تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى يەنە ئاڭلىساق، بۇ
چوڭ ئوت بىزنى يەپ كېتىپ، ئۆلۈپ كەتمەيمىزمۇ؟ [26] ھەممە تىرىك جانلارنىڭ ئىچىدە بىزگە

ئوخشاش ئوتنىڭ ئىچىدىن تىرىك تەڭرىنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتىپ، قۇتۇلۇپ تىرىك قالغان كىم بار؟ [27] ئەمدى سەن ئۆزۈڭ بېرىپ، تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ ھەممە ئېيتقىنىنى ئۆزۈڭ ئاڭلاپ، تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ ساڭا دېگەن سۆزىنىڭ ھەممىسىنى بىزگە دەپ بەرسەڭ، بىز ئاڭلاپ ئەمەل قىلىمىز› دېدىڭلار.
[28] سىلەر ماڭا گەپ قىلىپ تۇرغىنىڭلاردا، قىلغان سۆزلىرىڭلارنى خۇداۋەندە ئاڭلاپ، ئۆزى ماڭا ئېيتتىكى: ‹ مەن بولسام بۇ قوۋمىنىڭ ساڭا ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلىدىم. ئۇلار بولسا ئوبدان گەپ قىلدى. [29] كاشكى ئۇلارنىڭ شۇنداق كۆڭۈللىرى بولۇپ، مەندىن قورقۇپ ھەمىشە مېنىڭ ئەمرلىرىمنى تۇتسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن ئەۋلادلىرىغا ئەبەدكىچە ياخشىلىق بولاتتى. [30] ئەمدى سەن بېرىپ ئۇلارغا: «ئۆز چېدىرلىرىڭلارغا يېنىپ كېتىڭلار» دەپ ئېيتقىن. [31] لېكىن سەن ئۆزۈڭ مۇندا مېنىڭ قېشىمدا تۇرغىن. تۇرساڭ، مەن ساڭا سۆز قىلىپ، مەن ئۇلارغا مىراس قىلىپ بېرىدىغان يۇرتقا كىرگىنىدە ئەمەل قىلسۇن دەپ، سەن ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان ھەممە ئەمر، قانۇن ۋە ئەھكاملارنى ساڭا دەپ بېرىمەن› دېدى. [32] بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئەمدى ئېھتىيات بىلەن تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ سىلەرگە بۇيرۇغىنىنى قىلىپ، خاھى ئوڭغا، خاھى چەپكە قايرىلماي، [33] تەڭرىڭلار خۇداۋەندە سىلەرگە بۇيرۇغان يولدا ھەمىشە ماڭساڭلار، ھاياتلىق تېپىپ ياشاپ، ياخشىلىق كۆرۈپ، سىلەر مىراس ئالىدىغان يۇرتتا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىلەر.

6 [1] سىلەر مىراس ئالىدىغان يۇرتقا بارغىنىڭلاردا ئەمەل قىلسۇن دەپ، مېنىڭ سىلەرگە ئۆگەتمىكىم ئۈچۈن تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ئەمر، قانۇن ۋە ئەھكاملار بۇ ئۆزىدۇر. [2] سەن ئۆزۈڭ ئوغۇل نەۋرىلىرىڭ بىلەن قوشۇلۇپ، ھەممە ھايات كۈنلىرىڭدە تەڭرىڭ خۇداۋەندىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ مەن ساڭا دەپ بېرىدىغان ھەممە قانۇن بىلەن ئەمرلىرىنى ساقلىساڭ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسەن. [3] ئەمدى ئەي ئىسرائىل، سەن قۇلاق سېلىپ، سەپسېلىپ بېقىپ بۇنىڭغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلساڭ، سەن ياخشىلىق كۆرۈپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ساڭا ئېيتقاندەك سىلەر بولساڭلار سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان يۇرتتا تولا ئاۋۇپ كېتىسىلەر.

[4] ئەي ئىسرائىل ئاڭلىغىنكى، تەڭرىمىز رەب خۇداۋەندە ئۆزى بىردۇر. [5] سەن بولساڭ رەب خۇدايىڭنى پۈتۈن كۆڭلۈڭ بىلەن، پۈتۈن جېنىڭ بىلەن، پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەنمۇ دوست تۇتقىن.

[6] مەن بۇ كۈن ساڭا بېرىدىغان بۇيرۇقلىرىمنى كۆڭلۈڭگە ئېلىپ، [7] ئۇلارنى بالىلىرىڭغىمۇ ئۇقتۇرۇڭ. سەن ئۆيۈڭدە ئولتۇرساڭ، يولدا ماڭساڭ، ياتساڭ، قوپساڭ، ھەر ۋاقىت ئۇلار توغرىسىدا سۆز قىلىپ تۇرۇپ، [8] ئۇلارنى قولۇڭغا بىر بەلگىدەك باغلاپ، پېشانەڭدە بىر

قاشقىدەك قويۇپ، [9]ئۇلارنى ئۆيۈڭدىكى ئىشكىلەرنىڭ يان ياغىچى بىلەن دەرۋازىلىرىڭغا يېزىپ قويغىن.

[10]تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى قەسەم بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىڭ بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپقا ساڭا بەرگىلى ۋەدە قىلغان يۇرت بىلەن ئۆزۈڭ ياسىمىغان ياخشى شەھەرلەرگە سېنى كىرگۈزۈپ، [11]ئۆزۈڭ تولدۇرماي، ھەر خىل ياخشى نېمەتتىن تولۇقلۇق بولغان ئۆيلەرگە داخىل قىلىپ، ئۆزۈڭ كولىماي، ئىلگىرى كولانغان قۇدۇق بىلەن ئۆزۈڭ سالمىغان ئۈزۈم ۋە زەيتۇن باغلىرىنى ساڭا بېرىپ، ئۆزۈڭ يەپ تويغىنىڭدا، [12]سەن ئاگاھ بولۇپ، قۇللۇق ئۆيى بولغان مىسىر يۇرتىدىن سېنى چىقىرىپ كەلگەن خۇداۋەندىنى ئۇنتۇماي،
[13]بەلكى تەڭرىڭ خۇداۋەندىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلغايسەن. [14]سىلەر بولساڭلار باشقا تەڭرىلەرگە ئەگەشمەي، چۆرەڭلاردىكى تائىپىلەرنىڭ مەبۇدلىرىنىڭ كەينىدىن يۈرمەڭلار. [15]چۈنكى ئوتتۇراڭدىكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى بىر غەيرەتلىك تەڭرى بولغاچ، ئېھتىيات قىلىش ساڭا لازىمدۇر. بولمىسا تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى تۇتىشىپ، سېنى يەر يۈزىدىن يوقىتارمىكىن.
[16]سىلەر ماسسادا ئۇنى سىنىغاندەك تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنى سىنىماي، [17]بەلكى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرگە بەرگەن شاھادەت بىلەن قانۇنلارنى ساداقەتلىك بىلەن ساقلاڭلار. [18]سەن بولساڭ خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە راست ۋە ياخشى بولغاننى قىلغىن. ئەگەر سەن ياخشىلىق كۆرۈپ، خۇداۋەندە قەسەم بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىڭغا ۋەدە قىلغان يۇرتقا كىرگىلى خالاپ، [19]خۇداۋەندە ئۆزى ئېيتقىنىدەك ئالدىڭدىن ھەممە دۈشمەنلىرىڭ ھەيدىۋېتىشنى خالىساڭ، شۇنداق قىلغىن.

[20]كېيىنكى كۈنلەردە ئوغلۇڭ سەندىن: ‹ تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ سىلەرگە بەرگەن شاھادەت بىلەن قانۇن ۋە ئەھكاملىرىنىڭ مەنىسى نېمىدۇر؟› دەپ سورىسا، [21]سەن ئوغلۇڭغا جاۋاب بېرىپ: ‹ بىز بولساق مىسىردا تۇرۇپ، فىرەۋننىڭ قۇللىرى ئىدۇق، لېكىن خۇداۋەندە ئۆزى بىزنى كۈچلۈك قولى بىلەن مىسىردىن چىقىرىپ كەلدى. [22]خۇداۋەندە بولسا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا مىسىردا فىرەۋن بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆيىنىڭ ئۈستىگە چوڭ ھەيۋەتلىك ئالامەت بىلەن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ، [23]ئۆزى قەسەم بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ۋەدە قىلغان يۇرتىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى بىزگە بەرمەك ئۈچۈن بىزنى مىسىردىن چىقىرىپ كەلدى. [24]ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە ئۆزى بىزنىڭ توغرىمىزدا، ياخشىلىق كۆرسۇن دەپ، بۇ ۋاقىتقىچە بولغاندەك بىزنى تىرىك ساقلىماق ئۈچۈن بىزگە بۇ ھەممە قانۇنلارغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلىپ، تەڭرىمىز خۇداۋەندىدىن قورققىلى بۇيرۇدى. [25]ئەگەر بىز ئۇ ئۆزى بىزگە بۇيرۇغاندەك تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا بۇ ھەممە ئەمرلەرنى تۇتۇپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلساق، بۇ ئۆزى بىزگە ئادالەت سانىلىدۇ› دەپ ئېيتقىن.

## ئىسرائىلىيلار ۋە قانائان زېمىنىدىكىلەر

7 [1] تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنى ئۆزۈڭ ئەمدى ئىگىلىۋالماق ئۈچۈن كېتىپ بارغان يۇرتقا
كىرگۈزۈپ، سەندىن چوڭ بولۇپ كۈچلۈكرەك بولغان خىتتىيلار، گىرگاشىيلار، ئاموريلار،
قانائانىيلار، پەرىززىيلەر، خىۋۋىيلار ۋە يەبۇسىيلار دېگەن يەتتە چوڭ تائىپىنى ئالدىڭدىن
ھەيدىۋېتىپ، [2] تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ئۇلارنى قولۇڭغا بەرسە، سەن ئۇلارنى يوقىتىۋېتىپ،
خاھى ئۇلار بىلەن ئەھدە باغلاشماي، خاھى ئۇلارغا مەرھەمەت كۆرسەتمەي، [3] خاھى ئۇلار بىلەن
قۇدا-باجا بولماي، خاھى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىغا قىزلىرىڭنى بەرمەي، خاھى ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى
ئوغۇللىرىڭغا ئېلىپ بەرمىگىن. [4] بولمىسا ئۇلار سېنىڭ ئوغۇللىرىڭ مەندىن ئازدۇرۇپ، باشقا
مەبۇدلارغا ئىبادەت قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئۇستۇڭگە
تۇتىشىپ، سىلەرنى ئىتتىك يوقىتىۋېتىدۇ. [5] بەلكى سىلەر بولساڭلار ئۇلارنىڭ قۇربانگاھلىرىنى
يىقىتىپ، بۇت تۈۋرۈكلىرىنى سۇندۇرۇپ، ئاشىرە بۇتلىرىنى كېسىۋېتىپ، ئويما سۈرەتلىرىنى
ئوتتا كۆيدۈرۈپ، ئۇلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىڭلار. [6] چۈنكى سەن بولساڭ تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە
مۇقەددەس بىر قوۋم بولغاچ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى سېنى ئۆز قوۋمىم بولسۇن دەپ، پۈتۈن يەر
يۈزىدىكى ھەممە قوۋملارنىڭ ئىچىدىن ئىلغىۋالدى.

[7] خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرنى باشقا قوۋملارنىڭ ھەممىسىدىن تولا ئىكەن دەپ، ياخشى كۆرۈپ
ئىلغىمىدى. سىلەر بولساڭلار باشقا قوۋملاردىن كىچىك ئەمەسمۇسىلەر؟ [8] بەلكى خۇداۋەندە
سىلەرنى دوست تۇتۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا قىلغان قەسىمىنى ساقلىماق ئۈچۈن خۇداۋەندە
ئۆزى كۈچلۈك قولى بىلەن سىلەرنى قۇللۇق ئۆيىدىن چىقىرىپ، مىسىر پادىشاھى فىرەۋننىڭ
قولىدىن ئاجراتتى. [9] ئەمدى بىلگەيسەنكى، تەڭرىڭ خۇداۋەندە بەرھەق خۇدا بولىدۇ. كىمكى
ئۇنى دوست تۇتۇپ ئەمرلىرىنى تۇتسا، مىڭ نەسلىگىچە ئەھدىسىنى ساقلاپ مەرھەمەت
كۆرسىتىدىغان بىر ۋاپادار خۇدادۇر. [10] لېكىن ئۇنى يامان كۆرگۈچىلەر بولسا يۈز-خاتىرە
قىلماي، ئۇلارنى ھالاك قىلىپ، كىمكى ئۇنىڭغا ئاداۋەت قىلسا، ئۇنى يۈز-خاتىرە قىلىپ
جازاسىز قويمايدۇ.
[11] ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن بولساڭ مەن بۇ كۈن ساڭا بېرىدىغان ئەمر بىلەن قانۇن ۋە ھۆكۈملەرنى
تۇتۇپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلغىن.
[12] ئەگەر سىلەر بۇ ئەھكاملارنى ئاڭلاپ ئۇناپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلساڭلار، تەڭرىڭ
خۇداۋەندىمۇ سەن ئۈچۈن ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قەسەم بىلەن قىلغان ۋەدە ۋە مەرھەمىتىنى ساقلاپ،
[13] سېنى دوست تۇتۇپ بەرىكەتلەپ، ئۆزى ساڭا بەرگىلى قەسەم بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىڭغا ۋەدە
قىلغان يۇرتقا بارغىنىڭدا سېنى ئاۋۇتۇپ، قورسىقىڭنىڭ مېۋىسى بىلەن يېرىڭنىڭ ھوسۇلىغا
بەرىكەت بېرىپ، بۇغداي، شاراب ۋە يېغىڭنى بەرىكەتلەپ، كالاڭنىڭ موزىيى بىلەن قويۇڭنىڭ
قوزىسىنى ئاۋۇتىدۇ. [14] سەن بولساڭ ھەممە باشقا قوۋملاردىن زىيادە بەرىكەت تېپىپ،
ئىچىڭدىكى ھېچبىر ئەر ئۇرۇقسىز بولۇپ، خوتۇن كىشى تۇغماس قالماي، چارۋا مېلىڭنىڭ

ئىچىدە ھېچبىر سۇۋاي قالمايدۇ. [15] خۇداۋەندە ئۆزى ھەر خىل كېسەللىكتىن سىزنى ساقلاپ، مىسىرنىڭ سەن بىلىدىغان يامان كېسەللىرىنى ساڭا يۇقتۇرماي، بەلكى بۇنى سىزنى يامان كۆرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە سالىدۇ.

[16] سەن بولساڭ تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنىڭ قولۇڭغا تۇتۇپ بېرىدىغان ھەممە قوۋمنى يوقىتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە رەھىم قىلماي، ساڭا تۇزاق بولمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ تەڭرىلىرىگە ئىبادەت قىلمىغىن. [17] ئەگەر ئۆز كۆڭلۈڭدە: ‹ بۇ خەلقلەر مەندىن چوڭراق ئەمەسمۇ؟ قانداق قىلىپ ئۇلارنى ھەيدىۋەتەلەيمەن؟› دېسەڭ، [18] ئۇلاردىن قورقماي، بەلكى تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ پىرەۋن بىلەن ھەممە مىسىرلىقلارغا نېمە قىلغىنىنى ئويلاپ، [19] ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن چوڭ بالالارنى ياد قىلىپ، ئالامەت بىلەن مۆجىزىلەرنى خاتىرەڭگە كەلتۈرۈپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ كۈچلۈك قول ۋە ئۇزىتىلغان بىلىكى بىلەن سىزنى چىقىرىپ كەلگىنىنى زىكىر قىلغىن. مانا تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى سەن ئۇلاردىن قورقۇپ تۇرغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق قىلىدۇ. [20] بۇنىڭدىن باشقا تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سەندىن يوشۇرۇنۇپ قالغانلار يوق بولۇپ كەتكۈچىلىك، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھەرىلەر ئەۋەتىدۇ. [21] سەن ئۇلاردىن ھېچ قورقمىغىن، چۈنكى ئۆزى چوڭ بولۇپ ھەيۋەتلىك بىر خۇدا بولغان تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئوتتۇراڭدىدۇر. [22] تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنىڭ ئالدىڭدىن بۇ تائىپىلەرنى ھەيدىۋېتىدۇ. لېكىن ئاستا-ئاستا شۇنى قىلىدۇ. ۋەھشىي ھايۋانلار ئاۋۇپ، ساڭا زىيان يەتكۈزمىسۇن دەپ، ئۇلارنى بىر دەمدە يوقاتمىغايسەن. [23] ئەمما تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭغا بېرىپ، ئۇلار يوق بولۇپ كەتكۈچىلىك ئارىسىغا چوڭ پاراكەندىلىكنى ئەۋەتىدۇ. [24] ئۇ ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرغىنىدا، سەن بۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئاسماننىڭ تېگىدە تېپىلمىغۇچىلىك يوق قىلىۋېتىسەن. سەن ئۇلارنى يوقىتىۋەتمىگۈچە ھېچكىم ساڭا زىت تۇرالمايدۇ. [25] ئۇلارنىڭ بۇتسۇرەتلىرى بولسا ئۇلارنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىسىلەر. لېكىن سەن بولساڭ بۇلارنىڭ ئۆزىدە بار ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى تەلەپ قىلمىغىن. بۇ ئۆزى تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك بولغاچ بۇنىڭدىن ئۆزۈڭ ئۈچۈن ھېچنېمىنى ئالمىغىن. بولمىسا ساڭا بىر تۇزاق بولىدۇ. [26] ئۆزۈم يوقىتىلمايمەن دەپ، يىرگىنچلىك بىر نەرسىنى ئۆيۈڭگە كىرگۈزمىگىن. ئۇ ئۆزى يوقىتىلىشقا تاپشۇرۇلغاچ، ئۇنى ھارام ۋە يىرگىنچلىك سانىغايسەن.

## بەرىكەتلەيدىغان خۇدانىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش كېرەك

8 [1] سىلەر بولساڭلار ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈپ ئاۋۇپ، خۇداۋەندە ئۆزى قەسەم بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا ۋەدە قىلغان يۇرتقا كىرىپ، ئۇنى ئالمىقىڭلار ئۈچۈن مەن بۇ كۈن سىلەرگە بېرىدىغان ئەمرلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرگىن. [2] تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى سىزنى

تۆۋەن قىلىپ، مېنىڭ ئەمرلىرىمنى تۇتارمىكىن ياكى تۇتماسمىكىن دەپ، كۆڭلۈڭدىكى خىيالنى بىلىپ، سېنى سىنىماق ئۈچۈن قىرىق يىل ئىچىدە تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنى ماڭدۇرغان چۆلدىكى ھەممە يوللىرىڭنى ياد قىلغىن. [3] ئۇ سېنى تۆۋەن قىلىپ ئاچ قويۇپ: ‹ ئىنسان بولسا يالغۇز نان بىلەن ياشىماي، بەلكى خۇداۋەندىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر سۆز بىلەن ياشايدۇ› دەپ بىلمىكىڭلار ئۈچۈن، خاھى سەن، خاھى ئاتا-بوۋىلىرىڭ بىلمىگەن ماننا دېگەن تائامنى ساڭا يېگۈزدى. [4] بۇ قىرىق يىل ئىچىدە ئېگىنلىرىڭ بولسا يىرتىلماي، پۇتۇڭ ئۆزى ئىششىمىدى.
[5] بۇنىڭدىن سەن: ‹ بىر كىشى ئوغلىغا تەنبىھ بەرگەندەك تەڭرىم خۇداۋەندىمۇ ماڭا تەنبىھ بېرىدۇ› دەپ ئۆز كۆڭلۈڭدە بىلىپ، [6] تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئەمرلىرىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ يوللىرىدا يۈرۈپ، ئۇنىڭدىن قورققايسەن. [7] چۈنكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى سېنى ۋادى بىلەن تاغلاردىكى چوڭقۇر سۇ بىلەن بۇلاقلىرىدىن چىقىپ تۇرغان سۇ ئېقىنلىرى بار بىر يۇرتقا، [8] بۇغداي بىلەن ئارپا، ئۈزۈم تېلى بىلەن ئەنجۈر ۋە ئانار دەرەخلىرى بار بىر يۇرتنىڭ ئۆزىگە كىرگۈزۈپ، ئەۋزەل زەيتۇن دەرەخلىرى بىلەن ھەسەل بار بىر يۇرتقا داخىل قىلىپ، [9] تاشلىرىنىڭ تۆمۈرى بولۇپ، تاغلىرىدىن مىس كولىنىپ، ئۆزۈڭ ئاندا كەملىك تارتماي، نېنىڭنى يەپ، ھېچ نەرسەڭ كەم بولمايدىغان بىر يۇرتقا كىرگۈزىدۇ. [10] ئاندا سەن يەپ تويۇپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بەرگەن ياخشى يۇرت ئۈچۈن ھەمدۇسانا ئېيتىسەن.

[11] ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنى ئۇنتۇماي، ئۇنىڭ مەن بۇ كۈن ساڭا بېرىدىغان ئەمر، ئەھكام ۋە قانۇنلارنى تۇتماي قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغىن. [12] بەلكى سەن يەپ تويۇپ، چىرايلىق ئۆيلەر ياساپ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، [13] سېنىڭ كالا بىلەن قويلىرىڭ ئاۋۇپ، ئالتۇن بىلەن كۈمۈشۈڭ زىيادە بولۇپ، ھەر نە بارىڭ زىيادىلىشىپ كەتسە، [14] ئۆز كۆڭلۈڭدە مۇتەكەببۇر بولۇپ، سېنى قۇللۇق ئۆيى بولغان مىسىردىن چىقىرىپ كەلگەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنى ئۇنتۇمىغىن. [15] ئۇ ئۆزى سېنى چوڭ ۋە ۋەھىملىك بولغان باياۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ بېرىپ، زەھەرلىك يىلان بىلەن چايانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، سۇيى يوق قۇرۇق يەردىن ماڭدۇرۇپ، ئاندا سەن ئۈچۈن قاتتىق قورام تاشتىن سۇ چىقىرىپ، [16] سەن توغرۇلۇق: ‹ ئۇنى تۆۋەن قىلىپ سىنىغاندىن كېيىن ياخشىلىق قىلاي› دەپ باياۋاندا ساڭا ئاتا-بوۋىلىرىڭ بىلمىگەن ماننا دېگەن تائامنى بېرىپ تۇرمىدىمۇ؟ [17] سەن ئۆز كۆڭلۈڭدە: ‹ ئۆز قۇدرىتىم بىلەن قولۇمنىڭ كۈچىدىن ئۆزۈمگە بۇ ھەممە دۆلەتنى تاپتۇردۇم› دېمەي،
[18] بەلكى تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ قەسەم قىلىپ ئاتا-بوۋىلىرىڭ بىلەن باغلىغان ئەھدىسىنى تۇتقىلى خالاپ، بۇ كۈنگىچە بولغاندەك ئۆزۈڭگە دۆلەت يىغقىلى قۇدرەت بېرىپ تۇرغىنىنى يادىڭغا كەلتۈرگىن. [19] لېكىن ئەگەر سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنى ئۇنتۇپ، باشقا تەڭرىلەرگە ئىبادەت قىلىپ ئۇلارغا باش ئەگسەڭ، بۇ كۈن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، شەكسىز ھالاك بولۇپ، [20] تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغىنىڭلار ئۈچۈن خۇداۋەندە ئالدىڭلاردىن يوقاتقان تائىپىلەردەك يوق بولۇپ كېتىسىلەر.

## مۇسانىڭ ئىككى تاش تاختىسى توغرۇلۇق ئەسلىتىپ ئاگاھ بېرىشى

9 [1]ئەي ئىسرائىل، ئاڭلىغىن! سەن بولساڭ ئەمدى ئاندا كىرىپ، سەندىن تولا بولۇپ
كۈچلۈكرەك بولغان قوۋملارنى بېسىپ، ئاسمانغا تاقاشقۇدەك تەرىقىدە مەھكەم قىلىنغان
شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالماق ئۈچۈن ئىئورداندىن ئۆتۈپ، [2] سەن ئۇلار توغرىسىدا: ‹ بەنى-
ئاناقنىڭ ئۆزىگە كىمنىڭ كۈچى يېتىدۇ؟› دەپ ئېيتىلغان سۆزنى ئاڭلاپ، ئۆزى چوڭ بولۇپ
بويى ئېگىز بىر تائىپە بولغان ئاناقىيلارنى مەغلۇپ قىلغىلى بارىسەن. [3] ئەمدى بىلگەيسەنكى،
تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى يەپ كېتىدىغان بىر ئوتتەك ئالدىڭدا يۈرۈپ، ئۇلارنى يوقىتىپ ئالدىڭدا
پەس قىلغاچ، سەن ئۇلارنى قوغلىۋېتىپ، خۇداۋەندە ساڭا ئېيتقاندەك ئىتتىك يوقىتىۋېتىسەن.
[4]ئەمما تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۇلارنى ئالدىڭدىن ھەيدىۋەتسە، سەن ئۆز كۆڭلۈڭدە: ‹ مېنىڭ
ئادالىتىم ئۈچۈن خۇداۋەندە مېنى بۇ يۇرتقا كىرگۈزۈپ، ماڭا ئۇنى ئالغىلى قويدى› دەپ
ئېيتمىغىن، چۈنكى بۇ تائىپىلەرنىڭ يامانلىقى ئۈچۈن خۇداۋەندە ئۇلارنى سېنىڭ ئالدىڭدىن
ھەيدىۋېتىدۇ. [5] سەن بولساڭ ئۆز ئادالەت بىلەن توغرىلىقىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يۇرتىغا كىرىپ،
ئۇنى مىراس قىلىپ ئالمايسەن، بەلكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە بۇ تائىپىلەرنىڭ يامانلىقى ئۈچۈن
ئۇلارنى ھەيدىۋېتىپ، ئۆزى قەسەم بىلەن سېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭ بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق
ۋە ياقۇبقا باغلىغان ئەھدىنى بەجا كەلتۈرگىلى خالىدى.

[6]ئەمدى بىلگەيسەنكى، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى سېنىڭ ئادالىتىڭ ئۈچۈن بۇ ياخشى يۇرتنى
ساڭا مىراس قىلىپ بەرمىدى. چۈنكى سەن بولساڭ بوينى قاتتىق بىر قوۋم ئىكەنسەن.
[7]ئۆز تەڭرىڭ خۇداۋەندىنى باياۋاندا قانداق غەزەپلەندۈرگىنىڭنى ياد قىلىپ ئۇنتۇمىغىن.
سەن بولساڭ مىسىر يۇرتىدىن چىقىپ كەتكىنىڭدىن تارتىپ ئەمدى بۇ يەرگە يەتكۈچىلىك
خۇداۋەندىگە ئاسىيلىق قىلىپ كەلدىڭلار. [8]خورىبنىڭ يېنىدىمۇ خۇداۋەندىنىڭ غەزىپىنى
كەلتۈردۈڭلار. شۇنداقكى، خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرگە ئاچچىقلىنىپ، سىلەرنى ھالاك قىلغىلى
خالىدى. [9] مەن ئۆزۈم بولسام، خۇداۋەندە سىلەر بىلەن باغلىغان ئەھدىسىنىڭ تاختىلىرىنى
قوبۇل قىلىپ، بۇ تاش تاختىلىرىنىڭ ئۆزىنى تاپشۇرۇۋالماق ئۈچۈن تاغقا چىققىنىمدا قىرىق
كېچە قىرىق كۈندۈز تاغدا قېلىپ، نان يېمەي، سۇ ئىچمەي تۇردۇم. [10]ئاندا خۇداۋەندە ماڭا
ئۆز بارمىقى بىلەن خەت پۈتكەن ئىككى تاش تاختىسىنى بەردى. ئۇنىڭدا پۈتۈلگەن خەت بولسا
خۇداۋەندە ئۆزى سىلەر تاغنىڭ يېنىدا جەم بولغان كۈندە تاغ تەرىپىدىن ئوتنىڭ ئىچىدىن
سىلەرگە ئېيتقان سۆزگە ئوخشاش ئىدى. [11]ئۇ قىرىق كۈن بىلەن قىرىق كېچە ئۆتۈپ بولغاندا
خۇداۋەندە ماڭا ئەھدىنىڭ تاختىلىرى بولغان بۇ ئىككى تاش تاختىسىنى بەردى. [12]ئۇ ۋاقىت
خۇداۋەندە ماڭا سۆز قىلىپ: ‹ سەن قوپۇپ مۇندىن ئىتتىك چۈشكىن، چۈنكى سەن مىسىردىن
چىقىرىپ كەلگەن قوۋم بولسا بۇزۇلۇپ كېتىپ، مەن ئۇلارغا بۇيرۇغان يولدىن يېنىپ كېتىپ،
ئۆزىگە بىر ئويما سۈرەتنى ياسىدى› دېدى.

13 شۇنى دەپ، خۇداۋەندە ماڭا يەنە سۆز قىلىپ: ‹ بۇ قوۋمنىڭ بوينى قاتتىق بىر قوۋم
ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. 14 ئەمدى مېنى قويغىنكى، مەن ئۇلارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى
ئاسماننىڭ تېگىدىن ئۆچۈرۈۋېتەيمەن. ئەمما سەن بولساڭ مەن سېنى بۇ قوۋمدىن كۈچلۈك
ۋە چوڭ بىر قوۋم قىلىمەن› دەپ ئېيتتى.
15 ئۇ ۋاقىت مەن يېنىپ كېتىپ، ئوتتىن يېنىپ تۇرغان تاغنىڭ ئۆزىدىن چۈشۈپ، ئىككى
قولۇمدا ئەھدىنىڭ ئىككى تاختىسىنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلدىم. 16 قارىسام، سىلەرنىڭ ئۆز
تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە گۇناھ قىلىپ، ئۆزۈڭلارغا قۇيۇلغان بىر موزاي سۈرىتىنى ياسىغىنىڭلار
بىلەن خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرگە بۇيرۇغان يولدىن يېنىپ كەتكىنىڭلارنى كۆردۈم. 17 ئۇ ۋاقىت
مەن بۇ ئىككى تاختىنى ئېلىپ، ئۇلارنى ئىككى قولۇم بىلەن كۆتۈرۈپ تاشلاپ، ئۇلارنى كۆز
ئالدىڭلاردا سۇندۇرۇۋەتتىم. 18 ئاندىن كېيىن مەن بولسام سىلەر ئۆزۈڭلار خۇداۋەندىنىڭ
نەزىرىدە يامانلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قىلغان ھەممە گۇناھىڭلار ئۈچۈن
ئۆزۈم خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يىقىلىپ، يەنە ئاۋۋالقىدەك قىرىق كېچە قىرىق كۈندۈزگىچە نان
يېمەي، سۇ ئىچمەي يېتىپ قالدىم. 19 چۈنكى مەن ئۆزۈم خۇداۋەندىنىڭ سىلەرنى ھالاك قىلماق
ئۈچۈن ئۆزۈڭلارغا كەلتۈرىدىغان قەھر بىلەن غەزىپىدىن قورققان ئىدىم. لېكىن خۇداۋەندە
بولسا بۇ مەرتىۋىمۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىدى. 20 خۇداۋەندە ھارۇنغىمۇ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ،
ئۇنى ھالاك قىلماقچى ئىدى، لېكىن مەن ھارۇن ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلدىم. 21 ئەمما سىلەر ياساپ،
گۇناھىڭلارغا سەۋەب بولغان موزاي بولسا مەن ئۇنى ئېلىپ ئوتتا كۆيدۈرۈپ سوقۇپ، ئۇندەك
قىلىپ توپىدەك بولغىنىدا توپىسىنى تاغدىن چۈشۈپ ئېقىپ تۇرغان ئېقىنىغا چېچىۋەتتىم.
22 مۇندىن باشقا سىلەر بولساڭلار تابىرا، ماسسا قىبروت ۋە ھاتاۋە دېگەن جايلاردا خۇداۋەندىنىڭ
ئاچچىقىنى كەلتۈردۈڭلار. 23 شۇنداق ھەم خۇداۋەندە سىلەرنى قادېش-بارنېئادىن ئەۋەتىپ: ‹
ئەمدى سىلەر چىقىپ، مەن ئۆزۈڭگە بېرىدىغان يۇرتنى ئىگىلىۋېلىڭلار› دېگىنىدە سىلەر تەڭرىڭلار
خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە ئاسىيلىق قىلىپ ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، بۇيرۇقىغا قۇلاق سالمىدىڭلار.
24 مەن سىلەر بىلەن تونۇشقان كۈنىدىن تارتىپ خۇداۋەندىگە ئاسىيلىق قىلىپ كەلدىڭلار.

## مۇسانىڭ دۇئاسى

25 مەن بولسام، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يىقىلىپ، قىرىق كېچە قىرىق كۈندۈز ياتقىنىمدا
خۇداۋەندىنىڭ ئۆزى سىلەرنىڭ توغراڭلاردا: ‹ مەن ئۇلارنى يوقىتىۋېتەيمەن› دېگىنى ئۈچۈن
يىقىلىپ يېتىپ، 26 خۇداۋەندىگە دۇئا قىلىپ ئېيتتىمكى: ‹ ئەي رەب خۇداۋەندە، سەن ئۆزۈڭ
چوڭ قۇدرىتىڭ بىلەن قۇتقۇزۇپ، كۈچلۈك قول بىلەن مىسىردىن چىقىرىپ كېلىپ، مىراسىڭ
بولغان قوۋمىڭنى ھالاك قىلماي، 27 بەلكى ئۆز بەندىلىرىڭ بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە
ياقۇبنى ياد قىلىپ، بۇ قوۋمنىڭ قاتتىقلىقىغا قارىماي، يامانلىقى بىلەن گۇناھىغا نەزەر
سالمىغىن. 28 بولمىسا سەن ئۆزۈڭ بىزنى چىقارغان يۇرتنىڭ ئۆزىدە: ‹ مەن خۇداۋەندە

ئۆزى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان يۇرتقا ئۇلارنى ئېلىپ كىرەلمەي، ئۆزى ئۇلارنى يامان كۆرگىنى
ئۈچۈن باياۋانغا ئېلىپ بېرىپ، ئۆلتۈرۈۋەتەي دەپ، ئۇلارنى چىقىرىپ كەتتى› دەپ ئېيتىدۇ.
[29] ھەرقانداق بولسا، ئۇلار ئۆزى سەن چوڭ قۇدرىتىڭ ئىشلىتىپ، كۈچلۈك بىلىكىڭ بىلەن
چىقىرىپ كېلىپ، ئۆز مىراسىڭ بولغان قوۋمىڭ ئەمەسمۇ؟› دېدىم.

## ئىككى يېڭى تاش تاختىسى

10 [1] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ماڭا ئېيتتىكى: ‹ سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئىلگىرىكىدەك تاشتىن
ئىككى تاختىنى ياساپ، ياغاچتىن بىر ساندۇقنىمۇ ئېتىپ، مېنىڭ قېشىمغا تاغقا
ئېلىپ چىققىن. [2] مەن ئۆزۈم سەن سۇندۇرۇۋەتكەن ئىلگىرىكى ئىككى تاختىدا بار سۆزلەرنى
يېزىپ بېرەي. ئاندىن كېيىن سەن بۇلارنى مەزكۇر ساندۇقتا قويىسەن» دېدى. [3] شۇنى دېسە،
مەن ئۆزۈم ئاكاتسىيە ياغىچىدىن بىر ساندۇق ئېتىپ، ئىلگىرىكىدەك تاشتىن ئىككى تاختىنى
ياساپ، بۇ ئىككى تاختىنى قولۇمغا ئېلىپ تاغقا چىقتىم. [4] چىقسام، خۇداۋەندە ئۆزى سىلەر
ئاندا جەم بولغان كۈندە تاغ تەرىپىدىن ئوتنىڭ ئىچىدىن سىلەرگە ئېيتىپ بەرگەن ئون ئەمرنى
ئىلگىرىكىدەك بۇ ئىككى تاختىغا پۈتتى. پۈتۈپ، خۇداۋەندە بۇلارنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەردى. [5]
ئاندىن كېيىن مەن يېنىپ كېتىپ تاغدىن چۈشۈپ، تاختىلارنى ئۆزۈم ئەتكەن ساندۇقتا قويۇپ
قويدۇم. ئاندا ئۇلار ئۆزى خۇداۋەندە ماڭا بۇيرۇغاندەك قويۇقلۇق تۇردى.

## ھارۇننىڭ ئۆلۈمى، لاۋىيلارنىڭ ۋەزىپىسى

[6] ئاندىن كېيىن بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۆزى بەنى-يائاقان كۆللىرى دېگەن جايدىن چىقىپ،
موسېراغا ماڭدى. ئاندا ھارۇن ۋاپات بولۇپ، ئۇ يەردە دەپنە قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئېلىئازار
بولسا ئۇنىڭ ئورنىدا كاھىن بولدى. [7] ئاندىن ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ گۇدگوداغا ماڭدى.
گۇدگودادىن چىقىپ، سۇ ئېقىنلىرى بار يوتباتا دېگەن بىر جايغا باردى. [8] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە
ئۆزى لاۋىي قەبىلىسىنى ئىلغاپ، بۇ كۈنگىچە بولغاندەك ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى
كۆتۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلىپ ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن
بەرىكەت ئوقۇسۇن دەپ، تەيىنلەپ قويدى. [9] ئۇنىڭ ئۈچۈن لاۋىي ئۆزى بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدا
نېسىۋە ۋە يا مىراس تاپماي، بەلكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېيتقاندەك خۇداۋەندە
ئۆزى ئۇنىڭ مىراس ھەسسىسى بولىدۇ.
[10] مەن بولسام، ئىلگىرىكى ۋاقىتتىكىدەك قىرىق كېچە بىلەن قىرىق كۈندۈز تاغدا تۇرۇپ
قالدىم. خۇداۋەندە ئۆزى بۇ نۆۋەتتىمۇ ماڭا قۇلاق سېلىپ، سېنى ھالاك قىلغىلى خالىمىدى.
[11] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە ماڭا سۆز قىلىپ: ‹ سەن قويۇپ، قوۋمنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، مەن

ئۇلارغا بېرىمەن دەپ، ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغان يۇرتقا كىرىپ، ئۇنى ئىگىلىۋالماق ئۈچۈن ئۇلارنى ماڭدۇرغىن› دېدى.

## خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش كېرەكلىكى

[12] ئەمدى ئەي ئىسرائىل، سەن بولساڭ تەڭرىڭ خۇداۋەندىدىن قورقۇپ، ھەممىشە ئۇنىڭ يوللىرىدا يۈرۈپ ئۇنى دوست تۇتۇپ، ھەممە كۆڭلۈڭ ۋە ھەممە جېنىڭ بىلەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئىبادىتىنى قىلىپ، [13] مەن ساڭا ياخشى بولسۇن دەپ، خۇداۋەندە تەرىپىدىن بۈ كۈن ساڭا بېرىدىغان ئەمر بىلەن قانۇنلارنى تۇتۇشۇڭدىن باشقا بىر نېمىنى تەڭرىڭ خۇداۋەندە سەندىن تەلەپ قىلامدۇ؟ [14] مانا ئاسمانلار بىلەن ئاسمانلارنىڭ ئاسمانى، يەر يۈزى بىلەن پۈتۈن بارلىقى تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭكىدۇر. [15] لېكىن خۇداۋەندە بولسا پەقەت ئاتا-بوۋىلىرىڭنى دوست تۇتۇپ، بۇ كۈندىكىدەك ئۇلاردىن كېيىن نەسلىنى خاس قىلىپ، ھەممە خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا سىلەرنى ئىلغىۋالدى. [16] ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈڭلارنىڭ خەتنىلىك ئېتىنى خەتنە قىلىپ، مۇندىن كېيىن بوينۇڭ قاتتىق قىلىپ تۇرماڭلار. [17] چۈنكى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە بولسا تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى بىلەن خۇداۋەندىلەرنىڭ خۇداۋەندىسى بولۇپ، يۈز-خاتىرە قىلماي، پارا ئالمايدىغان قۇدرەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك ئۇلۇغ خۇدا بولۇپ، [18] ئۆزى يېتىم بىلەن تۇلنىڭ ھەققىنى تاپتۇرۇپ، مۇساپىرنى دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭغا تائام بىلەن ئېگىن بېرىپ تۇرىدۇ. [19] ئۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر بولساڭلار مۇساپىرنىمۇ دوست تۇتقايسىلەر. ئۆزۈڭلار مىسىر يۇرتىدا تۇرۇپ، مۇساپىر بولغان ئەمەسمۇسىلەر؟ [20] سەن بولساڭ تەڭرىڭ خۇداۋەندىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە چاپلىشىپ، ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلغايسەن. [21] ئۇ ئۆزى سېنىڭ پەخرىڭ بولۇپ، سەن ئۆز كۆزلىرىڭ بىلەن كۆرگەندەك سېنىڭ ئۆزۈڭگە چوڭ ئاجايىپ ئىشلار قىلغان تەڭرىڭدۇر. [22] ئاتا-بوۋىلىرىڭلار بولسا مىسىرغا چۈشۈپ بارغىنىدا يەتمىش كىشى ئىدى، لېكىن ئەمدى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى سېنى ئاۋۇتۇپ، ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىدەك نۇرغۇن قىلدى.

## ئىتائەت قىلىش ۋە ئىتائەت قىلماسلىقنىڭ ئاقىۋەتلىرى

11

[1] ئەمدى سەن ئۆز تەڭرىڭ خۇداۋەندىنى دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭ پەرمانلىرى بىلەن قانۇنلىرىنى، ئەھكامى بىلەن ئەمرلىرىنى ھەممىشە ساقلىغىن. [2] بۈنى بىلىڭلاركى، مەن بۇ كۈن گەپ قىلسام، تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ بەرگەن تەنبىھىنى بىلمەي، ئۇنىڭ شان-شەرىپى بىلەن ئۇزىتىلغان كۈچلۈك بىلىكىنى كۆرمىگەن باللىرىڭلارغا سۆزلەپ تۇرمايمەن. [3] ئۇلار بولسا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مىسىرنىڭ پادىشاھى فىرەۋن بىلەن ئۇنىڭ ھەممە يۇرتىغا قانداق ئالامەت بىلەن نېمە-نېمە ئىشلارنى كۆرسىتىپ،

4 مىسىرنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئات ھارۋىلىرىغا نېمە قىلىپ، ئۇلار ئۆزى سىلەرنى قوغلاپ
كەلگەندە قىزىل دېڭىزنىڭ سۇيىنى ئۇستىگە باستۇرۇپ، خۇداۋەندە ئۆزى ئۇ كۈنى ئۇلارنى
يوقىتىۋېتىپ،
5 سىلەر بۇ جايغا يېتىپ كەلگۈچىلىك ئۇنىڭ باياۋاندا سىلەرگە نېمە-نېمە قىلىپ، 6 ئېلىياب
بەن-رۇبەنىنىڭ ئوغۇللىرى بولغان داتان بىلەن ئابىرامغا نېمە بالايىئاپەت كەلتۈرۈپ، قانداق
ھەممە ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا يەرنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆي چېدىرلىرى بىلەن قوشۇپ
بارچە تەئەللۇقلىرى بىلەن قېتىپ يىتتۇرۇۋەتكىنىنى كۆرمىدى. 7 ئەمما سىلەر بولساڭلار
خۇداۋەندىنىڭ قىلغان ھەممە چوڭ ئىشلىرىنى ئۆز كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆردۇڭلار ئەمەسمۇ؟
8 بۇنىڭ ئۇچۇن مەن بۇ كۈن سىلەرگە بېرىدىغان ئەمرلەرنى تۇتۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار،
جۇرئەت تېپىپ، سىلەر ئۇنى ئالغىلى كېتىپ بارغان يۇرتقا كىرىپ، ئۇنى ئىگىلەپ، 9 خۇداۋەندە
ئۆزى قەسەم قىلىپ ئاتا-بوۋىلىرىڭلار بىلەن نەسلىگە بەرگىلى ۋەدە قىلىپ سۈت بىلەن ھەسەل
ئاقىدىغان يۇرتتا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىلەر.
10 چۈنكى سەن ئاندا كىرىپ ئىگىلەيدىغان يۇرت ئۆزى بولسا ئۆزۈڭ چىقىپ كەلگەن مىسىر
يۇرتىدەك ئەمەستۇر. سەن ئاندا تېرىم تەرتىپ، ئوتياشلىققا قىلغاندەك پۇتۇڭ بىلەن بېسىپ
سۇغاراتتىڭ. 11 لېكىن سىلەر ئالماق ئۇچۇن كېتىپ بارغان يۇرت بولسا ئۇ ئۆزى ئاسماننىڭ
يامغۇرىدىن سۇ ئىچىدىغان تاغلىق بىلەن جىلغىلىق بىر يۇرت بولۇپ، 12 ئۇنىڭ ئۆزىنى تەڭرىڭ
خۇداۋەندە بېقىپ، يىلنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ
ئۇستىگە ھەمىشە تىكىلىپ تۇرىدىغان بىر يۇرت بولىدۇ. 13 سىلەر مەن بۇ كۈن سىلەرگە بېرىدىغان
ئەمرلىرىنى ئاڭلاپ، تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنى دوست تۇتۇپ، پۈتۈن كۆڭۈل ۋە پۈتۈن جېنىڭلار
بىلەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلساڭلار، 14 ئۆز ۋاقتىدا يۇرتۇڭلارغا يامغۇر يېغىپ، ئەتە ياز بىلەن كۈز
يامغۇرى چۈشۈپ، بۇغداي بىلەن شاراب ۋە يېغىڭنى يىغىدىغان بولىسەن. 15 يەپ تويغايسەن دەپ،
بۇنىڭدىن باشقا چارۋا ماللىرىڭ ئۇچۇن ئېتىزلىقىڭدا ئوت-خەس پەيدا قىلىنىدۇ.

16 لېكىن سىلەر بولساڭلار كۆڭلۈڭلار بۇزۇلۇپ قېلىشتىن ئاگاھ بولۇپ، ئۆزۈڭلار باشقا مەبۇدلارغا
ئىبادەت قىلىپ، ئۇلارغا باش ئېگىشتىن ئېھتىيات قىلىڭلار. 17 بولمىسا خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى
سىلەرگە تۇتۇشۇپ، ئاسماننىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېتىپ يامغۇر ياغدۇرماي قويۇپ، يەرنىڭ
ھوسۇلىنى بەرگۈزمەي قويسا، خۇداۋەندە سىلەرگە بېرىدىغان ياخشى يۇرتتىن ئىتتىك يوق
بولۇپ كېتىسىلەر. 18 ئۇنىڭ ئۇچۇن سىلەر ئەمدى بۇ سۆزلىرىمنى كۆڭۈل بىلەن زېھنىڭلارغا
ئېلىپ، ئۇلارنى قوللىرىڭلارغا بىر بەلگىدەك باغلاپ، پېشانەڭلاردا بىر قاشقىدەك قويۇڭلار.
19 سىلەر ئۆيۈڭلاردا ئولتۇرساڭلار، يولدا ماڭساڭلار، ياتساڭلار، قوپساڭلار، ئۇلار توغرىسىدا
سۆزلەپ، ئۇلارنى باللىرىڭلارغا ئۆگىتىپ قويۇپ، 20 ئۇلارنى ئۆيۈڭلاردىكى ئىشىكلەرنىڭ يان
ياغىچى بىلەن دەرۋازىلىرىڭلارغا يېزىڭلار. 21 بىز ئۆزىمىز بىلەن باللىرىمىز خۇداۋەندە قەسەم
قىلىپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا: ‹ سىلەرگە بېرىمەن› دەپ ۋەدە قىلغان يۇرتتا، پەلەك ئۆزى يەرنىڭ

ئۈستىگە بىر گۈمبەزدەك تۇرغۇچىلىك، ئولتۇرغايمىز دەپ شۇنداق قىلىڭلار.
[22] چۈنكى ئەگەر سىلەر مەن سىلەرگە بېرىدىغان ھەممە بۇ ئەمرلەرنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرۈپ، تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنى دوست تۇتۇپ، ھەمىشە ئۇنىڭ يوللىرىدا يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە چاپلىشىپ تۇرساڭلار، [23] خۇداۋەندە ئۆزى بۇ ھەممە تائىپىلەرنى ئالدىڭلاردىن ھەيدىۋەتكىنى بىلەن ئۆزۈڭلاردىن چوڭ بولۇپ كۈچلۈكرەك قوۋملارنى مەغلۇپ قىلىدىغان بولىسىلەر. [24] پۇتۇڭلار دەسسىگەن ھەر جاي سىلەرنىڭكى بولۇپ، چۆلدىن تارتىپ لىۋانغىچە، فىرات دەرياسى دېگەن دەريادىن تارتىپ غەربتىكى دېڭىزغىچە يۇرتۇڭلار يېيىلىدىغان بولىدۇ.
[25] ھېچكىم سىلەرگە زىت تۇرالماي، بەلكى قەيەرگە كىرسەڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى ئېيتقىنىدەك سىلەرنىڭ قورقۇنچۇڭلارنى سالىدۇ.

[26] مانا مەن بۇ كۈن ئالدىڭلاردا بەرىكەت بىلەن لەنەت قويىمەن.
[27] ئەگەر سىلەر مەن بۇ كۈن تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن سىلەرگە بېرىدىغان ئەمرلەرنى ئاڭلىساڭلار، بەرىكەت تاپىسىلەر.
[28] لېكىن ئەگەر تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، بەلكى مەن سىلەرگە بۇيرۇغان يولدىن يېنىپ، تونۇمىغان باشقا تەڭرىلەرگە ئەگەشسەڭلار، لەنەت تاپىسىلەر.
[29] تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنى ئۆزۈڭ ئۇنى ئىگىلىماق ئۈچۈن بېرىدىغان يۇرتقا كىرگۈزسە، سەن گەرىزىم دېگەن تاغنى بەرىكەتنىڭ جايى قىلىپ، ئېبال تېغىنىڭ ئۆزىنى لەنەتنىڭ جايى قىلىپ قويغىن. [30] مەلۇم بولغاندەك بۇ ئىككى تاغ ئۆزى ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولۇپ، چۆلدە ئولتۇراقلىق قانائانىيلارنىڭ يۇرتىدىكى غەرب يولىنىڭ ئارقىسىدا تېپىلىپ، گىلگالنىڭ ئۇتتۇرىدىكى مورەھنىڭ دۇب دەرەخلىكىنىڭ يېنىدا باردۇر. [31] سىلەر بولساڭلار تەڭرىڭلار خۇداۋەندە سىلەرگە بېرىدىغان يۇرتقا كىرىپ، ئۇنى ئىگىلىمەك ئۈچۈن ئەمدى ئىئوردانىدىن ئۆتىسىلەر. ئۇنى ئېلىپ، ئاندا ئولتۇرغىنىڭلاردا، [32] مەن بۇ كۈن سىلەرگە بېرىدىغان ھەممە قانۇن بىلەن ئەھكاملارنى تۇتۇپ، ئەمەلگە كەلتۈرۈڭلار.

## قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان مۇقەددەس جاي

12 [1] بۇ قانۇن بىلەن ئەھكاملار بولسا سىلەر ئۇلارنى ساقلاپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۆزى ئىگىلىسۇن دەپ سىلەرگە بەرگەن يۇرتتا دۇنيادىكى ھايات كۈنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىدە ئەمەلگە كەلتۈرۈپ،
[2] سىلەر ھەيدەۋېتىدىغان تائىپىلەرنىڭ ئۆزى ئۆز تەڭرىلىرىگە ئىبادەت قىلماق ئۈچۈن ئېگىز تاغ بىلەن دۆڭلۈكلەرنىڭ ئۈستىدە ياسىغان، ھەربىر كۆك دەرەخنىڭ تېگىدە تەييار قىلغان ئىبادەتگاھلىرىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىپ، [3] ئۇلارنىڭ قۇربانگاھلىرىنى يىقىتىپ، بۇت

تۇۋرۇكلىرىنى سۇندۇرۇپ، ئاشىرە بۇتلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، ئويما بۇتسۇرەتلىرىنى پارە-پارە قىلىپ، ئىسىملىرىنى ئۇ جايدىن يوق قىلىۋېتىڭلار. [4] لېكىن سىلەر بولساڭلار تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلغىنىڭلاردا ئۇلاردەك قىلماي، [5] بەلكى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى ئۆز ئىسمىنى ئاندا قويماق ئۈچۈن ھەممە قەبىلىلىرىڭلارنىڭ ئىچىدىن قايسى جايىنى ئىلغىغان بولسا، سىلەر ئۇنى ئىزدەپ، ئاندا بېرىپ، [6] كۆيدۈرمە قۇربانلىقىڭلار بىلەن سويۇم قۇربانلىقلىرىڭلارنى، ئوندىن بىر ئۈلۈش بىلەن پۇلاڭلاتما قۇربانلىقلىرىڭلارنى، ئاتىغان نەرسىنىڭ ئۆزى بىلەن خۇش-رىزا قۇربانلىقلىرىڭلارنى، كالا بىلەن قويلىرىڭلارنىڭ تۇنجىلىرىنى ئاندا كەلتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ، [7] تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يەپ، ئۆي خەلقىڭلار بىلەن قوشۇلۇپ تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى بەرىكەتلىگەن قوللىرىڭلارنىڭ تاپقان نېمىتىدىن خۇشلۇق قىلىڭلار. [8] ئۇ ۋاقىت بىز بۇ يەردە تۇرۇپ، ھەربىرىمىز ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلغاندەك ئاندا قىلماڭلار. [9] چۈنكى سىلەر تېخى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە سىلەرگە بېرىدىغان مىراس جاي بىلەن ئارامگاھقا يەتمىدىڭلار ئەمەسمۇ؟ [10] لېكىن سىلەر ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ، تەڭرىڭلار خۇداۋەندە سىلەرگە مىراس قىلىپ بەرگەن يۇرتقا بېرىپ، ئۇ ئۆزى چۆرەڭلاردىكى دۈشمەنلىرىڭلاردىن سىلەرگە ئارام بېرىپ، سىلەر تىنچ-ئامان ئولتۇرغىنىڭلاردا، [11] تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى ئۆز ئىسمىنى ئاندا قويماق ئۈچۈن قايسى جايىنى ئىلغىسا، مەن سىلەرگە بۇيرۇغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاندا ئېلىپ بېرىپ، كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن سويۇم قۇربانلىقلىرىڭلارنى، ئوندىن بىر ئۈلۈش بىلەن پۇلاڭلاتما قۇربانلىق ۋە خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتىغان ياخشى نەرسىلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئاندا ئۆتكۈزۈپ، [12] ئۆزۈڭلار بىلەن ئوغۇل قىزلىرىڭلار، قۇل بىلەن دېدەكلىرىڭلار ۋە ئاراڭلاردا ھېچ ھەسسىسى بىلەن مىراسى بولماي، دەرۋازىلىرىڭلارنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان لاۋىيلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆز تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇشلۇق قىلىڭلار. [13] ئەمما ساڭا خۇش كۆرۈنگەن باشقا بىر جايدا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭنى ئۆتكۈزۈشتىن ئېھتىيات قىلىپ، [14] خۇداۋەندە ئۆزى قەبىلىلىرىڭنىڭ ئىچىدىن قايسى جايىنى ئىلغىسا، ئاندا كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭلارنى ئۆتكۈزۈپ، مەن ساڭا بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە كەلتۈرگەيسەن.

## قان يېمەسلىك توغرىسىدا

[15] ھەرقانداق بولسا، سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بەرگەن بەرىكەتكە قاراپ قايسى شەھىرىڭ بولسا دەرۋازىسىدا خالىغىنىڭچە بوغۇزلاپ يېسەڭ بولىدۇ. بۇ ئۆزى كىيىك ۋە يا بۇغا گۆشى بولغاندەك پاك ياكى ناپاك كىشى بولسۇن، ھەرقايسى ئۇنىڭدىن يېسە بولىدۇ. [16] لېكىن قاننى يېمەي، ئۇنى سۇدەك يەرگە تۆكۈۋېتىڭلار. [17] ئەمما سەن بولساڭ ئۆز دەرۋازىلىرىڭدا، خاھى ئاشلىقىڭنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشى، خاھى شاراب بىلەن يېغىڭنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشى بولسۇن، خاھى كالا بىلەن قويلىرىڭنىڭ تۇنجىلىرى، خاھى خۇداۋەندىگە ئاتىغان نەرسىلىرىڭ

بولسۇن، خاھى خۇش-رىزا قۇربانلىقلىرىڭ، خاھى قولۇڭ كەلتۈرگەن ھەدىيە بولسۇن،
بۇلاردىن ھېچنېمىنى يېمەي، 18 بەلكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى تەيىنلىگەن جايىنىڭ ئۆزىدە
تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا سەن ئۆزۈڭ ئوغۇل بىلەن قىزىڭ، قۇل بىلەن دېدىكىڭ ۋە
دەرۋازىلىرىڭدا ئولتۇراقلىق لاۋىيغا قوشۇلۇپ بۇنىڭدىن يەپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا
قوللىرىڭنىڭ ھەممە تاپقان نەرسىلىرىدىن خۇشلۇق قىلغىن. 19 لېكىن دۇنيادىكى ھايات
كۈنلىرىڭنىڭ ھەممىسىدە لاۋىيلارنى ئۇنتۇشتىن ئېھتىيات قىلغىن.

20 تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆز ۋەدىسىگە مۇۋاپىق زېمىنىڭنى كەڭرىتكىنىدە سەن گۆش يېگىلى ئارزۇ قىلىپ،
گۆش يېسەم بولاتتى دەپ خىيال قىلساڭ، قانچە خالىساڭ شۇنچە گۆش يېسەڭ بولىدۇ. 21 ئەگەر
تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆز ئىسمىنى ئاندا قويماق ئۈچۈن ئىلغىغان جاي ئۆزى سەندىن زىيادە نېرى بولسا،
سەن ئۆزۈڭ مەن ساڭا بۇيرۇغاندەك خۇداۋەندە ساڭا بەرگەن كالا بىلەن قويلاردىن قانچىلىك خالىساڭ
بوغۇزلاپ، ئۆز دەرۋازىلىرىڭدا يېسەڭ بولىدۇ. 22 لېكىن سىلەر بۇنى كىيىك بىلەن بۇغىنىڭ گۆشىنى
يېگەندەك يېگەيسىلەر. شۇنداق ھەم پاك ھەم ناپاك كىشى ئۇنىڭدىن يېگەي.
23 ئەمما يالغۇز قان يېيىشتىن ئېھتىيات قىلغىن، چۈنكى قان ئۆزى جان بولغاچ، جاننىڭ ئۆزىنى
گۆش بىلەن بىللە يېمىگىن. 24 سەن ئۇنى ھەرگىز يېمەي، بەلكى ئۇنى سۇدەك يەرگە تۆكۈپ،
25 ئۆزۈم بىلەن مەندىن كېيىن كېلىدىغان باللىرىمغا ياخشىلىق تەگسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ
نەزىرىدە توغرا ئىش قىلاي دېسەڭ، بۇنىڭدىن ھەرگىز يېمىگىن. 26 لېكىن سەن كەلتۈرىدىغان
مۇقەددەس ھەدىيە بىلەن ئاتىغان نەرسىلىرىڭنىڭ ئۆزىنى خۇداۋەندە ئىلغايدىغان جايغا كەلتۈرۈپ،
27 كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىڭ بولسا، خاھى گۆشى، خاھى قېنى بولسۇن، ئىككىلىسىنى تەڭرىڭ
خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىدا ئۆتكۈزۈپ، سويۇم قۇربانلىقلىرىڭ بولسا يالغۇز قېنىنى تەڭرىڭ
خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىغا تۆكۈپ، گۆشىنى يېگەيسەن. 28 ئۆزۈم بىلەن مەندىن كېيىن
كېلىدىغان باللىرىمغا ئەبەدكىچە ياخشىلىق تەگسۇن دەپ، تەڭرىم خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە توغرا
ئىش قىلاي دېسەڭ، مەن ساڭا بېرىدىغان بۇ ھەممە سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇتقايسەن.

29 ئۇلارنى ئۆز ئالدىمدىن ھەيدىۋېتەي دەپ، سەن قوغلىغىلى بېرىدىغان تائىپىلەرنىڭ ئۆزى
تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ كۈچىدىن ۋەيران قىلىنغاچ، ئۆزۈڭ ئۇلارنى ھەيدىۋېتىپ يۇرتىدا
ئولتۇرۇۋالساڭ، 30 ئاگاھ بولۇپ، ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭدىن ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن،
چىرمىشىپ ئۇلارغا ئەگىشىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، بۇ تائىپىلەر ئۆزى قايسى تەرىقىدە
ئىبادەت قىلغان بولسا، مەنمۇ ئۇلاردەك قىلاي دەپ، ئۇلارنىڭ تەڭرىلىرى توغرىسىدا سورىماڭ.
31 تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلساڭ، بۇ تەرىقىدە قىلمىغايسەن، چۈنكى ئۇلار بولسا ئۆز
تەڭرىلىرىگە ئىززەت كۆرسەتمەك ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك بولۇپ، ئۇ ئۆزى
يامان كۆرگەن ھەر خىل ئىشلارنى قىلىپ، تەڭرىلىرىمىزگە ئاتايلى دەپ، ئۆز ئوغۇل بىلەن
قىزلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرگەن.

## يالغان پەيغەمبەرلەردىن ۋە بۇتپەرەسلىكتىن ئاگاھلاندۇرۇش

13 [1]ئەمما سىلەر بولساڭلار مەن سىلەرگە بۇيرۇغىنىمنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرۈڭلار. شۇنداقكى، سەن بۇنىڭغا ھېچنېمىنى قوشماي، ھېچنېمىنىمۇ كېمەيتمىگەيسەن.

[2]ئەگەر ئاراڭدا بىر پەيغەمبەر ياكى بىر چۈش كۆرگۈچى قوپۇپ، ساڭا ئالامەت بىلەن مۆجىزە ۋەدە قىلىپ: [3]‹ ئەمدى كەلگىن، سەن تونۇمىغان باشقا تەڭرىلەرگە ئەگىشىپ ئىبادەت قىلايلى› دەپ ئېيتسىپ، ساڭا ۋەدە قىلغان ئالامەت بىلەن مۆجىزىلىرى ۋەقە بولسىمۇ، [4]سەن بۇ پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، بۇ چۈش كۆرگۈچىگە قۇلاق سالمىغىن. چۈنكى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە سىلەرنىڭ توغراڭلاردا: ‹ ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنى پۈتۈن كۆڭۈل ۋە پۈتۈن جېنى بىلەن دوست تۇتىدۇمۇ ياكى ئەمەسمۇ› دەپ بىلمەك ئۈچۈن، سىلەرنى يالغۇز سىنىغلى خالايدۇ.
[5]سىلەر بولساڭلار تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئەمرلىرىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە چاپلىشىپ تۇرغايسىلەر.
[6]لېكىن ئۇ پەيغەمبەر ۋە يا چۈش كۆرگۈچى بولسا سىلەرنى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ ئۇ قۇللۇق ئۆيىدىن قۇتقۇزۇپ كەلگەن تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدىن سېنى ئازدۇرىدىغان سۆز قىلىپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا ماڭغىلى بۇيرۇغان يولدىن ئېزىقتۇرغىلى خالىغاچ، ئۆلتۈرۈلسۇن. بۇ تەرىقىدە سەن يامان نېمىنى ئاراڭدىن چىقىرىۋەتكەيسەن.
[7]ئەگەر ئاناڭنىڭ ئوغلى بولغان بۇرادىرىڭ يا ئوغلۇڭ يا قىزىڭ يا قۇچىقىڭدىكى خوتۇن ۋە يا ساڭا ئۆز جېنىڭدەك ئامراق بولغان دوستۇڭنىڭ ئۆزى مەخپىي تەرىقىدە سېنى ئازدۇرغىلى خالاپ: ‹ كەلگىن، بىز بولساق، خاھى سەن خاھى، ئاتا-بوۋىلىرىڭ تونۇمىغان تەڭرىلەرگە ئىبادەت قىلايلى› دەپ ئېيتسىپ، [8]سىلەرنىڭ چۆرەڭلاردا ئولتۇرۇپ، ساڭا يېقىن ياكى نېرى بولۇپ، يەرنىڭ بىر چېتىدىن تارتىپ يەرنىڭ يەنە بىر چېتىگىچە ئولتۇرغان تائىپىلەرنىڭ تەڭرىلەرگە ئىبادەت قىلدۇرغىلى خالىسا، [9]سەن ئۇنىڭغا ئۇنىماي، قۇلاقمۇ سالماي، ئۇنىڭ ئۆزىگە مەرھەمەت كۆرسەتمەي، رەھىمسىز تۇرۇپ، ئۇنى ئايىماي، [10]بەلكى ئۇنى ئۆلتۈرگەيسەن. ئۇنى ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن ئاۋۋال سېنىڭ قولۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن ھەممە جامائەتنىڭ قولى كۆتۈرۈلسۇن. [11]ئۇ ئۆزى سېنى قۇللۇق ئۆيۈڭ بولغان مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنى تاشلىغلى ئازدۇرغىلى خالىغىنى ئۈچۈن ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرگەيسەن. [12]ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى بۇنى ئاڭلىغىنىدا قورقۇپ، ئاراڭدا ھېچكىم مۇنداق يامانلىق يەنە قىلمايدۇ.

[13]ئەگەر تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا ئولتۇرغىلى بېرىدىغان شەھەرلەرنىڭ يېرىدە سەن بىر خەۋەرنىڭ چىققىنىنى ئىشتىپ،
[14]سېنىڭ ئاراڭدا بەدخۇي ئادەملەر قوپۇپ: ‹ كېلىڭلار، بىز بېرىپ سىلەر تونۇمىغان تەڭرىلەرگە ئىبادەت قىلايلى› دەپ، ئۆز شەھىرىنىڭ خەلقىنى ئازدۇرۇپ تۇرغىنىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىساڭ،

[15] سەن شۇنىڭ توغرىسىدا سوراپ بېقىپ، تەپتىش قىلىپ، دىققەت بىلەن تەھقىقلىگەيسەن.
ئەگەر ئاراڭدا مۇنداق يىرگىنچلىك ئىشنىڭ ۋەقە بولغىنى راست چىقىپ، تايىن مەلۇم بولسا،
[16] سەن بۇ شەھەرنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىنى قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن پۈتۈن
بارلىقىنى يوقىتىپ، ئانداكى چارۋا مېلىنىمۇ قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ، [17] ئانداكى ھەممە
ئولجىنى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا يىغىپ، شەھەرنىڭ ئۆزىنى ئاندا ئالغان ھەممە ئولجا
بىلەن قوشۇپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتكەيسەن. ئۇ ئۆزى ئەبەدكىچە بىر
دۆۋە بولۇپ، ھەرگىز يەنە قۇرۇلمىسۇن. [18] ئەمما خۇداۋەندە ئۆزى ئۆز قەھر غەزىپىدىن يېنىپ،
ساڭا مەرھەمەت كۆرسىتىپ شەپقەت قىلىپ، ئۆزى قەسەم بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىڭغا ۋەدە قىلغاندەك
سېنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن، غەنىيمەتتىن ھېچنېمە سېنىڭ قولۇڭدا قالمىسۇن. [19] سەن بولساڭ
تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ مەن بۈ كۈن ساڭا بۇيرىدىغان ھەممە ئەمرلىرىنى
تۇتۇپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە توغرا بولغىنىنى قىلىپ تۇرغايسەن.

14
[1] سىلەر بولساڭلار تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ باللىرى بولۇپ تۇرۇپ، ئۆلگەنلەرنىڭ
سەۋەبىدىن بەدىنىڭلارغا زەخىم قىلمەي، ئىككى قېشىڭنىڭ ئۈلاشمىسىنى
چۈشۈرۈۋەتمىگىن.

[2] چۈنكى سەن بولساڭ تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە مۇقەددەس بىر قوۋم بولغاچ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە
ئۆزى سېنى خاس قوۋمىم بولسۇن دەپ، پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ھەممە قوۋملارنىڭ ئىچىدىن
ئىلغىۋالدى.

## ھالال ۋە ھارام جانىۋارلار ۋە مال-مۈلۈك توغرىسىدىكى نىزاملار

[3] سەن بولساڭ ھارام بىر نېمىنى يېمىگىن.
[4] چارۋا ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن سىلەرگە يېگىلى جايىز بولغىنى شۇ، يەنى كالا، قوي ۋە ئۆچكە،
[5] بۇغا، كىيىك، كىچىك بۇغا، تاغ تېكىسى، بۆكەن، ياۋا كالا ۋە ياۋا قوچقار بولۇپ، [6] چارۋا
ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن تۇياقلىرى پۈتۈن ئاچىماق بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۆزى كۆشەيدىغان
چارۋا ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى يېسەڭلار بولىدۇ.
[7] لېكىن كۆشەيدىغان چارۋا ھايۋانلار بىلەن ئاچىماق تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن سىلەرگە
يېگىلى جايىز بولمىغان ھايۋانلاردىن تۆگە، ياۋا توشقان ۋە تاغ توشقىنى دېگەن ھايۋانلار
بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزى كۆشىگىنى بىلەن تۇياقلىرى بولمىغاچ سىلەرگە ھارام بولسۇن.
[8] توڭگۇز بولسا تۇيىقى بولغىنى بىلەن كۆشىمىگىنى ئۈچۈن سىلەرگە ھارام بولسۇن. مەزكۇر
ھايۋانلارنىڭ گۆشىدىن يېمەي، ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرىگىمۇ تەگمەڭلار.

[9]سۇدا يۈرىدىغان ھەممە جانىۋارلار بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قاناتلىق بولۇپ، تېرە ئورنىدا قاسىرىقى بولغان جانىۋارلاردىن يېسەڭلار بولىدۇ.
[10]لېكىن قانىتى بىلەن قاسىرىقى بولمىغان ھېچ مۇنداق بىر جانىۋارنى يېمەڭلار. بۇ ئۆزى سىلەرگە ھارام بولسۇن.
[11]ھەممە پاك ئۇچارقاناتلاردىن يېسەڭلار بولىدۇ.
[12]لېكىن سىلەرگە يېگىلى جايىز بولمىغان ئۇچارقاناتلار شۇ، يەنى قارىقۇش، بېلىقچىقۇش ۋە دېڭىز قۇشى، [13]لاچىن، شۇڭقار، سار بىلەن ئۇنىڭ خىللىرى، [14]ھەممە قاغىلار قايسى خىلدىن بولسا، [15]تۆگىقۇش، كاككۇك، چايكا، قارچىغا ۋە ئۇنىڭ خىللىرى، [16]مۈشۈكياپىلاق، ھۇۋقۇش ۋە ئاققۇ، [17]ساقىيقۇش بىلەن قۇماي ۋە قاشقالداق، [18]لەيلەك، قوتان ۋە ئۇنىڭ خىللىرى، ھۆپۈپ بىلەن شەپەرەك دېگەنلەر ھارام بولسۇن.
[19]بۇنىڭدىن باشقا ئۇچىدىغان ئۆششاق جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە ھارام بولۇپ يېيىلمىسۇن.
[20]لېكىن پاك بولۇپ ئۇچىدىغان جانىۋارلارنىڭ ھەممىسىدىن يېسەڭلار بولىدۇ.

[21]ئۆزى ئۆلۈپ قالغان بىر ھايۋاننى يېمەڭلار. دەرۋازىلىرىڭدا ئولتۇرغان مۇساپىرغا بەرسەڭ بولىدۇ. ئۇ ئۆزى ئۇنى يېسۇن. بولمىسا ئۇنى غەيرىي يۇرتلۇق كىشىگە ساتساڭ بولىدۇ. چۈنكى سەن بولساڭ تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ مۇقەددەس قوۋمىدۇرسەن. بىر ئوغلاق بولسا ئۇنى ئانىسىنىڭ سۈتىدە پىشۇرمىغىن.

[22]ھەر يىلى ئېتىزلىقىڭدا ئۈنىدىغان ھەممە ئاشلىقىڭنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى بېرىپ، [23]ئاشلىق، شاراب ۋە يېغىڭنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى، كالا بىلەن ئۇششاق چارۋا مېلىڭنىڭ تۇنجىلىرىغا قوشۇپ كەلتۈرۈپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى ئۈچۈن تەيىنلىگەن جايىدا يەپ، ھەمىشە تەڭرىڭ خۇداۋەندىدىن قورققىلى ئۆگەنگەيسەن. [24]ئەمما يول ئۆزى ساڭا زىيادە ئۇزۇن بولۇپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئاندا ئۆز ئىسمىنى قويماق ئۈچۈن توختاتقان جايغا مەزكۇر نەرسىلەرنى ئېلىپ بارالمىساڭ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بەرىكەت بەرگەچ، [25]ئۇنى سېتىپ، پۇلنى چىگىپ،تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ئىلغىغان جايغا ئالغاچ بېرىپ، [26]كۆڭلۈڭ ھەر نە ئارزۇ قىلسا، كالا يا ئۇششاق چارۋا مال، شاراب يا ھاراق ئېلىپ، ھەرنېمە خالىساڭ بۇ پۇلغا سېتىۋېلىپ، ئۆز ئۆيى خەلقىڭ بىلەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇشلۇق قىلغىن.
[27]ئۆز دەرۋازىلىرىڭدىكى لاۋىينىمۇ ئۇنتۇمىغىن، چۈنكى ئۇنىڭ سەن بىلەن بىللە ھەسسىسى ۋە يا مىراسى يوقتۇر. [28]ھەر ئۈچىنچى يىلنىڭ ئاخىرىدا سەن ئۇ يىل ئىچىدە چىققان ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى ئايرىپ، ئۇنى شەھەرلەرنىڭ دەرۋازىلىرىدا دۆۋىلەپ قويغايسەن. [29]ئاندىن كېيىن سەن بىلەن بىللە ھەسسىسى ۋە يا مىراسى بولمىغان لاۋىي ئۆزى بىلەن دەرۋازىلىرىڭدا

ئولتۇرغان مۇساپىر ۋە يېتىم بىلەن تۇل خوتۇن كېلىپ، ئۇنىڭدىن يەپ تويسۇن. تەڭرىم خۇداۋەندە مېنى ھەر ئىشىمدا بەرىكەتلىسۇن دېسەڭ، مۇنداق قىلغايسەن.

15 [1] ھەر يەتتىنچى يىلنى ئازادلىقنىڭ بىر يىلى قىلغايسەن. [2] بۇ ئازادلىقنىڭ قائىدىسى شۇنداق بولسۇنكى، ھەركىم ئۆز ھەقەمسايىسىگە قەرز بەرگەن بولسا، شۇنىڭدىن ئۆتۈپ، خۇداۋەندىنىڭ يىلى ئېلان قىلىنغاچ ئۆز ھەقەمسايە ۋە يا بۇرادىرىدىن بىر نىمىنى تەلەپ قىلمىسۇن. [3] غەيرىي يۇرتلۇق كىشى بولسا ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلساڭ بولىدۇ، لېكىن بۇرادىرىڭنىڭ قولىدا بىر نىمەڭ بولسا، بۇنىڭدىن ئۆتكەيسەن. [4] ھەرقانداق بولسا، راست كەمبەغەل سەندە تېپىلمايدۇ، چۈنكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى سېنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلمىقىڭ ئۈچۈن ساڭا مىراس قىلىپ بېرىدىغان يۇرتتا سېنى كەڭرى بەرىكەتلىمەكچى بولىدۇ. [5] لېكىن ئۇنداق بولسۇن دېسەڭ، سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەن بۇ كۈن ساڭا بېرىدىغان بۇ ھەممە ئەمرلەرنى تۇتقايسەن. [6] چۈنكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا ئېيتقىنىدەك سېنى بەرىكەتلىگەچ ئۆزۈڭ ھېچكىمدىن قەرز ئالماي، تولا تائىپىلەرگە قەرز بېرىپ، تولا قوۋملارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت قىلىسەن. لېكىن ئۇلار ئۆزى سېنىڭ ئۈستۈڭگە ھۆكۈمەت قىلمايدۇ.

[7] ئەگەر تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بېرىدىغان يۇرتتىكى بىر شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدا بۇرادىرىڭ بولغان بىر كەمبەغەل بولسا، بۇ كەمبەغەل بۇرادىرىڭنىڭ ئۆزىگە ئۆز كۆڭلۈڭنى قاتۇرۇپ، قولۇڭنى يىغماي، [8] بەلكى قولۇڭنى ئۇنىڭغا كەڭرى ئېچىپ، مۇھتاجلىقىغا نىمە لازىم كەلسە، ئۇنىڭغا بەرگىن. [9] ‹ ئازادلىق يىلى بولغان يەتتىنچى يىل يېقىنلاشتى ئەمەسمۇ؟› دەپ كۆڭلۈڭدە يامان خىيال قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچنىمە بەرمەي، يامان كۆز بىلەن بۇرادىرىڭگە قاراشتىن ئېھتىيات قىلغىن. بولمىسا ئۇ سېنىڭ ئۈستۈڭدە خۇداۋەندىگە پەرياد قىلىپ، گەدىنىڭگە گۇناھ چۈشىدۇ. [10] سەن خۇشلۇق بىلەن ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بەرگىنىڭدە كۆڭلۈڭ ئاغرىمىسۇن، چۈنكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى بەرگەن نەرسەڭ ئۈچۈن سەن ھەرنىمە قىلساڭ، قوللىرىڭنىڭ ئىشلىرىغا بەرىكەت بېرىدۇ. [11] كەمبەغەل كىشىلەر يۇرتۇڭدىن يوق بولۇپ كەتمىگەچ، مەن ساڭا بۇيرۇپ: ‹ يۇرتۇڭدىكى بۇرادىرىڭ بىلەن بىچارە ۋە كەمبەغەللەرگە خۇشلۇق بىلەن ئۆز قولۇڭنى ئاچقايسەن› دەپ ئېيتىمەن.

[12] ئەگەر ئۆز قوۋمىدىن بولغان بىر ئىبرانىي ئەر ۋە يا ئىبرانىي خوتۇن كىشى ئۆز-ئۆزىنى ساڭا سېتىپ، ئالتە يىل خىزمىتىڭنى قىلغان بولسا، سەن ئۇنى يەتتىنچى يىلدا خىزمىتىڭدىن ئازاد قىلىۋەتكەيسەن. [13] ئەمما ئۇنى خىزمىتىڭدىن ئازاد قىلىپ قويغىنىڭدا ئۇنى قۇرۇق قول كەتكۈزمەي، [14] بەلكى پاداڭ، خامىنىڭ ۋە ئۈزۈم سىققۇچۇڭدىن ئېلىنغان ھەدىيەلەردىن

ئۇنىڭغا سۇنۇپ، تەڭرىنىڭ خۇداۋەندە ساڭا بەرگەن نېمىتىدىن ئۇنىڭغا بەرگەيسەن. [15] سەن ئۆزۈڭ مىسىر يۇرتىدا قۇل بولۇپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى سېنى قۇتقۇزغىنىنى يادىڭغا كەلتۈرمىكىڭ ئۈچۈن بۇ كۈن ساڭا بۇنى بۇيرۇيمەن.
[16] لېكىن ئەگەر قۇلۇڭ ساڭا سۆزلەپ: ‹ مەن سېنىڭكىدە ياخشى تۇرۇپ، سەن بىلەن ئۆيۈڭنى دوست تۇتۇپ، سەندىن كەتكىلى خالىمايمەن› دېسە، [17] سەن بىر مىخنى ئېلىپ، قۇلىقىدىن ئىشىككە مىخلىغىن. ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى ئەبەدكىچە سېنىڭ قۇلۇڭ بولىدۇ. دېدىكىڭ بولسا ئۇنىڭغا ئوخشاش تەرىقىدە قىلغايسەن. [18] مېنىڭ قۇلۇمنى خىزمىتىمدىن ئازاد قىلىپ بەرگىلى ماڭا ئېغىر بولىدۇ دەپ ئويلىمىغىن. ئۇ بولسا ئالتە يىل ساڭا خىزمەت قىلغىنى بىلەن بىر مەدىكاردىن ساڭا ئىككى مەرتىۋە چوڭراق پايدا بەرمىدىمۇ؟ شۇنداق قىلساڭ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنى ھەممە ئىشىڭدا بەرىكەتلەيدۇ.

[19] كالا بىلەن ئۇششاق چارۋا مېلىڭنىڭ ھەممە ئەركەك تۇنجىلىرىنى تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە ئاتاپ، كالاڭنىڭ تۇنجىسىنى ئىشقا سالماي، قويۇڭنىڭ تۇنجىسىنىمۇ قىرقىمىغىن. [20] خۇداۋەندە ئۆزى ئىلغىغان جايدا ھەر يىل ئۆز ئۆي خەلقىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆزىنى تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا يېگەيسەن. [21] لېكىن ئەگەر ئۇ ئەيىبناق بولۇپ، ئاقساق يا كور بولسا ۋە يا ئۇنىڭ باشقا يامان ئەيىبى بولسا، ئۇنى تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە قۇربانلىق قىلماي، [22] شەھەرلىرىڭنىڭ دەرۋازىلىرىدا ئۇنى يېگەيسەن. ئۇ ئۆزى كىيىك ياكى بۇغا گۆشى بولغاندەك ھەم پاك ھەم ناپاك كىشى ئۇنىڭدىن يېسۇن. [23] ئەمما قاننى يېمەي، ئۇنى سۇدەك يەرگە تۆكۈۋەتكىن.

## ھېيتلار

16 [1] تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ئابىب ئايىدا كېچىسى سېنى مىسىردىن چىقارغاچ، سەن ئابىب ئايىنى ساقلاپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ پاسئخا ھېيتىنى تۇتۇپ، [2] خۇداۋەندە ئۆز ئىسمى ئۈچۈن ئىلغىغان جايدا تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۈچۈن ئۆز ئۇششاق چارۋا مېلىڭ بىلەن كالىلىرىڭدىن پاسئخا قۇربانلىقىنى ئېلىپ بوغۇزلىغىن. [3] بۇنىڭ بىلەن سەن ئۆرلىتىلگەن نەرسىنى يېمەي، بەلكى يەتتە كۈنگىچە تەڭلىك نېنى بولغان پېتىر نېنىنى شۇنىڭ بىلەن يېگەيسەن. چۈنكى سەن مىسىر يۇرتىدىن ئالدىراشلىق بىلەن چىقتىڭ. شۇنداق قىلىپ، ھەممە ھايات كۈنلىرىڭدە سەن مىسىر يۇرتىدىن چىققان كۈننى ياد قىلىپ تۇرغايسەن. [4] يەتتە كۈنگىچىلىك پۈتۈن يۇرتۇڭدا سەن بىلەن ھېچبىر خېمىرتۇرۇچ تېپىلمىسۇن. شۇنداق ھەم سەن ئاۋۋالقى كۈننىڭ ئاخشىمىدا سويغان گۆشتىن كېچىسى ئەتىگىچە ھېچ نەرسە تۇرۇپ قالمىسۇن. [5] پاسئخا قۇربانلىقىنىڭ ئۆزىنى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بېرىدىغان شەھەرلەرنىڭ قايسىسىدا بولسا، بوغۇزلىماي، [6] بەلكى سېنىڭ تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆز ئىسمى ئۈچۈن

ئىلغىغان جايغا ئېلىپ بېرىپ، سەن مىسىردىن چىققان ۋاقىتتا، يەنى ئاخشامدا كۈن پاتقىنىدا پاسخا قۇربانلىقىنىڭ ئۆزىنى ئاندا بوغۇزلاپ، [7] ئۇنى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆز ئىسمى ئۇچۇن ئىلغىغان جايدا يەپ، ئەتىسى ئۆز چېدىرلىرىڭغا يېنىپ بارغايسەن.

[8]ئالتە كۈنگىچە سەن پېتىر نان يەپ، يەتتىنچى كۈن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھېيت يىغىلىش كۈنى بولغاچ ئۇ كۈندە ھېچ ئىش قىلمىغايسەن.
[9]سەن ئۆزۈڭ ئۇچۇن يەتتە ھەپتىنى ساناپ، ئورغاق قويغان ۋاقىتتىن تارتىپ بۇ يەتتە ھەپتە ھېسابلاپ، [10]ئاندىن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھەپتە ھېيتىنى تۇتۇپ، قولۇڭنىڭ خۇش-رىزالىق ھەدىيەسىنى ئېلىپ كېلىپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بەرگەن نىمىتىگە قاراپ قولۇڭدىن كېلىشىچە كەلتۈرگەيسەن. [11]تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆز ئىسمى ئۇچۇن ئىلغىغان جايدا ئۆز ئوغلۇڭ بىلەن قىزىڭ، قۇلۇڭ بىلەن دېدىكىڭ، دەرۋازىلىرىڭدا ئولتۇرغان لاۋىي بىلەن سېنىڭكىدىكى مۇساپىر بىللە بولۇپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇشلۇق قىلغايسەن.
[12]ئۆزۈڭنىڭ مىسىردا قۇل بولغىنىڭنى ياد قىلىپ، بۇ قانۇنلارنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرگىن.

[13] سەن خامان بىلەن سىققۇچۇڭنىڭ ھوسۇلىنى يىغساڭ، يەتتە كۈنگىچىلىك سايىۋەن ھېيتىنى تۇتۇپ، [14]بۇ ھېيتىڭنىڭ ئۆزىدە ئۆز ئوغلۇڭ بىلەن قىزىڭ، قۇلۇڭ بىلەن دېدىكىڭ، دەرۋازىلىرىڭدىكى لاۋىي بىلەن مۇساپىر كىشى، يېتىم بىلەن تۇل خوتۇن بىللە بولۇپ خۇشلۇق قىلغىن. [15]تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنىڭ تاپقان ھەممە ھوسۇلۇڭ بىلەن قوللىرىڭنىڭ ھەممە ئىشىغا بەرىكەت بېرىپ، كامىل خۇشلۇق ئاتا قىلغاچ، خۇداۋەندە ئۆزى ئىلغىغان جايدا يەتتە كۈنگىچىلىك تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھېيتىنى تۇتقايسەن.

[16]يىلدا ئۈچ مەرتىۋە، يەنى پېتىر نان ھېيتى، ھەپتە ھېيتى ۋە سايىۋەن ھېيتىدا ھەممە ئەر كىشىلىرىڭ ئۆزى تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆزى ئىلغىغان جايدا ھازىر بولسۇن. لېكىن ھېچ كىشى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا قۇرۇق قول كەلمەي، [17]بەلكى ھەركىم ئۆز قولىدىن كېلىشىچە بېرىپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بەرگەن نىمىتىگە قاراپ كەلتۈرگەيسەن.

## ھەق ھۆكۈم

[18]تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بېرىدىغان ھەممە شەھەرلەرنىڭ دەرۋازىلىرىدا سەن ئۆزۈڭ ھاكىم بىلەن مەنسەپدارلار ئىلغاپ تىكلىگىن. ئۇلار بولسا خەلقنى ھەق ھۆكۈم بىلەن سورسۇن.
[19]سەن بولساڭ ھەقنى تولغىماي، يۈز-خاتىرە قىلماي، پارىمۇ ئالمىغىن، چۈنكى پارا بولسا دانالارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىپ، ئادىللارنىڭ دەۋاسىنى تولغايدۇ. [20]ئەگەر سەن: ‹ مەن ياشاپ، تەڭرىم خۇداۋەندە ماڭا بېرىدىغان يۇرتنى ئىگىلىۋەلەي› دېسەڭ، ساپ ئادالەتنى ئىزدىگىن.

## ھەرقانداق بۇتپەرەسلىكتىن يىراق تۇرۇش

[21] سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياساپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭكى بولىدىغان قۇربانگاھنىڭ يېنىدا ھېچبىر خىل دەرەختىن ئۇنىڭغا تېۋىنماق ئۈچۈن ئاشىرە بۇتىدەك قىلىپ سالماي، [22] ئۆزۈڭ ئۈچۈن بۇت تۈۋرۈكمۇ ياسىمىغىن، چۈنكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە مۇنداقلارنى يامان كۆرىدۇ.

17 [1] سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە قۇربانلىق قىلماق ئۈچۈن كالا ۋە يا ئۇششاق چارۋا مېلىدىن ئەيىبناق بىر ھايۋاننى ئېلىپ ئۆتكۈزمىگىن. چۈنكى بۇ ئۆزى تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىكتۇر.

[2] ئەگەر سېنىڭ ئاراڭدا تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بېرىدىغان شەھەرلەرنىڭ بىرىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدە بىركىم تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئەھدىسىنى بۇزۇپ، [3] مېنىڭ ئەمرىمگە زىت ئىشنى قىلىپ، باشقا مەبۇدلارغا ئىبادەت قىلغىلى بېرىپ ئۇلارغا سەجدە قىلىپ، كۈن بىلەن ئاي ۋە ئاسماننىڭ ھەممە يۇلتۇزلىرىغا باش ئەگسە، [4] بۇنىڭ خەۋىرى ساڭا ئىشىتىلىپ، ئۇنىڭ توغرىسىدا ئاڭلىغان بولساڭ، ھامان دىققەت بىلەن بۇ ئىشنى تەپتىش قىلغىن. مۇنداق ھارام ئىش ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە قىلىنغىنى راست چىقسا، [5] سەن بۇ يامان ئىشنى قىلغان ئەر ۋە يا خوتۇن كىشىنى دەرۋازىلىرىڭغا ئېلىپ، ئەر ۋە يا خوتۇن بولسا مەيلى دەپ، گۇناھكارنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرگىن.
[6] ئەمما ئاۋۋال ئۆزى ئىككى ۋە يا ئۈچ گۇۋاھنىڭ سۆزى بىلەن ئۆلتۈرۈلسۇن، چۈنكى ئۆلتۈرۈلىدىغان كىشى يالغۇز بىر گۇۋاھنىڭ سۆزى بىلەن ئۆلتۈرۈلمىسۇن. [7] ئۇنى ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن ئاۋۋال گۇۋاھلار ئۇنىڭغا قولىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن ھەممە قوۋم ئۇنىڭغا قولىنى كۆتۈرسۇن. بۇ تەرىقىدە سەن يامان ئىشنى ئۆزۈڭدىن چىقىرىۋەتكەيسەن.
[8] ئەگەر قان تۆكۈش يا ھەق تالىشىش يا ئۇرۇش ۋە يا دەرۋازىلىرىڭدا تالىشىدىغان باشقا بىر ئىشنىڭ دەۋاسى چىقىپ قېلىپ، بۇ ئۆزى ساڭا كەسكىلى زىيادە تەس بولسا، سەن قوپۇپ تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ئىلغىغان جايغا بېرىپ، [9] بەنى-لاۋىيدىن بولغان كاھىنلار بىلەن ئۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۇلاردىن سورىغايسەن. ئۇلار ئۆزى ساڭا نېمە ھەق ئىكەنلىكىنى دەپ بەرسۇن. [10] ئۇ ۋاقىت سەن ئۇلارنىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ئىلغىغان جايدا ساڭا بايان قىلىدىغىنىغا مۇۋاپىق قىلىپ، ساڭا بېرىدىغان ھەممە تەلىمىنى تۇتۇپ، ئەمەلگە كەلتۈرۈپ، [11] ساڭا ئۆگىتىدىغان قانۇن بايان توختىتىدىغان ھۆكۈمى بويىچە قىلىپ، ساڭا بىلەن قىلىدىغان سۆزدىن، خاھى ئوڭغا، خاھى چەپكە قايرىلمىغايسەن. [12] لېكىن ئەگەر بىركىم بوينىنى قاتۇرۇپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلىپ تۇرغان كاھىن بىلەن ھاكىمغا قۇلاق سالمىسا، ئۇ كىشى ئۆزى ئۆلتۈرۈلسۇن. سەن بولساڭ ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن ھەر يامان ئىشنى چىقىرىۋەتكەيسەن.
[13] پۈتۈن قوۋم بولسا بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ، يەنە بوينىنى قاتۇرمىسۇن.

## پادىشاھلىق

14 سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بېرىدىغان يۇرتقا كىرىپ ئۇنى ئىگىلەپ، ئاندا ئولتۇرۇۋالغىنىڭدا:
‹ مەن بولسام چۆرەمدىكى ھەممە تائىپىلەردەك ئۇستۈمگە بىر پادىشاھ قوياي› دېسەڭ. 15 تەڭرىڭ
خۇداۋەندە ئۆزى ئىلغىغان كىشىنى ئۇستۈڭگە پادىشاھ قىلىپ قويغايسەن. سەن بۇرادەرلىرىڭدىن
بىرىنى ئۇستۈڭگە پادىشاھ قىلىپ قويۇپ، بۇرادىرىڭ بولمىغان غەيرىي يۇرتلۇق كىشىنى
ئۇستۈڭگە پادىشاھ قىلىپ قويمىغايسەن. 16 لېكىن ئۇ ئۆز-ئۆزىگە تولا ئاتنى تاپتۇرماي، بۇ
تولا ئاتنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ كەلسۇن دەپ، ئۆز خەلقىنى مىسىرغا ياندۇرۇپ ئەۋەتمىسۇن. چۈنكى
خۇداۋەندە سىلەرگە: ‹ سىلەر بۇ يول بىلەن يېنىپ بارماڭلار› دەپ ئېيتمىدىمۇ؟ 17 شۇنداق ھەم ئۇ
ئۆزى تولا خوتۇن ئالمىسۇن. بولمىسا ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلسا كېرەك. ئۆز ئۆزىگە تولا ئالتۇن بىلەن
كۈمۈشنىمۇ يىغمىسۇن. 18 ئۇ ئۆز تەختىدە ئولتۇرغۇزۇلغىنىدا لاۋىي كاھىنلىرىنىڭ قېشىدىكى
قانۇن كىتابىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى بىر كىتابقا كۆچۈرۈۋېلىپ، 19 بۇنى ئۆزى بىلەن
ساقلاپ، ھەممە ھايات كۈنلىرىدە ئوقۇپ تۇرۇپ، ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ قورقۇنچىسىنى
ئۆگىنىپ، بۇ قانۇننىڭ ھەممە سۆزى بىلەن بەلگىمىلىرىنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۇرۇپ: 20 ‹
كۆڭلۈم بۇرادەرلىرىمنىڭ ئۇستىگە يوغانلىق قىلماي تۇرۇپ، ئۆزۈم ئەمرلەردىن، خاھى ئوڭغا،
خاھى چەپكە قايرىلماي يۈرۈپ، مەن بىلەن ئوغۇللىرىم ئۆز يۇرتىمىزدا ئىسرائىلنىڭ قوۋمىنىڭ
ئارىسىدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەيلى دەپ، شۇنداق قىلىپ تۇرسۇن.

## لاۋىيلار ۋە كاھىنلارنىڭ نېسىۋىسى

18 1 لاۋىي كاھىنلار بىلەن پۈتۈن لاۋىي قەبىلىسى بولسا قالغان ئىسرائىل بىلەن نېسىۋە
ۋە يا مىراس تاپماي، خۇداۋەندىنىڭ ئاتەش قۇربانلىقى بىلەن ئۇنىڭ مىراسىدىن يەپ،
2 بۇرادەرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ھېچ مىراس ھەسسىسى بولمىغاچ ئۇنىڭ ئۇلارغا ئېيتقىنىدەك
خۇداۋەندە ئۆزى ئۇلارنىڭ مىراس ھەسسىسى بولىدۇ. 3 كاھىنلار بولسا كالا بىلەن قوي
قۇربانلىق قىلغان، خەلقتىن ئالىدىغان ھەققى شۇ، يەنى قۇربانلىقنىڭ ئالدى قولى، ئىككى
ئەڭىكى ۋە قېرىنى بولسۇن. 4 بۇنىڭدىن باشقا ئاشلىق، شاراب ۋە يېغىڭنىڭ يېڭىلىقى
بېرىلىپ، قويلىرىڭنىڭ يۇڭىنىڭ باش قىرقىمىنىمۇ ئۇلارغا بەرگەيسەن. 5 چۈنكى تەڭرىڭ
خۇداۋەندە ئۇنى، ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى خۇداۋەندىنىڭ نامىدا خىزمەت قىلسۇن دەپ،
سېنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىڭنىڭ ئارىسىدىن ئىلغىدى. 6 لېكىن ئەگەر ھەممە ئىسرائىلنىڭ
ئىچىدىكى شەھەرلىرىڭنىڭ بىرىدە ئولتۇراقلىق بىر ئىبن-لاۋىي كۆچۈپ چىقىپ، خۇداۋەندە
ئىلغىغان جاينىڭ ئۆزىگە پۈتۈن كۆڭۈل خۇشلۇقى بىلەن كەلسە، 7 خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا
تۇرغان ھەممە ئۆزگە لاۋىي بۇرادەرلىرىدەك تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ نامىدا خىزمەت قىلسۇن.
8 ئاتا مىراسىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە باراۋەر يېمەك-ئىچمەك تەگسۇن.

## سېھىر-جادۇگەرلىك يىرگىنچتۇر

[9] سەن ئۆزۈڭ تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بېرىدىغان يۇرتقا كىرسەڭ، بۇ بۇتپەرەس قوۋملارنىڭ يىرگىنچلىك ئىشلىرىنى ئۆگەنمىگىن. [10] سېنىڭ ئىچىڭدە ئوغلى ۋە يا قىزىنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈپ، پال بېقىپ، رەم سېلىپ، ئەپسۇن ئوقۇپ، جادۇگەرلىك قىلىپ، [11] جىنكەشلىك قىلىپ، روھلاردىن گەپ سوراپ، رەممال بولۇپ ئۆلگەنلەردىن مەسلىھەت سورايدىغان كىشىلەر تېپىلمىسۇن. [12] چۈنكى كىمكى مۇنداق ئىشلارنى قىلسا، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك سانىلىدۇ. تەڭرىڭ خۇداۋەندە بولسا مۇنداق يىرگىنچلىك ئىشلارنىڭ سەۋەبىدىن بۇ تائىپىلەرنى ئالدىڭلاردىن چىقىرىدۇ. [13] سەن بولساڭ تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا كامىل بولغايسەن. [14] سەن ئەمدى چىقىرىدىغان تائىپىلەر بولسا ئۆزى رەم سېلىپ، پال بېقىپ تۇرغان كىشىلەرگە قۇلاق سالسىمۇ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنى مۇنداق ئىشتىن توسقاندۇر.

## پەيغەمبەرلىك

[15] تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى قوۋمىڭنىڭ ئارىسىدا ئۆز بۇرادەرلىرىڭنىڭ ئىچىدىن سىلەرگە مەندەك بىر پەيغەمبەرنى قوپۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار. [16] سىلەر خورىبنىڭ يېنىدا جەم بولغان كۈندە سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىدىن تەلەپ قىلىپ: ‹ تەڭرىم خۇداۋەندىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۇ چوڭ ئوتنى يەنە كۆرمىسەم بولاتتى، بولمىسا ئۆلۈپ كېتىمەن› دەپ سورىغىنىڭدەك بولىدۇ. [17] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ماڭا ئېيتتىكى: ‹ ئۇلارنىڭ قىلغان سۆزى راستتۇر. [18] مەن ئۇلارغا ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدىن سەندەك بىر پەيغەمبەرنى قوپۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا سۆزلىرىمنى سالىمەن. ئۇ بولسا مەن ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇغىنىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا دەپ بېرىدۇ. [19] ئەگەر بىركىم ئۇ ئۆزى مېنىڭ نامىمدا قىلىدىغان سۆزلەرگە قۇلاق سالمىسا، مەن ئۆزۈم بۇنى ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىمەن.

[20] لېكىن ئۆز بوينىنى قاتۇرۇپ، ئۆزۈم ئۇنىڭغا بۇيرۇمىغان سۆزلەرنى مېنىڭ نامىمدا قىلسا ۋە يا باشقا تەڭرىلەرنىڭ نامىدا سۆزلىسە، ئۇنداق پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى ئۆلتۈرۈلسۇن. [21] ئەگەر سەن ئۆز كۆڭلۈڭدە: ‹ خۇداۋەندە تەرىپىدىن سۆز قىلىنغىنى قانداق قىلىپ پەرق ئېتەلەيمىز› دېسەڭ، [22] بىلگىنكى، ئەگەر خۇداۋەندىنىڭ نامىدا سۆزلىگەن پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى ئېيتقىنىدەك ۋەقە بولۇپ، توغرا چىقىپ قالمىسا، بۇ ئۆزى خۇداۋەندە تەرىپىدىن سۆزلەنگەن بىر نېمە بولماي، بەلكى پەيغەمبەر ئۆز بوينىنى قاتۇرۇپ سۆز قىلغاندۇر. سەن بولساڭ ئۇنىڭدىن ھېچ قورقمىغايسەن.

## پاناھلىق شەھەرلىرى

19 [1] تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بېرىدىغان يۇرتنىڭ خەلقلىرىنى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى
ۋەيران قىلغاچ، سەن ئۇلارنى ھەيدىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى بىلەن ئۆيلىرىدە
ئولتۇرۇۋالغىنىڭدا، [2] سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ساڭا مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان يۇرتۇڭدا
ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئۈچ شەھەرنى ئىلغىۋېلىپ، [3] كىمكى بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئاندا
قاچالىسۇن دەپ، ئۇلارغا بېرىدىغان يوللارنى ئوبدان راستلاپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا مىراس
قىلىپ بېرىدىغان يۇرتنى ئۈچ قىسىمغا بۆلگەيسەن.
[4] بىر ئۆلتۈرگۈچىنىڭ تىرىك قالمىقى ئۈچۈن ئۇ يەرگە قاچالايدىغان شەرتى شۇ، يەنى بىركىم
ئاداۋەت قىلماي، بىلمەسلىكتە ئۆز ھەقەمسايىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئاندا قاچسۇن.
[5] مەسىلەن بىركىم ئۆز ھەقەمسايىسى بىلەن بىللە ئوتۇن كەسكىلى جاڭگالغا بېرىپ، قولىغا
پالتىنى ئېلىپ دەرەخ كەسكىلى تۇرغىنىدا، پالتا ئۆزى سېپىدىن چىقىپ كېتىپ، باشقا
كىشىگە تېگىپ كېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرسە، ئۇنداق بىر كىشى ئۆزى مەزكۇر شەھەرلەرنىڭ بىرىگە
قېچىپ، تىرىك قالسۇن. [6] بولمىسا ئەگەر يول زىيادە ئۇزۇن بولسا، ئۇ ئۆزى باشقىسىغا ئاداۋەت
تۇتمىغاچ ئۆلۈمگە لايىق بولمىسىمۇ، قان ئىنتىقامىنى ئالغۇچى ئۆز كۆڭۈل ئاچچىقىدىن
كۆيۈپ تۇرغان چاغدا ئۇنى قوغلاپ بېرىپ، تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. [7] ئۇنىڭ ئۈچۈن
مەن ساڭا بۇيرۇپ: ‹ سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئۈچ شەھەرنى ئىلغىۋالغىن› دەپ ئېيتتىم.
[8] تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغاندەك ‹ يۇرتۇڭنىڭ زېمىنىنى
كەڭرىتىپ، سىلەرگە بېرىمەن› دەپ ئاتا-بوۋىلىرىڭغا ۋەدە قىلغان پۈتۈن يۇرتنى ساڭا بەرگەندە،
[9] سەن ئۆزۈڭ مەن بۇ كۈن ساڭا بېرىدىغان بۇ ھەممە ئەمرلەرنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرۈپ،
تەڭرىڭ خۇداۋەندىنى دوست تۇتۇپ، ھەمىشە ئۇنىڭ يوللىرىدا يۈرسەڭ، مەزكۇر ئۈچ شەھەرگە
يەنە ئۈچنى قوشقايسەن. [10] تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا مىراس قىلىپ بېرىدىغان يۇرتتا ناھەق
قان تۆكۈلۈپ، خۇن گۇناھى گەدىنىڭگە كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغىن.
[11] لېكىن ئەگەر بىركىم ھەقەمسايىسىگە ئاداۋەت تۇتۇپ، ئۇنىماراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم
قىلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە قاچسا، [12] ئۇنىڭ شەھىرىنىڭ
ئاقساقاللىرى ئۆزى كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى ياندۇرۇپ كېلىپ، ئۆلتۈرۈلسۇن دەپ، ئۇنى قان
ئىنتىقامىنى ئالغۇچىنىڭ قولىغا تاپشۇرسۇن. [13] سەن ئۇنىڭغا ھېچ مەرھەمەت كۆرسەتمەي،
بەلكى ماڭا ياخشى بولسۇن دەپ، ناھەق قان تۆكۈشنى ئىسرائىلدىن چىقارغىن.

[14] سەن ئۆزۈڭ تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان يۇرتتا تاپىدىغان مىراس
ھەسسەڭدە ئۆزى بۇرۇنقىلارنىڭ تەرىپىدىن توختىتىلىپ ھەقەمسايەڭنىڭكى بولغان قىرنى
يۆتكىمىگىن.

## گۇۋاھلىق بېرىش

15 بىركىمنىڭ بەدكارلىقى ۋە يا قايسى بىر گۇناھى توغرىسىدا گۇۋاھلىق لازىم كەلسە، يالغۇز
بىر گۇۋاھنىڭ گۇۋاھلىقى كۇپايە بولماي، بەلكى ئىككى ياكى ئۈچ گۇۋاھنىڭ سۆزى بىلەن ئىش
كېسىلسۇن. 16 ئەگەر بىر يالغان گۇۋاھ قوپۇپ، بىركىمنىڭ گۇناھى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرسە،
17 دەۋالىشىپ قالغان بۇ ئىككى كىشى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا، ئۇ ۋاقىتتىكى كاھىن بىلەن
ھاكىملارنىڭ ئالدىدا ھازىر بولسۇن. 18 ھاكىملار ئۆزى بۇنى دىققەت بىلەن تەپتىش قىلغىنىدا بۇ
گۇۋاھنىڭ ئۆزى يالغان گۇۋاھ بولۇپ، ئۆزى ئۆز بۇرادىرىگە قارشى يالغان گۇۋاھلىق بەرگىنى
مەلۇم بولۇپ قالسا، 19 سىلەر ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۇ ئۆزى ئۆز بۇرادىرىگە نېمە قىلغىلى قەستلىگەن
بولسا، شۇنداق قىلىڭلار. بۇ تەرىقىدە سىلەر ئاراڭلاردىن مۇنداق يامانلىقنى چىقىرىڭلار. 20 قالغان
خەلقمۇ بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپ، يەنە مۇنداق يامان ئىشنى سىنىڭ ئاراڭدا قىلمايدۇ. 21 سەن
ئۇنىڭغا ھېچ مەرھەمەت كۆرسەتمەي، بەلكى جان ئورنىغا جان، كۆز ئورنىغا كۆز، چىش ئورنىغا
چىش، قول ئورنىغا قول، پۇت ئورنىغا پۇت ئېلىنسۇن.

## دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىش

20
1 ئەگەر سەن ئۆز دۈشمەنلىرىڭگە جەڭ قىلغىلى بېرىپ، ئات بىلەن ھارۋىلارنى كۆرۈپ،
ئۆزۈڭدىن تولا بولغان بىر قوۋمغا ئۇچرىساڭ، سېنى مىسىر يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن
تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى سەن بىلەن بولغاچ ئۇلاردىن ھېچ قورقمىغايسەن. 2 سىلەر جەڭگە
كىرگىلى تۇرغىنىڭلاردا كاھىن ئۆزى ئالدىغا ئۆتۈپ، خەلققە سۆزلەپ، 3 ئۇلارغا: ‹ ئەي ئىسرائىل،
ئاڭلاڭلار. سىلەر بولساڭلار بۇ كۈن دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن سوقۇشقىلى تەييار بولدۇڭلار.
كۆڭۇللىرىڭلار جۈرئەتسىز بولمىسۇن. سىلەر قورقماي تۇرۇپ، بىئارام بولماي، ئۇلاردىن دەھشەتمۇ
يېمەڭلار. 4 چۈنكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرنى دۈشمەنلىرىڭلاردىن قۇتقۇزماق ئۈچۈن
سىلەرنىڭ تەرىپىڭلاردىن جەڭ قىلغىلى سىلەر بىلەن بىللە بارىدۇ ئەمەسمۇ؟› دەپ ئېيتسۇن.
5 مەنسەپدارلارمۇ خەلققە سۆزلەپ ئېيتسۇنكى: ‹ بىركىم بىر يېڭى ئۆينى ياساپ، بۇنىڭ ئۆزىنى
مۇقەددەس قىلمىغان بولسا، ئۆز ئۆيىگە يېنىپ بارسۇن. بولمىسا ئۇ ئۆزى جەڭدە ئۆلۈپ قالسا،
باشقا كىشى كېلىپ، ئۇنى مۇقەددەس قىلىدۇ. 6 ئەگەر بىركىم بىر ئۈزۈمزارلىقنى سېلىپ،
تېخى ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېمىگەن بولسا، يېنىپ بارسۇن. بولمىسا ئۇ ئۆزى جەڭدە ئۆلۈپ قالسا،
باشقا كىشى كېلىپ ئۇنىڭ مېۋىسىنى يەيدۇ. 7 ئەگەر بىركىم بىر خوتۇن بىلەن ۋەدىلەشكەن
بولۇپ، تېخى ئۇنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ ئالمىغان بولسا، يېنىپ بارسۇن. بولمىسا ئۇ ئۆزى
جەڭدە ئۆلۈپ قالسا، باشقا كىشى كېلىپ ئۇنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ ئالىدۇ›. 8 شۇنى دەپ،
مەنسەپدارلار ئۆزى خەلققە يەنە سۆزلەپ: ‹ ئەگەر بىركىم قورقۇنچاق بولۇپ، كۆڭلى جۈرئەتسىز
بولسا، يېنىپ بارسۇن. بولمىسا ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭ كۆڭلىدەك قورقۇنچىدىن

تولۇشى مۇمكىن› دەپ ئېيتسۇن. [9] مەنسەپدارلار ئۆزى خەلققە مۇنداق سۆزلىگەندىن كېيىن،
ئۇلار خەلقنىڭ ئالدىدا بارغىلى قوشۇنلارنىڭ ئۈستىگە سەردارلار تىكلىسۇن.
[10] سەن ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشقىلى بىر شەھەرگە يېقىنلاشقىنىڭدا ئاۋۋال ئۇنىڭغا سۈلھى
توغرىسىدا سۆز قىلغىن. [11] ئەگەر ‹ سۈلھى خالاي› دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۆز دەرۋازىلىرىنى
ساڭا ئاچسا، ئانداكى ھەممە ئولتۇرغۇچىلار ساڭا تەۋە بولۇپ، سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلسۇن.
[12] لېكىن سەن بىلەن سۈلھى تۈزۈشقىلى ئۇنىماي، بەلكى سەن بىلەن جەڭ قىلغىلى خالىسا،
سەن ئۇنى قورشىۋالغايسەن. [13] ئەگەر تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۇنى قولۇڭغا بەرسە، ئانداكى ھەممە
ئەر كىشىلەرنى قىلىچ بىسى بىلەن ئۆلتۈرگىن. [14] لېكىن خوتۇن بىلەن بالىلىرى، كالا بىلەن
شەھەردىكى ھەر نە بارنى ئولجا قىلىپ، ئۇنىڭ ھەممە غەنىيمىتىنى ئېلىپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە
ئۆز دۈشمەنلىرىڭدىن ساڭا تاپتۇرۇپ بەرگەن ئولجىدىن يەپ سۆيۈنگەيسەن. [15] سەندىن نېرىراق
بولۇپ، بۇ تائىپىلەرنىڭكى بولمىغان شەھەرلەرگە مۇنداق قىلغايسەن.

[16] لېكىن تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا مىراس قىلىپ بېرىدىغان بولۇپ بۇ تائىپىلەرنىڭكى بولغان
شەھەرلەر بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدە جېنى بار ھېچنېمىنى تىرىك قويماي، [17] بەلكى تەڭرىڭ
خۇداۋەندە ساڭا بۇيرۇغاندەك خىتتىي بىلەن ئامورىيلار، قانائانىي بىلەن پەرىززىيلەر، خىۋۋىي
بىلەن يەبۇسىيلار دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىۋەتكىن. [18] ئۇلار ئۆزى ئۆز تەڭرىلىرىنىڭ
ئىززىتى ئۈچۈن قىلغان ھەممە يىرگىنچلىك ئىشلىرىنى بىزگە ئۆگىتىپ، تەڭرىمىز خۇداۋەندىگە
گۇناھ قىلىشىمىزغا سەۋەب بولمىسۇن دەپ، شۇنداق قىلغايسەن.
[19] ئەگەر بىر شەھەرنى ئالماق ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت ئۇنى قورشاپ تۇرغىلى ساڭا لازىم كەلسە،
ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى دەرەخلەرنى پالتا بىلەن كېسىپ يوقاتمىغىن. ئۇلارنىڭ مېۋىسىنى
يېسەڭ بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنى كەسمىگەيسەن، چۈنكى يەردىكى دەرەخلەر بولسا سەن ئۆزۈڭ
قورشىۋالىدىغان ئادەممۇ؟ [20] لېكىن سەن ئۇلار توغرىسىدا بۇلار مېۋىلىك دەرەخ ئەمەس
دەپ بىلىدىغان دەرەخلەرنى كېسىپ يوقىتىپ، ئۆزۈڭ بىلەن سوقۇشقان شەھەرگە قارشى
مۇنداقلاردىن دالدا ياساپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلغايسەن.

## كىم قاتىللىق قىلدى دەپ مەلۇم بولمىسا

21 [1] ئەگەر تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان يۇرتتا كىم ئۇنى ئۆلتۈردى
دەپ مەلۇم بولمىسا، دالىدا يېتىقلىق بىر ئۆلۈك تېپىلسا، [2] ئاقساقاللىرىڭ بىلەن
ھاكىملىرىڭ چىقىپ، ئۆلۈك تېپىلغان يەر بىلەن چۆرىسىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئارىلىقىنى
ئۆلچىسۇن. [3] شۇنى قىلىپ بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ جايىغا يېقىن بولغان شەھەرنىڭ
ئاقساقاللىرى ئىشقا سېلىنماي، بويۇنتۇرۇقمۇ كۆتۈرمىگەن غۇنىجىن تېپىۋالسۇن. [4] بۇ

غۇنجىنىنىڭ ئۆزىنى ئاقساقاللار ئۆزى سۈيى ئېقىپ تۇرۇپ، قوش ھەيدىلىپ تېرىلمىغىن جىلغىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇ جىلغىنىڭ ئۆزىدە غۇنجىنىنىڭ بويىنىنى سۇندۇرۇۋەتسۇن. [5] ئۇ ۋاقىت لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى بولغان كاھىنلار ھازىر بولسۇن، چۈنكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۇلارنى ئۆز ئالدىدا خىزمەت قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ نامىدا بەرىكەت ئوقۇغىلى ئىلغىغان. ئۇلارنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىقمۇ ھەممە تالاش بىلەن ھەممە ئۇرۇشنىڭ دەۋالىرى كېسىلسۇن. [6] ئاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئۆلۈكى تېپىلغان يەرنىڭ يېقىنىدىكى شەھەرلەردە ئولتۇرغان ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى كېلىپ، جىلغىدا بويىنى سۇندۇرۇلغان غۇنجىنىنىڭ تۆپىسىدە ئۆز قوللىرىنى يۇيۇپ، [7] گۇۋاھلىق بېرىپ: ‹ قوللىرىمىز بولسا بۇ قاننى تۆكمىدى، كۆزلىرىمىز ئۆزى بۇ ئىش كۆرمىدى. [8] ئەي خۇداۋەندە سەن ئۆزۈڭ قۇتقۇزغان قوۋمىڭ ئىسرائىلنى كەچۈرۈپ، قوۋمىڭ ئىسرائىلنىڭ ھېچبىرىنىڭ گەدىنىگە ناھەق قان كەلتۈرمىگىن› دەپ ئېيتسا، بۇ قان گۇناھى ئۇلاردىن كەچۈرۈلىدۇ. [9] بۇ تەرىقىدە سەن خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە توغرا بولغىنىنى قىلىپ، ناھەق قان تۆكۈشنىڭ گۇناھىنى ئۆزۈڭدىن چىقىرىۋەتكەيسەن.

## خوتۇنلۇققا ئېلىنغان ئەسىر

[10] ئەگەر سەن دۈشمەنلىرىڭگە قارشى جەڭ قىلغىلى چىققىنىڭدا تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۇلارنى قولۇڭغا بەرگەچ، ئەسىرلەر ئېلىپ، [11] بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا بىر چىرايلىق خوتۇننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ ئۇنى ئۆزۈڭگە خوتۇن قىلىپ ئالغىلى خالىساڭ، [12] ئۇنى ئۆز ئۆيۈڭگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ ئۆزى بېشىنى چۈشۈرۈپ، تىرناقلىرىنى كەستۈرۈپ، [13] ئەسىرلىكتە كىيگەن ئېگىنلىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇپ بىر ئايغىچە ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن ماتەم تۇتقاندىن كېيىن، سەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنى ئۆزۈڭگە خوتۇن قىلىپ ئالغايسەن. [14] شۇنى قىلىپ بولۇپ، كۆڭلۈڭ ئۇنىڭغا چۈشمىسە، ئۇنى قەيەرگە خالىسا بارغىلى قويۇپ، ئۇنى پۇلغا ساتماي، ئۇنىڭغا يېقىنلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇنى دېدەكتەك كۆرمىگىن.

## تۇنجىلىق ھەككى

[15] ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، بىرىنى دوست تۇتۇپ، يەنە بىرىگە ئۆچلۈك قىلىپ، خاھى ئامراق خوتۇن، خاھى ئۆچ خوتۇندىن بولسۇن، ئىككىلىسىدىن ئوغۇللار تېپىپ، تۇنجىسى ئۆچ خوتۇندىن تاپقان بولسا، [16] ئۇ كىشى ئۆز بارىنى مىراس ئۈچۈن ئۈلەشتۈرۈپ بەرگىنىدە، ئۆچ خوتۇنىنىڭ ئوغلى تۇنجىسى بولغاندىن كېيىن، تۇنجىلىق ھەققىنى ئامراق خوتۇنىنىڭ ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەي، [17] بەلكى ئۆچ خوتۇنىنىڭ ئوغلىنى تۇنجىسىدەك ساناپ، بۇ ئۆزى ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنىڭ تۇنجىسى بولۇپ تۇنجىلىققا ھەقدار بولغاچ، ئۆز ھەممە بارىنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى ئۇنىڭغا بەرسۇن.

## ئىتائەتسىز ئوغۇل

[18] ئەگەر بىر بەدخۇي ئىتائەتسىز ئوغۇل ئاتا-ئانىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۇلار ئۇنىڭغا
تاياق بەرسىمۇ، ئۇلارغا قۇلاق سالمىسا، [19] ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆزى ئۇنى شەھەرنىڭ
دەرۋازىسىغا ئېلىپ بېرىپ، شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپ، [20] شەھەرنىڭ
ئاقساقاللىرىنىڭ ئۆزىگە ئەرز قىلىپ: ‹ بۇ ئوغلىمىز ئۆزى بەدخۇي بولۇپ، ئىتائەتسىزلىك
قىلىپ سۆزىمىزنى ئاڭلىماي يۈرۈپ، پۇل بۇزغۇچى بولۇپ، شارابخور بولۇپ قالدى› دەپ
ئېيتسۇن. [21] ئۇ ۋاقىت شەھەرنىڭ ھەممە خەلقى بىر بولۇپ ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ
ئۆلتۈرسۇن. بۇ تەرىقىدە سەن ئۆزۈڭدىن يامان ئىشنى چىقىرىۋەتسەڭ، پۈتۈن ئىسرائىل بۇنى
ئاڭلاپ قورقىدىغان بولىدۇ.

## ۋلۇم جازاسىغا لايىق بولغان جىنايەتچىنىڭ كۆمۈلۈشى

[22] ئەگەر بىركىم ئۆلۈم جازاسىغا لايىق بولغۇدەك بىر گۇناھقا گىرىپتار بولغىنى ئۈچۈن
ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنى بىر ياغاچقا ئېسىپ قويساڭ، [23] ئۆلۈكى پۈتۈن كېچە ياغاچتا قالماي، بەلكى
ئېسىلغان بىر كىشى ئۆزى خۇدا تەرىپىدىن مەلئۇن بولغاچ ئۆلۈكىنى ئوخشاش كۈندە كۆمۈپ،
تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا مىراس قىلىپ بەرگەن يۇرتنى ناپاك قىلمىغايسەن.

## تۈرلۈك بەلگىلىمىلەر

22 [1] ئەگەر سەن بۇرادىرىڭنىڭ ئۆيى ياكى قويىنىڭ ئېزىقىپ كەتكىنىنى كۆرسەڭ،
بۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىشتىن ئۆزۈڭنى ئايىماي، ئۇنى بۇرادىرىڭنىڭ قېشىغا
يەتكۈزگەيسەن. [2] ئەگەر بۇرادىرىڭ ساڭا يېقىن ئولتۇرمىسا ۋە يا ئۇنى بىلمىسەڭ، بۇ ھايۋاننى
ئۆز ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېلىپ، بۇرادىرىڭ ئۇنى سورىغۇچىلىك ئۇنى ئۆزۈڭ بىلەن ساقلاپ،
ئاندىن ئۇنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەيسەن. [3] ئوخشاش بۇ تەرىقىدە سەن ئۇنىڭ ئېشىكى
بىلەن قىلىپ، ئېگىنلىرى بولسىمۇ، شۇنداق قىلىپ بۇرادىرىڭنىڭ قايسى يىتكەن نەرسىسىنى
تاپساڭ، بۇ تەرىقىدە قىلىپ ئۆزۈڭنى ئايىمىغايسەن. [4] ئەگەر بۇرادىرىڭنىڭ ئېشىكى ۋە يا
ئۇيىنىڭ يولدا يىقىلىپ چۈشكىنىنى كۆرسەڭ، ھايۋانغا ياردەم بېرىشتىن ئۆزۈڭنى ئايىماي،
بۇرادىرىڭگە مەدەت بېرىشىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ قويۇرغايسەن.

[5] خوتۇن كىشى بولسا ئەر كىشى كىيىدىغىنىنى كىيمىسۇن. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەر كىشى
ئۆزى خوتۇن كىشىنىڭ ئېگىنىنى كىيمىسۇن. چۈنكى كىمكى مۇنداق قىلسا، تەڭرىڭ
خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك ئىش قىلىدۇ.

[6]ئەگەر سەن يولۇڭدا كېتىپ بېرىپ، بىر دەرەختە ۋە يا يەردە تۇخۇملىرىنى بېسىپ يېتىپ
تۇخۇم بىلەن بالىسى بار بىر ئۇچارقاناتنىڭ ئۇۋىسىغا ئۇچراپ قالساڭ، سەن ھەم ئانىسىنى
ھەم بالىلىرىنى ئالماي، [7]بەلكى ماڭا ياخشى بولۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەي دەپ، ئانىسىنى
ئۇچۇپ كەتكىلى قويۇپ، يالغۇز بالىلىرىنى ئالغايسەن.
[8]سەن بىر يېڭى ئۆينى ياسىساڭ، ئۆگزەڭگە بىر توسما تام ياسىغىن. بولمىسا بىركىم ئۇنىڭدىن
يىقىلىپ چۈشسە، ئۆزۈڭنىڭ ئۈستىگە قان تۆكۈشنىڭ گۇناھىنى كەلتۈرۈشۈڭ مۇمكىن.

[9]ئۆز ئۈزۈمزارلىقىڭغا ئىككى خىل ئۇرۇق تېرىمىغىن. ئۇنداق قىلساڭ، سەن تېرىغان
ئۇرۇقنىڭ ھوسۇلى ئۆزى بىلەن ئۈزۈمزارلىقنىڭ مېۋىسىنىڭ ھەممىسى ناپاك ھېسابلىنىدۇ.
[10]سەن بولساڭ ئۇي بىلەن ئېشەكنى بىر قوشۇپ، يەر ھەيدىمىگىن. [11]ئىككى خىل يىپتىن
توقۇلۇپ، يۇڭ بىلەن كاناپ يىپتىن ئېتىلگەن ئېگىننى كىيمىگىن. [12]سەن ئۆزۈڭ يېپىنغان
تونىڭ تۆت بۇلۇڭىغا پۆپۈكلەر قويغايسەن.

## نىكاھ توغرىسىدا

[13]ئەگەر بىر ئادەم خوتۇن ئېلىپ، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن كۆڭلى ئۇنىڭغا
چۈشمىگەچ، [14]ئۇنىڭ ئۈستىگە سەت سۆز قىلىپ، توغرىسىدا يامان گەپ چىقىرىپ: ‹ مەن
بۇ خوتۇننى ئالدىم، لېكىن ئۇنىڭغا يېقىنلىق قىلسام، ئۇنىڭ پاك قىز ئېمەسلىكىنى بىلدىم›
دەپ ئېيتسا، [15]قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆزى قىزنىڭ پاكلىقىنىڭ ئىسپاتىنى ئېلىپ، دەرۋازىدا
ئولتۇرۇپ شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرى بولغان كىشىلەرگە كەلتۈرسۇن. [16]كەلتۈرۈپ، قىزنىڭ
ئاتىسى ئاقساقاللارغا سۆز قىلىپ: ‹ مەن ئۆز قىزىمنى بۇ كىشىگە خوتۇن قىلىپ بەردىم، لېكىن
ئۇنىڭ كۆڭلى قىزغا چۈشمىگەچ، [17]ئۇنىڭ ئۈستىگە سەت سۆز قىلىپ: «قىزىڭنىڭ پاك قىز
ئېمەسلىكىنى بىلىپ قالدىم» دەيدۇ. ئەمما مانا قىزىمنىڭ پاكلىقىنىڭ ئىسپاتلىرى مۇندا بار›
دەپ ئېيتسۇن. شۇنى دەپ، ئۇلار ياغلىقنى ئاقساقاللارنىڭ ئالدىدا يېيىپ قويسۇن. [18]ئۇ ۋاقىت
شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرى بۇ كىشىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا جازا بېرىپ، [19]‹ سەن ئىسرائىلدىكى
بىر پاك قىز توغرىسىدا يامان گەپ قىلىپ چىقارغىنىڭ ئۈچۈن يۈز شېقەل كۈمۈشنى تۆلەپ،
قىزنىڭ ئاتىسىغا بېرىسەن› دەپ توختاتسۇن. ئەمما قىز ئۆزى ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ، ئەر ئۆزى
ھايات تۇرغۇچىلىك ئۇنى قويۇپ بەرمىسۇن.
[20]لېكىن بۇ سۆز راست چىقىپ قېلىپ، قىزنىڭ پاكلىقىنىڭ ئىسپاتى تېپىلمىسا، [21]قىزنى
ئاتىسىنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىرىپ، ئۇ ئۆزى ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە زىنا قىلىپ
ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە سەت ئىشنى قىلغاچ، شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ
ئۆلتۈرسۇن. بۇ تەرىقىدە سەن ئاراڭدىن يامان ئىشنى چىقىرىۋەتكەيسەن.
[22]ئەگەر بىر ئادەم ئېرى بار خوتۇن بىلەن زىنا قىلىپ، تۇتۇلۇپ قالسا، زىنا قىلىشقان ئادەم

ۋە خوتۇن ئىككىلىسى ئۆلتۈرۈلسۇن. بۇ تەرىقىدە ئىسرائىلىنىڭ ئىچىدىن يامان ئىشنى چىقىرىۋەتكەيسەن.
[23] ئەگەر بىركىم بىر كىشى بىلەن ۋەدىلەشكەن بىر قىزنى شەھەردە تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن ياتسا،
[24] ئىككىلىسىنى شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ چىقىپ، چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار. قىز بولسا شەھەردە بولۇپ تۇرۇپ، توۋلىمىغىنى ئۈچۈن، ئەر بولسا باشقىسىنىڭ ۋەدىلەشكەن خوتۇنى بىلەن ياتقىنى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسۇن. بۇ تەرىقىدە سەن ئاراڭدىن يامان ئىشنى چىقىرىۋەتكەيسەن.
[25] لېكىن ئەگەر بۇ ئەر كىشى ئۆزى باشقىسى بىلەن ۋەدىلەشكەن قىزنى سەھرادا تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ياتسا، يالغۇز ئۇنىڭ بىلەن ياتقان ئەر كىشى ئۆلتۈرۈلسۇن. [26] ئەمما قىز بولسا ئۇنىڭغا بىر نېمە قىلمىغايسەن، چۈنكى قىز ئۆزى ئۆلۈمگە لايىق گۇناھ قىلمىغان. بۇ ئىش بولسا بىر كىشى ھەقەمسايىسىگە قارشى قوپۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ئوخشاش بىر ئىش بولىدۇ. [27] چۈنكى ئۇ ئۆزى باشقىسىغا ۋەدىلەشكەن قىزنى سەھرادا تۇتۇۋالغاچ، بۇ ئۆزى توۋلىغان بولسىمۇ، ئۇنى قۇتقۇزىدىغان كىشى تېپىلمىغاندۇر.
[28] ئەمما ئەگەر بىركىم ئەر بىلەن ۋەدىلەشمىگەن بىر قىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېتىپ، ئىككىلىسى تۇتۇلسا، [29] قىز بىلەن ياتقان ئادەم ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىق قىلغىنى ئۈچۈن قىزنىڭ ئاتىسىغا ئەللىك شېقەل كۈمۈش بېرىپ، قىزنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ ئېلىپ، ئۆزى ھايات تۇرغۇچىلىك ئۇنى قويۇپ بەرمىسۇن.

23 [1] ھېچكىم ئاتىسىنىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ يوتقىنىنى ئاچمىسۇن.

## خۇداۋەندىنىڭ جامائىتىگە كىرەلمەيدىغانلار

[2] كىمكى سوقۇلۇش ۋە يا كېسىلىش بىلەن ئاختا بولۇپ قالغان بولسا، خۇداۋەندىنىڭ جامائىتىگە كىرەلمەيدۇ.

[3] كىمكى زىنادىن تۇغۇلغان بولسا، خۇداۋەندىنىڭ جامائىتىگە كىرەلمەيدۇ، ھەتتا ئونىنچى نەسلىگىچە مۇنداقلاردىن ھېچكىم خۇداۋەندىنىڭ جامائىتىگە كىرەلمەيدۇ. [4] ھېچبىر ئاموني ۋە يا ھېچبىر موئابىي خۇداۋەندىنىڭ جامائىتىگە كىرەلمەيدۇ، ھەتتا ئونىنچى نەسلىگىچە ئۇلاردىن ھېچكىم خۇداۋەندىنىڭ جامائىتىگە كىرەلمەيدۇ. [5] سەۋەب شۇكى، سىلەر مىسىردىن چىققىنىڭلاردا ئۇلار يېگۈلۈك بىلەن ئىچكۈلۈك ئېلىپ ئالدىڭلارغا چىقماي تۇرۇپ، ئۇستۇڭلارغا لەنەت ئوقۇسۇن دەپ، ئارام-ناھارايىمدىكى پېتوردىن بولغان بىلئام بەن-بېئورنى كىراغا ئېلىپ، سىلەرگە قارشى ئەۋەتكەنىدى. [6] لېكىن تەڭرىڭ خۇداۋەندە بولسا بىلئامنىڭ

سۆزىنى ئاڭلىماي، بەلكى تەڭرىنىڭ خۇداۋەندە سېنى دوست تۇتقاچ تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى
سەن ئۈچۈن ئۇنىڭ لەنىتىنى بەرىكەتكە ئايلاندۇردى.

[7]سەن بولساڭ ھەممە كۈنلىرىڭدە ئۇلارنىڭ ئامانلىقى بىلەن سائادەتلىكىنى ھەرگىز
ئىزدىمىگىن.
[8]لېكىن ئېدومىي ئۆزى بۇرادىرىڭ بولغاچ، ساڭا يىرگىنچلىك بولمىسۇن. مىسىرلىقمۇ ساڭا
يىرگىنچلىك بولمىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ يۇرتىدا مۇساپىر بولۇپ ئولتۇرغان ئىدىڭلار. [9]بۇلارنىڭ
ئۈچىنچى نەسلىدە تۇغۇلغان باللار بولسا خۇداۋەندىنىڭ جامائىتىگە كىرسە بولىدۇ.

# تۇرلۇك بەلگىلىمىلەر

[10]سەن دۈشمەنلىرىڭگە قارشى چىقىپ چېدىر تىكسەڭ، ھەرقانداق ناپاكلىقتىن ئېھتىيات
قىلغىن. [11]ئەگەر ئاراڭدا كېچىسى بىركىمدىن شەيتان ئاتلاپ ناپاك بولغان بولسا، چېدىرگاھقا
كىرمەي، چېدىرگاھنىڭ سىرتىدىكى بىر جايغا بېرىپ،
[12]ئاخشام بولسا، سۇغا چۆمۈلۈپ، كۈن ياتقىنىدا چېدىرگاھقا يېنىپ بارسۇن.
[13]خالا جاي ئۈچۈن چېدىرگاھنىڭ سىرتىدا بارىدىغان بىر جايىڭ بولسۇن. [14]ئەسۋابلىرىڭنىڭ
ئارىسىدا بىر گۈرجەكلىك بولۇپ، مەزكۇر تاشقىرىقى جايدا ئولتۇرساڭ، بۇنىڭ بىلەن بىر تۆشۈكنى
كولاپ، تەرىتىڭنى كۆمۈپ يېپىپ قويغايسەن. [15]چۈنكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ساڭا ياردەم بېرىپ،
دۈشمەنلىرىڭنى سېنىڭ قولۇڭغا بەرمەك ئۈچۈن چېدىرگاھىڭدا يۈرگەچ، سېنىڭ چېدىرگاھىڭ پاك
بولسۇن. بولمىسا ئۇ سېنىڭكىدە پاسكىنىلىق كۆرسە، سەندىن يۈز ئۆرۈپ كەتسە كېرەك.

[16]ئۆز خوجىسىدىن قېچىپ كەتكەن قۇلنى خوجىسىنىڭ ئۆزىگە تۇتۇپ بەرمىگىن. [17]ئۇ
ئۆزئاراڭدا سەن بىلەن تۇرۇپ، قايسى شەھىرىڭنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىچىدە بىر جاينى ئىلغىسا،
قەيەردە خالىسا ئاندا ئولتۇرسۇن. سەن بولساڭ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمىغايسەن.

[18]ئىسرائىلنىڭ قىزلىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر جالاپ بولماي، ئىسرائىلنىڭ
ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر ھەزىلەك تېپىلمىسۇن. [19]سەن بولساڭ بىر ۋەدىنىڭ بەجا
كەلتۈرمىكى ئۈچۈن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە جالاپنىڭ پۇلى ۋە يا ئىتنىڭ پۇلىنى
كەلتۈرمىگىن، چۈنكى ئىككىلىسى تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىكتۇر.

[20]سەن بولساڭ ئۆز بۇرادىرىڭدىن جازانە ئالماي، خاھى پۇلنىڭ پايدىسى بولسۇن، خاھى
ئاشلىقنىڭكى بولسۇن، خاھى باشقا نەرسىنىڭ جازانىسى بولسۇن، ھەرگىز ئالمىغىن. [21]ئەمما
غەيرىي يۇرتلۇقتىن جازانە ئالساڭ بولىدۇ. لېكىن بۇرادىرىڭدىن ھېچ ئالمىغايسەن. بولمىسا

تەڭرىڭ خۇداۋەندە سەن ئۇنى ئىگىلىگىلى كېتىپ بارىدىغان يۇرتتا قولىلىرىڭنىڭ قىلىدىغان ھېچ ئىشىغا بەرىكەت بەرمەيدۇ.

[22] سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۈچۈن بىر نېمىنى ئاتىغان بولساڭ، ھايال قىلماي بەجا كەلتۈرگىن. بولمىسا تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۇنى سەندىن تەلەپ قىلغىنىدا گۇناھكار بولىسەن. [23] لېكىن ئەگەر سەن بىر نېمىنى ئاتىمىساڭ، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. [24] سەن ئۆزۈڭ ئاغزىڭدىن چىققان سۆزنى ساقلاپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاتىغانىڭنى، ئاغزىڭنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق ۋەدە قىلغانىڭنى بەجا كەلتۈرگىن.

[25] سەن ئۆز ھەقەمسايەڭنىڭ ئۈزۈمزارلىقىغا كىرسەڭ، خالىغىنىڭدەك تويغۇچىلىك يېگىن، ئەمما قاچاڭغا ئېلىۋالمىغىن.
[26] ھەقەمسايەڭنىڭ ئېتىزلىقىغا كىرسەڭ، قولۇڭ بىلەن زىرائەتنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋالساڭ بولىدۇ، ئەمما ھەقەمسايەڭنىڭ زىرائىتىگە ئورغاق سالمىغىن.

## تالاق خېتى بېرىش توغرىسىدا

24 [1] ئەگەر بىركىم بىر خوتۇننى خوتۇنلۇققا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئەيىب تېپىپ قارىغۇسى كەلمىسە، تالاق خېتىنى پۈتۈپ قولىغا بېرىپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىدىن چىقىرىۋەتسە بولىدۇ. [2] خوتۇن ئۆزى ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن، بېرىپ باشقا ئەرگە تېگىپ، [3] بۇ ئىككىنچى ئەرمۇ ئۇنى يامان تۇرۇپ قېلىپ، تالاق خېتىنى يېزىپ قولىغا بېرىپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىدىن چىقىرىۋەتسە ۋە يا ئۇنى ئالغان ئىككىنچى ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، [4] ئۇنى قويۇپ بەرگەن ئاۋۋالقى ئېرى، خوتۇن ئۆزى ناپاك بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىككىنچى مەرتىۋە خوتۇنلۇققا ئالمىسۇن. چۈنكى شۇنداق قىلسا، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك بىر ئىش بولىدۇ. سەن بولساڭ تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا مىراس قىلىپ بېرىدىغان يۇرتنىڭ ئۈستىگە گۇناھ كەلتۈرمىگەيسەن.

## رەھىمدىللىق ۋە ئادالەت

[5] ئەگەر بىركىم يېقىندا خوتۇن ئالغان بولسا، جەڭگە بېرىش ۋە يا باشقا بىر ئىش ئۇنىڭغا بۇيرۇلمىسۇن. بەلكى ئۇ ئالغان خوتۇننى خۇش قىلماق ئۈچۈن بىر يىلغىچە ئازاد بولۇپ ئۆيىدە ئولتۇرسۇن.
[6] ھېچكىم يارغۇنچاق ۋە يا تۈگمەن ئۈستۈن تېشىنى رەنىگە قويمىسۇن، چۈنكى شۇنى قىلسا، تىرىكچىلىكنى رەنىگە قويغاندەك بولىدۇ.

[7] ئەگەر بىركىم بەنى-ئىسرائىلدىن بولغان بۇرادەرلىرىنىڭ بىرىنى ئوغرىلىۋېلىپ، ئۇنى قۇلدەك ئىشلەتسە ۋە يا ئۇنى ساتسا، ئوغرى ئۆزى ئۆلتۈرۈلسۇن. بۇ تەرىقىدە سەن ئۆز ئاراڭدىن يامان ئىشنى چىقىرىۋەتكەيسەن.

[8] سەن خەۋەردار بولۇپ بىر كىشى پېسە بولۇپ قالسا، لاۋىي كاھىنلارنىڭ سىلەرگە بۇيرۇيدىغىنىنى قىلغايسەن. مەن ئۇلارغا نېمە بۇيرۇغان بولسام، بۇنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرۈڭلار. [9] مىسىردىن چىققىنىڭلاردا تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ يولدا مەريەمگە نېمە قىلغىنىنى ياد قىلىڭلار.

[10] ئەگەر سەن ئۆز ھەقەمسايەڭگە قەرز بەرسەڭ، رەنە ئالماق ئۈچۈن ئۆيىگە كىرمەي، [11] بەلكى تاشقىرىدا توختاپ تۇرغايسەن. سەن قەرز بەرگەن كىشى ئۆزى ساڭا بېرىدىغان رەنىنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقسۇن. [12] ئەگەر ئۇ كىشى كەمبەغەل بولسا، يېپىنچىسىنى رەنگە ئېلىپ ئۇخلىغىنىڭدا يېنىڭدا ساقلىماي، [13] بەلكى ئۇ ئۆزى ئۇخلىسا، ئۆز چاپىنىنى يېپىنىپ ئۇخلاپ ماڭا دۇئايىخەير ئوقۇسۇن دەپ، كۈن پاتقاندا ئۇنىڭغا رەنىنى ياندۇرۇپ بەرگەيسەن. شۇنداق قىلساڭ، بۇ ئىش ساڭا تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئادالەت سانىلىدۇ.

[14] خاھى بۇرادەرلىرىڭدىن بىرى بولسۇن، خاھى ئۆز يۇرتىدا بولۇپ دەرۋازىلىرىڭدا ئولتۇرغان مۇساپىرلارنىڭ بىرى بولسۇن، بىر بىچارە كەمبەغەل مەدىكارغا ناھەقلىق قىلماي، [15] بەلكى ئۇ ئۆزى بىچارە بولۇپ ئۆز ئىش ھەققىنى سېغىنغاچ ئىشلەپ تۇرغان كۈنى ئاپتاپ پاتماستا ھەققىنى ئۇنىڭغا بەرگەيسەن. بولمىسا ئۇ سېنىڭ ئۈستۈڭدە خۇداۋەندىگە پەرياد قىلسا، گەدىنىڭگە گۇناھ كېلىپ قالىدۇ.

[16] ئاتا-ئانا بولسا بالىلىرى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، بالىلارمۇ ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەي، بەلكى ھەركىم ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىنى تارتسۇن.

[17] سەن بولساڭ مۇساپىر ۋە يا يېتىمنىڭ ھەققىنى تولغىماي، بىر تۇلنىڭ ئېگىنلىرىنىمۇ رەنگە ئالماي، [18] بەلكى ئۆزۈڭنىڭ مىسىردا قۇل بولۇپ تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنى ئاندىن قۇتقۇزۇپ كەلگىنىنى يادىڭغا كەلتۈرگىن. بۇ سەۋەبتىن مەن ساڭا بۇنى تۇتقىن دەپ بۇيرۇيمەن.

[19] ئەگەر سەن ئېتىزلىقىڭنىڭ ھوسۇلنى يىغقىنىڭدا بىر ئۆنچىنى ئۇنتۇپ قالغان بولساڭ، ئۇنى ئېلىپ كەلمەك ئۈچۈن يېنىپ بارمىغىن، چۈنكى بۇ ئۆزى مۇساپىر، يېتىم ۋە تۇلغا تەگسۇن. تەڭرىم خۇداۋەندە مېنىڭ قوللىرىمنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا بەرىكەت بەرگەي دېسەڭ، شۇنداق قىلغايسەن.

[20]زەيتۇن دەرىخىنى قاققىنىڭدىن كېيىن شاخلىرىنى يەنە ئاغدۇرمىغىن. بىر نىمە قالغان بولسا، مۇساپىر، يېتىم ۋە تۇلغا تەگسۇن.
[21]ئۈزۈمزارلىقىڭنىڭ ئۈزۈمىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن پاساكلىمىغىن. بىر نىمە قالغان بولسا، مۇساپىر، يېتىم ۋە تۇلغا تەگسۇن. [22]ئۆزۈڭنىڭ مىسىر يۇرتىدا قۇل بولغىنىڭنى يادىڭغا كەلتۈرگىن. بۇ سەۋەبتىن مەن ساڭا بۇنى قىلغىن دەپ بۇيرۇيمەن.

## بىر نەچچە قائىدە-نىزاملار

**25** [1]ئەگەر ئىككى كىشى تالىشىپ قېلىپ: ‹ ئوتتۇرىمىزدا ھۆكۈم قىلىنسۇن› دەپ، ھاكىمنىڭ ئالدىغا كەلسە، ھەقدارنى ھەق دەپ، گۇناھكارغا جازا بەرسۇن. [2] ئەگەر گۇناھكارغا تاياق بۇيرۇلسا، ھاكىم ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇپ، ئۆزى قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قىلغان گۇناھىغا لايىق بولغۇدەك ساناپ تاياق بەرسۇن. [3] لېكىن يالغۇز قىرىقنى ئۇرۇپ، شۇنىڭدىن زىيادە ئۇرۇلمىسۇن. ئەگەر بۇنىڭدىن زىيادە تاياق ئۇرۇلسا، بۇرادىرىڭ ئالدىڭدا شەرمەندە بولىدۇ.

[4]سەن خامانغا قوشقان ئۇيىنىڭ ئاغزىنى بوغمىغىن.

[5]ئەگەر بىر-بىرى بىلەن ئولتۇرۇشقان بۇرادەرلەرنىڭ بىرى بالا يۈزى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئۆلگەن كىشىنىڭ خوتۇنى خانداننىڭ سىرتىدىكى يات بىر كىشىگە تەگمەي، بەلكى ئېرىنىڭ بىرتۇغقىنى ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، ئۆز بىرتۇغقىنىنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ ئېرى بولسۇن. [6]ئۆلگەن بۇرادىرىنىڭ ئىسمى ئىسرائىلدىن ئۆچۈرۈلمىسۇن دەپ، خوتۇنىنىڭ تۇنجى ئوغلى ئۆزى ئۇنىڭ ئىسمىنى كۆتۈرسۇن. [7]لېكىن ئەگەر بۇ كىشى يەڭگىسىنى ئالغىلى خالىمىسا، يەڭگىسى ئۆزى دەرۋازىدىكى ئاقساقاللارنىڭ قېشىغا بېرىپ: ‹ ئېرىمنىڭ بىرتۇغقىنى ئۆز بۇرادىرىنىڭ ئىسمىنى ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇش ئۈچۈن بۇرادىرىنىڭ ئورنىدا مېنى خوتۇنلۇققا ئالغىلى ئۇنىمايدۇ› دەپ ئېيتسۇن. [8]شۇنى دېسە، ئەر ئۆزى ئولتۇرغان شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئۇنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا سۆزلەپ نەسىھەت قىلسۇن. ئەگەر ئۇ چىڭ تۇرۇپ: ‹ مەن ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالمايمەن› دېسە، [9]ئۇنىڭ يەڭگىسى قوپۇپ، ئاقساقاللارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پۇتىدىن چورۇقىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ ئۆز: ‹ بىرتۇغقىنى ئۈچۈن ئائىلە قۇرغىلى ئۇنىمىغان كىشىگە شۇنداق قىلىنىدۇ› دەپ جاكارلىسۇن. [10]بۇ كىشىنىڭ ئۆيى بولسا ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە: ‹ چورۇقى چىقىرىلغان كىشىنىڭ ئۆيى› دەپ ئاتالسۇن.

[11] ئەگەر ئىككى ئادەم بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغىنىدا بىرىنىڭ خوتۇنى ئۆز ئېرىگە
ياردەم بېرىپ، ئۇرغۇچىنىڭ قولىدىن ئۇنى ئاجراتماق ئۈچۈن قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇرغۇچىنىڭ
ئالىتىنى تۇتۇۋالسا، [12] سەن ئۇنىڭغا ھېچ رەھىم كۆرسەتمەي، قولىنى كەسكەيسەن.

[13] سەن ئۆزۈڭ خالتاڭدا چوڭ-كىچىك، ئېغىر-يېنىك پۇل قويمىغىن. [14] ئۆز ئۆيۈڭدە چوڭ-
كىچىك ئىككى خىل ئېفا كەمچىنىمۇ ساقلىمىغىن. [15] تارازاڭ دۇرۇس بولۇپ، كەمچەنلىرىڭمۇ
پۈتۈن ئوبدان بولسۇن. شۇنداق قىلساڭ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بېرىدىغان يۇرتتا ئۆمرۈڭ
ئۇزۇن بولىدۇ. [16] چۈنكى كىمكى شۇنداق قىلىپ،ناھەق ئىش قىلسا، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ
ئالدىدا يىرگىنچلىك سانىلىدۇ.

## ئامالەكلەردىن كېلىدىغان خەتەرنى يوقىتىش

[17] مىسىردىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىڭلاردا ئامالەكىيلەرنىڭ سىلەرگە نېمە قىلغىنىنى ياد قىلىڭلار.
[18] ئۇلار بولسا خۇدادىن قورقماي يولدا ساڭا قارشى چىقىپ، سەن ھېرىپ كېتىپ سۇسلىشىپ
قالغىنىڭدا كەينىڭدە قالغان ئاجىز كىشىلەرنى ئۇرۇپ يوقاتتى ئەمەسمۇ؟ [19] بۇنىڭ ئۈچۈن
تەڭرىڭ خۇداۋەندە، سېنىڭ مىراسىڭ بولسۇن دەپ، ساڭا مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان يۇرتتا
ساڭا ئارام بېرىپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى چۆرەڭدىكى دۈشمەنلىرىڭدىن ئامانلىق بەرگىنىدە
ئاسماننىڭ تېگىدە تېپىلمىغۇدەك تەرىقىدە ئامالەكىيلەرنى يوقىتىۋەتمىكىڭنى ئۇنتۇمىغىن.

## تۇنجى ھوسۇلنى خۇداغا ئاتاش

26 [1] سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا مىراس قىلىپ بېرىدىغان يۇرتقا كىرىپ، ئۇنى
ئۆزۈڭنىڭكى قىلىپ ئېلىپ ئولتۇرغىنىڭدا، [2] تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بېرىدىغان
يۇرتنىڭ ھوسۇلى بولسا سەن يەرنىڭ مېۋىسىنىڭ تۇنجى ھوسۇلىنى ئېلىپ، بىر سېۋەتكە
سېلىپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە، ئىسمىم ئاندا بولسۇن دەپ، ئىلغايدىغان جايغا ئېلىپ بېرىپ، [3]
ئۇ ۋاقىتتىكى كاھىنىنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا: ‹خۇداۋەندە ئۆزى بىزگە بەرگىلى قەسەم
بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا ۋەدە قىلغان يۇرتقا كىرىپ بولدۇم دەپ، بۈ كۈن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ
ئالدىدا بايان قىلىمەن› دەپ ئېيتقايسەن. [4] كاھىن ئۆزى سېۋەتنى قولۇڭدىن ئېلىپ، ئۇنى
تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىنىڭ ئالدىدا قويغىنىدا، [5] سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ
ئالدىدا سۆز قىلىپ ئېيتقايسەنكى: ‹مېنىڭ ئاتام بولسا غېرىب بىر ئاررامىي بولۇپ تۇرۇپ،
مىسىرغا چۈشۈپ بېرىپ ئولتۇرۇپ قالغىنىدا ئاز كىشى بولۇپ مۇساپىر تۇرسىمۇ، بارغانسېرى
سانى نۇرغۇن بولۇپ ئۆزى چوڭ كۈچلۈك بىر قوۋم بولۇپ قالدى. [6] لېكىن مىسىرلىقلارنىڭ

ئۆزى بىزلەرگە قاتتىقلىق قىلىپ زۇلۇم سېلىپ، بىزلەرنى ئېغىر ئىشقا سالغىلى تۇردى. [7]
ئەمما بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە پەرياد قىلساق، خۇداۋەندە ئۆزى
ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ، زەخمەت بىلەن مۇشەققىتىمىزگە قاراپ تەڭلىكىمىزگە نەزەر سالدى. [8]
ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۆزى كۈچلۈك قول ۋە ئۇزىتىلغان بىلەك، چوڭ ھەيۋەتلىك ئەمەللەر،
ئالامەت ۋە مۆجىزىلەر بىلەن بىزنى مىسىردىن چىقىرىپ، [9] بىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ،
سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان بىر يۇرت بولغان بۇ يۇرتنىڭ ئۆزىنى بىزگە بەردى. [10] مانا ئەي
خۇداۋەندە سەن ماڭا بەرگەن يەرنىڭ مېۋىسىنىڭ تۇنجى ھوسۇلىنى ئەمدى سېنىڭ قېشىڭغا
كەلتۈردۈم›. شۇنى دەپ، سەن سېۋەتنى تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا قويۇپ، تەڭرىڭ
خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىپ، [11] تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى سەن بىلەن ئۆيۈڭگە بەرگەن
ھەممە نېمەتلىرىدىن خۇش بولۇپ، ئۆزۈڭ لاۋىي كىشى بىلەن قېشىڭدا ئولتۇرغان مۇساپىر
كىشىگە قوشۇلۇپ شادلىق قىلغايسەن.

## ئوندىن بىر ئۈلۈشنى بېرىش

[12] سەن ئوندىن بىر ئۈلۈش بېرىلىدىغان يىلى بولغان ئۈچىنچى يىلدا ھەممە ھوسۇلۇڭنىڭ
ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى ئايرىپ، شۇنى لاۋىي بىلەن مۇساپىرغا، يېتىم بىلەن تۇلغا بەرگەيسەن.
ئۇلار بولسا دەرۋازىلىرىڭنىڭ ئىچىدە يەپ تويغاندىن كېيىن، [13] سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ
ھۇزۇرىدا سۆز قىلىپ ئېيتقايسەنكى: ‹ مەن بولسام ئەمدى مۇقەددەس نەرسىلەرنى ئۆيۈمدىن
ئېلىپ چىقىپ، سەن ماڭا بۇيرۇغاندەك بۇنى لاۋىي بىلەن مۇساپىرغا، يېتىم بىلەن تۇلغا
بېرىپ، سېنىڭ ئەمرلىرىڭنىڭ ھېچبىرىنى خاھى بۇزماي، خاھى ئۇنتۇماي تۇرۇپ، [14] ماتەم
تۇتسام، بۇنىڭدىن ھېچنېمىنى يېمەي، ناپاك بولۇپ قالسام، بۇنىڭدىن بىر نېمىگە تەگمەي،
ئۆلگەنلەر ئۈچۈن بۇنىڭدىن ھېچنېمىنى ئىشلەتمەي، تەڭرىم خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ،
ھەر ئىشتا سەن ماڭا بۇيرۇغاندەك قىلىپ تۇردۇم. [15] ئەمدى سەن مۇقەددەس ماكانىڭ بولغان
ئاسمانىڭدىن نەزەر سېلىپ، ئۆز قوۋمىڭ ئىسرائىلنى بەرىكەتلەپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا قەسەم
بىلەن ۋەدە قىلغىنىڭغا قاراپ ھەسەل بىلەن سۈت ئاقىدىغان بىر يۇرت بولۇپ بىزگە بەرگەن بۇ
يۇرتقا بەرىكەت بەرگىن› دەپ ئېيتقىن.

## خۇلاسە

[16] بۇ كۈن تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا: ‹ بۇ قانۇن بىلەن ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىپ، پۈتۈن
كۆڭۈل بىلەن پۈتۈن جېنىڭدىن ئۇلارنى تۇتۇپ بەجا كەلتۈرگەيسەن› دەپ بۇيرۇيدۇ. [17] سەن
بولساڭ بۇ كۈن خۇداۋەندىنىڭ بايان قىلغىنىنى ئاڭلاپ: ‹ مەن ئۆزۈم سېنىڭ تەڭرىڭدۇرمەن.
سەن بولساڭ مېنىڭ يوللىرىمدا يۈرۈپ، قانۇن، ئەمر ۋە ئەھكاملىرىمنى تۇتۇپ، سۆزلىرىمنى

ئاڭلىغايسەن› دەپ ئېيتقىنىغا قۇلاق سالدىڭ. 18 خۇداۋەندە بولسا بۇ كۈن سېنىڭ ئېتىراپ
قىلغىنىڭنى ئاڭلاپ: ‹ مەن ئۇنىڭ خاس قوۋمى بولۇپ، ئۆزى ماڭا بۇيرۇغىنىدەك ئۇنىڭ
ھەممە ئەمرلىرىنى تۇتاي› دەپ ئېيتقىنىڭنى ئىشتتى. 19 شۇنداق قىلساڭ، ئۇ سېنى ئۆزى
ياراتقان قوۋملارنىڭ ئۈستىگە چوڭ قىلىپ، ئىززەت بىلەن شان-شەرەپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن
سەن ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ مۇقەددەس قوۋمى بولىسەن».

## ئېبال ۋە گەرىزىم

27 1 مۇسا بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى قوۋمغا بۇيرۇپ ئېيتتىكى: «مەن بۇ
كۈن سىلەرگە بېرىدىغان ھەممە ئەمرلەرنى تۇتۇپ، 2 ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ، تەڭرىڭ
خۇداۋەندە ساڭا بېرىدىغان يۇرتقا كىرگەن كۈنۈڭلاردا ئۆزۈڭ ئۈچۈن چوڭ-چوڭ تاشلارنى
تىكلەپ، ئۇلارنى ھاك بىلەن ئاقارتىپ، 3 ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ساڭا
ئېيتقىنىدەك ئاندا سۈت بىلەن ھەسەل ئېقىپ تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ساڭا بېرىدىغان
يۇرتقا كىرمىكىڭ ئۈچۈن، دەريادىن ئۆتكىنىڭدە بۇ قانۇننىڭ ھەممە سۆزلىرىنى مەزكۇر
تاشلارغا يېزىپ قويغىن. 4 سىلەر ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ بولۇپ، مەن بۇ كۈن ئۇلار توغرىسىدا
ھۆكۈم بېرىدىغان تاشلارنى ئېبال تېغىدا تىكلەپ، ئۇلارنى ھاك بىلەن ئاقارتقايسىلەر. 5
ئاندا تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۈچۈن تۆمۈر ئەسۋابى تەگمىگەن تاشلاردىن قۇربانگاھ ياساپ، 6
تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ بۇ قۇربانگاھىنىڭ ئۆزىنى يونۇلمىغان تاشتىن ياساپ، ئاندا تەڭرىڭ
خۇداۋەندە ئۈچۈن كۆيدۈرمە قۇربانلىق ئۆتكۈزۈپ، 7 شۈكۈر قۇربانلىقىمۇ ئاندا كەلتۈرۈپ،
يەپ تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇشلۇق قىلغايسەن. 8 ئەمما سەن بولساڭ بۇ
قانۇننىڭ ھەممە سۆزلىرىنى مەزكۇر تاشلارغا ئوچۇق روشەن پۈتۈپ قويغىن» دېدى.

9 ئاندىن مۇسا بىلەن لاۋىي كاھىنلىرى پۈتۈن ئىسرائىلغا سۆزلەپ: «ئەي ئىسرائىل، شۈك
تۇرۇپ ئاڭلىغىن. سەن بولساڭ بۇ كۈن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ قوۋمى بولۇپ قالدىڭ.
10 ئەمدى سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەن بۇ كۈن ساڭا بېرىدىغان ئۇنىڭ
ئەمر بىلەن قانۇنلىرىنى ئەمەلگە كەلتۈرگىن» دەپ ئېيتتى. 11 ئۇ كۈن مۇسا ئۆزى خەلققە
سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: 12 «سىلەر ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ بولغىنىڭلاردا بۇلار، يەنى شىمون
بىلەن لاۋىي، يەھۇدا بىلەن ئىسساكار، يۈسۈپ بىلەن بەنيامىن گەرىزىم تېغىنىڭ ئۈستىدە
تۇرۇپ، قوۋمنى مۇبارەكلىسۇن. 13 ئەمما بۇلار، يەنى رۇبەن بىلەن گاد، ئاشەر بىلەن زەبۇلۇن،
دان بىلەن نافتالى بولسا ئېبال تېغىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، لەنەت ئوقۇسۇن.
14 ئۇ ۋاقىت لاۋىيلار ئۆزى ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرىگە بەلەن ئاۋاز بىلەن جاكارلاپ:
15 ‹ كىمكى ھۈنەرۋەن قولى بىلەن بىر سۈرەتنى ياساپ، خاھى ئويۇپ قۇيۇپ چىقىرىپ،
خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك بولغان بۇ ئىش قىلىپ، ئۇنى پىنھاندا تىكلەپ قويسا،

مەلئۇن بولسۇن› دەپ ئېيتسۇن. خەلقنىڭ ھەممىسى: ‹ ئامىن› دەپ جاۋاب بەرسۇن.
16 ‹ كىمكى ئاتا-ئانىسىنى خار كۆرسە، مەلئۇن بولسۇن› دېگىنىدە خەلقنىڭ ھەممىسى: ‹ ئامىن› دەپ ئېيتسۇن.
17 ‹ كىمكى ھەقەمسايىسىنىڭ قىرىنى يۆتكىسە، مەلئۇن بولسۇن› دېگىنىدە خەلقنىڭ ھەممىسى: ‹ ئامىن› دەپ ئېيتسۇن.
18 ‹ كىمكى بىر كورنى يولدىن ئازدۇرسا، مەلئۇن بولسۇن› دېگىنىدە خەلقنىڭ ھەممىسى: ‹ ئامىن› دەپ ئېيتسۇن.
19 ‹ كىمكى مۇساپىر، يېتىم ۋە تۇلنىڭ ھەققىنى تولغىسا، مەلئۇن بولسۇن› دېگىنىدە خەلقنىڭ ھەممىسى: ‹ ئامىن› دەپ ئېيتسۇن.
20 ‹ كىمكى ئاتىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن يېتىپ ئاتىسىنىڭ يوتقىنىنى ئاچسا، مەلئۇن بولسۇن› دېگىنىدە خەلقنىڭ ھەممىسى: ‹ ئامىن› دەپ ئېيتسۇن.
21 ‹ كىمكى بىر ھايۋان بىلەن يېتىپ مۇناسىۋەت قىلسا، مەلئۇن بولسۇن› دېگىنىدە خەلقنىڭ ھەممىسى: ‹ ئامىن› دەپ ئېيتسۇن.
22 ‹ كىمكى ئاتىسىنىڭ قىزى ۋە يا ئانىسىنىڭ قىزى بولغان ئۆز ھەمشىرىسى بىلەن ياتسا، مەلئۇن بولسۇن› دېگىنىدە خەلقنىڭ ھەممىسى: ‹ ئامىن› دەپ ئېيتسۇن.
23 ‹ كىمكى قېيىنانىسى بىلەن ياتسا، مەلئۇن بولسۇن› دېگىنىدە خەلقنىڭ ھەممىسى ‹ ئامىن› دەپ ئېيتسۇن.
24 ‹ كىمكى ماراپ ئۆلتۈرۈپ ھەقەمسايىسىنى ئۆلتۈرسە، مەلئۇن بولسۇن› دېگىنىدە خەلقنىڭ ھەممىسى: ‹ ئامىن› دەپ ئېيتسۇن.
25 ‹ كىمكى گۇناھسىز ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ قېنىنى تۆكمەك ئۈچۈن پارا ئالسا، مەلئۇن بولسۇن› دېگىنىدە خەلقنىڭ ھەممىسى: ‹ ئامىن› دەپ ئېيتسۇن.
26 ‹ كىمكى بۇ قانۇننىڭ سۆزىنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرمىسە، مەلئۇن بولسۇن› دېگىنىدە خەلقنىڭ ھەممىسى: ‹ ئامىن› دەپ ئېيتسۇن.

## بەرىكەت ۋە لەنەت

28
1 ئەگەر سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەن بۇ كۈن ساڭا بېرىدىغان ئەمرلىرىنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرسەڭ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنى يەر يۈزىدىكى ھەممە قوۋملارنىڭ ئۈستىگە چوڭ قىلىپ،
2 تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىساڭ، بۇ ھەممە بەرىكەتلەرنىڭ ئۆزى ئۈستۈڭگە كېلىپ ساڭا تېگىدۇ:
3 سەن شەھەردە مۇبارەك بولۇپ، سەھرادىمۇ مۇبارەك بولىسەن.
4 پۇشتۇڭنىڭ مېۋىسى بىلەن يېرىڭنىڭ ھوسۇلى بولسا چارۋا ماللىڭنىڭ ئۈرۈقى، كالاڭنىڭ

ئاۋۇشى ۋە قوي پادىلىرىڭ بولسا مۇبارەك بولسۇن.
[5] سېۋىتىڭ بولسا مۇبارەك بولۇپ، تەڭنەڭمۇ ئۆزى مۇبارەك بولسۇن.
[6] سەن ئۆز كىرىشىڭدە مۇبارەك بولۇپ، ئۆز چىقىشىڭدا مۇبارەك بولىسەن.
[7] ساڭا قارشى قوپقان دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئۆزىنى خۇداۋەندە ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۇردۇرىدۇ. ئۇلار بولسا بىر يول بىلەن ساڭا قارشى چىقىپ، يەتتە يول بىلەن سېنىڭ ئالدىڭدىن قاچىدۇ.
[8] سېنىڭ ئامبارلىرىڭ توغرىسىدا بولسا ۋە يا قولۇڭ بىلەن نېمە قىلىدىغان ئىشىڭ بولسا، خۇداۋەندە سېنى بەرىكەت تاپسۇن دەپ بۇيرۇپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ساڭا بېرىدىغان يۇرتتا سېنى بەرىكەتلەيدۇ.
[9] ئەگەر سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئەمرلىرىنى تۇتۇپ يوللىرىدا يۈرسەڭ، ئۆزى قەسەم بىلەن ساڭا ۋەدە قىلغاندەك خۇداۋەندە سېنى ئۇلۇغلاندۇرۇپ، ئۆزىگە بىر مۇقەددەس قوۋم قىلىدۇ.
[10] شۇنداقكى، يەر يۈزىدىكى ھەممە قوۋملارنىڭ ئۆزى سېنىڭ خۇداۋەندىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغىنىڭنى كۆرۈپ سەندىن قورقىدۇ.
[11] خۇداۋەندە ئۆزى ساڭا بەرگىلى قەسەم بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىڭغا ۋەدە قىلغان يۇرتنىڭ ئۆزىدە خۇداۋەندە سېنى بايىتىپ، پۇشتۇڭنىڭ مېۋىسى، كالاڭنىڭ ئۇرۇقى ۋە يېرىڭنىڭ ھوسۇلىنى مول قىلىدۇ.
[12] شۇنداقكى، خۇداۋەندە ئۆزى سېنىڭ يۇرتۇڭغا ئۆز ۋاقتىدا يامغۇر بېرىپ، قوللىرىڭنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بەرىكەتلىمەك ئۈچۈن ئۆز خەزىنىسى بولغان ئاسماننى ساڭا ئاچقاچ، ئۆزۈڭ ھېچكىمدىن قەرز ئالماي، بەلكى تولا تائىپىلەرگە قەرز بېرىسەن.
[13] خۇداۋەندە بولسا سېنى قۇيرۇق قىلماي، باش قىلىپ قويغاچ سەن ھەمىشە ئۈستۈن بولۇپ، ئاستىن بولمايسەن. ئەگەر سەن ئۇلارنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرەي دەپ، مەن بۇ كۈن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن ساڭا بېرىدىغان ئەمرلەرنى ئاڭلاپ،
[14] مەن بۇ كۈن سىلەرگە بۇيرۇيدىغان ھەممە سۆزلىرىنىڭ ھېچبىرىدىن، خاھى ئوڭغا خاھى چەپكە قايرىلماي، باشقا تەڭرىلەرگە ئەگىشىپ ئۇلارغا ئىبادەت قىلمىساڭ، شۇنداق بولىدۇ.

[15] لېكىن ئەگەر سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، مەن بۇ كۈن ساڭا بېرىدىغان ھەممە ئەمر بىلەن قانۇنلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرمىسەڭ، بۇ لەنەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۈستۈڭگە كېلىپ ساڭا تېگىدۇ.
[16] سەن شەھەردە مەلئۇن بولۇپ، سەھرادىمۇ مەلئۇن بولىسەن.
[17] سېۋىتىڭ بولسا مەلئۇن بولۇپ، تەڭنەڭمۇ ئۆزى مەلئۇن بولسۇن.
[18] پۇشتۇڭنىڭ مېۋىسى بىلەن يېرىڭنىڭ ھوسۇلى بولسا كالاڭنىڭ نەسللىرى بىلەن قوي پادىلىرىڭ بولسا مەلئۇن بولسۇن.
[19] سەن ئۆز كىرىشىڭدە مەلئۇن بولۇپ، ئۆز چىقىشىڭدىمۇ مەلئۇن بولىسەن.

[20] خۇداۋەندە سېنى، ئۇ مېنى تاشلىدى دەپ، سەن يوق بولۇپ كېتىپ، ئۆز يامان ئەمەللىرىڭ
ئۈچۈن ئۆزۈڭ ھالاك بولغۇچىلىك ھەر نە قىلغىنىڭدا ساڭا لەنەت بىلەن پاراكەندىلىك ۋە
جازا ئەۋەتىدۇ. [21] سەن ئۇنى ئىگىلىۋالماق ئۈچۈن ئەمدى كىرىدىغان يۇرتتىن سېنى
يوقىتىۋەتكۈچىلىك خۇداۋەندە ئۆزى سېنى ۋاباغا گىرىپتار قىلىدۇ.
[22] خۇداۋەندە ئۆزى سېنى سىل كېسىلى بىلەن تەپ ۋە بەزگەككە گىرىپتار قىلىپ، كۆيۈك بىلەن
قۇرغاقچىلىقتا، چاۋىرىش ئاپىتى بىلەن ھالغا مۇپتىلا قىلىدۇ. مۇنداق خاپىلىقلاردىن قۇتۇلماي
تۈگەپ كېتىسەن. [23] ئاسمان بولسا بېشىڭنىڭ ئۈستىدە مىستەك بولۇپ، يەر ئۆزى پۇتۇڭنىڭ
تېگىدە تۆمۈردەك بولىدۇ.
[24] خۇداۋەندە ئۆزى سېنىڭ يۇرتۇڭغا ياغدۇرىدىغان يامغۇر بولسا توپا بىلەن چاڭ بولىدۇ. بۇ
ئۆزى سەن ھالاك بولغۇچىلىك ئاسماندىن ئۈستۈڭگە چۈشۈپ تۇرىدۇ.
[25] خۇداۋەندە ئۆزى سېنى دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ قىلىدۇ. سەن بولساڭ ئۇلارغا
قارشى بىر يول بىلەن چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن يەتتە يول بىلەن قېچىپ، يەر يۈزىدىكى
ھەممە يۇرتلاردا ئاۋارە بولۇپ يۈرىسەن. [26] ئۆلۈكلىرىڭ بولسا ھاۋانىڭ ئۇچارقاناتلىرى بىلەن
يەرنىڭ ھايۋانلىرىغا يېگۈلۈك بولۇپ، ئۇلارنى ھەيدىۋەتكىلى ھېچكىم چىقمايدۇ.
[27] خۇداۋەندە سېنى ساقىيالمىغۇدەك تەرىقىدە مىسىرنىڭ چاقىسى بىلەن ئۇرۇپ، ھۆررەكلەرگە
مۇپتىلا قىلىپ، قىچىشقاق بىلەن تەمرەتكىگە گىرىپتار قىلىدۇ.
[28] خۇداۋەندە سېنى ساراڭلىقتا سېلىپ، كور قىلىپ، كۆڭۈلنىڭ بىئاراملىقى بىلەن ئۇرىدۇ.
[29] سەن بولساڭ بىر كور كىشى قاراڭغۇلۇقتا تەمتىلىگەندەك يورۇق كۈندە تەمتىلەپ يۈرۈپ،
يولۇڭنى تاپالماي قېلىپ، ھەمىشە زۇلۇم تارتىپ، ھەممە كۈنلىرىڭدە تالىنىپ يۈرۈپ، سېنى
قۇتقۇزىدىغان كىشى بولمايدۇ.
[30] سەن بىر خوتۇن بىلەن ۋەدىلەشسەڭ، باشقا بىر ئادەم ئۇنىڭ بىلەن ياتىدۇ. بىر ئۆينى ياسىساڭ،
ئۇنىڭدا ئولتۇرالمايسەن. بىر ئۈزۈمزارلىقنى سالساڭ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيسەن.
[31] ئۇيۇڭ بولسا كۆزلىرىڭنىڭ ئالدىدا سويۇلىدۇ، لېكىن گۆشىدىن يېيەلمەيسەن. قاراپ تۇرساڭ،
ئېشىكىڭ سەندىن بۇلىنىپ كېتىپ، ساڭا يېنىپ كەلمەيدۇ. قويلىرىڭ بولسا دۈشمەنلىرىڭنىڭ
قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، ساڭا ياردەم بەرگىلى ھېچكىم چىقمايدۇ. [32] ئوغۇل بىلەن قىزلىرىڭ
بولسا باشقا قوۋملارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. كۆزلىرىڭ ئۇلارغا تەلمۈرۈپ ھېرىپ كېتىدۇ،
لېكىن ھېچنېمە قىلالمايسەن. [33] يېرىڭنىڭ ھوسۇلى بىلەن قولۇڭنىڭ مېۋىسىنى سەن
تونۇمايدىغان بىر قوۋم يەپ كېتىدۇ. سەن بولساڭ ھەممە كۈنلىرىڭدە ئېزىلىپ، زۇلۇم تارتىپ،
[34] كۆزلىرىڭ كۆرگەن نەرسىلەردىن ساراڭ بولۇپ قالىسەن.
[35] خۇداۋەندە سېنى ساقىيالمىغۇدەك تەرىقىدە تىز بىلەن پاچاقلىرىڭغا يارا سېلىپ، تاپىنىڭدىن
تارتىپ چوققاڭغىچە چاقىغا گىرىپتار قىلىدۇ.
[36] خۇداۋەندە سېنى ئۆزۈڭ ئۈستۈڭگە توختاتقان پادىشاھىڭغا قوشۇپ، ئۆزۈڭ بىلەن ئاتا-
بوۋىلىرىڭ تونۇمىغان بىر قوۋمغا تۇتۇپ بېرىدۇ. سەن ئاندا تۇرۇپ، ياغاچ بىلەن تاشتىن ياسالغان

باشقا تەڭرىلەرگە چوقۇنسەن. 37 سەن بولساڭ خۇداۋەندە سېنى ئېلىپ بارىدىغان ھەممە
تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەيرانلىقتا سەۋەب بولۇپ، تەمسىل بىلەن مەسخىرىگە ئېلىنىسەن.
38 سەن بولساڭ ئېتىزلىقتا تولا ئۇرۇق چېچىپ، چېكەتكىلەر ئۇنى يەپ كەتكەچ ئاز يىغىسەن.
39 ئۈزۈمزارلىق سېلىپ مېھنەت تارتساڭمۇ، ئۇنى قۇرت يەپ كەتكەچ مېۋە يىغىپ شاراب
ئىچەلمەيسەن. 40 يۇرتۇڭنىڭ ھەر يېرىدە زەيتۇن باغلىرىڭ بولسىمۇ، مېۋىسى يىگلەپ چۈشۈپ
كەتكەچ ئۇنىڭ يېغى بىلەن بەدىنىڭنى ياغلىيالمايسەن. 41 ئوغۇل بىلەن قىزلار تاپىسەن،
لېكىن ئۇلار ئەسىرلىككە كەتكەچ قېشىڭدا تۇرالمايدۇ. 42 دەرەخ بىلەن يېرىڭنىڭ ھوسۇلى
بولسا چېكەتكىلەر يەپ كېتىدۇ.
43 ئاراڭدا ئولتۇرغان مۇساپىر بولسا بارغانسېرى سەندىن ئۈسۈپ چوڭىيىپ كېتىپ، سەن
ئۆزۈڭ پەسلىشىپ كېتىسەن.
44 ئۇ ئۆزى ساڭا قەرز بېرىدۇ، ئەمما سەن ئۇنىڭغا قەرز بېرەلمەيسەن. سەن بولساڭ قۇيرۇق
بولۇپ، ئۇ ئۆزى باش بولۇپ قالىدۇ. 45 سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ،
ئۆزى ساڭا بەرگەن ئەمر بىلەن قانۇنلارنى تۇتمىساڭ، بۇ لەنەتلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ
ئۈستۈڭگە كېلىپ، ئۆزۈڭ ھالاك بولغۇچىلىك سېنى بېسىپ ۋەيران قىلىپ، 46 ئەبەدكىچە
ئۆزۈڭ بىلەن نەسلىڭنىڭ ئۈستىگە ئالامەت ۋە مۆجىزىلەردەك بولۇپ كېلىدۇ.
47 سەن كەڭرىچىلىكتە تۇرۇپ، شادلىق ۋە كۆڭۈل خۇشلۇقى بىلەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە خىزمەت
قىلمىساڭ، 48 ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلىقتا، يالىڭاچلىق بىلەن ھەر نەرسىنىڭ كەمچىلىكىدە
تۇرۇپ، خۇداۋەندە ئۆزى ساڭا قارشى ئەۋەتىدىغان دۈشمەنلەرگە خىزمەت قىلىسەن. ئۇ سېنى
ھالاك قىلغۇچىلىك بوينۇڭغا بىر تۆمۈر بويۇنتۇرۇقنى سالىدۇ. 49 خۇداۋەندە ئۆزى سەن ئۇنىڭ
گېپىنى ئۇقماي، ئۆزى قارىقۇشتەك ئىتتىك شۇڭغۇيدىغان بىر تائىپىنى ئۈستۈڭگە ئەۋەتىدۇ.
50 بۇ ئۆزى كۆرۈنۈشى زالىم بولۇپ، قېرىلارغا يۈز-خاتىرە، ياشلارغا رەھىم قىلمايدىغان بىر
قوۋم بولىدۇ. 51 ئۇ بولسا سەن ئۆزۈڭ ھالاك بولغۇچىلىك مېلىڭنىڭ ئۇرۇقى بىلەن يېرىڭنىڭ
ھوسۇلىنى يەپ، سېنى يوقىتىپ بولمىغۇچىلىك سېنىڭ ئۆزۈڭگە، خاھى ئاشلىق، خاھى
شاراب، خاھى ياغ، خاھى كالاڭنىڭ ئۇرۇقى، خاھى قوي پادىلارىڭدىن بىر نېمىنى قويماي،
52 پۈتۈن يۇرتۇڭدا سەن ئۇلارغا ئۈمىد باغلىغان ھەممە ئېگىز مەھكەم سېپىللىرىڭ يىقىلىپ
چۈشكۈچىلىك دەرۋازىلىرىڭغا بېسىپ كىرىپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بەرگەن يۇرتۇڭنىڭ
ھەر يېرىدە ھەممە دەرۋازىلىرىڭغا كىرىۋالىدۇ. 53 ئۇ ۋاقىت سەن ئۆز پۇشتۇڭنىڭ مېۋىسىنى
يەپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بەرگەن ئوغۇل بىلەن قىزلىرىڭنىڭ گۆشىنى يەيسەن، چۈنكى
دۈشمىنىڭ بولسا سېنى مۇنداق تەڭلىك بىلەن تارلىقتا سالىدۇ. 54 شۇنداق بولىدۇكى،
ئاراڭدىكى نەپىس نازۇك بىر ئادەم ئۆز بۇرادىرى بىلەن ئۆز قۇچىقىدىكى خوتۇنى ۋە تېخى
قالغان بالىلىرىغا يامان كۆز بىلەن قاراپ، 55 باشقا بىر نېمىسى قالمىغاچ ئۆزى يەپ تۇرغان
بالىلىرىنىڭ گۆشىدىن بىر نېمىنى ئۇلارنىڭ بىرىگە بەرگىلى خالىمايدۇ، چۈنكى دۈشمەنلىرىڭ
بولسا ھەممە دەرۋازىلىرىڭدا سېنى مۇنداق تەڭلىك بىلەن تارلىقتا سالىدۇ. 56 ئۆز نەپىسلىكى

بىلەن نازۇكلۇقىنىڭ سەۋەبىدىن يۇتى بىلەن يەرگە دەسسىگىلى خالىمىغان ئاراگىدىكى نەپىس نازۇك خوتۇن ئۆزى قۇچىقىدىكى ئىرى بىلەن ئوغلى ۋە قىزىغا يامان كۆز بىلەن قاراپ، [57] باشقا نېمەم بولمىغاچ بۇنى پىنھاندا يەيمەن دەپ، ئۆز قورسىقىدىن چىققان بالا ياتقۇسى بىلەن ئۆزى تۇغقان بالىلىرىنى ئۇلارغا بەرگىلى خالىمايدۇ، چۈنكى دۈشمىنىڭ بولسا ھەممە دەرۋازىلىرىڭدا سېنى مۇنداق تەڭلىك بىلەن تارلىقتا سالىدۇ.

[58] سەن بۇ كىتابتا پۈتۈلگەن پۈتۈن بۇ قانۇننىڭ سۆزلىرىنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرمەي تۇرۇپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئۇلۇغ ۋە ھەيۋەتلىك ئىسمىدىن قورقمىساڭ، [59] خۇداۋەندە ئۆزى ئۆزۈڭ بىلەن نەسلىڭنىڭ ئۈستىگە ئاجايىپ بالالارنى، دەرۋەقە چوڭ بولۇپ ئۇزۇنغىچە قالىدىغان بالالارنى ئەۋەتىپ، ئۇزۇنغىچە قالىدىغان ئېغىر كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ، [60] سەن قورقۇپ تۇرغان ھەممە مىسىر كېسەللىكلىرىنى ئۈستۈڭگە كەلتۈرۈپ ساڭا يۇقتۇرىدۇ. [61] شۇنىڭدىن باشقا خۇداۋەندە ئۆزى بۇ قانۇن كىتابىدا پۈتۈلمىگەن كېسەل بىلەن بالالارنى ئەۋەتىپ، سەن ھالاك بولۇپ كېتىپ، [62] ئۆزۈڭلار ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىدەك نۇرغۇن بولغان بولساڭلارمۇ، سىلەردىن يالغۇز ئاز كىشى قالغۇچىلىك شۇنداق قىلىدۇ. تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا مۇنداق بولىدۇ. [63] مۇنداق بولىدۇكى، خۇداۋەندە ئىلگىرى سىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ، سىلەرنى ئاۋۇتقىنىدا سىلەر ئۈچۈن خۇش بولغاندەك، ئەمدى خۇداۋەندە سىلەرنى يوقىتىپ ھالاك قىلسا، سىلەر ئۈچۈن خۇش بولىدۇ. دەرۋەقە سەن ئەمدى ئىگىلىۋالماق ئۈچۈن كىرىدىغان يۇرتتىن كېسىلىسەن. [64] خۇداۋەندە ئۆزى سېنى يەرنىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە ھەممە تائىپىلەرنىڭ ئارىسىغا پاراكەندە قىلغىنىدا، خاھى سەن، خاھى ئاتا-بوۋىلىرىڭ تونۇماي، ياغاچ بىلەن تاشتىن ئېتىلگەن تەڭرىلەرگە ئىبادەت قىلىسەن. [65] ئۇ تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا ساڭا راھەت تەگمەي، پۇتۇڭ ئارام ئالماي، بەلكى خۇداۋەندە ئاندا سېنىڭ كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلىپ، كۆزۈڭنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ جېنىڭنى سولاشتۇرىدۇ. [66] جېنىڭ قىلدا ئېسىقلىقتەك بولۇپ، ئۆزۈڭ كېچە-كۈندۈز قورقۇپ تۇرۇپ، جېنىڭ ئۈچۈن خاتىرجەم بولالماي، [67] كۆڭلۈڭنىڭ بىئاراملىقتىن تىترەپ، كۆزلىرىڭ كۆرگەن ۋەقەگە قاراپ، ئەتىگەن بولسا ‹ كاشكى ئاخشام بولسا ئىدى›، ئاخشام بولسا ‹ كاشكى ئەتىگەن بولسا ئىدى› دەپ ئېيتىسەن. [68] خۇداۋەندە سېنى كېمىگە سېلىپ، سىلەرگە ئۇنىڭ توغرىسىدا ‹ بۇنى ئىككىنچى يەنە كۆرمەڭلار› دەپ ئېيتقان يول بىلەن مىسىرغا ياندۇرىدۇ. سىلەر ئاندا دۈشمەنلىرىڭلارغا قۇل-دېدەك بولماق ئۈچۈن ئۆز ئۆزۈڭلارنى ساتىسىلەر، لېكىن ئالغىلى ئادەم چىقمايدۇ».

[69] خۇداۋەندە ئۆزى بەنى-ئىسرائىل بىلەن ئەھدە باغلىماق ئۈچۈن موئاب يۇرتىدا مۇساغا بۇيرۇغان سۆزلەر بۇدۇر. بۇ ئەھدە بولسا خۇداۋەندە ئۆزى ئۇلار بىلەن خورىبتا قىلغان ئەھدىدىن باشقا بىر ئەھدە بولىدۇ.

## خۇدانىڭ ئەھدىنى تۇتۇش توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش

29 1 مۇسا ئۆزى ئىسرائىلنىڭ ھەممىسىنى قىچقىرىپ، ئۇلارغا ئېيتتىكى: «سىلەر
بولساڭلار خۇداۋەندىنىڭ مىسىر يۇرتىدا فىرەۋن بىلەن ئۇنىڭ بارچە خىزمەتكارى ۋە
ھەممە يۇرتلىرىغا نېمە قىلغىنىنى كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. 2 ئۇ چوڭ بالا بىلەن چوڭ
ئالامەت ۋە مۆجىزىلەرنى ئۆز كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. 3 لېكىن خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرگە
بۇ كۈنگىچە ئۇقىدىغان كۆڭۈل، كۆرگۈدەك كۆز ۋە ئاڭلىغۇدەك قۇلاق بەرمىدى. 4 مەن ئۆزۈم
قىرىق يىلغىچە سىلەرنى باياۋاندا ئېلىپ يۈردۈم. شۇنىڭ ئىچىدە ئېگىنلىرىڭلار يىرتىلماي،
پۇتۇڭدىكى چورۇقۇڭمۇ كونا بولمىدى. 5 مەن ئۆزۈم تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئىكەنلىكىمنى
بىلمىكىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە نان يەپ، شاراب بىلەن ھاراق ئىچىش لازىم كەلمىدى› دەپ
خۇداۋەندە ئېيتىدۇ.
6 سىلەر بۇ جايغا يېتىپ كەلگىنىڭلاردا خېشبوننىڭ پادىشاھى سىخون بىلەن باشاننىڭ
پادىشاھى ئوگ بىز بىلەن سوقۇشقىلى چىقتى. ئەمما بىز ئۇلارنى ئۇرۇپ، 7 يۇرتلىرىنى ئېلىپ،
رۇبەنىيلەر، گادىيلار ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىگە مىراس قىلىپ بەردۇق.
8 ئەمدى سىلەر بولساڭلار، ھەممە ئىشىمىزدا راۋاج تاپايلى دەپ، بۇ ئەھدىنىڭ سۆزلىرىنى تۇتۇپ
ئەمەلگە كەلتۈرۈڭلار. 9 بۇ كۈن سىلەر بولساڭلار، خاھى سەردارلىرىڭلار، خاھى قەبىلىلىرىڭلار،
خاھى ئاقساقاللىرىڭلار، خاھى مەنسەپدارلىرىڭلار، خاھى ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئەر كىشىلىرى.
10 خاھى كىچىك باللىرىڭلار، خاھى خوتۇنلىرىڭلار، خاھى سەن بىلەن چېدىرگاھىڭدا
ئولتۇرغان مۇساپىر بولسۇن، ئوتۇن كېسىدىغان ئادەملىرىڭلاردىن تارتىپ سۇ توشۇيدىغان
كىشىلىرىڭلارغىچە ھەممەڭلار تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدۇڭلار. 11 ھازىر
بولۇپ، ئۆز تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئەھدىسىگە كىرىپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى قەسەم قىلىپ،
بۇ كۈن سەن بىلەن باغلايدىغان ئەھدىنىڭ ئۆزىگە داخىل بولغايسەن. 12 شۇنداق قىلساڭ،
ئۇ ئۆزى بۈگۈن سېنى ئۆزىگە قوۋم قىلىپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭ بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە
ياقۇپقا قىلغان قەسىمىگە مۇۋاپىق ساڭا ئېيتقاندەك ئۆزى سېنىڭ تەڭرىڭ بولىدۇ. 13 لېكىن
مەن بولسام بۇ ئەھدە بىلەن قەسەمگە يالغۇز سىلەرنى قوشماي، 14 بەلكى خاھى بۇ كۈن
بىز بىلەن بۇ يەردە تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىشى بولسۇن، خاھى بۇ يەردە
بىز بىلەن بولمىغان كىشى بولسۇن، ھەممىسىنى بۇنىڭغا قوشىمەن. 15 سىلەر بولساڭلار
بىزنىڭ مىسىر يۇرتىدا قانداق تۇرۇپ، سىلەر ئۆتكەن تائىپىلەر ئارىسىدىن قانداق چىقىپ
كەلگىنىڭلارنى ئوبدان بىلىسىلەر. 16 سىلەر بولساڭلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يىرگىنچلىرى
بىلەن ياغاچ تاشتىن يېسىلىپ، ئالتۇن كۈمۈشتىن ئېتىلگەن بۇتلىرىنى كۆردۈڭلار ئەمەسمۇ؟
17 ئەمدى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن، ئەر ۋە يا خوتۇن بولسۇن، ئائىلە ۋە يا قەبىلىلىرىڭلاردىن
ھېچ بىرىنىڭ كۆڭلى بۇ كۈن تەڭرىمىز خۇداۋەندىدىن يېنىپ، بۇ تائىپىلەرنىڭ تەڭرىلىرىگە
ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كېتىپ قالمىسۇن. بولمىسا ئىچىڭلاردا زەھەر بىلەن ئاچچىق ئەمەن
چىقىرىدىغان يىلتىز پەيدا بولۇپ قالىدۇ. 18 شۇنداقكى، بىركىم بۇ لەنەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ،

ئۆز كۆڭلىدە ئۆز-ئۆزىنى مۇبارەك ساناپ: ‹ مەن قانچە بويىنىم قاتتىق قىلىپ يۈرۈپ، قۇرۇق
نەرسىنى ھۆلگە قوشۇپ يوقىتىپ تۇرساممۇ، ئامانلىقتا تۇرىمەن› دېسە، [19] خۇداۋەندە بولسا
مۇنداق كىشىنى ئەپۇ قىلمايدۇ. بەلكى خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى بىلەن غەيرىتى ئۇنىڭغا قارشى بىر
تۈتۈندەك چىقىپ، بۇ كىتابتا پۈتۈلگەن ھەممە لەنەتنى ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلتۈرۈپ، ئاسماننىڭ
تېگىدە يەنە تېپىلمىسۇن دەپ، خۇداۋەندە ئۆزى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرىدۇ. [20] خۇداۋەندە ئۇنى
ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىدىن ئايرىپ، بۇ قانۇن كىتابىدا پۈتۈلگەن ئەھدىنىڭ ھەممە
لەنەتلىرىگە مۇۋاپىق ئۇنى بالاغا گىرىپتار قىلىدۇ. [21] كېلىدىغان نەسىل بولۇپ سىلەردىن
كېيىن قوپىدىغان باللىرىڭلار بىلەن يىراق يۇرتتىن كەلگەن مۇساپىرلار بولسا خۇداۋەندە
بۇ يۇرتنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتكەن بالا بىلەن كېسەللەرنى كۆرۈپ، [22] سودوم، گومورra، ئادما
بىلەن زىبويىمنىڭ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى بىلەن قەھرىدىن ۋەيران قىلىنغىنىدەك ھەممە
يەر ئۆزى كۆيۈپ كېتىپ، گۈڭگۈرت بىلەن شورغا ئايلىنىپ گىياھلار كەلتۈرەلمەس بولۇپ
قېلىپ، ئوت ئۈندۈرۈلمىگىنىگە قاراپ، [23] ھەممە تائىپىلەر سۆزلەپ: ‹ نېمىشقا خۇداۋەندە بۇ
يۇرتقا مۇنداق قىلدى؟ نېمىشقا ئۇنىڭ غەزىپى شۇنداق قاتتىق تۇتىشتى؟› دېسە، [24] ئۇلارغا
جاۋاب بېرىلىپ: ‹ ئۇلار بولسا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۆزى ئۇلارنى مىسىر
يۇرتىدىن چىقارغىنىدا ئۇلار بىلەن قىلغان ئەھدىسىنى تاشلاپ، [25] كېتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ
نېسىپى بولماي، ئۆزىمۇ تونۇمىغان تەڭرىلەرگە ئىبادەت قىلىپ باش ئەگگىنى ئۈچۈن
[26] خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى بۇ يۇرتقا تۇتىشىپ، ئۆزى بۇ كىتابتا پۈتۈلگەن ھەممە لەنەتنى ئۇنىڭ
ئۈستىگە كەلتۈردى. [27] دەرۋەقە بۇ سەۋەبتىن خۇداۋەندە ئۆزى غەزەپ بىلەن ئۇلارنى يۇرتىدىن
چىقىرىپ، ئاچچىق ۋە قەھر بىلەن مۇنداق كەتكۈزدى› دېيىلىدۇ. [28] ھەرقايسى يوشۇرۇنغان
سىر بولسا تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭكىدۇر. لېكىن ھەرنېمە ئاشكارا بولغان بولسا، بۇ قانۇننىڭ
سۆزلىرىگە مۇۋاپىق قىلمىقىمىز ئۈچۈن، ئەبەدكىچە بىز بىلەن باللىرىمىز ئۈچۈندۇر.

## ئەھدىنىڭ يولىدا ماڭىش ياكى ماڭماسلىقنى تاللاش

30 [1] قاچانكى مەن سېنىڭ ئالدىڭدا قويغان بۇ لەنەت بىلەن بەرىكەت ئۈستۈڭگە كېلىپ،
تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى سېنى ئارىسىغا ھەيدىۋەتكەن تائىپىلەرنىڭ ئىچىدە سەن
بۇنى ياد قىلىپ، [2] ئۆزۈڭ بىلەن باللارىڭ ئۆز تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىگە يېنىپ، ئۇنىڭ
سۆزىنى ئاڭلاپ، مەن بۇ كۈن ساڭا بېرىدىغان ئەھكاملارنى پۈتۈن كۆڭۈل ۋە پۈتۈن جېنىڭ
بىلەن قوبۇل قىلساڭ، [3] تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنى ئەسىرلىكتىن ياندۇرۇپ، ساڭا رەھىم قىلىپ
سېنى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ئارىسىغا ھەيدىۋەتكەن تائىپىلەرنىڭ ئىچىدىن يىغىپ كېلىدۇ.
[4] ئەگەرچە دۇنيانىڭ چېتىگىچە ھەيدىلىپ كەتكەن بولساڭمۇ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنى ئاندىن
يىغىپ جەم قىلىپ كېلىدۇ. [5] دەرۋەقە تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنى ئۇنى ئالسۇن دەپ، ئاتا-

بوۋىلىرىڭنىڭ مۈلكى بولغان يۇرتقا كەلتۈرۈپ، ساڭا ياخشىلىق قىلىپ ئاتا-بوۋىلىرىڭدىن زىيادە
سېنى ئاۋۇتۇپ، 6 تەڭرىڭ خۇداۋەندىنى پۈتۈن كۆڭۈل بىلەن پۈتۈن جېنىڭدىن دوست تۇتۇپ
ياشىمىقىڭ ئۈچۈن، تەڭرىڭ خۇداۋەندە سەن بىلەن ئەۋلادلىرىڭنىڭ كۆڭۈللىرىنى خەتنە قىلىدۇ.
7 ئەمما بۇ ھەممە لەنەتلەر بولسا تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۇلارنى دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئۈستىگە كەلتۈرۈپ،
ساڭا ئاداۋەت قىلىپ سېنى قوغلىغانلارنىڭ ئۈستىگە سالىدۇ. 8 لېكىن سەن بولساڭ يېنىپ
كېلىپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەن بۇ كۈن ساڭا بېرىدىغان ھەممە ئەمرلىرىنى
ئەمەلگە كەلتۈرىسەن. 9 شۇنداق قىلساڭ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا قولىلىرىڭنىڭ ھەممە ئىشىدا
بەرىكەت بېرىپ، قورسىقىڭنىڭ مېۋىسى بىلەن چارۋا ماللىرىڭنىڭ ئۇرۇقى ئاۋۇتۇپ، يېرىڭنىڭ
ھوسۇلىنى زىيادىلەشتۈرىدۇ. چۈنكى خۇداۋەندە سېنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭدىن خۇش بولغاندەك ساڭا
ياخشىلىق قىلىشتىن خۇش بولىدۇ. 10 سەن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇ قانۇن
كىتابىدا پۈتۈلگەن ئەمر بىلەن قانۇنلارنى تۇتۇپ، پۈتۈن كۆڭۈل بىلەن پۈتۈن جېنىڭدىن تەڭرىڭ
خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىگە يېنىپ كەلسەڭ، شۇنداق بولىدۇ.
11 چۈنكى مەن بۇ كۈن ساڭا بېرىدىغان ئەمر بولسا ئۈستۈڭگە تەس ئەمەس ۋە يا سەندىن يىراقمۇ
ئەمەس. 12 بۇ ئەمر ئۆزى ئاسماننىڭ ئۈستىدە بولمىغاچ سەن سۆزلەپ: ‹ بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل
قىلمىقىمىز ئۈچۈن كىم چىقىپ، ئۇنى ئېلىپ چۈشۈپ بىزگە ئاڭلىتىدۇ؟› دەپ ئېيتمىقىڭ لازىم
كەلمەيدۇ. 13 بۇ ئەمر ئۆزى دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ بولمىغاچ سەن سۆزلەپ: ‹ بىزنىڭ ئۇنىڭغا
ئەمەل قىلمىقىمىز ئۈچۈن كىم ئۆتۈپ بېرىپ، ئۇنى ئېلىپ كېلىپ بىزگە ئاڭلىتىدۇ؟› دەپ
ئېيتمىقىڭ لازىم كەلمەيدۇ. 14 بەلكى بۇ سۆز بولسا ئۇنى ئەمەلگە كەلتۈرمىكىڭ ئۈچۈن ساڭا بەك
يېقىن بولۇپ، ئاغزىڭ بىلەن كۆڭلۈڭدە باردۇر.
15 مانا مەن بولسام بۇ كۈن تىرىكلىك بىلەن ياخشىلىقنى، ئۆلۈم بىلەن يامانلىقنى ئالدىڭدا
قويدۇم. 16 چۈنكى بۇ كۈن مەن ئۆزۈم ساڭا ھۆكۈم بېرىپ: سەن ئۆزۈڭ ياشاپ ئاۋۇپ، سەن ئۇنى
ئىگىلىمەك ئۈچۈن كېتىپ بارغان يۇرتقا بارغىنىڭدا تەڭرىڭ خۇداۋەندە سېنى بەرىكەتلىسۇن
دەپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنى دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭ يوللىرىدا يۈرۈپ ئەمر، قانۇن ۋە ئەھكاملىرىنى
تۇتمىقىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەمر قىلىمەن. 17 لېكىن ئەگەر سېنىڭ كۆڭلۈڭ تەتۈر بولۇپ قېلىپ،
قۇلاق سالماي، گۇمراھ بولۇپ كېتىپ، باشقا تەڭرىلەرگە باش ئېگىپ چوقۇنغىلى تۇرساڭ،
18 شەكسىز سىلەر ھالاك بولۇپ كېتىپ، سىلەر ئۇنى ئىگىلىگىلى ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ بارىدىغان
يۇرتقا كىرگىنىڭلاردا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيسىلەر دەپ بۇ كۈن سىلەرگە ئېيتىمەن. 19 مەن بولسام،
تىرىكلىك بىلەن ئۆلۈمنى، بەرىكەت بىلەن لەنەتنى ئالدىڭلاردا قويغىنىمغا بۇ كۈن ئاسمان بىلەن
يەرنى ئۈستۈڭلارغا گۇۋاھ قىلىپ قويىمەن. ئەمدى سەن ئۆز ئۇرۇق-ئەۋلادىڭ بىلەن ياشىغىلى
خالىساڭ، تىرىكلىكنى ئىلغاپ، 20 تەڭرىڭ خۇداۋەندىنى دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ
ئۇنىڭغا چاپلىشىپ تۇرغىن. شۇنداق قىلساڭ، ئۇ ئۆزى سېنىڭ ھاياتىڭ بولغاچ ئاتا-بوۋىلىرىڭ
بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇبقا، ‹ مەن سىلەرگە ئۇنى بېرىمەن› دەپ توغرىسىدا قەسەم
قىلىپ ۋەدە قىلغان يۇرتقا بېرىپ ئولتۇرغىنىڭدا، ئۆزى سېنىڭ ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلىدۇ».

## يەشۇئا مۇسانىڭ ئىزباسارى

31 1 ئاندىن مۇسا بېرىپ ھەممە ئىسرائىلغا مۇنداق سۆز قىلىپ، 2 ئۇلارغا ئېيتتىكى: «مەن
بولسام بۇ كۈن بىر يۈز يىگىرمە ياشقا كىردىم. مۇندىن كېيىن سىلەرگە سەردار ۋە يا
باشلىغۇچى بولالمايمەن. خۇداۋەندىمۇ ماڭا: ‹ سەن بولساڭ ئىئوردانىنىڭ ئۆزىدىن ئۆتمەيسەن›
دەپ ئېيتقانىدى. 3 لېكىن تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى ئالدىڭدا يۈرۈپ، بۇ تائىپىلەرنى ئالدىڭدىن
ۋەيران قىلغاچ، سەن ئۇلارنى ھەيدىۋېتىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك يەشۇئا سېنى باشلايدۇ.
4 خۇداۋەندە ئۆزى ھالاك قىلغان ئىككى ئاموريي پادىشاھ سىخون بىلەن ئوگ ۋە بۇلارنىڭ
يۇرتىغا قىلغاندەك بۇ تائىپىلەرگىمۇ قىلىدۇ. 5 ئەمما خۇداۋەندە ئۇلارنى قولۇڭلارغا بەرگەندە
مەن سىلەرگە بۇيرۇغاندەك ئۇلارغا قىلغايسىلەر. 6 سىلەر بولساڭلار جۈرئەتلىك بولۇپ، غەيرەت
قىلىپ تىترىمەي تۇرۇپ، ئۇلاردىن ھېچ قورقماڭلار، چۈنكى تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى سەن بىلەن
بېرىپ، سېنى ھەرگىز قويۇپ تاشلىۋەتمەيدۇ» دېدى.
7 ئاندىن مۇسا ئۆزى يەشۇئانى قىچقىرىپ، پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «سەن
جۈرئەتلىك بولۇپ قورقمىغىن، چۈنكى سەن بولساڭ خۇداۋەندە قەسەم قىلىپ، ئۇلارغا بېرىمەن
دەپ، ئاتا-بوۋىلىرىغا ۋەدە قىلغان يۇرتقا بۇ قوۋمنى باشلاپ كىرگۈزۈپ، ئۇنى مىراستەك
ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىسەن. 8 مانا خۇداۋەندە ئۆزى سېنىڭ ئالدىڭدا بېرىپ، سېنى قويۇپ
تاشلىۋەتمىگەچ سەن قورقۇپ تىترىمىگىن» دېدى.

## قانۇننى ئوقۇپ بېرىش

9 مۇسا ئۆزى بۇ قانۇننى يېزىپ قويۇپ، ئۇنى خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ
لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى بولغان كاھىنلارنىڭ ئۆزى بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرىغا
بەردى. 10 بېرىپ، مۇسا ئۇلارغا بۇيرۇپ ئېيتتىكى: «ھەر يەتتىنچى يىلنىڭ ئاخىرىدا ئازادلىق
يىلىنىڭ تەيىنلەنگەن ۋاقتىدا سايىۋەن ھېيتى باشلانغىنىدا، 11 ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى
كېلىپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا جەم بولماق ئۈچۈن ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئىلغىنىدىغان
جايغا يىغىلغىنىدا ئۇنى ئاڭلىسۇن دەپ، ھەممە ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا بۇ قانۇننى ئوقۇپ
بەرگەيسەن. 12 ئۇ ۋاقىت سەن خەلقنى يىغىپ: ‹ ئۇلار ئاڭلاپ ئۆگىنىپ، ئۆز تەڭرىسى
خۇداۋەندىدىن قورقۇپ، بۇ قانۇننىڭ ھەممە سۆزلىرىنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرسۇن دەپ،
ئەر بىلەن خوتۇن بولسۇن، بالا بىلەن ئۆز ئاراڭدا بولۇپ دەرۋازىلىرىڭدا ئولتۇرغان مۇساپىر
بولسۇن، ھەممىسىنى جەم قىلىپ، 13 ئۇلارنىڭ بۇ قانۇننى تونۇمىغان باللىرىمۇ ئۇنى ئاڭلاپ
ئۆگىنىپ، تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدىن قورقمىقى ئۈچۈن بۇ قانۇننى ئوقۇپ بېرىپ، سىلەر ئەمدى
ئىگىلىگىلى ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ بارىدىغان يۇرتتا ياشىغان ھەممە ۋاقتىڭلاردا مۇنداق قىلىپ
تۇرۇڭلار» دېدى.

## بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئىتائەتسىزلىكى ئالدىن ئېيتىلىدۇ

14 ئاندىن خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ: «مانا ئۆلىدىغان ۋاقتىڭ يېقىنلىشىپ كەلدى.
ئەمدى يەشۇئانى قىچقارتقىن. قىچقارتىپ، ئىككىلەڭلار جامائەت چېدىرىغا بېرىپ، ئاندا ھازىر
بولۇڭلار. مەن ئۇنى ئۆز مەنسىپىگە قويااي» دېسە، مۇسا بىلەن يەشۇئانىڭ ئىككىلىسى بېرىپ
جامائەت چېدىرىدا ھازىر بولدى. 15 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە بۇلۇتنىڭ ئىچىدە كۆرۈنۈپ، ئۇ بۇلۇت
ئۆزى چېدىرنىڭ دەرۋازىسىدا توختاپ قالدى. 16 خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا ئېيتتىكى: «مانا سەن
ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ قېشىدا راھەت تاپقىنىڭدا بۇ قوۋمنىڭ ئۆزى قوپۇپ، ئۇلار ئەمدى بارىدىغان
يۇرتتىكى يات تەڭرىلەرگە ئەگەشمىكى بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ مېنى تاشلاپ، ئۆزۈمنىڭ
ئۇلار بىلەن باغلىغان ئەھدىنى بۇزىدۇ. 17 ئۇ ۋاقىت مېنىڭ غەزىپىم ئۇلارغا تۇتىشىپ، ئۆزۈم
ئۇلارنى تاشلاپ، ئۇلاردىن يۈزۈمنى يوشۇرىمەن. ئۇلار بولسا ۋەيران قىلىنىپ، تولا بالا بىلەن
تەڭلىكىگە چۈشكىنىدە: ‹ شەكسىز خۇدايىمىز ئۆزى ئارىمىزدا بولمىغىنى ئۈچۈن بۇ بالالار
بىزگە تەگدى› دەپ ئېيتىدۇ. 18 لېكىن مەن بولسام ئۇلار باشقا تەڭرىلەرگە مايىل بولۇپ، ھەممە
قىلغان يامانلىقى ئۈچۈن ئۇ ۋاقىتتا يۈزۈمنى تامامەن يوشۇرىمەن. 19 ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلار
ئۈچۈن بۇ شېئىرنى پۈتۈپ قويۇڭلار. سەن بولساڭ ئۇنى بەنى-ئىسرائىلغا ئۆگىتىپ قويۇپ، بۇ
شېئىرنىڭ ئۆزى مېنىڭ بەنى-ئىسرائىلغا قارشى بىر گۇۋاھىم بولمىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۇلارنىڭ
ئاغزىغا سالغىن. 20 چۈنكى مەن ئۇلارنى ئۆزۈم ئاتا-بوۋىلىرىغا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلىپ سۈت
بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان يۇرتقا كىرگۈزىمەن. ئۇلار بولسا يەپ تويۇپ سېمىز بولغاندا باشقا
تەڭرىلەرگە مايىل بولۇپ ئۇلارغا چوقۇنۇپ، مېنى خار كۆرۈپ، قىلغان ئەھدەمنى سۇندۇرىدۇ.
21 ئەمما ئۇلار تولا بالا بىلەن تەڭلىككە چۈشۈپ قالغىنىدا، بۇ شېئىر ئۆزى ئەۋلادلىرىدىن
ئۇنتۇلماي تۇرۇپ، ئاغزىدىن يوق بولمىغاچ ئالدىدا بىر گۇۋاھتەك بولىدۇ. مەن ئۇلارنى ئۇلارغا
قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغان يۇرتقا كىرگۈزمەستە ئۇلارنىڭ ھېلى نېمە خىيال قىلغىنىنى بىلمەن
ئەمەسمۇ؟»
22 شۇنى دېسە، مۇسا ئۇ كۈندە بۇ شېئىرنى يېزىۋېلىپ، بەنى-ئىسرائىلغا ئۆگىتىپ قويدى.
23 ئاندىن خۇداۋەندە نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئانى ئۇنىڭ مەنسىپىگە قويۇپ: «سەن جۈرئەتلىك بولۇپ
قورقمىغىن، چۈنكى سەن بولساڭ مەن ئۇلارغا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغان يۇرتقا بەنى-ئىسرائىلنى
باشلاپ كىرگۈزىسەن. مانا سەن بىلەن بولىمەن» دەپ ئېيتتى.
24 ئەمما مۇسا بۇ قانۇننىڭ سۆزىنى بىر كىتابقا تامامەن يېزىپ بولغاندا، 25 خۇداۋەندىنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان لاۋىيلارغا بۇيرۇپ ئېيتتىكى: 26 «بۇ قانۇن كىتابىنى
ئېلىپ، ئاندا ساڭا قارشى بىر گۇۋاھتەك بولۇپ تۇرمىقى ئۈچۈن ئۇنى تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنىڭ يېنىدا قويۇڭلار. 27 چۈنكى مەن سېنىڭ ئاسيي بولۇپ، قاتتىق بويۇنلۇق
ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. مانا مەن تېخى ئاراڭلاردا تۇرسام، خۇداۋەندىگە ئاسيلىق قىلىپ
تۇردۇڭلار ئەمەسمۇ؟ قانچە ئوشۇقراق مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن شۇنداق قىلىسىلەر. 28 مەن
ئۇلارنىڭ ئالدىدا بۇ ھەممە سۆزلەرنى قىلىپ، يەر بىلەن ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە گۇۋاھ

قىلمىقىم ئۈچۈن، ئەمدى مېنىڭ قېشىمغا قەبىلىلىرىڭلارنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرى بىلەن
مەنسەپدارلىرىڭلارنى يىغىڭلار. [29] چۈنكى مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ
كېتىپ، مەن سىلەرگە بۇيرۇغان يولدىن قايرىلىپ كېتىدىغىنىڭلارنى بىلىمەن. ئەمما سىلەر
خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، قوللىرىڭلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئۇنىڭ
ئاچچىقىنى كەلتۈرمىككىڭلار بىلەن كېلىدىغان كۈنلەردە بالاغا گىرىپتار بولىسىلەر» دېدى.
[30] ئاندىن مۇسا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتىنىڭ ئالدىدا بۇ شېئىرنى باشتىن تارتىپ
ئاخىرغىچە ئوقۇپ بەردى:

## مۇسانىڭ شېئىرى

32 [1] ئەي ئاسمانلار، مەن سۆزلىسەم، قۇلاق سېلىڭلار. ئەي يەر ئاغزىمنىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلىغىن.
[2] تەلىمىم بولسا يامغۇردەك يېغىپ تۇرۇپ، سۆزلىرىمنىڭ ئۆزى شەبنەمدەك تېمىپ تۇرۇپ،
كۆكىزارلىقنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن جىم-جىم يامغۇردەك بولۇپ، ئوت خەسنىڭ ئۈستىگە
ياغقان يامغۇردەكتۇر.
[3] چۈنكى مەن بولسام خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىنى بايان قىلىمەن. ئەمدى تەڭرىمىزگە شان-شەرەپ
بېرىڭلار.
[4] ئۇ ئۆزى بىر قورام تاش بولۇپ، ئەمەللىرى بولسا كامىل بولۇپ، يوللىرىنىڭ ئۆزى توغرىدۇر.
ئۇ ئۆزى ناھەقلىقى يوق ۋاپادار بىر تەڭرى بولۇپ، ئادىل ۋە ھەققانىي بىر خۇدادۇر.
[5] ئەمما بۇ خەلق بولسا ئۆزىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ بالىلىرى بولالمىغىنى ئۆز ئەيىبى بولۇپ،
بۇلارنىڭ ئۆزى ئەگرى ۋە مايماق بىر نەسىلدۇر.
[6] ئەي ئەخمەق نادان خەلق، خۇداۋەندىگە بۇ تەرىقىدە ياندۇرىسەنمۇ؟ ئۇ ئۆزى سېنىڭ ئاتاڭ
بولۇپ، ساڭا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، سېنى يارىتىپ پەيدا قىلغان ئەمەسمۇ؟
[7] سەن بولساڭ ئۆتكەن كۈنلەرنى ياد قىلىپ، نەسىل-نەسىلنىڭ ئۆتكەن يىللىرىنى ئويلىغىن.
ئاتاڭدىن سورىساڭ، ئۇ ساڭا دەپ بېرىپ، ئاقساقاللىرىڭدىن سوئال قىلساڭ، ئۇلار ساڭا جاۋاب
بېرىدۇ.
[8] ھەقتائالا قوۋملارنىڭ ھەسسىسىنى ئۈلەشتۈرۈپ، بەنى-ئادەمنى ھەر جايغا چاچقىنىدا
قوۋملارنىڭ چېگرىلىرىنى بەنى-ئىسرائىلنىڭ سانىغا مۇۋاپىق توختاتتى.
[9] چۈنكى خۇداۋەندىنىڭ ھەسسىسى بولسا ئۇنىڭ خاس قوۋمى بولۇپ، ياقۇب ئۆزى چەك بىلەن
چۈشكەن مىراسىدۇر.
[10] ئۇ ئۇنى چۆلدە تېپىپ، خالىي دەھشەتلىك باياۋاندا ئۇچراپ، ئۇنى يۆگەپ، ئۆز مۇھاپىزىتىگە
ئېلىپ، كۆزىنىڭ قارىچۇغىدەك ساقلاپ،

[11] بىر قارىقۇش ئۆز چاڭگىسىنى تەۋرىتىپ. بالىلىرىنىڭ ئۈستىگە قاناتلىرىنى يېيىپ، ئۇلارنى
تۇتۇپ، ئۆشنىگە ئېلىپ ئۇچقىلى باشلىغىنىدەك
[12] خۇداۋەندىمۇ يالغۇز ئۇنى يېتەكلەپ، ئۆزى بىلەن ھېچبىر يات تەڭرى بولماي،
[13] ئۇنىڭ يۇرتىنىڭ ئېگىزلىكلىرىگە ئۆرلىتىپ، يەرنىڭ ھوسۇلىدىن يېگۈزۈپ، قورام تاشتىن
ئۇنىڭغا ھەسەل شورىتىپ، قاتتىق تاشتىن ياغ يالىتىپ، [14] كالا قايمىقى بىلەن قوي سۈتىنى
ئىچۈرۈپ، قوزا بىلەن باشان قوچقىرى ۋە تېكىلىرىنى ئېسىل بۇغداينىڭ دانلىرى بىلەن قوشۇپ
يېگۈزدى. سەن بولساڭ ئۈزۈم سۈيىدىن بولغان شارابنى ئىچتىڭ.

[15] لېكىن يەشۇرۇن دېگەننىڭ ئۆزى سەمرىپ كېتىپ، تەپكەك بولۇپ قېلىپ، تويۇنۇپ بوردىلىپ
كېتىپ، ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خۇدانى تاشلاپ، ئۆز نىجاتىنىڭ قورام تېشىنى كۆزگە
ئىلمىدى.
[16] ئۇلار بولسا يات تەڭرىلەرگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ غەيرىتىنى كەلتۈرۈپ، يىرگىنچلىك ئىشلارنى
قىلىپ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ،
[17] تەڭرى بولمىغان جىنلار بىلەن ئۆزى بىلمەي، ئاتا-بوۋىلىرىمۇ ئۇلاردىن قورقماي، يېڭى پەيدا
بولۇپ قالغان بۇتلارغا قۇربانلىق قىلدى.
[18] سەن بولساڭ سەن ئۇنىڭدىن چىققان قورام تاشنى تاشلاپ، سېنى ياراتقان خۇدانى ئۇنتۇپ
قالدىڭ.

[19] خۇداۋەندە ئۆزى بۇنى كۆرۈپ، ئۆز ئوغۇل بىلەن قىزلىرىغا ئاچچىقلىنىپ ئۇلارنى تاشلاپ،
[20] ئېيتتىكى: «مەن ئۇلاردىن ئۆز يۈزۈمنى يوشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرىنى كۆرەي، چۈنكى ئۇلار
ئۆزى بىر تەتۈر نەسىل، ۋاپاسىز بالىلار بولۇپ،
[21] تەڭرى بولمىغان بۇتلىرى بىلەن غەيرىتىمنى كەلتۈرۈپ، ئىناۋەتسىز مەبۇدلىرى بىلەن مېنى
ئاچچىقلاندۇردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارنى مىللەت بولمىغان بىر خەلق بىلەن غەيرىتىنى
كەلتۈرۈپ، ئەقىلسىز بىر تائىپە بىلەن ئۇلارنى ئاچچىقلاندۇرىمەن.
[22] چۈنكى مېنىڭ غەزىپىمنىڭ ئوتى تۇتىشىپ، دوزاخنىڭ چوڭقۇرىغىچە كۆيۈپ، يەر بىلەن
ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يەپ كېتىپ، تاغلارنىڭ ئۇللىرىنى ئۆرتەپ كېتىدۇ.
[23] مەن بولسام، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بالالار دۆۋىلەپ، ھەممە ئوقيالىرىم ئۇلارغا ئاتىمەن.
[24] ئۇلار ئۆزى ئاچارچىلىقتىن ئېزىلىپ كېتىپ، شىددەتلىك ئىسسىقلىق بىلەن قاتتىق
ھالاكەتتىن خوراپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ۋەھشىيلەرنىڭ چىشلىرى
بىلەن يەردە ئۆمىلەيدىغان يىلانلارنىڭ زەھىرىنى ئەۋەتىمەن.
[25] تاشقىرىدا بولسا، قىلىچ ئۆزى ئۇلارنى ئۇرۇپ، ئۆي ئىچىدە بولسا، دەھشەت ئۇلارنى ھالاك
قىلىپ، خاھى يىگىت، خاھى قىز بولسۇن، خاھى ئېمىدىغان بالا، خاھى ئاقساقال بولسۇن،
ھەممىسىنى يوقىتىدۇ.

[26] مەن ئۇلارنى ئۇچۇرۇۋېتىپ، ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ زىكرىنى يوقىتاي دەيتتىم.
[27] ئەمما دۈشمەنلىرى مېنى خاپا قىلىپ، ئۇلارغا ئاداۋەت قىلغۇچىلار بۇنى خاتا پەملەپ: ‹ بىزنىڭ قولىمىز بولسا كۈچلۈكتۇر. خۇداۋەندە ئۆزى بۇنى ھېچ قىلمىدى› دەپ ئېيتمىسۇن دەپ، ئەندىشەم بار ئىدى.
[28] ئۇلار بولسا ھېچ ئويلايالمايدىغان بىر مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقلى يوقتۇر.
[29] ئەگەر دانا بولسا ئىدى، بۇنى ئۇقۇپ، ئۆز ئاخىرىنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى ئويلايتتى.
[30] ئەگەر ئۇلارنىڭ قورام تېشى بولغانىنىڭ ئۆزى ئۇلارنى سېتىۋېتىپ، خۇداۋەندە ئۆزى ئۇلارنى تاشلىۋەتمىگەن بولسا ئىدى، بىر كىشى مىڭ كىشىنى ئۆز ئالدىدىن قانداق ھەيدىيەلەپ، ئىككى كىشى ئون مىڭ كىشىنى قانداق قاچۇرالايتتى.
[31] چۈنكى باشقىلارنىڭ قورام تېشى بولسا بىزنىڭ قورام تېشىمىزدەك ئەمەستۇر. بۇنىڭغا دۈشمەنلىرىمىز ئۆزى گۇۋاھلىق بېرەلمەيدۇمۇ؟

[32] ئۇلارنىڭ ئۈزۈم تېلى بولسا سودومنىڭ ئۈزۈم تېلىدىن بولۇپ، گوموررانىڭ ئېتىزلىقىدىن چىقىپ، ئۈزۈملىرى بولسا زەھەرلىك بولۇپ، ساپاقلىرى ئۆزى ئاچچىق تېتىپ،
[33] شارابى بولسا ئەجدىھانىڭ زەھىرىدەك بولۇپ، چېقىدىغان يىلاننىڭ ئولتۇرىدىغان زەھىرىدەكتۇر.
[34] ھەممىسى مېنىڭكىدە ساقلىنىپ، ئۆز خەزىنىلىرىمدە مۆھۈرلۈك تۇرمامدۇ؟
[35] ئىنتىقام بىلەن جازا مېنىڭكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىشىدىغان ۋاقىتقىچە ساقلاقلىق تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇسىبەت كۈنى يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېلىدىغان ۋەقەلەر بولسا ئىتتىك كېلىۋاتىدۇ.

[36] چۈنكى خۇداۋەندە ئۆزى ئۇلارنىڭ كۈچى تۈگەپ كېتىپ، چوڭ بىلەن كىچىكلىرىنىڭ قۇتۇلۇپ قالمىغىنىنى كۆرسە، ئۆز قوۋمىنىڭ ھەققىنى ياندۇرۇپ، بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە رەھىمدىللىك قىلىدۇ.
[37] ئۇ ۋاقىت ئۇ ئۆزى سوراپ: ‹ ئۇلارنىڭ تەڭرىلىرى بىلەن ئۆزىگە پاناھ قىلىپ قويغان تاش ئۆزى ئەمدى نە يەردىدۇر؟
[38] بۇلارغا ئۆتكۈزۈلىدىغان سويۇم قۇربانلىقلىرىنىڭ يېغىنى يەپ، ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرىنىڭ شارابىنى ئىچكەنلەر قەيەرگە كەتتى؟ ئۇلار بولسا ئەمدى قوپۇپ، سىلەرگە ياردەم بېرىپ پاناھىڭلار بولسۇن.

[39] ئەمدى سىلەر بولساڭلار مېنى يالغۇز ئۇ دەپ، مەندىن باشقا تەڭرى بولمىغىنىنى كۆرۈپ ئۇققايسىلەر. مەن بولسام، ئۆلتۈرۈپ تىرىلدۈرۈپ، ئۇرۇپ ساقايتىمەن. ھېچكىم مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالمايدۇ.

[40] مانا مەن قولۇمنى ئاسمان تەرىپىگە كۆتۈرۈپ: ‹ ئەبەدكىچە تىرىك تۇرىمەن› دەپ ئېيتىپ،
[41] شولا ئۇرىدىغان قىلىچىمنى ئىتتىك قىلىپ، ئادالەت قىلماق ئۈچۈن ئۆز قولۇمنى شىلتىسام،
دۈشمەنلىرىمدىن ئىنتىقام ئېلىپ، مېنى يامان كۆرگەنلەرگە ياندۇرۇپ،
[42] ئۆلتۈرۈلگەن بىلەن ئەسىر قىلىنغانلارنىڭ قېنى بولسا ۋە يا دۈشمەننىڭ سەردارلىرىنىڭ
باشلىرى بولسا ئوقيالىرىمنى قان ئىچۈرۈپ مەست قىلىپ، قىلىچىمنى گۆشتىن تويدۇرىمەن.
[43] ئەي تائىپىلەر، ئۇنىڭ قوۋمىنىڭ ھەققىدە شادلىق قىلىڭلار، چۈنكى ئۇ ئۆز بەندىلىرىنىڭ
قېنىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ دۈشمەنلىرىگە ياندۇرۇپ، ئۆز يۇرتى بىلەن قوۋمىغا كاپارەت بېرىدۇ».

[44] پۈتۈن بۇ شېئىر بولسا مۇسا بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا كېلىپ، ئۇنى خەلقنىڭ ئالدىدا
ئوقۇپ بەردى. [45] مۇسا ئۆزى بۇ ھەممە سۆزلەرنى ئىسرائىلنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا تامام
قىلىپ بولغاندا، [46] ئۇلارغا سۆز قىلىپ: «مەن بۇ كۈن سىلەرگە قارشى گۇۋاھ قىلىپ قويغان
ھەممە بۇ سۆزلەردىن سىلەر خەۋەردار بولۇپ، ئۆز بالىلىرىڭلارغا: ‹ بۇ قانۇننىڭ ھەممە
سۆزلىرىنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرۈڭلار› دەپ بۇيرۇڭلار. [47] چۈنكى بۇ سۆز بولسا سىلەرنىڭ
ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولماي، بىكار بولىدىغان سۆز ئەمەستۇر، بەلكى ئۆز ھاياتىڭلار بولىدۇ.
شۇنداقكى، سىلەر ئەمدى ئىئوردانددىن ئۆتۈپ ئۇنى مۈلۈك قىلىپ ئالىدىغان يۇرتتا بۇ
سۆزلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىسىلەر» دېدى.

[48] شۇ كۈن ئۆزىدە خۇداۋەندە مۇساغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [49] «سەن ئۇشبۇ ئاباريم تېغىغا،
يەنى يېرىخونىڭ ئۇتتۇرىدا موئابنىڭ يۇرتىدىكى نېبو تېغىغا چىققىن. ئاندا مەن بەنى-
ئىسرائىلغا مۈلۈك قىلىپ بېرىدىغان يۇرتنى كۆرىسەن. [50] كۆرۈپ، ئۆزۈڭ چىقىدىغان تاغنىڭ
ئۆزىدە بۇرادىرىڭ هارۇن هور تېغىدا ئۆلۈپ ئاتا-بوۋىلىرىغا قوشۇلغاندەك، سەن ئۆلۈپ
ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قوشۇلغىن. [51] سىلەر ئىككىلەڭلار بولساڭلار بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا
ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىپ، زىن چۆلىدىكى قادىش مەرىبانىڭ سۇيىنىڭ يېنىغا بارغاندا بەنى-
ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە مېنى مۇقەددەس سانىمىدىڭلار ئەمەسمۇ؟ [52] بۇنىڭ ئۈچۈن سەن بۇ
يۇرتنى ئالدىڭدا كۆرىسەن، لېكىن مەن بەنى-ئىسرائىلغا بېرىدىغان يۇرتقا كىرەلمەيسەن.

## مۇسانىڭ ئىسرائىلىيلارنى بەرىكەتلىنىشى

33 [1] خۇدانىڭ ئادىمى بولغان مۇسانىڭ ئۆزى ۋاپاتىدىن ئىلگىرى بەنى-ئىسرائىلغا بەرگەن
دۇئايىخەير بۇدۇر. [2] ئۇ ئېيتتىكى: «خۇداۋەندە ئۆزى سىناي تېغىدىن چىقىپ كېلىپ،
سېئىردىن ئۇلارغا شولا بېرىپ ئاشكارا بولۇپ، پاران تېغىدىن جىلۋە ئۇرۇپ زاھىر بولۇپ،
نەچچە مىڭ مۇقەددەسلەرنىڭ ئارىسىدا چىقىپ كەلدى. ئوڭ قولىدا ئىسرائىل ئۈچۈن ئوتلۇق

پەرمىنى بار ئىدى.
[3]ئۇ ئۆزى قوۋمنى دوست تۇتىدۇ، قوۋمنىڭ ھەممە مۇقەددەسلىرى سېنىڭ قولۇڭدا بولۇپ، ئۇلار ئۆزى ئايىغىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ سۆزۈڭنى قوبۇل قىلىدۇ.
[4]مۇسا بولسا بىزگە بىر قانۇننى بۇيرۇپ، ياقۇبنىڭ جامائىتىگە مىراس قىلىپ بەردى.
[5]قوۋمنىڭ سەردارلىرى جەم بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرى بىر بولۇپ يىغىلغىنىدا يەشۇرۇننىڭ بىر پادىشاھى بار ئىدى.

[6]رۇبەن بولسا ئادەملىرى ئاز بولسىمۇ، ئۆلۈپ كەتمەي، تىرىك تۇرسۇن» دەپ مۇسا ئېيتتى.
[7]يەھۇدا توغرىسىدا ئۇ ئېيتتىكى: «ئەي خۇداۋەندە، يەھۇدانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئۆز قوۋمىغا يەتكۈزگىن. ئۇ بولسا ئۆز قولى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن ئۇرۇشىدۇ. ئەمدى سەن ئۇنىڭغا دۈشمەنلىرىگە قارشى مەدەت قىلغىن» دېدى.
[8]لاۋىي توغرىسىدا ئۇ ئېيتتىكى: «ئۇرىم ۋە تۇممىم دېگەن نەرسىلىرىڭنىڭ ئۆزى سېنىڭ بۇ مۇقەددەس ئادىمىڭگە تەگسۇن. سەن ئۇنى ماسسانىڭ ئۆزىدە سىناپ بېقىپ، مەرىبانىڭ سۇلىرىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ بىلەن تالاشتىڭ.
[9]ئۇ ئۆز ئاتا-ئانىسى توغرىسىدا: ‹ ئۇلارغا قارىمايمەن› دەپ ئېيتىپ، ئۆز بۇرادەرلىرىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۆز بالىلىرىنىمۇ تونۇغىلى خالىماي، بەلكى سېنىڭ سۆزۈڭنى تۇتۇپ ئەھدەڭنى ساقلىدى ئەمەسمۇ؟ [10]مانا لاۋىيلار بولسا ياقۇبقا ئەھكاملىرىڭنى ئۇقتۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ ئۆزىگە قانۇنۇڭنى ئۆگىتىپ، سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا خۇشبۇي دورا-دەرمەك كۆيدۇرۇپ، قۇربانگاھىڭغا پۈتۈن كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. [11]ئەي خۇداۋەندە، لاۋىينىڭ كۈچىگە بەرىكەت بېرىپ، قوللىرىنىڭ ئىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچى بىلەن دۈشمەنلىرىنىڭ بەللىرىنى ئۆزى قوپالمىغۇدەك تەرىقىدە سۇندۇرغىن» دېدى.
[12]بەنيامىن توغرىسىدا ئۇ ئېيتتىكى: «ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ دوستى بولغاچ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەمىشە سايە قىلىپ ئۇنىڭ ئېگىزلىكلىرىنىڭ ئارىسىدا ماكان تۇتقان زاتنىڭ قېشىدا تىنچ-ئامان ئولتۇرسۇن» دېدى.
[13]يۈسۈپ توغرىسىدا ئۇ ئېيتتىكى: «ئۇنىڭ يۇرتى بولسا خۇداۋەندە تەرىپىدىن بەرىكەتلىك بولۇپ، ئاسماننىڭ ئەۋزەل نېمەتلىرىنى تېپىپ شەبنەم تېپىپ، تېگىدە يېيىلغان چوڭقۇرنىڭ نېمەتلىرىنى تېپىپ، [14]كۈندىن ھاسىل بولىدىغان ئەۋزەل نېمەت بىلەن ئايدىن ھاسىل بولىدىغان ئەۋزەل نېمەتلىرىنى تېپىپ، [15]قەدىمكى تاغلارنىڭ قىممەت باھا خەزىنىلىرى بىلەن ئەبەدىي دۆڭلۈكلەرنىڭ ئەۋزەل نەرسىلىرىنى تېپىپ، [16]يەرنىڭ ھوسۇلى بىلەن پۈتۈن بارلىقىدىن نېمەت تېپىپ، تىكەنلىك چاتقالدا ئولتۇرغان زاتنىڭ ئىلتىپاتىنىمۇ تېپىپ بەرىكەتلەنسۇن. بۇنىڭ ھەممىسى يۈسۈپنىڭ بېشىغا كېلىپ، ئۆز بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلغاننىڭ چوققىسىغا نازىل بولسۇن. [17]بۇقىلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇنجى بولغاننىڭ ئۆزى شەرەپلىك بولۇپ، مۈڭگۈزلىرى ياۋا كالىنىڭكىدەك بولغاچ، ئۇلار بىلەن ھەممە قوۋملارنى، دەرۋەقە

يەرنىڭ چەتلىرىدە ئولتۇرغۇچىلارنى ئۇسىدۇ. ئەفرائىمنىڭ ئون مىڭلىرى شۇنداق بولۇپ، ماناسسەنىڭ مىڭلىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ» دېدى.

[18] زەبۇلۇن توغرىسىدا ئۇ ئېيتتىكى: «ئەي زەبۇلۇن سەن چىقساڭ، شادلىق قىلغىن. ئەي ئىسساكار، ئۆز چېدىرلىرىڭدا خۇش بولغىن. [19] مانا ئۇلار بولسا قوۋملارنى ئۆز تېغىغا قىچقىرىپ، ئاندا ئادالەتنىڭ قۇربانلىقلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى دېڭىزلارنىڭ دۆلىتى بىلەن قۇمغا كۆمۈلگەن خەزىنىلەرنى يىغىدۇ» دېدى.

[20] گاد توغرىسىدا ئۇ ئېيتتىكى: «گادنىڭ ئۆزىگە مۇنداق كەڭرى يۇرتنى بەرگەنگە ھەمدۇسانا بولغاي. گاد بولسا بىر چىشى شىردەك يېتىۋېلىپ، قولىنىڭ ئۆزى بىلەن كاللىنى يىرتىۋېتىدۇ. [21] ئاندا ھۆكۈمەت قىلغۇچىنىڭ جايى بولغاچ، ئۆز-ئۆزى ئۈچۈن بىرىنچى ئۈلۈشنى ئىلغىۋېلىپ، قوۋمنىڭ سەردارلىرى بىلەن چىقىپ قالغان ئىسرائىل بىلەن بىللە خۇداۋەندىنىڭ ئادالىتى بىلەن ھۆكۈملىرىنى بەجا كەلتۈردى» دېدى.

[22] دان توغرىسىدا ئۇ ئېيتتىكى: «دان بولسا باشاندىن يۈگۈرۈپ چۈشكەن بىر ياش شىردەكتۇر» دېدى.

[23] نافتالى توغرىسىدا ئۇ ئېيتتىكى: «ئەي نافتالى، سەن يەتكۈدەك مېھىر-شەپقەت تېپىپ، خۇداۋەندە تەرىپىدىن كەلگەن نېمەتتىن تولۇپ كەتتىڭ. غەرب بىلەن جەنۇبنى ئۆزۈڭگە مۈلۈك قىلىۋالغىن» دېدى.

[24] ئاشەر توغرىسىدا ئۇ ئېيتتىكى: «ئاشەر بولسا ئوغۇللارنىڭ ئارىسىدا مۇبارەك بولۇپ، ئۆز بۇرادەرلىرىدىن مۇھەببەت تېپىپ، ئۆز پۇتىنى ياغقا چىلىسۇن. [25] سېنىڭ بالداقلىرىڭ بولسا تۆمۈر بىلەن مىستىن بولۇپ، سېنىڭ كۈنلىرىڭدەك ئۆز قۇدرىتىڭ بولسۇن» دېدى.

[26] ئەي يەشۇرۇن، خۇدادەك باشقا ھېچكىم يوقتۇر. ئۇ ساڭا ياردەم بەرگىلى كۆككە مىنىپ، شان-شەرەپ بىلەن بۇلۇتلارغا مىنىپ كېلىدۇ.

[27] ئەزەلىي خۇدا ئۆزى سېنىڭ پاناھگاھىڭ بولۇپ، ئەبەدىي بىلەكلىرى بولسا ئاستىڭدا تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزى سەن ئۈچۈن دۈشمەنلەرنى ھەيدىۋېتىپ: ‹ ئۇلارنى ھالاك قىلغىن› دەپ ساڭا بۇيرۇيدۇ.

[28] بۇ تەرىقىدە ئىسرائىل ئۆزى ئامانلىقتا ئولتۇرۇپ، ياقۇبنىڭ بۇلىقى بولسا ئاشلىق بىلەن شارابى بار بىر يۇرتتا ئولتۇرۇپ، شەبنەم تېمىتىدىغان ئاسمانىنىڭ تېگىدە تىنچ-ئامان تۇرىدۇ.

[29] ئەي ئىسرائىل مۇبارەكتۇرسەن! سەن خۇداۋەندىنىڭ ئۆزى قۇتقۇزغان قوۋمى بولغىنىڭ ئۈچۈن كىم ساڭا ئوخشايدۇ؟ ئۇ بولسا سېنىڭ مەدەتكار سىپىرىڭ بولۇپ، ئۆزىمۇ داڭلانغان قىلىچىڭدۇر. سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ بولسا ساڭا بويۇن سۇنغاچ، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكلىرىنىڭ ئۈستىدە ماڭىسەن.

## مۇسانىڭ ۋاپات بولۇشى

34 [1]ئاندىن مۇسا موئابنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدىن نىبو تېغىنىڭ ئۈستىگە مېڭىپ يېرىخونىڭ ئۇتتۇرىدىكى پىسگانىڭ چوققىسىغا چىقتى. ئاندا خۇداۋەندە ئۇنىڭغا پۈتۈن يۇرتنى كۆرسىتىپ گىلېيادتىن تارتىپ دانغىچە، [2] پۈتۈن نافتالى، ئەفرائىم ۋە ماناسسەنىڭ يۇرتنى يەھۇدا يۇرتى بىلەن قوشۇپ غەرب دېڭىزىغىچە، [3] جەنۇب يۇرتى بىلەن ئىئوردانىنىڭ تۈزلەڭلىكىنى، يەنى ‹ خورمىلىق شەھەر› دەپ ئاتالغان يېرىخونىڭ يېنىدىكى پەس يۇرتىدىن زوئارغىچىلىك ھەممىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. [4] كۆرسىتىپ، خۇداۋەندە ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «مەن قەسەم قىلىپ: ‹ بۇنى سېنىڭ نەسلىڭگە بېرىمەن› دەپ ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇبقا ۋەدە قىلغان يۇرت ئۆزى شۇدۇر. ئەمدى ساڭا ئۇنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىلى نېسىپ قىلدىم، لېكىن ئۆزۈڭ ئاندا كىرەلمەيسەن» دېدى.

[5]ئاندىن خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسا خۇداۋەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئاندا موئابنىڭ يۇرتىدا ۋاپات تاپتى. [6] ۋاپات تېپىپ، ئۇ ئۇنى موئابنىڭ يۇرتىدىكى ۋادىدا بەيت-پېئورنىڭ ئۇتتۇرىدا دەپنە قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ قەبرىسى قەيەردە ئىكەنلىكىنى بۇ ۋاقىتقىچە ھېچكىم بىلمەيدۇ. [7]مۇسانىڭ ئۆزى ۋاپات تاپقان ۋاقتىتا بىر يۈز يىگىرمە ياشقا كىرگەنىدى، لېكىن كۆزلىرى بولسا ھېچ ئاجىزلىشىپ قالماي، بەدىنىنىڭ كۈچمۇ ھېچ كېمەيمىگەنىدى. [8]ئەمما بەنى-ئىسرائىل ئۆزى مۇسا ئۈچۈن موئابنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە ئوتتۇز كۈنگىچە ماتەم تۇتۇپ تۇردى. ئاندىن كېيىن مۇسا ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ يىغلايدىغان كۈنلىرى تۈگىگەنىدى.

[9]مۇسا ئۆز قوللىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويغاچ نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئانىڭ ئۆزى ھېكمەتنىڭ روھى بىلەن تولغانىدى. شۇنداقكى، بەنى-ئىسرائىل ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك قىلىپ تۇردى. [10]لېكىن مۇسادەك خۇداۋەندە بىلەن يۈزمۇيۈز سۆزلەشكەن بىر پەيغەمبەر ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى قوپماي، [11] خاھى ئۇ ئۆزى خۇداۋەندە تەرىپىدىن مىسىر يۇرتىغا ئەۋەتىلىپ ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق فىرەۋن بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە پۈتۈن يۇرتىغا قىلغان ھەممە ئالامەت بىلەن مۆجىزىلەرگە قارىساق، [12]خاھى مۇسا ئۆزى پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا كۆرسەتكەن بارچە ئۇلۇغ قۇدرەت بىلەن ئۇنىڭ قىلغان بارچە چوڭ ھەيۋەتلىك ئەمەللىرىگە قارىساق، ئۇنىڭدەك ھېچكىم چىقمىدى.

مۇقەددەس کتاب

# يەشۇئا

6

# يەشۇئا

## مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
## (تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

## 6-قىسىم

1950-يىلدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# يەشۇئا

## خۇدا قانائان يۇرتىنى ئىگىلەشنى بۇيرۇيدۇ

1 [1] خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسا ۋاپات بولغاندىن كېيىن خۇداۋەندە مۇسانىڭ خىزمەتكارى
بولغان يەشۇئا بەن-نۇنغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
[2] «مېنىڭ بەندەم مۇسا ۋاپات بولدى. ئەمدى سەن قوپۇپ، بۇ خەلقنىڭ ھەممىسىنى باشلاپ،
ئىئوردانىنىڭ ئۆزىدىن ئۆتۈپ، ئۇلار بەنى-ئىسرائىل بولغاچ مەن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋەدە قىلغان
يۇرتقا كىرگىن. [3] مەن مۇساغا ئېيتقاندەك پۇتۇڭلار قەيەرگە دەسسىسە، بۇ جاي سىلەرنىڭكى
بولۇپ، [4] يۇرتۇڭلار بولسا چۆلدىن تارتىپ لىۋانغىچە بېرىپ، فىرات دەرياسى دېگەن چوڭ
دەرياغا يېتىپ، ختتىيلارنىڭ يۇرتىدىن ئۆتۈپ، شەرق تەرىپىدىكى چوڭ دېڭىزغىچە يېيىلىدۇ.
[5] مەن ئۆزۈم مۇسا بىلەن بولغاندەك سەن بىلەن بولۇپ، سېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمىگەچ سېنىڭ
ھەممە ھايات كۈنلىرىڭدە ھېچكىم ساڭا زىت تۇرالمايدۇ. [6] سەن جۈرئەتلىك بولۇپ ھەرگىز
قورقمىغىن، چۈنكى سەن بولساڭ بۇ خەلققە مەن ئاتا-بوۋىلىرىغا بەرگىلى قەسەم بىلەن
ۋەدە قىلغان يۇرتنى مىراستەك تەقسىم بېرىسەن. [7] ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئەمدى جۈرئەتلىك
بولۇپ، قورقماي ھەر ئىشىڭدا راۋاجلىق بولمىقىڭ ئۈچۈن مېنىڭ بەندەم مۇسا ساڭا بۇيرۇغان
قانۇننىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىپ، [8] خاھى ئوڭغا، خاھى چەپكە قايرىلماي يۈرۈپ، بۇ قانۇن
كىتابىنى ئۆز ئاغزىڭدىن نېرى تۇتماي، ئۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈلگەنىنىڭ ھەممىسىنى تۇتاي دەپ،
ئۇنى كېچە-كۈندۈز ئويلاپ تۇرغىن. ئۇنداق قىلساڭ، سېنىڭ يوللىرىڭ سائادەتلىك بولۇپ،
ئۆزۈڭ راۋاجلىق بولىسەن. [9] مانا ساڭا: ‹ جۈرئەتلىك بولۇپ قورقمىغىن› دەپ بۇيرۇغاندىن
كېيىن، قورقماي تۇرۇپ، جۈرئەتسىز بولمىغىن، چۈنكى مەن تەڭرىڭ خۇداۋەندە سەن قەيەرگە
بارساڭ، سەن بىلەن بولىمەن».

[10] ئۇ ۋاقىت يەشۇئا خەلقنىڭ سەردارلىرىغا بۇيرۇپ ئېيتتىكى:
[11] «چېدىرگاھتىن ئۆتۈپ خەلققە جاكا قىلىپ: ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئوزۇق تالقىنى تەييار قىلىڭلار،
چۈنكى ئۈچ كۈندىن كېيىن سىلەر ئىئوردانىنىڭ ئۆزىدىن ئۆتۈپ، تەڭرىڭلار خۇداۋەندە سىلەرگە
بېرىدىغان يۇرتنى ئىگىلىۋالماق ئۈچۈن ئاندا كىرىسىلەر› دەڭلار» دېدى.
[12] لېكىن يەشۇئا ئۆزى رۇبەنىيلەر، گادىيلار ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىگە ئېيتتىكى:
[13] «خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسانىڭ سىلەرگە: ‹ تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۈستۈڭلارغا ئارام
يەتكۈزۈپ، بۇ يۇرتنى ئۆزۈڭلارغا بېرىدۇ› دەپ ئېيتقىنىنى ئويلاڭلار. [14] خوتۇن بىلەن بالا-
چاقاڭلار ۋە ماللىرىڭلار بولسا تۇرۇپ تۇرۇپ، مۇسا ئۆزى سىلەرگە بېرىپ ئىئوردانىنىڭ بۇ
تەرىپىدە بولغان يۇرتتا قالسۇن، لېكىن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا قانچە باتۇر پالۋانلار بولسا ئۆز

بۇرادەرلىرىنىڭ ئالدىدا چىقىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىپ، [15] خۇداۋەندە ئۆزى بۇرادەرلىرىڭلارغا
سىلەردەك ئارام يەتكۈزۈپ، ئۇلار ئۆزى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۇلارغا بېرىدىغان يۇرتنى
ئىگىلىۋالمىغۇچە سىلەر مەدەت قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن مىراس يۇرتۇڭلارغا قايتىپ،
خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسا سىلەرگە بېرىپ، ئىئوردانىنىڭ بۇ يېنىدىكى شەرق تەرىپىدە
بولغان مىراس يۇرتۇڭلارنى ئىگىلىۋالماق ئۈچۈن يېنىپ بېرىڭلار» دېدى.
[16] ئۇلار يەشۇئاغا جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «سەن ھەرنېمە بۇيرۇساڭ بىز ئۇنى قىلىپ، قە يەرگە
بىزنى ئەۋەتسەڭ ئاندا بارىمىز. [17] بىز مۇسانىڭ سۆزىگە ئۇنىغاندەك ساڭىمۇ قۇلاق سالىمىز.
تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۆزى مۇسا بىلەن بولغاندەك سەن بىلەنمۇ بولۇپ، [18] ھەركىم سېنىڭ
ھۆكۈمۈڭگە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، ھەرقانداق بۇيرۇقلىرىڭنى تۇتمىسا، ئۆلتۈرۈلسۇن ئەمما
سېنىڭ جۈرئەتلىك بولۇپ قورقماي تۇرمىقىڭ كېرەكتۇر» دېدى.

## راھاب ۋە ئىككى جاسۇس

2 [1] ئاندىن كېيىن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا ئۆزى ئىككى جاسۇسنى شىتتىمغا ئەۋەتىپ: «سىلەر
بېرىپ، يۇرت بىلەن يېرىخوغا سەپسېلىپ بېقىڭلار» دەپ ئېيتتى. شۇنى دېسە، ئۇلار ئاندا
بېرىپ، راھاب ئىسىملىق بىر پاھىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قوندى. [2] لېكىن يېرىخونىڭ
پادىشاھىغا: «بۇ كېچە بىرنەچچە كىشى بۇ يۇرتنى تەپتىش قىلغىلى بەنى-ئىسرائىلنىڭ
تەرىپىدىن مۇندا كەلدى» دەپ خەۋەر بېرىلدى. [3] ئۇ ۋاقىت يېرىخونىڭ پادىشاھى ئۆزى راھابقا:
«سېنىڭ قېشىڭغا كېلىپ، ئۆيۈڭگە كىرگەن كىشىلەرنى تاپشۇرۇپ بەرگىن، چۈنكى ئۇلار
بولسا يۇرتنى تەپتىش قىلغىلى كەلدى» دەپ ئېيتقۇزدى. [4] لېكىن خوتۇن ئۆزى ئۇ ئىككى
كىشىنى ئېلىپ، ئۇلارنى يوشۇرۇپ، ئاندىن جاۋاب بېرىپ: «بۇ كىشىلەر بولسا مېنىڭ قېشىمغا
كەلدى، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ نە يەردىن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم. [5] ئەمما قاراڭغۇلۇق بېسىپ،
دەرۋازىنى ئېتىدىغان ۋاقىت كەلگەندە بۇ كىشىلەر چىقىپ كەتتى. مەن بولسام، ئۇلارنىڭ نە
يەرگە كەتكىنىنى بىلمەيمەن. ئۇلارنى ئىتتىك قوغلىساڭلار، تۇتارسىلەرمىكىن» دېدى.
[6] لېكىن ئۇ ئۆزى ئۇلارنى ئۆگزىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۆگزىنىڭ ئۈستىدە دۆۋىلەپ قويغان
زىغىر پاخاللىرىنىڭ تېگىدە يوشۇرۇپ قويغانىدى. [7] ئۇ ۋاقىت ئادەملەر ئۆزى ئۇلارنىڭ
كەينىدىن ئىئوردانىنىڭ يولى بىلەن چىقىپ، كېچىكلەرگىچە قوغلىغىلى تۇردى. ئەمما ئۇلارنى
قوغلىغۇچىلار ئۆزى چىقىپ كەتكەن ھامان شەھەرنىڭ دەرۋازىسى تاقالدى. [8] لېكىن مۇساپىر
كىشىلەر ئۆزى ياتماستا، خوتۇن ئۆگزىگە ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ، [9] ئۇلارغا ئېيتتىكى:
«مەن بولسام خۇداۋەندىنىڭ سىلەرگە بۇ يۇرتنى بېرىپ، سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلاردىن قورقۇنچ
ئۈستىمىزگە چۈشۈپ، يۇرتنىڭ ھەممە ئولتۇرغۇچىلىرى سىلەرنىڭ جەھەتىڭلاردىن دەھشەت
تارتىپ تۇرغىنىنى بىلىمەن. [10] چۈنكى بىز بولساق خۇداۋەندىنىڭ سىلەرنى مىسىردىن

چىققىنىڭلاردا قىزىل دېڭىزنى قۇرۇتۇپ، سىلەرنىڭ ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى
ئامورىيلارنىڭ ئىككى پادىشاھى سىخون بىلەن ئوگغا نېمە قىلىپ، قانداق يوقاتقىنىڭلارنى
ئاڭلىدۇق. 11 بۇنى ئاڭلىساق، كۆڭلىمىز ئېرىپ كېتىپ، سىلەرگە زىت تۇرغىلى
ھېچكىمنىڭ تاقىتى قالمىدى. چۈنكى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە بولسا يۇقىرىقى ئاسمان بىلەن
تۆۋەنكى يەرنىڭ تەڭرىسىدۇر. 12 ئەمدى مەن سىلەرگە مەرھەمەت قىلغىنىم ئۈچۈن، سىلەرمۇ
مېنىڭ ئاتامنىڭ ئۆيىگە مەرھەمەت قىلىپ، بۇنىڭ توغرىسىدا ماڭا بىر تايىن بەلگىنى بېرىپ،
13 ئاتا بىلەن ئانامنى، بۇرادەرلىرىم بىلەن ھەمشىرىلىرىمنى، دەرۋەقە ئۇلارنىڭ ھەر نە يارىنى
تىرىك قويۇپ، بىزنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدىغىنىڭلارغا خۇداۋەندە بىلەن ماڭا قەسەم قىلىپ
بېرىڭلار» دېدى.
14 ئادەملەر ئۆزى ئۇنىڭغا: «ئەگەر سىلەر بۇ ئىشىمىزنى دەپ بەرمىسەڭلار، ئۆز جېنىمىزنى
سىلەر ئۈچۈن بېرىپ، خۇداۋەندە بىزگە يۇرتنى بەرسە، ساڭا مەرھەمەت بىلەن ساداقەتلىك
كۆرستىمىز» دەپ ئېيتتى.
15 ئۇ ۋاقىت خوتۇن ئۇلارنى پەنجىرىدىن بىر ئارغامچا بىلەن چۈشۈرۈپ قويدى. چۈنكى ئۇنىڭ
ئۆيى شەھەرنىڭ سېپىلىدە بولۇپ ئۆزى سېپىلنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇراقلىق ئىدى. 16 ئۇ
ئۇلارغا ئېيتتىكى: «قوغلىغۇچىلار ئۆزى سىلەرگە ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ، تاغلارغا چىقىپ،
قوغلىغۇچىلار يېنىپ كەلگۈچىلىك ئاندا ئۈچ كۈنچە تۇرۇپ، ئۆز يولۇڭلار بىلەن كېتىڭلار.
17 شۇنى دېسە، ئادەملەر ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «سەن بىزگە قىلدۇرغان قەسەمنى چىڭ تۇتىمىز.
18 لېكىن مانا بىز يۇرتقا كىرسەك، سەن بىزنى چۈشۈرۈپ قويغان پەنجىرىدە شۇ توق قىزىل
شوينىنى ساڭگىلىتىپ قويۇپ، ئاتا بىلەن ئاناڭنى، بۇرادەرلىرىڭ بىلەن ئاتاڭنىڭ ھەممە
خانىدانىنى ئۆيۈڭگە يىغىپ جەم قىلغىن. 19 ئەگەر بىركىم ئۆيۈڭنىڭ ئىشىكلىرىدىن
تاشقىرىغا چىقسا، بىز گۇناھسىز بولۇپ، ئۇنىڭ قېنى ئۆز بېشىنىڭ ئۈستىگە كەلسۇن. لېكىن
ئەگەر بىر كىشىنىڭ قولى ئۆيۈڭنىڭ ئىچىدە تۇرغانلارنىڭ بىرىگە تەگسە، ئۇنىڭ قېنى بىزنىڭ
بېشىمىزغا كەلسۇن. 20 بۇنىڭدىن باشقا ئەگەر سەن ئىشىمىزنى دەپ بەرسەڭ، بىز بولساق سەن
بىزگە قىلدۇرغان قەسەمدىن ئازاد بولىمىز» دېدى. 21 خوتۇن ئۆزى دېگىنىڭلاردەك بولسۇن
دەپ، جاۋاب بېرىپ ئۇلارنى كەتكىلى قويسا، ئۇلار راۋان بولدى. لېكىن ئۇ ئۆزى پەنجىرىدە ئۇ
توق قىزىل شوينىنى باغلاپ قويدى.
22 بۇ تەرىقىدە ئۇلار كېتىپ بېرىپ، تاغلارغا چىقىپ، قوغلىغۇچىلار يېنىپ كەلگۈچىلىك ئاندا
ئۈچ كۈن توختاپ قالدى. ئەمما قوغلىغۇچىلار بولسا يوللارنىڭ ھەر يېرىدە ئىزدەپ ئۇلارنى
تاپالمىغانىدى. 23 ئاندىن كېيىن بۇ ئىككى كىشى يېنىپ، تاغدىن چۈشۈپ دەريادىن ئۆتۈپ
نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئانىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋەقە بولغاننىڭ ھەممىسىنى
ئۇنىڭغا دەپ بەردى. 24 دەپ بېرىپ، ئۇلار يەشۇئاغا: «خۇداۋەندە پۈتۈن يۇرتنى قولىمىزغا
بەردى. يۇرتنىڭ ھەممە ئولتۇرغۇچىلىرىمۇ بىزنىڭ جەھىتىمىزدىن دەھشەت تارتىپ تۇرىدۇ»
دېدى.

## ئىئوردان دەرياسىدىن ئۆتۈش

3 1 ئەتە سەھەر يەشۇئا بىلەن بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى شىتتىمدىن چىقىپ، ئىئوردانغا
كېلىپ ئۆتمەستە ئاندا قوندى. 2 لېكىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ بولغاندا سەردارلار ئۆزى
لەشكەرگاھتىن ئۆتۈپ، خەلققە بۇيرۇپ ئېيتتىكى: 3 «سىلەر تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە
ساندۇقىنى كۆزلەپ، لاۋىي كاھىنلىرىنىڭ ئۇنى كۆتۈرگىنىنى كۆرۈۋالغان ھامان تۇرغان
جايىڭلاردىن چىقىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىڭلار. 4 لېكىن ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ
ئوتتۇراڭلاردا ئىككى مىڭ گەزچە ئۇزۇن بولغان بىر ئارىلىق بولسۇن، چۈنكى سىلەر ئۇ يولنى
ئىلگىرى بارمىغاچ قايسى يول بىلەن بارىدىغىنىڭلارنى بىلمىكىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنراق
بارماڭلار» دېدى.
5 يەشۇئا ئۆزى خەلققە: «ئۆزۈڭلارنى مۇقەددەس قىلىڭلار، چۈنكى ئەتە خۇداۋەندە ئاراڭلاردا
مۆجىزىلەر قىلىدۇ» دەپ ئېيتتى. 6 ئاندىن كېيىن يەشۇئا كاھىنلارغا: «ئەھدە ساندۇقىنى
ئېلىپ، خەلقنىڭ ئالدىدا چىقىڭلار» دەپ بۇيرۇسا، ئۇلار ئۆزى ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ
خەلقنىڭ ئالدىدا ماڭدى. 7 ئەمما خۇداۋەندە يەشۇئاغا ئېيتتىكى: «مۇسا بىلەن بولغىنىمدەك
سەن بىلەن بولىدىغىنىمنى بىلسۇن دەپ، مەن بۇ كۈن سېنى ھەممە ئىسرائىلنىڭ كۆزلىرىدە
چوڭ قىلىمەن. 8 ئەمدى سەن ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلارغا بۇيرۇپ: ‹ سىلەر
ئىئوردانىنىڭ سۇيىنىڭ لېۋىگە يېتىپ كەلگەندە ئاندا توختاپ، ئىئوردانىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ
تۇرۇڭلار› دېگىن».
9 شۇنى دېسە، يەشۇئا بەنى-ئىسرائىلغا: «مۇندا كېلىپ، تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاڭلار» دېدى. 10 ئاندىن كېيىن يەشۇئا ئېيتتىكى: «ئاراڭلاردا بىر تىرىك تەڭرى بولۇپ،
ئۇنىڭ قانائانىيلار، ختتىيلار، خىۋۋىيلار، پەرىززىيلەر، گىرگاشىيلار، ئاموريلار ۋە يەبۇسىيلارنى
ئالدىڭلاردىن چىقارغىنى ئەمدى بىلىسىلەر. 11 مانا پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ خۇداۋەندىسىنىڭ ئەھدە
ساندۇقى ئۆزى ئالدىڭلاردا ئىئوردانغا بېرىپ چۈشىدۇ. 12 ئەمدى سىلەر ھەر قەبىلىدىن بىر
ئادەمنى ھېساب قىلىپ، ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىدىن ئون ئىككى كىشىنى ئىلغاڭلار. 13 مانا
پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ خۇداۋەندىسىنىڭ ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلارنىڭ تاپىنى ئىئوردانىنىڭ
سۇيىغا تەگكەندە، ئۇنىڭ باشتىن ئاياغ تەرىپىگە ئېقىپ تۇرغان سۇيى ئۆزى توختاپ قېلىپ،
تويلىشىپ قالىدۇ» دېدى. 14 ئەمدى شۇنداق بولدىكى، خەلق ئىئورداندىن ئۆتمەك ئۈچۈن
چېدىرلىرىدىن كۆچۈپ چىققىنىدا ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلار خەلقنىڭ ئالدىدا
ماڭدى. 15 مېڭىپ، ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەنلەر ئىئوردانغا يېتىپ كېلىپ، ئەھدە ساندۇقىنى
كۆتۈرگەن كاھىنلارنىڭ تاپىنى ئورما ۋاقتىنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە ئۆز كانارىغا تېشىپ كەتكەن
ئىئوردان سۇيىنىڭ لېۋىگە تەگسە، 16 باشتىن ئېقىپ كەلگەن سۇ ئۆزى توختاپ قېلىپ، يىراقتا
ئادام شەھىرىنىڭ يېنىدا، زارىتانىنىڭ ئۇتتۇرىدا تويلىشىپ، تۈزلەڭلىكتىكى دېڭىزغا، يەنى شور
دېڭىزغا قاراپ ئاقىدىغان دەرياسى بولسا تامام كېسىلىپ كەتكەچ، خەلق ئۆزى يېرىخونىڭ
ئۇتتۇرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. 17 لېكىن خۇداۋەندىنىڭ ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلار بولسا

ھەممە ئىسرائىل ئۆزى قۇرۇق يەردىن ئۆتكەندەك ئۆتۈپ، ھەممە قوۋم پۈتۈن ئىئوردانىدىن
ئۆتۈپ بولغۇچىلىك ئىئوردانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇق يەردە توختاپ تۇردى.

# 4

1 قوۋمنىڭ ھەممىسى ئىئوردانىدىن تامامەن ئۆتۈپ بولغاندا خۇداۋەندە ئۆزى يەشۇئاغا
ئېيتتىكى: 2 «ھەر قەبىلىدىن بىر ئادەمنى ھېساب قىلىپ، خەلقنىڭ ئارىسىدىن ئون
ئىككى كىشىنى ئىلغاپ، 3 ئۇلارغا: ‹ سىلەر ئىئوردانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كاھىنلارنىڭ پۇتلىرى
تۇرغان جايدىن ئون ئىككى تاشنى ئېلىپ، ئۆزۈڭلار بىلەن كۆتۈرۈپ بېرىپ، بۈ كۈن كېچە
قونىدىغان جايىڭلاردا قويۇڭلار› دېگىن» دېدى.
4 ئۇ ۋاقىت يەشۇئا ئۆزى ھەر قەبىلىدىن بىر كىشىنى ھېساب قىلىپ بەنى-ئىسرائىلنىڭ
ئارىسىدىن ئىلغىغان ئون ئىككى كىشىنى قىچقىردى. 5 ئاندىن كېيىن يەشۇئا ئۇلارغا
ئېيتتىكى: «سىلەر تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ھەربىرىڭلار
بەنى-ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ سانىغا مۇۋاپىق بىردىن بىردىن تاشنى ئۆشنەڭلارغا كۆتۈرۈڭلار.
6 چۈنكى بۇ بولسا ئاراڭلاردا بىر يادىكار بولۇپ، كېلىدىغان كۈنلەردە ئەۋلادىڭلار: ‹ بۇ تاشلارنىڭ
مەنىسى نېمە ئىكەن؟› دەپ سورىسا، سىلەر ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ، 7 ‹ خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە
ساندۇقى ئىئوردانىدىن ئۆتكىنىدە ئىئوردانىنىڭ سۈيى بولسا كېسىلىپ، بۇ سۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا يېرىلىپ، ئىككىگە بۆلۈندى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تاشلار ئۆزى بەنى-
ئىسرائىل ئۈچۈن ئەبەدكىچە بىر يادىكار قىلىندى› دەپ ئېيتىڭلار» دېدى. 8 ئۇ ۋاقىت بەنى-
ئىسرائىل ئۆزى يەشۇئا ئۇلارغا بۇيرۇغاندەك قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ يەشۇئاغا قىلغان ئەمرىگە
قاراپ بەنى-ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ سانىغا مۇۋاپىق ئىئوردانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئون ئىككى
تاشنى ئېلىپ، ئۆزى بىلەن كۆتۈرۈپ بېرىپ، كېچىسى قونغان جايدا قويۇپ قويدى. 9 بۇنىڭدىن
باشقا يەشۇئا ئۆزى ئىئوردانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلارنىڭ پۇتلىرى
تۇرغان جايدا ئون ئىككى تاشنى تىكلەپ قويدى. بۇ تاشلار بولسا بۇ كۈنگىچە ئاندا تۇرماقتا.
10 ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلار بولسا مۇسا ئۆزى ئىلگىرى يەشۇئاغا بۇيرۇپ: «بۇنى
خەلققە ئېيتىپ بەرگەيسەن» دەپ ئېيتقاندەك خۇداۋەندىنىڭ يەشۇئاغا بەرگەن بۇيرۇقى بەجا
كەلتۈرۈلگۈچىلىك ئىئوردانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ تۇرغانىدى. ئەمما قوۋم بولسا ئىتتىكلىك
بىلەن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. 11 لېكىن ھەممە قوۋم تامامەن ئۆتۈپ بولغىنىدا خۇداۋەندىنىڭ
ساندۇقى بىلەن كاھىنلارمۇ خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆتۈپ چىقتى. 12 بەنى-رۇبەن، بەنى-گاد
ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسى بولسا مۇسانىڭ ئۇلارغا بۇيرۇغىنىدەك ياراغ كۆتۈرۈپ،
بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا چىقتى. 13 شۇنداقكى، ئۇ ۋاقىت قىرىق مىڭچە كىشى جەڭگە
قوراللىنىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا جەڭ قىلماق ئۈچۈن يېرىخونىڭ چۆل تۈزلەڭلىكلىرىگە
چىققانىدى. 14 ئۇ كۈندە خۇداۋەندە ئۆزى يەشۇئانى ھەممە ئىسرائىلنىڭ كۆزلىرىدە چوڭ
قىلغاچ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ئۇلار مۇسادىن قورققاندەك ئۇنىڭدىنمۇ قورقاتتى.

[15] خۇداۋەندە بولسا يەشۇئاغا سۆزلەپ: [16] «ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلارغا: ‹
ئىئوردانىدىن چىقسۇن› دەپ بۇيرۇغىن» دېدى. [17] يەشۇئا ئۆزى كاھىنلارغا: «ئىئوردانىدىن
چىقىڭلار» دەپ بۇيرۇسا، [18] خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كاھىنلار ئۆزى
ئىئوردانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىپ كېلىپ، پۇتلىرى قۇرۇقلۇققا تەگكەن هامان ئىئوردانىنىڭ
سۈيى يەنە ئۆز جايىغا كېلىپ، ئاۋۋالقىدەك ھەممە كانارىغا تېشىپ ئاققىلى تۇرغانىدى.
[19] خەلق بولسا ئاۋۋالقى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى ئىئوردانىدىن چىقىپ، يېرىخو يۇرتىنىڭ شەرق
چېگرىسىدىكى گىلگالغا كېلىپ چېدىر تىككىنىدە،
[20] يەشۇئا ئۆزى قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئىئوردانىدىن ئالغاچ كەلگەن ئون ئىككى تېشى ئېلىپ،
گىلگالدا تىكلەپ قويۇپ، [21] بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتتىكى: «كېلىدىغان ۋاقىتلاردا باللىرىڭلار
ئۆز ئاتىلىرىدىن: ‹ بۇ تاشلارنىڭ مەنىسى نېمە ئىكەن؟› دەپ سورىسا، [22] سىلەر باللىرىڭلارغا
بايان قىلىپ، ئىسرائىل بولسا قۇرۇق-قۇرۇق بىلەن ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ چىققانىدى ئەمەسمۇ؟›
دەپ ئېيتىڭلار. [23] چۈنكى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى بىزنى ئۆتۈپ كەتسۇن دەپ، ئالدىمىزدا
قىزىل دېڭىزنىڭ سۈيىنى قۇرۇتۇپ بەرگەندەك، تەڭرىڭلار خۇداۋەندە سىلەرنى ئۆتەلسۇن
دەپ، ئالدىڭلاردىن ئىئوردانىنىڭ سۈيىنى قۇرۇتۇپ بېرىپ، [24] يەر يۈزىدىكى ھەممە قوۋم
خۇداۋەندىنىڭ قولى قانداق كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزۈڭلار تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدىن
ھەمىشە قورقىڭلار ئۈچۈن شۇنداق قىلدى» دېدى.

## گىلگالدا ھەممە ئەركەك كىشىلەر خەتنە قىلىنىدۇ

5 [1] ئەمما ئىئوردانىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئامورىيلارنىڭ ھەممە پادىشاھلىرى بىلەن دېڭىزنىڭ
بويىدىكى قانائانىيلارنىڭ ھەممە پادىشاھلىرى بولسا خۇداۋەندىنىڭ بىزنى ئۆتەلسۇن دەپ،
بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن ئىئوردانىنىڭ سۈيىنى قانداق قۇرۇتۇپ بەرگىنىنى ئاڭلىغاندا
كۆڭۈللىرى ئېرىپ كېتىپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ھېچ ئەھۋالى قالمىدى.
[2] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە يەشۇئاغا سۆز قىلىپ: «سەن تاشتىن پىچاقلار ئېتىپ، بەنى-ئىسرائىل
ئىككىنچى مەرتىۋە خەتنە قىلغىن» دېدى. [3] شۇنى دېسە، يەشۇئا تاشتىن پىچاقلار ئېتىپ، بەنى-
ئىسرائىلنى خەتنىلىك ئېتىنىڭ جايىدىن خەتنە قىلدى. [4] يەشۇئانىڭ ئۇلارنى خەتنە قىلغان
سەۋەبى شۇ ئىدىكى، مىسىردىن چىقىپ جەڭگە يارىغۇدەك بولغان ھەممە ئەركەك كىشىلەر
بولسا مىسىردىن چىققاندىن كېيىن يولدا كېتىپ بېرىپ، چۆلدە ئۆلۈپ كەتكەنىدى. [5] چۈنكى
قوۋمنىڭ مىسىردىن چىققانلىرىنىڭ ھەممىسى خەتنە قىلىنغان بولسىمۇ، قوۋم ئۆزى مىسىردىن
چىقىپ بولۇپ يولدا يۈرۈپ چۆلدە بولغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى
خەتنىسىز بولغانىدى. [6] بەنى-ئىسرائىل قىرىق يىل چۆلدە يۈرۈپ خۇداۋەندىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق
سالمىغاچ، قوۋمنىڭ مىسىردىن چىقىپ جەڭگە يارىغۇدەك بولغان ھەممە ئەر كىشىلىرى ئۇ

ۋاقىت ئىچىدە يوق بولۇپ كەتكەنىدى. چۈنكى خۇداۋەندە ئۆزى: «ئۇلار مەن ئاتا-بوۋىلىرىغا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلىپ ئۆزى سۈت بىلەن ھەسەل ئاقىدىغان يۇرتقا كىرمىسۇن» دەپ خۇداۋەندە قەسەم قىلغانىدى. [7] لېكىن ئۇلارنىڭ ئورنىدا قوپقان بالىلىرى بولسا يولدا خەتنە قىلىنماي، خەتنىلىك ئېتى بولغاچ يەشۇئا ئۆزى ئۇلارنى خەتنە قىلدى. [8] قوۋمنىڭ ھەممىسى خەتنە قىلىنىپ بولۇپ، ساقىيىپ بولغۇچىلىك چېدىرگاھتا توختاپ قالدى. [9] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۆزى يەشۇئاغا: «بۇ كۈن مەن سىلەردىن مىسىرنىڭ دەشنىمىنى يۇمىلىتىۋەتتىم» دەپ ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جاينىڭ ئۆزىگە گىلگال دەپ ئات قويۇلۇپ، بۇ كۈنگىچە شۇنداق ئاتالماقتا.

## گىلگالدىكى پاسئخا ھېيتى - ماننانىڭ چۈشۈشى توختاپ قېلىشى

[10] بەنى-ئىسرائىل گىلگالدا چېدىر تىكىپ تۇرغان ۋاقىتتا ئۇلار يېرىخونىڭ چۆل تۈزلەڭلىكلىرىدە ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنىنىڭ ئاخشىمى پاسئخا ھېيتىنى تۇتۇپ، [11] پاسئخا ھېيتىنىڭ ئەتىسى يۇرتىنىڭ ئاشلىقىدىن ئېتىلگەن پېتىر ناننى يەپ، ئۇ كۈندە قوماچمۇ قورۇپ يېدى. [12] ئۇلار ئەمدى يۇرتىنىڭ ئاشلىقىدىن يېگەچ ئەتىسى ماننانىڭ چۈشۈشى توختاپ قالدى، شۇنداقكى، بەنى-ئىسرائىل ئۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ماننا تاپالمىدى. ئۇ يىل ئىچىدە ئۇلار قانائان يۇرتىنىڭ ھوسۇلىدىن يېدى.

## يەشۇئانىڭ خۇداۋەندىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى كۆرۈشى

[13] ۋەقە بولىدىكى يەشۇئا ئۆزى يېرىخونىڭ يېنىدا تۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىسا، مانا ئۇنىڭ ئالدىدا سۇغۇرۇلغان قىلىچىنى تۇتۇپ تۇرغان بىر كىشى تۇرىدۇ. ئۇ ۋاقىت يەشۇئا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن: «سەن بولساڭ بىز تەرەپلىك كىشىمۇ ياكى دۈشمەنلىرىمىزگە تەرەپدار بولغان كىشىمۇ؟» دەپ سورىدى. [14] ئۇ جاۋاب بېرىپ: «ياق ئۇنداق ئەمەس، بەلكى مەن ھېلى خۇداۋەندىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە سەردار بولۇپ كەلگەن بىر كىشىدۇرمەن» دېدى. شۇنى دېسە، يەشۇئا ئۆزى يۈز تۆۋەن يەرگە يىقىلىپ سەجدە قىلىپ: «ئەي خوجام، ئۆز قۇلۇڭغا نېمە دېگىلى خالايسەن؟» دەپ سورىدى. [15] خۇداۋەندىنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى ئۆزى يەشۇئاغا سۆزلەپ: «سەن پۇتۇڭدىن چورۇقلىرىڭنى چىقارغىن، چۈنكى تۇرغان يېرىڭ ئۆزى بىر مۇقەددەس جايدۇر» دېسە، يەشۇئا شۇنداق قىلدى.

## يېرىخو شەھىرىنىڭ سېپىللىرى يىقىلىپ چۈشىدۇ

6 [1] يېرىخونىڭ سېپىللىرى بولسا بەنى-ئىسرائىلنىڭ سەۋەبىدىن ئېتىلىپ، ھېچ كىشى كىرىپ چىقالمىغۇدەك تاقالغانىدى. [2] لېكىن خۇداۋەندە ئۆزى يەشۇئاغا ئېيتتىكى:

«مانا مەن يېرىخونى پادىشاھى بىلەن پالۋان جەڭ كىشىلەرگە قوشۇپ ساڭا بەردىم. [3] ئەمدى
سىلەر جەڭگە قانچە يارىغۇدەك كىشىلەر بولساڭلار، شەھەرنىڭ چۆرىسىگە مېڭىپ، بىردىن-
بىردىن ئالتە كۈن شەھەرنىڭ ئەتراپىدا شۇنداق ئايلىنىپ يۈرۈڭلار. [4] ئايلىنىپ يۈرسەڭلار،
يەتتە كاھىن ئۆزى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ، قوچقار مۈڭگۈزىدىن ئېتىلگەن يەتتە
كانايىنى كۆتۈرسۇن، لېكىن يەتتىنچى كۈندە شەھەرنى يەتتە مەرتىۋە ئايلانغايسىلەر. كاھىنلار
بولسا كانايلارنى چالسۇنلار. [5] ئەمما قوچقار مۈڭگۈزىدىن ئېتىلگەن كانايدىن ئاۋاز سوزۇلۇپ
چىقىرىلىپ، كانايىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىساڭلار، ھەممە قوۋم قاتتىق نەرە تارتسۇن. بۇنىڭ بىلەن
شەھەرنىڭ سېپىللىرى تېگىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، خەلق بولسا ئۇستىدىن ئۆتۈپ، ھەربىر
كىشى ئۆزى ئۇتتۇر كىرىۋالىدۇ» دېدى.
[6] ئۇ ۋاقىت نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا ئۆزى كاھىنلارنى قىچقىرىپ ئۇلارغا: «سىلەر ئەھدە ساندۇقىنى
ئېلىپ، يەتتە كاھىن ئۆزى قوچقار مۈڭگۈزىدىن ئېتىلگەن يەتتە كانايىنى خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە
ساندۇقىنىڭ ئالدىدا كۆتۈرسۇن» دەپ ئېيتىپ، [7] قوۋمنىڭ ئۆزىگە: «چىقىپ، شەھەرنىڭ
ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ياراغلىق بولغان كىشىلەر ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ
ئالدىدا ماڭسۇن» دېدى. [8] يەشۇئا ئۆزى شۇنى قوۋمغا بۇيرۇغاندىن كېيىن، قوچقار مۈڭگۈزىدىن
ئېتىلگەن يەتتە كانايىنى كۆتۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان يەتتە كاھىن ماڭغىلى تۇرۇپ،
كاناي چېلىپ خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى بولسا ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، [9] ياراغلىق
كىشىلەر كاناي چالىدىغان كاھىنلارنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ، كانايلار چېلىنىپ تۇرسا، قالغان قوشۇن
ئۆزى ئاخىردا يۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.
[10] يەشۇئا ئۆزى قوۋمغا بۇيرۇپ: «سىلەر بولساڭلار تاۋۇلماي، خاھى ئۈنۈڭلەرنى ئاڭلاتماي،
خاھى ئاغزىڭلاردىن بىر سۆز چىقارماڭلار. لېكىن قاچان مەن سىلەرگە: ‹ نەرە تارتىڭلار› دېسەم،
نەرە تارتىڭلار» دەپ ئېيتقانىدى. [11] بۇ تەرىقىدە ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بىر
مەرتىۋە شەھەرنىڭ چۆرىسىنى ئايلاندۇرۇپ بولۇپ، چېدىرگاھقا كىرىپ كېچىسى ئاندا قوندى.
[12] ئەتىسى سەھەر يەشۇئا ئۆزى قوپۇپ، كاھىنلار بولسا خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى
كۆتۈرۈپ، [13] قوچقار مۈڭگۈزىدىن ئېتىلگەن يەتتە كانايىنى يەتتە كاھىن كۆتۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا چېلىپ مېڭىپ ياراغلىق كىشىلەر بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ
كاناي چېلىنىپ تۇرسا، قالغان قوشۇن ئاخىردا يۈرۈپ خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ
ئارقىسىدىن ماڭدى. [14] ئىككىنچى كۈنمۇ ئۇلار شەھەرنىڭ چۆرىسىنى بىر مەرتىۋە ئايلىنىپ
يۈرۈپ، يەنە چېدىرگاھقا يېنىپ كەلدى. ئۇلار بولسا يەتتە كۈنگىچە شۇنداق قىلىپ تۇردى.
[15] ئەمما يەتتىنچى كۈنى ئۇلار تاڭ سەھەردە قوپۇپ، ئوخشاش تەرىقىدە شەھەرنىڭ چۆرىسىنى
يەتتە مەرتىۋە ئايلاندى. يالغۇز ئۇ كۈننىڭ ئۆزىدە ئۇلار شەھەرنىڭ چۆرىسىنى يەتتە مەرتىۋە
ئايلاندى. [16] كاھىنلارنىڭ ئۆزى يەتتىنچى مەرتىۋىدە كاناي چالغىنىدا يەشۇئا قوۋمغا ئېيتتىكى:
«ئەمدى نەرە تارتىڭلار، چۈنكى خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرگە شەھەرنى بەردى. [17] ئەمما شەھەر ئۆزى
بىلەن پۈتۈن بارلىقى خۇداۋەندىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ھارام قىلىنىپ كېتىپ، يالغۇز راھاب

پاھىشە بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە بار بولغانلارنىڭ ھەممىسى قۇتۇلۇپ قالسۇن، چۈنكى ئۇ بولسا
بىز ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمىزنى يوشۇرۇپ قويدى ئەمەسمۇ؟ [18] لېكىن سىلەر ھارام قىلىنغان
نەرسىلەردىن ئۆزۈڭلارنى يىغىڭلار، بولمىسا ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئالمىقىڭلار بىلەن
بەنى-ئىسرائىلنىڭ چېدىرگاھىنى لەنەتكە تۇتۇپ بېرىپ، ئۇنى غەمگە سالىسىلەر. [19] ئەمما
ھەممە ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن مىس ياكى تۆمۈردىن بولغان نەرسىلەر بولسا خۇداۋەندە ئۈچۈن
مۇقەددەس قىلىنىپ، خۇداۋەندىنىڭ خەزىنىسىگە كىرگۈزۈلسۇن» دېدى. [20] ئۇ ۋاقىت خەلق
ئۆزى نەرە تارتىپ، كاھىنلار بولسا كاناي چېلىپ، خەلق كانايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىدا قاتتىق
نەرە تارتىسا، سېپىللار ئۆزى تېگىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، خەلق ئۈستىدىن ئۆتۈپ، ھەربىر كىشى
ئۆزى ئۇتتۇرىدىن كىرىۋېلىپ، شەھەرنى ئىگىلەپ، [21] شەھەر ئىچىدىكى پۈتۈن بارلىقىنى
يوقىتىپ، خاھى ئەر، خاھى خوتۇن بولسۇن، خاھى ياش، خاھى قېرى بولسۇن، خاھى ئۇي خاھى
قوي، ئېشەك بولسۇن ھەممىسىنى قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. [22] لېكىن يەشۇئا ئۆزى
يۇرتقا جاسۇسلۇق قىلغىلى كەلگەن ئىككى كىشىگە سۆزلەپ: «سىلەر بولساڭلار ئۇ پاھىشە
خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلىپ بەرگەن قەسىمىڭلارغا مۇۋاپىق ئۇ خوتۇن بىلەن
پۈتۈن بارلىقىنى ئاندىن چىقىرىپ كېلىڭلار» دېدى. [23] شۇنى دېسە، جاسۇس بولغان ئىككى ياش
كىشى كىرىپ، راھابنى ئاتا-ئانىسى بىلەن بۇرادەرلىرىگە قوشۇپ، پۈتۈن بارلىقى بىلەن ھەممە
ئۇرۇق تۇغقانلىرىنى چىقىرىۋېلىپ كېلىپ، ئىسرائىلنىڭ چېدىرگاھىنىڭ سىرتىدا ئولتۇرغۇزۇپ
قويدى. [24] ئۇلار شەھەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئىچىدىكى پۈتۈن بارلىقىغا ئوت يېقىۋېتىپ، يالغۇز
ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن مىس-تۆمۈردىن بولغان نەرسىلەرنى يىغىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ
خەزىنىسىگە كىرگۈزۈپ قويدى. [25] لېكىن راھاب پاھىشە بولسا ئۇلار ئۆزى جاسۇسلۇق قىلسۇن
دەپ، يېرىخوغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنى يوشۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن يەشۇئا ئۇنى ئاتىسىنىڭ
خاندانى بىلەن پۈتۈن بارلىقىغا قوشۇپ تىرىك قويغاچ، ئۇ ئۆزى بۇ كۈنگىچە بەنى-ئىسرائىل
ئارىسىدا ئولتۇرماقتا [26] ئۇ ۋاقىت يەشۇئا ئۆزى خەلققە قەسەم بېرىپ ئېيتتىكى: «كىمكى قوپۇپ،
بۇ يېرىخو شەھەرنى يەنە ياسىسا، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا مەلئۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلىنى سالغاندا
تۇنجى ئوغلىدىن ئايرىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى ئورناشتۇرىدىغان چاغدا ئۇنىڭ كىچىك
ئوغلىنى يىتتۈرسۇن» دېدى. [27] ئەمما خۇداۋەندە ئۆزى يەشۇئا بىلەن بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ پۈتۈن
يۇرت ئىچىدە داڭلانغانىدى.

## ئاكاننىڭ گۇناھ قىلىپ ئىسرائىل ئۈستىگە ئاپەت چۈشۈرۈشى

7 [1] لېكىن بەنى-ئىسرائىل بولسا ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ئېلىپ، بىۋاپالىق قىلدى. چۈنكى
يەھۇدانىڭ قەبىلىسىدىن بولغان ئاكان بەن-كارمى بەن-زابدى بەن-زېراھ ئۆزى ھارام قىلىنغان
نەرسىلەردىن ئېلىۋالغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى بەنى-ئىسرائىلغا تۇتاشتى.

2 يەشۇئا بولسا يېرىخودىن بەيتەلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بەيت-ئاۋەننىڭ يېنىدا بولغان ھايغا
بىرنەچچە كىشىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا: «ئاندا چىقىپ، يۇرتتا جاسۇسلۇق قىلىڭلار» دەپ ئېيتتى.
شۇنى دېسە، ئۇ كىشىلەر چىقىپ، ھايدا جاسۇسلۇق قىلغىلى تۇردى. 3 ئاندىن يەشۇئاغا يېنىپ
كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە: «ھەممە خەلق ئۆزى ئاندا چىققىلى لازىم كەلمەيدۇ. ئەگەر ئىككى ئۈچ
مىڭچە كىشى چىقسا، ھاينى ئىگىلىۋالايدۇ. ئۇنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى ئاز بولغاچ، ھەممە خەلقنى
ئاۋارە قىلىپ ئۇ يەرگە ئەۋەتمىگىن» دەپ ئېيتتى. 4 ئۇ ۋاقىت خەلقتىن ئۈچ مىڭچە كىشى ئاندا
چىقتى. لېكىن بۇلار ھاينىڭ ئادەملىرىدىن قېچىپ كېتىشتى. 5 ھاينىڭ ئادەملىرى ئۇلاردىن
ئوتتۇز ئالتىچە كىشىنى ئۇرۇپ، قالغانلىرىنى دەرۋازىنىڭ سىرتىدىن شېبارىمغىچە قوغلاپ،
ئانداكى داۋاندا ئۇلارنى ئۇرۇپ مەغلۇپ قىلسا، خەلقنىڭ كۆڭلى ئېرىپ سۇدەك بولۇپ قالدى.
6 ئۇ ۋاقىت يەشۇئا بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى ئېگىنلىرىنى يىرتىپ، خۇداۋەندىنىڭ
ساندۇقىنىڭ ئالدىدا يۈز تۆۋەن يەرگە يىقىلىپ، ئاندا ئاخشامغىچە يېتىپ باشلىرىغا توپا چاچاتتى.
7 يەشۇئا ئۆزى ئېيتتىكى: «ئاھ ئەي رەب خۇداۋەندە، سەن بىزنى ئامورىيلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ
ھالاك قىلماق ئۈچۈن بۇ قوۋمنى ئىئوردانىدىن بۇ تەرىپىگە نېمىشقا ئۆتكۈزدۈڭ؟ كاشكى بىز
رازى بولۇپ ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغان بولساق ئىدى. 8 ئەي خۇداۋەندە ئەمدى ئىسرائىل
ئۆزى دۈشمەنلىرىدىن قېچىپ كەتسە، مەن نېمە دەيمەن. 9 قانائانىيلار بىلەن يۇرتنىڭ قالغان
ئولتۇرغۇچىلىرى ئۆزى بۇنى ئاڭلىسا، بىزنى قورشاپ قاماپ، يەر يۈزىدىن ئىسمىمىزنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ.
ئۇنداق بولسا، ئۆز ئۇلۇغ ئىسمىڭنىڭ شان-شەرىپى قانداق ساقلىيالايسەن؟» دېدى.
10 لېكىن خۇداۋەندە ئۆزى يەشۇئاغا جاۋاب بېرىپ: «ئورنۇڭدىن قوپقىن، نېمىشقا دۈم
ياتىسەن؟ 11 ئىسرائىلىيلار ئۆزى گۇناھ قىلىپ، مەن ئۇلارغا تاپىلىغان ئەھدىنى سۇندۇرۇپ
ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ئېلىپ ئوغرىلىق قىلىپ، ئالدامچىلىق قىلىپ ئۇنى ئۆز
ماللىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويغان. 12 بۇنىڭ ئۈچۈن بەنى-ئىسرائىل دۈشمەنلىرىنىڭ
ئالدىدا توختىيالماي، ئۆزى مەلئۇن بولغاچ دۈشمەنلىرىدىن قېچىپ ئارقىسىغا يېنىپ كېتىدۇ.
ئەگەر سىلەر ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئوتتۇراڭلاردىن تامامەن يوق قىلمىساڭلار، مۇندىن
كېيىن مەن سىلەر بىلەن بولمايمەن. 13 ئەمدى قوپۇپ، قوۋمنى مۇقەددەس قىلىپ ئۇلارغا
سۆزلەپ: ‹ ئەتىگىچە ئۆزۈڭلارنى پاكىز قىلىڭلار، چۈنكى ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە
مۇنداق ئېيتىدۇكى: «ئەي ئىسرائىل سەندە ھارام قىلىنغان نەرسە قالسا، بۇ ھارام نەرسىنى
ئوتتۇراڭدىن چىقىرىۋەتمىگۈچىلىك دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئالدىدا توختىيالمايسەن. 14 ئەتە سىلەر
قەبىلىدىن قەبىلىگە چىقىپ ھازىر بولۇپ، خۇداۋەندە ئۆزى چەكنى تەگكۈزگەن قەبىلىنىڭ
نەسىللىرى بىردىن-بىردىن ھازىر بولۇپ، خۇداۋەندە ئۆزى چەكنى تەگكۈزگەن نەسلىنىڭ
خانىدانلىرى بىردىن-بىردىن ھازىر بولۇپ، خۇداۋەندە ئۆزى چەكنى تەگكۈزگەن خانىدانىنىڭ
ئادەملىرى بىردىن-بىردىن ھازىر بولسۇن. 15 كىمكى ھارام قىلىنغان نەرسىنى ئالغان بولسا،
خۇداۋەندىنىڭ ئەھدىسىنى سۇندۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە ھاماقەتلىك قىلغىنى ئۈچۈن
ئۆزى بىلەن پۈتۈن بارلىقى ئوتتا كۆيدۈرۈلسۇن» دەيدۇ› دەپ ئېيتقىن» دېدى.

[16] ئەتە سەھەر يەشۇئا ئۆزى ئىسرائىلنى كەلتۈرۈپ، قەبىلىلىرىڭلىرىنى بىردىن-بىردىن ھازىر
قىلسا، چەك ئۆزى يەھۇدانىڭ قەبىلىسىگە چىقتى. [17] ئۇ ئۆزى يەھۇدانىڭ نەسىللىرىنى ھازىر
قىلسا، چەك ئۆزى زەراھىيلارنىڭ نەسلىگە چىقتى. ئاندىن زەراھىيلارنىڭ نەسلىنى كىشىدىن
كىشىگە ھازىر قىلسا، چەك ئۆزى زابدىغا چىقتى. [18] ئەمما ئۇنىڭ خانىدانىنى كىشىدىن
كىشىگە ھازىر قىلسا، چەك ئۆزى يەھۇدانىڭ قەبىلىسىدىن بولغان ئاكان بەن-كارمى بەن-
زابدى بەن-زەراھقا تەگدى.
[19] ئۇ ۋاقىت يەشۇئا ئۆزى ئاكانغا: «ئەي ئوغلۇم، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە شان-
شەرەپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىززىتى ئۈچۈن قىلغىنىڭنى ئىقرار قىلىپ مەندىن ھېچنېمىنى
يوشۇرمىغىن» دەپ ئېيتتى. [20] ئاكان ئۆزى يەشۇئاغا جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «راست ئىكەن.
مەن بولسام ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە گۇناھ قىلىپ، ئۇنداق-مۇنداق قىلىپ،
[21] ئولجىنىڭ ئارىسىدا شىناردىن بولغان قىممەت باھا بىر تون بىلەن ئىككى يۈز شېقەل
كۈمۈش، ۋەزنى ئەللىك شېقەل بولغان بىر تاختا ئالتۇننى كۆرۈپ بۇنى خالاپ ئالدىم. مانا
بۇ نەرسىلەر بولسا چېدىرىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يەر ئىچىدە يوشۇرۇلۇپ، كۈمۈش ئۆزى تېگىدە
تۇرىدۇ. [22] شۇنى دېسە، يەشۇئا بىرنەچچە كىشىنى تەپتىش قىلماق ئۈچۈن ئاندا ئەۋەتتى. ئۇلار
بولسا ئىتتىك چېدىرغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىدە بۇ نەرسىلەرنى يوشۇرۇقلۇق كۆرۈپ، كۈمۈشنى
تېگىدە تېپىپ، [23] بۇ نەرسىلەرنى چېدىردىن ئېلىپ، يەشۇئانىڭ قېشىغا كەلتۈردى. كەلتۈرسە،
بەنى-ئىسرائىلنىڭ جامائىتى بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا قويۇپ قويدى.
[24] ئاندىن يەشۇئا ئۆزى بىلەن ئىسرائىلنىڭ جامائىتى قوپۇپ، زەراھنىڭ ئوغلى ئاكان بىلەن
كۈمۈشنى، توننىڭ ئۆزى بىلەن ئالتۇن تاختىنى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن قىزلىرىنى، ئۆي
بىلەن ئېشەك قويلىرىنى، چېدىرى بىلەن پۈتۈن بارلىقىنى ئېلىپ، ئاكور ۋادىسىغا كەلتۈردى.
[25] ئۇ ۋاقىت يەشۇئا سۆز قىلىپ: «سەن نېمىشقا ئۈستىمىزگە بالا كەلتۈردۈڭ؟ مانا بۇ كۈن
خۇداۋەندە سېنىڭ ئۈستۈڭگە بالا كەلتۈرىدۇ» دېدى. ئاندىن كېيىن ئىسرائىلنىڭ جامائىتى
ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۇلارنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، ئۈستىگە تاش تاشلاپ، [26] بۇ كۈنگىچە
قالغان نۇرغۇن تاش چالمىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن خۇداۋەندە ئۆز
قەھر ئوتىدىن ياندى. ئۇ ۋاقىت تارتىپ، ئۇ جاينىڭ ئۆزىگە ئاكور ۋادىسى دەپ ئات قويۇلۇپ،
بۇ كۈنگىچە شۇنداق ئاتالماقتا.

## ھاي شەھىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش

8 [1] خۇداۋەندە يەشۇئاغا ئېيتتىكى: «سەن ھېچ قورقۇپ تىترىمەي، ئۆزۈڭ بىلەن جەڭ
كىشىلەرنى ئېلىپ، قوپۇپ بېرىپ ھايغا قارشى چىققىن. مانا مەن ھاينىڭ پادىشاھىنى
ئۆز خەلقى بىلەن قېتىپ، شەھىرىنى يۇرتى بىلەن قوشۇپ، سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇردۇم.
[2] سەن بولساڭ يېرىخو بىلەن ئۇنىڭ پادىشاھىغا قىلغىنىڭدىن ھاي بىلەن ئۇنىڭ پادىشاھىغا

قىلىسەن. ھەرقانداق بولسا، سىلەر ئاندىن ئالغان ئولجا بىلەن چارۋا مالنى غەنىيمەتتەك
ساقلىغايسىلەر. ئەمدى سەن شەھەرگە قارشى ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدە ماراقچى قويغىن».
[3] شۇنى دېسە، يەشۇئا بىلەن ھەممە جەڭ كىشىلىرى قوپۇپ، ھايغا قارشى چىقتى. ئەمما يەشۇئا
ئۆزى ئوتتۇز مىڭ باتۇر پالۋانلارنى ئىلغاپ، ئۇلارنى كېچىسى ئەۋەتىپ، [4] ئۇلارغا بۇيرۇپ
ئېيتتىكى: «سىلەر ئاگاھ بولۇپ، شەھەردىن بەك نېرى كەتمەي، شەھەرنىڭ كەينىدە ماراقتا
ئولتۇرۇپ، ھەممەڭلار تەييار تۇرۇڭلار. [5] مەن بولسام، ئۆزۈم بىلەن قالغان ھەممە كىشىلەرنى
ئېلىپ، شەھەرگە يېقىن بارغىنىمدا ئۇلار بالدۇرقىدەك ئالدىمىزغا چىقىپ كەلسە، بىز ئۇلارنىڭ
ئالدىدىن قېچىپ كېتىمىز. [6] ئۇلار بىزنىڭ كەينىمىزدىن قوغلاپ چىقسا، بىز ئۇلارنى شەھەردىن
يىراق ئېلىپ كېتىمىز. ئۇلار بولسا بىزنى ‹ بالدۇرقىدەك ئالدىمىزدىن قېچىپ كەتتى› دەپ
خىيال قىلغاچ، بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا قېچىپ بېرىمىز. [7] ئۇ ۋاقىت سىلەر ماراپ ئولتۇرغان
جايىڭلاردىن قوپۇپ چىقىپ، تەگرىڭلار خۇداۋەندە بۇ شەھەرنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا بەرگەچ
ئۇنى ئىگىلەڭلار. [8] شەھەرنىڭ ئۆزىنى ئىگىلىۋالغىنىڭلاردا خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق
قىلىپ، مېنىڭ ھۆكۈمۈمگە قاراپ ئۇنىڭغا ئوت يېقىۋېتىڭلار» دەپ جېكىلەپ،
[9] يەشۇئا ئۇلارنى ئەۋەتسە، ئۇلار بېرىپ بەيتەل بىلەن ھاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاينىڭ غەرب
تەرىپىدە ماراقتا ئولتۇردى. لېكىن يەشۇئا ئۆزى ئۇ كېچىسى خەلقنىڭ ئارىسىدا قالدى.
[10] ئەتىسى سەھەر يەشۇئا قوپۇپ، خەلقنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىنى
ئېلىپ، خەلقنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ھايغا قارشى چىقتى. [11] ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە جەڭ
كىشىلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقىپ، شەھەرنىڭ ئۇتتۇرىغا يېتىپ يېقىن بېرىپ، ھاينىڭ شىمال
تەرىپىگە چۈشۈپ، چېدىر تىكتى. ئۇلار چۈشكەن جاي بىلەن ھاينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ۋادى بار
ئىدى. [12] لېكىن ئۇ ئۆزى بەش مىڭچە ئادەم ئېلىپ بېرىپ، بەيتەل بىلەن ھاينىڭ ئوتتۇرىسىدا
شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدە ماراقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. [13] خەلقنى جايلاپ، شەھەرنىڭ شىمال
تەرىپىدىكى قوشۇنلار بىلەن غەرب تەرىپىدە ماراقتا ئولتۇرغانلارنى تىزىپ بولغاندىن كېيىن،
يەشۇئا ئۆزى كېچىسى ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەردى.
[14] ئەمما ھاينىڭ پادىشاھى شۇنى كۆرگىنىدە ئۇلار ئالدىراپ كېتىپ، سەھەر قوپۇپ، ئىسرائىلغا
قارشى سوقۇشماق ئۈچۈن شەھەرنىڭ ئادەملىرى تايىن ۋاقىتتا تۈزلەڭلىككە چىقتى، چۈنكى
پادىشاھ بولسا شەھەرنىڭ كەينىدىكى ماراقتا ئولتۇرغانلاردىن خەۋەر تاپمىغانىدى. [15] لېكىن
يەشۇئا ئۆزى بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى بولسا ئۆزىنى ئۇلاردىن مەغلۇپ قىلىنغاندەك
كۆرسىتىپ، چۆل تەرىپىگە قاچقىلى تۇرسا، [16] شەھەردە بار خەلقنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى
قوغلىسۇن دەپ قىچقىرىلدى. ئۇلار كېلىپ، يەشۇئانى قوغلايمىز دەپ، شەھەردىن نېرى چىقىپ
كەتتى. [17] شۇنداقكى، ھاي بىلەن بەيتەلنىڭ ئىچىدە ئىسرائىلنى قوغلىغىلى چىقمىغان ھېچ
ئەر كىشى قالماي، شەھەرنى ئوچۇق قويۇپ، ھەممىسى ئىسرائىلنى قوغلاپ چىقىپ كەتتى.
[18] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە يەشۇئاغا: «قولۇڭدىكى نەيزىنى ھايغا قارشى ئۇزاتقىن، چۈنكى مەن
بولسام ئۇنى سېنىڭ قولۇڭغا بەردىم» دېسە، يەشۇئا ئۆزى قولىدىكى نەيزىنى شەھەرگە قارشى

ئۆزاتتى. [19] ئۇ ئۆزى قولىدىكى نەيزىنى ئۆزاتقان ھامان ماراقتا ئولتۇرغانلار جايىدىن چىقىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، شەھەرگە كىرىۋېلىپ ئۇنى ئىگىلەپ دەرھال ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. [20] ئەمما ھاينىڭ ئادەملىرى بۇرۇلۇپ قارىسا، شەھەردىن ئاسمانغا ئۆرلەۋاتقان تۈتۈن چىققىنىنى كۆرۈپ، خاھى ئۇ تەرەپكە، خاھى بۇ تەرەپكە قاچالماي، چۆل تەرەپكە قاچقانلار بولسىمۇ، قوغلىغۇچىلارغا ئۆچراپ قالدى. [21] چۈنكى يەشۇئا بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ماراقچىلارنىڭ ئۆزى شەھەرنى ئېلىپ بولۇپ، ئاسمانغا تۈتۈن چىقىپ تۇرغىنىنى كۆرگەندە يېنىپ كېلىپ، ھاينىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرگىلى تۇردى. [22] باشقىلارمۇ شەھەردىن ئۇلارغا قارشى چىقسا، ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولغان ئىسرائىلىيلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۈشۈپ قېلىپ، ئىسرائىلىيلار ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى قويماي قاچۇرماي ئۆلتۈرۈۋەتتى. [23] لېكىن ئۇلار ھاينىڭ پادىشاھىنى تىرىك تۇتۇپ، يەشۇئانىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى.

[24] ئىسرائىل ئۆزى ھاينىڭ ھەممە ئولتۇرغۇچىلىرىنى قوغلاپ بېرىپ، سەھرا بىلەن چۆلدە ئۆلتۈرۈپ ھەممىسىنى قىلىچ بىسى بىلەن يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ھايغا يېنىپ كېلىپ، ئانداكىلەرنى قىلىچ بىسى بىلەن ئۇردى. [25] شۇنداقكى، ئۇ كۈندە ئۆلتۈرۈلگەنلەر بولسا ئەر خوتۇن قوشۇلۇپ، ھاي خەلقىنىڭ ھەممىسىنىڭ سانى ئون ئىككى مىڭغا يەتكەنىدى. [26] يەشۇئا بولسا ھاينىڭ ھەممە ئولتۇرغۇچىلىرى يوقىتىلمىغۇچىلىك قولىدىكى شىلتاپ تۇرغان نەيزىسىنى يىغمىغانىدى. [27] لېكىن ئىسرائىلىيلار بولسا خۇداۋەندىنىڭ يەشۇئاغا بۇيرۇغىنىغا مۇۋاپىق ئۆزى ئۈچۈن يالغۇز شەھەرنىڭ چارۋا مېلى بىلەن غەنىيمەت مېلىنى ئولجىغا ئالدى. [28] ئاندىن كېيىن يەشۇئا ئۆزى ھاينى كۆيدۈرۈپ، ئەبەدكىچە بىر دۆۋىگە ئايلاندۇرۇپ، بۇ كۈنگىچە ئۇنى ۋەيران قىلىۋەتتى. [29] ھاينىڭ پادىشاھى بولسا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇ بىر ياغاچقا ئاستۇرۇپ، ئۇنى ئاندا ئاخشامغىچە ئېسىقلىق قويدى. لېكىن كۈن پاتقاندا ئۇلار يەشۇئانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ياغاچتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تاشلاپ، ئۈستىگە بۇ كۈنگىچە قالغان تولا تاش چالمىنى دۆۋىلەپ قويدى.

## ئېبال تېغىدىكى قۇربانگاھ ۋە قانۇن كىتابىنى ئوقۇپ بېرىش

[30] ئاندىن كېيىن يەشۇئا ئۆزى ئېبال تېغىدا ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە بىر قۇربانگاھنى ياساپ، [31] بۇنى خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسا ئۆزى بەنى-ئىسرائىلغا بۇيرۇغىنىغا مۇۋاپىق راستلاپ، مۇسانىڭ قانۇن كىتابىدا پۈتۈلگەندەك قىلدى. ئۇ قۇربانگاھ ئۆزى ھېچبىر كىشى تۆمۈر ئەسۋاب تەگكۈزمىگەن پۈتۈن تاشلاردىن ياسالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇلار ئۆزى خۇداۋەندىگە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق ئۆتكۈزۈپ، شۈكۈر قۇربانلىقى بوغۇزلاپ تۇردى. [32] يەشۇئا ئۇنىڭ تاشلىرىنىڭ ئۆزىگە مۇسا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا پۈتكەن قانۇندىن بىر نەمۇنە يېزىپ قويدى. [33] ئىسرائىلنىڭ جامائىتى بىلەن ئاقساقاللىرى، سەردارلىرى بىلەن ھاكىملىرى، خاھى مۇساپىرلار بولسۇن، خاھى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغانلار بولسۇن، ھەممىسى

قۇربانگاھنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرىدىغان كاھىنلارنىڭ تەرىپىگە قاراپ خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسا ئىلگىرى بەنى-ئىسرائىلنىڭ مۇبارەكلىنىشى توغرىسىدا بۇيرۇغاندەك قوۋمنىڭ بىر يېرىمى گەرىزىم تېغىغا يەنە بىر يېرىمى ئېبال تېغىغا قاراپ تۇردى. [34] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى قانۇن كىتابىدا پۈتۈلگەنىنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق قانۇننىڭ ھەممە سۆزلىرى بىلەن بەرىكەت ۋە لەنەتنى ئوقۇپ بەردى. [35] دەرۋەقە يەشۇئا ئۆزى مۇسا بۇيرۇغىنىدىن ھېچنېمىنى قويماي، ھەممىسىنى ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن جامائىتى بىلەن خوتۇن-بالا ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان مۇساپىرلارغا ئوقۇپ بەردى.

## گىبېئونىيلارنىڭ گوللىشى

9 [1] لېكىن ئىئوردانىنىڭ غەرب تەرىپىدە ئولتۇرۇپ تاغ بىلەن پەستە، كانارىدىكى پۈتۈن يۇرتىدا چوڭ دېڭىزدىن تارتىپ لىۋانغىچە ئولتۇرىدىغان پادىشاھلار ئۆزى بولغان ۋەقەنى ئاڭلاپ، ختتىيلار، ئاموريلار، قانائانىيلار، پەرىززىيلەر، خىۋۋىيلار ۋە يەبۇسىيلار بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندا، [2] ھەممىسى بىر بولۇپ يەشۇئا بىلەن ئىسرائىلغا قارشى جەڭ قىلغىلى ئىتتىپاقلاشتى.
[3] ئەمما گىبېئوننىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى بولسا يەشۇئانىڭ يېرىخو بىلەن ھايغا نېمە قىلغىنىنى ئاڭلىغاندا، [4] ئۇلار ھىيلە قىلىپ بېرىپ، ئۆزىنى ئەلچىلەرنىڭ سۇرىتىدە كۆرسىتىپ، يىرتىق خۇرجۇن بىلەن شارابنىڭ يىرتىق ياماق تۇلۇملىرىنى ئېشەكلەرگە ئارتىپ، [5] پۇتلىرىغا ياماق چۈشكەن كونا چورۇقلارنى كىيىپ، جونداق چاپانلىرىنى ئۆشنىسىگە يېپىپ، قۇرۇق ئۇۋۇلىپ كەتكەن نانلارنى ئوزۇق تالقان قىلىپ،
[6] گىلگالدىكى چېدىرگاھقا يەشۇئانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىگە: «بىز بولساق يىراق يۇرتتىن كەلدۇق. ئەمدى بىز بىلەن ئەھدە باغلىشىڭلار» دېدى. [7] لېكىن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى خىۋۋىيلارغا جاۋاب بېرىپ: «سىلەر بولساڭلار بىزنىڭ ئارىمىزدا ئولتۇراقلىقمىكىن؟ ئۇنداق بولسا، سىلەر بىلەن قانداق ئەھدە باغلىيالايمىز» دەپ ئېيتتى.
[8] ئۇلار يەشۇئاغا: «بىز بولساق ساڭا خىزمەتكار بولىمىز» دېدى. يەشۇئا ئۇلاردىن: «سىلەر كىم بولۇپ، نە يەردىن كەلدىڭلار؟» دەپ سورىدى. [9] ئۇلار ئۇنىڭغا جاۋاب بەردىكى: «سىنىڭ خىزمەتكارلىرىڭ بولسا تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئىسمى ئۈچۈن تولا يىراق يۇرتتىن كەلدى. چۈنكى بىز ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مىسىردا قىلغان ھەممىسىنى ئىشىتىپ، [10] ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاموريلارنىڭ ئىككى پادىشاھى، يەنى خېشبوننىڭ پادىشاھى سىخون بىلەن ئاشتاروتتا ئولتۇرۇپ باشاننىڭ پادىشاھى بولغان ئوگغا نېمە قىلغىنىنى ئىشىتتۇق. [11] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاقساقاللىرىمىز بىلەن يۇرتىمىزنىڭ ھەممە ئولتۇرغۇچىلىرى بىزگە: ‹ سەپەر ئۈچۈن قولۇڭلارغا ئوزۇق تالقان ئېلىپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارغا: «بىز بولساق سىلەرگە خىزمەتكار بولىمىز». ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى بىز بىلەن ئەھدە باغلىشىڭلار› دەپ ئېيتماق

ئۇچۇن بىزنى ئەۋەتتى. [12] بىز سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كەلمەك ئۈچۈن ئۆيىمىزدىن چىققان
كۈندە ئۆز يوللۇقىمىز ئۈچۈن ئىسسىق نان ئالغان ئىدۇق، مانا ئەمدى بۇ نانلار قۇرۇپ قېلىپ
ئۇۋۇلۇپ كەتكەن. [13] شارابنىڭ بۇ تۇلۇملىرى بولسا شاراب توشتۇرغىنىمىزدا يېڭى ئىدى، مانا
ئەمدى يىرتىلىپ كەتتى. بىز كىيگەن بۇ چاپان-چورۇقلىرىمىز ئۆز سەپەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن
كونىرىپ قالدى» دېدى. [14] شۇنى دېسە، ئادەملەر خۇداۋەندىدىن سورىماي، ئۇلارنىڭ ئوزۇق
تالقىنىدىن ئاز-ماز ئالدى. [15] يەشۇئا بولسا ئۇلار بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، ئۇلارنى تىرىك قويۇشقا
ئەھدە باغلاپ، جامائەت سەردارلىرى ئۆزى ئۇلارغا قەسەم قىلىپ بەردى.

[16] ئۇلار ئەھدە باغلىشىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ خەلقنىڭ ھەقەمسايىلىرىدىن بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراقلىق ئىكەنلىكى ئۇلارغا مەلۇم بولۇپ قالدى. [17] ئۇ ۋاقىت بەنى-
ئىسرائىل ئۆزى قوپۇپ مېڭىپ، ئۈچىنچى كۈندە ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىگە يېتىپ كەلدى.
گىبيون بىلەن كېفىرا، بەئەروت بىلەن قىريات-يېئارىم بولسا ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى ئىدى.
[18] لېكىن جامائەتنىڭ سەردارلىرى ئىلگىرى ئۇلارغا ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە بىلەن
قەسەم قىلىپ بېرىپ سالغاچ، بەنى-ئىسرائىل ئۇلارنى ئۆلتۈرمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن جامائەتنىڭ
ھەممىسى سەردارلارنىڭ ئۈستىگە غوتۇلداشقىلى تۇردى. [19] ئۇ ۋاقىت سەردارلارنىڭ ھەممىسى
جامائەتكە سۆزلەپ: «بىز بولساق ئۇلارغا ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە بىلەن قەسەم
قىلىپ بەرگەچ، ئۇلارغا قول تەگكۈزەلمەيمىز. [20] بەلكى بىز ئۇلارغا قىلىپ بەرگەن قەسەمنىڭ
سەۋەبىدىن ئۈستىمىزگە غەزەپ كېلىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلارنى تىرىك قويۇپ قويىمىز»
دېدى. [21] ئاندىن كېيىن سەردارلار ئۆزى ئادەملىرىگە: «ئۇلارنى تىرىك قويۇڭلار، لېكىن ھەممە
جامائەت ئۈچۈن ئوتۇن يېرىپ، سۇ توشۇيدىغان كىشىلەر بولسۇن» دېدى. شۇنداق دېسە،
سەردارلارنىڭ دېگىنىدەك قىلىندى.
[22] ئۇ ۋاقىت يەشۇئا ئۆزى ئۇلارنى قىچقىرىپ، ئۇلارغا سۆز قىلىپ: «سىلەر ئۆزۈڭلار ئارىمىزدا
ئولتۇراقلىق بولۇپ تۇرۇپ، بىز يىراقتىن كەلدۇق› دەپ نېمىشقا بىزنى گوللىدىڭلار؟ [23] بۇنىڭ
ئۈچۈن سىلەر ئەمدى لەنەتكە گىرىپتار بولۇپ، ئاراڭلاردا تەڭرىمىنىڭ بەيتىدە ئوتۇن يېرىپ سۇ
توشتۇرىدىغان ئىشنى قىلمايدىغان كىشى قالمايدۇ» دېدى. [24] ئۇلار يەشۇئاغا جاۋاب بېرىپ
ئېيتتىكى: «تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئۆز بەندىسى مۇساغا: ‹ ھەممە يۇرتنى ساڭا بېرىپ، بۇ
يۇرتنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىنى ئالدىڭدىن يوقىتىمەن› دېگەن خەۋىرى ئۆز قۇللىرىڭغا مەلۇم
بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ئۆز جېنىمىزدىن ئەندىشە قىلىپ، بۇ ئىشنى قىلىپ سالدۇق. [25] ئەمدى
بىز قولۇڭغا چۈشكەندىن كېيىن، بىزگە نېمىنى ياخشى لايىق كۆرسەڭ، شۇنى قىلغىن» دېدى.
[26] ئۇ ۋاقىت ئۇ ئۆزى بۇلارنى مۇنداق قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرمىسۇن دەپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ
قولىدىن قۇتقۇزدى. [27] لېكىن ئۇ كۈندە يەشۇئا ئۆزى: «ئۇلارنى تەيىنلەنگەن جايدا جامائەت
بىلەن خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھى ئۈچۈن ئوتۇن يېرىپ، سۇ چۈشۈرسۇن» دەپ توختاتقىنى
ئۈچۈن ئۇلار بۇ كۈنگىچە شۇنداق بولۇپ قالغان.

## گىبېئوندىكى جەڭ

10 [1] ئەمما يېرۇسالېمنىڭ پادىشاھى ئادونى-زادىق ئۆزى يەشۇئانىڭ ھايىنى ئېگىلەپ
يوقىتىپ، يېرىخو بىلەن ئۇنىڭ پادىشاھىغا قىلغىنىدەك ھاي بىلەن ئۇنىڭ پادىشاھىغا
قىلغىنىنى ئاڭلاپ: «گىبېئوننىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى ئۆزى ئىسرائىل بىلەن سۈلھى تۈزۈپ،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇۋاتىدۇ» دەپ ئىشىتكەندە، [2] ئۇ ئۆزى بىلەن خەلقى تولا قورقتى،
چۈنكى گىبېئون بولسا ھايدىن چوڭ شەھەر بولۇپ، پايتەخت شەھەرلىرىنىڭ بىرىگە ئوخشاپ،
ئۇنىڭ ھەممە ئادەملىرى تولا پالۋان ئىدى. [3] ئۇنىڭ ئۈچۈن يېرۇسالېمنىڭ پادىشاھى ئادونى-
زادىق ئۆزى خېبروننىڭ پادىشاھى ھوھام بىلەن يارمۇتنىڭ پادىشاھى پىرامغا، لاكىشنىڭ
پادىشاھى يافىيا بىلەن ئېگلوننىڭ پادىشاھى دېبىرغا خەۋەر ئەۋەتىپ، [4] «مۇندا قېشىمغا
كېلىپ، گىبېئونىيلارنى ئۇرمىقىمىز ئۈچۈن ماڭا مەدەت بېرىڭلار، چۈنكى ئۇلار بولسا يەشۇئا
بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، بەنى-ئىسرائىل بىلەن بىرلىشىپ قالدى ئەمەسمۇ؟» دەپ ئېيتقۇزدى.
[5] ئۇ ۋاقىت ئامورىيلارنىڭ بەش پادىشاھلىرى، يەنى يېرۇسالېمنىڭ پادىشاھى، خېبروننىڭ
پادىشاھى، يارمۇتنىڭ پادىشاھى ۋە ئېگلوننىڭ پادىشاھى ئۆز ھەممە قوشۇنلىرىنى ئېلىپ
چىقىپ، گىبېئوننى قورشاپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى.
[6] ئۇ ۋاقىت گىبېئونىيلار ئۆزى گىلگالدىكى چېدىرگاھقا يەشۇئانىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتىپ:
«سەن بولساڭ ئۆز قۇللىرىڭدىن قولۇڭنى تارتماي، دەرھال قېشىمىزغا كېلىپ، ياردەم بېرىپ
بىزنى قۇتقۇزغىن، چۈنكى تاغلاردا ئولتۇراقلىق ئامورىيلارنىڭ پادىشاھلىرى بولسا بىزگە
قارشى جۇغلىشتى» دەپ ئېيتقۇزدى.
[7] بۇنى ئاڭلاپ، يەشۇئا ئۆزى ھەممە جەڭ ئادەملىرى بىلەن ھەممە باتۇر پالۋان ئادەملىرىنى
ئېلىپ، گىلگالدىن راۋان بولۇپ چىقتى. [8] ئەمما خۇداۋەندە ئۆزى يەشۇئاغا سۆز قىلىپ:
«ئۇلاردىن قورقمىغىن، چۈنكى مەن ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭغا بەردىم. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ساڭا
زىت تۇرالمايدۇ» دېدى. [9] يەشۇئا بولسا گىلگالدىن چىقىپ پۈتۈن كېچە يول مېڭىپ، تۇيۇقسىز
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالدى. [10] ئەمما خۇداۋەندە ئۆزى بەنى-ئىسرائىلنىڭ كۆز ئالدىدا
ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۇنداق پاراكەندىلىك سالدىكى، بۇلار ئۇلارنى گىبېئوندا قاتتىق مەغلۇپ
قىلىپ، بەيت-خورون چىقىدىغان يولدا ئۇلارنى قوغلاپ، ئازېقا بىلەن ماققېداغىچە ئۇلارنى
ئۇرۇپ سۈرۈپ باردى. [11] ئۇلار بەنى-ئىسرائىلدىن قېچىپ، بەيت-خورونىدىن چۈشىدىغان
داۋانغا يەتكەندە خۇداۋەندە ئۆزى ئاسماندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئازېقاغا يەتكۈچە چوڭ-چوڭ
تاشلار ياغدۇرغاچ، ئۇلار ئۆلۈپ كېتىپ، مۆلدۈر تاش بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى بولسا
بەنى-ئىسرائىلنىڭ قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭكىدىن چوڭراق ئىدى.
[12] خۇداۋەندە ئامورىيلارنى بەنى-ئىسرائىلنىڭ قولىغا بەرگەن كۈنىدە يەشۇئا ئىسرائىلنىڭ
ئالدىدا خۇداۋەندىگە سۆز قىلىپ: «ئەي كۈن، سەن بولساڭ گىبېئوننىڭ ئۈستىدە ساقلاپ
تۇرغىن. ئەي ئاي، سەن ئۆزۈڭ ئايالون ۋادىسىدا توختاپ تۇرغىن» دېدى. [13] شۇنى دېسە،
خەلق ئۆزى دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىپ بولغۇچىلىك كۈن ئۆزى ساقلاپ تۇرۇپ، ئاي

بولسا توختاپ تۇردى. بۇ ۋەقە ئۆزى ياشەرنىڭ كىتابىدا پۈتۈلگەن ئەمەسمۇ؟ كۈن بولسا پۈتۈن
كۈنگىچە ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ تۇرۇپ، ئولتۇرۇپ كەتكىلى ئالدىرىمىدى. [14] خاھى
بۇنىڭ ئىلگىرى، خاھى مۇندىن كېيىن ئۇ كۈندەك ھېچبىر كۈن بولمىغاندۇر. چۈنكى خۇداۋەندە
ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ سۆزىگە ئۇناپ، ئۆزى ئىسرائىل تەرىپىدىن جەڭ قىلدى. [15] ئاندىن
كېيىن يەشۇئا بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى گىلگالدىكى چېدىرگاھقا يېنىپ كەتتى.

[16] ئەمما ئۇ بەش پادىشاھ بولسا قېچىپ كېتىپ، ماققېدانىڭ غېرىدا ئۆزىنى يوشۇرۇۋالدى.
[17] بۇنىڭ خەۋىرى يەشۇئاغا ئېيتىپ: «ئۇ بەش پادىشاھ ئۆزى ماققېدانىڭ غېرىدا يوشۇرۇنۇقلۇق
تېپىلدى» دەپ ئېيتىلسا، [18] يەشۇئا ئۆزى: «ئۇنداق بولسا، غارنىڭ ئاغزىغا چوڭ-چوڭ
تاشلارنى يۇمىلىتىپ قويۇپ، ئۇنى پاسىبانلىق قىلغىلى ئادەملەر قويۇڭلار. [19] لېكىن سىلەر
بولساڭلار توختىماي دۈشمەنلىرىڭلارنى قوغلاپ، كەينىدە قالغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، تەڭرىڭلار
خۇداۋەندە ئۇلارنى قولۇڭلارغا بەرگەچ ئۇلارنى ئۆز شەھەرلىرىگە كىرگىلى قويماڭلار» دېدى.
[20] ئەمما يەشۇئا بىلەن بەنى-ئىسرائىل ئۆزى قاتتىق قىلىپ بولۇپ، ئۇلارنى يوقىتىشتىن
توختىغىنىدا قالغانلىرى مەھكەم شەھەرگە كىرىۋالدى. [21] ئاندىن كېيىن ھەممە خەلق
ماققېدادىكى چېدىرگاھقا يەشۇئانىڭ قېشىغا تىنچ-ئامان يېنىپ كەلدى. چۈنكى ھېچكىم ئۆز
تىلىنىمۇ بەنى-ئىسرائىلغا قارشى تەۋرەتكىلى جۈرئەت قىلمىدى.
[22] ئۇ ۋاقىت يەشۇئا ئۆزى: «غارنىڭ ئۆزىنى ئېچىپ، ئۇ بەش پادىشاھنى غاردىن چىقىرىپ،
مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. [23] ئۇلار مۇنداق قىلىپ، بەش پادىشاھنى، يەنى
يېرۇسالېمنىڭ پادىشاھى، خېبروننىڭ پادىشاھى، يارمۇتنىڭ پادىشاھى، لاكىشنىڭ پادىشاھى
ۋە ئېگلوننىڭ پادىشاھى بولغانلارنى غاردىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. [24] ئۇ
پادىشاھلار ئۆزى يەشۇئانىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلگىنىدە يەشۇئا ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرىنى
قىچقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن چىققان جەڭ ئادەملىرىنىڭ سەردارلىرىغا: «كېلىپ، پۇتلىرىڭلارنى
بۇ پادىشاھلارنىڭ گەدەنلىرىگە قويۇڭلار» دېدى. شۇنى دېسە، ئۇلار كېلىپ، ئۆز پۇتلىرىنى
ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىگە قويدى. [25] يەشۇئا ئۆزى ئۇلارغا سۆزلەپ: «سىلەر قورقماي، جۈرئەتسىزمۇ
بولماي، بەلكى غەيرەتلىك بولۇپ قورقۇنچسىز تۇرۇڭلار، چۈنكى خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرگە
قارشى سوقۇشىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق قىلىدۇ» دېدى. [26] ئاندىن كېيىن
يەشۇئا ئۆزى پادىشاھلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، بەش ياغاچقا ئېسىپ ئۇلارنى ئۇ ياغاچلارنىڭ
ئۈستىدە ئاخشامغىچە ئېسىقلىق قويدى. [27] لېكىن كۈن پاتقاندا ئۇلار يەشۇئانىڭ بۇيرۇقى
بىلەن ئۆلۈكلەرنى ياغاچتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزى ئىلگىرى يوشۇرۇلغان غارغا تاشلاپ، غارنىڭ
ئاغزىغا بۇ كۈنگىچە قالغان چوڭ-چوڭ تاشلارنى قويۇپ قويدى. [28] ئۇ كۈنى يەشۇئا ئۆزى
ماققېدانى ئېلىپ، قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭ پادىشاھى بىلەن ئىچىدىكى ھەممە خەلقنى
بىرىنىمۇ قويماي يوقىتىپ، يېرىخونىڭ پادىشاھىغا قىلغىنىدەك ماققېدانىڭ پادىشاھىغىمۇ
قىلدى. [29] ئاندىن كېيىن يەشۇئا بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ماققېدادىن چىقىپ، لىبناغا

بېرىپ لىبنا بىلەن سوقۇشقىلى باشلىدى. 30 خۇداۋەندە ئۆزى ئۇنىمۇ پادىشاھى بىلەن قوشۇپ
بەنى-ئىسرائىلنىڭ قولىغا بەردى، شۇنداقكى، ئۇلار ئۇنى ھەممە ئولتۇرغۇچىلىرى بىلەن
قوشۇپ قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ، ھېچبىرىنىمۇ قويماي يوقىتىپ، يەشۇئا بولسا يېرىخونىڭ
پادىشاھىغا قىلغاندەك بۇنىڭ پادىشاھىغىمۇ قىلدى.
31 ئاندىن كېيىن يەشۇئا بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى لىبنادىن چىقىپ، لاكىشقا بېرىپ،
ئۇنى قورشاپ ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشقىلى باشلىدى. 32 خۇداۋەندە ئۆزى لاكىشنى ئىسرائىلنىڭ
قولىغا بەرگەچ، ئۇلار ئۇنى ئىككىنچى كۈنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە ئولتۇرغۇچىلارنى
قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ، ھېچبىرىنى قويماي يوقىتىپ، لىبناغا قىلغىنىدەك قىلدى. 33 ئۇ
ۋاقىت گېزەرنىڭ پادىشاھى ھورام ئۆزى لاكىشقا مەدەت بەرمەك ئۈچۈن چىقىپ كەلدى. لېكىن
يەشۇئا ئۇنى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ ئۇرۇپ، ھېچكىمنى ئۇلاردىن تىرىك قويمىدى.
34 ئاندىن كېيىن يەشۇئا بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى لاكىشتىن چىقىپ ئېگلونغا بېرىپ،
ئۇنى قورشاپ ئۇرۇشۇپ، 35 شۇ كۈنى ئۇنى ئىگىلىۋالىپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ھەممە
ئولتۇرغۇچىلىرىنى شۇ كۈنى قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ يوقىتىپ، لاكىشقا قىلغىنىدەك ئۇلارغا
قىلدى.
36 ئاندىن كېيىن يەشۇئا بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ئېگلوندىن چىقىپ خېبرونغا بېرىپ،
ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇپ، 37 ئۇنى ئېلىپ، ئۇنىڭ پادىشاھى بىلەن ھەممە كەنتلىرىنى بارلىق
ئولتۇرغۇچىلىرىغا قوشۇپ قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ، ھېچكىمنى قويماي يوقىتىپ، يەشۇئا
بولسا ئېگلونغا قىلغىنىدەك قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئىچىدىكى ھەممىسىنى يوقىتىۋەتتى.
38 ئاندىن كېيىن يەشۇئا بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى دېبىرغا يېنىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن
سوقۇشۇپ، 39 ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن پادىشاھىنى ھەممە كەنتلىرى بىلەن قوشۇپ مەغلۇپ قىلىپ،
قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ، ئىچىدىكى ھەممە ئولتۇرغۇچىلاردىن ھېچكىمنى قويماي يوقىتىپ،
يەشۇئا بولسا خېبرون بىلەن لىبنا ۋە ئۇنىڭ پادىشاھىغا قىلغىنىدەك دېبىر بىلەن ئۇنىڭ
پادىشاھىغىمۇ قىلدى. 40 بۇ تەرىقىدە يەشۇئا بولسا تاغ يۇرتىنى، جەنۇب يۇرتىنى، پەستىكى
يۇرتنى، داۋان يۇرتىنى ئېلىپ، ھەممە يۇرتنىڭ ئۆزىنى ئىگىلەپ، ھەممە پادىشاھلىرى بىلەن
قوشۇپ ئۇرۇپ، ھېچكىمنى قويماي، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە بۇيرۇغىنىدەك جېنى
بار بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىۋەتتى. 41 يەشۇئا ئۆزى ئۇلارنى قادېش-بارنېئادىن تارتىپ
گازاغىچە ئۇرۇپ، گوشەن يۇرتىنىڭ ھەممىسىنى گىبېيونغىچە ئالدى. 42 بۇ ھەممە پادىشاھلار
بىلەن ئۇلارنىڭ يۇرتى بولسا ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۆزى ئىسرائىل تەرىپىدىن
سوقۇشقاچ، يەشۇئا ئۆزى ئۇلارنى بىريولى ئىگىلىۋالدى. 43 ئاندىن كېيىن يەشۇئا بىلەن
ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى گىلگالدىكى چېدىرگاھقا يېنىپ كەلدى.

## شىمالىي پادىشاھلار بىلەن جەڭ قىلىش

11
[1] ئەمما يابىننىڭ پادىشاھى خازور بۇنى ئاڭلىغاندا مادوننىڭ پادىشاھى يوباب،
شىمروننىڭ پادىشاھى ۋە ئاكشافنىڭ پادىشاھىغا كىشى ئەۋەتىپ، [2] شىمال
تەرىپىدىكى تاغ يۇرتى بىلەن كىننەرەتنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىك يۇرتىنىڭ، پەستىكى
يۇرت بىلەن غەرب تەرىپىدىكى دور ئېگىزلىكىنىڭ پادىشاھلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، [3] شەرق
بىلەن غەرب تەرىپىدىكى قانائانىيلارنى، ئامورىيلار، خىتتىيلار ۋە پەرىززىيلەرنى، تاغ يۇرتىدىكى
يەبۇسىيلارنى ۋە خەرموننىڭ تېگىدىكى مىسپاھ يۇرتىدا ئولتۇراقلىق خىۋۋىيلارنى قىچقارتتى.
[4] ئۇ ۋاقىت ئۇلار ئۆز ھەممە قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، دېڭىز كانارىدىكى قۇمدەك تولا بولۇپ تۇرغان
ئات بىلەن ھارۋىلارنى ئالغاچ چىقتى. [5] بۇ ھەممە پادىشاھلار بىر بولۇپ كېلىپ، ئىسرائىلغا
قارشى سوقۇشماق ئۈچۈن مېروم سۇلىرىنىڭ كانارىدا چېدىر تىكتى.
[6] لېكىن خۇداۋەندە يەشۇئاغا سۆزلەپ: «سەن ئۇلاردىن ھېچ قورقمىغىن، چۈنكى مەن بولسام
ئەتە شۇ ۋاقىت بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن.
ئۇلارنىڭ ئاتلىرى بولسا پەيلىرىنى كېسىپ، ھارۋىلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتكەيسەن» دېدى.
[7] شۇنى ئاڭلاپ، يەشۇئا بىلەن ئۇنىڭ ھەممە جەڭ كىشىلىرى مېروم سۈيىنىڭ بېشىغا بېرىپ،
تۇيۇقسىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. [8] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۇلارنى ئىسرائىلنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ
بەرگەچ، بۇلار ئۇلارنى ئۇرۇپ چوڭ سىدون بىلەن مىسرەپوت-مايىمغىچە قوغلاپ بېرىپ، شەرق
تەرىپىدىكى مىسپاھ ۋادىسىغا سۈرۈپ بېرىپ، ئۇلاردىن ھېچ كىشىنى قويماي ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.
[9] يەشۇئا ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇغىنىدەك ئۇلارغا قىلىپ، ئاتلىرىنىڭ پەيلىرىنى كەستۈرۈپ
ھارۋىلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتتى.
[10] ئەمما ئوخشاش ۋاقىتتا يەشۇئا يېنىپ، خازورنى ئېلىپ ئۇنىڭ پادىشاھىنى قىلىچ بىسى
بىلەن ئۇردى. خازور بولسا ئىلگىرى ھەممە مەملىكەتلەرنىڭ پايتەختى بولغانىدى. [11] ئۇلار
ئۇنىڭ ھەممە ئولتۇرغۇچىلىرىنى قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ، جېنى بار بولغانلارنىڭ ھېچبىرىنى
قويماي يوقىتىپ، يەشۇئا بولسا خازورنىڭ ئۆزىنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىپ، [12] ھەممە باشقا
پايتەخت شەھەرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى قىلىچ بىسى
بىلەن ئۇرۇپ، خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسا بۇيرۇغىنىدەك ئۇلارنى تامامەن يوقىتىۋەتتى.
[13] لېكىن بەنى-ئىسرائىل بولسا يەشۇئا ئۆزى كۆيدۈرۈۋەتكەن خازوردىن باشقا دۆڭلۈكلەردە
ياسالغان شەھەرلەرنىڭ ھېچبىرىنى كۆيدۈرۈۋەتمىدى. [14] شەھەرلەرنىڭ غەنىيمىتى بولسا
ئۇنى بەنى-ئىسرائىل ئۆزى ئولجا قىلىپ ئېلىپ، ئىچىدىكى ھەممە ئادەملەرنى قىلىچ بىسى
بىلەن ئۇرۇپ يوقىتىپ، جېنى بار بولغانلارنىڭ ھېچبىرىنى تىرىك قويمىدى.

## يەشۇئانىڭ قانائان يۇرتىنى ئىگىلىۋېلىشى

[15] خۇداۋەندە ئۆز بەندىسى مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك مۇسامۇ يەشۇئاغا بۇيرۇپ يەشۇئا بولسا
خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا بۇيرۇغىنىدىن ھېچنېمىنى قويماي، شۇنداق قىلدى. [16] بۇ تەرىقىدە
يەشۇئا ئۆزى يۇرتنىڭ ھەممىسىنى، يەنى تاغ يۇرتى بىلەن ھەممە جەنۇب يۇرتىدىكى يۇرتنى،
گوشەن يۇرتى بىلەن پەستىكى يۇرتنى، تۈزلەڭلىك يۇرتى بىلەن ئىسرائىلنىڭ تاغلىق ۋە
پەستىكى يۇرتىنى، [17] خالاق تېغىدىن تارتىپ سېئىر تەرىپىگە چىقىپ، خەرمون تېغىنىڭ
تېگىدىكى لىۋان ۋادىسىدا بولغان بائال-گادقىچە يېيىلغان يۇرتنى ئىگىلىۋېلىپ، ھەممە
پادىشاھلارنى تۇتۇپ ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. [18] شۇنداق قىلىپ يەشۇئا ئۆزى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە بۇ
ھەممە پادىشاھلارغا قارشى جەڭ قىلىپ تۇردى. [19] گىبېئوندا ئولتۇراقلىق خىۋىيلاردىن باشقا
ھېچبىر شەھەر بەنى-ئىسرائىل بىلەن سۈلھى تۈزمای، بەلكى بۇلار ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى
سوقۇشۇۋالدى. [20] چۈنكى ئۇلار رەھىم تاپماي، ھارام قىلىنىپ، خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا
بۇيرۇغاندەك يوقىتىلسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ ئۆز كۆڭۈللىرىنى قاتۇرۇپ، ئىسرائىل بىلەن جەڭ
قىلىشى خۇداۋەندە تەرىپىدىن ئىدى.
[21] ئۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە يەشۇئا كېلىپ، تاغ يۇرتى بىلەن خېبروندا، دېبىر بىلەن ئانابتا،
يەھۇدانىڭ ھەممە تېغى بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە تېغىدا ئاناقىيلارنى يوقىتىۋېتىپ،
ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىنى خاراب قىلدى. [22] شۇنداقكى، بەنى-ئىسرائىلنىڭ يۇرتىدا ئاناقىيلار
ھېچ قويۇلماي، يالغۇز گازا، گات ۋە ئاشدودتا بىرنەچچىسى قالغانىدى.
[23] بۇ تەرىقىدە يەشۇئا خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك ھەممە يۇرتنى ئېلىپ، ئىسرائىلغا
ئۇلارنىڭ پىرقىسى بىلەن قەبىلىلىرىگە قاراپ مىراس قىلىپ بەردى. ئاندىن يۇرت ئۆزى جەڭدىن
ئارام تاپتى.

## ئوتتۇز بىر مەغلۇپ قىلىنغان پادىشاھ

12 [1] بەنى-ئىسرائىل ئۆزى ئىگىلەپ، ئىئوردانىنىڭ ئۇ يېنىدا كۈن چىقىش تەرىپىدە بولۇپ
ئىئوردان جىلغىسىدىن تارتىپ خەرمون تېغىغىچە يېتىدىغان يۇرت بىلەن شەرق
تەرىپىدىكى ھەممە تۈزلەڭلىكتە ئولتۇرۇپ، يۇرتىنى ئېلىپ ئۇرغان پادىشاھلار بۇلار ئىدى.
[2] خېشبوندا ئولتۇرۇپ ئاموريىلارنىڭ پادىشاھى بولغان سىخون بىرىسى ئىدى. ئۇ ئۆزى
ئارنون جىلغىسىنىڭ يېنىدا بولغان ئاروئەر بىلەن ئارنون ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تارتىپ
گىلىيادنىڭ يېرىمىدىن تارتىپ بەنى-ئامموننىڭ چېگرىسى بولغان ياببوق جىلغىسىغىچە
سەلتەنەت قىلىپ، [3] شەرق تەرىپىدە بولسا تۈزلەڭلىك يۇرتىدىن ئۆتۈپ، كىننەرەت دېڭىزى
بىلەن شەرق تەرىپىدىكى بەيتيېشىموتنىڭ يولى تەرىپىدە تۈزلەڭلىك دېڭىزى، يەنى شور
كۆلگە جەنۇب تەرىپىدە بولسا پىسگانىڭ داۋانلىرىنىڭ تۈپىگىچە پادىشاھ ئىدى.

[4] بۇنىڭدىن باشقا بەنى-ئىسرائىل ئۆزى باشان پادىشاھى ئوگنىڭ يۇرتىنى ئالدى. ئۇ ئۆزى
گىگانتلارنىڭ قالغانلىرىنىڭ بىرىسى بولۇپ، ئاشتاروت بىلەن ئەدرەيدە ئولتۇرۇپ، [5] خەرمون
تېغىنىڭ يۇرتى بىلەن سالكا ۋە پارچە باشاننىڭ ئۈستىگە، گەشۇرىي بىلەن مائاكايلارنىڭ
چېگرىسىغىچە سەلتەنەت قىلىپ، خېشبوننىڭ پادىشاھى سىخوننىڭ زېمىنىغا تۇتاش بولغان
گىلىيادنىڭ يەنە يېرىم ھەسسىسىگىمۇ پادىشاھ ئىدى. [6] خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسا بىلەن
بەنى-ئىسرائىل بۇلارنى ئۇرۇپ مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسا ئۆزى
يۇرتنى رۇبەنىيلەر، گادىيلار ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ يېرىمىغا بەرگەنىدى.

[7] يەشۇئا بىلەن بەنى-ئىسرائىل ئۆزى ئىئوردانىنىڭ غەرب تەرىپىدە لىۋان ۋادىسىدىكى بائال-
گادتىن تارتىپ سېئىر تەرىپىگە چىقىدىغان خالاق تېغىغىچە ئۇرۇپ مەغلۇپ قىلغان پادىشاھلار
بولسا يەشۇئا ئۆزى ئۇلارنىڭ يۇرتىنى ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىگە ئۇلارنىڭ پىرقىلىرىگە
مۇۋاپىق مىراس قىلىپ بېرىپ، [8] تاغ يۇرتى بىلەن پەستىكى يۇرتنى، تۈزلەڭلىك بىلەن
داۋانلارنى، چۆل بىلەن جەنۇب يۇرتى، خىتتىي بىلەن ئامورىيلارنىڭ يۇرتىنى، قانائانىي بىلەن
پەرىززىيلەرنىڭ يۇرتىنى، خىۋىي بىلەن يەبۇسىيلارنىڭ يۇرتىنى تەقسىم قىلىپ بەردى. مەزكۇر
پادىشاھلار بۇ يەنى:

[9] يېرىخونىڭ پادىشاھى بىر، بەيتەلنىڭ يېنىدىكى ھاينىڭ پادىشاھى بىر،
[10] يېرۇسالېمنىڭ پادىشاھى بىر، خېبروننىڭ پادىشاھى بىر،
[11] يارمۇتنىڭ پادىشاھى بىر، لاكىشنىڭ پادىشاھى بىر،
[12] ئېگلوننىڭ پادىشاھى بىر، گېزەرنىڭ پادىشاھى بىر،
[13] دېبىرنىڭ پادىشاھى بىر، گېدىرنىڭ پادىشاھى بىر،
[14] خورماھنىڭ پادىشاھى بىر، ئاراد پادىشاھى بىر،
[15] لىبنانىڭ پادىشاھى بىر، ئادۇللامنىڭ پادىشاھى بىر،
[16] ماققېدانىڭ پادىشاھى بىر، بەيتەلنىڭ پادىشاھى بىر،
[17] تاپپۇئاھنىڭ پادىشاھى بىر، خەفەرنىڭ پادىشاھى بىر،
[18] ئافېقنىڭ پادىشاھى بىر، شاروننىڭ پادىشاھى بىر،
[19] مادوننىڭ پادىشاھى بىر، خازورنىڭ پادىشاھى بىر،
[20] شىمرون-مېروننىڭ پادىشاھى بىر، ئاكشافنىڭ پادىشاھى بىر،
[21] تائاناكنىڭ پادىشاھى بىر، مەگىددونىڭ پادىشاھى بىر،
[22] قادېشنىڭ پادىشاھى بىر، كارمەلنىڭ يېنىدىكى يوقنېئامنىڭ پادىشاھى بىر.
[23] دور ئېگىزلىكىدىكى دورنىڭ پادىشاھى بىر، گىلگالدىكى گويىم پادىشاھى بىر،
[24] تىرزانىڭ پادىشاھى بىر، جەمئىي ئوتتۇز بىر پادىشاھى ئىدى.

## خۇداۋەندىنىڭ يەشۇئاغا سۆز قىلىشى

13 [1] ئەمما يەشۇئا قېرىپ ياشانغان كۈنلىرىدە خۇداۋەندە ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «سەن
ئەمدى قېرىپ، ئۆز كۈنلىرىدە ياشاندىڭ. لېكىن سەن ئالىدىغان يۇرتنىڭ تولا چوڭ بىر
ھەسسىسى قېپ قالغان. [2] قېپ قالغان يۇرت بولسا فىلىستىنىيلەرنىڭ ھەممە مۇلكى بىلەن
سۇرىيەلىكلەرنىڭ پۈتۈن يۇرتى بولىدۇ. [3] چۈنكى مىسىرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى شىخوردىن
بېرىپ، شىمال تەرىپىدىكى ئەقرون چېگرىگىچە قانائانىيلارنىڭ يۇرتى سانىلىپ، گازا،
ئاشدود ئاشقېلون، گات ۋە ئەقروندا ئولتۇراقلىق بەش دانە فىلىستىنىي سەردارىغا قارايدىغان
يۇرتلار بىلەن ئاۋۋىيلارنىڭ مۈلكى، [4] جەنۇب تەرىپىدىكى قانائانىيلارنىڭ پۈتۈن يۇرتى بىلەن
سىدونىيلارغا تەۋە بولغان مېئارادىن تارتىپ ئافېق بىلەن ئامورىيلارنىڭ چېگرىسىغىچە،
[5] گىبلىيلارنىڭ يۇرتى بىلەن شەرق تەرىپىدە بولۇپ خەرمون تېغىنىڭ تۈپىدىكى بائال-گادتىن
تارتىپ خاماتقىچە لىۋان يۇرتىنىڭ ھەممىسى قانائان يۇرتىغا كىرىدۇ. [6] لىۋاندىن تارتىپ
مىسرەپوت-مايىمغىچە تاغلاردا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن سىدونىيلارنىڭ ھەممىسى
بولسا مەن ئۇلارنى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن چىقىرىۋېتىمەن، لېكىن سەن مەن ساڭا
بۇيرۇغاندەك ئۆزۈڭ بۇنى چەك تاشلاپ ئىسرائىلىيلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگىن.

## رۇبەن، گاد ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىنىڭ مىراس زېمىنلىرى

[7] سەن ئەمدى بۇ يۇرتنى توققۇز قەبىلە بىلەن ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىگە مىراس قىلىپ
ئۈلەشتۈرۈپ بەرگىن. [8] رۇبەنىيلەر بىلەن گادىيلار ماناسسە بىلەن قوشۇلۇپ ئىئوردانىنىڭ ئۇ
قېتى شەرق تەرىپىدە مۇسانىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئۆز مىراسى تېپىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى
مۇسانىڭ ئۇلارغا بەرگىنىدەك قولىغا ئالغانىدى، [9] يەنى ئارنون جىلغىسىنىڭ كانارىدىكى
ئاروئەر ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەھەر ۋە مەدىبا تۈزلەڭلىكىدىن تارتىپ دىبونغىچە،
[10] ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ خېشبوندا سەلتەنەت قىلغان سىخوننىڭ ھەممە شەھەرلىرى
بەنى-ئاموننىڭ چېگرىسىغىچە، [11] گىلياد بىلەن گەشۇرىي ۋە مائاكايلارنىڭ يۇرتى، خەرمون
تېغىنىڭ ھەممىسى باشاننىڭ پۈتۈن يۇرتى سالكاغىچە، [12] گىگانتلارنىڭ قالغان نەسلىدىن
بولۇپ ئاشتاروت بىلەن ئەدرەيدە سەلتەنەت قىلىپ باشاندا ئولتۇرغان ئوگنىڭ پارچە يۇرتى
بولسا مەزكۇر قەبىلىلەرگە تەگدى. چۈنكى بۇ يۇرتنىڭ خەلقى بولسا مۇسا ئۇلارنى ئۇرۇپ
چىقىرىۋەتكەنىدى. [13] لېكىن گەشۇرىي بىلەن مائاكايلار بولسا بەنى-ئىسرائىل ئۇلارنى
چىقىرىۋەتمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن گەشۇرىي بىلەن مائاكايلار بۇ كۈنگىچە ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا
ئولتۇرماقتا. [14] ئەمما لاۋىي قەبىلىسى بولسا خۇداۋەندە تەرىپىدىن مۇساغا ئېيتىلغىنىدەك
ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۆزى ئۇنىڭ مىراس ھەسسىسى بولغاچ ئۇنىڭغا ھېچ
مىراس بېرىلمىگەنىدى.

15 ئەمما مۇسا ئۆزى بەنى-رۇبەننىڭ قەبىلىسىگە ئۇلارنىڭ نەسىللىرىگە قاراپ يۇرت بەردى.
16 شۇنداقكى، ئۇلارنىڭ يۇرتى بولسا ئارنون جىلغىسىنىڭ يېنىدىكى ئاروئەر بىلەن ۋادىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى شەھەردىن تارتىپ ئۆزىتىلىپ، مەدىبادىكى پارچە تۈزلەڭلىكتىن ئۆتۈپ،
17 خېشبون بىلەن ئۇنىڭ تۈزلەڭلىكتە بولغان تەۋە شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسى، دىبون باموت-
بائال ۋە بەيت-بائال-مېئون، 18 ياھسا، قادېموت ۋە مېفائات، 19 قىرياتايىم، سىبما ۋە ۋادىنىڭ
تېغىدىكى زېرەت-شاخار، 20 بەيت-پېئور، پىسگانىڭ داۋانلىرى ۋە بەيتيېشىموتتىن ئۆتۈپ
بېرىپ، 21 تۈزلەڭلىكتىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن يېيىلىپ، خېشبوندا سەلتەنەت قىلىپ
ئاموريلارنىڭ پادىشاھى بولغان سىخوننىڭ پارچە يۇرتىمۇ ئىچىگە كىردى. بۇ پادىشاھنىڭ
ئۆزى بىلەن ئۇ يۇرتتا ئولتۇرۇپ سىخوننىڭ تەۋە ئەمىرلىرى بولۇپ، ئېۋى، رېقەم، تىر، خۇر ۋە
رېبا دېگەن مىديان ئەمىرلىرى بولسا مۇسادىن شىكەستە يېگەنىدى. 22 پالچى بولغان بىلئام
بەن-بېئور بولسا ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن باشقا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىمۇ بەنى-ئىسرائىل قىلىچ بىلەن
ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. 23 بەنى-رۇبەننىڭ چېگرىسى بولسا ئىئوردان ئۆزى ئىدى. بۇ يۇرت بولسا
بەنى-رۇبەننىڭ مىراسى بولۇپ، شەھەر بىلەن كەنتلىرى ئۆزى ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق
بېرىلدى.
24 مۇسا ئۆزى گادنىڭ قەبىلىسى يەنى بەنى-گادقا ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق مىراس
بەردى. 25 ئۇلارنىڭ يۇرتى بولسا يازەر بىلەن گىلىياد شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۆتۈپ بەنى-
ئاممون يۇرتىنىڭ يېرىمى، راببانىڭ ئالدىدىكى ئاروئەرگىچە يېتىپ، 26 خېشبوندىن تارتىپ
رامات-مىسپاھ بىلەن بېتونىمغىچە بېرىپ ماخانائىمدىن تارتىپ دېبىرنىڭ چېگرىسىغىچە
تۇتىشىپ، 27 ۋادىدىكى بەيت-ھارام بىلەن بەيت-نىمرا، سۇككوت بىلەن زافون، يەنى خېشبون
پادىشاھى سىخوننىڭ يۇرتىنىڭ قالغان ھەسسىسى قوشۇلۇپ، چېگرىسى بولغان ئىئوردانىنى
ياقىلاپ ئىئوردانىنىڭ ئۇ قېتى شەرق تەرىپىدىكى كىننەرەت دېڭىزىنىڭ ئۇ بېشىغىچە يېتىپ
باردى. 28 بۇ يۇرت بولسا بەنى-گادنىڭ مىراسى بولۇپ، شەھەر بىلەن كەنتلىرى ئۆزى ئۇلارنىڭ
خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق بېرىلدى.
29 مۇسا ئۆزى ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىگىمۇ مىراس بەردى، شۇنداقكى، بەنى-ماناسسەنىڭ
يېرىم قەبىلىسى ئۆز خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق تاپتى. 30 ئۇلارنىڭ يۇرتى بولسا ماخانائىمدىن
تارتىپ باشاننىڭ ھەممىسى بىلەن باشاننىڭ پادىشاھى بولغان ئوگنىڭ پارچە يۇرتىدىن
ئۆتۈپ، ھەممىسىنىڭ سانى ئاتمىش بولۇپ، يائىرنىڭ كەنت شەھەرلىرى بولسا ئىچىگە
كىرىپ، 31 گىلىيادنىڭ يېرىمى بىلەن ئاشتاروت، باشان پادىشاھى ئوگنىڭ مەملىكىتىدىكى
ئەدرەي شەھىرى ماناسسەنىڭ ئوغلى ماكىرنىڭ ئەۋلادىغا بېرىلىپ، بەنى-ماكىرنىڭ يېرىمى ئۆز
خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق مىراس تاپتى. 32 مۇسا ئۆزى موئابنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە يېرىخونىڭ
يېنىدىكى ئىئوردانىنىڭ ئۇ قېشى شەرق تەرىپىدە ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن ھەسسىلەر بۇلار ئىدى.
33 ئەمما لاۋىي قەبىلىسى بولسا خۇداۋەندە تەرىپىدىن ئۇلارغا ئېيتىلغىنىدەك ئىسرائىلنىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۆزى ئۇلارنىڭ مىراس ھەسسىسى بولغاچ، مۇسا ئۇلارغا ھېچ مىراس بەرمىدى.

## ئىئوردا ننىڭ غەرب تەرىپىدىكى زېمىننىڭ ئۈلەشتۈرۈلۈشى

14 [1] ئېلىئازار كاھىن بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا ۋە بەنى-ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ
ئىچىدە خانىدانلارنىڭ باشلىرى بولغان كىشىلەر ئۆزى قانائاننىڭ يۇرتىدا بەنى-
ئىسرائىلغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن بۇ مىراس ھەسسىلىرى بولسا [2] خۇداۋەندە ئۆزى توققۇز يېرىم
قەبىلى توغرىسىدا مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇيرۇغاندەك ھەربىرىنىڭ ھەسسىسى ئۆزى
چەك تاشلاش بىلەن ئۈلەشتۈرۈلۈپ بېرىلدى. [3] قالغان ئىككى قەبىلە بىلەن ماناسسەنىڭ
يېرىم قەبىلىسى بولسا مۇسانىڭ قولىدىن ئىئوردا ننىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۆز مىراس ھەسسىنى
تاپقانىدى، لېكىن لاۋىيلارنىڭ ئۆزىگە ئۈلارنىڭ ئارىسىدا مىراس بەرمىگەنىدى. [4] چۈنكى بەنى-
يۇسۇپنىڭ ماناسسە بىلەن ئەفرائىم دەپ ئىككى قەبىلىسى بار ئىدى. لاۋىيلار بولسا ئۇلارغا ئۆزى
ئولتۇرغان شەھەرلەر بىلەن چارۋا ماللىرىنى باقىدىغان يايلاق بىلەن مال-جابدۇقلىرىدىن باشقا
ئۇ يۇرتتا مىراس بەرمىگەنىدى. [5] بەنى-ئىسرائىل بولسا خۇداۋەندىنىڭ مۇساغا بۇيرۇغىنىدەك
قىلىپ، يۇرتنى ئۈلىشىۋالدى.
[6] ئەمما بەنى-يەھۇدا گىلگالغا يەشۇئانىڭ قېشىغا كەلسە، قېنازىي يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالەب
ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «خۇداۋەندىنىڭ ئۆزى ئۆز ئادىمى مۇساغا مەن بىلەن سەن توغرۇلۇق
قادېش-بارنېئادا نېمە ئېيتقىنىنى بىلىسەن ئەمەسمۇ؟ [7] خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسا
ئۆزى قىرىق ياشتا ئىكەنلىكىمدە مېنى قادېش-بارنېئادىن بۇ يۇرتقا جاسۇسلۇق قىلغىلى
ئەۋەتسە، كۆڭلۈمدە بار خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بەردىم. [8] ئەمما مەن بىلەن چىققان
بۇرادەرلەر بولسا قوۋمىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىۋەتتى. لېكىن مەن بولسام ھەر ئىشتا
تەڭرىم خۇداۋەندىگە ئىتائەت قىلىپ تۇرغان ئىدىم. [9] ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇسا ئۆزى ئۇ كۈندە
قەسەم قىلىپ: ‹ سەن ئۆزۈڭ ھەر ئىشتا تەڭرىم خۇداۋەندىگە ئىتائەت قىلىپ تۇرغىنىڭ
ئۈچۈن، شەكسىز سېنىڭ پۇتۇڭ تەگكەن يۇرت ئۆزى ئەبەدكىچە سەن بىلەن نەسلىڭ مىراسى
بولسۇن› دېگەنىدى.
[10] مانا ئەمدى خۇداۋەندە ئۆزى مۇساغا سۆزلىگەندىن كېيىن، بەنى-ئىسرائىل چۆلدە
ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن قىرىق بەش يىل داۋامىدا ئۆزى ئېيتقىنىدەك مېنى تىرىك ساقلىدى.
مانا مەن ھېلى بۇ كۈن سەكسەن بەش ياشقا كىرگەنمەن. [11] ھېلىمۇ مەن بولسام مۇسا
مېنى ئەۋەتكىنىدىكىدەك كۈچلۈك بولۇپ، ھېلىمۇ جەڭ قىلىش بولسا ۋە يا بىر يەرگە
بېرىش-كېلىش بولسا بالدۇرقىدەك قۇۋۋىتىم باردۇر. [12] ئەمدى سەن بولساڭ خۇداۋەندە
ئۇ كۈندە توغرىسىدا سۆزلىگەن بۇ تاغ يۇرتىنى ماڭا بەرگىن. سەن ئۆزۈڭ ئاناقىيلارنىڭ
ئاندا ئولتۇرۇپ، شەھەرلىرىنىڭ چوڭ-چوڭ بولۇپ مەھكەم بولۇشىنى ئۇ كۈندە ئاڭلىدىڭ
ئەمەسمۇ؟ خۇداۋەندە مەن بىلەن بولۇپ، خۇداۋەندە ئېيتقىنىدەك مەن ئۇلارنى چىقىرىۋەتسەم
كېرەك» دېدى.
[13] شۇنى ئاڭلاپ يەشۇئا ئۆزى يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالەبنى مۇبارەكلەپ، خېبروننى ئۇنىڭغا
مىراس قىلىپ بەردى. [14] بۇنىڭ ئۈچۈن خېبرون بولسا بۇ كۈنگىچە قېنازىي يەفۇننەنىڭ

ئوغلى كالەبنىڭ مىراسى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى ھەر ئىشتا ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندىگە ئىتائەت قىلغانىدى. 15 لېكىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتا خېبرون ئۆزى قىريات-ئاربا
دەپ ئاتالغانىدى. چۈنكى ئاربا دېگەن ئادەم ئاناقىيلارنىڭ ئارىسىدا ھەممىدىن چوڭ بىر
كىشى ئىدى. بۇ تەرىقىدە يۇرت ئۆزى جەڭدىن ئارام تاپتى.

## يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ مىراس زېمىنى

15 1 ئەمما بەنى-يەھۇدا قەبىلىسىنىڭ مىراسى بولسا خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق چەك بىلەن
تايىن قىلىنىپ، ھەسسىسى ئېدومنىڭ چېگرىسىغا تۇتىشىپ، جەنۇب تەرىپىنىڭ
تۇگەر ئۇچىدىكى زىن چۆلىگە يېتىشكەنىدى. 2 جەنۇب چېگرىسى بولسا شور دېڭىزنىڭ
كانارىدىكى جەنۇب تەرىپىگە قاراقلىق كۆرپەزدىن باشلاپ، 3 ‹ سېرىق ئېشەك› داۋىنىنىڭ
جەنۇب تەرىپى بىلەن چىقىپ، زىن بىلەن ئۆتۈپ، قادىش-بارنېئانىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئۆتۈپ،
خەزروننى ياقىلاپ، ئادارغا چىقىپ كاركا تەرىپىگە قايرىلىپ، 4 ئاسمون بىلەن ئۆتۈپ،
مىسىرنىڭ جىلغىسىغا چىقىپ، ئۇچى دېڭىزگە بېرىپ تۈگىدى. ئۇ ئۆزى: «بۇ سىلەرنىڭ
جەنۇبىي چېگرىڭلار بولسۇن» دېگەنىدى.
5 شەرق تەرىپىدىكى چېگرىسى بولسا ئىئوردان دەرياسى قۇيۇلىدىغان جايغىچە شور دېڭىز
بولۇپ شىمال تەرىپىدىكى چېگرىسى ئۆزى دېڭىزنىڭ ئىئوردان قۇيۇلىدىغان كۆرپەزدىن
باشلاپ، 6 ئاندىن بەيت-خوگلاغا بېرىپ، بەيت-ئارابانىڭ شىمال تەرىپىدىن ئۆتۈپ، رۇبەن
ئوغلى بوھاننىڭ تېشىغا چىقىپ، 7 ئاندىن ئاكور ۋادىسى بىلەن ئۆتۈپ دېبىرغا چىقىپ،
ئۇ يەردىن شىمال تەرىپىگە بېقىپ جىلغىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئادۇمىم داۋىنىنىڭ
ئۇتتۇرىدىكى گىلگالغا يېتىپ بېرىپ، ئاندىن شەمەش بۇلىقىنىڭ سۇلىرىدىن ئۆتۈپ روگېل
بۇلىقىغا ئۇسۇپ، 8 ئۇ يەردىن بەن-ھىننوم جىلغىسى بىلەن مېڭىپ، يەبۇس ئېگىزلىكى يەنى
يېرۇسالېمنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ھىننوم ۋادىسىنىڭ ئۇتتۇرىدا غەرب تەرىپىدە
بولۇپ رېفائىم ۋادىسىنىڭ شىمال تەرىپىنىڭ تۈگەر ئۇچىدىكى تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ،
9 بۇ تاغنىڭ چوققىسىدىن نېفتوئاھ سۈيىنىڭ بۇلىقىغا بېرىپ، ئاندىن ئەفرون تېغىنىڭ
شەھەرلىرىنىڭ يېنى بىلەن چىقىپ، ئۇ يەردىن قىريات-يېئارىم دەپ ئاتالغان بائالاغىچە يېتىپ
بېرىپ، 10 بائالادىن ئۆتۈپ غەرب تەرىپىگە قايرىلىپ، سېئىر تېغىغا بېرىپ كېسالون دەپ
ئاتالغان يېئارىم تېغىنىڭ شىمال تەرىپىدىن ئۆتۈپ بەيت-شەمەشكە چۈشۈپ، تىمناھتىن
ئۆتۈپ، 11 شىمالغا قاراپ ئەقروننىڭ يېنى بىلەن چىقىپ، شىكروندىن ئۆتۈپ بائالا تېغىنىڭ
يېنى بىلەن بېرىپ، يابنەئەلگە ئۇلىشىپ چىقىپ، ئۇچى دېڭىزغا تاقاشقانىدى.
12 غەرپ تەرىپىدىكى چېگرىسى بولسا چوڭ دېڭىزنىڭ كانارى ئىدى. بەنى-يەھۇدا بولسا
ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق توختىتىلغان تۆت تەرىپىدىكى چېگرىلىرى ئۆزى شۇ ئىدى.

13 لېكىن خۇداۋەندىنىڭ يەشۇئاغا بەرگەن بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالەبكە
بەنى-يەھۇدانىڭ ئارىسىدا تايىن بىر ھەسسە بېرىلىپ، ئاناقنىڭ ئاتىسى ئاربانىڭ خېبرون
دېگەن شەھىرى ئاتا قىلىندى. 14 كالەب بولسا ئاناقنىڭ ئەۋلادىنى ئاندىن چىقىرىۋېتىپ،
ئاناقنىڭ شېشاي، ئاخىمان ۋە تالماي دېگەن شۇ ئۈچ ئوغلىنى ھەيدىۋەتتى. 15 ئاندىن ئۇ
ئۆزى دېبىرنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىغا قارشى چىقتى. دېبىر ئۆزى قەدىمكى زاماندا قىريات-سېفەر
دەپ ئاتالغانىدى. 16 كالەب ئۆزى: «كىمكى قىريات-سېفەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئالسا،
ئۇنىڭ ئۆزىگە قىزىم ئاكسانى خوتۇنلۇققا بېرىمەن» دېدى. 17 كالەبنىڭ بۇرادىرى قېنازنىڭ
ئوغلى ئوتنىيەل ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ ئالسا، كالەب ئۆزى ئۇنىڭغا قىزى ئاكسانى خوتۇنلۇققا
بەردى. 18 ئۇ خوتۇن ئۇنىڭ قېشىغا بارغاندا: «ئاتامدىن بىر پارچە يەر تىلىگىن» دەپ ئېرىنى
قىزىقتۇرۇپ تۇرۇپ، ئېشەكتىن ئىتتىك چۈشسە، كالەب ئۇنىڭدىن: «ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ
سورىدى. 19 ئۇ جاۋاب بېرىپ: «سەن ماڭا جەنۇب تەرىپىدىكى قۇرۇق يەرنى بەرگەندىن كېيىن
ماڭا بىرنەچچە سۇ بۇلاقلىرىنىمۇ بېرىپ، مېنى بەرىكەتلىگىن» دېدى. شۇنى دېسە، ئۇ ئۇنىڭغا
ئۈستۈن بۇلاق بىلەن ئاستىن بۇلاقلارنى بەردى.
20 بەنى-يەھۇدا قەبىلىسى بولسا ئۇلارنىڭ خاندانلىرىغا مۇۋاپىق تەگكەن مىراس ھەسسىسى
شۇدۇر.

21 ئېدوم چېگرىسىنىڭ تەرىپىدە جەنۇبقا بېقىشلىق بەنى-يەھۇدانىڭ ئاخىرقى شەھەرلىرى
بۇ، يەنى قابسەئەل، ئېدەر، ياگۇر، 22 كىنا، دىمونا، ئادادا، 23 قادېش، خازور، يىتنان، 24 زىف،
تېلەم، بېئالوت، 25 خازور-خەداتا، قىريوت، خەزرون، يەنى خازور، 26 ئامام، شەما، مولادا،
27 خازار-گاددا، خېشمون، بەيت-پېلەت، 28 خازار-شۇئال، بەرشېبا، بىزيوتيا، 29 بائالا، ئىيىم،
ئېسەم، 30 ئەلتولاد، كېسىل، خورماھ، 31 زىقلاغ، مادماننا، سانساننا، 32 لېبائوت، شىلخىم،
ئايىن، رىممون بولۇپ جەمئىي يىگىرمە توققۇز شەھەر چىقىپ، تەئەللۇق كەنتلىرىمۇ بار ئىدى.
33 پەستتىكى شەھەرلەر بۇ، يەنى ئەشتائول، زورا، ئاشناھ، 34 زانوئاھ، ئەن-گاننىم، تاپپۇئاھ،
ئەنام، 35 يارمۇت، ئادۇللام، سوكوھ، ئازېقا، 36 شائارايىم، ئادىتايىم، گەدەرا ۋە گەدەروتايىم
بولۇپ، جەمئىي ئون تۆت شەھەر چىقىپ تەئەللۇق كەنتلىرىمۇ بار ئىدى.
37 بۇنىڭدىن باشقا زېنان، خاداشا، مىگدەل-خاد، 38 دىلېئان، مىسپاھ، يوقتەئەل، 39 لاكىش،
بوزقات، ئېگلون، 40 كاببون، لاخمام، كىتلىش 41 گېدېروت، بەيت-داگون، نائەما، ماققېدا
بولۇپ جەمئىي ئون ئالتە شەھەر چىقىپ، تەئەللۇق كەنتلىرىمۇ بار ئىدى.
42 بۇنىڭدىن باشقا لىبنا، ئېتەر، ئاشان، 43 يىپتاھ، ئاشناھ، نېزىب، 44 قېئىلا، ئاكزىب ۋە
مارەشا بولۇپ جەمئىي توققۇز شەھەر چىقىپ تەئەللۇق كەنتلىرىمۇ بولۇپ،
45 ئەقرون بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە شەھەر ۋە كەنتلىرى، 46 ئەقرون تارتىپ دېڭىزغىچە ئاشدودنىڭ
يېنىدا بولغان ھەممە شەھەرلەر بىلەن كەنتلىرى قوشۇلۇپ، 47 ئاشدود ۋە ئۆزىگە تەۋە شەھەر
ۋە كەنتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، گازامۇ ۋە ئۆزىگە تەۋە شەھەر ۋە كەنتلىرى بىلەن قېتىلىپ،

مىسىر جىلغىسى بىلەن چوڭ دېڭىزنىڭ كانارىغىچە يېتىپ بېرىپ ئېچىگە كىردى.
[48] تاغ يۇرتىدىكى شەھەرلەر بۇ، يەنى شامىر، ياتتىر، سوكوھ، [49] دانە، قىريات-سەنە، يەنى
دېبىر، [50] ئاناب، ئەشتەموئا، ئانىم، [51] گوشەن، خولون ۋە گىلو بولۇپ، جەمئىي ئون بىر
شەھەر چىقىپ، تەئەللۇق كەنتلىرىمۇ بار ئىدى.
[52] بۇنىڭدىن باشقا ئاراب، دۇما، ئېشان، [53] يانىم، بەيت-تاپپۇئاھ، ئاپېقا، [54] خۇمتا، قىريات-
ئاربا، يەنى خېبرون، ۋە زىيور بولۇپ، جەمئىي توققۇز شەھەر چىقىپ تەئەللۇق كەنتلىرىمۇ بار
ئىدى.
[55] بۇنىڭدىن باشقا مائون، كارمەل، زىف، يۇتتا، [56] يىزرەئەل يوقدېئام، زانوئاھ، [57] قايىن،
گىبېيا ۋە تىمناھ بولۇپ، جەمئىي ئون شەھەر چىقىپ تەئەللۇق كەنتلىرىمۇ بار ئىدى.
[58] بۇنىڭدىن باشقا خالخۇل، بەيت-زۇر، گەدور، [59] مائارات، بەيت-ئانوت ۋە ئەلتەكون بولۇپ،
جەمئىي ئالتە شەھەر چىقىپ تەئەللۇق كەنتلىرىمۇ بار ئىدى.
[60] بۇنىڭدىن باشقا قىريات-بائال، يەنى قىريات-يېئارىم، ۋە راببا دېگەن ئىككى شەھەر بولۇپ
تەئەللۇق كەنتلىرىمۇ بار ئىدى. [61] چۆلدىكى شەھەرلەر بۇ، يەنى بەيت-ئارابا، مىددىن، سېكاكا،
[62] نىبشان، تۇز شەھىرى ۋە ئەنگىدى بولۇپ جەمئىي ئالتە شەھەر چىقىپ تەئەللۇق كەنتلىرىمۇ
بار ئىدى.
[63] لېكىن يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلىق يەبۇسىيلار بولسا بەنى-يەھۇدا ئۇلارنى چىقىرىۋەتەلمىگەچ،
بۇ كۈنگىچە يەبۇسىيلار ئۆزى بەنى-يەھۇدا بىلەن بىللە يېرۇسالېمدا ئولتۇرماقتا.

## يۈسۈپنىڭ ئوغۇللىرى ماناسسە بىلەن ئەفرائىمنىڭ مىراس زېمىنى

16 [1] ئە مما بەنى-يۈسۈپ بولسا ئۇلارغا چەك مۇنداق چىقتىكى، يېرىخو ئىئوردانىدىن
تارتىپ شەرق تەرىپىگە يېرىخونىڭ سۇلىرىغا بېرىپ بەيتەلنىڭ تاغلىرىنىڭ تەرىپىگە
چىقىدىغان يۇرت ئۇلارغا تەگدى. [2] بەيتەلدىن تارتىپ چېگرىسى ئۆزى لۇزغا بېرىپ، ئاركىيلارنىڭ
زېمىنىغا ئۆتۈپ ئاتاروتقا يېتىشىپ، [3] ئاندىن غەرب تەرىپىگە بېرىپ، يافلەتىيلەرنىڭ زېمىنىدىن
ئۆتۈپ، ئاستىن بەيت-خورونىنىڭ يۇرتىغا چۈشۈپ، گېزەرگىچە بېرىپ، ئۇچى دېڭىزغا تۇگىدى.

[4] بەنى-يۈسۈپ يەنى ماناسسە بىلەن ئەفرائىمغا تەگكەن مىراس ھەسسىسى شۇ ئىدى.
[5] بەنى-ئەفرائىم بولسا ئۆز خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق تاپقان چېگرىلىرى شۇ ئىدىكى، ئۇلارنىڭ
مىراس ھەسسىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چېگرىسى بولسا ئاتاروت-ئاددارىدىن تارتىپ ئۈستۈن
بەيت-خورونغىچە يېتىشىپ، [6] ئاندىن ئۇچى دېڭىزغا بېرىپ، شىمالغا قاراپ مىكمەتاتقا
چىقىپ، شەرق تەرىپىدىكى تائانات-شىلوھقا قايرىلىپ، ئاندىن يانوئاھنىڭ شەرق تەرىپىگە
ئۆتۈپ، [7] يانوئاھتىن چۈشۈپ، ئاتاروت بىلەن نائاراتتىن ئۆتۈپ يېرىخوغا يېتىپ، ئىئوردانغا

چىقتى. 8 غەربتە چېگرا ئۆزى تاپپۇئاھتىن چىقىپ، قانا جىلغىسىغا بېرىپ، ئۇچى دېڭىزغا
يېتىپ تۈگىدى. بەنى-ئەفرائىمنىڭ قەبىلىسى بولسا ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق تەگكەن
مىراس ھەسسىسى شۇ ئىدى.
9 بۇنىڭدىن باشقا بەنى-ئەفرائىم ئۈچۈن بەنى-ماناسسەنىڭ مىراسىدىن شەھەرلەر ئايرىلىپ،
بۇ ئايرىلغان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى كەنتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلدى. 10 ئەمما ئۇلار ئۆزى
گېزەردە ئولتۇراقلىق قانائانىيلارنى چىقىرىۋەتمىگەچ، قانائانىيلار بولسا بۇ كۈنگىچە بەنى-
ئەفرائىمنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ قېلىپ، ئالۋان بېرىدىغان خىزمەتكارلار بولۇپ تۇرماقتا.

17 1 ماناسسە ئۆزى يۈسۈپنىڭ تۇنجى ئوغلى بولغاچ ئۇنىڭ قەبىلىسىگىمۇ مىراس
بېرىلىپ گىلئادنىڭ ئاتىسى بولۇپ ماناسسەنىڭ تۇنجى ئوغلى بولغان ماكىر بولسا
جەڭگىۋار پالۋان بولغاچ، گىلئاد بىلەن باشاننى مىراس ئالدى.
2 ماناسسەنىڭ قالغان ئوغۇللىرى بولسا ئۇلار ئۆزى خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق مىراس
ھەسسىسىنى تاپتى. شۇنداقكى، بەنى-ئابىئېزەر بىلەن بەنى-خېلەككە، بەنى-ئاسرىيەل بىلەن
بەنى-شېكەمگە، بەنى-خەفەر بىلەن بەنى-شەمىداغا مىراس تەگدى. بۇلار بولسا يۈسۈپنىڭ
ئوغلى ماناسسەنىڭ ئوغۇل ئەۋلاد قەبىلىلىرى ئىدى.
3 لېكىن زېلوفخاد بەن-خەفەر بەن-گىلئاد بەن-ماكىر بەن-ماناسسە بولسا ئۇنىڭ ئوغۇللىرى
بولماي، يالغۇز قىزلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىسىملىرى شۇ، يەنى ماخلا، نوئا، خوگلا، مىلكا ۋە
تىرزا ئىدى. 4 بۇ خوتۇنلار ئۆزى ئېلىئازار كاھىن بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا ۋە سەردارلارنىڭ
قېشىغا بېرىپ: «خۇداۋەندە مۇساغا بىزنىڭ توغرىمىزدا: ‹ ئۇلارغا بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدا
مىراس بەرگىن› دەپ بۇيرۇغانىدى» دېدى. شۇنى دېسە، ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا قاراپ
ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدا مىراس بەردى.
5 بۇنىڭ بىلەن ماناسسەگە تېگىدىغان مىراس ھەسسىلىرى بولسا ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى
گىلئاد بىلەن باشاندىن باشقا ئون ھەسسە ئىدى. 6 چۈنكى ماناسسەنىڭ قىزلىرى ئۇنىڭ
ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدا مىراس تاپقانىدى. لېكىن گىلئادنىڭ يۇرتى ئۆزى ماناسسەنىڭ
قالغان بالىلىرىغا تەگكەنىدى.

7 ئەمما ماناسسەنىڭ توختىتىلغان چېگرىسى بولسا ئاشەردىن تارتىپ شەكەمنىڭ ئۇتتۇرىدىكى
مىكمەتاتقا بېرىپ، ئاندىن ئوڭ تەرىپىگە قايرىلىپ ئەن-تاپپۇئاھنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىغا
يېتىشكەنىدى. 8 چۈنكى تاپپۇئاھنىڭ يۇرتى بولسا ماناسسەگە تەگكەنىدى. لېكىن
ماناسسەنىڭ چېگرىسىدىكى تاپپۇئاھ شەھىرى ئۆزى ئەفرائىمغا بېرىلگەنىدى. 9 ئۇ يەردىن
چېگرا ئۆزى قانا جىلغىسىغا چۈشۈپ، جىلغىنىڭ جەنۇب تەرىپى بىلەن چىقتى. لېكىن ئانداكى
شەھەرلەر ماناسسەنىڭ شەھەرلىرىنىڭ ئارىسىدا بولسىمۇ، ئەفرائىمغا تەگدى. ئۇ يەردىن

چېگرا ئۆزى جىلغىنىڭ شىمال تەرىپى بىلەن بېرىپ، دېڭىزغا يېتىپ تۈگىدى. [10] جىلغىنىڭ
جەنۇب تەرىپىدىكى يۇرت بولسا ئەفرائىمغا تەگدى. لېكىن ئۇنىڭ شىمال تەرىپىدىكى يۇرت
ئۆزى ماناسسەگە بېرىلدى. غەرب تەرىپىنىڭ چېگرىسى بولسا دېڭىز بولۇپ، شىمال تەرىپى
بولسا ئاشەرنىڭ ھەسسىسىگە يېتىشىپ، شەرق تەرىپى ئۆزى ئىسساكارنىڭ ھەسسىسىگە
تۇتاشقانىدى. [11] ئىسساكار بىلەن ئاشەرنىڭ ھەسسىسىدە ماناسسەنىڭ ئۆزىگە بەيت-شېئان
بىلەن كەنتلىرى، يىبلېئام بىلەن كەنتلىرى، دورنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى بىلەن كەنتلىرى،
ئەندورنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى بىلەن كەنتلىرى، تائاناكنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى بىلەن كەنتلىرى،
مەگىددونىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى بىلەن ئۈچ ئېگىز يۇرت دېگەن كەنتلىرى تەگدى. [12] لېكىن
بەنى-ماناسسە بۇ شەھەرلەرنى ئالالماي، بەلكى قانائانىيلار يۇرتتا تۇرۇپ قالدى. [13] بەنى-
ئىسرائىل بارغانسېرى كۈچ تاپسىمۇ، قانائانىيلارنى چىقارماي، بەلكى ئۇلاردىن باج-ئالۋان
ئالاتتى. [14] ئەمما بەنى-يۇسۇپ بولسا يەشۇئاغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: «بىز ئۆزىمىز خۇداۋەندە
بەرىكەتلىگەن چوڭ بىر قوۋم بولساق، سەن چەك تاشلاپ نېمىشقا بىزگە يالغۇز بىر ھەسسە
بەردىڭ؟» [15] شۇنى دېسە، يەشۇئا ئۆزى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر سىلەر چوڭ قوۋم بولۇپ،
ئەفرائىمنىڭ تاغ يۇرتى سىلەرگە تار كەلگەن بولسا، جاڭگىللىغا بېرىپ، ئانداكى پەرىززىي
بىلەن رېفائىيلارنىڭ يۇرتىدا دەرەخلەر كېسىپ، ئۆزۈڭلارغا جاي چىقارمايسىلەرمۇ؟» دېدى.
[16] لېكىن بەنى-يۇسۇپ ئېيتتىكى: «تاغ يۇرتىدا بىزگە يەتكۈدەك جاي تېپىلمايدۇ. ئانداكى
ئولتۇرغۇچىلار، خاھى پەستىكى يۇرتتا ئولتۇراقلىق قانائانىيلار بولسۇن، خاھى بەيت-شېئان
بىلەن ئۇنىڭ كەنتلىرىدە ئولتۇرغۇچىلار بولسۇن، خاھى يىزرەئەلنىڭ ۋادىسىدا ئولتۇرغۇچىلار
بولسۇن، ھەممىسىنىڭ تۆمۈردىن جەڭ ھارۋىلىرى بار ئىكەن. [17] شۇنى دېسە، يەشۇئا ئۆزى
يۇسۇپنىڭ خانىدانى بولغان ئەفرائىم بىلەن ماناسسەگە ئېيتتىكى: «سىلەر چوڭ قوۋم بولۇپ
كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار زىيادە بولغاچ، سىلەرگە يالغۇز بىر ھەسسە تەگمەي، [18] بەلكى بىر جاڭگىللىق بار
تاغ يۇرتىمۇ سىلەرگە بېرىلىپ، سىلەر بولساڭلار ئۇنىڭدا دەرەخلەر كېسىپ، ئۆزۈڭلارغا جاي
چىقىرىپ، ئۆپچۆرىلىرىغىمۇ ئىگە بولۇپ قانائانىيلارنىڭ تۆمۈر ھارۋىلىرى بولۇپ ئۆزى
كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇلارنى ھەيدىۋېتىسىلەر» دېدى.

## شىلوھتا جامائەتنىڭ يىغىلىشى

18 [1] ئەمما بەنى-ئىسرائىلنىڭ بارچە جامائىتى بولسا يۇرت ئۆزى ئۇلارغا تەۋە بولغاچ
شىلوھتا يىغىلىپ، ئاندا جامائەت چېدىرىنى تىكىپ قويدى. [2] لېكىن بەنى-
ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا ئۆز مىراس ھەسسىسىنى تاپمىغان يەتتە قەبىلە قالغانىدى.
[3] ئۇنىڭ ئۈچۈن يەشۇئا ئۆزى بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتتىكى: «ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندە سىلەرگە بەرگەن يۇرتنى قولۇڭلارغا ئالغىلى قاچانغىچە تەخىر قىلىسىلەر. [4] سىلەر

ئۆزۈڭلار ئۇچۇن ھەر قەبىلىدىن ئۈچ كىشىنى ئىلغىساڭلار، مەن ئۇلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلار قوپۇپ
بېرىپ، يۇرتنى ئارىلاپ چىقىپ، ھەربىرىنىڭ مىراس ھەسسىسىگە مۇۋاپىق ئۇنىڭ ئەھۋالىنى
خەتلەپ، قېشىمغا يېنىپ كەلسۇن دەپ، يولغا سالىمەن. 5 ئۇلار بولسا يۇرتنى يەتتە ھەسسىگە
بۆلسۇن. بۆلسە، يەھۇدا قەبىلىسى جەنۇبىدىكى يۇرتتا تۇرۇپ قېلىپ، يۈسۈپنىڭ خانىدانىمۇ
شىمال تەرىپىدىكى ئۆز يۇرتىدىن يۆتكەلمىسۇن. 6 بۇ تەرىقىدە سىلەر بولساڭلار يۇرتنى يەتتە
ھەسسىگە بۆلۈپ، تەسۋىرىنى سىزىپ كېلىڭلار. ئاندىن مەن ئۆزۈم تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ
ئالدىدا مۇندا سىلەر ئۈچۈن چەك تاشلايمەن. 7 ئەمما لاۋىيلار بولسا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بىر
تايىن ھەسسىسى بولماي، بەلكى خۇداۋەندىنىڭ كاھىنلىقى ئۇلارنىڭ ھەسسىسى بولسۇن. گاد،
رۇبەن ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسى بولسا ئۇلارغا ئىئوردانىنىڭ ئۇ قېتى شەرق تەرىپىدە
خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسانىڭ ئۇلارغا بەرگەن جايى مىراس تېگىپ بولدى» دېدى.
8 ئۇ ۋاقىت بۇ كىشىلەر قوپۇپ ماڭغىلى باشلىسا، يەشۇئا ئۇلارغا: «يۇرتنىڭ تەسۋىرى توغرىسىدا
قاتتىق جېكىلەپ، سىلەر بېرىپ يۇرتنى ئارىلاپ چىقىپ، تەسۋىرىنى سىزىپ، قېشىمغا يېنىپ
كەلسەڭلار، مەن شىلوھنىڭ ئۆزىدە خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا سىلەر ئۈچۈن چەك تاشلايمەن»
دېدى. 9 شۇنى دېسە، بۇ ئادەملەر بېرىپ يۇرتنى ئارىلاپ چىقىپ، شەھەرلەرنى يەتتە ھەسسە
بولۇپ تەسۋىرىنى كىتابقا سىزىپ، شىلوھتىكى چېدىرگاھقا يەشۇئانىڭ قېشىغا يېنىپ
كەلدى. 10 ئاندىن كېيىن يەشۇئا ئۆزى شىلوھتا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئۇلار ئۈچۈن چەك
تاشلاپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ خانىدانلىرىغا قاراپ ئۆزى تۇرغان جايدا يۇرتنى ئۇلارغا تەقسىم
قىلىپ بەردى.

## بەنيامىن قەبىلىسىنىڭ مىراس زېمىنى

11 بەنى-بەنيامىن قەبىلىسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق چەك تاشلانسا، ئۇنداق
چىققىنىكى، ئۇلارنىڭ مىراس ھەسسىسى بەنى-يەھۇدا بىلەن بەنى-يۈسۈپ ئوتتۇرىسىدىكى يۇرت
بولدى.
12 ئۇلارنىڭ شىمال تەرىپىدىكى چېگرىسى بولسا ئىئوردانىدىن باشلاپ، يېرىخونى يانداپ شىمال
تەرىپىگە بېرىپ، تاغ يۇرتىدىن ئۆتۈپ غەرب تەرىپىگە چىقىپ، بەيت-ئاۋەننىڭ چۆلىگە يېتىپ
بېرىپ، 13 ئاندىن لۇزغا چىقىپ لۇز يەنى بەيتەلنىڭ جەنۇب تەرىپىگە مېڭىپ، ئاستىن بەيت-
خورونىنىڭ تېغىدىن ئۆتۈپ ئاتاروت-ئاددارغا چۈشۈپ،
14 ئاندىن چېگرا ئۆزى غەربتىن جەنۇبقا قايرىلىپ، بەيت-خورونىنىڭ ئۇتتۇرىدا بولغان جەنۇب
تەرىپىدىكى تاغدىن ئۆتۈپ، بەنى-يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قىريات-يېئارىم دەپ
ئاتالغان قىريات-بائالغا يېتىپ باردى. بۇ ئۆزى غەرب تەرىپىنىڭ چېگرىسى ئىدى.
15 جەنۇب تەرىپىنىڭ چېگرىسى بولسا قىريات-يېئارىمدىن باشلاپ غەرب تەرىپىگە مېڭىپ،
نېفتوئاھ سۇلىرىنىڭ بۇلىقىغا يېتىپ بېرىپ، 16 ئاندىن چېگرىسى ئۆزى رېفائىم ۋادىسىنىڭ

شىمال تەرىپىدە بولۇپ بەن-ھىننوم ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغنىڭ بېشىغا چۇشۇپ، ئاندىن يەبۇس ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇب تەرىپى بىلەن مېڭىپ، ھىننوم ۋادىسىغا چۈشۈپ، ئاندىن روگېل بۇلىقىغا بېرىپ يېتىشىپ، [17] ئاندىن شىمال تەرىپىگە قايرىلىپ، شەمەش بۇلىقىدىن ئۆتۈپ ئادۇمىم داۋىنىنىڭ ئۇتتۇرىدىكى گەلىلوتقا بېرىپ، ئاندىن رۇبەنىنىڭ ئوغلى بوھاننىڭ تېشىغا ئۇسۇپ، [18] ئاندىن تۈزلەڭلىكنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئېگىزلىكتىن چىقىپ تۈزلەڭلىككە چۈشۈپ، [19] ئاندىن چېگرا ئۆزى شىمال تەرىپىگە چىقىپ بەيت-خوگلاغا يېتىشىپ، ئىئوردانىنىڭ جەنۇب ئۇچىنىڭ ياندىكى شور دېڭىزنىڭ شىمال كۆرپىزىدە تۈگىدى. بۇ ئۆزى جەنۇب تەرىپىنىڭ چېگرىسى ئىدى.
[20] لېكىن شەرق تەرىپىنىڭ چېگرىسى بولسا ئىئوردان ئىدى. بۇ بولسا بەنى-بەنيامىننىڭ مىراس ھەسسىسى بولۇپ ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق توختىتىلغان چېگرىلىرى شۇ ئىدى.

[21] ئەمما بەنى-بەنيامىن قەبىلىسىگە بېرىلىپ، خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق تەگكەن شەھەرلىرى شۇ، يەنى يېرىخو، بەيت-خوگلا ۋە ئېمەك-قېزىس، [22] بەيت-ئارابا، زېمارايىم ۋە بەيتەل، [23] ئاۋۋىم، پاراھ ۋە ئوفرا، [24] كېفار-ھائامونى، ئوفنى ۋە گېبا بولۇپ، جەمئىي ئون ئىككى شەھەر چىقىپ كەنتلىرىمۇ بار ئىدى.
[25] بۇنىڭدىن باشقا گىبېئون، راما ۋە بەئەروت، [26] مىسپاھ، كېفىرا ۋە موسا، [27] رېقەم، يىرپەئەل ۋە تارالا، [28] زېلا، ئېلەف ۋە يەبۇس، يەنى يېرۇسالېم، گىبېيا بىلەن قىريات بولۇپ، جەمئىي ئون تۆت شەھەر چىقىپ كەنتلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ بولسا بەنى-بەنيامىننىڭ مىراس ھەسسىسى بولۇپ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق بېرىلگەنىدى.

## قالغان ئالتە قەبىلىسىنىڭ مىراس زېمىنلىرى

19 [1] ئەمما ئىككىنچى چەك شىمون ئۇچۇن چىقىپ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق بەنى-شىموننىڭ قەبىلىسىغا تەگدى. ئۇلار بولسا بەنى-يەھۇدانىڭ مىراس ھەسسىسىنىڭ ئىچىدە مىراس تېپىپ، [2] بۇلار مىراس ھەسسىسىنىڭ ئۆزىدە بەرشېبا، شېبا ۋە مولادانى، [3] خازار-شۇئال، بالاھ ۋە ئېسەمنى، [4] ئەلتولاد، بېتۇل ۋە خورماھنى، [5] زىقلاغ، بەيت-ماركابوت ۋە خازار-سۇسا، [6] بەيت-لېبائوت بىلەن شارۇخەننى مىراس ئېلىپ، جەمئىي ئون ئۈچ شەھەرنى كەنتلىرى بىلەن قوشۇپ تاپتى. [7] بۇنىڭدىن باشقا ئايىن بىلەن رىممون، ئېتەر بىلەن ئاشان دېگەن تۆت شەھەر كەنتلىرى بىلەن ئۇلارغا تەگدى. [8] بۇنىڭدىن باشقا بۇ شەھەرلەرنىڭ چۆرىسىدىكى ھەممە كەنتلەر بولسا جەنۇب تەرىپىدىكى رامادا بولغان بائالات-بەئەرگىچە ئۇلارغا بېرىلدى. بۇ ئۆزى بەنى-شىموننىڭ قەبىلىسىنىڭ مىراس ھەسسىسى بولۇپ، خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئۇلارغا تەگدى.

[9] بەنى-يەھۇدانىڭ مىراس ھەسسىسى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە زىيادە كەلگەچ، بەنى-شىمون ئۆزى بەنى-يەھۇدانىڭ ھەسسىسىدىن مىراس ئېلىپ، بەنى-شىموننىڭ ھەسسىسى بولسا ئۇلارنىڭ مىراس ھەسسىسىنىڭ ئىچىدە بولدى.

[10] ئۈچىنچى چەك بەنى-زەبۇلۇن ئۇچۇن ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق تاشلاندى. ئۇلارنىڭ مىراس ھەسسىسى بولسا سارىدقىچە يېتىپ، [11] ئاندىن چېگرىسى ئۆزى غەرب تەرىپىگە چىقىپ، مارالاغا بېرىپ دابەشەتكە يېتىشىپ يوقنېئامنىڭ ئۇتتۇرىدىكى ۋادىسىغا يېتىپ بېرىپ، [12] سارىدتىن شەرق تەرىپىگە قايرىلىپ، كۈن چىقىشقا مېڭىپ كىسلوت-تابورنىڭ يۇرت تەرىپىگە بۇرۇلۇپ، دابىراتتىن ئۆتۈپ يافىياغا چىقىپ، [13] ئاندىن شەرق تەرىپىگە كۈن چىقىشقا ئۆتۈپ، گات-خەفەر بىلەن ئەت-قازىندىن كېزىپ نېئاغىچە يېيىلغان رىممونغا باردى. [14] ئۇ يەردىن چېگرا ئۆزى شىمال تەرىپىگە قايرىلىپ خانناتونغىچە يېتىپ بېرىپ، يىپتاخەلنىڭ ۋادىسىغا ئۇسۇپ تۈگەپ، [15] ئۇلارنىڭ ھەسسىسى بولسا چاتات، ناھالال، شىمرون، يىدالا ۋە بەيتلەھەمنىمۇ يۆگىۋېلىپ، جەمئىي ئون ئىككى شەھەر بولۇپ تەئەللۇق كەنتلىرىمۇ بار ئىدى. [16] بۇ ئۆزى بەنى-زەبۇلۇننىڭ مىراس ھەسسىسى بولۇپ، مەزكۇر شەھەرلەر بولسا كەنتلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق بېرىلدى.
[17] تۆتىنچى چەك ئىسساكار ئۇچۇن چىقىپ ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق بەنى-ئىسساكارغا تەگدى. [18] ئۇلارنىڭ زېمىنى بولسا يىزرەئەل، كىسلوت ۋە شۇنەمنى، [19] خافارايىم، شىئون ۋە ئاناخاراتنى، [20] رابىت، قىشيون ۋە ئابەزنى، [21] رەمەت بىلەن ئەن-گاننىمنى، ئەن-خاددا بىلەن بەيت-پاززەز يۆگەپ، [22] ئاندىن چېگرا ئۆزى تابور، شاخازىما ۋە بەيت-شەمەشكە چىقىپ، ئۇچى ئىئوردانda تۈگىدى. جەم شەھەرلەر بولسا ئون ئالتە بولۇپ تەئەللۇق كەنتلىرىمۇ بار ئىدى. [23] بۇ ئۆز بەنى-ئىسساكارنىڭ مىراس ھەسسىسى بولۇپ، مەزكۇر شەھەرلەر كەنتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىغا بېرىلدى.

[24] بەشىنچى چەك بەنى-ئاشەرنىڭ قەبىلىسى ئۇچۇن، ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق تاشلاندى. [25] ئۇلارنىڭ زېمىنى بولسا خەلقات بىلەن خالىنى، بەتەن بىلەن ئاكشافنى، [26] ئاللاممېلەك، ئاماد ۋە مىشالنى يۆگەپ، غەرب تەرىپىگە مېڭىپ، كارمەل بىلەن شىخور-لىبناتقا يېتىپ بېرىپ، [27] ئاندىن شەرق تەرىپىگە قايرىلىپ، بەيت-داگونغا بېرىپ، زەبۇلۇن بىلەن يىپتاخەل ۋادىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىن مېڭىپ، بەيت-ئېمەك بىلەن نىيەلگە يېتىپ بېرىپ، كابۇلنىڭ شىمال تەرىپىگە چىقىپ، [28] ئېبرون بىلەن رەخوبنى، خاممون بىلەن قانانى يۆگەپ، چوڭ سىدونغا يېتىپ باردى. [29] ئاندىن چېگرا ئۆزى راما تەرىپىگە قايرىلىپ مەھكەم تىر شەھىرىگە بېرىپ، خوساغا قايرىلىپ ئاكزىب يۇرتى باشلىغان جايدا دېڭىزغا بېرىپ تۈگەپ، [30] ئۇمما، ئافېق ۋە رەخوبمۇ يۆگەپ، جەمئىي يىگىرمە ئىككى شەھەر ئۆز كەنتلىرى بىلەن ئىچىگە كىردى. [31] بۇ ئۆزى بەنى-ئاشەرنىڭ مىراس ھەسسىسى بولۇپ، خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق مەزكۇر شەھەرلەر بىلەن كەنتلىرى بېرىلدى.

[32] ئالتىنچى چەك بەنى-نافتالى ئۇچۇن چىقىپ، ئۇلارنىڭ خاندانلىرىغا مۇۋاپىق بەنى-
نافتالى ئۆزىگە تەگدى. [33] ئۇلارنىڭ زېمىنى بولسا خەلەفتىن چىقىپ، زائانانىمدىكى دۇب
دەرىخىدىن ئۆتۈپ، ئادامى-نېكەب بىلەن يابنېئەلدىن ئۆتۈپ لاقۇمغىچە يېتىپ، ئىئوردانغا
بېرىپ تۈگىدى. [34] ئاندىن چېگرا ئۆزى غەرب تەرىپىگە قايرىلىپ ئازنوت-تابورغا بېرىپ، ئاندىن
خۇققوققا چىقىپ، جەنۇبتا زەبۇلۇننىڭ ھەسسىسىگە تۇتىشىپ، غەربتە ئاشەرنىڭ ھەسسىسىگە
يېتىشىپ، ئىئوردانىنىڭ يېنىدا كۈن چىقار تەرىپىدە يەھۇدانىڭ ھەسسىسىگە ئۇلەشتى. [35] ئۇ
ئۆزى زىددىم، زەر، خامات، راققات ۋە كىننەرەت، [36] ئاداما، راما ۋە خازور، [37] قادېش، ئەدرەي ۋە
ئەن-خازور، [38] يىرون، مىگدەل-ئەل، خورەم، بەيت-ئانات ۋە بەيت-شەمەش دېگەن شەھەرلەرنى
يۆگىدى. جەم شەھەرلەرنىڭ سانى ئون توققۇز بولۇپ تەئەللۇق كەنتلىرىمۇ بار ئىدى. [39] بۇ
ئۆزى بەنى-نافتالى قەبىلىسىنىڭ مىراس ھەسسىسى بولۇپ، بۇ شەھەرلەر ئۆزى كەنتلىرى
بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ خاندانلىرىغا مۇۋاپىق تەگدى.

[40] يەتتىنچى چەك بەنى-دان قەبىلىسى ئۇچۇن چىقىپ، ئۇلارنىڭ خاندانلىرىغا مۇۋاپىق
تەگدى. [41] ئۇلارنىڭ مىراس ھەسسىسىنىڭ زېمىنى بولسا زورا، ئەشتائول ۋە ئىر-شەمەشنى،
[42] شائالبىم، ئايالون ۋە يىتلانى، [43] ئېلون، تىمناھ ۋە ئەقروننى، [44] ئەلتەكە، گىببەتون ۋە
بائالانى، [45] يېھۇد، بەنى-بەراق ۋە گات-رىممونىنى، [46] مېيارقون بىلەن راقوننى، يافونىڭ
ئۇتتۇرىدىكى يۇرت بىلەن قوشۇپ يۆگىدى.
[47] ئەمما بەنى-داننىڭ يۇرتى بولسا ئۇلارغا تار كەلگەچ، بەنى-دان ئۆزى چىقىپ، لەشەمگە
ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭكى قىلىپ، ئاندا
ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاتىسى داننىڭ ئىسمىنى قويۇپ لەشەمنى دان دەپ ئاتىدى. [48] بۇ ئۆزى
بەنى-دان قەبىلىسىنىڭ ھەسسىسى بولۇپ، مەزكۇر شەھەرلەر ئۆز كەنتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ
ئۇلارنىڭ خاندانلىرىغا مۇۋاپىق بېرىلدى.

[49] بۇ تەرىقىدە بەنى-ئىسرائىل يۇرتنى زېمىنلىرىغا قاراپ ئۈلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار
ئۆزى نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئاغا ئۆز ئارىسىدا مىراس تەيىنلەپ، [50] خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا قاراپ
ئۇ ئۆزى تىلىگەندەك ئەفرائىم تاغ يۇرتىدىكى تىمنات-سېراھ دېگەن شەھەرنى ئۇنىڭغا بەردى.
بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى شەھەرنى بىنا قىلىپ ئاندا ئولتۇرۇپ قالدى. [51] بۇ مىراس ھەسسىلىرى
بولسا ئېلئازار كاھىن بىلەن نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا ۋە بەنى-ئىسرائىلنىڭ خاندانلىرىنىڭ
باشلىرى بىر بولۇپ، شىلوھتىكى جامائەت چېدىرىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا خۇداۋەندىنىڭ
ھۇزۇرىدا چەك تاشلاپ ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەنىدى. بۇ تەرىقىدە ئۇلار يۇرتنىڭ تەقسىمىنى تۈگەتتى.

## پاناھگاھ شەھەرلەر

20 1 ئەمما خۇداۋەندە يەشۇئاغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
2 «سەن ئۆزۈڭ بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتقىن خۇداۋەندە ئۆزى مۇسانىڭ ۋاستىسى
بىلەن سىلەرگە بۇيرۇغاندەك ئۆزۈڭلار ئۇچۇن پاناھگاھ شەھەرلەرنى ئىلغاڭلار. 3 كىمكى بىر
كىشىنى بىلمەستىن سەۋەنلىك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئۆزىگە قېچىپ
كەتسۇن. بۇ تەرىقىدە بۇ شەھەرلەر ئۆزى سىلەرگە قان ئىنتىقامىنى ئالغۇچىدىن پاناھگاھ
بولىدۇ. 4 ئەگەر بىركىم بۇ شەھەرلەرنىڭ يېرىگە قېچىپ كېتىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا
بېرىپ تۇرۇپ، شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئۆز ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرسە، ئۇلار ئۇنى ئۆزىگە
قوشۇپ شەھەرگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا جاي بەرگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزى ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ
قالسۇن. 5 ئەمدى قان ئىنتىقامىنى ئالغۇچى ئۇنى قوغلاپ كەلسە، ئۇ ئۆزى ئىلگىرىدىن ئۆز
ھەقەمسايىسىگە ئاداۋەت قىلماي، بەلكى بىلمەسلىكتىن ئۇنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرگەچ،
ئۇلار ئۆلتۈرگۈچىنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمىسۇن. 6 بەلكى ئۇ ئۆزى جامائەتنىڭ ئالدىدا
سوراق قىلىنىپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئۇلۇغ كاھىن ئۆلۈپ كەتكۈچىلىك بۇ شەھەردە تۇرۇپ، ئاندىن
ئۆلتۈرگۈچى ئۆزى ئۆز شەھىرىگە يېنىپ كېلىپ، ئۆزى قېچىپ كەتكەن شەھەردىكى ئۆيىگە
يېنىپ كەلسۇن.
7 شۇ سۆز بىلەن ئۇلار ئۆزى نافتالىنىڭ تاغ يۇرتى گالىلىيەدىكى قادەش دېگەن شەھەر بىلەن
ئەفرائىمنىڭ تاغ يۇرتىدىكى شەكەم دېگەن شەھەرنى ۋە يەھۇدانىڭ تاغ يۇرتىدىكى قىريات-
ئاربا، يەنى خېبروننى ئىلغاپ، 8 بۇنىڭدىن باشقا يېرىخونىڭ يېنىدا ئىئوردانىنىڭ ئۇ قېتى
شەرق تەرىپىدە بولغان رۇبەن قەبىلىسىنىڭ چۆل تۈزلەڭلىكىدىكى بېزەر دېگەن شەھەر بىلەن
گاد قەبىلىسىنىڭ مىراس ھەسسىسى بولغان گىلىيادتىكى راموت دېگەن شەھەر ۋە ماناسسە
قەبىلىسىنىڭ مىراس ھەسسىسى بولغان باشاندىكى گولان دېگەن شەھەرنى تەيىنلىدى.
9 بۇ شەھەرلەر بولسا ھەممە بەنى-ئىسرائىل بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كەلگەن مۇساپىرلار
ئۇچۇن پاناھگاھ بولۇپ، كىمكى بىلمەسلىكتىن بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئاندا قېچىپ
كەتسە، جامائەتنىڭ ئالدىدا سوراق قىلىنىشتىن ئىلگىرى قان ئىنتىقامى ئالغۇچىنىڭ
قولىدىن ئۆلمىسۇن دەپ، توغرىسىدا ئېيتىلغان شەھەرلەر بولىدۇ.

## لاۋىيلارنىڭ شەھەرلىرى

21 1 ئەمما لاۋىي خانىدانلىرىنىڭ باشلىرى بولسا ئېلىئازار كاھىن بىلەن نۇننىڭ ئوغلى
يەشۇئا ۋە بەنى-ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىگە باش بولغانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ،
2 قانائان يۇرتىدىكى شىلوھتا ئۇلارغا سۆز قىلىپ: «خۇداۋەندە مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن
بىزنىڭ توغرىمىزدا: ‹ ئۇلارغا ئولتۇرغىلى شەھەر بىلەن ماللىرى ئۇچۇن يايلاقلىرىنى قوشۇپ

بەرگىن› دەپ ئېيتتى» دېدى. 3 شۇنى دېسە، بەنى-ئىسرائىل ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا
قاراپ ئۆز مىراس ھەسسىلىرىدىن بۇ شەھەرلەر بىلەن يايلاقلىرىنى قوشۇپ لاۋىيلارغا بەردى.

4 قېھاتىيلارنىڭ خانىدانلىرى ئۈچۈن چەك چىقسا، بۇ لاۋىيلارنىڭ ئارىسىدا ھارۇن كاھىننىڭ
ئەۋلادلىرى ئۆزى يەھۇدا قەبىلىسى، شىمون قەبىلىسى ۋە بەنيامىن قەبىلىسىنىڭ يۇرتلىرىدىن
ئون ئۈچ شەھەرنى تاپسۇن دەپ، چەك تاشلاش بىلەن تايىن بولدى. 5 قېھاتنىڭ قالغان
ئەۋلادلىرى بولسا چەك تاشلاش بىلەن ئەفرائىم قەبىلىسىنىڭ خانىدانلىرى، دان قەبىلىسى ۋە
ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىنىڭ يۇرتلىرىدىن ئون شەھەرنى تاپتى.
6 گەرشوننىڭ ئەۋلادلىرى بولسا چەك تاشلاش بىلەن ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ خانىدانلىرى،
ئاشەر قەبىلىسى، نافتالى قەبىلىسى ۋە ماناسسەنىڭ يەنە يېرىم قەبىلىسىنىڭ يۇرتلىرىدىن ئون
ئۈچ شەھەرنى تاپتى.
7 مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۆز خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق رۇبەن قەبىلىسى، گاد قەبىلىسى
ۋە زەبۇلۇن قەبىلىسىنىڭ يۇرتلىرىدىن ئون ئىككى شەھەرنى تاپتى. 8 بۇ تەرىقىدە ئىسرائىل
خۇداۋەندە ئۆزى مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇيرۇغىنىدەك چەك تاشلاپ، بۇ شەھەرلەر بىلەن
يايلاقلىرىنى قوشۇپ، لاۋىيلارغا بەردى.

9 بەنى-يەھۇدانىڭ قەبىلىسى بىلەن بەنى-شىموننىڭ قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدىن مۇندا زىكىر
قىلىنغان بۇ شەھەرلەر بېرىلدى. 10 بەنى-لاۋىيلارنىڭ نەسلىدىن كەلگەن قېھاتىيلارنىڭ
خانىدانلىرىدىن بولغان بەنى-ھارۇنغا دەسلەپ چەك چىقىپ، تۆۋەندە زىكىر قىلىنغان شەھەرلەر
بېرىلدى. 11 ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يەھۇدانىڭ تاغ يۇرتىدا بولۇپ ئاناقنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرى
قىريات-ئاربا، يەنى خېبرون، بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى تەگدى. 12 لېكىن شەھەرنىڭ
زىرائەت بىلەن كەنتلىرى بولسا ئۇلار بۇنى يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالەبكە مىراس قىلىپ بەردى.
13 ھارۇن كاھىننىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۇلارغا قان تۆككۈچىنىڭ پاناھگاھ شەھىرى بولغان
خېبرون بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى بېرىلىپ، لىبنا بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، 14 ياتتىر
بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، ئەشتەموئا بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، 15 خولون بىلەن
چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، دېبىر بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، 16 ئايىن بىلەن چۆرىسىدىكى
يايلاقلىرى، يۇتتا بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، بەيت-شەمەش بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى
تېگىپ، بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ يۇرتلىرىدىن جەمئىي توققۇز شەھەر ئېلىنىپ ئۇلارغا بېرىلدى.
17 مۇندىن باشقا ئۇلارغا بەنيامىن قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدىن گىبيون بىلەن چۆرىسىدىكى
يايلاقلىرى، گېبا بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، 18 ئاناتوت بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى،
ئالمون بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، جەمئىي تۆت شەھەر ئېلىنىپ ئۇلارغا بېرىلدى. 19 بۇ
تەرىقىدە كاھىن بولغان بەنى-ھارۇن تاپقان شەھەرلىرىنىڭ سانى چۆرىسىدىكى يايلاقلىرىدىن
باشقا ئون شەھەر ئىدى.

[20] ئەمما لاۋىيلارنىڭ نەسلىدىن كەلگەن بەنى-قېھاتنىڭ قالغان خانىدانلىرى بولسا ئەفرائىم قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدىن چەك تاشلاش بىلەن بۇ شەھەرلەرنى تاپتى. [21] ئۇلارنىڭ ئۈزىگە ئەفرائىمنىڭ تاغ يۇرتىدا بولۇپ قان تۆككۈچىنىڭ پاناھگاھ شەھىرى بولغان شەكەم بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، گېزەر بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، [22] قىبزايىم بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ۋە بەيت-خورون بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى بېرىلىپ، جەمئىي تۆت شەھەر ئۇلارغا تەگدى.
[23] مۇندىن باشقا دان قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدىن ئەلتەكە بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، گىببەتون بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، [24] ئايالون بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ۋە گات-رىممون بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ئېلىنىپ ئۇلارغا بېرىلىپ، جەمئىي تۆت شەھەر تەگدى.
[25] مۇندىن باشقا ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدىن تائاناك بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، گات رىممون بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ئېلىنىپ ئۇلارغا بېرىلىپ، جەمئىي ئىككى شەھەر تەگدى. [26] بەنى-قېھاتنىڭ قالغان خانىدانلىرى بولسا ئۇلارغا بېرىلگەن شەھەرلەر چۆرىسىدىكى يايلاقلىرىدىن باشقا جەمئىي ئون ئىدى.

[27] ئە مما لاۋىيلارنىڭ نەسلىدىن كەلگەن بەنى-گەرشونغا ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدىن قان تۆككۈچىنىڭ پاناھگاھى بولۇپ باشاندا بولغان گولان بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، بەئەشتېرا بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى بېرىلىپ جەمئىي ئىككى شەھەر تەگدى.
[28] مۇندىن باشقا ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدىن قىشيون بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، دابېرات بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، [29] يارمۇت بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ۋە ئەن-گاننىم بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ئېلىنىپ ئۇلارغا بېرىلىپ، جەمئىي تۆت شەھەر تەگدى.
[30] مۇندىن باشقا ئاشەر قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدىن مىشال بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، ئابدون بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، [31] خەلقات بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ۋە رەخوب بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ئېلىنىپ ئۇلارغا بېرىلىپ، جەمئىي تۆت شەھەر تەگدى.
[32] بۇنىڭدىن باشقا نافتالى قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدىن قان تۆككۈچىنىڭ پاناھگاھ شەھىرى بولۇپ گالىلىيەدە بولغان قادەش دېگەن شەھەر بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، خامموت-دور بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ۋە قارتان بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ئېلىنىپ ئۇلارغا بېرىلىپ، جەمئىي ئۈچ شەھەر تەگدى. [33] بۇ تەرىقىدە گەرشونىيلار بولسا خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئۇلارغا تەگكەن شەھەرلەرنىڭ جەمئىي چۆرىسىدىكى يايلاقلىرىدىن باشقا ئون ئۈچ شەھەر ئىدى.

[34] بەنى-لاۋىي نەسلىدىن كەلگەن بەنى-مەرارىنىڭ خانىدانلىرى بولسا ئۇلارغا زەبۇلۇن قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدىن يوقنېئام بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، قارتا بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، [35] دىمنا بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ۋە ناھالال بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ئېلىنىپ ئۇلارغا بېرىلىپ، جەمئىي تۆت شەھەر تەگدى.

[36] بۇنىڭدىن باشقا رۇبەن قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدىن بېزەر بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، ياھسا بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، [37] قادېموت بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ۋە مېفائات بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ئېلىنىپ ئۇلارغا بېرىلىپ، جەمئىي تۆت شەھەر تەگدى.
[38] بۇنىڭدىن باشقا گاد قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدىن قان تۆككۈچىنىڭ پاناھگاھ شەھىرى بولۇپ گىلېيادتا بولغان راموت دېگەن شەھەر بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، ماخانائىم بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى، [39] خېشبون بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ۋە يازەر بىلەن چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى ئېلىنىپ ئۇلارغا بېرىلىپ، جەمئىي تۆت شەھەر تەگدى.
[40] بەنى-لاۋىينىڭ نەسلىدىن كەلگەن بەنى-مەرارىنىڭ قالغانلىرى بولسا ئۆز خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق چەك بىلەن تاپقان شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسى بولسا جەمئىي ئون ئىككى شەھەر ئىدى.

[41] لاۋىيلارنىڭ بەنى-ئىسرائىل يۇرتىدىكى ھەممە شەھەرلىرى بولسا چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى بىلەن بېرىلىپ، جەمئىي قىرىق سەككىز شەھەر ئىدى. [42] بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەربىرى بولسا چۆرىسىدىكى يايلاقلىرى بىلەن بولۇپ، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئىدى.
[43] خۇداۋەندە قەسەم قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا بەرگىلى ۋەدە قىلغان بارچە يۇرتنى بۇ تەرىقىدە ئىسرائىلغا بەردى. بەرسە، ئۇلار كېلىپ، ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ئاندا ئولتۇردى. [44] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۆزى ئىلگىرى قەسەم قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا ۋەدە قىلغىنىدەك ئۇلارغا ھەر تەرىپىدىن ئۆز دۈشمەنلىرىدىن ئارام تاپتۇرۇپ بەردى. شۇنداقكى، دۈشمەنلىرىنىڭ ھېچبىرى ئۇلارغا زىت تۇرالماي، بەلكى خۇداۋەندە ئۆزى ئۇلارنىڭ ھەممە دۈشمەنلىرىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، [45] دەرۋەقە خۇداۋەندە ئىسرائىلنىڭ خانىدانىغا ۋەدە قىلغانىنىڭ ھەممىسى كېمەيمەي، بارچىسى بەجا كەلتۈرۈلدى.

## رۇبەن، گاد ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىنىڭ ئۆز مىراس زېمىنىغا يېنىپ بېرىشى

22 [1] ئۇ ۋاقىت يەشۇئا ئۆزى رۇبەنىيلەر، گادىيلار ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىنى قىچقىرىپ ئۇلارغا ئېيتتىكى: [2] «سىلەر بولساڭلار خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسانىڭ سىلەرگە بۇيرۇغىنىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ، سىلەرگە ھەرنېمە بۇيرۇغان بولسام، سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىپ، [3] بۇ ھەممە ۋاقىت ئىچىدە بۇ كۈنگىچە بۇرادەرلىرىڭلارنى تاشلىماي، بەلكى ئۆز تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ كەلدىڭلار. [4] ئەمدى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى ۋەدە قىلغىنىدەك بۇرادەرلىرىڭلارغا ئارام بەردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر بولساڭلار خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسا ئۆزى ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سىلەرگە بەرگەن مىراس يۇرتۇڭلارغا قايتىپ،

ئۆز چېدىرلىرىڭلارغا يېنىڭلار. [5] يېنىپ بېرىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسانىڭ سىلەرگە
بەرگەن قانۇن-ئەمرلەرگە چىڭ ئەمەل قىلىپ، ئۆز تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنى دوست تۇتۇپ،
ھەمىشە ئۇنىڭ يوللىرىدا يۈرۈپ، ئەھكامىنى ساقلاپ ئۇنىڭغا چاپلىشىپ تۇرۇپ، پۈتۈن جان-
دىلىڭلار بىلەن ئۇنىڭغا بەندىچىلىك قىلىڭلار» دەپ،
[6] يەشۇئا ئۇلارنى مۇبارەكلەپ رۇخسەت قىلسا، ئۇلار يېنىپ كېتىپ، ئۆز چېدىرلىرىغا باردى.
[7] ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسى بولسا مۇسا ئۇنىڭ ئۆزىگە باشاندا مىراس بەرگەنىدى، لېكىن
قالغان يېرىمىغا يەشۇئا ئۆزى ئىئوردانىنىڭ ئۇ قېتى غەرب تەرىپىدە ئۇلارنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ
ئارىسىدا مىراس بەردى. ئەمما يەشۇئا ئۆزى ئۇلارنى چېدىرلىرىغا كەتسۇن دەپ، رۇخسەت قىلغىنىدا
ئۇلارنى مۇبارەكلەپ، [8] ئۇلارغا ئېيتتىكى: «تولا خەزىنە بىلەن تۇرغۇن چارۋا ماللارنى ئېلىپ، تولا
ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر ۋە ئېگىن-ئاياغنى كۆتۈرۈپ ئۆز چېدىرلىرىڭلارغا يېنىپ بېرىپ، ئۆز
دۈشمەنلىرىڭلاردىن ئالغان ئولجىنى بۇرادەرلىرىڭلار بىلەن ئۈلىشىۋېلىڭلار» دېدى. [9] ئۇ ۋاقىت
بەنى-رۇبەن، بەنى-گاد ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسى بولسا قانائان يۇرتىدىكى شىلوھتىن
چىقىپ، بەنى-ئىسرائىلدىن ئايرىلىپ، خۇداۋەندە ئۆزى مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن قىلغان بۇيرۇقىغا
مۇۋاپىق ئۇلارنىڭ تەئەللۇقى بولۇپ ئۆز مىراسى بولغان گىلياد يۇرتىغا قاراپ ماڭدى.

## ئىئوردانىنىڭ شەرق تەرىپىدە مىراس ئالغان قەبىلىلەرنىڭ بىر قۇربانگاھنى ياسىشى

[10] ئەمما بەنى-رۇبەن، بەنى-گاد ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسى ئۆزى قانائان يۇرتىدىكى
ئىئوردانىنىڭ بويىغا يەتكەندە ئاندا ئىئوردانىنىڭ بويىدا بىر قۇربانگاھنى تەييارلاپ، بۇ
قۇربانگاھنى ناھايىتى چوڭ تەرىقىدە ياسىدى. [11] «مانا بەنى-رۇبەن، بەنى-گاد ۋە ماناسسەنىڭ
يېرىم قەبىلىسى بولسا قانائان يۇرتىدىكى ئىئوردانىنىڭ ئۇ قېتىدا قالغان بەنى-ئىسرائىلنىڭ
ئۇ تەرىپىدە چوڭ بىر قۇربانگاھنى ياساپتۇ» دېگەن خەۋەر ئىسرائىلغا ئاڭلىنىپ قالدى.
[12] بەنى-ئىسرائىل بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ئۇلارنىڭ ھەممە جامائىتى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە
ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇشماق ئۈچۈن شىلوھقا يىغىلىپ جەم تولدى. [13] ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىل
ئۆزى ئېلىئازار كاھىنىنىڭ ئوغلى پىنىخاسنى گىلياد يۇرتىدىكى بەنى-رۇبەن، بەنى-گاد ۋە
ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىنىڭ قېشىغا ماڭدۇرۇپ، [14] بەنى-ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ
ھەربىر خانىدانىدىن بىر سەردارنى ھېسابلاپ ئېلىپ،ون ئىككى سەردارنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە
ئەۋەتتى. بۇ سەردارلار بولسا ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئىسرائىلنىڭ مىڭلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۆز
خانىدانىغا باش بولۇپ كەلگەن كىشىلەر ئىدى.
[15] بۇلار ئۆزى ئەمدى گىلياد يۇرتىدىكى بەنى-رۇبەن، بەنى-گاد ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم
قەبىلىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارغا ئېيتتىكى: [16] «مانا خۇداۋەندىنىڭ جامائىتى سۆز
قىلىپ: ‹ سىلەرنىڭ خۇداۋەندىدىن يۈز ئۆرۈپ، بىر قۇربانگاھنى ياساپ خۇداۋەندىنىڭ ئۆزىگە

زىت قوپۇپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسىگە قىلغان بۇ ۋاپاسىزلىقىڭلار نېمىدۇر؟ [17] خۇداۋەندىنىڭ
جامائىتى ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىپ تۇرۇپ، بىز تېخى بۇ كۈنگىچە ئۇنىڭدىن پاك بولالماي قالغان
پېئورنىڭ قىلغان گۇناھى بىز ئۈچۈن يەتمەيتتىمۇ؟ [18] سىلەر ئۆزۈڭلار بۇ كۈن خۇداۋەندىدىن
يۈز ئۆرۈدۈڭلار ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سىلەر بۇ كۈن خۇداۋەندىگە ئاسىيلىق قىلساڭلار، شەكسىز
ئەتە ئۇنىڭ قەھر غەزىپى ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن جامائىتىگە كەلمەمدۇ؟ [19] لېكىن سىلەر مىراس
ئالغان يۇرت ئۆزى سىلەرگە ناپاك كۆرۈنسە، خۇداۋەندىنىڭ مىراسى بولۇپ ئاندا خۇداۋەندىنىڭ
چېدىرى تىكىلگەن يۇرتقا يېنىپ كېلىپ، ئارىمىزدا مىراس ئېلىڭلار. لېكىن تەڭرىمىز
خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىدىن باشقا قۇربانگاھنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياسىغىنىڭلار بىلەن، خاھى
خۇداۋەندىدىن، خاھى بىزدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار. [20] زېراھنىڭ ئوغلى ئاكان ئۆزى ھارام قىلىنغان
نەرسىلەردىن ئالغىنىدا بۇ گۇناھنىڭ سەۋەبىدىن يالغۇز ئۇ كىشى ئۆلمەي، بەلكى ئىسرائىلنىڭ
پۈتۈن جامائىتىنىڭ ئۈستىگە قەھر-غەزەپ كەلگەن ئەمەسمۇ؟› دەپ ئېيتىدۇ» دېدى.
[21] ئۇ ۋاقىت بەنى-رۇبەن، بەنى-گاد ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسى ئۆزى ئىسرائىلنىڭ
خاندانلىرىغا باش بولغان كىشىلەرگە جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: [22] «تەڭرى بولۇپ تۇرغان رەب
خۇدا بولسا، دەرۋەقە تەڭرى بولۇپ تۇرغان رەب خۇدا ئۆزى بۇنى بىلىدۇ. ئىسرائىلمۇ بىلسۇنكى:
‹ ئەگەر بۇ ئىش ئۆزى خۇداۋەندىگە خىيانەت قىلىپ ۋاپاسىز بولغايمىز دەپ، قىلىنغان
بولسا، بىزنى ساقلىمىغىن› دەيمىز. [23] ئەگەر بىز خۇداۋەندىدىن يۈز ئۆرۈپ، بىر قۇربانگاھنى
ياساپ ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىق يا يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە يا شۈكۈر قۇربانلىقى
ئۆتكۈزىمىز دەپ خىيال قىلغان بولساق، خۇداۋەندە ئۆزى بىزگە لايىق جازا بەرسۇن. [24] بىز
بولساق كېلىدىغان ۋەقەدىن قورقۇپ، سىلەرنىڭ توغراڭلاردا ئۇلارنىڭ باللىرى كېيىنكى
ۋاقىتتا بىزنىڭ باللىرىمىزغا: ‹ ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە بىلەن نېمە كارىڭلار
بار؟ [25] ئەي بەنى-رۇبەن بىلەن بەنى-گاد خۇداۋەندە ئۆزى بىزنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا
ئىئوردانىنى چېگرا قىلىپ قويمىدىمۇ؟ بۇ سەۋەبتىن خۇداۋەندە بىلەن نېسىپىڭلار يوقتۇر›
دەيدۇمىكىن دەپ خىيال قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ باللىرىڭلار بىزنىڭ باللىرىڭلارنى
خۇداۋەندىنىڭ قورقۇنچىسىدىن توسىدىغان بولاتتى. [26] ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز سۆزلىشىپ: ‹
قوپۇپ خۇداۋەندىگە بىر قۇربانگاھنى ياسايلى. لېكىن بۇ ئۆزى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن
سويۇم قۇربانلىقلار ئۈچۈن بولماي، [27] بەلكى بىز بولساق خۇداۋەندىگە بەندىچىلىك قىلىپ،
ئۇلارنىڭ باللىرى كېلىدىغان ۋاقىت بىزنىڭ باللىرىمىزغا: «خۇداۋەندە بىلەن نېسىپىڭلار
يوق» دەپ ئېيتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا كۆيدۈرمە بىلەن سويۇم قۇربانلىقلىرىمىزنى
ئۆتكۈزۈپ، شۈكۈر قۇربانلىقلىرىمىزنى كەلتۈرىدىغىنىمىزغا بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر
شاھىت بولۇپ، بىزدىن ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۇۋاھتەك تۇرسۇن› دەپ توغراڭلاردا
ئېيتىپ، [28] دەرۋەقە ئەگەر ئۇلار كېلىدىغان ۋاقىتتا بىز بىلەن ئەۋلادلىرىمىزغا مۇنداق
سۆزلىسە، بىز جاۋاب بېرىپ: ‹ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۆزى ئۇنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن سويۇم
قۇربانلىق ئۈچۈن ياسىماي، بەلكى بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا بىر گۇۋاھ بولسۇن دەپ،

خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىنىڭ سۈرىتىدە ياسىغان نەمۇنىگە قاراڭلار› دېيەلەيمىز. [29] يىراق
بولسۇنكى، بىز خۇداۋەندىگە قارشى قوپۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزى ئۇنىڭ
چېدىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھى بولغانىنىڭكىدىن باشقا
بىر قۇربانگاھنى ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىق يا يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە يا سويۇم
قۇربانلىقنى ئۆتكۈزمەك ئۈچۈن ياسىغايمىز» دېدى.
[30] پىنىخاس كاھىن بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېلىپ ئىسرائىلنىڭ خانىدانلىرىغا باش بولۇپ
جامائەتنىڭ سەردارلىرى بولغانلارنىڭ ئۆزى بەنى-رۇبەن، بەنى-گاد ۋە بەنى-ماناسسەنىڭ
نېمە ئېيتقىنىنى ئاڭلىغىنىدا بۇ سۆز ئۇلارغا خۇش كۆرۈندى. [31] ئېلىئازار كاھىننىڭ ئوغلى
پىنىخاس ئۆزى بەنى-رۇبەن، بەنى-گاد ۋە بەنى-ماناسسەگە سۆزلەپ: «سىلەر خۇداۋەندىگە
مۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلمىغان بولساڭلار، بىز خۇداۋەندىنىڭ ئوتتۇرىمىزدا تۇرۇۋاتقىنىنى
ئەمدى بىلدۇق. سىلەر بولساڭلار بۇ ئىش بىلەن بەنى-ئىسرائىلنى خۇداۋەندىنىڭ قولىدىن
قۇتقۇزدۇڭلار» دېدى.
[32] ئاندىن كېيىن ئېلىئازار كاھىننىڭ ئوغلى پىنىخاس بىلەن سەردارلار ئۆزى بەنى-رۇبەن بىلەن
بەنى-گادنىڭ قېشىدىن گىلىياد يۇرتىدىن چىقىپ، قانائان يۇرتىغا بەنى-ئىسرائىل قېشىغا
يېنىپ كېلىپ، بۇ خەۋەرنى ئۇلارغا دەپ بەردى. [33] دەپ بەرسە، بۇ ئىش بەنى-ئىسرائىلغا ياخشى
كۆرۈنگەچ بەنى-ئىسرائىل ئۆزى خۇداغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ئىككىنچى بەنى-رۇبەن بىلەن
بەنى-گاد ئولتۇرغان يۇرتىغا چىقىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ يۇرتنى خاراب قىلىشنى ھەرگىز
قەستلىمىدى. [34] ئەمما بەنى-رۇبەن بىلەن بەنى-گاد بولسا بۇ قۇربانگاھقا ‹ گۇۋاھلىق› دەپ
ئات قويۇپ، خۇداۋەندە ئۆزى خۇدادۇر دەپ، بۇ ئۆزى ئارىمىزدا گۇۋاھ بولسۇن» دېدى.

## يەشۇئانىڭ ئىسرائىلنىڭ ئەمىر-ئاقساقاللىرىغا ئېيتقان ئاخىرقى سۆزلىرى

23 [1] خۇداۋەندە ئۆزى بەنى-ئىسرائىلغا چۆرىسىدىكى دۈشمەنلىرىدىن ئارام بېرىپ،
ئۇزۇن زامان ئۆتكەندىن كېيىن، يەشۇئا قېرىپ كۈنلىرىدە ياشانغىنىدا، [2] يەشۇئا
ئۆزى ھەممە ئىسرائىل بىلەن ئۇلارنىڭ ئاقساقال بىلەن سەردارلىرىنى ھاكىم بىلەن
مەنسەپدارلىرىنى قىچقارتىپ، ئۇلارغا ئېيتتىكى: «مەن بولسام قېرىپ كېتىپ كۈنلەردە
ياشاندىم. [3] تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ سىلەر ئۈچۈن بۇ قوۋملارنىڭ ھەممىسىگە نېمە-نېمە
قىلغىنىنى ئۆزۈڭلار كۆردۈڭلار. راستىنىلا تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرنىڭ تەرىپىڭلاردىن
جەڭ قىلمىدىمۇ؟ [4] مانا مۇندا قالغان بۇ خەلقلەرنىڭ يۇرتى بولسا ئۆزۈم يوقاتقان ھەممە
خەلقلەرنىڭ يۇرتى بىلەن قوشۇلۇپ، چەك تاشلاپ ئىئوردانىدىن تارتىپ غەرب تەرىپىدىكى چوڭ
دېڭىزغىچە تەقسىم قىلىپ، قەبىلىلىرىڭلارغا مىراس قىلىپ بەردىم. [5] تەڭرىڭلار خۇداۋەندە

ئۆزى ئۇلارنى ئالدىڭلاردىن چىقىرىپ قوغلاپ سىلەردىن نېرى قىلىپ، تەڭرىڭلار خۇداۋەندە
سىلەرگە ئېيتقىنىدەك ئۇلارنىڭ يۇرتىغا سىلەرنى ئىگە قىلىدۇ. 6 ئۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر قاتتىق
غەيرەت قىلىپ، مۇسانىڭ قانۇن كىتابىدا پۈتۈلگەننىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق ئەمەل قىلىپ،
خاھى ئوڭغا، خاھى سولغا قايرىلماي ئۇتتۇر يۈرۈپ، 7 تېخى ئاراڭلاردا قېپ قالغان قوۋملارغا
ئارىلاشماي، خاھى ئۇلارنىڭ تەڭرىلىرىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلماي، خاھى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە
قەسەم قىلماي، خاھى ئۇلارغا ئىبادەت قىلماي، خاھى ئۇلارغا سەجدىمۇ قىلماڭلار. 8 بەلكى بۇ
كۈنگىچە قىلغىنىڭلاردەك ئۆز تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە چاپلىشىپ تۇرۇڭلار. 9 چۈنكى خۇداۋەندە
بولسا چوڭ-چوڭ كۈچلۈك قوۋملارنى ئالدىڭلاردىن ھەيدىۋەتكەچ، بۇ كۈنگىچە ھېچ كىشى
ئالدىڭلاردا توختىيالماي قالدى. 10 تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى ئېيتقىنىغا مۇۋاپىق سىلەرنىڭ
تەرىپىڭلاردىن جەڭ قىلغاچ، سىلەردىن يالغۇز بىر كىشى مىڭ كىشىنى قوغلىۋېتىدىغان
بولدى. 11 ئۇنداق بولغاندىن كېيىن چىڭ كۆڭۈل بىلەن تۇرۇپ، تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنى دوست
تۇتۇڭلار. 12 چۈنكى ئەگەر سىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئاراڭلاردا قېپ قالغان بۇ قوۋملارغا
ئارىلىشىپ كېتىپ، قۇدا-باجالىق قىلىپ، ئۇلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلساڭلار. 13 تايىن
بىلىڭلاركى، تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى بۇ قوۋملارنى ئىككىنچى ئالدىڭلاردىن ھەيدىۋەتمەي،
بەلكى بۇ قوۋملار ئۆزى سىلەرگە قىسماق بىلەن قىلتاق بولۇپ، ئۇچاڭلارغا قامچا قىلىنىپ
چۈشۈپ، كۆزلىرىڭلارغا تىكەن بولۇپ كىرىپ، ئاخىردا تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرگە
بەرگەن بۇ ياخشى يۇرتتىن يوق بولۇپ كېتىسىلەر. 14 مەن ئەمدى پات پۈرسەتتە بۇ دۇنيانىڭ
ھەممىسىنى تاشلاپ كەتسەم، تەڭرىڭلار خۇداۋەندە سىلەرنىڭ توغراڭلاردا ۋەدە قىلغان ھەممە
ياخشىلىقىدىن ھېچبىرى زايە بولماي، بەلكى ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن بەجا كەلتۈرۈلۈپ،
ھېچنېمە يەرگە چۈشمىدى دەپ، پۈتۈن دىل بىلەن پۈتۈن جېنىڭلاردىن ئويلاپ تۇرۇڭلار. 15 لېكىن
تەڭرىڭلار خۇداۋەندە سىلەرگە ۋەدە قىلغان ھەممە ياخشىلىقى ئۆزى ئۈستۈڭلارغا كەلگەندەك،
خۇداۋەندە ئۆزى سىلەرنى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە سىلەرگە بەرگەن يۇرتتىن يوقىتىۋەتكۈچىلىك
ھەممە يامانلىقنى ئۈستۈڭلارغا كەلتۈرىدۇ. 16 ئەگەر سىلەر تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ سىلەرگە
تاپىلىغان ئەھدىسىنى بۇزۇپ، باشقا تەڭرىلەرگە ئىبادەت قىلىپ باش ئەگسەڭلار، شۇنداق
بولىدۇ. شۇنداق قىلساڭلار، خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى سىلەرگە تۇتاشقاچ، ئۇ ئۆزى سىلەرگە
بەرگەن ياخشى يۇرتتىن ئىتتىك يوق بولۇپ كېتىسىلەر» دېدى. شەكەمدە باغلانغان ئەھدە
24 1 ئاندىن يەشۇئا ئۆزى ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىڭلىرىنى شەكەمگە يىغىپ،
ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن سەردارلىرىنى، ھاكىملىرى بىلەن مەنسەپدارلىرىنى
قىچقارتىپ قويدى. ئۇلار خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ھازىر بولغىنىدا، 2 يەشۇئا قوۋمنىڭ
ھەممىسىگە سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹
قەدىمكى زاماندا ئاتا-بوۋىلىرىڭلار دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇراقلىق بولۇپ، ئىبراھىم بىلەن
ناھورنىڭ ئاتىسى تەراھ مۇندا ئولتۇرغانىدى. ئەمما ئۇلار ئاندا باشقا تەڭرىلەرگە ئىبادەت
قىلاتتى. 3 لېكىن مەن ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئاتاڭلار ئىبراھىمنى ئېلىپ كېلىپ،

ئۇنى پۈتۈن قانائان يۇرتى ئىچىدە باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىنى ئاۋۇتۇپ، ئۇنىڭ
ئۆزىگە ئىسھاقنى بەردىم. 4 ئاندىن كېيىن مەن ئىسھاقنىڭ ئۆزىگە ياقۇپ بىلەن ئەساۋنى
بەردىم. ئەساۋ بولسا مەن ئۇنىڭ ئۆزىگە سېئىرنىڭ تاغ يۇرتىنى مىراس قىلىپ بەردىم،
لېكىن ياقۇپ بىلەن ئوغۇللىرى بولسا مىسىرغا چۈشۈپ باردى. 5 كېيىنرەك مەن مۇسا بىلەن
ھارۇننى ئەۋەتىپ، مىسىرغا ئاندا قىلغان ئەمەللىرىم بىلەن جازا بېرىپ، سىلەرنى ئاندىن
چىقىرىپ كەلدىم. 6 مەن بۇ تەرىقىدە ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى مىسىردىن چىقىرىپ بولۇپ، ئۇلار
دېڭىزغىچە يېتىپ كەلگىنىدە مىسىرلىقلار ئۆزى ھارۋا بىلەن ئاتلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ،
ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى قىزىل دېڭىزغىچە قوغلىغىلى تۇردى. 7 ئەمما ئۇلار خۇداۋەندىگە پەرياد
قىلسا، ئۇ ئۆزى سىلەر بىلەن مىسىرلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاتتىق قاراڭغۇلۇقنى سېلىپ،
ئۇلارنى باسسۇن دەپ، دېڭىزنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياپتى. سىلەر بولساڭلار ئۆز كۆزلىرىڭلار
بىلەن مېنىڭ مىسىرلىقلارغا نېمە قىلغىنىمنى كۆردۈڭلار. ئاندىن كېيىن سىلەر ئۇزۇن
ۋاقىتقىچە چۆلدە ئولتۇرۇپ قالدىڭلار. 8 كېيىنرەك مەن سىلەرنى ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە
ئولتۇرغان ئامورىيلارنىڭ يۇرتىغا باشلاپ بارسام، ئۇلار سىلەر بىلەن سوقۇشقىلى باشلىدى.
لېكىن مەن ئۇلارنى قولۇڭلارغا بېرىپ ئالدىڭلاردىن يوقاتقاچ، سىلەر ئۇلارنىڭ يۇرتىنى
ئىگىلىۋالدىڭلار. 9 ئۇ ۋاقىت موئابنىڭ پادىشاھى بالاق بەن-زىپپور ئۆزى قوپۇپ، ئىسرائىل
بىلەن جەڭ قىلغىلى باشلاپ، ئۇستۇڭلارغا لەنەت ئوقۇماق ئۈچۈن بېئورنىڭ ئوغلى بىلئامنى
قىچقىرىپ ئەۋەتتى. 10 لېكىن مەن بولسام بىلئامنىڭ سۆزىگە ئۇنىماي، سىلەرنى ئۇنىڭ
قولىدىن قۇتقۇزغاچ ئۇ ئۆزى سىلەرگە دۇئايىخەيىر ئوقۇپ كەتتى. 11 كېيىنرەك سىلەر
ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ يېرىخوغا بارغاندا، يېرىخونىڭ خەلقى سىلەرگە قارشى قوپۇپ، ئامورىيلار،
پەرىززىيلەر، قانائانىيلار، خىتتىيلار، گىرگاشىيلار، خىۋۋىيلار ۋە يەبۇسىيلار ئۆزى سىلەر بىلەن
ئۇرۇشقىلى تۇرسا، مەن ئۇلارنى قولۇڭلارغا بېرىپ، 12 ئامورىيلارنىڭ ئىككىلا پادىشاھىنى،
خاھى قىلىچ، خاھى نەيزەڭلار بىلەن قاچۇرماي، بەلكى ئالدىڭلاردا ھەرىلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى
قاچۇرۇپ، 13 ئۆزۈڭلار ئىشلىمىگەن يۇرت بىلەن ياسىمىغان شەھەرلەرنى سىلەرگە بەردىم.
سىلەر بولساڭلار ئاندا ئولتۇرۇپ، ئۆزۈڭلار سالمىغان ئۈزۈمزارلىق بىلەن زەيتۇن باغلىرىنىڭ
مېۋىلىرىنى يەپ تۇرۇپ، سىلەر ئەمەسمۇ؟› دەپ ئېيتىدۇ. 14 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى سىلەر
خۇداۋەندىدىن قورقۇپ تۇرۇپ، كامىل تەرىقىدە راست كۆڭۈل بىلەن ئۇنىڭغا بەندىچىلىك
قىلىپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭلار ئۆزى دەريانىڭ ئۇ تەرىپى بىلەن مىسىردا ئىبادەت قىلغان تەڭرىلەرنى
چىقىرىۋېتىپ، يالغۇز خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلىڭلار. 15 لېكىن ئەگەر خۇداۋەندىنىڭ ئىبادىتى
سىلەرگە يامان كۆرۈنسە، ئاتا-بوۋىلىرىڭلار ئۆزى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرغىنىدا ئىبادەت
قىلغان تەڭرىلەرنىمۇ ياكى سىلەر ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئولتۇرغان ئامورىيلارنىڭ تەڭرىلىرىنىمۇ،
ئۇلارنىڭ تەڭرىلىرىنىڭ قايسىسىغا ئىبادەت قىلىدىغىنىڭلارنى ئىلغاڭلار. لېكىن مەن بولسام
ئۆز ئۆيۈمدىكىلەر بىلەن قوشۇلۇپ خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلىمەن» دېدى. 16 ئۇ ۋاقىت خەلق
ئۆزى جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. بىز بولساق خۇداۋەندىنى تاشلاپ،

باشقا تەڭرىلەرگە ئىبادەت قىلمايمىز. [17] چۈنكى تەڭرىمىز خۇداۋەندە بولسا ئۆزى بىز بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى قۇللۇق ئۆيى بولغان مىسىردىن چىقىرىپ كېلىپ، كۆزلىرىمىزنىڭ ئالدىدا بۇ چوڭ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ، قايسى يولدا مېڭىپ قايسى قوۋمنىڭ ئارىسىدىن ئۆتسەك، بىزنى ساقلىدى ئەمەسمۇ؟ [18] خۇداۋەندە ئۆزى بۇ يۇرتتا ئولتۇرغان ئامورىيلار بىلەن ھەممە خەلقلەرنى ئالدىمىزدىن قاچۇرمىدىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلغىنى خالايمىز. چۈنكى ئۇ ئۆزى بىزنىڭ تەڭرىمىزدۇر» دېدى. [19] ئۇ ۋاقىت يەشۇئا خەلققە ئېيتتىكى: «ئۇ ئۆزى مۇقەددەس تەڭرى بولۇپ، خاتا بىلەن گۇناھلىرىڭلارغا چىدىيالمايدىغان غەيرەتلىك بىر خۇدا بولغاچ، سىلەر خۇداۋەندىنىڭ ئىبادىتىنى قىلالمايسىلەر. [20] ئەگەر سىلەر خۇداۋەندىنى تاشلاپ يات تەڭرىلەرگە ئىبادەت قىلساڭلار، ئۇمۇ سىلەردىن يۈز ئۆرۈپ، سىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ كەلگىنىنىڭ ئورنىدا سىلەرگە بالا كەلتۈرىدۇ» دېدى. [21] لېكىن خەلق ئۆزى يەشۇئاغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇنداق ئەمەس، بەلكى بىز خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلغىلى خالايمىز» دېدى. [22] شۇنى ئاڭلاپ، يەشۇئا ئۆزى خەلققە سۆزلەپ: «ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلايلى دەپ، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن خۇداۋەندىنى ئىلغىغىنىڭلارغا ئۆز ئۆزۈڭلارغا گۇۋاھ بولدۇڭلار» دەپ ئېيتسا، ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «دەرۋەقە شۇنداق» دەپ ئېيتتى. [23] ئۇ ئۆزى: «ئۇنداق بولسا، ئەمدى ئاراڭلاردىكى يات تەڭرىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، كۆڭۈللىرىڭلارنى ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە مايىل قىلىڭلار» دېدى. [24] خەلق ئۆزى يەشۇئاغا جاۋاب بېرىپ: «بىز بولساق ئۆز تەڭرىمىز خۇداۋەندىگە بەندىچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلايلى» دېدى. [25] شۇنى ئاڭلاپ، يەشۇئا ئۆزى ئۇ كۈنى قوۋم بىلەن ئەھدە باغلىشىپ، شەكەمدە ئۇلار ئۈچۈن قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى توختىتىپ بەردى. [26] توختىتىپ بېرىپ، يەشۇئا ئۆزى بۇ ھەممە سۆزلەرنى خۇداۋەندىنىڭ قانۇن كىتابىدا يېزىپ قويۇپ، چوڭ بىر تاشنى ئېلىپ، ئاندا خۇداۋەندىنىڭ مۇقەددەس خانىسىنىڭ يېنىدىكى دۇب دەرىخىنىڭ تېگىدە تىكلەپ قويدى. [27] ئاندىن كېيىن يەشۇئا ئۆزى خەلققە سۆزلەپ: «مانا بۇ تاش بولسا بىزگە گۇۋاھ بولۇپ تۇرسۇن، چۈنكى بۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بىزگە قىلغان ھەممە سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغاچ، سىلەر ئۆز تەڭرىڭلارنى ئىنكار قىلمىغايسىلەر دەپ، ئۈستۈڭلارغا گۇۋاھ بولۇپ تۇرسۇن» دېدى. [28] شۇنى دەپ، يەشۇئا ئۆزى خەلققە ئىجازەت بېرىپ ھەربىرىنى ئۆز يۇرتىغا ياندۇردى.

## يەشۇئا ۋە ئېلئازارنىڭ ۋاپاتى

[29] بىر ۋاقىتتىن كېيىن خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى بولۇپ نۇننىڭ ئوغلى بولغان يەشۇئا بولسا بىر يۈز ئون ياشقا كىرىپ ۋاپات بولدى. [30] ئۇلار ئۇنى ئېلىپ بېرىپ، ئەفرائىم تاغ يۇرتىدا گائاش تېغىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئۇنىڭ ئۆز مىراس ھەسسىسى بولغان تىمنات-سېراھ دېگەن جايىدا دەپنە قىلدى. [31] ئىسرائىل بولسا يەشۇئانىڭ ھەممە ھايات كۈنلىرىدە خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلىپ تۇرۇپ، يەشۇئادىن كېيىن قېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئىسرائىل ئۈچۈن قىلغان

ھەممە ئىشلىرىنى ئوبدان بىلگەن ئاقساقاللارنىڭ ھايات كۈنلىرىدىمۇ شۇنداق قىلىپ تۇردى. [32] يۈسۈپنىڭ سۆڭەكلىرى بولسا بەنى-ئىسرائىل ئۇلارنى مىسىردىن ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەمدى ئۇلار بۇنى شەكەمگە ئېلىپ بېرىپ، ياقۇپنىڭ ئۆزى شەكەمنىڭ ئاتىسى خامورنىڭ ئوغۇللىرىدىن يۈز پارچە كۈمۈشكە سېتىۋېلىپ بەنى-يۈسۈپنىڭ مىراس ھەسسىسى بولغان يەردە دەپنە قىلدى. [33] ھارۇننىڭ ئوغلى ئېلىئازار ۋاپات بولغاندا ئۇلار ئۇنى ئۆز ئوغلى پىنىخاسقا بېرىلىپ ئەفرائىمنىڭ تاغ يۇرتىدا بولغان گىبىيا دېگەن جايدا دەپنە قىلدى.

مۇقەددەس كىتاب

# ھاكىملار

7

# هاكىملار

## مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
## (تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

7-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# ھاكىملار

## يەھۇدا ئاۋۋال قانائانىيلار بىلەن سوقۇشقىلى چىقىدۇ

1
[1] يەشۇئا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بەنى-ئىسرائىل ئۆزى خۇداۋەندىدىن سوراپ: «بىزدىن
كىم ئاۋۋال چىقىپ قانائانىيلار بىلەن سوقۇشسۇن» دەپ ئېيتتى. [2] خۇداۋەندە ئېيتتىكى:
«يەھۇدا چىقسۇن. مانا مەن يۇرتنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىمەن» دېدى. [3] ئۇ ۋاقىت يەھۇدا ئۆز
بۇرادىرى شىمونغا: «قانائانىيلار بىلەن باراۋەر سوقۇشايلى دەپ، سەن ماڭا قوشۇلۇپ ئۆزۈمگە
تېگىدىغان ھەسسەمگە چىقساڭ، مەنمۇ ساڭا تېگىدىغان ھەسسەڭگە سەن بىلەن بىللە چىقىپ
سوقۇشىمەن» دېگەندە شىمون ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتى.
[4] يەھۇدا ئۇ يەرگە چىققاندا خۇداۋەندە ئۆزى قانائانىي بىلەن پەرىززىيلەرنى ئۇلارنىڭ قولىغا بەردى.
شۇنداقكى، ئۇلار بېزەك دېگەن جايدا بۇلارنى ئۇرۇپ، ئون مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. [5] چۈنكى
بېزەكتە ئادونى-بېزەككە ئۇچراپ، ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇپ، قانائانىي بىلەن پەرىززىيلەرنى
ئۇردى. [6] ئادونى-بېزەك ئۆزى قاچقاندا ئۇلار ئۇنى قوغلاپ تۇتۇپ، قوللىرىنىڭ چوڭ بارماقلىرى
بىلەن پۇتلىرىنىڭ چوڭ بارماقلىرىنى كېسىۋەتتى. [7] ئادونى-بېزەك بولسا: «مانا قول بىلەن
پۇتلىرىنىڭ چوڭ بارماقلىرى كېسىكلىك يەتمىش پادىشاھ ئۆزى داستىخىنىمنىڭ تېگىدە
ئۇۋۋاقلارنى تېرىپ تۇرغانىدى. ئەمدى خۇدا ماڭا ئۆز ئەمەللىرىمگە قاراپ ياندۇردى» دېدى.
ئاندىن كېيىن ئۇلار ئۇنى يېرۇسالېمغا ئېلىپ باردى. ئاندا ئۇ ئۆزى ئۆلۈپ كەتتى.
[8] لېكىن بەنى-يەھۇدا بولسا يېرۇسالېمنى قورشىۋېلىپ مەغلۇپ قىلىپ، ئولتۇرغۇچىلىرىنى
قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ، شەھەرگە ئوت ياقتى. [9] شۇنى قىلىپ بولۇپ، بەنى-يەھۇدا ئۆزى
تاغلاردا ئولتۇرۇپ جەنۇب يۇرتى بىلەن پەستىكى يۇرتتا ماكان تۇتقان خەلق بىلەن سوقۇشقىلى
چىقتى.
[10] ئاندىن كېيىن يەھۇدا ئۆزى ئىلگىرىكى ۋاقىتتا قىريات-ئاربا دېگەن خېبروندا ئولتۇرغان
قانائانىيلارغا قارشى چىقىپ، شېشاي، ئاخىمان ۋە تالماي دېگەنلەرنى ئۇرۇپ، [11] ئاندىن كېتىپ،
دېبىرنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىغا قارشى چىقتى. ئەمما دېبىر ئۆزى قەدىمكى زاماندا قىريات-سېفەر
دەپ ئاتالغانىدى. [12] كالەب ئۆزى سۆز قىلىپ: «كىمكى قىريات-سېفەرگە ھۇجۇم قىلىپ
ئۇنى ئالسا، ئۇنىڭ ئۆزىگە قىزىم ئاكسانى خوتۇنلۇققا بېرىمەن» دېدى. [13] كالەبنىڭ كىچىك
بۇرادىرى قېنازنىڭ ئوغلى ئوتنىيەل ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ ئالسا، كالەب ئۆزى ئۇنىڭغا قىزى
ئاكسانى خوتۇنلۇققا بەردى. [14] ئۇ خوتۇن ئۇنىڭ قېشىغا بارغاندا: «ئاتامدىن بىر پارچە يەر
تىلىگىن» دەپ ئېرىنى قىزىقتۇرۇپ تۇرۇپ، ئېشەكتىن ئىتتىك چۈشسە، كالەب ئۇنىڭدىن:
«ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. [15] ئۇ جاۋاب بېرىپ: «سەن ماڭا جەنۇب تەرىپىدىكى
قۇرۇق يەرنى بەرگەندىن كېيىن، ماڭا بىرنەچچە سۇ بۇلاقلىرىنىمۇ بېرىپ مېنى بەرىكەتلىگىن»
دېدى. شۇنى دېسە، ئۇ ئۇنىڭغا ئۈستۈن بۇلاق بىلەن ئاستىن بۇلاقلارنى بەردى.

[16] قېنىيلار دەپ ئاتىلىپ، مۇسانىڭ قېيناتىسىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغانلار بولسا بەنى-يەھۇداغا
قوشۇلۇپ، ‹ خورمىلىق شەھەر›دىن چىقىپ ئارادنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى يەھۇدا چۆلىگە
كېتىپ، ئانداكى خەلق بىلەن ئولتۇردى. [17] لېكىن يەھۇدا بولسا ئۆز بۇرادىرى شىمون بىلەن
بىللە بېرىپ زەفات دېگەن جايدا ئولتۇراقلىق قانائانىيلارنى ئۇرۇپ، شەھەرنى ۋەيران قىلىپ
ئۇنىڭ ئىسمىنى خورماھ دەپ ئاتىدى. [18] ئاندىن كېيىن يەھۇدا ئۆزى گازا بىلەن ئۇنىڭ تەۋە
يەرلىرىنى ئېلىپ، ئاشقېلون بىلەن ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىنى ئىگىلەپ، ئەقرون بىلەن ئەتراپىنى
ئۆزىگە تارتىۋالدى. [19] خۇداۋەندە ئۆزى يەھۇدا بىلەن بولغاچ ئۇلار تاغ يۇرتىنى مەغلۇپ
قىلىۋالدى. لېكىن پەستىكى يۇرت بولسا ئۇلارنىڭ تۆمۈر هارۋىلىرى بولغاچ بۇلارنى چىقىرالماي
قالدى. [20] ئەمما ئۇلار بولسا مۇسانىڭ بۇيرۇغىنىدەك خېبروننى كالەبكە بەردى. بەرسە، ئۇ
ئۆزى ئاناقنىڭ ئۈچ ئوغلىنى ئاندىن چىقىرىۋەتتى.

## هەيدىۋېتىلمىگەن قانائانىيلار

[21] بەنى-بەنيامىن بولسا يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلىق يەبۇسىيلارنى چىقىرالمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن
يەبۇسىيلار بەنى-بەنيامىنغا قوشۇلۇپ، بۇ كۈنگىچە يېرۇسالېمدا ئولتۇرماقتا.
[22] يۈسۈپنىڭ خانىدانى بولسا بەيتەلگە قارشى چىققىنىدا خۇداۋەندە ئۇلار بىلەن ئىدى.
[23] يۈسۈپنىڭ خانىدانى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەك ئۈچۈن ئىلگىرىكى ۋاقىتتا لۇز دەپ ئاتالغان
بەيتەل دېگەن شەھەرگە جاسۇسلار ئەۋەتتى. [24] جاسۇسلار بېرىپ، شەھەردىن بىر كىشى چىقىپ
كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا: «شەھەرگە كىرىدىغان يولنى بىزگە كۆرسىتىپ قويساڭ،
بىز ساڭا ئىنئام بېرىمىز» دېدى. [25] ئۇ بۇنى ئاڭلاپ، شەھەرنىڭ يولىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ
بەرسە، ئۇلار بېرىپ، شەھەرنى ئۇرۇپ قىلىچ بىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، يالغۇز بۇ ئادەم بىلەن ئۇنىڭ
ھەممە خانىدانىنى قويۇپ قويدى. [26] ئۇ ئادەم بولسا ختتىيلارنىڭ يۇرتىغا كېتىپ، ئاندا بىر
شەھەر ياساپ، ئىسمىنى لۇز دەپ ئاتىدى. بۇ كۈنگىچىمۇ ئۇنىڭ ئىسمى شۇنداق ئاتىلىدۇ.
[27] ماناسسە بولسا بەيت-شېئان بىلەن ئۇنىڭ كەنتلىرىنى ئالماي، تائاناك بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە
يەرلىرىنى ئىگىلىماي، دور بىلەن ئۇنىڭ كەنتلىرىنىڭ ئولتۇرغۇچىلارنى چىقارماي، يىبلېئام
بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە يەرلىرىنىڭ خەلقىنى ھەيدىۋەتمەي، مەگىددو بىلەن ئۇنىڭ كەنتلىرىنىڭ
خەلقىنىمۇ كەتكۈزۈۋەتمىگەچ، قانائانىيلار ئۆزى ئۇ يۇرتتا ئولتۇرۇپ قالدى. [28] لېكىن
ئىسرائىلىيلار كۈچ تاپسىمۇ، قانائانىيلارنى ھەيدىۋەتمەي، ئۇلاردىن باج-ئالۋان ئالاتتى.
[29] ئەفرائىم بولسا گېزەردە ئولتۇراقلىق قانائانىيلارنى ھەيدىۋەتمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قانائانىيلار
ئۆزى گېزەردە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قالدى.
[30] زەبۇلۇن بولسا قىتروننىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىنى چىقارماي، ناھالالنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىنىمۇ
ھەيدىۋەتمىگىنى ئۈچۈن قانائانىيلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، باج-ئالۋان بېرىدىغان
بولدى.

[31] ئاشەر بولسا ئاككونىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى بىلەن سىدونىنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىنى چىقارماي، ئاخلاب، ئاكزىب، خەلبا، ئافىق ۋە رەخوبنىڭكىلەرنىمۇ ھەيدىۋەتمىدى. [32] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشەرىيلەر ئۆزى يۇرتنىڭ كونا خەلقى بولغان قانائانىيلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇردى. چۈنكى ئاشەرىيلەر ئۇلارنى ھەيدىۋەتمىگەنىدى.
[33] نافتالى بولسا بەيت-شەمەشنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى بىلەن بەيت-ئاناتنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىنى چىقىرىۋەتمەي، بەلكى يۇرتنىڭ كونا خەلقى بولغان قانائانىيلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، بەيت-شەمەش بىلەن بەيت-ئاناتنىڭ خەلقى ئۇلارغا باج-ئالۋان بېرىدىغان بولدى.
[34] لېكىن ئامورىيلار بولسا بەنى-داننى تاغلارغا ھەيدىۋېتىپ، ئۇلارنى پەسكە چۈشكىلى قويمىدى. [35] ئامورىيلار ئۆزى خېرەس تېغى، ئايالون ۋە شائالبىمدا ئولتۇرۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، بەنى-يۇسۇپنىڭ قولى كۈچ تېپىپ كەتكەچ، ئۇلار باج-ئالۋان بېرىدىغان بولدى.
[36] ئامورىيلارنىڭ چېگرىسى بولسا ‹ سېرىق ئېشەك› داۋىنىنىڭ قورام تېشى بىلەن سېلادىن تارتىپ ئۈستۈن تەرىپىگە ماڭاتتى.

## خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى بەنى-ئىسرائىلغا تەنبىھ بېرىدۇ

2 [1] خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى گىلگالدىن بوكىمغا كېلىپ ئېيتتىكى: «مەن بولسام سىلەرنى مىسىردىن چىقىرىپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا قەسەم قىلىپ بەرگەن يۇرتقا ئېلىپ كېلىپ: ‹ مەن سىلەر بىلەن قىلغان ئەھدەمنى ئەبەدكىچە سۇندۇرمايمەن. [2] سىلەر بولساڭلار بۇ يۇرتنىڭ خەلقى بىلەن ئەھدە باغلاشماي، بەلكى ئۇلارنىڭ قۇربانگاھلىرىنى بۇزۇۋېتىڭلار› دېسەم، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالمىدىڭلار. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭلار؟ [3] بۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىن كەتكۈزمەي، ئۇلارنىڭ ئۆزى سىلەرنى قىيىن-قىستاققا سېلىپ، ئۇلارنىڭ تەڭرىلىرى سىلەرگە بىر قىلتاق بولسۇن دەپ، خىيال قىلدىم» دېدى. [4] خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى بەنى-ئىسرائىلغا بۇ سۆزنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇلار تۇۋلاپ يىغلىشىپ، [5] بۇ جاينىڭ ئېتىنى بوكىم قويۇپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن قۇربانلىق ئۆتكۈزدى.

## يەشۇئادىن كېيىن ئىسرائىل بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشنى باشلايدۇ

[6] يەشۇئا ئۆزى خەلقنى كەتكىلى قويغان ۋاقىتتا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەربىرى يۇرتنى ئۆزىمىزگە تارتىۋالايلى دەپ ئۆز مىراسىغا باردى. [7] قوۋم بولسا يەشۇئانىڭ ھەممە كۈنلىرىدە ۋە ھەم يەشۇئادىن كېيىن تىرىك تۇرۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ئىسرائىل ئۈچۈن قىلغان چوڭ-چوڭ ئىشلىرىنى كۆرگەن ئاقساقاللارنىڭ ھەممە كۈنلىرى ئىچىدە خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلىپ

تۇردى. [8] خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا بولسا بىر يۈز ئون ياشقا كىرىپ ۋاپات
بولدى. [9] ئۇلار ئۇنى گائاش تېغىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئەفرائىم تېغىنىڭ تىمنات-خېرەس
دېگەن جايىدا، ئۆز مىراس يۇرتىنىڭ زېمىنىدا دەپنە قىلدى.
[10] بۇ نەسلىنىڭ ھەممىسى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىغا بېرىپ قوشۇلغاندىن كېيىن، خۇداۋەندىنىمۇ
تونۇماي، ئىسرائىل ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنىمۇ بىلمەيدىغان بىر نەسىل پەيدا بولدى. [11] ئۇ
ۋاقىتتىن تارتىپ بەنى-ئىسرائىل خۇداۋەندىنىڭ كۆزىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، بائال
بۇتلىرىغا ئىبادەت قىلغىلى باشلاپ، [12] ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى بولۇپ ئۇلارنى مىسىر
يۇرتىدىن چىقىرىپ كەلگەن خۇداۋەندىنى تاشلاپ، ئۆپچۆرىسىدىكى تائىپىلەرنىڭ تەڭرىلىرىدىن
بولغان يات تەڭرىلەرگە ئەگىشىپ، بۇلارغا باش ئېگىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ،
[13] خۇداۋەندىنى قويۇپ قويۇپ، بائال بىلەن ئاشتاروتقا ئىبادەت قىلغىلى تۇردى. [14] ئۇنىڭ
ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە قوزغىلىپ، ئۇلارنى خاراب قىلسۇن دەپ،
ئۇلارنى تالىغۇچىلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئۆپچۆرىسىدىكى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا ساتتى.
شۇنداقكى، دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا ئىككىنچى باش كۆتۈرمىدى. [15] ئۇلار قەيەرگە چىقسا
خۇداۋەندە ئۆزى سۆزلەپ، ئۇلار ئۈچۈن قەسەم قىلغىنىدەك خۇداۋەندىنىڭ قولى ئۇلارغا قارشى
ئىشلەپ تۇرغاچ، چوڭ تەڭلىككە چۈشۈپ قالدى.
[16] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندە ئۆزى، ئۇلارنى تالىغۇچىلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزسۇن دەپ، ھاكىملار
قويۇردى. [17] لېكىن ئۇلار بولسا ئۆز ھاكىملىرىنىڭ سۆزىنىمۇ ئاڭلىماي، يات تەڭرىلەرنىڭ
ئارقىسىدىن يۈرۈپ، زىنا قىلىپ، ئۇلارغا باش ئېگىپ، ئاتا-بوۋىلىرى مېڭىپ خۇداۋەندىنىڭ
بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىپ يۈرگەن يولىدىن چىقىپ كېتىپ، ئاتا-بوۋىلىرىدەك ئىش
قىلمىدى. [18] خۇداۋەندە ئۇلار ئۈچۈن قاچان ھاكىملار قويۇرسا، خۇداۋەندە ئۆزى ئۇ ھاكىم
بىلەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھايات كۈنلىرىدە ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزاتتى، چۈنكى
خۇداۋەندە بولسا ئۇلارنىڭ ئاھ ئۇرۇپ دۈشمەنلىرى سالغان تەڭلىكتىن قىلغان پەريادىنى
ئاڭلاپ ئىچى ئاغرىدى. [19] لېكىن ھاكىم ئۆزى ئۆلۈپ قالسا، ئۇلار ئارقىسىغا يېنىۋېلىپ، ئاتا-
بوۋىلىرىدىنمۇ زىيادە يامانلىق قىلىپ، يات تەڭرىلەرنىڭ كەينىدىن كېتىپ، ئۇلارغا ئىبادەت
قىلىپ، باش ئېگىپ، ئۆز ئەمەللىرى بىلەن ئاسىيلىقىدىن يانمايتتى. [20] ئۇنىڭ ئۈچۈن
خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە قوزغىلىپ، ئۆزى ئېيتتىكى: «بۇ قوۋم ئۆزى مەن
ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا بۇيرۇغان ئەھدىنى سۇندۇرۇپ، ئاۋازىمغا قۇلاق سالمىغىنى ئۈچۈن
[21] مەن بولسام، يەشۇئا ئۆلگەندە يۇرتتا قالغان تائىپىلەردىن بىر ئادەمنىمۇ ھەيدىۋەتمەي،
[22] ئۇلار ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى قىلغىنىدەك قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ يولىدا يۈرگۈسى بارمۇ ئەمەسمۇ
دەپ، ئىسرائىلنى سىناپ باقىمەن. [23] شۇنى دەپ خۇداۋەندە ئۆزى بۇ تائىپىلەرنى ئىتتىك
ھەيدىۋەتمەي، ئۇلارنى تۇرغىلى قويۇپ، يەشۇئانىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمىدى.

# خۇداۋەندە ئىسرائىلنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن قويۇپ قويغان تائىپىلەر

3 1 بەنى-ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، جەڭ قىلىشنى بىلمىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە
جەڭ قىلىشنى ئۆگىتەي دەپ، 2 خۇداۋەندە ئۆزى ئىسرائىلنى سىناپ بېقىپ، قانائاننىڭ
جەڭلىرىنى ھېچ بىلمىگەن ھەممە كىشىلەرنى سىناق قىلماق ئۈچۈن قويۇپ قويغان تائىپىلەر
شۇ، يەنى: 3 فىلىستىنىيلەردىن بولغان بەش سەردار بىلەن قانائانىيلارنىڭ ھەممىسى،
سىدونىيلار بىلەن بائال-خەرمون تېغىدىن تارتىپ خاماتنىڭ ئاغزىغىچە لىۋان تېغىدا
ئولتۇراقلىق خىۋىيلار ئىدى. 4 بۇلار بولسا بەنى-ئىسرائىلنى سىناپ، خۇداۋەندە ئۆزى
مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلارغا بۇيرۇغان ئەمرلەرنى تۇتىدۇمۇ ياكى يوقمۇ دەپ، ئۇلارنى
سىناق قىلماق ئۈچۈن قويۇپ قويۇلغانىدى.
5 بەنى-ئىسرائىل بولسا قانائانىي بىلەن خىتتىيلار، ئامورىي بىلەن پەرىززىيلەر، خىۋىي بىلەن
يەبۇسىيلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ قېلىپ، 6 ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، ئۆز
قىزلىرىنى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرىغا ئىبادەت قىلغىلى تۇردى.

## ئوتنىيەل

7 بۇ تەرىقىدە بەنى-ئىسرائىل ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغاننى قىلىپ، ئۆز
تەڭرىسى خۇداۋەندىنى ئۇنتۇپ، بائال بىلەن ئاشەرا بۇتلىرىغا ئىبادەت قىلىشىپ تۇردى. 8 بۇنىڭ
ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە قوزغىلىپ، ئۇلارنى ئارام-ناھارايىمنىڭ
پادىشاھى بولغان كۇشان-رىشاتايىمنىڭ قولىغا ساتتى. بۇ تەرىقىدە بەنى-ئىسرائىل ئۆزى
سەككىز يىلغىچە كۇشان-رىشاتايىمنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. 9 ئەمما بەنى-ئىسرائىل ئۆزى
خۇداۋەندىگە پەرياد قىلغىنىدا خۇداۋەندە بەنى-ئىسرائىل ئۈچۈن بىر قۇتقۇزغۇچىنى قويۇردى.
ئۇلارنى قۇتقۇزغان شۇ كىشى ئۆزى كالەبنىڭ ئۇكىسى قېنازنىڭ ئوغلى ئوتنىيەل ئىدى.
10 خۇداۋەندىنىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشكەچ، ئۇ ئۆزى ئىسرائىلنىڭ ھاكىمى بولۇپ
جەڭگە چىققىنىدا، خۇداۋەندە ئۆزى ئارام پادىشاھى كۇشان-رىشاتايىمنى ئۇنىڭ قولىغا بەردى.
بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى كۇشان-رىشاتايىمنىڭ ئۈستىگە غالىب كەلدى. 11 مۇندىن كېيىن قىرىق
يىلغىچە يۇرتتا ئارام-ئامانلىق بولۇپ تۇرۇپ، ئاخىردا قېنازنىڭ ئوغلى ئوتنىيەل ئۆلۈپ كەتتى.

## ئېھۇد ۋە شامگار

12 لېكىن بەنى-ئىسرائىل بولسا يەنە خۇداۋەندىنىڭ كۆزىدە يامان بولغىنىنى قىلغاچ،
خۇداۋەندىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، موئابنىڭ پادىشاھى ئېگلوننى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە غالىب
قىلدى. چۈنكى بەنى-ئىسرائىل ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلغانىدى.

13 ئېگلون پادىشاھ بولسا بەنى-ئاممون بىلەن بىرلىشىپ بەنى-ئامالەكنى ئۆزىگە تارتىپ
بېرىپ، ئىسرائىلنى ئۇرۇپ ‹ خورمىلىق شەھەر›نى ئىگىلىۋالدى. 14 بۇنىڭ بىلەن بەنى-
ئىسرائىل ئون سەككىز يىلغىچە موئابنىڭ پادىشاھى ئېگلونغا خىزمەت قىلدى.
15 لېكىن بەنى-ئىسرائىل خۇداۋەندىگە پەرياد قىلغاندا خۇداۋەندە ئۇلار ئۈچۈن ئۆزى بەنيامىن
قەبىلىسىدىن گېرانىڭ ئوغلى بولغان ئېھۇد چەپخاينى قۇتقۇزغۇچى قىلىپ قوپۇردى. بەنى-
ئىسرائىل ئۇنىڭ قولى بىلەن موئابنىڭ پادىشاھى ئېگلوننىڭ قېشىغا باج-خىراج ئەۋەتكەندە،
16 ئېھۇد ئۆزى ئۈچۈن بىر گەز ئۇزۇن ئىككى بىسلىق بىر قىلىچنى ئېتىپ، ئۇنى ئېگىنىنىڭ
ئىچىدە ئوڭ يوتىسىنىڭ ئۈستىگە قىستاچ بېرىپ، 17 موئابنىڭ پادىشاھى ئېگلوننىڭ ئالدىدا
باج-خىراجنى قويدى. ئېگلون بولسا تولا سېمىز بىر كىشى ئىدى. 18 ئۇ باج-خىراجنى قويغاندىن
كېيىن، باج-خىراج كەلتۈرگەن خەلقنى كەتكۈزۈۋېتىپ، 19 ئۆزى يېنىپ، گىلگالنىڭ يېنىدىكى
تاش سۈرەتلىرى بار جايدىن قايتىپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئەي پادىشاھ مېنىڭ ساڭا
مەخپىي جايدا قىلىدىغان بىر سۆزۈم بار» دەپ ئېيتقۇزدى. ئۇ ۋاقىت پادىشاھ خەلققە: «بىزگە
خىلۋەت لازىم بولدى» دېسە، چۆرىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى.
20 ئاندىن كېيىن ئېھۇد كىرىپ، پادىشاھنى سۆرۈن بالىخانىسىدا كۇرسىنىڭ ئۈستىدە يالغۇز
ئولتۇراقلىق تېپىپ: «مېنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ساڭا ئېيتىدىغان بىر سۆزۈم بار» دېسە، پادىشاھ
كۇرسىدىن قوپۇپ تۇردى. 21 ئۇ ۋاقىت ئېھۇد ئۆزى چەپ قولىنى ئۇزىتىپ، ئوڭ يوتىسىدىن
قىلىچنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا تىقتى. 22 شۇنداقكى، قىلىچنىڭ دەستىسىمۇ، تىغى
بىلەن قوشۇلۇپ كىرىپ كېتىپ، سېمىز ئېتى چۈۋۈلۈپ، قىلىچنى قورسىقىدىن تارتىۋەتمىگىنى
ئۈچۈن دەستىسىگە يۆگىشىپ قېلىپ، تىغى كەينىدىن چىقىپ تۇردى. 23 ئاندىن ئېھۇد ئۆزى
دالانغا چىقىپ، بالىخانىنىڭ ئىشىكلىرىنى كەينىدىن ئېتىپ، قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتكىنىدە،
24 پادىشاھنىڭ ئادەملىرى كېلىپ قارىسا، بالىخانىنىڭ ئىشىكلىرىنى قۇلۇپلاقلىق كۆرۈپ،
پادىشاھ ئۆزى سۆرۈن ئۆيدە ئارام قىلارمىكىن دەپ ئويلىدى. 25 لېكىن ئۇلار ئۇزۇن ساقلاپ
تۇرۇپ، بالىخانىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلمىغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى سېلىپ، ئاچقۇچنى ئېلىپ
ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، خوجىسىنىڭ يەرگە يىقىلىپ، ئۆلۈك ياتقىنىنى كۆردى.
26 ئەمما بۇلار ھەيران بولۇشۇپ تۇرغۇچىلىك ئېھۇد ئۆزى قېچىپ چىقىپ، تاش سۈرەتلىرى
بار جايدىن ئۆتۈپ سېئىراغا يېتىۋېلىپ قۇتۇلۇپ كەتتى. 27 ئاندا كېلىپ، ئەفرائىم تېغىدا
كاناي چالسا، بەنى-ئىسرائىل ئۇنىڭ بىلەن تاغدىن چۈشۈپ، ئۇنى ئۆز ئالدىغا سېلىپ ماڭدى.
28 ئۇ ئۇلارغا: «ماڭا ئەگىشىپ يۈرۈڭلار، چۈنكى خۇداۋەندە بولسا دۈشمەنلىرىڭلار بولغان
موئابىيلارنى قوللىرىڭلارغا بەردى» دېسە، ئۇلار ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ چۈشۈپ، ئىئوردانىنىڭ
كېچىكىنى توسۇۋېلىپ، ھېچكىمنى ئۆتكىلى قويمىدى. 29 ئۇ ۋاقىت ئۇلار موئابىيلاردىن
ھەممىسى كۈچلۈك باتۇر بولغان ئون مىڭچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ھېچبىرىنى قاچقىلى
قويمىدى. 30 بۇ تەرىقىدە موئاب ئۆزى ئىسرائىلنىڭ قولىنىڭ تېگىدە بېسىلغاچ، سەكسەن يىل
داۋامىدا يۇرت ئۆزى تىنچلىق تۇردى.

31 ئېھۇدتىن كېيىن ئاناتنىڭ ئوغلى شامگار قوپۇپ، ئىسرائىل قۇتقۇزۇپ، ئالتە يۈز
فىلىستىنىيلەرنى ئۆي سانجىغۇچى بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## دېبورا ۋە باراق

4 1 لېكىن ئېھۇد ۋاپات بولغاندىن كېيىن بەنى-ئىسرائىل خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان
بولغىنىنى يەنە قىلغىلى تۇردى. 2 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۇلارنى قانائانىنىڭ پادىشاھى بولۇپ
خازوردا سەلتەنەت قىلىپ تۇرغان يابىننىڭ قولىغا ساتتى. ئۇنىڭ قوشۇن سەردارى سىسېرا
دەپ ئاتىلىپ، تائىپىلەرنىڭ شاروشەت دېگەن شەھىرىدە ئولتۇراقلىق ئىدى. 3 ئەمما بەنى-
ئىسرائىل بولسا خۇداۋەندىگە پەرياد قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ تۆمۈردىن ياسالغان توققۇز يۈز
جەڭ ھارۋىسى بولۇپ، بەنى-ئىسرائىلغا يىگىرمە يىل داۋامىدا تولا زۇلۇم قىلىپ تۇرغانىدى.
4 ئۇ ۋاقىت لاپپىدوتنىڭ خوتۇنى بولغان دېبورا دېگەن ئايال پەيغەمبەر ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە
ھاكىملىق قىلدى. 5 ئۇ ئۆزى ئەفرائىم تاغلىرىدىكى راما بىلەن بەيتەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان
دېبورا دەرىخى دېگەن خورما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى. بەنى-ئىسرائىل بولسا، ھۆكۈم
قىلسۇن دەپ، ئۇنىڭ قېشىغا دەۋاسىنى ئېلىپ كېلەتتى. 6 ئۇ ئۆزى نافتالىنىڭ يۇرتىدىكى
قادېش دېگەن جايدىن ئابىنوئامنىڭ ئوغلى باراقنى قىچقارتىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېيتتىكى:
«مانا ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۆزى بۇيرۇپ: ‹ سەن بېرىپ، نافتالى قەبىلىسى بىلەن
زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن ئون مىڭ كىشىنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ، تابور تېغىغا چىققىن.
7 مەن بولسام، يابىن قوشۇن سەردارى بولغان سىسېرانى ئۆز ھارۋا قوشۇنلىرى بىلەن قىشون
دېگەن ئېقىننىڭ بويىغا قېشىڭغا ئېلىپ كېلىپ، قولۇڭغا تاپشۇرىمەن› دەپ ئېيتمىدىمۇ؟»
دېدى. 8 باراق ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «سەن ئۆزۈڭ مەن بىلەن بارساڭ، مەنمۇ باراي. سەن
مەن بىلەن بارمىساڭ، مەنمۇ بارمايمەن» دېدى. 9 دېبورا سۆز قىلىپ: «دەرۋەقە ئۆزۈم سەن
بىلەن بارىمەن، لېكىن ئۇنداق بولسا، بارىدىغان يولۇڭدا ساڭا ھېچ ئىززەت تەگمەيدۇ، بەلكى
خۇداۋەندە ئۆزى سىسېرانى بىر خوتۇننىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ» دەپ دېبورا قوپۇپ، باراق بىلەن
بىللە قادېشقا ماڭدى. 10 باراق ئۆزى زەبۇلۇن بىلەن نافتالىنى قادېشقا قىچقىرىپ، ئون مىڭ
ئادەمنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ چىققىنىدا دېبورامۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقتى.
11 قېنىي خېبەر بولسا مۇسانىڭ قېيناتىسى بولغان خوبابنىڭ نەسلىدىن كەلگەن باشقا
قېنىيلاردىن ئۆزىنى ئايرىپ، قادېشنىڭ يېنىدا بولغان زائانانىم دېگەن جايدىكى دۇب دەرىخىنىڭ
يېنىدا ئۆز چېدىرىنى تىككەنىدى. 12 «مانا ئابىنوئامنىڭ ئوغلى باراق ئۆزى تابور تېغىغا
چىقتى» دېگەن خەۋەر سىسېراغا يەتكىنىدە، 13 سىسېرا ئۆزى تۆمۈردىن بولغان توققۇز يۈز
جەڭ ھارۋىسىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ھەممە خەلقىنى تائىپىلەرنىڭ شەھىرى شاروشەتتىن
قىچقارتىپ، قىشون ئېقىنىنىڭ يېنىدا توپلىدى.

14 ئۇ ۋاقىت دېبورا باراققا سۆز قىلىپ: «قوپقىن، بۇ كۈن بولسا خۇداۋەندە ئۆزى سىسېرانى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىدىغان كۈندۇر. مانا خۇداۋەندە ئۆزى ئالدىڭدا بولغىنىنى بىلمەمسەن؟» دېدى. شۇنى دېسە، باراق ئۆزى ئون مىڭ ئادەمنى كەينىگە سېلىپ، تاغدىن چۈشتى. 15 خۇداۋەندە بولسا سىسېرانىڭ ئۆزىنى ھەممە ھارۋىلىرى بىلەن پۈتۈن قوشۇنىنى باراقنىڭ ئالدىدا قىلىچ بىسى بىلەن تېرا-پېرەن قىلىۋەتتى. شۇنداقكى، سىسېرا ئۆزى ھارۋىدىن چۈشۈپ، پىيادە قېچىپ كەتتى. 16 لېكىن باراق بولسا تائىپىلەرنىڭ شەھىرى شاروشەتكىچە ھارۋىلارنىڭ ئۆزى بىلەن قوشۇنىنى قوغلاپ باردى. بۇ تەرىقىدە سىسېرانىڭ ھەممە قوشۇنى قىلىچ بىسى بىلەن يوقىتىلىپ، بىرىمۇ قۇتۇلالمىدى.
17 لېكىن سىسېرا بولسا پىيادە قېچىپ كېتىپ، قېنىي خېبەرنىڭ خوتۇنى يائەلنىڭ چېدىرىغا بېرىۋالدى. چۈنكى خازورنىڭ پادىشاھى يابىن بىلەن خېبەر قېنىيىنىڭ خاندانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق بار ئىدى. 18 يائەل ئۆزى چىقىپ، سىسېرا بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ ئۆزىگە: «ئەي خوجام، قورقماي مېنىڭكىگە كىرگىن» دېدى. شۇ گەپ بىلەن سىسېرا ئۇنىڭ چېدىرىغا كىرسە، خوتۇن ئۆزى ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يوتقان يېپىپ قويدى. 19 ئۇ ئۇنىڭغا: «مەن بولسام ئۇسساپ قالدىم. ئىچكىلى ئاز-ماز سۇ بەرگىن» دېسە، خوتۇن بېرىپ، سۈتنىڭ تۇلۇمىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا ئىچۈرۈپ، يەنە ئۇنى يېپىپ قويدى. 20 ئاندىن سىسېرا ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «سەن ئۆزۈڭ چېدىرنىڭ ئىشىكىدە ساقلاپ تۇرغىن. بىركىم كېلىپ: ‹ بۇ يەردە بىر كىشى بارمۇ؟› دەپ سەندىن سورىسا: ‹ يوق› دەپ جاۋاب بەرگىن» دېدى. 21 لېكىن خېبەرنىڭ خوتۇنى يائەل قوپۇپ، چېدىرنىڭ بىر قوزۇقىنى ئېلىپ، بىر بولقىنى قولىدا تۇتۇپ، شەپە قىلماي ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇ ئۆزى ھېرىپ كېتىپ قاتتىق ئۇخلاپ ياتسا، ئۇنىڭ چېكىسىگە قوزۇقنى قاقتى. شۇنداقكى، قوزۇق ئۆتۈپ، يەرگە كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلدى.
22 مانا، باراق ئۆزى سىسېرانى قوغلاپ كەلسە، يائەل ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە: «كەلگىن سەن ئىزدەپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنى ساڭا كۆرسىتەي» دېدى. ئۇ ئۇنىڭكىگە كىرىپ قارىسا، مانا سىسېرا ئۆزى ئۆلۈك يېتىپ، چېكىسىگە قوزۇق قېقىقلىق تۇرىدۇ. 23 بۇ تەرىقىدە خۇدا ئۇ كۈندە قانائان پادىشاھى يابىننى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلدى.
24 ئۇ ۋاقىتتىن تارتىپ بەنى-ئىسرائىلنىڭ قولى قانائان پادىشاھى يابىننىڭ ئۈستىگە كۈچ تېپىپ غالىب بولغىلى باشلاپ، ئاخىردا قانائان پادىشاھى يابىننى يوقىتىۋەتتى.

## نۇسرەت شېئىرى

5 [1] ئۇ ۋاقىت دېبورا بىلەن ئابىنوئامنىڭ ئوغلى باراق شېئىر ئوقۇپ ئېيتتىكى:

[2] «ئىسرائىلدا باشلايدىغان سەردارلار تېپىلىپ، خەلق ئۆزى كۆڭۈل خۇشى بىلەن ئۇلارغا ئەگەشمەك ئۈچۈن خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار.

[3] ئەي پادىشاھ، ئاڭلاڭلار! ئەي ئەمىرلەر، قۇلاق سېلىڭلار! مەن بولسام، خۇداۋەندىگە شېئىر ئوقۇي. مەن ئۆزۈم ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتاي.

[4] ئەي خۇداۋەندە، سەن ئۆزۈڭ سېئىردىن چىقىپ، ئېدوم سەھراسىغا قەدەم قويغىنىڭدا يەر ئۆزى تەۋرىنىپ كېتىپ، ئاسمان بولسا تېمىتىپ تۇرۇپ، بۇلۇتلار يامغۇر ياغدۇرۇپ،
[5] تاغلار بولسا خۇداۋەندىنىڭ يۈزىدىن تىترەپ، سىناي تېغى ئۆزى ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدىن سىلكىنىپ كەتتى.

[6] ئاناتنىڭ ئوغلى شامگارنىڭ كۈنلىرىدە، دەرۋەقە يائەلنىڭ كۈنلىرىدە خان يوللىرى تاشلىنىپ كەتكەچ يولۇچىلار ئۆزى چىغىر يوللىرىدا يۈرەتتى.

[7] مەن دېبورا بولسام، ئىسرائىلدا بىر ئانىدەك پەيدا بولۇپ قوپماستا ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە ھاكىم تېپىلماي يوق تۇردى.

[8] خەلق بولسا ئۆزى ئۈچۈن يېڭى تەڭرىلەر ئىلغىۋالدى. بۇ سەۋەبتىن دەرۋازىلىرىغا جەڭ يېتىپ كەلدى. ئەمما قىرىق مىڭچە ئىسرائىلىيلارنىڭ ئارىسىدا بىر دانە سىپار ياكى بىر دانە نەيزە كۆرۈنگەن ئىدىمۇ؟

[9] كۆڭلۈم بولسا ئىسرائىلنىڭ ھاكىملىرى ئۈچۈن سىلىپ، خەلق ئىچىدىن خۇشلۇق بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە مايىل بولىدۇ. ‹ خۇداۋەندە ئۆزى مۇبارەك› دەپ ئېيتىڭلار.

[10] ئەي سىلەر ئاق ئېشەكلەرگە مىنگەنلەر! ئەي نەپىس زىلچىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلار! ئەي يولدا مېڭىپ تۇرغانلار، مەدھىيە ئوقۇڭلار!

[11] يا ئاتقۇچىلارنىڭ چۇقىنىدىن قۇتۇلغانلار بولسا كېچىكلەرنىڭ لېۋىدە تۇرۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ئادالىتىنى داڭلاپ، ئۇنىڭ ئىسرائىل ئىچىدە كۆرسەتكەن راست ھەقىقەتنى زىكىر قىلىدۇ. خۇداۋەندىنىڭ قوۋمى بولسا چۈشۈپ، دەرۋازىلارغا يېتىپ كەلدى.

12 ئەمدى سەن ئەي دېبورا، ئويغىنىپ قوپقىن! ئويغىنىپ قوپۇپ شېئىر ئوقۇغىن! ئەي باراق، قوپقىن سەن ئەي ئابىنوئامنىڭ ئوغلى، ئەسىرلىرىڭنى باغلاپ ئېلىپ كەتكىن.

13 مانا قوۋمدىن قالغان ئاز بىر گۇرۇھ بولسا چوڭ خەلقلەرگە غالىب كەلدى. مەن بولسام، خۇداۋەندە ماڭا زالىملارنىڭ ئۈستىگە كۈچ بەردى.

14 ئەفرائىمنىڭ ئۆزىدىن ئامالەكنىڭ ئىچىدە يىلتىز باغلىغان كىشىلەر كەلدى. ئەي بەنيامىن، سېنىڭ كەينىڭدىن ئەگىشىپ قوۋمىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ماكىردىن ھاكىملار چۈشۈپ كېلىپ، زەبۇلۇندىن سەردارلىقنىڭ ھاسىسىنى تۇتقانلار يېتىپ كەلدى.

15 ئىسساكارنىڭ ئەمىرلىرى بولسا دېبوراغا قوشۇلدى. ئىسساكار قىلغاندەك باراقمۇ قىلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ۋادىغا چۈشتى. رۇبەننىڭ ئېقىنلىرىنىڭ يېنىدا چوڭ-چوڭ مەسلىھەتلەر قىلىندى.

16 سەن بولساڭ نېمىشقا قوتاننىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، قويلار ئۈچۈن چالغان يالغۇزەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى خالىدىڭ؟ مانا رۇبەننىڭ ئېقىنلىرىنىڭ يېنىدا چوڭ-چوڭ مەسلىھەتلەر قىلىندى.

17 گىلياد بولسا ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ قالدى. دان ئۆزى نېمىشقا كېمىلەرنىڭ يېنىدا توختاپ قالدى؟ ئاشەر بولسا دېڭىزنىڭ كانارىدا توختاپ تۇرۇپ، كۆرپەزلىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

18 لېكىن زەبۇلۇن بولسا ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ، نافتالىمۇ ئېگىز سەھرالاردا ھەم شۇنداق قىلدى.

19 پادىشاھلار كېلىپ سوقۇشۇپ، قانائاننىڭ پادىشاھلىرى بولسا تائاناكتىكى مەگىددو سۇلىرىنىڭ يېنىدا ئۇرۇشتى. لېكىن ئاز-ماز كۈمۈش ئولجىمۇ تاپالمىدى.

20 ئاسمان تەرىپىدىنمۇ ئۇرۇش بولۇپ، يۇلتۇزلار بولسا ئۆز جايىدىن چۈشۈپ، سىسىراغا قارشى سوقۇشتى.

21 قىشون دەرياسى ئۇلارنى ئېقىتىپ كېتىپ، كونا دەريا بولغان قىشون دەرياسى ئۆزى ئۇلارنى سۈپۈرۈپ كەتتى! ئەي مېنىڭ جېنىم، قۇۋۋەت بىلەن ئالدىغا يۈگۈرگىن.

[22] ھەيدىگۈچى پالۋانلارنىڭ چاپقىنىدا ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى تاكىراڭ-تاكىراڭ قىلدى.

[23] «سىلەر مېروزغا لەنەت قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ياردىمىگە، دەرۋەقە زالىملارغا قارشى خۇداۋەندىگە ياردەم بەرمىگىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىغا قاتتىق لەنەت قىلىڭلار» دەپ خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئېيتتى.

[24] قېنىي خېبەرنىڭ خوتۇنى يائەل بولسا ھەممە خوتۇنلىرىدىن مۇبارەك بولۇپ، چېدىردا ئولتۇرغان خوتۇنلىرىدىن ئەۋزەل بولسۇن.

[25] سىسېرا ئۆزى سۇ سورىسا، ئۇ ئۇنىڭغا سۈت بېرىپ، باي رەسىمىيچە بىر قاچىدا قايماق تەڭلىدى.

[26] ئۇ ئۆزى بىر قولىنى قوزۇققا ئۇزىتىپ، ئوڭ قولىدا بولقىنى تۇتۇپ سىسېرانى ئۇرۇپ، بېشىنى ئۇۋۋاپ، چېكىسىنى تېشىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

[27] سىسېرا بولسا ئۇنىڭ ئايىغىغا ئېگىلىپ يىقىلىپ ياتتى. ئۇ ئۆزى ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ يېتىپ ياتقان يېرىدە ئۆلۈپ قالدى.

[28] سىسېرانىڭ ئانىسى بولسا پەنجىرىدىن قاراپ تووۋلاپ: «ئۇنىڭ ھارۋىلىرى نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرى نېمىگە ئاستىلىشىپ قالدى» دەپ ئېيتىپ،

[29] ئۆز-ئۆزىدىن شۇنداق سوئال قىلىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ ھەممىدىن دانا خوتۇنلىرى جاۋاب بېرىپ:

[30] «شەكسىز بۇلار بولسا ئولجا ئېلىپ بۆلۈشۈپ، ھەربىر ئەر كىشىگە ئىككىدىن قىز تېگىپ، سىسېرانىڭ ئۆزىگە رەڭمۇرەڭ رەختلەر ئولجا تېگىپ، رەڭمۇرەڭ گۈل توقۇلغان رەختلەر بېرىلىپ، ئىككى يۈزلۈك گۈل توقۇلغان ئېگىنلەر بولسا ئەسىرلەرنىڭ گەدىنىگە يۈكلىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىمىش» دەپ ئېيتتى.

[31] ئەي خۇداۋەندە، سېنىڭ ھەممە دۈشمەنلىرىڭ بولسا شۇنداق تەرىقىدە يوق بولۇپ كېتىپ، سېنى دوست تۇتقانلارنىڭ ئۆزى چۈش ۋاقتىدىكى ئاپتاپتەك بولسۇن»
دېدى.
بۇنىڭ بىلەن يۇرت ئۆزى قىرىق يىلغىچە ئارام-ئامانلىق تاپتى.

## گىدوننىڭ ھاكىملىققا چاقىرىلىشى

6 1 لېكىن بەنى-ئىسرائىل خۇداۋەندىنىڭ كۆزىدە يامان بولغىنى قىلىپ تۇرغاچ، خۇداۋەندە
ئۇلارنى يەتتە يىلغىچە مىدىيانىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. 2 ئۇ ۋاقىت مىدىيانىنىڭ قولى
ئىسرائىلنى شۇنداق بېسىۋالدىكى، بەنى-ئىسرائىل ئۆزى مىدىياندىن پاناھ تاپماق ئۈچۈن
تاغلاردا تېخى بار ئۆڭكۈرلەرنى قىلىپ، غار بىلەن قورغانلارنى ياساپ قويدى. 3 قاچانكى
ئىسرائىلىيلار ئۇرۇق تېرىغان بولسا، مىدىيانىيلار، ئامالەكىيلار ۋە شەرقىيلەر كېلىپ، ئۇلارغا
ھۇجۇم قىلىپ، 4 ئۇلارغا قارشى چېدىر تىكىپ، گازاغىچە يەرنىڭ ھوسۇلىنى يوقىتىۋېتىپ،
ئىسرائىلدا ھېچ ئاشلىق قويمىدى. قوي، كالا، ئېشەكلىرىنى ئېلىپ كېتەتتى. 5 چۈنكى ئۇلار
بولسا ئۇلار مال بىلەن چېدىرلىرىنى ئالغاچ كېلىپ، چېكەتكىدەك تولا بولۇپ ئۆزى بىلەن
تۆگىلىرى ھېسابى بولماي، يۇرتقا كىرىۋېلىپ، ئۇنى خاراب قىلاتتى. 6 بۇ تەرىقىدە مىدىيانىنىڭ
دەستىدىن بەنى-ئىسرائىل تولا رەسۋالىق تارتىپ، بەنى-ئىسرائىل ئۆزى
خۇداۋەندىگە پەرياد قىلغىلى باشلىدى.
7 مىدىيانىيلارنىڭ دەستىدىن قىينىلىپ، بەنى-ئىسرائىل خۇداۋەندىگە پەرياد قىلغىنىدا،
8 خۇداۋەندە ئۆزى بەنى-ئىسرائىلغا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى. ئۇ كېلىپ ئۇلارغا ئېيتتىكى:
«ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ مەن ئۆزۈم سىلەرنى مىسىردىن
چىقىرىپ كېلىپ قۇللۇق ئۆيىدىن ئاجرىتىۋېلىپ، 9 مىسىرلىق بىلەن سىلەرگە زۇلۇم
قىلغۇچىلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ، ئالدىڭلاردىن ئۇلارنى ھەيدىۋېتىپ، يۇرتىنى سىلەرگە
تاپشۇرۇپ بېرىپ، 10 سىلەرگە: «مانا تەڭرىڭلار خۇداۋەندە مەن ئۆزۈم بولغاچ سىلەر
يۇرتىدا ئولتۇرغان ئاموريلارنىڭ تەڭرىلەردىن قورقماڭلار» دېسەم، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق
سالمىدىڭلار› دەپ ئېيتىدۇ» دېدى. 11 ئاندىن كېيىن خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى كېلىپ، ئوفرا
دېگەن جايىدا ئابىئېزەر يوئاشقا تەئەللۇق بولغان دۇب دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردى. ئۇ ۋاقىت
يوئاشنىڭ ئوغلى گىدون ئۆزى مىدىيانىيلاردىن قاچۇرماق ئۈچۈن سىققۇچنىڭ ئىچىدە بۇغداي
سوقۇپ تۇرغانىدى.
12 ئۇ ھامان خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ: «ئەي باتۇر پالۋان، خۇداۋەندە
ئۆزى سەن بىلەندۇر» دەپ ئۇنىڭغا ئېيتتى. 13 گىدون ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئەي خوجام
خۇداۋەندە، بىز بىلەن بولغان بولسا، بۇ مۇسىبەتنىڭ ھەممىسى نېمىشقا ئۈستىمىزگە كەلدى؟
ئۇنىڭ قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمدى نە يەردىدۇر؟ بۇلار توغرىسىدا ئاتا-بوۋىلىرىمىز
ئۆزى دەپ بېرىپ: ‹ مانا خۇداۋەندە بىزنى مىسىردىن چىقىرىپ كەلدى› دەپ ئېيتىشاتتى.
لېكىن بۇ كۈنلەردە خۇداۋەندە ئۆزى بىزنى تاشلىۋېتىپ، مىدىيانىيلارنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ
قويىدى» دېدى. 14 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئۇنىڭغا نەزەر قىلىپ: «سەن ئۆزۈڭ بۇ كۈچۈڭ بىلەن
بېرىپ، ئىسرائىلنى مىدىيانىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالغىن. مانا مەن سېنى ئەۋەتمىدىممۇ؟»
دەپ ئېيتتى. 15 شۇنى دېسە، ئۇ ئۇنىڭغا: «ئەي خوجام، مەن بولسام ئىسرائىلنى قانداق
قۇتقۇزالىمەن؟ خانىدانىم بولسا ماناسسەنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن پەس بولۇپ، ئۆزۈم بولسام،

ئاتامنىڭ ئۆيىدە ھەممىدىن كىچىكى مەن ئەمەسمۇ؟» دېدى. [16] خۇداۋەندە ئۇنىڭغا: «مەن ئۆزۈم سەن بىلەن بولىمەن. بۇ سەۋەبتىن سەن بولساڭ مىدىيانىيلارنى بىر ئادەمنى ئۇرغاندەك ئۇرىسەن» دەپ ئېيتتى. [17] لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ: «مەن كۆزلىرىڭدە ئىلتىپات تاپقان بولسام، مەن بىلەن سۆزلەشكىنىڭگە ماڭا بىر ئالامەت كۆرسەتكىن. [18] مەن ساڭا يېنىپ كېلىپ، ئۆز ھەدىيە قۇربانلىقىمنى كەلتۈرۈپ، ئالدىڭدا قويمىغۇچىلىك بۇ يەردىن كەتمىگىن» دېدى. خۇداۋەندە جاۋاب بېرىپ: «سەن يېنىپ كەلگۈچىلىك توختاپ تۇرىمەن» دېدى.
[19] ئۇ ۋاقىت گىدون بېرىپ، بىر ئوغلاقنى تەييارلاپ، بىر ئېفا ئۇننىڭ پېتىر نېنىنى پىشۇرۇپ، گۆشنى بىر سېۋەتكە سېلىپ، شورپىنى بىر قازانغا قۇيۇپ، دۇب دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئۇنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپ، ئالدىدا قويدى. [20] لېكىن خۇدانىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا: «بۇ گۆش بىلەن پېتىر نېنىنى ئېلىپ بېرىپ، ئانداكى قورام تاشنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، شورپىنى تۆكۈۋەتكىن» دېدى. شۇنى دېسە، ئۇ شۇنداق قىلدى. [21] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى قولىدىكى ھاسىنى ئۇزىتىپ، ئۇچىنى گۆش بىلەن پېتىر نېنىغا تەگكۈزسە، قورام تاشتىن بىر ئوت چىقىپ، گۆش بىلەن پېتىر نېنىنى يەپ كەتتى. ئۇ ھامان خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.
[22] بۇنىڭ بىلەن گىدون ئۆزى ئۇنىڭ خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزى: «ۋاي ماڭا، ئەي رەب خۇداۋەندە، مەن بولسام خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسىنى يۈزمۇيۈز كۆرمىدىممۇ؟» دېدى. [23] لېكىن خۇداۋەندە ئۇنىڭغا: «ساڭا ئامانلىق بولسۇن. قورقمىغىن، ئۆلمەيسەن» دېدى. [24] ئۇ ۋاقىت گىدون ئۆزى خۇداۋەندە ئۈچۈن ئاندا بىر قۇربانگاھنى ياساپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ‹ خۇداۋەندە ئامانلىقنىڭ ئىگىسى› دەپ ئاتىدى. بۇ قۇربانگاھ بولسا بۇ كۈنگىچە ئابىئېزەرىيلەرنىڭ ئوفرا دېگەن جايىدا تۇرماقتا.

## گىدون بائال قۇربانگاھىنى يىقىتىدۇ

[25] ئۇ كېچىسى خۇداۋەندە ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «سەن ئاتاڭنىڭكى بولغان ياش بۇقا بىلەن يەتتە ياشلىق باشقا بىر بۇقىنى ئېلىپ، ئاتاڭغا تەئەللۇق بولغان بائال-قۇربانگاھىنى يىقىتىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاشېرە بۇتىنى كېسىۋېتىپ، [26] قورام تاشنىڭ چوققىسىنىڭ ئۈستىدە تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۈچۈن تەرتىپ بىلەن بىر قۇربانگاھنى ياساپ، ئىككىنچى بۇقىنى ئېلىپ، ئۆزۈڭ كېسىۋەتكەن ئاشېرە بۇتىنىڭ پارچىلىرىنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلغىن» دېدى.
[27] شۇنى دېسە، گىدون ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلىپ، ئادەملىرىدىن ئون كىشىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ئاتىسىنىڭ خانىدانى بىلەن شەھەر خەلقىدىن قورققىنى ئۈچۈن بۇ ئىشنى كۈندۈزى قىلالماي، كېچىسى قىلدى. [28] ئەتىسى سەھەردە شەھەر خەلقى قوپۇپ قارىسا، مانا بائال-قۇربانگاھى ئۆزى يىقىتىلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاشېرە بۇتى بولسا

كېسىلىپ كېتىپ، يېڭى ياسالغان قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە ئىككىنچى بۇقا قۇربانلىق قىلىنىپ ئۆتكۈزۈلگەنلىكى تۇرىدۇ. [29] بۇنى كۆرۈپ، ئۇلار بىر-بىرىگە: «بۇ ئىشنى كىم قىلدى؟» دەپ سوراپ تەھقىقلىسە: «يوئاشنىڭ ئوغلى گىدون ئۆزى بۇنى قىلدى» دەپ ئۇلارغا مەلۇم بولدى. [30] ئۇ ۋاقىت شەھەرنىڭ ئادەملىرى يوئاشقا سۆزلەپ: «ئوغلۇڭنى چىقىرىپ بەرگىن. ئۇ ئۆزى بائال-قۇربانگاھىنى يىقىتىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاشەرە سۈرىتىنى كېسىۋەتكىنى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسۇن» دېدى. [31] يوئاش ئۆزى ئالدىدا تۇرغانلارغا جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «راستتىنلا سىلەر بائال ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىسىلەرمۇ ۋە يا ئۇنى ساقلايسىلەرمۇ؟ كىمكى ئۇنىڭ توغرىسىدا ئۇرۇش قىلسا، ئەتىگىچە ئۆلتۈرۈلسۇن. ئەگەر ئۇ خۇدا بولسا، ئۇنىڭ قۇربانگاھىنى يىقىتقان بۇ كىشى بىلەن ئۆزى ئۇرۇشسۇن» دېدى. [32] بۇ سەۋەبتىن ئۇلار گىدوننىڭ ئىسمىنى يەرۇببائال دەپ ئاتاپ، قۇربانگاھىنى يىقىتقان بۇ كىشى بىلەن بائال ئۆزى ئۇرۇشسۇن» دەپ ئېيتىشتى.

[33] ئەمما مىدىيانىي بىلەن ئامالەكىيلەر شەرقىيلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ھەممىسى يىغىلىپ، دەريادىن ئۆتۈپ بېرىپ، يىزرەئەلنىڭ ۋادىسىدا چېدىرلىرىنى تىكتى. [34] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ روھى گىدوننىڭ ئۈستىگە كەلگەچ ئۇ ئۆزى كاناي چالسا، ئابىئېزەرنىڭ خەلقى يىغىلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. [35] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى ماناسسەنىڭ ھەممىسىگە ئەلچى ئەۋەتسە، بۇلارمۇ يىغىلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. شۇ تەرىقىدە ئاشەر، زەبۇلۇن ۋە نافتالىغا ئەلچى ئەۋەتسە، بۇلارمۇ دەرھال چىقىپ، ئۇلارغا قوشۇلدى.
[36] گىدون ئۆزى خۇداغا ئېيتتىكى: «ئەگەر سەن ئېيتقىنىڭدەك مېنىڭ قولۇم بىلەن ئىسرائىلنى قۇتقۇزغىلى خالىساڭ، [37] مانا مەن خاماندا قوي يۇڭىنى قويۇپ قويىمەن. ئەگەر شەبنەم يالغۇز يۇڭنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، چۆرىسىدىكى يەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق تۇرسا، بۇنىڭ بىلەن سەن ئېيتقاندەك مېنىڭ قولۇم بىلەن ئىسرائىلنىڭ قۇتقۇزماقچى بولغىنىڭنى بىلىمەن» دېدى.
[38] شۇنداق دەپ، ئەتىسى سەھەر قوپۇپ، يۇڭ بېسىپ شەبنەمنى سىقىپ كۆرسە، بىر قاچا شەبنەمدىن تولدى. [39] لېكىن گىدون ئۆزى خۇداغا ئېيتتىكى: «ماڭا ئاچچىقلىماي تۇرساڭ، يالغۇز بىر مەرتىۋە يەنە ئەرز قىلغۇم بار. مۇمكىن بولسا، بۇ نۆۋەت يۇڭنى يەنە سىناپ باقاي. ئەمدى بۇ قېتىم يالغۇز يۇڭ قۇرۇق تۇرۇپ، چۆرىسىدىكى يەرنىڭ ھەممىسىگە شەبنەم چۈشسۇن» دېدى. [40] دېگىنىدەك شۇ كېچىسى خۇدا شۇنداق قىلدىكى، يالغۇز يۇڭ قۇرۇق تۇرۇپ، چۆرىسىدىكى يەرنىڭ ھەممىسىگە شەبنەم چۈشۈپ قالدى.

## گىدون دۈشمەنلەرنى يۇرتتىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ

7 [1] يەرۇببائال دەپ ئاتالغان گىدون ئۆزى ئەتىسى سەھەر قوپۇپ، ئۆزىگە قوشۇلغان ھەممە خەلق بىلەن چىقىپ، خارود دېگەن بۇلاقنىڭ يېنىغا چۈشتى. مىدىيانىيلارنىڭ

لەشكەرگاھى بولسا ئۇنىڭ شىمال تەرىپىگە مورەھ ئېگىزلىكىنىڭ يېنىدىكى ۋادىدا ئىدى.
[2] لېكىن خۇداۋەندە گىدونغا ئېيتتىكى: «ساڭا ئەگەشكەن خەلقنىڭ سانى بەك تولا بولغىنى
ئۈچۈن، مەن بولسام مىديانىيلارنى ئۇلارنىڭ قولىغا بەرمەيمەن. بولمىسا ئىسرائىل ئۆزى:
‹ ئۆز قولىمىز بىزنى قۇتقۇزدى› دەپ ماڭا قارشى يوغانلىق قىلىپ قالسا كېرەك. [3] ئۇنىڭ
ئۈچۈن سەن ئەمدى خەلققە ئېلان قىلىپ: ‹ كىمكى قورقۇپ، يۈرىكى سىلىپ قالغان بولسا،
گىلىياد تېغىدىن يېنىپ كەتسۇن› دەپ ئېيتقىن» دېدى. مۇنداق قىلسا، خەلقنىڭ ئارىسىدىن
يىگىرمە ئىككى مىڭ كىشى يېنىپ كېتىپ، يالغۇز ئون مىڭى قېلىپ قالدى. [4] خۇداۋەندە
گىدونغا يەنە ئېيتتىكى: «تېخىمۇ خەلق زىيادە تولىدۇر. ئەمدى سەن بۇلارنى سۇنىڭ لېۋىگە
ئېلىپ كەلگىن. ئاندا مەن ئۇلاردىن سەن ئۈچۈن بەزىسىنى ئىلغاپ، ئۆزۈم كىم توغرىسىدا: ‹
بۇ ئۆزى سەن بىلەن بارسۇن› دېسەم، ئۇ سەن بىلەن بارسۇن. لېكىن كىم توغرىسىدا: ‹ بۇ ئۆزى
سەن بىلەن بارمىسۇن› دېسەم، ئۇ بارمىسۇن» دېدى. [5] ئۇ ۋاقىت گىدون ئۆزى خەلقنى سۇنىڭ
لېۋىگە ئېلىپ كەلدى. كەلسە، خۇداۋەندە ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «ھەركىم ئىت سۇ ئىچكەندەك
تىلى بىلەن يالاپ سۇ ئىچسە، ئۇلارنى بىر تەرەپكە قويغىن. شۇنداق ھەم ھەركىم دۈم يېتىپ
تۈرۈپ سۇ ئىچسە، ئۇلارنىمۇ ئايرىغىن» دېدى. [6] شۇنداق قىلسا، قولىنى ئاغزىغا تەگكۈزۈپ
يالاپ، سۇ ئىچكەنلەرنىڭ سانى ئاران ئۈچ يۈز چىقتى. قالغان خەلقنىڭ ھەممىسى بولسا دۈم
يېتىپ تۈرۈپ سۇ ئىچتى. [7] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە گىدونغا ئېيتتىكى: «مەن بولسام يالاپ سۇ
ئىچكەن بۇ ئۈچ يۈز كىشىنىڭ قولى بىلەن سىلەرنى قۇتقۇزۇپ، مىديانىيلارنى سېنىڭ قولۇڭغا
تاپشۇرىمەن. لېكىن قالغان خەلق بولسا ھەربىرى ئۆز جايىغا يېنىپ كەتسۇن» دېدى. [8] ئۇ
ۋاقىت خەلقنىڭ ئۆزى ئۆز ئوزۇق تالقان بىلەن كانايلىرىنى ئالغىلى باشلىدى. لېكىن گىدون
ئۆزى ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئەر كىشىلىرىنىڭ ھەربىرىنى ئۆز چېدىرىغا ياندۇرۇۋېتىپ، يالغۇز
بۇ ئۈچ يۈز كىشى ئېلىپ قالدى. مىديانىيلارنىڭ لەشكەرگاھى بولسا ئۇنىڭ تېگىدىكى ۋادىدا
ئىدى. [9] ئۇ كېچىسى خۇداۋەندە ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «سەن قوپۇپ، لەشكەرگاھقا چۈشكىن،
چۈنكى مەن بولسام ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭغا بەردىم. [10] ئەگەر سەن چۈشكىلى قورقساڭ،
ئۆز خىزمەتكارىڭ پۇرانى بىللە ئېلىپ، لەشكەرگاھقا چۈشكىن. [11] چۈشسەڭ، ئۇلارنىڭ نېمە
سۆزلەشكىنىنى ئاڭلاپ، لەشكەرگاھقا كىرگىلى جۈرئەت تاپىسەن» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، ئۇ
ئۆزى خىزمەتكارى پۇرانى بىللە ئېلىپ، لەشكەرگاھنىڭ لېۋىدە تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ قېشىغا
باردى. [12] مانا مىديانىي، ئامالەكىي ۋە شەرقىيلەر بولسا ۋادىنىڭ ئىچىدە چېكەتكىدەك
قۇيۇلۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۆگىلىرى ئۆزى تولىلىقىدىن دېڭىزنىڭ كانارىدىكى قۇمدەك بولۇپ
ھېسابسىز ئىدى. [13] لېكىن گىدون يېتىپ بارسا، مانا ئاندا بىر كىشى ئۆز ھەمراھىغا كۆرگەن
چۈشىنى ئېيتىپ بېرىپ تۇرۇپ: «مانا مەن چۈشۈمدە كۆردۈمكى، بىر دانە ئارپا توقىچى
مىديانىيلارنىڭ لەشكەرنىڭ لەشكەرگاھىغا چۈشۈپ قېلىپ، يۇمىلاپ كېلىپ چېدىرنىڭ
قېشىغا يېتىپ، ئۇنى ئۇرغان ئىمىش. ئۇرسا، چېدىر ئۆزى سۇنۇپ كېتىپ، ئاستىن-ئۈستۈن
بولۇپ كەتكەن ئىمىش» دېدى. [14] شۇنى دېسە، ھەمراھى ئۇنىڭغا تەبىر بېرىپ: «بۇنىڭ مەنىسى

يوئاشنىڭ ئوغلى بولغان ئىسرائىللىي ئەركەك گىدوننىڭ قىلىچىدىن باشقا بىر نېمە ئەمەستۇر.
خۇدا ئۆزى مىدىيانىيلارنى ھەممە ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇپ، ئۇنىڭ قولىغا بەردى» دەپ
ئېيتقىنىنى ئاڭلىدى. [15] گىدون ئۆزى چۈشنىڭ خەۋىرى بىلەن تەبىرىنى ئاڭلىغاندا سەجدە
قىلدى. ئاندىن ئىسرائىلنىڭ لەشكەرگاھىغا يېنىپ كېلىپ: «قوپۇڭلار، خۇداۋەندە ئۆزى
مىدىيانىيلارنىڭ لەشكىرىنى قولۇڭلارغا بەردى» دەپ ئېيتىپ، [16] بۇ ئۈچ يۈز كىشىنى ئۈچ
ھەسسىگە بۆلۈپ، ھەممىسىنىڭ قولىغا بىردىن كاناي بىلەن بىردىن-بىردىن ئىچىدە چىراغ
قويۇلغان خالىي كوزىنى بېرىپ، [17] ئۇلارغا ئېيتتىكى: «ماڭا قاراپ تۇرۇپ، مەن قىلغاندەك
قىلىڭلار. مانا مەن لەشكەرگاھنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپ، نېمە قىلسام سىلەرمۇ شۇنداق
قىلىپ، [18] مەن ئۆزۈم بىلەن ماڭا ئەگەشكەنلەر كاناي چالساق، سىلەرمۇ پۈتۈن لەشكەرگاھنىڭ
چۆرىسىدە تۇرۇپ، كاناي چېلىپ: ‹ قىلىچ ئۆزى خۇداۋەندە بىلەن گىدوننىڭكىدۇر› دەپ
تۋۋلىشىڭلار» دېدى. [19] ئوتتۇرا كېچە بولاي دېگەندە يېڭى مۇھاپىزەتچىلەر يۆتكەلسە، گىدون
ئۆزى يۈز كىشىنى بىللە ئېلىپ، لەشكەرگاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، كاناي چېلىپ، قوللىرىدىكى
كوزىلارنى سۇندۇرۇۋەتتى. [20] ئۇ ھامان بۇ ئۈچ بۆلۈنگەنلەرمۇ كاناي چېلىپ، كوزىلارنى
سۇندۇرۇپ، چەپ قوللىرىدا چىراغلارنى تۇتۇپ، كانايلىرىنى چالماق ئۈچۈن ئوڭ قوللىرىدا
تۇتۇپ تۇرۇپ: «قىلىچ ئۆزى خۇداۋەندە بىلەن گىدوننىڭكىدۇر» دەپ توۋلىشىپ، [21] ئۇلارنىڭ
ھەربىرى ئۆز جايىدا لەشكەرگاھنىڭ چۆرىسىدە توختاپ تۇرسا، دۈشمەننىڭ ھەممە قوشۇنى بۇ
تەرەپكە-ئۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ، توۋلىشىپ قاچقىلى تۇرۇپ، [22] بۇ ئۈچ يۈز كىشى كاناي چالسا،
خۇداۋەندە ئۆزى بىر-بىرىنىڭ قىلىچىنى بىر-بىرىگە ياندۇرۇپ، ھەممە لەشكەرنىڭ ئۈستىگە
كەلتۈردى. بۇ تەرىقىدە لەشكەرلىرى ئۆزى زېرەرات بىلەن بەيت-شىتتانىڭ تەرىپىگە قېچىپ
كېتىپ، تابباتتىن ئۆتۈپ ئابەل-مېخولانىڭ كانارىغىچە بېرىۋالدى. [23] ئەمما نافتالى، ئاشەر ۋە
ھەممە ماناسسە قەبىلىسىدىن ئىسرائىللىي ئادەملەر يىغىلىپ مىدىيانىيلارنى قوغلىغىلى تۇردى.
[24] گىدون بولسا ئەفرائىمنىڭ ھەممە تاغلىرىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ: «مىدىيانغا قارشى چۈشۈپ،
ئۇلار ئۆتەلمىسۇن دەپ، بەيت-باراغىچە سۇ ئېقىنلىرىدا توسۇپ تۇرۇپ، ئىئورداندىنمۇ ئۆتكىلى
قويماڭلار» دەپ خەۋەر بەرسە، ئەفرائىمنىڭ ھەممە ئادەملىرى يىغىلىپ كېلىپ، بەيت-باراغىچە
سۇ ئېقىنلىرىدا توسۇپ تۇرۇپ، ئىئورداندىنمۇ ئۆتكىلى قويماي، [25] مىدىيانىيلارنىڭ ئورەب
بىلەن زەئەب دېگەن ئىككى سەردارلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئورەبنى ئورەب قورام تېشىدا ئۆلتۈرۈپ،
زەئەبنىڭ ئۆزىنى زەئەب سىققۇچىدا ئۆلتۈرۈپ، مىدىيانىيلارنى قوغلاپ بېرىپ، ئورەب بىلەن
زەئەبنىڭ كاللىلىرىنى ئىئورداننىڭ ئۇ تەرىپىگە گىدوننىڭ قېشىغا كەلتۈردى.

## ئەفرائىمنىڭ خاپا بولۇشى

8 [1] لېكىن ئەفرائىمنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا: «نېمىشقا بىزگە شۇنى قىلىپ، ئۆزۈڭ
مىدىيانىيلار بىلەن سوقۇشقىلى چىقىپ، بىزنى قىچقارمىدىڭ» دەپ ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق
مۇزاكىرىلەشكىلى تۇردى. [2] ئۇ ئۇلارغا جاۋاب بەردىكى: «سىلەرگە قارىغاندا مەن تېخى نېمە
قىلدىم؟ ئەفرائىمنىڭ پاشاڭى بولسا ئابىئېزەرنىڭ ئۈزۈم ھوسۇلىدىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟
[3] خۇدا ئۆزى مىدىيانىيلارنىڭ سەردارلىرى بولغان ئورەب بىلەن زەئەبنى قوللىرىڭلارغا
بەرگەندىن كېيىن، سىلەر قىلغىنىڭلاردەك مەن نېمە قىلالىدىم؟» دېدى. شۇنى دېسە، ئۇنىڭغا
ئاچچىقلانماي، غەزىپى پەسلەندى.

## گىدوننىڭ مىدىيان ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى

[4] گىدون ئۆزى ئىئوردانغا كەلگەندە ئۆزىگە ھەمراھ بولغان ئۈچ يۈز كىشى ھېرىپ كەتكەن
بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە دەريادىن ئۆتتى. [5] ئۆتكەندە ئۇ ئۆزى سۇككوتنىڭ ئادەملىرىگە:
«ماڭا ئەگەشكەن ھېرىپ كەتكەن كىشىلەرگە بىرنەچچە نان بېرىڭلار. مەن بولسام، مىدىياننىڭ
ئىككىلا پادىشاھى زېباھ بىلەن زالمۇننانى قوغلاپ كېتىپ بارىمەن» دېدى. [6] لېكىن
سۇككوتنىڭ چوڭلىرى جاۋاب بېرىپ: «زېباھ بىلەن زالمۇننا بولسا ھازىر سېنىڭ قولۇڭغا
چۈشتىمۇ؟ بولمىسا سېنىڭ لەشكەرلىرىڭگە قانداق نان بېرەلمەيمىز» دېدى. [7] گىدون
ئېيتتىكى: «ماقۇل! ئۇنداق بولسا، زېباھ بىلەن زالمۇننانى خۇداۋەندە ئۆزى مېنىڭ قولۇمغا
چۈشۈرگەندە گۆشلىرىڭلارنى يانتاق بىلەن شوخا-تىكەنگە سانجىتىشۇپتىمەن دەپ، [8] ئۇ يەردىن
كېتىپ، پېنىئەلگە بېرىپ، ئانداكى ئادەملەرگىمۇ شۇنداق گەپ قىلسا، پېنىيەلدىكى كىشىلەر
ھەم ئۇنىڭغا سۇككوتنىڭ ئادەملىرىدەك جاۋاب بەردى. [9] شۇنداق دېسە، ئۇ ئۆزى پېنىيەلدىكى
كىشىلەرگە: «تىنچ-ئامان يېنىپ كەلگىنىمدە بۇ مۇنارنى يىقىتىۋېتىمەن» دېدى.
[10] لېكىن زېباھ بىلەن زالمۇننا بولسا جەڭ كىشىلىرىدىن بىر يۈز يىگىرمە مىڭى ئۆلۈپ
كەتكەچ شەرقىيلەردىن ئېشىپ قالغان ئون بەشى مىڭ ئەسكىرى بىلەن قارقور دېگەن جايدا
ئىدى. [11] ئەمما گىدون ئۆزى نوباھ بىلەن يوگبېھانىڭ شەرق تەرىپىدىكى كارۋان يولى بىلەن
چىقىپ، بىخەۋەر تۇرغىنىدا ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى ئۇرۇپ، [12] زېباھ بىلەن زالمۇننا قېچىپ
كەتسە، كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، مىدىياننىڭ بۇ ئىككى پادىشاھى زېباھ بىلەن زالمۇننانى
تۇتۇۋېلىپ، ھەممە قوشۇنى قاچۇرۇۋەتتى.
[13] لېكىن يوئاشنىڭ ئوغلى گىدون ئۆزى خېرەس داۋىنىدىن قايتىپ، جەڭدىن يېنىپ
كېلىپ، [14] سۇككوتلۇك بىر ياش يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن سوراق قىلغىنىدا ئۇ
ئۇنىڭغا سۇككوتنىڭ چوڭلىرى بىلەن ئاقساقاللىرى بولغان يەتمىش كىشىنىڭ ئىسمىنى
خەتلەپ بەردى. [15] گىدون ئۆزى سۇككوتنىڭ ئادەملىرىنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندا: «مانا
سىلەر مېنى زاڭلىق قىلىپ، ئۇلار توغرىسىدا سۆزلەپ: ‹ زېباھ بىلەن زالمۇننا بولسا ھازىر

سېنىڭ قولۇڭغا چۈشتىمۇ، بولمىسا ھېرىپ قالغان ئادەملىرىڭگە قانداق نان بېرەلەيمىز› دەپ ئېيتقان زىباھ بىلەن زالمۇننانى [16] ئەمدى كۆرۈڭلار» دەپ، شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى تۇتۇپ يانتاق، شوخا-تىكەننى ئېلىپ، بۇنىڭ بىلەن سۇككوتنىڭ ئادەملىرىنى ئۇرۇپ ئەدىپىنى بېرىپ، [17] پېنىيەلنىڭ مۇنارىنى يىقىتىپ، شەھەرنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، [18] زىباھ بىلەن زالمۇننادىن سوراق قىلىپ: «سىلەر ئىككى ئادەم تابوردا ئۆلتۈرگەن ئادەملەر قانداقراق ئىدى؟» دەپ سورىسا، بۇلار جاۋاب بېرىپ: «ئۇلار ئۆزى ساڭا ئوخشاش بولۇپ، ھەربىرىنىڭ شەكلى شاھزادىنىڭكىدەك ئىدى» دېدى. [19] بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇنداق بولسا، ئۇلار ئۆزى مېنىڭ بىرتۇغقانلىرىم بولۇپ، ئانامنىڭ ئوغۇللىرى ئىكەن. تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر ئۇلارنى تىرىك قويغان بولساڭلار، مەن سىلەرنى ھەرگىز ئۆلتۈرمەيتتىم» دەپ، [20] تۇنجى ئوغلى يەتەرگە: «سەن قوپۇپ بۇ ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرگىن» دەپ ھۆكۈم بەردى. لېكىن ئوغۇل ئۆزى كىچىك بولغاچ قورقۇپ قېلىپ، قىلىچىنى سۇغۇرالمىدى. [21] ئۇ ۋاقىت زىباھ بىلەن زالمۇننا ئۆزى: «سەن ئۆزۈڭ قوپۇپ، بىزنى ئۆلتۈرگىن. ئادەم دېگەننىڭ ئۆزىگە بېقىپ، كۈچى بولمامدۇ؟» دېدى. شۇنى دېسە، گىدون قوپۇپ، زىباھ بىلەن زالمۇننانى ئۆلتۈرۈپ، تۆگىلىرىنىڭ بويىندىكى پۆپۈكلىرىنى ئېلىۋالدى.

## گىدون بۇتپەرەسلىك يولىغا كىرىدۇ - گىدوننىڭ ۋاپاتى

[22] ئاندىن كېيىن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى گىدونغا قاراپ: «سەن بىزنى مىدياننىڭ قولىدىن قۇتقۇزغىنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭ بىزگە پادىشاھ بولۇپ ئوغلۇڭدىن تارتىپ نەۋرەڭگىچە ئۈستىمىزگە ھۆكۈمەت قىلسۇن» دېدى. [23] ئەمما گىدون ئۆزى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «خاھى مەن بولسام، خاھى ئوغلۇم بولسا ئۈستۈڭلارغا سەلتەنەت قىلماي، بەلكى خۇداۋەندە ئۆزى ئۈستۈڭلارغا سەلتەنەت قىلسۇن» دېدى. [24] ئاندىن گىدون ئۇلارغا يەنە ئېيتتىكى: «سىلەردىن يالغۇز بىر نەرسە سورىغىلى خالايمەن. ھەربىرىڭلار ئولجىغا ئالغان قۇلاق زىرىسىنى ماڭا بەرسۇن» دېدى. [25] ئۇلار ئۆزى ئىسمائىلىي بولغاچ ئالتۇن زىرىلىرى بار ئىدى. [26] ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «شەكسىز بەرگىلى خالايمىز» دەپ يەرگە بىر يېپىنچىنى سېلىپ ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولجىغا ئالغان قۇلاق زىرىسىنى تاشلىدى. [26] ئۇ ئۆزى تىلەپ يىغىۋالغان ئالتۇن زىرىلەرنىڭ ۋەزنى بىر مىڭ يەتتە يۈز شېقەل چىقىپ،بۇنىڭدىن باشقا مىديان پادىشاھلىرى ئاشقان زۇننار بىلەن زىننەتلىك زىرە-مونچاقلىرىغا كىيگەن سۆسۈن ئېگىنلىرى بىلەن تۆگىلىرىنىڭ بويىندىكى زەنجىرلىرىمۇ قوشۇلۇپ يىغىلغانىدى. [27] گىدون ئۆزى بۇ نەرسىلەردىن ئېفود تەييار قىلدۇرۇپ، ئۆز شەھىرى ئوفرادا قويۇپ قويسا، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆزىگە يۈگۈرۈشۈپ، بۇزۇقچىلىق قىلىشىپ تۇرغاچ، بۇنىڭ ئۆزى بولسا گىدون بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر تۇزاق بولدى. [28] بۇ تەرىقىدە مىديان ئۆزى بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا ئېزىلىپ،ىككىنچى

باش كۆتۈرەلمەي تۇرۇپ، يۇرت ئۆزى گىدوننىڭ كۈنلىرىدە قىرىق يىلغىچە ئاراملىق تاپتى.
[29] لېكىن يوئاشنىڭ ئوغلى يەرۇببائال بېرىپ، ئۆز ئۆيىدە ئولتۇردى. [30] گىدوننىڭ خوتۇنلىرى تولا بولغاچ ئۇنىڭ پۇشتىدىن يەتمىش ئوغۇل تۆرەلدى. [31] ئۇنىڭ شەكەمدىكى كېنىزىكىدىن ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپ، ئىسمى ئابىمالىك قويۇلدى. [32] يوئاشنىڭ ئوغلى گىدون بولسا تولا ئۆمۈر كۆرۈپ قېرىپ ئۆلۈپ، ئابىئېزەردىكى ئوفرادا ئۆز ئاتىسى يوئاشنىڭ قەبرىسىدە دەپنە قىلىندى.
[33] لېكىن گىدون ئۆلگەندىن كېيىن بەنى-ئىسرائىل كەينىگە يېنىۋېلىپ، بائال بۇتىغا ئەگىشىپ، بۇزۇقچىلىق قىلىشۋالدى. [34] بۇ تەرىقىدە بەنى-ئىسرائىل بولسا ئۇلارنى چۆرىسىدىكى ھەممە دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالغان ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنى ئۇنتۇپ، [35] يەرۇببائال دەپ ئاتالغان گىدون ئىسرائىلغا قىلغان ھەممە ياخشىلىقنى كۆزلىمەي، ئۇنىڭ خاندانىغىمۇ ھېچبىر ياخشىلىق قىلمىدى.

## ئابىمالىك ۋە شەكەمنىڭ خەلقى

9 [1] لېكىن يەرۇببائالنىڭ ئوغلى ئابىمالىك شەكەمدىكى ئۆز ئانىسىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن چوڭ دادىسىنىڭ ھەممە خاندانىغا سۆزلەپ ئېيتتىكى: [2] «سىلەر بولساڭلار شەكەمنىڭ ھەممە ئادەملىرىدىن سوراپ: ‹ سىلەر ئۈچۈن يەرۇببائالنىڭ ئوغۇللىرى بولغان يەتمىش كىشىنىڭ ئۈستۈڭلارغا ھۆكۈمەت قىلىشى ياخشىمۇ ياكى بىر ئادەمنىڭ ئۈستۈڭلارغا ھۆكۈمەت قىلىشى ياخشىمۇ دەپ ئويلاڭلار. مەن ئۆزۈم بولسام، سىلەرنىڭ سۆڭەكلىرىڭلاردىن ئۇنۇپ، گۆشىڭلاردىن بولغىنىمنى ياد قىلىڭلار› دەپ مېنىڭ تەرىپىمدىن ئېيتىڭلار» دېدى. [3] ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرى شەكەمنىڭ ئادەملىرىگە ئۇنىڭ تەرىپىدىن بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئابىمالىككە مايىل بولۇپ: «ئۇ بولسا بىزنىڭ بۇرادىرىمىز ئەمەسمۇ؟» دەپ ئېيتىشىپ، [4] بائال-بېرىتنىڭ بۇتخانىسىدىن يەتمىش شېقەل كۈمۈشنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى. بۇ پۇل بىلەن ئابىمالىك ئۆزى بىر مۇنچە بىكار لۈكچەكلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇلارغا باش بولۇپ، [5] ئوفراغا ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، يەرۇببائالنىڭ ئوغۇللىرى بولغان ئۆزىنىڭ يەتمىش بۇرادەرلىرىنى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى. لېكىن يەرۇببائالنىڭ كىچىك ئوغلى يوتام بولسا يوشۇرۇنۇۋالغاچ قۇتۇلۇپ قالدى. [6] مۇندىن شەكەمنىڭ ھەممە ئادەملىرى يىغىلىپ، مىللودا ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسى جۇغلىشىپ بېرىپ، ئابىمالىكنىڭ ئۆزىنى شەكەمدە تۇرغۇزۇلغان دۇب تۈۋرۈكىنىڭ يېنىدا پادىشاھ تىكلىدى. [7] بۇ خەۋەر يوتامغا يەتكىنىدە ئۇ بېرىپ، گەرىزىم تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ تۇرۇپ توۋلاپ ۋارقىراپ ئۇلارغا: «ئەي شەكەمنىڭ ئادەملىرى: خۇدا بىزلەرگە قۇلاق سالسۇن دەپ، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار.

8 كۈنلەردە بىر كۈن: ‹ بىركىمنى مەسىھلەپ، ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلايلى› دەپ دەرەخلەرنىڭ
ئۆزى بېرىپ، زەيتۇن دەرىخىنىڭ ئۆزىگە: ‹ ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولۇپ بەرگىن› دەپ ئېيتسا،
9 زەيتۇن دەرىخى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ‹ مەن بولسام تەڭرى بىلەن ئادەملەرنىڭ مېنى
داڭلىشىغا سەۋەب بولغان يېغىمنى تاشلاپ كېتىپ، دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ بولىمەن
دەپ بارايمۇ؟› دېدى.
10 بۇنى ئاڭلاپ دەرەخلەر ئۆزى ئەنجۈر دەرىخىنىڭ قېشىغا بېرىپ: ‹ سەن كېلىپ، ئۈستىمىزگە
پادىشاھ بولغىن› دەپ ئىلتىجا قىلسا، 11 ئەنجۈر دەرىخى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ‹ مەن بولسام
ئۆز شىرنەم بىلەن ياخشى مېۋەمنى تاشلىۋېتىپ بېرىپ، دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ
بولايمۇ؟› دېدى.
12 شۇنى دېسە، دەرەخلەر ئۆزى ئۈزۈم تېلىنىڭ قېشىغا بېرىپ: ‹ سەن كېلىپ، بىزنىڭ
ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولغىن› دەپ ئەرز قىلسا، 13 ئۈزۈم تېلى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ‹ مەن
بولسام تەڭرى بىلەن ئادەملەرنى خۇش قىلىدىغان شەربىتىمنى تاشلىۋېتىپ، دەرەخلەرنىڭ
ئۈستىگە پادىشاھ بولىمەن دەپ بارايمۇ؟› دېدى.
14 ئۇ ۋاقىت دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى ئازغاننىڭ قېشىغا بېرىپ: ‹ سەن كېلىپ، بىزنىڭ
ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولغىن› دەپ ئېيتسا، 15 ئازغان ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: ‹ ئەگەر سىلەر
مېنى ئۈستۈڭلارغا راستىنلا پادىشاھ قىلغىلى خالىساڭلار، كېلىپ، مېنىڭ سايەمنىڭ تېگىگە
جۈغلىشىڭلار. بولمىسا ئازغاندىن بىر ئوت چىقىپ، لىۋاننىڭ كېدىر دەرەخلىرىنى يەپ كېتىدۇ›
دېدى.

16 ئەمدى گەپ شۇكى، سىلەر بولساڭلار ئابىمالىكنى پادىشاھ قىلغىنىڭلار بىلەن راست ئىش
قىلىپ، ھەقلىقنى بەجا كەلتۈرۈپ، يەرۇببائال بىلەن ئۇنىڭ خانىدانىغا ياخشىلىق قىلىپ،
ئۇنىڭ قىلغان ئىلتىپاتىنى ياندۇردىڭلارمۇ؟ 17 چۈنكى ئاتام بولسا سىلەر ئۈچۈن جەڭ قىلىپ،
ئۆز جېنىنى خەتەرگە تاشلاپ، سىلەرنى مىدياننىڭ قولىدىن قۇتقۇزمىدىمۇ؟ 18 ئەمما بۇ كۈن
سىلەر ئاتامنىڭ خانىدانىغا قارشى قوپۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولغان يەتمىش كىشى بىر
تاشنىڭ ئۈستىدە ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ دېدىكىنىڭ ئوغلى ئابىمالىكنى تۇغقىنىڭلار بولغىنى
ئۈچۈن شەكەم خەلقىنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ تىكلىمىدىڭلارمۇ؟ 19 ئەمدى ئەگەر سىلەر بۇ كۈن
يەرۇببائال بىلەن ئۇنىڭ خانىدانىغا راستلىق بىلەن ئىش قىلىپ، ھەقلىقنى بەجا كەلتۈرگەن
بولساڭلار، سىلەر ئابىمالىكتىن خۇش بولۇپ، ئۇمۇ سىلەردىن خۇش تۇرسۇن. 20 بولمىسا
ئابىمالىكتىن بىر ئوت چىقىپ، شەكەمنىڭ ئادەملىرى بىلەن مىللونىڭ خەلقىنى يەپ كېتىپ،
شەكەمنىڭ ئادەملىرى بىلەن مىللونىڭ خەلقىنىڭ ئىچىدىن بىر ئوت چىقىپ، ئابىمالىكنى
يەپ كەتسۇن» دەپ ئېيتىپ قويۇپ،
21 يوتام ئۆزى يۈگۈرۈپ قېچىپ كېتىپ، بەئەر دېگەن جايغا بېرىپ، بۇرادىرى ئابىمالىكتىن
قورققاچ ئاندا ئولتۇرۇپ قالدى.

22 لېكىن ئابىمالىك ئۆزى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە ئۈچ يىل ھۆكۈمەت قىلغاندىن كېيىن
23 خۇدا ئۆزى ئابىمالىك بىلەن شەكەمنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئارىسىغا بىر يامان روھ ئەۋەتكەچ
شەكەمنىڭ ئادەملىرى ئابىمالىككە خائىنلىق قىلغىلى باشلىدى. 24 بۇ ئىش بولسا: ئۇنىڭ
يەرۇببائالنىڭ يەتمىش ئوغۇللىرىغا قىلغان زۇلۇمى ئۆز ئۈستىگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ قېنى
بولسا ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن بۇرادىرى ئابىمالىكنىڭ بوينىغا توختاپ، ئۇنىڭ ئۆز بۇرادەرلىرىنى
ئۆلتۈرۈشكە مەدەت بېرىشكەن شەكەم خەلقىگىمۇ كەلسۇن دەپ، ۋەقە بولدى. 25 شەكەمنىڭ
ئولتۇرغۇچىلىرى بولسا ئۇنىڭغا زەرەر يەتكۈزەيلى دەپ، تاغلارنىڭ چوققىلىرىدا ماراپ
ئولتۇرۇپ، شۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنى بۇلاپ تۇرغان ئادەملەرنى ئەۋەتتى. بۇ ئىش ئۆزى
ئابىمالىككە دەپ بېرىلدى. 26 لېكىن ئېبەدنىڭ ئوغلى گائال ئۆزى ئۆز بىرتۇغقانلىرى بىلەن
شەكەمگە كەلسە، شەكەمنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلاپ، 27 ئېتىزلىققا چىقىشىپ،
ئۈزۈمزارلىقلىرىنىڭ ئۈزۈملىرىنى ئۈزۈپ سىقىپ شاراب قىلىپ، سۆيۈنۈشۈپ، ئۆز تەڭرىنىڭ
بەيتىگە كىرىپ يەپ-ئىچىشىپ تۇرۇپ، ئابىمالىكنىڭ ئۈستىگە لەنەت ئوقۇغىلى تۇردى. 28 ئۇ
ۋاقىت ئېبەدنىڭ ئوغلى گائال ئېيتتىكى: «ئابىمالىك دېگەن نىمە ئادەم بولۇپ، شەكەم ئۆزى
نىمە ئىكەن. بىز ئۇنىڭغا نېمىشقا خىزمەت قىلىمىز؟ ئۇ ئۆزى يەرۇببائالنىڭ ئوغلى بولۇپ،
زېبۇل بولسا ئۇنىڭ مەنسەپدارى ئەمەسمۇ؟ سىلەر بولساڭلار شەكەمنىڭ ئاتىسى خامورنىڭ
ئادەملىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. نېمىشقا ئابىمالىككە خىزمەت قىلايلى؟ 29 كاشكى بۇ خەلق
مېنىڭ قول ئاستىمدا بولسا ئىدى! ئۇنداق بولسا، مەن ئۆزۈم ئابىمالىكنى ھەيدىۋېتىپ،
ئابىمالىككە: ‹ ئۆز قوشۇنۇڭ ئاۋۇتۇپ، مەيدانغا چىققىن› دېگەن ئېلاننى چىقىراتتىم» دېدى.
30 لېكىن شەھەرنىڭ سەردارى زېبۇل ئۆزى گائال بەن-ئېبەدنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىدا
ئاچچىقى كېلىپ، 31 ھوشيارلىق بىلەن ئابىمالىكنىڭ قېشىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «مانا
ئېبەدنىڭ ئوغلى گائال ئۆزى بىرتۇغقانلىرى بىلەن شەكەمگە كېلىپ، شەھەرنى ساڭا قارشى
قوزغىۋېتىدۇ. 32 بۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۆزۈڭ ئادەملىرىڭنى ئېلىپ، كېچىسى سەھراغا بېرىپ،
ماراپ ئولتۇرۇپ، 33 ئەتىسى كۈن چىققان ھامان شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزى
بىلەن ئادەملىرى ئالدىڭغا چىقىپ كەلگەندە قولۇڭدىن كەلگىنىچە ئۇنىڭغا قىلغىن» دەپ
ئېيتقۇزدى. 34 بۇنى ئىشىتىپ، ئابىمالىك ئۆزى ھەممە ئادەملىرىنى ئېلىپ، كېچىسى چىقىپ،
تۆت توپ بولۇپ شەكەمنىڭ ئالدىدا ماراپ ئولتۇردى.
35 ئېبەدنىڭ ئوغلى گائال تاشقىرى چىقىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدا ئۆرە تۇرسا، ئابىمالىك ئۆز
ئادەملىرى بىلەن ماراپ ئولتۇرغان جايىدىن قوپۇپ چىقتى. 36 گائال ئۆزى خەلقنى كۆرگەندە
زېبۇلغا قاراپ: «مانا تاغ چوققىلىرىدىن خەلق چۈشۈۋاتىدۇ» دېدى. لېكىن زېبۇل ئۇنىڭغا
جاۋاب بېرىپ: «تاغلارنىڭ سايىسىمۇ ساڭا ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ» دېدى. 37 گائال يەنە سۆزلەپ:
«مانا تۇزلەڭلىكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن بىر گۇرۇھ كېلىپ، يەنە بىر گۇرۇھ ‹ پالچىلارنىڭ دۇب
دەرىخى›نىڭ تەرىپىدىن كېلىۋاتىدۇ» دېدى. 38 ئۇ ۋاقىت زېبۇل ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «ئەمدى
سېنىڭ يوغان گەپ قىلغان ئاغزىڭ قېنى؟ سەن بولساڭ: ‹ ئابىمالىك نىمە ئادەم ئىكەن؟

نېمىشقا ئۇنىڭغا خىزمەت قىلايلى؟› دېمىدىڭمۇ؟ مانا سەن خار كۆرگەن خەلق كېلىۋاتىدۇ.
ئەمدى چىقىپ، ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ باققىن» دېدى. [39] شۇنى دېسە، گائال ئۆزى شەكەمنىڭ
خەلقى بىلەن چىقىپ، ئابىمالىك بىلەن سوقۇشقىلى باشلىدى. [40] لېكىن ئابىمالىك ئۇنى
مەغلۇپ قىلغاندا ئۇ ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كېتىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغىچە تولا
ئادەملەر ياردار بولۇپ يىقىلىپ چۈشتى.
[41] ئاندىن كېيىن ئابىمالىك ئۆزى ئارۇمادا تۇرۇپ قالدى. لېكىن زېبۇل بولسا، ئۇلار شەكەمدە
ئولتۇرمىسۇن دەپ، گائال بىلەن ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنى قوغلىۋەتتى.
[42] ئەتىسى خەلقنىڭ سەھراغا چىقىدىغان خەۋىرى ئابىمالىككە يەتكەندە، [43] ئۇ ئۆزى
خەلقنى ئېلىپ، ئۈچ ھەسسىگە بۆلۈپ، سەھرادا ماراپ تۇرۇپ، خەلقنىڭ شەھەردىن چىققىنى
كۆرگەندە يۇگۇرۇپ قوپۇپ، ئۇلارنى ئۇردى. [44] ئۇ ۋاقىت ئابىمالىك ئۆزى بىلەن بولغان توپنى
كەينىگە سېلىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا بېسىپ بېرىپ توختاپ تۇرسا، قالغان ئىككى توپ
سەھرادىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. [45] بۇ تەرىقىدە
ئابىمالىك ئۆزى پۈتۈن كۈن شەھەردە ئۇرۇشۇپ، ئۇنى ئېلىپ، ئانداكى خەلقنى ئۆلتۈرۈپ،
شەھەرنى بۇزۇۋېتىپ، ئۈستىگە تۇز قويۇپ قويدى.
[46] شەكەمنىڭ قورغىنىدىكى ئادەملەر بۇنى ئاڭلىغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەل-بېرىت
بۇتخانىسىنىڭ گۇمبىزىگە كىرىۋالدى. [47] «شەكەمنىڭ قورغىنىدىكى ئادەملەر پالان يەردە
يىغىلىپتۇ» دېگەن خەۋەر ئابىمالىككە يەتكەندە، [48] ئۇ ئۆزى ئادەملىرىنى ئېلىپ، زالمون
تېغىغا چىقتى. ئۇ ۋاقىت ئابىمالىك پالتىنى ئېلىپ، ئۆز قولى بىلەن دەرەختىن بىر شاخنى
كېسىۋېلىپ ئۆشنىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، ئۆزى بىلەن بولغان خەلققە قاراپ: «مېنىڭ نېمە
قىلغىنىمنى كۆرگەن بولساڭلار، سىلەرمۇ ھازىر شۇنداق قىلىڭلار» دېدى. [49] بۇنى ئاڭلاپ،
خەلقنىڭ ھەربىرى ئابىمالىكتەك بىردىن شاخنى كېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ بېرىپ،
شاخلارنى گۇمبەزگە دۆۋىلەپ، ئۇنىڭغا ئوت قويدى. بۇنىڭ بىلەن شەكەمنىڭ قورغىنىدىكى
ھەممە ئادەملەر كۆيۈپ كېتىپ، بىر مىڭچە ئەر-خوتۇن ئۆلۈپ كەتتى.

[50] ئاندىن كېيىن ئابىمالىك ئۆزى تەبەزگە بېرىپ، ئۇنى قورشاپ مەغلۇپ قىلىپ ئالدى.
[51] لېكىن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مەھكەم مۇنار بار ئىدى. ھەممە ئەر-خوتۇنلار، دەرۋەقە
شەھەرنىڭ ھەممە ئادەملىرى ئاندا قېچىپ بېرىپ، دەرۋازىنى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ، مۇنارنىڭ
ئۆگزىسىگە چىقىۋالدى. [52] لېكىن ئابىمالىك مۇنارغا كېلىپ، ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوت
ياقماق ئۈچۈن مۇنارنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن كەلگىنىدە، [53] بىر خوتۇن بىر يارغۇنچاق تېشىنى
ئېلىپ، ئابىمالىكنىڭ بېشىغا تاشلاپ، ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئېزىۋەتتى. [54] ئۇ ۋاقىت ئابىمالىك
دەرھال ئۆز يارىغىنى كۆتۈرگەن يىگىتنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا: «قىلىچىڭنى سۇغۇرۇپ، مېنى
ئۆلتۈرگىن. بولمىسا خەلقنىڭ مەن توغرۇلۇق: ‹ بىر خوتۇن كىشى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى› دەپ
ئېيتىدىغىنى بولىدۇ» دېدى. شۇنى ئاڭلاپ، يىگىت ئۆزى ئۇنى سېپىپ ئۆلتۈردى. [55] ئەمما

ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى ئابىمالىكنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگەندە ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز جايىغا كەتتى.
[56] بۇ تەرىقىدە خۇدا ئۆزى ئابىمالىك ئۆز يەتمىش بۇرادەرلىرىنى ئۆلتۈرگىنى بىلەن ئاتىسىغا قىلغان يامانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ياندۇرۇپ، [57] شەكەمنىڭ ئادەملىرى قىلغان يامانلىقنىڭ ھەممىسى بولسىمۇ، خۇدا ئۇلارنىڭ بېشىغا ياندۇرۇپ كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن يەرۇببائالنىڭ ئوغلى يوتام ئۆزى ئېيتقان لەنىتى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلدى.

## تولاھ

10 [1] ئابىمالىكتىن كېيىن تولاھ بەن-پۇۋا بەن-دودو دەپ ئاتىلىپ، ئىسساكار قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئەفرائىمنىڭ تاغلىرىدىكى شامىر دېگەن جايدا ئولتۇراقلىق بىر ئادەم ئىسرائىلنى قۇتقۇزغىلى قوپۇپ، [2] يىگىرمە ئۈچ يىل داۋامىدا ئىسرائىلنىڭ ھاكىمى بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپ، شامىردا دەپنە قىلىندى.

## يائىر

[3] ئۇنىڭدىن كېيىن گىلېئادلىق يائىر قوپۇپ، يىگىرمە ئىككى يىل داۋامىدا ئىسرائىلنىڭ ھاكىمى ئىدى. [4] ئۇنىڭ ئوتتۇز ئېشەككە مىنىپ يۈرۈپ، ئوتتۇز شەھەرگە ئىگە بولغان ئوتتۇز ئوغلى بار ئىدى. بۇ شەھەرلەر بولسا گىلېئادنىڭ يۇرتىدا بولۇپ، بۇ كۈنگىچە يائىرنىڭ كەنتلىرى ئاتالماقتا. [5] يائىر ئۆزى ۋاپات بولۇپ قاموندا دەپنە قىلىندى.

## ئىسرائىل چوڭ تەڭلىكتە

[6] لېكىن بەنى-ئىسرائىل بولسا يەنە خۇداۋەندىنىڭ كۆزىدە يامان بولغىنى قىلىپ، بائال بىلەن ئاشتاروت بۇتلىرىغا باش ئېگىپ، ئارام بىلەن سىدون تەڭرىلىرىگە ئىبادەت قىلىپ، موئاب بىلەن بەنى-ئاممون ۋە فىلىستىنىيلەرنىڭ تەڭرىلىرىگىمۇ ئىبادەت قىلغىلى تۇرۇپ، خۇداۋەندىنى تاشلاپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلمىدى. [7] ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئىسرائىلغا قوزغىلىپ، ئۇلارنى فىلىستىنىيلەر بىلەن بەنى-ئاممونىڭ قولىغا ساتتى. [8] بۇلار بولسا ئۇ يىلدا بەنى-ئىسرائىلغا زور بىلەن زۇلۇم قىلىپ، ئون سەككىز يىلغىچە ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئامورىيلارنىڭ يۇرتىدىكى گىلېئادتا ئولتۇراقلىق بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسىگە خاپىلىق يەتكۈزۈپ تۇراتتى. [9] بەنى-ئاممون بولسا ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ بېرىپ، يەھۇدا، بەنيامىن ۋە ئەفرائىمنىڭ خاندانلىرىغا قارشى ئۇرۇشقىلى كەلگىنى ئۈچۈن ئىسرائىلىيلار

چوڭ تەڭلىككە چۈشتى. [10] ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىل ئۆزى خۇداۋەندىگە پەرياد قىلىپ: «بىز
بولساق ساڭا گۇناھ قىلىپ، ئۆز تەڭرىمىزنى تاشلاپ، بائال بۇتلىرىغا ئىبادەت قىلدۇق»
دېدى. [11] لېكىن خۇداۋەندە بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتتىكى: «مەن سىلەرنى مىسىرلىق بىلەن
ئاموريىلارنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ، بەنى-ئاممون بىلەن فىلىستىنىيلەرنىڭ قولىدىن
قۇتقۇزمىدىممۇ؟ [12] سىدونيي، ئامالەكيي ۋە مائونىيلار كېلىپ سىلەرگە زۇلۇم قىلغىنىدا
ماڭا پەرياد قىلساڭلار، سىلەرنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزمىدىممۇ؟ [13] شۇنداق بولسىمۇ،
سىلەر مېنى تاشلاپ، يات تەڭرىلەرگە ئىبادەت قىلدىڭلار. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن يەنە سىلەرنى
قۇتقۇزمايمەن. [14] ئەمدى بېرىپ، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئىلغىغان تەڭرىلەرگە بالا ۋاقتىڭلاردا پەرياد
قىلىپ: ‹ بىزنى قۇتقۇزغىن› دەپ ئېيتىڭلار». [15] ئەمما بەنى-ئىسرائىل بولسا خۇداۋەندىگە
يالۋۇرۇپ: «بىز گۇناھ قىلدۇق. ئەمدى ساڭا نېمە ياخشى كۆرۈنسە، بىزگە قىلغىن. لېكىن
بۇ مەرتىۋە بىزنى قۇتقۇزۇۋالغىن» دەپ، [16] يات تەڭرىلەرنى ئۆز ئارىسىدىن چىقىرىۋېتىپ،
خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلغىلى تۇردى. شۇنداق قىلسا، ئۇ ئۆزى ئىسرائىلنىڭ تەڭلىكىنى
كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلى سالدى. [17] ئاندىن كېيىن بەنى-ئاممون جۇغلىشىپ، گىلئادقا بېرىپ
چېدىر تىكسە، بەنى-ئىسرائىلمۇ يىغىلىپ كېلىپ، مىسپاھقا چۈشۈپ چېدىر تىكتى. [18] ئۇ
ۋاقىت گىلئادتىكى خەلقنىڭ چوڭلىرى بىر-بىرىگە سۆزلىشىپ: «كىم بەنى-ئاممون بىلەن
سوقۇشنى باشلىغىلى خالايدۇ؟ كىمكى بۇنى قىلسا، گىلئادنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىغا ھاكىم
بولىدۇ» دېدى.

## يىپتاھ

**11** [1] يىپتاھ دېگەن گىلئادىي كىشى باتۇر پالۋان ئىدى. ئەمما ئۇ يىپتاھ ئۆزى پاھىشىنىڭ
ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى بولسا گىلئاد دەپ ئاتالدى. [2] لېكىن گىلئادنىڭ ئۆز
خوتۇنىمۇ ئوغۇللار تۇغدى. بۇ خوتۇننىڭ ئوغۇللىرى چوڭ بولغاندا يىپتاھنى ھەيدىۋېتىپ،
ئۇنىڭ ئۆزىگە: «سەن باشقا خوتۇننىڭ ئوغلى بولغاچ ئاتىمىزنىڭ ئۆيىدە مىراس ئالمايسەن»
دېسە، [3] يىپتاھ ئۆزى بۇرادەرلىرىدىن قېچىپ، توب يۇرتىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمما يىپتاھنىڭ
قېشىغا بىكار تەلەپلەر يىغىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يۇرگىلى باشلىدى. [4] ئەمما بىرنەچچە
ۋاقىت ئۆتكەندە بەنى-ئاممون ئۆزى ئىسرائىلغا قارشى سوقۇشقىلى باشلىدى. [5] لېكىن بەنى-
ئاممون ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلغىلى باشلىغاندا گىلئادنىڭ ئاقساقاللىرى: «يىپتاھنى
توب يۇرتىدىن ئېلىپ كېلەيلى» دەپ باردى. [6] بارغىنىدا يىپتاھقا ئىلتىجا قىلىپ: «بىز
بولساق بەنى-ئاممونغا قارشى سوقۇشقىلى خالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن سەن كېلىپ، بىزگە باش
بولۇپ بەرگىن» دېدى. [7] يىپتاھ ئۆزى گىلئادنىڭ ئاقساقاللىرىغا جاۋاب بېرىپ: «سىلەر
بولساڭلار مېنى يامان كۆرۈپ، ئاتامنىڭ ئۆيىدىن ھەيدىۋەتمىدىڭلارمۇ؟ ئەمدى بالاغا گىرىپتار

بولغىنىڭلاردا نېمە ئۈچۈن مېنىڭ قېشىمغا كەلدىڭلار؟» دېدى. [8] گىلېئادنىڭ ئاقساقاللىرى
يەپتاھقا سۆزلەپ: «سەن بىز بىلەن بېرىپ، بەنى-ئاممونغا قارشى جەڭ قىلىپ، گىلېئادنىڭ
ھەممە ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ئۈستىدە بىزگە ھاكىم بولغىن دەپ، قېشىڭغا كەلدۇق» دېدى.
[9] شۇنى دېسە، يەپتاھ ئۆزى گىلېئادنىڭ ئاقساقاللىرىدىن سوئال قىلىپ: «ئەگەر سىلەر مېنى
بەنى-ئاممونغا قارشى سوقۇشماق ئۈچۈن ياندۇرۇپ بارغىنىڭلاردا خۇداۋەندە ئۇلارنى مېنىڭ
قولۇمغا تۇتۇپ بەرسە، مەن سىلەرگە ھاكىم بولىمەنمۇ؟» دېدى. [10] گىلېئادنىڭ ئاقساقاللىرى
يەپتاھقا جاۋاب بېرىپ: «ئېيتقىنىڭدەك قىلمىساق، خۇداۋەندە ئۆزى ئارىمىزدا گۇۋاھ بولسۇن»
دېدى. [11] شۇنى ئىشىتىپ، يەپتاھ ئۆزى گىلېئادنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن ماڭسا، ئۇلار ئۇنى
ئۆزىگە سەردار تىكلەپ، باش قىلىپ ئالدى. ئەمما يەپتاھ ئۆزى مىسپاھقا بارغاندا ھەممە
سۆزىنى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا بايان قىلدى. [12] ئاندىن كېيىن يەپتاھ ئۆزى بەنى-ئاممونىنىڭ
پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «مېنىڭ يۇرتۇمغا كىرىپ تۇرۇپ، مەن بىلەن سوقۇشقىلى مەندە
نېمە ھەققىڭ بار» دەپ ئېيتسا، [13] بەنى-ئاممونىنىڭ پادىشاھى يەپتاھنىڭ ئەلچىلىرىگە جاۋاب
بېرىپ ئېيتتىكى: «ئىسرائىلىيلار مىسىردىن چىقىپ كەلگەندە ئۇلار ئۆزى ئارنوندىن تارتىپ
ياببوق بىلەن ئىئوردانغىچە مېنىڭ مۈلكۈم بولغان يەرلەرنى ئىگىلىۋالغانىدى. ئەمدى سەن
ئۆزۈڭ بۇ يەرلەرنى تىنچ-ئامانلىق بىلەن ماڭا ياندۇرۇپ بەرگىن» دېدى. [14] ئۇ ۋاقىت يەپتاھ
ئەلچىلەرنى يەنە بەنى-ئاممونىنىڭ پادىشاھىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، [15] ئېيتقۇزدىكى: «يەپتاھ
مۇنداق ئېيتىدۇكى: ئىسرائىل بولسا، خاھى موئابنىڭ يۇرتىنى، خاھى بەنى-ئاممونىنىڭ
يۇرتىنى ئالماي، [16] بەلكى ئىسرائىل مىسىردىن چىقىپ كەلگەندە باياۋاندا مېڭىپ،
قىزىل دېڭىزغىچە يول يۈرۈپ قادېش دېگەن جايغا يەتكەندە، [17] ئىسرائىلىيلار ئۆزى ئېدوم
پادىشاھىنىڭ قېشىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: ‹ يۇرتۇڭنىڭ ئەلچى بىلەن ئۆتۈپ كەتكىلى بىزگە
ئىجازەت بەرگىن› دەپ ئېيتسا، ئېدوم پادىشاھى بۇنىڭغا ئۇنىمىدى. شۇ تەرىقىدە ئۇ ئۆزى
موئاب پادىشاھىنىڭ قېشىغا ئەلچى ئەۋەتسە، ئۇمۇ رازى بولمىدى. بۇ سەۋەبتىن ئىسرائىلىيلار
ئۆزى قادېشتا توختاپ قېلىپ، [18] ئاندىن باياۋان بىلەن مېڭىپ ئېدوم يۇرتى بىلەن موئاب
يۇرتىنىڭ تاشقىرىسىدىن يول كېزىپ، موئاب يۇرتىنىڭ شەرق تەرەپتىن كېلىپ، ئارنونىنىڭ
ئۇ زېمىنىغا كىرمىدى. [19] ئاندىن كېيىن ئىسرائىلىيلار ئۆزى ئاموريلارنىڭ پادىشاھى بولغان
خېشبون پادىشاھى سىخوننىڭ قېشىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: ‹ بىزگە ئۆز يۇرتۇڭنىڭ ئىچى بىلەن
ئۆتۈپ، ئۆز جايىمىزغا كەتكىلى ئىجازەت بەرگىن› دەپ ئېيتقۇزدى. [20] لېكىن سىخون بولسا
ئىسرائىلغا ئىشەنچباغلىمىغاچ يۇرتىدىن ئۆتكىلى قويماي، بەلكى ئۆز خەلقىنىڭ ھەممىسىنى
يىغىپ، ياھاز دېگەن جايغا چۈشۈپ ئىسرائىل بىلەن ئۇرۇشتى. [21] ئەمما ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندە ئۆزى سىخون بىلەن ھەممە خەلقىنى ئىسرائىلنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى.
شۇنداقكى، ئىسرائىلىيلار ئۇلارنى ئۇرۇپ، ئاندا ئولتۇراقلىق ئاموريلارنىڭ ھەممە يۇرتىنى
تارتىۋېلىپ، [22] ئارنوندىن تارتىپ ياببوققىچە باياۋاندىن تارتىپ، ئىئوردانغىچە ئاموريلارنىڭ
ھەممە زېمىنىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالدى. [23] بۇ تەرىقىدە ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە

ئۆزى ئامورىيلارنى ئۆز قوۋمى بولغان ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن سەن ئۇ يۇرتقا ئىگە بولالامسەن؟ [24] سېنىڭ تەڭرىڭ بولغان كېموش ئۆزى بىر نېمىنى ساڭا بەرسە، شۇنىڭغا سەن ئىگە بولمايسەنمۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز تەڭرىمىز خۇداۋەندە ئۆزى ئالدىمىزدىن ھەيدىۋەتكەن خەلقنىڭ يۇرتىغا بىز ئىگە بولىمىز. [25] ئەمدى سەن بولساڭ موئابقا پادىشاھ بولغان زىپپورنىڭ ئوغلى بالاقتىنمۇ ئەۋزەلمۇ؟ ئۇ ئۆزى قاچان ئىسرائىل بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلغىلى جۈرئەت قىلالىدىمۇ؟ [26] بۇنىڭدىن باشقا ئىسرائىل بولسا خېشبون بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە بولغان يۇرتلاردا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئاروئەر بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە بولغان يۇرتلاردا ماكان تۇتۇپ، ئارنوننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى شەھەرلەردە ئۈچ يۈز يىل ئولتۇرمىدىمۇ؟ ئۇ ۋاقىتتىنىڭ ئىچىدە نېمىشقا يۇرتنى ئاجرىتىۋالمىدىڭلار؟ [27] توختالغان سۆز شۇكى، مەن بولسام ساڭا گۇناھ قىلمىدىم، بەلكى سەن ئۆزۈڭ ماڭا ھۇجۇم قىلىپ، زۇلۇم سالدىڭ. ئادالەت قىلغۇچى خۇداۋەندە ئۆزى بۇ كۈن بەنى-ئىسرائىل بىلەن بەنى-ئاممونىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلسۇن» دېدى. [28] لېكىن بەنى-ئاممونىنىڭ پادىشاھى بولسا يىپتاھنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ ئېيتقۇزغان سۆزلىرىنى تەڭشىمىدى. [29] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ روھى يىپتاھنىڭ ئۈستىگە كەلگەچ ئۇ ئۆزى قۇۋۋەتلىنىپ، گىلياد بىلەن ماناسسە يۇرتىدىن ئۆتۈپ گىلىيادتىكى مىسپاھقا بېرىپ، گىلىيادتىكى مىسپاھتىنمۇ ئۆتۈپ بەنى-ئاممونىنىڭ تەرىپىگە ماڭدى. [30] ئۇ ۋاقىت يىپتاھ ئۆزى خۇداۋەندىگە بىر ۋەدە قىلىپ: «ئەگەر بەنى-ئاممونىنى قولۇمغا تۇتۇپ بەرسەڭ، [31] مەن بەنى-ئاممونىنىڭ تەرىپىدىن تىنچ-ئامان يېنىپ كەلگىنىمدە كىمكى ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىدىن دەسلەپتە چىقىپ، مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلسە، ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇداۋەندىگە ئاتاپ كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزەي» دېدى.

[32] بۇ تەرىقىدە يىپتاھ ئۆزى چىقىپ، بەنى-ئاممون بىلەن سوقۇشقىلى بارسا، خۇداۋەندە ئۇلارنى ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ بەردى. [33] شۇنداقكى، ئۇ ئۆزى ئۇلارنى تازا ئۇرۇپ، ئاروئەردىن تارتىپ مىننىتقىچە يىگىرمە شەھەرنى ئېلىپ ئابەل-كېرامىمغىچە يېتىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن بەنى-ئاممون بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولدى.

[34] ئاندىن كېيىن يىپتاھ ئۆزى مىسپاھقا يېنىپ ئۆيىگە كەلسە، ئۇنىڭ قىزى داپ چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كۆرۈشكىلى چىقتى. بۇ بولسا ئۇنىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئوغۇل-قىزى يوق ئىدى. [35] ئۇ ئۇنى كۆرگەندە ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتىپ: «ۋاي، ئەي قىزىم، سەن مېنى غەمگە باشلاپ، توپىغا ئىلەشتۈرۈۋەتتىڭ، چۈنكى مەن بولسام خۇداۋەندىگە ئۆز ئاغزىم بىلەن ۋەدە قىلغىنىم ئۈچۈن يانالمايمەن» دېدى. [36] قىزى ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «ئەي ئاتام، سەن خۇداۋەندىگە ئاغزىڭ بىلەن ۋەدە قىلغان بولساڭ، ئاغزىڭدىن چىققانغا مۇۋاپىق ماڭا شۇنى قىلغىن، چۈنكى خۇداۋەندە بولسا سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ بولغان بەنى-ئاممونىدىن ئىنتىقامىڭنى ئېلىپ بەردى ئەمەسمۇ؟» دېدى. [37] ئاندىن كېيىن ئاتىسىغا يەنە سۆز قىلىپ: «قىلغان ئىلتىماسىمنى قوبۇل تۇتۇپ، ماڭا ئىككى ئايلىق مۆھلەت بېرىلسە، مەن بېرىپ، تاغلاردا قىز ئاداشلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆز قىزلىقىمغا يىغلىۋالاي» دېدى. [38] ئاتىسى جاۋاب بېرىپ:

«بارغىن» دەپ ئۇنىڭغا ئىككى ئايلىق مۆھلەت بەردى. ئۇ بېرىپ، ئۆز قىز ئاداشلىرىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ، ئىككى ئايغىچە ئۆزىنىڭ قىز قالغىنىغا يىغلاپ يۈرۈپ، [39] ئىككى ئايدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلسە، ئۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلغان ۋەدىسىنى بەجا كەلتۈردى. بۇ قىز بولسا تېخى ھېچ ئەر كىشىنى تونۇمىغانىدى. [40] ئۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئىسرائىلنىڭ قىزلىرى بېرىپ، ھەر يىل تۆت كۈنگىچە گىلىيادلىق يەپتاھ قىزىنى ياد ئېتىشىپ يىغلىشاتتى.

12 [1] لېكىن ئەفرائىمنىڭ خەلقى بولسا جۇغلىشىپ، شىمال تەرىپىگە بېرىپ، يەپتاھتىن سوئال قىلىپ: «سەن ئۆزۈڭ بەنى-ئاممون بىلەن جەڭ قىلغىلى بارغىنىڭدا نېمىشقا بىزنى بىللە بارغىلى قىچقارمىدىڭ؟ ئەمدى بىز ئۆيۈڭنى ئۆزۈڭ بىلەن قوشۇپ، ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئاتىمىز» دېدى. [2] يەپتاھ ئۇلارغا جاۋاب بەردىكى: «مەن بىلەن خەلقىم بولسا بەنى-ئاممونغا قارشى قاتتىق جەڭ قىلىپ تۇرغاندا سىلەرنى قىچقارسام، مېنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزمىدىڭلار. [3] مېنى قۇتقۇزمىغىنىڭلارنى كۆرگىنىمدە ئۆز جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ، بەنى-ئاممونغا قارشى قوپۇپ بارسام، خۇداۋەندە ئۇلارنى قولۇمغا چۈشۈرۈپ بەردى. ئەمدى سىلەر نېمىشقا بۈگۈن مەن بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلدىڭلار؟» دەپ [4] يەپتاھ ئۆزى ھەممە گىلىيادلىقلارنى يىغىپ، ئەفرائىم بىلەن سوقۇشسا، ئەفرائىمىيلار ئۆزى گىلىيادىيلار توغرىسىدا سۆزلەپ: «ئۇلار ئۆزى ئەفرائىمنىڭ قاچقۇنلىرى بولۇپ، گىلىيادلىقلار بولسا ئەفرائىم بىلەن ماناسسەنىڭ ئارىلىقىدا قالغان بىر خەلق ئىكەن» دېگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئەفرائىمنى ئۇرۇپ مەغلۇپ قىلدى. [5] ئاندىن كېيىن گىلىيادلىقلار ئەفرائىمىيلاردىن ئىئوردانىنىڭ كېچىكلىرىنى توسۇۋېلىپ، ئەفرائىمىيلارنىڭ بىر قاچقۇنى كېلىپ: «مېنى ئۆتكىلى قويغىن» دېسە، گىلىيادلىقلار ئۇنىڭدىن: «سەن ئەفرائىمىي ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى ياق دېسە، [6] ئۇلار ئۇنىڭغا: «شىبولەت دېگىن» دېدى. ئەگەر ئۇ كىشى: «سىبولەت» دەپ قېلىپ، سۆزنى توغرى تەلەپپۇز قىلالمىسا، ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ، ئىئوردانىنىڭ كېچىكىنىڭ يېنىدا ئۆلتۈرۈۋەتاتتى. بۇ تەرىقىدە ئۇ ۋاقىت قىرىق ئىككى مىڭچە ئەفرائىمىيلار ئۆلتۈرۈلدى. [7] يەپتاھ بولسا ئالتە يىل داۋامىدا ئىسرائىلغا ھاكىم بولدى. ئاندىن كېيىن گىلىيادلىق يەپتاھ ئۆزى ئۆلۈپ، گىلىياد شەھەرلىرىنىڭ بىرىدە دەپنە قىلىندى.

## ئىبزان

[8] ئۇنىڭدىن كېيىن بەيتلەھەملىك ئىبزان ئۆزى ئىسرائىلغا ھاكىم بولدى. [9] ئۇنىڭ ئوتتۇز ئوغلى بولۇپ، ئوتتۇز قىزىنى تاشقىرىغا ئەرگە بېرىپ، تاشقىرىدىن ئوتتۇز قىزنى ئوغۇللىرىغا كەلتۈرۈپ بەردى. ئۇ ئۆزى يەتتە يىلغىچە ئىسرائىلغا ھاكىم بولدى. [10] ئاندىن كېيىن ئىبزان ئۆزى ئۆلۈپ، بەيتلەھەمدە دەپنە قىلىندى.

## ئېلون

[11] ئۇنىڭدىن كېيىن زەبۇلۇننىڭ قەبىلىسىدىن بولغان ئېلون ئۆزى ئىسرائىلغا ھاكىم بولۇپ،
ئون يىل داۋامىدا ئىسرائىلدا ھاكىملىق قىلاتتى. [12] ئاندىن كېيىن زەبۇلۇنىي ئېلون ئۆزى
ئۆلۈپ كېتىپ، زەبۇلۇن يۇرتىدىكى ئايالون دېگەن جايدا دەپنە قىلىندى.

## ئابدون

[13] ئۇنىڭدىن كېيىن پىراتونلۇق ھىللەلنىڭ ئوغلى ئابدون ئۆزى ئىسرائىلغا ھۆكۈم بولدى.
[14] ئۇنىڭ قىرىق ئوغلى بىلەن ئوتتۇز نەۋرىسى بار ئىدى. بۇلار بولسا يەتمىش ئېشەككە مىنىپ
ماڭاتتى. ئۇ ئۆزى سەككىز يىل داۋامىدا ئىسرائىلغا ھاكىم ئىدى. [15] ئاندىن كېيىن پىراتونلۇق
ھىللەلنىڭ ئوغلى ئابدون ئۆزى ئۆلۈپ كېتىپ، ئەفرائىم يۇرتىدىكى ئامالەك تېغىدا بولغان
پىراتون دېگەن جايدا دەپنە قىلىندى.

## شىمسوننىڭ تۇغۇلۇشى

13 [1] لېكىن بەنى-ئىسرائىل بولسا خۇداۋەندىنىڭ كۆزىدە يامان بولغىنىنى قىلغاچ،
خۇداۋەندە ئۇلارنى قىرىق يىلغىچە فىلىستىيلەرنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ
قويدى. [2] دانىيلارنىڭ نەسلىدىن بولۇپ زورا دېگەن جايدا مانواھ دەپ ئاتالغان بىر كىشى بار
ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى تۇغماس بولغاچ ھېچ بالىسى بولمىغانىدى. [3] خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى
بۇ خوتۇنغا كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە: «مانا سەن تۇغماس بولغاچ بالا تۇغمىدىڭ. لېكىن ئەمدى
سەن ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغىسەن. [4] ئەمما سەن ھوشيار بولۇپ شاراب ئىچمەي،
خاھى ھاراق ئېتىماي، خاھى ناپاك بىر نەرسىنى يېمىگىن. [5] چۈنكى مانا سەن ھامىلىدار
بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغىسەن. بۇ بالا ئۆزى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىن تارتىپ
خۇدانىڭكى دەپ ئاتالغاچ ئۇنىڭ بېشىغا ئۇستىرا ھەرگىز سېلىنمىسۇن. ئۇ بولسا ئىسرائىلنى
فىلىستىيلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغىلى باشلايدۇ» دېدى.
[6] ئۇ ۋاقىت خوتۇن ئۆزى ئېرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «مانا شەكلى خۇدانىڭ
پەرىشتىسىنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ ئۆزى ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ، خۇدانىڭ ئادىمى بولغان بىر
كىشى قېشىمغا كەلدى، لېكىن ‹ نە يەردىن كەلدىڭ› دەپ مەن ئۇنىڭدىن سورىمىدىم. ئۇمۇ
ئۆز ئىسمىنى ماڭا دەپ بەرمەي، [7] بەلكى ماڭا سۆز قىلىپ: ‹ مانا سەن ھامىلىدار بولۇپ،
بىر ئوغۇل تۇغىسەن. ئۇ بالا ئۆزى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆلىدىغان
كۈنىگىچە خۇدانىڭكى دەپ ئاتالغاچ، ئەمدى سەن شاراب ئىچمەي، خاھى ھاراق ئېتىماي، خاھى
ناپاك بىر نەرسىنى يېمىگىن› دەپ ئېيتتى» دېدى. [8] بۇنى ئاڭلاپ، مانواھ ئۆزى خۇداۋەندىگە

دۇئا قىلىپ: «ئەي خۇداۋەندە، سەن بۇ يەرگە ئەۋەتكەن خۇدانىڭ ئادىمى يەنە بىزگە كېلىپ،
تۇغۇلىدىغان بالىغا نېمە قىلىشىمىزنى بىزگە ئۆگىتىپ قويسۇن» دەپ، ئىلتىجا قىلدى.
9 خۇدا ئۆزى مانوئاھنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىغاچ ئۇ خوتۇن ئېتىزلىقتا ئولتۇرسا، خۇدانىڭ
پەرىشتىسى يەنە ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئېرى مانوئاھ ئۇنىڭ قېشىدا ئەمەس
ئىدى. 10 ئۇ ۋاقىت خوتۇن ئۆزى ئالدىراپ كېتىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئېرىگە خەۋەر بېرىپ: «مانا
ئىلگىرى كەلگەن ئادەم بۇ كۈن ماڭا يەنە كۆرۈندى» دەپ ئۇنىڭغا ئېيتسا، 11 مانوئاھ دەرھال
قوپۇپ، خوتۇنىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: «بۇ خوتۇنغا كېلىپ، سۆز
قىلغان ئادەم سەنمۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «شۇنداق، مەندۇرمەن» دېدى. 12 مانوئاھ
ئۇنىڭغا: «ئېيتقان سۆزۈڭ بەجا كەلتۈرۈلگەندە بالىغا قىلىدىغان ئىشىمىز نېمە بولىدۇ؟» دەپ
سورىدى. 13 خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى مانوئاھقا جاۋاب بېرىپ: «بۇ خوتۇنغا ئېيتقان نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسىدىن ئۇ ئۆزىنى ساقلاپ، 14 ئۈزۈم تېلىدا پەيدا بولغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى يېمەي،
شاراب ۋە مەست قىلىدىغان نەرسىنىمۇ ئىچمەي، ناپاك نەرسىلەردىن ھېچنېمىنى يېمەي تۇرۇپ،
مەن دەپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىنى يىغسۇن» دېدى.
15 ئۇ ۋاقىت مانوئاھ خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسىگە: «ئىجازەت بەرسەڭ، بىز سېنى توختىتىپ،
بىر ئوغلاقنى سەن ئۈچۈن پىشۇرايلى دېسە، 16 خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى مانوئاھقا جاۋاب
بېرىپ: «سەن مېنى توختاتساڭمۇ، مەن نېنىڭدىن يېمەيمەن. لېكىن ئەگەر كۆيدۈرمە
قۇربانلىق ئۆتكۈزمەكچى بولساڭ، ئۇنى خۇداۋەندە ئۈچۈن ئۆتكۈزگىن» دېدى. ئەمما مانوئاھ
بولسا ئۇنىڭ خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقمىدى. 17 ئاندىن كېيىن مانوئاھ
ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسىدىن سوراپ: «ئىسمىڭ نېمىدۇر؟ بۇنى بىلسەك، سۆزۈڭ بەجا
كەلتۈرۈلگەندە ساڭا ئىززەت كۆرسىتەلەيمىز» دېدى. 18 خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئۇنىڭغا
جاۋاب بېرىپ: «مېنىڭ ئىسمىمنى نېمىشقا سورايسەن؟ بۇ بولسا زىيادە ئاجايىپتۇر» دېدى.
19 ئۇ ۋاقىت مانوئاھ ئۇ ئوغلاق بىلەن يېگۈلۈك قۇربانلىقنى بىللە ئېلىپ بېرىپ، قورام
تاشنىڭ ئۈستىدە خۇداۋەندە ئۈچۈن ئۆتكۈزدى. ئۆتكۈزسە، پەرىشتە كېلىپ، مانوئاھ بىلەن
خوتۇنىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ بىر ئىش قىلىپ كۆرسەتتى. 20 شۇنداق بولدىكى، ئوتنىڭ
شولىسى قۇربانگاھتىن ئاسمان تەرىپىگە ئۆرلىسە، خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى قۇربانگاھتىن
چىققان شولا ئىچىدە كۆرۈنۈپ، ئۈستۈن تەرىپىگە چىقىپ كەتتى. مانوئاھ بىلەن خوتۇنى شۇنى
كۆرگەندە يۈز تۆۋەن يەرگە يىقىلدى.
21 ئاندىن كېيىن خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى، خاھى مانوئاھقا، خاھى خوتۇنىغا ئىككىنچى
كۆرۈنمىدى. ئۇ ۋاقىتتىن تارتىپ مانوئاھ ئۆزى ئۇنىڭ خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئىكەنلىكىنى
بىلدى. 22 مانوئاھ ئۆز خوتۇنىغا: «مانا بىز بولساق خۇدانى كۆرگىنىمىز ئۈچۈن شەكسىز
ئۆلىمىز» دېدى. 23 لېكىن ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر خۇداۋەندە بىزنى
ئۆلتۈرگىلى خالىسا، كۆيدۈرمە بىلەن يېگۈلۈك قۇربانلىقىمىزنى قولىمىزدىن قوبۇل قىلماي،
خاھى بۇ ئىشنىمۇ كۆرسەتمەي، خاھى بۇ سۆزلەرنى بىزگە ئاڭلاتمايتتى ئەمەسمۇ؟» دېدى.

[24] ئاندىن كېيىن بۇ خوتۇن بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى شىمشون قويدى. بۇ بالا بولسا ئۆسۈپ، خۇداۋەندە ئۇنى بەرىكەتلىگەچ، [25] زورا بىلەن ئەشتائولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دان چېدىرگاھىدا تۇرسا، خۇداۋەندىنىڭ روھى ئۇنى تەۋرەتكىلى تۇردى.

## شىمشون فىلىستىنني بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى

14 [1] بىر ۋاقىت شىمشون ئۆزى تىمناھقا چۈشۈپ، فىلىستىيلەرنىڭ قىزلىرىدىن بولغان بىر خوتۇننى تىمناھتا كۆرۈپ قالدى. [2] ئۇ يېنىپ كەلگەندە ئاتا-ئانىسىغا سۆزلەپ: «مەن ئۆزۈم فىلىستىيلەرنىڭ قىزلىرىدىن بولغان بىر خوتۇننى تىمناھتا كۆردۈم. ئۇنى ماڭا خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىڭلار» دېدى. [3] ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «بۇرادەرلىرىڭنىڭ قىزلىرىنىڭ ئىچىدە ۋە يا مېنىڭ ھەممە قوۋمىمنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر خوتۇن يوقمۇ؟ بولمىسا نېمىشقا خەتنىسىز فىلىستىيلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، خوتۇن ئالغىلى قوپتۇڭ؟» شۇنى دېسە، شىمشون ئۆزى ئاتىسىغا: «بۇنى ماڭا ئېلىپ بەرگىن، چۈنكى ئۇ ماڭا بەك يارايدۇ» دېدى. [4] لېكىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى بولسا بۇ ئىش خۇداۋەندە تەرىپىدىن بولغىنىنى بىلمىدى. چۈنكى ئۇ ۋاقىت فىلىستىيلەر ئۆزى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە سەلتەنەت قىلىپ تۇرغاچ بۇ ئوغۇل بولسا فىلىستىيلەرگە قارشى باھانە ئىزدىگەندى.
[5] ئاندىن كېيىن شىمشون بىلەن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى تىمناھقا چۈشۈپ، تىمناھنىڭ يېنىدىكى ئۈزۈمزارلىقلارغا يېتىپ كەلسە، مانا بىر ياش شىر ئۇنىڭ ئالدىغا ھۆركىرەپ چىقتى. [6] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلگەچ ئۇ ئۆزى قۇۋۋەت تېپىپ، ئۇنى تۇتۇپ، قولىدا ھېچنېمە بولمىسىمۇ، بىر ئوغلاقتەك يىرتىۋەتتى. لېكىن قىلغىنىنى ئاتا-ئانىسىغا دەپ بەرمىدى.
[7] ئاندا بېرىپ، خوتۇن بىلەن گەپلەشسە، ئۇ ئۆزى شىمشونغا ياراپ كەتتى. [8] بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزى خوتۇننى ئېلىپ كەلمەك ئۈچۈن يېنىپ كەلگەندە شىرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرگىلى قايرىلسا، مانا شىرنىڭ ئىچىدە ھەسەل ھەرىلىرى بىلەن ھەسەل تۇرىدۇ. [9] ئۇ ئۆزى ھەسەلدىن پەنچىسىگە ئېلىپ يېگەچ مېڭىپ بېرىپ، ئاتا-ئانىسىغا ھەم بەرسە، ئۇلارمۇ يېدى. لېكىن ئۆزىنىڭ ھەسەلنى شىرنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ كەلگىنىنى ئۇلارغا دەپ بەرمىدى.
[10] ئەمما ئۇنىڭ ئاتىسى خوتۇننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئاندا شىمشون ئۆزى بىر زىياپەت قىلدى، چۈنكى يىگىتلەرنىڭ شۇنداق رەسمى بار ئىدى. [11] ئۇلار شىمشوننى كۆرگەندە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولسۇن دەپ، ئوتتۇز يىگىتنى تېپىپ كەلدى. [12] شىمشون ئۇلارغا ئېيتتىكى: «مەن سىلەردىن بىر تېپىشماق سورىغىلى خالايمەن. ئەگەر سىلەر يەتتە كۈنلۈك مېھماندارچىلىقنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ مەنىسىنى ماڭا دەپ بېرەلىسەڭلار، مەن سىلەرگە ئوتتۇز دانە كاناپ كۆينەك بىلەن

ئوتتۇز جۈپ ئىگىن بېرىمەن. [13] لېكىن ئەگەر دەپ بېرەلمىسەڭلار، ئوتتۇز دانە يۇز كۆينەك بىلەن ئوتتۇز جۈپ ئىگىننى سىلەر ماڭا بېرىڭلار» دېدى. شۇنى دېسە، ئۇلار ئۇنىڭغا: «ماقۇل، ئۇنداق بولسا، تېپىشمىقىڭنى بايان قىلغىن. قېنى ئاڭلايلى» دېدى. [14] ئۇ ئۇلارغا ئېيتتىكى: «يەپ كەتكۈچىنىڭ ئىچىدىن يېگۈلۈك چىقتى، زالىمنىڭ ئىچىدىن شېرىن بىر نېمە چىقتى، بۇ نېمىدۇر» دېدى. ئۇلار بولسا ئۈچ كۈنگىچە بۇ تېپىشماقنى يېشەلمىدى. [15] يەتتىنچى كۈنى ئۇلار بېرىپ، شىمشوننىڭ خوتۇنىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېيتتىكى: «سەن ئېرىڭنى ئالداپ سىلاپ، تېپىشمىقىنىڭ مەنىسىنى بىزگە ئېيتىپ بەرگىلى ئۇناتقىن. بولمىسا سېنى ئاتاڭنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرىمىز. ئەجەبا سىلەر بولساڭلار بىزنى كەمبەغەل بولۇپ قالسۇن دەپ، بۇ يەرگە قىچقارغانمۇ؟» دېدى.
[16] شۇنى ئاڭلاپ، شىمشوننىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: «سەن مېنى يامان كۆرگەچ ماڭا مۇھەببەت قىلمايسەن. سەن مېنىڭ قوۋمىمنىڭ ئادەملىرىدىن بىر تېپىشماقنى سوراپ، سەن ئەمما ماڭا مەنىسىنى يېشىپ بەرمىدىڭ» دەپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۇ ئۇنىڭغا: «شۇنداقمۇ؟ مەن ئۇنى ئاتا-ئانامغىمۇ دەپ بەرمىگەن بولسام، ساڭا دەپ بېرەيمۇ؟» دېدى. [17] ئۇ ئۇنىڭ ئالدىدا يەتتە كۈنلۈك توي زىياپىتىنىڭ ئىچىدە يىغلاپ تۇردى، لېكىن يەتتىنچى كۈنى بولغاندا خوتۇنى ئۇنى قىستىغاچ ئۇنىڭغا ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەرسە، خوتۇن بېرىپ، ئۆز قوۋمىنىڭ كىشىلىرىگە بۇ تېپىشماقنىڭ مەنىسىنى دەپ بەردى. [18] شەھەرنىڭ ئادەملىرى يەتتىنچى كۈنى كۈن پاتماستا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ھەسەلدىن شېرىن نېمىدۇر؟ شىردىن زالىم نېمىدۇر» دېدى. لېكىن ئۇ ئۇلارغا جاۋاب ياندۇرۇپ: «ئەگەر سىلەر مېنىڭ غۇنىجىنىمنى قوشقا قوشمىغان بولساڭلار، تېپىشمىقىمنى ھەرگىز تاپالمايتتىڭلار!» دېدى.
[19] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلگەچ، ئۇ قۇۋۋەت تېپىپ ئاشقېلونغا چۈشۈپ، ئۇلاردىن ئوتتۇز كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىگىنلىرىنى تارتىۋېلىپ، كېلىپ، تېپىشماقنىڭ مەنىسىنى يەشكەنلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، غەزىپى قوزغىلىپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەتتى. [20] ئەمما شىمشوننىڭ خوتۇنى بولسا شىمشوننىڭ ئۆزىگە يېقىن تۇرغان بىر يىگىتكە بېرىلدى.

## شىمشون فىلىستىنيلەردىن ئۆچ ئالىدۇ

15 [1] ئەمما بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتۈپ، بۇغداي ئورىدىغان ۋاقىت كەلگەندە شىمشون ئۆزى بىر ئوغلاقنى ئېلىپ، ئۆز خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ: «مەن خوتۇنۇمنىڭ قېشىغا ئۆز ھۇجرىسىغا كىرگىلى خالايمەن» دەپ ئېيتتى. لېكىن خوتۇنىنىڭ ئاتىسى ئۇنى ئىچكىرى كىرگىلى قويمىدى. [2] خوتۇنىنىڭ ئاتىسى بولسا ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «شەكسىز مەن سېنى ئۇنى يامان كۆرۈپ قالدى دەپ، ئۇنى ساڭا يېقىن تۇرغان بىر يىگىتكە بېرىۋەتكەن ئىدىم. لېكىن ئۇنىڭ كىچىك سىڭلىسى بولسا تېخى ئۇنىڭدىن چىرايلىق بولغاچ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇنى

ئالساڭ بولامدۇ؟» دېدى. 3 ئەمما شىمشون ئۇلارغا: «بۇ توغرىدا مەن فىلىستىنىيلەرگە
يامانلىق قىلسام، ماڭا گۇناھ توختىمايدۇ» دېدى.
4 شۇنى دەپ، شىمشون بېرىپ ئۈچ يۈز تۈلكىنى تۇتۇپ، پانۇسلارنى ئېلىپ، تۈلكىلەرنى ئىككىدىن
ئىككىدىن قۇيرۇقلىرىنى بىر-بىرىگە چېتىپ، ھەر ئىككى قۇيرۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىردىن
پانۇسنى ئېسىپ، 5 پانۇسلارغا ئوت يېقىپ، تۈلكىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، فىلىستىنىيلەرنىڭ
ئېتىزلىقلىرىغا قويۇپ بېرىپ، ئۆنچە بىلەن زىرائەتلەرنى كۆيدۈرۈپ، زەيتۇن باغلىرىنىمۇ
كۆيدۈرۈۋەتتى.
6 بۇنى كۆرۈپ فىلىستىنىيلەر: «بۇنى كىم قىلدى؟» دەپ سورىسا، خەلق جاۋاب بېرىپ:
«تىمناھلىق كىشىنىڭ كۈيئوغلى شىمشون بولسا قېيناتىسى ئۇنىڭ خوتۇنى تارتىۋېلىپ،
ئۇنىڭغا يېقىن بولغان بىر يىگىتكە بەرگىنى ئۈچۈن بۇنى قىلدى» دېدى. ئۇ ۋاقىت فىلىستىنىيلەر
چىقىپ، ئۇ خوتۇن بىلەن ئاتىسىنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتتى. 7 شىمشون ئۇلارغا: «سىلەر مۇنداق
قىلغاچ سىلەردىن ئىنتىقام ئالماستا ئارام تاپمايمەن دەپ، 8 ئۇلارنى قاتتىق ئۇرۇپ، پاچاقلىرىنى
ئېزىۋېتىپ، ئاندىن بېرىپ ئېتام قورام تېشىنىڭ كاۋىكىدا ئولتۇرۇپ قالدى.
9 ئۇ ۋاقىت فىلىستىنىيلەر چىقىپ، يەھۇدا يۇرتىدا چېدىر تىكىپ، لېخىدا يېيىلغىلى تۇردى.
10 يەھۇدا ئادەملىرى: «نېمىشقا بىزگە قارشى چىقتىڭلار؟» دەپ سورىسا، ئۇلار جاۋاب بېرىپ:
«بىز بولساق شىمشوننى باغلاپ، ئۇ بىزگە قارشى قىلغاندەك ئۇنىڭغا قىلماق ئۈچۈن
چىقتۇق» دېدى.
11 ئۇ ۋاقىت ئۈچ مىڭ كىشى يەھۇدا يۇرتىدىن ئېتام قورام تېشىنىڭ كاۋىكىغا چۈشۈپ
بېرىپ، شىمشونغا: «سەن بولساڭ فىلىستىنىيلەرنىڭ ئۈستىمىزگە سەلتەنەت قىلغىنىنى
بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا بىزگە بۇنى قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئۇلارغا: «ئۇلار ئۆزى ماڭا
قىلغاندەك مەنمۇ ئۇلارغا قىلدىم» دەپ جاۋاب بەردى. 12 ئۇلار ئۇنىڭغا: «بىز سېنى باغلاپ،
فىلىستىنىيلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمەك ئۈچۈن كەلدۇق» دەپ ئېيتسا، شىمشون ئۇلارغا:
«بىز ئۆزىمىز سېنى ئۆلتۈرمەيمىز دەپ، ماڭا قەسەم قىلىڭلار» دېدى. 13 ئۇلار ئۇنىڭغا: «يوقسۇ،
بىز سېنى ئۆلتۈرمەي، بەلكى يالغۇز سېنى باغلاپ، ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز» دەپ
جاۋاب بېرىپ، ئۇنى ئىككى يېڭى ئارغامچا بىلەن باغلاپ قورام تاشنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ باردى.
14 ئۇ ئۆزى لېخىغا كەلگەندە فىلىستىنىيلەر ۋارقىرىشىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلدى.
ئەمما خۇداۋەندىنىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلگەچ بىلەكلىرىنى باغلىغان ئارغامچىلار ئۆزى
ئوت تۇتاشقان زىغىر يىپىدەك بولۇپ قېلىپ، تۈگۈچلىرى بولسا قوللىرىدىن يېشىلىپ كەتتى.
15 ئاندىن ئۇ ئېشەكنىڭ يېڭى بىر ئەڭگىكىنى كۆرۈپ قېلىپ، قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنى ئېلىپ،
ئۇنىڭ بىلەن مىڭ ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. 16 شىمشون ئۆزى ئېيتتىكى: «بىر ئېشەك
ئەڭگىكى بىلەن بىر گۇرۇھنى، بەلكى ئىككى گۇرۇھنى ئۇردۇم، بىر ئېشەك ئەڭگىكى بىلەن مىڭ
ئادەمنى ئۆلتۈردۈم» دېدى. 17 بۇنى دەپ، ئېشەكنىڭ ئەڭگىكىنى تاشلىۋەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ
جاينىڭ ئۆزىگە رامات-لېخى دەپ ئات قويۇلدى.

[18] لېكىن ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى تولا ئۇسساپ كېتىپ، خۇداۋەندىگە پەرياد قىلىپ: «سەن ئۆز بەندەڭنىڭ قولى بىلەن بۇ چوڭ نۇسرەتنى بەردىڭ، لېكىن ئەمدى مەن ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ خەتنىسىزلەرنىڭ قولىغا چۈشەرمەنمۇ؟» دېدى. [19] ئۇ ۋاقىت خۇدا لېخىنىڭ چوڭقۇر يېرىنى يېرىپ، ئىچسۇن دەپ، ئۇنىڭدىن سۇ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھى يېنىپ كېلىپ، ئۆزى تىرىلىپ قالدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ لېخىدىكى بۇلاقنىڭ ئۆزىگە ئەن-ھاككورە دەپ ئات قويۇلۇپ، بۇ كۈنگىچە ئۇ لېخىدا بولماقتا. [20] ئەمما شىمشون بولسا فىلىستىنىيلەرنىڭ ۋاقتىدا يىگىرمە يىلغىچە ئىسرائىلنىڭ ھاكىمى ئىدى.

## شىمشون گازادا

16 [1] ئاندىن كېيىن شىمشون گازاغا بېرىپ، ئاندا بىر جالاپنى كۆرۈپ ئۇنىڭكىگە كىردى. [2] لېكىن گازالىقلار ئۆزى: «شىمشون بۇ يەرگە كەلدى» دەپ ئاڭلاپ قالسا، ئۇ جاينى قورشىۋېلىپ، پۈتۈن كېچە شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدا ئۇنى ماراپ ئولتۇرۇپ: «ئەتە يورۇغاندا ئۇنى ئۆلتۈرەيلى» دەپ خىيال قىلغاچ پۈتۈن كېچە جىم تۇرۇشتى. [3] شىمشون بولسا يېرىم كېچىسى ئاندا يېتىپ، ئوتتۇرا كېچىدە قوپۇپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئىككى يان ياغىچى بىلەن قوشۇپ قومۇرۇپ، ئۆز ئۆشنىسىگە قويۇپ، خېبرون ئۇتتۇرىدىكى تاغقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

## شىمشون ۋە دېلىلا

[4] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى سورەك جىلغىسىدا ئولتۇراقلىق دېلىلا ئىسىملىق بىر خوتۇننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدى. [5] ئۇ ۋاقىت فىلىستىنىيلەرنىڭ چوڭلىرى ئۇ خوتۇننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «سەن ئۇنى ئالداپ سىلاپ: ‹ سېنىڭ چوڭ كۈچۈڭنىڭ سىرى نېمە ئىكەن؟› دەپ سوراپ بىز ئۇنىڭ ئۈستىگە قانداق غالىب بولۇپ، ئۇنى باغلاپ ئېزىشىمىزنى مەلۇم قىلىپ بەرسەڭ، ھەربىرىمىز ساڭا بىر مىڭ بىر يۈز شېقەلدىن كۈمۈش بېرىمىز» دېدى. [6] بۇنىڭ ئۈچۈن دېلىلا شىمشوندىن سوراپ: «سېنىڭ چوڭ كۈچۈڭنىڭ سىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ماڭا دەپ بېرىپ، نېمە بىلەن باغلىسا، سېنىڭ مەغلۇپ بولۇشۇڭنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. [7] شىمشون ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇلار مېنى يەتتە دانە قۇرۇمىغان ھۆل كىرىچ بىلەن باغلىسا، مەن ئاجىزلىشىپ، باشقا ئادەملەردەك بولۇپ قالىمەن» دېدى. [8] بۇنى ئۇقۇپ، فىلىستىنىيلەرنىڭ چوڭلىرى يەتتە دانە قۇرۇمىغان ھۆل كىرىچنى ئېلىپ كېلىپ، بۇ خوتۇنغا بەرسە، ئۇ ئۆزى بۇ كىرىچلەر بىلەن ئۇنى باغلاپ قويۇپ، [9] ئىلگىرى ئىچكىركى ئۆيدە بىرنەچچە ئادەملەرنى ماراقتا قويغاچ ئۇنىڭغا: «ئەي شىمشون فىلىستىنىيلەر سېنىڭ

ئۆزۈۋېتىدىغان ئۆزۈۋېتىدۇ» دېدى. ئۇ ۋاقىت ئۇ ئۆزى بۇ كىرىچلەرنى زىغىر يىپى ئوتنى كۆرۈپ ئۈزۈلۈپ
كەتكەندەك ئۈزۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۈچىنىڭ سىرى ھېچ مەلۇم بولمىدى.
10 بۇنى كۆرۈپ دېلىلا شىمشونغا سۆزلەپ: «مانا سەن مېنى ئالداپ، ماڭا يالغان ئېيتقان
ئىكەنسەن. ئەمدى سېنى نېمە بىلەن باغلىسا، بولىدىغىنىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېدى.
11 ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «ئۇلار مېنى ئىشلەتمىگەن يېڭى ئارغامچا بىلەن باغلىسا، مەن
ئاجىزلىشىپ، باشقا ئادەملەردەك بولىمەن» دېدى. 12 ئۇ ۋاقىت دېلىلا ئۆزى يېڭى ئارغامچا
ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇنى باغلاپ قويۇپ، ئىلگىرى ئىچكىركى ئۆيدە بىرنەچچە ئادەملەرنى
ماراقتا قويغاچ ئۇنىڭغا: «ئەي شىمشون فىلىستىنىيلەر سېنىڭ ئۈستۈڭدىدۇر» دېدى. لېكىن
ئۇ ئۆز بىلىكلىرىدىكى ئارغامچىلارنى بىر يىپتەك ئۈزۈپ تاشلىدى.
13 بۇنى كۆرۈپ، دېلىلا ئۆز شىمشونغا سۆز قىلىپ: «سەن بولساڭ بۇ ۋاقىتقىچە مېنى ئالداپ،
ماڭا يالغان ئېيتتىڭ. ئەمدى نېمە بىلەن باغلىنىشىڭنى ماڭا دەپ بەرگىن» دېدى. ئۇ ئۇنىڭغا:
«سەن مېنىڭ بېشىمدىكى يەتتە ئۆرۈم چاچنى دۇكاننىڭ ئۆرۈش يىپى بىلەن ئۆرۈپ قويساڭ،
باغلىنىمەن» دېدى. 14 ئۇ شۇنداق قىلىپ، قوزۇققا باغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا: «ئەي شىمشون
فىلىستىنىيلەر سېنىڭ ئۈستۈڭدىدۇر» دېسە، ئۇ ئۆزى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئۆرۈش يىپى
بىلەن قوزۇقنى تارتىپ يۇلۇۋەتتى.
15 ئۇ ۋاقىت خوتۇن ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ: «كۆڭلۈڭ ماڭا بولمىسا: ‹ مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم›
دەپ قانداق ئېيتىسەن؟ مانا ئۈچ مەرتىۋە سەن مېنى ئالداپ، چوڭ كۈچۈڭنىڭ سىرىنى
ماڭا ئېيتىپ بەرمىدىڭغۇ» دېدى. 16 ئۇ ئۆزى ھەر كۈنى ئۇنى گەپ بىلەن قىستاپ يالۋۇرۇپ،
ئۆلگۈدەك تەڭلىككە سالغىنى ئۈچۈن 17 ئۇ ئۆز كۆڭلىنىڭ سىرىنى ئۇنىڭغا ئاشكارا قىلىپ
ئېيتتىكى: «مەن بولسام ئانامنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىن تارتىپ خۇدانىڭكى دەپ ئاتالغىنىم
ئۈچۈن بېشىمغا ھەرگىز ئۇستىرا سېلىنمىغان. ئەگەر مېنىڭ چېچىم كېسىلسە، كۈچۈم كېتىپ
قېلىپ، ئاجىزلىشىپ، باشقا ئادەملەردەك بولۇپ قالىمەن» دېدى. 18 دېلىلا ئۆزى ئۇنىڭ ئۆز
كۆڭلىدىكى ھەممە سىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بەرگىنىنى كۆرگەندە فىلىستىنىيلەرنىڭ چوڭلىرىنى
قىچقىرىپ: «شىمشون بولسا كۆڭلىدىكى ھەممە سىرنى ماڭا ئاشكارا قىلدى. ئەمدى بۇ نۆۋەت
چىقىپ كېلىڭلار» دەپ ئېيتسا، فىلىستىنىيلەرنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭ قېشىغا چىقىپ، قوللىرىدا
كۈمۈشنى ئالغاچ كەلدى. 19 ئۇ ۋاقىت خوتۇن ئۇنى ئۆز تىزلىرىدا ئۇخلىتىپ قويۇپ، بىر
ئادەمنى قىچقارتىپ، ئۇنىڭ بېشىدىكى يەتتە ئۆرۈم چېچىنى كەستۇرۇۋەتكىنى بىلەن ئۇنىڭ
كۈچى كەتكەچ، ئۆزى ئۇنى باسقىلى تەييار بولۇپ، 20 ئەي شىمشون فىلىستىنىيلەر سېنىڭ
ئۈستۈڭدىدۇر» دېسە، ئۇ ئۆزى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ: «مەن چىقىپ، ئىلگىرىكى مەرتىۋىلەردەك
سىلكىنىپ بوشىنىپ كېتىمەن» دېدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ئۇنىڭدىن كەتكىنى
بىلمىگەنىدى. 21 بۇ تەرىقىدە فىلىستىنىيلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، كۆزلىرىنى ئويۇۋېتىپ، گازاغا
ئېلىپ چۈشۈپ، مىس زەنجىرلەر بىلەن باغلاپ قويۇپ، زىنداندا ئۇنى ئۇن تارتقىلى سالدى.
22 لېكىن بېشىنىڭ كېسىلگەن چېچى بولسا يەنە ئۆسكىلى تۇردى.

## شىمشوننىڭ ئۆلۈمى

[23] ئۇ ۋاقىت فىلىستىنىيلەرنىڭ چوڭلىرى ئۆز تەڭرىسى بولغان داگون ئۈچۈن چوڭ بىر
قۇربانلىق ئۆتكۈزەيلى دەپ، يىغىلىپ، خۇش بولۇشۇپ: «تەڭرىمىز بولسا ئەمدى قولىمىزغا
دۈشمىنىمىز بولغان شىمشوننى بەردى» دەپ ئېيتىشتى. [24] خەلق ئۇنى كۆرگەندە ئۆز
تەڭرىسىنى داڭلاپ: «تەڭرىمىز بولسا يۇرتىمىزنى خاراب قىلىپ، تولىلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن
دۈشمىنىمىزنى قولىمىزغا چۈشۈرۈپ بەردى» دەپ ئېيتىشاتتى. [25] بۇ تەرىقىدە ئۇلار كۆڭۈل
خۇشلۇقىدىن تولۇپ: «شىمشوننى كەلتۈرۈڭلار. بىزگە بىر ئويۇن كۆرسىتىپ بەرسۇن»
دېسە، ئۇلار شىمشوننى زىنداندىن كەلتۈرۈپ، ئالدىمىزدا ئويۇن قىلىپ بەرسۇن دەپ، ئىككى
تۈۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىتىپ قويدى. [26] ئەمما شىمشون ئۆزى قولىنى تۇتۇپ تۇرغان
ئوغۇلغا: «مېنى قويغىن. ئۆيىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تۈۋرۈكلەرنى تۇتۇپ يۆلىنەي» دېدى. [27] ئۆي
بولسا ئەر خوتۇندىن تولۇپ، فىلىستىنىيلەرنىڭ چوڭلىرى ئاندا بولۇپ، ئۆگزىدىمۇ تەخمىنەن
ئۈچ مىڭچە ئەر خوتۇن شىمشوننىڭ ئويۇنىغا قاراپ تۇرغانىدى. [28] ئۇ ۋاقىت شىمشون ئۆزى
خۇداۋەندىگە پەرياد قىلىپ: «ئەي رەب خۇداۋەندە، مېنى ياد قىلغىن. ئەي خۇدا، يالغۇز بۇ قېتىم
ماڭا كۈچ بەرگىن. بۇنىڭ بىلەن كۆزلىرىمنى ئويۇۋەتكەن فىلىستىنىيلەردىن بىر ئىنتىقام
ئالاي» دېدى. [29] شۇنى دەپ، شىمشون ئۆزى ئۆيىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى
تۈۋرۈكنى تۇتۇپ، بىرىنى ئوڭ قولى بىلەن، يەنە بىرىنى چەپ قولى بىلەن قايرىپ زور قىلىپ،
[30] «مەنمۇ فىلىستىنىيلەر بىلەن ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى» دەپ، شىمشون كۈچىنى يىغىپ ئەگسە،
ئاندا بولغان چوڭلار بىلەن ھەممە خەلقنىڭ ئۈستىگە ئۆي يىقىلىپ چۈشتى. بۇ تەرىقىدە
ئۇنىڭ ئۆلۈۋاتقان ۋاقتىدا ئۆلتۈرگەن ئادەملەر بولسا تىرىك ۋاقتىدا ئۆلتۈرگەنلىرىدىن زىيادە
ئىدى. [31] ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى بىلەن ئاتىسىنىڭ ھەممە خاندانى كېلىپ، ئۇنى
كۆتۈرۈپ كېتىپ، زورا بىلەن ئەشتائولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىپ، ئاتىسى مانواھنىڭ
قەبرىسىدە دەپنە قىلدى. ئۇ ئۆزى يىگىرمە يىل داۋامىدا ئىسرائىلغا ھاكىم بولغانىدى.

## مىكا ۋە مەبۇد

17 [1] ئەفرائىمنىڭ تاغلىرىدا مىكا ئىسىملىق بىر كىشى بار ئىدى. [2] ئۇ ئۆزى ئانىسىغا
ئېيتتىكى: «سەندىن بىر مىڭ بىر يۈز شېقەل كۈمۈش ئېلىنىدى ئەمەسمۇ؟ مەن ئاڭلاپ
تۇرۇپ، سەن بۇنىڭ توغرىسىدا لەنەت ئوقۇدۇڭ. مانا بۇ پۇل مەندە بار. مەن ئۇنى ئېلىۋالغان
ئىدىم» دېدى. شۇنى دېسە، ئۇنىڭ ئانىسى: «ئەي ئوغلۇم خۇداۋەندە ساڭا بەرىكەت بەرسۇن»
دېدى. [3] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى بۇ بىر مىڭ بىر يۈز شېقەل كۈمۈشنى ئۆز ئانىسىغا ياندۇرۇپ
بەرسە، ئانىسى ئېيتتىكى: «مەن بولسام بۇ پۇلنى خۇداۋەندىگە ئۆز قولۇم بىلەن مۇقەددەس
قىلىپ، ئوغلۇم ئۇنىڭدىن ئويما بۇت بىلەن قۇيما بۇت ياسىسۇن دەپ، ئەمدى ساڭا ياندۇرۇپ

بېرەي» دېدى. 4 لېكىن ئۇ ئۆزى پۇلنى ئانىسىغا ياندۇرۇپ بەرسە، ئانىسى ئىككى يۈز شېقەل
كۈمۈشنى ئېلىپ بىر زەرگەرگە بەردى. زەرگەر ئۆزى بۇنىڭدىن بىر ئويما بۇت بىلەن بىر قۇيما
بۇت ياساپ بەردى. 5 بۇ بۇتلار بولسا مىكانىڭ ئۆيىدە قويۇلدى. بۇ تەرىقە مىكا دېگەن كىشىنىڭ
ئۆيى بىر بۇتخانا بولۇپ قالغاچ، ئۇ ئۆزى بىر ئېفود بىلەن تەرافىم دېگەن بۇتلارنى تەييارلاپ، ئۆز
ئوغۇللىرىدىن بىرىنى ماڭا كاھىن بولسۇن دەپ، خاس رەسمىنى بەجا كەلتۈرۈپ تەيىنلىدى.
6 ئۇ ۋاقىتلاردا ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە ھېچ پادىشاھ بولمىغاچ، ھەركىم ئۆز نەزىرىدە ياخشى
كۆرۈنگىنىنى قىلىپ يۈرەتتى. 7 يەھۇدا يۇرتىدا بەيتلەھەمدە لاۋىي قەبىلىسىدىن بولغان بىر
يىگىت مۇساپىر بولۇپ تۇرۇپ، قالغانىدى. 8 بۇ كىشى بولسا قەيەردە جاي تاپسام، بېرىپ
ئولتۇراي دەپ، يەھۇدا يۇرتىدىكى بەيتلەھەم شەھىرىدىن چىقىپ كېتىپ، سەپەر قىلىپ
كېتىپ بېرىپ، ئەفرائىم تاغلىرىنىڭ يۇرتىدىكى مىكانىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدى. 9 مىكا
ئۇنىڭدىن: «قەيەردىن كەلدىڭ؟» دەپ سورىسا، ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «مەن بولسام يەھۇدا
يۇرتىدىكى بەيتلەھەم بولغان بىر لاۋىي كىشىدۇرمەن. قەيەردە جاي تاپسام، بېرىپ ئولتۇراي
دەپ، چىقىپ كەلدىم» دېدى. 10 مىكا ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «ئۇنداق بولسا، مەن بىلەن تۇرۇپ،
ماڭا ھەم ئاتا ھەم كاھىن بولۇپ بەرگىن. مەن ساڭا ھەر يىلى ئون شېقەل كۈمۈش بىلەن
بىر قۇللۇق ئېگىن بېرىپ، يېمەك-ئىچمەكلىرىڭنى بېرەي» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، لاۋىي كىشى
ئۇنىڭكىگە كىرىپ، 11 ئۇ كىشى بىلەن تۇرۇشقا رازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بىرىدەك
بولۇپ قالدى. 12 ئاندىن كېيىن مىكا ئۆزى بۇ لاۋىي كىشىنى خاس رەسمىنى بەجا كەلتۈرمەك
بىلەن كاھىنلىققا تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭغا كاھىن بولۇپ، مىكانىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ
قالدى. 13 مىكا ئېيتتىكى: «بىر لاۋىي كىشى ماڭا كاھىن بولغىنى ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ ماڭا
ياخشىلىق قىلىدىغىنىنى تايىن بىلدىم» دېدى.

## دان قەبىلىسى لايىسنى ئۇرۇپ مىراس جاي بولۇپ ئالدۇ

18 1 ئۇ ۋاقىتلاردا ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە ھېچ پادىشاھ بولمىغاچ، دانىيلارنىڭ قەبىلىسى
بولسا بىزگە ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇ ۋاقىتقىچە مىراس تەگمىدى» دەپ
ئۇ كۆڭلەردە ئولتۇرماق ئۈچۈن ئۆزىگە مىراس ئىزدىۋاتقانىدى. 2 ئۇنىڭ ئۈچۈن بەنى-دان
ئۆزى ئۆز نەسلىدىن بولۇپ، باتۇر بولغان بەش كىشىنى يۇرت تەپتىش قىلىپ جاسۇسلۇق
قىلسۇن دەپ، زورا بىلەن ئەشتائولدىن ئەۋەتىپ، ئۇلارغا سۆزلەپ: «سىلەر بېرىپ، يۇرتنى
تەپتىش قىلىڭلار دېگىنىدە ئۇلار مېڭىپ ئەفرائىم تاغلىرىغا يېتىپ، مىكانىڭ ئۆيىگە كېلىپ
چۈشۈپ، ئاندا قوندى. 3 ئۇلار مىكانىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا تۇرغاندا لاۋىي يىگىتنىڭ ئاۋازىنى
تونۇپ قېلىپ، قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن: «كىم سېنى بۇ جايغا ئېلىپ كەلدى؟ بۇ ئۆيدە
نېمە ئىش قىلىسەن؟ بۇ جايدا سېنىڭ نېمەڭ بار؟» دەپ سورىدى. 4 بۇ ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:

«مىكا ماڭا ئۇنداق-مۇنداق ياخشىلىق قىلىپ، مېنى ئىجارىگە ئالغاچ مەن ئۇنىڭغا كاھىن
بولۇپ قالدىم» دېدى. [5] بۇنى ئاڭلاپ ئۇلار ئۇنىڭغا: «ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ كېتىپ بارىدىغان
سەپىرىمىز مۇبارەك بولىدۇمۇ ياكى يوقمۇ دەپ بىلمىكىمىز ئۈچۈن خۇدادىن سوراپ بەرگىن»
دېسە، [6] كاھىن ئۇلارغا: «تىنچ-ئامان كېتىڭلار. كېتىپ بارىدىغان سەپىرىڭلار بولسا خۇداۋەندە
ئۇنى خالايدۇ» دېدى.
[7] ئۇ ۋاقىت بۇ بەش كىشى چىقىپ كېتىپ لايىش دېگەن جايغا كېلىپ، ئانداكى خەلققە قارىسا،
ئۇلارنىڭ قانداق تىنچ-ئامان تۇرۇپ، سىدونىيلاردەك راھەت-ئارامدا ئولتۇرغىنىنى كۆردى.
چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچبىرى چوڭ بولۇۋېلىپ، يۇرتتا خاپىلىق پەيدا قىلماي، سىدونىيلاردىنمۇ
يىراق بولۇپ، باشقا كىشى بىلەن كارى يوق ئىدى. [8] ئاندىن كېيىن ئۇلار بۇرادەرلىرىگە
يېنىپ، زورا بىلەن ئەشتائولغا كەلسە، بۇرادەرلىرى ئۇلاردىن: «نېمە خەۋەر كەلتۈردۈڭلار؟»
دەپ سورىدى. [9] ئۇلار ئېيتتىكى: «قوپۇپ، ئۇلارغا قارشى چىقايلى! بىز بولساق يۇرتنىڭ بەك
ياخشىلىقىنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن سىلەر نېمىشقا شۈك ئولتۇرىسىلەر؟ ئەمدى بېرىپ،
يۇرتنى ئېلىشقا ھورۇنلۇق قىلماڭلار. [10] ئاندا بارغىنىڭلاردا سىلەر تىنچ-ئامان ئولتۇراقلىق
بىر خەلققە ئۇچراپ، كەڭرى بىر يۇرتنى تاپىسىلەر. خۇدا ئۆزى ئۇنى قولۇڭلارغا بەردى. ئۇ يۇرت
بولسا يەر يۈزىدىكى نەرسىلەردىن ھېچ كەمچىلىك تارتمايدۇ» دېدى.
[11] ئۇ ۋاقىت دانىيلارنىڭ قەبىلىسىدىن ئالتە يۈز كىشى جەڭ ئەسۋابلىرىنى باغلاپ، زورا بىلەن
ئەشتائولدىن چىقىپ كېتىپ، [12] يەھۇدا يۇرتىدىكى قىريات-يېئارىم دېگەن جايغا بېرىپ،
چېدىر تىكتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۈنگىچە ئۇ جاي ئۆزى داننىڭ لەشكەرگاھى دەپ ئاتىلىپ،
قىريات-يېئارىمنىڭ كەينىدە باردۇر. [13] ئۇلار ئاندىن مېڭىپ، ئەفرائىم تاغلىرىنىڭ يۇرتىغا
كېلىپ مىكانىڭ ئۆيىگە يەتكىنىدە، [14] لايىش يۇرتىغا جاسۇسلۇق ئۈچۈن بارغان بەش كىشى
ئۆز بۇرادەرلىرىگە سۆزلەپ: «بىلىڭلاركى، بۇ ئۆيلەردە بىر دانە ئېفود بىلەن تەرافىم دېگەن
بۇتلار بولۇپ، ئويما سۈرەت بىلەن قۇيما سۈرەتلەر باردۇر. ئەمدى نېمە قىلىشىڭلارنى ئويلاڭلار»
دېدى.
[15] ئۇلار قايرىلىپ، لاۋىي يىگىت بار مىكانىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭغا سالام قىلدى. [16] لېكىن
ئۆزى دان قەبىلىسىدىن بولۇپ جەڭ ياراغلىرىنى باغلىغان ئالتە يۈز كىشى دەرۋازىدا تۇرۇپ
تۇردى. [17] ئەمما يۇرتتا جاسۇسلۇق قىلماق ئۈچۈن بارغان بەش كىشى بولسا ئاندا كىرىپ،
ئويما سۈرەت بىلەن ئېفودنى ئېلىپ، تەرافىم بىلەن قۇيما سۈرەتنى ئىگىلىۋالدى. لېكىن كاھىن
بولسا جەڭ ياراغلىرىنى باغلىغان ئالتە يۈز كىشى بىلەن بىللە دەرۋازىدا تۇرغانىدى. [18] بۇ بەش
كىشى ئۆزى مىكانىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئويما سۈرەت بىلەن ئېفودنى ئېلىپ تەرافىم بىلەن قۇيما
سۈرەتنى ئىگىلىۋېلىپ چىققىنىدا كاھىن ئۇلاردىن: «بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟» دەپ سورىسا،
[19] ئۇلار ئۇنىڭغا: «شۈك بولۇپ، ئاغزىڭغا قولۇڭنى قويۇپ، بىز بىلەن بېرىپ، بىزگە ھەم ئاتا
ھەم كاھىن بولۇپ بەرگىن. ساڭا يالغۇز بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە كاھىنلىق قىلىش ياخشىمۇ
ياكى ئىسرائىل خانىدانىدىن بولغان پۈتۈن بىر قەبىلىگە كاھىن بولغىنىڭ ياخشىمۇ؟» دېدى.

[20] شۇنى دېسە، كاھىنىنىڭ كۆڭلى خۇش بولۇپ، ئېفود بىلەن تەرافىمنى ئېلىپ، ئويما سۈرەتنى
قولتۇقلاپ، خەلقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ماڭدى. [21] ئاندىن كېيىن ئۇلار قايرىلىپ، باشقا
تەرىپىگە يۈرۈپ، ئۇششاق بالىلار، چارۋا مال ۋە ئەسۋابلارنى ئالدىدا ماڭدۇرۇۋېتىپ،
[22] مىكانىڭ ئۆيىدىن خېلى يىراق بارغىنىدا مىكانىڭ ئۆيىگە يېقىن ئولتۇرغان ئادەملەر جۇغلىشىپ،
بەنى-داننى قوغلاپ بېرىپ، [23] بەنى-داننى تورۋلاپ قىچقارسا، ئۇلار بۇرۇلۇپ، مىكادىن: «ساڭا نېمە
بولدى. نېمىشقا مۇنچە خەلقنى يىغىپ كەلدىڭ؟» دېدى. [24] ئۇ جاۋاب بېرىپ: «سىلەر بولساڭلار مەن
ياسىغان مەبۇدلىرىمنى كاھىنىم بىلەن قوشۇپ ئېلىپ قېچىپ، ھېچ نەرسەمنىمۇ قويماي، يەنە تېخى:
‹ ساڭا نېمە بولدى؟› دەپ ئېيتىسىلەرمۇ؟» دېدى. [25] لېكىن بەنى-دان ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «ئۈنۈڭنى
چىقارمىغىن. بولمىسا ئاچچىقى يامان كىشىلەر سېنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆز جېنىڭ بىلەن خانىدانىڭ
جانلىرىدىن قۇرۇق قالىسەن» دېدى. [26] بۇنى دەپ، بەنى-دان ئۆز يولىغا كەتتى. ئەمما مىكا بولسا
ئۇلارنىڭ كۈچلۈك بولغىنىنى كۆرۈپ، يېنىپ ئۆز ئۆيىگە باردى.
[27] بۇ تەرىقىدە ئۇلار ئۆزى مىكانىڭ ياسىغان نەرسىلىرى بىلەن ئۇنىڭ كاھىنىنىمۇ ئېلىپ
كېلىپ، لايىشتىكى تىنچ-ئامان ئولتۇراقلىق خەلقنىڭ قېشىغا يېتىپ، بۇلارنى قىلىچ بىسى
بىلەن ئۇرۇپ، شەھەرنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتتى. [28] شەھەر بولسا سىدوندىن يىراق بولۇپ،
خەلقىنىڭ باشقا كىشى بىلەن كارى بولماي، شەھەر ئۆزى بەيت-رەخوبنىڭ ۋادىسىدا بولغاچ
ئۇنى قۇتقۇزىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. ئاندىن كېيىن دانىيلار بولسا شەھەرنى ياساپ، ئاندا
ئولتۇرۇپ، [29] بۇ شەھەرنىڭ ئىسمىنى ئىسرائىلنىڭ ئوغلى بولغان ئۆز ئاتىسى داننىڭ ئىسمى
بىلەن دان دەپ ئاتىدى. لېكىن ئىلگىرى ئۇ شەھەرنىڭ ئېتى لايىش ئىدى.
[30] ئەمما دانىيلار بولسا بۇ ئويما سۈرەتنى ئۆزىگە تىكلىۋالدى. يوناتان بەن-گەرشوم بەن-
مۇسا ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولسا يۇرتنىڭ خەلقى ئەسىرلىككە كەتكەن كۈنگىچە
دانىيلارنىڭ قەبىلىسىگە كاھىن بولۇپ تۇرغانىدى. [31] ئەمما مىكا ياسىغان ئويما سۈرەتنى
ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن تىكلەپ، خۇدانىڭ بەيتى شىلوھتا تۇرغۇچىلىك ھەممە ۋاقىت ئاندا ساقلىدى.

## بەنى-بەنيامىننىڭ گىبېيادا قىلغان سەت ئىشى

19 [1] تېخى ئىسرائىلدا پادىشاھ بولمىغان ۋاقىتتا بىر لاۋىي كىشى ئەفرائىم تاغلىرىنىڭ
چېتىدە ئولتۇراقلىق ئىدى. ئۇ ئۆزى يەھۇدا يۇرتىدىكى بەيتلەھەمدىن بىر خوتۇننى
ئۆزىگە كېنىزەك قىلىپ ئالدى. [2] لېكىن بۇ كېنىزەكى بولسا ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ،
ئۇنىڭ قېشىدىن چىقىپ قېچىپ، يەھۇدا يۇرتىدىكى بەيتلەھەمدە ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ،
تۆت ئايغىچە ئاندا تۇردى.
[3] ئۇ ۋاقىت ئۇنىڭ ئېرى قوپۇپ، بىر خىزمەتكارى بىلەن ئىككى ئېشەك ئېلىپ، ئۇنىڭغا
سۆزلەپ، كۆڭلىنى ئېلىپ، ياندۇرۇپ ئېلىپ كېلەي دەپ، خوتۇنىنىڭكىگە كەلگەندە خوتۇن

ئۇنى ئاتىسىنىڭكىگە ئېلىپ كىرسە، بۇ ياش خوتۇننىڭ ئاتىسى ئۇنى كۆرۈپ، كۆرۈشكىنىگە
خۇش بولدى. 4 ئۇنىڭ قېيناتىسى: «توختاپ تۇرغىن» دېسە، ئۇ ئۆزى خوتۇننىڭ دادىسىنىڭ
قېشىدا ئۈچ كۈنگىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇلار بولسا يەپ-ئىچىپ، ئاندا قونۇپ، 5 تۆتىنچى
كۈننىڭ ئەتىسى سەھەر قوپۇپ ماڭغىلى تەييار بولسا، خوتۇننىڭ دادىسى كۈيئوغلىغا: «بىر
توغرام نان يەپ، يۈرىكىڭنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، ئاندىن كېتىڭلار» دېدى. 6 شۇنداق دېسە، ئۇلار
ئولتۇرۇپ، يەپ-ئىچىپ، تەييار بولسا، خوتۇننىڭ دادىسى بۇ كىشىگە: «بۇ كېچە قونغىلى
ئۇناپ، كۆڭلۈڭنى خۇش قىلغىن» دېدى. 7 لېكىن بۇ كىشى ماڭغىلى قوپسا، قېيناتىسى
ئۇنى زورلىغاچ يەنە ئاندا قونۇپ قالدى. 8 بەشىنچى كۈننىڭ ئەتىسى سەھەر قوپۇپ ماڭغىلى
تەييار بولسا خوتۇننىڭ دادىسى ئۇنىڭغا: «كۆڭلۈڭنى خۇش تۇتۇپ، كۈن ئېگىلگۈچە توختاپ
تۇرغىن» دېدى. ئاندىن كېيىن ئىككىلىسى نان يېدى. 9 لېكىن بۇ كىشى كېنىزىكى بىلەن
خىزمەتكارىنى ئېلىپ ماڭغىلى تەييار بولسا قېيناتىسى، يەنى خوتۇننىڭ دادىسى، ئۇنىڭغا:
«مانا ئاخشام بولۇپ قېلىپ، كۈن تۈگىگىلى تەييار بولدى. ئەمدى بۇ يەردە كېچىنى ئۆتكۈزۈپ،
كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىپ قونۇپ، ئۆيۈڭگە كەتكىلى ئەتە سەھەر يولۇڭلارغا چىقىڭلار» دېدى.
10 لېكىن ئۇ كىشى بولسا كېچىسى قونغىلى ئۇنىماي، بەلكى قوپۇپ مېڭىپ، يەبۇسنىڭ يەنى
يېرۇسالېمنىڭ ئۇتتۇرىغا كەلدى. ئۇ ئۆزى ئىككى توقۇملۇق ئېشەك بىلەن ئۆز كېنىزىكىنى
ئالغاچ كەلگەنىدى. 11 ئەمما ئۇلار يەبۇسىيغا يەتكەندە كۈن بەك ئولتۇرۇپ كەتكەچ، خىزمەتكارى
خوجىسىغا: «كېلىپ، يەبۇسىيلارنىڭ بۇ شەھىرىگە كىرىپ مۇندا قونايلى» دېسە، 12 خوجىسى
ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «بىز بولساق بەنى-ئىسرائىلدىن ھېچكىم ئولتۇرمىغان يات شەھەرگە
كىرمەي، بەلكى گىبىياغا ئۆتۈپ كېتىمىز» دېدى. 13 ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى خىزمەتكارىغا:
«كەلگىن، بىز بۇ جايلارنىڭ بىرىگە بېرىپ، گىبىيا ياكى رامادا قونايلى» دېدى.
14 شۇنى دەپ، ئۇلار يول بېسىپ، كۈن پاتقاندا بەنيامىن يۇرتىدىكى گىبىياغا يېتىپ بېرىپ،
15 گىبىياغا كىرىپ قونماق ئۈچۈن ئۇ تەرىپكە قايرىلسا، ئۇ ئۆزى كىرىپ، ھېچكىم ئۇنى ئۆيىگە
باشلىمىغاچ شەھەرنىڭ چاسىسىدا ئولتۇرۇپ قالدى. 16 لېكىن ئۇ ئاخشامدا ئۆزى ئەفرائىم
تاغلىرىدىن بولۇپ، گىبىيانىڭ خەلقى بەنيامىنىي بولغاچ، ئاندا مۇساپىر بولۇپ ئولتۇرۇپ
قالغان بىر قېرى كىشى ئىشىنى تۈگىتىپ، ئېتىزلىقتىن يېنىپ كېلىپ، 17 كۆزلىرىنى
كۆتۈرۈپ قارىسا، بۇ مۇساپىرنىڭ شەھەرنىڭ چاسىسىدا ئولتۇرغىنىنى كۆردى. كۆرسە، قېرى
كىشى ئۇنىڭدىن: «قەيەردىن كەلدىڭ؟ نە يەرگە بارىسەن؟» دەپ سورىدى. 18 ئۇ ئۇنىڭغا
جاۋاب بېرىپ: «بىز بولساق يەھۇدا يۇرتىدىكى بەيتلەھەمدىن ئەفرائىم تاغلىرىنىڭ چېتىگە
كېتىپ بارىمىز. مەن ئۆزۈم ئۇ جايدىن بولۇپ، يەھۇدا يۇرتىدىكى بەيتلەھەمگە بارغانىدىم.
ئەمدى مەن خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە كېتىپ بارىمەن. لېكىن بۇ يەردە ھېچكىم مېنى ئۆيىگە
باشلىمىدى. 19 ھەرقانداق بولسا، ئېشەكلىرىمىز ئۈچۈن سامان بىلەن بوغۇز بولۇپ، ئۆزۈم
بىلەن دېدىكىڭ ۋە بەندەڭ بىلەن بولغان خىزمەتكار ئۈچۈن نان بىلەن شارابىمىزمۇ بار.
ھېچنېمىگە كەمچىلىكىمۇ يوق» دېدى. 20 بۇنى ئىشىتىپ، قېرى كىشى سۆز قىلىپ: «ئامان

بولغىن، سېنىڭ ھەممە لازىملىقىڭنى مەن تەييارلاي. ئەمما بۇ يەردە قونمىغىن» دەپ،
[21] ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئېشەكلىرىگە ئوت سامان بەردى. مېھمانلار بولسا پۇتلىرىنى
يۇيۇپ، نان يەپ-ئىچكىلى تۇردى.
[22] بۇ تەرىقىدە ئۇلار كۆڭلىنى خۇش قىلغىلى تۇرسا، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىدىن بىرنەچچە
يامان كىشىلەر كېلىپ، ئۆيىنى قورشىۋېلىپ، ئىشىكنى قېقىپ، ئۆي ئىگىسى بولغان قېرى
كىشىگە گەپ قىلىپ: «سېنىڭ ئۆيۈڭگە كەلگەن كىشىنى مۇندا چىقىرىپ بەرگىن. ئۇنىڭ
بىلەن يېقىندىن تونۇشىمىز» دېدى. [23] بۇنى ئاڭلاپ، ئۆي ئىگىسى بولغان كىشى ئۇلارنىڭ
قېشىغا چىقىپ، ئۇلارغا ئېيتتىكى: «ياق ئەي بۇرادەرلىرىم، مۇنداق يامانلىق قىلماڭلار. بۇ
كىشى مېنىڭ ئۆيۈمگە مېھمان بولۇپ كەلگىنى ئۈچۈن مۇنداق ھاماقەت ئىشنى ھەرگىز
قىلماڭلار. [24] مانا مېنىڭ پاك قىز بولغان بىر قىزىم بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ بىر كېنىزىكىمۇ بار.
مەن ئۇلارنى قېشىڭلارغا چىقىراي. ئۇلار بىلەن زىنا قىلىپ، نېمە سىلەرگە خۇش كۆرۈنسە، ئۇلار
بىلەن قىلىڭلار. لېكىن بۇ كىشى بىلەن مۇنداق ھاماقەت ئىشنى قىلماڭلار» دېدى.
[25] لېكىن ئۇ ئادەملەر بولسا ئۇنىڭغا قۇلاق سالغىلى ئۇنىمىسا، مۇساپىر كىشى ئۆز كېنىزىكىنى
ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىرىپ بەردى. ئۇلار ئۇزى ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلىپ، پۈتۈن كېچە تاڭ
ئاتقۇچىلىك ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشىپ تۇرۇپ، كۈن يورۇغاندا ئۇنى قويۇپ بەردى.
[26] شۇنداقكى، خوتۇن ئۆزى سەھەر ۋاقتىدا ئۇنىڭ خوجىسى بولغان كىشى قونغان ئۆيىنىڭ
ئىشىكىگە كېلىپ يىقىلىپ، يورۇق بولغۇچە ئاندا يېتىپ قالدى. [27] ئۇنىڭ خوجىسى
ئەتىگەندە قوپۇپ، ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، يولغا بارماق ئۈچۈن سىرتىغا چىقسا،
مانا ئۇنىڭ كېنىزىكى ئۆي ئىشىكىنىڭ ئالدىدا قوللىرىنى بوسۇغىنىڭ ئۈستىدە قويۇقلۇق
ياتىدۇ. [28] ئۇ ئۆزى ئۇنىڭغا: «قوپىقىن بىز كېتەيلى» دېسە، ھېچبىر جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ۋاقىت
بۇ كىشى ئۇنى ئېشەككە ئارتىپ، ئۆزىنى تەييارلاپ، ئۆيىگە مېڭىپ كەتتى. [29] لېكىن ئۆز
ئۆيىگە كەلگەندە بىر پىچاقنى ئېلىپ، ئۆز كېنىزىكىنى تۇتۇپ، ئۆلۈكىنى سۆڭەكلىرى بىلەن
قوشۇپ ئون ئىككى پارچە قىلىپ، ئىسرائىل يۇرتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ئەۋەتتى. [30] بۇنى
كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى: «بەنى-ئىسرائىل مىسىر يۇرتىدىن چىققاندىن تارتىپ بۇ كۈنگىچە
مۇنداق ئىش بولماي ۋە يا كۆرۈنمىگەندى. ئەمدى بۇنى ئويلاپ، مەسلىھەت قىلىشىپ بۇنى
تۈزۈڭلار» دەپ ئېيتىشتى.

## ئىسرائىلىيلارنىڭ بەنيامىنىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشى

20 [1] ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى چىقىپ، جامائەت بىر بولۇپ داندىن
تارتىپ بەرشېباغىچە يىغىلىپ، گىلياد يۇرتىنىڭ خەلقى بىلەن قوشۇپ، مىسپاھتا
خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا جەم بولدى. [2] پۈتۈن قوۋمىنىڭ چوڭلىرى بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە

قەبىلىسىدىن بولۇپ، سانى تۆت يۈز مىڭغا يەتكەن قىلىچ تۇتىدىغان پىيادە كىشىلەر خۇدانىڭ
قوۋمىنىڭ جامائىتىدە ھازىر بولدى. [3] ئەمما بەنى-بەنيامىن بولسا بەنى-ئىسرائىلنىڭ
مىسپاھتا جەم بولغىنىنى ئاڭلاپ قالدى. بەنى-ئىسرائىل ئۆزى: «بۇ يامان ئىشنىڭ قانداق
بولغىنىنى دەپ بېرىڭلار؟» دەپ سورىسا، [4] ئۆلتۈرۈلگەن خوتۇننىڭ ئېرى بولغان لاۋىي كىشى
جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «مەن بولسام ئۆز كېنىزىكىمنى ئېلىپ، بەنيامىننىڭ گىبىيا دېگەن
شەھىرىگە قونغىلى كەلگىنىمدە، [5] گىبىيانىڭ ئادەملىرى ماڭا ھۇجۇم قىلىپ، كېچىسى مەن
بار ئۆيىنى قورشىۋېلىپ، مېنى ئۆلتۈرگىلى قەستلەپ، كېنىزىكىم بولسا ئۇلار ئۇنى بۇزۇپ
ئۆلتۈرىۋەتتى. [6] ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆز كېنىزىكىمنى ئېلىپ، پارە-پارە قىلىپ، ئىسرائىلنىڭ
ئىچىدە ئۇنداق سەت يامان ئىشنى قىلغىنى ئۈچۈن پارچىلىرىنى ئىسرائىلنىڭ مىراسى بولغان
ھەممە يۇرتقا ئەۋەتتىم. [7] ئەي بەنى-ئىسرائىل سىلەر ھەممەڭلار مۇندا بولغاچ، مەسلىھەت
كۆرسىتىڭلار» دېدى.
[8] شۇنى دېسە، ھەممە خەلق بىر بولۇپ قوپۇپ: «ئارىمىزدىن ھېچكىم ئۆز چېدىرىغا بارمىسۇن
ۋە يا ھېچكىم ئۆز ئۆيىگە يانمىسۇن. [9] بەلكى بىز چەك تاشلاپ، گىبىيانىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم
قىلايلى. [10] بىز ئەمدى ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىسىدىن يۈزدىن ئوننى، مىڭدىن يۈزنى، ئون
مىڭدىن بىر مىڭنى ئايرىپ، خەلق ئۈچۈن ئوزۇق-تالقان يەتكۈزمەك ئۈچۈن تايىن قىلايلى.
بۇنىڭ بىلەن خەلق ئۆزى بەنيامىننىڭ گىبىيا شەھىرىگە يەتكەندە ئۇلارنىڭ ئىسرائىل ئىچىدە
قىلغان يامانلىقىقا مۇۋاپىق ئۇلارغا ياندۇرسۇن دەپ،
[11] ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرى بىر بولۇپ جۇغلىشىپ، شەھەرنىڭ ئۈستىگە توپلاشتى.
[12] ئاندىن كېيىن ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرى بەنيامىن ھەممە نەسىللىرىگە ئەلچى
ئەۋەتىپ: «ئاراڭلاردا بولغان بۇ يامانلىق ئۆزى نېمىدۇر؟ [13] ئەمدى گىبىيادىكى بۇ يامان
كىشىلەرنى بىزگە تۇتۇپ بېرىڭلار. بىز ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسرائىلدىن بۇ يامانلىقنى يوق
قىلايلى» دېسە، بەنيامىنىيلار ئۆزى ئۆز بۇرادەرلىرى بولغان بەنى-ئىسرائىلنىڭ سۆزىنى
تىڭشىماي،
[14] بەلكى بەنيامىنىيلار بەنى-ئىسرائىلغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇشماق ئۈچۈن شەھەر-شەھەردىن
كېلىپ، گىبىيادا يىغىلدى. [15] شەھەر-شەھەردىن كېلىپ ئۇ كۈندە ساناقتىن ئۆتكەن بەنيامىنىيلار
بولسا ئۆزى گىبىيادا ئولتۇراقلىق بولۇپ ئىلغانغان يەتتە يۈز دانە يىگىتتىن باشقا، يىگىرمە
ئالتە مىڭ قىلىچ چاپىدىغان ئەركەكلەر ئىدى. [16] بۇ ھەممە خەلقنىڭ ئارىسىدا يەتتە يۈز دانە
چەپخاي كىشى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بولسا سالغىغا تاشنى سېلىپ، خاتا قىلماي، قىلنى
سوقاتتى. [17] بەنيامىن قەبىلىسىدىن باشقا ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى ساناقتىن ئۆتسە، تۆت يۈز
مىڭ قىلىچ چاپىدىغان ئەركەكلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭ كىشىلىرى ئىدى.
[18] بەنى-ئىسرائىل قوپۇپ، بەيتەلگە چىقىپ خۇدادىن سوراپ: «بىزنىڭ ئارىمىزدىن بەنيامىن
بىلەن سوقۇشقىلى كىم دەسلەپتە چىقسۇن» دەپ ئېيتسا، خۇداۋەندە جاۋاب بېرىپ: «دەسلەپتە
يەھۇدا چىقسۇن» دېدى. [19] بۇنىڭ بىلەن بەنى-ئىسرائىل ئەتىسى سەھەر قوپۇپ، گىبىيانىڭ

ئۇتتۇرىدا چېدىر تىكتى. [20] ئاندىن كېيىن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى بەنيامىن بىلەن ئۇرۇشقىلى
چىقىپ، گىبىيانىڭ يېنىدا ئۆزىنى راستلاپ، ئۇلارغا قارشى سەپ تۈزدى. [21] ئۇ ۋاقىت بەنى-
بەنيامىن گىبىيادىن چىقىپ، ئۇ كۈنى ئىسرائىلدىن يىگىرمە ئىككى مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ
تۇپرىققا ئىلەشتۈرۈۋەتتى.
[22] لېكىن ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئادەملىرى بولسا كۈچ يىغىپ، ئاۋۋالقى كۈنى سەپ باغلىغان
جايدا ئىككىنچى كۈنى يەنە سەپ باغلىدى. [23] چۈنكى بەنى-ئىسرائىل خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا
بېرىپ، ئاخشامغىچە يىغلاپ تۇرۇپ: «بىز ئۆز بۇرادىرىمىز بولغان بەنيامىننىڭ نەسلى بىلەن
يەنە ئۇرۇشقىلى چىقايلىمۇ ياكى يوقمۇ؟» دەپ خۇداۋەندىدىن سورىغىنىدا خۇداۋەندە جاۋاب
بېرىپ: «ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىڭلار» دەپ ئېيتقانىدى. [24] بۇنىڭ ئۈچۈن بەنى-ئىسرائىل ئۆزى
ئىككىنچى كۈنى بەنى-بەنيامىنغا قارشى چىقسا، [25] بەنيامىنمۇ ئىككىنچى كۈندە ئۇلارغا
قارشى گىبىيادىن چىقىپ، بەنى-ئىسرائىلدىن بولۇپ قىلىچ چاپىدىغان ئون سەككىز مىڭ
كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، تۇپرىققا ئىلەشتۈرۈۋەتتى.
[26] ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە خەلق قوپۇپ، بەيتەلگە چىقىپ يىغلاپ، خۇداۋەندىنىڭ
ھۇزۇرىدا توختاپ، ئۇ كۈنى ئاخشامغىچە روزا تۇتۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا كۆيدۈرمە قۇربانلىق
بىلەن شۈكۈر قۇربانلىقى ئۆتكۈزدى. [27] خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى بولسا ئۇ كۈنلەردە ئاندا
بولۇپ، پىنىخاس بەن-ئېلىئازار بەن-ھارۇن ئۆزى ئۇ ۋاقىت ئۇنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلغاچ،
[28] بەنى-ئىسرائىل ئۆزى خۇداۋەندىدىن سوراپ: «مەن ئۆز بۇرادىرىم بولغان بەنيامىننىڭ نەسلى
بىلەن سوقۇشقىلى يەنە چىقايمۇ ياكى توختايمۇ؟» دەپ ئېيتسا، خۇداۋەندە جاۋاب بېرىپ:
«چىقىڭلار، چۈنكى ئەتە مەن ئۇلارنى سىنىڭ قولۇڭغا بېرىمەن» دېدى.
[29] بۇنى ئاڭلاپ ئىسرائىلنىڭ خەلقى گىبىيانىڭ چۆرىسىدە ماراقتا ئادەملەر قويۇپ،
[30] ئۈچىنچى كۈنى بەنى-ئىسرائىل بولسا بەنى-بەنيامىنغا قارشى چىقىپ ئىلگىرى بىلەن
كېيىنكىدەك گىبىياغا كېلىپ، سەپ باغلىغىنىدا، [31] بەنى-بەنيامىنمۇ خەلقنىڭ قارشىسىغا
چىقىپ، شەھەردىن سوزۇلۇپ بېرىپ، بەيتەلگە چىقىدىغان يول بىلەن گىبىياغا بارىدىغان
يولنىڭ ئۈستىدە خەلقنى ئىلگىرى-كېيىنكىدەك ئۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىدىن
ئوتتۇزچە كىشىنى ئۆلتۈردى. [32] شۇنى قىلسا، بەنى-بەنيامىن ئۆزى: «ئۇلار بولسا ئاۋۋالقىدەك
مەغلۇپ بولدى» دەپ گۇمان قىلدى. ئەمما بەنى-ئىسرائىل بولسا: «بىزلەر قېچىپ، ئۇلارنى
شەھەردىن تارتىپ يوللارغا ئېلىپ چىقىرايلى» دەپ مەسلىھەت قىلىشقانىدى. [33] بۇ سەۋەبتىن
ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرى ئۆز جايىدىن قوپۇپ بائال-تامارغا بېرىپ، سەپ باغلىسا،
ماراقتا ئولتۇرغان ئىسرائىلىيلارمۇ مائارە-گىبىيادىكى جايىدىن چىقىپ كەلدى. [34] بۇ
تەرىقىدە پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدىن ئىلغانغان ئون مىڭ كىشى گىبىياغا قارشى چىققىنى
ئۈچۈن جەڭ قاتتىق بولدى، لېكىن بەنيامىنىيلار بولسا ئۈستىگە بالا يېقىنلاشقىنىنى بىلمەي
قالدى. [35] ئەمما خۇداۋەندە ئۆزى بەنيامىنىيلارنى ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ قىلغاچ ئۇلار
ئۇ كۈنى بەنيامىنىيلارنىڭ ئارىسىدىن يىگىرمە بەش مىڭ بىر يۈز دانە قىلىچ چاپىدىغان

كىشىلەرنى ئۆلتۈردى. [36] ئەمدى بەنى-بەنيامىن ئۆزى ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغىنىنى كۆردى.
ئەمما ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى بولسا گىبېياغا قارشىدىكى ماراقتا قويۇپ قويغان كىشىلىرىگە
ئىشەنچ باغلىغاچ بەنيامىنىيلارغا جاي بەرگەنىدى. [37] ئۇ ۋاقىت ماراقتىكىلەر ئىلدام بېرىپ،
گىبېياغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزى ئالدىغا بېسىپ، شەھەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىچ بىسى بىلەن
ئۇردى. [38] ئەمما ئىسرائىلنىڭ باشقا ئادەملىرى بولسا ماراقتىكىلەرگە: «بىزگە بىر بەلگە
بەرمەك ئۈچۈن شەھەر ئىچىدىن قېلىن تۈتۈننىڭ تۈۋرۈكىنى چىقىرىڭلار» دەپ توختاتقانىدى.
[39] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى ئۇرۇشتا كەينىگە يانغىلى تۇرسا، بەنيامىن ئۆزى
ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىنى ئۇرغىلى باشلاپ، ئوتتۇزچە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ: «مانا ئىسرائىل
بولسا شەكسىز ئاۋۋالقىدەك ئالدىمىزدا مەغلۇپ بولدى» دەپ ئېيتىشتى. [40] لېكىن شەھەرنىڭ
ئىچىدىن تۈتۈننىڭ تۈۋرۈكى ئۆرلەپ چىققىنىدا بەنيامىنىيلار كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا، مانا
شەھەرنىڭ ھەممىسى تۈتۈن بىلەن ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. [41] ئۇ ھامان
ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى يېنىپ كەلسە، بەنيامىنىنىڭ ئادەملىرى: «بىزگە بالا يېقىنلاشتى» دەپ
كۆرۈپ، قورقۇپ كېتىپ، [42] ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئالدىدىن چۆلنىڭ يولىغا قېچىپ
كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، دۈشمەن ئۇلارنى قويماي يوقىتىپ، شەھەرلەردىن چىققانلارمۇ
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنى ھالاك قىلدى. [43] بۇ تەرىقىدە ئۇلار بەنيامىنىيلارنى قورشىۋېلىپ،
ئۇلارنى قوغلاپ، شەرقىنىڭ تەرىپىگە گىبېيانىڭ ئۇتتۇرىغا ئېلىپ بېرىپ، ئارامگاھلىرىدا
دەپسەندە قىلىپ ئۆلتۈردى. [44] بۇنىڭ بىلەن ھەممىسى پالۋان بولغان ئون سەككىز مىڭ
كىشى بەنيامىنىيلار ئىچىدىن ئۆلدى. [45] ئاندىن كېيىن قالغانلار بولسا چۆل تەرىپىگە قېچىپ،
رىممون قورام تېشىغا كېتىپ بارسا، ئۇلار بۇلارنى يولدا تۇتۇپ، بەش مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ،
يەنە كەينىدىن گىدومغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇلاردىن يەنە ئىككى مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.
[46] ئۇ كۈندە بەنيامىنىنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە بەش مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى
پالۋان بولۇپ قىلىچ چاپىدىغان كىشىلەر ئىدى.
[47] لېكىن چۆل تەرىپىگە بۇرۇلۇپ قېچىپ، رىممون قورام تېشىغا ماڭغانلار بولسا ئۇلاردىن
ئالتە يۈز كىشى يېتىپ بېرىپ، رىممون قورام تېشىدا تۆت ئاي تۇرۇپ قالدى. [48] ئىسرائىلنىڭ
ئادەملىرى بولسا بەنى-بەنيامىنىنىڭ قېشىغا يېنىپ كېلىپ، ئۇلارنى قىلىچ بىسى بىلەن
ئۇرۇپ، شەھەرنىڭ ھەممىسىنى چارۋا مېلىغىچە نېمىكى ئۇچرىسا، يوقىتىپ ھەممە ئۇچرىغان
شەھەرلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

## بەنيامىن قابىلىسى ئىسرائىلدىن ئۈزۈلۈپ قالماسلىقتىن قۇتۇلدۇ

21 [1] لېكىن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى بولسا مىسپاھتا قەسەم قىلىشىپ: «بىزنىڭ
ئىچىمىزدىن ھېچكىم ئۆز قىزىنى بىر بەنيامىنىي كىشىگە خوتۇنلۇققا بەرمىسۇن»

دېيىشكەندى. [2] بۇنىڭ ئۈچۈن قوۋم ئۆزى بەيتەلگە كېلىپ، ئاندا ئاخشامغىچە خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قاتتىق يىغلىشىپ: [3] «ئەي ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە، بۈگۈن ئىسرائىلنىڭ بىر قەبىلىسى يىتىپ كەتسۇن دەپ، بۇ ئىشى نېمىشقا بولدى؟» دەپ ئېيتىشتى.

[4] ئەتىسى خەلق سەھەر قوپۇپ، ئاندا بىر قۇربانگاھنى ياساپ، كۆيدۈرمە بىلەن شۈكۈر قۇربانلىقى ئۆتكۈزدى. [5] ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىل سۆزلەپ: «ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىسىدىن كېلىپ، جامائەتكە قوشۇلۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولمىغان كىم بار؟» دەپ ئېيتتى، چۈنكى ئۇلار بولسا كىمكى مىسپاھتا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولمىسا، ئۇ ئۆزى شەكسىز ئۆلتۈرۈلسۇن دەپ، قەسەم قىلىشقانىدى. [6] ئەمما بەنى-ئىسرائىل ئۆزى ئۆز بۇرادىرى بولغان بەنيامىننىڭ ئۈستىگە پۇشايمان قىلىپ: «بۈگۈن ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن پۈتۈن بىر قەبىلە ئۈزۈلۈپ كەتتى. [7] ئەمدى بىز بولساق ئۇلارنىڭ قالغانلىرى ئۈچۈن خوتۇن توغرىسىدا نېمە قىلايلى؟ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا: ‹ قىزلىرىمىزنى ئۇلارغا خوتۇنلۇققا بەرمەيلى› دەپ قەسەم قىلدۇق ئەمەسمۇ؟» دېدى. [8] ئۇلار يەنە سوراپ: «بەنى-ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىن قايىسى قەبىلە مىسپاھقا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا چىقمىدى» دەپ قارىسا، مانا چېدىرگاھتىكى جامائەتكە قوشۇلماق ئۈچۈن يابەش-گىلىيادتىن ھېچكىم كەلمىگەن ئىكەن. [9] چۈنكى خەلقنى ساناپ كۆرگەندە گىلىيادتىكى يابەشنىڭ ئادەملىرىدىن ئاندا ھېچكىم يوق ئىدى.

[10] ئۇ ۋاقىت جامائەت ئۆزى ئون ئىككى مىڭ پالۋاننى ئاندا ئەۋەتىپ، ئۇلارغا ھۆكۈم بېرىپ: «گىلىيادتىكى يابەشنىڭ خەلقىنى خوتۇن بالا-چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ، ئۇرۇپ قىلىچ بىسى بىلەن ئۆلتۈرۈڭلار. [11] شۇنداق قىلىڭلاركى، ھەممە ئەر كىشى بىلەن ئەرنى تونۇپ قالغان خوتۇنلار بولسا ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېدى.

[12] لېكىن بارغاندا گىلىيادتىكى يابەشنىڭ خەلقىنىڭ ئىچىدە ئەر كىشىنى تونۇمىغان ئەركەك بىلەنمۇ ياتمىغان تۆت يۈز قىز ئۇلارغا ئۇچرىسا، بۇلارنى تۇتۇپ، قانائان يۇرتىدا بولغان شىلوھتىكى چېدىرگاھقا ئېلىپ كەلدى. [13] ئاندىن كېيىن جامائەتنىڭ ھەممىسى كىشى ئەۋەتىپ رىممونىنىڭ قورام تېشىدا قېلىپ قالغان بەنيامىنىيلارغا سۆزلەپ، سۈلھىنىڭ خەۋىرىنى بېرىپ قىچقاردى. [14] ئۇ ۋاقىت بەنيامىنىيلارغا يېنىپ كەلسە، ئۇلار ئۆزى گىلىيادتىكى يابەشتىن تىرىك تۇتۇپ كەلگەن خوتۇنلىرى ئۇلارغا بەردى، لېكىن بۇمۇ ئۇلارغا يېتىشمىدى.

[15] ئۇنىڭ ئۈچۈن خەلق بولسا خۇداۋەندە ئۆزى ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىگە بىر كەمچىلىك سالغاچ، بەنيامىننىڭ ئۈستىگە پۇشايمان قىلدى. [16] ئۇ ۋاقىت جامائەتنىڭ ئاقساقاللىرى سۆزلەپ: «بەنيامىننىڭ خوتۇنلىرى بولسا تۈگەپ كەتكىنى ئۈچۈن قالغانلىرىغا خوتۇن توغرىسىدا نېمە قىلىمىز؟» دېدى. [17] ئاندىن كېيىن يەنە ئېيتىشتىكى: «ئىسرائىلنىڭ بىر قەبىلىسى تۈگەپ كەتمىسۇن دەپ، بەنيامىننىڭ مىراس تاپمىقى ئەلۋەتتە لازىم كېلىدۇ. [18] بىز بولساق بەنى-ئىسرائىلنىڭ قەسەم قىلىشىپ: ‹ بەنيامىنغا خوتۇن بەرگەن كىشى مەلئۇن بولسۇن› دېگىنى ئۈچۈن ئۇلارغا خوتۇن بېرەلمەيمىز» دېدى. [19] ئۇلار يەنە سۆزلەپ:

«بەيتەلنىڭ شىمال تەرىپىدە بولۇپ بەيتەلدىن شەكەمگە چىقىدىغان يولنىڭ شەرق تەرىپىدە
تېپىلىپ لېبونانىڭ جەنۇب تەرىپىدە بولغان شىلوھتا يىلدىن يىلغا خۇداۋەندىنىڭ بىر ھېيتى
بولىدۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ [20] بەنى-بەنيامىنغا: «سىلەر بېرىپ، ئۈزۈمزارلىقلاردا ماراپ يېتىڭلار.
[21] ھەرقاچان شىلوھتا قىزلىرىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىماق ئۈچۈن چىققىنىنى كۆرسەڭلار،
سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار شىلوھنىڭ قىزلىرىدىن بىرىنى، ماڭا خوتۇن بولسۇن دەپ، تارتىۋالسۇن.
ئاندىن بەنيامىنىنىڭ يۇرتىغا كېتىڭلار. [22] ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى ۋە يا بۇرادەرلىرى كېلىپ،
بىزگە پەرياد قىلسا، بىز ئۇلارغا سۆزلەپ: ‹ بىزگە يۈز-خاتىرە قىلىپ ئۇلارغا ئىلتىپات قىلىڭلار،
چۈنكى بىز بولساق ھەربىر ئەر كىشى ئۈچۈن جەڭدىن خوتۇن ئېلىپ كەلمىدۇق. سىلەر ئۆز
ئىختىيارىڭلار بىلەن ئۇلارغا بۇ قىزلارنى بەرمىدىڭلار. بولمىسا سىلەرگە گۇناھ بولاتتى› دەيمىز»
دېدى. [23] شۇنى دېسە، بەنى-بەنيامىن شۇنداق قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تۇرغان خوتۇنلارنىڭ
ئارىسىدىن سانىغا مۇۋاپىق ئۆزىگە خوتۇن ئېلىپ تارتىۋېلىپ، ئاندىن ئۆز مىراس يېرىگە
يېنىپ كېتىپ، شەھەرلەرنى يەنە ياساپ ئاندا ئولتۇردى.
[24] ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىلنىڭ باشقىلىرىمۇ ئاندىن كېتىپ، ھەربىرى ئۆز قەبىلە بىلەن
خاندانىغا يېنىپ، ھەر كىشى ئۇ يەردىن ئۆز مىراسىغا باردى. [25] ئەمما ئۇ ۋاقىتتا ئىسرائىلدا
پادىشاھ بولمىغاچ ھەربىرى ئۆز نەزىرىدە ياخشى كۆرۈنگىنىنى قىلىپ يۈرەتتى.

مۇقەددەس كىتاب

# رۇت

8

# رۇت

## مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
## (تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

## 8-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# رۇت

## ئېلىمېلەك ۋە نائومى

1 [1] ھاكىملار سەلتەنەت قىلغان كۈنلەردە يۇرتتا ئاچارچىلىق بولدى. ئۇ ۋاقىت بىر ئادەم ئۆز
خوتۇنى ۋە ئىككى ئوغلى بىلەن يەھۇدا يۇرتىدىكى بەيتلەھەمدىن چىقىپ، موئابنىڭ يۇرتىدا
بىر ۋاقىتقىچە ئولتۇرماق ئۈچۈن باردى. [2] ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئېلىمېلەك، خوتۇنىنىڭ ئىسمى
نائومى ۋە ئىككى ئوغلىنىڭ ئىسىملىرى ماخلون بىلەن كىليون ئىدى. ئۇلار بەيتلەھەمدە
ئولتۇراقلىق ئەفراتىيلار بولۇپ، موئابنىڭ يۇرتىغا كېلىپ ئاندا ئولتۇردى. [3] نائومىنىڭ ئېرى
ئېلىمېلەك ئۆلدى، لېكىن خوتۇن ئۆزى بىلەن ئىككى ئوغلى ئاندا قالدى. [4] بۇلار موئابىيلاردىن
ئۆزىگە خوتۇنلار ئالدى. بىرىنىڭ ئېتى ئورپا ۋە يەنە بىرىنىڭ ئېتى رۇت ئىدى. [5] ئۇلار ئاندا
تەخمىنەن ئون يىل ئولتۇرغاندىن كېيىن ماخلون بىلەن كىليوننىڭ ئىككىلىسى ئۆلدى.
لېكىن خوتۇن، ئېرى بىلەن ئوغۇللىرى ئۆلگەندىن كېيىن، ھايات قالدى.

## نائومى كېلىنى رۇت بىلەن بەيتلەھەمگە يېنىپ كېلىدۇ

[6] ئەمما خوتۇن ئۆز ئىككى كېلىنى بىلەن قوپۇپ، موئابنىڭ يۇرتىدىن يانماقچى بولدى. چۈنكى
«خۇداۋەندە ئۆز قوۋمىنى يوقلاپ، ئۇلارغا نان بەردى» دەپ موئابنىڭ يۇرتىدا ئاڭلانغانىدى.
[7] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزى ئىككى كېلىنى بىلەن ئولتۇرغان يېرىدىن چىقىپ، يەھۇدا يۇرتىغا
يانغىلى يولغا كېتىپ باردى. [8] نائومى ئۆز ئىككى كېلىنىگە ئېيتتىكى: «يېنىپ كېتىپ،
ھەربىرىڭلار ئۆز ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارسۇن. سىلەر ئۆلگەن كىشىلەرگە ۋە ماڭا ياخشىلىق
قىلغاندەك خۇداۋەندە سىلەرگە ياخشىلىق قىلغاي. [9] خۇداۋەندە بەرگەيكى، ھەربىرىڭلار ئۆز
ئېرىنىڭ ئۆيىدە ئارام تاپسۇن» دەپ ئۇلارنى سۆيدى. ئەمما ئۇلار ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن يىغلاپ،
[10] ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «سەن بىلەن ئۆز قوۋمىڭغا يانمىساق بولمايدۇ» دېدى. [11] لېكىن نائومى
ئېيتتى: «يېنىپ بېرىڭلار، ئەي قىزلىرىم، نېمىشقا مەن بىلەن بارغايسىلەر؟ سىلەرگە ئەر
بولىدىغان ئوغۇللار يەنە تۇغالايمەنمۇ؟ [12] يېنىپ بېرىڭلار، ئەي قىزلىرىم، چۈنكى مەن قېرىپ
كەتكەچ يەنە ئەرگە تەگكىلى يارىمايمەن. ئەگەر ئۈمىدىم تېخى بار دېسەم، بۇ كېچە بىر ئەرگە
تېگىپ ئوغۇللار تۇغساممۇ، [13] ئۇلار بالاغەت بولغۇچىلىك سەۋر قىلىپ، باشقا ئەرگە تەگمەي،
ئۇلار ئۈچۈن ساقلاپ تۇراتتىڭلارمۇ؟ ئۇنداق بولمىسۇن، ئەي قىزلىرىم! خۇداۋەندىنىڭ قولى
مېنى ئۇردى ئەمەسمۇ؟ ئەمما سىلەر ئۈچۈن ئىچىم ئاغرىيدۇ» دېدى. [14] ئۇلار يەنە ئۈنلۈك ئاۋاز
بىلەن يىغلىدى. ئورپا ئۆز قېيىنانىسىنى خوشلىشىپ سۆيدى، لېكىن رۇت ئۇنىڭ بىلەن قالدى.
[15] نائومى ئېيتتىكى: «مانا يەڭگە كېلىنىڭ ئۆز خەلقى بىلەن تەڭرىلىرىگە يېنىپ كەتتى! سەن

ھەم ئۆز يەڭگە كېلىنىڭگە ئەگىشىپ، يېنىپ كەتكىن» دېدى. [16] لېكىن رۇت ئېيتتىكى: «مېنى كەتكىلى قويماي، سېنى تاشلاپ يانغىلى مېنى زورلىمىغىن. سەن بارىدىغان يەرگە مەنمۇ بېرىپ، سەن تۇختايدىغان يەردە مەن ھەم تۇختاي. سېنىڭ خەلقىڭ مېنىڭ خەلقىم بولۇپ، سېنىڭ خۇدايىڭ مېنىڭ خۇدايىم بولسۇن. [17] سەن ئۆلىدىغان يەردە مەنمۇ ئۆلۈپ دەپنە قىلىناي. ئۆلۈمدىن باشقا نەرسە مېنى سەندىن ئايرىسا، خۇداۋەندە ماڭا ئۇنداق قىلسۇن، مۇنداق قىلسۇن، بەلكى بۇنىڭدىن زىيادە قىلسۇن» دېدى. [18] نائومى ئۇنىڭ بىلەن بارغىلى چىڭ نىيەت قىلغىنىنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا بۇ ئىش توغرىسىدىن يەنە سۆز قىلماي،
[19] ئىككىلىسى مېڭىپ، بەيتلەھەمگە يېتىپ كەلدى. بەيتلەھەمگە يەتكىنىدە ھەممە شەھەر ئۇلارنىڭ جەھىتىدىن قوزغىلىپ كەتتى. خوتۇنلار بولسا: «بۇ نائومى ئەمەسمۇ؟» دېيىشەتتى.
[20] ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: «مېنى نائومى دېمەي، بەلكى مېنى مارا دەڭلار، چۈنكى قادىر-مۇتلەق خۇدا مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئېچچىتتى. [21] بايەدەك بۇ يەردىن چىقتىم، لېكىن خۇداۋەندە مېنى قۇرۇق ياندۇردى. خۇداۋەندە ماڭا قارشى گۇۋاھلىق بېرىپ، قادىر-مۇتلەق خۇدا مېنى تەڭلىككە سالغاندىن كېيىن نېمىشقا مېنى ‹نائومى› دەيسىلەر» دېدى. [22] نائومى بىلەن كېلىنى بولغان موئابىي رۇت موئابنىڭ يۇرتىدىن يېنىپ، بەيتلەھەمگە يېنىپ كەلگەندە ئارپا ئورمىسى باشلىغانىدى.

## رۇت بوئازنىڭ ئېتىزلىقىدا باشاق تېرىدۇ

2 [1] لېكىن نائومىنىڭ ئېرىگە تۇغقان بولۇپ، بوئاز دەپ ئاتالغان بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ئېلىمېلەكنىڭ خانىدانىدىن بولۇپ، تولا باي ئىدى. [2] موئابىي رۇت نائومىغا ئېيتتى: «مەن ئېتىزلىققا چىقىپ، بىركىمنىڭ كۆزلىرىدە ئىلتىپات تاپسام، ئۇنىڭ كەينىدىن ئارپا باشلىرىنى تېرەيمۇ؟ ئۇ ئۇنىڭغا: «بارغىن، ئەي قىزىم» دېدى.
[3] ئۇ بېرىپ، بىر ئېتىزلىققا كېلىپ، ئاندا ئورمىچىلارنىڭ كەينىدىن ئارپا باشلىرىنى تەرگىلى تۇردى. تاسادىپىيلىقتىن بۇ ئېتىزلىق ئېلىمېلەككە تۇغقان بولغان بوئازنىڭكى ئىدى.
[4] ئۇ ۋاقىت بوئاز بەيتلەھەمدىن چىقىپ كېلىپ، ئورمىچىلارغا: «خۇداۋەندە سىلەر بىلەن بولسۇن» دېدى. ئۇلار ئۇنىڭغا: «خۇداۋەندە سېنى مۇبارەكلىسۇن» دەپ ئېيتتى. [5] ئاندىن بوئاز ئورمىچىلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغان خىزمەتكاردىن: «بۇ ياش خوتۇن كىمنىڭكى ئىكەن؟» دەپ سورىدى. [6] ئورمىچىلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغان خىزمەتكار جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «بۇ ئۆزى موئابىي بولۇپ نائومى بىلەن موئاب يۇرتىدىن كەلگەن خوتۇن بولىدۇ. [7] ئۇ ئۆزى: ‹ ئورمىچىلارنىڭ كەينىدىن ئۆنچىلەرنىڭ ئارىسىدا باش تەرسەم بولامدۇ؟› دەپ سوراپ كېلىپ، ئەتىدىن بۇ ۋاقىتقىچە ئىشلەپ تۇردى. لېكىن ئەمدى بەيتتە كىچىككىنا راھەت ئالدى» دېدى.
[8] بوئاز رۇتقا ئېيتتى: «ئاڭلىغىن، ئەي قىزىم! سەن باش تەرگىلى باشقا بىر كىشىنىڭ

ئېتىزلىقىغا بارمىغىن، بۇ يەردىن ھەم كەتمەي، مېنىڭ دېدەكلىرىم بىلەن مۇندا قالغىن.
[9] ئورمىچىلار ئىشلىگەن يەرگە قاراپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارغىن. سەن توغرۇلۇق: ‹ ئۇنىڭغا تەگمەڭلار› دەپ يىگىتلەرگە بۇيرۇپ قويدۇم. ئۇسساپ قالساڭ، كوزىلارغا بېرىپ، يىگىتلىرىم تارتقان سۇدىن ئىچكىن» دېدى. [10] رۇت يۈز تۆۋەن چۈشۈپ، يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلىپ ئۇنىڭغا: «مەن بىر بىگانە بولسام، نېمىشقا كۆزلىرىڭدە شۇنچە ئىلتىپات تاپتىمكى مەندىن خەۋەر ئالغايسەن» دېدى. [11] بوئاز ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «ئېرىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆز قېيىناناڭغا قىلغىنىڭنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم، قانداقكى، ئاتاڭ بىلەن ئاناڭنى ۋە ئۆز ۋەتىنىڭنى تاشلاپ، ئىلگىرى تونۇمىغان خەلققە كەلدىڭ. [12] خۇداۋەندە قىلغىنىڭغا مۇۋاپىق ساڭا ياندۇرغاي. سەن قاناتلىرىنىڭ تېگىدە پاناھ ئىزدىگەن ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن ساڭا تولۇق ئىنئام بېرىلسۇن» دېدى. [13] ئۇ ئېيتتى: «ئەي خوجام، كۆزلىرىڭدە ئىلتىپات تاپقايمەن. مەن سېنىڭ دېدەكلىرىڭدەك بولمىسام ھەم، سەن ماڭا تەسەللى بېرىپ، ئۆز دېدىكىڭگە مېھرىبانلىق سۆز قىلدىڭ» دېدى.
[14] تائام يەيدىغان ۋاقىتتا بوئاز ئۇنىڭغا: «مۇندا كېلىپ، نان يەپ نېنىڭنى سىركىگە تۆگۈرگىن» دېگەندە رۇت ئورمىچىلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرسا، بوئاز ئۇنىڭغا قوماچ بەردى. ئۇ يەپ تويغاندىن كېيىن تائام ئېشىپ قالدى. [15] ئۇ باش تەرگىلى قوپقاندا بوئاز ئۆز يىگىتلىرىگە ئېيتتى: «ئۇنىڭغا خاپىلىق قىلماي، ئۆنچىلەرنىڭ ئارىسىدا باش تەرگىلى قويۇڭلار. [16] سىلەر ھەم ئۆنچىلەردىن باشلار تارتىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا تەرگىلى قويۇپ، ئۇنى ھېچ تىللىمەڭلار» دېدى.
[17] ئۇ ئۆزى ئاخشامغىچە ئېتىزلىقتا باش تېرىپ، ئۇ تەرگەن باشلارنى سوققاندا تەخمىنەن بىر ئېفا چىقتى. [18] ئاندىن يۈكنى ئېلىپ، شەھەرگە كىرسە، قېيىنانىسى ئۇنىڭ تېرىپ كەلگەن نەرسىسىنى كۆردى. ئاندىن كېيىن ئۇ يەپ، ئېشىپ قالغاندا ساقلاپ قويغان تائامنى چىقىرىپ قېيىنانىسىغا بەردى. [19] قېيىنانىسى ئۇنىڭغا: «سەن بۈگۈن نە يەردە باش تېرىپ، نە يەردە ئىش قىلدىڭ؟ سەندىن خەۋەر ئالغان كىشى مۇبارەك بولسۇن» دەپ ئېيتتى. ئۇ ئۆز قېيىنانىسىغا كىمنىڭكىدە ئىش قىلغىنىنى دەپ بېرىپ: «مەن بۈگۈن بوئاز دېگەن ئادەمنىڭكىدە ئىشلىدىم» دېدى. [20] نائومى كېلىنىگە ئېيتتىكى: «تىرىك بىلەن ئۆلگەنلەرگە ياخشىلىق قىلىشتىن ئۆزىنى يىغمىغان كىشى خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن بەرىكەت تاپسۇن» دېدى. ئاندىن نائومى ئۇنىڭغا يەنە ئېيتتىكى: «ئۇ ئادەم بىزگە يېقىن تۇغقان بولۇپ، بىزنى قۇتقۇزالايدىغان ئۇرۇق-تۇغقانلاردىن بىرىدۇر. [21] موئابىي رۇت ئېيتتىكى: «ئۇ ماڭا: ‹ مېنىڭ يىگىتلىرىم ھەممە ھوسۇلۇمنى يىغقۇچىلىك ئۇلار بىلەن قالغىن› دەپ ھەم ئېيتتى». [22] نائومى ئۆز كېلىنى رۇتقا ئېيتتى: «باشقىسىنىڭ ئېتىزلىقىدا ساڭا يامانلىق قىلمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ دېدەكلىرى بىلەن چىقساڭ، ياخشى بولىدۇ، ئەي قىزىم» دېدى. [23] رۇت بوئازنىڭ دېدەكلىرى بىلەن يۈرۈپ، ھەم ئارپا، ھەم بۇغداي ھوسۇلى يىغىلىپ بولغۇچىلىك بوئازنىڭ دېدەكلىرى بىلەن يۈرۈپ باش تېرەتتى. لېكىن قېيىنانىسىنىڭكىدە ئولتۇراقلىق ئىدى.

## رۇت ۋە بوئاز خاماندا

3 1 قېينانىسى نائومى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەي قىزىم، سېنىڭ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا
راھەت تاپتۇرمايمەنمۇ؟ 2 سەن بوئازنىڭ دېدەكلىرى بىلەن ئىشلەپ يۈردۈڭ ئەمەسمۇ؟ ئۇ
ئۆزى بىزگە تۇغقان ئەمەسمۇ؟ مانا ئۇ بۇ كېچە خامىنىدا ئارپا سورۇيدۇ. 3 ئەمدى سەن ئۆزۈڭنى
يۇيۇپ، ياغ بىلەن ياغلاپ، ئېگىن كىيىپ، خامانغا چۈشۈپ بارغىن. لېكىن ئېھتىيات قىلىپ،
ئۇ كىشى تائام يەپ-ئىچىپ بولغۇچىلىك ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمىگىن. 4 ئۇ ياتقاندا
ئۇنىڭ ئۇخلايدىغان يېرىنى مەلۇم قىلىپ، ئاندا بېرىپ، ئاياغلىرىنىڭ جايىنى ئېچىپ، ئاندا
ياتقىن. ئۇ ئۆزى ساڭا نېمە قىلىدىغىنىڭنى دەپ بېرىدۇ» دېسە، 5 ئۇ ئۇنىڭغا: «ھەر نە دېسەڭ
قىلاي» دېدى.
6 ئۇ خامانغا چۈشۈپ بېرىپ، قېينانىسى ئۇنىڭغا بۇيرۇغاندەك قىلدى. 7 بوئاز تائام يەپ-
ئىچىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، چەشنىڭ يېنىغا بېرىپ ياتقاندا ئۇ كېلىپ، تۇيدۇرماي
ئاياغلىرىنىڭ جايىنى ئېچىپ ياتتى. 8 يېرىم كېچىدە بوئاز چۆچۈپ ئالدىغا ئېگىلگەندە، مانا
ئاياغلىرىنىڭ يېنىدا بىر خوتۇن ياتىدۇ. 9 ئۇ: «كىم سەن؟» دەپ سورىدى. مەن دېدىكىڭ
رۇت بولىمەن. سەن مېنىڭ قۇتقۇزالايدىغان يېقىن تۇغقان بولغاندىن كېيىن دېدىكىڭنىڭ
ئۇستىگە ئېتىكىڭنى يايغىن» دەپ جاۋاب بەردى. 10 ئۇ ئېيتتى: «ئەي قىزىم، خۇداۋەندە
سېنى مۇبارەكلىسۇن! ئاخىردا ئاۋۋالقىدىن چوڭراق كۆڭۈل ياخشىلىقى كۆرسەتتىڭ. يىگىتلەر،
خاھى كەمبەغەل، خاھى باي بولسا ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرمىدىڭ. 11 ئەي قىزىم، ئەمدى
قورقمىغىن. ھەرنېمە سورىساڭ ساڭا قىلاي، چۈنكى شەھىرىمىنىڭ ھەممە خەلقى سېنى ياخشى
خوتۇن دەپ بىلىدۇ. 12 قۇتقۇزالايدىغان يېقىن تۇغقىنىڭ بولغىنىم راست، لېكىن سېنىڭ مەندىن
قۇتقۇزالايدىغان يېقىنراق تۇغقىنىڭ بار. 13 ئەمدى كېچىدە بۇ يەردە قالغىن. ئەگەر ئۇ ئەتە يېقىن
تۇغقانلىق ھەققىگە مۇۋاپىق سېنى ئالغىلى خالىسا، ئالسۇن. لېكىن يېقىن تۇغقانلىق ھەققىگە
مۇۋاپىق سېنى ئالمىسا، تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن يېقىن تۇغقانلىق
ھەققىگە مۇۋاپىق سېنى ئالاي. ئەمدى ئەتىگىچە مۇندا يېتىپ تۇرغىن» دېدى.
14 ئۇنىڭ ئاياغلىرىنىڭ يېنىدا ئەتىگىچە يېتىپ، بىرى يەنە بىرىنى تونۇغۇدەك يورۇق بولماستا
قوپتى. چۈنكى بوئاز: «خوتۇننىڭ بۇ خامانغا كەلگىنىنى ھېچكىم بىلمىسۇن» دەپ ئېيتقانىدى.
15 ئۇ ئېيتتىكى: «ئۆزۈڭ كىيگەن يېپىنچىنى تۇتۇپ تۇرغىن» دېدى. ئۇ ئۇنى تۇتۇپ تۇرغاندا
بوئاز ئارپىدىن ئالتە كەمچەن كەملەپ بېرىپ، ئۇنىڭغا يۆتكىتىپ قويدى. ئۇ ئۆزى شەھەرگە
كىرىپ،
16 ئۆز قېينانىسىغا كەلگەندە ئۇ: «ئەي قىزىم، ئىشىڭ قانداق بولدى؟» دەپ سورىدى. ئۇ
ۋاقىت بۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا قىلغىنىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بېرىپ، 17 ئېيتتى: «ئۇ بۇ ئالتە
كەمچەن ئارپىنى ماڭا بېرىپ: ‹ ئۆز قېيناناڭغا قۇرۇق يانمىغايسەن› دەپ ئېيتتى» دېدى. 18 ئۇ
ئېيتتى: «ئەي قىزىم بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۆرگۈچىلىك سەۋر قىلغىن. ئۇ ئادەم بۇ كۈن شۇ
ئىشنى پۈتكۈزمەي راھەت ئالمايدۇ» دېدى.

## بوئاز نائومىنىڭ يېرى ئېلىپ، رۇتنى خوتۇنلۇققا ئېلىشى

4 [1] بوئاز بولسا دەرۋازىغا بېرىپ، ئاندا ئولتۇردى. ئۇ ۋاقىت بوئاز زىكىر قىلغان يېقىن تۇغقان بولغان كىشى ئۆتۈپ كەلدى. بوئاز: «ئەي دوستۇم، كېلىپ مۇندا ئولتۇرغىن» دېدى. ئۇ كېلىپ ئولتۇردى. [2] ئاندىن بوئاز شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرىدىن ئون ئادەمنى قىچقىرىپ بۇ يەردە ئولتۇرۇڭلار» دېدى. ئۇلار ئولتۇرغاندا، [3] ئۇ ئۆزى يېقىن تۇغقان بولغان كىشىگە ئېيتتى: «موئابنىڭ يۇرتىدىن يېنىپ كەلگەن نائومى بۇرادىرىمىز ئېلىمېلەككە تەۋە بولغان بىر پارچە يەرنى ساتماقچى بولدى. [4] ئۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا خەۋەر بېرىپ دېمەكچى ئىدىمكى، مۇندا ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىدا ۋە قوۋمىمنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىدا بۇنى سېتىۋالغىن. يېقىن تۇغقانلىق ھەققىمگە مۇۋاپىق ئالاي دېسەڭ، ئالغىن. لېكىن يېقىن تۇغقانلىق ھەققىمگە مۇۋاپىق ئالماي دېسەڭ، ماڭا دەپ بەرگىن. مەن شۇنى بىلەي، چۈنكى سەندىن باشقىسىنىڭ يېقىن تۇغقانلىق ھەققى يوق، ئەمما سەندىن كېيىن مېنىڭ ھەققىم بار» دېدى. ئۇ كىشى: «يېقىن تۇغقانلىق ھەققىمگە مۇۋاپىق ئۇنى ئالاي» دەپ ئېيتتى.

[5] بوئاز ئېيتتى: «يەرنى نائومىنىڭ قولىدىن ئالساڭ، ئۆلگەن كىشىنىڭ خوتۇنى موئابىي رۇتنى ھەم ئالىسەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن كىشىنىڭ ئىسمىنى ساقلاپ، مىراسىغا چاپلاشمىقىڭ ساڭا پەرز بولىدۇ. [6] يېقىن تۇغقان بولغان كىشى ئېيتتى: «ئۇنداق بولسا، يېقىن تۇغقانلىق ھەققىمنى ئىشلىتەلمەيمەن، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئۆز مىراسىمغا زەرەر يەتكۈزەتتىم. يېقىن تۇغقانلىق ھەققىمنى سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئىشلىتىپ يەرنى ئالغىن. مەن بولسام ھەققىمنى ئىشلىتەلمەيمەن» دېدى.

[7] قەدىمكى ۋاقىتىدا ئىسرائىلدا شۇنداق رەسىم بار ئىدىكى، يېقىن تۇغقانلىق ھەققىنىڭ ئىشى بولسا ياكى تېگىشىدىغان ئىش بولسا، ئىشنى كەسمەك ئۈچۈن بىر كىشى ئۆتۈكىنى سېلىپ، يەنە بىرىگە بېرەتتى. [8] يېقىن تۇغقان بولغان كىشى بوئازغا: «سەن ئۇنى ئالغىن» دەپ ئۆز ئۆتۈكىنى سالدى. [9] بوئاز ئاقساقاللارغا ۋە خەلقنىڭ ھەممىسىگە ئېيتتىكى: «سىلەر بۇ كۈن مېنىڭ ئېلىمېلەككە تەۋە بولغان ھەممىسىنى ۋە كىلىيون بىلەن ماخلونغا تەۋە ھەممىسىنى نائومىنىڭ قولىدىن ئالغىنىمغا گۇۋاھتۇرسىلەر. [10] ئۆلگەن كىشىنىڭ ئىسمى بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدىن ۋە شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن كېسىلمىسۇن دەپ، ئۆلگەن كىشىنىڭ ئىسمىنى ساقلاپ، مىراسىغا چاپلىماق ئۈچۈن ماخلوننىڭ خوتۇنى موئابىي رۇتنى خوتۇنلۇققا ئالدىم. بۇ كۈن بۇنىڭغا گۇۋاھتۇرسىلەر» دېدى. [11] دەرۋازىدا تۇرغان ھەممە خەلق بىلەن ئاقساقاللار ئېيتتىكى: «بىز گۇۋاھتۇرمىز. خۇداۋەندە سېنىڭ ئۆيۈڭگە كىرگەن خوتۇننى ئىسرائىلنىڭ خانىدانىنى بىنا قىلغان راھىلە بىلەن لېيانىڭ ئىككىلىسىدەك قىلسۇن. سەن ئۆزۈڭ ئەفراتادا ئۇلۇغ بولۇپ، بەيتلەھەمدە نام تاپقايسەن. [12] سەن بۇ ياش خوتۇندىن تاپقان ئۇرۇق-ئەۋلادىڭ بىلەن سېنىڭ ئۆيۈڭ تامار يەھۇداغا تۇغقان پەرەزنىڭ ئۆيىدەك بولسۇن» دېدى.

[13] ئاندىن بوئاز رۇتنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىق قىلدى. رۇت ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ شاپائىتىدىن نەسىل تېپىپ بىر ئوغۇل تۇغدى. [14] خوتۇنلار نائومىغا ئېيتتى: «ئىسرائىلنىڭ

ئارىسىدا بىر نام تاپىدىغان يېقىن تۇغقانىنى ساڭا بەرمەي قويمىغان خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن. [15] ئۇ قېرىلىقىڭدا جېنىڭنى ساقلاپ پەرۋىش قىلىدۇ. چۈنكى سېنى دوست تۇتۇپ، ساڭا يەتتە ئوغۇلدىن ئەۋزەل بولغان كېلىنىڭ ئۇنى تۇغدى.
[16] نائومى بالىنى تۇتۇپ، ئۆز قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ باققۇچىسى بولدى. [17] ھەقەمسايە خوتۇنلار ئۇنىڭغا ئىسىم بېرىپ: «نائومى بىر ئوغۇل تاپتى» دەپ ئېيتتى. ئۇلار ئۇنى ئوبەد دەپ ئاتىدى. ئۇ ئۆزى داۋۇدنىڭ ئاتىسى يەشايىنىڭ ئاتىسى بولدى.

## داۋۇدنىڭ نەسەبنامىسى

[18] پەرەزنىڭ نەسەبنامىسى بۇدۇر: پەرەستىن خەزرون تۆرەلدى، [19] خەزروندىن رام تۆرەلدى ۋە رامدىن ئاممىناداب تۆرەلدى،
[20] ئاممىنادابتىن ناھشۇن تۆرەلدى ۋە ناھشۇندىن سالمون تۆرەلدى،
[21] سالموندىن بوئاز تۆرەلدى ۋە بوئازدىن ئوبەد تۆرەلدى،
[22] ئوبەدتىن يەشاي تۆرەلدى ۋە يەشايدىن داۋۇد تۆرەلدى.

مۇقەددەس كىتاب

# سامۇئىل

## بىرىنچى قىسىم

9

# سامۇئىل
# بىرىنچى قىسىم

مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
(تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

9-قىسىم


1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# سامۇئىل
# بىرىنچى قىسىم

## ھاننانىڭ دۇئا قىلىشى

1 1 ئەفرائىم تاغلىرىدىكى راماتايىم-زوفىم ئەلقانا ئىسىملىق بىر ئەفرائىمىي ئادەم بار ئىدى.
ئۇ ئۆزى يەروخامنىڭ ئوغلى ئىدى. يەروخام ئېلىھۇنىڭ ئوغلى، ئېلىھۇ توخۇنىڭ ئوغلى ۋە
توخۇ زۇفنىڭ ئوغلى ئىدى. 2 ئەلقانا بولسا ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بار ئىدى. بىرىنىڭ ئىسمى
هاننا ۋە يەنە بىرىنىڭ ئىسمى پەنىننا ئىدى. پەنىننانىڭ بالىلىرى بار ئىدى، لېكىن هاننانىڭ
بالىلىرى يوق ئىدى. 3 بۇ ئادەم ئۆزى يىلدىن-يىلغا ئۆز شەھىرىدىن ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان خۇداۋەندىگە سەجدە قىلىپ، قۇربانلىق كەلتۈرگىلى شىلوھقا چىقاتتى. ئاندا
ئېلىنىڭ خوفنى بىلەن پىنىخاس دېگەن ئىككى ئوغلى خۇداۋەندىنىڭ كاھىنلىرى ئىدى.
4 تايىن ۋاقىتتا ئەلقانا قۇربانلىق قىلىپ، ئۆز خوتۇنى پەنىننا بىلەن ئۇنىڭ ھەممە ئوغۇل-
قىزلىرىنىڭ ھەربىرىگە ئۆز تېگىشلىكىنى بېرەتتى. 5 ئەمما ھانناغا ئىككى ھەسسە بېرەتتى،
چۈنكى ھانناغا ئامراق ئىدى. لېكىن خۇداۋەندە ئۇنى تۇغماس قىلغانىدى. 6 ئەمما ئېرىنىڭ
يەنە بىر خوتۇنى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگىلى خالاپ، خۇداۋەندە ئۇنى تۇغماس قىلغىنى
ئۈچۈن ئۇنى تېرىكتۈرەتتى.
7 بۇ ئىش بولسا يىلدىن-يىلغا ۋەقە بولۇپ، ھەرقاچان ھاننا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە چىقسا،
پەنىننا ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەچ، ئۇ يىغلاپ ھېچنېمە يېمەيتتى. 8 بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ
ئېرى ئەلقانا ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «ئەي ھاننا، نېمىشقا يىغلايسەن؟ نېمىشقا ھېچنېمە
يېمەيسەن، نېمىشقا كۆڭلۈڭ غەمكىن تۇرىدۇ؟ مەن ساڭا ئون ئوغۇلدىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟
9 ئۇلار شىلوھتا تائام يەپ-ئىچكەندىن كېيىن، ئېلى دېگەن كاھىن خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ
ئىشىكىدىكى بىر كۇرسىدا ئولتۇرغىنىدا ھاننا قوپۇپ بېرىپ، 10 جان ئاچچىقىدا خۇداۋەندىگە
دۇئا قىلىپ، تولا يىغلاپ، 11 ۋەدە قىلىپ ئېيتتىكى: «ئەي ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان خۇداۋەندە، ئەگەر دېدىكىڭنىڭ دەردىگە قاراپ مېنى ياد قىلىپ، دېدىكىڭنى ئۇنتۇماي،
دېدىكىڭگە بىر ئوغۇل بالا بەرسەڭ، ئۇنى پۈتۈن ئۆمرى ئۈچۈن خۇداۋەندىگە بېغىشلاپ قويای
ۋە ھېچبىر ئۇستىرا ئۇنىڭ بېشىغا سېلىنمىسۇن» دېدى. 12 ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا
دۇئا قىلىپ تۇرغاندا ئېلى ئۇنىڭ ئاغزىغا سەپسېلىپ باققانىدى. 13 چۈنكى ھاننا ئۆز كۆڭلىدە

دۇئا قىلغاچ ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانماي، يالغۇز لەۋلىرى مىدىرلاۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلى: «ئۇ مەست ئىكەن» دەپ خىيال قىلدى. [14] ئېلى ئۇنىڭغا: «قاچانغىچە مەست تۇرىسەن؟ مەستلىكىڭدىن ئويغان بولغىن» دېدى. [15] لېكىن ھاننا جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «ئۇنداق ئەمەس، ئەي خوجام. كۆڭلى غەمكىن بىر خوتۇن ئىكەنمەن. شاراب ياكى ھاراقتىن ھېچنېمە ئىچمىدىم، بەلكى جېنىمنىڭ دەردىنى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تۆكتۇم. [16] دېدىكىڭنى يامان خوتۇندەك بىلمىگىن، چۈنكى مېنىڭ بىئاراملىق بىلەن دەردىمنىڭ زىيادىلىكىدىن بۇ ۋاقىتقىچە سۆز قىلدىم. [17] ئېلى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «تىنچ-ئامان بارغىن. ئىسرائىلنىڭ خۇدايى ئۇنىڭدىن تىلىگىنىڭنى ساڭا بەرسۇن» دېدى. [18] ئۇ ئېيتتى: «دېدىكىڭ كۆزۈڭنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تاپقاي» دېدى. شۇنى دەپ، خوتۇن چىقىپ كېتىپ، تائام يەپ، ئاندىن بالدۇرقىدەك غەمكىن كۆرۈنمىدى. [19] ئەتىسى ئۇلار سەھەر خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىپ، يېنىپ كېتىپ، رامادىكى ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئەلقانا ئۆز خوتۇنى ھانناغا يېقىنلىق قىلسا، خۇداۋەندە ھاننانى ياد قىلغاچ

## ھاننا ۋە ئەلقانانىڭ ئوغلى سامۇئىل

[20] ھاننا ھامىلدار بولۇپ، ۋاقىت تامام بولغاندا بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنى سامۇئىل دەپ ئاتىدى، چۈنكى خۇداۋەندىدىن تىلىۋالدىم» دەپ ئېيتتى. [21] ئەلقانا دېگەن كىشى ھەممە ئۆي خەلقى بىلەن يىلدىكى قۇربانلىقنى خۇداۋەندىگە كەلتۈرۈپ، ۋەدىلىرىنى ئادا قىلغىلى چىقتى. [22] لېكىن ھاننا بىللە بارماي، ئېرىگە سۆز قىلىپ: «بالا ئەمچەكتىن ئايرىلغاندا مەن ئۇنى ئېلىپ بارايكى، ئۇ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپ، ئاندا ھەمىشە تۇرغاي» دېدى. [23] ئېرى ئەلقانا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «نېمە ساڭا ياخشى كۆرۈنسە، قىلغىن. ئۇنى ئايرىپ قويغۇچىلىك تۇرۇپ تۇرغىن. ئەمما خۇداۋەندە ئۆز سۆزىنى بەجا قىلغاي» دېدى. خوتۇن ئۆزى ئۆيدە قېلىپ، ئۇنى ئايرىغۇچە ئېمىتەتتى. [24] ئەمما ئۇ ئۇنى ئايرىغاندىن كېيىن ئۇنى ئېلىپ چىقىپ، ئۈچ بۇقا، بىر ئېفا ئۇن ۋە بىر تۇلۇم شاراب ئالغاچ بېرىپ، خۇداۋەندىنىڭ شىلوھتىكى بەيتىگە كەلتۈردى. لېكىن بالا تېخى كىچىك ئىدى. [25] ئۇلار بىر بۇقىنى سويۇپ، بالىنى ئېلىنىڭ قېشىغا كەلتۈردى. [26] ئۇ ۋاقىت ھاننا ئېيتتى: «ئەي خوجام، سېنىڭ تىرىكلىكىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شەكسىز ئەي خوجام، بۇ يەردە سېنىڭ قېشىڭدا تۇرۇپ، خۇداۋەندىگە دۇئا قىلغان خوتۇن مەن بولىمەن. [27] بۇ بالا توغرىسىدىن دۇئا قىلدىم. مانا خۇداۋەندە ئۇنىڭدىن تىلىگىنىمنى ماڭا بەردى. [28] ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەمدى ئۇنى خۇداۋەندىگە ياندۇرۇپ بەردىم. ئۆمرىنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە خۇداۋەندىنىڭكى بولغاي» دېدى. شۇنى دەپ، ئاندا خۇداۋەندىگە سەجدە قىلدى.

# 2

1 ھاننا دۇئا قىلىپ ئېيتتى:
«مېنىڭ كۆڭلۈم خۇداۋەندە بىلەن شادلىق قىلىدۇ.
مۈڭگۈزۈم خۇداۋەندە بىلەن ئېگىز بولىدۇ.
ئاغزىم دۈشمەنلىرىمگە ئېچىلدى،
چۈنكى سېنىڭ نىجاتىڭ ئۈچۈن خۇشال بولىمەن.
2 ھېچكىم خۇداۋەندىدەك مۇقەددەس ئەمەستۇر،
چۈنكى سەندىن باشقا ھېچكىم يوقتۇر.
خۇدايىمىزدەك ھېچ قورام تاش يوقتۇر.
3 ئۇنداق كىبىرلىك بىلەن سۆزلەپ تۇرماڭلار
ۋە يوغان سۆزلەرنى ئاغزىڭلاردىن چىقارماڭلار،
چۈنكى خۇداۋەندە ھەر نەرسىنى بىلىدىغان بىر خۇدادۇر،
ئۇنىڭ قولى بىللە ئەمەللەر تارازىدا تارتىلىدۇ.
4 پالۋانلارنىڭ يالىرى سۇندۇرۇلدى،
لېكىن پۇتلاشقانلار قۇدرەت بىلەن بەل باغلايدۇ.
5 توق بولغانلار نان تاپماق ئۈچۈن ئۆزىنى قۇللۇققا بېرىدۇ،
لېكىن ئاچلار يەنە ئاچ قالمايدۇ.
تۇغماس خوتۇن بولسىمۇ يەتتىنى تۇغىدۇ،
لېكىن تولا بالىسى بار خوتۇن ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ.
6 خۇداۋەندە ئۆلتۈرۈپ تىرىلدۈرىدۇ.
ئۇ ئۆزى گۆرگە چۈشۈرۈپ، يەنە قوپۇرىدۇ.
7 خۇداۋەندە كىشىنى كەمبەغەل قىلىپ، ھەم باي قىلىدۇ.
خۇداۋەندە كىشىنى پەس قىلىپ، ھەم ئېگىزلەندۈرىدۇ.
8 ئۇ ئۆزى مىسكىننى توپىدىن قوپۇرۇپ، پېقىرنى قىغلىقتىن كۆتۈرىدۇ.
ئۇ ئۇلارنى ئېسىلزادىلەر بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ،
شان-شەرەپنىڭ تەختىگە ۋارىس قىلىپ قويىدۇ.
چۈنكى يەرنىڭ تۈۋرۈكلىرى خۇداۋەندىنىڭكىدۇر.
ئۇ ئۆزى دۇنيانى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سالغاندۇر.
9 ئۆز مۇقەددەسلىرىنىڭ پۇتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ.
ئەمما يامانلار قاراڭغۇدا شۈك قىلىنىدۇ،
چۈنكى ھېچكىم ئۆز قۇدرىتى بىلەن نۇسرەت تاپمايدۇ.
10 خۇداۋەندىگە خۇسۇمەت قىلغۇچىلار پارە-پارە قىلىنىدۇ.
ئۇ ئۆزى ئاسماندىن ئۇلارنىڭ ئۈستىدە گۈلدۈرلەيدۇ.

خۇداۋەندە يەرنىڭ چەتلىرىنى ھۆكۈم قىلىدۇ.
ئۇ ئۆز پادىشاھىغا قۇدرەت بېرىپ،
ئۆز مەسىھلىگىنىنىڭ مۈڭگۈزىنى ئېگىز قىلىدۇ» دېدى.

## ئېلىنىڭ ئوغۇللىرى

[11] ئەلقانا بولسا رامادىكى ئۆز ئۆيىگە يېنىپ باردى، لېكىن بالا ئېلىنىڭ قېشىدا خۇداۋەندىگە
خىزمەت قىلىپ تۇردى. [12] ئەمما ئېلىنىڭ ئوغۇللىرى تولا يامان كىشىلەر بولۇپ، خۇداۋەندىنى
تونۇمايتتى. [13] كاھىنلار بولسا ئۆز ئادىتىدەك قوۋمغا شۇنداق قىلاتتىكى، بىر كىشى سويۇم
قۇربانلىقنى كەلتۈرسە، كاھىنلارنىڭ خىزمەتكارى گۆش تېخى قايناپ تۇرغاندا كېلىپ، ئۈچ
تىغلىق بىر چاڭگاكنى قولىدا تۇتۇپ، [14] داش، قازان، داڭقان ياكى كورا بولسا چاڭگاك
شۇلارنىڭ ئىچىگە تىقىپ، چاڭگاكقا نېمە قادالسا، شۇنى كاھىن ئۆزىگە ئالاتتى. ئۇلار
شىلوھقا كەلگەن ھەممە ئىسرائىلىيلارغا شۇنداق قىلاتتى. [15] شۇنداق ھەم ياغنى
كۆيدۈرمەستە كاھىنىنىڭ خىزمەتكارى كېلىپ، قۇربانلىق قىلغان ئادەمگە سۆزلەپ:
«كاھىنغا قورۇيدىغان گۆش بەرگىن، چۈنكى سەندىن پىشقان گۆش خالىماي، بەلكى خامنى
خالايدۇ» دەيتتى. [16] ئەگەر بىركىم ئۇنىڭغا: «ئاۋۋال ياغنى كۆيدۈرمەك لازىمدۇر. ئاندىن
نېمە خالىساڭ ئالغىن» دەپ ئېيتسا، ئۇ ئۆزى: «ئۇنداق ئەمەس. ئەمدى ماڭا بەرگىن،
بولمىسا زورلاپ ئالىمەن» دەيتتى. [17] بۇ يىگىتلەرنىڭ خاتاسى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تولا
چوڭ ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ سەۋەبىدىن خەلق خۇداۋەندىنىڭ قۇربانلىقىنى خار كۆرەتتى.

[18] ئەمما ساموئىل باللىق ۋاقتىدا ئېفود دېگەن بىر كاناپلىق لىباسنى كىيىپ،
خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلاتتى. [19] شۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئانىسى يىلدا ئۇنىڭغا
بىر كىچىك چاپان ئېتىپ، يىلدىكى سويۇم قۇربانلىقنى كەلتۈرمەك ئۈچۈن ئۆز ئېرى
بىلەن يىلدىن-يىلغا چىققاندا ئۇنىڭغا ئالغاچ كېلىپ بېرەتتى. [20] ئېلى ئۆزى ئەلقانا بىلەن
خوتۇنىغا دۇئايىخەير ئوقۇپ: «خۇداۋەندىگە بەرگىنىنىڭ ئورنىغا بۇ خوتۇندىن خۇداۋەندە
ئۆزى ساڭا يەنە ئۇرۇق-ئەۋلاد بەرگەي» دەپ ئېيتاتتى. ئاندىن بۇ ئىككىلىسى ئۆز ئۆيىگە
ياناتتى. [21] ئەمما خۇداۋەندە ھاننانى ياد قىلىپ شاپائەت قىلغاچ، ئۇ ھامىلىدار بولۇپ، ئۈچ
ئوغۇل ۋە ئىككى قىز تۇغدى. لېكىن ساموئىل دېگەن بالا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئۆسۈپ
چوڭ بولدى.
[22] ئېلى ئۆزى تولا قېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزى ئوغۇللىرىنىڭ پۈتۈن ئىسرائىلغا ھەممە
قىلغىنىنى ئاڭلاپ، جامائەت چېدىرىنىڭ ئىشىكىدە خىزمەت قىلغان خوتۇنلار بىلەن
ياتقىنىنىڭ خەۋىرىنى ئىشىتىپ، [23] ئۇلارغا ئېيتتىكى: «نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئىشلار
قىلىسىلەر، چۈنكى بۇ خەلقنىڭ ھەممىسىدىن سىلەرنىڭ بۇزۇق ئىشلىرىڭلارنىڭ خەۋىرىنى

ئاڭلايمەن. 24 بۇ بولمايدۇ، ئەي ئوغۇللىرىم! مەن ئاڭلىغان خەۋەر ياخشى ئەمەس.
خۇداۋەندىنىڭ قوۋمىنى ئازدۇرىسىلەر. 25 ئەگەر بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە خاتا قىلسا، خۇدا
ئادالەت قىلىدۇ. لېكىن ئەگەر بىر ئادەم خۇداۋەندىگە خاتا قىلسا، كىم ئۇنىڭغا شاپائەت
قىلىدۇ؟» دېدى. لېكىن ئۇلار ئاتىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى، چۈنكى خۇداۋەندە ئۇلارنى
ئۆلتۈرگىلى خالىغانىدى. 26 ئەمما سامۇئىل دېگەن بالا ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، خۇداۋەندە
بىلەن ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تاپقانىدى.

27 خۇدانىڭ بىر ئادىمى ئېلىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹
ئاتاڭنىڭ خاندانى مىسىردا فىرەۋننىڭكىدە تۇرغاندا ئۆزۈمنى ئۇلارغا ئاشكارا قىلمىدىممۇ؟
28 مەن ئۆزۈمنىڭ كاھىنى بولۇپ، ئۆز قۇربانگاھىمدا قۇربانلىق قىلىپ، خۇشبۇي ئىسرىق
كۆيدۈرۈپ، مېنىڭ ئالدىمدا ئېفود تونىنى كىيىپ خىزمەت قىلغىلى ئىسرائىلنىڭ ھەممە
قەبىلىلىرىدىن ئۇنى ئىلغىمىدىممۇ؟ ئاتاڭنىڭ خاندانىغا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە
كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقلىرىنى بەرمىدىممۇ؟ 29 نېمىشقا مەن ئۆز ماكانىمدا بۇيرۇغان
سويۇم قۇربانلىقى بىلەن ھەدىيەلەرنى دەسسەيسىلەر؟ نېمىشقا ماڭا قىلغاندىن زىيادە
ئۆز ئوغۇللىرىڭغا ئىززەت قىلىسەن، چۈنكى بەنى-ئىسرائىل كەلتۈرگەن ھەدىيەلەرنىڭ
ئەۋزىلىدىن ئۆزۈڭلارنى سەمرىتىسىلەر›. 30 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە
ئېيتىدۇكى: ‹ سېنىڭ خاندانىڭ بىلەن ئاتاڭنىڭ خاندانى مېنىڭ ئالدىمدا خىزمەت
قىلغاي› دەپ ئېيتقان ئىدىم. لېكىن ئەمدى خۇداۋەندە ئېيتىدۇكى: ‹ ماڭا ھېچ كېلىشمەيدۇ.
ماڭا ئىززەت قىلغانلارغا مەن ئىززەت قىلىمەن، لېكىن مېنى خار كۆرگەنلەر مەنسىتىلمەيدۇ.
31 مانا ئۆزۈم سېنىڭ بىلىكىڭنى ئاتاڭنىڭ خاندانىنىڭ بىلىكى بىلەن كېسىدىغان
كۈنلەر كېلىدۇ. شۇنداقكى، سېنىڭ ئۆيۈڭدە قېرى ئادەم تېپىلمايدۇ. 32 ئىسرائىلغا ھەر
نە بېرىلسىمۇ، ماكانىمنى تەڭلىككە چۈشكىنىنى كۆرىسەن ۋە سېنىڭ ئۆيۈڭدە ئەبەدكىچە
قېرى ئادەم تېپىلمايدۇ. 33 مەن قۇربانگاھتىن كەسمىگەن ھەر ئادىمىڭ بولسا كۆزلىرىڭنىڭ
سۇسلاشمىقى بىلەن جېنىڭنىڭ غەمكىن بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۆيۈڭدە تۇغۇلغانلارنىڭ
ھەممىسى بالاغەتكە يەتكەندە ئۆلىدۇ.
34 بۇنىڭغا ئىككى ئوغلۇڭ خوفنى بىلەن پىنىخاسقا بولىدىغان ۋەقە ساڭا ئالامەت بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى بىر كۈندە ئۆلىدۇ. 35 ئەمما كۆڭلۈم بىلەن جېنىمنىڭ ئىرادىسىگە
مۇۋاپىق ئىش قىلىدىغان ئىشەنچلىك بىر كاھىننى ئۆزۈمگە قوپۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەزمۇت
تۇرىدىغان بىر ئۆي ياسايمەن. ئۇ مەسىھلەنگىنىمنىڭ ئالدىدا ھەمىشە خىزمەت قىلىدۇ.
36 ئۇنداق بولىدۇكى، سېنىڭ ئۆيۈڭدىكىلەردىن ھەركىم تىرىك قالسا، كېلىپ بىر پارچە
كۈمۈش ۋە بىر لوقما نان تاپماق ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ: ‹ كاھىنلىقنىڭ بىر ئىشىنى
ماڭا بەرگىن، يېگىلى بىر پارچە نان تاپاي› دەپ ئېيتىدۇ».

## خۇداۋەندە سامۇئىلنى قىچقىرىدۇ

3 1 سامۇئىل دېگەن بالا بولسا ئېلىنىڭ ئالدىدا خۇداۋەندىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى ئەمما
خۇداۋەندىنىڭ سۆزى ئۇ كۈنلەردە كەم بولۇپ، پەيغەمبەرلىك روھىي كۆرۈنۈشلەر تولا
ئەمەس ئىدى. 2 شۇنداق بولدىكى، ئېلىنىڭ كۆزلىرى كۆرەلمىگۈدەك ئاجىزلىشىپ تۇرغاندا
ئۇ ئۆزى بىر ۋاقىت ئورنىدا يېتىپ،
3 خۇدانىڭ چىرىغى تېخى ئۆچمەي كۆيۈپ تۇرۇپ، سامۇئىل ئۆزى خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى
تۇرغان يەردە خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە يېتىپ ئۇخلىغاندا 4 خۇداۋەندە سامۇئىلنى قىچقاردى.
ئۇ بولسا: «مانا مەن» دەپ ئېيتىپ، 5 ئېلىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ: «مانا سەن مېنى
قىچقاردىڭ ئەمەسمۇ؟» دېدى. لېكىن ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مەن قىچقارمىدىم. بېرىپ ياتقىن»
دېدى. شۇنى دېسە، ئۇ بېرىپ ياتتى.
6 لېكىن خۇداۋەندە سامۇئىلنى يەنە قىچقاردى. قىچقارسا، سامۇئىل قوپۇپ ئېلىنىڭ قېشىغا
بېرىپ: «مانا مەن، مېنى قىچقاردىڭ ئەمەسمۇ؟» دەپ ئېيتتى. لېكىن ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مەن
قىچقارمىدىم، ئەي ئوغلۇم، يەنە بېرىپ ياتقىن» دېدى. 7 ئەمما سامۇئىل تېخى خۇداۋەندىنى
تونۇمىغانىدى. خۇداۋەندىنىڭ سۆزىمۇ ئۇنىڭغا تېخى ئاشكارا قىلىنغان ئەمەس ئىدى.
8 لېكىن خۇداۋەندە يەنە ئۈچىنچى مەرتىۋە سامۇئىلنى قىچقاردى. قىچقارسا، ئۇ قوپۇپ
ئېلىنىڭ قېشىغا بېرىپ: «مانا مەن، مېنى قىچقاردىڭ ئەمەسمۇ؟» دەپ ئېيتتى. ئۇ ۋاقىت ئېلى
خۇداۋەندە بۇ يىگىتنى قىچقىرىۋاتقىنىنى ئۇقتى. 9 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېلى سامۇئىلغا ئېيتتىكى:
«بېرىپ ياتقىن. ئەگەر يەنە سېنى قىچقارسا: «ئەي خۇداۋەندە، سۆز قىلغىن. بەندەڭ ئاڭلايدۇ›
دەپ ئېيتقىن» دېسە، سامۇئىل بېرىپ ئورنىدا ياتتى.
10 ياتسا، خۇداۋەندە كېلىپ تۇرۇپ، ئىلگىرىكىدەك: «ئەي سامۇئىل، ئەي سامۇئىل» دەپ
قىچقاردى. سامۇئىل ئۆزى: «سۆز قىلغىن. بەندەڭ ئاڭلايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. 11 خۇداۋەندە
سامۇئىلغا ئېيتتىكى: «مانا ئۇنىڭ توغرىسىدىن ئاڭلىغانلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىككى قۇلىقىدا
خەۋىرى جىرىڭلىغۇدەك بىر ئىشنى ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا قىلماقچىمەن. 12 ئاۋۋالدىن
تارتىپ ئاخىرغىچە ئېلىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئۆيى توغرىسىدىن ئېيتقىنىمنىڭ ھەممىسىنى
ئۇ كۈندە بەجا كەلتۈرىمەن. 13 مەن ئۇنىڭغا خەۋەر بەردىمكى، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىگە
ئەبەدكىچە ھۆكۈم قىلىمەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ گۇناھ قىلىپ ئۆز ئۈستىگە لەنەت
كەلتۈرگىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى توسمىدى. 14 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىنىڭ ئۆيى توغرىسىدىن
قەسەم قىلدىمكى، ئېلىنىڭ ئۆيىنىڭ بۇزۇقلۇقى، خاھى قۇربانلىق خاھى ھەدىيە بىلەن
ئەبەدكىچە كاپارەت قىلىنمايدۇ».
15 سامۇئىل ئەتىگىچە يېتىپ، ئاندىن خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچتى. ئەمما
سامۇئىل روھىي كۆرۈنۈشنى ئېلىغا دەپ بەرگىلى قورقتى. 16 لېكىن ئېلى سامۇئىلنى
قىچقىرىپ: «ئەي سامۇئىل ئوغلۇم» دېدى. ئۇ ئۆزى: «مانا مەن» دەپ جاۋاب بەردى. 17 ئۇ
ئېيتتى: «خۇداۋەندە ساڭا نېمە سۆز ئېيتتى؟ ئۇنى مەندىن يوشۇرمىغىن. ئەگەر ئۇنىڭ ساڭا

ئېيتقىنىنىڭ بىر سۆزىنى مەندىن يوشۇرساڭ، خۇدا ساڭا ئۇنداق قىلسۇن، مۇنداق قىلسۇن
ۋە بۇنىڭدىن ھەم زىيادە قىلسۇن» دېدى. [18] ئۇ ۋاقىت سامۇئىل ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى
يوشۇرماي، ئۇنىڭغا ھەممە سۆزنى دەپ بەردى. ئېلى سۆز قىلىپ: «ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىدۇر.
ھەرنېمە ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنسە، قىلسۇن» دەپ ئېيتتى.
[19] ئەمما سامۇئىل ئۆسۈپ چوڭ بولدى ۋە خۇداۋەندە ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ، ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ
ھېچبىرىنى يەرگە چۈشكىلى قويمايتتى. [20] شۇنداقكى، داندىن تارتىپ بەرشېباغىچە پۈتۈن
ئىسرائىل خۇداۋەندىنىڭ پەيغەمبىرى بولۇشى سامۇئىلغا ئامانەت بېرىلگىنىنى بىلدى. [21] ئۇ
ۋاقىتتىن تارتىپ خۇداۋەندە شىلوھتا ئۆزىنى ئاشكارا قىلغىلى تۇردى، چۈنكى خۇداۋەندە
شىلوھتا ئۆز سۆزى بىلەن ئۆزىنى سامۇئىلغا ئاشكارا قىلاتتى.

## فىلىستىنىيلەر خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ كېتىدۇ

4 [1] سامۇئىلنىڭ سۆزى بولسا پۈتۈن ئىسرائىلغا يەتتى. ئۇ ۋاقىت ئىسرائىل فىلىستىنىيلەر
بىلەن جەڭ قىلغىلى چىقىپ، ئەبەن-ئېزەرنىڭ ئەتراپىدا چۈشتى. ئەمما فىلىستىنىيلەر
ئافېق دېگەن يەردە چۈشكەندى. [2] فىلىستىنىيلەر ئىسرائىل بىلەن سوقۇشقىلى قويۇپ، قاتار
تىزىلىپ تۇردى. جەڭ ئۆزى قاتتىق بولۇپ يېيىلغاندا فىلىستىنىيلەر ئىسرائىلنى مەغلۇپ
قىلىپ، مەيداندا ئۇلارنىڭ قوشۇنىدىن تۆت مىڭچە ئادەمنى ئۆلتۈردى. [3] خەلق لەشكەرگاھقا
يېنىپ كەلگەندە ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى ئېيتتىكى: «نېمىشقا خۇداۋەندە بۈگۈن بىزنى
فىلىستىنىيلەرنىڭ ئالدىدا تارمار قىلدى؟ شىلوھتىن خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى مۇندا
قېشىمىزغا كەلتۈرەيلى. ئۇ ئارىمىزدا بولۇپ، بىزنى دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغاي»
دېدى. [4] شۇنى دېسە، خەلق شىلوھقا كىشى ئەۋەتتى. ئۇلار بولسا كېرۇبلارنىڭ ئۈستىدە
ئولتۇرغۇچى، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ
ئېلىپ كەلدى ۋە ئېلىنىڭ ئىككى ئوغلى خوفنى بىلەن پىنىخاس خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى
بىلەن بىللە باردى. [5] خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى لەشكەرگاھقا كەلتۈرۈلگىنىدە پۈتۈن
ئىسرائىل يەر تەۋرەنگۈدەك خۇشلۇقىدىن كۈچلۈك قىچقىرىشتى.
[6] فىلىستىنىيلەر قىچقىرىشنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ: «ئىبرانىيلارنىڭ لەشكەرگاھىدىن ئاڭلانغان
بۇ كۈچلۈك قىچقىرىش نېمە ئاۋاز ئىكەن» دېيىشىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ
لەشكەرگاھقا كەلتۈرۈلگىنىنى بىلىپ قالدى. [7] ئۇ ۋاقىت فىلىستىنىيلەر قورقۇپ: «خۇدا
لەشكەرگاھقا كەلدى» دەپ ئېيتىشىپ: «ۋاي بىزگە! مۇنداق ئىش بۇ ۋاقىتقىچە ھېچ
بولغان ئەمەس. [8] ۋاي بىزگە! بىزنى بۇ قۇدرەتلىك تەڭرىلىرىدىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟ باياۋاندا
مىسىرلىقلارنى خىلمۇخىل بالا بىلەن ئۇرغان تەڭرىلەر شۇ ئەمەسمۇ؟ [9] ئەي فىلىستىنىيلەر،
كۈچلۈك بولۇپ ئەردەك تۇرۇڭلار. ئىبرانىيلار بىزگە قۇل بولغاندەك بىز ئۇلارغا قۇل بولمايلى.

[10] ئەردەك تۇرۇپ سوقۇشۇڭلار» دېدى. شۇنداق دېيىشىپ، فىلىستىنىيلەر سوقۇشۇپ تۇردى.
ئەمما ئىسرائىل مەغلۇپ بولۇپ، ھەربىرى ئۆز چېدىرىغا قېچىپ كەتتى. ئۇلار ناھايىتى ئۇرۇلۇپ
شىكەستە يېدى. شۇنداقكى، ئىسرائىلدىن ئوتتۇز مىڭ پىيادە ئەسكەر ئۆلتۈرۈلدى. [11] خۇدانىڭ
ئەھدە ساندۇقى ھەم ئېلىنىپ، ئېلىنىڭ ئىككى ئوغلى خوفنى بىلەن پىنىخاسمۇ ئۆلتۈرۈلدى.
[12] ئەمما ئۆزى بەنى-بىنيامىندىن بولۇپ، قوشۇندىن قاچقان بىر ئادەم يىرتىق كىيىم كىيىپ،
بېشىدا توپا چېچىقلىق بولۇپ يۈگۈرۈپ، ئۇشبۇ كۈن شىلوھقا يېتىپ باردى. [13] يېتىپ
بارغاندا، مانا ئېلى يولنىڭ چېتىدە بىر كۇرسىدا ئىنتىزار قىلىپ ئولتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ
كۆڭلى خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى توغرىسىدىن ھودۇقۇپ قالغانىدى. ئۇ كىشى شەھەرگە
كىلىپ خەۋەر بەرگەندە، پۈتۈن شەھەر پەرياد قىلدى. [14] ئېلى ئۆزى پەريادنى ئاڭلاپ: «بۇ نېمە
غۇلغۇلا ئىكەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى ئالدىراپ كېلىپ، ئېلىغا خەۋەر بەردى. [15] ئەمما
ئېلى توقسان سەككىز ياشقا كىرىپ، كۆزلىرى پەردىلىك بولۇپ كۆرەلمەيتتى.
[16] ئۇ كىشى ئېلىغا ئېيتتى: «مەن قوشۇندىن كەلگەن كىشىمەن. مەن بۈگۈن قوشۇندىن قېچىپ
كەلدىم» دېدى. ئېلى: «ئەي ئوغلۇم، ئىش قانداق بولدى؟» دەپ سورىدى. [17] خەۋەرچى جاۋاب
بېرىپ: «ئىسرائىل فىلىستىنىيلەرنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كېتىپ، خەلقتىن تولا كىشىلەر
ئۆلۈپ، سېنىڭ ئىككى ئوغلۇڭ خوفنى بىلەن پىنىخاس ھەم ئۆلۈپ، خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىمۇ
ئېلىنىپ كەتتى» دېدى. [18] ئۇ ئۆزى خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى توغرىسىدىن سۆز قىلغاندا ئېلى
دەرۋازىنىڭ يېنىدا تۇرغان كۇرسىدىن كەينىگە يىقىلىپ، بويىنى سۇنۇپ ئۆلدى، چۈنكى ئۇ
قېرىپ كېتىپ ئېغىرلاشقان بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزى قىرىق يىل ئىسرائىلنىڭ ھاكىمى
بولغانىدى. [19] ئۇنىڭ كېلىنى، يەنى پىنىخاسنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ تۇغقىلى يېقىن
ئىدى. ئۇ ئۆزى خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئېلىنىپ، قېيناتىسى بىلەن ئېرىنىڭ ئۆلگىنىنىڭ
خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا ئېگىلىپ، بالىنى تۇغدى، چۈنكى تولغاق تارتقىلى تۇرغانىدى. [20] ئۇ
ئۆلگىنىدە چۆرىسىدە تۇرغان خوتۇنلار: «قورقمىغىن! بىر ئوغۇل تۇغدۇڭ» دېدى. لېكىن ئۇ
خاھى جاۋاب بەرمەي، خاھى تىڭشىمىدى. [21] ئۇ ئۆزى بالىنى ئىكابود دەپ ئاتىدى، چۈنكى
شان-شەرەپ ئىسرائىلدىن كەتتى» دېدى. خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئېلىنىپ، قېيناتىسى
بىلەن ئېرىنىڭ ئۆلگىنىنى ئويلاپ، شۇنى ئېيتتى. [22] ئۇ ئۆزى: «خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى
ئېلىنغىنى بىلەن شان-شەرەپ ئىسرائىلدىن كەتتى» دەپ ئېيتتى.

## خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتىدا

5 [1] فىلىستىنىيلەر خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى تۇتۇپ ئەبەن-ئېزەردىن ئاشدودقا ئېلىپ
باردى. [2] ئاندا فىلىستىنىيلەر خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ، داگون بۇتخانىسىغا
كىرگۈزۈپ، داگون دېگەن بۇتنىڭ يېنىدا قويدى. [3] ئاشدودلىقلار ئەتىسى سەھەر قوپۇپ كەلسە،

مانا خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا داگون بۈتى يۈزى بىلەن يەرگە يىقىلىپ قېلىپتۇ.
ئۇلار داگون بۈتىنى ئېلىپ، ئۆز ئورنىدا يەنە تۇرغۇزۇپ قويدى. [4] لېكىن يەنە ئەتىسى سەھەر
قوپۇپ كەلسە، مانا خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا داگون بۈتى يۈزى بىلەن يەرگە
يىقىلىپ، داگوننىڭ بېشىنىڭ ئۆزى بىلەن قوللىرى بوسۇغىغا چېقىلىپ ئاندىن ئايرىلىپ،
يالغۇز بېلىققا ئوخشاش تېنى قالغانىدى. [5] ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۈنگىچىلىك، خاھى داگوننىڭ
كاھىنلىرى بولسا، خاھى داگوننىڭ بۇتخانىسىغا كىرگۈچىلەر بولسا ئاشدودتىكى داگوننىڭ
بوسۇغىسىغا دەسسىمەيدۇ.
[6] ئەمما خۇداۋەندىنىڭ قولى ئاشدودلىقلارنىڭ ئۈستىگە ئېغىر بولۇپ ئۇلارنى خاراب قىلىپ،
ئاشدود بىلەن ئەتراپىدىكى ئولتۇرغانلارنى ھۈررەك كېسىلى بىلەن ئۇردى. [7] ئاشدودلىقلار
شۇنى كۆرگەندە: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسىنىڭ ئەھدە ساندۇقى بىزنىڭكىدە قالمىسۇن، چۈنكى
ئۇنىڭ قولى بىزنى ۋە تەڭرىمىز داگوننى يامان ئېغىر باسىدۇ» دەپ ئېيتىشتى. [8] ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇلار كىشىلەر ئەۋەتىپ، فىلىستىنىيلەرنىڭ ھەممە خوجىلىرىنى ئۆزىگە قىچقارتىپ
جەم قىلىپ: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى نېمە قىلايلى؟» دەپ ئېيتتى.
بۇلار: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسىنىڭ ئەھدە ساندۇقى گاتقا يۆتكەلسۇن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ
ۋاقىت ئۇلار ئىسرائىلنىڭ خۇدايىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئۇ يەرگە يۆتكىدى.
[9] ئۇلار ئۇنى يۆتكىگەندىن كېيىن خۇداۋەندىنىڭ قولى شەھەرگە قارشى بولۇپ، ئاندا ناھايىتى
چوڭ ئىزتىراپ پەيدا قىلىپ، كىچىكلەردىن تارتىپ چوڭلىرىغىچە شەھەرنىڭ ھەممە خەلقىنى ئۇردى.
شۇنداقكى، ئۇلاردا ھۈررەك پەيدا بولۇپ چىقتى. [10] ئۇ ۋاقىت ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى
ئەقرونغا ئەۋەتتى. لېكىن خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى ئەقرونغا كەلگەندە ئەقرونلۇقلار پەرياد قىلىپ:
«بىز بىلەن خەلقىمىزنى ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بىزگە
يۆتكىدى» دەپ ئېيتتى. [11] ئۇلار بولسا كىشىلەر ئەۋەتىپ، فىلىستىنىيلەرنىڭ خوجىلىرىنى
قىچقارتىپ جەم قىلىپ: «بىز بىلەن خەلقىمىزنى ئۆلتۈرمىسۇن دەپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسىنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنى مۇندىن ئېلىپ، ئۆز جايىغا ئەۋەتىڭلار» دېدى. چۈنكى خۇدانىڭ قولى ئۇلارنىڭ
ئۈستىگە تولا ئېغىر باسقاچ، شەھەردە ئۆلگىچىلىك ئىزتىراپ بولغانىدى. [12] ئۆلمىگەن ئادەملەر
بولسا ھۈررەك كېسىلى بىلەن ئۇرۇلۇپ شەھەرنىڭ پەريادى ئاسمانغىچە يەتتى.

## فىلىستىنىيلەر خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئىسرائىلغا ياندۇرىدۇ

6 [1] خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتىدا يەتتە ئاي تۇرغاندا،
[2] فىلىستىنىيلەر كاھىنلار بىلەن پالچىلارنى قىچقىرىپ: «خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى
نېمە قىلايلى، قانداق قىلىپ ئۇنى ئۆز جايىغا ئەۋەتەيلى دەپ، بىزگە بىلدۈرۈڭلار» دېدى. [3] ئۇلار
جاۋاب بەردىكى: «ئەگەر ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئەۋەتىپ بەرسەڭلار،

قۇرۇق ئەۋەتمەڭلار، بەلكى ئۇنىڭغا بىر گۇناھ قۇربانلىقى كەلتۈرمەك لازىم بولىدۇ. ئۇنداق
قىلىپ، شىپا تاپىسىلەر. ئۇنىڭ قولى نېمە سەۋەبتىن سىلەردىن كۆتۈرۈلمىگىنى سىلەرگە ھەم
مەلۇم بولىدۇ» دېدى. [4] ئۇلار: «بىز نېمىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ، ئۇنىڭغا كەلتۈرىمىز؟»
دەپ سورىدى. ئۇلار ئېيتتىكى: «فىلىستىنىيلەرنىڭ خوجىلىرىنىڭ سانىغا مۇۋاپىق ئالتۇندىن
بەش ھۈررەك سۈرىتىنى ۋە ئالتۇندىن بەش چاشقان سۈرىتىنى ياساپ بېرىڭلار. چۈنكى
ھەممەڭلارنىڭ ئۆزى بىلەن خوجىلىرىڭلارغا تەگكەن بالا بولسا بىردۇر. [5] ھۈررەك سۈرەتلىرىنى
ۋە يۇرتۇڭلارنى خاراب قىلىدىغان چاشقانلارنىڭ سۈرەتلىرىنى ياساپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسىگە
شان-شەرەپ بېرىڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئېغىر قولىنى سىلەردىن، تەڭرىلىرىڭلاردىن ۋە يۇرتۇڭلاردىن
كۆتۈرىدۇمىكىن. [6] مىسىرلىقلار بىلەن فىرەۋن ئۆز كۆڭۈللىرىنى قاتتىق قىلغاندەك نېمىشقا
كۆڭۈللىرىڭلارنى قاتتىق قىلىسىلەر؟ ئۇ بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاجايىپ ئەمەللەر قىلغاندىن
كېيىن، ئۇلار بەنى-ئىسرائىلنى كەتكىلى قويغاچ بۇلار چىقىپ كەتتى ئەمەسمۇ؟ [7] ئەمدى يېڭى
ھارۋىنى قىلدۇرۇپ، بويۇنتۇرۇقتا تېخى كۆندۈرۈلمىگەن بولۇپ سۈت ئېمىتىدىغان ئىككى
ئىنەكنى ھارۋىغا قوشۇڭلار. ئەمما موزايلىرىنى ئۇلاردىن ئايرىپ، ئۆيگە ئېلىپ قايتۇرۇڭلار.
[8] ئاندىن خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ، ھارۋىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا گۇناھ قۇربانلىقى
قىلىپ كەلتۈرىدىغان ئالتۇن نەرسىلىرىنى بىر ساندۇققا سېلىپ يانداپ قويۇپ، كەتسۇن دەپ،
ماڭدۇرۇپ قويۇڭلار. [9] ئاندىن قاراپ بېقىڭلار. ئەگەر ساندۇق ئۆز يۇرتىدىكى بەيت-شەمەشنىڭ
يولى بىلەن ماڭسا، مەلۇم بولىدۇكى، بىزگە شۇ چوڭ بالانى ئەۋەتكۈچى خۇداۋەندە ئۆزىدۇر.
بولمىسا بىلىمىزكى، بىزنى ئۇرغان قول ئۇنىڭكى بولماي، بەلكى بۇ بىزگە تاسادىپىيلىقتىن
بولغان بىر ئىش بولىدۇ دېيىشتى.
[10] ئۇ ۋاقىت ئادەملەر شۇنداق قىلىپ، سۈت ئېمىتىدىغان ئىككى ئىنەكنى ھارۋىغا قوشۇپ،
موزايلىرىنى ئۆيدە سولاپ قويۇپ، [11] خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ھارۋىغا سېلىپ، ئالتۇن
چاشقانلىرى بىلەن ھۈررەك سۈرەتلىرى بار ساندۇقنى يانداپ قويدى. [12] ئىنەكلەر بەيت-
شەمەشكە بارىدىغان يول بىلەن ئۇتتۇر بېرىپ، چوڭ يول بىلەن مېڭىپ مۆرەپ يۈرۈپ، خاھى
ئوڭ تەرەپكە، خاھى چەپ تەرەپكە چىقمايتتى. فىلىستىنىيلەرنىڭ خوجىلىرى بولسا ئۇلارنىڭ
ئارقىسىدىن بەيت-شەمەشكىچە بارغانىدى. [13] ئەمما بەيت-شەمەشلىكلەر ۋادىدا بۇغداي
ئورۇپ تۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىسا، ئەھدە ساندۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنى كۆرگەندە خۇش
بولدى. [14] لېكىن ھارۋا يەشۇئا دېگەن بىر بەيت-شەمەشلىك كىشىنىڭ ئېتىزلىقىغا كېلىپ،
ئانداكى بىر چوڭ تاشنىڭ يېنىدا توختاپ قالدى. ئۇلار ھارۋىنىڭ ياغىچىنى كېسىپ، ئىككى
ئىنەكنى بىر كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق قىلىپ، خۇداۋەندىگە كەلتۈردى. [15] چۈنكى بەنى-
لاۋىي خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى بىلەن ئالتۇن نەرسىلىرى بار ساندۇقنى چۈشۈرۈپ، ئۇ
چوڭ تاشنىڭ ئۈستىدە قويغانىدى. ئۇ كۈندە بەيت-شەمەشلىكلەر خۇداۋەندىگە كۆيدۈرىدىغان
قۇربانلىق بىلەن سويۇم قۇربانلىقلار كەلتۈردى. [16] فىلىستىنىيلەرنىڭ بەش خوجىسى شۇنى
كۆرۈپ، ئۇشبۇ كۈن ئەقرونغا يېنىپ كەتتى.

[17] فىلىستىنىيلەرنىڭ خۇداۋەندىگە گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ بەرگەن ئالتۇن ھۆررەكلەر بولسا
بىرى ئاشدودتىن، بىرى گازادىن، بىرى ئاشقېلوندىن، بىرى گاتتىن ۋە بىرى ئەقروندىن ئىدى.
[18] لېكىن ئالتۇن چاشقانلار فىلىستىنىيلەرنىڭ بەش خوجىسىغا تەۋە زېمىنىدىكى ھەممە
شەھەرنىڭ سانىغا مۇۋاپىق ئىدى. بۇ سېپىللىك شەھەرلەر بىلەن سەھرا كەنتلىرىنىڭ تەۋە
يېرى بولسا خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى قويۇلغان چوڭ تاشقىچە يېتىدۇ. ئۇ تاش بۇ
كۈنگىچە بەيت-شەمەشلىك يەشۇئانىڭ ئېتىزلىقىدا بار.
[19] ئەمما خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىچىگە قارىغىنى ئۈچۈن تولا بەيت-شەمەشلىكلەر
ئۆلۈلدى. ئۇ ئۆزى ئەللىك مىڭ يەتمىش كىشىنى ئۇردى. خۇداۋەندە خەلقنى مۇنداق قاتتىق
ئۇرغىنى ئۈچۈن قوۋم ماتەم تۇتتى. [20] بەيت-شەمەشلىكلەر سۆزلەپ: «شۇ مۇقەددەس رەب
خۇدانىڭ ئالدىدا كىم تۇرالايدۇ؟ بىزدىن كېتىپ كىمگە بارغاي» دەپ ئېيتتى. [21] ئاندىن ئۇلار
قىريات-يېئارىمدىكى ئولتۇرغۇچىلارغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ: «فىلىستىنىيلەر خۇداۋەندىنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنىياندۇرۇپ بەردى. بۇ يەرگە چۈشۈپ، ئۇنى ئۆزۈڭلارنىڭكىگە ئېلىپ چىقىڭلار»
دەپ ئېيتقۇزدى.

## فىلىستىنىيلەر مىسپاھتا مەغلۇپ قىلىندۇ

7 [1] ئۇ ۋاقىت قىريات-يېئارىملىقلار كېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ چىقىپ،
ئابىنادابنىڭ بىر ئېگىزلىكتە ياسالغان ئۆيىدە قويۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ئوغلى ئېلىئازارنى
خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىدىن خەۋەر ئالغىلى مۇقەددەس قىلدى. [2] ئەھدە ساندۇقى
قىريات-يېئارىمدا قويۇلغاندىن تارتىپ ئۇزۇن ۋاقىت، يەنى يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما
ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن خاندانى بولسا خۇداۋەندىگە پەرياد چېكىپ ئاخ ئۇراتتى. [3] لېكىن
سامۇئىل ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن خاندانىغا ئېيتتىكى: «ئەگەر سىلەر بارچە كۆڭلۈڭلار بىلەن
خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىگە يېنىپ، يات تەڭرى بىلەن ئاشتاروت دېگەن بۇتلارنى ئۆز ئاراڭلاردىن
چىقىرىپ، كۆڭۈللىرىڭلارنى خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىگە قىلىپ، خاس ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلساڭلار،
ئۇ سىلەرنى فىلىستىنىيلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىدۇ» دېگەندە
[4] بەنى-ئىسرائىل بائال بىلەن ئاشتاروت دېگەن بۇتلارنى تاشلاپ، خاس خۇداۋەندىگە ئىبادەت
قىلغىلى تۇردى. [5] سامۇئىل: «پۈتۈن ئىسرائىلنى مىسپاھتا جەم قىلساڭلار، مەن سىلەر
ئۈچۈن خۇداۋەندىگە دۇئا قىلاي» دەپ ئېيتتى. [6] ئاندىن ئۇلار مىسپاھتا جەم بولۇپ، ئاندا سۇ
تارتىپ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تۆكۈپ ئۇ كۈن روزا تۇتۇپ: «بىز خۇداۋەندىگە خاتا قىلدۇق»
دەپ ئېيتتى. سامۇئىل بولسا مىسپاھتا بەنى-ئىسرائىلغا ھۆكۈم سۈردى. [7] فىلىستىنىيلەر
بەنى-ئىسرائىلنىڭ مىسپاھتا جەم بولغىنىنى ئاڭلىغاندا فىلىستىنىيلەرنىڭ خوجىلىرى
ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلغىلى ئۇ يەرگە چىقتى. [8] بەنى-ئىسرائىل بۇنى ئاڭلىغاندا

فىلىستىنىيلەردىن قورقۇپ تۇردى. بەنى-ئىسرائىلىنىڭ ئۆزى ساموئىلغا: «تەڭرىمىز خۇداۋەندە
بىزنى فىلىستىنىيلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغاي دەپ بىز ئۈچۈن ئۇنىڭغا پەرياد قىلىشتىن
توختىمىغىن» دەپ ئېيتتى. 9 ئۇ ۋاقىت ساموئىل بىر ئېمىدىغان قوزىنى ئېلىپ، ئۇنى
كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق قىلىپ، خۇداۋەندىگە پۈتۈن قۇربانلىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ،
ساموئىل ئىسرائىلىنىڭ ھەققىدە خۇداۋەندىگە پەرياد قىلىسا، خۇداۋەندە دۇئاسىنى ئاڭلىدى.
10 ساموئىل كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقنى قىلىپ تۇرغاندا فىلىستىنىيلەر ئىسرائىل بىلەن
سوقۇشقىلى يېقىنلىشىپ كەلدى. لېكىن خۇداۋەندە ئۇ كۈندە قاتتىق گۈلدۈرلەش بىلەن
فىلىستىنىيلەرنىڭ ئۈستىدە گۈلدۈرلەپ، ئۇلارنى ئۇنداق پەرىشان قىلدىكى، ئۇلار بەنى-
ئىسرائىلدىن مەغلۇپ بولدى. 11 ئىسرائىلىنىڭ ئادەملىرى مىسپاھتىن چىقىپ، ئۇلارنى ئۇرۇپ،
بەيت-كارنىڭ تۆۋىنىگىچە قوغلىدى.

12 ئۇ ۋاقىت ساموئىل بىر تاشنى ئېلىپ، ئۇنى مىسپاھ بىلەن شەن-نىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇپ،
ئۇنى ئەبەن-ئېزەر دەپ ئاتاپ، بۇ ۋاقىتقىچە خۇداۋەندە بىزگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ» دەپ ئېيتتى.
13 فىلىستىنىيلەر بولسا بېسىلىپ قېلىپ، يەنە ئىسرائىلىنىڭ يۇرتىغا كىرمەي تۇرۇپ، ساموئىل
تىرىك قالغۇچىلىك خۇداۋەندىنىڭ قولى فىلىستىنىيلەرنىڭ خىلاپىدا ئىدى. 14 ئەقروندىن
تارتىپ گاتقىچە فىلىستىنىيلەر ئىسرائىلدىن ئالغان شەھەرلەر بولسا ئىسرائىلغا ياندۇرۇلۇپ،
ئۇلارغا تەۋە يەرلىرىنىمۇ ئىسرائىل فىلىستىنىيلەرنىڭ قولىدىن يەنە ياندۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن
باشقا ئىسرائىل بىلەن ئامورىيلارنىڭ ئارىسىدا سۈلھى بولدى.
15 ساموئىل بولسا ئۆز ئۆمرىنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە ئىسرائىلغا ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرۇپ،
16 يىلدىن يىلغا بەيتەل، گىلگال، ۋە مىسپاھنى ئايلىنىپ، ئۇ ھەممە يەرلەردە ئىسرائىلغا
ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى. 17 ئاندىن راماغا يېنىپ باراتتى، چۈنكى ئاندا ئۇنىڭ ئۆيى بولۇپ ئۇ يەردە
ھاكىملىق قىلاتتى. ئاندا ھەم خۇداۋەندىگە بىر قۇربانگاھ ياسىغانىدى.

## ئىسرائىل خەلقى بىر پادىشاھ سورايدۇ

8 1 ئەمما ساموئىل قېرى بولغاندا ئىسرائىلىنىڭ ئۈستىگە ئۆز ئوغۇللىرىنى ھاكىم قىلىپ
قويدى. 2 ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلىنىڭ ئېتى يوئېل بولۇپ، ئىككىنچىسىنىڭ ئېتى ئابىيا
ئىدى. بۇلار بەرشېبادا ھاكىم ئىدى. 3 لېكىن ئوغۇللىرى ئۇنىڭ يولىدا يۈرمەي، بەلكى ئېزىپ
ناھەق پايدىنى ئىزدەپ پارا يەپ، ھەقنى تەتۈر قىلاتتى. 4 ئۇ ۋاقىت ئىسرائىلىنىڭ ھەممە
ئاقساقاللىرى جەم بولۇپ، رامادا ساموئىلىنىڭ قېشىغا كېلىپ، 5 ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «مانا سەن
قېرى بولدۇڭ. ئوغۇللىرىڭ بولسا سېنىڭ يولۇڭ بىلەن يۈرمەيدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭكىدەك
بىزگە ھۆكۈم قىلىدىغان بىر پادىشاھ ئۈستىمىزگە توختىتىپ قويغىن» دېدى.

6 لېكىن ئۇلارنىڭ: «ئۇستىمىزگە ھۆكۈم قىلىدىغان بىر پادىشاھ بىزگە بەرگىن» دەپ ئېيتقىنى
سامۇئىلنىڭ كۆزىدە يامان كۆرۈندى. سامۇئىل خۇداۋەندىگە دۇئا قىلسا، 7 خۇداۋەندە سامۇئىلغا
ئېيتتىكى: «خەلقنىڭ ھەرنېمە ساڭا ئېيتقىنىغا قۇلاق سالغىن، چۈنكى ئۇلار سېنى تاشلىماي،
بەلكى مېنى ئۇستىمىزگە پادىشاھ بولمىسۇن دەپ، مېنى تاشلىدى. 8 مەن ئۇلارنى مىسىردىن
چىقارغان كۈندىن تارتىپ بۇ كۈنگىچە ئۇلار شۇنداق قىلىپ تۇرۇپ، مېنى تاشلاپ باشقا
تەڭرىلەرگە ئىبادەت قىلماقتا. ئەمدى ساڭا ھەم شۇنداق قىلدى. 9 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ
سۆزىگە ئۇنىغىن. لېكىن ئۇلارغا چىڭ ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىدە سەلتەنەت قىلىدىغان
پادىشاھنىڭ ھەققىنى بىلدۈرگىن» دېدى.
10 سامۇئىل ئۆزىدىن بىر پادىشاھ سورىغان خەلققە خۇداۋەندىنىڭ ئېيتقىنىنىڭ ھەممىسىنى
دەپ بەردى. 11 ئۇ ئېيتتىكى: «ئۇستۇڭلاردا سەلتەنەت قىلىدىغان پادىشاھنىڭ ھەققى شۇ
بولىدۇكى، ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆز ئىشىغا تۇتۇۋېلىپ، ھارۋىلىرى بىلەن ئاتلىرى ئۈچۈن
ئىشلىتىپ، ھارۋىلىرىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرگىلى سالىدۇ. 12 بەزىلىرىنى مىڭبېشى ۋە ئەللىكبېشى
قىلىپ قويۇپ، بەزىلىرىنى يېرىنى ھەيدەپ ھوسۇلىنى ئورۇپ، جەڭ جابدۇقلىرى بىلەن
ھارۋا ئەسۋابلىرىنى ئەتكىلى سالىدۇ. 13 قىزلىرىڭلارنى ئەتىرچى، ئاشپەز ۋە ناۋاي قىلىپ
قويىدۇ. 14 ياخشى زېمىنلىرىڭلارنى، ئۈزۈمزارلىق بىلەن زەيتۇنلۇقلىرىڭلارنى تارتىۋېلىپ،
ئۆز غۇلاملىرىغا بېرىدۇ. 15 ئېتىزلىق بىلەن ئۈزۈمزارلىقلىرىڭلارنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى
ئېلىپ، ئۆز مەھرەملىرى بىلەن غۇلاملىرىغا بېرىدۇ. 16 خىزمەتكار بىلەن دېدەكلىرىڭلار ۋە
ياخشىراق يىگىتلىرىڭلارنى ئېلىپ ئىشلىتىپ، ئېشەكلىرىڭلارنىمۇ ئېلىپ ئۆز ئىشىغا
سالىدۇ. 17 قويلىرىڭلارنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى ئالىدۇ. ئۆزۈڭلارمۇ ئۇنىڭغا قۇل بولىسىلەر.
18 ئۇ كۈندە سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئىلغىغان پادىشاھ جەھەتىدىن پەرياد قىلىسىلەر، لېكىن ئۇ
ۋاقىت خۇداۋەندە سىلەرگە قۇلاق سالمايدۇ» دېدى. 19 لېكىن خەلق سامۇئىلنىڭ سۆزىگە
قۇلاق سالغىلى ئۇنىماي ئېيتتىكى: «ياق، بەلكى ئۇستىمىزگە سەلتەنەت قىلىدىغان بىر
پادىشاھ خالايمىز. 20 بىز باشقا خەلققە ئوخشاش بىزنى ھۆكۈم قىلىپ، جەڭلىرىمىزدە بىزنى
باشلاپ جەڭ قىلىدىغان پادىشاھنى خالايمىز» دېدى. 21 سامۇئىل خەلقنىڭ ھەممە سۆزىنى
ئاڭلاپ، خۇداۋەندىگە ئىشىتكۈزدى. 22 لېكىن خۇداۋەندە سامۇئىلغا: «سەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە
قۇلاق سېلىپ، ئۇلارغا بىر پادىشاھ بەرگىن» دەپ ئېيتتى. ئۇ ۋاقىت سامۇئىل ئىسرائىلنىڭ
ئادەملىرىگە: «ھەربىرىڭلار ئۆز شەھىرىگە بارسۇن» دېدى.

## شائۇل يىتىپ كەتكەن ئېشەكلەرنى ئىزدەپ
## سامۇئىل بىلەن ئۇچرايدۇ

9 [1] بەنيامىن قەبىلىسىدىن قىس ئىسىملىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ئابىيەلنىڭ ئوغلى
ئىدى. ئابىيەل زېرورنىڭ ئوغلى، زېرور بېكوراتنىڭ ئوغلى، بېكورات ئافىياھنىڭ ئوغلى
ۋە ئافىياھ بىر بەنيامىنىي ئادەمنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئۆزى قۇدرەتلىك بولۇپ، دۆلەتمەن بىر
كىشى ئىدى. [2] قىسنىڭ شائۇل ئىسىملىق ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن بىر ئوغلى بار ئىدى.
بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭدىن چىرايلىق كىشى يوق ئىدى. ئۇ ئۇنداق ئېگىز بويلۇق
ئىدىكى، خەلقتىن ھەركىم بولسا ئاران ئۇنىڭ مۈرىسىگىچە يېتەتتى. [3] ئەمما شائۇلنىڭ
ئاتىسى قىسنىڭ ئېشەكلىرى يىتىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن قىس ئۆز ئوغلى شائۇلغا:
«سەن قوپۇپ، بىر خىزمەتكارنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ، ئېشەكلەرنى ئىزدەپ بارغىن»
دەپ ئېيتتى. [4] ئۇلار بېرىپ، ئەفرائىمنىڭ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، شالىشانىڭ يۇرتىنى كېزىپ،
ئۇلارنى ئىزدەپ تاپماي، شائالىمنىڭ يۇرتىنى ھەم كېزىپ تاپماي، ئاندىن بەنيامىنىڭ يۇرتىنى
كېزىپ ئۇلارنى ھېچ تاپالمىدى. [5] ئۇلار زۇفنىڭ يۇرتىغا يەتكەندە شائۇل ئۆزى بىلەن كەلگەن
خىزمەتكارىغا: «قوپۇپ، ئۆيگە يانايلى. بولمىسا ئاتام ئېشەكلەر توغرىسىدىن ئەنسىرىمەي،
بىزنىڭ جەھەتتىمىزدىن چوڭقۇر ئەندىشە قىلارمىكىن» دېدى. [6] لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتىكى:
«مانا شۇ شەھەردە خۇدانىڭ بىر ئادىمى بار. ئۇ مۆتىۋەر بىر ئادەم بولۇپ، ھەر نە ئېيتسا
شەكسىز ئۇنداق بولىدۇ. ئەمدى ئۇ يەرگە بارايلى ئۇ ئۆزى بىز بارىدىغان يول توغرىسىدىن خەۋەر
بېرەرمىكىن» دېدى. [7] ئەمما شائۇل ئۆز خىزمەتكارىغا ئېيتتىكى: «لېكىن ئۇ يەرگە بارساق،
ئۇ كىشىگە نېمە بېرەيلى؟ خۇرجۇنلىرىمىزدا نان قالمىدى. خۇدانىڭ ئادىمىگە كەلتۈرىدىغان
سوۋغىتىمىز يوق ئىكەن. يېنىمىزدا نېمە بار؟» دېدى [8] خىزمەتكار شائۇلغا جاۋاب بېرىپ:
«مانا قولۇمدا چارەك شېقەل كۈمۈش بار. ماڭىدىغان يولىمىزنى بىزگە دەپ بەرسۇن دەپ،
خۇدانىڭ ئادىمىگە شۇنى بېرەي» دېدى. [9] چۈنكى ئۆتكەن زاماندا ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدىكى
بىر ئادەم خۇدادىن بىر نەرسە سورىماقچى بولسا: «كېلىڭلار، روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچىنىڭ
قېشىغا بارايلى» دەيتتى. چۈنكى ھازىرقى ۋاقىت پەيغەمبەر دېگەن كىشىنى ئۆتكەن زاماندا
روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچى دەيتتى. [10] شائۇل ئۆز خىزمەتكارىغا: «مەسلىھەتىڭ ياخشىدۇر.
قوپۇپ بارايلى» دەپ ئېيتتى. شۇنى دەپ، ئۇلار خۇدانىڭ ئادىمى بار شەھەرگە بېرىپ،
[11] شەھەرنىڭ ئېگىزلىكىگە چىقىپ تۇرغىنىدا سۇ تارتقىلى چىققان بىرنەچچە قىزلارغا ئۇچراپ،
ئۇلاردىن: «مۇندا روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچى بارمۇ؟» دەپ سورىدى. [12] ئۇلار بۇلارغا جاۋاب
بېرىپ: «شۇنداق، مانا ئۇ ئالدىڭلاردا بار ئىكەن. ئالدىراڭلار، ئۇ بۈگۈن شەھەرگە كەلدى،
چۈنكى خەلق بۈگۈن قۇربانلىق ئېگىزلىكىدە ھېيت قىلىدۇ. [13] سىلەر شەھەرگە كىرىپ،
ئۇ تائام يېگىلى قۇربانلىق ئېگىزلىكىگە چىقماستا ئۇتتۇر بېرىپ، ئۇنى تېپىڭلار. خەلق ئۇ
كەلمەستە يېمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى قۇربانلىقنى مۇبارەكلەيدۇ. ئاندىن كېيىن قىچقىرىلغانلار
تائام يەيدۇ. ئەمدى چىقىڭلار، مۇشۇ ۋاقىت بىلەن ئۇنى تاپىسىلەر» دېدى. [14] ئۇلار شەھەرگە

چىقىپ، شەھەرنىڭ ئۆزىگە كىرگەندە، مانا سامۇئىل ئۆزى قۇربانلىق ئېگىزلىكىگە بېرىشقا
چىقىۋاتقاندا ئۇلارغا ئۇچرىدى.
15 لېكىن شائۇل كەلمەستىن بىر كۈن ئىلگىرى خۇداۋەندە سامۇئىلغا بىلدۈرۈپ: 16 «ئەته بۇ
ۋاقىت بىلەن بەنيامىنىنىڭ يۇرتىدىن بىر ئادەمنى ساڭا ئەۋەتەي. سەن ئۇنى مېنىڭ قوۋمىم
ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە باش بولغىلى مەسىھلىگىن. ئۇ مېنىڭ قوۋمىمنى فىلىستىنىيلەرنىڭ
قولىدىن قۇتقۇزىدۇ. چۈنكى مېنىڭ قوۋمىمنىڭ پەريادى ماڭا يەتكىنى ئۈچۈن ئۇلارنى
يوقلىدىم» دەپ ئېيتقانىدى.
17 سامۇئىل شائۇلنى كۆرگەندە خۇداۋەندە ئۇنىڭغا: «مانا مەن ئۇنىڭ توغرىسىدا ساڭا سۆز
قىلغان ئادەم مۇشۇدۇر. ئۇ ئۆزى مېنىڭ قوۋمىمنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلىدۇ» دەپ ئىزھار
قىلدى. 18 شائۇل سامۇئىلنى دەرۋازىدا كۆرۈپ، قېشىغا بېرىپ: «سەندىن سوراي، روھىي
كۆرۈنۈش كۆرگۈچىنىڭ ئۆيى نە يەردە ئىكەن؟» دەپ سورىدى. 19 سامۇئىل شائۇلغا جاۋاب
بېرىپ ئېيتتى: «روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچى مەن ئۆزۈمدۇرمەن. مەندىن ئىلگىرى قۇربانلىق
ئېگىزلىكىگە چىققىن. بۇ كۈن سىلەر مەن بىلەن تائام يەيسىلەر. لېكىن ئەته ساڭا كەتكىلى
رۇخسەت بېرىپ، كۆڭلۈڭدە ھەر نە بولسا ساڭا دەپ بېرەي. 20 ئەمما ئۈچ كۈندىن بېرى
يىتىپ كەتكەن ئېشەكلەر بولسا ئۇلار توغرىسىدىن ئەندىشە قىلمىغىن. ئۇلار تېپىلدى. ئەمما
ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئارزۇسى كىمگە مايىل؟ سەن بىلەن ئاتاڭنىڭ پۈتۈن ئۆيىگە مايىل
ئەمەسمۇ؟» دېدى. 21 شائۇل جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «مەن بەنيامىنىي بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ
ھەممىدىن كىچىك قەبىلىسىنىڭ ئادىمى ئەمەسمۇ؟ خاندانىم بولسا بەنيامىن قەبىلىسىنىڭ
ھەممىدىن كىچىك خاندانىدىن ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ماڭا شۇنداق ئېيتىسەن. 22 لېكىن
سامۇئىل شائۇلنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارىنى مېھمانخانىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇ قىچقىرىلغان
ئوتتۇزچە ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزۈپ، تۆردە ئولتۇرغۇزدى.
23 ئاندىن سامۇئىل ئاشپەزگە سۆزلەپ: «مەن ساڭا ساقلاپ قويغىن دېگەن پارچىنى ئېلىپ
كەلگىن» دېدى. 24 ئاشپەزنىڭ ئۆزى پايخاننى ئۈستىدىكى قىسىملىرى بىلەن ئېلىپ،
شائۇلنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ ۋاقىت سامۇئىل ئېيتتى: «مانا ساقلانغان پارچە شۇدۇر. ئالدىڭغا
ئېلىپ يېگىن، چۈنكى مەن خەلقنى قىچقىراي دېگىنىمدىن تارتىپ سەن ئۈچۈن ساقلاندى»
دېدى. ئۇ كۈن شائۇل سامۇئىل بىلەن تائام يەپ، 25 ئاندىن ئۇلار قۇربانلىق ئېگىزلىكىدىن
چۈشۈپ، شەھەرگە كىردى. كىرسە، سامۇئىل ئۆگزىدە شائۇل بىلەن سۆزلىشىپ تۇردى.
26 لېكىن ئەتىسى سەھەر تاڭ ئاتقاندا سامۇئىل ئۆگزىدىن شائۇلنى قىچقىرىپ: «قوپۇپ،
مەن سېنى ئۇزىتىپ قوياي» دەپ ئېيتتى. شائۇل قوپۇپ، ئۆزى بىلەن سامۇئىل ئىككىلىسى
چىقىپ كەتتى. 27 ئۇلار شەھەرنىڭ ئايىغىغا كېتىپ بارغىنىدا سامۇئىل شائۇلغا سۆزلەپ:
«خىزمەتكارغا: ‹ ئالدىمىزدا كەتكىن› دەپ بۇيرۇغىن. ئەمما سەن توختاپ تۇرساڭ، خۇدانىڭ
ئېيتقىنىنى ساڭا ئاڭلىتىپ قوياي» دېدى.

## ساموئىل شائۇلنى پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلەيدۇ

10 [1] ساموئىل بىر ياغ شىشىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا تۆكۈپ ئۇنى سۆيۈپ، ئېيتتىكى:
«مانا خۇداۋەندە سېنى ئۆز مىراسىغا باش بولغىلى مەسىھلىدى ئەمەسمۇ؟ [2] بۈگۈن
مەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن بەنيامىن يۇرتىنىڭ زىمىنىدىكى زەلزاھقا يېتىپ بارغىنىڭدا،
راھىلەنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا ساڭا ئىككى كىشى ئۇچراپ، ساڭا ئېيتىدۇكى: «سەن ئىزدەپ
بارغان ئېشەكلەر تېپىلدى. مانا ئاتاڭ ئېشەكلەردىن ئەندىشە قىلماي، بەلكى سىلەر ئۈچۈن
ئەنسىرەپ: ‹ ئوغلۇمنى قانداق قىلىپ تاپاي› دەپ ئېيتىۋاتىدۇ. [3] سەن ئۇ يەردىن كېتىپ،
ئازغىنا مېڭىپ تابوردىكى دۇب دەرىخىگە يەتكەندە خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا بارماق ئۈچۈن بەيتەلگە
چىقىدىغان ئۈچ كىشى ساڭا ئۇچراپ، بىرى ئۈچ ئوغلاق، بىرى ئۈچ نان ۋە يەنە بىرى بىر تۇلۇم
شاراب كۆتۈرۈپ يولۇقىدۇ. [4] ئۇلار ساڭا سالام قىلىپ، ئىككى نان بېرىدۇ. سەن بولساڭ بەرگەننى
قولىلىرىدىن ئالغايسەن. [5] ئاندىن كېيىن فىلىستىنىيلەرنىڭ بىر لەشكەرگاھى بار گىبىيا-
ئاللاغا يېتىپ، شەھەرگە كەلسەڭ، بىر توپ پەيغەمبەرلەر قۇربانلىق ئېگىزلىكىدىن چۈشۈپ
كېلىپ، ساڭا ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئۆز ئالدىدا ساتار، داپ، نەي ۋە چاڭ چالدۇرۇپ پەيغەمبەرلىك
قىلىپ يۈرىدۇ. [6] ئەمما خۇداۋەندىنىڭ روھى سېنىڭ ئۈستۈڭگە كېلىدۇ. شۇنداقكى، سەن
ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىك قىلىپ، ئۆزگىرىپ باشقا ئادەمدەك بولىسەن. [7] شۇ ئالامەتلەر ساڭا
ئۇچرىسا، قولۇڭدىن نېمە كەلسە، قىلغىن، چۈنكى خۇدا سەن بىلەن بولىدۇ. [8] ئاندىن مەندىن
ئىلگىرى گىلگالغا چۈشۈپ بارىسەن. مانا مەن ھەم چۈشۈپ، كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن
شۈكۈر قۇربانلىقى كەلتۈرمەك ئۈچۈن قېشىڭغا كېلىمەن. نېمە قىلىدىغىنىڭنى ساڭا ئېيتىپ
بەرمەك ئۈچۈن مەن كەلگۈچىلىك ماڭا يەتتە كۈن ساقلاپ تۇرغايسەن» دېدى.
[9] ئۇ يېنىپ ساموئىلدىن كەتكەندە خۇدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى تەبدىل قىلدى ۋە ھەممە بۇ ئالامەتلەر
ئۇشبۇ كۈن ۋەقە بولدى. [10] ئۇلار گىبىياغا كەلگەندە، مانا بىر توپ پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭغا
ئۇچرىدى. ئۇچرىسا، خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا پەيغەمبەرلىك قىلغىلى تۇردى. [11] ئۇنى ئىلگىرى تونۇغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ
پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەرلىك قىلغىنىنى كۆرگەندە بىر-بىرىگە: «قىسنىڭ ئوغلى
نېمە بولدى. شائۇل ھەم پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى بولدىمۇ؟» دەپ ئېيتتى. [12] ئەمما ئۇ يەرلىك
بىر ئادەم سۆزلەپ: «بۇلارنىڭ ئاتىسى بولسا كىم ئىكەن» دەپ ئېيتتى. بۇنىڭدىن: «شائۇل
ھەم پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىمۇ؟» دەيدىغان تەمسىل پەيدا بولدى. [13] لېكىن ئۇ پەيغەمبەرلىك
قىلىپ بولغاندا قۇربانلىق ئېگىزلىكىگە چىقتى. [14] شائۇلنىڭ تاغىسى ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ
خىزمەتكارىدىن: «نە يەرگە بېرىپ كەلدىڭلار؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئېيتتى: «ئېشەكلەرنى
ئىزدىگىلى چىقىپ، ئۇلارنى تاپماي، ساموئىلنىڭ قېشىغا باردۇق». [15] شائۇلنىڭ تاغىسى
ئېيتتى: «ساموئىل سىلەرگە نېمە ئېيتقىنىنى ماڭا دەپ بەرگىن». [16] شائۇل ئۆز تاغىسىغا:
«‹ ئېشەكلەر تېپىلدى› دەپ خەۋەر بەردى» دېدى. لېكىن ساموئىلنىڭ پادىشاھلىق ئىشى
توغرىسىدىن ئېيتقان سۆزىنى ئۇنىڭغا دەپ بەرمىدى.

[17] ئەمما سامۇئىل قوۋمنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا جەم بولۇڭلار دەپ، مىسپاھقا قىچقاردى.
[18] ئۇ بەنى-ئىسرائىلغا ئېيتتى: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ مەن
ئىسرائىلنى مىسىردىن چىقىرىپ، مىسىرلىقلارنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ، سىلەرگە زۇلۇم قىلغان
ھەممە پادىشاھلىقلارنىڭ قولىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدۇم›. [19] لېكىن ئەمدى ھەممە مۇسىبەت
بىلەن تەڭلىكتىڭلاردىن سىلەرنى قۇتقۇزغان خۇدايىڭلارنىڭ ئۆزىنى خار كۆرۈپ ئۇنىڭغا: ‹
بىزنىڭ ئۈستىمىزگە بىر پادىشاھ قويغىن› دەپ ئېيتتىڭلار. ئەمدى قەبىلە-قەبىلە، مىڭ-مىڭ
تىزىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇڭلار. [20] شۇنى دەپ، سامۇئىل ئىسرائىلنىڭ ھەممە
قەبىلىلىرىڭلىرىنى ئالدىغا چىقارغاندا چەك بەنيامىن قەبىلىسىگە چۈشتى. [21] بەنيامىن
قەبىلىسىنى خاندان-خاندان قىلىپ ئالدىغا كەلتۈرگەندە چەك ماترىنىڭ خاندانىغا چۈشتى.
ئاندىن كېيىن چەك قىسنىڭ ئوغلى شائۇلغا چۈشتى. لېكىن ئۇلار ئۇنى ئىزدىگەندە ئۇ ئۆزى
تېپىلمىدى. [22] ئۇلار خۇداۋەندىدىن يەنە سورىدىكى: «ئۇ كىشى بۇ يەرگە تېخى كەلگەنمۇ؟»
خۇداۋەندە ئېيتتى: «مانا ئۇ بولسا جابدۇقلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى يوشۇردى». [23] ئۇلار يۈگۈرۈپ،
ئۇنى ئاندىن ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۆزى خەلقنىڭ ئارىسىدا تۇرغاندا خەلق ئاران ئۇنىڭ مۈرىسىگە
يەتتى. [24] ئۇ ۋاقىت سامۇئىل ھەممە قوۋمغا ئېيتتى: «خۇداۋەندە ئىلغىغان كىشىنى ئەمدى
كۆردۇڭلار. ھەممە خەلقنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھېچكىم يوقتۇر» دېدى. ئۇ ۋاقىت
خەلقنىڭ ھەممىسى: «پادىشاھ ياشىسۇن» دەپ قىچقىرىشاتتى.
[25] ئەمما سامۇئىل پادىشاھلىقنىڭ ھەققىنى خەلققە بىلدۈرۈپ، بىر كىتابتا يېزىپ،
خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا قويدى. ئاندىن سامۇئىل ھەممە قوۋمغا ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە كەتكىلى
رۇخسەت بەردى. [26] شائۇل ھەم گىبىيادىكى ئۆيىگە بارسا، كۆڭۈللىرى خۇدانىڭ قولىدىن
تەگكۈزۈلگەن بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردى. [27] لېكىن بىرنەچچە يامان كىشىلەر:
«بۇ ئۆزى قانداق بىزنى قۇتقۇزالايدۇ» دەپ سوۋغات بەرمەي، ئۇنى تەھقىر قىلدى. ئەمما ئۇ
ئۆزىنى تىڭشىماسلىققا سالدى.

## شائۇل يابەشتىكىلەرگە ياردەم بېرىپ قۇتقۇزىدۇ

11 [1] ئەمما ئاممونىي ناخاش چىقىپ گىلىيادتىكى يابەشنى قورشىدى. ئۇ ۋاقىت
يابەشنىڭ ھەممە ئادەملىرى ناخاشقا: «ئەگەر بىز بىلەن ئەھدە قىلساڭ، ساڭا
بويسۇنىمىز» دېدى. [2] لېكىن ئاممونىي ناخاش ئۇلارغا ئېيتتىكى: «پۈتۈن ئىسرائىلغا دەشنەم
قىلماق ئۈچۈن ھەربىرىڭلارنىڭ ئوڭ كۆزىنى ئويۇپ، سىلەر بىلەن ئەھدە قىلاي. [3] يابەشنىڭ
ئاقساقاللىرى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «يەتتە كۈن بىزگە مۆھلەت بەرگىنكى، بىز ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن
يۇرتىغا ئەلچىلەر ئەۋەتكەيمىز. ئاندىن كېيىن بىزگە ياردەم بېرىدىغان ئادەم بولمىسا، چىقىپ
ئۆزىمىزنى ساڭا بېرىمىز» دېدى.

[4] ئاندىن كېيىن ئەلچىلەر شائۇلنىڭ شەھىرى گىبىياغا كېلىپ، خەۋەرنى خەلققە بەرگەندە
ھەممە خەلق پەرياد قىلىپ يىغلىدى. [5] مانا شائۇل ئېتىزلىقتىن چىقىپ، ئۆيلىرىنىڭ كەينىدىن
يۇرۇپ كېلىپ: «خەلققە يىغلىغىلى نېمە بولدى؟» دەپ سورىسا، ئۇلار يابەشتىن كەلگەن
كىشىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى. [6] شائۇل بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا خۇدانىڭ روھى
ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، ئۇنىڭ غەزىپى ناھايىتى تۇتاشتى. [7] ئۇ ئىككى ئۆي سويۇپ پارچىلاپ،
پارچىلىرىنى ئەلچىلەرنىڭ قولىدىن چىقىرىپ: «ھەركىم شائۇل بىلەن سامۇئىلنىڭ كەينىدىن
كېلىپ ئەگەشمىسە، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى شۇنداق پارچىلىنىدۇ» دەپ ئېيتقۇزدى. ئۇ ۋاقىت
خۇداۋەندىنىڭ قورقۇنچىسى خەلقنىڭ ئۈستىگە كەلدى. شۇنداقكى، ئۇلار ئىتتىپاقلىشىپ،
بىر بولۇپ چىقىپ كەلدى. [8] ئۇ ئۇلارنى بېزەكتە سانىغاندا بەنى-ئىسرائىل ئۈچ يۈز مىڭ
كىشى چىقىپ، يەھۇدانىڭ ئادەملىرى بولسا ئوتتۇز مىڭ چىقتى. [9] ئۇلار كەلگەن ئەلچىلەرگە
ئېيتتىكى: «گىلىيادتىكى يابەشنىڭ ئادەملىرىگە مۇنداق ئېيتىڭلاركى: ئەتە كۈن ئىسسىق
بولغاندا سىلەرگە ياردەم بېرىلىدۇ» دېدى. ئەلچىلەر بېرىپ، شۇنى يابەشلىكلەرگە خەۋەر بەردى.
ئۇ ۋاقىت يابەشلىكلەر خۇش بولۇپ: [10] «ئەتە سىلەرگە چىقىمىز، ئۆز ئىختىيارىڭلارچە بىزگە
قىلغايسىلەر» دەپ دۈشمەنگە ئېيتقۇزدى.
[11] ئەتىسى شائۇل خەلقنى ئۈچ بۆلەك قىلدى ۋە بۇلار كېچىنىڭ تۆتىنچى ھەسسىسىدە
لەشكەرگاھقا كىرىۋېلىپ، ئاممونىيلارنى ئۇرۇپ، كۈننىڭ ئىسسىغان ۋاقتىغىچە سوقۇشتى.
تىرىك قالغانلار بولسا ئۇنداق پاراكەندە بولدىكى، ئىككىدىن قوشۇلماي قاچتى.
[12] ئەمما خەلق سامۇئىلغا ئېيتتىكى: « ‹ شائۇل بىزنىڭ ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولمىسۇن›
دەپ ئېيتقانلار كىم ئىكەن؟ بۇ كىشىلەرنى كەلتۈرۈڭلار. ئۇلارنى ئۆلتۈرەيلى» دېدى. [13] لېكىن
شائۇل ئېيتتى: «بۇ كۈن ھېچكىم ئۆلتۈرۈلمىسۇن، چۈنكى بۈگۈن خۇداۋەندە ئىسرائىلغا
نۇسرەت بەردى» دېدى.
[14] سامۇئىل خەلققە: «قوپۇپ، گىلگالغا بېرىپ، ئاندا پادىشاھلىقنى يەڭگۈشلەيلى» دەپ
ئېيتتى. [15] شۇنى دېسە، ھەممە خەلق گىلگالغا بېرىپ، گىلگالدا خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا
شائۇلنى پادىشاھ قىلىپ، ئاندا خۇدانىڭ ئالدىدا شۈكۈر قۇربانلىقى كەلتۈرۈپ، شائۇل بىلەن
ئىسرائىلنىڭ ھەممە كىشىلىرى تولا خۇش بولۇپ، ئاندا شادلىق قىلدى.

## سامۇئىلنىڭ ئىسرائىل خەلقىگە سۆزلىگەن خەيرلىشىش نۇتقى

12 [1] سامۇئىل پۈتۈن ئىسرائىلغا ئېيتتىكى: «مانا مەن سىلەرنىڭ ئېيتقىنىڭلارنىڭ
ھەممىسىدە سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلاپ، ئۈستۈڭلارغا بىر پادىشاھ قويدۇم. [2] مانا
ئەمدى پادىشاھ سىلەرنى باشلايدۇ. مەن بولسام، قېرى بولۇپ بېشىم ئاقاردى. ئوغۇللىرىممۇ
ئاراڭلاردىدۇر. بالىلىقىمدىن تارتىپ بۇ كۈنگىچە سىلەرگە باشلىغۇچى بولدۇم. [3] مانا مۇندا

تۇرىمەن. خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇنىڭ مەسىھلەنگەنىنىڭ ئالدىدا ماڭا گۇۋاھلىق بېرىڭلار:
كىمنىڭ ئۇيىنى ئالدىم؟ كىمنىڭ ئېشىكىنى ئالدىم؟ كىمنىڭ ھەققىنى يېدىم؟ كىمگە
زۇلۇم قىلدىم؟ مەن كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ، كىمدىن ئارىلىق ئالدىم؟ ئۇنداق بولسا، دەڭلار
ۋە مەن تۆلەپ بېرىمەن» دېدى. [4] ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «سەن بىزنىڭ ھەققىمىزنى يېمىدىڭ،
ھېچكىمگىمۇ زۇلۇم قىلمىدىڭ ۋە ھېچ كىشىنىڭ قولىدىن بىر نەرسە ئالمىدىڭ» دېدى. [5] ئۇ
ئۇلارغا: «مەندە ھېچ ھەققىڭلار قالمىغانلىقىغا خۇداۋەندە سىلەرگە گۇۋاھ بولۇپ، ئۇنىڭ
مەسىھلەنگەن ئادىمى ھەم بۇ كۈن گۇۋاھ بولسۇن» دېسە، ئۇلار: «ئۇ گۇۋاھتۇر» دېدى.
[6] ساموئىل خەلققە ئېيتتىكى: «مۇسا بىلەن ھارۇننى قويۇرۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى مىسىر
يۇرتىدىن چىقارغان زات خۇداۋەندە ئۆزىدۇر. [7] ئەمدى تۇرۇپ تۇرۇڭلاركى، مەن خۇداۋەندىنىڭ
ئالدىدا ھاكىملىق قىلىپ خۇداۋەندە سىلەرگە ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا قىلغان ئادىل ئەمەللىرى
توغرىسىدىن سىلەرگە سۆز قىلاي. [8] ياقۇپ مىسىرغا كەلگەندە ئاتا-بوۋىلىرىڭلار خۇداۋەندىگە
پەرياد قىلغاندا خۇداۋەندە مۇسا بىلەن ھارۇننى ئەۋەتتى. ئۇلار بولسا ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنى
مىسىردىن چىقىرىپ، بۇ يەردە ئولتۇرغۇزدى. [9] ئەمما ئۇلار ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنى
ئۇنتۇغاندا ئۇ ئۇلارنى خازورنىڭ سەردارى سىسېرانىڭ قولىغا بېرىپ، فىلىستىنىيلەرنىڭ
قولىغا چۈشۈرۈپ، موئابنىڭ پادىشاھىنىڭ قولىغىمۇ تاپشۇردى ۋە بۇلار ئۇلار بىلەن جەڭ
قىلىشتى. [10] لېكىن ئۇلار خۇداۋەندىگە پەرياد قىلىپ: «بىز گۇناھ قىلىپ، خۇداۋەندىنى تاشلاپ
بائال ۋە ئاشتاروت دېگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلدۇق. ئەمما ئەمدى بىزنى دۈشمەنلىرىمىزنىڭ
قولىدىن قۇتقۇزغىن. بىز ساڭا ئىبادەت قىلايلى» دېدى.
[11] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە يەرۇببائال بىلەن بېداننى، يېپتاھ بىلەن ساموئىلنى ئەۋەتىپ،
چۆرەڭلاردىكى دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدى. شۇنداقكى، تىنچ-ئامان
ئولتۇردۇڭلار. [12] لېكىن تەڭرىڭلار خۇداۋەندە ئۆزى پادىشاھىڭلار بولسىمۇ، بەنى-ئاممونىنىڭ
پادىشاھى ناخاشنىڭ سىلەرگە زىت قوپقىنىنى كۆرگىنىڭلاردا: ‹ بۇ بولمايدۇ، بەلكى بىر
پادىشاھ ئۈستىمىزدە سەلتەنەت قىلسۇن› دەپ ماڭا ئېيتتىڭلار. [13] ئەمدى سىلەر ئىلغاپ
خالىغان پادىشاھنى كۆرۈڭلار. مانا خۇداۋەندە سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا بىر پادىشاھ قويدى.
[14] ئەگەر سىلەر خۇداۋەندىدىن قورقۇپ، خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئاسىيلىق قىلماي،
ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، خاھى سىلەر، خاھى ئۈستۈڭلارغا
سەلتەنەت قىلغان پادىشاھ بولسۇن تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە ئەگەشسەڭلار، سىلەرگە ياخشى
بولىدۇ. [15] لېكىن خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، بەلكى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا
ئاسىيلىق قىلساڭلار، خۇداۋەندىنىڭ قولى ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا زىت بولغاندەك سىلەرگە
زىت بولىدۇ. [16] ئەمدى تۇرۇپ تۇرۇپ، خۇداۋەندە كۆزلىرىڭلارنىڭ ئالدىدا قىلىدىغان ئۇلۇغ
ئەمەللەرگە قاراڭلار. [17] ئەمدى بۇغداي ئورىدىغان ۋاقىت ئەمەسمۇ؟ لېكىن مەن خۇداۋەندىگە
دۇئا قىلاي، ئۇ گۈلدۈرماما بىلەن يامغۇر ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر پادىشاھ تىلىگىنىڭلار
بىلەن خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا قانچە چوڭ يامانلىق قىلغىنىڭلارنى بىلىپ كۆرىسىلەر» دېدى.

18 ئاندىن سامۇئىل خۇداۋەندىگە دۇئا قىلسا، خۇداۋەندە ئۇ كۈندە گۈلدۈرماما بىلەن يامغۇر
ئەۋەتتى. ئۇ ۋاقىت خەلق خۇداۋەندىدىن ۋە سامۇئىلدىن تولا قورقتى. 19 خەلقنىڭ ھەممىسى
سامۇئىلغا: «تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە بىزنى ئۆلۈپ كەتمىسۇن دەپ، ئۆز قۇللىرىڭ ئۈچۈن دۇئا
قىلغىن. چۈنكى ھەممە گۇناھلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە يەنە يامانلىق ئاشۇرۇپ، ئۆزىمىزگە بىر
پادىشاھ تىلىدۇق ئەمەسمۇ؟» دېدى.
20 سامۇئىل خەلققە ئېيتتىكى: «قورقماڭلار. ھەممە بۇ يامانلىقنى قىلغان بولساڭلارمۇ، ئەمدى
خۇداۋەندىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭدىن كەتمەي، پۈتۈن كۆڭلۈڭلار بىلەن خۇداۋەندىگە ئىبادەت
قىلىپ، 21 ھېچ ئېزىقماڭلار. بولمىسا سىلەر سىلەرگە پايدا بېرەلمەيدىغان ۋە يا قۇتقۇزالمايدىغان
ئىناۋەتسىز نەرسىلەرگە ئەگىشىسىلەر. بۇلار پەقەت ئىناۋەتسىزدۇر. 22 خۇداۋەندە ئۆز ئۇلۇغ
ئىسمى ئۈچۈن ئۆز قوۋمىنى تاشلىمايدۇ، چۈنكى خۇداۋەندە سىلەرنى ئۆز قوۋمى قىلغىلى
ئىرادە قىلدى. 23 مەن بولسام، سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا دۇئا قىلىشىدىن توختاپ قېلىپ،
خۇداۋەندىگە گۇناھ قىلىشىمدىن مېنى خۇدا ساقلىسۇن. لېكىن سىلەرگە ياخشى ۋە راست
يولنى كۆرسىتەي. 24 پەقەت خۇداۋەندىدىن قورقۇپ، ساداقەتلىكتە پۈتۈن كۆڭلۈڭلار بىلەن
ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ، سىلەرگە قىلغان ئۇلۇغ ئەمەللەرنى ئويلاڭلار. 25 لېكىن يامانلىق
قىلساڭلار، ھەم ئۆزۈڭلار، ھەم پادىشاھىڭلار ھالاك بولىسىلەر».

## شائۇلنىڭ ئىتائەتسىزلىكى

13 1 شائۇل بىر يىل پادىشاھ بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە ئىككىنچى يىلدا سەلتەنەت
قىلغىنىدا، 2 شائۇل ئۆزىگە ئىسرائىلدىن ئۈچ مىڭ ئادەمنى ئىلغىۋالدى. ئىككى
مىڭى مىكماستا ۋە بەيتەلنىڭ تاغلىرىدا شائۇلنىڭ قېشىدا بولۇپ، بىر مىڭى بەنيامىن
يۇرتىدىكى گىبىيادا يوناتاننىڭ قېشىدا ئىدى. ئەمما قالغان خەلقنىڭ ھەربىرىنى ئۇنىڭ ئۆز
ئۆيىگە ئەۋەتتى.
3 لېكىن يوناتان بولسا فىلىستىنىيەلەرنىڭ گىبىيادىكى لەشكەرگاھىنى مەغلۇپ قىلدى.
فىلىستىنىيەلەر بۇنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ۋاقىت شائۇل پۈتۈن يۇرتىدا كاناي چالدۇرۇپ: «ئىبرانىيلار
بۇنى ئاڭلىسۇن» دەپ ئېيتتى. 4 پۈتۈن ئىسرائىل: «شائۇل فىلىستىنىيەلەرنىڭ لەشكەرگاھىنى
مەغلۇپ قىلدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل فىلىستىنىيەلەرنىڭ ئالدىدا
يامان كۆرۈندى دەپ بىلدى. بىلىپ، خەلق شائۇلنىڭ كەينىدىن گىلگالغا بېرىپ يىغىلدى.
5 فىلىستىنىيەلەر ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلغىلى يىغىلىپ، ئوتتۇز مىڭ ھارۋا، ئالتە مىڭ
ئاتلىق ۋە دېڭىزنىڭ كانارىدىكى قۇمدەك پىيادە ئەسكەر يىغىپ كېلىپ، بەيت-ئاۋەننىڭ
شەرق تەرىپىدىكى مىكماستا چېدىرلىرىنى تىكتى. 6 ئەمما ئىسرائىلنىڭ كىشىلىرى بولسا
ئۆزىنى تەڭلىكتە كۆردى، چۈنكى خەلق تولا قىستىلىپ، غارلاردا، چاتقاللىقلاردا، قورام

تاشلارنىڭ ئارىسىدا، ئېگىز جايلاردا ۋە ئازگاللاردا ئۆزىنى يوشۇرۇۋېلىپ، [7] بەزى ئىبرانىيلار
ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ گاد ۋە گىلىيادنىڭ يۇرتىغا ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن شائۇل گىلگالدا قېلىپ،
خەلقنىڭ ھەممىسى تىترەك بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى. [8] شائۇل ئۆزى سامۇئىل توختاتقان
ۋاقىتقىچە يەنى يەتتە كۈن ساقلاپ تۇردى. لېكىن سامۇئىل گىلگالغا كەلمىگىنى ئۈچۈن
خەلق ئۇنىڭدىن تارىلىپ كەتكىلى تۇردى. [9] شائۇل بولسا: «كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن
شۈكۈر قۇربانلىقىنى مۇندا ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ ئېيتتى. ئاندىن كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقنى
ئۆتكۈزدى. [10] لېكىن كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقنى قىلىپ بولغىنىدا سامۇئىل كەلدى. كەلسە،
شائۇل ئۇنىڭغا سالام قىلغىلى ئالدىغا چىقتى. [11] لېكىن سامۇئىل: «نېمە قىلدىڭ؟» دەپ
ئېيتتى. شائۇل ئېيتتىكى: «خەلق مەندىن تارىلىپ كېتىپ توختىتىلغان ۋاقىتتا سەن
كەلمەي قېلىپ، فىلىستىنىيلەرنىڭ مىكماستا يىغىلغىنىنى كۆرۈپ بىلگىنىمدە: [12] ‹ ئەمدى
فىلىستىنىيلەر گىلگالغا چۈشۈپ ئۈستۈمگە كېلىدۇ. مەن بولسام، تېخى خۇداۋەندىگە دۇئا
قىلمىدىم› دەپ ئويلاپ جۈرئەت قىلىپ، كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقنى كەلتۈردۈم» دېدى.
[13] سامۇئىل شائۇلغا ئېيتتى: «سەن ئەخمەقلىق قىلىپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بۇيرۇغان
ئەمرنى تۇتمىدىڭ. بولمىسا ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدىكى سەلتەنىتىڭ ئەبەدكىچە مەزمۇت
تۇراتتى. [14] لېكىن ئەمدى سېنىڭ سەلتەنىتىڭ مەزمۇت تۇرمايدۇ. خۇداۋەندە ئۆز كۆڭلىگە
مۇۋاپىق ئۆزىگە بىر ئادەمنى ئىزدەپ تاپتى. خۇداۋەندە ساڭا بۇيرۇغىنىنى قىلمىغىنىڭ ئۈچۈن
خۇداۋەندە ئۇنى ئۆز قوۋمىنىڭ باشلىغۇچىسى قىلدى، چۈنكى سەن خۇداۋەندە ساڭا بۇيرۇغاننى
تۇتمىدىڭ» دېدى.
[15] ئاندىن سامۇئىل قوپۇپ گىلگالدىن كېتىپ، بەنيامىن يۇرتىدىكى گىبىياغا باردى. ئەمما
شائۇل ئۆز قېشىدىكى ئادەملەرنى سانىغاندا سانى ئالتە يۈزچە چىقتى. [16] شائۇل بىلەن ئوغلى
يوناتان ۋە ئۇلارنىڭ قېشىدىكى خەلق بەنيامىن يۇرتىدىكى گىبىيادا توختاپ قالدى. لېكىن
فىلىستىنىيلەر مىكماستا چېدىر تىككەنىدى. [17] ئۇ ۋاقىت تالىغۇچىلار فىلىستىنىيلەرنىڭ
لەشكەرگاھىدىن چىقىپ، ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ، بىر بۆلەك شۇئال يۇرتىدىكى ئوفراغا
بارىدىغان يولغا چىقىپ، [18] بىر بۆلەك بەيت-خورونغا بارىدىغان يول بىلەن مېڭىپ، يەنە بىر
بۆلەك چۆلنىڭ چېتىدىكى زىبويىم ۋادىسىنىڭ تەرىپىگە بارىدىغان يولغا ماڭدى.
[19] ئەمما پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ يۇرتىدا ھېچبىر تۆمۈرچى قويۇلمىغانىدى. چۈنكى فىلىستىنىيلەر
بولسا، ئىبرانىيلار ئۆزىگە قىلىچ ياكى نەيزە ئېتەرمىكىن دەپ قورققانىدى. [20] بۇ سەۋەبتىن
ھەممە ئىسرائىلىيلار ئورغاق، كەتمەن، پالتا ۋە قوش چىشلىرىنى ئىتتىك قىلماق ئۈچۈن
فىلىستىنىيلەرنىڭ قېشىغا باراتتى. [21] قاچانكى ئورغاق، قوش چىشلىرى، كەتمەن، ئارا
ۋە پالتىلار گال بولسا ياكى سانجىغۇچىلارنى تۈزىتىدىغان ئىش بولسا، ئاندا بارماق لازىم
ئىدى. [22] ئۇنىڭ ئۈچۈن سوقۇش بولىدىغان ۋاقىتتا شائۇل ۋە يوناتان بىلەن بولغان خەلقنىڭ
ھېچبىرىدە قىلىچ ياكى نەيزە تېپىلمىغانىدى. يالغۇز شائۇل بىلەن ئوغلى يوناتاندا بار ئىدى.
[23] ئۇ ۋاقىت فىلىستىنىيلەرنىڭ بىر قاراۋۇلى مىكماستىكى داۋانغا چىققانىدى.

14 ¹ بىر كۈنى شائۇلنىڭ ئوغلى يوناتان ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە: «كەلگىن،
فىلىستىنىيلەرنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قاراۋۇلغا چىقايلى» دېدى. لېكىن ئاتىسىغا
ھېچبىر نېمە دېمىدى.
2 ئەمما شائۇل گىبېيانىڭ چېگرىسىدىكى مىگروندا بىر ئانار دەرىخىنىڭ تېگىدە قېلىپ،
ئۇنىڭ قېشىدىكى خەلق ئالتە يۈزچە ئادەم ئىدى. 3 ئۇ ۋاقىت ئاخىيا ئېفودنى كىيىپ
كاھىنلىق قىلاتتى. ئۇ ئۆزى شىلوھتا خۇداۋەندىگە كاھىنلىق قىلغان ئېلىنىڭ ئوغلى بولغان
پىنىخاسنىڭ ئوغلى ئىكابودنىڭ بۇرادىرى ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى ئىدى. خەلق بولسا يوناتاننىڭ
كەتكىنىنى بىلمىگەنىدى.
4 لېكىن يوناتان فىلىستىنىيلەرنىڭ قاراۋۇلغا كەلمەك ئۈچۈن ئۆتىدىغان داۋاننىڭ ئىككى
يېنىدا بىردىن تىك قورام تاش بار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى بوزەز ۋە يەنە بىرىنىڭ ئېتى سەنە
ئىدى. 5 بىرى شىمال تەرىپىدە مىكماسنىڭ ئۇتتۇرىدا، يەنە بىرى جەنۇب تەرىپىدە گىبېيانىڭ
ئۇتتۇرىدا ئىدى.
6 يوناتان ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە ئېيتتى: «كېلىپ، بۇ خەتنىسىزلەرنىڭ قاراۋۇلغا چىقايلى.
خۇداۋەندە بىز ئۈچۈن بىر نېمە قىلسا، ئاجايىپ ئەمەس، چۈنكى تولا ياكى ئازلارنىڭ قولى بىلەن
نۇسرەت بەرمەكتىن خۇداۋەندىنى ھېچنېمە توسمايدۇ» دېدى. 7 ئۇنىڭ ياراغ كۆتۈرگۈچىسى
ئۇنىڭغا ئېيتتى: «كۆڭلۈڭدە ھەرنېمە بولسا ئۇنى قىلغىن، سەن بارغىن. نە يەرگە خالىساڭ،
مەن بىللە باراي». 8 يوناتان ئېيتتى: «مانا بىز ئۇ ئادەملەرنىڭ تەرىپىگە چىقىپ، ئۆزىمىزنى
ئۇلارغا كۆرستەيلى. 9 ئەگەر ئۇلار بىزگە: ‹ بىز سىلەرگە يەتكۈچىلىك تۇرۇپ تۇرۇڭلار› دېسە،
ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقماي، ئۆز جايىمىزدا تۇرۇپ تۇرايلى. 10 لېكىن ئۇلار: ‹ بىزنىڭ قېشىمىزغا
چىقىڭلار› دېسە، چىقايلى. چۈنكى ئۇنداق بولسا، خۇداۋەندە ئۇلارنى قولىمىزغا بەردى دەپ، شۇ
بىزگە بىر بېشارەت بولغاي» دېدى.
11 ئىككىيلەن ئۆزىنى فىلىستىنىيلەرنىڭ قاراۋۇلغا كۆرسەتكەندە فىلىستىنىيلەر: «مانا
ئىبرانىيلار ئۆزىنى يوشۇرغان ئازگاللاردىن چىقتى» دېدى. 12 قاراۋۇلنىڭ ئەسكەرلىرى
يوناتان بىلەن ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە سۆز تاشلاپ ئېيتتى: «بىزگە چىقىڭلار، سىلەرگە بىر
نەرسە ئۆگىتەيلى!» دېدى. يوناتان ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە ئېيتتى: «ماڭا ئەگەشكىن، چۈنكى
خۇداۋەندە ئۇلارنى ئىسرائىلنىڭ قولىغا بەردى» دېدى. 13 يوناتان قول-پۇتلىرى بىلەن ئۆمىلەپ
چىقتى. ياراغ كۆتۈرگۈچىسى بولسا كەينىدىن ئۇنىڭغا ئەگەشتى. فىلىستىنىيلەر يوناتاننىڭ
ئالدىدا يىقىتىلغىلى تۇرسا، ياراغ كۆتۈرگۈچىسى كەينىدىن كېلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈردى.
14 ئاۋۋالقى ھۇجۇمدا يوناتان بىلەن ياراغ كۆتۈرگۈچىسى تەخمىنەن يېرىم قوشلۇق يەردە
يىگىرمىچە ئادەمنى ئۆلتۈردى. 15 ئۇ ۋاقىت سەھرادىكى لەشكەرگاھتا ۋە ھەممە خەلقنىڭ
ئارىسىغا تىترەك چۈشتى. قاراۋۇلچىلار بىلەن تالىغۇچىلار ھەم تىترەپ قورقۇپ، يەر ئۆزى
تەۋرىنىپ كېتىپ، خۇدا تەرىپىدىن چوڭ بىر قورقۇنچى كەلدى.

16 ئەمما شائۇلنىڭ ئۆزى بەنيامىن يۇرتىدىكى گىبېيادا قويۇپ قويغان قاراۋۇلچىلىرى قارىسا،
مانا خەلق پاراكەندە بولۇپ، ئۇ يان-بۇ يان يۈگۈرۈپ تۇرىدۇ. 17 ئۇ ۋاقىت شائۇل قېشىدىكى
خەلققە: «خەلقنى ساناڭلار. كىم بىزدىن كەتتى دەپ كۆرۈڭلار» دېدى. ئۇلار ساناپ باققاندا:
«مانا يوناتان بىلەن ياراغ كۆتۈرگۈچىسى يوق ئىكەن» دەپ كۆردى. 18 ئۇ ۋاقىت شائۇل
ئاخىياغا: «خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ كەلگىن» دەپ ئېيتتى. چۈنكى خۇدانىڭ
ئەھدە ساندۇقى ئۇ ۋاقىتتا بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى. 19 شائۇل كاھىنغا سۆز
قىلىپ تۇرغىنىدا غەلىبە فىلىستىنىيلەرنىڭ لەشكەرگاھىدا زىيادە بولۇپ تۇردى. شائۇل بولسا
كاھىنغا: «قولۇڭنى يىغقىن» دېدى. 20 ئاندىن شائۇل ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە خەلق
يىغىلىپ سوقۇشقا چىقتى. ئۇلار قارىسا، مانا ھەربىرى ئۆز ئاداشىغا قىلىچىنى كۆتۈرۈپ،
پاراكەندىلىك چوڭ بولۇپ تۇرۇپتۇ. 21 ئۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى فىلىستىنىيلەرنىڭ ئارىسىدا
بولۇپ ئۇلار بىلەن چۆرىسىدىكى يەرلەردىن لەشكەرگاھقا چىققان ئىبرانىيلار ئۆزى شائۇل ۋە
يوناتان بىلەن بولغان ئىسرائىلىيلارغا قوشۇلۇۋالدى. 22 شۇنىڭدەك ئەفرائىمنىڭ تاغلىرىدا
ئۆزىنى يوشۇرغان ئىسرائىلىيلار فىلىستىنىيلەرنىڭ قاچقىنىنى ئاڭلىغاندا بۇلار ھەم سوقۇشقا
چىقىپ، ئۇلارنى قوغلىدى. 23 خۇداۋەندە ئۇ كۈندە ئىسرائىلغا چوڭ نۇسرەت بەردى. سوقۇشنىڭ
ئۆزى بەيت-ئاۋەننىڭ ئۇ تەرىپىگىچە يەتتى.
24 ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى ئۇ كۈندە تەڭلىكتە ئىدى، چۈنكى شائۇل ئۇلارغا قەسەم قىلدۇرۇپ:
«مەن دۈشمەنلىرىمدىن ئىنتىقام ئالمىغۇچە ئاخشامدىن ئىلگىرى تائام يېگەن كىشى مەلئۇن
بولسۇن» دەپ ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن خەلقتىن ھېچكىم تائام يېمىدى. 25 ئەمما ئۇلارنىڭ
ھەممىسى جاڭگالغا يەتكەندە، مانا ھەسەل يەردە بار ئىدى. 26 خەلق جاڭگالغا كىرىپ قارىسا،
مانا ھەسەل تېمىپ تۇرىدۇ. لېكىن ھېچكىم قولىنى ئاغزىغا كۆتۈرمىدى، چۈنكى خەلق
قەسەمدىن قورقاتتى.
27 لېكىن يوناتان ئاتىسىنىڭ خەلققە قەسەم بەرگىنىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن
قولىدىكى ھاسىنى سۇنۇپ، ئۇچىنى ھەسەلگە تىقىپ قولىنى ئاغزىغا سالدى. شۇنى قىلىپ
كۆزلىرى روشەن بولدى. 28 ئەمما خەلقتىن بىرى سۆز قىلىپ: «سېنىڭ ئاتاڭ خەلققە چىڭ
قەسەم بېرىپ: ‹ بۇ كۈن تائام يېگەن كىشى مەلئۇن بولسۇن› دەپ ئېيتقانىدى» دېدى. لېكىن
خەلق بولسا ھېرىپ كەتكەچ، 29 يوناتان ئېيتتىكى: «مېنىڭ ئاتام يۇرتقا تەڭلىك كەلتۈردى.
كىچىككىنا ھەسەل يېگىنىم بىلەن مېنىڭ كۆزۈم شۇنچە روشەن بولغىنىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟
30 خەلق بۈگۈن دۈشمەنلەردىن ئالغان ئولجىدىن خالىغىنىنى يېگەن بولسا، فىلىستىنىيلەرنىڭ
ئارىسىدىكى قاتىللىق قانچە چوڭراق بولمامتى» دېدى.
31 ئۇشبۇ كۈن ئۇلار فىلىستىنىيلەرنى ئۇرۇپ، مىكماستىن تارتىپ ئايالونغىچە قوغلىدى. ئەمما
خەلق تولا ھېرىپ كەتكەنىدى. 32 ئۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئولجىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، قوي، ئۆي
ۋە موزايلارنى تۇتۇپ يەردە سويدى. ئاندىن خەلق قاننى ئېقىتماي گۆشنى يېدى. 33 ئۇلار شائۇلغا
خەۋەر بېرىپ: «خەلق قان يېگىنى بىللە خۇداۋەندىگە گۇناھ قىلىدۇ» دەپ ئېيتقاندا ئۇ ئېيتتى:

«خۇداۋەندىگە ئاسىيلىق قىلدىڭلار! ئەمدى بۇ يەرگە بىر چوڭ تاشنى يۇمىلىتىپ ئېلىپ كېلىڭلار»
دەپ، 34 شائۇل يەنە ئېيتتى: «خەلقنىڭ ئارىسىغا چىقىپ، ئۇلارغا ئېيتىڭلاركى: ‹ ھەربىر كىشى
ئۆز ئۇيىنى ۋە ھەربىر كىشى ئۆز قويىنى قېشىمغا ئېلىپ كېلىپ، بۇ يەردە سويۇپ يېسۇن. لېكىن
قان يېمەك بىلەن خۇداۋەندىگە گۇناھ قىلماڭلار. شۇنى دېسە، ھەممە خەلق ئۇ كېچىدە ھەربىرى
ئۆز قوي بىلەن ئۇيىنى ئېلىپ كېلىپ، ئاندا سويدى. 35 شائۇل بولسا خۇداۋەندىگە بىر قۇربانگاھ
ياسىدى. شۇ ئۆزى ئۇنىڭ خۇداۋەندىگە ياسىغان ئاۋۋالقى قۇربانگاھى ئىدى.
36 شائۇل ئېيتتى: «كېچىدە فىلىستىنىيلەرنىڭ ئارقىسىدىن چۈشۈپ قوغلاپ، ئەتە يورۇغۇچىلىك
ئۇلارنى تالاپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى تىرىك قويمايلى. ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «ھەرنېمە ساڭا
ياخشى كۆرۈنسە، قىلغىن» دېدى. لېكىن كاھىن سۆز قىلىپ: «مۇندا خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا
چىقايلى» دېدى. 37 شائۇل خۇدادىن: «فىلىستىنىيلەرنىڭ كەينىدىن چۈشۈپ بارايمۇ؟ ئۇلارنى
ئىسرائىلنىڭ قولىغا تاپشۇرىسەنمۇ؟» دەپ سورىدى. لېكىن ئۇ كۈندە ئۇنىڭغا ھېچ جاۋاب
بەرمىدى. 38 شائۇل ئېيتتى: «ئەي خەلقنىڭ ھەممە چوڭلىرى مۇندا چىقىڭلار. بۇ كۈن نېمە
گۇناھ قىلىندى دەپ، مەلۇم قىلىپ كۆرۈڭلار. 39 چۈنكى ئىسرائىلغا نۇسرەت بەرگەن تىرىك
خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ گۇناھ يوناتاندا تېپىلسىمۇ، ئۇ جەزمەن ئۆلتۈرۈلسۇن»
دېدى. لېكىن پۈتۈن خەلقتىن ھېچكىم ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.
40 ئاندىن ئۇ پۈتۈن ئىسرائىلغا ئېيتتى: «سىلەر بىر تەرەپتە تۇرۇڭلار مەن بىلەن ئوغلۇم يوناتان
يەنە بىر تەرەپتە تۇرايلى» دېدى. خەلق شائۇلغا: «نېمە ساڭا ياخشى كۆرۈنسە، قىلغىن» دېدى.
41 شائۇل ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە: «ھەقىقەتنى ئاشكارا قىلغىن» دەپ ئېيتتى. ئۇ
ۋاقىت چەك شائۇل بىلەن يوناتانغا چىقتى، ئەمما خەلق قۇتۇلدى. 42 شائۇل ئېيتتى: «مەن
بىلەن ئوغلۇم يوناتاننىڭ ئوتتۇرىسىغا چەك تاشلاڭلار» دېدى. شۇنداق قىلسا، چەك يوناتانغا
چىقتى. 43 شائۇل يوناتانغا ئېيتتى: «قىلغىنىڭنى ماڭا ئېيتقىن». يوناتان ئۇنىڭغا دەپ بېرىپ
ئېيتتى: «قولۇمدا بار ھاسا بىلەن كىچىككىنا ھەسەل ئېلىپ يېدىم ۋە مانا ئۆلۈشۇم كېرەك.
44 شائۇل ئېيتتى: «شەكسىز ئۆلىسەن، ئەي يوناتان. بولمىسا خۇدا ماڭا ئۇنداق قىلسۇن،
مۇنداق قىلسۇن ۋە بۇنىڭدىن زىيادە قىلسۇن» دېدى. 45 لېكىن خەلق شائۇلغا ئېيتتى:
«بۇ چوڭ نۇسرەتنى ئىسرائىلغا تاپتۇرغان يوناتان ئۆلتۈرۈلسۇنمۇ؟ خۇدا ساقلىسۇن! تىرىك
خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ئۇنىڭ بېشىدىن بىر تال چاچ يەرگە چۈشمىسۇن. چۈنكى
ئۇ ئۆزى خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن بۇ كۈن چوڭ ئىش قىلدى» دېدى. بۇ تەرىقىدە خەلق يوناتاننى
ئۆلۈمدىن خالاس قىلدى.
46 شائۇل بولسا فىلىستىنىيلەرنى قوغلاشتىن يېنىپ كېتىپ، فىلىستىنىيلەرمۇ ئۆز جايىغا
قايتىپ كەتتى.
47 شائۇل ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلىپ، چۆرىسىدىكى دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ
قىلدى. موئاب، بەنى-ئاممون، ئېدوم، زوبانىڭ پادىشاھلىرى ۋە فىلىستىنىيلەر بىلەن سوقۇش
قىلىپ، قايسى تەرىپىگە يۈزلەنسە، غالىب كەلدى. 48 ئۇ چوڭ ئىشلار قىلىپ ئامالەكىيلەرنى

ئۇرۇپ، ئىسرائىلنى تالىغۇچىلاردىن قۇتقۇزدى.

[49] شائۇلنىڭ ئوغۇللىرى: «يوناتان، يىشۋى، مەلكىشۇئا بولۇپ قىزلىرىنىڭ ئىسىملىرى بولسا چوڭىنىڭ ئىسمى مېراب، كىچىكىنىڭ ئىسمى مىكال ئىدى. [50] شائۇلنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى ئاخىنوئام بولۇپ، بۇ ئۆزى ئاخىمائازنىڭ قىزى ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارىنىڭ ئىسمى ئابنەر بولۇپ، بۇ ئۆزى شائۇلنىڭ تاغىسى نەرنىڭ ئوغلى ئىدى. [51] قىس شائۇلنىڭ ئاتىسى ئىدى ۋە ئابنەرنىڭ ئاتىسى نەر ئابىيەلنىڭ ئوغلى ئىدى.

[52] شائۇلنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە فىلىستىيلەر بىلەن قاتتىق جەڭ بولۇپ تۇردى. شائۇل ئۆزى ھەرقاچان كۈچلۈك بىر ئادەم ياكى پالۋان بىر ئادەمنى كۆرسە، ئۇنى ئۆز خىزمىتىگە سالاتتى.

## 15

[1] لېكىن سامۇئىل شائۇلغا ئېيتتى: «خۇداۋەندە سېنىڭ ئۆز قوۋمى ئىسرائىل ئۈستىگە پادىشاھ بولمىقىڭغا سېنى مەسىھلىگىلى مېنى ئەۋەتتى. ئەمدى خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىن. [2] ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ئامالەك ئىسرائىلغا قىلغان ئىشنى ياد قىلىمەن، قانداقكى، ئۇ ئۆزى ئىسرائىل مىسىردىن چىققاندا يولىنى توستى. [3] ئەمدى بېرىپ، ئامالەكنى ئۇرۇپ، ھەممە بارىنى ئايىماي، بەلكى ئەر كىشى بىلەن خوتۇن، بالا بىلەن ئېمىدىغان بالا، كالا بىلەن قوي، تۆگە بىلەن ئېشەك، ھەممىسىنى يوقاتقىن› دەپ ئېيتتى» دېدى.

[4] ئۇ ۋاقىت شائۇل خەلقنى جەم قىلىپ تېلائىمدا ئۇلارنى سانىغاندا ئىككى يۈز مىڭ پىيادە ئەسكەر چىقىپ، يەھۇدا قەبىلىسىدىن ئون مىڭ ئادەم چىقتى. [5] شائۇل ئامالەك شەھىرىگە كەلگەندە ۋادىدا ئۆزىنى يوشۇرۇپ ماراپ تۇردى. [6] ئاندىن شائۇل قېنىيلارغا ئېيتقۇزدىكى: «ئامالەكىيلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ چۈشۈپ كېتىڭلار، بولمىسا سىلەرنى ئۇلار بىلەن ئۆلتۈرۈۋشۇم مۇمكىن. چۈنكى بەنى-ئىسرائىل مىسىردىن چىققاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مېھرىبانلىق قىلدىڭلار» دېدى. شۇنى دېسە، قېنىيلار ئامالەكىيلەردىن چىقىپ كەتتى. [7] ئەمما شائۇل ئامالەكىيلەرنى ئۇرۇپ، خاۋىلادىن تارتىپ مىسىرنىڭ ئۇتتۇرىدىكى شۇرغىچە قوغلاپ، [8] ئامالەكىيلەرنىڭ پادىشاھى ئاگاگنى تىرىك تۇتۇپ، ھەممە خەلقنى قىلىچ بىسى بىلەن تامامەن يوقاتتى. [9] ئەمما شائۇل بىلەن خەلق بولسا ئاگاگنى ئاياپ، قوي بىلەن كالىلاردىن، بورداق قوزا بىلەن قوچقارلاردىن ھەممىدىن ياخشىسىنى ئاياپ، ئۇلارنى يوقاتقىلى خالىمىدى. لېكىن ئۇلار ئورۇق ۋە يارىمايدىغان مالنى يوقاتتى.

[10] خۇداۋەندىنىڭ سۆزى سامۇئىلغا كېلىپ: [11] «شائۇلنى پادىشاھ قىلغىنىمغا ئەپسۇسلاندىم، چۈنكى ئۇ مەندىن يېنىپ، مېنىڭ سۆزۈمگە ئۇنىمىدى» دېدى. ئۇ ۋاقىت سامۇئىل غەمكىن بولۇپ پۈتۈن كېچىدە خۇداۋەندىگە پەرياد قىلدى. [12] ئەتىسى سامۇئىل سەھەر قوپۇپ، شائۇلنىڭ ئالدىغا چىققاندا سامۇئىلغا: «شائۇل كارمەلگە بېرىپ، ئۆزىگە بىر يادىكار سىلىپ، ئاندىن يېنىپ گىلگالغا چۈشۈپتۇ» دېگەن خەۋەر بېرىلدى.

13 سامۇئىل شائۇلنىڭ قېشىغا كەلگەندە شائۇل ئۇنىڭغا: «خۇداۋەندە تەرىپىدىن مۇبارەك
بولغايسەن. خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق قىلدىم» دېدى. 14 لېكىن سامۇئىل ئېيتتى:
«ئۇنداق بولسا، قۇلىقىمغا يەتكەن قوي مەرىشى بىلەن ماڭا ئاڭلانغان كالا مۆرىشى نېمىدۇر؟»
15 شائۇل جاۋاب بېرىپ: «ئۇلار بۇنى ئامالەكىيلەردىن ئېلىپ كەلدى، چۈنكى خەلق تەڭرىڭ
خۇداۋەندىگە قۇربانلىق قىلماق ئۈچۈن قوي-كالىنىڭ ياخشىسىنى ئايىدى، لېكىن قالغىنىنى
يوقاتتى» دېدى. 16 سامۇئىل شائۇلغا: «قويغىن. خۇداۋەندە بۇ كېچە ماڭا نېمە دېگىنىنى ساڭا
ئېيتىپ بېرەي» دېدى. ئۇ ئۇنىڭغا: «ئېيتقىن» دېدى.
17 سامۇئىل ئېيتتى: «سەن ئۆز كۆزۈڭدە كىچىك ئىكەنلىكىڭدە ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ
بېشى بولدۇڭ ئەمەسمۇ؟ خۇداۋەندە ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە پادىشاھ بولغىلى سېنى
مەسىھلىدى. 18 خۇداۋەندە سېنى ئەۋەتىپ: ‹ سەن بېرىپ گۇناھكار ئامالەكىيلەرنى خاراب
قىلىپ، ئۇلارنى يوقاتقۇچە ئۇلار بىلەن سوقۇشقىن› دېمىدىمۇ؟ 19 نېمىشقا خۇداۋەندىنىڭ
سۆزىگە قۇلاق سالماي، بەلكى ئولجىغا يۈگۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشنى
قىلدىڭ؟» دېدى.
20 شائۇل سامۇئىلغا ئېيتتىكى: «مەن خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، خۇداۋەندە
مېنى ئەۋەتكەن يول بىلەن مېڭىپ، ئامالەكىيلەرنىڭ پادىشاھى ئاگاگنى ئېلىپ كېلىپ،
ئامالەكىيلەرنىڭ ئۆزىنى يوقاتتىم. 21 لېكىن خەلق يوقىتىلىدىغان ئولجىنىڭ ھەممىدىن
ياخشىسىدىن تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە گىلگالدا قۇربانلىق قىلماق ئۈچۈن قوي بىلەن كالا
ئېلىپ كەلدى». 22 سامۇئىل ئېيتتى: «خۇداۋەندە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن سويۇم
قۇربانلىقلارنى كەلتۈرۈشنى خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىشتەك ياخشى كۆرەمدۇ؟ مانا
ئىتائەت قىلماقلىق قۇربانلىق قىلماقلىقتىن ياخشى ۋە ئۇنىماقلىق بولسا قوچقار يېغىدىن
ئەۋزەلدۇر. 23 چۈنكى ئۇنىماسلىق جادۇگەر گۇناھىدەك بولۇپ، جاھىللىق ئۆزى بۇتپەرەسلىك
بىلەن سۇرەتپەرەسلىكتۇر. سەن خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى تاشلىغىنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە سېنى
تاشلاپ، پادىشاھلىقتىن چىقاردى» دېدى.
24 شائۇل سامۇئىلغا ئېيتتى: «مەن گۇناھ قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ پەرمانىدىن ۋە سېنىڭ
سۆزۈڭدىن چىقتىم. چۈنكى خەلقتىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم. 25 ئەمدى
گۇناھىمنى ئەپۇ قىلىپ، خۇداۋەندىگە سەجدە قىلىشىم ئۈچۈن مەن بىلەن يېنىپ بارغىن».
26 سامۇئىل شائۇلغا ئېيتتى: «سەن بىلەن يېنىپ بارمايمەن، چۈنكى خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى
تاشلىغىنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە سېنى تاشلىدى. شۇنداقكى، ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە پادىشاھ
بولمايسەن» دېدى.
27 سامۇئىل كەتكىلى بۇرۇلغاندا شائۇل ئۇنىڭ پەرەنجىسىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ يىرتتى.
28 سامۇئىل ئۇنىڭغا ئېيتتى: «خۇداۋەندە بۇ كۈن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىقىنى سەندىن
تارتىۋېلىپ، سەندىن ياخشىراق باشقا بىرىگە بەردى. 29 ئىسرائىلدىكى شەرەپلىك زات ئۆزى
يالغان سۆزلىمەيدۇ، پۇشايمانمۇ بولمايدۇ ئۇ ئۆزى ئىنسان بولمىغىنى ئۈچۈن پۇشايمان

قىلمايدۇ». [30] ئاندىن ئۇ ئېيتتى: «مەن گۇناھ قىلدىم. لېكىن قوۋمىمنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ۋە
ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا ماڭا ئىززەت قىلىپ، مەن بىلەن يېنىپ بارغىنكى، تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە
سەجدە قىلاي» دېدى. [31] ئۇ ۋاقىت سامۇئىل شائۇل بىلەن يېنىپ باردى ۋە شائۇل خۇداۋەندىگە
سەجدە قىلدى.
[32] سامۇئىل سۆز قىلىپ: «ئامالەكىيلەرنىڭ پادىشاھى ئاگاگنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ
كېلىڭلار» دېدى. ئاگاگ بولسا خۇشلۇق بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا باردى. ئاگاگ ئېيتتى: «شەكسىز
ئۆلۈمنىڭ ئاچچىقى ئۆتتى». [33] ئەمما سامۇئىل ئېيتتى: «سېنىڭ قىلىچىڭ خوتۇنلارنى
بالىسىز قىلغاندەك سېنىڭ ئاناڭمۇ خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدا بالىسىز بولسۇن» دەپ، سامۇئىل
گىلگالدا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئاگاگنى چاناپ پارە-پارە قىلدى. [34] ئاندىن سامۇئىل راماغا
باردى. ئەمما شائۇل ئۆزى شائۇل گىبىياسى دېگەن جايدىكى ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. [35] سامۇئىل
ئۆزى ۋاپات كۈنىگىچە شائۇل بىلەن كۆرۈشكىلى بارمىدى. ئەمما سامۇئىل شائۇل ئۈچۈن غەم
يەيتتى. خۇداۋەندە شائۇلنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ قىلغىنىدىن ئەپسۇس ئىدى.

## داۋۇد پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلىنىدۇ

16 [1] خۇداۋەندە سامۇئىلغا سۆزلەپ: «سەن قاچانغىچە شائۇل ئۈچۈن غەم يەيسەن؟ ئۇ
ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلمىسۇن دەپ، ئۆزۈم ئۇنى تاشلىدىم ئەمەسمۇ؟
ئۆز ياغ مۈڭگۈزۈڭنى ياغ بىلەن تولدۇرۇپ بارغىن. مەن سېنى بەيتلەھەملىك يەشاينىڭ قېشىغا
ئەۋەتەي. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنى پادىشاھ بولۇشقا ئۆزۈمگە ئىلغىدىم» دېدى. [2] لېكىن
سامۇئىل ئېيتتى: «مەن قانداق بارالايمەن؟ شائۇل ئاڭلىسا، مېنى ئۆلتۈرىدۇ». خۇداۋەندە
ئېيتتى: «بىر غۇنەجىننى ئالغاچ بېرىپ: ‹ خۇداۋەندىگە قۇربانلىق قىلماق ئۈچۈن كەلدىم› دەپ
ئېيتىپ، [3] يەشاينى قۇربانلىققا قىچقارغىن. ئاندىن مەن ئۆزۈم ساڭا قىلىدىغىنىڭنى بىلدۈرەي
ۋە مەن ساڭا كۆرسىتىدىغان كىشىنى ئۆزۈم ئۈچۈن مەسىھلىگەيسەن» دېدى. [4] سامۇئىل
خۇداۋەندە ئېيتقاندەك قىلىپ بەيتلەھەمگە باردى. لېكىن كەلگىنىدە شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرى
قورقۇپ: «تىنچ-ئامانلىق نىيىتى بىلەن كەلدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. [5] ئۇ ئېيتتى: «تىنچ-
ئامانلىق نىيىتى بىلەن كېلىپ، خۇداۋەندىگە قۇربانلىق قىلماقچىمەن. ئۆزۈڭلارنى مۇقەددەس
قىلىپ، مەن بىلەن بىللە قۇربانلىققا كېلىڭلار» دەپ ئېيتىپ، يەشاي بىلەن ئوغۇللىرىنى
مۇقەددەس قىلىپ، قۇربانلىققا قىچقاردى.
[6] ئۇلار كەلگەندە ئۇ ئېلىيابنى كۆرۈپ: «شەكسىز خۇداۋەندىنىڭ مەسىھلىگىنى مېنىڭ ئالدىمدا
تۇرىدۇ» دەپ ئېيتتى. [7] لېكىن خۇداۋەندە سامۇئىلغا ئېيتتى: «ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن ئېگىز
بويلۇقىغا قارىمىغىن. مەن ئۇنى تاشلىدىم، چۈنكى خۇداۋەندە ئادەم كۆرگىنىدەك كۆرمەيدۇ.
ئادەم بولسا زاھىرىي كۆرۈنۈشكە قارايدۇ، لېكىن خۇداۋەندە كۆڭۈلگە قارايدۇ» دېدى.

[8] ئۇ ۋاقىت يىشاي ئابىنادابنى قىچقىرىپ، ساموئىلنىڭ ئالدىغا كىرگۈزدى. ئەمما ئۇ ئېيتتى: «خۇداۋەندە بۇنى ھەم ئىلغىمىدى». [9] ئاندىن يىشاي شاممانى ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ ئېيتتى: «خۇداۋەندە بۇنى ھەم ئىلغىمىدى». [10] شۇنىڭغا ئوخشاش يىشاي ئوغۇللىرىنىڭ يەتتىسىنى ساموئىلنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزدى. لېكىن ساموئىل يىشايغا ئېيتتى: «خۇداۋەندە بۇلارنى ئىلغىمىدى». [11] شۇنى دەپ، ساموئىل يىشايدىن: «ھەممە يىگىتلەر شۇمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئېيتتى: «ھەممىدىن كىچىكى قالدى، لېكىن ئۇ قويلارنى باقىدۇ». ساموئىل يىشايغا ئېيتتى: «ئۇنى قىچقىرىپ ئېلىپ كەلگىن. ئۇ كەلگۈچە داستىخاندا ئولتۇرمايمىز» دېدى. [12] ئۇ ۋاقىت ئۇ كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى كەلتۈردى. ئۇ ئۆزى يۈزى ھال رەڭلىك، كۆزلىرى چىرايلىق ۋە كېلىشكەن بىر يىگىت ئىدى. خۇداۋەندە ئېيتتى: «قوپۇپ ئۇنى مەسىھلىگىن، چۈنكى ئۇ شۇدۇر». [13] ئۇ ۋاقىت ساموئىل ياغ مۈڭگۈزىنى ئېلىپ، ئۇنى بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدا مەسىھلىدى. ئۇ كۈندىن تارتىپ خۇداۋەندىنىڭ روھى داۋۇدنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ساموئىل بولسا قوپۇپ راماغا كەتتى.

## داۋۇدنىڭ شائۇل ئۈچۈن چاڭ چېلىشى

[14] ئەمما خۇداۋەندىنىڭ روھى شائۇلدىن كەتكەندىن كېيىن خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن بىر يامان روھ ئۇنى پەرىشان قىلاتتى. [15] شائۇلنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مانا خۇدانىڭ تەرىپىدىن بىر يامان روھ سېنى پەرىشان قىلىدۇ. [16] ئەمدى خوجىمىز ئۆز ئالدىڭدىكى خىزمەتكارلىرىڭنى بۇيرۇغىنكى، چاڭ چېلىشقا بىر ئۇستا ئادەمنى تاپسۇن. مانا خۇدانىڭ تەرىپىدىن ئۇ يامان روھ ئۈستۈڭگە كەلسە، ئۇ چاڭ چالسۇن. بۇنىڭ بىلەن ئەھۋالىڭ ئوبدان بولىدۇ» دېدى. [17] شائۇل خىزمەتكارلىرىغا ئېيتتى: «مەن ئۈچۈن چاڭ چېلىشقا ئۇستا بىر كىشىنى ئىزدەپ تېپىپ، قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. [18] غۇلاملاردىن بىرى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مانا بەيتلەھەملىك يىشاينىڭ بىر ئوغلىنى كۆردۈم. ئۇ ئۆزى چاڭ چېلىشقا ئۇستا بولۇپ ئۆزى باتۇر، جەڭدە پالۋان، ھوشيار ۋە كېلىشكەن بىر ئادەم ئىكەن ۋە خۇداۋەندە ئۇنىڭ بىلەندۇر» دېدى. [19] بۇنى ئاڭلاپ، شائۇل يىشايغا خەۋەرچىلەر ئەۋەتىپ: «قويلارنى باقىدىغان ئوغلۇڭ داۋۇدنى ماڭا ئەۋەتكىن» دەپ ئېيتقۇزدى. [20] يىشاي بىر ئېشەكنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا نان، بىر تۇلۇم شاراب ۋە بىر ئوغلاقنى ئارتىپ، ئۆز ئوغلى داۋۇدتىن شائۇلنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. [21] بۇ تەرىقىدە داۋۇد شائۇلنىڭكىگە كېلىپ، ئۇنىڭ قېشىدا تۇرىدىغان بولدى. شائۇل ئۇنىڭغا تولا ئامراق بولۇپ، ئۇنى ئۆز ياراغ كۆتۈرگۈچىسى قىلدى. [22] ئاندىن شائۇل يىشايغا خەۋەر ئەۋەتىپ: «داۋۇد مېنىڭ قېشىمدا تۇرسۇن. ئۇ نەزىرىمدە ئىلتىپات تاپتى» دەپ ئېيتقۇزدى. [23] ئەمدى ئۇ روھ خۇدا تەرىپىدىن شائۇلنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە داۋۇد چاڭنى ئېلىپ، ئۆز قولى بىلەن چالاتتى. بۇنىڭ بىلەن شائۇل ئارام تېپىپ، ئەھۋالى ئوبدان بولۇپ، يامان روھ ئۇنىڭدىن چىقاتتى.

## داۋۇد ۋە گولىيات

17 [1] ئەمما فىلىستىيلەر جەڭ قىلماق ئۈچۈن قوشۇنلىرىنى يىغدى. ئۇلار يەھۇدا
يۇرتىدىكى سوكودا جەم بولۇپ، سوكوھ بىلەن ئازىقانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەفەس-
داممىمدا چېدىرلىرىنى تىكتى. [2] شائۇل بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى ھەم جەم بولۇپ،
ئېلا ۋادىسىدا چېدىرلىرىنى تىكىپ، فىلىستىيلەر بىلەن جەڭ قىلغىلى سەپ تۈزدى.
[3] فىلىستىيلەر بىر تەرىپىدىكى تاغدا تۇرۇپ، ئىسرائىل يەنە بىر تەرەپتىكى تاغدا تۇرۇپ،
ئوتتۇرىسىدا بىر ۋادى بار ئىدى. [4] فىلىستىيلەرنىڭ قوشۇنلىرىدىن گاتلىق گولىيات
دېگەن بىر پالۋان چىقتى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە گەز بىر غېرىچ ئىدى. [5] بېشىغا مىس
قالغىنى كىيىپ، ساۋۇت بىلەن قوراللانغانىدى. ئۇنىڭ ساۋۇتى بولسا بەش مىڭ شېقەلنىڭ
مىسىدەك ئېغىر ئىدى. [6] پاچاقلىرىغا مىستىن تىزلىق باغلاپ، ئۆشنىسىدە مىستىن بىر نەيزە
كۆتۈرەتتى. [7] نەيزىسىنىڭ سېپى باپكارنىڭ خادىسىدەك ئىدى. نەيزىسىنىڭ ئۈچى ئۆزى ئالتە
مىڭ شېقەلنىڭ تۆمۈرىدەك ئېغىر ئىدى. بىر كىشى سىپار كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى.
[8] ئۇ تۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ قوشۇنلىرىغا خىتاب قىلىپ ئۇلارغا ئېيتتى: «نېمىشقا چىقىپ
جەڭ قىلماق ئۈچۈن سەپ تۈزگەنسىلەر؟ مەن بىر فىلىستىنىي ئەمەسمۇ؟ سىلەر بولساڭلار
شائۇلنىڭ قۇللىرى ئەمەسمۇ؟ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىلغاڭلار. ئۇ ماڭا چۈشۈپ
كەلسۇن. [9] ئۇ مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرەلىسە، بىز سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار بولايلى. لېكىن مەن ئۇنى
مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈرسەم، سىلەر بىزنىڭ قۇللىرىمىز بولۇپ، بىزگە خىزمەت قىلغايسىلەر»
دېدى. [10] ئۇ فىلىستىنىي يەنە سۆز قىلىپ: «مەن بۇ كۈن ئىسرائىلنىڭ قوشۇنىغا ھاقارەت
قىلدىم. ماڭا بىر ئادەم كەلتۈرۈڭلار، بىز سوقۇشايلى» دېدى. [11] شائۇل بىلەن ھەممە ئىسرائىل
بۇ فىلىستىنىينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا ھودۇقۇپ قېلىپ، تولا قورقتى.
[12] داۋۇد بولسا يەھۇدا يۇرتىدىكى بەيتلەھەمدە ئولتۇراقلىق يىشاي دېگەن ئەفراتىي ئادەمنىڭ
ئوغلى ئىدى. بۇ يىشاينىڭ سەككىز ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئۆزى شائۇلنىڭ ۋاقتىدا قېرى بولۇپ،
ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئاقساقالدەق ئىدى. [13] ئەمما يىشاينىڭ ئۈچ چوڭ ئوغلى شائۇل بىلەن جەڭگە
چىققانىدى. جەڭگە چىققان ئۈچ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرى بولسا تۇنجىسىنىڭ ئىسمى ئېلىياب
ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ئابىناداب ۋە ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى شامما ئىدى. [14] ئەمما ھەممىدىن
كىچىكى داۋۇد ئىدى. مەزكۇر ئۈچ چوڭ ئوغلى شائۇلغا ئەگەشكەنىدى. [15] لېكىن داۋۇد بىرەر-بىرەر
شائۇلدىن كېتىپ، ئۆز ئاتىسىنىڭ قويلىرىنى باققىلى بەيتلەھەمگە چىقىپ باراتتى.
[16] ئۇ فىلىستىنىي بولسا قىرىق كۈنگىچىلىك ئەتە-ئاخشام چىقىپ تۇردى.
[17] يىشاي ئۆز ئوغلى داۋۇدقا ئېيتتى: «ئاكىلىرىڭ ئۈچۈن بۇ قوماچتىن بىر ئېفا جايلاپ، بۇ
ئون نانىنمۇ ئېلىپ، لەشكەرگاھقا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئاكىلىرىڭغا بېرىپ، [18] بۇ ئون قۇرۇت
پارچىلىرىنى ئۇلارنىڭ سەردارىغا ئالغاچ بېرىپ، ئاكىلىرىڭنىڭ سالامەتلىكىنى سوراپ،
ئۇلاردىن بىر نىشانە ئېلىپ كەلگىن» دېدى. [19] شائۇلنىڭ ئۆزى بىلەن بۇلار ۋە ئىسرائىلنىڭ
ھەممە ئادەملىرى ئېلا ۋادىسىدا تۇرۇپ، فىلىستىيلەرگە قارشى جەڭ قىلاتتى.

20 ئەتىسى داۋۇد سەھەر قوپۇپ، قويلىرىنى بىر خەۋەر ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ، ھەممە نەرسىنى
ئېلىپ يىشاي ئۇنىڭغا بۇيرۇغاندەك چىقىپ كېتىپ، ھارۋا مەيدانىغا يەتكەندە سوقۇشقا
چىقىدىغان قوشۇن جەڭنىڭ نەرىسىنى تارتتى. 21 ئاندىن ئىسرائىل ۋە فىلىستىيلەر بىر-
بىرىنىڭ ئۇتتۇرىدا سوقۇشقا سەپ تۈزدى. 22 داۋۇد بولسا نەرسىلىرىنى جابدۇقتىن خەۋەر
ئالغۇچىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، قوشۇنغا يۈگۈرۈپ ئاكىلىرىغا سالام قىلدى. 23 بۇ ئۇلار
بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغاندا گاتلىق فىلىستىيلىك گولىيات دېگەن پالۋان فىلىستىيلەرنىڭ
قوشۇنىدىن چىقىپ، بالدۇرقىدەك سۆز قىلسا، داۋۇد شۇنى ئاڭلىدى. 24 ئىسرائىلنىڭ ھەممە
ئادەملىرى گولىياتنى كۆرگەندە ئۇنىڭدىن قېچىپ تولا قورقتى. 25 ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى
سۆزلىشىپ: «بۇ قوپقان ئادەمنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئىسرائىلغا ھاقارەت قىلغىلى قوپىدۇ. ئۇنى
ئۆلتۈرگەن ئادەمنى پادىشاھ تولا ئىنئام بىلەن باي قىلىپ، ئۆز قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىپ،
ئاتىسىنىڭ ئۆيىنى ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە باج-ئالۋان بېرىشىدىن ئازاد قىلىدۇ» دېيىشتى.
26 داۋۇد ئۆز يېنىدا تۇرغان ئادەملەردىن سوراپ: «بۇ فىلىستىيىنى ئۆلتۈرۈپ، شۇ ھاقارەتنى
ئىسرائىلدىن كۆتۈرگەن كىشىگە نېمە تېگىدۇ؟ بۇ خەتنىسىز فىلىستىيي كىم ئىكەنكى
تىرىك خۇدانىڭ قوشۇنىغا ھاقارەت قىلغاي» دېدى. 27 خەلق ئۇنىڭغا مەزكۇر سۆزلەرنى دەپ
بېرىپ، ئۇنىڭغا: «ئۇنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە شۇنداق قىلىدۇ» دېدى.
28 لېكىن ئۇنىڭ چوڭ ئاكىسى ئېلىياب ئۇنىڭ ئۇ ئادەملەر بىلەن سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىدى.
ئاڭلاپ، ئېلىيابنىڭ ئاچچىقى داۋۇدقا تۇتىشىپ: «نېمىشقا بۇ يەرگە چۈشۈپ كەلدىڭ؟
چۆلدىكى ئۇ كىچىك پادىنى كىمگە تاشلاپ قويدۇڭ؟ مەن كىبىرلىك ئىكەنلىكىڭنى ئۇقۇپ،
كۆڭلۈڭنىڭ يامانلىقىنى بىلىمەن. جەڭنى كۆرگىلى چۈشۈپ كەلدىڭ» دېدى. 29 داۋۇد ئېيتتى:
«ئەمدى نېمە قىلدىم؟ ئاران بىر سۆز سورىدىم» دەپ، 30 ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ، باشقىسىدىن
بالدۇرقىدەك سورىدى. خەلق ئىلگىرى ئېيتقاندەك ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى.
31 ئەمما داۋۇد ئېيتقان سۆز شائۇلغا ھەم ئاڭلىنىپ قالغاچ ئۇ داۋۇدنى ئېلىپ كەلتۈردى.
32 داۋۇد شائۇلغا ئېيتتى: «ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ھېچكىمنىڭ كۆڭلى جۈرئەتسىز بولمىسۇن.
ئۆز قۇلۇڭ ئۇ فىلىستىيي بىلەن سوقۇشقىلى بارغۇسى بار» دېدى. 33 شائۇل داۋۇدقا ئېيتتى:
«ئۇ فىلىستىيي بىلەن سوقۇشقىلى بارالمايسەن. سەن تېخى بىر يىگىت ئىكەنسەن. ئەمما ئۇ
ياشلىقىدىن تارتىپ بىر جەڭ كىشىسى ئەمەسمۇ؟» دېدى. 34 داۋۇد شائۇلغا ئېيتتى: «قۇلۇڭ
ئۆز ئاتىسىنىڭ قويلىرىنى باققاندا بىر شىر ياكى بىر ئېيىق كېلىپ، پادىدىن بىر قوينى
ئېلىپ كەتسە، 35 مەن ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ ئۇنى ئۇرۇپ، قوينى ئاغزىدىن تارتىۋالاتتىم.
ئەگەر قوپۇپ ماڭا يانسا، يېلىدىن تۇتۇپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرەتتىم. 36 قۇلۇڭ ھەم شىر ھەم ئېيىق
ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇ خەتنىسىز فىلىستىيي تىرىك خۇدانىڭ قوشۇنىغا ھاقارەت قىلغانىدىن
كېيىن ئۇلارنىڭ بىرىدەك بولسۇن» دەپ، 37 داۋۇد يەنە ئېيتتى: «مېنى شىرنىڭ چاڭگىلىدىن
ۋە ئېيىقنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزغان خۇداۋەندە مېنى ھەم ئۇ فىلىستىيىنىڭ قولىدىن
قۇتقۇزىدۇ» دېدى. شائۇل داۋۇدقا ئېيتتى: «بارغىن. خۇداۋەندە سەن بىلەن بولسۇن» دېدى.

[38] ئاندىن شائۇل داۋۇدقا ئۆز كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، بېشىغا بىر مىس قالقىنى قويۇپ،
ئۇنىڭغا بىر ساۋۇتنى كىيدۈردى. [39] داۋۇد بولسا شائۇلنىڭ قىلىچىنى كىيىمىنىڭ ئۈستىگە
باغلاپ، بالدۇر ياراغ كىيىپ باقمىغىنى ئۈچۈن مېڭىپ باقتى. مېڭىپ بېقىپ، داۋۇد شائۇلغا
ئېيتتى: «مەن بۇنى كىيىپ ماڭالمايمەن، چۈنكى بالدۇر كىيىپ باققان ئەمەسمەن» دەپ
داۋۇد ھەممىسىنى سېلىۋېتىپ، [40] قولىغا بىر ھاسا ئېلىپ، جىلغىدىن بەش سىلىق تاش
ئىلغاپ، پادىچى خالتىسىغا ۋە قوينىغا سېلىپ، سالغىسىنى قولىغا ئېلىپ فىلىستىنىيىنىڭ
ئالدىغا باردى. [41] فىلىستىنىي چىقىپ، داۋۇدقا يېقىن باردى. بارسا، سىپار كۆتۈرگۈچىسى
ئالدىدا ماڭدى. [42] فىلىستىنىي قاراپ داۋۇدنى كۆرۈپ تەھقىر قىلدى. چۈنكى ئۇ تېخى ياش بىر
يىگىت بولۇپ، يۈزى ھال رەڭلىك ۋە كېلىشكەن ئىدى. [43] فىلىستىنىي داۋۇدقا ئېيتتى: «مېنى
ئىتتەك كۆرۈپ، ھاسا كۆتۈرۈپ ئالدىمغا كېلىسەنمۇ؟» دەپ، فىلىستىنىي ئۆز بۇتلىرىنىڭ
ئۈستىدە قەسەم قىلىپ داۋۇدنى قارغىدى. [44] فىلىستىنىي داۋۇدقا يەنە ئېيتتى: «ماڭا كەلگىن.
مەن سېنىڭ گۆشۈڭنى ھاۋانىڭ قۇشلىرىغا ۋە سەھرانىڭ يىرتقۇچلىرىغا بېرىمەن» دېدى.
[45] داۋۇد فىلىستىنىيگە ئېيتتى: «سەن قىلىچ، نەيزە ۋە ئاتما نەيزىنى كۆتۈرۈپ مېنىڭ ئالدىمغا
كەلدىڭ، لېكىن مەن ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇداۋەندىنىڭ، سەن ھاقارەت
قىلغان ئىسرائىلنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ خۇدايىنىڭ نامىدا ئالدىڭغا چىقتىم. [46] خۇداۋەندە بۇ
كۈن سېنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرىدۇ. مەن سېنى يەرگە ئۇرۇپ، سەندىن بېشىڭنى ئېلىپ،
بۇ كۈن فىلىستىنىي ئەسكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى ھاۋانىڭ قۇشلىرىغا ۋە سەھرانىڭ
يىرتقۇچلىرىغا بېرىمەن. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنيا بىلگەيكى، ئىسرائىلدا بىر خۇدا باردۇر.
[47] بۇ گۇرۇھنىڭ ھەممىسىمۇ بىلسۇنكى، خۇداۋەندە قىلىچ ياكى نەيزە بىلەن نۇسرەت بەرمەي،
بەلكى جەڭ خۇداۋەندىنىڭكى بولغاچ ئۇ ئۆزى سىلەرنى بىزنىڭ قولىمىزغا بېرىدۇ» دېدى.
[48] فىلىستىنىي داۋۇدقا ھۇجۇم قىلغىلى قوپۇپ يېقىن بارغىنىدا، داۋۇد ئۆزى فىلىستىنىيگە
ھۇجۇم قىلغىلى قوشۇننىڭ تەرىپىگە ئالدىراپ يۈگۈردى. [49] يۈگۈرۈپ، داۋۇد قولىنى خالتىسىغا
تىقىپ بىر تاشنى چىقىرىپ، سالغىغا سېلىپ فىلىستىنىيگە ئاتسا، ئۇنىڭ پېشانىسىغا
تەگدى. تاش ئۇنىڭ پېشانىسىغا پېتىپ قېلىپ، ئۆزى يۈزى بىلەن يەرگە يىقىلدى. [50] شۇنداق
قىلىپ، داۋۇد فىلىستىنىينى سالغا تاش بىلەن مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.
[51] داۋۇدنىڭ قولىدا قىلىچ بولمىغاچ داۋۇد ئۆزى يۈگۈرۈپ فىلىستىنىينىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ،
قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ، ئۇنىڭ بىللە ئۇنى چاناپ، بېشىنى كەستى. فىلىستىنىيلەر
ئۆز پالۋىنىنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپ قاچتى. [52] لېكىن ئىسرائىل بىلەن يەھۇدا كىشىلىرى
قوپۇپ، نەرە تارتىپ فىلىستىنىيلەرنى گات تەرىپىگە بارىدىغان يول ئايرىشى بىلەن ئەقروننىڭ
دەرۋازىلىرىغىچە قوغلىدى. شۇنداقكى، ئۆلتۈرۈلگەن فىلىستىنىيلەر شائارايىمنىڭ يولىدا گات
بىلەن ئەقرونغىچە يىقىلىپ ياتقانىدى. [53] بەنى-ئىسرائىل فىلىستىنىيلەرنى قوغلاپ بولغاندا
يېنىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىنى تالىۋالدى. [54] داۋۇد بولسا فىلىستىنىينىڭ بېشىنى
يېرۇسالېمغا ئېلىپ باردى. لېكىن ئۇنىڭ يارىغىنى ئۆز چېدىرىدا قويدى.

55 شائۇل داۋۇدنىڭ فىلىستىنىيىنىڭ ئالدىغا چىققىنىنى كۆرگەندە قوشۇنىنىڭ سەردارى
ئابنەردىن سورىدىكى: «ئەي ئابنەر، بۇ يىگىت كىمنىڭ ئوغلى ئىكەن؟» ئابنەر ئېيتتى: «ئەي
پادىشاھ، تىرىك ئىكەنلىكىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىلمەيمەن» دېدى. 56 پادىشاھ: «بۇ يىگىت
كىمنىڭ ئوغلى ئىكەن دەپ، تەھقىقلەپ سورىغىن» دەپ ئېيتتى. 57 داۋۇد فىلىستىنىيىنى ئۇرۇپ
يېنىپ، فىلىستىنىيىنىڭ بېشىنى قولىدا تۇتۇپ كەلگىنىدە ئابنەر ئۇنى پادىشاھنىڭ قېشىغا
ئېلىپ باردى. 58 شائۇل ئۇنىڭدىن: «ئەي يىگىت، كىمنىڭ ئوغلى بولىسەن؟» دەپ سورىدى.
داۋۇد: «مەن سىنىڭ قۇلۇڭ بەيتلەھەملىك يەشاينىڭ ئوغلى بولىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

## شائۇلنىڭ داۋۇدتىن ھەسەت قىلىشى

18 1 داۋۇد شائۇل بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندا يوناتاننىڭ كۆڭلى داۋۇدنىڭ كۆڭلىگە
ئۇنداق باغلاندىكى، ئۇنى ئۆز جېنىدەك دوست تۇتتى. 2 ئۇ كۈندە شائۇل ئۇنى
ئۆزىگە ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يانغىلى قويمىدى. 3 يوناتان بولسا داۋۇد بىلەن ئەھدە
قىلىشىپ، ئۇنى ئۆز جېنىدەك دوست تۇتتى. 4 يوناتان كىيگەن تونىنى سېلىپ داۋۇدقا بېرىپ،
باشقا كىيىملەر بىلەن ئۆز قىلىچىنى يا بىلەن كەمىرىنىمۇ ئۇنىڭغا بەردى. 5 شائۇل داۋۇدنى
قەيەرگە ئەۋەتسە، بېرىپ راۋاجلىق بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن شائۇل ئۇنى قوشۇنىنىڭ ئۈستىگە
قويدى. ئۇ ئۆزى ھەممە خەلقنىڭ نەزىرىدە ۋە ھەم شائۇلنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ نەزىرىدە
ياخشى كۆرۈنەتتى. 6 ئۇلار يېنىپ كەلگەن ۋاقىتتا داۋۇد فىلىستىنىيىنى ئۆلتۈرۈپ يانغىنىدا
خوتۇنلار ئىسرائىلنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدىن شائۇلغا ئۇچرىغىلى چىقىپ، خۇشلۇق بىلەن
شېئىر ئوقۇپ ئۇسسۇل ئويناپ، داپ بىلەن ئۈچ تارلىق نەغمە چالاتتى. 7 خوتۇنلار بولسا نەغمە
چېلىپ: «شائۇل مىڭنى ئۇردى، لېكىن داۋۇد ئون مىڭنى ئۇردى» دەپ ئوقۇشاتتى. 8 شۇنى
ئاڭلاپ، شائۇل تولا خاپا بولۇپ شۇ سۆزنى يامان ئېلىپ: «ئۇلار داۋۇدقا ئون مىڭنى بەردى،
ئەمما ماڭا مىڭنى بەردى. ئەمدى پادىشاھلىقتىن باشقا ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە كەم قالمىدى»
دەپ، 9 شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ شائۇل داۋۇدنى ھەمىشە يامان كۆرەتتى.
10 ئەتىسى خۇدا تەرىپىدىن ئۇ يامان روھ شائۇلنىڭ ئۈستىگە كەلدى، شۇنداقكى، ئۆيىدە
ساراڭلىق قىلغىلى تۇردى. لېكىن داۋۇد باشقا ۋاقىتتىكىدەك قولى بىلەن چاڭ چالاتتى.
شائۇلنىڭ قولىدا نەيزە بار ئىدى. 11 شائۇلنىڭ ئۆزى، داۋۇدنى تامغا قاداپ قويىمەن دەپ،
نەيزىنى ئېتىپ سالدى. لېكىن داۋۇد ئىككى مەرتىۋە ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى. 12 خۇداۋەندە
شائۇلدىن ئايرىلىپ كېتىپ، داۋۇد بىلەن بولغىنى ئۈچۈن شائۇل داۋۇدتىن قورقاتتى. 13 ئۇنىڭ
ئۈچۈن شائۇل داۋۇدنى ئۆزىدىن نېرى تۇتۇپ، ئۇنى لەشكەر مىڭبېشى قىلىپ قويدى. بۇ
تەرىقىدە ئۇ ئۆزى خەلقنىڭ ئالدىدا چىقىش-كىرىش قىلاتتى. 14 ئەمما داۋۇد بولسا خۇداۋەندە
ئۇنىڭ بىلەن بولغاچ ھەممە يوللىرىدا راۋاجلىق بولاتتى.

[15] شائۇل ئۇنىڭ راۋاجلىق بولغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن تولا قورقاتتى. [16] ئەمما پۈتۈن
ئىسرائىل بىلەن يەھۇدا خەلقى بولسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چىقىش-كىرىش قىلغىنى ئۈچۈن
داۋۇدنى دوست تۇتاتتى.
[17] لېكىن شائۇل داۋۇدقا ئېيتتى: «مانا چوڭ قىزىم مېربانى ساڭا خوتۇنلۇققا بېرىمەن، لېكىن
خىزمىتىمدە باتۇر بولۇپ خۇداۋەندىنىڭ جەڭلىرىنى قىلغىن» دېدى. چۈنكى شائۇل ئۆز
ئىچىدە مېنىڭ قولۇم ئۇنىڭغا تەگمەي، بەلكى ئۇ ئۆزى فىلىستىنىيلەرنىڭ قولىدىن ئۆلۈرۈلسۇن
دەپ، خىيال قىلغانىدى. [18] ئەمما داۋۇد شائۇلغا: «مەن كىم ئىكەنمەن، ھاياتىم نېمە بولۇپ،
ئاتامنىڭ خاندانى ئىسرائىلدا نېمىدۇركى، مەن پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولغايمەن» دېدى.
[19] لېكىن شائۇلنىڭ قىزى مېراب داۋۇدقا بېرىلىدىغان ۋاقىتتا ئۇ ئۆزى مەخولاتىي ئادرىيەلگە
خوتۇنلۇققا بېرىلدى. [20] ئەمما شائۇلنىڭ قىزى مىكال داۋۇدقا ئامراق ئىدى. ئۇلار شۇنى
شائۇلغا خەۋەر بەرسە، ئۇ شۇنىڭدىن خۇش بولدى. [21] شائۇل خىيال قىلىپ: «ئۇ ئۆزى ئۇنىڭغا
بىر تۇزاق بولۇپ، فىلىستىنىيلەرنىڭ قولى داۋۇدنى ئۇرسۇن دەپ، ئۇنى ئۇنىڭغا بېرەي» دېدى.
ئاندىن شائۇل داۋۇدقا: «بۇ كۈن يەنە تېخى كۈيئوغلۇم بولالايسەن» دەپ ئېيتتى. [22] شائۇل ئۆز
غۇلاملىرىغا بۇيرۇدىكى: «داۋۇدقا مەخپىي سۆزلەپ: ‹ مانا پادىشاھ ئۆزى سېنى ياخشى كۆرۈپ،
ھەممە غۇلاملىرى بولسا ساڭا ئامراق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولغىن›
دەپ ئېيتىڭلار» دېدى. [23] شائۇلنىڭ غۇلاملىرى بۇ سۆزلەرنى داۋۇدنىڭ قۇلىقىغا ئىشىتكۈزدى.
لېكىن داۋۇد: «پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولماق سىلەرگە كىچىك بىر نەرسە كۆرۈنەمدۇ؟ مەن
بىر كەمبەغەل ۋە كىچىك ئادەم ئەمەسمۇ؟» دېسە، [24] شائۇلنىڭ ئادەملىرى شائۇلغا: «داۋۇد
ئۇنداق دېدى» دەپ ئېيتتى. [25] شائۇل ئېيتتى: «داۋۇدقا مۇنداق سۆزلەپ: ‹ پادىشاھنىڭ
دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئالماق ئۈچۈن پادىشاھ ئۆزى يۈز فىلىستىنىيلەرنىڭ خەتنىلىك
ئەتلىرىدىن باشقا بىر تويلۇق خالىمايدۇ› دەپ ئېيتىڭلار» دېدى. شائۇل بولسا، داۋۇد ئۆزى
فىلىستىنىيلەرنىڭ قولىدىن يوقىتىلسۇن دەپ، ئۈمىد قىلدى.
[26] غۇلاملىرى بۇ سۆزنى داۋۇدقا دەپ بەرگەندە بۇ گەپ داۋۇدقا خۇش كۆرۈنۈپ، پادىشاھنىڭ
كۈيئوغلى بولۇشقا رازى بولدى. ۋاقىت تامام بولماستا، [27] داۋۇد قوپۇپ ئۆز كىشىلىرى بىلەن
چىقىپ، ئىككى يۈز فىلىستىنىينى ئۆلتۈردى. ئاندىن داۋۇد ئۇلارنىڭ خەتنىلىك ئەتلىرىنى
ئېلىپ، پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولماق ئۈچۈن پۈتۈن سانىنى پادىشاھقا بەردى. ئۇ ۋاقىت
پادىشاھ ئۇنىڭغا ئۆز قىزى مىكالنى خوتۇنلۇققا بەردى. [28] ئەمما شائۇل بولسا خۇداۋەندىنىڭ
داۋۇد بىلەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىلدى ۋە شائۇلنىڭ قىزى مىكال بولسا داۋۇدقا ئامراق
ئىدى. [29] شائۇلنىڭ ئۆزى داۋۇدتىن تېخى قورقاتتى، شۇنداقكى، شائۇل پۈتۈن ئۆمرىدە
داۋۇدنىڭ دۈشمەن بولۇپ قالدى.
[30] لېكىن فىلىستىنىيلەرنىڭ ئەمىرلىرى سوقۇشقا چىققىلى تۇردى. ئەمما ھەرقاچان چىقسا،
داۋۇد شائۇلنىڭ ھەممە غۇلاملىرىدىن راۋاجلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى تولا داڭلىناتتى.

## داۋۇد شائۇلدىن قاچىدۇ

19 [1] شائۇل ئۆز ئوغلى يوناتان بىلەن ھەممە غۇلاملىرىغا: «داۋۇدنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار» دەپ
ئېيتتى. لېكىن شائۇلنىڭ ئوغلى يوناتان داۋۇدقا تولا ئامراق ئىدى. [2] ئۇنىڭ ئۈچۈن
يوناتان بۇنى داۋۇدقا دەپ بېرىپ، ئېيتتىكى: «ئاتام شائۇل سېنى ئۆلتۈرگىلى ئىزدەيدۇ. بۇ
سەۋەبتىن ئەتە خەۋەردار بولۇپ، بىر مەخپىي يەردە ئۆزۈڭنى يوشۇرۇپ تۇرغىن. [3] مەن ئۆزۈم
چىقىپ، سەن يوشۇرۇلغان سەھرادا ئاتامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، سەن توغرۇلۇق ئاتامغا سۆز
قىلاي. ئەگەر بىر نېمە تۇيۇپ قالسام، ساڭا خەۋەر بېرەي» دېدى.
[4] يوناتان ئۆز ئاتىسى شائۇلغا داۋۇدنىڭ ياخشى سۆزىنى قىلىپ: «پادىشاھ ئۆز غۇلامى داۋۇدقا
يامانلىق قىلمىسۇن. ئۇ ئۆزى ساڭا گۇناھ قىلماي، بەلكى ئۇنىڭ ئىشلىرى ساڭا تولا ياخشى
بولدى. [5] ئۇ ئۆز جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، فىلىستىنىينى ئۆلتۈرگىنى بىلەن خۇداۋەندە
ئىسرائىلغا چوڭ بىر نۇسرەت بەردى. سەن ئۆزۈڭ كۆرۈپ، خۇش بولدۇڭ ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا
داۋۇدنى ئۆلتۈرۈپ، ناھەق قان تۆكۈپ گۇناھ قىلغايسەن» دېدى. [6] شائۇل يوناتاننىڭ سۆزىگە
قۇلاق سېلىپ: «تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئۆلتۈرۈلمىسۇن» دەپ شائۇل
قەسەم قىلدى. [7] ئاندىن يوناتان داۋۇدنى قىچقاردى. قىچقىرىپ، يوناتان داۋۇدقا ھەممىسىنى
دەپ بەردى. ئاندىن كېيىن يوناتان داۋۇدنى شائۇلنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى ۋە ئۇ بالدۇرقىدەك
ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى.
[8] جەڭ يەنە باشلىغاندا داۋۇد فىلىستىنىيلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى تولا مەغلۇپ قىلدى.
شۇنداقكى، ئۇلار ئۇنىڭدىن قېچىپ كەتتى.
[9] ئەمما شائۇل ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قولىدا نەيزىسىنى تۇتۇپ تۇرغىنىدا خۇداۋەندىنىڭ
تەرىپىدىن بىر يامان روھ ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلدى. داۋۇد بولسا ئۆز قولى بىلەن چاڭ چېلىپ
تۇرغانىدى. [10] ئۇ ۋاقىت شائۇل داۋۇدنى تامغا قادىغىلى تىرىشتى. لېكىن داۋۇد ئۆزىنى
شائۇلدىن ئېلىپ قاچقاچ نەيزە ئۆزى تامغا قادىلىپ قالدى ۋە داۋۇد ئۇ كېچە قېچىپ قۇتۇلدى.
[11] لېكىن داۋۇدنى ماراپ تۇرۇپ، ئەتىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار دەپ، شائۇل بىرنەچچە كىشىلەرنى
داۋۇدنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. ئەمما داۋۇدنىڭ خوتۇنى مىكال ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىپ: «ئەگەر
بۇ كېچە ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ، ئەتە ئۆلتۈرۈلىسەن» دېدى. [12] ئاندىن مىكال داۋۇدنى
بىر پەنجىرىدىن چۈشۈرۈپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ قېچىپ قۇتۇلدى. [13] ئاندىن مىكال بىر
بۇتسۈرىتىنى ئېلىپ ياتقان ئورنىغا قويۇپ، ئۆچكە يۇڭىدىن توقۇلغان بىر يوپۇقنى بېشىغا
يۆگەشتۈرۈپ، ئۇنى بىر يوتقان بىلەن يېپىپ قويۇپ،
[14] شائۇل داۋۇدنى تۇتماق ئۈچۈن كىشىلەر ئەۋەتكەندە ئۇ: «ئۇ كېسەل ئىكەن» دەپ ئېيتتى.
[15] شائۇل داۋۇدنى تاپماق ئۈچۈن كىشىلەرنى يەنە ئەۋەتىپ: «ياتقان ئورنىدا ئۇنى ماڭا ئېلىپ
كېلىڭلاركى، ئۇنى ئۆلتۈرەي» دەپ بۇيرۇدى. [16] لېكىن كىشىلەر كىرگەندە بۇتسۈرىتىنىڭ
ئورۇندا يېتىپ، ئۆچكە يۇڭىنىڭ يوپۇقى باش جايىنىڭ ئۈستىگە يېپىقلىق تۇرغىنى كۆردى.
[17] ئۇ ۋاقىت شائۇل مىكالغا ئېيتتى: «نېمىشقا مېنى گوللاب، ئۇ قۇتۇلسۇن دەپ، دۈشمىنىمنى

كەتكىلى قويدۇڭ؟». مىكال شائۇلغا جاۋاب بەردىكى: «ئۇ ‹ مېنى قويغىن، بولمىسا سېنى
ئۆلتۈرىمەن› دەپ ئېيتتى» دېدى.
[18] داۋۇد قېچىپ قۇتۇلغاندىن كېيىن راماغا سامۇئىلنىڭ قېشىغا بېرىپ، شائۇلنىڭ ئۇنىڭ
ئۆزىگە قىلغىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى. ئاندىن ئۇ ئۆزى سامۇئىل بىلەن
نايوتقا بېرىپ ئولتۇردى. [19] «داۋۇد رامادىكى نايوتتا بار ئىكەن» دەپ شائۇلغا خەۋەر
بېرىلدى. [20] شائۇل داۋۇدنى ئېلىپ كەلگىلى كىشىلەر ئەۋەتتى. ئەمما ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ
جامائىتىنى پەيغەمبەرلىك قىلىشۋاتقان ھالەتتە بولۇپ. سامۇئىل ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغىنىنى
كۆرگەندە خۇدانىڭ روھى شائۇلنىڭ ئەۋەتكەنلىرىنىڭ ئۈستىگە كەلدى. شۇنداقكى، ئۇلار
ھەم پەيغەمبەرلىك قىلىش ھالەتكە چۈشتى. [21] شائۇلغا بۇ خەۋەر يەتكەندە باشقا كىشىلەر
ئەۋەتتى، لېكىن بۇلار ھەم پەيغەمبەرلىك قىلىش ھالەتكە چۈشتى. ئاندىن شائۇل ئۈچىنچى
مەرتىۋە يەنە كىشىلەر ئەۋەتكەندە بۇلار ھەم پەيغەمبەرلىك قىلىش ھالەتكە چۈشتى. [22] ئۇ
ۋاقىت شائۇل ئۆزى راماغا بېرىپ سېكۇدىكى چوڭ قۇدۇققا يەتكەندە: «سامۇئىل بىلەن داۋۇد
نە يەردە؟» دەپ سورىدى. ئۇلار رامادىكى نايوتتا بار ئىكەن» دەپ جاۋاب بەردى. [23] ئۇ ۋاقىت
شائۇل رامادىكى نايوتقا كەتتى. لېكىن خۇدانىڭ روھى ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلدى شۇنداقكى،
ئۇ ئۆزى رامادىكى نايوتقا يەتكۈچىلىك پەيغەمبەرلىك قىلىشۋاتقان ھالەتتە بولۇپ ماڭاتتى. [24] ئۇ
ھەم ئۆز ئېگىنلىرىنى سېلىپ، سامۇئىلنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەرلىك قىلىشۋاتقان ھالەتتە بولۇپ،
يەرگە چۈشۈپ پۈتۈن ئۇ كۈن ۋە پۈتۈن كېچە ئاندا يالىڭاچ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن: «شائۇل
ھەم پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىمۇ؟» دەيدىغان گەپ چىقتى.

## داۋۇد ۋە يوناتان قىلغان ئەھدە

20
[1] لېكىن داۋۇد رامادىكى نايوتتىن قېچىپ، يوناتاننىڭ قېشىغا بېرىپ ئېيتتى: «ئاتاڭغا
نېمە يامانلىق ۋە يا نېمە گۇناھ قىلدىمكى، ئۇ مېنىڭ جېنىمنى ئىزدىگەي؟». [2] ئۇ
ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئۇنداق بولمىسۇن. سەن ئۆلتۈرۈلمەيسەن. مانا، خاھى چوڭ ئىش بولسا،
خاھى كىچىك ئىش بولسا ئاتام ماڭا خەۋەر بەرمەي قىلمايدۇ. نېمىشقا ئاتام بۇ ئىشنى مەندىن
يوشۇرسۇن؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس» دېدى. [3] لېكىن داۋۇد قەسەم قىلىپ ئېيتتىكى: «ئاتاڭ
تايىن بىلىدۇكى، مەن سېنىڭ نەزىرىڭدە ئىلتىپات تاپقان ئىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن: ‹ يوناتان
شۇنى بىلىپ قالسا، غەمكىن بولمىسۇن› دەپ خىيال قىلىدۇ. لېكىن تىرىك خۇداۋەندە بىلەن
ئانت ئىچىپ، تىرىك جېنىڭنىڭ ئۈستىدە قەسەم قىلىمەنكى، بەرھەق، مەن بىلەن ئۆلۈمنىڭ
ئارىسىدا ئاران بىر قەدەم مىقدارى قالدى» دېدى.
[4] ئۇ ۋاقىت يوناتان داۋۇدقا ئېيتتى: «كۆڭلۈڭ نېمە خالىسا، ساڭا قىلاي». [5] داۋۇد يوناتانغا
ئېيتتى: «مانا ئەتە يېڭى ئاي بولىدۇ ۋە پادىشاھ بىلەن داستىخاندا ئولتۇرغىلى ماڭا لازىم

بولاتتى. لېكىن مېنى قويۇپ بەرگىنكى، ئۈچىنچى كۈننىڭ ئاخشىمىغىچە سەھرادا مۆكۈنۈۋالاي.
6 لېكىن ئاتاڭ مېنى سورىسا: ‹ داۋۇد يالۋۇرۇپ: «ماڭا ئۆز شەھىرىم بەيتلەھەمگە يۈگۈرۈپ
بېرىپ كەلگىلى رۇخسەت بەرگىن، چۈنكى ئاندا پۈتۈن خانىدانىم يىلدىكى قۇربانلىقنى
ئۆتكۈزىدۇ» دېدى› دەپ ئېيتقىن. 7 ئەگەر ئۇ: ‹ ئوبدان بوپتۇ› دېسە، قۇلۇڭ تىنچ-ئامان
بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئاچچىقلانسا، بىلگىنكى، ئۇنىڭدا يامان نىيەت بار. 8 سەن خۇداۋەندىنىڭ
بىر ئەھدىسىنى ئۆز قۇلۇڭ بىلەن قىلغاندىن كېيىن قۇلۇڭغا ئىلتىپات قىلغىن. لېكىن مەندە
بىر يامانلىق بولسا، سەن ئۆزۈڭ مېنى ئۆلتۈرگىن. نېمىشقا مېنى ئاتاڭنىڭ قېشىغا ئېلىپ
بارغايسەن» دېدى. 9 يوناتان ئېيتتى: «بۇ خىيال سەندىن يىراق بولسۇن. ئەگەر ئاتامنىڭ ساڭا
يامانلىق قىلىدىغان نىيىتى بار دەپ بىلىپ قالسام، ساڭا دېيىتتىم ئەمەسمۇ؟ 10 داۋۇد يوناتانغا
ئېيتتى: «ئەگەر ئاتاڭ ساڭا قاتتىق جاۋاب ياندۇرسا، كىم ماڭا خەۋەر بېرىدۇ؟» دېدى. 11 يوناتان
داۋۇدقا: «كەلگىن، سەھراغا چىقايلى» دەپ ئېيتتى. ئاندىن ئىككىلىسى سەھراغا چىقتى.
12 يوناتان داۋۇدقا ئېيتتى: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ماڭا گۇۋاھتۇركى، مەن ئەتە
ياكى ئۆگۈنلۈك بۇ ۋاقىت بىلەن ئاتامنىڭ سىرىنى تېپىپ، داۋۇدنىڭ ئىشى ياخشى ئىكەن دەپ
مەلۇم قىلسام، شەكسىز ئۇ ۋاقىت ساڭا خەۋەر بېرىمەن. 13 ئەگەر ئاتام ساڭا يامانلىق قىلغىلى
خالىسا ۋە مەن ساڭا خەۋەر بېرىپ تىنچ-ئامان كەتكىلى رۇخسەت بەرمىسەم، خۇداۋەندە
يوناتانغا ئۇنداق قىلسۇن، مۇنداق قىلسۇن ۋە ئۇنىڭدىن زىيادە قىلسۇن. خۇداۋەندە ئاتام
بىلەن بولغاندەك سەن بىلەن بولسۇن. 14 قاچانكى ھايات بولسام، مېنى ئۆلمىسۇن دەپ،
خۇداۋەندە رەھىمدىل بولغاندەك ماڭا رەھىم كۆرسەتكەيسەن. 15 لېكىن يالغۇز ماڭا ئەمەس،
بەلكى ئۆيۈمدىن ھەم ھېچ ۋاقىت رەھىمىڭنى كەسمىگەيسەن. خۇداۋەندە داۋۇدنىڭ ھەممە
دۈشمەنلىرىنى يەر يۈزىدىن يوقاتقاندىن كېيىنمۇ رەھىمىڭنى كەسمىگەيسەن» دەپ 16 يوناتان
داۋۇدنىڭ ئۆيى بىلەن ئەھدە قىلىشىپ: «خۇداۋەندە داۋۇدنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام
ئالغاي» دېدى. 17 ئاندىن يوناتان ئۆزىنىڭ داۋۇدقا بار مۇھەببىتىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭغا قەسەم
قىلدۇردى، چۈنكى ئۇنى ئۆز جېنىدەك دوست تۇتاتتى.
18 ئاندىن يوناتان داۋۇدقا ئېيتتى: «ئەتە يېڭى ئاي بولىدۇ. مانا سېنىڭ ئورنۇڭ بىكار بولغاچ
سورىلىسەن. 19 ئۈچىنچى كۈنى ئىتتىك چۈشۈپ يامان ئىش بولىدىغان كۈندە ئۆزۈڭنى
يوشۇرغان يەرگە بېرىپ، ئېزەل دېگەن تاشنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تۇرغىن. 20 مەن ئۇنىڭ يېنىدا
نىشانغا چاغلىغاندەك ئۈچ ئوقياسىنى ئاتاي. 21 ئاندىن غۇلاممىنى ئوقيالىرىنى ئىزدىگىلى
ئەۋەتەي. ئەگەر غۇلامغا: ‹ مانا ئوقيالىرى سېنىڭ بۇ تەرىپىڭدە تۇرىدۇ. ئۇلارنى ئېلىپ
كەلگىن› دېسەم، سەن ئۆزۈڭ چىققىن، چۈنكى شۇنداق بولسا، تىرىك خۇداۋەندە بىلەن
قەسەم قىلىمەنكى، ساڭا ھېچ زەرەر بولمايدۇ. 22 لېكىن غۇلامغا: ‹ مانا ئوقيالىرى سېنىڭ
ئۇ تەرىپىڭدە تۇرىدۇ› دېسەم، سەن كەتكىن، چۈنكى ئۇنداق بولسا، خۇداۋەندە سېنى يولغا
سالدى. 23 ئەمما مەن بىلەن سەن سۆزلەشكەن ئىش توغرىسىدىن بولسا، خۇداۋەندە مەن بىلەن
سېنىڭ ئوتتۇراڭدا گۇۋاھ بولغاي» دېدى.

24 داۋۇد سەھرادا مۆكۈنۈۋالدى. يېڭى ئاي كەلگەندە پادىشاھ تائام يېگىلى داستىخاندا
ئولتۇردى. 25 پادىشاھ بولسا ئۆز ئورنىدا تامنىڭ ئالدىدىكى تۆردە ئولتۇردى. يوناتان ئۆزى
ئورنىدىن قوپقاندا ئابنەر شائۇلنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. لېكىن داۋۇدنىڭ ئورنى بىكار قالدى.
26 ئەمما شائۇل ئۇ كۈندە بىر نېمە دېمەي: «ئۇنىڭغا بىر نېمە بولدى. ئۇ پاكىز ئەمەسمىكىن؟
ئەلۋەتتە پاكىز ئەمەس» دەپ خىيال قىلدى.
27 لېكىن داۋۇدنىڭ ئورنى يېڭى ئاينىڭ كۈنىنىڭ ئەتىسى ھەم بىكار تۇرغاندا شائۇل ئۆز ئوغلى
يوناتاندىن: «نېمىشقا يەشاينىڭ ئوغلى، خاھى تۈنۈگۈن، خاھى بۈ كۈن ئاشقا كەلمىدى؟» دەپ
سورىدى. 28 يوناتان شائۇلغا جاۋاب بەردىكى: «داۋۇد بەيتلەھەمگە بارغىلى مەندىن رۇخسەت
تىلىدى. 29 ئۇ ماڭا: ‹ مېنى بارغىلى قويغىن. خانىدانىمىزنىڭ قۇربانلىق ئىشى شەھەردە
بولغاچ، ئاكام ماڭا بارغىلى بۇيرۇدى. ئەگەر سېنىڭ نەزىرىڭدە ئىلتىپات تاپقان بولسام،
بۇرادەرلىرىم بىلەن كۆرۈشكىلى رۇخسەت بەرگىن» دەپ ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پادىشاھنىڭ
داستىخىنىغا كەلمىدى» دېدى.
30 ئۇ ۋاقىت شائۇلنىڭ ئاچچىقى يوناتانغا تۇتىشىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەي سەن بۇزۇق
خوتۇننىڭ ئوغلى، بىلمىدىممۇكى ئۆزۈڭنىڭ شەرمەندىلىكىگە ۋە ئاناڭنىڭ ئۇيات يېرىنىڭ
شەرمەندىلىكىگە يەشاينىڭ ئوغلىنى ئىختىيار قىلدىڭ. 31 چۈنكى يەشاينىڭ بۇ ئوغلى يەر
يۈزىدە تىرىك قالغۇچە. خاھى سەن، خاھى سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ مەزمۇت تۇرمايدۇ. ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئەمدى كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلگىن، چۈنكى ئۇ ئۆلۈمنىڭ
ئوغلىدۇر» دېدى.
32 يوناتان ئۆز ئاتىسى شائۇلغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇ نېمىشقا ئۆلتۈرۈلسۇن؟ نېمە قىلدى؟»
دېدى. 33 ئۇ ۋاقىت شائۇل يوناتاننى تەشمەك ئۈچۈن ئۇنىڭغا نەيزىنى تەڭلىدى. بۇنىڭ بىلەن
يوناتانغا، ئاتام داۋۇدنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغان دەپ مەلۇم بولدى. 34 يوناتان بولسا تولا
ئاچچىقلىنىپ داستىخاندىن قوپۇپ، يېڭى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنىدە تائام يېمىدى. چۈنكى
ئاتىسى داۋۇدقا شۇنداق ناھەقلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئۇ ئۇنىڭ ھەققىدە غەمكىن بولغانىدى.
35 ئەتىسى يوناتان داۋۇدقا تايىن قىلغان ۋاقىت بىلەن سەھراغا چىقسا، ئۇنىڭ بىلەن بىر
كىچىك غۇلام بىللە باردى. 36 ئۇ ئۆزى غۇلامغا: «ئەمدى يۈگۈرۈپ، مەن ئاتىدىغان ئوقيالىرىنى
تېپىپ كەلگىن» دېدى. غۇلام يۈگۈرگەندە ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر ئوقياسى ئاتتى. 37 غۇلام
ئۆزى يوناتان ئاتقان ئوقى چۈشكەن يەرگە كەلگەندە يوناتان غۇلامغا قىچقىرىپ: «ئوقياسى
سېنىڭ ئۇ تەرىپىڭدە نېرىراق تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ ئېيتتى. 38 ئاندىن يوناتان غۇلامغا يەنە
قىچقىرىپ: «توختىماي ئىتتىك بولۇپ ئالدىرىغىن» دېدى. يوناتاننىڭ غۇلامى ئوقيالىرىنى
يىغىپ، خوجىسىغا ئېلىپ كەلدى. 39 لېكىن غۇلام بولغان ئىشنى ئۇقمىدى، يالغۇز يوناتان
بىلەن داۋۇد تېگىنى بىلدى. 40 ئاندىن يوناتان ئۆز غۇلامغا ياراغلىرىنى بېرىپ، ئۇنىڭغا:
«ئۇلارنى شەھەرگە ئېلىپ بارغىن» دېدى. 41 غۇلام كەتكەندىن كېيىن داۋۇد جەنۇب تەرىپىدىكى
جايىدىن قوپۇپ چىقىپ، يەرگە يۈز تۆۋەن يىقىلىپ ئۈچ مەرتىۋە تەزىم قىلدى. ئاندىن بۇ

ئىككەيلەن سۆيۈشۈپ يىغلاشتى ۋە داۋۇد تولا يىغلىدى. [42] يوناتان داۋۇدقا: «ئامان-ئېسەن
بارغىن. بىز ئىككەيلەن خۇداۋەندىنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلغانىدەك بولسۇن. خۇداۋەندە
مەن بىلەن سېنىڭ ئوتتۇراڭدا ۋە مېنىڭ نەسلىم بىلەن سېنىڭ نەسلىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەبەدكىچە
گۇۋاھ بولسۇن» دەپ ئېيتتى.

## داۋۇد نوب شەھىرىدە

21 [1] ئاندىن ئۇ قوپۇپ كەتتى. لېكىن يوناتان ئۆزى شەھەرگە كىردى. [2] ئەمما داۋۇد نوبقا
كېلىپ، ئاخىمالىك كاھىننىڭ قېشىغا باردى. لېكىن ئاخىمالىك داۋۇدنى كۆرگەندە
قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «نېمىشقا ھېچ كىشى ئۆزۈڭ بىلەن ئالماي، يالغۇز كەلدىڭ؟»
[3] داۋۇد ئاخىمالىك كاھىنغا ئېيتتى: «پادىشاھ ماڭا بىر ئىش بۇيرۇپ ماڭا: ‹ مەن سېنى
ئەۋەتىپ، ساڭا بۇيرۇغان ئىش توغرىسىدىن ھېچكىم بىر نېمە بىلمىسۇن› دېدى. مەن بولسام،
ئۆز غۇلاملىرىمنى ‹ پالان يەردە كۆرۈشەيلى› دەپ ئەۋەتىۋەتتىم. [4] ئەمدى قولۇڭدا نېمە بولسا
ماڭا بەرگىن. بەش نان ياكى نېمە تېپىلسا بەرگىن» دېدى.
[5] كاھىن داۋۇدقا جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «قولۇمدا رەسمى نان يوق. يالغۇز مۇقەددەس نان
باردۇر. ئەگەر غۇلاملار ئۆزىنى خوتۇنلاردىن ساقلىغان بولسا، يېيىشى راۋا بولىدۇ». [6] داۋۇد
كاھىنغا جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «بەرھەق، خوتۇنلار بىزدىن نېرى تۇرغىلى ئۈچ كۈن بولدى.
مەن چىققاندا غۇلاملارنىڭ ئەسۋاب قاچىلىرى پاكىز ئىدى. سەپىرىمىز رەسمى بولسىمۇ، بۇ كۈن
نەرسىلىرىمىز پاكتۇر» دېدى.
[7] ئۇ ۋاقىت كاھىن ئۇنىڭغا مۇقەددەس ناندىن بەردى. چۈنكى تەقدىم ناندىن باشقا نان
ئاندا يوق ئىدى. شۇ نان خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغاندىن كېيىن، يېڭى نان سېلىنغان
كۈنى ئېلىپ قويۇلغانىدى. [8] لېكىن ئۇ كۈن شائۇلنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى ئاندا بولۇپ،
خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا قالدۇرۇلغانىدى. ئۇ ئۆزى دوئېغ ئىسىملىق بىر ئېدومىي بولۇپ،
شائۇلنىڭ پادىچىلىرىنىڭ چوڭى ئىدى. [9] داۋۇد ئاخىمالىككە ئېيتتى: «قولۇڭدا بىر نەيزە
ياكى بىر قىلىچ يوقمۇ؟ پادىشاھنىڭ ئىشى ئالدىراش بولغاچ، خاھى قىلىچ، خاھى باشقا ياراغ
ئالغاچ چىقمىدىم» دېدى.
[10] كاھىن ئېيتتىكى: «سەن ئېلا ۋادىسىدا ئۆلتۈرگەن گولىياتنىڭ قىلىچى بىر پارچە رەختتە
يۆگىلىپ ئېفودنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ. شۇنى ئالغىلى خالىساڭ، ئالغىن. ئۇنىڭدىن باشقىسى شۇ
يەردە يوقتۇر» دېدى. داۋۇد: «ئۇنىڭدەك قىلىچ يوق. شۇنى ماڭا بەرگىن» دېدى.

## داۋۇد گاتنىڭ پادىشاھىنىڭ قېشىدا

11 داۋۇد قوپۇپ، ئۇ كۈن شائۇلدىن قېچىپ، گاتنىڭ پادىشاھى ئاكىشنىڭ قېشىغا باردى.
12 لېكىن ئاكىشنىڭ خىزمەتكارلىرى: «بۇ ئۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى داۋۇد ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ
توغرىسىدا ئۇلار: ‹ شائۇل مىڭنى ئۇردى، لېكىن داۋۇد ئون مىڭنى ئۇردى› دەپ ئۇسسۇل
ئويناشتا غەزەل ئوقۇيدۇ ئەمەسمۇ؟» دېدى. 13 داۋۇد بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قېلىپ، گاتنىڭ
پادىشاھى ئاكىشتىن تولا قورقۇپ كەتتى. 14 ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى
ئەقىلسىز كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ساراڭدەك كۆرۈنۈپ، دەرۋازىلارنىڭ ئىشىكلىرىگە
جىجىق جىجىپ، تۈكۈرۈكىنى ساقىلىغا ئېقىتاتتى. 15 ئاكىش ئۆز خىزمەتكارلىرىغا ئېيتتى:
«مانا بۇ ئادەمنىڭ ساراڭلىقىنى كۆرمەمسىلەر؟ نېمىشقا ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ
كەلدىڭلار؟ 16 ماڭا ساراڭلار شۇنداق لازىممۇكى، شۇنى ئالدىمدا ساراڭلىق قىلغىلى ماڭا
ئېلىپ كەلمىكىڭلار كېرەك ئىدىمۇ؟ ئۇنداق ئادەم مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرسۇنمۇ؟» دېدى.

## داۋۇد ئادۇللامنىڭ غېرىدا

22 1 داۋۇد ئۇ يەردىن كېتىپ، ئادۇللامنىڭ غېرىغا قاچتى. ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى بىلەن
ئاتىسىنىڭ پۈتۈن خاندانى شۇنى ئاڭلىغاندا ئۇ يەرگە چۈشۈپ، ئۇنىڭغا كەلدى.
2 ھەركىم تەڭلىكتە بولسا، ھەركىم قەرزدار بولسا، ھەركىم نارازى بولسا، ھەممىسى يىغىلىپ
ئۇنىڭغا كەلدى ۋە ئۇ ئۇلارنىڭ سەردارى بولدى. ئۇنىڭغا قوشۇلغان ئادەملەر بولسا تۆت يۈزچە
ئىدى. 3 ئۇ يەردىن داۋۇد موئابتىكى مىسپاھقا بېرىپ، موئابنىڭ پادىشاھىغا ئېيتتى: «مېنىڭ
ئاتام بىلەن ئانامنى بۇ يەرگە كېلىپ، ئۆزۈم خۇدانىڭ مەن بىلەن نېمە قىلىدىغىنىنى بىلگۈچە
سىلەر بىلەن تۇرغىلى قويغىن» دەپ،
4 ئۇلارنى موئابنىڭ پادىشاھىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئېلىپ كەلسە، ئۇلار داۋۇد ئوردىدا
تۇرغۇچىلىك ئۇنىڭ بىلەن تۇردى. 5 ئەمما گاد پەيغەمبەر داۋۇدقا: «ئوردىدا قالمىغىن. چىقىپ
يەھۇدا يۇرتىغا بارغىن» دېدى. ئۇ ۋاقىت داۋۇد كېتىپ، خېرەت جاڭگىلىغا باردى.

## نوبتىكى كاھىنلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

6 ئەمما «داۋۇد بىلەن ئادەملىرى تېپىلدى» دەپ شائۇل ئاڭلىدى. شائۇل ئۆزى رامادىكى
گىبىيادا بىر دەرەخنىڭ تېگىدە ئولتۇرۇپ، قولىدا نەيزە تۇتۇپ خىزمەتكارلىرى چۆرىسىدە
تۇرغاندا، 7 شائۇل چۆرىسىدە تۇرغان خىزمەتكارلارغا ئېيتتىكى: «ئەي بەنيامىنىيلار ئاڭلاڭلار!
يىشاينىڭ ئوغلى ھەربىرىڭلارغا زېمىن بىلەن ئۈزۈمزارلىقلار بېرىپ، ھەممەڭلارنى مىڭبېشى ۋە
يۈزبېشى قىلالامدۇ؟ 8 ھەممەڭلار ماڭا خىيانەت قىلدىڭلار ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ ئۆزى

يىشاينىڭ ئوغلى بىلەن ئەھدە قىلىشقىنىنى ماڭا ھېچكىم ئاشكارا قىلمىدى. ھېچقايسىڭلار
مەندىن ئەندىشە قىلمايدۇ ياكى ماڭا خەۋەر بەرمىگەنكى ئۆز ئوغلۇم مېنىڭ خىزمەتكارىمنى
ماڭا خىيانەت قىلىشقا قوزغىلىپتۇ. ھازىرقى ۋاقىت شۇنداق ئىش بولدى ئەمەسمۇ؟» دېدى.
[9] ئۇ ۋاقىت شائۇلنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ئېدومىي دوئېگ سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:
«مەن يىشاينىڭ ئوغلىنىڭ نوبقا ئاخىمالىك بەن-ئاختۇبنىڭ قېشىغا كەلگىنىنى كۆردۈم. [10] شۇ
ئۆزى ئۇنىڭ ھەققىدە خۇداۋەندىگە ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوزۇق تالقان بىلەن فىلىستىنىي
گولىياتنىڭ قىلىچىنى بەردى» دېدى. [11] پادىشاھ ئۆزى ئاختۇبنىڭ ئوغلى ئاخىمالىك كاھىننى
كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ پۈتۈن خاندانىنى، يەنى نوبتىكى كاھىنلارنىمۇ قىچقارتتى. ئۇلارنىڭ
ھەممىسى پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى.
[12] شائۇل ئېيتتى: «ئەي ئاختۇبنىڭ ئوغلى ئاڭلىغىن». ئۇ: «مانا مەن، ئەي خوجام» دەپ ئېيتتى.
[13] شائۇل ئۇنىڭغا ئېيتتى: «نېمىشقا سەن بىلەن يىشاينىڭ ئوغلى ماڭا خىيانەت قىلدىڭلار؟ سەن
ئۇنىڭغا نان بىلەن قىلىچ بېرىپ، ئۇنى ماڭا قارشى قوپۇپ خىيانەت قىلسۇن دەپ، ئۇنىڭ ھەققىدە
خۇداغا ئىلتىجا قىلىپسەن. ھازىرقى ۋاقىت شۇنداق ئىش بولدى ئەمەسمۇ؟ [14] ئاخىمالىك پادىشاھقا
جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «سېنىڭ خىزمەتكارلىرىڭنىڭ ئارىسىدا داۋۇدتەك ئىشەنچلىك كىم بار؟
ئۇ پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ، مەخپىي مەسلىھەتلىرىڭدە ھازىر بولۇپ، ئۆيۈڭدە ئىززەتلىك
بولغان بىر كىشى ئەمەسمۇ؟ [15] مەن ئۇ كۈندىگىنە خۇداغا ئۇنىڭ ھەققىدە ئىلتىجا قىلغىلى
باشلىدىممۇ؟ بۇ ئىش مەندىن يىراق بولسۇن! پادىشاھ ئۆز قۇلىغا ۋە ئاتامنىڭ پۈتۈن خاندانىغا
ئەيىب قويمىسۇن، چۈنكى قۇلۇڭ بۇ ئىش توغرىسىدىن ئاز ياكى تولا ھېچنېمە بىلمىدى» دېدى.
[16] لېكىن پادىشاھ ئېيتتى: «ئەي ئاخىمالىك، سەن ئۆزۈڭ ئاتاڭنىڭ پۈتۈن خاندانى بىلەن شەكسىز
ئۆلىسەن» دەپ، [17] پادىشاھ ئۆز چۆرىسىدە تۇرغان سىپاھلارغا ئېيتتى: «خۇداۋەندىنىڭ كاھىنلىرىغا
يېنىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. بۇلار ھەم داۋۇدنىڭ تەرىپىدە بولۇپ، ئۇنىڭ قاچقىنىنى بىلىپ تۇرۇپ،
ماڭا خەۋەر بەرمىدى» دېدى. لېكىن پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى خۇداۋەندىنىڭ كاھىنلىرىنى
ئۆلتۈرگىلى قول كۆتۈرگىلى ئۇنىمىدى. [18] ئۇ ۋاقىت پادىشاھ دوئېگقا: «سەن كاھىنلارغا يېنىپ،
ئۇلارنى ئۆلتۈرگىن» دېدى. بۇ ئېدومىي دوئېگ كاھىنلارغا يېنىپ، ئۇ كۈن كاناپلىق ئېفود كىيگەن
سەكسەن بەش كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، [19] كاھىنلارنىڭ شەھىرى بولغان نوبتا ئولتۇرغۇچىلارنى ھەم
قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ، ئەر كىشى، خوتۇن، بالا، ئېمىدىغان بالا، ئۇي، ئېشەك، قوي ھەممىسىنى
قىلىچ بىسى بىلەن ئۇردى. [20] ئەمما ئاخىمالىك بەن-ئاختۇبنىڭ ئابىياتار دېگەن بىر ئوغلى قۇتۇلۇپ،
داۋۇدنىڭ قېشىغا قېچىپ كەلدى.
[21] كېلىپ، ئابىياتار: «شائۇل خۇداۋەندىنىڭ كاھىنلىرىنى ئۆلتۈردى» دەپ داۋۇدقا خەۋەر بەردى.
[22] داۋۇد ئابىياتارغا ئېيتتى: «ئېدومىي دوئېگ ئۇ كۈن ئاندا بولغاچ بىلگەن ئىدىمكى ئەلۋەتتە
شائۇلغا خەۋەر بېرىدۇ. مەن ئاتاڭنىڭ پۈتۈن خاندانىنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىگە سەۋەب بولدۇم.
[23] قورقماي، مەن بىلەن قالغىن. مېنىڭ جېنىمنى ئىزدەيدىغان كىشى سېنىڭ جېنىڭنى ھەم
ئىزدەيدۇ. لېكىن مېنىڭ قېشىمدا بىخەتەر تۇرىسەن» دېدى.

## داۋۇد قېئىلا شەھىرىدە

23 1 داۋۇدقا خەۋەر بېرىشتىكى: «مانا فىلىستىنىيلەر قېئىلاغا جەڭ قىلىپ خامانلارنى
بۇلاپ تۇرىدۇ». 2 ئۇ ۋاقىت داۋۇد خۇداۋەندىدىن سورىدىكى: «مەن بېرىپ، ئۇ
فىلىستىنىيلەرنى ئۇرايمۇ؟» خۇداۋەندە داۋۇدقا: «بېرىپ، فىلىستىنىيلەرنى ئۇرۇپ، قېئىلانى
ئازاد قىلغىن» دېدى. 3 لېكىن داۋۇدنىڭ كىشىلىرى ئۇنىڭغا: «مانا بىز يەھۇدا يۇرتىدا
تۇرۇپ قورقىمىز. ئەمدى قېئىلاغا فىلىستىنىيلەرنىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىغا بارساق، قانداق
بولىدۇ؟» دېدى. 4 داۋۇد خۇداۋەندىدىن يەنە سورىسا، خۇداۋەندە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «سەن
قوپۇپ، قېئىلاغا چۈشۈپ بارغىن. مەن فىلىستىنىيلەرنى سېنىڭ قولۇڭغا بېرىمەن» دېدى.
5 ئۇنىڭ ئۈچۈن داۋۇد ئۆز كىشىلىرى بىلەن قېئىلاغا بېرىپ، فىلىستىنىيلەر بىلەن سوقۇشۇپ،
ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارنى تولا مەغلۇپ قىلدى. داۋۇد شۇنداق قىلىپ قېئىلادا
ئولتۇرغۇچىلارنى قۇتقۇزدى.
6 ئەمدى ئاخىمالىكنىڭ ئوغلى ئابىياتار قېئىلاغا داۋۇدنىڭ قېشىغا قاچقاندا كاناپلىق ئېفودنى
ئالغاچ كەلگەنىدى.
7 شائۇلغا: «داۋۇد قېئىلاغا چۈشۈپتۇ» دەپ خەۋەر بېرىلگەندە شائۇل ئېيتتى: «ئەمدى خۇدا
ئۇنى مېنىڭ قولۇمغا بەردى. دەرۋازا بىلەن بالداقلىرى بار بىر شەھەرگە كىرىپ، سولىنىپ
قالدى ئەمەسمۇ؟» دېدى. 8 ئاندىن شائۇل قېئىلاغا بېرىپ، داۋۇد بىلەن كىشىلىرىنى قورشىماق
ئۈچۈن ھەممە خەلقنى جەڭگە جەم قىلدى.
9 داۋۇد: «شائۇل ماڭا يامانلىق قىلغىلى قەستلەيدۇ» دەپ بىلگەندە، ئابىياتار كاھىنغا: «ئېفودنى
ئېلىپ كەلگىن» دېدى. 10 ئاندىن داۋۇد ئېيتتى: «ئەي ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە،
سېنىڭ بەندەڭ ئاڭلىدىكى، شائۇل قېئىلاغا بېرىپ، شەھەرنى مەن ئۈچۈن خاراب قىلغىلى
قەستلەيدۇ. 11 قېئىلانىڭ ئادەملىرى مېنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتۇپ بېرامدۇ؟ شائۇل ئۆز بەندەڭ
ئاڭلىغاندەك بۇ يەرگە چۈشەمدۇ؟ ئەي ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە، بۇنى ئۆز بەندەڭگە
بىلدۈرگىن». خۇداۋەندە ئېيتتى: «بۇ يەرگە چۈشىدۇ». 12 داۋۇد يەنە ئېيتتى: «قېئىلانىڭ
ئادەملىرى مەن بىلەن ئادەملىرىمنى شائۇلنىڭ قولىغا تۇتۇپ بېرامدۇ؟» خۇداۋەندە: «ئۇلار
تۇتۇپ بېرىدۇ» دەپ ئېيتتى. 13 ئۇ ۋاقىت داۋۇد بىلەن ئادەملىرى تەخمىنەن ئالتە يۈز كىشى
قوپۇپ قېئىلادىن چىقىپ، قەيەرگە بارالىسا، باردى. شائۇلغا: «داۋۇد قېئىلادىن قېچىپتۇ» دەپ
خەۋەر بېرىلگەندە بېرىشتىن ئۆزىنى يىغدى.

## داۋۇد زىف چۆلىدە

14 ئەمما داۋۇد چۆللەر بىلەن قورغانلاردا ئولتۇرۇپ، زىف چۆلىنىڭ تاغلىرىدا تۇراتتى. شائۇل
ئۇنى ھەمىشە ئىزدەپ تۇردى. لېكىن خۇدا ئۇنى ئۇنىڭ قولىغا بەرمەيتتى. 15 داۋۇد زىف
چۆلىنىڭ بىر جاڭگىلىدا تۇرغاندا: «شائۇل سېنى ئۆلتۈرگىلى چىقتى» دەپ تۇيۇپ قالدى.

[16] لېكىن شائۇلنىڭ ئوغلى يوناتان جاڭگالغا داۋۇدنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىنى خۇدا
بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، [17] ئۇنىڭغا ئېيتتى: «قورقمىغىن. ئاتام شائۇلنىڭ قولى سېنى تاپمايدۇ،
بەلكى سەن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بولىسەن. مەن بولسام سېنىڭ ئىككىنچىڭ بولىمەن.
شۇنى ھەم ئاتام شائۇل بىلىدۇ» دېدى. [18] ئاندىن ئۇ ئىككەيلەن خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئەھدە
قىلىشتى. داۋۇد بولسا جاڭگالدا تۇرۇپ قالدى، لېكىن يوناتان ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كەتتى.
[19] ئاندىن كېيىن بىرنەچچە زىفلىكلەر گىبىياغا شائۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېيتتى: «مانا داۋۇد
بىزنىڭ ئارىمىزدا جاڭگالنىڭ قورغانلىرىدا بولۇپ، سايىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى خاكىلانىڭ
ئېگىزلىكىدە ئۆزىنى يوشۇرۇۋالدى. [20] ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي پادىشاھ، قاچان خالىساڭ، چۈشۈپ
كەلگىن. بىز بولساق ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىغا تۇتۇپ بېرەيلى» دېدى. [21] شائۇل ئېيتتى:
«ئىچىڭلار مەن ئۈچۈن ئاغرىغان سەۋەبتىن خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن سىلەرگە مۇبارەكلىك
بولسۇن. [22] ئەمدى بېرىپ تەھقىقلەپ: «ئۇ قايسى يەردە تۇرىدۇ؟ كىم ئۇنى كۆرگەن؟» دەپ
سەپسېلىپ بېقىڭلار. چۈنكى ماڭا ئېيتىلغانكى ئۇ تولا ھوشيارلىق قىلىدۇ. [23] بېرىپ بېقىپ،
ئۆزىنى يوشۇرىدىغان ھەممە يەرلىرىنى تېپىپ مەلۇم قىلىپ، ماڭا يېنىپ كېلىڭلار. ئاندىن
مەن سىلەر بىلەن بارىمەن. ئەگەر يۇرتتا بار بولسا، ھەممە يەھۇدا مىڭلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇنى
ئىزدەپ تاپاي» دېدى. [24] ئۇلار قوپۇپ، شائۇلدىن ئىلگىرى زىفكە باردى. داۋۇد بولسا ئۆز
ئادەملىرى بىلەن سايىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە مائون چۆلىنىڭ تۈزلەڭلىكىدە ئىدى.
[25] شائۇل بىلەن ئادەملىرى داۋۇدنى ئىزدىگىلى باردى. بۇنىڭ توغرىسىدا داۋۇدقا خەۋەر
بېرىلگەندە ئۇ ئۆزى قورام تاشتىن چۈشۈپ، مائون چۆلىگە بېرىپ توختىدى. شائۇل بۇنى
ئاڭلاپ، داۋۇدنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، مائوننىڭ چۆلىگە چىقتى. [26] شائۇل تاغنىڭ بۇ يېنىدا،
ئەمما داۋۇد ئادەملىرى بىلەن تاغنىڭ ئۇ يېنىدا ماڭدى. داۋۇد شائۇلدىن قۇتۇلماق ئۈچۈن
قېچىپ تۇرغىنىدا شائۇل بىلەن ئادەملىرى داۋۇد بىلەن ئادەملىرىنى تۇتىمىز دەپ، ئۇلارنى
قورشىغىلى تۇردى. [27] لېكىن بىر ئەلچى شائۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئالدىراپ كەلگىن!
فىلىستىنىيلەر يۇرتقا كىرىۋالدى» دەپ ئېيتتى. [28] ئۇ ۋاقىت شائۇل يېنىپ، داۋۇدنى قوغلىماي،
فىلىستىنىيلەر بىلەن سوقۇشقىلى چىقتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەرنى سېلا-ھاماھلىكوت دەيتتى.

## داۋۇد شائۇلنى ئايايدۇ

24 [1] لېكىن داۋۇد ئۇ يەردىن چىقىپ، ئەنگەدىنىڭ قورغانلىرىدا تۇراتتى. [2] شائۇل
فىلىستىنىيلەرنى قوغلاپ بولۇپ يانغاندا، ئۇنىڭغا: «مانا داۋۇد ئەنگەدىنىڭ چۆلىدە
تۇرىدۇ» دەپ خەۋەر بېرىلدى. [3] ئۇ ۋاقىت شائۇل ھەممە ئىسرائىلدىن ئىلغانغان ئۈچ مىڭ
ئادەمنى ئېلىپ، داۋۇد بىلەن ئادەملىرىنى ئىزدىگىلى ياۋا تېكە قورام تاشلىرىغا چىقتى. [4] ئۇ
ئۆزى يولنىڭ يېنىدىكى قوي قوتانلىرىغا كەلگەندە تەرەت قىلماق ئۈچۈن ئانداكى بىر غارغا

كىردى. لېكىن داۋۇد بىلەن كىشىلىرى غارنىڭ ئىچكىرىرەك تەرىپىدە ئولتۇردى. [5] داۋۇدنىڭ
ئادەملىرى ئۇنىڭغا: «مانا خۇداۋەندە ساڭا: ‹ ئۆز دۈشمىنىڭنى سېنىڭ قولۇڭغا بېرىمەنكى،
ھەرنېمە ساڭا ياخشى كۆرۈنسە، ئۇنىڭغا قىلغايسەن› دەپ توغرىسىدا ئېيتقان كۈن شۇدۇر»
دېدى. داۋۇد قوپۇپ، شائۇلنىڭ تونىنىڭ ئېتىكىنى تۇيدۇرماي كېسىۋالدى. [6] لېكىن شائۇلنىڭ
تونىنىڭ ئېتىكىنى كەسكىنى ئۈچۈن داۋۇدنىڭ ۋىجدانى ئۆزىنى ئۇردى. [7] ئۇ ئۆز ئادەملىرىگە
ئېيتتى: «رەب مېنى خۇداۋەندىنىڭ مەسىھلەنگەن ئادىمى بولغان مېنىڭ خوجامغا مۇنداق
قىلىشتىن ساقلىسۇن. ئۇ خۇداۋەندىنىڭ مەسىھلەنگەن ئادىمى بولغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا
قولۇمنى ئۇزاتمىغايمەن» دەپ [8] شۇ سۆز بىلەن ئۆز ئادەملىرىنى توسۇپ، شائۇلغا يانغىلى
قويمىدى.
[9] ئەمما شائۇل ئۆزى قوپۇپ غاردىن چىقىپ، ئۆز يولىغا كەتتى. ئاندىن كېيىن داۋۇد ھەم
قوپۇپ غاردىن چىقىپ، شائۇلنىڭ كەينىدىن قىچقىرىپ: «ئەي خوجام پادىشاھ» دېدى. شائۇل
كەينىگە قارىسا، داۋۇد يۈزىنى يەر تەرىپىگە قىلىپ ئېگىلىشىپ تەزىم قىلدى. [10] داۋۇد شائۇلغا
ئېيتتى: «مانا ‹ داۋۇد سېنىڭ زەرىرىڭنى ئىزدەيدۇ› دەيدىغان ئادەملەرنىڭ سۆزىگە نېمىشقا
قۇلاق سالىسەن؟ [11] مانا بۇ كۈن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭكى، خۇداۋەندە بۇ كۈن غاردا
سېنى ئۆز قولۇمغا بەردى. بەزىلەر: ‹ ئۇنى ئۆلتۈرگىن› دېگەندە مەن ئاياپ، خۇداۋەندىنىڭ
مەسىھلەنگەن ئادىمى بولغاندىن كېيىن خوجامنى ئۆلتۈرمىگەيمەن› دېدىم. [12] قارىغىن، ئەي
ئاتام، مانا قولۇمدا تونۇڭنىڭ ئېتىكىگە قارىغىن. سېنى ئۆلتۈرمەي، تونۇڭنىڭ ئېتىكىنى
كەستىم. بۇنىڭدىن بىلىپ كۆرگىنكى، مېنىڭ قولۇمدا، خاھى يامانلىق، خاھى ئاسىيلىق
يوقتۇر. ساڭا گۇناھ ھەم قىلمىدىم. لېكىن سەن جېنىمنى ئالغىلى قەستلەيسەن. [13] خۇداۋەندە
مەن بىلەن سېنىڭ ئوتتۇراڭدا ھۆكۈم قىلغاي. خۇداۋەندە مېنىڭ ئىنتىقامىمنى سەندىن ئالغاي،
لېكىن مېنىڭ قولۇم ساڭا يانمىغاي. [14] ‹ يامانلاردىن يامانلىق چىقىدۇ› دەپ، بۇرۇنقىلارنىڭ
تەمسىلى ئېيتقاندەك بولىدۇ. لېكىن مېنىڭ قولۇم ساڭا يانمىغاي. [15] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
كىمنى تۇتقىلى چىقتى؟ كىمنى قوغلاپ يۈرىسەن؟ بىر ئۆلۈك ئىتنىمۇ؟ بىر يالغۇز بۈرگىنىمۇ؟
[16] خۇداۋەندە ھاكىم بولۇپ، مەن بىلەن سېنىڭ ئوتتۇراڭدا ھۆكۈم قىلىپ، دەۋايىم ئۈچۈن
ئېيتىشىپ، مېنى سېنىڭ قولۇڭدىن خالاس قىلغاي» دېدى.
[17] داۋۇد شائۇلغا بۇ سۆزىنى ئېيتىپ بولغاندا شائۇل: «بۇ سېنىڭ ئاۋازىڭمۇ، ئەي ئوغلۇم
داۋۇد؟» دېدى ۋە شائۇل ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن يىغلاپ، [18] داۋۇدقا ئېيتتىكى: «مەندىن سەن
ئادىلراق بولۇپ، ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭ. لېكىن مەن ساڭا يامانلىق قىلدىم. [19] بۇ كۈن
ياخشىلىق كۆرسىتىپ، ماڭا ئوبدان ئىش قىلىپ، خۇداۋەندە مېنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرغان
بولسىمۇ، مېنى ئۆلتۈرمىدىڭ. [20] بىركىم ئۆز دۈشمىنىنى تاپسا، ئۇنى كەتكىلى قويامدۇ؟
خۇداۋەندە سېنىڭ ماڭا بۇ كۈن قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا ياخشىلىق ياندۇرغاي.
[21] ئەمدى تايىن بىلىمەنكى، سەن پادىشاھ بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىقى سېنىڭ قولۇڭدا
مەزمۇت تۇرىدىغان بولىدۇ. [22] لېكىن ئەمدى خۇداۋەندە بىلەن ماڭا قەسەم قىلغىنكى، مېنىڭ

نەسلىمنى يوقاتماي، مېنىڭ ئېتىمنى ئاتامنىڭ خانىدانىدىن ئۆچۈرمىگەيسەن» دېدى. [23] داۋۇد
شائۇلغا قەسەم قىلغاندىن كېيىن، شائۇل ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كەتتى. ئەمما داۋۇد ئۆز ئادەملىرى
بىلەن قورغانغا چىقىپ ئولتۇردى.

## داۋۇد. نابال ۋە ئابىگايىل

25 [1] سامۇئىل ئۆلۈپ كەتكەندە پۈتۈن ئىسرائىل يىغىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ،
ئۇنى رامادىكى ئۇنىڭ ئۆز ئولتۇرغان جايىدا دەپنە قىلدى. ئەمما داۋۇد قوپۇپ، پاران
چۆلىگە بېرىپ چۈشتى. [2] كارمەلدە ماللىرىنى بېقىپ مائوندا ئولتۇراقلىق بىر ئادەم بار
ئىدى. ئۇ كىشى تولا باي بولۇپ ئۈچ مىڭ قوي، بىر مىڭ ئۆچكىگە ئىگە ئىدى. ئۇ ئەمدى ئۆز
قويلىرىنى كارمەلدە قىرقىۋاتاتتى. [3] ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى نابال بولۇپ، خوتۇنىنىڭ ئىسمى
ئابىگايىل ئىدى. خوتۇن ئۆزى ئەقىللىق ۋە چىرايلىق ئىدى، لېكىن ئېرى قاتتىق ۋە يامان
بولۇپ، ئۆزى كالەبنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى.
[4] داۋۇد چۆلدە تۇرۇپ: «نابال ئۆز قويلىرىنى قىرقىيدۇ» دەپ ئاڭلاپ، [5] ئون ياش كىشىنى ئۇ
يەرگە ئەۋەتتى. داۋۇد يىگىتلەرگە ئېيتتى: «سىلەر كارمەلگە چىقىپ، نابالنىڭ قېشىغا بېرىپ،
مەندىن ئۇنىڭغا سالام ئېيتىڭلار. [6] مۇنداق ئېيتىڭلاركى: ‹ ياشىغايسەن. سەن تىنچ-ئامان
ئولتۇرۇپ، ئۆيۈڭ تىنچ-ئامان تۇرۇپ، ھەممە بارلىقىڭ تىنچ-ئامان بولسۇن. [7] ئەمدى ئاڭلىدىمكى
قويلارنى قىرقىپ تۇرىسەن. سېنىڭ پادىچىلىرىڭ بىزنىڭ تەرەپلىرىمىزدە يۈرۈپ تۇرغاندا
ئۇلارغا ھېچ زەرەر يەتكۈزمىدۇق. بىز كارمەلدە تۇرغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىسى يىتىپ
كەتمىدى. [8] ئۆز يىگىتلىرىڭدىن سورىساڭ، ئۇلار ساڭا دەپ بېرىدۇ. بىزلەر بىر خۇشلۇقنىڭ
كۈنىدە كەلگەندىن كېيىن، ئادەملىرىمىز كۆزۈڭنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تاپسۇن. ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئۆز قۇللىرىڭغا ۋە ئوغلۇڭ داۋۇدقا قولۇڭدىن نېمە كەلسە، بەرگىن›».
[9] داۋۇدنىڭ ئادەملىرى ئۇ يەرگە كېلىپ، داۋۇدنىڭ ئىسمىنى ئېلىپ بۇيرۇلغىنىغا مۇۋاپىق
سۆز قىلىپ، ئاندىن شۈك بولۇپ ساقلاپ تۇردى. [10] لېكىن نابال داۋۇدنىڭ خىزمەتكارلىرىغا
جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «داۋۇد كىم ئىكەن؟ يەشاينىڭ ئوغلى كىم ئىكەن؟ بۇ كۈنلەردە تولا
خىزمەتكارلار ئۆز خوجىلىرىدىن قېچىپ كېتىدۇ. [11] ئۆز تائاممىدىن، ئىچكۈلۈكۈمدىن ۋە ئۆز
قىرقىغۇچىلىرىمغا سويغان گۆشتىن ئېلىپ، نامەلۇم جايدىن كەلگەن كىشىلەرگە بېرەمەنمۇ؟»
دېدى. [12] داۋۇدنىڭ يىگىتلىرى يېنىپ كەتتى. يېنىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا ھەممە سۆزنى دەپ
بەردى. [13] داۋۇد ئۆز ئادەملىرىگە: «ھەربىرىڭلار ئۆز قىلىچىنى كەمىرىگە ياغلىسۇن» دېدى.
شۇنى دېسە، ھەربىرى ئۆز قىلىچىنى كەمىرىگە باغلاپ، داۋۇدمۇ ئۆز قىلىچىنى كەمىرىگە
باغلىدى. ئاندىن تۆت يۈزچە ئادەم داۋۇد بىلەن چىقتى، لېكىن ئىككى يۈز كىشى جابدۇقلار
بىلەن قالدى.

[14] ئەمما خىزمەتكارلىرىدىن بىرى نابالنىڭ خوتۇنى ئابىگايىلغا ئېيتتىكى: «داۋۇد چۆلدىن
خەۋەرچىلەر ئەۋەتىپ، خوجىمىزغا سالام ئېيتتى. لېكىن ئۇ بۇلارغا يېنىپ تىللىدى. [15] ئۇ
ئادەملەر بولسا بىزگە تولا ياخشىلىق قىلغان. بىز سەھرادا ئۇلارنىڭ تەرەپلىرىدە يۈرگەندە بىزگە
ھېچ زەرەر بولماي، بىزنىڭ ھېچ نەرسىمىزمۇ يىتىپ كەتمىدى. [16] بىز ئۇلارنىڭ تەرەپلىرىدە
قويلار باققان ۋاقتىدا ئۇلار دائىم كېچە-كۈندۈز بىزگە سېپىلدەك بولاتتى. [17] ئەمدى خىيال
قىلىپ قىلىدىغىنىڭنى ئويلىغىن، چۈنكى خوجىمىزغا ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆيىگە بىر يامانلىق
توختىتىلغاندۇر. ئۇ يامان بىر ئادەم ئەمەسمۇ؟ ھېچكىم ئۇنىڭغا سۆز قىلالمايدۇ» دېدى. [18] ئۇ
ۋاقىت ئابىگايىل ئالدىراپ ئىككى يۈز نان، ئىككى تۇلۇم شاراب، بەش پىشۇرۇلغان قوي، بەش
كۈرە قوماچ، يۈز ساپاق كىشمىش، ئىككى يۈز توقاچ ئەنجۈر ئېلىپ، ئېشەكلەرگە ئارتىپ،
[19] ئۆز خىزمەتكارلىرىغا: «مەندىن ئىلگىرى بېرىڭلار، مەن كەينىڭلاردىن باراي» دېدى. لېكىن
ئۆز ئېرى نابالغا ھېچنېمە دېمىدى.
[20] ئۇ ئۆز ئېشىكىگە مىنىپ بېرىپ، تاغنىڭ بىر ئېتىك يولغا كىرسە، مانا داۋۇد كىشىلىرى
بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشىدۇ. [21] لېكىن داۋۇد ئېيتقان
ئىدىكى: «بىكارغا بۇ كىشىنىڭ مېلىنى چۆلدە ساقلىدىم. مانا ئۇنىڭكىدىن ھېچنېمە يىتىپ
كەتمىدى. لېكىن ئۇ ياخشىلىقنىڭ ئورنىدا ماڭا يامانلىق ياندۇردى. [22] خۇدا داۋۇدنىڭ
دۈشمەنلىرىگە ئۇنداق قىلسۇن، مۇنداق قىلسۇن، بەلكى ئۇنىڭدىن زىيادە قىلسۇن. ئۇنىڭ
خەلقىدىن ھېچ ئەركەكنى ئەتىگىچە تىرىك قويمايمەن».
[23] ئابىگايىل داۋۇدنى كۆرگەندە ئالدىراپ ئېشەكتىن چۈشۈپ، داۋۇدنىڭ ئالدىدا يۈز تۆۋەن
يىقىلىپ يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلدى. [24] ئۇ ئۆزى ئۇنىڭ پۇتلىرىغا چۈشۈپ ئېيتتى: «ئەي
خوجام، بۇ گۇناھ خاس ماڭا ئارتىلسۇن، لېكىن دېدەكىڭنى ساڭا سۆز قىلغىلى قويۇپ،
دېدەكىڭنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىن. [25] خوجام ئۇ يامان ئادەم نابالنى ئېتىبار قىلمىسۇن.
چۈنكى ئۇ ئۆزى ئىسمىنىڭ مەنىسىدەك بولۇپ، نابال دەپ ئاتىلىپ، كۆڭلىدە ئەخمەقلىق
باردۇر. لېكىن مەن دېدەكىڭ بولسام، ئەي خوجام سەن ئەۋەتكەن يىگىتلەرنى كۆرمىدىم.
[26] ئەمدى ئەي خوجام، خۇداۋەندىنىڭ تىرىكلىكى بىلەن ئانت ئىچىپ، سېنىڭ جېنىڭنىڭ
ئۈستىدە قەسەم قىلىمەنكى، خۇداۋەندە سېنى قان تۆكۈپ، ئۆز قولۇڭ بىلەن ئىنتىقامىڭنى
ئېلىشتىن ساقلىدى. ئەمدى دۈشمەنلىرىڭگە دەرۋەقە سەن خوجامنىڭ يامانلىقىنى خالىغانلارغا
نابالغا بولغاندەك بولسۇن. [27] ئەمدى دېدەكىڭ خوجامغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلار بولسا
خوجامغا ئەگەشكەن يىگىتلەرگە بېرىلسۇن. [28] دېدەكىڭنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگىن. سەن ئەي
خوجام، خۇداۋەندىنىڭ جەڭلىرىنى قىلىپ، كۈنلىرىڭدە سەندە يامانلىق تېپىلمىغىنى ئۈچۈن
خۇداۋەندە ئۆيۈڭنى مەزمۇت قىلىدۇ. [29] بىر ئادەم قوپۇپ، سېنى قوغلاپ جېنىڭنى ئىستىسە،
سېنىڭ جېنىڭ تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تىرىكلەرنىڭ چىگىكلىكتە ساقلىنىدۇ. لېكىن
ئۇ دۈشمەنلىرىڭنىڭ جانلىرىنى سالغىغا سېلىۋېتىپ ئاتىدۇ. [30] خۇداۋەندە سېنىڭ توغراڭدىن
ئېيتقان ھەممە ياخشىلىقنى سەن خوجامغا قىلىپ، سېنى ئىسرائىلغا باش قىلغاندا، [31] سەن

ئەي خوجام، ناھەق قان تۆكۈپ، ئۆز ئىنتىقامىڭنى ئالغىنىڭ ئۈچۈن سەن خوجامغا بىر
پۇتلىكاشاڭ ياكى كۆڭۈل دەردى بولمىسۇن. لېكىن خۇداۋەندە خوجامغا ياخشىلىق قىلغاندا
ئۆز دېدىكىڭنى ياد قىلغىن» دېدى.
32 داۋۇد ئابىگايىلغا ئېيتتى: «سېنى بۇ كۈن مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتكەن ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن. 33 سېنىڭ ئەقلىڭمۇ مۇبارەك بولۇپ، ئۆزۈڭ مۇبارەكتۇرسەن،
چۈنكى بۇ كۈن ناھەق قان تۆكۈپ، ئىنتىقامىمنى ئۆز قولۇم بىلەن ئېلىشتىن توستۇڭ.
34 لېكىن مېنى ساڭا يامانلىق قىلىشتىن ساقلىغان ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى بولغان تىرىك
خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن مېنىڭ ئالدىمغا ئالدىراپ كەلمىگەن بولساڭ،
نابالنىڭ خەلقىدىن ھېچ ئەركەك ئەتىگىچە تىرىك قالمايتتى» دېدى. 35 ئاندىن داۋۇد ئۇ ئۇنىڭ
ئۆزىگە كەلتۈرگەن نەرسىلەرنى قولىدىن تاپشۇرۇۋېلىپ: «ئامان-ئېسەن ئۆيۈڭگە بارغىن. مانا
سۆزلىرىڭگە قۇلاق سېلىپ، خالىغىنىڭدەك قىلدىم» دېدى.

36 ئابىگايىل نابالنىڭ قېشىغا كەلگەندە بۇ ئۆزى ئۆيىدە پادىشاھنىڭ زىياپىتىدەك بىر زىياپەت
قىلىپ تۇردى. نابال كۆڭلىدە خۇش بولۇپ، تولا مەست ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەتىسى يورۇق
بولغۇچىلىك ئۇنىڭغا ھېچنېمە ئاز-تولا دېمىدى. 37 لېكىن ئەتىسى نابال مەستلىكتىن ئوڭ
بولغاندا خوتۇنى ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى دەپ بەرسە، كۆڭلى ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ، ئۇ ئۆزى
تاشتەك بولدى. 38 تەخمىنەن ئون كۈندىن كېيىن خۇداۋەندە نابالنى ئۇرغاچ، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى.
39 داۋۇد نابالنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ ئېيتتى: «خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن. مەن تارتقان
ھاقارەت ئۈچۈن نابالنىڭ قولىدىن ئىنتىقام ئېلىپ، ئۆز بەندىسىنى يامان ئىش قىلىشتىن
ساقلىدى. خۇداۋەندە نابالنىڭ يامانلىقىنى ئۆز بېشىغا ياندۇردى» دېدى. ئاندىن ئابىگايىلنى
خوتۇنلۇققا ئالاي دەپ، ئۇنىڭغا سۆز سالغىلى ئەلچىلەر ئەۋەتتى.

40 داۋۇدنىڭ خىزمەتكارلىرى كارمەلگە ئابىگايىلنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «سېنى
خوتۇنلۇققا ئالاي دەپ، داۋۇد ساڭا سۆز سالغىلى بىزنى ئەۋەتتى» دېدى. 41 ئۇ ئۆزى قوپۇپ،
يۈزى يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلىپ: «مانا دېدىكىڭ خوجامنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ پۇتلىرىنى
يۇيىدىغان بىر دېدەك بولسۇن» دېدى. 42 ئاندىن ئابىگايىل ئالدىراپ قوپۇپ، ئۆزى بىلەن
بارىدىغان بەش يېڭىلىرى بىلەن ئېشەككە مىنىپ، داۋۇدنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ كەينىدىن بېرىپ،
ئۇنىڭ خوتۇنى بولدى.

43 داۋۇد يىزرەئەللىك ئاخىنوئامنى ھەم خوتۇنلۇققا ئېلىپ، بۇ ئىككىلىسى ئۇنىڭغا خوتۇن
بولدى. 44 لېكىن شائۇل داۋۇدقا خوتۇن قىلىپ بەرگەن قىزى مىكالنى گاللىملىك پالتى بەن-
لايىشقا بەرگەندى.

## داۋۇد شائۇلنى يەنە ئايايدۇ

26 [1] ئەمما زىفلىكلەر گىبىياغا شائۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ: «داۋۇد سايىنىڭ ئۇتتۇرىدىكى
خاكىلانىڭ ئېگىزلىكىدە ئۆزىنى يوشۇرىۋالدى» دەپ ئېيتتى. [2] شائۇل قوپۇپ،
ئىسرائىلدىن ئىلغانغان ئۈچ مىڭ ئادەمنى ئېلىپ، زىف چۆلىدە داۋۇدنى ئىزدىگىلى زىف
چۆلىگە چۈشۈپ باردى. [3] شائۇل بولسا يولنىڭ ئۈستىدە سايىنىڭ ئۇتتۇرىدىكى خاكىلانىڭ
ئېگىزلىكىدە چېدىرلىرىنى تىكتى. لېكىن داۋۇد چۆلدە تۇرۇپ، شائۇلنىڭ ئۇنىڭ كەينىدىن
چىققىنىنى تۇيۇپ قالغاندا، [4] داۋۇد جاسۇسلار ئەۋەتىپ، شائۇل راست كەلدىمۇ دەپ مەلۇم
قىلدى. [5] ئۇ ۋاقىت داۋۇد قوپۇپ، شائۇل چېدىر تىككەن يەرگە بېرىپ، شائۇل بىلەن ئۇنىڭ
سەردارى ئابنەر بەن-نەرنىڭ ياتقان يېرىنى كۆردى. شائۇل ئۆزى هارۋىلارنىڭ جايىدا يېتىپ،
خەلق ئۇنىڭ چۆرىسىدە چۈشكەنىدى. [6] داۋۇد سۆز باشلاپ، خىتتىيلىق ئاخىمالىك ۋە
يوئابنىڭ بۇرادىرى زېرۇيانىڭ ئوغلى ئابىسايغا: «كىم مەن بىلەن شائۇل بار لەشكەرگاھقا
چۈشۈپ بارىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئابىساي: «مەن سەن بىلەن چۈشەي» دېدى.
[7] داۋۇد بىلەن ئابىساي كېچىسى خەلق بار يەرگە بارسا، مانا شائۇل هارۋىلارنىڭ جايىدا يېتىپ
ئۇخلاپ، نەيزە تەكيىسىنىڭ يېنىدا يەرگە قاداقلىق تۇرىدۇ. لېكىن ئابنەر بىلەن خەلق چۆرىسىدە
ياتاتتى. [8] ئۇ ۋاقىت ئابىساي داۋۇدقا ئېيتتى: «خۇدا بۈ كۈن دۈشمىنىڭنى سېنىڭ قولۇڭغا
تاپشۇردى. ئەمدى نەيزىنى بىر سايماقلىق بىلەن ئۇنى يەرگە قاداپ قويايمۇ؟ ئىككىنچىسى
لازىم كەلمەيدۇ» دېدى. [9] داۋۇد ئابىسايغا ئېيتتى: «ئۇنى هالاك قىلمىغىن. كىم خۇداۋەندىنىڭ
مەسىھلەنگەن ئادىمىگە قول ئۇزىتىپ جازا تاپماي قالىدۇ؟ [10] داۋۇد يەنە ئېيتتى: «تىرىك
خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خۇداۋەندە ئۇنى ئۇرىدۇ. يا ئۆلىدىغان كۈنى كەلسە
ئۆلىدۇ، يا جەڭگە بېرىپ هالاك بولىدۇ. [11] رەب مېنى خۇداۋەندىنىڭ مەسىھلەنگەن ئادىمىگە
قول ئۇزىتىشتىن ساقلىسۇن. ئەمما ئۇنىڭ تەكيىسىنىڭ يېنىدىكى نەيزە بىلەن سۇ كوزىسىنى
ئالغىن. ئاندىن كېتەيلى» دېدى. [12] داۋۇد نەيزە بىلەن سۇ كوزىسىنى شائۇلنىڭ تەكيىسىدىن
ئالغاندىن كېيىن ئىككىلىسى چىقىپ كەتتى. ئەمما هېچكىم، خاهى كۆرمەي، خاهى تۇيماي،
خاهى ئويغانماي، بەلكى هەممىسى ئۇخلاۋاتقانىدى. چۈنكى خۇداۋەندە تەرىپىدىن بىر ئېغىر
ئۇيقۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنىدى. [13] ئۇ ۋاقىت داۋۇد ئۇ بىر تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ
ئارىسىدىكى ئارىلىق ئۇزۇن بولغان يىراق يەردە تاغنىڭ تۆپىسىدە تۇردى. [14] داۋۇد خەلق
بىلەن نەرنىڭ ئوغلى ئابنەرگە خىتاب قىلىپ: «ئاڭلىمامسەن، ئەي ئابنەر!» دەپ ئېيتتى. ئابنەر:
«پادىشاھقا تووۋلىغۇچى كىمسەن؟» دېدى. [15] داۋۇد ئابنەرگە ئېيتتى: «بەنى-ئىسرائىلنىڭ
ئارىسىدا سەندەك ئەركەك كىم بار؟ نېمىشقا خوجاڭ پادىشاھقا قاراپ تۇرمىدىڭ؟ خەلقتىن
بىر كىشى خوجاڭ پادىشاھنى هالاك قىلغىلى كىردى. [16] سەن قىلغان ئىش ياخشى ئەمەس!
تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خۇداۋەندىنىڭ مەسىھلەنگەن خوجاڭلارغا قاراپ
تۇرمىغىنىڭلار ئۈچۈن ئۆلۈمگە لايىق بولدۇڭلار. ئەمدى كۆرۈپ بېقىڭلار. پادىشاھنىڭ
تەكيىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان نەيزە بىلەن كوزا نە يەردە؟» دېدى.

17 شائۇل داۋۇدنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ ئېيتتى: «بۇ سېنىڭ ئاۋازىڭمۇ، ئەي ئوغلۇم داۋۇد!» داۋۇد
ئېيتتى: «ئەي خوجام پادىشاھ، مېنىڭ ئاۋازىمدۇر.» 18 يەنە ئېيتتىكى: «نېمىشقا خوجام ئۆز
قۇلىنى مۇنداق قوغلايدۇ؟ نېمە قىلدىم؟ قولۇمدا نېمە يامانلىق بار؟ 19 خوجام پادىشاھ ئۆز
قۇلىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالسۇن. خۇداۋەندە سېنى ماڭا قوزغاتقان بولسا، ئۇنىڭغا قۇربانلىق
بۇيى پۇرتىلسۇن. لېكىن ئادەم ئوغۇللىرى قىلغان بولسا، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا مەلئۇن
بولسۇن، چۈنكى ئۇلار ئەمدى مېنى خۇداۋەندىنىڭ مىراس يېرىدە تۇرۇشتىن ھەيدىۋېتىپ: ‹
باشقا تەڭرىلەرگە كېتىپ ئىبادەت قىلغىن› دەپ ئېيتىدۇ. 20 ئەمدى مېنىڭ قېنىم خۇداۋەندىنىڭ
يۈزىدىن يىراق يەرگە تۆكۈلمىسۇن، چۈنكى تاغلاردا كەكلىك شىكار قىلىنغاندەك ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھى بىر يالغۇز بۈرگىنى ئىزدىگىلى چىقتى» دېدى.
21 شائۇل ئېيتتى: «مەن گۇناھ قىلدىم. يېنىپ كەلگىن، ئەي ئوغلۇم داۋۇد. مېنىڭ
جېنىم بۇ كۈن كۆزلىرىڭدە ئەزىز سانالغىنى ئۈچۈن مەن ساڭا مۇندىن كېيىن ھېچ
زەرەر قىلمايمەن. مانا ئەخمەقلىق قىلىپ، تولا ئېزىقىپ كېتىپتىمەن» دېدى. 22
داۋۇد جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «مانا پادىشاھنىڭ نەيزىسى! غۇلاملاردىن بىرى كېلىپ،
ئۇنى ياندۇرۇۋالسۇن. 23 خۇداۋەندە ھەر ئادەمنىڭ ئادالىتى بىلەن ساداقىتىگە قاراپ
ياندۇرغاي. خۇداۋەندە بۈگۈن سېنى مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇردى، لېكىن مەن خۇداۋەندىنىڭ
مەسىھلەنگەن ئادىمىگە قول ئۇزاتقىلى خالىمىدىم. 24 بۇ كۈن سېنىڭ جېنىڭ مېنىڭ
كۆزلىرىمدە ئەزىزى بولغاندەك مېنىڭ جېنىم خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە ئەزىزى بولسۇن.
ئۇ مېنى ھەممە تەڭلىكىمدىن قۇتقۇزسۇن» دېدى. 25 شائۇل داۋۇدقا: «ئەي ئوغلۇم
داۋۇد، مۇبارەكتۇرسەن. قىلىدىغان ئىشىڭدا راۋاجلىق بولىسەن» دېدى. ئاندىن داۋۇد
ئۆز يولىغا كەتتى ۋە شائۇل ئۆز ئۆيىگە يېنىپ باردى.

## داۋۇد فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتىغا قاچىدۇ

27 1 داۋۇد ئۆز كۆڭلىدە ئېيتتى: «بىر كۈن شائۇلنىڭ قولىدىن ھالاك بولىدىغانغا
ئوخشايمەن. فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتىغا قېچىشتىن باشقا ئىلاجىم يوق. ئۇنداق
قىلسام، شائۇل مېنى ئىسرائىلنىڭ زېمىنىنىڭ ئىچىدە مېنى ئىزدىمەكتىن قول يىغىدۇ. بۇ
تەرىقىدە ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلىمەن» دېدى. 2 ئاندىن داۋۇد قوپۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالتە
يۈز ئادەمنى ئېلىپ، گاتنىڭ پادىشاھى ئاكىش بەن-مائوكنىڭ قېشىغا باردى. 3 داۋۇد ئۆزى
ۋە كىشىلىرىنىڭ ھەربىرى ئۆز ئۆي خەلقى بىلەن گاتتا ئاكىشنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. داۋۇد
ھەم ئۆز ئىككى خوتۇنى يىزرەئەللىك ئاخىنوئام بىلەن كارمەللىك نابالنىڭ خوتۇنى بولغان
ئابىگايىلنى ئالغاچ كېلىپ، ئاندا ئولتۇراتتى. 4 شائۇلغا: «داۋۇد گاتقا قاچتى» دەپ خەۋەر
بېرىلگەندە ئۇنى يەنە ئىزدەپ يۈرمىدى.

5 داۋۇد ئاكىشقا ئېيتتى: «ئەگەر كۆزلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تاپقان بولسام، ئولتۇرماق
ئۈچۈن سەھرادىكى بىر شەھەردە بىزگە جاي بەرگىن. نېمىشقا قۇلۇڭ پايتەختتە سېنىڭ
قېشىڭدا ئولتۇرغاي» دېدى. 6 ئۇ كۈن ئاكىش ئۇنىڭغا زىقلاغ شەھىرىنى بەردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن
زىقلاغ بۈ كۈنگىچە يەھۇدا پادىشاھلىرىغا تەۋە بولماقتا. 7 داۋۇد فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتىدا
ئولتۇرغان ۋاقىت ئۆزى بىر يىل تۆت ئاي ئىدى.
8 لېكىن داۋۇد ئۆز ئادەملىرى بىلەن چىقىپ گەشۇرىيلارغا، گىزرىيلەرگە ۋە ئامالەكىيلەرگە
ھۇجۇم قىلدى. بۇ تائىپىلەر قەدىمدىن تارتىپ، ئۇ يۇرتنىڭ ئاھالىسى بولۇپ، شۇردىن تارتىپ
مىسىر يۇرتىغىچە ئولتۇراتتى. 9 ئەمما داۋۇد يۇرتنى ئۇرۇپ تالاپ، خاھى ئەر، خاھى خوتۇن
تىرىك قويماي، قوي، ئۇي، ئېشەك، تۆگە ۋە ئېگىن ئېلىپ، ئاكىشنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلدى.
10 ئاكىش: «بۈگۈن تالىماققا چىقمىدىڭلارمۇ؟» دېگەندە داۋۇد ئېيتتى: «يەھۇدا يۇرتىنىڭ
جەنۇب تەرىپىگە، يەراخمىيەلىيلارنىڭ يۇرتىنىڭ جەنۇب تەرىپىگىمۇ بېرىپ، قېنىيلارنىڭ
يۇرتىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ھەم چىقتۇق» دېدى. 11 ئۇلار گاتقا بارمىسۇن دەپ، داۋۇد،
خاھى خوتۇن، خاھى ئەر تىرىك قويمايتتى. ئۇ ئېيتتىكى: «ئۇلار بىزنىڭ توغرىمىزدىن گەپ
توشۇپ: ‹ داۋۇد فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتىدا ئولتۇرغان ۋاقتىدا ئۇنداق-مۇنداق قىلدى› دەپ
ئېيتمىسۇن» دېدى. 12 ئاكىش داۋۇدنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ: «ئەمدى ئۆز خەلقى ئىسرائىلنىڭ
ئالدىدا ئۆزىنى يىرگىنچلىك قىلىپ، ھەمىشە مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىدىغان بولىدۇ» دېدى.

## شائۇل جىنكەش خوتۇنغا مۇراجىئەت قىلىدۇ

28 1 ئۇ كۈنلەردە فىلىستىنىيلەر ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلماق ئۈچۈن ئۆز قوشۇنلىرىنى
يىغدى. ئاكىش داۋۇدقا ئېيتتى: «بىلگىنكى، ئادەملىرىڭنى ئېلىپ، مەن بىلەن جەڭگە
چىقىشىڭ لازىم بولىدۇ. 2 داۋۇد ئاكىشقا ئېيتتى: «ماقۇل، قۇلۇڭ نېمە قىلالايدىغىنىنى
كۆرىسەن». ئاكىش داۋۇدقا: «مانا سېنى بېشىمغا ھەمىشە پاسىبان قىلىپ قوياي» دېدى.
3 سامۇئىل ئۆلگەندى ۋە پۈتۈن ئىسرائىل ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ، ئۇنى ئۆز شەھىرى
بولغان رامادا دەپنە قىلغانىدى. ئەمما شائۇل جىنكەش بىلەن پالچىلارنى يۇرتتىن چىقارغانىدى.
4 فىلىستىنىيلەر يىغىلىپ چىقىپ، شۇنەمدە چېدىر تىكتى. شائۇل ھەم پۈتۈن ئىسرائىلنى
يىغىپ، گىلبوئادا چېدىر تىكتى. 5 ئەمما شائۇل فىلىستىنىيلەرنىڭ قوشۇنىنى كۆرگەندە
قورقۇپ، كۆڭلىدە تولا بىئارام بولدى. 6 شائۇل خۇداۋەندىدىن سورىغاندا خۇداۋەندە، خاھى
چۈش بىلەن، خاھى ئۇرىم بىلەن، خاھى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. 7 ئۇ
ۋاقىت شائۇل ئۆز خىزمەتكارلىرىغا: «ماڭا جىنكەش بىر خوتۇننى تېپىڭلار. مەن بېرىپ
ئۇنىڭدىن پال سوراي» دېدى. خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا: «مانا ئەندوردا بىر جىنكەش خوتۇن بار
ئىكەن» دېدى. 8 ئۇ ۋاقىت شائۇل ئۆز سۈرىتىنى يەڭگۈشلەپ، باشقا كىيىم كىيىپ، ئىككى

كىشىنى ھەمراھ قىلىپ باردى. ئۇلار كېچىسى يېتىپ بېرىپ، خوتۇننىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ
ئۆزى خوتۇنغا ئېيتتى: «ماڭا جىنكەشلىك قىلىپ پال سوراپ، مەن دېگەن ئادەمنى قېشىمغا
كەلتۈرگىن». 9 خوتۇن ئۇنىڭغا ئېيتتى: «شائۇل نېمە قىلغىنىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. ئۇ ھەممە
جىنكەش بىلەن پالچىلارنى يۇرتتىن كەستى ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا مېنى ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن جېنىمغا
تۇزاق قويىسەن» دېدى. 10 شائۇل ئۇنىڭغا خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىپ: «تىرىك خۇداۋەندە
بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئىش ئۈچۈن ساڭا جازا بولمىسۇن» دېدى. 11 خوتۇن ئېيتتى:
«ساڭا كىمنى كەلتۈرەي؟» ئۇ ئېيتتى: «ماڭا ساموئىلنى كەلتۈرگىن.» 12 خوتۇن ساموئىلنى
كۆرگەندە قاتتىق چىرقىردى. ئاندىن خوتۇن شائۇلغا: «نېمىشقا مېنى گوللايسەن؟ سەن شائۇل
ئەمەسمۇ؟» دېدى. 13 پادىشاھ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «قورقمىغىن! نېمە كۆردۈڭ؟» خوتۇن شائۇلغا
ئېيتتى: «تەڭرىدەك بىر زاتنىڭ يەردىن چىققىنىنى كۆردۈم». 14 ئۇ سوراپ: «ئۇنىڭ سۇرىتى
قانداق ئىكەن» دېدى. خوتۇن: «تون كىيگەن قېرى بىر ئادەم چىقتى» دېدى. شائۇل: «ئۇ
ساموئىل ئىكەن» دەپ بىلىپ يەرگە يۈز تۆۋەن يىقىلىپ تەزىم قىلدى.
15 ساموئىل شائۇلغا ئېيتتى: «نېمىشقا مېنى راھەتىمدىن قوزغىتىپ قىچقاردىڭ؟» شائۇل
ئېيتتى: «مەن تولا پەرىشان بولدۇم. فىلىستىيلەر ماڭا جەڭ باشلىدى. خۇدا مەندىن يىراق بولۇپ،
خاھى پەيغەمبەرلەر بىلەن خاھى چۈشلەر بىلەن ماڭا جاۋاب بەرمەيدۇ. ئەمدى نېمە قىلىدىغىنىمنى
بىلدۈرگەيسەن دەپ، سېنى قىچقاردىم» دېدى. 16 ساموئىل ئېيتتى: «خۇداۋەندە سەندىن ئايرىلىپ،
دۈشمىنىڭ بولغاندىن كېيىن نېمىشقا مەندىن مەسلىھەت سورايسەن؟ 17 خۇداۋەندە ئۆزى مېنىڭ
ۋاستەم بىللە ئېيتقاندەك قىلدى. خۇداۋەندە پادىشاھلىقنى قولۇڭدىن تارتىپ، ھەم ۋەتىنىڭ
داۋۇدقا بەردى. 18 خۇداۋەندىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي، ئۇنىڭ غەزىپىگە مۇۋاپىق ئامالەكىيلەرگە
قىلمىغىنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە بۇ كۈن ساڭا شۇ ئىشنى قىلدى. 19 خۇداۋەندە ئۆزۈڭنى ۋە سەن
بىلەن ئىسرائىلنىمۇ فىلىستىيلەرنىڭ قولىغا بېرىدۇ. ئەتە سەن ۋە ئوغۇللىرىڭ مەن بىلەن
بولىسىلەر. ۋە خۇداۋەندە ئىسرائىلنىڭ قوشۇنىنى ھەم فىلىستىيلەرنىڭ قولىغا بېرىدۇ» دېدى.
20 دەرھال شائۇل يىقىلىپ يەرگە چاپلىشىپ، ساموئىلنىڭ سۆزىدىن تولا قورقتى. پۈتۈن كۈن
بىلەن كېچە تائام يېمىگەن ئۈچۈن ئۇنىڭدا قۇۋۋەت يوق ئىدى.
21 لېكىن خوتۇن شائۇلنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ تولا پەرىشان بولغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا
ئېيتتى: «مانا دېدىكىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سېلىپ، جېنىمنى ئالىقىنىمغا ئېلىپ، ماڭا ئېيتقىنىڭغا
ئۇنىدىم. 22 ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن ھەم دېدىكىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مېنى سېنىڭ ئالدىڭغا
ئاز-ماز نان كەلتۈرگىلى قويغىن. سەن يەپ قۇۋۋەت تېپىپ، ئۆز يولۇڭغا كەتكەيسەن» دېدى.
23 لېكىن ئۇ: «يېمەيمەن» دەپ ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى بىلەن خوتۇن يەنە قىستىغاندا
ئۇ قوپۇپ ياتقان ئورنىدا ئولتۇردى. 24 خوتۇننىڭ ئۆيىدە بىر بوردىغان موزاي بار ئىدى. ئۇ دەرھال
ئۇنى سويۇپ، ئۇن ئېلىپ خېمىر يۇغۇرۇپ پېتىر نان پىشۇرۇپ، 25 شائۇلنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ
خىزمەتكارلىرىنىڭ ئالدىغا شۇنى ئېلىپ قويدى. ئۇلار يەپ، ئۇ كېچىسى كەتتى.

## فىلىستىنىي ئەمىرلەر داۋۇدنى ئۆز سېپىدىن چىقىرىۋېتىدۇ

29 1 فىلىستىنىيلەر ھەممە قوشۇنلىرىنى يىغىپ، ئافېقتا جەم قىلدى. ئەمما ئىسرائىلىيلار
يىزرەئەل بۇلىقىنىڭ يېنىدا چۈشتى. 2 فىلىستىنىيلەرنىڭ سەردارلىرى يۈز-يۈز مىڭ-
مىڭ بولۇپ چىقىپ ماڭاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ كەينىدىن داۋۇد ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ، ئاكىش
بىلەن چىقىپ كېلەتتى. 3 فىلىستىنىيلەرنىڭ سەردارلىرى ئېيتتى: «مۇندا بۇ ئىبرانىيلارنىڭ
نېمە ئىشى بار؟» ئاكىش فىلىستىنىيلەرنىڭ سەردارلىرىغا ئېيتتى: «بۇ ئۆزى ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھى شائۇلنىڭ خىزمەتكارى داۋۇد ئەمەسمۇ؟ كۈنلەردە ۋە يىللاردا مەن بىلەن تۇرغاندۇر.
ئۇ ئۆزى ماڭا كەلگەن كۈندىن تارتىپ بۇ كۈنگىچىلىك ئۇنىڭدا يامانلىق كۆرمىدىم» دېدى.
4 ئۇ ۋاقىت فىلىستىنىيلەرنىڭ سەردارلىرى ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ كەتتى. فىلىستىنىيلەرنىڭ
سەردارلىرى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «بۇ كىشىنى سەن ئۆزۈڭ ئۇنىڭغا تايىن قىلغان يەرگە ياندۇرۇپ،
بىز بىلەن سوقۇشقا بارغىلى قويمىغىنىكى، سوقۇشتا بىزگە يانمىسۇن. بۇ ئۆز خوجىسىنى نېمە
بىلەن رازى قىلغاي؟ بۇ ئادەملەرنىڭ بېشىنى ئالماق بىلەن ئەمەسمۇ! 5 شۇ داۋۇد ئەمەسمۇ؟
ئۇنىڭ توغرىسىدا ئۇلار ئۇسسۇل ئويناشتا: ‹ شائۇل مىڭىنى ئۇردى، لېكىن داۋۇد ئون مىڭىنى
ئۇردى› دەپ ئوقۇدى ئەمەسمۇ؟» دېدى.
6 ئاكىش داۋۇدنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىپ
ئېيتىمەنكى، سېنىڭ مەن بىلەن لەشكەرگاھتا كىرىش-چىقىشىڭ كۆزلىرىمدە ياخشى بولدى،
چۈنكى ماڭا كەلگەن كۈندىن تارتىپ بۇ كۈنگىچىلىك سەندە ھېچ يامانلىق كۆرمىدىم. لېكىن
سەردارلارنىڭ كۆزلىرىدە ياخشى ئەمەسسەن. 7 ئۇنىڭ ئۈچۈن تىنچ-ئامان يېنىپ كەتكىن.
فىلىستىنىيلەرنىڭ سەردارلىرىنى نارازى قىلمىغايسەن» دېدى. 8 داۋۇد ئاكىشقا ئېيتتى: «نېمە
قىلدىم؟ سېنىڭ قېشىڭغا كەلگەن كۈندىن تارتىپ بۇ كۈنگىچە قۇلۇڭدا نېمە تاپتىڭكى، مېنىڭ
خوجام پادىشاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن سوقۇشقىلى بارمىغايمەن» دېدى. 9 ئاكىش جاۋاب بېرىپ،
داۋۇدقا ئېيتتى: «كۆزلىرىمدە خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسىدەك ياخشى ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن.
لېكىن فىلىستىنىيلەرنىڭ سەردارلىرى: ‹ بىز بىلەن جەڭگە چىقمىسۇن› دەپ ئېيتتى. 10 ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئەتە سەھەر ئۆز خوجاڭنىڭ سەن بىلەن كەلگەن خىزمەتكارلىرىنى ئۆزۈڭ بىلەن ھەمراھ
قىلىپ، سەھەر يورۇق بولغىنىدا چىقىپ كەتكىن» دېدى. 11 داۋۇد ئۆز كىشىلەر بىلەن ئەتىگەندە
فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتىغا بارماق ئۈچۈن سەھەر قوپتى. لېكىن فىلىستىنىيلەر يىزرەئەلگە چىقتى.

## داۋۇد زىقلاغنى ئوتتا كۆيدۈرگەن ئامالەكىيلەردىن ئۆچ ئالىدۇ

30 1 داۋۇد ئۈچىنچى كۈندە زىقلاغقا يەتكەندە، مانا ئامالەكىيلەر جەنۇب تەرىپىگە
كېلىپ زىقلاغقا ھۇجۇم قىلىپ، زىقلاغنى تارمار قىلىپ، ئوتتا كۆيدۈرگەنىدى. 2 ھېچ
كىشىنى، خاھى چوڭ، خاھى كىچىكنى ئۆلتۈرمەي، ئانداكى خوتۇنلارنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ

كېتىپ، ئۆز يولىغا يانغانىدى. [3] ئەمما داۋۇد ئۆز كىشىلىرى بىلەن شەھەرگە كېلىپ، ئۇنى
ئوتتا كۆيدۈرۈلۈپ، خوتۇنلار، ئوغۇللار بىلەن قىزلىرىنىڭ ئەسىر بولۇپ كەتكىنىنى كۆرگەندە،
[4] داۋۇد ئۆزى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان خەلق يەنە يىغلىغىلى تاقىتى قالمىغۇچە يىغلاپ تۇردى.
[5] داۋۇدنىڭ ئىككى خوتۇنى يىزرەئەللىك ئاخىنوئام بىلەن كارمەللىك نابالنىڭ خوتۇنى بولغان
ئابىگايىلمۇ ئەسىر بولغانىدى. [6] لېكىن داۋۇد چوڭ بىر تەڭلىككە چۈشتى، چۈنكى خەلقنىڭ
ھەممىسى ھەربىرى ئۆز ئوغۇللىرى ۋە قىزلىرى ئۈچۈن ئۇنداق خاپا بولغان ئىدىكى، خەلق:
«ئۇنى چالما-كېسەك قىلايلى» دەپ مەسلىھەت قىلىشاتتى. ئەمما داۋۇد ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندە
بىلەن قۇۋۋەتلەندى.
[7] داۋۇد ئاخىمەلەكنىڭ ئوغلى ئابىياتار كاھىنغا: «ئەفودنى ئېلىپ كەلگىن» دەپ ئېيتتى. ئابىياتار
داۋۇدقا ئەفودنى ئېلىپ كەلگەندە، [8] داۋۇد خۇداۋەندىدىن سورىدىكى: «بۇ تالىغۇچىلارنى
قوغلايمۇ؟ ئۇلارنى يېتىپ تۇتىمەنمۇ؟» ئۇ ئۇنىڭغا: «قوغلىغىن. شەكسىز يېتىپ بېرىپ
ھەممىسىنى ياندۇرۇۋالىسەن» دەپ ئېيتتى. [9] داۋۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالتە يۈز ئادەم
بېرىپ، بېسور دەرياسىغا يېتىپ كەلگەندە بەزى كىشىلەر قويۇلۇپ ئاندا قالدى. [10] لېكىن
داۋۇد تۆت يۈز ئادەم بىلەن قوغلاپ تۇردى. چۈنكى ئىككى يۈز ئادەم ھېرىپ كېتىپ، بېسور
دەرياسىدىن ئۆتەلمەي، كەينىدە قالغانىدى.
[11] ئۇلار سەھرادا بىر مىسىرلىق ئادەمنى تېپىپ، داۋۇدنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپ، يېسۇن دەپ،
ئۇنىڭغا نان بېرىپ، سۇمۇ ئىچۈرۈپ، [12] بىر پارچە ئەنجۈر توقچى بىلەن ئىككى ساپاق
كىشمىش بەرسە، ئۇ يەپ ئۇنىڭ جېنى تىرىلدى. ئۇ ئۆزى ئۈچ كېچە-كۈندۈز نان يېمەي، سۇمۇ
ئىچمىگەنىدى. [13] داۋۇد ئۇنىڭدىن: «كىمنىڭكى بولۇپ، نە يەردىن ئىكەنسەن؟» دەپ سورىدى.
ئۇ ئېيتتى: «مەن مىسىرلىق يىگىت بولۇپ، بىر ئامالەكىي ئادەمنىڭ قۇلىدۇرمەن. لېكىن
مەن ئۈچ كۈن ئىلگىرى كېسەل بولغاندا خوجام مېنى تاشلىدى. [14] بىز بولساق كىرېتىيلەرنىڭ
يۇرتىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە كىرىپ، يەھۇداغا تەۋە زېمىنىغا داخىل بولۇپ، كالەبنىڭ زېمىنىنىڭ
جەنۇب تەرىپىگىمۇ كىرىپ سوقۇشۇپ، زىقلاغنى ئوتتا كۆيدۈرگەن ئىدۇق» دېدى. [15] داۋۇد
ئۇنىڭدىن: «مېنى ئۇ تالىغۇچىلارغا باشلاپ بارامسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئېيتتىكى: «خۇدا
بىلەن ماڭا: ‹ مەن سېنى ئۆلتۈرمەي، سېنى خوجاڭغىمۇ تۇتۇپ بەرمەيمەن› دەپ قەسەم
قىلساڭ، سېنى ئۇ تالىغۇچىلارغا باشلاپ باراي» دېدى. [16] ئۇنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارغاندا، مانا
ئۇلار پۈتۈن ئۇ يەردە يېيىلىپ، يەپ-ئىچىپ، فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتى بىلەن يەھۇدا يۇرتىدىن
ئالغان چوڭ ئولجىدىن خۇش بولۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ تۇرىدۇ.
[17] ئەمما داۋۇد كەچقۇرۇندىن تارتىپ يەنە بىر كۈننىڭ ئاخشىمىغىچە ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ
تۇردى. تۆگىگە مىنىپ قاچقان تۆت يۈز يىگىتتىن باشقا ھېچبىر ئادەم قۇتۇلمىدى. [18] داۋۇد
ئامالەكىيلەر ئالغان ھەممە نەرسىنى ياندۇرۇۋېلىپ، ئۆز ئىككى خوتۇنىنى ھەم داۋۇد قۇتقۇزۇپ
ئازاد قىلدى. [19] ھېچكىم، خاھى كىچىك، خاھى چوڭ، خاھى، ئوغۇل، خاھى قىز كەم قالماي،
ئولجا بىلەن ئۇلار ئېلىپ كەتكەن نەرسىلەردىن ھەم ھېچنېمە كېمەيمەي، داۋۇد ھەممىسىنى

ياندۇرۇۋالدى. [20] ئۇلار داۋۇد ئالغان ھەممە قوي، كالىلارنى باشقا مالنىڭ ئالدىدا ھەيدەپ: «بۇ
داۋۇدنىڭ ئولجىسىدۇر» دەپ ئېيتتى.
[21] داۋۇد ئۇ ھېرىپ كېتىپ ئۆزى بىلەن بارالماي، بېسور دەرياسىنىڭ بويىدا قويۇپ كەتكەن
ئىككى يۈز ئادەمنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار داۋۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن خەلقنىڭ
ئالدىغا چىقتى. داۋۇد خەلقنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا سالام قىلدى. [22] لېكىن داۋۇد بىلەن
بارغانلارنىڭ ئارىسىدا بولغان ھەممە يامان ئادەملەر قوپۇپ: «بۇلار بىز بىلەن بارمىغاندىن
كېيىن بىز ياندۇرۇۋالغان ئولجىدىن ئۇلارغا ھېچنېمە بەرمەيلى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز
خوتۇن بالىلىرىنى ئېلىپ كەتسۇن» دېدى. [23] ئۇ ۋاقىت داۋۇد ئېيتتى: «ئەي بۇرادەرلەر، بىزنى
ساقلاپ، ئۈستىمىزگە كەلگەن تالىغۇچىلارنى قولىمىزغا تاپشۇرغان خۇداۋەندە بىزگە بەرگەن
مالنى ئۇنداق قىلماڭلار. [24] بۇ ئىش توغرىسىدا سىلەرگە كىم قۇلاق سالىدۇ؟ سوقۇشقا
بارغانىنىڭ تېگىشلىكى قانداق بولسا، ئەسۋابلار بىلەن قالغانىنىڭ تېگىشلىكىمۇ ئۇنداق
بولسۇن. ئۇلار تەڭ بولۇشۇۋالسۇن» دېدى. [25] ئۇ كۈندىن تارتىپ بۇ كۈنگىچىلىك بولۇپ
تۇرغاندەك، شۇنى ئىسرائىلدا قائىدە ۋە قانۇن قىلىپ قويدى.

## داۋۇد يەھۇدا ئاقساللىرىغا ئولجىدىن بىر تارتۇق ئەۋەتىدۇ

[26] داۋۇد زىقلاغقا يېنىپ كەلگەندە ئولجىدىن دوستلىرى بولغان يەھۇدا ئاقساقاللىرىغا ئەۋەتىپ:
«مانا خۇداۋەندىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئالغان ئولجىدىن سىلەرگە بىر تارتۇق بۇدۇر» دەپ
ئېيتقۇزدى. [27] ئۇ ھەم بەيتەلدىكىلەرگە، جەنۇبىي راموتتىكىلەرگە ۋە ياتتىردىكىلەرگە ئەۋەتتى.
[28] ھەم ئاروئەردىكىلەرگە، سىفموتتىكىلەرگە ۋە ئەشتەموئادىكىلەرگە، [29] ھەم راھىلەدىكىلەرگە،
يەراخمىيەلىيلارنىڭ شەھەرىدە بولغانلارغا ۋە قېنىيلارنىڭ شەھەرلىرىدە بولغانلارغا، [30] ھەم
خورماھتىكىلەرگە، كور-ئاشاندىكىلەرگە ۋە ئاتاكتىكىلەرگە، [31] ھەم خېبروندىكىلەرگە ۋە داۋۇد
ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئايلىنىپ يۈرگەن ھەممە يەردىكى ئاقساقاللارغا تارتۇق ئەۋەتتى.

## شائۇلنىڭ ئۆلۈمى

31 [1] فىلىستىنىيلەر ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلىشتى. ئەمما ئىسرائىل ئادەملىرى
فىلىستىنىيلەرنىڭ ئالدىدىن قېچىپ، گىلبوئا تېغىدا قىرىپ تاشلاندى. [2] ئۇ ۋاقىت
فىلىستىنىيلەر شائۇلغا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. فىلىستىنىيلەر بولسا
شائۇلنىڭ ئوغۇللىرى يوناتان، ئابىناداب، مەلكىشۇئانى ئۆلتۈرۈپ قويدى. [3] سوقۇش شائۇلغا
قاتتىق بولۇپ، يا ئاتقۇچىلار ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە يا ئاتقۇچىلاردىن تولا قورقتى.
[4] ئۇ ۋاقىت شائۇل ئۆز ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە: «قىلىچىڭنى سۇغۇرۇپ مېنى سايغىن.

بۇ خەتنىسىزلەر كېلىپ مېنى سېيىپ خارلىمىسۇن» دەپ ئېيتتى. لېكىن ئۇنىڭ ياراغ
كۆتۈرگۈچىسى تولا قورقۇپ ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن شائۇل قىلىچنى ئېلىپ، ئۇنىڭ
ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. 5 ياراغ كۆتۈرگۈچى شائۇلنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگەندە ئۇ ھەم ئۆزىنى
قىلىچنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ، شائۇل بىلەن ئۆلدى. 6 ئۇ كۈندە شائۇلنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ
ئۈچ ئوغلى ئۆلۈپ، ياراغ كۆتۈرگۈچىسى بىلەن ھەممە ئادەملىرىمۇ بىللە ئۆلدى.
7 ۋادىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى بىلەن ئىئوردانىنىڭ ئۇ بىر تەرىپىدىكى ئىسرائىلىيلار ئۆزى
ئىسرائىل كىشىلىرى قېچىپ، شائۇل بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلىغاندا شەھەرلەرنى
تاشلاپ قاچتى. قاچسا، فىلىستىنىيلەر كېلىپ ئاندا ئولتۇرۇۋالدى. 8 ئەتىسى فىلىستىنىيلەر
ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى تالىغىلى كەلگەندە گىلبوئا تېغىدا شائۇل بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى
تېپىپ، 9 ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، ياراغلىرىنى سالدۇرۇپ، فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتىنىڭ ھەر
تەرىپىگە ئەۋەتىپ، ئۆز بۇتخانىلىرىدا ۋە خەلقىنىڭ ئارىسىدا بۇ خۇش خەۋەرنى بايان قىلدى.
10 ئۇنىڭ ياراغلىرىنى ئاشتاروت بۇتخانىسىدا سېلىپ، ئۆلۈكىنى بەيت-شېئاننىڭ سېپىلىگە
ئېسىپ قويدى.
11 يابەش گىلىيادتا ئولتۇرغۇچىلار فىلىستىنىيلەرنىڭ شائۇلغا نېمە قىلغىنىنى ئاڭلىغاندا،
12 ھەممە باتۇر ئادەملەر قوپۇپ، پۈتۈن كېچىدە مېڭىپ، شائۇل بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ
ئۆلۈكلىرىنى بەيت-شېئاننىڭ سېپىلىدىن چۈشۈرۈپ، يابەشكە ئېلىپ بېرىپ ئاندا كۆيدۈردى.
13 ئاندىن ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى يابەشتە بىر يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە دەپنە قىلىپ، يەتتە كۈن روزا
تۇتتى.

مۇقەددەس كىتاب

# سامۇئىل

## ئىككىنچى قىسىم

10

# ساموئېل
# بىرىنچى قىسىم

مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
(تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

10-قىسىم

1950-يىلدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# سامۇئىل
# ئىككىنچى قىسىم

## داۋۇد شائۇل بىلەن يوناتاننىڭ ئۆلگىنىدىن خەۋەر ئالىدۇ

1 [1] شائۇل ئۆلگەندىن كېيىن داۋۇد ئامالەكىيلەرنى ئۇرۇپ يېڭىپ كەلگەنىدى. ئەمما داۋۇد
زىقلاغتا ئىككى كۈن تۇرۇپ، [2] ئۈچىنچى كۈنىدە شائۇلنىڭ لەشكەرگاھىدىن ئېگىنى
يىرتىق بېشىدا توپا سىلىقلىق بىر ئادەم كەلدى. ئۇ داۋۇدنىڭ قېشىغا كەلگەنىدە يەرگە چۈشۈپ
تەزىم قىلدى. [3] داۋۇد ئۇنىڭدىن سورىدىكى: «نە يەردىن كەلدىڭ؟» ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بەردىكى:
«ئىسرائىلنىڭ لەشكەرگاھىدىن قېچىپ كەلدىم». [4] داۋۇد ئۇنىڭدىن سورىدىكى: «ئىش
قانداق بولدى؟ ماڭا دەپ بەرگىن» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «خەلق جەڭدىن قاچتى. خەلقتىنمۇ
تولا كىشى چۈشۈپ سوقۇشتا ئۆلدى. شائۇل بىلەن ئوغلى يوناتان ھەم ئۆلدى» دېدى. [5] داۋۇد
ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىپ بەرگەن يىگىتتىن سورىدىكى: «شائۇل بىلەن ئوغلى يوناتاننىڭ
ئۆلگىنىنى قانداق بىلىسەن؟» [6] ئۇنىڭغا خەۋەر بەرگەن يىگىت ئېيتتى: «توپ توغرا گىلبوئا
تېغىغا چىقسام، مانا شائۇل نەيزىگە يۆلىنىپ تۇرىدۇ ۋە مانا جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن ئاتلىقلار
ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ. [7] كەينىگە قاراپ مېنى كۆرۈپ قىچقىردى. ‹ مانا مەن› دەپ
ئېيتتىم. [8] ‹ كىمسەن› دەپ مەندىن سورىسا، مەن: ‹ ئامالەكىي ئادەم بولىمەن› دەپ جاۋاب
بەردىم. [9] ئۇ يەنە ماڭا: ‹ قېشىمغا كېلىپ، مېنى ئۆلتۈرگىن. بىتاقەت بولدۇم، لېكىن جېنىم
تېخى بار› دېدى. [10] مەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈردۈم، چۈنكى چۈشكەندىن كېيىن
تىرىك قالمايدۇ دەپ بىلدىم. ئاندىن بېشىدىكى تاجنى ۋە قولىدىكى بىلەزۈكنى ئېلىپ، مۇندا
خوجامغا ئېلىپ كەلدىم» دېدى.

[11] ئۇ ۋاقىت داۋۇد ئۆز ئېگىنلىرىنى تۇتۇپ يىرتىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئادەملەر ھەم
شۇنداق قىلدى. [12] ئۇلار شائۇل بىلەن ئوغلى يوناتان ئۈچۈن ۋە خۇداۋەندىنىڭ قوۋمى ئۈچۈن
ۋە پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ خاندانى ئۈچۈن: «قىلىچتىن ئۆلدى» دەپ ماتەم تۇتۇپ يىغلاپ،
ئاخشامغىچە روزا تۇتتى.

[13] داۋۇد ئۇنىڭ ئۆزىگە خەۋەر بەرگەن يىگىتتىن: «نە يەردىنسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئېيتتى:
«مەن بىر بىگانىنىڭ ئوغلى بولۇپ، بىر ئامالەكىي ئىكەنمەن.» [14] داۋۇد ئۇنىڭغا: «ئۆز
قولۇڭنى ئۇزىتىپ، خۇداۋەندىنىڭ مەسىھلەنگەن ئادىمىنى ھالاك قىلىشتىن قورقمىدىڭمۇ؟»
دەپ ئېيتتى. [15] ئاندىن داۋۇد ئۆز غۇلاملىرىدىن بىرىنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا: «چىقىپ
ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغىن» دەپ بۇيرۇدى. بۇيرۇسا، ئۇ ئۇنى ئۇنداق ئۇردىكى، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى.

16 لېكىن داۋۇت ئۇنىڭغا ئېيتتى: «قېنىڭ ئۆز بېشىڭنىڭ ئۈستىگە كەلسۇن. ‹ خۇداۋەندىنىڭ
مەسىھلەنگەن ئادىمىنى ئۆلتۈردۈم› دېگىنىڭدە ئۆز ئاغزىڭ ئۈستۈڭدە گۇۋاھلىق بەردى».

## داۋۇدنىڭ شائۇل بىلەن يوناتان ئۈچۈن
## ماتەم تۇتۇپ ئوقۇغان قوشىقى

17 داۋۇد شائۇل بىلەن ئوغلى يوناتان ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ، بۇ قوشاقنى ئوقۇپ: [18] «يانىڭ
شېئىرى دېگەن شېئىرنى بەنى-يەھۇداغا ئۆگىتىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. مانا مۇستەھكەمنىڭ
كىتابىدا مۇنداق پۈتۈلگەنكى:

19 «ئەي ئىسرائىل، ئۆز پەخرىڭ ئېگىز يەرلىرىڭدە ئۇرۇلغاندۇر. پالۋانلار قانداق چۈشكەندۇر؟
20 گاتتا بۇنى خەۋەر بەرمەڭلار، ئاشقېلوننىڭ كوچىلىرىدا بۇنى بايان قىلماڭلار.
فىلىستىنىيلەرنىڭ قىزلىرى خۇش بولمىسۇن، خەتنىسىزلەرنىڭ قىزلىرى شادلىق قىلمىسۇن.
21 ئەي گىلبوئا، تاغلار ئۈستۈڭلارغا شەبنەم ياكى يامغۇر چۈشمىسۇن، ھەدىيە ئۈچۈن ھوسۇل
كەلتۈرىدىغان ئېتىزلار يەنە تېپىلمىسۇن. چۈنكى ئاندا پالۋانلارنىڭ سىپىرى ھاقارەتلىك بولدى،
شائۇلنىڭ سىپىرىنىڭ ئۆزى ياغ بىلەن ياغلانمىغاندەك تاشلاندى.
22 يوناتاننىڭ ياسى ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قېنىدىن ياكى پالۋانلارنىڭ يېغىدىن يانمىدى.
شائۇلنىڭ قىلىچى بولسا قۇرۇق يېنىلمىدى.
23 شائۇل بىلەن يوناتان ھاياتتا ئامراق تۇرۇشۇپ ئەزىز بولۇشۇپ، ۋاپاتتا ھەم ئايرىلىشمىدى.
ئۇلار قارىقۇشلاردىن ئىتتىك بولۇپ، شىرلاردىن كۈچلۈك ئىدى.
24 ئەي ئىسرائىلنىڭ قىزلىرى، شائۇل ئۈچۈن يىغلاڭلار. ئۇ سىلەرگە سۆسۈن ۋە نەپىس كىيىم
كىيدۈرۈپ، ئېگىنلىرىڭلارنى ئالتۇن زىننەتلىرى بىلەن زىننەتلەندۈرگەنىدى.
25 پالۋانلار جەڭدە قانداق يىقىلغاندۇر! ۋاي، يوناتان ئېگىز يەرلىرىڭدە ئۆلتۈرۈلگەندۇر.
26 ئەي بۇرادىرىم يوناتان، سەن ئۈچۈن غەم يەيمەن. ماڭا تولا ئەزىز ئىدىڭ. مۇھەببىتىڭ ماڭا
ئەۋزەل ئىدى، خوتۇنلارنىڭ مۇھەببىتىدىن ئەۋزەل ئىدى.
27 ۋاي، پالۋانلار قانداق يىقىلغاندۇر، جەڭنىڭ ئەسۋابلىرى قانداق يوقالغاندۇر».

## داۋۇد مەسىھلىنىپ پادىشاھ بولىدۇ

2 1 ئاندىن كېيىن داۋۇد خۇداۋەندىدىن سورىدىكى: «يەھۇدا شەھەرلىرىنىڭ بىرىگە چىقايمۇ؟»
خۇداۋەندە ئۇنىڭغا: «چىققىن» دېدى. داۋۇد سورىدىكى: «نە يەرگە چىقاي؟» ئۇ ئېيتتى:
«خېبرونغا چىققىن.» [2] ئۇ ۋاقىت داۋۇد ئۆز ئىككى خوتۇنىنى يىزرەئەللىك ئاخىنوئام ۋە

كارمەللىك نابالنىڭ خوتۇنى بولغان ئابىگايىل بىلەن ئۇ يەرگە چىقتى. 3 داۋۇد ئۇنىڭ بىلەن
بولغان ئادەملەرنىڭ ھەربىرىنى ھەم ئۆز ئۆي خەلقى بىلەن ئۇ يەرگە ئېلىپ چىقتى. ئۇلار
خېبروننىڭ شەھەرلىرىدە ئولتۇرىدىغان بولدى. 4 يەھۇدانىڭ ئادەملىرى ئۇ يەرگە كېلىپ،
داۋۇدنى يەھۇدا خانىدانىغا پادىشاھ بولغىلى مەسىھلىدى. يابەش: «گىلېيادتىكى ئادەملەر
شائۇلنى دەپنە قىلدى» دەپ داۋۇدقا خەۋەر بېرىلگەندە،
5 داۋۇد يابەش گىلېيادتىكى ئادەملەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ئېيتقۇزدىكى: «خوجاڭلار
شائۇلغا ياخشىلىق قىلىپ، ئۇنى دەپنە قىلغىنىڭلار ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن
مۇبارەك بولغايسىلەر. 6 ئەمدى خۇداۋەندە سىلەرگە ياخشىلىق بىلەن ھەقلىق قىلغاي.
شۇنى قىلغىنىڭلار ئۈچۈن مەن ھەم سىلەرگە ياخشىلىق قىلاي. 7 ئەمدى قوللىرىڭلارنى
قۇۋۋەتلەندۈرۈپ جۈرئەتلىك بولۇڭلار. خوجاڭلار شائۇل ئۆلدى، لېكىن يەھۇدا خانىدانى ئۆزىگە
پادىشاھ بولغىلى مېنى مەسىھلىدى.

## داۋۇد ۋە شائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوسەت

8 ئەمما شائۇلنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى ئابنەر بەن-نەر شائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوسەتنى ئېلىپ،
ماخانائىمغا باشلاپ بېرىپ، 9 ئۇنى گىلېيادقا، ئاسسۇرىيلارغا، يىزرەئەلگە، ئەفرائىمغا،
بەنيامىنغا ۋە پۈتۈن ئىسرائىلغا پادىشاھ قىلدى. 10 شائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوسەت پادىشاھ
بولغاندا قىرىق ياشقا كىرىپ، ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. لېكىن
يەھۇدا خانىدانى داۋۇدقا ئەگەشتى. 11 داۋۇد خېبروندا يەھۇدا خانىدانىنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت
قىلغان ۋاقتى يەتتە يىل ئالتە ئاي ئىدى.
12 ئەمما نەرنىڭ ئوغلى ئابنەر شائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوسەتنىڭ ئادەملىرى بىلەن ماخانائىمدىن
چىقىپ،گىبىيونغا باردى. 13 زېرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب بىلەن داۋۇدنىڭ ئادەملىرى ھەم چىقىپ،
گىبىيوندىكى كۆلنىڭ يېنىدا ئۇلار بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار بولسا كۆلنىڭ بىر تەرىپىدە ۋە
باشقىلار كۆلنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇردى. 14 ئابنەر يوئابقا ئېيتتى: «يىگىتلەر قوپۇپ،
ئالدىمىزدا ئوينىسۇن.» يوئاب: «قوپسۇن» دېدى. 15 ئۇلار قوپۇپ، تەڭ-تەڭ سان بولۇپ
بەنيامىن بىلەن شائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوسەتنىڭ تەرىپىدىن ئون ئىككى كىشى ۋە داۋۇدنىڭ
ئادەملىرىنىڭ تەرىپىدىن ئون ئىككى كىشى چىقىپ ئوتتۇرىدا تۇردى. 16 ئاندىن ئۇلار بىر-
بىرىنىڭ بېشىنى تۇتۇشۇپ، قىلىچنى بىر-بىرىنىڭ بىگىنىگە سانجىشىپ ھەممىسى يىقىلىپ
ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەر گىبىيوندىكى خەلقات-ھاززۇرىم دەپ ئاتالدى. 17 ئۇ كۈنىدە قاتتىق
بىر سوقۇش بولدى، لېكىن ئابنەر بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى داۋۇدنىڭ ئادەملىرىدىن
مەغلۇپ قىلىندى.
18 ئەمدى ئاندا زېرۇيانىڭ يوئاب، ئابىساي، ۋە ئاسائەل دېگەن ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئاسائەل
بولسا سەھرادىكى بىر كىيىكتەك چاپسان ئىدى. 19 ئاسائەل ئابنەرنى قوغلاپ، خاھى ئوڭغا،

خاھى چەپكە ئابنەردىن قايرىلمىدى. [20] ئابنەر كەينىگە قاراپ: «سەن ئاسائەلمۇ؟» دەپ سورىدى.
«شۇنداق، مەن» دەپ جاۋاب بەردى. [21] ئابنەر ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئوڭغا ياكى چەپكە بۇرۇلۇپ،
يىگىتلەرنىڭ بىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ يارىغىنى ئالغىن» دېدى. لېكىن ئاسائەل ئۇنى
قويغىلى ئۇنىمىدى. [22] ئابنەر ئاسائەلگە يەنە ئېيتتى: «مېنى قويغىن. نېمىشقا سېنى يەرگە
ئۇراي؟ ئۇنداق قىلسام، بۇرادىرىڭ يوئابنىڭ يۈزىگە قانداق قارىيالايمەن» دېدى. [23] لېكىن
ئۇ ئۇنى قويغىلى ئۇنىمىغاندا ئابنەر ئۆز نەيزىسىنىڭ كەينى ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا
ئۇنداق سالدىكى، نەيزە كەينىدىن ئۆتۈپ چىقىپ، ئۇ شۇ يەردە يىقىلىپ ئۆلدى. ھەركىم
ئاسائەل يىقىلىپ ئۆلگەن يەرگە كەلسە، ئاندا بىر توختاپ قالدى. [24] ئەمما يوئاب بىلەن ئابىشاي
ئابنەرنى قوغلاپ تۇردى. كۈن پاتقاندا ئۇلار گىبېيون چۆلىدىكى گىياھنىڭ ئۇدۇلىدا بولغان
ئامماھنىڭ ئېگىزلىكىگە يەتتى. [25] ئۇ ۋاقىت بەنيامىننىڭ ئادەملىرى ئابنەرنىڭ كەينىدىن جەم
بولۇشۇپ، بىر قوشۇن بولۇپ بىر ئېگىزلىكنىڭ تۆپىسىدە توختاپ تۇردى. [26] ئابنەر يوئابقا
قىچقىرىپ ئېيتتى: «قىلىچ ھەمىشە ھالاك قىلغايمۇ؟ بىلمەمسەنكى، بۇنىڭ ئاخىرى يامان
بولىدۇ. ئۆز ئادەملىرىڭگە: ‹ بۇرادەرلىرىڭنى قوغلىماڭلار› دەپ قاچان بۇيرۇيسەن؟» دېدى.
[27] يوئاب ئېيتتى: «تىرىك خۇدا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سەن سۆز قىلمىغان بولساڭ،
ئادەملەرنىڭ ھېچبىرى بۇرادەرلىرىنى قوغلىماقتىن ئەتىگەنگىچە يانمايتتى» دېدى. [28] ئاندىن
يوئاب كاناي چالدۇردى. ئۇ ۋاقىت ھەممە خەلق توختاپ، خاھى ئىسرائىلنى قوغلىماي، خاھى
جەڭ يەنە قىلمىدى.
[29] ئەمما ئابنەر بىلەن ئادەملىرى پۈتۈن كېچە مېڭىپ، ساينى كېزىپ ئىئوردانىنى كېچىپ،
پۈتۈن بىتروندىن ئۆتۈپ، ماخانائىمغا يېتىپ كەلدى. [30] يوئاب ئابنەرنى قوغلىماقتىن يېنىپ،
ھەممە خەلقنى يىغقاندا داۋۇدنىڭ ئادەملىرىدىن ئون توققۇز كىشى بىلەن ئاسائەل كەم چىقتى.
[31] لېكىن داۋۇدنىڭ ئادەملىرى بەنيامىن بىلەن ئابنەرنىڭ ئادەملىرىدىن ئۈچ يۈز ئاتمىش
كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنىدى. [32] ئۇلار ئاسائەلنى ئېلىپ، بەيتلەھەمدە ئۆز ئاتىسىنىڭ
قەبرىسىدە دەپنە قىلدى. ئاندىن يوئاب بىلەن ئادەملىرى پۈتۈن كېچىدە مېڭىپ، تاڭ ئاتقاندا
خېبرونغا يېتىپ كەلدى.

## شائۇلنىڭ خاندانى بىلەن داۋۇدنىڭ خاندانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ

3 [1] شائۇلنىڭ خاندانى بىلەن داۋۇدنىڭ خاندانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئۇزۇن ۋاقىتقىچە
داۋاملاشتى. داۋۇد بارغانسېرى كۈچلۈكرەك بولدى، لېكىن شائۇلنىڭ خاندانى بارغانسېرى
ئاجىزراق بولغىلى تۇردى.

2 خېبروندا داۋۇدقا ئوغۇللار تۇغۇلدى. ئۇنىڭ تۇنجىسى ئامنون بولۇپ، يىزرەئەللىك
ئاخىنوئامدىن تۇغۇلدى. 3 ئىككىنچىسى كىلاب بولۇپ، كارمەللىك نابالنىڭ خوتۇنى
بولغان ئابىگايىلدىن تۇغۇلدى. ئۈچىنچىسى ئابشالوم ئىدى. ئۇ ئۆزى گەشۇرنىڭ پادىشاھى
تالمايىنىڭ قىزى مائاكانىڭ ئوغلى ئىدى. 4 تۆتىنچىسى ئادونىيا بولۇپ، خاگگىتنىڭ ئوغلى
ئىدى. بەشىنچىسى شېفاتىيا بولۇپ، ئابىتالنىڭ ئوغلى ئىدى. 5 ئالتىنچىسى يىترېئام بولۇپ،
داۋۇدنىڭ خوتۇنى ئەگلادىن تۇغۇلدى. بۇلار خېبروندا داۋۇدقا تۇغۇلدى.

6 شائۇلنىڭ خاندانى بىلەن داۋۇدنىڭ خانداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ قىلىنىپ تۇرغان
ۋاقىتتا ئابنەر شائۇلنىڭ خاندانىدا ئۆزىنى قۇۋۋەتلەندۈرەتتى. 7 ئەمدى شائۇلنىڭ رىزپا دەپ
ئاتىلىپ، ئايىيانىڭ قىزى بولغان بىر كېنىزىكى بار ئىدى. ئىشبوسەت ئابنەرگە ئېيتتى: «نېمىشقا
ئاتامنىڭ كېنىزىكىنىڭكىگە كىردىڭ؟» 8 ئابنەر ئىشبوسەتنىڭ سۆزى ئۈچۈن ئاچچىقلىنىپ
ئېيتتى: «يەھۇدادىكى بىر ئىت كاللىسىمەنمۇ؟ بۈگۈنگىچە مەن ئاتاڭ شائۇلنىڭ خاندانىغا
ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى بىلەن دوستلىرىغا ياخشىلىق قىلىپ، سېنى داۋۇدنىڭ قولىغا چۈشكىلى
قويمىغان بولساممۇ، سەن بۈگۈن ماڭا: ‹ بۇ خوتۇن بىلەن بۇزۇقلۇق قىلدىڭ› دەپ ئەيىب
قويامسەن؟ 9 ئەگەر مەن ئۆزۈم خۇداۋەندىنىڭ داۋۇدقا قەسەم بىلەن قىلغان ۋەدىسىگە
مۇۋاپىق ئىش قىلمىسام، خۇدا ئابنەرگە ئۇنداق قىلسۇن، مۇنداق قىلسۇن، بەلكى ئۇنىڭدىن
زىيادە قىلسۇن. 10 ئۇنداق قىلمەنكى، پادىشاھلىق شائۇلنىڭ ئۆيىدىن ئېلىنىپ، داۋۇدنىڭ
تەختى داندىن بەرشېباغىچە پۈتۈن ئىسرائىل بىلەن يەھۇدانىڭ ئۈستىگە سېلىنغاي» دېدى.
11 ئاندىن كېيىن ئىشبوسەت ئابنەردىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا بىر سۆز ئېيتقىلى جۈرئەت قىلمىدى.
12 لېكىن ئابنەر دەرھال داۋۇدنىڭ قېشىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ: «يۇرت كىمنىڭكى ئىكەن؟»
دەپ ئېيتقۇزدى. «مەن بىلەن ئەھدە قىلغىن. مانا ھەممە ئىسرائىلنى ساڭا مايىل قىلغىلى
قولۇم سەن بىلەن بولىدۇ» دەپ ھەم ئېيتقۇزدى. 13 ئۇ جاۋاب بەردىكى: «ياخشى بولىدۇ. مەن
سەن بىلەن ئەھدە قىلاي. لېكىن بىر ئىش سورايمەن. ئۇ شۇكى مېنىڭ قېشىمغا كەلگەندە
شائۇلنىڭ قىزى مىكالنى كەلتۈرمىسەڭ، يۈزۈمنى كۆرمەيسەن» دېدى.
14 ئاندىن داۋۇد ئىشبوسەتنىڭ قېشىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ: «مەن يۈز فىلىستىنىيلەرنىڭ
خەتنىلىك ئەتلىرىگە ئالغان خوتۇنۇم مىكالنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگىن» دەپ ئېيتقۇزدى.
15 ئىشبوسەت كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۆز ئېرى پالتىيەل بەن-لايىشتىن تارتىۋالدى. 16 لېكىن
ئۇنىڭ ئېرى باخۇرىمغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىرىپ، كەينىدىن ئەگىشىپ يىغلاپ يۈردى. ئۇ ۋاقىت
ئابنەر ئۇنىڭغا: «يېنىپ كەلگىن» دېسە، ئۇ يېنىپ كەتتى.
17 ئابنەر ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىغا خەۋەر ئەۋەتىپ: «داۋۇد ئۈستىمىزگە پادىشاھ بولسۇن
دەپ، ئۆتكەن كۈنلەردە خالىدىڭلار. 18 ئەمدى بىر ھەرىكەت قىلىڭلار، چۈنكى خۇداۋەندە
داۋۇد توغرىسىدىن ئېيتقانكى: ‹ بەندەڭ داۋۇدنىڭ قولى بىلەن ئىسرائىلنىڭ قوۋمىنى
فىلىستىنىيلەرنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىپ، ھەممە دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىمەن›» دەپ

ئېيتقۇزدى. [19] ئابنەر ھەم بەنيامىنىيلار بىلەن سۆزلەشتى. ئاندىن ئابنەر ئىسرائىل بىلەن
بەنيامىنىنىڭ پۈتۈن خاندانى مەقبۇل كۆرگەن مەسلىھەتنى توغرىسىدا داۋۇد بىلەن خېبروندا
سۆزلەشكىلى باردى.
[20] ئابنەر يىگىرمە كىشى بىلەن خېبرونغا داۋۇدنىڭ قېشىغا كەلگەندە داۋۇد ئابنەر بىلەن ئادەملىرىگە
بىر زىياپەت قىلدى. [21] ئابنەر داۋۇدقا: «مەن قوپۇپ بېرىپ، پۈتۈن ئىسرائىلنى خوجام پادىشاھنىڭ
ئالدىغا جەم قىلاي. ئۇلار سەن بىلەن ئەھدە قىلىشقاي ۋە سەن ئۆز كۆڭلۈڭ خالىغاندەك سەلتەنەت
قىلغايسەن» دېدى. ئاندىن داۋۇد ئابنەرنى يولغا سالسا، ئۇ تىنچ-ئامان كەتتى.

## يوئاب ئابنەرنى ئۆلتۈرىدۇ

[22] مانا شۇ ئەسنادا داۋۇدنىڭ ئادەملىرى بىلەن يوئاب تالىماقتىن يېنىپ، تولا ئولجا ئېلىپ
كەلدى. لېكىن ئابنەر خېبروندا داۋۇدنىڭ قېشىدا يوق ئىدى. داۋۇد ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەندىن
كېيىن ئۇ تىنچ-ئامان كەتكەنىدى. [23] يوئاب ھەممە قوشۇنى بىلەن يېنىپ كەلگەندە خەلق
ئۇنىڭغا: «نەرنىڭ ئوغلى ئابنەر پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى. پادىشاھ ئۇنى يولغا سالغاندىن
كېيىن ئۇ تىنچ-ئامان كەتتى» دېدى. [24] يوئاب پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېيتتى: «سەن
نېمە قىلدىڭ؟ مانا ئابنەر سېنىڭ قېشىڭغا كەلدى. نېمىشقا ئۇنى كەتكۈزدۈڭ؟ ئەمدى كېتىپ
بولدى. [25] نەرنىڭ ئوغلى ئابنەرنى تونۇمايسەن؟ ئۇ سېنى ئالداپ، چىقىش-كىرىشىڭنى
كۆرۈپ، نېمە قىلىدىغىنىڭنى مەلۇم قىلغىلى كەلدى» دېدى. [26] يوئاب داۋۇدنىڭ قېشىدىن
چىققاندىن كېيىن ئابنەرنىڭ كەينىدىن كىشىلەر ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇنى سىرا بۇلىقىنىڭ يېنىدىن
ياندۇرۇپ، ئېلىپ كەلدى. لېكىن داۋۇد شۇنى بىلمىدى. [27] ئابنەر خېبرونغا يېنىپ كەلگەندە
يوئاب: «سەن بىلەن گەپلىشەي» دەپ ئۇنى ئۆزئارا دەرۋازىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز بۇرادىرىم
ئاسائەلنىڭ قېنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالاي دەپ، ئاندا تۇرۇپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا بىر
سېلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. [28] داۋۇد بۇنى ئاڭلاپ، ئېيتتى: «مەن بىلەن پادىشاھلىقىم نەرنىڭ ئوغلى
ئابنەرنىڭ قېنىدىن خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئەبەدكىچە بىگۇناھتۇرمىز. [29] ئۇنىڭ قېنى يوئابنىڭ
بېشى ئۈستىگە ۋە ئاتىسىنىڭ خاندانىنىڭ ئۈستىگە كەلسۇن. يوئابنىڭ ئۆيىدىن ئاقما، پېسە،
ھاسا تايانغۇچى، قىلىچتىن ئۆلگۈچى ۋە نانغا موھتاج كىشى كەم بولمىسۇن» دېدى.
[30] ئابنەر ئۇلارنىڭ بۇرادىرى ئاسائەلنى گىبېئوندىكى جەڭدە ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن يوئاب بىلەن
بۇرادىرى ئابىساي ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈردى. [31] داۋۇد يوئابقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە
خەلققە: «كىيىملىرىڭلارنى يىرتىپ پالاس كىيىپ، ئابنەر ئۈچۈن ماتەم تۇتۇڭلار» دەپ ئېيتىپ
داۋۇد پادىشاھ ئۆزى تاۋۇتنىڭ كەينىدىن يۈردى. [32] ئۇلار ئابنەرنى خېبروندا دەپنە قىلدى.
پادىشاھ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، ئابنەرنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا يىغلاپ تۇرسا، خەلقنىڭ ھەممىسى
يىغلىشىپ بەردى. [33] پادىشاھ ئابنەر ئۈچۈن قوشاق ئوقۇپ ئېيتتى:

«ئابنەر بىر ئەخمەقتەك ئۆلىدىغانمۇ ئىدى؟
[34] قولliرىڭ باغلاقلىق ئەمەس ئىدى. پۇتلىرىڭ ئىشكەلگە سېلىنغانمۇ ئەمەس ئىدى.
پاسىقنىڭ قولى بىلەن چۈشكەندەك چۈشتۈڭ»

دېگەندە خەلقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاشتى. [35] خەلقنىڭ ھەممىسى داۋۇتنى تائام يېگىلى زورلاپ تۇردى. ئەمما داۋۇت قەسەم قىلىپ: «ئەگەر مەن كۈن پاتماستا نان ياكى باشقا بىر نەرسىنى يېسەم، خۇدا ماڭا ئۇنداق قىلسۇن، مۇنداق قىلسۇن، بەلكى ئۇنىڭدىن زىيادە قىلسۇن» دېدى. [36] ھەممە خەلق بۇنى مەلۇم قىلغاندا شۇنىڭدىن رازى بولدى، شۇنىڭدەك خەلقنىڭ ھەممىسى پادىشاھ قىلغان ھەر ئىشتىن رازى ئىدى. [37] خەلقنىڭ ھەممىسى بىلەن پۈتۈن ئىسرائىل ئۇ كۈن ئۇقتىكى، پادىشاھ نەرنىڭ ئوغلى ئابنەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى توغرىسىدىن بىگۇناھ ئىدى. [38] پادىشاھ ئۆز ئادەملىرىگە سۆزلەپ: «بىلمەيسىلەرمۇكى، بۇ كۈن ئىسرائىلدا بىر سەردار، بەلكى بىر ئۇلۇغ ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. [39] مەن پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلەنگەن بولسامۇ، تېخى ئاجىزدۇرمەن. بۇ ئادەملەر، يەنى زېرۇيانىڭ ئوغۇللىرى مەندىن كۈچلۈكتۇر. خۇداۋەندە يامانلىق قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ يامانلىقىغا قاراپ جازا بەرسۇن» دېدى.

## ئىشبوسەت ئۆلتۈرۈلىدۇ

4 [1] شائۇلنىڭ ئوغلى ئۆزى ئابنەرنىڭ خېبروندا ئۆلگىنىنى ئاڭلىغاندا قولى بوشاپ كېتىپ، ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى پەرىشان بولدى. [2] لېكىن شائۇلنىڭ ئوغلىنىڭ ئىككى قوشۇن سەردارى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى بائانا ۋە يەنە بىرىنىڭ ئىسمى رېكاب ئىدى. ئۇلار بەنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان بەئەروتلۇق رىممونىنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. چۈنكى بەئەروت بەنيامىنغا تەۋە زېمىندەك سانالدى. [3] بەئەروتلۇقلار گىتتايىمغا قېچىپ، ئاندا بۇ كۈنگىچە مۇساپىردەك ئولتۇرماقتا.

[4] ئەمما شائۇلنىڭ ئوغلى يوناتاننىڭ پۇتلىرى ئاقساق بىر ئوغلى بار ئىدى. «شائۇل بىلەن يوناتان ئۆلدى» دەپ يىزرەئەلگە خەۋەر يەتكەندە ئۇ ئۆزى بەش ياشقا كىرگەنىدى. خەۋەر ئاڭلىغان خوتۇن ئۇنى ئېلىپ قاچتى. ئالدىراپ قاچقاندا بۇ بالا چۈشۈپ كېتىپ، ئاقساق بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىسمى مېفىبوشەت ئىدى.

[5] بەئەروتلۇق رىممونىنىڭ ئوغۇللىرى رېكاب بىلەن بائانا كۈننىڭ ئىسسىق ۋاقتىدا ئىشبوسەت چۈش راھەتتە ياتقاندا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى. [6] ئۇلار بۇغداي ئېلىپ چىقايلى دەپ، ئۆينىڭ ئىچكىرىگە كىرىپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا بىر سايىدى. ئاندىن رېكاب بىلەن بائانا قېچىپ كەتتى.

[7] ئۇ ياتماق ئۆيىدە ئۆز ئورنىدا ياتقاندا ئۇلار ئۆيگە كىرىپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى
كەستى. ئاندىن بېشىنى ئېلىپ، سايىنى كېزىپ، پۈتۈن كېچىدە ماڭدى. [8] ئۇلار ئىشبوشەتنىڭ
بېشىنى خېبرونغا داۋۇدنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ، پادىشاھقا ئېيتتى: «مانا، جېنىڭنىڭ
دۈشمىنى شائۇلنىڭ ئوغلى ئىشبوشەتنىڭ بېشى بۇدۇر! خۇداۋەندە بۈ كۈن خوجام پادىشاھقا
شائۇل بىلەن ئەۋلادىدىن ئىنتىقام ئالدى» دېدى. [9] داۋۇد بەئەروتلۇق رىممونىنىڭ ئوغۇللىرى
رېكاب بىلەن بۇرادىرى بائاناغا سۆز قىلىپ ئېيتتى: «مېنى ھەممە تەڭلىكىمدىن قۇتقۇزغان
تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، [10] ‹ شائۇل ئۆلدى› دەپ ماڭا ئېيتىپ بېرىپ، خۇش
خەۋەر كەلتۈردۈم دەپ خىيال قىلغان كىشىنى زىقلاغتا تۇتۇپ ئۆلتۈردۈم. ئۇنداقتا خەۋەرچىنىڭ
ھەققىنى بەردىم ئەمەسمۇ؟ [11] ئەمدى يامان ئادەملەر بىر ئادىل كىشىنى ئۆز ئۆيىدە ئورنىدا
ئۆلتۈرگەن بولسا، قانچە ئوشۇقراق ئۇنىڭ قېنىنى قوللىرىڭلاردىن تەلەپ قىلىپ، سىلەرنى يەر
يۈزىدىن يوقاتمايمەنمۇ؟» دېدى. [12] داۋۇدنىڭ بۇيرۇقى بىلەن غۇلاملىرى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، قول
پۇتلىرىنى كېسىپ، خېبروندىكى كۆلنىڭ يېنىدا ئېسىپ قويدى. لېكىن ئىشبوشەتنىڭ بېشىنى
ئېلىپ، خېبروندا ئابنەرنىڭ قەبرىسىدە دەپنە قىلدى.

## داۋۇد خېبروندا پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بولۇشقا مەسىھلىنىدۇ

5 [1] ئاندىن كېيىن ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرى خېبرونغا داۋۇدنىڭ قېشىغا كېلىپ،
ئېيتتىكى: «مانا بىز سېنىڭ سۆڭەك بىلەن ئېتىڭدۇرمىز. [2] ئۆتكەن ۋاقىتتا شائۇل بىزنىڭ
ئۈستىمىزدە سەلتەنەت قىلغاندا ئىسرائىلنىڭ چىقىش-كىرىشىدە باشلىغۇچىسى سەن ئىدىڭ
ۋە خۇداۋەندە ساڭا: ‹ مەن مېنىڭ قوۋمىم ئىسرائىلنىڭ پادىچىسى ۋە ئىسرائىلنىڭ ئەمىرى
بولىسەن› دېگەنىدى» دېدى. [3] ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرى خېبرونغا پادىشاھنىڭ
قېشىغا كەلگەندە داۋۇد پادىشاھ خېبروندا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئۇلار بىلەن بىر ئەھدە
قىلىشتى. ئاندىن كېيىن ئۇلار داۋۇدنى ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلىدى.
[4] داۋۇد پادىشاھ بولغاندا ئوتتۇز ياشقا كىرىپ، قىرىق يىل سەلتەنەت قىلدى. [5] خېبروندا
يەھۇدانىڭ ئۈستىدە يەتتە يىل ئالتە ئاي سەلتەنەت قىلىپ، يېرۇسالېمدا پۈتۈن ئىسرائىل
بىلەن يەھۇدانىڭ ئۈستىدە ئوتتۇز ئۈچ يىل سەلتەنەت قىلغانىدى.

## داۋۇد يېرۇسالېمنى مەغلۇپ قىلىپ ماكان تۇتىدۇ

[6] پادىشاھ ئۆز ئادەملىرى بىلەن يېرۇسالېمغا چىقىپ، ئۇ يۇرتتا ئولتۇرغان يەبۇسىيلار بىلەن جەڭ
قىلدى. داۋۇد بۇ يەرگە خېچ كىرەلمەيدۇ دەپ، ئۇنىڭغا: «سەن بۇ يەرگە كېلەلمەيسەن. كورلار

بىلەن ئاقساقلارمۇ سېنى توسالايدۇ» دېدى. 7 لېكىن داۋۇد سى'ون قورغىنىنى ئالدى. بۇ ئۆزى
داۋۇدنىڭ شەھىرى دەپ ئاتالدى. 8 داۋۇد ئۇ كۈن ئېيتتى: «ھەركىم سۇگۈچ بىلەن چىقىپ،
يەبۇسىيلارنى ئۇرسا، ئۇ ئۆزى داۋۇدنىڭ جېنى يامان كۆرگەن بۇ كورلار بىلەن ئاقساقلارنى
ئۆلتۈرىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن: «كور ياكى ئاقساق ئۆيگە كىرمىسۇن» دەيدىغان سۆز باردۇر.
9 ئاندىن داۋۇد قورغاندا ئولتۇرۇپ، ئۇنى داۋۇدنىڭ شەھىرى دەپ ئاتاپ، چۆرىسىدە مىللودىن
تارتىپ ئىچ تەرىپىگە ئىمارەت سالغىلى تۇردى. 10 داۋۇد بارغانسېرى قۇۋۋەتلىنىپ، ئۇلۇغ
بولاتتى ۋە ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان رەب-خۇدا ئۇنىڭ بىلەن ئىدى.
11 تىرنىڭ پادىشاھى خىرام ئۆزى داۋۇدقا ئەلچىلەرنى يوللاپ، كېدىر ياغىچى ئېلىپ بېرىپ،
ياغاچچى بىلەن تامچىلارنىمۇ ئەۋەتتى. بۇلار داۋۇدقا بىر ئوردا ياسىدى. 12 داۋۇد بولسا:
«خۇداۋەندە مېنى پادىشاھ تىكلەپ كۈچەيتىپ، ئۆز قوۋمى ئىسرائىل ئۈچۈن مېنىڭ
پادىشاھلىقىمنى ئۇلۇغلاندۇرغاندۇر» دەپ ئۇقتى.

13 داۋۇد خېبروندىن كەلگەندىن كېيىن يېرۇسالېمدىن يەنە كېنىزەكلەر ۋە خوتۇنلار ئالدى
ۋە داۋۇدقا يەنە ئوغۇل-قىزلار تۇغۇلدى. 14 يېرۇسالېمدا ئۇنىڭغا تۇغۇلغانلارنىڭ ئىسىملىرى
شۇ، يەنى شامۇئا، شوباب، ناتان، سۇلايمان، 15 يىبخار، ئېلىشۇئا، نېفەگ، يافىيا، 16 ئەلىشاما،
ئەليادا ۋە ئەلىفېلەت ئىدى.

## داۋۇد فىلىستىنىيلەرنى ئۇرىدۇ

17 فىلىستىنىيلەر بولسا داۋۇدنىڭ ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلەنگىنىنى ئاڭلىغاندا
فىلىستىنىيلەرنىڭ ھەممىسى داۋۇدنى تۇتقىلى چىقتى. داۋۇد بۇنى ئاڭلىغاندا قورغانغا چۈشتى.
18 فىلىستىنىيلەر كېلىپ، رېفائىم ۋادىسىدا يېيىلدى. 19 داۋۇد خۇداۋەندىدىن سورىدىكى:
«فىلىستىنىيلەرگە قارشى چىقايمۇ؟ ئۇلارنى قولۇمغا تاپشۇرىسەنمۇ؟» خۇداۋەندە داۋۇدقا:
«چىققىن! شەكسىز فىلىستىنىيلەرنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن» دەپ ئېيتتى. 20 ئۇ ۋاقىت
داۋۇد بائال-پەرازىمغا باردى. ئاندا داۋۇد ئۇلارنى ئۇرۇپ: «مانا بىر سەل باسقاندەك خۇداۋەندە
ئالدىمدا دۈشمەنلىرىمنى باستى» دېدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەرنى بائال-پەرازىم دەپ ئاتىدى.
21 ئۇلار ئاندا ئۆز بۇتسۇرەتلىرىنى قويۇپ كەتتى ۋە داۋۇد بىلەن ئادەملىرى ئۇلارنى ئېلىۋەتتى.
22 لېكىن فىلىستىنىيلەر يەنە چىقىپ، رېفائىم ۋادىسىدا يېيىلدى. 23 داۋۇد خۇداۋەندىدىن
سورىغاندا ئۇ ئېيتتىكى: «سەن ئۇ يەرگە چىقماي، بەلكى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ،
ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ ئۇتتۇرىدىكى يەردىن ھۇجۇم قىلغايسەن. 24 ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ
تۆپىسىدىن ماڭىدىغان قەدەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىڭدا ئۇتتۇر ماڭغىن، چۈنكى ئۇ ۋاقىت
خۇداۋەندە فىلىستىنىيلەرنىڭ قوشۇنىنى ئۇرغىلى ئالدىڭدا ماڭىدۇ» دېدى. 25 داۋۇد خۇداۋەندە
ئۇنىڭغا بۇيرۇغاندەك قىلىپ، فىلىستىنىيلەرنى ئۇرۇپ گېبادىن گېزەرگىچە قوغلىدى. 21201

## داۋۇد ئەھدە ساندۇقىنى يېرۇسالېمغا ئېلىپ كېلىدۇ

6 [1] داۋۇد ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدىن ھەممە ئىلغانغان ئادەملەرنى يەنە يىغسا، بۇلار ئوتتۇز
مىڭ چىقتى. [2] ئاندىن داۋۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە خەلق بائالا-يەھۇدادىن
چىقتى، چۈنكى ئۇ يەردىن خۇدانىڭ ساندۇقىنى ئېلىپ چىقماقچى ئىدى. ئۇ ئەھدە ساندۇقى
كېرۇبلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇچى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇداۋەندىنىڭ
نامى بىلەن ئاتالغاندۇر. [3] ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى يېڭى بىر هارۋىغا سېلىپ، گېبادا
ئولتۇراقلىق ئابىنادابنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىقتى. ئېلىپ چىقسا، ئابىنادابنىڭ ئوغۇللىرى
ئۇززا بىلەن ئاخيو ئۇ يېڭى هارۋىنى ھەيدىدى. [4] ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى گېبادا
ئولتۇراقلىق ئابىنادابنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىپ، بىللە بارغىنىدا ئاخيو ئەھدە ساندۇقىنىڭ
ئالدىدا ماڭدى. [5] داۋۇد بىلەن پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئۆيى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا خۇش بولۇپ،
قارىغاي ياغىچىدىن ئېتىلگەن نەغمىلەر، يەنى چاڭ، ساتار، داپ، جىڭگىرلىما ۋە جاڭجاڭ
چالدى.
[6] لېكىن ئۇلار ناكون خامىنىغا كەلگەندە ئۇززا ئۆزى ئۇيلار پۇتلاشقىنى ئۈچۈن ئۆز قولىنى
خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىغا ئۇزىتىپ ئۇنى تۇتتى. [7] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئۇززاغا
تۇتاشقاچ خۇدا ئۇنىڭ خاتا قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنى ئۇردى. شۇنداقكى، ئۇ خۇدانىڭ ئەھدە
ساندۇقىنىڭ يېنىدا چۈشۈپ ئۆلدى. [8] داۋۇد بولسا خۇداۋەندە ئۇززانى ئۇرغىنى ئۈچۈن ئەلەم
بولۇپ، ئۇ يەرنى پەرەز-ئۇززا دەپ ئاتىدى ۋە بۇ كۈنگىچە شۇنداق ئاتىلىدۇ. [9] ئۇ كۈندە داۋۇد
خۇداۋەندىدىن قورقۇپ: «خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئۆزۈمنىڭكىگە قانداق ئېلىپ
كېلەلەيمەن؟» دەپ ئېيتتى. [10] ئۇنىڭ ئۈچۈن داۋۇد خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى داۋۇد
شەھىرىگە ئۆزىنىڭكىگە يۆتكىگىلى خالىمىدى، بەلكى داۋۇد ئۆزى ئۇنى گاتلىق ئوبەد-
ئېدومنىڭ ئۆيىگە كەلتۈردى.
[11] خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى گاتلىق ئوبەد-ئېدومنىڭ ئۆيىدە ئۈچ ئاي قالدى. ئەمما
خۇداۋەندە ئوبەد-ئېدوم بىلەن پۈتۈن ئۆيىنى بەرىكەتلىدى. [12] «خۇداۋەندە ئوبەد-ئېدومنىڭ
ئۆيى بىلەن ھەممە بارىنى خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى جەھىتىدىن بەرىكەتلىگەندۇر» دەپ داۋۇد
پادىشاھقا خەۋەر بېرىلگەندە داۋۇد خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئوبەد-ئېدومنىڭ ئۆيىدىن
ئېلىپ، خۇشلۇق بىلەن داۋۇدنىڭ شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. [13] خۇداۋەندىنىڭ ساندۇقىنى
كۆتۈرگەن ئادەملەر ئالتە قەدەم ماڭغاندا ئۇ بىر بۇقا بىلەن بىر بورداق موزاينى قۇربانلىق
قىلدى. [14] داۋۇد بولسا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇسسۇل ئوينىدى ۋە داۋۇد بىر
كاناپلىق ئېفودنى كىيگەنىدى.
[15] داۋۇد بىلەن پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئۆيى خۇشلۇقتىن قىچقىرىشىپ، كاناي چېلىشىپ،
خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ چىقتى. [16] خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى داۋۇدنىڭ
شەھىرىگە كەلگەندە شائۇلنىڭ قىزى مىكال بىر پەنجىرىدىن قاراپ، داۋۇد پادىشاھنىڭ
سەكرەپ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز كۆڭلىدە خار كۆردى.

[17] ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ كىرىپ، داۋۇد ئۇنىڭ ئۈچۈن تىكتۈرگەن
چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويدى. ئاندىن داۋۇد خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق
بىلەن شۈكۈر قۇربانلىقىنى كەلتۈردى. [18] داۋۇد كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن شۈكۈر
قۇربانلىقىنى كەلتۈرگەندە خەلقنى ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇداۋەندىنىڭ
نامىدا مۇبارەكلىدى. [19] ئاندىن كېيىن ھەممە خەلققە ئىسرائىلىيلارنىڭ پۈتۈن جامائىتىدىكى
ئەر بىلەن خوتۇنلارنىڭ ھەربىرىگە بىر نان، بىر پارچە گۆش ۋە بىر كىشمىش پوشكىلى
ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ئاندىن خەلقنىڭ ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كەتتى.
[20] لېكىن داۋۇد ئۆز ئۆيى خەلقىنى مۇبارەكلىمەك ئۈچۈن يېنىپ كەلگەندە شائۇلنىڭ قىزى
مىكال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئېيتتى: «بۈگۈن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۆزىنى پەس خەلق
يالىڭاچلىغاندەك ئۆزىنى خىزمەتكارلىرىنىڭ ۋە دېدەكلىرىنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا يالىڭاچلىغىنى
بىلەن بۈگۈن ئۆزىنى قانچە شەرەپلىك كۆرسەتتىمۇ؟» [21] داۋۇد مىكالغا ئېيتتى: «خۇداۋەندىنىڭ
ئالدىدا، مېنى ئاتاڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن خانىدانىنىڭ ئورنىدا ئىلغاپ خۇداۋەندىنىڭ قوۋمى
بولغان ئىسرائىلغا ئەمىر قىلغان خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا شادلىق قىلدىم. [22] لېكىن مەن
ئۆزۈمنى شۇنىڭغا نالايىق كۆرۈپ، ئۆز كۆزلىرىمدە كىچىكتۇرمەن. ئەمما سەن ئۇلار توغرىسىدا
سۆزلىگەن دېدەكلەر بولسا ئۇلاردىن داڭلىنىمەن» دېدى. [23] شائۇلنىڭ قىزى مىكال بولسا ئۆز
ۋاپاتىنىڭ كۈنىگىچە ھېچ بالا تۇغمىدى.

## داۋۇدنىڭ ئوغلىنىڭ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ياسىشى توغرىسىدىكى ۋەدە

7 [1] خۇداۋەندە پادىشاھقا چۆرىسىدىكى دۈشمەنلىرىدىن ئارام بەرگەندىن كېيىن پادىشاھ ئۆز
ئوردىسىدا ئولتۇرۇپ، [2] ناتان پەيغەمبەرگە ئېيتتى: «مانا كېدىر ياغىچىدىن ياسالغان
ئۆيدە ئولتۇرىمەن، لېكىن خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى بىر چېدىرنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ. [3] ناتان
ئۆزى پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: «كۆڭلۈڭدە ھەرنېمە بولسا قىلغىن، چۈنكى خۇداۋەندە سەن
بىلەندۇر» دېدى.
[4] لېكىن كېچىدە خۇداۋەندىنىڭ سۆزى ناتانغا كېلىپ ئېيتتى: [5] «بېرىپ، بەندەم داۋۇدقا
ئېيتقىنكى: ‹ خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇ: سەن ماڭا بىر ئولتۇرىدىغان ئۆينى ياسامسەن؟
[6] مەن بەنى-ئىسرائىلنى مىسىردىن چىقارغاندىن تارتىپ بۇ كۈنگىچە بىر ئۆيدە ئولتۇرماي،
بەلكى بىر چېدىر ياكى بىر ماكاندا ئولتۇرۇپ كۆچۈپ يۈردۈم. [7] مەن ئۆزۈم بەنى-ئىسرائىلنىڭ
ھەممىسى بىلەن يۈرگەن بارچە يەرلەرنىڭ بىرىدە مەن قوۋمىم ئىسرائىلغا پادىچى بولۇشقا
توختاتقان ئىسرائىلىي قەبىلىلەرنىڭ بىرىگە: «نېمىشقا كېدىر ياغىچىدىن ماڭا بىر ئۆي
ياسىمىدىڭلار؟» دەپ ئېيتقان ئىدىممۇ؟› [8] ئەمدى بەندەم داۋۇدقا ئېيتقىنكى: ‹ ساماۋى

قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇ: قويلارنىڭ كەينىدىن يۈرگىنىڭدە
يايلاقتىن سېنى ئېلىپ، قوۋمىم ئىسرائىلغا سېنى ئەمىر قىلدىم. [9] ھەممە يوللىرىڭدا
سەن بىلەن بولۇپ، بارچە دۈشمەنلىرىڭنى ئالدىڭدا يوقاتتىم. يەر يۈزىدىكى ئۇلۇغلارنىڭ
ئىسىملىرىدەك سېنىڭ ئىسمىڭنى ئۇلۇغ قىلىمەن. [10] مەن قوۋمىم ئىسرائىلغا بىر جاي
راستلاپ، ئاندا ئۇلارنى كۆچەتتەك سالاي. ئۇلار ئۆز ماكانىدا ئولتۇرۇپ يەنە قوزغالماي تۇرۇپ،
يامانلار بالدۇرقىدەك ئۇلارغا زۇلۇم قىلىپ، [11] مەن قوۋمىم ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە ھاكىملار
قويغاندىن تارتىپ قىلىپ كەلگەندەك يەنە قىلمىسۇن. مانا ھەممە دۈشمەنلىرىڭدىن ساڭا ئارام
بېرىمەن. ئەمدى خۇداۋەندە ساڭا خەۋەر بېرىدۇكى، خۇداۋەندە ئۆزى ساڭا بىر ئۆي قىلماقچىدۇر.
[12] ئەمما كۈنلىرىڭ تامام بولۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭ بىلەن راھەت قىلغىنىڭدا ئۆز پۇشتۇڭدىن
كەلگەن نەسلىڭنى سېنىڭ ئورنۇڭدا تۇرغۇزۇپ، پادىشاھلىقىنى مۇقىم قىلىمەن. [13] ئۇ
مېنىڭ ئىسمىمغا بىر ئۆي ياسايدۇ. مەن بولسام ئۇنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى ئەبەدكىچە
مەزمۇت قىلىمەن. [14] مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولۇپ، ئۇ ماڭا ئوغۇل بولىدۇ. ئەگەر ئۇ خاتا قىلسا،
ئىنسانىنىڭ تايىقى بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ، بەنى-ئادەمنىڭ زەربىسى بىلەن تەنبىھ بېرىمەن. [15] مەن
سېنىڭ ئالدىڭدا چۈشۈرگەن شائۇلدىن رەھىمدىللىكىمنى جۇدا قىلغىنىمدەك ئۇنىڭدىن
رەھىمدىللىكىمنى جۇدا قىلمايمەن. [16] سېنىڭ ئۆيۈڭ بىلەن پادىشاھلىقىڭ ئالدىڭدا ھەمىشە
مۇستەھكەم تۇرۇپ، تەختىڭ ئەبەدكىچە مەزمۇت تۇرىدۇ›». [17] ناتان ئۆزى داۋۇدقا شۇ ھەممە
سۆزلەرنى روھىي كۆرۈنۈشكە مۇۋاپىق سۆز قىلدى.

[18] ئۇ ۋاقىت داۋۇد پادىشاھ كىرىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئېيتتىكى: «ئەي رەب
خۇدا، مەن كىمدۇرمەن، مېنىڭ ئۆيۈم نېمىدۇركى، مېنى شۇنىڭغا يەتكۈزگەنسەن؟ [19] لېكىن
ئەي رەب خۇدا بۇ تېخى ساڭا ئاز بىر نەرسە كۆرۈندى. سەن كېلىدىغان ئۇزۇن ۋاقىتنىڭ
ۋەقەلىرىدىن ھەم خەۋەر بېرىپ، ئۆز بەندەڭنىڭ ئۆيى توغرىسىدا سۆز قىلدىڭ ۋە شۇنى، ئەي
رەب خۇداۋەندە، ئادەمنىڭ رەسمىيچە سۆز قىلىپ ئېيتتىڭ.
[20] ئەمدى داۋۇد ساڭا يەنە نېمە ئېيتقاي! ئەي رەب خۇداۋەندە، سەن ئۆز بەندەڭنى تونۇيسەن.
[21] ئۆز سۆزۈڭگە قاراپ خاھىشىڭغا مۇۋاپىق ھەممە بۇ ئىشلارنى قىلىپ، ئۆز بەندەڭگە
بىلدۈرگەنسەن. [22] ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي رەب خۇدا، ئۇلۇغدۇرسەن. قۇلاقلىرىمىز ئاڭلىغىنىنىڭ
ھەممىسىگە مۇۋاپىق ساڭا ھېچكىم ئوخشىمايدۇ ۋە سەندىن باشقا خۇدا يوقتۇر. [23] بىر تەڭرى:
‹ سېنى ئۆزۈم ئۈچۈن بىر قوۋم قىلىپ قۇتقۇزۇپ، ئۆزۈمگە بىر نام قىلىپ، سىلەرگە چوڭ
بىر ئىش قىلاي› دەپ بىر تائىپە ئۈچۈن چىققانمۇ؟ يەر يۈزىدە قوۋمىڭ ئىسرائىلدەك بىر
تائىپە بارمۇ؟ سەن مىسىردىن تائىپىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ بۇتلىرىدىن ئۆزۈڭ ئۈچۈن قۇتقۇزغان
قوۋمىڭنىڭ ئالدىدا ھەيۋەتلىك ئەمەللەر قىلدىڭ. [24] سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن قوۋمىڭ ئىسرائىلنى
ئەبەدكىچە سېنىڭ قوۋمىڭ بولۇشقا تەييارلىدىڭ. بۇ تەرىقىدە سەن، ئەي خۇداۋەندە، ئۇلارنىڭ
خۇدايى بولدۇڭ.

[25] ئەمدى، ئەي رەب خۇدا، ئۆز بەندەڭ بىلەن ئۆيى توغرىسىدا ئېيتقان سۆزۈڭدە ئەبەدكىچە
تۇرۇپ، ئېيتقىنىڭدەك قىلغىن. [26] سېنىڭ ئىسمىڭ ئەبەدكىچە ئۇلۇغ بولغاي. ‹ ساماۋى
قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇداۋەندە ئىسرائىلنىڭ خۇدايىدۇر› دەپ ئېيتقايلار ۋە ئۆز
بەندەڭنىڭ ئۆيى سېنىڭ ئالدىڭدا مەزمۇت تۇرغاي. [27] چۈنكى سەن، ئەي ساماۋى قوشۇنلارنىڭ
سەردارى بولغان خۇداۋەندە، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى، ئۆز بەندەڭگە: ‹ مەن ساڭا بىر ئۆي ياساي›
دەپ ئىزھار قىلىپ ئېيتتىڭ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز بەندەڭ بۇ دۇئانى ساڭا قىلغىلى جۈرئەت قىلدى.
[28] ئەمدى، ئەي رەب خۇداۋەندە، سەن خۇدا بولۇپ سېنىڭ سۆزۈڭ ھەقتۇر. سەن بۇ ياخشىلىقنى
ئۆز بەندەڭگە ۋەدە قىلدىڭ. [29] ئەمدى ئىلتىپات قىلىپ بەندەڭنىڭ ئۆيىنى بەرىكەتلەپ، سېنىڭ
ئالدىڭدا تۇرغىلى نېسىپ قىلغايسەن. سەن، ئەي رەب خۇداۋەندە، بۇنى ئېيتقانسەن. ئۆز بەرىكىتىڭ
بىلەن ئۆز بەندەڭنىڭ ئۆيىنى ئەبەدكىچە بەرىكەتلىگەيسەن» دېدى.

## داۋۇدنىڭ نۇسرەتلىرى

8 [1] ئاندىن كېيىن داۋۇد فىلىستىيلەرنى ئۇرۇپ باستى. شۇنداق قىلىپ داۋۇد پايتەخت
شەھىرىنى فىلىستىيلەرنىڭ قولىدىن ئالدى. [2] ئۇ ھەم موئابىيلارنى ئۇرۇپ، ئۇلارنى
يەرگە يانداپ ياتقۇزۇپ، شوينا بىلەن چاغلاپ ئۆلتۈرىدىغانلارنى ئىككى شويىنىنىڭ مىقدارى
بىلەن چاغلاپ، تىرىك قويۇلىدىغانلارنى بىر پۈتۈن شويىنىنىڭ مىقدارى بىلەن چاغلىدى.
موئابىيلار بولسا داۋۇدقا تەۋە يەرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا تارتۇق كەلتۈرىدىغان بولدى.
[3] ئاندىن داۋۇد زوبانىڭ پادىشاھى ھادادەزەر بەن-رەخوبنى بۇ ئۆز تەۋە يەرلىرىنى فىرات
دەرياسىغىچە كەڭرىتكىلى چىققاندا ئۇردى. [4] داۋۇد ئۇنىڭ قوشۇنىدىن بىر مىڭ يەتتە يۈز
ئاتلىق كىشى ۋە يىگىرمە مىڭ پىيادە ئەسكەرنى ئەسىر قىلىپ ئالدى. مۇندىن باشقا داۋۇد
ئۆزى ئايىغان يۈز ئاتتىن بۆلەك ھەممە ھارۋا ئاتلىرىنىڭ پەيلىرىنى كەستۈردى. [5] ئاررامىيلار
زوبانىڭ پادىشاھى ھادادەزەرگە مەدەت بەرمەك ئۈچۈن دەمەشقتىن چىققاندا داۋۇد ئاررامىيلاردىن
يىگىرمە ئىككى مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. [6] ئاندىن داۋۇد دەمەشقتە ئاررامىيلارنىڭ ئۈستىگە
خەۋەر ئالىدىغان سىپاھلار قويدى. بۇ تەرىقىدە ئاررامىيلار داۋۇدقا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭغا تارتۇق
كەلتۈرىدىغان بولدى. داۋۇد نە يەرگە بارسا، خۇداۋەندە ئۇنىڭغا نۇسرەت بەرەتتى. [7] داۋۇد
ھادادەزەرنىڭ غۇلاملىرى كۆتۈرگەن ئالتۇن سىپارلارنى ئېلىپ، يېرۇسالېمغا كەلتۈردى. [8] داۋۇد
پادىشاھ ھادادەزەرنىڭ شەھەرلىرى بولغان بەتاھ بىلەن بېروتادىنمۇ ناھايىتى تولا مىس ئالدى.
[9] خاماتنىڭ پادىشاھى توئى: «داۋۇد ھادادەزەرنىڭ ھەممە قوشۇنىنى ئۇردى» دەپ ئاڭلىغاندا،
[10] توئى ئۆز ئوغلى يورامنى داۋۇدقا سالام قىلىپ: «ھادادەزەر بىلەن سوقۇشۇپ ئۇنى مەغلۇپ
قىلغىنى ئۈچۈن مۇبارەك بولسۇن» دېگىلى ئەۋەتتى. چۈنكى ھادادەزەر ھەمىشە توئى بىلەن جەڭ
قىلغانىدى. يورام بولسا كۈمۈش، ئالتۇن، مىس قاچىلىرىنى ئالغاچ كەلتۈرۈپ بەردى. [11] شۇ

قاچىلارنى داۋۇد خۇداۋەندىگە مۇقەددەس قىلىپ، ئۆزى مەغلۇپ قىلغان ھەممە تائىپىلەردىن
ئېلىپ مۇقەددەس قىلىنغان كۈمۈش بىلەن ئالتۇنغا قوشۇپ قويدى، [12] يەنى ئاررامىيلاردىن،
موئابىيلاردىن، بەنى-ئاموندىن، فىلىستىيلەردىن، ئامالەكىيلەردىن ۋە زوبانىڭ پادىشاھى
ھادادەزەر بەن-رەخوبتىن ئالغان ئولجىغا قوشۇپ قويدى.
[13] داۋۇد ئاررامىيلارنى مەغلۇپ قىلىپ يانغاندا تۇز ۋادىسىدا ئون سەككىز مىڭ ئادەمنى ئۇرۇپ،
ئۆزىگە بىر نام قىلدى. [14] ئاندىن ئېدومنىڭ ئۈستىگە خەۋەر ئالىدىغان سىپاھلار قويدى، دەرۋەقە
ئېدومنىڭ پۈتۈن يۇرتىدا خەۋەر ئالىدىغان سىپاھلار تىكلىدى. بۇ تەرىقىدە ئېدومىيلارنىڭ
ھەممىسى داۋۇدقا تەۋە بولدى. داۋۇد نە يەرگە بارسا، خۇداۋەندە ئۇنىڭغا نۇسرەت بېرەتتى.

## داۋۇدنىڭ ئەمەلدارلىرى

[15] داۋۇد پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلىپ تۇرسا، داۋۇد ھۆكۈم سۈرۈپ ھەممە
خەلقىگە ئادالەت قىلاتتى.
[16] زېرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب قوشۇننىڭ سەردارى بولۇپ، ئاخىلۇدنىڭ ئوغلى يەھوشافاتنىڭ
ئۆزى ۋەزىر ئىدى. [17] ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى سادوق بىلەن ئابىياتارنىڭ ئوغلى ئاخىمالىك كاھىن
بولۇپ، سەرايانىڭ ئۆزى كاتىپ ئىدى. [18] يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايا مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن
خەۋەرچىلەرنىڭ سەردارى ئىدى. داۋۇدنىڭ ئوغۇللىرىمۇ كاھىن ئىدى.

## داۋۇد ۋە مېفىبوشەت

9 [1] داۋۇد ئېيتتى: «شائۇلنىڭ ئۆيىدىن بىركىم قالدىمۇكى، مەن يوناتاننىڭ ھۆرمىتىدە
ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلاي» دېدى. [2] ئەمدى شائۇلنىڭ ئۆيىدىن زىبا دېگەن بىر خىزمەتكارى
بار ئىدى. ئۇلار ئۇنى داۋۇدنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەندە پادىشاھ ئۇنىڭدىن: «سەن زىبامۇ؟»
دەپ سورىدى. ئۇ ئېيتتىكى: «شۇنداق، ئۇ قۇلۇڭ مەندۇرمەن» دېدى. [3] پادىشاھ سوراپ:
«شائۇلنىڭ ئۆيىدىن بىركىم قالدىمۇكى، ئۇنىڭغا خۇدانىڭ مەرھەمىتىنى قىلغايمەن»
دېدى. زىبا پادىشاھقا ئېيتتىكى: «يوناتاننىڭ بىر ئوغلى قالدى. ئۇ ئىككى پۇتىدا ئاقسايدۇ.»
[4] پادىشاھقا ئۇنىڭدىن: «ئۇ نە يەردە ئىكەن؟» دەپ سورىدى. زىبا پادىشاھقا: «ئۇ لودباردا
ئامىيەلنىڭ ئوغلى ماكىرنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ» دەپ ئېيتتى.
[5] ئۇ ۋاقىت داۋۇد پادىشاھ كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى لودباردىن ئامىيەلنىڭ ئوغلى ماكىرنىڭ
ئۆيىدىن ئالدۇرۇپ كەلدى. [6] مېفىبوشەت بەن-يوناتان بەن-شائۇل داۋۇدنىڭ قېشىغا كەلگەندە
يۈز تۆۋەن يىقىلىپ، تەزىم بەجا قىلدى. داۋۇد ئېيتتى: «ئەي مېفىبوشەت!» ئۇ ئېيتتى: «مانا
قۇلۇڭ.» [7] داۋۇد ئۇنىڭغا: «قورقمىغىن. سېنىڭ ئاتاڭ يوناتاننىڭ ھۆرمىتىدە ساڭا مەرھەمەت

قىلىپ، ئاتاڭ شائۇلنىڭ ھەممە يەر زېمىنلىرىنى ساڭا ياندۇرۇپ بېرەي. ئەمدى سەن ھەمىشە
مېنىڭ داستىخىنىمدىن تائام يەيسەن» دېدى. [8] مېفىبوشەت تەزىم قىلىپ: «سېنىڭ مەن
قۇلۇڭ نېمىدۇرمەنكى، مەندەك بىر ئۆلۈك ئىتقا قارىغايسەن» دەپ ئېيتتى. [9] ئاندىن پادىشاھ
شائۇلنىڭ خىزمەتكارى زىبانى قىچقىرىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مەن شائۇل ۋە پۈتۈن ئۆيىنىڭ
ھەممە تەئەللۇقىنى خوجاڭنىڭ قولىغا بەردىم. [10] سەن بىلەن ئوغۇللىرىڭ ۋە خىزمەتكارلىرىڭ
يەرنى ئۇنىڭغا ھەيدەپ تېرىپ، خوجاڭنىڭ ئوغلىغا يېگىلى تائام تاپتۇرماق ئۈچۈن ھوسۇلنى
يىغىسىلەر. لېكىن خوجاڭنىڭ ئوغلى مېفىبوشەت مېنىڭ داستىخىنىمدىن يېسۇن» دېدى.
زىبانىڭ ئون بەش ئوغلى ۋە يىگىرمە بەش خىزمەتكارى بار ئىدى.
[11] زىبا پادىشاھقا ئېيتتى: «خوجام پادىشاھ، قۇلىغا بۇيرۇغىنىنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق
ئۆز قۇلۇڭ قىلىدۇ.» پادىشاھ ئېيتتى: «مېفىبوشەت بولسا پادىشاھنىڭ بىر ئوغلىدەك
داستىخىنىمدىن تائام يېسۇن» دېدى. [12] مېفىبوشەتنىڭ مىكا دېگەن بىر كىچىك ئوغلى
بار ئىدى. زىبانىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مېفىبوشەتنىڭ خىزمەتكارلىرى
بولدى. [13] مېفىبوشەت ھەمىشە پادىشاھنىڭ داستىخىنىدىن تائام يەپ تۇرغىنى ئۈچۈن ئۆزى
يېرۇسالېمدا ئولتۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ئاقساق ئىدى.

# داۋۇدنىڭ ئاممونىيلار ۋە ئارراميلار بىلەن جەڭ قىلىشى

10
[1] ئاندىن كېيىن بەنى-ئاممونىنىڭ پادىشاھى ئۆلگەندە ئۇنىڭ خانۇن دېگەن ئوغلى
ئورنىدا پادىشاھ بولدى. [2] ئۇ ۋاقىت داۋۇد: «ئۇنىڭ ئاتىسى ماڭا ياخشىلىق قىلىپ
كۆرسەتكەندەك مەن ناخاشنىڭ ئوغلى خانۇنغا ياخشىلىق كۆرسىتەي» دەپ ئېيتتى. ئاندىن
داۋۇد ئۇنىڭغا ئاتىسى ئۈچۈن تەسەللى بەرگىلى ئۆز خىزمەتكارلىرىدىن بىرنەچچىنى ئەۋەتتى.
داۋۇدنىڭ خىزمەتكارلىرى بەنى-ئاممونىنىڭ يۇرتىغا كەلگەندە، [3] بەنى-ئاممونىنىڭ سەردارلىرى
ئۆز خوجىسى خانۇنغا ئېيتتى: «خىيال قىلامسەنكى داۋۇد ئاتاڭغا ئىززەت قىلماق ئۈچۈن ساڭا
تەسەللى بەرگۈچىلەر ئەۋەتتى. ئۇنداق ئەمەس، بەلكى شەھەرنى كۆرۈپ جاسۇسلۇق قىلىپ،
يوقىتاي دەپ، داۋۇد ئۆز خىزمەتكارلىرىنى ئەۋەتتى» دېدى.
[4] ئۇنىڭ ئۈچۈن خانۇن داۋۇدنىڭ خىزمەتكارلىرىنى تۇتۇپ، ساقاللىرىنىڭ يېرىمىنى چۈشۈرۈپ،
قوڭىنىڭ جايىدىن ئېگىنلىرىنى ئوتتۇرىدىن توغرا كەستۇرۇپ، كەتكىلى قويدى. [5] بۇ خەۋەر
داۋۇدقا يەتكەندە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىشى ئەۋەتتى، چۈنكى بۇ ئادەملەر تولا خىجالەت بولغاچ
پادىشاھ ئۇلارغا: «ساقاللىرىڭلار ئۆسكۈچىلىك يېرىخودا تۇرۇپ، ئاندىن يېنىپ كېلىڭلار» دەپ
ئېيتقۇزدى.
[6] بەنى-ئاممون ئۆزىنىڭ داۋۇدنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك بولغىنىنى كۆرگەندە، كىشى ئەۋەتىپ
بەيت-رەخوبتىكى ئارراميلار بىلەن زوبادىكى ئارراميلاردىن يىگىرمە مىڭ پىيادە ئەسكەر،

مائاكانىڭ پادىشاھىدىن بىر مىڭ ئادەم ۋە توبنىڭ ئادەملىرىدىن ئون ئىككى مىڭ ئادەمنى ئىجارىگە
ئالدى. [7] داۋۇد شۇنى ئاڭلىغاندا يوئاب بىلەن باتۇر ئادەملەرنىڭ ھەممە قوشۇننى ئەۋەتتى. [8] بەنى-
ئاممون چىقىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا سوقۇشقا تىزىلدى، لېكىن زوبا بىلەن رەخوبنىڭ
ئارراميلىرى ۋە توب بىلەن مائاكانىڭ ئادەملىرى بۆلەك تۇرۇپ، سەھرادا سەپ باغلاندى. [9] يوئاب
ئالدىمدىن ۋە كەينىمدىن ھۇجۇم بولىدۇ دەپ كۆرگەندە، ئىسرائىلدىن ھەممە خىل ئادەملەرنى
ئىلغاپ، ئارراميلارغا قارشى سەپ تىزىپ. [10] قالغان ئادەملەر بەنى-ئاممونغا ھۇجۇم قىلسۇن دەپ،
ئۆز بۇرادىرى ئابىسايىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، [11] ئېيتتى: «ئەگەر ئارراميلار ماڭا كۈچلۈك كەلسە،
سەن ماڭا ياردەم بەرگەيسەن. ئەمما بەنى-ئاممون ساڭا كۈچلۈك كەلسە، مەن بېرىپ ساڭا ياردەم
بېرەي. [12] جۈرئەتلىك بولغىن. ئۆز قوۋمىمىز ئۈچۈن ۋە خۇدايىمىزنىڭ شەھەرلىرى ئۈچۈن باتۇرلۇق
كۆرستەيلى. ئاندىن خۇداۋەندە ئۇنىڭغا نېمە ياخشى كۆرۈنسە، قىلسۇن» دېدى. [13] يوئاب ۋە ئۇنىڭ
بىلەن بولغان ئادەملەر چىقىپ، ئارراميلارغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلار ئۇنىڭدىن قاچتى. [14] بەنى-
ئاممون ئارراميلارنىڭ قاچقىنىنى كۆرگەندە ئۇلار ھەم ئابىسايدىن قېچىپ شەھەرگە كىردى. ئۇ
ۋاقىت يوئاب بەنى-ئاممونىنى قويۇپ، يېرۇسالېمغا يېنىپ كەتتى.
[15] ئارراميلار ئۆزىنىڭ بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولغىنىنى كۆرگەندە جەم بولۇپ
جۇغلاشتى. [16] ھادادەزەر دەريانىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئارراميلارغا خەۋەرچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى
قىچقاردى. ئۇلار ھادادەزەرنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى شوباكنىڭ قول ئاستىدا يۈرۈپ خېلامغا
كەلدى. [17] شۇنىڭ خەۋىرى داۋۇدقا يەتكەندە ئۇ پۈتۈن ئىسرائىلنى يىغدۇرۇپ، ئىئوردانىدىن
ئۆتۈپ، خېلامغا باردى. ئارراميلارنىڭ ئۆزى داۋۇدقا قارشى سەپ تىزىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم
قىلدى. [18] لېكىن ئارراميلار ئىسرائىلدىن قاچتى. داۋۇد بولسا يەتتە يۈز ھارۋىغا مىنگەن
ئادەملەر بىلەن قىرىق مىڭ ئاتلىق كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، قوشۇنىنىڭ سەردارى شوباكنى ھەم
ئاندا ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. [19] ھادادەزەرگە تەۋە بولغان ھەممە پادىشاھلار ئۆزىنىڭ ئىسرائىلدىن
ئۇرۇلغىنىنى كۆرگەندە ئىسرائىل بىلەن سۈلھى تۈزۈشۈپ، ئۇلارغا تەۋە بولدى. ئاندىن كېيىن
ئارراميلار بەنى-ئاممونغا مەدەت بېرىشتىن قورقاتتى.

## داۋۇد ۋە باتشېبا

11 [1] ئۇ يىل تامام بولغاندىن كېيىن پادىشاھلار جەڭگە چىقىدىغان ۋاقىتتا داۋۇد يوئابقا ئۆز
ئادەملىرى بىلەن ھەممە ئىسرائىلنى قوشۇپ ئەۋەتسە، ئۇلار بەنى-ئاممونىنى ۋەيران قىلىپ،
راببانى قورشىدى. لېكىن داۋۇد يېرۇسالېمدا قالدى.
[2] بىر ئاخشام داۋۇد ئورنىدىن قوپۇپ، پادىشاھلىق ئوردىسىنىڭ ئۆگزىسىدە تاماشا قىلىپ
يۈرگىنىدە ئۆگزىسىدىن يۇيۇنۇپ تۇرغان بىر خوتۇننى كۆردى. بۇ خوتۇننىڭ كۆرۈنۈشى تولا
چىرايلىق ئىدى. [3] داۋۇد كىشى ئەۋەتىپ خوتۇننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئۇ ئۆزى

ئېلىيامنىڭ قىزى، خىتتىيلىق ئۇرىيانىڭ خوتۇنى باتشېبا ئەمەسمۇ؟» دەپ ئېيتتى. [4] داۋۇد
كىشىلەر ئەۋەتىپ، ئۇنى كەلتۈردى. ئۇ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆزىنى پاكلىغاندىن كېيىن
ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ياتتى. ئاندىن ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كەتتى. [5] ئەمما خوتۇن ھامىلدار بولۇپ،
داۋۇدقا: «مەن ھامىلدار بولدۇم» دەپ خەۋەر ئەۋەتتى.
[6] ئۇ ۋاقىت داۋۇد يوئابقا: «خىتتىيلىق ئۇرىيانى قېشىمغا ئەۋەتكىن» دەپ خەۋەر ئەۋەتتى.
يوئاب بولسا ئۇرىيانى داۋۇدنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. [7] ئۇرىيا داۋۇدنىڭ قېشىغا كەلگەندە شۇ
ئۆزى يوئاب بىلەن خەلقنىڭ تىنچلىقىنى سوراپ، جەڭ توغرىسىدىن سوئال قىلدى. [8] ئاندىن
كېيىن داۋۇد ئۇرىياغا: «ئۆز ئۆيۈڭگە بېرىپ، پۇتلىرىڭنى يۇغىن» دېدى. ئۇرىيا پادىشاھنىڭ
ئوردىسىدىن چىققاندا ئۇنىڭ كەينىدىن پادىشاھ تەرىپىدىن بىر سوۋغا ئەۋەتىلدى. [9] لېكىن
ئۇرىيا ئۆز ئۆيىگە بارماي، پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىدا خوجىسىنىڭ ھەممە باشقا
خىزمەتكارلىرىنىڭ ئارىسىدا ياتتى. [10] ئۇلار داۋۇدقا: «ئۇرىيا ئۆز ئۆيىگە بارمىدى» دەپ خەۋەر
بەرگەندە داۋۇد ئۇرىيادىن: «سەن سەپەردىن كەلدىڭ ئەمەسمۇ نېمىشقا ئۆز ئۆيۈڭگە بارمىدىڭ؟»
دەپ سورىدى. [11] ئۇرىيا داۋۇدقا ئېيتتى: «مانا ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئۆزى بىلەن ئىسرائىل ۋە
يەھۇدا بولسا چېدىرلاردا ئولتۇرۇپ، خوجام يوئاب بىلەن خوجامنىڭ خىزمەتكارلىرى ئوچۇق
سەھرادا ياتسا، مەن يەپ-ئىچىپ، خوتۇنۇم بىلەن ياتقىلى بارايمۇ؟ سېنىڭ تىرىكلىكىڭنىڭ
ئۈستىدە ئانت ئىچىپ، سېنىڭ جېنىڭنىڭ ئۈستىدە قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنداق ئىش ھېچ
قىلمايمەن» دېدى. [12] داۋۇد ئۇرىياغا: «بۈگۈن ھەم بۇ يەردە قالغىن. ئەتە ساڭا رۇخسەت
بېرىمەن» دېسە، ئۇرىيا ئۇ كۈنى بىلەن ئەتىسى يېرۇسالېمدا قالدى.
[13] داۋۇد ئۇنى چاقىرىپ، ئۆز قېشىدا تائام يېگۈزۈپ، ئىچكۈلۈك بېرىپ مەست قىلدى. لېكىن
ئاخشامدا ئۇرىيا ئۆز ئۆيىگە بارماي، خوجىسىنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۆز
ئورنىدا يېتىپ ئۇخلىدى. [14] ئەتىسى داۋۇد يوئابقا بىر خەت پۈتۈپ، ئۇرىيانىڭ قولىدىن ئەۋەتتى.
[15] خەتتە: «سوقۇش ھەممىدىن قاتتىق يېرىدە ئۇرىيانى ئالدىدا تۇرغۇزغىن. ئۇ ئۆلتۈرۈلسۇن
دەپ، ئۇنى قويۇپ، ئۆزۈڭلار كەينىگە تارتىڭلار» دەپ پۈتتى.
[16] شەھەرنى قورشىغىنىدا يوئاب پالان يەردە ھەممىدىن پالۋان ئادەملەر بار دەپ بىلىپ، ئۇ يەرگە
ئۇرىيانى ئەۋەتتى. [17] شەھەرنىڭ ئادەملىرى چىقىپ، يوئاب بىلەن سوقۇشقاندا خەلقتىن يەنى
داۋۇدنىڭ ئادەملىرىدىن بىرنەچچىسى يەرگە ئۆرۈلۈپ، خىتتىيلىق ئۇرىيا ھەم ئۆلدى. [18] يوئاب
كىشى ئەۋەتىپ، جەڭنىڭ ھەممە ۋەقەلىرىدىن خەۋەر بەردى. [19] ئۇ خەۋەرچىگە بۇيرۇپ ئېيتتى:
«پادىشاھقا جەڭنىڭ ھەممە ۋەقەلىرىنى دەپ بەرگىنىڭدە، [20] ئېھتىمالكى پادىشاھ غەزەپلىنىپ
ئېيتىدۇكى: ‹ نېمىشقا سوقۇشتا شەھەرگە شۇنداق يېقىن باردىڭلار؟ ئۇلارنىڭ سېپىلدىن يا
ئاتىدىغىنىنى بىلمىدىڭلارمۇ؟ [21] يەرۇببەشەتنىڭ ئوغلى ئابىمالىكنى كىم ئۆلتۈردى؟ تەبەزدە
بىر خوتۇن سېپىلدىن ئۇنىڭغا يارغۇنچاق تېشىنىڭ بىر پارچىسىنى ئېتىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى
ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا سېپىلگە ئۇنداق يېقىن باردىڭلار؟› دېسە: ‹ خىزمەتكارىڭ خىتتىيلىق
ئۇرىيا ھەم ئۆلدى› دەپ ئېيتقىن» دېدى.

[22] خەۋەرچى بېرىپ، يوئابنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇغىنىنىڭ ھەممىسىنى داۋۇتقا دەپ
بەردى. [23] خەۋەرچى داۋۇتقا ئېيتتى: «ئادەملەر بىزگە كۈچلۈك كېلىپ، سەھرادا بىزنىڭ
ئۈستىمىزگە چۈشتى. لېكىن بىز ئۇلارنى ئۇرۇپ ياندۇرۇپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغىچە
قوغلىدۇق. [24] ئۇ ۋاقىت يا ئاتقۇچىلار سېپىلدىن خىزمەتكارلىرىڭغا يا ئېتىپ، پادىشاھنىڭ
خىزمەتكارلىرىدىن بىرنەچچىنى ئۆلتۈردى. خىزمەتكارىڭ خىتتىيلىق ئۇرىيا ھەم ئۆلدى»
دېدى. [25] داۋۇت خەۋەرچىگە: «‹ بۇ ئىشنى يامان ئالمىغايسەن، چۈنكى قىلىچ ھەم ئۇنى، ھەم
بۇنى يەيدۇ. شەھەرگە قاتتىق سوقۇش قىلىپ، ئۇنى خاراب قىلغىن› دەپ يوئابقا ئېيتىپ ئۇنى
جۈرئەتلەندۈرگىن» دېدى. [26] ئۇرىيانىڭ خوتۇنى ئېرى ئۇرىيانىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئېرى
ئۈچۈن ماتەم تۇتتى. [27] ماتەمنىڭ ۋاقتى تامام بولغاندا داۋۇت كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىگە
كەلتۈردى. كەلتۈرۈپ، ئۇ ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغدى. لېكىن داۋۇت
قىلغان ئىش خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان ئىدى.

## ناتان پەيغەمبەر داۋۇتقا تەنبىھ بېرىدۇ

12 [1] خۇداۋەندە ناتاننى داۋۇدنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا
ئېيتتى:

«بىر شەھەردە ئىككى ئادەم بار ئىدى. بىرى باي، يەنە بىرى كەمبەغەل ئىدى. [2] باينىڭ
ناھايىتى تولا قوي بىلەن كالىسى بار ئىدى. [3] لېكىن كەمبەغەلنىڭ ئۆزى سېتىۋېلىپ باققان
كىچىك بىر قوزىدىن باشقا بىر نېمىسى يوق ئىدى. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن باللىرىنىڭ يېنىدا
ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ نېنىدىن يەپ پىيالىسىدىن ئىچىپ ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاپ،
ئۇنىڭغا بىر قىزدەك ئىدى. [4] بىر كۈن بىر سەپەرچى باينىڭكىگە كەلدى. ئەمما ئۇنىڭغا
كەلگەن سەپەرچىگە تائام تەييار قىلغىنىدا ئۆز قوي مېلىدىن بىرىنى سويغىلى چىدىماي،
ئۇنىڭغا كەلگەن كىشى ئۈچۈن كەمبەغەلنىڭ قويىنى ئېلىپ، سويۇپ تەييار قىلدى» دېدى.

[5] ئۇ ۋاقىت داۋۇدنىڭ غەزىپى ئۇ كىشىگە ناھايىتى تۇتاشتى. ئۇ ناتانغا: «تىرىك خۇداۋەندە
بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شۇنى قىلغان ئادەم ئۆلۈمگە لايىقتۇر. [6] ئۇ رەھىم كۆرسەتمەي، بۇ
ئىشنى قىلغىنى ئۈچۈن قوزىنىڭ باھاسىنى تۆت مەرتىۋە تۆلىسۇن» دېدى.
[7] لېكىن ناتان داۋۇتقا ئېيتتى: «سەن ئۇ كىشىدۇرسەن. ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە
مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ مەن سېنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە پادىشاھ بولغىلى مەسىھلەپ،
شائۇلنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ، [8] خوجاڭنىڭ ئۆيىنى ساڭا بېرىپ، خوجاڭنىڭ خوتۇنلىرىنى
قۇچىقىڭغا سېلىپ قويۇپ، ئىسرائىل بىلەن يەھۇدانىڭ ئۆيىنى ساڭا بەردىم. ئەگەر بۇ ئاز

بولسا ئۇنى-بۇنى ھەم ساڭا بېرەتتىم. 9 نېمىشقا خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىنى خار قىلىپ،
ئۇنىڭ نەزىرىدە يامان بولغاننى قىلدىڭ؟ خىتتىيلىق ئۇرىيانى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرگۈزۈپ،
ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئۆزۈڭگە خوتۇن قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى بەنى-ئاممونىنىڭ قىلىچى بىلەن
ئۆلتۈردۈڭ. 10 سەن مېنى خار قىلىپ، خىتتىيلىق ئۇرىيانىڭ خوتۇنىنى ئۆزۈڭگە خوتۇن
قىلغىنىڭ ئۈچۈن قىلىچ سېنىڭ ئۆيۈڭدىن يانمايدۇ. 11 خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹
مانا ئۆز ئۆيۈڭدىن ساڭا يامانلىق كەلتۈرۈپ، كۆزلىرىڭنىڭ ئالدىدا خوتۇنلىرىڭ ئېلىپ، ساڭا
يېقىن بىرىگە بېرىمەن. ئۇ بولسا كۈننىڭ يورۇقىدا خوتۇنلىرىڭ بىلەن ياتىدۇ. 12 سەن ئۇ
ئىشنى پىنھاندا قىلدىڭ، لېكىن مەن بۇنى پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا كۈندۈزنىڭ يورۇقىدا
قىلىمەن›». 13 داۋۇد ناتانغا ئېيتتى: «مەن خۇداۋەندىگە گۇناھ قىلدىم». ناتان داۋۇدقا
ئېيتتى: «خۇداۋەندە ھەم گۇناھىڭدىن ئۆتتى. سەن ئۆلمىگەيسەن. 14 لېكىن بۇ ئىش بىلەن
خۇداۋەندىنىڭ دۈشمەنلىرىگە كۇپۇرلۇق قىلغىلى جاي بەرگىنىڭ ئۈچۈن ساڭا تۇغۇلىدىغان
ئوغۇل بالا شەكسىز ئۆلىدۇ» دېدى. 15 ئاندىن ناتان ئۆز ئۆيىگە ياندى. ئەمما خۇداۋەندە
ئۇرىيانىڭ خوتۇنىدىن داۋۇدقا تۇغۇلغان بالىنى شۇنداق ئۇردىكى، ئۇ ناھايىتى كېسەل بولدى.

## داۋۇد ئوغلى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ

16 ئۇ ۋاقىت داۋۇد بالىنىڭ ھەققىدە خۇداغا دۇئا قىلدى ۋە داۋۇد روزا تۇتۇپ كېچىدە ئىچكىرى
كىرىپ يەردە ياتتى. 17 ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئاقساقاللىرى قوپۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى
يەردىن قوپۇرغىلى خالىدى. لېكىن ئۇ ئۇنىمىدى. ئۇلار بىلەن نان يېگىلى ھەم خالىمىدى.
18 يەتتىنچى كۈنى بالا ئۆلدى. لېكىن داۋۇدنىڭ خىزمەتكارلىرى «بالا ئۆلدى» دەپ ئۇنىڭغا
خەۋەر بېرىشتىن قورقۇپ: «مانا بالا تېخى تىرىك ۋاقىتتا ئۇ بىزنىڭ سۆزلىرىمىزگە قۇلاق
سالمىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا: ‹ بالا ئۆلدى› دەپ قانداق دېيەلەيمىز؟ بىر يامان ئىش قىلارمىكىن»
دەپ دېيىشەتتى. 19 لېكىن داۋۇد خىزمەتكارلىرىنىڭ پىچىرلاشقىنىنى كۆرۈپ، بالىنىڭ
ئۆلگىنىنى ئۇقتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز خىزمەتكارلىرىدىن: «بالا ئۆلدىمۇ؟» دەپ سورىدى.
ئۇلار: «ئۆلدى» دەپ جاۋاب بەردى. 20 ئۇ ۋاقىت داۋۇد يەردىن قوپۇپ، يۈزىنى يۇيۇپ ياغ بىلەن
ياغلاپ، ئېگىنلىرىنى يەڭگۈشلەپ، خۇداۋەندىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئىبادەت قىلدى. ئاندىن ئۆز
ئۆيىگە يېنىپ، ئۆزىگە تائام كەلتۈرتۈپ يېدى. 21 خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «سەن
قىلغان ئىشىڭ نېمە ئىكەن؟ بالا تىرىك چاغدا سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتۇپ يىغلىدىڭ.
لېكىن بالا ئۆلگەندىن كېيىن قوپۇپ يېدىڭ» دېدى. 22 ئۇ ئېيتتىكى: «خۇداۋەندە ماڭا
مەرھەمەت قىلىپ، بالىنى تىرىك قويارمىكىن دەپ خىيال قىلىپ، بالا تىرىك ۋاقتىدا روزا
تۇتۇپ يىغلىدىم» دېدى. 23 لېكىن ئەمدى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن نېمىشقا روزا تۇتاي؟ مەن ئۇنى
ياندۇرۇۋالالايمەنمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا بارىمەن، لېكىن ئۇ ماڭا يېنىپ كەلمەيدۇ» دېدى.
24 داۋۇد ئۆز خوتۇنى باتشېباغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ياتتى. ئۇ

بىر ئوغۇل تۇغسا، داۋۇد ئۇنى سۇلايمان دەپ ئاتىدى ۋە خۇداۋەندە ئۇنى دوست تۇتۇپ، [25] ناتان
پەيغەمبەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن خەۋەر بېرىپ، ئۇنى خۇداۋەندە ئۈچۈن يەدىدىيا دەپ ئاتىدى.

## ئاممونىيلارنى راببادا مەغلۇب قىلىنىدۇ

[26] يوئاب بەنى-ئاممونىنىڭ يۇرتىدىكى رابباغا سوقۇش قىلىپ، پايتەخت شەھىرىنى ئالدى.
[27] يوئاب داۋۇدنىڭ قېشىغا خەۋەرچىلەر ئەۋەتىپ: «مەن رابباغا ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنىڭ
سۇيى بار ھەسسىسىنى ئالدىم. [28] ئۇنىڭ ئۈچۈن قالغان خەلقنى يىغىپ شەھەرنى قورشاپ
ئالغايسەنكى، شەھەر مېنىڭ قولۇم بىلەن ئېلىنىپ، مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئاتالماسۇن» دېدى.
[29] داۋۇد ھەممە خەلقنى جەم قىلىپ، رابباغا بېرىپ، ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئېلىپ، [30] ئۇلارنىڭ
پادىشاھىنىڭ تاجىنى ئۇنىڭ بېشىدىن ئالدى. بۇنىڭ ۋەزنى بىر تالانت ئالتۇن بولۇپ، قىممەت
تاش بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. بۇ داۋۇدنىڭ بېشىغا قويۇلدى. ئۇ بولسا ناھايىتى تولا ئولجا
شەھەردىن چىقىرىۋالدى. [31] ئەمما ئانداكى خەلقنى چىقىرىپ، ھەربىنىڭ تىگىگە بېسىپ،
تۆمۈردىن ئەتكەن خامان ھارۋىلىرى بىلەن تۆمۈر پالتىلىرىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، خۇمداندىن
ئۆتكۈزۈپ، بەنى-ئاممونىنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە شۇنداق قىلدى. ئاندىن داۋۇد ھەممە خەلق
بىلەن يېرۇسالېمغا يېنىپ باردى.

## ئامنون ۋە تامار

13 [1] ئاندىن كېيىن شۇنداق ۋەقە بولدىكى، داۋۇدنىڭ ئوغلى ئابشالومنىڭ تامار دېگەن
چىرايلىق بىر ھەمشىرىسى بار ئىدى ۋە داۋۇدنىڭ ئوغلى ئامنون ئۇنىڭغا ئاشىق
بولدى. [2] ئامنون ھەمشىرىسى تامار ئۈچۈن ئۇنداق دەرد تارتتىكى، كېسەل بولدى. ئەمما
تامار پاك قىز بولغىنى ئۈچۈن ئامنونغا ئۇنىڭ بىلەن بىر نېمە قىلماق تەس كۆرۈندى.
[3] لېكىن ئامنوننىڭ يوناداب دېگەن بىر دوستى بار ئىدى. ئۇ داۋۇدنىڭ بۇرادىرى شىمىيەنىڭ
ئوغلى ئىدى. بۇ يونادابنىڭ ئۆزى تولا ھوشيار بىر كىشى ئىدى. [4] ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «سەن
پادىشاھنىڭ ئوغلى بولۇپ تۇرۇپ، نېمىشقا كۈندىن-كۈن مۇنداق ئورۇقلاپ كېتىسەن؟ ماڭا
دەپ بەرمەمسەن؟» دېدى. ئامنون ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مەن بۇرادىرىم ئابشالومنىڭ ھەمشىرىسى
تامارغا ئاشىق بولدۇم» دېدى.
[5] يوناداب ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئورنۇڭدا يېتىپ، ئۆزۈڭنى كېسەل كۆرسىتىپ، ئاتاڭ سېنى
كۆرگىلى كەلگەندە ئۇنىڭغا: ‹ ھەمشىرەم تامارغا مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، ماڭا تائام بېرىپ،
ئاشنى مەن كۆرگۈدەك كۆزۈمنىڭ ئالدىدا تەييار قىلغىلى ئىجازەت بەرگىنكى، مەن ئۇنىڭ
قولىدىن يېگەيمەن› دەپ ئېيتقىن» دېدى. [6] ئامنون بولسا يېتىپ، ئۆزىنى كېسەل كۆرسەتتى.

پادىشاھ ئۇنى كۆرگىلى كەلگەندە ئامنون پادىشاھقا: «ھەمشىرەم تامارغا بۇ يەرگە كېلىپ،
ماڭا ئىككى نان تەييار قىلغىلى ئىجازەت بەرگىنكى، مەن ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ يېگەيمەن»
دېدى. [7] ئۇ ۋاقىت داۋۇد ئۆيىگە خەۋەر ئەۋەتىپ، تامارغا: «بۇرادەرىڭ ئامنوننىڭ ئۆيىگە
بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر نېمە يېگۈلۈك تەييار قىلغىن» دەپ ئېيتقۇزدى. [8] تامار بۇرادىرى ئامنون
ياتقان ئۆيگە بېرىپ، خېمىر ئېلىپ يۇغۇرۇپ، كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا نان ئېتىپ ياپتى. [9] ئاندىن
تاۋانى ئېلىپ، ناننى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. لېكىن ئۇ يېگىلى ئۇنىمىدى. ئامنوننىڭ ئۆزى:
«ھەممىسى مېنىڭ قېشىمدىن چىقىپ كەتسۇن» دەپ ئېيتتى. ئۇ ۋاقىت ھەممە كىشىلەر
ئۇنىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتتى.
[10] ئاندىن ئامنون تامارغا: «تائامنى ئىچكىركى ئۆيگە ئېلىپ كىرگىنكى، قولۇڭدىن ئېلىپ
يېگەيمەن» دېدى. تامار ئۆزى ئەتكەن ناننى ئىچكىركى ئۆيگە بۇرادىرى ئامنوننىڭ قېشىغا
ئېلىپ كىردى. [11] ئۇنىڭغا يېگىلى تائامنى ئېلىپ كىرگەندە ئۇ ئۇنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا:
«ئەي ھەمشىرەم، كېلىپ، مەن بىلەن ياتقىن» دېدى. [12] لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ
ئېيتتى: «ياق ئەي بۇرادىرىم، مېنى زورلىمىغىن. ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا شۇنداق ئىش ھېچ
بولمىسۇن! سەن بۇ ئەخمەقلىقنى قىلمىغىن. [13] ئۆز خىجالىتىم بىلەن نە يەرگە كېتەي؟ سەن
بولساڭ ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا بىر ئەخمەقتەك بولىسەن. ئەمدى پادىشاھتىن سورىغىن. ئۇ
مېنى سەندىن مەنئى قىلمايدۇ» دېدى. [14] لېكىن ئۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىلى ئۇنىماي،
ئۇنىڭدىن كۈچلۈك كېلىپ، ئۇنى زورلاپ ئۇنىڭ بىلەن ياتتى.
[15] لېكىن ئاندىن كېيىن ئامنون ئۇنى تولا يامان كۆرۈپ قالدى. شۇنداقكى، ئۇنىڭ ئۇنى يامان
كۆرۈشى بالدۇر ئۇنىڭغا قىلغان مۇھەببىتىدىن زىيادە بولدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئامنون ئۇنىڭغا:
«قوپۇپ كەتكىن» دېدى. [16] ئۇ ئۇنىڭغا: «بۇ بولمايدۇ. مېنى ھەيدىۋەتكىنىڭ سەن ماڭا باشقا
قىلغان ئىشتىن چوڭراق گۇناھ بولىدۇ» دېدى. لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا قۇلاق سالغىلى ئۇنىماي،
[17] بەلكى ئۆزىگە خىزمەت قىلىدىغان يىگىتنى قىچقىرىپ: «بۇ خوتۇننى مۇندىن ھەيدەپ
چىقىرىۋېتىپ، ئىشىكنى ئۇنىڭ كەينىدىن ئېتىپ قويغىن» دەپ ئېيتتى.
[18] تامار بولسا رەڭمۇرەڭ بىر كۆڭلەك كىيگەنىدى. چۈنكى پادىشاھنىڭ قىزلىرى پاك قىزلىقىدا
شۇنداق كىيىم كىيەتتى. ئەمما خىزمەتكار تامارنى چىقىرىۋېتىپ كەينىدىن ئىشىكنى ئەتكەندە،
[19] تامار بېشىغا كۈل چېچىپ، كىيگەن رەڭمۇرەڭ كۆڭلەكنى يىرتىپ، قولىنى بېشىغا سېلىپ
يىغلاپ كەتتى.
[20] ئۇنىڭ بۇرادىرى ئابشالوم ئۇنىڭغا ئېيتتى: «بۇرادىرىڭ ئامنون سەن بىلەن ياتتىمۇ؟
ئەمدى شۈك تۇرغىن، ئەي ھەمشىرەم، ئۇ سېنىڭ بۇرادىرىڭ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئىش ئۈچۈن خاپا
بولمىغىن» دېدى. ئەمما تامار غەم يەپ، بۇرادىرى ئابشالومنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قالدى.
[21] داۋۇد پادىشاھ ھەم شۇ ھەممە ئىشنى ئاڭلاپ، تولا خاپا بولدى. [22] ئابشالوم بولسا ئامنونغا،
خاھى يامان، خاھى ياخشى سۆز قىلمىدى. چۈنكى ئابشالوم ئامنوننى ئۇنىڭ ھەمشىرىسى
تامارنى زورلىغىنى ئۈچۈن يامان كۆرەتتى.

## ئابشالوم ئامنوننى ئۆلتۈرىدۇ

[23] ئىككى يىلدىن كېيىن ئابشالوم ئەفرائىمدىكى بائال-خازوردا قويلىرىنى قىرقىتىۋاتاتتى
ئىدى. ئابشالوم پادىشاھنىڭ ھەممە ئوغۇللىرىنى قىچقاردى. [24] ئابشالوم پادىشاھنىڭ
قېشىغا كېلىپ ئېيتتى: «مانا قۇلۇڭ قويلارنى قىرقىتىۋاتىدۇ. ئىلتىماس قىلىمەنكى، پادىشاھ
ئىلتىپات قىلىپ، ئۆز خىزمەتكارلىرىنى ھەمراھ قىلىپ، قۇلۇڭ بىلەن بارغاي» دېدى.
[25] پادىشاھ ئابشالومغا: «ياق ئەي ئوغلۇم، ساڭا جەبىر بولمىسۇن دەپ، بىز ھەممىمىز سەن
بىلەن بارمايلى» دەپ ئېيتىپ ئۇ تولا يالۋۇرسا، ھەم بارغىلى ئۇنىماي، بەلكى دۇئايىخەير
قىلدى. [26] لېكىن ئابشالوم ئېيتتى: «ئۇنداق بولسا، بۇرادىرىم ئامنوننى بىز بىلەن بارغىلى
قويغىن.» پادىشاھ ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا ئۇ سەن بىلەن بارغاي؟» دەپ سورىدى. [27] ئەمما
ئابشالوم ئۇنىڭغا تولا يالۋۇرغىنى ئۈچۈن ئۇ ئامنوننى بارغىلى قويۇپ، پادىشاھنىڭ ھەممە
ئوغۇللىرىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بارغىلى قويدى.
[28] ئابشالوم ئۆز غۇلاملىرىغا بۇيرۇپ: «سەپسىلىپ بېقىڭلار. ئامنوننىڭ كۆڭلى شارابتىن خۇش
بولۇپ، مەن سىلەرگە: ‹ ئامنوننى ئۇرۇڭلار› دېگەندە قورقماي ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار. مەن سىلەرگە
بۇيرۇدۇم ئەمەسمۇ؟ جۈرئەتلىك بولۇپ، باتۇرلۇق كۆرسىتىڭلار» دېدى. [29] ئابشالومنىڭ
غۇلاملىرى ئامنونغا ئابشالوم ئۆزى بۇيرۇغاندەك قىلدى. ئۇ ھامان پادىشاھنىڭ ھەممە
ئوغۇللىرى قوپۇپ، ھەربىرى ئۆز قېچىرىغا مىنىپ قاچتى.
[30] ئۇلار تېخى يولدا قېچىپ يۈرگەندە: «ئابشالوم پادىشاھنىڭ ھەممە ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈردى.
ئۇلارنىڭ ھېچبىرى قالمىدى» دەپ داۋۇتقا خەۋەر بېرىلدى. [31] پادىشاھ قوپۇپ، كىيىملىرىنى
يىرتىپ يەردە ياتتى. ھەممە خىزمەتكارلىرى بولسا كىيىملىرى يىرتىقلىق ئۇنىڭ يېنىدا تۇردى.
[32] ئەمما داۋۇتنىڭ بۇرادىرى شىمېيانىڭ ئوغلى يوناداب سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: «خوجام خىيال
قىلمىسۇنكى، ئۇلار پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى بولغان ھەممە يىگىتلەرنى ئۆلتۈردى. يالغۇز
ئامنون ئۆلدى. ئۇ تامارنى زورلىغان كۈندىن تارتىپ ئابشالوم ئۆز كۆڭلىدە شۇنى نىيەت
قىلغاندۇر. [33] ئەمدى خوجام پادىشاھ: «‹ پادىشاھنىڭ ھەممە ئوغۇللىرى ئۆلدى› دېگەن
خەۋەرنى ئۆز كۆڭلىدىن چىقارسۇن. يالغۇز ئامنون ئۆلدى» دېدى.
[34] لېكىن ئابشالوم قېچىپ كەتتى. پاسىبانلىق قىلغان غۇلام قارىسا، مانا ئۇنىڭ كەينى
تەرىپىدىن تاغنىڭ يېنىدىكى يول بىلەن تولا خەلق كېلىۋاتاتتى. [35] يوناداب پادىشاھقا: «مانا
پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى كەلدى. قۇلۇڭ دېگەندەك بولدى» دېدى. [36] سۆزىنى تامام قىلغىنىدا،
مانا پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى كېلىپ، ئۆز ئاۋازلىرىنى كۆتۈرۈپ يىغلىدى. پادىشاھ ئۆزىمۇ بىلەن
ھەممە خىزمەتكارلىرى تولا قاتتىق يىغلىدى.
[37] لېكىن ئابشالوم گەشۇرنىڭ پادىشاھى تالماي بەن-ئاممىھۇدنىڭ قېشىغا باردى. ئەمما داۋۇت
ئۆز ئوغلى ئۈچۈن ھەر كۈن غەم يەيتتى. [38] ئابشالوم قېچىپ، گەشۇرغا بېرىپ، ئاندا ئۈچ يىل
قالدى. [39] ئەمما داۋۇت پادىشاھ ئابشالومنىڭ يېنىغا بېرىشقا ئىنتىزار بولدى، چۈنكى ئۆلگەن
ئامنون توغرىسىدا تەسەللى تاپقانىدى.

# ئابشالوم يېرۇسالېمغا يېنىپ كېلىدۇ

14 1 زېرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب، پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئابشالومغا مايىل ئىكەن دەپ بىلدى.
2 ئۇنىڭ ئۈچۈن يوئاب تەقوئاغا كىشى ئەۋەتىپ، ئاندىن دانا بىر خوتۇننى ئېلىپ
كەلتۈرتۈپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئۆزۈڭنى ماتەم تۇتقان كىشىدەك كۆرسىتىپ، قارىلىق قىيىمى
كىيىپ، ئۆزۈڭنى ياغ بىلەن ياغلىماي، بەلكى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن ماتەم تۇتقان
خوتۇندەك بولۇپ، 3 پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۇنداق-مۇنداق دېگىن» دەپ يوئاب
ئۇنىڭ ئاغزىغا سۆزنى سالدى.
4 تەقوئالىق بولغان بۇ خوتۇننىڭ ئۆزى پادىشاھقا سۆز قىلىپ، يەرگە يۈز تۆۋەن يىقىلىپ
تەزىم قىلىپ: «ياردەم قىلغىن، ئەي پادىشاھ» دەپ ئېيتتى. 5 پادىشاھ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «نېمە
دەردىڭ بار؟» ئۇ ئېيتتى: «ۋاي، بىر تۇل خوتۇنمەن! ئېرىم ئۆلۈپ كەتتى. 6 دېدىكىڭنىڭ
ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئىككىلىسى ئېتىزلىقتا بولۇپ ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئارىغا چۈشكۈچى
بولمىغاچ بىرى يەنە بىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. 7 مانا پۈتۈن خاندان دېدىكىڭگە قارشى قوپۇپ:
بۇرادىرىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى بىزگە تۇتۇپ بەرگىن. بۇرادىرىنىڭ جېنىنى ئېلىپ قاتىللىق
قىلغىنى ئۈچۈن بىز ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، مىراس ئالغۇچىنى يوقىتىمىز دەيدۇ. ئۇنداق قىلىپ،
چىرىغىمنى ئۆچۈرۈپ، ئېرىمگە، خاھى نام، خاھى ئەۋلاد يەر يۈزىدە قويمايدۇ» دېدى.
8 پادىشاھ خوتۇنغا: «ئۆيۈڭگە بارغىن. مەن سەن توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقىراي» دېدى. 9 تەقوئالىق
خوتۇن پادىشاھقا ئېيتتى: «ئەي خوجام پادىشاھ، ھەممە گۇناھ مەن بىلەن ئاتامنىڭ خاندانى
ئۈستىدە بولسۇن. لېكىن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ تەختى گۇناھسىز بولسۇن» دېدى. 10 پادىشاھ
ئېيتتى: «بىركىم ساڭا بىر نېمە دېسە، ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلگىن. ئۇ ساڭا يەنە
خاپىلىق قىلمىسۇن» دېدى. 11 ئۇ ئېيتتى: «ئەي پادىشاھ، رەب خۇدايىڭنى ياد قىلغىن. قان
ئىنتىقام ئالغۇچىسى مېنىڭ ئوغلۇمنى يوقاتماق بىلەن يامانلىقنى تېخى چوڭراق قىلمىسۇن».
پادىشاھ ئېيتتى: «تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ بىر تال
چېچى يەرگە چۈشمىسۇن» دېدى. 12 لېكىن خوتۇن: «دېدىكىڭنى خوجام پادىشاھقا يەنە بىر
سۆز دېگىلى قويغايسەن» دېسە، ئۇ: «ئېيتقىن» دېدى. 13 خوتۇن ئېيتتى: «ئۇنداق بولسا،
نېمىشقا خۇدانىڭ قوۋمىنىڭ خىلاپىدا شۇنداق تەدبىر قىلدىڭ. پادىشاھ شۇنداق سۆز قىلسا،
ئەيىبكار كىشىدەك سۆز قىلىدۇ. چۈنكى پادىشاھ ئۆزى تاشلىغان كىشىنى يېنىپ كەلگىلى
قويمايدۇ. 14 ھەممىمىز ئۆلۈپ، يەرگە تۆكۈلۈپ يەنە يىغالمايدىغان سۇدەك بولىمىز. لېكىن
خۇدا جاننى يوقاتماي، بەلكى تاشلانغان كىشى مەندىن ئايرىلمىسۇن دەپ، ئىلاج ئىزدەپ تاپىدۇ.
15 خەلق مېنى قورقۇتقىنى ئۈچۈن خوجام پادىشاھقا شۇ ئىش توغرىسىدىن سۆز قىلغىلى
كەلدىم. دېدىكىڭ ئويلاپ: ‹ ئەمدى پادىشاھقا سۆز قىلاي. ئۇ ئۆز دېدىكىنىڭ ئارزۇسىنى
بەجا كەلتۈرەرمىكىن؟ 16 دەرۋەقە پادىشاھ ئاڭلاپ ئۆز دېدىكىنى قۇتقۇزۇپ، ھەم مېنى ھەم
ئوغلۇمنى يوقىتىپ، بىزنى خۇدانىڭ مىراسىدىن كەسكىلى قويغان ئادەمنىڭ قولىدىن خالاس
قىلارمىكىن› دېدىم. 17 دېدىكىڭ ئويلاپ: ‹ خوجام پادىشاھنىڭ سۆزى ماڭا ئارام بېرەرمىكىن؟

خوجام پادىشاھ بولسا ياخشى يامانىنى پەرق ئېتىپ خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسىدەكتۇر› دېدىم.
رەب خۇدايىڭ سەن بىلەن بولغاي» دېدى.
[18] پادىشاھ سۆز قىلىپ خوتۇنغا ئېيتتى: «مەن سەندىن سورايدىغان ئىشتىن ھېچنېمىنى
مەندىن يوشۇرمىغىن» دېدى. خوتۇن: «خوجام پادىشاھ سۆز قىلغاي» دەپ ئېيتتى. [19] پادىشاھ
ئېيتتى: «بۇنىڭ ھەممىسىدە يوئاب سېنى باشلىمىدىمۇ؟» خوتۇن جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «ئەي
خوجام پادىشاھ، سېنىڭ جېنىڭنىڭ تىرىكلىكى ئۈستىدە قەسەم قىلىمەنكى، خوجام پادىشاھ
ئېيتقان سۆزدىن ھېچكىم، خاھى ئوڭغا، خاھى چەپكە قايرىپ قاچالمايدۇ. خىزمەتكارىڭ يوئاب
ماڭا شۇنى بۇيرۇپ، مەن ئېيتقان ھەممە سۆزنى دېدېكىڭنىڭ ئاغزىغا سالدى. [20] سۆزنى باشقا
سۈرەت بەرمەك ئۈچۈن خىزمەتكارىڭ يوئاب بۇنى قىلدى. خوجام خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسى دانا
ئىكەندەك دانا بولۇپ، يەر يۈزىدىكى ھەممىسىنى بىلىدۇ» دېدى.
[21] پادىشاھ يوئابقا: «مانا مەن شۇ ئىشقا ماقۇل بولدۇم. بېرىپ، ئۇ يىگىت ئابشالومنى ئېلىپ
كەلگىن» دەپ ئېيتتى. [22] يوئاب يۈز تۆۋەن يەرگە يىقىلىپ، تەزىم قىلىپ پادىشاھقا دۇئايىخەير
ئوقۇدى. ئاندىن يوئاب ئېيتتى: «ئەي خوجام پادىشاھ سېنىڭ ئالدىڭدا ئىلتىپات تاپتىم دەپ،
ئۆز قۇلۇڭ بۇ كۈن بىلىپ قالدى، چۈنكى پادىشاھ ئۆز قۇلىنىڭ خاھىشىغا رازى بولدى» دېدى.
[23] ئاندىن يوئاب قوپۇپ، گەشۇرغا بېرىپ، ئابشالومنى يېرۇسالېمغا ئېلىپ كەلدى. [24] ئەمما
پادىشاھ: «ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كەلمەي، ئۆز ئۆيىگە بارسۇن» دېدى. ئابشالوم پادىشاھنىڭ
قېشىغا بارماي، ئۆز ئۆيىگە كەتتى.
[25] لېكىن پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا ئابشالومدەك كېلىشكەن بولۇپ داڭلانغان ئادەم يوق
ئىدى. پۇت ئالىقىنىدىن تارتىپ باش چوققىسىغىچە ئۇنىڭدا ھېچ ئەيىب يوق ئىدى. [26] ھەر
يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز چېچىنى چۈشۈرەتتى. چۈنكى چېچى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەچ چۈشۈردى.
بېشىنى چۈشۈرگەندە بېشىنىڭ چېچىنى تارتسا، ئۇنىڭ ۋەزنى پادىشاھلىق ۋەزنىگە مۇۋاپىق
ئىككى يۈز شېقەل چىقتى. [27] ئابشالومغا ئۈچ ئوغۇل ۋە تامار دېگەن بىر قىز تۇغۇلدى. ئۇ
كۆرۈنۈشى چىرايلىق بىر خوتۇن ئىدى.
[28] ئابشالوم پادىشاھنىڭ يۈزىنى كۆرمەي، يېرۇسالېمدا ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىن،
[29] پادىشاھنىڭ قېشىغا ئەۋەتكىلى يوئابنى قىچقاردى. ئەمما ئۇ كەلگىلى ئۇنىمىدى. يەنە
ئىككىنچى مەرتىۋە ئۇنى قىچقاردى، لېكىن كەلگىلى خالىمىدى. [30] بۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆز
خىزمەتكارلىرىغا: «مانا يوئابنىڭ مېنىڭكىگە ياندىلىپ ئارپا تېرىقلىق بىر زېمىنى بار. بېرىپ،
ئۇنىڭغا ئوت قويۇڭلار» دەپ بۇيرۇدى. ئابشالومنىڭ خىزمەتكارلىرى ئارپىلىققا ئوت قويدى.
[31] ئۇ ۋاقىت يوئاب قوپۇپ، ئابشالومنىڭ ئۆيىگە كىرىپ: «ئۇنىڭدىن نېمىشقا خىزمەتكارلىرىڭ
ئارپىلىقىمغا ئوت قويدى؟» دەپ سورىدى. [32] ئابشالوم يوئابقا جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «مەن ساڭا
كىشى ئەۋەتىپ: ‹ بۇ يەرگە كەلگىن› دەپ ئېيتقۇزدۇم. سېنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ،
مېنىڭ تەرىپىمدىن: ‹ مەن نېمىشقا گەشۇردىن كەلدىم. ئۇ يەردە تېخى قالسام، ماڭا ياخشى
بولاتتى› دەپ ئېيتقۇزماقچى ئىدىم. ئەمدى پادىشاھنىڭ يۈزىنى كۆرەي. مەندە بىر گۇناھ بولسا،

مېنى ئۆلتۈرسۇن» دېدى. [33] يوئاب پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى بەردى.
شۇ ئۆزى ئابشالومنى قىچقاردى. ئۇ بولسا پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا
يۈزى يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلدى ۋە پادىشاھ ئابشالومنى سۆيدى.

## ئابشالومنىڭ سۇيىقەستى

15 [1] ئاندىن كېيىن ئابشالوم ئۆزىگە ھارۋا بىلەن ئاتلار تاپتۇرۇپ ئۆز ئالدىدا يۈگۈرىدىغان
ئەللىك كىشى تەييار قىلدى. [2] ئابشالوم سەھەر قوپۇپ، دەرۋازىغا بارىدىغان يولنىڭ
يېنىدا تۇراتتى. قاچان بىركىم دەۋايىمنى كەسسۇن دەپ، پادىشاھقا ئەرز تۇتقىلى كەلسە،
ئابشالوم ئۇنىڭ ئۆزىنى قىچقىرىپ: «سەن قايسى شەھەردىن كەلدىڭ؟» دەپ سورايتتى. ئۇ
كىشى: «قۇلۇڭ ئىسرائىلنىڭ پالان قەبىلىسىدىن كەلدى» دېسە، [3] ئابشالوم ئۇنىڭغا: «مانا
دەۋايىڭ ياخشى ۋە راست ئىكەن، لېكىن پادىشاھنىڭ تەرىپىدىن سېنى ئاڭلىغىلى كىشى
يوقتۇر» دەيتتى. [4] ئابشالوم يەنە: «كاشكى مېنى يۇرتتا ھاكىم قىلسا ئىدى، ھەركىمنىڭ
ئەرزى ياكى داۋايى بولۇپ مېنىڭ قېشىمغا كەلسە، ئۇنىڭغا ئادالەت قىلاتتىم» دەپ ئېيتاتتى.
[5] بىركىم ئۇنىڭغا تەزىم قىلغىلى ئالدىغا بارسا، ئابشالوم قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنى تۇتۇپ سۆيدى.
[6] ئابشالوم پادىشاھقا ئەرز تۇتقىلى كەلگەن ھەممە ئىسرائىلغا ئۇنداق قىلىپ، ئىسرائىلنىڭ
ئادەملىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئوغرىلايتتى.

[7] تۆت يىل ئۆتۈپ بولغاندا ئابشالوم پادىشاھقا ئېيتتى: «مەن خۇداۋەندىگە باغلىغان ۋەدىنى
بەجا كەلتۈرمەك ئۈچۈن خېبرونغا بارغىلى ماڭا ئىجازەت بەرگىن. [8] ئاررامدىكى گەشۇردا
تۇرغىنىمدا سېنىڭ قۇلۇڭ بىر ۋەدە قىلىپ ئېيتتى: ‹ئەگەر خۇداۋەندە مېنى يېرۇسالېمغا
ياندۇرسا، خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلاي.›» [9] پادىشاھ ئۇنىڭغا: «ئامان-ئېسەن بارغىن» دېسە،
ئۇ قوپۇپ خېبرونغا كەتتى.
[10] لېكىن ئابشالوم ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىگە جاسۇسلار ئەۋەتىپ ئېيتقۇزدىكى:
«كاناي ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا: ‹ئابشالوم خېبروندا پادىشاھ بولدى› دەپ ئېيتىڭلار.»
[11] خاس قىچقىرىلغان ئىككى يۈز ئادەم يېرۇسالېمدىن ئابشالوم بىلەن بىللە باردى. ئۇلار
دىل ساددىلىق بىلەن بېرىپ، ھەممە ئىشتىن بىخەۋەر ئىدى. [12] ئابشالوم قۇربانلىقلارنى
ئۆتكۈزگىنىدە داۋۇدنىڭ مەسلىھەت بەرگۈچىسى بولغان گىلولۇق ئاخىتوفەلنى ئۆز شەھىرى
گىلودىن ئېلىپ كەلتۈردى. ئەمما سۇيىقەست قاتتىق بولۇپ يېيىلىپ، خەلق بارغانسېرى
غولداپ، ئابشالومغا قوشۇلاتتى.

## داۋۇد يېرۇسالېمدىن قاچىدۇ

13 بىر خەۋەرچى داۋۇدقا كېلىپ ئېيتتى: «ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆڭۈللىرى ئابشالومغا
مايىل بولدى. 14 ئۇ ۋاقىت داۋۇد يېرۇسالېمدا ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە خىزمەتكارلىرىغا
ئېيتتى: «قوپۇپ قاچايلى. بولمىسا ئابشالومدىن قۇتۇلالمايمىز. ئىتتىك بولۇپ قاچايلى. ئۇ
تۇيۇقسىز ئۇستىمىزگە كېلىپ، بىزگە بالا كەلتۈرۈپ، شەھەر خەلقىنى قىلىچ بىسى بىلەن
ئۇرمىسۇن» دېدى. 15 پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى پادىشاھقا: «خوجام پادىشاھ نېمە بۇيرۇسا
قىلىمىز» دەپ ئېيتتى. 16 پادىشاھ چىقىپ كەتسە، ھەممە ئۆي خەلقى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئەمما
پادىشاھ كېنىزەكلىرىدىن ئون خوتۇننى ئۆيىنى باققىلى قويدى. 17 پادىشاھ چىقىپ كەتكەندە
ھەممە خەلق ئۇنىڭغا ئەگەشتى. لېكىن ئۇلار بەيت-مەرچاقتا توختاپ قالدى. 18 ئۇنىڭ ھەممە
خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، ھەممە مۇھاپىزەتچى بىلەن خەۋەرچىلەر ۋە گاتتىن
ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئالتە يۈز گاتلىق كىشى ھەم ئۆتۈپ كېتىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى.
19 پادىشاھ گاتلىق ئىتتايغا ئېيتتى: «نېمىشقا بىز بىلەن بارىسەن؟ يېنىپ بېرىپ، پادىشاھنىڭ
قېشىدا تۇرغىن، چۈنكى بىگانە بولۇپ، ۋەتىنىڭدىن پالانغان بىر ئادەمسەن. 20 تۈنۈگۈن كەلدىڭ.
مەن ئۆزۈم بارىدىغان يېرىمنى بىلمەي، نېمىشقا سېنى بۇ كۈن بىز بىلەن ئۇ يەرگە-بۇ يەرگە
ماڭدۇراي؟ يېنىپ ئۆز بۇرادەرلىرىڭنى ئۆزۈڭ بىلەن ئېلىپ كەتكىن. رەھىمدىللىك ۋە ھەقلىق
سەن بىلەن بولغاي» دېدى. 21 لېكىن ئىتتاي پادىشاھقا جاۋاب بەردىكى: «تىرىك خۇداۋەندە
بىلەن ئانت ئىچىپ، خوجام پادىشاھنىڭ تىرىكلىكىنىڭ ئۈستىدە قەسەم قىلىمەنكى، نە يەردە
خوجام پادىشاھ بولسا، خاھى ئۆلۈم، خاھى تىرىكلىك ئۈچرىسا، قۇلۇڭ شۇ يەردە بولغاي»
دېدى. 22 داۋۇد ئىتتايغا: «ئۆتۈپ كەتكىن» دېدى. ئۇ ۋاقىت گاتلىق ئىتتاي ھەممە ئادەملىرى
ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە باللار ئۆتۈپ كېتىپ، ئالدىدا ماڭدى. 23 ھەممە خەلق ئۆتۈپ
كەتكەندە پۈتۈن يۇرت ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن يىغلىدى. پادىشاھ ئۆزى قىدرون جىلغىسىدىن ئۆتۈپ
كەتكەندە ھەممە خەلق ئۆتۈپ كېتىپ، چۆل يولىنىڭ تەرىپىگە ماڭدى.
24 مانا سادوق بىلەن ھەممە بەنى-لاۋىي خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ،
خەلقنىڭ ھەممىسى شەھەردىن چىقىپ بولغۇچىلىك توختاپ تۇرايلى دەپ، خۇدانىڭ ئەھدە
ساندۇقىنى يەردە قويسا، ئابىياتارمۇ چىقىپ كەلدى. 25 پادىشاھ سادوققا ئېيتتى: «خۇدانىڭ
ئەھدە ساندۇقىنى شەھەرگە ياندۇرۇپ ئېلىپ كىرگىن. خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە ئىلتىپات
تاپسام، مېنى ياندۇرۇپ، ھەم ئۇنى، ھەم ماكانىنى ماڭا كۆرسىتىدۇ. 26 لېكىن ئۇ: ‹ سەندىن
خۇشۇم يوق› دېسە، مەن رازىمەن. ھەرنېمە خالىسا ماڭا قىلسۇن» دەپ،
27 پادىشاھ سادوق كاھىنغا ئېيتتى: «سەن روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچى ئەمەسمۇ؟ سەن
ئامان-ئېسەن شەھەرگە يېنىپ كىرگىن. ئوغلۇڭ ئاخىمائاز بىلەن ئابىياتارنىڭ ئوغلى يوناتان
سىلەرگە ھەمراھ بولۇپ يانسۇن. 28 مانا سىلەردىن تايىن خەۋەر كەلگۈچىلىك مەن چۆلنىڭ
تۈزلەڭلىكلىرىدە تۇرۇپ تۇراي» دېدى. 29 ئۇنىڭ ئۈچۈن سادوق بىلەن ئابىياتار خۇدانىڭ ئەھدە
ساندۇقىنى يېرۇسالېمغا ئېلىپ كىرىپ، ئاندا قالدى.

30 لېكىن داۋۇد يىغلاپ، بېشىنى يېپىپ، يالاڭ ئاياغ بولۇپ زەيتۇن تېغىغا چىقسا، ئۇنىڭ
بىلەن بولغان ھەممە خەلق باشلىرىنى يېپىپ بىللە يىغلاپ چىقىۋاتاتتى. 31 داۋۇدقا: «مانا
ئاخىتوفەل سۇيىقەست قىلغانلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئابشالومنىڭ قېشىدا ئىكەن» دەپ خەۋەر
بېرىلگەندە داۋۇد: «ئەي خۇداۋەندە، ئاخىتوفەلنىڭ مەسلىھەتىنى ئەخمەقلىققا ئايلاندۇرغىن»
دەپ دۇئا قىلدى.
32 داۋۇد تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ، خۇداغا دۇئا قىلىدىغان يەرگە يەتكەندە ئاركىلىك خۇشاي
ئېگىنى يىرتىقلىق بېشىغا توپا چېچىقلىق ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. 33 داۋۇد ئۇنىڭغا ئېيتتى:
«مەن بىلەن بارساڭ، ماڭا يۈكتەك بولىسەن. 34 لېكىن شەھەرگە بېرىپ، ئابشالومغا: ‹ ئەي
پادىشاھ، مەن بۇ ۋاقىتقىچە ئاتاڭنىڭ خىزمەتكارى بولغاندەك ئەمدى سېنىڭ خىزمەتكارىڭ
بولاي› دەپ ئېيتساڭ، ئاخىتوفەلنىڭ مەسلىھەتىنى ئىناۋەتسىز قىلالارسەنمىكىن. 35 ئۇ يەردە
سادوق ۋە ئابىياتار دېگەن كاھىنلار سەن بىلەن بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ پادىشاھنىڭ ئۆيىدىن نېمە
ئاڭلىساڭ، سادوق بىلەن ئابىياتار دېگەن كاھىنلارغا دەپ بەرگەيسەن. 36 مانا ئۇلارنىڭ ئىككى
ئوغلى، يەنى سادوقنىڭ ئوغلى ئاخىمائاز بىلەن ئابىياتارنىڭ ئوغلى يوناتان ئۇلارنىڭ يېنىدىدۇر.
ھەرنېمە ئاڭلىساڭلار ئۇلاردىن ماڭا خەۋەر بەرگەيسىلەر» دېدى.
37 شۇنى ئاڭلاپ، داۋۇدنىڭ دوستى خۇشاي شەھەرگە باردى ۋە ئابشالوم ئۆزى كېلىپ
يېرۇسالېمغا كىردى.

## زىبا داۋۇدقا ئۇچرايدۇ

16 1 داۋۇد تاغنىڭ چوققىسىدىن ئازغىنا يول ماڭغاندا مېفىبوشەتنىڭ غۇلامى زىبا ئىككى
يۈز نان، يۈز ساپاق ئۈزۈم، يۈز توقاچ ئەنجۈر ۋە بىر تۇلۇم شارابنى ئىككى ئېشەككە
ئارتىپ ئۇنىڭغا ئۇچرىدى. 2 پادىشاھ زىباغا ئېيتتى: «بۇنىڭ بىلەن نېمە خىيالىڭ بار؟» زىبا
ئېيتتى: «ئېشەكلەر پادىشاھنىڭ ئۆيى خەلقىگە مىنمەك ئۈچۈن، نان بىلەن مېۋە غۇلاملارغا
يېمەك ئۈچۈن بولۇپ، شاراب چۆلدە سۇسلاشقان ئادەملەرگە ئىچمەك ئۈچۈندۇر» دېدى.
3 پادىشاھ سورىدىكى خوجاڭنىڭ ئوغلى نە يەردە ئىكەن؟ زىبا پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: «ئۇ
يېرۇسالېمدا قېلىپ: ‹ ئەمدى ئىسرائىلنىڭ خانىدانى ئاتامنىڭ پادىشاھلىقىنى ماڭا ياندۇرۇپ
بېرىدۇ› دەپ ئولتۇرىدۇ» دېدى. 4 ئۇ ۋاقىت پادىشاھ زىباغا: «مانا مېفىبوشەتنىڭ ھەممىسى
سېنىڭكى بولسۇن» دېسە، زىبا ئېيتتى: «ساڭا تەزىم بەجا كەلتۈرەي، سېنىڭ كۆزلىرىڭدە
ئىلتىپات تاپقايمەن، ئەي خوجام پادىشاھ» دېدى.

## شىمېي داۋۇدنى قارغايدۇ

5 داۋۇد پادىشاھ باخۇرىمغا كەلگەندە ئۇ يەردىن شائۇلنىڭ خانىدانىدىن بولۇپ شىمېي بەن-
گېرا دېگەن بىر ئادەم چىقىپ، قارغاپ كېلىپ تۇرۇپ، 6 داۋۇدنىڭ ئۆزىگە ۋە داۋۇد پادىشاھنىڭ
ھەممە خىزمەتكارلىرىغا تاشلار ئېتىپ يۈردى. بىراق پادىشاھنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە
ھەممە خەلق بىلەن پالۋانلارنىڭ ھەممىسى يۈرەتتى. 7 شىمېي قارغاپ ئېيتتىكى: «كەت
سەن، ئەي خۇنخور، بەدرەك! 8 خۇداۋەندە ئەمدى شائۇلنىڭ خانىدانىنىڭ ھەممە قېنىنى
سېنىڭ ئۈستۈڭگە ياندۇردى. سەن ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدۇڭ، لېكىن ئەمدى خۇداۋەندە
پادىشاھلىقنى ئوغلۇڭ ئابشالومنىڭ قولىغا بەردى. ئەمدى گۇناھىڭ ئۆزۈڭگە تەگدى، چۈنكى
خۇنخور ئادەم ئىكەنسەن» دېدى. 9 ئۇ ۋاقىت زېرۇيانىڭ ئوغلى ئابىساي پادىشاھقا ئېيتتى:
«نېمىشقا بۇ ئۆلۈك ئىت خوجام پادىشاھنى قارغىسۇن؟ ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ بېشىنى
كەسكىلى ماڭا ئىجازەت بەرگىن. 10 لېكىن پادىشاھ ئېيتتى: «ئەي زېرۇيانىڭ ئوغۇللىرى، مەن
بىلەن نېمە كارىڭلار بار. ئۇ قارغىسا، قارغىسۇن. خۇداۋەندە ئۇنىڭغا: ‹ داۋۇدنى قارغىغىن› دەپ
ئېيتقاندىن كېيىن كىم ئۇنىڭغا: ‹ نېمىشقا مۇنداق قىلدىڭ؟› دېيەلەيدۇ؟ 11 داۋۇد ئابىسايغا
ۋە ئۆز خىزمەتكارلىرىغا ئېيتتىكى: «مانا ئۆز پۇشتۇمدىن كەلگەن ئوغلۇم مېنىڭ جېنىمنى
ئىستىگەن بولسا، بۇ بەنيامىنىي قانچە ئوشۇقراق ئىستىمەمدۇ؟ ئۇنى قويغىن، قارغىسۇن،
چۈنكى خۇداۋەندە ئۇنىڭغا شۇنداق بۇيرۇپتۇ. 12 خۇداۋەندە كۆز ياشلىرىمغا قاراپ، بۇ كۈن
ئۇنىڭ ئېيتقان لەنىتىنىڭ ئورنىدا خۇداۋەندە ماڭا ياخشىلىق ياندۇرارمىكىن» دېدى. 13 داۋۇد
ئۆز كىشىلىرى بىلەن يولدا كېتىپ بارسا، شىمېي ئۇتتۇرىدىكى تاغنى ياقىلاپ قارغاپ، ئۇنىڭغا
تاش ئېتىپ، قۇم چېچىپ يۈرەتتى. 14 لېكىن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان خەلقنىڭ
ھەممىسى ئايەفىمگە يەتكەندە ئاندا راھەت ئالدى.

## ئاختوفەل ۋە خۇشاي ئابشالومنىڭ قېشىدا

15 ئەمما ئابشالوم ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى بولغان ھەممە خەلق بىلەن يېرۇسالىمغا كەلدى ۋە
ئاختوفەل ئۇنىڭ بىلەن ئىدى. 16 داۋۇدنىڭ ئاركىلىك دوستى خۇشاي ئابشالومنىڭ قېشىغا
كەلگەندە ئۇ ئۆزى ئابشالومغا: «پادىشاھ ياشىسۇن، پادىشاھ ياشىسۇن» دەپ قىچقاردى.
17 ئابشالوم خۇشايغا ئېيتتى: «دوستۇڭغا كۆرسەتىدىغان دوستلۇقۇڭ شۇمۇ؟ نېمىشقا
دوستۇڭ بىلەن بارمىدىڭ؟» 18 خۇشاي ئابشالومغا ئېيتتى: «ياق ئۇنداق ئەمەس، بەلكى
خۇداۋەندە ۋە بۇ قوۋم ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرى كىمنى ئىلغىسا، ئۇنىڭكى بولۇپ ئۇنىڭ
يېنىدا تۇراي. 19 شۇنىڭدىن باشقا كىمگە خىزمەت قىلاي؟ ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قېشىدا خىزمەت
قىلمايمەنمۇ؟ سېنىڭ ئاتاڭنىڭ قېشىدا خىزمەت قىلغاندەك، ئەمدى سېنىڭ قېشىڭدا خىزمەت
قىلاي» دېدى. 20 ئاندىن كېيىن ئابشالوم ئاختوفەلگە: «قىلىدىغىنىمىزنىڭ مەسلىھەتىنى
كۆرسىتىڭلار» دەپ ئېيتتى. 21 ئاختوفەل ئابشالومغا ئېيتتى: «ئاتاڭنىڭ ئۆيىنى ساقلىغىلى

قويغان كېنىزەكلىرىنىڭكىگە كىرگىن. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىسرائىل سېنىڭ ئۆز ئاتاڭنىڭ
ئالدىدا يىرگىنچلىك بولغىنىڭنى ئاڭلاپ، سەن بىلەن بولغانلارنىڭ قوللىرى قۇۋۋەتلىنىدۇ»
دېدى. 22 ئاندىن ئابشالوم ئۈچۈن ئوردىنىڭ ئۆگزىسىدە بىر چېدىر تىكتى ۋە ئابشالوم ھەممە
ئىسرائىلنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا ئۆز ئاتىسىنىڭ كېنىزەكلىرىنىڭكىگە كىردى. 23 ئۇ كۈنلەردە
ئاخىتوفەلنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بولسا كىشى خۇدادىن سوراپ تاپقان مەسلىھەتتەك ئىدى.
ئاخىتوفەلنىڭ ھەممە مەسلىھەتى، ھەم داۋۇتقا، ھەم ئابشالومغا شۇنداق ئىدى.

## ئاخىتوفەل ۋە خۇشاينىڭ مەسلىھەتى

17 1 ئاخىتوفەل ئابشالومغا ئېيتتى: «ماڭا ئىجازەت بېرىلسە، مەن ئون ئىككى مىڭ
ئادەمنى ئىلغاپ، بۇ كېچە قوپۇپ داۋۇدنى قوغلاپ، 2 ئۆزى ھېرىپ كېتىپ قوللىرى
ئاجىز بولغاندا ئۈستىگە چۈشۈپ ئۇنى قورقۇتسام، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە خەلق
قاچقاندىن كېيىن يالغۇز بولغان پادىشاھنى ئۆلتۈرەي. 3 ئاندىن كېيىن ھەممە خەلقنى ساڭا
ياندۇراي. سەن ئىزدىگەن ئادەم يوقالسا، ھەممە يېنىپ كەلگەندەك بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن
ھەممە خەلق ئامانلىق تاپىدۇ» دېدى. 4 بۇ مەسلىھەت ئابشالومغا ۋە ئىسرائىلنىڭ ھەممە
ئاقساقاللىرىغا ياخشى كۆرۈندى.
5 ئەمما ئابشالوم: «ئەمدى ئاركىلىك خۇشاينى قىچقىرىڭلار. ئۇنىڭ سۆزىنى ھەم ئاڭلايلى»
دېدى. 6 خۇشاي ئابشالومنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئابشالوم ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئاخىتوفەل
ئۇنداق-مۇنداق سۆز ئېيتتى. ئۇ دېگەندەك قىلايلىمۇ؟ بولمىسا سەن بىر مەسلىھەت سالغىن»
دېدى. 7 خۇشاي ئابشالومغا: «ئاخىتوفەل بۇ ۋاقىت سالغان مەسلىھەت ياخشى ئەمەس» دەپ
ئېيتتى. 8 خۇشاي يەنە ئېيتتى: «سەن ئاتاڭ بىلەن ئادەملىرىنى بىلىسەن ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ
ئۆزى پالۋان بولۇپ، جاڭگالدىكى بالىسى ئېلىنغان چىشى ئېيىقتەك ئاچچىقى ياماندۇر. ئاتاڭ
بولسا جەڭ كىشىسى بولۇپ، ئۆز خەلقى بىلەن كېچىسى راھەت ئالمايدۇ. 9 ئەمدى ئۇ ئۆزىنى
بىر غاردا ياكى باشقا بىر يەردە يوشۇرۇۋالغان بولسا كېرەك. ئەگەر خەلقىڭدىن بىرنەچچىسى
دەسلەپتە ئۆلتۈرۈلسە، شۇنى ئاڭلىغان ھەركىم: ‹ ئابشالومغا ئەگەشكەن خەلق مەغلۇپ
بولدى› دەپ ئېيتىدۇ. 10 ئۇ ۋاقىت ھەممىدىن باتۇر، ھەتتا شىر يۈرەك ئادەم ھەم ناھايىتى
قورقىدىغان بولاتتى، چۈنكى ھەممە ئىسرائىل ئاتاڭنىڭ پالۋان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر
جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. 11 ئۇنىڭ ئۈچۈن مەسلىھەتىم شۇكى، ھەممە ئىسرائىل
بولسا داندىن تارتىپ بەرشېباغىچە دېڭىزنىڭ بويىدىكى قۇمدەك بولۇپ، سېنىڭ قېشىڭغا
يىغىلسۇن. سەن ئۆزۈڭ ھەم جەڭگە بارغايسەن. 12 بىز ئۇنى نە يەردە تاپساق، شەبنەم يەرگە
چۈشكەندەك ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشەيلى. ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان كىشىلەردىن
ھېچكىم قالمىغاي. 13 ئۇ بىر شەھەرگە كىرىۋالسىمۇ، ھەممە ئىسرائىل شەھەرنىڭ چۆرىسىگە

ئارغامچا سېلىپ تارتىپ، بىر كىچىك تاش قالمىغۇچە جىلغىغا چۈشۈرەيلى» دېدى.
[14] ئابشالوم بىلەن ھەممە ئىسرائىلنىڭ كىشىلەر: «ئاركىلىك خۇشاينىڭ مەسلىھەتى بولسا ئاختوفەلنىڭ مەسلىھەتىدىن ئوبداندۇر» دەپ ئېيتىشتى. چۈنكى خۇداۋەندە ئابشالومغا بالا كەلتۈرگىلى خالىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە ئاختوفەلنىڭ ياخشى مەسلىھەتىنى ئىناۋەتسىز قىلغىلى توختاتقانىدى.

## داۋۇد ئىئورداندىن ئۆتۈپ ماخانائىمغا يېتىپ كېلىدۇ

[15] خۇشاي ئۆزى سادوق بىلەن ئابىياتار دېگەن كاھىنلارغا ئېيتتى: «ئاختوفەل ئابشالوم بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرىغا ئۇنداق-مۇنداق مەسلىھەت سالدى. ئەمما مەن ئۆزۈم مۇنداق-مۇنداق مەسلىھەت سالدىم. [16] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىلدام بولۇپ، داۋۇدقا خەۋەر ئەۋەتىپ: ‹ بۇ كېچە چۆلنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە قونماي، بەلكى ئۆتۈپ كېتىڭلار. بولسا پادىشاھ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە خەلق ھالاك بولارمىكىن› دەپ ئېيتقۇزىڭلار» دېدى. [17] ئەمما يوناتان بىلەن ئاخىمائاز شەھەرگە كىرىپ كۆرۈنمىگەيمىز دەپ، روگېل بۇلىقىنىڭ يېنىدا توختاپ تۇرۇپ، بىر دېدەك چىقىپ، ئۇلارغا خەۋەر بەرسە، ئۇلار بېرىپ داۋۇد پادىشاھقا خەۋەرنى يەتكۈزەتتى. [18] لېكىن بىر يىگىت ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، ئابشالومغا دەپ بەردى. ئەمما بۇ ئىككىيلەن ئىتتىك بېرىپ، باخۇرىمدىكى بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىردى. بۇ ئادەمنىڭ ھويلىسىدا بىر قۇدۇق بار ئىدى. ئۇلار شۇنىڭغا چۈشۈپ يوشۇرۇندى. [19] ئۇنىڭ خوتۇنى، ھېچنېمە مەلۇم بولمىسۇن دەپ، قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا بىر پالاسنى سېلىپ، ئۈستىگە دان تۆكۈپ قويدى. [20] ئابشالومنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۆيگە كىرىپ، خوتۇننىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئاخىمائاز بىلەن يوناتان نە يەردە؟» دەپ سورىغاندا خوتۇن: «ئۇلار جىلغىدىن ئۆتۈپ كەتتى» دەپ ئېيتتى. ئۇلارنى ئىزدەپ تاپمىغاندا يېرۇسالېمغا يېنىپ كەتتى.
[21] ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىككىيلەن قۇدۇقتىن چىقىپ، داۋۇد پادىشاھقا خەۋەر بەردى. ئۇلار داۋۇدقا ئېيتتىكى: «قوپۇپ، سۇدىن ئۆتكىن، چۈنكى ئاختوفەل ساڭا قارشى ئۇنداق مەسلىھەت سېلىپتۇ» دېدى.
[22] ئۇ ۋاقىت داۋۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە خەلق قوپۇپ، ئىئوردانىنى كەچتى. ئەتىسى يورۇق بولغاندا ھېچبىرى كەم قالماي، بەلكى ھەممىسى ئىئورداندىن كەچكەنىدى.
[23] ئاختوفەل، مەسلىھەتىمنى ئاڭلىمىدى دەپ كۆرگەندە، ئېشىكىنى توقۇپ، ئۆز شەھىرىدىكى ئۆيىگە بېرىپ، ئۆز ئۆيى توغرىسىدىن ۋەسىيەت قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئېسىپ بوغۇپ ئۆلۈپ، ئۆز ئاتىسىنىڭ گۆرىدە دەپنە قىلىندى. [24] ئابشالوم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرى ئىئوردانىنى كەچكىنىدە داۋۇد ماخانائىمغا يەتكەنىدى.
[25] لېكىن ئابشالوم يوئابنىڭ ئورنىدا ئاماسانى قوشۇننىڭ ئۈستىگە قويدى. ئاماسا ئۆزى يىترا دېگەن بىر ئىسرائىلىي كىشىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ كىشى ناخاشنىڭ قىزى ئابىگايىلنىڭكىگە،

يەنى يوئابنىڭ ئانىسى زېرۇيانىڭ ھەمشىرىنىڭكىگە كىرگەنىدى. [26] ئەمما ئىسرائىل بىلەن
ئابشالوم گىلېيادنىڭ يۇرتىدا چېدىر تىكتى.
[27] لېكىن داۋۇت ماخانائىمغا كەلگەندە بەنى-ئاموننىڭ راببا شەھىرىدىن بولغان ناخاشنىڭ
ئوغلى شوبى بىلەن لودىبارلىق ئامىيەلنىڭ ئوغلى ماكىر ۋە روگېلىمدا ئولتۇراقلىق
گىلېيادلىق بارزىللاي دېگەنلەر بولسا، [28] ياتىدىغان ئورۇنلار، پىيالە بىلەن ساپال قاچىلار،
بۇغداي بىلەن ئارپا، ئۇن بىلەن قوماچ، پۇرچاق، قىزىل ماش ۋە قورۇغان پۇرچاق، [29] ۋە ھەم
ھەسەل، سېرىقماي ۋە قوي كەلتۈرۈپ كالا سۈتىدىن ئېتىلگەن قۇرۇتمۇ داۋۇت بىلەن خەلقىگە
يېمەك ئۈچۈن ئېلىپ كەلدى، چۈنكى ئۇلار بولسا: «مانا خەلق چۆلدە ئاچ قىلىپ ئۇسساپ
كەتكەن ئىكەن» دەپ خىيال قىلغانىدى.

## ئابشالومنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە ئۆلۈشى

18 [1] داۋۇت ئۆزى بىلەن بولغان خەلقنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىڭبېشى
بىلەن يۈزبېشىلار قويدى. [2] ئاندىن داۋۇت خەلقنى ئەۋەتتى. ئۈچتىن بىرىنى يوئابنىڭ
قولىغا، ئۈچتىن بىرىنى يوئابنىڭ بۇرادىرى ئابىساي بەن-زېرۇيانىڭ قولىغا ۋە ئۈچتىن بىرىنى
گاتلىق ئىتتاينىڭ قولىغا قويۇپ ئەۋەتتى. پادىشاھ خەلققە ئېيتتى: «مەن ھەم سىلەر بىلەن
چىقاي». [3] لېكىن خەلق ئېيتتى: «چىقمىغايسەن. ئەگەر بىز قاچساق، ھېچكىم بىزدىن پەرۋا
قىلمايدۇ ۋە يېرىمىمىز ئۆلتۈرۈلسىمۇ، بىزدىن پەرۋا قىلمايدۇ. لېكىن سەن ئون مىڭىمىزغا
باراۋەر بولىسەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن شەھەردىن بىزگە مەدەت بەرگىلى تەييار تۇرغايسەن» دېدى.
[4] پادىشاھ ئۇلارغا: «سىلەرگە نېمە ياخشى كۆرۈنسە، قىلاي» دېدى. خەلق يۈز-يۈز، مىڭ-مىڭ
بولۇپ چىققىنىدا پادىشاھ دەرۋازىنىڭ يېنىدا تۇردى. [5] لېكىن پادىشاھ ئۆزى يوئاب، ئابىساي ۋە
ئىتتايغا: «مېنى يۈز-خاتىرە قىلىپ، يىگىت ئابشالومنى ئاياڭلار» دەپ بۇيرۇدى. ھەممە خەلق
پادىشاھنىڭ ھەممە سەردارلارغا ئابشالوم توغرىسىدىن شۇنداق بۇيرۇغىنىنى ئاڭلىدى.
[6] ئاندىن خەلق ئىسرائىل بىلەن سوقۇشقىلى سەھراغا چىقتى ۋە سوقۇش ئەفرائىمنىڭ
جاڭگىلىدا بولدى. [7] ئاندا ئىسرائىل داۋۇدنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ئۇ كۈن
تولا كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، يىگىرمە مىڭ ئادەم ھالاك بولدى. [8] جەڭ پۈتۈن يۇرتىغا يېيىلدى،
ئەمما جاڭگال ئۆزى ئۇ كۈندە قىلىچتىن زىيادە خەلقنى ئۆلتۈردى.
[9] ئەمما ئابشالوم داۋۇدنىڭ خىزمەتكارلىرىغا ئۇچرىشىپ قالدى. ئابشالوم بىر قېچىرغا مىنىپ
كېلىپ، قېچىر شاخلىرى قېلىن بىر چوڭ دۇب دەرىخىنىڭ تېگىدىن ئۆتكەندە ئابشالومنىڭ
بېشى دۇب دەرىخىدە چىرمىشىپ، ئۆزى ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېسىلىپ
ساڭگىلاپ قالدى، چۈنكى مىنگەن قېچىرى قېچىپ كەتتى. [10] بىر ئادەم شۇنى كۆرۈپ، يوئابقا
خەۋەر بېرىپ: «مانا مەن ئابشالومنىڭ بىر دۇب دەرىخىدە ساڭگىلاپ تۇرغىنىنى كۆردۈم»

دېدى. 11 يوئاب خەۋەر بەرگەن ئادەمگە: «سەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئۇنى يەرگە
ئۇرمىدىڭ؟ مەن ساڭا ئون شېقەل كۈمۈش ۋە بىر كەمەر بېرەتتىم» دېدى. 12 ئۇ ئادەم يوئابقا
ئېيتتى: «ئەگەر مىڭ شېقەل كۈمۈش تارتىلىپ قولۇمغا بېرىلسىمۇ، قولۇمنى پادىشاھنىڭ
ئوغلىغا ئۇزاتمايتتىم، چۈنكى پادىشاھ ساڭا، ئابىسايغا ۋە ئىتتايغا: ‹ ھەربىرىڭلار خەۋەردار
بولۇپ، يىگىت ئابشالومنى ئاياڭلار› دەپ بۇيرۇغىنىنى ئاڭلىدۇق. 13 ئەگەر مەن خىيانەت
قىلىپ، ئۇنىڭ جېنىغا زور قىلغان بولسام، سەن مېنى قويۇپ، ئۆزۈڭنى ياقىغا ئالاتتىڭ»
دېدى. 14 يوئاب: «سەن بىلەن مۇنداق ئېيتىشقىلى پۇرسىتىم يوق» دەپ قولىغا ئۈچ نەيزىنى
ئېلىپ، دۇب دەرىخىدە ساڭگىلاپ تېخى تىرىك تۇرغان ئابشالومنىڭ يۈرىكىگە سالدى.
15 ئاندىن يوئابنىڭ ياراغ كۆتۈرگۈچىلىرى بولغان ئون غۇلام چۆرىسىگە يىغىلىپ، ئابشالومنى
ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. 16 ئۇ ۋاقىت يوئاب كاناي چالدۇرسا، خەلق ئىسرائىلنى قوغلىشىدىن ياندى.
چۈنكى يوئاب خەلقنى ئايىغلى خالىدى. 17 ئاندىن ئابشالومنى ئېلىپ، جاڭگالدىكى بىر
چوڭ ئازگالغا تاشلاپ، ئۈستىگە تولا تاش دۆۋىلەپ قويدى. لېكىن ئىسرائىلنىڭ ھەربىرى
قېچىپ، ئۆز ئۆيىگە ياندى. 18 ئابشالوم ئۆز تىرىك ۋاقتىدا پادىشاھ ۋادىسىدا ئۆزىگە بىر يادىكار
تۈۋرۈكنى تۇرغۇزۇپ: «نېمىنى ساقلايدىغان ئوغلۇم يوقتۇر» دەپ ئېيتىپ ئۇ تۈۋرۈكنى ئۆز
ئىسمىدا ئاتىغانىدى ۋە بۇ كۈنگىچە ئۇنى ئابشالومنىڭ يادىكارى دەپ ئاتىلىدۇ.
19 سادوقنىڭ ئوغلى ئاخىمائاز ئېيتتى: «خۇداۋەندە سەن ئۈچۈن دۈشمەنلىرىڭدىن ئىنتىقام
ئالدى دەپ، ئالدىراپ پادىشاھقا خەۋەر بارايمۇ؟» دېدى. 20 لېكىن يوئاب ئۇنىڭغا ئېيتتى:
«سەن بۇ كۈن خەۋەرچى بولماي، بەلكى باشقا كۈن خەۋەر بېرىسەن. پادىشاھنىڭ ئوغلى
ئۆلگىنى ئۈچۈن بۇ كۈن خەۋەر بەرمەيسەن» دېدى. 21 ئاندىن كېيىن يوئاب بىر ھەبەشلىك
ئادەمگە: «بېرىپ، پادىشاھقا كۆرگىنىڭنى دەپ بەرگىن دېدى، ئۇ ۋاقىت ھەبەشلىك ئۆزى
يوئابقا تەزىم قىلىپ يۈگۈرۈپ كەتتى. 22 لېكىن سادوقنىڭ ئوغلى ئاخىمائاز يوئابقا يەنە
ئېيتتى: «ھەرقانداق بولسا، ئۇ ھەبەشلىكنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگىلى ماڭا ئىجازەت بەرگىن».
يوئاب ئېيتتى: «ئەي ئوغلۇم، نېمىشقا يۈگۈرۈپ بارغىلى خالايسەن؟ بۇ ساڭا ئىنئام بېرىدىغان
خۇش خەۋەر بولمايدۇ» دېدى. 23 ئەمما ئۇ ئېيتتى: «ھەرقانداق بولسا ھەم، مېنى يۈگۈرۈپ
بارغىلى قويغىن». ئۇ ئۇنىڭغا: «يۈگۈرگىن» دېسە، ئاخىمائاز تۈزلەڭلىكنىڭ يولى بىلەن
يۈگۈرۈپ، ھەبەشلىكتىن ئۆتۈۋالدى.
24 داۋۇد ئىككى دەرۋازىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراۋاتاتتى. پاسىبان دەرۋازىنىڭ ئۆگزىسى بىلەن
سېپىلگە چىقىپ، كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندا مانا بىر ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. 25 پاسىبان
قىچقىرىپ، پادىشاھقا خەۋەر بەردى. پادىشاھ: «ئەگەر ئۇ يالغۇز بولسا، ئاغزىدا خۇش خەۋەر
بار» دەپ ئېيتتى. خەۋەرچى بولسا يېقىنلىشىپ كەلدى. 26 ئاندىن پاسىبان باشقا بىر
ئادەمنىڭ يۈگۈرۈپ كەلگىنىنى كۆردى. ئۇ ۋاقىت پاسىبان دەرۋازىۋەنگە: «مانا يەنە بىر ئادەم
يالغۇز يۈگۈرۈپ كېلىدۇ» دەپ ئېيتتى. پادىشاھ: «بۇ ھەم خەۋەرچى ئىكەن» دېدى. 27 پاسىبان
ئېيتتى: «ئاۋۋالقىسىنىڭ يۈگۈرۈشى ماڭا سادوقنىڭ ئوغلى ئاخىمائازنىڭ يۈگۈرۈشىدەك

كۆرۈنىدۇ.» پادىشاھ ئېيتتى: «ئۇ ياخشى ئادەم بولۇپ، خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ.» [28] ئاخىمائاز
پادىشاھقا قىچقىرىپ: «ھەر ئىش تىنچلىق» دەپ پادىشاھقا يۈز تۆۋەن يەرگە يىقىلىپ
ئېيتتىكى: «خوجام پادىشاھقا قارشى قوللىرىنى ئۇزاتقان ئادەملەرنى يوقاتقان رەب خۇدايىڭ
مۇبارەكتۇر». [29] پادىشاھ سورىدىكى: «يىگىت ئابشالوم سالامەتمۇ؟» ئاخىمائاز جاۋاب بېرىپ
ئېيتتىكى: «يوئاب ئۆزى پادىشاھنىڭ ئۇ قۇلىنىڭ ئۆزى بىلەن مەن قۇلۇڭنى ئەۋەتكەندە
چوڭ بىر غۇلغۇلا كۆردۈم، لېكىن نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم.» [30] پادىشاھ: «بىر تەرەپ
بىرىپ، ئاندا تۇرغىن» دېدى. ئۇ ئۆزى بىر تەرەپ بېرىپ، ئاندا تۇردى. [31] ئۇ ۋاقىت ھەبەشلىك
كەلدى. ئۇ ھەبەشلىك ئېيتتىكى: «خۇداۋەندە ساڭا قارشى قوپقانلارنىڭ ھەممىسىدىن بۇ كۈن
سەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدى دەپ، خوجام پادىشاھقا خۇش خەۋەر بار» دېدى. [32] پادىشاھ
ھەبەشلىكتىن: «مانا ئۇ يىگىت ئابشالوم سالامەتمۇ؟» دەپ سورىدى. ھەبەشلىك ئۆزى: «خوجام
پادىشاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە ۋە ساڭا زەرەر يەتكۈزگىلى ساڭا قارشى قوپقانلارنىڭ ھەممىسىگە
ئۇ يىگىتكە بولغاندەك بولسۇن» دېدى.

## داۋۇد ئابشالوم ئۈچۈن ماتەم تۇتىدۇ

19 [1] ئۇ ۋاقىت پادىشاھ تولا ھودۇقۇپ يىغلاپ، دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە، بالىخانىغا چىقىپ
كېتىپ بېرىپ: «ئەي ئوغلۇم ئابشالوم، ئەي ئوغلۇم، ئەي ئوغلۇم ئابشالوم، كاشكى
مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا ئۆلسەم ئىدى! ئەي ئوغلۇم ئابشالوم، ئەي ئوغلۇم» دېدى. [2] «پادىشاھ
ئابشالوم ئۈچۈن يىغلاپ ماتەم تۇتىدۇ» دەپ يوئابقا خەۋەر بېرىلدى. [3] ئۇ كۈننىڭ نۇسرىتى
ھەممە خەلققە ماتەمگە ئايلاندى. چۈنكى ئۇ كۈندە خەلققە: «پادىشاھ ئۆز ئوغلى ئۈچۈن
غەمكىن بولدى» دەپ خەۋەر بېرىلدى. [4] خەلق بولسا سوقۇشتىن قېچىپ، خىجالەت بولۇپ
كەتكەن ئادەملەردەك ئۇ كۈندە ئوغرىلىقچە شەھەرگە كىردى.
[5] ئەمما پادىشاھ يۈزىنى يېپىپ: «ئەي ئوغلۇم ئابشالوم، ئەي ئوغلۇم ئابشالوم، ئەي ئوغلۇم» دەپ
ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن پەرياد قىلىپ تۇردى. [6] ئۇ ۋاقىت يوئاب ئۆيگە پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ
ئېيتتى: «سەن بۇ كۈن ھەممە خىزمەتكارلىرىڭنىڭ يۈزلىرىنى خىجالەتتىن قىزارتقانسەن.
ئۇلار بۇ كۈن ئۆز جېنىڭنى، ئوغۇللىرىڭ بىلەن قىزلىرىڭنىڭ جېنىنى، خوتۇنلىرىڭنىڭ
جېنى بىلەن كېنىزەكلىرىڭنىڭ جېنىنى قۇتقۇزدى ئەمەسمۇ؟ [7] دۈشمەنلىرىڭنى دوست
تۇتۇپ، دوستلىرىڭنى يامان كۆرسەن، چۈنكى بۇ كۈن سېنىڭ، خاھى سەردارلىرىڭنى، خاھى
خىزمەتكارلىرىڭنى ئېتىبار سانىمىغىنىڭنى بىلدۈردۈڭ. بۇ كۈن بىلدىمكى، ئابشالوم تىرىك
قالسا، ئەمما بىز ھەممىمىز ئۆلگەن بولساق، سەن رازى بولاتتىڭ. [8] لېكىن ئەمدى قوپۇپ
چىقىپ، خىزمەتكارلىرىڭنىڭ كۆڭۈللىرىنى تىنىدۇرغىن. خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
ئەگەر چىقمىساڭ، بۇ كۈن كېچە ھېچ كىشى سەن بىلەن قالمايدۇ. بۇ ئىش ياشلىقىڭدىن

تارتىپ بۇ كۆنگىچە سېنىڭ ئۇستۇڭگە كەلگەن ھەممە يامانلىقتىن يامان بولىدۇ» دېدى. [9] ئۇ
ۋاقىت پادىشاھ قوپۇپ، دەرۋازىدا ئولتۇرسا، ئۇلار ھەممە خەلققە خەۋەر بېرىپ: «مانا پادىشاھ
دەرۋازىدا ئولتۇرىدۇ» دەپ ئېيتتى. ئۇ ۋاقىت خەلقنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى.
ئەمما ئىسرائىل بولسا ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە قاچقانىدى.

## داۋۇد يېرۇسالېمغا يېنىپ كېلىدۇ

[10] لېكىن ئىسرائىل قەبىلىلىرىدىكى ھەممە خەلق ئۆز ئارىسىدا دېيىشىپ ئېيتتىكى: «پادىشاھ
بىزنى دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىپ، فىلىستىنىيلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدى. ئەمما
ئەمدى ئۇ ئۆزى ئابشالومنىڭ جەھتىدىن يۇرتتىن قاچتى. [11] لېكىن بىز ئۈستىمىزگە پادىشاھ
بولۇشقا مەسىھلىگەن ئابشالوم بولسا جەڭدە ئۆلدى. ئەمدى پادىشاھنىياندۇرۇپ ئېلىپ
كېلىمىز دەپ، نېمىشقا مەسلىھەت قىلمايسىلەر» دەپ ئېيتىشتى. [12] داۋۇد پادىشاھ سادوق بىلەن
ئابىياتار دېگەن كاھىنلارغا خەۋەر بېرىپ ئېيتقۇزدىكى: «يەھۇدانىڭ ئاقساقاللىرىغا مۇنداق
سۆزلەپ: ‹ نېمىشقا سىلەر پادىشاھنى ئېلىپ كەلگىلى ھەممىسىدىن كېيىن بولغايسىلەر؟
پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ مەسلىھەتى پادىشاھقا ئولتۇرغان ئۆيىدە ئىشتىلدى ئەمەسمۇ؟ [13] ئۇ
ئۆزى: «سىلەر مېنىڭ بۇرادەرلىرىم بولۇپ، ئۆزۈڭلار مېنىڭ سۆڭەك بىلەن ئېتىم بولغاندىن
كېيىن نېمىشقا پادىشاھنى ئېلىپ كەلگىلى ھەممىسىدىن كېيىن بولغايسىلەر؟» دەيدۇ›.
[14] دەپ، ئاماساغا مەندىن سۆزلەپ: ‹ «سەن مېنىڭ ئەت بىلەن سۆڭىكىم ئەمەسمۇ؟ ئەگەر
سەن ھەمىشە يوئابنىڭ ئورنىدا مېنىڭ قېشىمدا قوشۇننىڭ سەردارى بولمىساڭ، خۇدا ماڭا
ئۇنداق قىلسۇن، مۇنداق قىلسۇن ۋە ئۇنىڭدىن زىيادە قىلسۇن» دەيدۇ› دەڭلار». [15] بۇنىڭ
بىلەن ئۇ يەھۇدا ئادەملىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىدەك ئۆزىگە مايىل قىلدى.
شۇنداقكى، ئۇلار پادىشاھقا: «سەن ئۆزۈڭ بىلەن ھەممە خىزمەتكارلىرىڭ يېنىپ كەلگىن»
دەپ خەۋەر ئەۋەتتى.
[16] ئۇ ۋاقىت پادىشاھ يېنىپ، ئىئوردانغا كەلدى. يەھۇدا ئادەملىرى پادىشاھنى ئىئوردانىدىن
ئۆتكۈزىمىز دەپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا گىلگالغىچە بارغانىدى. [17] باخۇرىملىق بەنيامىنىيلىق
گېرانىڭ ئوغلى شىمېي ئالدىراپ كېلىپ، يەھۇدا ئادەملىرى بىلەن چۈشۈپ، پادىشاھنىڭ
ئالدىغا چىقتى. [18] ئۇنىڭغا بەنيامىن قەبىلىسىدىن مىڭ ئادەم ئەگىشىپ، شائۇلنىڭ
خىزمەتكارى بولغان زىبا بىلەن بۇنىڭ ئون بەش ئوغلى ۋە يىگىرمە خىزمەتكارىمۇ ئۇنىڭغا
قوشۇلۇپ كېلىپ، ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقتى. [19] بىر كېمە پادىشاھنىڭ
ئۆي كىشىلىرىنى ئۆتكۈزمەك ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويۇلۇپ ئۆتكۈزۈلدى. ئەمما پادىشاھ
ئىئوردانىدىن ئۆتكىنىدە گېرانىڭ ئوغلى شىمېي كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ، [20] پادىشاھقا
ئېيتتى: «مېنىڭ خوجام ماڭا گۇناھ سانىمىسۇن. خوجام پادىشاھ يېرۇسالېمدىن چىققان كۈندە
قىلغان خاتامنى ياد قىلماي، شۇنى كۆڭلىدە ساقلىمىسۇن. [21] چۈنكى گۇناھ قىلغىنىمنى، مەن

قۇلۇڭ، بىلدىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۈن خوجام پادىشاھقا ئۇچرىغىلى يۈسۈپنىڭ خانىدانىدىن
ھەممىسىدىن ئاۋۋال چۈشۈپ كەلدىم» دېدى.
22 ئەمما زېرۇيانىڭ ئوغلى ئابىساي سۆز قىلىپ: «شىمېي بۇ ئىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەمدۇ؟
خۇداۋەندىنىڭ مەسىھلەنگەن ئادىمىنى قارغىدى ئەمەسمۇ؟» دېدى. 23 لېكىن داۋۇد ئېيتتى:
«ئەي زېرۇيانىڭ ئوغۇللىرى، سىلەرنىڭ مەن بىلەن نېمە كارىڭلار باركى، مېنى بۇ كۈن
توسقايسىلەر. بۇ كۈن ئىسرائىلدا بىر كىشى ئۆلتۈرۈلسۇنمۇ؟ بۇ كۈن ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە
بولغىنىمنى بىلمەيمەنمۇ؟ 24 ئاندىن كېيىن پادىشاھ شىمېيغا: «سەن ئۆلمەيسەن» دېدى.
شۇنى دەپ، پادىشاھ ئۇنىڭغا قەسەم قىلدى.
25 شائۇلنىڭ ئوغلى مېفىبوشەت ھەم پادىشاھقا ئۇچرىغىلى چۈشۈپ كەلدى. پادىشاھ
چىققان كۈندىن تارتىپ ئامان-ئېسەن يېنىپ كەلگۈچىلىك مېفىبوشەت، خاھى پۇتلىرىنى
راستلىماي، خاھى ساقىلىنى تارىماي، خاھى ئېگىنلىرىنى يۇدۇرمىغانىدى. 26 پادىشاھ بىلەن
كۆرۈشكىلى يېرۇسالېمغا كەلگەندە پادىشاھ ئۇنىڭدىن سورىدىكى: «ئەي مېفىبوشەت،
نېمىشقا مەن بىلەن بارمىدىڭ؟» 27 ئۇ ئېيتتى: «ئەي خوجام پادىشاھ، خىزمەتكارىم مېنى
گوللىدى. ئېشىكىمنى توقۇپ مىنىپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا باراي دەپ، خىيال قىلدىم. قۇلۇڭ
ئاقساق ئەمەسمۇ؟ 28 لېكىن ئۇ ئۆزى خوجام پادىشاھنىڭ ئالدىدا قۇلۇڭنىڭ غەيۋىتىنى
قىلدى. لېكىن خوجام پادىشاھ خۇدانىڭ بىر پەرىشتىسىدەكتۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا نېمە
ياخشى كۆرۈنسە، قىلغىن. 29 چۈنكى ئاتامنىڭ خانىدانىنىڭ ھەممىسى خوجام پادىشاھنىڭ
ئالدىدا ئۆلۈمگە لايىق بولسىمۇ، سەن ئۆز قۇلۇڭنى داستىخىنىڭدىن يېگەنلەرنىڭ ئارىسىدا
قويدۇڭ. يەنە بىر نەرسە سوراپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا پەرياد قىلغىلى نېمە ھەققىم بار» دېدى.
30 پادىشاھ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «نېمىشقا ئىشىڭ توغرىسىدىن يەنە سۆزلەيسەن؟ سەن بىلەن زىبا
زېمىننى بۆلۈشۈۋالسىلەر». 31 مېفىبوشەت پادىشاھقا: «خوجام پادىشاھ ئۆيىگە ئامان-ئېسەن
كەلگەندىن كېيىن زىبا ھەممىسىنى ئالسىمۇ، رازىمەن» دېدى.
32 گىلئادلىق بارزىللاي روگېلىمدىن چۈشۈپ، پادىشاھ بىلەن بىللە ئۆتەي دەپ، ئۇنى
ئىئوردانىدىن ئۆتكۈزگىلى ئىئوردانغا بارغانىدى. 33 بارزىللاي تولا ياشانغان بىر كىشى بولۇپ،
سەكسەن ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئۆزى پادىشاھ ماخانائىمدا تۇرغان ۋاقىتتا پادىشاھقا يېگۈلۈكنى
يەتكۈزگەنىدى، چۈنكى تولا باي بىر كىشى ئىدى. 34 پادىشاھ بارزىللايغا: «مەن بىلەن بارغىن.
مەن يېرۇسالېمدا ئۆزۈمنىڭكىدە ساڭا پەرۋىش قىلاي» دېدى. 35 لېكىن بارزىللاي پادىشاھقا
ئېيتتى: «ئۆمرۈمدىن نەچچە يىل قالدىكى، پادىشاھ بىلەن يېرۇسالېمغا بارغايمەن؟ 36 مەن
ئەمدى سەكسەن ياشقا كىردىم. ياخشى-يامانىنى قانداق پەرق ئېتەلەي؟ ئۆز قۇلۇڭ يەپ-
ئىچكىنىمنىڭ تېتىقىنى قانداق پەرق ئەتەلگەي؟ ئەر كىشى بىلەن خوتۇن كىشىلەر شېئىر
ئوقۇسا، ئاۋازىدىن قانداق سۆيۈنەي؟ نېمىشقا قۇلۇڭ خوجام پادىشاھقا يەنە يۈك بولغاي؟
37 قۇلۇڭ ئۆزى ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ، ئازغىنا يول پادىشاھ بىلەن بارغاي. نېمىشقا پادىشاھ ماڭا
شۇنچە ئىنئام بەرگەي؟ 38 ئۆز شەھىرىمدە ئۆلۈپ، ئاتام بىلەن ئانامنىڭ گۆرىدە دەپنە قىلىناي

دەپ، يېنىپ بارغىلى قۇلۇڭغا ئىجازەت بەرگىن دەپ، ساڭا ئىلتىماس قىلىمەن. لېكىن مانا
ئۆز قۇلۇڭ كىمھام مۇندادۇر. ئۇ خوجام پادىشاھ بىلەن بارسۇن. ساڭا نېمە ياخشى كۆرۈنسە،
ئۇنىڭغا قىلغايسەن» دېدى. [39] پادىشاھ ئېيتتى: «كىمھام مەن بىلەن بارسۇن. سەن نېمە
خالىساڭ ئۇنىڭغا قىلاي. سەن مەندىن ھەرنېمە سورىساڭ ساڭا قىلىمەن» دېدى.
[40] ئاندىن كېيىن خەلقنىڭ ھەممىسى ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ كەتتى. پادىشاھ ئۆزى ھەم ئۆتۈپ
كەتتى. ئاندىن پادىشاھ بارزىللاينى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا دۇئايىخەير ئوقۇدى. ئۇ ئۆز جايىغا يېنىپ
كەتتى.
[41] ئاندىن پادىشاھ گىلگالغا چىقسا، كىمھام ئۇنىڭ بىلەن بېرىپ، ھەممە يەھۇدا بىلەن
ئىسرائىلنىڭ خەلقىنىڭ يېرىمىمۇ پادىشاھنى ئۆتكۈزۈپ باشلىدى. [42] ئۇ ۋاقىت ئىسرائىلنىڭ
ھەممە ئادەملىرى پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ: «نېمىشقا بۇرادەرلىرىمىز يەھۇدا ئادەملىرى
ئوغرىلىقچە سېنى ئېلىپ، پادىشاھنى ئۇنىڭ ئۆي خەلقى بىلەن داۋۇدنىڭ ھەممە ئادەملىرىنى
ئىئوردانىدىن ئۆتكۈزدى؟» دېدى. [43] يەھۇدانىڭ ھەممە ئادەملىرى ئىسرائىلنىڭ كىشىلىرىگە
ئېيتتى: «پادىشاھنىڭ بىزگە يېقىنراق تۇغقانچىلىقى بار. نېمىشقا بۇ ئىش ئۈچۈن بىزدىن
خاپىدۇرسىلەر؟ پادىشاھنىڭكىدىن بىر نېمە يېدۇقمۇ ياكى ئۇ بىزگە بىر ئىنئام بەردىمۇ؟»
[44] ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى يەھۇدانىڭ ئادەملىرىگە جاۋاب بەردىكى: «پادىشاھتا ئون ھەسسىمىز
بار، دەرۋەقە داۋۇدتا سىلەرنىڭكىدىن چوڭراق ھەققىمىز بار. نېمىشقا بىزگە سەل قارىدىڭلار.
پادىشاھىمىزنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كېلىشنىڭ مەسلىھەتىنى بىز ئاۋۋال قىلدۇق ئەمەسمۇ؟»
دېدى. ئەمما يەھۇدانىڭ ئادەملىرىنىڭ سۆزلىرى ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىنىڭ سۆزلىرىدىن
قاتتىقراق ئىدى.

## شېبانىڭ ئىسيانى

20 [1] ئەمدى ئاندا بەنيامىننىي بىكرىنىڭ ئوغلى شېبا دېگەن بىر يامان ئادەم بار ئىدى. ئۇ
كاناي چالدۇرۇپ: «داۋۇدتا ھەسسىمىز بولماي، يىشاينىڭ ئوغلىدا نېسىپىمىز يوقتۇر.
ئەي ئىسرائىل، ھەر كىشى ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كەتسۇن» دېدى. [2] ئۇ ۋاقىت ئىسرائىلنىڭ ھەممە
ئادەملىرى داۋۇدتىن يېنىپ، بىكرىنىڭ ئوغلى شېباغا ئەگەشتى. لېكىن يەھۇدا ئادەملىرى ئۆز
پادىشاھىغا چاپلىشىپ، ئىئوردانىدىن تارتىپ يېرۇسالېمغىچە ئۇنىڭغا ئەگەشتى.
[3] داۋۇد يېرۇسالېمدىكى ئوردىسىغا كەلدى. پادىشاھ ئۆزى ئۆيىدىن خەۋەر ئالغىلى قويۇپ
كەتكەن ئون كېنىزەكنى ئېلىپ، خاس بىر ئۆيىدە ئولتۇرغۇزۇپ ساقلاپ ئۇلارنىڭكىگە كىرمەي،
ئۇلارنى پەرۋىش قىلاتتى. ئۇلار ئاندا ئۆز ۋاپات كۈنىگىچە تۇلدەك بولۇپ سولاقلىق ئىدى.
[4] پادىشاھ ئاماساغا: «ئۈچ كۈن ئىچىدە يەھۇدا كىشىلىرىنى قىچقىرىپ، ئاندىن ئۆزۈڭ بۇ
يەرگە يېنىپ كەلگىن» دېدى. [5] ئاماسانىڭ ئۆزى يەھۇدا ئادەملىرىنى يىغقىلى باردى، لېكىن
تايىن قىلىنغان ۋاقىتتىن ھايال بولدى. [6] ئۇ ۋاقىت داۋۇد ئابىسايىغا: «ئەمدى بىكرىنىڭ
ئوغلى شېبا ئابشالومنىڭكىدىن بىزگە چوڭراق يامانلىق قىلغۇسى بار. ئەمدى خوجاڭنىڭ

خىزمەتكارلىرىنى ئېلىپ، ئۆزى مەھكەم شەھەرلەرنى تۇتۇپ، بىزدىن قۇتۇلمىسۇن دەپ،
ئۇنى قوغلاپ بارغىن» دېدى. [7] ئۇ ۋاقىت يوئابنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۆزى مۇھاپىزەتچى بىلەن
خەۋەرچىلەر ۋە ھەممە پالۋانلارغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ، بىكرىنىڭ ئوغلى شېبانى
قوغلىغىلى يېرۇسالېمدىن چىقتى.
[8] لېكىن ئۇلار گىبېيوندىكى چوڭ تاشقا كەلگەندە ئاماسا ئۇلارغا ئۇچراشتى. يوئاب ئۆزى
جەڭ لىباسىنى كىيىپ، ئۈستىگە غىلاپقا سېلىقلىق بىر قىلىچى بار بىر كەمەر ئۆز بەلىگە
باغلىغانىدى. ئۇ ئالدىغا ماڭسا، قىلىچ غىلىپىدىن چىقتى. [9] يوئاب ئاماساغا: «تىنچلىقمۇ،
ئەي بۇرادىرىم؟» دەپ ئېيتتى. شۇنى ئېيتىپ، يوئاب ئاماسانى سۆيمەك ئۈچۈن ئوڭ قولى
بىلەن ئۇنىڭ ساقىلىنى تۇتتى. [10] ئاماسا يوئابنىڭ يەنە بىر قولىدا بار قىلىچىدىن ئېھتىيات
قىلماي تۇرسا، يوئاب ئۇنىڭ قورسىقىنى ئۇنداق سايدىكى، ئۈچەيلىرى چىقىپ يەرگە چۈشتى.
ئىككىنچى سايمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆلدى. ئاندىن يوئاب بىلەن بۇرادىرى ئابىساي بىكرىنىڭ
ئوغلى شېبانى قوغلىغىلى كەتتى. [11] يوئابنىڭ غۇلاملىرىدىن بىر كىشى ئاندا توختاپ تۇرۇپ:
«بىركىم يوئابتىن رازى بولۇپ، داۋۇدنىڭ تەرىپىدە بولسا، يوئابقا ئەگەشسۇن» دەپ قىچقاردى.
[12] ئەمما ئاماسا ئۆز قېنىدا يۇمىلىنىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتتى. ئۇ كىشى ھەممە خەلقنىڭ
توختىغىنىنى كۆرۈپ، ئاماسانى يولدىن ئېتىزلىققا يۆتكەپ ئۆتۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ
توختىغىنىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر رومال يېپىپ قويدى. [13] ئۇ يولدىن يۆتكەلگەندىن
كېيىن، خەلقنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ، بىكرىنىڭ ئوغلى شېبانى قوغلىغىلى يوئابقا ئەگەشتى.
[14] لېكىن شېبا ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئابەل-بەيت-مائاكاغا يېتىپ،
ھەممە بېرىيلىكلەرنىڭ يۇرتىنى كېزىپ بارسا، بۇلار ھەم جەم بولۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باردى.
[15] لېكىن قوغلىغۇچىلار كېلىپ بەيت-مائاكادىكى ئابەلدە ئۇنى قورشاپ، شەھەرنىڭ چۆرىسىدە
سېپىلنىڭ باراۋېرىدە دالدا سالدى. يوئاب بىلەن بولغان ھەممە خەلق بولسا سېپىلنى يىقىتىپ،
خاراب قىلغىلى تىرىشىپ تۇردى.
[16] ئۇ ۋاقىت بىر دانا خوتۇن شەھەردىن قىچقىرىپ: «ئاڭلاڭلار، ئاڭلاڭلار! ‹ بۇ يەرگە كەلگىنكى،
ساڭا سۆز قىلاي› دەپ يوئابقا ئېيتىڭلار» دېدى. [17] ئۇ يېقىن كەلگەندە: «سەن يوئابمۇ؟»
دەپ سورىدى. ئۇ ئېيتتى: «شۇنداق مەندۇرمەن» دېدى. خوتۇن ئۇنىڭغا: «دېدىكىڭنىڭ
سۆزىنى ئاڭلىغىن» دېدى. ئۇ: «ئاڭلاي» دېدى. [18] خوتۇن سۆز قىلىپ ئېيتتى: «‹ ئابەلدە
مەسلىھەت قىلىنسا، خاپىلىق تۈگەيدۇ› دەپ قەدىمكى زاماندا دەيدىغان گەپ بار ئىدى. [19] بىز
ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا ھەممىدىن تىنچ بولۇپ ساداقەتلىكتۇرمىز. ئىسرائىلدا بىر ئانىدەك
بولغان بىر شەھەرنى خاراب قىلغىلى تىرىشىسەن. نېمىشقا خۇداۋەندىنىڭ مىراسىنى يوقاتقىلى
خالايسەن؟» دېدى. [20] يوئاب جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «ھەرگىز يوقىتىپ ھالاك قىلغىلى
خالىمايمەن. [21] ئىش ئۇنداق ئەمەس، لېكىن ئەفرائىم تاغلىرىدىن بىكرىنىڭ ئوغلى شېبا
دېگەن بىر ئادەم داۋۇد پادىشاھقا قارشى قولىنى كۆتۈردى. ئۇنى تاپشۇرساڭلار، شەھەرنى قويۇپ
كېتەي» دېدى. خوتۇن يوئابقا: «مانا، ئۇنىڭ بېشى سېپىلدىن ساڭا تاشلىنىدۇ» دەپ ئېيتتى.

[22] ئاندىن خوتۇن ئۆز دانالىقى بىلەن ھەممە خەلققە مەسلىھەت سالدى. ئۇلار بىكرىنىڭ ئوغلى شېبانىڭ بېشىنى كېسىپ، يوئابقا تاشلاپ قويدى. ئۇ ۋاقىت يوئاب كاناي چالدۇردى. شۇنى ئاڭلاپ، ئۇلار شەھەردىن كېتىپ، ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە باردى. ئەمما يوئاب يېرۇسالېمغا پادىشاھنىڭ قېشىغا باردى.

## داۋۇدنىڭ ئەمەلدارلىرى

[23] يوئاب ئىسرائىلنىڭ ھەممە قوشۇنىنىڭ سەردارى بولۇپ، يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايا بولسا مۇھاپىزەتچى بىلەن خەۋەرچىلەرنىڭ سەردارى ئىدى. [24] ئادورام باج-ئالۋاننىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئاخىلۇدنىڭ ئوغلى يەھوشافات بولسا ۋەزىر ئىدى. [25] شېۋانىڭ ئۆزى كاتىپ بولۇپ، سادوق بىلەن ئابىياتار كاھىن ئىدى. [26] يائىرىي ئىرا ھەم داۋۇدنىڭ قېشىدا كاھىن ئىدى.

## گىبىيونىيلار ۋە شائۇلنىڭ خاندانى

21 [1] شۇنداق بولدىكى داۋۇدنىڭ ۋاقتىدا توختىماي ئۈچ يىلغىچە ئاچارچىلىق بولدى. ئۇ ۋاقىت داۋۇد خۇداۋەندىدىن سورىدى. خۇداۋەندە ئېيتتى: «شائۇل بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ خۇنخورلۇقى ئۈچۈن، يەنى ئۇنىڭ گىبىيونىيلارنى ئۆلتۈرگىنىنىڭ سەۋەبىدىن شۇ ئىش بولدى. [2] پادىشاھ گىبىيونىيلارنى قىچقاردى. لېكىن گىبىيونىيلار بەنى-ئىسرائىلدىن بولماي، ئاموريلاردىن بولغان بىر قالدۇق ئىدى. بەنى-ئىسرائىل ئۇلارغا قەسەم قىلغان بولسىمۇ، شائۇل بەنى-ئىسرائىل بىلەن يەھۇدا ئۈچۈن غەيرەت قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرگىلى قەست قىلغانىدى. [3] داۋۇد گىبىيونىيلارغا ئېيتتى: «سىلەرگە نېمە قىلاي؟ خۇداۋەندىنىڭ مىراسىغا دۇئايىخەير ئوقۇشۇڭلار ئۈچۈن نېمە بىلەن كاپارەت قىلاي؟ » دېدى. [4] گىبىيونىيلار ئۇنىڭغا ئېيتتى: «شائۇل بىلەن ئۆيىدىن كۈمۈش ياكى ئالتۇن سورىمايمىز. ئىسرائىلدا بىر كىشىنى ئۆلتۈرگىلى ھەققىمىز يوق». ئۇ ئۆزى: «نېمە دېسەڭلار قىلاي» دېسە، [5] ئۇلار پادىشاھقا ئېيتتىكى: «بىزنى: ‹ ئۇلار ئىسرائىلنىڭ يۇرتىدىكى ھېچ يەردە قالماي، بەلكى يوقىتىلسۇن› دەپ بىزگە قارشى مەسلىھەت قىلىپ، بىزنى ھالاك قىلغىلى قەستلىگەن ئادەمنىڭ ئوغۇللاردىن يەتتىسى بىزگە بېرىلسۇن. [6] خۇداۋەندىدىن ئىلغانغان شائۇلنىڭ گىبىياسىدا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى ئېسىپ قويايلى» دېدى. پادىشاھ: «مەن ئۇلارنى تۇتۇپ بېرەي» دېدى. [7] لېكىن داۋۇد بىلەن شائۇلنىڭ ئوغلى يوناتاننىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇداۋەندە بىلەن قىلىنغان قەسەمنىڭ سەۋەبىدىن پادىشاھ مېفىبوشەت بەن-يوناتان بەن-شائۇلنى ئايىدى.
[8] لېكىن داۋۇد ئايىيانىڭ قىزى رىزپا شائۇلغا تۇغۇپ بەرگەن ئىككى ئوغلى ئارمونى بىلەن مېفىبوشەتنى ۋە شائۇلنىڭ قىزى مىكال ئۆزى بارزىللاينىڭ ئوغلى مەخولاتىي ئادرىيەلگە تۇغۇپ

بەرگەن بەش ئوغۇلنى تۇتۇپ، [9] گىبېيونىيلارغا تاپشۇردى. بۇلار ئۇلارنى تاغدا خۇداۋەندىنىڭ
ئالدىدا ئېسىپ قويدى. بۇ تەرىقىدە ھەممە يەتتەيلەن بىرگە ئورما ۋاقتىدا ئارپا ئورمىسىنىڭ
ئاۋۋالقى كۈنلىرىدە ئۆلتۈرۈلدى.
[10] ئۇ ۋاقىت ئايىيانىڭ قىزى رىزپا پالاس ئېلىپ، قورام تاشقا سېلىپ، ئورما باشلىغاندىن
تارتىپ يامغۇر ئاسماندىن چۈشكەن ۋاقىتقىچە ئاندا ئولتۇرۇپ، كۈندۈزى ھاۋانىڭ قۇشلىرىنى
ھەيدىۋېتىپ، كېچىسى سەھرانىڭ يىرتقۇچلىرىنى ئۆلۈكلەرگە چۈشكىلى قويمىدى.
[11] ئايىيانىڭ قىزى، يەنى شائۇلنىڭ كېنىزىكى رىزپانىڭ نېمە قىلغىنى داۋۇدقا خەۋەر بېرىلگەندە،
[12] داۋۇد بېرىپ، شائۇلنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يوناتاننىڭ سۆڭەكلىرىنى گىلىيادتىكى يابەشنىڭ
ئادەملىرىدىن ئالدى. چۈنكى بۇلار فىلىستىنىيلەر شائۇلنى گىلىيادتا ئۆلتۈرگەندە بەيت-
شېئاننىڭ كوچىسىدىن، يەنى فىلىستىنىيلەر ئۇلارنى ئېسىپ قويغان يېرىدىن ئوغرىلىقچە
ئېلىپ كەتكەنىدى. [13] شائۇل بىلەن ئوغلى يوناتاننىڭ سۆڭەكلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، ئېسىپ
قويۇلغانلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى ھەم يىغىپ قويدى. [14] ئاندىن ئۇلار شائۇل بىلەن ئوغلى
يوناتاننىڭ سۆڭەكلىرىنى بەنيامىن يۇرتىدىكى زېلادا ئاتىسى قىشنىڭ قەبرىسىدە دەپنە قىلىپ،
پادىشاھنىڭ ھەممە بۇيرۇغىنىنى قىلدى. ئاندىن كېيىن خۇدا يۇرتنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىدى.

## فىلىستىنىيلەر بىلەن يەنە جەڭ بولىدۇ

[15] فىلىستىنىيلەر بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە جەڭ بولدى. داۋۇد ئۆز خەلقى
بىلەن چىقىپ، فىلىستىنىيلەر بىلەن سوقۇشتى. ئەمما داۋۇد تولا ھېرىپ كەتتى. [16] رافانىڭ
ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىشبى-بىنوبنىڭ ئۆزى داۋۇدنى ئۆلتۈرگىلى قەستلىدى. ئۇنىڭ
نەيزىسىنىڭ ۋەزنى ئۈچ يۈز شېقەل مىسقا باراۋەر كېلىپ، ئۇنىڭ يېڭى يارىغىمۇ بار ئىدى.
[17] لېكىن زېرۇيانىڭ ئوغلى ئابىساي ئۇنىڭ ياردىمىگە كېلىپ، فىلىستىنىينى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.
ئۇ ۋاقىت داۋۇدنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ: «يەنە بىز بىلەن جەڭگە چىقمايسەن،
بولمىسا ئىسرائىلنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرىسەن» دەپ ئېيتتى.
[18] ئاندىن كېيىن شۇنداق بولدىكى، فىلىستىنىيلەر بىلەن يەنە بىر سوقۇش بولدى. ئۇ ۋاقىت
خۇشاتلىق سىببىكاي رېفائىيلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان سافنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.
[19] ئەمما فىلىستىنىيلەر بىلەن يەنە بىر سوقۇش بولدى. ئۇ ۋاقىت بەيتلەھەملىك يائارى-
ئورىگىمنىڭ ئوغلى ئەلخانان گاتلىق گولىياتنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ نەيزىسىنىڭ سېپى
باپكارنىڭ خادىسىدەك ئىدى.
[20] يەنە بىر سوقۇش گاتتا بولدى. ئاندا ئۇزۇن بويلۇق بىر ئادەم بار ئىدى. قوللىرىدا ئالتىدىن
بارماقلىرى بولۇپ، پۇتلىرىدا ھەم ئالتىدىن بارماقلىرى بولۇپ، جەمئىي يىگىرمە تۆت بارمىقى
بار ئىدى. ئۇ ھەم رېفائىيلارنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. [21] ئۇ ئۆزى ئىسرائىلغا ھاقارەت قىلغاندا
داۋۇدنىڭ بۇرادىرى شىمانىڭ ئوغلى يوناتان ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.

22 بۇ تۆت كىشى گاتلىق رېفائىيلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، داۋۇد بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ
قولىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

## داۋۇدنىڭ مەدھىيە شېئىرى

22 1 خۇداۋەندە داۋۇدقا ھەممە دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن خالاس قىلىپ، شائۇلنىڭ
قولىدىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىگە بۇ شېئىرنىڭ سۆزىنى ئېيتىپ،
2 دېدىكى:

«خۇداۋەندە مېنىڭ قورام تېشىم بىلەن قورغىنىم بولۇپ، ئۆزى قۇتقۇزغۇچىمدۇر.
3 خۇدا قورام تېشىمدۇر. ئۇنىڭغا تايىنىمەن.
سەن مېنىڭ سىپىرىم بولۇپ،
نىجاتىمنىڭ مۈڭگۈزىدۇرسەن.
سەن ئېگىز مۇنارىم بولۇپ،
پاناھىمدۇرسەن.
ئۆزۈڭ قۇتقۇزغۇچىم بولۇپ،
مېنى زۇلۇمدىن خالاس قىلىسەن.
4 ھەمدكە لايىق بولغان خۇداۋەندىنى قىچقىرىپ،
دۈشمەنلىرىمدىن خالاس بولىمەن.
5 ئۆلۈمنىڭ دولقۇنلىرى مېنى ياپتى.
خارابلىقنىڭ سەللىرى مېنى قورقۇتتى.
6 ئالەم دوزاخنىڭ تانىلىرى ماڭا يۆگەلدى.
ئۆلۈمنىڭ قىلتاقلىرى مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشتى.
7 تەڭلىكىمدە خۇداۋەندىگە پەرياد قىلىپ، خۇدايىمنى قىچقاردىم.
ئۇ ئۆز بەيتىدىن ئاۋازىمنى ئاڭلىدى، قىچقىرىشىم ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتتى.
8 ئۇ ۋاقىت يەر تەۋرىنىپ تىترىدى.
ئۇنىڭ غەزەپلەنگىنى ئۈچۈن ئاسمانلارنىڭ ئۇللىرى سىلكىنىپ تەۋرەندى.
9 ئۇنىڭ بۇرنىدىن تۈتۈن چىقىپ، ئاغزىدىن كۆيدۈرىدىغان ئوت يالقۇنلىنىپ،
چوغ ئۇنىڭ تەرىپىدىن چاقتى.
10 ئاسمانلارنى ئېگىپ تۆۋەن چۈشتى،
ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ تېگىدە قاپ-قاراڭغۇلۇق بار ئىدى.
11 ئۇ بىر كېرۇبقا مىنىپ ئۇچۇپ،

شامالنىڭ قاناتلىرى ئۈستىدە كۆرۈندى.
12 قاراڭغۇلۇقنى ئۆز چۆرىسىنى ياپىدىغان بىر سايىۋەن قىلىپ،
سۇلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يۆگىنىپ،
ئاسمانىنىڭ قويۇق بۇلۇتلىرى بىلەن ئۆزىنى ياپتى.
13 ئۇنىڭ ئالدىدىكى شولىلاردىن ئوت چوغلىرى تۇتىشىپ چاقتى.
14 خۇداۋەندە ئاسمانلاردىن گۈلدۈرلەپ،
ھەقتائالا ئۆز ئاۋازىنى ئاڭلىتىپ،
15 ئوقيالىرىنى چىقىرىپ ئۇلارنى پاراكەندە قىلىپ،
چېقىنلار ئەۋەتىپ ئۇلارنى پەرىشان قىلدى.
16 خۇداۋەندىنىڭ تەنبىھىدىن
ۋە ئۇنىڭ دىمىغىنىڭ نەپەسىنىڭ زەربىدىن دېڭىزنىڭ
چوڭقۇرلىرى كۆرۈنۈپ قالدى،
جاھاننىڭ ئۇللىرى ئېچىلدى.
17 يۇقىرىدىن قولىنى سۇنۇپ مېنى تۇتۇپ،
ئۇلۇغ سۇلاردىن مېنى تارتىۋېلىپ،
18 كۈچلۈك دۈشمەنلىرىمدىن مېنى قۇتقۇزۇپ،
ماڭا كۈچلۈك كەلگەن ئاداۋەت قىلغۇچىلاردىن خالاس قىلدى.
19 ئۇلار بالا كۈنۈمدە ماڭا ھۇجۇم قىلدى.
ئەمما خۇداۋەندە مېنىڭ يۆلەنچۈكۈم ئىدى.
20 ئۇ مېنى كەڭرى يەرگە چىقىرىۋېلىپ،
مەندىن سۆيۈنگىنى ئۈچۈن مېنى قۇتقۇزدى.
21 خۇداۋەندە ئادالىتىمگە مۇۋاپىق ماڭا ياندۇرۇپ بېرىپ،
قوللىرىمنىڭ پاكىزلىقىغا مۇۋاپىق ئىنئام بەردى.
22 چۈنكى مەن خۇداۋەندىنىڭ يوللىرىنى ساقلاپ،
يامانلىق قىلماي تۇرۇپ، خۇدايىمدىن ئايرىلىپ كەتمىدىم.
23 ئۇنىڭ ھەممە ئەھكاملىرى ئالدىمدا بولغاچ
ئۇنىڭ قانۇنلىرىدىن ئېزىقمىدىم.
24 ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا كامىل تۇرۇپ،
ئۆزۈمنى يامانلىقىمدىن ساقلىدىم.
25 خۇداۋەندە مېنىڭ ئادالىتىمگە مۇۋاپىق ياندۇرۇپ،
نەزىرىدە پاكىز بولغىنىمغا مۇۋاپىق ئىنئام بەردى.
26 مەرھەمەتلىك بىرىگە ئۆزۈڭ مەرھەمەتلىك بولىسەن،
كامىل ئادەمگە كامىل بولىسەن،

27 پاكىز بىرىگە پاكىز بولىسەن،
تەتۈر ئادەمگە تەتۈر بولىسەن.
28 زۇلۇم تارتىدىغان خەلقنى قۇتقۇزىسەن.
لېكىن كۆزلىرىڭ مۇتەكەببۇرلارغا تىكىلىپ قارايدۇ،
ئۇلارنى پەس قىلغايسەن.
29 سەن، ئەي خۇداۋەندە، مېنىڭ چىرىغىمدۇرسەن.
خۇداۋەندە قاراڭغۇلۇقۇمنى يورۇتىدۇ.
30 چۈنكى سەن بىلەن بىر قوشۇنغا يۈگۈرۈپ ھۇجۇم قىلىمەن.
خۇدايىم بىلەن سېپىلدىن ئاتلايمەن.

31 خۇدانىڭ يولى كامىلدۇر. خۇداۋەندىنىڭ سۆزى سىناپ بېقىلغاندۇر.
ئۇنىڭغا تايانغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇ سىپاردۇر.
32 خۇداۋەندىدىن بۆلەك كىم خۇدادۇر؟
خۇدايىمىزدىن باشقا كىم قورام تاشتۇر؟
33 خۇدا مېنىڭ مۇستەھكەم قورغىنىمدۇر.
كامىل كىشىنى ماڭىدىغان يولىدا يېتەكلەيدۇ.
34 پۇتلىرىمنى مارالنىڭكىدەك قىلىدۇ.
ئۇ مېنى ئېگىزلىكلىرىمدە تۇرغۇزىدۇ.
35 ئۇ قوللىرىمنى جەڭ قىلغىلى ئۆگىتىدۇ،
بىلەكلىرىمنى مىس ياسىنى تارتقىلى تەلىم بېرىدۇ.
36 سەن نىجاتىڭنىڭ سىپىرىنى ماڭا بەردىڭ.
مېھرىڭ مېنى چوڭ قىلدى.
37 ئاستىنىمدا قەدەملىرىمگە كەڭرىچىلىك بەردىڭ،
پۇتلىرىم تېيىلمىدى.
38 دۈشمەنلىرىمنى قوغلاپ ھالاك قىلدىم.
ئۇلارنى يوقاتمىغۇچە يانمىدىم.
39 قوپمىغۇدەك ئۇلارنى يوقىتىپ سۇندۇردۇم،
پۇتلىرىمنىڭ تېگىدە يىقىلدى.
40 چۈنكى سەن بېلىمنى سوقۇشقا قۇۋۋەت بىلەن باغلىدىڭ،
ماڭا قارشى قوپقۇچىلارنى مېنىڭ ئاستىنىمغا ئەگدۈردۇڭ.
41 سەن دۈشمەنلىرىمنى مەن ئۈچۈن قاچۇردۇڭ.
شۇنىڭ بىلەن مېنى يامان كۆرگۈچىلەرنى خاراب قىلىپ يوقىتاي.
42 ئۇلار تەلمۈردى، ئەمما قۇتقۇزغىلى ھېچكىم يوق ئىدى.

خۇداۋەندىگە ھەم تەلمۈردى،
لېكىن ئۇ ئۇلارغا جاۋاب بەرمىدى.
43 ئۇلارنى سوقۇپ، يەرنىڭ توپىسىدەك قىلدىم.
ئۇلارنى كوچىلارنىڭ پاتقىقىدەك ئېزىپ،
دەپسەندە قىلىپ قويدۇم.

44 سەن مېنى خەلقىمنىڭ سوقۇشلىرىدىن قۇتقۇزدۇڭ.
تائىپىلەرگە باش بولۇشقا مېنى ساقلىدىڭ.
مەن تونۇمىغان خەلق ماڭا خىزمەت قىلدى.
45 ياتلار ماڭا بويۇن سۇندى،
ئۇلار مەندىن ئاڭلىغان ھالدا ماڭا ئىتائەت قىلدى.
46 ياتلار سولىشىپ كېتىپ،
ئۆز قورغانلىرىنى قويغىلى بەل باغلىدى.
47 خۇداۋەندە تىرىكتۇر. مېنىڭ قورام تېشىم مۇبارەك بولغاي،
مېنىڭ قورام تېشىم بولغان نىجاتىمنىڭ خۇدايى ئۇلۇغلانغاي.
48 خۇدا مەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدى.
خەلقلەرنى مېنىڭ ئاستىنىمدا مەغلۇپ قىلدى.
49 ئۇ مېنى دۈشمەنلىرىمدىن ئازاد قىلدى.
دەرۋەقە ماڭا قارشى قوپقۇچىلاردىن يۇقىرى مېنى كۆتۈردۈڭ،
زورلۇق كىشىدىن مېنى قۇتقۇزدۇڭ.
50 ئۇنىڭ ئۈچۈن تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا،
ئەي خۇداۋەندە، ساڭا شۈكۈر ئېيتىپ،
ئىسمىڭغا مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئوقۇي.
51 ئۆزى ئىلغىغان پادىشاھقا چوڭ نىجات بېرىپ،
ئۆزىنىڭ مەسىھلەنگەن ئادىمى بولغان داۋۇتقا
ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىغا ئەبەدكىچە شەپقەت قىلىدۇ».

## داۋۇدنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى

23 [1] داۋۇدنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى شۇ ئىدى.
ئۆزى تولا ئېگىزلەندۈرۈلۈپ، ياقۇپنىڭ خۇداينىڭ مەسىھلەنگەن ئادىمى بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ
شېرىن شائىرى ئاتىلىپ، يەشاينىڭ ئوغلى بولغان داۋۇد سۆز قىلىپ، مۇنداق ئېيتتىكى:
[2] «خۇداۋەندىنىڭ روھى مېنىڭ ۋاستەم بىللە سۆز قىلغاچ،
ۋنىڭ كالامى تىلىمدا بار.
[3] ئىسرائىلنىڭ خۇدايى شۇنداق ئېيتتى، ئىسرائىلنىڭ قورام تېشى
ماڭا شۇنداق سۆز قىلدى:

‹ كىمكى ئادەملەرنىڭ ئۈستىدە ئادالەت بىلەن سەلتەنەت قىلسا،
كىمكى خۇدانىڭ قورقۇنچىسى بىلەن سەلتەنەت قىلسا،
[4] كۈن چىققىنىدا سەھەر يورۇغاندەك بولۇپ،
يامغۇردىن كېيىن يەر ئاپتاپتا كۆكلەپ،
بۇلۇتسىز بولغان سەھەردەك بولىدۇ» دېدى.

[5] مېنىڭ ئۆيۈم خۇدانىڭ ئالدىدا شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھەممە نەرسىدە توختىتىلىپ، مەزمۇت
تۈرىدىغان بىر ئەبەدىي ئەھدە مەن بىلەن باغلىدى.
ھەممە نىجات ۋە ھەممە خۇشلۇق ماڭا ئاشۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟
[6] لېكىن يامانلارنىڭ ھەممىسى بولسا ھېچكىم قولىدا تۇتقىلى خالىماي،
تاشلىۋېتكەن تىكەندەك بولىدۇ.

[7] ئەمما ئۇلارغا قول تەگكۈزۈشى كېرەك بولغان كىشى ئۆزىنى
ساقلىماق ئۈچۈن تۆمۈر ياكى نەيزە سېپىنى ئىشلىتىپ،
بار يېرىدە ئۇنى كۆيدۈرىدۇ».

## داۋۇدنىڭ پالۋانلىرى

[8] داۋۇدنىڭ پالۋانلىرىنىڭ ئىسىملىرى شۇ ئىدى: تاخكمونلۇق يۇشۇب-باششەبەت باتۇرلىرىڭ
بېشى ئىدى. ئۇ ئۆز نەيزىسىنى سەككىز يۈز كىشىنىڭ ئۈستىگە شىلتاپ، ئۇلارنى بىر زەربىدە
ئۆلتۈرگەنىدى. [9] ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئاخوخلۇقنىڭ ئوغلى بولغان دودونىڭ ئوغلى ئېلىئازار
نامدار ئىدى. فىلىستىنىيلەر ئاندا جەڭگە جەم بولۇپ ئۇلارغا ھاقارەت قىلغىنىدا، داۋۇد بىلەن
بولغان ئۈچ پالۋاننىڭ بىرى ئۇ ئىدى. ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى كەينىگە يانسا، [10] ئۇ توختاپ

تۇرۇپ، قولى تېلىپ قىلىچقا چاپلاشقاندەك بولغۇچىلىك سوقۇشقانىدى. خۇداۋەندە ئۇ كۈندە چوڭ بىر نۇسرەت بەردى. خەلق ئۇنىڭ كەينىگە يېنىپ كەلگەندە تالىماقتىن باشقا ئىش قالمىدى. [11] ئۇنىڭدىن كېيىن ھارارلىق ئاگەنىڭ ئوغلى شامما نامدار ئىدى. بىر ۋاقىت فىلىستىنىيلەر يىغىلىپ بىر قوشۇن بولۇپ يىغىلغانىدى. ئۇ يەردە بىر پۇرچاقلىق ئېتىز بار ئىدى. خەلق فىلىستىنىيلەردىن قاچسا، [12] ئۇ ئۆزى پۇرچاقلىقنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ، ئۇنى ساقلاپ، فىلىستىنىيلەرنى ئۇردى ۋە خۇداۋەندە چوڭ بىر نۇسرەت بەردى.
[13] بىر ۋاقىت ئوتتۇز سەردارنىڭ ئۈچى ئورما ۋاقتىدا چۈشۈپ، داۋۇد ئادۇللام غېرىدا تۇرغاندا ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە فىلىستىنىيلەرنىڭ بىر قوشۇنى رېفائىم ۋادىسىغا چۈشكەنىدى. [14] ئۇ ۋاقىت داۋۇد قورغاندا ئىدى، لېكىن بەيتلەھەمدە فىلىستىنىيلەرنىڭ بىر قاراۋۇلى بار ئىدى.
[15] داۋۇد چاڭقاپ: «كاشكى بەيتلەھەمنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى قۇدۇقتىن بىركىم ماڭا ئىچكىلى سۇ بەرسە ئىدى» دەپ ئېيتتى. [16] ئۇ ۋاقىت بۇ ئۈچ پالۋان فىلىستىنىيلەرنىڭ لەشكەرگاھىدىن زور بىلەن ئۆتۈپ، بەيتلەھەمنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ داۋۇدقا ئېلىپ كەلدى. لېكىن ئۇ ئۇنىڭدىن ئىچكىلى خالىماي: «خۇداۋەندىگە ھەدىيە» دەپ تۆكۈپ قويدى. [17] ئۇ ئېيتتى: «ئەي خۇداۋەندە ھەرگىز مۇنداق قىلمىغايمەن. ئۆز جانلىرىنى خەتەرگە سېلىپ بارغان كىشىلەرنىڭ قېنى ئەمەسمۇ؟» دەپ ئىچكىلى ئۇنىمىدى. ئۇ ئۈچ پالۋان شۇ ئىشلارنى قىلغانىدى.
[18] زېرۇيانىڭ ئوغلى يوئابنىڭ بۇرادىرى ئابىساي ئۆزى باشقا ئۈچىنىڭ بىرىنچىسى ئىدى. ئۇ ئۆز نەيزىسىنى ئۈچ يۈزنىڭ ئۇستىگە شىلتاپ، ئۇلارنى ئۆلتۈردى. بۇ ئۈچىنىڭ ئارىسىدا بۇ نامدار ئىدى. [19] ئۇ ئۆزى بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئىززەتلىكرەكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشى بولسىمۇ، ئاۋۋالقى ئۈچەيلەن بىلەن باراۋەر ئەمەس ئىدى.
[20] بىر باتۇر قابسەئەللىكنىڭ ئوغلى بولغان يەھوياداھنىڭ ئوغلى بەنايا ئۆزى موئابنىڭ ئىككى شىرى دېگەن پالۋانلارنى ئۆلتۈردى. قار ياغقان بىر كۈندە قۇدۇققا چۈشۈپ، بىر شىرنى ئۆلتۈرگەن كىشى شۇ ئىدى. [21] ئۇ ھەم كۆرۈنۈشى كېلىشكەن بىر مىسىرلىقنى ئۆلتۈردى. مىسىرلىقنىڭ قولىدا بىر نەيزە بار ئىدى. لېكىن ئۇ بىر ھاسا تۇتۇپ قېشىغا چۈشۈپ، مىسىرلىقنىڭ قولىدىن نەيزىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆز نەيزىسى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈردى. [22] بۇ ئىشلارنى يەھوياداھنىڭ ئوغلى بەنايا قىلىپ، ئۈچ پالۋاننىڭ ئارىسىدا نام تاپتى. [23] ئۇ ئوتتۇز سەردارنىڭ ئىززەتلىكرەكى ئىدى. لېكىن ئاۋۋالقى ئۈچەيلەن بىلەن باراۋەر ئەمەس ئىدى. داۋۇد ئۇنى ئۆز مەھرەملىرىنىڭ بىرى قىلدى.

[24] ئوتتۇزلارنىڭ ئارىسىدا يوئابنىڭ بۇرادىرى ئاسائەل ۋە بەيتلەھەملىك دودونىڭ ئوغلى ئەلخانان بار ئىدى،
[25] بۇنىڭدىن باشقا: خارودلۇق شامما، خارودلۇق ئېلىقا،
[26] پالتىلىق خېلەز، تەقوئالىق ئىققەشنىڭ ئوغلى ئىرا،

27 ئاناتوتلۇق ئابىئېزەر، خۇشاتلىق مەبۇنناي
28 ئاخوخلۇق زالمون، نەتوفاتلىق ماھاراي.
29 نەتوفاتلىق بائانانىڭ ئوغلى خېلەب، بەنى-بەنيامىنىنىڭ يۇرتىدىكى گىبېيادىن بولغان رىبايىنىڭ ئوغلى ئىتتاي،
30 پىراتونلۇق بەنايا، گائاشنىڭ ۋادىلىرىدىن بولغان ھىدداي،
31 ئارباتلىق ئابىيالبون، بارخۇملۇق ئازماۋەت
32 شائالبونلۇق ئەلياخبا، بەنى-ياشەندىن بولغان يوناتان،
33 ھارارلىق شاما، ھارارلىق شارارنىڭ ئوغلى بولغان ئاخىيام،
34 بىر مائاكالىقنىڭ ئوغلى بولغان ئاخاسباينىڭ ئوغلى ئەلىفېلەت، گىلونلۇق ئاخىتوفەلنىڭ ئوغلى ئېلىيام
35 كارمەللىك خەزرو، ئارابلىك پائاراي،
36 زوبادىن بولغان ناتاننىڭ ئوغلى يىگال، گاتلىق بانى،
37 ئاممونلۇق زەلەك، زېرۇيانىڭ ئوغلى يوئابنىڭ ياراغ كۆتۈرگۈچىسى بولغان بەئەروتلۇق ناخاراي،
38 يەتەرلىك ئىرا، يەتەرلىك گارەب
39 ۋە خىتتىيلىق ئۇرىيا دېگەنلەر مەزكۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇز يەتتە كىشى ئىدى.

## داۋۇدنىڭ خەلقنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈش گۇناھى

24 1 لېكىن خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئىسرائىلغا يەنە تۇتاشتى. شۇنداقكى، داۋۇدنى ئۇلارغا
قارشى قوزغىتىپ: «سەن بېرىپ، ئىسرائىل بىلەن يەھۇدانى سانىغىن» دەپ ئېيتتى.
2 پادىشاھ ئۆزى بىلەن بولغان قوشۇن سەردارى يوئابنىڭ ئۆزىگە ئېيتتى: «داندىن تارتىپ
بەرشېباغىچە ھەممە ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ يۇرتلىرىنى كېزىپ خەلقنى ساناپ قويغىن.
مەن خەلقنىڭ سانىنى بىلەي» دېدى. 3 يوئاب پادىشاھقا: «بۇ خەلق قانچە نۇرغۇن بولسىمۇ،
تەڭرىڭ خۇداۋەندە ئۇلارنى يۈز مەرتىۋە ئاشۇرغاي. شۇنى خوجام پادىشاھ ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرگەي. لېكىن نېمىشقا خوجام پادىشاھ شۇ ئىشنى خۇش كۆرۈپ خالايتتى؟» دەپ ئېيتتى.
4 ئەمما يوئاب بىلەن قوشۇننىڭ باشقا سەردارلىرى شۇنى خالىمىسىمۇ، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى
چىڭ تۇرۇپ يانمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن يوئاب بىلەن قوشۇننىڭ باشقا سەردارلار ئىسرائىلنىڭ
خەلقىنى سانىغىلى پادىشاھنىڭ قېشىدىن چىقتى. 5 ئۇلار ئىئورداندىن ئۆتۈپ، يازەرگە يېقىن
بېرىپ، گات جىلغىسىدىكى شەھەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئاروئەرگە چۈشتى. 6 ئاندىن گىلىيادقا
ۋە تاختىم-خودشى يۇرتىغا كەلدى. ئاندىن دان-يائانغا كېلىپ، ئايلىنىپ سىدونغا باردى.

7 ئاندىن تىرنىڭ قورغانلىرىغا بېرىپ، خىۋىيلار بىلەن قانائانىيلارنىڭ ھەممە شەھەرلىرىگە كېلىپ، يەھۇدا يۇرتىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بەرشېباغىچە باردى. 8 ئۇلار ھەممە يۇرتنى ئارىلاپ چىقىپ، توققۇز ئاي يىگىرمە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يېرۇسالېمغا يېنىپ كەلدى. 9 يوئاب پادىشاھقا خەلقنىڭ سانىنى دەپ بەردى. ئىسرائىلدا جەڭگە ياراپ قىلىچ كۆتۈرەلەيدىغان سەككىز يۈز مىڭ ئادەم بولۇپ، يەھۇدادا بەش يۈز مىڭ ئىدى.

10 ئەمما داۋۇد خەلقنى سانىغاندىن كېيىن ۋىجدانى ئۇنى ئۇردى. داۋۇد خۇداۋەندىگە ئېيتتى: «قىلغان ئىشىم بىلەن چوڭ خاتا قىلدىم، لېكىن ئەمدى ئەي خۇداۋەندە ئۆز بەندەڭنىڭ گۇناھىنى كۆتۈرگىن. مەن تولا ئەخمەقلىق قىلدىم» دېدى. 11 داۋۇد ئەتىگەندە قوپقاندا خۇداۋەندىنىڭ سۆزى داۋۇدنىڭ روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچىسى بولغان گاد پەيغەمبەرگە كېلىپ، 12 ئۇنىڭغا ئېيتقان ئىدىكى: «بېرىپ، داۋۇدقا سۆز قىلىپ ئېيتقىنكى: ‹ «ئۈچ بالانى ئالدىڭغا قويىمەن. ئۇلارنىڭ بىرىنى ئۆزۈڭگە ئىلغاپ، ساڭا نېمە قىلىدىغىنىمنى ئىختىيار قىلغىن» دەپ خۇداۋەندە شۇنداق ئېيتىدۇ›». 13 گاد داۋۇدنىڭ قېشىغا كىرىپ، شۇنى ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىپ ئېيتتى: «يەتتە يىلغىچە ئاچارچىلىق ئۈستۈڭگە كېلىپ، سېنىڭ يۇرتۇڭدا بولسۇنمۇ؟ ياكى دۈشمەنلىرىڭدىن قوغلىنىپ، ئۈچ ئايغىچە ئۇلاردىن قېچىشنى ئىختىيار قىلامسەن؟ ياكى ئۈچ كۈنگىچە يۇرتۇڭدا ۋابا بولسۇنمۇ؟ ئەمدى ئويلاپ مېنى ئەۋەتكەنگە نېمە جاۋاب بېرىشىمنى خىيال قىلىپ توختاتقىن» دېدى.

14 داۋۇد گادقا: «مېنىڭ چوڭ تەڭلىكىم بار. لېكىن خۇداۋەندىنىڭ قولىغا چۈشەيلى، چۈنكى ئۇنىڭ مەرھەمىتى چوڭدۇر. ئىنساننىڭ قولىغا چۈشمىگەيمەن» دېدى. 15 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئەتىدىن تارتىپ توختىتىلغان ۋاقىتقىچە ۋابا ئەۋەتتى. داندىن بەرشېباغىچە يەتمىش مىڭ ئادەم ئۆلدى. 16 لېكىن پەرىشتە يېرۇسالېمنى خاراب قىلغىلى شەھەر ئۈستىگە قولىنى ئۇزاتقاندا خۇداۋەندە بالانى ئەۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ، خەلقنى خاراب قىلغان پەرىشتىگە: «ئەمدى بولدى. قولۇڭنى يىغقىن» دەپ ئېيتتى. ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى يەبۇسىي ئاراۋۇنانىڭ خامىنىنىڭ يېنىدا تۇردى. 17 لېكىن داۋۇد خەلقنى ئۇرغان پەرىشتىنى كۆرگەندە خۇداۋەندىگە: «مانا مەن ئۆزۈم خاتا قىلدىم. مەن ئۆزۈم گۇناھ قىلدىم، لېكىن مېنىڭ پادام بولغان شۇ خەلق نېمە قىلدى؟ سېنىڭ قولۇڭ مېنىڭ ئۈستۈمگە ۋە ئاتامنىڭ ئۆيى ئۈستىگە كۆتۈرۈلسۇن» دېدى.

## ئاراۋۇنانىڭ خامىنىدىكى قۇربانگاھ

18 ئۇ كۈندە گاد داۋۇدنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: «بېرىپ، يەبۇسىي ئاراۋۇنانىڭ خامىنىدا خۇداۋەندىگە بىر قۇربانگاھنى ياسىغىن» دەپ ئېيتتى. 19 داۋۇد گادنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق چىقىپ، خۇداۋەندە بۇيرۇغاندەك قىلدى. 20 ئاراۋۇنا قارىسا، پادىشاھ بىلەن خىزمەتكارلىرىنىڭ ئۆز تەرىپىگە كەلگىنىنى كۆرۈپ چىقىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا يۈز تۆۋەن يەرگە چۈشۈپ

تەزىم قىلدى. [21] ئاراۋنا ئېيتتى: «نېمىشقا پادىشاھ ئۆز قۇلىغا كەلدى.» داۋۇد ئېيتتى: «ۋابا
خەلقنىڭ ئارىسىدا توختىسۇن دەپ، خامانىنى سەندىن سېتىۋېلىپ، ئاندا خۇداۋەندىگە بىر
قۇربانگاھ ياسىغىلى كەلدىم» دېدى. [22] ئاراۋنا داۋۇدقا ئېيتتى: «خوجام پادىشاھ ھەرنېمە
خالىسا ئېلىپ، قۇربانلىق قىلسۇن. مانا مۇندا كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق ئۈچۈن ئۇيلار بولۇپ،
ئوتۇن ئۈچۈن خامانىنىڭ ئەسۋابلىرى بىلەن ئۇيلارنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرى بار. [23] ئەي پادىشاھ،
بۇنىڭ ھەممىسىنى ئاراۋنا ئۆزى پادىشاھقا بېرىدۇ» دەپ ئاراۋنا پادىشاھقا يەنە ئېيتتى:
«تەڭرىڭ خۇداۋەندە سەندىن رازى بولسۇن» دېدى. [24] لېكىن پادىشاھ ئاراۋناغا ئېيتتى:
«سەندىن بۇنى توختىتىلغان نەرختە ئالىمىسام، بولمايدۇ. تەڭرىم خۇداۋەندىگە خالىس ئالغان
نەرسىنى قۇربانلىق قىلمىغايمەن» دېدى. ئاندىن داۋۇد خامان بىلەن ئۇيلارنى ئەللىك شېقەل
كۈمۈشكە سېتىۋالدى. [25] داۋۇد ئاندا خۇداۋەندىگە بىر قۇربانگاھنى ياساپ، كۆيدۈرىدىغان
قۇربانلىق بىلەن شۈكۈر قۇربانلىقىنى كەلتۈردى ۋە خۇداۋەندە يۇرتنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ، ۋابا
ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا توختاپ قالدى.

مۇقەددەس كىتاب

# پادىشاھلار

## بىرىنچى قىسىم

11

# پادىشاھلار
# بىرىنچى قىسىم

مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
(تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

11-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# پادىشاھلار
# بىرىنچى قىسىم

## ئادونىيا پادىشاھ بولماقچى

1 [1] داۋۇد پادىشاھ قېرىپ يىللىرىدا ياشىنىپ، ئۇنى يوتقان بىلەن قانچە ياپسىمۇ، ئۇ
ئىسسىمايتتى. [2] خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «بىر پاك قىز پادىشاھنىڭ قېشىدا
تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالسۇن دەپ، خوجام پادىشاھ ئۈچۈن بىر پاك قىزنى ئىزدەپ تاپسۇن.
ئەگەر ئۇ قۇچىقىڭىزدا ياتسا، خوجام پادىشاھ ئىسسىق تۇرىدۇ» دېدى. [3] ئۇلار پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ
يۇرتىدا بىر چىرايلىق قىزنى ئىزدەپ، شۇنەملىك ئابىشاگنى تېپىپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا
كەلتۈردى. [4] ئۇ تولا چىرايلىق بىر قىز بولۇپ پادىشاھتىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭغا خىزمەت
قىلاتتى. ئەمما پادىشاھ ئۇنىڭغا يېقىنلىق قىلمايتتى.
[5] ئەمما خاگىتنىڭ ئوغلى ئادونىيا قوپۇپ: «مەن پادىشاھ بولىمەن» دەپ ئېيتتى. ئۇ ئۆزىگە
هارۋىلار بىلەن ئاتلىقلار راستلاپ، ئۆز ئالدىدا يۈگۈرىدىغان ئەللىك كىشىنىمۇ تەييار قىلدى.
[6] لېكىن پادىشاھ ئۇنى غەمكىن قىلغىلى خالىماي: «نېمىشقا شۇنى قىلدىڭ» دەپ ھېچ ۋاقىت
دېمىگەنىدى. ئۇ ھەم تولا كېلىشكەن بىر يىگىت بولۇپ، ئانىسى ئۇنى ئابشالومدىن كېيىن
تۇغقانىدى. [7] ئۇ ئۆزى زېرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب ۋە ئابىياتار كاھىن بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ
تۇردى. ئۇلار بولسا ئادونىياغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرەتتى. [8] لېكىن سادوق كاھىن،
يەھوياداھنىڭ ئوغلى بەنايا، ناتان پەيغەمبەر، شىمېي، رەئىي ۋە داۋۇدنىڭ پالۋانلىرى ئادونىياغا
ئەگەشمىدى.
[9] ئادونىيا قوي، كالا ۋە بورداقان مالنى روگېل بۇلىقىنىڭ يېنىدىكى زوخەلەت دېگەن تاشتا
سويدۇرۇپ، ھەممە بۇرادەرلىرىنى، يەنى پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە
بولغان ھەممە يەھۇدا ئادەملىرىنى قىچقاردى. [10] لېكىن ناتان پەيغەمبەرنى، بەنايانى، پالۋانلارنى
ۋە ئۆز بۇرادىرى سۇلايماننى قىچقارمىدى.
[11] ئەمما ناتان سۇلايماننىڭ ئانىسى باتشېباغا سۆز قىلىپ ئېيتتى: «ئاڭلىمىدىڭمۇكى،
خاگىتنىڭ ئوغلى ئادونىيا پادىشاھ بولدى. ئەمما خوجىمىز داۋۇد پادىشاھ شۇنى بىلمەيدۇ.
[12] ئەمدى ئۆز جېنىڭ بىلەن ئوغلۇڭ سۇلايماننىڭ جېنىنى قۇتقۇزغايسەن دەپ، ساڭا بىر
مەسلىھەت سالاي. [13] ئەمدى داۋۇد پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى: ‹ خوجام
پادىشاھ ئۆزى قەسەم بىلەن ئۆز دېدەكىگە ۋەدە قىلىپ: «سېنىڭ ئوغلۇڭ سۇلايمان پادىشاھ
بولۇپ، مەندىن كېيىن تەختىمدە ئولتۇرسۇن» دېگەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بولغاندىن كېيىن

نېمىشقا ئادونىيا پادىشاھ بولدى› دېگىن. 14 پادىشاھ بىلەن سۆز قىلىپ تۇرغىنىڭدا مەن ھەم
سېنىڭ كەينىڭدىن كىرىپ، سۆزۈڭنى ئىسپات قىلاي» دېدى.
15 باتشېبا ئىچكىرى ئۆيگە پادىشاھنىڭ قېشىغا كىردى. پادىشاھ تولا قېرىغاچ شۇنەملىك
ئابىشاگ پادىشاھقا خىزمەت قىلىۋاتاتتى. 16 باتشېبا پادىشاھقا تەزىم بەجا قىلدى. پادىشاھ:
«نېمە خالايسەن؟» دەپ سورىدى. 17 ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «ئەي خوجام، سەن ئۆزۈڭ تەڭرىڭ
خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىپ ئۆز دېدىكىڭگە ۋەدە قىلىپ: ‹ سېنىڭ ئوغلۇڭ سۇلايمان
مەندىن كېيىن پادىشاھ بولۇپ تەختىمدە ئولتۇرسۇن› دەپ ئېيتتىڭ ئەمەسمۇ؟ 18 مانا ئەمدى
ئادونىيا پادىشاھ بولدى. ئەمما سەن، ئەي خوجام پادىشاھ، شۇنى بىلمەيسەن. 19 ئۇ بولسا تولا
بۇقا، بورداق مال بىلەن قوي سويدۇرۇپ، پادىشاھنىڭ ھەممە ئوغۇللىرىنى، ئابىياتار كاھىننى ۋە
قوشۇنىنىڭ سەردارى يوئابنى قىچقاردى. لېكىن قۇلۇڭ سۇلايماننى قىچقارمىدى. 20 ئەمدى ئەي
خوجام پادىشاھ، ھەممە ئىسرائىلنىڭ كۆزلىرى ساڭا قاراپ، خوجام پادىشاھتىن كېيىن ئۇنىڭ
تەختىدە كىمنىڭ ئولتۇرىدىغىنىنى ئۇلارغا خەۋەر بېرىشىڭگە ساقلاپ تۇرىدۇ. 21 بولمىسۇن
خوجام پادىشاھ ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن راھەت تاپقاندىن كېيىن، مەن بىلەن ئوغلۇم سۇلايمان
گۇناھكاردەك سانىلىمىزمىكىن» دېدى.
22 ئۇ تېخى پادىشاھ بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغىنىدا ناتان پەيغەمبەر كەلدى. 23 ئۇلار پادىشاھقا:
«ناتان پەيغەمبەر كەلدى» دەپ خەۋەر بەردى. ئۇ ئۆزى پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، يەرگە يۈز
تۆۋەن يىقىلىپ پادىشاھقا تەزىم قىلدى. 24 ناتان ئېيتتى: «ئەي خوجام پادىشاھ، سەن ئۆزۈڭ:
‹ ئادونىيا مەندىن كېيىن پادىشاھ بولۇپ، مېنىڭ تەختىمدە ئولتۇرسۇن› دەپ ئېيتقانمۇسەن؟
25 ئۇ ئۆزى بۇ كۈن بېرىپ، تولا بۇقا، بوردىغان مال بىلەن قوي سويدۇرۇپ، پادىشاھنىڭ ھەممە
ئوغۇللىرىنى، قوشۇنىنىڭ سەردارىنى ۋە ئابىياتار كاھىننى قىچقاردى. ئۇلار ئەمدى ئۇنىڭكىدە
يەپ-ئىچىپ: ‹ ئادونىيا پادىشاھ بولسۇن› دەپ قىچقىرىشىپ تۇرىدۇ. 26 لېكىن مەن قۇلۇڭنى،
سادوق كاھىننى، يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايانى ۋە قۇلۇڭ سۇلايماننى قىچقارمىدى. 27 شۇ
ئىش خوجام پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولدىمۇ؟ خوجام پادىشاھتىن كېيىن ئۇنىڭ تەختىدە
كىمنىڭ ئولتۇرىدىغىنىنى ئۆز قۇلۇڭغا دېمىگەنسەن» دېدى.

## داۋۇد سۇلايماننى پادىشاھ بولۇشقا تەيىنلەيدۇ

28 داۋۇد پادىشاھ سۆز قىلىپ: «باتشېبانى ماڭا قىچقىرىڭلار» دېدى. ئۇ ئۆزى پادىشاھنىڭ
قېشىغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا، 29 پادىشاھ ئانت ئىچىپ ئېيتتىكى: «مېنى
ھەممە تەڭلىكىمدىن قۇتقۇزغان تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، 30 مەن
ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە بىلەن ساڭا قەسەم قىلىپ: ‹ سېنىڭ ئوغلۇڭ سۇلايمان
مەندىن كېيىن پادىشاھ بولۇپ، ئورنۇمدا مېنىڭ تەختىمدە ئولتۇرسۇن› دەپ ئېيتقىنىمدەك
بۈ كۈن قىلاي» دېدى. 31 ئۇ ۋاقىت باتشېبا يۈزى يەرگە تەگكۈدەك ئېڭىشىپ پادىشاھقا

تەزىم قىلىپ: «خوجام داۋۇد پادىشاھ ئەبەدكىچە ياشىسۇن» دەپ ئېيتتى.
[32] داۋۇد پادىشاھ ئېيتتى: «سادوق كاھىننى، ناتان پەيغەمبەرنى، يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايانى
ماڭا قىچقىرىڭلار» دېدى. ئۇلار پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلگەندە، [33] پادىشاھ ئۇلارغا ئېيتتى:
«خوجاڭلارنىڭ خىزمەتكارلىرىنى ئۆزۈڭلارغا قوشۇپ، سۇلايماننى ئۆز قېچىرىمغا مىندۈرۈپ
گىخونغا ئېلىپ بېرىڭلار. [34] ئاندا سادوق كاھىن بىلەن ناتان پەيغەمبەر ئۇنى ئىسرائىلنىڭ
ئۈستىگە پادىشاھ بولغىلى مەسىھلىسۇن. ئاندىن كاناي چېلىپ: ‹ سۇلايمان پادىشاھ ياشىسۇن›
دەپ قىچقىرىپ، [35] ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە چىقىڭلار. ئۇ كېلىپ، تەختىمدە ئولتۇرۇپ،
مېنىڭ ئورنۇمدا پادىشاھ بولسۇن. مەن ئۇنى ئىسرائىل بىلەن يەھۇدانىڭ ئۈستىدە پادىشاھ
بولغىلى تەيىنلىدىم» دېدى. [36] يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايا پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ ئېيتتى:
«ئامىن! خوجامنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە شۇنداق بۇيرۇسۇن. [37] خۇداۋەندە خوجام پادىشاھ
بىلەن بولغاندەك ھەم سۇلايمان بىلەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەختىنى خوجام داۋۇد پادىشاھنىڭكىدىن
ئۇلۇغراق قىلغاي» دېدى.
[38] سادوق كاھىن، ناتان پەيغەمبەر، يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايا ۋە مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن
خەۋەرچىلەر بېرىپ، سۇلايماننى داۋۇد پادىشاھنىڭ قېچىرىغا مىندۈرۈپ گىخونغا ئېلىپ باردى.
[39] سادوق كاھىن ئىبادەت چېدىرىدىن ياغ بىلەن تولغان بىر مۈڭگۈزنى ئېلىپ، سۇلايماننى
مەسىھلىدى. ئاندىن ئۇلار كاناي چېلىپ، ھەممە خەلق: «سۇلايمان پادىشاھ ياشىسۇن» دەپ
قىچقىرىشتى. [40] ھەممە خەلق ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ، سۇناي چېلىپ شادلىق قىلىپ، يەر
يېرىلغۇدەك خۇشلۇقتىن قىچقىرىشاتتى.
[41] لېكىن ئادونىيا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەممە قىچقىرىلغانلار تائام يەپ بولغاندا شۇنى
ئاڭلىدى. يوئاب كاناي ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا: «شەھەردىن ئاڭلانغان غەلىبە نېمە ئىكەن؟» دەپ
سورىدى. [42] ئۇ تېخى سۆز قىلىپ تۇرغاندا ئابىياتار كاھىننىڭ ئوغلى يوناتان چىقىپ كەلدى.
ئادونىيا ئۇنىڭغا: «كىرگىن. سەن توغرا ئادەم بولۇپ، بىزگە ياخشى خەۋەر بېرىسەنغۇ» دېدى.
[43] يوناتان ئادونىياغا جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «بىلگىنكى، خوجىمىز داۋۇد پادىشاھ سۇلايماننى
پادىشاھ قىلدى. [44] پادىشاھ ئۆزى سادوق كاھىننى، ناتان پەيغەمبەرنى، يەھويادانىڭ ئوغلى
بەنايانى ۋە مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن خەۋەرچىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتىپ، ئۇنى پادىشاھنىڭ
قېچىرىغا مىندۈردى. [45] ئاندىن سادوق كاھىن بىلەن ناتان پەيغەمبەر ئۇنى پادىشاھ بولغىلى
گىخوندا مەسىھلىدى. ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ ئۇنداق شادلىق قىلدىكى، پۈتۈن شەھەر
قوزغالدى. سىلەر ئاڭلىغان غەلىبە شۇدۇر. [46] سۇلايمان ئەمدى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى.
[47] يەنە پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى كېلىپ، خوجىمىز پادىشاھنى دۇئايىخەير قىلىپ: ‹ خۇدا
سۇلايماننىڭ ئىسمىنى سىنىڭكىدىن چوڭراق قىلىپ، تەختىنى سىنىڭكىدىن ئۇلۇغراق
قىلغاي› دەپ ئېيتتى. پادىشاھ ئۆزى ياتقان ئورنىدا سەجدە قىلدى. [48] پادىشاھ ھەم سۆزلەپ: ‹
كۆزلىرىم كۆرگۈدەك بۇ كۈن مېنىڭ تەختىمدە ئولتۇرىدىغان بىركىمنى بەرگەن ئىسرائىلنىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن› دەپ ئېيتتى» دېدى.

[49] شۇنى ئاڭلاپ، ئادونىيا بىلەن بولغان ھەممە قىچقىرىلغانلار قورقۇپ قوپۇپ، ھەربىرى ئۆز يولىغا كەتتى. [50] لېكىن ئادونىيا سۇلايماندىن قورقۇپ، قوپۇپ بېرىپ، قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى تۇتتى. [51] سۇلايمانغا خەۋەر بېرىلدىكى: «مانا ئادونىيا سۇلايمان پادىشاھتىن قورقۇپ، قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: ‹ سۇلايمان پادىشاھ بۈگۈن ماڭا قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغايكى، ئۆز قۇلىنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرمىسۇن› دەپ ئېيتىدۇ» دېدى. [52] سۇلايمان ئېيتتى: «ئۇ توغرا ئادەمدەك تۇرسا، بېشىدىن بىر تال چاچ يەرگە چۈشمىسۇن. لېكىن ئۇنىڭدا يامانلىق تېپىلسا، شەكسىز ئۆلسۇن» دېدى. [53] سۇلايمان پادىشاھ كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى قۇربانگاھتىن ئېلىپ كەلتۈردى. ئۇ كېلىپ، سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ تەزىم قىلدى. سۇلايمان ئۇنىڭغا: «ئۆيۈڭگە كەتكىن» دېدى.

## داۋۇدنىڭ سۇلايمانغا ئېيتقان ئاخىرقى سۆزلىرى

2 [1] داۋۇدنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ئوغلى سۇلايمانغا ۋەسىيەت قىلىپ ئېيتتى: [2] «ئەمدى دۇنيادىكىلەرنىڭ ھەممىسى بارىدىغان يول بىلەن كېتىمەن. جۈرئەتلىك بولۇپ ئەردەك تۇرغىن. [3] سەن نېمە قىلىپ، نە يەرگە بارساڭ، راۋاج تاپمىقىڭ ئۈچۈن تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ يولىدا يۈرۈپ، مۇسانىڭ قانۇنىدا پۈتۈلگەندەك ئۇنىڭ بەلگىلىمە بىلەن ئەمرلىرىنى، پەرمان بىلەن شاھادەتلىرىنى تۇتقىن. [4] شۇنداق قىلىپ، خۇداۋەندە ماڭا: ‹ ئەگەر بالىلىرىڭ ئۆز يولىنى ساقلاپ مېنىڭ ئالدىمدا پۈتۈن كۆڭلى ۋە جېنى بىلەن ساداقەتلىك قىلىپ يۈرسە، ئىسرائىلنىڭ تەختىدە سېنىڭ ئەۋلادىڭدىن ئولتۇرىدىغان كىشى كەم قالمايدۇ› دەپ ئېيتقان سۆزىنى بەجا قىلغاي.
[5] ئەمما زېرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب ماڭا قىلغىنىنى بىلىسەن. قانداقكى، ئۇ ئۆزى ئىسرائىلدىكى ئىككى سەردارنى، يەنى نەرنىڭ ئوغلى ئابنەر بىلەن يەتەرنىڭ ئوغلى ئاماسانى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، سۈلھى ۋاقتىدا جەڭ ۋاقتىدىكىدەك قان تۆكۈپ، بېلىگە باغلىغان كەمىرىگە ۋە پۇتىغا كىيگەن ئۆتۈكىگە قان چېچىپ داغلىدى. [6] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ھېكمىتىڭگە مۇۋاپىق قىلغىن. ئۇنىڭ ئاق بېشى ئامانلىق بىلەن گۆرگە چۈشمىسۇن.
[7] لېكىن گىلىيادلىق باررزىللاينىڭ ئوغۇللىرىغا ياخشىلىق قىلىپ، داستىخىنىڭدىن نان يېگەنلەرگە قوشقىن. مەن بۇرادىرىڭ ئابشالومدىن قاچسام، ئۇلار ئالدىمغا كېلىپ، ماڭا شۇنداق قىلدى. [8] مانا باخۇرىملىق بەنيامىنىيلىق شىمېي بەن-گېرا ھەم سېنىڭ يېنىڭدا بار. ئۇ ئۆزى مەن ماخانائىمغا بارغىنىمدا مېنى يامان قارغىدى. لېكىن كېيىن ئىئوردانغا بېرىپ، مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەندە مەن خۇداۋەندە بىلەن ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ: ‹ سېنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرمەيمەن› دەپ ئېيتتىم. [9] ئەمما ئەمدى ئۇنى گۇناھسىز سانىماي، ئۆز قىلىدىغىنىڭنى بىلىپ، سەن دانا كىشى بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاق بېشىنى قانىتىپ گۆرگە چۈشۈرگىن» دېدى.

10 داۋۇد ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىغا قوشۇلۇپ راھەت تېپىپ، داۋۇدنىڭ شەھىرى دېگەن جايدا دەپنە
قىلىندى. 11 داۋۇدنىڭ ئىسرائىلغا سەلتەنەت قىلغان ۋاقتى قىرىق يىل ئىدى. خېبروندا يەتتە
يىل سەلتەنەت قىلىپ، يېرۇسالېمدا ئوتتۇز ئۈچ يىل سەلتەنەت قىلدى.

## سۇلايماننىڭ ئاۋۋالقى ئىشلىرى

12 سۇلايمان ئۆز ئاتىسى داۋۇدنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ، سەلتەنىتىنىڭ ئۆزى تولا مەھكەم
بولدى. 13 ئەمما خاگگىتنىڭ ئوغلى ئادونىيا سۇلايماننىڭ ئانىسى باتشېباغا باردى. ئۇ ئۇنىڭغا:
«ئامانلىق نىيىتى بىلەن كەلدىڭمۇ؟» دېدى. ئۇ ئۆزى: «تىنچ-ئامانلىق نىيىتى بىلەن
كەلدىم» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، 14 يەنە سۆز قىلىپ: «ساڭا بىر سۆزۈم بار» دېدى.
ئۇ ئۆزى: «سۆز قىلغىن» دېدى. 15 ئۇ ئېيتتى: «بىلىسەنكى، پادىشاھلىق مېنىڭكى ئىدى.
پۈتۈن ئىسرائىل مېنى ئۇ پادىشاھ بولىدۇ دەپ، ماڭا قارايتتى. لېكىن پادىشاھلىق يۆتكىلىپ،
بۇرادىرىمگە ئۆتۈپ كېتىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇنىڭكى بولدى. 16 ئەمدى ساڭا
بىر ئىلتىماسىم بار. مېنى ياندۇرمىغىن» دېدى. ئۇ ئۇنىڭغا: «ئېيتقىن» دېدى. 17 ئۇ ئېيتتى:
«سۇلايمان پادىشاھقا ئېيتقىنكى، ئۇ شۇنەملىك ئابىشاگنى ماڭا خوتۇنلۇققا بەرسۇن، چۈنكى
ساڭا ياق دېمەيدۇ» دېدى. 18 باتشېبا: «ئوبدان سەن ئۈچۈن پادىشاھقا سۆز قىلاي» دېدى.
19 باتشېبا ئادونىيا ئۈچۈن سۆز قىلغىلى سۇلايمان پادىشاھنىڭ قېشىغا كىردى. پادىشاھ قوپۇپ
ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ، تەختىگە ئولتۇرۇپ، پادىشاھنىڭ ئانىسىغا بىر كۇرسى
كەلتۈردى. ئاندىن ئۇ ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، 20 سۆز قىلىپ: «ساڭا كىچىككىنا بىر
ئىلتىماسىم بار. مېنى ياندۇرمىغىن» دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا: «ئەي ئانام ئىلتىماسىڭنى قىلغىن.
سېنى ياندۇرمايمەن» دېدى. 21 ئۇ سۆز قىلىپ: «بۇرادىرىڭ ئادونىياغا شۇنەملىك ئابىشاگنى
خوتۇنلۇققا بەرگۈزگىن» دېدى. 22 سۇلايمان پادىشاھ جاۋاب بېرىپ ئانىسىغا ئېيتتى: «نېمىشقا
ئادونىيا ئۈچۈن ئابىشاگنى سورايسەن؟ ئۇ ئاكام بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋە ئابىياتار
كاھىن بىلەن زېرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب ئۈچۈن پادىشاھلىقنى ھەم سورىمايسەنمۇ؟» دېدى.
23 سۇلايمان پادىشاھ خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتتى: «ئادونىيا شۇ سۆزنى قىلغىنى
ئۈچۈن ئۆلمىسە، خۇدا ماڭا ئۇنداق قىلسۇن، مۇنداق قىلسۇن، بەلكى ئۇنىڭدىن زىيادە
قىلسۇن. 24 مېنى ئىلغاپ ئاتام داۋۇدنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆز ۋەدىسىگە مۇۋاپىق ماڭا
بىر ئۆينى ياسىغان تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ كۈن ئادونىيا ئۆلتۈرۈلسۇن»
دېدى. 25 ئاندىن كېيىن سۇلايمان پادىشاھ يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايانى ئەۋەتتى. ئۇ ئۇنى
ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.
26 پادىشاھ ئابىياتار كاھىنغا ئېيتتى: «كېتىپ، ئاناتوتتىكى زېمىنىڭگە بارغىن. سەن ئۆلۈمگە
لايىق. لېكىن سەن رەب خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئاتام داۋۇدنىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ، ئاتامنىڭ
تارتقان ھەممە دەردىدە ئۇنىڭغا ھەمدەرد بولغىنىڭ ئۈچۈن بۇ كۈن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن.

[27] ئاندىن سۇلايمان ئابىياتارنى خۇداۋەندىنىڭ كاھىنى بولۇشتىن جۇدا قىلىپ ھەيدىۋەتتى.
شۇنىڭ بىلەن خۇداۋەندە شىلوھتا ئېلىنىڭ خانىدانى توغرىسىدىن ئېيتقان سۆز بەجا
كەلتۈرۈلدى.
[28] بۇنىڭ خەۋىرى يوئابقا يەتتى. يوئاب ئابشالومغا ئەگەشمىگەن بولسىمۇ، ئادونىياغا
ئەگەشكەنىدى. يوئاب خۇداۋەندىنىڭ چېدىرىغا قېچىپ، قۇربانگاھنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى تۇتتى.
[29] «يوئاب خۇداۋەندىنىڭ چېدىرىغا قېچىپ، قۇربانگاھنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ» دەپ سۇلايمان
پادىشاھقا خەۋەر بېرىلگەندە سۇلايمان يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايانى ئەۋەتىپ: «سەن ئۇنىڭغا
ھۇجۇم قىلىپ ئۇرغىن» دەپ ئېيتتى. [30] بەنايا خۇداۋەندىنىڭ چېدىرىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا
ئېيتتى: «پادىشاھ مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ چىقىپ كەلگىن›» دېدى. لېكىن ئۇ: «ياق، بەلكى
بۇ يەردە ئۆلەي» دېدى. بەنايا پادىشاھقا خەۋەر بېرىپ: «يوئاب ئۇنداق ئېيتىپ، ماڭا مۇنداق
جاۋاب بەردى» دەپ ئېيتتى. [31] پادىشاھ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئۇ ئۆزى دېگەندەك قىلىپ،
ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، دەپنە قىلغىن. شۇنىڭ بىلەن يوئاب تۆككەن ناھەق قاننى مەندىن
ۋە ئاتامنىڭ ئۆيىدىن كۆتۈرگەيسەن. [32] ئاتام داۋۇتتىن بىخەۋەر ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئادىلراق
ۋە ياخشىراق بولغان ئىككى كىشىنى، يەنى ئىسرائىلنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى ئابنەر بەن-
نەر بىلەن يەھۇدانىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى ئاماسا بەن-يەتەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قىلىچ بىلەن
ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن خۇداۋەندە ئۇنىڭ قېنىنى بېشىنىڭ ئۈستىگە ياندۇرسۇن. [33] ئۇلارنىڭ
قېنى يوئابنىڭ بېشى بىلەن ئۇنىڭ نەسلىنىڭ بېشىغا ئەبەدكىچە يانغاي. لېكىن داۋۇت بىلەن
نەسلىگە، ئۆيى بىلەن تەختىگە خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن ئەبەدكىچە ئامانلىق بولغاي» دېدى.
[34] يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايا چىقىپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئاندىن ئۇ چۆلدىكى ئۆز ئۆيىدە
دەپنە قىلىندى. [35] پادىشاھ ئۇنىڭ ئورنىدا يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايانى قوشۇنىنىڭ سەردارى
قىلىپ، ئابىياتارنىڭ ئورنىدا سادوقنى كاھىن قىلىپ قويدى.
[36] ئاندىن كېيىن پادىشاھ شىمىينى قىچقىرىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «يېرۇسالېمدا ئۆزۈڭگە بىر
ئۆي ياساپ، ھېچ يەرگە چىقماي ئاندا ئولتۇرغىن. [37] چۈنكى تايىن بىلگىنكى، سەن چىقىپ
قىدرون جىلغىسىدىن ئۆتكەن كۈنىدە شەكسىز ئۆلىسەن. سېنىڭ قېنىڭ ئۆز بېشىڭغا كەلسۇن»
دېدى. [38] شىمىي پادىشاھقا: «خوجام پادىشاھ ئېيتقان سۆزى ياخشىدۇر. قۇلۇڭ خوجام پادىشاھ
ئېيتقاندەك قىلىدۇ» دەپ ئۇزۇن ۋاقىتقىچە يېرۇسالېمدا ئولتۇردى.
[39] ئۈچ يىلدىن كېيىن ۋەقە بولدىكى، شىمىينىڭ ئىككى خىزمەتكارى قېچىپ، گاتنىڭ پادىشاھى
ئاكىش بەن-مائاكانىڭ قېشىغا باردى. شىمىيغا: «مانا خىزمەتكارلىرىڭ گاتتا ئىكەن» دەپ
خەۋەر بېرىلگەندە، [40] شىمىي قوپۇپ ئېشىكىنى توقۇپ، گاتقا مېڭىپ، ئۆز خىزمەتكارلىرىنى
ئىزدىگىلى ئاكىشنىڭ قېشىغا باردى. ئاندىن ئۇ يېنىپ، ئۆز خىزمەتكارلىرىنى گاتتىن ئېلىپ
كەلدى. [41] سۇلايمانغا: «شىمىي يېرۇسالېمدىن گاتقا بېرىپ كەلدى» دەپ خەۋەر بېرىلگەندە،
[42] پادىشاھ شىمىينى قىچقارتىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «سېنى خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلدۇرۇپ،
ساڭا نەسىھەت بېرىپ: ‹ تايىن بىلگىنكى، چىقىپ بىرەر يەرگە بارغان كۈنۈڭدە شەكسىز

ئۆلىسەن› دەپ ساڭا ئېيتمىدىممۇ؟ ئۆزۈڭ: ‹ مەن ئاڭلىغان سۆز ياخشىدۇر› دەپ ماڭا
ئېيتتىڭ. 43 ئۇنداق بولسا، نېمىشقا ئۆزۈڭ خۇداۋەندە بىلەن قىلغان قەسەمنى تۇتماي،
مەن ساڭا بۇيرۇغان بۇيرۇقنىمۇ تۇتمىدىڭ؟» دېدى. 44 پادىشاھ شىمېيغا يەنە سۆز قىلىپ:
«سەن ئاتام داۋۇدقا قىلغان ھەممە يامانلىقنى بىلىپ، ئۆز كۆڭلۈڭدە مەلۇم قىلىسەن. ئەمدى
خۇداۋەندە يامانلىقىڭنى ئۆز بېشىڭغا ياندۇردۇ. 45 لېكىن سۇلايمان پادىشاھ بەرىكەتلىنىپ
داۋۇدنىڭ تەختى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئەبەدكىچە مەزمۇت تۇرسۇن» دېدى. 46 پادىشاھنىڭ
بۇيرۇقى بىلەن يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايا چىقىپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. پادىشاھلىق بولسا
سۇلايماننىڭ قولىدا مەزمۇت بولدى.

## سۇلايمان خۇدادىن دانالىق سورايدۇ

3 1 سۇلايمان مىسىرنىڭ پادىشاھى فىرەۋن بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، فىرەۋننىڭ
قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، ئۆز ئوردىسىنى، خۇداۋەندىنىڭ بەيتى بىلەن يېرۇسالېمنىڭ
چۆرىسىدىكى سېپىلنى ياساپ بولغۇچىلىك ئۇنى داۋۇدنىڭ شەھىرىگە كىرگۈزۈپ ئولتۇرغۇزدى.
2 لېكىن ئۇ كۈنگىچىلىك خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىغا بىر بەيت ياسالمىغىنى ئۈچۈن خەلق
ئېگىز يەرلەردە قۇربانلىق قىلاتتى. 3 سۇلايمان خۇداۋەندىنى دوست تۇتۇپ، ئاتىسى داۋۇدنىڭ
قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلاتتى. لېكىن ئېگىز يەرلەردە قۇربانلىق قىلىپ، خۇشبۇي ئىسرىق
ياندۇراتتى.
4 پادىشاھ قۇربانلىق قىلغىلى گىبىيونغا باردى، چۈنكى ئۇ يەر ھەممىدىن چوڭ قۇربانلىق
ئېگىزلىكى ئىدى. سۇلايمان ئۇ يەردىكى قۇربانگاھتا بىر مىڭ كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقنى
ئۆتكۈزدى. 5 گىبىيوندا خۇداۋەندە سۇلايمانغا كېچىسى بىر چۈشتە كۆرۈندى. خۇدا سۆزلەپ:

«ساڭا بېرىدىغىنىمنى مەندىن سورىغىن» دەپ ئېيتتى.

6 سۇلايمان ئېيتتى:

«بەندەڭ ئاتام داۋۇد سېنىڭ ئالدىڭدا ئىشەنچلىك كۆڭۈللۈك بولۇپ، ئادىللىق قىلىپ، توغرا
بولۇپ، سەن بىلەن يۈرگىنى ئۈچۈن سەن ئۇنىڭغا چوڭ مەرھەمەت كۆرسەتتىڭ. بۇ چوڭ
مەرھەمەتنى ئۇنىڭغا ساقلاپ، بۇ كۈندىكىدەك ئۆز تەختىدە ئولتۇرغىلى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل
بەردىڭ. 7 ئەمدى ئەي تەڭرىم خۇداۋەندە، ئۆز بەندەڭنى ئاتام داۋۇدنىڭ ئورنىدا پادىشاھ قىلدىڭ.
ئەمما مەن ياش بىر يىگىت بولۇپ چىقىش-كىرىشنى بىلمەيمەن. 8 ئۆز بەندەڭ سەن ئىلغىغان
قوۋمىڭنىڭ ئارىسىدا تۇرىدۇ. ئۇ قوۋم ھېسابسىز بولۇپ، تولىلىقى ئۈچۈن سانىغىلى بولمايدۇ.

[9] ئۆز بەندەڭگە قوۋمىڭنىڭ ئۈستىدە ھاكىم بولۇپ، ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق ئەتسۇن دەپ پەملىك كۆڭۈل بەرگىن. بولمىسا كىم بۇ چوڭ قوۋمىڭغا ھاكىملىق قىلالايدۇ؟» دېدى.

[10] سۇلايماننىڭ شۇنداق نەرسىلەرنى سورىغىنى خۇداۋەندىگە ياخشى كۆرۈندى. [11] خۇدا ئۇنىڭغا ئېيتتى:

«سەن شۇنداق نەرسىلەرنى سوراپ، خاھى ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىمەي، خاھى ئۆزۈڭ ئۈچۈن دۆلەت تىلىمەي، خاھى دۈشمەنلىرىڭنىڭ جانلىرىنى سورىماي، بەلكى توغرا ھۆكۈم قىلغىلى ئۆزۈڭ ئۈچۈن پەم تالىغىنىڭ ئۈچۈن، [12] مانا سېنىڭ سۆزۈڭگە مۇۋاپىق قىلدىم. مانا ساڭا ئۇنداق دانا ۋە پەملىك كۆڭۈل بېرىمەنكى، سەندىن ئىلگىرى سېنىڭ ئوخشىشىڭ بولماي، سەندىن كېيىن ساڭا ئوخشاش بىرىمۇ قوپمايدۇ. [13] سەن تىلىمىگەن نەرسىنى ھەم ساڭا بەردىم، يەنى دۆلەت بىلەن ئىززەت بەردىم. شۇنداقكى، سېنىڭ ھەممە ئۆمرۈڭدە پادىشاھلارنىڭ ئارىسىدا ئوخشىشىڭ بولمايدۇ. [14] ئەگەر مېنىڭ يوللىرىمدا يۈرۈپ، ئاتاڭ داۋۇد قىلغاندەك قانۇن بىلەن ئەمرلىرىمنى تۇتساڭ، ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر بېرىمەن» دېدى.

[15] سۇلايمان ئويغانغاندا مانا بىر چۈش ئىكەن. ئۇ ئۆزى يېرۇسالېمغا كېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىغا كىرىپ تۇرۇپ، كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن شۈكۈر قۇربانلىقى ئۆتكۈزۈپ، ھەممە خىزمەتكارلىرىغا بىر زىياپەت قىلدى.

## سۇلايمان دانالىق بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ

[16] ئۇ ۋاقىت ئىككى جالاپ پادىشاھقا كېلىپ، ئۇنىڭ قېشىدا تۇردى. [17] خوتۇنلارنىڭ بىرى ئېيتتى: «ئەي مېنىڭ خوجام، مەن بىلەن بۇ خوتۇن بىر ئۆيدە ئولتۇرىمىز. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ، بىر بالىنى تۇغدۇم. [18] مەن بالىنى تۇغۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ خوتۇن ھەم بىر بالا تۇغدى. بىز ئىككىيلەن ئاندا ئولتۇرۇشۇپ، غەيرىي كىشى بىز بىلەن ئۆيدە يوق ئىدى. يالغۇز بىز ئىككىيلەن ئۆيدە ئىدۇق. [19] بىر كېچىدە بۇ خوتۇننىڭ بالىسى ئۆلدى، چۈنكى ئۇنى بېسىپ ئۆلتۈرگەنىدى. [20] يېرىم كېچىدە ئۇ قوپۇپ، دېدەكىڭ ئۇخلىغاندا يېنىمدىن ئوغلۇمنى تارتىپ، ئۆز قۇچىقىغا سېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلگەن بالىسىنى مېنىڭ قۇچىقىمغا سالدى. [21] ئەتىسى قوپۇپ، بالامنى ئېمىتەي دېسەم، مانا ئۆلۈك تۇرىدۇ. لېكىن ئەتىگەندە سەپسېلىپ باقسام، مانا مەن تۇغقان بالا ئەمەس ئىدى» دېدى. [22] يەنە بىر خوتۇن ئېيتتى: «ياق ئۇنداق ئەمەس. تىرىك قالغىنى مېنىڭ ئوغلۇم. ئۆلگىنى سېنىڭ ئوغلۇڭ بولىدۇ». لېكىن ئاۋۋالقىسى ئېيتتى: «ياق، لېكىن ئۆلگىنى سېنىڭ ئوغلۇڭ. تىرىك قالغىنى مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ» دەپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا تالىشىپ تۇردى.

[23] پادىشاھ ئېيتتى: «بىرى: ‹ تىرىك قالغىنى مېنىڭ ئوغلۇم، ئۆلگىنى سېنىڭ ئوغلۇڭ› دەيدۇ.
ئەمما يەنە بىرى: ‹ ياق، بەلكى ئۆلگىنى سېنىڭ ئوغلۇڭ، تىرىك قالغىنى مېنىڭ ئوغلۇم›
دەيدۇ» دېدى. [24] پادىشاھ: «ماڭا بىر قىلىچ ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ ئېيتتى. ئۇلار قىلىچنى
پادىشاھقا ئېلىپ كەلگەندە، [25] پادىشاھ ئېيتتى: «تىرىك بالىنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ،
ئىككى ھەسسە قىلىپ، يېرىمىنى ئۇنىڭغا، يەنە بىر يېرىمىنى بۇنىڭغا بېرىڭلار. [26] ئۇ ۋاقىت
تىرىك بالىنىڭ ئانىسى پادىشاھقا ئېيتتى: «ئەي خوجام، تىرىك بالىنى ھەرگىز ئۆلتۈرمەي،
ئۇنىڭغا بەرگىن» دېدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىچى ئۆز ئوغلى ئۈچۈن كۆيدى. لېكىن يەنە بىرى:
«ئۇنى خاھى مېنىڭكى خاھى سېنىڭكى قىلماي، ئوتتۇرىدىن كېسىڭلار» دېدى. [27] پادىشاھ
جاۋاب بېرىپ: «تىرىك بالىنى ئۆلتۈرمەي، ئۇ خوتۇنغا بېرىڭلار. ئۇنىڭ ئانىسى ئۇدۇر» دېدى.
[28] ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى پادىشاھ قىلغان ھۆكۈم توغرىسىدىن ئاڭلىغاندا پادىشاھتىن
قورقتى، چۈنكى ھۆكۈم قىلغىلى ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ھېكمىتى بار بولغىنىنى كۆردى.

## سۇلايماننىڭ ئەمەلدارلىرى

4 [1] سۇلايمان پادىشاھ پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە پادىشاھ ئىدى.
[2] ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئادەملىرى شۇلار،
يەنى سادوقنىڭ ئوغلى ئازاريانىڭ ئۆزى كاھىن بولۇپ،
[3] شىشانىڭ ئوغۇللىرى ئېلىخورەف بىلەن ئاخىيا كاتىپلار ئىدى.
ئاخىلۇدنىڭ ئوغلى يەھوشافات ۋەزىر بولۇپ،
[4] يەھوياداھنىڭ ئوغلى بەنايا قوشۇننىڭ ئۈستىدە ئىدى.
سادوق بىلەن ئابىياتار بولسا كاھىنلار ئىدى.

[5] ناتاننىڭ ئوغلى ئازاريا مەنسەپدارلارنىڭ ئۈستىدە بولۇپ،
ناتاننىڭ يەنە بىر ئوغلى زابۇد كاھىن بولۇپ پادىشاھنىڭ دوستى ئىدى.
[6] ئاخىشار ئوردىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ
ئابدانىڭ ئوغلى ئادونىرام باج-ئالۋاننىڭ نازارەتچىسى ئىدى.

[7] سۇلايمان بولسا پادىشاھنىڭ ئۆزىنىڭكى بىلەن ئۆيىنىڭ يېمەك-ئىچمەك توغرىسىدىن خەۋەر
ئالغىلى ئون ئىككى باش مەنسەپدارنى پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە قويدى. ھەربىرى يىلدا
ئۆز ئايىدا شۇ ھاجەتلەردىن خەۋەر ئېلىشقا قويۇلدى. [8] ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بۇ، يەنى

ئەفرائىمنىڭ تاغلىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بەن-خۇر،
9 ماقاز بىلەن شائالبىم، بەيت-شەمەش بىلەن ئېلون-بەيت-خانانىڭ ئۈستىدە تۇرغان بەن-
دەكەر،
10 ئاررۇبوت بىلەن سوكوھ ۋە پۈتۈن خەفەرنىڭ يۇرتىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بەن-خەسەد،
11 پۈتۈن نافات-دورنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۆزى سۇلايماننىڭ قىزى تافاتنى خوتۇنلۇققا ئالغان
بەن-ئابىناداب،
12 تائاناك بىلەن مەگىددونىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، يىزرەئەلنىڭ تۆۋىنىدىكى زارىتاننىڭ يېنىدا
بولغان پۈتۈن بەيت-شېئاننىڭ ئۈستىدە قويۇلۇپ بەيت-شېئاندىن تارتىپ ئابەل-مېخولا بىلەن
يوكمېئامنىڭ ئۇ تەرىپىگىچە باش بولۇپ ئۆزى ئاخىلۇدنىڭ ئوغلى بولغان بائانا.
13 گىلېيادنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ماناسسەنىڭ ئوغلى يائىرغا تەۋە يەرلىرى بولۇپ، گىلېياد
يۇرتىدا بولغان كەنتلەرنىڭ ئۈستىدە قويۇلۇپ، ئۆزى ھەم باشاندىكى ئارگوبنىڭ يۇرتى بىلەن
ئاندا بار سېپىللىك بولۇپ، مىس بالداقلىرى بىلەن ئېھاتە قىلىنغان ئاتمىش چوڭ شەھەرگىمۇ
باش قىلىنغان بەن-گېبەر،
14 ماخانائىمنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۆزى ئىددونىڭ ئوغلى بولغان ئاخىناداب،
15 نافتالىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۆزى سۇلايماننىڭ قىزى باسماتنى خوتۇنلۇققا ئالغان
ئاخىمائاز،
16 ئاشەر بىلەن بېئالوتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۆزى خۇشاينىڭ ئوغلى بولغان بائانا،
17 ئىسساكارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۆزى پارۇئاھنىڭ ئوغلى بولغان يەھوشافات،
18 بىنيامىننىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۆزى ئېلانىڭ ئوغلى بولغان شىمېي،
19 ئامورىيلارنىڭ پادىشاھى سىخون بىلەن باشاننىڭ پادىشاھى ئوگقا تەۋە بولغان گىلېياد
يۇرتىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۆزى ئۇرىنىڭ ئوغلى بولغان گېبەر ئىدى. مەزكۇرلار بولسا يۇرتنىڭ
يالغۇز بىر باش مەنسەپدارىنىڭ تېگىدە ئىدى.

20 يەھۇدا بىلەن ئىسرائىلنىڭ توللىقى دېڭىزنىڭ چېتىدىكى قۇم دانلىرىنىڭ توللىقىدەك
ئىدى. ئۇلار بولسا يەپ-ئىچىپ خۇشلۇق قىلاتتى.

## سۇلايماننىڭ دۆلىتى ۋە شۆھرىتى

5 1 سۇلايمان بولسا دەريادىن تارتىپ فىلىستىيلەرنىڭ يۇرتى بىلەن مىسىرنىڭ
چېگرىسىغىچە ھەممە مەملىكەتلەرنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلاتتى. ئۇلار تارتۇق
كەلتۈرۈپ، سۇلايمانغا ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە خىزمەت قىلاتتى. 2 سۇلايماننىڭ ئۆيىگە ھەر

كۈندە يەپ-ئىچمەك ئۈچۈن ئوتتۇز كور تاسقىغان ئۇن، ئاتمىش كور رەسمىيچە ئۇن، [3] ئون
بوردىغان ئۆي، يايلاقتىن ئېلىنغان يىگىرمە ئۆي ۋە يۈز قوي لازىم ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا بۇغا،
كېيىك ۋە كىچىك بۇغىلار كېرەك بولۇپ بوردىغان توخۇلار ھەم لازىم كېلەتتى. [4] چۈنكى ئۇ ئۆزى
تىفساھتىن تارتىپ گازاغىچە دەريانىڭ بۇ تەرىپىدىكى ھەممە يۇرتلارنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت
قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى ھەممە تەرەپلەر تىنچ ئىدى. [5] شۇنداقكى، سۇلايماننىڭ پۈتۈن
ئۆمرىدە داندىن تارتىپ بەرشېباغىچە يەھۇدا بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەربىرى ئۆز
ئۈزۈم تېلى بىلەن ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تېگىدە ئامان-ئېسەن ئولتۇراتتى.
[6] سۇلايماننىڭ قىرىق مىڭ قوشما هارۋا ئاتلىرىنىڭ ئېغىللىرى بولۇپ، ئون ئىككى مىڭ
ئاتلىق بار ئىدى. [7] مەزكۇر باش مەنسەپدارلىرىنىڭ ھەربىرى ئۆز ئايىدا سۇلايمان پادىشاھقا
ۋە ئۇنىڭ داستىخىنىغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە لازىم بولىدىغان يەپ-ئىچكۈلۈكتىن ھېچ
نەرسە كەم بولمىغۇدەك خەۋەر ئالاتتى. [8] خەلقنىڭ ئۆزى ھەربىرىگە بۇيرۇلغاندەك ئاتلار بىلەن
ئارغىماقلار ئۈچۈن ئارپا بىلەن سامان باش مەنسەپدارلار بار يەرگە ئېلىپ كېلەتتى.
[9] خۇدا سۇلايمانغا ناھايىتى كۆپ ھېكمەت بىلەن پەم ئاتا قىلىپ، دېڭىزنىڭ چېتىدىكى قۇمدەك
كۆڭۈل كەڭلىكىنى بەردى. [10] شۇنداقكى، سۇلايماننىڭ ھېكمىتى ھەممە شەرقتىكىلەرنىڭ
ھېكمىتىدىن ئېشىپ، مىسىردىكىلەرنىڭ ھېكمىتىدىن زىيادە ئىدى. [11] ئۇ ھەممە باشقا
ئادەملەردىن دانا بولۇپ، ئەزراھلىق ئېتاندىن ۋە ماخولنىڭ ئوغۇللىرى ھېمان، كالكول ۋە داردا
دېگەنلەردىن دانا ئىدى. ئۇنىڭ شۆھرىتى چۆرىسىدىكى ھەممە خەلقنىڭ ئارىسىدا يېيىلدى.
[12] ئۇ ئۆزى ئۈچ مىڭ تەمسىل سۆزى چىقاردى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى بىر مىڭ بەش ئىدى.
[13] لىۋاندىكى كېدىر دەرىخىدىن تارتىپ تامدىن چىققان زۇپا گىياھىغىچە دەرەخ گىياھلارنى بايان
قىلاتتى. ئۇ ھەم ھايۋانلارنى، ئۇچارقاناتلارنى، ئۆمىلەيدىغان جانىۋارلارنى ۋە بېلىقلارنى بايان
قىلاتتى. [14] سۇلايماننىڭ ھېكمىتىنى ئاڭلايلى دەپ، ھەممە خەلقلەردىن ئادەملەر كېلىپ، ئۇنىڭ
ھېكمىتىنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلىغان يەر يۈزىدىكى ھەممە پادىشاھلاردىن كىشىلەر كېلەتتى.

## خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ياساشقا تەييارلىق قىلىنىدۇ

[15] تىرنىڭ پادىشاھى خىرام: «ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا سۇلايماننى پادىشاھ بولغىلى
مەسىھلىدى» دەپ ئاڭلاپ، ئۆز خىزمەتكارلىرىنى سۇلايماننىڭ قېشىغا ئەۋەتتى، چۈنكى خىرام
ھەمىشە داۋۇدنىڭ دوستى بولغانىدى. [16] سۇلايمان خىرامغا سۆز ئەۋەتىپ ئېيتقۇزدىكى:
[17] «ئۆزۈڭ بىلىسەنكى، ئاتام داۋۇد چۆرىسىدىكى جەڭلەر ئۈچۈن ئۆز تەڭرى خۇداۋەندىنىڭ
ئىسمىغا بىر بەيت ياسىيالمىدى. لېكىن خۇداۋەندە ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى پۇتى ئاستىغا قويىدى.
[18] ئەمدى تەڭرىم خۇداۋەندە ھەممە تەرەپتىن ماڭا ئارام بەردى. ھېچ زىت تۇرغۇچى ھېچبىر بالا
يوقتۇر. [19] ئۇنىڭ ئۈچۈن تەڭرىم خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىغا بىر بەيت ياساي دەپ، نىيەت قىلدىم.
خۇداۋەندە ھەم ئاتام داۋۇدقا سۆز قىلىپ: ‹ مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا ئۆز تەختىڭگە ئولتۇرغۇزىدىغان

ئوغلۇڭ مېنىڭ ئىسمىمغا بىر بەيت ياسايدۇ› دەپ ئېيتقانىدى. [20] ئەمدى لىۋاندا ماڭا كېدىر
دەرەخلىرى كەستۈرگىن. مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم سېنىڭ خىزمەتكارلىرىڭغا ھەمدەم بولۇپ
تۇرسۇن. سەن توختىتىدىغىنىڭغا مۇۋاپىق خىزمەتكارلىرىڭنىڭ ئەجرىنى بەلگىلەپ ساڭا
تۆلەيمەن. بىلىسەنكى، ھېچكىم سىدونىيلاردەك دەرەخ كەسكىلى ئۇستا ئەمەس» دېدى.
[21] خىرام سۇلايماننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا تولا خۇش بولۇپ ئېيتتى: «بۇ چوڭ خەلققە سەلتەنەت
قىلغىلى داۋۇدقا ئۇنداق دانا ئوغۇل بەرگەن خۇداۋەندىگە بۇ كۈن ھەمدۇسانا بولغاي» دېدى.
[22] خىرام سۇلايمانغا كىشى ئەۋەتىپ ئېيتقۇزدىكى: «سەن ماڭا ئەۋەتكەن خەۋەرنى ئاڭلاپ،
قوبۇل تۇتتۇم. كېدىر ياغىچى بىلەن قارىغاي ياغىچى توغرىسىدىن سورىغىنىڭنىڭ ھەممىسىنى
قىلىمەن. [23] مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم ياغاچنى لىۋاندىن دېڭىزغا كەلتۈرگەندە مەن سال باغلاپ،
دېڭىز بىلەن سەن ماڭا دېگەن يەرگە ئەۋەتىپ، قۇرۇقلۇققا سالدۇرىمەن. ئۇ يەردە سەن ياغاچنى
تاپشۇرۇۋالغايسەن. سەن ھەم سورىغىنىمنى قىلىپ، ئۆي خەلقىمگە يېگۈلۈكنى بەرگەيسەن»
دېدى.
[24] خىرام سۇلايمانغا ئۇنىڭ خالىغىنىدەك كېدىر ياغىچى بىلەن قارىغاي ياغىچىنى بەردى.
[25] سۇلايمان خىرامغا يىگىرمە مىڭ كور بۇغداي، يىگىرمە كور زەيتۇن يېغىنى ئۇنىڭ ئۆي
خەلقىنىڭ يېگۈلۈكى ئۈچۈن ئەۋەتتى. ھەر يىل سۇلايمان خىرامغا شۇنچىلىك بېرەتتى.
[26] خۇداۋەندە سۇلايمانغا ۋەدە قىلغاندەك ئۇنىڭغا ھېكمەت بەرگەنىدى. خىرام بىلەن سۇلايماننىڭ
ئارىسىدا دوستلۇق بولۇپ ئىككىلىسى ئەھدە باغلاشتى.
[27] سۇلايمان پادىشاھ پۈتۈن ئىسرائىلدىن ئىشلىگۈچىلەرنى ھاشارغا تۇتاتتى ۋە
ئىشلىگۈچىلەرنىڭ سانى ئوتتۇز مىڭ ئىدى. [28] بۇلارنى نۆۋەت بىلەن ھەر ئايدا ئون مىڭنى
لىۋانغا ئەۋەتەتتى. شۇنداقكى، ئۇلار بىر ئاي لىۋاندا تۇرۇپ، ئىككى ئاي ئۆيدە تۇراتتى.
ئادونىرام بۇ ئىشلارنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. [29] سۇلايماننىڭ يەتمىش مىڭ يۈك كۆتۈرگۈچىسى
بولۇپ، تاغلاردا سەكسەن مىڭ تاش كېسىدىغان ھۈنەرۋەنلىرى بار ئىدى. [30] سۇلايمان ئىشنىڭ
ئۈستىدە قويغان مەنسەپدارلاردىن باشقا ئىشلەيدىغان خەلقنىڭ ئۈستىدە ئۈچ مىڭ ئۈچ يۈز
نازارەتچى تۇراتتى. [31] پادىشاھ بۇيرۇغاندەك: بەيتنىڭ ئۇلى يونۇلغان تاشتىن سېلىنسۇن
دەپ، ئۇلار چوڭ ۋە قىممەت تاشلارنى كېسىپ كەلتۈردى. [32] سۇلايماننىڭ تامچىلىرى بىلەن
خىرامنىڭ تامچىلىرى ۋە گىبلىيلار قوشۇلۇپ ئۆينى ياسىماق ئۈچۈن، ھەم ياغاچنى، ھەم
تاشلارنى راستلاپ قويدى.

## خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ قۇرۇلۇشى

6 [1] بەنى-ئىسرائىل مىسىردىن چىققاندىن تارتىپ تۆت يۈز سەكسىنىنچى يىلى سۇلايماننىڭ
ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدىكى سەلتەنەتىنىڭ تۆتىنچى يىلىنىڭ ئىككىنچى ئايىدا، يەنى زىۋ

ئايىدا ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ياسىغىلى باشلىدى. [2] سۇلايمان پادىشاھ خۇداۋەندىگە
ياسىغان بەيتنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاتمىش گەز، توغرىسى يىگىرمە گەز ۋە ئېگىزلىكى ئوتتۇز گەز
ئىدى. [3] بەيتنىڭ ئالدىدىكى ئايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى بەيتنىڭ توغرىسى بىلەن باراۋەر بولۇپ،
يىگىرمە گەز ئىدى. بەيتنىڭ ئالدىدىكى شۇ ئايۋاننىڭ توغرىسى ئون گەز ئىدى. [4] ئۇ بەيتكە
پەنجىرىلەرمۇ سالدى. پەنجىرىلەر يېپىقلىق بولۇپ، يازىلىرى خادىدىن ياسالغانىدى. [5] بەيتنىڭ
چۆرىسىدە تېمىنى ياندىغان بىر تاشقىرىقى ئىمارەتنى ياسىدى. شۇ ئۆزى بەيتنىڭ تاملىرىنىڭ
چۆرىسىدە سېلىنىپ، ھەم مۇقەددەس-خانىنى ھەم ھەممىدىن مۇقەددەس-خانىنى ياندىغانىدى.
بۇ ئىمارەتنىڭ ئىچىدە بەيتنىڭ چۆرىسىدە ھۇجرىلار ياسىدى. [6] تاشقىرىقى ئىمارەتنىڭ تۆۋەنكى
قەۋىتىنىڭ توغرىسى بەش گەز، ئوتتۇرا قەۋەتنىڭ توغرىسى ئالتە گەز ۋە ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ
توغرىسى يەتتە گەز ئىدى، چۈنكى بەيتنىڭ تاملىرىدا جەگىلىرى ئۈچۈن تۆشۈك قىلماق لازىم
كەلمىگەي دەپ، بەيتنىڭ تاملىرىنىڭ تاشقىرىقى تەرەپلىرىدە تەكچىلەر قىلغانىدى. [7] بەيت
ياسالغاندا ئېلىپ كەلمەستە تەييار قىلىنغان تاشلاردىن بىنا قىلىندى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى
ياسىغان ۋاقتىدا بولقا يا پالتا يا باشقا تۆمۈر ئەسۋابلىرىنىڭ ئاۋازى ئاندا ئاڭلانمايتتى.
[8] ئوتتۇرا ھۇجرىنىڭ ئىشىكى بەيتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولۇپ، بىر يۆمىلاق پەلەمپەي بىلەن
ئوتتۇرا قەۋەتكە ۋە ئوتتۇرا قەۋەتتىن ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىلاتتى. [9] بۇ تەرىقىدە ئۇ بەيتنى
ياساپ تەييار قىلدى. بەيتنىڭ ئىچىنى تاختىلار ۋە كېدىر ياغىچى بىلەن قاپلىدى. [10] بەيتنىڭ
چۆرىسىدىكى تاشقىرىقى ئىمارەتنىڭ قەۋەتلىرىنىڭ ئېگىزلىكىنى بەش گەزدىن قىلدى. شۇ
ئىمارەت كېدىر جەگىلىرى بىلەن بەيتكە تۇتىشقلىق ئىدى.
[11] خۇداۋەندىنىڭ سۆزى سۇلايمانغا كېلىپ شۇنداق ئېيتتىكى: [12] «سەن ماڭا ياساپ تۇرغان
بەيت بولسا شۇنداقكى، ئەگەر سەن قانۇنلىرىمغا مۇۋاپىق يۈرۈپ، ئەھكامىمنى تۇتۇپ،
ئەمرلىرىمنى ساقلاپ ئۇلارغا مۇۋاپىق يۈرسەڭ، مەن ئاتاڭ داۋۇدقا ئېيتقان سۆزۈمنى سەن
توغرۇلۇق بەجا كەلتۈرۈپ، [13] بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئارىسىدا ماكان تۇتۇپ، ئۆز قوۋمىم
ئىسرائىلنى تاشلىمايمەن» دېدى.
[14] سۇلايمان بەيتنى ياساپ تەييار قىلدى. [15] تاملارنىڭ ئىچ تەرىپىنى كېدىر تاختىلىرى بىلەن
قاپلىدى. بەيتنىڭ ئىچىنى تېگىدىن تارتىپ تورۇسىغىچە ياغاچ بىلەن قاپلاپ، تېگىنى قارىغاي
تاختىلىرى بىلەن ياپتى. [16] ئۇزۇنلىقى يىگىرمە گەز بولغان ئىچكىركى خانىنى تېگىدىن تارتىپ
تورۇسىغىچە كېدىر تاختىلىرى بىلەن قاپلىدى. ئىچكىركى خانىنى ئۆزىگە بىر ئىلھامگاھ،
يەنى ھەممىدىن مۇقەددەس خانا قىلدى. [17] ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۆي، يەنى مۇقەددەس-خانىنىڭ
ئۇزۇنلۇقى قىرىق گەز ئىدى. [18] ئۆيىنىڭ ئىچى قاپاق بىلەن ئېچىلغان گۈللەرنىڭ سۈرىتىدە
نەقىش قىلىنغان كېدىر تاختىلىرى بىلەن شۇنداق قاپلانغان ئىدىكى، ھېچ تاش كۆرۈنمەيتتى.
[19] بەيتنىڭ ئىچكىرىدە خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئاندا قويماق ئۈچۈن ئىلھامگاھنى
تەييار قىلدى.

[20] ئۇزۇنلىقى يىگىرمە گەز، توغرىسى يىگىرمە گەز، ئېگىزلىكى يىگىرمە گەز بولغان
ئىلھامگاھنى ساپ ئالتۇندىن قاپلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا كېدىر ياغىچى بىلەن قاپلانغان بىر
قۇربانگاھنى سالدى. [21] بەيتنىڭ ئىچى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، ئىلھامگاھنىڭ ئالدىدا
ئالتۇن زەنجىرلىرىدىن بىر توسالغۇنى قىلدى. ئىلھامگاھنى ھەم ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. [22] بۇ
تەرىقىدە پۈتۈن بەيتنى ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. شۇنداقكى، پۈتۈن بەيتنىڭ ئىچى ئالتۇن بىلەن
قاپلاقلىق بولدى. ئىلھامگاھقا تەئەللۇق بولغان قۇربانگاھنى ھەم ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.
[23] ئۇ ئۆزى زەيتۇن ياغىچىدىن ئىككى كېرۇبنىڭ سۈرىتىنى قىلدۇرۇپ، ئىلھامگاھتا
سالدى. بىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئون گەز ئىدى. [24] بىر كېرۇبنىڭ بىر قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى
بەش گەز ۋە كېرۇبنىڭ يەنە بىر قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەم بەش گەز ئىدى. شۇنداقكى، بىر
قانىتىنىڭ ئۇچىدىن يەنە بىر قانىتىنىڭ ئۇچىغىچە ئون گەز ئىدى. [25] يەنە بىر كېرۇبنىڭ
ئېگىزلىكى ھەم ئون گەز ئىدى. ئىككى كېرۇبنىڭ ئۆلچىمى بىلەن سۈرىتى ئوخشاش ئىدى.
[26] بىر كېرۇبنىڭ ئېگىزلىكى ئون گەز بولۇپ، يەنە بىر كېرۇبنىڭكى ھەم شۇنداق ئىدى.
[27] كېرۇبلارنى ئىچكىرىكى خانىدا قويدى. كېرۇبلار بولسا قاناتلىرىنى يېيىپ تۇردى. شۇنداقكى،
بىرىنىڭ قانىتى بىر تامغا تەگكۈزۈپ، ئىككىنچى كېرۇبنىڭ قانىتى يەنە بىر تامغا تەگكۈزۈپ،
ئىككىلىسىنىڭ قاناتلىرى خانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە يېتىشىپ تۇردى. [28] ئۇ ئۆزى
كېرۇبلارنى ئالتۇن بىلەن قاپلاتتى.
[29] بەيتنىڭ ھەممە تاملىرىنىڭ ئىچ چۆرىسىنى كېرۇب بىلەن خورما دەرەخلەرنىڭ سۈرەتلىرى
ۋە ئېچىلغان گۈللەرنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن نەقىش قىلدى. ھەم ئىچكىرىكى خانىنى ۋە ھەم
تاشقىرىقى خانىنى شۇنداق زىننەتلىدى. [30] بەيتنىڭ تېگىنى، ھەم ئىچكىرىكى خانىدا،
ھەم تاشقىرىقى خانىدا ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. [31] ئىلھامگاھقا كىرىدىغان جايدا زەيتۇن
ياغىچىدىن ئېتىلگەن قوش قاناتلىق ئىشىكلەر سالدى. ئىشىكنىڭ كېشىكى بەش چاسا ئىدى.
[32] زەيتۇن ياغىچىدىن ئېتىلگەن ئۇ قوش قاناتلىق ئىشىكنى كېرۇبلار، خورما دەرەخلەر ۋە
ئېچىلغان گۈللەر بىلەن نەقىش قىلىپ زىننەتلەپ، ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، كېرۇب بىلەن خورما
دەرەخلىرىنىڭ سۈرەتلىرىگە ئورنىتىپ قويدى. [33] بەيتنىڭ ئىشىكلىرىگە زەيتۇن ياغىچىدىن
ئېتىپ، تۆت چاسىنىڭ سۈرىتىدە بولغان كېشەكلەر سېلىپ، [34] قارىغاي ياغىچىدىن ئىككى
ئىشك ياسىدى. بۇ ئىككى ئىشىكنىڭ ھەربىرى ئىككى قاناتلىق بولۇپ، قاناتلىرى قاتلىنىپ
يېپىلىپ-ئېچىلاتتى. [35] ئۇلارنى كېرۇبلار، خورما دەرەخلەر ۋە ئېچىلغان گۈللەر بىلەن نەقىش
قىلىپ، ئالتۇن بىلەن قاپلاپ، نەقىش سۈرەتلىرىنىڭ ئۈستىدە ئورناتتى.
[36] ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ تېمىنى ئۈچ قات يونۇلغان تاش بىلەن بىر قات يونۇلغان كېدىر
خادىلىرىدىن ياسىدى.
[37] تۆتىنچى يىلىدا زىۋ ئايىدا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئۇلى سېلىنىدى [38] ۋە ئون بىرىنچى
يىلىدا بۇل ئايىدا، يەنى سەككىزىنچى ئايدا بەيتنىڭ ھېچ نەرسىسى قالماي، نۇسخىسىغا
مۇۋاپىق تامام تەييار بولدى. ئۇ ئۇنى يەتتە يىلدا ياساپ بولدى.

## سۇلايماننىڭ ئوردىسى

7 [1] ئەمما سۇلايمان ئۆز ئوردىسىنى ئون ئۈچ يىلدا ياساپ تۇرۇپ، ئوردىسىنى تامام قىلدى.
[2] لىۋان جاڭگىلىنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان ئۆيىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى يۈز گەز، توغرىسىنى
ئەللىك گەز ۋە ئېگىزلىكىنى ئوتتۇز گەز قىلدى. كېدىر ياغىچىدىن تۆت قاتار تۈۋرۈك قىلىپ،
تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىدە كېدىر خادىلىرى سالدى. [3] تۈۋرۈكلەرنىڭ تۆپىسىدىكى ھۇجرىلارنىڭ
ئۆگزىسى كېدىر ياغىچىدىن ئىدى. تۈۋرۈكلەرنىڭ سانى قىرىق بەش بولۇپ، ھەر قاتاردا ئون
بەشتىن ئىدى. [4] ئۇنىڭ ئۈچ قەۋەت جەگلىرى بار ئىدى. بىر-بىرىنىڭ ئۇتتۇرىدا سېلىنغان
ئۈچ قاتار پەنجىرىلىرى ھەم بار ئىدى. [5] ھەممە ئىشىك بىلەن كېشەكلەر خادىلاردىن قىلىنىپ،
تۆت چاسا ئىدى. پەنجىرىلەر قاتار بولۇپ بىر-بىرىنىڭ ئۇتتۇرىدا ئىدى. [6] تۈۋرۈكلۈك ئايۋاننىڭ
ئۇزۇنلۇقىنى ئەللىك گەز، توغرىسىنى ئوتتۇز گەز قىلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە بىر ئايۋاننى
ياساپ، بۇنىڭ ئالدىدا تۈۋرۈكلەر بىلەن پەلەمپەي سالدى. [7] ئاندىن كېيىن تەخت ئۈچۈن بىر
ئايۋاننى، يەنى ھۆكۈمەت ئايۋاننى ياسىدى. شۇ ئۆزى ھۆكۈم سۈرىدىغان جاي ئىدى. ئۇ ئايۋان
تېگىدىن تورۇسىغىچە كېدىر ياغىچى بىلەن قاپلانغانىدى. [8] ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئۆيى يەنە
بىر ھويلىدە سېلىنىپ مەزكۇر ئۆيگە ئوخشاش قىلىندى. سۇلايمان ئۆزى پىرەۋننىڭ قىزى
بولغان خوتۇنىغا شۇ ئايۋانغا ئوخشاش بىر ئۆينى ياساپ بەردى. [9] بۇنىڭ ھەممىسى ئۇلىدىن
تارتىپ ئۆگزىگىچە قىممەت تاشلاردىن ياسالغانىدى. بۇ تاشلار تايىن ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق
قىلىنىپ، ھەم ئىچ، ھەم تاش يۈزى ھەرە بىلەن كېسىلگەنىدى. تاشقىرىدىكى ھەممىسى تا
ھويلىنىڭ چوڭ تېمىغىچە ھەم شۇنداق تاشلار بىلەن ياسالغانىدى. [10] ئۇل ئۆزى چوڭ ۋە
قىممەت تاشلاردىن قىلىنغانىدى. ئۇ تاشلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون گەزدىن سەككىز گەزدىن ئىدى.
[11] ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قىممەت تاشلار، يەنى تايىن مىقدارغا مۇۋاپىق يونۇلغان تاشلار بېكىتىلىپ
كېدىر خادىلىرى سېلىنغانىدى. [12] چوڭ ھويلىنىڭ چۆرىسىدىكى تام ئۈچ قات يونۇلغان تاشتىن
ۋە بىر قات يونۇلغان كېدىر خادىلىرىدىن ياسالغانىدى. خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىچكىركى
ھويلىسىنىڭ تېمى ۋە ھەم بەيتىنىڭ ئايۋانى شۇنداق ياسالغانىدى.

## ئۇستا مىسكەر خىرامنىڭ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىكى ئىشلىرى

[13] سۇلايمان پادىشاھ تىردىن خىرامنى كەلتۈردى. [14] بۇ كىشى نافتالى قەبىلىسىدىن بولغان
بىر تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى تىرلىق بىر مىسكەر ئىدى. خىرام تولا ھوشيار
پەملىك بولۇپ، ھەممە مىسكەرلىك ھۈنىرىدە ئۇستا ئىدى. ئۇ سۇلايمان پادىشاھنىڭ قېشىغا
كېلىپ، ئۇنىڭ ھەممە شۇنداق ئىشىنى قىلدى.
[15] ئۇ ئۆزى مىستىن ئىككى تۈۋرۈكنى تەييار قىلدى. ھەربىر تۈۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون سەككىز
گەزلىك بولۇپ، ئون ئىككى گەزلىك شوينا ھەربىر تۈۋرۈكنىڭ چۆرىسىنى چاغلىغىلى كەتتى.
[16] بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىدە قويماق ئۈچۈن مىستىن ئىككى تاجنى ياساپ قويدى. بىر تاجنىڭ

ئېگىزلىكى بەش گەز، يەنە بىر تاجنىڭ ئېگىزلىكى ھەم بەش گەز ئىدى. [17] تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىدە قويۇلغان تاجلار تورغا ئوخشاش زىننەتلەر ۋە زەنجىرلەردىن ياسالغان ھالقىلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. بىر تاجنىڭ يەتتە قەۋەت شۇنداق زىننەتلىرى بار ئىدى. يەنە بىر تاجنىڭ ھەم شۇنداق يەتتە قەۋەت زىننەتلىرى بار ئىدى. [18] بۇ تۈۋرۈكلەرنى شۇنداق ياسىدىكى، ئانار سۈرەتلىرىنىڭ تۆپىسىدىكى تاجنى ياپقان زىننەتلەرنىڭ بىر قەۋىتىنىڭ چۆرىسىگە ئىككى زىننەتلىك ھالقىنى باغلىدى. ۋە يەنە بىر تاجنى ھەم شۇنداق زىننەتلىدى. [19] ئايۋاندىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ تاجلىرى نىلۇپەرنىڭ سۈرىتىدە قىلىنىپ، ئېگىزلىكى تۆت گەزدىن ئىدى. [20] بۇ ئىككى تۈۋرۈكلەرنىڭ تاجلىرىدا قۇببىغا ئوخشاش بولغان ھەسسىسىنىڭ ئۈستىدە تور زىننىتىنى ياندىغان قۇيما ئانار سۈرەتلىرى بار ئىدى. يەنە بىر تاجنىڭ چۆرىسىدە ئانار قاتار-قاتار بولۇپ، سانى ئىككى يۈز ئىدى. [21] تۈۋرۈكلەرنى بەيتنىڭ ئايۋانىدا تۇرغۇزدى. ئوڭ تەرىپىدە قويغان تۈۋرۈكنىڭ ئىسمىنى ياكىن دەپ ئاتاپ، چەپ تەرىپىدىكى تۈۋرۈكنىڭ ئىسمىنى بوئاز دەپ ئاتىدى. [22] تۈۋرۈكلەرنىڭ تۆپىسى نىلۇپەر سۈرىتىدە قىلىنغانىدى. بۇنىڭ بىلەن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئىشى تەييار بولدى.

[23] ئۇ ئۆزى مىستىن بىر كۆل ھەم قۇيدى. ئۇنىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە ئون گەز كېلەر-ئىدى. ئۇنىڭ چۆرىسى تامام يۇمىلاق بولۇپ ئېگىزلىكى بەش گەز ئىدى. ئۇنىڭ چۆرىسىنى چاغلىغىلى ئوتتۇز گەزلىك بىر شوينا كەتتى. [24] ئۇنىڭ چۆرىسىدە لەۋنىڭ تېگىدە قاپاقلارنىڭ سۈرىتىدە بولغان زىننەتلەر قىلىنغانىدى. بۇلار كۆلنىڭ چۆرىسىدە ھەربىر گەز ئۆلچىمىدە ئوندىن قويۇلغانىدى. قاپاق سۈرەتلىرى ئىككى قاتار قويۇلۇپ، كۆل بىلەن باراۋەر قۇيۇلغانىدى. [25] مىس كۆلى ئون ئىككى ئۇي سۈرىتىنىڭ ئۈستىدە تۇردى. بۇلارنىڭ ئۈچى شىمال تەرىپىگە، ئۈچى جەنۇب تەرىپىگە، ئۈچى غەرب تەرىپىگە ۋە ئۈچى شەرق تەرىپىگە يۈزلەنگەنىدى. بۇلارنىڭ ئۈستىدە مىس كۆلى سېلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسى ئىچ تەرىپىگە ئىدى. [26] مىسنىڭ قېلىنلىقى قول توغرىسىنىڭ مىقدارىچە بولۇپ كۆلنىڭ لېۋى پىيالىنىڭ لېۋىدەك قىلىنىپ شەكلى ئېچىلغان نىلۇپەردەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىدە ئىككى مىڭ بات سۇ كەملىنەتتى.

[27] بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى مىستىن ئون داس تەگلىكى ئېتىپ قويدى. ھەربىر تەگلىكى ئۇزۇنلۇقى تۆت گەز، توغرىسى ھەم تۆت گەز بولۇپ ئېگىزلىكى ئۈچ گەز ئىدى. [28] شۇ داس تەگلىكلىرى شۇنداق ياسالغانىدىكى، ئۇلارنىڭ يانلىرىدا بىردىن گىرۋەك بار ئىدى. بۇلار جازىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورنىتىلغانىدى. [29] جازىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گىرۋەكلەردە ۋە ھەم جازىلارنىڭ ئۈست تەرىپىدە شىر، بۇقا ۋە كېرۇبلارنىڭ سۈرەتلىرى بار ئىدى. شىر بىلەن بۇقا سۈرەتلىرىنىڭ تۆۋىنىدە زۇنناردەك ساڭگىلاپ تۇرغان گۈل سۈرەتلىرى بار ئىدى. [30] ھەربىر داس تەگلىكىنىڭ مىستىن ئېتىلگەن ئوقلىرى بار تۆت مىس چاقلىرى بار ئىدى. داس تەگلىكىنىڭ تۆت پۇتىنىڭ بىردىن بىردىن دىيىكى بار ئىدى. بۇ دىيەكلەر داسنىڭ تېگىدە

تۇرماق ئۈچۈن قويۇلغانىدى. ۋە ھەربىرىنىڭ ئوتتۇرىدا گۈل ھالقىلىرى نەقىش قىلىنغانىدى.
[31] داس تەگلىكىنىڭ ئاغزى ئۆزىنىڭ كانارىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، كانارىنىڭ ئۆزى ئاستىدىن
ئۈستۈنگىچە بىر گەز ئۆلچىمى كېلىپ، ئاغزى يۇمىلاق بولۇپ، داسقا مۇۋاپىق قىلىنىپ
توغرىسى بىر يېرىم گەز ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدا ھەم نەقىش زىننەتلىرى بار ئىدى. لېكىن
گىرۋەكلىرى يۇمىلاق بولماي، تۆت چاسا ئىدى. [32] تۆت چېقى گىرۋەكلەرنىڭ تۆۋىنىدە بولۇپ
ئوقلىرى بىلەن داس تەگلىكىگە بېكىتىلگەنىدى. ھەر چاقنىڭ ئېگىزلىكى بىر يېرىم گەز
ئىدى. [33] چاقلار ھارۋا چاقلىرىدەك قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ ئوقلىرى، قازانلىرى، قاسقانلىرى
ۋە تىرەكلىرىنىڭ ھەممىسى قۇيۇلغانىدى. [34] ھەربىر داس تەگلىكىنىڭ بۇرجەكلىرىدە
بىردىن تۆت دېىكى بولۇپ، بۇ دېىەكلەر داس تەگلىكى بىلەن بىر قۇيۇلغانىدى. [35] ھەربىر
داس تەگلىكىنىڭ ئۈستىدە يېرىم گەز ئېگىز بىر يۇمىلاق دائىرە بار ئىدى ۋە ھەربىر داس
تەگلىكىنىڭ ئۈستىدىكى دېىەكلىرى بىلەن گىرۋەكلىرى دائىرە بىلەن بىر قىلىنغانىدى. [36] ئۇ
ئۆزى دېىەكلەرنىڭ بىلەن گىرۋەكلەرنىڭ تاختايلىرىدا كېرۇب، شىر ۋە خورما دەرەخلىرىنىڭ
سۈرەتلىرىنى پاتقۇچىلىك ھەربىرىدە نەقىش قىلىپ، چۆرىسىدە گۈل ھالقىلىرى ھەم نەقىش
قىلدى. [37] شۇ تەرىقىدە ھەممە ئون داس تەگلىكىنى تەييار قىلدى. ھەممىسى بىر نۇسخىدا
قويۇلۇپ ئۆلچىمى بىلەن شەكىل سۈرىتى بىر ئىدى.
[38] ئۇ ئۆزى مىستىن ئون داسنى ئېتىپ قويدى. ھەربىر داسقا قىرىق بات كەملىنىپ، ھەربىر
داسنىڭ توغرىسى تۆت گەز ئىدى. ئون داس تەگلىكىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن داسنى قىلدى.
[39] بەش داس تەگلىكىنى بەيتنىڭ ئوڭ يېنىدا ۋە بەشنى بەيتنىڭ چەپ يېنىدا قويۇپ، مىس
كۆلنى بەيتنىڭ ئوڭ يېنىدا شەرق-جەنۇب تەرىپىدە قويدى. [40] خىرام شۇ داسلارنى ئېتىپ،
گۈرجەك بىلەن قاچىلارنىمۇ ئېتىپ تەييار قىلدى. خىرام ھەممىسىنى شۇنداق قىلىپ، سۇلايمان
پادىشاھ ئۇنىڭغا خۇداۋەندىنىڭ بەيتى ئۈچۈن بۇيرۇغان ئىشنى پۈتكۈزدى.
[41] ئۇ ئۆزى ئىككى تۈۋرۈكنى ياساپ، ئۇ ئىككى تۈۋرۈكنىڭ تۆپىسىدىكى يۇمىلاق تاجلارنى
ئېتىپ، ئىككى تۈۋرۈكلەرنىڭ تۆپىسىدىكى تاجلارنى ياپىدىغان تور زىننەتلىرىنى قىلدى. [42] ئۇ
ئىككى تور زىننەتلىرى ئۈچۈن تۆت يۈز ئانار سۈرەتلىرىنى قىلىپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ تۆپىسىدىكى
ئىككى يۇمىلاق تاجلارنى ياپقىلى ھەربىر تور زىننىتى ئۈچۈن ئىككى قاتار ئانار سۈرەتلىرىنى
قويدى. [43] ئۇ ھەم ئون داس تەگلىكى بىلەن داس تەگلىكلىرىنىڭ تۆپىسىدىكى ئون داسنى
تەييارلاپ، [44] مىس كۆلنى ياساپ، بۇ مىس كۆلنىڭ تېگىدىكى ئون ئىككى ئۇيىنى
ئېتىپ، [45] قازانلار، گۈرجەكلەر ۋە قاچىلارنىمۇ تەييار قىلدى. [46] خىرام خۇداۋەندىنىڭ بەيتى
ئۈچۈن سۇلايمان پادىشاھقا ئەتكەن ھەممە نەرسىلەر پارقىرايدىغان مىستىن ئىدى. پادىشاھ
ئىئوردانىنىڭ تۈزلەڭلىكىدە سۇككوت بىلەن زارىتاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇنىڭ ھەممىسىنى لايدىن
ئېتىلگەن قېلىپلاردا قويدۇرغانىدى. [47] بۇ نەرسىلەر ناھايىتى تولا بولغىنى ئۈچۈن سۇلايمان
ئۇلارنى تارتماي قويدۇردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مىسنىڭ ۋەزنى مەلۇم بولمىدى.
[48] سۇلايمان خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە لازىم بولىدىغان ھەممە نەرسىلەرنى قىلدى، يەنى ئالتۇن

قۇربانگاھنى تەقدىم نانلىرىنى قويىدىغان ئالتۇن جوزىنى، 49 ساپ ئالتۇندىن بولغان
شامدانلارنى ئەتكۈزۈپ، بەشنى ئوڭ يېنىدا ۋە بەشنى چەپ يېنىدا ئىلھامگاھنىڭ ئالدىدا
قويدى. ئۇ گۈل سۈرەتلىرىنى، چىراغلارنى ۋە چىراغ قىسقاچلىرىنى ھەم ئاندا سالدى. 50 ئۇ
پىيالە بىلەن پىچاقلارنى، قاچا بىلەن تەخسىلەرنى ۋە ساپ ئالتۇندىن بولغان ئىسرىقدانلارنى
قىلدۇرۇپ، ئىچكىركى ئۆينىڭ، يەنى ھەممىدىن مۇقەددەس-خانىنىڭ ئىشىكلەرنى قىلدۇرۇپ،
ئىچكىركى ئۆينىڭ، يەنى ھەممىدىن مۇقەددەس-خانىنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئالتۇن گىرەلىرىنى
ۋە بەيتنىڭ مۇقەددەس-خانىسىنىڭ گىرەلىرىنى ئەتكۈزدى.
51 سۇلايمان پادىشاھ خۇداۋەندىنىڭ بەيتى ئۈچۈن قىلدۇرغان ھەممە ئىش تەييار بولغاندا
سۇلايمان ئاتىسى داۋۇد خۇداۋەندىگە مۇقەددەس قىلغان كۈمۈش بىلەن ئالتۇن ۋە قاچىلارنى
كەلتۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ خەزىنىسىگە سالدى.

## سۇلايمان خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى خۇداغا ئاتايدۇ

8 1 ئاندىن كېيىن سۇلايمان ئۆزى ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرىنى ۋە ھەم قەبىلىلەرنىڭ
باشلىرىنى، يەنى بەنى-ئىسرائىلنىڭ خانىدانلىرىنىڭ چوڭلىرىنى قىچقارتىپ،
خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى داۋۇدنىڭ شەھىرى سى'وندىن ئېلىپ چىقماق ئۈچۈن
يېرۇسالېمغا سۇلايمان پادىشاھنىڭ قېشىغا جەم بولسۇن دەپ يىغدۇردى. 2 بۇنىڭ ئۈچۈن
ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئادەملىرى ئېتانىم ئايىدا، يەنى يەتتىنچى ئاينىڭ ھېيتىدا سۇلايمان
پادىشاھنىڭ قېشىغا يىرىپ يىغىلدى. 3 ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرى كەلگەندە
كاھىنلار ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈردى. 4 ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى جامائەتنىڭ
چېدىرى بىلەن چېدىردىكى مۇقەددەس قاچىلارنى ئېلىپ چىقتى. كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار
بۇنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقتى. 5 سۇلايمان پادىشاھ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا يىغىلغان
ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇنداق تولا قوي بىلەن
كالىنى قۇربانلىق قىلدىكى، تولىلىقى ئۈچۈن ھېچ سانىيالمىدى.
6 كاھىنلار خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بەيتنىڭ ئىلھامگاھىغا، يەنى ھەممىدىن
مۇقەددەس-خانىغا ئېلىپ كىرىپ، كېرۇبلارنىڭ قاناتلىرىنىڭ تېگىدىكى جايىدا قويدى. 7 چۈنكى
كېرۇبلار ئەھدە ساندۇقى تۇرغان جاينىڭ ئۈستىدە ئۆز قاناتلىرىنى يېيىپ تۇردى. شۇنداقكى،
ئەھدە ساندۇقى بىلەن بالداقلىرىنىڭ ئۈستى كېرۇبلاردىن يېپىلغانىدى. 8 بالداقلىرى بولسا
ئۇنداق ئۇزۇن ئىدىكى، ئۇچلىرى ئىلھامگاھنىڭ ئالدىدىكى مۇقەددەس-خانىدىن كۆرۈنەتتى،
لېكىن تاشقىرىدىن كۆرۈنمەيتتى. 9 ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىچىدە ئىككى تاش تاختىسىدىن
باشقا نەرسە يوق ئىدى. بەنى-ئىسرائىل مىسىر يۇرتىدىن چىققاندىن كېيىن خۇداۋەندە ئۇلار
بىلەن ئەھدە قىلىنغىنىدا مۇسا خورىبتا تۇرۇپ، ئۇلارنى ئاندا قويدى.

[10] كاھىنلار مۇقەددەس خانىدىن چىققاندا بىر بۇلۇت خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى تولدۇردى.
[11] شۇنداقكى، كاھىنلار بۇلۇت سەۋەبىدىن تۇرۇپ قېلىپ، خىزمەت قىلالمىدى. چۈنكى
خۇداۋەندىنىڭ بەيتى خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپىدىن تولغانىدى. [12] ئۇ ۋاقىت سۇلايمان
ئېيتتى: «خۇداۋەندە سۆزلەپ: ‹ مەن قاراڭغۇلۇقتا ماكان تۇتاي› دەپ ئېيتتى. [13] بۇنىڭ ئۈچۈن
مەن ئەمدى ساڭا بىر ئولتۇرىدىغان ئۆي ياسىدىمكى، ئاندا ئەبەدكىچە ئولتۇرغايسەن» دېدى.
[14] ئاندىن پادىشاھ بۇرۇلۇپ، ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتىنى مۇبارەكلىسە، ئىسرائىلنىڭ
ھەممە جامائىتى ئاندا ئۆرە تۇرۇپ تۇردى. [15] ئۇ ئېيتتىكى: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن. ئۆز ئاغزى بىلەن ئاتام داۋۇدقا ۋەدە قىلغان ئىشنى ئۆز قولى
بىلەن پۈتكۈزدى. ئۇ ئۆزى سۆز قىلىپ: [16] ‹ مەن ئۆز قوۋمىم ئىسرائىلنى مىسىردىن چىقارغان
كۈندىن تارتىپ ئىسمىم ئۈچۈن ئاندا بىر ئۆي ياساي دەپ، ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىنىڭ
ئارىسىدا بىر شەھەرنى ئىلغىمىدىم، بەلكى قوۋمىم ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلغىلى
داۋۇدنى ئىلغىدىم› دېگەنىدى. [17] ئەمما ئاتام داۋۇد: ‹ ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ
ئىسمىغا بىر ئۆي ياساي› دەپ ئۆز كۆڭلىدە نىيەت قىلغانىدى. [18] لېكىن خۇداۋەندە ئاتام داۋۇدقا
ئېيتتىكى: ‹ مېنىڭ ئىسمىمغا بىر ئۆي ياسىغىلى نىيەت قىلغىنىڭدا كۆڭلۈڭنىڭ نىيىتى
ياخشىدۇر. [19] ئەمما شۇ ئۆينى سەن ياسىمايسەن، بەلكى سېنىڭ پۈشتۈڭدىن چىقىدىغان
ئۆز ئوغلۇڭ مېنىڭ ئىسمىمغا ئۆينى ياسايدۇ› دېگەنىدى. [20] ئەمدى خۇداۋەندە ئۆز ۋەدىسىنى
بەجا كەلتۈردى. مەن ئاتام داۋۇدنىڭ ئورنىدا قوپۇپ، خۇداۋەندە ۋەدە قىلغاندەك ئىسرائىلنىڭ
تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىغا ئۆينى ياسىدىم. [21] ئاندا
ئەھدە ساندۇقى ئۈچۈن بىر جاينى راستلىدىم. خۇداۋەندە ئۇلارنى مىسىر يۇرتىدىن چىقارغاندا
ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىلەن تۈزگەن ئەھدە تاختىلىرى ئۇ ساندۇقتا ساقلىنىدۇ» دېدى.
[22] ئاندىن سۇلايمان ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىنىڭ
ئالدىدا تۇرۇپ، قوللىرىنى ئاسمان تەرىپىگە كۆتۈرۈپ، [23] ئېيتتىكى:

«ئەي ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە، خاھى يۇقىرىدا ئاسماندا، خاھى تۆۋەندە يەردە سەندەك
تەڭرى يوقتۇر. ئۆز بەندىلىرىڭ پۈتۈن كۆڭۈللىرى بىلەن ئالدىڭدا يۈرسە، ئەھدە بىلەن مەرھەمەتنى
ساقلايسەن. [24] چۈنكى سەن ئۆز بەندەڭ ئاتام داۋۇدقا قىلغان ۋەدىنى بەجا كەلتۈردۈڭ، ئۆز ئاغزىڭ
بىلەن ۋەدە قىلغىنىڭنى بۈ كۈندىكىدەك ئۆز قولۇڭ بىلەن پۈتكۈزدۈڭ. [25] ئەي ئىسرائىلنىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندە، ئەمدى ئۆز بەندەڭ ئاتام داۋۇدقا قىلغان ۋەدەڭدە تۇرغىن. سەن ئۇنىڭغا: ‹
ئەگەر باللىرىڭ ئۆز يولىنى ساقلاپ، سەن ئالدىمدا يۈرگەندەك ئۆز ئالدىمدا يۈرسە، ئىسرائىلنىڭ
تەختىدە مېنىڭ ئالدىمدا ئولتۇرغىلى سېنىڭ ئەۋلادىڭدىن كىشى كەم قالمايدۇ› دەپ ئېيتتىڭ.
[26] ئەي ئىسرائىلنىڭ خۇدايى، سەن ئۆز بەندەڭ داۋۇدقا ئېيتقان سۆزلىرىڭ راست چىقسۇن.
[27] لېكىن خۇدا ئۆزى بۇ ئالەمدە ئولتۇرامدۇ؟ مانا ئاسمانلار بىلەن ئاسمانلارنىڭ ئاسمانى سېنى
سىغدۇرالمايدۇ. ئۇنداق بولسا، مەن ياسىغان ئۆي سېنى قانداق سىغدۇرالايدۇ. [28] ئەمما ئەي

تەڭرىم خۇداۋەندە، ئۆز بەندەڭنىڭ دۇئا بىلەن ئىلتىجاسىغا قۇلاق سېلىپ، بەندەڭ بۈگۈن
ساڭا قىلغان تىلەكنى ئاڭلاپ، [29] ئۆز كۆزلىرىڭنى بۇ ئۆي بىلەن جايىنىڭ تەرىپىگە كېچە-
كۈندۈز ئوچۇق تۇتقايسەن. ئۇنىڭ توغرىسىدا ئېيتقانسەنكى: ‹ مېنىڭ ئىسمىم ئاندا تۇرسۇن.
شۇنداقكى، بەندەڭ بۇ جايدا قىلىدىغان دۇئانى ئاڭلىغايسەن. [30] بەندەڭ بىلەن قوۋمىڭ
ئىسرائىل بۇ جايدا قىلىدىغان دۇئانى قۇلاق سېلىپ، سەن ئاسماندا ماكان تۇتقان جايىڭدىن
ئاڭلىغىن. ئاڭلىغىنىڭدا ئۇلارنى كەچۈرگەيسەن.
[31] بىركىم ئۆز ھەقەمسايىسىگە گۇناھ قىلىپ، ئۇنىڭغا: ‹ ئانت ئىچسۇن› دەپ قەسەم قىلىش
بۇيرۇلۇپ، بۇ ئۆيدە قۇربانگاھىڭنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلسا، [32] سەن ئاسماندا ئاڭلاپ، ئەمەل
قىلىپ، ئۆز بەندىلىرىڭگە ئادالەت قىلىپ، گۇناھكارنى ھۆكۈم قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز
بېشىغا ياندۇرۇپ، ئادىل كىشىگە ئۆز ئادالىتىگە مۇۋاپىق ھەققىنى بەرگەيسەن. [33] قوۋمىڭ
ئىسرائىل ساڭا گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن دۈشمەندىن ئۇرۇلسا، لېكىن سېنىڭ تەرىپىڭگە يېنىپ،
ئىسمىڭنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇ ئۆيدە ساڭا دۇئا بىلەن ئىلتىجا قىلسا، [34] سەن ئاسماندا
ئاڭلاپ، ئۆز قوۋمىڭ ئىسرائىلنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئۇلارنى سەن ئاتا-بوۋىلىرىغا بەرگەن
يۇرتقا ياندۇرغايسەن. [35] ئۇلار ساڭا گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن ئاسمان باغلىنىپ يامغۇر ياغمىسا،
لېكىن ئۇلار بۇ يەردە ساڭا دۇئا قىلىپ ئىسمىڭنى ئېتىراپ قىلىپ، سەن ئۇلارنى تەڭلىككە
سالغىنىڭدا ئۆز گۇناھىدىن يانسا، [36] سەن ئاسماندا ئاڭلاپ، بەندىلىرىڭنىڭ ۋە قوۋمىڭ
ئىسرائىلنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئۇلارغا ماڭىدىغان ياخشى يولنى ئۆگىتىپ، ئۆز قوۋمىڭغا
مىراس قىلىپ بەرگەن يۇرتۇڭنىڭ ئۈستىگە يامغۇر ياغدۇرغايسەن.
[37] ئەگەر يۇرتتا ئاچارچىلىق يا ۋابا بولسا، زىرائەتتە چاۋىرىش ئاپىتى بولسا يا ئۇنىڭغا ھال
چۈشسە، چېكەتكە يا كۆك قۇرت چۈشسە يا دۈشمەن ئۇلارنىڭ يۇرتىنىڭ شەھەرلىرىدە ئۇلارنى
قىستىسا، ھەرنېمە بالا ياكى دەرد بولسا، [38] بىركىم يا پۈتۈن قوۋمىڭ ئىسرائىل ھەرنېمە
دۇئا يا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز كۆڭۈل دەردىنى بىلىپ، قوللىرىنى بۇ ئۆينىڭ
تەرىپىگە سۇنسا، [39] سەن ئاسماندىكى ماكانىڭدا ئاڭلاپ، ئۇلارنى كەچۈرۈپ، ئەمەل قىلىپ،
كۆڭۈلنى بىلگەچ ھەربىرىگە ئۆز يوللىرىغا مۇۋاپىق ياندۇرغايسەن، چۈنكى يالغۇز سەن ھەممە
بەنى-ئادەمنىڭ كۆڭۈللىرىنى بىلىسەن. [40] ئۇلار سەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا بەرگەن يۇرتلاردا
ئولتۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە سەندىن قورقسۇن دەپ، شۇنداق قىلغايسەن.
[41] سېنىڭ قوۋمىڭ ئىسرائىل بولماي، بىگانە بولغان كىشى سېنىڭ ئىسمىڭ ئۈچۈن يىراق
يۇرتتىن كەلسە، [42] سېنىڭ ئىسمىڭ توغرىسىدا ئىشىتىپ، قۇدرەت قولۇڭ بىلەن ئۇزىتىلغان
بىلىكىڭ توغرىسىدا ئاڭلىغانلارنىڭ بىرى كېلىپ، بۇ ئۆينىڭ تەرىپىگە يۈزلىنىپ دۇئا قىلسا،
[43] سەن ئاسماندا ئۆز ماكانىڭدا ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ، ئۇ بىگانە سەندىن تىلىگىنىنىڭ
ھەممىسىگە مۇۋاپىق قىلغايسەن. شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدىكى ھەممە خەلق ئۆز قوۋمىڭ
ئىسرائىلدەك سېنىڭ ئىسمىڭنى تونۇپ، سەندىن قورقۇپ، مەن ياسىغان بۇ ئۆينىڭ سېنىڭ
ئىسمىڭ بىلەن ئاتالغىنىنى بىلگەي.

44 ئەگەر ئۆز قوۋمىڭ سەن ئۇلارنى ئەۋەتكەن يولدا ئۆز دۈشمەننى بىلەن سوقۇشقىلى بېرىپ،
سەن ئىلغىغان شەھەرگە قاراپ، مەن ئىسمىڭغا ياسىغان ئۆي تەرىپىگە يۈزلىنىپ خۇداۋەندىگە
دۇئا قىلسا، 45 سەن ئاسماندا ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى ھىمايە
قىلغايسەن. 46 ئەگەر ئۇلار ساڭا گۇناھ قىلسا، – گۇناھ قىلمايدىغان كىشى يوق ئەمەسمۇ –
سەن ئۇلارغا غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرساڭ ۋە بۇلار ئۇلارنى ئەسىر
قىلىپ، يىراق ياكى يېقىندىكى دۈشمەننىڭ يۇرتىغا ئېلىپ بارسا، 47 لېكىن ئۇلار ئەسىر
بولغان يۇرتتا ئەقلىگە كېلىپ، توۋا قىلىپ، ئۆزى ئەسىر بولغان يۇرتتا ساڭا يالۋۇرۇپ: ‹ بىز
گۇناھ قىلىپ ناتوغرا بولۇپ يامانلىق قىلدۇق دەپ، 48 ئۇلارنى ئەسىر قىلغان دۈشمەنلەرنىڭ
يۇرتىدا پۈتۈن كۆڭلىدىن ۋە پۈتۈن جېنىدىن سېنىڭ تەرىپىڭگە يېنىپ سەن ئۇلارنىڭ ئاتا-
بوۋىلىرىغا بەرگەن يۇرتىنىڭ تەرىپىگە تىكىلىپ سەن ئىلغىغان شەھەرنىڭ تەرىپىگە قاراپ،
سېنىڭ ئىسمىڭغا ياسىغان ئۆيىنىڭ تەرىپىگە يۈزلىنىپ، ساڭا دۇئا قىلسا، 49 سەن ئاسماندا
ئۆز ماكانىڭدا ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى ھىمايە قىلىپ، 50 ئۆز
قوۋمىڭنىڭ ساڭا قىلغان گۇناھى بىلەن ساڭا قىلغان ھەممە ئىسيانچىلىقىنى كەچۈرۈپ،
ئۇلارغا رەھىم قىلسۇن دەپ، ئۇلارنى ئەسىر قىلغانلارنىڭ ئالدىدا رەھىم تاپتۇرغايسەن. 51 سەن
ئۆزۈڭ تۆمۈر تونۇرىدەك بولغان مىسىردىن چىقارغان ئۆز قوۋمىڭ بىلەن ئۆز مىراسىڭ ئۇلار
ئەمەسمۇ؟
52 سېنىڭ كۆزلىرىڭ ئۆز بەندەڭنىڭ يالۋۇرۇشىغا قاراپ، ئۆز قوۋمىڭنىڭ ئىلتىجا قىلىشىغا
ئوچۇق بولغاي. شۇنداقكى، ھەرنېمە سەندىن تىلىسە، ئۇلارغا قۇلاق سالغايسەن. 53 چۈنكى
سەن ئۆزۈڭگە مىراس بولماق ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى ھەممە تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارنى
ئىلغىدىڭ. ئەي رەب خۇداۋەندە، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى مىسىردىن چىقارغىنىڭدا ئۆز بەندەڭ
مۇسانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئېيتقىنىڭدەك قىلدىڭ» دېدى.

54 سۇلايمان خۇداۋەندىگە شۇ دۇئا بىلەن تەلەپنى قىلىپ بولغاندا قوللىرىنى ئاسمان تەرىپىگە
كۆتۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىنىڭ ئالدىدىكى تىز پۈكۈپ تۇرغان يېرىدىن قوپۇپ،
55 ئۆرە تۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتىنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن مۇبارەكلەپ ئېيتتىكى:

56 «ئۆز ۋەدىسىگە مۇۋاپىق قوۋمى ئىسرائىلغا ئارام بەرگەن خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن. ئۇ
ئۆز بەندىسى مۇسانىڭ ۋاسىتىسى بىللە قىلغان ھەممە ياخشى ۋەدىلىرىنىڭ ھېچبىر سۆزى يەرگە
چۈشمىدى. 57 تەڭرىمىز خۇداۋەندە ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىلەن بولغاندەك بىز بىلەن بولغاي. ئۇ بىزنى
تاشلىماي ياكى بىزنى رەت قىلمىسۇن. 58 بىز ئۇنىڭ يوللىرىدا يۈرۈپ، ئۆزى ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا
بەرگەن ئەمر بىلەن قانۇن ۋە ئەھكاملىرىنى تۇتقۇدەك بىزنىڭ كۆڭۈللىرىمىزنى ئۆزىگە مايىل
قىلغاي. 59 مەن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا قىلغان دۇئايىمنىڭ سۆزلىرى كېچە-كۈندۈز تەڭرىمىز
خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا بولغايكى ھەر كۈننىڭ ھاجىتىگە قاراپ، ئۆز بەندىسىگە ئادالەت قىلىپ،

قوۋمى ئىسرائىلغا ھەققىنى ئالدۇرۇپ بەرگەي. [60] يەر يۈزىدىكى ھەممە تائىپىلەر بولسا: ‹خۇداۋەندە
ئۆزى خۇدادۇر ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسى يوقتۇر› دەپ بىلگەي. [61] بۇ كۈن قىلغىنىڭلارغا ئوخشاش
ئۇنىڭ قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق يۈرۈپ، ئەمرلىرىنى تۇتمىقىڭلار ئۈچۈن كۆڭۈللىرىڭلار تەڭرىمىز
خۇداۋەندىگە ئىتائەتلىك بولغاي» دېدى.

[62] پادىشاھ پۈتۈن ئىسرائىل بىلەن بىللە خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا قۇربانلىقلارنى ئۆتكۈزدى.
[63] سۇلايمان خۇداۋەندىگە شۈكۈر قۇربانلىقىنى كەلتۈرگىنىدە يىگىرمە ئىككى مىڭ كالا ۋە
بىر يۈز يىگىرمە مىڭ قوي قۇربانلىق قىلدى. پادىشاھ بىلەن ھەممە بەنى-ئىسرائىل شۇنداق
قىلىپ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى مۇقەددەس قىلدى.
[64] ئۇ كۈندە پادىشاھ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئالدىدىكى ھويلىنىڭ ئوتتۇرا يېرىنى مۇقەددەس
قىلىپ، ئاندا كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقلىرى بىلەن ھەدىيە قۇربانلىقلىرىنى كەلتۈرۈپ،
شۈكۈر قۇربانلىقلىرىنىڭ ياغ پارچىلىرىنى قۇربانلىق قىلدى. چۈنكى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا
تۇرغان مىس قۇربانگاھى كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقلىرى، ھەدىيە قۇربانلىقلىرى ۋە شۈكۈر
قۇربانلىقلىرىنىڭ ياغ پارچىلىرىنى پاتقۇزغىلى كىچىك كەلدى.
[65] شۇ تەرىقىدە سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىسرائىل، يەنى خاماتقا كىرىدىغان يولدىن
تارتىپ مىسىرنىڭ جىلغىسىغىچە بار يەرلەردىن كەلگەن چوڭ بىر جامائەت تەڭرىمىز
خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يەتتە كۈن ۋە يەنە يەتتە كۈن، جەمئىي ئون تۆت كۈنگىچىلىك ھېيت
قىلدى. [66] سەككىزىنچى كۈندە خەلقنى كەتكىلى قويدى. قويسا، ئۇلار پادىشاھنى ئالقاپ،
خۇداۋەندە ئۆز بەندىسى داۋۇتقا ۋە قوۋمى ئىسرائىلغا قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن خۇش بولۇپ
ئۆز ئۆيلىرىگە يېنىپ كەتتى.

## خۇداۋەندە ئىككىنچى مەرتىۋە سۇلايمانغا كۆرۈنىدۇ

9 [1] سۇلايمان خۇداۋەندىنىڭ بەيتى بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ياساپ بولۇپ، ئۆزى
خاھىش قىلىپ ياسىغىلى ئارزۇ قىلغىنىنىڭ ھەممىسىنى پۈتكۈزۈپ بولغاندا، [2] خۇداۋەندە
سۇلايمانغا گىبىيوندا كۆرۈنگەندەك ئەمدى ئىككىنچى مەرتىۋە ئۇنىڭغا كۆرۈندى. [3] خۇداۋەندە
ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «سەن مېنىڭ ئالدىمدا قىلغان دۇئا بىلەن يالۋۇرۇشۇڭنى ئاڭلىدىم. مېنىڭ
ئىسمىم ئاندا ئەبەدكىچە بولسۇن دەپ، سەن ماڭا ياسىغان ئۆيىنى مۇقەددەس قىلدىم. مېنىڭ
كۆزلىرىم بىلەن كۆڭلۈم ئاندا ھەمىشە بولغاي. [4] ئەگەر سەن ئاتاڭ داۋۇدنىڭ ئالدىمدا ساپ
كۆڭۈل ۋە راست نىيەت بىلەن يۈرگىنىدەك يۈرۈپ، ساڭا بۇيرۇغىنىمنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل
قىلىپ، قانۇن بىلەن ئەھكاملىرىمنى تۇتساڭ، [5] مەن ئاتاڭ داۋۇدقا ۋەدە قىلىپ: ‹ئىسرائىلنىڭ
تەختىدە سېنىڭ ئەۋلادىڭدىن ئولتۇرىدىغان كىشى كەم قالمايدۇ› دەپ ئېيتقىنىمدەك
ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سېنىڭ پادىشاھلىق تەختىڭنى ئەبەدكىچە مۇقىم قىلىمەن.

6 لېكىن ئۆزۈڭلار ياكى بالىلىرىڭلار مەندىن يېنىپ، مەن سىلەرگە بۇيرۇغان ئەمر بىلەن
قانۇنلىرىمنى تۇتماي، بەلكى بېرىپ، باشقا تەڭرىلەرگە تېۋىنىپ، ئۇلارغا سەجدە قىلساڭلار،
7 مەن ئىسرائىلنى ئۇلارغا بەرگەن يۇرتتىن كېسىپ چىقىرىپ، ئۆز ئىسمىمغا مۇقەددەس
قىلغان بۇ ئۆينى يۈزۈمدىن تاشلايمەن. شۇنداقكى، ئىسرائىل ھەممە تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا
بىر تەمسىل ۋە بىر مەسخىرە بولىدۇ. 8 بۇ ئۇلۇغ بەيتمۇ بىر ئىبرەت بولىدۇ. ھەركىم ئۇنىڭدىن
ئۆتسە، ھەيران بولۇپ ئىسقىرتىدۇ. ‹ خۇداۋەندە بۇ يۇرت بىلەن بۇ ئۆيگە نېمىشقا مۇنداق
قىلدى؟› دەپ سورىسا، 9 جاۋاب بېرىپ: ‹ ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنى مىسىر يۇرتىدىن چىقارغان
تەڭرىسى خۇداۋەندىنى تاشلاپ، ئۆزگە باشقا تەڭرىلەرنى تۇتۇپ، ئۇلارغا باش ئېگىپ، ئىبادەت
قىلغىنى ئۈچۈن خۇداۋەندە بۇ ھەممە يامانلىقنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلتۈردى› دەپ ئېيتىدۇ».

## تاشقى ئىشلار ۋە قۇرۇلۇشلار

10 يىگىرمە يىل ئۆتۈپ بولۇپ، سۇلايمان ئۇ ئىككى ئۆينى، يەنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتى بىلەن
پادىشاھلىق ئوردىسىنى ياساپ بولغاندىن كېيىن، 11 سۇلايمان پادىشاھ ئۆزگە كېدىر
ياغىچىدىن، قارىغاي ياغىچىدىن ۋە ئالتۇندىن قانچە سورىغان بولسا، ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ
بەرگەن تىرنىڭ پادىشاھى خىرامغا گالىلىيەدە يىگىرمە شەھەرنى بەردى. 12 لېكىن خىرام
تىردىن چىقىپ، سۇلايمان ئۇنىڭغا بەرگەن شەھەرلەرنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنمىدى.
13 ئۇ ئېيتتى: «ئەي بۇرادىرىم، سەن ماڭا بەرگەن بۇ شەھەرلەر قانداق شەھەرلەردۇر» دەپ
ئۇلارنى كابۇلنىڭ يۇرتى دەپ ئاتىدى. ئۇلار بۇ كۈنگىچە شۇنداق ئاتىلىدۇ. 14 لېكىن خىرام
ئۆزى پادىشاھقا بىر يۈز يىگىرمە تالانت ئالتۇننى ئەۋەتتى.
15 سۇلايمان پادىشاھ خۇداۋەندىنىڭ بەيتى، ئۆز ئوردىسى، مىللو، يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىنى،
خازور، مەگىددو ۋە گېزەرنى ياسىماق ئۈچۈن ئىشلىگۈچىلەرنى ھاشارغا تۇتاتتى. 16 مىسىرنىڭ
پادىشاھى فىرەۋن چىقىپ، گېزەرنى ئېلىپ، ئوتتا كۆيدۈرۈپ، شەھەردە ئولتۇرغان قانائانىيلارنى
ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى سۇلايماننىڭ خوتۇنى بولغان قىزىغا سوۋغا قىلىپ بەرگەنىدى. 17 سۇلايمان
گېزەر بىلەن تۆۋەنكى بەيت-خوروننى يەنە بىنا قىلىپ، 18 باياۋان يۇرتىدىكى بائالات بىلەن
تادمورنىمۇ يېڭىدىن ياسىدى. 19 شۇنداقلا ھەممە سۇلايماننىڭ ئامبار شەھەرلىرى بىلەن
ھارۋىلار ئۈچۈن تەيىنلەنگەن شەھەرلەرنى ياساپ، ئاتلىقلارنىڭ شەھەرلىرىنى بىنا قىلىپ،
سۇلايمان يېرۇسالېمدا، لىۋاندا ۋە ئۆز مەملىكىتىنىڭ ھەر يېرىدە خالىغىنىنىمۇ ياسىدى.
20 ئاموريلار، خىتتىيلار، پەرىززىيلەر، خىۋۋىيلار ۋە يەبۇسىيلاردىن قالغانلار، يەنى بەنى-
ئىسرائىلدىن بولمىغان ھەممىسى ھاشارغا تۇتۇلدى. 21 سۇلايمان ئۇلارنى، يەنى بەنى-ئىسرائىل
تامامەن يوقىتالمىغان تائىپىلەرنىڭ يۇرتتا قالغان ئەۋلادلىرىنى ھاشارغا تۇتۇپ، قۇللۇققا
سالدى. ئۇلار بۇ كۈنگىچە شۇنداقتۇر. 22 لېكىن بەنى-ئىسرائىلدىن سۇلايمان ھېچكىمنى
قۇل قىلماي، بەلكى ئۇلارنى ئەسكەر، خىزمەتكار، ئەمىر، پالۋان ۋە ھارۋا بىلەن ئاتلىقلارنىڭ

سەردارلىرى قىلدى. 23 سۇلايماننىڭ ئىشلىرىنى قىلغان خەلقنىڭ ئۈستىدە تۇرغان چوڭ
سەردارلىرى بەش يۈز ئەللىك ئىدى.
24 لېكىن فىرەۋننىڭ قىزى بولسا داۋۇدنىڭ شەھىرىدىن كۆچۈپ، ئۆزىگە ياسالغان ئۆيدە
ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن سۇلايمان مىللو قەلئەسىنى ياسىدى.
25 سۇلايمان خۇداۋەندىگە ياسىغان قۇربانگاھتا يىلدا ئۈچ مەرتىۋە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن
شۈكۈر قۇربانلىقنى قۇربانلىق قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇردى. شۇ
تەرىقىدە بەيتنى ياساپ تەييار قىلدى.
26 سۇلايمان پادىشاھ ئەسيون-گېبەردە كېمىلەر ياسىدى. ئۇ يەر بولسا ئېدوم يۇرتىدا قىزىل
دېڭىزنىڭ كانارىدىكى ئەيلوتنىڭ يېنىدا ئىدى. 27 خىرام ئۆز خىزمىتىدە بولغان، يەنى
دېڭىزچىلىقنى ئوبدان بىلىدىچان كېمىچىلەرنى سۇلايماننىڭ ئادەملىرىگە قوشۇپ كېمىلەرگە
سالدى. 28 ئۇلار ئوفىرغا بېرىپ، ئۇ يەردىن تۆت يۈز يىگىرمە تالانت ئالتۇننى ئېلىپ كېلىپ
سۇلايمان پادىشاھقا كەلتۈردى.

## شېبانىڭ مەلىكىسى سۇلايماننىڭ قېشىغا كېلىدۇ

10
1 شېبانىڭ مەلىكىسى بولسا سۇلايماننىڭ شۆھرىتىنى ئىشىتىپ، ئۇنىڭ خۇداۋەندىنىڭ
ئىسمى ئۈچۈن نېمە قىلغىنىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنى مۈشكۈل سوئاللار بىلەن سىنىغىلى
چىقىپ، 2 خۇشبۇي دورا-دەرمەك، ناھايىتى تولا ئالتۇن ۋە قىممەت باھا تاشلار يۈكلەنگەن
تۆگىلەرنى ئالغاچ تولا چوڭ دەبدەبە بىلەن يېرۇسالېمغا كەلدى. سۇلايماننىڭ قېشىغا كەلگەندە
ئۆز كۆڭلىدە بولغان ھەرقانداق نەرسە توغرىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. 3 لېكىن سۇلايمان
ئۇنىڭغا ھەممە سوئاللىرىنىڭ ئۆچۈرىنى بەردى. ھېچنېمە پادىشاھقا يوشۇرۇن ئەمەس ئىدى،
بەلكى ھەممىسىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى.
4 شېبانىڭ مەلىكىسى سۇلايماننىڭ ھېكمىتىگە، ياسىغان ئۆيىگە، 5 داستىخىنىدىكى تائامغا
بېقىپ، قۇللىرىنىڭ ھازىر بولۇپ ئولتۇرۇپ، خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغىنىغا قاراپ،
كىيگەن كىملىرىگە نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ ساقىيلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە
كەلتۈرگەن قۇربانلىقلىرىغا قارىغاندا گاڭگىراپ قېلىپ، 6 پادىشاھقا ئېيتتىكى: «مەن ئۆز
يۇرتۇمدا سىنىڭ ئىشلىرىڭ بىلەن ھېكمىتىڭ توغرىسىدا ئاڭلىغان خەۋەر راست چىقتى.
7 مەن كېلىپ، ئۆز كۆزلىرىم بىلەن كۆرمىگۈچە خەۋەرگە ئىشەنمىدىم. ئەمما مانا يېرىمىمۇ
ماڭا ئېيتىلمىغان ئىكەن. سىنىڭ ھېكمەت بىلەن دۆلىتىڭ مەن ئاڭلىغان خەۋەردىن زىيادە
چىقتى. 8 سىنىڭ ئادەملىرىڭ خۇش-بەختلىك بولۇپ، ھەممىشە سىنىڭدە ئالدىڭدا تۇرۇپ،
ھېكمىتىڭنى ئاڭلايدىغان خىزمەتكارلىرىڭ خۇش-بەختلىكتۇر. 9 سېنى خۇش كۆرۈپ،
ئىسرائىلنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزغان تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن. دەرۋەقە

خۇداۋەندە ئىسرائىلنى ئەبەدكىچە دوست تۇتقىنى ئۈچۈن سىنى ھۆكۈم ۋە ئادالەت قىلغىلى
پادىشاھ قىلىپ قويۇپتۇ!» دېدى. [10] ئۇ ئۆزى پادىشاھقا بىر يۈز يىگىرمە تالانت ئالتۇن،
ناھايىتى تولا خۇشبۇي دورا-دەرمەك ۋە قىممەت باھا تاشلارنى بەردى. شېبانىڭ مەلىكىسى
سۇلايمان پادىشاھقا ئۇنداق تولا خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەر بەردىكى، ئاندىن كېيىن شۇنچىلىك
كەلتۈرۈلگەن ئەمەس.
[11] خىرامنىڭ كېمىلىرى ئوفىردىن ئالتۇن ئېلىپ كەلگەندە ئوفىردىن ناھايىتى تولا سەندەل
ياغىچى بىلەن قىممەت باھا تاشلارنى ھەم ئېلىپ كەلدى. [12] پادىشاھ سەندەل ياغىچىدىن
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ۋە پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئەسۋابلىرىنى ياساپ، ھەم شېئىر
ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن چاڭ بىلەن ساتارلارنى بۇنىڭدىن ئەتتى. ئۇنداق تولا سەندەل ياغىچى ئۇ
ۋاقىتتىن كېيىن بۇ ۋاقىتقىچە، خاھى كەلتۈرۈلمەي، خاھى كۆرۈنمىدى.
[13] سۇلايمان پادىشاھ شېبانىڭ مەلىكىسىگە ھەر نە خالاپ سورىغىنىنى بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە
ئۆز شاھانە ساخاۋىتىدىن باشقىنى ھەم بەردى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى خىزمەتكارلىرى بىلەن
ئۆز يۇرتىغا يېنىپ كەتتى.

## سۇلايماننىڭ بايلىقلىرى

[14] سۇلايمانغا ھەر يىل كەلتۈرۈلگەن ئالتۇننىڭ ۋەزنى ئالتە يۈز ئاتمىش ئالتە تالانت ئىدى.
[15] شۇنىڭدىن باشقا تىجارەت قىلغۇچىلاردىن، سودىگەرلەرنىڭ تىجارىتىدىن، ھەممە ئەرەب
پادىشاھلىرىدىن ۋە يۇرتنىڭ ۋالىيلىرىدىن ھەم ئالتۇن كەلتۈرۈلەتتى.
[16] سۇلايمان پادىشاھ ئالتۇندىن ئىككى يۈز چوڭ سىپارنى سوقتۇردى. ھەر سىپارغا ئالتە يۈز
شېقەل ئالتۇن كەتتى. [17] ئۇ ھەم ئۈچ يۈز كىچىكرەك سىپارنى سوقتۇرۇپ، ھەر سىپارغا ئۈچ
مىنا ئالتۇن ئىشلەتتى. پادىشاھ سىپارلارنى لىۋان جاڭگىلىنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان ئۆيدە
ئېسىپ قويدى.
[18] ئاندىن پادىشاھ پىل چىشىدىن بىر چوڭ تەختنى ياساپ، ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.
[19] تەختنىڭ ئالتە پەللىلىك پەلەمپەي بار ئىدى. تەختنىڭ يۆلەنگۈسى ئۆزى تۆپىسىدىن يۇمىلاق
بولۇپ، ئولتۇرىدىغان جايىنىڭ ئىككى يېنىدا قول قويغۇسى بولۇپ، ھەربىر قول قويغۇسىنىڭ
يېنىدا بىردىن شىرنىڭ ئويۇلغان سۈرىتى بار ئىدى. [20] ئالتە پەللىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىككى
تەرىپىدە بىردىن ئون ئىككى شىرنىڭ ئويۇلغان سۈرىتى بار ئىدى. ئۇنداق نەرسە باشقا بىر
مەملىكەتتە ياسالغان ئەمەس ئىدى.
[21] سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئىچىدىغان پىيالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئالتۇندىن ئىدى. لىۋان
جاڭگىلىنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان ئۆينىڭ قاچىلىرى ساپ ئالتۇندىن بولۇپ، ھېچبىرى
كۈمۈشتىن ئەمەس ئىدى. كۈمۈش سۇلايماننىڭ ۋاقتىدا ھېچنېمىدەك سانالمايتتى.
[22] خىرامنىڭ كېمىلىرىگە يانداشىپ، پادىشاھنىڭ ئۆز تارشىش كېمىلىرى دېڭىزدا يۈرەتتى.

ئۈچ يىلدا بىر مەرتىۋە شۇ تارشىش كېمىلىرى يېنىپ كېلىپ، ئالتۇن، كۈمۈش، پىل چىشلىرى،
مايمۇنلار ۋە توزلارنى كەلتۈرەتتى. [23] سۇلايمان پادىشاھ دۆلەت بىلەن ھېكمەتتە يەر يۈزىدىكى
ھەممە پادىشاھلاردىن ئاشاتتى. [24] خۇدا سۇلايماننىڭ كۆڭلىگە سالغان ھېكمەتنى ئاڭلىماق
ئۈچۈن ھەممە-ھەممە يەرلەردىن كىشىلەر ئۇنىڭ قېشىغا كېلەتتى. [25] ئۇلارنىڭ ھەربىرى
ئۆز تارتۇقىنى، يەنى كۈمۈش قاچىلىرى، ئالتۇن قاچىلىرى، كىيىملەر، ياراغلار، خۇشبۇي دورا-
دەرمەكلەر، ئاتلار ۋە قېچىرلار ئېلىپ كېلەتتى. يىلدىن يىلغا شۇنداق قىلاتتى. [26] سۇلايمان
ھارۋىلار ۋە ئاتلىقلار يىغدۇرۇپ قويىدى. ئۇنىڭ بىر مىڭ تۆت يۈز ھارۋا بىلەن ئون ئىككى
مىڭ ئاتلىق بار ئىدى. بۇلارنى ھەم ھارۋىلار ئۈچۈن تەيىنلىگەن شەھەرلەردە ھەم يېرۇسالېمدا
پادىشاھنىڭ قېشىدا قويىدى.
[27] پادىشاھ ئۇنداق قىلدىكى، كۈمۈش يېرۇسالېمدا تاش بىلەن باراۋەر سانىلىپ، كېدىر ياغىچى
پەس تۈزلەڭلىكلەردە نۇرغۇن بولغان ئۈجمە ياغىچى بىلەن باراۋەر سانالدى.
[28] سۇلايمان ئالغان ئاتلار مىسىردىن ۋە كەۋەدىن كەلتۈرۈلگەنىدى. پادىشاھنىڭ سودىگەرلىرى
ئۇلارنى كەۋەدىن توختىتىلغان باھاغا ئالاتتى. [29] مىسىردىن ئېلىپ كەلگەن ھەر ھارۋىنىڭ
باھاسى ئالتە يۈز شېقەل كۈمۈش بولۇپ، ھەربىر ئاتنىڭ باھاسى بىر يۈز ئەللىك شېقەل
كۈمۈش ئىدى. شۇنداق ھەم ختتىيلارنىڭ ھەممە پادىشاھلىرىغا ۋە ئارام پادىشاھلىرىغا ئۇ
سودىگەرلەرنىڭ قولى بىلەن ئات ھارۋىلار كەلتۈرۈلدى.

## سۇلايماننىڭ بۇتپەرەسلىكى چۈشۈشى

11 [1] لېكىن سۇلايمان پادىشاھ فىرەۋننىڭ قىزىدىن باشقا تولا بىگانە خوتۇنلارنى
دوست تۇتۇپ، موئابىيلاردىن، ئاممونىيلاردىن، ئېدومىيلاردىن، سىدونىيلاردىن ۋە
ختتىيلاردىن خوتۇنلار ئېلىپ دوست تۇتاتتى. [2] خۇداۋەندە بۇ تائىپىلەر توغرىسىدىن بەنى-
ئىسرائىلغا: «سىلەر ئۇلارنىڭكىگە كىرمەڭلار، ئۇلارمۇ سىلەرنىڭكىگە كىرمىسۇن. چۈنكى
شەكسىز سىلەرنى ئازدۇرۇپ، كۆڭۈللىرىڭلارنى ئۆز تەڭرىلىرىگە مايىل قىلىدۇ» دېگەنىدى. شۇ
تائىپىلەردىن سۇلايمان خوتۇنلار ئېلىپ، مۇھەببەتتە ئۇلارغا مايىل ئىدى. [3] ئۇنىڭ يەتتە يۈز
خوتۇنى، يەنى شاھزادىخانى بولۇپ، ئۈچ يۈز كېنىزىكى بار ئىدى. ئەمما بۇ خوتۇنلىرى ئۇنىڭ
كۆڭلىنى ئازدۇردى. [4] سۇلايمان قېرىغاندا خوتۇنلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى باشقا تەڭرىلەرگە مايىل
قىلدۇردى. شۇنداقكى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئاتىسى داۋۇدنىڭ كۆڭلىدەك ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ
تەرىپىگە مايىل بولمىدى. [5] بۇنىڭ ئۈچۈن سۇلايمان سىدونىيلارنىڭ ئايال مەبۇدى ئاشتاروتقا
ئەگىشىپ، ئاممونىيلارنىڭ يىرگىنچى مىلكومنىڭ كەينىدىن باردى. [6] شۇنداق قىلىپ،
سۇلايمان ئۆزى خۇداۋەندە يامان كۆرگەننى قىلىپ، ئاتىسى داۋۇدتەك خۇداۋەندىگە پۈتۈن
كۆڭۈل بىلەن ئەگەشمىدى. [7] ئاندىن سۇلايمان يېرۇسالېمنىڭ ئۇتتۇرىدىكى تاغنىڭ ئۈستىدە

موئابىيلارنىڭ يىرگىنچى بولغان كېموشقا بىر قۇربانلىق ئېگىزلىكىنى سېلىپ، بەنى-ئاممونىنىڭ يىرگىنچى بولغان مولوخقىمۇ بىرنى ياساپ سېلىپ، [8] شۇنىڭغا ئوخشاش ھەممە بىگانە خوتۇنلىرىغا ھەم قىلدى. بۇلار بولسا ئۆز ئەڭرىلىرىگە خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرۇپ، قۇربانلىق قىلاتتى.
[9] ئىسرائىلنىڭ ئەڭرىسى خۇداۋەندە سۇلايمانغا ئۆزىنى ئىككى مەرتىۋە ئاشكارا قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئۆزى ئۆز كۆڭلىنى ئۇنىڭدىن ياندۇردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئۇنىڭغا كەلدى. [10] خۇداۋەندە ھەم بۇ ئىشلار توغرىسىدىن ئۇنىڭغا: «باشقا ئەڭرىلەرگە ئەگەشمىگىن» دەپ ئەمر بەرگەندى. لېكىن خۇدا ئۇنىڭغا بۇيرۇغىنىنى تۇتمىغانىدى. [11] ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە سۇلايمانغا ئېيتتىكى: «سەن شۇنداق بولۇپ، مەن ساڭا بەرگەن ئەھدە بىلەن قانۇنلىرىمنى تۇتمىغىنىڭ ئۈچۈن شەكسىز پادىشاھلىقنى سەندىن تارتىپ، خىزمەتكارىڭغا بېرىمەن. [12] لېكىن ئاتاڭ داۋۇدنىڭ خاتىرىسىنى قىلىپ، ئۆز ۋاقتىڭدا قىلمايمەن، ئەمما ئوغلۇڭنىڭ قولىدىن ئۇنى تارتىمەن. [13] لېكىن پۈتۈن مەملىكەتنى ئۇنىڭدىن تارتمايمەن، بەلكى داۋۇدنىڭ خاتىرىسىنى قىلىپ، ئۆزۈم ئىلغىغان يېرۇسالېم ئۈچۈن سېنىڭ ئوغلۇڭغا بىر قەبىلىنى بېرىمەن» دېدى.

## سۇلايماننىڭ دۈشمەنلىرى

[14] ئەمما خۇداۋەندە سۇلايمانغا قارشى بىر دۈشمەننى، يەنى ئېدومىي ھادادنى قوپۇردى. ئۇ كىشى ئېدومنىڭ پادىشاھىنىڭ نەسلىدىن ئىدى. [15] داۋۇد ئېدومىيلار بىلەن جەڭ قىلغان ۋاقتىدا قوشۇننىڭ سەردارى يوئاب ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى كۆمۈپ قويغىلى چىقىپ، ئېدومنىڭ ھەممە ئەر كىشىلىرىنى يوقاتتى. [16] ئېدومدىكى ھەممە ئەر كىشىلەرنى يوقاتقۇچە يوئاب بىلەن ھەممە ئىسرائىل ئاندا ئالتە ئاي قالدى. [17] ئۇ ۋاقىت ھاداد بىلەن ئاتىسىنىڭ خىزمىتىدە تۇرغان بىرنەچچە ئېدومىي كىشىلەر قېچىپ، مىسىرغا باردى. ھاداد ئۇ ۋاقىتتا كىچىك بالا ئىدى.
[18] ئۇلار مىدىيانىدىن چىقىپ پارانغا كېلىپ، پاراندىن ئۆزى ئادەملەر ئېلىپ مىسىرغا كېلىپ، مىسىرنىڭ پادىشاھى فىرەۋننىڭ قېشىغا كىردى. شۇ ئۆزى ئۇنىڭغا بىر ئۆي بېرىپ، ئۇنىڭ رىسقىنى تەيىنلەپ زېمىن سوۋغات قىلىپ قويدى. [19] ھاداد فىرەۋننىڭ نەزىرىدە ئىلتىپات تاپقاچ بۇ ئۆزى خوتۇنىنىڭ ھەمشىرىسىنى، يەنى تاخپەنەس مەلىكىنىڭ ھەمشىرىسىنى ئۇنىڭغا خوتۇن قىلىپ بەردى. [20] تاخپەنەسنىڭ ھەمشىرىسى ئۇنىڭغا ئوغلى گېنۇباتنى تۇغۇپ بەردى. تاخپەنەس ئۆزى فىرەۋننىڭ ئوردىسىدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىتتى. ئاندىن گېنۇبات فىرەۋننىڭ ئۆيىدە فىرەۋننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدا تۇراتتى.
[21] ھاداد مىسىردا: «داۋۇد ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇخلاپ راھەت تېپىپ، قوشۇننىڭ سەردارى يوئابمۇ ئۆلدى» دەپ ئاڭلىغاندا ھاداد ئۆزى فىرەۋنگە: «مېنى كېتىپ، ئۆز يۇرتۇمغا بارغىلى قويغىن» دەپ ئېيتتى. [22] لېكىن فىرەۋن ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مېنىڭ قېشىمدا ساڭا

نېمە كەم قالدىكى، ئۆز يۇرتۇڭغا بارغىلى خالايسەن؟» ئۇ جاۋاب بەردىكى: «ھېچ نەرسە كەم
قالمىدى. ھەرقانداق بولسا، مېنى كەتكىلى قويغىن» دېدى.
23 خۇدا سۇلايمانغا قارشى يەنە بىر دۈشمەننى قوزغاپ، ئۆز خوجىسى بولغان زوبانىڭ پادىشاھى
ھادادەزەردىن قېچىپ كەتكەن رەزون بەن-ئەلىيادا دېگەننىڭ ئۆزىنى قوپۇردى. 24 داۋۇد
زوبالىقلارنى ئۆلتۈرگەندە رەزون بىر گۇرۇھنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ سەردارى بولدى. ئاندىن كېيىن
بۇلار دەمەشققە بېرىپ، ئاندا ئولتۇرۇپ، دەمەشقتە سەلتەنەت قىلاتتى. 25 رەزون سۇلايماننىڭ
ھەممە كۈنلىرىدە ئىسرائىلنىڭ دۈشمەن بولۇپ، ھادادتەك يامانلىق قىلىپ، ئىسرائىلنى
يىرگىنچلىك كۆردى. بۇ ئۆزى ئاررام ئۈستىدە پادىشاھ بولدى.
26 سۇلايماننىڭ يەروبئام دېگەن بىر خىزمەتكارى بار ئىدى. ئۇ ئۆزى زەرەدالىق ئەفرائىمىي
نەباتنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى زەرۇئا دەپ ئاتىلىپ، تۇل ئىدى. يەروبئام ئۆزى
پادىشاھقا قارشى قوپتى. 27 ئۇنىڭ پادىشاھقا قارشى قوپقىنىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، سۇلايمان
مىللو قەلئەسىنى ياساپ، ئاتىسى داۋۇدنىڭ شەھىرىنىڭ خاراب يەرلىرىنى ئوڭلىتىپ تۇردى.
28 يەروبئام ئۆزى بىر قابىل كىشى ئىدى. سۇلايمان ئۇنىڭ چاققان يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ،
ئۇنى يۈسۈپنىڭ خانىدانىغا بۇيرۇلغان ئىشنىڭ ئۈستىگە قويدى. 29 ئۇ ۋاقىت يەروبئام بىر
يېڭى يېپىنچىنى كىيىپ، يېرۇسالېمدىن بىر مەرتىۋە چىققاندا شىلوھتىن بولغان ئاخىيا
پەيغەمبەر يولدا ئۇنىڭغا ئۇچرىدى. ئىككىلىسى سەھرادا يالغۇز بولغاندا، 30 ئاخىيا يەروبئام
كىيگەن يېپىنچىنى تۇتۇپ، يىرتىپ ئون ئىككى پارچە قىلىپ، 31 ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئۆزۈڭ
ئۈچۈن ئون پارچىنى ئالغىن، چۈنكى ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى:
‹ مانا پادىشاھلىقنى سۇلايماننىڭ قولىدىن تارتىپ، ئون قەبىلىنى ساڭا بېرەي. 32 بىر
قەبىلە بەندەم داۋۇدنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن قېلىپ، مەن ھەممە ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىدىن
ئىلغىغان يېرۇسالېم شەھىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قالىدۇ. 33 ئۇلار مېنى تاشلاپ سىدونىيلارنىڭ
ئايال مەبۇدى ئاشتاروتقا، موئابىيلارنىڭ ئايال مەبۇدى كېموشقا ۋە بەنى-ئاممونىنىڭ مەبۇدى
مىلكومغا سەجدە قىلىپ، خاھى ئۇنىڭ ئاتىسى داۋۇدتەك مېنىڭ قانۇن بىلەن ئەھكاملىرىمغا
ئەمەل قىلماي، خاھى مېنىڭ يوللىرىمدا يۈرمەي، خاھى مېنىڭ نەزىرىمدە راستلىق قىلمىغىنى
ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ. 34 لېكىن پادىشاھلىقنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن تارتماي، ئۇنىڭ قولىدا پۈتۈن
قالدۇرۇپ، ئۆزۈم ئىلغىغان بەندەم داۋۇدنىڭ خاتىرىسىنى قىلىپ، ئۇنى ئۆمرىنىڭ ھەممە
كۈنلىرىدە سەلتەنەت قىلغۇچى قىلىمەن، چۈنكى داۋۇد ئۆزى مېنىڭ ئەمرىم بىلەن قانۇنلىرىمنى
تۇتاتتى. 35 ئەمما ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قولىدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ، ئۇنىڭدىن ئون قەبىلىنى
ساڭا بېرىمەن. 36 لېكىن بەندەم داۋۇدنىڭ چىرىغى مېنىڭ ئىسمىم ئۈچۈن ئۆزۈم ئىلغىغان
يېرۇسالېم شەھىرىدە ھەمىشە مېنىڭ ئالدىمدا بولغاي دەپ ئۇنىڭ ئوغلىغا بىر قەبىلىنى
بېرەي. 37 مەن سېنى ئېلىپ، ھەممە خالىغىنىڭنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلغايسەن دەپ،
ئىسرائىلغا پادىشاھ قىلاي. 38 ئەگەر سەن ھەممە بۇيرۇغىنىمنى ئاڭلاپ، مېنىڭ يوللىرىمدا
يۈرۈپ، كۆزلىرىمدە ياخشى بولغىنىنى قىلىپ، بەندەم داۋۇد قىلغاندەك مېنىڭ قانۇن بىلەن

ئەمرلىرىمنى تۇتساڭ، مەن ساڭا يار بولۇپ، داۋۇتقا بىر ئۆينى ياسىغاندەك ساڭا مەزمۇت بىر
ئۆينى ياساپ، ساڭا ئىسرائىلنى بېرەي. [39] داۋۇدنىڭ نەسلىنى شۇنداق پەسلىتەي، لېكىن
ھەممىشە ئەمەس» دېدى.
[40] ئۇنىڭ ئۈچۈن سۇلايمان يەروبئامنى ئۆلتۈرگىلى پۇرسەت ئىزدەتتى. لېكىن يەروبئام
قوپۇپ مىسىرغا قېچىپ، مىسىرنىڭ پادىشاھى شىشاقنىڭ قېشىغا بېرىپ، سۇلايمان ئۆلگۈچە
مىسىردا قالدى.

## سۇلايماننىڭ ۋاپاتى

[41] سۇلايماننىڭ باشقا ئىشلىرى، ئۇنىڭ ھەممە قىلغىنى ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى بولسا سۇلايماننىڭ
ئەمەللىرىنىڭ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. [42] سۇلايماننىڭ يېرۇسالېمدا ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە
سەلتەنەت قىلغان ۋاقتى قىرىق يىل ئىدى. [43] سۇلايمان ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت
تېپىپ، ئاتىسى داۋۇدنىڭ شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى رېھابىئام ئورنىدا
پادىشاھ بولدى.

## ئىسرائىل ئىككىگە بۆلۈنىدۇ

12 [1] رېھابىئام شەكەمگە باردى، چۈنكى ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ئۇنى پادىشاھ قىلغىلى
شەكەمگە كەلگەندى. [2] نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئام مىسىردا بولۇپ تۇرۇپ، شۇنى
ئاڭلىدى. چۈنكى يەروبئام سۇلايمان پادىشاھنىڭ قېشىدىن قېچىپ، مىسىردا ئولتۇردى.
[3] لېكىن ئۇلار كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى قىچقاردى. يەروبئام بىلەن پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ جامائىتى
كېلىپ، رېھابىئامغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [4] «سېنىڭ ئاتاڭ يۈكىمىزنى ئېغىر قىلدى. سەن
ئەمدى ئاتاڭ بىزگە قويغان قاتتىق ئىش بىلەن ئېغىر بويۇنتۇرۇقنى يېنىكرەك قىلساڭ، ساڭا
خىزمەت قىلايلى» دېدى. [5] ئۇ ئۇلارغا: «بېرىپ، ئۈچ كۈنگىچە توختاپ تۇرۇپ، ئاندىن قېشىمغا
يېنىپ كېلىڭلار» دېسە، خەلق تارىلىپ كەتتى.
[6] رېھابىئام پادىشاھ ئۆز ئاتىسى سۇلايمان تىرىك ئىكەندە ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغان قېرى
ئادەملەردىن مەسلىھەت سوراپ: «بۇ خەلققە بېرىدىغان جاۋابىم توغرىسىدا نېمە مەسلىھەت
كۆرسىتىسلەر؟» دېدى. [7] ئۇلار ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ ئېيتتى: «ئەگەر سەن بۇ كۈن شۇ
خەلقنىڭ ئىختىيارىغا ئۇناپ، ئۇلارغا خىزمەت قىلىپ جاۋاب بەرگىنىڭدە ئۇلارغا ياخشى
سۆز قىلساڭ، ئۇلار ھەممىشە سېنىڭ قۇللىرىڭ بولىدۇ» دېدى. [8] لېكىن ئۇ ئۆزى قېرى
كىشىلەر ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن مەسلىھەتنى تاشلاپ، ئۆزى بىلەن چوڭ بولۇپ قېشىدا تۇرغان
ياش ئادەملەردىن مەسلىھەت سوراپ، [9] ئۇلارغا ئېيتتى: «ماڭا سېنىڭ ئاتاڭ بىزگە سالغان
بويۇنتۇرۇقنى يېنىكرەك قىلغىن دېگەن بۇ خەلققە بېرىدىغان جاۋابىم توغرىسىدا نېمە

مەسلىھەت بېرىسىلەر؟» دېدى. 10 ئۇنىڭ بىلەن چوڭ بولغان ياش ئادەملەر ئۇنىڭغا سۆز
قىلىپ ئېيتتى: «‹ سېنىڭ ئاتاڭ بويۇنتۇرۇقىمىزنى ئېغىر قىلدى، لېكىن سەن ئۇنى بىزگە
يېنىكرەك قىلغىن› دەپ ئېيتقان بۇ خەلققە سۆز قىلىپ مۇنداق ئېيتقىنكى: ‹ مېنىڭ كىچىك
بارمىقىم ئاتامنىڭ بېلىدىن يوغانراق بولىدۇ. 11 ئاتام بويۇنتۇرۇقۇڭلارنى ئېغىر قىلغان بولسا،
مەن ئەمدى بويۇنتۇرۇقۇڭلارنى تېخى ئېغىرراق قىلاي. ئاتام سىلەرنى قامچا بىلەن ئوڭلىغان
بولسا، مەن سىلەرنى چايان بىلەن ئوڭلىتاي›» دېدى.
12 ئۈچىنچى كۈندە يەروبئام بىلەن ھەممە خەلق رېھابىئامنىڭ قېشىغا كەلدى، چۈنكى
پادىشاھ: «ئۈچىنچى كۈندە ماڭا يېنىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرۇغانىدى. 13 پادىشاھ قېرى
ئادەملەر ئۇنىڭغا بەرگەن مەسلىھەتنى تاشلاپ، خەلققە بىر قاتتىق جاۋاب بېرىپ، 14 ياش
ئادەملەرنىڭ مەسلىھەتىگە مۇۋاپىق ئۇلارغا: «ئاتام بويۇنتۇرۇقۇڭلارنى ئېغىر قىلغان بولسا،
مەن بويۇنتۇرۇقۇڭلارنى تېخى ئېغىرراق قىلاي. ئاتام سىلەرنى قامچا بىلەن ئوڭلىغان بولسا،
مەن سىلەرنى چايان بىلەن ئوڭلىتاي» دەپ،
15 پادىشاھ خەلقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. خۇداۋەندە شىلوھلىق ئاخىيانىڭ ۋاستىسى بىللە
نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئامغا ئېيتقان سۆزىنىڭ بەجا كەلتۈرۈلمىكى ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ
تەرىپىدىن شۇنداق تەقدىر قىلىنغانىدى.
16 ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى پادىشاھ ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغىنىنى كۆرگەندە، خەلق
پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «داۋۇد بىلەن نېمە نېسىۋىمىز بار؟ يەشاينىڭ ئوغلى
بىلەن نېمە مىراسىمىز بار؟ ئەي ئىسرائىل، ئۆز چېدىرلىرىڭغا يېنىپ كەتكىن. ئەي داۋۇد، ئۆز
ئۆيۈڭدىن خەۋەر ئالغىن» دېدى. ئاندىن ئىسرائىلىيلار ئۆز ماكانلىرىغا يېنىپ كەتتى. 17 ئەمما
يەھۇدا شەھەرلىرىدە ئولتۇرغان ئىسرائىلىيلار بولسا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە رېھابىئام پادىشاھ
بولدى. 18 رېھابىئام پادىشاھ باج-ئالغۇنىنىڭ نازارەتچىسى ئادورامنى ئەۋەتكەندە ئىسرائىلنىڭ
ھەممىسى ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈردى. ئۇ ۋاقىت رېھابىئام پادىشاھ ئالدىراپ
ئۆز ھارۋىسىغا چىقىپ، يېرۇسالېمغا قېچىپ كەتتى. 19 شۇ تەرىقىدە ئىسرائىل داۋۇدنىڭ
خانىدانىدىن بۇ كۈنگىچىلىك ئايرىلىپ كەتتى. 20 ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى يەروبئامنىڭ
يېنىپ كەلگىنىنى ئاڭلىغاندا ئۇلار كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى خەلقنىڭ جامائىتىگە قىچقىرىپ،
پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ قىلدى. يەھۇدا قەبىلىسىدىن باشقا ھېچكىم داۋۇدنىڭ
خانىدانىغا ئەگەشمىدى.
21 رېھابىئام يېرۇسالېمغا كەلگەندە ئىسرائىلنىڭ خانىدانى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى
سۇلايماننىڭ ئوغلى رېھابىئامغا مايىل قىلىپ ياندۇرسۇن دەپ، ھەممە يەھۇدا خانىدانىدىن
ۋە بەنيامىن قەبىلىسىدىن بىر يۈز سەكسەن مىڭ خىللانغان ئەسكەرنى يىغدۇردى. 22 لېكىن
خۇدانىڭ سۆزى خۇدانىڭ ئادىمى شەماياغا كېلىپ ئېيتتىكى: 23 «يەھۇدانىڭ پادىشاھى
سۇلايماننىڭ ئوغلى رېھابىئامغا ئېيتىپ، پۈتۈن يەھۇدا بىلەن بەنيامىننىڭ خانىدانىغا ۋە قالغان
خەلققىمۇ دېگىنكى: 24 ‹ بۇرادەرلىرىڭلار بەنى-ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلغىلى چىقماڭلار.

ھەربىرىڭلار ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كەتسۇن، چۈنكى بۇ ئىش مەندىندۇر›» دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ.
شۇنى دېسە، ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ يېنىپ كېتىپ، خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە
مۇۋاپىق يولغا راۋان بولدى.

## يەروبئام ئالتۇن موزايلارنى ياسايدۇ

[25] لېكىن يەروبئام ئەفرائىم تاغلىرىدىكى شەكەم شەھىرىنى ياساپ، شۇ يەردە ئولتۇرۇپ،
ئاندىن چىقىپ پېنىيەلنى ياساپ قويدى. [26] يەروبئام ئۆز-ئۆزىگە ئېيتتىكى: «ئەمدى
پادىشاھلىق داۋۇتنىڭ خانىدانىغا ياندىغان چېغى بار. [27] ئەگەر بۇ خەلق يېرۇسالېمغا
چىقىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە قۇربانلىق قىلسا، خەلقنىڭ كۆڭۈللىرى ئۆز خوجىسىغا، يەنى
يەھۇدا پادىشاھى رېھابئامغا يەنە مايىل بولىدۇ. ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە يەھۇدا پادىشاھى
رېھابئامنىڭ تەرىپىگە يانارمىكىن» دەپ، [28] پادىشاھ مەسلىھەت توختىتىپ، ئالتۇندىن
ئىككى موزاي سۈرىتىنى ئېتىپ، خەلققە: «يېرۇسالېمغا چىقماق سىلەرگە ئېغىر كېلىدۇ. ئەي
ئىسرائىل، مانا سىلەرنى مىسىر يۇرتىدىن چىقارغان ئەڭرىلەر بۇدۇر» دەپ [29] بىرىنى بەيتەلدە
ۋە يەنە بىرىنى داندا تۇرغۇزۇپ قويدى. [30] بۇ ئىش گۇناھقا سەۋەب بولدى، چۈنكى خەلق
موزايلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئالدىدا باش ئەگگىلى دانغىچە باراتتى.
[31] ئۇ ھەم ئېگىز يەرلەردە قۇربانلىق ئۇچۇن ئۆيلەر ياساپ، بەنى-لاۋىيدىن بولمىغان ئاۋام
خەلقتىن كاھىنلار تەيىنلەپ قويدى.
[32] يەروبئام سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىدە يەھۇدانىڭ يۇرتىدا تۇتۇلغان ھېيتقا
ئوخشاش بىر ھېيتنى تەيىنلەپ بۇيرۇپ، ھېيتتا ئۆزى قۇربانگاھقا چىقتى. بەيتەلدە شۇنداق
قىلىپ، ئۆزى ئەتكەن موزاي سۈرەتلىرىگە قۇربانلىق ئۆتكۈزدى. ئۆزى سالدۇرغان قۇربانلىق
ئېگىزلىكلەردىكى كاھىنلارنى بەيتەلدە خىزمەتكە سالدى.
[33] سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىدە ئۆزى بەيتەلدە سالدۇرغان قۇربانگاھقا چىقتى.
ئۇ ئاينى ئۆز كۆڭلىنىڭ ئىختىيارى بىلەن تەيىنلىگەنىدى. ئۇ ۋاقىت بەنى-ئىسرائىلغا بىر
ھېيتنى بۇيرۇپ، خۇشبۇي ئىسرىقنى ياندۇرماق ئۇچۇن ئۆزى قۇربانگاھقا چىقتى.

## يەھۇدادىن كەلگەن پەيغەمبەر

13 [1] يەروبئام خۇشبۇي ئىسرىقنى ياندۇرغىلى قۇربانگاھنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا مانا
خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خۇداۋەندىنىڭ بىر ئادىمى يەھۇدادىن چىقىپ بەيتەلگە
كېلىپ، [2] قۇربانگاھقا يۈزلىنىپ، خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىچقىرىپ ئېيتتىكى: «ئەي
قۇربانگاھ، ئەي قۇربانگاھ، خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ مانا داۋۇدنىڭ خانىدانىغا يوشىيا

دېگەن بىر ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. سېنىڭ ئۈستۈڭدە خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرۇپ، قۇربانلىق
ئېگىزلىكلىرىدە كاھىنلىق قىلغان كىشىلەرنى ئۇ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ ۋاقىت ئۈستۈڭدە ئادەم
سۆڭەكلىرى كۆيدۈرۈلىدۇ» دېدى. 3 ئۇ ئەسنادا بىر ئالامەتنى دەپ بېرىپ ئېيتتىكى:
«خۇداۋەندىنىڭ سۆز قىلغىنىنىڭ ئالامىتى شۇدۇر: مانا قۇربانگاھ يېرىلىپ ئۈستىدىكى
كۈل تۆكۈلۈپ كېتىدۇ» دېدى.
4 يەروبئام پادىشاھ خۇدانىڭ ئادىمى بەيتەلدىكى قۇربانگاھقا قارشى قىچقارغان سۆزنى
ئاڭلىغاندا، قۇربانگاھتىن ئۆز قولىنى سۇنۇپ: «ئۇنى تۇتۇڭلار» دەپ ئېيتتى. لېكىن ئۇنىڭ
تەرىپىگە سۇنغان قولى ئۇنداق قۇرۇپ قالدىكى، ئۇنى ئۆزىگە يەنە يىغالمىدى. 5 قۇربانگاھ
ھەم خۇدانىڭ ئادىمى ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئېيتقان سۆزگە مۇۋاپىق يېرىلىپ،
كۈل تۆكۈلۈپ كەتتى. 6 پادىشاھ سۆز قىلىپ خۇدانىڭ ئادىمىگە: «تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە
مېنىڭ ھەققىمدە يالۋۇرغىنكى، قولۇمنى ئۆزۈمگە يىغالىغايمەن» دەپ ئېيتتى. خۇدانىڭ
ئادىمى خۇداۋەندىگە يالۋۇرسا، پادىشاھ قولىنى ئۆزىگە يەنە يىغالاپ، قولى بالدۇرقىدەك
بولدى. 7 پادىشاھ خۇدانىڭ ئادىمىگە ئېيتتى: «مەن بىلەن ئۆيۈمگە بېرىپ، ئۆزۈڭنى
قۇۋۋەتلەندۈرگىن. مەن ساڭا بىر ئىنئام ھەم بېرەي» دېدى. 8 لېكىن خۇدانىڭ ئادىمى
پادىشاھقا جاۋاب بەردىكى: «ئۆيۈڭنىڭ يېرىمىنى ماڭا بەرسەڭمۇ، خاھى سەن بىلەن بېرىپ،
خاھى بۇ يەردە نان يەپ سۇ ئىچمەيمەن. 9 چۈنكى خۇداۋەندە ئۆز سۆزى بىللە ماڭا بۇيرۇپ
ئېيتتىكى: ‹ خاھى نان يېمەي، خاھى سۇ ئىچمەي، خاھى كەلگەن يولۇڭ بىلەن يانمايسەن›».
10 شۇنى دەپ، خۇدانىڭ ئادىمى بەيتەلگە كەلگەن يول بىلەن يانماي، باشقا يول بىلەن كەتتى.
11 لېكىن بەيتەلدە بىر ياشانغان پەيغەمبەر ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كېلىپ، خۇدانىڭ
ئادىمىنىڭ بەيتەلدە ئۇ كۈن نېمە قىلغىنىنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىپ، ئۇنىڭ پادىشاھقا قىلغان
سۆزىنىمۇ ئاتىسىغا ئېيتىپ بەردى. 12 ئاتىسى ئۇلاردىن: «قايسى يول بىلەن كەتتى؟» دەپ
سورىدى. چۈنكى ئوغۇللىرى خۇدانىڭ يەھۇدا يۇرتىدىن كەلگەن ئادىمىنىڭ قايسى يول بىلەن
كەتكىنىنى كۆرگەنىدى. 13 پەيغەمبەر ئۆز ئوغۇللىرىغا: «ماڭا ئېشەكنى توقۇپ بېرىڭلار»
دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئېشەكنى توقۇپ بەرگەندە ئۇ ئۇنىڭغا مىنىپ، 14 خۇدانىڭ
ئادىمىنىڭ كەينىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ بىر دۇب دەرىخىنىڭ تېگىدە ئولتۇرغىنىنى تېپىپ،
ئۇنىڭغا: «يەھۇدا يۇرتىدىن كېلىپ، خۇدانىڭ ئادىمى دېگەن كىشى سەنمۇ؟» دەپ سورىدى.
ئۇ كىشى: «مەن ئۇدۇرمەن» دەپ جاۋاب بەردى. 15 ئۇ ئۇنىڭغا: «مەن بىلەن ئۆيۈمگە
بېرىپ، نان يېگىن» دېدى. 16 ئۇ ئېيتتى: «مەن سەن بىلەن يانالماي، خاھى سېنىڭكىگە
كېلەلمەي، خاھى بۇ يەردە سەن بىلەن نان يەپ سۇ ئىچمەيمەن. 17 چۈنكى خۇداۋەندىنىڭ
سۆزى بىلەن ماڭا ئېيتىلغانكى: ‹ ئاندا خاھى نان يەپ سۇ ئىچمىگىن، خاھى كەلگەن
يول بىلەن يانمىغىن›». 18 ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مەن ھەم سەندەك بىر پەيغەمبەردۇرمەن
ۋە خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقى بىللە بىر پەرىشتە ماڭا سۆز قىلىپ: ‹ ئۇنى نان يېگۈزۈپ سۇ
ئىچۈرگىلى ئۆزۈڭ بىلەن ئۆيۈڭگە ياندۇرغىن› دېدى›» دەپ ئېيتتى. لېكىن شۇنى دەپ،

ئۇنىڭغا يالغان ئېيتتى. [19] ئۇ ۋاقىت ئۇ ئۇزى ئۇنىڭ بىلەن يېنىپ، ئۆيدە نان يەپ سۇ ئىچتى.

[20] لېكىن ئۇ داستىخاندا ئولتۇرغىنىدا خۇداۋەندىنىڭ سۆزى ئۇنى ياندۇرغان پەيغەمبەرگە كەلدى. [21] بۇ ئۆزى خۇدانىڭ يەھۇدا يۇرتىدىن كەلگەن ئادەمگە قىچقىرىپ ئېيتتى: «خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ سەن خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، تەڭرىڭ خۇداۋەندە ساڭا بۇيرۇغىنىنى تۇتماي، [22] بەلكى يېنىپ، خۇداۋەندە سېنى نان يەپ سۇ ئىچكىلى مەنئى قىلغان يەردە نان يەپ سۇ ئىچكىنىڭ ئۈچۈن، سېنىڭ ئۆلۈكۈڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ گۆرىدە كۆمۈلمەيدۇ» دېدى.

[23] ئۇ ئۆزى نان يەپ سۇ ئىچىپ بولغاندا بۇ كىشى ئۇنىڭغا، يەنى ئۆزى ياندۇرغان پەيغەمبەرگە ئېشەكنى توقۇپ بەردى. [24] ئۇ كېتىپ بارغىنىدا يولدا بىر شىر ئۇنىڭغا ئۇچراپ ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇنداقكى، ئۇنىڭ ئۆلۈكى يولدا تاشلىنىپ قېلىپ، ئېشىكى ئاندا تۇرۇپ، شىر ھەم ئۆلۈكنىڭ يېنىدا تۇراتتى. [25] مانا خەلق ئۆتۈپ بېرىپ، يولدا تاشلانغان ئۆلۈك بىلەن ئۆلۈكنىڭ يېنىدا شىرنى كۆرۈپ، قېرى پەيغەمبەر ئولتۇرغان شەھەرگە كېلىپ، ئاندا شۇنى دەپ بەردى. [26] ئۇنى يولدىن ياندۇرغان پەيغەمبەر شۇنى ئاڭلاپ، ئېيتتى: «خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ خۇدانىڭ ئادىمى دېگەن كىشى شۇدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە ئۇنى شىرغا تاپشۇردى. خۇداۋەندە ئۇنىڭغا قىلغان سۆزىگە مۇۋاپىق شىر ئۇنى ئېزىپ ئۆلتۈردى» دېدى. [27] ئاندىن ئۆز ئوغۇللىرىغا: «ئېشەكنى ماڭا توقۇڭلار» دەپ ئېيتسا، ئۇنى توقۇدى. [28] ئۇ بېرىپ، يولدا تاشلانغان ئۆلۈك بىلەن ئۆلۈكنىڭ يېنىدا تۇرغان ئېشەك ۋە شىرنى تاپتى. شىر بولسا، خاھى ئۆلۈكنى يېمەي، خاھى ئېشەكنىمۇ ئەزمىگەنىدى. [29] پەيغەمبەر خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ ئۆلۈكىنى ئېشەككە ئارتىۋېلىپ ياندى. قېرى پەيغەمبەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ، ئۇنى دەپنە قىلغىلى شەھەرگە بېرىپ، [30] ئۆلۈكنى ئۆز گۆرىدە قويدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ: «ۋاي بۇرادىرىم» دەپ قىچقاردى. [31] ئۇنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئۆز ئوغۇللىرىغا ئېيتتىكى: «مەن ئۆلگەندە خۇدانىڭ ئادىمى دەپنە قىلىنغان گۆردە مېنى دەپنە قىلىپ، سۆڭەكلىرىمنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنىڭ يېنىدا قويۇڭلار. [32] چۈنكى ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەيتەلدىكى قۇربانگاھقا قارشى سامارىيەدىكى شەھەرلەرنىڭ ئېگىزلىكلىرىدە ياسالغان قۇربانلىق ئۆيلىرىگە قارشى قىچقارغىنى شەكسىز بەجا كەلتۈرۈلىدۇ» دېدى.

[33] يەروبئام بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۆز يامان يولىدىن يانماي، بەلكى قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرى ئۈچۈن ئاۋام خەلقتىن كاھىنلار تەيىنلەپ قويدى. ھەركىم خالىسا ئۇنىڭغا كاھىنلىق مەنسىپىنى بېرىپ، قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىدە كاھىن بولغىلى تەيىنلىدى. [34] شۇ ئىش يەروبئامنىڭ ئۆيىگە گۇناھ سانىلىپ، يەر يۈزىدىن كېسىلىپ خاراب قىلىنىشىغا سەۋەب بولدى.

## يەروبئام ۋە پەيغەمبەر ئاخىيا

14 [1] ئۇ ۋاقىت يەروبئامنىڭ ئوغلى ئابىيا كېسەل بولدى. [2] يەروبئام ئۆز خوتۇنىغا
ئېيتتىكى: «قوپۇپ، سېنىڭ يەروبئامنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىڭنى ھېچكىم
تونۇمىغۇدەك ئۆز سۈرىتىڭنى يەڭگۈشلەپ، شىلوھقا بارغىن. مانا ماڭا: ‹ بۇ خەلقنىڭ ئۈستىدە
پادىشاھ بولىسەن› دەپ ئېيتىپ بەرگەن ئاخىيا پەيغەمبەر ئاندا ئولتۇرىدۇ. [3] ئۆز قولۇڭدا ئون
نان، بىرنەچچە چەلپەك، بىر قۇتا ھەسەلنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا بارغىن. ئۇ ئۆزى يىگىتكە
نېمە بولىدىغىنىنى ساڭا دەپ بېرىدۇ» دېدى. [4] يەروبئامنىڭ خوتۇنى شۇنداق قىلىپ، قوپۇپ
شىلوھقا بېرىپ، ئاخىيانىڭ ئۆيىگە كىردى. ئاخىيانىڭ كۆزلىرى قېرىلىقتىن كور بولغاچ
كۆرەلمەيتتى. [5] لېكىن خۇداۋەندە ئاخىياغا سۆز قىلىپ: «مانا يەروبئامنىڭ خوتۇنى ئۆز
ئوغلى توغرىسىدا سەندىن سورىغىلى كېلىدۇ. ئۇ ئۆزى كېسەلدۇر. ئۇنداق-مۇنداق ئۇنىڭغا
سۆز قىلغايسەن، چۈنكى كەلگەندە ئۆزىنى تونۇلمىغۇدەك كۆرسىتىدۇ» دەپ ئېيتقانىدى.
[6] ئاخىيا ئۇنىڭ قەدىمىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خوتۇن ئىشىككە كەلگەندە ئېيتتىكى: «ئەي
يەروبئامنىڭ خوتۇنى كىرگىن. نېمىشقا ئۆزۈڭنى تونۇلمىغۇدەك قىلىسەن؟ ساڭا قاتتىق بىر
خەۋەر بەرگىلى ماڭا بۇيرۇلغان. [7] بېرىپ يەروبئامغا ئېيتقىنكى: ‹ ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: «مەن سېنى خەلقنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ ئۇلۇغلاندۇرۇپ،
ئۆز قوۋمىم ئىسرائىلغا باش قىلىپ قويۇپ، [8] پادىشاھلىقنى داۋۇدنىڭ خانىدانىدىن ئېلىپ،
ساڭا بەردىم. لېكىن سەن بەندەم داۋۇدتەك بولمىدىڭ. ئۇ مېنىڭ ئەمرلىرىمنى تۇتۇپ، پۈتۈن
كۆڭلىدىن ماڭا ئەگىشىپ، مېنىڭ نەزىرىمدە ياخشى بولغىنىنى قىلاتتى. [9] لېكىن سەن
ئۆزۈڭدىن ئىلگىرى كەلگەنلەردىن ئوشۇقراق يامانلىق قىلىپ بېرىپ، مېنىڭ غەزىپىمنى
كەلتۈرۈپ، مېنى ئارقاڭغا تاشلاپ، ئۆزۈڭگە باشقا مەبۇدلارنى تۇتۇپ، قويما سۈرەتلەرنى
ياسىدىڭ. [10] ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن يەروبئامنىڭ ئۆيىگە بالا كەلتۈرۈپ، يەروبئامنىڭ
ئىسرائىلدىكى خانىدانىدىن ھەممە ئەركەكنى، خاھى كىچىك، خاھى چوڭ بولسا ھەممىسىنى
كېسىپ، پاسكىنىلىق سۈپۈرۈلۈپ ئېتىلغاندەك يەروبئامنىڭ خانىدانىدىن قالغىنىنى يوق
بولغۇچىلىك سۈپۈرۈۋېتىمەن. [11] يەروبئامنىڭ خانىدانىدىكىلەردىن ھەركىم شەھەردە ئۆلسە،
ئۇنى ئىتلار يەپ، ھەركىم سەھرادا ئۆلسە، ئۇنى ھاۋادىكى قۇشلار يەيدۇ. چۈنكى خۇداۋەندە
شۇنداق ئېيتقان›.
[12] ئەمدى سەن قوپۇپ ئۆيۈڭگە بارغىن. پۇتلىرىڭ شەھەرگە كىرگەن ھامان بالا ئۆلىدۇ.
[13] ئۆلسە، پۈتۈن ئىسرائىل ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ، ئۇنى دەپنە قىلىدۇ. مانا يەروبئامنىڭ
ئۆيىدىن يالغۇز ئۇ بىر گۆرگە قويۇلىدۇ. چۈنكى يەروبئامنىڭ خانىدانلىرىنىڭ ئارىسىدا خاس
ئۇنىڭدا ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا بىر ياخشىلىق تېپىلدى. [14] لېكىن
خۇداۋەندە ئۆزىگە ئۇ كۈن يەروبئامنىڭ خانىدانىنى يوقىتىدىغان بىر پادىشاھنى ئىسرائىلنىڭ
ئۈستىگە قويۇرىدۇ. بۇ شەكسىز يات ۋەقە بولىدۇ. [15] خۇداۋەندە ئىسرائىلنى سۇدا لىڭشىتىلغان
قومۇشتەك قىلىپ، ئۇرۇپ ئاتا-بوۋىلىرىغا بەرگەن ياخشى يۇرتتىن ئىسرائىلنى قومۇرۇپ،

ئۆزىگە ئاشىرە بۇتلىرىنى ياساپ خۇداۋەندىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگىنى ئۈچۈن ئۇلارنى دەريانىڭ
ئۇ تەرىپىگە تارقىتىدۇ. [16] يەروبئام ئۆزى گۇناھ قىلىپ، ئىسرائىلنى گۇناھ قىلدۇرغىنى
ئۈچۈن خۇداۋەندە ئىسرائىلنى قويۇپ تاشلايدۇ» دېدى.
[17] ئۇ ۋاقىت يەروبئامنىڭ خوتۇنى قوپۇپ، يولغا كېتىپ تىرزاغا كەلدى. لېكىن ئۆيىنىڭ
بوسۇغىسىدىن ئۆتكەندە يىگىت ئۆلدى. [18] ئۇلار ئۇنى دەپنە قىلىپ، پۈتۈن ئىسرائىل
خۇداۋەندىنىڭ ئۆز بەندىسى ئاخىيا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقان سۆزىگە مۇۋاپىق
ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم تۇتتى.
[19] يەروبئامنىڭ باشقا ئىشلىرى، يەنى جەڭلىرى ۋە سەلتەنەت قىلغىنى توغرىسىدا ئىسرائىل
پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا پۈتۈلگەندۇر. [20] ئۇنىڭ سەلتەنەت قىلغان ۋاقتى يىگىرمە
ئىككى يىل ئىدى. ئاندىن كېيىن ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تاپتى. ئۆز ئوغلى ناداب
ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## رېھابىئامنىڭ سەلتەنىتى

[21] لېكىن سۇلايماننىڭ ئوغلى رېھابىئام يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئىدى. رېھابىئام پادىشاھ بولغاندا
قىرىق بىر ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئۆزى خۇداۋەندە ئۆز ئىسمى ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ ھەممە
قەبىلىلىرى ئارىسىدىن ئىلغىغان يېرۇسالېم شەھىرىدە ئون يەتتە يىل سەلتەنەت قىلدى.
ئۇنىڭ ئانىسى بىر ئاممونىي خوتۇن بولۇپ، نائەما دەپ ئاتالدى. [22] ئەمما يەھۇدا خەلقى
خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامانلىق قىلىپ، ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىدىن زىيادە گۇناھ قىلىپ، ئۇنىڭ
غەزىپىنى كەلتۈرەتتى.
[23] چۈنكى ئۇلار ھەم قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىدە بۇت تۈۋرۈكلىرىنى ۋە ئاشىرە بۇتسۇرەتلىرىنى
ھەممە ئېگىز دۆڭلۈكلەردە تىكلەپ، ھەممە كۆك دەرەخلەرنىڭ تېگىدە ياساتتى. [24] يۇرتنىڭ
ئۆزىدە ھەم ھەزىلەكلەر بار ئىدى. ئۇلار خۇداۋەندە ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن چىقارغان تائىپىلەرنىڭ
يىرگىنچلىك ئىشلىرىنى قىلاتتى.
[25] لېكىن رېھابىئام پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ بەشىنچى يىلىدا مىسىرنىڭ پادىشاھى
شىشاق يېرۇسالېمغا چىقىپ، [26] ھەم خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىن ھەم پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن
خەزىنىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، سۇلايمان ئەتكەن ئالتۇن سىپارلارنى ئېلىپ كەتتى.
[27] ئۇلارنىڭ ئورنىدا رېھابىئام پادىشاھ مىستىن سىپارلار ياساپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ
دەرۋازىسىدا پاسىبانلىق قىلغان سىپاھلارنىڭ قولىغا تاپشۇردى. [28] پادىشاھ خۇداۋەندىنىڭ
بەيتىگە بارغاندا سىپاھلار سىپارلارنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن ئۇلارنى پاسىبانخانىغا يەنە كەلتۈرۈپ
قوياتتى. [29] رېھابىئامنىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە قىلغىنىنىڭ ھەممىسى يەھۇدا پادىشاھلارنىڭ
تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. [30] لېكىن رېھابىئام بىلەن يەروبئام بولسا پۈتۈن ئۆمرىدە بىر-
بىرى بىلەن جەڭ قىلىشاتتى. [31] رېھابىئام ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ،

داۋۇدنىڭ شەھىرىدە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ جايىدا دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئانىسى ئامونىي بولۇپ، نائەما دەپ ئاتالدى. رەھابىئامنىڭ ئوغلى ئابىيام ئاتىسىنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئابىيام

15 [1] نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئام پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون سەككىزىنچى يىلىدا ئابىيام يەھۇدانىڭ ئۈستىگە پادىشاھ بولۇپ، [2] يېرۇسالېمدا ئۈچ يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى مائاكا دەپ ئاتىلىپ، ئابشالومنىڭ قىزى ئىدى. [3] ئابىيامنىڭ كۆڭلى ئاتىسى داۋۇدنىڭ كۆڭلىدەك تەڭرىسى خۇداۋەندىگە مايىل بولماي، بەلكى ئاتىسى رەھابىئامنىڭ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىدا يۈرەتتى. [4] لېكىن داۋۇدنىڭ جەھىتىدىن ئۇنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە يېرۇسالېمدا ئۇنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي، بەلكى ئوغلىنى ئۇنىڭدىن كېيىن تىكلەپ، يېرۇسالېمنى يۆلەپ ساقلىدى. [5] چۈنكى داۋۇد خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە توغرا بولغىنىنى قىلىپ، خىتتىيلىق ئۇرىياغا قىلغان ئىشتىن باشقا ئۆز ئۆمرىنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە خۇداۋەندە ئۇنىڭغا بۇيرۇغاندىن يانمىغانىدى. [6] لېكىن رەھابىئامنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە رەھابىئام ۋە يەروبئام بىر-بىرى بىلەن جەڭ قىلىشىپ تۇراتتى.
[7] ئابىيامنىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە قىلغىنىنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. ئابىيام ۋە يەروبئام بىر-بىرى بىلەن جەڭ قىلىشىپ تۇراتتى. [8] ئابىيام ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ داۋۇدنىڭ شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى ئاسا ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاسا

[9] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەروبئامنىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمىنچى يىلىدا ئاسا يەھۇدانىڭ ئۈستىگە پادىشاھ بولۇپ، [10] يېرۇسالېمدا قىرىق بىر يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى مائاكا دەپ ئاتىلىپ، ئابشالومنىڭ قىزى ئىدى. [11] ئاسا ئۆز ئاتىسى داۋۇد قىلغاندەك خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە توغرا بولغىنىنى قىلىپ، [12] يۇرتتىن ھەزىلەكلەرنى چىقىرىپ، ئاتا-بوۋىلىرى ياسىغان ھەممە بۇتسۇرەتلىرىنى ھەم چىقىرىۋەتتى. [13] ئۇ ئۆز ئانىسى مائاكا ئاشەرانىڭ ئىبادىتىگە بىر بۇتسۇرىتىنى ياسىغىنى ئۈچۈن ئۇنى مەلىكە مەرتىۋىسىدىن چۈشۈردى. ئاسا ئۇنىڭ بۇتسۇرىتىنى كېسىپ، قىدرون جىلغىسىدا كۆيدۈردى. [14] قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرى يوقىتىلمىسىمۇ، ئاسانىڭ كۆڭلى پۈتۈن ئۆمرىدە خۇداۋەندىگە مايىل ئىدى. [15] ھەم ئاتىسى، ھەم ئۇ ئۆزى مۇقەددەس قىلغان نەرسىلەرنى، يەنى كۈمۈش بىلەن ئالتۇننى ۋە قاچىلارنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە كەلتۈرۈپ قويدى.

[16] لېكىن ئاسا ۋە ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى باشا پۈتۈن ئۆمرىدە بىر-بىرى بىلەن جەڭ قىلىشىپ
تۇراتتى. [17] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى باشا يەھۇداغا قارشى چىقىپ يەھۇدانىڭ پادىشاھى
ئاسانىڭكىگە ھېچكىم كىرىپ چىقمىسۇن دەپ، رامانى مەھكەم قىلىپ ياسىدى. [18] ئۇ ۋاقىت
ئاسا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە قالغان ھەممە كۈمۈش بىلەن ئالتۇننى ۋە پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى
خەزىنىلەرنى ئېلىپ، ئۆز خىزمەتكارلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. ئاندىن ئاسا پادىشاھ ئۇلارنى
دەمەشقتە ئولتۇراقلىق ئاررام پادىشاھى بەنھاداد بەن-تابرىممون بەن-خەزيوننىڭ قېشىغا
ئەۋەتىپ ئېيتقۇزدىكى: [19] «مېنىڭ ئاتام بىلەن سېنىڭ ئاتاڭنىڭ ئارىسىدا بولغاندەك، مەن
بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا بىر ئەھدە باردۇر. مانا ساڭا كۈمۈش بىلەن ئالتۇندىن ھەدىيە ئەۋەتتىم.
ئەمدى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى باشا بىلەن بار ئەھدەڭنى سۇندۇرغىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
مېنى قويۇپ كەتسۇن» دېدى. [20] بەنھادادنىڭ ئۆزى ئاسا پادىشاھنىڭ سۆزىگە ئۇناپ، ئۆز
قوشۇنىنىڭ سەردارلىرىنى ئىسرائىلنىڭ شەھەرلىرىگە قارشى ئەۋەتىپ، ئىيون، دان، ئابەل-
بەيت-مائاكانى ۋە پۈتۈن كىننەرەت بىلەن نافتالىنىڭ ھەممە يۇرتىنى ئۇردى. [21] باشا شۇنى
ئاڭلاپ، رامانى مەھكەم قىلىپ ياسىغىنىدىن قول يىغىپ، بېرىپ تىرزادا ئولتۇردى. [22] لېكىن
ئاسا پادىشاھ پۈتۈن يەھۇدانىڭ ئادەملىرىنى ھېچبىرىنى قويماي، ھەممىسىنى قىچقىرىپ، باشا
ئىشلەتكەن تاش بىلەن ياغاچلىرىنى رامادىن ئېلىپ كەتتى. ئاسا پادىشاھ بۇنى ئىشلىتىپ،
بەنيامىن يۇرتىدىكى گېبا بىلەن مىسپاھنى مەھكەم قىلىپ ياسىدى.
[23] ئاسانىڭ باشقا ئىشلىرى، ئۇنىڭ زور قۇدرىتى، قىلغىنىنىڭ ھەممىسى ۋە ياسىغان شەھەرلىرى
توغرىسىدا يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا پۈتۈلگەندۇر. لېكىن قېرىغاندا پۇتلىرى
ئاغرىق بولدى. [24] ئاسا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدا راھەت تېپىپ، داۋۇدنىڭ شەھىرىدە ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ جايىدا دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى يەھوشافات ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ناداب

[25] يەروبئامنىڭ ئوغلى ناداب يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئىككىنچى يىلىدا
ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. [26] ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە
يامان بولغىنىنى قىلىپ، ئۆز ئاتىسىنىڭ يولىدا يۈرۈپ، ئۆزى ئىسرائىلنى ئازدۇرۇپ گۇناھ
قىلغاندەك ئۇ ھەم شۇنداق قىلاتتى.
[27] لېكىن ئىسساكار خانىدانىدىن بولغان ئاخىيانىڭ ئوغلى باشا ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ،
فىلىستىنىيلەرگە زېمىنىدىكى گىببەتوندا ئۇنى ئۆلتۈردى. چۈنكى ناداب بىلەن پۈتۈن ئىسرائىل
گىببەتوننى قورشاپ تۇراتتى. [28] يەھۇدا پادىشاھى ئاسانىڭ ئۈچىنچى سەلتەنەت يىلىدا باشا
نادابنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. [29] ئۇ پادىشاھ بولغاندا يەروبئامنىڭ
ھەممە خانىدانىنى ئۇرۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ئۆز بەندىسى شىلوھلىق ئاخىيانىڭ ۋاستىسى
بىلەن ئېيتقان سۆزىگە مۇۋاپىق يەروبئامنىڭ ئۆيىدە نەپەسى بار ھېچكىمنى قويماي، ئۇنى

تامامەن يوقاتتى. [30] يەروبئام ئىسرائىلنى ئازدۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ
غەزىپىنى كەلتۈرگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۇنداق بولدى.
[31] نادابنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغىنىنىڭ ھەممىسى ئىسرائىلنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا
پۈتۈلگەندۇر. [32] لېكىن ئاسا ۋە ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى باشا پۈتۈن ئۆمرىدە بىر-بىرى بىلەن
جەڭ قىلىشىپ تۇراتتى.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى باشا

[33] يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئۈچىنچى يىلىدا ئاخىيانىڭ ئوغلى باشا
تىرزادا پۈتۈن ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، يىگىرمە تۆت يىل سەلتەنەت قىلدى. [34] ئۇ ئۆزى
خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، يەروبئامنىڭ يولىدا يۈرۈپ، شۇ ئۆزى
ئىسرائىلنى ئازدۇرغان گۇناھىنى قىلاتتى.

## يېھۇ پادىشاھ باشاغا تەنبىھ بېرىدۇ

16 [1] خۇداۋەندىنىڭ سۆزى باشاغا قارشى خانانىنىڭ ئوغلى يېھۇغا كېلىپ ئېيتتىكى:
[2] «مانا سېنى توپىدىن قوپۇرۇپ، قوۋمىم بەنى-ئىسرائىلغا باش قىلىپ قويدۇم.
لېكىن سەن يەروبئامنىڭ يولىدا يۈرۈپ، قوۋمىم ئىسرائىلنى گۇناھقا ئازدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ
گۇناھلىرى بىلەن غەزىپىمنى كەلتۈردۈڭ. [3] مانا باشا بىلەن خاندانىنىڭ نەسلىنى يوقىتۇرمەن.
يەروبئامنىڭ ئۆيىنى قىلغاندەك سېنىڭ ئۆيۈڭنى قىلىمەن. [4] باشانىڭ خاندانىدىكىلەردىن
ھەركىم شەھەردە ئۆلسە، ئۇنى ئىتلار يەپ، ھەركىم سەھرادا ئۆلسە، ئۇنى ھاۋادىكى قۇشلار
يەيدۇ» دېدى.
[5] باشانىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ قىلغىنىنىڭ ھەممىسى بىلەن زورلۇقى توغرىسىدا
ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا پۈتۈلگەندۇر. [6] باشا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ
ئارىسىدا راھەت تېپىپ، تىرزادا دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى ئېلا ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
[7] باشا يەروبئامنىڭ خاندانىدەك قىلىپ، ئۆز قوللىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن خۇداۋەندىنىڭ
غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەربىر يامانلىقنى قىلىپ، يەروبئامنىڭ خاندانىنى ھەم
ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ سۆزى خانانىنىڭ ئوغلى يېھۇ پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى
بىلەن كەلگەندى.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئېلا

[8] يەھۇدا پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمە ئالتىنچى يىلىدا باشانىڭ ئوغلى ئېلا تىرزادا ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. [9] لېكىن ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ يېرىمىگە سەردار بولغان خىزمەتكارى زىمرى ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلدى. ئېلا تىرزادا بولۇپ، تىرزادىكى ئوردىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئارزانىڭ ئۆيىدە شاراب ئىچىپ مەست بولغاندا، [10] زىمرى كىرىپ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى يەھۇدا پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى يىلىدا ئېلانىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. [11] ئۇ پادىشاھ بولۇپ ئۆز تەختىگە ئولتۇرغىنىدا باشانىڭ خانىدانىنى ئۇرۇپ، خاھى ئۇنىڭ ئۆي خەلقىدىن، خاھى دوستلىرىدىن ھېچكىمنى قويماي، ھەممە ئەركەكنى ئۆلتۈردى. [12] زىمرى شۇنداق قىلىپ، خۇداۋەندە يېھۇ پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشاغا قارشى ئېيتقان سۆزىگە مۇۋاپىق باشانىڭ پۈتۈن خانىدانىنى يوقاتتى. [13] باشا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئېلا ھەر گۇناھ قىلىپ ئىسرائىلنى ئازدۇرۇپ، ئىناۋەتسىز ئىشلىرى بىلەن ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن ئۈچۈن شۇنداق بولدى. [14] ئېلانىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە قىلغىنىنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا پۈتۈلگەندۇر.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى زىمرى

[15] يەھۇدا پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى يىلىدا زىمرى تىرزادا يەتتە كۈن سەلتەنەت قىلدى. خەلق فىلىستىيلەرگە تەۋە بولغان گىببەتوننى قورشاپ تۇردى. [16] قورشاپ تۇرغان خەلق: «زىمرى خىيانەت قىلىپ، پادىشاھنى ھەم ئۆلتۈردى» دەپ ئاڭلىغاندا ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ئۇ كۈن لەشكەرگاھتا قوشۇننىڭ سەردارى ئومرىنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ قىلدى. [17] ئاندىن ئومرى بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى گىببەتوندىن چىقىپ، تىرزانى قورشىدى. [18] لېكىن زىمرى شەھەرنىڭ ئېلىنغىنىنى كۆرگەندە پادىشاھلىق ئوردىنىڭ قورغىنىغا كىرىپ، ئوردىنى ئۆز ئۈستىدە كۆيدۈرۈپ ئۆلدى. [19] ئۇ ئۆزى گۇناھ قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، يەروبىئامنىڭ يولىدا يۈرۈپ، شۇ ئۆزى ئىسرائىلنى ئازدۇرۇپ گۇناھ قىلغاندەك ئىش قىلغىنى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.
[20] زىمرىنىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە قىلغان خىيانىتى توغرىسىدا ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا پۈتۈلگەندۇر.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئومرى

[21] شۇ چاغلاردا ئىسرائىلنىڭ خەلقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۇلارنىڭ يېرىمى گىناتنىڭ ئوغلى تىبنىغا ئەگىشىپ، ئۇنى پادىشاھ قىلغىلى تۇردى، لېكىن يېرىمى ئومرىغا ئەگەشتى.

[22] ھەرقانداق بولسا، ئومرىغا ئەگەشكەن خەلق گىناتنىڭ ئوغلى تىبنىغا ئەگەشكەن خەلقتىن
كۈچلۈك بولدى. تىبنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئومرى پادىشاھ بولدى.
[23] يەھۇدا پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز بىرىنچى يىلىدا ئومرى ئىسرائىلغا
پادىشاھ بولۇپ، ئون ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. تىرزادا ئالتە يىل ئولتۇرۇپ سەلتەنەت
قىلدى. [24] ئۇ ئۆزى سامىردىن سامارىيە تېغىنى ئىككى تالانت كۈمۈشكە ئېلىپ، شۇ تاغدا
بىر شەھەرنى بىنا قىلىپ، ئۇنى تاغنىڭ ئىگىسى سامىرنىڭ ئېتىدا سامارىيە دەپ ئاتىدى.
[25] لېكىن ئومرى خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى
بولغان ھەممىسىدىن ئوشۇقراق يامانلىقنى قىلىپ، [26] نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئامنىڭ
ھەممە يوللىرىدا يۈرۈپ، شۇ ئۆزى گۇناھ قىلىپ ئىسرائىلنى خۇدانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگىلى
ئىناۋەتسىز ئىشلارنى قىلغىلى ئازدۇرغاندەك گۇناھ قىلىپ ئىش قىلاتتى.
[27] ئومرىنىڭ قىلغان باشقا ئىشلىرى بىلەن زورلۇقى توغرىسىدا ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ
تارىخ كىتابلىرىدا پۈتۈلگەندۇر. [28] ئومرى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ،
سامارىيەدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى ئاخاب ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاخاب ئىزابەلنى خوتۇنلۇققا ئالدۇ

[29] يەھۇدا پادىشاھى ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز سەككىزىنچى يىلىدا ئومرىنىڭ
ئوغلى ئاخاب ئىسرائىلغا پادىشاھ بولدى. ئومرىنىڭ ئوغلى ئاخاب سامارىيەدە يىگىرمە
ئىككى يىل ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلدى. [30] ئەمما ئومرىنىڭ ئوغلى ئاخاب
ئۇنىڭ ئىلگىرىدىن بولغان ھەممىسىدىن خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە ئوشۇقراق يامانلىق
قىلدى. [31] نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئامنىڭ گۇناھلىرىدا يۈرگىنى بىلەن توختىماي، بەلكى
سىدونىيلارنىڭ پادىشاھى ئەتبائالنىڭ قىزى ئىزابەلنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، بائال دېگەن
بۇتقا ئىبادەت قىلىپ باش ئېگىپ، [32] ئۆزى سامارىيەدە ياسىغان بائال بۇتخانىسىدا بائالغا
بىر قۇربانگاھنى ياسىدى. [33] ئاخاب ھەم ئاشىرە بۇتلار ياسىتىپ قويىدى. ئاخاب شۇنداق
قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە پادىشاھلىرىدىن ئىسرائىلنىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئوشۇقراق يامانلىق قىلدى.
[34] ئۇنىڭ كۈنلىرىدە بەيتەللىك خىيەل يېرىخونى يەنە ياساپ قويىدى. لېكىن خۇداۋەندە
نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقان سۆزىگە مۇۋاپىق ئۇ ئۆزى ئۇلىنى
سالغاندا ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئابىرام ئۆلدى ۋە دەرۋازىلارنى سالغاندا ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى
سەگۇب ئۆلدى.

## ئىلىيا پەيغەمبەر كېرىت جىلغىسىنىڭ بويىدا

17 [1] گىلېئادتىكىلەردىن بولغان تىشبەلىك ئىلىيا ئاخابقا ئېيتتىكى: «مەن ئۇنىڭ ئالدىدا
تۇرغان ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن
بۇيرۇمىسام، بۇ يىللاردا، خاھى شەبنەم، خاھى يامغۇر چۈشمەيدۇ». [2] ئاندىن خۇداۋەندىنىڭ
سۆزى ئۇنىڭغا كېلىپ ئېيتتى: [3] «مۇندىن كېتىپ، شەرق تەرىپىگە بېرىپ، ئىئوردانىنىڭ
ئۇ تەرىپىدىكى كېرىت جىلغىسىنىڭ بويىدا ئۆزۈڭنى يوشۇرغىن. [4] ئېقىنىنىڭ سۈيىدىن
ئىچكەيسەن. مانا قۇزغۇنلىرىغا ساڭا ئاندا تائام يەتكۈزگىلى بۇيرۇدۇم» دېدى. [5] ئۇ كېتىپ،
خۇداۋەندە بۇيرۇغاندەك قىلىپ، ئىئوردانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كېرىت جىلغىسىغا بېرىپ، ئاندا
ئولتۇردى. [6] قۇزغۇنلار ھەر ئەتىگەندە نان بىلەن گۆش ئېلىپ، ھەر ئاخشامدا نان بىلەن گۆش
يەتكۈزەتتى. ئۇ ئۆزى جىلغىنىڭ سۈيىدىن ئىچەتتى.

## ئىلىيا ۋە زەرەپەتتىكى تۇل خوتۇن

[7] لېكىن يۇرتتا يامغۇر ياغمىغىنى ئۈچۈن بىر ۋاقىتتىن كېيىن جىلغىنىڭ سۈيى قۇرۇپ قالدى.
[8] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا كېلىپ ئېيتتى: [9] «قوپۇپ، سىدوندىكى زەرەپەتكە
بېرىپ ئولتۇرغىن. مانا ئانداكى بىر تۇل خوتۇنغا ساڭا پەرۋىش قىلغىلى بۇيرۇدۇم» دېدى.
[10] ئۇ قوپۇپ، زەرەپەتكە بېرىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە مانا ئاندا بىر تۇل خوتۇن
ئوتۇن يىغىپ تۇرىدۇ. ئۇ قىچقىرىپ ئۇنىڭغا: «قاچىدا ماڭا ئىچكىلى كىچىككىنا سۇ ئېلىپ
كەلگىن» دېدى. [11] ئۇ سۇ ئېلىپ كەلگىلى بارغىنىدا ئۇنى قىچقىرىپ: «ماڭا ھەم بىر پارچە
نان ئالغاچ كەلگىن» دېدى. [12] ئەمما ئۇ ئېيتتى: «تىرىك تەڭرىڭ خۇداۋەندە بىلەن ساڭا
قەسەم قىلىمەنكى، مەندە بىر نانمۇ يوقتۇر. ئەمما خۇمىرىدا ئاران بىر چاڭگال ئۇن بولۇپ،
كوزىدا ئازغىنا ياغ بار. مانا ئىككى تال ئوتۇننى يىغدىم. ئەمدى بېرىپ، ئۆزۈم بىلەن ئوغلۇمغا
نان ئېتىپ، يەپ ئۆلەيلى» دېدى. [13] ئىلىيا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «قورقماي بېرىپ، ئېيتقىنىڭدەك
قىلغىن. لېكىن ئاۋۋال ماڭا بىر كىچىك نان ئېتىپ، ئېلىپ كەلگىن ئاندىن ئۆزۈڭ بىلەن
ئوغلۇڭغا نان ئەتكىن. [14] چۈنكى ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى:
‹ خۇداۋەندە يەرگە يامغۇر ياغدۇرىدىغان كۈنگىچىلىك خۇمىرىدىكى ئۇن تۈگىمەي تۇرۇپ،
كوزىدىكى ياغ كېمەيمەيدۇ›» دېدى. [15] شۇنى دېسە، ئۇ بېرىپ ئىلىيا ئېيتقاندەك قىلدى.
شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئىلىياغا ۋە ئۆز ئۆيى خەلقىگە ئۇزۇن ۋاقىتقىچە يېگۈلۈكى
يېتىپ تۇردى. [16] خۇداۋەندە ئىلىيانىڭ ۋاستىسى بىللە ئېيتقان سۆزىگە مۇۋاپىق خۇمىرىدىكى
ئۇن تۈگىمەي، كوزىدىكى ياغمۇ كېمەيمىدى.
[17] شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن ئۆينىڭ ئىگىسى بولغان بۇ خوتۇننىڭ ئوغلى كېسەل بولدى. ئۇنىڭ
كېسىلى ئۇنداق قاتتىق بولدىكى، ئۇنىڭدا نەپەس قالمىدى. [18] خوتۇن ئىلىياغا ئېيتتى:
«ئەي خۇدانىڭ ئادىمى، سەن بىلەن نېمە ئىشىم بار؟ گۇناھلىرىم ياد قىلىپ، ئوغلۇمنىڭ

ئۆلمىكىگە سەۋەب بولۇپ كەلدىڭمۇ؟» دېدى. [19] لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا: «ئوغلۇڭنى قولۇمغا
بەرگىن» دەپ ئۇنى ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئېلىپ، ئۆزى ئولتۇرغان بالىخانىغا ئېلىپ چىقىپ،
ئۆز ئورنىدا قويۇپ، [20] خۇداۋەندىگە پەرياد قىلىپ: «ئەي تەڭرىم خۇداۋەندە، نېمىشقا مەن
ئۇنىڭكىدە مېھمان بولغان بۇ تۇل خوتۇنغا بالا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈردۈڭ؟»
دەپ، [21] ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ مەرتىۋە سوزۇلۇپ يېتىپ، خۇداۋەندىگە پەرياد قىلىپ: «ئەي
تەڭرىم خۇداۋەندە، بۇ بالىنىڭ جېنى ئۇنىڭ ئۆزىگە يەنە يېنىپ كىرسۇن» دەپ دۇئا قىلدى.
[22] خۇداۋەندە ئېلىيانىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىدى ۋە بالىنىڭ جېنى ئۇنىڭغا يېنىپ كىرگىنى بىلەن
ئۇ ئۆزى تىرىلىپ قالدى. [23] ئېلىيا بالىنى بالىخانىدىن ئېلىپ چۈشۈپ، ئۆيگە كىرىپ ئانىسىغا
تاپشۇرۇپ بەردى. تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئېلىيا: «مانا ئوغلۇڭ تىرىلدى» دەپ ئېيتتى. [24] خوتۇن
ئېلىياغا ئېيتتى: «سېنىڭ خۇدانىڭ ئادىمى بولۇپ، ئاغزىڭدىكى سۆز خۇداۋەندىنىڭكى بولۇپ
راست ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم» دېدى.

## ئېلىيا ۋە بائالنىڭ پەيغەمبەرلەر كارمەل تېغىدا

18 [1] ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندە خۇداۋەندىنىڭ سۆزى ئۈچىنچى يىلدا ئېلىياغا كېلىپ
ئېيتتىكى: «بېرىپ، ئاخابنىڭ قېشىغا كىرگىن، چۈنكى مەن يەر يۈزىگە يامغۇر
ياغدۇرماقچى بولدۇم». [2] ئېلىيا ئاخابنىڭ قېشىغا كىرگىلى چىقىپ كەتتى. ئاچارچىلىق بولسا
سامارىيەدە قاتتىق ئىدى. [3] ئاخاب ئوردىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئوبادىيانى قىچقاردى. ئوبادىيا
تولا تەقۋادار بولۇپ، خۇدادىن قورقاتتى. [4] ئىزابەل خۇداۋەندىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ
يوقاتقاندا ئوبادىيا يۈز پەيغەمبەرنى ئېلىپ، ئەللىك-ئەللىكتىن قىلىپ، بىر غاردا يوشۇرۇپ
قويۇپ، نان بىلەن سۇ ئۇلارغا يەتكۈزەتتى. [5] ئاخاب ئوبادىياغا ئېيتتى: «يۇرتنى كېزىپ، ھەممە
سۇ بۇلاق بىلەن ھەممە جىلغىلارغا بېرىپ باققىن. ئات قېچىرلارنى تىرىك ساقلىغىلى ئاندا
ئوت تېپىلىدۇمىكىن؟ شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئۇلاغلىرىمىز يوقالمىسۇن» دېدى. [6] ئۇلار ئۆز
ئارىسىدا يۇرتنى بۆلۈپ، ھەربىرىگە ئۆزى كېزىدىغان ھەسسىسىنى تەيىنلەپ، ئاخاب ئۆز يولى
بىلەن بېرىپ، ئوبادىيا باشقا تەرەپكە ئۆز يولى بىلەن كەتتى.
[7] ئوبادىيا يولدا كېتىپ بارغىنىدا، مانا ئېلىيا ئۇنىڭغا ئۇچرايدۇ. ئۇ ئۇنى تونۇپ، يۈز تۆۋەن
چۈشۈپ: «سەن خوجام ئېلىيا ئەمەسمۇسەن؟» دەپ ئېيتتى. [8] ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مەن
ئۇدۇرمەن. بېرىپ، ئۆز خوجاڭغا: ‹ مانا ئېلىيا كەلدى› دەپ ئېيتقىن». [9] ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتىكى:
«نېمە گۇناھ قىلدىمكى، مەن قۇلۇڭنى ئۆلتۈرگىلى ئاخابنىڭ قولىغا تاپشۇرغايسەن. [10] ئۆز
تەڭرىڭ تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خوجام كىشى ئەۋەتىپ، سېنى ئىزدىمىگەن
ھېچ تائىپە ياكى مەملىكەت قالمىدى. لېكىن ئۇلار: ‹ ئۇ مۇندا يوق› دەپ ئېيتسا، ئۇ مەملىكەت
ياكى تائىپىدىن: ‹ ئۇنى تاپمىدۇق› دەپ قەسەم قىلدۇردى. [11] ئەمدى سەن بۇيرۇپ: ‹ بېرىپ،

خوجاڭغا: «مانا ئىلىيا كەلدى» دەپ ئېيتقىن› دەيسەن. [12] مەن سەندىن كەتكەندىن كېيىن
خۇداۋەندىنىڭ روھى مەن بىلمىگەن يەرگە سېنى ئېلىپ بارسا ۋە مەن سېنىڭ خەۋىرىڭنى
ئاخابقا بەرگەندىن كېيىن ئۇ سېنى تاپمىسا، ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ. مەن، قۇلۇڭ ياش ۋاقتىمدىن
تارتىپ خۇداۋەندىگە تەقۋادار بولغان ئەمەسمۇ؟ [13] ئىزابەل خۇداۋەندىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى
ئۆلتۈرگىنىدە قانداق قىلغىنىمنى سەن خوجامغا مەلۇم ئەمەسمۇ؟ قانداقكى، مەن
خۇداۋەندىنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن يۈزنى ئەللىكتىن-ئەللىكتىن بىر غاردا يوشۇرۇپ قويۇپ،
ئۇلارغا نان بىلەن سۇ يەتكۈزۈپ بېرەتتىم. [14] ئەمدى ئېيتىسەنكى: ‹ بېرىپ خوجاڭغا: «مانا
ئىلىيا كەلدى» دەپ ئېيتقىن›. ئۇنداق قىلسام، مېنى ئۆلتۈرىدۇ». [15] لېكىن ئىلىيا: «مەن
ھۇزۇرىدا تۇرغان ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم
قىلىمەنكى، مەن شەكسىز بۈگۈن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارىمەن» دېدى.
[16] ئوبادىيا بېرىپ، ئاخابقا خەۋەر بەردى. ئۇ ۋاقىت ئاخاب ئىلىياغا ئۇچرىغىلى باردى. [17] ئاخاب
ئىلىيانى كۆرگەندە ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئىسرائىلغا بالا كەلتۈرگۈچى سەن ئەمەسمۇ؟» دېدى.
[18] ئۇ جاۋاب بەردىكى: «مەن ئىسرائىلغا بالا كەلتۈرمىدىم. لېكىن سەن بىلەن ئاتاڭنىڭ
ئۆيى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تاشلاپ، بائال دېگەن بۇتلارغا تېۋىنىپ، ئىسرائىلغا بالا
كەلتۈردۈڭلار. [19] ئەمدى كىشى ئەۋەتىپ، مېنىڭ قېشىمغا كارمەل تېغىدا ھەممە ئىسرائىلنى
جەم قىلىپ، ئىزابەلنىڭ داستىخىنىدىن تائام يەپ بائالنىڭ تۆت يۈز ئەللىك بولغان
پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئاشەرانىڭ تۆت يۈز پەيغەمبىرىنى يىغدۇرغىن» دېدى.
[20] ئاخاب بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسىگە كىشى ئەۋەتىپ، پەيغەمبەرلەرنى كارمەل تېغىغا
يىغدۇردى. [21] ئىلىيا ھەممە خەلقنىڭ ئالدىدا قوپۇپ، ئېيتتىكى: «قاچانغىچە ئىككى تەرىپكە
تەلمۈرۈپ تۇرىسىلەر؟ خۇداۋەندە خۇدا بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار. لېكىن بائال خۇدا بولسا،
ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار» دېدى. ئەمما خەلق ئۇنىڭغا ھېچ سۆز جاۋاب بەرمىدى. [22] ئىلىيا
خەلققە ئېيتتى: «مەن بولسام خۇداۋەندىنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن يالغۇز قالدىم، ئەمما بائالنىڭ
پەيغەمبەرلىرى تۆت يۈز ئەللىك كىشىدۇر. [23] ئەمدى بىزگە ئىككى بۇقا بېرىلسۇن. ئۇلار ئۆزىگە بىر
بۇقىنى ئىلغاپ، سويۇپ پارچىلاپ ئوت ياقماي ئوتۇننىڭ ئۈستىدە قويسۇن. مەن يەنە بىر بۇقىنى
تەييار قىلىپ، ئوت ياقماي ئوتۇننىڭ ئۈستىگە قوياي. [24] سىلەر بولساڭلار ئۆز تەڭرىڭلارنىڭ
ئىسمىنى قىچقارغايسىلەر. مەن بولسام، خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىنى قىچقىراي. قايسى تەڭرى ئوت
بىلەن جاۋاب بەرسە، ئۇ خۇدا بولسۇن» دېدى. ھەممە خەلق: «بۇ ياخشى سۆز» دەپ جاۋاب بەردى.
[25] ئىلىيا بائالنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئېيتتىكى: «سىلەر تولا بولغاچ ئاۋۋال ئۆزۈڭلار بىر بۇقىنى
ئىلغاپ، تەييار قىلىپ ئوت ياقماي ئۆز تەڭرىڭلارنىڭ ئىسمىنى قىچقىرىڭلار». [26] ئۇلار ئۆزىگە
بېرىلگەن بۇقىنى تەييار قىلىپ، ئەتىگەندىن تارتىپ چۈشكىچە بائالنىڭ ئىسمىنى قىچقىرىپ:
«ئەي بائال، بىزگە جاۋاب بەرگىن!» دەپ تۇردى. لېكىن خاھى ئاۋاز ئاڭلانماي، خاھى جاۋاب
بېرىلمىدى. ئۇلار توختىماي راستلانغان قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىدە سەكرەپ يۈردى. [27] چۈش ۋاقىت
بولغاندا ئىلىيا ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ ئېيتتى: «ئۈنلۈكرەك قىچقىرىڭلار. ئۇ تەڭرى ئەمەسمۇ؟

لېكىن ئۇنىڭ ئويلايدىغان ئىشى بارمىكىن يا بىر تەرەپكە كەتكەن يا سەپەر قىلارمىكىن؟
ئەگەر ئۇخلىغان بولسا، ئويغىتىلسا كېرەك» دېدى. 28 ئۇلار تېخى ئۈنلۈكرەك قىچقىرىپ، ئۆز
رەسمىيچە قان ئاققۇدەك ئۆزىنى قىلىچ نەيزە بىلەن زەخمىلەندۈرەتتى. 29 چۈشتىن كېيىن ئۇلار
پەيغەمبەرلىك قىلىش ھالەتكە چۈشۈپ، ئاخشام قۇربانلىق ۋاقتىغىچە شۇ ھالەتتە قالدى. لېكىن
ھېچ ئاۋاز ئاڭلانماي، خاھى جاۋاب كەلمەي، خاھى ئىجابەت قىلغۇچى مەلۇم بولمىدى.
30 ئىلىيا ھەممە خەلققە: «مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭلار» دەپ ئېيتتى. ھەممە خەلق ئۇنىڭ
قېشىغا كەلگەندە ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ يىقىتىلغان قۇربانگاھىنى ئوڭلاپ قويدى. 31 ئىلىيا
ئۆزى، «ئىسمىڭ ئىسرائىل بولسۇن» دەپ خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن سۆز ئاڭلىغان ياقۇپنىڭ
ئوغۇللىرىنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ سانىغا مۇۋاپىق ئون ئىككى تاشنى ئېلىپ، 32 شۇ تاشلاردىن
خۇداۋەندىنىڭ نامىدا بىر قۇربانگاھنى ياساپ، ئۇ قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىدە ئىككى كۈرە دان
پاتقۇدەك بىر يەرنى كولىدى. 33 ئاندىن كېيىن ئوتۇننى راستلاپ، بۇقىنى پارچىلاپ ئوتۇننىڭ
ئۈستىگە قويۇپ: 34 «تۆت سوغىنى سۇغا توشتۇرۇپ، كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن ئوتۇننىڭ
ئۈستىگە تۆكۈڭلار» دېدى. «يەنە بىر مەرتىۋە قىلىڭلار» دېسە، ئۇلار شۇنداق قىلدى. ئۇ
ئۆزى: «ئۈچىنچى مەرتىۋە قىلىڭلار» دېدى. ئۇلار ئۈچىنچى مەرتىۋە شۇنداق قىلغاندا، 35 سۇ
قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىدە ئېقىپ كەتتى. كولىغان يەرنى ھەم سۇ بىلەن تولدۇردى.
36 ئاخشاملىق قۇربانلىقنىڭ ۋاقتىدا ئىلىيا پەيغەمبەر قوپۇپ، ئېيتتى: «ئەي خۇداۋەندە
ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپنىڭ خۇدايى، سېنىڭ ئىسرائىلدا خۇدا بولغىنىڭ ئاشكارا
قىلىنىپ، مەن سېنىڭ بەندەڭ بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ بىلەن قىلغىنىم
بۇ كۈن مەلۇم بولسۇن. 37 ئەي خۇداۋەندە، دۇئايىمنى ئاڭلىغىن. شۇنىڭ بىلەن بۇ قوۋم سېنى
رەب خۇدا بىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ياندۇرغۇچى ئىكەنلىكىڭنى مەلۇم قىلسۇن» دېدى.
38 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ ئوتى چۈشۈپ، كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن ئوتۇننى تاش بىلەن
توپىنى كۆيدۈرۈپ، قۇربانگاھنىڭ چۆرىسىدىكى سۇنى يالىۋالدى. 39 خەلقنىڭ ھەممىسى
بۇنى كۆرگەندە يۈز تۆۋەن يىقىلىپ: «خۇداۋەندە خۇدادۇر، خۇداۋەندە خۇدادۇر» دەپ ئېيتتى.
40 لېكىن ئىلىيا ئۇلارغا: «بائالنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى تۇتۇڭلار. ھېچبىرى قۇتۇلمىسۇن» دېدى.
ئۇلار ئۇلارنى تۇتقاندا، ئىلىيا ئۇلارنى قىشون جىلغىسىغا ئېلىپ بېرىپ، ئاندا ئۆلتۈردى.
41 ئىلىيا ئاخابقا ئېيتتى: «قوپۇپ، تائام يەپ-ئىچكىن، چۈنكى يامغۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايمەن».
42 ئاخاب قوپۇپ، يەپ-ئىچكىلى تۇردى. ئەمما ئىلىيا كارمەلنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، يەرگە
چۈشۈپ، بېشىنى تىزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويۇپ ئولتۇرۇپ، 43 ئۆز خىزمەتكارىغا: «سەن
چىقىپ، دېڭىزنىڭ تەرىپىگە قارىغىن» دېدى. ئۇ چىقىپ، سەپسېلىپ بېقىپ: «ھېچ نەرسە
كۆرۈنمەيدۇ» دېدى. «يەنە بېرىپ باققىن» دەپ يەتتە مەرتىۋە ئۇنىڭغا بۇيرۇدى. 44 يەتتە
مەرتىۋە بېرىپ كەلگەندە: «مانا ئادەم ئالىقىنىدەك كىچىك بىر بۇلۇت دېڭىزدىن چىقىدۇ»
دەپ ئېيتتى. ئىلىيا ئۇنىڭغا: «بېرىپ، ئاخابقا: ‹ ھارۋىنى قاتۇرۇپ، تۆۋەنگە چۈشكىن. يامغۇر
سېنى توسمىسۇن› دەپ ئېيتقىن» دېدى. 45 ئاڭغىچە ئاسمان بۇلۇت بىلەن بوراندىن تۇتۇلۇپ،

قاتتىق بىر يامغۇر چۈشتى. ئاخاب ھارۋىغا مىنىپ، يىزرەئەلگە كەتتى. [46] خۇداۋەندىنىڭ قولى
ئىلىيانىڭ ئۈستىدە بولغاچ ئۇ بېلىنى باغلاپ، ئاخابنىڭ ئالدىدا يىزرەئەلگىچە يۈگۈرۈپ باردى.

## ئىلىيا خورىب تېغىدا

19 [1] لېكىن ئاخاب ئىلىيانىڭ ھەممە قىلغىنى بىلەن ھەممە پەيغەمبەرلەرنى قىلىچ بىلەن
ئۆلتۈرگىنىنى ئىزابەلگە دەپ بەرگەندە، [2] ئىزابەل ئىلىياغا بىر خەۋەرچى ئەۋەتىپ،
ئېيتقۇزدىكى: «ئەگەر ئەتە بۇ ۋاقىتقىچە مەن سەن بۇلارنىڭ جانلىرىغا قىلغاندەك، سېنىڭ
جېنىڭغا قىلمىسام، تەڭرىلەر ماڭا ئۇنداق قىلسۇن، مۇنداق قىلسۇن، بەلكى بۇنىڭدىن زىيادە
قىلسۇن» دېدى. [3] ئۇ بۇنى بىلگەندە ئۆز جېنىنى قۇتقۇزماق ئۈچۈن كېتىپ، يەھۇداغا تەۋە
زېمىنىدىكى بەرشېباغا بېرىپ، ئاندا ئۆز خىزمەتكارىنى قويۇپ، [4] ئۆزى چۆلگە بىر كۈنلۈك يول
مېڭىپ، ئاندا بىر ئارچىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئۆلگىلى ئارزۇ قىلىپ، ئېيتتى: «ئەي خۇداۋەندە،
ئەمدى بولدى. ئۆز جېنىمنى ئالغىن، چۈنكى مەن ئاتا-بوۋىلىرىمدىن ئەۋزەل ئەمەسمەن»
دېدى. [5] ئۇ بۇ ئارچىنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاۋاتقاندا، مانا بىر پەرىشتە ئۇنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا: «قوپۇپ،
نان يېگىن» دەپ ئېيتتى. [6] ئۇ قارىسا، مانا بېشىنىڭ يېنىدا قىزىق چوغلاردا پىشۇرغان نان
بىلەن بىر كوزا سۇ تۇرىدۇ. ئۇ يەپ-ئىچىپ، يەنە ئۇخلىغىلى ياتتى. [7] لېكىن خۇداۋەندىنىڭ
پەرىشتىسى يەنە كېلىپ، ئىككىنچى مەرتىۋە ئۇنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا: «قوپۇپ، نان يېگىن.
بولمىسا يولۇڭ ساڭا ئۇزاق بولىدۇ» دېدى. [8] ئۇ قوپۇپ، يەپ-ئىچىپ، شۇ تائامدىن تاپقان
قۇۋۋىتى بىلەن قىرىق كېچە-كۈندۈز مېڭىپ، خۇدانىڭ تېغى خورىبقا يېتىپ باردى.
[9] ئۇ يەرگە كېلىپ، بىر غارغا كىرىپ ئاندا قوندى. ۋە مانا خۇداۋەندىنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا كېلىپ
ئېيتتى: «ئەي ئىلىيا، مۇندا نېمە قىلىسەن؟». [10] ئۇ جاۋاب بەردىكى: «قوشۇنلارنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندە ئۈچۈن غەيرەت قىلدىم، چۈنكى بەنى-ئىسرائىل سېنىڭ ئەھدەڭنى تاشلاپ،
قۇربانگاھلىرىڭنى يىقىتىپ پەيغەمبەرلىرىڭنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى. مەن يالغۇز قالدىم ۋە
مېنىڭ جېنىمنى ھەم ئالغىلى قەستلەپ تۇرىدۇ» دېدى.
[11] ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «چىقىپ، تاغدا توختاپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تۇرغىن» دېدى. ۋە
مانا خۇداۋەندە ئۆتۈپ كەتتى. خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تاغلارنى سۇندۇرۇپ، قورام تاشلارنى
پارچىلاپ، چېقىدىغان ناھايىتى قاتتىق بىر بوران چىقتى. لېكىن خۇداۋەندە بوراندا ئەمەس
ئىدى. بوراندىن كېيىن بىر زىلزىلە ۋەقە بولدى. لېكىن خۇداۋەندە زىلزىلىدە ئەمەس ئىدى.
[12] زىلزىلىدىن كېيىن بىر كۆيىدىغان ئوت چىقتى. لېكىن خۇداۋەندە ئوتتا ئەمەس ئىدى.
ئوتتىن ئاستا-ئاستا چىرقىرايدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.
[13] ئىلىيا شۇنى ئاڭلىغاندا يېپىنچىسى بىلەن يۈزىنى يېپىپ، غارنىڭ ئاغزىغا بېرىپ تۇرسا، مانا
بىر ئاۋاز چىقىپ، ئۇنىڭغا: «ئەي ئىلىيا، مۇندا نېمە قىلىسەن؟» دېدى. [14] ئۇ جاۋاب بەردىكى:

«قوشۇنلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۈچۈن غەيرەت قىلدىم. چۈنكى بەنى-ئىسرائىل سېنىڭ
ئەھدەڭنى تاشلاپ، قۇربانگاھلىرىڭنى يىقىتىپ، پەيغەمبەرلىرىڭنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى.
مەن يالغۇز قالدىم ۋە مېنىڭ جېنىمنى ئالغىلى قەستلەپ تۇرىدۇ».
15 خۇداۋەندە ئۇنىڭغا ئېيتتى: «يېنىپ كېتىپ، دەمەشقنىڭ چۆلگە يولۇڭنى سېلىپ، ئاندا
كەلگەندە خازائەلنى ئاررامنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلىگىن. 16 ئاندىن نىمشىنىڭ
ئوغلى يەھۇنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلىگىن ۋە ئۆز ئورنۇڭدا پەيغەمبەر
بولۇشقا ئابەل-مېخولالىق شافاتنىڭ ئوغلى ئېلىشانى مەسىھلىگىن. 17 مۇنداق بولىدۇكى،
خازائەلنىڭ قىلىچىدىن قۇتۇلغان كىشىنى يەھۇ ئۆلتۈرىدۇ ۋە يەھۇنىڭ قىلىچىدىن قۇتۇلغان
كىشىنى ئېلىشا ئۆلتۈرىدۇ 18 لېكىن ئىسرائىلدا يەتتە مىڭ كىشىنى، يەنى بائالنىڭ ئالدىدا
تىز پۈكمىگەن ھەر تىز ۋە ئۇنى سۆيمىگەن ھەر ئېغىزنى ئاياپ قويااي» دېدى.

## ئېلىشا ئىلىياغا ئەگىشىدۇ

19 ئۇ يەردىن كەتكەندە ئۇ شافاتنىڭ ئوغلى ئېلىشا بىر يەردە ئۇچرىدى. ئۇ قوش ھەيدەپ، ئون
ئىككى جۈپ ئۆپىنى ئالدىغا سېلىپ، ئۆزى ئون ئىككىنچى جۈپنى ھەيدەپ تۇردى. ئىلىيا ئۆتۈپ
كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز يېپىنچىسىنى ياپتى. 20 ئۇ ئۆزى ئۆيلىرىنى تاشلاپ، ئىلىيانىڭ
كەينىدىن يۈگۈرۈپ، ئېيتتى: «بېرىپ، ئاتام بىلەن ئانامنى سۆيگىلى مېنى قويغىن. ئاندىن
كېلىپ، ساڭا ئەگىشەي». ئۇ ئۇنىڭغا: «بېرىپ كەلگىن، چۈنكى ساڭا نېمە قىلغىنىمنى
بىلىسەن» دېدى. 21 ئۇ ئۇنىڭدىن يېنىپ، بىر جۈپ ئۆپىنى ئېلىپ سويۇپ، ئۆيلارنىڭ جابدۇقىنى
ئوتۇن قىلىپ، گۆشىنى پىشۇرۇپ خەلققە بېرىپ قويسا، ئۇلار يېدى. ئاندىن ئۇ ئۆزى قوپۇپ،
ئىلىياغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدا بولدى.

## ئاررامنىڭ پادىشاھى بەنھاداد سامارىيانى قورشىۋېلىدۇ

20
1 ئاررامنىڭ پادىشاھى بەنھاداد ھەممە قوشۇنىنى جەم قىلىپ، ئوتتۇز ئىككى پادىشاھنى
ئۆزى بىلەن ئېلىپ، ئات بىلەن ھارۋىلار ئالغاچ چىقىپ، سامارىيەنى قورشاپ قىستاپ،
2 شەھەرگە ئەلچىلەر كىرگۈزۈپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاخابنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا:
3 «بەنھاداد مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ سېنىڭ كۈمۈش بىلەن ئالتۇنۇڭ، سېنىڭ ھەممىدىن چىرايلىق
خوتۇنلىرىڭ بىلەن بالىلىرىڭ مېنىڭكىدۇر› دەپ ئېيتقۇزدى». 4 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭغا:
«ئەي خوجام پادىشاھ، سەن ئېيتقاندەك مەن ئۆزۈم بىلەن پۈتۈن بارلىقىم سېنىڭكىدۇر» دەپ
جاۋاب بەردى. 5 لېكىن ئەلچىلەر يەنە يېنىپ كېلىپ، ئېيتتى: «بەنھاداد مۇنداق ئېيتىدۇكى:
‹ ساڭا خەۋەر ئەۋەتىپ: «سېنىڭ كۈمۈش بىلەن ئالتۇنۇڭنى، سېنىڭ خوتۇنلىرىڭ بىلەن
بالىلىرىڭنى ماڭا بەرگىن» دەپ ئېيتقۇزدۇم. 6 لېكىن ئەتە بۇ ۋاقىت بىلەن ئۆز خىزمەتكارلىرىمنى

ساڭا ئەۋەتەي. ئۇلار سېنىڭ ئۆيۈڭ بىلەن خىزمەتكارلىرىڭنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ، سېنىڭ
كۆزلىرىڭدە ئەزىز بولغاننىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتسۇن› دەپ ئېيتتى» دېدى.
[7] ئۇ ۋاقىت ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يۇرتنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرىنى قىچقىرىپ، ئېيتتى:
«بىلىپ كۆرۈڭلاركى، بۇ كىشى يامانلىق قەستلەيدۇ. چۈنكى ماڭا خەۋەر ئەۋەتىپ، مېنىڭ
خوتۇنلىرىم بىلەن باللىرىم، مېنىڭ كۈمۈش بىلەن ئالتۇنۇمنى سورىغاندا مەن ئۇنىڭغا
ياق دېمىدىم» دېسە، [8] ھەممە ئاقساقاللار بىلەن خەلقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا: «قۇلاق
سالمىغىن ياكى ماقۇل دېمىگىن» دەپ ئېيتتى. [9] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزى بەنھادادنىڭ
ئەلچىلىرىگە ئېيتتىكى: «خوجام پادىشاھقا سەن خەۋەر ئەۋەتىپ ‹ ئۆز قۇلۇڭدىن ئاۋۋال
سورىغىنىڭنىڭ ھەممىسىگە ماقۇل دەيمەن، لېكىن بۇنىڭغا ماقۇل دېيەلمەيمەن› دەپ
ئېيتىڭلار» دېدى. ئەلچىلەر يېنىپ بېرىپ، شۇ سۆزنى دەپ بەردى. [10] بەنھاداد ئۇنىڭغا خەۋەر
ئەۋەتىپ ئېيتقۇزدىكى: «ئەگەر سامارىيەنىڭ توپىسى مەن بىلەن كەلگەن ھەممە خەلقنىڭ
چاڭگاللىرىنى تولدۇرۇشقا يەتسە، تەڭرىلەر ماڭا ئۇنداق قىلسۇن، مۇنداق قىلسۇن، بەلكى
ئۇنىڭدىن زىيادە قىلسۇن» دېدى. [11] لېكىن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى جاۋاب بېرىپ ئېيتتى:
«‹ قىلىچ باغلىغان كىشى قىلىچ يەشكەن كىشىدەك پەخىرلەنمىسۇن› دەپ ئېيتىڭلار»
دېدى. [12] بەنھاداد ئۆزى پادىشاھلار بىلەن بىللە چېدىرلاردا ئولتۇرۇپ، شاراب ئىچىپ، بۇ
سۆزنى ئاڭلىغاندا ئۆز خىزمەتكارلىرىغا: «سەپ تىزىڭلار» دەپ ئېيتتى. شۇنى دېسە، ئۇلار
شەھەرگە قارشى سەپ تىزدى.
[13] ئۇ ۋاقىت بىر پەيغەمبەر ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاخابنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېيتتى:
«خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ بۇ چوڭ گورۇھنى كۆردۈڭمۇ؟ مانا بۇ كۈن ئۇنى سېنىڭ
قولۇڭغا تاپشۇراي. شۇنىڭ بىلەن سەن مېنىڭ خۇداۋەندە بولغىنىمنى بىلگەيسەن›». [14] ئاخاب
سورىدىكى: «شۇ كىمنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بولىدۇ؟» ئۇ ئېيتتى: «خۇداۋەندە مۇنداق
ئېيتىدۇكى: ‹ ۋالىيلارنىڭ غۇلاملىرى بىلەن بولىدۇ›» دېدى. ئۇ سورىدىكى: «كىم سوقۇشنى
باشلايدۇ؟» ئۇ: «سەن ئۆزۈڭ» دېدى. [15] ئۇ ۋاقىت ۋالىيلارنىڭ غۇلاملىرىنى سانىسا، ئۇلارنىڭ
سانى ئىككى يۈز ئوتتۇز ئىككى ئىدى. ئاندىن كېيىن ھەممە خەلقنى، يەنى ھەممە بەنى-
ئىسرائىلنى سانىغاندا ئۇلارنىڭ سانى يەتتە مىڭ چىقتى. [16] ئۇلار چۈش ۋاقتىدا بەنھاداد
بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان ئوتتۇز ئىككى پادىشاھ چېدىرلىرىدا شاراب ئىچىپ، مەست
بولغاندا شەھەردىن چىقتى. [17] ۋالىيلارنىڭ غۇلاملىرى ئاۋۋال چىقتى. بەنھادادتىن ئەۋەتىلگەن
كىشىلەر ئۇنىڭغا خەۋەر بەردىكى: «سامارىيەدىن ئادەملەر چىقىپ تۇرىدۇ». [18] ئۇ ئېيتتى:
«ئەگەر سۈلھىنىڭ نىيىتى بىلەن چىققان بولسا، ئۇلارنى تىرىك تۇتۇڭلار. ئەگەر سوقۇشقىلى
چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنى تىرىك تۇتۇڭلار» دېدى. [19] ئەمما ۋالىيلارنىڭ بۇ غۇلاملىرى بىلەن
ئۇلارنىڭ كەينىدىكى قوشۇن شەھەردىن چىقىپ، [20] ھەربىرى ئۆزىگە ئۇچرىغان ئادەمنى ئۇردى.
ئاررامىيلار ئۆزى قاچتى. قاچسا، ئىسرائىل ئۇلارنى قوغلىدى. لېكىن ئاررامنىڭ پادىشاھى
بەنھاداد ئاتقا مىنىپ، ئاتلىقلار بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى.

[21] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى چىقىپ، ھەم ئاتلىقلارنى، ھەم ھارۋىلارنى تارمار قىلىپ، ئاررامىيلارنى قاتتىق ئۇرۇپ مەغلۇپ قىلدى. [22] لېكىن پەيغەمبەر ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئۆزۈڭنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، نېمە قىلىدىغىنىڭنى ئويلاپ باققىن. كېلىدىغان يىل ئاررامنىڭ پادىشاھى ساڭا قارشى يەنە چىقىدۇ» دېدى.

## ئافىقتىكى جەڭ

[23] ئاررام پادىشاھىنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئۇلارنىڭ تەڭرىسى تاغ تەڭرىسى ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزگە كۈچلۈك كەلدى. لېكىن تۈزلەڭلىكتە ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ، شەكسىز ئۇلارغا كۈچلۈك كېلىمىز. [24] ئەمدى ئۇنداق قىلغىنكى، پادىشاھلارنىڭ ھەربىرىنى مەنسىپىدىن چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا ۋالىيلار تىكلەپ قويغىن. [25] ئاندىن زايە بولغان قوشۇنۇڭغا باراۋەر بولغان بىر قوشۇننى ئۆزۈڭگە يىغىپ، ئات ئورنىغا ئات، ھارۋا ئورنىغا ھارۋا تەييار قىلدۇرغايسەن. بىز تۈزلەڭلىكتە ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇلارغا كۈچلۈك كېلەيلى» دېدى. ئۇ ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، شۇنداق قىلدى. [26] كېيىنكى يىل بەنھاداد ئاررامىيلارنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلغىلى ئافىققا چىقتى. [27] بەنى-ئىسرائىل ھەم كۆرەكتىن ئۆتۈپ، يەپ-ئىچكۈلۈكنى ئالغاچ بېرىپ، ئۇلارغا قارشى چىقتى. بەنى-ئىسرائىل ئۇلارنىڭ ئۇتتۇرىدا چۈشۈپ، ئىككى كىچىك ئۆچكە پادىسىدەك تۇردى. لېكىن ئاررامىيلار يۇرتنى تولدۇرۇپ يېيىلغانىدى. [28] ئەمما خۇدانىڭ ئادىمى قوپۇپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا ئېيتتى: «خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ ئاررامىيلارنىڭ ئۆزى: «خۇداۋەندە تاغ تەڭرىسى بولۇپ، ۋادى تەڭرىسى ئەمەس» دەپ ئېيتقىنى ئۈچۈن مەن بۇ چوڭ گۇرۇھنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ خۇداۋەندە بولغىنىمنى بىلگەيسىلەر› دەپ ئېيتتى» دېدى. [29] ئۇلار بولسا يەتتە كۈن بىر-بىرىنىڭ ئۇتتۇرىدا تۇردى. يەتتىنچى كۈنى سوقۇش باشلاندى. بەنى-ئىسرائىل بىر كۈندە ئاررامىيلاردىن يۈز مىڭ پىيادە ئەسكەرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.

[30] قالغانلىرى قېچىپ، ئافىق شەھىرىگە كىرىپ كەتتى. لېكىن سېپىل قالغانلىرىنىڭ يىگىرمە يەتتە مىڭىنىڭ ئادىمىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇلارنى باستى. بەنھاداد ئۆزى قېچىپ، شەھەرگە كىرىپ، خانىدىن خانىغا ئۆتۈپ يوشۇرۇنىۋالدى. [31] خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مانا بىز ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرى رەھىمدىل بولغىنىنى ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭ ئۈچۈن بەللىرىمىزگە پالاس باغلاپ، باشلىرىمىزغا ئارغامچا يۆگەپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا چىقايلى. سېنىڭ جېنىڭنى ئايايدۇمىكىن» دەپ، [32] ئۆز بەللىرىگە پالاس باغلاپ، باشلىرىغا ئارغامچا يۆگەپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېيتتى: «قۇلۇڭ بەنھاداد: ‹ جېنىمنى ئايىغىن› دەپ يالۋۇرىدۇ». ئۇ سۆزلەپ: «ئۇ تېخى تىرىكمۇ؟ ئۇ بۇرادىرىم ئەمەسمۇ؟» دېدى. [33] ئادەملەر: «بۇ سۆز ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئىكەن» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ سۆزىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ: «دەرۋەقە

بەنھاداد بۇرادىرىڭ» دەپ ئالدىراپ ئېيتتى. ئۇ: «ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. ئۇ ۋاقىت
بەنھاداد ئۇنىڭ قېشىغا چىقتى. چىقسا، ئۇ ئۇنى ئۆز ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزدى. 34 بەنھاداد ئۇنىڭغا
ئېيتتى: «مېنىڭ ئاتام سېنىڭ ئاتاڭدىن ئالغان شەھەرلەرنى ساڭا ياندۇرۇپ بېرەي. مېنىڭ ئاتام
سامارىيەدە قىلغاندەك سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن دەمەشقتە بازارلار ياسىغايسەن» دېدى. ئاخاب: «بۇ
شەرت بىلەن سېنى قويۇپ بېرەي» دەپ ئۇنىڭ بىلەن ئەھدە قىلىشىپ، ئۇنى كەتكۈزۈپ قويدى.

## ئاخابنىڭ ئۈستىدىكى ھۆكۈم

35 پەيغەمبەر شاگىرتلىرىنىڭ بىرى خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق يەنە بىرىگە: «مېنى
ئۇرغىن» دەپ ئېيتتى. لېكىن ئۇ ئادەم ئۇنى ئۇرغىلى ئۇنىمىدى. 36 ئەمما ئۇ ئۇنىڭغا: «سەن
خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغىنىڭ ئۈچۈن، مانا مەندىن كەتكىنىڭدە بىر شىر سېنى
يىرتىپ ئۆلتۈرىدۇ». 37 ئاندىن كېيىن يەنە بىر ئادەمنى تېپىپ، ئۇنىڭغا: «مېنى ئۇرغىن»
دېدى. ئۇ ئادەم ئۇنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈردى.
38 ئاندىن پەيغەمبەر بېرىپ، ئۆز سۈرىتىنى يەڭگۈشلەپ، سەللىنى كۆزلىرىگە باغلاپ پادىشاھ
ئۆتىدىغان يولدا تۇرۇپ، 39 پادىشاھ ئۆتكىنىدە قىچقىرىپ، پادىشاھقا ئېيتتى: «مەن قۇلۇڭ
جەڭگە چىققان ئىدىم ۋە مانا بىر ئادەم كېلىپ، بىر كىشىنى كەلتۈرۈپ: ‹ بۇ كىشىنى
ساقلىغىن. ئۇ يىتىپ كەتسە، ئۆز جېنىڭنى ئۇنىڭ جېنىنىڭ ئورنىدا بېرىسەن، بولمىسا بىر
تالانت كۈمۈش تۆلەيسەن› دېدى. 40 لېكىن مەن، قۇلۇڭ ئاندا-مۇندا ئىش قىلىپ تۇرسام، ئۇ
يوق بولۇپ كەتتى». ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۆزى پەيغەمبەرگە: «ھۆكۈمۈڭ بولسا تايىندۇر.
سەن ئۆزۈڭ گەپىنى كەستىڭ ئەمەسمۇ؟» دېسە،
41 ئۇ ئۆز كۆزلىرىدىن سەللىنى ئېتتىك تارتىۋەتتى. ئۇ ۋاقىت ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۇنى
تونۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى بولغىنىنى كۆردى. 42 پەيغەمبەر ئۇنىڭغا ئېيتتى:
«خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ مەن يوقىتىلماقىقا تايىن قىلغان ئادەمنى قولۇڭدىن
قۇتۇلغىلى قويغىنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ جېنىڭ ئۇنىڭ جېنىنىڭ ئورنىدا بېرىلىپ، سېنىڭ
خەلقىڭ ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ئورنىدا بېرىلىدۇ› دەپ ئېيتتى» دېدى. 43 ئۇ ۋاقىت ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھى خاپا بولۇپ ئاچچىقلىنىپ، ئۆيىگە كېتىپ بېرىپ، سامارىيەگە كەلدى.

## نابوتنىڭ ئۈزۈمزارلىقى

21 1 ئاندىن كېيىن شۇنداق بولدىكى، سامارىيەنىڭ پادىشاھى ئاخابنىڭ ئوردىسىنىڭ
يېنىدا يىزرەئەللىك نابوتنىڭ بىر ئۈزۈمزارلىقى يىزرەئەلدە بار ئىدى. 2 ئاخاب نابوتقا
سۆز قىلىپ ئېيتتى: «ئۆز ئۈزۈمزارلىقىڭنى ماڭا بەرگىن. مېنىڭ ئۆيۈمگە يېقىن بولغاچ ئاندا

بىر ئوتياشلىق باغ قىلاي. ئورنىدا ساڭا ئوبدانىراق بىر ئۈزۈمزارلىق بېرەي ياكى خالىساڭ
باھاسىنى نەق بېرىمەن» دېدى. 3 ئەمما نابوت ئاخابقا: «خۇداۋەندە مېنى ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ
مىراسىنى سېتىشتىن ساقلىسۇن» دېدى. 4 ئاخاب يىزرەئەللىك نابوتنىڭ «ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ
مىراسىنى ساڭا بەرمەيمەن» دېگەن سۆزىدىن خاپا بولۇپ ئاچچىقلىنىپ، ئۆز ئۆيىگە بېرىپ،
ئورنىدا يېتىپ يۈزىنى تام تەرىپىگە قارىتىپ، نان يېمىدى.
5 خوتۇنى ئىزابەل ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: «نېمىشقا خاپا بولۇپ نان يېمەيسەن؟» دېدى. 6 ئۇ
ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مەن يىزرەئەللىك نابوتقا سۆز قىلىپ ئۇنىڭغا: ‹ ئۆز ئۈزۈمزارلىقىڭنى ماڭا
بەرسەڭ، ساڭا پۇل بېرەي ياكى خالىساڭ ئورنىغا باشقا ئۈزۈمزارلىق بېرەي› دېدىم. لېكىن
ئۇ: ‹ ساڭا ئۆز ئۈزۈمزارلىقىمنى بەرمەيمەن› دېدى». 7 خوتۇنى ئىزابەل ئۇنىڭغا ئېيتتى:
«سەن ئەمدى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلىسەنمۇ؟ قوپۇپ، نان يەپ كۆڭلۈڭنى خۇش
قىلغىن. مەن ساڭا يىزرەئەللىك نابوتنىڭ ئۈزۈمزارلىقىنى ئېلىپ بېرەي» دېدى. 8 ئاندىن
كېيىن ئاخابنىڭ نامىدا بىر خەت پۈتۈپ، ئۇنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ، خەتنى نابوتنىڭ شەھىرىدە
ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرغان ئاقساقاللارنىڭ ئۆزى بىلەن مۆتىۋەرلەرگە ئەۋەتتى. 9 خەتتە ئۇنداق
پۈتتىكى: «بىر روزىنى بۇيرۇپ، خەلقنىڭ ئارىسىدا نابوتنى تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ، 10 ئۇنىڭ
ئۇتتۇرىدا ئىككى يامان ئادەمنى ئولتۇرغۇزۇڭلار. ئۇلار ئۇنىڭغا قارشى گۇۋاھلىق بېرىپ: ‹
سەن خۇداغا ۋە ھەم پادىشاھقا لەنەت ئوقۇدۇڭ› دەپ ئېيتسۇن. ئاندىن كېيىن ئۇنى چىقىرىپ،
چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار.
11 شەھەرنىڭ ئادەملىرى، يەنى ئۇنىڭ شەھىرىدە ئولتۇرغان ئاقساقاللارنىڭ ئۆزى بىلەن
مۆتىۋەرلەر ئىزابەل ئۇلارغا خەۋەر ئەۋەتىپ بەرگەن خەتتە پۈتكەندەك قىلىپ، 12 بىر روزىنى
بۇيرۇپ، خەلقنىڭ ئارىسىدا نابوتنى تۆردە ئولتۇرغۇزدى. 13 ئاندىن ئىككى يامان ئادەم كىرىپ،
ئۇنىڭ ئۇتتۇرىدا ئولتۇردى. ئۇ ئىككى يامان ئادەم بولسا خەلقنىڭ ئالدىدا نابوتقا قارشى
گۇۋاھلىق بېرىپ: «نابوت خۇداغا ۋە ھەم پادىشاھقا دەشنەم قىلدى» دەپ ئېيتتى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار نابوتنى شەھەرنىڭ تاشقىرىغا چىقىرىپ، تاشلار بىلەن چالما-كېسەك قىلىپ
ئۆلتۈردى. 14 ئاندىن ئىزابەلگە خەۋەر ئەۋەتىپ: «نابوت چالما-كېسەك قىلىنىپ ئۆلدى» دەپ
خەۋەر بېرىپ ئېيتقۇزدى. 15 ئىزابەل نابوتنىڭ چالما-كېسەك قىلىنىپ ئۆلگىنىنى ئاڭلىغاندا
ئاخابقا ئېيتتى: «قوپۇپ، يىزرەئەللىك نابوت ساڭا پۇلغا بەرگىلى ئۇنىمىغان ئۈزۈمزارلىقنى
تاپشۇرۇۋالغىن، چۈنكى نابوت ھايات ئەمەس، بەلكى ئۆلدى» دېدى. 16 ئاخاب نابوتنىڭ
ئۆلگىنىنى ئاڭلىغاندا قوپۇپ، يىزرەئەللىك نابوتنىڭ ئۈزۈمزارلىقىنى ئىگىلىۋالغىلى ئۇ يەرگە
باردى.
17 لېكىن خۇداۋەندىنىڭ سۆزى تىشبەلىك ئىلياغا كېلىپ ئېيتتى: 18 «قوپۇپ بېرىپ،
سامارىيەدە ئولتۇراقلىق ئىسرائىل پادىشاھى ئاخابقا ئۇچرىغىن. مانا ئۇ نابوتنىڭ
ئۈزۈمزارلىقىدا بولىدۇ. ئۇنى ئىگىلىۋالغىلى ئۇ يەرگە بارغاندۇر. 19 ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ
ئېيتقىنكى: ‹ «ھەم ئۆلتۈرۈپ، ھەم مىراسنى ئىگىلىۋالدىڭمۇ؟» دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ».

ئاندىن ئېيتقايسەنكى: ‹ «ئىتلار نابوتنىڭ قېنىنى يالىغان يەردە سېنىڭ قېنىڭنىمۇ ئىتلار
يالايدۇ» دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ› دېگىن» دېدى.
[20] ئاخاب ئېلىياغا ئېيتتى: «ئەي دۈشمىنىم، مېنى تاپتىڭمۇ؟» ئۇ ئېيتتى: «دەرۋەقە سېنى
تاپتىم. سەن خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامانلىق قىلغىلى ئۆزۈڭنى ساتقىنىڭ ئۈچۈن، [21] مەن
سېنىڭ ئۈستۈڭگە يامانلىق كەلتۈرۈپ، نەسلىڭنى يوقىتىپ، ئاخابنىڭ ئىسرائىلدىكى
خانىدانىدىن ھەممە ئەركەكنى، خاھى كىچىك، خاھى چوڭ بولسۇن ھەممىسىنى ھالاك
قىلىمەن. [22] سەن مېنىڭ غەزىپىمنى كەلتۈرۈپ، ئىسرائىلنى گۇناھقا ئازدۇرغىنىڭ ئۈچۈن
نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئامنىڭ ئۆيىنى ۋە ئاخىيانىڭ ئوغلى باشانىڭ ئۆيىنى قىلغاندەك سېنىڭ
ئۆيۈڭنى قىلىمەن. [23] ئىزابەل توغرىسىدىمۇ خۇداۋەندە سۆز قىلىپ: ‹ يىزرەئەلنىڭ سېپىلىنىڭ
سىرتىدا ئىتلار ئىزابەلنى يەيدۇ. [24] ئاخابنىڭ خانىدانىدىكىلەردىن ھەركىم شەھرادا ئۆلسە،
ئۇنى ئىتلار يەپ، ھەركىم سەھرادا ئۆلسە، ئۇنى ھاۋادىكى قۇشلار يەيدۇ› دەپ ئېيتتى» دېدى.
[25] ئۆز خوتۇنىدىن ئازدۇرۇلۇپ، خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامانلىق قىلغىلى ئۆزىنى ساتقان
ئاخابتەك ھېچكىم يوق ئىدى. [26] ئۇ ئۆزى خۇداۋەندە بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن ھەيدەپ
كەتكۈزگەن ئاموريىلارنىڭ ھەممە قىلغىنىدەك قىلىپ، بۇتلارغا تېۋىنىپ، يىرگىنچلىك
ئىشلارنى قىلاتتى.
[27] لېكىن ئاخاب بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتىپ، بەدىنىگە پالاس يۆگەپ، روزا
تۇتۇپ، پالاستا يېتىپ شۈك يۈرگىلى باشلىدى. [28] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ سۆزى تىشبەلىك
ئېلىياغا كېلىپ ئېيتتى: [29] ئاخابنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقىنىنى كۆردۈڭمۇ؟
ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۈنلىرىدە بالانى كەلتۈرمەي، بەلكى
ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ كۈنلىرىدە ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىگە بالانى كەلتۈرەي» دېدى.

## ئاھاب جەڭدە ئۆلدۇ

22 [1] ئۈچ يىلغىچە ئارام بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولمىغاچ ئۇلار
تىنچلىقتا ئولتۇراتتى. [2] لېكىن ئۈچىنچى يىلدا يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافات
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا چۈشۈپ باردى. [3] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۆز خىزمەتكارلىرىغا
ئېيتتى: «گىلئادتىكى راموت بىزنىڭكى بولغىنىنى بىلىسىلەر ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بولسىمۇ،
بىز ئارامنىڭ پادىشاھىدىن ئۇنى ئالماي، تېخى شۈك ئولتۇرىمىز». [4] ئاندىن ئۇ ئۆزى
يەھوشافاتقا ئېيتتى: «جەڭ قىلغىلى مەن بىلەن گىلئادتىكى راموتقا بارىسەنمۇ؟» يەھوشافات
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا جاۋاب بېرىپ: «مېنىڭ ئۆزۈم سېنىڭ ئۆزۈڭدەك بولۇپ، مېنىڭ
خەلقىم سېنىڭ خەلقىڭدەك سانىلىپ، ئاتلىرىم بولسا سېنىڭ ئاتلىرىڭدەق بولىدۇ» دېدى.
[5] ئاندىن يەھوشافات ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا: «لېكىن ئاۋۋال خۇداۋەندىنىڭ ئىرادىسىنى

سورىغىن» دەپ ئېيتتى. [6] ئۇ ۋاقىت ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى تۆت يۈزچە پەيغەمبەرلەرنى
يىغدۇرۇپ، ئۇلاردىن سورىدىكى: «سوقۇشقىلى گىلىيادتىكى راموتقا چىقىمەنمۇ، يوقمۇ؟» ئۇلار
ئېيتتى: «چىققىن. خۇداۋەندە ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىغا بېرىدۇ» دېدى. [7] لېكىن يەھوشافات
بولسا: «خۇداۋەندىنىڭ بىز ئۇنىڭدىن سورايدىغان باشقا پەيغەمبىرى يوقمۇ؟» دەپ سورىدى.
[8] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۆزى يەھوشافاتقا جاۋاب بېرىپ: «خۇداۋەندىنىڭ ئىرادىسىنى
ئۇنىڭدىن سورىغىلى يەنە بىر ئادەم، يەنى يىملانىڭ ئوغلى مىكا باردۇر لېكىن ماڭا ياخشى
نەرسىنى ئەمەس، بەلكى يامان نەرسىنى پەيغەمبەرلىك قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنى يامان كۆرىمەن»
دېدى. يەھوشافات ئۆزى: «پادىشاھ ئۇنداق دېمىسۇن» دەپ ئېيتتى. [9] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
بىر مەھرەمنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا: «ئالدىراپ يىملانىڭ ئوغلى مىكانى ئېلىپ كەلگىن»
دەپ بۇيرۇدى. [10] ئەمدى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافاتنىڭ
ھەربىرى شاھانە ئېگىنلىرىنى كىيىپ، سامارىيەنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىر ئوچۇق يەردە
ئۆز تەختلىرىدە ئولتۇردى. بۇلارنىڭ ئالدىدا ھەممە پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەرلىك قىلماقتا ئىدى.
[11] كېنائانانىڭ ئوغلى زىدقىيا تۆمۈردىن مۈڭگۈزلەر ئېتىپ: «‹ بۇلار بىلەن ئارراميلارنى
ئۈسۈپ، يوقاتقۇچە ئۇرىسەن› دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ» دېدى. [12] ھەممە پەيغەمبەرلەر شۇنىڭغا
ئوخشاش پەيغەمبەرلىك قىلىپ: «گىلىيادتىكى راموتقا چىقىپ، راۋاجلىق بولغىن. خۇداۋەندە
ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىغا بېرىدۇ» دەپ ئېيتتى.
[13] مىكانى قىچقارغىلى بارغان خەۋەرچى ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ ئېيتتى: «مانا ھەممە پەيغەمبەرلەر
بىر ئېغىز بىلەن پادىشاھقا ياخشى خەۋەر بەردى. ئەمدى سېنىڭ سۆزۈڭنى ئۇلارنىڭكى بىلەن
بىر قىلىپ، ياخشى خەۋەر بەرگىن» دېدى. [14] ئەمما مىكا: «تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم
قىلىمەنكى، خۇداۋەندە ماڭا نېمە ئېيتسا، شۇنى ئېيتاي» دېدى. [15] پادىشاھنىڭ ئالدىغا
كەلگەندە، پادىشاھ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەي مىكا، جەڭ قىلغىلى گىلىيادتىكى راموتقا چىقىمىزمۇ
ياكى ئەمەسمۇ؟» ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بەردىكى: «چىقىپ، راۋاجلىق بولغىن. خۇداۋەندە ئۇنى
پادىشاھنىڭ قولىغا بېرىدۇ» دېدى. [16] لېكىن پادىشاھ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «قانچە مەرتىۋە ساڭا:
‹ خۇداۋەندىنىڭ نامىدا راستلىقتىن باشقا بىر نېمىنى ماڭا ئېيتمىغىن› دەپ يالۋۇرمىدىممۇ؟»
[17] ئۇ ئېيتتى: «مەن ئىسرائىلنى تاغلاردا پادىچىسى بولمىغان قويلاردەك پاراكەندە كۆردۈم.
كۆرسەم، خۇداۋەندە ئېيتتى: ‹ بۇلارنىڭ ئىگىسى يوقتۇر. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئامان-ئېسەن
ئۆز ئۆيىگە يانسۇن› دېدى» دەپ ئېيتتى. [18] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۆزى يەھوشافاتقا
ئېيتتى: «بۇنىڭ ماڭا ياخشىلىقنى ئەمەس، بەلكى يامانلىقنى پەيغەمبەرلىك قىلىشىنى ساڭا
ئېيتمىدىممۇ؟» دېدى.
[19] مىكا ئېيتتىكى: «لېكىن خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىن. كۆرسەم، خۇداۋەندە ئۆز
تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئاسماننىڭ پۈتۈن قوشۇنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئوڭ بىلەن چەپ يېنىدا تۇرىدۇ.
[20] خۇداۋەندە ئېيتتى: ‹ ئاندا يىقىلسۇن دەپ، ئاخابنى گىلىيادتىكى راموتقا چىققىلى كىم
گوللايدۇ› دەپ ئېيتقاندا، بىرى ئۇنداق، يەنە بىرى مۇنداق ئېيتقىلى تۇردى. [21] ئۇ ۋاقىت

بىر روھ كېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ: ‹ مەن ئۇنى گوللاي› دەپ ئېيتتى. خۇداۋەندە
ئۇنىڭدىن سورىدىكى: ‹ قانداق قىلىپ گوللايسەن؟› دېدى. 22 ئۇ ئېيتتى: ‹ مەن چىقىپ،
ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاغزىدا بىر يالغانچى روھ بولىمەن› دېدى. ئۇ ئېيتتى: ‹ ئۇنى گوللاي
دېسەڭ، گوللىيالايسەن. بېرىپ، ئۇنداق قىلغىن› دېدى. 23 مانا ئەمدى خۇداۋەندە سېنىڭ
ھەممە پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ ئاغزىغا بىر يالغانچى روھنى سالدى. خۇداۋەندە ئۆزى سېنىڭ
ئۈستۈڭگە بالا كەلتۈرۈشنى توختاتتى» دېدى. 24 ئەمما كېنائانانىڭ ئوغلى زىدقىيا قوپۇپ،
مىكاغا بىر كاچات ئۇرۇپ، ئېيتتى: «خۇداۋەندىنىڭ روھى ساڭا سۆز قىلغىلى قايسى يول بىلەن
مەندىن كەتتى؟» 25 مىكا جاۋاب بەردىكى: «ئۆزۈڭنى يوشۇرماق ئۈچۈن خانىدىن خانىغا
يۈگۈرىدىغان كۈنۈڭدە شۇنى كۆرىسەن» دېدى. 26 لېكىن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئېيتتى:
«مىكانى ئېلىپ، شەھەرنىڭ سەردارى ئامونغا ۋە پادىشاھنىڭ ئوغلى يوئاشقا ياندۇرۇپ
كەلتۈرۈپ، 27 ئېيتقىنكى: ‹ ئۇنى زىندانغا يۆلەپ، مەن تىنچ-ئامان يېنىپ كەلگۈچە تەڭلىك
نېنى بىلەن تەڭلىك سۈيىنى ئۇنىڭغا بېرىپ تۇرۇڭلار› دەپ پادىشاھ ئېيتىدۇ». 28 مىكا ئېيتتى:
«ئەگەر سەن تىنچ-ئامان يېنىپ كەلسەڭ، خۇداۋەندە مېنىڭ ۋاستەم بىلەن سۆز قىلمىدى»
دېدى. ئاندىن يەنە سۆز قىلىپ: «ئەي خەلق، سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار ئاڭلىغىن» دەپ ئېيتتى.
29 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافات گىلىيادتىكى راموتقا چىقتى.
30 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۆزى يەھوشافاتقا ئېيتتى: «مەن سۈرىتىمنى يەڭگۈشلەپ جەڭگە
چىقاي، لېكىن سەن ئۆز كىيىملىرىڭنى كىيىپ چىققىن» دېدى. ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
سۈرىتىنى يەڭگۈشلىگەندىن كېيىن ئۇلار جەڭگە چىقتى. 31 لېكىن ئاررامنىڭ پادىشاھى جەڭ
ھارۋىلىرى ئۈستىدىكى ئوتتۇز ئىككى سەردارلىرىغا: «ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىدىن باشقا، خاھى
كىچىك، خاھى چوڭ بىلەن سوقۇش قىلماڭلار» دەپ بۇيرۇغانىدى. 32 جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ
سەردارلىرى يەھوشافاتنى كۆرگەندە: «ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى شۇ» دەپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم
قىلغىلى تۇردى. 33 لېكىن يەھوشافات بىر پەرياد كۆتۈردى. جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ سەردارلىرى
ئۇنىڭ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بولمىغىنىنى كۆرگەندە ئۇنى قويۇپ كەتتى.
34 ئەمما بىر ئادەم قارىغا بىر ئوقياسىنى ئېتىپ، ئىسرائىل پادىشاھىنىڭ ساۋۇتىنىڭ بىر
ئۇلىقىغا تەگدى. ئۇ ئۆز ھارۋا ھەيدىگۈچىسىگە: «ھارۋىنى ياندۇرۇپ، لەشكەر ئارىسىدىن
ھەيدەپ، مېنى چىقارغىن. مەن يارىدار بولدۇم» دەپ ئېيتتى. 35 ئۇ كۈن سوقۇش بارغانسېرى
قاتتىقراق بولۇپ تۇردى. پادىشاھ بولسا ئۆز ھارۋىسىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئاررامىيلارغا يۈزلىنىپ،
زەخمىدىن قېنى ھارۋىغا ئېقىپ تۇرۇپ، ئاخشام ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتتى. 36 كۈن پاتقان
ۋاقىتتا بىر خىتاب چىقتىكى: «ھەربىرى ئۆز شەھىرىگە يانسۇن! ھەربىرى ئۆز يۇرتىغا يېنىپ
كەتسۇن!» 37 پادىشاھ ئۆلۈپ، سامارىيەگە كەلتۈرۈلسە، ئۇلار پادىشاھنى سامارىيەدە دەپنە
قىلدى. 38 پادىشاھنىڭ ھارۋىسى سامارىيەنىڭ كۆلىدە يۇيۇلغاندا خۇداۋەندە ئېيتقان سۆزىگە
مۇۋاپىق ئىتلار ئۇنىڭ قېنىنى يالاپ، جالاپلارمۇ ئاندا يۇيۇندى.
39 ئاخابنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغىنىنىڭ ھەممىسى، ياسىغان پىل چىشى ئۆيى بىلەن

بىنا قىلغان ھەممە شەھەرلەر توغرىسىدا ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا
پۈتۈلگەندۇر. 40 ئاخاب ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تاپتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى
ئاخازىيا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافات

41 ئاسانىڭ ئوغلى يەھوشافات ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاخابنىڭ سەلتەنىتىنىڭ تۆتىنچى
يىلىدا يەھۇداغا پادىشاھ بولدى. 42 يەھوشافات پادىشاھ بولغاندا ئوتتۇز بەش ياشقا كىرىپ،
يېرۇسالېمدا يىگىرمە بەش يىل سەلتەنەت قىلدى، ئۇنىڭ ئانىسى شىلخىنىڭ قىزى بولۇپ ئازۇبا
دەپ ئاتالدى. 43 ئۇ ھەر ئىشتا ئاتىسى ئاسانىڭ يولىدا يۈرۈپ، ئاندىن چىقماي، خۇداۋەندىنىڭ
كۆزلىرىدە راست بولغىنىنى قىلاتتى. 44 لېكىن قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرى يوق بولماي،
بەلكى خەلق ئېگىزلىكلەردە قۇربانلىق قىلىپ، خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇراتتى. 45 يەھوشافات
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن سۈلھى تۈزدى.
46 يەھوشافاتنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغان ئەمەللىرى ۋە جەڭلىرى توغرىسىدا يەھۇدا
پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا پۈتۈلگەندۇر. 47 ئۇ ئۆزى ئاتىسى ئاسا چىقىرىپ بولالماي،
ئۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئاندا قالغان ھەزىلەكلەرنى يۇرتتىن چىقاردى. 48 ئۇ ۋاقىتتا ئېدومدا
پادىشاھ بولماي، بەلكى نائىب بىر پادىشاھ سەلتەنەت قىلاتتى. 49 يەھوشافات ئوفىردىن ئالتۇن
ئېلىپ كەلمەك ئۈچۈن تارشىش كېمىلىرى ياسادى. لېكىن كېمىلەر بارالماي، ئەسيون-گېبەردە
خاراب بولدى. 50 ئۇ ۋاقىت ئاخابنىڭ ئوغلى ئاخازىيا يەھوشافاتقا: «مېنىڭ خىزمەتكارلىرىم
سېنىڭ خىزمەتكارلىرىڭ بىلەن كېمىلەردە بارسۇن» دېدى. لېكىن يەھوشافات ئۇنىمىدى.
51 يەھوشافات ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، داۋۇدنىڭ شەھىرىدە ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى يەھورام ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاخازىيا

52 ئاخابنىڭ ئوغلى ئاخازىيا يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافاتنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون يەتتىنچى
يىلىدا سامارىيەدە ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە پادىشاھ بولۇپ، ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. 53 ئۇ
ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ يولىدا
يۈرۈپ، ئىسرائىلنى گۇناھقا ئازدۇرۇپ، نەباتنىڭ ئوغلى بولغان يەروبىئامنىڭ يولىدا مېڭىپ،
54 بائالغا ئىبادەت قىلىپ باش ئېگىپ، ئۆز ئاتىسى قىلغانىنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش قىلىپ،
ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى.

مۇقەددەس كىتاب

# پادىشاھلار

## ئىككىنچى قىسىم

12

# پادىشاھلار ئىككىنچى قىسىم

مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
(تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

12-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# پادىشاھلار
# ئىككىنچى قىسىم

## ئىلىيا ئاخازىياغا تەنبىھ بېرىدۇ

1 [1] ئاخاب ئۆلگەندىن كېيىن موئاب ئىسرائىلنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كەتتى. [2] ئەمما
ئاخازىيا سامارىيەدە تۇرغاندا بالىخانىنىڭ بىر پەنجىرىسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ كېسەل
بولۇپ، خەۋەرچىلەر ئەۋەتىپ ئۇلارغا ئېيتتى: «بېرىپ، ئەقروننىڭ تەڭرىسى بائال-زىبۇبتىن
مەن توغرۇلۇق: ‹ كېسەلدىن ساقىيامدۇ؟› دەپ سوراڭلار» دېدى.
[3] لېكىن خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى تىشبەلىك ئىلىياغا ئېيتتىكى: «قوپۇپ، سامارىيەنىڭ
پادىشاھىنىڭ خەۋەرچىلىرىگە ئۇچراپ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ‹ ئىسرائىلدا بىر تەڭرى
بولمىغىنى ئۈچۈن ئەقروننىڭ تەڭرىسى بائال-زىبۇبتىن سورىغىلى بارىسىلەرمۇ؟ [4] ئۇنىڭ
ئۈچۈن خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: «سەن ياتقان ئورنۇڭدىن چۈشمەي، بەلكى شەكسىز
ئۆلىسەن»›». ئىلىيا شۇنى دەپ كەتتى.
[5] خەۋەرچىلەر ئۇنىڭغا يېنىپ كەلگەندە پادىشاھ ئۇلاردىن: «نېمىشقا يېنىپ كەلدىڭلار؟» دەپ
سورىدى. [6] ئۇلار ئۇنىڭغا ئېيتتى: «بىر ئادەم بىزگە ئۇچراپ ئېيتتىكى: ‹ سىلەرنى ئەۋەتكەن
پادىشاھقا يېنىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا: ‹ خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: «ئىسرائىلدا بىر تەڭرى
بولمىغىنى ئۈچۈن ئەقروننىڭ تەڭرىسى بائال-زىبۇبتىن سورىغىلى بارىسىلەرمۇ؟ ئۇنىڭ
ئۈچۈن سەن ياتقان ئورنۇڭدىن چۈشمەي، بەلكى شەكسىز ئۆلىسەن دەڭلار»› دەپ ئېيتتى»
دېدى. [7] ئۇ ئۇلاردىن سورىدىكى: «سىلەرگە ئۇچراپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتقان ئادەم قانداق
كۆرۈندى؟» [8] ئۇلار ئۇنىڭغا: «ئۇ چاچلىق بولۇپ، بېلىگە بىر ياغاق كەمەرنى باغلىغانىدى»
دەپ ئېيتتى. پادىشاھ: «ئۇ بولسا تىشبەلىك ئىلىيا ئىكەن» دېدى.
[9] ئاندىن بىر ئەللىك بېشى بىلەن ئۇنىڭ تېگىدىكى ئەللىك ئادەمنى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى.
بۇ كىشى ئۇنىڭ قېشىغا بارسا، مانا ئۇ ئۆزى تاغنىڭ چوققىسىدا ئولتۇرىدۇ، ئۇ ئۇنىڭغا: «ئەي
خۇدانىڭ ئادىمى، پادىشاھ سېنى چۈشۈپ كەلسۇن دەيدۇ» دەپ ئېيتتى. [10] لېكىن ئىلىيا
ئەللىك بېشىغا: «مەن خۇدانىڭ ئادىمى بولسام، ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ سەن بىلەن ئەللىك
ئادىمىڭنى كۆيدۈرسۇن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ھامان ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۆزى
بىلەن ئەللىك ئادىمىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.
[11] يەنە بىر ئەللىك بېشى بىلەن ئۇنىڭ تېگىدىكى ئەللىك ئادەمنى ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى.
ئۇ سۆز باشلاپ ئۇنىڭغا: «ئەي خۇدانىڭ ئادىمى، پادىشاھ سېنى چۈشۈپ كەلسۇن دەيدۇ» دەپ

ئېيتتى. [12] لېكىن ئۇ ئۇلارغا: «مەن خۇدانىڭ ئادىمى بولسام، ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، سەن
بىلەن ئەللىك ئادىمىڭنى كۆيدۈرسۇن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ھامان ئاسماندىن خۇدانىڭ ئوتى
چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئەللىك ئادىمىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.
[13] ئۈچىنچى مەرتىۋە يەنە بىر ئەللىك بېشى بىلەن ئۇنىڭ تېگىدىكى ئەللىك ئادەمنى ئەۋەتتى.
بۇ ئۈچىنچى كەلگەن ئەللىك بېشى چىقىپ يېتىپ كەلگەندە، ئىلىيانىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ
ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ئېيتتىكى: «ئەي خۇدانىڭ ئادىمى، مېنىڭ جېنىم بىلەن سېنىڭ بۇ ئەللىك
قۇلۇڭنىڭ جانلىرى سېنىڭ كۆزلىرىڭدە ئەزىز بولسۇن. [14] مانا ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ،
ئىلگىرىكى ئىككى ئەللىك بېشى بىلەن ئۇلارنىڭ تېگىدىكى ئەللىك ئەللىك ئادەملىرىنى
كۆيدۈرۈۋەتتى. لېكىن مېنىڭ جېنىم سېنىڭ كۆزلىرىڭدە ئەزىز بولسۇن» دېدى.
[15] خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئىلىياغا: «سەن قورقماي ئۇنىڭ بىلەن چۈشۈپ بارغىن» دېدى.
ئۇ قوپۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چۈشۈپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، [16] ئۇنىڭغا ئېيتتى: «خۇداۋەندە
مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ سۆز سورىغىلى ئىسرائىلدا خۇدا بولمىغاندەك ئەقروننىڭ تەڭرىسى
بائال-زىبۇبتىن سورىغىلى خەۋەرچىلەر ئەۋەتكىنىڭ ئۈچۈن سەن ياتقان ئورنۇڭدىن چۈشمەي،
بەلكى شەكسىز ئۆلىسەن دېدى›» دەپ ئېيتتى. [17] ئۇ ئۆزى ئىلىيا دەپ بەرگەن خۇدانىڭ
سۆزىگە مۇۋاپىق ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچ يەھورامنىڭ ئۆزى يەھۇدا پادىشاھى
يەھوشافاتنىڭ ئوغلى يەھورامنىڭ ئىككىنچى يىلىدا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
[18] ئاخازىيانىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغان ئەمەللىرى توغرىسىدا ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ
تارىخ كىتابلىرىدا پۈتۈلگەندۇر.

## ئىلىيا ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ

2 [1] خۇداۋەندە ئىلىيانى بىر قۇيۇندا ئاسمانغا ئالىدىغان ۋاقىتتا ئىلىيا بىلەن ئېلىشا
گىلگالدىن چىقىپ بارىۋاتاتتى. [2] ئىلىيا ئېلىشاغا ئېيتتى: «مۇندا قالغىن، چۈنكى
خۇداۋەندە مېنى بەيتەلگە ئەۋەتتى». لېكىن ئېلىشا سۆزلەپ: «تىرىك خۇداۋەندە بىلەن
ئانت ئىچىپ، ئۆز جېنىڭنىڭ ئۈستىدە قەسەم قىلىمەنكى، سېنى قويمايمەن» دېگەندە
ئۇلار بەيتەلگىچە چۈشۈپ بېرىشتى. [3] ئۇ ۋاقىت بەيتەلدىكى پەيغەمبەر شاگىرتلىرى
ئېلىشانىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «بىلەمسەنكى، خۇداۋەندە بۈگۈن
خوجاڭنى بېشىڭنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈپ، سەندىن ئېلىپ كېتىدۇ». ئۇ ئېيتتى:
«بىلىمەن، لېكىن شۈك تۇرۇڭلار» دېدى.
[4] ئىلىيا ئۇنىڭغا: «ئەي ئېلىشا، مۇندا قالغىن، چۈنكى خۇداۋەندە مېنى يېرىخوغا ئەۋەتتى»
دېدى. لېكىن ئۇ ئۆزى: «تىرىك خۇداۋەندە بىلەن ئانت ئىچىپ، ئۆز جېنىڭنىڭ ئۈستىدە
قەسەم قىلىمەنكى، سېنى قويمايمەن» دەپ ئېيتسا، ئۇلار يېرىخوغا بېرىشىپ يەتتى. [5] ئۇ

ۋاقىت يېرىخودىكى پەيغەمبەر شاگىرتلىرى ئېلىشانىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى:
«بىلەمسەنكى، خۇداۋەندە بۈگۈن خوجاڭنى بېشىڭنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ
كېتىدۇ» دېدى. ئۇ ئۆزى: «بىلىمەن، لېكىن شۈك تۇرۇڭلار» دېدى.
6 ئېلىيا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «مۇندا قالغىن، چۈنكى خۇداۋەندە مېنى ئىئوردانغا ئەۋەتتى».
لېكىن ئۇ سۆزلەپ: «تەڭرىڭ خۇداۋەندە بىلەن ئانت ئىچىپ، ئۆز جېنىڭنىڭ ئۈستىدە
قەسەم قىلىمەنكى، سېنى قويمايمەن» دېگەندە ئۇ ئىككەيلەن كېتىپ بېرىشتى. 7 ئەمدى
پەيغەمبەر شاگىرتلىرىدىن ئەللىك كىشى بېرىپ، يىراقتىن قاراپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ
ئىككەيلەن ئىئوردانىنىڭ بويىدا توختاپ تۇردى. 8 ئېلىيا ئۆز يېپىنچىسىنى ئېلىپ قاتلاپ
سۇنى ئۇرسا، سۇ ئۇ تەرەپكە بۇ تەرەپكە ئىككىگە بۆلۈنۈپ تۇرۇپ، ئىككىلىسى قۇرۇق
يەردىكىدەك ئۆتۈپ كەتتى. 9 ئۆتۈپ كەتكەندە ئېلىيا ئېلىشاغا: «مەن سەندىن ئېلىنماستا
ساڭا قىلىدىغىنىمنى تەلەپ قىلغىن» دەپ ئېيتتى. «سېنىڭ روھۇڭنىڭ ئىككى ھەسسىسى
ماڭا تەگسۇن» دېدى. 10 ئۇ ئېيتتى: «بۇ سورىغىنىڭ تەستۇر. لېكىن مېنىڭ سەندىن
ئېلىنىشىمنى كۆرۈپ تۇرساڭ، ساڭا بېرىلىدۇ. بولمىسا بېرىلمەيدۇ» دېدى.
11 ئۇلار سۆزلىشىپ يۈرگەندە، مانا ئوت يالقۇن ھارۋىسى بىلەن ئوت يالقۇن ئاتلىرى كېلىپ،
ئۇلارنى ئايرىدى. شۇ تەرىقىدە ئېلىيا بىر قۇيۇندا ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. 12 ئېلىشا بۇنى
كۆرۈپ: «ئەي ئاتام، ئىسرائىلغا ھەم ھارۋا ھەم ئاتلىقلار بولدۇڭ» دەپ قىچقاردى. ئاندىن
كېيىن ئۇنى يەنە كۆرمىدى. ئۇ ئۆز ئېگىنىنى يىرتىپ ئىككى پارە قىلدى. 13 ئاندىن
كېيىن ئېلىيانىڭ چۈشكەن يېپىنچىسىنى يەردىن ئېلىپ، يېنىپ كېتىپ ئىئوردانىنىڭ
لېۋىدە تۇرۇپ، 14 ئېلىيانىڭ چۈشكەن يېپىنچىسىنى ئېلىپ، سۇنى ئۇرۇپ: «ئېلىيانىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندە نە يەردىدۇر؟» دېدى. ئېلىشامۇ سۇنى ئۇرغاندا سۇ ئۇ تەرەپكە بۇ
تەرەپكە ئىككىگە بۆلۈنۈپ تۇرۇپ، ئۇ ئۆزى ئۆتۈپ كەتتى.
15 يېرىخودىكى پەيغەمبەر شاگىرتلىرى نېرىراق تۇرۇپ، شۇنى كۆرۈپ: «ئېلىيانىڭ
روھى ئېلىشانىڭ ئۈستىدىدۇر» دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قېشىدا يەرگە تەگكۈدەك
تەزىم قىلىپ، 16 ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «مانا سېنىڭ خىزمەتكارلىرىڭ ئارىسىدا ئەللىك
كۈچلۈك ئادەم بار. بۇلار خوجاڭنى ئىزدىگىلى بارسۇن. خۇداۋەندىنىڭ روھى ئۇنى
كۆتۈرۈپ، تاغلارنىڭ بىرىدە ياكى بىر ۋادىدا قويغانمىكىن» دېدى. لېكىن ئۇ: «ھېچ كىشى
ئەۋەتمەڭلار» دېدى. 17 ئەمما ئۇلار ئۇنى تولا قىستىغاندىن كېيىن، ئۇ خىجالەت بولۇپ:
«ئەۋەتىڭلار» دېگەندە ئۇلار ئەللىك كىشىنى ئەۋەتتى. بۇلار ئۈچ كۈنگىچە ئۇنى ئىزدەپ
بېرىپ تاپمىدى. 18 ئۇ ئۆزى يېرىخودا تېخى تۇرغان ۋاقىت ئۇلار ئۇنىڭ قېشىغا يېنىپ
كەلگىنىدە: «‹ بارماڭلار› دەپ سىلەرگە ئېيتمىدىممۇ؟» دېدى.

## ئېلىشا يېرىخو شەھىرىدىكى سۇنى ئۇڭشىلايدۇ

[19] شەھەردىكى ئادەملەر ئېلىشاغا ئېيتتى: «خوجام كۆرگەندەك شەھەر ئۆزى ئوبدان جايدىدۇر،
لېكىن سۇ خاراب بولۇپ، يۇرتتا تۇغماسلىق پەيدا قىلىدۇ». [20] ئۇ ئۆزى: «ماڭا يېڭى قاچىنى
ئېلىپ كېلىپ، شۇنىڭغا تۇز سېلىڭلار» دېگەندە ئۇلار ئۇنداق بىرىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلدى.
[21] ئۇ سۇ بۇلىقىغا بېرىپ، شۇنىڭغا تۇزنى سېلىپ، ئېيتتى: «‹ بۇ سۇنى ئۇڭشىلىدىم ئۆلۈم بىلەن
تۇغماسلىق ئۇنىڭدىن يەنە پەيدا بولمايدۇ› دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ» دېگەندە، [22] سۇ ئېلىشا
ئېيتقان سۆزىگە مۇۋاپىق ئۇڭشىلىنىپ، بۇ كۈنگىچە شۇنداق بولۇپ قالدى.

## بەيتەلدە باللار ئېلىشانى زاڭلىق قىلىدۇ

[23] ئۇ ئاندىن كېتىپ بەيتەلگە چىقتى. يولدا كېتىپ بارغىنىدا شەھەردىن باللار چىقىپ، ئۇنى
زاڭلىق قىلىپ: «چىقىپ كەت، ئەي تاقىر باش! چىقىپ كەت، ئەي تاقىر باش!» دەپ ئۇنىڭغا
قىچقىرىپ تۇردى. [24] ئۇ بۇرۇلۇپ، ئۇلارغا قاراپ خۇداۋەندىنىڭ نامىدا ئۇلارنى قارغىغاندا
ئىككى چىشى ئېيىق چىقىپ، باللاردىن قىرىق ئىككىنى يىرتىۋەتتى. [25] ئۇ ئاندىن كېتىپ،
كارمەل تېغىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن سامارىيەگە يېنىپ باردى.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يورام موئاب بىلەن جەڭ قىلىدۇ

3 [1] ئاخابنىڭ ئوغلى يورام يەھۇدا پادىشاھىنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون سەككىزىنچى يىلىدا
سامارىيەدە ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ بولۇپ، ئون ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى.
[2] ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان بولغىنىنى قىلدى، لېكىن ئاتىسى بىلەن ئانىسىدەك
يامانلىق قىلماي، بەلكى ئاتىسى ياسىتىپ قويغان بائال سۈرىتىنى چىقىرىۋەتتى. [3] ئەمما
نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئام ئىسرائىلنى ئازدۇرۇپ قىلغان گۇناھلىرىغا مايىل بولۇپ، شۇنىڭدىن
يانمايتتى. [4] موئابنىڭ پادىشاھى مېشا تولا مالدار بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا يۈز مىڭ
قوزىنى ۋە يۈز مىڭ قوچقارنىڭ يۇڭىنى باج-خىراج بېرەتتى. [5] لېكىن ئاخاب ئۆلۈپ كەتكەندىن
كېيىن موئابنىڭ پادىشاھى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا ئاسىيلىق قىلدى.
[6] ئۇ ۋاقىت يورام پادىشاھ سامارىيەدىن چىقىپ، ھەممە ئىسرائىلنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزدى.
[7] ئاندىن چىقىپ، يەھۇدانىڭ پادىشاھىغا خەۋەر ئەۋەتىپ ئېيتقۇزدىكى: «موئابنىڭ پادىشاھى
ماڭا ئاسىيلىق قىلدى. موئاب بىلەن سوقۇشقىلى چىقامسەن؟» ئۇ جاۋاب بەردىكى: «چىقىمەن.
ئۆزۈم سېنىڭ ئۆزۈڭدەك، مېنىڭ خەلقىم بولسا سېنىڭ خەلقىڭدەك بولۇپ، مېنىڭ ئاتلىرىم
سېنىڭ ئاتلىرىڭدەق چىقسۇن» دېدى. [8] ئۇ سوراپ: «قايسى يول بىلەن چىقايلى؟» دېدى. ئۇ
ئۆزى: «بىز ئېدوم چۆلىنىڭ يولى بىلەن چىقايلى» دەپ جاۋاب بەردى.

9 ئاندىن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئېدومنىڭ پادىشاھىغا قوشۇلۇپ
مېڭىپ چىقتى. لېكىن يەتتە كۈنلۈك يول ماڭغاندىن كېيىن قوشۇن بىلەن ئېلىپ كەلگەن
ھايۋانلار ئۈچۈن سۇ تاپالمىدى. 10 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى سۆز قىلىپ: «ۋاي، نېمىشقا
خۇداۋەندە بۇ ئۈچ پادىشاھنى، موئابنىڭ قولىغا چۈشسۇن دەپ، جەملەشتۈردى؟» دېدى.
11 لېكىن يەھوشافات ئېيتتى: «خۇداۋەندىدىن سورىمىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە خۇداۋەندىنىڭ
پەيغەمبىرى يوقمۇ؟» دېدى. ئىسرائىل پادىشاھىنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ئېيتتى:
«ئېلىيانىڭ قوللىرىغا سۇ قۇيۇپ بەرگەن ئېلىشا بەن-شافات بۇ يەردە بار» دېدى.
12 يەھوشافات: «خۇداۋەندىنىڭ سۆزى ئۇنىڭدا بار» دېدى. ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن
يەھوشافات ۋە ئېدومنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭ قېشىغا باردى. 13 لېكىن ئېلىشا ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھىغا ئېيتتى: «مەن بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ بار؟ ئۆز ئاتاڭنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن
ئاناڭنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ قېشىغا بارغىن». ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئېيتتى: «ئۇنداق
دېمىگىن. مانا خۇداۋەندە بۇ ئۈچ پادىشاھنى موئابنىڭ قولىغا تاپشۇرماق ئۈچۈن جەم قىلغانغا
ئوخشايدۇ» دېدى. 14 ئېلىشا ئېيتتى: «مەن ھۇزۇرىدا تۇرغان ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى
بولغان تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافاتنى
يۈز-خاتىرە قىلمىسام، خاھى سېنى كۆزگە ئىلماي، خاھى ساڭا قارىمايتتىم. 15 لېكىن ئەمدى
بېرىپ، بىر چاڭ چالغۇچىنى ماڭا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. چۈنكى ھەرقاچانكى چاڭ چالغۇچى
چالسا، خۇداۋەندىنىڭ قولى ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلەتتى.
16 ئۇ ئېيتتىكى: «‹ بۇ ۋادىدا ئورا ئۈستىگە ئورا كولاڭلار› دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ. 17 چۈنكى
خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ خاھى شامالنى مەلۇم قىلماي، خاھى يامغۇر كۆرمىسەڭلارمۇ،
بۇ ۋادى سۇدىن تولۇپ، ئۆزۈڭلار بىلەن مال ۋە ئۇلىغىڭلار ئىچىسىلەر›. 18 لېكىن خۇداۋەندە
بۇ ئىشقا سەل قاراپ، موئابنى ھەم سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا بېرىدۇ. 19 سىلەر ھەم مەھكەم
شەھەرلەر بىلەن چوڭراق شەھەرلەرنى بېسىپ، ھەممە ياخشى دەرەخلەرنى كېسىپ، ھەممە سۇ
بۇلاقلىرىنى تىندۇرۇپ، ھەممە ھوسۇللۇق ئېتىز يەرلىرىنى تاشلار بىلەن خاراب قىلىسىلەر»
دېدى.
20 ۋە مانا، ئەتىگەندە ھەدىيە قۇربانلىقىنىڭ ۋاقتىدا سۇ ئېدومنىڭ تەرىپىدىن كەلگىنى بىلەن
يۇرت سۇدىن تولدى. 21 موئابىيلارنىڭ ھەممىسى: «پادىشاھلار بىز بىلەن جەڭ قىلغىلى
چىقتى» دەپ ئاڭلىغاندا ياراغ كۆتۈرەلىگۈدەك چوڭ بولغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۇلاردىن
چوڭراق بولغانلارنىڭ ھەممىسى كۆرەكتىن ئۆتۈپ چېگرىدا تىزىلىپ تۇراتتى. 22 لېكىن
موئابىيلار ئەتىگەندە سەھەر قوپۇپ قارىسا، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى سۇنىڭ ئۆزى چىققان كۈننىڭ
شولىسىدا ئۇلارغا قاندەك كۆرۈندى. 23 ئۇلار: «بۇ قان ئىكەن. پادىشاھلار ئۇرۇشۇپ، بىر-
بىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنگە ئوخشايدۇ. ئەي موئاب ئەمدى قوپۇپ تالىغىن» دېيىشتى. 24 لېكىن
ئۇلار ئىسرائىلنىڭ لەشكەرگاھىغا يەتكەندە ئىسرائىلىيلار قوپۇپ، موئابىيلارنى ئۇرۇپ، ئۆز
ئالدىدىن قاچۇرۇپ، يۇرتىغا كىرىپ تېخى موئابىيلارنى ئۇرۇپ، 25 شەھەرلىرىنى خاراب قىلىپ،

ھەممە ياخشى ئېتىز يەرلىرىگە تولغۇچىلىك ھەربىر ئەسكەر بىردىن تاش تاشلاپ، ھەممە سۇ
بۇلاقلىرىنى تىندۇرۇپ، ھەممە ياخشى دەرەخلەرنى كېسىپ، قىر-خارەسەتتىكى تاشلاردىن باشقا
ھېچنېمىنى قالدۇرمىدى. ئەمما سالغا ئاتقۇچىلار شەھەرنى ئايلىنىپ سالغا ئېتىپ تۇرغاندا،
[26] موئابنىڭ پادىشاھى جەڭنىڭ ئۆزىگە زىيادە قاتتىق كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئۆزى بىلەن يەنە يۈز
قىلىچ كۆتۈرگەنلەرنى ئېلىپ، ئېدومنىڭ پادىشاھىغا بارغىلى تىرىشتى. لېكىن ئۇلار بارالمىدى.
[27] بارالماستا ئۆز ئورنىدا پادىشاھ بولىدىغان تۇنجى ئوغلىنى ئېلىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئۇنى
كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق قىلىپ ئۆتكۈزدى. ئۇ ۋاقىت قاتتىق قەھر-غەزەپ ئىسرائىلنىڭ
ئۈستىگە كەلدى. شۇنداقكى، ئۇلار ئۇنى قويۇپ، ئۆز يۇرتىغا يېنىپ كەتتى.

## تۇل خوتۇننىڭ ياغى

4 [1] پەيغەمبەر شاگىرتلىرىنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى ئېلىشاغا پەرياد قىلىپ ئېيتتى:
«سېنىڭ قۇلۇڭ بولغان مېنىڭ ئېرىم ئۆلدى. بىلىسەنكى، سېنىڭ قۇلۇڭ خۇداۋەندىدىن
قورقىدىغان بىر كىشى ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا قەرز بەرگەن كىشى مېنىڭ ئىككى ئوغلۇمنى
قۇللۇققا ئالغىلى كەلدى». [2] ئېلىشا ئۇنىڭغا ئېيتتى: «سەن ئۈچۈن نېمە قىلاي؟ ئۆيۈڭدە
نېمە بار ئىكەنلىكىنى ماڭا دەپ بەرگىن» دېدى. [3] ئۇ ئېيتتى: «دېدىكىڭنىڭ ئۆيىدە بىر كوزا
ياغدىن باشقا نەرسە يوقتۇر». ئۇ ئېيتتى: «بېرىپ، ھەممە ھەقەمسايىلىرىڭدىن قۇرۇق كوزا
ئۆتنە ئالغىن، لېكىن ئاز تىلىۋالمىغىن. [4] ئاندىن ئۆيگە كىرىپ ئۆزۈڭ بىلەن ئوغۇللىرىڭنىڭ
كەينىدىن ئىشىكنى يېپىپ، ھەممە بۇ كوزىلارغا ياغ قۇيۇپ قويغىن. بىر كوزا تولغاندا ئۇنى بىر
تەرەپكە يۆتكەپ قويغىن» دېدى. [5] ئۇ ئۇنىڭدىن كېتىپ، ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ كەينىدىن
ئىشىكنى ياپتى. ئوغۇللىرى كوزىلارنى ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلگەندە ئۇ ياغ قۇيۇپ بەردى. [6] كوزىلار
تولغاندا ئوغلىغا: «يەنە بىر كوزىنى ئېلىپ كەلگىن» دېدى. ئەمما ئۇ ئۆزى: «يەنە كوزا يوقتۇر»
دەپ ئېيتتى. ئۇ ۋاقىت ياغ توختاپ قالدى. [7] ئاندىن بېرىپ، خۇدانىڭ ئادىمىگە خەۋەر بەردى. ئۇ
ئېيتتى: «بېرىپ ياغنى سېتىپ قەرزىڭنى تۆگىتىپ قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىلەن ئوغۇللىرىڭنىڭ
تىرىكچىلىكىگە ئىشلەتكىن» دېدى.

## شۇنەمىي خوتۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى

[8] بىر كۈنى ئېلىشا شۇنەمگە باردى. ئاندا بىر باي خوتۇن بار ئىدى. ئۇ ئۇنى ئۆز ئۆيىدە نان
يېگىلى زورلىدى ۋە ھەرقاچان ئۇ يەرگە كەلسە، ئاندا چۈشۈپ نان يەيتتى. [9] بىر ۋاقىت ئۇ
ئۆز ئېرىگە ئېيتتى: «بۇ يەرگە پات-پات كېلىپ تۇرغان كىشى خۇدانىڭ بىر مۇقەددەس ئادىمى
ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم بولدى. [10] ئۆگزىدە ئۇنىڭغا بىر كىچىك ئۆي ياساپ، ئاندا بىردىن

ئورۇن-كۆرپە، جوزا، كۇرسى ۋە شامدان قويايلى. ھەرقاچان بىزگە كەلسە، ئاندا چۈشسۇن»
دېدى. [11] پەيغەمبەر بىر كۈن ئاندا ئۇ ئۆيگە چۈشۈپ قونۇپ، [12] ئۆز خىزمەتكارى گېھازىغا:
«شۇنەملىك خوتۇننى قىچقارغىن» دەپ ئېيتتى. ئۇ ئۇنى قىچقارغاندا خوتۇن ئۇنىڭ قېشىغا
كەلدى. [13] پەيغەمبەر خىزمەتكارىغا ئېيتتى: «ئۇنىڭغا دەپ قويغىنكى: ‹ مانا بىز ئۈچۈن
ئەندىشە قىلىپ، بۇ ھەممە ئىشنى قىلدىڭ. سەن ئۈچۈن نېمە قىلاي؟ پادىشاھقا ياكى قوشۇن
سەردارىغا بىر ئەرزىڭ بارمۇ؟» خوتۇن ئېيتتى: «يوقسۇ، مەن ئۆز خەلقىمنىڭ ئارىسىدا
ئولتۇرىمەن ئەمەسمۇ؟» دېدى.
[14] ئۇ سورىدىكى: «ئۇنىڭ ھەققىدە نېمە قىلاي؟» گېھازى ئېيتتى: «مانا بالىسى يوق، ئېرى
بولسا قېرى ئىكەن» دېدى. [15] ئۇ: «ئۇنى قىچقارغىن» دەپ ئېيتتى. ئۇنى قىچقارغاندا ئۇ
كېلىپ ئىشىكتە تۇردى. [16] پەيغەمبەر ئۇنىڭغا ئېيتتى: «كېلىدىغان يىل مۇشۇ ۋاقىتتا
قۇچىقىڭدا بىر ئوغلۇڭ بولىدۇ». ئۇ ئۆزى: «ياق ئەي خوجام، ئەي خۇدانىڭ ئادىمى دېدىكىڭگە
بىمەنە سۆز ئېيتمىغىن» دېدى. [17] لېكىن خوتۇن ھامىلدار بولۇپ، ئېلىشا ئېيتقاندەك يەنە
بىر يىلدا ۋاقىت تامام بولغاندا بىر ئوغۇل تۇغدى.
[18] بالا ئۆسۈپ، چوڭراق بولغاندا بىر كۈن ئاتىسى بار يەرگە ئورمىچىلارنىڭ قېشىغا چىقىپ،
[19] ئاتىسىغا: «ۋاي بېشىم، ۋاي بېشىم» دەپ قىچقاردى. ئۇ ئۆز خىزمەتكارىغا: «ئۇنى ئانىسىغا
ئېلىپ بارغىن» دېدى. [20] ئۇ ئۇنى ئېلىپ، ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن
ئۇ ئانىسىنىڭ تىزىدا چۈش ۋاقتىغىچە ئولتۇرۇپ، ئۆلدى. [21] ئاندىن ئانىسى قوپۇپ، ئۇنى
خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ئىشىكنى يېپىپ، چىقىپ كېتىپ، [22] ئېرىنى قىچقىرىپ
ئېيتتى: «يىگىتلەرنىڭ بىرى بىلەن بىر ئېشەكنى ماڭا ئەۋەتكىن. خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ قېشىغا
ئالدىراپ بېرىپ كېلەي». [23] ئۇ سۆزلەپ: «نېمىشقا بۈگۈن ئۇنىڭ قېشىغا بارىسەن؟ خاھى
يېڭى ئاي، خاھى شابات كۈنى ئەمەس» دېسە، ئۇ ئۆزى: «خاتىرجەم بولغىن» دېدى. [24] ئاندىن
ئېشەكنى توقۇتۇپ، خىزمەتكارىغا: «ئىتتىك ھەيدەپ مەن دېمىگۈچە توختىمىغىن» دېدى.
[25] ئاندىن كېتىپ بېرىپ، كارمەل تېغىغا يېتىپ، خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ قېشىغا كەلدى.
خۇدانىڭ ئادىمى ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ، ئۆز خىزمەتكارى گېھازىغا: «مانا ئۇ شۇنەملىك خوتۇن
كەلدى. [26] يۈگۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ‹ ئۆزۈڭ تىنچلىقمۇ؟ ئېرىڭ تىنچلىقمۇ؟ بالاڭ
تىنچلىقمۇ؟› دەپ سورىغىن» دېدى. ئۇ ئۆزى: «تىنچلىق» دەپ ئېيتتى. [27] لېكىن ئۇ تاغقا
چىقىپ، خۇدانىڭ ئادىمىگە كەلگەندە ئۇنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلىدى. ئەمما گېھازى ئالدىغا
بېرىپ، ئۇنى ھەيدىۋەتكىلى تۇرغاندا خۇدانىڭ ئادىمى ئېيتتى: «ئۇنى قويغىن، چۈنكى ئۇنىڭ
جېنى پەرىشاندۇر. لېكىن خۇداۋەندە بۇ ئىشنى ماڭا دېمەي يوشۇرۇپتۇ» دېدى. [28] خوتۇن
ئېيتتى: «مەن خوجامدىن بىر ئوغۇلنى تىلىدىممۇ؟ ‹ ماڭا بىمەنە سۆز ئېيتمىغىن› دەپ
ئىلگىرى دېمىدىممۇ؟» [29] پەيغەمبەر گېھازىغا ئېيتتى: «بېلىڭنى باغلاپ، مېنىڭ ھاسامنى
قولۇڭدا ئېلىپ كېتىپ، بىركىمگە ئۇچرىساڭ، ئۇنىڭغا سالام دېمىگىن. بىركىم ساڭا سالام
قىلسا، سالىمىغا جاۋاب ياندۇرۇپ بەرمىگىن. بارغاندا ھاسامنى بالىنىڭ يۈزىگە قويغىن»

دېدى. 30 لېكىن بالىنىڭ ئانىسى: «تىرىك خۇداۋەندە بىلەن ئانت ئىچىپ، سېنىڭ جېنىڭنىڭ
ئۈستىدە قەسەم قىلىمەنكى، سېنى قويمايمەن» دېدى. ئۇ ۋاقىت ئۇ قوپۇپ، ئۇنىڭ بىلەن باردى.
31 لېكىن گېخازى ئۇلاردىن ئىلگىرى بېرىپ، ھاسىنى بالىنىڭ يۈزىگە قويغانىدى. ئەمما ھېچ
ئاۋاز چىقماي، ھېچ تىڭشىلىشمۇ مەلۇم بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يېنىپ، پەيغەمبەرنىڭ
ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىپ: «بالا ئويغانمىدى» دەپ ئېيتتى. 32 ئېلىشا ئۆيگە
كېلىپ كۆرسە، بالا ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆلۈك ياتىدۇ. 33 ئۇ ۋاقىت ئۇ كىرىپ، ئىككەيلەننىڭ
كەينىدىن ئىشىكنى يېپىپ، خۇداۋەندىگە دۇئا قىلدى. 34 ئاندىن قوپۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
سوزۇلۇپ يېتىپ، ئۆز ئاغزىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا، ئۆز كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە، ئۆز قوللىرىنى
ئۇنىڭ قوللىرىغا قويدى. بالىنىڭ ئۈستىگە شۇنداق ياتقىنى بىلەن بالىنىڭ بەدىنى ئىسسىدى.
35 ئاندىن ئۆيدە ئۇ تەرەپكە بۇ تەرەپكە مېڭىپ يۈرۈپ، يەنە چىقىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە سوزۇلۇپ
ياتتى. ئۇ ۋاقىت بالا ئۈچ مەرتىۋە چۈشكۈردى. ئاندىن بالا كۆزلىرىنى ئاچتى. 36 پەيغەمبەر
گېخازىنى قىچقىرىپ: «شۇنەملىك خوتۇننى قىچقارغىن» دېدى. ئۇ ئۇنى قىچقىرىپ قويدى.
كەلگىنىدە ئۇ ئۇنىڭغا: «ئوغلۇڭنى ئالغىن» دېدى. 37 ئۇ ۋاقىت خوتۇن كىرىپ، ئۇنىڭ
پۇتلىرىغا چۈشۈپ يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلىپ، ئۆز ئوغلىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

## ئېلىشا ۋە قازاندىكى تائام

38 يۇرتتا ئاچارچىلىق بولغان ۋاقىتتا ئېلىشا گىلگالغا يېنىپ باردى. پەيغەمبەر شاگىرتلىرى
ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىدا ئۇ ئۆز خىزمەتكارىغا: «سەن چوڭ قازاننى ئېسىپ، پەيغەمبەر
شاگىرتلىرىغا بىر تائامنى پىشۇرۇپ بەرگىن» دەپ ئېيتتى. 39 ئۇلاردىن بىرى ئوتياش تەرگىلى
سەھراغا چىقىپ، بىر خىل ياۋا پىلەكنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن ياۋا خاڭگا ئۈزۈپ، ئېتىكىنى
تولدۇرۇپ يېنىپ كېلىپ، توغراپ قازانغا سالدى، چۈنكى ئۇلار نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىدى.
40 ئاندىن يېسۇن دەپ، ئادەملەرگە ئۇسۇپ بەردى. لېكىن ئۇلار تائامنى يېگىلى باشلىغاندا:
«ئەي خۇدانىڭ ئادىمى، قازاندا ئۆلۈم بار» دەپ قىچقىرىشىپ، تائامنى يېيەلمىدى. 41 لېكىن
ئۇ: «كىچىككىنا ئۇن ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ شۇنى قازانغا سېلىپ: «خەلققە ئۇسۇپ قويغىن
يېسۇن» دېدى ۋە مانا قازاندا ھېچ زەھەرلىك بىر نەرسە قالمىغانىدى.

## يۈز ئادەم تويدۇرۇلدۇ

42 بائال-شالىشادىن بىر ئادەم كېلىپ، خۇدانىڭ ئادىمىگە تۇنجى خوسۇلنىڭ نېنى، يەنى
يىگىرمە ئارپا نېنى بىلەن بىر خالتا كۆك بېشىنى ئېلىپ كەلسە، ئۇ ئۆزى: «خەلققە يېگىلى
بەرگىن» دېدى. 43 لېكىن ئۇنىڭ خىزمەتكارى ئېيتتى: «شۇنى يۈز ئادەمنىڭ ئالدىدا قانداق
قويالايمەن؟» ئۇ ئېيتتى: «خەلققە يېگىلى بەرگىن، چۈنكى خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹

ئۇلار يەپ، ئېشىپ قالىدۇ» دېدى. [44] ئۇ ۋاقىت شۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قويغاندا ئۇلار يەپ،
خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق ئېشىپ قالدى.

## ئاررامدىن كەلگەن قوشۇن سەردارى نائاماننىڭ ساقايتىلىشى

5 [1] ئاررام پادىشاھىنىڭ قوشۇن سەردارى نائامان ئۆز خوجىسىنىڭ ئالدىدا تولا ئىززەتلىك
ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ قولى بىلەن خۇداۋەندە ئاررامغا نۇسرەت بەرگەنىدى. ئۇ جەڭ
قىلىشتا باتۇر ئىدى، لېكىن پېسە بولۇپ قالغانىدى. [2] ئاررامىيلار بىر ۋاقىت تالىغىلى
چىققاندا ئىسرائىلنىڭ يۇرتىدىن بىر ياش قىز بالىنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ
ئۆزى نائاماننىڭ خوتۇنىنىڭ خىزمىتىدە تۇراتتى. [3] ئۇ ئۆز خانىمىغا: «كاشكى مېنىڭ خوجام
سامارىيەدىكى پەيغەمبەرنىڭ قېشىدا بولسا ئىدى. ئۇ ئۇنى پېسەلىكتىن ساقايتاتتى» دېدى.
[4] بىركىم بېرىپ خوجىسىغا بۇنى دەپ بېرىپ: «ئىسرائىلنىڭ يۇرتىدىن بولغان قىز ئۇنداق-
مۇنداق ئېيتتى» دېدى. [5] ئاررام پادىشاھى: «سەن بارغىن. مەن ئۆزۈم ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا
بىر خەت ئەۋەتىمەن» دەپ ئېيتتى. ئۇ كېتىپ، ئون تالانت كۈمۈش بىلەن ئالتە مىڭ شېقەل
ئالتۇن ۋە ھەم ئون كىشىلىك ئېگىننى ئالغاچ بېرىپ، [6] خەتنى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا
تاپشۇرۇپ بەردى. ئاندا پۈتۈلگەن ئىدىكى: «بۇ خەت ساڭا يەتكەندە بىلگەيسەنكى، سەن ئۇنى
پېسەلىكتىن ساقايتقايسەن دەپ مەن ئۆز خىزمەتكارىم نائاماننى ئۆز قېشىڭغا ئەۋەتتىم».
[7] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتىپ ئېيتتى: «مەن خۇدامۇكى، كىشىنى
ئۆلتۈرۈپ تىرىلدۈرگەيمەن. مانا ئۇ كىشى ماڭا: ‹ بۇ ئادەمنى پېسەلىكتىن ساقايتقىن› دەپ
خەت بەردى ئەمەسمۇ؟ كۆرۈڭلاركى، ئۇ مەن بىلەن جېدەل قىلغىلى باھانە ئىزدەيدۇ» دېدى.
[8] لېكىن خۇدانىڭ ئادىمى ئېلىشا ئىسرائىل پادىشاھىنىڭ ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتقىنىنى
ئاڭلىغاندا پادىشاھقا خەۋەر ئەۋەتىپ ئېيتقۇزدىكى: «نېمىشقا ئۆز ئېگىنلىرىڭنى يىرتىڭ؟ ئۇ
ماڭا كەلسۇن. ئىسرائىلدا بىر پەيغەمبەر بار دەپ، ئۇنىڭغا مەلۇم بولسۇن» دېدى. [9] نائامان ئۆز
ئاتلىرى ۋە ھارۋىلىرى بىلەن كېلىپ، ئېلىشانىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ تۇردى. [10] ئېلىشا
بىر خەۋەرچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا: «بېرىپ، ئىئوردان دەرياسىدا يەتتە مەرتىۋە سۇغا چۆشكىن.
ئۇنداق قىلساڭ، ئېتىڭ ئوڭلىنىپ، پاكىز بولىسەن» دېدى. [11] لېكىن نائامان ئاچچىقلىنىپ،
يېنىپ كېتىپ ئېيتتى: «مانا ئۇ مېنىڭ قېشىمغا چىقىپ، تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىنى
قىچقىرىپ، ئۆز قولى بىلەن كېسەل جايىنى سىلاپ، پېسەلىكنى ساقايتىدۇ دەپ خىيال قىلدىم.
[12] دەمەشقنىڭ دەريالىرى ئابانا بىلەن پارپار ئىسرائىلنىڭ ھەممە سۇلىرىدىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟
پاكىز بولماق ئۈچۈن ئۇلارغا چۆشسەم بولمامتى؟» دەپ ئاچچىقلاپ يولغا كەتتى.
[13] لېكىن ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ ئېيتتى: «ئەي
ئاتىمىز، ئەگەر پەيغەمبەر ساڭا تەس بىر ئىش بۇيرۇغان بولسا، قىلمامتىڭ؟ ئەمما ئۇ ساڭا:

‹ سۇغا چۈمۈلۈپ پاكىز بولغىن› دېگەندىن كېيىن قانچە ئوشۇقراق ئۇنىماق كېرەك ئىدى
ئەمەسمۇ؟» دېدى. [14] شۇنى دېگەندە ئۇ چۈشۈپ بېرىپ، خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق
ئىئوردانغا يەتتە مەرتىۋە چۈمۈپ، پاكىز بولدى. شۇنداقكى، ئۇنىڭ ئېتى ئوڭلىنىپ، ياش
بالىنىڭ ئېتىدەك بولدى.
[15] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى ھەممە دەبدەبىسى بىلەن خۇدانىڭ ئادىمىگە يېنىپ بېرىپ،
ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ ئېيتتىكى: «مانا ئەمدى بىلدىمكى، پۈتۈن يەر يۈزىدە
ئىسرائىلدىكىدىن باشقا خۇدا يوقتۇر. ئەمدى ئۆز قۇلۇڭدىن بىر ھەدىيە قوبۇل قىلغىن».
[16] لېكىن ئۇ ئۆزى: «مەن بەندىسى بولغان تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى،
ھېچنېمىنى قوبۇل قىلمايمەن» دېدى. ئۇ تولا يالۋۇرسىمۇ، ھېچ قوبۇل قىلمىدى. [17] نائامان
ئېيتتى: «بولمىسا قۇلۇڭغا تۆپىدىن ئىككى قېچىرنىڭ يۈكى بېرىلسۇن، چۈنكى قۇلۇڭ
مۇندىن كېيىن خۇداۋەندىدىن باشقا تەڭرىلەرگە، خاھى كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق خاھى سويۇم
قۇربانلىقنى كەلتۈرمەيدۇ. [18] لېكىن خۇداۋەندە قۇلۇڭغا بىر ئىشنى كەچۈرسۇن: خوجامنىڭ
ئۆزى مېنىڭ قولۇمغا يۆلىنىپ باش ئەگمەك ئۈچۈن رىممونىنىڭ بۇتخانىسىغا كىرسە، مەن
رىممونىنىڭ بۇتخانىسىدا تىز پۈكسەم، خۇداۋەندە مەن قۇلۇڭغا تىز پۈكۈشۈمنى كەچۈرسۇن»
دېدى. [19] ئۇ ئۇنىڭغا: «ئامان-ئېسەن بارغىن» دېسە، ئۇ ئۇنىڭدىن كېتىپ، ئازغىنا يول ماڭدى.
[20] خۇدانىڭ ئادىمى ئېلىشانىڭ خىزمەتكارى گېخازى: «مانا خوجام ئۇ ئارراملىق نائامانىنى
ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىدىن ھېچنېمىنى ئالماي كەتكىلى قويدى. تىرىك خۇداۋەندە
بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ، بىر نەرسە تاپاي» دەپ ئۆز كۆڭلىدە
ئېيتتى. [21] شۇنى دەپ، گېخازى نائامانىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. نائامان بىركىمنىڭ كەينىدىن
يۈگۈرگىنىنى كۆرۈپ ھارۋىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ھەممە ئىش تىنچلىقمۇ؟»
دەپ سورىدى. [22] ئۇ ئېيتتى: «تىنچلىق. ئەمما ئۆز خوجام مېنى ئەۋەتىپ ئېيتىدۇكى: ‹
مانا ئەمدى ئەفرائىم تاغلىرىدىن پەيغەمبەر شاگىرتلىرىدىن ئىككى يىگىت مېنىڭ قېشىمغا
كەلدى. بۇلارغا بىر تالانت كۈمۈش بىلەن ئىككى كىشىلىك ئېگىننى بەرسۇن› دەپ ئېيتتى»
دېدى. [23] نائامان: «ئىككى تالانت كۈمۈشنى قوبۇل قىلغىن» دەپ ئۇنى زورلاپ، ئىككى تالانت
كۈمۈشنى ئىككى خالتىغا بوغىپ قويۇپ، ئىككى كىشىلىك ئېگىننى چىقىرىپ، ئىككى
خىزمەتكارىغا كۆتۈرگىلى بەرسە، ئۇلار بۇنى گېخازىنىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ ماڭدى. [24] لېكىن
دۆڭلۈككە يەتكەندە ئۇ ئۆزى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئۆيىگە تىقىپ قويۇپ،
ئادەملەرنى كەتكۈزدى.
[25] ئاندىن ئۇ كىرىپ، ئۆز خوجىسىنىڭ قېشىدا تۇردى. ئېلىشا ئۇنىڭدىن: «ئەي گېخازى، نە
يەرگە بېرىپ كەلدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ جاۋاب بەردىكى: «قۇلۇڭ ھېچ يەرگە بارمىدى».
[26] ئۇ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «بىر كىشى ھارۋىسىدىن چۈشۈپ يېنىپ، سېنىڭ ئالدىڭغا چىققاندا
مېنىڭ روھۇم سەن بىلەن ئەمەسمىدى؟ ئەمدى ئۆزۈڭگە كۈمۈش بىلەن ئېگىن، زەيتۇن بىلەن
ئۈزۈمزارلىقلار، قوي بىلەن كالا، خىزمەتكار بىلەن دېدەكلەر ئالىدىغان ۋاقىتمۇ؟ [27] مانا

نائامانىنىڭ پېسەلىكى سەن بىلەن نەسلىڭگە ئەبەدكىچە چاپلىشىپ قالىدۇ» دېدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ ئۆزى پېسەلىكتىن قاردەك ئاق بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتتى.

## پالتىنىڭ تۆمۈرى لەيلەپ چىقىشى

6 [1] پەيغەمبەر شاگىرتلىرى ئېلىشاغا سۆزلەپ: «مانا سېنىڭ ئالدىڭدا ئولتۇرىدىغان يېرىمىز
بىزگە تار كەلدى. [2] ئىئوردانغا بېرىپ، ئاندىن ھەربىرىمىز بىردىن ياغاچ ئېلىپ كېلىپ،
ئولتۇرىدىغان بىر ئۆي ياسايلى» دېسە، ئۇ: «بېرىڭلار» دەپ جاۋاب بەردى. [3] لېكىن ئۇلارنىڭ
بىرى: «ئىلتىپات قىلىپ، قۇللىرىڭ بىلەن بارغىن» دەپ ئېيتتى، «ئۇ بىللە باراي» دەپ، [4] ئۇلار
بىلەن كەتتى. ئۇلار ئىئوردانغا يەتكەندە دەرەخ كەسكىلى باشلىدى. [5] لېكىن ئۇلارنىڭ بىرى
دەرەخ كەسكىلى تۇرغاندا پالتىنىڭ تۆمۈرى سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ بىر قىچقىرىپ: «ۋاي
خوجام، بۇ پالتا ئۆتنە ئېلىنغانىدى» دېسە، [6] خۇدانىڭ ئادىمى: «نە يەرگە چۈشتى؟» دەپ
سورىدى. ئۇ چۈشكەن يەرنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ ۋاقىت ئۇ ئۆزى بىر ياغاچ كېسىپ ئۇ يەرگە
تاشلاپ قويدى. تاشلىغاندا تۆمۈر لەيلەپ چىقتى. [7] ئۇ: «ئۇنى قولۇڭغا ئالغىن» دېگەندە ئۇ
كىشى قولى ئۇزىتىپ ئۇنى ئالدى.

## ئېلىشا ئارامنىڭ قوشۇنىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويىدۇ

[8] ئارامنىڭ پادىشاھى ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلاتتى. ئۆز ئادەملىرى بىلەن پالان يەردە
چېدىر تىكتۇرەي دەپ، مەسلىھەت قىلىشقاندا، [9] خۇدانىڭ ئادىمى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا
خەۋەر ئەۋەتىپ: «پالان يەرگە بېرىشتىن ئېھتىيات قىلغىن، چۈنكى ئارامىيلار ئۇ يەرگە
توشۇماقچىدۇر» دەپ ئېيتقۇزدى. [10] ئۇ ۋاقىت ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى خۇدانىڭ ئادىمى:
«ئېھتىيات قىلغىن» دەپ ئىشارەت قىلغان يەرگە كىشى ئەۋەتىپ، ئاندا ئېھتىيات قىلاتتى. بۇ
ئىش بىر-ئىككى بولماي، تولىراق مەرتىۋە ۋەقە بولدى. [11] بۇ سەۋەبتىن ئارامنىڭ پادىشاھى
كۆڭلىدە تولا بىئارام بولۇپ، ئۆز ئادەملىرىنى قىچقىرىپ، ئۇلارغا ئېيتتى: «بىزنىڭكىلەرنىڭ
قايسىسى ئىسرائىل پادىشاھىنىڭ تەرىپىدە ئىكەن دەپ، ماڭا ئېيتىپ بېرەلمەمسىلەر؟» دېدى.
[12] لېكىن خىزمەتكارلىرىنىڭ بىرى ئېيتتىكى: «ئەي خوجام، پادىشاھ ئۇنداق ئەمەس. بەلكى
ئىسرائىلدىكى ئېلىشا دېگەن پەيغەمبەر سەن ياتماق ئۆيۈڭدە قىلغان سۆزۈڭنى پادىشاھىغا
ئېيتىپ بېرىدۇ». [13] ئۇ ئېيتتى: «بېرىپ، بار يېرىنى تېپىپ كېلىڭلار. مەن كىشى ئەۋەتىپ،
ئۇنى تۇتتۇراي» دېدى. ئۇلار: «ئۇ دوتاندا بار ئىكەن» دەپ ئۇنىڭغا خەۋەر بەردى. [14] ئۇ ۋاقىت
ئاندا ئات بىلەن ھارۋىلار ماڭدۇرۇپ، بىر چوڭ قوشۇننى ئەۋەتتى. ئۇلار كېچىسى ئاندا كېلىپ،
شەھەرنى قورشىۋالدى.

15 خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ خىزمەتكارى ئەتىگەندە سەھەر قوپۇپ چىقسا، مانا بىر قوشۇن ئاتلار ۋە ھارۋىلار
بىلەن شەھەرنى قورشاپ تۇرىدۇ. خىزمەتكار ئۇنىڭغا: «ۋاي خوجام، قانداق قىلايلى؟» دەپ ئېيتتى.
16 لېكىن ئۇ ئېيتتى: «قورقمىغىن، مانا بىز بىلەن بولغانلار ئۇلار بىلەن بولغانلاردىن تولىدۇر» دېدى.
17 ئېلىشا دۇئا قىلىپ: «ئەي خۇداۋەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى كۆرەلىگۈدەك قىلىپ ئاچقىن» دېدى. ئۇ
ۋاقىت خۇداۋەندە يىگىتنىڭ كۆزلىرىنى ئاچتى، شۇنداقكى، ئېلىشانىڭ چۆرىسىدە پۈتۈن تاغنىڭ ئوت
ياللۇنىدىن بولغان ئات بىلەن ھارۋىلاردىن تولغىنىنى كۆردى. 18 ئارراميلار چۈشۈپ، ئۇنىڭ تەرىپىگە
كەلگەندە ئېلىشا خۇداۋەندىگە دۇئا قىلىپ: «بۇ خەلقنى كورلۇق بىلەن ئۇرغىن» دېدى. ئۇ ۋاقىت
ئېلىشا دۇئا قىلغاندەك ئۇلارنى كورلۇق بىلەن ئۇردى.
19 ئېلىشا ئۇلارغا ئېيتتى: «بۇ راست يول ئەمەس، راست شەھەر ھەم ئەمەس. مېنىڭ
كەينىمدىن كېلىڭلار. سىلەرنى ئىزدىگەن ئادەمنىڭ قېشىغا باشلاپ باراي» دەپ، ئۇلارنى
سامارىيەگە باشلاپ باردى. 20 لېكىن سامارىيەگە كەلگەندە ئېلىشا: «ئەي خۇداۋەندە، بۇلارنىڭ
كۆزلىرىنى كۆرگۈدەك قىلىپ ئاچقىن» دېدى. خۇداۋەندە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئاچقاندا
ئۆزىنىڭ سامارىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغىنىنى كۆردى. 21 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۇلارنى
كۆرگەندە: «ئاي ئاتام، ئۇلارنى ئۇرايمۇ، ئۇرايمۇ؟» دەپ ئېلىشادىن سورىدى. 22 ئۇ ئېيتتى:
«ئۇلارنى ئۇرمايسەن. قىلىچ ۋە يايىڭ بىلەن ئەسىر قىلغانلىرىڭنى ئۇرمايسەن ئەمەسمۇ؟
ئۇلارنىڭ ئالدىدا يېگۈلۈك بىلەن ئىچكۈلۈك قويغىن. ئۇلار يەپ-ئىچىپ، ئۆز خوجىسىغا
يېنىپ بارسۇن» دېدى. 23 ئۇ ۋاقىت ئۇلارغا چوڭ بىر ئاش تەييار قىلدۇرۇپ، ئۇلار تائام يەپ-
ئىچكەندىن كېيىن كەتكىلى قويدى ۋە ئۇلار ئۆز خوجىسىغا يېنىپ باردى. ئاندىن كېيىن
ئارراميي ئەسكەر توپلىرى ئىسرائىلنىڭ يۇرتىغا كىرمەيتتى.

## ئاررامنىڭ پادىشاھى بەنھاداد سامارىيەنى قورشىۋېلىدۇ

24 ئاندىن كېيىن ئاررامنىڭ پادىشاھى بەنھاداد ھەممە قوشۇنىنى يىغىپ چىقىپ، سامارىيەنى
قورشىدى. 25 سامارىيەنى قورشىغاندا ئاندا ئۇنداق چوڭ ئاچارچىلىق بولدىكى، بىر ئېشەك
كاللىسىغا سەكسەن شېقەل كۈمۈش ۋە كەپتەر مايىقىنىڭ بىر قاچىسىنىڭ تۆتتىن بىرى بەش
شېقەل كۈمۈشكە كېلەتتى. 26 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى سېپىلنىڭ ئۈستىدە چىقىپ يۈرگەندە
بىر خوتۇن ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ ئېيتتى: «ئەي خوجام پادىشاھ، ياردەم بەرگىن». 27 ئۇ
ئېيتتىكى: «ئەگەر خۇداۋەندە ساڭا ياردەم بەرمىسە، مەن ساڭا نە يەردىن ياردەم تاپتۇرالاي،
ئەجەبا خاماندىنمۇ ياكى ئۈزۈم سىققۇچىدىنمۇ؟» 28 پادىشاھ يەنە ئۇنىڭدىن: «نېمە دەردىڭ
بار؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئېيتتى: «مانا بۇ خوتۇن ماڭا: ‹ ئوغلۇڭنى بەرگىن. بۈگۈن ئۇنى يەيلى.
ئەتە مېنىڭ ئوغلۇمنى يەيلى› دەپ ئېيتتى. 29 ئۇ ۋاقىت مېنىڭ ئوغلۇمنى پىشۇرۇپ يېدۇق.
ئەتىسى مەن ئۇنىڭغا: ‹ ئەمدى سەن ئوغلۇڭنى بەرگىن، ئۇنى يەيلى› دېدىم لېكىن ئۇ ئۆز
ئوغلىنى يوشۇرۇپ قويدى» دېدى.

30 پادىشاھ خوتۇننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتىپ، ئۆزى سېپىلدە يۈرگىنىدە
خەلق كۆردىكى ئۇنىڭ ئېگىنىنىڭ ئىچىدە بەدىنىگە پالاس كىيگەنىدى. 31 ئۇ ئېيتتى: «ئەگەر
شافاتنىڭ ئوغلى ئېلىشانىڭ بېشى بۈگۈن ئۆز جايىدا قالسا، خۇدا ماڭا ئۇنداق قىلسۇن،
مۇنداق قىلسۇن، بەلكى شۇنىڭدىن زىيادە قىلسۇن» دېدى.
32 ئەمما ئېلىشا ئۆز ئۆيىدە ئاقساقاللار بىلەن بىللە ئولتۇرۇۋاتقىنىدا پادىشاھ ئۇنىڭ قېشىغا
بىر كىشى ئەۋەتتى. لېكىن ئۇ خەۋەرچى ئۇنىڭغا يېتىپ بارماستا ئېلىشا ئاقساقاللارغا ئېيتتى:
«مانا بۇ خۇنخورنىڭ ئوغلى مېنىڭ بېشىمنى كەستۈرگىلى ئادەم ئەۋەتتى. لېكىن خەۋەرچى
كەلگەندە ئېھتىيات قىلىپ ئىشىكنى تاقاپ، ئۇنى ئىشىكتە تۇتۇڭلار. مانا ئۇنىڭ كەينىدىن
كەلگەن خوجىسىنىڭ قەدەمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمامدۇ؟» دەپ، 33 ئۇلار بىلەن سۆزلەشكىنىدە
خەۋەرچى ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ: «مانا بۇ بالا ئۆزى خۇداۋەندە تەرىپىدىن كەلدى.
خۇداۋەندىگە يەنە قانداق ئۈمىد باغلىيالايمەن؟» دەپ ئېيتتى.

## ئېلىشا سامارىيەنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىنى ئالدىن ئېيتىدۇ

7 1 لېكىن ئېلىشا ئېيتتى: «خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار. خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى:
‹ ئەتە مۇشۇ ۋاقىت بىلەن سامارىيەنىڭ دەرۋازىسىدا بىر كۈرە ئاق ئۇن بىر شېقەلگە ۋە
ئىككى كۈرە ئارپا بىر شېقەلگە كېلىدۇ› دېدى. 2 ئەمما پادىشاھ قولىغا يۆلەنگەن سەردار
خۇدانىڭ ئادىمىگە: «خۇداۋەندە ئاسماندا پەنجىرىلەر قويسىمۇ، بۇ ئىش بولالامدۇ؟» دەپ جاۋاب
بەردى. ئۇ ئېيتتى: «سەن ئۆز كۆزلىرىڭ بىلەن كۆرىسەن، لېكىن شۇنىڭدىن يېمەيسەن» دېدى.
3 دەرۋازىنىڭ سىرتىدا تۆت پېسە ئادەم بار ئىدى. بۇلار دېيىشىپ ئېيتتىكى: «نېمىشقا مۇندا
ئۆلگىچىلىك ئولتۇرۇپ قالغايمىز؟ 4 شەھەرگە كىرەيلى دېسەك، شەھەردە ئاچارچىلىق
بولغاچ ئاندامۇ ئۆلىمىز. بۇ يەردە ئولتۇرساقمۇ ئۆلىمىز. قوپۇپ، ئارراميلارنىڭ قوشۇنىغا
ئۆتۈپ كېتەيلى. بىزنى تىرىك قويسا، تىرىك قالىمىز. بىزنى ئۆلتۈرسە، ئۆلەيلى. 5 شۇنى
دېيىشىپ، ئۇلار كەچقۇرۇندا ئارراميلارنىڭ لەشكەرگاھىغا بارغىلى قوپتى. لەشكەرگاھنىڭ
چېتىگە يەتسە، مانا ھېچ كىشى يوق ئىكەن. 6 چۈنكى خۇداۋەندە ئارراميلارنىڭ لەشكەرگاھىدا
ھارۋا بىلەن ئاتلارنىڭ ۋە بىر چوڭ قوشۇننىڭ شاۋقۇنىنى ئاڭلاتقانىدى. شۇنى ئاڭلاپ، ئۇلار
بىر-بىرىگە ئېيتقانىدىكى: «ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى شەكسىز خىتتىيلارنىڭ پادىشاھلىرىنى
ۋە مىسىرلىقلارنىڭ پادىشاھلىرىنى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چۈشكىلى ئىجارىگە ئېلىپتۇ» دەپ،
7 كەچقۇرۇندا قوپۇپ، چېدىرلىرىنى، ئات بىلەن ئېشەكلىرىنى تاشلاپ، لەشكەرگاھنى شۇ ھالدا
قويۇپ، ئۆز جانلىرىنى قۇتقۇزماق ئۈچۈن قاچقانىدى.
8 پېسەلەر لەشكەرگاھنىڭ چېتىگە كەلگەندە بىر چېدىرغا كىرىپ، يەپ-ئىچىپ، ئانداكى
كۈمۈش بىلەن ئالتۇننى ۋە ئېگىنلەرنى ئېلىپ كېتىپ يوشۇردى. ئاندىن يېنىپ كېلىپ، يەنە

بىر چېدىرغا كىرىپ، ئانداكى نەرسىلەرنى ھەم ئېلىپ كېتىپ يوشۇردى. [9] لېكىن ئاندىن بىر-
بىرىگە ئېيتتىكى: «بىز قىلغان ئىش ياخشى ئەمەس. بۇ كۈن بىر خۇش خەۋەرنىڭ كۈنىدۇر.
شۇك تۇرۇپ، ئەتىگىچە ساقلاپ تۇرساق، بىزگە يامان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى بېرىپ،
پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىتايلى» دەپ،
[10] بېرىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىدىكى پاسىبانلارنى قىچقىرىپ، ئۇلارغا: «بىز ئارامىيلارنىڭ
لەشكەرگاھىغا چىقساق، مانا ھېچ ئادەم يوق ۋە ھېچبىر ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلانماي، بەلكى
ئات بىلەن ئېشەكلەر باغلاقلىق بولۇپ، چېدىرلار بالدۇرقىدەك تۇرىدۇ» دېدى. [11] دەرۋازىدىكى
پاسىبانلار شۇنى ئېلان قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا خەۋەرنى يەتكۈزدى.
[12] پادىشاھ كېچىسى قوپۇپ، ئۆز ئادەملىرىگە ئېيتتى: «ئارامىيلار بىزنىڭ توغرىمىزدا
نېمە مەسلىھەت قىلغىنىنى سىلەرگە دەپ بېرەي. بىزنىڭ ئاچلىق تارتقىنىمىزنى بىلىپ،
لەشكەرگاھتىن چىقىپ، سەھرادا يوشۇرۇۋېلىپ: ‹ ئىسرائىلىيلار شەھەردىن چىقسا، بىز
ئۇلارنى تىرىك تۇتۇپ، شەھەرگە كىرەيلى› دەپ ئويلايدۇ» دېدى. [13] لېكىن ئادەملىرىنىڭ بىرى
جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «بۇ يەردە قالغان ئاتلارنىڭ بەشىنى ئېلىپ، كۆرۈپ باقماق ئۈچۈن
كىشىلەر ئەۋەتەيلى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇندا قالغان ئىسرائىلنىڭ ھەممە خالايىقىدىن
ۋە ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئۆلۈپ كەتكەن خالايىقىدىن يامانراق بولمايدۇ» دېدى.
[14] ئۇ ۋاقىت ئىككى ھارۋا بىلەن تارتىدىغان ئاتلىرىنى تەييار قىلدى ۋە پادىشاھ ئۇلارنى
ئارامىيلارنىڭ قوشۇنىنىڭ كەينىدىن ئەۋەتىپ: «چىقىپ كۆرۈپ بېقىڭلار» دەپ بۇيرۇدى.
[15] بۇلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىئوردانغىچە باردى ۋە مانا يول ھەر يەردە ئارامىيلار ئالدىراپ
قاچقىنىدا تاشلىۋەتكەن ئېگىن بىلەن باشقا نەرسىلەردىن تولغانىدى. ئەۋەتىلگەنلەر يېنىپ
كېلىپ، پادىشاھقا شۇنى خەۋەر بەردى . [16] ئۇ ۋاقىت خەلق چىقىپ، ئارامىيلارنىڭ
لەشكەرگاھىنى تالىدى. خۇداۋەندە ئېيتقاندەك بىر كۈرە ئاق ئۇن بىر شېقەلگە ۋە ئىككى كۈرە
ئارپىنى بىر شېقەلگە كەلدى. [17] ئەمما پادىشاھ قولىغا يۆلەنگەن سەردار پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى
بىلەن دەرۋازىدىن خەۋەر ئالغىلى قويۇلغانىدى. لېكىن خەلق ئۇنى دەرۋازىدا پۇتلىرىنىڭ
ئاستىدا بېسىپ قويدى ۋە ئۇ ئۆزى خۇدانىڭ ئادىمى پادىشاھ ئۇنىڭغا كەلگەن ۋاقىتتا
ئېيتقىنىدەك دەسسىلىپ ئۆلدى. [18] چۈنكى خۇدانىڭ ئادىمى پادىشاھقا: «ئەتىمۇ شۇ ۋاقىت
بىلەن ئىككى كۈرە ئارپا بىر شېقەلگە ۋە بىر كۈرە ئاق ئۇن بىر شېقەلگە كېلىدۇ» دېگەنىدى.
[19] ئەمما سەردار خۇدانىڭ ئادىمىگە: «ئەگەر خۇداۋەندە ئاسماندا پەنجىرىلەر قويسىمۇ، بۇ ئىش
بولالامدۇ؟» دەپ ئېيتسا، ئۇ ئۆزى: «سەن ئۆز كۆزلىرىڭ بىلەن كۆرىسەن، لېكىن شۇنىڭدىن
يېمەيسەن» دەپ ئېيتقانىدى. [20] ئۇنىڭغا ھەم ئۇنداق بولدى، چۈنكى خەلق ئۇنى دەرۋازىدا
دەپسەندە قىلىپ ئۆلتۈردى.

## ئېلىشانىڭ شۈنەمىي خوتۇنغا بەرگەن مەسلىھەت
## ۋە پادىشاھنىڭ ياردىمى

8 [1] ئېلىشا ئۆزى ئوغلىنى تىرىلدۈرگەن خوتۇنغا سۆز قىلىپ: «سەن قوپۇپ، ئۆز ئۆيى خەلقىڭ
بىلەن بېرىپ، قەيەردە ئولتۇرىدىغان جاي تاپساڭ، ئاندا ئولتۇرغىن، چۈنكى خۇداۋەندە
ئاچارچىلىق بولسۇن دەپ بۇيرۇدۇ. ئاچارچىلىق بۇ يۇرتقا ھەم كېلىپ، يەتتە يىلغىچە تۈگمەي
بولىدۇ» دېدى. [2] ئۇ ۋاقىت خوتۇن قوپۇپ، خۇدانىڭ ئادىمى ئېيتقانىدەك قىلىپ، ئۆز ئۆيى
خەلقى بىلەن بېرىپ، فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتىدا يەتتە يىلغىچە تۇردى.
[3] لېكىن يەتتە يىل ئۆتكەندە خوتۇن فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتىدىن يېنىپ كېلىپ، ئۆز ئۆيى
بىلەن زېمىنى توغرىسىدىن پادىشاھقا ئەرز قىلغىلى باردى. [4] پادىشاھ خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ
خىزمەتكارى گېخازى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا: «ئېلىشا قىلغان ھەممە چوڭ ئىشلارنى
ماڭا دەپ بەرگىن» دېدى. [5] ئۇ ئۇنىڭ بىر ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگىنىنى پادىشاھقا دەپ بېرىپ
تۇرغىنىدا، ئېلىشا ئوغلىنى تىرىلدۈرگەن خوتۇن ئۆزى ئۆيى زېمىنى توغرىسىدا پادىشاھقا ئەرز
قىلغىلى كەلدى. گېخازى ئېيتتى: «ئەي خوجام پادىشاھ، ئېلىشا ئوغلىنى تىرىلدۈرگەن خوتۇن
ئۆزى شۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى بۇدۇر» دېدى. [6] پادىشاھ خوتۇندىن سورىغاندا ئۇ ھەممە ۋەقەنى
ئۇنىڭغا دەپ بەردى. ئاندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن بىر مەھرەمنى ئەۋەتىپ، ئېيتتى:
«ئۇنىڭ ھەممە تەئەللۇقىنى ياندۇرۇپ، ئۆزى يۇرتتىن كەتكەن كۈنىدىن تارتىپ بۇ ۋاقىتقىچە
يېرىدىن چىققان ھەممە ھوسۇلنى ھەم ئۇنىڭغا بەرگۈزگىن» دېدى.

[7] ئەمدى ئېلىشا ئارام پادىشاھى بەنھاداد كېسەل ياتقىنىدا دەمەشققە كەلدى. «خۇدانىڭ
ئادىمى بۇ يەرگە كەلدى» دەپ پادىشاھقا خەۋەر بېرىلگەندە، [8] ئۇ ئۆزى خازائەلگە: «ئۆزۈڭ بىلەن
ھەدىيەلەر ئالغاچ خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن خۇداۋەندىدىن
مەن توغرۇلۇق: ‹ ئۇ بۇ كېسەلدىن ساقىيىدۇمۇ ئەمەسمۇ؟› دەپ سورىغىن» دېدى. [9] خازائەل
بولسا ئۆزى بىلەن دەمەشقنىڭ ھەممىدىن ياخشى مېلىدىن قىرىق تۆگە يۈك ئالغاچ ئۇنىڭ
ئالدىغا بېرىپ، قېشىدا تۇرۇپ ئېيتتى: «ئوغلۇڭ ئارامنىڭ پادىشاھى بەنھاداد مېنى ئەۋەتىپ، بۇ
كېسەلدىن ساقىيىمەنمۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ سورايدۇ. [10] ئېلىشا ئۇنىڭغا: «بېرىپ: ‹ ساقىيىسەن›
دەپ ئېيتقىن. لېكىن خۇداۋەندە ماڭا بىلدۈرگەنكى، ھەرقانداق بولسا، ئۆلىدۇ» دېدى.
[11] خۇدانىڭ ئادىمى خىجىل بولغۇچىلىك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، يىغلىغىلى باشلىدى.
[12] خازائەل: «خوجام نېمىشقا يىغلايدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئېيتتى: «مەن سېنىڭ بەنى-
ئىسرائىلغا قىلىدىغان يامان ئىشىڭنى بىلىمەن. سەن ئۇلارنىڭ قورغانلىرىنى كۆيدۈرۈپ،
يىگىتلىرىنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۇششاق باللىرىنى ئەزدۇرۇپ، ھامىلىدار خوتۇنلارنىڭ
قېرىنلىرىنى يېرىۋېتىسەن. شۇنى بىلىپ يىغلايمەن» دېدى. [13] خازائەل ئېيتتى: «مەن
ئىتتەك بولغان قولۇڭ كىمدۇرمەنكى، ئۇنداق چوڭ ئىشلارنى قىلغايمەن». ئېلىشا سۆزلەپ:
«خۇداۋەندە ماڭا مەلۇم قىلغانكى، سەن ئارامنىڭ پادىشاھى بولىسەن» دېدى. [14] ئۇ ئۆزى

ئېلىشانىڭ قېشىدىن چىقىپ، خوجىسىنىڭكىگە باردى. ئۇ ئۇنىڭدىن: «ئېلىشا ساڭا نېمە
ئېيتتى؟» دەپ سورىدى. «ئۇ سەن توغرۇلۇق: ‹ ساقىيىدۇ› دەپ ئېيتتى» دېدى. 15 لېكىن
ئەتىسى ئۇ ئۇنىڭ يوتقانىنى ئېلىپ، سۇغا چىلاپ، يۈزىگە ياپتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلدى ۋە
خازائەل ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

# يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھورام

16 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاخابنىڭ ئوغلى يورامنىڭ سەلتەنىتىنىڭ بەشىنچى يىلىدا
يەھوشافات تېخى يەھۇدانىڭ ئۈستىدە پادىشاھ بولغان ۋاقتىدا يەھوشافاتنىڭ ئوغلى
يەھورام يەھۇدانىڭ پادىشاھى بولدى. 17 پادىشاھ بولغاندا ئۇ ئوتتۇز ئىككى ياشقا
كىرىپ، يېرۇسالېمدا سەككىز يىل سەلتەنەت قىلدى. 18 ئەمما ئاخابنىڭ خانىدانى
قىلغاندەك ئۇ ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ يولىدا يۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە
يامان بولغاننى قىلدى، چۈنكى ئاخابنىڭ قىزى ئۇنىڭ خوتۇنى ئىدى. 19 لېكىن
خۇداۋەندە داۋۇدقا: «سەن بىلەن ئوغۇللىرىڭغا ئەبەدكىچە ئۆچمەيدىغان بىر چىراغ
بېرەي» دېگەن ۋەدىسىگە مۇۋاپىق بەندىسى داۋۇدنى خاتىرە قىلىپ، يەھۇدانى خاراب
قىلغىلى خالىمىدى.
20 ئۇنىڭ كۈنلىرىدە ئېدوم يەھۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۆزىگە بىر
پادىشاھ تىكلىدى. 21 ئۇ ۋاقىت يورام ھەممە جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن زائىرغا چىقىپ، ئۆزىنى
قورشاپ تۇرغان ئېدومىيلارغا كېچىسى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ ھارۋىلارنىڭ
سەردارلىرىنى ئۇردى. ئەمما خەلق ئۆز ئۆيلىرىگە قېچىپ كەتتى. 22 لېكىن ئېدوم يەھۇدانىڭ
ئىتائىتىدىن چىقىپ، بۇ ۋاقىتقىچە ئايرىلغاندۇر. ئۇ ۋاقىت لىبنا ھەم ئاسىي بولۇپ كەتتى.
23 يورامنىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە قىلغىنىنىڭ ھەممىسى بولسا يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ
كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. 24 يورام ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، داۋۇدنىڭ
شەھىرىدە ئاتا-بوۋىلىرى جايىدا دەپنە قىلىندى.

# يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاخازىيا

25 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاخابنىڭ ئوغلى يورامنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون ئىككىنچى يىلىدا
يەھۇدا پادىشاھى يەھورامنىڭ ئوغلى ئاخازىيا يەھۇداغا پادىشاھ بولدى. 26 ئاخازىيا پادىشاھ
بولغاندا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا بىر يىل سەلتەنەت قىلدى. ئانىسى
ئاتاليا دەپ ئاتىلىپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئومرىنىڭ قىزى ئىدى. 27 ئاخازىيا ئاخابنىڭ
خانىدانىنىڭ يولىدا يۈرۈپ، ئاخابنىڭ خانىدانى قىلغاندەك خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان
بولغاننى قىلدى. ئۇ ھەم ئاخابنىڭ كۈيئوغلى ئىدى.

28 ئۇ ئۆزى ئاخابنىڭ ئوغلى يورام بىلەن ھەمراھ بولۇپ، گىلىيادتىكى راموتقا چىقىپ، ئاررامنىڭ
پادىشاھى خازائەل بىلەن سوقۇشتى. لېكىن ئاررامىيلار يورامنى زەخىملەندۈردى. 29 ئۇ ۋاقىت
يورام پادىشاھ رامادا ئاررامىيلارنىڭ پادىشاھى خازائەل بىلەن سوقۇپ، قېنىدا ئاررامىيلاردىن
يېگەن زەخىملىرىدىن ساقايغىلى يىزرەئەلگە يېنىپ كەتتى. يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھورامنىڭ
ئوغلى ئاخازىيا ئاخابنىڭ ئوغلى يورام كېسەل بولغاچ ئۇنى يوقلىغىلى يىزرەئەلگە باردى.

## جېھۇ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بولىدۇ

9 1 ئېلىشا پەيغەمبەر ئۆزى پەيغەمبەر شاگىرتلىرىنىڭ بىرىنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى:
«بېلىڭنى باغلاپ، بۇ ياغ شېشىسىنى قولۇڭغا ئېلىپ، گىلىيادتىكى راموتقا بارغىن.
2 ئۇ يەرگە يەتكەندە يېھۇ بەن-يەھوشافات بەن-نىمشىنى تېپىپ، ئۆيگە كىرىپ، ئۇنى بىللە
ئولتۇرۇشقان بۇرادەرلىرىدىن ئېلىپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلاپ كىرگۈزگىن. 3 ئاندىن ياغ
شېشىسىنى ئېلىپ، بېشىغا تۆكۈپ: ‹ خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: «مەن سېنى ئىسرائىلغا
پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلىدىم»› دېگىن. شۇنى دەپ توختىماي ئىشىكنى ئېچىپ، قېچىپ
كەتكىن» دېدى.
4 ئۇ ۋاقىت پەيغەمبەرنىڭ شاگىرتى بولغان يىگىت كېتىپ، گىلىيادتىكى راموتقا باردى. 5 ئۇ
يەرگە كەلگەندە مانا قوشۇننىڭ سەردارلىرى ئاندا ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئېيتتى: «ئەي سەردار، ساڭا بىر
سۆزۈم بار». يېھۇ: «قايسىمىزغا؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «سەن ئۆزۈڭگە، ئەي سەردار» دېدى. 6 ئۇ
قوپۇپ، ئۆيگە كىردى. يىگىت ئۇنىڭ بېشىغا ياغنى تۆكۈپ، ئېيتتى: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسىنى
خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ مەن سېنى خۇداۋەندىنىڭ قوۋمىغا، يەنى ئىسرائىلغا پادىشاھ
بولۇشقا مەسىھلىدىم. 7 سەن ئۆز خوجاڭ ئاخابنىڭ خانىدانىنى يوقىتىسەن، چۈنكى ئۆز
بەندىلىرىم پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن، شۇنداقلا خۇداۋەندىنىڭ ھەممە بەندىلىرىنىڭ قېنى ئۈچۈن
ئىزابەلدىن ئىنتىقام ئالاي. 8 ئاخابنىڭ ھەممە خانىدانى يوقىلىدۇ. ئاخابنىڭ ئىسرائىلدىكى
خانىدانىدىن ھەممە ئەركەكنى، خاھى كىچىك، خاھى چوڭ بولسا ھەممىسىنى ھالاك
قىلىمەن. 9 نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئامنىڭ خانىدانىغا ۋە ئاخىيانىڭ ئوغلى باشانىڭ ئۆيىگە
قىلغاندەك ئاخابنىڭ خانىدانىغا قىلىمەن. 10 ئىتلار ئىزابەلنى يىزرەئەلنىڭ ئېتىز يېرىدە
يەپ كېتىدۇ. ھېچكىم ئۇنى دەپنە قىلمايدۇ›». شۇنى دەپ ئىشىكنى ئېچىپ، قېچىپ كەتتى.
11 يېھۇ ئۆز خوجىسىنىڭ ئادەملىرىگە يېنىپ كەلگەندە ئۇلار ئۇنىڭدىن سورىدىكى: «ھەممە
ئىش تىنچلىقمۇ؟ بۇ ساراڭ كىشى ساڭا نېمىشقا كەلدى؟» ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: «شۇ ئادەم
بىلەن بەرگەن خەۋەرنى بىلىسىلەر ئەمەسمۇ؟» دېدى. 12 لېكىن ئۇلار: «يالغان ئېيتماي بىزگە
دەپ بەرگىن» دېسە، ئۇ ئېيتتى: «ماڭا ئۇنداق-مۇنداق سۆز قىلىپ: ‹ «سېنى ئىسرائىلنىڭ
ئۈستىدە پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلىدىم» دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ› دەپ ئېيتتى» دېدى. 13 ئۇ

ۋاقىت ئۇلارنىڭ ھەربىرى لىباسلىرىنى سېلىپ پەلەمپەيدە يېيىپ ئۇنىڭغا پايانداز قىلىپ،
كاناي چېلىپ: «يېھۇ پادىشاھ بولدى» دەپ قىچقىرىشتى.
14 ئاندىن كېيىن يېھۇ بەن-ياھوشافات بەن-نىمشى يورامغا خىيانەت قىلدى. ئۇ ۋاقىت
يورام بىلەن ھەممە ئىسرائىل گىلېئادتىكى راموتتا تۇرۇپ، ئۇ جايىنى ئاررامنىڭ پادىشاھى
خازائەلنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلايتتى. 15 لېكىن يورام پادىشاھ ئاررامنىڭ پادىشاھى خازائەل
بىلەن سوقۇشقاندا ئاررامىيلاردىن يېگەن زەخىملىرىدىن ساقايماق ئۈچۈن يىزرەئەلگە يېنىپ
بارغانىدى. يېھۇ ئېيتتى: «سىلەرگە ياخشى كۆرۈنسە، كىشى يىزرەئەلگە بېرىپ خەۋەر بەرمىسۇن
دەپ، ھېچكىم شەھەردىن قاچمىسۇن.

## پادىشاھ يورام ۋە پادىشاھ ئاخازىيانىڭ ئۆلۈمى

16 شۇنى دەپ، يېھۇ ھارۋىسىغا مىنىپ، يىزرەئەلگە باردى. يورام ئاندا كېسەل ياتقاچ يەھۇدانىڭ
پادىشاھى ئاخازىيا ئۇنى يوقلىغىلى چۈشۈپ بارغانىدى. 17 يىزرەئەلنىڭ مۇنارىدا تۇرغان پاسىبان
يېھۇنىڭ ئادەملەر توپىنى كۆرگەندە: «بىر توپ ئادەمنى كۆرىمەن» دەپ ئېيتتى. يورام ئېيتتى:
«بىر ئاتلىق كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ: ‹ ھەممە ئىش تىنچلىقمۇ؟› دەپ سوراتقىن»
دېسە، 18 بىر كىشى ئاتقا مىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «‹ ھەممە ئىش تىنچلىقمۇ؟› دەپ
پادىشاھ سورايدۇ» دېدى. يېھۇ سۆزلەپ: «تىنچلىقمۇ ئەمەسمۇ بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ بار؟
يېنىپ، مېنىڭ كەينىمدىن كەلگىن» دېدى. پاسىبان خەۋەر بېرىپ ئېيتتى: «خەۋەرچى ئۇلارغا
يېتىپ باردى، لېكىن يېنىپ كەلمەيدۇ». 19 ئۇ ۋاقىت ئۇ يەنە بىر ئاتلىق كىشىنى ئەۋەتتى.
ئۇ يېتىپ بېرىپ: «‹ ھەممە ئىش تىنچلىقمۇ؟› دەپ پادىشاھ سورايدۇ» دېدى. يېھۇ سۆزلەپ:
«تىنچلىقمۇ ئەمەسمۇ بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ بار؟ يېنىپ، مېنىڭ كەينىمدىن كەلگىن»
دېدى. 20 پاسىبان يەنە خەۋەر بېرىپ: «بۇ ھەم ئۇلارغا يېتىپ باردى، لېكىن يېتىپ كەلمەيدۇ.
ئۇلارنىڭ ھارۋا ھەيدىشى نىمشىنىڭ ئوغلى يېھۇنىڭ ھەيدىشىدەك ئىكەن، چۈنكى ساراڭدەك
ھەيدەيدۇ» دېدى.
21 يورام ئۆزى: «ھارۋىنى قېتىڭلار» دەپ بۇيرۇغاندا ئۇنىڭ ھارۋىسىنى قاتتى. ئاندىن
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يورام بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاخازىيا ھەربىرى ئۆز ھارۋىسىغا
چىقىپ، يېھۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يىزرەئەللىك نابوتنىڭ ئېتىزلىقىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى.
22 يورام يېھۇنى كۆرگەندە: «ئەي يېھۇ، ھەممە ئىش تىنچلىقمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئېيتتى:
«ئاناڭ ئىزابەل بۇزۇقچىلىق قىلىپ، شۇنچە تولا جادۇگەرلىك قىلىپ تۇرغۇچىلىك قانداق
تىنچلىق بولىدۇ؟» دېدى. 23 ئۇ ۋاقىت يورام ھارۋىنى ياندۇرۇپ: «ئەي ئاخازىيا ئاسىيلىق
قوپتى» دەپ ئاخازىياغا قىچقىرىپ قاچتى. 24 لېكىن يېھۇ ئۆز ياسىنى قولىغا ئېلىپ، ئوق
سېلىپ يورامنىڭ كەينى تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىككى قولىنىڭ ئارىلىقىغا قارىتىپ ئاتسا،
ئوقياسى ئۇنىڭ يۈرىكىدىن باش تارتىپ چىقىپ، ئۇ ئۆز ھارۋىسىدا يىقىلىپ چۈشتى. 25 يېھۇ

ئۆز يېنىدىكى پالۋان بىدقارغا ئېيتتى: «ئۇنى ئېلىپ، يىزرەئەللىك نابوتنىڭ ئېتىزلىقىدا تاشلىغىن. يادىڭغا كەلتۈرگىنكى، مەن بىلەن سەن ئۇنىڭ ئاتىسى ئاخابنىڭ كەينىدىن ئۇلاقلىنىپ ماڭغاندا خۇداۋەندە ئۇنىڭ توغرىسىدا بۇ ۋەھيىنى كەلتۈردىكى: [26] ‹ تۈنۈگۈن نابوتنىڭ قېنى بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قېنىنى كۆرمىدىممۇ؟› دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ. ‹ مانا بۇ ئېتىزلىقىدا ساڭا ياندۇرىمەن› دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ. ئەمدى خۇداۋەندىنىڭ شۇ سۆزىگە مۇۋاپىق ئۇنى ئېلىپ بۇ يەرگە تاشلىغىن».

[27] يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاخازىيا بۇنى كۆرگەندە باغدىكى ئىمارەتنىڭ تەرىپىگە قاچتى. لېكىن يېھۇ كەينىدىن قوغلاپ: «ئۇنى ھەم ئۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇغاندا ئۇنى يىبلېئامدىكى گۇر ئېگىزلىكىدە ئۇردى. لېكىن ئۇ مەگىددوغىچە قېچىپ ئاندا ئۆلدى. [28] ئۇ ۋاقىت ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ھارۋىدا يېرۇسالېمغا ئېلىپ بېرىپ، داۋۇدنىڭ شەھرىدە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ جايىدا ئۆز قەبرىسىدە دەپنە قىلدى. [29] ئاخابنىڭ ئوغلى يورامنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون بىرىنچى يىلىدا ئاخازىيا يەھۇدانىڭ ئۈستىدە پادىشاھ بولغانىدى.

## ئىزەبەلنىڭ ئۆلۈمى

[30] ئەمما يېھۇ يىزرەئەلگە كەلدى. ئىزابەل شۇنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ، بېشىنى زىننەتلەپ پەنجىرىدىن قاراپ، [31] يېھۇ دەرۋازىدىن كىرگەندە: «ئەي زىمرى، ئەي ئۆز خوجاڭنى ئۆلتۈرگۈچى، ھەممە ئىش تىنچلىقمۇ؟» دەپ قىچقاردى. [32] يېھۇ يۈزىنى پەنجىرىنىڭ تەرىپىگە قارىتىپ: «مېنىڭ تەرىپىمدە تۇرىدىغان كىم، كىم بار؟» دەپ سورىسا، ئىككى-ئۈچ مەھرەم پەنجىرىدىن ئۇنىڭغا قارىدى. [33] ئۇ: «ئۇنى تۆۋەنگە تاشلاڭلار» دەپ بۇيرۇغاندا، ئۇلار ئۇنى تۆۋەنگە تاشلىدى. شۇنداقكى، ھەم تامغا، ھەم ئاتلىرىغا قېنى چېچىلدى. ئۇ ئۇنى پايمال قىلىپ، ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى. [34] ئاندىن ئۆيگە كىرىپ، يەپ-ئىچكەندىن كېيىن ئېيتتى: «ئۇ مەلئۇن خوتۇندىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنى دەپنە قىلىڭلار. ھەرقانداق بولسا، ئۇ شاھزادىخان ئىدى» دېدى. [35] لېكىن ئۇلار ئۇنى دەپنە قىلغىلى بارسا، مانا ئۇنىڭدىن باش سۆڭىكى بىلەن پۇت قوللىرىدىن باشقا ھېچنېمە قالماپتۇ. [36] ئۇلار يېنىپ كېلىپ، بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا بەرگەندە ئۇ ئېيتتى: «بۇ ئىش خۇداۋەندە ئۆز بەندىسى تىشبەلىك ئېلىيانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقان سۆزىگە مۇۋاپىق بولۇپ: ‹ يىزرەئەلنىڭ ئېتىزلىقىدا ئىتلار ئىزابەلنىڭ گۆشىنى يەيدۇ. [37] دەرۋەقە ئىزابەلنىڭ ئۆلۈكى يىزرەئەلنىڭ ئېتىزلىقىدا يەرگە قىغدەك بولۇپ قېلىپ، ھېچكىم: «بۇ ئىزابەل ئىكەن» دېيەلمەيدۇ› دېگەن بەجا كەلتۈرۈلدى» دېدى.

## يېھۇ ئاخابنىڭ خاندانىدىن قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردۇ

10 [1] لېكىن سامارىيەدە ئاخابنىڭ يەتمىش ئوغلى بار ئىدى. يېھۇ سامارىيەگە خەت پۈتۈپ
ئەۋەتىپ، سامارىيەنىڭ ئۇلۇغلىرى بولغان ئاقساقاللارغا ۋە ئاخابنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ
باققۇچىلىرىغا يازدىكى: [2] «ئەي ئۆز خوجاڭلارنىڭ ئوغۇللىرىنى بېقىپ ھارۋا بىلەن ئاتلار
ساقلاپ مەھكەم شەھەردە ئولتۇرۇپ ياراغ تۇتقۇچىلار، بۇ خەت سىلەرگە تەگكەندە، [3] ئۆز
خوجاڭلارنىڭ ئوغۇللىرىدىن ھەممىدىن ياخشى بولۇپ يارىشىدىغىنى ئىلغاپ، ئۆز ئاتىسىنىڭ
تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، خوجاڭلارنىڭ خاندانى ئۈچۈن سوقۇشۇڭلار. [4] لېكىن ئۇلار ناھايىتى
تولا قورقۇپ: «مانا ئىككى پادىشاھ ئۇنىڭغا زىت تۇرالماي، بىز قانداق زىت تۇرالايمىز؟» دەپ
ئېيتتى. [5] ئەمما ئوردىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان كىشى بىلەن شەھەرنىڭ سەردارى ۋە ئاقساقاللار
بىلەن شاھزادىلەرنى باققۇچىلارنىڭ ئۆزى يېھۇغا خەۋەر ئەۋەتىپ: «بىز سېنىڭ قۇللىرىڭ
بولۇپ، ھېچكىمنى پادىشاھ قىلماي، سەن بۇيرۇغاندەك قىلايلى. ساڭا نېمە ياخشى كۆرۈنسە،
قىلغىن» دەپ ئېيتقۇزدى.
[6] ئۇ ۋاقىت ئۇ ئۇلارغا يەنە بىر خەت ئەۋەتىپ: «ئەگەر ماڭا مايىل بولۇپ، مېنىڭ سۆزلىرىمنى
ئاڭلىغىلى خالىساڭلار، ئۆز خوجاڭلارنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ باشلىرىنى كەستۈرۈپ، ئەتە مۇشۇ
ۋاقىت بىلەن يىزرەئەلگە مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭلار» دەپ پۈتتى، چۈنكى شاھزادىلەر بولسا
ئۇلارنى باققان شەھەر ئۇلۇغلىرىنىڭ قېشىدا تۇراتتى. [7] خەت ئۇلارغا تەگكەندە ھەممە يەتمىش
شاھزادىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سېۋەتلەرگە سېلىپ، يىزرەئەلگە ئۇنىڭغا
ئەۋەتتى. [8] بىر خەۋەرچى كېلىپ ئۇنىڭغا: «ئۇلار شاھزادىلەرنىڭ باشلىرىنى كەلتۈردى» دەپ
خەۋەر بەرگەندە ئۇ ئۆزى: «ئۇلارنى ئىككى دۆۋە قىلىپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئەتىگىچە قويۇڭلار»
دەپ، [9] ئەتىگەندە چىقىپ، ئاندا تۇرۇپ، ھەممە خەلققە ئېيتتى: «سىلەر بىگۇناھتۇرسىلەر.
مانا مەن ئۆزۈم خوجامغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردۈم. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى
كىم ئۆلتۈردى؟ [10] ئەمدى بىلىڭلاركى، خۇداۋەندىنىڭ ھېچ سۆزى، يەنى خۇداۋەندە ئاخابنىڭ
خاندانى توغرىسىدىن ئېيتقان ھېچ سۆز يەرگە چۈشمىدى. چۈنكى خۇداۋەندە ئۆز بەندىسى
ئېلىيانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقان سۆزىگە مۇۋاپىق قىلدى» دېدى. [11] ئاندىن كېيىن يېھۇ
يىزرەئەلدە ئاخابنىڭ خاندانىدىن قالغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۇلۇغلىرىنى، يېقىن
دوستلىرى بىلەن كاھىنلىرىنى ھېچكىمنى ئايىماي ئۆلتۈردى.
[12] ئاندىن قوپۇپ، سامارىيەگە باردى. يولدا كېتىپ بېرىپ، پادىچىلارغا تەۋە بەيت-
ئەكەدكە يەتكەندە، [13] يېھۇ يەھۇدا پادىشاھى ئاخازىيانىڭ بۇرادەرلىرىگە ئۇچراپ، ئۇلاردىن:
«كىمدۇرسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار ئېيتتى: «بىز ئاخازىيانىڭ بۇرادەرلىرى بولۇپ، پادىشاھنىڭ
ئوغۇللىرى ۋە مەلىكىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمىز» دېدى. [14] ئۇ: «ئۇلارنى تىرىك
تۇتۇڭلار» دەپ ئېيتقاندا ئۇلارنى تىرىك تۇتۇپ، ھەممە قىرىق ئىككىلىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بەيت-
ئەكەدنىڭ قۇدۇقىغا تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى قويمىدى. [15] ئۇ ئۆزى ئۇ يەردىن كېتىپ
بارغاندا ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان يەھوناداب بەن-رېكابقا سالام قىلىپ: «مېنىڭ كۆڭلۈم سېنىڭ

تەرىپىڭگە تۇز بولغاندەك سېنىڭ كۆڭلۈڭ تۇزمۇ؟» دېدى. يەھوناداب: «دەرۋەقە تۇز» دېسە،
ئۇ «ئۇنداق بولسا، قولۇڭنى ماڭا بەرگىن» دېدى. ئۇ ئۆزى قولىنى بەرگەندە ئۇنى ھارۋىسىغا
ئېلىپ، ئۆز يېنىدا جاي بېرىپ، [16] ئۇنىڭغا: «مەن بىلەن كېلىپ، خۇداۋەندە ئۈچۈن قىلغان
غەيرىتىمنى كۆرگىن» دەپ ئۇنى ئۆز ھارۋىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ ھەيدەپ كەتتى. [17] سامارىيەگە
كەلگەندە سامارىيەدە ئاخابنىڭ خانىدانىدىن قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. بۇ
ئىش خۇداۋەندە ئېلىياغا ئېيتقان سۆزگە مۇۋاپىق بولدى.

## يېھۇ بائال دېگەن بۇتقا ئىبادەت قىلىشنى توختىتىدۇ

[18] ئاندىن يېھۇ ھەممە خەلقنى يىغدۇرۇپ، ئۇلارغا ئېيتتى: «ئاخاب بائالغا ئاز ئىبادەت قىلدى،
لېكىن يېھۇ ئۇنىڭغا تولا ئىبادەت قىلىدۇ. [19] ئۇنىڭ ئۈچۈن بائالنىڭ ھەممە پەيغەمبەرلىرىنى،
ئۇنىڭ ھەممە قۇللىرى بىلەن ھەممە كاھىنلىرىنى ماڭا قىچقىرىڭلار، ھېچكىم كەم قالمىسۇن،
چۈنكى بائالغا چوڭ قۇربانلىق قىلغۇم بار. ھەركىم ھازىر بولمىسا، ئۆلسۇن» دېدى. لېكىن
يېھۇ بائال-پەرەسلەرنى يوقاتقىلى قەستلەپ ھىيلە قىلدى. [20] ئاندىن يېھۇ: «بائالغا خاس بىر
ھېيتنى قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇسا، ئۇلار بۇنى جاكارلىدى. [21] يېھۇ پۈتۈن ئىسرائىلغا خەۋەر
بەرگەندە ھەممە بائال-پەرەسلىرى ھېچبىرى كەم قالماي كېلىپ، بائالنىڭ بەيتىگە كىرىپ
بىر بېشىدىن يەنە بىر بېشىغىچە بائالنىڭ بەيتىنى تولدۇردى. [22] ئۇ ئۆزى ئېگىنلەردىن خەۋەر
ئالغۇچىغا: «ھەممە بائال-پەرەسلەرگە ئىبادەت ئېگىنلىرىنى چىقىرىپ بەرگىن» دېسە، ئۇ
ئېگىنلەرنى ئۇلارغا چىقىرىپ بەردى.
[23] ئاندىن كېيىن يېھۇ بىلەن رېكابنىڭ ئوغلى يەھوناداب بائالنىڭ بەيتىگە كىردى. ئۇ ئۆزى
بائال-پەرەسلەرگە: «كۆرۈپ بېقىڭلاركى، مۇندا خۇداۋەندىنىڭ بەندىلىرىدىن ھېچبىرى بولماي،
بەلكى يالغۇز بائال-پەرەسلەر بولسۇن» دېدى. [24] ئۇلار كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن باشقا
قۇربانلىقلارنى ئۆتكۈزگىلى كىرگەندىن كېيىن، يېھۇ سەكسەن ئادەمنى سىرتىدا قويۇپ،
ئۇلارغا: «مەن سىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئادەملەردىن بىرى قولۇڭلاردىن قۇتۇلسا، جېنىنىڭ
ئورنىدا جان بېرىسىلەر» دېدى.
[25] ئۇلار كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندا يېھۇ غۇلام بىلەن پالۋانلارغا: «كىرىپ،
ئۇلارنى ئۇرۇپ، ھېچكىمنى چىققىلى قويماڭلار» دەپ بۇيرۇدى. غۇلام بىلەن پالۋانلار ئۇلارنى
قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ، ئۆلۈكلىرىنى تاشقىرى تاشلىۋېتىپ، بائالنىڭ بەيتىنىڭ ئىچكىرىگە
كىرىپ، [26] بۇتسۇرەتلىرىنى بائالنىڭ بەيتىدىن ئېلىپ چىقىپ كۆيدۈردى. [27] ئاندىن بائالنىڭ
تۈۋرۈكىنى چېقىپ، بائالنىڭ بەيتىنى يىقىتىپ، ئۇنى بۇ كۈنگىچىلىك ئەۋرەزلەرگە ئايلاندۇرۇپ
قويدى. [28] يېھۇ شۇنداق قىلىپ، بائالنى ئىسرائىلدىن چىقاردى. [29] لېكىن يېھۇ نەباتنىڭ
ئوغلى يەروبئام ئۆزى ئىسرائىلنى ئازدۇرغان گۇناھلىرىدىن ئۆزىنى يىغماي، بەيتەل بىلەن
داندىكى ئالتۇن موزاي سۇرەتلىرىدىن نېرى تۇرمىدى.

[30] خۇداۋەندە يېھۇغا ئېيتتى: «سەن مېنىڭ كۆزلىرىمدە ھەق بولغىنىنى راست قىلىپ،
ئاخابنىڭ خانىدانىغا كۆڭلۈمدىكى ھەممە نىيەتنى بەجا قىلىپ پۈتكۈزگىنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ
ئوغۇللىرىڭ تۆتىنچى نەسلىگىچە ئىسرائىلنىڭ تەختىدە ئولتۇرىدۇ» دېدى. [31] لېكىن يېھۇ
پۈتۈن كۆڭلىدىن ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ قانۇنىغا مۇۋاپىق يۈرگىلى ئىجتىھات
قىلمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى يەروبئامنىڭ ئىسرائىلنى ئازدۇرغان گۇناھلىرىدىن نېرى تۇرمىدى.
[32] ئۇ كۈنلەردە خۇداۋەندە ئىسرائىلنىڭ يۇرتىدىن بەزى پارچىلارنى كەسكىلى باشلىدى.
چۈنكى خازائەل ئۇلارنى ئىسرائىلنىڭ ھەممە زېمىنىدا ئۇرۇپ، [33] ئىئوردانىنىڭ شەرق
تەرىپىدىكى پۈتۈن گىلىيادنىڭ يۇرتىنى، يەنى گاد، رۇبەن ۋە ماناسسەنىڭ يۇرتىغا ھۇجۇم
قىلىپ، ئارنون جىلغىسىنىڭ يېنىدىكى ئاروئەردىن تارتىپ گىلىياد بىلەن باشانى مەغلۇپ
قىلىۋالدى. [34] يېھۇنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغىنىنىڭ ھەممىسى ۋە سەلتەنىتىنىڭ
قۇدرىتى توغرىسىدا ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. [35] يېھۇ ئۆز ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، سامارىيەدە دەپنە قىلىندى، ئاندىن ئوغلى يەھوئاخاز
ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. [36] يېھۇ ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سامارىيەدە سەلتەنەت قىلغان
ۋاقتى يىگىرمە سەككىز يىل ئىدى.

## ئاخازىيانىڭ ئانىسى ئاتالىيانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

11 [1] ئاخازىيانىڭ ئانىسى ئاتالىيا ئۆزى ئوغلىنىڭ ئۆلگىنىنى بىلگەندە قوپۇپ، ھەممە
شاھزادىلەرنى ئۆلتۈردى. [2] پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى ئۆلتۈرۈلگىنىدە يورام پادىشاھنىڭ
قىزى، يەنى ئاخازىيانىڭ ھەمشىرىسى يەھوشېبا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئاخازىيانىڭ ئوغلى
يەھوئاش بىلەن ئۇنىڭ ئىنىكئانىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆلتۈرۈلمىسۇن دەپ، ئۇنى ياتاق ئۆيىدە
يوشۇرۇپ قويىدى. [3] ئاندىن كېيىن خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، ئاندا ئالتە
يىلغىچە ساقلاندى. ئەمما ئاتالىيا يۇرتتا سەلتەنەت قىلاتتى.
[4] لېكىن يەتتىنچى يىلدا يەھوياداھ كىشى ئەۋەتىپ، سىپاھ بىلەن غۇلاملارنىڭ سەردارلىرىنى
ئېلىپ كېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە كىرگۈزۈپ ئۇلار بىلەن ئەھدە-پەيمان قىلىشىپ،
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە ئۇلارغا ئانت ئىچۈرۈپ، پادىشاھنىڭ ئوغلىنى كۆرسەتتى. [5] ئاندىن
ئۇلارغا بۇيرۇپ ئېيتتى: «مۇنداق قىلىڭلاركى، شابات كۈنىدە پاسىبانلىق قىلغانلىرىڭلارنىڭ
ئۈچتىن بىرى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا پاسىبانلىق قىلسۇن. [6] ئۈچ ھەسسەڭلارنىڭ بىرى سۇر
دېگەن دەرۋازىدا ۋە ئۈچ ھەسسەڭلارنىڭ بىرى غۇلاملارنىڭ كەينىدىكى دەرۋازىدا پاسىبانلىق
قىلسۇن. بۇ تەرىقىدە ئوردىنى ساقلاڭلار. [7] لېكىن شابات كۈنىدە پاسىبانلىق نۆۋىتىنى قىلىپ
بولغان ئىككى ھەسسەڭلار خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە پادىشاھنىڭ قېشىدا پاسىبانلىق قىلسۇن.
[8] سىلەر پادىشاھنىڭ چۆرىسىدە تۇرۇپ، ھەربىرىڭلار يارىغىنى قولىدا تۇتۇپ، بىركىم سەپتىن

ئۆتكىلى قەستلىسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار. پادىشاھ چىقىپ كىرسە، ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ بىللە
يۈرۈڭلار» دېدى.
9 سەردارلار يەھوياداھ كاھىن ئۇلارغا بۇيرۇغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، ھەربىرى ئۆز
ئادەملىرىنى ئېلىپ، ھەم شابات كۈنىدە پاسىبانلىق قىلىدىغانلارنى، ھەم شابات كۈنىدە
پاسىبانلىقتىن ئازاد بولىدىغانلارنى ئالغاچ يەھوياداھ كاھىنىنىڭ قېشىغا كەلدى. 10 كاھىن
ئۆزى داۋۇد پادىشاھنىڭكى بولۇپ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە ساقلانغان نەيزە بىلەن سىپارلارنى
سەردارلارغا بەردى. 11 غۇلاملار تىزىلىپ، ھەربىرى ئۆز قولىدا يارىغىنى تۇتۇپ، بەيتنىڭ
ئوڭ يېنىدىن تارتىپ بەيتنىڭ چەپ يېنىغىچە قۇربانگاھ بىلەن بەيتنى يۈزلەپ، پادىشاھنىڭ
چۆرىسىدە تۇردى. 12 ئاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئوغلىنى ئوتتۇرىغا تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ بېشىغا
تاجنى قويۇپ، ئۇنىڭغا گۇۋاھنامىنى بېرىپ، پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلەپ چاۋاك چېلىپ:
«پادىشاھ ياشىسۇن» دەپ قىچقىرىشتى.
13 ئاتاليا غۇلام بىلەن خەلقلەرنىڭ قىچقىرىشىنى ئاڭلىغاندا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە خەلقنىڭ
قېشىغا كىرىپ، 14 قارىسا، مانا پادىشاھ رەسىمگە مۇۋاپىق تۈۋرۈكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ،
پادىشاھنىڭ يېنىدا سەردارلار بىلەن كانايچىلار تىزىلىپ، يۇرتنىڭ ھەممە خەلقى خۇشلۇق
قىلىپ كاناي چالىدۇ. شۇنى كۆرۈپ، ئاتاليا ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتىپ: «خىيانەت بولدى،
خىيانەت بولدى» دەپ قىچقاردى. 15 ئەمما يەھوياداھ كاھىنىنىڭ ئۆزى لەشكەرلەرنى باشلىغان
سەردارلارغا: «ئۇنى سەپلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىرىڭلار. بىركىم ئۇنىڭغا ئەگەشسە،
قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلسۇن» دەپ بۇيرۇدى، چۈنكى كاھىن: «ئۇ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە
ئۆلتۈرۈلمىسۇن» دەپ ئېيتقانىدى. 16 ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ، ئاتلار پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا
كىرىدىغان يولغا كەلگەندە، ئاندا ئۇنى ئۆلتۈردى.
17 يەھوياداھ: «خۇداۋەندىنىڭ قوۋمى بولايلى» دەپ، خۇداۋەندىنىڭ ۋە پادىشاھ بىلەن خەلقنىڭ
ئوتتۇرىسىدا بىر ئەھدە تۈزۈپ، پادىشاھ بىلەن خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەم بىر ئەھدە باغلىدى.
18 خەلقنىڭ ھەممىسى بائالنىڭ بەيتىگە بېرىپ، ئۇنى يىقىتىپ، قۇربانگاھلىرى بىلەن
بۇتسۈرەتلىرىنى چېقىپ پارە-پارە قىلىپ، بائالنىڭ كاھىنى ماتاننى قۇربانگاھلارنىڭ ئالدىدا
ئۆلتۈردى. ئاندىن كېيىن كاھىن خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە پاسىبانلار تەيىنلەپ قويدى. 19 ئاندىن
سەردارلار بىلەن سىپاھلارنى، غۇلاملار بىلەن يۇرتنىڭ ھەممە خەلقىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ،
پادىشاھنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىن باشلاپ پاسىبان دەرۋازىسىدىن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا
كىرگۈزۈپ، ئۇنى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. 20 يۇرتنىڭ ھەممە خەلقى خۇش بولۇپ،
شەھەر تىنچ بولۇپ قالدى. ئۇلار ئاتاليانى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرگەنىدى.

# يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوئاش

12 1 يەھوئاش يەتتە ياشقا كىرگەندە پادىشاھ بولدى. 2 يېھۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ يەتتىنچى
يىلىدا يەھوئاش پادىشاھ بولۇپ، قىرىق يىل يېرۇسالېمدا سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ
ئانىسى زىبىيا دەپ ئاتىلىپ، بەرشېبادىن ئىدى. 3 يەھوئاش يەھوياداھ كاھىن ئۇنىڭ مۇئەللىمى
بولغان ھەممە كۈنلىرىدا خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە ياخشى بولغىنىنى قىلدى . 4 لېكىن
قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىنى يوقاتمىدى، بەلكى خەلق قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىدە خۇشبۇي
ئىسرىق ياندۇراتتى. 5 يەھوئاش خەلققە ئېيتتى: «خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە بېرىلىپ مۇقەددەس
قىلىنغان ھەممە پۇل، خاھى ھەر كىشى ئۈچۈن توختىتىلغانغا مۇۋاپىق بېرىلىدىغان نەق پۇل
بولسا، خاھى بىركىم كۆڭۈل خۇشىدىن خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە كەلتۈرىدىغان ھەممە پۇل بولسا،
6 كاھىنلارنىڭ ھەربىرى شۇنى خەزىنىچىلەردىن تاپشۇرۇۋېلىپ، بۇنىڭ بىلەن خۇداۋەندىنىڭ
بەيتىنىڭ سۇنغان يەرلىرىنى راستلاپ، قەيەردە سۇنغان يېرى بولسا ئوڭشىلاتسۇن» دېدى.
7 لېكىن يەھوئاش پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى يىلىدا كاھىنلار بەيتنىڭ
سۇنغان يەرلىرىنى تېخى ئوڭشىلىمىغانىدى. 8 ئۇ ۋاقىت يەھوئاش پادىشاھ يەھوياداھ كاھىن
بىلەن قالغان كاھىنلارنى قىچقىرىپ، ئۇلارغا ئېيتتى: «نېمىشقا بەيتنىڭ سۇنغان يەرلىرىنى
ئوڭشىلمايسىلەر. مۇندىن كېيىن خەزىنىچىلەردىن پۇل تاپشۇرۇۋالماي، بەلكى بەيتنىڭ سۇنغان
يەرلىرىنى ئوڭشىلماق ئۈچۈن بېرىڭلار».
9 كاھىنلار: «بىز، خاھى خەلقتىن پۇل تاپشۇرۇۋالماي، خاھى بەيتنىڭ سۇنغان يەرلىرىنى
ئوڭشىلايدىغان ئىشقا ئارىلاشمايمىز» دەپ ماقۇللاشتى. 10 ئەمما يەھوياداھ كاھىن بىر ساندۇقنى
ئېلىپ كېلىپ، ئاغزىغا بىر تۆشۈك تېشىپ، ئۇنى قۇربانگاھنىڭ يېنىدا خۇداۋەندىنىڭ
بەيتىنىڭ كىرىدىغان يەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قويدى. دەرۋازىنى ساقلايدىغان كاھىنلار
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە كەلتۈرۈلگەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئاندا قويدى. 11 ئۇلار ساندۇقتا
تولا پۇل بولغىنىنى كۆرگەندە پادىشاھنىڭ كاتىپى بىلەن ئۇلۇغ كاھىن بەيتكە چىقىپ،
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىكى پۇلنى خالتىغا چىگىپ ساناپ قويدى. 12 ئاندىن كېيىن ئۇلار
سانالغان پۇلنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ئوڭشىلايدىغان ئىشلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇچىلارغا بەردى.
بۇلار بولسا پۇلنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ئوڭشىلايدىغان ياغاچچى بىلەن تامچىلارغا، 13 تاشچى
بىلەن تاشتىراشلار ۋە ھەم خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ سۇنغان يەرلىرىنى ئوڭشىلىتىشقا لازىم
بولىدىغان ياغاچ بىلەن يونۇلغان تاشلار سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىپ، بەيتنىڭ ئوڭشىلىتىشىنىڭ
ھەممە چىقىمىغا بەردى. 14 لېكىن خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە بېرىلگەن پۇلغا كۈمۈش جاۋۇرلار،
پىچاقلار، قاچىلار، كانايلار ياكى باشقا ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ نەرسىلىرىنى خۇداۋەندىنىڭ
بەيتى ئۈچۈن ئەتمەي، 15 بەلكى پۇلنى ئىشلىگۈچىلەرگە بېرىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى
ئوڭشىلىتىپ قويدى. 16 ئىشلىگۈچىلەرگە بەرمەك ئۈچۈن پۇلنى تاپشۇرۇۋالغان كىشىلەردىن
ھېساب سورىمىدى، چۈنكى بۇلار ئىنساپ بىلەن ئىش قىلاتتى. 17 لېكىن گۇناھ قۇربانلىقى
بىلەن خاتا قۇربانلىقىنىڭ پۇلى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە بېرىلمەي، كاھىنلارغا تەگدى.

[18] ئۇ ۋاقىت ئاررامنىڭ پادىشاھى خازائىل گاتقا چىقىپ سوقۇشۇپ، ئۇنى ئالدى. ئاندىن خازائىل
چىقىپ، يېرۇسالېمغا يۈزلەندى. [19] ئۇ ۋاقىت يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوئاش ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى
بولغان يەھۇدا پادىشاھلىرى يەھوشافات، يورام ۋە ئاخازىيا خۇداۋەندىگە مۇقەددەس قىلغان ھەممە
نەرسە بىلەن ئۆزى مۇقەددەس قىلغىنىنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتى بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ
خەزىنىلىرىدىكى ھەممە ئالتۇنغا قوشۇپ، ھەممىسىنى ئېلىپ، ئاررامنىڭ پادىشاھى خازائىلگە
ئەۋەتتى. ئەۋەتسە، شۇ ئۆزى يېرۇسالېمدىن چىقىپ كەتتى. [20] يەھوئاشنىڭ باشقا ئىشلىرى
بىلەن قىلغان ھەممە ئەمەللىرى بولسا يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر.
[21] ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىپ، سىللانىڭ تەرىپىدىكى مىللو قەلئەسىدە
يەھوئاشنى ئۆلتۈردى. [22] ئۇنى ئۆلتۈرگەن كىشىلەر ئۆز خىزمەتكارلىرى بولغان يوزاكار بەن-
شىمات بىلەن يەھوزاباد بەن-شومەر ئىدى. ئۇ ئۆلۈپ، ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا داۋۇتنىڭ
شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئوغلى ئامازىيا ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوئاخاز

13 [1] يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاخازىيانىڭ ئوغلى يەھوئاشنىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمە
ئۈچىنچى يىلىدا يېھۇنىڭ ئوغلى يەھوئاخاز سامارىيەدە ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ،
ئون يەتتە يىل سەلتەنەت قىلدى. [2] ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ،
نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئام ئىسرائىلنى ئازدۇرغان گۇناھلىرىدا يۈرۈپ، ئۇلاردىن چىقمىدى.
[3] ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئىسرائىلغا تۇتىشىپ، ئۇلارنى ئاررامنىڭ پادىشاھى
خازائەلنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، خازائەلنىڭ ئوغلى بەنھادادنىڭ قولىغا بەردى.
[4] لېكىن يەھوئاخاز خۇداۋەندىگە يالۋۇرغاندا خۇداۋەندە ئىسرائىلنىڭ تەڭلىكىنى كۆرگەچ
ئۇنىڭغا قۇلاق سالدى، چۈنكى ئاررامنىڭ پادىشاھى ئۇلارغا زۇلۇم قىلاتتى. [5] خۇداۋەندە
ئىسرائىلغا بىر قۇتقۇزغۇچى بەرگەچ، ئۇلار ئاررامىيلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدى. ئاندىن كېيىن
ئىسرائىل بالدۇرقىدەك ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇردى. [6] لېكىن ئۇلار يەروبئام ئىسرائىلنى ئازدۇرغان
گۇناھلىرىچىن چىقماي، ئۇلاردا يۈرەتتى. ئاشەرە بۇتىنى ھەم سامارىيەدە تۇرغىلى قويدى.
[7] ئاررامنىڭ پادىشاھى يەھۇداغا لەشكەردىن ئەللىك ئاتلىق كىشى، ئون جەڭ ھارۋىسى بىلەن
ئون مىڭ پىيادە ئەسكەردىن زىيادىنى قويماي، باشقىلارنى يوقىتىپ، خاماندىكى توپىدەك
قىلىپ باسقانىدى.
[8] يەھوئاخازنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغىنىنىڭ ھەممىسى ۋە ئۇنىڭ سەلتەنەت قۇدرىتى
توغرىسىدا ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. [9] يەھوئاخاز ئۆز ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، سامارىيەدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى يوئاش
ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يوئاش

[10] يەھۇدا پادىشاھى يەھوئاشنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز يەتتىنچى يىلىدا يەھوئاخازنىڭ ئوغلى
يوئاش سامارىيەدە ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، ئون ئالتە يىل سەلتەنەت قىلدى. [11] ئۇ ئۆزى
خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، نەباتنىڭ ئوغلى يەروبىئام ئىسرائىلنى
ئازدۇرغان گۇناھلىرىنىڭ ھېچبىرىدىن چىقماي، ئۇلاردا يۈرەتتى. [12] يوئاشنىڭ باشقا ئىشلىرى
بىلەن قىلغان ھەممە ئەمەللىرى، سەلتەنىتىنىڭ قۇدرىتى ۋە يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىيا
بىلەن قىلغان جېڭى توغرىسىدا ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر.
[13] يوئاش ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تاپقاندا يەروبىئام ئۇنىڭ تەختىدە ئولتۇردى. يوئاش
سامارىيەدە ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئارىسىدا دەپنە قىلىندى.

## ئېلىشانىڭ ۋاپاتى ۋە گۆرىدىكى مۆجىزە

[14] ئېلىشا ئۆلىدىغان كېسەللىكىدە كېسەل بولغاندا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يوئاش ئۇنىڭ
قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە يىغلاپ: «ئەي ئاتام، ئەي ئاتام، ئىسرائىلغا ھەم ھارۋا ھەم
ئاتلىقلار بولدۇڭ» دەپ ئېيتتى. [15] ئېلىشا ئۇنىڭغا: «بىر يا بىلەن ئوقيالىرى ئېلىپ كەلگىن»
دېدى. ئۇ ئۇنىڭغا بىر يا بىلەن ئوقيالىرىنى ئېلىپ كەلگەندە، [16] ئۇ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا:
«قولۇڭنى ياغا سالغىن» دەپ ئېيتتى. ئۇ ئۆز قولىنى قويغاندا ئېلىشا ئۆز قوللىرىنى
پادىشاھنىڭ قوللىرىغا قويدى. [17] ئاندىن ئۇ ئېيتتى: «شەرق تەرىپىدىكى پەنجىرىنى ئاچقىن».
ئۇ ئۇنى ئاچقاندا ئېلىشا: «ئاتقىن» دېدى. ئاتقاندا ئېلىشا ئېيتتى: «خۇداۋەندىنىڭ نۇسرەت
ئوقياسى، دەرۋەقە ئارراملىقنىڭ ئۈستىدە نۇسرەت تاپىدىغان ئوقياسىدۇر. ئارراملىقلارنى يوقاتقۇچە
ئافېقتا ئۇلارنى ئۇرىسەن». [18] ئاندىن ئۇ ئۆزى: «ئوقيالارنى قولۇڭغا ئالغىن» دېگەندە ئۇ
ئۇلارنى ئالدى. ئاندىن ئۇ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا: «يەرگە ئۇرغىن» دېدى. ئۇ ئۈچ مەرتىۋە
ئۇرۇپ توختىدى. [19] خۇدانىڭ ئادىمى ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ ئېيتتى: «ئەگەر بەش-ئالتە
مەرتىۋە ئۇرغان بولساڭ، ئارراملىقلارنى يوقاتقۇچە ئۇراتتىڭ. لېكىن ئەمدى ئارراملىقلارنى يالغۇز
ئۈچ مەرتىۋە ئۇرىسەن» دېدى.
[20] ئېلىشا ئۆلۈپ، دەپنە قىلىندى. ئەمدى ھەر يىل بېشىدا موئابىيلارنىڭ تالايدىغان گۇرۇھلىرى
يۇرتقا كىرەتتى. [21] بىر كۈن خەلق بىر ئۆلۈك ئادەمنى دەپنە قىلىپ تۇرغاندا، بىر تالايدىغان
گۇرۇھنى كۆرۈپ، ئۆلۈكنى ئېلىشانىڭ گۆرىگە تاشلىدى. ئۆلۈك ئېلىشانىڭ ئۇستىخىنىغا
تەگكەندە تىرىلىپ قوپۇپ، پۇتلىرىدا تۇردى.

[22] ئەمما ئارراملىقنىڭ پادىشاھى بولسا يەھوئاخازنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە ئىسرائىلغا زۇلۇم
قىلاتتى. [23] لېكىن خۇداۋەندە ئۇلارغا مېھرىبانلىق بولۇپ مەرھەمەت قىلىپ، ئىبراھىم،
ئىسھاق ۋە ياقۇپقا باغلىغان ئەھدىسى ئۈچۈن ئۇلارغا ئىلتىپات قىلىپ، ئۇلارنى تېخى ھالاك

قىلىپ ئۆز يۈزىدىن تاشلىغلى خالىمىدى. 24 ئەمما ئاررامنىڭ پادىشاھى خازائەل ئۆلدى
ۋە ئوغلى بەنھاداد ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. 25 ئاندىن كېيىن يەھوئاخازنىڭ ئوغلى
يوئاش خازائەلنىڭ ئوغلى بەنھادادتىن شۇ ئۆزى ئۇنىڭ ئاتىسى يەھوئاخازدىن جەڭدە ئالغان
شەھەرلەرنى ياندۇرۇۋالدى. ئۈچ مەرتىۋە يوئاش ئۇنى ئۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ شەھەرلىرىنى
ياندۇرۇۋالدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىيا

14 1 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوئاخازنىڭ ئوغلى يوئاشنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئىككىنچى
يىلىدا يەھوئاشنىڭ ئوغلى ئامازىيا يەھۇداغا پادىشاھ بولدى. 2 ئۇ پادىشاھ بولغاندا
يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا يىگىرمە توققۇز يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ
ئانىسى يېھوۋاددان دەپ ئاتىلىپ، يېرۇسالېمدىن ئىدى. 3 ئامازىيا خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە
ياخشى بولغىنىنى قىلاتتى، لېكىن ئاتىسى داۋۇتدەك قىلماي، بەلكى ھەر ئىشتا ئاتىسى
يوئاش قىلغاندەك قىلاتتى. 4 چۈنكى قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرى يوقىتىلمىدى، بەلكى خەلق
ئېگىزلىكلەردە قۇربانلىق قىلىپ، خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇراتتى. 5 سەلتەنەت ئۇنىڭ قولىدا
مۇقىم بولغاندا ئاتىسى پادىشاھنى ئۆلتۈرگەن خىزمەتكارلىرىنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. 6 لېكىن ئاتا
ئوغلى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمىسۇن ياكى ئوغۇل ئاتىسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمىسۇن، بەلكى ھەربىرى
ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ئۆلسۇن دەپ، مۇسانىڭ قانۇن كىتابىدا خۇداۋەندىنىڭ پۈتۈلگەن ئەمرىگە
مۇۋاپىق قاتىللىق قىلغۇچىلارنىڭ باللىرىنى ئۆلتۈرمىدى.
7 ئۇ ئۆزى شور ۋادىسىدا ئېدومىيلاردىن ئون مىڭنى ئۇرۇپ، جەڭ قىلىپ سېلانى ئېلىپ، بۇ
كۈنگىچە ئاتالغاندەك ئۇنى يوقتەئەل دەپ ئاتىدى.
8 ئاندىن كېيىن ئامازىيا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يوئاش بەن-يەھوئاخاز بەن-يېھۇنىڭ قېشىغا
ئەلچى ئەۋەتىپ، ئېيتقۇزدىكى: «كېلىپ سوقۇشايلى». 9 لېكىن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
يوئاش يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىياغا كىشى ئەۋەتىپ ئېيتقۇزدىكى: «لىۋاندىكى تىكەن بولسا
لىۋاندىكى كېدىر دەرىخىگە خەۋەر ئەۋەتىپ: ‹ئۆز قىزىڭنى ئوغلۇمغا خوتۇنلۇققا بەرگىن› دەپ
ئېيتقۇزدى. لېكىن لىۋاننىڭ بىر ياۋا ھايۋانى ئۆتۈپ كېتىپ، تىكەننى دەسسىۋەتتى. 10 سەن
ئېدومنى ئۇرۇپ، كۆڭلۈڭدە مۇتەكەببۇر بولدۇڭ. ئەمدى پەخىرلىنىپ، ئۆيدە قالغىن. نېمىشقا
ئۆزۈڭگە نۇقسان كەلتۈرۈپ، ئۆزۈڭنى ۋە ئۆزۈڭ بىلەن يەھۇدانى بالاغا كەلتۈرىسەن؟» دېدى.
11 ئەمما ئامازىيا قۇلاق سالمىغاندا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يوئاش چىقىپ، ئۇ ئۆزى بىلەن
يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىيا يەھۇداغا تەۋە زېمىنى بولغان بەيت-شەمەشتە ئۇچرىشىپ
سوقۇشتى. 12 لېكىن يەھۇدانىڭ ئادەملىرى ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىدىن شىكەستە يەپ،
ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كەتتى. 13 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يوئاش بەيت-شەمەشتە

يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىيا بەن-يەھوئاش بەن-åخازىيانى ئەسىر قىلىپ، يېرۇسالېمغا ئېرىپ،
يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىدىن ئەفرائىم دەرۋازىسىدىن تارتىپ بۇرجەك دەرۋازىسىغىچە تۆت يۈز
گەزلىك مىقدارىنى يىقىتىپ، [14] خۇداۋەندىنىڭ بەيتى بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى ھەممە
ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى ۋە ھەممە قاچىلارنى تالاپ، كېپىللەر ئېلىپ، سامارىيەگە يېنىپ كەتتى.
[15] يوئاشنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغان ئەمەللىرى، سەلتەنىتىنىڭ قۇدرىتى ۋە يەھۇدانىڭ
پادىشاھى بىلەن قىلغان جەڭ توغرىسىدا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا
پۈتۈلگەندۇر. [16] يوئاش ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، سامارىيەدە ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھلىرىنىڭ جايىدا دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى يەروبىئام ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ
بولدى. [17] يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوئاشنىڭ ئوغلى ئامازىيا بولسا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
يەھوئاخازنىڭ ئوغلى يوئاش ئۆلگەندىن كېيىن ئون بەش يىل تىرىك تۇردى.
[18] ئامازىيانىڭ باشقا ئىشلىرى توغرىسىدا يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر.
[19] يېرۇسالېمدا ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىنغاچ ئۇ ئۆزى لاكىشقا قېچىپ كەتتى. لېكىن ئۇلار
ئۇنىڭ كەينىدىن لاكىشقا كىشى ئەۋەتىپ، ئاندا ئۇنى ئۆلتۈردى. [20] ئاندىن ئۇنى ئاتلارغا
ئارتىپ، يېرۇسالېمغا ئېلىپ باردى. ئۇ ئۆزى يېرۇسالېمدا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا
داۋۇدنىڭ شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. [21] يەھۇدانىڭ ھەممە خەلقى ئون ئالتە ياشتا بولغان
ئازارىيانى ئېلىپ، ئۇنى ئاتىسى ئامازىيانىڭ ئورنىدا پادىشاھ قىلدى. [22] ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆز ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تاپقاندىن كېيىن، ئۇ ئېلاتنى ياساپ يەھۇداغا يەنە تەۋە قىلدى.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەروبىئام

[23] يەھۇدا پادىشاھى ئامازىيانىڭ ئوغلى يەھوئاشنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون بەشىنچى يىلىدا
ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يوئاشنىڭ ئوغلى يەروبىئام پادىشاھلىق قىلغىلى باشلاپ سامارىيەدە
قىرىق بىر يىل سەلتەنەت قىلدى. [24] ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ،
نەباتنىڭ ئوغلى يەروبىئام ئىسرائىلنى ئازدۇرغان گۇناھلىرىنىڭ ھېچبىرىدىن چىقمىدى. [25] ئۇ
ئۆزى ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۆز بەندىسى گات-خەفەرلىك يۇنۇس بەن-ئامىتتاي
پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقان سۆزىگە مۇۋاپىق خاماتقا بارىدىغان يولدىن تارتىپ
تۇزلەڭلىك دېڭىزىغىچە ئىسرائىلنىڭ بالدۇرقى يەرلىرىنى تارتىۋالدى. [26] چۈنكى خۇداۋەندە
ئىسرائىلنىڭ ناھايىتى قاتتىق بولغان تەڭلىكىنى، خاھى كىچىكنىڭ، خاھى چوڭنىڭ ئەھۋالى
قالماي، ئىسرائىلدا خالاس قىلغۇچى تېپىلمىغىنىنى كۆردى. [27] خۇداۋەندە: «ئىسرائىلنىڭ
ئىسمىنى ئاسماننىڭ تېگىدە يوقاتمايمەن» دەپ، يوئاشنىڭ ئوغلى يەروبىئامنىڭ قولى بىلەن
ئۇلارنى قۇتقۇزدى.
[28] يەروبىئامنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغىنىنىڭ ھەممىسى، سەلتەنىتىنىڭ قۇدرىتى بىلەن
ئۇنىڭ جەڭلىرى ۋە بالدۇر يەھۇداغا تەۋە بولغان دەمەشق بىلەن خاماتنى ياندۇرۇۋالغىنى

تو‌غرىسىدا ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. [29] يەروبئام ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى
ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تاپقاندا ئوغلى زەكارىيا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئازارىيا

15 [1] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەروبئامنىڭ سەلتەنەتىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى يىلىدا
ئامازىيانىڭ ئوغلى ئازارىيا يەھۇداغا پادىشاھ بولدى. [2] ئۇ ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە
پادىشاھ بولۇپ، يېرۇسالېمدا ئەللىك ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى يەكولىيا
دەپ ئاتىلىپ، يېرۇسالېمدىن ئىدى. [3] ئازارىيا ئۆز ئاتىسى ئامازىيا قىلغاندەك خۇداۋەندىنىڭ
كۆزلىرىدە ياخشى بولغاننى قىلاتتى. [4] لېكىن قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرى يوقىتىلمىدى، بەلكى
خەلق ئېگىزلىكلەردە قۇربانلىق قىلىپ، خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇراتتى. [5] ئەمما خۇداۋەندە
پادىشاھنى ئۇنىڭ ۋاپات كۈنىگىچە پېسەللىككە مۇپتىلا قىلغاچ، ئۇ خاس بىر ئۆيدە ئولتۇراتتى
ۋە پادىشاھنىڭ ئوغلى يوتام ئۇنىڭ ئۆيىدىن خەۋەر ئېلىپ، يۇرتنىڭ خەلقىگە ھۆكۈم قىلاتتى.
[6] ئازارىيانىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغان ئەمەللىرى توغرىسىدا يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ
كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. [7] ئازارىيا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ
ئارىسىدا داۋۇدنىڭ شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى يوتام ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى زەكارىيا

[8] يەھۇدا پادىشاھى ئازارىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز سەككىزىنچى يىلىدا يەروبئامنىڭ ئوغلى
زەكارىيا سامارىيەدە ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، ئالتە ئاي سەلتەنەت قىلدى. [9] ئۇ ئۆزى ئاتا-
بوۋىلىرى قىلغاندەك خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، نەباتنىڭ ئوغلى
يەروبئام ئىسرائىلنى ئازدۇرغان گۇناھلىرىدىن چىقمىدى. [10] ئەمما يابەشنىڭ ئوغلى شاللۇم
ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىپ، ئۇنى قوۋمنىڭ ئالدىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
[11] زەكارىيانىڭ باشقا ئىشلىرى ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر.
[12] خۇداۋەندە يېھۇغا: «سېنىڭ ئوغۇللىرىڭ تۆتىنچى نەسلىگىچە ئىسرائىلنىڭ تەختىدە
ئولتۇرىدۇ» دەپ ئېيتقان سۆز بۇنىڭ بىلەن بەجا كەلتۈرۈلدى.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى شاللۇم

[13] يابەشنىڭ ئوغلى شاللۇم يەھۇدا پادىشاھى ئازارىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز توققۇزىنچى
يىلىدا پادىشاھ بولۇپ، سامارىيەدە بىر ئايغىچە سەلتەنەت قىلدى. [14] چۈنكى گادىينىڭ ئوغلى

مەناخىم تىرزادىن چىقىپ، سامارىيەگە كېلىپ، يابەشنىڭ ئوغلى شاللۇمنى سامارىيەدە ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
[15] شاللۇمنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغان خىيانەت توغرىسىدا ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ
تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. [16] ئاندىن كېيىن مەناخىم تىپساھ بىلەن ئانداكى ھەممىسىنى
ۋەيران قىلىپ، تىرزادىن تارتىپ ئۇنىڭغا تەۋە زېمىننى ئۇردى. ئۇلار دەرۋازىنى ئاچمىغىنى
ئۈچۈن شەھەرنى ئۇرۇپ، ئانداكى ھامىلىدار خوتۇنلارنىڭ قېرىنلىرىنى يېرىۋەتتى.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى مەناخىم

[17] يەھۇدا پادىشاھى ئازارىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز توققۇزىنچى يىلىدا گادىينىڭ ئوغلى
مەناخىم ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، سامارىيەدە ئون يىل سەلتەنەت قىلدى. [18] ئۇ ئۆزى
خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، پۈتۈن ئۆمرىدە نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئام
ئىسرائىلنى ئازدۇرغان گۇناھلىرىدىن چىقمىدى. [19] ئەمما ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى پۇل يۇرتقا
كىرىۋالدى. ئۇ ۋاقىت مەناخىم، ئۇ ماڭا ياردەم بېرىپ پادىشاھلىقنى قولۇمدا مۇقىم قىلسۇن
دەپ، پۇلغا مىڭ تالانت كۈمۈش بەردى. [20] مەناخىم ئاسسۇرنىڭ پادىشاھىغا بېرىدىغان پۇلنى
ئىسرائىلنىڭ ھەممە باي كىشىلىرىگە چېچىپ ھەربىرىگە ئەللىك شېقەل كۈمۈشنى قويدى.
ئاندىن ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى يۇرتتا قالماي، يېنىپ كەتتى.
[21] مەناخىمنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغىنىنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ
كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. .

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى پېقاھىيا

[22] مەناخىم ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تاپقاندا ئوغلى پېقاھىيا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ
بولدى. [23] يەھۇدا پادىشاھى ئازارىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئەللىكىنچى يىلىدا مەناخېمنىڭ ئوغلى
پېقاھىيا سامارىيەدە ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. [24] ئۇ ئۆزى
خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئام ئىسرائىلنى
ئازدۇرغان گۇناھلىرىدىن چىقمىدى. [25] ئەمما ئۇنىڭ سەردارى پېقاھ بەن-رېمالياھۇ خىيانەت
قىلىپ، ئارگوب بىلەن ئارىيە ۋە گىلىيادلىق ئەللىك كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ،
سامارىيەدىكى پادىشاھ ئوردىسىدا ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
[26] پېقاھىيانىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغىنىنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ
كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى پېقاھ

27 يەھۇدا پادىشاھى ئازاريانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئەللىك ئىككىنچى يىلىدا رېمالىياھۇنىڭ ئوغلى
پېقاھ سامارىيەدە ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ، يىگىرمە يىل سەلتەنەت قىلدى. 28 ئۇ ئۆزى
خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، نەباتنىڭ ئوغلى يەروبىئام ئىسرائىلنى
ئازدۇرغان گۇناھلىرىدىن چىقمىدى. 29 ئىسرائىل پادىشاھى پېقاھنىڭ زامانىدا ئاسسۇرنىڭ
پادىشاھى تىگلات-پىلەسەر كېلىپ، ئىيون، ئابەل-بەيت-مائاكا، يانوئاھ، قادېش، خازور، گىلىياد
ۋە گالىلىيەنى، يەنى نافتالىنىڭ پۈتۈن يۇرتىنى ئېلىپ، خەلقنى ئەسىر قىلىپ ئاسسۇرغا ئېلىپ
باردى. 30 ئېلانىڭ ئوغلى ھوشىيا رېمالىياھۇنىڭ ئوغلى پېقاھقا خىيانەت قىلىپ، ئازاريانىڭ
ئوغلى يوتامنىڭ يىگىرمىنچى يىلىدا ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
31 پېقاھنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغىنىنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ
كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى يوتام

32 ئىسرائىل پادىشاھى رېمالىياھۇنىڭ ئوغلى پېقاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئىككىنچى يىلىدا
ئۇززىيانىڭ ئوغلى يوتام يەھۇداغا پادىشاھ بولدى. 33 ئۇ پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بەش ياشقا
كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئون ئالتە يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى يېرۇشا دەپ ئاتىلىپ،
سادوقنىڭ قىزى ئىدى. 34 يوتام ئۆز ئاتىسى ئۇززىيا قىلغاندەك خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە ياخشى
بولغىنىنى قىلاتتى. 35 لېكىن قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرى يوقىتىلمىدى، بەلكى ئېگىزلىكلەردە
قۇربانلىق قىلىپ، خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇراتتى. ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىكى ئېگىز
دەرۋازىنى ياساپ قويىدى.
36 يوتامنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن قىلغان ئەمەللىرى يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا
پۈتۈلگەندۇر. 37 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئارراملىنىڭ پادىشاھى رېزىن بىلەن رېمالىياھۇنىڭ ئوغلى
پېقاھنى يەھۇداغا قارشى ئەۋەتكىلى باشلىدى. 38 يوتام ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت
تېپىپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ جايىدا ئاتىسى داۋۇدنىڭ شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى
ئاھاز ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاھاز

16 1 رېمالىياھۇنىڭ ئوغلى پېقاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون يەتتىنچى يىلىدا يوتامنىڭ
ئوغلى ئاھاز يەھۇداغا پادىشاھ بولدى. 2 ئاھاز پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە ياشقا
كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئون ئالتە يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇ ئۆز ئاتىسى داۋۇدتەك قىلماي، بەلكى

تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، 3 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ
يولىدا يۈرەتتى. ھەتتا خۇداۋەندە بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن ھەيدەپ چىقارغان تائىپىلەرنىڭ
يىرگىنچلىك ئىشلىرىغا مۇۋاپىق ئۆز ئوغلىنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈپ كۆيدۈرۈپ، 4 ئېگىز
يەرلەردە، دۆڭلۈكلەردە ۋە ھەممە كۆك دەرەخلەرنىڭ تېگىدە قۇربانلىق قىلىپ، خۇشبۇي
ئىسرىق ياندۇراتتى. 5 ئۇ ۋاقىت ئارراملىق پادىشاھى رېزىن بىلەن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
رېمالياھۇنىڭ ئوغلى پېقاھ جەڭ قىلغىلى يېرۇسالېمغا چىقىپ، ئاھازنى قورشىدى. لېكىن
ئۇلار ئۇنى مەغلۇپ قىلالمىدى.
6 ئۇشبۇ ۋاقىت ئارراملىق پادىشاھى رېزىن ئېلاتنى يەنە تارتىۋېلىپ، يەھۇدىيلارنى ئېلاتتىن
ھەيدىۋەتتى. ئاندىن ئارراملىقلار ئېلاتقا كېلىپ، ئاندا بۇ كۈنگىچە ئولتۇرماقتا. 7 لېكىن ئاھاز
ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى تىگلات-پىلەسەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ئېيتقۇزدىكى: «مەن سېنىڭ
قۇلۇڭ بىلەن ئوغلۇڭ بولىمەن. ماڭا ھۇجۇم قىلغان ئارراملىق پادىشاھى بىلەن ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھىدىن مېنى قۇتقۇزغىن». 8 شۇنى ئېيتقۇزۇپ، ئاھاز خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىكى ۋە
پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىنىڭ خەزىنىسىدىكى كۈمۈش بىلەن ئالتۇننى ئېلىپ، ھەدىيە قىلىپ
ئاسسۇرنىڭ پادىشاھىغا ئەۋەتتى. 9 ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇنىدى. ئۇناپ،
ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى دەمەشققە چىقىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، خەلقنى ئەسىر تۇتۇپ كىرگە
ئېلىپ بېرىپ، رېزىننى ئۆلتۈردى.
10 ئەمما ئاھاز پادىشاھ ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى تىگلات-پىلەسەر بىلەن كۆرۈشكىلى دەمەشققە
باردى. ئاھاز پادىشاھ دەمەشقنىڭ قۇربانگاھىنى كۆرگەندە قۇربانگاھنىڭ تەسۋىرىنى
سىزدۇرۇپ، ئۇنىڭ ياسىلىشىنىڭ تامام ئوخشاشلىقىدا بىر نەمۇنە ئەتكۈزۈپ، ئۇرىيا كاھىنغا
ئەۋەتتى. 11 ئاندىن كېيىن ئۇرىيا كاھىن ئاھاز پادىشاھ دەمەشقتىن ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن ھەممە
نۇسخىلىرىغا مۇۋاپىق بىر قۇربانگاھنى ياسىدى. ئاھاز پادىشاھ دەمەشقتىن يېنىپ كەلمەستە
ئۇرىيا كاھىن ئۇنى تەييار قىلغانىدى. 12 پادىشاھ دەمەشقتىن يېنىپ كېلىپ، قۇربانگاھنى
كۆرگەندە پادىشاھ قۇربانگاھقا بېرىپ ئۇستىگە چىقىپ، 13 كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقنى كۆيدۈرۈپ،
ھەدىيە قۇربانلىقنى ئۆتكۈزۈپ، ئىچكۈلۈك قۇربانلىقنى ئۆتكۈزۈپ، شۈكۈر قۇربانلىقنىڭ
قېنىنى قۇربانگاھقا چېچىپ قويدى. 14 لېكىن خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدىكى مىس قۇربانگاھنى
بەيتىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ، يېڭى قۇربانگاھ بىلەن خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
جايدىن يۆتكەپ، يېڭى قۇربانگاھنىڭ شىمال تەرىپىدە قويدۇردى. 15 ئاھاز پادىشاھ ئۇرىيا كاھىنغا
بۇيرۇپ ئېيتتى: «چوڭ قۇربانگاھتا ئەتىگەننىڭ كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقى بىلەن ئاخشامنىڭ
ھەدىيە قۇربانلىقىنى، پادىشاھنىڭ كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقى بىلەن ئۇنىڭ ھەدىيە قۇربانلىقىنى،
ھەممە يۇرت خەلقىنىڭ كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەدىيە قۇربانلىقىنى ۋە ھەم
ئىچكۈلۈك قۇربانلىقىنى كۆيدۈرۈپ، كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقى بىلەن سويۇم قۇربانلىقلارنىڭ
ھەممە قېنىنى قۇربانگاھقا چاچقىن. لېكىن مىس قۇربانگاھى سوئال قىلمىقىم ئۈچۈن بولسۇن»
دېدى. 16 ئۇرىيا كاھىن ئاھاز پادىشاھ بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىنى قىلدى. 17 ئاھاز پادىشاھ داس

تەگلىكلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىنى ئاجرىتىپ، داس تەگلىكلىرىدىن داسلارنى ئېلىپ، مىس كۆلنى ئۇنىڭ تېگىدىكى مىس ئۇي سۇرەتلىرىدىن كۆتۈرۈپ، تاش تاختايلىك بىر مەيدانغا قويدۇردى. [18] بەيتنىڭ يېنىدا ياسالغان شابات يولى دېگەن لەقەمە يولى بىلەن پادىشاھ كىرىدىغان تاشقىرىقى يولنى ئاسسۇر پادىشاھى جەھىتىدىن خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىچىگە ئالدۇردى. [19] ئاھازنىڭ قىلغان باشقا ئىشلىرى بولسا يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. [20] ئاھاز ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ جايىدا داۋۇدنىڭ شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى خىزقىيا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ھوشىيا - ئىسرائىلنىڭ ئەسىر بولۇپ ئاسسۇرغا ئېلىپ كېتىلىشى

17 [1] يەھۇدا پادىشاھى ئاھازنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون ئىككىنچى يىلىدا ئېلانىڭ ئوغلى ھوشىيا سامارىيەدە ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇپ توققۇز يىل سەلتەنەت قىلدى. [2] ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان بولغىنىنى قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرىدەك يامانلىق قىلمايتتى. [3] ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى شالمانەسەر ئۇنىڭغا قارشى چىققاندا ھوشىيا ئۇنىڭغا بويۇن سۇنۇپ، ئۇنىڭغا باج-خىراج بېرىدىغان بولدى. [4] ئەمما ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى ھوشىيانىڭ خىيانەت قىلغىنىنى كۆردى. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئاسسۇرنىڭ پادىشاھىغا يىلدىكى باج-خىراجنى بەرمەي، مىسىرنىڭ پادىشاھى سوغا ئەلچىلەر ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى ئۇنى سولاپ قويۇپ، زىنداندا باغلاقلىق ساقلىدى. [5] ئاندىن ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى چىقىپ، پۈتۈن يۇرتنى كېزىپ، سامارىيەنى ئۈچ يىلغىچە قورشاپ تۇردى. [6] ھوشىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ توققۇزىنچى يىلىدا ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى سامارىيەنى ئېلىپ، ئىسرائىلنى ئاسسۇرغا ئېلىپ كېتىپ، گوزاندىكى خابور دەرياسىنىڭ يېنىدا بولغان خالاھتا ۋە مېدىيانىڭ شەھەرلىرىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

## ئىسرائىلنىڭ گۇناھلىرى ۋە جازالىنىشى

[7] بەنى-ئىسرائىل ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مىسىرنىڭ پادىشاھى فىرەۋننىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ، مىسىر يۇرتىدىن چىقارغان تەڭرىسى خۇداۋەندىگە گۇناھ قىلىپ، باشقا تەڭرىلەردىن قورقۇپ، [8] خۇداۋەندە بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن ھەيدىۋەتكەن تائىپىلەرنىڭ قانۇنلىرىدا يۈرۈپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرى بۇيرۇغان قانۇنلارغا ئەمەل قىلغانىدى. [9] بەنى-ئىسرائىل تەڭرىسى خۇداۋەندىگە قارشى يوشۇرۇن نالايىق ئىشلار قىلىپ، خاھى پاسىبانلىق مۇنارلاردا بولسا، خاھى مەھكەم شەھەرلەردە بولسا، ئۆز ھەممە شەھەرلىرىدە قۇربانلىق ئېگىزلىكلەر

ياساپ، 10 ھەممە ئېگىز دۆڭلۈكلەردە ۋە ھەممە كۆك دەرەخلەرنىڭ تېگىدە ئاشىرە سۈرەتلىرى
تۇرغۇزۇپ، 11 خۇداۋەندە ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقارغان تائىپىلەر قىلغاندەك ھەممە قۇربانلىق
ئېگىزلىكلەردە خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرۇپ، يامان ئىشلار قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ غەزىپىنى
كەلتۈرۈپ، 12 خۇداۋەندە بۇ ئىشلار توغرىسىدىن ئۇلارغا: «ئۇنداق قىلماڭلار» دېگەن
بولسىمۇ، بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانىدى. 13 خۇداۋەندە ئۆز ھەممە پەيغەمبەرلىرى بىلەن ھەممە
روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچىلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن، ھەم ئىسرائىلنى، ھەم يەھۇدانى
قورقۇتۇپ: «يامان يوللىرىڭلاردىن يېنىپ، ئەمر بىلەن قانۇنلىرىمنى تۇتۇپ، مەن بەندىلىرىم
پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارغا بۇيرۇپ سىلەرگە ئەۋەتكەن پۈتۈن
قانۇنغا مۇۋاپىق يۈرۈڭلار» دەپ ئېيتقانىدى. 14 لېكىن ئۇلار ئاڭلىغىلى ئۇنىماي، ئۆز
تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ئىشەنمىگەن ئاتا-بوۋىلىرى قىلغاندەك ئۆز بويۇنلىرىنى قاتتىق
قىلىپ، 15 ئۇنىڭ قانۇنلىرىنى تاشلاپ، ئۆزى ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن باغلىغان ئەھدە
بىلەن ئۇلارغا بەرگەن شاھادەتنى تەرك قىلىپ، خۇداۋەندە: «ئۇلاردەك قىلماڭلار» دەپ
بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ چۆرىسىدىكى تائىپىلەرگە ئەگىشىپ، بىھۇدە ئىشلارنى قىلىپ،
ئىناۋەتسىزلىككە بۇرۇلدى. 16 ئۇلار ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ھەممە بۇيرۇقلىرىنى
قويۇپ، قويما سۈرەتلەرنى، يەنى ئىككى موزاينى قويدۇرۇپ، ئاشىرە بۇتلار قىلدۇرۇپ،
ئاسماننىڭ ھەممە قوشۇنىغا باش ئېگىپ بائالغا ئىبادەت قىلىپ، 17 ئۆز ئوغۇل بىلەن
قىزلىرىنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈپ، جادۇگەرلىك ئىشلىتىپ، پالچىلىق قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ
نەزىرىدە يامان بولغان ئىشنى قىلغىلى ئۆزىنى سېتىپ، ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى.
18 ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە ئىسرائىلغا تولا ئاچچىقلاپ، ئۇلارنى ئۆز نەزىرىدىن تاشلىدى.
شۇنداقكى، يالغۇز يەھۇدانىڭ قەبىلىسىدىن باشقا ھېچقايسىسى قالمىدى.
19 لېكىن يەھۇدا ھەم ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ئەمرىنى تۇتماي، ئىسرائىل توختاتقان
قانۇنلاردا يۈردى.
20 ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئۇرۇق-ئەۋلادىنى رەت قىلىپ، تەڭلىككە
سېلىپ، تالىغۇچىلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز نەزىرىدىن تاشلاپ، 21 ئىسرائىلنى
داۋۇدنىڭ خانىدانىدىن ئاجرىتىۋالدى. ئۇلار نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئامنى پادىشاھ قىلغاندا
يەروبئام ئىسرائىلنى خۇداۋەندىنىڭ يولىدىن ياندۇرۇپ، ئۇلارنى ئېغىر گۇناھ قىلغىلى
ئازدۇردى. 22 چۈنكى بەنى-ئىسرائىل يەروبئامنىڭ قىلغان ھەممە گۇناھلىرىدا يۈرۈپ،
ئۇلاردىن يانمايتتى. 23 ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە ئۆز بەندىلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى
بىلەن ئېيتقاندەك ئىسرائىلنى ئۆز نەزىرىدىن نېرى قىلدى. بۇ سەۋەبتىن ئىسرائىل ئۆز
يۇرتىدىن ئاسسۇرغا يۆتكىلىپ، ئاندا بۇ كۈنگىچە تۇرۇپ قالدى.

## سامارىيەگە ئېلىپ كېلىنگەن ۋە ماكان تۇتقان تائىپىلەر

24 ئەمما ئاسسۇر ئۆزى بابىل، كۇت، ئىۋۋا، خامات ۋە سەفارۋايىمدىن خەلقنى يۆتكەپ،
ئىسرائىلنىڭ ئورنىدا سامارىيەنىڭ شەھەرلىرىدە ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار سامارىيەگە ئىگىدارچىلىق
قىلىپ شەھەرلىرىدە ئولتۇردى. 25 ئۇلار ئاندا ئولتۇرغاندا خۇداۋەندىدىن قورقمىغىنى ئۈچۈن
خۇداۋەندە ئۇلارنى يىرتقۇچ شىرلارنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتتى. 26 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار
ئاسسۇرنىڭ پادىشاھىغا خەۋەر بېرىپ ئېيتتىكى: «سەن يۆتكەپ، سامارىيەنىڭ شەھەرلىرىدە
ئولتۇرغۇزغان تائىپىلەر يۇرتنىڭ تەڭرىسىنىڭ ئىبادىتىنى بىلمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆزى
ئۇلارنىڭ ئارىسىغا شىرلار ئەۋەتتى. مانا بۇلار ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ».
27 ئۇ ۋاقىت ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى بۇيرۇپ: «سىلەر ئۇ يەردىن كەلتۈرگەن كاھىنلارنىڭ
بىرىنى يەنە ئۇ يەرگە ئەۋەتىڭلار. ئۇ ئاندا بېرىپ ئولتۇرۇپ، يۇرتنىڭ تەڭرىسىنىڭ ئىبادىتىنى
ئۇلارغا ئۆگەتسۇن» دېدى. 28 بۇ بۇيرۇق بىلەن ئۇلار سامارىيەدىن يۆتكىگەن كاھىنلارنىڭ
بىرى كېلىپ، بەيتەلدە ئولتۇرۇپ، خۇداۋەندىنىڭ قورقۇنچىسىنى ئۇلارغا ئۆگىتىپ تۇردى.
29 لېكىن ھەر تائىپە ئۆز تەڭرىسىنىڭ سۈرىتىنى ھەم قىلىپ، سامارىيەلىكلەر ياسىغان
قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىنىڭ بەيتلىرىدە تۇرغۇزدى. ھەر تائىپە ئۆزى ئولتۇرغان شەھەردە
شۇنداق قىلدى. 30 بابىلدىن كەلگەنلەر سۇككوت-بەنوت بۇتىنى ياسىدى. كۇتتىن كەلگەنلەر
نەرگال بۇتىنى، خاماتتىن كەلگەنلەر ئاشىما بۇتىنى، 31 ئاۋۋىيلار نىبخاز بىلەن تارتاق
بۇتلىرىنى ياسىدى. سەفارۋايىمىلار سەفارۋايىمنىڭ بۇتلىرى بولغان ئادرامېلەك بىلەن
ئانامېلەكنىڭ ئىززىتىگە ئۆز بالىلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرەتتى. 32 لېكىن ئۇلار خۇداۋەندىدىن
ھەم قورقۇپ، ئۆز ئارىسىدىن ئۆزىگە قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرى ئۈچۈن كاھىنلار تىكلەپ
قويدى. بۇلار قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىنىڭ بەيتلىرىدە ئۇلار ئۈچۈن قۇربانلىق قىلاتتى.
33 ئۇلار خۇداۋەندىدىن قورقتى، لېكىن ئۆزى يۆتكەلگەن تائىپىلەرنىڭ يولىدا ئۆز تەڭرىلىرىگە
ھەم ئىبادەت قىلاتتى.
34 بۇ كۈنگىچە ئىلگىرىكى ئادەتلىرىگە مۇۋاپىق ئەمەل قىلىپ، خاھى خۇداۋەندىدىن قورقماي،
خاھى ئۇلارغا بېرىلگەن پەرز بىلەن قانۇنلىرىنى تۇتماي، خاھى خۇداۋەندە ئىسرائىل دەپ
ئاتىغان ياقۇپنىڭ بالىلىرىغا بۇيرۇغان قانۇن بىلەن ئەمرلەرگە مۇۋاپىق ئەمەل قىلمايدۇ.
35 خۇداۋەندە ئۇلار بىلەن بىر ئەھدە قىلىشىپ، ئۇلارغا بۇيرۇپ ئېيتتى: «باشقا تەڭرىلەردىن
قورقماي، خاھى ئۇلارغا سەجدە قىلماي، خاھى ئۇلارغا تېۋىنماي، خاھى ئۇلارغا قۇربانلىق
قىلماڭلار. 36 لېكىن چوڭ قۇدرەت ۋە ئۇزىتىلغان بىلەك بىلەن سىلەرنى مىسىر يۇرتىدىن
چىقارغان خۇداۋەندىگە سەجدە قىلىپ، خاس ئۇنىڭغا قۇربانلىق كەلتۈرۈڭلار. 37 ئۇ سىلەرگە
بۇيرۇغان پەرز بىلەن پەرمانلارنى، قانۇن بىلەن ئەمرلەرنى تۇتۇپ ھەمىشە ساقلاڭلار، لېكىن
باشقا تەڭرىلەردىن قورقماڭلار. 38 مەن سىلەر بىلەن قىلغان ئەھدىنى ئۇنتۇماڭلار ياكى
باشقا تەڭرىلەردىن قورقماڭلار. 39 لېكىن تەڭرىڭلار خۇداۋەندىدىن قورقۇڭلار. ئۇ سىلەرنى
ھەممە دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىدۇ» دېگەنىدى.

[40] لېكىن ئۇلار قۇلاق سالماي، ئىلگىرىكى قائىدە-يوسۇنلىرى بويىچە ماڭاتتى. [41] شۇ تەرىقىدە
بۇ تائىپىلەر ھەم خۇداۋەندىدىن قورقۇپ، ھەم بۇتسۈرەتلىرىگە ئىبادەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ
بالىلىرى بىلەن بالىلىرىنىڭ بالىلىرى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى قىلغاندەك بۇ كۈنگىچە قىلىپ
تۇرماقتا.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ھىزقىيا

18 [1] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئېلانىڭ ئوغلى ھوشىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئۈچىنچى
يىلىدا يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاھازنىڭ ئوغلى ھىزقىيا يەھۇداغا پادىشاھ بولدى. [2] ئۇ
پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا يىگىرمە توققۇز يىل سەلتەنەت
قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئابى دەپ ئاتىلىپ، زەكارىيانىڭ قىزى ئىدى. [3] ھىزقىيا ئۆز ئاتىسى
داۋۇد قىلغاننىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە راست بولغىنىنى قىلىپ،
[4] قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىنى بۇزۇۋېتىپ، بۇتسۈرەتلىرىنى چېقىپ، ئاشىرە سۈرەتلىرىنى
يىقىتىپ، مۇسا ئەتكەن مىس يىلاننى ئېزىپ سۇندۇردى. چۈنكى ئۇ كۈنگىچە بەنى-ئىسرائىل
ئۇنىڭغا خۇشبۇي ئىسرىقياندۇرۇپ، ئۇنىڭغا نەخۇشتان دەپ ئات قويغانىدى. [5] ھىزقىيا
ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە تاياندى. شۇنداقكى، خاھى ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن،
خاھى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭغا تەڭ ئەمەس
ئىدى. [6] چۈنكى ئۇ خۇداۋەندىگە چاپلىشىپ، ئۇنىڭ يولىدىن چىقماي، خۇداۋەندە مۇساغا بەرگەن
ئەمرلەرنى تۇتاتتى. [7] خۇداۋەندە ئۇنىڭ بىلەن بولغاچ ئۇ ھەرنېمە قىلسا راۋاجلىق بولاتتى. ئۇ
ئۆزى ئاسسۇرغا قارشى قوپۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي، [8] فىلىستىنىيلەرنى ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ
يۇرتىنى گازاغىچە بېسىپ، ھەم قاراۋۇل مۇنارلىرىنى، ھەم مەھكەم شەھەرلەرنى ئالدى.
[9] ھىزقىيا پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ تۆتىنچى يىلىدا، يەنى ئىسرائىل پادىشاھى ئېلانىڭ
ئوغلى ھوشىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ يەتتىنچى يىلىدا ئاسسۇر پادىشاھى شالمانەسەر سامارىيەگە
چىقىپ ئۇنى قورشاپ، [10] ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى ھىزقىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئالتىنچى
يىلىدا ئۇنى ئالدى. ئۇ يىلدا، يەنى ئىسرائىل پادىشاھى ھوشىيانىڭ سەلتەنىتىنىڭ توققۇزىنچى
يىلىدا سامارىيە ئېلىندى. [11] ئاندىن ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى ئىسرائىلنى ئاسسۇرغا ئېلىپ
كېتىپ، گوزاندىكى خابور دەرياسىنىڭ يېنىدا بولغان خالاھتا ۋە ھەم مېدىيانىڭ شەھەرلىرىدە
ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. [12] چۈنكى ئۇلار ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماي،
بەلكى ئۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىپ، خۇداۋەندە ئۆز بەندىسى مۇساغا بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىنى
رەت قىلىپ، خاھى ئاڭلىمىغانىدى، خاھى ئەمەل قىلمىغانىدى.

## سانخېرىب يەھۇداغا ھۇجۇم قىلىدۇ

[13] خىزقىيا پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون تۆتىنچى يىلىدا ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى سانخېرىب
چىقىپ، يەھۇدانىڭ ھەممە مەھكەم شەھەرلىرىنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئالدى.
[14] ئۇ ۋاقىت يەھۇدانىڭ پادىشاھى خىزقىيا لاكىشقا كىشى ئەۋەتىپ: «خاتا قىلدىم! مەندىن
كەتكىن. ماڭا ھەرنېمە قويساڭ كۆتۈرەي» دەپ ئاسسۇرنىڭ پادىشاھىغا ئېيتقۇزدى. ئاسسۇرنىڭ
پادىشاھى خىزقىياغا ئۈچ يۈز تالانت كۈمۈش بىلەن ئوتتۇز تالانت ئالتۇن توختىتىپ قويدى.
[15] خىزقىيا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىكى بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ خەزىنىسىدىكى ھەممە
كۈمۈشنى بەردى. [16] ئۇ ۋاقىت خىزقىيا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىشىك بىلەن تۈۋرۈكلىرىدىن
ئالتۇننى ئاجرىتىۋېلىپ، ئاسسۇرنىڭ پادىشاھىغا بەردى. شۇ ئالتۇننى يەھۇدانىڭ پادىشاھى
خىزقىيا ئۆزى قاپلاتقانىدى.
[17] لېكىن ئاسسۇرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئۆزى تارتان بىلەن راب-سارىس ۋە رابشاقەگە چوڭ بىر
قوشۇن قوشۇپ، ئۇلارنى لاكىشتىن يېرۇسالېمغا ئەۋەتتى. بۇلار چىقىپ، يېرۇسالېمغا كېلىپ،
ئاقارتقۇچى يېرىنىڭ يولىدىكى يۇقىرىقى كۆلنىڭ سۇ يولىنىڭ يېنىدا چۈشتى. [18] ئۇلار
پادىشاھنى قىچقارغاندا ئوردا ئۈستىدىكى ئېلياقىم بەن-خىلقىيا بىلەن كاتىپ شەبنا ۋە ۋەزىر
يوئاھ بەن-ئاساف ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. [19] رابشاقە ئۇلارغا ئېيتتىكى: «ئەمدى خىزقىياغا
ئېيتىڭلاركى: ‹ ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى بولغان شاھىنشاھ مۇنداق ئېيتىدۇكى: «سەن ئىشەنچ
باغلىغان تايانچىڭ نېمىدۇر؟ [20] ‹ جەڭ قىلغىلى مەسلىھەت بىلەن قۇۋۋىتىم بار› دېسەڭ،
پەقەت لەۋلەرنىڭ سۆزلىرى بولىدۇ. ئەمدى كىمگە تايىنىپ زىتىمغا قوپتۇڭ؟ [21] مانا ئەمدى بۇ
ئېزىلگەن قومۇش ھاسىسىدەك بولغان مىسىرغا تايىنىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىركىم يۆلەنسە،
قولىغا كىرىپ، ئۇنى تېشىدۇ. مىسىر پادىشاھى فىرەۋن بولسا ئۇنىڭ ئۆزىگە تايانغانلارنىڭ
ھەممىسىگە مۇنداق بولىدۇ. [22] ئەگەر ماڭا: ‹ رەب خۇدايىمىزغا تايىنىمىز› دېسەڭلار، شۇ
خۇدانىڭ قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرى بىلەن قۇربانگاھلىرىنى خىزقىيا ئۆزى ئېلىۋېتىپ، يەھۇدا
بىلەن يېرۇسالېمنىڭ خەلقىگە: ‹ مانا يېرۇسالېمنىڭ ئۆزىدە بۇ قۇربانگاھنىڭ ئالدىدا سەجدە
قىلىڭلار› دەپ ئېيتمىدىمۇ؟ [23] لېكىن ئەمدى خوجام ئاسسۇر پادىشاھى بىلەن قارار توختاتقىن.
ئەگەر ئۇلارغا مىنگۈچىلەر تاپالساڭ، ساڭا ئىككى مىڭ ئات بېرەي. [24] سەن قانداق قىلىپ
خوجامنىڭ ھەممىدىن كىچىك قۇللىرىدىن بولغان بىر ۋالىينىڭ يۈزىنى ياندۇرۇپ، ھارۋا
بىلەن ئاتلار تاپماق ئۈچۈن مىسىرغا تايىنىسەن. [25] ئەجەبا ئەمدى خۇداۋەندىنىڭ ئىرادىسىگە
قارشىلىق قىلىپ، بۇ جاينىڭ ئۈستىگە ئۇنى ۋەيران قىلغىلى چىقتىممۇ؟ خۇداۋەندە ئۆزى
ماڭا: ‹ بۇ يۇرتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇنى ۋەيران قىلغىن› دەپ ئېيتتى»»» دېدى.
[26] ئۇ ۋاقىت خىلقىيانىڭ ئوغلى ئېلياقىم بىلەن شەبنا ۋە يوئاھ ئۆزى رابشاقەگە ئېيتتى:
«ساڭا يالۋۇرىمىزكى، قۇللىرىڭغا ئاررام تىلىدا سۆزلىگەيسەن، چۈنكى بىز شۇنى ئۇقۇيمىز.
سېپىلدىكى خەلقنىڭ ئاڭلىشىدا بىزگە يەھۇدىيچە سۆزلىمىگىن» دېدى. [27] لېكىن رابشاقە
ئېيتتى: «مېنىڭ خوجام بۇ سۆزلەرنى يالغۇز سېنىڭ خوجاڭ بىلەن ئۆزۈڭگە ئېيتقىلى مېنى

ئەۋەتتىمۇ؟ ئەجەبا مېنى ئۆزى سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پوق-سۈيدۈكىنى يەپ-
ئىچىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ قېشىغا ھەم ئەۋەتمىدىمۇ؟» دېدى.
28 ئۇ ۋاقىت رابشاقە تۇرۇپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن يەھۇدىيچە قىچقىرىپ ئېيتتىكى: «ئاسسۇر
پادىشاھى بولغان شاھىنشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاڭلار! 29 پادىشاھ مۇنداق ئېيتىدۇ: ‹ ھىزقىيا
سىلەرنى ئالدىمىسۇن، چۈنكى ئۇ سىلەرنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزغىلى قادىر ئەمەس›.
30 ھىزقىيا بولسا سىلەرنى خۇداۋەندىگە تاياندۇرۇپ: ‹ خۇداۋەندە شەكسىز بىزنى قۇتقۇزىدۇ.
بۇ شەھەر بولسا ئاسسۇر پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلمايدۇ› دەپ ئېيتمىسۇن. 31 ھىزقىياغا
قۇلاق سالماڭلار، چۈنكى ئاسسۇر پادىشاھى مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ مەن بىلەن سۈلھى تۈزۈپ
تەرىپىمگە ئۆتسەڭلار، ھەربىرى ئۆز ئۈزۈم تېلىدىن ھەم ئۆز ئەنجۈر دەرىخىدىن يەپ، ھەربىرى
ئۆز قۇدۇقىدىن ئىچسۇن. 32 دەرۋەقە ئۆزۈم كېلىپ، سىلەرنى ئۆز يۇرتۇڭلاردەك بىر يۇرتقا،
دان بىلەن شارابنىڭ يۇرتىغا، نان بىلەن ئۈزۈمزارلىقلارنىڭ يۇرتىغا، زەيتۇن بىلەن ھەسەلنىڭ
يۇرتىغا ئېلىپ بارىدىغان ۋاقىتقىچە ئۇنداق قىلساڭلار، ئۆلمەي تىرىك قالىسىلەر. ھىزقىيا
سىلەرنى ئالدىتىپ: «خۇداۋەندە بىزلەرنى قۇتقۇزىدۇ» دېگەندە ئۇنىڭغا قۇلاق سالماڭلار.
33 تائىپىلەرنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ بىرى ئۆز يۇرتىنى ئاسسۇر پادىشاھىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزدىمۇ؟
34 خامات بىلەن ئارپادنىڭ ئىلاھلىرى نە يەردىدۇر؟ سەفارۋايىم، ھېناھ ۋە ئىۋۋانىڭ ئىلاھلىرى
نە يەردىدۇر؟ ئۇلار سامارىيەنى قولۇمدىن قۇتقۇزدىمۇ؟ 35 بۇ يۇرتلارنىڭ ھەممە ئىلاھلىرىنىڭ
قايسىسى ئۆز يۇرتىنى قولۇمدىن قۇتقۇزدى؟ ئۇنداق بولسا، خۇداۋەندە يېرۇسالېمنى قولۇمدىن
قۇتقۇزالامدۇ؟› دەپ ئېيتىدۇ» دېدى.
36 ئەمما خەلق شۈك تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر سۆز جاۋاب بەرمىدى، چۈنكى پادىشاھ: «ئۇنىڭغا
جاۋاب بەرمەڭلار» دەپ بۇيرۇغانىدى. 37 ئۇ ۋاقىت ئوردىنىڭ ئۈستىدىكى ئېلياقىم بەن-ھىلقىيا
بىلەن كاتىپ شەبنا ۋە ۋەزىر يوئاھ بەن-ئاساف لىباسلىرى يىرتىقلىق كېلىپ رابشاقەنىڭ
سۆزلىرىنى ھىزقىياغا ئېيتىپ بەردى.

## يەشايا پەيغەمبەر يېرۇسالېمنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىنى ئالدىن ئېيتىدۇ

19 1 ھىزقىيا پادىشاھ شۇنى ئاڭلىغاندا لىباسلىرىنى يىرتىپ، ئۆزىگە پالاس يېپىپ،
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە كىردى. 2 ئاندىن ئۇ ئۆزى ئوردىنىڭ ئۈستىدىكى ئېلياقىم
بىلەن كاتىپ شەبنانى كاھىنلارنىڭ ئاقساقاللىرىغا قوشۇپ، ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا
پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا پالاس كىيىكلىك ئەۋەتتى. 3 ئۇلار ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «ھىزقىيا مۇنداق
ئېيتىدۇكى: ‹ بۇ كۈن ئۆزى تەڭلىك بىلەن ئەدەپ ۋە دەشنەمنىڭ بىر كۈنىدۇر، چۈنكى باللار
تۇغۇلۇشقا يەتتى، لېكىن تۇغىدىغان قۇۋۋەت يوقتۇر. 4 شايەتكى رەب خۇدايىڭ بۇنى ئىشىتىپ،
ئۆز خوجىسى ئاسسۇر پادىشاھىنىڭ تەرىپىدىن تىرىك خۇداغا دەشنەم قىلغىلى ئەۋەتىلگەن

رابشاقەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىسا كېرەك. شۇنداقكى، رەب خۇدايىڭ ئاڭلىغان سۆزلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا دەككە بەرەرمىكىن؟ بۇ سەۋەبتىن سەن قالغان قالدۇق ئۈچۈن دۇئا قىلغىن›» دېدى. [5] ھىزقىيانىڭ خىزمەتكارلىرى يەشايانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، [6] يەشايا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «خوجاڭلارغا مۇنداق ئېيتىڭلاركى: ‹ خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتار: «ئاسسۇر پادىشاھىنىڭ غۇلاملىرى ماڭا كۇپۇرلۇق قىلماق ئۈچۈن ئېيتقان سۆزلەردىن قورقماي تۇرۇپ، سەن ئاڭلىغان بۇ سۆزلەردىن دەھشەت يېمىگىن. [7] مانا مەن ئۇنىڭغا بىر روھ ئەۋەتىمەن. ئۇ بىر خەۋەر ئىشىتىپ، ئۆز يۇرتىغا يېنىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئۆز يۇرتىدا قىلىچ بىلەن ھالاك قىلىمەن» دەپ ئېيتار›» دېدى.

## سانخېرىب يېرۇسالېمغا تەھدىت سالىدۇ

[8] ئەمما رابشاقە: «ئاسسۇر پادىشاھى لاكىشتىن كەتتى» دەپ ئاڭلاپ قالسا، يېنىپ كەتتى. يېنىپ بارسا، ئۇنىڭ لىبنا بىلەن سوقۇشۇپ تۇرغىنىنى تاپتى. [9] لېكىن سانخېرىب ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى تىرھاقا توغرىسىدىن: «مانا ئۇ سەن بىلەن جەڭ قىلغىلى چىقتى» دەپ ئاڭلىغىنىدا ھىزقىياغا يەنە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ ئېيتتى: [10] «ھىزقىياغا سۆز قىلىپ مۇنداق ئېيتىڭلاركى: ‹ سەن تايانغان خۇدايىڭ سېنى ئالداپ: «يېرۇسالېم بولسا ئاسسۇر پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلمايدۇ» دەپ ئېيتمىسۇن. [11] مانا ئاسسۇر پادىشاھلىرىنىڭ ھەممە يۇرتلارغا نېمە-نېمە قىلىپ قانداق ئۇلارنى تامامەن خاراب قىلغىنىنى ئاڭلىدىڭ. ئەمدى سەن قۇتۇلۇسەنمۇ؟ [12] ئاتا-بوۋىلىرىم ھالاك قىلغان گوزان بىلەن ھاران، رېزەف بىلەن تېلاسساردىكى بەنى-ئېدەننىڭ تەڭرىلىرى بولسا ئۇلارنى قۇتقۇزدىمۇ؟ [13] خامات پادىشاھى بىلەن ئارپاد پادىشاھى، سەفارۋايىم شەھىرى بىلەن ھېناھ ۋە ئىۋۋا بولسا ئۇلارنىڭ پادىشاھى نە يەردىدۇر؟›» دەپ ئېيتقۇزدى.

## ھىزقىيا خۇداغا ئىلتىجا قىلىدۇ

[14] ھىزقىيا خەتنى ئەلچىلەرنىڭ قولىدىن تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنى ئوقۇدى. ئاندىن ھىزقىيا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە چىقىپ، ئۇنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا يايدى. [15] ھىزقىيا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا دۇئا قىلىپ، ئېيتتىكى: «ئەي سەن كېرۇبلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇداۋەندە، يەرنىڭ ھەممە پادىشاھلىقلىرىنىڭ خۇدايى يالغۇز سەندۇرسەن. ئاسمانلار بىلەن يەرنى سەن پەيدا قىلدىڭ. [16] ئەي خۇداۋەندە، قۇلىقىڭنى سىلىپ ئاڭلىغىن. ئەي خۇداۋەندە، كۆزلىرىڭنى ئېچىپ كۆرگىن. سانخېرىبنىڭ تىرىك خۇداغا دەشنەم قىلغىلى ئەۋەتكەن ھەممە سۆزلىرىنى ئاڭلىغىن. [17] شەكسىز، ئەي خۇداۋەندە، ئاسسۇر پادىشاھلىرى تائىپىلەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى خاراب قىلىپ، [18] بۇتلىرىنى ئوتقا تاشلىدى.

چۈنكى بۇلار تەڭرى بولماي، بەلكى ئادەم قوللىرىنىڭ ئىشى بولۇپ، ياغاچ بىلەن تاش ئىدى.
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار شۇلارنى يوقىتالادى. [19] ئەمدى، ئەي رەب خۇدايىمىز، بىزنى ئۇنىڭ
قولىدىن قۇتقۇزغىنكى، يەرنىڭ پادىشاھلىقلىرىنىڭ ھەممىسى بىلگەيكى، يالغۇز سەن رەب
خۇدادۇرسەن».

## يەشايا پەيغەمبەر ئىككىنچى قېتىم يېرۇسالېمنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىنى بىلدۈرىدۇ

[20] ئۇ ۋاقىت ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا خىزقىياغا خەۋەر بېرىپ ئېيتقۇزدىكى: «ئىسرائىلنىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ سەن ئاسسۇر پادىشاھى سانخېرىب توغرىسىدىن
ماڭا قىلغان دۇئايىڭنى ئاڭلىدىم›. [21] خۇداۋەندە ئۇنىڭ توغرىسىدىن ئېيتقان سۆز شۇدۇركى:
‹ پاك قىز سى'ون سېنى خار قىلىپ، كۈلۈپ مەسخىرە قىلىدۇ، يېرۇسالېمنىڭ قىزى ساڭا
بېشىنى لىڭشىتىدۇ. [22] كىمنى سۆكۈپ دەشنەم قىلدىڭ؟ كىمگە قارشى ئاۋاز كۆتۈردۈڭ؟ مانا
كۆزلىرىڭنى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈپ، ئىسرائىلنىڭ مۇقەددەسىگە قارشى ھومايدىڭ. [23] ئۆز
ئەلچىلىرىڭنىڭ ۋاستىسى بىللە خۇداۋەندىگە دەشنەم قىلىپ ئېيتتىڭكى: «ھارۋىلىرىمنىڭ
تولىلىقى بىللە مەن تاغلارنىڭ ئېگىزلىكلىرىگە يامىشىپ، لىۋاننىڭ داۋانلىرىغا چىقىپ،
ئېگىز كېدىر دەرەخلىرى بىلەن ئەۋزەل قارىغاي دەرەخلىرىنى كېسىپ، قېلىن جاڭگىلىنىڭ
سايىلىق يەرلىرىگە كىرىمەن. [24] مەن كولاپ، يات سۇلارنى ئىچتىم. مىسىرنىڭ ھەممە
دەريالىرىنى پۇتۇمنىڭ تاپىنى بىللە قۇرۇتىمەن» دېدىڭ. [25] ئۇزۇندىن بېرى بۇنى توختىتىپ،
قەدىم كۈنلىرىدىن تارتىپ تەييارلىغىنىمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ مەن بولسام، سەن توغرۇلۇق:
«مەھكەم شەھەرلەرنى ۋەيران دۆۋىلەر بولغۇچە خاراب قىلسۇن» دەپ ئېيتىپ، ئەمدى شۇنى
بەجا كەلتۈردۈم. [26] ئۇلارنىڭ ئاھالىسى قۇۋۋەتسىز بولغاچ ئېزىلىپ شەرمەندە بولۇپ،
سەھرانىڭ ئوتى بىلەن گىياھلارنىڭ كۆكىگە ئوخشاپ، ئۆگزىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئوتتەك
بولۇپ ئۈزۈپ بولماستىن ئىلگىرى يوقالغان دانىدەك بولۇپ قالدى. [27] لېكىن ئولتۇرۇشۇڭ
بىلەن چىقىپ كىرىشىڭنى ئۇقۇپ، زىتىمغا ئاچچىقلىنىشىڭنى بىلىمەن. [28] زىتىمغا
ئاچچىقلىنىشىڭ بىلەن ئاتىكارچىلىقىڭ قۇلاقلىرىمغا يەتكەچ چۇلۇكۇمنى بۇرنۇڭغا
ئۆتكۈزۈپ، يۈگىنىمنى ئاغزىڭغا سېلىپ، سېنى كەلگەن يولۇڭغا ياندۇرىمەن›.
[29] ساڭا بېرىلىدىغان ئالامەت بۇدۇركى، بۇ يىل ئۆزى ئۈنۈپ قالغاننى يەپ، كېلىدىغان يىل
ئاندىن چىققاننى يەپ، ئۈچىنچى يىل تېرىپ ئورۇپ ئۈزۈمزارلىقلار سېلىپ مېۋىسىنى
يەيسىلەر. [30] يەھۇدا خانىدانىنىڭ قېچىپ قۇتۇلغان قالدۇقى بولسا تۆۋەندىن يىلتىزلىنىپ،
يۇقىرىدىن مېۋە بېرىدۇ. [31] چۈنكى قالغان قالدۇق يېرۇسالېمدىن چىقىپ، قۇتۇلۇپ قالغان
بىر جامائەت سى'وندىن كېلىدۇ، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇداۋەندىنىڭ غەيرىتى
بۇنى قىلىدۇ. [32] ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە ئاسسۇر پادىشاھى توغرىسىدىن مۇنداق ئېيتىدۇكى:

«بۇ شەھەرگە كىرمەيدۇ ۋە يا ئاندا بىر ئوق ئاتمايدۇ ۋە يا ئالدىغا سىپار كۆتۈرۈپ كەلمەيدۇ ۋە
يا ئۇنىڭغا قارشى دالدا قىلمايدۇ، 33 بەلكى بۇ شەھەرگە كىرمەي، كەلگەن يولى بىلەن يېنىپ
كېتىدۇ› دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ. 34 چۈنكى ئۆزۈم ئۈچۈن ۋە بەندەم داۋۇد ئۈچۈن شۇ شەھەرنى
قۇتقۇزغىلى ئۇنى ھىمايە قىلىپ ساقلايمەن›».

## يېرۇسالېمنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى

35 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى چىقىپ، ئاسسۇر قوشۇنىدىن بىر يۈز سەكسەن بەش
مىڭ كىشىنى ئۇردى. شۇنداقكى، ئۇلار ئەتىسى سەھەر قوپسا، مانا بۇلار ھەممىسى ئۆلۈك
ياتقانىدى. 36 ئۇ ۋاقىت ئاسسۇر پادىشاھى سانخېرىب چىقىپ يېنىپ كېتىپ، نىنەۋەدە
ئولتۇردى. 37 ئەمما ئۇ ئۆزى ئۆز تەڭرىسى نىسروكنىڭ بەيتىدە سەجدە قىلىپ تۇرغىنىدا
ئوغۇللىرى ئادراممەلەك بىلەن شارېسەر ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلىرى ئارارات
يۇرتىغا قاچتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى ئېسار-خاددون ئورنىغا پادىشاھ بولدى.

## خىزقىيانىڭ كېسەل بولۇشى ۋە ساقايتىلىپ كېتىشى

20 1 ئۇ كۈنلەردە خىزقىيا ئۆلگۈدەك كېسەل بولدى. ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەر
ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ ئۆيۈڭ
توغرىسىدىن ۋەسىيەت قىلغىن، چۈنكى سەن تىرىك قالماي ئۆلىسەن›» دېدى. 2 ئۇ ۋاقىت
خىزقىيا يۈزىنى تام تەرىپىگە قارىتىپ، خۇداۋەندىگە دۇئا قىلىپ: 3 «ئەي خۇداۋەندە، ساڭا
يالۋۇرىمەنكى، مېنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا قانداق ساداقەتلىك بىلەن تۇرۇپ، سادىق كۆڭۈل
بىلەن يۈرۈپ نەزىرىڭدە ياخشى بولغاننى قىلغىنىمنى ياد قىلغىن» دەپ خىزقىيا قاتتىق
يىغلىدى. 4 يەشايا چىقىپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەتمەستە خۇداۋەندىنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا
كېلىپ ئېيتتى: 5 «يېنىپ بېرىپ، قوۋمىمنىڭ ئەمىرى بولغان خىزقىياغا ئېيتقىنكى‹ ›
ئاتاڭ داۋۇدنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: «دۇئايىڭنى ئاڭلاپ، ياشلىرىڭنى
كۆردۈم. مانا سېنى ساقايتىمەن. ئۈچىنچى كۈندە خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە چىقىسەن. 6 سېنىڭ
ئۆمرۈڭگە ئون بەش يىل قوشىمەن. سېنى ۋە ھەم بۇ شەھەرنى ئاسسۇر پادىشاھىنىڭ قولىدىن
قۇتقۇزىمەن. ئۆزۈم ئۈچۈن ۋە بەندەم داۋۇد ئۈچۈن بۇ شەھەرنى ھىمايە قىلىمەن. 7 يەشايا
سۆزلەپ: «بىر پارچە ئەنجۈر ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. ئۇلار ئۇنى ئېلىپ كېلىپ، چاقا ئۈستىگە
قويغاندا ساقايدى. 8 خىزقىيا يەشاياغا ئېيتتى: «خۇداۋەندە مېنى ساقايتىپ، ئۈچىنچى
كۈندە خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە چىقىدىغىنىمنىڭ ئالامىتى نېمە بولىدۇ؟» 9 يەشايا ئېيتتى:

«خۇداۋەندە ئېيتقىنىدەك قىلىدۇ. شۇنىڭ ئىسپاتىغا خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن ساڭا بۇ ئالامەت
بېرىلىدىكى، سايە شەمس سائىتىدە ئون دەرىجە ئالدىغا بارسۇنمۇ ياكى ئون دەرىجە كەينىگە
يانسۇنمۇ؟» [10] خىزقىيا ئېيتتى: «سايىنىڭ ئون دەرىجە ئالدىغا مېڭىشى ئاساندۇر. بەلكى
ئون دەرىجە كەينىگە يانسۇن» دېدى. [11] يەشايا پەيغەمبەر خۇداۋەندىگە يالۋۇرغاندا، ئۇ ئۆزى
ئاھازنىڭ شەمس سائىتىدە ئون دەرىجە ئالدىغا ماڭغان سايىنى ياندۇرۇپ، ئون دەرىجە كەينىگە
ماڭدۇردى.

## بابىلدىن كەلگەن ئەلچىلەر

[12] ئۇ ۋاقىتتا بابىلنىڭ پادىشاھى بەروداك-بالادان خىزقىياغا خەت بىلەن ھەدىيە ئەۋەتتى،
چۈنكى كېسەل بولغىنىنى ئاڭلىغانىدى. [13] خىزقىيا ئۇلاردىن سۆز ئاڭلاپ، ئۇلارغا ھەممە
خەزىنىلىرىنى، كۈمۈش بىلەن ئالتۇننى، خۇشبۇي دورا-دەرمەك بىلەن ئەۋزەل ياغلارنى،
ياراغلىرىنىڭ ئۆيى بىلەن خەزىنىسىدىكى ھەممە بار بولغاننى كۆرسەتتى. ئۆز ئۆيىدە ۋە تامام
تەئەللۇقىدا خىزقىيا ئۇلارغا كۆرسەتمىگەن نەرسە قالمىدى.
[14] لېكىن يەشايا پەيغەمبەر خىزقىيا پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «بۇ
ئادەملەر نېمە دېدى؟ سېنىڭ قېشىڭغا نە يەردىن كەلدى؟» خىزقىيا ئېيتتى: «ئۇلار بولسا
بابىل دېگەن يىراق يۇرتتىن كەلدى» دېدى. [15] ئۇ ئېيتتى: «سېنىڭ ئۆيۈڭدە نېمە كۆردىلەر؟»
خىزقىيا جاۋاب بەردىكى: «ئۆيۈمدىكى ھەممە بار بولغاننى كۆردىلەر مېنىڭ خەزىنىلىرىمدە مەن
ئۇلارغا كۆرسەتمىگەن نەرسە قالمىدى». [16] يەشايا خىزقىياغا ئېيتتى: «خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى
ئاڭلىغىن: [17] ‹ مانا سېنىڭ ئۆيۈڭدە ھەممە بار بولغىنى ئېلىپ كېتىلىپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭ
بۇ كۈنگىچە خەزىنىگە يىغقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھېچنېمە قالماي، بابىلغا ئېلىپ
بېرىلىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ› دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ. [18] ئۇلار سەندىن چىقىپ تۆرىلىدىغان
ئوغۇللىرىڭنىڭ بەزىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار بولسا بابىلدىكى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا غۇلام
بولىدۇ» دېدى. [19] خىزقىيا يەشاياغا ئېيتتى: «خۇداۋەندىنىڭ سەن ئېيتقان سۆزى ياخشىدۇر.
مېنىڭ ۋاقتىمدا تىنچ-ئامانلىق بولسا ياخشى بولىدۇ» دېدى.
[20] خىزقىيانىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن سەلتەنىتىنىڭ ھەممە قۇدرىتى توغرىسىدا ۋە راستلىغان
كۆل بىلەن شەھەرگە كىرىدىغان سۇ لەقىمە توغرىسىدا يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا
پۈتۈلگەندۇر. [21] خىزقىيا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تاپقاندا ئوغلى ماناسسە ئۇنىڭ
ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ماناسسە

21 [1] ماناسسە پادىشاھ بولغاندا ئون ئىككى ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئەللىك بەش يىل
سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى خەفزىبا ئىدى. [2] ماناسسە خۇداۋەندە
بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن چىقىرىۋەتكەن تائىپىلەرنىڭ يىرگىنچلىك ئادەتلىرىدە يۈرۈپ،
خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، [3] ئاتىسى خىزقىيا بۇزغان قۇربانلىق
ئېگىزلىكلىرىنى يەنە ياسىتىپ، بائالغا قۇربانگاھلار سالدۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
ئاخاب قىلغاندەك بىر ئاشەرەنى قىلدۇرۇپ، ئاسماننىڭ ھەممە قوشۇنىغا باش ئېگىپ
ئىبادەت قىلاتتى. [4] ئۇ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىمۇ قۇربانگاھلار ياساتتى. ئۇ بەيت توغرىسىدا:
«يېرۇسالېمدا مېنىڭ ئىسمىم بولسۇن» دەپ خۇداۋەندە ئېيتقانىدى. [5] خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ
ئىككى ھويلىسىدا ئاسماننىڭ ھەممە قوشۇنىغا قۇربانگاھلار ياسىتىپ، [6] ئۆز ئوغلىنى ئوتتىن
ئۆتكۈزۈپ، پالچىلىق بىلەن جادۇگەرلىك قىلىپ، جىنكەش بىلەن ئەپسۇنچىلارنى بېكىتىپ،
خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى تولا قىلىپ، ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. [7] ئۆزى
ياساتقان ئاشەرا بۇتسۇرىتىنى بەيتتە قويدى. ئۇ بەيت توغرىسىدا خۇداۋەندە داۋۇدقا ۋە ئۇنىڭ
ئوغلى سۇلايمانغا ئېيتقان ئىدىكى: «بۇ ئۆيدە ۋە مەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىنىڭ
ئارىسىدىن ئىلغىغان يېرۇسالېمدا ئەبەدكىچە مېنىڭ ئىسمىمنىڭ خاتىرىسىنى قويىمەن.
[8] ئەگەر ئىسرائىل ئۆز بەندەم مۇساغا ئۇلار بەرگەن قانۇننىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق يۈرۈپ، مەن
ئۇلارغا بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق ئەمەل قىلىپ يۈرسە، مەن ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا
بەرگەن يۇرتتىن ئۇلارنى پالىتىپ چىقارمايمەن» دېدى. [9] لېكىن ئۇلار ئاڭلىمايتتى، چۈنكى
ماناسسە ئۇلارنى شۇنداق ئازدۇردىكى ،ۇلار بولسا خۇداۋەندە بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن
ھالاك قىلغان تائىپىلەردىن ئوشۇقراق يامانلىق قىلاتتى. [10] ئەمما خۇداۋەندە ئۆز بەندىلىرى
پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: [11] «يەھۇدانىڭ پادىشاھى ماناسسە
بۇ يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئاموريلاردىن زىيادە يامانلىق
قىلىپ، ئۆز بۇتلىرى بىلەن يەھۇدانى گۇناھقا ئازدىغىنى ئۈچۈن، [12] ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ مانا يېرۇسالېم بىلەن يەھۇدانىڭ ئۈستىگە ئۇنداق بالا
كەلتۈرىمەنكى، ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلاقلىرىدا جىرىڭلىغاي. [13] مەن سامارىيەگە ئىشلەتكەن
ئۆلچەش تانىسى ۋە ئاخابنىڭ بەيتىگە ئىشلەتكەن تىكلىكنى ئۆلچەش يىپى يېرۇسالېمغا
ئىشلىتىمەن. كىشى بىر قاچىنى چايقاپ، ئۇنى چايقىغاندىن كېيىن دۈم قويغاندەك،
يېرۇسالېمنى خالىي قىلىپ ئۆرۈۋېتىمەن. [14] مىراسىمنىڭ پاساڭلىرىنى ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ
قولىغا تاپشۇرۇپ، ھەممە دۈشمەنلىرىگە شىكار ۋە ئولجا قىلىپ بېرىمەن. [15] چۈنكى مېنىڭ
نەزىرىمدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى مىسىردىن چىققان كۈندىن تارتىپ
بۇ كۈنگىچە مېنىڭ غەزىپىمنى كەلتۈردۇ.
[16] شۇنىڭدىن باشقا ماناسسە پۈتۈن يېرۇسالېم بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە خۇندىن
تولغۇچىلىك تولا ناھەق قان تۆكۈپ، ئۆزى قىلىپ تۇرغان گۇناھى بىلەن يەھۇدانى ئازدۇرۇپ،

خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغان ئىشنى قىلىشقا سەۋەب بولدى. 17 ماناسسەنىڭ باشقا
ئىشلىرى، ئۇنىڭ ھەممە ئەمەللىرى ۋە قىلغان گۇناھى توغرىسىدىن يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ
تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. 18 ماناسسە ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، ئۆز
ئۆيىنىڭ بېغىدا، يەنى ئۇززانىڭ بېغىدا دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى ئامون ئۇنىڭ ئورنىدا
پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامون

19 ئامون پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئىككى يىل سەلتەنەت
قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى مەشۇللەمەت دەپ ئاتىلىپ، يوتبالىق خارۇزنىڭ قىزى ئىدى. 20 ئامون
ئاتىسى ماناسسە قىلغاندەك خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلاتتى. 21 ئۇ ئۆز
ئاتىسى ماڭغان يولدا مېڭىپ، ئاتىسى ئىبادەت قىلغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ، ئۇلارغا باش
ئېگىپ 22 خۇداۋەندىنىڭ يولىدا يۈرمەي، ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنى تەرك
قىلدى. 23 لېكىن ئامونىنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ، پادىشاھنى ئۆز
ئوردىسىدا ئۆلتۈردى. 24 ئەمما يۇرتنىڭ خەلقى ئامون پادىشاھقا سۇيىقەست قىلغانلارنىڭ
ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن يۇرت خەلقى ئۇنىڭ ئورنىدا ئوغلى يوشىيانى پادىشاھ قىلدى.
25 ئامونىنىڭ قىلغان باشقا ئىشلىرى توغرىسىدىن يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا
پۈتۈلگەندۇر. 26 ئۇلار ئۇنى ئۇززانىڭ بېغىدا، ئۇنىڭ ئۆز قەبرىسىدە دەپنە قىلدى. ئاندىن ئوغلى
يوشىيا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى يوشىيا تەۋرات كىتابىنى تاپىدۇ

22 1 يوشىيا پادىشاھ بولغاندا سەككىز ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئوتتۇز بىر يىل
سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى يېدىدا دەپ ئاتىلىپ، بوزقاتلىق ئادايانىڭ قىزى
ئىدى. 2 يوشىيانىڭ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە ياخشى بولغاننى قىلىپ، ھەر ئىشتا ئاتىسى
داۋۇدنىڭ يولىدا يۈرۈپ، خاھى ئوڭغا، خاھى چەپكە چىقمايتتى.
3 ئۆز سەلتەنىتىنىڭ ئون سەككىزىنچى يىلىدا يوشىيا پادىشاھ كاتىپ شافان بەن ئازالىياھ
بەن-مەشۇللامنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە ئەۋەتىپ ئېيتتى: 4 «ئۇلۇغ كاھىن خىلقىيانىڭ قېشىغا
چىقىپ بۇيرۇغىنكى، ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە كەلتۈرۈلۈپ دەرۋازىۋەنلەر خەلقتىن
يىغقان پۇلنى ساناپ، 5 خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلارغا
تاپشۇرسۇن. ئۇلار پۇلنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ سۇنغان يەرلىرىنىڭ ئوڭلىتىشى ئۈچۈن
بەيتتە ئىشلىگۈچىلەرگە بېرىپ، 6 ياغاچچىلارنىڭ ئۆزى بىلەن تامچىلار ۋە تاشچىلارغا

ئىشلىتىپ بەيتنى ئوڭشىتىش ئۈچۈن ياغاچ بىلەن يونۇلغان تاشلار سېتىۋېلىش ئۈچۈن
بەرسۇن» دېدى. [7] لېكىن ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان پۇلنىڭ ھېسابى قىلىنمىدى، چۈنكى
ئۇلار ئىنساپ قىلىپ ئىش قىلاتتى.

[8] ئۇلۇغ كاھىن خىلقىيا ئۆزى كاتىپ شافانغا: «خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە تەۋرات كىتابىنى تاپتىم»
دېدى. شۇنى ئېيتىپ، خىلقىيا كىتابنى شافانغا بەردى. بەرسە، ئۇ ئۇنى ئوقۇدى. [9] ئاندىن كېيىن
كاتىپ شافان پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، پادىشاھقا خەۋەر بېرىپ ئېيتتى: «ئۆز قۇللىرىڭ
بەيتتىكى پۇلنى يىغىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلارغا تاپشۇرۇپ
بولدى». [10] شۇنى دەپ، كاتىپ شافان پادىشاھقا: «خىلقىيا كاھىن قولۇمغا بىر كىتابنى بەردى»
دېدى. ئاندىن شافان كىتابتىن پادىشاھقا ئوقۇپ بەردى.
[11] پادىشاھ تەۋرات كىتابىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتىۋەتتى. [12] پادىشاھ ئۆزى
خىلقىيا كاھىن، شافاننىڭ ئوغلى ئاخىقام، مىكانىڭ ئوغلى ئاكبور، شافان كاتىپ ۋە پادىشاھنىڭ
خىزمەتكارى ئاساياغا بۇيرۇپ ئېيتتى: [13] «بېرىپ، مېنىڭ ھەققىمدە، قوۋمىنىڭ ھەققىدە ۋە پۈتۈن
يەھۇدانىڭ ھەققىدە بۇ تېپىلغان كىتابنىڭ سۆزى توغرىسىدىن خۇداۋەندىدىن سوراڭلار، چۈنكى
ئاتا-بوۋىلىرىمىز، خاھى بۇ كىتابنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، خاھى بىز ئۈچۈن پۈتۈلگەننىڭ
ھەممىسىگە مۇۋاپىق ئەمەل قىلمىغان سەۋەبتىن خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى بىزگە قارشى تۇتىشقان.
[14] ئۇ ۋاقىت خىلقىيا كاھىن، ئاخىقام، ئاكبور، شافان ۋە ئاسايا دېگەنلەر كىيىم ساقلايدىغان
ئۆينىڭ خەۋەر ئالغۇچىسى شاللۇم بەن-تىقۋا بەن-خارخاسىنىڭ خوتۇنى خۇلدا ئايال
پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ ئۆزى يېرۇسالېمدا شەھەرنىڭ
ئىككىنچى مەھەللىسىدە ئولتۇراتتى. [15] ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ سىلەرنى ئەۋەتكەن كىشىگە ئېيتىڭلاركى: [16] «خۇداۋەندە
مۇنداق ئېيتىدۇ: ‹ مانا مەن بۇ جايغا ۋە ئۇنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىغا بالا كەلتۈرۈپ، يەھۇدانىڭ
پادىشاھى ئوقۇغان كىتابنىڭ ھەممە سۆزىگە مۇۋاپىق قىلىمەن. [17] چۈنكى ئۇلار مېنى تاشلاپ،
باشقا تەڭرىلەرگە خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرۇپ، قوللىرىنىڭ ھەممە ئىشلىرى بىلەن مېنىڭ
ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ غەزىپىم ئۆچۈرۈلمەي، بۇ يەرگە تۇتىشىدۇ››».
[18] لېكىن سىلەرنى خۇداۋەندىدىن سورىغىلى ئەۋەتكەن يەھۇدانىڭ پادىشاھىغا مۇنداق
ئېيتىڭلاركى: «سەن ئاڭلىغان سۆز توغرىسىدا بولسا، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە
مۇنداق ئېيتىدۇكى: [19] ‹ سېنىڭ كۆڭلۈڭ يۇمشاپ: «ئۇلار دەھشەت بىلەن لەنەتكە سەۋەب
بولىدۇ» دەپ بۇ جاي بىلەن ئاندا ئولتۇرغۇچىلار توغرىسىدا ئېيتقان سۆزۈمنى ئاڭلىغىنىڭدا
خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا يىغلىغىنىڭ ئۈچۈن مەن سېنى ئاڭلىدىم› دەپ خۇداۋەندە ئېيتار.
[20] ئۇنىڭ ئۈچۈن سېنى ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قوشىمەن. سەن ئۆز قەبرەڭگە ئامان-ئېسەن
بارغايسەن. سېنىڭ كۆزلىرىڭ مەن بۇ جايغا كەلتۈرىدىغان بالانى كۆرمىگەي» دەپ ئېيتار››»
دېدى. ئۇلار يېنىپ بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا بەردى.

## يوشىيانىڭ ئىسلاھاتلىرى

23 [1] پادىشاھ قىچقارغىلى كىشى ئەۋەتكەندە يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ھەممە
ئاقساقاللىرى ئۇنىڭ قېشىغا يىغىلدى. [2] پادىشاھ خۇداۋەندىنىڭ بېيتىگە چىقسا،
ھەممە يەھۇدا ئادەملىرى ۋە يېرۇسالېمدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى، كاھىنلار بىلەن
پەيغەمبەرلەر ۋە بارچە خەلق، كىچىكتىن تارتىپ چوڭلىرىغىچە ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن
چىقتى. ئاندىن خۇداۋەندىنىڭ بېيتىدە تېپىلغان تەۋرات كىتابىنىڭ ھەممە سۆزىنى ئۇلارغا
ئوقۇپ بەردى. [3] پادىشاھ تۈۋرۈكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ: «بىز خۇداۋەندىگە ئەگىشىپ، ھەممە
كۆڭلىمىز ۋە ھەممە جېنىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى، شاھادەتلىرىنى ۋە قانۇنلىرىنى تۇتۇپ،
كىتابتا پۈتۈلگەن ئەھدە سۆزىنى بەجا كەلتۈرەيلى» دەپ خۇداۋەندىنىڭ ھوزۇرىدا ئەھدە
باغلىسا، خەلقنىڭ ھەممىسى ئەھدىگە كىردى.
[4] ئاندىن كېيىن پادىشاھ ئۇلۇغ كاھىن خىلقىيا بىلەن ئۇنىڭغا قارايدىغان كاھىنلارغا ۋە ھەم
دەرۋازىۋەنلەرگە: «بائال بىلەن ئاشەرا بۇتىغا ۋە ئاسماننىڭ ھەممە قوشۇنىغا ئېتىلگەن ھەممە
ئەسۋابلارنى خۇداۋەندىنىڭ بېيتىدىن چىقىرىڭلار» دەپ بۇيرۇپ، يېرۇسالېمنىڭ تاشقىرىدا
قىدرون ئېتىزلىرىدا ئۇلارنى كۆيدۈردى، لېكىن كۈلنى بەيتەلگە ئېلىپ باردى. [5] ئۇ ئۆزى يەھۇدا
پادىشاھلىرى: «ئۇلار يەھۇدا شەھەرلىرىنىڭ قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىدە ۋە يېرۇسالېمنىڭ
چۆرىسىدىكى جايلاردا خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرسۇن» دەپ تىكلىگەن بۇت كاھىنلىرىنى ۋە ھەم
بائالغا، شەمس بىلەن ئايغا ۋە يۇلتۇز بىلەن ئاسماننىڭ ھەممە قوشۇنىغا خۇشبۇي ئىسرىق
كۆيدۈرىدىغان كىشىلەرنى ئىشتىن بىكار قىلىپ، [6] خۇداۋەندىنىڭ بېيتىدىن ئاشەرە بۇتىنى
چىقىرىپ، يېرۇسالېمنىڭ تاشقىرىغا ئېلىپ بېرىپ، قىدرون جىلغىسىغا كەلتۈرۈپ، ئۇشبۇ
يەردە قىدرون جىلغىسىدا كۆيدۈرۈپ، توپا بولغۇدەك سوقۇپ ئاۋام خەلقنىڭ گۆرىستانىغا
چاچتۇردى. [7] ئاندىن ھەزىلەكلىك ئۇچۈن خۇداۋەندىنىڭ بېيتىدە ياسالغان خانىلارنى يىقىتىپ
چىقاردى. بۇلاردا خوتۇنلار ئاشەرا بۇتىغا چېدىر توقۇغانىدى. [8] ئۇ ئۆزى ھەممە كاھىنلارنى يەھۇدا
شەھەرلىرىدىن چىقىرىپ، گېبادىن تارتىپ بەرشېباغىچە كاھىنلار خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرغان
قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىنى نىجىس قىلىپ، دەرۋازىلاردىكى قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىنى، يەنى
شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنىڭ چەپ تەرىپىدە بولۇپ شەھەرنىڭ سەردارى يەشۇئانىڭ دەرۋازىسىنىڭ
كىرىدىغان يولنىڭ يېنىدا بار قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىنى يىقىتىپ بۇزدى. [9] لېكىن قۇربانلىق
ئېگىزلىكلىرىنىڭ كاھىنلىرى ئۆز بۇرادەرلىرى بىلەن پېتىر نېنىدىن يېسىمۇ، يېرۇسالېمدا
خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىغا چىققىلى ئىجازەت تاپمايتتى. [10] ھېچكىم ئۆز ئوغلى ياكى
قىزىنى، مولوخنىڭ ئىززىتىگە ئاندا ئوتتىن ئۆتكۈزمىسۇن دەپ، ئۇ ئۆزى بەن-ھىننومنىڭ
ۋادىسىدىكى توفەتنى ھەم نىجىس قىلدى. [11] يەھۇدا پادىشاھلىرى شەمشكە مۇقەددەس قىلىپ
خۇداۋەندىنىڭ بېيتىگە كىرىدىغان يولدا قويۇپ مەھرەم نېتانمەلەكنىڭ بېيتىنىڭ چېتىدىكى
خانىسىنىڭ يېنىدا ساقلىغان ئاتلارنى چىقىرىپ، شەمسنىڭ ھارۋىلىرىنى ئوتتا كۆيدۈردى.
[12] يەھۇدا پادىشاھلىرى ئاھازنىڭ بالىخانىسىنىڭ ئۆگزىسىدە سالدۇرغان قۇربانگاھلارنى

ۋە ماناسسە خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىككى ھويلىسىدا ياساتقان قۇربانگاھلارنى چېقىپ، ئالدىراپ ئۇ يەردىن ئۇنىڭ توپىسىنى قىدرون جىلغىسىغا تاشلاتتى. [13] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى سۇلايمان يېرۇسالېمنىڭ شەرق تەرىپى بىلەن ھالاك تېغىدا سىدونىيالارنىڭ يىرگىنچى ئاشتاروت، موئابىيلارنىڭ يىرگىنچى كېموش ۋە بەنى-ئاموننىڭ يىرگىنچى مىلكومغا ياساتقان قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىنى پادىشاھ نىجىس قىلدۇرۇپ، [14] بۇتسۇرەتلىرىنى پارچىلاپ، ئاشەرە بۇتلىرىنى يىقىتىپ، تۇرغان يەرلىرىنى ئادەم سۆڭەكلىرى بىلەن تولدۇردى.

[15] نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئام ئىسرائىلنى گۇناھ قىلدۇرۇپ، بەيتەلدە سالدۇرغان قۇربانگاھ بىلەن قۇربانلىق ئېگىزلىكى بولسا بۇ قۇربانگاھ بىلەن قۇربانلىق ئېگىزلىكىنى ھەم چاقتى. ئاندىن قۇربانلىق ئېگىزلىكىنى پارە-پارە قىلىپ كۆيدۈرۈپ، ئاشەرە بۇتىنى ھەم كۆيدۈردى.

[16] يوشىيا بۇرۇلۇپ قاراپ، تاغدىكى قەبرىلەرنى كۆرۈپ، كىشى ئەۋەتىپ قەبرىلەردىن سۆڭەكلەرنى چىقىرىپ قۇربانگاھتا كۆيدۈردى. ئۇنداق ۋەقە بولىدۇ دەپ، خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى دەپ بەرگەن خۇدانىڭ ئادىمىنىڭ جاكارلىغىنىغا مۇۋاپىق قۇربانگاھنى نىجىس قىلدى. [17] ئۇ سورىدىكى: «مەن ئاندا كۆرگەن يادىكار كىمنىڭكى بولىدۇ؟» شەھەرنىڭ خەلقى ئۇنىڭغا ئېيتتى: «خۇدانىڭ بىر ئادىمىنىڭ قەبرىسى بولىدۇ. ئۇ ئۆزى يەھۇدادىن كېلىپ، سەن ئەمدى بەيتەلدىكى قۇربانگاھقا قىلغان ئىشتىن خەۋەر بېرىپ، شۇنى جاكارلىغانىدى». [18] ئۇ ئېيتتى: «ئۇنى قويۇڭلار. ھېچكىم ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى مىدىرلاتمىسۇن» دەپ ئېيتقىنى بىلەن ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى بىلەن سامارىيەدىن كەلگەن پەيغەمبەرنىڭ سۆڭەكلىرىگە تەگمەي قويدى.

[19] ئاندىن يوشىيا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرى خۇداۋەندىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ سامارىيەنىڭ شەھەرلىرىدە ياساتقان ھەممە قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى يىقىتىپ، بەيتەلدە قىلغاندەك ئۇلارنى خاراب قىلىپ، [20] ئانداكى قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىنىڭ ھەممە كاھىنلىرىنى قۇربانگاھىنىڭ ئۈستىدە ئۆلتۈرۈپ، ئاندا ئادەم سۆڭەكلىرىنى كۆيدۈرۈپ، يېرۇسالېمغا يېنىپ باردى.

## پاسخا ھېيتى تۇتۇلدۇ

[21] ئەمما پادىشاھ خەلقنىڭ ھەممىسىگە: «بۇ ئەھدە كىتابىدا پۈتۈلگەندەك تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ پاسخا ھېيتىنى تۇتۇڭلار» دەپ بۇيرۇدى. [22] ھاكىملار ئىسرائىلنى ھۆكۈم قىلغاندىن تارتىپ، خاھى ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ ۋاقتىدا، خاھى يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ ۋاقتىدا ئۇنداق پاسخا ھېيتى تۇتۇلغان ئەمەس ئىدى. [23] لېكىن يوشىيا پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون سەككىزىنچى يىلىدا خۇداۋەندىنىڭ ئۇنداق بىر پاسخا ھېيتى يېرۇسالېمدا تۇتۇلدى.

[24] ئاندىن يوشىيا يەھۇدا يۇرتى بىلەن يېرۇسالېمدا بار بولغان جىنكەش بىلەن ئەپسۇنچىلارنى چىقىرىپ، تەرافىم بىلەن باشقا بۇتسۇرەتلىرىنى خاراب قىلىپ، يەھۇدا يۇرتى بىلەن يېرۇسالېمدىكى ھەممە يىرگىنچىنى يوقىتىپ، خىلقىيا كاھىن خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە تاپقان كىتابتا پۈتۈلگەن تەۋراتنىڭ سۆزىنى بەجا قىلاتتى. [25] ئۇنىڭدەك مۇسانىڭ قانۇنىغا مۇۋاپىق

پۈتۈن كۆڭلى، پۈتۈن جېنى، پۈتۈن كۈچى بىلەن خۇداۋەندىگە مايىل بولغان بىر پادىشاھ ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قوپمىغانىدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرىكىم قوپمىدى.
[26] لېكىن خۇداۋەندىنىڭ ئاچچىقى ماناسسەنىڭ قىلغان يامانلىقى ئۈچۈن كېلىپ، يەھۇداغا تۇتاشقاندىن كېيىن، خۇداۋەندە ئۇز چوڭ غەزىپىنىڭ شىددەتلىكىدىن يانمىدى. [27] خۇداۋەندە ئېيتتى: «ئىسرائىلنى تاشلىغاندەك يەھۇدانىمۇ ئۆز كۆزۈمدىن تاشلاپ، ئۆزۈم ئىلغىغان بۇ شەھەر يېرۇسالېمنى تەرك قىلىپ، ئاندا «مېنىڭ ئىسمىمنىڭ خاتىرىسى بولىدۇ» دېگەن بەيتنى تاشلايمەن» دېدى.
[28] يوشىيانىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە قىلغىنىنىڭ ھەممىسى يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر.
[29] ئۇنىڭ كۈنلىرىدە مىسىرنىڭ پادىشاھى فىرەۋن نېكو ئاسسۇرغا قارشى چىقىپ، فىرات دەرياسىغىچە باردى. ئۇ ۋاقىت يوشىيا پادىشاھ ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. لېكىن فىرەۋن ئۇنى كۆرۈپ مەگىددودا ئۆلتۈردى. [30] ئادەملىرى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى بىر ھارۋىدا سېلىپ، مەگىددودىن يېرۇسالېمغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۇنىڭ ئۆز قەبرىسىدە دەپنە قىلدى. ئەمما يۇرتنىڭ خەلقى يوشىيانىڭ ئوغلى يەھوئاخازنى ئېلىپ مەسىھلەپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىدا پادىشاھ قىلدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوئاخاز

[31] يەھوئاخاز پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرىپ، ئۈچ ئاي يېرۇسالېمدا سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى خامۇتال دەپ ئاتىلىپ، لىبنالىق يەرەمىيانىڭ قىزى ئىدى. [32] يەھوئاخاز ئاتا-بوۋىلىرى قىلغاندەك خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغاننى قىلاتتى. [33] ئەمما فىرەۋن نېكو، ئۇ يېرۇسالېمدا سەلتەنەت قىلمىسۇن دەپ، ئۇنى خامات يۇرتىدىكى رىبلادا سولاپ قويۇپ، يۇز تالانت كۈمۈش بىلەن بىر تالانت ئالتۇن يۇرتقا خىراج قويدى. [34] ئاندىن فىرەۋن نېكو يوشىيانىڭ ئوغلى ئېلياقىمنى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا پادىشاھ قىلىپ، ئۇنى يەھوياقىم دەپ ئاتىدى. لېكىن يەھوئاخازنى ئۆزى بىلەن مىسىرغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ مىسىرغا كېلىپ، ئاندا ئۆلدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوياقىم

[35] يەھوياقىم كۈمۈش بىلەن ئالتۇننى فىرەۋنگە بېرەتتى. لېكىن فىرەۋننىڭ بۇيرۇغىنىغا مۇۋاپىقى پۇلنى يىغىپ بەرمەك ئۈچۈن يۇرتقا باج-ئالۋان قويۇپ، ھەربىرىگە تايىن قىلىنغىنىغا مۇۋاپىق يۇرتنىڭ خەلقىگە كۈمۈش بىلەن ئالتۇننى چېچىپ، فىرەۋن نېكوغا خىراج قىلىپ بېرەتتى. [36] يەھوياقىم پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ، ئون بىر يىل يېرۇسالېمدا سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى زەبىدا دەپ ئاتىلىپ، رۇماھلىق پەدايا قىزى

ئىدى. [37] يەھوياقىم ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى قىلغىنىنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلاتتى.

## يەھۇدانىڭ ئۈچ يىل بابىلغا تەۋە بولۇشى

24 [1] ئۇنىڭ كۈنلىرىدە بابىلنىڭ پادىشاھى نەبۇكەدنەسەر چىقتى. يەھوياقىم بولسا ئۈچ يىلغىچە ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ، ئاندىن ئىتائەتتىن چىقىپ كەتتى. [2] ئۇ ۋاقىتتا خۇداۋەندە كالدانىيلار بىلەن ئاراملىيلارنىڭ قوشۇنلىرىنى ۋە ھەم موئابىيلار بىلەن بەنى-ئاموننىڭ قوشۇنلىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. خۇداۋەندە ئۆز بەندىلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېيتقانلىرىدەك ئۇلارنى يەھۇدانىڭ ئۈستىگە ئۇنى ھالاك قىلغىلى ئەۋەتتى. [3] شەكسىز خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ بالا يەھۇدانىڭ ئۈستىگە كەلدى، چۈنكى ماناسسەنىڭ گۇناھى بىلەن ھەممە قىلغىنى ئۈچۈن ئۇ يەھۇدانى ئۆز يۈزىدىن كەتكۈزدى. [4] خۇداۋەندە ئۇنىڭ ناھەق قان تۆكۈپ، يېرۇسالېمنى قان بىلەن تولدۇرغىنىنى ئەپۇ قىلغىلى ئۇنىمىدى. [5] يەھوياقىمنىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە قىلغىنىنىڭ ھەممىسى يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. [6] يەھوياقىم ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تاپقاندا ئوغلى يەھوياكىن ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. [7] ئاندىن كېيىن مىسىرنىڭ پادىشاھى ئۆز يۇرتىدىن يەنە چىقمىدى. چۈنكى بابىلنىڭ پادىشاھى مىسىرنىڭ جىلغىسىدىن تارتىپ فىرات دەرياسىغىچە مىسىر پادىشاھىنىڭ ھەممە تەۋە يەرلىرىنى تارتىۋالغانىدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوياكىن -

[8] يەھوياكىن پادىشاھ بولغاندا ئون سەككىز ياشقا كىرىپ، ئۈچ ئاي يېرۇسالېمدا سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى نەخۇشتا دەپ ئاتىلىپ، يېرۇسالېملىق ئەلناتاننىڭ قىزى ئىدى. [9] يەھوياكىن ئۆز ئاتىسى قىلغاندەك خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلاتتى. [10] ئۇ ۋاقىتتا بابىلنىڭ پادىشاھى نەبۇكەدنەسەرنىڭ ئادەملىرى يېرۇسالېمغا چىقىپ، شەھەرنى قورشىدى. [11] ئۇنىڭ ئادەملىرى شەھەرنى قورشاپ تۇرغاندا نەبۇكەدنەسەر ئۆزى ھەم شەھەرگە قارشى چىقتى. [12] ئەمما يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوياكىن بىلەن ئانىسى، خىزمەتكارلىرى، سەردارلىرى ۋە مەھرەملىرى بابىل پادىشاھىنىڭ قېشىغا چىقتى. چىقسا، بابىلنىڭ پادىشاھى ئۆز سەلتەنىتىنىڭ سەككىزىنچى يىلىدا ئۇنى ئەسىر قىلىپ، [13] خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ھەممە خەزىنىلىرى بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى خەزىنىنى ئېلىپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى سۇلايمان خۇداۋەندىنىڭ بەيتى ئۈچۈن ئەتكۈزگەن ھەممە ئالتۇن ئەسۋابلىرىنى خۇداۋەندە ئېيتقىنىغا مۇۋاپىق سۇندۇرۇپ، [14] ھەممە يېرۇسالېمنىڭ خەلقىنى، يەنى ھەممە سەردارلارنى،

ھەممە پالۋانلارنى، ئون مىڭ ئەسىرنى تۇتۇپ، ھەممە ھۈنەرۋەن بىلەن تۆمۈرچىلەرنىمۇ ئېلىپ
كەتتى. يۇرت خەلقىنىڭ ھەممىدىن مىسكىنلىرىدىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. 15 ئۇ ئۆزى
يەھوياكىننى ئېلىپ كېتىپ، پادىشاھنىڭ ئانىسىنى، پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرىنى، ئۇنىڭ
مەھرەملىرىنى ۋە يۇرتنىڭ ئۇلۇغلىرىنى ئەسىر قىلىپ، يېرۇسالېمدىن بابىلغا ئېلىپ باردى.
16 بابىلنىڭ پادىشاھى يەتتە مىڭ كۈچلۈك پالۋانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ، سانى مىڭ بولۇپ
مۇستەھكەم ۋە جەڭگە لايىق بولغان ھۈنەرۋەن بىلەن تۆمۈرچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسىر
قىلىپ، بابىلغا ئېلىپ كەتتى. 17 لېكىن بابىلنىڭ پادىشاھى يەھوياكىننىڭ تاغىسى ماتتانىيانى
ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ قىلىپ، ئىسمىنى زىدقىيا دەپ ئاتىدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى زىدقىيا

18 زىدقىيا ئۆزى پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بىر ياشقا كىرىپ، ئون بىر يىل يېرۇسالېمدا
سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى خامۇتال دەپ ئاتىلىپ، لىبنالىق يەرەمىيانىڭ قىزى ئىدى.
19 زىدقىيا يەھوياقىم قىلغاندەك خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغاننى قىلاتتى. 20 چۈنكى
يېرۇسالېم بىلەن يەھۇداغا بولغان ۋەقە خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئۈچۈن بولدى. ئاخىر ئۇ ئۇلارنى
ئۆز يۈزىدىن كەتكۈزدى. لېكىن زىدقىيا بابىلنىڭ پادىشاھىغا خىيانەت قىلدى.

## يەھۇدانىڭ خەلقى ئەسىر بولۇپ بابىلغا ئېلىپ كېتىلىشى

25 1 ئۇنىڭ سەلتەنەتىنىڭ توققۇزىنچى يىلىدا ئونىنچى ئايىدا ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدە
بابىلنىڭ پادىشاھى نەبۇكەدنەسەر ھەممە قوشۇنى بىلەن يېرۇسالېمغا كېلىپ، ئۇنى
قورشىدى. ئۇلار بولسا شەھەرنىڭ چۆرىسىدە بىر قورشاۋ تېمىنى ياساپ قويىدى. 2 بۇ تەرىقىدە
شەھەر ئۆزى زىدقىيا پادىشاھنىڭ سەلتەنەتىنىڭ ئون بىرىنچى يىلىغىچە قورشىۋېلىندى.
3 لېكىن ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنىدە شەھەردە ئاچارچىلىق ئۇنداق قاتتىق بولدىكى، شەھەر
خەلقىگە يېگىلى نان تېپىلمىدى. 4 شەھەر شىكەستە بولۇپ ئېلىنىپ، كالدانىيلار شەھەرنىڭ
چۆرىسىنى قورشاپ تۇرغاندا ھەممە ئەسكەرلەر كېچىسى ئىككى سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ
پادىشاھنىڭ بېغىغا بارىدىغان دەرۋازىدىن چىقىپ، چۆل تەرىپىگە قېچىپ كەتتى. 5 ئەمما
كالدانىيلارنىڭ قوشۇنى پادىشاھنى قوغلاپ، يېرىخونىڭ چۆلىدە ئۇنىڭغا يېتىپ، قوشۇنى
تارىلىپ ئۇنىڭدىن كەتكەندە 6 پادىشاھنى تۇتۇپ، رىبلاغا ئېلىپ چىقىپ، بابىل پادىشاھىنىڭ
قېشىغا كەلتۈرۈپ، ئاندا سوراق قىلىپ ھۆكۈم قىلدى. 7 ئاندىن زىدقىيانىڭ باللىرىنى ئۇنىڭ
كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈپ، زىدقىيانىڭ كۆزلىرىنى ئويۇپ، ئۇنىڭغا ئىشكەل سېلىپ
بابىلغا ئېلىپ باردى.

8 ئەمدى بەشىنچى ئايدا ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنىدە، يەنى بابىلنىڭ پادىشاھى نەبۇكەدنەسەرنىڭ
سەلتەنىتىنىڭ ئون توققۇزىنچى يىلىدا بابىل پادىشاھىنىڭ سەردارى نەبۇزارادان يېرۇسالېمغا
كېلىپ، 9 خۇداۋەندىنىڭ بەيتى بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ، دەرۋەقە
يېرۇسالېمدىكى ھەممە ئۆيلەرنى، خۇسۇسەن ئۇلۇغلارنىڭ ماكانلىرىنى ئوتتا كۆيدۈردى.
10 غۇلاملارنىڭ سەردارى بىلەن بولغان ھەممە كالدانىيلارنىڭ قوشۇنى يېرۇسالېمنىڭ
چۆرىسىدىكى سېپىلىنى چېقىپ يىقىتتى. 11 ئاندىن غۇلاملارنىڭ سەردارى نەبۇزارادان شەھەردە
قويۇلغان خەلقنىڭ قالغانلىرىنى بابىل پادىشاھىنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈۋالغانلارغا قوشۇپ،
قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى. 12 لېكىن غۇلاملارنىڭ سەردارى ئۆزى
يۇرتنىڭ كېچىكلىرىدىن بەزىسىنى قويۇپ، باغۋەن بىلەن دېھقانلار قىلدى.
13 خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىكى مىس تۈۋرۈكلىرىنى، داس تەگلىكلىرىنى ۋە خۇداۋەندىنىڭ
بەيتىدىكى مىس كۆلىنى كالدانىيلارنىڭ ئۆزى چېقىپ، بابىلغا ئېلىپ باردى. 14 ئۇلار قازان
بىلەن گۈرجەكلەرنى، پىچاق بىلەن قاچىلارنى، يەنى ئىبادەت قىلىشتا ئىشلەتكەن ھەممە مىس
قاچىلارنى ئېلىپ كەتتى. 15 غۇلاملارنىڭ سەردارى بولسا ئىسرىقدانلارنى ۋە قاچىلارنى ئېلىپ،
ساپ ئالتۇن بىلەن ساپ كۈمۈشتىن ئەتكەن ھەممە نەرسىلەرنى ھەم ئېلىپ كەتتى. 16 سۇلايمان
خۇداۋەندىنىڭ بەيتى ئۈچۈن ئەتكۈزگەن ئىككى تۈۋرۈك، بىر مىس كۆلى ۋە داس تەگلىكلىرى
بولسا بۇ ھەممە نەرسىلەرنىڭ مىسى تولىلىقىدىن تارتىلالمايتتى. 17 تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەربىرى
ئون سەككىز گەز ئېگىز بولۇپ، ئۇنىڭ تۆپىسىدىكى تاجىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ گەز ئىدى ۋە
تورغا ئوخشاش زىننەتلىك روجەك بىلەن ئانار سۈرەتلىرى تۈۋرۈكتىكى تاجىنىڭ چۆرىسىدە
بولۇپ، ھەممىسى مىستىن ئىدى ۋە ھەممە يەنە بىر تۈۋرۈكتىكى تور زىننەتىنىڭ ئۈستىدە
شۇلارغا ئوخشاش ئانار سۈرەتلىرى بار ئىدى.
18 غۇلاملارنىڭ سەردارى ئۆزى باش كاھىن سەرايا، ئىككىنچى كاھىن زەفانىيانى ۋە ئۈچ نەپەر
دەرۋازىۋەننى تۇتۇپ، 19 شەھەردىن ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىدىكى بىر مەھرەمنى ۋە شەھەردە
قېلىپ پادىشاھنىڭ قېشىدا تۇرغانلارنىڭ بەشىنى، يۇرت خەلقىنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈپ
قوشۇننىڭ چوڭ كاتىپى بولغان كىشىنى، خەلقتىن بولۇپ شەھەردە قالغان ئاتمىش ئادەمنى
ھەم تۇتتى. 20 بۇلارنى غۇلاملارنىڭ سەردارى نەبۇزارادان تۇتۇپ، رىبلاغا بابىل پادىشاھىنىڭ
قېشىغا ئېلىپ باردى. 21 بابىلنىڭ پادىشاھى ئۇلارنى خاماتنىڭ يۇرتىدىكى رىبلادا ئۇرۇپ
ئۆلتۈردى. شۇ تەرىقىدە يەھۇدا ئەسىر بولۇپ، ئۆز يۇرتىدىن كەتتى. 22 لېكىن يەھۇدا يۇرتىدا
قالغان خەلق، يەنى بابىلنىڭ پادىشاھى نەبۇكەدنەسەر ئاندا قويغانلارنىڭ ئۈستىدە گېدالىيا
بەن-ئاخىقام بەن-شافاننى ھاكىم قىلىپ قويدى. 23 ئەمما قوشۇننىڭ ھەممە سەردارلىرى
بىلەن ئۇلارنىڭ ئادەملىرى: «بابىلنىڭ پادىشاھى گېدالىيانى يۇرتنىڭ ئۈستىدە ھاكىم
قىلىپ قويدى» دەپ ئاڭلىغاندا نەتانىيانىڭ ئوغلى يىسمائەل، قارىئاھنىڭ ئوغلى يوخانان،
تانخۇمەتنىڭ ئوغلى نەتوفاتلىق سەرايا ۋە مائاكالىقنىڭ ئوغلى يائازانىيا دېگەنلەرنىڭ ئۆزى
بىلەن ئۇلارنىڭ ئادەملىرى مىسپاھقا گېدالىيانىڭ قېشىغا كەلدى. 24 گېدالىيا ئۇلارنىڭ ئۆزى

بىلەن ئادەملىرىگە قەسەم بېرىپ ئېيتتى: «كالدانىيلارنىڭ ئادەملىرىدىن قورقماڭلار يۇرتتا قېلىپ، بابىلنىڭ پادىشاھىغا خىزمەت قىلساڭلار، سىلەرگە ياخشى بولىدۇ» دېدى.
[25] لېكىن يەتتىنچى ئايدا شاھزادە بولغان يىسمائەل بەن-نەتانىيا بەن-ئەلىشاما ئۆزىگە ئون ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ كېلىپ، گېداليانى ۋە مىسپاھتا ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغان يەھۇدىي بىلەن كالدانىيلارنى ئۆلتۈردى. [26] ئاندىن كىچىكتىن تارتىپ چوڭلىرىغىچە ھەممە خەلقنىڭ ئۆزى قوشۇنلارنىڭ سەردارلىرىغا قوشۇلۇپ قوپۇپ، كالدانىيلاردىن قورققاچ مىسىرغا باردى.

## يەھوياكىن بابىلنىڭ پادىشاھى يەھوياكىنغا ياخشىلىق قىلىدۇ

[27] ئەمما يەھۇدا پادىشاھى يەھوياكىن ئەسىرلىككە كەتكەندىن ئوتتۇز يەتتە يىل كېيىن ئون ئىككىنچى ئايدا ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنىدە بابىلنىڭ پادىشاھى ئەۋىل-مېروداك ئۆزى پادىشاھ بولغان يىلىدا يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوياكىننىڭ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنى زىنداندىن چىقىرىپ، [28] ئۇنىڭغا ياخشى سۆز قىلىپ، بابىلدا ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغان پادىشاھلارنىڭ ئارىسىدا بىرىنچى جاينى بەردى. [29] ئۇ مەھبۇس ئېگىنىنى سېلىۋېتىپ، پۈتۈن ئۆمرىدە پادىشاھنىڭ داستىخىنىدىن ھەمىشە تائام يەيتتى. [30] پۈتۈن ئۆمرىدە پادىشاھنىڭ تەرىپىدىن ھەر كۈن ئۇنىڭغا تەيىنلىك رىسق بېرىلەتتى.

مۇقەددەس كىتاب

# تارىخ-تەزكىرە

## بىرىنچى قىسىم

13

# تارىخ-تەزكىرە
# بىرىنچى قىسىم

مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
(تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

13-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# تارىخ-تەزكىرە
# بىرىنچى قىسىم

## ئادەمئاتىدىن ئىبراھىمغىچە بولغان نەسەبنامە

1
[1] ئادەم ، شىت، ئېنوش [2] قېنان، ماھالالئەل، يارەد، [3] خانوق، مەتۇشەلاھ، لامەك [4] نۇھ،
شېم، خام، ياپەت.

[5] ياپەتنىڭ ئوغۇللىرى: گومەر، ماگوگ، ماداي، ياۋان، تۇبال، مەشەك ۋە تىراس ئىدى.
[6] گومەرنىڭ ئوغۇللىرى: ئاشكىناز، رىفات ۋە توگارما ئىدى.
[7] ياۋاننىڭ ئوغۇللار: ئېلىشا، تارشىش، كىتتىيلار ۋە دودانىيلار ئىدى.

[8] خامنىڭ ئوغۇللىرى: كۇش بىلەن مىسىر، پۇت بىلەن قانائان ئىدى.
[9] كۇشنىڭ ئوغۇللىرى: سېبا، خاۋىلا، سابتا، رائاما ۋە سابتىكا ئىدى.
رائامانىڭ ئوغۇللىرى شېبا بىلەن دېدان ئىدى.
[10] كۇشتىن نىمرود تۆرەلدى. يەر يۈزىدە جاھانگىرلىك قىلىشنى باشلىغان كىشى
شۇ ئۆزى ئىدى.
[11] مىسىردىن لۇدىي بىلەن ئانامىيلار، لېھابىي بىلەن نافتۇھىيلار،
[12] فىلىستىنىيلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بولغان پاترۇسىي بىلەن كاسلۇھىيلار
ۋە ھەم كافتورىيلار تۆرەلدى.
[13] قانائاندىن تۇنجى ئوغۇل سىدون ۋە خىت، [14] يەبۇسىي بىلەن ئامورىيلار، گىرگاشىي بىلەن
خىۋىيلار، [15] ئارقىي بىلەن سىنىيلار، [16] ئارۋادىيلار، زېمارىيلار
ۋە خاماتىيلار تۆرەلدى.

[17] شېمنىڭ ئوغۇللىرى: ئېلام، ئاسسۇر، ئارپاخشاد، لۇد، ئاررام، ئۇز، ھۇل، گەتەر ۋە مەشەك
ئىدى.
[18] ئارپاخشادتىن شالاھ تۆرەلدى ۋە شالاھتىن ئەبەر تۆرەلدى.
[19] لېكىن ئەبەرگە ئىككى ئوغۇل تۇغۇلدى. بىرىنىڭ ئىسمى پەلەگ ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ
كۈنلىرىدە يەر ئۆزى تەقسىم قىلىندى. ئۇنىڭ بۇرادىرى يوقتان دەپ ئاتالدى.
[20] يوقتاندىن: ئالموداد، شەلەف، خازارماۋەت، يېراھ، [21] ھادورام، ئۇزال، دىقلا، [22] ئېبال،

ئابىمائەل، شېبا، [23] ئوفىر، خاۋىلا ۋە يوباب تۆرەلدى. شۇ ھەممىسى يوقتاننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

[24] شېم، ئارپاخشاد، شالاھ، [25] ئەبەر، پەلەگ، رائۇ، [26] سېرۇگ، ناھور، تەراھ، [27] ئابرام، يەنى ئىبراھىم.

[28] ئىبراھىمنىڭ ئوغۇللىرى ئىسھاق بىلەن ئىسمائىل ئىدى.

## ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى

[29] بۇلارنىڭ نەسەبنامىسى شۇدۇر: ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرى بولسا تۇنجى ئوغلى نەبايوت بىلەن قېدار، ئادبەئەل بىلەن مىبسام، مىشما بىلەن دۇما، [30] ماسسا بىلەن خاداد، تېما بىلەن يېتۇر، [31] نافىش بىلەن قېدەما ئىدى. بۇلارنىڭ ئۆزى ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

## ئىبراھىمنىڭ كېنىزىكى قېتۇرانىڭ ئەۋلادلىرى

[32] ئەمما ئىبراھىمنىڭ كېنىزىكى قېتۇرا تۇغقان ئوغۇللىرى بولسا زىمران بىلەن يوقشان، مېدان بىلەن مىدىيان، ئىشباق بىلەن شۇئاھ ئىدى.
يوقشاننىڭ ئوغۇللىرى شېبا بىلەن دېدان ئىدى.
[33] مىدىياننىڭ ئوغۇللىرى: ئېفا، ئېفەر، خانوق، ئابىدا ۋە ئەلدائاھ ئىدى. شۇ ھەممىسى قېتۇرانىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

## ئىسھاقنىڭ ئەۋلادلىرى

[34] ئىبراھىمدىن ئىسھاق تۆرەلدى
ۋە ئىسھاقنىڭ ئوغۇللىرى ئەساۋ بىلەن ئىسرائىل ئىدى.

## ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرى

[35] ئەساۋنىڭ ئوغۇللىرى ئېلىفاز بىلەن رېھۇئەل، يەئۇش، يالام ۋە قوراھ ئىدى.
[36] ئېلىفازنىڭ ئوغۇللىرى تېمان بىلەن ئومار، زېفى بىلەن گاتام، قېناز، تىمنا ۋە ئامالەك ئىدى.
[37] رېھۇئەلنىڭ ئوغۇللىرى ناھات بىلەن زېراھ، شامما بىلەن مىززا ئىدى.

## سېئىرنىڭ ئەۋلادلىرى

38 سېئىرنىڭ ئوغۇللىرى لوتان، شوبال، زىبون، ئاناھ، دىشون، ئەزەر ۋە دىشان ئىدى.
39 لوتاننىڭ ئوغۇللىرى خورى بىلەن ھومام ئىدى. لوتاننىڭ ھەمشىرىسى تىمنا ئىدى.
40 شوبالنىڭ ئوغۇللىرى ئالىيان، ماناھات، ئېبال، شېفى ۋە ئونام ئىدى. زىبوننىڭ ئوغۇللىرى ئاياھ بىلەن ئاناھ ئىدى.
41 ئاناھنىڭ ئوغلى دىشون ئىدى. دىشوننىڭ ئوغۇللىرى خەمران بىلەن ئەشبان، يىتران بىلەن كەران ئىدى.
42 ئەزەرنىڭ ئوغۇللىرى بىلھان، زائاۋان ۋە يائاقان ئىدى. دىشاننىڭ ئوغۇللىرى ئۇز بىلەن ئاران ئىدى.

## ئېدومنىڭ پادىشاھلىرى ۋە ئەمىرلىرى

43 بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە ھېچبىر پادىشاھ تېخى سەلتەنەت قىلماستىن ئىلگىرى، ئېدومنىڭ يۇرتىدا سەلتەنەت قىلغان پادىشاھلار بولسا:

بېئورنىڭ ئوغلى بېلا پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ شەھىرى دىنھابا دەپ ئاتالغانىدى.
44 بېلا ئۆلگەندە زېراھنىڭ ئوغلى بوزرالىق يوباب ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
45 يوباب ئۆلگەندە تېمانىيلارنىڭ يۇرتىدىن بولغان خۇشام ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
46 خۇشام ئۆلگەندە موئاب يۇرتىدا مىدىيانىيلارنى ئۇرغان ھاداد بەن-بېداد ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. ئۇنىڭ شەھىرى ئاۋىت دەپ ئاتالدى.
47 ھاداد ئۆلگەندە ماسرېقالىق ساملا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
48 ساملا ئۆلگەندە دەريانىڭ يېنىدىكى رەخوبوتتىن بولغان شائۇل ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
49 شائۇل ئۆلگەندە ئاكبورنىڭ ئوغلى بائال-خانان ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.
50 بائال-خانان ئۆلگەندە ھاداد ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. ئۇنىڭ شەھىرىنىڭ ئىسمى پائى بولۇپ، خوتۇنى مەھېتابەل دەپ ئاتىلىپ، مېزاھابنىڭ قىزى بولغان ماترەدنىڭ قىزى ئىدى.

51 لېكىن ھاداد ئۆلگەندىن كېيىن ئېدومنىڭ ئەمىرلىرى بۇلار، يەنى ئەمىر تىمنا، ئەمىر ئالىيا،
ئەمىر يەتەت، 52 ئەمىر ئوھولىباما، ئەمىر ئېلا، ئەمىر پىنون، 53 ئەمىر قىناز، ئەمىر تېمان،
ئەمىر مىبسار، 54 ئەمىر ماگدىيەل ۋە ئەمىر ئىرام ئىدى. بۇلار ئېدومنىڭ ئەمىرلىرى ئىدى.

## ئىسرائىلنىڭ ئون ئىككى ئوغۇللىرى

2 [1] ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرى بۇلار، يەنى رۇبەن، شىمون، لاۋىي يەھۇدا، ئىسساكار، زەبۇلۇن،
[2] دان، يۈسۈپ، بەنيامىن نافتالى، گاد ۋە ئاشىر ئىدى.

## يەھۇدانىڭ ئەۋلادلىرى

[3] يەھۇدانىڭ ئوغۇللىرى ئېر، ئونان ۋە شېلا ئىدى. بۇ ئۈچ ئوغۇل شۇئانىڭ قىزى بولغان قانائانلىق خوتۇندىن ئۇنىڭغا تۇغۇلدى. لېكىن يەھۇدانىڭ تۇنجىسى ئېر خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغاچ ئۇ ئۇنى ئۆلتۈردى.
[4] ئۇنىڭ كېلىنى تامار ئۇنىڭغا پەرەز بىلەن زەراھنى تۇغقاندىن كېيىن يەھۇدانىڭ ھەممە ئوغۇللىرى بەش بولدى.

[5] پەرەزنىڭ ئوغۇللىرى خەزرون بىلەن خامۇل ئىدى.
[6] زەراھنىڭ ئوغۇللىرى زىمرى، ئېتان، ھېمان، كالكول ۋە دارا بولۇپ ھەممىسى بەش ئىدى.
[7] ئەمما كارمىنىڭ ئوغلى ئاكار ئىدى. ئۇ بولسا مەنئى قىلىنغان ئولجىنى تۇتۇپ خىيانەت قىلىپ، ئىسرائىلغا بالا كەلتۈرگەنىدى.
[8] ئېتاننىڭ ئوغلى ئازاريا ئىدى.

[9] خەزرونغا تۇغۇلغان ئوغۇللار يەراخمىيەل، رام ۋە كەلۇباي ئىدى.

[10] رامدىن ئامىناداب تۆرەلدى، ئامىنادابتىن بەنى-يەھۇدانىڭ ئەمىرى ناھشون تۆرەلدى،
[11] ناھشوندىن سالمون تۆرەلدى، سالموندىن بوئاز تۆرەلدى،
[12] بوئازدىن ئوبەد تۆرەلدى، ئوبەدتىن يىشاي تۆرەلدى،
[13] يىشايدىن تۇنجىسى ئېلىياب، ئىككىنچىسى ئابىناداب، ئۈچىنچىسى شىما، [14] تۆتىنچىسى نەتانەل، بەشىنچىسى رادداي، [15] ئالتىنچىسى ئوزەم ۋە يەتتىنچىسى داۋۇت تۆرەلدى.
[16] ئۇلارنىڭ ھەمشىرىلىرى زەرۇيا بىلەن ئابىگايىل ئىدى. زەرۇيانىڭ ئوغۇللىرى ئابىشاي، يوئاب ۋە ئاسائەل بولۇپ ئۈچ ئىدى.
[17] ئابىگايىل ئاماسانى تۇغدى. ئاماسانىڭ ئاتىسى ئىسمائىللىق يەتەر ئىدى.

[18] خەزروننىڭ ئوغلى كالەبكە ئۇنىڭ ئۆز خوتۇنى ئازۇبادىن ۋە ھەم يەرىيوتتىن ئوغۇللار تۇغۇلدى. ئازۇبانىڭ ئوغۇللىرى يېشەر، شوباب ۋە ئاردون ئىدى.
[19] ئازۇبا ۋاپات بولغاندىن كېيىن كالەب ئەفراتنى خوتۇنلۇققا ئالدى. شۇ ئۆزى ئۇنىڭغا خۇرنى تۇغدى. [20] خۇردىن ئۇرى تۆرەلدى ۋە ئۇرىدىن بېزالەل تۆرەلدى.

21 ئاندىن كېيىن خەزرون ئاتمىش ياشقا كىرگەندە گىلىيادنىڭ ئاتىسى ماكىرنىڭ قىزىنىڭكىگە
كىرىپ ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالدى. ئۇ ئۇنىڭغا سەگۇبنى تۇغۇپ بەردى.
22 سەگۇبتىن يائىر تۆرەلدى. شۇ ئۆزىنىڭ گىلىياد يۇرتىدا يىگىرمە ئۈچ شەھىرى بار ئىدى.
23 ئەمما گەشۇرىي بىلەن ئاررامىيلار ئۇلاردىن يائىرنىڭ كەنتلىرىنى ۋە قېنات بىلەن تەۋە
زېمىنىدىكى ئاتمىش شەھەرنى ئالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گىلىيادنىڭ ئاتىسى ماكىرنىڭ
ئوغۇللىرى ئىدى.
24 ئەمما خەزروننىڭ ئۆزى كالەب-ئەفراتادا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنى ئابىيا
ئۇنىڭغا ئاشخۇرنى تۇغۇپ بەردى. بۇ ئۆزى تەقوئانىڭ ئاتىسى بولدى.

25 خەزروننىڭ تۇنجىسى يەراخمىيەلنىڭ ئوغۇللىرى بولسا تۇنجىسى رام بولۇپ، ئاندىن بۇنا
بىلەن ئورەن، ئوزەم بىلەن ئاخىيا دېگەن ئوغۇللىرى بار ئىدى.
26 لېكىن يەراخمىيەلنىڭ ئاتارا دەپ ئاتالغان يەنە بىر خوتۇنى بار ئىدى. ئۇ ئونامنىڭ ئانىسى
ئىدى.
27 يەراخمىيەلنىڭ تۇنجىسى رامنىڭ ئوغۇللىرى مائاز، يامىن ۋە ئېكەر ئىدى.
28 ئونامنىڭ ئوغۇللىرى شاماي بىلەن يادا ئىدى. شامماينىڭ ئوغۇللىرى ناداب بىلەن ئابىشۇر
ئىدى.
29 ئابىشۇرنىڭ خوتۇنى ئابىگايىل دەپ ئاتىلىپ، ئۇ ئۇنىڭغا ئاخبان بىلەن مولىدنى تۇغۇپ
بەردى.
30 نادابنىڭ ئوغۇللىرى سەلەد بىلەن ئاپپايىم ئىدى. سەلەد بالا تاپماي ئۆلدى. 31 ئەمما
ئاپپايىمنىڭ ئوغلى يىشى ئىدى، يىشىنىڭ ئوغلى شېشان ئىدى، شېشاننىڭ ئوغلى ئاخلاي
ئىدى.
32 شامماينىڭ بۇرادىرى يادانىڭ ئوغۇللىرى يەتەر بىلەن يوناتان ئىدى. يەتەر بالا تاپماي ئۆلدى.
33 لېكىن يوناتاننىڭ ئوغۇللىرى پېلەت بىلەن زازا ئىدى. بۇلار يەراخمىيەلنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
34 لېكىن شېشاننىڭ ئوغۇللىرى بولماي، يالغۇز قىزلىرى بار ئىدى. ئەمما شېشاننىڭ يارخا
دېگەن بىر مىسىرلىق قۇلى بار ئىدى. 35 شېشان ئۆز قىزىنى قۇلى يارخاغا خوتۇن قىلىپ
بەردى. ئۇ ئۇنىڭغا ئاتتاينى تۇغۇپ بەردى.
36 ئاتتايدىن ناتان تۆرەلدى، ناتاندىن زاباد تۆرەلدى. 37 زابادتىن ئەفلال تۆرەلدى، ئەفلالدىن
ئوبەد تۆرەلدى. 38 ئوبەدتىن يېھۇ تۆرەلدى، يېھۇدىن ئازارىيا تۆرەلدى. 39 ئازارىيادىن خېلەز
تۆرەلدى، خېلەزدىن ئەلاسا تۆرەلدى. 40 ئەلاسادىن سىسماي تۆرەلدى، سىسمايدىن شاللۇم
تۆرەلدى. 41 شاللۇمدىن يەقامىيا تۆرەلدى ۋە يەقامىيادىن ئەلىشاما تۆرەلدى.

42 يەراخمىيەلنىڭ بۇرادىرى كالەبنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا زىفنىڭ ئاتىسى بولغان ئۇنىڭ تۇنجى
ئوغلى مېشا بىلەن خېبروننىڭ ئاتىسى بولغان مارەشا دېگەننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. 43 خېبروننىڭ

ئوغۇللىرى قوراھ بىلەن تاپپۇئاھ، رېقەم بىلەن شېما ئىدى.
[44] شېمادىن يورقامنىڭ ئاتىسى رېقەم تۆرەلدى. رېقەمدىن شاماي تۆرەلدى.
[45] شامماينىڭ ئوغلى مائون ئىدى ۋە مائون بەيت-زۇرنىڭ ئاتىسى بولدى.
[46] كالەبنىڭ كېنىزىكى ئېفا بولسا هاران، موسانى ۋە گازەزنى تۇغدى. هاراندىن گازەز تۆرەلدى.
[47] يەداينىڭ ئوغۇللىرى: رەگەم بىلەن يوتام، گېشان بىلەن پەلەت، ئېفا بىلەن شائاف ئىدى.
[48] ئەمما كالەبنىڭ كېنىزىكى مائاكا شېبەر بىلەن تىرخانانى تۇغدى.
[49] ئۇ ھەم مادماناننىڭ ئاتىسى شائافنى ۋە ماكبېنا بىلەن گىبېيانىڭ ئاتىسى شېۋانى تۇغدى. كالەبنىڭ قىزى ئاكسا ئىدى.
[50] كالەبنىڭ ئوغۇللىرى بۇلار، يەنى ئەفراتانىڭ تۇنجىسى خۇر بىلەن قىريات-يېئارىمنىڭ ئاتىسى شوبال، [51] بەيتلەھەمنىڭ ئاتىسى سالما بىلەن بەيت-گادەرنىڭ ئاتىسى خارەف ئىدى.
[52] قىريات-يېئارىمنىڭ ئاتىسى شوبالنىڭ ئوغۇللىرى بولسا هاروئەھ بىلەن ماناخەتىي دېگەن نەسىلنىڭ يېرىمى ئىدى.
[53] لېكىن قىريات-يېئارىمنىڭ نەسىللىرى يەترىي بىلەن پۇتىيلار، زۇماتىي بىلەن مىشرائىيلار ئىدى. ئۇلاردىن زورىي بىلەن ئەشتائولىيلار چىقتى.
[54] سالمانىڭ ئوغۇللىرى بەيتلەھەم، نەتوفاتىي، ئاتاروت-بەيت-يوئاب بىلەن ماناخەتىي ۋە زورىي دېگەن نەسىلنىڭ يېرىمى ئىدى.
[55] يابېزدا ئولتۇراقلىق كاتىپلارنىڭ نەسىللىرى بولسا تىراتىي، شىماتىي ۋە سۇكاتىيلار ئىدى. بۇلار رېكابنىڭ خاندانىنىڭ ئاتىسى خاماتنىڭ نەسلىدىن بولغان قېنىيلار ئىدى.

## داۋۇدنىڭ ئەۋلادلىرى

3 [1] خېبروندا داۋۇدقا تۇغۇلغان ئوغۇللار بۇلار ئىدى: ئۇنىڭ تۇنجىسى ئامنون بولۇپ، يىزرەئەللىك ئاخىنوئامدىن تۇغۇلدى. ئىككىنچىسى دانىيال بولۇپ، كارمەللىك ئابىگايىلدىن تۇغۇلدى. [2] ئۈچىنچىسى ئابشالوم ئىدى. ئۇ ئۆزى گەشۇرنىڭ پادىشاھى تالمايىنىڭ قىزى مائاكانىڭ ئوغلى ئىدى. تۆتىنچىسى ئادونىيا بولۇپ، خاگگىتنىڭ ئوغلى ئىدى. [3] بەشىنچىسى شېفاتىيا بولۇپ، ئابىتالنىڭ ئوغلى ئىدى. ئالتىنچىسى يىترېئام بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى ئەگلادىن تۇغۇلدى. [4] بۇ ئالتەيلەن خېبروندا ئۇنىڭغا تۇغۇلدى. ئاندا ئۇ يەتتە يىل ئالتە ئاي سەلتەنەت قىلىپ، يېرۇسالېمدا ئوتتۇز ئۈچ يىل سەلتەنەت قىلدى.

[5] يېرۇسالېمدا ئۇنىڭغا تۇغۇلغان ئوغۇللار شۇ، يەنى شىما بىلەن شوباب، ناتان بىلەن سۇلايمان ئىدى. بۇ تۆتەيلەن ئامىيەلنىڭ قىزى باتشۇئادىن تۇغۇلدى.
[6] بۇلاردىن باشقا يىبخار، ئەلىشاما، ئەلىفېلەت، [7] نوگا، نېفەگ، يافىيا، [8] ئەلىشاما، ئەلىيادا ۋە

ئەلىفىلەت دېگەن توققۇزەيلەن ئۇنىڭغا تۇغۇلدى.
[9] بۇلار داۋۇدنىڭ ھەممە ئوغۇللىرى ئىدى. ئەمما كېنىزەكلەر ئۇنىڭغا تۇغقان ئوغۇللار بۇلاردىن باشقا ئىدى. تامار ئۇلارنىڭ ھەمشىرىسى ئىدى.

[10] سۇلايماننىڭ ئوغلى رىھابىئام ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابىيا، ئۇنىڭ ئوغلى ئاسا، ئۇنىڭ ئوغلى يەھوشافات ئىدى. [11] ئۇنىڭ ئوغلى يورام، ئۇنىڭ ئوغلى ئاخازىيا، ئۇنىڭ ئوغلى يوئاش ئىدى. [12] ئۇنىڭ ئوغلى ئامازىيا، ئۇنىڭ ئوغلى ئازارىيا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يوتام ئىدى. [13] ئۇنىڭ ئوغلى ئاھاز، ئۇنىڭ ئوغلى خىزقىيا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ماناسسە ئىدى. [14] ئۇنىڭ ئوغلى ئامون ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يوشىيا ئىدى.
[15] يوشىيانىڭ ئوغۇللىرى شۇ، يەنى ئۇنىڭ تۇنجىسى يوخانان بولۇپ، ئىككىنچىسى يەھوياقىم، ئۈچىنچىسى زىدقىيا ۋە تۆتىنچىسى شاللۇم ئىدى.
[16] يەھوياقىمنىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئۇنىڭ ئوغلى يەكونىيا بىلەن ئوغلى زىدقىيا ئىدى.
[17] يەكونىيانىڭ ئوغۇللىرى ئاسسىر بىلەن ئوغلى شالاتىيەل بولۇپ، [18] مالكىرام، پەدايا، شېنازار، يەقامىيا، ھوشاما ۋە نەدابىيا دېگەنلەر ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
[19] پەدايانىڭ ئوغۇللىرى زەرۇبابەل بىلەن شىمېي ئىدى. زەرۇبابەلنىڭ ئوغۇللىرى مەشۇللام بىلەن خانانىيا بولۇپ، شېلومىت بولسا بۇلارنىڭ ھەمشىرىسى ئىدى. [20] بۇلاردىن باشقا خاشۇبا، ئوخەل، بەرەكىيا، خاسادىيا ۋە يۇشاب-خەسەد دېگەن بەشەيلەن ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
[21] خانانىيانىڭ ئوغۇللىرى: پېلاتىيا، يەشايا، بەنى-رەفايا، بەنى-ئارنان، بەنى-ئوبادىيا ۋە بەنى-شەكانىيا ئىدى.
[22] شەكانىيانىڭ ئوغلى شەمايا ئىدى. شەمايانىڭ ئوغۇللىرى خاتتۇش، يىگال، بارىيا، نېئارىيا ۋە شافات دېگەن ئالتەيلەن ئىدى.
[23] نېئارىيانىڭ ئوغۇللىرى ئەليوئېناي، خىزقىيا ۋە ئازرىقام دېگەن ئۈچەيلەن ئىدى.
[24] ئەليوئېنايىنىڭ ئوغۇللىرى ھودايانۇ، ئەلياشىب، پەلايا، ئاققۇب، يوخانان، دەلايا ۋە ئەنانى دېگەن يەتتەيلەن ئىدى.

## يەھۇدانىڭ باشقا ئەۋلادلىرى

4 [1] يەھۇدانىڭ ئوغۇللىرى پەرەز، خەزرون، كارمى، خۇر ۋە شوبال ئىدى.

[2] شوبالنىڭ ئوغلى رېئايادىن ياخات تۆرەلدى. ياخاتتىن ئاخۇماي بىلەن لاھاد تۆرەلدى. بۇلار زوراتىيلارنىڭ نەسللىرى ئىدى.

[3] ئابى-ئېتامىنىڭ ئوغۇللىرى شۇ، يەنى يىزرەئەل، يىشما ۋە يىدباش بولۇپ، خازەلەلپونى بولسا بۇلارنىڭ ھەمشىرىسى ئىدى. [4] بۇلاردىن باشقا گەدورنىڭ ئاتىسى پېنىيەل بىلەن خۇشانىڭ ئاتىسى ئېزەر ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. بۇلار ئەفراتانىڭ تۇنجىسى، يەنى بەيتلەھەمنىڭ ئاتىسى بولغان خۇرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

[5] تەقوئانىڭ ئاتىسى ئاشخۇرنىڭ خېلا بىلەن نائارا دەپ ئاتالغان ئىككى خوتۇنى بار ئىدى.
[6] نائارا ئۇنىڭغا ئاخۇززام بىلەن خەفەرنى، تېمەنى بىلەن ئاخاشتارىنى تۇغۇپ بەردى. بۇلار نائارانىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. [7] خېلانىڭ ئوغۇللىرى زەرەت، زوخار ۋە ئەتنان ئىدى.

[8] قوزدىن ئانۇب بىلەن ھازوبېبا تۆرەلىپ ھارۇمنىڭ ئوغلى ئاخارخەلنىڭ نەسىللىرىمۇ ئۇنىڭدىن پەيدا بولدى.

[9] لېكىن يابېز ئۆز بۇرادەرلىرىدىن ئىززەتلىكرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا يابېز دەپ ئات قويۇپ: «ئۇنى دەرد بىلەن تۇغدۇم» دەپ ئېيتقانىدى. [10] يابېز ئىسرائىلنىڭ خۇدايىغا يالۋۇرۇپ: «كاشكى سەن مېنى مۇبارەكلەپ چېنىمنى كەڭرىتىپ، قولۇڭ بىلەن مېنى يۆلەپ، مۇھاپىزەت قىلىپ، ماڭا دەرد يەتكۈزمەي، ياماندىن مېنى ساقلىساڭ ئىدى» دەپ دۇئا قىلدى. خۇدا ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بەردى.
[11] شۇخانىڭ بۇرادىرى كەلۇبتىن مەخىر تۆرەلدى. بۇ ئۆزى ئەشتوننىڭ ئاتىسى بولدى.
[12] ئەشتوندىن بەيت-رافا، پاسېئاھ ۋە ئىر-ناخاش ئاتىسى بولغان تەخىننا تۆرەلدى، بۇلار رېكانىڭ ئادەملىرى ئىدى.

[13] قېنازنىڭ ئوغۇللىرى ئوتنىيەل بىلەن سەرايا ئىدى. ئوتنىيەلنىڭ ئوغلى خاتات ئىدى.
[14] مېئونوتايدىن ئوفرا تۆرەلدى. سەرايادىن ھۈنەرۋەنلەر بولغان خاراشىملارنىڭ جىلغىسىدىكىلەرنىڭ ئاتىسى يوئاب تۆرەلدى.

[15] يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالەبنىڭ ئوغۇللىرى ئىرۇ، ئېلا ۋە نائام ئىدى. ئېلانىڭ ئوغلى قېناز ئىدى.

[16] يەھاللەلەلنىڭ ئوغۇللىرى زىف بىلەن زىفا،تىرىيا بىلەن ئىسرائىل ئىدى.

[17] ئەزرانىڭ ئوغۇللىرى يەتەر، مەرەد، ئېفەر ۋە يالون ئىدى. مەرەدنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، مەريەم بىلەن شامماي ۋە ئەشتەموئانىڭ ئاتىسى بولغان يىشباھنى تۇغدى.
[18] ئۇنىڭ يەھۇدىيە دېگەن خوتۇنى بولسا گەدورنىڭ ئاتىسى بولغان يارەد، سوكونىڭ ئاتىسى بولغان خېبەر ۋە زانوئاھنىڭ ئاتىسى بولغان يەقۇتىيەلنى تۇغدى. مەزكۇرلار بولسا مەرەد

خوتۇنلۇققا ئېلىپ فىرەۋننىڭ قىزى بولغان بىتىيانىڭ ئوغۇللىرى

[19] ۋە ناخامنىڭ ھەمشىرىسى بولغان ھودىيا دېگەن خوتۇننىڭ ئوغۇللىرى گارمىلىك قېئىلانىڭ ئاتىسى بىلەن مائاكالىق ئەشتەموئا ئىدى

[20] شىموننىڭ ئوغۇللىرى: ئامنون، رىننا، بەنخانان ۋە تۇلون ئىدى. يىشىنىڭ ئوغۇللىرى زوخەت بىلەن بەنزوخەت ئىدى.

[21] يەھۇدانىڭ ئوغلى شېلانىڭ ئوغۇللىرى: لېكانىڭ ئاتىسى بولغان ئېر، مارەشانىڭ ئاتىسى بولغان لادا ۋە ئاشبېئانىڭ خانىدانىدىن بولۇپ، نەپىس كاناپ توقۇغۇچىلارنىڭ نەسىللىرى بولغانلار ئىدى.
[22] بۇلاردىن باشقا يوقىم، كوزبانىڭ ئادەملىرى ۋە موئابنىڭ خوجىلىرى بولغان يوئاش بىلەن ساراف ۋە ھەم ياشۇبى-لەخەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى، لېكىن بۇ قەدىمكى ۋاقىتلارنىڭ زىكرى بولىدۇ. [23] بۇلار كوزىچى بولۇپ نەتايىم بىلەن گەدەرادا ئولتۇرۇپ، ئاندا پادىشاھنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلاتتى.

## شىموننىڭ ئەۋلادلىرى

[24] شىموننىڭ ئوغۇللىرى نىمۇئەل، يامىن، يارىب، زېراھ ۋە شائۇل ئىدى.
[25] شائۇلنىڭ ئوغلى شاللۇم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مىبسام، ئۇنىڭ ئوغلى مىشما ئىدى.
[26] مىشمانىڭ ئەۋلادلىرى شۇ، يەنى ئۇنىڭ ئوغلى خامۇئەل، خامۇئەلنىڭ ئوغلى زاككۇر، زاككۇرنىڭ ئوغلى شىمىي ئىدى.
[27] شىمىينىڭ ئون ئالتە ئوغۇل بىلەن ئالتە قىزى بار ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ باللىرى تولا ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ نەسلى يەھۇدانىڭ ئەۋلادلىرىدەك ئاۋۇمىدى. [28] ئۇلار بولسا بەرشېبا، مولادا، خازار-شۇئال، [29] بىلھا، ئېسەم، تولاد، [30] بېتۇئەل، خورماھ، زىقلاغ، [31] بەيت-ماركابوت، خازار-سۇسىم، بەيت-بىرىي ۋە شائارايىم دېگەن جايلاردا ئولتۇردى. داۋۇد پادىشاھ بولغان ۋاقىتقىچە ئۇلارنىڭ بۇ شەھەرلىرى بار ئىدى. [32] ئۇلارنىڭ كەنتلىرى: ئېتام، ئايىن، رىممون، توكەن ۋە ئاشان بولۇپ، ھەممىسى بەش شەھەر ئىدى. [33] بۇلاردىن باشقا بائالغىچە بۇ شەھەرلەرنىڭ چۆرىسىدىكى ھەممە كەنتلەر ئۇلارنىڭكى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئولتۇرىدىغان جايلىرى شۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ خاس نەسەبنامىسى ھەم بار ئىدى.

[34] بۇلار يەنى مەشوباب، ياملەك، يوشا بەن-ئامازىيا، [35] يوئېل، يېھۇ بەن-يوشىبىيا بەن-سەرايا بەن-ئاسىيەل [36] ئەليوئېناي، يائاقوبا، يەشوخايا، ئاسايا، ئادىيەل، يەشىمائەل، بەنايا، [37] زىزا

بەن-شىفى بەن-ئاللون بەن-يەدايا بەن-شىمرى بەن-شەمايا 38 دېگەنلەر ئۆز خانىدانلىرىنىڭ
چوڭلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ تولا ئاۋۇدى. 39 ئۇلار ئۆز
ماللىرى ئۈچۈن يايلاق ئىزدەپ، گەدورنىڭ ئاغزىغىچە بېرىپ، ۋادىنىڭ شەرق تەرىپىگە
ئۆتۈپ، 40 ئوبدان ئوتلۇق تاپتى. يۇرت كەڭرى بولۇپ تىنچ-ئامانلىق ئىدى، چۈنكى قەدىمدىن
تارتىپ خامنىڭ خەلقى ئاندا ئولتۇرغانىدى. 41 ئەمما ناملىرى مۇندا پۈتۈلگەنلەر بولسا يەھۇدا
پادىشاھى ھىزقىيانىڭ ۋاقتىدا كېلىپ، ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىنى خاراب قىلىپ، ئاندا تېپىلغان
مائونىيلارنى ئۇرۇپ، بۇ كۈنگىچە يوق بولغۇدەك خاراب قىلىپ، ئاندا ئۆز ماللىرى ئۈچۈن
يايلاق تاپقاچ ئۇلارنىڭ جايىدا ئولتۇرۇۋالدى.
42 ئۇلاردىن، يەنى بەنى-شىموندىن بەش يۈز ئادەم سېئىرنىڭ تېغىغا چىقتى. يىشىنىڭ
ئوغۇللىرى: پېلاتىيا، نېئارىيا، رەفايا ۋە ئۇززىيەل دېگەنلەر ئۇلارنى باشلىدى. 43 ئۇلار
ئامالەكىيلەرنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىرىنى ئۇرۇپ، بۇ كۈنگىچە ئاندا ئولتۇرماقتا.

## رۇبەنىنىڭ ئەۋلادلىرى

5 1 ئىسرائىلنىڭ تۇنجىسى رۇبەنىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بايانى بۇدۇر: ئۇ ئۇنىڭ تۇنجىسى
بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ ئورنىنى ناپاك قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ تۇنجىلىق ھەققى
ئىسرائىلنىڭ ئوغلى يۈسۈپنىڭ ئوغۇللىرىغا ئۆتتى. ئەمما يۈسۈپ نەسەبنامىدە تۇنجىدەك
سانالمىدى. 2 يەھۇدا ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولۇپ، ئەۋلادىدىن ئەمىر چىقسىمۇ،
تۇنجىلىق ھەققى يۈسۈپنىڭكى بولدى.
3 ئىسرائىلنىڭ تۇنجىسى رۇبەنىنىڭ ئوغۇللىرى: خانوق، پاللۇ، خەزرون ۋە كارمى ئىدى.
4 يوئېلنىڭ ئەۋلادلىرى شۇ، يەنى ئۇنىڭ ئوغلى شەمايا، شەمايانىڭ ئوغلى گوگ، گوگنىڭ
ئوغلى شىمىي، 5 شىمىينىڭ ئوغلى مىكا، مىكانىڭ ئوغلى رېئايا، رېئايانىڭ ئوغلى بائال،
6 بائالنىڭ ئوغلى، يەنى ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى تىلگات-پىلنەسەر ئەسىر قىلغان بەئەرا ئىدى.
بەئەرا رۇبەنىيلەرگە باش ئىدى.
7 ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ نەسىللىرى نەسەبنامىدە پۈتۈلگەندە ئۆز ئەۋلاد تارىخىغا مۇۋاپىق
يېزىلىپ، سەردارى بولغان يەئىيەل بىلەن زەكاريا
8 ۋە بېلا بەن-ئازاز بەن-شېما بەن-يوئېل دېگەنلەر پۈتۈلدى. بېلا بولسا ئاروئەردە ئولتۇرۇپ
ئۇنىڭ جايلىرى نېبو بىلەن بائال-مېئونغىچە يېتىپ، 9 شەرق تەرىپىدىكى جايلىرى فىرات
دەرياسىغا ئۇزارغان چۆلنىڭ چېتىگىچە يېتەتتى، چۈنكى گىلىياد يۇرتىدا ئۇلارنىڭ چوڭ
پادىلىرى بار ئىدى. 10 لېكىن شائۇلنىڭ ۋاقتىدا ئۇلار ھاگرىيلار بىلەن سوقۇشۇپ، قول ئۇستىدە
بېسىپ ئۆلتۈرۈپ، گىلىيادنىڭ تامام شەرق تەرىپىدىكى ئۇلارنىڭ ماكانلىرىدا ئولتۇرۇۋالدى.

## گادنىڭ ئەۋلادلىرى

11 بەنى-گاد ئۇلارنىڭ ئۇتتۇرىدا سالكاغىچە باشاننىڭ يۇرتىدا ئولتۇردى. 12 ئۇلارنىڭ بېشى
يوئېل بولۇپ، ئىككىنچىسى شافام ئىدى. ياناي بىلەن شافات بولسا باشاندا ئولتۇراقلىق
ئىدى.
13 ئۇلارنىڭ بۇرادەرلىرى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق: مىكائەل، مەشۇللام،
شېبا، يوراي، ياكان، زىيا ۋە ئەبەر دېگەن يەتتە كىشى ئىدى.
14 بۇلار بەنى-ئابىخايىل بەن-خۇرى بەن-ياروئاھ بەن-گىلىياد بەن-مىكائەل بەن-يەشىشاي
بەن-ياخدو بەن-بۇزنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
15 ئاخى بەن-ئابدىيەل بەن-گۇنى ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانىغا باش ئىدى.
16 ئۇلار باشاندىكى گىلىياد بىلەن ئۇنىڭ تەۋە كەنتلىرىدە ماكان تۇتۇپ، شاروندىكى يايلاقلارنىڭ
چەتلىرىگىچە ئولتۇردى. 17 بۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدا پادىشاھى يوتامنىڭ ۋاقتىدا ۋە
ئىسرائىل پادىشاھى يەروبئامنىڭ ۋاقتىدا نەسەبنامىدە يېزىلدى.

18 بەنى-رۇبەن، گادىيلار ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ يېرىمى بولسا بۇلارنىڭ جەڭگە لايىق بولۇپ
سىپار بىلەن قىلىچ كۆتۈرۈپ يا تارتىدىغان ئادەملىرى قىرىق تۆت مىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش جەڭ
قىلغۇچى ئىدى. 19 ئۇلار ھاگرىيلار، يېتۇر، نافىش ۋە نوداب بىلەن سوقۇش قىلدى. 20 ئۇلار
بىلەن سوقۇشقاندا ئۇلار نۇسرەت تاپتى. شۇنداقكى، ھاگرىيلار ۋە بۇلار بىلەن بولغان ھەممىسى
مەغلۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولىغا بېرىلدى. ئۇلار جەڭدە خۇداغا پەرياد قىلغاچ ئۇ ئۇلارغا قۇلاق
سالدى، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا تاييىناتتى. 21 ئۇلار ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئولجا قىلىپ، ئەللىك
مىڭ تۆگىنى، ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ قوينى، ئىككى مىڭ ئېشەكنى ۋە يۈز مىڭ ئادەمنى
ئېلىپ كەتتى. 22 چۈنكى جەڭ خۇدانىڭكى بولغاچ تولا ئادەم ئۇرۇلۇپ يىقىلدى. ئاندىن ئۇلار
ئەسىرلىكنىڭ ۋاقتىغىچە ئۇلارنىڭ ماكانلىرىدا ئولتۇردى.

## ماناسسەنىڭ ئەۋلادلىرى

23 ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى باشاندىن تارتىپ بائال-خەرمون، سېنىر ۋە
خەرمون تېغىغىچە ئۇ يۇرتتا ئولتۇرۇپ ئاۋۇدى. 24 ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىنىڭ
باشلىرى بۇلار، يەنى ئېفەر، يىشى، ئېلىيەل، ئازرىيەل، يىرمىيا، ھوداۋىيا ۋە ياخدىيەل ئىدى. بۇلار
باتۇر ۋە ناملىق ئادەملەر بولۇپ، ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىغا باش ئىدى. 25 لېكىن
ئۇلار بولسا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇدايىغا خىيانەت قىلىپ ۋاپاسىز بولۇپ، خۇدا ئۇلارنىڭ
ئالدىدىن يوقاتقان يۇرتنىڭ تائىپىلەرنىڭ تەڭرىلىرىگە ئەگىشىپ كەتتى. 26 ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئىسرائىلنىڭ خۇدايى ئۆزى ئاسسۇر پادىشاھى پۇلنىڭ روھىنى ۋە ھەم ئاسسۇر پادىشاھى
تىلگات-پىلنەسەرنىڭ روھىنى قوزغاتتى. شۇنداقكى، بۇلار ئۇلارنى ئەسىر قىلىپ، رۇبەنىيلەرنى،

گادىيلارنى ۋە ماناسسە قەبىلىسىنىڭ تەڭرىنى خالاھ، خابور، ھارا ۋە گوزان دەرياسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەتتى. ئاندا بۇلار بۈ كۈنگىچە تۇرماقتا.

## لاۋىينىڭ ئەۋلادلىرىدىن باش كاھىن بولغانلارنىڭ نەسەبنامىسى

27 لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى گەرشون، قېھات ۋە مەرارى ئىدى.
28 قېھاتنىڭ ئوغۇللىرى ئامرام بىلەن يىزھار، خېبرون بىلەن ئۇززىيەل ئىدى.
29 ئامرامنىڭ بالىلىرى ھارۇن، مۇسا ۋە مەريەم ئىدى. ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى ناداب بىلەن ئابىھۇ، ئېلىئازار بىلەن ئىتامار ئىدى.
30 ئېلىئازاردىن پىنىخاس تۆرەلدى، پىنىخاستىن ئابىشۇئا تۆرەلدى.
31 ئابىشۇئادىن بۇققى تۆرەلدى. بۇققىدىن ئۇززى تۆرەلدى.
32 ئۇززىدىن زەراخىيا تۆرەلدى. زەراخىيادىن مەرايوت تۆرەلدى.
33 مەرايوتتىن ئامارىيا تۆرەلدى. ئامارىيادىن ئاخىتۇب تۆرەلدى.
34 ئاخىتۇبتىن سادوق تۆرەلدى. سادوقتىن ئاخىمائاز تۆرەلدى.
35 ئاخىمائازدىن ئازارىيا تۆرەلدى. ئازارىيادىن يوخانان تۆرەلدى.
36 يوخانانىدىن ئازارىيا تۆرەلدى. بۇ ئۆزى سۇلايمان يېرۇسالېمدا ياسىغان بەيتتە كاھىن ئىدى.
37 ئازارىيادىن ئامارىيا تۆرەلدى. ئامارىيادىن ئاخىتۇب تۆرەلدى.
38 ئاخىتۇبتىن سادوق تۆرەلدى. سادوقتىن شاللۇم تۆرەلدى.
39 شاللۇمدىن خىلقىيا تۆرەلدى. خىلقىيادىن ئازارىيا تۆرەلدى.
40 ئازارىيادىن سەرايا تۆرەلدى. سەرايادىن يەھوسادىق تۆرەلدى.
41 لېكىن خۇداۋەندە نەبۇكەدنەسەرنىڭ قولى بىللە يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ خەلقىنى ئەسىرلىككە ئېلىپ بارغاندا يەھوسادىق ھەم باردى.

## لاۋىينىڭ باشقا ئەۋلادلىرى

6
1 لاۋىينىڭ ئوغۇللىرى گەرشوم، قېھات ۋە مەرارى ئىدى.
2 گەرشومنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرى لىبنى بىلەن شىمېي ئىدى.
3 قېھاتنىڭ ئوغۇللىرى ئامرام بىلەن يىزھار، خېبرون بىلەن ئۇززىيەل ئىدى.
4 مەرارىنىڭ ئوغۇللىرى ماخلى بىلەن مۇشى ئىدى. ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق لاۋىيلارنىڭ نەسىللىرى شۇ ئىدى.

5 گەرشومدىن ئۇنىڭ ئوغلى لىبنى تۆرەلدى. لىبنىنىڭ ئوغلى ياخات، ياخاتنىڭ ئوغلى زىمما،
6 زىممانىڭ ئوغلى يوئاھ، يوئاھنىڭ ئوغلى ئىددو، ئىددونىڭ ئوغلى زەراھ، زەراھنىڭ ئوغلى
ياتراي ئىدى.

7 قەھاتنىڭ ئەۋلادلىرى شۇ ئىدى: قەھاتنىڭ ئوغلى ئاممىناداب، ئاممىنادابنىڭ ئوغلى قوراھ،
قوراھنىڭ ئوغلى ئاسسىر، 8 ئاسسىرنىڭ ئوغلى ئەلقانا، ئەلقانانىڭ ئوغلى ئابىياساف،
ئابىياسافنىڭ ئوغلى ئاسسىر، 9 ئاسسىرنىڭ ئوغلى تاخات، تاخاتنىڭ ئوغلى ئۇرىيەل،
ئۇرىيەلنىڭ ئوغلى ئۇززىيا ۋە ئۇززىيانىڭ ئوغلى شائۇل ئىدى.

10 ئەلقانانىڭ ئوغۇللىرى ئاماساي بىلەن ئاخىموت ئىدى. 11 ئەلقانا تۇغرىسىدا سۆز
بولسا ئەلقانانىڭ ئەۋلادلىرى شۇ، يەنى ئۇنىڭ ئوغلى زوفاي، زوفاينىڭ ئوغلى ناھات،
12 ناھاتنىڭ ئوغلى ئېلىياب، ئېلىيابنىڭ ئوغلى يەروخام، يەروخامنىڭ ئوغلى ئەلقانا
ئىدى.

13 سامۇئىلنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ تۇنجىسى ۋاشنى بىلەن ئابىيا ئىدى. 14 مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرى
شۇ، يەنى ماخلى، ماخلىنىڭ ئوغلى لىبنى، لىبنىنىڭ ئوغلى شىمەي، شىمەينىڭ ئوغلى ئۇززا،
ئۇززانىڭ ئوغلى شىما، 15 شىمانىڭ ئوغلى خاگگىيا، خاگگىيانىڭ ئوغلى ئاسايا ئىدى.

16 ئەھدە ساندۇقى ئۇچۇن ماكان تېپىلغاندىن كېيىن داۋۇت خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە شېئىر
ئوقۇشتىن خەۋەر ئالغىلى قويغان كىشىلەر شۇ ئىدى. 17 ئۇلار سۇلايمان خۇداۋەندىنىڭ
بەيتىنى يېرۇسالېمدا ياسىماستا جامائەتنىڭ ئىبادەت چېدىرىنىڭ ئالدىدا شېئىر ئوقۇشنىڭ
خىزمىتىنى قىلىپ، ئۆز نۆۋىتىگە قاراپ ئىشنى قىلماق ئۇچۇن ئاندا تۇراتتى. 18 ئاندا تۇرغانلار
بىلەن ئوغۇللىرى شۇ، يەنى: قەھاتىيلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن شېئىر ئوقۇغۇچى ھېمان بەن-يوئېل
بەن-شەمۇئەل 19 بەن-ئەلقانا بەن-يەروخام بەن-ئېلىيەل بەن-توئاھ 20 بەن-زۇف بەن-ئەلقانا
بەن-ماخات بەن-ئاماساي 21 بەن-ئەلقانا بەن-يوئېل بەن-ئازارىيا بەن-زەفانىيا 22 بەن-تاخات
بەن-ئاسسىر بەن-ئابىياساف بەن-قەھات 23 بەن-يىزھار بەن-قوراھ بەن-لاۋىي بەن-ئىسرائىل
ئىدى.
24 ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرغان بۇرادىرى ئاساف، يەنى ئاساف بەن-بەرەكيا بەن-شىما 25 بەن-
مىكائەل بەن-بائاسېيا بەن-مالكىيا 26 بەن-ئېتنى بەن-زەراھ بەن-ئادايا 27 بەن-ئېتان بەن-
زىمما بەن-شىمەي 28 بەن-ياخات بەن-گەرشوم بەن-لاۋىي ئىدى.
29 ئۇنىڭ چەپ يېنىدا ئۇلارنىڭ بۇرادەرلىرى بولغان بەنى-مەرارىدىن ئېتان بەن-قىشى بەن-
ئابدى بەن-ماللۇك 30 بەن-خەشابىيا بەن-ئامازىيا بەن-خىلقىيا، 31 بەن-ئامزى بەن-بانى بەن-
شېمەر 32 بەن-ماخلى بەن-مۇشى بەن-مەرارى بەن-لاۋىي تۇراتتى.

[33] ئۇلارنىڭ بۇرادەرلىرى، يەنى قالغان لاۋىيلار خۇدانىڭ بەيتىنىڭ چېدىرىدىكى باشقا-باشقا خىزمەت ئۈچۈن تەيىنلەنگەنىدى. [34] لېكىن هارۇن بىلەن ئوغۇللىرى خۇدانىڭ بەندىسى مۇسا بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ قۇربانگاھى بىلەن خۇشبۇي ئىسرىق قۇربانگاھىدا قۇربانلىق ئۆتكۈزۈپ، ھەممىدىن مۇقەددەس-خانىدا بارچە ئىشنى قىلىپ، ئىسرائىل ئۈچۈن كاپارەت قىلاتتى.
[35] ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى شۇ، يەنى ئۇنىڭ ئوغلى ئېلىئازار، ئېلىئازارنىڭ ئوغلى پىنىخاس، پىنىخاسنىڭ ئوغلى ئابىشۇئا، [36] ئابىشۇئانىڭ ئوغلى بۇققى، بۇققىنىڭ ئوغلى ئۇززى، ئۇززىنىڭ ئوغلى زەراخىيا، [37] زەراخىيانىڭ ئوغلى مەرايوت، مەرايوتنىڭ ئوغلى ئامارىيا، ئامارىيانىڭ ئوغلى ئاخىتۇب، [38] ئاخىتۇبنىڭ ئوغلى سادوق، سادوقنىڭ ئوغلى ئاخىمائاز ئىدى.

[39] ئۇلارنىڭ ماكان بىلەن كەنت ۋە تەۋە يەرلىرى بولسا ئاۋۋالقى چەك ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى بولغان قېھاتىيلارنىڭ خانىدانىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە [40] يەھۇدا يۇرتىدىكى خېبرون بىلەن چۆرىسىدىكى تەۋە يەرلىرى بېرىلدى. [41] لېكىن شەھەرنىڭ ئېتىز يەر بىلەن كەنتلىرى بولسا يەفۇننەنىڭ ئوغلى كالەبكە بېرىلدى. [42] ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا پاناھ شەھىرى خېبرون بىلەن لىبنا ۋە تەۋە يەرلىرى، ياتتىر بىلەن ئەشتەموئا ۋە تەۋە يەرلىرى، [43] خىلەن بىلەن تەۋە يەرلىرى، دېبىر بىلەن تەۋە يەرلىرى، [44] ئاشان بىلەن تەۋە يەرلىرى ۋە بەيت-شەمەش بىلەن تەۋە يەرلىرى بېرىلىپ،
[45] بەنيامىن قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدا گېبا بىلەن تەۋە يەرلىرى، ئالېمەت بىلەن تەۋە يەرلىرى، ئاناتوت بىلەن تەۋە يەرلىرمۇ ئۇلارغا بېرىلدى. ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىنىڭ سانىغا مۇۋاپىق ھەممە شەھەرلىرى ئون ئۈچ ئىدى.

[46] قېھاتنىڭ قالغان ئەۋلادلىرىغا بىر قەبىلىنىڭ يېرىم تەگكىنى بولۇپ، ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىگە تەگكەن يۇرتتا چەك تاشلاش بىلەن ئون شەھەر بېرىلدى.
[47] گەرشومنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىنىڭ سانىغا مۇۋاپىق ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ، ئاشىر قەبىلىسىنىڭ ۋە نافتالى قەبىلىسىنىڭ يۇرتلىرىدا ۋە ھەم ماناسسەنىڭ باشاندىكى يۇرتىدا ئون ئۈچ شەھەر بېرىلدى.
[48] مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرىغا خانىدانلىرىنىڭ سانىغا مۇۋاپىق رۇبەن قەبىلىسىنىڭ، گاد قەبىلىسىنىڭ ۋە زەبۇلۇن قەبىلىسىنىڭ يۇرتلىرىدا چەك تاشلاش بىلەن ئون ئىككى شەھەر بېرىلدى.
[49] بەنى-ئىسرائىل بولسا لاۋىيلارغا بۇ شەھەرلەر بىلەن تەۋە يەرلىرىنى بەردى. [50] ئۇلار چەك تاشلاش بىلەن ئۇلارغا بەنى-يەھۇدانىڭ قەبىلىسىنىڭ، بەنى-شىموننىڭ قەبىلىسىنىڭ ۋە بەنى-بەنيامىننىڭ قەبىلىسىنىڭ يۇرتلىرىدا ئىسىملىرى زىكىر قىلىنغان مەزكۇر شەھەرلەرنى بەردى.

[51] قېھاتنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بەزى خانىدانلىرىغا ئەفرائىم قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدا بۇ شەھەرلەر
بىلەن تەۋە يەرلىرى بېرىلدى، [52] يەنى ئەفرائىمنىڭ تاغلىرىدىكى شەكەم بىلەن تەۋە يەرلىرى ۋە
گېزەر بىلەن تەۋە يەرلىرى ئۇلارغا بېرىلدى. بۇلار پاناھ شەھەرلىرى ئىدى. [53] ۋە ھەم يوقمېئام
بىلەن تەۋە يەرلىرى، بەيت-خورون بىلەن تەۋە يەرلىرى، [54] ئايالون بىلەن تەۋە يەرلىرى، گات-
رىممون بىلەن تەۋە يەرلىرى [55] ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدا ئانەر بىلەن تەۋە
يەرلىرى، بىلئام بىلەن تەۋە يەرلىرى دىگەننىڭ ھەممىسى قېھاتنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قالغان
خانىدانلىرىغا بېرىلدى.
[56] گەرشومنىڭ ئەۋلادلىرىغا ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسى بولغان نەسلىنىڭ يۇرتىدا باشاندىكى
گولان بىلەن تەۋە يەرلىرى ۋە ئاشتاروت بىلەن تەۋە يەرلىرى، [57] ئىسساكار قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدا
قادېش بىلەن تەۋە يەرلىرى، دابېرات بىلەن تەۋە يەرلىرى، [58] راموت بىلەن تەۋە يەرلىرى ۋە ئانىم
بىلەن تەۋە يەرلىرى، [59] ئاشەر قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدا مىشال بىلەن تەۋە يەرلىرى، ئابدون بىلەن
تەۋە يەرلىرى، [60] خۇققوق بىلەن تەۋە يەرلىرى ۋە رەخوب بىلەن تەۋە يەرلىرى [61] نافتالى
قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدا گالىلىيەدىكى قادېش بىلەن تەۋە يەرلىرى، خاممون بىلەن تەۋە يەرلىرى
ۋە قىرياتايىم بىلەن تەۋە يەرلىرى بېرىلدى.
[62] مەرارىنىڭ قالغان ئەۋلادلىرىغا زەبۇلۇن قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدا رىممونو بىلەن تەۋە يەرلىرى،
تابور بىلەن تەۋە يەرلىرى [63] ۋە يېرىخونىڭ ئۇتتۇرىدا ئىئوردانىنىڭ ئۇ بىر تەرىپىدە، يەنى
ئىئوردانىنىڭ شەرق تەرىپىدە رۇبەن قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدا چۆلدە بولغان بېزەر بىلەن تەۋە
يەرلىرى، ياھسا بىلەن تەۋە يەرلىرى، [64] قادېموت بىلەن تەۋە يەرلىرى ۋە مېفائات بىلەن تەۋە
يەرلىرى، [65] گاد قەبىلىسىنىڭ يۇرتىدا گىلىيادتىكى راموت بىلەن تەۋە يەرلىرى، ماخانائىم
بىلەن تەۋە يەرلىرى، [66] خېشبون بىلەن تەۋە يەرلىرى ۋە يازەر بىلەن تەۋە يەرلىرى بېرىلدى.

## باشقا قابىلىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى

7 [1] ئىسساكارنىڭ ئوغۇللىرى تولاھ، پۇۋا، ياشۇب ۋە شىمرون دەپ ئاتىلىپ، تۆت ئىدى.
[2] تولاھنىڭ ئوغۇللىرى ئۇززى، رەفايا، يەرىيەل، ياخماي، يىبسام ۋە شەمۇئەل دەپ ئاتىلىپ،
ئاتىسى تولاھنىڭ خانىدانىغا باش بولۇپ، ئۆز نەسىللىرىنىڭ ئارىسىدا باتۇر جەڭ قىلغۇچى
ئىدى. داۋۇدنىڭ كۈنلىرىدە ئۇلارنىڭ سانى يىگىرمە ئىككى مىڭ ئالتە يۈز ئىدى.
[3] ئۇززىنىڭ ئوغلى يىزراخىيا ئىدى. يىزراخىيانىڭ ئوغۇللىرى مىكائەل، ئوبادىيا، يوئېل، يىشىيا
دەپ ئاتىلىپ، بەش بولۇپ ھەممىسى سەردار ئىدى. [4] ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۆز نەسىل بىلەن
ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىدىن بولۇپ، سانى ئوتتۇز ئالتە مىڭ بولغان جەڭ ئەسكىرى
ئەگىشەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تولا خوتۇن بىلەن باللىرى بار ئىدى. [5] ئىسساكارنىڭ ھەممە

نەسىللىرىدىن بولغان بۇرادەرلىرى باتۇر جەڭ قىلغۇچى بولۇپ، نەسەبنامىدە يېزىلغانلارنىڭ
سانى سەكسەن يەتتە مىڭ ئىدى.

6 بەنيامىننىڭ ئوغۇللىرى بېلا، بېكەر ۋە يەدىئەل دەپ ئاتىلىپ، ئۈچ ئىدى.
7 بېلانىڭ ئوغۇللىرى ئەزبون، ئۇززى، ئۇززىيەل، يەرىموت ۋە ئىرى دەپ ئاتىلىپ، بەش بولۇپ،
ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىغا باش بولۇپ، باتۇر جەڭ قىلغۇچى بولۇپ، نەسەبنامىدە
يېزىلغانلارنىڭ سانى يىگىرمە ئىككى مىڭ ئوتتۇز تۆت ئىدى.
8 بېكەرنىڭ ئوغۇللىرى زەمىرا، يوئاش، ئېلىيەزەر، ئەليوئېناي، ئومرى، يەرىموت، ئابىيا،
ئاناتوت ۋە ئالېمەت ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بېكەرنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. 9 ئۇلار ئۆز ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىغا باش بولۇپ، باتۇر جەڭ قىلغۇچى بولۇپ، ئۆز نەسىللىرىگە مۇۋاپىق
نەسەبنامىدە يېزىلغانلارنىڭ سانى يىگىرمە مىڭ ئىككى يۈز ئىدى.
10 يەدىئەلنىڭ ئوغلى بىلھان ئىدى. بىلھاننىڭ ئوغۇللىرى يېئۇش، بەنيامىن، ئېھۇد، كېنائانا،
زېتان، تارشىش ۋە ئاخىشاھار ئىدى. 11 يەدىئەلنىڭ بۇ ھەممە ئوغۇللىرى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ
خانىدانلىرىغا باش بولۇپ، باتۇر جەڭ قىلغۇچى بولۇپ، سانى ئون يەتتە مىڭ ئىككى يۈز ئىدى.
12 شۇپپىم بىلەن خۇپپىم ئىرنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى، لېكىن خۇشىم ئاخەرنىڭ ئوغلى ئىدى.

13 نافتالىنىڭ ئوغۇللىرى ياخسىيەل بىلەن گۇنى، يېسەر بىلەن شاللۇم ئىدى. بۇلار بىلھانىڭ
ئەۋلادلىرى ئىدى.
14 ماناسسەنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ خوتۇنى تۇغقان ئىسرائىل ۋە ئۇنىڭ ئاررامىي كېنىزىكى
تۇغقان گىلىيادنىڭ ئاتىسى ماكىر ئىدى.
15 ماكىر ئۆزى خۇپپىم بىلەن شۇپپىمنىڭ ھەمشىرىسى مائاكانى خوتۇنلۇققا ئالدى. بۇ
نەسلىنىڭ باشقىسىنىڭ ئىسمى زېلوفخاد ئىدى. زېلوفخادنىڭ پەقەت قىزلىرى بار ئىدى.
16 ماكىرنىڭ خوتۇنى مائاكا بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنى پەرەش دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ بۇرادەرنىڭ
ئىسمى شەرەش ئىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئۇلام بىلەن رېقەم ئىدى،
17 ئۇلامنىڭ ئوغلى بېدان ئىدى. بۇلار گىلىياد بەن-ماكىر بەن-ماناسسەنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
18 ئۇنىڭ ھەمشىرىسى ھاموլەكەت ئىدى. ئۇ ئۆزى ئىشھود، ئابىئېزەر ۋە ماخلانى تۇغدى.
19 شەمىدانىڭ ئوغۇللىرى ئاخيان بىلەن شېكەم، لىقخى بىلەن ئانىيام ئىدى.

20 ئەفرائىمنىڭ ئوغۇللىرى شۇتەلاھ بىلەن بەرەد ئىدى. بەرەدنىڭ ئوغۇل تاخات، تاخاتنىڭ
ئوغلى ئەلادا، ئەلادانىڭ ئوغلى تاخات، 21 تاخاتنىڭ ئوغلى زاباد، زابادنىڭ ئوغلى شۇتەلاھ
ئىدى. يۇرتتا تۇغۇلغان گات ئادەملىرى بولسا: «بىزنىڭ ماللىرىمىزنى ئېلىپ كەتكىلى چۈشۈپ
كېلىپ ئىكەنلەر» دەپ ئۆلتۈرگەن ئېزەر بىلەن ئەلاد ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
22 ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئەفرائىم ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ماتەم تۇتتى ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭغا

تەسەللى بەرگىلى قېشىغا كەلدى. 23 ئەمما ئۇ ئۆز خوتۇنىنىڭكىگە كىرسە، بۇ ھامىلدار
بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى. ئەفرائىم ئۆز ئۆيىگە كەلگەن بالا ئۈچۈن ئۇنى بەرىيا دەپ ئاتىدى.
24 ئۇنىڭ قىزى شېرا ئىدى. بۇ ئۆزى ئاستىن بىلەن ئۈستۈن بەيت-خورونىنى بىنا ۋە ئۇززەن-
شېرانىمۇ بىنا قىلغان.
25 بەرىيانىڭ ئوغلى رېفا بولۇپ، رېفانىڭ ئوغۇللىرى رەشەف بىلەن تېلاخ ئىدى. تېلاخنىڭ ئوغلى
تاخان، 26 تاخانىنىڭ ئوغلى لادان، لادانىنىڭ ئوغلى ئاممىھۇد، ئاممىھۇدنىڭ ئوغلى ئەلىشاما،
27 ئەلىشامانىڭ ئوغلى نۇن، نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئا ئىدى.
28 ئۇلارنىڭ مۈلۈك بىلەن ئولتۇرىدىغان يەرلىرى: گازا بىلەن كەنتلىرىگە يېتىپ، بەيتەل بىلەن
كەنتلىرى ئۇلارنىڭكى بولۇپ، شەرق تەرىپىدە نائاران، غەرب تەرىپىدە گېزەر بىلەن كەنتلىرى،
شەكەم بىلەن كەنتلىرى ئۇلارنىڭكى ئىدى. 29 لېكىن بەيت-شېئان بىلەن كەنتلىرى، تائاناك
بىلەن كەنتلىرى، مەگىددو بىلەن كەنتلىرى ۋە دور بىلەن كەنتلىرى ماناسسەنىڭ ئەۋلادلىرىغا
قارىدى. ئاندا ئىسرائىلنىڭ ئوغلى يۈسۈپنىڭ بالىلىرى ئولتۇراتتى.

30 ئاشەرنىڭ ئوغۇللىرى يىمنا بىلەن يىشۋا، يىشۋى بىلەن بەرىيا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەمشىرىسى
سېراخ ئىدى.
31 بەرىيانىڭ ئوغۇللىرى خېبەر بىلەن مالكىيەل ئىدى. ئۇ بىرزاۋىتنىڭ ئاتىسى ئىدى.
32 خېبەردىن يافلەت، شومەر ۋە خوتام بىلەن ئۇلارنىڭ ھەمشىرىسى شۇئا تۆرەلدى. 33 يافلەتنىڭ
ئوغۇللىرى پاساك، بىمھال ۋە ئاشۋات ئىدى. بۇلار يافلەتنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
34 شېمەرنىڭ ئوغۇللىرى ئاخى بىلەن روھگا، يەخۇببا بىلەن ئارام ئىدى.
35 ئۇنىڭ بۇرادىرى ھېلەمنىڭ ئوغۇللىرى زوفاھ، يىمنە، شەلەش ۋە ئامال ئىدى.
36 زوفاھنىڭ ئوغۇللىرى: سوئاھ، خارنەفەر، شۇئال، بېرى، يىمرا، 37 بېزەر، ھود، شامما، شىلشا،
يىتران ۋە بەئەرا دېگەنلەر ئىدى.
38 يەتەرنىڭ ئوغۇللىرى يەفۇننە، پىسپا ۋە ئارا ئىدى.
39 ئۇللانىڭ ئوغۇللىرى ئاراھ، خاننىيەل ۋە رىزيا ئىدى.
40 بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۆز ئاتىلىرىنىڭ خانىدانلىرىغا باش
ئىدى. ئۇلار خىللىنىپ، باتۇر جەڭ قىلغۇچى بولۇپ، سەردارلارنىڭ ئارىسىدا ئەمىرلەر ئىدى.
نەسەبنامىدە يېزىلىپ، جەڭ بىلەن سوقۇشقا يارىغۇدەك بولغانلارنىڭ سانى يىگىرمە ئالتە مىڭ
ئادەم ئىدى.

8 1 بەنيامىندىن ئۇنىڭ تۇنجىسى بېلا، ئىككىنچىسى ئاشبەل، ئۈچىنچىسى ئاخراخ،
2 تۆتىنچىسى نوخا ۋە بەشىنچىسى رافا تۆرەلدى.
3 بېلانىڭ ئوغۇللىرى: ئاددار، گېرا، ئابىھۇد 4 ئابىشۇئا، نائامان، ئاخوخ، 5 گېرا، شېپۇپان ۋە

خۇرام دېگەنلەر ئىدى.
6 ئېخۇدنىڭ ئەۋلادلىرى شۇ ئىدى. گېبادا ئولتۇرۇپ ماناھاتقا كۆچۈرۈلگەنلەرنىڭ ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ خاندانلىرىغا باش بولغانلار بولسا:
7 نائامان بىلەن ئاخىيا ئىدى. گېرا ئۆزى ئۇلارنى كۆچۈردى.
8 شاخارايىمنىڭ ئۆزى خۇشىم بىلەن بائارا دېگەن ئۆز خوتۇنلىرىنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن
ئۇنىڭدىن موئابنىڭ يۇرتىدا باللار تۆرەلدى.
9 ئۇ ئۇنىڭ ئۆز خوتۇنى خودەشتىن يوباب، زىبىيا، مېشا، مالكام، 10 يېئۇز، شوبىيا ۋە مىرما
دېگەنلەرنى تاپتى. ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خاندانلىرىغا باش بولغان ئوغۇللىرى شۇ ئىدى.
11 بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆزى خۇشىم دېگەن خوتۇندىن ئابىتۇب بىلەن ئەلپائالنى تاپتى.
12 ئەلپائالنىڭ ئوغۇللىرى ئەبەر، مىشام ۋە شېمەر ئىدى. ئۇ ئۆزى ئونونى ۋە لود بىلەن
كەنتلىرىنى بىنا قىلدى. 13 بەرىيا ۋە شېما ئايالوندا ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ خاندانلىرىغا باش بولۇپ، گاتنىڭ خەلقىنى قاچۇردى.
14 شۇلاردىن باشقا ئاخىيو، شاشاق، يەرىموت، 15 زېبادىيا، ئاراد، ئېدەر، 16 مىكائەل، يىشپا ۋە
يوخا دېگەنلەر بەرىيانىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
17 زېبادىيا مەشۇللام، خىزكى، خېبەر، 18 يىشمەراي، يىزلىيا ۋە يوباب دېگەنلەر ئەلپائالنىڭ
ئوغۇللىرى ئىدى.
19 ياقىم، زىكرى، زەبەدىي، 20 ئەلىيېناي، زىلتاي، ئېلىيەل، 21 ئادايا، بەرايا ۋە شىمرات دېگەنلەر
شىمېينىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
22 يىشپان، ئەبەر، ئېلىيەل، 23 ئابدون، زىكرى، خانان، 24 خانانىيا، ئېلام، ئانتوتىيا، 25 يىفدەيا
ۋە پېنىيەل دېگەنلەر شاشاقنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
26 شامشەراي، شەخارىيا، ئاتالىيا، 27 يائارەشىيا، ئېلىيا ۋە زىكرى دېگەنلەر يەروخامنىڭ ئوغۇللىرى
ئىدى.
28 بۇلار ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خاندانلىرىغا باش ئىدى. ئۇلار ھەم ئۆز نەسىللىرىگە باش بولۇپ،
ئۆزى يېرۇسالېمدا ئولتۇردى.

## شائۇلنىڭ تۇغقانلىرى

29 گىبېيوندا گىبېيوننىڭ ئاتىسى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى مائاكا ئىدى.
30 ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئابدون دەپ ئاتىلىپ، تىر، قىس، بائال، ناداب 31 گەدور، ئاخىيو ۋە
زېكەر دېگەنلەر ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
32 مىقلوتتىن شىما تۆرەلدى. ئۇلار ھەم ئۆز بۇرادەرلىرى بىلەن يېرۇسالېمدا بۇرادەرلىرىنىڭ
ئۇتتۇرىدا ئولتۇراتتى.
33 نەردىن قىس تۆرەلدى. قىسدىن شائۇل تۆرەلدى. شائۇلدىن يوناتان، مەلكىشۇئا، ئابىناداب

ۋە ئەشبائال تۆرەلدى.
[34] يوناتاننىڭ ئوغلى مەرىببائال ئىدى. مەرىببائالدىن مىكا تۆرەلدى.
[35] مىكانىڭ ئوغۇللىرى پىتون، مەلەك، تارېيا ۋە ئاھاز ئىدى.
[36] ئاھازتىن يەھوئاددا تۆرەلدى. يەھوئاددادىن ئالېمەت، ئازماۋەت ۋە زىمرى تۆرەلدى. زىمرىدىن
موسا تۆرەلدى.
[37] موسادىن بىنېئا تۆرەلدى. ئۇنىڭ ئوغلى رافا بولۇپ، رافانىڭ ئوغلى ئەلاسا بولۇپ، ئەلاسانىڭ
ئوغلى ئازەل ئىدى.
[38] ئازەلنىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: ئازرىقام، بوكەرۇ، يىسمائەل، شېئارىيا،
ئوبادىيا ۋە خانان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازەلنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.
[39] ئۇنىڭ بۇرادىرى ئەشەكنىڭ ئوغۇللىرى بۇ، يەنى تۇنجىسى ئۇلام، ئىككىنچىسى يەئۇش ۋە
ئۈچىنچىسى ئەلىفېلەت ئىدى.
[40] ئۇلامنىڭ ئوغۇللىرى باتۇر جەڭ قىلغۇچى بولۇپ، يا ئېتىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇلارنىڭ تولا
ئوغۇل بىلەن نەۋرىلىرى بولۇپ، سانى يۈز ئەللىك ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بەنيامىننىڭ
ئەۋلادلىرى ئىدى.

## يېرۇسالېمنىڭ خەلقى

9 [1] ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى نەسەبنامىدە يېزىلىپ، ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ كىتابىدا
پۈتۈلدى. يەھۇدا بولسا ئۆز بىۋاپالىقى ئۈچۈن ئەسىر بولۇپ، بابىلغا كۆچۈرۈلدى.
[2] بىرىنچى بولۇپ قايتىپ كېلىپ، ئۆز يۇرت بىلەن شەھەرلىرىدە ماكانلاشقانلارنىڭ ئۆزى ئاۋام
ئىسرائىلىيلار، كاھىنلار، لاۋىيلار ۋە بەيتنىڭ خىزمەتكارلىرى ئىدى.
[3] يېرۇسالېمدا بەنى-يەھۇدادىن، بەنى-بەنيامىندىن، بەنى-ئەفرائىمدىن ۋە بەنى-ماناسسەدىن
كىشىلەر ئولتۇردى، [4] يەنى يەھۇدانىڭ ئوغلى پەرەزنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئۇتاي بەن-
ئاممىھۇد بەن-ئومرى بەن-ئىمرى بەن-بانى، [5] شىلونىيلاردىن تۇنجى بولغان ئاسايا بىلەن
ئوغۇللىرى، [6] زېراھنىڭ ئەۋلادلىرىدىن يېئۇئەل بىلەن بۇرادەرلىرى، يەنى ئالتە يۈز توقسان
كىشى،
[7] بەنيامىننىڭ ئەۋلادلىرىدىن ساللۇ بەن-مەشۇللام بەن-ھوداۋيا بەن-ھاسەنۇئا ئاندا ئولتۇردى.
[8] بۇنىڭدىن باشقا يەروخامنىڭ ئوغلى يىبنىيا ۋە ئېلا بەن-ئۇززى بەن-مىكرى بىلەن مەشۇللام
بەن-شېفاتيا بەن-رېھۇئەل بەن-يىبنىيا، [9] ۋە سانى توققۇز يۈز ئەللىك ئالتە بولۇپ نەسەبنامىدە
ئۆز نەسىللىرىگە مۇۋاپىق يېزىلغان بۇرادەرلىرى ھەم يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلىق ئىدى. بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىنىڭ چوڭى بولۇپ، ھەربىرى ئۆز خانىدانىغا باش
ئىدى.

10 كاھىنلاردىن: خۇدانىڭ بەيتىدە باش بولغان يەدايا، يەھويارىب، ياكىن 11 ۋە ھەم ئازاريا
بەن-خىلقىيا بەن-مەشۇللام بەن-سادوق بەن-مەرايوت بەن-ئاخىتۇب، 12 ۋە ھەم ئادايا بەن-
يەروخام بەن-پاشخۇر بەن-مالكىيا ۋە ھەم ماساي بەن-ئادىيەل بەن-ياخزېرا بەن-مەشۇللام
بەن-مەشىللېمىت بەن-ئىممەر 13 ۋە ھەم خۇدانىڭ بەيتىدىكى خىزمەتنىڭ ئىشىنى قىلغىلى
ياراپ ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىغا باش بولۇپ، سانى بىر مىڭ يەتتە يۈز ئاتمىش بولغان
بۇرادەرلىرى يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلىق ئىدى.
14 لاۋىيلاردىن شۇ، يەنى مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان شەمايا بەن-خاششۇب بەن-ئازرىقام
بەن-خېسابىيا 15 ۋە باكباققار، خەرەش، گالال، ماتتانىيا بەن-مىكا بەن-زىكرى بەن-ئاساف،
16 ئوبادىيا بەن-شەمايا بەن-گالال بەن-يەدۇتۇن ۋە بەرەكىيا بەن-ئاسا بەن-ئەلقانا يېرۇسالېمدا
ئولتۇردى. ئەلقانا ئۆزى نەتوفاتلىقلارنىڭ كەنتلىرىدە ئولتۇراقلىق ئىدى.
17 شاللۇم، ئاققۇب، تالمون، ئاخىمان بىلەن بۇرادەرلىرى دەرۋازىۋەن ئىدى. لېكىن شاللۇم
باش ئىدى. 18 ئۇلار بۇ ۋاقىتقىچە شەرق تەرىپىدە پادىشاھنىڭ دەرۋازىسىدا خىزمەت
قىلىپ تۇرماقتا. بۇلار لاۋىيلارنىڭ چېدىرگاھىدا دەرۋازىۋەن ئىدى. 19 شاللۇم بەن-قورە
بەن-ئابىياساف بەن-قوراھ بىلەن ئاتىسىنىڭ خانىدانىدىن بولغان بۇرادەرلىرى جامائەت
چېدىرىنىڭ دەرۋازىلىرىدا دەرۋازىۋەنلەر بولۇپ خىزمەت قىلاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ
ئاتا-بوۋىلىرى خۇداۋەندىنىڭ چېدىرگاھىنىڭ دەرۋازىلىرىدا دەرۋازىۋەنلەر بولغانىدى.
20 ئېلىئازارنىڭ ئوغلى پىنىخاس ئۆتكەن زامانىدا ئۇلارنىڭ سەردارى بولغانىدى ۋە
خۇداۋەندە ئۇنىڭ بىلەن ئىدى. 21 مەشەلەمىيانىڭ ئوغلى زەكاريا جامائەت چېدىرىنىڭ
دەرۋازىسىدا دەرۋازىۋەن ئىدى.
22 بۇلارنىڭ ھەممىسى دەرۋازىلارنى باققىلى تەيىنلىنىپ، سانى بىر يۈز ئون ئىككى ئىدى. ئۇلار
ئۆز كەنتلىرىدە نەسەبنامىدە يېزىلدى. داۋۇد بىلەن روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچى سامۇئىل ئۇلارنى
خىزمەتكە تەيىنلىگەنىدى. 23 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئوغۇللىرى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ،
يەنى چېدىر ئۆيىنىڭ دەرۋازىلىرىدا تۇرۇپ، پاسىبانلىق قىلاتتى. 24 تۆت تەرىپىدە، يەنى شەرق
بىلەن غەربتە، شىمال بىلەن جەنۇبتا ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايلىرى بار ئىدى. 25 كەنتلەردە
ئولتۇرغان بۇرادەرلىرى ھەر يەتتىنچى كۈنى تايىن نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىشى
لازىم ئىدى. 26 ئۇ خىزمەت ئۈچۈن تەيىنلەنگەن تۆت كىشى ئۆزى لاۋىيلار بولۇپ،خۇدانىڭ
بەيتىنىڭ ئامبار بىلەن خەزىنىلىرىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. 27 پاسىبانلىق قىلىپ، ھەر ئەتىگەندە
دەرۋازىلارنى ئاچقىلى ئۇلارنىڭ ئىشى بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار خۇدانىڭ بەيتىنىڭ چۆرىسىدە
قوناتتى. 28 ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىبادەتتە ئىشلىتىلگەن قاچىلاردىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنى
ساناپ ئېلىپ كىرىپ، ساناپ ئېلىپ چىقاتتى. 29 ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باشقا قاچىلارنىڭ ئۆزى
بىلەن بەيتنىڭ ھەممە ئەسۋابلىرىدىن ۋە ئاق ئۇن، شاراب، ياغ، كۆيدۈرىدىغان مەستىكى بىلەن
خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەردىن خەۋەر ئالغىلى تەيىنلەنگەنىدى. 30 لېكىن بەزى كاھىنلارنىڭ
ئوغۇللىرى خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەردىن ياغنى تەييار قىلاتتى. 31 لاۋىيلارنىڭ بىرى بولۇپ

قوراھىي شاللۇمنىڭ تۇنجىسى بولغان ماتتىيا نان ئېتىشتىن خەۋەر ئالغىلى تەيىنلەنگەنىدى.
[32] بۇرادەرلىرىدىن باشقىلار، يەنى قېھاتىيلارنىڭ بەزىسى تەقدىم نېنىدىن خەۋەر ئېلىپ، ھەر شابات ئۇچۇن ئېتەيتتى.
[33] ئەمما لاۋىيلارنىڭ خانىدانلىرىغا باش بولغان شېئىر ئوقۇغۇچىلار بولسا بەيتىنىڭ ھۇجرىلىرىدا ئولتۇراقلىق بولۇپ، كېچە-كۈندۈز ئۆزىنىڭ خاس خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولغاچ باشقا خىزمەتتىن ئازاد ئىدى. [34] بۇلار بولسا يېرۇسالېمدا ئولتۇرۇپ، لاۋىيلارنىڭ خانىدانلىرىنىڭ چوڭلىرى بولۇپ، ئۆز نەسەبنامىلىرىگە مۇۋاپىق باش كىشىلەر ئىدى.

## گىبېيوننىڭ ئەۋلادلىرى

[35] گىبېيوندا گىبېيوننىڭ ئاتىسى يېئۈئەل ئولتۇردى. ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى مائاكا ئىدى. [36] ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئابدون بولۇپ تىر، قىس، بائال، نەر، ناداب، [37] گەدور، ئاخىيو، زەكاريا ۋە مىقلوت ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. [38] مىقلوتتىن شىمام تۆرەلدى. ئۇلار ھەم ئۆز بۇرادەرلىرى بىلەن يېرۇسالېمدا ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ ئۇتتۇرىدا ئولتۇردى.
[39] نەردىن قىس تۆرەلدى. قىستىن شائۇل تۆرەلدى. شائۇلدىن يوناتان، مەلكىشۇئا، ئابىناداب ۋە ئەشبائال تۆرەلدى.
[40] يوناتاننىڭ ئوغلى مەرىببائال ئىدى. مەرىببائالدىن مىكا تۆرەلدى.
[41] مىكانىڭ ئوغۇللىرى پىتون بىلەن مەلەك، تارېيا بىلەن ئاھاز ئىدى.
[42] ئاھازتىن ياراھ تۆرەلدى.ياراھتىن ئالېمەت، ئازماۋەت ۋە زىمرى دېگەنلەر تۆرەلدى. زىمرىدىن موسا تۆرەلدى.
[43] موسادىن بىنېئا تۆرەلدى. ئۇنىڭ ئوغلى رەفايا بولۇپ، رەفايانىڭ ئوغلى ئەلاسا بولۇپ، ئەلاسانىڭ ئوغلى ئازەل ئىدى.
[44] ئازەلنىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: ئازرىقام، بوكەرۇ، يىسمائەل، شېئارىيا، ئوبادىيا ۋە خانان ئىدى. ئازەلنىڭ ئوغۇللىرى بۇلار ئىدى.

## شائۇلنىڭ جەڭدە ئۆلۈشى

10 [1] ئەمما فىلىستىنىيلەر ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلىشقىلى تۇردى. ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرى بولسا فىلىستىنىيلەرنىڭ ئالدىدىن قېچىپ، گىلبوئا تېغىدا قىرىپ تاشلاندى. [2] لېكىن فىلىستىنىيلەر شائۇلغا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. شۇنداقكى، فىلىستىنىيلەر شائۇلنىڭ ئوغۇللىرى يوناتان، ئابىناداب ۋە مەلكىشۇئانى ئۆلتۈرۈۋەتتى. [3] سوقۇش شائۇلغا قاتتىق بولۇپ، يا ئاتقۇچىلار ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە

يا ئاتقۇچىلاردىن تولا قورقتى. [4] ئۇ ۋاقىت شائۇل ئۆز ياراغ كۆتۈرگۈچىسىگە: «قىلىچىڭنى
سۇغۇرۇپ، مېنى سايغىن بۇ خەتنىسىزلەر كېلىپ مېنى سېپىپ خارلىمىسۇن» دەپ ئېيتتى.
لېكىن ئۇنىڭ ياراغ كۆتۈرگۈچىسى تولا قورقۇپ ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن شائۇل قىلىچنى
ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. [5] ياراغ كۆتۈرگۈچى شائۇلنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگەندە
ئۇ ھەم ئۆزىنى قىلىچنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، شائۇل بىلەن ئۆلدى. [6] شائۇلنىڭ ئۆزى بىلەن
ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى، ياراغ كۆتۈرگۈچىسى ۋە ئۆيىنىڭ ھەممە ئادەملىرى بىللە ئۆلدى. [7] ۋادىدا
بار ھەممە ئىسرائىلىي ئادەملەر قوشۇنىنىڭ قاچقىنىنى كۆرۈپ، شائۇل بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ
ئۆلگىنىنى مۇئەللىم قىلغاندا شەھەرلىرىنى تاشلاپ قاچتى. ئاندىن فىلىستىنىيلەر كېلىپ
ئاندا ئولتۇرۇۋالدى.
[8] ئەتىسى فىلىستىنىيلەر ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى تالىغىلى كەلگەندە گىلبوئا تېغىدا شائۇل بىلەن
ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى تېپىپ، [9] ئۇنى تالاپ، بېشىنى كېسىپ، ياراغلىرىنى سالدۇرۇپ،
فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتىنىڭ ھەر تەرىپىگە ئەۋەتىپ، ئۆز بۇتلىرىغا ۋە خەلققە خۇش خەۋەرنى
بايان قىلىپ، [10] ئۇنىڭ ياراغلىرىنى ئۆز بۇتخانىسىدا سېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى داگون
بۇتخانىسىدا ئېسىپ قويدى.
[11] يابەش گىلىيادنىڭ ھەممە ئادەملىرى فىلىستىنىيلەرنىڭ شائۇلغا نېمە قىلغىنىنى ئاڭلىغاندا
[12] ھەممە باتۇر ئادەملەر قوپۇپ، شائۇلنىڭ ئۆلۈكى بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئېلىپ
يابەشكە كۆتۈرۈپ، يابەشتىكى بىر يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە دەپنە قىلىپ، يەتتە كۈن روزا تۇتتى.
[13] شائۇل خۇداۋەندىگە بىۋاپالىق قىلىپ خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى تۇتماي، بەلكى بىر روھتىن
سوئال قىلىپ ئۇنىڭدىن سورىغىنى ئۈچۈن ئۆلدى. [14] ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىدىن سورىمىغانىدى.
ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، پادىشاھلىقنى يىشاينىڭ ئوغلى داۋۇدقا ئۆتكۈزدى.

## داۋۇد پادىشاھ بولۇپ يېرۇسالېمنى ئىگىلەيدۇ

11 [1] ئاندىن كېيىن ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرى خېبرونغا داۋۇدنىڭ قېشىغا كېلىپ،
ئېيتتىكى: «مانا بىز سېنىڭ سۆڭەك بىلەن ئېتىڭدۇرمىز. [2] ئۆتكەن ۋاقىتتا شائۇل
سەلتەنەت قىلغاندا ئىسرائىلنىڭ چىقىش-كىرىشىدىن باشلىغۇچى سەن ئىدىڭ ۋە تەڭرىڭ
خۇداۋەندە ساڭا: ‹ سەن مېنىڭ قوۋمىم ئىسرائىلنىڭ پادىچىسى دەرۋەقە ئىسرائىلنىڭ ئەمىرى
بولىسەن› دېگەنىدى» دېدى. [3] ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرى خېبرونغا پادىشاھنىڭ
قېشىغا كەلگەندە داۋۇد خېبروندا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئۇلار بىلەن ئەھدە قىلىشتى. ئاندىن
كېيىن ئۇلار خۇداۋەندە سامۇئىلنىڭ ۋاستىسى بىللە قىلغان سۆزگە مۇۋاپىق داۋۇدنى
ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلىدى.
[4] داۋۇد ھەممە ئىسرائىل بىلەن بىللە يېرۇسالېمغا، يەنى يەبۇسقا چىقتى. يۇرتتا تېخى قالغان

يەبۇسىيلار ئاندا ئولتۇردى. [5] يەبۇستا ئولتۇرغۇچىلار داۋۇدقا: «بۇ يەرگە كىرمەيسەن» دەپ ئېيتتى. لېكىن داۋۇدنىڭ ئۆزى داۋۇدنىڭ شەھىرى دەپ ئاتالغان سى'ون قورغىنىنى ئالدى. [6] داۋۇد سۆزلەپ: «ھەركىم يەبۇسىيلارنى ئاۋۋال ئۇرسا، ئۇ ئۆزى باش بولۇپ سەردار بولسۇن» دېدى. زېرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب ئاۋۋال چىقىپ باش بولدى. [7] داۋۇد ئۇ قورغاندا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى داۋۇدنىڭ شەھىرى دەپ ئاتاپ، [8] شەھەرنىڭ چۆرىسىنى مەھكەم قىلىپ، مىللو قەلئەسىدىن تارتىپ چۆرىسىنى ياسىدى. يوئاب شەھەرنىڭ باشقا يەرلىرىنى ياساپ قويدى. [9] داۋۇد بارغانسېرى قۇۋۋەتلىنىپ ئۇلۇغ بولدى ۋە ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇداۋەندە ئۇنىڭ بىلەن ئىدى.

## داۋۇدنىڭ پالۋانلىرى

[10] داۋۇدنىڭ باش پالۋانلىرى تۆۋەندە زىكىر قىلىنغانلارنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇلار بولسا ھەممە ئىسرائىل بىلەن بىللە ئۇنى پادىشاھ بولۇشىدا يۆلەپ، خۇداۋەندە ئىسرائىل توغرىسىدا ئېيتقان سۆزىگە مۇۋاپىق ئۇنى پادىشاھ قىلدى. [11] داۋۇدنىڭ پالۋانلىرىنىڭ بايانى شۇ، يەنى خاكمونىنىڭ ئوغلى ياشوبام سەردارلارنىڭ بېشى ئىدى. ئۇ ئۆز نەيزىسىنى ئۈچ يۈز كىشىنىڭ ئۈستىگە شىلتاپ، ئۇلارنى بىر زەربىدە ئۆلتۈرگەنىدى. [12] ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئاخوخلۇقنىڭ ئوغلى بولغان دودونىڭ ئوغلى ئېلىئازار ئىدى. فىلىستىنىيلەر ئاندا جەڭگە جەم بولۇپ، ئۇلارنى ھاقارەت قىلغىنىدا داۋۇد بىلەن بولغان ئۈچ پالۋاننىڭ بىرى ئۇ ئىدى. [13] ئۇ ئۆزى پاس-داممىمدا داۋۇد بىلەن ئىدى. فىلىستىنىيلەر ئاندا بىر ئارپىلىق ئېتىزدا سوقۇشقا يىغىلغاندا خەلق فىلىستىنىيلەردىن قاچاتتى. [14] ئەمما ئۇلار ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، ئۇنى ساقلاپ، فىلىستىنىيلەرنى ئۇردى. بۇنىڭ بىلەن خۇداۋەندە ئۇلارغا چوڭ بىر نۇسرەت بەردى.

[15] فىلىستىنىيلەرنىڭ بىر قوشۇنى رېفائىم ۋادىسىغا چۈشكەندە ئوتتۇز سەردارنىڭ ئۈچى قورام تاشتىن ئۆتۈپ، ئادۇللام غېرىغا داۋۇدنىڭ قېشىغا كەلدى. [16] ئۇ ۋاقىت داۋۇد قورغاندا ئىدى. لېكىن بەيتلەھەمدە فىلىستىنىيلەرنىڭ بىر قاراۋۇلى بار ئىدى. [17] داۋۇد چاڭقاپ: «كاشكى بەيتلەھەمنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى قۇدۇقتىن بىركىم ماڭا ئىچكىلى سۇ بەرسە ئىدى» دەپ ئېيتتى. [18] ئۇ ۋاقىت بۇ ئۈچ پالۋان فىلىستىنىيلەرنىڭ لەشكەرگاھىدىن زور بىلەن ئۆتۈپ، بەيتلەھەمنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ داۋۇدقا ئېلىپ كەلدى. لېكىن ئۇ ئۇنىڭدىن ئىچكىلى خالىماي، خۇداۋەندىگە ھەدىيە بولسۇن دەپ، تۆكۈپ قويدى. [19] ئۇ ئېيتتى: «ئەي خۇدايىم، ھەرگىز مۇنداق قىلمىغايمەن. ئۆز جانلىرىنى خەتەرگە سېلىپ بارغان كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئىچىمەنمۇ؟ چۈنكى ئۇلار ئۆز جانلىرىنى خەتەرگە سېلىپ، ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى» دەپ ئۇنى ئىچكىلى ئۇنىمىدى. ئۇ ئۈچ پالۋان شۇ ئىشلارنى قىلغانىدى. [20] يوئابنىڭ بۇرادىرى ئابىساي ئۆزى ئۈچىنىڭ بېشى ئىدى. ئۇ ئۆزى نەيزىسىنى ئۈچ يۈزنىڭ ئۈستىگە شىلتاپ، ئۇلارنى ئۆلتۈردى. بۇ ئۈچىنىڭ ئارىسىدا ئۇ نامدار ئىدى. [21] ئۇ ئۆزى ئۈچەيلەننىڭ ئىززەتلىكرەكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشى بولسىمۇ، ئاۋۋالقى ئۈچەيلەن بىلەن باراۋەر ئەمەس ئىدى.

[22] بىر باتۇر قابسەئەللىكنىڭ ئوغلى بولغان يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايا ئۆزى موئابنىڭ ئىككى شىرى دېگەن پالۋانلارنى ئۆلتۈردى. قار ياغقان بىر كۈندە قۇدۇققا چۈشۈپ، بىر شىرنى ئۆلتۈرگەن كىشى شۇ ئىدى. [23] ئۇ ھەم بەش گەز ئېگىز بويلۇق بىر مىسىرلىق ئادەمنى ئۆلتۈردى. مىسىرلىقنىڭ قولىدا سېپى بىر باپكارنىڭ خادىسىدەك بولغان بىر نەيزە بولسىمۇ، ئۇ بىر ھاسا تۇتۇپ قېشىغا چۈشۈپ، مىسىرلىقنىڭ قولىدىن نەيزىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆز نەيزىسى بىللە ئۇنى ئۆلتۈردى. [24] بۇ ئىشلارنى يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايا قىلىپ، ئۈچ پالۋانلارنىڭ ئارىسىدا نام تاپتى. [25] مانا ئۇ ئوتتۇز سەردارنىڭ ئىززەتلىكرەكى بولسىمۇ، ئاۋۋالقى ئۈچەيلەن بىلەن باراۋەر ئەمەس ئىدى. داۋۇد ئۇنى ئۆز مەھرەملىرىنىڭ ئۈستىدە قويدى.

[26] باتۇر جەڭ قىلغۇچىلار بۇلار، يەنى يوئابنىڭ بۇرادىرى ئاسائەل، بەيتلەھەملىك دودونىڭ ئوغلى ئەلخانان، [27] ھارورىي شامموت، پەلونىي خېلەز، [28] تەقوئالىق ئىققەشنىڭ ئوغلى ئىرا، ئاناتوتلۇق ئابىئېزەر، [29] خۇشاتىي سىببېكاي، ئاخوخىي ئىلاي، [30] نەتوفاتىي ماھاراي، بائانانىڭ ئوغلى نەتوفاتىي خېلەد، [31] بەنى-بەنيامىننىڭ شەھىرى گىبېيادىن بولغان رىباينىڭ ئوغلى ئىتتاي، پىراتونلۇق بەنايا، [32] گائاش ۋادىلىرىدىن بولغان خۇراي، ئارباتلىق ئابىيەل، [33] باخارۇمىي ئازماۋەت، شائالبونلۇق ئەلياخبا، [34] گىزونىي بېنى-ھاشەم، شاگاينىڭ ئوغلى ھارارىي يوناتان، [35] ساكارنىڭ ئوغلى ھارارىي ئاخىيام، ئۇرنىڭ ئوغلى ئەلىفال، [36] مەكېراتىي خەفەر، پەلونىي ئاخىيا، [37] كارمەللىك خەزرو، ئەزباينىڭ ئوغلى نائاراي، [38] ناتاننىڭ بۇرادىرى يوئېل، ھاگرىنىڭ ئوغلى مىبخار، [39] ئاممونىي زەلەك، زېرۇيانىڭ ئوغلى يوئابنىڭ ياراغ كۆتۈرگۈچىسى بولغان بەئەروتلۇق ناخاراي، [40] يەتەرىي ئىرا، يەتەرىي گارەب، [41] خىتتىي ئۇرىيا، ئاخلاينىڭ ئوغلى زاباد، [42] رۇبەنىيلەرنىڭ بېشى بولغان رۇبەنىي ئادىنا بەن-شىزا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇز ئادەم، [43] مائاكانىڭ ئوغلى خانان، مىتنىي يوشافات، [44] ئاشتاروتلۇق ئۇززىيا، ئاروئەرلىك خوتامنىڭ ئوغۇللىرى شاما ۋە يېئۇئەل ، [45] شىمرىنىڭ ئوغلى يەدىئەل ۋە ئۇنىڭ بۇرادىرى تىزىي يوخا، [46] ماخاۋىلىق بولغان ئېلىيەل، ئەلنائامنىڭ ئوغۇللىرى يەرىباي بىلەن يوشاۋىيا، موئابىي يىتما، [47] مەزوبايادىن بولغان ئېلىيەل، ئوبەد ۋە يائاسىيەل ئىدى.

## تىسقلاغتا داۋۇدقا ئەگەشكەن پالۋانلار

12 [1] داۋۇد قىسنىڭ ئوغۇل شائۇلدىن ئۆزىنى يوشۇرۇپ،زىقلاغتا بولغاندا ئۇنىڭغا كېلىپ، جەڭدە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ تۇرغان پالۋانلار بۇلار ئىدى. [2] ئۇلار يا بىلەن قوراللىنىپ، ھەم ئوڭ قولى بىلەن ھەم چەپ قولى بىلەن تاش ئېتىپ، ئوقيالىرى ئاتقىلى ئۇستا ئىدى. بۇلار بەنيامىن قەبىلىسىدىن بولۇپ، شائۇلنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئىدى، يەنى [3] ئۇلارنىڭ بېشى ئاخىئەزەر بىلەن يوئاش دېگەن ئىككىلىسى گىبېالىق شەمائانىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. بۇلاردىن باشقا ئازماۋەتنىڭ ئوغۇللىرى يەزاۋەل بىلەن پېلەت ۋە بەراكا بىلەن ئاناتوتلۇق يېھۇ [4] ۋە ھەم ئوتتۇز

پالۋاننىڭ بىرى بولۇپ بۇ ئوتتۇزنىڭ سەردارى بولغان گىببىيونلۇق يىشمايا [5] بىلەن يىرمىيا، ياخازىيەل، يوخانان، گەدەرالىق يوزاباد، [6] ئەلۇزاي، يەرىموت، بېئالىيا، شەمارىيا ۋە خارۇفلۇق شېفاتىيا، [7] قوراھىيلار بولغان ئەلقانا، يىشىيا، ئازارەل، يوئەزەر، ياشوبام [8] يەروخامنىڭ ئوغۇللىرى بولغان گەدورلۇق يوئېلا بىلەن زەبادىيا دېگەنلەر بار ئىدى.
[9] گادىيلاردىن بەزىسى چىقىپ كېتىپ، چۆلدىكى قاراۋۇلغا داۋۇدنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار پالۋان ۋە باتۇر جەڭ قىلغۇچى بولۇپ، قالقان ۋە نەيزە بىلەن قوراللانغانىدى. ئۇلارنىڭ يۈزى شىر يۈزىدەك بولۇپ، ئۆزى تاغلاردىكى تېكىلەردەك تېز ئاياغ ئىدى. [10] ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئېزەر، ئىككىنچىسى ئوبادىيا، ئۈچىنچىسى ئېلىياب، [11] تۆتىنچىسى مىشماننا، بەشىنچىسى يىرمىيا، [12] ئالتىنچىسى ئاتتاي، يەتتىنچىسى ئېلىيەل، [13] سەككىزىنچىسى يوخانان، توققۇزىنچىسى ئەلزاباد، [14] ئونىنچىسى يىرمىيا، ئون بىرىنچىسى ماكبانناي ئىدى. [15] بۇلار بەنى-گادتىن بولۇپ، قوشۇننىڭ سەردارلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ كىچىكى يۈزگە باراۋەر كېلىپ، ئۇلارنىڭ چوڭراقى مىڭغا باراۋەر كەلدى. [16] ئاۋۋالقى ئايدا ئىئوردان ئۆز ھەممە چەتلىرىدىن تېشىپ كەتكەندە ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ، ۋادىلاردا ئولتۇرغانلارنى شەرق بىلەن غەرب تەرىپىگە ھەيدىۋەتكەنلەر بۇلار ئىدى.
[17] بەنى-بەنيامىن بىلەن يەھۇدادىن كىشىلەر قورغانغا داۋۇدنىڭ قېشىغا كەلدى. [18] ئۇ ۋاقىت داۋۇد ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى: «ئەگەر تىنچلىق بىلەن ماڭا مەدەت بەرگىلى كەلگەن بولساڭلار، مېنىڭ كۆڭلۈم سىلەر بىلەن بىر بولىدۇ. لېكىن مېنىڭ قوللىرىمدا ناھەقلىق بولمىسىمۇ، مېنى ئۆز دۈشمەنلىرىمگە تۇتۇپ بەرگىلى كەلگەن بولساڭلار، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ خۇدايى شۇنىڭغا قاراپ ياندۇرسۇن» دېدى. [19] لېكىن روھ ئوتتۇزنىڭ بېشى بولغان ئاماسايىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە ئۇ ئېيتتى: «ئەي داۋۇد، سېنىڭكىدۇرمىز. ئەي يىشايىنىڭ ئوغلى، سەن بىلەن تۇرىمىز. ساڭا چوڭ ئامانلىق بولسۇن ۋە ساڭا مەدەت بەرگۈچىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، چۈنكى خۇدايىڭ ساڭا ياردەم بېرىدۇ». شۇنى دېگەندە داۋۇد ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز قوشۇننىڭ سەردارلىرى قىلدى.
[20] فىلىستىنىيلەر شائۇل بىلەن جەڭ قىلغىلى چىققىنىدا ماناسسەنىڭ ئادەملىرىدىن كىشىلەر داۋۇدنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى. لېكىن داۋۇد فىلىستىنىيلەرگە مەدەت بەرمىدى، چۈنكى فىلىستىنىيلەرنىڭ سەردارلىرى مەسلىھەت قىلىشىپ: «ئەگەر ئۆز خوجىسى شائۇلغا ئۆتۈۋالسا، بېشىمىز كېتىدۇ» دەپ ئۇنى چىقىرىۋەتكەنىدى. [21] ئۇ ئۆزى زىقلاغقا بارغاندا ماناسسەنىڭ ئادەملىرىدىن بۇلار، يەنى ماناسسەنىڭ مىڭلىرىغا سەردارلار بولغان ئادنا يوزاباد، يەدىئەل، مىكائەل، يوزاباد، ئېلىھۇ ۋە زىلتاي دېگەنلەر ئۇنىڭغا ئۆتۈۋالدى. [22] ئۇلارنىڭ ھەممىسى باتۇر جەڭ قىلغۇچى بولۇپ قوشۇننىڭ سەردارلىرى قىلىنىپ، تالىغۇچىلارغا قارشى داۋۇدقا مەدەت بېرەتتى. [23] چۈنكى كۈندىن-كۈنگە كىشىلەر داۋۇدقا مەدەت بەرمەك ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا كېلەتتى. شۇنداقكى، خۇدانىڭ قوشۇنىدەك بىر چوڭ قوشۇن تەييار بولغانىدى.

## خېبروندا داۋۇتقا قوشۇلغان قوشۇنلار

[24] جەڭگە قوراللىنىپ خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق شائۇلنىڭ پادىشاھلىقىنى داۋۇتقا ئۆتكۈزمەك ئۈچۈن خېبرونغا ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەن جەڭ قىلغۇچىلارنىڭ سانى شۇ ئىدى، يەنى
[25] يەنى-يەھۇدادىن سىپار بىلەن نەيزە كۆتۈرۈپ جەڭگە تەييار بولغانلار ئالتە مىڭ سەككىز يۈز ئىدى.
[26] يەنى-شىموندىن يەتتە مىڭ بىر يۈز باتۇر جەڭ قىلغۇچى كەلگەنىدى.
[27] يەنى-لاۋىيدىن تۆت مىڭ ئالتە يۈز ئىدى.
[28] بۇلاردىن باشقا ھارۇننىڭ خانىدانىغا باش بولغان يەھويادا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ مىڭ يەتتە يۈز ئادەم كېلىپ،
[29] سادوق دېگەن بىر ياش باتۇر يىگىت بىلەن ئۇنىڭ خانىدانىدىن بولغان يىگىرمە ئىككى سەردار ھەم كەلگەنىدى.
[30] شائۇلنىڭ تۇغقانلىرى بولغان بەنى-بەنيامىندىن ئۈچ مىڭ كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ تولىلىرى بۇ ۋاقىتقىچە شائۇلنىڭ ئۆيىگە ئىشەنچلىك بولغانىدى. [31] بەنى-ئەفرائىمدىن باتۇر جەڭ قىلغۇچى بولۇپ، ئۆز خۇداۋەندىلىرىگە نام تاپقان يىگىرمە مىڭ سەككىز يۈز ئادەم كەلگەنىدى.

[32] داۋۇدنى پادىشاھ قىلغىلى كېلىپ، ئىسىملار بىلەن زىكىر قىلىنىپ ماناسسە قەبىلىسىنىڭ يېرىمىدىن بولغان ئون سەككىز مىڭ ئادەم ئىدى.
[33] بەنى-ئىسساكاردىن ۋاقىتنى ئوبلاپ بىلىپ، ئىسرائىلنىڭ نېمە قىلىشىنى ئۇققان ئىككى يۈز سەردار بىلەن ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا بولغان بۇرادەرلىرى،
[34] زەبۇلۇن قەبىلىسىدىن جەڭگە ئۇستا بولۇپ، ھەر خىل جەڭ ئەسۋابى بىلەن قوراللىنىپ، ئىككى كۆڭۈللۈك بولماي ئىتتىپاق بولۇشۇپ كەلگەنلەر ئەللىك مىڭ ئىدى.
[35] نافتالى قەبىلىسىدىن مىڭ سەردار ۋە ئۇلار بىلەن بولۇپ سىپار ۋە نەيزە كۆتۈرگەن ئوتتۇز يەتتە مىڭ ئادەم،
[36] دانىيلاردىن يىگىرمە سەككىز مىڭ ئالتە يۈز قوراللانغان ئادەم،
[37] ئاشەر قەبىلىسىدىن جەڭگە چىققۇدەك بولۇپ، سوقۇشقا قوراللانغان قىرىق مىڭ ئادەم كەلگەنىدى.
[38] ئىئوردانىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن رۇبەنىيلەردىن، گادىيلاردىن ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىدىن سوقۇش ئۈچۈن ھەر خىل جەڭ ئەسۋابى بىلەن قوراللانغان بىر يۈز يىگىرمە مىڭ ئادەم كەلگەنىدى.
[39] بۇ جەڭ قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سوقۇشقا راستلىنىپ، بىر كۆڭۈللۈك بولۇپ داۋۇدنى پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ قىلغىلى خېبرونغا كەلدى. ئىسرائىلنىڭ ھەممە قالغان خەلقىمۇ داۋۇدنى پادىشاھ قىلغىلى ئىتتىپاقلاشقانىدى. [40] ئۇلار داۋۇدنىڭ قېشىدا ئۈچ كۈن

قىلىپ، يەپ-ئىچىپ ئولتۇردى، چۈنكى بۇرادەرلىرى ئۇلار ئۈچۈن تائام تەييار قىلغانىدى.
41 شۇنداق ھەم ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى بولۇپ ئىسساكار، زەبۇلۇن ۋە نافتالىنىڭ يۇرتلىرىغىچە
ئولتۇرغۇچىلار ئېشەك، تۆگە، قېچىر، ئۇيلارغا ئاشلىق ئارتىپ، تولا ئۇن، ئەنجۈر توقاچلىرى،
ئۈزۈم ساپاقلىرى، شاراب، ياغ، كالا، ۋە قوي كەلتۈرگەنىدى، چۈنكى ئىسرائىلدا خۇشلۇق بار
ئىدى.

13 1 داۋۇت بولسا لەشكەر مىڭبېشى بىلەن يۈزبېشىلارنىڭ ئۆزى ۋە ھەممە سەردارلار بىلەن
مەسلىھەت قىلىشتى. 2 ئاندىن داۋۇت ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتىگە ئېيتتىكى:
«ئەگەر سىلەرگە ياخشى كۆرۈنۈپ، بۇ ئىش تەڭرىمىز خۇداۋەندىدىن بولسا، ھەر تەرەپكە
خەۋەر ئەۋەتىپ: «بىزگە كېلىپ يىغىلىڭلار» دەپ، ئىسرائىلنىڭ ھەممە يۇرتلىرىدا قالغان
بۇرادەرلىرىمىزنى ۋە كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنى قىچقىرىپ، 3 خۇدايىمىزنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى
يەنە ئۆتتۈرىمىزغا كەلتۈرۈپ قويايلى. مانا شائۇلنىڭ كۈنلىرىدە ئۇنىڭ بىلەن ھېچ كارىمىز يوق
ئىدى» دېسە، 4 پۈتۈن جامائەت: «ئۇنداق قىلايلى» دەپ ئېيتتى، چۈنكى بۇ ئىش خەلقنىڭ
ھەممىسىگە ياخشى كۆرۈندى.
5 ئاندىن كېيىن داۋۇت خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى قىريات-يېئارىمدىن ئېلىپ كەلمەك
ئۈچۈن مىسىردىكى شىخوردىن تارتىپ خاماتقا بارىدىغان يولغىچە ئىسرائىلنىڭ ھەممىسىنى
يىغدۇردى. 6 داۋۇت بىلەن ھەممە ئىسرائىل يەھۇداغا تەۋە بولغان بائالا، يەنى قىريات-يېئارىمغا
چىقىپ، كېرۇبلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇچىدىن نام تاپقان ساندۇق، يەنى تەڭرى خۇداۋەندىنىڭ
ئەھدە ساندۇقىنى ئۇ يەردىن كەلتۈرگىلى باردى. 7 ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بىر يېڭى
ھارۋىغا سېلىپ، ئابىنادابنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەتتى. ئۇززا بىلەن ئاخىيو ھارۋىنى ھەيدىدى.
8 داۋۇت بىلەن ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئالدىدا ھەممە كۈچى بىلەن خۇشاللىق
قىلىپ، شېئىر ئوقۇپ، چاڭ، ساتار، داپ، جاڭجاڭ ۋە كاناي چالاتتى.
9 لېكىن ئۇلار كىدون خامىنىغا كەلگەندە ئۇززا ئۆزى ئۇيلار پۈتلاشقىنى ئۈچۈن ئۆز قولىنى
ئەھدە ساندۇقىغا ئۇزىتىپ، ئۇنى تۇتتى. 10 ئەمما ئۇززا ئۆز قولىنى ئەھدە ساندۇقىغا ئۇزاتقىنى
ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئۇنىڭغا تۇتىشىپ ئۇنى ئۇردى. شۇنداقكى، ئۇ ئاندا خۇدانىڭ
ئالدىدا چۈشۈپ ئۆلدى.
11 داۋۇت بولسا خۇداۋەندە ئۇززانى ئۇرغىنى ئۈچۈن ئەلەم بولۇپ، ئۇ يەرنى پەرەز-ئۇززا دەپ ئاتىدى
ۋە بۇ كۈنگىچە شۇنداق ئاتالماقتا. 12 ئۇ كۈندە داۋۇت خۇدادىن قورقۇپ: «خۇدانىڭ ئەھدە
ساندۇقىنى ئۆزۈمنىڭكىگە قانداق ئېلىپ كېلەلەيمەن؟» دەپ ئېيتتى. 13 ئۇنىڭ ئۈچۈن داۋۇت
ئەھدە ساندۇقىنى داۋۇدنىڭ شەھىرىگە كەلتۈرمەي، بەلكى گاتلىق ئوبەد-ئېدومنىڭ ئۆيىگە
كەلتۈردى. 14 خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى گاتلىق ئوبەد-ئېدومنىڭ ئۆيىدە قېلىپ، ئاندا ئۇنىڭكىدە
ئۈچ ئاي تۇردى. ئەمما خۇداۋەندە ئوبەد-ئېدومنىڭ ئۆيى بىلەن ھەممە تەئەللۇقىنى بەرىكەتلىدى.

## داۋۇدنىڭ شۆھرىتى ھەممە يۇرتلارغا چىقىدۇ

14 [1] تىرنىڭ پادىشاھى خىرام داۋۇدقا ئەلچىلەر چىقىرىپ، كېدىر ياغىچى ئەۋەتىپ،
ئۇنىڭغا ئۆيىنى ياسىماق ئۈچۈن تامچى بىلەن ياغاچچىلار قوشۇپ بەردى. [2] داۋۇد
ئۇقتىكى، خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ تىكلەپ قويغانىدى.
چۈنكى ئۆز قوۋمى ئىسرائىل ئۈچۈن ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى تولا ئۇلۇغلاندۇرغانىدى.
[3] داۋۇد يېرۇسالېمدا ئۆزىگە يەنە خوتۇنلار ئالدى ۋە داۋۇدتىن يەنە ئوغۇل بىلەن قىزلار تۆرەلدى.
[4] يېرۇسالېمدا ئۇنىڭغا تۇغۇلغان ئوغۇللارنىڭ ئىسىملىرى بۇ، يەنى شامۇئا، شوباب، ناتان،
سۇلايمان، [5] يىبخار، ئېلىشۇئا، ئەلىفېلەت [6] نوگا، نېفەگ، يافىيا، [7] ئەلىشاما، بەئەلىيادا ۋە
ئەلىفېلەت ئىدى.
[8] فىلىستىنىيلەر داۋۇدنىڭ ئىسرائىلغا پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلەنگىنىنى ئاڭلىغىنىدا
فىلىستىنىيلەرنىڭ ھەممىسى داۋۇدنى تۇتقىلى چىقتى. داۋۇد بۇنى ئاڭلىغاندا ئۇلارغا قارشى
چىقتى. [9] فىلىستىنىيلەر كېلىپ، رېفائىم ۋادىسىدا يېيىلدى. [10] داۋۇد خۇدادىن سورىدىكى:
«فىلىستىنىيلەرگە قارشى چىقايمۇ؟ ئۇلارنى مىنىڭ قولۇمغا تاپشۇرىسەنمۇ؟» خۇداۋەندە
ئۇنىڭغا: «چىققىن، ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن» دەپ ئېيتتى. [11] ئۇلار بائال-
پەرازىمغا چىققاندا داۋۇد ئاندا ئۇلارنى ئۇردى. ئۇ ۋاقىت داۋۇد: «بىر سەل باسقاندەك خۇدا
مېنىڭ قولۇم بىلەن دۈشمەنلىرىمنى باستى» دېدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەرنى بائال-پەرازىم دەپ
ئاتىدى. [12] ئۇلار ئۆز بۇتلىرىنى ئاندا قويۇپ كەتكەندە داۋۇد: «ئۇلارنى ئوتتا كۆيدۈرۈڭلار» دەپ
بۇيرۇدى.
[13] لېكىن فىلىستىنىيلەر يەنە ئۇ ۋادىدا يېيىلدى. [14] داۋۇد خۇدادىن يەنە سورىغاندا خۇدا
ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىقماي، بەلكى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ،
ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ ئۇتتۇرىدىكى يەردىن ھۇجۇم قىلغايسەن. [15] ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ
تۆپىسىدىن ماڭىدىغان قەدەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىڭدا سوقۇشقا چىققىن، چۈنكى ئۇ ۋاقىت
خۇدا فىلىستىنىيلەرنىڭ قوشۇنىنى ئۇرغىلى ئالدىڭدا ماڭىدۇ» دېدى. [16] داۋۇد خۇدا ئۇنىڭغا
بۇيرۇغاندەك قىلدى. ئۇ ۋاقىت ئۇلار فىلىستىنىيلەرنىڭ قوشۇنىنى ئۇرۇپ، گىبىيوندىن تارتىپ
گېزەرگىچە قوغلىدى. [17] داۋۇدنىڭ شۆھرىتى ھەممە يۇرتلارغا چىقتى ۋە خۇداۋەندە ئۇنىڭ
قورقۇنچىسىنى ھەممە تائىپىلەرنىڭ ئۈستىگە سالدى.

## ئەھدە ساندۇقى يېرۇسالېمغا كەلتۈرۈلىدۇ

15 [1] ئاندىن ئۇ ئۆزىگە داۋۇدنىڭ شەھرىدە ئۆيلەر ياساپ، خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى
ئۈچۈن بىر جايىنى راستلاپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر چېدىر تىكتۈردى. [2] داۋۇد بۇيرۇدىكى:
«بەنى-لاۋىيدىن باشقا كىشىلەر خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرمىسۇن، چۈنكى ئۇلارنى

خۇداۋەندە ئۆزى خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەمىشە خىزمەت
قىلغىلى ئىلغىدى. [3] ئاندىن داۋۇد ھەممە ئىسرائىلنى ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى
ئۈچۈن راستلىغان جايغا ئۇنى كەلتۈرمەك ئۈچۈن يېرۇسالېمغا يىغدۇردى.
[4] داۋۇد بەنى-ھارۇن بىلەن لاۋىيلارنى جەم قىلدى.
[5] بەنى-قېھاتتىن باش بولغان ئۇرىيەل بىلەن ئۇنىڭ بىر يۈز يىگىرمە تۇغقىنى،
[6] بەنى-مەرارىدىن باش بولغان ئاسايا بىلەن ئۇنىڭ ئىككى يۈز يىگىرمە تۇغقىنى،
[7] بەنى-گەرشومدىن باش بولغان يوئېل بىلەن ئۇنىڭ بىر يۈز ئوتتۇز تۇغقىنى،
[8] بەنى-ئېلىزافاندىن باش بولغان شەمايا بىلەن ئۇنىڭ ئىككى يۈز تۇغقىنى،
[9] بەنى-خېبروندىن باش بولغان ئېلىيەل بىلەن ئۇنىڭ سەكسەن تۇغقىنى
[10] ۋە بەنى-ئۇززىيەلدىن باش بولغان ئامىناداب بىلەن بىر يۈز ئون ئىككى تۇغقىنى بولغانلارنى
جەم قىلدى.
[11] داۋۇد سادوق بىلەن ئابىياتار دېگەن كاھىنلارنى ۋە ئۇرىيەل، ئاسايا، يوئېل، شەمايا، ئېلىيەل
ۋە ئامىناداب دېگەن لاۋىيلارنى قىچقىرىپ، [12] ئۇلارغا ئېيتتى: «لاۋىيلارنىڭ خانىدانلىرىغا
باش بولىسىلەر. ئۆزۈڭلار بىلەن بۇرادەرلىرىڭلارنى مۇقەددەس قىلىپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى مەن ئۇنىڭغا راستلىغان يەرگە ئېلىپ كەلگەيسىلەر.
[13] سىلەر ئىلگىرىكى مەرتىۋە ھازىر بولماي بىخەۋەر تۇرۇپ، راست تەرىقىدە ئۇنى كۆتۈرمىگەچ
تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئۈستىمىزگە كەلدى» دېدى. [14] شۇنى دېگەندە كاھىنلارنىڭ
ئۆزى بىلەن لاۋىيلار ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ كەلمەك
ئۈچۈن ئۆزىنى مۇقەددەس قىلدى. [15] ئاندىن بەنى-لاۋىي بولسا مۇسا خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە
مۇۋاپىق بۇيرۇغاندەك خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بالداقلىرىدىن تۇتۇپ، مۈرىلىرىگە كۆتۈردى.
[16] داۋۇد لاۋىيلارنىڭ باشلىرىغا: «سىلەر شېئىر ئوقۇيدىغان بۇرادەرلىرىڭلارنى تەيىنلەپ قويۇپ،
ئۇلار چالىدىغان ئەسۋابلار، ساتار، چاڭ ۋە جاڭجاڭنى چېلىپ خۇشلۇق ئاۋازىنى چىقارسۇن
دەپ بۇيرۇڭلار» دېدى. [17] ئۇ ۋاقىت لاۋىيلار بۇلارنى تايىن قىلدى، يەنى يوئېلنىڭ ئوغلى
ھېماننى ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىدىن بەرەكيانىڭ ئوغلى ئاسافنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇرادەرلىرى بولغان
مەرارىنىڭ ئوغۇللىرىدىن قۇشايانىڭ ئوغلى ئېتاننى بۇ ئىشقا تەيىنلەپ، [18] ئۇلاردىن باشقا
ئىككىنچى دەرىجىدىن بولغان بۇرادەرلىرى زەكاريا، بەن، يائازىيەل، شېمىراموت، يەخىيەل،
ئۇننى، ئېلىياب، بەنايا، مائاسېيا، ماتتىتيا، ئەلىفەلېھۇ، مىقنېيا، ئوبەد-ئېدوم ۋە يەئىيەل
دېگەنلەرنى ھەم تەيىنلىدى. بۇلار دەرۋازىۋەن ئىدى.
[19] شېئىر ئوقۇغۇچىلار، يەنى ھېمان، ئاساف بىلەن ئېتان مىس جاڭجاڭلارنى چېلىشقا قويۇلدى.
[20] زەكاريا، ئازىيەل، شېمىراموت، يەخىيەل، ئۇننى، ئېلىياب، مائاسېيا ۋە بەنايانىڭ ئۆزى ئالاموت
دېگەن ئۇسلۇبتا ساتار چالاتتى. [21] ماتتىتيا، ئەلىفەلېھۇ، مىقنېيا، ئوبەد-ئېدوم، يەئىيەل ۋە ئازارىيا
بولسا شەمىنىت دېگەن ئۇسلۇبتا چاڭ چېلىپ باشلامچىلىق قىلاتتى. [22] لاۋىيلارنىڭ بېشى كەنانيا
شېئىر ئوقۇشنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇستا بولغاچ شېئىر ئوقۇشتا باشلىغۇچى ئىدى. [23] بەرەكيا بىلەن

ئەلقانا ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا دەرۋازىۋەن ئىدى. [24] شېبانىيا، يوشافات، نەتانەل، ئاماساي، زەكارىيا، بەنايا ۋە ئېلىيەزەر دېگەن كاھىنلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا كاناي چالاتتى. ئەمما ئوبەد-ئېدوم بىلەن يەخىيا ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا دەرۋازىۋەنلەر ئىدى.

## ئەھدە ساندۇقى تەنتەنە بىلەن داۋۇدنىڭ شەھىرىگە كىرىدۇ

[25] ئۇ ۋاقىت داۋۇد بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى مىڭبېشىلارغا قوشۇلۇپ، خۇشلۇق بىلەن خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئوبەد-ئېدومنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگىلى باردى. [26] خۇدا ئۇ ۋاقىتتا خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن لاۋىيلارنى ساقلىغىنى ئۈچۈن ئۇلار يەتتە بۇقا بىلەن يەتتە قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى. [27] داۋۇد ئۆزى بىلەن ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈرگەن ھەممە لاۋىيلار، شېئىر ئوقۇغۇچىلار ۋە شېئىر ئوقۇغۇچىلارنى باشلىغان كەنانىيا نەپىس كاناپلىق تونلار كىيگەنىدى. داۋۇد ھەم بىر كاناپلىق ئېفود كىيگەنىدى. [28] ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ كېلىپ، خۇشلۇق قىلىپ كاناي بىلەن سۇناي چېلىپ، جاڭجاڭ جىرىڭلىتىپ ساتار بىلەن چاڭنىڭ ئاۋازىنى چىقاردى. [29] خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى داۋۇدنىڭ شەھىرىگە كەلگەندە شائۇلنىڭ قىزى مىكال بىر پەنجىرىدىن قاراپ داۋۇد پادىشاھنىڭ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ئوينىغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز كۆڭلىدە خار كۆردى.

## خۇداۋەندىگە قۇربانلىق كەلتۈرۈش ۋە مەدھىيە ئوقۇش

16 [1] ئۇلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنى ئېلىپ كېلىپ، داۋۇد ئۇنىڭ ئۈچۈن تىكتۈرگەن چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويۇپ، خۇدانىڭ ئالدىدا كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن شۈكۈر قۇربانلىقىنى كەلتۈردى. [2] داۋۇد كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن شۈكۈر قۇربانلىقىنى كەلتۈرگەندە ئۇ خەلقنى خۇداۋەندىنىڭ نامىدا مۇبارەكلىدى. [3] ئاندىن كېيىن ئىسرائىلىيلارنىڭ ھەممىسىگە، خاھى ئەر كىشى بولسا، خاھى خوتۇن بولسا ھەربىرىگە، بىر نان، بىر پارچە گۆش بىلەن بىر ساپاقتىن ئۈزۈم ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. [4] ئۇ ھەم لاۋىيىنىڭ بەزىسىنى خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلىپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ھەمد-شۈكۈر ئېيتىپ، مەدھىيە ئوقۇغىلى تەيىنلىدى. [5] بېشى ئاساف بولۇپ، ئىككىنچىسى زەكارىيا ئىدى. يەئىيەل، شېمىراموت، يەخىئەل، ماتتىيا، ئېلىياب بەنايا، ئوبەد-ئېدوم ۋە يەئىيەل دېگەنلەر ساتار بىلەن چاڭ چالاتتى. ئاساف جاڭجاڭ چالاتتى. [6] ئەمما بەنايا بىلەن ياخازىيەل دېگەن كاھىنلار خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا كاناي تۇتۇپ تۇراتتى.

[7] ئۇ كۈندىن باشلاپ داۋۇد ئۆزى خۇداۋەندىگە ھەمد ئېيتسۇن دەپ، ئاسافنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىگە بۇ كۈينى بۇيرۇدىكى:

## داۋۇدنىڭ مەدھىيە كۈيى

8 «خۇداۋەندىگە شۈكۈر ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى قىچقىرىڭلار.
ئۇنىڭ ئىشلىرىنى خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا بىلدۈرۈپ،
9 ئۇنىڭغا مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىڭلار.
ئۇنىڭ ئاجايىپ ئەمەللىرىدىن سۆزلەپ،
10 ئۇنىڭ مۇقەددەس ئىسمى بىلەن پەخىرلىنىڭلار،
خۇداۋەندىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ كۆڭلى خۇشال بولسۇن.
11 خۇداۋەندە بىلەن قۇدرىتىنى تەلەپ قىلىپ،
ئۇنىڭ يۈزىنى ئىزدەڭلار.
12 ئۇ قىلغان ئاجايىپ ئەمەللىرىنى ئويلاپ،
ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى بىلەن ئاغزىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ياد قىلىڭلار.
13 ئەي ئۇنىڭ بەندىسى ئىسرائىلنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى،
ئەي ياقۇبنىڭ باللىرى بولغان ئىلغانغانلىرى، شۇنى ياد قىلىڭلار.
14 ئۇ تەڭرىمىز خۇداۋەندە بولۇپ،
ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى پۈتۈن يەر يۈزىدە باردۇر.
15 ئۇنىڭ ئەھدىسىنى دائىم يادلاپ،
مىڭ نەسلگە بۇيرۇغان سۆزىنى زىكىر قىلىپ،
16 ئىبراھىم بىلەن باغلىغان ئەھدىسىنىڭ ئۆزىنى خاتىرىگە كەلتۈرۈپ،
ئىسھاققا قىلغان قەسىمىنى ياد قىلىڭلار.
17 ياقۇب ئۈچۈن بىر قانۇن،
ئىسرائىل ئۈچۈن ئەبەدىي بىر ئەھدە توختىتىپ:
18 ‹ قانائان يۇرتىنى ساڭا بېرەي.
ئۇ سېنىڭ مىراس ھەسسەڭ بولىدۇ› دەپ ئېيتتى.
19 ئۇ ۋاقىت تېخى سانى ئاز خەلق ئىدىڭلار، دەرۋەقە ناھايىتى ئاز بولۇپ،
يۇرتتا مۇساپىر ئىدىڭلار. 20 ئۇلار تائىپىدىن تائىپىگە،
بىر مەملىكەتتىن باشقا بىر خەلققە ئايلىنىپ يۈرەتتى.
21 ئەمما ئۇ ئۆزى ھېچ ئادەمنى ئۇلارغا زۇلۇم قىلغىلى قويماي،
ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن پادىشاھلارغا تەنبىھ بېرىپ:
22 ‹ مېنىڭ مەسىھلەنگەنلىرىمگە قول قويماي،
پەيغەمبەرلىرىمگىمۇ ھېچ زەرەر يەتكۈزمەڭلار› دەپ ئېيتتى.
23 ئەي ھەممە دۇنيا، خۇداۋەندىنى كۈيلىگىن،
كۈندىن-كۈنگە ئۇنىڭ نىجاتىنى جاكارلىغىن.
24 ھەممە تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى دەپ بېرىپ،

ھەممە خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ ئاجايىپ ئەمەللىرىنى بايان قىلغىن.
25 چۈنكى خۇداۋەندە ئۇلۇغ بولۇپ، تولا داڭلىنىشقا لايىقتۇر.
مەبۇد ئاتالغانلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۇ زىيادە قورقۇنچلۇقتۇر.
26 چۈنكى خالايىقنىڭ ھەممە تەڭرىلىرى بۇتلاردۇر،
ئەمما خۇداۋەندە ئاسمانلارنى ياراتقاندۇر.
27 شان-شەرەپ بىلەن ئىززەت ئۇنىڭ ئالدىدا بولۇپ،
قۇدرەت بىلەن خۇشلۇق ئۇنىڭ ماكانىدىدۇر.
28 ئەي خالايىقنىڭ نەسىللىرى، خۇداۋەندىگە ھەمد ئېيتىڭلار.
ئۇنىڭ شان-شەرىپى بىلەن قۇدرىتىگە لايىق خۇداۋەندىگە ھەمد ئېيتىڭلار.
29 خۇداۋەندىگە ئۇز ئىسمىغا لايىق ھەمد ئېيتىڭلار.
ھەدىيە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ،
مۇقەددەس ئېگىن بىلەن ياسىنىپ،
خۇداۋەندىگە سەجدە قىلىڭلار.
30 ئەي پۈتۈن يەر ئۇنىڭ ئالدىدا تىترىگىن.
مانا جاھان مەزمۇت تۇرۇپ، تەۋرەنمىگۈدەك مەھكەمدۇر.
31 ئاسمانلار خۇش بولۇپ، يەر ئۆزى شادلىق قىلغاي:
‹ خۇداۋەندە بولسا تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا پادىشاھتۇر› دەپ ئېيتقايلار.
32 دېڭىز پۈتۈن بارلىقى بىلەن گۈلدۈرلىسۇن.
سەھرا بىلەن ئانداكى ھەممىسى شادلىق قىلسۇن.
33 جاڭگالنىڭ دەرەخلىرى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا خۇشلۇقتىن قىچقىرىشسۇن،
چۈنكى ئۇ دۇنيانى ھۆكۈم قىلغىلى كېلىدۇ.
34 خۇداۋەندىگە شۈكۈر ئېيتىڭلار،
چۈنكى ئۇ كەرەملىك بولۇپ، مەرھەمىتى ئەبەدكىچە قالىدۇ.
35 ‹ ئەي نىجاتىمىزنىڭ خۇدايى،
بىزنى قۇتقۇزۇپ، تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىزنى يىغىپ خالاس قىلغىن.
سېنىڭ مۇقەددەس ئىسمىڭغا شۈكۈر ئېيتىپ،
ھەمدىڭ بىلەن پەخىرلەنگەيمىز› دەپ ئېيتىڭلار.

36 ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ئەزەلدىن ئەبەدكىچە ھەمدۇسانا بولغاي».

شۇنى ئوقۇپ بولغاندا ھەممە خەلق «ئامىن» دەپ خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا ئېيتتى.

## ئىبادەت چېدىرىدا خىزمەت قىلغانلار

[37] ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا ئاساف بىلەن ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنى قويۇپ:
«ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا ھەمىشە ھەر كۈنىنىڭ تايىن خىزمىتىنى قىلىپ تۇرسۇن» دەپ
بۇيرۇدى. [38] لېكىن ئوبەد-ئېدوم بىلەن ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى بولغان ئاتمىش سەككىز كىشىنى
ۋە يەدۇتۇننىڭ ئوغلى ئوبەد-ئېدوم بىلەن خوسانى دەرۋازىۋەن قىلدى. [39] سادوق كاھىن
بىلەن كاھىنلار بولغان بۇرادەرلىرىنى خۇداۋەندىنىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىدا، يەنى گىبېئوننىڭ
قۇربانلىق ئېگىزلىكىدە خىزمەت قىلغىلى تۇرغۇزدى. [40] ئۇلار ھەر ئەتە-ئاخشامدا كۆيدۈرىدىغان
قۇربانلىقنىڭ قۇربانگاھىدا خۇداۋەندىگە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق ئۆتكۈزۈپ، خۇداۋەندىنىڭ
ئىسرائىلغا بەرگەن تەۋراتىدا بۇيرۇلغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا قويۇلدى. [41] ئۇلار بىلەن
ھېمان، يەدۇتۇن بىلەن ئىسمىلىرى زىكىر قىلىنىپ ئىلغانغان باشقىلىرى خۇداۋەندىگە شۈكۈر
ئېيتىشقا قويۇلدى، چۈنكى ئۇنىڭ مەرھەمىتى ئەبەدكىچە قالىدۇ. [42] بۇلارنىڭ، يەنى ھېمان
بىلەن يەدۇتۇننىڭ ئىلكىدە چالغۇچىلار ئۈچۈن كاناي بىلەن جاڭجاڭ ۋە خۇدانىڭ ئىبادىتى ئۈچۈن
ئىشلىتىدىغان باشقا نەغمىلەر ساقلىناتتى. يەدۇتۇننىڭ ئوغۇللىرى بولسا دەرۋازىۋەن ئىدى.
[43] ئاندىن كېيىن ھەممە خەلق ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە باردى. داۋۇد بولسا ئۆز ئۆيي خەلقىنى
مۇبارەكلىمەك ئۈچۈن يېنىپ كەتتى.

## داۋۇدنىڭ ئوغلىنىڭ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ياسىشى توغرىسىدىكى ۋەدە

17 [1] داۋۇد ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، ناتان پەيغەمبەرگە ئېيتتى: «مانا مەن كېدىر ياغىچىدىن
ياسالغان ئۆيدە ئولتۇرىمەن، لېكىن خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى بىر چېدىرنىڭ
تېگىدە تۇرىدۇ» دېدى. [2] ناتان داۋۇدقا ئېيتتى: «بېرىپ، كۆڭلۈڭدە ھەرنېمە بولسا قىلغىن،
چۈنكى خۇدا سەن بىلەندۇر» دېدى.
[3] لېكىن كېچىدە خۇدانىڭ سۆزى ناتانغا كېلىپ ئېيتتى: [4] «بېرىپ، بەندەم داۋۇدقا
ئېيتقىنكى: خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتار: ‹ سەن ماڭا بىر ئولتۇرىدىغان ئۆينى ياسىمايسەن.
[5] مەن بەنى-ئىسرائىلنى مىسىردىن چىقارغاندىن تارتىپ بۇ كۈنگىچە بىر ئۆيدە ئولتۇرماي،
بەلكى چېدىردىن چېدىرغا، ماكاندىن ماكانغا كۆچۈپ يۈردۈم. [6] مەن ئۆزۈم بەنى-ئىسرائىلنىڭ
ھەممىسى بىلەن يۈرگەن بارچە يەرلەرنىڭ بىرىدە ئۆز قوۋمىمغا پادىچى بولۇشقا توختىتىپ
قويۇپ، ئىسرائىلنىڭ ھاكىملىرى بولغانلارنىڭ بىرىگە: «نېمىشقا كېدىر ياغىچىدىن ماڭا بىر
ئۆي ياسىمىدىڭلار» دەپ بىر سۆز ئېيتقان ئىدىممۇ؟›
[7] ئەمدى بەندەم داۋۇدقا ئېيتقىنكى: ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇداۋەندە مۇنداق
ئېيتىدۇ: ‹ قويلىرىنىڭ كەينىدىن يۈرگىنىڭدە يايلاقتىن سېنى ئېلىپ، قوۋمىم ئىسرائىلغا

ئەمىر قىلدىم. [8] ھەممە يوللىرىڭدا سەن بىلەن بولۇپ، بارچە دۈشمەنلىرىڭنى ئالدىڭدا
يوقاتتىم. ھەم يەر يۈزىدىكى ئۇلۇغلارنىڭ ئىسىملىرىدەك ساڭا بىر ئىسىمنى بېرىمەن. [9] قوۋمىم
ئىسرائىلغا بىر جاي راستلاپ، ئاندا ئۇلارنى كۆچەتتەك سالاي. ئۇلار ئۆز ماكانىدا ئولتۇرۇپ، يەنە
قوزغالمىسۇن. يامانلار بالدۇرقىدەك ئۇلارغا زۇلۇم قىلالمىسۇن. [10] مەن قوۋمىم ئىسرائىلنىڭ
ئۈستىگە ھاكىملار قويغاندىن تارتىپ ئۇلار شۇنداق قىلىپ تۇردى. مانا ھەممە دۈشمەنلىرىڭنى
باسىمەن. ئەمدى ساڭا ئېيتىمەنكى، خۇداۋەندە ئۆزى ساڭا بىر ئۆي ياساپ بېرىدۇ. [11] شۇنداق
بولىدۇكى، سېنىڭ كۈنلىرىڭ تامام بولۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ جايىغا بارغىنىڭدا سەندىن كېيىن
نەسلىڭنى ،يەنى ئوغۇللىرىڭنىڭ بىرىنى تۇرغۇزۇپ، پادىشاھلىقنى مۇقىم قىلىمەن. [12] ئۇ ماڭا
بىر ئۆي ياسايدۇ ۋە ئۇنىڭ تەختىنى ئەبەدكىچە مۇقىم قىلىمەن. [13] مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولۇپ، ئۇ
ماڭا ئوغۇل بولىدۇ. سەندىن ئىلگىرى بولغان كىشىدىن رەھىمدىللىكىمنى جۇدا قىلغىنىمدەك
ئۇنىڭدىن رەھىمدىللىكىمنى جۇدا قىلمايمەن. [14] مەن ئۇنى ئۆيۈم بىلەن پادىشاھلىقىمدا
ئەبەدكىچە مۇقىم قىلىمەن ۋە ئۇنىڭ تەختى ئەبەدكىچە مەزمۇت تۇرىدۇ›» دېدى.
[15] ناتان داۋۇدقا تامام بۇ سۆز بىلەن روھىي كۆرۈنۈشكە مۇۋاپىق سۆز قىلدى.

## داۋۇد خۇداغا شۈكۈر قىلىدۇ

[16] ئۇ ۋاقىت داۋۇد پادىشاھ كىرىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئېيتتىكى: «ئەي رەب
خۇدا، مەن كىمدۇرمەن مېنىڭ ئۆيۈم نېمىدۇركى، مېنى شۇنىڭغا يەتكۈزگەنسەن. [17] لېكىن،
ئەي خۇدا، بۇ تېخى ساڭا ئاز بىر نەرسە كۆرۈندى. سەن كېلىدىغان ئۇزۇن ۋاقىتنىڭ ۋەقەلىرىدىن
ھەم خەۋەر بېرىپ، ئۆز بەندەڭنىڭ ئۆيى توغرىسىدا سۆز قىلىپ، سەن، ئەي رەب خۇدا،
ئۇلۇغ ئادەم بولغىنىمدەك ماڭا قارىدىڭ. [18] ئەمدى سەن ئۆز بەندەڭگە كۆرسەتكەن ئىززەت
توغرىسىدا داۋۇد ساڭا نېمە ئېيتسۇن. سەن ئۆز بەندەڭنى تونۇيسەن. [19] ئەي خۇداۋەندە، ئۆز
بەندەڭ ئۈچۈن ۋە ئۆز كۆڭلۈڭگە مۇۋاپىق بۇ ھەممە چوڭ ئىشنى قىلىپ، بۇ ھەممە چوڭ
ئەمەللەرنى بىلدۈردۈڭ. [20] ئەي خۇداۋەندە، قۇلاقلىرىمىز ئاڭلىغىنىنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق
ساڭا ھېچكىم ئوخشىمايدۇ ۋە سەندىن باشقا خۇدا يوقتۇر. [21] بىر تەڭرى ‹ سېنى ئۆزۈم ئۈچۈن
بىر قوۋم قىلىپ قۇتقۇزۇپ، ئۆزۈمگە بىر ئۇلۇغ ۋە ھەيۋەتلىك نام قىلىپ، مىسىردىن خالاس
قىلغان قوۋمىمنىڭ ئالدىدىن تائىپىلەرنى چىقىراي› دەپ بىر تائىپە ئۈچۈن چىققانمۇ؟ يەر
يۈزىدە قوۋمىڭ ئىسرائىلدەك بىر تائىپە بارمۇ؟ [22] چۈنكى ئۆز قوۋمىڭ ئىسرائىلنى ئەبەدكىچە
ئۆزۈڭگە خاس بىر قوۋم قىلدىڭ. ئەي خۇداۋەندە، سەن ئۆزۈڭ ئۇلارنىڭ خۇدايى بولدۇڭ.
[23] ئەمدى، ئەي خۇداۋەندە، ئۆز بەندەڭ بىلەن ئۆيى توغرىسىدا ئېيتقىنىڭنى ئەبەدكىچە
مۇقىم قىلىپ، ئېيتقان سۆزۈڭدەك قىلغىن. [24] سېنىڭ ئىسمىڭ ئەبەدكىچە مەزمۇت بولۇپ
ئۇلۇغلانغاي. ‹ ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى، ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان خۇداۋەندە
ئىسرائىلنىڭ خۇدايىدۇر› دەپ ئېيتقايلار ۋە بەندەڭ داۋۇدنىڭ ئۆيى سېنىڭ ئالدىڭدا مەزمۇت

تۇرغاي. [25] چۈنكى سەن، ئەي خۇدايىم، ئۆز بەندەڭگە: ‹ مەن ساڭا بىر ئۆي ياساي› دەپ
ئىزهار قىلىپ ئېيتتىڭ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز بەندەڭ سېنىڭ ئالدىڭدا دۇئا قىلغىلى جۈرئەت
تاپتى. [26] ئەمدى، ئەي خۇداۋەندە، سەن خۇدا بولۇپ ئۆز بەندەڭگە بۇ ياخشىلىقنى ۋەدە قىلدىڭ.
[27] ئەمدى ئىلتىپات قىلىپ، بەندەڭنىڭ ئۆيىنى بەرىكەتلەپ، سېنىڭ ئالدىڭدا ئەبەدكىچە
تۇرغىلى نېسىپ قىلغايسەن، چۈنكى، ئەي خۇداۋەندە، سەن بەرىكەتلىگەن كىشى ئەبەدكىچە
مۇبارەك بولىدۇ».

## داۋۇدنىڭ نۇسرەتلىرى

18 [1] ئاندىن كېيىن داۋۇد فىلىستىنىيلەرنى ئۇرۇپ بېسىپ، گات بىلەن ئۆزىگە تەۋە
كەنتلىرىنى فىلىستىنىيلەرنىڭ قولىدىن ئالدى. [2] ئۇ ھەم موئابىيلارنى ئۇردى. ئۇلار
ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭغا باج-خىراج كەلتۈردى.
[3] ئاندىن داۋۇد خاماتتا زوبانىڭ پادىشاھى ھادارەزەرنى بۇ ئۆزى فىرات دەرياسىنىڭ يېنىدىكى تەۋە
يەرلىرىنى مەھكەم قىلغىلى چىققاندا ئۇردى. [4] داۋۇد ئۇنىڭدىن بىر مىڭ جەڭ ھارۋىسى، يەتتە مىڭ
ئاتلىق كىشى ۋە يىگىرمە مىڭ پىيادە ئەسكەرنى ئەسىر قىلىپ ئالدى. داۋۇد ئايىغان يۈز ئاتتىن
باشقا ھەممە هارۋا ئاتلىرىنىڭ پەيلىرىنى كەستۈردى.
[5] ئاررامىيلار زوبانىڭ پادىشاھى ھادارەزەر مەدەت بەرمەك ئۈچۈن دەمەشقتىن چىققاندا داۋۇد
ئاررامىيلاردىن يىگىرمە ئىككى مىڭ ئادەمنى ئۇردى. [6] داۋۇد دەمەشقتە ئاررامىيلارنىڭ
ئۈستىدە خەۋەر ئالىدىغان سىپاھلار قويىدى. بۇ تەرىقىدە ئاررامىيلار داۋۇدقا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭغا
باج-خىراج كەلتۈرىدىغان بولدى. داۋۇد نە يەرگە بارسا، خۇداۋەندە ئۇنىڭغا نۇسرەت بېرەتتى.
[7] داۋۇد ھادارەزەرنىڭ غۇلاملىرى كۆتۈرگەن ئالتۇن سىپارلىرىنى ئېلىپ، يېرۇسالېمغا كەلتۈردى.
[8] ئاندىن داۋۇد ھادارەزەرنىڭ شەھەرلىرى تىبخات بىلەن كۇندىن ناھايىتى تولا مىس ئالدى.
شۇنىڭدىن سۇلايمان مىس كۆلنى تۈۋرۈك بىلەن مىس قاچىلىرىنى ئەتكۈزدى.
[9] خاماتنىڭ پادىشاھى توئۇ: «داۋۇد زوبانىڭ پادىشاھى ھادارەزەرنىڭ ھەممە قوشۇنىنى ئۇردى»
دەپ ئاڭلىغاندا، [10] ئۆز ئوغلى ھادورامنى داۋۇد پادىشاھقا سالام قىلىپ، ھادارەزەر سوقۇشۇپ ئۇنى
مەغلۇپ قىلغىنى ئۈچۈن تەبرىكلەشكە ئەۋەتتى، چۈنكى ھادارەزەر ھەمىشە توئۇ بىلەن جەڭ قىلىپ
تۇرغانىدى. ئۇ ھەر خىل ئالتۇن، كۈمۈش، ۋە مىس قاچىلىرىنى ھەم ئەۋەتتى. [11] شۇ قاچىلارنى
داۋۇد ئۆزى ھەممە تائىپىلەردىن، يەنى ئېدومىيلار، موئابىيلار، بەنى-ئاممون، فىلىستىنىيلەر ۋە
ئامالەكىيلەردىن ئالغان ئالتۇن كۈمۈشكە قوشۇپ، خۇداۋەندىگە مۇقەددەس قىلدى.
[12] زېرۇيانىڭ ئوغلى ئابىساي تۇز ۋادىسىدا ئېدومىيلاردىن ئون سەككىز مىڭ ئادەمنى ئۇرغاندىن
كېيىن، [13] ئېدومنىڭ ئۈستىگە خەۋەر ئالىدىغان سىپاھلار قويىدى. ئېدومىيلارنىڭ ھەممىسى
داۋۇدقا تەۋە بولدى. داۋۇد نە يەرگە بارسا، خۇداۋەندە ئۇنىڭغا نۇسرەت بېرەتتى.

## داۋۇدنىڭ ئەمەلدارلىرى

[14] داۋۇد پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلىپ، ھۆكۈم سۈرۈپ، ھەممە خەلقىگە ئادالەت قىلاتتى. [15] زەرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب قوشۇننىڭ سەردارى بولۇپ، ئاخىلۇدنىڭ ئوغلى يەھوشافاتنىڭ ئۆزى ۋەزىر ئىدى.
[16] ئاختۇبنىڭ ئوغلى سادوق بىلەن ئابىياتارنىڭ ئوغلى ئابىمالىك كاھىنلار تۇرۇپ، شاۋشا كاتىپ ئىدى.
[17] يەھويادانىڭ ئوغلى بەنايا مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن خەۋەرچىلەرنىڭ ئۈستىدە تۇردى. لېكىن داۋۇدنىڭ ئوغۇللىرى پادىشاھنىڭ قېشىدا سەردار ئىدى.

## داۋۇدنىڭ ئاممونىيلار ۋە ئاررامىيلار بىلەن جەڭ قىلىشى

19 [1] ئاندىن كېيىن بەنى-ئامموننىڭ پادىشاھى ناخاش ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى ئورنىدا پادىشاھ بولدى. [2] ئۇ ۋاقىت داۋۇد: «ئۇنىڭ ئاتىسى ماڭا ياخشىلىق كۆرسەتكەندەك مەن ناخاشنىڭ ئوغلى خانۇنغا ياخشىلىق كۆرسىتەي» دەپ ئېيتتى. ئاندىن داۋۇد ئۇنىڭغا ئاتىسى ئۈچۈن تەسەللى بەرگىلى ئەلچىلەر ئەۋەتتى. داۋۇدنىڭ خىزمەتكارلىرى خانۇننىڭ قېشىغا ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگىلى بەنى-ئاممونىنىڭ يۇرتىغا كەلدى. [3] ئەمما بەنى-ئاممونىنىڭ سەردارلىرى خانۇنغا ئېيتتى: «خىيال قىلىدۇمۇ، سەنكى داۋۇد ئاتاڭغا ئىززەت قىلماق ئۈچۈن ساڭا تەسەللى بەرگۈچىلەر ئەۋەتتى. ئۇنداق ئەمەس، بەلكى يۇرتنى كۆرۈپ يوقىتىپ جاسۇسلۇق قىلايلى دەپ، خىزمەتكارلىرى كەلدى ئەمەسمۇ؟» دېدى. [4] ئۇنىڭ ئۈچۈن خانۇن داۋۇدنىڭ خىزمەتكارلىرىنى تۇتۇپ، ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ، قوڭىنىڭ جايىدىن ئېگىنلىرىنى ئوتتۇرىدىن توغرا كەستۈرۈپ، كەتكىلى قويدى. [5] داۋۇدقا: «ئادەملەرگە شۇنداق ۋەقە بولدى» دەپ خەۋەر بېرىلدى. ئۇ ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىشى ئەۋەتتى، چۈنكى بۇ ئادەملەر تولا خىجالەت بولغانىدى. پادىشاھ ئۇلارغا: «ساقاللىرىڭلار ئۆسكۈچىلىك يېرىخودا تۇرۇپ، ئاندىن يېنىپ كېلىڭلار» دەپ ئېيتقۇزدى.
[6] بەنى-ئاممون ئۆزىنىڭ داۋۇدنىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك بولغىنىنى كۆرگىنىدە خانۇن بىلەن بەنى-ئاممون بىر مىڭ تالانت كۈمۈش ئەۋەتىپ، ئاررام-خاھارايىمدىن، ئاررام-مائاكا ۋە زوبادىن ھارۋا بىلەن ئاتلىقلار ئىجارىگە ئالدى. [7] ئۇلار ئوتتۇز ئىككى مىڭ ھارۋىنى ۋە مائاكانىڭ پادىشاھى بىلەن ئادەملىرىنى ئىجارىگە ئالدى. بۇلار كېلىپ، مەدىبانىڭ ئالدىدا چۈشتى. بەنى-ئاممون ھەم ئۆز شەھەرلىرىدىن كېلىپ، سوقۇشقا يىغىلدى. [8] داۋۇد شۇنى ئاڭلىغاندا يوئاب بىلەن باتۇر ئادەملەرنىڭ ھەممە قوشۇننى ئەۋەتتى. [9] بەنى-ئاممون چىقىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا سوقۇشقا تىزىلدى. لېكىن كەلگەن پادىشاھلار بۆلەك تۇرۇپ، تۈزلەڭلىكتە سەپ باغلىدى. [10] يوئاب، ئالدى-كەينىمدىن ھۇجۇم بولىدۇ، دەپ كۆرگەندە،

ئىسرائىلدىن ھەممە خىل ئادەملەرنى ئىلغاپ، ئاررامىيلارغا قارشى سەپ تىزدى. [11] قالغان
ئادەملەرنى بۇرادىرى ئابىسايىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. بۇلار بەنى-ئاممونغا قارشى تىزىلدى. [12] ئۇ
ئېيتتى: «ئەگەر ئاررامىيلار ماڭا كۈچلۈك كەلسە، سەن ماڭا ياردەم بەرگەيسەن. ئەمما بەنى-
ئاممون ساڭا كۈچلۈك كەلسە، مەن بېرىپ، ساڭا ياردەم بېرەي. [13] جۈرئەتلىك بولغىن! ئۆز
قوۋمىمىز ئۈچۈن ۋە خۇدايىمىزنىڭ شەھەرلىرى ئۈچۈن باتۇرلۇق كۆرسىتەيلى. ئاندىن كېيىن
خۇداۋەندە ئۆزىگە نېمە ياخشى كۆرۈنسە، قىلسۇن» دېدى. [14] يوئاب ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان
ئادەملەر چىقىپ، ئاررامىيلارغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلار ئۇنىڭدىن قاچتى. [15] بەنى-ئاممون
ئاررامىيلارنىڭ قاچقىنىنى كۆرگەندە ئۇلار ھەم ئۇنىڭ بۇرادىرى ئابىسايدىن قېچىپ، شەھەرگە
كىردى. ئۇ ۋاقىت يوئاب يېرۇسالېمغا يېنىپ كەتتى.
[16] ئاررامىيلار ئۆزىنىڭ ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولغىنىنى كۆرگەندە ئۇلار خەۋەرچىلەر
ئەۋەتىپ: «دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاررامىيلارغا جەڭگە چىقىڭلار» دەپ ئېيتقۇزغاندا
ھادادەزەرنىڭ قوشۇنىنىڭ سەردارى شوباك ئۇلارنى باشلاپ چىقتى. [17] شۇنىڭ خەۋىرى داۋۇدقا
يەتكەندە ئۇ پۈتۈن ئىسرائىلنى يىغدۇرۇپ، ئىئوردانىدىن ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ،
ئۇلارغا قارشى سەپ باغلىدى. داۋۇد ئاررامىيلارغا قارشى سەپ باغلىغاندا بۇلار ئۇنىڭ بىلەن
سوقۇشقىلى باشلىدى. [18] لېكىن ئاررامىيلار ئىسرائىلدىن قاچتى ۋە داۋۇد يەتتە مىڭ ھارۋىغا
مىنگەن ئادەم بىلەن قىرىق مىڭ پىيادە ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، قوشۇنىنىڭ سەردارى شوباكنى
ھەم ئۆلتۈردى. [19] ھادادەزەرنىڭ ئادەملىرى ئۆزىنىڭ ئىسرائىلدىن ئۇرۇلغىنىنى كۆرگەندە
داۋۇد بىلەن سۈلھى تۈزۈشۈپ، ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. ئاندىن كېيىن ئاررامىيلار بەنى-ئاممونغا
يەنە مەدەت بەرگىلى خالىمايدىغان بولدى.

20
[1] ئۇ يىل تامام بولغاندىن كېيىن پادىشاھلار جەڭگە چىقىدىغان ۋاقىتتا يوئاب بىر
كۈچلۈك قوشۇن بىلەن چىقىپ، بەنى-ئاممونىنىڭ يۇرتىنى تالاپ، راببا شەھىرىنى
قورشىدى. لېكىن داۋۇد يېرۇسالېمدا قالدى. يوئاب ئۆزى راببانى ئېلىپ خاراب قىلدى. [2] ئۇ
ۋاقىت داۋۇد ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ تاجىنى ئۇنىڭ بېشىدىن ئالدى. ئۇنىڭ ۋەزنى بىر تالانت
ئالتۇن بولۇپ، بىر قىممەت باھا تاش بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ئۇ داۋۇدنىڭ بېشىغا قويۇلدى.
ئۇ ناھايىتى تولا ئولجا شەھەردىن چىقىرىۋالدى. [3] ئەمما ئانداكى خەلقنى چىقىرىپ، ھەرىلەر،
تۆمۈردىن ئەتكەن خامان ھارۋىلىرى ۋە پالتىلار بىلەن كەستۇردى داۋۇد بەنى-ئاممونىنىڭ ھەممە
شەھەرلىرىدە شۇنداق قىلدى. ئاندىن داۋۇد ھەممە خەلق بىلەن يېرۇسالېمغا يېنىپ باردى.

## فىلىستىنىيلەر بىلەن جەڭ قىلىش

[4] ئاندىن كېيىن گېزەردە فىلىستىنىيلەر بىلەن سوقۇش بولدى. ئۇ ۋاقىت خۇشاتلىق سىببىكاي
رېفائىيلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان سىپپايىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن فىلىستىنىيلەر
بېسىلدى. [5] ئەمما فىلىستىنىيلەر بىلەن يەنە بىر سوقۇش بولدى. ئۇ ۋاقىت يائىرنىڭ ئوغلى
ئەلخانان گاتلىق گولىياتنىڭ بۇرادىرى لاخمىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ نەيزىسىنىڭ سېپى
باپكارنىڭ خادىسىدەك ئىدى. [6] يەنە بىر سوقۇش گاتتا بولدى. ئاندا ئۇزۇن بويلۇق بىر ئادەم
بار ئىدى. قولىلىرىدا ئالتىدىن بارماقلىرى، پۇتلىرىدا ھەم ئالتىدىن بارماقلىرى بولۇپ، جەمئىي
يىگىرمە تۆت بارمىقى بار ئىدى. ئۇ ھەم رېفائىيلارنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. [7] ئۇ ئىسرائىلغا
ھاقارەت قىلغاندا داۋۇدنىڭ بۇرادىرى شىمانىڭ ئوغلى يوناتان ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. [8] بۇلار
گاتتىكى رېفائىيلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، داۋۇد بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ قولىدىن
ئۆلتۈرۈلدى.

## داۋۇدنىڭ خەلقنى ساناقتىن ئۆتكۈزۈش گۇناھى

21 [1] لېكىن شەيتان ئىسرائىلغا قارشى قوپۇپ، داۋۇدنى ئىسرائىلنى سانىغىلى قوزغاتتى.
[2] داۋۇد ئۆزى يوئاب بىلەن خەلقنىڭ چوڭلىرىغا: «بەرشېبادىن تارتىپ دانغىچە
بېرىپ، ئىسرائىلنى ساناپ، ماڭا خەۋەر بېرىڭلار. مەن سانىنى بىلەي» دېدى. [3] يوئاب ئېيتتى:
«خۇداۋەندە ئۆز قوۋمىنى يۈز ھەسسە ئاشۇرغاي. ئەي خوجام پادىشاھ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
خوجامنىڭ خىزمەتكارلىرى ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا خوجام بۇ ئىشنى خالايدۇ؟ نېمىشقا بۇنىڭ
بىلەن ئىسرائىلغا گۇناھ ئارتىلسۇن؟» [4] ئەمما يوئاب شۇنى خالىمىسىمۇ، پادىشاھنىڭ
بۇيرۇقى چىڭ تۇرۇپ يانمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن يوئاب چىقىپ، پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ يۇرتىنى
كېزىپ يۈرۈپ، يېرۇسالېمغا يېنىپ كەلدى. [5] يوئاب داۋۇدقا خەلقنىڭ جەم سانىنى دەپ بەردى.
ئىسرائىلدا ئون بىر يۈز مىڭ قىلىچ كۆتۈرىدىغان ئادەم بولۇپ، يەھۇدادا تۆت يۈز يەتمىش
مىڭ قىلىچ كۆتۈرىدىغان ئادەم بار ئىدى. [6] لېكىن لاۋىي بىلەن بەنيامىن قەبىلىلىرىڭلىرىنى
قالغانلار بىلەن سانىمىغانىدى، چۈنكى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى يوئابقا يىرگىنچلىك ئىدى.
[7] لېكىن خۇدا بۇ ئىشتىن نارازى بولۇپ، ئىسرائىلنى ئۇردى. [8] ئۇ ۋاقىت داۋۇد خۇداغا ئېيتتى:
«شۇ ئىشنى قىلىپ چوڭ گۇناھ قىلدىم، لېكىن ئەمدى ئۆز بەندەڭنىڭ گۇناھىنى كۆتۈرگىن.
مەن تولا ئەخمەقلىق قىلدىم» دېدى. [9] لېكىن خۇداۋەندە داۋۇدنىڭ روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچى
گادقا سۆز قىلىپ ئېيتتى: [10] «بېرىپ، داۋۇدقا سۆز قىلىپ ئېيتقىنكى: ‹ «ئۈچ بالا ئالدىڭدا
قويىمەن بۇلارنىڭ بىرىنى ئۆزۈڭگە ئىلغاپ، ساڭا نېمە قىلىدىغىنىمنى ئىختىيار قىلغىن» دەپ
خۇداۋەندە ئېيتىدۇ›». [11] گاد داۋۇدنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «خۇداۋەندە مۇنداق
ئېيتىدۇكى: ‹ ئىختىيار قىلغىن. [12] ئۈچ يىلغىچە ئاچارچىلىق يا ئۈچ ئايغىچە دۈشمەنلەرنىڭ

قىلىچىدىن قوتۇلماي، دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئالدىدا خاراب بولۇشنى يا خۇداۋەندىنىڭ قىلىچىنى،
يەنى يۇرتتا ۋابا بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسىنىڭ ئىسرائىلنىڭ ھەممە يۇرتىدا ھالاك
قىلىشىنى ئىختىيار قىلامسەن؟ ئەمدى ئويلاپ، مېنى ئەۋەتكەنگە نېمە جاۋاب بېرىشىمنى خىيال
قىلىپ توختاتقىن›» دېدى. [13] داۋۇت گادقا: «مېنىڭ چوڭ تەڭلىكىم بار. لېكىن خۇداۋەندىنىڭ
قولىغا چۈشەي، چۈنكى ئۇنىڭ مەرھەمەتى چوڭدۇر. ئىنسانىنىڭ قولىغا چۈشمىگەيمەن» دېدى.
[14] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ئىسرائىلغا ۋابا ئەۋەتتى. شۇنداقكى، ئىسرائىلىيلاردىن يەتمىش مىڭ
ئادەم ئۆلدى. [15] خۇدا بىر پەرىشتىنى يېرۇسالېمغا ئۇنى خاراب قىلغىلى ئەۋەتتى. لېكىن ئۇ
خاراب قىلىپ تۇرغىنىدا خۇداۋەندە كۆرۈپ بالا ئەۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ، خاراب قىلغۇچى
پەرىشتىگە: «ئەمدى بولدى. قولۇڭنى يىغقىن» دەپ ئېيتتى. ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ
پەرىشتىسى يەبۇسىي ئورناننىڭ خامىنىنىڭ يېنىدا تۇردى.
[16] داۋۇت ئۆز كۆزلىرىنى ئاچسا، مانا خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى ئاسمان بىلەن يەرنىڭ
ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، قولىدا سۇغۇرغان قىلىچنى تۇتۇپ، يېرۇسالېمنىڭ ئۈستىگە شىلتاپ
تۇرىدۇ. ئۇ ۋاقىت داۋۇت بىلەن ئىسرائىلنىڭ ئاقساقاللىرى پالاس كىيىپ يۈز تۆۋەن يىقىلدى.
[17] داۋۇت خۇداغا ئېيتتى: «خەلق سانالسۇن دەپ، مەن ئۆزۈم بۇيرۇغان ئەمەسمۇ؟ مەن ئۆزۈم
گۇناھقا چۈشۈپ يامانلىق قىلدىم. لېكىن مېنىڭ پادام بولغان شۇ خەلق نېمە قىلدى؟ ئەي
تەڭرىم خۇداۋەندە، سېنىڭ قولۇڭ ئۇلارغا بالا كەلتۈرۈپ ئۈستىگە كۆتۈرۈلمەي، بەلكى مەن
بىلەن ئاتامنىڭ ئۆيى ئۈستىگە كۆتۈرۈلسۇن» دېدى.
[18] شۇندا خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسى گادنىڭ ۋاستىسى بىلەن داۋۇتقا بۇيرۇدىكى، داۋۇت
ئۆزى چىقىپ يەبۇسىي ئورناننىڭ خامىنىدا خۇداۋەندىگە بىر قۇربانگاھ ياسىسۇن. [19] گاد
خۇداۋەندىنىڭ نامىدا ئېيتقان سۆزگە مۇۋاپىق داۋۇت باردى.
[20] ئورنان بولسا بۇرۇلۇپ پەرىشتىنى كۆردى. ئۇ ۋاقىت ئۇنىڭ بىلەن بولغان تۆت ئوغلى ئۆزىنى
يوشۇردى. ئورنان خاماندا بۇغداي خامىنىنى ھەيدەپ تۇرغانىدى.
[21] داۋۇت ئورناننىڭ قېشىغا كەلدى. ئورنان قاراپ داۋۇتنى كۆرگەندە خاماندىن چىقىپ، داۋۇتنىڭ
ئالدىدا يۈز تۆۋەن يەرگە چۈشۈپ تەزىم قىلدى. [22] داۋۇت ئورنانغا ئېيتتى: «خۇداۋەندىگە ئاندا
بىر قۇربانگاھنى ياسىمىقىم ئۈچۈن خاماننىڭ يېرىنى ماڭا بەرگىن. ئۇنى پۈتۈن نەرختە ماڭا
ساتقىن. بۇنىڭ بىلەن ۋابا خەلقنىڭ ئارىسىدا توختىسۇن» دېدى. [23] ئورنان داۋۇتقا ئېيتتى:
«خوجام پادىشاھ ئۇنى ئېلىپ ئۆزى خالىغاندەك قىلسۇن. مانا كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق
ئۈچۈن ئۆيلارنى بېرىپ، ئوتۇن ئۈچۈن خامان ئەسۋابلىرىنى ۋە ھەدىيە ئۈچۈن بۇغداينى،
دەرۋەقە ھەممىسىنى بېرەي» دېدى. [24] لېكىن داۋۇت پادىشاھ ئورنانغا: «ئۇنداق ئەمەس،
بەلكى پۈتۈن نەرختە ئالاي، چۈنكى خۇداۋەندىگە بەرمەك ئۈچۈن سېنىڭكىنى ئېلىپ، خالىس
ئالغاننى كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق قىلمىغايمەن» دېدى. [25] شۇنى دەپ، داۋۇت ئورنانغا ئۇ جاي
ئۈچۈن ئالتە يۈز شېقەل ئالتۇن تارتىپ بەردى. [26] داۋۇت ئاندا خۇداۋەندىگە بىر قۇربانگاھنى
ياساپ كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن شۈكۈر قۇربانلىقىنى كەلتۈرۈپ، خۇداۋەندىگە دۇئا

قىلدى. ئۇ ۋاقىت ئۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، كۆيدۈرگەن قۇربانگاھقا ئاسماندىن ئوت ئەۋەتتى.
27 خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پەرىشتە قىلىچىنى غىلىپىغا سالدى.
28 داۋۇد خۇداۋەندىنىڭ يەبۇسىي ئورناننىڭ خامنىدا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىغىنىنى كۆرۈپ،
ئاندا قۇربانلىق قىلدى. 29 ئەمما مۇسا باياۋاندا ئەتكەن خۇداۋەندىنىڭ چېدىرى بىلەن
كۆيدۈرمە قۇربانلىقنىڭ قۇربانگاھى ئۇ ۋاقىتتا گىبىيوندىكى قۇربانلىق ئېگىزلىكىدە ئىدى.
30 لېكىن داۋۇد خۇدادىن سورىماق ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىلى جۈرئەت قىلمىدى، چۈنكى
خۇداۋەندىنىڭ پەرىشتىسىنىڭ قىلىچىدىن قورقاتتى.

## خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ياساشقا تەييارلىق قىلىنىدۇ

22 1 داۋۇد ئېيتتىكى: «رەب خۇدانىڭ بەيتى مۇندا بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ كۆيدۈرمە
قۇربانلىقنىڭ قۇربانگاھى شۇ يەردە بولسۇن». 2 ئاندىن داۋۇد: «ئىسرائىلنىڭ
يۇرتىدىكى بىگانىلەرنى يىغىڭلار» دەپ بۇيرۇپ، خۇدانىڭ بەيتىنىڭ ياسىشىغا تاش كەسمەك
ئۈچۈن ئۇستىلارنى ئىشقا سالدى. 3 داۋۇد ھەم ئىشىك بىلەن دەرۋازىلارغا مىخ بىلەن گىرەلەر
ئەتمەك ئۈچۈن ناھايىتى تولا تۆمۈر راستلاپ، تارتىلمىغۇدەك تولا مىس تەييارلاپ، 4 غول كېدىر
ياغىچى كەلتۈرۈپ قويدى. چۈنكى سىدونلۇق بىلەن تىرلىقلار داۋۇدقا ناھايىتى تولا كېدىر
ياغىچى كەلتۈرۈپ بەردى. 5 داۋۇد ئېيتتىكى: «مېنىڭ ئوغلۇم سۇلايمان ياش تۇرۇپ، نازۇكتۇر.
لېكىن خۇداۋەندىگە ياسىلىدىغان بەيت ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھەممە يۇرتلاردا مەشھۇر بولۇپ
داڭلانسۇن. ئۇنىڭ ئۈچۈن خېرىتلارنى راستلاپ قوياي». شۇنى دەپ، داۋۇد ۋاپات بولماستىن
ئىلگىرى تولا خېرىت راستلاپ قويدى.
6 ئۇ ئۆزى ئوغلى سۇلايماننى قىچقىرىپ: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە بىر بەيتنى
ياسىغىن» دەپ بۇيرۇدى. 7 داۋۇد ئۆز ئوغلى سۇلايمانغا ئېيتتىكى: «مەن تەڭرىم خۇداۋەندىنىڭ
ئىسمىغا بىر بەيت ياساي دەپ، كۆڭلۈمدە بار ئىدى. 8 لېكىن خۇداۋەندىنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ
ئېيتتىكى: ‹ سەن تولا قان تۆكۈپ، چوڭ جەڭلەر قىلدىڭ. سەن مېنىڭ كۆزلىرىمنىڭ ئالدىدا يەر
يۈزىدە تولا قان تۆككىنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ئىسمىمغا بىر بەيت ياسىمىغايسەن. 9 مانا ساڭا بىر
ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئۇ تىنچ ئادەم بولىدۇ. مەن ھەر تەرەپتىكى دۈشمەنلەردىن ئۇنىڭغا ئارام بېرىمەن.
ئۇ سۇلايمان دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ كۈنلىرىدە ئىسرائىلغا ئامانلىق ۋە تىنچلىق بېرىمەن. 10 ئۇ
مېنىڭ ئىسمىمغا بىر بەيت ياسايدۇ. ئۇ ماڭا ئوغۇل بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن ۋە ئۇنىڭ
پادىشاھلىق تەختىنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە ئەبەدكىچە مۇقىم قىلىمەن› دېدى.
11 ئەمدى ئەي ئوغلۇم، خۇداۋەندە سەن بىلەن بولغاي. سەن راۋاجلىق بولۇپ، سەن توغرۇلۇق
ئېيتقىنىدەك تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ياسىغايسەن. 12 ئەمما تەڭرىڭ خۇداۋەندىنىڭ
قانۇنىنى تۇتقايسەن دەپ، خۇداۋەندە ساڭا ھېكمەت بىلەن پەم بېرىپ، ئىسرائىل توغرىسىدا

سىنى يېتەكلىگەي. 13 خۇداۋەندە مۇساغا ئىسرائىل توغرىسىدىن بۇيرۇغان قانۇن بىلەن
ئەمەللىرىنى تۇتۇپ بەجا قىلساڭ، راۋاجلىق بولىسەن. جۈرئەتلىك بولۇپ، غەيرەتلىك تۇرغىن.
خاھى قورقماي، خاھى پەرىشان بولمىغىن.
14 تەڭلىك تارتىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتى ئۈچۈن يۈز مىڭ تالانت ئالتۇن، مىڭ مەرتىۋە مىڭ
تالانت كۈمۈش ۋە تولىلىقىدىن تارتىلالمىغۇدەك مىس بىلەن تۆمۈرنى يىغىپ قويدۇم. ياغاچ
بىلەن تاش تەييار قىلدىم، ئەمما سەن ئۆزۈڭ يەنە راستلاپ قويغايسەن. 15 بۇنىڭدىن باشقا تولا
مەدىكار، تاش كەسكۈچى، تامچىلار ۋە ھەر ئىش ئۈچۈن خىلمۇخىل ھۈنەرۋەنلەر سەندە ھەم
بار. 16 ئالتۇن، كۈمۈش، مىس بىلەن تۆمۈرنىڭ سانى يوقتۇر. ئەمدى ئىشقا قوپقىن. خۇداۋەندە
سەن بىلەن بولغاي» دېدى.
17 ئاندىن كېيىن داۋۇد ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئەمىرلىرىگە: «ئوغلۇم سۇلايمانغا ياردەم
بېرىڭلار» دەپ بۇيرۇپ، ئېيتتىكى: 18 «تەڭرىڭلار خۇداۋەندە سىلەر بىلەن بولۇپ، چۆرەڭلارنى
تىنچلىق قىلىپ، سىلەرگە ئاراملىق بەرگەن ئەمەسمۇ؟ چۈنكى ئۇ يۇرتنىڭ ئىلگىرىكى
ئولتۇرغۇچىلىرىنى مېنىڭ قولۇمغا بەردى. يۇرت ئۆزى خۇداۋەندە بىلەن ئۇنىڭ خەلقى ئالدىدا
بېقىندۇرۇلدى. 19 ئەمدى كۆڭۈل بىلەن جېنىڭلارنى تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنى ئىزدىگىلى مايىل
قىلىپ، رەب خۇدانىڭ مۇقەددەس خانىسىنى ياسىغىلى قوپۇپ، خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى
بىلەن خۇدانىڭ مۇقەددەس خانىسىغا تەئەللۇق بولغان ئەسۋابلارنى خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىغا
ياسىلىدىغان بەيتكە كىرگۈزگەيسىلەر» دېدى.

## لاۋىيلارنىڭ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشى

23 1 داۋۇد قېرىپ، ئۆمرىدىن تويغاندا ئۆز ئوغلى سۇلايماننى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە
پادىشاھ قىلدى. 2 ئاندىن ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئەمىرلىرىنى كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنى
يىغدۇردى. 3 لاۋىيلار بولسا ئوتتۇز ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭراق بولغانلار سانالدى. ئەر
كىشىلەر بىردىن-بىردىن سانىلىپ، سانى ئوتتۇز سەككىز مىڭ چىقتى. 4 ئۇ ئېيتتىكى:
«بۇلاردىن يىگىرمە تۆت مىڭى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىكى ئىشلارنى باقسۇن، ئالتە مىڭى
مەنسەپدار بىلەن ھاكىملار بولسۇن. 5 تۆت مىڭى دەرۋازىۋەنلەر بولسۇن، تۆت مىڭى مەن
مەدھىيە ئۈچۈن ئەتقۇزغان نەغمىلەرنى چېلىپ خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا ئوقۇسۇن» دېدى.

6 داۋۇد ئۇلارنى گەرشون، قېھات ۋە مەرارى دېگەن لاۋىي ئوغۇللىرىنىڭ پىرقىلىرىگە بۆلۈپ
قوشتۇردى.
7 گەرشونىيلاردىن لادان بىلەن شىمېي ئىدى. 8 لادانىنىڭ ئوغۇللىرى: باش بولغان يەخىيەل،
زىتام ۋە يوئېل دېگەن ئۈچەيلەن ئىدى. 9 شىمېينىڭ ئوغۇللىرى، يەنى شېلومىت، خازىيەل ۋە
ھارۇن دېگەن ئۈچەيلەن لادانىنىڭ خانىدانلىرىغا باش ئىدى. 10 شىمېينىڭ باشقا ئوغۇللىرى
ياخات، زىينا، يەئۇش ۋە بەرىيا ئىدى. بۇ تۆتەيلەن ھەم شىمېينىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. 11 ياخات

ئۆزى چوڭى بولۇپ، زىزا ئىككىنچىسى ئىدى، لېكىن يەئۇش بىلەن بەرىيانىڭ تولا ئوغۇللىرى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاتىسىنىڭ خانىدانىدا بىر ئۆيلۈك سانالدى.

[12] قېھاتنىڭ ئوغۇللىرى تۆت، يەنى ئامرام، يىزھار، خېبرون ۋە ئۇززىيەل ئىدى. [13] ئامرامنىڭ ئوغۇللىرى ھارۇن بىلەن مۇسا ئىدى. ھارۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئەبەدكىچە ھەممىدىن مۇقەددەسنى مۇقەددەس قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ھەمىشە خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرۇپ، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭ نامىدا مۇبارەكلىمەك ئۈچۈن تەيىنلەندى. [14] لېكىن خۇدانىڭ ئادىمى مۇسانىڭ ئوغۇللىرى لاۋىينىڭ قەبىلىسىدىن سانالدى. [15] مۇسانىڭ ئوغۇللىرى گەرشوم بىلەن ئېلىيەزەر ئىدى. [16] گەرشومنىڭ ئوغلى باش بولغان شەبۇئەل ئىدى. [17] ئېلىيەزەرنىڭ ئوغلى باش بولغان رېخابىيا ئىدى. ئېلىيەزەرنىڭ باشقا ئوغۇللىرى يوق ئىدى، لېكىن رېخابىيانىڭ ئوغۇللىرى ناھايىتى تولا ئىدى. [18] يىزھارنىڭ ئوغلى باش بولغان شېلومىت ئىدى. [19] خېبروننىڭ ئوغۇللىرى چوڭى بولغان يېرىيا، ئىككىنچىسى ئامارىيا، ئۈچىنچىسى ياخازىيەل ۋە تۆتىنچىسى يوقمېئام ئىدى. [20] ئۇززىيەلنىڭ ئوغۇللىرى چوڭى بولغان مىكا بىلەن ئىككىنچىسى يىشىيا ئىدى.

[21] مەرارىنىڭ ئوغۇللىرى ماخلى بىلەن مۇشى ئىدى. ماخلىنىڭ ئوغۇللىرى ئېلئازار بىلەن قىس ئىدى. [22] ئېلئازار ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولماي، بەلكى قىزلىرى بار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولغان قىسنىڭ ئوغۇللىرى ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالدى.

[23] مۇشىنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچ بولۇپ، ماخلى، ئېدەر ۋە يەرىموت ئىدى.

[24] بۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خاندانلىرىغا مۇۋاپىق لاۋىينىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خاندانلىرىغا باش بولۇپ، بىردىن-بىردىن ناملىرى بىلەن سانىلىپ، يىگىرمە ياشقا كىرگەندىن تارتىپ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىكى خىزمەتنى قىلاتتى. [25] داۋۇد ئېيتتى: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۆز قوۋمىغا ئارام بېرىپ، ئەبەدكىچە يېرۇسالېمدا ماكان تۇتىدۇ. [26] ئۇنىڭ ئۈچۈن لاۋىيلارغا ئىبادەت چېدىرى بىلەن ئىبادەتتە ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلارنى كۆتۈرمەك لازىم كەلمەيدۇ» دېدى. [27] چۈنكى داۋۇدنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق بەنى-لاۋىيدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولغانلار سانالدى. [28] بەيتنىڭ ھويلىلىرى بىلەن ھۇجرىلىرىدا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ خىزمىتى بولسا ياكى ھەر نە مۇقەددەسنى مۇقەددەس قىلىپ، خۇدانىڭ بەيتىنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزىدىغان ئىش بولسا ئۇلار ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، [29] تەقدىم نان، ھەدىيە قۇربانلىقىنىڭ ئاق ئۇنى، تۇنىكە تۆمۈردە پىشۇرغان پېتىر يۇپقا نېنى بىلەن قويماق نېنىنىڭ ئىشى بولسا ياكى تارتىش بىلەن ۋەزىن قىلىدىغان ئىش بولسا قىلىپ، [30] ھەر ئەتە بىلەن ئاخشامدا مەدھىيە ئوقۇپ تۇرۇپ، [31] شابات، يېڭى ئاي بىلەن ھېيتلاردا خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا سانى تايىن قىلىنىپ بۇيرۇلغان كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى خۇداۋەندىگە ھەمىشە ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. [32] ئۇلار جامائەت چېدىرىنى ساقلاپ مۇقەددەس خانىدىن خەۋەر ئېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىكى خىزمەتتە ئۆز بۇرادەرلىرى بولغان ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا مەدەت بېرىشى كېرەك ئىدى.

## كاھىنلارنىڭ پىرقىلىرى

24 1 بەنى-ھارۇننىڭ پىرقىلىرى بۇلار ئىدى، يەنى ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى: ناداب، ئابىھۇ،
ئېلىئازار، ئىتامار ئىدى. 2 لېكىن ناداب بىلەن ئابىھۇ بالا تاپماي، ئاتىسىدىن ئىلگىرى
ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىئازار بىلەن ئىتامار كاھىنلىق خىزمىتىنى قىلاتتى.
3 داۋۇد بىلەن ئېلىئازارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان سادوق ۋە ئىتامارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان
ئاخىمالىك ئۇلارنى پىرقە-پىرقىگە بۆلۈپ، قىلىدىغان خىزمەتنى تايىن قىلدى. 4 لېكىن
ئېلىئازارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىتامارنىڭكىدىن تولىراق باشلىرى بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى
شۇنداق بۆلدىكى، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق ئېلىئازارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ
باشلىرى ئون ئالتە، ئەمما ئىتامارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ باشلىرى سەككىز بولدى. 5 بۇ ئىككىنى،
خاھى ئاۋۋالقىسى، خاھى ئىككىنچىسى بولسا چەك تاشلاپ پىرقە قىلىپ بۆلدى. شۇنداقكى،
مۇقەددەس خاننىڭ باشلىرى بىلەن خۇدانىڭ ئەمىرلىرى ھەم ئېلىئازارنىڭ ئەۋلادىدىن ھەم
ئىتامارنىڭ ئەۋلادىدىن ئېلىندى.
6 لاۋىيلارنىڭ بىرى، يەنى نەتانەلنىڭ كاتىپ بولغان ئوغلى شەمايا ئۇلارنى پادىشاھنىڭ،
ئەمىرلەرنىڭ، سادوق كاھىننىڭ، ئابىياتارنىڭ ئوغلى ئاخىمالىكنىڭ ۋە كاھىنلار بىلەن
لاۋىيلارنىڭ خانىدان باشلىرىنىڭ ئالدىدا خەتلەپ قويىدى. ئېلىئازارنىڭ خانىدانىدىن بىر كىشى
ئېلىنسا، ئىتامارنىڭ خانىدانىدىن بىرى ھەم ئېلىندى. 7 شۇنداقكى، ئاۋۋالقى چەك يەھويارىبقا
چىقتى، ئىككىنچىسى يەداياغا،
8 ئۈچىنچىسى خارىمغا، تۆتىنچىسى سېئورىمغا، 9 بەشىنچىسى مالكىياغا، ئالتىنچىسى
مىيامىنغا، 10 يەتتىنچىسى ھاقوزغا، سەككىزىنچىسى ئابىياغا، 11 توققۇزىنچىسى ئەيسائاغا،
ئونىنچىسى شەكانىياغا، 12 ئون بىرىنچىسى ئەلياشىبقا، ئون ئىككىنچىسى ياقىمغا، 13 ئون
ئۈچىنچىسى خۇپپاغا، ئون تۆتىنچىسى يېشەبابقا، 14 ئون بەشىنچىسى بىلگاغا، ئون
ئالتىنچىسى ئىممەرگە، 15 ئون يەتتىنچىسى خېزىرغا، ئون سەككىزىنچىسى ھاپىزەزگە،
16 ئون توققۇزىنچىسى پەتاخياغا، يىگىرمىنچىسى يەھەزەكەلگە، 17 يىگىرمە بىرىنچىسى
ياكىنغا، يىگىرمە ئىككىنچىسى گامۇلغا، 18 يىگىرمە ئۈچىنچىسى دەلاياغا ۋە يىگىرمە
تۆتىنچى چەك مائازياغا چۈشتى. 19 ئۇلار بۇ تەرتىپ بىلەن بېرىپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندە ئۇلارنىڭ ئاتىسى ھارۇننىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلارغا بۇيرۇغاندەك خۇداۋەندىنىڭ
بەيتىگە كىرىپ خىزمەت قىلاتتى.

## لاۋىيلارنىڭ باشقا ئەۋلادلىرى

20 ئەمما بەنى-لاۋىينىڭ قالغانلىرى بۇلار، يەنى ئامرامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان شۇبائەل،
شۇبائەلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان يەخدىيا، 21 رېخابىيانىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى، يەنى رېخابىيانىڭ
ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ ئۆزى باش بولغان يىشىيا، 22 يىزھارىيلاردىن بولغان شېلوموت،

شېلوموتنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ياخات، [23] خېبروننىڭ چوڭ ئوغلى يېرىيا، ئىككىنچىسى
ئامارىيا، ئۈچىنچىسى ياخازىيەل، تۆتىنچىسى يوقمېئام، [24] ئۇززىيەلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن
بولغان مىكا، مىكانىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان شامۇر، [25] مىكانىڭ بۇرادىرى بولغان يىشىيا،
يىشىيانىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان زەكارىيا، [26] مەرارىنىڭ ئوغۇللىرى بولغان ماخلى بىلەن
مۇشى، يائازىيانىڭ ئوغلى بېنو، [27] يائازىيانىڭ خانىدانىدىن بولغان بەنى-مەرارى، يەنى بېنو،
شوھام، زاككۇر ۋە ئىبرى، [28] ئۆزى بالا تاپماي، ماخلىنىڭ ئوغلى بولغان ئېلىئازار، [29] قىسنىڭ
ئۇرۇق-ئەۋلادى، يەنى قىسنىڭ ئوغلى يەراخمەئەل [30] ۋە مۇشىنىڭ ئوغۇللىرى: ماخلى، ئېدەر
ۋە يەرىموت دېگەنلەر ئىدى. بۇلار ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق لاۋىيلارنىڭ
ئەۋلادى ئىدى.
[31] بۇلار ھەم ئۆز بۇرادەرلىرى بولغان ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىدەك داۋۇد پادىشاھنىڭ، سادوقنىڭ،
ئاخىمالىكنىڭ، كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ خاندان باشلىرىنىڭ ئالدىدا چەك تاشلىدى.
خانىدانلارنىڭ باشلىرى بولسا كىچىك بۇرادەرلىرى بىلەن چەك تاشلاشتا باراۋەر بولدى.

## شېئىر ئوقۇغۇچىلار

25 [1] داۋۇدنىڭ ئۆزى بىلەن قوشۇننىڭ سەردارلىرى بولسا ئاسافنىڭ، ھېماننىڭ ۋە
يەدۇتۇننىڭ ئوغۇللىرىنى خىزمەت ئۈچۈن تەيىنلىدى. بۇلارنىڭ قولىدا چاڭ، ساتار،
جاڭجاڭ چېلىشقا روھىي نەپەس بار ئىدى. بۇ خىزمەتنى قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى شۇ
ئىدى، يەنى [2] ئاسافنىڭ ئوغۇللىرىدىن زاككۇر، يۈسۈپ، نەتانىيا ۋە ئىسرائىل تەيىنلەندى.
ئاسافنىڭ شۇ ئوغۇللىرى بولسا ئاسافقا ئەگىشىپ، پادىشاھنىڭ قول ئاستىدا تۇرۇپ، روھىي
نەپەس بىلەن نەغمە چالاتتى. [3] يەدۇتۇندىن بۇلار، يەنى گېدالىيا، زېرى، يەشايا، خەشابىيا ۋە ماتتىتيا
تەيىنلىدى. يەدۇتۇننىڭ ئالتە ئوغۇللىرى ئۆزى ئاتىسى يەدۇتۇنغا ئەگىشىپ، خۇداۋەندىگە
ھەمد ۋە مەدھىيە ئوقۇپ، روھىي نەپەس بىلەن چاڭ چالاتتى. [4] ھېماندىن بۇلار يەنى بۇققىيا،
ماتتانىيا، ئۇززىيەل، شەبۇئەل، يەرىموت، خانانىيا، خانانى، ئەلىياتا، گىددالتى، روماتى-ئېزەر،
يوشبېقاشا، ماللوتى، ھوتىر ۋە ماخازىيوت تەيىنلەندى. [5] بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېماننىڭ
ئوغۇللىرى ئىدى. ئۇ بولسا پادىشاھنىڭ روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچىسى ئىدى. چۈنكى خۇدا
ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى ئۇلۇغلاندۇراي دەپ، ۋەدە قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا ئۇنىڭغا ئون تۆت
ئوغۇل بىلەن ئۈچ قىز بەرگەنىدى.
[6] بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئاتىسىغا ئەگىشىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە شېئىر ئوقۇپ جاڭجاڭ،
چاڭ بىلەن ساتار چېلىپ خۇدانىڭ بەيتىدە خىزمەت قىلىپ، پادىشاھنىڭ، ئاسافنىڭ، يەدۇتۇننىڭ
ۋە ھېماننىڭ قول ئاستىدا تۇراتتى. [7] بۇلارنىڭ بىلەن بۇرادەرلىرىنىڭ سانى، يەنى خۇداۋەندىگە
شېئىر ئوقۇشنى ئۆگىنىپ بىلگەنلەرنىڭ سانى ئىككى يۈز سەكسەن سەككىز ئىدى.

[8] ئۇلار خىزمەت توغرىسىدا چەك تاشلاپ، خاھى كىچىك، خاھى چوڭ بولسا، خاھى مۇئەللىم، خاھى شاگىرت بولسا ھەممىسى چەك تاشلىدى. [9] ئاۋۋالقى چەك ئاسافنىڭ ئۆيىگە چىقىپ، يۈسۈپكە چۈشتى.
ئىككىنچىسى گېدالىياغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن بۇرادەرلىرى ۋە ئوغۇللىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[10] ئۈچىنچىسى زاككۇرغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[11] تۆتىنچىسى يىزرىغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى. [12] بەشىنچىسى نەتانياغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[13] ئالتىنچىسى بۇققىياغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[14] يەتتىنچىسى يەسارېلاغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[15] سەككىزىنچىسى يەشاياغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[16] توققۇزىنچىسى ماتتانىياغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[17] ئونىنچىسى شىمېيغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[18] ئون بىرىنچىسى ئازارەلگە چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[19] ئون ئىككىنچىسى خەشابىياغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[20] ئون ئۈچىنچىسى شۇبائەلغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[21] ئون تۆتىنچىسى ماتتانىياغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[22] ئون بەشىنچىسى يەرىموتقا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[23] ئون ئالتىنچىسى خانانىياغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[24] ئون يەتتىنچىسى يوشبېقاشاغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون

ئىككى كىشى ئىدى.
[25] ئون سەككىزىنچىسى خانانىغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[26] ئون توققۇزىنچىسى ماللوتىغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[27] يىگىرمىنچىسى ئەلىياتاغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[28] يىگىرمە بىرىنچىسى ھوتىرغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[29] يىگىرمە ئىككىنچىسى گىددالتىغا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[30] يىگىرمە ئۈچىنچىسى ماخازىيوتقا چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.
[31] يىگىرمە تۆتىنچىسى رومامتى-ئېزەرگە چۈشتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئون ئىككى كىشى ئىدى.

## دەرۋازىۋەنلەر، خەزىنىچىلەر ۋە مەنسەپدارلار

26 [1] ئەمما دەرۋازىۋەنلەرنىڭ پىرقىلىرى بولسا

ئاسافنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان قورەنىڭ ئوغلى شېلەمىيا بىرى بولۇپ، ئۆزى قوراھىيلاردىن ئىدى.
[2] مەشەلەمىيانىڭ بىرنەچچە ئوغۇللىرى بار ئىدى. تۇنجىسى زەكارىيا، ئىككىنچىسى يەدىئەل، ئۈچىنچىسى زىبادىيا، تۆتىنچىسى ياتنىيەل، [3] بەشىنچىسى ئېلام، ئالتىنچىسى يەھوخانان، يەتتىنچىسى ئەلىيەھوئېناي ئىدى.
[4] ئوبەد-ئېدومنىڭ بىرنەچچە ئوغۇللىرى بار ئىدى. تۇنجىسى شەمايا، ئىككىنچىسى يەھوزاباد، ئۈچىنچىسى يوئاھ، تۆتىنچىسى ساكار، بەشىنچىسى نەتانەل. [5] ئالتىنچىسى ئامىيەل، يەتتىنچىسى ئىسساكار ۋە سەككىزىنچىسى پېئۇلتاي ئىدى. چۈنكى خۇدا ئۇنى بەرىكەتلىگەنىدى. [6] ئۇنىڭ ئوغلى شەماياغا ھەم ئوغۇللار تۇغۇلدى. ئۇلار قابىل بولغىنى ئۈچۈن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانىدا چوڭلار بولدى. [7] شەمايانىڭ ئوغۇللىرى: ئوتنى، رېفائەل، ئوبەد ۋە ئەلزاباد ئىدى. ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى: ئېلىھۇ بىلەن سەماكىيا قابىل كىشىلەر ئىدى.
[8] بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبەد-ئېدومنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى خىزمەت قىلغىلى لايىق ۋە قادىر ئىدى. ئوبەد-ئېدومنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتمىش

ئىككى ئىدى. [9] مەشەلەمىيانىڭ ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى قابىل كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ
سانى ئون سەككىز ئىدى.
[10] مەرارىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان خوسانىڭ ئوغۇللىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بېشى شىمرى
ئىدى. ئۇ تۇنجى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنى باش قىلىپ قويىدى. [11] خىلقىيا ئىككىنچىسى،
تەباليا ئۈچىنچىسى، زەكاريا تۆتىنچىسى ئىدى. خوسانىڭ ھەممە ئوغۇل بىلەن بۇرادەرلىرى
ئون ئۈچ ئىدى. [12] دەرۋازىۋەنلەرنىڭ شۇ پىرقىلىرى، يەنى ئۇلارنىڭ خاندان باشلىرى ئۆز
بۇرادەرلىرىدەك خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە خىزمەت قىلىش ۋەزىپىسى بار ئىدى.
[13] ئۇلار ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خاندانلىرىغا مۇۋاپىق كىچىكلىرىدىن تارتىپ چوڭلىرىغىچە،
قايسىنى ساقلايمىز دەپ، ھەر دەرۋازا توغرىسىدا چەك تاشلىدى. [14] شەرق تەرىپى توغرىسىدا
سالغان چەك شېلەمىيا ئۈچۈن چۈشتى. ياخشى مەسلىھەت بەرگۈچى بولغان ئۆز ئوغلى زەكاريا
توغرىسىدا سالغان چەك چىقىپ، شىمال دەرۋازىسىغا ئىشارەت قىلدى. [15] ئوبەد-ئېدوم ئۈچۈن
چىققان چەك جەنۇب دەرۋازىسىغا ئىشارەت قىلدى، ئەمما ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا خەزىنىنى
باققىلى بېرىلدى. [16] شۇپپىم بىلەن خوسا ئۈچۈن چىققان چەك غەرب تەرىپىدىكى شاللەكەت
دەرۋازىسىغا ئىشارەت قىلىپ، يول ئېگىزلەنگەن يەردە بىر-بىرىنىڭ ئۇتتۇرىدا مۇھاپىزەتچى
ئۆيلەر بار جايىنى كۆرسەتتى. [17] شەرق تەرىپىدە ئالتىدىن، شىمال تەرىپىدە كۈندە تۆتتىن،
جەنۇب تەرىپىدىن كۈندە تۆتتىن ۋە خەزىنىنىڭ ئالدىدا ئىككىدىن-ئىككىدىن لاۋىيلار
پاسىبانلىق قىلاتتى. [18] مەغرىب تەرىپىدىكى پاربار دېگەن جاينىڭ ئېگىز يولىدا تۆتتىن ۋە
پاربارنىڭ ئۆزىدە ئىككىدىن پاسىبانلىق قىلاتتى. [19] بۇلار دەرۋازىۋەنلەرنىڭ پىرقىلىرى بولۇپ،
قوراھىي بىلەن مەرارىيلارنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى.

[20] لاۋىيلاردىن بولغان ئاخىيانىڭ ئۆزى خۇدانىڭ بەيتىنىڭ خەزىنىلىرى بىلەن مۇقەددەس
نەرسىلەرنىڭ خەزىنىلىرىدىن خەۋەر ئالاتتى.
[21] ئەمما بەنى-لادان بولسا لادانىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان گەرشونىيلارنىڭ ئۆزى گەرشونىي
لادانىنىڭ يەخىيەلى دېگەن خاندانىنىڭ باشلىرى ئىدى. [22] يەخىيەلىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان
زېتام بىلەن بۇرادىرى يوئېلنىڭ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ خەزىنىلىرىنى باقاتتى.
[23] ئامرامىيلار، يىزھارىيلار، خېبرونىيلار ۋە ئۇززىيەلىيلەر بولسا، [24] ئۇلارنىڭ ئىچىدىن
شەبۇئەل بەن-گەرشوم بەن-مۇسا خەزىنىلەرنىڭ ئۈستىدە ئىدى. [25] ئۇنىڭ بۇرادىرى بولغان
ئېلىئازارنىڭ نەسلىدىن چىققانلار بولسا شۇ، يەنى ئېلىيەزەرنىڭ ئوغلى رېخابىيا، رېخابىيانىڭ
ئوغلى يەشايا، يەشايانىڭ ئوغلى يورام، يورامنىڭ ئوغلى زىكرى ۋە زىكرىنىڭ ئوغلى شېلومىت
ئىدى. [26] شېلومىت ئۆزى بىلەن بۇرادەرلىرى ھەممە خەزىنىلەرنىڭ ئۈستىدە تۇردى. داۋۇد
پادىشاھنىڭ ئۆزى بىلەن خاندانلارنىڭ باشلىرى، مىڭبېشى بىلەن يۈزبېشىلار ۋە قوشۇن
سەردارلىرى بۇ خەزىنىلەرنى مۇقەددەس قىلغانىدى. [27] جەڭدە ئالغان ئولجىدىن ئېلىپ،
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ئوڭلىماق ئۈچۈن مۇقەددەس قىلغانىدى. [28] روھىي كۆرۈنۈش

كۆرگۈچى بولغان سامۇئىل ۋە قىسنىڭ ئوغلى شائۇل، نەرنىڭ ئوغلى ئابنەر ۋە زېرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب مۇقەددەس قىلغاننىڭ ھەممىسى، شۇنداقلا ھەممە مۇقەددەس نەرسىلەر شېلومىت بىلەن بۇرادەرلىرىنىڭ قول ئاستىدا ئىدى.
[29] يىزھارىيلاردىن كەنانىيا بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مەنسەپدار بىلەن ھاكىملار بولۇپ، ئىسرائىلدا بەيتنىڭ تاشقىرىقى ئىشلارنى قىلاتتى. [30] خېبرونىيلاردىن خەشابىيا بىلەن بۇرادەرلىرى قابىل كىشىلەر بولۇپ، سانى بىر مىڭ يەتتە يۈز ئىدى. ئۇلار ئىئوردانىنىڭ غەرب تەرىپىدە ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە مەنسەپدار بولۇپ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە خۇداۋەندىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قىلاتتى. [31] خېبرونىيلار بولسا يېرىيا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ نەسلىنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق خېبرونىيلارنىڭ بېشى ئىدى. ئۇلار داۋۇدنىڭ سەلتەنىتىنىڭ قىرىقىنچى يىلىدا كۆرەكتىن ئۆتكىنىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گىلېئادتىكى يازەردە قابىل كىشىلەر تېپىلدى. [32] يېرىيانىڭ ئىككى مىڭ يەتتە يۈز سانلىق بۇرادەرلىرى قابىل كىشىلەر بولۇپ، خانىدانلارنىڭ باشلىرى ئىدى. داۋۇد پادىشاھ ئۇلارنى خۇدانىڭ ۋە پادىشاھنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالغىلى رۇبەنىيلەر، گادىيلار ۋە ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىنىڭ ئۈستىگە قويدى.

## قوشۇننىڭ مىڭبېشى بىلەن يۈزبېشى ۋە مەنسەپدارلىرى

27 [1] بەنى-ئىسرائىل ئۆز سانىغا مۇۋاپىق خەتلىنىپ، ئۇلارنىڭ خانىدانلىرىنىڭ باشلىرى، مىڭبېشى بىلەن يۈزبېشى ۋە مەنسەپدارلىرى يېزىلدى. بۇلار قوشۇننىڭ پىرقىلىرىنىڭ ھەممە ئىشىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، پادىشاھقا خىزمەت قىلاتتى. بۇ پىرقىلەر ئايدىن-ئايغا يىلنىڭ ھەممە ئايلىرىدا نۆۋەت بىلەن كىرىپ چىقاتتى. ھەر پىرقىدە يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[2] بىرىنچىسى، يەنى ئاۋۋالقى ئايدا خىزمەت قىلىدىغان پىرقىنىڭ ئۈستىدە زابدىيەلنىڭ ئوغلى ياشوبام تۇردى. ئۇنىڭ پىرقىسىدە يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[3] ئۇ ئۆزى پەرەزنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئاۋۋالقى ئايدا خىزمەت قىلىدىغان ھەممە سەردارلارنىڭ بېشى ئىدى.
[4] ئىككىنچى ئاينىڭ پىرقىسىنىڭ ئۈستىدە ئاخوخلۇق دوداي تۇردى. ئۇنىڭ پىرقىسىدىن ئەمىر مىقلوت ئىدى. شۇ پىرقىدە يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[5] ئۈچىنچى سەردار، يەنى ئۈچىنچى ئايدا خىزمەت قىلىدىغان سەردار ئۆزى يەھويادا باش كاھىننىڭ ئوغلى بەنايا ئىدى. ئۇنىڭ پىرقىسىدە يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[6] شۇ بەنايا ئوتتۇزلارنىڭ ئارىسىدا پالۋان بولۇپ، شۇ ئوتتۇزنىڭ سەردارى ئىدى. ئۇنىڭ پىرقىسىدە ئوغلى ئامىزاباد بار ئىدى.
[7] تۆتىنچىسى، يەنى تۆتىنچى ئايدا خىزمەت قىلىدىغان كىشى يوئابنىڭ بۇرادىرى ئاسائەل

ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى زىبادىيا سەردار بولدى. ئۇنىڭ پىرقىسىدە يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[8] بەشىنچىسى، يەنى بەشىنچى ئايدا خىزمەت قىلىدىغان سەردار يىزراخىي شامھۇت ئىدى. ئۇنىڭ پىرقىسىدە يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[9] ئالتىنچىسى، يەنى ئالتىنچى ئايدا خىزمەت قىلىدىغان كىشى تەقوئالىق ئىققەشنىڭ ئوغلى ئىرا ئىدى. ئۇنىڭ پىرقىسىدە يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[10] يەتتىنچىسى، يەنى يەتتىنچى ئايدا خىزمەت قىلىدىغان كىشى ئەفرائىمنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان پەلونلۇق خېلەز ئىدى. ئۇنىڭ پىرقىسىدە يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[11] سەككىزىنچىسى، يەنى سەككىزىنچى ئايدا خىزمەت قىلىدىغان كىشى زېراھىيلاردىن بولغان خۇشاتلىق سىببىكاي ئىدى. ئۇنىڭ پىرقىسىدە يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[12] توققۇزىنچىسى، يەنى توققۇزىنچى ئايدا خىزمەت قىلىدىغان كىشى بەنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان ئاناتوتلۇق ئابىئېزەر ئىدى. ئۇنىڭ پىرقىسىدە يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[13] ئونىنچىسى، يەنى ئونىنچى ئايدا خىزمەت قىلىدىغان كىشى زېراھىيلاردىن بولغان نەتوفاتلىق ماھاراي ئىدى. ئۇنىڭ پىرقىسىدە يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[14] ئون بىرىنچىسى، يەنى ئون بىرىنچى ئايدا خىزمەت قىلىدىغان كىشى ئەفرائىم قەبىلىسىدىن بولغان پىراتونلۇق بەنايا ئىدى. ئۇنىڭ پىرقىسىدە يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.
[15] ئون ئىككىنچىسى، يەنى ئون ئىككىنچى ئايدا خىزمەت قىلىدىغان كىشى ئوتنىيەلنىڭ نەسلىدىن بولغان نەتوفاتلىق خەلداي ئىدى. ئۇنىڭ پىرقىسىدە يىگىرمە تۆت مىڭ ئادەم بار ئىدى.

[16] ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ ئەمىرلىرى بۇلار ئىدى، يەنى
رۇبەنىيلەرنىڭ ئەمىرى زىكرىنىڭ ئوغلى ئېلىيەزەر بولۇپ،
شىمونىيلارنىڭكى مائاكانىڭ ئوغلى شېفاتىيا ئىدى.
[17] لاۋىيلارنىڭكى كەمۇئەلنىڭ ئوغلى خەشابىيا ئىدى.
ھارۇننىڭ نەسلىگە سادوق باش ئىدى.
[18] يەھۇدانىڭكى داۋۇدنىڭ بۇرادىرى ئېلىھۇ،
ئىسساكارنىڭكى مىكائەلنىڭ ئوغلى ئومرى،
[19] زەبۇلۇننىڭكى ئوبادىيانىڭ ئوغلى يىشمايا،
نافتالىنىڭكى ئازارەل ئوغلى يەرىموت،
[20] بەنى-ئەفرائىمنىڭكى ئازارىيانىڭ ئوغلى ھوشىيا،
ماناسسەنىڭ يېرىم قەبىلىسىنىڭكى پەدايانىڭ ئوغلى يوئېل،
[21] ماناسسەنىڭ، يەنە يېرىم قەبىلىسىنىڭكى، يەنى گىلېيادتا ئولتۇرغانلارنىڭكى زەكارىيانىڭ ئوغلى يىددو،

بەنيامىنىنىڭكى ئابنەرنىڭ ئوغلى يائاسىيەل.
[22] دانىنىڭكى يەروخامنىڭ ئوغلى ئازارەل ئىدى.
بۇلار ئىسرائىل قەبىلىلىرىنىڭ ئەمىرلىرى ئىدى. [23] لېكىن داۋۇد يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن كىچىك بولغانلارنى ھېسابقا ئالمىدى. چۈنكى خۇداۋەندە: «مەن ئىسرائىلنى ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىدەك غولدىتىمەن» دەپ ئېيتقانىدى. [24] زېرۇيانىڭ ئوغلى يوئاب سانىغىلى باشلىدى، لېكىن ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە كەلگەن غەزەپ ئۈچۈن پۈتكۈزمىدى. ساناشنىڭ سانى داۋۇد پادىشاھنىڭ تارىخ كىتابىدا ھەم يېزىلمىدى.

## پادىشاھنىڭ خەزىنىچىلىرى

[25] پادىشاھنىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئۈستىدە ئادىيەلنىڭ ئوغلى ئازماۋەت تۇراتتى.
ئەمما سەھرا بىلەن شەھەرلەردە كەنت بىلەن قورغانلاردا بار خەزىنىلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇززىيانىڭ ئوغلى يەھوناتان ئىدى.
[26] ئېتىزلىقلاردا دېھقانچىلىق قىلغانلارنىڭ ئۈستىدە كەلۇبنىڭ ئوغلى ئەزرى،
[27] ئۈزۈمزارلىقلارنىڭ ئۈستىدە رامالىق شىمىي،
ئۈزۈمزارلىقلاردىن يىغقان شاراب شىرنىسىنىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئۈستىدە شىپمىي زەبەدىي،
[28] تۈزلەڭلىكلەردىكى زەيتۇن بىلەن ئۈجمىلىكلەرنىڭ ئۈستىدە گەدەرالىق بائال-خانان،
زەيتۇن يېغىنىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئۈستىدە يوئاش،
[29] شاروندا ئوتلايدىغان مالنىڭ ئۈستىدە شارونلۇق شىتراي
ۋە ۋادىلاردىكى مالنىڭ ئۈستىدە ئادلاينىڭ ئوغلى شافات،
[30] تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدە ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئوبىل،
ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىدە مېرونوتلۇق يەخدىيا،
[31] پادىلارنىڭ ئۈستىدە ھاگرىي يازىز تۇردى.
بۇلارنىڭ ھەممىسى داۋۇد پادىشاھنىڭ تەئەللۇقنىڭ ئۈستىدە تۇردى.
[32] داۋۇدنىڭ تاغىسى يەھوناتان مەسلىھەتچى بولۇپ، ئۆزى دانا ۋە قانۇنچى بىر ئادەم ئىدى.
خاكمونىنىڭ ئوغلى يەخىيەل پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قېشىدا تۇراتتى.
[33] ئاختوفەل پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى.
ئاركىلىك خۇشاي پادىشاھنىڭ دوستى ئىدى.
[34] ئاختوفەلدىن كېيىن بەنايانىڭ ئوغلى يەھويادا بىلەن ئابىياتار مەسلىھەتچى ئىدى.
يوئاب بولسا پادىشاھنىڭ قوشۇنىغا سەردار ئىدى.

## داۋۇد سۇلايمانغا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى
## ياساش توغرىسىدا ئەمر قىلىدۇ

28 [1] داۋۇد بولسا ئىسرائىلنىڭ ھەممە خوجىلىرى بىلەن قەبىلىلىرىنىڭ ئەمىرلىرىنى،
پادىشاھقا نۆۋەت بىلەن خىزمەت قىلىدىغان پىرقە سەردارلىرى بىلەن مىڭبېشى ۋە
يۈزبېشىلارنى، پادىشاھنىڭكى بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ ھەممە تەئەللۇق ۋە ماللىرىنىڭ ئۈستىدە
تۇرىدىغان مەنسەپدارنى، مەھرەملەر بىلەن پالۋانلار ۋە باتۇر جەڭ قىلغۇچىلارنى قىچقارتىپ
يېرۇسالېمدا يىغدۇردى.
[2] داۋۇد پادىشاھ ئورنىدىن قوپۇپ ئېيتتى: «ئەي بۇرادەرلىرىم، ئەي خەلقىم، ماڭا قۇلاق
سېلىڭلار. مەن بولسام، خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى بىلەن خۇدايىمىزنىڭ قەدەمگاھىغا بىر
ئارامگاھنى ياساي دەپ، كۆڭلۈمدە بار ئىدى. ياسىشى ئۈچۈن خېرىتلار ھەم يىغىپ قويدۇم.
[3] لېكىن خۇدا ماڭا: ‹ سەن مېنىڭ ئىسمىمغا بىر بەيت ياسىمىغايسەن، چۈنكى سەن جەڭ
قىلغۇچى بولۇپ، تولا قان تۆكتۈردۈڭ› دەپ ئېيتتى. [4] ئەمما ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە
مېنى ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە ئەبەدكىچە پادىشاھ بولماق ئۈچۈن ئۆز ئاتامنىڭ پۈتۈن ئۆيىدىن
ئىلغىدى. چۈنكى يەھۇدانى ئەمىر قىلىپ، يەھۇدانىڭ خانىدانىدىن ئاتامنىڭ ئۆيىنى ئىلغاپ،
ئاتامنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدا مېنى خۇش كۆرۈپ ھەممە ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە پادىشاھ
بولۇشقا ئىلغاپ قويىدى. [5] خۇداۋەندە ماڭا تولا ئوغۇللار بەرگەن ئەمەسمۇ، ئەمما بۇ ھەممە
ئوغۇللىرىمنىڭ ئارىسىدا ئوغلۇم سۇلايماننى خۇداۋەندىنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ،
ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلغىلى ئىلغىدى. [6] ئۇ ماڭا ئېيتتىكى: ‹ سېنىڭ ئوغلۇڭ
سۇلايمان ئۆزى مېنىڭ بەيتىم بىلەن ھويلىلىرىمنى ياسايدۇ. مەن ئۇنى ئوغلۇم بولۇشقا ئىلغاپ،
ئۆزۈم ئۇنىڭغا ئاتا بولىمەن. [7] ئەگەر ئۇ مەزمۇت قەدەملىك بولۇپ، ھازىرقىدەك مېنىڭ ئەمر
بىلەن قانۇنلىرىمغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى ئەبەدكىچە مۇقىم قىلىمەن›
دېدى. [8] ئەمدى مەن خۇداۋەندىنىڭ جامائىتى بولغان ئىسرائىلنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا،
بۇنى ئاڭلايدىغان خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا ئېيتىمەنكى، بۇ ياخشى يۇرتنى ئىگىدارچىلىق قىلىپ
سىلەردىن كېيىن كېلىدىغان بالىلىرىڭلارغا ئەبەدكىچە مىراس قىلىپ بەرمىكىڭلار ئۈچۈن
تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تۇتۇپ تەلەپ قىلىڭلار. [9] ئەمما سەن، ئەي ئوغلۇم
سۇلايمان، ئاتاڭنىڭ خۇدايىنى تونۇپ، راست كۆڭۈل ۋە خۇش جان بىلەن ئۇنىڭغا ئىبادەت
قىلغىن. چۈنكى خۇداۋەندە ھەممە كۆڭۈللەرنى تەپتىش قىلىپ، خىيال بىلەن پىكىرلەرنى
بىلىدۇ. ئەگەر ئىزدىسەڭ، ئۇنى تاپىسەن. لېكىن ئۇنى تاشلىساڭ، ئۇ سېنى ئەبەدكىچە
تاشلايدۇ. [10] ئەمدى خەۋەردار بولغىن، چۈنكى خۇداۋەندە سېنى مۇقەددەس خانىغا بىر بەيت
ياسىغىلى ئىلغىدى. غەيرەتلىك بولۇپ ئىشقا چۈشكىن».
[11] داۋۇد ئۆز ئوغلى سۇلايمانغا بەيتنىڭ ئالدىدىكى ئايۋان بىلەن بەيتنىڭ ئىمارەتلىرىنىڭ،
خەزىنە بىلەن بالىخانىلارنىڭ، ئىچكىركى خانىلار بىلەن مەرھەمەت تەختىنى قويىدىغان
ماكانىنىڭ نەمۇنىسىنى بېرىپ، [12] خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ھويلىلىرى توغرىسىدا نەمۇنە

بېرىپ، خۇدانىڭ بەيتىنىڭ خەزىنىلىرى بىلەن خۇداۋەندىگە مۇقەددەس قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ
خەزىنىلىرى ئۈچۈن بەيتىنىڭ چۆرىسىدە ياسىلىدىغان ھەممە ھۇجرىلار توغرىسىدا ئۆز
كۆڭلىدە خىيال قىلغانىنىڭ نەمۇنىسىنى ھەم بېرىپ، [13] كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ پىرقىلىرى
توغرىسىدا بۇيرۇپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىكى ئىبادەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن خۇداۋەندىنىڭ
بەيتىدىكى ئىبادەتتە ئىشلىتىلىدىغان ھەممە قاچىلار توغرىسىدا ئەمر قىلدى. [14] ئالتۇن
توغرىسىدا بولسا، ئىبادەتتە ئىشلىتىلىدىغان ھەر قاچا ئۈچۈن كېتىدىغان ئالتۇننىڭ ۋەزنىنى
توختىتىپ، ئىبادەتتە ئىشلىتىلىدىغان ھەر كۈمۈش قاچىغا كېتىدىغان كۈمۈشنىڭ ۋەزنىنى
ھەم تەيىنلىدى. [15] ئالتۇن شامدانلىرى بىلەن ئالتۇن چىراغلىرىنىڭ ۋەزنىنى تەيىنلەپ،
ھەربىر شامدان بىلەن چىراغلىرىنىڭ ۋەزنىنى توختىتىپ، كۈمۈش ۋەزنىنى ھەم تەيىنلەپ،
ھەربىر شامداننىڭ ئىشلىتىلىشىگە قاراپ ۋەزنىنى توختىتىپ، [16] تەقدىم نېنىنىڭ جوزىلىرى
توغرىسىدا بۇيرۇپ، ھەربىر جوزىغا كېتىدىغان ئالتۇننى بېرىپ، كۈمۈش جوزىلىرىغا
كېتىدىغان كۈمۈشنى تايىن قىلدى. [17] ئۇ ھەم ساپ ئالتۇندىن بولغان چاڭگاك، چۆگۈنلەر
ۋە قاچا بىلەن ئالتۇن پىيالىلىرى توغرىسىدا بۇيرۇپ، ھەربىر پىيالىنىڭ ۋەزنىنى توختىتىپ،
كۈمۈش پىيالىلىرى توغرىسىدا ھەم بۇيرۇپ، ھەربىر پىيالىنىڭ ۋەزنىنى تايىن قىلىپ، [18] ساپ
ئالتۇندىن ئېتىلىدىغان خۇشبۇي ئىسرىق قۇربانگاھىنىڭ ۋەزنىنى توختىتىپ، كېرۇبلارنىڭ
ھارۋىسىنىڭ، يەنى خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئۈستىدە ئۆز قاناتلىرىنى يايىدىغان
كېرۇبلارنىڭ نەمۇنىلىرىنى تاپشۇرۇپ بەردى.
[19] داۋۇد ئېيتتىكى: «بۇ ھەممىسى توغرىسىدا خۇداۋەندە ئۆز قولىنىڭ سىزىقى بىلەن ماڭا
ئۇقتۇرۇپ، بۇ نەمۇنىگە مۇۋاپىق قىلىدىغان ھەممە ئىشنى ماڭا بىلدۈردى» دېدى.
[20] داۋۇد ئۆز ئوغلى سۇلايمانغا ئېيتتى: «جۈرئەتلىنىپ، غەيرەتلىك بولۇپ ئىشقا چۈشقىن.
خاھى قورقماي، خاھى پەرىشان بولمىغىن، چۈنكى تەڭرىم رەب خۇدا سەن بىلەندۇر. ئۇ سېنى،
خاھى قويماي، خاھى تاشلىماي، بەلكى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىبادىتى ئۈچۈن قىلىدىغان
ئىشنىڭ پۈتكۈچىلىك سەن بىلەن بولىدۇ. [21] مانا خۇدانىڭ بەيتىدە ھەممە خىزمەتنى قىلىدىغان
كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ پىرقىلىرى مۇندادۇر. دەرۋەقە ھەر قىلىدىغان ئىش ئۈچۈن ھەر
خىل ھۈنەر قىلغىلى تەييار بولغان ھەر خىل ھوشيار خەلق سەن بىلەن تۇرىدۇ. بۇلاردىن باشقا
ھەم ئەمىرلەر بىلەن خەلقنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بۇيرۇقىڭنى ئاڭلىغىلى تەييار تۇرىدۇ» دېدى.

## خەلقنىڭ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە بېغىشلىغىنى

29 [1] داۋۇد پادىشاھ جامائەتنىڭ ھەممىسىگە ئېيتتىكى: «خۇدا ئۆزى خاس ئىلغىغان بۇ
ئوغلۇم سۇلايمان ياش ۋە نازۇكتۇر. ئەمما ئىش بولسا چوڭ بولىدۇ. چۈنكى بۇ بەيت
ئادەم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى رەب خۇدا ئۈچۈن ياسىلىدۇ. [2] خۇدايىمنىڭ بەيتى ئۈچۈن مەن
ئالتۇندىن ئېتىلىدىغانغا ئالتۇن، كۈمۈشتىن ئېتىلىدىغانغا كۈمۈش، مىستىن ئېتىلىدىغانغا

مىس، تۆمۈردىن ئېتىلىدىغانغا تۆمۈر، ياغاچتىن ئېتىلىدىغانغا ياغاچ يىغىپ، ھېقىق تېشى
بىلەن ئورنىتىلىدىغان تاشلارنى يىغىپ، باشقا-باشقا رەڭلىك بولۇپ پارقىرايدىغان تاش بىلەن
خىلمۇخىل قىممەت باھا تاشلارنى جەم قىلىپ، ناھايىتى تولا ئاق مەرمەرنى ھەم راستلاپ
قويدۇم. 3 خۇدايىمنىڭ بەيتىگە ئامراق بولغىنىم ئۈچۈن ئىلگىرى مۇقەددەس ئۆي ئۈچۈن
بەرگىنىمنىڭ ئۈستىدە ئۆز تەئەللۇقىمدىن خۇدايىمنىڭ بەيتى ئۈچۈن ئالتۇن بىلەن كۈمۈش
ھازىرلاپ، 4 ئۈچ مىڭ تالانت ئالتۇن، يەنى ئوفىر ئالتۇنى بىلەن يەتتە مىڭ تالانت ساپ كۈمۈش
بېرىمەن. بۇنىڭدىن ئىمارەتلەرنىڭ تاملىرى قاپلانسۇن. 5 ئالتۇندىن ئېتىلىدىغانغا ئالتۇن،
كۈمۈشتىن ئېتىلىدىغانغا كۈمۈش ئىشلىتىلسۇن، شۇلارنى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قولى بىلەن
قىلىنىدىغان ئىشقا ئىشلىتىلسۇن. ئەمدى يەنە كىم ئۆز قولىنى تولدۇرۇپ، كۆڭۈل خۇشى
بىلەن خۇداۋەندىگە بەرگىلى تەييار؟» دېدى.
6 ئۇ ۋاقىت خانىدانلارنىڭ باشلىرى، ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئەمىرلىرى، مىڭبېشى
بىلەن يۈزبېشىلار ۋە پادىشاھنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇچىلار كۆڭۈل خۇشى بىلەن
كېلىپ، 7 خۇدانىڭ بەيتىنىڭ ئىشى ئۈچۈن بەش مىڭ تالانت بىلەن ئون مىڭ دىرخام ئالتۇن،
ئون تالانت كۈمۈش، ئون سەككىز مىڭ تالانت مىس ۋە يۈز مىڭ تالانت تۆمۈر كەلتۈرۈپ
بەردى. 8 ھەركىمنىڭ قىممەت باھا تاشلىرى بولسا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ خەزىنىسىگە
بېرىپ، گەرشونىي يەخىيەلنىڭ ئامانىتىگە تاپشۇردى. 9 خەلق ئۇلارنىڭ كۆڭۈل خۇشى بىلەن
بېرىلگەن ھەدىيەلەر ئۈچۈن خۇشال بولدى، چۈنكى ئۇلار كەڭرى كۆڭۈل بىلەن خۇداۋەندىگە
بەرگەنىدى. داۋۇد پادىشاھ ھەم ناھايىتى خۇشال بولدى.

## داۋۇدنىڭ مەدھىيە شېئىرى

10 داۋۇد ھەممە جامائەتنىڭ ئالدىدا خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا ئېيتتىكى:

«ئەي ئاتىمىز ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە، سەن ئەزەلدىن ئەبەدكىچە مۇبارەكتۇرسەن.
11 ئەي خۇداۋەندە، ئەزىمەت، قۇدرەت، شان-شەرەپ، گۈزەللىك ۋە شەۋكەت سېنىڭكى بولۇپ،
ئاسمان بىلەن يەردىكىنىڭ ھەممىسى سېنىڭكىدۇر. ئەي خۇداۋەندە، پادىشاھلىق سېنىڭكى
بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە باش بولۇپ ئۇلۇغلاندۇرۇلغانسەن.
12 دۆلەت بىلەن ئىززەت سەندىن بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلىپ، سېنىڭ
قولۇڭدا قۇۋۋەت بىلەن قۇدرەت باردۇر. ھەركىمنى ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك قىلماق سېنىڭ
قولۇڭدىدۇر.
13 ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي خۇدايىمىز، سېنىڭ شەرەپلىك ئىسمىڭغا ھەمد ئېيتىمىز.
14 ئەمما مەن بىلەن قوۋمىم نېمىدۇرمىزكى، ئۆزىمىزدىن شۇنچە ھەدىيەلەر كەلتۈرەلگەيمىز.
بەلكى ھەممىسى سەندىن بولغاچ ئۆز قولۇڭدىن تېپىپ ساڭا ياندۇردۇق.

[15] مانا بىز ھەممە ئاتا-بوۋىلىرىمىزدەك سېنىڭ ئالدىڭدا مۇساپىر بولۇپ مېھماندۇرمىز. بىزنىڭ كۈنلىرىمىز يەردە بىر سايىدەك بولۇپ، مۇندا ئۈمىد باغلايدىغان نەرسە يوقتۇر.
[16] ئەي تەڭرىمىز خۇداۋەندە، بىز سېنىڭ مۇقەددەس ئىسمىڭغا بىر بەيت ياسىماق ئۈچۈن يىغقان بۇ ھەممە ھەدىيەلەر بولسا سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىپ، ھەممىسى سېنىڭكىدۇر.
[17] ئەي خۇدايىم، بىلىمەنكى، سەن كۆڭۈللەرنى سىناپ بېقىپ، توغرىلىقنى خالايسەن. ئەمدى راست كۆڭۈل بىلەن بۇ ھەممە ھەدىيەلەرنى ئۆز ئىختىيارىمدىن كەلتۈرۈپ، مۇندا تۇرغان قوۋمىڭنىڭ كۆڭۈل خۇشى بىلەن ساڭا ھەدىيەلەر كەلتۈرگىنىنى كۆردۈم.
[18] ئەي سەن ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق بىلەن ياقۇبنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە، ئۆز قوۋمىڭنىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ بۇ خىيال بىلەن پىكىرلىرىنى ھەمىشە ساقلاپ، كۆڭۈللىرىنى ئۆز تەرىپىڭگە تارتقىن.
[19] ئوغلۇم سۇلايمانغا سېنىڭ بۇيرۇقلىرىڭنى تۇتۇپ، شاھادەت بىلەن قانۇنلىرىڭنى ساقلاپ، بۇ ھەممىسىنى قىلىپ، مەن خېرىتلىرىنى راستلىغان بەيتنى ياسىماق ئۈچۈن توغرا بىر كۆڭۈل بەرگىن» دېدى.

## سۇلايماننىڭ تەختكە چىقىشى - داۋۇدنىڭ ۋاپاتى

[20] ئاندىن داۋۇد ھەممە جامائەتكە: «تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار» دەپ ئېيتتى. ئۇ ۋاقىت پۈتۈن جامائەت ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، خۇداۋەندىگە سەجدە قىلىپ، پادىشاھقا تەزىم قىلدى. [21] ئۇ كۈننىڭ ئەتىسى ئۇلار خۇداۋەندىگە سويۇم قۇربانلىقلارنى قۇربان قىلىپ، خۇداۋەندىگە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقلار كەلتۈرۈپ، بىر مىڭ بۇقا، بىر مىڭ قوچقار، بىر مىڭ قوزا بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرىنى كەلتۈرۈپ، پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ھەققىدە ناھايىتى تولا قۇربانلىقلارنى ئۆتكۈزۈپ، [22] ئۇ كۈندە خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا چوڭ خۇشلۇق بىلەن يەپ-ئىچىپ، داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلايماننى پادىشاھ بولۇشقا ئىككىنچى مەرتىۋە تىكلەپ، ئۇنى خۇداۋەندىنىڭ ئەمرى قىلدى ۋە سادوقنى كاھىن بولۇشقا مەسىھلىدى. [23] ئاندىن سۇلايمان ئاتىسى داۋۇدنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ راۋاج تېپىپ، ھەممە ئىسرائىل ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى. [24] ھەممە ئەمىرلەر، پالۋانلار ۋە داۋۇد پادىشاھنىڭ بارچە ئوغۇللىرى ھەم سۇلايمان پادىشاھقا بويۇن سۇناتتى. [25] خۇداۋەندە ھەممە ئىسرائىلنىڭ ئالدىدا سۇلايماننى ناھايىتى ئۇلۇغ قىلىپ، ئۇنىڭ پادىشاھلىق شان-شەرىپىنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھەممە ئىسرائىلي پادىشاھلارنىڭكىدىن ئاشۇردى.
[26] يىشاينىڭ ئوغلى داۋۇد ھەممە ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلغانىدى. [27] ئۇنىڭ ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلغان ۋاقتى قىرىق يىل ئىدى. خېبروندا يەتتە يىل سەلتەنەت قىلىپ، يېرۇسالىمدا ئوتتۇز ئۈچ يىل سەلتەنەت قىلغانىدى. [28] ئۇ ياخشى ئۆمرىدە

ئۆلۈپ، كۈنلىرىدىن دۆلەت ۋە ئىززەتتىن تويۇپ ۋاپات بولدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئورنىدا پادىشاھ بولدى.[29] داۋۇد پادىشاھنىڭ ئاۋۋالقى بىلەن ئاخىرقى ئىشلىرى بولسا مانا بۇلار روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچى سامۇئىلنىڭ تارىخ كىتابىدا، ناتان پەيغەمبەرنىڭ تارىخ كىتابىدا ۋە روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچى گادنىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر.[30] ئۇنىڭ سەلتەنىتى بىلەن قۇدرىتى توغرىسىدا يېزىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە، ئىسرائىلغا ۋە يەر يۈزىدىكى ھەممە مەملىكەتلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەن ۋەقەلەر توغرىسىدا پۈتۈلگەندۇر.

مۇقەددەس كىتاب

# تارىخ-تەزكىرە

## ئىككىنچى قىسىم

14

# تارىخ-تەزكىرە
# ئىككىنچى قىسىم

مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
(تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

14-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013

دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# تارىخ-تەزكىرە
# ئىككىنچى قىسىم

## سۇلايمان خۇدادىن دانالىق سورايدۇ

1 [1] داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئۆز پادىشاھلىقىدا قۇۋۋەتلىنىەتتى، چۈنكى تەڭرىسى خۇداۋەندە
ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ، ئۇنى ناھايىتى ئۇلۇغ قىلدى. [2] سۇلايمان ھەممە ئىسرائىلنى
مىڭبېشى بىلەن يۈزبېشىلارنى، ھاكىملار بىلەن بارچە ئىسرائىلدىكى خاندانلارنىڭ باشلىرى
بولغان ھەممە خوجىلارنى قىچقىرىپ، [3] ئۆزى بىلەن ھەممە جامائەت گىبېيوننىڭ قۇربانلىق
ئېگىزلىكىگە باردى، چۈنكى خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسا باياۋاندا ئەتكەن جامائەت چېدىرى،
يەنى خۇدانىڭ چېدىرى ئاندا بار ئىدى. [4] ئەمما خۇدانىڭ ئەھدە ساندۇقى بولسا داۋۇد ئۇنى
قىريات-يېئارىمدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۆزى شۇنىڭغا تەييار قىلغان جايدا قويغانىدى، چۈنكى
داۋۇد ئۇ ساندۇقنى يېرۇسالېمدا چېدىر تىككەنىدى. [5] لېكىن بېزالەل بەن-ئۇرى بەن-خۇر
ئەتكەن مىس قۇربانگاھى خۇداۋەندىنىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىدا قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن
سۇلايمان بىلەن جامائەت خۇداۋەندىدىن سورىغىلى ئۇ يەرگە باردى. [6] ئاندا سۇلايمان چىقىپ،
جامائەت چېدىرىنىڭ ئۆتتۈرىدا تۇرغان مىس قۇربانگاھىدا بىر مىڭ كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقنى
خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزدى.
[7] شۇ كېچىدە خۇدا سۇلايمانغا كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا: «ساڭا بېرىدىغىنىمنى مەندىن سورىغىن»
دېدى. [8] سۇلايمان خۇداغا ئېيتتىكى:

«سەن ئاتام داۋۇدقا چوڭ مەرھەمەت كۆرسىتىپ، مېنى ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلدىڭ.
[9] ئەمدى، ئەي رەب خۇدا، ئاتام داۋۇدقا قىلغان سۆزۈڭدە تۇرغىن، چۈنكى سەن مېنى تولىلىقى
يەردىكى توپىدەك نۇرغۇن بولغان بىر خەلققە پادىشاھ قىلدىڭ. [10] ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قوۋمنى
باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چىقىش-كىرىشكە ماڭا ھېكمەت ۋە پەم بەرگىن. بولمىسا شۇنچە
چوڭ قوۋمىڭغا كىم ھاكىملىق قىلالايدۇ» دېدى.

[11] خۇدا سۇلايمانغا ئېيتتى:

«سەن ئۆز كۆڭلۈڭدە مۇنداق نىيەت قىلىپ، خاھى ئۆزۈڭ ئۈچۈن دۆلەت يا مال يا ئىززەت
تىلىمەي، خاھى دۈشمەنلىرىڭنىڭ جانلىرىنى يوقىتىشنى يا ئۆمرۈڭنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى

سورىماي، بەلكى مەن سېنى ئۈستىگە پادىشاھ قىلغان قوۋمىمغا توغرا ھۆكۈم قىلغىلى ھېكمەت ۋە پەم تىلىگىنىڭ ئۈچۈن، [12] ھېكمەت ۋە پەم ساڭا بېرىلدى. دۆلەت، مال، ئىززەت ساڭا ھەم بېرىمەن. شۇنداقكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ھېچبىرى شۇنچىلىك تاپمىغاندۇر، ھەم سەندىن كېيىن ھېچكىم شۇنچىلىك تاپمايدۇ» دېدى.

## سۇلايماننىڭ بايلىقلىرى

[13] سۇلايمان گىبېئوننىڭ قۇربانلىق ئېگىزلىكىدىن كېتىپ، جامائەت چېدىرىدىن يېنىپ يېرۇسالېمغا كېلىپ، ئىسرائىلغا سەلتەنەت قىلغىلى باشلىدى. [14] سۇلايمان ھارۋا بىلەن ئاتلىقلار تەييار قىلىپ يىغدۇردى. ئۇنىڭ بىر مىڭ تۆت يۈز ھارۋىسى بولۇپ، ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق بار ئىدى. بۇلارنى ھەم ھارۋىلار ئۈچۈن تەيىنلەنگەن شەھەرلەردە، ھەم يېرۇسالېمدا پادىشاھنىڭ قېشىدا قويدى. [15] پادىشاھ ئۇنداق قىلدىكى، كۈمۈش بىلەن ئالتۇن يېرۇسالېمدا تاش بىلەن باراۋەر سانىلىپ، كېدىر ياغىچى پەس تۈزلەڭلىكلەردە نۇرغۇن بولغان ئۈجمە ياغىچى بىلەن باراۋەر سانالدى. [16] سۇلايمان ئالغان ئاتلار مىسىردىن كەلتۈرۈلگەنىدى. پادىشاھنىڭ سودىگەرلىرى بىر تايىن مىقدارنى توختىتىلغان باھاغا ئالاتتى. [17] مىسىردىن ئېلىپ كەلگەن ھەر ھارۋىنىڭ باھاسى ئالتە يۈز شېقەل كۈمۈش بولۇپ، ھەربىر ئاتنىڭ باھاسى بىر يۈز ئەللىك شېقەل كۈمۈش ئىدى. شۇنداق ھەم ختتىيلارنىڭ ھەممە پادىشاھلىرىغا ۋە ئارام پادىشاھلىرىغا ئۇ سودىگەرلەرنىڭ قولى بىلەن ئات ھارۋىلار كەلتۈرۈلدى. [18] سۇلايمان خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىغا بىر بەيت ۋە ئۆزىگە پادىشاھلىق ئوردىسىنى ياسىغلى ئويلاپ توختاتتى.

## خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ياساشقا تەييارلىق قىلىنىدۇ

2 [1] ئۇنىڭ ئۈچۈن سۇلايمان يۈك كۆتۈرگىلى يەتمىش مىڭ ئادەم، تاغلاردا تاش كەسكىلى سەكسەن مىڭ ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغىلى ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز ئادەمنى ساناپ تەيىنلىدى. [2] ئاندىن سۇلايمان تىرنىڭ پادىشاھى خۇرامغا سۆز ئەۋەتىپ ئېيتقۇزدىكى: «ئاتام داۋۇد ئولتۇرغىلى بىر ئۆي ياسىغىنىدا سەن ئۇنىڭغا كېدىر ياغىچىنى ئەۋەتتىڭ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭغا قىلغاندەك ماڭا ھەم قىلغىن. [3] ئەمدى مېنىڭ تەڭرىم خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىغا بىر بەيت ياساپ، ئۇنىڭغا مۇقەددەس قىلاي. ئاندا ئۇنىڭ ئالدىدا خۇشبۇي ئىسرىق كۆيدۈرۈلۈپ، تەقدىم نانلىرى ھەمىشە قويۇقلۇق تۇرۇپ، ھەر ئەتە ئاخشامدا، شابات كۈنلىرىدە، يېڭى ئايلاردا ۋە تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ ھېيتلىرىدا كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق كەلتۈرۈلسۇن، چۈنكى ئىسرائىلغا ئەبەدكىچە شۇنداق بۇيرۇلغاندۇر.

[4] مەن ياسايدىغان بەيت چوڭ بولسۇن، چۈنكى خۇدايىمىز باشقا مەبۇدلاردىن چوڭدۇر. [5] كىم
ئۇنىڭغا بىر بەيت ياسىيالايدۇ؟ ئاسمانلار بىلەن ئاسمانلارنىڭ ئاسمانى ئۇنى سىغدۇرالمايدۇ.
مەن كىمدۇرمەنكى، ئۇنىڭغا بىر بەيت ياسىيالايمەن، بەلكى ئۇنىڭ ئالدىدا خۇشبۇي
ئىسرىق ياندۇرماق ئۈچۈن ئۇنى ياساي. [6] ئەمدى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈرنىڭ
ھۈنىرىنى بىلىپ، سۆسۈن، توق قىزىل ۋە كۆك رەڭلىك بەيتنىڭ ئىشىغا قابىل بولۇپ،
نەقىش قىلىشقا ئۇستا بولغان بىر كىشىنى ماڭا ئەۋەتكىن. ئۇ ئۆزى يەھۇدا بىلەن
يېرۇسالېمدا بولۇپ مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇپ، ئاتام داۋۇد تۇرغۇزغان ھۈنەرۋەنلەر بىلەن ئىش
قىلىشىپ بەرسۇن. [7] لىۋاندىن كېدىر، قارىغاي ۋە سەندەل ياغىچى ماڭا ئەۋەتكىن، چۈنكى
سېنىڭ خىزمەتكارلىرىڭ لىۋاندا ياغاچ كەسكىلى ئۇستا بولغىنىنى بىلىمەن. مانا مېنىڭ
خىزمەتكارلىرىم سېنىڭ خىزمەتكارلىرىڭغا ھەمدەم بولگىلى تەيياردۇر. [8] ناھايىتى تولا
ياغاچ ئەۋەتكەيسەن، چۈنكى مەن ياسايدىغان ئۆي چوڭ زىنىنەتلىك بولىدۇ. [9] ياغاچنى
كېسىدىغان خىزمەتكارلىرىڭغا يىگىرمە مىڭ كور سورۇلغان بۇغداي، يىگىرمە مىڭ كور
ئارپا، يىگىرمە مىڭ چارەك ياغ ۋە يىگىرمە مىڭ چارەك شاراب بېرىمەن» دېدى. [10] تىرنىڭ
پادىشاھى خۇرام سۇلايمانغا خەت ئەۋەتىپ: «خۇداۋەندە ئۆز قوۋمىنى دوست تۇتقىنى ئۈچۈن
سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ قىلدى» دەپ جاۋاب بەردى.
[11] خۇرام ھەم ئېيتتىكى: «خۇداۋەندىگە بىر بەيت ياساپ، ئۆزىگە بىر پادىشاھلىق ئوردىسىنى
بىنا قىلغىلى ھېكمەت ۋە پەمى بار دانا ئوغۇلنى داۋۇد پادىشاھقا بېرىپ، ئاسمان بىلەن
يەرنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن.
[12] ئەمدى مەن خۇرام-ئابى دېگەن بىر ھوشيار ۋە پەملىك ھۈنەرۋەن كىشىنى ئەۋەتىمەن.
[13] ئۇ داننىڭ قىزلىرىدىن بولغان بىر خوتۇننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى بىر تىرلىق
كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس تۆمۈر، تاش ۋە ياغاچنىڭ ھۈنىرىنى بىلىپ،
سۆسۈن، كۆك، ئاق ۋە توق قىزىل رەڭلىك يىپنىڭ ئىشىغا قابىل بولۇپ، ھەر خىل نەقىش
قىلىپ، ھەر خىل توقۇشنىڭ ھۈنىرىدە ئۇستىدۇر. ئۇنىڭغا شۇ ئىشنى تاپشۇرغايسەنكى،
ئۇ سېنىڭ ھۈنەرۋەنلىرىڭ ۋە خوجام ئاتاڭ داۋۇدنىڭ ھۈنەرۋەنلىرى بىلەن ئىش قىلىشىپ
بەرسۇن. [14] ئەمدى خوجام ئۆزى ئېيتقىنىدەك ئۆز خىزمەتكارلىرىغا بۇغداي، ئارپا، ياغ ۋە
شارابنى ئەۋەتسۇن. [15] بىز بولساق قانچە لازىم قىلساڭ، لىۋاندا ياغاچ كېسىپ، دېڭىزدا
سال باغلاپ جاففاغا كەلتۈرۈپ، ساڭا تاپشۇرىمىز. ئۇ يەردىن ئۆزۈڭ يېرۇسالېمغا ئېلىپ
چىققايسەن» دېدى. [16] سۇلايمان ئىسرائىلنىڭ يۇرتىدىكى ھەممە بىگانە ئادەملەرنى ئۆز
ئاتىسى داۋۇد ئىلگىرى قىلغاندەك ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ ساندى. ئۇلارنىڭ سانى بىر يۈز
ئەللىك ئۈچ مىڭ چىقتى.
[17] ئۇلاردىن يەتمىش مىڭنى يۈك كۆتۈرگۈچى قىلىپ، سەكسەن مىڭنى تاغلاردا تاش كەسكىلى
تەيىنلەپ، ئۈچ مىڭ ئالتە يۈزنى خەلقنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغىلى قويدى.

## خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ قۇرۇلۇشى

3 [1] سۇلايمان خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى يېرۇسالېمدىكى مورىيا تېغىدا ياساپ، ئاتىسى داۋۇد
روھىي كۆرۈنۈش كۆرگەن يەردە بىنا قىلغىلى باشلىدى. ئاندا داۋۇد ئۆزى يەبۇسىي بولغان
ئورناننىڭ خامىنىنىڭ جايىنى تەييارلىغانىدى. [2] سۇلايمان ئۆز سەلتەنىتىنىڭ تۆتىنچى يىلى
ئىككىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنىدە ياساشقا قوپتى. [3] سۇلايمان خۇدانىڭ بەيتىنى ياساپ،
كونا گەز مىقدارىغا مۇۋاپىق ئۇلىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئاتمىش گەز ۋە توغرىسىنى يىگىرمە گەز
قىلدى. [4] بەيتنىڭ ئالدىدىكى ئايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى بەيتنىڭ توغرىسى بىلەن باراۋەر قىلىنىپ،
يىگىرمە گەز بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر يۈز يىگىرمە گەز ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىنى ساپ ئالتۇن بىلەن
قاپلىدى. [5] چوڭ ئىمارەتنىڭ ئىچ تەرىپىنى قارىغاي ياغىچى بىلەن يېپىپ، ساپ ئالتۇن بىلەن
قاپلاپ، خورما دەرەخ سۈرەتلىرىنى نەقىش قىلىپ زەنجىرلەر بىلەن زىننەتلەپ، ئاندىن ئىمارەتنى
قىممەت باھا تاشلار بىلەن پەرداز قىلدى. [6] ئەمما ئالتۇن ئۆزى پارۋايىمدىن كەلتۈرۈلگەنىدى.
[7] بەيتنى، جەگە بىلەن كېشەكلەرنى، تام بىلەن ئىشىكلىرىنى ئالتۇندىن قاپلاپ، تاملارغا كېرۇب
سۈرەتلىرىنى نەقىش قىلدى.
[8] ھەممىدىن مۇقەددەس دېگەن خانىنى ھەم ياساپ تەييار قىلدى. ئۇ خانا بەيتنىڭ توغرىسى
بىلەن باراۋەر بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە گەز ۋە توغرىسى يىگىرمە گەز ئىدى. ئالتە يۈز تالانت
ئالتۇن ئىشلىتىپ، ئۇنى ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. [9] مىخلارنىڭ ۋەزنى ئەللىك شېقەل
ئالتۇن ئىدى. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ خانىلىرىنى ھەم ئالتۇن بىلەن قاپلىدى. [10] ھەممىدىن
مۇقەددەس-خانىدا ئىككى كېرۇبنىڭ سۈرىتىنى نەقىش قىلىپ ياساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.
[11] كېرۇبلارنىڭ قاناتلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى جەمئىي يىگىرمە گەز ئىدى. بىرىنىڭ بىر قانىتى بەش
گەز ئۇزۇن بولۇپ، خانىنىڭ بۇ تېمىغا يېتىپ، يەنە بىر قانىتى ھەم بەش گەز ئۇزۇن بولۇپ،
باشقا بىر كېرۇبنىڭ قانىتىغا يېتەتتى. [12] ئىككىنچى كېرۇبنىڭ بىر قانىتى بەش گەز ئۇزۇن
بولۇپ، خانىنىڭ باشقا بىر تېمىغا يېتىپ، يەنە بىر قانىتى بەش گەز ئۇزۇن بولۇپ، ئاۋۋالقى
كېرۇبنىڭ قانىتىغا يېتەتتى. [13] بۇ كېرۇبلارنىڭ قاناتلىرى يىگىرمە گەزگىچە يېيىلىپ،
كېرۇبلار ئۆرە تۇرۇپ، يۈزلىرى ئىچ تەرىپكە قارايتتى. [14] پەردىنى كۆك، سۆسۈن، توق قىزىل
ۋە ئاق كاناپ يىپتىن توقۇپ، كېرۇب سۈرەتلىرى بىلەن زىننەتلىدى.

## خۇداۋەندىنىڭ بەيتى ئۈچۈن مىستىن ياسالغان بۇيۇملار

[15] ئىككى تۈۋرۈكنى ھەم ياساپ، بەيتنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى
ئوتتۇز بەش گەز بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئۇستىگە قويۇلغان تاج بەش گەز ئىدى. [16] ئىلھامگاھقا
قىلغاندەك زەنجىرلەر ياساپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ تاجلىرىغا قويدى. يۈز ئانار سۈرىتىنى ھەم ئېتىپ،
زەنجىرلەرگە قويدى. [17] تۈۋرۈكلەرنى بەيتنىڭ ئالدىدا قويۇپ، بىرىنى ئوڭ تەرىپىدە يەنە بىرىنى
چەپ تەرىپىدە تۇرغۇزۇپ، ئوڭ تەرىپىدىكىنى ياكىن ۋە چەپ تەرىپىدىكىنى بوئاز دەپ ئاتىدى.

4

1 ئاندىن مىستىن بىر قۇربانگاھنى ئېتىپ، ئۇزۇنلۇقىنى يىگىرمە گەز توغرىسىنى يىگىرمە گەز ۋە ئېگىزلىكىنى ئون گەز قىلدى. 2 مىستىن بىر كۆل ھەم قۇيدى. ئۇنىڭ بىر چېتىدىن يەنە بىر چېتىگىچە ئون گەز مىقدارى ئىدى. ئۇنىڭ چۆرىسى تامام يۇمىلاق بولۇپ، ئېگىزلىكى بەش گەز ئىدى. چۆرىسىنى چاغلىغىلى ئوتتۇز گەزلىك بىر شوينا كەتتى. 3 ئۇنىڭ چۆرىسىدە لېۋىنىڭ تېگىدە ئۇيى سۈرەتلىرى بولۇپ، مىس كۆلنىڭ چۆرىسىنى يۆگەپ، ھەربىر گەز مىقدارىدا ئوندىن سۈرەت نەقىش قىلىنغانىدى. بۇ ئۇيى سۈرەتلىرى ئىككى قاتار بولۇپ، كۆلنىڭ ئۆزى بىلەن بىر قۇيۇلغانىدى. 4 مىس كۆلى بولسا ئون ئىككى دانە ئۇيى سۈرىتىنىڭ ئۈستىدە قويۇلغانىدى. بۇلارنىڭ ئۈچى شىمال تەرىپىگە، ئۈچى غەرب تەرىپىگە، ئۈچى جەنۇب تەرىپىگە ۋە ئۈچى شەرق تەرىپىگە يۈزلەنگەنىدى. مىس كۆلى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە سېلىنغانىدى ۋە ھەممىسىنىڭ ئاياغلىرى ئىچ تەرىپىگە ئىدى. 5 مىسنىڭ قېلىنلىقى قول توغرىسىنىڭ مىقدارىچە ئىدى. ئۇنىڭ لېۋى پىيالىنىڭ لېۋىدەك قىلىنىپ، شەكلى ئېچىلغان نىلۇپەردەك ئىدى ۋە ئۇنىڭدا ئۈچ مىڭ بات سۇ كەملىنەتتى. 6 ئۇ ھەم ئون داس تەگلىكنى ئېتىپ، يۇيۇش ئۈچۈن بەشنى ئوڭ تەرىپىدە ۋە بەشنى چەپ تەرىپىدە قويدى. بۇلاردا كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقلارنى يۇيۇلاتتى، ئەمما مىس كۆلدە كاھىنلار ئۆزىنى يۇياتتى. 7 ئۇ ھەم سانى ئون بولغان ئالتۇن شامدانىنى بۇيرۇلغاندەك ئېتىپ، بەيتتە بەشنى ئوڭ تەرىپىدە، بەشنى چەپ تەرىپىدە قويدى. 8 ئاندىن ئون جوزا ئېتىپ، بەيتتە بەشنى ئوڭ تەرىپىدە، بەشنى چەپ تەرىپىدە قويدى. ئۇ ھەم ئالتۇندىن يۈز قاچا ئېتىپ قويدى. 9 ئاندىن كاھىنلارنىڭ ھويلىسى بىلەن چوڭ تاشقىرىقى ھويلىنى ياساپ، ئۇ ھويلىغا ئىشىكلەر ئېتىپ، ئىشىكلەرنى مىس بىلەن قاپلىدى. 10 مىس كۆلنى بەيتنىڭ ئوڭ يېنىدا، شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە قويدى. 11 خۇرام ھەم قازانلارنى گۈرجەك بىلەن قاچىلارنى ئېتىپ تەييار قىلدى. خۇرام ھەممىسىنى شۇنداق قىلىپ، سۇلايمان پادىشاھ ئۇنىڭغا خۇدانىڭ بەيتى ئۈچۈن بۇيرۇغان ئىشنى پۈتكۈزدى.

12 ئۇ ئۆزى ئىككى تۈۋرۈكنى ياساپ، ئۇ ئىككى تۈۋرۈكنىڭ تۆپىسىدىكى يۇمىلاق تاجلارنى ئېتىپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ تۆپىسىدىكى ئىككى يۇمىلاق تاجلارنى ياپىدىغان تور زىننەتلىرىنى قىلدى. 13 ئۇ ئىككى تور زىننەتلىرى ئۈچۈن تۆت يۈز ئانار سۈرىتىنى قىلىپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ تۆپىسىدىكى ئىككى يۇمىلاق تاجنى ياپقىلى ھەربىر تور زىننىتى ئۈچۈن ئىككى قاتار ئانار سۈرەتلىرىنى قويدى. 14 ئۇ ئۆزى داس تەگلىكلىرىنى ئېتىپ، داس تەگلىكلىرىنىڭ تۆپىسىدىكى داسلارنى ھەم تەييار قىلدى. 15 ئۇ ھەم مىس كۆلى بىلەن تېگىدىكى ئون ئىككى ئۇيى سۈرىتىنى قۇيۇپ، 16 قازان بىلەن گۈرجەكلەرنى، چاڭگاك بىلەن ھەممە ئەسۋابلارنى ئېتىپ قويدى. خۇرام-ئابى بۇ نەرسىلەرنى سۇلايمانغا خۇداۋەندىنىڭ بەيتى ئۈچۈن پارقىرايدىغان مىستىن ئەتكەنىدى. 17 پادىشاھ ئىئوردانىنىڭ تۈزلەڭلىكىدە سۇككوت بىلەن زەرەدانىڭ ئوتتۇرىسىدا لايدىن ئەتكەن قېلىپلاردا بۇنى قۇيدۇردى.

## خۇداۋەندىنىڭ بەيتى ئۈچۈن ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇملار

[18] سۇلايمان بۇ نەرسىلەردىن ئۇنداق تولا قىلدىكى، مىسنىڭ ۋەزنى مەلۇم بولمايتتى. [19] سۇلايمان
خۇدانىڭ بەيتىگە لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنى قىلدۇردى، يەنى ئالتۇن قۇربانگاھىنى، تەقدىم
نانلىرىنى قويىدىغان ئالتۇن جوزىلىرىنى، [20] ساپ ئالتۇندىن بولغان شامدانلار بىلەن ئۇلارنىڭ
چىراغلىرىنى نۇسخىلىرىغا مۇۋاپىق ئەتكۈزۈپ، ئىلھامگاھنىڭ ئالدىدا قويۇپ، [21] گۈل
سۈرەتلىرىنى، چىراغلار بىلەن چىراغ قىسقاچلىرىنى ئەۋزەل ئالتۇندىن سوقتۇرۇپ، [22] پىچاق
بىلەن قاچىلارنى، ساپ ئالتۇندىن بولغان ئىسرىقدانلارنى قىلدۇردى. بەيتنىڭ كىرىدىغان
يەرلىرى بولسا ھەم بەيتنىڭ ئىچكىركى ئىشىكلىرى، يەنى ھەممىدىن مۇقەددەس-خانىنىڭ
ئىشىكلىرى ۋە ھەم بەيتنىڭ تاشقىرىقى ئىشىكلىرى ساپ ئالتۇندىن ئېتىلگەنىدى.

## سۇلايمان خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى خۇداغا ئاتايدۇ

5 [1] سۇلايمان خۇداۋەندىنىڭ بەيتى ئۈچۈن قىلدۇرغان ھەممە ئىشلار تەييار بولغاندا سۇلايمان
ئاتىسى داۋۇد خۇداۋەندىگە مۇقەددەس قىلغان كۈمۈشنى، ئالتۇننى ۋە ھەممە قاچىلارنى
كەلتۈرۈپ، خۇدانىڭ بەيتىنىڭ خەزىنىسىگە سالدى. [2] ئاندىن كېيىن سۇلايمان ئىسرائىلنىڭ
ھەممە ئاقساقاللىرىنى ۋە قەبىلىلەرنىڭ سەردارلىرىنى، يەنى بەنى-ئىسرائىلنىڭ خانىدانلىرىنىڭ
چوڭلىرىنى خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى داۋۇدنىڭ شەھىرى دەپ ئاتالغان سى'وندىن
ئېلىپ چىقماق ئۈچۈن يېرۇسالېمغا قىچقىرىپ يىغدۇردى. [3] قىچقىرىلىپ، ئىسرائىلنىڭ
ھەممە ئادەملىرى يەتتىنچى ئايدا تۇتىدىغان ھېيتتا پادىشاھنىڭ قېشىغا يىغىلدى.
[4] ئىسرائىلنىڭ ھەممە ئاقساقاللىرى كەلگەندە لاۋىيلار ئەھدە ساندۇقىنى كۆتۈردى. [5] ئۇلار
ئەھدە ساندۇقىنى، جامائەتنىڭ چېدىرى بىلەن چېدىردىكى ھەممە مۇقەددەس قاچىلارنى ئېلىپ
چىقتى. كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقتى. [6] سۇلايمان پادىشاھ ئۆزى بىلەن
ئۇنىڭ قېشىغا يىغىلغان ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ،
ئۇنداق تولا قوي بىلەن كالىنى قۇربانلىق قىلدىكى، تولىلىقى ئۈچۈن ھېچ سانىغىلى بولمايتتى.
[7] كاھىنلار خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى بەيتنىڭ ئىلھامگاھىغا، يەنى ھەممىدىن مۇقەددەس-
خانىغا ئېلىپ كىرىپ، كېرۇبلارنىڭ قاناتلىرىنىڭ تېگىدىكى جايىغا قويدى. [8] چۈنكى كېرۇبلار
ئەھدە ساندۇقى تۇرغان جاينىڭ ئۈستىدە قاناتلىرىنى يېيىپ تۇردى. شۇنداقكى، ئەھدە ساندۇقى
بىلەن بالداقلىرىنىڭ ئۈستى كېرۇبلاردىن يېپىلغانىدى. [9] بالداقلىرى ئۇنداق ئۇزۇن ئىدىكى،
ئۇچلىرى ئىلھامگاھنىڭ ئالدىدىن كۆرۈنەتتى، لېكىن تاشقىرىراق يەردىن كۆرۈنمەيتتى. بۇلار بۇ
ۋاقىتقىچە شۇ يەردە تۇرماقتا. [10] ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىچىدە ئىككى تاش تاختىسىدىن باشقا
نەرسە يوق ئىدى. بەنى-ئىسرائىل مىسىردىن چىققاندىن كېيىن خۇداۋەندە ئۇلار بىلەن ئەھدە
قىلغىنىدا مۇسا خورېبتا تۇرۇپ، ئۇلارنى ئاندا سالغانىدى.

11 ئۇ يەردە بولغان ھەممە كاھىنلار پىرقىنىڭ نۆۋىتىگە قارىماي ئۆزىنى مۇقەددەس قىلدى.
12 كاھىنلار مۇقەددەس خانىدىن چىققىنىدا لاۋىيلار بىلەن ھەممە شېئىر ئوقۇغۇچىلار، يەنى
ئاساف، ھېمان ۋە يەدۇتۇن بىلەن ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ئاق كاناپ كىيىپ،
جاڭجاڭ، ساتار بىلەن چاڭلار تۇتۇپ قۇربانگاھنىڭ شەرق تەرىپىدە تۇردى. ئۇلار بىلەن بىر يۈز
يىگىرمە كاھىن كاناي چېلىپ تۇردى. 13 كانايچىلار بىلەن شېئىر ئوقۇغۇچىلار بىر بولۇپ،
تەڭشىگەن ئاۋاز بىلەن خۇداۋەندىگە مەدھىيە ئوقۇپ تۇرۇپ، ئۆز ئاۋازلىرىنى كۆتۈرۈپ، كاناي،
جاڭجاڭ ۋە خىلمۇخىل نەغمىلەر چېلىپ: «خۇداۋەندە كەرەملىك بولۇپ، ئۇنىڭ رەھىمدىللىكى
ئەبەدكىچە تۇرىدۇ» دەپ خۇداۋەندىگە شۈكۈر ئېيتقىنىدا بىر بۇلۇت كېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ
بەيتىنى تولدۇردى. 14 شۇنداقكى، كاھىن بۇلۇتنىڭ سەۋەبىدىن تۇرۇپ قېلىپ، خىزمەت
قىلالمىدى، چۈنكى خۇدانىڭ بەيتى خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپىدىن تولغانىدى.

## سۇلايمان ئىسرائىل ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ

6 1 سۇلايمان ئېيتتى:
«خۇداۋەندە: ‹ مەن قاراڭغۇلۇقتا ماقان تۇتاي› دەپ ئېيتتى. 2 ئەمدى مەن ساڭا ئولتۇرىدىغان بىر
ئۆي ياسىدىم. سەن ئاندا ئەبەدكىچە ئولتۇرغايسەن» دېدى. 3 ئاندىن پادىشاھ بۇرۇلۇپ، ئىسرائىلنىڭ
ھەممە جامائىتىنى مۇبارەكلىدى ۋە ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتى ئاندا ئۆرە تۇرۇپ تۇردى. 4 ئۇ
ئېيتتىكى: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن. ئۆز ئاغزى بىلەن ئاتام داۋۇدقا
ۋەدە قىلغان ئىشنى ئۆز قولى بىلەن پۈتكۈزدى. ئۇ ئۆزى سۆزلەپ: 5 ‹ مەن ئۆز قوۋمىم ئىسرائىلنى
مىسىر يۇرتىدىن چىقارغان كۈندىن تارتىپ ئىسمىم ئۈچۈن ئاندا بىر ئۆي ياساي دەپ، ئىسرائىلنىڭ
ھەممە قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر شەھەرنى ئىلغىمىدىم ۋە يا قوۋمىم ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە
سەلتەنەت قىلغىلى ھېچ كىشىنى ئىلغاپ قويمىدىم. 6 لېكىن مېنىڭ ئىسمىم ئاندا بولسۇن دەپ،
يېرۇسالېمنى تەيىنلەپ، ئۆز قوۋمىم ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلغىلى داۋۇدنى ئىلغىدىم›
دېدى. 7 ئەمما ئاتام داۋۇد: ‹ ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ئىسمىغا بىر ئۆي ياساي› دەپ
ئۆز كۆڭلىدە نىيەت قىلغانىدى. 8 لېكىن خۇداۋەندە ئاتام داۋۇدقا ئېيتتىكى: ‹ مېنىڭ ئىسمىمغا
بىر ئۆي ياسىغىلى نىيەت قىلغىنىڭدا كۆڭلۈڭنىڭ نىيىتى ياخشىدۇر. 9 ئەمما سەن شۇ ئۆزىنى
ياسىمايسەن، بەلكى سېنىڭ پۇشتۇڭدىن چىققان ئۆز ئوغلۇڭ مېنىڭ ئىسمىمغا ئۆينى ياسايدۇ›
دېدى. 10 ئەمدى خۇداۋەندە ئۆز ۋەدىسىنى بەجا كەلتۈردى. مەن ئاتام داۋۇدنىڭ ئورنىدا قوپۇپ،
خۇداۋەندە ۋەدە قىلغاندەك ئىسرائىلنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ
ئىسمىغا ئۆينى ياسىدىم. 11 ئاندا ئەھدە ساندۇقىنىمۇ قويدۇم. ئۇ ساندۇقتا خۇداۋەندە بەنى-
ئىسرائىل بىلەن باغلىغان ئەھدىنىڭ تاختىلىرى ساقلىنىدۇ» دېدى.

[12] ئاندىن ئۇ ئۆزى ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتىنىڭ ھۇزۇرىدا خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىنىڭ
ئالدىدا تۇرۇپ، قوللىرىنى كۆتۈردى. [13] چۈنكى سۇلايمان مىستىن ئۇزۇنلۇقى بەش گەز،
توغرىسى بەش گەز، ئېگىزلىكى ئۈچ گەزلىك بىر مۇنبەرنى ياساپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
قويغانىدى. ئاندا ئۇ تۇرۇپ، ئىسرائىلنىڭ ھەممە جامائىتىنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ، ئاسمان
تەرىپىگە قول كۆتۈرۈپ ئېيتتىكى:

[14] «ئەي ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە، خاھى ئاسماندا، خاھى يەردە سەندەك تەڭرى
يوقتۇر. ئۆز بەندىلىرىڭ پۈتۈن كۆڭۈللىرى بىلەن ئالدىڭدا يۈرسە، ئەھدە بىلەن مەرھەمەتنى
ساقلايسەن. [15] چۈنكى سەن بەندەڭ ئاتام داۋۇدقا قىلغان ۋەدىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆز ئاغزىڭ
بىلەن ۋەدە قىلغىنىڭنى بۇ كۈندىكىدەك ئۆز قولۇڭ بىلەن پۈتكۈزدۈڭ. [16] ئەي ئىسرائىلنىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندە، ئەمدى ئۆز بەندەڭ ئاتام داۋۇدقا قىلغان ۋەدەڭدە تۇرغىن. سەن ئۇنىڭغا:
‹ ئەگەر باللىرىڭ ئۆز يولىنى ساقلاپ، سەن ئالدىمدا يۈرگەندەك ئۆز ئالدىمدا يۈرسە،
ئىسرائىلنىڭ تەختىدە مېنىڭ ئالدىمدا ئولتۇرغىلى سېنىڭ ئەۋلادىڭدىن كىشى كەم قالمايدۇ›
دەپ ئېيتتىڭ. [17] ئەي ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە، سەن ئۆز بەندەڭ داۋۇدقا ئېيتقان
سۆزۈڭ راست چىقسۇن.
[18] لېكىن خۇدا ئۆزى بۇ ئالەمدە ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرامدۇ؟ مانا ئاسمانلار بىلەن
ئاسمانلارنىڭ ئاسمانى سېنى سىغدۇرالمايدۇ. ئۇنداق بولسا، مەن ياسىغان ئۆي سېنى قانداق
سىغدۇرالايدۇ؟ [19] ئەمما ئەي تەڭرىم خۇداۋەندە، ئۆز بەندەڭنىڭ دۇئاسى بىلەن ئىلتىجاسىغا
قۇلاق سېلىپ، بەندەڭنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا قىلغان يالۋۇرۇشى بىلەن تىلىكىنى ئاڭلاپ،
[20] ئۆز كۆزلىرىڭنى بۇ ئۆي بىلەن جايىنىڭ تەرىپىگە كېچە-كۈندۈز ئوچۇق تۇتقايسەن. سەن
ئۇنىڭ توغرىسىدا: ‹ مېنىڭ ئىسمىم ئاندا تۇرسۇن› دەپ ئېيتتىڭ. شۇنداقكى، بەندەڭ بۇ
جايدا قىلىدىغان دۇئانى ئاڭلىغايسەن. [21] دەرۋەقە بەندەڭ بىلەن قوۋمىڭ ئىسرائىل بۇ
جايدا قىلىدىغان دۇئاغا قۇلاق سېلىپ، سەن ئاسماندا ماكان تۇتقان جايىڭدىن ئاڭلىغىن.
ئاڭلىغىنىڭدا ئۇلارنى كەچۈرگەيسەن.
[22] بىركىم ئۆز ھەقەمسايىسىگە گۇناھ قىلىپ، ئۇنىڭغا: ‹ ئانت ئىچسۇن› دەپ قەسەم قىلىش
بۇيرۇلۇپ، بۇ ئۆيدە قۇربانگاھىڭنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلسا، [23] سەن ئاسماندا ئاڭلاپ، ئەمەل
قىلىپ، ئۆز بەندىلىرىڭگە ئادالەت قىلىپ، گۇناھكارنى ھۆكۈم قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز
بېشىغا ياندۇرۇپ، ئادىل كىشىگە ئۆز ئادالىتىگە مۇۋاپىق ھەققىنى بەرگەيسەن.
[24] قوۋمىڭ ئىسرائىل ساڭا گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن دۈشمەندىن ئۇرۇلسا، لېكىن سېنىڭ
تەرىپىڭگە يېنىپ، ئىسمىڭغا ئىززەت بېرىپ، بۇ ئۆيدە ساڭا دۇئا بىلەن ئىلتىجا قىلسا، [25] سەن
ئاسماندا ئاڭلاپ، ئۆز قوۋمىڭ ئىسرائىلنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئۇلارنى سەن ئاتا-بوۋىلىرىغا
بەرگەن يۇرتىغا ياندۇرغايسەن.

[26] ئۇلار ساڭا گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن ئاسمان باغلىنىپ، يامغۇر ياغمىسا، لېكىن ئۇلار بۇ يەردە
ساڭا دۇئا قىلىپ، ئىسمىڭغا ئىززەت بېرىپ، ئۇلارنى تەڭلىككە سالغىنىڭدا ئۆز گۇناھىدىن
يانسا، [27] سەن ئاسماندا ئاڭلاپ، بەندىلىرىڭنى ئەپۇ قىلىپ، قوۋمىڭ ئىسرائىلنىڭ گۇناھىنى
كەچۈرۈپ، ئۇلارغا ماڭىدىغان ياخشى يولنى ئۆگىتىپ، ئۆز قوۋمىڭغا مىراس قىلىپ بەرگەن
يۇرتۇڭنىڭ ئۈستىگە يامغۇر ياغدۇرغايسەن.
[28] ئەگەر يۇرتتا ئاچارچىلىق يا ۋابا بولسا، زىرائەتتە چاۋىرىش ئاپىتى بولسا يا ئۇنىڭغا ھال
چۈشسە، چېكەتكە يا كۆك قۇرت چۈشسە يا دۈشمەنلىرى ئۇلارنىڭ يۇرتىنىڭ شەھەرلىرىدە
ئۇلارنى قىستىسا، ھەرنېمە بالا يا دەرد بولسا، [29] بىركىم يا پۈتۈن قوۋمىڭ ئىسرائىل ھەرنېمە
دۇئا يا ئىلتىجا قىلسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز كۆڭۈل دەردىنى بىلىپ، قوللىرىنى بۇ ئۆيىنىڭ
تەرىپىگە سۇنسا، [30] سەن ئاسماندىكى ماكانىڭدا ئاڭلاپ، ئۇلارنى كەچۈرۈپ، ئەمەل قىلىپ،
كۆڭلىنى بىلگەچ ھەربىرىگە ئۆز يوللىرىغا مۇۋاپىق ياندۇرغايسەن، چۈنكى يالغۇز سەن ھەممە
بەنى-ئادەمنىڭ كۆڭۈللىرىنى بىلىسەن. [31] ئۇلار سەن ئاتا-بوۋىلىرىغا بەرگەن يۇرتتا ئولتۇرۇپ،
ئۆمرىنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە سەندىن قورقسۇن دەپ، شۇنداق قىلغايسەن.
[32] سېنىڭ قوۋمىڭ ئىسرائىلدىن بولماي، بىگانە بولغان كىشى سېنىڭ ئىسمىڭ ئۈچۈن
يىراق يۇرتتىن كەلسە، سېنىڭ ئۇلۇغ ئىسمىڭ توغرىسىدا ئىشىتىپ، قۇدرەت قولۇڭ بىلەن
ئۇزىتىلغان بىلىكىڭ توغرىسىدا ئاڭلىغانلارنىڭ بىرى كېلىپ، بۇ ئۆيدە دۇئا قىلسا، [33] سەن
ئاسماندا ئۆز ماكانىڭدىن ئۇنى ئاڭلاپ، ئۇ بىگانە سەندىن تىلىگىنىنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق
قىلغايسەن،. شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدىكى ھەممە خەلق ئۆز قوۋمىڭ ئىسرائىلدەك سېنىڭ
ئىسمىڭنى تونۇپ، سەندىن قورقۇپ، مەن ياسىغان بۇ ئۆيىنىڭ سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن
ئاتالغىنىنى بىلگەي.
[34] ئەگەر ئۆز قوۋمىڭ سەن ئۇلارنى ئەۋەتكەن يولدا ئۆز دۈشمەن بىلەن سوقۇشقىلى بېرىپ،
سەن ئىلغىغان شەھەر بىلەن مەن سېنىڭ ئىسمىڭ ئۈچۈن ياسىغان ئۆي تەرىپىگە يۈز قارىتىپ
ساڭا دۇئا قىلسا، [35] سەن ئاسماندا ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى
ھىمايە قىلغايسەن.
[36] ئەگەر ئۇلار ساڭا گۇناھ قىلسا، — گۇناھ قىلمايدىغان كىشى يوق ئەمەسمۇ — ۋە سەن ئۇلارغا
غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى دۈشمەنىنىڭ قولىغا تاپشۇرساڭ ۋە بۇلار ئۇلارنى ئەسىر قىلىپ، يىراق
ياكى يېقىندىكى يۇرتقا ئېلىپ بارسا، [37] لېكىن ئۇلار ئەسىر بولغان يۇرتتا ئەقلىگە كېلىپ،
توۋا قىلىپ، ئۆزى ئەسىر قىلىنغان يۇرتتا ساڭا يالۋۇرۇپ: ‹ بىز گۇناھ قىلىپ، ناتوغرا بولۇپ،
يامانلىق قىلدۇق› دەپ [38] ئۇلارنى ئەسىر قىلغان دۈشمەنلىرىنىڭ يۇرتىدا پۈتۈن كۆڭلىدىن ۋە
پۈتۈن جېنىدىن سەن ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا بەرگەن يۇرتىنىڭ تەرىپىگە نەزەر سېلىپ، سەن
ئىلغىغان شەھەرنىڭ تەرىپىگە تىكىلىپ، مەن سېنىڭ ئىسمىڭغا ياسىغان ئۆيىنىڭ تەرىپىگە
قاراپ دۇئا قىلسا، [39] سەن ئاسماندا ئۆز ماكانىڭدىن ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ئىلتىجاسىنى
ئاڭلاپ، ئۇلارنى ھىمايە قىلىپ، ساڭا قىلغان گۇناھىنى ئۆز قوۋمىڭغا كەچۈرگەيسەن.

40 ئەي خۇدايىم، ساڭا يالۋۇرىمەنكى، قاچانكى بۇ يەردە دۇئا قىلىنسا، سېنىڭ كۆزلىرىڭ ئوچۇق
تۇرۇپ، قۇلاقلىرىڭ سىلىقلىق بولغاي. 41 ئەي رەب خۇدا، ئەمدى قوپۇپ، قۇدرىتىڭنىڭ ئەھدە
ساندۇقى بىلەن ئارامگاھىڭغا ئۆزۈڭ كەلگىن.
ئاي رەب خۇدا، سېنىڭ كاھىنلىرىڭ نىجاتنى كىيگەي.
تەقۋادارلىرىڭ بولسا سېنىڭ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن شادلىق قىلغاي. 42 ئەي رەب خۇدا، ئۆز
مەسىھلەنگىنىڭنى ياندۇرۇپ كەتكۈزمىگىن. ئۆز بەندەڭ داۋۇتقا ۋەدە قىلغان مەرھەمەتنى ياد
قىلغىن».

## خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى بەيتنى تولدۇردۇ

7 1 سۇلايمان دۇئا قىلىپ بولغاندا ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن
باشقا قۇربانلىقلىرىنى كۆيدۈرۈپ خۇداۋەندىنىڭ شان-شەرىپى بەيتنى تولدۇردى. 2 رەببىنىڭ
شان-شەرىپى خۇداۋەندىنىڭ بەيتنى تولدۇرغىنى ئۈچۈن كاھىنلار خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە
كىرەلمىدى. 3 بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ئوتنىڭ چۈشكىنى بىلەن خۇداۋەندىنىڭ شان-
شەرىپى بەيتنىڭ ئۈستىگە كەلگىنىنى كۆرگەندە تاش قويۇلغان ھويلىغا چۈشۈپ، باشلىرىنى
يەرگە قويۇپ سەجدە قىلىپ: «خۇداۋەندە كەرەملىك بولۇپ، ئۇنىڭ مەرھەمىتى ئەبەدكىچە
تۇرىدۇ» دەپ خۇداۋەندىگە ھەمد شۈكۈر ئېيتىشتى.
4 ئاندىن پادىشاھ بىلەن ھەممە خەلق خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا قۇربانلىقلارنى ئۆتكۈزدى.
5 سۇلايمان پادىشاھ سويۇم قۇربانلىقنى كەلتۈرگىنىدە يىگىرمە ئىككى مىڭ كالا ۋە بىر يۈز
يىگىرمە مىڭ قوي قۇربانلىق قىلدى. پادىشاھ بىلەن ھەممە خەلق شۇنداق قىلىپ، خۇدانىڭ
بەيتنى مۇقەددەس قىلدى. 6 كاھىنلار بولسا ئۆز خىزمىتىنى قىلغىلى تەييار تۇردى. لاۋىيلار
داۋۇد پادىشاھ خۇداۋەندە ئۈچۈن تەييارلىتىپ: «ئۇنىڭ مەرھەمىتى ئەبەدكىچە تۇرىدۇ» دەپ
خۇداۋەندىنىڭ ھەمدىنى ئوقۇشقا قىلدۇرۇپ قويغان نەغمىلەرنى تۇتۇپ، داۋۇد تەيىنلىگەن
تەرتىپتە مەدھىيە ئوقۇپ، چېلىپ تۇرۇپ، كاھىنلار ئۇلارنىڭ ئۇتتۇرىدا تۇرۇپ كاناي چالسا،
ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ئۆرە تۇرغانىدى. 7 سۇلايمان خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئالدىدىكى
ھويلىنىڭ ئوتتۇرا يېرىنى مۇقەددەس قىلىپ، ئاندا كۆيدۈرگەن قۇربانلىقلار بىلەن شۈكۈر
قۇربانلىقلىرىنىڭ ياغ پارچىلىرىنى قۇربانلىق قىلدى. چۈنكى سۇلايمان ئەتكەن مىس
قۇربانگاھى بولسا كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن ھەدىيە قۇربانلىقى ۋە ياغ پارچىلىرىنى
سىغدۇرالمايتتى.
8 ئۇ ۋاقىت سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىسرائىل، يەنى خاماتقا كىرىدىغان يولدىن
تارتىپ مىسىرنىڭ جىلغىسىغىچە بار يەرلەردىن كەلگەن چوڭ بىر جامائەت يەتتە كۈنگىچە
ھېيت قىلدى. 9 سەككىزىنچى كۈندە مۇقەددەس يىغىلىش ئۈچۈن جەم بولدى. ئۇلار يەتتە

كۈنگىچە قۇربانگاھنى خۇداغا ئاتاپ، يەتتە كۈن ھېيت قىلدى. 10 لېكىن يەتتىنچى ئاينىڭ
يىگىرمە ئۈچىنچى كۈنىدە خەلقنى ئۆز ئۆيلىرىگە بارغىلى قويدى. ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ داۋۇدقا،
سۇلايمانغا ۋە ئۆز قوۋمى ئىسرائىلغا قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن خۇش دىل بولۇپ، شادلىق
قىلىپ ياندى.

## خۇداۋەندە ئىككىنچى مەرتىۋە سۇلايمانغا كۆرۈندۇ

11 شۇنداق قىلىپ، سۇلايمان خۇداۋەندىنىڭ بەيتى بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ياساپ
تەييار قىلدى. سۇلايمان خۇداۋەندىنىڭ بەيتى بىلەن ئۆز ئۆيى توغرىسىدا خاھىش قىلغىنىنىڭ
ھەممىسىنى پۈتكۈزۈپ، بۇ ئىشتا راۋاج تاپتى. 12 خۇداۋەندە كېچىدە سۇلايمانغا كۆرۈنۈپ،
ئۇنىڭغا ئېيتتى:

«مەن دۇئايىڭنى ئاڭلاپ بۇ يەرنى ئۆزۈمنىڭ قۇربانلىق جايى بولسۇن دەپ ئىلغىدىم. 13 ئەگەر
ئاسماننى يامغۇر ياغمىغۇدەك ئېتىۋەتسەم يا چېكەتكىلەرگە يۇرتنى يەڭلار دەپ بۇيرۇسام يا ئۆز
قوۋمىمنىڭ ئارىسىغا ۋابا ئەۋەتسەم، 14 لېكىن ئۆز ئىسمىم بىلەن ئاتالغان قوۋمىم ئۆزىنى
تۆۋەن تۇتۇپ، دۇئا قىلىپ يۈزۈمنى ئىزدەپ، يامان يوللىرىدىن يانسا، مەن ئاسماندىن ئاڭلاپ،
گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، يۇرتىنى تىنچىتىمەن. 15 مېنىڭ كۆزلىرىم ئوچۇق بولۇپ، قۇلاقلىرىم
بۇ يەردە قىلىنىدىغان دۇئالارغا سېلىقلىق بولىدۇ. 16 مېنىڭ ئىسمىم ئاندا ئەبەدكىچە بولسۇن
دەپ، بۇ بەيتنى ئىلغاپ مۇقەددەس قىلدىم. كۆزلىرىم بىلەن كۆڭلۈم ئاندا ھەمىشە بولغاي.
17 ئەگەر سەن ئاتاڭ داۋۇد مېنىڭ ئالدىمدا يۈرگەندەك يۈرۈپ، ساڭا بۇيرۇغىنىمنىڭ ھەممىسىگە
ئەمەل قىلىپ، قانۇن بىلەن ئەھكاملىرىمنى تۇتساڭ، 18 مەن ئاتاڭ داۋۇدقا ۋەدە قىلىپ: ‹
ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سېنىڭ ئەۋلادىڭدىن سەلتەنەت قىلىدىغان كىشى كەم قالمايدۇ› دەپ
ئېيتقىنىمدەك سېنىڭ پادىشاھلىق تەختىڭنى مۇقىم قىلىمەن.

19 لېكىن مەندىن يېنىپ، مەن سىلەرگە بۇيرۇغان ئەمر بىلەن قانۇنلىرىمنى تۇتماي، بەلكى
بېرىپ، باشقا تەڭرىلەرگە تېۋىنىپ، ئۇلارغا سەجدە قىلساڭلار، 20 مەن ئۇلارنى ئۆزىگە بەرگەن
يۇرتۇمدىن يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇپ، ئۆز ئىسمىمغا مۇقەددەس قىلغان بۇ بەيتنى يۈزۈمدىن
تاشلاپ، ئۇنى ھەممە تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر تەمسىل ۋە بىر مەسخىرە قىلىمەن. 21 دەرۋەقە
بۇ ئۇلۇغ بەيت ھەر ئۆتىدىغان كىشىگە بىر ئىبرەت بولىدۇ. ئۇ ئۆزى: ‹ نېمىشقا خۇداۋەندە بۇ
يۇرت بىلەن بۇ بەيتكە مۇنداق قىلدى؟› دەپ سورىسا، 22 جاۋاب بېرىلىپ: ‹ ئۇلارنى مىسىر
يۇرتىدىن چىقىرىپ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇداۋەندىنى تاشلاپ، ئۆزگە باشقا
تەڭرىلەر تۇتۇپ، ئۇلارغا باش ئېگىپ ئىبادەت قىلغىنى ئۈچۈن ئۇ ئۆزى بۇ ھەممە يامانلىقنى
ئۇلارغا كەلتۈردى› دەپ ئېيتىلىدۇ» دېدى.

## سۇلايماننىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى

8 1 يىگىرمە يىل ئۆتۈپ بولۇپ، سۇلايمان خۇداۋەندىنىڭ بەيتى بىلەن ئۆز ئۆيىنى ياساپ
بولغاندىن كېيىن، 2 خۇرام سۇلايمانغا بەرگەن شەھەرلەرنى ياساپ، بەنى-ئىسرائىلنى
ئاندا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى. 3 ئاندىن سۇلايمان خامات-زوباغا بېرىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى.
4 ئۇ ھەم چۆلدىكى تادمور بىلەن خاماتتىكى ھەممە ئامبار شەھەرلىرىنى بىنا قىلىپ ياسىدى.
5 ئاندىن ئۈستۈن بەيت-خورون بىلەن ئاستىن بەيت-خوروننى ياساپ، ئۇلارنى مەھكەم قىلىپ،
سېپىل، دەرۋازىلار ۋە بالداقلار بىلەن چۆرىسىنى باغلىدى. 6 شۇنداق ھەم سۇلايمان بائالات
بىلەن ئۆزىنىڭ ھەممە ئامبار شەھەرلىرىنى ياساپ، ئاتلىقلارنىڭ شەھەرلىرىنى بىنا قىلىپ،
يېرۇسالېمدا لىۋاندا ۋە مەملىكەتنىڭ ھەر يېرىدە خالىغىنىنى ياسىدى.
7 خىتتىيلاردىن، ئاموريلاردىن، پەرىززىيلەردىن، خىۋۋىيلاردىن ۋە يەبۇسىيلاردىن قالغانلار، يەنى
بەنى-ئىسرائىلدىن بولمىغان ھەممىسى ھاشارغا تۇتۇلدى. 8 سۇلايمان بۇلارنى، يەنى بەنى-
ئىسرائىل تامامەن يوقاتمىغان تائىپىلەرنىڭ يۇرتتا قالغان ئەۋلادلىرىنى ھاشارغا تۇتۇپ، ئىشقا
سالدى ۋە بۇلار شۇ كۈنگىچە شۇنداق بولۇپ قالدى. 9 لېكىن بەنى-ئىسرائىلدىن سۇلايمان
ھېچ كىشىنى ئۆز ئىشىغا سېلىپ، قۇل قىلمىدى، بەلكى ئۇلار جەڭ قىلغۇچى، پالۋانلىرىنىڭ
سەردارلىرى قىلىنىپ، ھارۋا بىلەن ئاتلىقلىرىنىڭ سەردارلىرى بولدى.
10 سۇلايمان پادىشاھنىڭ چوڭ مەنسەپدارلىرى ئىككى يۈز ئەللىك ئىدى. بۇلار خەلقنىڭ
ئۈستىدە تۇراتتى.
11 سۇلايمان فىرەۋننىڭ قىزنى داۋۇدنىڭ شەھىرىدىن كۆچۈرۈپ، ئۆزى ئۇنىڭغا ياسىغان ئۆيدە
ئولتۇرغۇزدى، چۈنكى ئۇ ئېيتتىكى: «بىر خوتۇننىڭ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى داۋۇدنىڭ ئۆيىدە
ئولتۇرۇشىنى خالىمايمەن. خۇداۋەندىنىڭ ئەھدە ساندۇقى ئاندا كەلگەندىن كېيىن بۇ جاي
مۇقەددەستۇر» دېدى.

12 سۇلايمان خۇداۋەندە ئۈچۈن ئايۋاننىڭ ئالدىدا ياسىغان قۇربانگاھتا خۇداۋەندىگە
كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق ئۆتكۈزەتتى.

## سۇلايمان قۇربانلىقلار كەلتۈرىدۇ ۋە لاۋىيلار خىزمەتكە تەيىنلەيدۇ

13 شۇنداقكى، مۇسانىڭ بۇيرۇغىنىغا مۇۋاپىق ھەر كۈن شۇ كۈن ئۈچۈن تايىن قىلىنغان
قۇربانلىقنى ئۆتكۈزدى. شابات كۈنلىرىدە، يېڭى ئايلاردا ۋە يىلدىكى ئۈچ ھېيتتا، يەنى پېتىر
نان ھېيتىدا، ھەپتە ھېيتىدا ۋە سايىۋەن ھېيتىدا قۇربانلىق ئۆتكۈزەتتى. 14 ئۇ ئۆز ئاتىسى
داۋۇد بۇيرۇغاندەك كاھىنلارنىڭ پىرقىلىرىنى تەيىنلەپ، نۆۋەتلىرىنى توختىتىپ: «لاۋىيلار ئۆز
پەرزىگە مۇۋاپىق مەدھىيە ئوقۇپ، ھەر كۈن شۇ كۈن ئۈچۈن تەيىنلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ،
كاھىنلارنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلىپ، دەرۋازىۋەنلەر ئۆز پىرقىلىرىگە مۇۋاپىق ھەممە دەرۋازىلاردا

پاسىبانلىق قىلسۇن» دەپ بۇيرۇدى. چۈنكى خۇدانىڭ ئادىمى داۋۇد شۇنداق ئەمر قىلغانىدى. [15] ئۇلار پادىشاھ خەزىنە بىلەن باشقا ئىشلار توغرىسىدا كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارغا بۇيرۇغاندىن يانمىدى. [16] سۇلايماننىڭ ئىشلىرى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئۇلى سېلىنغان كۈندىن تارتىپ تەييار بولغۇچىلىك پۈتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن خۇداۋەندىنىڭ بەيتى تەييار بولدى.

## سۇلايماننىڭ كېمىلىرى ئالتۇن ئېلىپ كېلىدۇ

[17] ئۇ ۋاقىتتا سۇلايمان چىقىپ، ئېدومنىڭ يۇرتىدا بولۇپ، دېڭىزنىڭ بويىدا بار ئەسيون-گېبەر بىلەن ئېلاتقا باردى. [18] خۇرام بولسا ئۆز ئادەملىرىنىڭ قولى بىلەن ئۇنىڭغا كېمىلەر كەلتۈرۈپ، ئۆز خىزمىتىدە بولۇپ كېمىچىلىكنى بىلگەن كىشىلەرنىمۇ ئەۋەتتى. بۇلار سۇلايماننىڭ ئادەملىرى بىلەن ھەمراھ بولۇپ ئوفىرغا بېرىپ، ئۇ يەردىن تۆت يۈز ئەللىك تالانت ئالتۇننى ئېلىپ كېلىپ، سۇلايمان پادىشاھقا كەلتۈردى.

## شېبانىڭ مەلىكىسى سۇلايماننىڭ قېشىغا كېلىدۇ

9 [1] شېبانىڭ مەلىكىسى سۇلايماننىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلىغاندا ئۇنى مۇشكۈل سوئاللار بىلەن سىنىغىلى چىقىپ، خۇشبۇي دورا-دەرمەك، ناھايىتى تولا ئالتۇن، قىممەت باھا تاشلار ئارتىقلىق تۆگىلەرنى ئېلىپ، چوڭ-چوڭ دەبدەبە بىلەن يېرۇسالېمغا كەلدى. سۇلايماننىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۆز كۆڭلىدە بولغان ھەرقانداق نەرسە توغرىسىدىن سۆزلەشتى. [2] لېكىن سۇلايمان ئۇنىڭغا ھەممە سوئاللارنىڭ ئۇچۇرىنى بەردى. ھېچنېمە سۇلايمانغا يوشۇرۇنغان ئەمەس ئىدى، بەلكى ھەممىسىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى.
[3] شېبانىڭ مەلىكىسى سۇلايماننىڭ ھېكمىتىگە، ياسىغان ئۆيىگە [4] ۋە داستىخىنىدىكى تائاملارغا بېقىپ، قۇللىرىنىڭ ھازىر بولۇپ ئولتۇرۇپ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغىنىغا قاراپ، كىيگەن كىيىملىرىگە نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ ساقىيلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە كەلتۈرگەن قۇربانلىقلىرىغا قارىغاندا گاڭگىراپ قېلىپ، [5] پادىشاھقا ئېيتتىكى:

«مەن ئۆز يۇرتۇمدا سېنىڭ ئىشلىرىڭ بىلەن ھېكمىتىڭ توغرىسىدا ئاڭلىغان خەۋەر راست چىقتى. [6] مەن كېلىپ، ئۆز كۆزلىرىم بىلەن كۆرمىگۈچە خەۋەرگە ئىشەنمىدىم. ئەمما مانا يېرىمىمۇ ماڭا ئېيتىلمىغان ئىكەن. سېنىڭ ھېكمىتىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى تامام ماڭا ئېيتىلماپتۇ، چۈنكى مەن ئاڭلىغان شۆھرىتىڭدىن ئېشىپ ئۇلۇغدۇرسەن. [7] سېنىڭ ئادەملىرىڭ خۇش-بەختلىك بولۇپ، ھەمىشە سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرۇپ، ھېكمىتىڭنى ئاڭلايدىغان خىزمەتكارلىرىڭ ئۆزى خۇش-بەختلىكتۇر. [8] سېنى خۇش كۆرۈپ، سېنى ئۆز ئالدىدا پادىشاھ بولغىلى ئىسرائىلنىڭ تەختىگە

ئولتۇرغۇزغان تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن. دەرۋەقە خۇدايىڭ ئىسرائىلنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارنى ئەبەدكىچە مۇقىم قىلماق ئۈچۈن سېنى ئۇلارغا ھۆكۈم ۋە ئادالەت قىلغىلى پادىشاھ قىلىپ قويۇپتۇ» دېدى.

[9] ئۇ ئۆزى پادىشاھقا بىر يۈز يىگىرمە تالانت ئالتۇننى، ناھايىتى تولا خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەرنى ۋە قىممەت باھا تاشلارنى بەردى. شېبانىڭ مەلىكىسى سۇلايمان پادىشاھقا بەرگەن دورا-دەرمەكلەر بولسا ئۇنداق ئەۋزەل ئىدىكى، شۇنچە ياخشى دورا-دەرمەكلەر ھېچ تېپىلمايتتى.

[10] خۇرامنىڭ ئادەملىرى بىلەن سۇلايماننىڭ ئادەملىرى ئوفىردىن ئالتۇن كەلتۈرۈپ، ئاندىن سەندەل ياغىچى بىلەن قىممەت باھا تاشلار ھەم ئېلىپ كەلدى. [11] سەندەل ياغىچىدىن پادىشاھ خۇداۋەندىنىڭ بەيتى بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئۈچۈن پەلەمپەي ياساپ، شېئىر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن چاڭ بىلەن ساتارلار ئەتكۈزدى. ئۇنداق نەرسىلەر يەھۇدانىڭ يۇرتىدا ئىلگىرى كۆرۈنگەن ئەمەس ئىدى.

[12] سۇلايمان پادىشاھ شېبانىڭ مەلىكىسىگە بۇ ئۆزى ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلگىنىنىڭ باراۋىرىگە ياندۇرۇپ بەرگىنىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ خالاپ سورىغىنىنى ھەم بەردى. ئاندىن ئۇ ئۆزى خىزمەتكارلىرى بىلەن ئۆز يۇرتىغا يېنىپ كەتتى.

## سۇلايماننىڭ بايلىقلىرى

[13] سۇلايمانغا ھەر يىلى كەلتۈرۈلگەن ئالتۇننىڭ ۋەزنى ئالتە يۈز ئاتمىش ئالتە تالانت ئىدى.

[14] شۇنىڭدىن باشقا تىجارەت قىلغۇچى بىلەن سودىگەرلەر، ھەممە ئەرەب پادىشاھلىرى بىلەن يۇرتنىڭ ۋالىيلىرى سۇلايمانغا ئالتۇن كۈمۈش كەلتۈرەتتى.

[15] سۇلايمان پادىشاھ ئالتۇندىن ئىككى يۈز چوڭ سىپار سوقتۇردى. ھەربىر سىپارغا ئالتە يۈز ئاتمىش ئالتە سوقتۇرۇلغان ئالتۇن كەتتى. [16] ئۈچ يۈز كىچىكرەك ئالتۇن سىپارنى ھەم سوقتۇرۇپ، ھەر مۇنداق سىپارغا ئۈچ يۈز شېقەل ئالتۇن ئىشلەتتى. پادىشاھ سىپارلارنى لىۋان جاڭگىلىنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان ئۆيىدە ئېسىپ قويدى.

[17] ئاندىن پادىشاھ پىل چىشىدىن بىر چوڭ تەختنى ئېتىپ، ساپ ئالتۇن بىلەن قاپلىدى.

[18] تەختنىڭ ئالتە پەللىلىك بىر پەلەمپەي بىلەن بىر ئالتۇن قەدەمگاھى بولۇپ، بۇلار تەختكە بېكىتىكلىك ئىدى. ئولتۇرىدىغان جايىنىڭ ئىككى يېنىدا قول قويغۇسى بولۇپ، ھەربىر قول قويغۇسىنىڭ يېنىدا بىردىن شىرنىڭ ئويۇلغان سۈرىتى بار ئىدى. [19] ئالتە پەللىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن ئون ئىككى شىرنىڭ ئويۇلغان سۈرىتى بار ئىدى. ئۇنداق نەرسە باشقا بىر مەملىكەتتە ياسالغان ئەمەس ئىدى.

[20] سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئىشلىتىدىغان پىيالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئالتۇندىن ئىدى. لىۋان جاڭگىلىنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان ئۆيىنىڭ قاچىلىرى ساپ ئالتۇندىن بولۇپ، ھېچبىرى

كۇمۇشتىن ئەمەس ئىدى. كۇمۇش سۇلايماننىڭ ۋاقتىدا ھېچنېمىدەك سانالمايتتى. [21] چۈنكى
پادىشاھنىڭ كېمىلىرى خۇرامنىڭ ئادەملىرىنىڭ قولى بىلەن ماڭدۇرۇلۇپ، تارشىشقا بېرىپ،
ھەر ئۈچىنچى يىلى بۇ تارشىش كېمىلىرى يېنىپ كېلىپ، ئالتۇن، كۇمۇش، پىل چىشى،
مايمۇن بىلەن توزلار كەلتۈرەتتى. [22] سۇلايمان پادىشاھ دۆلەت بىلەن ھېكمەتتە يەر يۈزىدىكى
ھەممە پادىشاھلاردىن ئاشاتتى. [23] يەرنىڭ ھەممە پادىشاھلىرى خۇدا ئۆزى سۇلايماننىڭ
كۆڭلىگە سالغان ھېكمەتنى ئاڭلىماق ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا كېلەتتى. [24] ئۇلارنىڭ ھەربىرى
ئۆز تارتۇقىنى، يەنى كۇمۇش قاچىلىرى، ئالتۇن قاچىلىرى، كىيىملەر، ياراغلار، خۇشبۇي دورا-
دەرمەكلەر، ئاتلار ۋە قېچىرلار ئېلىپ كېلىپ، يىلدىن يىلغا شۇنداق قىلاتتى.
[25] سۇلايماننىڭ تۆت مىڭ قوشما هارۋا ئاتلىرىنىڭ ئېغىللىرى بىلەن ئون ئىككى مىڭ
ئاتلىق بار ئىدى. بۇلارنى ھەم ھارۋىلار ئۈچۈن تەيىنلەنگەن شەھەرلەردە، ھەم يېرۇسالېمدا
پادىشاھنىڭ قېشىدا قويىدى. [26] ئۇ ئۆزى دەريادىن تارتىپ فىلىستىنىيلەرنىڭ يۇرتى بىلەن
مىسىرنىڭ چېگرىسىغىچە ھەممە پادىشاھلارنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلاتتى. [27] پادىشاھ
ئۇنداق قىلدىكى، كۇمۇش يېرۇسالېمدا تاش بىلەن باراۋەر سانىلىپ، كېدىر ياغىچى بولسا،
پەس تۈزلەڭلىكلەردىكى نۇرغۇن بولغان ئۈجمە ياغىچى بىلەن باراۋەر سانىلاتتى. [28] سۇلايمانغا
مىسىردىن ۋە ھەممە باشقا يۇرتلاردىن ئاتلار كەلتۈرۈلەتتى.

## سۇلايماننىڭ ۋاپاتى

[29] سۇلايماننىڭ باشقا ئىشلىرىنىڭ ئاۋۋالقى ۋە ئاخىرقى ۋەقەلىرى ناتان پەيغەمبەرنىڭ
كىتابىدا، شىلوھلىق ئاخىيانىڭ پەيغەمبەرلىك كىتابىدا ۋە روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچى
يەددونىڭ ئۆزى نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئام توغرىسىدا كۆرگەن روھىي كۆرۈنۈشلەرنىڭ بايانىدا
پۈتۈلگەندۇر. [30] سۇلايمان يېرۇسالېمدا قىرىق يىل پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت
قىلدى. [31] ئاندىن سۇلايمان ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، ئاتىسى داۋۇدنىڭ
شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئوغلى رەھابىئام ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## ئىسرائىل ئىككىگە بۆلۈنىدۇ

10 [1] رەھابىئام شەكەمگە باردى، چۈنكى ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ئۇنى پادىشاھ قىلغىلى
شەكەمگە كەلگەنىدى. [2] نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئام سۇلايمان پادىشاھنىڭ قېشىدىن
قېچىپ، مىسىردا بولۇپ تۇرۇپ، بۇنى ئاڭلىغاندا ئۇ ئۆزى مىسىردىن يېنىپ كەلدى. [3] ئۇلار
كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى قىچقاردى. يەروبئام بىلەن پۈتۈن ئىسرائىل رەھابىئامنىڭ قېشىغا
كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: [4] «سېنىڭ ئاتاڭ يۈكىمىزنى ئېغىر قىلدى. سەن ئەمدى ئاتاڭ

بىزگە قويغان قاتتىق ئىش بىلەن ئېغىر بويۇنتۇرۇقنى يېنىكرەك قىلساڭ، ساڭا خىزمەت
قىلايلى». 5 ئۇ ئۇلارغا: «بېرىپ، ئۈچ كۈنگىچە توختاپ تۇرۇپ، ئاندىن قېشىمغا يېنىپ
كېلىڭلار» دېدى. شۇنى دېگەندە خەلق تېرىلىپ كەتتى.
6 رەھبىئام پادىشاھ ئۆز ئاتىسى سۇلايمان تىرىك ئىكەندە ئۇنىڭ قېشىدە تۇرغان قېرى
ئادەملەردىن مەسلىھەت سوراپ: «بۇ خەلققە بېرىدىغان جاۋابىم توغرىسىدا نېمە مەسلىھەت
كۆرسىتىسىلەر؟» دېدى. 7 ئۇلار ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ ئېيتتى: «ئەگەر سەن بۇ خەلققە
ياخشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى رازى قىلىپ ئۇلارغا ياخشى سۆز ئېيتساڭ، ئۇلار ھەمىشە
سېنىڭ قۇللىرىڭ بولىدۇ» دېدى. 8 لېكىن ئۇ ئۆزى قېرى كىشىلەر ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن
مەسلىھەتنى تاشلاپ، ئۆزى بىلەن چوڭ بولۇپ قېشىدا تۇرغان ياش كىشىلەردىن مەسلىھەت
سوراپ، 9 ئۇلارغا ئېيتتى: «ماڭا: ‹ سېنىڭ ئاتاڭ بىزگە سالغان بويۇنتۇرۇقنى يېنىكرەك
قىلغىن› دېگەن بۇ خەلققە بېرىدىغان جاۋابىم توغرىسىدا نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟» دېدى.
10 ئۇنىڭ بىلەن چوڭ بولغان ياش ئادەملەر ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ ئېيتتى: «سېنىڭ ئاتاڭ
بويۇنتۇرۇقىمىزنى ئېغىر قىلدى، لېكىن سەن: ‹ ئۇنى بىزگە يېنىكرەك قىلغىن› دەپ ساڭا
سۆز قىلىپ ئېيتقان بۇ خەلققە سۆز قىلىپ، مۇنداق ئېيتقىنكى: ‹ مېنىڭ كىچىك بارمىقىم
ئاتامنىڭ بېلىدىن يوغانراق بولىدۇ. 11 ئاتام سىلەرگە ئېغىر بىر بويۇنتۇرۇقنى قويغان بولسا،
مەن بويۇنتۇرۇقۇڭلارنى تېخى ئېغىر قىلاي. ئاتام سىلەرنى قامچا بىلەن ئوڭلىغان بولسا، مەن
سىلەرنى چايان بىلەن ئوڭلاي› دېگىن» دېدى.
12 ئۈچىنچى كۈندە يەروبئام بىلەن ھەممە خەلق رەھبىئامنىڭ قېشىغا كەلدى، چۈنكى
پادىشاھ: «ئۈچىنچى كۈندە ماڭا يېنىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرۇغانىدى. 13 پادىشاھ قېرى
ئادەملەر ئۇنىڭغا بەرگەن مەسلىھەتنى تاشلاپ خەلققە بىر قاتتىق جاۋاب بېرىپ، 14 ياش
ئادەملەرنىڭ مەسلىھەتىگە مۇۋاپىق ئۇلارغا: «ئاتام بويۇنتۇرۇقۇڭلارنى ئېغىر قىلدى، لېكىن
مەن ئۇنى تېخى ئېغىر قىلاي. ئاتام سىلەرنى قامچا بىلەن ئوڭلايتتى، لېكىن مەن سىلەرنى
چايان بىلەن ئوڭلاي» دەپ 15 پادىشاھ خەلقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. خۇداۋەندە شىلوھلىق
ئاخىيانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن نەباتنىڭ ئوغلى يەروبئامغا ئېيتقان سۆزىنىڭ بەجا كەلتۈرۈلمىكى
ئۈچۈن خۇدا تەرىپىدىن شۇنداق تەقدىر قىلىنغانىدى.
16 ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى پادىشاھ ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغىنىنى كۆرگەندە خەلق
پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ ئېيتتىكى: «داۋۇد بىلەن نېمە نېسىپىمىز بار؟ يەشاينىڭ ئوغلى بىلەن
نېمە مىراسىمىز بار؟ ئەي ئىسرائىل، ئۆز چېدىرلىرىڭغا كەتكىن! ئەي داۋۇد، ئۆز ئۆيۈڭدىن خەۋەر
ئالغىن» دېدى. ئاندىن ئىسرائىل ئۆز ماكانلىرىغا يېنىپ كەتتى. 17 ئەمما يەھۇدا شەھەرلىرىدە
ئولتۇرغان ئىسرائىلىيلار بولسا ئۇلارنىڭ ئۈستىدە رەھبىئام پادىشاھ بولدى. 18 رەھبىئام پادىشاھ
باج-ئالۋاننىڭ نازارەتچىسى ھادورامنى ئەۋەتكەندە بەنى-ئىسرائىل ئۇنى چالما-كېسەك قىلىپ
ئۆلتۈردى. ئەمما رەھبىئام پادىشاھ ئۆزى ئالدىراپ ھارۋىسىغا چىقىپ، يېرۇسالېمغا قېچىپ
كەتتى. 19 شۇ تەرىقىدە ئىسرائىل داۋۇدنىڭ خانىدانىدىن بۇ كۈنگىچىلىك ئايرىلىپ كەتتى.

11 [1] رەھابىئام يېرۇسالېمغا كەلگەندە ئىسرائىل بىلەن جەڭ قىلىپ، پادىشاھلىقنى
رەھابىئامغا ياندۇرسۇن دەپ، ھەممە يەھۇدا خانىدانىدىن ۋە بەنيامىن قەبىلىسىدىن بىر
يۈز سەكسەن مىڭ خىللانغان ئەسكەرنى يىغدۇردى. [2] لېكىن خۇداۋەندىنىڭ سۆزى خۇدانىڭ
ئادىمى شەماياغا كېلىپ ئېيتتىكى: [3] «يەھۇدانىڭ پادىشاھى بولغان سۇلايماننىڭ ئوغلى
رەھابىئامغا ۋە يەھۇدا بىلەن بەنيامىنىنىڭ يۇرتىدىكى ھەممە ئىسرائىلىيلارغا ئېيتقىنكى: [4] ‹
بۇرادەرلىرىڭلار بىلەن جەڭ قىلغىلى چىقماڭلار. ھەربىرىڭلار ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كەتسۇن،
چۈنكى بۇ ئىش مەندىندۇر› دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ» دېدى. ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە قۇلاق
سېلىپ، يەروبئامغا قارشى چىقماي يېنىپ كەتتى.

## رەھابىئامنىڭ ئاۋۋالقى ئىشلىرى

[5] لېكىن رەھابىئام يېرۇسالېمدا ئولتۇرۇپ، يەھۇدا يۇرتىنى ساقلىماق ئۈچۈن بەزى شەھەرلىرىنى
مەھكەم قىلىپ ياسىدى. [6] ئۇ ئۆزى بەيتلەھەم، ئېتام ۋە تەقوئانى مەھكەم قىلدى. [7] ئۇ ھەم
بەيت-زۇر، سوكو ۋە ئادۇللامنى، [8] گات، مارەشا ۋە زىفنى، [9] ئادورايىم، لاكىش ۋە ئازېقانى،
[10] زورا، ئايالون ۋە خېبروننى مەھكەم قىلدى. بۇ مەھكەم قىلىنغان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى
يەھۇدا بىلەن بەنيامىنىنىڭ يۇرتىدا ئىدى. [11] ئۇ بۇ قورغانلارنى مەھكەم قىلىپ، ئۇلاردا سەردارلار
تىكلەپ، ئاشلىق، ياغ بىلەن شاراب يىغىپ قويدى. [12] بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەربىرىنى سىپار ۋە
نەيزە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ناھايىتى مەھكەم قىلدى. يەھۇدا بىلەن بەنيامىن رەھابىئامنىڭ
تەرىپىدە تۇراتتى.
[13] ئەمما ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن يۇرتىدىكى كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ ھەربىرى ئۆز جايىدىن
چىقىپ، ئۇنىڭغا ئۆتتۈۋالدى. [14] چۈنكى لاۋىيلار ئۆزى يەروبئام بىلەن ئوغۇللىرى ئۇلارنى ئۆز
خىزمىتى بىلەن خۇداۋەندىگە قىلغان كاھىنلىقىدىن ھەيدىۋەتكىنى ئۈچۈن ئۆز يايلاق بىلەن
مۈلۈكلىرىنى تاشلاپ، يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمغا باردى. [15] يەروبئام ئۆزىگە باشقا كاھىنلار
تىكلەپ، قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرى ئۈچۈن تەيىنلەپ، دىۋىلەرنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۇ ئۆزى ياسىغان
موزاي سۈرەتلىرىگە ئىبادەت قىلماق ئۈچۈن ئۇلارنى توختىتىپ قويدى. [16] ئەمما لاۋىيلارنىڭ
كەينىدىن ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىدىن ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىگە
ئۆز كۆڭۈللىرىنى مايىل قىلغان كىشىلەر ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە قۇربانلىق
قىلغىلى يېرۇسالېمغا بېرىپ، [17] ئۈچ يىلغىچە تۇرۇپ، سۇلايماننىڭ ئوغلى رەھابىئامنىڭ
پادىشاھلىقىنى قۇۋۋەتلەندۈردى. چۈنكى ئۇلار ئۈچ يىلغىچە داۋۇد بىلەن سۇلايماننىڭ يولىدا
يۈرۈپ تۇردى.
[18] رەھابىئام داۋۇدنىڭ ئوغلى يەرىموتنىڭ قىزى ماھالاتنى خوتۇنلۇققا ئالدى. بۇ ئۆزى يەشاينىڭ
ئوغلى ئېلىيابنىڭ قىزى ئابىخايىلنىڭ قىزى ئىدى. [19] ئۇ ئۇنىڭغا يەئۇش، شەماريا ۋە زاھام
دېگەن ئوغۇللارنى تۇغدى. [20] ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئابشالومنىڭ قىزى مائاكانى ئالدى. ئۇ

ئۇنىڭغا ئابىيا، ئاتتاي، زىزا ۋە شېلومىتنى تۇغدى. [21] رەھابىئام ئابشالومنىڭ قىزى مائاكانى
ھەممە باشقا خوتۇنلىرى بىلەن كېنىزەكلىرىدىن ئوشۇقراق دوست تۇتاتتى. ئۇ ئون سەككىز
خوتۇن ۋە ئاتمىش كېنىزەكنى ئالغانىدى. ئۇنىڭدىن يىگىرمە سەككىز ئوغۇل ۋە ئاتمىش
قىز تۆرەلدى. [22] رەھابىئام مائاكانىڭ ئوغلى ئابىيانى بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدا باش ۋە ئەمىر
قىلىپ قويدى، چۈنكى ئۇنى پادىشاھ قىلماقچى ئىدى. [23] ئۇ پەملىك بولۇپ، ئۆز ئوغۇللىرىنى
يەھۇدا بىلەن بىنيامىننىڭ ھەممە يۇرتلىرىدا تارقىتىپ، ئۇلارغا كەڭرى ئاشلىق بېرىپ، ئۇلارغا
تولا خوتۇنلار ئاپتۇرۇپ بەردى.

## مىسىرنىڭ پادىشاھى شىشاق يەھۇداغا ھۇجۇم قىلىدۇ

12 [1] رەھابىئامنىڭ پادىشاھلىقى مۇستەھكەم بولۇپ، ئۆزى قۇدرەت تاپقاندا ئۇ ئۆزى پۈتۈن
ئىسرائىل بىلەن بىللە خۇداۋەندىنىڭ قانۇنىنى تەرك قىلدى. [2] لېكىن رەھابىئامنىڭ
سەلتەنىتىنىڭ بەشىنچى يىلىدا مىسىرنىڭ پادىشاھى شىشاق يېرۇسالېمغا قارشى چىقتى،
چۈنكى ئۇلار خۇداۋەندىگە ئاسىيلىق قىلغانىدى. [3] ئۇ بىر مىڭ ئىككى يۈز ھارۋا بىلەن
ئاتمىش مىڭ ئاتلىقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ مىسىردىن چىقىپ، لىۋىيەلىك، سۇككىلىك
ۋە ھەبەشلىكلەردىن ھېسابسىز خەلق ئېلىپ كېلىپ، [4] يەھۇدانىڭ يۇرتىدىكى مەھكەم
شەھەرلەرنى ئېلىپ، يېرۇسالېمغىچە چىقتى.
[5] ئۇ ۋاقىت رەھابىئام بىلەن يەھۇدا ئەمىرلىرى شىشاقتىن قورقۇپ يېرۇسالېمدا جەم بولسا،
شەمايا پەيغەمبەر چىقىپ، بۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇلارغا: «‹ مېنى تاشلىغاندىن كېيىن مەن
ھەم سىلەرنى تاشلاپ، شىشاقنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم› دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ» دېدى. [6] شۇنى
دېگەن ئىسرائىلنىڭ ئەمىرلىرى بىلەن پادىشاھ ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ: «خۇداۋەندە ئادىلدۇر»
دەپ ئېيتتى. [7] خۇداۋەندە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقىنىنى كۆرگەندە خۇداۋەندىنىڭ سۆزى
شەماياغا كېلىپ ئېيتتىكى: «ئۇلار ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقىنى ئۈچۈن مەن ئۇلارنى ھالاك قىلماي،
بەلكى ئاران قۇتۇلغىلى قويۇپ، شىشاقنىڭ قولى بىلەن ئۆز غەزىپىمنى يېرۇسالېمنىڭ
ئۈستىگە تۆكمەيمەن. [8] لېكىن ئۇلار مېنىڭ خىزمىتىمنى يات پادىشاھلىقلارنىڭ خىزمىتىدىن
پەرق ئەتسۇن دەپ، ئۇلار ئۇنىڭ قۇللىرى بولسۇن» دېدى.
[9] مىسىرنىڭ پادىشاھى شىشاق يېرۇسالېمغا چىقىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ خەزىنىسى
بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى خەزىنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تالاپ، سۇلايمان ئەتكەن ئالتۇن
سىپارلىرىنى ئېلىپ كەتتى.

## رېھابىئامنىڭ سەلتەنىتى

10 بۇلارنىڭ ئورنىدا رېھابىئام پادىشاھ مىستىن سىپارلار ئەتكۈزۈپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ
دەرۋازىسىدا پاسىبانلىق قىلغان سىپاھلارنىڭ سەردارىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. 11 پادىشاھ
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە بارغاندا سىپاھلار ئۇلارنى ئېلىپ كۆتۈرۈپ، كېيىن پاسىبانخانىغا يەنە
كەلتۈرۈپ قوياتتى.
12 رېھابىئام ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقىنى ئۈچۈن خۇداۋەندە ئۆز غەزىپىنى ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈپ، ئۇنى
تامامەن خاراب قىلمىدى، چۈنكى يەھۇدادا تېخى ئاز-ماز ياخشىلىق تېپىلاتتى. 13 رېھابىئام
يېرۇسالېمدا ئۆز پادىشاھلىقىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ سەلتەنەت قىلاتتى. رېھابىئام ئۆزى پادىشاھ
بولغاندا قىرىق بىر ياشقا كىرىپ، خۇداۋەندە ئۆز ئىسمى ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ ھەممە
قەبىلىلىرى ئارىسىدىن ئىلغىغان يېرۇسالېم شەھرىدە ئون يەتتە يىل سەلتەنەت قىلدى.
ئۇنىڭ ئانىسى ئاممونىي خوتۇن بولۇپ، نائەما دەپ ئاتالدى. 14 ئەمما رېھابىئام خۇداۋەندىنى
ئىزدىگىلى ئۆز كۆڭلىنى مايىل قىلماي، يامانلىق قىلاتتى.
15 رېھابىئامنىڭ باشقا ئىشلىرىنىڭ ئاۋۋالقى ۋە ئاخىرقى ۋەقەلىرى بولسا شەمايا پەيغەمبەرنىڭ
كىتابىدا ۋە روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچى ئىددونىڭ نەسەبنامىلەر توغرىسىدىكى تارىخ كىتابىدا
پۈتۈلگەندۇر. رېھابىئام ۋە يەروبىئام پۈتۈن ئۆمرىدە بىر-بىرى بىلەن جەڭ قىلىشىپ تۇراتتى.
16 رېھابىئام ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، داۋۇدنىڭ شەھرىدە دەپنە قىلىندى.
ئاندىن ئوغلى ئابىيا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئابىيا يەروبىئامنى مەغلۇپ قىلىدۇ

13 1 يەروبىئام پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون سەككىزىنچى يىلىدا ئابىيا يەھۇدانىڭ
ئۈستىگە پادىشاھ بولۇپ، 2 يېرۇسالېمدا ئۈچ يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى
گىبېيالىق ئۇرىيەلنىڭ قىزى بولۇپ، مىكايا دەپ ئاتالدى. لېكىن ئابىيا ۋە يەروبىئام بولسا
بىر-بىرى بىلەن جەڭ قىلىشىپ تۇراتتى. 3 ئابىيا باتۇر جەڭ قىلغۇچىلاردىن تۆت يۈز مىڭ
سانلىق بىر قوشۇننى خىللاپ، جەڭگە چىقتى. لېكىن يەروبىئام ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشقىلى
سەككىز يۈز مىڭ خىللانغان باتۇر ئادەملەردىن سەپ باغلىدى. 4 ئابىيا ئەفرائىمنىڭ
تاغلىرىدىكى زېمارايىم تېغىدا تۇرۇپ ئېيتتىكى: «ئەي يەروبىئام بىلەن ھەممە ئىسرائىل ماڭا
قۇلاق سېلىڭلار. 5 بىلمەيسىلەرمۇكى، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە تۇز ئەھدىسى بىلەن
ۋەدە قىلىپ، داۋۇدنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىقىنى ئەبەدكىچە
توختاتقان. 6 لېكىن داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ خىزمەتكارى بولغان نەباتنىڭ ئوغلى
يەروبىئام ئۆز خوجىسىغا ئاسىيلىق قىلىپ قوپتى. 7 پەس خەلق بىلەن يامان ئادەملەر ئۇنىڭغا
يىغىلىپ، سۇلايماننىڭ ئوغلى رېھابىئامغا كۈچلۈك كەلدى، چۈنكى رېھابىئام تېخى ياش ۋە

نازۇك بولۇپ، ئۇلارغا زىت تۇرالمىغانىدى. 8 ئەمدى سىلەر چوڭ گۇرۇھ بولۇپ، يەروبئام
سىلەرگە مەبۇد قىلىپ ئەتكەن ئالتۇن موزايلىرى ئاراڭلاردا بولغاچ داۋۇدنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ
ھەققى بولۇپ خۇداۋەندىنىڭكى بولغان پادىشاھلىققا زىت تۇرىمىز دەپ خىيال قىلىسىلەر.
9 خۇداۋەندىنىڭ كاھىنلىرىنى، يەنى ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى بىلەن لاۋىيلارنى ھەيدىۋېتىپ، يات
تائىپىلەرنىڭ تەرىقىسىدە ئۆزۈڭلارغا كاھىنلار قىلدىڭلار ئەمەسمۇ؟ ھەركىم بىر ياش بۇقا
بىلەن يەتتە قوچقارنى ئالغاچ كېلىپ، قۇربانلىق قىلسا، تەڭرى بولمىغان بۇتلارغا كاھىن
بولالايدۇ. 10 لېكىن بىز بولساق خۇداۋەندىنى تەڭرى بىلىپ، ئۇنى تاشلىمىدۇق. خۇداۋەندىنىڭ
خىزمىتىنى قىلىدىغان كاھىنلار ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، لاۋىيلار بەيتىنىڭ ئىشلىرىنى
قىلىپ، 11 ھەر ئەتە-ئاخشام خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقنى كۆيدۈرۈپ،
خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرۇپ، ئالتۇن جوزىسىدا تەقدىم نانلىرىنى قويۇپ، ھەر ئاخشامدا ئالتۇن
شامدانىنىڭ چىراغلىرىنى ياندۇرىدۇ. چۈنكى بىز تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى
تۇتىمىز، لېكىن سىلەر ئۇنى تاشلىدىڭلار. 12 مانا خۇدا ئۆزى بىز بىلەن تۇرۇپ، سەردارىمىز
بولۇپ، كاھىنلىرى سىلەر بىلەن سوقۇشىدىغىنىمىزدا كاناي چالىدۇ. ئەي بەنى-ئىسرائىل،
ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە بىلەن جەڭ قىلماڭلار. مۇنداق قىلساڭلار، راۋاجلىق
بولمايسىلەر» دېدى.

13 لېكىن يەروبئام ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلماق ئۈچۈن ئۇلارنى يوشۇرۇن بۆكتۈرمە
قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەھۇدانىڭ ئادەملىرىنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، ئارقىسىدا بۆكتۈرمىسى
بار ئىدى. 14 يەھۇدانىڭ ئادەملىرى كەينىگە باقسا، مانا ھەم ئالدىدا ھەم كەينىدە سوقۇش
بار ئىدى. ئەمما ئۇلار خۇداۋەندىگە پەرياد قىلىپ، كاھىنلار كاناي چالغىلى تۇردى. 15 ئۇ
ۋاقىت يەھۇدانىڭ ئادەملىرى بىر نەرە تارتتى. يەھۇدانىڭ ئادەملىرى نەرە تارتقاندا خۇدا
يەروبئام بىلەن ھەممە ئىسرائىلنى ئابىيا بىلەن يەھۇدانىڭ ئالدىدىن قاچۇرۇپ، مەغلۇپ
قىلدى. 16 بەنى-ئىسرائىل يەھۇدادىن قاچتى ۋە خۇدا ئۇلارنى بۇلارنىڭ قولىغا بەردى.
17 ئابىيا بىلەن ئادەملىرى ئۇلارنى ناھايىتى قىرىپ تاشلىدى. شۇنداقكى، ئىسرائىلدىن بەش
يۈز مىڭ خىللانغان ئادەملەر ھالاك بولدى. 18 بۇنىڭ بىلەن بەنى-ئىسرائىل ئۇ ۋاقىت
مەغلۇپ بولدى. لېكىن بەنى-يەھۇدا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە تايانغىنى
ئۈچۈن كۈچلۈك بولدى. 19 ئابىيا يەروبئامنى قوغلاپ، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە شەھەرلىرىنى،
يەنى بەيتەل بىلەن ئۆزىگە تەۋە يەرلىرىنى، يەشانا بىلەن ئۆزىگە تەۋە يەرلىرىنى ۋە ئەفرون
بىلەن ئۆزىگە تەۋە يەرلىرىنى تارتىۋالدى. 20 ئابىيانىڭ ۋاقتىدا يەروبئام ھېچنېمە قىلالماي،
خۇداۋەندە ئۇنى ئۇرغاچ ئۆلدى.
21 لېكىن ئابىيا كۈچ تېپىپ، ئۇلۇغ بولدى. ئۇ ئۆزىگە ئون تۆت خوتۇن ئېلىپ، ئۇنىڭدىن
يىگىرمە ئىككى ئوغۇل بىلەن ئون ئالتە قىز تۆرەلدى. 22 ئابىيانىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن
تۇتقان يوللىرى ۋە ۋەقەلىرى توغرىسىدا ئىددو پەيغەمبەرنىڭ تەپسىر كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر.

[23] ئابىيا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، داۋۇدنىڭ شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى ئاسا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا ئون يىلغىچە يۇرتتا تىنچلىق ئىدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاسا زىراھنى مەغلۇپ قىلىدۇ

14 [1] ئاسا ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە توغرا بولغىنىنى قىلىپ، [2] يات قۇربانگاھلار بىلەن قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرىنى چىقىرىپ، بۇت تۈۋرۈكلىرىنى چېقىپ، ئاشەرە بۇتلىرىنى يىقىتىپ، [3] «ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنى ئىزدەپ، تەۋرات بىلەن ئەمرلەرنى تۇتۇڭلار» دەپ يەھۇداغا بۇيرۇپ، [4] يەھۇدانىڭ ھەممە شەھەرلىرىدىن قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرى بىلەن شەمس سۈرەتلىرىنى ئېلىۋەتتى. يۇرت بولسا ئۇنىڭ قولىدا تىنچلىق ئىدى. [5] خۇداۋەندە ئۇنىڭغا ئارام بېرىپ، يۇرت تىنچلىق تۇرۇپ، ئۇنىڭ جېڭى بولمىغاچ ئاسا يەھۇدا يۇرتىدا سېپىللىك شەھەرلەر ياسىغىلى تۇردى. [6] ئۇ ئۆزى يەھۇداغا ئېيتتىكى: «بۇ شەھەرلەرنى ياساپ، چۆرىسىنى سېپىل بىلەن مۇنارلاردىن، دەرۋازا بىلەن بالداقلاردىن باغلايلى، چۈنكى تەڭرىمىز خۇداۋەندىنى ئىزدىگىنىمىز ئۈچۈن يۇرت تېخى قولىمىزدا تۇرىدۇ. دەرۋەقە ئۇنى ئىزدىگىنىمىز ئۈچۈن ئۇ بىزگە ھەر تەرىپىدىن ئارام بەردى. شۇنى دېگەندە ئۇلار ياساپ، راۋاج تاپقىلى تۇردى. [7] ئاسانىڭ قوشۇنى بار ئىدى. شۇنىڭدا يەھۇدا قەبىلىسىدىن سىپار بىلەن نەيزە كۆتۈرگەن ئۈچ يۈز مىڭ ئەسكەر بولۇپ، بەنيامىن قەبىلىسىدىن كىچىك سىپار كۆتۈرۈپ، يا تارتقان ئىككى يۈز سەكسەن مىڭ ئەسكەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى باتۇر جەڭ قىلغۇچىلار ئىدى.
[8] لېكىن ھەبەشلىك زىراھ ئۆزى ئون لەك ئەسكەر بىلەن ئۈچ يۈز ھارۋا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىلى چىقىپ، مارەشاغا كەلدى. [9] ئاسا ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، مارەشانىڭ تەرىپىدىكى زەفاتا جىلغىسىدا جەڭگە سەپ باغلىدى. [10] ئەمما ئاسا تەڭرىسى خۇداۋەندىگە دۇئا قىلىپ ئېيتتىكى: «ئەي خۇداۋەندە، كۈچلۈك بىلەن ئاجىزلارنىڭ سوقۇشقىنىدا سەندىن بۆلەك ياردەم بەرگۈچى يوقتۇر. ئەي تەڭرىمىز خۇداۋەندە، بىزگە ياردەم بەرگىن، چۈنكى ساڭا تايىنىپ، سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن بۇ چوڭ گۇرۇھقا قارشى چىقتۇق. ئەي خۇداۋەندە، تەڭرىمىز سەندۇرسەن. مانا ئىنسان دېگەن ساڭا قارشى ھېچنېمە قىلالمايدۇ» دېدى. [11] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە ھەبەشلىكلەرنى ئاسا بىلەن يەھۇدا ئادەملىرىنىڭ ئالدىدا تارمار قىلدى. شۇنداقكى، ھەبەشلىكلەر مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. [12] ئاسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان خەلق ئۇلارنى گەرارغىچە قوغلىدى. ھەبەشلىكلەر ئۇنداق ئۇرۇلدىكى، ئۇلارنىڭ جېنى قالمىدى. چۈنكى ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئاسانىڭ ئادەملىرى ئۇلاردىن تولا ئولجا ئېلىپ، [13] ھەم گەرارنىڭ چۆرىسىدىكى ھەممە شەھەرلەرنى

مەغلۇپ قىلدى، چۈنكى خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن بۇلارنىڭ ئۈستىگە قورقۇنچى چۈشكەنىدى.
بۇلاردا تولا مال بولغاچ ئۇلار ھەممە شەھەرلەرنى تالاپ، [14] مالنىڭ قوتانلىرىنى بۇزۇپ، تولا قوي
بىلەن تۆگىلەر ئېلىپ كېتىپ، يېرۇسالېمغا ياندى.

## ئاسا بۇتپەرەسلىككە قارشى چىقىدۇ

15 [1] ئەمما خۇداۋەندىنىڭ روھى ئوبەدنىڭ ئوغلى ئازارىيانىڭ ئۈستىگە كەلدى. [2] ئۇ ئۆزى
ئاسانىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەي ئاسا، ئەي يەھۇدا بىلەن بەنيامىننىڭ
ھەممىسى، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار. سىلەر خۇداۋەندە بىلەن بولساڭلار، ئۇ سىلەر بىلەن بولىدۇ.
ئۇنى ئىزدىسەڭلار، ئۇ سىلەرگە تېپىلىدۇ. لېكىن ئۇنى تاشلىساڭلار، ئۇ سىلەرنى تاشلايدۇ.
[3] ئەمدى ئىسرائىل ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ھەق خۇدادىن مەھرۇم قېلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىم
بېرىدىغان كاھىنلىرى بولمىغاچ قانۇنسىز قالغاندۇر. [4] لېكىن ئۇلار ئۆز تەڭلىكىدە ئىسرائىلنىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىگە يېنىپ، ئۇنى ئىزدىگىنىدە ئۇ ئۇلارغا تېپىلدى. [5] ئۇ ۋاقىتلاردا
چىقىپ كىرگەنلەرگە ھېچ ئارام تېپىلماي، بەلكى بۇ يۇرتلاردا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە چوڭ
پاراكەندىچىلىك بار ئىدى. [6] مىللەت مىللەتنى يوقىتىپ، شەھەر شەھەرنى خاراب قىلاتتى. چۈنكى
خۇدا ئۇلارنى ھەر خىل تەڭلىك بىلەن پەرىشان قىلاتتى. [7] لېكىن سىلەر بولساڭلار چىڭ تۇرۇپ،
قوللىرىڭلار ئاجىز بولمىسۇن، چۈنكى ئەجرىڭلار ياندۇرۇلىدۇ» دېدى. [8] ئاسا بۇ سۆز بىلەن ئوبەد
پەيغەمبەرنىڭ ۋەھىيسىنى ئاڭلىغاندا جۈرئەتلىك بولۇپ، يەھۇدا بىلەن بەنيامىننىڭ ھەممە
يۇرتلىرىدىن ۋە ئەفرائىمنىڭ تاغلىرىدا ئالغان شەھەرلەردىن يىرگىنچلىك بۇتلىرىنى چىقىرىپ،
خۇداۋەندىنىڭ بەيت ئايۋانىنىڭ ئالدىدىكى قۇربانگاھنى يېڭىدىن ياسىدى. [9] ئاندىن يەھۇدا
بىلەن بەنيامىننىڭ ھەممىسىنى يىغدۇرۇپ، ئەفرائىم، ماناسسە ۋە شىموننىڭ قەبىلىسىدىن
كېلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان بىگانىلەرنىمۇ جەم قىلدى، چۈنكى ئىسرائىلدىن تولا خەلق
ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈۋالغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۇنىڭ بىلەن بولغىنىنى كۆرۈپ،
[10] ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون بەشىنچى يىلى ئۈچىنچى ئايىدا يېرۇسالېمغا كېلىپ، جەم بولۇپ،
[11] شۇ كۈندە ئېلىپ كەلگەن ئولجىدىن يەتتە يۈز بۇقا بىلەن يەتتە مىڭ قوينى قۇربانلىق قىلىپ:
[12] «ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنى ھەممە كۆڭلىمىز ۋە ھەممە جېنىمىز بىلەن
ئىزدەيلى» دەپ ئەھدە قىلىشتى. [13] شۇنداق توختىتىلدۇكى، بىركىم ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندىنى ئىزدىمىسە، خاھى كىچىك، خاھى چوڭ، خاھى ئەر، خاھى خوتۇن بولسۇن
ئۆلتۈرۈلسۇن دەپ، [14] ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن خۇداۋەندىگە قەسەم قىلىپ، خۇشلۇق بىلەن سۇناي
ۋە كاناي چالاتتى. [15] يەھۇدانىڭ ھەممىسى قەسەم ئۈچۈن خۇش ئىدى، چۈنكى پۈتۈن كۆڭلى
بىلەن قەسەم قىلىشتى. ئۇلار ھەممە خاھىشى بىلەن خۇداۋەندىنى ئىزدىگىنى ئۈچۈن ئۇ
ئۇلارغا تېپىلىپ، ھەر تەرىپىدىن ئۇلارغا ئارام بەردى. [16] ئاسا پادىشاھ ئۆز ئانىسى مائاكانى

ئۇنىڭ ئاشەرا بۇتىغا بىر سۈرەت ياسىغىنى ئۈچۈن مەلىكە مەرتىۋىسىدىن چۈشۈردى. ئاسا
ئۇ بۇتسۈرىتىنى چېقىپ، قىدرون جىلغىسىدا كۆيدۈردى. 17 لېكىن قۇربانلىق ئېگىزلىكلەر
ئىسرائىلدىن چىقىرىلمىدى. ئەمما ئاسانىڭ كۆڭلى پۈتۈن ئۆمرىدە خۇداۋەندىگە مايىل ئىدى.
18 ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىگە مۇقەددەس قىلغان نەرسىلەرنى، يەنى كۈمۈش بىلەن
ئالتۇننى ۋە قاچىلارنى خۇدانىڭ بېيتىگە كەلتۈرۈپ قويدى. 19 ئەمما ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ
ئوتتۇز بەشىنچى يىلىغىچە ھېچ جەڭ بولمىدى.

## ئاسا ئاررام بىلەن ئەھدە تۈزۈيدۇ

16 1 ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز ئالتىنچى يىلىدا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى باشا
يەھۇداغا قارشى چىقىپ، يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاسانىڭكىگە ھېچكىم كىرىپ
چىقمىسۇن دەپ، رامانى مەھكەم قىلىپ ياسىدى. 2 ئۇ ۋاقىت ئاسا خۇداۋەندىنىڭ بېيتىنىڭ
خەزىنىسى بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن كۈمۈش بىلەن ئالتۇن ئېلىپ، دەمەشقتە
ئولتۇراقلىق ئاررام پادىشاھى بەنھادادقا ئەۋەتىپ، ئېيتقۇزدىكى: 3 «مېنىڭ ئاتام بىلەن سېنىڭ
ئاتاڭ ئارىسىدا بولغاندەك مەن بىلەن سېنىڭ ئوتتۇراڭدا بىر ئەھدە باردۇر. مانا ساڭا ئالتۇن
بىلەن كۈمۈش ئەۋەتتىم. ئەمدى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى باشا بىلەن بار ئەھدەڭنى سۇندۇرغىن.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى قويۇپ كەتسۇن. 4 بەنھاداد ئاسانىڭ سۆزىگە ئۇناپ، ئۆز قوشۇنىنىڭ
سەردارلىرىنى ئىسرائىلنىڭ شەھەرلىرىگە قارشى ئەۋەتىپ، ئىيون، دان، ئابەل-مايىم ۋە
نافتالى شەھەرلىرىنىڭ ھەممە خەزىنىلىرىنى خاراب قىلىپ بۇزدى. 5 باشا بۇنى ئاڭلاپ، رامانى
مەھكەم قىلىپ ياساشتىن قول يىغىپ ئىشنى توختاتتى. 6 لېكىن ئاسا پادىشاھ يەھۇدانىڭ
ھەممە ئادەملىرىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ بېرىپ، باشا ياساشقا ئىشلىتىپ تۇرغان تاش بىلەن
ياغاچلارنى رامادىن ئېلىپ كېتىپ، بۇنىڭ بىلەن گېبا ۋە مىسپاھنى مەھكەم قىلىپ ياسىدى.
7 ئۇ ۋاقىتتا روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچى خانانى يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاساغا كېلىپ، ئۇنىڭغا
ئېيتتىكى: «سەن ئۆز تەڭرىڭ خۇداۋەندىگە تايانماي، ئاررامنىڭ پادىشاھىغا تايانغىنىڭ
ئۈچۈن ئاررام پادىشاھىنىڭ قوشۇنى ئۆز قولۇڭدىن قۇتۇلدى. 8 ھەبەش بىلەن لىۋىيەلىكلەر
چوڭ بىر قوشۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناھايىتى تولا ھارۋا بىلەن ئاتلىقلىرى بولغان ئەمەسمۇ؟
سەن خۇداۋەندىگە تايانغىنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزى ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭغا بەردى. 9 چۈنكى
خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرى پۈتۈن يەر يۈزىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئۇنىڭغا مايىل
قىلغانلارغا ئۆزىنى قۇدرەتلىك كۆرسىتىدۇ. سەن بۇ ئىشتا ئەخمەقلىق قىلدىڭ. ئۇنىڭ ئۈچۈن
مۇندىن كېيىن ھەمىشە جەڭ قىلىسەن» دېدى. 10 لېكىن ئاسا روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچىگە
ئاچچىقلاپ، ئۇنىڭ ئېيتقان بۇ سۆزى ئۈچۈن غەزەپلىنىپ، ئۇنى زىندانغا تاشلىدى. شۇ ۋاقىتتا
ھەم باشقا ئادەملەرگە زۇلۇم قىلاتتى.

11 ئاسانىڭ باشقا ئىشلىرى، خاھى ئۇنىڭ ئاۋۋالقىسى، خاھى ئۇنىڭ ئاخىرقىسى بولسا يەھۇدا
بىلەن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ كىتابىدا يېزىلغاندۇر. 12 لېكىن ئاسانىڭ سەلتەنىتىنىڭ
ئوتتۇز توققۇزىنچى يىلىدا ئۇنىڭ پۇتلىرىدا كېسەللىك پەيدا بولۇپ، بارغانسېرى ناھايىتى
ئېغىر بولدى. ئەمما ئۇ كېسەللىكى ئۈچۈن خۇداۋەندىدىن ياردەم ئىزدىمەي، تېۋىپلارغا باردى.
13 ئاسا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، سەلتەنىتىنىڭ قىرىق بىرىنچى يىلىدا
ۋاپات بولدى. 14 ئۇلار ئۇنى داۋۇدنىڭ شەھىرىدە ئۆزىگە ئويدۇرغان قەبرىدە دەپنە قىلىپ،
دوراكاش ھۈنىرى بىلەن تەييار قىلىنغان خىلمۇخىل ئەتىر ۋە خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەر بىلەن
تولۇقلۇق بىر ئورۇندا قويۇپ، ئۇنىڭغا چوڭ ئوت ياقتى.

## يەھوشافاتنىڭ مۇقىم سەلتەنىتى

17 1 ئەمما ئوغلى يەھوشافات ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولۇپ، ئۆز مەملىكىتىنى ئىسرائىلغا
قارشى مەھكەم قىلىپ، 2 يەھۇدانىڭ ھەممە مەھكەم شەھەرلىرىدە ئەسكەر قويۇپ،
يەھۇدانىڭ يۇرتىدا ۋە ئاتىسى ئاسا تارتىۋالغان ئەفرائىم شەھەرلىرىدە قاراۋۇللار توختىتىپ
قويدى. 3 ئەمما خۇداۋەندە يەھوشافات بىلەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز ئاتىسى داۋۇد ئىلگىرى
يۈرگەندەك يۈرۈپ، بائال بۇتلىرىغا مايىل بولماي، 4 بەلكى ئاتىسىنىڭ خۇدايىغا مايىل بولۇپ،
ئىسرائىلدەك قىلماي، خۇدانىڭ بۇيرۇقلىرىغا مۇۋاپىق يۈرەتتى. 5 ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە
پادىشاھلىقنى ئۇنىڭ قولىدا مۇقىم قىلدى. پۈتۈن يەھۇدا ئۆزى يەھوشافاتقا تارتۇق بېرەتتى.
شۇنداقكى، ئۇنىڭ دۆلەت بىلەن ئىززىتى تولا بولدى. 6 ئۇنىڭ غەيرىتى خۇداۋەندىنىڭ يوللىرىدا
چوڭ بولغاندا يەھۇدادىن قۇربانلىق ئېگىزلىكلەر بىلەن ئاشىرە بۇتلىرىنى چىقىرىۋەتتى.
7 ئۆز سەلتەنىتىنىڭ ئۈچىنچى يىلىدا بەنخايىل، ئوبادىيا، زەكارىيا، نەتانەل ۋە مىكايا دېگەن
مەنسەپدارلارنى يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىدە تەلىم بەرگىلى ئەۋەتىپ، 8 بىرنەچچە لاۋىيلارنى، يەنى
شەمايا، نەتانيا، زىبادىيا، ئاسائەل، شېمىراموت، يەھوناتان، ئادونىيا، توبىيا ۋە توب-ئادونىيا
دېگەن لاۋىيلارنى ئۇلارغا قوشۇپ ھەمراھ قىلدى. ئۇلار بىلەن ئەلىشاما ۋە يەھورام دېگەن
كاھىنلار بار ئىدى. 9 بۇلار خۇداۋەندىنىڭ قانۇن كىتابىنى ئالغاچ بېرىپ، يەھۇدانىڭ يۇرتىدا
تەلىم بېرىپ، يەھۇدانىڭ ھەممە شەھەرلىرىنى كېزىپ، خەلققە تەلىم بېرەتتى. 10 ئەمما
خۇداۋەندە تەرىپىدىن بىر قورقۇنچى يەھۇدا يۇرتىنىڭ چۆرىسىدىكى پادىشاھلىقلارغا چۈشتى.
شۇنداقكى، ئۇلار يەھوشافات بىلەن جەڭ قىلمايتتى. 11 فىلىستىنىيلەرنىڭ بەزىسى ھەم
يەھوشافاتقا باج-خىراج كەلتۈرۈپ، ئالۋان كۈمۈش بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈستىدە ئەرەبلەر ھەم
ئۇنىڭغا پادىلار كەلتۈرۈپ، يەتتە مىڭ يەتتە يۈز قوچقار بىلەن يەتتە مىڭ يەتتە يۈز تېكىنى
بەردى. 12 بۇنىڭ بىلەن يەھوشافات بارغانسېرى ناھايىتى قۇدرەتلىك بولۇپ، ئوردىلار بىنا
قىلىپ، يەھۇدا يۇرتىدا خەزىنە شەھەرلىرى ياسايتتى. 13 يەھۇدا شەھەرلىرىدە ئۇنىڭ چوڭ

ئامبارلىرى بولۇپ، يېرۇسالېمدا باتۇر جەڭ قىلغۇچىللىرى بار ئىدى. 14 بۇلارنىڭ تەرتىپى ئۆز
ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق بۇ ئىدىكى، يەھۇدا قەبىلىسىدىن بۇ چوڭ سەردارلار،
يەنى باش سەردار بولغان ئادنا بىلەن ئۇنىڭ تېگىدىكى ئۈچ يۈز مىڭ باتۇر ئادەم، 15 ئۇنىڭدىن
كېيىن سەردار يەھوخانان بىلەن ئۇنىڭ تېگىدىكى ئىككى يۈز سەكسەن مىڭ ئادەم 16 ۋە
ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز خاھىشى بىلەن خۇداۋەندىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن زىكرىنىڭ ئوغلى
ئاماسىيا بىلەن ئۇنىڭ تېگىدىكى ئىككى يۈز مىڭ باتۇر جەڭ قىلغۇچى بار ئىدى. 17 لېكىن
بەنيامىن قەبىلىسىدىن باتۇر جەڭ قىلغۇچى بولغان ئەلىيادا بىلەن ئۇنىڭ تېگىدىكى ئىككى
يۈز مىڭ بولۇپ، يا ۋە سىپار بىلەن قوراللانغان ئادەملەر، 18 ئۇنىڭدىن كېيىن يەھوزاباد بىلەن
ئۇنىڭ تېگىدىكى بىر يۈز سەكسەن مىڭ بولۇپ جەڭگە تەييار تۇرغان ئادەملەر بار ئىدى.
19 بۇلار پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە تەييار تۇراتتى. ئۇلاردىن باشقا پادىشاھ ئۆزى پۈتۈن يەھۇدانىڭ
مەھكەم شەھەرلىرىدە قويغان ئەسكەرلىرى بار ئىدى.

## يەھوشافات ئاخاب بىلەن بىرگە جەڭگە چىقىدۇ

18 1 يەھوشافات چوڭ دۆلەت بىلەن ئىززەت تاپقاندىن كېيىن ئاخاب بىلەن قۇدا بولدى.
2 بىرنەچچە يىل ئۆتكەندە سامارىيەگە ئاخابنىڭ قېشىغا باردى. ئاخاب ئۇنىڭ ئۆزى
ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان خەلق ئۈچۈن تولا قوي بىلەن كالا سويدۇرۇپ، گىلئادتىكى راموتقا
بېرىشقا ئۇناتقىلى تىرىشتى. 3 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاخاب يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافاتقا
ئېيتتىكى: «مەن بىلەن گىلئادتىكى راموتقا بارامسەن؟ ئۇ جاۋاب بەردىكى: «مېنىڭ ئۆزۈم
سېنىڭ ئۆزۈڭدەك، مېنىڭ خەلقىم سېنىڭ خەلقىڭدەك بولىدۇ. سەن بىلەن جەڭگە چىقايلى»
دېدى.
4 ئەمما يەھوشافات ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىغا: «لېكىن ئاۋۋال خۇداۋەندىنىڭ ئىرادىسىنى
سورىغىن» دەپ ئېيتتى. 5 ئۇ ۋاقىت ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى تۆت يۈزچە پەيغەمبەرلەرنى
يىغدۇرۇپ، ئۇلاردىن سورىدىكى: «گىلئادتىكى راموتقا چىقىمەنمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟» ئۇلار
ئېيتتى: «چىققىن، خۇدا ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىغا بېرىدۇ» دېدى. 6 لېكىن يەھوشافات:
«خۇداۋەندىنىڭ بىز ئۇنىڭدىن سورايدىغان باشقا پەيغەمبىرى يوقمۇ؟» دەپ سورىدى.
7 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۆزى يەھوشافاتقا جاۋاب بېرىپ: «خۇداۋەندىنىڭ ئىرادىسىنى
سورىغىلى يەنە بىر ئادەم، يەنى يىملانىڭ ئوغلى مىكا باردۇر. لېكىن ماڭا ياخشى بىر نەرسە
ئەمەس، بەلكى يامان نەرسىنى پەيغەمبەرلىك قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنى يامان كۆرىمەن» دېدى.
يەھوشافات ئۆزى: «پادىشاھ ئۇنداق دېمىسۇن» دەپ ئېيتتى. 8 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىر
مەھرەمنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا: «ئالدىراپ يىملانىڭ ئوغلى مىكانى ئېلىپ كەلگىن» دەپ
بۇيرۇدى. 9 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافاتنىڭ ھەربىرى

شاھانە ئېگىنلىرىنى كىيىپ، سامارىيەنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىر ئوچۇق يەردە ئۆز
تەختلىرىدە ئولتۇردى. بۇلارنىڭ ئالدىدا ھەممە پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەرلىك قىلىپ تۇردى.
[10] كېنائانانىڭ ئوغلى زىدقىيا تۆمۈردىن مۈڭگۈزلەر ئېتىپ: «‹ بۇلار بىلەن ئارراميلارنى
ئۈسۈپ يوقاتقۇچە ئۇرىسەن› دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ» دېدى. [11] ھەممە پەيغەمبەرلەر شۇنىڭغا
ئوخشاش پەيغەمبەرلىك قىلىپ: «گىلىيادتىكى راموتقا چىقىپ، راۋاجلىق بولغىن. خۇداۋەندە
ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىغا بېرىدۇ» دەپ ئېيتىشتى.
[12] مىكانى قىچقارغىلى بارغان خەۋەرچى ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ ئېيتتى: «مانا ھەممە پەيغەمبەرلەر
بىر ئېغىز بىلەن پادىشاھقا ياخشى خەۋەر بەردى. ئەمدى سېنىڭ سۆزۈڭنى ئۇلارنىڭكى بىلەن
بىر قىلىپ، ياخشى خەۋەر بەرگىن» دېدى. [13] ئەمما مىكا: «تىرىك خۇداۋەندە بىلەن قەسەم
قىلىمەنكى، خۇدايىم ماڭا نېمە ئېيتسا، شۇنى ئېيتاي» دېدى. [14] ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا
كەلگەندە، پادىشاھ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەي مىكا، جەڭ قىلغىلى گىلىيادتىكى راموتقا چىقىمىزمۇ
ياكى ئەمەسمۇ؟» ئۇ جاۋاب بېرىپ: «سەن چىقىپ، راۋاجلىق بولغىن. ئۇلار سىلەرنىڭ
قولۇڭلارغا تاپشۇرۇلىدۇ» دېدى. [15] ئەمما پادىشاھ ئۇنىڭغا ئېيتتى: «قانچە مەرتىۋە ساڭا: ‹
خۇداۋەندىنىڭ نامىدا راستلىقتىن باشقا بىر نېمىنى ماڭا ئېيتمىغىن› دەپ يالۋۇرمىدىممۇ؟»
[16] ئۇ ئېيتتى: «مەن ھەممە ئىسرائىلنى تاغلاردا پادىچىسى بولمىغان قويلاردەك پاراكەندە
كۆردۈم. خۇداۋەندە ئېيتتى: ‹ بۇلارنىڭ ئىگىسى يوقتۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئامان-ئېسەن ئۆز
ئۆيىگە يانسۇن› دېدى» دەپ ئېيتتى. [17] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوشافاتقا ئېيتتى: «بۇنىڭ
ماڭا ياخشىلىقنى ئەمەس، بەلكى يامانلىقنى پەيغەمبەرلىك قىلغىنىنى ساڭا ئېيتمىدىممۇ؟»
[18] مىكا يەنە ئېيتتى: «لېكىن خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىن. كۆرسەم، خۇداۋەندە ئۆز تەختىدە
ئولتۇرۇپ، ئاسماننىڭ پۈتۈن قوشۇنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئوڭ بىلەن چەپ يېنىدا تۇرىدۇ. [19] خۇداۋەندە
ئېيتتى: ‹ ئاندا يىقىلسۇن دەپ، ئاخابنى گىلىيادتىكى راموتقا چىققىلى كىم گوللىغاي› دەپ
ئېيتقاندا، بىرى ئۇنداق، يەنە بىرى مۇنداق ئېيتقىلى تۇردى. [20] ئۇ ۋاقىت بىر روھ كېلىپ،
خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ: ‹ مەن ئۇنى گوللاي› دەپ ئېيتتى. خۇداۋەندە سورىدىكى: ‹ قانداق
قىلىپ گوللايسەن؟› [21] ئۇ ئېيتتى: ‹ مەن چىقىپ، ھەممە پەيغەمبىرىنىڭ ئاغزىدا بىر يالغانچى
روھ بولىمەن›. ئۇ ئېيتتى: ‹ ئۇنى گوللاي دېسەڭ، گوللىيالايسەن. بېرىپ، ئۇنداق قىلغىن› دېدى.
[22] مانا ئەمدى خۇداۋەندە سېنىڭ ھەممە پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ ئاغزىغا بىر يالغانچى روھنى سالدى.
خۇداۋەندە ئۆزى سېنىڭ ئۈستۈڭگە بالا كەلتۈرۈشنى توختاتتى» دېدى.
[23] ئەمما كېنائانانىڭ ئوغلى زىدقىيا قوپۇپ، مىكانى بىر كاچات ئۇرۇپ، ئېيتتى: «خۇداۋەندىنىڭ
روھى ساڭا سۆز قىلغىلى قايسى يول بىلەن مەندىن كەتتى؟» [24] مىكا جاۋاب بەردىكى:
«ئۆزۈڭنى يوشۇرماق ئۈچۈن خانىدىن خانىغا يۈگۈرىدىغان كۈنۈڭدە شۇنى كۆرىسەن» دېدى.
[25] لېكىن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئېيتتى: «مىكانى ئېلىپ، شەھەرنىڭ سەردارى ئامون ۋە
شاھزادە يوئاشنىڭ قېشىغا ياندۇرۇپ ئېلىپ بېرىپ، [26] ئېيتقىنكى: ‹ «ئۇنى زىندانغا سولاپ،
مەن تىنچ-ئامان يېنىپ كەلگۈچە تەڭلىك نېنى بىلەن تەڭلىك سۈيىنى ئۇنىڭغا بېرىپ

تۇرۇڭلار» دەپ پادىشاھ ئېيتىدۇ› دېگىن» دېدى. 27 مىكا ئېيتتى: «ئەگەر سەن تىنچ-ئامان
يېنىپ كەلسەڭ، خۇداۋەندە مېنىڭ ۋاستەم بىلەن سۆز قىلمىغان بولىدۇ» دەپ ئېيتىپ: «ئەي
خەلق، سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار ئاڭلىغىن» دەپ ئېيتتى.
28 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافات گىلېيادتىكى راموتقا چىقتى.
29 ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۆزى يەھوشافاتقا ئېيتتى: «مەن سۇرىتىمنى يەڭگۈشلەپ، جەڭگە
چىقاي. لېكىن سەن ئۆز كىيىملىرىڭنى كىيىپ چىققىن» دېدى. ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
سۇرىتىنى يەڭگۈشلىگەندىن كېيىن ئۇلار جەڭگە چىقتى. 30 لېكىن ئارامنىڭ پادىشاھى جەڭ
هارۋىلىرىنىڭ ئۈستىدىكى سەردارلىرىغا: «ئىسرائىلنىڭ پادىشاھىدىن باشقا، خاھى كىچىك،
خاھى چوڭ بىلەن سوقۇش قىلماڭلار» دەپ بۇيرۇغانىدى. 31 جەڭ هارۋىلىرىنىڭ سەردارلىرى
يەھوشافاتنى كۆرگەندە: «ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى» دەپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغىلى قورشاپ
تۇردى. لېكىن يەھوشافات بىر پەرياد ئۇرغاندا خۇداۋەندە ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. خۇدا ئۇلارنى
ئۇنىڭدىن ھەيدىۋەتتى. 32 جەڭ هارۋىلىرىنىڭ سەردارلىرى ئۇنىڭ ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
بولمىغىنىنى كۆرگەندە ئۇنى قوغلىماي يېنىپ كەتتى.
33 ئەمما بىر ئادەم قارىغا بىر ئوقياسىنى ئېتىپ، ئىسرائىل پادىشاھىنىڭ ساۋۇتىنىڭ ئۇلىقىغا
تەگدى. پادىشاھ ئۆز هارۋا ھەيدىگۈچىسىگە: «هارۋىنى ياندۇرۇپ، مېنى ئەسكەر ئارىسىدىن
چىقارغىن. مەن يارىدار بولدۇم» دېدى. 34 ئۇ كۈن سوقۇش بارغانسېرى قاتتىقراق بولۇپ
تۇردى. ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئۆز هارۋىسىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئاراميلارغا يۈزلىنىپ، كۈن
پاتقان ۋاقىتتا ئۆلۈپ كەتتى.

## يەھوشافاتنىڭ ئەيىبلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ساداقەتلىكى

19 1 لېكىن يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافات يېرۇسالېمدىكى ئۆيىگە تىنچ-ئامان
يېنىپ كەتتى. 2 ئۇ ۋاقىت روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچى يېھۇ بەن-خانانى يەھوشافات
پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «يامان ئادەمگە ياردەم بېرىپ، خۇداۋەندىنى
يامان كۆرگۈچىلەرنى ياخشى كۆرەمسەن؟ بۇ ئىش ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن سېنىڭ
ئۈستۈڭگە غەزەپ چۈشتى. 3 لېكىن سەندە ياخشى ئىش ھەم تېپىلدى، چۈنكى ئاشىرە
بۇتلىرىنى يۇرتتىن چىقىرىپ، ئۆز كۆڭلۈڭنى خۇدانى ئىزدىگىلى مايىل قىلدىڭ» دېدى.
4 يەھوشافات يېرۇسالېمدا ئولتۇراتتى. كېيىن خەلقنىڭ ئارىسىغا يەنە چىقىپ، بەرشېبادىن
تارتىپ ئەفرائىم تاغلىرىغىچە سەپەر قىلىپ، ئۇلارنى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ
تەرىپىگە ياندۇرۇپ، 5 يۇرتتا ھاكىملار توختىتىپ قويۇپ، يەھۇدانىڭ مەھكەم شەھەرلىرىنىڭ
ھەربىرىدە تىكلىدى. 6 ئۇ بۇ ھاكىملارغا ئېيتتى: «ئاگاھ بولۇپ ئىشىڭلارغا قاراڭلار، چۈنكى
ئادەم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھۆكۈم قىلغىنىڭلاردا ھازىر نازىر خۇداۋەندە ئۈچۈن ھۆكۈم

قىلىسىلەر. [7] خۇداۋەندىنىڭ قورقۇنچىسى ئۈستۈڭلاردا بولسۇن. خەۋەردار بولۇپ ئىش قىلىڭلار. چۈنكى تەڭرىمىز خۇداۋەندىدە يا ناھەقلىق، يا يۈز-خاتىرە، يا پارا يېيىش يوقتۇر» دېدى.
[8] يەھوشافات يېرۇسالېمدا ھەم لاۋىيلاردىن بەزىلىرى بىلەن كاھىنلارنى ۋە ئىسرائىلنىڭ خانىدانلىرىنىڭ بىرنەچچە باشلىرىنى خۇداۋەندىنىڭ ھۆكۈمىنى سۈرۈپ ئادالەت قىلغىلى تەيىنلىدى. ئۇلار يېرۇسالېمغا يانغاندا، [9] ئۇ ئۇلارغا بۇيرۇپ ئېيتتى: «خۇداۋەندىدىن قورقۇپ، توغرا ۋە دۇرۇس كۆڭۈل بىلەن شۇ ئىشنى قىلىڭلار. [10] ھەرقاچان ئۆز شەھەرلىرىدە ئولتۇرغان بۇرادەرلىرىڭلاردىن بىر دەۋا سىلەرگە كەلتۈرۈلسە، خاھى خۇن تەلىپىنىڭ دەۋاسى بولسا، خاھى قانۇن بىلەن ئەمر توغرىسىدا، خاھى بەلگىلىمە بىلەن ئەھكام توغرىسىدا بولسا، ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولمىسۇن ۋە نەتىجىدە سىلەر بىلەن بۇرادەرلىرىڭلارنىڭ ئۈستىگە غەزەپ چۈشمىسۇن دەپ، ئۇلارغا نەسىھەت بەرگەيسىلەر. شۇنداق قىلساڭلار، گۇناھكار بولمايسىلەر. [11] مانا باش كاھىن بولغان ئامارىيا خۇداۋەندىنىڭ ھەر ئىشىدا ئۈستۈڭلاردا تۇرۇپ، يەھۇدانىڭ ئەمىرى زىبادىيا بەن-يىسمائەل پادىشاھنىڭ ھەر ئىشىدا مەنسەپدارىڭلار بولۇپ، لاۋىيلار سىلەرنىڭ قېشىڭلاردا خىزمەتكە تەييار تۇرسۇن. غەيرەتلىك بولۇپ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار. مانا خۇداۋەندە ياخشىلار بىلەن بولىدۇ» دېدى.

## يەھوشافات موئاب ۋە ئاممون مەغلۇب قىلىدۇ

20 [1] ئاندىن كېيىن بەنى-موئاب بىلەن بەنى-ئاممون قوپۇپ، ئۆزى بىلەن بىللە باشقا ئاممونىيلارنى ئېلىپ، يەھوشافات بىلەن جەڭ قىلغىلى چىقتى. [2] كىشىلەر كېلىپ، يەھوشافاتقا خەۋەر بېرىپ ئېيتتى: «دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپى بىلەن ئاررامدىن چوڭ بىر قوشۇن ساڭا قارشى كېلىپ، ئەمدى خازازون-تامارغا، يەنى ئەنگەدىگە يەتكەندۇر» دېدى.
[3] يەھوشافات قورقۇپ، خۇداۋەندىنى ئىزدىگىلى قوپۇپ، پۈتۈن يەھۇدا خەلقىگە بىر روزا بۇيرۇدى. [4] ئۇ ۋاقىت يەھۇدانىڭ خەلقى خۇداۋەندىدىن ياردەم تىلىگىلى يىغىلدى. دەرۋەقە يەھۇدانىڭ ھەممە شەھەرلىرىدىن ئۇلار خۇداۋەندىنى ئىزدىگىلى كەلدى. [5] يەھوشافات يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ جامائىتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە يېڭى ھويلىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ،

[6] ئېيتتى: «ئەي ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە، سەن ئاسماننىڭ خۇدايى بولۇپ، ھەممە تائىپىلەرنىڭ مەملىكەتلىرىنىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلغۇچى ئەمەسمۇسەن؟ سېنىڭ قولۇڭدا قۇۋۋەت بىلەن قۇدرەت باردۇر. ھېچكىم ساڭا زىت تۇرالمايدۇ. [7] ئەي خۇدايىمىز، سەن بۇ يۇرتتا ئولتۇرغانلارنى ئۆز قوۋمىڭ ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن چىقىرىپ، ئۆز دوستۇڭ

ئىبراھىمنىڭ نەسلىگە بۇ يۇرتنى ئەبەدكىچە بەردىڭ ئەمەسمۇ؟ [8] ئۇلار ئاندا ئولتۇرۇپ، شۇنىڭدا سېنىڭ ئىسمىڭغا بىر مۇقەددەس خاننى ياساپ، ئېيتتىكى:
[9] ‹ بىر يامانلىق ئۈستىمىزگە كېلىپ، قىلىچ، بالا، ۋابا ياكى ئاچارچىلىق بولسا، بىز بۇ بەيتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا ھازىر بولىمىز. سېنىڭ ئىسمىڭ بۇ بەيتتە بار ئەمەسمۇ؟ بىز تەڭلىكىمىزدە سېنى قىچقارساق، سەن ئاڭلاپ ياردەم بېرىسەن› دېدى. [10] مانا، ئەمدى بەنى-ئاممون بىلەن موئاب ۋە سېئىر تاغلىرىدىكى خەلق كەلدى. ئىسرائىل مىسىر يۇرتىدىن كەلگەندە سەن ئۇلارنى بۇلارنىڭ يۇرتلىرىدىن ئۆتكىلى قويمىدىڭ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ھالاك قىلماي قويۇپ كەتتى. [11] مانا، ئەمدى بۇلار بىزگە قانداق ياندۇرۇپ، سېنىڭ مۈلكۈڭ بولۇپ ئۆزۈڭ بىزگە مىراس قىلىپ بەرگەن يۇرتتىن بىزنى ھەيدىگىلى كەلدى. [12] ئەي خۇدايىمىز، ئۇلارنى ھۆكۈم قىلمايسەنمۇ؟ بىزگە قارشى كەلگەن بۇ چوڭ قوشۇنغا كۈچىمىز ھېچ يەتمەيدۇ. نېمە قىلىشىمىزنى ھەم بىلمەيمىز، لېكىن كۆزلىرىمىز ساڭا تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ» دېدى.

[13] يەھۇدانىڭ ھەممىسى ئۆز ئۈششاق باللىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئوغۇللىرى بىلەن خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا تۇردى.
[14] ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندىنىڭ روھى جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسافنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولغان بىر ئىبن-لاۋىيغا، يەنى ياخازىيەل بەن-زەكاريا بەن-بەنايا بەن-يەئىيەل بەن-ماتتانىياغا كەلدى.
[15] ئۇ ئېيتتىكى: «ئەي يەھۇدانىڭ ھەممىسى بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى ۋە سەن ئەي پادىشاھ يەھوشافات، ئاڭلاڭلار. خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ بۇ چوڭ قوشۇندىن ھېچ قورقۇپ تىترىمەڭلار، چۈنكى جەڭ سىلەرنىڭكى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭكىدۇر. [16] ئەتە ئۇلارغا قارشى چىقىڭلار. مانا ئۇلار زىز ئېگىزلىكىگە چىقىدۇ. سىلەر ئۇلارنى يەرۇئەل چۆلىنىڭ ئالدىدىكى ۋادىنىڭ ئاغزىدا تاپىسىلەر. [17] لېكىن سىلەرگە سوقۇشقىلى لازىم كەلمەيدۇ. ئورۇندا پۇت تىرەپ تۇرۇپ، خۇداۋەندە سىلەرگە بېرىدىغان نىجاتقا قاراڭلار. ئەي يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېم، ھېچ قورقۇپ تىترىمەڭلار. ئەتە ئۇلارغا قارشى چىقىڭلار. مانا خۇداۋەندە سىلەر بىلەن بولىدۇ» دېدى. [18] ئۇ ۋاقىت يەھوشافات پېشانىسى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ، يەھۇدانىڭ ھەممىسى بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ، خۇداۋەندىگە سەجدە قىلدى. [19] بەنى-قېھات بىلەن بەنى-قوراھتىن بولغان لاۋىيلار قوپۇپ، تولا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا ئېيتتى.

[20] ئەتىسى سەھەر ئۇلار تەقوئا چۆلىگە چىقتى. چىققىنىدا يەھوشافات قوپۇپ ئېيتتى: «ئەي يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار. تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە ئىمان كەلتۈرسەڭلار، تىنچ-ئامان بولىسىلەر. پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنسەڭلار، راۋاجلىق بولىسىلەر.» [21] شۇنى ئېيتىپ، خەلق بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، خۇداۋەندىنىڭ ھەمدىگە شېئىر ئوقۇغۇچىلار توختىتىپ قويدى. بۇلار مۇقەددەس تونىنى كىيىپ، قوشۇننىڭ ئالدىدا

مېڭىپ: «خۇداۋەندىگە شۈكۈر ئېيتىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ مەرھەمىتى ئەبەدكىچە قالىدۇ» دەپ ھەمدۇسانا ئېيتىش كېرەك ئىدى. [22] ئۇلار شېئىر ئوقۇپ، مەدھىيە ئېيتقىلى باشلىغىنىدا خۇداۋەندە يەھۇداغا قارشى كەلگەن بەنى-ئاممون بىلەن موئاب ۋە سېئىر تاغلىرىنىڭ خەلقىنىڭ كەينىگە بىر ھۇجۇم قوزغاتتى. شۇنداقكى، ئۇلار مەغلۇپ قىلىندى.

[23] بەنى-ئاممون بىلەن موئاب بولسا سېئىر تاغلىرىنىڭ خەلقىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىپ يوقاتتى. سېئىرنىڭ خەلقىنى يوقاتقاندىن كېيىن بىر-بىرىنى ھالاك قىلىشقىلى تۇردى.

[24] يەھۇدانىڭ ئادەملىرى چۆلدىكى قاراۋۇلچى ئېگىزلىكىگە چىقىپ، دۈشمەن قوشۇنىغا قارىسا، مانا بۇلار يەردە ئۆلۈك ياتىدۇ! ھېچبىرى قۇتۇلغان ئەمەس. [25] يەھوشافات ئۆز خەلقى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ماللىرىنى تالىغىلى كەلگەندە ئاندا تولا دۆلەت، ئۆلۈك بەدەن ۋە قىممەت باھا نەرسىلەر تېپىپ، بۇنىڭدىن كۆتۈرەلمىگۈدەك تولا نەرسىلەر يىغىۋالدى. مال ئۇنداق نۇرغۇن ئىدىكى، ئۈچ كۈنگىچە تالاپ تۇردى.

[26] لېكىن تۆتىنچى كۈنىدە ئۇلار بەراكا جىلغىسىدا يىغىلىپ: «خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن» دەپ شۈكۈر ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جىلغى بۈ كۈنگىچە بەراكا جىلغىسى دەپ ئاتىلىدۇ. [27] ئاندىن كېيىن يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئادەملىرى يەھوشافاتقا ئەگىشىپ، يېرۇسالېمغا خۇشلۇق بىلەن ياندى، چۈنكى خۇداۋەندە ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ ئۈستىدە خۇش قىلغانىدى. [28] ئۇلار يېرۇسالېمغا كىرىپ، ساتار چاڭ ۋە كاناي چېلىپ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە باردى. [29] ئەمما ھەممە يۇرتلارنىڭ پادىشاھلىرى خۇداۋەندە ئۆزى ئىسرائىلنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلغىنىنى ئاڭلىغاندا خۇدا تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر قورقۇنچى چۈشتى. [30] خۇدا يەھوشافاتقا ھەر تەرىپىدىن تىنچلىق بەرگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەملىكىتى ئارام تاپتى.

## يەھوشافاتنىڭ ئاخىرقى ئىشلىرى

[31] يەھوشافات بولسا بۇ تەرىقىدە يەھۇدانىڭ ئۈستىدە سەلتەنەت قىلىپ تۇردى. پادىشاھ بولغاندا ئوتتۇز بەش ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا يىگىرمە بەش يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى شىلخىنىڭ قىزى بولۇپ، ئازۇبا دەپ ئاتالدى. [32] يەھوشافات ئۆز ئاتىسى ئاسانىڭ يوللىرىدا يۈرۈپ، ئۇلاردىن چىقماي، خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە توغرا بولغىنىنى قىلاتتى. [33] لېكىن قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرى يوقىتىلمىدى، چۈنكى خەلق تېخى ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسىنىڭ تەرىپىگە مايىل قىلمىغانىدى. [34] يەھوشافاتنىڭ باشقا ئىشلىرى، خاھى ئۇنىڭ ئاۋۋالقىسى، خاھى ئۇنىڭ ئاخىرقىسى بولسا ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ كىتابىدا زىكىر قىلىنغان خانانىنىڭ ئوغلى يېھۇنىڭ كىتابىدا يېزىلغاندۇر.

[35] ئاندىن كېيىن يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوشافات ئەمەللىرى يامان بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بولغان ئاخازىيا بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، [36] تارشىشقا بارىدىغان كېمىلەر ياسىماق

ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن شېرىكچىلىك قىلدى. بۇ كېمىلەرنى ئەسيون-گېبەردە ياسايتتى. [37] ئۇ
ۋاقىت مارەشالىق دوداۋاھۇنىڭ ئوغلى ئېلىيەزەر يەھوشافاتقا قارشى پەيغەمبەرلىك قىلىپ:
«سەن ئاخازىيا بىلەن ئىتتىپاقلاشقىنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندە ئىشىڭنى سۇندۇرىدۇ» دەپ ئېيتتى.
ئېيتقىنىدەك كېمىلەر ئۆزى پارە قىلىنىپ، تارشىشقا بارالمىدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھورامنىڭ بۇتپەرەسلىكى

21
[1] يەھوشافات ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، داۋۇدنىڭ شەھىرىدە
ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى يەھورام ئۇنىڭ ئورنىدا
پادىشاھ بولدى. [2] ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى ئازارىيا، يەخىيەل، زەكارىيا، ئازارىياھۇ، مىكائەل ۋە
شېفاتىيا دەپ ئاتىلىپ، يەھوشافاتنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھى يەھوشافاتنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. [3] ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئۇلارغا تولا سوۋغات، يەنى
كۈمۈش، ئالتۇن، قىممەت نەرسىلەر ۋە يەھۇدا يۇرتىدا مەھكەم شەھەرلەر بەردى. لېكىن يەھورام
تۇنجىسى بولغىنى ئۈچۈن ئۇ پادىشاھلىقنى ئۇنىڭغا بەردى.
[4] يەھورام ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ قۇدرەت تاپقاندا ھەممە بۇرادەرلىرىنى
قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئىسرائىلنىڭ بىرنەچچە ئەمىرلىرىنى ھەم ئۆلتۈردى. [5] يەھورام پادىشاھ
بولغاندا ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا سەككىز يىل سەلتەنەت قىلدى. [6] ئاخابنىڭ
خانىدانى قىلغىنىدەك ئۇ ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ يولىدا يۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە
يامان بولغىنىنى قىلاتتى، چۈنكى ئاخابنىڭ قىزى ئۇنىڭ خوتۇنى ئىدى. [7] لېكىن خۇداۋەندە
داۋۇدقا: «سەن بىلەن ئوغۇللىرىڭغا ئەبەدكىچە ئۆچمەيدىغان بىر چىراغ بېرەي» دېگەن
ۋەدىسىگە مۇۋاپىق بەندىسى داۋۇدنى خاتىرە قىلىپ، يەھۇدانى خاراب قىلغىلى خالىمىدى.
[8] ئۇنىڭ كۈنلىرىدە ئېدوم يەھۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۆزىگە بىر پادىشاھ
تىكلىدى. [9] ئۇ ۋاقىت يەھورام ئۆز ئەمىرلىرىنى ۋە ھەممە جەڭ ھارۋىلىرىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ
چىقىپ، كېچىدە قوپۇپ، ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان ئېدومىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھارۋىلارنىڭ
سەردارلىرىنى ئۇرۇپ مەغلۇپ قىلدى. [10] لېكىن ئېدوم يەھۇدانىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، بۇ
كۈنگىچە ئايرىلغاندۇر. ئۇ ۋاقىت لىبنا ھەم ئاسىي بولۇپ ئۆز ئىتائىتىدىن چىقتى، چۈنكى
يەھورام ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنى تاشلىغانىدى.
[11] ئۇ ھەم يەھۇدا تاغلىرىدا قۇربانلىق ئېگىزلىكلەر ياساپ، يېرۇسالېمنىڭ خەلقىنى
بۇتپەرەسلىككە باشلاپ، يەھۇدانى ئازدۇردى. [12] لېكىن ئېلىيا پەيغەمبەردىن ئۇنىڭغا بىر خەت
كەلدى. شۇنىڭدا ئۇنداق پۈتۈلگەن ئىدىكى: «ئاتاڭ داۋۇدنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە مۇنداق
ئېيتىدۇكى: ‹ مانا سەن ئاتاڭ يەھوشافات بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاسانىڭ يوللىرىدا
يۈرمەي، [13] بەلكى ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ يولىدا يۈرۈپ، ئاخابنىڭ خانىدانى خەلقىنى زىناغا

باشلىغاندەك سەن يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئۇلتۇرغۇچىلىرىنى زىناغا باشلاپ، سەندىن ياخشىراق بولۇپ ئاتاڭنىڭ ئۆيىدە تۇرغان بۇرادەرلىرىڭنى ئۆلتۈردۇڭ. [14] مانا خۇداۋەندە ئۆز خەلقىڭنى، بالىلىرىڭنى خوتۇنلىرىڭ ۋە ھەممە مېلىڭنى چوڭ بالا بىلەن ئۇرىدۇ. [15] سەن ئۆزۈڭ قاتتىق كېسەل بولۇپ، ئۈچەيلىرىڭ كېسەللىكتىن تۇتۇلۇپ، بارغانسېرى ئۈچەيلىرىڭ كېسەللىكتىن چۈشۈپ كېتىدۇ›› دېدى.

[16] ئەمما خۇداۋەندە فىلىستىنىيلەرنىڭ ۋە ھەبەشلىكلەرگە يېقىن بولغان ئەرەبلەرنىڭ روھىنى يەھورامغا قارشى قوزغاتتى. [17] ئۇلار يەھۇداغا چىقىپ، يۇرتقا كىرىپ، پادىشاھنىڭ ئۆيىدىكى پۈتۈن بارلىقىنى ئېلىپ، ئوغۇللىرى بىلەن خوتۇنلىرىنى ئەسىر قىلىپ، كىچىك ئوغلى يەھوئاخازدىن باشقا ھېچبىرىنى قويماي، ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى. [18] شۇ ھەممە ۋەقەلەردىن كېيىن خۇداۋەندە ئۇنىڭ ئۈچەيلىرىنى ساقىيالمايدىغان كېسەللىك بىلەن ئۇردى. [19] بارغانسېرى ئىككى يىل ئۆتكەندە ئۈچەيلىرى كېسەللىكتىن چۈشۈپ، ئۆزى تولا دەرد تارتىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئەمما خەلقى ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا قىلغاندەك ئۇنىڭ ئىززىتى ئۈچۈن ھېچ خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرمىدى. [20] ئۇ پادىشاھ بولغاندا ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا سەككىز يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىپ، ھېچ كىشى ئىچ ئاغرىتماي پادىشاھلارنىڭ قەبرىلىرىدىمۇ جاي تاپماي، داۋۇدنىڭ شەھىرىدە دەپنە قىلىندى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاھازىيا يېھۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدۇ

22 [1] يېرۇسالېمنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى ئۇنىڭ ئورنىدا كىچىك ئوغلى ئاخازىيانى پادىشاھ قىلدى. چۈنكى چوڭ ئوغۇللىرى بولسا ئۇلارنى ئەرەبلەر بىلەن بىللە چېدىرگاھقا كەلگەن بۇلاڭچى گورۇھى ئۆلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن يەھورامنىڭ ئوغلى ئاخازىيا يەھۇدانىڭ پادىشاھى بولدى. [2] ئاخازىيا پادىشاھ بولغاندا قىرىق ئىككى ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا بىر يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئومرىنىڭ قىزى بولۇپ، ئاتاليا دەپ ئاتالدى. [3] ئاخازىيا بولسا ئاخابنىڭ خاندانىنىڭ يوللىرىدا يۈرەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى يامانلىق قىلىشىدا ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى. [4] ئۇ ئۆزى ئاخابنىڭ خاندانى قىلغاندەك خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە يامان بولغىنىنى قىلاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن بۇلار ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى بولۇپ، ئۆزى خاراب قىلىنىشىغا سەۋەب بولدى.

[5] ئۇ بۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە ئۇناپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاخابنىڭ ئوغلى يەھورامغا ھەمراھ بولۇپ، گىلىيادتىكى راموتقا چىقىپ، ئارامنىڭ پادىشاھى خازائەل بىلەن سوقۇشتى. لېكىن ئاراميلار يەھورامنى زەخىملەندۈردى. [6] بۇ سەۋەبتىن ئۇ يېنىپ، رامادا ئارامنىڭ پادىشاھى خازائەل بىلەن سوقۇشقىنىدا يېگەن زەخىملىرىدىن ساقايماق ئۈچۈن يىزرەئەلگە باردى. ئاخابنىڭ ئوغلى يەھورام كېسەل بولغاچ يەھۇدانىڭ پادىشاھى بولغان يەھورامنىڭ

ئوغلى ئازارىيا ئۇنى يوقلىغىلى يىزرەئەلگە باردى. [7] لېكىن ئاخازىيانىڭ ھالاك قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ يەھورامنىڭ قېشىغا بارىدىغىنى خۇدا تەرىپىدىن تەقدىر قىلىنغانىدى. چۈنكى ئۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ يەھورام بىلەن ھەمراھ بولۇپ، خۇداۋەندە ئاخابنىڭ ئۆيىنى يوقاتماق ئۈچۈن مەسىھلەپ نىمشىنىڭ ئوغلى بولغان يېھۇنىڭ ئالدىغا بارغىنىدا، [8] يېھۇ ئاخابنىڭ خانىدانىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈمنى بەجا كەلتۈرگىلى كېلىپ، ئاخازىياغا خىزمەت قىلغان يەھۇدانىڭ ئەمىرلىرى بىلەن ئاخازىيانىڭ بۇرادىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى تېپىپ ئۆلتۈردى. [9] ئاندىن كېيىن ئۇ ئاخازىيانى ئىزدىدى. ئۇلار ئۇنى سامارىيەدە يوشۇرۇلغان يېرىدە تېپىپ، ئۇنى يېھۇنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپ ئۆلتۈردى. لېكىن ئۇلار ئۇنى دەپنە قىلىپ: «خۇداۋەندىنى پۈتۈن كۆڭلى بىلەن ئىزدىگەن يەھوشافاتنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟» دەپ ئېيتتى. ئاندىن ئاخازىيانىڭ خانىدانىدىن پادىشاھلىقنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ھېچ كىم يوق ئىدى.

## ئاخازىيانىڭ ئوغلى يوئاش ئاتاليا ئۇنى ئۆلتۈرمىسۇن دەپ يوشۇرۇپ قويۇلىدۇ

[10] ئاخازىيانىڭ ئانىسى ئاتاليا ئۆز ئوغلىنىڭ ئۆلگىنىنى بىلگەندە قوپۇپ، يەھۇدا خانىدانىدىكى ھەممە شاھزادىلەرنى ئۆلتۈردى. [11] پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى ئۆلتۈرۈلگىنىدە يەھورام پادىشاھنىڭ قىزى يەھوشابات ئاخازىيانىڭ ئوغلى يوئاش بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆلتۈرۈلمىسۇن دەپ، ئۇنى ياتماق ئۆيىدە مۆكتۈرۈپ قويدى. يەھورام پادىشاھنىڭ قىزى، يەنى ئاخازىيانىڭ ھەمشىرىسى بولۇپ، يەھويادا كاھىننىڭ خوتۇنى بولغان يەھوشابات، ئاتاليا يوئاشنى ئۆلتۈرمىسۇن دەپ، ئۇنى ئاندا يوشۇرۇپ قويدى. [12] ئاندىن كېيىن ئۇ خۇدانىڭ بەيتىدە ئۇلارنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، ئاندا ئالتە يىلغىچە ساقلاندى. ئەمما ئاتاليا يۇرتتا سەلتەنەت قىلاتتى.

## يوئاش يەھۇدانىڭ پادىشاھى بولىدۇ

23 [1] لېكىن يەتتىنچى يىلدا يەھويادا جۈرئەت قىلىپ، يەروخامنىڭ ئوغلى ئازارىيا، يەھوخانانىنىڭ ئوغلى يىسمائىل، ئوبەدنىڭ ئوغلى ئازارىيا، ئادايانىڭ ئوغلى مائاسېيا ۋە زىكرىنىڭ ئوغلى ئەلىشافات دېگەن سەردارلار بىلەن ئەھدە قىلىشتى. [2] بۇلار يەھۇدانىڭ يۇرتىنى كېزىپ يۈرۈپ، يەھۇدا شەھەرلىرىدىن لاۋىيلار بىلەن ئىسرائىلنىڭ خانىدانلىرىنىڭ چوڭلىرىنى يىغدى. ئۇلار يېرۇسالېمغا كەلگەندە، [3] خۇدانىڭ بەيتىنىڭ ھەممە جامائىتى پادىشاھ بىلەن ئەھدە قىلىشتى. يەھويادا ئۇلارغا ئېيتتى: «مانا خۇداۋەندە داۋۇدنىڭ ئوغۇللىرى توغرىسىدا سۆز قىلغاندەك پادىشاھنىڭ ئوغلى پادىشاھ بولسۇن. [4] مۇنداق قىلىڭلاركى، ئۈچ ھەسسەڭلارنىڭ بىرى، يەنى شابات كۈنىدە پاسىبانلىق قىلىدىغان كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار

دەرۋازىلاردا پاسىبانلىق قىلسۇن. [5] ئۈچ ھەسسىسىنىڭ بىرى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا تۇرسۇن ۋە يەنە ئۈچ ھەسسىسىنىڭ بىرى يەسود دەرۋازىسىدا پاسىبانلىق قىلسۇن. ئەمما ھەممە خەلق خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ھويلىسىدا تۇرسۇن. [6] لېكىن كاھىنلار بىلەن خىزمەت قىلىدىغان لاۋىيلاردىن باشقا ھېچ كىشى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە كىرمىسۇن. بۇلار مۇقەددەس بولغاچ كىرسۇن، لېكىن ھەممە خەلق خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىنى ساقلىسۇن. [7] لاۋىيلار پادىشاھنىڭ چۆرىسىدە تۇرۇپ، ھەربىرى يارىغى قولىدا تۇتۇپ، بىركىم بەيتكە كىرگىلى قەستلىسە، ئۆلتۈرۈلسۇن. پادىشاھ كىرىپ چىقسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈڭلار» دېدى.

[8] لاۋىيلار بىلەن يەھۇدانىڭ ھەممىسى يەھوياداھ كاھىن ئۇلارغا بۇيرۇغاننىڭ بارچىسىنى قىلىپ، ھەربىرى ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ، ھەم شابات كۈنىدە پاسىبانلىق قىلىدىغانلارنى ھەم شابات كۈنىدە پاسىبانلىقتىن ئازاد بولىدىغانلىرىنى ئالغاچ كەلدى. چۈنكى يەھوياداھ كاھىن ھېچكىمنى نۆۋەت خىزمىتىدىن ئازاد قىلمىغانىدى. [9] يەھوياداھ كاھىن داۋۇد پادىشاھنىڭكى بولۇپ خۇدانىڭ بەيتىدە ساقلانغان نەيزە بىلەن باشقا-باشقا خىل سىپارلارنى سەردارلارغا بەردى. [10] ھەممە خەلق تىزىلىپ، ھەربىرى ئۆز قولىدا يارىغىنى تۇتۇپ، بەيتىنىڭ ئوڭ يېنىدىن تارتىپ بەيتىنىڭ چەپ يېنىغىچە قۇربانگاھ بىلەن بەيتنى يۆلەپ پادىشاھنىڭ چۆرىسىدە تۇردى.

[11] ئاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئوغلىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ بېشىغا تاجنى قويۇپ، ئۇنىڭغا گۇۋاھنامىنى بېرىپ، پادىشاھ قىلدى. يەھوياداھ بىلەن ئوغۇللىرى ئۇنى پادىشاھ بولۇشقا مەسىھلەپ: «پادىشاھ ياشىسۇن» دەپ قىچقاردى.

[12] ئاتاليا خەلقنىڭ يۈگۈرۈپ پادىشاھقا تەرىپ قىلغىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە خەلقنىڭ قېشىغا كىرىپ، [13] قارىسا، مانا پادىشاھ كىرىدىغان جايغا يېقىن بولغان تۈۋرۈكنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. پادىشاھنىڭ قېشىدا سەردار بىلەن كانايچىلار تىزىلىپ، ھەممە خەلق خۇشلۇق قىلىپ، كاناي چېلىپ، شېئىر ئوقۇغۇچىلىرى چالىدىغان ئەسۋابلىرى بىلەن تەرىپ شېئىرىنى باشلىدى. ئۇ ۋاقىت ئاتاليا ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتىپ: «خىيانەت بولدى! خىيانەت بولدى» دەپ قىچقىردى.

[14] ئەمما يەھوياداھ كاھىن لەشكەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغان سەردارلارنى ئۆز ئالدىغا قىچقىرىپ، ئۇلارغا: «ئۇنى سەپلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقىرىڭلار. بىركىم ئۇنىڭغا ئەگەشسە، قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلسۇن» دەپ بۇيرۇدى، چۈنكى كاھىن: «ئۇنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە ئۆلتۈرمەڭلار» دەپ ئېيتقانىدى. [15] ئۇلار ئۇنى تۇتۇپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىدىغان ئات دەرۋازىسىغا كەلگەندە ئۇنى ئاندا ئۆلتۈردى.

[16] يەھوياداھ ئۆزىنىڭ ۋە پادىشاھ بىلەن خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىدا: «خۇداۋەندىنىڭ قوۋمى بولىمىز» دەپ بىر ئەھدە باغلىدى. [17] ئاندىن خەلقنىڭ ھەممىسى بائالنىڭ بەيتىگە بېرىپ، ئۇنى يىقىتىپ، قۇربانگاھ بىلەن بۇتسۇرەتلىرىنى چېقىپ پارە-پارە قىلىپ، بائالنىڭ كاھىنى ماتاننى قۇربانگاھلارنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈردى. [18] ئاندىن كېيىن يەھوياداھ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە پاسىبانلار تەيىنلەپ، بۇ ئىشنى لاۋىينىڭ قەبىلىسىدىن بولغان كاھىنلارغا تاپشۇرۇپ،

داۋۇد بۇلارنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىشى ئۈچۈن قىسىملارغا بۆلۈپ، مۇسانىڭ قانۇنىدا پۈتۈلگەنگە مۇۋاپىق داۋۇد ئۆزى بۇيرۇغىنىدەك خۇداۋەندىنىڭ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، شادلىق قىلىپ، شېئىر ئوقۇشقا تەيىنلەپ قويدى. [19] يەھويادا، ھېچبىر ناپاك كىشى كىرمىسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ دەرۋازىلىرىدا بۇ پاسىبانلارنى توختىتىپ قويدى. [20] ئاندىن سەردارلار بىلەن خوجىزادىلەرنى، خەلقنىڭ ۋالىيلىرى بىلەن يۇرت خەلقىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ، پادىشاھنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىن باشلاپ، ئېگىز دەرۋازىدىن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرگۈزۈپ، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. [21] يۇرتنىڭ ھەممە خەلقى خۇش بولۇپ، شەھەرنىڭ ئۆزى تىنچ بولۇپ قالدى. لېكىن ئاتالىيانى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرگەنىدى.

## يوئاشنىڭ سەلتەنىتى

24 [1] يوئاش يەتتە ياشقا كىرگەندە پادىشاھ بولۇپ، يېرۇسالىمدا قىرىق يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى زىبيا دەپ ئاتىلىپ، بەرشېبادىن ئىدى. [2] يوئاش يەھويادا كاھىننىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە ياخشى بولغىنىنى قىلاتتى. [3] يەھويادا ئۇنىڭغا ئىككى خوتۇن ئېلىپ بەردى ۋە ئۇنىڭدىن ئوغۇل بىلەن قىزلار تۆرەلدى. [4] ئاندىن كېيىن يوئاش، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ئوڭلىتاي دەپ، ئۆز كۆڭلىدە مەسلىھەت قىلىپ، [5] كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنى يىغدۇرۇپ، ئۇلارغا: «سىلەر ھەر يىل يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىگە چىقىپ، خۇدايىڭلارنىڭ بەيتىنى ئوڭلاتقىلى ھەممە ئىسرائىلدىن پۇل يىغىپ، شۇ ئىشنى ئالدىراپ قىلىڭلار» دېدى. لېكىن لاۋىيلار ھېچ ئالدىرىمايتتى.
[6] ئۇ ۋاقىت پادىشاھ باش كاھىن يەھويادانى قىچقىرىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «نېمىشقا خۇداۋەندىنىڭ بەندىسى مۇسا شاھادەت چېدىرى ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ جامائىتىگە بۇيرۇغان خىراجنى يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمدىن يىغدۇرغىلى لاۋىيلارنى ئالدىراتمىدىڭ؟ [7] چۈنكى ئۇ يامان خوتۇن ئاتالىيانىڭ ئوغۇللىرى خۇدانىڭ بەيتىنى خاراب قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتى ئۈچۈن مۇقەددەس قىلىنغان ھەممە نەرسىلەرنى بائال بۇتلىرىغا ئىشلىتىپ كەتمىدىمۇ؟» دېدى.
[8] ئۇ ۋاقىت ئۇلار پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىرساندۇقنى ئېتىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا قويۇپ، [9] خۇدانىڭ بەندىسى مۇسا باياۋاندا ئىسرائىلغا: «خۇداۋەندىگە بېرىلسۇن دەپ بۇيرۇغان خىراجنى بېرىڭلار» دەپ، يەھۇدانىڭ يۇرتى بىلەن يېرۇسالېمدا ئېلان قىلدى. [10] ھەممە ئەمىر بىلەن ھەممە خەلق خۇشلۇق بىلەن پۇل كەلتۈرۈپ، ھەممىسىنى يىغدۇرۇپ بولغۇچە ساندۇققا تاشلاپ قويدى. [11] ساندۇق لاۋىيلارنىڭ قولىدىن پادىشاھنىڭ ۋەكىللىرىگە كەلتۈرۈلگەندە ئۇلار ئۇنىڭدا تولا پۇل بولغىنىنى كۆردى. ئۇ ۋاقىت پادىشاھنىڭ

كاتىپى بىلەن باش كاھىنىنىڭ ۋەكىلى كېلىپ، ساندۇقنى بوشىتىپ، يەنە ئۆز جايىدا قويدى.
ئۇلار كۈندىن-كۈنگە شۇنداق قىلىپ تولا پۇل يىغدۇردى.
[12] ئاندىن كېيىن پادىشاھ بىلەن يەھوياداھ پۇلنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىكى خىزمەتنى باققۇچىغا
بېرىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ئوڭشىماق ئۈچۈن تامچى بىلەن ياغاچچىلار ئىجارىگە ئېلىپ،
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ياسىشىغا تۆمۈرچى بىلەن مىسچىلار ھەم ئالدى. [13] ئىشلىگۈچىلەر
ئىشلەپ ئىشنى پۈتكۈزۈپ، خۇدانىڭ بەيتىنى ئىلگىرى بولغانىدەك ئوڭلاپ مەھكەم قىلدى.
[14] ئۇلار ئىشنى پۈتكۈزگەندە ئاشقان پۇلنى پادىشاھ بىلەن يەھوياداھقا كەلتۈردى. شۇنىڭدىن
ئۇ خۇداۋەندىنىڭ بەيتى ئۈچۈن پىيالىلەر، يەنى ئىبادەت بىلەن قۇربانلىق خىزمىتى ئۈچۈن
ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن قاچا ۋە باشقا ئەسۋابلار ئەتكۈزدى. ئۇلار يەھوياداھنىڭ ھەممە ۋاقتىدا
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق ئۆتكۈزەتتى.
[15] لېكىن يەھوياداھ قېرىپ ھاياتتىن تويۇپ ۋاپات بولدى. ئۆلگەندە بىر يۈز ئوتتۇز ياشقا
كىرگەنىدى. [16] ئىسرائىلدا خۇدا بىلەن بەيتىنىڭ ھەققىدە ياخشىلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئۇلار
داۋۇدنىڭ شەھىرىدە پادىشاھلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنى دەپنە قىلدى.
[17] ئەمما يەھوياداھ ئۆلگەندىن كېيىن يەھۇدانىڭ ئەمىرلىرى كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا
تىز پۈككەندە پادىشاھ ئۇلارنىڭ گېپىگە ئۇنىدى. [18] ئۇلار ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى قويۇپ، ئاشىرە بىلەن باشقا بۇتلارغا ئىبادەت قىلغاندا، بۇ خاتاسى
ئۈچۈن يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمغا غەزەپ چۈشتى. [19] لېكىن ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىگە
يانسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلىپ ئۇلارغا نەسىھەت بەردى. لېكىن ئۇلار
بۇلارغا قۇلاق سالمىدى. [20] ئەمما يەھوياداھنىڭ ئوغلى زەكاريا خۇدانىڭ روھىدىن تولۇپ،
خەلقنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارغا ئېيتتىكى: «خۇدا مۇنداق ئېيتىدۇ: ‹ نېمىشقا بىكاردىن
بىكار خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تاشلىدىڭلار›. سىلەر خۇداۋەندىنى تاشلىغاندىن كېيىن ئۇ
ھەم سىلەرنى تاشلىدى». [21] شۇنى دېگەندە ئۇلار ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ، ئۇنى پادىشاھنىڭ
بۇيرۇقى بىلەن خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ھويلىسىدا چالما-كېسەك قىلدى. [22] چۈنكى يوئاش
پادىشاھ بۇنىڭ ئاتىسى يەھوياداھ ئۆزىگە كۆرسەتكەن مۇھەببىتىنى ياد قىلماي، ئوغلىنى
ئۆلتۈردى. لېكىن بۇ ئۆزى ئۆلگىنىدە: «خۇداۋەندە كۆرۈپ، ئىنتىقام ئالسۇن» دەپ ئېيتتى.
[23] ئۇ يىل تامام بولغاندا ئاررامىيلارنىڭ قوشۇنى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، يەھۇدا بىلەن
يېرۇسالېمغا كېلىپ، قەۋمنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئەمىرلىرىنى يوقىتىپ، ئۇلاردىن ئالغان
غەنىيمەتنى دەمەشقنىڭ پادىشاھىغا ئەۋەتتى. [24] كەلگەن ئاررامىيلارنىڭ قوشۇنى كىچىك
بىر قىسىم بولسىمۇ، خۇداۋەندە ئۇلارنىڭ قولىغا ناھايىتى چوڭ بىر قوشۇن بەردى. چۈنكى
خەلق ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنى تاشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاررامىيلار
يوئاشنىڭ ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى بەردى. [25] ئۇلار ئۇنى ئېغىر كېسەل قويۇپ كەتكەندە،
خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ يەھوياداھ كاھىنىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قېنىنى تۆككىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا
سۇيىقەست قىلىپ، ئۇنى ياتقان ئورنىدا قاتىللىق قىلدى. ئۇ ئۆلۈپ، داۋۇدنىڭ شەھىرىدە

دەپنە قىلىندى. لېكىن ئۇلار ئۇنى پادىشاھلارنىڭ قەبرىلىرىدە دەپنە قىلمىدى. [26] ئۇنىڭغا
سۇيىقەست قىلغانلار شىمات دېگەن ئامموني خوتۇننىڭ ئوغلى زاباد بىلەن شىمرىت دېگەن
موئابىي خوتۇننىڭ ئوغلى يەھوزاباد ئىدى. [27] ئۇنىڭ ئوغۇللىرى توغرىسىدا ۋە ئۇنىڭغا قارشى
ئېيتىلغان پەيغەمبەرلىك سۆزلەر توغرىسىدا ۋە خۇدانىڭ بەيتىنىڭ ئوڭلىتىشى توغرىسىدا
پادىشاھلارنىڭ تەپسىر كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. ئۇنىڭ ئوغلى ئامازىيا ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىيا ئېدومنى مەغلۇپ قىلىدۇ

25 [1] ئامازىيا پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا يىگىرمە توققۇز
يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى يېھوۋاددان دەپ ئاتىلىپ، يېرۇسالېمدىن
ئىدى. [2] ئامازىيا خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە ياخشى بولغىنىنى قىلاتتى، لېكىن پۈتۈن كۆڭۈل
بىلەن قىلمايتتى. [3] سەلتەنەت ئۇنىڭ قولىدا مەزمۇت بولغاندا ئاتىسى پادىشاھنى ئۆلتۈرگەن
خىزمەتكارلىرىنى ئۆلتۈردى. [4] لېكىن ئاتىلار ئوغۇللىرى ئۈچۈن ۋە ئوغۇللار ئاتىلىرى ئۈچۈن
ئۆلتۈرۈلمىسۇن، بەلكى ھەربىرى ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ئۆلسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ بۇيرۇقىغا
مۇۋاپىق مۇسانىڭ قانۇن كىتابىدا پۈتۈلگەن ئەمرگە قاراپ قاتىللىق قىلغۇچىلارنىڭ
بالىلىرىنى ئۆلتۈرمىدى.
[5] ئاندىن ئامازىيا يەھۇدانىڭ ئادەملىرىنى يىغدۇرۇپ، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ
خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق مىڭبېشى بىلەن يۈزبېشىلار توختىتىپ قويدى. يەھۇدا بىلەن
بەنيامىننىڭ ھەممە يۇرتىدىكى يىگىرمە ياشقا كىرىپ، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولغانلارنى
ساناقتىن ئۆتكۈزۈپ، نەيزە بىلەن سىپار كۆتۈرەلىگۈدەك ئۈچ يۈز مىڭ جەڭ قىلغۇچىنى
تېپىپ ئىلغىدى. [6] ئۇ ھەم ئىسرائىلدىن يۈز مىڭ باتۇر جەڭ قىلغۇچىنى يۈز تالانت كۈمۈشكە
ئىجارىگە ئالدى.

[7] لېكىن خۇدانىڭ بىر ئادىمى ئۇنىڭغا كېلىپ ئېيتتى: «ئەي پادىشاھ، ئىسرائىلنىڭ قوشۇنى
سەن بىلەن بارمىسۇن، چۈنكى خۇداۋەندە ئىسرائىل بىلەن، يەنى بەنى-ئەفرائىمنىڭ ھەممىسى
بىلەن بولمايدۇ. [8] ئۆزۈڭ بېرىپ ئىشىڭنى قىلىپ، جەڭدە غەيرەتلىك بولغىن. بولمىسا خۇدا
سېنى دۈشمەننىڭ ئالدىدا مەغلۇپ قىلىدۇ، چۈنكى خۇدا ئېگىزلىتىپ پەسلەتكىلى قادىردۇر»
دېدى. [9] ئامازىيا خۇدانىڭ ئادىمىگە ئېيتتى: «ئەمما مەن ئىسرائىلنىڭ قوشۇنىغا بەرگەن يۈز
تالانت كۈمۈشۈم نېمە بولىدۇ؟» دېدى. خۇدانىڭ ئادىمى ئېيتتى: «خۇداۋەندە ساڭا بۇنىڭدىن
زىيادە بەرگىلى قادىردۇر.» [10] شۇنى ئېيتقاندا ئامازىيا ئۇنىڭغا ئەفرائىم يۇرتىدىن كەلگەن
قوشۇننى ئايرىپ، ئۆيىگە بارغىلى قويدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار يەھۇداغا تولا ئاچچىقلىنىپ،
چوڭ ئاچچىق بىلەن ئۆز ئۆيلىرىگە ياندى.

[11] ئەمما ئامازىيا جۈرئەتلىنىپ، ئۆز خەلقىنى باشلاپ ئاسسۇرغا بېرىپ، بەنى-سېئىردىن ئون
مىڭنى ئۆردى. [12] بەنى-يەھۇدا يەنە ئون مىڭنى تىرىك تۇتۇپ، ئۇلارنى بىر تاغنىڭ چوققىسىغا
ئېلىپ چىقىپ، قورام تاشنىڭ چوققىسىدىن ئىتتىرىۋاتتى. شۇنداقكى، ھەممىسى پارە-پارە
بولدى. [13] لېكىن ئامازىياياندۇرۇپ جەڭگە، بارغىلى قويمىغان قوشۇننىڭ ئادەملىرى يەھۇدانىڭ
شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، سامارىيەدىن تارتىپ بەيت-خورونغىچە تالاپ يۇرۇپ، خەلقتىن
ئۈچ مىڭنى ئۆرۈپ تولا ئولجا ئالدى.
[14] ئامازىيا ئېدومىيلارنى مەغلۇپ قىلىپ يېنىپ، بەنى-سېئىرنىڭ بۇتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ،
ئۆزىگە مەبۇد قىلىپ ئۇلارغا باش ئېگىپ، خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇردى. [15] ئۇنىڭ ئۈچۈن
خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئامازىياغا تۇتىشىپ، ئۇنىڭغا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى. ئۇ ئۇنىڭغا
ئېيتتى: «نېمىشقا بۇ خەلقنىڭ تەڭرىلەرنى ئىزدەيسەن؟ ئۇلار ئۆز خەلقىنى سېنىڭ قولۇڭدىن
قۇتقۇزالمىدى ئەمەسمۇ؟» [16] ئۇ بۇ سۆز قىلىپ تۇرغاندا، پادىشاھ ئۇنىڭغا ئېيتتىكى: «سېنى
پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسى قىلىپ قويدۇقمۇ؟ ئاغزىڭنى يىغقىن. نېمىشقا ئۆلگىنى
خالايسەن؟» دېدى. پەيغەمبەر توختاپ ئېيتتى: «مۇنداق قىلىپ، مەسلىھەتىمگە قۇلاق
سالمىغىنىڭدىن خۇدانىڭ سېنى ھالاك قىلىشنى بىلىمەن» دېدى.

## ئامازىيا ئىسرائىلدىن شىكەستە يەپ مەغلۇپ بولىدۇ

[17] ئەمما يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىيا مەسلىھەت قىلىشىپ، ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يوئاش
بەن-يەھوئاخاز بەن-يېھۇنىڭ قېشىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئېيتقۇزدىكى: «كېلىپ سوقۇشايلى».
[18] لېكىن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يوئاش يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىياغا كىشى ئەۋەتىپ
ئېيتقۇزدىكى: «لىۋاندىكى تىكەن لىۋاندىكى كېدىر دەرىخىگە خەۋەر ئەۋەتىپ: ‹ ئۆز قىزىڭنى
ئوغلۇمغا خوتۇنلۇققا بەرگىن› دەپ ئېيتقۇزدى. لېكىن لىۋاننىڭ ياۋا ھايۋانى ئۆتۈپ كېتىپ،
تىكەننى دەسسەپ سالدى. [19] ئېدومنى ئۇردۇم، يەنە تاپاي دەپ، ئۆز كۆڭلۈڭدە مۇتەكەببۇر
بولدۇڭ. ئۆيۈڭدە قالغىن. نېمىشقا ئۆزۈڭگە نۇقسان كەلتۈرۈپ، ئۆزۈڭنى ۋە ئۆزۈڭ بىلەن
يەھۇدانى بالاغا تىقىسەن؟» دېدى. [20] لېكىن ئامازىيا قۇلاق سالمىدى، چۈنكى ئۇلار ئېدومنىڭ
بۇتلىرىنى تەڭرىدەك تۇتۇپ ئىزدىگىنى ئۈچۈن دۈشمەنىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلسۇن دەپ، خۇدا
تەرىپىدىن تەقدىر قىلىنغانىدى. [21] ئۇ ۋاقىت ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يوئاش چىقىپ، يەھۇدانىڭ
پادىشاھى ئامازىيا بىلەن ئۇچرىشىپ، يەھۇداغا تەۋە زېمىنى بولغان بەيت-شەمەشتە ئۇنىڭ
بىلەن سوقۇشاتتى. [22] لېكىن يەھۇدانىڭ ئادەملىرى ئىسرائىلنىڭ ئادەملىرىدىن شىكەستە
يەپ، ھەربىرى ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كەتتى. [23] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يوئاش بەيت-شەمەشتە
يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامازىيا بەن-يوئاش بەن-يەھوئاخازنى ئەسىر قىلىپ، يېرۇسالېمغا ئېلىپ
بېرىپ، يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىدىن ئەفرائىم دەرۋازىسىدىن تارتىپ بۇرجەك دەرۋازىسىغىچە
تۆت يۈز گەزلىك بىر بۆلىكىنى يىقىتىپ، [24] ئوبەد-ئېدومنىڭ ئامانىتىدە بولۇپ خۇدانىڭ

بەيتىدە ساقلانغان ھەممە ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى ۋە ھەممە قاچىلارنى تالاپ، پادىشاھنىڭ
ئوردىسىنىڭ خەزىنىلىرىنى بۇلاپ، كىشىلەرنى ئېلىپ سامارىيەگە يېنىپ كەتتى.
25 يەھۇدانىڭ پادىشاھى يوئاشنىڭ ئوغلى ئامازىيا ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى يەھوئاخازنىڭ
ئوغلى يوئاش ئۆلگەندىن كېيىن ئون بەش يىل ياشىغانىدى. 26 ئامازىيانىڭ باشقا ئىشلىرى،
خاھى ئۇنىڭ ئاۋۋالقىسى بولسا، خاھى ئۇنىڭ ئاخىرقىسى بولسا يەھۇدا بىلەن ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھلىرىنىڭ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. 27 ئامازىيا خۇداۋەندىنىڭ يولىدىن يانغاندىن كېيىن
يېرۇسالېمدا ئۇلار ئۇنىڭغا خىيانەت قىلدى. شۇنداقكى، ئۇ لاكىشقا قېچىپ كەتتى، لېكىن
ئۇلار ئۇنىڭ كەينىدىن لاكىشقا كىشىلەر ئەۋەتىپ، ئۇنى ئاندا ئۆلتۈردى. 28 ئاندىن ئۇلار ئۇنى
ئاتلارغا سېلىپ ئېلىپ كېتىپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا يەھۇدانىڭ شەھىرىدە دەپنە قىلدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئۇززىيانىڭ راۋاجلىق سەلتەنىتى

26 1 يەھۇدانىڭ ھەممە خەلقى ئون ئالتە ياشقا كىرگەن ئۇززىيانى ئېلىپ، ئاتىسى
ئامازىيانىڭ ئورنىدا پادىشاھ قىلدى. 2 ئۇ ئۆزى ئاتىسى پادىشاھ ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ
ئارىسىدا راھەت تاپقاندىن كېيىن ئېلاتنى قايتىدىن ياساپ، يەھۇداغا يەنە تەۋە قىلدى. 3 ئۇززىيا
پادىشاھ بولغاندا ئون ئالتە ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئەللىك ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى.
ئۇنىڭ ئانىسى يەكولىيا دەپ ئاتىلىپ، يېرۇسالېمدىن ئىدى. 4 ئۇ ئۆز ئاتىسى ئامازىيا قىلغاندەك
خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە ياخشى بولغىنىنى قىلىپ، 5 خۇدا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھىيلەردىن
ئاگاھ بولغان زەكارىيانىڭ كۈنلىرىدە خۇدانى ئىزدەتتى. خۇداۋەندىنى ئىزدىگەن ۋاقىتتا خۇدا
ئۇنى راۋاجلىق قىلاتتى.
6 ئۇ چىقىپ، فىلىستىنىيلەر بىلەن جەڭ قىلىپ، گاتنىڭ سېپىلى، يابنەنىڭ سېپىلى ۋە
ئاشدودنىڭ سېپىلىنى يىقىتىپ، ئاشدودقا تەۋە زېمىنىدا ۋە فىلىستىنىيلەرنىڭ باشقا يەرلىرىدە
شەھەرلەر ياسايتتى. 7 خۇدا ئۇنىڭغا فىلىستىنىيلەرگە قارشى ۋە گۇربائالدا ئولتۇرغان ئەرەبلەر
ۋە مائونلۇقلارغا قارشى ياردەم بەردى. 8 ئاممونىيلار بولسا ئۇززىياغا باج-خىراج بېرەتتى. ئۇ
ناھايىتى قۇدرەتلىك بولۇپ، شۆھرىتى مىسىرغىچە تارقىتىلاتتى. 9 ئۇززىيا يېرۇسالېمدا
بۇرجەك دەرۋازىسىدا، ۋادى دەرۋازىسىدا ۋە سېپىل قايرىلغان يەردە مۇنارلار ياساپ، ئۇلارنى
مەھكەم قىلدى. 10 ئۇ ھەم چۆلدە مۇنارلار ياساپ، تولا قۇدۇق كولىدى، چۈنكى پەس يەر
بىلەن ئېگىز تۈزلەڭلىكتە ئۇنىڭ تولا مېلى بار ئىدى. دېھقانچىلىققا ئامراق بولغاچ تاغلاردا ۋە
ھوسۇللۇق ئېتىزلاردا ئۇنىڭ دېھقان بىلەن باغۋەنلىرى بار ئىدى.
11 ئۇززىيانىڭ بىر جەڭگىۋار قوشۇنى بار ئىدى. لەشكەرلەر بولسا پادىشاھنىڭ سەردارلىرىنىڭ
بىرى بولغان خانانىيانىڭ تېگىدە بولغان يەئىيەل كاتىپ بىلەن مائاسېيا ھاكىم تەرىپىدىن
كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، قىسىملارغا بۆلۈنۈپ جەڭگە چىقاتتى. 12 خاندانلارنىڭ باشلىرى

بولۇپ، باتۇر جەڭ قىلغۇچى سەردارلارنىڭ پۈتۈن سانى ئىككى مىڭ ئالتە يۈز ئىدى. [13] ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ كۈچ ۋە غەيرەت بىلەن جەڭ قىلىپ پادىشاھقا دۈشمەنگە قارشى مەدەت بېرىدىغان قوشۇنىنىڭ سانى ئۈچ يۈز يەتتە مىڭ بەش يۈز ئىدى. [14] ئۆززىيا بۇ پۈتۈن قوشۇنغا سىپار، نەيزە، قالقان، ساۋۇت، يا ۋە سالغا تاشلىرى راستلاپ بېرىپ، [15] يېرۇسالېمدا ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قولى بىلەن جەڭ ئەسۋابلىرى ئەتكۈزۈپ، ئوقياسى بىلەن يوغان تاشلارنىڭ ئېتىلىشى ئۈچۈن مۇنار بىلەن سېپىلنىڭ بۇرجەكلىرىدە قويۇپ قويىدى. ئۇنىڭ شۆھرىتى يىراق يەرلەرگە يېتەتتى. ئۇ ئاجايىپ تەرىقىدە مەدەت تېپىپ قۇۋۋەتلىنەتتى.

## ئۆززىيا ئۆلگۈچە پېسە بولۇپ تۇردۇ

[16] لېكىن ئۇ قۇۋۋەتلەنگەندە ئۆزى خاراب بولغۇدەك كۆڭلى مۇتەكەببۇر بولۇپ قالدى. ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، خۇشبۇي ئىسرىق قۇربانگاھىدا خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرغىلى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە كىردى. [17] ئۇ ۋاقىت ئازاريا كاھىن بىلەن خۇداۋەندىنىڭ كاھىنلىرى بولغان سەكسەن غەيرەتلىك كىشى ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىپ، [18] ئۆززىيا پادىشاھنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى: «ئەي ئۆززىيا، خۇداۋەندىگە خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرۇش سېنىڭ ھەققىڭ بولماي، بەلكى خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرغىلى مۇقەددەس قىلىنىپ ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى بولغان كاھىنلارنىڭ ئىشى بولىدۇ. مۇقەددەس خانىدىن چىقىپ كەتكىن. سەن گۇناھ قىلىپ، رەب خۇدانىڭ تەرىپىدىن ئىززەت تاپمايسەن» دېسە، [19] ئۆززىيا خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرغىلى قولىدا بىر ئىسرىقدانىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بۇ سۆزدىن ئاچچىقلىنىپ كەتتى. لېكىن كاھىنلارغا ئاچچىقلىنىپ تۇرغىنىدا پېشانىسىدا پېسە چىقىپ قالدى. بۇ بالا كاھىنلارنىڭ ئالدىدا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە خۇشبۇي ئىسرىق قۇربانگاھىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلدى. [20] باش كاھىن ئازاريا بىلەن كاھىنلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قاراپ، پېشانىسىدا پېسەنىڭ چىققىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۇ يەردىن ھەيدىۋەتتى. ئۇ ئۆزى ھەم ئالدىراپ چىقىپ، خۇداۋەندە ئۇنى ئۇرغىنى ئۈچۈن كەتتى. [21] ئاندىن كېيىن ئۆززىيا پادىشاھ ئۆلگەن كۈنگىچە پېسەلىككە مۇپتىلا بولۇپ، پېسە بولغاچ خاس بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدىن مەھرۇم قالدى. ئۇنىڭ ئوغلى يوتام پادىشاھنىڭ ئۆيىدىن خەۋەر ئېلىپ، يۇرتنىڭ خەلقىگە ھۆكۈم قىلاتتى.
[22] ئۆززىيانىڭ باشقا ئىشلىرى، خاھى ئۇنىڭ ئاۋۋالقىسى، خاھى ئۇنىڭ ئاخىرقىسى بولسا بۇلارنى ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەر يېزىپ قويغاندۇر. [23] ئۆززىيا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا دەپنە قىلىنىدى. لېكىن ئۇلار: «ئۇ پېسە ئىدى» دەپ ئۇنى پادىشاھلارنىڭ قەبرىلىرىگە تەۋە بولغان چەترەك يەردە كۆمۈپ قويىدى. ئاندىن ئوغلى يوتام ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى يوتام

27 1 يوتام پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئون ئالتە يىل
سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى يەرۇشا دەپ ئاتىلىپ، سادوقنىڭ قىزى ئىدى.
2 يوتام ئۆز ئاتىسى ئۇززىيادەك خۇداۋەندىنىڭ كۆزلىرىدە ياخشى بولغىنىنى قىلاتتى. ئەمما
ئۇ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە كىرمىدى. لېكىن خەلق ئۆزى بۇزۇق ئىشلار قىلىپ تۇردى. 3 ئۇ
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئېگىز دەرۋازىسىنى ياساپ، ئوفەل سېپىلىدە تولا ئىشلەپ تەمىر
قىلىپ، 4 يەھۇدانىڭ تاغلىرىدا شەھەرلەر ياساپ، جاڭگاللاردا قورغان بىلەن مۇنارلار بىنا
قىلاتتى. 5 ئۇ ھەم بەنى-ئاممونىنىڭ پادىشاھى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى.
شۇنداقكى، بەنى-ئاممون ئۇ يىلدا ئۇنىڭغا يۈز تالانت كۈمۈش، ئون مىڭ كور بۇغداي بىلەن
ئون مىڭ كور ئارپا بەردى. بەنى-ئاممون ئىككىنچى يىل ۋە ھەم ئۈچىنچى يىل شۇنچىلىك
بېرىدىغان بولدى. 6 ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا مەزمۇت قەدەملىكتە يۈرگىنى ئۈچۈن
يوتام ئۇنداق قۇدرەتلىك بولدى.
7 يوتامنىڭ باشقا ئىشلىرى، ھەممە جەڭ ۋە تۇتقان يوللىرى توغرىسىدا ئىسرائىل بىلەن يەھۇدا
پادىشاھلىرىنىڭ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. 8 ئۇ پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ،
يېرۇسالېمدا ئون ئالتە يىل سەلتەنەت قىلدى. 9 يوتام ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت
تېپىپ، داۋۇدنىڭ شەھىرىدە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئوغلى ئاھاز ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئاھازنىڭ بۇتپەرەسلىكى

28 1 ئاھاز پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئون ئالتە يىل سەلتەنەت
قىلدى. ئۇ ئۆز ئاتىسى داۋۇدتەك قىلماي، خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە ناتوغرا بولغىنىنى
قىلىپ، 2 ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ يولىدا يۈرەتتى. ئۇ ھەتتا بائال بۇتلىرىنىڭ قۇيما
سۈرەتلىرىنى ئەتكۈزۈپ، 3 بەن-ھىننومنىڭ ۋادىسىدا خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرۇپ، خۇداۋەندە
بەنى-ئىسرائىل ئالدىدىن ھەيدەپ چىقارغان تائىپىلەرنىڭ يىرگىنچلىك ئىشلىرىغا مۇۋاپىق
ئۆز باللىرىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، 4 ئېگىز يەرلەردە، دۆڭلۈكلەردە ۋە ھەممە كۆك دەرەخلەرنىڭ
تېگىدە قۇربانلىق قىلىپ خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇراتتى. 5 ئۇنىڭ ئۈچۈن تەڭرىسى خۇداۋەندە
ئۇنى ئارام پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. ئۇلار ئۇنىڭغا غالىب كېلىپ، تولا خەلقنى ئەسىر
قىلىپ، دەمەشققە ئېلىپ كەتتى. ئۇ ھەم ئىسرائىل پادىشاھىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن
تولا شىكەستە يېدى. 6 رېمالىياھۇنىڭ ئوغلى پېقاھ بىر كۈندە يەھۇدادىن ھەممىسى جەڭگە
لايىق بولغان بىر يۈز يىگىرمە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئۇلار ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندىنى تاشلىغىنى ئۈچۈن بۇ بالا ئۇلارغا تەگدى. 7 زىكرى دېگەن بىر باتۇر ئەفرائىمىي
ئادەم پادىشاھنىڭ ئوغلى مائاسېيانى، ئوردىنىڭ سەردارى ئازرىقام بىلەن پادىشاھنىڭ ۋەزىرى

ئەلقانانى ئۆلتۈردى. [8] بەنى-ئىسرائىل ئۆز بۇرادەرلىرىدىن ئىككى يۈز مىڭ خوتۇن بىلەن
ئوغۇل قىزلارنى ئەسىر قىلىپ، ئۇلاردىن ھەم تولا ئولجا ئېلىپ، ئولجىنى سامارىيەگە ئېلىپ
كەتتى.
[9] ئەمما ئاندا خۇداۋەندىنىڭ ئودەد دېگەن بىر پەيغەمبەر بار ئىدى. ئۇ ئۆزى سامارىيەگە كەلگەن
قوشۇننىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارغا ئېيتتى: «مانا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە
يەھۇداغا غەزەپلىنىپ، ئۇلارنى قولۇڭلارغا تاپشۇردى. لېكىن سىلەر ئاسمانغا يەتكۈدەك بىر غەزەپ
بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈردۈڭلار. [10] ئەمدى يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ بالىلىرىنى ئۆزىمىزگە
قۇل بىلەن دېدەك قىلايلى دەپ، خىيال قىلىسىلەر. بۇنىڭ بىلەن تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ
ئالدىدا گۇناھكار بولىسىلەر. [11] ئەمدى ماڭا قۇلاق سېلىڭلار! بۇرادەرلىرىڭلاردىن ئالغان
ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىڭلار، چۈنكى خۇداۋەندىنىڭ شىددەتلىك غەزىپى سىلەرگە تۇتاشتى»
دېدى. [12] ئۇ ۋاقىت بەنى-ئەفرائىمنىڭ بەزى باشلىرى، يەنى يەھوخانانىنىڭ ئوغلى ئازاريا،
مەشىللېموتنىڭ ئوغلى بەرەكيا، شاللۇمنىڭ ئوغلى يەخىزقىيا، خادلاينىڭ ئوغلى ئاماسا
قوپۇپ، جەڭدىن كەلگەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، [13] ئۇلارغا ئېيتتى: «بۇ ئەسىرلەرنى مۇنىڭغا
كىرگۈزمەڭلار. قىلغىنىڭلار بىلەن بىزنى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا گۇناھكار قىلىپ، ئەمدى خاتا
بىلەن گۇناھلىرىمىزنى ئاشۇرىسىلەر، چۈنكى گۇناھىمىز چوڭ بولغان ئۈچۈن ئىسرائىلنىڭ
ئۈستىگە غەزەپ كەلدى.»
[14] شۇنى دېگەندە جەڭ قىلغانلارنىڭ ئۆزى ئەسىرلەر بىلەن ئولجىنى ئەمىرلەر ۋە پۈتۈن
جامائەتنىڭ ئالدىدا قويدى. [15] مەزكۇر باشلار قوپۇپ، ئەسىرلەردىن خەۋەر ئېلىپ، ھەممە
يالىڭاچلىرىغا ئولجىدىن ئېلىپ، كىيدۈرۈپ ئۇلارغا ئېگىن ئاياغ بىلەن يەپ-ئىچكۈلۈك بېرىپ،
ئۇلارنى ياغ بىلەن ياغلاپ، ماڭالمىغانلىرىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ‹ خورمىلىق شەھەر› دېگەن
يېرىخوغا ئۇلارنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپ، ئاندىن سامارىيەگە يېنىپ كەتتى.
[16] ئۇ ۋاقىتتا ئاھاز پادىشاھ ئاسسۇرنىڭ پادىشاھلىرىغا: «ماڭا مەدەت بېرىڭلار» دەپ سورىغىلى
ئەلچىلەر ئەۋەتتى. [17] چۈنكى ئېدومىيلار ھەم كېلىپ، يەھۇدانى ئۇرۇپ، ئەسىر ئالغانىدى.
[18] فىلىستىنىيلەر پەس تۈزلەڭلىكنىڭ شەھەرلىرىگە كېلىپ، يەھۇدانىڭ جەنۇب يۇرتىغا كىرىپ،
بەيت-شەمەش، ئايالون، گېدېروت، سوكو بىلەن ئۆزىگە تەۋە كەنتلىرىنى، تىمناھ بىلەن ئۆزىگە
تەۋە كەنتلىرىنى ۋە گىمزو بىلەن ئۆزىگە تەۋە كەنتلىرىنى ئېلىپ، ئاندا ئولتۇرۇۋالغانىدى.
[19] خۇداۋەندە يەھۇدانى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى ئاھازنىڭ سەۋەبىدىن پەس قىلغانىدى، چۈنكى
ئاھاز يەھۇدانى ئۇياتسىز قىلىپ، خۇداۋەندىگە بىۋاپالىق قىلغانىدى. [20] لېكىن ئاسسۇرنىڭ
پادىشاھى تىلگات-پىلنەسەر ئۇنىڭغا مەدەت بەرمەي، قارشى چىقىپ ھۇجۇم قىلدى. [21] ئاھاز
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى، پادىشاھنىڭ ئوردىسى بىلەن ئۇلۇغلارنىڭ ئۆيلىرىنى تالاپ، ئۇنىڭغا
بەرسىمۇ، ئۇ ئۇنىڭغا ھېچ مەدەت بەرمىدى.
[22] ئۆز تەڭلىكىدە ئاھاز پادىشاھ ئۆزى خۇداۋەندىگە قىلغان ۋاپاسىزلىقىنى تېخى زىيادە قىلىپ:
[23] «مېنى ئۇردى» دەپ، دەمەشقىنىڭ تەڭرىلىرىگە قۇربانلىق قىلىپ: «ئاررام پادىشاھلىرىنىڭ

تەڭرىلىرى ئۇلارغا ياردەم بەردى. ئۇلارغا قۇربانلىق قىلسام، ماڭا ھەم ياردەم بېرەرمىكىن»
دەپ خىيال قىلدى. لېكىن بۇ بۇتلار ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ھەممە ئىسرائىلنىڭ خارابلىقىغا
سەۋەب بولدى. [24] ئاھاز خۇدانىڭ بەيتىدىكى قاچىلارنى يىغدۇرۇپ، خۇدانىڭ بەيتىنىڭ
قاچىلىرىنى چېقىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاپ، يېرۇسالېمنىڭ ھەر
بۇلۇڭىدا قۇربانگاھلار ياساپ قويدى. [25] يەھۇدانىڭ ھەربىر شەھىرىدە قۇربانلىق ئېگىزلىكلەر
ياساپ، ئاندا بۇتلارغا خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ
غەزىپىنى كەلتۈردى.
[26] ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە تۇتقان يوللىرى توغرىسىدا، خاھى ئۇنىڭ ئاۋۋالقى، خاھى
ئۇنىڭ ئاخىرقى ئەمەللىرى بولسا يەھۇدا بىلەن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ كىتابىدا
پۈتۈلگەندۇر. [27] ئاھاز ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، پادىشاھلارنىڭ
قەبرىلىرىدە قويۇلماي، يېرۇسالېم شەھىرىنىڭ ئۆزىدە دەپنە قىلىندى. ئاندىن ئوغلى
ھىزقىيا ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ھىزقىيا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى پاك قىلىدۇ

29 [1] ھىزقىيا پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا يىگىرمە
توققۇز يىل سەلتەنەت قىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئابىيا دەپ ئاتىلىپ، زەكارىيانىڭ
قىزى ئىدى. [2] ھىزقىيا ئۆز ئاتىسى داۋۇد قىلغىنىنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق خۇداۋەندىنىڭ
كۆزلىرىدە راست بولغىنىنى قىلاتتى. [3] ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئاۋۋالقى يىلىنىڭ ئاۋۋالقى
ئايىدا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، ئۇلارنى ئوڭشىتىپ قويدى. [4] ئاندىن
كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنى قىچقىرىپ، ئۇلارنى شەرق تەرىپىدىكى ھويلىدا يىغدۇرۇپ، [5] ئۇلارغا
ئېيتتى: «ئەي لاۋىيلار، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار. ئۆزۈڭلارنى ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى پاك قىلىپ، مۇقەددەس خانىدىن ناپاكلىقنى چىقىرىۋېتىڭلار.
[6] چۈنكى ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىۋاپا بولۇپ، تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى
قىلىپ ئۇنى تاشلاپ، خۇداۋەندىنىڭ ماكانىدىن يۈز ئۆرۈپ ئارقىسىغا ياندى. [7] ئۇلار ئايۋاننىڭ
ئىشىكلىرىنى تاقاپ، چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ، خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرماي تۇرۇپ، مۇقەددەس
خانىدا ئىسرائىلنىڭ خۇدايىغا ھېچ كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق ئۆتكۈزمىدى. [8] ئۇنىڭ ئۈچۈن
خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئۈستىگە كەلدى. ئۇ ئۇلارنى دەھشەتكە
سېلىپ، سىلەر ئۆز كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرگەندەك كۈلكە قىلىپ قويدى. [9] مانا ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئاتا-بوۋىلىرىمىز قىلىچ بىلەن چۈشۈپ، ئوغۇل، قىز ۋە خوتۇنلىرىمىز ئەسىر بولۇپ
قالدى. [10] ئەمدى ئۇنىڭ شىددەتلىك غەزىپى بىزدىن يانغاي دەپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندە بىلەن بىر ئەھدە باغلاش كۆڭلۈمدە باردۇر. [11] ئەي ئوغۇللىرىم، غاپىل بولماڭلار،

چۈنكى خۇداۋەندە سىلەرنى ئۆز يۈزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ھۇزۇرىدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ،
ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى بولۇپ ئۇنىڭغا خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرغىلى ئىلغىدى» دېدى.
[12] ئۇ ۋاقىت لاۋىيلار قوپتى. بەنى-قېھاتتىن ئاماسايىنىڭ ئوغلى ماخات بىلەن ئازارىيانىڭ
ئوغلى يوئېل، بەنى-مەرارىدىن ئابدىنىڭ ئوغلى قىس بىلەن يەھاللەلەلنىڭ ئوغلى ئازارىيا،
گەرشونىيلاردىن زىممانىڭ ئوغلى يوئاھ بىلەن يوئاھنىڭ ئوغلى ئېدەن قوپتى. [13] بەنى-
ئېلىزافاندىن شىمرى بىلەن يەئىيەل، بەنى-ئاسافدىن زەكارىيا بىلەن ماتتانىيا، [14] بەنى-
ھېماندىن يەخىيەل بىلەن شىمېي ۋە بەنى-يەدۇتۇندىن شەمايا بىلەن ئۇززىيەل دېگەنلەر ھەم
قوپتى. [15] بۇلار ئۆز بۇرادەرلىرىنى يىغىپ، ئۆزىنى مۇقەددەس قىلىپ، پادىشاھ خۇداۋەندىنىڭ
سۆزىگە مۇۋاپىق بۇيرۇغاندەك خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى پاك قىلغىلى كىردى. [16] كاھىنلار
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىچكىرىگە ئۇنى پاك قىلماق ئۈچۈن كىرىپ، خۇداۋەندىنىڭ
بەيتىدە تاپقان ھەممە ناپاكلىقنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ھويلىسىغا چىقاردى. ئاندا لاۋىيلار
ئۇنى ئېلىپ، قىدرون ۋادىسىغا كۆتۈرۈپ تاشلىدى. [17] ئۇلار ئاۋۋالقى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدە
پاك قىلىنىشنى باشلاپ، ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنىدە خۇداۋەندىنىڭ ئايۋانىغا يېتىپ،
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى سەككىز كۈندە پاكىز قىلىپ، ئاۋۋالقى ئاينىڭ ئون ئالتىنچى
كۈنىدە ئىشنى پۈتكۈزۈپ بولدى. [18] ئۇ ۋاقىت ئۇلار خىزقىيا پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ،
ئېيتتىكى: «بىز خۇداۋەندىنىڭ پۈتۈن بەيتىنى پاك قىلىپ، كۆيدۈرمە قۇربانگاھى بىلەن
شۇنىڭغا تەئەللۇق ھەممە نەرسىلەرنى، تەقدىم ناننىڭ جوزىسى بىلەن شۇنىڭغا تەئەللۇق
ھەممە نەرسىلەرنى تازىلاپ، [19] ئاھاز پادىشاھ ئۆز سەلتەنىتىنىڭ ۋاقتىدا بىۋاپالىق قىلىپ
تاشلىغان ئەسۋابلارنى ئوڭلاپ پاك قىلدۇق. مانا بۇلار خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىنىڭ ئالدىدا
تۇرىدۇ».
[20] ئەتىسى سەھەر خىزقىيا پادىشاھ شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىنى يىغدۇرۇپ، خۇداۋەندىنىڭ
بەيتىگە چىقتى. [21] ئۇلار يەتتە بۇقا، يەتتە قوچقار، يەتتە قوزا ۋە يەتتە ئۆچكىنى گۇناھ
قۇربانلىقى بولۇشقا مەملىكەت بىلەن مۇقەددەس خانا ۋە يەھۇدا ئۈچۈن كەلتۈردى. پادىشاھ
ھارۇننىڭ ئوغۇللىرى بولغان كاھىنلارغا بۇ ھايۋانلارنى خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىدا
قۇربانلىق قىلغىلى بۇيرۇدى. [22] ئۇ ۋاقىت ئۇلار بۇقىلارنى ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى ئېلىپ
قۇربانگاھقا چاچتى. ئاندىن ئۇلار قوچقارلارنى ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى قۇربانگاھقا چېچىپ،
قوزىلارنى ھەم ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى قۇربانگاھقا چاچتى. [23] شۇنى قىلىپ بولۇپ، گۇناھ
قۇربانلىقى بولىدىغان تېكىلەرنى پادىشاھ بىلەن جامائەتنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ
ئۈستىگە قول قويدى. [24] كاھىنلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، گۇناھ قۇربانلىقى بولسۇن دەپ
قېنىنى پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن قۇربانگاھقا چاچتى، چۈنكى پادىشاھ: «پۈتۈن
ئىسرائىل ئۈچۈن كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن گۇناھ قۇربانلىقى ئۆتكۈزۈلسۇن» دەپ
بۇيرۇغانىدى. [25] ئۇ ئۆزى لاۋىيلارنى داۋۇد بىلەن پادىشاھنىڭ روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچىسى
گاد ۋە ناتان پەيغەمبەر بۇيرۇغاندەك خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە تۇرغۇزۇپ، ئۇلار خۇداۋەندە ئۆز

پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇيرۇغانغا مۇۋاپىق جاڭجاڭ ۋە ساتار بىلەن چاڭلارنى
تۇتۇپ تۇرسۇن دەپ تەيىنلىگەنىدى. [26] لاۋىيلار داۋۇدنىڭ چالىدىغان ئەسۋابلارنى تۇتۇپ،
كاھىنلار كانايلارنى تۇتۇپ تۇردى.
[27] ھىزقىيا: «قۇربانگاھنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقنى ئۆتكۈزۈڭلار» دەپ بۇيرۇدى.
قۇربانلىق قىلىنغىنىدا خۇداۋەندىنىڭ شېئىرى باشلىنىپ، كاناي بىلەن ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى
داۋۇدنىڭ نەغمىلىرى چېلىنىپ تۇردى. [28] شېئىر ئوقۇلۇپ، كاناي چېلىنىپ، كۆيدۈرىدىغان
قۇربانلىق كەلتۈرۈلۈپ بولغۇچە پۈتۈن جامائەت سەجدە قىلىپ تۇردى. [29] ئۇلار كۆيدۈرىدىغان
قۇربانلىق ئۆتكۈزۈپ بولغاندا پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھازىر بولغانلارنىڭ ھەممىسى تىز
پۈكۈپ سەجدە قىلدى. [30] ھىزقىيا پادىشاھ بىلەن ئەمىرلەر لاۋىيلارغا: «داۋۇد بىلەن روھىي
كۆرۈنۈش كۆرگۈچى ئاسافنىڭ سۆزى بىلەن خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار» دەپ بۇيرۇدى.
ئۇلار خۇشلۇق بىلەن مەدھىيە ئوقۇپ، ئېگىلىپ سەجدە قىلدى.
[31] ھىزقىيا سۆز قىلىپ: «خۇداۋەندىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ھەدىيە كەلتۈردۇڭلار. ئەمدى
كېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە سىيۇم قۇربانلىقلار بىلەن ھەمد قۇربانلىقلىرىنى ئۆتكۈزۈڭلار»
دېدى. ئۇ ۋاقىت جامائەت سىيۇم قۇربانلىقلار بىلەن ھەمد قۇربانلىقلىرىنى كەلتۈرۈپ، ھەركىم
خالىسا كۆڭلىنىڭ مەيلىچە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق ئۆتكۈزەتتى. [32] جامائەت كەلتۈرگەن
قۇربانلىقنىڭ سانى: يەتمىش بۇقا، يۈز قوچقار ۋە ئىككى يۈز قوزا ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى
خۇداۋەندىگە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقلار ئىدى. [33] شۈكۈر قۇربانلىقلىرى ئالتە يۈز بۇقا بىلەن
ئۈچ مىڭ قوي ئىدى. [34] لېكىن كاھىنلار كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق ھايۋانلىرىنى سويغىلى ئاز
كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇرادەرلىرى بولغان لاۋىيلار بۇ ئىشنى تۈگىتىپ بولۇپ، ھەممە كاھىنلار
ئۆزىنى مۇقەددەس قىلىپ بولغۇچە ئۇلارغا ياردەم بەردى، چۈنكى ئۆزىنى مۇقەددەس قىلىنىشتا
لاۋىيلار كاھىنلاردىن ئىخلاسلىقراق بولغانىدى. [35] كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقلارنىڭ سانى چوڭ
ئىدى. بۇلارنىڭ ئۈستىدە شۈكۈر قۇربانلىقلىرىنىڭ ياغ پارچىلىرى ۋە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقلارغا
تەئەللۇق بولغان ئىچكۈلۈك قۇربانلىقلىرى ھەم تولا ئىدى. بۇ تەرىقىدە خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ
ئىبادىتى تايىن قىلىنىدى. [36] ھىزقىيا بىلەن خەلقنىڭ ھەممىسى خۇدا قوۋم ئۈچۈن راستلىغان
ئىش ئۈچۈن خۇشال ئىدى، چۈنكى بۇ ئىش تۇيۇقسىز تەييار بولغانىدى.

## ھىزقىيانىڭ سەلتەنىتى مەزگىلىدە پاسخا ھېيتى تۇتۇلدۇ

30 [1] ئاندىن كېيىن ھىزقىيا پۈتۈن ئىسرائىل بىلەن يەھۇداغا كىشى ئەۋەتىپ، ھەم
ئەفرائىم بىلەن ماناسسەگە خەت پۈتۈپ: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە
پاسخا ھېيتىنى تۇتماق ئۈچۈن يېرۇسالېمغا كېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە ھازىر بولۇڭلار»
دەپ ئېيتقۇزدى. [2] چۈنكى پادىشاھ، ئۇنىڭ ئەمىرلىرى ۋە يېرۇسالېمنىڭ ھەممە جامائىتى:

«ئىككىنچى ئايدا پاسئخا ھېيتىنى تۇتىمىز» دەپ مەسلىھەت قىلىشقانىدى. [3] خاھى ئۆزىنى
مۇقەددەس قىلغان كاھىنلارنىڭ سانى كۇپايە بولماي، خاھى خەلق تېخى يېرۇسالېمغا
يىغىلمىغىنى ئۈچۈن ئۇلار ھېيتنى دەرھال قىلالمايتتى. [4] بۇ سەۋەبتىن پادىشاھ بىلەن ھەممە
جامائەتكە شۇنداق قىلغىلى ياخشى كۆرۈندى. [5] ئۇلار بولسا: «سىلەر كېلىپ، يېرۇسالېمدا
ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ پاسئخا ھېيتىنى تۇتۇڭلار» دەپ بەرشېبادىن تارتىپ
دانغىچە ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن يۇرتىدا ئېلان قىلغىلى توختاتتى. چۈنكى ئۇزۇن ۋاقىتتىن تارتىپ
پۈتۈلگەن بۇيرۇققا مۇۋاپىق شۇنچە ئىتتىپاق بىلەن ھېيت قىلغان ئەمەس ئىدى.
[6] ئەلچىلەر پادىشاھ بىلەن ئەمىرلىرىنىڭ خەتلىرىنى ئېلىپ يولغا كېتىپ، پادىشاھ
بۇيرۇغاندەك ئىسرائىل بىلەن يەھۇدانىڭ پۈتۈن يۇرتىنى كېزىپ، ئېيتتىكى: «ئەي بەنى-
ئىسرائىل، ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىگە يېنىڭلار
ۋە ئۇ ئۆزى سىلەر ئاسسۇر پادىشاھىنىڭ قولىدىن قۇتۇلغانلارنىڭ تەرىپىگە يانغاي. [7] ئاتا-
بوۋا بىلەن بۇرادەرلىرىڭلاردەك بولماڭلار. ئۇلار ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە
بىۋاپالىق قىلغىنى ئۈچۈن سىلەر كۆرگەندەك ئۇ ئۇلارنى ۋەيرانلىققا تاپشۇردى. [8] ئەمدى
ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىڭلاردەك بوينۇڭلار قاتتىق بولماي، بەلكى خۇداۋەندىگە بويۇن سۇنۇپ، ئۆزى
ئەبەدكىچە مۇقەددەس قىلغان مۇقەددەس خانىغا كېلىپ، ئۇنىڭ غەزىپىنىڭ شىددەتلىكى
سىلەردىن كۆتۈرۈلمىكى ئۈچۈن تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلىڭلار. [9] ئەگەر سىلەر
خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىگە يانساڭلار، بۇرادەر بىلەن باللىرىڭلار ئۇلارنى ئەسىر قىلغانلارنىڭ
ئالدىدا ئىلتىپات تېپىپ، بۇ يۇرتقا قايتىپ كېلىدۇ. چۈنكى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە رەھىم ۋە
مەرھەمەتلىك بولغاچ ئۇنىڭ تەرىپىگە يانساڭلار، سىلەردىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ».
[10] شۇنى دەپ، ئەلچىلەر ئەفرائىم بىلەن ماناسسەنىڭ يۇرتىنى كېزىپ، شەھەردىن شەھەرگە
زەبۇلۇن يۇرتىغىچە باردى. لېكىن خەلق ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ مەسخىرە قىلدى. [11] ئەمما
ئاشەر، ماناسسە بىلەن زەبۇلۇننىڭ بەزى ئادەملىرى ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ يېرۇسالېمغا باردى.
[12] يەھۇدانىڭ يۇرتىدا ھەم خۇدانىڭ قولى ئەمەل قىلىپ ئۇلارنى بىر كۆڭۈللۈك قىلىپ، پادىشاھ
بىلەن ئەمىرلەرنىڭ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ سۆزىگە مۇۋاپىق بۇيرۇغاندەك قىلغىلى مايىل قىلدى.
[13] ئىككىنچى ئايدا تولا خەلق جەم بولۇپ، پېتىر نان ھېيتىنى تۇتماق ئۈچۈن يېرۇسالېمدا
چوڭ بىر جامائەت يىغىلدى.
[14] ئۇلار قوپۇپ، يېرۇسالېمدىكى قۇربانگاھلارنى چىقىرىپ، ھەممە خۇشبۇي ئىسرىق
قۇربانگاھلىرىنى ئېلىپ، قىدرون جىلغىسىغا تاشلاپ، [15] ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى
كۈنىدە پاسئخا قوزىسىنى سويدى. ئۇ ۋاقىت كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار خىجالەت بولۇپ، ئۆزىنى
مۇقەددەس قىلىپ كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە كەلتۈرۈپ، [16] خۇدانىڭ
ئادىمى مۇسانىڭ قانۇنىنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق ئۆز خىزمىتىنى قىلىدىغان جايىدا ھازىر
بولدى. كاھىنلار قاننى لاۋىيلارنىڭ قولىدىن ئېلىپ، چېچىپ قويدى. [17] جامائەتتە ئۆزىنى
مۇقەددەس قىلمىغانلار تولا بولغىنى ئۈچۈن لاۋىيلار پاك بولمىغانلار ئۈچۈن پاسئخا قوزىلىرىنى

سويۇپ، ئۇلارنى خۇداۋەندىگە مۇقەددەس قىلدى. [18] چۈنكى ئەفرائىم، ماناسسە، ئىسساكار بىلەن زەبۇلۇن قەبىلىلىرىدىن بولغان تولا خەلق ئۆزىنى مۇقەددەس قىلماي، بەلكى كىتابىدا بۇيرۇلغاندىن باشقا تەرىقىدە پاسخا قوزىسىنى يېدى. لېكىن خىزقىيا ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ: [19] «كىمكى ئۆز تەڭرىسىنى، يەنى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇداۋەندىنى ئىزدىگىلى ئۆز كۆڭلىنى مايىل قىلسا، بۇ ئۆزى مۇقەددەس خانىنىڭ قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق پاك بولمىسىمۇ، كەرەملىك خۇدا ئۇنى ئەپۇ قىلسۇن» دەپ ئېيتتى. [20] شۇنى ئېيتقاندا، خۇداۋەندە خىزقىيانى ئىڭشاپ، خەلقنى ئايىدى.

[21] بەنى-ئىسرائىلدىن يېرۇسالېمدا جەم بولغانلار چوڭ خۇشلۇق بىلەن يەتتە كۈنگىچە پېتىر نان ھېيتىنى تۇتتى. لاۋىيلار بىلەن كاھىنلار ئۆزى ھەر كۈنى خۇداۋەندىنىڭ ھەمدىگە كۈچلۈك ئۈن بېرىدىغان نەغمىلەر چېلىپ، مەدھىيە ئوقۇپ، خۇداۋەندىگە ئىززەت بېرەتتى. [22] خىزقىيا خۇداۋەندىنىڭ خىزمىتىدە كۆنگەن لاۋىيلارنىڭ ھەممىسىگە ياخشى سۆز قىلىپ تۇردى. ئۇلار يەتتە كۈنگىچە ھېيت قۇربانلىقلىرىدىن يەپ، شۈكۈر قۇربانلىقى كەلتۈرۈپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا ئېيتتى. [23] ئاندىن كېيىن پۈتۈن جامائەت: «تېخى يەتتە كۈنگىچە ھېيت تۇتايلى» دەپ مەسلىھەت قىلىشىپ، يەنە يەتتە كۈن خۇشلۇق بىلەن ھېيت تۇتتى. [24] چۈنكى يەھۇدانىڭ پادىشاھى خىزقىيا جامائەتكە بىر مىڭ بۇقا بىلەن يەتتە مىڭ قوي بەردى. ئەمىرلەر ھەم جامائەتكە بىر مىڭ بۇقا بىلەن ئون مىڭ قوي بەردى. ئۇ ۋاقىت كاھىنلارنىڭ چوڭ بىر سانى ئۆزىنى مۇقەددەس قىلدى.

[25] يەھۇدانىڭ پۈتۈن جامائىتى، كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار، ئىسرائىلدىن كەلگەن ھەممە جامائەت ۋە ئىسرائىلنىڭ يۇرتىدىن چىقىپ يەھۇدانىڭ يۇرتىدا ئولتۇرغان بىگانىلەر شادلىق قىلاتتى. [26] ئۇ ۋاقىت يېرۇسالېمدا چوڭ خۇشلۇق بولدى. چۈنكى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ئۇنداق ئىش بولغان ئەمەس ئىدى. [27] لاۋىيلاردىن بولغان كاھىنلار قوپۇپ، قوۋمنى مۇبارەكلىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئاسماندا ئاڭلىنىپ، دۇئاسى مۇقەددەس ماكاندا قوبۇل بولدى.

## بۇتپەرەسلىكنى رەت قىلىش ۋە خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش

31 [1] بۇ ھەممە ئىش تۈگەپ بولغاندا جەم بولغان ھەممە ئىسرائىلىيلار يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىگە بېرىپ، بۇتسۈرەتلىرىنى چېقىپ، ئاشىرە بۇتلىرىنى يىقىتىپ، يەھۇدا، بەنيامىن، ئەفرائىم بىلەن ماناسسەنىڭ ھەممە يۇرتلىرىدا قۇربانلىق ئېگىزلىكلىرى بىلەن قۇربانگاھلارنى بۇزۇپ، تامامەن يوقىتىپ قويىدى. ئاندىن بەنى-ئىسرائىل ئۆز شەھەرلىرىگە يېنىپ، ھەربىرى ئۆز مۈلكىگە كەتتى.

2 خىزقىيا بولسا كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ پىرقىلىرىنى توختىتىپ، ھەربىرىنى ئۆز پىرقىسىدە
قويۇپ، ھەم كاھىنلارغا، ھەم لاۋىيلارغا ئۆز تايىن ئىشىنى بېرىپ، كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق
بىلەن شۈكۈر قۇربانلىقى قىلىنىشىدا خۇداۋەندىنىڭ ماكانىنىڭ دەرۋازىلىرىدا خىزمەت قىلىپ،
شۈكۈر ۋە مەدھىيە ئېيتقىلى تەيىنلەپ قويدى.
3 پادىشاھ ئۆز تەئەللۇقىنىڭ بىر ھەسسىسىنى كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقلارغا، يەنى ئەتە
ئاخشام، يېڭى ئاي بىلەن ھېيتلاردا ئۆتكۈزۈلسۇن دەپ، خۇداۋەندىنىڭ قانۇنىدا بۇيرۇلغان
كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقلارغا ئاتاپ قويۇپ، 4 يېرۇسالېمدا ئولتۇرغان خەلققە: «كاھىنلار بىلەن
لاۋىيلار خۇداۋەندىنىڭ قانۇنىنى چىڭ تۇتماق ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆز تايىن ھەسسىسىنى بېرىڭلار»
دەپ بۇيرۇدى. 5 بۇ بۇيرۇق چىققاندا بەنى-ئىسرائىل ئاشلىق، شاراب، ياغ، ھەسەل ۋە ھەممە
يەر ھوسۇلىنىڭ تۇنجىسىنى كەڭرىچىلىك بىلەن بېرىپ، ھەر نەرسىنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى
ھەم كەڭرى-كەڭرى بەردى. 6 يەھۇدانىڭ شەھەرلىرىدە ئولتۇراقلىق بەنى-ئىسرائىل بىلەن
بەنى-يەھۇدا كالا بىلەن قوينىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ، ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىگە
مۇقەددەس قىلىغان مۇقەددەس ھەدىيەلەرنى بېرىپ، دۆۋە-دۆۋە قىلىپ قويدى. 7 ئۈچىنچى
ئايدا دۆۋىلىگىلى باشلاپ، يەتتىنچى ئايدا بۇ ئىشنى قىلىپ بولدى. 8 خىزقىيا بىلەن ئەمىرلەر
كېلىپ، دۆۋىلەرنى كۆرگەندە خۇداۋەندىنى ئۇلۇغلاندۇرۇپ قوۋمى ئىسرائىلنى داڭلىدى.
9 خىزقىيا ئۆزى كاھىنلار بىلەن لاۋىيلاردىن دۆۋىلەر توغرىسىدىن سورىدى. 10 سادوقنىڭ
خانىدانىدىن بولغان باش كاھىن ئازاريا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ ئېيتتى: «خەلق خۇداۋەندىنىڭ
بەيتىگە ھەدىيە كەلتۈرگىلى باشلىغاندىن تارتىپ بىز تويغۇدەك يېسەكمۇ تولا ئېشىپ قالدى،
چۈنكى خۇداۋەندە ئۆز قوۋمىنى بەرىكەتلىدى. مانا بۇ چوڭ خەزىنە ئېشىپ قالدى» دېدى.
11 خىزقىيا: «خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە خەزىنىلەر راستلاڭلار» دەپ بۇيرۇغاندا ئۇلار شۇنداق
قىلىپ، 12 ھەدىيەلەر، ئوندىن بىر ئۈلۈش بىلەن مۇقەددەس قىلىنغان نەرسىلەرنى ۋاپالىق
بىلەن كىرگۈزۈپ قويدى. بۇ ئىشنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇچى لاۋىيلاردىن بولغان كونانيا ئىدى.
ئۆز بۇرادىرى شىمىي ئۇنىڭ ئاستىدا تۇراتتى. 13 خىزقىيا پادىشاھ بىلەن خۇدانىڭ بەيتىنىڭ
ئەمىرى ئازاريا بۇيرۇغاندەك يەخىيەل، ئازاريا، ناھات، ئاسائەل، يەرىموت، يوزاباد، ئېلىيەل،
يىسماكيا، ماخات ۋە بەنايا دېگەنلەر كونانيا بىلەن بۇرادىرى شىمىينىڭ قول ئاستىدا نازارەتچى
بولۇپ ئىشلايتتى. 14 شەرق تەرىپىنىڭ دەرۋازىۋەن بولۇپ لاۋىيلاردىن بولغان قورە
بەن-يىمنا بولسا خەلق ئۆزىچە خۇداغا بەرگەن ھەدىيەلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، خۇداۋەندىگە
ئاتالغان ھەدىيەلەرنى ئۈلەشتۈرۈپ، ھەممىدىن مۇقەددەس قۇربانلىقلارنى تەقدىم قىلىشقا
قويۇلغانىدى. 15 ئۇنىڭ ئاستىدا ئېدەن، مىنيامىن، يەشۇئا، شەمايا، ئاماريا ۋە شەكانيا
بولۇپ، كاھىنلارنىڭ شەھەرلىرىدە تۇرۇپ، ئۆز بۇرادەرلىرىگە ئۇلارنىڭ پىرقىلىرىگە قاراپ ھەم
چوڭ، ھەم كىچىكلەرگە بۇلارنىڭ تېگىشلىكىنى بېرىشكە تەيىنلەندى. 16 بۇلاردىن باشقا ئۆز
نەسەبنامىلىرىدە پۈتۈلۈپ، ئۈچ ياش ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق بولۇپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە
كىرىپ ھەر كۈن ئۈچۈن تايىن قىلىنغان ئىشنى قىلىپ، پىرقىلىرىنىڭ نۆۋىتىدە ئۆز گەدىنىگە

قويۇلغان خىزمەتنى ئۆتكۈزىدىغان ئەر كىشىلەرگە ھەممە ئۆز تېگىشلىكى بېرىلدى. [17] شۇنداق ھەم ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق خەتلىنىپ نەسەبنامىلىرىدە پۈتۈلگەن كاھىنلارغا ھەسسە تېگىپ، لاۋىيلارنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭراق بولۇپ تايىن-تايىن خىزمەت ئۈچۈن خەتلىنىپ ئۆز پىرقىلىرىگە مۇۋاپىق يېزىلغانلارغىمۇ نېسىپ تەگدى. [18] بۇلار بولسا ئۆز بالىلىرى بىلەن خوتۇنلىرىغا، ئوغۇل بىلەن قىزلىرىغا قوشۇلۇپ نەسەبنامىلەردە يېزىلىپ، مۇقەددەس ئىشنى قىلىشقا ئۆز-ئۆزىنى مۇقەددەس قىلغانىدى. [19] لېكىن ئۆز شەھەرلىرىگە تەۋە يەرلىرىدە ئولتۇرۇپ ھارۇننىڭ ئەۋلادى بولغان كاھىنلار ئۈچۈن ھەر شەھەردە تايىن كىشىلەر توختىتىلغانىدى. بۇلار كاھىنلارنىڭ ئەر كىشىلىرىگە ۋە لاۋىيلارنىڭ نەسەبنامىلىرىدە يېزىلغان ھەربىرىگە ئۆز تېگىشلىكىنى بېرىش كېرەك ئىدى.

[20] خىزقىيا شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن يەھۇدادا ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ياخشى، توغرا ۋە راست بولغىنىنى قىلاتتى. [21] خۇدانى ئىزدەپ، ھەر نە قىلسا، خاھى خۇدانىڭ بەيتىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا بولسا، خاھى قانۇن بىلەن ئەمرلەر توغرىسىدا بولسا، ھەممىسىنى پۈتۈن كۆڭۈل بىلەن قىلىپ راۋاج تاپاتتى.

## سانخېرىبنىڭ ھۇجۇم قىلىشى ۋە ئۆز يۇرتىغا يېنىپ كېتىشى

32 [1] ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلىپ، ساداقەتلىك بىلەن پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى سانخېرىب يەھۇدا يۇرتىغا كىرىپ، مەھكەم شەھەرلىرىنى قورشاپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىۋالغىلى قەستلىدى. [2] خىزقىيا سانخېرىبنىڭ يېرۇسالېمنى ھۇجۇم قىلىشنى قەستلىگىنىنى كۆرگەندە، [3] «شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بۇلاقلارنىڭ سۈيىنى توسايلى» دەپ ئۆز ئەمىر ۋە پالۋانلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشتى. ئۇلار ئۇنىڭغا بۇ ئىشتا ياردەم بەرگىلى تۇردى. [4] تولا خەلق يىغىلىپ، ھەممە بۇلاقلىرىنى يېپىپ، يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېقىننى توسۇپ: «ئاسسۇرنىڭ پادىشاھلىرى كەلگەندە شۇنچە تولا سۇ تاپمىسۇن» دەپ ئېيتىشتى. [5] خىزقىيا جۈرئەت قىلىپ، سېپىلنىڭ ھەممە چۆشكەن يەرلىرىنى ئوڭلىتىپ، مۇنارلارنى ئېگىزرەك قىلىپ، سىرتىدا يەنە بىر سېپىل ياساپ، داۋۇدنىڭ شەھىرىدىكى مىللو قەلئەسىنى مەھكەملەپ، تولا ئاتىدىغان ئەسۋاب بىلەن سىپارلار ئەتكۈزۈپ قويدى. [6] ئاندىن خەلقنىڭ ئۈستىدە قوشۇن سەردارلىرى قويۇپ، ئۇلارنى ئۆزىگە قىچقىرىپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى ھويلىدا يىغدۇرۇپ، ئۇلارغا تەسەللى سۆز قىلىپ ئېيتتى: [7] «جۈرئەتلىنىپ قورقۇنچىسىز بولۇڭلار! ئەندىشىسىز بولۇپ، خاھى ئاسسۇرنىڭ پادىشاھىدىن، خاھى ئۇنىڭ بىلەن بولغان چوڭ قوشۇندىن قورقماڭلار، چۈنكى بىز بىلەن بولغانلار ئۇنىڭ بىلەن بولغانلاردىن تولىدۇر. [8] ئۇنىڭ بىلەن تىرىك جانلارنىڭ بىلىكى بار، لېكىن بىز بىلەن

تەڭرىمىز خۇداۋەندە بار. ئۇ بىزگە ياردەم بېرىپ، جېڭىمىزنى قىلىدۇ» دېدى. شۇنى دېگەندە خەلق يەھۇدا پادىشاھى خىزقىيانىڭ سۆزىدىن تەسكىن تاپتى.

9 ئاندىن كېيىن ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى سانخېرىب ئۆز ھەممە قوشۇنى بىلەن لاكىشنىڭ
يېنىدا توختاپ تۇرغىنىدا خىزمەتكارلىرىنى يېرۇسالېمغا يەھۇدانىڭ پادىشاھى خىزقىيا
بىلەن يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلىق ھەممە يەھۇدا خەلقىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، ئېيتقۇزدىكى:
10 «ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى سانخېرىب مۇنداق ئېيتىدۇ: سىلەر قورشۇۋېلىنغان يېرۇسالېمدا
قېلىپ، نېمىگە تايىنىسىلەر؟ 11 مانا خىزقىيا: ‹ تەڭرىمىز خۇداۋەندە بىزنى ئاسسۇر
پادىشاھىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىدۇ› دەپ سىلەرنى قوزغىتىپ، ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇقتىن
ئۆلمىكىڭلارغا سەۋەب بولمامدۇ؟ 12 ئۇشبۇ خىزقىيا بولسا ئۇ ئېگىز يەرلىرى بىلەن
قۇربانگاھلىرىنى ئېلىۋېتىپ، يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمغا: ‹ يالغۇز بىر قۇربانگاھنىڭ ئالدىدا
سەجدە قىلىپ، شۇنىڭدا خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرۇڭلار› دەپ بۇيرۇغان ئەمەسمۇ؟ 13 مەن
بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىم باشقا مەملىكەتلەرنىڭ ھەممە خەلقىگە نېمە قىلغىنىمىزنى بىلمەمسىلەر؟
بۇ مەملىكەتلەرنىڭ تائىپىلىرى ئىبادەت قىلغان تەڭرىلەر ئۆز يۇرتلىرىنى مېنىڭ قولۇمدىن
قۇتقۇزالىدىمۇ؟ 14 ئاتا-بوۋىلىرىم يوقاتقان ھەممە تائىپىلەرنىڭ تەڭرىلىرىنىڭ ئارىسىدا كىم
ئۆز خەلقىنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالىدى؟ ئەمدى سىلەرنىڭ تەڭرىڭلار سىلەرنى مېنىڭ
قولۇمدىن قۇتقۇزالامدۇ؟ 15 خىزقىيا سىلەرنى ئالداپ قوزغاتمىسۇن. ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭلار،
چۈنكى ھېچبىر تائىپىنىڭ يا مەملىكەتنىڭ تەڭرىسى ئۆز خەلقىنى مېنىڭ قولۇمدىن يا ئاتا-
بوۋىلىرىمنىڭ قولىدىن قۇتقۇزالمىدى. ئۇنداق بولسا، سىلەرنىڭ تەڭرىڭلار سىلەرنى مېنىڭ
قولۇمدىن قانداق قۇتقۇزالايدۇ؟» دېدى.
16 ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى رەب خۇداغا قارشى ۋە ئۇنىڭ بەندىسى خىزقىياغا قارشى تېخى تولا
سۆزلىدى. 17 ئۇ ھەم خەت يېزىپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ھاقارەت قىلىپ:
«باشقا يۇرتلارنىڭ تائىپىلىرى ئىبادەت قىلغان تەڭرىلىرى ئۆز خەلقلىرىنى مېنىڭ قولۇمدىن
قۇتقۇزالمىغاندەك خىزقىيانىڭ تەڭرىسى ھەم ئۆز خەلقىنى مېنىڭ قولۇمدىن قۇتقۇزالمايدۇ»
دەپ ئۇنىڭغا قارشى سۆز قىلدى. 18 ئۇلار سېپىلدە تۇرغان يېرۇسالېملىق خەلققە ئۇلارنى
قورقۇتۇپ، جۈرئەتسىز قىلماق ئۈچۈن يەھۇدىي زۇۋاندا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن قىچقىرىپ تۇردى.
شەھەرنى ئالماقنىڭ ئەرزىدە شۇنداق قىلدى. 19 ئادەمنىڭ قولى بىلەن ياسىلىپ باشقا
تائىپىلەرنىڭ تەڭرىلىرى بولغان بۇتلار توغرىسىدىن سۆزلىگەندەك يېرۇسالېمنىڭ خۇدايى
توغرىسىدىن سۆز قىلدى.

20 ئەمما خىزقىيا پادىشاھ بىلەن ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا دۇئا قىلىپ، ئاسمان تەرىپىگە پەرياد
قىلدى. 21 ئۇ ۋاقىت خۇداۋەندە تەرىپىدىن بىر پەرىشتە ئەۋەتىلىپ، ئاسسۇر پادىشاھىنىڭ
لەشكەرگاھىدا ھەممە باتۇر جەڭ قىلغۇچى بىلەن ئەمىر ۋە سەردارلارنى ئۆلتۈردى. شۇنداقكى،

پادىشاھ شەرمەندە بولۇپ، ئۆز يۇرتىغا يېنىپ كەتتى. ئەمما بىر ۋاقىت ئۇ ئۆز تەڭرىسىنىڭ بەيتىگە كىرگەندە، ئۆز ئوغۇللىرى ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى. [22] شۇ تەرىقىدە خۇداۋەندە خىزقىيا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىنى ئاسسۇر پادىشاھىنىڭ قولىدىن ۋە ھەممە باشقىلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ، ھەر تەرەپتىن ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلىدى. [23] تولا خەلق يېرۇسالېمغا ھەدىيە كەلتۈرۈپ، خۇداۋەندىگە بېرىپ، يەھۇدانىڭ پادىشاھى خىزقىياغا قىممەت تارتۇق ھەم كەلتۈرەتتى. شۇنداقكى، ئۇ ھەممە تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا داڭلىناتتى.

## خىزقىيانىڭ كېسەل بولۇپ شىپا تېپىشى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتى

[24] شۇ كۈنلەردە خىزقىيا ئۆلگۈدەك كېسەل بولدى. خۇداۋەندىگە دۇئا قىلغاندا ئۇ ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئالامەت كۆرسەتتى. [25] لېكىن خىزقىيا تاپقان ئىلتىپاتقا لايىق ئەمەل قىلماي، بەلكى ئۆز كۆڭلىدە مۇتەكەببىر بولدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋە يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئۈستىگە غەزەپ كەلدى. [26] لېكىن خىزقىيا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى ئۆز كۆڭلىنىڭ تەكەببۇرلۇقىدىن يېنىپ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقاندا خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى كۆتۈرۈلۈپ، خىزقىيانىڭ كۈنلىرىدە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلمىدى. [27] خىزقىيانىڭ دۆلىتى بىلەن ئىززىتى ناھايىتى چوڭ بولدى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن كۈمۈش بىلەن ئالتۇنغا، قىممەت باھا تاش بىلەن خۇشبۇي دورا-دەرمەكلەرگە، سىپار بىلەن ھەر خىل قىممەت نەرسىلەرگە خەزىنىلەر ياساپ، [28] ئاشلىق، شاراب ۋە ياغقا ئامبار بىنا قىلىپ، ھەر خىل مال ئۈچۈن ئېغىللار ۋە پادىلىرى ئۈچۈن قوتانلار ياساپ قويدى. [29] ئۇ ئۆزىگە شەھەرلەر ياساپ، ناھايىتى تولا قوي بىلەن كالىغا ئىگە بولدى، چۈنكى خۇدا ئۇنىڭغا تولا دۆلەت بەرگەنىدى. [30] خىزقىيا ئۆزى ئۈستۈن گىخون سۇيىنى توسۇپ، ئۇنى تۆۋەنگە باشلاپ، داۋۇدنىڭ شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە ئاقتۇردى. خىزقىيا ھەرنېمە قىلسا راۋاج تاپاتتى. [31] بابىلنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر كېلىپ، يۇرتتا بولغان مۆجىزە توغرىسىدىن سورىغاندا، «ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە بار بولغىنىنى مەلۇم قىلماق ئۈچۈن ئۇنى سىناپ باقاي» دەپ خۇدا ئۇنى تاشلىغاندەك بولدى.

[32] خىزقىيانىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن ياخشى ئەمەللىرى توغرىسىدا ئاموزنىڭ ئوغلى يەشايا پەيغەمبەرنىڭ ۋەھيي كىتابىدا ۋە يەھۇدا بىلەن ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. [33] خىزقىيا ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، بەنى-داۋۇدنىڭ قەبرىلىرىگە چىقىدىغان يەردە دەپنە قىلىندى. ئۇ ئۆلگەندە پۈتۈن يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى ئۇنىڭغا ئىززەت بەردى. ئۇنىڭ ئورنىدا ئوغلى ماناسسە پادىشاھ بولدى.

# يەھۇدانىڭ پادىشاھى ماناسسەنىڭ بۇتپەرەسلىكى

33 [1] ماناسسە پادىشاھ بولغاندا ئون ئىككى ياشقا كىرىپ، ئەللىك بەش يىل يېرۇسالېمدا
سەلتەنەت قىلدى. [2] ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، خۇداۋەندە
بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن ھەيدەپ چىقارغان تائىپىلەرنىڭ يىرگىنچلىك رەسىملىرىگە
مۇۋاپىق قىلىپ، [3] ئاتىسى خىزقىيا بۇزغان قۇربانلىق ئېگىزلىكلەرنى يەنە ياساپ، بائال
بۇتلىرىغا قۇربانگاھلار سېلىپ، ئاشىرە بۇتسۇرەتلىرىنى قىلىپ، ئاسماننىڭ ھەممە قوشۇنىغا
دۇئا قىلىپ ئىبادەت قىلاتتى. [4] ئۇ ھەم خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە قۇربانگاھلار ياسىدى. بۇ بەيت
توغرىسىدا خۇداۋەندە: «يېرۇسالېمدا مېنىڭ ئىسمىم ئەبەدكىچە بولسۇن» دەپ ئېيتقانىدى.
[5] خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىككى ھويلىسىدا ئاسماننىڭ پۈتۈن قوشۇنىغا قۇربانگاھلار
ياسىتىپ، [6] بەن-ھىننومنىڭ ۋادىسىدا ئۆز باللىرىنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈپ، پالچىلىق بىلەن
جادۇگەرلىك قىلىپ، جىنكەش بىلەن ئەپسۇنچىلارنى بېكىتىپ، خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان
بولغىنىنى تولا قىلىپ ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرەتتى. [7] ئۆزى ياساتقان بۇتسۇرەتنى خۇدانىڭ
بەيتىدە قويىدى. ئۇ بەيت توغرىسىدا خۇدا داۋۇدقا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمانغا ئېيتقان ئىدىكى:
«بۇ ئۆيدە ۋە ھەم مەن ئىسرائىلنىڭ ھەممە قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئىلغىغان يېرۇسالېمنىڭ
ئۆزىدە ئەبەدكىچە مېنىڭ ئىسمىمنىڭ خاتىرىسىنى قويىمەن. [8] ئەگەر ئىسرائىل مەن مۇسانىڭ
قولى بىلەن ئۇلارغا بەرگەن قانۇن، بەلگىلىمىلەر بىلەن ئەمرلەردە يۈرۈپ، بۇيرۇغىنىمنىڭ
ھەممىسىگە مۇۋاپىق قىلسا، مەن ئاتا-بوۋىلىرىغا تەيىنلىگەن يۇرتتىن ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى
يەنە ماڭدۇرمايمەن». [9] لېكىن ماناسسە بولسا يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىنى
ئازدۇرۇپ، خۇداۋەندە بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىدىن يوقاتقان تائىپىلەرنىڭ قىلغاندىن زىيادە
يامانلىق قىلغىلى ئالدىدى.
[10] خۇداۋەندە ئۆزى ماناسسە بىلەن خەلقىگە سۆز قىلدى، لېكىن ئۇلار قۇلاق سالمىدى. [11] ئۇ
ۋاقىت خۇداۋەندە ئاسسۇر پادىشاھىنىڭ سەردارلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. بۇلار
ماناسسەنى زەنجىر بىلەن باغلاپ، مىس ئىشكەلىدە قويۇپ، بابىلغا ئېلىپ باردى. [12] لېكىن
ئۆز تەڭلىكىدە ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىگە يالۋۇرۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خۇدايىنىڭ ئالدىدا
ئۆزىنى تولا تۆۋەن تۇتۇپ، [13] ئۇنىڭغا دۇئا قىلغىنىدا ئۇ ئۇناپ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ،
ئۇنى يېرۇسالېمغا ياندۇرۇپ، سەلتەنىتىدە تۇرغۇزۇپ قويىدى. ئۇ ۋاقىت ماناسسە: «خۇداۋەندە
ئۆزى خۇدادۇر» دەپ بىلدى. [14] ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى غەرب تەرىپىدە بولۇپ گىخون ۋادىسىغا
يۈزلىنىپ ئوفەل دۆڭلۈكىنى چۆرىدەپ بېلىق دەرۋازىسىغىچە يېتىپ، داۋۇد شەھىرىنى
ئىھاتە قىلىدىغان بىر توسما سېپىلنى ياساپ، ئۇنى تولا ئېگىز قىلىپ، يەھۇدانىڭ ھەممە
مەھكەم شەھەرلىرىدە قوشۇن سەردارلىرىنى تىكلەپ قويىدى. [15] ئۇ ھەم خۇداۋەندىنىڭ
بەيتىدە قويۇلغان يات مەبۇدلار بىلەن بۇتسۇرىتىنى چىقىرىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتى تۇرغان
تاغ بىلەن يېرۇسالېمدا ئۆزى ياسىغان قۇربانگاھلارنى ئېلىۋېتىپ، شەھەرنىڭ تاشقىرىغا
تاشلاپ، [16] خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىنى يەنە ياساپ، ئۈستىدە شۈكۈر قۇربانلىقى بىلەن ھەمد

قۇربانلىقى ئۆتكۈزۈپ: «ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ يەھۇداغا بۇيرۇدى. [17] خەلق ئۆزى تېخى قۇربانلىق ئېگىزلىكلەردە قۇربانلىق ئۆتكۈزسىمۇ، يالغۇز ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىگە ئۆتكۈزەتتى.
[18] ماناسسەنىڭ باشقا ئىشلىرى ئۇنىڭ ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىگە قىلغان دۇئاسى ۋە روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچىلەر ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ نامىدا قىلغان سۆز توغرىسىدا بولسا، ئىسرائىل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. [19] ئەمما ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنغىنى توغرىسىدا، توۋا قىلماستىن ئىلگىرى قىلغان ھەممە گۇناھ بىلەن ۋاپاسىزلىقى توغرىسىدا ۋە قەيەردە قۇربانلىق ئېگىزلىكلەر قىلىپ، ئاشەرە بىلەن ئويما بۇتسۇرەتلىرىنى تۇرغۇزغىنى توغرىسىدا بولسا، خوزاينىڭ تارىخ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر.
[20] ماناسسە ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا راھەت تېپىپ، ئۆلتۈرغان يېرىدە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ ئورنىدا ئوغلى ئامون پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى ئامون

[21] ئامون پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئىككى يىل سەلتەنەت قىلدى. [22] ئامون ئۆز ئاتىسى ماناسسە قىلغاندەك خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، ئاتىسى ماناسسە قىلدۇرغان بۇتسۇرەتلىرىگە قۇربانلىق كەلتۈرۈپ ئىبادەت قىلاتتى [23] لېكىن ئاتىسى ماناسسە ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقاندەك ئۇ خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتماي، بەلكى ئامون ئۆزى گۇناھ ئۈستىدە گۇناھ ئاشۇراتتى. [24] ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ، ئۇنى ئۆيىدە ئۆلتۈردى. [25] لېكىن يۇرت خەلقى ئامون پادىشاھقا سۇيىقەست قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ ئوغلى يوشىيانى پادىشاھ قىلدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى يوشىيانىڭ ھەققانىي سەلتەنەت قىلىشى

34 [1] يوشىيا پادىشاھ بولغاندا سەككىز ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئوتتۇز بىر يىل سەلتەنەت قىلدى. [2] ئۇ ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە توغرا بولغىنىنى قىلىپ، خاھى ئوڭغا، خاھى چەپكە چىقماي، ئاتىسى داۋۇدنىڭ يولىدا يۈرەتتى. [3] ئۆز سەلتەنىتىنىڭ سەككىزىنچى يىلىدا ئۇ تېخى ياش ئىكەنلىكىدە ئۆز ئاتىسى داۋۇدنىڭ خۇداينى ئىزدىگىلى باشلىدى. ئۆز سەلتەنىتىنىڭ ئون ئىككىنچى يىلىدا يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنى قۇربانلىق ئېگىزلىكلەردىن، ئاشەرە بۇتسۇرەتلىرىدىن ۋە ئويما بىلەن قۇيما بۇتسۇرەتلىرىدىن پاكىز قىلغىلى باشلىدى. [4] ئۇلار ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا بائالنىڭ قۇربانگاھلىرىنى يىقىتىپ، بۇلاردا قويۇلغان

شەمس سۈرەتلىرىنى چېقىپ، ئاشىرە بىلەن ئويما ۋە قۇيما بۇتسۈرەتلىرىنى پارە-پارە قىلىپ،
توپىسىنى بۇلارغا قۇربانلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ گۆرلىرىگە چېچىپ، 5 بۇت كاھىنلىرىنىڭ
سۆڭەكلىرىنى قۇربانگاھلىرىنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈردى. ئۇ شۇنداق قىلىپ، يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنى
پاكىز قىلىپ، 6 ماناسسە، ئەفرائىم ۋە شىمونىنىڭ شەھەرلىرىدە ۋە ئەتراپىدىكى خارابىلەردە، ھەتتا
نافتالىنىڭ يۇرتىدە شۇنداق قىلدى. 7 قۇربانگاھلارنى يىقىتىپ، ئاشىرە بۇتسۈرەتلىرىنى چېقىپ،
ئويما سۈرەتلىرىنى ئېزىپ توپىدەك قىلىپ، ئىسرائىلنىڭ يۇرتىدىكى ھەممە شەمس سۈرەتلىرىنى
يىقىتىپ تاشلىغاندىن كېيىن يېرۇسالېمغا يېنىپ كەتتى.
8 ئۆز سەلتەنىتىنىڭ ئون سەككىزىنچى يىلىدا يۇرت بىلەن بەيتنى پاكىزلىغاندىن كېيىن
ئازالىيانىڭ ئوغلى شافاننى شەھەرنىڭ ھاكىمى مائاسېيا بىلەن تارىخ پۈتكۈچى بولغان
يەھوئاخازنىڭ ئوغلى يوئاخنى تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ئوڭلىماق ئۈچۈن ئەۋەتتى.
9 بۇلار ئۇلۇغ كاھىن خىلقىيانىڭ قېشىغا كېلىپ، خۇدانىڭ بەيتى ئۈچۈن جەم قىلىنغان پۇلنى
تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ پۇل بولسا ئىشىكلەردە دەرۋازىۋەنلىك قىلغان لاۋىيلارنىڭ ئۆزى ماناسسە
بىلەن ئەفرائىمدىن قالغان ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى بىلەن پۈتۈن يەھۇدادىن ۋە بەنيامىن
بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىدىن جەم قىلغانىدى. 10 ئۇلار بۇ پۇلنى خۇداۋەندىنىڭ
بەيتىدە قىلىنىدىغان ئىشنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇچىلارغا تاپشۇردى. ئاندىن كېيىن بۇ پۇلنىڭ
ئۆزى ئىشنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلارنىڭ قولى بىلەن بەيتنىڭ ئوڭلىنىپ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە ئىشلەپ تۇرغانلارغا بېرىلىپ، 11 يەھۇدا پادىشاھلىرى بۇزغان ئۆيلەرنى
ياسىغىلى كېسىلگەن تاش بىلەن ياغاچ سېتىۋېلىش ئۈچۈن ياغاچچىلار بىلەن تامچىلارغا
تاپشۇرۇپ بەردى. 12 بۇ ئادەملەر ۋاپالىق بىلەن ئىش قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ،
ئىشنى باشلىغۇچىلار بولسا مەرارىنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ لاۋىي بولغان ياخات بىلەن ئوباديا،
بەنى-قېھاتتىن بولغان زەكاريا بىلەن مەشۇللام ۋە نەغمە ئەسۋابلىرى توغرىسىدا ئۇستا بولغان
ھەممە لاۋىيلار ئىدى. 13 بۇلار ھامماللارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، باشقا-باشقا ئىش قىلغۇچىلارنىڭ
ھەممىسىنى باشلايتتى. لاۋىيلاردىن ھەم كاتىپلار، ئىشنى باققۇچىلار ۋە دەرۋازىۋەنلەر ئېلىندى.
14 ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ بەيتى ئۈچۈن يىغىلغان پۇلنى ئېلىپ چىققىنىدا خىلقىيا كاھىن ئۆزى
خۇداۋەندىنىڭ مۇسانىڭ قولى بىلەن بەرگەن قانۇن كىتابىنى تاپتى. 15 تېپىپ، خىلقىيا شافان
كاتىپقا سۆز باشلاپ: «خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە قانۇن كىتابىنى تاپتىم» دېدى. شۇنى ئېيتىپ،
خىلقىيا كىتابنى شافانغا بەردى. 16 شافان كىتابنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ،
پادىشاھنىڭ ئالدىدا سۆز قىلىپ ئېيتتى: «قۇللىرىڭغا نېمە بۇيرۇلغان بولسا، شۇنى قىلىدۇ.
17 ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە يىغىلغان پۇلنى ئېلىپ، ئىشنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇچىلارغا ۋە
ئىشلىگۈچىلەرگە بەردى». 18 ئاندىن شافان كاتىپ پادىشاھقا: «خىلقىيا ماڭا بىر كىتابنى
بەردى» دېدى. شۇنى دەپ، شافان كىتابتىن پادىشاھقا ئوقۇپ بەردى. 19 پادىشاھ قانۇننىڭ
سۆزىنى ئاڭلىغاندا ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتىۋەتتى. 20 ئاندىن پادىشاھ ئۆزى خىلقىيا، شافاننىڭ
ئوغلى ئاخىقام، مىكانىڭ ئوغلى ئابدون بىلەن شافان كاتىپقا ۋە پادىشاھنىڭ خىزمەتكارى

ئاساياغا بۇيرۇپ ئېيتتى: [21] «بېرىپ، مەن ئۈچۈن ۋە ئىسرائىل بىلەن يەھۇدانىڭ قالغانلىرى
ئۈچۈن ئەمدى تېپىلغان كىتاب توغرىسىدا خۇداۋەندىدىن سوراڭلار. ئاتا-بوۋىلىرىمىز،
خاھى خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى تۇتماي، خاھى بۇ كىتابتا بۇيرۇلغىنىنى قىلمىغىنى ئۈچۈن
خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى چوڭ بولۇپ، ئۈستىمىزگە تۆكۈلگەندۇر» دېدى.
[22] ئۇ ۋاقىت خىلقىيا بىلەن پادىشاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن باشقا كىشىلەر كىيىم ساقلايدىغان
ئۆينىڭ خەۋەر ئالغۇچىسى بولغان شاللۇم بەن-توقات بەن-خاسرانىڭ خوتۇنى خۇلدا ئايال
پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ ئۆزى يېرۇسالېمنىڭ ئىككىنچى مەھەللىسىدە ئولتۇراتتى.
ئۇلار ئۆزىگە بۇيرۇلغاندەك ئۇنىڭغا سۆز قىلدى. [23] ئۇ ئۇلارغا ئېيتتى: «ئىسرائىلنىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ سىلەرنى ماڭا ئەۋەتكەن كىشىگە ئېيتىڭلاركى:
[24] «خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇ: مانا مەن بۇ جايغا ۋە ئۇنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىغا بالا كەلتۈرۈپ،
يەھۇدانىڭ پادىشاھىغا ئوقۇلغان كىتابتا پۈتۈلگەن ھەممە لەنەتلىرىنى ئەۋەتىمەن. [25] ئۇلار
مېنى تاشلاپ، باشقا تەڭرىلەرگە خۇشبۇي ئىسرىق ياندۇرۇپ، قوللىرىنىڭ ھەممە ئىشلىرى
بىلەن مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرگىنى ئۈچۈن مېنىڭ غەزىپىم ئۆچۈرۈلمەي، بۇ يەرگە
تۆكۈلىدۇ.»› [26] لېكىن سىلەرنى خۇداۋەندىدىن سورىغىلى ئەۋەتكەن يەھۇدانىڭ پادىشاھى
بولسا ئۇنىڭغا مۇنداق ئېيتىڭلاركى: ‹ سەن ئاڭلىغان سۆز توغرىسىدا بولسا، ئىسرائىلنىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندە مۇنداق ئېيتىدۇكى: [27] «سېنىڭ كۆڭلۈڭ يۇمشاپ، خۇدانىڭ بۇ جاي
بىلەن ئولتۇرغۇچىلىرىغا قارشى ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلىغىنىڭدا كۆڭلۈڭنى تۆۋەن تۇتۇپ،
مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزۈڭنى پەسلىتىپ، ئېگىنلىرىڭنى يىرتىپ ئالدىمدا يىغلىغىنىڭ ئۈچۈن
ساڭا قۇلاق سالدىم» دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ. [28] «مانا سېنى ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قوشىمەن.
سەن ئۆز قەبرەڭگە ئامان-ئېسەن بارىسەن. سېنىڭ كۆزلىرىڭ مەن بۇ جاينىڭ ئۆزى بىلەن
ئولتۇرغۇچىلىرىغا كەلتۈرىدىغان ھەممە بالانى كۆرمىگەي» دەپ ئېيتىدۇ›» دېدى. ئۇلار يېنىپ،
بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا بەردى.
[29] ئۇ ۋاقىت پادىشاھ كىشى ئەۋەتىپ، يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئاقساقاللىرىنى
يىغدۇردى. [30] ئاندىن پادىشاھ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە چىقتى ۋە ھەممە يەھۇدا ئادەملىرى
بىلەن يېرۇسالېمدا ئولتۇرغۇچىلار، كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار، دەرۋەقە بارچە خەلق كىچىكتىن
تارتىپ چوڭلىرىغىچە ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن چىقتى. ئاندىن خۇداۋەندىنىڭ بەيتىدە تېپىلغان
تەۋرات كىتابىنىڭ ھەممە سۆزىنى ئۇلارغا ئوقۇپ بەردى. [31] پادىشاھ ئۆز جايىدا تۇرۇپ: «بىز
خۇداۋەندىگە ئەگىشىپ، ھەممە كۆڭلىمىز ۋە ھەممە جېنىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى،
شاھادەتلىرىنى ۋە قانۇنلىرىنى تۇتۇپ، شۇ كىتابىدا پۈتۈلگەن ئەھدە سۆزىنى بەجا كەلتۈرەيلى»
دەپ خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىدا ئەھدە باغلىدى. [32] ئۇ ھەم يېرۇسالېم بىلەن بەنيامىن يۇرتىدا
تېپىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەھدىگە كىرگۈزدى. يېرۇسالېمنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى ئاتا-
بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ئەھدىسىگە مۇۋاپىق ئەمەل قىلاتتى. [33] يوشىيا
بەنى-ئىسرائىلنىڭ ھەممە يۇرتلىرىدىن بارچە يىرگىنچنى چىقىرىپ، ئىسرائىلنىڭ يۇرتىدا

ئۆلتۈرگۈچىلارنىڭ ھەممىسىگە: «تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇدى.
ئۇلار ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىدىن يانمايتتى.

## پادىشاھ يوشىيا پاسخا ھېيتىنى تۇتىدۇ

35 1 ئاندىن كېيىن يوشىيا يېرۇسالېمدا خۇداۋەندىنىڭ پاسخا ھېيتىنى تۇتتى. ئۇلار
ئاۋۋالقى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنىدە پاسخا قوزىنى سويدى. 2 ئۇ ھەم كاھىنلارنىڭ
خىزمىتىنى تەيىنلەپ، ئۇلارنى خۇداۋەندىنىڭ بېيتىدە خىزمەت قىلغىلى جۈرئەتلەندۈرۈپ،
3 خۇداۋەندىگە مۇقەددەس قىلىنىپ ئىسرائىلنىڭ ھەممىسىگە تەلىم بېرىدىغان لاۋىيلارغا
ئېيتتى: «مۇقەددەس ئەھدە ساندۇقىنى ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى بولغان داۋۇدنىڭ ئوغلى
سۇلايمان ياسىغان بېيتتە قويۇڭلار. ئۇ مۇندىن كېيىن مۇرىلىرىڭلارغا بىر يۈك بولمىسۇن.
ئەمدى تەڭرىڭلار خۇداۋەندە بىلەن قوۋمى ئىسرائىلغا خىزمەت قىلىڭلار. 4 ئۆز خاندان
بىلەن پىرقىلىرىڭلارغا مۇۋاپىق ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى داۋۇد پۈتكەندەك ۋە ئوغلى سۇلايمان
پۈتكەندەك ئۆزۈڭلارنى تەييارلاپ، 5 مۇقەددەس خانىدا ھازىر بولۇپ، ئۆز بۇرادەرلىرىڭلارنىڭ،
يەنى ئاۋام خەلقنىڭ خاندانلىرىنىڭ قىسىملىرىغا مۇۋاپىق بۆلۈنۈڭلار. شۇنداقكى، لاۋىيلارنىڭ
بىر ئۆي خەلقى ئۇلارنىڭ ھەربىر پىرقىسى ئۈچۈن بولسۇن. 6 پاسخا قوزىسىنى سويۇپ،
ئۆزۈڭلارنى مۇقەددەس قىلىپ، بۇرادەرلىرىڭلار خۇداۋەندە مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن بەرگەن
سۆزگە مۇۋاپىق ئەمەل قىلسۇن دەپ، ئۇلارنى تەييار قىلىڭلار» دېدى.
7 يوشىيا ھەدىيە قىلىپ ھازىر بولغان ھەممە ئاۋام خەلققە پادىلاردىن سانى ئوتتۇز مىڭ بولغان
قوزا بىلەن ئوغلاقنى پاسخا قۇربانلىقى ئۈچۈن بېرىپ، شۇنىڭدىن باشقا ئۈچ مىڭ كالىنى ھەم
بەردى. بۇنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ ئۆز تەئەللۇقىدىن بېرىلدى. 8 ئۇنىڭ ئەمىرلىرى ھەم ئۆز
خۇشلۇقى بىلەن ھەدىيە قىلىپ، خەلققە، كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارغا بەردى.
خۇدانىڭ بېيتىنىڭ ئەمىرلىرى بولغان خىلقىيا، زەكارىيا ۋە يەخىيەل پاسخا قۇربانلىقى ئۈچۈن
كاھىنلارغا ئىككى مىڭ ئالتە يۈز قوزا بىلەن ئوغلاق ۋە ئۈچ يۈز كالىنى بەردى.
9 لاۋىيلارنىڭ ئۇلۇغلىرى بولغان كونانىيا بىلەن بۇرادەرلىرى شەمايا ۋە نەتانەل ۋە ھەم خەشابىيا،
يەئىيەل ۋە يوزاباد ھەدىيە قىلىپ، لاۋىيلارغا بەش مىڭ قوزا بىلەن ئوغلاق ۋە بەش يۈز كالىنى
پاسخا قۇربانلىقى ئۈچۈن بەردى.
10 ئىبادەتنىڭ تەرتىپى شۇنداق توختىتىلىپ، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق كاھىنلار ئۆز
جايىدا ھازىر بولۇپ، لاۋىيلار ئۆز پىرقىلىرىدە تەييار تۇردى. 11 ئاندىن كېيىن ئۇلار پاسخا
قوزىسىنى ئۆلتۈردى. كاھىنلار قېنىنى لاۋىيلاردىن ئېلىپ چاچتى. لاۋىيلار ئۆزى قۇربانلىق
مالنىڭ تېرىسىنى سويۇپ بېرىپ، 12 كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق پارچىلىرىنى ئايرىپ، ئۇلار
مۇسانىڭ كىتابىدا بۇيرۇلغاندەك خۇداۋەندىگە قۇربانلىق قىلسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ خاندانلىرىغا

قاراپ ئاۋام خەلققە بۆلۈپ بەردى. كالىلارنى ھەم شۇنداق قىلدى. [13] ئۇلار بۇيرۇلغانغا مۇۋاپىق
پاسخا قوزىسىنى ئوتتا قورۇدى. لېكىن شۈكۈر قۇربانلىقىنىڭ گۆشىنى قازان بىلەن داڭقاندا
ۋە داشلاردا پىشۇرۇپ، ئالدىراپ ئاۋام خەلققە بۆلۈپ بەردى. [14] ئاندىن كېيىن ئۆزلىرىگە ۋە
كاھىنلارغا قۇربانلىقلاردىن تەييار قىلدى، چۈنكى ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرى بولغان كاھىنلار
كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن ياغ پارچىلىرىنى قۇربانلىق قىلىپ، كېچىگىچە مەشغۇل
ئىدى. بۇ سەۋەبتىن لاۋىيلار ئۆزى ئۈچۈن ۋە ھەم ھارۇننىڭ ئەۋلادى بولغان كاھىنلارغا
قۇربانلىقلاردىن تەييار قىلدى.
[15] شېئىر ئوقۇغۇچى بولغان ئاسافنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزى داۋۇد بىلەن ئاساف، ھېمان بىلەن
پادىشاھنىڭ روھىي كۆرۈنۈش كۆرگۈچىسى يەدۇتۇن بۇيرۇغاندەك ئۆز جايىدا توختاپ،
دەرۋازىۋەنلەر بولسا دەرۋازىلاردا ساقلاپ تۇرۇپ، ئىشتىن كېتىشى ئۇلارغا لازىم كەلمىدى.
چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇرادەرلىرى بولغان باشقا لاۋىيلار ئۇلارغا تائامنى تەييار قىلدى.
[16] يوشىيا پادىشاھ بۇيرۇغاندەك خۇداۋەندىنىڭ ئىبادىتىنىڭ تەرتىپسى ئۇ كۈندە تەيىنلىنىپ،
پاسخا ھېيتى تۇتۇلۇپ، خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىدا كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقلار ئۆتكۈزۈلدى.
[17] ھازىر بولغان بەنى-ئىسرائىل ئەمدى پاسخا ھېيتىنى تۇتۇپ، يەتتە كۈن پېتىر نان ھېيتىنى
ئۆتكۈزدى. [18] سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ئىسرائىلدا ئۇنداق ھېيت پاسخا
بولغان ئەمەس ئىدى. چۈنكى يوشىيا، كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار، پۈتۈن يەھۇدا بىلەن ھازىر بولغان
ئىسرائىلىيلار ۋە يېرۇسالېمنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى قىلغان پاسخا ھېيتىدەك ئىسرائىلنىڭ
پادىشاھلىرىنىڭ ھېچبىرى قىلغان ئەمەس ئىدى. [19] يوشىيانىڭ ئون سەككىزىنچى سەلتەنەت
يىلىدا بۇ پاسخا ھېيتى تۇتۇلدى.

## يوشىيانىڭ ۋاپاتى

[20] بۇ ھەممە ئىش قىلىنىپ بولۇپ، يوشىيا بەيتنى ئوڭلىغىنىدىن كېيىن مىسىرنىڭ پادىشاھى
نەكونىڭ ئۆزى فىرات كانارىدا بولغان كاركېمىشقا جەڭ قىلغىلى باردى. يوشىيا ئۇنىڭغا
قارشى چىقسا، [21] نەكو ئۇنىڭغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ ئېيتقۇزدىكى: «ئەي يەھۇدا پادىشاھى،
سېنىڭ مەن بىلەن نېمە كارىڭ بار؟ ساڭا قارشى ئەمەس، بەلكى ماڭا دۈشمەنلىك قىلغان
خانىدان بىلەن جەڭ قىلغىلى چىقتىم. خۇدا ئۆزى ماڭا ئالدىرىغىلى بۇيرۇدى. مەن بىلەن
بولغان خۇداغا قارشى چىقمىغىن. ئۇ سېنى ھالاك قىلمىسۇن» دېدى. [22] لېكىن يوشىيا ئۇ
يەردىن يېنىپ، ئۇنى قويغىلى ئۇنىماي، بەلكى ئۆز سۈرىتىنى يەڭگۈشلەپ، خۇدانىڭ ئاغزىدىن
كېلىپ نەكو ئېيتقان سۆزگە قۇلاق سالماي، ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلغىلى چىقىپ، مەگىددو
ۋادىسىدا سوقۇشقىلى باشلىدى. [23] لېكىن يا ئاتقۇچىلارنىڭ ئوقى يوشىيا پادىشاھقا تەگدى.
پادىشاھ ئۆز خىزمەتكارلىرىغا: «مېنى ئېلىپ كېتىڭلار، چۈنكى قاتتىق يارىدار بولدۇم» دەپ
ئېيتتى. [24] ئۇ ۋاقىت خىزمەتكارلىرى ئۇنى جەڭ ھارۋىسىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ باشقا ھارۋىسىدا

ئولتۇرغۇزۇپ، يېرۇسالېمغا ئېلىپ باردى. ئاندا ئۇ ئۆلۈپ، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدە دەپنە قىلىنندى ۋە پۈتۈن يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېم يوشىيا ئۈچۈن ماتەم تۇتتى. [25] ئۇ ۋاقىت يەرەمىيا يوشىيا توغرىسىدا مەرسىيە ئوقۇدى ۋە ھەممە شېئىر ئوقۇغۇچى ئەر بىلەن خوتۇنلار مەرسىيە ئوقۇپ، يوشىيا توغرىسىدا سۆز قىلدى. بۇ كۈنگىچە ھەم شۇنداق قىلىنماقتا. شۇ شېئىرلار بولسا ئىسرائىلدا مەشھۇر بولۇپ، مەرسىيىلەرنىڭ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر.
[26] يوشىيانىڭ باشقا ئىشلىرى ۋە خۇداۋەندىنىڭ قانۇنىدا بۇيرۇلغانغا مۇۋاپىق قىلغان ھەممە ياخشى ئەمەللىرى توغرىسىدا [27] ۋە ئاۋۋالقى بىلەن ئاخىرقى ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا ئىسرائىل بىلەن يەھۇدانىڭ پادىشاھلىرىنىڭ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوئاخاز

36 [1] يۇرتنىڭ خەلقى يوشىيانىڭ ئوغلى يەھوئاخازنى ئېلىپ، يېرۇسالېمدا ئاتىسىنىڭ ئورنىدا پادىشاھ قىلدى. [2] يەھوئاخاز پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئۈچ ئاي سەلتەنەت قىلدى. [3] لېكىن مىسىرنىڭ پادىشاھى يېرۇسالېمدا ئۇنى سەلتەنەتتىن چىقىرىپ، يۇرتقا يۈز تالانت كۈمۈش بىلەن بىر تالانت ئالتۇننىڭ باج-خىراجىنى قويدى. [4] ئاندىن مىسىرنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭ بۇرادىرى ئېلياقىمنى يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئۈستىگە پادىشاھ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى يۆتكەپ، ئۇنىڭغا يەھوياقىم ئات قويدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇرادىرى يەھوئاخازنى نەكو مىسىرغا ئېلىپ كەتتى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوياقىم

[5] يەھوياقىم پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بەش ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئون بىر يىل سەلتەنەت قىلىپ، ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلاتتى. [6] ئەمما بابىلنىڭ پادىشاھى نەبۇكەدنەسەر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئۇنى مىس ئىشكەللىرىدە قويۇپ بابىلغا ئېلىپ كەتتى. [7] نەبۇكەدنەسەر ھەم خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ بىر مۇنچە قاچىلىرىنى بابىلغا ئېلىپ كېتىپ، بابىلدىكى بەيتىدە قويدى. [8] يەھوياقىمنىڭ باشقا ئىشلىرى، قىلغان يىرگىنچلىك ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭدا تېپىلغان نەرسىلىرى توغرىسىدا ئىسرائىل بىلەن يەھۇدا پادىشاھلىرىنىڭ كىتابىدا پۈتۈلگەندۇر. ئۇنىڭ ئورنىدا ئوغلى يەھوياكىن پادىشاھ بولدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى يەھوياكىن

[9] يەھوياكىن پادىشاھ بولغاندا ئون سەككىز ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئۈچ ئاي ئون كۈن سەلتەنەت قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلاتتى. [10] كېلىدىغان يىلنىڭ بېشىدا نەبۇكەدنەسەر كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى بابىلغا ئېلىپ كەلتۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ قىممەت قاچىلىرىنى ھەم كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بۇرادىرى زىدقىيا يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمنىڭ ئۈستىدە پادىشاھ قىلدى.

## يەھۇدانىڭ پادىشاھى زىدقىيا

[11] زىدقىيا پادىشاھ بولغاندا يىگىرمە بىر ياشقا كىرىپ، يېرۇسالېمدا ئون بىر يىل سەلتەنەت قىلدى. [12] ئۇ ئۆز تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ نەزىرىدە يامان بولغىنىنى قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ سۆزىنى ئېيتقان يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتماي، [13] ئۇنى خۇدا بىلەن قەسەم قىلدۇرغان نەبۇكەدنەسەر پادىشاھقا قارشى قوپۇپ، ئۆز بوينىنى قاتۇرۇپ كۆڭلىنى قاتتىق قىلىپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىدىن يۈز ئۆرۈدى. [14] كاھىنلارنىڭ ھەممە چوڭلىرى بىلەن خەلق خۇداغا تولا بىۋاپالىق قىلىپ، تائىپىلەرنىڭ ھەممە يىرگىنچلىك ئىشلىرىغا مۇۋاپىق يۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ يېرۇسالېمدا مۇقەددەس قىلىنغان بەيتىنى ناپاك قىلدى.
[15] ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۆز قوۋمى بىلەن ماكانىغا رەھىم قىلىپ، پات-پات ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن خەۋەر ئەۋەتەتتى. [16] لېكىن ئۇلار خۇدانىڭ ئەلچىلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى خار كۆرۈپ، پەيغەمبەرلىرىگە ھاقارەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇداۋەندىنىڭ غەزىپى ئۆز قوۋمىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، يانمايدىغان دەرىجىدە ئاشتى. [17] ئۇ ۋاقىت كالدانىيلارنىڭ پادىشاھىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. شۇ ئۆزى يىگىتلىرىنى ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ئۆيىدە قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈپ، خاھى يىگىت، خاھى قىزنى، خاھى قېرى ئادەم، خاھى قېرىلىقتىن ئېگىلگەن ئادەمنى ئايىمايتتى. ھەممىسى ئۇنىڭ قولىغا بېرىلدى. [18] خۇدانىڭ بەيتىنىڭ قاچىلىرىنى، خاھى كىچىك، خاھى چوڭ بولسا ئېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ خەزىنىلىرىنى پادىشاھ بىلەن ئەمىرلىرىنىڭ خەزىنىلىرىنى ئولجا قىلىپ، ھەممىسىنى بابىلغا ئېلىپ كەتتى. [19] ئۇلار خۇدانىڭ بەيتىنى كۆيدۈرۈپ، يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىنى يىقىتىپ، ئۇنىڭ ئوردىلىرىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، ئانداكى قىممەت باھا جابدۇقلارنى خاراب قىلدى. [20] ئۇ ئۆزى قىلىچتىن قۇتۇلغانلارنى ئەسىر قىلىپ، بابىلغا ئېلىپ كەتتى. ئۇلار پارس سەلتەنەتى باشلىغۇچىلىك ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئوغۇللىرىغا قۇل بولدى.
[21] بۇنىڭ بىلەن خۇداۋەندىنىڭ يەرەمىيانىڭ ئاغزى بىلەن ئېيتقان سۆزى بەجا كەلتۈرۈلدى. شۇنداقكى، يۇرت يەتمىش يىل ئۆتۈپ بولغۇچە ئۆز شاباتلىرىنىڭ راھىتىنى تاپتى، چۈنكى يۇرت ۋەيران تۇرغان ۋاقىتتا شابات راھىتى تاپاتتى.

## پارسنىڭ پادىشاھى كورەشنىڭ سەلتەنىتى مەزگىلىدە يۈرتقا يېنىشقا ئىجازەت بېرىلىدۇ

[22] ئەمدى خۇداۋەندىنىڭ يەرەمىيانىڭ ئاغزى بىلەن ئېيتقان سۆزى بەجا كەلتۈرۈلمىكى ئۈچۈن خۇداۋەندە پارسنىڭ پادىشاھى كورەشنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئاۋۋالقى يىلىدا پارسنىڭ پادىشاھى كورەشنىڭ روھىنى قوپۇرۇپ، غەيرەتكە سالدى. شۇنداقكى، ئۇ ئۆز پۈتۈن مەملىكىتىدە جاكارلاپ، ئېلان پۈتۈپ چىقاردىكى: [23] «پارسنىڭ پادىشاھى كورەش مۇنداق ئېيتىدۇكى: ‹ ئاسماننىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ماڭا يەر يۈزىدىكى ھەممە پادىشاھلىقلارنى بېرىپ، ئۆزىگە يەھۇدا يۇرتىدىكى يېرۇسالېمدا بىر ئۆينى ياسىغىلى ماڭا بۇيرۇدى. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھەركىم ئۇنىڭ قوۋمىدىن بولسا، تەڭرىسى خۇداۋەندە ئۇنىڭ بىلەن بولغاي. ئۇ ئاندا چىقسۇن» دەپ ئېيتقۇزدى.

مۆقەددەس کتاب

# ئەزرا

15

# ئەزرا

## مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
## (تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

## 15-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# ئەزرا

## پارس پادىشاھى كورەشنىڭ پەرمانى

1 1 ئەمدى خۇداۋەندىنىڭ ئاغزى بىلەن ئېيتقان سۆزى بەجا كەلتۈرۈلمىكى ئۈچۈن خۇداۋەندە
پارس پادىشاھى كورەشنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئاۋۋالقى يىلىدا پارس پادىشاھى كورەشنىڭ
روھىنى قوپۇرۇپ، غەيرەتكە سالدى. شۇنداقكى، ئۇ ئۆز پۈتۈن مەملىكىتىدە جاكارلاپ، ئېلان
پۈتۈپ چىقاردىكى:

2 «پارس پادىشاھى كورەش مۇنداق ئېيتىدۇكى: ئاسماننىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە ماڭا يەر
يۈزىدىكى ھەممە پادىشاھلىقلارنى بېرىپ، ئۆزىگە يەھۇدا يۇرتىدىكى يېرۇسالېمدا بىر ئۆينى
ياسىغىلى ماڭا بۇيرۇدى. 3 سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھەركىم ئۇنىڭ قوۋمىدىن بولسا، تەڭرىسى
خۇداۋەندە ئۇنىڭ بىلەن بولغاي. ئۇ ئۆزى يەھۇدا يۇرتىدىكى يېرۇسالېمغا چىقىپ، تەڭرىسى
خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ياسىسۇن. چۈنكى يېرۇسالېمدا ماكان تۇتقان خۇدا شۇدۇر. 4 قەيەردە
بىركىم مۇساپىردەك قالغان بولسا، ئۆزى ئولتۇرغان يەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ،
كۈمۈش بىلەن ئالتۇن، مال بىلەن كالا بەرسۇن. شۇنىڭدىن باشقا ئۆز خۇشلۇقىدىن خۇدانىڭ
يېرۇسالېمدىكى بەيتى ئۈچۈن ھەدىيەلەر بەرسۇن» دەپ ئېيتقۇزدى.

5 ئۇ ۋاقىت يەھۇدا بىلەن بەنيامىننىڭ خاندانلىرىنىڭ چوڭلىرى ۋە كاھىنلار بىلەن
لاۋىيلار، شۇنداقلا يېرۇسالېمغا بېرىپ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنى ياسىماق ئۈچۈن خۇدا روھىنى
قوپۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بارغىلى قوپتى. 6 ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇرغانلار ئۆز خۇشلۇقىدىن
بەرگىنىنىڭ ئۈستىدە ئۇلارغا ياردەم قىلىپ، كۈمۈش قاچىلىرى، ئالتۇن، مال، كالا ۋە ئەۋزەل
ھەدىيەلەر بەردى. 7 كورەش پادىشاھ ئۆزى نەبۇكەدنەسەرنىڭ يېرۇسالېمدىن ئېلىپ كېتىپ
ئۆز تەڭرىسىنىڭ ئىبادەتخانىسىدا قويۇپ خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە تەئەللۇق بولغان قاچىلارنى
چىقىرىپ بەردى. 8 بۇلارنى پارس پادىشاھى كورەش خەزىنىچىسى بولغان مىترەداتنىڭ قولى
بىلەن يەھۇدانىڭ ئەمىرى شەشباززارغا ساناپ بەردى.
9 بۇلارنىڭ سانى: ئوتتۇز ئالتۇن داس، بىر مىڭ كۈمۈش داس، يىگىرمە توققۇز پىچاق، 10 ئوتتۇز
ئالتۇن پىيالىسى، تۆت يۈز ئون دانە پەسرەك قىسىمنىڭ پىيالىلىرى ۋە بىر مىڭ باشقا قاچا
ئىدى. 11 ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ ھەممە قاچىلىرى بەش مىڭ تۆت يۈز ئىدى. ئەسىرلىكتە
تۇرغانلار بابىلدىن يېرۇسالېمغا چىققاندا شەشباززار بۇنىڭ ھەممىسىنى ئالغاچ باردى.

## زەرۇبابەل بىلەن ئەسىرلىكتىن يەھۇدا يۇرتىغا يېنىپ كېلگەنلەر

2 [1] بابىلنىڭ پادىشاھى نەبۇكەدنەسەرنىڭ قولى بىلەن ئەسىر قىلىنىپ بابىلغا كەلتۈرۈلۈپ،
بابىل ۋىلايىتىدىن چىقىپ ئەسىرلىكتىن ئازاد بولۇپ، يېرۇسالېم بىلەن يەھۇدا يۇرتىغا
يېنىپ ھەربىرى ئۆز شەھىرىگە چۇشۇپ، [2] زەرۇبابەل بىلەن كەلگەن كىشىلەر بولسا:
يەشۇئا، نەھەمىيا، سەرايا، رېلايا، موردىكاي، بىلشان، مىسپار، بىگۋاي، رېخۇم ۋە بائانا ئىدى.
ئىسرائىلنىڭ ئاۋام خەلقىدىن بولغان ئادەملەرنىڭ سانى شۇ، يەنى:

[3] پاروسنىڭ ئوغۇللىرى ئىككى مىڭ بىر يۈز يەتمىش ئىككى ئىدى.
[4] شېفاتيانىڭ ئوغۇللىرى ئۈچ يۈز يەتمىش ئىككى ئىدى.
[5] ئاراخنىڭ ئوغۇللىرى يەتتە يۈز يەتمىش بەش،
[6] يەشۇئا بىلەن يوئابنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان پاخەت-موئابنىڭ ئوغۇللىرى ئىككى مىڭ سەككىز
يۈز ئون ئىككى،
[7] ئېلامنىڭ ئوغۇللىرى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك تۆت،
[8] زاتتۇنىڭ ئوغۇللىرى توققۇز يۈز قىرىق بەش،
[9] زاككاينىڭ ئوغۇللىرى يەتتە يۈز ئاتمىش،
[10] بانىنىڭ ئوغۇللىرى ئالتە يۈز قىرىق ئىككى،
[11] بېباينىڭ ئوغۇللىرى ئالتە يۈز يىگىرمە ئۈچ،
[12] ئازگادنىڭ ئوغۇللىرى بىر مىڭ ئىككى يۈز يىگىرمە ئىككى.
[13] ئادونىقامنىڭ ئوغۇللىرى ئالتە يۈز ئاتمىش ئالتە،
[14] بىگۋاينىڭ ئوغۇللىرى ئىككى مىڭ ئەللىك ئالتە،
[15] ئادىننىڭ ئوغۇللىرى تۆت يۈز ئەللىك تۆت،
[16] خىزقىيانىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئاتېرنىڭ ئوغۇللىرى توقسان سەككىز،
[17] بېزاينىڭ ئوغۇللىرى ئۈچ يۈز يىگىرمە ئۈچ،
[18] يورانىڭ ئوغۇللىرى بىر يۈز ئون ئىككى،
[19] خاشۇمنىڭ ئوغۇللىرى ئىككى يۈز يىگىرمە ئۈچ،
[20] گىببارنىڭ ئوغۇللىرى توقسان بەش،
[21] بەيتلەھەمنىڭ ئوغۇللىرى بىر يۈز يىگىرمە ئۈچ،
[22] نەتوفانىڭ ئادەملىرى ئەللىك ئالتە،
[23] ئاناتوتنىڭ ئادەملىرى بىر يۈز يىگىرمە سەككىز،
[24] ئازماۋەتنىڭ ئوغۇللىرى قىرىق ئىككى،
[25] قىريات-يېئارىم، كېفىرا ۋە بەئەروتنىڭ ئوغۇللىرى يەتتە يۈز قىرىق ئۈچ،
[26] راما بىلەن گېبانىڭ ئوغۇللىرى ئالتە يۈز يىگىرمە بىر،
[27] مىكماسنىڭ ئادەملىرى بىر يۈز يىگىرمە ئىككى،

28 بەيتەل بىلەن ھاينىڭ ئادەملىرى ئىككى يۈز يىگىرمە ئۈچ،
29 نېبونىڭ ئوغۇللىرى ئەللىك ئىككى،
30 ماگبىشنىڭ ئوغۇللىرى بىر يۈز ئەللىك ئالتە،
31 يەنە بىر ئېلامنىڭ ئوغۇللىرى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك تۆت،
32 خارىمنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچ يۈز يىگىرمە،
33 لود، خادىد ۋە ئونونىڭ ئوغۇللىرى يەتتە يۈز يىگىرمە بەش،
34 يېرىخونىڭ ئوغۇللىرى ئۈچ يۈز قىرىق بەش،
35 سەنائانىڭ ئوغۇللىرى ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز ئوتتۇز ئادەم ئىدى.

36 كاھىنلاردىن بۇلار، يەنى
يەشۇئانىڭ خانىدانىدىن بولغان يەدايانىڭ ئوغۇللىرى توققۇز يۈز يەتمىش ئۈچ،
37 ئىممەرنىڭ ئوغۇللىرى بىر مىڭ ئەللىك ئىككى،
38 پاشخۇرنىڭ ئوغۇللىرى بىر مىڭ ئىككى يۈز قىرىق يەتتە،
39 خارىمنىڭ ئوغۇللىرى بىر مىڭ ئون يەتتە ئادەم ئىدى.

40 لاۋىيلاردىن بۇلار، يەنى
ھوداۋىيانىڭ نەسلىدىن بولغان يەشۇئا بىلەن قادمىيەلنىڭ ئوغۇللىرى يەتمىش تۆت،

41 شېئىر ئوقۇغۇچىلاردىن بولغان
ئاسافنىڭ ئوغۇللىرى بىر يۈز يىگىرمە سەككىز،

42 دەرۋازىۋەنلەرنىڭ نەسلىدىن بولغان
شاللۇمنىڭ ئوغۇللىرى، ئاتېرنىڭ ئوغۇللىرى، تالموننىڭ ئوغۇللىرى، ئاققۇبنىڭ ئوغۇللىرى،
خاتىتانىڭ ئوغۇللىرى ۋە شوبايىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى بىر يۈز ئوتتۇز توققۇز ئىدى.

43 بەيتنىڭ قۇللىرى بۇلار ئىدى، يەنى
زىخانىڭ ئوغۇللىرى، خاسۇفانىڭ ئوغۇللىرى، تاببائوتنىڭ ئوغۇللىرى،
44 قېروسنىڭ ئوغۇللىرى، سىياھانىڭ ئوغۇللىرى، پادوننىڭ ئوغۇللىرى،
45 لەبانانىڭ ئوغۇللىرى، خاگابانىڭ ئوغۇللىرى، ئاققۇبنىڭ ئوغۇللىرى،
46 خاگابنىڭ ئوغۇللىرى، شاملايىنىڭ ئوغۇللىرى، خانانىنىڭ ئوغۇللىرى،
47 گىددەلنىڭ ئوغۇللىرى، گاخارنىڭ ئوغۇللىرى، رېئايانىڭ ئوغۇللىرى،
48 رېزىننىڭ ئوغۇللىرى، نىقودانىڭ ئوغۇللىرى، گاززامنىڭ ئوغۇللىرى،
49 ئۇززانىڭ ئوغۇللىرى، پاسېئاھنىڭ ئوغۇللىرى، بەسايىنىڭ ئوغۇللىرى،

50 ئاسنانىڭ ئوغۇللىرى، مېئۇنىمنىڭ ئوغۇللىرى، نەفۇسىمنىڭ ئوغۇللىرى،
51 باقبۇقنىڭ ئوغۇللىرى، خاقۇفانىڭ ئوغۇللىرى، خارخۇرنىڭ ئوغۇللىرى،
52 بازلۇتنىڭ ئوغۇللىرى، مەخىدانىڭ ئوغۇللىرى، خارشانىڭ ئوغۇللىرى،
53 بارقوسنىڭ ئوغۇللىرى، سىسېرانىڭ ئوغۇللىرى، تېماھنىڭ ئوغۇللىرى،
54 نەزىياھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە خاتىفانىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

55 سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولار، يەنى
سوتاينىڭ ئوغۇللىرى، سوفەرەتنىڭ ئوغۇللىرى، پەرۇدانىڭ ئوغۇللىرى،
56 يائالانىڭ ئوغۇللىرى، دارقوننىڭ ئوغۇللىرى، گىددەلنىڭ ئوغۇللىرى،
57 شېفاتىيانىڭ ئوغۇللىرى، خاتتىلنىڭ ئوغۇللىرى، پوكەرەت-زەبايىمنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئامىننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

58 بەيتنىڭ قۇللىرى بىلەن سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچ يۈز توقسان ئىككى ئىدى.

59 ئەمما تەل-مېلاخ، تەل-خارشا، كەرۇب، ئاددان ۋە ئىممەردىن چىقىپ، ئىسرائىلدىنمۇ ياكى ئەمەسمۇ دەپ ئاتا-بوۋا بىلەن نەسللىرىنىڭ نەسەبنامىلىرىنى ئىسپات قىلمىغان كىشىلەر بولار، يەنى
60 دەلايانىڭ ئوغۇللىرى، توبىيانىڭ ئوغۇللىرى ۋە نىقودانىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، ئالتە يۈز ئەللىك ئىككى ئىدى.
61 بولاردىن باشقا كاھىنلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغانلار، يەنى خابايانىڭ ئوغۇللىرى، ھاقوزنىڭ ئوغۇللىرى ۋە بارزىللاينىڭ ئوغۇللىرى بار ئىدى. بارزىللاي ئۆزى گىلېيادلىق بارزىللاينىڭ بىر قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، بۇ خەلقنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالدى.
62 بۇ ئادەملەر ئۆز نەسەبنامىلىرىنى ئىزدەپ تاپمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار نالايىق سانىلىپ، كاھىنلىقتىن مەھرۇم قالدى. 63 ۋالىي ئۇلارغا: «ئۇرىم ۋە تۇممىنى تۇتىدىغان كاھىن قوپمىغۇچە ھەممىدىن مۇقەددەس نەرسىلەردىن يېمەڭلار» دەپ ئېيتتى.

64 ھەممە جامائەت قىرىق ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش كىشى ئىدى. 65 بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز يەتتە خىزمەتكار بىلەن دېدەكلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى يۈز شېئىر ئوقۇغۇچى ئەر بىلەن خوتۇن بار ئىدى.

66 ئۇلارنىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز ئالتە ئات، ئىككى يۈز قىرىق بەش قېچىر،
67 تۆت يۈز ئوتتۇز بەش تۆگە بىلەن ئالتە مىڭ يەتتە يۈز يىگىرمە ئېشىكى بار ئىدى.

[68] ئۇلار يېرۇسالېمغا يېتىپ، خۇدانىڭ بەيتىگە كەلگەندە خانىدانلارنىڭ باشلىرىنىڭ بەزىسى ئۆز خۇشلۇقى بىلەن خۇداۋەندىنىڭ بەيتىگە ھەدىيە كەلتۈرۈپ، بۇ ئۆزى ئىلگىرىكى جايىدا ياسالسۇن دەپ، [69] ھەربىرى قولىدىن كەلگىنىچە ئىشنىڭ خەزىنىسىگە بېرىپ، جەمئىي ئاتمىش بىر مىڭ دراخما ئالتۇن بىلەن بەش مىڭ مىنا كۈمۈش سۇنۇپ، كاھىنلارغا يۈز كۆينەك بەردى.
[70] كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار، ئاۋام خەلقنىڭ بەزىسى، شېئىر ئوقۇغۇچىلار، دەرۋازىۋەنلەر ۋە بەيتىنىڭ قۇللىرى ئۆز شەھەرلىرىدە ئولتۇرۇۋالدى. ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ئۆز شەھەرلىرىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

## خۇداۋەندىنىڭ بەيتى قايتا قۇرۇلدۇ

3 [1] يەتتىنچى ئاي باشلىنىپ، بەنى-ئىسرائىل ئۆز شەھەرلىرىدە ئولتۇرغانىدا خەلق بىر كىشىدەك يېرۇسالېمغا يىغىلدى. [2] يوساداقنىڭ ئوغلى يەشۇئا، ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى بولغان كاھىنلار، شائالتىيەلنىڭ ئوغلى زەرۇبابەل ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى قوپۇپ، ئىسرائىلنىڭ خۇدايىنىڭ قۇربانگاھىنى ياساپ، خۇدانىڭ ئادىمى مۇسانىڭ قانۇنىدا بۇيرۇلغاندەك ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق ئۆتكۈزدى. [3] ئۇلار يۇرتنىڭ تائىپىلىرىدىن قورققاچ قۇربانگاھنى ئۆز جايىدا قويۇپ، قۇربانگاھتا خۇداۋەندىگە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق كەلتۈرۈپ، ئەتە بىلەن ئاخشامنىڭ كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقنى ئۆتكۈزەتتى. [4] ئۇلار بۇيرۇلغاندەك سايىۋەن ھېيتىنى تۇتۇپ، ھەر كۈن شۇ كۈن ئۈچۈن تايىن قىلىنغان سانى بويىچە قۇربانلىقنى ئۆتكۈزەتتى. [5] ئاندىن كېيىن ھەر كۈننىڭ كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىقى بىلەن يېڭى ئايلارنىڭ قۇربانلىقلىرىنى كەلتۈرۈپ، خۇداۋەندىنىڭ باشقا مۇقەددەس ھېيتلىرىنىڭ قۇربانلىقلىرىنى ۋە ھەم كۆڭۈل خۇشلۇقى بىلەن خۇداۋەندىگە كەلتۈرۈلگەن قۇربانلىقلارنى ئۆتكۈزەتتى.
[6] يەتتىنچى ئاينىڭ ئاۋۋالقى كۈنىدىن تارتىپ خۇداۋەندىگە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق ئۆتكۈزگىلى باشلىدى، ئەمما خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئۇلى تېخى سېلىنمىغانىدى. [7] ئۇلار تاش كەسكۈچى بىلەن تامچىلارغا پۇل بېرىپ، پارس پادىشاھى كورەشنىڭ ئىجازىتى بىلەن سىدونلۇقلار بىلەن تىرلىقلار كېدىر ياغىچى لىۋاندىن ئېلىپ، دېڭىز بىلەن جافافاغا كەلتۈرسۇن دەپ، ئۇلارغا يەپ-ئىچكۈلۈك بىلەن ياغ بەردى. [8] ئۇلار يېرۇسالېمغا يېتىپ، خۇدانىڭ بەيتىگە كېلىپ، ئىككىنچى يىلنىڭ ئىككىنچى ئايىدا شائالتىيەلنىڭ ئوغلى زەرۇبابەل، يوساداقنىڭ ئوغلى يەشۇئا، ئۇلارنىڭ بۇرادەرلىرى بولغان كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ قالغانلىرى ۋە ئەسىرلىكتىن يېرۇسالېمغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىشقا قوپۇپ، يىگىرمە ياش بىلەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولغان لاۋىيلارنى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىشىغا قارىغىلى تۇرغۇزۇپ قويدى.
[9] يەشۇئانىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى، قادمىيەل بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى

ۋە يەھۇدانىڭ ئوغۇللىرى بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ بەيتىنىڭ ئىشىغا قارىغىلى قويۇلدى. خېنادادنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ لاۋىيلار بولغان ئوغۇللىرى ۋە بۇرادەرلىرى ھەم شۇ ئىشقا سېلىندى.
[10] تامچىلار خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئۇلىنى سالغىنىدا كاھىنلار خاس ئېگىنلىرىنى كىيىپ، قاتار-قاتار تۇرۇپ، كاناي تۇتۇپ تۇردى. ئاسافنىڭ ئوغۇللىرى بولغان لاۋىيلار ھەم ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى داۋۇد بۇيرۇغاندەك جاڭجاڭ چېلىپ، خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا ئېيتتى.
[11] ئۇلار شېئىر ئوقۇپ: «ئۇنىڭ مەرھەمىتى ئىسرائىلنىڭ ئۇستىدە ئەبەدكىچە تۇرىدۇ» دەپ خۇداۋەندىگە ھەمد شۇكۇر ئېيتتى. ھەممە خەلق شادلىق قىلىپ، خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئۇلىنىڭ سېلىنغىنى ئۈچۈن ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا ئېيتتى. [12] لېكىن قېرى بولۇپ ئىلگىرىكى بەيتنى كۆرگەن تولا كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار ۋە خانىدانلارنىڭ باشلىرى بۇ بەيتنىڭ ئۇلىنىڭ سېلىنغىنىنى كۆرگەندە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن يىغلىدى. ئەمما باشقا تولا كىشى خۇش بولۇپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن قىچقىرىشتى. [13] شۇنداقكى، خۇشلۇقنىڭ ئۈنلۈك قىچقىرىشىنى خەلقنىڭ يىغىسىنىڭ ئاۋازىدىن پەرق ئېتەلمىدى، چۈنكى خەلق ئۈنداق ئۈنلۈك قىچقاردىكى، ئاۋازى يىراق يەرگە ئاڭلاندى.

## دۈشمەنلەر بايتىنىڭ قۇرۇلۇشغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ

4 [1] لېكىن يەھۇدا بىلەن بەنيامىنىنىڭ دۈشمەنلىرى: «ئۇلار ئەسىرلىكتىن يېنىپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە بىر بەيت ياسىۋاتىدۇ» دەپ ئاڭلىغاندا، [2] زەرۇبابەل بىلەن خانىدانلارنىڭ باشلىرىغا بېرىپ، ئۇلارغا: «بىز سىلەر بىللە ياساشايلى، چۈنكى بىز سىلەردەك خۇدايىڭلارنى ئىزدەپ، ئاسسۇرنىڭ پادىشاھى ئېسەر-خاددون بىزنى بۇ يەرگە كەلتۇرگەن ۋاقىتتىن تارتىپ ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلدۇق» دېدى. [3] ئەمما زەرۇبابەل بىلەن يەشۇئا ۋە ئىسرائىل خانىدانلىرىنىڭ باشقا باشلىرى ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ بىز بىلەن خۇدايىمىزغا بىر بەيت ياسىشىڭلار كېلىشمەيدۇ، بەلكى پارس پادىشاھى كورەش بىزگە بۇيرۇغاندەك بىز ئۆزىمىز ئىتتىپاق بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە بەيتنى ياسايلى» دەپ ئېيتتى.
[4] لېكىن يۇرتنىڭ خەلقى يەھۇدا خەلقىنىڭ قوللىرىنى ئاجىز قىلىپ، ياساپ تۇرغىنىدا ئۇلارنى قورقۇتۇپ، [5] ئۇلارغا قارشى يامان مەسلىھەتچىلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ، پارس پادىشاھى كورەشنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە پارس پادىشاھى دارىيۇس سەلتەنەتنى قولىغا ئالغۇچە ئۇلارنىڭ ئىشىنى توسۇپ تۇردى. [6] ئاخاشۋېروشنىڭ سەلتەنىتىدە، يەنى ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ دەسلىپىدە ئۇلار يەھۇدا يۇرتى بىلەن يېرۇسالېمدا ئولتۇرغۇچىلارغا قارشى بىر تۆھمەت خېتىنى پۈتۈپ ئەۋەتتى.
[7] ئاندىن ئارتاخشاستانىڭ كۈنلىرىدە بىشلام، مىترەدات بىلەن تابەئەل ۋە ئۇنىڭ رەپىقلىرى

پارس پادىشاھى ئارتاخشاستاغا خەت پۈتتى. ئۇلارنىڭ خېتى ئارامىي يېزىقىدا پۈتۈلۈپ، ئارامىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى.

[8] ھەم رېخۇم دېگەن مەسلىھەتچى بىلەن شىمشاي كاتىپ يېرۇسالېم توغرىسىدا ئارتاخشاستا پادىشاھقا شۇنداق بىر خەت يازدى.

[9] رېخۇم مەسلىھەتچى بىلەن شىمشاي كاتىپ ۋە ئۇلارنىڭ باشقا ھەمراھلىرى، يەنى دىنايلار، ئافارسكايلار، تارپىلايلار، ئافارسايلار، ئاركۋايلار، بابىلىيلار، شۇشانىيلار، داھاۋايلار، ئېلامىيلار، [10] ۋە ئۇ چوڭ ئۇلۇغ ئاسناپپار دېگەن كىشى ئۆزى سامارىيەنىڭ شەھەرلىرىدە ۋە دەريانىڭ غەرب تەرىپىنىڭ يۇرتى بىلەن باشقا يەرلەردە ئولتۇرغۇزغان بۆلەك تائىپىلەرمۇ شۇنداق بىر خەت پۈتتى.

[11] ئۇلار ئارتاخشاستا پادىشاھقا ئەۋەتكەن خەتتە مۇنداق پۈتۈلگەن ئىدىكى:

«دەريانىڭ غەرب تەرىپىدە ۋە باشقا يەرلەردە ئولتۇراقلىق خىزمەتكارلىرىڭدىن سۆز شۇكى:

[12] پادىشاھقا مەلۇم بولسۇنكى، سېنىڭ تەرىپىڭدىن چىقىپ يېرۇسالېمغا كېلىپ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئولتۇرغان يەھۇدىيلار بولسا ئەمدى ئۇ توپىلاڭخور يامان شەھەرنى يەنە ياسىغىلى باشلاپ، سېپىل بىلەن ئۇللىرىنى مەھكەم قىلىپ تۇرىدۇ. [13] پادىشاھ بىلسۇنكى، ئەگەر ئۇ شەھەر يەنە ياسىلىپ، سېپىللىرى ئوڭشالانسا، ئۇ كىشىلەر، خاھى خىراج، خاھى باج-ئالۋان بەرمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھلارنىڭ خەزىنىسىگە زىيان بولىدۇ. [14] بىز پادىشاھلىق ئوردىسىنىڭ تۇزىنى يېگەندىن كېيىن ھېچنېمە دېمەي تۇرۇپ، پادىشاھقا زىيان بولۇشىنى كۆرمىكىمىز كېلىشمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن خەت ئەۋەتىپ، پادىشاھقا شۇنى مەلۇم قىلدۇق. [15] ئەگەر ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ تارىخ كىتابلىرى تەپتىش قىلىنسا، بۇ تارىخ كىتابلاردىن ساڭا مەلۇم بولىدۇكى، بۇ شەھەر ئۆزى توپىلاڭخور بىر شەھەر بولۇپ، قەدىم ۋاقىتتىن تارتىپ پادىشاھ بىلەن يۇرتلارغا نۇقسان يەتكۈزۈپ، توپىلاڭ قىلىپ تۇرغاندۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شەھەر خاراب قىلىندى. [16] ئەمدى پادىشاھقا مەلۇم قىلىمىزكى، ئەگەر بۇ شەھەر يەنە ياسىلىپ، سېپىللىرى ئوڭشالانسا، دەريانىڭ غەرب تەرىپىنىڭ يۇرتىدا پادىشاھنىڭ نېسىپى قالمايدۇ».

[17] ئۇ ۋاقىت پادىشاھ رېخۇم مەسلىھەتچى بىلەن شىمشاي كاتىپقا ۋە دەريانىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى يۇرتتا ئولتۇراقلىق باشقا بۇرادەرلىرىگە جاۋاب بەردىكى:

«سالام ئېيتقاندىن كېيىن سۆز شۇكى:

[18] سىلەر ماڭا ئەۋەتكەن خەت ئىنچىكىلىك بىلەن ماڭا ئوقۇلدى. [19] مەن: ‹ تەپتىش قىلىنغلار› دەپ بۇيرۇغاندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ شەھەر قەدىم ۋاقىتلاردىن تارتىپ پادىشاھلارغا زىت قوپۇپ، ئاندا توپىلاڭ بىلەن غەلۋە بولۇپ تۇرغان ئىكەن. [20] يېرۇسالېمدا ھەم چوڭ-چوڭ پادىشاھلار قوپۇپ، دەريانىڭ غەرب تەرىپىنىڭ ھەممە يۇرتلىرىغا سەلتەنەت قىلىپ خىراج، باج-ئالۋان ئالغانىكەن. [21] ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇيرۇق چىقىرىڭلاركى، مەن باشقا ئەمر قىلمىغۇچە ئۇ كىشىلەر ئۇنى ياساشتىن توسۇلسۇن. [22] خەۋەردار بولۇپ، بۇ ئىشتا غاپىللىق قىلماڭلار. بولمىسا بۇ خاپىلىق ئېشىپ، پادىشاھلارغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ».

[23] ئارتاخشاستا پادىشاھنىڭ خېتىدە پۈتۈلگەن سۆز رېخۇم بىلەن شىمشاي كاتىپقا ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقلىرىگە ئوقۇلغاندىن كېيىن ئۇلار ئالدىراپ يېرۇسالېمدىكى يەھۇدىيلارغا بېرىپ، ئۇلارنى زور ۋە كۈچ بىلەن ياساشتىن توساتتى. [24] بۇنىڭ بىلەن خۇداۋەندىنىڭ يېرۇسالېمدا بولغان بەيتىنىڭ ياسىلىشى توسۇلۇپ، پارس پادىشاھى دارىيۇسنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئىككىنچى يىلىغىچە توختىتىلىپ قالدى.

## پارس پادىشاھى دارىيۇسنىڭ دەۋرىدە بايتنى قايتا قۇرۇش يېڭىدىن باشلىنىدۇ

5 [1] لېكىن پەيغەمبەرلەر، يەنى ھاگاي پەيغەمبەر بىلەن ئىددونىڭ ئوغلى زەكاريا يەھۇدا يۇرتى بىلەن يېرۇسالېمدىكى يەھۇدىيلارغا ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بولغان ئىسرائىلنىڭ خۇداينىڭ نامىدا پەيغەمبەرلىك قىلاتتى. [2] ئۇ ۋاقىت شائالتىيەلنىڭ ئوغلى زەرۇبابەل بىلەن يوساداقنىڭ ئوغلى يەشۇئا قوپۇپ، خۇدانىڭ يېرۇسالېمدا بولغان بەيتىنى ياسىغىلى باشلاپ، خۇدانىڭ پەيغەمبەرلىرى بولسا ئۇلار بىلەن ئىش قىلىشىپ ياردەم بېرەتتى.
[3] شۇ كۈنلەردە دەريانىڭ غەرب تەرىپىدىكى يۇرتنىڭ ۋالىيسى تاتناي بىلەن شەتار-بوزناي ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقلىرى ئۇلارغا كېلىپ، ئېيتتى: «بۇ بەيتنى سېلىپ، سېپىلنى ياسىغىلى كىم ئىجازەت بەردى» دېدى. [4] ئۇلار يەنە: بۇ ئىمارەتنى ياساپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرى نېمە؟» دەپ ئېيتتى. [5] ئەمما يەھۇدىيلارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ئۈستىدە ئۇلارنىڭ خۇداينىڭ كۆزى ئويغاق ئىدى، شۇنداقكى بۇ ھەقتە دارىيۇسقا ئاڭلىتىلغۇچە ۋە ئۇنىڭدىن خەتتە جاۋاب كەلگۈچە ئۇلار ئىشنى توسمىدى.

[6] دەريانىڭ غەرب تەرىپىدىكى يۇرتنىڭ ۋالىيسى تاتناي بىلەن شەتار-بوزناي ۋە دەريانىڭ غەرب تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ رەپىقلىرى بولغان ئافارسكايلار دارىيۇس پادىشاھقا ئەۋەتكەن خەتنىڭ مەزمۇنى بولسا،
[7] ئۇلار ئۇنىڭغا مۇنداق يېزىلغان خەت ئەۋەتتىكى:

«دارىيۇس پادىشاھقا پۈتۈن ئامانلىق بولغاي.

[8] پادىشاھقا مەلۇم بولسۇنكى، بىز يەھۇدىيەنىڭ ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئۇلۇغ خۇدانىڭ بەيتىگە كەلدۇق. ئۇلار شۇ بەيتنى چوڭ تاشلاردىن ياساپ، تاملارنى ياغاچ بىلەن باغلايدۇ. ئىش چوڭ غەيرەت بىلەن قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا راۋاج تاپىدۇ. [9] بىز ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن سوراپ ئۇلارغا: ‹ بۇ بەيتنى سېلىپ، سېپىلنى ياسىغىلى كىم ئىجازەت بەردى؟› دەپ ئېيتتۇق. [10] ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ، ساڭا خەۋەر بەرمەك ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ھەم سورىدۇق. [11] بىزگە بەرگەن جاۋاب شۇ ئىدىكى: ‹ بىز ئاسمان بىلەن يەرنىڭ خۇدايىنىڭ بەندىلىرى بولۇپ، تولا يىلدىن ئىلگىرى سېلىنغان بەيتنى ئەمدى ياساپ تۇرىمىز. ئىسرائىلنىڭ چوڭ بىر پادىشاھى ئۇنى بىنا قىلىپ ياسىغانىدى. [12] لېكىن ئاندىن ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئاسماننىڭ خۇدايىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگىنىدە ئۇ ئۇلارنى كالدانىي بولۇپ بابىلنىڭ پادىشاھى بولغان نەبۇكەدنەسەر دېگەننىڭ قولىغا بەردى. بۇ ئۆزى شۇ بەيتنى بۇزۇپ، خەلقنى بابىلغا ئېلىپ كەتتى.
[13] لېكىن بابىلنىڭ پادىشاھى كورەشنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئاۋۋالقى يىلىدا ئۇ كورەش پادىشاھ ئۆزى: «خۇداۋەندىنىڭ بەيتى ياسالسۇن» دەپ بۇيرۇدى. [14] نەبۇكەدنەسەر يېرۇسالېمنىڭ بەيتىدىن ئېلىپ كېتىپ بابىلنىڭ بۇتخانىسىغا سالغان ئالتۇن بىلەن كۈمۈش قاچىلىرىنى كورەش پادىشاھ بابىلنىڭ بۇتخانىسىدىن چىقىرىپ، ئۆزى ۋالىي قىلىپ قويۇپ شەشباززار دەپ ئاتالغان كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، [15] ئۇنىڭغا: «بۇ قاچىلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئۆزۈڭ بېرىپ، يېرۇسالېمنىڭ بەيتىگە ئاپىرىپ قويغىن، چۈنكى خۇدانىڭ بەيتى ئۆز جايىدا ياسالسۇن» دەپ ئېيتتى.
[16] ئاندىن ئۇ شەشباززار كېلىپ، خۇداۋەندىنىڭ يېرۇسالېمدا ياسىلىدىغان بەيتىنىڭ ئۇلىنى سالدى. ئۇ ۋاقىتتىن تارتىپ بۇ ۋاقىتقىچە بەيت ياسىلىپ تۇرۇپ، تېخى تەييار بولمىدى› دېدى. [17] ئەگەر پادىشاھقا ياخشى كۆرۈنسە، كورەش پادىشاھ يېرۇسالېمدا خۇدانىڭ بۇ بەيتىنى ياسىغىلى ئىجازەت بەردىمۇ ئەمەسمۇ دېگەننىڭ پۈتۈكى بارمۇ دەپ، پادىشاھنىڭ بابىلدىكى خەزىنىسىنى ئاختۇرۇپ تەپتىش قىلسۇن. شۇنى قىلىپ، پادىشاھ بۇ ئىش توغرىسىدا ئۆز ئىرادىسىنى بىزگە بىلدۈرسۇن» دەپ يازدى.

## پادىشاھ دارىيۇسنىڭ بۇيرۇقى

6 [1] ئۇ ۋاقىت دارىيۇس پادىشاھ بۇيرۇدىكى: «بابىلنىڭ خەزىنىلىرى ساقلىنىدىغان ئورام
يازمىلار خانىسىنى ئاختۇرسۇن. [2] ئاختۇرغاندا مېدىيا ۋىلايىتىدىكى ئاخمېتا ئوردىسىدا
بىر ئورام يازمىنى تاپتى. شۇنىڭدا زىكىر قىلىنغان ئىدىكى:

[3] «كورەش پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئاۋۋالقى يىلىدا كورەش پادىشاھ خۇدانىڭ يېرۇسالېمدا
بولغان بەيتى توغرىسىدا بىر ھۆكۈم چىقاردىكى: ‹ ئۇ بەيت قۇربانلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر
جاي بولماق ئۈچۈن ياسىلىپ،ۋۇللىرى مەھكەم سېلىنسۇن. ئېگىزلىكى ئاتمىش گەز، توغرىسى
ھەم ئاتمىش گەزلىك بولۇپ، [4] ئۈچ قات چوڭ-چوڭ تاش بىلەن بىر قات يېڭى ياغاچ قويۇلۇپ،
چىقىمى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن بېرىلسۇن. [5] نەبۇكەدنەسەر يېرۇسالېمنىڭ بەيتىدىن
ئېلىپ بابىلغا كەلتۈرۈپ خۇدانىڭ بەيتىدە بولغان ئالتۇن كۈمۈشنىڭ قاچىلىرى ياندۇرۇلۇپ،
يېرۇسالېمنىڭ بەيتىدە ئۆز جايىدا قويۇلۇپ، خۇدانىڭ بەيتىدە ساقلانسۇن›» دەپ يېزىلغانىدى.

[6] «ئەمدى سەن دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ۋالىي بولغان تاتناي ۋە سەن ئەي شەتار-بوزناي بىلەن
سىلەر دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇراقلىق ئافارسكايلار ئۆزۈڭلارنى ياقىغا ئېلىپ، [7] خۇدانىڭ
بەيتىنىڭ ئىشىغا دەخلى قىلماڭلار. يەھۇدىيلارنىڭ ۋالىيسى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئاقساقاللىرى
خۇدانىڭ بۇ بەيتىنى ئۆز جايىدا ياسىسۇن.
[8] ئەمدى يەھۇدىيلارنىڭ ئاقساقاللىرى خۇدانىڭ بۇ بەيتىنى ياسىغىنىدا ئۇلارغا قانداق
قىلىدىغىنىڭلار توغرىسىدا شۇ ھۆكۈمنى چىقىرىمەنكى، ئىش توسۇلمىسۇن دەپ، دەريانىڭ ئۇ
تەرىپىدىكى يۇرتتىن پادىشاھقا بېرىلىدىغان باج-خىراجتىن ئىشنىڭ لازىم بولىدىغان چىقىمى
ئۈچۈن بېرىلىپ، ئۇ ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلسۇن. [9] ئاسماننىڭ خۇدايىغا كۆيدۈرمە
قۇربانلىق ئۈچۈن ھەرنېمە لازىم كەلسە، خاھى ياش بۇقا، خاھى قوچقار، خاھى قوزىلار بولسا
ئۇلارغا بېرىپ، يېرۇسالېمنىڭ كاھىنلىرى دەپ بەرگەندەك بۇغداي، تۇز، شاراب بىلەن ياغ
كۈندىن-كۈنگە كەم قىلماي كەلتۈرۈڭلار. [10] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاسماننىڭ خۇدايىغا خۇشبۇي
قۇربانلىق كەلتۈرۈپ، پادىشاھ بىلەن ئوغۇللىرى ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىگەي.
[11] بۇنىڭ بىلەن ئەمىر قىلىدىمكى، ھەركىم بۇ بۇيرۇقنى باشقا قىلسا، بىر خادا ئۇنىڭ ئۆيىدىن
ئاجرىتىلىپ، ئۆزى شۇنىڭغا ئېسىلىپ، مۇنداق قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيى بىر پاسكىنىلىققا
ئايلاندۇرۇلسۇن.
[12] ‹ ئۆز ئىسمىم ئاندا تۇرسۇن› دەپ ئېيتقان خۇدا ئۆزى بۇ بۇيرۇقنى تەبدىل قىلىپ،
خۇداۋەندىنىڭ يېرۇسالېمدا بولغان بۇ بەيتنى خاراب قىلماق ئۈچۈن ئۆز قولىنى ئۇزاتقان ھەر
پادىشاھ بىلەن خەلقنى ھالاك قىلسۇن دەپ، مەن دارىيۇس بۇ بۇيرۇقنى چىقاردىم. ئالدىراپ
ئۇنى بەجا كەلتۈرۈڭلار».

## خۇداۋەندىنىڭ بەيتى پۈتكۈزۈلدۇ ۋە خۇداغا ئاتىلىدۇ

[13] دارىيۇس پادىشاھ شۇنداق بىر ھۆكۈم چىقارغىنىدا دەريانىڭ غەرب يېنىدىكى يۇرتنىڭ
ۋالىيسى تاتناي بىلەن شەتار-بوزناي ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقلىرى ئالدىراپ ئۇنى ئەمەلگە كەلتۈردى.
[14] يەھۇدىيلارنىڭ ئاقساقاللىرى ياساپ تۇرۇپ، ھاگاي پەيغەمبەر بىلەن ئىددونىڭ ئوغلى
زەكارىيانىڭ پەيغەمبەرلىك سۆزىدىن جۈرئەت تېپىپ راۋاجلىق بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ خۇدايىنىڭ
ئەمرىگە قاراپ كورەش، دارىيۇس بىلەن پارس پادىشاھى ئارتاخشاستا بۇيرۇغاندەك ئىشلەپ،
بەيتنى تەييار قىلدى. [15] دارىيۇس پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئالتىنچى يىلى ئادارنىڭ
ئايىدا بەيت تەييار بولدى. [16] بەنى-ئىسرائىل، كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار ۋە ئەسىرلىكتىن
يېنىپ كەلگەن باشقا كىشىلەر خۇشلۇق بىلەن خۇدانىڭ بەيتىنىڭ خۇداغا ئاتاش ھېيتىنى
ئۆتكۈزدى. [17] خۇدانىڭ بەيتىنىڭ خۇداغا ئاتاش ھېيتىنى ئۆتكۈزگىنىدە يۈز بۇقا، ئىككى يۈز
قوچقار بىلەن تۆت يۈز قوزىنى قۇربانلىق قىلىپ، ئىسرائىلنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ سانىغا قاراپ
ھەممە ئىسرائىل ئۈچۈن ئون ئىككى ئۆچكىنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈردى. [18] ئۇلار
يەنە مۇسانىڭ كىتابىدا پۈتۈلگەنگە قاراپ كاھىنلارنى ئۆز نۆۋەتلىرىگە مۇۋاپىق تۇرغۇزۇپ،
لاۋىيلارنى ئۆز پىرقىلىرىگە مۇۋاپىق خىزمەتكە سالدى.

[19] ئەسىرلىكتىن يېنىپ كەلگەنلەر ئاۋۋالقى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنىدە پاسئخا ھېيتىنى
تۇتتى. [20] چۈنكى ھەممە كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار پاك بولغۇدەك ئۆزىنى مۇقەددەس قىلغانىدى.
ئاندىن ئۇلار ئەسىرلىكتىن يېنىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن، بۇرادەرلىرى كاھىنلار
ئۈچۈن ۋە ھەم ئۆزى ئۈچۈن پاسئخا قوزىسىنى سويدى. [21] ئەسىرلىكتىن يېنىپ كەلگەن
بەنى-ئىسرائىل ۋە يۇرتنىڭ بۇتپەرەسلىرىنىڭ ناپاكلىقىدىن ئۆزىنى نېرى تۇتۇپ، ئىسرائىلنىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندىنى ئىزدەپ يەھۇدىيلارغا قوشۇلغان ھەممە كىشىلەر شۇنىڭدىن يەپ، [22] يەتتە
كۈنگىچە خۇشلۇق بىلەن پېتىر نان ھېيتىنى تۇتتى. چۈنكى خۇداۋەندە ئۇلارغا خۇشلۇق بېرىپ،
ئاسسۇر پادىشاھىنىڭ كۆڭلىنى ئۇلارغا مايىل قىلغانىدى. شۇنداقكى، بۇ ئۆزى ئۇلار ئىسرائىلنىڭ
تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ ئىشىنى قىلىپ تۇرغاندا ئۇلارنى يۆلىگەنىدى.

## پارس پادىشاھى ئارتاخشاستا ئەزراغا يېرۇسالېمغا بېرىشنى بۇيرۇيدۇ

7 [1] بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پارس پادىشاھى ئارتاخشاستا سەلتەنەت قىلغىنىدا ئەزرا بابىلدىن
چىقتى. شۇ ئەزرا بەن-سەرايا بەن-ئازاريا بەن-خىلقىيا، [2] بەن-شاللۇم بەن-سادوق بەن-ئاخىتۇب،
[3] بەن-ئاماريا بەن-ئازاريا بەن-مەرايوت، [4] بەن-زەراخيا بەن-ئۇززى بەن-بۇققى، [5] بەن-ئابىشۇئا بەن-
پىنىخاس بەن-ئېلىئازار بەن-ھارۇن، يەنى باش كاھىنىنىڭ نەسلىدىن ئىدى.

[6] شۇ ئەزرانىڭ ئۆزى بابىلدىن راۋان بولدى. ئۇ بولسا كاتىپ بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى
خۇداۋەندە مۇساغا بەرگەن قانۇننىڭ بىلىشىدە كامىل ئىدى. ئۇنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ
قولى ئۇنىڭ بىلەن بولغاچ پادىشاھ ئۇنىڭغا ھەر نە تىلىگىنىنى بەردى. [7] ئارتاخشاستانىڭ
سەلتەنىتىنىڭ يەتتىنچى يىلىدا بەنى-ئىسرائىلنىڭ بەزىسى، كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ
بەزىسى، شېئىر ئوقۇغۇچىلار ۋە دەرۋازىۋەن بىلەن بەيتنىڭ قۇللىرىنىڭ بەزىسى يېرۇسالېمغا
چىقتى. [8] ئەزرا ئۆزى پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ يەتتىنچى يىلىنىڭ بەشىنچى ئايىدا
يېرۇسالېمغا كەلدى. [9] ئاۋۋالقى ئاينىڭ ئاۋۋالقى كۈنىدە بابىلدىن چىققىلى باشلاپ، بەشىنچى
ئاينىڭ ئاۋۋالقى كۈنىدە يېرۇسالېمغا يېتىپ كەلدى. چۈنكى خۇدانىڭ ياخشى قولى ئۇنىڭ
بىلەن ئىدى. [10] ئەزرا ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ قانۇنىنى ئويلاپ، شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلىپ،
ئىسرائىلغا قانۇن بىلەن ئەھكامىنى بىلدۈرۈپ تەلىم بېرەتتى.
[11] ئارتاخشاستا پادىشاھنىڭ تەرىپىدىن خۇداۋەندە ئىسرائىلغا بۇيرۇغان قانۇنىنى بىلىپ كاتىپ
بولغان ئەزرا كاھىنغا بېرىلگەن خەتنىڭ مەزمۇنى شۇ ئىدىكى:

[12] «پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئارتاخشاستانىڭ تەرىپىدىن ئاسماننىڭ خۇدايىنىڭ
قانۇنىنى كامىل بىلگەن ئەزرا كاھىنغا سالام دېگەچ، سۆز شۇكى:

[13] مەن بۇ ھۆكۈمنى چىقاردىمكى ئۆز مەملىكىتىمدە ھەركىم ئىسرائىلنىڭ خەلقىدىن ۋە يا
كاھىنلار بىلەن لاۋىيلاردىن بولۇپ ئۆز خۇشلۇقى بىلەن يېرۇسالېمغا بارغىلى خالىسا، سەن
بىلەن بارسۇن. [14] چۈنكى سەن سېنىڭ خۇدايىڭنىڭ تەرىپىدىن بولۇپ، ئۆز قولۇڭدا بار قانۇنغا
مۇۋاپىق يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېم توغرىسىدا تەپتىش قىلماق ئۈچۈن پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ
يەتتە مەسلىھەتچىسىنىڭ تەرىپىدىن ئەۋەتىلىپ، [15] پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى
ئۆز خۇشلۇقى بىلەن يىغىپ، يېرۇسالېمدا ماكان تۇتقان ئىسرائىلنىڭ خۇدايىغا بەرگەن كۈمۈش
بىلەن ئالتۇننى ئۇ يەرگە ئېلىپ بېرىپ، [16] ئۆزۈڭ بابىلنىڭ پۈتۈن ۋىلايىتىدە تاپقان ھەممە
كۈمۈش بىلەن ئالتۇننى خەلق ۋە كاھىنلار ئۆز خۇدايىنىڭ يېرۇسالېمدا بولغان بەيتىگە،
ئۆز خۇشلۇقى بىلەن بەرگەن ھەدىيەلەرگە قوشۇپ، ئۇلارنى ئاندا كەلتۈرگىلى چىقىرىلدىڭ.
[17] سەن توغرى بولغاچ بۇ پۇلغا قوچقار، قوزا ۋە ھەدىيە بىلەن ئىچكۈلۈك قۇربانلىقىغا لازىم
بولىدىغىنىنى ئېلىپ، خۇدايىڭلارنىڭ يېرۇسالېمدا بولغان بەيتىنىڭ قۇربانگاھىدا قۇربانلىق
قىلغايسەن. [18] كۈمۈش بىلەن ئالتۇندىن ھەر نە ئېشىپ قالسا، سەن بىلەن بۇرادەرلىرىڭ
خۇدايىڭلارنىڭ ئىرادىسىگە قاراپ ئۇنى خالىغىنىڭلاردەك ئىشلەتكەيسىلەر. [19] خۇدايىڭنىڭ
بەيتىدىكى ئىبادىتى ئۈچۈن ساڭا بېرىلگەن قاچىلار بولسا بۇلارنى يېرۇسالېمنىڭ خۇدايىنىڭ
قېشىغا كەلتۈرگەيسەن. [20] ئەمما خۇدايىڭنىڭ بەيتى ئۈچۈن بۇنىڭ ئۈستىدە ساڭا بىر چىقىم
لازىم كەلسە، ئۇنى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىن تاپشۇرۇۋالغايسەن. [21] مەن ئارتاخشاستا پادىشاھ
ئۆزۈم دەريانىڭ غەرب تەرىپىدىكى ھەممە خەزىنىچىلەرگە ھۆكۈم چىقاردىمكى: ‹ ئاسماننىڭ

خۇدايىنىڭ قانۇنىنى كامىل بىلگەن ئەزرا كاھىن سىلەردىن ھەرنېمە سورىسا، توختىماي ئۇنىڭغا بەرگەيسىلەر. [22] يۈز تالانت كۈمۈش، يۈز كور بۇغداي، يۈز بات مىقدارى شاراب ۋە يۈز بات مىقدارى ياغقىچە لازىم كەلسە، بېرىپ قانچە تۇزمۇ كەتسە، بېرىڭلار. [23] پادىشاھ بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ مەملىكىتىنىڭ ئۈستىگە غەزەپ كەلمىسۇن دەپ، ئاسماننىڭ خۇدايى ھەر نە بۇيرۇغان بولسا، كۆڭۈل قويۇپ قىلىپ، ئاسماننىڭ خۇدايىنىڭ بەيتىگە بېرىڭلار. [24] سىلەرگە ھەم مەلۇم قىلدۇقكى، ھېچبىر كاھىن يا ئىبن-لاۋىي يا شېئىر ئوقۇغۇچى يا دەرۋازىۋەن يا بەيت خىزمەتكارى يا خۇدانىڭ بۇ بەيتىدە خىزمەت قىلغۇچىدىن خىراج ۋە باج-ئالۋان ئېلىنمىسۇن›.
[25] ئەمما سەن، ئەي ئەزرا، ئۆز خۇدايىڭنىڭ تەرىپىدىن ساڭا بېرىلگەن ھېكمەتكە مۇۋاپىق قىلىپ، ئۆزى خۇدايىڭنىڭ قانۇنىنى بىلىپ، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇراقلىق ھەممە خەلققە ھۆكۈم قىلماق ئۈچۈن ھاكىم بىلەن قانۇن مۇئەللىملىرى توختىتىپ قويغايسەن. ئەگەر بىركىم قانۇنىنى بىلمىسە، ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويۇڭلار. [26] ھەركىم خۇدانىڭ قانۇنى بىلەن پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىگە مۇۋاپىق قىلمىسا، ئۇ ئۆلۈمگە يا پارلانماققا يا جەرىمانىگە يا زىندانغا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىنسۇن» دەپ پادىشاھ يازدى.

[27] خۇداۋەندىنىڭ يېرۇسالېمدا بار بەيتىگە شان-شەرەپ بېرىدىغان نىيەتنى پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە سېلىپ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تەڭرىسى بولغان خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولغاي.
[28] ئۇ ئۆزى پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى بىلەن پادىشاھنىڭ ھەممە ئۇلۇغ ئەمىرلىرىنىڭ ئالدىدا ماڭا ئىلتىپات تاپتۇردى. تەڭرىم خۇداۋەندىنىڭ قولى مەن بىلەن بولغاچ مەن غەيرەتلىك بولۇپ، ئۆزۈم بىلەن يېرۇسالېمغا چىققىلى ئىسرائىلدىن بىر مۇنچە ئۇلۇغلارنى يىغدۇردۇم.

## ئەزرا بىلەن يېرۇسالېمغا يېنىپ كەلگەنلەرنىڭ سانى

8 [1] ئارتاخشاستا پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىدە بابىلدىن چىقىپ خانىدانلارنىڭ باشلىرى بولغانلارنىڭ نەسەبنامىلىرى شۇ ئىدىكى:

[2] پىنىخاسنىڭ ئەۋلادىدىن گەرشوم ئىدى. ئىتامارنىڭ ئەۋلادىدىن دانىيال، داۋۇدنىڭ ئەۋلادىدىن خاتتۇش،
[3] پاروسنىڭ نەسلىدىن بولغان شەكانىيانىڭ ئەۋلادىدىن زەكارىيا ۋە ئۇنىڭ بىلەن نەسەبنامىدە پۈتۈلگەن بىر يۈز ئەللىك ئەر كىشى،
[4] پاخەت موئابنىڭ ئەۋلادىدىن زەراخيانىڭ ئوغلى ئەليەھوئېناي ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئىككى يۈز ئەر كىشى،

5 شەكانىيانىڭ ئەۋلادىدىن ياخازىيەلنىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ يۈز ئەر كىشى،
6 ئادىننىڭ ئەۋلادىدىن يوناتاننىڭ ئوغلى ئەبەد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەللىك ئەر كىشى،
7 ئېلامنىڭ ئەۋلادىدىن ئاتالىيانىڭ ئوغلى يەشايا ۋە ئۇنىڭ بىلەن يەتمىش ئەر كىشى،
8 شېفاتىيانىڭ ئەۋلادىدىن مىكائەلنىڭ ئوغلى زەبادىيا ۋە ئۇنىڭ بىلەن سەكسەن ئەر كىشى،
9 يوئابنىڭ ئەۋلادىدىن يەخىيەلنىڭ ئوغلى ئوبادىيا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىككى يۈز ئون سەككىز
ئەر كىشى،
10 شېلومىتنىڭ ئەۋلادىدىن يوسىفىيانىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر يۈز ئاتمىش ئەر كىشى،
11 بېباينىڭ ئەۋلادىدىن بابايىنىڭ ئوغلى زەكارىيا ۋە ئۇنىڭ بىلەن يىگىرمە سەككىز ئەر كىشى،
12 ئازگادنىڭ ئەۋلادىدىن ھاققاتاننىڭ ئوغلى يوخانان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر يۈز ئون ئەر كىشى،
13 ئاخىر كېلىپ ئادونىقامنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئەلىفېلەت، يەئىيەل ۋە شەمايا دەپ ئاتالغان
كىشىلەر ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ئاتمىش ئەر كىشى،
14 ۋە بىگۋاينىڭ ئەۋلادىدىن ئۇتاي بىلەن زاببۇد ۋە ئۇلار بىلەن بولغان يەتمىش ئەر كىشى ئىدى.

## يېرۇسالېمغا يېنىپ كېلىش

15 مەن ئۇلارنى ئاھاۋاغا ئاقىدىغان دەريانىڭ بويىدا جەم قىلدىم. ئاندا بىز ئۈچ كۈنگىچە
تۇرۇپ، چېدىر تىكتۇق. لېكىن خەلق بىلەن كاھىنلارغا قاراپ سەپسېلىپ باقسام، ئاندا
لاۋىينىڭ ئەۋلادىدىن ھېچكىمنى تاپمىدىم. 16 ئۇ ۋاقىت باشلار بولۇپ ئېلىيەزەر، ئارىيەل،
شەمايا، ئەلناتان، يارىب، ئەلناتان، ناتان، زەكارىيا ۋە مەشۇللام دېگەنلەرنى ۋە ھەم يويارىب
بىلەن ئەلناتان دېگەن داناالارنى قىچقىرىپ، 17 ئۇلارنى كاسىفىيا دېگەن جايدا باش بولغان
ئىددونىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ ئىددو بىلەن ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى بولۇپ كاسىفىيادا ئولتۇراقلىق
بەيت خىزمەتكارلىرىغا ئېيتىدىغان سۆزنى ئېغىزلىرىغا سېلىپ: ‹ خۇدايىمىزنىڭ بەيتى
ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلار ئەۋەتكىن› دەپ ئېيتتۇقزدۇم. 18 خۇدانىڭ ياخشى قولى بىز بىلەن
بولغاچ ئۇلار بىزگە ماخلىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولغان ئىبن-لاۋىي بەن-ئىسرائىلنى ئەۋەتتى.
ئۇ ئۆزى ئەقىللىق بىر ئادەم ئىدى. ئۇلار ھەم شېرەبىيا بىلەن ئوغۇللىرى ۋە ئون سەككىز
بۇرادەرلىرىنى، يەنى ئون سەككىز ئادەمنى ئەۋەتتى. 19 شۇلاردىن باشقا خەشابىيا ۋە ئۇنىڭ
بىلەن مەرارىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولغان يەشايا بىلەن ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ
ئوغۇللىرىنى، يەنى يىگىرمە ئادەمنى 20 ۋە ھەم بەيت خىزمەتكارلىرىدىن بولۇپ داۋۇد بىلەن
ئەمىرلىرى لاۋىيلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغىلى تەيىنلەپ سانى ئىككى يۈز يىگىرمە بولغان بەيت
خىزمەتكارلىرىنى ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسىملىرى بىلەن زىكىر قىلىنغانىدى.
21 ئەمما خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنى تۆۋەن تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىز بىلەن باللار ۋە
مېلىمىز ئۈچۈن يولنى ئاق قىلىشنى تىلىمەكمىز ئۈچۈن ئاھاۋا دەرياسىنىڭ يېنىدا بىر روزىنى
بۇيرۇدۇم. 22 بىز پادىشاھقا: «خۇدايىمىزنىڭ قولى ئۇنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن

بولۇپ، ئۇلارنى سائادەتلىك قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن غەزىپى ئۇنى تاشلىغانلارنىڭ
ئۈستىدىدۇر» دەپ ئېيتقىنىمىز ئۈچۈن يولدا بىزنى دۈشمەنلەردىن ساقلايدىغان پىيادە ئاتلىق
ئەسكەرلەرنى پادىشاھتىن سورىغىلى ئۇياتىم كەلدى. 23 بىز ئۇ ۋاقىت روزا تۇتۇپ، خۇدايىمىزغا
ياردەم ئۈچۈن يالۋۇرغاندا ئۇ دۇئالىرىمىزنى ئاڭلىدى.
24 ئاندىن كېيىن مەن باش كاھىنلاردىن ئون ئىككىنى، يەنى شېرەبىيا بىلەن خەشابىيانى ۋە بۇلار
بىلەن بۇرادەرلىرىدىن ئون ئادەمنى ئىلغاپ قويۇپ، 25 ئۇلارغا پادىشاھ بىلەن مەسلىھەتچىلىرى
ۋە چوڭ مەنسەپدارلىرى بىلەن ئاندا بولغان ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى بېرىپ خۇدايىمىزنىڭ
بەيتى ئۈچۈن مۇقەددەس قىلىنغان كۈمۈش بىلەن ئالتۇن ۋە بەيت قاچىلىرىنى تارتىپ بەردىم.
26 مەن ئۇلارغا ئالتە يۈز ئەللىك تالانت كۈمۈش، ۋەزنى يۈز تالانت بولغان كۈمۈش قاچىلىرى
بىلەن يۈز تالانت ئالتۇننى تارتىپ بېرىپ، 27 قىممىتى بىر مىڭ دىرخام بولغان يىگىرمە ئالتۇن
قاچىسى بىلەن ئالتۇندەك قىممەت بولۇپ ئەۋزەل پارقىرايدىغان مىستىن ئېتىلگەن قاچىلارنى
ھەم تارتىپ بېرىپ، 28 ئۇلارغا ئېيتتىمكى: «خۇداۋەندىنىڭ مۇقەددەسلىرىدۇرسىلەر. قاچىلار
ھەم مۇقەددەس بولۇپ، كۈمۈش بىلەن ئالتۇن ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىگە
بېرىلگەن ھەدىيەلەردۇر. 29 ھوشيار بولۇپ ئۇلارنى تۇتۇپ، يېرۇسالېمدا كاھىنلارنىڭ چوڭلىرى
ۋە لاۋىيلار بىلەن ئىسرائىلنىڭ خانىدانلىرىنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئالدىدا خۇداۋەندىنىڭ بەيتىنىڭ
ھۇجرىلىرىدا تارتىپ بەرگۈچىلىك ساقلاڭلار. 30 ئۇ ۋاقىت كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار يېرۇسالېمغا
خۇدايىمىزنىڭ بەيتىگە ئېلىپ بارماق ئۈچۈن تارتىلغان كۈمۈش، ئالتۇن بىلەن قاچىلىرى
تاپشۇرۇۋالدى.
31 ئاندىن كېيىن يېرۇسالېمغا بارماق ئۈچۈن ئاۋۋالقى ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كۈندە ئاھاۋا
دەرياسىدىن مېڭىپ چىقتۇق ۋە خۇدايىمىزنىڭ قولى بىز بىلەن بولۇپ، بىزلەرنى دۈشمەن
بىلەن بۆكتۈرمىدە ياتقانلاردىن ساقلىدى. 32 بىز يېرۇسالېمغا كېلىپ، ئاندا ئۈچ كۈن توختاپ
تۇردۇق. 33 ئەمما تۆتىنچى كۈندە كۈمۈش بىلەن ئالتۇن ۋە قاچىلارنى خۇدايىمىزنىڭ بەيتىدە
تارتىلىپ، ئۇرىيانىڭ ئوغلى بولغان مەرىموت كاھىنغا تاپشۇرۇلدى. ئۇنىڭ بىلەن پىنىخاسنىڭ
ئوغلى ئېلىئازار بولۇپ، بۇ ئىككىلىسى بىلەن يەشۇئانىڭ ئوغلى يوزاباد ۋە بىنۇيىنىڭ ئوغلى
نوئادىيامۇ بار ئىدى. بۇ ئىككىلىسى لاۋىيلار ئىدى. 34 ئۇ ۋاقىت ھەممە نەرسىنى ساناپ تارتىلىپ،
ھەممىسىنىڭ ۋەزنىنى خەتلەپ قويۇلدى. 35 ئازاد بولۇپ ئەسىرلىكتىن يېنىپ كەلگەنلەر
ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسىگە ھەممە ئىسرائىل ئۈچۈن ئون ئىككى بۇقىنى كۆيدۈرىدىغان
قۇربانلىق قىلىپ، توقسان ئالتە قوچقار، يەتمىش يەتتە قوزا ۋە ئون ئىككى تېكىنى گۇناھ
قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈردى. بۇنىڭ ھەممىسى خۇداۋەندىگە كۆيدۈرىدىغان قۇربانلىق قىلىپ
ئۆتكۈزۈلدى. 36 ئۇلار پادىشاھنىڭ پەرمانىنى پادىشاھنىڭ دەريانىڭ غەرب يېنىدىكى ۋەكىل
بىلەن ۋالىيلىرىغا تاپشۇردى ۋە بۇلار خەلققە خۇدانىڭ بەيتىنىڭ ياسىشىغا ياردەم بەردى.

## ئەزرا ئىسرائىلنىڭ گۇناھلىرىنى تونۇپ دۇئا قىلىدۇ

9 [1] بۇ ھەممە ئىشلار تامام بولغاندا ئەمىرلەر مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئېيتتى: «خاھى
ئىسرائىلنىڭ قوۋمى، خاھى كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار بولسا يۇرت خەلقلىرىدىن ئايرىلماي،
بەلكى قانائانىيلار، ختتتىيلار، پەرىززىيلەر، يەبۇسىيلار، ئاممونىيلار، موئابىيلار، مىسىرلىقلار ۋە
ئاموريىلارنىڭ يىرگىنچلىك ئىشلىرىنى قىلىپ تۇرۇپ، [2] ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئۆز ئوغۇللىرىغا
خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىپ، مۇقەددەس ئۇرۇقنى يۇرت خەلقى بىلەن ئىلەشتۇرگەن. دەرۋەقە
ئەمىر بىلەن ۋالىيلار بۇ يامان ئىشلارنى قىلىشقا باشلامچى بولدى» دېدى.
[3] مەن بۇنى ئاڭلىغاندا كۆينەك بىلەن تونۇمنى يىرتىپ، چاچ بىلەن ساقىلىمنى يۇلۇپ،
چوڭ غەمدە ئولتۇرۇپ قالدىم. [4] ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى يېنىپ كەلگەن ئەسىرلەر قىلغان
يامان ئىشلار توغرىسىدا ئېيتقان سۆزدىن قورققانلار مېنىڭ قېشىمغا يىغىلدى. مەن بولسام
ئاخشاملىق قۇربانلىقنىڭ ۋاقتىغىچە ھەيران قېلىپ ئولتۇردۇم. [5] لېكىن ئاخشاملىق
قۇربانلىقنىڭ ۋاقتىدا غەمكىنلىكىمدىن قوپۇپ، يىرتىلغان كۆينەك بىلەن تونۇمنى كىيىپ
تۇرۇپ، تىزلىرىمنى پۈكۈپ تەڭرىم خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىگە قوللىرىمنى ئۇزىتىپ،
[6] ئېيتتىمكى: ئەي خۇدايىم، يۈزۈمنى سېنىڭ تەرىپىڭگە كۆتۈرۈشتىن ئۇياتىپ، شەرمەندە
بولىمەن. ئەي خۇدايىم، مانا گۇناھلىرىمىز باشلىرىمىزدىن ئېشىپ، خاتالىرىمىز ئاسمانغا يەتتى.
[7] ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ كۈنلىرىدىن تارتىپ بۇ كۈنگىچە خاتامىز چوڭ بولىدۇ. گۇناھلىرىمىز
ئۈچۈن ئۆزىمىز، پادىشاھ بىلەن كاھىنلىرىمىز بۇ كۈندىكىدەك يات پادىشاھلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ،
قىلىچ، ئەسىرلىك، بۇلاناقلىق بىلەن شەرمەندىلىككە گىرىپتار بولدۇق. [8] لېكىن خۇدايىمىز
كۆزلىرىمىزنى روشەن قىلىپ، قۇللۇقىمىزدا بىزگە ئازغىنا ئارام بېرىپ، بىزنىڭ بىر قۇتۇلغان
قالدۇقىمىزنى ساقلاپ، ئۆز مۇقەددەس جايىدا بىزگە بىر ماكان بەرمەك ئۈچۈن ئەمدى تەڭرىمىز
خۇداۋەندىنىڭ تەرىپىدىن بىزگە بىر ھازانىڭ مەرھەمىتى كۆرسىتىلدى. [9] مانا قۇلدۇرمىز، لېكىن
خۇدايىمىز ئۆز قۇللۇقىمىزدا بىزنى قويماي، بەلكى پارس پادىشاھلىرىنىڭ ئالدىدا بىزگە ئىلتىپات
تاپتۇردى. شۇنداقكى، بۇلار بىزگە خۇدايىمىزنىڭ بەيتىنى ياساپ، ۋەيرانلىرىنى ئوڭلاپ، يەھۇدا
بىلەن يېرۇسالىمدا ئۆزىمىزگە بىر پاناھگاھ راستلىغىلى ئارام بەردى.
[10] لېكىن ئەمدى، ئەي خۇدايىمىز، يەنە نېمە ئېيتايلى؟ سېنىڭ ئەمرلىرىڭنى تاشلىدۇق
ئەمەسمۇ؟ [11] بۇ ئەمرلەرنى ئۆز بەندىلىرىڭ بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن بېرىپ
ئېيتتىڭكى: ‹ مىراس ئالماق ئۈچۈن بارىدىغان يۇرت باشقا يۇرتلارنىڭ خەلقلىرىنىڭ ناپاكلىقى
ۋە قىلغان يىرگىنچلىك ئىشلىرى بىلەن ناپاك بولغان بىر يۇرتتۇر. ئۇلار ئۆز ناپاكلىقى بىلەن
ئۇنى بىر باشتىن يەنە بىر باشقىچە تولدۇرۇۋەتتى.
[12] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز قىزلىرىڭلارنى ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىغا بەرمەڭلار ياكى ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى
ئۆز ئوغۇللىرىڭلارغا خوتۇنلۇققا ئالماڭلار. سىلەر كۈچلۈك بولۇپ، يۇرتنىڭ نازۇنېمەتلىرىدىن
يەپ، ئەبەدكىچە ئۇنى ئۆز بالىلىرىڭلارغا بېرەلمىكىڭلار ئۈچۈن بۇ خەلقلەرنىڭ ئامانلىقى
بىلەن ياخشىلىقىنى ھەرگىز خالىماڭلار.

[13] ئەمدى بىزنىڭ قىلغان يامان ئەمەل بىلەن چوڭ گۇناھىمىز ئۈچۈن بۇ ھەممە بالا ئۈستىمىزگە كەلگەندىن كېيىن سەن، ئەي خۇدايىمىز، بىزنى ئاياپ، بۇزۇقلۇقىمىزغا مۇۋاپىق جازا بەرمەي، بىزگە مۇنداق خالاسلىقنى بەرگەندىن كېيىن [14] بىز سېنىڭ ئەمرلىرىڭگە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، مۇنداق يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلغان خەلق بىلەن بىرلەشسەك، بىزدىن ھېچكىم قالمىغۇدەك بىزنى يوقىتىپ، ھەرگىز خالاسلىق تېپىلمىغۇچە بىزگە غەزەپلەنمەيسەنمۇ؟ [15] ئەي ئىسرائىلنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندە، سەن ئادىلدۇرسەن. چۈنكى بۇ كۈن مەلۇم بولغاندەك بىزدىن ئاران بىر قالدۇق قۇتۇلۇپ قالغانىكەن. مانا ئەمدى بىز سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار بولۇپ، شۇ ئىشلار ئۈچۈن سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرالمايمىز».

## يات خوتۇنلار قويۇپ بېرىلدۇ

10 [1] ئەزرا دۇئا بىلەن ئىقرار قىلىپ، خۇدانىڭ بەيتىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ ياتقاندا ئىسرائىلدىن ئەر، خوتۇن بىلەن باللارنىڭ چوڭ ئادەملەر توپى ئۇنىڭ ئالدىغا يىغىلدى، چۈنكى خەلق ھەم جان ئاچچىقى بىلەن يىغلايتتى. [2] ئەمما ئېلامنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان يەخىيەلنىڭ ئوغلى شەكانىيا ئەزراغا سۆز قىلىپ ئېيتتىكى:

«بىز خۇدايىمىزنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلىپ، يۇرت خەلقلىرىدىن يات خوتۇنلارنى ئالدۇق. لېكىن مۇنداق بولسا ھەم، ئىسرائىلغا تېخى ئۈمىد بار. [3] ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇدايىمىز بىلەن ئەھدە قىلىپ، خوجامنىڭ مەسلىھەتىگە ۋە خۇدايىمىزنىڭ ئەمرلىرىدىن قورققان كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتىگە مۇۋاپىق ئۇنداق خوتۇنلار بىلەن ئۇلاردىن تۇغۇلغان باللارنى قويۇپ بېرەيلى. بۇ ئىش قانۇنغا مۇۋاپىق قىلىنسۇن. [4] قوپقىن، مانا بۇ ئىش ساڭا پەرزدۇر. بىز ھەم سەن بىلەن تۇرايلى. جۈرئەتلىك بولۇپ ئىشقا قوپقىن» دېدى.

[5] ئۇ ۋاقىت ئەزرا قوپۇپ، باش كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار ۋە ھەممە ئىسرائىلغا: «بۇ سۆزگە مۇۋاپىق قىلىمىز» دەپ قەسەم قىلدۇردى. بۇنى ئاڭلاپ خەلق قەسەم قىلدى. [6] ئاندىن كېيىن ئەزرا قوپۇپ، خۇدانىڭ بەيتىنىڭ ئالدىدىكى جايدىن كېتىپ، ئەلياشىبنىڭ ئوغلى يەھوخانانىنىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ، ئاندا كىرىپ، ئەسىرلەرنىڭ قىلغان ئاسىيلىقى ئۈچۈن غەم يېگەچ خاھى نان يېمەي، خاھى سۇ ئىچمەيتتى. [7] ئاندىن يەھۇدا بىلەن يېرۇسالېمدا جاكارلاپ ئەسىرلىكتىن يېنىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە: «يېرۇسالېمدا جەم بولۇڭلار. [8] بىركىم ئۈچ كۈن ئۆتمەستە كەلمىسە، ئۇنىڭ پۈتۈن بارلىقى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزى يېنىپ كەلگەن ئەسىرلەرنىڭ جامائىتىدىن ئايرىلسۇن» دەپ ئېلان قىلدى.

[9] ئەمما يەھۇدا بىلەن بەنيامىننىڭ ھەممە ئادەملىرى ئۈچ كۈنگىچە، يەنى توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنىدە جەم بولدى. خەلقنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ بەيتىنىڭ ئالدىدىكى ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ، بۇ ئىشنىڭ ئەندىشىسىدىن ۋە يامغۇرنىڭ سەۋەبىدىن تىترەيتتى. [10] ئۇ ۋاقىت ئەزرا كاھىن قوپۇپ، ئۇلارغا ئېيتتىكى: «سىلەر ئاسىيلىق قىلىپ، يات خوتۇنلار ئېلىپ ئىسرائىلنىڭ گۇناھىنى ئاشۇرۇپ زىيادە قىلدىڭلار. [11] لېكىن ئەمدى ئاتا-بوۋىلىرىڭلارنىڭ تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا بۇنى ئىقرار قىلىپ، خۇش-رىزايىنى بەجا كەلتۈرۈپ، يۇرت خەلقى بىلەن يات خوتۇنلاردىن نېرى تۇرۇڭلار.»
[12] شۇنى دېگەندە جامائەتنىڭ ھەممىسى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن جاۋاب بېرىپ: «سەن ئېيتقاندەك بىزگە قىلماق ۋاجىپتۇر. [13] لېكىن خەلق تولا بولۇپ، شۇ ۋاقىت قاتتىق يامغۇر ياغقاچ تالادا تۇرالمايمىز. بۇ توغرىدا گۇناھىمىز تولا بولغاندىن كېيىن بۇ ئىش بىر ياكى ئىككى كۈندە تۈگىمەيدۇ. [14] بۇ سەۋەبتىن باش كىشىلەر ھەممە جامائەت ئۈچۈن تەييار تۇرسۇن ۋە شەھەرلىرىمىزدە يات خوتۇنلارنى ئالغانلارنىڭ ھەممىسى تايىن ۋاقىتلاردا كېلىپ، ئۇلار ۋە ھەر شەھەرنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن ھاكىملىرى ھازىر بولسۇن. خۇدانىڭ شۇ ئىش توغرىسىدىن تۇتاشقان غەزىپى بىزدىن يانمىغۇچە شۇنداق قىلىپ تۇرسۇن» دېدى.
[15] يالغۇز ئاسائەلنىڭ ئوغلى يوناتان بىلەن تىقۋانىڭ ئوغلى ياخزىيا بۇنىڭغا قارشى قوپتى. مەشۇللام بىلەن لاۋىي بولغان شاببىتاي بولسا ئۇلارغا مەدەت بەردى.
[16] لېكىن ئەسىرلىكتىن يېنىپ كەلگەنلەر بۇيرۇلغاندەك قىلدى. ئەزرا كاھىن بىلەن خانىدانلارنىڭ بىرنەچچە ياش كىشىلىرى ئۆز خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق تەيىنلىنىپ، ھەممىسى ئىسىملىرى بىلەن زىكىر قىلىندى. بۇلار ئونىنچى ئاينىڭ ئاۋۋالقى كۈنىدە بۇ ئىش توغرىسىدا ئولتۇرۇپ، [17] ئاۋۋالقى ئاينىڭ ئاۋۋالقى كۈنگىچە يات خوتۇنلارنى ئالغان كىشىلەرنىڭ سورىقىنى تۈگىتىپ بولدى. [18] كاھىنلارنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدا يات خوتۇنلارنى ئالغانلار بۇلار، يەنى يەشۇئانىڭ ئەۋلادىدىن يوساداقنىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى بولغان مائاسېيا، ئېلىيەزەر، يارىب ۋە گېدالىيا ئىدى. [19] بۇلار: «خوتۇنلىرىمىزنى قويۇپ بېرىمىز» دەپ قول بېرىشىپ، ئۆز گۇناھى ئۈچۈن بىر قوچقارنى گۇناھ قۇربانلىقى قىلىپ كەلتۈردى.

[20] ئىممەرنىڭ ئەۋلادىدىن خانانى بىلەن زېبادىيا ئىدى.
[21] خارىمنىڭ ئەۋلادىدىن مائاسېيا، ئېلىيا، شەمايا، يەخىيەل ۋە ئۇززىيا،
[22] پاشخۇرنىڭ ئەۋلادىدىن: ئەلىيوئېناي، مائاسېيا، يىسمائەل، نەتانەل، يوزاباد ۋە ئەلاسا،
[23] لاۋىيلاردىن: يوزاباد، شىمىي، قېلايا يەنى قېلىتا، پەتاخىيا، يەھۇدا ۋە ئېلىيەزەر،
[24] شېئىر ئوقۇغۇچىلاردىن ئەلياشىب ۋە دەرۋازىۋەنلەردىن: شاللۇم، تېلەم ۋە ئۇرى ئىدى.
[25] قالغان ئىسرائىلدىن بۇلار، يەنى پاروسنىڭ ئەۋلادىدىن: رامىيا، يىززىيا، مالكىيا، مىيامىن، ئېلىئازار، مالكىيا ۋە بەنايا،

26 ئېلامنىڭ ئەۋلادىدىن: ماتتانىيا، زەكارىيا، يەخىيەل، ئابدى، يەرىموت ۋە ئېلىيا،
27 زاتتۇنىڭ ئەۋلادىدىن: ئەلىيوئېناي، ئەلىياشىب، ماتتانىيا، يەرىموت، زاباد ۋە ئازىزا،
28 بېباينىڭ ئەۋلادىدىن: يەھوخانان، خانانىيا، زەبەدىي ۋە ئاتلاي،
29 بانىنىڭ ئەۋلادىدىن: مەشۇللام،ماللۇك، ئادايا، ياشۇب، شېئال ۋە راموت،
30 پاخەت-موئابنىڭ ئەۋلادىدىن: ئادنا، كەلال، بەنايا، مائاسېيا، ماتتانىيا، بېزالەل، بىنۇيى ۋە
ماناسسە،
31 خارىمنىڭ ئەۋلادىدىن ئېلىيەزەر، يىشىيا، مالكىيا، شەمايا ۋە شىمون، 32 بەنيامىن، ماللۇك
ۋە شەمارىيا،
33 خاشۇمنىڭ ئەۋلادىدىن: ماتتەناي، ماتاتا، زاباد، ئەلىفېلەت، يەرەماي، ماناسسە ۋە شىمېي،
34 بانىنىڭ ئەۋلادىدىن: مائاداي، ئامرام، ئۇئەل 35 بەنايا، بېدىيا، كەلۇھ، 36 ۋانىيا، مەرىموت،
ئەلىياشىب، 37 ماتتانىيا، ماتتەناي، يائاسۇ، 38 بانى، بىنۇيى، شىمېي، 39 شېلەمىيا، ناتان، ئادايا،
40 ماكنادباي، شاشاي، شاراي، 41 ئازارەل، شېلەمىيا، شەمارىيا، 42 شاللۇم، ئامارىيا، ۋە يۈسۈپ،
43 نېبونىڭ ئەۋلادىدىن: يەئىيەل، ماتتىتيا، زاباد، زەبىنا، يىددو، يوئېل ۋە بەنايا ئىدى.

44 بۇلارنىڭ ھەممىسى يات خوتۇنلار ئالغانىدى ۋە بۇ خوتۇنلارنىڭ بەزىسى بالىلار تۇغقانىدى.

مۇقەددەس کتاب

# نەهەمیا

16

# نەھەمىيا

## مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
## (تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

## 16-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# نەھەمىيا

## نەھەمىيا بەنى-ئىسرائىل ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ

1 1 خاكالىيانىڭ ئوغلى نەھەمىيانىڭ سۆزى بۇدۇر. يىگىرمىنچى يىلى كىسلەۋ ئايىدا مەن
ئۆزۈم شۇشان ئوردىسىدا تۇرسام، 2 ئۆز بۇرادەرلىرىمدىن بىرى بولغان خانانى دېگەن
كىشى بىلەن بىرنەچچە ئادەم يەھۇدادىن چىقىپ كەلدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئەسىرلىكتىن
قۇتۇلۇپ قالغان يەھۇدىيلار بىلەن يېرۇسالېم توغرىسىدا سورىسام، 3 ئۇلار ماڭا جاۋاب بېرىپ:
«ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ قېلىپ، يۇرتتا تۇرغانلار بولسا چوڭ تەڭلىك بىلەن رەسۋالىققا چۈشۈپ
قالدى. يېرۇسالېمنىڭ سېپىلى بولسا يىقىتىلىپ دەرۋازىلىرىنىڭ ئۆزى كۆيۈپ كەتتى» دېدى.
4 شۇنى ئاڭلاپ، مەن ئولتۇرۇپ يىغلاپ، نەچچە كۈنگىچە پەرياد قىلىپ روزا تۇتۇپ ئاسماننىڭ
تەڭرىسىنىڭ ئالدىدا دۇئا قىلىپ، 5 ئېيتتىمكى: «ئەي ئاسماننىڭ تەڭرىسى بولغان
خۇداۋەندە، ئەي چوڭ قورقۇنچلۇق خۇدا، سەن بولساڭ سېنى دوست تۇتۇپ ئەمرلىرىڭنى
بەجا كەلتۈرگەنلەرگە ئەھدەڭنى ساقلاپ، مەرھەمەت كۆرسەتكۈچىدۇرسەن. 6 ئەمدى سەن
قۇلاق سېلىپ، كۆزلىرىڭنى ئېچىپ، مەن بەندەڭنىڭ ھېلى كېچە-كۈندۈز سېنىڭ ئالدىڭدا
بەندىلىرىڭ بەنى-ئىسرائىل ئۈچۈن قىلغان دۇئاسىنى ئاڭلىغىن. بىز بەنى-ئىسرائىل ساڭا
قىلغان گۇناھلارنى مەن ئىقرار قىلىمەن، چۈنكى مەن ئۆزۈم بىلەن ئاتامنىڭ خاندانى
ھەممىمىز گۇناھ قىلدۇق ئەمەسمۇ؟ 7 بىز بولساق سېنىڭ ئالدىڭدا يامانلىق قىلىپ،
سېنىڭ ئۆز بەندەڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەۋەتكەن بۇيرۇق، قانۇن ۋە ئەھكاملىرىڭنى
تۇتمىدۇق. 8 ئەمما سەن ئۆز بەندەڭ مۇساغا سۆز قىلىپ: ‹ ئەگەر سىلەر ماڭا بىۋاپالىق
قىلساڭلار، سىلەرنى تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا پاراكەندە قىلىمەن. 9 لېكىن ئەگەر سىلەر ماڭا
يېنىپ كېلىپ، بۇيرۇقلىرىمنى تۇتۇپ ئەمەلگە كەلتۈرسەڭلار، پاراكەندە بولغانلىرىڭلار
ئاسماننىڭ چېتىدە بولسىمۇ، مەن ئۇلارنى ئاندىن يىغىپ، ئاندا مېنىڭ ئىسمىم تۇرسۇن
دەپ ئىلغىغان جاينىڭ ئۆزىگە ئېلىپ كەلتۈرىمەن› دېگەن سۆزۈڭنى ياد قىلغىن. 10 ئۇلار
بولسا سېنىڭ بەندىلىرىڭ بولۇپ، سەن ئۆز چوڭ قۇدرىتىڭنى ئىشلىتىپ كۈچلۈك قولۇڭ
بىلەن قۇتقۇزغان قوۋمىڭ ئەمەسمۇ؟ 11 ئەي خۇداۋەندە، بەندەڭنىڭ دۇئاسىغا قۇلاق سېلىپ،
چىڭ كۆڭۈل بىلەن ئىسمىڭدىن قورقىدىغان بەندىلىرىڭنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ، بۇ كۈن ئۆز
بەندەڭنى راۋاجلىق قىلىپ، ئۇنى بۇ كىشىنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تاپتۇرغىن» دېدىم. چۈنكى
مەن پادىشاھنىڭ ساقىيى ئىدىم.

## ئارتاخشاستا پادىشاھ نەھەمىيانى يېرۇسالېمغا ئەۋەتىدۇ

2 1 ئارتاخشاستا پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمىنچى يىلى نىسان ئايىدا ۋەقە بولدىكى،
پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرغان شارابنى مەن ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم. مۇندىن ئىلگىرى
ھېچقاچان پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئۆزۈم غەمكىن كۆرۈنمىگەن ئىدىم. 2 پادىشاھ مەندىن سوئال
قىلىپ: «سەن كېسەل بولماي تۇرۇپ، نېمىشقا يۈزۈڭ غەمكىن كۆرۈنىدۇ. جەزمەن كۆڭلۈڭ
بىئارام بولسا كېرەك» دېسە، مەن ناھايىتى قورقۇپ كېتىپ، 3 پادىشاھقا سۆزلەپ: «پادىشاھ
ئەبەدكىچە ياشىسۇن! ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ قەبرىلىرى بار شەھەرنىڭ ئۆزى ۋەيران بولۇپ،
دەرۋازىلىرى ئوتتا كۆيۈپ كەتكەندىن كېيىن يۈزۈم غەمكىن كۆرۈنمىسۇنمۇ؟» دېدىم.
4 پادىشاھ مەندىن: «نېمە ئەرزىڭ بار؟» دەپ سورىسا، مەن ئاسماننىڭ تەڭرىسىگە دۇئا
قىلىپ، ئاندىن پادىشاھقا سۆزلەپ: 5 «ئەگەر بۇ ئىش پادىشاھقا ياخشى كۆرۈنۈپ، قۇلۇڭ
ئالدىڭدا ئىلتىپات تاپقان بولسا، سەن مېنى يەھۇداغا ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ قەبرىلىرى بار
شەھەرگە ئەۋەتكىن. مەن ئۇنى يېڭىلاپ ياساي» دېدىم. 6 ئۇ ۋاقىت پادىشاھ ئۆزى مەلىكىسى
يېنىدا ئولتۇراقلىق ھالەتتە مەندىن: «سېنىڭ سەپىرىڭ قانچىلىك بولۇپ، قاچان يېنىپ
كېلىسەن؟» دەپ سورىدى. بۇ تەرىقىدە پادىشاھ ئۆزى مېنى ئەۋەتىشكە رازى بولغاچ ئۇنىڭغا
تايىن ۋاقىتنى دەپ بەردىم.
7 ئاندىن كېيىن مەن پادىشاھقا ئىلتىماس قىلىپ: «ئەگەر پادىشاھقا ياخشى كۆرۈنسە، مەن
يەھۇداغا بارغۇچىلىك مېنى ئۆتكىلى قويسۇن دەپ، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ۋالىيلارنىڭ
نامىدا ماڭا بىر خەت بېرىلسۇن. 8 بۇنىڭدىن باشقا پادىشاھلىق جاڭگىلىنىڭ ئۈستىدە
تۇرۇقلۇق ئاسافنىڭ نامىدىمۇ بىر خەت بېرىلىپ: ‹ بەيتكە تەئەللۇق ئوردىنىڭ دەرۋازىلىرى
بىلەن شەھەرنىڭ سېپىلى ۋە مەن ئۆزۈم ئولتۇرىدىغان ئۆي ئۈچۈن ئىشلەتكىلى ماڭا ياغاچ
بەرسۇن› دەپ بۇيرۇلسۇن» دېسەم، خۇدايىمنىڭ ياخشى قولى ئۈستۈمدە بولغاچ پادىشاھ
مېنىڭ ئەرزىمنى قوبۇل قىلدى. 9 مەن دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ۋالىيلارنىڭ قېشىغا يېتىپ
كەلگەندە پادىشاھنىڭ خېتىنى ئۇلارغا بەردىم. پادىشاھ بولسا قوشۇن سەردارلىرى بىلەن بىر
مۇنچە ئاتلىقلارنى ماڭا قېتىپ ئەۋەتكەنىدى.
10 خورونىي بولغان سانبالات بىلەن ئاممونىي بولغان توبىيا دېگەن ئەمەلدارنىڭ ئۆزى بۇنى
ئاڭلاپ: «بەنى-ئىسرائىلغا ياخشىلىق قىلغىلى بىر ئادەم كېلىپتۇ» دەپ بىلگىنىدە تولا ئىچى
پۇشتى.

## نەھەمىيا يېرۇسالېمنىڭ سېپىللىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ چاغلايدۇ

11 مەن يېرۇسالېمغا يېتىپ كېلىپ، ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن، 12 بىر كېچىسى مەن
ئۆزۈم ماڭا ھەمراھ بولغان بىرنەچچە ئادەملەر بىلەن قوپۇپ، يېرۇسالېمغا قىلىدىغىنىم
توغرىسىدا خۇدايىمنىڭ مېنىڭ كۆڭلۈمگە سېلىپ بەرگىنىنى ھېچكىمگە ئېيتىپ بەرمەي،

ئۆزۈم مىنگەن ئۇلاغدىن باشقا ھېچ ھايۋاننىمۇ بىللە ئالماي، 13 كېچىسى ۋادى دەرۋازىسىدىن
چىقىپ، ئەجدىھا بۇلىقى بىلەن قىغ دەرۋازىسىنىڭ تەرىپىگە مېڭىپ بېرىپ، يېرۇسالېمنىڭ
سېپىللىرىنىڭ يىقىلىپ دەرۋازىلىرىنىڭ كۆيۈپ كەتكىنىنى كۆردۈم. 14 ئاندىن كېيىن مەن
بۇلاق دەرۋازىسى بىلەن شاھانە كۆلنىڭ تەرىپىگە بارسام، تېگىمدىكى ئۇلاغقا ئۆتكىلى جاي
يوق ئىدى. 15 بۇنىڭ ئۈچۈن مەن كېچىسى جىلغا بىلەن يۇرۇپ، سېپىلنى چاغلاپ، ۋادى
دەرۋازىسى بىلەن يېنىپ كىرىپ كەلدىم.
16 لېكىن ۋالىيلار بولسا مېنىڭ قەيەرگە بېرىپ، نېمە قىلغىنىمنى بىلمەي قالدى. مەن ئۆزۈم
شۇ ۋاقىتقىچە، خاھى يەھۇدىي، خاھى كاھىن، خاھى ئەمىر، خاھى ھاكىم، خاھى قالغان
ئەمەلدارلارغا ھېچ خەۋەر بەرمىگەن ئىدىم. 17 ئەمما ئاندىن كېيىن مەن ئۇلارغا سۆز قىلىپ:
«سىلەر ئۆزۈڭلار بىزلەرنىڭ تەڭلىكتە چۈشكىنىمىزنى بىلىپ، يېرۇسالېمنىڭ قانداق
خاراب بولۇپ، دەرۋازىلىرىنىڭ ئوتتا كۆيۈپ كەتكىنىنى كۆردۈڭلار. ئەمدى كېلىڭلار. بىز
ھاقارەتتە قالمايلى دەپ، يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىنى ياسايلى» دەپ ئېيتىپ، 18 خۇدايىمنىڭ
ياخشى قولى مېنىڭ ئۈستۈمدە بولغىنىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىپ، پادىشاھنىڭ ماڭا قىلغان
سۆزىنىمۇ دەپ بەرسەم، ئۇلار: «بىز قوپۇپ ياسايلى» دەپ ئېيتىشىپ، بۇ ياخشى ئىشقا
قوللىرىنى مۇستەھكەم قىلىشتى.
19 لېكىن خورونىي بولغان سانبالات بىلەن ئاممونىي بولغان توبىيا ئەمەلدار ۋە ئەرەب
گېشەمنىڭ ئۆزى بۇنى ئاڭلىغاندا بىزنى مەسخىرە قىلىپ كەمسىتىپ: «نېمە قىلماقچى
بولدۇڭلار؟ پادىشاھقا ئاسىيلىق قىلغىلى قوپتۇڭلارمۇ؟» دېدى. 20 مەن ئۇلارغا جاۋاب
بېرىپ: «ئاسماننىڭ تەڭرىسى ئۆزى بىزگە راۋاج بېرىدۇ. بىز ئۇنىڭ بەندىلىرى بولغاچ قوپۇپ
ياسايمىز. لېكىن سىلەر بولساڭلار يېرۇسالېمدا خاھى ھەسسەڭلار، خاھى ھەققىڭلار، خاھى
خاتىرەڭلار يوقتۇر» دېدىم.

## يېرۇسالېمنىڭ سېپىللىرى قايتا ياسىلىدۇ

3 1 ئۇ ۋاقىت ئەلياشىب دېگەن ئۇلۇغ كاھىن ئۆزىنىڭ كاھىن بۇرادەرلىرى بىلەن
قوشۇلۇپ قوپۇپ، قوي دەرۋازىسىنى ياساپ، ئۇنى مۇقەددەس قىلىپ، قاناتلىرىنى تىكلەپ
قويۇپ، ئاندىن مېئاھ مۇنارىغىچە سېپىلنى ياساپ، ئۇنى مۇقەددەس قىلىپ، خانانەئەل
مۇنارىغىچىمۇ شۇنداق قىلدى.
2 ئۇلارنىڭكىگە ئۇلاپ يېرىخونىڭ ئادەملىرى ياساپ، ئۇلارنىڭكىگە ئۇلاپ ئىمرىنىڭ ئوغلى
زاككۇر ياسىدى.
3 بېلىق دەرۋازىسىنى ھاسسەنائاھنىڭ ئوغۇللىرى ياساپ، كېشەكلىرىنى ئورنىتىپ، قاناتلىرىنى
تىكلەپ، كىلتاڭلار بېكىتىپ، بالداقلاپ قويدى.

[4] ئۇلارنىڭكىگە ئۇلاپ مەرىموت بەن-ئۇرىيا بەن-ھاقوزنىڭ ئۆزى ئوڭلىدى. ئۇنىڭكىگە ئۇلاپ
مەشۇللام بەن-بەرەكىيا بەن-مەشېزابەل ئوڭلىدى. ئۇنىڭكىگە ئۇلاپ بائانانىڭ ئوغلى سادوق
ئوڭلىدى.
[5] ئۇنىڭكىگە ئۇلاپ تەقوئالىقلارنىڭ ئۆزى ئوڭلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ چوڭلىرى بولسا ئۆز
خوجىسىنىڭ ئىشىغا بويۇن سۇنغىلى ئۇنىمىدى.
[6] كونا دەرۋازىنى پاسېئاھنىڭ ئوغلى يويادا بىلەن بەسودىيانىڭ ئوغلى مەشۇللامنىڭ ئۆزى
ياساپ كېشەكلىرىنى ئورنىتىپ، قاناتلىرىنى تىكلەپ، كىلىتاقلار بېكىتىپ، بالداقلاپ قويدى.
[7] ئۇلارنىڭكىگە ئۇلاپ گىبېيون بىلەن مىسپاھ ئەھلىدىن بولۇپ، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى
ۋالىينىڭ قول ئاستىدا تۇرغان گىبېيونىي مەلاتىيا بىلەن مېرونوتىي يادوننىڭ ئۆزى ئوڭلىدى.
[8] ئۇلارنىڭكىگە ئۇلاپ زەرگەرلەردىن بولغان خارھايانىڭ ئوغلى ئۇززىيەلنىڭ ئۆزى ئوڭلىدى.
ئۇنىڭكىگە ئۇلاپ ئەتىرچىلەردىن بولغان خانانىيانىڭ ئۆزى ئوڭلىدى. بۇ تەرىقىدە ئۇلار
يېرۇسالېمنى قېلىن تامغىچە مۇستەھكەم قىلىپ باردى.
[9] ئۇلارنىڭكىگە ئۇلاپ خۇرنىڭ ئوغلى بولۇپ، يېرۇسالېمنىڭ يېرىم ھەسسىسىنىڭ چوڭى
بولغان رەفايانىڭ ئۆزى ئوڭلىدى. [10] ئۇنىڭكىگە ئۇلاپ خارۇمافنىڭ ئوغلى يەدايا ئۆز ئۆيىنىڭ
ئۇدۇلىدا ئوڭلاپ قويدى. ئۇنىڭكىگە ئۇلاپ خاشابنىيانىڭ ئوغلى خاتتۇشنىڭ ئۆزى ئوڭلىدى.

[11] خارىمنىڭ ئوغلى مالكىيا بىلەن پاخەت-موئابنىڭ ئوغلى بولغان خاششۇبنىڭ ئۆزى
كېيىنكى پارچىسىنى ئوڭلاپ، تونۇرلارنىڭ مۇنارىنىمۇ راستلىدى.
[12] ئۇلارنىڭكىگە ئۇلاپ ھالوخەشنىڭ ئوغلى بولۇپ، يېرۇسالېمنىڭ يېرىم ھەسسىسىنىڭ
چوڭى بولغان شاللۇمنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ قىزلىرى ئوڭلىدى.
[13] ۋادى دەرۋازىسى بولسا ئۇنى خانۇننىڭ ئۆزى بىلەن زانوئاھنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرى ئوڭلاپ،
ئۇنى ياساپ، قاناتلىرىنى تىكلەپ، كىلىتاقلار بېكىتىپ بالداقلاپ قويۇپ، قىغ دەرۋازىسىغىچە
بىر مىڭ گەز ئۇزۇن سېپىل سوقتى.
[14] قىغ دەرۋازىسى بولسا ئۇنى رېكابنىڭ ئوغلى بولۇپ بەيت-ھاككەرەمنىڭ يۇرتىنىڭ چوڭى
بولغان مالكىيا ئوڭلاپ ياساپ، قاناتلىرىنى تىكلەپ، كىلىتاقلار بېكىتىپ، بالداقلاپ قويدى.

[15] بۇلاق دەرۋازىسى بولسا ئۇنى كولخوزەنىڭ ئوغلى بولۇپ مىسپاھ يۇرتىنىڭ چوڭى بولغان
شاللۇننىڭ ئۆزى ئوڭلاپ ياساپ، ئۆگزىسىنى سېلىپ، قاناتلىرىنى تىكلەپ، كىلىتاقلار بېكىتىپ
بالداقلاپ قويۇپ، شاھانە باغنىڭ يېنىدىكى سىلوئام كۆلىنى ياندىغان سېپىلنى داۋۇدنىڭ
شەھىرىگە چۈشىدىغان پەلەمپەيگىچە ئوڭلاپ باردى.
[16] ئۇنىڭ كەينىدىن ئازبۇقنىڭ ئوغلى بولۇپ بەيت-زۇرنىڭ يېرىمىنىڭ چوڭى بولغان
نەھەمىيانىڭ ئۆزى بىر پارچىنى ياساپ، داۋۇدنىڭ قەبرىلىرىگىچە ئوڭلاپ، كولانغان كۆلگە
يېتىپ، پالۋانلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغىچە ئېلىپ باردى.

[17] ئۇنىڭ كەينىدە لاۋىيلار چۇشۇپ، باننىڭ ئوغلى بولغان رېخۇمنىڭ ئۆزى ئىشلىدى. ئۇنىڭكىگە ئۇلاپ قېئىلانىڭ يېرىمىنىڭ چوڭى بولغان خەشابىيانىڭ ئۆزى ئۆز يۇرتىغا تەگكەن ھەسسىسىنى ئوڭلىدى.
[18] ئۇنىڭ كەينىدە ئۇلارنىڭ بۇرادەرلىرى چۇشۇپ، ئۆزى خېنادادنىڭ ئوغلى بولۇپ قېئىلانىڭ يېرىمىنىڭ چوڭى بولغان باۋۋاينىڭ ئۆزى ئىشلىدى.
[19] ئۇنىڭكىگە ئۇلاپ يەشۇئانىڭ ئوغلى بولۇپ مىسپاھنىڭ چوڭى بولغان ئېزەرنىڭ ئۆزى ياراغ خانىسىغا چىقىدىغان جايدىكى دوقمۇشقىچە بىر پارچىنى ياسىدى.
[20] ئۇنىڭ كەينىدە زاببايىنىڭ ئوغلى بولغان بارۇخنىڭ ئۆزى غەيرەت بىلەن ئىشلەپ بىر پارچىنى ئوڭلاپ، دوقمۇشتىن تارتىپ ئۇلۇغ كاھىن بولغان ئەلياشىبنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىغىچە ئېلىپ باردى.
[21] ئۇنىڭ كەينىدە ئۇرىيا بەن-ھاقوزنىڭ ئوغلى بولغان مەرىموتنىڭ ئۆزى يەنە بىر پارچىنى ئوڭلاپ، ئەلياشىبنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىدىن باشلاپ ئەلياشىبنىڭ ئۆيىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىپ باردى.
[22] ئۇنىڭ كەينىدە تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلىق كاھىنلار ئىشلىدى.
[23] ئۇلارنىڭ كەينىدە بەنيامىن بىلەن خاششۇبنىڭ ئۆزى ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇتتۇرىدا ئىشلەپ تۇردى. ئۇلارنىڭ كەينىدە مائاسېيا بەن-ئانانىيانىڭ ئوغلى بولغان ئازاريانىڭ ئۆزى ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇتتۇرىدا ئىشلەپ ياسىدى.
[24] ئۇنىڭ كەينىدە خېنادادنىڭ ئوغلى بولغان بىنۇيىنىڭ ئۆزى ئازاريانىڭ ئۆيىدىن تارتىپ دوقمۇش بىلەن بۇلۇڭغىچە يەنە بىر پارچىنى ئوڭلىدى.
[25] ئۇزاينىڭ ئوغلى پالال بولسا دوقمۇشنىڭ ئۇتتۇرىدىن تارتىپ زىنداننىڭ يېنىدىكى ئۇستۈن ئوردىدىن تاشقىرىغا چىقىپ تۇرغان مۇناردىن باشلاپ بىر پارچىنى ئوڭلىدى. ئۇنىڭ كەينىدە پاروسنىڭ ئوغلى پەدايا ئىشلىدى.
[26] ئوفەلدە ئولتۇراقلىق بەيتنىڭ قۇللىرى بولسا شەرق تەرىپىدىكى سۇ دەرۋازىسى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ تۇرغان مۇنارغىچە ئىشلەپ كەلدى.
[27] ئۇلارنىڭ كەينىدە تەقوئالىقلار چۇشۇپ، تاشقىرىغا چىقىپ تۇرغان چوڭ مۇنارنىڭ ئۇتتۇرىدىن تارتىپ ئوفەلنىڭ سېپىلىگىچە يەنە بىر پارچىنى ياسىدى.
[28] ئات دەرۋازىسىنىڭ يۇقىرىقى ھەسسىسى بولسا ئۇنى كاھىنلار ئوڭلاپ، ھەربىر كىشى ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇتتۇرىدا ئىشلىدى.
[29] ئۇلارنىڭ كەينىدە ئىممەرنىڭ ئوغلى بولغان سادوقنىڭ ئۆزى چۇشۇپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇتتۇرىدىكى پارچىنى ئوڭلىدى. ئۇنىڭ كەينىدە شەكانىيانىڭ ئوغلى بولۇپ شەرق دەرۋازىسىنى باقىدىغان شەمايانىڭ ئۆزى ئىشلىدى.
[30] ئۇنىڭ كەينىدە شېلەميانىڭ ئوغلى خانانىيا بىلەن زالافنىڭ ئالتىنچى ئوغلى بولغان خانۇن چۇشۇپ، يەنە بىر پارچىنى ئوڭلىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە بەرەكيانىڭ ئوغلى مەشۇللام چۇشۇپ،

ئۆز ھويلىسىنىڭ ئۇتتۇرىدىكى پارچىنى ئوڭلىدى.
[31] ئۇنىڭ كەينىدە زەرگەرلەردىن بولغان مالكىيانىڭ ئۆزى چۈشۈپ، بەيتنىڭ قۇللىرىنىڭ ئۆيى بىلەن سودىگەرلەرنىڭ ئۆيىگىچە ياساپ، كۆرەك دەرۋازىسىنىڭ ئۇتتۇرى بىلەن بۇلۇڭدىكى مۇنارغىچە ئوڭلىدى.
[32] بۇلۇڭدىكى مۇنار بىلەن قوي دەرۋازىسىنىڭ ئارىلىقىنى زەرگەرلەر بىلەن سودىگەرلەرنىڭ ئۆزى ئوڭلىدى.

## توسقۇنلۇقلارغا قارىماي يەھۇدىيلار سېپىللەرنى ياساپ تۇرىدۇ

[33] سانبالاتنىڭ ئۆزى بىزنىڭ سېپىلنى ياساپ تۇرغىنىمىزنى ئاڭلىغىنىدا ئاچچىقى كېلىپ، تولا غەزەپلىنىپ يەھۇدىيلارنى مەسخىرە قىلىپ،
[34] ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن سامارىيەنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدا سۆزلەپ: «بۇ زەئىپ يەھۇدىيلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلار ئۆزىنى مۇستەھكەم قىلىپ قۇربانلىق ئۆتكۈزگىلى خالامدۇ؟ بۇ ئىشنىڭ ئۆزىنى بىر كۈندە پۈتكۈزەلەمدىكەن؟ ئۇلار كۆيۈپ كەتكەن تاشلارنى چالمىلىقنىڭ تېگىدىن چىقىرىپ، ئۇلارغا جان كىرگۈزەمدىكەن؟» دېدى. [35] ئاممونىي بولغان توبىيا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ: «ئۇلار قانچە ياسىسىمۇ، بىر تۈلكە ئۈستىگە چىقسا، تېمىنىڭ تاشلىرى يىقىلىپ چۈشەتتى» دېدى.

[36] — ئەي خۇدايىمىز، بىزنىڭ قانداق ھاقارەت قىلىنغىنىمىزغا قاراپ، ئۇلارنىڭ قىلغان دەشنىمىنى ئۆز بېشىغا ياندۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزى ئەسىر بولۇپ كېتىدىغان يۇرتتا تالىنىشقا تاپشۇرغىن. [37] ئۇلار ئىشلەپ تۇرغۇچىلارغا خاپىلىق سالغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بەدكارلىقىنى ھەرگىز ياپماي، گۇناھىنىمۇ ئالدىڭدىن ئۆچۈرمىگىن. —
[38] ھەرقانداق بولسا، بىز سېپىلنى ياساپ تۇرۇپ، خەلق ئىشقا كۆڭۈل قويغاچ سېپىلنىڭ يېرىم ئېگىزلىكى پۈتتى.

## 4

[1] لېكىن سانبالات، توبىيا ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئاممونىي ۋە ئاشدودىيلار: «يېرۇسالېمنىڭ سېپىلى ياسىلىپ تۇرۇپ، يوروقلىرى يېپىلدى» دەپ ئاڭلىسا، تولا ئاچچىقلاپ، [2] سۈيىقەست قىلىشىپ: «بىز يېرۇسالېمغا ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنىڭ ئىچىگە پاراكەندىچىلىك سالايلى» دەپ ئىتتىپاقلاشتى. [3] ئۇ ۋاقىت بىز خۇدايىمىزغا دۇئا قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىماق ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز ئۇلارغا قارشى قاراۋۇلچى قويدۇق.

[4] لېكىن يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزى: «مەدىكارلارنىڭ كۈچى كېتىپ قالدى. چالما-كېسەك بولسا
زىيادە بولغاچ بىز سېپىلنى ياساپ بولالمايمىز» دېدى. [5] دۈشمەنلىرىمىز بولسا بىزنىڭ
توغرىمىزدا: «ئۇلار ھېچنېمىنى ئاڭلاپ كۆرمەستە بىز ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ،
ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىشنى توختىتىۋەتمەيلىمۇ؟» دەپ ئېيتىشقانىدى.
[6] ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراقلىق يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزى ئون مەرتىۋىچە بىزنىڭ قېشىمىزغا
كېلىپ: «ئۇلار ھەر تەرەپتىن بىزگە قارشى يىغىلىپ كېلىدۇ» دەپ ئېيتسا،
[7] مەن خەلقنى يىغىپ، سېپىلنىڭ كەينىدىكى پەس بىلەن ئوچۇق يەرلەردە تىزىپ، ئۇلارغا
قىلىچ، نەيزە ۋە يالارنى تۇتتۇرۇپ ئۆز خانىدانلىرىغا مۇۋاپىق سەپ باغلىتىپ تىزىپ
قويدۇم. [8] ئاندىن مەن كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئەمىرلەر بىلەن چوڭلار ۋە قالغان خەلققە
قوپۇپ سۆزلەپ: «سىلەر بولساڭلار ئۇلاردىن قورقماي، بەلكى ھەيۋەتلىك بولغان ئۇلۇغ
خۇداۋەندىنىڭ ئۆزىنى ياد قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز بۇرادەرلىرىڭلار بىلەن ئوغۇل-قىزلىرىڭلار،
خوتۇنلىرىڭلار بىلەن ئۆيلىرىڭلار ئۈچۈن سوقۇشۇڭلار» دېدىم.
[9] دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئۆزى بىزنىڭ بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىپ، خۇدا ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى
ئىناۋەتسىز قىلغىنىنى ئاڭلىغىنىدا ھەممىمىز سېپىلگە يېنىپ كېلىپ، ھەربىر كىشى ئۆز
ئىشىغا قايتالىدى. [10] ئۇ كۈندىن تارتىپ خىزمەتكارلىرىمنىڭ يېرىمى ئىشلەپ تۇرۇپ، يەنە
يېرىمى نەيزە بىلەن سىپار ئېلىپ، يا تۇتۇپ، ساۋۇتلارنى كىيىپ تۇرۇپ، ئەمىرلەر بولسا
يەھۇدانىڭ پۈتۈن خانىدانىنىڭ كەينىدە تۇرىدىغان بولدى. [11] تام سالىدىغان تامچىلار
بولسۇن، يۈك كۆتۈرىدىغان يۈكچىلەر بىلەن يۈكلەپ قويىدىغانلار بولسۇن، ھەممىسى بىر
قولى بىلەن ئىش قىلىپ، يەنە بىر قولى بىلەن ياراغ تۇتۇپ، [12] تامچىلارنىڭ ئىچىدىن
ھەربىر كىشى قىلىچىنى بېلىگە ئېسىپ تۇرۇپ، تامچىلىق قىلاتتى. ئەمما كانايچى بولسا
مېنىڭ يېنىمدا تۇراتتى.
[13] مەن ئۆزۈم ئەمىرلەر بىلەن چوڭلار ۋە خەلقنىڭ قالغانلىرىغا سۆزلەپ: «ئىش بولسا تولا
بولۇپ، دائىرىسى كەڭرىدۇر. مانا بىزلەر سېپىلدە بۆلەك-بۆلەك تۇرۇشۇپ، بىر-بىرىمىزدىن
نېرى تۇرىمىز. [14] بۇنىڭ ئۈچۈن قەيەردىن كاناينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭلار، ئاندا بىزنىڭ
قېشىمىزغا يىغىلىپ كېلىڭلار. تەڭرىمىز ئۆزى بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن جەڭ قىلىدۇ» دەپ
ئېيتتىم.
[15] بۇ تەرىقىدە بىز ئىشلەپ تۇرۇپ، خەلقنىڭ يېرىمى كۈن تۇغقاندىن تارتىپ يۇلتۇز
كۆرۈنگۈچىلىك نەيزە بىلەن قوراللىنىپ تۇردى. [16] مەزكۇر ۋاقىتتا مەن خەلققە سۆزلەپ: «ھەر
كىشى ئۆز خىزمەتكارىنى بىللە ئېلىپ، يېرۇسالېمنىڭ ئىچىدە قونسۇن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار
كېچىسى بىزنى ساقلاپ، كۈندۈزى ئىش قىلسۇن» دەپ ئېيتىپ قويغان ئىدىم. [17] بۇنىڭ
ئۈچۈن، خاھى مەن، خاھى بۇرادەرلىرىم، خاھى خىزمەتكارلىرىم بولسۇن، خاھى قېشىمدىكى
مۇھاپىزەتچىلەر بولسۇن ھېچقايسىمىز ئېگىن سالماي، بەلكى ھەركىم سۇغا بارسىمۇ،
ياراغلىرىنى كۆتۈرۈپ باراتتى.

## نەھەمىيا نامراتلارنى قوللايدۇ

5 1 ئەمما ئاۋام خەلق بىلەن خوتۇنلىرى بولسا ئۆز بۇرادەرلىرى بولغان يەھۇدىيلارنىڭ
ئۈستىگە قاتتىق تۇۋلىشىپ، 2 بەزىسى: «بىز بىلەن ئوغۇل-قىزلىرىمىز بولساق،
تولىدۇرمىز. بىزگە ئاشلىق بېرىلسۇن. بىز يەپ تىرىك تۇرايلى» دەپ ئېيتىپ، 3 بەزىسى: «بىز
بولساق ئۆز ئېتىزلىق، ئۈزۈمزارلىق ۋە ئۆيلىرىمىزنى قورسىقىمىزنى تويدۇرغىلى ئاشلىق
ئالماق ئۈچۈن گۆرۈگە قويدۇق» دەپ، 4 بەزىسى: «بىز بولساق پادىشاھنىڭ باج-ئالۋانى
ئۈچۈن زىرائەت بىلەن ئۈزۈمزارلىقلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە قەرز ئالدۇق. 5 لېكىن بىزنىڭ
بەدەنلىرىمىز بولسا بۇرادەرلىرىمىزنىڭ بەدەنلىرىدەك بولۇپ، بىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ ئۆزى
ئۇلارنىڭ باللىرىغا ئوخشاش بولغان بولسىمۇ، بىز ئوغۇل بىلەن قىزلىرىمىزنى قۇللۇققا
بېرىدىغان بولدۇق. دەرۋەقە ھېلى قىزلىرىمىزنىڭ بەزىسى قۇللۇققا كېتىپ قالدى. ئەمما
زېمىن بىلەن ئۈزۈمزارلىقلىرىمىز باشقا كىشىلەرنىڭ قولىدا بولغاچ شۇنى تۇسالماي
قالدۇق» دېدى.
6 مەن ئۇلارنىڭ پەريادى بىلەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىسام، تولا ئاچچىقىم كېلىپ، 7 ئۆز
كۆڭلۈمدە ئويلىغاندىن كېيىن چوڭلارنىڭ ئۆزى بىلەن مەنسەپدارلارنى ئەيىبكە بۇيرۇپ،
ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار بۇرادىرىڭلاردىن جازانە ئېلىپ تۇرىسلەر ئەمەسمۇ؟» دەپ،
ئاندىن كېيىن مەن ئۇلارغا قارشى چوڭ بىر مەجلىس ئېچىپ، 8 ئۇلارغا تائىپىلەرنىڭ ئۆزىگە
سېتىلغان يەھۇدىي بۇرادەرلىرىمىز بولسا بىز كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە پۇل تۆلەپ، ئۇلارنى
ئازاد قىلمىدۇقمۇ؟ ئەمدى ئۆز بۇرادەرلىرىڭلارنى ساتامسىلەر؟ ياكى ئۇلارغا ئۆز-ئۆزىنى
بىزگە سېتىپ بەرگىلى لازىم كەلگەيمۇ؟» دەپ ئېيتتىم. ئۇلار شۈك تۇرۇپ جاۋاب بېرەلمىسە،
9 مەن ئۇلارغا سۆزلەپ: «سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار ناھەقتۇر. سىلەر بولساڭلار دۈشمەنلىرىمىز
بولغان تائىپىلەرگە بىزنى دەشنەم قىلغىلى پۇرسەت بەرمەي، خۇدايىمىزنىڭ قورقۇنچىسىدا
يۈرسەڭلار بولماقتى؟ 10 مەن ئۆزۈم بىلەن بۇرادەرلىرىم ۋە خىزمەتكارلىرىم بولسا بىز پۇل
بىلەن ئاشلىقمۇ ئۇلارغا بەردۇق. كېلىڭلار، بىز مۇنداق پايدا ئېلىشنى تاشلايلى. 11 سىلەر
بولساڭلار بۇ كۈن ئۇلارنىڭ ئېتىز بىلەن ئۈزۈمزارلىقلىرىنى، زەيتۇنلۇقلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن
ئۆيلىرىنى ئۇلارغا ياندۇرۇپ بېرىپ، پۇل بىلەن ئاشلىق، شاراب بىلەن ياغنىڭ پايدىسىدىن
ئۆتۈڭلار» دېدىم. 12 ئۇلار جاۋاب بېرىپ: «بىز بۇنى ياندۇرۇپ بېرىپ، ئۇلاردىن ھېچنېمىنى
تەلەپ قىلماي، ئېيتقىنىڭدەك قىلايلى» دېسە، مەن كاھىنلارنى قىچقىرىپ، مەزكۇر
كىشىلەرنى مۇنداق قىلىمىز دەپ قەسەم قىلدۇرۇپ، 13 ئۆز ئېتىكىمنى قېقىپ: «ھەركىم بۇ
قىلغان ۋەدىنى ساقلىمىسا، خۇدا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆيى بىلەن مۈلكىدىن قېقىۋەتسۇن. دەرۋەقە
بۇ كىشىنىڭ ئۆزى مۇنداق قېقىپ ئېتىلىپ تاشلانسۇن» دېدىم. ئۇ ۋاقىت جامائەتنىڭ
ھەممىسى: «ئامىن» دېيىشىپ، خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا ئېيتتى. ئاندىن كېيىن خەلقنىڭ
ئۆزى ۋەدە قىلغىنىدەك ئەمەل قىلدى.

## نەھەمىيانىڭ دىيانەتلىكى

14 بۇنىڭدىن باشقا زىكىر قىلىنسۇنكى، مەن ئون ئىككى يىل ئىچىدە، يەنى مەن يەھۇدا يۇرتىدا
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ۋالىي تىكلىنىپ، ئارتاخشاستا پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىگىرمىنچى
يىلىدىن تارتىپ ئۇنىڭ ئوتتۇز ئىككىنچى يىلىغىچە، خاھى مەن، خاھى بۇرادەرلىرىم بولسا
ۋالىيلىقنىڭ نېنىدىن يېمىدۇق. 15 مەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋالىيلار بولسا باھاسى قىرىق
شېقەل كۈمۈشتىن زىيادە بولغان ئىش بىلەن شارابنى خەلقتىن ئېلىپ، گەدىنىگە ئېغىر
يۈك سالغانىدى. ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرىمۇ خەلققە بۇيرۇقچىلىق قىلغانىدى. لېكىن مەن
بولسام خۇدادىن قورقۇپ مۇنداق قىلمىدىم. 16 بۇ تەرىقىدە مەن سېپىلنى ياساپ تۇرۇپ،
خىزمەتكارلىرىمنىڭ ھەممىسىمۇ ئاندا بولۇپ ئىشقا مەشغۇل ئىدى. لېكىن بىزنىڭ
ھېچبىرىمىز يەر سېتىۋالمىدۇق. 17 بىزنىڭ چۆرىمىزدىكى يات خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ
قېشىمىزغا كېلىپ تۇرغانلاردىن باشقا يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ چوڭلىرىدىن بىر
يۈز ئەللىك كىشى مېنىڭ داستىخىنىمدىن يەپ تۇراتتى. 18 ھەر كۈنى مېنىڭ خىراجىتىمدە
راستلانغان قۇشلاردىن باشقا بىر ئۇي بىلەن ئالتە دانە خىللانغان قوي تەييار قىلىنىپ، ھەر
ئوننىچى كۈنى ھەر خىل شارابتىن تولا بېرىلەتتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ۋالىيلىقنىڭ
نېنىنى تەلەپ قىلمىدىم، چۈنكى خەلقنىڭ ئۈستىدىكى يۈك ئېغىر ئىدى. 19 ئەي خۇدايىم،
مېنىڭ بۇ قوۋم ئۈچۈن قىلغىنىمنىڭ ھەممىسىنى ياد قىلىپ، مېنىڭ ياخشىلىقىمغا سانىغىن.

## سېپىلنىڭ ياسىلىپ بولۇشى

6 1 بىز تېخى دەرۋازىلارنىڭ قاناتلىرىنى تىكلىمىگەن ۋاقىتىدا سانبالات، توبىيا ۋە گېشەم ئەرەب
بىلەن قالغان دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئۆزى بىزنىڭ توغرىمىزدا: «ئۇلار سېپىلنى ياساپ بولۇپ،
ئۇنىڭدا يورۇق قالمىدى» دەپ ئاڭلىغىنىدا، 2 سانبالات ئۆزى گېشەمنى مېنىڭ قېشىمغا
ئەۋەتىپ: «كەلگىن، بىز ئونو ۋادىسىدىكى پالان كەنتتە جەم بولۇشايلى» دەپ ئېيتقۇزدى،
چۈنكى ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلغىلى قەستلىگەنىدى. 3 لېكىن مەن ئۇلارغا خەۋەر ئەۋەتىپ:
«مەن بولسام چوڭ بىر ئىشقا قول قويغاچ بارالمايمەن. نېمە ئۈچۈن ئىش توختاپ قالسۇن،
چۈنكى ئۇنى قويۇپ قېشىڭلارغا بېرىپ كەلسەم، شۇنداق بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئېيتقۇزدۇم.
4 ئۇلار تۆت مەرتىۋە مېنىڭ قېشىمغا ئوخشاش خەۋەرنى ئەۋەتسىمۇ، مەن ھەر مەرتىۋە ئۇلارغا
ئىلگىرىكىدەك جاۋاب بەردىم. 5 ئۇنىڭ ئۈچۈن سانبالات بەشىنچى مەرتىۋە ئوخشاش تەرىقىدە
ئۆز خىزمەتكارىنى ئەۋەتسە، بۇ ئۆزى ئوچۇق خەتنى قولىدا كۆتۈرۈپ كەلدى. 6 ئۇنىڭ ئىچىدە
يېزىلىپ: «مانا تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ گېپىمەنىڭ گېپىگە قارىغاندا سەن ئۆزۈڭ
بىلەن يەھۇدىيلار بولسا ئىنقىلاب چىقىرىدىغان خىيالنى قىلغاچ، سەن ئۆزۈڭ سېپىلنى ياساپ،
ئۇلارغا پادىشاھ بولغىلى خالايسەن ئىمىش. 7 بۇنىڭدىن باشقا يېرۇسالېمدا جارقىراپ: ‹ مانا

يەھۇدادا بىر پادىشاھ قويتى› دەپ جاكارلىماق ئۈچۈن بىرنەچچە پەيغەمبەرنى تىكلەپ قويغان
ئىمىشسەن. ئەمدى بۇ خەۋەر پادىشاھقا بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن كېلىپ، بىز بىلەن مەسلىھەت
قىلىشقىن» دەپ پۈتۈكلۈك ئىدى. [8] ئۇ ۋاقىت مەن ئۇنىڭ قېشىغا خەۋەرچى ئەۋەتىپ: «بۇ
قىلغان گېپىڭنىڭ يىلتىزى بولماي، بۇنى ئۆز قورسىقىڭدىن چىقاردىڭ» دەپ جاۋاب بەردىم.
[9] چۈنكى ئۇلار بولسا بىزنى قورقۇتۇپ، قولىمىزنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىپ، ئىشتىن قالدۇرغىلى
قەستلىگەنىدى. لېكىن مەن بولسام: «ئەي خۇدا، ئەمدى قولۇمنى قۇۋۋەتلەندۈرگىن» دەپ
ئېيتتىم،
[10] ئاندىن شەمايا بەن-دەلايا بەن-مەھېتابەلنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ ئۆزى ئۆيىنى قۇلۇپلاپ
ئولتۇرغانىدى. ئۇ ماڭا سۆزلەپ: «بىز بولساق خۇدانىڭ ئۆيى بولغان بەيتنىڭ ئىچىگە
كىرىپ، بەيتنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئېتىپ قويۇپ تۇرۇپ كۆرۈشەيلى، چۈنكى ئۇلار سېنى
ئۆلتۈرگىلى كېلىدۇ. دەرۋەقە كېچىدە سېنى ئۆلتۈرگىلى كېلىدۇ» دېدى. [11] مەن ئۇنىڭغا
جاۋاب بېرىپ: «مەندەك بىر ئادەم قېچىپ كېتەمدۇ؟ مەندەك بىر كىشى جان قۇتقۇزماق
ئۈچۈن بەيتكە كىرىۋالامدۇ؟ يوقسۇ، مەن كىرمەيمەن» دېدىم. [12] چۈنكى مەن ئويلىسام،
ئۇ ئۆزى خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولماي، بەلكى توبىيا بىلەن سانبالاتنىڭ ئۆزى ئۇنى
ئىجارىگە ئالغاچ، مېنى قورقۇتماق ئۈچۈن ماڭا قارشى مۇنداق پەيغەمبەرلىك قىلغان ئىكەن.
[13] دەرۋەقە ئۇلارنىڭ ئۆزى مېنىڭ قورقۇپ كېتىپ، بىر ئىش قىلىپ سېلىپ گۇناھقا چۈشۈپ
قالسام، مەن توغرۇلۇق يامان گەپ چىقىرىپ، مېنى بەدنام قىلماق ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىگە
پۇل بەرگەن ئىكەن. [14] ئەي خۇدايىم، توبىيا بىلەن سانبالاتنى يادىڭدا ساقلاپ. ئەمەللىرىنى
ئۆزىگە ياندۇرۇپ، نوئادىيا دېگەن پەيغەمبەر خوتۇننىمۇ مېنى قورقۇتقان باشقا پەيغەمبەرلەرگە
قوشۇپ، يادىڭدىن چىقارماي قويغىن. [15] سېپىل بولسا ئەللىك ئىككى كۈن ئىچىدە تەييار
بولۇپ، ئېلۇل ئايىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى پۈتتى. [16] دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بۇنى
ئاڭلاپ، چۆرىمىزدىكى ھەممە تائىپىلەرنىڭ ئۆزى بۇنى كۆرگىنىدە ئۇلار ئۆزى ئۆز نەزىرىدە تولا
پەسلەپ كەتتى، چۈنكى ئۇلار بولسا بۇ ئىشنىڭ ئۆزى خۇدايىمىزنىڭ تەرىپىدىن بولغىنىنى
ئۇقۇپ قالغانىدى.
[17] ئۇ كۈنلەردە يەھۇدانىڭ چوڭلىرى توبىياغا تولا خەت ئەۋەتىپ، توبىيانىڭ تەرىپىدىنمۇ
ئۇلارغا خەتلەر ئەۋەتىلىپ تۇراتتى. [18] چۈنكى ئۇ ئۆزى ئاراخنىڭ ئوغلى شەكانىيانىڭ كۈيئوغلى
بولۇپ، يەھوخانان بولسا بەرەكىيانىڭ ئوغلى مەشۇللامنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالغىنى ئۈچۈن
يەھۇدانىڭ ئىچىدىكى تولا كىشىلەر قەسەم قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئەھدە باغلاشقانىدى.
[19] بۇ سەۋەبتىن ئۇلار مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ، مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇنىڭغا
چۈشۈپ بېرەتتى. توبىيانىڭ ئۆزىمۇ مېنى قورقۇتماق ئۈچۈن خەتلەر ئەۋەتىپ تۇراتتى.

## شەھەرنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى

7 [1] سېپىلنىڭ ئۆزى ياسىلىپ بولۇپ، دەرۋازىلىرى تىكلىنىپ قويۇلۇپ، دەرۋازىۋەنلەرنىڭ ئۆزى بىلەن شېئىر ئوقۇغۇچىلار ۋە لاۋىيلار توختىتىلىپ تىكلەنگەندىن كېيىن، [2] مەن ئۆز بىرتۇغقىنىم خانانى بىلەن ئوردىنىڭ سەردارى بولغان خانانىيانىڭ ئۆزىنى يېرۇسالېمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدۇم، چۈنكى بۇ كىشى ئۆزى ئىشەنچلىك كىشى بولۇپ، خۇدانىڭ قورقۇنچىسىدا تولىلاردىن ئاشاتتى. [3] مەن ئۇلارغا سۆز قىلىپ: «يېرۇسالېمنىڭ دەرۋازىلىرى بولسا كۈن ئىگىزلەنگۈچىلىك ئېچىلماي تۇرۇپ، دەرۋازىۋەن تېخى تۇرۇپ تۇرغان ۋاقىتتا قاناتلىرىنىڭ ئۆزى يېپىلىپ، كىلىتاڭلىرى ئېتىلسۇن. سىلەر بولساڭلار يېرۇسالېمنىڭ ئولتۇرغۇچىلىرىدىن مۇھاپىزەتچىلەر قويۇپ، ھەربىرىنى ئۆز جايىدا تۇرغۇزۇپ، ھەرقايسىسىنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختىتىپ قويۇڭلار» دېدىم. [4] شەھەر بولسا چوڭ ھەم كەڭرى بولغىنى بىلەن ئىچىدىكى خەلق كەم بولۇپ، ئۆيلىرى تېخى ياسالمىغانىدى.

## زەرۇبابەل بىلەن ئەسىرلىكتىن يېنىپ كېلگەنلەر

[5] ئۇ ۋاقىت خۇدايىم مېنىڭ كۆڭلۈمگە: «سەن چوڭلارنىڭ ئۆزى بىلەن مەنسەپدارلار ۋە خەلقنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ نەسەبنامىسىنى يازغىن» دېگەن خىيالنى سالسا، ئۆزى ئاۋۋال چىقىپ كەلگەنلەرنىڭ نەسەبنامىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭدا پۈتۈكلۈك كۆردۈمكى، [6] يەھۇدا يۇرتىدىن نەبۇكەدنەسەر پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئەسىر قىلىنىپ، ئەسىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئاندىن يېرۇسالېم بىلەن يەھۇداغا يېنىپ، ھەربىرى ئۆز شەھىرىگە كېلىپ، [7] زەرۇبابەل بىلەن يەشۇئا، نەھەمىيا بىلەن ئازاريا، رائامىيا بىلەن ناخامانى، مورىدكاي بىلەن بىلشان، مىسپېرەت بىلەن بىگۋاي، نەخۇم بىلەن بائانا دېگەنلەرگە قوشۇلۇپ يېنىپ كېلىپ،

ئىسرائىل خەلقىدىن بولغان ئادەملەرنىڭ سانى مۇنداق ئىدى، يەنى
[8] پاروسنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئىككى مىڭ بىر يۈز يەتمىش ئىككى كىشى بولۇپ،
[9] شېفاتىيانىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۈچ يۈز يەتمىش ئىككى كىشى ئىدى.
[10] ئاراخنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئالتە يۈز ئەللىك ئىككى كىشى بولۇپ،
[11] يەشۇئا بىلەن يوئابنىڭ نەسلىدىن بولغان پاخەت موئابنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئىككى مىڭ سەككىز يۈز ئون سەككىز كىشى ئىدى.
[12] ئېلامنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك تۆت كىشى بولۇپ،
[13] زاتتۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا سەككىز يۈز قىرىق بەش كىشى ئىدى.
[14] زاككاينىڭ ئەۋلادلىرى بولسا يەتتە يۈز ئاتمىش كىشى بولۇپ،
[15] بىننۇئىنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئالتە يۈز قىرىق سەككىز كىشى ئىدى.
[16] بېباينىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئالتە يۈز يىگىرمە سەككىز كىشى بولۇپ،

17 ئازگادنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە ئىككى كىشى ئىدى.
18 ئادونىقامنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئالتە يۈز ئاتمىش يەتتە كىشى بولۇپ،
19 بىگۋاينىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئىككى مىڭ ئاتمىش يەتتە كىشى ئىدى.
20 ئادىننىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئالتە يۈز ئەللىك بەش كىشى بولۇپ،
21 خىزقىيانىڭ نەسلىدىن بولغان ئاتېرنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا توقسان سەككىز كىشى ئىدى.
22 خاشۇمنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۈچ يۈز يىگىرمە سەككىز كىشى بولۇپ،
23 بېزاينىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۈچ يۈز يىگىرمە تۆت كىشى ئىدى.
24 خارىفنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا بىر يۈز ئون ئىككى كىشى بولۇپ،
25 گىبېئوننىڭ ئەۋلادلىرى بولسا توقسان بەش كىشى ئىدى.
26 بەيتلەھەم بىلەن نەتوفانىڭ ئادەملىرى بولسا بىر يۈز سەكسەن سەككىز بولۇپ،
27 ئاناتوتنىڭ ئادەملىرى بولسا بىر يۈز يىگىرمە سەككىز كىشى ئىدى.
28 بەيت-ئازماۋەتنىڭ ئادەملىرى بولسا قىرىق ئىككى كىشى بولۇپ،
29 قىريات-يېئارىم، كېفىرا ۋە بەئەروتنىڭ ئادەملىرى بولسا يەتتە يۈز قىرىق ئۈچ كىشى ئىدى.
30 راما بىلەن گېبانىڭ ئادەملىرى بولسا ئالتە يۈز يىگىرمە بىر كىشى بولۇپ،
31 مىكماسنىڭ ئادەملىرى بولسا بىر يۈز يىگىرمە ئىككى ئىدى.
32 بەيتەل بىلەن ھاينىڭ ئادەملىرى بولسا بىر يۈز يىگىرمە ئۈچ كىشى بولۇپ،
33 يەنە بىر نېبونىڭ ئادەملىرى بولسا ئەللىك ئىككى كىشى ئىدى.
34 يەنە بىر ئېلامنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك تۆت كىشى بولۇپ،
35 خارىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۈچ يۈز يىگىرمە كىشى ئىدى.
36 يېرىخونىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۈچ يۈز قىرىق بەش كىشى بولۇپ،
37 لود، خادىد ۋە ئونونىڭ ئەۋلادلىرى بولسا يەتتە يۈز يىگىرمە بىر كىشى ئىدى.
38 سەنائانىڭ ئەۋلادلىرى بولسا ئۈچ مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز كىشى ئىدى.

39 كاھىنلارنىڭ سانى بولسا شۇ، يەنى
يەشۇئانىڭ خانىدانىدىن بولغان يەدايانىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزى توققۇز يۈز يەتمىش ئۈچ كىشى بولۇپ،
40 ئىممەرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزى بىر مىڭ ئەللىك ئىككى كىشى ئىدى.
41 پاشخۇرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزى بىر مىڭ ئىككى يۈز قىرىق يەتتە كىشى بولۇپ،
42 خارىمنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزى بىر مىڭ ئون يەتتە كىشى ئىدى.

43 لاۋىيلارنىڭ سانى بولسا شۇ، يەنى
ھوداۋىيانىڭ نەسلىدىن بولغان قادمىيەلنىڭ خانىدانىدىن چىققان يەشۇئانىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزى يەتمىش تۆت كىشى بولۇپ،

[44] ئۆزى شېئىر ئوقۇغۇچىلار بولۇپ،
ئاسافنىڭ ئەۋلادلىرى بولغانلارنىڭ ئۆزى بىر يۈز قىرىق سەككىز كىشى ئىدى.

[45] ئۆزى دەرۋازا باققۇچىلار بولۇپ،
شاللۇم بىلەن ئاتېر، تالمون بىلەن ئاققۇب، خاتىتا بىلەن شوبايىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغانلارنىڭ ئۆزى بىر يۈز ئوتتۇز سەككىز كىشى ئىدى.

[46] بەيتنىڭ قۇللىرى بولسا
زىخانىڭكى بىلەن خاسۇفا ۋە تاببائوتنىڭ ئەۋلادلىرى،
[47] قېروسنىڭكى بىلەن سىيا ۋە پادوننىڭ ئەۋلادلىرى،
[48] لەبانانىڭكى بىلەن خاگابا ۋە سالمايىنىڭ ئەۋلادلىرى،
[49] خانانىڭكى بىلەن گىددەل ۋە گاخارنىڭ ئەۋلادلىرى،
[50] رېئايانىڭكى بىلەن رىزىن ۋە نىقودانىڭ ئەۋلادلىرى،
[51] گاززامنىڭكى بىلەن ئۇززا ۋە پاسېئاھنىڭ ئەۋلادلىرى،
[52] بەسايىنىڭكى بىلەن مېئۇنىم ۋە نەفۇشىسىمنىڭ ئەۋلادلىرى،
[53] باقبۇقنىڭكى بىلەن خاقۇفا ۋە خارخۇرنىڭ ئەۋلادلىرى،
[54] بازلىتنىڭكى بىلەن مەخىدا ۋە خارشانىڭ ئەۋلادلىرى،
[55] بارقوسنىڭكى بىلەن سىسېرا ۋە تېماھنىڭ ئەۋلادلىرى،
[56] نەزىياھنىڭكى بىلەن خاتىفانىڭ ئەۋلادلىرى بولغانلار ئىدى.

[57] سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ نەسلى بولسا شۇ، يەنى
سوتايىنىڭكى بىلەن سوفەرەت ۋە پەرۇدانىڭ ئەۋلادلىرى،
[58] يائالانىڭكى بىلەن دارقون ۋە گىددەلنىڭ ئەۋلادلىرى،
[59] شېفاتىيا بىلەن خاتتىلنىڭ ئەۋلادلىرى، پوكەرەت-زەبايىم بىلەن ئاموننىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ،

[60] بەيتنىڭ ھەممە قۇللىرى بىلەن سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ سانى بولسا ئۈچ يۈز توقسان ئىككى كىشى ئىدى.

[61] تەل-مېلاخ بىلەن تەل-خارشادىن، كەرۇب بىلەن ئاددون ۋە ئىممەردىن چىقىپ كېلىپ: «بىز ئىسرائىلدىنمۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ بىلمەي، ئۆز خاندان بىلەن نەسلىنى دەپ بېرەلمىگەن كىشىلەر بولسا شۇ، يەنى: [62] سانى ئالتە يۈز قىرىق ئىككى بولۇپ، دەلايانىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن توبىيانىڭكى بىلەن نەقودانىڭ ئەۋلادلىرى بولغان كىشىلەر ئىدى.

63 كاھىنلارنىڭ ئىچىدە سانالغانلار بولسا شۇ، يەنى خابايانىڭكى بىلەن ھاقوزنىڭ ئەۋلادلىرى
ۋە گىلىيادىي بولغان بارزىللاينىڭ قىزلىرىدىن خوتۇن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان
بارزىللاينىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.
64 بۇلارنىڭ ئۆزى نەسەبنامىلىرىنى ئىزدەپ تاپمىغاچ نالايىق سانىلىپ، كاھىنلىقتىن
چىقىرىلدى. 65 ۋالىي بولسا ئۇلارغا سۆزلەپ: «سىلەر بولساڭلار بىر كاھىن ئۇرىم بىلەن
تۇممىنى كۆتۈرۈپ قويمىغۇچىلىك ھەممىدىن مۇقەددەس نەرسىلەردىن يېمەيسىلەر» دېدى.

66 ھەممە جامائەتنىڭ سانى بولسا قىرىق ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش كىشى ئىدى.
67 بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز يەتتە قۇل بىلەن دېدەكلىرىمۇ بولۇپ،
ئىككى يۈز قىرىق بەش شېئىر ئوقۇغۇچى ئەر بىلەن خوتۇن كىشلىرى ھەم بار ئىدى.

68 ئۇلارنىڭ ئاتلىرى بولسا يەتتە يۈز ئوتتۇز ئالتە بولۇپ، قېچىرلىرى ئىككى يۈز قىرىق بەش
دانە ئىدى. تۆگىلىرىنىڭ ئۆزى تۆت يۈز ئوتتۇز بەش دانە بولۇپ، ئالتە مىڭ يەتتە يۈز يىگىرمە
دانە ئېشىكىمۇ بار ئىدى.
69 خانىدانلارنىڭ بەزى چوڭلىرى ئىش ئۈچۈن ھەدىيە بېرىپ، ۋالىي بولسا خەزىنىگە سالماق
ئۈچۈن بىر مىڭ ئالتۇن دراخما بىلەن ئەللىك قاچىنى بېرىپ، بەش يۈز ئوتتۇز دانە كاھىنلىق
كۆينەكنىمۇ بەردى.
70 خانىدانلارنىڭ بەزى چوڭلىرى ئىشنىڭ خەزىنىسىگە سالماق ئۈچۈن يىگىرمە مىڭ ئالتۇن
دراخما بىلەن ئىككى يۈز مىنا كۈمۈشنى بەردى.
71 قالغان خەلقنىڭ ھەدىيەلىرى بولسا يىگىرمە مىڭ ئالتۇن دراخما بىلەن ئىككى مىڭ مىنا
كۈمۈش ۋە ئاتمىش يەتتە كاھىنلىق كۆينەك ئىدى.
72 كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار، دەرۋازىۋەن بىلەن شېئىر ئوقۇغۇچىلار، خەلقنىڭ بەزىسى بىلەن
بەيتىنىڭ قۇللىرى، شۇنداقلا ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى ئۆز شەھەرلىرىدە ئولتۇرۇپ قالدى.
يەتتىنچى ئاي باشلانغاندا بەنى-ئىسرائىل ئۆز شەھەرلىرىدە ئولتۇرغانىدى.

## خۇدانىڭ قانۇن كىتابىدىن ئوقۇپ بېرىلدۇ

8 1 خەلقنىڭ ھەممىسى بولسا بىر جىسىمدەك بولۇپ، سۇ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى
مەيداندا يىغىلىپ، ئەزرا كاتىپ ئەرز قىلىپ: «مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن خۇداۋەندە
بەنى-ئىسرائىلغا بەرگەن قانۇن كىتابىنى كەلتۈرگىن» دەپ ئېيتتى. 2 بۇنىڭ ئۈچۈن
يەتتىنچى ئاينىڭ ئاۋۋالقى كۈنىدە ئەزرا كاھىن بار جامائەتنىڭ، يەنى ئەر ۋە خوتۇنلار ۋە ئۆزى
ئىشتىكىنىنى پەملەيدىغانلارنىڭ ئالدىغا قانۇن كىتابىنى ئېلىپ كېلىپ، 3 سۇ دەرۋازىسىنىڭ

ئالدىدىكى مەيداندا تۇرۇپ، ئۇنى ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئەر-خوتۇنلار ۋە پەملەيدىغانلارنىڭ
ئالدىدا ئوقۇپ بەردى. ھەممە خەلقنىڭ قۇلاقلىرى بولسا قانۇن كىتابىنىڭ تەرىپىگە تىكىلىپ
تۇردى. [4] ئەزرا كاتىپ ئۆزى شۇ ئىش ئۈچۈن ياسالغان ياغاچ مۇنبەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ
تۇرسا، ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ماتتىتيا، شېما، ئانايا، ئۇرىيا، خىلقىيا بىلەن مائاسېيا قوپۇپ تۇرۇپ،
ئۇنىڭ چەپ يېنىدا پەدايا، مىشائەل، مالكىيا، خاشۇم، خاشباددانا، زەكارىيا ۋە مەشۇللام قوپۇپ
تۇردى. [5] بۇ تەرىقىدە ئەزرا ھەممە خەلقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، پۈتۈن خەلقنىڭ ئالدىدا كىتابنى
ئاچسا، خەلقنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن قوپتى.
[6] ئەزرانىڭ ئۆزى: «ئۇلۇغ تەڭرى خۇداۋەندىگە ھەمدۇسانا بولسۇن» دېسە، خەلقنىڭ ھەممىسى
قول كۆتۈرۈپ «ئامىن، ئامىن» دەپ جاۋاب بېرىپ، ئېڭىشىپ، يۈزلىرىنى يەرگە قويۇپ
خۇداۋەندىگە سەجدە قىلدى. [7] خەلقنىڭ ھەربىرى ئۆزى جايىدا تۇرۇپ تۇرغىنىدا يەشۇئا،
بانى، شېرەبىيا، يامىن، ئاققۇب، شاببىتاي، ھودىيا، مائاسېيا، قېلىتا، ئازارىيا، يوزاباد، خانان
ۋە پەلايا دېگەنلەرنىڭ ئۆزى خەلققە قانۇننى پەملەتكىلى تۇرۇپ، [8] خۇدانىڭ قانۇن كىتابىدىن
روشەن تەرىقىدە ئوقۇپ بېرىپ، مەنىسىنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا ئوقۇپ بەرگىنىنى ئۇقتۇرۇپ
قويدى. [9] ۋالىي بولغان نەھەمىيا بىلەن ئەزرا كاھىن ۋە خەلققە تەلىم بېرىپ تۇرغان لاۋىيلار
بولسا خەلقنىڭ ھەممىسى قانۇننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يىغلاشقىنى ئۈچۈن ھەممە خەلققە
سۆزلەپ: «بۇ كۈن ئۆزى تەڭرىڭلار خۇداۋەندىنىڭ مۇقەددەس كۈنى بولغاچ غەمكىن بولۇپ
يىغلىماڭلار» دېدى. [10] ئاندىن ئۇلارغا يەنە سۆزلەپ: «سىلەر بېرىپ، ئوبدان تائام يەپ، شېرىن
شاراب ئىچىپ، ئۆزىگە بىر نېمە تەييار قىلالمىغان كىشىگە ھەدىيە ئەۋەتىڭلار، چۈنكى بۇ كۈن
ئۆزى خۇداۋەندىمىزنىڭ مۇقەددەس كۈنىدۇر. غەمكىن بولماڭلار، چۈنكى خۇداۋەندىدە شادلىق
قىلىش سىلەرنىڭ كۈچۈڭلار بولىدۇ» دېدى. [11] لاۋىيلار بولسا ھەممە خەلقنى خاتىرجەم
قىلدۇرۇپ: «بۇ كۈن مۇقەددەس كۈن بولغاچ جىم تۇرۇپ، غەمكىن بولماڭلار» دېدى. [12] ئۇ
ۋاقىت خەلقنىڭ ھەممىسى بېرىپ، يەپ-ئىچىپ، ھەدىيەلەر ئەۋەتىپ، خۇشلۇق قىلىشتى،
چۈنكى ئۇلار بولسا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئېيتىلغان سۆزنى كۆڭلىگە ئالغانىدى. [13] ئەتىسى ھەممە
خەلقنىڭ خاندانلىرىنىڭ چوڭلىرى بىلەن كاھىنلار ۋە لاۋىيلارنىڭ ئۆزى، قانۇننىڭ سۆزىنى
ئوبدانىراق ئۇقايلى دەپ، ئەزرا كاتىپنىڭ قېشىغا يىغىلدى.

## سايىۋەن ھېيتى ئۆتكۈزۈلىدۇ

[14] ئۇلار خۇداۋەندىنىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇيرۇغان قانۇننىڭ ئۆزىدە: «بەنى-
ئىسرائىل بولسا يەتتىنچى ئاينىڭ ھېيتىدا سايىۋەننىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، [15] ئۆزىنىڭ
ھەممە شەھىرى بىلەن يېرۇسالېمدا ئېلان قىلىپ جارقىراپ: ‹ تاغقا چىقىپ زەيتۇن شاخلىرى،
ياۋا زەيتۇن شاخلىرى، ھاداس دەرىخىنىڭ شاخلىرى، خورما شاخلىرى ۋە زىچ يوپۇرماقلىق
دەرەخنىڭ شاخلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، پۈتۈلگەنگە مۇۋاپىق سايىۋەن ياسالسۇن› دەپ

ئېيتسۇن» دېگەن سۆزنى پۈتۈكلۈك تاپتى. 16 ئۇ ۋاقىت خەلق چىقىپ، مۇنداق نەرسىلەرنى
ئېلىپ كېلىپ، ھەربىرى ئۆزى ئۈچۈن ئۆگزىسىنىڭ ئۈستىدە، ھويلىسىنىڭ ئىچىدە، خۇدانىڭ
بەيتىنىڭ ھويلىسىدا، سۇ دەرۋازىسىنىڭ مەيدانى بىلەن ئەفرائىم دەرۋازىسىنىڭ مەيدانىدا
سايىۋەن تىكتى.
17 ئەسىرلىكتىن يېنىپ كەلگەن جامائەتنىڭ ھەممىسى سايىۋەنلەر تىكىپ، بۇ سايىۋەنلەرنىڭ
ئىچىدە ئولتۇرۇشتى. نۇننىڭ ئوغلى يەشۇئانىڭ كۈنلىرىدىن تارتىپ ئۇ كۈنگىچە مۇنداق
ئىشنى قىلمىغاچ ناھايىتى چوڭ خۇشلۇق بولغانىدى. 18 ئاۋۋالقى كۈندىن تارتىپ ئاخىرقى
كۈنگىچە كۈنلۈكى خۇدانىڭ قانۇن كىتابى ئوقۇلاتتى. ئۇلار بولسا يەتتە كۈنگىچە ھېيت
قىلىپ، قانۇنغا مۇۋاپىق سەككىزىنچى كۈنىدە بىر مۇقەددەس يىغىلىشنى قىلدى.

## خەلقنىڭ روزا تۇتۇپ گۇناھىنى تونۇشى

9 1 لېكىن مەزكۇر ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى بەنى-ئىسرائىل يىغىلىپ، روزا تۇتۇپ،
پالاس كىيىپ بېشىغا توپا چېچىپ، 2 ئىسرائىلنىڭ نەسلى بولسا، ھەممە بىگانىلەردىن
ئايرىلىپ، ئۆز گۇناھلىرى بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ خاتالىرىنى ئىقرار قىلغىلى قوپۇپ تۇرۇپ،
3 كۈننىڭ تۆتتىن بىرىدە تەڭرىسى خۇداۋەندىنىڭ قانۇن كىتابى ئوقۇلغىنىدا ھەربىرى ئۆز
جايىدا ئۆرە تۇرۇپ، كۈننىڭ يەنە تۆتتىن بىرىدە ئۆز گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلىپ، تەڭرىسى
خۇداۋەندىگە سەجدە قىلىپ تۇردى. 4 يەشۇئا بىلەن بانى، قادمىيەل بىلەن شېبانىيا، بۇننى
بىلەن شېرەبىيا، بانى بىلەن كەنانى بولسا لاۋىيلارنىڭ پەلەمپەيىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، تەڭرىسى
خۇداۋەندىگە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن دۇئا قىلدى. 5 ئۇ ۋاقىت يەشۇئا بىلەن قادمىيەل، بانى بىلەن
خاشابنىيا، شېرەبىيا بىلەن ھودىيا، شېبانىيا بىلەن پەتاخىيا دېگەن لاۋىيلارنىڭ ئۆزى ئېيتتىكى:
«قوپۇپ، تەڭرىڭلار خۇداۋەندىگە ئەبەدىلئەبەدكىچە ھەمدۇسانا ئېيتىپ ئېيتىڭلاركى: ‹ ھەممە
ھەمد بىلەن مەدھىيىدىن ئېگىز بولغان شەرەپلىك ئىسمىڭغا ھەمدۇسانا بولغاي.

6 يېگانە سەن خۇداۋەندىدۇرسەن، سەن ئاسمانلارنىڭ ئۆزىنى دەرۋەقە ئاسمانلارنىڭ ئاسمانىنى
يۇلتۇزلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن قوشۇپ ئاپىرىدە قىلىپ، يەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى
پۈتۈن بارلىقنى يارىتىپ، دېڭىزلار بىلەن ئىچىدىكى پۈتۈن بارلىقنى پەيدا قىلىپ، ھەممىسىنى
مۇھاپىزەت قىلغۇچى سەندۇرسەن. ئاسماننىڭ قوشۇنى بولسا ساڭا سەجدە قىلىدۇ.
7 سەن ئابرامنى ئىلغاپ، ئۇنى كالدانىيلارنىڭ زېمىنىدىكى ئۇردىن چىقىرىپ ئۇنى ئىبراھىم
دەپ ئاتىغان رەب خۇدا بولۇپ،
8 ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالدىڭدا ئىماندا مەزمۇت تاپقاچ ئۇنىڭ بىلەن ئەھدە باغلاپ: «سېنىڭ
نەسلىڭگە قانائانىي بىلەن خىتتىيلارنىڭ يۇرتىنى، ئاموريي بىلەن پەرىززىيلەرنىڭكىنى،

يەبۇسىي بىلەن گىرگاشىيلارنىڭكىنى بېرىپ، ئۇلارغا ئاتا قىلىمەن» دەپ ۋەدە قىلىپ، ئۆزۈڭ ئادىل بولغاچ سۆزۈڭنى بەجا كەلتۈردۈڭ.
[9] سەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مىسىردا تارتقان تەڭلىكنى كۆرۈپ، قىزىل دېڭىزنىڭ بويىدا قىلغان پەريادىنى ئاڭلىدىڭ.
[10] سەن بولساڭ فىرەۋن بىلەن خىزمەتكارلىرىنىڭ ھەممىسى ۋە يۇرتىدىكى ھەممە خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئالامەت بىلەن مۆجىزە كۆرسەتتىڭ، چۈنكى سەن ئۆزۈڭ بۇلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يوغانلىق قىلغىنىنى بىلىپ، مۇنداق قىلىپ، بۈ كۈندىكىدەك ئۆزۈڭگە بىر نام پەيدا قىلدىڭ.
[11] دەرۋەقە سەن بولساڭ ئۇلارنىڭ ئالدىدا دېڭىزنى ئىككى ھەسسىگە بۆلدىڭ. شۇنداقكى، ئۇلار دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇق يەردە ماڭغاندەك ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئۇلارنى قوغلىغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى جۇشقۇن سۇلارغا تاش تاشلىغاندەك چوڭقۇرغا تاشلىۋەتتىڭ.
[12] سەن ئۆزۈڭ كۈندۈزى بۇلۇت تۈۋرۈكىدە، كېچىسى ئوت تۈۋرۈكىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماڭغان يولىدا ئۇلارنى يېتەكلىدىڭ.
[13] سەن سىناي تېغىغا چۈشۈپ، ئاسمان تەرىپىدىن ئۇلارغا سۆز قىلىپ، توغرا ئەھكام بىلەن راست قانۇن بېرىپ، ياخشى بەلگىلىمىلەر بىلەن ئەمرلەرنى ئاتا قىلىپ،
[14] مۇقەددەس شاباتىڭ توغرىسىدا ئۇلارغا بىلدۈرۈپ، بەندەڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلارغا ئەمر بىلەن بەلگىلىمىلەر ۋە قانۇننى بەردىڭ.
[15] ئۇلار ئاچ قالسا، سەن ئاسماندىن ئۇلارغا نان بېرىپ، ئۇلار ئۇسساپ قالسا، قورام تاشتىن ئۇلارغا سۇ چىقىرىپ بېرىپ: «ئۆزۈم قول كۆتۈرۈپ سىلەرگە بەرگىلى ۋەدە قىلغان يۇرتقا بېرىپ، ئۇنى ئىگىلىۋېلىڭلار» دەپ ئۇلارغا بۇيرۇدۇڭ.

[16] لېكىن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۆزى يوغانلىق قىلىپ، گەدەنلىرىنى قاتۇرۇپ، بۇيرۇقلىرىڭغا قۇلاق سالماي تۇرۇپ،
[17] ئاڭلىغىلى ئۇنىماي، ئۇلارغا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىڭنى يادىمۇ قىلماي گەدەنلىرىنى قاتۇرۇۋېلىپ، قۇللۇققا يەنە يانماق ئۈچۈن بوينى قاتتىق قىلىپ، ئۆزىگە بىر سەردارنى تىكلىسىمۇ، سەن ئۆزۈڭ ئەپۇ قىلغىلى تەييار تۇرۇپ، رەھىمدىل بولۇپ، غەزىپى كەچ، شەپقىتى كەڭرى بىر خۇدا بولغاچ ئۇلارنى تاشلىۋەتمىدىڭ.
[18] بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن بىر قۇيما موزاينى تەييار قىلىپ: «سېنى مىسىردىن چىقىرىپ كەلگەن خۇدايىڭ ئۆزى شۇدۇر» دەپ ئېيتىشىپ چوڭ كۇپۇر ئىشلارنى قىلسىمۇ،
[19] سەن ئۆز چوڭ مەرھەمىتىڭگە قاراپ ئۇلارنى چۆلدە تاشلىۋەتمىدىڭ. بۇلۇت تۈۋرۈكى بولسا كۈندۈزى ئۇلاردىن ئايرىلماي يېتەكلەپ، ئوت تۈۋرۈكىنىڭ ئۆزى ئۇلاردىن ئايرىلماي، ماڭىدىغان يولىدا ئۇلارغا يورۇقلۇق بېرىپ تۇردى.
[20] سەن ئۇلارغا تەلىم بەرمەك ئۈچۈن ئۆز ياخشى روھۇڭنى ئۇلارغا بېرىپ، ئېغىزلىرىدىن ماننانى توختىتىۋەتمەي، ئۇسساپ قالسا، سۇ بېرىپ،

21 قىرىق يىل داۋامىدا باياۋاندا ئۇلارغا پەرۋىش قىلىپ تۇرغىنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كەمچىلىكى بولماي، ئېگىنلىرى كونىرىپ قالماي، پۇتلىرىمۇ ئىششىمىدى.

22 بۇنىڭدىن باشقا سەن ئۇلارغا يۇرتلار بىلەن خەلقلەرنى بېرىپ، باشقا-باشقا تەرەپتە ھەسسە بەردىڭ. شۇنداقكى، ئۇلار بولسا سىخوننىڭ يۇرتىنى، يەنى خېشبون پادىشاھىنىڭ يۇرتى بىلەن باشان پادىشاھى ئوگنىڭ يۇرتىنى ئىگىلىدى.

23 سەن بولساڭ ئۇلارنىڭ ئەۋلادىنى ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىدەك ئاۋۇتۇپ، سەن ئاتا-بوۋىلىرىغا «ئاندا بېرىپ ئىگىلىۋالسىلەر» دەپ ئېيتقان يۇرتنىڭ ئۆزىگە ئۇلارنى ئېلىپ كەلدىڭ.

24 بۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كېلىپ، يۇرتنى ئالسا، سەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۇرتنىڭ ئولتۇرغۇچىسى بولغان قانائانىيلارنى مەغلۇپ قىلىپ، پادىشاھلىرى بىلەن قوشۇپ يۇرت خەلقىنىڭ ئۆزىنى خالىغىنىدەك قىلسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردىڭ.

25 ئۇلار بولسا مەھكەم شەھەرلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن بىر ھوسۇللۇق يۇرتنى ئىگىلەپ، ھەر ياخشى نەرسىدىن تولۇقلۇق ئۆيلەر بىلەن كولانغان قۇدۇقلار، ئۈزۈمزارلىق، زەيتۇنلۇق ۋە نۇرغۇن مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئىگە بولۇۋېلىپ، يەپ تويۇپ سېمىز بولۇپ، كەڭرى نېمىتىڭدىن سۆيۈنۈپ تۇردى.

26 شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ئاسىيلىق قىلىپ ساڭا زىت قوپۇپ، قانۇنۇڭنى ئارقىسىغا تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى سېنىڭ تەرىپىڭگە ياندۇرماق ئۈچۈن ئۇلارغا نەسىھەت قىلغان پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، چوڭ كۇپۇر ئىشلارنى قىلاتتى.

27 بۇ سەۋەبتىن سەن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردىڭ. ئۇلار ئۆزى تەڭلىك ۋاقتىدا ساڭا پەرياد قىلسا، سەن ئاسمان تەرىپىدىن ئاڭلاپ، چوڭ مەرھەمىتىڭگە مۇۋاپىق ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزسۇن دەپ، ئۇلارنى قۇتقۇزىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتتىڭ.

28 ئەمما ئۇلار ئارام تاپسا، كۆز ئالدىڭدا يەنە يامانلىق قىلغىلى باشلىغاچ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سەلتەنەت قىلسۇن دەپ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردىڭ. لېكىن ئۇلار يەنە ساڭا پەرياد قىلسا، سەن ئاسمان تەرىپىدىن ئاڭلاپ، ئۆز مەرھەمىتىڭگە مۇۋاپىق ئۇلارنى تولا مەرتىۋە قۇتقۇزۇپ،

29 ئۇلارغا تەنبىھ بېرىپ، قانۇنۇڭنىڭ تەرىپىگە ياندۇرغىلى خالايتتىڭ. ئەمما ئۇلار يوغانلىق قىلىپ، بۇيرۇقلىرىڭغا قۇلاق سالماي تۇردى. ئەھكاملىرىڭغا ئەمەل قىلغان كىشى ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياشايدىغان بولسىمۇ، بۇ ئەھكاملىرىڭغا قارشى گۇناھ قىلىپ، كەينىگە تارتىۋېلىپ، بويۇنلىرىنى قاتۇرۇپ، ئاڭلىغىلى ئۇنىمايتتى.

30 سەن بولساڭ تولا يىل ئۇلارغا سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز روھۇڭنى ئەۋەتىپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلارغا تەنبىھ بېرىپ تۇرساڭمۇ، ئاڭلىغىلى ئۇنىمىغاچ ئۇلارنى يات خەلقلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردىڭ.

31 لېكىن مەرھەمىتىڭ چوڭ بولغاچ ئۇلارنى تامامەن يوقىتىۋەتمەي، رەھىمدىل مېھرىبانلىق خۇدا بولۇپ تۇرغاچ ئۇلارنى تاشلىمىدىڭ.

32 ئەمدى، ئەي ھەيۋەتلىك، قۇدرەتلىك بولغان ئۇلۇغ تەڭرى، ئەي ئەھدە بىلەن مەرھەمەتنى
ساقلىغۇچى خۇدايىمىز، ئاسسۇر پادىشاھلىرىنىڭ كۈنلىرىدىن تارتىپ بۇ كۈنگىچە بىز بىلەن
پادىشاھلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە، ئەمىر بىلەن كاھىنلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە، پەيغەمبەر بىلەن
ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە، شۇنداقلا پۈتۈن قوۋمىڭنىڭ ئۈستىگە كەلگەن تەڭلىكنىڭ
ھەممىسى ساڭا سەل كۆرۈنمىسۇن.
33 بۇنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كەلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ توغرىسىدا سەن
ئادىلدۇرسەن، چۈنكى سەن راستلىق بىلەن ئىش قىلغان بولساڭمۇ بىز يامانلىق قىلدۇق.
34 پادىشاھلىرىم بىلەن ئەمىرلىرىمىز، كاھىنلىرىمىز بىلەن ئاتا-بوۋىلىرىمىز بولسا، سېنىڭ
قانۇنۇڭغا مۇۋاپىق ئەمەل قىلماي، سەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتكەن بۇيرۇق بىلەن
تەنبىھلەرگە قۇلاق سالماي،
35 ئۆز يۇرتىدا سېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن چوڭ نېمىتىڭدە تۇرۇپ، سەن ئۇلارغا بەرگەن كەڭرى
ھوسۇللۇق يۇرتتا ئولتۇرۇپ، ساڭا ئىبادەت قىلماي، ئۆز يامان ئىشلىرىدىن يانمىغانىدى.
36 مانا بىز بولساق بۇ كۈنلەردە قۇل بولۇپ قالدۇق. سەن ئۇنىڭ مېۋىسى بىلەن ھوسۇلىدىن
يېسۇن دەپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا بەرگەن يۇرتنىڭ ئۆزىدە قۇل بولۇپ قالدۇق.
37 بۇ يۇرت بولسا سەن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۈستىمىزگە قويۇپ قويغان پادىشاھلارغا
ئۆز كەڭرى ھوسۇلىنى بېرىپ تۇرىدۇ. بۇلار بولسا ھەم بەدەنلىرىمىزگە، ھەم چارۋا مېلىمىزغا
ئىگە بولۇۋېلىپ، خالىغىنىنى قىلىدۇ. بىز بولساق مۇنداق چوڭ بىر تەڭلىكتە چۈشۈپ
قالدۇق› دەپ ئېيتتىڭلار» دېدى.

## ئەھدىگە مۆھۈر باسقانلار ۋە ئەھدىنىڭ مەزمۇنى

10 1 بۇ ھەممە ئىشلار ئۈچۈن بىز چىڭ بىر ئەھدە باغلاپ خەتلىۋېلىپ، ئەمىرلىرىمىز
بىلەن لاۋىيلار ۋە كاھىنلىرىمىز ئۇنىڭغا مۆھۈر باستى. 2 مەزكۇر خەتكە مۆھۈر
باسقانلار بولسا خاكالىيانىڭ ئوغلى نەھەمىيا ۋالىي بىلەن زىدقىيا، 3 سەرايا، ئازاريا ۋە يەرەمىيا،
4 پاشخۇر، ئاماريا ۋە مالكىيا، 5 خاتتۇش، شېبانىيا ۋە ماللۇك، 6 خارىم، مەرىموت ۋە ئوبادىيا،
7 دانىيال، گىننىتون ۋە بارۇخ، 8 مەشۇللام، ئابىيا ۋە مىيامىن، 9 مائازىيا، بىلگاي ۋە شەمايا
دېگەن كاھىنلار ئىدى.
10 بۇنىڭدىن باشقا لاۋىيلاردىن بولغان يەشۇئا بەن-ئازانىيا بىلەن خېنادادنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان
بىنۇيى ۋە قادمىيەلنىڭ ئۆزى، 11 ئاندىن بۇلارنىڭ بۇرادەرلىرى بولغان شېبانىيا، ھودىيا، قېلىتا،
پەلايا ۋە خانان، 12 مىكا، رەخوب ۋە خەشابىيا، 13 زاككۇر، شېرەبىيا ۋە شېبانىيا، 14 ھودىيا، بانى
ۋە بەنىنۇ دېگەنلەر ئىدى.

[15] بۇنىڭدىن باشقا خەلقنىڭ سەردارلىرى بولغان پاروس، پاخەت-موئاب، ئېلام، زاتتۇ ۋە
بانى، [16] بۇننى، ئازگاد ۋە بېباي، [17] ئادونىيا، بىگۋاي ۋە ئادىن، [18] ئاتېر، خىزقىيا ۋە ئاززۇر،
[19] هودىيا، خاشۇم ۋە بېزاي، [20] خارىف، ئاناتوت ۋە نېباي، [21] ماگپىياش، مەشۇللام ۋە خېزىر،
[22] مەشېزابەل، سادوق ۋە ياددۇئا، [23] پېلاتىيا، خانان ۋە ئانايا، [24] هوشىيا، خانانىيا ۋە خاششۇب،
[25] هالوخەش، پىلخا ۋە شوبەك، [26] رېخۇم، خاشابنا ۋە مائاسېيا، [27] ئاخىيا، خانان ۋە ئانان،
[28] ماللۇك، خارىم ۋە بائانا دېگەنلەر ئىدى.

[29] قالغان قوۋم بىلەن كاھىنلار ۋە لاۋىيلار بولسا، دەرۋازىۋەنلەر، شېئىر ئوقۇغۇچىلار ۋە بەيتنىڭ
قۇللىرى بولسا، شۇنىڭدەك خۇدانىڭ قانۇنىنىڭ تەرىپىگە يېنىپ، يۇرتتىكى خەلقلىردىن
ئايرىلىپ ئولتۇرغان كىشلەرنىڭ ھەممىسى، خاھى خوتۇنلىرى بولسۇن، خاھى ئوغۇل-قىزلىرى
بولسۇن، ئەقىل-پەم تاپقانلارنىڭ ھەممىسى بولسا، [30] ئۆز ئۇلۇغلىرى بولغان بۇرادەرلىرىگە
قوشۇلۇپ، قەسەم قىلىپ ئانت ئىچتىكى: «بىز بولساق خۇدانىڭ مۇسانىڭ ۋاستىسى بىلەن
بېرىلىپ خۇدا تەرىپىدىن كەلگەن قانۇنىغا ئەمەل قىلىپ، رەب خۇداۋەندىمىزنىڭ ھەممە ئەمر،
پەرمان ۋە بەلگىلىمىلەرگە توغرا ئەمەل قىلايلى. [31] قىزلىرىمىز بولسا ئۇلارنى بىگانە خەلقلەرگە
بەرمەي، ئۇلارنىڭ قىزلىرىنىمۇ ئوغۇللىرىمىزغا خوتۇن قىلىپ بەرمەيلى.
[32] بىگانىلەر شابات كۈنىدە ساتقىلى نەرسىلەر ياكى ھەر خىل يېگۈلۈك كەلتۈرسە، شابات كۈنى
ۋە يا ھېيت كۈنىدە ئۇلاردىنمۇ ئالمايلى. ھەر يەتتىنچى يىلنى ئازادلىق يىلىدەك تۇتۇپ ھەر
قەرزدىن ئۆتەيلى.
[33] بۇنىڭدىن باشقا ھەر يىلنىڭ ئۆزىدە خۇدايىمىزنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەت ئۈچۈن بىر شېقەلنىڭ
ئۈچتىن بىرىنى بېرەيلى دەپ، ئۈستىمىزگە پەرز قىلىپ توختاتتۇق. [34] شۇنداقكى، تەقدىم
نان بىلەن ھەر كۈنكى يېگۈلۈك قۇربانلىقى ئۈچۈن، ھەر كۈنكى كۆيدۈرمە قۇربانلىق بىلەن
شابات كۈنلىرىدىكى قۇربانلىقى ئۈچۈن، يېڭى ئايلاردىكى قۇربانلىقى بىلەن ھېيتلارنىڭكى
ئۈچۈن، شۈكۈر قۇربانلىقى بىلەن ئىسرائىلنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن قىلىنىدىغان قۇربانلىقى ۋە
خۇدايىمىزنىڭ ئۆيىدىكى ھەر ئىش ئۈچۈن شۇنى بەرمەكچى بولدۇق.
[35] ئاندىن بىز، خاھى كاھىنلار، خاھى لاۋىيلار بولسۇن، خاھى خەلق بولسۇن چەك تاشلاپ
قانداق يىلدىن يىلغا تايىن ۋاقىتلارنىڭ ئىچىدە ئۆز خانىدانلىرىمىزغا قاراپ ئوتۇن قۇربانلىقىنى
قانۇندا پۈتۈلگەندەك تەڭرىمىز خۇداۋەندىنىڭ قۇربانگاھىدا كۆيدۈرمەك ئۈچۈن خۇدايىمىزنىڭ
ئۆيىگە كەلتۈرۈپ،
[36] ھەر يىل زىرائەتىمىزنىڭ تۇنجى ھوسۇلى بىلەن ھەر خىل دەرەخنىڭ ھەممە مېۋىسىنىڭ
تۇنجى ھوسۇلىنى خۇداۋەندىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلەيلى. [37] شۇنداق ھەم قانۇندا پۈتۈلگەندەك
تۇنجى ئوغۇللىرىمىزنىڭ ئۆزى بىلەن چارۋا ماللىرىمىزنىڭ تۇنجىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، خاھى
كالىلىرىمىزنىڭ تۇنجىلىرى بولسۇن، خاھى قويلىرىمىزنىڭكى بولسۇن ھەممىسى تەڭرىمىزنىڭ
ئۆيىگە كەلتۈرۈپ، خۇدايىمىزنىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلىپ تۇرغان كاھىنلارغا تاپشۇرۇپ،

[38] ئۇنىمىزنىڭ يېڭىلىقى بىلەن پۇلاڭلاتما قۇربانلىقىمىزنىڭ يېڭىلىقى ۋە ھەر خىل دەرەخنىڭ
ھەر خىل مېۋىسىنىڭكى ۋە شاراب بىلەن ياغنىڭكىنى تەڭرىمىزنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ،
كاھىنلارغا تاپشۇرۇپ، يېرىمىزدىن چىققان ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى لاۋىيلارغا
بېرەيلى، چۈنكى لاۋىيلارنىڭ ئۆزى بىز ھەرقايسى شەھەردە ئولتۇرۇپ يەرنى تېرىساق،
ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشنى ئالسۇن. [39] لاۋىيلار ئوندىن بىر ئۈلۈشنى يىغسا، ھارۇننىڭ
ئەۋلادىدىن بولغان بىر كاھىن لاۋىيلار بىلەن بىللە تۇرۇپ، لاۋىيلارنىڭ ئۆزىمۇ تاپقان ئوندىن بىر
ئۈلۈشنىڭ ئوندىن بىرىنى تەڭرىمىزنىڭ ئۆيىدىكى خەزىنىلەرنىڭ خانىلىرىغا ئېلىپ كەلسۇن.
[40] چۈنكى خاھى قالغان بەنى-ئىسرائىل بولسۇن، خاھى لاۋىينىڭ ئەۋلادلىرى بولسۇن بۇلار
ئاشلىق، شاراب ۋە ياغدىن بولغان ھەدىيەلىرىنى مۇقەددەس خانىنىڭ قاچىلىرى ئاندا بولۇپ
كاھىنلارنىڭ ئۆزى بىلەن دەرۋازىۋەنلەر ۋە شېئىر ئوقۇغۇچىلار بار خانىلارغا كەلتۈرۈشى كېرەك.
بىز بولساق خۇدايىمىزنىڭ ئۆيىنى ئۇنتۇماي تۇرۇپ، شۇنداق قىلماقچى بولدۇق».

## خەلقنىڭ يېرۇسالېم ۋە باشقا شەھەرلەردە ماكان تۇتۇشى

11
[1] خەلقنىڭ مەنسەپدارلىرى بولسا يېرۇسالېمدا ئولتۇردى. لېكىن خەلقنىڭ قالغانلىرى:
«ھەر ئوننىچى ئادەم مۇقەددەس شەھەر بولغان يېرۇسالېمدا ئولتۇرۇپ، ئوننىڭ توققۇزى
باشقا شەھەرلەردە ئولتۇرسۇن» دەپ چەك تاشلىدى. [2] ئەمما قايسى كىشىلەر ئۆز خاھىشى
بىلەن يېرۇسالېمدا ئولتۇرغىلى ئۇنىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق داڭلىدى. [3] يەھۇدانىڭ
شەھەرلىرى بولسا ئاندا ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ئۆزى، خاھى ئاۋام ئىسرائىلىيلار بولسۇن، خاھى
كاھىن، خاھى لاۋىيلار بولسۇن، خاھى بەيتنىڭ قۇللىرى، خاھى سۇلايماننىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ
ئەۋلادى بولسۇن، ھەربىرى ئۆز شەھىرىدە ئۆزىنىڭ مىراس ھەسسىسىدە ئولتۇراقلىق ئىدى.
ئەمما يۇرتنىڭ چوڭلىرى بولۇپ يېرۇسالېمدا ئولتۇرغۇچىلارنىڭ بايانى بولسا: [4] بەنى-يەھۇدانىڭ
بەزىسى بىلەن بەنى-بەنيامىننىڭ بەزىسى يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلىق بولغاچ، بەنى-يەھۇدانىڭ
ئىچىدىن ئاندا ئولتۇرغانلارنىڭ ئۆزى پەرەزنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئاتايا بەن-ئۇززىيا بەن-
زەكاريا بەن-ئاماريا بەن-شېفاتيا بەن-ماھالالئەل [5] بىلەن مائاسېيا بەن-باروخ بەن-كولخوزە
بەن-خازايا بەن-ئادايا بەن-يويارىب بەن-زەكاريا بەن-شىلونى ئىدى. [6] يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلىق
بەنى-پەزەرنىڭ ھەممىسى بولسا تۆت يۈز ئاتمىش سەككىز پالۋان كىشى ئىدى.
[7] بەنى-بەنيامىننىڭ ئىچىدىن ئاندا ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ئۆزى بولسا ساللۇ بەن-مەشۇللام بەن-
يوئەد بەن-پەدايا بەن-قولايا بەن-مائاسېيا بەن-ئىتىيەل بەن-يەشايا ئىدى. [8] ئۇنىڭدىن باشقا
گاببىاي بىلەن ساللايمۇ بولۇپ، ھەممىسى توققۇز يۈز يىگىرمە سەككىز كىشى ئىدى.
[9] زىكرىنىڭ ئوغلى يوئېل بولسا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھاكىم بولۇپ، ھاسەنۇئانىڭ ئوغلى
يەھۇدانىڭ ئۆزى شەھەرنىڭ نائىب ھاكىمى ئىدى.

10 كاھىنلارنىڭ ئىچىدىن ئاندا ئولتۇرغۇچىلار بولسا يوياربىنىڭ ئوغلى يەدايا بىلەن ياكىن
11 ۋە خۇدانىڭ بەيتىنىڭ ئۈستىگە تۇرغان سەرايا بەن-خىلقىيا بەن-مەشۇللام بەن-سادوق
بەن-مەرايوت بەن-ئاختۇب دېگەنلەر بولۇپ، 12 ئۇلارنىڭ بەيتتە ئىشلەپ تۇرغان سەككىز
يۈز يىگىرمە ئىككى بۇرادەرلىرىمۇ بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا ئادايا بەن-يەروخام بەن-پەلايا
بەن-ئامزى بەن-زەكاريا بەن-پاشخۇر بەن-مالكىيا 13 بىلەن ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى بولۇپ،
خانىدانلىرىنىڭ چوڭلىرى بولغان ئىككى يۈز قىرىق ئىككى كىشىمۇ بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا
ئاماشاي بەن-ئازارەل بەن-ئاخزاي بەن-مەشىللېموت بەن-ئىممەرنىڭ ئۆزى 14 بىلەن ئۇنىڭ
كۈچلۈك بۇرادەرلىرى بولغان بىر يۈز يىگىرمە سەككىز كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى
سەردارى زابدىيەل بەن-گېدولىممۇ بار ئىدى.
15 لاۋىيلارنىڭ ئىچىدىن ئاندا ئولتۇرغۇچىلار بولسا شەمايا بەن-خاششۇب بەن-ئازرىقام بەن-
خېسابىيا بەن-بۇننىنىڭ ئۆزى 16 بىلەن خۇدانىڭ بەيتىنىڭ تاشقىرىدىكى ئىشلاردىن خەۋەر
ئېلىپ لاۋىيلارنىڭ چوڭلىرىدىن بولغان شاببىتاي بىلەن يوزاباد دېگەنلەر ئىدى. 17 بۇلاردىن
باشقا شېئىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوڭى بولۇپ ئىبادەتتە مەدھىيىنى باشلىغۇچى بولغان ماتتانىيا
بەن-مىكا بەن-زابدى بەن-ئاساف بىلەن ئۇنىڭ ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ ئىچىدە ئىككىنچىسى
بولغان باقبۇقىيا ۋە ئابدا بەن-شامۇئا بەن-گالال بەن-يەدۇتۇنمۇ بار ئىدى. 18 مۇقەددەس
شەھىرىدىكى لاۋىيلارنىڭ ھەممىسى ئىككى يۈز سەكسەن ئىككى كىشى ئىدى.
19 ئاققۇب بىلەن تالمون دەپ ئاتىلىپ، دەرۋازىلارنى ساقلىغۇچى بولغانلارنىڭ ئۆزى بىلەن
ئۇلارنىڭ بۇرادەرلىرى بولسا بىر يۈز يەتمىش ئىككى كىشى ئىدى.
20 قالغان ئىسرائىل بولسا كاھىن ۋە يا لاۋىي بولسا يەھۇدانىڭ ھەممە باشقا شەھەرلىرىدە
تۇرۇپ، ھەربىرى ئۆز مىراس ھەسسىسىدە ئولتۇراقلىق ئىدى.
21 لېكىن بەيتنىڭ قۇللىرىنىڭ ئۆزى ئوفەلدە ئولتۇراقلىق بولۇپ، زىخا بىلەن گىشپا بولسا
بەيتنىڭ قۇللىرىنىڭ ئۈستىدە تۇردى.
22 ئاسافنىڭ ئەۋلادىدىن چىقىپ شېئىر ئوقۇغۇچىلاردىن بولغان ئۇززى بەن-بانى بەن-خېسابىيا
بەن-ماتتانىيا بەن-مىكانىڭ ئۆزى يېرۇسالېمدىكى لاۋىيلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، خۇدانىڭ
بەيتىدىكى ئىشلارنى باقاتتى. 23 چۈنكى پادىشاھ ئۆزى لاۋىيلار توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ،
شېئىر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كۈنلۈك بېرىلىدىغان ئاشلىقنى توختىتىپ بۇيرۇغانىدى.
24 ئەمما خەلق بىلەن تۇتاش ھەر نە ئىش بولسا يەھۇدانىڭ ئوغلى زېراھنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ
پادىشاھنىڭ ۋەكىلى بولۇپ تۇرغان مەشېزابەل بەن-پەتاخيانىڭ قولىدا ئىدى.

25 بەنى-يەھۇدانىڭ بەزىسى كەنتلەرنىڭ ئۆزى بىلەن بۇلارغا تەۋە بولغان يەرلەردە ئولتۇرۇپ،
قىريات-ئاربا بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە بولغان يەرلەردە، دىبون بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە بولغان يەرلەردە،
يەقابزىيەل بىلەن ئۇنىڭ كەنتلىرىدە ئولتۇردى. 26 بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار يەشۇئا، مولادا ۋە
بەيت-پېلەت دېگەن يەرلەردە، 27 خازار-شۇئال، بەرشېبا ۋە ئۇنىڭ كەنتلىرىدە، 28 زىقلاغ،

مەكونا ۋە ئۇنىڭ كەنتلىرىدە، 29 ئەن-رىممون، زورا ۋە يارمۇتتا، 30 زانوئاھ بىلەن ئادۇللام ۋە
ئۇنىڭ كەنتلىرىدە، لاكىش بىلەن ئۇنىڭ تەئەللۇق يەرلىرىدە، ئازېقا بىلەن ئۇنىڭ كەنتلىرىدە
ئولتۇرۇپ، بەرشېبادىن تارتىپ ھىننوم ۋادىسىغىچە چېدىر تىككەنىدى.
31 بەنى-بەنيامىن بولسا گېبادىن باشلاپ، مىكماس بىلەن ئايا، بەيتەل بىلەن ئۇنىڭ كەنتلىرىگە
يېيىلىپ، 32 ئاناتوت، نوب ۋە ئانانىيادا 33 خازور، راما ۋە گىتتايىمدا، 34 خادىد، زېبويىم ۋە
نەباللاتتا، 35 لود بىلەن ئونو ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ۋادىسىدا ئولتۇراقلىق ئىدى.
36 يەھۇدادا ئولتۇرغان لاۋىيلارنىڭ بەزىسى بەنيامىنغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

## زەرۇبابەل بىلەن يېنىپ كېلگەن كاھىن بىلەن لاۋىيلار

12 1 شائالتىيەلنىڭ ئوغلى زەرۇبابەل بىلەن يەشۇئاغا قوشۇلۇپ چىقىپ كەلگەن كاھىنلار
بىلەن لاۋىيلار بولسا شۇ، يەنى سەرايا، يەرەمىيا ۋە ئەزرا، 2 ئامارىيا، مالluk ۋە خاتتۇش،
3 شەكانىيا، رېخۇم ۋە مەرىموت، 4 ئىددو، گىننىتو ۋە ئابىيا، 5 مىيامىن، مائادىيا ۋە بىلگا،
6 شەمايا، يويارىب ۋە يەدايا، 7 ساللۇ بىلەن ئاموق، خىلقىيا بىلەن يەدايا ئىدى. بۇلارنىڭ ئۆزى
يەشۇئانىڭ كۈنلىرىدە كاھىنلار بىلەن ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ چوڭلىرى ئىدى.
8 لاۋىيلار بولسا شۇ، يەنى يەشۇئا بىلەن بىنۇيى، قادمىيەل بىلەن شېرەبىيا، يەھۇدانىڭ ئۆزى بىلەن
ئۆز بۇرادەرلىرىگە قوشۇلۇپ مەدھىيە ئوقۇشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ماتتانىيا ئىدى. 9 بۇنىڭدىن باشقا
ئۇتتۇرىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئىش تۇتىدىغان باقبۇقىيا بىلەن ئۇننى دېگەن
بۇرادەرلىرىمۇ بار ئىدى. 10 يەشۇئادىن يوياقىم تۆرەلدى، يوياقىمدىن ئەلىياشىب تۆرەلدى، ئەلىياشىبتىن
يويادا تۆرەلدى. 11 يويادادىن يوناتان تۆرەلدى، يوناتاندىن ياددۇئا تۆرەلدى.
12 يوياقىمنىڭ كۈنلىرىدە كاھىنلارنىڭ خانىدانلىرىغا باش بولغان كىشىلەر شۇ، يەنى سەرايانىڭ
خانىدانىغا مەرايا، يەرەمىيانىڭكىگە خانانىيا، 13 ئەزرانىڭكىگە مەشۇللام، ئامارىيانىڭكىگە
يەھوخانان، 14 مالluقنىڭكىگە يوناتان، شېبانىيانىڭكىگە يۈسۈپ، 15 خارىمنىڭكىگە
ئادنا، مەرايوتنىڭكىگە خەلقاي، 16 ئىددونىڭكىگە زەكارىيا، گىننىتوننىڭكىگە مەشۇللام،
17 ئابىيانىڭكىگە زىكرى، مىنيامىن بىلەن موئادىيانىڭكىگە پىلتاي، 18 بىلگانىڭكىگە
شامۇئا، شەمايانىڭكىگە يەھوناتان، 19 يويارىبنىڭكىگە ماتتەناي، يەدايانىڭكىگە ئۇززى،
20 ساللاينىڭكىگە قاللاي، ئاموقنىڭكىگە ئەبەر، 21 خىلقىيانىڭكىگە خەشابىيا، يەدايانىڭ
خانىدانىغا نەتانەل باش ئىدى.
22 ئەلىياشىب، يويادا، يوخانان ۋە ياددۇئانىڭ كۈنلىرىدە لاۋىيلارنىڭ خانىدانلىرىغا باش بولغان
كىشىلەرنىڭ ئۆزى خەتلىنىپ، پارس پادىشاھى دارىيۇسنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ۋاقتىدا كاھىنلارمۇ
كىتابقا يېزىلغانىدى. 23 بەنى-لاۋىينىڭ خانىدانلىرىغا باش بولغانلارنىڭ ئۆزى ئەلىياشىبنىڭ
ئوغلى يوخاناننىڭ كۈنلىرىگىچە تارىخ كىتابىغا يېزىلىپ كەلگەنىدى.

[24] لاۋىيلارنىڭ باشلىرى بولسا خەشابىيا بىلەن شېرەبىيا، قادمىيەلنىڭ ئوغلى يەشۇئانىڭ ئۆزى
بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇتتۇرىدا تۇرۇپ خۇدانىڭ ئادىمى داۋۇد بۇيرۇغىنىدەك ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن
نۆۋەتلىشىپ مەدھىيە ئوقۇيدىغان بۇرادەرلىرى ئىدى. [25] بۇلاردىن باشقا دەرۋازىلارنىڭ يېنىدىكى
خەزىنىلەردىن خەۋەر ئېلىپ، دەرۋازىۋەنلەر بولغان ماتتانىيا بىلەن باقبۇقىيا، ئوبادىيا بىلەن مەشۇللام،
تالمون بىلەن ئاققۇب دېگەنلەر بار ئىدى. [26] بۇلار بولسا يوياقىم بەن-يەشۇئا بەن-يوساداقنىڭ
كۈنلىرىدە ياشاپ، نەھەمىيا ۋالىي بىلەن ئەزرا كاھىنىنىڭ ۋاقتىدا ھايات ئىدى.

## يېرۇسالېمنىڭ سېپىلىنى خۇداغا ئاتاش

[27] يېرۇسالېمنىڭ سېپىلى خۇداغا ئاتاش ئۈچۈن ۋاقىت كەلسە، لاۋىيلارنىڭ ئۆزى تۇرغان
ھەر جايىدىن ئىزدىلىپ: «ئەمدى خۇش بولۇشۇپ مەدھىيە ئوقۇش بىلەن ئاتاش ھېيتىنى
تۈتۈشۈپ، جاڭجاڭ بىلەن تانبۇر ۋە چاڭ چېلىشايلى» دەپ، يېرۇسالېمغا كەلتۈرۈلدى.
[28] ئۇ ۋاقىت شېئىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوغۇللىرى يېرۇسالېمنىڭ چۆرىسىدىكى يۇرت بىلەن
نەتوفاتىيلارنىڭ كەنتلىرىدىن يىغىلىپ، [29] بەيت-گىلگال بىلەن گېبا ۋە ئازماۋەتگە تەئەللۇق
بولغان يەرلىرىدىن يىغىلىپ كەلدى، چۈنكى شېئىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى يېرۇسالېمنىڭ
چۆرىسىدە ئۆزىگە كەنتلەر ياسىغانىدى. [30] كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار بولسا ئۆزىنى مۇقەددەس
قىلغاندىن كېيىن خەلقنىڭ ئۆزى بىلەن دەرۋازىلار ۋە سېپىلنى مۇقەددەس قىلدى.
[31] مەن يەھۇدانىڭ چوڭلىرىنى سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقارغاندىن كېيىن مەدھىيە
ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككى چوڭ ئەترەتنى راستلاپ قويدۇم. بىر ئەترەت بولسا سېپىلنىڭ ئۈستىدە
ئوڭ تەرەپكە مېڭىپ، قىغ دەرۋازىسىغىچە باردى. [32] ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھوشەئايانىڭ ئۆزى
بىلەن يېرۇسالېمنىڭ چوڭلىرىنىڭ يېرىم سانى، [33] ئازارىيا، ئەزرا ۋە مەشۇللام، [34] يەھۇدا
بىلەن بەنيامىن، شەمايا بىلەن يەرەمىيا، [35] ۋە كاناي كۆتۈرۈپ يۈرگەن بىرنەچچە كاھىن
بىلەن زەكارىيا بەن-يوناتان بەن-شەمايا بەن-ماتتانىيا بەن-مىكايا بەن-زاككۇر بەن-ئاسافنىڭ
ئۆزى [36] ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى بولۇپ خۇدانىڭ ئادىمى داۋۇدنىڭ نەغمىلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ
شەمايا، ئازارەل، مىلالاي، گىلالاي، مائاي، نەتانەل، يەھۇدا ۋە خانانى دېگەنلەر ئۇلارغا ئەگىشىپ
يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەزرا كاتىپنىڭ ئۆزى ماڭدى. [37] ئۇلار بولسا بۇلاق دەرۋازىسىنىڭ
ئۈستىدىن ئۇتتۇر مېڭىپ، داۋۇدنىڭ شەھىرىنىڭ پەلەمپىيىگە چىقىپ، داۋۇدنىڭ ئوردىسىنىڭ
ئۈستىدىكى ئېگىز تامدىن ئۆتۈپ، شەرق تەرىپىدىكى سۇ دەرۋازىسىغىچە باردى.
[38] باشقا تەرەپكە مېڭىپ تۇرغان مەدھىيە ئوقۇيدىغان ئەترەتنىڭ ئۆزىگە مەن ئۆزۈم بىلەن
خەلقنىڭ يېرىم سانى ئەگىشىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدە يۈرۈپ، تونۇر مۇنارى بىلەن چىقىپ
يۈرۈپ، كەڭ سېپىلگىچە بېرىپ، [39] ئەفرائىم دەرۋازىسى بىلەن كونا دەرۋازا ۋە بېلىق
دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىن يۈرۈپ، خانانەئەل مۇنارى بىلەن مېيا مۇنارىدىن ئۆتۈپ، قوي
دەرۋازىسىغىچە مېڭىپ، زىندان دەرۋازىسىغا بېرىپ توختىدۇق.

[40] ئاندىن كېيىن مەدھىيە ئوقۇيدىغان ئىككى ئەترەت بىلەن مەن ئۆزۈم ماڭا قوشۇلۇپ چوڭلارنىڭ يېرىم سانى بولغانلارنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ بەيتىگە داخىل بولۇپ، [41] ئېلىياقىم، مائاسېيا، مىنيامىن، مىكايا، ئەلىيوئېناي، زەكارىيا ۋە خانانىيا دېگەنلەرمۇ قوشۇلۇپ، كاناي كۆتۈرۈپ كىرىپ، [42] ئۇلاردىن باشقا مائاسېيا بىلەن شەمايا، ئېلىئازار بىلەن ئۇززى، يەھوخانان بىلەن مالكىيا، ئېلام بىلەن ئېزەر دېگەنلەر ھەم داخىل بولدى. ئۇ ۋاقىت شېئىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى يىزراخىيا دېگەن باشلامچىسىغا ئەگىشىپ، شېئىر ئوقۇغىلى تۇردى.
[43] ئۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە خەلق چوڭ قۇربانلىقلارنى ئۆتكۈزۈپ، خۇدا ئۇلارغا چوڭ خۇشلۇق بەرگەچ شادلىق قىلىپ، خوتۇنلار بىلەن بالىلارمۇ خۇش بولدى. شۇنداقكى، يېرۇسالېمنىڭ بۇ خۇشلۇقى يىراققا ئاڭلاندى.

## خەلقنىڭ لاۋىيلارغا كۆنلۈك ھەسسىسىنى بېرىپ تۇرۇشى

[44] ئۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ھەدىيە بىلەن تۇنجى ھوسۇل ۋە ئوندىن بىر ئۈلۈشنى قويۇلىدىغان خەزىنىلەرنىڭ ئۈستىگە ئادەملەر توختىتىلدى. بۇلار بولسا شەھەرنىڭ ئېتىزلىقلىرىدىن كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارغا تېگىدىغان ھەسسىلەرنى ئاندا يىغىشقا قويۇلدى. چۈنكى كاھىنلار بىلەن لاۋىيلار ئۆز خىزمىتىنى باشلىغىنى ئۈچۈن يەھۇدانىڭ ئىچىدە چوڭ خۇشلۇق بولغانىدى. [45] بۇلار بولسا تەڭرىسىنىڭ ئىبادەت ئىشلىرى بىلەن پاكلاش ئىشلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇپ، شېئىر ئوقۇغۇچىلار بىلەن دەرۋازىۋەنلەرمۇ داۋۇد بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمانىنىڭ بۇيرۇغىنىدەك ئۆز ئىشىنى قىلاتتى. [46] چۈنكى قەدىمكى زاماندىن تارتىپ داۋۇد بىلەن ئاسافنىڭ كۈنلىرىدە شېئىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشلامچىلىرى بولۇپ، خۇداغا ھەمدۇسانا ئېيتىلىپ شېئىر ئوقۇلاتتى. [47] زەرۇبابەل بىلەن نەھەمىيانىڭ كۈنلىرىدە ئىسرائىلنىڭ ھەممىسى شېئىر ئوقۇغۇچىلار بىلەن دەرۋازىۋەنلەرنىڭ كۈنلۈك ھەسسىسىنى ھەر كۈنى بېرىپ تۇرۇپ، لاۋىيلارغا ئاتالغىنىنى بېرەتتى. لاۋىيلارمۇ ھارۇننىڭ ئەۋلادلىرىغا ئاتالغىنى بېرەتتى.

## نەھەمىيا خۇدانىڭ تەۋرات قانۇنى ئۈچۈن غەيرەت قىلىدۇ

13 [1] ئۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە مۇسانىڭ كىتابى خەلققە ئوقۇلۇپ ئاڭلىتىلسا: «ھېچبىر ئاموني بىلەن موئابىي كىشى ھەرگىز خۇدانىڭ جامائىتىگە كىرمىسۇن. [2] چۈنكى بۇلار سۇ بىلەن نان ئېلىپ، بەنى-ئىسرائىلنىڭ ئالدىغا چىقماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە لەنەت ئوقۇتماق ئۈچۈن بىلئامنى ئىجارىگە ئالغانىدى. لېكىن تەڭرىمىز ئۆزى بۇ لەنەتنى بەرىكەتكە ئايلاندۇردى» دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئىچىدە يېزىقلىق چىقىپ قالدى. [3] ئۇلار قانۇنىنى ئاڭلىغىنىدا ھەممە ئارىلاش يات كىشىنى ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن چىقىرىۋەتتى.

[4] لېكىن بىر ۋاقىتتىن ئىلگىرى تەڭرىمىزنىڭ بەيتىنىڭ خەزىنىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ،
توبىياغا تۇغقان بولغان ئەلياشىب كاھىن بولسا، [5] ئىلگىرى يېگۈلۈك قۇربانلىقى بىلەن
مەستىكى ۋە قاچىلار قويۇلۇپ، لاۋىيلار بىلەن شېئىر ئوقۇغۇچىلار ۋە دەرۋازىۋەنلەرگە
بېرىلىدىغان بۇغداي، شاراب ۋە ياغنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشى ئاندا يىغىلىپ، كاھىنلارغا تەگكەن
ھەدىيەلەر قويۇلىدىغان جايىنىڭ ئۆزىدە توبىياغا چوڭ بىر ھۇجرىنى راستلاپ بەرگەنىدى.
[6] لېكىن مەن ئۇ كۈنلەرنىڭ ئۆزىدە يوق ئىدىم، چۈنكى مەن بولسام بابىل پادىشاھى
ئارتاخشاستانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇز ئىككىنچى يىلىدا پادىشاھنىڭ قېشىغا يېنىپ كەتكەن
ئىدىم. ئەمما بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، [7] يېرۇسالېمغا كەلسەم،
ئەلياشىبنىڭ توبىيا ئۈچۈن خۇدانىڭ بەيتىنىڭ ھويلىسىدا بىر ھۇجرا راستلاپ بەرگىنى
بىلەن قانداق يامانلىق قىلغىنىنى ئۇقۇپ قالدىم. [8] بۇ ئىش ئۆزى ماڭا تولا يامان كۆرۈنگەچ
توبىيانىڭ ھەممە ئۆي ئەسۋابلىرىنى ھۇجرىنىڭ تاشقىرىغا تاشلىۋېتىپ، [9] ھۇجرىلارنى
پاكىزلىتىپ، خۇدانىڭ بەيتىنىڭ قاچىلىرى بىلەن يېگۈلۈك قۇربانلىقى ۋە مەستىكىنى ئاندا
ياندۇرۇپ كەلتۈرۈپ قويدۇردۇم.
[10] ئۇقۇپ باقسام، لاۋىيلارنىڭ تەگكەن ھەسسىسى بېرىلمىگەچ خىزمەتتە تۇرغان لاۋىيلار بىلەن
شېئىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەربىرى ئۆزى ئېتىزلىقىغا قېچىپ كەتكەن ئىكەن. [11] بۇ سەۋەبتىن
مەن ۋالىيلارنى ئەيىبكە بۇيرۇپ: «نېمە ئۈچۈن خۇدانىڭ ئۆيى تاشلىنىپ قالدى» دەپ ئېيتىپ،
ئۇلارنى يىغىپ، ئۆز جايىدا توختىتىپ قويدۇم. [12] ئۇ ۋاقىت يەھۇدانىڭ ھەممىسى بۇغداي،
شاراب ۋە ياغنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈشىنى ئېلىپ كېلىپ، خەزىنىلەرگە تاپشۇردى. [13] ئاندىن
كېيىن مەن شېلەمىيا كاھىننىڭ ئۆزى بىلەن سادوق كاتىپ ۋە لاۋىيلاردىن بولغان پەدايانىڭ
ئۆزىنى خەزىنىلەرنىڭ ئۈستىگە توختىتىپ قويۇپ، خانان بەن-زاككۇر بەن-ماتتانىيانى ئۇلارغا
يانداپ قويدۇم. چۈنكى بۇلار بولسا ئىشەنچلىك كىشىلەر بولۇپ، بۇرادەرلىرىگە ھەسسە
ئۈلەشتۈرۈش ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.
[14] بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي خۇدايىم، مېنى ياد قىلىپ، ئۆز تەڭرىمىنىڭ ئۆيى بىلەن ئۇنىڭ رەسىملىرى
توغرىسىدا قىلغان ياخشى ئىشلىرىمنى ئۇنتۇمىغىن.

[15] ئۇ ۋاقىتتا قاراپ باقسام، ئۇلارنىڭ شاباتنىڭ ئۆزىدە سىققۇچتا ئۈزۈم دەسسەپ، ئېشەكلەرگە
ئاشلىق ئارتىپ ئۆيگە كەلتۈرۈپ، شابات كۈنىدىمۇ شاراب بىلەن ئۈزۈم، ئەنجۈر بىلەن ھەر
خىل يۈكلەرنى يېرۇسالېمغا ئېلىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، قايسى ۋاقىت بۇ يېگۈلۈك نەرسىلەرنى
ساتسا، ئۇلارنى ئەيىبلەتتىم. [16] ئاندا ئولتۇراقلىق تىرىيلارمۇ بېلىق بىلەن ھەر خىل نەرسىلەرنى
كەلتۈرۈپ، شابات كۈنىدە يېرۇسالېمنىڭ ئۆزىدە يەھۇدانىڭ خەلقىگە ساتاتتى. [17] بۇنىڭ ئۈچۈن
مەن يەھۇدانىڭ چوڭلىرىنى ئەيىبكە بۇيرۇپ: «نېمە ئۈچۈن مۇنداق سەت ئىشنى قىلىپ،
شابات كۈنىنى بىھۆرمەت قىلدىڭلار؟ [18] ئاتا-بوۋىلىرىڭلار مۇنداق قىلغىنى ئۈچۈن خۇدا بىز
بىلەن بۇ شەھەرنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەممە بالانى كەلتۈردى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى سىلەر شابات

كۆننى بىھۆرمەت قىلىپ، ئىسرائىلنىڭ ئۈستىگە تېخى چوڭ غەزەپ كەلتۈرسىلەرمۇ؟» دەپ
ئېيتتىم.
[19] «قاچانكى شاباتنىڭ كېچىسى باشلىنىپ، يېرۇسالېمنىڭ دەرۋازىلىرىدا قاراڭغۇ بولغىلى
تۇرسا، دەرۋازىلار ئېتىلسۇن» دەپ بۇيرۇپ ئېيتىپ: «شاباتنىڭ ئۆزى ئۆتۈپ بولماستا ئۇلارنى
ئاچماڭلار» دەپ ئۇلارغا بۇيرۇق بېرىپ: «شابات كۈنىدە ھېچبىر يۈك كىرگۈزۈلمىسۇن» دەپ،
ئۆز خىزمەتكارلىرىمنى دەرۋازىلاردا پاسىبان قىلىپ قويدۇم. [20] شۇنداق قىلسام، سودىگەر
بىلەن ھەر خىل مال ساتقۇچىلارنىڭ ئۆزى بىر-ئىككى مەرتىۋە دەرۋازىنىڭ سىرتىدا قونۇپ
قالدى. [21] ئەمما مەن ئۇلارنى قورقۇتۇپ: «نېمىشقا سېپىلنىڭ يېنىدا قونىسىلەر؟ ئەگەر يەنە
بىر مەرتىۋە شۇنداق قىلساڭلار، قولۇم سىلەرگە تېگىدۇ» دېدىم. ئۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئۇلار
شاباتنىڭ ئۆزىدە يەنە كەلمىدى.
[22] مەن لاۋىيلارغا ھەم سۆز قىلىپ: «ئۆزۈڭلارنى مۇقەددەس قىلىپ، شابات كۈنىنىڭ مۇقەددەس
ساقلانمىقى ئۈچۈن كېلىپ، دەرۋازىلاردا پاسىبانلىق قىلىڭلار» دەپ ئېيتتىم.
بۇ سەۋەبتىن، ئەي خۇدايىم، ئۆز چوڭ مەرھەمىتىڭگە مۇۋاپىق ماڭا رەھىم قىلغىن.
[23] ئۇ ۋاقىت ھەم كۆردۈمكى، بەزى يەھۇدىي كىشىلەر ئاشدودىي، ئاممونىي ۋە موئابىي
خوتۇنلارنىڭ ئۆزىنى خوتۇنلۇققا ئالغانىدى. [24] ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولسا يەھۇدىي تىلىدا تۈز
گەپ قىلالماي، يېرىمچە ئاشدودىي ۋە يا باشقا قوۋمنىڭ زۇۋانىدا گەپ قىلغىلى تۇردى. [25] بۇنىڭ
ئۈچۈن مەن ئۇلارنى ئەيىبكە بۇيرۇپ لەنەت ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ئۇرۇپ ساقاللىرىنى
يۇلۇپ، خۇدا بىلەن ئۇلارغا قەسەم بېرىپ ئېيتتىمكى: «سىلەر بولساڭلار قىزلىرىڭلارنى ئۇلارنىڭ
ئوغۇللىرىغا بەرمەي، ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئوغۇللىرىڭلار ۋە يا ئۆزۈڭلار ئۈچۈنمۇ خوتۇنلۇققا
ئالماڭلار. [26] ئىسرائىلنىڭ پادىشاھى سۇلايمان بولسا شۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىدىن گۇناھقا
چۈشۈپ قالمىدىمۇ؟ ئۇ ئۆزى خۇدايىنىڭ ئامرىقى بولۇپ، خۇدا ئۇنى پۈتۈن ئىسرائىلنىڭ
ئۈستىگە پادىشاھ قىلىپ قويغاچ تولا قوۋملارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭدەك پادىشاھ تېپىلمىدى.
شۇنداق بولسىمۇ، بىگانە خوتۇنلار ئۇنى گۇناھقا تىقتى ئەمەسمۇ؟ [27] ئەمدى بىز سىلەرنىڭ
بىگانە خوتۇنلارنى ئېلىپ، تەڭرىمىزگە قارشى گۇناھ قىلىپ، بۇ قىلغان چوڭ يامانلىقىڭلارنى
كۆرۈپ تۇرۇپ، شۈك تۇرىمىزمۇ؟» دەپ ئېيتىپ،
[28] ئۇلۇغ كاھىن ئەلياشىبنىڭ ئوغلى بولغان يويادانىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىدىن بولۇپ خورونىي
سانبالاتنىڭ كۈيئوغلى بولغان بىرىنى قېشىمدىن قوغلىۋەتتىم.
[29] ئەي خۇدايىم، ئۇلار بولسا كاھىنلىقنى ناپاك قىلىپ، كاھىنلىق بىلەن لاۋىيلارنىڭ
ئەھدىسىنى بىھۆرمەت قىلغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى كۆڭلۈڭگە سېلىپ قويغىن.
[30] بۇ تەرىقىدە مەن ئۇلارنى بىگانىلىكتىن پاك قىلىپ، كاھىنلار بىلەن لاۋىيلارنىڭ ئىشلىرىنى
تەيىنلەپ، ھەربىرىنى ئۆز ئىشىغا توختىتىپ، [31] تايىن ۋاقىتلاردا ئوتۇن ھەدىيەسىنى كەلتۈرۈپ،
تۇنجى ھوسۇل ھەدىيەسىنى يىغماق ئۈچۈن قويۇپ قويدۇم.
ئەي خۇدايىم، مېنى ياد قىلىپ، بۇنى ياخشىلىقىمغا سانىغىن.

مۇقەددەس كىتاب

# ئەستەر

17

# ئەستەر

## مۇقەددەس كىتاب - كونا ئەھدە
## (تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەر)

## 17-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# ئەستەر

## پادىشاھ ئاھاشۋېروشنىڭ چوڭ زىياپىتى

1 [1] ھىندىستاندىن تارتىپ ھەبەشىستانغا سەلتەنەت قىلىپ بىر يۈز يىگىرمە يەتتە ۋىلايەتكە
پادىشاھ بولغان ئاخاشۋېروش توغرىسىدا زىكىر قىلىنىپ، مەزكۇر ئاخاشۋېروشنىڭ
كۈنلىرىدە ۋەقە بولدىكى، [2] ئاخاشۋېروشنىڭ ئۆزى شۇشان ئوردىسىدا ئۆز پادىشاھلىق
تەختىدە ئولتۇرغىنىدا، [3] ئۇ ئۆزى سەلتەنىتىنىڭ ئۈچىنچى يىلىدا ھەممە ئەمىر بىلەن
خىزمەتكارلىرى ئۈچۈن بىر زىياپەت قىلدى. پارس بىلەن مېدىيانىڭ قوشۇن سەردارلىرى
كېلىپ، ۋىلايەتلەرنىڭ ئۇلۇغلىرى بىلەن ئەمىرلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا ھازىر بولغانىدى. [4] ئۇ
ۋاقىت ئۇ ئۆزى ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئۇلارغا ئۆز پادىشاھلىق شان-شەرىپى بىلەن دۆلىتىنى
كۆرسىتىپ، ئۆز ئۇلۇغ دەبدەبىسىنىڭ شەۋكىتىنى بىر يۈز سەكسەن كۈنگىچە ئاشكارا قىلىپ
تۇردى. [5] بۇ كۈنلەر تامام بولغاندا پادىشاھ ئۆزى شۇشان ئوردىسىدىكى چوڭ-كىچىك ھەممە
خەلققە پادىشاھلىق ئوردىنىڭ بېغىدىكى ھويلىدا يەتتە كۈنگىچە زىياپەت قىلدى. [6] ئانداكى
ئېسىلغان پەردىلەر بولسا ئاق، يېشىل ۋە ئاسمان رەڭلىك بولۇپ، نەپىس كاناپلىق بىلەن
سۆسۈن يىپلاردىن چىگىلىپ، كۈمۈش ھالقىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، مەرمەر تېشىدىن ياسالغان
تۈۋرۈكلەرگە باغلانغانىدى. قاشتېشى بىلەن ئاق مەرمەردىن، گۆھەردەك پارقىرىدىغان تاش
بىلەن قارا مەرمەردىن ياسالغان مەيداندا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئېتىلگەن راھەت كۇرسىلىرى
قويۇلغانىدى. [7] ئىچكۈلۈك بولسا بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان ئالتۇن پىيالىلەردە كەلتۈرۈلۈپ،
شاھانە شارابنىڭ ئۆزى پادىشاھقا يارىشا تولا ئىدى. [8] ئەمما شاراب ئىچىشنىڭ قائىدىسى
بويىچە ھېچ كىشى زورلانمايتتى، چۈنكى پادىشاھ ئۆزى ئوردىسىنىڭ چوڭلىرىغا ھۆكۈم
قىلىپ: «ھەربىرىنىڭ خاھىشىغا مۇۋاپىق قىلىڭلار» دەپ ئېيتقانىدى. [9] مەلىكە ۋاشتىمۇ
ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ پادىشاھلىق ئوردىسىدا خوتۇنلار ئۈچۈن بىر زىياپەت قىلدى.

## مەلىكە ۋاشتىدىن مەلىكە مەرتىۋىسى ئېلىنىدۇ

[10] يەتتىنچى كۈنى ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ كۆڭلى شارابتىن خۇش بولغىنىدا ئۇ ئۆزى ئۆز
ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلىپ تۇرغان مەھۇمان، بىزتا، خاربونا، بىگتا، ئاباگتا، زېتار ۋە كاركاس
دېگەن يەتتە مەھرىمىگە بۇيرۇپ: [11] «مەلىكە ۋاشتىنى شاھانە تاج كىيدۈرۈپ، خەلق بىلەن
ئەمىرلەرگە ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرسەتمەك ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىڭلار»
دەپ ھۆكۈم قىلدى. چۈنكى مەلىكىنىڭ ئۆزى كۆرۈنۈشكە چىرايلىق ئىدى. [12] لېكىن مەلىكە
ۋاشتى بولسا مەھرەملەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىنى تاپسىمۇ، كەلگىلى

ئۇنىمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ تولا خاپا بولۇپ، غەزىپى ئۆرلەپ كەتتى. [13] پادىشاھنىڭ بىر ئىشى بولسا قانۇن بىلەن ئادالەت بىلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىدىن سورايدىغان ئادىتى بولغاچ پادىشاھ ئۆزى زامانىنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلىدىغان دانىشمەنلەردىن سوئال قىلىپ، [14] پارس بىلەن مېدىيانىڭ يەتتە ئەمىرى بولۇپ پادىشاھنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا بىرىنچى ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا يېقىن بولۇپ تۇرغان كارشىنا، شېتار، ئادماتا، تارشىش، مەرەس، مارسىنا ۋە مەموكان دېگەنلەرگە مەسلىھەت سېلىپ: [15] «مەلىكە ۋاشتى بولسا ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ ئۆز مەھرەملىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەۋەتكەن ھۆكۈمىنى تۇتمىغىنى ئۈچۈن قانۇنغا مۇۋاپىق ئۇنىڭغا نېمە قىلىشلىق لازىم بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. [16] ئۇ ۋاقىت مەموكاننىڭ ئۆزى پادىشاھ بىلەن ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا جاۋاب بەردىكى: «مەلىكە ۋاشتى بولسا يالغۇز پادىشاھقا ئەمەس، بەلكى ھەممە ئەمىرلەرگە، شۇنداقلا ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىدىكى خەلقنىڭ ھەممىسىگە گۇناھ قىلدى. [17] چۈنكى مەلىكىنىڭ قىلغان ئىشىنى ھەممە خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ: ‹ ئاخاشۋېروش پادىشاھ ئۆز : «مەلىكە ۋاشتىنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرۇغىنىدا ئۇ كەلگىلى ئۇنىمىدى› دەپ خەۋەر يېيىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەرلىرىنى خار كۆرۈشكە سەۋەب بولسا كېرەك. [18] دەرۋەقە بۇ كۈن پارس بىلەن مېدىيانىڭ ئەمىرلىرىنىڭ خوتۇنلىرى مەلىكىنىڭ قىلغان ئىشىنى ئاڭلاپ قېلىپ، پادىشاھنىڭ ھەممە ئەمىرلىرىنىڭ ئالدىدا ئوخشاش سۆزلىگىلى باشلىسا، بۇ ئىشتىن تولا ھاقارەت بىلەن خاپىلىق چىقىدۇ. [19] ئەگەر پادىشاھقا ياخشى كۆرۈنسە، ئۇ ئۆزى بىر پادىشاھلىق ھۆكۈمنى چىقارتىپ، ۋاشتىنىڭ ئۆزى ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ يۈز ئالدىدا يەنە كەلمەي، ئۇنىڭ مەلىكە مەرتىۋىسى بولسا ئۇنىڭدىن ياخشىراق بولغان باشقىسىغا بېرىلسۇن دەپ، ئېلان قىلىپ، بۇ ھۆكۈم يانمىسۇن دەپ، ئۇنى پارس بىلەن مېدىيانىڭ قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق يازدۇرسۇن. [20] پادىشاھنىڭ بۇ چىقىرىدىغان ھۆكۈم ئۇنىڭ چوڭ مەملىكىتىنىڭ ھەر يېرىدە مەشھۇر بولغاندا ھەممە خوتۇنلار، خاھى چوڭ، خاھى كىچىك بولسۇن ئۆز ئەرلىرىگە لايىق ئىززەت بېرىدىغان بولىدۇ» دېدى. [21] بۇ سۆز پادىشاھ بىلەن ئەمىرلەرگە خۇش كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ ئۆزى مەموكاننىڭ ئېيتقانىدەك قىلىپ: [22] «ھەربىر ئەر كىشى ئۆز ئۆيىنىڭ خوجىسى بولۇپ، ئۆزى خالىغىنىدەك بۇيۇرسۇن» دەپ پادىشاھلىقنىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىگە ھۆكۈم بېرىپ، ھەربىر ۋىلايەتكە ئۇنىڭ ئۆز يېزىقىدا، ھەربىر قوۋمغا ئۇنىڭ ئۆز تىلىدا بۇيرۇق چىقاردى.

## ئەستەر مەلىكە بولىدۇ

2 [1] بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ غەزىپى يېنىپ پەسلەنگەندە ۋاشتىنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ قىلغىنىنى ياد قىلىپ، ئۇنىڭ توغرىسىدا توختىتىلغان ھۆكۈمنى خاتىرىسىغا كەلتۈردى. [2] ئۇ ۋاقىت پادىشاھنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلغان غۇلاملىرى كېلىپ، ئۇنىڭغا سۆزلەپ: ‹ پادىشاھ ئۈچۈن چىرايلىق ياش قىزلار ئىزدەلسۇن. [3] پادىشاھ ئۆزى

مەملىكىتىنىڭ ھەممە ۋىلايەتلەردە ۋەكىللەر توختىتىپ قويسۇن. بۇلار بولسا ھەممە چىرايلىق
ياش قىزلارنى يىغىپ، شۇشان ئوردىسىدىكى ھەرەمسارايغا كەلتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ خوتۇنلاردىن
خەۋەر ئالىدىغان مەھرىمى ھېگايغا توشۇتۇپ بەرسۇن. ئاندا ئۇلارغا لازىملىق ئۇپا-ئەڭلىكلەر
بېرىلسۇن. 4 قايسى قىز پادىشاھنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنسە، بۇ ئۆزى ۋاشتىنىڭ ئورنىدا
مەلىكە بولسۇن» دېدى. بۇ سۆز بولسا پادىشاھقا خۇش كەلگەچ شۇنداق قىلدى.
5 ئۇ ۋاقىت شۇشان ئوردىسىدا ئۆزى بەنيامىن قەبىلىسىدىن بولۇپ، موردىكاي دەپ ئاتىلىپ،
يائىر بەن-شىمەي بەن-قىسنىڭ ئوغلى بولغان بىر يەھۇدىي ئادەم بار ئىدى. 6 بۇ ئادەم بولسا
بابىل پادىشاھى نەبۇكەدنەسەرنىڭ ئۆزى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتكەن يەھۇدا پادىشاھى
يەكونىيا بىلەن بىللە يېرۇسالېمدىن ئەسىر قىلىنىپ كەلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا
كەلتۈرۈلگەنىدى. 7 ئۇ ئۆزى تاغىسىنىڭ ئەستەر دەپ ئاتالغان قىزى ھاداسسەنى ئاتا-
ئانىسى يوق دەپ، بېقىۋالغانىدى. بۇ قىز بولسا كېلىشكەن بولۇپ، كۆرۈنۈشكە چىرايلىق
ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندە موردىكاي ئۇنى ئۆزىگە قىز قىلىپ بېقىۋالغانىدى.
8 ئەمما پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى چىقىپ بۇيرۇقى ئاڭلانغىنىدا نۇرغۇن قىزلار يىغىلىپ، شۇشان
ئوردىسىغا كەلتۈرۈلۈپ ھېگايغا تاپشۇرۇلسا، ئەستەرمۇ پادىشاھنىڭ ئۆيىگە كەلتۈرۈلۈپ،
خوتۇنلارنى ساقلايدىغان ھېگايغا تاپشۇرۇلغانىدى. 9 بۇ قىز بولسا ئۇنىڭغا ياراپ كېتىپ
ئۇنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تاپقاچ ئۇ ئۆزى ئالدىراپ ئۇنىڭغا لازىملىق ئۇپا-ئەڭلىكلەر بىلەن
يېگۈلۈكنى بېرىپ، ئىلغانغان يەتتە دېدەكنى پادىشاھنىڭ ئۆيىدىن كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا
قوشۇپ، ئۇنى دېدەكلىرى بىلەن قېتىپ، ھەرەمسارايىنىڭ ھەممىدىن ياخشى جايىغا ئېلىپ
قويدى. 10 لېكىن ئەستەر بولسا موردىكاينىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا جېكىلەپ: «بۇنىڭ توغرىسىدا
دەپ بەرمىگىن» دېگىنى ئۈچۈن ئۆز قوۋمى بىلەن خانىدانىنى دەپ بەرمىگەنىدى.
11 موردىكاينىڭ ئۆزى ئەستەرنىڭ ھال-ئەھۋالىنى بىلەي دەپ، ھەر كۈنى ھەرەمسارايىنىڭ ھويلىسىغا
كېلىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. 12 خوتۇنلار توغرىسىدا توختىتىلغان رەسىمگە مۇۋاپىق ھەر قىز ئون
ئىككى ئاي ئىچىدە ئۆزىنى تەييارلىغاندىن كېيىن، ھەربىرى ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە ئاخاشۋېروش
پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەييارلىنىدىغان ۋاقتى شۇنچە بولۇپ، ئالتە
ئاي مۇرمەككى يېغى سۈۋاشقا كېتىپ، يەنە ئالتە ئاي خۇشبۇي ئەتىر ۋە خوتۇنلارنىڭ بەدىنىنى
پاكىزلايدىغان باشقا بۇيۇملارنى تەڭشەشكە كېتەتتى. 13 بۇ تەرىقىدە بىر قىز پادىشاھنىڭ ئۆيىگە
كىرگەندە ھەرەمسارايدىن پادىشاھنىڭ ئۆيىگە ھەرنېمە ئېلىپ بېرىشنى خالىسا، ئۇنىڭغا بېرىلەتتى.
14 قىز ئۆزى ئاخشىمى بېرىپ ئەتىسى يېنىپ كەلسە، باشقا ھەرەمسارايغا ئېلىپ بېرىلىپ پادىشاھنىڭ
مەھرىمى بولۇپ كېنىزەكلەرنى ساقلايدىغان شائاشگازنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇپ، پادىشاھ ئۇنى
خۇش كۆرۈپ ئىسمىنى تۇتۇپ يەنە قىچقارمىسا، ھېچقايسىسى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئىككىنچى
كىرەلمەيتتى.
15 موردىكاينىڭ تاغىسى ئابىخايىلنىڭ قىزى بولۇپ موردىكاي ئۇنى ئۆزىگە قىز قىلىپ ئالغان
ئەستەرنىڭ نۆۋىتى يېتىپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىدىغان ۋاقتى كەلگەندە بۇ ئۆزى پادىشاھنىڭ

خوتۇنلارنى ساقلايدىغان مەھرىمى ھېگاينىڭ ئېيتقىنىدىن باشقا ھېچنېمىنى تەلەپ قىلمىدى. ئەستەر بولسا ئۇنى كۆرگەن ھەممە كىشىنىڭ نەزىرىدە ئىلتىپات تاپاتتى. [16] بۇ تەرىقىدە ئەستەر ئۆزى پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ يەتتىنچى يىلى ئوننىنچى ئاي بولغان تېبەت ئايىدا ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئۇنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلدى. [17] پادىشاھ بولسا ئەستەرنى باشقا ھەممە خوتۇنلاردىن ياخشى كۆرگەچ بۇ ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىدا باشقا ھەممە قىزلاردىن زىيادە ئىلتىپات تاپتى. شۇنداقكى، ئۇ ئۆزى ئۇنىڭ بېشىغا شاھانە تاجنى كىيدۈرۈپ، ئۇنى ۋاشتىنىڭ ئورنىدا مەلىكە قىلىپ قويدى. [18] ئاندىن كېيىن پادىشاھ ئۆزى ھەممە ئەمىر بىلەن خىزمەتكارلىرى ئۈچۈن ئەستەرنىڭ ئىززىتى بولسۇن دەپ، چوڭ بىر زىياپەت قىلىپ، ۋىلايەتلىرىنىڭ باج-ئالۋاننى كېمەيتىپ، شاھانە تەرىقىدە ئىنئاملار ئۈلەشتۈردى.

## موردىكاي بىر سۇيىقەستنى پاش قىلىدۇ

[19] ئىككىنچى مەرتىۋە قىزلار شۇنداق يىغىلغىنىدا موردىكاينىڭ ئۆزى پادىشاھنىڭ دەرۋازىسىدا ئولتۇرغانىدى. [20] لېكىن ئەستەر بولسا موردىكاي ئۇنىڭغا جېكىلەپ ئېيتقىنىدەك ئۆز قوۋمى بىلەن خانىدانى توغرىسىدا دەپ بەرمىگەنىدى. چۈنكى ئەستەر ئۆزى موردىكاينىڭ بۇيرۇقىنى ئۇنىڭ قېشىدا پەرۋىش تاپقان كۈنلەردە تۇتۇپ كەلگەندەك تۇتاتتى. [21] كۈنلەردە بىر كۈن موردىكاي پادىشاھنىڭ دەرۋازىسىدا شۇنداق ئولتۇرسا، پادىشاھنىڭ دەرۋازىسىنى ساقلايدىغان مەھرەملەرنىڭ ئىچىدىن بىگتان بىلەن تەرەش دېگەن ئىككى كىشى بۇزۇلۇپ، ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ ئۈستىگە قول كۆتۈرمەكچى بولدى. [22] ئەمما موردىكاي بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، مەلىكە ئەستەرگە دەپ قويسا، ئەستەر ئۆزى موردىكاينىڭ نامىدا بۇنى پادىشاھقا دەپ قويدى. [23] بۇ ئىش توغرىسىدا تەپتىش قىلىنسا، ۋەقە راست چىقىپ قېلىپ، بۇ ئىككى كىشى ياغاچقا ئېسىلىپ كەتتى. بۇ ۋەقە بولسا پادىشاھنىڭ ئالدىدىكى تارىخ كىتابىغا يېزىلدى.

## ھامان يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستى

3 [1] بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ ئۆزى ئاگاگىي بولغان ھاممەداتانىڭ ئوغلى ھاماننى چوڭ قىلىپ، ئېگىز مەرتىۋىگە چىقىرىپ، ئۆز ئالدىدىكى ھەممە ئەمىرلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭغا جاي بەردى. [2] پادىشاھنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ، پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى بولغانلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھ ئۆزى بۇيرۇغىنىدەك ھامانغا تىز پۈكۈپ تەزىم قىلاتتى. لېكىن موردىكاي بولسا، خاھى تىز پۈكمەي، خاھى تەزىممۇ قىلمايتتى. [3] بۇنى كۆرگەندە پادىشاھنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ، پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى بولغانلارنىڭ ئۆزى موردىكايغا: «نېمىشقا پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىنى سۇندۇرىسەن؟» دەپ ئېيتتى. [4] ئۇلار ھەر كۈنى ئۇنىڭغا شۇنداق

سۆزلەپ تۇرسىمۇ، ئۇ قۇلاق سالمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار، مورد‌ىكاي‌نىڭ گېپى ئاقامدۇ ياكى ئاقمامدۇ دەپ كۆرمەك ئۈچۈن بۇنى هامانغا دەپ قويدى. چۈنكى مورد‌ىكاي‌نىڭ ئۆزى: «مەن يەھۇدىي ئىكەنمەن» دەپ ئۇلارغا دەپ بەرگەنىدى.
[5] هامان ئۆزى: «مورد‌ىكاي ماڭا خاھى تىز پۈكمەي، خاھى تەزىممۇ قىلمايدۇ» دەپ كۆرگىنىدە ئاچچىقتىن تولۇپ كەتتى. [6] لېكىن ئۇ يالغۇز مورد‌ىكاي‌نىڭ ئۆزىگە قول كۆتۈرۈشنى كىچىك كۆرۈپ، مورد‌ىكاي‌نىڭ قوۋمى توغرىسىدا خەۋەر تاپقاچ هاماننىڭ ئۆزى ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ بارچە مەملىكىتىدە ئولتۇرغۇلۇق بولۇپ مورد‌ىكاي‌نىڭ قوۋمى بولغان يەھۇدىيلارنى يوقاتقىلى قەستلىدى. [7] ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئون ئىككىنچى يىلى نىسان دەپ ئاتالغان ئاۋۋالقى ئاينىڭ ئۆزىدە هاماننىڭ ئالدىدا ھەربىر كۈن بىلەن ھەربىر ئاي ئۈچۈن ئادار دېگەن ئون ئىككىنچى ئايغا توغرا چۈشكۈچىلىك پۇر دېگەن چەك تاشلاندى. [8] ئاندىن هامان ئۆزى ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ: «مانا سېنىڭ مەملىكىتىڭنىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىدىكى قوۋملارنىڭ ئارىسىدا يېيىلىپ تېرىلىپ كەتكەن بىر قوۋم باردۇر. ئۇنىڭ رەسىملىرى بولسا ئۆزگە قوۋملارنىڭكىدىن باشقا بولۇپ، ئۆزىمۇ پادىشاھنىڭ قانۇنلىرىنى تۇتمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى قويۇپ قويۇش پادىشاھقا ياخشى بولمايدۇ. [9] ئەگەر پادىشاھقا خۇش كۆرۈنسە، ئۇلارنى ھالاك قىلماق ئۈچۈن ھۆكۈم نامە يېزىلسۇن. مەن بولسام، ئون مىڭ تالانت كۈمۈشنى تارتىپ، پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە بېرىلسۇن دەپ، خەزىنىچىلەرگە تاپشۇراي» دېدى. [10] ئۇ ۋاقىت پادىشاھ ئۆز قولىدىن مۆھۈر ئۈزۈكىنى چىقىرىۋېلىپ، بۇنى يەھۇدىيلارغا دۈشمەن بولۇپ ئاگاگىي بولغان هاممەداتانىڭ ئوغلى هاماننىڭ ئۆزىگە بەردى. [11] بېرىپ، پادىشاھ ئۆزى هامانغا: «ئۇ كۈمۈش بولسا ئۆزۈڭگە قېلىپ، بۇ قوۋمغىمۇ ئۆزۈڭ خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېدى.
[12] بۇ سەۋەبتىن ئاۋۋالقى ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنىدە پادىشاھنىڭ كاتىپلىرى قىچقىرىلىپ، هاماننىڭ خالىغىنىچە بىر ھۆكۈمنامە يازدۇرۇلۇپ، پادىشاھنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن باشقا-باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرىغا ۋە باشقا قوۋملارنىڭ ھاكىملىرىغا ھەربىر ۋىلايەتكە ئۇنىڭ ئۆز يېزىقىدا، ھەربىر قوۋمغا ئۇنىڭ ئۆز تىلىدا پۈتۈلۈپ ئەۋەتىلدى. بۇ ھۆكۈمنامىنىڭ ئۆزى پادىشاھنىڭ نامىدا پۈتۈلۈپ، ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ مۆھۈر ئۈزۈكى بېسىلغانىدى. [13] ئاندىن كېيىن يۈگۈرىدىغان ئەلچىلەرنىڭ قولىدىن پادىشاھنىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىگە خەت ئەۋەتىلىپ: «ھەممە يەھۇدىيلار ئۆلتۈرۈلۈپ، خاھى ياش خاھى قېرى بولسۇن، خاھى كىچىك بالا خاھى خوتۇن بولسۇن، ئادار دېگەن ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى بىر كۈن ئىچىدە ھالاك قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ماللىرى بولسا ئولجا قىلىنىپ ئېلىنسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلىندى. [14] ئۇ كۈن ئۈچۈن تەييار تۇرۇڭلار دەپ، ھەربىر ۋىلايەتتە ئېلان قىلماق ئۈچۈن مەزكۇر ھۆكۈم-نامىنىڭ بىردىن-بىردىن نۇسخا ھەربىر قوۋمغا ئەۋەتىلدى. [15] يۈگۈرىدىغان ئەلچىلەر بولسا بۇ ھۆكۈم شۇشان ئوردىسىدا چىقىرىلغان هامان پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئىتتىك چىقىپ كەتتى. ئۇ ۋاقىت پادىشاھ بىلەن هاماننىڭ ئۆزى شاراب ئىچىشكىلى ئولتۇردى. لېكىن شۇشان شەھىرى چوڭ تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى.

## ئەستەرنىڭ قارارى

4 1 مورد‌ىكاينىڭ ئۆزى ھەممە بولغان ۋەقەنى بىلگەندە ئۆز ئېگىنلىرىنى يىرتىپ، پالاس
كىيىپ كۈلگە پۇچىلىنىپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، ناھايىتى قاتتىق ئاۋاز بىلەن
پەرياد قىلىپ، 2 پادىشاھنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ بېرىپ، پالاس كىيگەن ھېچبىر كىشى
پادىشاھنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرەلمەسلىكى ئۈچۈن دەۋازىسىنىڭ ئالدىدا توختاپ قالدى.
3 پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى بىلەن پەرمانى قايسى ۋىلايەتكە يەتسە، ئاندا يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا
چوڭ پەرياد چىقىپ، روزا تۇتۇش بىلەن يىغا-نالە پەيدا بولۇپ، تولىسى پالاس كىيىپ كۈلدە
ئولتۇردى.
4 ئەستەرنىڭ دېدەكلىرى بىلەن مەھرەملىرى كىرىپ، بۇنىڭ توغرىسىدا ئۇنىڭغا خەۋەر
بەرسە، مەلىكىنىڭ ئۆزى تولا غەمكىن بولۇپ، مورد‌ىكاينىڭ پالىسىنى سالدۇرۇۋېتىپ
ئۇنىڭغا كىيدۈرمەك ئۈچۈن ئېگىنلەر چىقاردى. ئەمما ئۇ قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى. 5 ئۇ
ۋاقىت ئەستەرنىڭ ئۆزى پادىشاھ ئۆز مەھرەملىرىنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭ خىزمىتىگە قويۇپ
قويغان ھاتاك دېگەن كىشىنى قىچقىرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە جېكىلەپ: «نېمە بولدى، نېمىشقا
مۇنداق قىلىسەن؟» دەپ مورد‌ىكايدىن سورىغىلى ئەۋەتتى. 6 ھاتاك چىقىپ، پادىشاھنىڭ
دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى شەھەر مەيدانىغا مورد‌ىكاينىڭ قېشىغا كەلسە، 7 مورد‌ىكاينىڭ
ئۆزى ئۆزىگە يەتكەن خاپىلىقنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىپ، ھاماننىڭ ئۆزى يەھۇدىيلارنى ھالاك
قىلىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە تارتىپ بەرگىلى ۋەدە قىلغان كۈمۈش توغرىسىدا
ئېيتىپ بېرىپ، 8 يەھۇدىيلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن شۇشاندا چىقىرىلغان ھۆكۈم-نامىنىڭ
بىر نۇسخىسىنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىپ: «بۇنى ئەستەرگە كۆرسەتكىن. ئۇ ئۆزى پادىشاھنىڭ
قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، ئۆز قوۋمى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن رەھىم تىلىسۇن» دېدى.
9 ھاتاك بېرىپ، مورد‌ىكاينىڭ ئېيتقىنىنى ئەستەرگە دەپ بەردى. 10 ئۇ دەپ بەرسە، ئەستەر
ھاتاككا بۇيرۇپ، مورد‌ىكاي ئۈچۈن ئۇنىڭغا گەپ جېكىلەپ: 11 «‹پادىشاھنىڭ ھەممە
خىزمەتكارلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن پادىشاھنىڭ ۋىلايەتلىرىدىكى خەلقلەرگە مەلۇمدۇركى، خاھى
ئەر، خاھى خوتۇن قايسى بىر كىشى قىچقىرىلماي، ئۆزىچە ئىچكىرىكى ئوردىغا پادىشاھنىڭ
قېشىغا كىرسە، پادىشاھنىڭ ئۆزى: «بۇ تىرىك قالسۇن» دەپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن ھاسىسىنى
ئۇزاتماي قويسا، مۇنداق كىشى قانۇنغا مۇۋاپىق شەكسىز ئۆلتۈرىدۇ. مەن بولسام، ئوتتۇز
كۈن بولدى تېخى قىچقىرىلمىدىم› دەپ ئېيتقىن» دېدى. 12 ئەستەرنىڭ سۆزى مورد‌ىكايغا دەپ
بېرىلسە، 13 مورد‌ىكاينىڭ ئۆزى ئۇلارغا سۆزلەپ: «سىلەر ئەستەرگە: ‹ سەن بولساڭ يالغۇز
مەن يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن پادىشاھنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قۇتۇلۇپ قالارمەنمىكىن دەپ،
كۆڭلۈڭدە خىيال قىلمىغىن. 14 ھېلى سەن شۈك تۇرساڭ، نىجات بىلەن خالاسلىق باشقا
تەرەپتىن يەھۇدىيلارغا كېلىپ قالسا كېرەك. لېكىن سەن ئۆز خانىدانىڭ بىلەن قوشۇلۇپ
ھالاك قىلىنىسەن. ئېھتىمالكى سەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئىشى ئۈچۈن مەلىكىلىك مەرتىۋىسىگە
يەتكەن بولساڭ كېرەك› دەپ ئېيتقىن» دېدى. 15 شۇنى ئاڭلاپ، ئەستەر مورد‌ىكايغا جاۋاب

چىقىرىپ: [16] «سەن بېرىپ، شۇشاندىكى ھەممە يەھۇدىيلارنى يىغىپ، ئۈچ كۈنگىچە يېمەي-
ئىچمەي كېچە-كۈندۈز مەن ئۈچۈن روزا تۇتۇڭلار. مەنمۇ ئۆز دېدەكلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ
شۇنداق روزا تۇتۇپ، ئاندىن كېيىن مەن قانۇنغا زىت بولسىمۇ، پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرەي.
ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئۆلۈپ كېتەي» دەپ ئېيتقۇزدى. [17] ئۇ ۋاقىت موردىكاي چىقىپ،
ئەستەرنىڭ ھەممە ئېيتقىنى بەجا كەلتۈردى.

## ئەستەر پادىشاھ ۋە ھاماننى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىدۇ

5 [1] ئۈچىنچى كۈنى ئەستەر شاھانە كىيىم كىيىپ، پادىشاھ ئۆزى شاھانە ئوردىسىدا
ئوردىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۇتتۇرىدا ئۆز پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغىنىدا شاھانە ئوردىنىڭ
ئىچكىركى ھويلىسىغا كىرىپ، شاھانە ئوردىسىنىڭ ئۇتتۇرىدا تۇرۇپ قالدى. [2] پادىشاھ مەلىكە
ئەستەرنىڭ ھويلىدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ، مەلىكە ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىلتىپات تاپقاچ ئۆز قولدىكى
ئالتۇن ھاسىنى ئەستەرنىڭ تەرىپىگە ئۇزاتتى. ئۇزاتسا، ئەستەر يېقىن بېرىپ، ھاسىنىڭ
ئۇچىغا قول تەگكۈزدى. [3] پادىشاھ ئۇنىڭ ئۆزىگە: «ئەي مەلىكە، ئەستەر تەلىپىڭ نېمە ئىكەن؟
نېمە خالايسەن؟ مەملىكەتنىڭ يېرىمى بولسىمۇ، ساڭا بېرىلەتتى» دەپ ئېيتتى. [4] ئەستەر
جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر پادىشاھقا خۇش كۆرۈنسە، پادىشاھ بىلەن ھامان مېنىڭ پادىشاھ ئۈچۈن
تەييار قىلغان زىياپىتىمگە كەلسۇن» دېدى.
[5] ئۇ ۋاقىت پادىشاھ ئۆزى: «ئەستەرنىڭ خاھىشىنى بەجا كەلتۈرمەك ئۈچۈن ئالدىراپ ھاماننى
ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. بۇ تەرىقىدە پادىشاھ بىلەن ھاماننىڭ ئۆزى ئەستەرنىڭ
تەييار قىلغان زىياپىتىگە باردى. [6] ئۇلار شارابنى ئىچكەندە پادىشاھ ئۆزى ئەستەرگە: «ئەرزىڭ
نېمىدۇر سەن دەپ بەرسەڭ، ساڭا بېرىلىدۇ. تەلىپىڭ نېمە ئىكەن؟ ئەگەر مەملىكەتنىڭ يېرىمى
بولسىمۇ، ساڭا بېرىلەتتى» دېدى. [7] ئەستەر جاۋاب بېرىپ: «ئەرز بىلەن ئىلتىماسىم شۇدۇركى،
[8] ئەگەر مەن پادىشاھنىڭ نەزىرىدە ئىلتىپات تېپىپ، پادىشاھ مېنىڭ ئىلتىماسىمغا ماقۇل
بولۇپ، تەلىپىمنى بەجا كەلتۈرگىلى خالىسا، پادىشاھ بىلەن ھامان مەن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تەييار
قىلغان يەنە بىر زىياپەتكە كەلسۇن. ئۇنداق قىلسا، مەن ئەتە پادىشاھ بۇيرۇغىنىدەك قىلاي»
دېدى.
[9] ئۇ كۈن ھاماننىڭ ئۆزى خۇش بولۇپ، خاتىرجەملىك بىلەن كەتتى. لېكىن موردىكايىنى
پادىشاھنىڭ دەرۋازىسىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ، يەردىن
قوپمىغىنىغا قارىسا، ھامان ئۆزى موردىكايغا ئاچچىقلاندى. [10] ھەرقانداق بولسا، ئۆزىنى
توختىتىپ ئۆيىگە بېرىپ، ئاندىن كىشى ئەۋەتىپ، دوستلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن زەرەش دېگەن
ئۆز خوتۇننى كەلتۈردى. [11] كەلتۈرۈپ، ھامان ئۇلارغا ئۆز دۆلەت بىلەن شان-شەرىپى ۋە ئۆز
باللىرىنىڭ تولىلىقى توغرىسىدا گەپ قىلىپ: «پادىشاھ مېنى ھەر ئىشنىڭ ئىچىدە باشقا

ئەمىرلەرنىڭ ئۆزى بىلەن شاھى خىزمەتكارلارنىڭ ئۈستىگە جاي بەردى» دەپ پادىشاھ ئۇنىڭغا
بەرگەن ھەممە چوڭلۇق توغرىسىدا سۆز قىلغىلى تۇردى. [12] بۇنىڭدىن باشقا ھامان يەنە سۆز
قىلىپ: «مانا مەلىكە ئەستەر بولسا ئۆزى تەييار قىلغان زىياپەتكە مەندىن باشقا ھېچكىمنى
پادىشاھ بىلەن قوشۇپ قىچقارمىدى. ئەتىمۇ مېنى پادىشاھ بىلەن بارغىلى قىچقاردى. [13] لېكىن
قاچانغىچە ئۇ يەھۇدىي بولغان موردىكاينىڭ ئۆزىنىڭ پادىشاھنىڭ دەرۋازىسىدا ئولتۇرغىنىنى
كۆرسەم، بۇنىڭ ھەممىسى بىلەن رازى بولماي تۇرىمەن» دېدى. [14] شۇنى دېسە، ئۇنىڭ خوتۇنى
زەرەش بىلەن ئۆز دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا سۆز قىلىپ: «سەن ئېگىزلىكى ئەللىك
گەز بولغان بىر دارنى قادىتىپ قويۇپ، موردىكاي ئۇنىڭغا ئېسىلسۇن دەپ، ئەتە پادىشاھقا ئەرز
قىلغىن. ئاندىن سەن خۇشلۇق بىلەن پادىشاھقا قوشۇلۇپ، زىياپەتكە بارالايسەن» دېدى. بۇ
سۆز ھاماننىڭ ئۆزىگە خۇش كېلىپ دارنى قادىتىپ قويدى.

## موردىكايغا ئىكرام قىلىنىدۇ

6 [1] ئۇ كېچىسى پادىشاھنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىگەچ ئۇ ئۆزى تارىخ كىتابىنى ئېلىپ كەلدۈرسە،
بۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئوقۇلدى. [2] ئوقۇلسا: «پادىشاھنىڭ مەھرەملىرىدىن بولۇپ دەرۋازىنى
ساقلايدىغان بىگتان بىلەن تەرەش دېگەن ئىككى كىشى ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ ئۈستىگە
قول كۆتۈرگىلى قەستلىدى» دەپ موردىكاينىڭ ئېيتىپ بەرگەن خەۋىرىنىڭ ئۆزى چىقىپ
قالدى. [3] ئۇ ۋاقىت پادىشاھ سوئال قىلىپ: «بۇنىڭ ئۈچۈن موردىكاينىڭ ئۆزىگە نېمە ئىنئام-
ئىكرام بېرىلدى؟» دەپ سورىدى. پادىشاھنىڭ ئۆز خىزمىتىدە تۇرغان ئادەملىرى: «ئۇنىڭ
ئۆزىگە ھېچنېمە تەگمىدى» دەپ جاۋاب بەردى. [4] ئۇ ۋاقىت پادىشاھ: «ھازىر ھويلىدا بىركىم
بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ھامان ھامان ئۆزى قاداتقان دارغا موردىكاينى ئاستۇرۇۋەتكىلى
پادىشاھقا ئەرز قىلاي دەپ، ئوردىنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىغا كىرىپ تۇرغانىدى. [5] بۇنىڭ
ئۈچۈن پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ھويلىدا ھامان تۇرىدۇ» دەپ
ئېيتسا، پادىشاھ: «ئۇنى قېشىمغا كىرگۈزگىن» دېدى.
[6] ھامان كىرسە، پادىشاھ ئۇنىڭدىن سوئال قىلىپ: «پادىشاھ ئىكرام قىلغىلى خالىغان
كىشىنىڭ ئۆزىگە نېمە قىلىش لازىم كېلىدۇ؟» دەپ سورىدى. ھامان ئۆز كۆڭلىدە: «پادىشاھ
بولسا مەندىن باشقا كىمگە ئىكرام قىلغىلى خالايتتى» دەپ خىيال قىلدى. [7] بۇنىڭ ئۈچۈن
ھامان ئۆزى پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ: «پادىشاھ بىر كىشىگە ئىكرام قىلغىلى خالىغان بولسا،
[8] پادىشاھ ئۆزى كىيگەن شاھانە لىباس بىلەن پادىشاھ ئۆزى مىنىپ بېشىغا شاھانە ئوتۇغات
قىسىلغان بىر ئاتنى كەلتۈرۈپ، [9] لىباس بىلەن ئاتنىڭ ئۆزى پادىشاھنىڭ ھەممىدىن ئۇلۇغ
ئەمىرلىرىنىڭ بىرىگە تاپشۇرۇلسۇن. بۇ لىباسنىڭ ئۆزىنى پادىشاھ ئىكرام قىلغىلى خالىغان
كىشىگە كىيدۈرۈپ، ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ، شەھەرنىڭ چاسىسىنى ئايلاندۇرۇپ: ‹ پادىشاھ

ئىكرام قىلغىلى خالىغان كىشىگە شۇنداق قىلىنىدۇ› دەپ ئۇنىڭ ئالدىدا جارقىراتسۇن» دەپ ئېيتتى. [10] شۇنى دېسە، پادىشاھ هامانغا: «سەن ئالدىراپ ئۆزۈڭنىڭ ئېيتقىنىڭدەك لىباس بىلەن ئاتنى ئېلىپ بېرىپ، پادىشاھنىڭ دەرۋازىسىدا ئولتۇرغان موردىكايغا شۇنداق قىلىپ ئېيتقىنىڭدىن ھېچنېمىنى كەم قىلمىغىن» دەپ بۇيرۇدى.
[11] ئۇ ۋاقىت هاماننىڭ ئۆزى لىباس بىلەن ئاتنى ئېلىپ، لىباسنى موردىكايغا كىيدۈرۈپ، ئاتقا مىندۈرۈپ، شەھەرنىڭ چاسىسىنى ئايلاندۇرۇپ: «پادىشاھ ئىكرام قىلغىلى خالىغان كىشىگە مۇنداق قىلىنىدۇ» دەپ ئۇنىڭ ئالدىدا جارقىرىدى. [12] ئاندىن موردىكاي پادىشاھنىڭ دەرۋازىسىغا يېنىپ كەلدى. لېكىن هامان ئۆزى ھەسرەتكە تولۇپ، بېشىنى يۆگەپ ئىلدام ئۆيىگە كەتتى. [13] ئاندىن هامان ئۆز خوتۇنى زەرەشنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆز دوستلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىگە كەلگەن ۋەقەنى دەپ بەرسە، ئۇنىڭ دانىشمەنلىرى بىلەن ئۆز خوتۇنى زەرەشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا سۆزلەپ: «سەن ئۇنىڭ ئالدىدا پەسلىگىلى باشلىغان موردىكاي دېگەن كىشى يەھۇدىي نەسلىدىن بولغان بولسا، سەن ئۇنىڭغا غالىب بولالمايسەن، بەلكى شەكسىز ئۇنىڭ ئالدىدا پەسلەپ كېتىسەن» دېدى. [14] ئۇلار گەپلىشىپ تۇرسا، پادىشاھنىڭ مەھرەملىرى كېلىپ، ئەستەرنىڭ تەييار قىلغان زىياپىتىگە ئېلىپ بارماق ئۈچۈن هاماننى ئالدىراتتى.

## هامان ئۈستىدىكى ھۆكۈم

7 [1] بۇ تەرىقىدە پادىشاھ بىلەن هامان مەلىكە ئەستەرنىڭ زىياپىتىگە كەلدى. [2] شاراب ئىچكىنىدە پادىشاھ ئۆزى بۇ ئىككىنچى كۈنىمۇ ئەستەردىن سوراپ: «ئەي مەلىكە ئەستەر، تەلىپىڭ نېمە ئىكەن؟ نېمە خالايسەن؟ ئەرزىڭ نېمىدۇر؟ مەملىكەتنىڭ يېرىمى بولسىمۇ، ساڭا بېرىلەتتى» دەپ ئېيتتى. [3] مەلىكە ئەستەر جاۋاب بېرىپ: «ئەي پادىشاھ، ئەگەر مەن سېنىڭ نەزىرىڭدە ئىلتىپات تېپىپ، بۇ ئىش پادىشاھقا ياخشى كۆرۈنسە، ئىلتىماسىم ئۈچۈن جېنىم قۇتۇلۇپ، ئەرزىم ئۈچۈن قوۋمىم ماڭا بېرىلسۇن. [4] چۈنكى مېنىڭ ئۆزۈم بىلەن قوۋمىم بولسا ھالاك قىلىنىپ، ئۆلتۈرۈلۈپ، يوقىتىلىپ كېتىشكە سېتىلىپ كەتتۇق. ئەگەر بىز يالغۇز قۇل بىلەن دېدەك بولۇشقا سېتىلىپ كەتكەن بولساق، مەن شۈك تۇراتتىم. ئەمما دۈشمەننىڭ ئۆزى بولسا پادىشاھقا يېتىدىغان نۇقسانغا قارىغاندا ھېچنېمە ئەمەس» دېدى. [5] ئۇ ۋاقىت ئاخاشۋېروش پادىشاھ ئۆزى مەلىكە ئەستەردىن سوراپ: «مۇنداق ئىش قىلغىلى ئۆز كۆڭلىدە جۈرئەت قىلغان كىشىنىڭ ئۆزى كىم بولۇپ، نە يەردىدۇر؟» دەپ ئېيتتى. [6] ئەستەر جاۋاب بېرىپ: «بۇ ئاداۋەتلىك دۈشمەن بولسا بۇ يامان هاماننىڭ ئۆزىدۇر» دېسە، هامان ئۆزى پادىشاھ بىلەن مەلىكىنىڭ ئالدىدا تىترەپ كەتتى.
[7] ئۇ ۋاقىت پادىشاھ ئاچچىق بىلەن قوپۇپ، زىياپەتخانىدىن چىقىپ، ئوردىنىڭ بېغىغا كەتتى. ئەمما هامان بولسا: «پادىشاھ ماڭا قارشى يامانلىق قىلغىلى قوپتى» دەپ بىلگىنىدە ئەستەر

مەلىكىدىن ئۆز جېنىنى تىلىمەك ئۈچۈن يېقىن باردى. 8 لېكىن پادىشاھ ئوردىنىڭ بېغىدىن
يېنىپ زىياپەتخانىغا كەلسە، ئەستەر ئولتۇرغان كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە هاماننىڭ يىقىلىپ
ياتقىنىنى كۆردى. كۆرسە، پادىشاھ ئۆزى: «ئەمدى ئۇ ئۆزى يەنە مەن تۇرغان ئۆيدە مەلىكىنى
باسقۇچىلىق قىلغىلى خالامدۇ؟» دېدى. پادىشاھنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆز چىققان هامان ئۇلار
هاماننىڭ يۈزىنى يېپىپ قويدى. 9 ئۇ ۋاقىت پادىشاھنىڭ قېشىدىكى مەھرەملەردىن بولغان
خاربونا دېگەن كىشى سۆز قىلىپ: «مانا پادىشاھنىڭ پايدىسى ئۈچۈن گەپ قىلغان موردىكايىنى
ئېسىۋەتمەك ئۈچۈن هاماننىڭ ئۆزى تەييار قىلدۇرغان ئەللىك گەزلىك ئېگىز دارمۇ هاماننىڭ
ئۆيىنىڭ ئالدىدا تىكلەكلىك تۇرىدۇ» دېسە، پادىشاھ هۆكۈم قىلىپ: «ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىنى
ئېسىۋېتىڭلار» دېدى. 10 بۇ تەرىقىدە مورىدكاي ئۈچۈن هاماننىڭ ئۆزى راستلىغان دارغا ئۇلار
ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېسىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ئاچچىقى پەسلەندى.

## پادىشاھنىڭ يەھۇدىيلارنى قوللاش ئۈچۈن چىقىرىلغان هۆكۈمى

8 1 ئۇ كۈنى ئاخاشۋېروش پادىشاھ ئۆزى يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمىنى هاماننىڭ ئۆيىنى مەلىكە
ئەستەرگە بەردى. مورىدكاي بولسا پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرگىلى رۇخسەت تاپتى، چۈنكى
ئەستەر ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تۇغقان بولغىنىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. 2 ئاندىن پادىشاھ ئۆزى
هاماندىن تارتىۋالغان مۆھۈر ئۈزۈكىنى مورىدكايغا بەردى. ئەستەر بولسا مورىدكايىنىڭ ئۆزىنى
هاماننىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. 3 ئاندىن كېيىن ئەستەر پادىشاھنىڭ ئالدىدا
سۆزلەپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاپ: «ئاگاگىي بولغان هاماننىڭ يامان مەسلىھەتى بىلەن
يەھۇدىيلارغا قارشى قىلغان تەدبىرى بىكار قىلىنسۇن» دەپ ئۇنىڭغا يالۋۇردى. 4 ئۇ ۋاقىت
پادىشاھ ئالتۇن هاسىسىنى ئەستەرگە ئۇزاتسا، ئەستەر قوپۇپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ:
5 «ئەگەر پادىشاھقا ماقۇل بولۇپ، ئۆزۈم ئۇنىڭ ئالدىدا ئىلتىپات تېپىپ، بۇ ئىش پادىشاھقا توغرا
كۆرۈنۈپ، مەن ئۇنىڭ ئامرىقى بولغان بولسام، ئاگاگىي بولغان هامەداتانىڭ ئوغلى هامان ئۆزى
يازدۇرۇپ: ‹ پادىشاھنىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىدىكى ھەممە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزى ئۆلتۈرۈلسۇن› دەپ
چىقارغان هۆكۈم نامىلىرىنى بۇزۇۋشقا بىر هۆكۈم يېزىلسۇن. 6 چۈنكى مەن بولسام ئۆز قوۋمىمغا
تېگىدىغان بالانى قانداق كۆرۈلۈپ، ئۆز جىنسىمغا كېلىدىغان هالاكەتكە قانداق قارىيالايمەن»
دېدى. 7 ئۇ ۋاقىت ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ ئۆزى مەلىكە ئەستەر بىلەن يەھۇدىي مورىدكايىنىڭ
ئۆزىگە سۆزلەپ: «مانا مەن ئۆزۈم هاماننىڭ ئۆيىنى ئەستەرگە بەردىم. ئۇنىڭ ئۆزى بولسا
يەھۇدىيلارغا قول كۆتۈرگىنى ئۈچۈن دارغا ئېسىلىپ كەتتى. 8 لېكىن سىلەر ئىككىڭلارمۇ
خالىغىنىڭلارنى قىلىپ، پادىشاھنىڭ نامىدا يەھۇدىيلار توغرىسىدا خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا
پادىشاھنىڭ مۆھۈر ئۈزۈكىنى بېسىڭلار، چۈنكى قايسى بىر خەت پادىشاھنىڭ نامىدا يېزىلىپ،
ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ ئىرناق مۆھۈرى بېسىلغان بولسا، بۇ ئۆزى ياندۇرالمايدۇ» دېدى.

9 بۇ سەۋەبتىن دەرھال سىۋان دېگەن ئۈچىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى كۈنى
پادىشاھنىڭ كاتىپلىرى چاقىرتىلىپ، موردىكاينىڭ خالىغىنىچە بىر ھۆكۈم نامە يازدۇرۇلۇپ،
ھىندىستاندىن تارتىپ ھەبەشىستانغىچە بىر يۈز يىگىرمە يەتتە ۋىلايەتتىكى يەھۇدىيلارنىڭ
ئۆزى بىلەن سەردارلارغا، ۋالىيلارنىڭ ئۆزى بىلەن ئەمىرلەرگە ئەۋەتىلىپ، ھەربىر ۋىلايەتكە
ئۇنىڭ ئۆز يېزىقىدا، ھەربىر قوۋمغا ئۇنىڭ ئۆز تىلىدا يەھۇدىيلارغىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز يېزىقى
بىلەن ئۆز تىلىدا يېزىلىپ چىقىرىلدى. 10 موردىكاي ئۆزى بۇ ھۆكۈم-نامىنى ئاخاشۋېروش
پادىشاھنىڭ نامىدا يېزىپ، پادىشاھنىڭ مۆھۈر ئۈزۈكىنى بېسىپ، بۇ خەتلەرنىڭ ئۆزىنى
ياخشى نەسىلدىن بولغان ئىتتىك يۈگۈرۈك ئاتلارغا مىنگەن ئەلچىلەرنىڭ قولىدىن ئەۋەتتى.
11 مەزكۇر خەتتە پادىشاھنىڭ ئۆزى شەھەر شەھەردىكى يەھۇدىيلارغا: «سىلەر بىر بولۇپ، ئۆز
جېنىڭلارنى قۇتقۇزماق ئۈچۈن قارشىلىق قىلىپ، سىلەرگە ھۇجۇم قىلغان ھەر قوۋم بىلەن
ھەر ۋىلايەتنىڭ ئىچىدىكى خەلقلەرنى ھالاك قىلىپ يوقىتىپ، خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنىمۇ
قويماي ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى تالىۋېلىڭلار. 12 بۇ ئىش ئۆزى ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ ھەممە
ۋىلايەتلىرىدە ئادار دېگەن ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى بىر كۈن ئىچىدە
قىلىنسۇن» دەپ يېزىلغانىدى. 13 مەزكۇر خەتتىكى: «يەھۇدىيلار ئۆز دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام
ئالماق ئۈچۈن تايىن كۈندە تەييار تۇرسۇن» دېگەن ھۆكۈمنىڭ ئۆزى ھەربىر ۋىلايەتتىكى
ھەممە قوۋمغا ئېلان قىلىنىدى. 14 بۇ ھۆكۈمنىڭ ئۆزى شۇشان ئوردىسىدا چىقىرىلغان ھامان
ئەلچىلەر پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ئىشلىتىدىغان ئاتلارغا مىنىپ، پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى بىلەن
چېپىپ چىقىپ كەتتى. 15 لېكىن موردىكاينىڭ ئۆزى كۆك بىلەن ئاق رەڭلىك لىباسنى
كىيىپ، چوڭ بىر ئالتۇن تاج بىلەن تاجلىنىپ نەپىس كاناپلىق ئاق بىلەن سۆسۈن تونغا
يۆگىنىپ، پادىشاھنىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتسە، شۇشان شەھىرى خۇشلۇقتىن قىچقىرىشتى.
16 بۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلارغا يورۇقلۇق بولۇپ، خۇشلۇق بىلەن شادلىق ۋە ئىززەت ھاسىل
بولدى. 17 ھەرقايسى ۋىلايەت بىلەن شەھەرگە پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى يېتىپ، پەرمانى ئاڭلانسا،
يەھۇدىيلارغا خۇشلۇق بىلەن شادلىق بولغاچ، ھېيت بىلەن خۇشلۇقنىڭ كۈنى نېسىپ بولدى.
يۇرتنىڭ خەلقىدىن تولا كىشى يەھۇدىي بولۇپ كەتتى، چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ قورقۇنچىسى
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنىدى.

## يەھۇدىيلار ئۆز دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ

9 1 ئادار دېگەن ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى بىلەن
پەرمانى بەجا كەلتۈرۈلىدىغان بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇلارنىڭ ئاستىغا غالىب
بولۇشقا كۆز تىككەن كۈننىڭ ئۆزىدە ئىش تەتۈرگە ئايلىنىپ كېتىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزى ئۆز
دۈشمەنلىرىنىڭ ئۈستىگە غالىب بولۇپ قالدى. 2 ئۇ كۈننىڭ ئۆزىدە يەھۇدىيلار يىغىلىپ: «بىزگە

يامانلىق يەتكۈزگىلى خالىغانلارنىڭ ئۆزىگە قول كۆتۈرەيلى» دەپ ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ
ھەممە ۋىلايەتلىرىدىكى شەھەر-شەھەردە جەم بولدى. جەم بولسا، ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسى
ھەممە خەلقنىڭ ئۈستىگە چۈشكەچ ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختىيالمىدى. [3] ۋىلايەتلەرنىڭ
ھەممە ئەمىر بىلەن سەردارلىرى، ۋالىيلارنىڭ ئۆزى بىلەن پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرى بولسا
موردىكاينىڭ قورقۇنچىسى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالغاچ يەھۇدىيلارغا ياردەم بەرگىلى
تۇردى. [4] چۈنكى موردىكاينىڭ ئۆزى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا چوڭىيىپ كېتىپ، ئۇنىڭ شۆھرىتى
ھەممە ۋىلايەتلەرگە يېيىلىپ كەتكەنىدى. چۈنكى بۇ موردىكاي دېگەن كىشىنىڭ ئۆزى ئۆرلەپ
كەتكىلى تۇرغانىدى. [5] بۇ تەرىقىدە يەھۇدىيلار ھەممە دۈشمەنلىرىنى قىلىچ بىسى بىلەن ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈپ، ھالاك قىلىپ، يامان كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە خالىغىنىنى قىلدى. [6] شۇشان
ئوردىسىنىڭ ئۆزىدە يەھۇدىيلار بەش يۈز كىشىنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىۋېتىپ، [7] پارشانداتا بىلەن
دالفون، [8] ئاسپاتا بىلەن پوراتا، ئادالىيا بىلەن ئارىداتا، [9] پارماشتا بىلەن ئارىساي، ئارىداي بىلەن
ۋايزاتا دەپ ئاتىلىپ، [10] يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمىنى ھامان بەن-ھاممەداتانىڭ ئوغۇللىرى بولغان
ئون كىشىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. لېكىن ئۇلار بۇلاڭ-تالاڭغا قول ئۇزاتمىدى. [11] ئۇ كۈنى شۇشان
ئوردىسىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانىنىڭ خەۋىرى پادىشاھقا بېرىلسە، [12] پادىشاھ مەلىكە
ئەستەرگە سۆزلەپ: «يەھۇدىيلار بولسا يالغۇز شۇشان ئوردىسىدا بەش يۈز كىشىنى ئۆلتۈرۈپ
ھالاك قىلىپ، ھاماننىڭ ئوغۇللىرىنىمۇ يوقاتقان بولسا، پادىشاھنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە
نېمە-نېمە قىلغان بولسا كېرەك؟ ئەمدى ئىلتىماسىڭ نېمىدۇر؟ دېگىنىڭ بېرىلىدۇ. ئەرزىڭ
نېمىدۇر؟ ئېيتقىنىڭدەك قىلىنىدۇ» دېسە، [13] ئەستەر جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر پادىشاھقا ياخشى
كۆرۈنسە، بۇ كۈنكى ھۆكۈمگە مۇۋاپىق ئەتە ھەم قىلىشقا شۇشاندىكى يەھۇدىيلارغا ئىجازەت
بېرىلىپ، ھاماننىڭ ئون ئوغلىنىڭ ئۆزىمۇ دارغا ئاستۇرۇلسۇن» دېدى. [14] ئۇ ۋاقىت پادىشاھ
شۇنداق قىلىشقا ھۆكۈم بەرسە، بۇ ھۆكۈمنىڭ ئۆزى شۇشاندا ئېلان قىلىنىپ، ھاماننىڭ ئون
ئوغلى ئېسىلىپ كەتتى. [15] شۇشاندىكى يەھۇدىيلار بولسا ئادار ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى
يىغىلىپ، شۇشاندا ئۈچ يۈز كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، لېكىن بۇلاڭ-تالاڭغا قول ئۇزاتمىدى.
[16] پادىشاھنىڭ ۋىلايەتلىرىدىكى باشقا يەھۇدىيلار بولسا ئۆز جېنىنى قۇتقۇزماق ئۈچۈن جەم
بولۇپ چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنى يامان كۆرگۈچىلەردىن يەتمىش بەش مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ،
دۈشمەنلىرىدىن ئارام تاپتى. لېكىن ئۇلار بۇلاڭ-تالاڭغا قول ئۇزاتمىدى.

## پۇرىم ھېيتىنىڭ رەسىملىرى توختىتىلىدۇ

[17] بۇ ئىش بولسا ئادار ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى ۋەقە بولۇپ، ئون تۆتىنچى كۈنىنىڭ ئۆزىدە
ئۇلار راھەت ئېلىپ، بۇ كۈننى زىياپەت كۈنى بىلەن خۇشلۇق كۈنى قىلدى. [18] شۇشاندىكى
يەھۇدىيلار بولسا ئون ئۈچىنچى بىلەن ئون تۆتىنچى كۈنى يىغىلىپ، ئون بەشىنچى كۈنىدە
راھەت ئېلىپ، بۇ كۈننىڭ ئۆزىنى زىياپەت كۈنى بىلەن خۇشلۇق كۈنى قىلىپ بېكىتتى.

[19] ئۇنىڭ ئۇچۇن سەھرادىكى سېپىلسىز شەھەرلەردە ئولتۇراقلىق سەھرالىق يەھۇدىيلار
ئادار ئايىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنىنى خۇشلۇق بىلەن زىياپەت ۋە ھېيت كۈنى دەپ ئاتاپ، بىر-
بىرىگە ھەدىيە ئەۋەتىدىغان كۈن قىلىپ ئالدى. [20] موردىكاي بولسا بۇ ۋەقەلەرنى يېزىپ،
ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىدىكى يىراق-يېقىن يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىگە
خەت ئەۋەتىپ، [21] جېكىلەپ: «ھەر يىلى ئادار ئايىنىڭ ئون تۆتىنچى بىلەن ئون بەشىنچى
كۈنىدە ھېيت قىلىڭلار» دەپ ئۇلار ئۈچۈن قانۇن توختىتىپ، [22] مەزكۇر كۈنلەرنىڭ ئۆزىدە
يەھۇدىيلار ئۆز دۈشمەنلىرىدىن ئارام تېپىپ، مەزكۇر ئاي ئىچىدە ئۇلارنىڭ غېمى خۇشلۇققا
ئايلىنىپ، ماتەمى ھېيت كۈنىگە ئايلانغاچ ئۇلار مەزكۇر كۈنلەرنى زىياپەت كۈنى بىلەن
خۇشلۇق كۈنى دەپ ئاتاپ، بىر-بىرىگە ھەدىيە ئەۋەتىپ، پېقىرلارغا خەير-سەدىقە بېرىدىغان
كۈنى قىلىشقا بۇيرۇدى. [23] يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزى باشلىغان ئىشنى موردىكايىنىڭ ئۇلارغا
پۈتكىنىدەك قىلىش ئۈچۈن قوبۇل تۇتتى. [24] چۈنكى ھەممە يەھۇدىيلارغا دۈشمەن بولغان
ئاگاگىي ھامان بەن-ھاممەداتا بولسا يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇلارنى ھالاك قىلماق ئۈچۈن
تەدبىر قىلىپ، ئۇلارنى نابۇت قىلىپ يوقىتىۋەتمەك ئۈچۈن پۇر دېگەن چەكنى تاشلىغانىدى.
[25] ئەمما بۇ ئىش پادىشاھقا يەتكەندە ئۇ ئۆزى خەت بىلەن بۇيرۇق چىقىرىپ، ھاماننىڭ ئۆزى
يەھۇدىيلارغا قارشى قىلغان يامان تەدبىرى بولسا ئۆز بېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن
ئوغۇللىرى دارغا ئېسىلسۇن دەپ بۇيرۇغانىدى. [26] بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر كۈنلەرنىڭ ئۆزى
پۇرنىڭ ئىسمى بىلەن پۇرىم دەپ ئاتالدى. مەزكۇر خەتتە پۈتۈلگەن گەپلىرى بويىچە، ھەم
شۇ ھاقتە ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن-تارتقىنىغا ئاساسەن [27] يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزى بۇنى قوبۇل
قىلىپ، ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆز نەسلى بىلەن ئۆزىگە قوشۇلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ
ئۈستىگە توختىتىپ، مەزكۇر ئىككى كۈننى ئۇنىڭ توغرىسىدا پۈتۈلگەن ھۆكۈمگە مۇۋاپىق
تايىن ۋاقتىدا يىلدىن يىلغا ھېيت قىلىپ تۇتۇپ، [28] بۇ ئىككى كۈن بولسا زاماندىن
زامانغا زىكىر قىلىنىپ، نەسلدىن نەسلگە ياد قىلىنىپ، ۋىلايەت-ۋىلايەت بىلەن شەھەر-
شەھەردە ساقلىنىپ، پۇرنىڭ بۇ ئىككى كۈنىنىڭ ئۆزى يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە يوقالماي
تۇرۇپ، ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۇلارنىڭ نەسلىدىن تۈگەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ۋەدە قىلىشتى.
[29] ئابىخايىلنىڭ قىزى مەلىكە ئەستەر بىلەن موردىكاي يەھۇدىينىڭ ئۆزى پۇرىمنى جارى
قىلماق ئۈچۈن ئىككىنچى مەرتىۋە قاتتىق ھۆكۈم بىلەن خەت يازدى. [30] بۇ تەرىقىدە ھەم
خاتىرجەملىك بىلەن ئامانلىقنىڭ گەپلىرى بار خەتلەرنىڭ ئۆزى ئاخاشۋېروش پادىشاھنىڭ
بىر يۈز يىگىرمە يەتتە ۋىلايىتىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىگە ئەۋەتىلىپ، [31] پۇرىمنىڭ
بۇ ئىككى كۈنى بولسا يەھۇدىي بولغان موردىكاي بىلەن مەلىكە ئەستەرنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ
ئۈستىگە توختىتىپ، يەھۇدىيلارمۇ ئۆز-ئۆزى بىلەن نەسلىنىڭ ئۈستىگە روزا تۇتۇش بىلەن
پەرياد قىلىشنى توختىتىۋالغىنىغا مۇۋاپىق ئۇلارنى تايىن كۈنىدە تۇتسۇن دەپ بۇيرۇلدى.
[32] ئەستەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۇرىمنىڭ بۇ رەسىملىرى توختىتىلىپ كىتابقا يېزىلدى.

## مورد‍ىكاينىڭ چوڭ نام-شۆھرىتى

10
[1] ئاخاشۋېروش پادىشاھ بولسا يەر بىلەن دېڭىزنىڭ ئاراللىرىغا ئالۋان قويدى. [2] ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ ھەممە ئىشى يېزىلىپ، پادىشاھنىڭ ئۆزى مورد‍ىكاينى قانداق چوڭايتىپ مەرتىۋىگە چىقارغىنى توغرىسىدىكى سۆزمۇ مېدىيا بىلەن پارس پادىشاھلىرىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا پۈتۈكلۈك تۇرىدۇ. [3] چۈنكى مورد‍ىكاي يەھۇدىينىڭ ئۆزى ئاخاشۋېروش پادىشاھتىن كېيىن ئىككىنچى دەرىجە بولۇپ، ئۆزى قوۋمىنىڭ ياخشىلىقىنى ئىزدەپ، ئۆز نەسلىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن گەپ قىلغاچ يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا ئىززەت تېپىپ، بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىسىدا مەقبۇل بولغانىدى.